ھەكىم مۇھەممەت ھۈسەيىن ئەلاۋى

# مەخزەنۇل ئەدۋىيە

(1)

شىنجاڭ خەلق سەھىيە نەشرىياتى

# 前 言

《买赫孜努里艾迪维叶》(单味药材经),这部巨典是由著名的医学大师穆罕默德·阿迪·吾海里·阿拉维之子穆罕默德·玉赛因于公元1187年用波斯语撰写而成的单味药材手册,书中正文部分详细介绍了1650种单方药物,后续部分对840种单方药物进行了注释,是一部维吾尔医药学从业人员期盼已久的医药学典籍。医师穆罕默德?玉赛因生前还著有《买基麦奥里 加瓦米》、《胡拉赛托里》、《再哈伊诺特 提热克比》、《卡拉巴丁 赛格尔》等著名的医药学书籍。1969年,喀什地区维吾尔医院组织维吾尔医学者筛选部分内容进行了翻译,但没有出版。此书虽然具有很高的学术价值,但只有少数懂得波斯语且拥有此书的人才可以参阅。本书是维吾尔医药学图书中内容可靠且完善的图书之一,是维吾尔医药学从业人员和爱好者的必备书籍。因此,我社将此书1905年在印度出版的波斯文石印版翻译成现代维吾尔文并编辑出版。

《买赫孜努里艾迪维叶》的现代维吾尔语版本是在原波斯语版本的基础上进行了认真编排,本书在编校过程中,遵循了以下几点原则:

1.忠实于原书的内容,尽量保持了原书的风格;

2.在语言条件允许的情况下,尽可能完整并清楚地表达原书的内容;

3.原书中药物的排列是按阿拉伯字母表的顺序排列,翻译时也是如此;对药物名称音译的同时,在括号里注明了含义,其含义使用了维吾尔医从业人员和广大群众所熟悉的名称,对于不熟悉的,则结合药物名称中词的含义进行翻译。

4.原书中药物的名称不是按其读音,而是按药物名称的读法表达,在翻译时则使用维吾尔语语法中的元音字母表达,即药物的写法与读法相同,不可随便改动。

5.原书中使用了古代的计量单位,如钱、迪拉姆、曼、埃及镑等,在翻译时,我们将这些历史剂量单位一律转换成了“克”。

6.原书的药物以阿拉伯字母表的顺序排列,略懂阿拉伯语的人都可以找到药物的顺序,但为了方便读者,在书的最后附有药物的现代维吾尔文字母表顺序的索引。

最后,感谢每一位为提高翻译水平和出版质量提供帮助的人。我们对本书的编辑作出了很大努力,但错误在所难免,希望广大读者提出宝贵的意见和建议。

# Preface

《Mehzinul Edweye》 was written by famous mediciner Muhammad Hadiy Uhkeyli Elewiy' s son Muhammad hüseyin in the year of 1187 in Farsi. The main body of the book introduced 1650 kinds of single prescription, at the final part; author annotated 840 kinds of single prescriptions. This is a long waited medical Classic for every Uyghur medical practitioners. During The mediciner Muhammad huseyin' s life time, he wrote other medical Classic such as 《Majmaul Jawami》 (Medicine Collction), 《Hulasatul Ekmat》 (Prescriptions Treasure), 《Zehairut Terkib》 (Compound Medicine), 《Hulasatut Tib》 (Medicine Treasure), 《Qarabadin Sehir》 (Monotherapies Collection)and so on. But only few people could make reference to those valuable Classics, because except small number of books, all of them were written in Farsi. In1969, Kashgar Uyghur Medical Hospital organized mediciners to translated some part of the book, but have no opportunity to publish it. This is one of impeccable and trustworthy book in pharmacy, and an instructor for every pharmacists and Uyhgur medical lovers. For that reason, We translated and published this book to present uyghur language based on lithographic printing edition came out in1905, in India.

During our works of translation and publication, we adhere to following principles:

1. In the principle of faithfulness, we tried to maintain the original styles of the book.

2. We tried to express the meaning integrally and clearly.

3. Those single prescriptions arranged up in the order of Arabic alphabet in original book and same in translation. We transliterated the name of single prescription and indicated the meaning in brackets, and we tried to use familiar words to Uyghur medical practitioners and readers.

4. The name of single prescription arranged by reading method, not by pronunciation in the original book, during the translation, we used the vowels of uyhgur, that means the style of writing and reading was same in single prescriptions, may not

make changes .

5 . The original books used ancient units of measurements for example, Miskal, Daram, Dan and Egyptian pound . During our translation, we converted all those units of measurements to gram .

6 . The name of the single prescription arranged by Arabic alphabet . You could find prescription, if you have little knowledge of Arabic . But for convenience, we indexed them to present in Uyghur alphabet .

In the end, thanks for every one who helped to improving the translation level and publishing quality, although we made an effort to do publication, but It is hard to avoid mistakes, Your comments and suggestions are welcome .

# قىسقىچە مەزمۇنى

پۈتۈن كىتاب ئىككى جىلد بولۇپ، مۇقەددىمە، ئاساسىي قىسىم ۋە خاتىمىدىن ئىبارەت ئۈچ بۆلەككە بۆلۈنگەن. مۇقەددىمىدە ھەر خىل دورىلارنىڭ ئىزاھاتلىرى، پەرقلەندۈرۈش، يىغىش، ساقلاش ئۇسۇلى، لايىقلاشتۇرۇش ۋە تەييارلاش ئۇسۇللىرى، يەككە دورىلارنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىگە مۇناسىۋەتلىك ئاتالغۇلار ئىزاھاتى ھەم دورىغا ئالاقىدار بىر قىسىم مەزمۇنلار 14 پەسىلگە بۆلۈپ بايان قىلىنغان. ئاساسىي قىسىمدا 1650 خىل يەككە دورىنىڭ ئاساسىي نامى، باشقا ناملىرى (ئەرەب، پارس، رىم، يۇنان، ھىندى، تۈرك، سۇريان، ئىبران تىللىرىدىكى ھەر خىل ناملىرى)، تەبىئىتى، ماھىيىتى، خۇسۇسىيىتى ۋە تەسىرى، ئىشلىتىلىشى، خاسىيىتى، زەرەرى ۋە ئىسلاھ قىلىنىشى، ئىستېمال مىقدارى، ئورۇنباسارى قاتارلىق مەزمۇنلار تونۇشتۇرۇلغان ھەم دورىلار باش كېسەللىكلىرىدىن تارتىپ ئاياغ قىسىم كېسەللىكلىرى تەرتىپى بويىچە تۆرگە ئايرىلىپ سۆزلەنگەن، ئاخىرىدا شۇ دورىنىڭ مۇرەككەپ ياسالمىسى ئەسكەرتىلگەن. مەلۇم دورىنىڭ ھەرقايسى قىسىملىرى ئايرىم دورىلىق خۇسۇسىيىتىگە ئىگە بولسا، شۇ دورا ماۋزۇسى ئىچىدىلا ئەسكەرتىلگەن. مەسىلەن: ئانارنىڭ ئۇرۇقى، پوستى، خەمىكى ۋە چېچىكى قاتارلىقلار ئايرىم-ئايرىم بايان قىلىنغان. كىتابنىڭ خاتىمە قىسمىدا ھەرقايسى يەككە دورا كىتابلىرىدا ئېلىنغان ھەر خىل تىللاردىكى 840 خىلچە دورا قىسقىچە ئىزاھلانغان.

# 简 介

全书分为两卷，由序论、正文和后续三部分构成，序论共14节，分别介绍了各类单方药材及其识别、采集、贮藏、驱毒和配制方法，单味药材属性称谓的注解和其他有关药物的内容。正文部分介绍了1650种单味药材的名称，别名(包括阿拉伯、波斯、罗马、希腊、印度、突厥、叙利亚、希伯来文的名称)、性味、属性、作用、用法、功效、毒性与驱毒、用量、替代药物等内容，以及从头到脚各器官疾病所适用的药物及其复方制剂的配制。如果药物的各部分具有不同的药物属性，便在其药物名称注明，如分别介绍石榴的籽、皮、果、花的药用。在书的后续部分，对约840多种药物进行了注解。

# Abstract

This book has two volumes, including preface, main body and subsequent part, preface has 14 section mainly introducing single prescription, and it' s distinguish, collection, reposting, eliminating toxin and dispensing method ; the note for nature of single prescription and other part about prescription. The main body of the book introduced 1650 single prescription, including the names, alias (including name of Arabic, Farsi, Roman, Greek, Hindi, Turkic, Syrian, and Hebrew), taste, nature, action, usage, efficacy, toxicity, eliminating toxin, dosage and substitution. And prescriptions for disease of organs from head to toes. Beside, because of the different part of crude drug has different effect, such as the seed, peel, stalk and bloom of the pomegranate, author expound them respectively. And In subsequent part has explanatory note for 840 single prescriptions.

# مۇندەرىجە


مۇقەددىمە ...... 5

مەقسەتكە كىرىشتىن ئاۋۋال بىلىش زۆرۈر بولغان بىر قانچە ئىش توغرىسىدا ...... 5

1 ـ پەسىل: دورا، غىزا، خاسىيەتلىك، مۇرەككەپ قۇۋۋەتلەرگە ئىگە دورىلار، پادىزەھىرى، زەھەر، ئىچىنى سۈرگۈچى، تەرەتنى يۇمشاتقۇچى دورىلار توغرىسىدا ...... 6

2 ـ پەسىل: مۇرەككەپ قۇۋۋەتلىك دورا، خاسىيەتلىك دورا ۋە ئۇلارنىڭ تەسىرلىرى توغرىسىدا ...... 13

3 ـ پەسىل: مىزاج، مىزاجلارنىڭ تۈرلىرى ۋە ئۇلارنىڭ دەرىجىلىرىنى تونۇش توغرىسىدا ...... 19

4 ـ پەسىل: دورىلار ۋە غىزالارنىڭ مىزاجلىرىنى تەجرىبە ۋە قىياس قىلىش ئارقىلىق بىلىش ئۇسۇللىرى توغرىسىدا ...... 26

5 ـ پەسىل: تېۋىپلارنىڭ دورىلارنىڭ ماھىيىتى ۋە خۇسۇسىيەتلىرى ھەققىدە ئېتىقادلىرىنىڭ ھەر خىل بولۇشىنىڭ سەۋەبى توغرىسىدا ...... 41

6 ـ پەسىل: دورىلارنى يىغىش ۋە ساقلاش ئۇسۇلى توغرىسىدا ...... 43

7 ـ پەسىل: بەزى يەككە دورىلارنىڭ قۇۋۋىتىنىڭ ساقلىنىش ۋاقىتلىرى توغرىسىدا ... 47

8 ـ پەسىل: يەپ ـ ئىچىش قائىدىلىرى ۋە بىرلىكتە ئىستېمال قىلىشقا بولمايدىغان غىزالار توغرىسىدا ...... 50

9 ـ پەسىل: دورىلارنى كۆيدۈرۈش، كۈشتە قىلىش، قورۇش، يۇيۇش ھەمدە چۆپچىن، ئۆشبە، ساسەفراس پوستى، شەجەرەتۇن نەبى، كەياكۇ ياغىچى، تۆگە سۈتى، ئۆچكە سۈتى، ئېشەك سۈتى، ئايال سۈتى، پادىزەھىرى، دوغاپ، ئارپا سۈيى، قاپاق سۈيى، تەرخەمەك سۈيى ۋە باشقىلارنى ئىستېمال قىلىش ئۇسۇلى ۋە باشقا مۇناسىۋەتلىك مەشغۇلاتلارنى قىلىش ئۇسۇللىرى توغرىسىدا ...... 53

10 ـ پەسىل: يەككە دورىلارنىڭ تەسىرلىرى، ئالاھىدىلىكلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ناملىرىنى ھەرپ تەرتىپى بويىچە تونۇش توغرىسىدا ...... 93

11 ـ پەسىل: كۆپ ئىشلىتىلىدىغان بەزى تېببىي ئاتالغۇلار توغرىسىدا ...... 102

12 ـ پەسىل: ھىندىستان ۋە ئىراندا ئىشلىتىلىدىغان تېببىي ئۆلچەم بىرلىكلىرى توغرىسىدا ...... 112

13 ـ پەسىل: يۇلتۇزلار ۋە تەبىئەتكە مۇناسىۋەتلىك بەزى ئىشلار توغرىسىدا ... 116

زۇھەل يۇلتۇزىغا تەۋە دورىلار ...... 132

مىررىخ يۇلتۇزىغا تەۋە دورىلار ·········· 146
ئالەمنى يورۇتقۇچى چوڭ يورۇق يۇلتۇز قو -
ياشقا تەۋە دورىلار ·················· 154
زۆھرە يۇلتۇزىغا تەۋە دورىلار ·········· 160
ئەتارۇد يۇلتۇزىغا تەۋە دورىلار ·········· 160
كىچىك يورۇق يۇلتۇز ئايغا تەۋە دورىلار ··· 160
14 ـ پەسىل: تىبابەت ئاساسى توغرىسىدا ··· 162

## بىرىنچى باب «ئ» (ئەلىف) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى

پەسىل: «ئ» (ئەلىف) ۋە «ئا» (مەد) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى ··· 163
ئابار (كۆيدۈرۈلگەن قوغۇشۇن) ······ 163
ئابنۇس (ئەبنۇس دەرىخى) ············ 164
ئابىل (ئابىلئوتى) ·················· 166
ئاجۇر (پىششىق خىش) ··············· 167
ئاچىن (ئاچىن دەرىخى) ··············· 169
ئازانۇل فەئر (چاشقانقۇلاق) ··········· 170
ئازەربو (ئازەربو ئۆسۈملۈكى) ········· 174
ئازەريۇن (ئاپتاپپەرەس گۈلى) ········· 176
ئارۇتۆلە (ئارتۇتۆلە ئېشى) ··········· 177
ئارغىيس (زەرچىۋە يىلتىزى پوستى) ··· 178
ئازاد دەرىخى ····················· 179
ئاس (ئاس دەرىخى) ················· 181
ئاسىيۇس (چىن تۇزى) ················· 186
ئاترىلال ····························· 187
ئالۇسەن (ئالۇسەن ئوتى) ············· 189
ئاملىلىس (ئاملىلىس ئوتى) ··········· 191
ئانىسۇن نەفس (ئانىسۇن نەفس ئوتى) ··· 191
ئابكۇمە (كۆمە سۇيى) ·················· 192
پەسىل: «ئ» (ئەلىف) ۋە «ب» (با) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى ······ 193
ئەبازىر (دورا ـ دەرمان) ·············· 193
ئىبراھىمىيە (ئىبراھىمىيە ئېشى) ··· 194
ئەۋرىشىم (يىپەك) ··················· 195
ئەبرۇن (ھەمىشىباھار) ··············· 197
ئەبزار (ئەبزار ئوتى) ················ 199
ئەبقىر (شور) ······················· 200
ئىبنى ئىرس (ئاغمىخان) ············· 201
ئەبۇ خەلسا (ئەرۇسە) ················ 203
ئەبۇ قانىس (غاسۇل رۇمى) ··········· 205
ئەبۇ قەستەس (ئەبۇ قەستەسئوتى) ··· 207
ئەبھۇل (ئارچا) ····················· 207
پەسىل: «ئ» (ئەلىف) ۋە «ت» (تا) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى ······ 209
ئەتان (مادا ئېشەك) ················· 209
ئەتباتۇن (ئەتباتۇن ئىچىملىكى) ······ 210
ئوترۇج (تۇرۇنجى) ·················· 210
ئۆتەنگەن (چاققاقئوت) ·············· 215
ئەتىيس (ئەتىيس ئوتى) ·············· 215
پەسىل: «ئ» (ئەلىف) ۋە «س» (سائ) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى ··· 216
ئەسل (توغراق) ····················· 216
ئەسلەق (چاڭگاك) ·················· 218
ئىسمىد (سۈرمە تېشى) ·············· 220
پەسىل: «ئ» (ئەلىف) ۋە «ج» (جىم) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى ··· 223
ئىججاس (ئەينۇلا) ·················· 223

پەسىل: «ئە» (ئەلىف) ۋە «ھ» (ھۆائ) ھەرپى
بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى ··· 226
ئىھرىز (ئىھرىز گۈلى) ············ 226
ئەھيۈن (ئەھيۈن ئوتى) ·············· 226
پەسىل: «ئە» (ئەلىف) ۋە «خ» (خائ) ھەرپى بى-
لەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى ······ 227
ئەخسائۈل بەقەر (كالا تېزىكى) ·········· 227
ئەخنىنۈس (ئەخنىنۈس ئوتى) ········· 228
ئەخەرساج (ئەخەرساج دەرىخى) ········· 229
ئەخىيرۈس (ئەخىرۈس ئوتى) ········· 229
پەسىل: «ئە» (ئەلىف) ۋە «د» (دال) ھەرپى بى-
لەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى ······ 229
ئەدرەك (شاھ ئالۈچە) ················ 229
پەسىل: «ئە» (ئەلىف) ۋە «ز» (زال) ھەرپى بى-
لەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى ······ 230
ئازاراقى (كۈچۈلا) ···················· 230
ئەزارافىيۈن (ئەزارافىيۈن دورىسى) ··· 231
ئىزخىر (مەككە چىغى) ··············· 232
پەسىل: «ئە» (ئەلىف) ۋە «ر» (رائ) ھەرپى بى-
لەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى ······ 235
ئەراقۇ (قارىمۇق) ···················· 235
ئەراك (مىسۋاك دەرىخى) ·············· 235
ئەربەئ ۋە ئەربەئىين (قىرىقئاياغ) ······ 237
ئىرتكان (ئىرتكان تېشى) ············ 238
ئۈرجۈۋان (ئۈرجۈۋان دەرىخى) ········· 238
ئىردەقناقى (ئەردەقناقى ئوتى) ········· 239
ئۈرۈز (شال) ························ 239
ئۈرز (مېۋىسىز ئارچا دەرىخى) ········· 243
ئەرزە (ئەرزە قۈرتى) ················· 243
ئەرستۈن (ئەرستۈن ئىچىملىكى) ······ 244
ئەرغامۈنى (ئەرغامۈنى ئوتى) ········· 244
ئەرقىيتۈن (ئەرقىتۈن ئوتى) ········· 245
ئەرقەتيۈن (ئەرقەتيۈن ئوتى) ······ 246
ئەرمال (ئەرمالىك) ···················· 246
ئەرمەنىين (ئەرمەنىين ئوتى) ········· 247
ئەرنەب بەررىي (قۈرۈقلۈق توشقىنى) ··· 248
ئەرنەب بەھرىي (دېڭىز توشقىنى) ······ 251
ئەرۈسە (ئەرۈسە ئوتى) ················ 252
ئەرىيد بەرىيد ························· 253
پەسىل: «ئە» (ئەلىف) ۋە «س» (سىين) ھەرپى
بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى ··· 253
ئەسارۈن (ئاسارۈن) ·················· 253
ئەسەد (شىر) ························ 255
ئەسەدۈل ئەدەس (ئەسەدۈل ئەدەس ئوتى) ··· 257
ئىسرار (ئىسرار دەرىخى) ··············· 258
ئۈسرەج (ئۈسرەج دورىسى) ············ 258
ئەسرۈزەئ (ئەسرۈزە قۈرتى) ············ 259
ئىستەراغالىس (ئىستەرغالىس يىلتىزى) ··· 259
ئۈستقۈددۈس ························ 260
ئىسفاناخ (پالەك) ····················· 264
ئىسفەلىيناس (ئىسفەلىيناس دورىسى) ··· 265
ئىسفەنج (بۈلۈت) ··················· 266
ئىسفەندان (ئىسفەندان شەربىتى) ······ 268
ئىسفىيداج (ئۈپا) ···················· 268
ئىسفىيداجۈل جەسساسىين ············ 270
ئىسفىيدباج (شورپا) ················ 270
ئىسقەنقۈر (سەقەنقۈر) ················ 271
ئۈسقۈردىيۈن (ياۋا سامساق) ········· 275
ئۈسقۈلۈقەندەريۈن (زەنگى دارۇ) ······ 275
ئىسقىيل (ياۋا پىياز) ················· 277

ئىسكەتۇ (ئىسكەتۇ دورىسى) ............ 281
ئىسگەندە (ئىسگەندە دورىسى) .......... 281
ئەسل (بورا قومۇشى) ................. 281
ئىسلەنج (ئىسلەنج ئوتى) ............... 282
ئەسۋەد سانىھ (قارا يىلان) ............. 284
پەسىل: «ئ» (ئەلىف) ۋە «ش» (شىين) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى ... 285
ئۇشتۇرغار (ئەجەم زەنجىۋىلى) .......... 285
ئىشخىيس (ئىشخىيس ئوتى) .......... 287
ئەسراش (ئەسراش يىلتىزى) .......... 288
ئۇشەق .............................. 290
ئۆشنان .............................. 293
ئۆشنە .............................. 294
پەسىل: «ئ» (ئەلىف) ۋە «س» (سۇاد) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى ... 296
ئەسابىئۇس سۇفر (سېرىق بارماق) ... 296
ئەسابىئى فىر ئەۋن (پىر ئەۋن بارمىقى) ... 297
ئەسابىئۇل ئۇسۇس ..................... 298
ئىستەرەك (ئىستەرەك يېلىمى) ....... 298
پەسىل: «ئ» (ئەلىف) ۋە «ت» (تۇۋائ) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى ... 299
ئەتراتىيقۇس (ئەتراتىيقۇسئوتى) ....... 299
ئەتەرمالە (ئەتەرمالە ئوتى) ............ 300
ئەترىيە (ئۇن ئېشى) .................. 300
پەسىل: «ئ» (ئەلىف) ۋە «ز» (زۇۋائ) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى ... 304
ئەزپاراتىپ ......................... 304
ئەزفارۇل جىن (جىن تىرنىقى) ....... 305
پەسىل: «ئ» (ئەلىف) ۋە «ف» (فائ) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى ... 305
ئەفاۋىيە (دورا ـ دەرمان) ............... 305
ئەپتىمۇن (سېرىق ئوت) ............... 306
ئەفەربىيۇن (پەرپىيون) ............... 310
ئەپسەنتىن ........................... 315
ئەفشۇرەج (مېۋە سۇلىرى) ............ 322
ئەفئا (ئەفئى) ........................ 322
ئەفلەنجە (ئەفلەنجە ئۇرۇقى) ............ 328
ئەفنىيقۇن (ئەفنىيقۇن ئوتى) .......... 329
ئەفىيقەتۇس (ئەفىيقەتۇس ئوتى) ....... 329
ئەفىيمىيدۇن (ئەفىيمىيدۇن گىياھى) ... 330
ئەفيۇس (ئەفىيۇس گىياھى) .......... 331
ئەفيۇن (ئەپيۇن) .................... 332
پەسىل: «ئ» (ئەلىف) ۋە «ق» (قاف) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى ... 338
ئاقاقىيا ............................. 338
ئۇقھۇۋان (بابۇنەئى گاۋ) .............. 340
ئەقسۇن (ئەقسۇن ئوتى) .............. 343
ئەقىت (قۇرت) ....................... 343
ئىقلىمىيا (مەدەنلەر دېتى) ............ 344
پەسىل: «ئ» (ئەلىف) ۋە «ك» (كاف)ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى ... 345
ئەكارىئ (پاقالچاق) ..................... 345
ئەكىتمەكىت (ئەكىتمەكىت مېۋىسى) ... 346
ئىكلىلمىلىك (شاھ تاجى) ............ 348
ئىكلىيلۇل جەبەل (تاغ تاجى) ....... 350
پەسىل: «ئ» (ئەلىف) ۋە «ل» (لام) ھەرپى بە- لەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى ....... 351
ئىلىب (ئىلىب دەرىخى) ............. 351
ئەلنەج (ئەلنەج يىلتىزى) ............ 352
ئەلۇسۇن (ئۇلۇسۇن) (ئەلۇسۇن ئوتى) ... 352

ئۇلۇمالى (ئۇلۇمالى يىلىمى) ......... 353

ئەلۋىەن (ئەلۋىەن ئوتى) ......... 354

ئىلىيە (دۇمبە ياغ) ......... 355

پەسىل: «ئ» (ئەلىف) ۋە «م» (مىيم) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى ... 355

ئەمارىيتۇن (ئەمارىيتۇن ئوتى) ...... 355

ئەمبەر بارىس (زىرىق) ......... 356

ئەمدۇريان (ئەمدۇريان دەرىخى) ......... 358

ئەمرۇد (ئامۇت) ......... 359

ئەمرە (ئەمرە مېۋىسى) ......... 360

ئەمسۇخ (چاكاندا) ......... 361

ئەمئا (ئۈچەي) ......... 362

ئۇممىغىيلان (تۇخۇمەك دەرىخى) ...... 362

ئەملەج (ئامىلە) ......... 365

ئۇممۇل كەلب (ئىت ئۈسۈملۈكى) ... 367

ئەمەل بىيد (ئەمەل بىيد مېۋىسى) ... 368

ئەمەل كۇچائى (ئەمەل كۇچائى ئوتى) ... 368

ئۇممۇ ۋەجئىل كەبەد (جىگەر ئاغرىقى ئۈسۈملۈكى) ......... 369

پەسىل: «ئ» (ئەلىف) ۋە «ن» (نۇن) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى ... 369

ئەناغالۇس (ئاناغالۇس ئوتى) ......... 369

ئەناغورس (ئاناغورس ئوتى) ......... 370

ئەنبەج (ئام مېۋىسى) ......... 371

ئەنتۇلە (ئەنتۇلە ئوتى) ......... 375

ئەنسەلىيس (ئەنسەلىيس ئوتى) ......... 376

ئەنجبار ......... 376

ئەنجۇدان ......... 378

ئەنجۇرە (چاققاقئوت) ......... 380

ئەنجىيرى ئادەم (ئادەم ئەنجۇرى) ...... 382

ئەندەرۇسارۇن (ئەندەرۇسان ئوتى) ...... 382

ئەندەرۇتالىس (ئەندەرۇتالىس ئوتى) ... 383

ئەندەرۇتۇن (ئەندەرۇتۇن يوپۇرمىقى) ... 384

ئەنزەرۇت (ئەنزىرۇت) ......... 384

ئەنغىرا (ئەنغىرا ئۈسۈملۈكى) ......... 386

ئەنفۇل ئىجىل (موزاي بۇرنى) ......... 387

ئىنفەھە (پەنىرمايە) ......... 387

ئەنكۇل (ئەكۇل) (ئەنكۇل دەرىخى) ... 389

ئەنگىيز (ئەنگىيز ئوتى) ......... 390

ئەنەنناس (ئانانـاس) ......... 390

ئەنوتىيلۇن (ئەنوتىيلۇن ئۈسۈملۈكى) ... 392

ئەنىيسۇن (رۇمبەدىيان) ......... 392

پەسىل: «ئ» (ئەلىف) ۋە «ۋ» (ۋاۋ) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى ...... 394

ئەۋافىيۇس (ئەۋافىيۇس ئوتى) ......... 394

ئىۋۋەز (غاز) ......... 395

ئۇسەبىيد (نىلۇپەر ھىندى) ......... 397

ئوفىيمۇبەزاس (ئوفىيمۇبەزاس ئوتى) ... 397

ئۇنۇما (ئۇنۇما ئوتى) ......... 398

ئۇنۇمالى (ھەسەل شارابى) ......... 398

ئۇنەيا (ئۇنەيا ئوسارىسى) ......... 399

ئورمالى (ئومالى) (ئورمالى يىغى) ... 399

پەسىل: «ئ» (ئەلىف) ۋە «ھ» (ھائ) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى ...... 400

ئەھال (ئەھال شورپىسى) ......... 400

ئىھلىيلەج (ھىلىلە) ......... 400

ئىھلىيلەج كابۇلى (ھىلىلە كابۇلى) ... 404

ئىھلىيلەج ئەسفەر (سېرىق ھىلىلە) ... 405

ئىھلىيلەج ئەسۋەد (قارا ھىلىلە) ...... 406

ئىھلىيلەج چىينىي (ھىلىلە چىنى) ... 406

پەسىل: «ئ» (ئەلىف) ۋە «ي» (يائ) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى ······ 407
ئەيارانۇتانىي (ئايارانۇتانىي ئوتى) ······ 407
ئىيسۇلىس (ئىيسۇلىس ئوتى) ······ 408
ئىيدامىير (ئىيدامىير پارازىت ئوتى) ··· 408
ئىيدىغۇن (ئىيدىغۇن قاتمىسى) ······ 409
ئەيزائەرىزا (ئەيزا ئەرىزا ئوتى) ······ 409
ئىيرىيفارۇن (ئىيرىيفارۇن ئوتى) ······ 409
ئىيرسا (ئىرسا) ······ 410
ئىيمارانۇتالى (ئىمارانۇتالى ئوتى) ······ 413
ئىييەل (بۇغا) ······ 414

## ئىككىنچى باب «ب» (بائ) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى

پەسىل: «ب» (بائ) ۋە «ا» (ئەلىف) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى ··· 418
بابۇنەج (بابۇنە) ······ 418
باد ئاۋەرد (قامغاق) ······ 420
بادرەنجبۇيە (بادرەنجبۇيا) ······ 421
بادرۇج (ياۋا رەيھان) ······ 423
باد زەھەر (بادزەھەرى) ······ 425
بادى زەھەرى قۇنفۇزىي (كىرپە پادزەھەرى)······ 428
بادى زەھەرى مەئدەنىي (مەدەن مەنبەلىك پادزەھەرى) ······ 429
بادىنجان (پىدىگەن) ······ 432
بادىنجان بەررىي (ياۋا پىدىگەن) ······ 434
باديان خىتائىي (شاكال بەديان) ··· 435
بارزەد (بارزەت يېلىمى) ······ 436
بارۇد (مىلتىق دورىسى) ······ 438
بارىيلۇمايۇن (بارىيلۇمايۇن ئوتى) ··· 439
بازى (لاچىن) ······ 440
باشەق (قارچىغا) ······ 440
باقىلە (بۇقا پۇرچىقى) ······ 441
باقىللايى قىبتىي ······ 443
پاكەر (پاكەر دەرىخى) ······ 444
پالسە (پالسە مېۋىسى) ······ 444
پالەك جوھى (پالەكجوھى ئوتى) ······ 445
بالەنگو ······ 446
بامىيە (بامىيە مېۋىسى) ······ 446
پەسىل: «ب» (بائ) ۋە «ب» (بائ) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى ······ 447
بەبغائ (تۇتى قۇش) ······ 447
بەبەر (ھىندىستان شىرى) ······ 449
پەپىيتە (پەپتە ئۇرۇقى) ······ 449
پەپىيھە (پەپىھە مېۋىسى) ······ 450
پەسىل: «ب» (بائ) ۋە «خ» (خۇۋائ) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى ······ 451
بەخۇرۇل ئەكراد (كوردلار ئىسرىقى) ··· 451
بەخۇرۇس سۇدان (سۇدان ئىسرىقى، بىنەپشە گۈللۈك كۆكمارال) ······ 453
بەخۇرى مەريەم (مەريەم ئىسرىقى) ······ 454
پۇختە جوش (پۇختەجۇش ئىچىملىكى) ··· 455
پەسىل: «ب» (بائ) ۋە «د» (دال) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى ······ 456
بەداشقان (بەداشقان ئوتى) ······ 456
بەدھەل (بەدھەل مېۋىسى) ······ 456
پەسىل: «ب» (بائ) ۋە «ر» (رائ) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى ······ 457

بەر (بەر دەرىخى) …… 457
بەردى (بەردى ئوتى) …… 458
بەرسىياۋەشان (پىرسىياۋشان) …… 459
بەرسىيان (بەرسىيان ئوتى) …… 461
بەرتانىيقى (بەرتانىقى ئوتى) …… 461
بەرەك (بەرەك قوۋزىقى) …… 462
بەركەك شىرازىي (بەركەك يوپۇرمىقى) …… 463
بىرىنجاسەف (بەرەنجاسىپ) …… 463
بەرم (بەرم گۈلى) …… 465
بەرەنگى كابۇلى (بەرەنگى كابۇلى) …… 465
بەرنۇف (بەرنۇف دەرىخى) …… 466
بەرۋاق …… 467
بەرۋانى (بەرۋانى ئوتى) …… 468
بىرەھتا (چوڭ خوخا) …… 468
بەريا مىسرىي (بەريا كۆكتېتى) …… 469
بەريالە (بەريالە ئوتى) …… 469
پەسىل: «ب» (بائ) ۋە «ز» (زائ) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى …… 470
بەزرى قەتۇنا (ئىسپىغول) …… 470
بۇزغۇنج (بۇزغۇند) (پۇچەك پىستە) …… 472
بەزرى كەتتان (زىغىر ئۇرۇقى) …… 473
پەسىل: «ب» (بائ) ۋە «س» (سىين) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى …… 473
بەسباسە …… 473
بوستان ئەفرۇز (تاجىگۇل) …… 474
بەستىياج (بەستىياج چاتقىلى) …… 475
بۇسسەد (بىخ مارجان) …… 476
بۇسر (چالا پىشقان خورما) …… 478
بىسفايەج (بىستىپايەج) …… 478
پەسىل: «ب» (بائ) ۋە «ش» (شىين) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى …… 481
بەشمام (بەشمام دەرىخى) …… 481
بەشنىين (ياتما نىلۇپەر) …… 482
پەسىل: «ب» (بائ) ۋە «س» (سۇۋاد) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى …… 484
بۇساق (تۇكۇرۇك) …… 484
بەسەل (پىياز) …… 484
بەسەلۇل قەي (قەي پىيىزى) …… 486
پەسىل: «ب» (بائ) ۋە «ت» (تۇۋائ) ھەرپى بە-لەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى …… 487
بەت (ئۆردەك) …… 487
بەتارۇخ (بەتارۇخ بېلىقى تۇخۇمى) …… 488
بۇتۇم (ھەببەتۇلخۇزرا دەرىخى) …… 489
بىتتىيخ (قوغۇن) …… 490
بەتىيخ ھىندىي (تاۋۇز) …… 491
پەسىل: «ب» (بائ) ۋە «ئ» (ئەين) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى …… 493
بەئىر (ماياق) …… 493
بەئۇز (كۇمۇتا) …… 493
بەئىير (تۆگە) …… 493
پەسىل: «ب» (بائ) ۋە «غ» (غەين) ھەرپى بە-لەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى …… 494
بۇغرا (نارىن چۆپ) …… 494
بەغل (قېچىر) …… 494
پەسىل: «ب» (بائ) ۋە «ق» (قاف) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى …… 495
بەق (پاشا) …… 495
بەقسۇ فىرسۇن (بەقسۇفىرسۇن ئوتى) …… 497
بەقەر (كالا) …… 498
بەقەرۇل ۋەھش (ياۋا كالا) …… 502

بەقەس (شەمشاد دەرىخى) ............ 502
بەقلەتۇل ھەمقائ (سېمىز ئوت) ............ 503
بەقلەئى يەمەنىيە (قىزىل بۇغداش) ............ 506
بەقلەئى ھامىزە (چۇچۇمەل ئوت) ............ 507
بەقلەتۇل بەرارى (قۇرۇقلۇق ئوتى) ............ 508
بەقلەتۇل رۇماھ ............ 508
بەقلەتۇل ئەۋجائ (ئاغرىقئوت) ............ 509
بەقەم (ساپپان دەرىخى) ............ 509
پەسىل: «ب» (بائ) ۋە «ك» (كاف) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى ............ 510
بەككا (بەككا دەرىخى) ............ 510
بۇكچى (بابچى) ............ 510
بۇككەن ............ 511
بۇكمۇن (بەش شاخ) ............ 511
بەكرىندە (ئىنەكپىتى ئۇرۇقدىشى) ............ 512
پەسىل: «ب» (بائ) ۋە «ل» (لام) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى ............ 512
بەلادۇر (بالادۇر) ............ 512
بەل (ھىندىستان تەرخەمىكى) ............ 516
پەلاس ............ 517
پەلاس پاپرە (پەلاس پاپرە مېۋىسى) ............ 518
پەلاسەنتۇر (پەلاسەنتۇر دەرىخى) ............ 518
بۇلبۇلى ھەزار دەستان (بۇلبۇل) ............ 519
بەلبۇس (تاغ پىيىزى) ............ 520
بەلەھ (خورما غورىسى) ............ 521
بىلىختە (بىلىختە ئوتى) ............ 522
بەلخىيە (بىدمۇشكى) ............ 522
بەلەسان (بىلسان) ............ 523
بۇلەسكى (بۇلەسكى ئوتى) ............ 524
بۇلغار (ھەشتەرخان خۇرۇمى) ............ 525
بىللەۋر (قاشتېشى) ............ 525
بەللۇت (بەللۇت دەرىخى) ............ 526
بەللۇتۇل ئەرز (يەر بەللۇتى) ............ 528
بەللۇتي (بەللۇتسىمان ئوت) ............ 528
پەلۋەل (پەلۋەل مېۋىسى) ............ 529
بەلىلە (بەلىلە) ............ 530
پەسىل: «ب» (بائ) ۋە «ن» (نۇن) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى ............ 531
بەناتى ۋەردان (سۇۋەرەك) ............ 531
بەندا (بەندا دەرىخى) ............ 531
بەندال (ئاغىچىيۇغۇچ) ............ 532
بۇندۇق (ئورۇس ياڭىقى) ............ 533
بۇندۇق ھىندىي ............ 534
بەنج (بەزرۇلبەنجى ئۆسۇملۇكى) ............ 535
بىنتافەلۇن (بەشىيوپۇرماق) ............ 538
بەنەفسەج (بىنەپشە) ............ 541
بەنقە (بەنقە دىنى) ............ 544
بەنەك (بەنەك قوۋزىقى) ............ 544
بۇنن (قەھۋە پۇرچىقى) ............ 545
پەنسىتكى (پەنسىتكى دەرىخى) ............ 550
پەنىيالە (پەنىيالە مېۋىسى) ............ 551
پەسىل: «ب» (بائ) ۋە «ۋ» (ۋاۋ) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى ............ 552
بۇرەن (توغرىغۇ) ............ 552
بۇزىيدان (بوزىدان) ............ 555
بوش دەربەندى (بوش دەربەندى دورىسى) ............ 556
بەۋل (سۈيدۈك) ............ 556
بەۋلۇل ئىبىل (تۆگە سۈيدۈكى) ............ 558
بۇلامۇنىيۇن (بۇلامۇنىيۇن گىياھى) ............ 559
بولسەرى (بولسەرى دەرىخى) ............ 560

بۇيىنۇن (بۇيىنۇن ئوتى) ............... 561
پۇئى (پۇئى ئۆسۈملۈكى) ............... 561
پەسىل: «ب» (بائ) ۋە «ھ» (ھائ) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى ............ 562
بەھمەن ............................ 562
بەھمى (بەھمى ئوتى) ................ 563
پۇھكەرمۇل (پۇھكەرمۇل يىلتىزى) ··· 564
بەنگرە (بەنگرە ئوتى) ............... 564
بوئى ئانولە (بوئى ئانولە ئوتى) ......... 565
پەسىل: «ب» (بائ) ۋە «ي» (يائ) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى ............ 566
پەيارانگا (پەيارانگا يىلتىزى) ......... 566
پىپپەل (پىپپەل دەرىخى) ............... 570
بىيخى زەررىن گىياھ (ئالتۇنئوت يىلتىزى) ............ 571
بىيسەم (بىيسەم مېۋىسى) ............ 571
بىيش ................................ 572
بىيشى موش بىيشا (بىيش چاشقىنى) ··· 576
بەيز (تۇخۇم) ........................ 576
بىيل (بىيل مېۋىسى) ................. 579

## ئۈچىنچى باب «ت» (تائ) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى

پەسىل: «ت» (تائ) ۋە «ا» (ئەلىف) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى ...... 582
تەنبۇل (تەنبۇل يوپۇرمىقى) ........... 582
تار (تار دەرىخى) ..................... 585
تالمەكھارا (تالمەكانا) ............... 586
پەسىل: «ت» (تائ) ۋە «ب» (بائ) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى ............ 587
تىبن (سامان) ......................... 587
پەسىل: «ت» (تائ) ۋە «د» (دال) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى ............ 588
تەدەرج (قىرغاۋۇل) .................... 588
پەسىل: «ت» (تائ) ۋە «ر» (رائ) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى .......... 589
تۇراب (توپا) .......................... 589
تۇرابۇل مۇرەببەئات (تۆت كوچا توپىسى) ··· 589
تۇرابۇس سەيدا (سەيدا توپىسى) ...... 590
تۇرابۇش شارىدە (شارىدە توپىسى) ...... 590
تۇربۇت (تۇربۇت) ...................... 590
تۇرمىس (تۇرمۇس، باقىلەئى مىسرىي) ··· 592
تەرەنجەبىين (تەرەنجەبىن) ............ 594
پەسىل: «ت» (تائ) ۋە «ش» (شىين) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى ··· 596
تەشمىيزەج (چاكسۇ) .................. 596
پەسىل: «ت» (تائ) ۋە «ف» (فائ) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى ............ 597
تۇففاھ (ئالما) ........................ 597
پەسىل: «ت» (تائ) ۋە «م» (مىيم) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى ...... 599
تەمر (خورما) ......................... 599
تەمرى ھىرۇنى (ھىرۇنى خورمىسى) ··· 601
تەمرى ھىندىي (تەمرىھىندى) ......... 601
تىمساھ ............................... 603
پەسىل: «ت» (تائ) ۋە «ن» (نۇن) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى ............ 605
تۇنن (تۇننۇس بېلىقى) ................ 605
تەنباكۇ (تاماكا) ...................... 605

تەنزۇ خىتائىي (تەنزۇ خىتائىي قۇرسى) ··· 608
تەنەكار (تەنكار) ········ 609
تىننىين (ئەژدىھار) ········ 610
«ت» (تائ) ۋە «ۋ» (ۋاۋ) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى ········ 610
تەۋابىل (دورا ـ دەرمەكلەر) ········ 610
توبال (مىس كۈيىسى) ········ 611
تۇت (ئۈجمە) ········ 612
تۇتىيا ········ 614
تۇدەرى (تۇدەرى) ········ 618
تۇرەئى (تۇرەئى مېۋىسى) ········ 619
پەسىل: «ت» (تائ) ۋە «ھ» (ھائ) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى ········ 620
تەھكار (تەھكار ئوتى) ········ 620
پەسىل: «ت» (تائ) ۋە «ي» (يائ) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى ········ 620
تىين (ئەنجۈر) ········ 620
تىيۋاج (تىيۋاج دەرىخى) ········ 625

## تۆتىنچى باب «س» (سائ) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى

پەسىل: «س» (سائ) ۋە «ا» (ئەلىف) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى ··· 627
ساپىسىيا (ساپىسىيا يىلىمى) ········ 627
پەسىل: «س» (سائ) ۋە «ج» (جىم) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى ··· 629
سەجبىر (سىقىلمىلار لىپى) ········ 629
پەسىل: «س» (سائ) ۋە «ئ» (ئەيىن) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى ··· 630
سۆئلەب (تۇلكە) ········ 630
پەسىل: «س» (سائ) ۋە «ل» (لام) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى ········ 631
سەلج (قار) ········ 631
سەلجى سىينىي (چىندىكى قار) ········ 632
سەلسەلان (ئىنتىئۇزۇمى) ········ 632
پەسىل: «س» (سائ) ۋە «م» (مىم) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى ········ 633
سەمام (كۇرمەك ئوت) ········ 633
سەمەرەتۇل ئەسل (كىچىك يۇلغۇن مېۋىسى) ········ 633
سەمەرەتۇت تەرفا (يۇلغۇن مېۋىسى) ··· 634
سۇمنۇش ········ 635
پەسىل: «س» (سائ) ۋە «ۋ» (ۋاۋ) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى ········ 635
سۇم (سامساق) ········ 635
سۇمۇن (سەپرائوت ئۇرۇقى) ········ 638
پەسىل: «س» (سائ) ۋە «ي» (يائ) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى ········ 638
سىيل (سىل ئوتى) ········ 638

## بەشىنچى باب «ج» (جىم) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى

پەسىل: «ج» (جىم) ۋە «ا» (ئەلىف) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى ··· 641
جارۇن نەھر (غەجەكئوتى) ········ 641
جام پەھل (جام پەھل مېۋىسى) ········ 641
چام گەھاس (چامگاس ئوتى) ········ 643
جامۇس (سۇ كالىسى) ········ 643

جامۇن (جامۇن مېۋىسى) ........................ 644
جاۋرەس (سۆك) ........................ 646
جاۋشىر ........................ 647
چاۋۇل مۇنكىرى (چاۋۇل مۇنكىرى مېۋىسى) ........................ 650
چايى ختايى (ختاي چېيى) ........................ 650
پەسىل: «ج» (جىم) ۋە «ب» (بائ) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى ........ 655
جەبرە (تېڭىقئوت) ........................ 655
جەبسىن (گەج تېشى) ........................ 656
جۇبن (پىشلاق) ........................ 657
جەبلاھەك (سەپرائوت ئۇرۇقى) ........................ 659
پەسىل: «ج» (جىم) ۋە «س» (سائ) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى ........ 660
جەسجاس (جەسجاس ئوتى) ........................ 660
پەسىل: «ج» (جىم) ۋە «د» (دال) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى ........ 660
جەدۋار ........................ 660
پەسىل: «ج» (جىم) ۋە «ر» (رائ) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى ........ 666
جەرادۇل بەر (چېكەتكە) ........................ 666
جەرادۇل بەھر (دېڭىز چېكەتكىسى) ... 667
جىرجىر (زاغۇن) ........................ 667
جىرجىرۇل مائ (سۇ زاغۇنى) ........................ 669
جەرمىلەك (جەرمىلەك يىلتىزى) ........................ 669
چىرۋەنجى (چىرۋەنجى مېۋىسى) ........................ 670
جىررىي (يىلانبېلىق) ........................ 671
پەسىل: «ج» (جىم) ۋە «ز» (زائ) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى ........ 672
جەزەر (سەۋزە) ........................ 672
جەزەئ (ئاق ھېقىق) ........................ 674
پەسىل: «ج» (جىم) ۋە «ئ» (ئەين) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى ........ 675
جۆئدە (چاڭگاك) ........................ 675
پەسىل: «ج» (جىم) ۋە «غ» (غەين) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى ... 677
جۇغد (مۇشۇكياپىلاق) ........................ 677
پەسىل: «ج» (جىم) ۋە «ف» (فائ) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى ........ 677
جۇفت ئافەرىيد (جۇفت ئافىرىد ئوتى) ... 677
پەسىل: «ج» (جىم) ۋە «ك» (كاف) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى ........ 678
چەككى (چەككى مېۋىسى) ........................ 678
چەكەۋتەرە (چەكەۋتەرە مېۋىسى) ........ 681
چەكەۋند (پەنۋار) ........................ 681
پەسىل: «ج» (جىم) ۋە «ل» (لام) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى ........ 682
جۇلاپ (گۇلاب) ........................ 682
جەلاپا (چەلاپا) ........................ 683
جىلد (تېرە) ........................ 684
جۇلنار (ئانارگۇل) ........................ 685
جۇلەنجەبىين (گۇلقەنت ھەسلى) ........ 686
جۇللەۋز (پىندۇق) ........................ 688
جەلىيد (مۆلدۇر) ........................ 688
جۇممار (خورما شىرىسى) ........................ 689
جىمجىم (جىمجىم يىلتىزى) ........................ 689
جەمەد (مۇز) ........................ 690
جەمەست (خام ياقۇت) ........................ 690
جەمەل (تۆگە) ........................ 691
جەمھۇرى (ئۇزۇم شارابى) ........................ 693

جەمەيز (سارالڭ ئەنجۈر) ·················· 693
پەسىل: «ج» (جىم) ۋە «ن» (نۇن) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى ······ 695
چەنپا ·································· 695
جۇند بادەستەر (قۇندۇز قەھرى) ······ 696
جىنتىيانا ························ 698
پەسىل: «ج» (جىم) ۋە «ۋ» (ۋاۋ) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى ············ 700
چوب چىينى (چىن ياغىچى) ·········· 700
چوب چىينى خىتايى (خىتاي چۆپچىنى)························· 704
چوبى ھايات (ھاياتلىق ياغىچى) ······ 704
جەۋز (ياڭاق) ······················ 705
جەۋزابە (ئۇماچ) ·················· 709
جەۋزى ئەرقەم (بۇلماچ ياڭاق) ······ 709
جەۋز بەۋۋا (جويۇز) ················ 710
جەۋز جەندۇم ······················ 712
جەۋزۇل خەمس (بەش ياڭاق) ········ 713
جەۋزۇل زەنج (قارا ياڭاق) ············ 713
جەۋزۇس سەرۋى (ئارچا ياڭىقى) ······ 713
جەۋزۇش شىرك (ھەبەش ياڭىقى) ··· 714
جەۋزۇل ئەبھەر ······················ 715
جەۋزۇل قەتات (چىل ياڭىقى) ········· 715
جەۋزۇلقەي (قەي ياڭىقى) ············· 716
جەۋزۇل كەۋسەل ···················· 717
جەۋزۇل ماسىل (ئىتياڭىقى) ·········· 718
جۇشىيسا (جۇشىسا مېۋىسى) ·········· 720
چەۋنلائى (چەۋەنلائى ئوتى) ·········· 720
پەسىل: «ج» (جىيم) ۋە «ي» (يائ) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى ······ 721
جىينت (جىنت دەرىخى) ··············· 721
جىيدار (جىدار ئوتى) ················· 722
جىيكلەك (جىكلەك مېۋىسى) ·········· 722

## ئالتىنچى باب «ھ» (ھۆۋۋائ) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى

پەسىل: «ھ» (ھۆۋۋائ) ۋە «ا» (ئەلىف) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى ··· 724
ھائىقتى (ھائىقتى دەرىخى) ············ 724
ھاج (يانتاق) ························· 725
ھاشا (تاغ پىننىسى ئۇرۇقدىشى) ······ 725
ھاشىيش (ھەسەن يۇسۇف) ············ 727
ھاماسۇقى (ھاماسۇقى ئوتى) ··········· 728
پەسىل: «ھ» (ھۆۋۋائ) ۋە «ب» (بائ) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى ······ 728
ھۇباب (ھۇباب قوڭغۇزى) ············ 728
ھەباھىب (يالتىراق قوڭغۇز) ··········· 728
ھۇبارا (دوغداق) ······················ 729
ھەبھەبۇ (ھەبھەبۇ مېۋىسى) ············ 730
ھەبەرەج (ھەبەرەج قۇشى) ············· 731
ھەببۇلبان (ھەببۇلبان) ················· 731
ھەببى بەلەسان (ھەببى بىلسان) ······ 732
ھەببەتۇل خەزراۋ (يېشىل دان) ········ 733
ھەببۇر راسەن (راسەن مېۋىسى) ······ 735
ھەببى رىباس (رىباس ئۇرۇقى) ······ 736
ھەببى زۇلەم (ھەببى زەلەم) ·········· 736
ھەببۇس سەمنە (ياۋا كەندىر ئۇرۇقى) ··· 737
ھەببۇل ئەزىيز (ئەزىز ئۇرۇقى) ······ 737
ھەببۇل قۇلت ························· 738

ھەببۇل كۇلا (بۆرەك دان) … 739
ھەببۇل مەھلەب … 740
ھەببۇل مىنسەم … 741
ھەببۇن نىيل … 742
ھەبەق (پىنىنە) … 743
پەسىل: «ھ» (ھۇۋائ) ۋە «ج» (جىيم) ھەرپى
بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى … 744
ھەجەر (تاش) … 744
ھەجەرۇل ئەبيەز (ئاق تاش) … 744
ھەجەرۇل ئەھمەر (قىزىل تاش) … 745
ھەجەرۇل ئەرمەنىي (ئەرمەن تېشى) … 745
ھەجەرۇل ئەساكىفە (موزدۇز تېشى) … 745
ھەجەرۇل ئىسفەنج (بۇلۇت تېشى) … 746
ھەجەرۇل ئەئرابىي (يارا تېشى) … 746
ھەجەرۇل ئەفرۇج (ئەفرۇج تېشى) … 746
ھەجەرۇل ئەفرىيقىي (ئافرىقا تېشى) … 747
ھەجەرۇل ئەناغاتىس (قان تاش) … 747
ھەجەرۇل ئىيىەل (بۇغا تېشى) … 747
ھەجەرۇل بارىقىي (بارىقى تېشى) … 747
ھەجەرۇل بەھرىي (دېڭىز تېشى) … 748
ھەجەرۇل بۇھەيرە (كۆل تېشى) … 748
ھەجەرۇل بەرام (بەرام تېشى) … 749
ھەجەرۇل بۇسر (بۇسىر تېشى) … 749
ھەجەرۇل بەشەف (قاتتىق قاشتاش) … 749
ھەجەرۇل بەقەر (كالا تېشى) … 750
ھەجەرۇل بەللەۋر (كىرىستال تاش) … 751
ھەجەرۇل بولىس (بولىس تېشى) … 752
ھەجەرۇل ھەبەشىي (ھەبەش تېشى) … 752
ھەجەرۇل ھەممام (مۇنچا تېشى) … 753
ھەجەرۇل ھۇت (بېلىق مېڭە تېشى) … 753
ھەجەرۇل ھەييە (يىلان تېشى) … 753
ھەجەرۇل خەزامىي (خەزامىي تېشى) … 754
ھەجەرۇل خەزەفىي (ساپال تاش) … 755
ھەجەرۇل خەتاتىيق (قارلىغاچ تېشى) … 755
ھەجەرۇل خۇمار (خۇمار تېشى) … 756
ھەجەرۇد دىيك (خوراز تېشى) … 756
ھەجەرۇر رەھا (تۈگمەن تېشى) … 757
ھەجەرۇر رۇخام (مەرمەر تاش) … 757
ھەجەرۇز زىيرە (زىرە تاش) … 758
ھەجەرۇس سەلۋان (سەلۋان تېشى) … 758
ھەجەرۇس سەترىيت (سەترىت تېشى) … 758
ھەجەرۇس سەمەك (بېلىق مېڭە تېشى) … 759
ھەجەرۇل ئەسەلىي (ھەسەل تاش) … 759
ھەجەرۇل غاغاتىيس (تاشكۆمۈر) … 760
ھەجەرۇل فەتىيلە (پىلتە تاش) … 760
ھەجەرۇل فۇلفۇل (پىلپىل تاش) … 761
ھەجەرۇل قىبتىي (قىبتى تېشى) … 761
ھەجەرۇل قەمەر (ئاي تاش) … 762
ھەجەرۇل قەيشۇر (قەيشۇر تېشى) … 762
ھەجەرۇل كەرەك (كەرەك تېشى) … 763
ھەجەرۇل كەلب (ئىت تېشى) … 764
ھەجەرۇل كۇلا (بۆرەك تېشى) … 764
ھەجەرۇل لەبەنىي (سۈت تاش) … 764
ھەجەرۇل لۇقەۋا ئەرافۇس (بۆتچىلەر تې-
شى) … 765
ھەجەرۇل مەسانە (دوۋساق تېشى) … 765
ھەجەرۇل مەھەك (سىناق تاش) … 765
ھەجەرۇل مىسەنن (بىلەي تاش) … 766
ھەجەرۇل مۇشەققە (يىرىق تاش) … 767
ھەجەرۇل مىقناتىيس (ماگنىت تاش) … 767

هەجەرۇل مەنفىي (مەنفىي تېشى) ······ 768
هەجەرۇن نار (چاقماق تاش) ············ 768
هەجەرۇن نەمىر (يولۋاس تېشى) ······ 769
هەجەرۇل ھىندى (ھىندىستان تېشى) ··· 769
هەجرۇلىيەھۇد (يەھۇد تېشى) ········· 769
پەسىل: «ھ» (ھۇۋۋائ) ۋە «د» (دال) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى ······ 770
هىدەئەت (بۇركۇت) ····················· 770
هەدىد (تۆمۈر) ························· 772
هەدەق (ياۋا پەتىنگان) ················· 773
پەسىل: «ھ» (ھۇۋۋائ) ۋە «ر» (رائ) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى ······ 775
هۇربۇت (ھۇربۇت ئوتى) ··············· 775
هىرباﺋ (خامىلىئون) ··················· 775
هىردۇن (كەسلەنچۈك) ················· 776
هەرشەف (كەنگەر) ····················· 777
هۇرف (كۈنلۈكسىمان كەرەپشە) ······ 778
هۇرفى ئەبيەز (ئاق كۈنلۈكسىمان كەرەپشە)··························· 781
هۇرفۇل بابىلىي (بابىل كۈنلۈكسىمان كەرەپشىسى) ······················· 781
هۇرفۇس سۇتۇھ (ئۆگزە كۈنلۈكسىمان كەرەپشىسى) ······················· 782
هۇرفۇل مائ (سۇ كۈنلۈكسىمان كەرەپشىسى)··························· 782
هۇرفۇل مەشرىقى (مەشرىق كۈنلۈكسىمان كەرەپشىسى) ······················· 783
هۇرمەل (ئادراسمان ئۇرۇقى) ········· 783
هۇرمۇله (ھۇرمۇله ئۆسۈملۈكى) ······ 785
هۇر (ساپ تۇپراق) ····················· 786
پەسىل: «ھ» (ھۇۋۋائ) ۋە «ز» (زائ) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى ······ 786
هەزائ (ھەزائ ئۆسۈملۈكى) ··········· 786
هەزائ بەررىي (ياۋا ھەزائ ئۆسۈملۈكى) ··· 788
هەزازۇس سەخر (لىشاينىك) ········· 790
هەزۇنبۇل (مىگيوپۇرماق) ············ 790
پەسىل: «ھ» (ھۇۋۋائ) ۋە «س» (سىين) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى ··· 792
هەسەك (ئوغرىتىكەن) ················ 792
هەسەل (ھەسەل ئوتى) ················ 794
هەسۇۋ (ئاتىلا) ······················· 794
پەسىل: «ھ» (ھۇۋۋائ) ۋە «ش» (شىين) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى ··· 795
هەشىيشەتۇل بەراغىيس (بۇرگئوتى) ··· 795
هەشىيشەتۇد داخىس (سۆينەكئوت) ··· 795
هەشىيشەتۇز زۇجاج (شىيشە ئوت) ··· 795
هەشىيشەتۇل ئەلەق (زۇلۇك ئوتى) ··· 796
هەشىيشەتۇل مەئدەن (مەدەن ئوت) ··· 796
پەسىل: «ھ» (ھۇۋۋائ) ۋە «ص» (سۇۋاد) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى ··· 797
هەسات (شېغىل تاش) ················· 797
هىسرىم (غورا ئۈزۈم) ················· 797
هەسى لۇبانۇل جاۋىي ················ 799
پەسىل: «ھ» (ھۇۋۋائ) ۋە «ز» (زۇۋاد) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى ··· 800
هۇزۇز (رۇسۇت) ······················· 800
هۇزۇز ھىندىي (رۇسۇت ھىندى) ······ 801
پەسىل: «ھ» (ھۇۋۋائ) ۋە «ل» (لام) ھەرپى بىـ-

لەنباشلانغان دورىلارنىڭ بايانى ······· 803
هۇلاب (هۇلاب ئوتى) ··················· 803
هولبە (شۇمشا) ························ 803
هەلبىب (سۆرۈنجان هىندى) ·········· 805
هەلبۇب (پىچەكگۇل) ··················· 806
هىلتىيت (هىلڭ) ······················· 807
هەلزۇن (قۇلۇلە) ······················ 809
هەلفا (بورا قومۇشى) ·················· 811
هەلەق ···································· 811
پەسىل: «ھ» (هۇۋائ) ۋە «م» (مىيم) هەرپى
بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى ··· 812
هەماهىم (هەماهىم ئوتى) ············· 812
هىمار ئەهلىي (يەرلىك ئېشەك) ······ 813
هىمارۇل ۋەهش (ياۋا ئېشەك) ········· 815
هۇمماز (ئاتقۇلاق) ····················· 816
هەمام (كەپتەر) ························ 818
هەماما (هۇماما) ······················· 820
هىممەس (نوقۇت) ······················ 822
پەسىل: «ھ» (هۇۋائ) ۋە «ن» (نۇن) هەرپى
بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى ··· 824
هىننا (خېنە ئۆسۈملۈكى) ············· 824
هەندەقۇقا (ياۋا بېدە) ················· 826
هىنتە (بۇغداي) ························· 829
هەنزەل (ئاچچىقتاۋۇز) ················ 830
پەسىل: «ھ» (هۇۋائ) ۋە «ۋ» (ۋاۋ) هەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى ······ 834
هەۋاسىل (قاقىر) ······················· 834
هۇر (ئاق تېرەك) ······················· 835
پەسىل: «ھ» (هۇۋائ) ۋە «ي» (يائ) هەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى ······ 836
هەيىيە (يىلان) ························ 836
هىيس (هىس يېمەكلىكى) ············· 838

## يەتتىنچى باب «خ» (خۇۋائ) هەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى

پەسىل: «خ» (خۇۋائ) ۋە «ا» (ئەلىف) هەرپى
بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى ··· 839
خاماسۇقى (يەر ئەنجۈرى) ·············· 839
خانىقۇز زىئب (بۆرىبوغار) ············ 840
خانىقۇل كەلب (ئىتبوغار) ············· 840
خانىقۇن نەمر (يولۋاسبوغار) ·········· 841
پەسىل: «خ» (خۇۋائ) ۋە «ب» (بائ) هەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى ······ 842
خۇببازى (لەيلىگۈل) ··················· 842
خۇبز (نان) ······························ 845
خۇبزۇل هەۋارىي (ئاق نان) ·········· 846
خۇبزۇل خۇشكار (دېۋەز نان) ·········· 847
خۇبزۇس سەمىيد (كېپەكسىز نان) ··· 847
خۇبزۇت تابەق (قازان نېنى) ··········· 847
خۇبزۇت تابۇن (ياغ نان) ·············· 847
خۇبزۇل فۇرنى (كۆمەچ نان) ·········· 848
خەبەس (دات) ··························· 848
خەبەسۇل هەدىيد (تۆمۈر دېتى) ······· 849
خەبەسۇز زەهەب (ئالتۇن دېتى) ······ 850
خەبەسۇر رىساس (قەلەي دېتى) ······ 850
خەبەسۇل فىززە (كۈمۈش دېتى) ······ 851
خەبەسۇن نەهاس (مىس دېتى) ········ 851
خۇببە (خاكشى) ························ 851
خەبىيسۇل بەيز (تۇخۇم ئېشى) ········ 852

پەسىل: «خ» (خۇۋائ) ۋە «س» (سائ) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى ··· 853
خەسا (تېزەك) ··· 853
خەسۇ ··· 853
پەسىل: «خ» (خۇۋائ) ۋە «ر» (رائ) ھەرپى بەلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى ··· 855
خەراتىين (سازاڭ قۇرت) ··· 855
خەرامەقان (خەرامەقان ئوتى) ··· 856
خەربەق (پارپا) ··· 856
خەربەقى ئەسۋەد (قارا خەربەق) ··· 858
خەردەل (قىچا) ··· 860
خەرقاتان (خەقاتان ئوتى) ··· 863
خۇرەم (خۇرەم ئوتى) ··· 863
خۇرنۇب (خەرنۇب دەرىخى) ··· 864
خىرۋەئ (ئىنەكپىتى) ··· 865
خەرمۇش (ئېشەكچاشقان) ··· 867
پەسىل: «خ» (خۇۋائ) ۋە «ز» (زائ) ھەرپى بەلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى ··· 868
خەزاما (خەزاما ئوتى) ··· 868
خەز ··· 869
خەزەف (ساپال) ··· 869
پەسىل: «خ» (خۇۋائ) ۋە «س» (سىين) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى ··· 870
خەسس (كاھۇ، ئوسۇك) ··· 870
خەس (خەس ئوتى) ··· 873
خەشخاش (كۆكنار) ··· 873
خەشخاش بەررى (ياۋا كۆكنار) ··· 875
خەشخاشى مەنسۇر (توزىغاق كۆكنار) ··· 876
خەشخاش زەبەدىي (قايماق كۆكنار) ··· 876
خەشخاشى مۇقەررەن (مۈڭگۈزلۈك كۆكنار) ··· 877
خۇشاب (مېۋە شەربىتى) ··· 877
خۇشكەنجەبىين (قۇرۇق ھەسەل) ··· 878
خۇشۇك نان (قۇرۇق نان) ··· 879
پەسىل: «خ» (خۇۋائ) ۋە «س» (سۇۋاد) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى ··· 879
خۇسىيە (ئۇرۇقدان) ··· 879
خۇسيۇس سەئلەب (خۇسىيەتۇسسۆئلەپ) ··· 879
خۇسيۇد دىيك (خوراز ئۇرۇقدىنى) ··· 881
خۇسيۇل كەلب (ئىت ئۇرۇقدىنى) ··· 882
خۇسيۇل ئەجاجىيل (موزاي ئۇرۇقدىنى) ··· 883
خۇسيۇل ئىييەل (بۇغا ئۇرۇقدىنى) ··· 884
پەسىل: «خ» (خۇۋائ) ۋە «ت» (تۇۋائ) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى ··· 884
خۇتتاف (قارلىغاچ) ··· 884
خەتمىي (ئاق لەيلى) ··· 885
پەسىل: «خ» (خۇۋائ) ۋە «ف» (فائ) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى ··· 887
خۇففاش (شەپەرەڭ) ··· 887
پەسىل: «خ» (خۇۋائ) ۋە «ل» (لام) ھەرپى بەلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى ··· 889
خەل (سىركە) ··· 889
خىلاف (سۆگەت) ··· 893
خىلافۇل بەلەخىي (بىدىمۇشكى) ··· 895
خۇلەد (قارىغۇ چاشقان) ··· 896
خۇللەر (ياۋا كۆك پۇرچاق) ··· 897
خەلەنج (خەلەنج دەرىخى) ··· 898
پەسىل: «خ» (خۇۋائ) ۋە «م» (مىيم) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى ··· 898
خەمان (خەمان دەرىخى) ··· 898

خەماھان (خەماھان تېشى) ............ 900
خەمر (شاراب) ........................ 900
خەمىير (خېمىرتۇرۇچ) ................. 906
پەسىل: «خ» (خۇۋائ) ۋە «ن» (نۇن) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى ... 907
خۇنسا (خۇنسا ئوتى) .................. 907
خەندەرۇس (سۇپۇرگە قوناق) .......... 909
خەندىقۇن (ياۋا شاراب) ............... 909
خەندەرىيلى (خەندەرىلى ئۆسۈملۈكى) ... 910
خىنزىير (چوشقا) ...................... 911
خۇنفەسائ (قوڭغۇز) ................... 912
خەنەكات يەزىدى (تېرىق شارابى) ...... 913
پەسىل: «خ» (خۇۋائ) ۋە «ۋ» (ۋاۋ) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى ...... 913
خەۋخ (شاپتۇل) ....................... 913
خۇس ................................... 915
خەۋلىنجان (خولىنجان) ............... 915
پەسىل: «خ» (خۇۋائ) ۋە «ي» (يائ) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى ...... 916
خىيار شەنبەر ......................... 916
خەيرى (خەيرىگۈل) .................... 918
خىيزران (خىزىران قومۇشى) ........... 919

## سەككىزىنچى باب «د» (دال) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى

پەسىل: «د» (دال) ۋە «ا» (ئەلىف) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى ...... 921
دازى (دازى ئوتى) ..................... 921
دارسىينىي (دارچىن) ................. 922
دارشىشئان (چاقماق ياغاچ) ............ 924
دارفىلفىل (پىلپىل) ................... 926
دارھەلد (زىرىق ياغىچى) .............. 927
دانەج ئەبرۇج (ياۋا ئامۇت ئۇرۇقى) ... 928
دانەك (دانەك ئۇرۇقى) ................ 928
پەسىل: «د» (دال) ۋە «ب» (بائ) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى ............ 929
دۇببائ (رىم قاپىقى) ................. 929
دۇب (ئېيىق) ........................... 929
دىبىس (شىرنە) ........................ 930
دىبىق (يېلىم ئوت مېۋىسى) .......... 932
دىبىيدار (دىبىدار ئوتى) .............. 934
پەسىل: «د» (دال) ۋە «ج» (جىيم) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى ...... 934
دەج (ئاققاش قۇش) .................... 934
دەجاج (توخۇ) ......................... 935
پەسىل: «د» (دال) ۋە «خ» (خۇۋائ) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى ...... 938
دۇخان (قويۇن) ........................ 938
دۇخانۇل قەۋارىير (شىشە قويۇنى) ... 939
دۇخانۇل كۇندۇر (كۇندۇر قويۇنى) ... 939
دۇخۇن (تېرىق) ........................ 940
پەسىل: «د» (دال) ۋە «ر» (رائ) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى ............ 940
دۇرراج (كەكلىك) ..................... 940
دەرداب (دەرداب قوغۇنى) ............. 941
دەردار (ئاق تېرەك) ................... 942
دەرۇبەتارىس (بەللۇت بالىسى) ......... 943
دەرۇفىينۇن (زەيتۇنئوت) .............. 943
دۇردىي (ئۇسارىلەر لېيى) ............. 944

دۇردىيېۇل خەل (سىركە لېيى) ...... 945
دەرۇنەج (دۇرنەج ئەقرەبى) ........... 945
دەرياس (سېيسىق گۇل) ............ 946
دەريان (دەريان مېۋىسى) .............. 947
پەسىل: «د» (دال) ۋە «ف» (فائ) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى ........... 948
دىفلا (سۆگەتگۇل) .................... 948
پەسىل: «د» (دال) ۋە «ل» (لام) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى ........... 950
دۇلب (چىنار) ......................... 950
دەلبۇس (ياۋا قىزىل سەۋسەن يىلتىزى) ... 951
دۇلدۇل (ياۋا كىرپە، جەيرە) ............ 952
دەلەئ (تاغ كىرپىسى) .................. 953
دۇلەفىين (دىلفىن) .................... 953
دەلەق (قارا بۇلغۇن) .................. 954
دەلىيك (ئازغان مېۋىسى) ............... 954
پەسىل: «د» (دال) ۋە «م» (مىيم) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى ...... 955
دەم (قان) ............................. 955
دەمۇل ئەخەۋەين (خۇنسىياۋشان) ...... 957
دەمادەم (لوبىيا ھىندى) ............... 958
دىماق (مېڭە) ......................... 958
دەمئەتۇش شەجەر (ئوتىيېشى) ......... 959
دەمىيا .............................. 959
پەسىل: «د» (دال) ۋە «ن» (نۇن) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى ........... 959
دەنىد (دەن) ......................... 959
پەسىل: «د» (دال) ۋە «ۋ» (ۋاۋ) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى ........... 962
دەۋايا ئەغرەيا (ياۋا قومۇش) ............ 962
دۇب (پىچان) ......................... 962
دەۋادەم (دەرەخ پورى) ................. 963
دۇدۇل بەقل (كۆكتات قۇرتى) ......... 963
دۇدۇل ھەربىر (پىلە قۇرتى) ......... 964
دۇدۇ خەشەبىس سەنۇبەر (قارىغاي ياغىچى قۇرتى) ......................... 965
دۇدۇل خەل (سىركە قۇرتى) ........... 965
دۇدۇل زەبەل (تېزەك قۇرتى) ......... 966
دۇسەر (سۇلۇ) ......................... 966
دۇقۇس (دۇقۇس ئوتى) ................ 967
دۇقۇ (ياۋا سەۋزە ئۇرۇقى) ............ 968
پەسىل: «د» (دال) ۋە «ھ» (ھائ) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى ........... 969
دۇھن (ياغ) .......................... 969
دۇھنۇل بەلەسان (بىلسان يېغى) ...... 969
دۇھنۇل كەرجەن (كەرجەن يېغى) ...... 971
دەھنەج (كۆك تاش) .................... 972
دەھماسا (دەھماسا ئۆسۈملۈكى) ...... 973
پەسىل: «د» (دال) ۋە «ي» (يائ) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى ........... 974
دىيفۇرۇجىس (دىفۇرۇجىس ماددىسى) ... 974
دىيگ بەر دىيگ (سۇنئىي سەنكىيا) ... 975
دىينىساقۇس (ئىت كاھۇسى) ......... 975
دىيۋدار (چاتقالسىمان قارىغاي) ...... 976

## توققۇزىنچى باب «ز» (زال) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى

پەسىل: «ز» (زال) ۋە «ا» (ئەلىف) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى ...... 978

زاقىنىل ئىسكەندەرانى (ئىسكەندەرانى غار دەرىخى) ............ 978
زاقىنى ۋېيداس (زاقىنى ۋېداس ئۆسۈملۈكى) ............ 978
پەسىل: «ز» (زال) ۋە «ب» (بائ) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى ............ 979
زۇباب (چىۋىن) ............ 979
زەبل (ھىندىستان تاشپاقىسى قېپى) ... 980
پەسىل: «ز» (زال) ۋە «ر» (رائ) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى ............ 981
زەرارىيە (ئالا كۆلۈك) ............ 981
زۇررە (قوناق) ............ 983
زەرەق (زەرەك ئۆسۈملۈكى) ............ 984
پەسىل: «ز» (زال) ۋە «ن» (نۇن) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى ............ 984
زەنەبۇل خەيل (ئات قۇيرۇقسىمانئوت) ... 984
زەنەبۇل خەرۇف (پاقلان قۇيرۇقسىمانئوت) ............ 985
زەنەبۇس سەبۇئ (يىرتقۇچ قۇيرۇقسىمانئوت) ............ 986
زەنەبۇل ئەقرەب (چايان قۇيرۇقسىمانئوت) ............ 986
زەنەبۇل قىت (مۈشۈك قۇيرۇقسىمانئوت) ............ 987
زەنەبۇل فەئر (چاشقان قۇيرۇقسىمانئوت) ............ 987
پەسىل: «ز» (زال) ۋە «ھ» (ھائ) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى ............ 987
زەھەب (ئالتۇن) ............ 987
پەسىل: «ز» (زال) ۋە «ب» (بائ) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى ............ 989
زىئب (بۆرە) ............ 989


## ئونىنچى باب «ر» (رائ) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى


پەسىل: «ر» (رائ) ۋە «ا» (ئەلىف) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى ...... 993
راتىيانەج ............ 993
رازىقى (رازىقى ئۆسۈملۈكى) ............ 994
رازىيانەج (ئارپىبەدىيان) ............ 994
رازىيانەئى بەررىي (ياۋا ئارپىبەدىيان) ... 996
راسەن ............ 996
رامەك (رامەك دورىسى) ............ 998
راۋەند (رەۋەن) ............ 999
رايىبىل (رايىبىل ئۆسۈملۈكى) ...... 1003
پەسىل: «ر» (رائ) ۋە «ب» (بائ) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى ............ 1004
رەبىيسا (رەبىسا بېلىقى) ............ 1004
پەسىل: «ر» (رائ) ۋە «ت» (تائ) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى ............ 1005
رەتەم (رەتەم ئۆسۈملۈكى) ............ 1005
رۇتەيلا (دۆ) ............ 1006
پەسىل: «ر» (رائ) ۋە «ج» (جىيم) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى ... 1007
رىجلۇل غۇراب (ئاترىلال ئۆسۈملۈكى) ... 1007
پەسىل: «ر» (رائ) ۋە «خ» (خائ) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى ............ 1008
رەخبىيىن (قارا قۇرت) ............ 1008

رەخمە (تاپخور قۇش) ..................... 1008

پەسىل: «ر» (رائ) ۋە «د» (دال) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى ......... 1010

رۇدۇەنتى (رۇدۇەنتى ئۆسۈملۈكى) ... 1010

پەسىل: «ر» (رائ) ۋە «س» (سىين) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى ... 1011

رەساتۇن ............................ 1011

رەسائ (رەسائ تېشى) ................. 1012

رەسمىيلۇس (لۇبان جەۋھىرى) ...... 1012

رەسكەپۇر (كوپۇرەس) ............... 1012

پەسىل: «ر» (رائ) ۋە «س» (سۇۋاد) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى ... 1013

رەساس (قەلەي) ...................... 1013

رەساسۇل ئەسۋەد (قوغۇشۇن) ......... 1014

پەسىل: «ر» (رائ) ۋە «ت» (تۇۋائ) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى ... 1015

رۇتەب (ھۆل خورما) ................. 1015

رەتبە (بېدە) ......................... 1015

پەسىل: «ر» (رائ) ۋە «ئ» (ئەين) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى ......... 1016

رەئئاد (سكات بېلىقى) ............... 1016

رەئيۇل ئىبىل (تۆگە ئوتى) ......... 1017

رەئيۇل ھىمار (ئېشەك ئوتى) ......... 1018

رەئيۇل ھەمام (كەپتەر ئوتى) ......... 1019

پەسىل: «ر» (رائ) ۋە «ق» (قاف) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى ......... 1019

رەقئە (رەقئە يىلتىزى) ............... 1019

رەقئەئى يەمانىي (رەقئە يەمەنى دەرىخى) ... 1020

پەسىل: «ر» (رائ) ۋە «م» (مىيم) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى ... 1021

رەماد (كۈل) ......................... 1021

قومۇش كۈلى ........................ 1022

رۇممان (ئانار) ....................... 1023

رۇممانى مىز (مەيخۇش ئانار) ......... 1024

رۇممانى ھامىز (چۈچۈمەل ئانار) ... 1025

رۇممانى بەررىي (ياۋا ئانار) ......... 1028

رىمىس (رىمىس ئۆسۈملۈكى) ...... 1028

رەمىل (قۇم) ......................... 1029

رەمرام (ياۋا زاراڭزا) ................. 1029

پەسىل: «ر» (رائ) ۋە «ن» (نۇن) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى ......... 1029

رەنەد (ياۋا راسەن) ................. 1029

پەسىل: «ر» (رائ) ۋە «ۋ» (ۋاۋ) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى ......... 1030

رۇئۇس (باشلار) ..................... 1030

رەۋاسىر (سالات) .................... 1031

روبىيان (ماھى روبىيان) ............ 1031

روزا ئەرىيزا (روزا ئەرىزا يىلتىزى) ... 1033

روسوختەج (كۆيدۈرۈلگەن رو) ...... 1033

رويتۇتىيا (تەبىئى تۇتىيا) ............ 1033

پەسىل: «ر» (رائ) ۋە «ھ» (ھائ) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى ......... 1034

رەھشى (سوقۇلغان كۇنجۇت) ......... 1034

پەسىل: «ر» (رائ) ۋە «ي» (يائ) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى ......... 1034

رىيباس (رەۋەن ئۆسۈملۈكى) ......... 1034

رىيە (ئۆپكە) ......................... 1036

رىيەتۇل بەھر (مېدوزا) ............... 1037

رەيھان ............................... 1037

رەيھانۇسسۇلەيمان (سۇلايمان رەيھىنى) ... 1037

رەيھانۇلكافۇر (كافۇر رەيھىنى) ······ 1038
رىش (قۇش پېيى) ······ 1039

## ئون بىرىنچى باب «ز» (زائ) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى

پەسىل: «ز» (زائ) ۋە «ا» (ئەلىف) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى ··· 1040
زاج (زاك) ······ 1040
زاجى ئەبيەز (ئاق زاك) ······ 1040
زاجى ئەھمەر (قىزىل زاك) ······ 1042
زاجى ئەخزەر (يېشىل زاك) ······ 1042
زاجى ئەسفەر (سېرىق زاك) ······ 1043
زاجۇل ئەساكىفە (موزدۇز زاكى) ······ 1043
زاجۇل مۇقەتتەر (تامچە زاك) ······ 1044
زاجۇل جامىد (ئۇيۇغان زاك) ······ 1044
زاجۇل مەتبۇخ (قاينىتىلغان زاك) ··· 1044
پەسىل: «ز» (زائ) ۋە «ب» (بائ) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى ······ 1045
زەباد (ئىپار مۈشۈكى ئەتىرى) ······ 1045
زۇبۇد (قايماق) ······ 1047
زەبەدۇل بەھر (كۆپىكدەريا) ······ 1048
زەبەدۇل بوروق (توغرىغۇ قايمىقى) ··· 1050
زەبەرجەد (زەبەرجەد تېشى) ······ 1050
زەبزەب (بورسۇق) ······ 1051
زەبيب (قۇرۇق ئۈزۈم) ······ 1052
زەبيبۇل جەبەل (تاغ قۇرۇق ئۈزۈمى) ··· 1054
زىبىل (تېزەك) ······ 1055
پەسىل: «ز» (زائ) ۋە «ج» (جىيم) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى ··· 1056
زۇجاج (شىشە) ······ 1056
پەسىل: «ز» (زائ) ۋە «ر» (رائ) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى ······ 1057
زەراۋەند (زىراۋەندە) ······ 1057
زەراۋەندى مۇدەھرەج (يۇمىلاق زىراۋەندە) ··· 1058
زەرەنەب (زەرنەپ) ······ 1060
زۇرۇنباد (زورەمبات) ······ 1060
زۇررافە (زىراپە) ······ 1062
زۇرزۇر (قارىغۇجا) ······ 1062
زىرنىخ (زەرنىخ) ······ 1063
زەرىير (بوياقئوت) ······ 1066
زۇرەيق (ئورمان ئالا قاغىسى) ······ 1067
زەررىين گىياھ (ئالتۇنئوت) ······ 1067
پەسىل: «ز» (زائ) ۋە «ئ» (ئەين) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى ······ 1068
زەئرۇر (ئالقات) ······ 1068
زەئفەران (زەپەر) ······ 1069
زەئفەرانۇل ھەدىيد (تۆمۈر دېتى) ··· 1071
پەسىل: «ز» (زائ) ۋە «ف» (فائ) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى ······ 1072
زىفتى رۇمىي (رىم زۇپتىسى) ······ 1072
زىفتى بەھرىي (دېڭىز زۇپتىسى) ··· 1072
زىفتۇر رەتب (ھۆل زۇپتى) ······ 1073
زىفتى يابىس (قۇرۇق زۇپتى) ······ 1074
پەسىل: «ز» (زائ) ۋە «ق» (قاف) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى ······ 1075
زۇقال (زۇقال مېۋىسى) ······ 1075
زەققۇم (زەقۇم دەرىخى) ······ 1075
پەسىل: «ز» (زائ) ۋە «ل» (لام) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى ······ 1077

زۇلابىيە (زۇلابىيە ھالۋىسى) ·········· 1077
پەسىل: «ز» (زائ) ۋە «م» (مىيم) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى ··· 1078
زەمۇج (بۇركۇت) ·················· 1078
زەمجائى (زەمجائى مېۋىسى) ·········· 1078
زۇمۇررۇد (زۇمرەت) ················ 1079
زۇمۇر (قۇرۇق زۇپتى) ·············· 1081
پەسىل: «ز» (زائ) ۋە «ن» (نۇن) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى ·········· 1081
زەنبا (زەنبا ئۆسۈملۈكى) ············ 1081
زەنجار (زەنگار) ···················· 1081
زەنجەبىيل (زەنجىۋىل) ·············· 1083
زەنجەبىيلۇل كىلاب (ئىت زەنجىۋىلى) ··· 1085
زەنجەفر (شىڭگىرىپ) ················ 1086
زەنبەق (سەۋسەنى ئازاد) ············ 1087
زۇنبۇر (سېرىق ھەرە) ················ 1088
پەسىل: «ز» (زائ) ۋە «ۋ» (ۋاۋ) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى ·········· 1089
زەۋان (زەۋان ئۆسۈملۈكى) ·········· 1089
زۇفايى يابىس (قۇرۇق زۇپا) ········ 1090
زۇفائۇر رەتب (ھۆل زۇپا) ············ 1091
زەھرەتۇل مىلھ (تۇز چېچىكى) ······ 1092
زەھرەتۇن نۇھاس (مىس چېچىكى) ··· 1093
زەھرە (قەلەمپۇر شامى) ·············· 1094
پەسىل: «ز» (زائ) ۋە «ي» (يائ) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى ·········· 1094
زىيبەق (سىماب) ···················· 1094
زەيتۇن (زەيتۇن مېۋىسى) ············ 1097
زەيتۇنۇل مائ (سۇ زەيتۇنى) ·········· 1100
زەيت (زەيتۇن يېغى) ················ 1100
زەيتار (زەيتۇن يېغى لېيى) ·········· 1102
زەيتۇس سۇدان (ياۋا بادام يېغى) ······ 1103
زىيرباج (دورىلىق شورپا) ············ 1103

## ئون ئىككىنچى باب «س» (سىين) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى

پەسىل: «س» (سىين) ۋە «ا» (ئەلىف) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى ··· 1105
ساج (ساج دەرىخى) ·················· 1105
ساداۋەران (دەرەخ سىياھى) ·········· 1106
سازەج (سازەج ھىندى) ·············· 1107
ساگۇدانە ·························· 1108
سالامەندەرا (سەمەندەر) ············ 1109
سامان (يېكەن) ······················ 1110
سام ئەبرەس (تام پاتمىچۇقى) ········ 1110
پەسىل: «س» (سىين) ۋە «ب» (بائ) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى ··· 1111
سەبەج (سەبەج تېشى) ················ 1111
سەپىستان (سەرپىستان) ·············· 1112
سەپىيە (سىياھىيلىق) ················ 1113
پەسىل: «س» (سىين) ۋە «خ» (خائ) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى ··· 1114
سەخار (قىرىقئوت) ·················· 1114
سەخالە (مېتال كېپىكى) ·············· 1114
پەسىل: «س» (سىين) ۋە «د» (دال) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى ··· 1115
سۇداب (سۇزاپ) ····················· 1115
سۇداب بەررىي (ياۋا سۇزاپ) ·········· 1118
سىدر (سىدە دەرىخى) ················ 1119

پەسىل: «س» (سىين) ۋە «ر» (رائ) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى ··· 1121
سىراجۇل قۇترۇب ··· 1121
سەرخەس ··· 1122
سىرىس (سەرەس) ··· 1123
سەرەتان نەھرىي (دەريا قىسقۇچپاقىسى) ··· 1125
سەرەتانى بەھرىي (دېڭىز قىسقۇچپاقىسى) ··· 1127
سەرۇنچى (سەرۇنچى ئوتى) ··· 1127
سەرۋى (ئارچا) ··· 1128
سەرۇھۇنچى (سەرۇھۇنچى ئوتى) ··· 1130
سەرپۇنكە (سەرپۇنكە ئوتى) ··· 1130
سىراجۇل قۇترۇب (يالتىراق قوڭغۇز) ··· 1131
سىراجۇل قەترىيل (يالتىراق ئوت) ··· 1131
پەسىل: «س» (سىين) ۋە «ت» (تۇۋائ) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى ··· 1131
سەتاخىينۇس (سەتاخىنۇس ئوتى) ··· 1131
سەتارىيۇن (سەتارىيۇن ئوتى) ··· 1132
سەتراتىيۇتۇس (سەتراتىيۇتۇس ئوتى) ··· 1133
سەترۇنىيۇن (سەترۇنىيۇن ئوتى) ··· 1134
پەسىل: «س» (سىين) ۋە «ئ» (ئەين) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى ··· 1135
سۇئدى (سەئدى كوفى) ··· 1135
سۇئدان (سۇئدان ئوتى) ··· 1137
سەئۇت (بۇرۇن پۇركۇمىسى) ··· 1137
پەسىل: «س» (سىين) ۋە «ف» (فائ) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى ··· 1137
سەفادىيكۇس (سەفادىكۇس ئوتى) ··· 1137
سەفەرجەل (بېھى) ··· 1138
سەفىيدۇلىيۇن (سەفىيدۇلىيۇن ئوتى) ··· 1141
پەسىل: «س» (سىين) ۋە «ق» (قاف) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى ··· 1142
سەقمۇنىيا (سوقمۇنىيا) ··· 1142
سەقۇلۇقەندەريا (يەتمىشئاياغ) ··· 1146
پەسىل: «س» (سىين) ۋە «ك» (كاف) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى ··· 1146
سۇكك (ئامىلە سۈيى) ··· 1146
سۇككۇلمىسك (ئىپارلىق ئامىلە سۈيى) ··· 1147
سىكباج (سىركىلىك شورپا) ··· 1148
سەكبىينەج (سەكبىنەج) ··· 1148
سۇككەر (شېكەر) ··· 1150
سۇككەرۇل ئۇشەر (ئۇشەر شېكىرى) ··· 1154
سەكەرجە (سەكەرجە ئوتى) ··· 1155
سەكۋە (سەكۋە دەرىخى) ··· 1156
پەسىل: «س» (سىين) ۋە «ل» (لام) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى ··· 1156
سەلاجىيت (سالاجىت) ··· 1156
سۇلاھە (تاغ ئۇچكىسى سۈيدۈكى) ··· 1157
سۇلت (يالاڭ ئارپا) ··· 1157
سەلخۇلھەييە (يىلان پوستى) ··· 1158
سۇلەھفات (تاشپاقا) ··· 1159
سەلدانىيۇن (سەلدانىيۇن دەرىخى) ··· 1161
سىلىق (قىزىلچا) ··· 1161
سەلۋا (سەلۋا قۇش) ··· 1163
سەلىيخە (قىلىن دارچىن) ··· 1164
سۇلەيمانىي (سۇلايمان) ··· 1165
پەسىل: «س» (سىين) ۋە «م» (مىيم) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى ··· 1166
سۇماق (سۇماق) ··· 1166
سۇماقۇد دەبباغىيىن (ئاشلامچىلار سۇما-

قى) ........................ 1168

سۇمانى (بۆدۇنە) ............ 1169

سەمسىم (كۇنجۇت) ............ 1170

سەمقۇتۇن (سەمقۇتۇن ئوتى) ......... 1173

سەمەك (بېلىق) ............ 1174

سەمەكە رەئئادە (سكات بېلىقى) ... 1178

سەمەتكۇس سەيدا (سەيدا بېلىقى) ... 1179

سەمەن (سېرىق ماي) ............ 1180

سەمەندەر ............ 1182

سەمۇر (بۇلغۇن) ............ 1183

سۇمەيرا (سۇمەيرا ئوتى) ............ 1183

سەمىين (ھايۋانات مېيى) ............ 1184

پەسىل: «س» (سىين) ۋە «ن» (نۇن) ھەرپى
بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى ... 1184

سەنائ مەككى (سانائى مەككى) ...... 1184

سۇنبادەج (سۇنبادەج تېشى) ......... 1186

سۇنبۇل (سۇمبۇل) ............ 1187

سۇنبۇل رۇمى (رىم سۇمبۇلى) ...... 1189

سۇنبۇل جەبەلى (تاغ سۇمبۇلى) ... 1189

سۇنبۇل فارسى (پارس سۇمبۇلى) ... 1190

سۇنبۇل ئىقلىيتى (سۇمبۇل رۇمى) ... 1191

سەنبۇسە (سامبۇسا) ............ 1191

سەنجاب (قاما) ............ 1192

سەندەرۇس (سۇندۇرۇس) ............ 1192

سەندىرىيتۇس (سەندىرىتۇس ئوتى) ... 1195

سەنگسەبۇيە (تۇخۇمى پەنۋار) ...... 1195

سىنگارا (سىنگارا مېۋىسى) ......... 1196

سىنگىيا (سىنگىيا يىلتىزى) ...... 1197

سىننەۋر (مۇشۇك) ............ 1198

سۇنەمەتىر (ئالتۇن نوقۇت) ......... 1199

پەسىل: «س» (سىين) ۋە «ۋ» (ۋاۋ) ھەرپى
بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى ... 1200

سۇدانى (تۆمۈرتۇمشۇق) ............ 1200

سۇرىنجان (سۆرۇنجان) ............ 1200

سۇس (چۇچۇكبۇيا) ............ 1202

سۇسەن (سەۋسەن) ............ 1205

سۇفال ............ 1208

سەۋلان (سەۋلان يىلتىزى) ............ 1208

سەۋىق (تالقان) ............ 1208

سەۋىقىييە (گۇرۇچ تالقىنى شەربىتى) ... 1210

پەسىل: «س» (سىين) ۋە «ھ» (ھائ) ھەرپى
بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى ... 1211

سەھەجنە (سەھەجنە دەرىخى) ......... 1211

پەسىل: «س» (سىين) ۋە «ي» (يائ) ھەرپى
بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى ... 1212

سىينبەل (سىنبەل دەرىخى) ......... 1212

سىيۇ (سىيۇ ئوتى) ............ 1213

سىيسارۇن (سىسارۇن يىلتىزى) ... 1213

سەيسەبان (سەيسەبان دەرىخى) ......... 1214

سىيسەبا (سىيسەبا سىياھ بېلىقى) ... 1215

سەيلان (خورما شىرىسى) ............ 1216

سىيسالىيەۋس (كاشىم رۇمى) ...... 1216

سىيسەنبەر (چۆل رەيھىنى) ......... 1218


## ئون ئۈچىنچى باب «ش» (شىين) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى


پەسىل: «ش» (شىين) ۋە «ا» (ئەلىف) ھەرپى
بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى ... 1220

شادەنەج (شادىنەج) ............ 1220

شاتىل (شاتىل ئۇرۇقى) ............... 1222
شارىق (شارىق يىلتىزى) ............ 1222
شاھتەررە (شاھتەررە) ............... 1223
شاھەسفەرەم (رەيھان) .................. 1225
شاھە سىينىي (چىن خېنىسى ئۇسارىسى) ... 1226
شاھبانەك (ئىت بىنەپشىسى) ......... 1227
شاز (شاز ئۇرۇقى) ...................... 1227
پەسىل: «ش» (شىين) ۋە «ب» (بائ) ھەرپى
بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى ... 1228
شىبب (زەمچە) ......................... 1228
شىبەتت (سېرىقچېچەك) ............ 1230
شۇبرۇم (سۇتلۇكئوت) .............. 1232
شەبەھ (روي تۇتىيا) ................. 1234
شەبىيبى (شەۋكىران يىلتىزى) ...... 1235
پەسىل: «ش» (شىين) ۋە «س» (سائ) ھەرپى
بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى ... 1235
شەس (تېرە ئاشلىغۇچى ئوت) ...... 1235
پەسىل: «ش» (شىين) ۋە «ج» (جىيم) ھەرپى
بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى ... 1236
شەجەرەئى ئەبى مالىك (ئەبۇ مالىك ئوتى) ... 1236
شەجەرەتۇر راھىب (راھىب دەرىخى) ... 1237
شەجەرەئى مەريەم (مەريەم دەرىخى) ... 1237
شەجەرەئى ئىبراھىيم (چاڭگاك) ...... 1238
پەسىل: «ش» (شىين) ۋە «ھ» (ھۇۋائ) ھەرپى
بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى ... 1238
شۇھرۇر (تورۇلغا) ................... 1238
شەھىم (چاۋا ياغ) .................... 1239
پەسىل: «ش» (شىين) ۋە «ر» (رائ) ھەرپى
بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى ... 1241
شارابى مۇرەۋۋەق .................... 1241
شۇربىين (شۇربىين ئارچىسى) ...... 1241
شەراب (شاراب) ....................... 1243
شەرىيفە (شەرىفە مېۋىسى) .......... 1243
پەسىل: «ش» (شىين) ۋە «ش» (شىين) ھەرپى
بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى ......... 1244
شىشرىيت (شىشرىيت يىلتىزى) ... 1244
پەسىل: «ش» (شىين) ۋە «ت » (تۇۋائ) ھەرپى
بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى ... 1244
شۇتەيبە (شۇتەيبە ئوتى) .............. 1244
پەسىل: «ش» (شىين) ۋە «ئ» (ئەين) ھەرپى
بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى ... 1245
شەئىر (موي) ......................... 1245
شەئرۇل جىياد (ئات قۇيرۇقئوتى) ... 1246
شەئرۇل غۇل (ئېزىتقۇ چېچئوتى) ... 1246
شەئىير (ئارپا) ........................ 1247
پەسىل: «ش» (شىين) ۋە «ف» (فائ) ھەرپى
بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى ... 1249
شەفنىينۇل بەررىي (قۇرۇقلۇق ئالا
پاختىكى) .............................. 1249
شەفنىينۇل بەھرىي (دېڭىز ئالا پاختىكى) ... 1250
پەسىل: «ش» (شىين) ۋە «ق» (قاف) ھەرپى
بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى ... 1250
شەقاقۇل (شاقاقۇل) ................... 1250
شەقايىق (لالىگۇل) ................... 1251
شەقەرراق (تاجىسىز قوڭۇر ھۆپۈپ) ... 1252
پەسىل: «ش» (شىين) ۋە «ك» (كاف) ھەرپى
بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى ... 1253
شۇكائا (ئاق تىكەن) .................. 1253
شەكەرى تىيغال (تىيغال قۇرتى شېكىرى)... 1255

شۈكك (سەنكىيا) ······················ 1255
شەكەر قەند (شېكەر قەند يىلتىزى) ··· 1256
پەسىل: «ش» (شىين) ۋە «ل» (لام) ھەرپى
بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى ··· 1257
شۈلل (شۇل مېۋىسى) ················ 1257
شەلجەم (چامغۇر) ···················· 1258
شەلىيل (توغاچ شاپتۇل) ············· 1260
پەسىل: «ش» (شىين) ۋە «م» (مىيم) ھەرپى
بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى ··· 1260
شەمئى (موم) ························ 1260
پەسىل: «ش» (شىين) ۋە «ن» (نۇن) ھەرپى
بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى ··· 1262
شەند (شەندى ئەتىرى) ··············· 1262
پەسىل: «ش» (شىين) ۋە «ۋ» (ۋاۋ) ھەرپى
بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى ··· 1263
شەۋائ (كاۋاپ) ······················ 1263
شەۋاسەرا (ئىپارئوت) ················ 1264
شەۋھەت (زەھەرلىك مازارىيون) ······· 1264
شەۋكەران (شەۋكەران) ··············· 1265
شەۋەندەر (ياۋا چامغۇر) ············· 1267
شونىيز (سىيادان) ··················· 1268
پەسىل: «ش» (شىين) ۋە «ي» (يائ) ھەرپى
بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى ··· 1270
شەيبە (باغ ئۆشنىسى) ················ 1270
شيه (شىھ ئەرمىنى) ·················· 1271
شىيھۇل بەھرىي (يەھۇدىي بىلىقى) ··· 1273
شىيرخىشت (شىرخىست) ··············· 1273
شىيرىستە (تاتلىق سىركە) ············ 1275
شىيتەرەج (شەترەنجى) ················ 1276
شىيرزەق (شەپەرەڭ سۈتى) ············ 1278
شەيلەم (ساراڭ بۇغداي) ··············· 1278

## ئون تۆتىنچى باب «س» (سۇۋاد) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى

پەسىل: «س» (سۇۋاد) ۋە «ا» (ئەلىف) ھەرپى
بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى ··· 1280
سابۇن (سوپۇن) ······················ 1280
ساسەفراس (ساسەفراس پوستى) ········ 1282
ساسىلى (ساسىلى ئوتى) ··············· 1284
سامەريۇما (چايانئوت) ··············· 1285
ساب (ئاچچىق داۋا) ················· 1286
پەسىل: «س» (سۇۋاد) ۋە «ب» (بائ) ھەرپى
بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى ··· 1286
سىبرى (سەبرە) ······················ 1286
سەبتى (سانا ئۇسارىسى) ·············· 1291
پەسىل: «س» (سۇۋاد) ۋە «ھ» (ھۇۋائ) ھەرپى
بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى ··· 1292
سەھنات ····························· 1292
پەسىل: «س» (سۇۋاد) ۋە «د» (دال) ھەرپى
بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى ··· 1292
سەدەف (سەدەپ قۇلۇلىسى) ············ 1292
سەدەفۇلبەۋاسىير (بوۋاسىر سەدەپ
قۇلۇلىسى) ··························· 1294
سەدەفۇلفرفىير (قارا سەدەب قۇلۇلىسى)··· 1294
پەسىل: «س» (سۇۋاد) ۋە «ر» (رائ) ھەرپى
بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى ··· 1294
سەرىيمەتۇلجەدىي (ئوغلاقئوتى) ······· 1294

سوْرەد (قوْرغوْي) ........................ 1295
سوْرسوْر (قارا چىكەتكە) ............ 1296
پەسىل: «س» (سوْۋاد) ۋە «ئ» (ئەين) ھەرپى
بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى ··· 1296
سۆئتەر (يالپوْز) ...................... 1296
پەسىل: «س» (سوْۋاد) ۋە «ف» (فائ) ھەرپى
بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى ··· 1299
سەفراغوْن (سوْندوْك) .................. 1299
پەسىل: «س» (سوْۋاد) ۋە «ل» (لام) ھەرپى
بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى ··· 1300
سەل (يوْمىلاق يوْزلوْك يىلان) .......... 1300
پەسىل: «س» (سوْۋاد) ۋە «م» (مىيم) ھەرپى
بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى ··· 1300
سەمغى (يىلىم) ......................... 1300
سەمغوْلبەلات (چىنە خىش يىلىمى) ··· 1301
سەمغوْد دامىيسا (دامىيسا يىلىمى) ··· 1302
سەمىلە (بوْغداي ئوْنى ئىشى) ......... 1302
پەسىل: «س» (سوْۋاد) ۋە «ن» (نوْن) ھەرپى
بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى ··· 1302
سەندەل ............................... 1302
سنوْلۇەبر (سنوْلۇەبر دورىسى) ··· 1305
سەنوْبەر (قارىغاي) .................... 1305
پەسىل: «س» (سوْۋاد) ۋە «ۋ» (ۋاۋ) ھەرپى
بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى ··· 1310
سوْف (يوْڭ) ........................... 1310
سەۋفوْلبەھر (دىڭىز يوْڭى) ......... 1310

# ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللانىڭ نامى بىلەن باشلايمەن

قۇدرەت ئىزنالىرىنى، مەۋجۇداتلارنى ماددىسىز ئىجاد قىلىش بىلەن ئاشكارىلىغان، ئاجايىپ ھۈنەرلىرىنىڭ باسقۇچلىرىنى، كائىناتلارنى تەييارلىقسىز پەيدا قىلىش بىلەن گەۋدىلەندۈرگەن، ماددىسىز ياكى ماددىلىق، يەككە ياكى مۇرەككەپ، ئەسلىي ياكى تارماق نەرسىلەرنىڭ جەۋھەرلىرىنى ياراتقان، ئۇلارنى ئومۇمىي ياكى قىسمەن جىنسلار، تۈرلەر ۋە شەخسلەرگە بۆلگەن، بەندىلەرنىڭ پايدىلىنىشى، شەھەرلەرنىڭ ئاۋاتلىشىشى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ھەربىرىنى خاس پايدىلار ۋە خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە قىلغان، ئۇلارغا سۈرەتلەر، رەڭلەر، سۈپەتلەر ۋە شەكىللەرنى ئاتا قىلغان ئاللاغا ھەمدۇسانا، ياد ئەتكۈچى، ئەيمەنگۈچى قەلبلەرنىڭ مەھبۇبى، خاتالىشىدىغان بىخۇد كۆڭۈللەرنىڭ تېۋىپى، ئىنسانىيەت روھىيىتىنى يېڭىلىغۇچى، خەلقنى ئازغۇنلۇق پاتقىقىدىن قۇتۇلدۇرغۇچى، رۇشدى ـ ھىدايەت يولىغا دەۋەت قىلىش بىلەن گۇمراھلىقنى يوقاتقۇچى، ئەرەب ۋە ئەجەمنىڭ غوجايىنى، ئۈممەتلەرنىڭ ھەممىسىگە پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىلگۈچى، ئاللا باشقا پەيغەمبەرلەر ئارىسىدىن كاتتا پەيغەمبەرلىككە تاللىغان مۇھەممەد، ئەھلى ـ ئەۋلادلىرى، غوجايىنى، تاغىسىنىڭ ئوغلى، خەلىپىسى، «ئاللا پەقەت سىلەردىن ئىبارەت ئائىلە تاۋابىئاتلاردىكى كۇپۇرلۇقنى يوقىتىشنى ۋە سىلەرنى پاكلاشنى مەقسەت قىلىدۇ» دېگەن ئايەت نازىل بولغان ئەۋلادلىرىغا تاكى جازا كۈنى بەندىلەرنىڭ پەرۋەردىگارى بىلەن مۇلاقات بولغانغا قەدەر دۇرۇت ۋە سالام بولسۇن.

ھەمدۇسانا، دۇرۇت ۋە سالامدىن كېيىن ساپ دىل، ۋاپادار دوستلارغا مەلۇم بولغايكى، مەغپىرەت قىلغۇچى پەرۋەردىگارنىڭ رەھمىتىدىن ئۈمىدۋار ئەرزىمەس بەندە مۇھەممەد ھادىي ئۇقەيلىي ئەلەۋىي ئوغلى مۇھەممەد ھۇسەيىن (ئاللا ئۇلارنىڭ گۇناھلىرىنى ئەپۇ قىلسۇن، ئەيىبلىرىنى يۆگىسۇن)نىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرى ۋە يېقىنلىرىنىڭ ھەممىسى تېۋىپ بولۇپ، شۇ ئىلىمنىڭ نەزەرىيە ۋە ئەمەلىيىتىنى بىلىدىغان بولغاچقا، مەن نادانمۇ ياشلىق باھارىمنى ئاللانىڭ دوستى دەپ ئاتالغان، تەرىپلەشكە تىل ئاجىزلىق قىلىدىغان ھەققىي يېتەكچىم، بۇزرۇكۋار بوۋام مىير مۇھەممەد ئەلى ھۇسەينىي (ئاللا ئۇنىڭ روھىيىتىنى پاكلىسۇن) نىڭ خىزمىتىدە ئۆتكۈزگەن ئىدىم. بەزىدە ئاجىز خاتىرەمدىن «تېبابەتنىڭ بەش خىل پەنگە

مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەرنىڭ ھەممىسىنى جەملىگەن، ئىلگىرىكىلەر ۋە كېيىنكىلەرنىڭ سۆزلىرى ھەم كۆپ پايدىلىنىلىۋاتقان مەشھۇر كىتابلارنىڭ مەزمۇنلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر كىتاب يازغان بولسام، بۇ پەننى ئۆگەنگۈچىلەر ۋە ئۇنىڭ نەزەرىيە ھەم ئەمەلىيەت ئىلىملىرى بىلەن ئۇچراشقۇچىلارغا ئىش ئاسان بولغان، كۆپ كىتابلارنى يىغىش ۋە كۆتۈرۈپ يۈرۈشتەك جاپادىن قۇتۇلغان بولاتتى» دېگەن خىياللار كېچەتتى. لېكىن نەزەرىيە ۋە ئەمەلىيەت جەھەتتىكى دەسمايەمنىڭ ئازلىقى، تەجرىبەمنىڭ يېتەرسىزلىكى ۋە باشقا ئامىللار مەقسىتىمنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىغا توسالغۇلۇق قىلدى، ھىجرىيە (ھىجرەت قىلغۇچى ۋە ئۇنىڭ ئەھلى ـ ئەۋلادلىرىغا مىڭ ـ مىڭ سالام بولسۇن) 1183ـ يىلىغا كەلگەندە باشتىن ـ ئاياغقىچە بولغان ئەزالاردا پەيدا بولىدىغان خاس كېسەللىكلەرنى داۋالاش ھەققىدە بىر كىتاب يېزىشقا كىرىشتىم، ئەپسۇسكى، ئۇنىڭ باش كېسەللىكلىرىنىڭ ئاخىرىغىچە بولغان قىسمىنى ئەرەب تىلىدا يېزىپ بولغان ۋاقتىمدا بەزى ھادىسىلەر ۋە توسالغۇلار سەۋەبىدىن توختىتىشقا مەجبۇر بولدۇم. 1185 ـ يىلىغا كەلگەندە جانابى بۇزرۇكۋار بوۋام (ئاللا ئۇنىڭ پايدىلىرىنى داۋام قىلسۇن)نىڭ تەلىپى بىلەن پارس تىلىدا ‹‹قارابادىن›› نى يېزىشقا كىرىشتىم. ئۇنىڭ ئۇسلۇبى مۇنداق بولدى: دەسلەپتە كۆپ خىل مۇرەككەپ دورىلارنىڭ ئاساسلىق تەركىبى ھېسابلىنىدىغان بەزى يەككە دورىلارنى ئىسىملىرى، تەبىئەتلىرى، تەسىرلىرى، پايدىلىرى، خۇسۇسىيەتلىرى، ئىستېمال مىقدارى، زەرەرى، تۈزەتكۈچىسى، ئورۇنباسارى ۋە باشقا مۇناسىۋەتلىك مەزمۇنلار بويىچە بايان قىلدىم، ئارقىدىن ئۇنىڭ ئاستىغا شۇ دورا ئاساسلىق تەركىب بولىدىغان ياكى ئۇنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان مۇرەككەپ دورىلارنى بايان قىلدىم، ئۇلارنى پايدىلىنىش ئاسان بولسۇن ئۈچۈن ئېلىپبە ھەرپلىرى تەرتىپى بويىچە كىتابلار، بابلار ۋە پەسىللەرگە ئايرىپ تىزدىم. ئۇنى تاماملاپ بولغاندىن كېيىن، ئاللانىڭ مۇۋەپپەق قىلىشى ۋە بۇزرۇكۋار بوۋامنىڭ تەلىپى بىلەن يەككە دورىلار ھەققىدىكى بۇ كىتابنى يېزىشقا كىرىشتىم. ئۇنىمۇ پايدىلىنىشقا قولايلىق بولسۇن ئۈچۈن ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە بابلار ۋە پەسىللەرگە بۆلۈپ بايان قىلدىم. ئۇنى يېزىشتا شەيخۇر رەئىسنىڭ «ئەلقانۇن»، «ئەدۋىيەئى قەلبىييە» (يۈرەك دورىلىرى) دېگەن كىتابى، ئىبنى بەيتار دەپ تونۇلغان مالىقىينىڭ «جامىئى مالىقىي» (مالىقىي مەجمۇئەسى) ناملىق كىتابى، شەيخ يۇسۇف بەغدادىينىڭ «مالا يەسەئۇ لىتتەبىيبى جەھلۇھ» (تېۋىپ بىلمىسە بولمايدىغان ئىشلار) دەپ ئاتالغان، «جامىئى بەغدادىي» (باغداتلىقنىڭ مەجمۇئەسى) دېگەن نام بىلەن مەشھۇر بولغان تەزكىرىسى، شەيخ داۋۇد ئەنتاكىينىڭ «تەزكىرەئى ئۇلۇل ئەلباب» (ئەقىل ئىگىلىرى تەزكىرىسى) دەپ ئاتالغان تەزكىرىسى، «ئىرشادى شەيخ ھەيبەتۇللاھ»، سۇۋەيدىي دېگەن نام بىلەن تونۇلغان ئەبۇ رەيھان بىرۇنىينىڭ «تەرجىمەئى تەزكىرە» ناملىق كىتابى، ھاجى

زەينۇل ئەتتارنىڭ «ئىختىياراتى بەدىئىي» ناملىق كىتابى، ھەكىم مىير مۇھەممەد مۆمىن تەنەكابۇنىينىڭ «تۆھپەتۇل مۆئمىن» (مۆمىنلەرگە قىلىنغان ھەدىيە) ناملىق كىتابى، نۇۋۋاب ھەكىيم سەييىد ئەلەۋىيخاننىڭ «يەككە دورىلار كىتابى» قاتارلىق يۇنانچە، ئەرەبچە ۋە پارسچە مەشھۇر كىتابلاردىن، يەنە ھىندۇ شاھ دەپ تەخەللۇس قويۇلغان، پەرىشتە دېگەن نام بىلەن داڭلانغان ھەكىم مۇھەممەد قاسىمنىڭ «ئىختىياراتى قاسىمى» (قاسىم تاللانمىلىرى) دەپ ئاتالغان «دەستۇرۇل ئەتىببا» (تېۋىپلار دەستۇرى) ناملىق كىتابى، ھەكىم مىير مۇھەممەد ئەفزەلنىڭ «مۇجەررەباتى ئەفزەلىي» (ئەفزەلىي سىناقتىن ئۆتكەن نۇسخىلىرى) ناملىق كىتابى، ھىندى دورىلىرى ھەققىدىكى بىر قانچە كىتابلار، ھەكىم مىير ئابدۇل ھەمىد «تۆھپەتۇل مۆئمىن» دېگەن كىتابقا يازغان ھىندى دورىلىرى ھەققىدىكى ھاشىيەدىن پايدىلاندىم. ئۇنىڭغا يەنە بۇزرۇكۋار بوۋام ئۆز ئىبغىزى بىلەن سۆزلەپ بەرگەن، ئىشەنچلىك كىشىلەردىن ئاڭلىغان، ئۆزۈم كۆرگەن ۋە سىناقتىن ئۆتكۈزگەن مەزمۇنلارنىمۇ قوشتۇم. دەسلەپتە دورىنىڭ ئىسمى، توغرا ئاتىلىشى ۋە ھەر خىل ناملىرىنى، ئارقىدىن ماھىيىتى، تەبىئىتى، تەسىرلىرى، پايدىلىرى، خۇسۇسىيەتلىرىنى ئومۇمىي، ئارقىدىن مەخسۇس ۋە تەپسىلىي بايان قىلدىم. دورىلارنىڭ كېسەللىكلەرگە بولغان تەسىرلىرىنى بايان قىلىشتا باشتىن باشلاپ ئاخىرغىچە بولغان كېسەللىكلەر بويىچە دەسلەپتە ئومۇمىي تەسىرلىرىنى، ئارقىدىن خاس تەسىرلىرىنى، ئۇنىڭدىن كېيىن مەخسۇس خاسىيەتلىرىنى، زەرەرى، تۈزىتىش ئۇسۇلى، ئىستېمال مىقدارى، ئورۇنباسارى قاتارلىقلارنى بايان قىلدىم. يەنە شۇ دورا ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدىغان، «مەجمەئۇل جەۋامىئى» (جۇغلانمىلار جۇغلانمىسى) ناملىق قارابادىن بايانىدا مۇرەككەپ دورىغىمۇ ئىشارە قىلدىم. يەنە ماھىيىتى نامەلۇم دورىلارنى بايان قىلىشنىمۇ ئۇنتۇمىدىم، بۇنىڭدا مەزكۇر كىتابلارنى يازغانلار ئۆز شەھەرلىرى ياكى ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى شەھەرلەردە كۆرگەن، ماھىيىتى، تەسىرلىرى ۋە خۇسۇسىيەتلىرىنى سىناقتىن ئۆتكۈزگەن دورىلارنى كىرگۈزدۈم، ئۇلار كۆرمىگەن ياكى ئاڭلىمىغان دورىلارنى كىرگۈزمىدىم. بۇنىڭ بىلەن كىتابنىڭ مۇقەددىمىسى بىلەن خاتىمىسى مۇئەييەنلەشتى. مەزكۇر كىتابلارنىڭ يازغۇچىلىرى كىتابلىرىدا تىلغا ئالغان دورا ئاتالغۇلىرىنى كىتاب ئارىسىدا ئەمەس، بەلكى كىتابنىڭ ئاخىرىدىكى خاتىمىدە بابلار ۋە پەسىللەرگە بۆلۈپ بايان قىلدىم. مۇرەككەپ دورىلارنى بىلىشتە يەنە بىر كىتابقا ئېھتىياج چۈشمەسلىكى ئۈچۈن قارابادىنىمۇ يازدىم، ئۇنىڭ مەزمۇنىنىمۇ ھەرپ تەرتىپى بويىچە تىزدىم. شۇنداق قىلىپ كىتابىم ئىككى ماقالىگە بۆلۈندى، بىرىنچى ماقالە يەككە دورىلار ھەققىدە بولۇپ، «تەزكىرە» دەپ ئاتالدى. ئىككىنچى ماقالە مۇرەككەپ دورىلار ھەققىدە بولۇپ، «قارابادىن» دەپ ئاتالدى. پۈتۈن كىتاب «مەخزەنۇل ئەدۋىيە، تەزكىرەئى ئۇلىنۇھا» (دورىلار خەزىنىسى، ئاقىللار تەزكىرىسى) دەپ ئاتالدى. ھەقىقەتپەرۋەر كىتابخانلاردىن كىتابنىڭ قانداق يېرىدە

خاتالىق ياكى سەۋەنلىكنى بايقىسا، چوڭقۇر تەپەككۇر يۈرگۈزگەندىن كېيىن تۈزىتىش قەلىمى بىلەن ئۇنى زىننەتلىشىنى، قۇسۇرمەنلىك قىلىپ كەمىنىنىڭ ئەجرىنى زايە قىلماسلىقىنى ئۈمىد قىلىمەن. ئاللا ئۇلارغا كاتتا ئەجىر ئاتا قىلسۇن. پۈتكۈل مۇۋەپپەقىيەت ئاللانىڭ مەدەت بېرىشى بىلەندۇر، بىزنى ئاللا ياراتتى، ئاخىرى يەنە ئۇنىڭ دەرگاھىغا قايتىمىز.

# مۇقەددىمە

## مەقسەتكە كىرىشتىن ئاۋۋال بىلىش زۆرۈر بولغان بىر قانچە ئىش توغرىسىدا

بۇ 14 پەسىلنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بىرىنچى پەسىلدە داۋا، غىزا، خاسىيەتلىك داۋا، مۇرەككەپ قۇۋۋەتلەرگە ئىگە داۋا، پادىزەھىرى، زەھەرلىگۈچى دورا، ئىچىنى سۈرگۈچى دورا، ئىچىنى يۇمشاتقۇچى دورا قاتارلىقلارنىڭ ھەربىرى تەپسىلىي بايان قىلىنىدۇ. ئىككىنچى پەسىلدە مۇرەككەپ قۇۋۋەتلەرگە ئىگە بولغان دورىلار، خاسىيەتلىك دورىلار، پادىزەھىرى بىلەن زەھەرنىڭ تەسىرى بايان قىلىنىدۇ. ئۈچىنچى پەسىلدە مىزاجلار ۋە ئۇلارنىڭ تۈرلىرى، دەرىجىلىرى بايان قىلىنىدۇ. تۆتىنچى پەسىلدە دورىلار بىلەن غىزالارنىڭ مىزاجلىرىنى تەجرىبە ۋە قىياس بىلەن بىلىش ئۇسۇللىرى بايان قىلىنىدۇ. بەشىنچى پەسىلدە تېۋىپلارنىڭ دورىلارنىڭ ماھىيىتى، خۇسۇسىيەتلىرى ھەققىدىكى سۆزلىرىنىڭ ئوخشىماسلىقىنىڭ سەۋەبلىرى ۋە دورىلارنى ئېنىقلاش، يىغىش ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغۇچىلارنىڭ ئىسىملىرى قىسقىچە بايان قىلىنىدۇ. ئالتىنچى پەسىلدە دورىلارنى يىغىۋېلىش ۋە ساقلاش ئۇسۇللىرى بايان قىلىنىدۇ. يەتتىنچى پەسىلدە بەزى يەككە دورىلارنىڭ ئۆمۈرلىرى ۋە قۇۋۋىتىنىڭ ساقلىنىش مۇددىتى بايان قىلىنىدۇ. سەككىزىنچى پەسىلدە يېمەك - ئىچمەكلەرنى ئىستېمال قىلىش ئۇسۇللىرى، قايسى خىل يېمەكلىكلەرنى بىرلىكتە ئىستېمال قىلسا بولمايدىغانلىقى بايان قىلىنىدۇ. توققۇزىنچى پەسىلدە بەزى دورىلارنى كۆيدۈرۈش، كۈشتە قىلىش، قورۇش، مۇدەببەر قىلىش (لايىقلاشتۇرۇش)، يۇيۇش ئۇسۇللىرى ھەمدە چۆپچىن، ئۆشبە، شەجەرەتۇن نەبى دەرىخى قاتارلىقلارغا ئوخشاش دورىلارنى ئىستېمال قىلىش ئۇسۇللىرى، شۇنداقلا دورا تەييارلاشتىكى بەزى مەشغۇلاتلار بايان قىلىنىدۇ. ئونىنچى پەسىلدە بەزى يەككە دورىلارنىڭ تەسىرلىرى ۋە خۇسۇسىيەتلىرى بايان قىلىنىدۇ. ئون بىرىنچى پەسىلدە بەزى تېبىبىي ئاتالغۇلار بايان قىلىنىدۇ. ئون ئىككىنچى پەسىلدە تېبىبىي ئۆلچەم بىرلىكلىرى ھەم ھىندىلار ۋە پارسلارنىڭ ئۆلچەم بىرلىكلىرى بايان قىلىنىدۇ. ئون ئۈچىنچى پەسىلدە يۇلتۇزلارغا مۇناسىۋەتلىك بەزى ئىشلار بايان قىلىنىدۇ. ئون تۆتىنچى پەسىلدە تېبابەت ئاساسى بايان قىلىنىدۇ.

# 1 ـ پەسىل دورا، غىزا، خاسىيەتلىك، مۇرەككەپ قۇۋۋەتلەرگە ئىگە دورىلار، پادىزەھىرى، زەھەر، ئىچىنى سۈرگۈچى، تەرەتنى يۇمشاتقۇچى دورىلار توغرىسىدا

بىلگىنكى، ياراتقۇچى بۈيۈك، پاك جانابى ئاللاتائالا بىلىمىنىڭ مۇكەممەللىكى، ھېكمىتى ۋە مېھرىبانلىقىنىڭ چەكسىزلىكىدىن دورىلىق ماددىلارنى غىزالىق ماددىلاردىن كۆپرەك ياراتقان، چۈنكى، تۈرلۈك كېسەللىكلەرنى يوقىتىش ئۈچۈن ئۇلارغا بولغان ئېھتىياج غىزالارغا بولغان ئېھتىياجدىن كۆپرەك بولىدۇ. يەنە بىرى، غىزالار داۋاملىق ئىستېمال قىلىش بىلەن بەدەنگە ماسلىشىۋېلىپ تەبىئىي نەرسىگە ئايلىنىپ قالىدۇ. يەنە بىرى، بىر قانچە ئامىللار، تۇسالغۇلارنىڭ تەسىر قىلىشى، ئومۇمىي قانۇنىيەتلەر ۋە ساقلىقنى ساقلاشتا زۆرۈر بولغان ئالتە ئىشقا ئەمەل قىلماسلىق سەۋەبىدىن بەدەننىڭ ئەسلىي مىزاجى كۆپ ھاللاردا ئۆزگىرىپ كېتىدىغان بولۇپ، بەدەننىڭ تەبىئەت قۇۋۋىتىگە سىرتىدىن ياردەم بېرىش ئارقىلىق ئۇنى ئەسلىي ھالىتىگە قايتۇرۇشقا تېگىشلىك بولىدۇ، بۇ ياردەم بەرگۈچى بولسا دورىدىن ئىبارەتتۇر. ھەربىر كېسەللىكنىڭ داۋاسى باردۇر، بۇنىڭغا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «ئاللا ھەرقانداق كېسەللىك ئۈچۈن يەتمىش خىل دورا ياراتتى» دېگەن ھەدىس دەلىل بولىدۇ. بۇنىڭ مەنىسى ئاللا ئۆزى بىلىدىغان سەۋەبلەر ۋە پايدىلار تۈپەيلىدىن ھەربىر كېسەللىكنىڭ كۆپ داۋاسىنى ياراتتى، دېگەن بولىدۇ. تېۋىپلار ۋە تەجرىبە قىلغۇچىلارنىڭ دورىلارنىڭ پايدىلىرى، خۇسۇسىيەتلىرى، ئۇلارنىڭ زىيانلىرى ھەققىدە يازغانلىرى، بەلكى ئۇ «ئېيتقىنكى، پەرۋەردىگارىمنىڭ كەلىمىلىرى ئۈچۈن دېڭىز سىياھ بولسا، ئۇنىڭغا يەنە ئوخشىشى بىلەن ياردەم بەرگەن تەقدىردىمۇ كەلىمىلەر تۈگەشتىن ئاۋۋال سىياھ تۈگىگەن بولاتتى» دېگەن ئۇلۇغ ئايەتنىڭ ھۆكمى بويىچە ئۇنىڭدىنمۇ ئازدۇر. ھەدىس شەرىفتا ئېيتىلغان يەتمىشتىن مۇئەييەن سان ئەمەس، بەلكى كۆپلۈك مەقسەتتۇر.

بىلگىنكى، دورىلارنىڭ سانى ۋە تۈرىنى كۆپەيتىشنىڭ يۇقىرىدا ئېيتىلغان پايدىلىرىنىڭ يەنە بىرى، مەسىلەن: بىرەر دورا تېپىلمىسا ياكى تېپىلغان تەقدىردىمۇ تەبىئەت ئۇنىڭغا مايىللاشمىسا ياكى سەسكەنسە، تېپىلىدىغان، تەبىئەت مايىللىشىدىغان ياكى سەسكەنمەيدىغان باشقا دورا بىلەن داۋالىنىشقا قولايلىق يارىتىشتۇر، غىزانىڭ تۈرى ۋە سانىنىڭ كۆپ بولۇشىنىڭ سەۋەبىمۇ شۇدۇر. يەنە مەسىلەن: دەسلەپتە بىرەر دورا ئىشلىتىلىپ پايدا قىلغان بولسىمۇ، ئەمما كۆپ ھاللاردا تەكرار ئىشلىتىش، بەدەننىڭ دورىغا كۈنۈپ قېلىشى، مىزاج ھالەتلىرىنىڭ ئۆزگىرىشى سەۋەبىدىن كېيىن دورا ئىلگىرىكىدەك ياخشى پايدا قىلمايدىغان

بولۇپ قالىدۇ، بۇ چاغدا دورىنى ئۆزگەرتىشكە تېگىشلىك بولىدۇ. غىزانىڭ تۈرى ۋە سانىنىڭ كۆپ بولۇشىنىڭ سەۋەبىمۇ شۇدۇر. بۇ يەككە كېسەللىكلەرنى داۋالىغاندىكى ئەھۋالدۇر، خۇددى ئاللا خالىسا كېيىن بايان قىلىدىغىنىمىزدەك، مۇرەككەپ كېسەللىكلەرنى داۋالىغاندا ئەھۋال تېخىمۇ شۇنداق بولىدۇ.

بىلگىنكى، دورا يەككە ياكى مۇرەككەپ بولىدۇ. يەككە بولغىنى ئەلۋەتتە ئۆسۈملۈك، هايۋانات ۋە جانسىزلاردىن ئىبارەت ئۈچ خىل مەۋجۇداتتىن يەككە ياكى مۇرەككەپ هالەتتە تۈزۈلىدۇ. ئۇ غىزانىڭ ئەكسىچە بولۇپ، غىزا ئەلۋەتتە ئۆسۈملۈك ياكى هايۋانغا مەنسۇپ بولىدۇ ياكى بۇ ئىككىسىدىن مۇرەككەپلەشكەن بولىدۇ، چۈنكى خۇددى مەلۇم بولغىنىدەك، جانسىز نەرسىلەرنىڭ ئىنسانغا ئوزۇق بولۇش سالاھىيىتى ئەسلا يوقتۇر. دورا بىلەن غىزانىڭ هەربىرى ماددا، كەيپىيات ۋە سۈرەتكە ئىگە بولىدۇ. ماددا بىلەن سۈرەت جەۋھەر، كەيپىيات ئەرەزدۇر. ئەرەز سۈرەتنىڭ هالىتى بولۇپ، تەسىر كۆرسەتكۈچى كەيپىياتلاردىن ئىبارەت بولغان ئىسسىقلىق بىلەن سوغۇقلۇقتۇر ياكى ئۇ ماددىنىڭ هالىتى بولۇپ، تەسىرلەنگۈچى كەيپىياتلاردىن ئىبارەت بولغان هۆللۈك بىلەن قۇرۇقلۇقتۇر. يەككە ياكى مۇرەككەپ دورا كەيپىياتى هەم سۈرىتى، يەنى تۈرگە مەنسۇپ سۈرىتى ۋە خاسىيىتى بىلەن تەسىر قىلىدۇ. ماددىلارنىڭ كۆپىنچىسى كەيپىياتى بىلەن تەسىر قىلىدۇ. بىلگىنكى، دورىنىڭ تەسىر قىلىشى مەزكۇر ئۈچ نەرسىنىڭ بىرى ياكى ئىككىسى ياكى ئۈچى بىلەن بولىدۇ. كەيپىيات هەرقانچە ئاز، تەسىرى ئاجىز بولسىمۇ، هەرقانداق ئەھۋالدا قالغان ئىككىسى بىلەن ئورتاق بولىدۇ ۋە ئۇلاردىن ئايرىلمايدۇ، قالغان ئىككىسى بولسا ئۇنىڭ ئەكسىچە بولۇپ، ئۇلار كەيپىيات بىلەن بىرگە بولمايدۇ. مەسىلەن: مۇتلەق دورىدا كۈچلۈك، غالىب ۋە ئارتۇق بولغىنى كەيپىياتتۇر، باشقىلىرىدا ئۇ مەغلۇپ ۋە ئاجىز بولىدۇ. خاسىيەتلىك دورىدا سۈرەت غالىب بولىدۇ. غىزالىق دورا، خاسىيەتلىك غىزا ۋە ئۇنىڭ باشقىسىنىڭ ئەھۋالىمۇ شۇنىڭغا ئوخشاشتۇر. شۇ سەۋەبتىن شەيئىلەر دورىلىق غىزا، غىزالىق دورا، زەھەر قايتۇرغۇچى (پادىزەھىرلىك) دورا، زەھەرلىك دورا ۋە ئۇنىڭغا ئوخشاش تۈرلەرگە ئايرىلىدۇ. خاسىيەتلىك دورا ئەسلىي مىزاج، تەبىئىي هارارەت ۋە قۇۋۋەتلەرگە مۇۋاپىق كېلىدۇ، ئۇلارنى قۇۋۋەتلەيدۇ، مەدەت بېرىدۇ ۋە مۇھاپىزەت قىلىدۇ ياكى ئۇلارغا زىت بولىدۇ، بۇزىدۇ ۋە يوقىتىدۇ. بىرىنچىسى پادىزەھىرى ۋە تەرياق، ئىككىنچىسى زەھەر دەپ ئاتىلىدۇ. غىزا ماددىدىن هاسىل قىلىنىدۇ. بۇ مۇقەددىمىلەر ئومۇمىي يوسۇندا مەلۇم بولغاندىن كېيىن بىلىش لازىمكى، بەدەنگە كىرگەن نەرسىنىڭ تەسىرى تۆۋەندىكى هالەتلەردىن خالىي بولمايدۇ، يەنى ئۇنىڭ تەسىرى پەقەت ماددا بىلەن بولىدۇ، ئۇ مۇتلەق غىزا دەپ ئاتىلىدۇ ياكى پەقەت كەيپىيات بىلەن بولىدۇ، ئۇ مۇتلەق دورا دەپ ئاتىلىدۇ ياكى ماددا هەم كەيپىيات بىلەن بولىدۇ، ئۇ دورىلىق غىزا دەپ ئاتىلىدۇ ياكى كەيپىيات هەم ماددا بىلەن بولىدۇ، ئۇ غىزالىق

دورا دەپ ئاتىلىدۇ ياكى پەقەت سۈرەت بىلەن بولىدۇ، ئۇ خاسىيەتلىك دورا دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ (سۈرەت بىلەن تەسىر قىلغىنى) بەدەنگە مۇۋاپىق كېلىدۇ، زەھەرلەرنى يوقىتىدۇ ياكى زىت كېلىدۇ، زىيان قىلىدۇ ۋە بۇزىدۇ. بۇلارنىڭ ھەربىرى يەنە بىر قانچە تۈرگە بۆلۈنىدۇ. بەدەنگە مۇۋاپىق كەلگىنى تۆت خىل ھالەت بىلەن تەسىر قىلىدۇ: پەقەت سۈرەت بىلەن تەسىر قىلىدۇ، ئۇ پادىزەھىرى دەپ ئاتىلىدۇ ياكى سۈرەت ھەم ماددا بىلەن تەسىر قىلىدۇ، ئۇ پادىزەھىرلىك غىزا دەپ ئاتىلىدۇ ياكى كەيپىيات ۋە سۈرەت بىلەن تەسىر قىلىدۇ، بۇ يەنىلا پادىزەھىرلىك غىزا دەپ ئاتىلىدۇ ياكى ماددا، كەيپىيات ۋە سۈرەتتىن ئىبارەت ئۈچ نەرسىنىڭ ھەممىسى بىلەن تەسىر قىلىدۇ، ئۇ دورىلىق ھەم پادىزەھىرلىك غىزا دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇنىڭ بەدەنگە زىت ۋە قارشى بولغىنىمۇ بىر قانچە خىل ھالەت بىلەن تەسىر قىلىدۇ. پەقەت سۈرەت بىلەن تەسىر قىلىدۇ، ئۇ مۇتلەق دورا دەپ ئاتىلىدۇ ياكى كەيپىيات ۋە سۈرەت بىلەن تەسىر قىلىدۇ. بۇنىڭ دەرىجىسىمۇ ھەر خىل بولىدۇ. تەسىرى ناھايىتى كۈچلۈك بولسا زەھەرلىك دورا دەپ ئاتىلىدۇ، تەسىرى بەك كۈچلۈك بولمىسا، ئۇمۇ ئىككى خىل بولىدۇ، يەنى ئۇنىڭدا ئىچىنى سۈرگۈچى قۇۋۋەت بىرگە بولىدۇ، بۇ كۈچلۈك، ئوتتۇرا ھال ۋە ئاجىزدىن ئىبارەت ئۈچ خىل بولىدۇ. كۈچلۈك بولغىنى سۈرەت ھەم كەيپىيات بىلەن تەسىر قىلىدۇ، ئۇ خاسىيەتلىك سۈرگۈچى دورا دەپ ئاتىلىدۇ، ئوتتۇرا ھال بولغىنى كەيپىيات ۋە سۈرەت بىلەن تەسىر قىلىدۇ، ئۇ سۈرگۈچى دورا دەپ ئاتىلىدۇ. ئاجىز بولغىنى كۆپ ھاللاردا كەيپىيات، ماددا ۋە سۈرەت بىلەن تەسىر قىلىدۇ، ئەمما ھەممىسىنىڭ تەسىرى ئاجىز ۋە كەم بولىدۇ، بولۇپمۇ سۈرەتنىڭ تەسىرى بەكرەك ئاجىز بولىدۇ، بۇ ئىچىنى بوشاتقۇچى دورا دەپ ئاتىلىدۇ. بۇلارنىڭ تەپسىلاتى تۆۋەندىكىچە:

**مۇتلەق غىزا (غىزائى مۇتلەق):** ئۇنىڭ بەدەنگە تەسىر قىلىشى ۋە تەسىرلىنىشى كەيپىيات ۋە سۈرەت بىلەن ئەمەس، بەلكى پەقەت ماددا بىلەن بولىدۇ. يەنى ئۇ بەدەنگە كىرسە، بەدەن ئۇنىڭ كەيپىياتى بىلەن تەسىرلەنمەيدۇ ۋە ئەسلىي مىزاجى ئۆزگەرمەيدۇ، بەلكى بەدەن ئۇنىڭغا قۇۋۋىتى بىلەن تەسىر كۆرسىتىپ، ئۇنىڭ غىزالىق ھالىتىنى ئۆزگەرتىپ، خىلتلىق ھالەتكە كەلتۈرۈپ، ئەزانىڭ بىر قىسمىغا ئايلىنىش، ئەزانى ئۈچ تەرەپكە چوڭايتىش، ئالىي شانلىق بەخش ئەتكۈچى ئاللانىڭ ئىنئامى بىلەن مەلۇم ئەزا شەكلىگە كېلىش سالاھىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى بۇنداق سالاھىيەتكە كېلىشكە يېقىن بولىدۇ، مەسىلەن: ئاسان ھەزىم بولىدىغان گۆش سۇلىرى، ئىلىتىپ پىشۇرۇلغان تۇخۇم سېرىقىغا ئوخشاش. بەزىلىرى يىراق بولىدۇ، مەسىلەن: بۇغداي، تۈرلۈك ئاشلىقلار، كۆكتاتلار ۋە باشقىلارغا ئوخشاش. ئۇلاردىن ھاسىل بولغان خىلتتىن پەيدا بولغان كەيپىيات بەدەن ۋە ئەزالارنىڭ ئەسلىي كەيپىياتىغا قارشى بولمايدۇ.

**مۇتلەق دورا (داۋائى مۇتلەق):** ئۇ بەدەنگە كىرگەندىن كېيىن، بەدەنگە پەقەت كەيپىياتى

بىلەن تەسىر قىلىدۇ. ماددىسى ئۇزۇقلۇق بولۇش ۋە بەدەننىڭ بىر قىسمىغا ئايلىنىش سالاھىيىتىگە ئىگە بولمايدۇ؛ يەنى ئۇ بەدەنگە كىرسە تەبىئىي ھارارەت ئۇنى تەسەررۇپ قىلمايدۇ، ئۇنىڭغا تەسىر قىلمايدۇ ۋە ئۇنى ئۆزگەرتمەيدۇ. بەلكى ئۇ بەدەننى تەسەررۇپ قىلىدۇ، ئۇنىڭغا تەسىر كۆرسىتىپ، ئۇنى ئۆزىنىڭ يەككە ياكى مۇرەككەپ ھالەتتىكى ئىسسىق، سوغۇق، ھۆل، قۇرۇق كەيپىياتلارغا ئىگە قىلىدۇ. مەسىلەن: پىلپىل، زەنجىۋىل، نىلۇپەر، كافۇر، ئارپىبەديان ئۇرۇقى قاتارلىقلارغا ئوخشاش.

**دورىلىق غىزا (غىزائى داۋائى):** ئۇ بەدەنگە ماددىسى ۋە كەيپىياتى بىلەن تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئۇنىڭدا بىر ماددا غالىب ئورۇندا تۇرىدىغان بولۇپ، بەدەنگە تەسىر كۆرسەتكەن ۋە بەدەنمۇ تەسىرىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن، ئۇنىڭدىن بەدەننىڭ بىر قىسمىغا ئايلىنىش سالاھىيىتىگە ئىگە بولغان بىرەر خىلىت ھاسىل بولىدۇ. ئۇنىڭدا يەنە بەدەننىڭ ئەسلىي كەيپىياتى ۋە مىزاجىغا غالىب كېلىدىغان مەلۇم كەيپىياتمۇ بار بولۇپ، تۆت خىل كەيپىياتنىڭ بىرەرسى بىلەن بەدەندە ئۆزگىرىش پەيدا قىلىدۇ. مەسىلەن: قارا سۇنا، ئارپا سۈيى، تەرخەمەك، بادرەڭ تەرخەمىكى، قاپاق، تاۋۇز، قوغۇن، ئۈزۈم، سېمىزئوت، پالەك، بابۇنە، سېرىقچېچەك، چامغۇر، سەۋزە، قىزىلچا، كاللەكبەسەي، ماش، كۆك پۇرچاق، نوقۇت، لوبىيا ۋە ئۇنىڭ ئوخشاشلىرىغا ئوخشاش.

**غىزالىق دورا (داۋائى غىزائى):** ئۇ بەدەنگە كەيپىيات ۋە ماددا بىلەن تەسىر كۆرسىتىدۇ، كەيپىياتى غالىبراق بولۇپ، دەسلەپتە بەدەننى مەلۇم دەرىجىدە ئۆزگەرتىدۇ، ئارقىدىن بەدەن ئۇنى تەسەررۇپ قىلىدۇ. ئۇنىڭدىن غالىب كەيپىياتقا ئىگە بولغان، ئوزۇقلاندۇرۇش، بەدەننىڭ بىر قىسمىغا ئايلىنىش ۋە ئەزا شەكىللەندۈرۈش سالاھىيىتىگە ئىگە بولغان خىلىت ئاز ھاسىل بولىدۇ. مەسىلەن: كۆدە، ياليۇز، كاسىنە يوپۇرمىقى، مارجان شوخلا، سامساق، پىياز، ئۇجمە، ئەينۇلا قاتارلىقلارغا ئوخشاش كۆپ قىسىم مېۋىلەر ۋە تەرخەمەك ئۇرۇقى، قوغۇن ئۇرۇقى، تاۋۇز ئۇرۇقى قاتارلىق ئۇرۇقلارغا ئوخشاش.

بىلگىنكى، دورا بىلەن غىزانىڭ كەيپىياتىغا قارىتا ئومۇمىي تەسىرلىرى بولىدۇ. مەسىلەن: ئىسسىق دورا ياكى غىزانىڭ قىزىتىش، پارچىلاش ۋە تارقىتىش تەسىرى، سوغۇق دورا ياكى غىزانىڭ سوۋۇتۇش ۋە قويۇلدۇرۇش تەسىرى، ھۆل دورا ياكى غىزانىڭ يۇمشىتىش، ئېقىتىش تەسىرى، قۇرۇق دورا ياكى غىزانىڭ قۇرۇتۇش، قاتۇرۇش ۋە توختىتىش تەسىرى بولغىنىغا ئوخشاش. ئۇنىڭدىن باشقا ھەربىر دورىنىڭ خۇددى ئۇنىڭ ئومۇمىي تەسىرىگە ئوخشاپ كېتىدىغان خاس ئالاھىدىلىكلىرى بولىدۇ، مەسىلەن: تۇسالغۇلارنى ئېچىش، تۇسالغۇ پەيدا قىلىش، ماددىلارنى توسۇش، تارقىتىش قاتارلىقلارغا ئوخشاش. يەككە غىزالارنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى جەمئىي 18 خىل بولىدۇ، چۈنكى، غىزادىن ياخشى ياكى ناچار كەيمۇس ھاسىل بولىدۇ. بىرىنچىسىدىن تەبىئىي، ساپ قان ھاسىل بولىدۇ، ئېھتىياج

بولمىسا ئۇنىڭغا باشقا خىلتىلار ئارىلاشمىغان بولىدۇ، ئىككىنچىسى ئۇنىڭ ئەكسىچە بولىدۇ. بۇ ئىككىسىنىڭ ھەربىرى يەنە سۇيۇق، قويۇق ۋە نورمالدىن ئىبارەت ئۈچ قىسىمغا، ئۇلار يەنە ئوزۇقلۇقى كۆپ، ئوزۇقلۇقى ئاز، نورمالدىن ئىبارەت ئۈچ قىسىمغا بۆلۈنىدۇ. ئوزۇقلۇقى كۆپ غىزا كۆپ قان ھاسىل بولىدىغان غىزانى، ئوزۇقلۇقى ئاز غىزا ئۇنىڭ ئەكسىچە بولغان غىزانى، نورمال غىزا نورمال مىقداردا قان ھاسىل بولىدىغان غىزانى كۆرسىتىدۇ. دېمەك، غىزالار ئۈچنى ئالتىگە كۆپەيتىش بىلەن جەمئىي 18 خىل بولىدۇ. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، غىزا پالەككە ئوخشاش نازۇك، ئاسان ھەزىم بولىدىغان ياكى پىشلاقتا ئوخشاش قويۇق، تەستە ھەزىم بولىدىغان ياكى ئوغلاق گۆشى سۈيىگە ئوخشاش نورمال ھەزىم بولىدىغان بولىدۇ. ئۇلارنىڭ ھەر بىرى توخۇ چۈجىسى گۆشى سۈيى، توخۇ تۇخۇمى، ئۇششاق بېلىقتا ئوخشاش ياخشى ياكى ئوغلاق گۆشى سۈيى، نوقۇت، يېڭى نانغا ئوخشاش نورمال ياكى قىچا ئۇرۇقى، پىياز ۋە سامساقتا ئوخشاش ناچار، ئوزۇقلۇقى ئىللىتىپ پىشۇرۇلغان تۇخۇم سېرىقىنىڭ ئوزۇقلۇقىغا ئوخشاش كۆپ ياكى نوقۇت شورپىسى، ھەسەلنىڭ ئوزۇقلۇقىغا ئوخشاش نورمال ياكى كۆكتاتلارنىڭ ئوزۇقلۇقىغا ئوخشاش ئاز بولىدۇ.

غىزالارنىڭ مەزكۇر 18 خىل تۈرى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

1. ئاسان ھەزىم بولىدىغان، ياخشى كەيمۇس ھاسىل قىلىدىغان، ئوزۇقلۇقى كۆپ بولغان غىزالار، مەسىلەن: توخۇ تۇخۇمىنىڭ ئىللىتىپ پىشۇرۇلغان ياكى پىشۇرۇلغان سېرىقى، كەكلىك گۆشى، شارابقا ئوخشاش.

2. ئاسان ھەزىم بولىدىغان، ياخشى كەيمۇس ھاسىل قىلىدىغان، ئوزۇقلۇقى ئاز بولغان غىزالار، مەسىلەن: ئانار، ئالما ۋە قارا سۇناغا ئوخشاش.

3. ئاسان ھەزىم بولىدىغان، ياخشى كەيمۇس ھاسىل قىلىدىغان، ئوزۇقلۇقى نورمال بولغان غىزالار، مەسىلەن: ئالىي بۇغداي نېنىغا ئوخشاش.

4. ئاسان ھەزىم بولىدىغان، بۇزۇق كەيمۇس ھاسىل قىلىدىغان، ئوزۇقلۇقى كۆپ بولغان غىزالار، مەسىلەن: ھايۋاناتلارنىڭ ئۆپكىسى، كەپتەر باچكىسىغا ئوخشاش.

5. ئاسان ھەزىم بولىدىغان، بۇزۇق كەيمۇس ھاسىل قىلىدىغان، ئوزۇقلۇقى ئاز بولغان غىزالار، مەسىلەن: تۇرۇپ، پىياز ۋە باشقا ئۆتكۈر نەرسىلەرگە ئوخشاش.

6. ئاسان ھەزىم بولىدىغان، بۇزۇق كەيمۇس ھاسىل قىلىدىغان، ئوزۇقلۇقى نورمال بولغان غىزالار، مەسىلەن: ياخشى پىشۇرۇلمىغان پېتىر نانغا ئوخشاش.

7. تەستە ھەزىم بولىدىغان، ياخشى كەيمۇس ھاسىل قىلىدىغان، ئوزۇقلۇقى كۆپ بولغان غىزالار، مەسىلەن: ياغ بىلەن پىشۇرۇلغان تۇخۇم سېرىقىغا ئوخشاش.

8. تەستە ھەزىم بولىدىغان، ياخشى كەيمۇس ھاسىل قىلىدىغان، ئوزۇقلۇقى ئاز بولغان

غىزالار، مەسىلەن: يېڭى پىشلاققا ئوخشاش.

9. تەستە ھەزىم بولىدىغان، ياخشى كەيمۇس ھاسىل قىلىدىغان، ئوزۇقلۇقى نورمال بولغان غىزالار، مەسىلەن: موزاي گۆشىگە ئوخشاش.

10. تەستە ھەزىم بولىدىغان، ناچار كەيمۇس ھاسىل قىلىدىغان، ئوزۇقلۇقى كۆپ بولغان غىزالار، مەسىلەن: كالا گۆشىگە ئوخشاش.

11. تەستە ھەزىم بولىدىغان، ناچار كەيمۇس ھاسىل قىلىدىغان، ئوزۇقلۇقى ئاز بولغان غىزالار، مەسىلەن: گۆش قېقىغا ئوخشاش.

12. تەستە ھەزىم بولىدىغان، ناچار كەيمۇس ھاسىل قىلىدىغان، ئوزۇقلۇقى نورمال بولغان غىزالار، مەسىلەن: كاللەكبەسەيگە ئوخشاش.

13. نورمال ھەزىم بولىدىغان، ياخشى كەيمۇس ھاسىل قىلىدىغان، ئوزۇقلۇقى كۆپ بولغان غىزالار، مەسىلەن: بىر ياشلىق پاقلان گۆشىگە ئوخشاش.

14. نورمال ھەزىم بولىدىغان، ياخشى كەيمۇس ھاسىل قىلىدىغان، ئوزۇقلۇقى ئاز بولغان غىزالار، مەسىلەن: چامغۇرغا ئوخشاش.

15. نورمال ھەزىم بولىدىغان، ياخشى كەيمۇس ھاسىل قىلىدىغان، ئوزۇقلۇقى نورمال بولغان غىزالار، مەسىلەن: بوتىلاق گۆشىگە ئوخشاش.

16. نورمال ھەزىم بولىدىغان، ناچار كەيمۇس ھاسىل قىلىدىغان، ئوزۇقلۇقى كۆپ بولغان غىزالار، مەسىلەن: رىم كاللەكبەسىيگە ئوخشاش.

17. نورمال ھەزىم بولىدىغان، ناچار كەيمۇس ھاسىل قىلىدىغان، ئوزۇقلۇقى نورمال بولغان غىزالار، مەسىلەن: سەۋزىگە ئوخشاش.

18. نورمال ھەزىم بولىدىغان، ناچار كەيمۇس ھاسىل قىلىدىغان، ئوزۇقلۇقى ئاز بولغان غىزالار، مەسىلەن: قۇرۇتۇلغان بېلىققا ئوخشاش.

**خاسىيەتلىك شەيئى:** بەدەنگە ھېس ۋە خىيال قىلغىلى بولىدىغان كەيپىياتلار ۋە ئىشلاردىن باشقا يەنە بىر خىل كەيپىيات ۋە ئىش بىلەن ناھايىتى ئىنچىكە ھەم يوشۇرۇن بولغان بىر ئىش تەسىر قىلىدۇ. مەسىلەن: ماگنىت تاش بىلەن كەھرىۋانىڭ تۆمۈر بىلەن سامانى ئۆزىگە تارتىشى ۋە پادىزەھرى بىلەن زەھەرنىڭ بەدەنگە تەسىر قىلىشىغا ئوخشاش. بۇلارنى تۇرگە مەنسۇپ سۈرىتى بىلەن بولغان دەپ چۈشەندۈرگىلى بولسىمۇ، ئەمما ماگنىت تاش بىلەن كەھرىۋانىڭ تۆمۈر بىلەن سامانى ئۆزىگە تارتىشى ئۇلارنىڭ تەسىرىدىنمۇ ئىنچىكىرەك ۋە يوشۇرۇنراقتۇر، بەلكى ئۇ بەزى قەلبلەر يەنە بەزى قەلبلەر بىلەن زىيادە ماسلاشقانلىقى ۋە يېقىنلاشقانلىقى ياكى زىيادە قېچىشقانلىقى ۋە نەپرەتلەنگەنلىكى سەۋەبىدىن بىر - بىرىنى ياخشى كۆرۈشى ياكى ئۆچ كۆرۈشىگە ئوخشايدۇ، بىرىنچىسى ئىشق، ئىككىنچىسى ئاداۋەت دەپ ئاتىلىدىغان بولۇپ، تەپسىلىي بايان قىلىشقا كىتاب كىچىكلىك

قىلىدۇ.

بىلگىنكى، خاسىيەتلىك دورا بەدەنگە ماسلىشىش بىلەن تەسىر قىلىدۇ، پادىزەھىرى ۋە تەرياق بولمىسا زەھەر دەپ ئاتىلىدۇ. پادىزەھرى بىلەن تەرياق خۇددى كىيىن تەپسىلىي بايان قىلىنىدىغىنىدەك، بەدەنگە كىرگەندىن كېيىن، تەبىئىي ھارارەت، قۇۋۋەتلەر ۋە روھلارغا زەھەرنىڭ زەرەرىنى توگىتەلىگۈدەك دەرىجىدە ياردەم بېرىدۇ، ماسلىشىدۇ، مۇھاپىزەت قىلىدۇ ۋە قۇۋۋەتلەيدۇ. ئەمما ئەپيۇننى تەرياق دەپ ئاتاش ئۇنىڭ قۇۋۋەتنى ساقلاش جەھەتتە ھەقىقىي تەرياق بىلەن ئورتاقلىشىدىغانلىقى ئۈچۈندۇر.

**خاسىيەتلىك غىزا:** ئۇنىڭ تەسىرى ماددا ھەم سۇرەت بىلەن بولسىمۇ، ماددا غالىب بولۇپ، ئۇنىڭ بىلەن تەسىر قىلىدۇ ۋە تەسىرلىنىدۇ. مەسىلەن: قوي يېغى، كالا يېغى، ياڭاق قوشۇلغان سۈت قاتارلىقلارغا ئوخشاش. ئۇلار ئوزۇقلاندۇرۇش بىلەن بىرگە كۆڭۈلنى خۇرسەن قىلىدۇ ۋە زەھەر قايتۇرىدۇ.

**خاسىيەتلىك دورا:** ئۇ، كەيپىيات ھەم سۇرەت بىلەن تەسىر قىلىدۇ. مەسىلەن: پادىزەھرى ھايۋانىي، جەدۋار ۋە ھەببۇلغارغا ئوخشاش. بۇلارنىڭ تەرياقلىق، زەھەر قايتۇرۇش رولى بولۇش بىلەن بىرگە، بەدەننىڭ ئەسلىي مىزاجىغا غالىب بولغان ھارارەت پەيدا قىلىدۇ.

**خاسىيەتلىك غىزا ۋە دورا:** ئۇنىڭ تەسىرى ماددا، كەيپىيات ۋە سۇرەت بىلەن بولىدۇ، مەسىلەن: ئالما ۋە شارابقا ئوخشاش. ئۇلار ئوزۇقلاندۇرۇش بىلەن بىرگە بەدەنگە غالىب بولغان مەلۇم كەيپىيات پەيدا قىلىدىغان بولۇپ، ئۇنى خۇرسەن قىلىدۇ.

**مۇتلەق زەھەر:** ئۇ، بەدەنگە پادىزەھىرگە قارشى تەسىر كۆرسىتىدىغان بولۇپ، تەبىئىي ھارارەت، روھ ۋە قۇۋۋەتلەرنى تېزلا بۇزۇپ يوقىتىدۇ، تەسىر قىلىش ۋە تەسىرلىنىشكە پۇرسەت بەرمەيدۇ، مەسىلەن: بىيش، يىلان ئۆتى ۋە كۆچلۈك زەھەرلىك يىلانلارغا ئوخشاش، ئۇلار چاقسا ئادەمنى تېزلا ھالاك قىلىدۇ.

**زەھەرلىك دورا:** ئۇ، كەيپىياتى ھەم تۈرگە مەنسۇپ سۇرىتى بىلەن تەسىر قىلىدۇ. تەسىر قىلغان ۋە تەسىرلەنگەندىن كېيىن، بەدەننىڭ ئەسلىي كەيپىياتىغا غالىب بولغان كەيپىيات پەيدا قىلىدۇ، مەسىلەن: قارا بەزرۇلبەنجىگە ئوخشاش.

**زەھەرلىك غىزا:** ئۇ، ماددا ھەم سۇرەت بىلەن تەسىر قىلىدىغان بولۇپ، تەسىر كۆرسەتكەن ۋە تەسىرلەنگەندىن كېيىن ئىلگىرى ئېيتىلغاندەك ئوزۇقلاندۇرۇش بىلەن بىرگە زەھەرلەيدۇ. ئەمەلىيەتتە بۇنداق غىزانىڭ مىسالى يوقتۇر، چۈنكى زەھەرلىك نەرسىلەر كەيپىياتسىز بولمايدۇ. بەزىلەر بالادۇرنى ئۇنىڭ مىسالى دەپ قارايدۇ.

**زەھەرلىك غىزا ۋە دورا:** ئۇ ماددا، كەيپىيات ھەم سۇرەت بىلەن تەسىر قىلىدۇ. تەسىر قىلغان ۋە تەسىرلەنگەندىن كېيىن، ئوزۇقلاندۇرۇش بىلەن بىرگە غالىب كەيپىياتى بىلەن زەھەرلەيدۇ، مەسىلەن: يىلان گۆشى، زەھەرلىك گۆشلەر ۋە زەھەرلىك گىياھلارغا ئوخشاش.

**خاسىيەتلىك ئىچىنى سۇرگۈچى دورا:** ئۇ، كەيپىيات ھەم سۇرەت بىلەن تەسىر قىلىدۇ. ئۇنىڭ زىيادە كۈچلۈك بولغان ئىچىنى سۈرۈش تەسىرى بار بولۇپ، قۇۋۋىتىنى ئاجىزلاشتۇرۇش ئۈچۈن ئىسلاھ قىلىش، مۇدەببەر قىلىش، قورۇش ۋە باشقا تەدبىرلەرنى قوللىنىش زۆرۈر بولىدۇ. ئىسلاھ قىلىنىپ بەدەنگە كىرگەندىن كېيىن بەدەنگە تەسىر كۆرسىتىدۇ ۋە تەسىر قوبۇل قىلىدۇ، بوشلۇقلار، ئەزانىڭ يۈزلىرى، تومۇرلار ۋە بەدەننىڭ چوڭقۇر قىسىملىرىغا تەسىرى سىڭىپ كىرىدۇ، بەدەندىكى خىلىتلار ۋە قويۇق، سۇيۇق ھۆللۈكلەرگە ئارىلىشىپ، ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمىنى پارلاندۇرۇش، سۇيۇلدۇرۇش، ئېرىتىش، پارچىلاش ۋە باشقىلار ئارقىلىق ھەيدەپ چىقىرىدۇ، بەزىلىرىنى تارقىتىش ئارقىلىق يوقىتىدۇ. ئۇ سوقمۇنىياغا ئوخشاش دورىلار بولۇپ، كەيپىياتى بىلەن ھارارەت پەيدا قىلسا، تۇرگە مەنسۇپ سۇرتى بىلەن سەپرا ۋە بەلغەمنى ھەيدەپ چىقىرىدۇ. يەنە مازارىيون، دەند ۋە خەربەققە ئوخشاش كۈچلۈك سۇرگۈچى دورىلارنىڭ ھەممىسى شۇ قاتارغا كىرىدۇ.

**سۇرگۈچى دورا:** بۇ خىل دورىلارنىڭ تەسىرى يۇقىرىدىكىگە ئوخشىمايدۇ، بەلكى ھەممە جەھەتتە ئۇنىڭدىن ئاجىزراق بولۇپ، كۆپ ئىسلاھ قىلىش زۆرۈر ئەمەس، مەسىلەن: سانائى مەككى، تۇربۇت، ھېلىلە قاتارلىقلارغا ئوخشاش. بۇلارنى ئىشلەتمەكچى بولغاندا پەقەت ساناغا قىزىلگۈل قوشۇلسا، تۇربۇت ۋە ھېلىلە بادام يېغى بىلەن ياغلانسا كۇپايە قىلىدۇ.

**تەرەتنى بوشاتقۇچى دورا:** ئۇنىڭ تەسىرى يۇقىرىدىكىسىنىڭ تەسىرىدىنمۇ ئاجىزراق بولۇپ، ئاشقازان، ئۈچەيلەر ۋە ئۇلارنىڭ ئەتراپلىرىدا بار بولغان خىلىتلار ۋە ھۆللۈكلەرگە ئارىلىشىپ، ئۇلارنى ھەيدەپ چىقىرىدۇ، ئۇلارنىڭ سىڭىپ كىرىش قۇۋۋىتى بەك يۇقىرى بولمايدۇ، مەسىلەن: فۇلۇسى خىيارشەنبەر، تەرەنجىبىن، شىرخىست، قارا شېكەر، تەمرىھىندى، قارىئۆرۈك قاتارلىقلارغا ئوخشاش. ئۇلار يەنە جۇلا بېرىش قۇۋۋىتىدىن خالىي ئەمەس. ئۇلارنىڭ بەزىلىرىنى ئازراق ئىسلاھ قىلىشقا تېگىشلىك بولىدۇ، مەسىلەن: فۇلۇسى خىيارشەنبەرنىڭ ئۈچەيلەرنىڭ يۈزىگە چاپلىشىۋېلىپ يارىلاندۇرۇشى، شىلىلىق پەردىنى زەخىملەپ، قانلىق ئىچ سۈرۈش پەيدا قىلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن بادام يېغى ياكى گۈل يېغى بىلەن ياغلاشقا تېگىشلىك بولغانغا ئوخشاش. بەزىلىرىنى ئۇنداق قىلىش ھاجەت ئەمەس، مەسىلەن: تەرەنجىبىن، شىرخىست ۋە باشقا تەرەتنى بوشاتقۇچى دورىلارغا ئوخشاش.

## 2 ـ پەسىل مۇرەككەپ قۇۋۋەتلىك دورا، خاسىيەتلىك دورا ۋە ئۇلارنىڭ تەسىرلىرى توغرىسىدا

بىلگىنكى، دورىلارنىڭ قۇۋۋەتلىرى ئۈچ دەرىجىگە بۆلۈنىدۇ. قۇۋۋەت تەسىرلەرنىڭ لايىق ئورۇندا ئاشكارىلىنىشىغا تۇرتكە بولىدىغان مەنبە ۋە ئامىلدىن ئىبارەت. بىرىنچى دەرىجە

دورىلارنىڭ نامى بۈيۈك ئاللانىڭ ئىنئام قىلىشى ئارقىلىق تۆت خىل ماددىنىڭ ئۆزئارا بىرىكىشى نەتىجىسىدە ئۆزئارا ئوخشىشىپ كېتىدىغان كەيپىيات سەۋەبىدىن پەيدا بولغان، ھېس قىلغىلى بولىدىغان تەسىرلىرىدىن ئىبارەت. ئۇ، دورىنىڭ تۇنجى مىزاجى دەپ ئاتىلىدۇ. ئىككىنچى دەرىجە دورىلارنىڭ كېيىنكى مىزاجلىرىدىن پەيدا بولغان، ھېس قىلغىلى بولىدىغان تەسىرلىرىدىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇ بىرىنچى دەرىجە بىلەن بىرگە مەۋجۇت بولىدىغان ئىشلاردىن بولۇپ ھېسابلىنىدۇ، چۈنكى، كېيىنكى مىزاجغا ئىگە ئەشيالار ھەر خىل تۇنجى كەيپىيات ۋە مىزاجغا ئىگە قىسىملاردىن تۈزۈلگەندۇر، مەسىلەن: بەزى ئەشيالارنىڭ قىزىتىشى ۋە يەنە بەزىلىرىنىڭ سوۋۇتۇشىغا ئوخشاش. تۇنجى كەيپىياتلارنىڭ بىرلىشىشى ۋە بىر - بىرىگە تەسىر كۆرسىتىشى بىلەن كېيىنكى كەيپىيات ھاسىل بولىدۇ. بۇ كەيپىياتنىڭ تەسىرلىرى بىلەن تۇنجى كەيپىيات ۋە مىزاجغا ئىگە قىسىملارنىڭ تەسىرلىرى بىر - بىرىگە ئوخشىمايدۇ، مەسىلەن: ماددىلارنى قايتۇرۇش، قورۇش، قىزىتىش، سوۋۇتۇش قاتارلىق تەسىرلەرگە ئوخشاش. كېيىنكى مىزاجى تەبىئىي بولغان ھەرقانداق نەرسە مۇرەككەپ قۇۋۋەتلىك نەرسە دېيىلىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭ مىزاجى غەيرىي تەبىئىي (سۈنئىي) بولۇپ، تەسىرى ئۇنىڭ يەككە قىسىملىرىنىڭ تەسىرلىرى بىلەن ئوخشاش بولسا، ئۇ قۇۋۋىتى ماسلاشقان نەرسە (مۇتەۋافىقەتۇل قۇۋۋە) دەپ ئاتىلىدۇ. ئەگەر ئۇلار بىر - بىرىگە زىت بولسا، مەسىلەن: مەلۇم نەرسە قىزىتىش ھەم سوۋۇتۇش تەسىرىگە ئىگە بولسا، قۇۋۋىتى زىت نەرسە (مۇتەزاددۇل قۇۋۋە) دەپ ئاتىلىدۇ. تەبىئەت قۇۋۋىتى ياراتقۇچىسىنىڭ ئىزنى بىلەن ھەربىرىنى لايىق ئورۇنغا قويىدۇ (يەنى لايىقىدا تەسەررۇپ قىلىدۇ). ئۇنىڭ شۇنداق قىلىشىدا بىرەر توسالغۇ بولمىسا، تۈرگە مەنسۇپ تەسىرلەر ئارقىلىق بىرىنچى ۋە ئىككىنچى دەرىجىنىڭ ئەگەشمە ھالەتلىرىدىن بولغان ئۈچىنچى دەرىجە بارلىققا كېلىدۇ. خاسىيەتلىك دورا شۇنىڭدىن ئىبارەت، مەسىلەن: يەھۇد تېشىنىڭ تاش پارچىلاش رولىغا ئوخشاش، ئۇنىڭ بۇ رولى مىزاجغا مەنسۇپ كەيپىياتنىڭ ئەگەشمە ھالەتلىرىدىن ھېسابلىنىدىغان بولۇپ، ئۇ خىلتلارنى پارچىلاشنى تەلەپ قىلمىدۇ. يەنە مەسىلەن: ئۇستقۇددۇسنىڭ مېڭىگە خاس بولغىنىغا ئوخشاش، بۇ ئۇنىڭ مىزاجغا مەنسۇپ ھارارىتىنىڭ ئەگەشمە ھالەتلىرىدىن ھېسابلىنىدىغان بولۇپ، ئۆزىنىڭ تۈرگە مەنسۇپ سۈرىتى ئارقىلىق مېڭىدىكى خىلتلارنى سۈيۈلدۈرىدۇ. يەنە مەسىلەن: تەرياقتا ئوخشاش، ئۇ كېيىنكى مىزاجىنىڭ ئەگەشمە ھالەتلىرى ۋە تۈرگە مەنسۇپ سۈرىتى ئارقىلىق زەھەرگە قارشى تۇرىدۇ.

بىلگىنكى، شەيخۇر رەئىس ۋە مۇرەككەپ قۇۋۋەتلەرگە ئىگە شەيئىلەرنىڭ ماددىغا مەنسۇپ سۈرەتلىرىنىڭ دائىم ساقلىنىدىغانلىقىغا قايىل تەتقىقاتچى ھۆكۈمالارنىڭ قارىشىغا ئاساسلانغاندا، شەيئىلەرنىڭ قۇۋۋەتلىرىنىڭ دەرىجىلىرى تۆت خىل بولۇشقا تېگىشلىك

ئىكەن. چۈنكى ئۇلارنىڭ بايان قىلىشىچە، مۇرەككەپ قۇۋۋەتلەرگە ئىگە شەيئىلەرنىڭ بىر - بىرىگە تەسىر كۆرسىتىدىغان ۋە تېگىشىپ تۇرىدىغان قىسىملىرىنىڭ كەيپىياتلىرىدىن هاسىل بولغان تۈنجى مىزاجى بولىدىكەن، ئۇنىڭ تەسىرى مەلۇم دەرىجىدە بولىدىكەن. شۇنداقلا ئۇنىڭ كېيىنكى مىزاجىنىڭمۇ تۈنجى مىزاجىنىڭ تەسىرىگە ئوخشىمايدىغان يەنە بىر تەسىرى بولىدىكەن، مەسىلەن: سۇ، ياغ ۋە پىشلاقتىن تۈزۈلگەن سۈتكە ئوخشاش بولۇپ، ئۇنىڭ تەسىرى دەرىجىلەرنىڭ ئىككىنچىسىگە تەۋە بولىدىكەن. بۇنىڭغا قىياس قىلغاندا، مەلۇم مۇرەككەپ شەيئىنىڭ تۈرگە مەنسۇپ سۈرىتىنىڭ يۇقىرىدا ئېيتىلغان تەسىرلىرىدىن باشقا يەنە مەلۇم تەسىرى بولىدىكەن. مۇرەككەپ شەيئىلەرنىڭ بىر- بىرىگە تەسىر كۆرسىتىدىغان قىسىملىرىنىڭ تەسىرى قۇۋۋەت دەرىجىلىرىنىڭ ھېچقايسىسىغا تەۋە بولمايدىكەن. بۇنىڭغا ئاساسەن، قۇۋۋەتلەر تەسىر كۆرسەتكۈچى ئامىللارغا قاراپ مەۋجۇت بولىدۇ، دەپ قىياس قىلىنىدۇ. شەيئىنىڭ بىر - بىرىگە تەسىر كۆرسەتمەيدىغان، بىر - بىرى بىلەن ئۇچراشمايدىغان قىسىملىرىنىڭ تۈرگە مەنسۇپ سۈرەتلىرىنىڭ تەسىرىنىڭ قايسى خىل مۇرەككەپ شەيئىنىڭ تۈرگە مەنسۇپ سۈرەتلىرىنىڭ دەرىجىسىگە تەۋە بولىدىغانلىقى مەلۇم ئەمەس.

بىلگىنكى، تولۇق بولمىغان مۇرەككەپ شەيئىلەرنىڭ بەزىسىنىڭ تۈرگە مەنسۇپ سۈرىتى بولمايدۇ، مەسىلەن: سۇ ئارىلاشتۇرۇلغان تۇپراق، سۇ بىلەن هاۋادىن تۈزۈلگەن كۆپۈك، سۇ بىلەن ئوتتىن تۈزۈلگەن بۇسقا ئوخشاش. بىلگىنكى، تۈرگە مەنسۇپ سۈرەتكە ئىگە هەر قانداق نەرسىنىڭ تۈزۈلۈشى پۇختا بولىدۇ ياكى ئۇنداق بولمايدۇ. بۇ ئاللا خالىسا كېيىن تەپسىلىي بايان قىلىنىدۇ. تۆۋەندە قالغانلىرى تەپسىلىي بايان قىلىنىدۇ:

**مۇرەككەپ قۇۋۋەتلەرگە ئىگە (مۇرەككەبۇل قۇۋۋا) دورا:** ئۇ، بىر - بىرىگە ئوخشىمايدىغان خاس مىزاجغا ئىگە بولغان، بىر شەيئىنىڭ تەركىبىي قىسىملىرىغا ئايلانغان، يېڭى سۈرەتكە ئىگە بولغان بولسىمۇ، بىر - بىرى بىلەن تولۇق ئارىلاشمىغان، تەركىبىي قىسىملارغا ئىگە بولغان دورىدىن ئىبارەت بولۇپ، بەدەنگە كىرىپ تەسىر كۆرسەتكەن، بەدەنمۇ ئۇنىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن، بەدەندە بىر خىل تەسىر پەيدا قىلمايدۇ، بەلكى ئۇنىڭ تەركىبىي قىسىملىرىنىڭ هەر بىرى بىر - بىرىدىن ئايرىلىپ، ئايرىم تەسىر ۋە ئايرىم كەيپىيات پەيدا قىلىدۇ. خۇددى ئاللا خالىسا كېيىن تەپسىلىي بايان قىلىنىدىغىنىدەك، ئۇلار تەركىبىي قىسىملىرىدىكى ماددىلارنىڭ تۈزۈلۈشى، ئارىلىشىشى ۋە قويۇق - سۇيۇقلۇقىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا قارىتا بەزىلىرى تېز، بەزىلىرى ئاستا تەسىر كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن: تېكە يادا تېشى، جەدۋار، چۆپچىن، قىزىلگۈل، گۈلاب، زەھەر قايتۇرىدىغان كۆپ قىسىم دورىلار، شاقاقۇل، ئىككى خىل بەھمەن، بوزىدان، جويۇز، يۇمىلاق زىراۋەندە، ئۇزۇنچاق زىراۋەندە، زەنجىۋىل، زورەمباتقا ئوخشاش باھ دورىلىرىنىڭ هەممىسىگە ئوخشاش. بۇنىڭغا يەنە ئارتۇق

ھۆللۈكى ئەسلىي ھۆللۈكىدىن كۆپ بولغان، شۇ سەۋەبتىن تېز قۇرتلايدىغان ۋە بۇزۇلىدىغان دورىلارمۇ تەۋە بولىدۇ. بىلگىنكى، ئارتۇق ھۆللۈك دورىنىڭ ھەرقايسى قىسىملىرىغا تولۇق ئارىلاشمىغان، بىر قىسمى قىسقا ۋاقىت ئىچىدە تارقىلىپ، دورىنىڭ يېرىلىشىغا سەۋەب بولىدىغان، يەنە بىر قىسمى چىرىش ئارقىلىق قۇرتقا ئايلىنىپ، دورىنى يەپ تەدرىجىي يوقىتىدىغان ھۆللۈكتىن ئىبارەت.

**خاسىيەتلىك دورا:** بىلگىنكى، تېبابەتتە خاسىيەت مەلۇم شەيئىنىڭ ئىسسىقلىق، سوغۇقلۇق، ھۆللۈك ۋە قۇرۇقلۇقتىن ئىبارەت تۇنجى كەيپىياتلىرىدىن ھاسىل بولغان كېيىنكى تەسىرلىرىنى كۆرسىتىدۇ، مەسىلەن: ئۇچۇچانلىق، سىڭگىشچانلىق، تۇسالغۇلارنى ئېچىش، سۈيۈلدۈرۈش، ئېرىتىش، تارقىتىش قاتارلىق تەسىرلەرگە ئوخشاش. بەزىدە ئۇ شەيئىنىڭ تاش پارچىلاش، خۇرسەن قىلىش، روھلار ۋە قۇۋۋەتلەرنى كۈچەيتىش، زەھەر قايتۇرۇشقا ئوخشاش كېيىنكى تەسىرلىرىدىن كېيىنكى ئۈچىنچى تەسىرلىرىنىمۇ كۆرسىتىدۇ. شەيئىنىڭ خاسىيىتى مىزاج، روھ ۋە ھاياتقا ماسلىشىش بىلەن بولسا پادىزەھرى ۋە تەرياق دەپ ئاتىلىدۇ. قارشى تۇرۇش ۋە ماسلاشماسلىق بىلەن بولسا زەھەر دەپ ئاتىلىدىغان بولۇپ، بۇ چاغدا ئۇنىڭدىن تەرياقنىڭ تەسىرىگە قارشى بولغان تەسىرلەر بارلىققا كېلىدۇ.

باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، خاسىيەتلىك دورا كەيپىياتى بىلەن ئەمەس، بەلكى باشقا شەيئىلەردىن ئايرىلىپ، ئالاھىدە تۈر بولۇشىغا سەۋەبچى بولغان سۈرىتى بىلەن تەسىر كۆرسىتىدىغان دورىنى كۆرسىتىدۇ. تۈرلۈك شەيئىلەر شۇ ئارقىلىق بىر - بىرىدىن ئايرىلىدىغان ۋە بىر - بىرىگە ئوخشىمايدىغان تەسىرلەرنى پەيدا قىلىدىغان بولغاچقا، ئۇ تۈرگە مەنسۇپ سۈرەت دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن: خۇددى يۇقىرىدا ئېيتىلغىنىدەك، ماگنىت تاشنىڭ تۆمۈرنى، كەھرىۋانىڭ سامانىنى تارتىشى، تېكە يادا تېشى، يىلان يادا تېشى، جەدۋار، ھەببۇلغار، تەرياقى پارۇق، مەسرۇدىتۇس ۋە ئۇنىڭغا ئوخشاش يەككە ۋە مۇرەككەپ دورىلارنىڭ ئىسسىق، سوغۇق زەھەرلەر ۋە قارىمۇقارشى كېسەللىكلەرگە پادىزەھىرگە ئوخشاش ماسلىشىش بىلەن ياكى زەھەرگە ئوخشاش قارشى تۇرۇش ۋە قېچىش بىلەن تەسىر كۆرسەتكىنىگە ئوخشاش. چۈنكى خۇددى يۇقىرىدا ئېيتىلغىنىدەك، خاسىيەتلىك دورا ئىككى خىلدۇر. ئەمەلىيەتتە، ياخشى تەتقىق قىلىنسا كەيپىيات بىلەن تەسىر قىلىدىغان دورا، مۇرەككەپ قۇۋۋەتلەرگە ئىگە دورا، خاسىيەتلىك دورا، تەبىئىتى بىلەن تەسىر قىلىدىغان دورا قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىنىڭ تەسىر مەنبەسى بىر - بىرىگە يېقىن ۋە ئوخشاش بولۇپ، ئۇ تەبىئەت تەسىرىدىن ئىبارەت. تەبىئەت تەسىرى دېگىنىمىز، روھ (نەفس)نىڭ جىسىملاردا ھەر خىل دەرىجىدە گەۋدىلىنىشىدىن ئىبارەت. كەيپىيات بىلەن تەسىر قىلىدىغان دورىنىڭ تەسىرى ئاجىز ۋە قىسمەن، مۇرەككەپ قۇۋۋەتلەرگە ئىگە دورىنىڭ تەسىرى ئۇنىڭدىن كۈچلۈكرەك ۋە كۆپرەك، خاسىيەتلىك دورىنىڭ تەسىرى ئۇنىڭدىنمۇ ئارتۇقراق ۋە

ئۇمۇمىيراق، تەبىئىتى بىلەن تەسىر قىلىدىغان دورىنىڭ تەسىرى ئۇنىڭدىنمۇ ئارتۇقراق، روھنىڭ تەسىرى قۇۋۋەتلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ تەسىرىدىن ئۇمۇمىيراق، ئارتۇقراق ۋە ئالىيراق بولىدۇ.

بىلگىنكى، بەزى دورىلارنىڭ بەدەنگە ئىسسىپ قويۇش ۋە ئالاھىدە ئۇسۇل ھەم شەرت بىلەن يىغىۋېلىش ئارقىلىق تەسىر قىلىشى، مېھىر - مۇھەببەت ياكى ئۆچ - ئاداۋەت پەيدا قىلىش ئۈچۈن بەزى نەرسىلەرنى تەكىي ئاستىغا قويۇپ قويۇش، ئۆيگە كۆمۈپ قويۇش، ئاستىغا سېلىپ يېتىش، كۆيدۈرۈش ۋە ئۆزى بىلەن بىرگە ساقلاش قاتارلىقلارنىڭ تېبابەت ئاساسلىرى ۋە تەبىئەت قۇۋۋىتىنىڭ تەسىرلىرى بىلەن كۆپ مۇناسىۋىتى بولمىسىمۇ، ئۇلار روھقا تەسىر قىلىش ۋە روھىي خىياللارنى پەيدا قىلىشتىن خالىي ئەمەس، بولۇپمۇ ئۇلار ئەقلى ئاجىز كىشىلەرگە بەكرەك تەسىر قىلىدۇ، شۇنداق بولغاچقا بۇ كىتابتا شۇنىڭغا ئوخشايدىغان بەزى خاسىيەتلەر بايان قىلىندى.

پادىزەھرى بىلەن تەرياقنىڭ تەسىرى ئۇنىڭ مۇرەككەپ قۇۋۋەتلەرگە ئىگە بولۇشى، زەھەرنى ئۆزىگە تارتىشى، زەھەرنىڭمۇ ئۇنىڭغا مايىل بولۇشى، ئارقىدىن ئۇنىڭ ئۆزىدىكى ۋە تەبىئىي ھارارەت، قۇۋۋەتلەر ۋە روھلاردىن ئىبارەت بولغان ئۆزىگە مۇناسىپ كېلىدىغان نەرسىلەردىكى زەھەرگە تاقابىل تۇرۇشى، ھەيدىشى ۋە يوقىتىشى، شۇنداقلا ئۇنىڭ پادىزەھرىدە بايان قىلىنغان كانال يوللارنى ئېچىپ، بەدەنگە تېز سىڭىپ ۋە چۆكۈپ، شۇ يەردىكى زەھەرنى تارتىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىكتۇر. بىلگىنكى، بەدەندىكى ھەر خىل سۇيۇقلۇقلار، قۇۋۋەتلەر ۋە روھلار بىر - بىرى بىلەن زىچ بىرلەشكەن، بەدەننى ئىدارە قىلغۇچى تەبىئەت بىلەن روھىي ھايۋانىي ئۇلارنى بىر گەۋدىلەشتۇرۇپ تۇتۇپ تۇرىدىغان ۋە قوغدايدىغان بولغاچقا، تەرياق بەدەنگە كىرگەن ھامان ئۇنىڭ تەسىرى پۈتۈن بەدەنگە تارقىلىدۇ. شۇنداق بولغاچقا، بەدەن ئاجىزلىغان ياكى قورساق ئاچقاندا يېيىلگەن دورا ياكى ياخشى غىزا، بولۇپمۇ ئاسان ھەزىم بولىدىغان غىزا بەدەنگە كىرگەن ھامان بەدەننى بىراقلا قۇۋۋەتلەيدۇ. غىزانىڭ ئاشقازانغا كىرگەن ھامان تەسىر قىلىشى ۋە بەدەننى قۇۋۋەتلىشىنىڭ سەۋەبى ئىككى خىلدۇر. بىرى، بەدەندىكى ھەر خىل سۇيۇقلۇقلار، ھارارەت، قۇۋۋەتلەر، روھلار بىر - بىرىگە تۇتاشقان ۋە بىرلەشكەن بولغاچقا، غىزا ياكى دورىنىڭ ئۈچۈچان قىسىملىرى ئۇلار ئارقىلىق ئۇمۇمىي بەدەنگە تېز تارقاپ، قۇۋۋەتلەر ۋە روھلارنى كۈچەيتىدۇ. يەنە بىرى، بەدەننىڭ ئىدارە قىلغۇچىسى ۋە قوغدىغۇچىسى بولغان تەبىئەت ئوزۇقلۇق تۈگىگەندە بەدەننى ئوزۇقلاندۇرۇش ئۈچۈن زاپاس ئوزۇقلۇق ساقلايدىغان بولۇپ، بەدەنگە سىرتتىن ئوزۇقلۇق كىرىپ، ئوزۇقلۇقنىڭ ئوزۇلۇپ قېلىشى ۋە تۈگەپ كېتىشىدىن خاتىرجەم بولسا، زاپاس ساقلىغان ئوزۇقلۇقنى بەدەننىڭ سەرپ قىلىشى ئۈچۈن قويۇپ بېرىدۇ، بۇنىڭ بىلەن بەدەن قۇۋۋەتلىنىدۇ. قالغىنىنى ئاللا ئەڭ ئوبدان بىلىدۇ.

يىلان گۆشى تەرياقلىرىدا مەزكۇر ئىشلاردىن باشقا يەنە بىر ئىشمۇ بولۇشى مۇمكىن، ئۇ بولسىمۇ يىلان گۆشىنىڭ زەھەرنى ئۆزىگە تارتىشىدىن ئىبارەت. شۇ سەۋەبتىن گۆشىنى ئىشلىتىش ئۈچۈن يىلان تۇتماقچى ۋە بېشى بىلەن قۇيرۇقىنى كەسمەكچى بولغاندا ئۇنىڭغا ئازار يەتكۈزمەسلىك، زەخىملەندۈرمەسلىك، ئورۇقلاتماسلىق، قۇۋۋىتى تولغان ۋاقىتتا غەزەپلەندۈرۈپ پۈتۈن زەھىرىنى بېشى بىلەن قۇيرۇقىغا يىغىپ، بېشى بىلەن قۇيرۇقىنى بىر يەرگە ئەكەلگەندىن كېيىن تېز سۇرئەت كېسىپ تاشلاش، شۇ ئارقىلىق زەھىرىنىڭ بەدىنىگە تارقىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئالاھىدە تەكىتلىنىدۇ. چۈنكى زەھىرى بەدىنىدە قالسا، ھەر قانچە ئاز بولغان تەقدىردىمۇ ئۇ ئادەمگە زەرەر يەتكۈزىدۇ، ئۇنىڭدىن باشقا يىلانىنىڭ زەھىرى قالغان گۆشى زەھەرنى ياخشى سۈمۈرمەيدۇ. ئۇنىڭ گۆشىنىڭ زەھەرنى سۈمۈرۈشى ئۇنىڭ زەھەر بىلەن ماسلىشىدىغانلىقى ئۈچۈن بولۇپ، بۇ ياغلار، ئۇسارىلەر ۋە باشقا سىقىلمىلار پىسەپلىرىنىڭ ئۇلارنى ئاسان سۈمۈرىدىغانلىقىغا ئوخشايدۇ، بۇ ھەممىگە ئايان ئىشتۇر. شۇ سەۋەبتىن قايناتما قايناتقاندا دورا پىسىپىنى دەرھال سۈزۈۋېتىش تەلەپ قىلىنىدۇ، چۈنكى ئۇنداق قىلىنمىسا پىسەپ چىققان سۇيۇقلۇق ئۆزىگە قايتا سۈمۈرۈلۈپ، قايناتقاننىڭ پايدىسى بولمايدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا تەرياقلارنىڭ تەسىرىنى كۈچەيتىش، مەزكۇر ئىشلارنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ، بولۇپمۇ يىلان گۆشى تەرياقلىرىنىڭ تەركىبىدىكى دورىلارنى بەدەنگە تېز سىڭدىغان، بەدەننىڭ چوڭقۇر قىسمىغا چۆكۈپ زەھەرنى سۈمۈرەلەيدىغان قىلىش ئۈچۈن ئۇزۇم شارابىغا چىلاش تەۋسىيە قىلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار ئىستېمال قىلىنغاندىن كېيىن ئاۋۋال بەدەننى قىزىتىدۇ، ئارقىدىن شىلىمشىق، سېسىق تەرلىتىدۇ، كۆپ ھاللاردا بۇ چاغدا بىمارنىڭ چوڭ ـ كىچىك تەرىتىمۇ سېسىق بولىدۇ، شۇنىڭدىن كېيىن ساقىيىدۇ.

**ئىزاھات:** بەزى كىشىلەر پادىزەھەرى تېكە، تاغ كالىسى، مايمۇن ۋە باشقا ھايۋانلارنىڭ ئىچىدە ھاسىل بولغان تەبىئىي تاشلارنى كۆرسىتىدۇ، يەنە ئۇ مەدەنلەرنىمۇ كۆرسىتىدۇ. تەرياقى جەدۋار، ھەببۇلغارغا ئوخشاش يەككە دورىلار ۋە يىلان تەرياقلىرى، مەسرۇدىتۇس، تەرياقى سەمانىيە ۋە تەرياقى ئەربەئەگە ئوخشاش كېيىنكى مىزاجغا ئىگە بولغان مۇرەككەپ دورىلارنى كۆرسىتىدۇ، دەيدۇ. يەنە بەزىلەر ئۇلار ئورتاقلىققا ئىگە، يەنى ئۆزئارا ئارىلاشتۇرۇپ ئىشلىتىلسە بولىدۇ، دەيدۇ. قالغىنىنى ئاللا ئەڭ ئوبدان بىلىدۇ.

زەھەرنىڭ تەسىرى يۇقىرىدا ئېيتىلغان ئىشلار بويىچە تەبىئىي ھارارەت، قۇۋۋەتلەر، روھلار، ھۆللۈكلەرگە قارشى تۇرۇش ۋە ئۇلارنى بېسىش، بۇزۇش، كاردىن چىقىرىش، يوقىتىش بىلەن ھەم ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىگە قارشى نەرسىدىن قېچىپ، باشلىنىش ئورنى ۋە مەنبەسى بولغان يۈرەك تەرەپكە يۈزلىنىپ، يوللار ۋە بوشلۇقلارنىڭ قورۇلۇشى بىلەن شۇ يەردە بوغۇلۇپ تىنچلىنىشى بىلەن بولىدۇ. شۇ سەۋەبتىن زەھەرلەنگەندە چىراي ۋە پۈتۈن

بەدەن رەڭگى سارغىيىدۇ، ئارقىدىن تەدرىجىي ھالدا كۆك ۋە قارىغا ئۆزگىرىدۇ، بەدەن سوۋۇيدۇ.

«ئىخۋانۇس سەفا» (چىن قېرىنداشلار) دېگەن كىتابنىڭ ئاپتورىنىڭ يېزىشىچە، زەھەرلەر ئىسسىق ۋە سوغۇقتىن ئىبارەت ئىككى خىل بولىدىكەن. ئىسسىق زەھەرلەرنىڭ بەدەندىكى تەسىرى سۇيۇقلۇقلارنى ئېرىتىش ۋە يوقىتىش بولۇپ، ئۇنىڭ تەسىرى خۇددى زەپەرنىڭ سۇغا قىسقا ۋاقىت ئىچىدە تارقاپ، ئۇنى رەڭدار قىلغىنىغا ئوخشايدىكەن. سوغۇق زەھەرلەرنىڭ بەدەندىكى تەسىرى ھاياتلىقنىڭ ئاساسى، بەدەن مىزاجىنىڭ ساغلاملىق كاپالىتى بولغان قان، سۇيۇقلۇقلار ۋە نازۇك روھلارنى قاتۇرۇش ۋە ئۇيۇتۇش بولۇپ، ئۇنىڭ تەسىرى خۇددى پەنىرمايىنىڭ سۈتنى قىسقا ۋاقىت ئىچىدە قاتۇرۇشى ۋە ئۇيۇتۇشىغا ئوخشايدىكەن. پادىزەھىرلەر ۋە تەرياقلارنىڭ ئۇلارنىڭ تەسىرى ئەكسىچە بولۇپ، خۇددى چۈچۈمەل نەرسىلەرنىڭ زەپەر ۋە زاراڭزا چېچىكى رەڭگىنى تېزلا بۇزۇپ، تەسىرىنى يوقاتقىنىغا ئوخشايدىكەن.

سۇرگۈچى دورىغا ئوخشاش باشقا دورىلارنىڭ تەسىرى يۇقىرىقى ئىشلار بويىچە ئۇلارنىڭ ئاشقازان، ئۈچەيگە يېقىن بۇزۇق خىلىتلارغا ئارىلىشىشى، بەدەننىڭ ئىدارە قىلغۇچىسى بولغان تەبىئەتنىڭ ئۇلارنىڭ قۇۋۋەتلىرى ۋە ئۇچۇچان قىسىملىرىنى يىراق ۋە يوللىرى تار ئەزالارغا يەتكۈزۈپ بېرىشى، ئەزالارنىڭ ئۇلارنى ئۆزى تەرەپكە تارتىپ، تەسىرى ۋە ئۇچۇچان قىسمىنى بىر - بىرى بىلەن تۇتاش بولغان پۈتۈن بەدەنگە، بولۇپمۇ مەخسۇس ئەزاغا تېز يەتكۈزۈشى بىلەن بولىدۇ. ئۇلارنىڭ بۇ تەسىرى قورۇش، يىغىش، تارقىتىش، بوشىتىش، ئېچىش، پىشۇرۇش، سۇيۇلدۇرۇش، پارچىلاش، تارقىتىش، ھەيدەپ چىقىرىش، سۈمۈرۇش، تارلىتىش، ئېچىنى سۇرۇش، سۈيدۈك ھەيدەش ۋە باشقىلاردىن ئىبارەتتۇر. قالغىنىنى ئاللا ئەڭ ئوبدان بىلىدۇ.

## 3 ـ پەسىل مىزاج، مىزاجلارنىڭ تۈرلىرى ۋە ئۇلارنىڭ دەرىجىلىرىنى تونۇش توغرىسىدا

بىلگىنكى، مىزاج دېگەن بۇ سۆز مەسدەر (ھەرىكەت نامى) بولۇپ، «ئارىلاشما» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. يىغىپ ئېيتقاندا، ئۇ قارىمۇقارشى يەككە كەيپىياتلاردىن ھاسىل بولغان ماددىغا مەنسۇپ مۆتىدىل كەيپىياتتىن ئىبارەت. تەپسىلىي ئېيتقاندا، ئۇ تۆت ماددىنىڭ ئۇششاق زەررىچىلەرگە ئايلىنىپ، تەركىبىي قىسىملىرىنىڭ بىر - بىرى بىلەن ئارىلىشىپ ۋە بىر - بىرىنىڭ ئۆتكۈرلۈكىنى پەسەيتىپ، بىر - بىرىدىن ئايرىلالمىغۇدەك دەرىجىدە بىرلىشىشىدىن ۋە تۆت خىل كەيپىياتتىن بارلىققا كەلگەن، بىر - بىرىنى تەلەپ قىلىدىغان،

كېيىن پەيدا بولغان ئوتتۇرا ھال كەيپىياتتىن ئىبارەت. ماددىلار «ئەركان»، «ئۇستۇقس»، «ئەسىل» دەپمۇ ئاتىلىدىغان بولۇپ، ئوت، ھاۋا، سۇ ۋە تۇپراقتىن ئىبارەت تۆت خىلدۇر. كەيپىياتمۇ ئىسسىقلىق، سوغۇقلۇق، ھۆللۈك ۋە قۇرۇقلۇقتىن ئىبارەت تۆت خىلدۇر. ئۇلارنىڭ ئىسسىقلىق بىلەن سوغۇقلۇقتىن ئىبارەت ئىككىسى تەسىر قىلغۇچى، ھۆللۈك بىلەن قۇرۇقلۇقتىن ئىبارەت ئىككىسى تەسىرلەنگۈچىدۇر. ئەركاننىڭ ھەربىرىنىڭ ئىككى خىل كەيپىياتى بار بولۇپ، بىرى تەسىر قىلغۇچى، يەنە بىرى تەسىرلەنگۈچىدۇر. مەسىلەن: ئوت قۇرۇق ئىسسىق، ھاۋا ھۆل ئىسسىق، سۇ ھۆل سوغۇق، تۇپراق قۇرۇق سوغۇقتۇر. ئۇلارنىڭ ھەربىرى ئاستى ۋە ئۈستىدىكىسى بىلەن ئوخشاشلىق ۋە قارىمۇقارشىلىق مۇناسىۋەتتە بولىدۇ. مەسىلەن: ھاۋا ئىسسىقلىقى جەھەتتە ئوتقا ماسلىشىدۇ ۋە ئۇنىڭغا ئوخشايدۇ، ئەمما ھۆللۈكى جەھەتتە ئۇنىڭغا زىت بولىدۇ. ئۇ يەنە ھۆللۈكى جەھەتتە سۇغا ماسلىشىدۇ ۋە ئۇنىڭغا ئوخشايدۇ، ئەمما ئىسسىقلىقى جەھەتتە ئۇنىڭغا زىت بولىدۇ. دېمەك، باشقا ئەركانلارمۇ بىر - بىرى بىلەن ئەنە شۇنداق مۇناسىۋەتتە بولىدۇ. شۇ سەۋەبتىن ئۇلار بىر - بىرى بىلەن ئارىلاشقان، بىر - بىرىگە تەسىر قىلغان ۋە بىر - بىرىدىن تەسىرلەنگەن، شۇ ئارقىلىق ئۇلاردىن ھەر خىل تەسىرلەر پەيدا بولغان، ئۇنداق بولمىغان بولسا بۇنداق ئۆزگىرىش، ئارىلىشىش، تەسىر قىلىش، تەسىرلىنىش ۋە ھەر خىل تەسىرلەرنىڭ پەيدا بولۇشىنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمىغان بولاتتى. ئوت شارىدىن ئىبارەت بولغان قۇياش شارى ئۇچۇچانلىقىدىن ئاي بۇرجىغا يېقىندۇر، تۇپراق شارى زىيادە زىچلىقى ۋە ئېغىرلىقىدىن ھەممىنىڭ ئاستىغا جايلاشقاندۇر، قالغان ئىككى شار ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقاندۇر. تۆت خىل كەيپىياتنىڭ ھەربىرىنىڭ تەسىرىگە كەلسەك، ئىسسىقلىقنىڭ تەسىرى قىزىتىش، پارچىلاش، تارقىتىش، ئېرىتىش، بۇسقا ئايلاندۇرۇش ۋە يوقىتىش، سوغۇقلۇقنىڭ تەسىرى سوۋۇتۇش، يىغىش، ئۇيۇتۇش، ھارارەتنى پەسەيتىش؛ ھۆللۈكنىڭ تەسىرى ھۆللۈك يەتكۈزۈش، يۇمشىتىش، سىلىقلاشتۇرۇش، سۇيۇلدۇرۇش، ئېقىتىش؛ قۇرۇقلۇقنىڭ تەسىرى زىچلاشتۇرۇش، يىرىكلەشتۇرۇش، قاتۇرۇش، ساقلاش، پارچە قىسىملارنى تۇتۇپ تۇرۇشتۇر.

بىلگىنكى، تەتقىقاتلارغا قارىغاندا، مىزاجلارنىڭ تۈرلىرى توققۇز خىل بولۇپ، بىرى مۆتىدىل، قالغان سەككىزى غەيرىي مۆتىدىلدۇر. ئۇنىڭ مەزكۇر شەكىللىرىدىن باشقا شەكىللىرى يوقتۇر. غەيرىي مۆتىدىل مىزاجنىڭ ئۆلچىمى بولغان، يەنى غەيرىي مۆتىدىل مىزاجلار ئۇنىڭغا ئاساسەن ئۆلچىنىدىغان مۆتىدىل مىزاج ماددىنىڭ ھەرقايسى قىسىملىرىنىڭ ئۆلچەملىرىنىڭ تەكشى ۋە تەڭ بولۇشىنى بىلدۈرىدىغان نەزەرىيەۋى مىزاج بولۇپ، ئەمەلىيەتتە مەۋجۇت بولغان ھەقىقىي مۆتىدىل مىزاج ئەمەستۇر، چۈنكى، ھەرقايسى كەيپىياتلار بىرەر توسقۇچى ۋە كونترول قىلغۇچى بولمىغان ئەھۋالدا ئۆزىنىڭ مەركىزىي

ئورنىغا مايىللىشىدىغانلىقى ۋە يۈزلىنىدىغانلىقى ئۈچۈن، ھەقىقىي مۆتىدىل مىزاج ئەمەلىيەتتە مەۋجۇت ئەمەستۇر. ئۇلارنىڭ قايسىسى غەلىبە قىلسا ۋە كۆپەيسە باشقىسىنى چەكلەيدۇ ۋە كونترول قىلىدۇ. مىزاجنىڭ غەيرىي مۆتىدىللىكى بەزىدە تۆت خىل كەيپىياتنىڭ بىرەرسىدە يەككە ھالەتتە كۆرۈلىدۇ، ئۇ جەمئىي تۆت خىل بولىدۇ، مەسىلەن: مەلۇم شەيئىنىڭ ئىسسىقلىقى ئېشىپ، تېگىشلىك ھالەتتىن ئىسسىقراق بولۇشى ياكى سوغۇقلۇقى ئېشىپ، تېگىشلىك ھالەتتىن سوغۇقراق بولۇشى ياكى ھۆللۈكى ئېشىپ تېگىشلىك ھالەتتىن ھۆلرەك بولۇشى ياكى قۇرۇقلۇقى ئېشىپ تېگىشلىك ھالەتتىن ھۆلرەك بولۇشىغا ئوخشاش. بەزىدە ئىككى خىل كەيپىياتتا مۇرەككەپ ھالەتتە كۆرۈلىدۇ، بۇمۇ تۆت خىل بولىدۇ. مەسىلەن: مەلۇم شەيئىنىڭ قۇرۇقلۇقى بىلەن ئىسسىقلىقى ئېشىپ، تېگىشلىك ھالەتتىن ئىسسىقراق ۋە قۇرۇقراق بولۇشى ياكى ئىسسىقلىقى بىلەن ھۆللۈكى ئېشىپ، تېگىشلىك ھالەتتىن ئىسسىقراق ۋە ھۆلرەك بولۇشى ياكى سوغۇقلۇقى بىلەن ھۆللۈكى ئېشىپ، تېگىشلىك ھالەتتىن سوغۇقراق ۋە ھۆلرەك بولۇشى ياكى سوغۇقلۇقى بىلەن قۇرۇقلۇقى ئېشىپ، تېگىشلىك ھالەتتىن سوغۇقراق ۋە قۇرۇقراق بولۇشىغا ئوخشاش.

بەزىلەر: شەيئىلەر تۆت خىل ماددىدىن تۈزۈلگەندۇر، مەلۇم شەيئىنىڭ تەركىبىدە ئوت ماددىسى غالىب ئورۇننى ئىگىلىسە، ئۇنىڭ قۇرۇقلۇق ۋە ئىسسىقلىق كەيپىياتى غالىب بولۇشقا تېگىشلىك، ئەگەر ھاۋا ماددىسى غالىب ئورۇننى ئىگىلىسە، ئىسسىقلىق ۋە ھۆللۈك كەيپىياتى غالىب بولۇشقا تېگىشلىك، قالغانلىرىمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش بولىدۇ. ئۇنداقتا نېمە ئۈچۈن پالانى نەرسە تېگىشلىك ھالىتىدىن ئىسسىقراق ياكى سوغۇقراق ياكى ھۆلرەك ياكى قۇرۇقراق بولۇپ، كۆپ ئىسسىقلىق ياكى سوغۇقلۇق ياكى ھۆللۈك ياكى قۇرۇقلۇق پەيدا قىلىدۇ دېيىلىدۇ؟ دەپ سورىشى مۇمكىن. ئۇلارغا جاۋاب بېرىمىزكى، مۇرەككەپ كەيپىياتقا ئىگە بولغان، ئىسسىقراق ۋە قۇرۇقراق ياكى ئىسسىقراق ۋە ھۆلرەك ياكى سوغۇقراق ۋە ھۆلرەك ياكى سوغۇقراق ۋە قۇرۇقراق بولغان شەيئىلەرنىڭ ھەربىرىدە مەلۇم بىر خىل ماددا غالىب ئورۇندا تۇرىدۇ، بۇ ماددىنىڭ تەسىر قىلغۇچى كەيپىياتى بىلەن تەسىرلەنگۈچى كەيپىياتى ئاشكارىلىنىدۇ. مەسىلەن: مەلۇم شەيئىنىڭ ئوت ماددىسى غالىب ئورۇندا تۇرغان بولسا، ئۇ تېگىشلىك ھالەتتىن ئىسسىقراق ۋە قۇرۇقراق بولىدۇ، ھاۋا ماددىسى غالىب بولسا ئىسسىقراق ۋە ھۆلرەك بولىدۇ. شۇنىڭدەك، مەلۇم شەيئىنىڭ مەلۇم يەككە كەيپىياتى غالىب بولسا، ئۇنىڭمۇ ئىككى ماددىسى غالىب بولغان بولىدۇ. مەسىلەن: مەلۇم شەيئى تېگىشلىك ھالەتتىن ئىسسىقراق بولسا، ئۇنىڭدا ئوت بىلەن ھاۋادىن ئىبارەت ئىككى ماددا غالىب بولىدۇ، ئۇلارنىڭ ھۆللۈك بىلەن قۇرۇقلۇقتىن ئىبارەت تەسىرلەنگۈچى ئىككى كەيپىياتى بىر ـ بىرىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ ۋە تەسىرلىنىدۇ. توقۇنۇشسا ۋەيران بولىدۇ، دېگەن پىرىنسىپ بويىچە ھەر ئىككىسىنىڭ تەسىرى يوقىلىپ، ئۇلارنىڭ ئىسسىق تەركىبىلا

ساقلىنىپ قالىدۇ، بۇنىڭ بىلەن شەيئى تېگىشلىك ھالەتتىن ئىسسىقراق بولىدۇ. كېيىن پەيدا بولغان كۆپ ھارارەت تارقىتىش ۋە توسالغۇلارنى ئېچىش رولى بىلەن قۇرۇقلۇق پەيدا قىلىسىمۇ، بۇ قۇرۇقلۇق ئەسلىي ھارارەت پەيدا قىلىدىغان قۇرۇقلۇقتا سېلىشتۇرغاندا يەنىلا ئاجىز بولۇپ ھېسابلىنىدۇ، چۈنكى ئۇ ئەسلىي ئەمەستۇر. شەيئىنىڭ تېگىشلىك ھالەتتىن سوغۇقراق ياكى ھۆلرەك ياكى قۇرۇقراق بولۇشىمۇ شۇنىڭغا قىياس قىلىنىدۇ، بۇ ئاشكارا ئىشتۇر. بىلگىنكى، كەيپىيات شەيئىگە ئورۇنلاشقان، تەركىبلىرى بىرلەشكەن، ئۇ ئارقىلىق باشقا ئىشنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدىغان، شۇنداقلا شۇ شەيئىدىكى باشقا قىسىملارغا سېلىشتۇرغاندا پارچىلانمايدىغان ھالەتتىن ئىبارەت.

دورىلارنىڭ دەرىجىلىرىنى بىلىش ئۇسۇلى شۇكى، دورا مىزاجى مۆتىدىل ياكى مۆتىدىللىككە يېقىن، ياش، سەزگۈر، ھوشيار ئادەمنىڭ بەدىنىگە كىرگەن، تەبىئىي ھارارىتى ئۇنىڭغا تەسىر قىلغان، يوشۇرۇن كەيپىياتى ئۇنى گەۋدىلەندۈرگەندىن كېيىن، دورىنىڭ كەيپىياتى بەدەننىڭ كەيپىياتىغا تەڭداش بولسا، تەكرار، كۆپ ئىشلىتىش بىلەن تەسىر ۋە ئىنساننىڭ ئەسلىي مىزاجىغا غالىب كېلىدىغان كەيپىيات پەيدا قىلمىسا، تۆت خىل كەيپىياتنىڭ بىرەرسى ئارقىلىق روھلار ۋە قۇۋۋەتلەرنى ئۆزگەرتمىسە، بەدەننىڭ خىزمەتلىرىدىن بىرەرسىگە نۇقسان يەتكۈزمىسە، ئۇ مۆتىدىل دورا دەپ ئاتىلىدۇ. ئەگەر ئۇنداق بولمىسا غەيرىي مۆتىدىل دورا دەپ ئاتىلىدۇ. غەيرىي مۆتىدىل بولغان دورا ئاز مىقداردا ئىشلىتىلسە، بەدەندە غالىب كەيپىيات پەيدا قىلمىسا، كۆپ، تەكرار ئىشلىتىلسە، ئاز مىقداردا ئۆزگىرىش پەيدا قىلسا، ئەمما بەدەننىڭ خىزمەتلىرىنىڭ بىرەرسىگە نۇقسان يەتكۈزمىسە، بىرىنچى دەرىجىدىكى دورا دەپ ئاتىلىدۇ. ئەگەر ئاز مىقداردا ئىشلىتىلسە، غالىب كەيپىيات پەيدا قىلسا، ئەمما كۆپ، داۋاملىق ئىشلىتىلسىمۇ بەدەنگە زىيان يەتكۈزمىسە، ئىككىنچى دەرىجىدىكى دورا دەپ ئاتىلىدۇ. ئەگەر كۆپ مىقداردا داۋاملىق ئىشلىتىلسە، بەدەنگە زەرەر يەتكۈزسە، بېتەرسىزلىك ۋە نۇقسان پەيدا قىلسا، ئەمما ھالاك قىلمىسا، ئۈچىنچى دەرىجىدىكى دورا دەپ ئاتىلىدۇ. ئەگەر كۆپ، داۋاملىق ئىشلىتىلسە، روھلار ۋە قۇۋۋەتلەرگە چوڭ زەرەر يەتكۈزسە، زەرەرى ھالاك قىلىش دەرىجىسىگە يەتسە، ھەتتا ھالاك قىلسا، تۆتىنچى دەرىجىدىكى دورا دەپ ئاتىلىدۇ. دورىلارنىڭ تۆت خىل دەرىجىسى ۋە ئۇلارنىڭ غالىب كەيپىياتى يەنە تۆۋەندىكىدەك ئۇسۇلدىمۇ بايان قىلىنىغان: يەنى بەدەن ئاشقازانغا ئوخشاش كاۋاك ئەزالار، تومۇرلارغا ئوخشاش كانال يوللار، تومۇرلارغا قاچىلانغان خىلىتلار، قىل قان تومۇرلارغا قاچىلانغان ئىككىنچى سۇيۇقلۇقلار، قىل قان تومۇرلارنىڭ شاخچىلىرى، ئەزالار، ھەرقايسى ئەزالارغا تارقالغان روھلاردىن تۈزۈلگەن بولغاچقا، ھەرقانداق نەرسە بەدەنگە ئازمۇ ئەمەس، كۆپمۇ ئەمەس، مۇۋاپىق مىقداردا كىرسە، بەدەن كەيپىياتىنىڭ ئۇنىڭغا تەسىر كۆرسىتىشى بىلەن ئۆزگەرگەندىن كېيىن، ئۇ، كاۋاك

ئەزالارنىڭ ھاۋاسىغا تارقىلىپ، تەسىرى يوقىلىدۇ ياكى مەلۇم مىقداردا ساقلىنىپ قالىدۇ، بىرىنچى خىل ھالەت بولسا مۆتىدىل دورا دەپ ئاتىلىدۇ، ئىككىنچى خىل ھالەت پەيدا بولغاندىن كېيىن، ئۇ، كانال ئەزالارنىڭ ئەتراپىدىكى روھقا تەسىر قىلىش بىلەن چەكلەنسە، ئۇنىڭدىن ھالقىپ ئۆتەلمىسە، بىرىنچى دەرىجىلىك دورا ئەگەر ئۇ روھ ۋە خىلىتلارغىمۇ تەسىر كۆرسەتسە ئىككىنچى دەرىجىلىك دورا ئەگەر ئۇ روھ، خىلىتلار ۋە ئىككىنچى سۇيۇقلۇققا تەسىر كۆرسەتسە، ئۈچىنچى دەرىجىلىك دورا ئەگەر ئۇ ھەر ئۈچىگە تەسىر كۆرسەتسە ھەمدە ئەزالارنىڭ ھەممىسىنى قاپلىسا، تۆتىنچى دەرىجىلىك دورا دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ، دورىلارنىڭ ئەڭ ئاخىرقى دەرىجىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

بىلگىنكى، دەرىجىلەرنىڭ ھەربىرى يەنە ئاۋۋالقى دەرىجە، ئوتتۇرا دەرىجە ۋە ئاخىرقى دەرىجىدىن ئىبارەت ئۈچ دەرىجىگە ئايرىلىدۇ. ھەر دەرىجىنىڭ ئاۋۋالقى دەرىجىسىنىڭ غالىب كەيپىياتى ئوتتۇرا دەرىجىسىنىڭ غالىب كەيپىياتىغا قارىغاندا ئاجىزراق، ئوتتۇرا دەرىجىسىنىڭ غالىب كەيپىياتى كۈچلۈكرەك، ئاخىرقى دەرىجىسىنىڭ غالىب كەيپىياتى تېخىمۇ كۈچلۈكرەك سېزىلىدۇ. دورىلارنىڭ تۆتىنچى دەرىجىسى زەھەر دېيىلىدۇ، شۇ خىل دەرىجىگە ئىگە دورا زەھەرلىك دورا دەپ ئاتىلىدۇ. ئەمما تۆرگە مەنسۇپ سۈرىتى ئېتىبارىچە ئېيتقاندا تەرياق بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. زەھەرلىك دورىنىڭ زەرەرى ۋە زەھىرى بىرىنچى دەرىجىدە بولسا ئىسلاھ قىلغىلى بولىدۇ، ئاخىرقى دەرىجىدە بولسا ئىسلاھ قىلغىلى بولمايدۇ. دورىلارنىڭ يۇقىرىدا ئېيتىلغان دەرىجىلىرى ۋە ئايرىلغان كەيپىياتلىرىنىڭ كۆپ قىسمى نەزەرىيەۋى بولۇپ، ئەمەلىي ئەمەستۇر.

**ئىزاھات:** ھۆكۈمالارنىڭ مۇئەييەنلەشتۈرۈشىچە، ھۆل ئىسسىق نەرسىنىڭ ئىسسىقلىقى بىرىنچى دەرىجىدىن ئاشمايدۇ، چۈنكى ئىسسىقلىقى شۇ دەرىجىدىن ئاشسا، ئۇ ئۇنىڭ ھۆللۈكىنى ئەلۋەتتە يوق قىلىدۇ. شۇ سەۋەبتىن ئىككىنچى ياكى ئۈچىنچى دەرىجىدىكى دورا پەقەت شۇ دەرىجىدە قۇرۇق بولىدۇ، ئۈچىنچى ياكى تۆتىنچى دەرىجىدە ئىسسىق بولغان نەرسە ئەلۋەتتە شۇ دەرىجىدە قۇرۇق بولىدۇ، خۇددى ئىلگىرى بايان قىلىنغىنىدەك. زەھەرلەرنىڭ تەسىرى ئۇنىڭ تۆرگە مەنسۇپ بولغان سۈرىتى بىلەن بولىدىغان بولۇپ، خاسىيەت دەپ ئاتىلىدۇ. ئەمما خۇددى ئىلگىرى ئېيتىلغىنىدەك، ئۇنىڭ تەسىرى پەقەت كەيپىياتى بىلەن بولمايدۇ. پادىزەھەرىدەك كۈچلۈك دورىلارنىڭ كۆپ قىسمى قۇرۇق ئىسسىق ياكى قۇرۇق سوغۇق بولىدۇ. زەھەرلىك ھايۋانلارنىڭ زەھىرىمۇ شۇنداق بولىدۇ، چۈنكى، ئىسسىقلىق بىلەن سوغۇقلۇقتىن ئىبارەت تەسىر قىلغۇچى ئىككى خىل كەيپىيات كۆپ، كۈچلۈك قۇرۇقلۇق ۋە ئاز، ئاجىز ھۆللۈك بىلەن بولىدۇ.

دورىلارنىڭ مىزاجى دەسلەپكى قەدەمدە ئىككىگە ئايرىلغان. بىرى، تۆت ماددىنىڭ ئارىلىشىشى، بەزىسىنىڭ بەزىسىدىن غالىب كېلىشى، يەنە بىرىنىڭ مەغلۇپ بولۇشىدىن

ھاسىل بولغان تەبىئىي، ئەسلىي، تۇنجى مىزاج؛ يەنە بىرى، يەككە ياكى مۇرەككەپ دورىلارنىڭ تەركىبلىرىدىن ھاسىل بولغان كېيىنكى سۇنئىي مىزاجدىن ئىبارەت. دورىلارنىڭ بۇ تەركىبى كەيپىيات بىلەن سۇرەتنىڭ ھەر ئىككىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. يەنى خۇددى يۇقىرىدا ئېيتىلغىنىدەك، تۇنجى كەيپىيات ئەسلىي بولغىنىدەك، كېيىنكى كەيپىيات سۇنئىي بولىدۇ. دورىلارنىڭ مىزاجى سۇرەت ئېتىبارى بىلەن يەنە ئىككى خىل بولىدۇ. بىرى تۇنجى ئەسلىي مىزاج، يەنە بىرى سۇنئىي تارماق مىزاجدىن ئىبارەت. ئۇلارنىڭ ھەربىرى يەنە ئىككى خىل بولىدۇ. بىرى، تۇزۇلۇشى مۇكەممەل، كۈچلۈك، مۇستەھكەم بولغان دورا؛ يەنە بىرى، تۇزۇلۇشى تولۇقسىز، يېتەرسىز، ئاجىز، بوش، مۇستەھكەم بولمىغان دورىدىن ئىبارەت. تۇزۇلۇشى مۇكەممەل بولغان دورا شۇكى، ئۇنىڭ ماددىغا مەنسۇپ بىر - بىرى بىلەن ئارىلاشقان يەككە قىسىملىرى ناھايىتى ئۇچۇچان، كىچىك، ساپ بولىدۇ، ئۇلار بىر - بىرىگە تولۇق تەسىر كۆرسىتىشكەن ۋە تەسىرنى تولۇق قوبۇل قىلىشقان بولۇپ، بەدەننىڭ تەبىئىي ھارارىتى، ھەتتا ئوتقا مەنسۇپ سىرتقى ھارارەتمۇ ئۇلارنىڭ ئۇچۇچان قىسىملىرىنى قويۇق قىسىملىرىدىن ئايرىيالمايدىغان دەرىجىدە بىردەكلىككە ئىگە كەيپىيات ۋە سۇرەتنى بارلىققا كەلتۈرىدۇ. ئەگەر ھارارەت ئۇلارنىڭ ئۇچۇچان قىسىملىرىنى قويۇق قىسىملىرىدىن ئايرىيالىغان بولسا، ئۇلارنىڭ ھەربىرىدىن ئايرىم تەسىر، كەيپىيات ۋە خاسىيەت بارلىققا كەلگەن، بەلكى ئۇنىڭدىن مۆتىدىل ياكى غەيرىي مۆتىدىل بولغان دورىلارنىڭ كەيپىياتى ۋە خاسىيىتىدىن ئومۇمىيراق بولغان كەيپىيات ۋە خاسىيەت بارلىققا كەلگەن بولاتتى، مەسىلەن: ئالتۇن ياكى ھارارەت ئۇچۇچان قىسمىنى قويۇق قىسمىدىن تەستە ئايرىيدىغان باشقا مېتاللارغا ئوخشاش. تۇزۇلۇشى تولۇقسىز، يېتەرسىز، ئاجىز، بوش، مۇستەھكەم بولمىغان دورىمۇ بىر قانچە دەرىجىگە ئايرىلىدۇ، ئۇلارنىڭ بەزىلىرىنىڭ تەركىبىي قىسىملىرى بىر - بىرىدىن ناھايىتى ئاسان ئايرىلىدۇ، مەسىلەن: گۈڭگۈرت، تۇزغا ئوخشاش. بەزىلىرى تەستە ئايرىلىدۇ. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، تۇزۇلۇشى يېتەرسىز دورىنىڭ بەزىسى بەك ئاجىز بولۇپ، يۇيۇشقىمۇ بەرداشلىق بېرەلمەيدۇ، مەسىلەن: كاسنىە ۋە كۆپ قاينىتىشقا بەرداشلىق بېرەلمەيدىغان كۆپ قىسىم كۆكتاتلارغا ئوخشاش، يەنە ئەپتىمۇن بىلەن ئەدەسكە ئوخشاش، چۈنكى يۇيۇش ۋە كۆپ قاينىتىش بىلەن ئۇلارنىڭ تۇسالغۇلارنى ئاچىدىغان، سىڭىشچان، ئۇچۇچان، يەڭگىل، سۇس ئىسسىق تەركىبلىرى ئايرىلىپ ۋە تارقاپ كېتىپ، تۇسالغۇ پەيدا قىلىدىغان، ئېغىر، قويۇق، سوغۇق قىسىملىرى قېپقالىدۇ. شۇ سەۋەبتىن شەرىئەت ئۆگەتكۈچى ھەزرىتى رەسۇلىللا ئەلەيھىسسالام ھەم تېۋىپلار تەركىبىي قىسىملىرىنىڭ بىر - بىرىدىن ئاجراپ، تەسىرى يوقىلىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن كاسنىغە ئوخشاش دورىلارنى يۇيۇشتىن چەكلىگەن. يەنە مەسىلەن: قاينىتىش ئارقىلىق توخۇ گۆشى، ئەدەس، تۇرۇپ ۋە كاللەكبەسەي قاتارلىقلارنىڭ سۇرگۈچى، توغرىغۇ

خۇسۇسىيەتلىك، جۇلا بەرگۇچى ئۇچۇچان تەركىبى زىمىنغا مەنسۇپ قورۇغۇچى تەركىبتىن ئايرىلىپ، زىمىنغا مەنسۇپ قورۇغۇچى ماددىسى قېپقالىدۇ، شۇنىڭ ئۇچۇن ئۇلارنىڭ شورپىسى ئىچىلسە تەرەتنى بوشىتىدۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ ئۆزى ئۇنىڭ ئەكسىچە بولۇپ، تەرەتنى توختىتىدۇ. شۇنىڭدەك كاللەكبەسەي، تۇرۇپ ۋە ئەدەسكە ئوخشاش بەزى دورىلار سىرتىدىن ئىشلىتىلسە، ئىچىدىن ئىشلىتىلگەننىڭ ئەكسىچە ماددىلارنى تارقىتىدۇ ۋە پىشۇرىدۇ. ئۇلارنىڭ ئەڭ كۈچلۈكى پىياز بىلەن سامساق بولۇپ، سىرتىدىن ئىشلىتىلسە ماددىنى پىشۇرىدۇ ۋە تېرىنى يارىلاندۇرىدۇ، بولۇپمۇ خام پىياز بىلەن پىشۇرۇلغان سامساق تېخىمۇ شۇنداقتۇر. پىياز بىلەن سامساقنى سىرتىدىن ئىشلەتسە، ئىچىدىن ئىشلەتكەننىڭ ئەكسىچە ماددىنى پىشۇرۇشى ۋە تېرىنى يارىلاندۇرۇشىنىڭ سەۋەبى شۇ بولۇشى مۇمكىنكى، ئۇ سىرتىدىن ئىشلىتىلسە، بىر يەردە مۇقىم تۇرىدىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭ ئىسسىقلىقى ۋە جۇلا بېرىدىغان ئىسسىق، توغرىغۇ خۇسۇسىيەتلىك ھۆللۈكى يەرلىك بەدەن تېرىسىگە كۈچلۈك تەسىر قىلىدۇ، بۇنىڭ بىلەن ماددىنى پىشۇرىدۇ ۋە يەرلىك ئورۇننى يارىلاندۇرىدۇ. ئەمما ئۇلار ئىچىدىن ئىشلىتىلسە، بەدەننى ئىدارە قىلغۇچى تەبىئەت ئۇنى داۋاملىق ھەرىكەتلەندۈرۈپ تەسىر قىلىپ، ئۆتكۈرلۈكىنى پەسەيتىپ، ئەسلىي ھالىتىنى ئۆزگەرتىپ تۇرىدىغانلىقى ئۈچۈن ئۇلاردا يۇقىرىقىدەك تەسىرلەر كۆرۈلمەيدۇ. بولۇپمۇ پىشۇرۇلغان بولسا ئۇلارنىڭ ئوتقا مەنسۇپ ھارارىتى ۋە جۇلا بەرگۇچى توغرىغۇ خۇسۇسىيەتلىك ھۆللۈكى تارقاپ ئاجىزلايدىغانلىقى ئۈچۈن ئۇنداق تەسىرلەر تېخىمۇ كۆرۈلمەيدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، ئاشقازان يۈزى كۆپ ھاللاردا بەلغەم ۋە ھۆللۈكلەر بىلەن ئورالغان بولغاچقا، ئۇلار مەزكۇر دورىلارنىڭ تەسىرىنى توسۇپ قالىدۇ، ئۇلارمۇ مەزكۇر ھۆللۈكلەر بىلەن ئارىلاشقان ۋە بەدەن ھارارىتى ئۇلارغا تەسىر قىلغاندىن كېيىن ئۆتكۈرلۈكى پەسىيىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنداق ئۆتكۈر تەسىر پەيدا قىلالمايدۇ. ئاشقازىنىدا كېرەكسىز ماددىلار ۋە ھۆللۈكلەر بولمىغان ئىسسىق مىزاج كىشىلەر ئۇلارنى، بولۇپمۇ خېمىنى يېسە ئەلۋەتتە ئىچكى ھەزىم يوللىرىنى زەخىملەيدۇ ۋە يارىلاندۇرىدۇ. شۇنىڭدەك ھۆل سوغۇق شەھەرلەردىكى بەلغەمگە مەنسۇپ ھۆل سوغۇق مىزاجلىق كىشىلەر ھەرقانداق ئىسسىق، ئۆتكۈر دورا ياكى غىزانى يېسە مىزاجلىرىغا ئەلۋەتتە ياقىدۇ، شۇنىڭدەك، ئۆتكۈر ئىسسىق شەھەرلەردىكى قان، سەپراغا مەنسۇپ ئۆتكۈر ئىسسىق مىزاجلىق كىشىلەر ھۆل سوغۇق ھەرقانداق دورا ياكى غىزانى يېسە مىزاجلىرىغا ئەلۋەتتە ياقىدۇ. ئەمما بۇلارنىڭ ئەكسىچە بولسا زەرەر قىلىدۇ. بەزى دورىلار ئىستېمال قىلىنسا، كۆپ سوۋۇتسا، زىمات قىلىنسا قىزىتىدۇ ۋە تارقىتىدۇ، مەسىلەن: يۇمغاقسۈت بىلەن ئارپا ئۇنىغا ئوخشاش، بولۇپمۇ ئۇلار بىرلىكتە ئىشلىتىلسە تېخىمۇ شۇنداق قىلىدۇ، چۈنكى ئۇلار زېمىنگە مەنسۇپ زىيادە سوۋۇتقۇچى تەركىب بىلەن تارقاتقۇچى تەركىبتىن تۈزۈلگەن بولۇپ، ئۇلار ئاشقازانغا كىرىپ، تەبىئىي ھارارەت ئۇنىڭغا تەسىر

قىلغاندىن كېيىن، تارقاتقۇچى ئۇچۇچان تەركىبى تارقاپ كېتىپ، سۇغا مەنسۇپ زىيادە سوۋۇتقۇچى تەركىبى قېپقالىدۇ، ئەمما ئۇلار سىرتىدىن ئىشلىتىلسە ئۇنداق بولمايدۇ. شۇنىڭ ئۇچۇن ئۇلار بويۇن بەز سىلىغا ئوخشاش سوغۇق ھەم ئىسسىق ئىششىقلارنى ياندۇرىدۇ. بەزى دورىلارنىڭ تەركىبى ئۇنچىلىك ئاجىز ۋە بوش بولمايدۇ، شۇ سەۋەبتىن ئۇلارنى يۇسا ياكى قايناتسىمۇ ئۇچۇچان تەركىبى قويۇق تەركىبىدىن ئاجرىمايدۇ ۋە تارقىمايدۇ، مەسىلەن: سېرىقچېچەككە ئوخشاش. بەزى دورىلار ئوخشىمىغان ئىككى خىل تەركىب ۋە قارشى كەيپىياتلىق بىر قانچە تەركىبكە ئىگە بولىدۇ. ئۇلارنىڭ بەزىسىنىڭ كەيپىياتى ئاشكارا بولىدۇ، مەسىلەن: تۇرۇنجىنىڭ ئۇرۇقى بىلەن سېرىق پوستى ئىسسىق، چۈچۈمەل سۈيى ۋە ئېتى سوغۇق بولىدۇ. بەزىسىنىڭ كەيپىياتى يوشۇرۇن بولىدۇ، مەسىلەن: ئىسپىغۇل ئۇرۇقىنىڭ ئۇستىدىكى نېپىز پوستى بىلەن ئۇرۇقى ئىسسىق، مېغىزى سوغۇق بولىدۇ، شۇنداق بولغاچقا، پۈتۈن ئىستېمال قىلىنسا، سوغۇق تەبىئەتلىك شىلىمشىق مېغىزى بىلەن سوغۇقلۇق يەتكۈزىدۇ، پوستى بىلەن ئۇرۇقىنىڭ تەسىرى كۆرۈلمەيدۇ. ئەمما سوقۇپ ئىستېمال قىلىنسا، ئىچكى ئەزالارنىڭ يۈزىگە چاپلىشىۋېلىپ يارىلاندۇرىدۇ. شۇنىڭ ئۇچۇن سوقۇپ بەدەن سىرتىدىن ئىششىقلار ۋە چىپقانلارغا زىمات قىلىنسا ئۇلارنى تارقىتىدۇ، پىشۇرىدۇ ۋە ئېغىز ئالدۇرىدۇ. سوقماي زىمات قىلىنسا، ئىششىقلار ۋە يارىلارنىڭ خاملىقىغا سەۋەب بولىدۇ. قالغىنىنى ئاللا ئەڭ ئوبدان بىلىدۇ.

ئەمما تەرياقى پارۇق، مەسرۇدىتۇس، ھەر خىل چوڭ مەجۇنلەر، جاۋارىشلار، ھەبلەرگە ئوخشاش مۇرەككەپ دورىلار ۋە تېكە يادا تېشى، جەدۋار، جىنتىيانا، زىراۋەندە، شاقاقۇل ۋە ئۇنىڭغا ئوخشاش تۇزۇلۇشى مۇكەممەل بولمىغان يەككە دورىلارنىڭ ئىككىنچى تۇرىدىكى دورىلار بەدەنگە كىرگەن ۋە تەبىئەت ئۇلارنى تەسەررۇپ قىلغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ ھەربىرىدىن ئايرىم تەسىر، كەيپىيات ۋە خاسىيەت پەيدا بولىدۇ. مۇرەككەپ قۇۋۋەتلەرگە ئىگە دورا ۋە خاسىيەتلىك دورىنىڭ بايانىدا ئۇنىڭغا ئازراق ئىشارە قىلىندى. ئۇلارنىڭ ھەر قايسىسى ئاللا خالىسا ئۆز ئورۇنلىرىدا ۋە پادزەھىرى، جەدۋار، چۆپچىن، مۇمىيا قاتارلىقلارنىڭ بايانىدا ئومۇمىي، مەخسۇس كىتابلاردا تەپسىلىي بايان قىلىنىدۇ. قالغىنىنى ئاللا ئەڭ ئوبدان بىلىدۇ.

## 4 - پەسىل دورىلار ۋە غىزالارنىڭ مىزاجلىرىنى تەجرىبە ۋە قىياس قىلىش ئارقىلىق بىلىش ئۇسۇللىرى توغرىسىدا

بىلگىنكى، دورىلار ۋە غىزالارنىڭ مىزاجلىرىنى بىلىش تەجرىبە ياكى قىياس بىلەن بولىدۇ. تەجرىبىدە ئىشەنچلىك بولۇشى ئۇچۇن بىر قانچە شەرتكە رىئايە قىلىش لازىم.

1. تەجرىبە قىلماقچى بولغان دورا سىرتقى ئېرىشمە كەيپىياتلاردىن خالىي بولۇشى كېرەك. مەسىلەن: سۇ ئىسسىق بولىدىكەن هارارەت پەيدا قىلىدۇ. ئۇنىڭ ئېرىشمە هارارىتى يوقىسا، سوغۇقلۇقتىن ئىبارەت ئەسلىي مىزاجىغا يېنىپ، بەدەندە سوغۇقلۇق پەيدا قىلىدۇ. هاۋا ۋە باشقا يەككە، مۇرەككەپ شەيئىلەرمۇ شۇنىڭغا ئوخشايدۇ.

2. دورىنى مىزاجى مۆتىدىل ، ياش، سەزگۈ ۋە سېزىمى ساغلام كىشىلەرگە تەجرىبە قىلىش كېرەك. بۇنىڭدا نەتىجىنىڭ توغرا چىقىشى ئۈچۈن، دورىنىڭ مىقدارىنى ئاز ـ كۆپ قىلىش، زىددىيەتلىك هەر خىل كېسەللىكلەرگە ئىشلىتىش، ئوخشىمىغان ۋاقىت ، زامان، پەسىل ۋە يىللاردا ئىشلىتىشكە ئوخشاش هەر خىل ئۇسۇللارنى قوللىنىش لازىم. دورا ياكى غىزانى ئىشلەتكەندە بەدەندە ئاشكارىلانغان ئىسسىقلىق، سوغۇقلۇق، هۆللۈك ۋە قۇرۇقلۇق كەيپىياتلىرىغا ئاساسەن دورا ياكى غىزانىڭ كەيپىياتىنى شۇنداق دەپ هۆكۈم قىلىش لازىم.

3. دورا ياكى غىزانىڭ قۇۋۋىتى كېسەللىك كۈچىگە تاقابىل تۇرالايدىغان بولۇشى، يەنى دورىنىڭ مىقدارى، كەيپىياتى ۋە كۈچلۈك ـ ئاجىزلىقى كېسەللىككە تەڭداش بولۇشى، ئۇنىڭدىن كەم ـ زىيادە بولماسلىقى لازىم. چۈنكى، بەزى دورىلار بەزىدە ئۆزىگە قارشى بولغان ئامىللارغا تاقابىل تۇرۇشتىن ئاجىز كەلگەنلىكتىن تەسىرىنى تولۇق كۆرسىتەلمەيدۇ. ئەڭ ياخشىسى تەجرىبە قىلغۇچى ئىشنىڭ قىيىن بولماسلىقى ئۈچۈن، دەسلەپتە دورىنى يەڭگىل كېسەللىككە ئاز مىقداردا سىناق قىلىشى، تەدرىجىي ئېغىر كېسەللىككە يالغۇز ياكى ياردەمچىسى بىلەن بىرلىكتە كۆپ مىقداردا سىناق قىلىشقا ئۆتۈپ، قۇۋۋىتىنى بىلىشى لازىم.

4. دورا ياكى غىزانىڭ تەسىرى كۆرۈلگەن ۋاقىتقا دىققەت قىلىش لازىم. مەسىلەن: مەلۇم دورىنى ئىشلەتكەندىن كېيىن، دەسلەپتە هېچقانداق تەسىر كۆرۈلمەي، ئاخىرىدا كۈچلۈك تەسىرى كۆرۈلسە، بۇ دورىنى كۈچلۈك دورا دەپ بىلىش لازىم. مۇرەككەپ قۇۋۋەتلەرگە ئىگە دورا شۇنداق بولىدۇ. مەسىلەن: چۆپچىن ۋە كۆپ قىسىم كۈچلۈك دورىلارغا ئوخشاش. ئەگەر مەلۇم دورىنى دەسلەپ ئىشلەتكەندە خاس تەسىر پەيدا قىلىپ، ئاخىرىدا ئۇنىڭغا ئوخشىمايدىغان باشقا تەسىر پەيدا قىلسا، ئۇنىڭ دەسلەپكى تەسىرىنى ئىككىلەمچى، كېيىنكى تەسىرىنى ئەسلىي دەپ بىلىش لازىم. مەسىلەن: ئەپيۇن ۋە باشقا مەست قىلغۇچى دورىلار مەست قىلىش ۋە تەر تۆشۈكچىلىرىنى ئېتىش ئارقىلىق دەسلەپتە ئىسسىقلىق پەيدا قىلىدۇ، ئاخىرىدا تەبىئىي هارارەتنى پەسەيتىش، ئەسلىي هۆللۈكلەرنى قاتۇرۇش ۋە قۇرۇتۇش ئارقىلىق بەدەننى سوۋۇتىدۇ، قۇۋۋەتلەر ۋە روهلارنى كاردىن چىقىرىدۇ. يەنە بەزى دورىلار ۋە يېمەكلىكلەرنىڭ دەسلەپتە پەيدا قىلغان تەسىرى ئەسلىي، كېيىن پەيدا قىلغان تەسىرى ئىككىلەمچى بولىدۇ. مەسىلەن: ئىسسىقلىق يۇقىرى بولغان بەزى كۆيدۈرگۈچى ئۆتكۈر دورىلار دەسلەپتە خىلتلارنى قىزىتىپ، بەدەندە ئىسسىقلىق پەيدا

قىلىدۇ، ئاخىرىدا خىلىتلارنى زىيادە كۆيدۈرۈپ كۆل قىلىش بىلەن بەدەندە ئىككىلەمچى سوغۇقلۇق پەيدا قىلىدۇ.

5. دورا تەسىرىنىڭ دائىمىي ياكى ئۇنداق ئەمەسلىكى، يەنى دورا تەسىرىنىڭ دائىم ياكى كۆپ ۋاقىتتا كۆرۈلىدىغانلىقىغا دىققەت قىلىش، دائىم كۆرۈلسە، ئەسلىي، كۆپ ۋاقىتلاردا كۆرۈلسە غەيرىي ئەسلىي (كېيىن پەيدا بولغان) دەپ بىلىش لازىم.

6. دورا جانلىقلارنىڭ قايسى تۈرگە تەجرىبە قىلىنغان بولسا، ئۇنىڭ مىزاجىغا باشقا تۈرگە ئاساسەن ئەمەس، بەلكى شۇ تۈرگە ئاساسەن ھۆكۈم قىلىش لازىم. مەسىلەن: مەلۇم دورا ئادەم بەدىنىدە ئىسسىقلىق پەيدا قىلسا، ئۇنى ئادەم بەدىنىگە نىسبەتەن ئىسسىق دەپ بىلىش، باشقا جانلىقنىڭ باشقا تۈرلىرىگە نىسبەتەن ئىسسىق دەپ بىلمەسلىك لازىم. چۈنكى، كۆپ ھاللاردا مەلۇم دورا ئادەم بەدىنىدە مەلۇم تەسىرنى پەيدا قىلسا، ھايۋانلارنىڭ بەدىنىدە باشقا تەسىر پەيدا قىلىدۇ. مەسىلەن: ئاتقا بىر دانە بادام ياكى خورما يېگۈزۈلسە، ئۇنىڭ بەدىنىدە كۆپ ئىسسىقلىق پەيدا قىلىدۇ ۋە كۆپ تەرلىتىدۇ. شۇنىڭدەك كۆپ قىسىم ھايۋاناتلار بەزى زىيادە ئىسسىق ياكى زىيادە سوغۇق بولغان ئوت - چۆپلەر ۋە زەھەرلىك دورىلارنى ئوزۇقلۇق قىلىدۇ، ئەمما ئۇلارغا زەرەر قىلمايدۇ، مەسىلەن: زۇرزۇر (قارىغوجا) دېگەن قۇش شەۋكىران ئۆسۈملۈكىنى، بۆدۈنە خەربەقنى، بىيش چاشقىنى بىيش ئۆسۈملۈكىنى، ئىچىدە پادىزەھرى ھاسىل بولىدىغان تاغ ئۆچكىسى ۋە توزغا ئوخشاش كۆپ قىسىم ھايۋاناتلار يىلاننى ئوزۇقلۇق قىلىدۇ، لېكىن ئۇلارغا زەرەر قىلمايدۇ، ئەمما ئۇلار ئادەم بەدىنىگە نىسبەتەن ھالاك قىلغۇچى زەھەر بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

بىلگىنكى، خۇددى ئۇستاز ھەكىم بۇقرات كۆرسەتكەندەك، دورىنى تەجرىبە قىلىش چوڭ خەتەرگە تەۋەككۈل قىلىشتۇر. چۈنكى، شەرتلەرگە رىئايە قىلىنمىسا ياكى سەل قارالسا ھالاكەتكە سەۋەب بولىدۇ، ئەگەر تەجرىبە قىلماقچى بولغان دورا ھالاك قىلغۇچى مۇتلەق زەھەرلەر قاتارىدىن بولسا، ئۇنى ئازراق ئىستېمال قىلىش بىلەن ھالاك قىلىدۇ. شۇ سەۋەبتىن، قەدىمكى تېۋىپلار مەلۇم دورىنى تەجرىبە قىلماقچى بولغاندا، ئاۋۋال ئۇنىڭ پۇرىقى ۋە تەمىگە دىققەت قىلىشنى، پۇرىقى ناھايىتى ناخۇش ياكى تەمى سېسىق بولسا، زەرەردىن خالىي ئەمەس دەپ بىلىپ، تولۇق ئېھتىيات بىلەن ئىشلىتىشنى، تەبىئەت ئۇنىڭدىن سەسكەنسە، ئەلۋەتتە تەجرىبە قىلماي تۇرۇپ ئىشلەتمەسلىكنى تەۋسىيە قىلغان. ئۇلار يەنە دورىنى تەجرىبە قىلماقچى بولغاندا، ئاۋۋال ئۇنى مايمۇن ۋە ئۇنىڭدىن باشقا مىزاجى ئادەمنىڭ مىزاجىغا يېقىن كېلىدىغان، زەھەرلىك ئۆسۈملۈكلەر ياكى زەھەرلىك ھايۋاناتلارنى ئوزۇقلۇق قىلمايدىغان ھايۋاناتلارغا يېگۈزۈپ، ئۈچ كۈنگىچە يېنىدا ساقلاپ كۆزىتىشنى، مۇۋاپىق يېمەك - ئىچمەك بىلەن بېقىشنى، تەكرار شۇنداق كۆزەتسە تېخىمۇ ياخشى بولىدىغانلىقىنى، ئۇنىڭدىن كېيىن ئادەمگە دەسلەپتە ئاز مىقداردا، ئۇنىڭدىن كېيىن

تەدرىجىي كۆپ مىقداردا بېرىشنى ياكى دەسلەپتە بەدىنى كۈچلۈك، تەبىئىتى قۇپال، بەلغەم مىزاج، يېشى چوڭ، ئەپيۇن، ئەپيۇنلۇق نەرسىلەر ياكى ئۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىلەرنى ئىستېمال قىلىشقا ئادەتلەنگەن ياكى ئۆلۈغ شەرئەت بويىچە ئۆلۈمگە هۆكۈم قىلىنغان كىشىگە يېگۈزۈشنى، ئۇنىڭدىن كېيىن باشقىلارغا ئىستېمال قىلدۇرۇشنى، شۇ ئارقىلىق دورىنىڭ كەيپىيات دەرىجىسى، خاسىيىتى ۋە ئىستېمال مىقدارىنى بىلىشنى تەۋسىيە قىلغان.

بىلىش لازىمكى، دورىلار ۋە غىزالارنىڭ مىزاجلىرى، خاسىيەتلىرى ۋە پايدىلىرىنى تەجرىبە ئارقىلىق بىلىش ئۇسۇللىرى يۇقىرىدا ئېيتىلغان ئۇسۇللار بىلەنلا چەكلەنمەيدۇ، بەلكى يەنە باشقا ئۇسۇللارمۇ باردۇر.

1. تاسادىپىلىق. مەسىلەن: مەلۇم بىمار بىرەر جايغا بارسا ياكى ئۇنىڭغا ئۆزىمۇ ھەم باشقىلارمۇ كەيپىياتىنى بىلمەيدىغان بىرەر دورا ياكى غىزا بېرىلسە، ئۇ ئۇنى يېگەندىن كېيىن تۇيۇقسىز شىپا تاپىدۇ، بۇنىڭ بىلەن بىمار ياكى دورا ياكى غىزانى بەرگۈچى ياكى ھۆكۈمالار ياكى تېۋىپلار بۇ ھەقتە ئىزدىنىپ ۋە سىناقلارنى ئېلىپ بېرىپ، ئۇنىڭ كەيپىياتى، خۇسۇسىيەتلىرى ۋە ئىستېمال مىقدارى قاتارلىقلارنى بىلىشىدۇ.

2. كۆڭۈل ۋە تەبىئەتنىڭ تارتىشى. يەنى مەلۇم بىمارنىڭ كەيپىياتىنى ئېنىق بىلمەيدىغان مەلۇم دورا ياكى غىزانى يېيىشنى كۆڭلى تارتىپ، ئۇنى يېگەندىن كېيىن كېسەلى شىپا تاپىدۇ. مەسىلەن: «قارابادىن كەبىر» نىڭ مازارىيون باياندا بايان قىلىنغان ساقىيىشتىن ئۈمىدىنى ئۈزگەن ئىستىسقا بىمارنىڭ قايىنىتىلغان چېكەتكە (چېكەتكە — بۇ يەردە دېيىلگىنى ئادەتتىكى چېكەتكىدىن چوڭراق بولغان، گۆشىنى يېگىلى بولىدىغان چېكەتكە بولۇشى مۇمكىن — ت) يېگۈسى كېلىپ، چېكەتكە پۇرۇشتىن چېكەتكە سېتىۋېلىپ يېگەندىن كېيىن كېسىلىنىڭ شىپا تېپىشى، ساقىيىشتىن ئۈمىدىنى ئۈزگەن جۇزام بىمارنىڭ ئەفئى يىلىنى قۇسقان سۇتنى بىلمەي ئىچىپ كېسىلىنىڭ شىپا تېپىشى، تېۋىپلارنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالدىن كېيىن خەۋەر تېپىشىغا ئوخشاش. بۇ مەشھۇر ھېكايە بولۇپ، تەرياقى پارۇق ھەر ئىككى خىل نۇسخىسىدا بايان قىلىنغان. يەنە «قارابادىن كەبىر» دىمۇ ئۇنى كۈچلەندۈرىدىغان ھېكايىمۇ بايان قىلىنىدى.

3. قەستلەش. بەزىدە مەلۇم ئادەم يەنە بىر ئادەمنى قەستلەپ ئۆلتۈرۈش مەقسىتىدە مەلۇم زەھەرلىك دورىنى مەجبۇرىي يېگۈزسە، ناۋادا ئۇنىڭدا سوزۇلما كېسەللىك بولسا، زەھەرلىك دورىنى يېگەندىن كېيىن، ھالاك بولۇش ئۇياقتا تۇرسۇن، كېسىلى شۇ دورا سەۋەبىدىن ساقىيىپ قالىدۇ، مەسىلەن: زىققە نەپەس، كونا يۆتەل، جۇزام ۋە ئۇنىڭدىن باشقا كېسەللىكلەرگە ئوخشاش ھۆل سوغۇقتىن ۋە كۆيگەن سەۋدادىن بولغان كېسەللىكلەر بىلەن ئاغرىغۇچىلارغا ئوخشاش.

4. قەھەتچىلىك. كىشىلەر قەھەتچىلىك ۋە قىممەتچىلىك يىللاردا ياكى كۆچمەنلىك ھاياتىدا ئىلگىرى كۆرۈپ باقمىغان ۋە يەپ باقمىغان ئۆسۈملۈكلەرنىڭ يوپۇرماقلىرى، گۈللىرى، مېۋىلىرى ياكى يىلتىزلىرىنى يېگەندىن كېيىن، بەدىنىدىكى مەلۇم كېسەللىككە شىپا بولۇپ، بەدىنى قۇۋۋەتلىنىپ سەمرىيدۇ. مەسىلەن: چۆپچىن، خىتاي چېيى قاتارلىقلارنىڭ شىپالىق خۇسۇسىيەتلىرىنىڭ بايقىلىشى شۇنداق بولغان. يەنە مۇمىيا بىلەن پادىزەھرىمۇ شۇنداق بايقالغان بولۇپ، بۇ ھەقتە «قارابادىن كەبىر» نىڭ مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلىرىدا سۆزلەندى. دېمەك، بەزى دورىلارنىڭ ماھىيىتى، كەيپىياتى، ئىستېمال مىقدارى ئەنە شۇنداق ھالەتتە بايقىلىدۇ.

5. پەيغەمبەرلەرنىڭ ئۆگىتىشى. دورىلارنىڭ كەيپىياتلىرى ۋە تەسىرلىرىنى بىلىش ئۇسۇللىرىنىڭ يەنە بىرى، پەيغەمبەرلەرنىڭ ئىلھام بېرىشى ۋە ئۆگىتىشى بولۇپ، جانابى ئاللاتائالا ئۇلارنىڭ دىللىرىغا ئىلھام بېرىدۇ ۋە خەۋەردار قىلىدۇ.

6. دىلىغا ئايان بولۇش. بەزى دورىلارنىڭ تەسىرى كىشى مەلۇم كېسەللىكنى داۋالاشقا ئاجىز كەلگەن ۋە قانداق تەدبىر قوللىنىش ھەققىدە تېڭىرقاپ قالغاندا، ئىلھام ئارقىلىق دىلىغا ئايان بولىدۇ. مەسىلەن: مەلۇم ئادەم مەلۇم كېسەللىكنى داۋالاشقا ئاجىز كەلسە ھەمدە قانداق تەدبىر قوللىنىش، قايسى دورا ياكى قايسى غىزانى يېيىش ياكى يېگۈزۈش ھەققىدە تېڭىرقاپ قالسا، كۆڭلىگە پالانى تەدبىرنى قوللىنىش، پۇستانى دورا ياكى غىزانى يالغۇز ياكى مۇرەككەپ ھالەتتە ئىشلىتىش ئايان بولىدۇ، ئايان بولغىنى بويىچە قىلسا، كۆزلىگەن مەقسىتىگە يېتىدۇ ياكى شۇ ۋاقىتتا ئۇخلىسا قانداق تەدبىر قوللىنىش لازىملىقى چۈشىگە ئايان بولىدۇ. ئويغانغاندىن كېيىن ئايان بولغان دورىنى ئىزدەپ تېپىپ ئىشلەتسە، كېسەللىككە پايدا قىلىپ ساقىيىدۇ.

7. ھايۋانلاردىن ئۆگىنىش. بەزى دورىلارنىڭ كەيپىياتلىرى ۋە خۇسۇسىيەتلىرى ئىنسانىيەتنى ياراتقان ئاللانىڭ بەزى ھايۋاناتلارغا ئىلھام بېرىشى بىلەن ئۇلارنىڭ قىلغانلىرىدىن ئۆگىنىش ئارقىلىق بىلىنىدۇ. مەسىلەن: جالىنۇس كىلىزما قىلىشنى قۇشتىن ئۆگەنگەن، بۇ ئەھۋال قارابادىنىنىڭ «ھ» (ھۇۋائ) ھەرپىدىكى «ھۆقنە» ماۋزۇسىدا بايان قىلىندى. ھەممىگە ئايانكى، قىش كۈنلىرى ئالەم سوغۇق بولغانلىقتىن يىلان يەر ئاستىغا يوشۇرۇنۇپ ياتىدۇ، شۇ سەۋەبتىن ئۇنىڭ كۆز نۇرى ئاجىزلاپ كۆرەلمەيدىغان بولۇپ قالىدۇ. قىش كۈنلىرى ئاخىرلىشىپ سوغۇقنىڭ قەھرى پەسەيگەندىن كېيىن، ئۇ ئۇۋۇسىدىن چىقىپ ئارپىبادىيان ئۆسۈملۈكىنى يەيدۇ ۋە كۆزىگە سۈرىدۇ، بۇنىڭ بىلەن كۆزىنىڭ كۆرۈش قۇۋۋىتى ئەسلىگە كېلىپ كۆرەلەيدىغان بولىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، لاچىن ئىچىدە بىرەر ئاغرىقنى سەزسە، يۇنانچە «دىقۇس» دېيىلىدىغان قۇشنى ئۇۋلاپ ئۆلتۈرۈپ جىگىرىنى يەيدىكەن. يەنە ھېكايە قىلىنىشىچە، بىر مايمۇننى يىلان چېقىۋېلىپ ھاياتى خەۋپ ئىچىدە

قالغان، بۇ چاغدا باشقا مايمۇنلار يىغىلىشىپ ئىنەكپىتى ئۆسۈملۈكنىڭ يوپۇرمىقىنى تېپىپ ئېلىپ چايناپ، ھېلىقى مايمۇننىڭ ئېغىزىغا سالغان، ئۇ سۈيىنى ئىچىپ پىسىپىنى تۈكۈرۈۋەتكەندىن كېيىن ساقايغان. كىشىلەر بۇنىڭدىن بۇ ئۆسۈملۈك يوپۇرمىقىنىڭ ھەر خىل زەھەرلىنىشلەرگە پايدىلىق ئىكەنلىكىنى بىلگەن. دېمەك، كۆپ نەرسىلەر ھايۋانلاردىن تەقلىدىي قىلىنغان بولۇپ، ھۆكۈمالار ۋە تېۋىپلار ئۇلاردىن ئۆگىنىپ ئىنسانغا ئىشلەتكەن. تەكرار ئىشلىتىش ئارقىلىق شۇ دورىنىڭ كەيپىياتلىرى، خاسىيەتلىرى ۋە كۆپلىگەن پايدىلىرىنى بايقاپ، كىتابلارغا خاتىرىلەپ قالدۇرغان. قالغىنىنى ئاللا ئەڭ ئوبدان بىلىدۇ.

دورىلار ۋە غىزالارنىڭ مىزاجلىرىنى قىياس قىلىش بىلەن بىلىش ئۇسۇلىغا كەلسەك، بىلىش لازىمكى، قىياس قىلىش بىرەر ئىش ۋە ئۇنىڭ سەۋەبىنى يەنە بىر ئىش ئارقىلىق بىلىشنى، يەنى بىرىنى يەنە بىرىگە سېلىشتۇرۇپ مۇنداق ياكى ئۇنداق ئىكەن دەپ ھۆكۈم قىلىشنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ بىر قانچە ئىش ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشىدۇ. بىرى، شەيئىنىڭ ئېرىشى ياكى ئۇيۇشىنىڭ تېز ـ ئاستىلىقىغا قاراش؛ يەنە بىرى، تەمى، پۇرىقى ۋە رەڭگىنىڭ قانداقلىقىغا قاراشتىن ئىبارەت. شەيئىنىڭ ئېرىشىنىڭ تېز ـ ئاستىلىقىغا قاراپ مىزاجىنى قىياس قىلىش شۇنداق بولىدۇكى، مەسىلەن: مەلۇم نەرسە ئوتقا تاشلانسا تېز ئېرىپ ئوتقا ئايلىنىپ كەتسە، ئۇنىڭ كەيپىياتى ئوتتا ئۇزۇندا ئېرىپ، ئۇزۇندا ئوتقا ئايلىنىدىغان نەرسىگە نىسبەتەن ئىسسىق بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئەمما شەرت شۇكى، ھەر ئىككى نەرسە تۈزۈلۈشىنىڭ زىچ ـ شالاڭلىقى، قاتتىق ـ يۇمشاقلىقى، قويۇق ـ سۇيۇقلۇقى قاتارلىق جەھەتلەردە ئوخشاش بولۇشى لازىم، ئۇلار بۇ جەھەتلەردە ئوخشاش بولمىسا، مىزاجىغا ھۆكۈم قىلغىلى بولمايدۇ، چۈنكى، تۈزۈلۈشى شالاڭ، يۇمشاق ياكى سۇيۇق بولغان نەرسە بۇلارنىڭ ئەكسىچە بولغان نەرسىگە قارىغاندا تېزرەك ئېرىيدۇ. شەيئىنىڭ ئۇيۇشىنىڭ تېز ـ ئاستا بولۇشىمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش بولىدۇ، يەنى بۇنداق نەرسىمۇ مەزكۇر جەھەتلەردە بىر ـ بىرى بىلەن ئوخشاش بولۇشى لازىم. شۇنداق بولغاندىن كېيىن، ئىككى نەرسىنىڭ قايسىسى سوغۇقلۇقنىڭ تەسىرىنى تېزرەك قوبۇل قىلسا، مىزاجىمۇ سوغۇقراق، سوغۇقلۇقنىڭ تەسىرىنى ئاستىراق قوبۇل قىلسا، مىزاجىنىڭ سوغۇقلۇقىمۇ تۆۋەنرەك بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى، تارقىلىش، ئېرىش ۋە كۆيۈشنىڭ سەۋەبى ئىسسىقلىق؛ ئۇيۇش، قېتىش، قورۇلۇش، يىغىلىش، زىچلىنىشنىڭ سەۋەبى سوغۇقلۇقتۇر. بۇ ئىككى تەسىرنىڭ قايسىسى كۈچلۈكرەك بولسا ۋە ئۇزۇن داۋاملاشسا، بۇ شۇ شەيئىنىڭ قۇرۇق ئىكەنلىكىنى، بولمىسا ھۆل ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ، چۈنكى، تەسىر كۆرسەتكۈچى ئىككى كەيپىياتنىڭ تەسىرى قۇرۇقلۇق بىلەن كۈچلۈكرەك، ھۆللۈك بىلەن ئاجىزراق بولىدۇ. يەنى ئىسسىقلىقى بىلەن سوغۇقلۇقى كۈچلۈك بولغان ياكى زىيادە قاتتىق، زىچ بولغان ھەرقانداق نەرسىنىڭ مىزاجى قۇرۇق بولۇپ ھېسابلىنىدۇ، مەسىلەن: تاشلارغا ئوخشاش. بۇلارنىڭ ئەكسىچە بولغان

ھەرقانداق نەرسىنىڭ مىزاجى ھۆل بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئىشلارنىڭ ھەقىقەتلىرىنى ئاللا ئەڭ ئوبدان بىلىدۇ.

تەم دېگەن سۆزنىڭ كۆپلۈك شەكلى تەملەر بولۇپ، دورا مىزاجى ۋە خۇسۇسىيىتىنى بىلىشتىكى دەلىللەرنىڭ ئەڭ كۈچلۈكى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. نەزەرىيە جەھەتتىن ئېيتقاندا، تەملەر جەمئىي توققۇز خىل بولۇپ، ئۇلار: ئۆتكۈر، ئاچچىق، تۇزلۇق، چۈچۈمەل، قېرىق، قىرتاق، ماي تەملىك، تاتلىق، تەمسىز قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. بەزىلەر تەمسىز تەمنى تەم قاتارىدىن ھېسابلىمايدۇ، شۇنداق بولغاندا ئەسلىي تەملەر جەمئىي سەككىز خىل بولغان بولىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا تەملەر مەيلى ئاشكارا ياكى يوشۇرۇن بولسۇن، ھەممىسى مەزكۇر ئەسلىي تەملەرنىڭ ئۆزئارا بىرىكىشىدىن ھاسىل بولغان بولۇپ، ھەددى - ھېسابى يوقتۇر. تەملەرنىڭ ئوخشىماسلىقى قۇۋۋەتلەرنىڭ ماددىلىرى، مىزاجلار ۋە ئۇلارغا تەسىر قىلغۇچى ئامىللارنىڭ ئوخشىماسلىقىغا قاراپ ھەر خىل بولىدۇ. چۈنكى، ئېيتىشلارغا قارىغاندا، تەم پەيدا قىلغۇچى شەيئىگە ئىگە تەركىب سۇيۇق، زېمىنغا مەنسۇپ قويۇق ياكى ئوتتۇرا ھال بولىدىكەن. مىزاجى ئىسسىق، سوغۇق ياكى ئوتتۇرا ھال مۆتىدىل بولىدىكەن، سۇيۇق تەركىب ئىسسىق بولسا تەمى ئۆتكۈر، سوغۇق بولسا چۈچۈمەل، ئىسسىق - سوغۇقلۇقى ئوتتۇرا ھال بولسا ماي تەملىك بولىدىكەن، زېمىنغا مەنسۇپ تەركىب ئىسسىق بولسا ئاچچىق، سوغۇق بولسا قېرىق، ئىسسىق - سوغۇقنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئوتتۇرا ھال بولسا تاتلىق بولىدىكەن؛ قويۇق - سۇيۇقلۇقى ئوتتۇرا ھال بولغان تەركىب ئىسسىق بولسا تۇزلۇق، سوغۇق بولسا قىرتاق، مۆتىدىل بولسا تەمسىز بولىدىكەن. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، تەسىرنى قوبۇل قىلغۇچى ۋە ئورۇن ھېسابلىنىدىغان ماددىلار سۇيۇق، قويۇق ياكى ئوتتۇرا ھال، تەسىر كۆرسەتكۈچىلەر ئىسسىقلىق، سوغۇقلۇق ياكى ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىدىكى ئوتتۇرا ھال كەيپىيات بولىدۇ. بۇ ئۈچىنى ئۈچكە كۆپەيتسە جەمئىي توققۇز خىل بولىدۇ، مەسىلەن: كۈچلۈك ئىسسىقلىق سۇيۇق ماددىغا تەسىر قىلسا ئۆتكۈرلۈك پەيدا قىلىپ، ئۆتكۈر تەمگە ئىگە قىلىدۇ. قويۇق ماددىغا تەسىر قىلسا ئاچچىقلىق پەيدا قىلىپ، ئاچچىق تەمگە ئىگە قىلىدۇ. قويۇق - سۇيۇقلۇقى نورمال بولغان ماددىغا تەسىر قىلسا تۇزلۇقلۇق پەيدا قىلىپ، تۇزلۇق تەمگە ئىگە قىلىدۇ. كۈچلۈك سوغۇقلۇق سۇيۇق ماددىغا تەسىر قىلسا چۈچۈمەللىك پەيدا قىلىپ، چۈچۈمەل تەمگە ئىگە قىلىدۇ. قويۇق ماددىغا تەسىر قىلسا قېرىقلىق پەيدا قىلىپ، قېرىق تەمگە ئىگە قىلىدۇ. ئوتتۇرا ھال ماددىغا تەسىر قىلسا قىرتاقلىق پەيدا قىلىپ، قىرتاق تەمگە ئىگە قىلىدۇ. مۆتىدىل ئىسسىقلىق سۇيۇق ماددىغا تەسىر قىلسا مايلىق تەم پەيدا قىلىپ، مايلىق تەمگە ئىگە قىلىدۇ. قويۇق ماددىغا تەسىر قىلسا تاتلىقلىق پەيدا قىلىپ، تاتلىق تەمگە ئىگە قىلىدۇ. قويۇق - سۇيۇقلۇقى ئوتتۇرا ھال ماددىغا تەسىر قىلسا تەمسىزلىك پەيدا قىلىپ، تەمسىز تەمگە ئىگە قىلىدۇ.

دىمەك، ئۆتكۈرلۈك، ئۇنىڭدىن قالسا ئاچچىقلىق، ئۇنىڭدىن قالسا تۇزلۇقلۇق ئىسسىق تەبىئەتلىك يەككە شەيئىلەرنىڭ تەمىدۇر. چۈچۈمەللىك، ئۇنىڭدىن قالسا قىرىقلىق، ئۇنىڭدىن قالسا قىرتاقلىق سوغۇق تەبىئەتلىك يەككە شەيئىلەرنىڭ تەمىدۇر. ماي تەم، ئۇنىڭدىن قالسا تاتلىقلىق، ئۇنىڭدىن قالسا تەمسىزلىك مۆتىدىل شەيئىلەرنىڭ تەمىدۇر. تەملەر تەسىر كۆرسەتكۈچىلەر ۋە ماددىلار ئېتىبارىچە تۆۋەندىكىدەك يىغىنچاقلاندى:

| تەسىر كۆرسەتكۈچىلەر ماددىلار | ئىسسىقلىق | سوغۇقلۇق | ئوتتۇرا هال كەيپىيات |
|---|---|---|---|
| سۇيۇق ماددا | ئۆتكۈر تەملىك نەرسە قۇرۇق ئىسسىق | چۈچۈمەل نەرسە هۆل سوغۇق | ماي تەملىك نەرسە مۆتىدىل |
| قويۇق ماددا | ئاچچىق نەرسە قۇرۇق ئىسسىق | قىرىق نەرسە قۇرۇق سوغۇق | تاتلىق نەرسە ئىسسىقلىققا مايىل مۆتىدىل |
| مۆتىدىل ماددا | تۇزلۇق نەرسە قۇرۇق ئىسسىق | قىرتاق نەرسە قۇرۇق سوغۇق | تەمسىز نەرسە هۆل سوغۇق |

بۇ تەملەرنىڭ هەرقايسى دەرىجىلىرى مېۋىلەرنىڭ كۆپ قىسىملىرىدا، بولۇپمۇ ئۇلارنىڭ تاتلىقلىرىدا كۆرۈنەرلىك بولىدۇ. مەسىلەن: ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئۈزۈم بىلەن ئەنبەرگە ئوخشاش ماددىسىدا هۆللۈك بىلەن سۇيۇقلۇق غالىب ئورۇندا تۇرىدىغان مېۋىلەر دەسلەپتە تەمسىز بولىدۇ، ئارقىدىن ماددىسىنىڭ قويۇلۇشى، هارارەتنىڭ ياخشى تەسىر قىلماسلىقى سەۋەبىدىن تەمى قىرتاقلىققا ئۆزگىرىدۇ، ئارقىدىن ماددىسى ئازراق سۇيۇلۇپ، هارارەت بەكرەك تەسىر قىلغاندىن كېيىن، تەمى چۈچۈمەلگە مايىل قىرىقلىققا ئۆزگىرىدۇ. تەدرىجىي هالدا چۈچۈمەللىكى ئېشىپ قىرىقلىقى ئازلايدۇ، نورماللىققا يېقىنلاشقاندا، تەمى تاتلىقلىققا مايىللىشىدۇ هەمدە تاتلىقلىقى بارغانسېرى ئاشىدۇ، چۈچۈمەللىكى بارغانسېرى ئازىيىدۇ، تولۇق تاتلىق بولغانغا قەدەر شۇ هالەتتە داۋاملىشىدۇ. مېۋىلەرنىڭ ماددىسىدا هۆللۈك بەك كۆپ بولسا، تولۇق پىشقاندىن كېيىن، پىشۇرغۇچى ئەسلىي هارارەت كېمەيسە، يات هارارەت تەسىر قىلىپ يەنە چۈچۈمەللىشىدۇ. ماددىسى بەك سۇيۇق بولمىسا، يات هارارىتى كۈچلۈك بولسا، بۇلار مېۋە تەمىنى ئۆتكۈر ياكى ئاچچىق قىلىپ ئۆزگەرتىدۇ. ئەنبەردە تەملەرنىڭ مەزكۇر دەرىجىلىرى هەم سېرىقچېچەك، نانخا، ئارپىبەدىيان، كافۇر ۋە باشقىلارنىڭ تەملىرى بايقىلىدۇ. باشقا مېۋىلەرنىڭ تەملىرىمۇ ماددىلىرى ۋە تەسىر كۆرسەتكۈچىلىرىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا، قاراپ يۇقىرىدىكىگە قىياس قىلىنىدىغان بولۇپ، يۇقىرىدا ئېيتىلغىنىدەك، ئۇلاردىكى ئازراق ئۆزگىرىش هەر خىل تەملەرنى پەيدا قىلىدۇ.

بىلگىنكى، بەزى تەملەرنىڭ بىر - بىرى بىلەن ئورتاقلىقى بولىدۇ، ئەمما ماددىسىنىڭ

كۈچلۈك ـ ئاجىزلىقى ۋە ئوخشىماسلىقى، شۇنداقلا ماددىسىنىڭ تەسىرىنىڭ ھەر خىل بولۇشى بىلەن بىر ـ بىرىدىن پەرقلىنىدۇ. مەسىلەن: ئۆتكۈر تەم بىلەن ئاچچىق تەم بىر ـ بىرى بىلەن ئورتاق بولىدۇ، ئەمما ئۆتكۈر تەمنىڭ ماددىسى ئۇچۇچان بولغانلىقتىن تەسىر كۆرسەتكۈچىسىنىڭ تەسىرى ئاشكارىراق بولىدۇ، ئاچچىق تەمدە يوشۇرۇنراق بولىدۇ. يەنە ئاچچىق تەم بىلەن تۇزلۇق تەم بىر ـ بىرى بىلەن ئورتاق بولىدۇ، ئەمما ئاچچىق تەمدە تەسىر كۆرسەتكۈچىنىڭ تەسىرى تۇزلۇق تەمدىكىگە قارىغاندا ئارتۇقراق بولىدۇ. شۇ سەۋەبتىن تۇزغا ئىسسىقلىق تېگىشلىك ھالەتتىن كۆپرەك تەسىر قىلسا، ئۇنى قويۇلدۇرۇپ ھۆللۈكىنى يوقىتىپ، ماددىسىنى زىچلاشتۇرۇپ، تەمىنى ئاش تۇزىنىڭ ئەكسىچە ئاچچىققا ئۆزگەرتىدۇ، مەسىلەن: ئاچچىق تۇزغا ئوخشاش. شۇنىڭدەك قىرتاق تەم بىلەن قېرىق تەم، قېرىق تەم بىلەن چۇچۇمەل تەم، چۇچۇمەل تەم بىلەن تەمسىز تەم بىر ـ بىرى بىلەن ئورتاق بولۇپ، ھەربىرىنىڭ تەسىرى يوقىرىدىكى نىسبەتتە بىر قانچە دەرىجىگە ئايرىلىدۇ. قالغىنىنى ئاللا ئەڭ ئوبدان بىلىدۇ.

**ئۆتكۈر تەملىك نەرسە:** بۇ خىل تەمگە ئىگە نەرسىنى تېتىغاندا تىلنى چاقىدۇ، ھەرقايسى قىسىملىرى تىلغا سىڭىدۇ، ئۇ تۇزۇلۇشىنىڭ زىيادە ئىسسىقلىقى ۋە ئۇچۇچانلىقى بىلەن جۇلا بېرىش، تېرە يۇزىنى تاتىلاش، تېرىگە سىڭىش، توسالغۇلارنى ئېچىش، سۇيۇلدۇرۇش، ئۇچۇچانلاشتۇرۇش، پارچىلاش، تارقىتىش، تازىلاش، چىرىتىش، قىزىتىش ۋە كۆيدۇرۇش قاتارلىق تەسىرلەرگە ئىگە. مەسىلەن: پىلپىل، قىچا ۋە تەركىبىدە ئوخشىمىغان دەرىجىدە ئۆتكۈرلۈك مەۋجۇت بولغان نەرسىلەرگە ئوخشاش.

**ئاچچىق تەملىك نەرسە:** بۇ خىل تەمگە ئىگە نەرسىنى تېتىغاندا تىل يۇزىگە سىڭىپ تېگىگە تارقايدۇ، تىل يۇزىنى يىرىكلەشتۇرىدۇ، «تەبىئەت» ئۇنى ئۆچ كۆرىدىغان بولۇپ، ئۇنىڭدىن قاچىدۇ، «تەبىئەت»نى سەسكەندۇرىدۇ. بۇ خىل تەمگە ئىگە نەرسىلەر جۇلا بېرىش، ئۇچۇچانلاشتۇرۇش، سۇيۇلدۇرۇش، پارچىلاش، يىرىكلەشتۇرۇش، قۇرۇتۇش، قىزىتىش، چىرىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش قاتارلىق خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە، ئەمما بۇ خىل نەرسىلەرنىڭ مەزكۇر تەسىرلىرى تۇزۇلۇشىدىكى ئىسسىقلىقى ۋە زېمىنغا مەنسۇپ تەركىبى سەۋەبىدىن ئۆتكۈر تەملىك نەرسىلەرنىڭ شۇ تەسىرىدىن ئاجىزراق بولىدۇ، پەقەت زېمىنغا مەنسۇپ تەركىبى بولغانلىقتىن قۇرۇتۇش ۋە چىرىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش جەھەتتە ئۇنىڭدىن كۈچلۈكرەك بولىدۇ. مەسىلەن: مۇرمەككى، سەبرە ۋە ئاچچىقلىقى ھەر خىل دەرىجىدە بولغان باشقا نەرسىلەرگە ئوخشاش.

**تۇزلۇق تەملىك نەرسە:** بۇ خىل تەمگە ئىگە نەرسىلەرنى تېتىغاندا تىل يۇزىگە چاقماي سىڭىدۇ، تىل يۇزىگە جۇلا بېرىدۇ. ئۇلارنىڭ توسالغۇلارنى ئېچىش، ئۇچۇچانلاشتۇرۇش، تارقىتىش، جۇلا بېرىش، پارچىلاش، يۇيۇش، چىرىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش، تۇزۇلۇشىنىڭ

مۆتىدىللىكى بىلەن مۆتىدىل قىزىتىش قاتارلىق خۇسۇسىيەتلىرى بار. ئۇلارنىڭ باشقا تەسىرلىرى ئاچچىق تەملىك نەرسىلەرنىڭ تەسىرلىرىگە يېقىن، ئۇنىڭدىن ئاجىزراق بولىدۇ. مەسىلەن: ھەر خىل تۇزلار ۋە باشقا ئوخشىمىغان دەرىجىدىكى تۇزلۇق نەرسىلەرگە ئوخشاش.

**چۇچۇمەل تەملىك نەرسە:** بۇ خىل تەمگە ئىگە نەرسىلەرنى تېتىغاندا تىل يۈزىنى سەل چاقىدۇ ۋە ئۇنىڭغا سىڭىدۇ، ئېغىزغا سۇ يىغىلىدۇ، ھەتتا تەسەۋۋۇر قىلسىمۇ ئېغىزغا سۇ يىغىلىدۇ. بۇ خىل تەمگە ئىگە نەرسىلەر ئۇچۇچانلاشتۇرۇش، پارچىلاش، سىڭدۇرۇش، بوشىتىش، يوللارنى راۋانلاشتۇرۇش، توسالغۇلارنى ئېچىش، جۇلا بېرىش، سوغۇقلۇقى، سۇلۇقلۇقى ۋە تەركىبىنىڭ ئۇچۇچانلىقى بىلەن ھۆللۈك ۋە سوغۇقلۇق پەيدا قىلىش قاتارلىق تەسىرلەرگە ئىگە. مەسىلەن: سىركە، چۇچۇمەل مېۋە تەملىرى، قېتىق سۈيى ۋە تەمى ئوخشىمىغان دەرىجىدە چۇچۇمەل بولغان باشقا نەرسىلەرگە ئوخشاش.

**قېرىق تەملىك نەرسە:** بۇ خىل نەرسىلەرنى تېتىغاندا تىل يۈزىنى قورۇيدۇ، تارتىشتۇرىدۇ، تىل يۈزىنى يىرىك، زىچ ۋە قاتتىق قىلىدۇ. بۇ خىل نەرسىلەر زېمىنغا مەنسۇپ سوغۇقلۇقى ۋە تۇزۇلۇشىنىڭ قويۇقلۇقى بىلەن قويۇلدۇرىدۇ، قاتۇرۇش، سىقىش، توسۇش، يىرىكلەشتۈرۈش قاتارلىق تەسىرلەرگە ئىگە. مەسىلەن: موزا، جۇپتى بەللۇت ۋە تەمى ئوخشىمىغان دەرىجىدە قېرىق بولغان باشقا نەرسىلەرگە ئوخشاش.

**قىرتاق تەملىك نەرسە:** بۇ خىل تەمگە ئىگە نەرسىلەرنى تېتىغاندا تىلنى قورۇيدۇ، ئەمما قېرىق تەملىك نەرسىلەردەك كۆپ يىرىكلەشتۈرمەيدۇ. بۇ خىل نەرسىلەر سوغۇقلۇقى ۋە زېمىنغا مەنسۇپ تەركىبى بىلەن قويۇلدۇرىدۇ، زىچلاشتۇرۇش، قورۇش، قۇرۇتۇش، ئىشتىھانى ئېچىش، ئىچ سۈرۈشنى توختىتىش قاتارلىق تەسىرلەرگە ئىگە. باشقا تەسىرلىرى تۈزۈلۈشىنىڭ زىچلىقى نىسبەتەن تۆۋەن بولغانلىقتىن قېرىق تەملىك نەرسىدىن تۆۋەنرەك بولىدۇ. مەسىلەن: فۇپەل ۋە ئوخشىمىغان دەرىجىدە قىرتاقلىقا ئىگە بولغان باشقا نەرسىلەرگە ئوخشاش.

**ماي تەملىك نەرسە:** بۇ خىل تەملىك نەرسىلەرنى تېتىغاندا تىل يۈزىنى يۇمشاق، تۈز ۋە تەكشى قىلىدۇ. بۇ خىل نەرسىلەر تەركىبىنىڭ ئۇچۇچانلىقى، ھاۋاغا ئىگە بولغانلىقى ۋە سۇ تەركىبى بولغانلىقتىن ھۆللەشتۈرۈش، يۇمشىتىش، بوشىتىش، سىلىقلاشتۇرۇش، پىشۇرۇش، غالىب خىلىتقا ئۆزگەرتىش، مەلۇم دەرىجىدە قىزىتىش قاتارلىق تەسىرلەرگە ئىگە. مەسىلەن: تۈرلۈك ياغلار ۋە ياغلىق نەرسىلەرگە ئوخشاش.

**تاتلىق تەملىك نەرسە:** بۇ خىل نەرسىلەرنى تېتىغاندا تىل يۈزىنى يۇمشاق، ئەۋرىشىم، تۈز ۋە تەكشى قىلىدۇ، بەدەننى ئىدارە قىلغۇچى «تەبىئەت» ئۇنى ياخشى كۆرىدۇ، جىگەرنىڭ تارتقۇچى قۇۋۋىتى ئۇنى ئۆزىگە تارتىدۇ ۋە ئۇنىڭغا مايىللىشىدۇ. بۇ خىل نەرسىلەر

تۈزۈلۈشىنىڭ ئۇچۇچانلىقى ۋە ھارارىتىنىڭ مۆتىدىللىكى بىلەن جۇلا بېرىش، بوشىتىش، پىشۇرۇش، يۇمشىتىش، سۇيۇلدۇرۇش، ئېرىتىش، غالىب خىلىت ۋە قانغا ئۆزگىرىش، يەڭگىل دەرىجىدە قىزىتىش قاتارلىق تەسىرلەرگە ئىگە. مەسىلەن: شېكەر، ھەسەل، ئۈزۈم، ئۈجمە، خورما، ئەنجۈر، ئەنبەر مېۋىسى شىرىسى قاتارلىقلارغا ئوخشاش. ئومۇمەن، تەمى تاتلىق بولغان ھەممە نەرسە شۇ خىل خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە. ئەمما زىيادە تاتلىق نەرسىلەر زىيادە قىزىتىدۇ، تىل يۈزىنى يىرىكلەشتۈرۈپ ئۇسسىتىدۇ. مەسىلەن: قارا شېكەر ۋە ھەسەلنىڭ قايىنتىلغان، كونىرىغان ۋە ئۆتكۈرلەشكەن بەزى تۈرلىرىگە ئوخشاش.

**تەمسىز (بىمەززە) نەرسە:** بۇ خىل نەرسىلەرنى تېتىغاندا تىل يۈزىنى ناھايىتى يۇمشاق، ئەۋرىشىم، تۈز، تەكشى قىلىدۇ، «تەبىئەت» ئۇنى ياخشى كۆرمەيدۇ. بۇ خىل نەرسىلەرنىڭ ھۆللۈكى بولسا ھارارەت ۋە ئۇسسۇزلۇقنى پەسەيتىش، يىرىكلىك، قۇرۇقلۇق ۋە ئۇنىڭغا ئوخشاش ئەھۋاللارنى تۈگىتىش قاتارلىق خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە.

بىلگىنكى، تەمنىڭ كۈچلۈكلۈكى ۋە ئۆتكۈرلۈكى ئىسسىقلىققا؛ نورماللىقى ۋە سۇسلۇقى مۆتىدىللىككە؛ تىلنى يىرىكلەشتۈرۈشى، قېرىقلىقى ۋە قىرتاقلىقى قۇرۇقلۇققا؛ تىلنى بوشىتىشى، سۇسلاشتۇرۇشى ۋە يۇمشىتىشى ھۆللۈككە دالالەت قىلىدۇ. دېمەك، تۈزۈلۈشى مۇرەككەپ شەيئىلەرنىڭ كەيپىياتىنى قىياس قىلىش، نىسبەتلەشتۈرۈش ۋە تەركىبىنى تەھلىل قىلىش ئارقىلىق بىلگىلى بولىدۇ.

بەزىدە مەلۇم شەيئى بىرى سوغۇق تەمسىز، يەنە بىرى ئىسسىق تەملىك بولغان ئىككى خىل تەركىبتىن تۈزۈلگەن بولۇپ، سوغۇق تەركىبى ئىسسىق تەركىبىدىن ئۈستۈن تۇرىدىغانلىقى ئۈچۈن مىزاجى سوغۇق دەپ ھۆكۈم قىلىنىدۇ. بۇنداق نەرسە ئىسسىق تەركىبىنىڭ تەسىرىدە كۆرۈنەرلىك بولىدۇ، تەسىرى سوغۇق تەركىبىنىڭ تەسىرىدە سوغۇقلۇق پەيدا قىلىدۇ. مەسىلەن: ئەپيۇنغا ئوخشاش، ئۇنىڭ ئاچچىقلىقى ئىسسىق تەركىبىدىن، سوغۇقلۇقى سوغۇق تەركىبىدىن كەلگەندۇر. بۇنداق نەرسە مۇرەككەپ قۇۋۋەتلەرگە ئىگە نەرسە دەپ ئاتىلىدۇ. بەزى تەملەر سۈنئىي پەيدا قىلىنىدۇ، مەسىلەن: كۆپ مىقداردىكى چۈچۈمەل دوغىقا ئاز مىقداردا سەبرە قوشۇلسا، ئۇنى ئەلۋەتتە ئاچچىق تەمگە ئۆزگەرتىدۇ، ئەمما مىزاجىنى ئىسسىققا ئۆزگەرتەلمەيدۇ، دېمەك، مەلۇم نەرسە يەنە بىر نەرسىنىڭ تەمىنى ئۆزگەرتەلىسىمۇ، ئەمما تەبىئىتىنى ئۆزگەرتەلمەيدۇ. ئەمما بۇمۇ ئومۇمىي ئەمەستۇر، چۈنكى تەم ئارقىلىق تەبىئەتكە دەلىل ئىزدەش ئومۇمىي ئەمەس، چۈنكى بەزىدە مەقسەت ئەكسىچە بولۇپ قالىدۇ. بەزىدە بىر نەرسىدە ئىككى خىل تەم تېپىلىدۇ، مەسىلەن: رۇسۇتتا ئاچچىقلىق بىلەن قىرتاقلىقنىڭ تېپىلغىنىغا ئوخشاش، بۇ بەتتەم (بەشىئ) دېيىلىدۇ. يەنە مەسىلەن: زەي يەرلەر ۋە تۇزلۇق دېڭىز سۈيىدە ئاچچىقلىق بىلەن تۇزلۇقلۇقنىڭ تېپىلغىنىغا ئوخشاش، بۇ قاڭسىق تەم (زۇئۇقەت) دەپ ئاتىلىدۇ. يەنە

مەسىلەن: زىيادە قايىنىتىلغان ۋە كونىرىغان ھەسەلدە، شۇنداقلا بەزى زىيادە شېرىن مېۋىلەردە ئاچچىقلىق بىلەن ئۆتكۈرلۈكنىڭ تېپىلغىنىغا ئوخشاش. يەنە مەسىلەن: بەزى مېۋىلەردە چۈچۈمەللىك، ئاچچىقلىق ۋە قىرتاقلىقنىڭ تېپىلغىنى، پىدىگەندە ئاچچىقلىق، ئۆتكۈرلۈك ۋە قىرتاقلىقنىڭ تېپىلغىنى، كاسىنىدە ئاچچىقلىق بىلەن بىمەززىلىكنىڭ تېپىلغىنىغا ئوخشاش. بىر خىل نەرسىدە ئىككى خىل، ئۈچ خىل، تۆت خىل ۋە بەش خىل تەم تېپىلىدىغان ئەھۋال كۆپ ئۇچرايدۇ. ھەقىقەتلەرنى ئاللا ئەڭ ئوبدان بىلىدۇ.

پۇراق ئارقىلىقمۇ كۆپ ھاللاردا پۇراقلىق شەيئىنىڭ كەيپىياتى ۋە مىزاجىغا ھۆكۈم قىلغىلى بولىدۇ. يەنى پۇراقلىق مەلۇم نەرسىنى تېتىماستىن پەقەت پۇرىقىنى پۇراش ئارقىلىق مىزاجىنى بىلگىلى بولىدۇ. چۈنكى، كۈچلۈك، ئۆتكۈر پۇراق ئىسسىقلىقتا، بوش، ئاجىز پۇراق سوغۇقلۇقتا، سۇس پۇراق مۆتىدىللىكتە دالالەت قىلىدۇ، ئەمما بۇ ئومۇمىي ئەمەستۇر، چۈنكى مەلۇم شەيئىنىڭ پۇرىقى تەمىگە قارىمۇقارشى بولىدىغان ئەھۋال كۆپ ئۇچرايدۇ، مەسىلەن: بەزى خۇش پۇراق گۈللەرنىڭ تەمى ئاچچىقلىق، قېرىقلىقتىن خالىي بولمايدۇ، ئۇلارنىڭ كەيپىياتىمۇ ئۇلارنىڭ پۇرىقىنىڭ ئەھۋالىغا ئوخشىمايدۇ.

بىلگىنكى، پۇراقلارنىڭ قانداق تارقىلىدىغانلىقى ھەققىدە بەزىلەر شەيئىلەرنىڭ ئۇچۇچان قىسىملىرى ئاجراپ، ھاۋاغا ئارىلىشىپ پۇراش سېزىمىمىزغا يېتىدۇ، دېسە، يەنە بەزىلەر ئۇلارنىڭ ئۇچۇچان بۇسلىرى ئاجراپ، ھاۋاغا ئارىلىشىپ پۇراش سېزىمىمىزغا يېتىدۇ، دەيدۇ. دەرۋەقە، بەزى پۇراقلىق نەرسىلەرنىڭ پۇراقلىرى بۇنداق، يەنە بەزى نەرسىلەرنىڭ پۇراقلىرى ئۇنداق ھالەتتە تارقىلىشى مۇمكىن. يەنە تۇزۇلۇشى ئۇچۇچان، بوش، شالاڭ بولغان بەزى نەرسىلەرنىڭ پۇراقلىرى ھەر ئىككى خىل ھالەتتە، يەنى ئۇششاق قىسىملىرى ئاجراش ھەم بۇس چىقىش ئارقىلىق تارقىشى ۋە پۇراش سېزىمىغا يېتىشى مۇمكىن. ئەمما ئىمارەت ۋە ئۆيلەرگە ئىشلىتىلىدىغان تاشلار، ياقۇت، ئالماس، زۇمرەت قاتارلىقلارغا ئوخشاش تۇزۇلۇشى زىچ، قاتتىق بولغانلىقتىن كىچىك زەررىچىلىرى ئاجرىمايدىغان ياكى ئۇچۇچان بۇخارات ئۆرلىمەيدىغان نەرسىلەرنىڭ كەيپىياتى ۋە مىزاجىنى پۇرىقى ئارقىلىق بىلىش مۇمكىن ئەمەس.

بىلگىنكى، پۇراقلار ئۈچ تۈرگە ئايرىلىدۇ.

1. بەزى پۇراقلار ئوخشايدىغان تەملەرگە سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق شۇ تەملەرنىڭ ناملىرى بىلەن ئاتىلىدۇ. مەسىلەن: ئۈزۈم شىرىسى تەملىك پۇراق، شېكەر تەملىك پۇراق، ھەسەل تەملىك پۇراق، قېتىق تەملىك پۇراق دېگەنگە ئوخشاش. يەنە پالانى نەرسە ياكى مېۋە تاتلىق پۇرايدۇ ، پۇستانى نەرسە ياكى مېۋە چۈچۈمەل پۇرايدۇ، دېگەنگە ئوخشاش.

2. پۇراقلارنىڭ تەبىئەتكە يېقىشىغا قاراپ شەيئىنىڭ مىزاجى ۋە خۇسۇسىيىتىگە ھۆكۈم قىلىنىدۇ. مەسىلەن: قىزىلگۈل ئەرقى، گۈلاب، قىزىلگۈل، ئەتىرگۈل، نەرگىس قاتارلىقلارغا

ئوخشاش خوش پۇراق گۇللەرنىڭ پۇراقلىرىدەك مەززىلىك، يېقىشلىق پۇراقلارغا ئوخشاش. بۇنداق پۇراقلار كۆپ ھاللاردا شەيئىلەرنىڭ تۈزۈلۈشىنىڭ مۆتىدىل، ئىسسىق ۋە ئۇچۇچانلىقىغا دالالەت قىلىدۇ. يەنە بەزىدە پۇراقلارنىڭ تەبىئەتكە ياقماسلىقى ۋە سەسكەندۈرۈشكە قاراپ شەيئىنىڭ مىزاجى ۋە خۇسۇسىيىتىگە ھۆكۈم قىلىنىدۇ. مەسىلەن: سېسىق ھىڭ، سامساق، تاپ قاتارلىقلارغا ئوخشاش. بۇنداق پۇراقلار ئارقىلىق كۆپ ھاللاردا شەيئىنىڭ كەيپىياتىنىڭ ئۆتكۈرلۈكى، ماددىسىنىڭ ئىسسىقلىقى ۋە قويۇقلۇقىغا ھۆكۈم قىلىنىدۇ.

3. پۇراقنىڭ پۇراش سېزىمىغا بېرىدىغان تەسىرىگە قاراپ شەيئىنىڭ كەيپىياتى ۋە مىزاجىغا ھۆكۈم قىلىنىدۇ. مەسىلەن: ھۆل نىلۇپەر، ھۆل بىنەپشە، ئالما ۋە ھۆل تەرخەمەكنىڭ پۇرىقىدىن ھارارەتنى پەسەيتىدىغانلىقى، دىماقنى نەمدەيدىغانلىقىنى، ئىپار، قۇندۇز قەھرى، پىلپىل، زەنجىۋىل، سىيادان قاتارلىقلارنىڭ پۇراقلىرىدىن ھارارەتنى قوزغىتىدىغانلىقى، دىماقنى قۇرۇتىدىغانلىقىنى بىلگەنگە ئوخشاش. بىرىنچى خىل پۇراق شەيئىنىڭ كەيپىياتىنىڭ سوغۇقلۇقى ۋە ھۆللۈكىگە، ماددىسىنىڭ سۇيۇقلۇقىغا، ئىككىنچى خىل پۇراق شەيئىنىڭ كەيپىياتىنىڭ ئىسسىقلىقى ۋە قۇرۇقلۇقىغا دالالەت قىلىدۇ. يىغىپ ئېيتقاندا، ئىسسىق، ئۆتكۈر، مۇلايىم، مۇۋاپىق پۇراق مىزاجنىڭ قۇرۇق ئىسسىقلىقىغا، ماددىنىڭ ئۇچۇچانلىقىغا، ھەرقانداق كۈچلۈك، سېسىق پۇراق مىزاجنىڭ قۇرۇق ئىسسىقلىقى ۋە ماددىنىڭ قويۇقلۇقىغا، ھارارەتنى پەسەيتىدىغان، كۆڭۈلگە ئارام بېرىدىغان، يۈرەك ۋە روھنى خۇرسەن قىلىدىغان، دىماقنى نەمدەيدىغان، ئۇخلىتىدىغان مۇلايىم پۇراقلارنىڭ بەزىسى ئىسسىقلىقنىڭ مۆتىدىللىكى، ھۆللۈكنىڭ غالىبلىقى، ماددىنىڭ سۇيۇقلۇقىغا، بەزىسى ھۆللۈك ۋە سوغۇقلۇققا دالالەت قىلىدۇ. قالغىنىنى ئاللا ئەڭ ئوبدان بىلىدۇ.

شەيئىلەرنىڭ مىزاجلىرى ۋە خۇسۇسىيەتلىرىگە رەڭ ئارقىلىق دەلىل ئىزدەش پۇراقلار ئارقىلىق دەلىل ئىزدەشتىنمۇ بەكرەك ئاجىز ۋە قالايمىقان بولۇپ، ئومۇمىي قائىدىسى يوقتۇر، كۆپ ھاللاردا ھەر خىل بولىدۇ. ئومۇمەن ئۇ ئارقىلىق دەلىل ئىزدەشنىڭ ئۇسۇلى شۇكى، ئاق رەڭ كۆپ ھاللاردا سوغۇقلۇق ۋە ھۆللۈككە دالالەت قىلىدۇ، چۈنكى خۇددى قار ـ مۇزدا ئايان بولغىنىدەك، سوغۇقلۇق ھۆل جىسىمنى ئاقارتىدۇ. قارا رەڭ دەرىجىسىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا قاراپ سوغۇقلۇق ۋە قۇرۇقلۇققا دالالەت قىلىدۇ، چۈنكى سوغۇقلۇق قۇرۇق جىسىمنى قارا قىلىدۇ، بۇ ئەھۋالنى قۇرۇق دەرەخلەر ۋە سۈيى تۈگىگەن قۇرۇق، خام مېۋىلەردە كۆرگىلى بولىدۇ، يەنى ئۇلارغا سوغۇقلۇق كۆپ تەگسە، جىسمى زىچلىشىپ قۇرۇپ قارىدايدۇ. ئىسسىقلىقنىڭ ئۇلارغا كۆرسىتىدىغان تەسىرى ئۇنىڭ ئەكسىچە بولىدۇ، يەنى ئىسسىقلىق ھۆل نەرسىنى قارايتىدۇ، مەسىلەن: ھۆل ئوتۇننى كۆمۈرگە ئايلاندۇرغىنىغا

ئوخشاش. قۇرۇق جىسمىنى ئاقارتىدۇ، مەسىلەن: كۆمۈرنى كۈلگە ئايلاندۇرغىنىغا ئوخشاش. تېۋىپلار ئېيتىدۇكى، تەبىئىتى سوغۇق بولغان مەلۇم ئالاھىدە دورىنىڭ تۈرلىرىنىڭ رەڭگى ھەر خىل بولۇپ، بەزىسى ئاقنا مايىل، بەزىسى قىزىلغا مايىل، بەزىسى سېرىققا مايىل، بەزىسى قارىغا مايىل بولسا، ئاقنا مايىل بولغىنى ئۇنىڭ تۈرلىرى ئىچىدە ئەڭ سوغۇق بولىدۇ، مەسىلەن: ئاق سەندەلگە ئوخشاش. قىزىلغا مايىل بولغىنىنىڭ سوغۇقلۇقى ئۇنىڭدىن تۆۋەنرەك بولىدۇ، مەسىلەن: قىزىل سەندەلگە ئوخشاش. سېرىققا مايىل بولغىنىنىڭ سوغۇقلۇقى ئۇنىڭدىن تۆۋەنرەك بولىدۇ، مەسىلەن: سېرىق سەندەلگە ئوخشاش. قارىغا مايىل بولغىنىنىڭ سوغۇقلۇقى ھەممىسىدىن يۇقىرى بولىدۇ. قۇرۇقلۇق جەھەتتە ئاققا مايىل بولغىنىنىڭ قۇرۇقلۇقى ھەممىدىن تۆۋەن، ئۇنىڭدىن قالسا سېرىققا مايىل بولغىنىنىڭ تۆۋەن، ئۇنىڭدىن قالسا قىزىلغا مايىل بولغىنىنىڭ تۆۋەن بولىدۇ، قارىغا مايىل بولغىنىنىڭ قۇرۇقلۇقى ھەممىدىن يۇقىرى بولىدۇ. مەزكۇر ئالاھىدە دورىنىڭ تەبىئىتى ئىسسىققا مايىل بولسا، ئۇنىڭ ئەھۋالى سوغۇق دورىنىڭ ئەكسىچە بولىدۇ. مەسىلەن: ئاق، قىزىل، يېشىل ھەسەللەرنىڭ ئىچىدە قىزىل ھەسەل بىلەن يېشىل ھەسەل ناھايىتى ئىسسىق، ئاققا مايىل ھەسەلنىڭ ئىسسىقلىقى ئۇلارنىڭ ئىسسىقلىقىدىن تۆۋەنرەك بولىدۇ. قوغۇن، ئەنبەر مېۋىسى ۋە تاۋۇزنىڭ ئەھۋالى كۆپ ھاللاردا ئۇنىڭ ئەكسىچە بولىدۇ، يەنى تاۋۇز، ئەنبەر مېۋىسىنىڭ سېرىق، ناۋات رەڭ بولغانلىرىنىڭ قىزىل ۋە باشقا رەڭلەردە بولغانلىرىغا قارىغاندا تاتلىقراق بولىدۇ. ئەگەر ئۇلارنىڭ رەڭگى مەزكۇر رەڭلەرنىڭ مۇرەككەپلىشىشىدىن تۈزۈلگەن بولسا، قايسى رەڭ كۆپ بولسا ئەھۋالى شۇ بويىچە بولىدۇ. بارلىق رەڭلەرنىڭ يىلتىزى قارا رەڭ بىلەن ئاق رەڭ بولۇپ، باشقا رەڭلەر ئۇلاردىن تۈزۈلگەندۇر. ئېيتىلىشىچە، قارىلىق مۇتلەق ئىسسىقلىقنىڭ ئالامىتى، ئاقلىق مۇتلەق سوغۇقلۇقنىڭ ئالامىتى، قىزىللىق مۇتلەق مۆتىدىللىكنىڭ ئالامىتى، يېشىللىق مۇتلەق قۇرۇق سوغۇقلۇقنىڭ ئالامىتى، سېرىقلىق مۇتلەق قۇرۇق ئىسسىقلىقنىڭ ئالامىتى ئىكەن. شۇ سەۋەبتىن ئەپيۇننىڭ رەڭگىنىڭ قارىلىقى، پۇرىقىنىڭ ئۆتكۈرلۈكىگە قاراپ ئۇ سوغۇق ئەمەس، ئىسسىق بولۇشى مۇمكىن، دەپ خىيال قىلىنغان. شۇ سەۋەبتىن شەيئىلەرنىڭ تەبىئەتلىرى ۋە خۇسۇسىيەتلىرىگە رەڭ ئارقىلىق دەلىل ئىزدەش قانۇنىيىتى ئاجىز، قالايمىقان بولۇپ، ئومۇمىي قائىدىسى يوقتۇر دېيىلگەن، چۈنكى ئۇنىڭغا ئاساسلىنىلسا، كۆپ ھاللاردا شۈبھە ۋە خاتالىق كۆرۈلىدۇ. مەسىلەن: 400 گىرام سۈتكە 10 گىرام پەرپىيون قوشۇلۇپ، بىر - بىرىدىن ئايرىلمىغۇدەك دەرىجىدە ئارىلاشتۇرۇلسا، سۈتتە ئىككىلەمچى مىزاج ھاسىل بولىدۇ، يەنى گەرچە رەڭگىدە ئۆزگىرىش پەيدا بولمىسىمۇ، مىزاجى ناھايىتى ئىسسىق بولۇپ ئۆزگىرىدۇ. شەيئىلەرنىڭ تەمى ۋە پۇرىقىغا ئاساسلانغاندىمۇ شۇنداق خاتالىق كۆرۈلىدۇ. مەسىلەن: ئەپيۇن بىلەن كافۇر ناھايىتى سوغۇق بولسىمۇ، ئەمما تەمى بىلەن پۇرىقى پىلپىل، زەپەر، قۇندۇزقەھرى، ئەنبەر،

ئىپار قاتارلىقلارغا ئوخشاش ئاچچىق، ئۆتكۈر بولۇپ، كۆپ تەملەر ۋە پۇراقلارنى بېسىپ چۈشىدۇ. يەنى مەلۇم مۇرەككەپ دورىغا ئەپيۇن ياكى كافۇر قوشۇلسا، ئۇلارنىڭ تەمى بىلەن پۇرىقى قالغان تەركىبلەرنىڭ تەمى بىلەن پۇرىقىنى بېسىپ چۈشىدۇ. شۇنىڭدەك، شەيئىنىڭ ئېرىشچانلىقى بىلەن ئۇيۇشچانلىقىنىڭ تېز - ئاستىلىقىغا قاراپ دەلىل ئىزدەشنىڭمۇ ئومۇمىي قائىدىسى يوقتۇر. شۇ سەۋەبتىن تەجرىبە قىلىش، تەكرار ئىشلىتىشكە ئوخشاش ۋاستىلەرنى قوشۇمچە قىلماستىن، پەقەت يۇقىرىدا ئېيتىلغان بەش ئىشقا ئاساسەن شەيئىنىڭ مىزاجى ۋە خۇسۇسىيەتلىرىگە ھۆكۈم قىلىنسا نەتىجە توغرا چىقمايدۇ، ئۇلار ئارقىلىق تۆت خىل كەيپىياتنىڭ بىرەرسىنىڭ يۇقىرى ئىكەنلىكىگە ھۆكۈم قىلغىلى، يەنى ئىشەنچ قىلغىلى بولمايدۇ. چۈنكى، تەركىبلەردىن تۈزۈلگەن مۇرەككەپ نەرسە سوغۇق ياكى ئىسسىق بولۇشى، ئەمما ئۇنىڭ تەركىبلىرىنىڭ ھەربىرىنىڭ تەمى، پۇرىقى ۋە رەڭگى ئايرىم - ئايرىم ھالدا ئۇنىڭ ئەكسىگە دالالەت قىلىشى، بىرلەشكەن ۋاقىتىدىكى تەمى، پۇرىقى ۋە رەڭگى بولسا، يەنە ئۇنىڭ ئەكسىگە دالالەت قىلىشى مۇمكىن. چۈنكى ئۇ ھەر خىل تەركىبلەردىن تۈزۈلگەن بولسا، مەلۇم تەركىبنىڭ تەمى ياكى پۇرىقى ياكى رەڭگى باشقىلىرىدىن كۈچلۈك بولسا، ئۇنىڭدا شۇ ئاشكارا بولۇشى مۇمكىن. مەسىلەن: ئەپيۇن، قەتران، رەۋەن، كافۇر تەركىبلىك مۇرەككەپ ياسالمىلاردا ئەپيۇن بىلەن كافۇرنىڭ پۇرىقى، ئەپيۇن بىلەن قەتراننىڭ قارا رەڭگى، رەۋەننىڭ سېرىق رەڭگى ئاشكارا بولغانغا ئوخشاش. خۇددى يۇقىرىدا بايان قىلىنغىنىدەك، بەزىلەرنىڭ قارىشىدا ئەپيۇن بىلەن كافۇرنىڭ رەڭگى سوغۇقلۇققا، پۇرىقى بىلەن تەمىنىڭ ئۆتكۈرلۈكى ئىسسىقلىققا، يەنە بەزىلەرنىڭ قارىشىدا ئەپيۇننىڭ رەڭگى ئىسسىقلىققا دالالەت قىلىدۇ. بۇ ھال بەزىلەرنىڭ ئۇلارنى ئىسسىق دەپ خىيال قىلىشىغا سەۋەبچى بولغان. بۇ ئىككى قاراشنى بىرلەشتۈرۈشنىڭ ئۇسۇلى شۇكى، بۇ ئىككى دورا مۇرەككەپ قۇۋۋەتلىك دورىلاردىن بولۇپ، تەركىبىدە غالىب ئورۇندا تۇرىدىغان ئىككى خىل نەرسە مەۋجۇت بولىدۇ، ئۇلارنىڭ بىرى ئۇچۇچان، ئىسسىق بولۇپ، پۇراق پەيدا قىلىدۇ، ئۇنىڭدىن ئىسسىقلىققا دالالەت قىلىدىغان تەسىرلەر پەيدا بولىدۇ؛ يەنە بىرى زېمىنغا مەنسۇپ زىچ، سوغۇق بولۇپ، رەڭ پەيدا قىلىدۇ، ئۇنىڭدىن سوغۇقلۇققا دالالەت قىلىدىغان تەسىرلەر پەيدا بولىدۇ. ئۇلار بەدەنگە كىرگەندىن كېيىن، ئۇچۇچان، ئىسسىق تەركىبى تەسىر قىلىش ۋە تەسىرگە ئۇچراش ياكى تەبىئەتنىڭ تەسەررۇپ قىلىشى نەتىجىسىدە تېزلا تارقىلىپ يوقىلىپ، زېمىنغا مەنسۇپ زىچ، سوغۇق تەركىبى ئۇزۇنغىچە ساقلىنىپ سوغۇقلۇققا دالالەت قىلىدىغان تەسىرنى پەيدا قىلىدۇ.

بىلگىنكى، رەڭلەر ئاق، قىزىل، سېرىق، يېشىل، قارا ۋە كۆكتىن ئىبارەت ئالتە خىل بولىدۇ، ئۇنىڭدىن باشقا ئۇلارنىڭ كامالەتكە يەتكەن ھالىتىنى بىلدۈرىدىغان ئوچۇق، توق، قېنىق، تۇم دېگەندەك بىردىن سۈپىتى بولىدۇ، مەسىلەن: ئوچۇق ئاق، توق قىزىل، توق

ئۇنىڭدىن كېيىن «تۆھپەتۇل مۆئمىن» دېگەن كىتابنىڭ ئاپتورى ھەكىم مىير مۇھەممەد مۆمىن تەنەكابۇنىي يەككە ھەققىدە كىتاب يازغان، ئۇمۇ بۇ ھەقتە خېلى كۆپ توختالغان. ئۇنىڭدىن كېيىن، نۇۋۋاب مۆئتەمەدۇل مۇلۇك ھەكىم سەييىد ئەلۋىيخان بۇ ھەقتە كىتاب يازغان. ئەمما كىتابنىڭ يازغۇچىسىنىڭ ئۇلارنىڭ كىتابلىرىنى كۆرۈشىچە، تولىسى نەشىر قىلىنغان، ئەمما تولۇق ئەمەس ئىكەن. شۇنىڭدىن كېيىن، بىرەرسى دورا ھەققىدە كىتاب يېزىشقا يۈزلەنمىگەن. ئىبنى جەزلە بىلەن ئەنتاكىي يەككە دورا بىلەن مۇرەككەپ دورىنى بىر يەردە بايان قىلغان. «ھىندىستان دورىلىرى ھەققىدە پەرىشتە» دېگەن نام بىلەن مەشھۇر بولغان، «ھىندى شاھ» دەپ لەقەم قويۇلغان ھەكىم مىير مۇھەممەد قاسىمنىڭ «ئىختىياراتى قاسىمىي» (قاسىم تاللانمىلىرى) دەپ ئاتالغان «دەستۇرۇل ئەتىببائ» (تېۋىپلار دەستۇرى) ناملىق كىتابى ۋە ھەكىم مىير مۇھەممەد ئەفزەلنىڭ «مۇجەررەباتى ئەفزەلىي» (ئەفزەلنىڭ سىناقتىن ئۆتكەن ئۇسخىلىرى) ناملىق كىتابىدىن ياخشىراق كىتاب يوقتۇر. ئەمما بۇ ئىككى شەخس ھەمدە ھىندىستان تېۋىپلىرىنىڭ ھېچبىرى دورىلارنىڭ ماھىيىتىنى بايان قىلمىغان، دورىلارنىڭ تەبىئىتى، تەسىرلىرى ۋە خۇسۇسىيەتلىرىنىمۇ ياخشى بايان قىلمىغان. ھەكىم مىير ئابدۇل ھەمىيد «تۆھپەتۇل مۆئمىن» دېگەن كىتابنىڭ ھاشىيىسىدە بايان قىلغان ھىندىستان دورىلىرىنىڭ بايانى ئوچۇقراق ۋە ياخشىراقتۇر. قالغىنىنى ئاللا ئەڭ ئوبدان بىلىدۇ.

## 6 ـ پەسىل دورىلارنى يىغىش ۋە ساقلاش ئۇسۇلى توغرىسىدا

ئومۇمىي ئۇسۇلى شۇكى، ھەر شەھەر ۋە ماكاننىڭ باشقا يەرلەرگە قارىغاندا شۇ يەردە كۆچلۈكرەك ۋە ياخشىراق بولىدۇ، دەپ تەرىپلەنگەن دورىلىرىنى شۇ شەھەر ۋە ماكاندىن لايىق زامان ۋە پەسىلدە ئۆسۈپ يېتىلىشى ھەم پىشىشى كامالەتكە يەتكەندە يىغىۋېلىش مۇۋاپىقراقتۇر. مەسىلەن: لايلارنى رىم ئايلىرىدىن تىشرىنى ئەۋۋەل ئېيى (10 ـ ئاي) نىڭ 11 ـ كۈنىدە، سوقمونىيانى ئەنتاكىيە تېغىدىن يىغىۋېلىش مۇۋاپىقراقتۇر. ئومۇمەن، ئۇستاز بۇقراتنىڭ «ئالىجۇ كۇللە مەرەزىن بىئەقاقىيرى ئەرزىھى ۋە بەلەدىھى» (ھەرقانداق كېسەللىكنى شۇ زېمىن ۋە شەھەرنىڭ دورىلىرى بىلەن داۋالاڭلار) دېگەن سۆزىگە ئەمەل قىلىنىپ، ھەر شەھەر ۋە مەملىكەتتىكى كېسەللىكلەرنى شۇ شەھەر ۋە مەملىكەتنىڭ دورىلىرى بىلەن داۋالىسا ياخشىراق بولىدۇ، چۈنكى شۇ شەھەردىكى كېسەللىككە شۇ يەرنىڭ دورىلىرى باشقا شەھەرنىڭ دورىلىرىغا قارىغاندا بەكرەك ماس كېلىدىغان بولۇپ، پايدىسى كۆپرەك بولىدۇ، ساقلىقنى تېزرەك ئەسلىگە كەلتۈرىدۇ.

تەپسىلىي ئۇسۇلى شۇكى، كاندىن چىقىدىغان، تاشلار ۋە لايلار قاتارىدىن بولغان

دورىلارنى شۇلارنىڭ مەشھۇر كانلىرىدىن قىش پەسلىنىڭ بېشىدا يىغىۋېلىش ياخشىراق، يەنى ئۇلار قايسى شەھەر، قايسى مەملىكەت ۋە ماكاندا ياخشىراق بولسا باشقا يەرلەردىن ئەمەس، بەلكى شۇ يەردىن يىغىۋېلىش لازىم. مەسىلەن: قەلقەدىسنى قوبرۇستىن، زاكىنى كېرماندىن، لاجۇۋەردنى قەشقەردىن، فىرۇزەنى نىشاپۇردىن، لەئلىنى بەدەخشاندىن، ياقۇتنى پىكۇدىن، مەرۋايىتنى بەھرەيىن ۋە ھۇرمۇز دېڭىزىدىن يىغىۋېلىش ياخشىراقتۇر. ئۇلار قانچە رەڭدار، ساپ، پاقىراق، سۇلۇق، چوڭ، ساختىسىز بولسا، ئۇششاق بولمىسا، تېز ئۇۋالمىسا، توپا ۋە باشقا نەرسىلەرگە ئوخشاش ئارىلاشمىلىرى بولمىسا ياخشىراقتۇر. شۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە ئۇلارنىڭ ئۆزىگە خاس رەڭگى، تەمى ۋە پۇرىقى لايىقىدا بولۇشى لازىم. مەسىلەن: پادىزەھرى، لايلار، شۇنىڭدەك قىير، مۇمىيا، نېفىت قاتارلىقلارنى كامالەتكە يەتكەن ۋاقىتلىرى ۋە يۇقىرىدىكى شەرتلەرگە ئۇيغۇن كەلگەن ۋاقىتلىرىدا يىغىۋېلىش لازىم.
ئۆسۈملۈككە مەنسۇپ دورىلارنى شۇ شەرتلەرگە رىئايە قىلغان ھالدا يىغىۋېلىش كېرەك. يەنى يوپۇرماق ۋە چېچەكلەرنى ھەربىرىگە خاس بولغان ئورۇنلاردىن لايىق پەسىل ۋە ۋاقىتتا تەبىئىي كامالەتكە يەتكەن ۋاقىتتا، قورۇلۇپ دەرىخىدىن تۆكۈلۈپ چۈشۈش ۋە شەكلى، رەڭگى، پۇرىقى ئۆزگىرىشتىن بۇرۇن يىغىۋېلىپ، سايىدا چاڭ ـ توزان، نەملىك ۋە باشقىلاردىن ئېھتىيات قىلغان ھالدا قۇرۇتۇش لازىم. ئەمما ئاپتاپ ئاجىزلاشتۇرالمايدىغان، بەكرەك قۇرۇتۇش مەقسەت قىلىنىدىغان دورىلارنى ئاپتاپتا ئېھتىيات بىلەن قۇرۇتسىمۇ بولىدۇ. ئۇرۇق تۈرىدىكى دورىلارنى تولۇق تولغان، ھۆللۈكى نورمال قۇرۇپ قاتقان، خامىلىقى تۈگىگەن ۋە يوپۇرماقلىرى قورۇلۇشقا باشلىغان ۋاقىتتا يىغىۋېلىپ سايىدا چاڭ ـ توزان، نەملىك، ھۆللۈك، زىيادە قۇرۇقلۇق ۋە ئىسسىقلىقنىڭ تەسىرىگە ئۇچراشتىن ساقلىغان ھالدا ئېھتىيات بىلەن قۇرۇتۇش لازىم. بىلگىنكى، غەيرىي كەيپىياتلىق يەككە ۋە مۇرەككەپ دورىلار غەيرىي كەيپىياتلىق شەھەرلەر ۋە قاتتىق يەرلەردە ياخشىراق بولىدۇ. دورىلار بۇنداق شەھەرلەر ۋە يەرلەردە كۈچلۈكرەك بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن تاغدا، تۈزلەڭلىكتە ئۆسىدىغان ۋە ياۋا ئۆسىدىغان دورىلار كۆپ جەھەتلەردە يەرلىك ئۆسكەن دورىلاردىن كۈچلۈكرەك بولىدۇ. سوغۇق تەبىئەتلىك دورىلار ئىسسىق شەھەرلەردە، ئىسسىق دورىلار سوغۇق شەھەرلەردە ياخشىراق بولىدۇ، ئۇلارنىڭ كەيپىياتى كۆپ ئىشلاردا كۈچلۈكرەك بولىدۇ. مۆتىدىل دورىلار مۆتىدىل شەھەرلەردە، ھۆل دورىلار قۇرۇق شەھەرلەردە ياخشىراق بولىدۇ. شۇ سەۋەبتىن بۇنداق دورىلارنى شۇنداق شەھەرلەردىن ئېلىپ كېلىش ياخشىراقتۇر. غول ۋە قوۋزاق تۈرىدىكى دورىلارنى ئۆسۈپ تېگىشلىك كامالەتكە يەتكەندىن كېيىن، قورۇلۇش، قۇرۇش ۋە سولىشىشتىن ئىلگىرى يىغىۋېلىپ، يۇقىرىدا ئېيتىلغان قائىدە بويىچە ساقلاش لازىم.
يىلتىز تۈرىدىكى دورىلارنى مېۋىسىنى يىغىۋېلىپ بولغاندىن كېيىن يوپۇرماقلىرى تۆكۈلۈشكە باشلىغان ۋاقىتتا، تولۇق تۆكۈلۈشتىن ئاۋۋال يىغىۋېلىش لازىم. بەلكى كۈز

سېرىق، قېنىق يېشىل، توم قارا، قېنىق كۆك دېگەنگە ئوخشاش. بۇ ئىشلارنىڭ دەلىللىرى «ئەلقانۇن»نىڭ شەرھلىرى ۋە بۇ پەننىڭ چوڭ كىتابلىرى ھەم مەخسۇس رىسالىلىرىدە تەپسىلىي بايان قىلىنىدى. بۇ يەردە ئورۇن تار بولغاچقا، شۇنچىلىك بايان بىلەن كۇپايىلىنىدۇ.

دورىلارنىڭ مىزاجلىرىنى ئۇلارنىڭ تەسىرلىرىدىن بىلىش ئۇسۇلى شۇكى، توسالغۇلارنى ئېچىش، قورۇش رولى بولغان دورىلار سوغۇقلۇقى بولۇش بىلەن بىرگە قۇرۇق ئىسسىق، يەنى مۇرەككەپ قۇۋۋەتلىك بولىدۇ. تارقىتىش رولى ۋە شىلىمشىقلىقى بولغان دورىلاردا ئوتقا مەنسۇپ كەيپىيات ۋە ھۆللۈك يۇقىرى بولىدۇ. دورىلار قۇۋۋىتى ئاجىز، يەڭگىل بولسا ياكى سوقمونىياغا ئوخشاش سوققىلى بولمىسا ياكى كاسىنەگە ئوخشاش يۇغىلى بولمىسا، ئوتقا مەنسۇپ ئىسسىق، ئۇچۇچان تەركىبىنىڭ ناھايىتى ئاز ئىكەنلىكىنى، زېمىنغا مەنسۇپ سوغۇق، قويۇق تەركىبىنىڭ كۆپ ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. دورىلارنىڭ باشقا ئەھۋاللىرىغىمۇ شۇ ئۇسۇلدا ھۆكۈم قىلىنسا بولىدۇ. ئىشلارنى ئۇلۇغ ئاللا بارلىققا كەلتۈرگەن ۋە ياراتقان بولغاچقا، ئۇ زات ئۇلارنىڭ ھەقىقەتلىرىنى ئەڭ ئەينەن بىلىدۇ.

## 5 ـ پەسىل تېۋىپلارنىڭ دورىلارنىڭ ماھىيىتى ۋە خۇسۇسىيەتلىرى ھەققىدە ئېيتقانلىرىنىڭ ھەر خىل بولۇشىنىڭ سەۋەبى توغرىسىدا

مەخپىي قالمىغايكى، كۆپىنچە دورىلار ئورۇنلىرى، شەھەرلىرى، تۆت پەسلى، ھۆل ـ قۇرۇقلۇقى، كونا ـ يېڭىلىقى، خام ـ پىششىقلىقى قاتارلىقلارغا ئاساسەن شەكىللىرى ۋە ماھىيەتلىرى ھەر خىل بولىدۇ. مەسىلەن: مەلۇم بىر شەخس مەلۇم دورىنى مەلۇم شەھەر، پەسىل ۋە ۋاقىتتا ئۇنىڭ ھۆل ياكى قۇرۇق ياكى خام ياكى پىشقان ۋە كامالەتكە يەتكەن ھالىتىدە كۆرسە، ئۇنىڭ ماھىيىتى، شەكلى، رەڭگى، تەمى، پۇرىقى قاتارلىقلارنى شۇ ۋاقىتتا كۆرگىنى بويىچە بايان قىلىدۇ. يەنە بىر شەخس مەزكۇر دورىنى مەزكۇر شەھەر، مەزكۇر ۋاقىتتا، يۇقىرىدىكىگە ئوخشىمايدىغان ھالەتلىرىدە كۆرسە، ئۇنىڭ ماھىيىتى، تەبىئىتى ۋە پايدا ـ زىيانلىرىنى شۇ ۋاقىتتا كۆرگىنىگە ئاساسەن بايان قىلىدۇ. شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن، مەزكۇر ئەھۋاللار بىر ـ بىرىگە ئوخشىمىغاچقا، بىر خىل دورا توغرىسىدىكى بايانلارمۇ بىر ـ بىرىگە ئوخشىمايدۇ. شۇنداق بولغاچقا، ھەر نەرسىنىڭ ئەھۋالىنى ئوخشاش بايان قىلىش ۋە بىرلىككە كەلتۈرۈش كىشىنىڭ قولىدىن كەلمەيدۇ. ھەربىر ئادەم ھەربىر دورىنىڭ خاسىيىتى ۋە پايدا ـ زىيانلىرىنى بىلگىنىگە ئاساسەن بايان قىلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا دورا ھەققىدىكى بايانلارنىڭ پەرقلىق بولۇشىنىڭ سەۋەبلىرى پەقەت يۇقىرىدا ئېيتىلغان ئىشلارلا ئەمەس، بەلكى يەنە ئىلمىي نۇجۇمغا مۇناسىۋەتلىك ئىشلارمۇ بار بولۇپ، ئۇلارمۇ

دورىلارنىڭ مىزاجلىرى ۋە خۇسۇسىيەتلىرىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا سەۋەب بولىدۇ. دېمەك، كۆپ قىسىم دورىلارنىڭ ماھىيەتلىرى، قۇۋۋەتلىرى ۋە خۇسۇسىيەتلىرىنىڭ ئوخشىشىپ قېلىشىنىڭ سەۋەبلىرى ئەنە شۇ ئىشلاردۇر. قالغىنىنى ئاللا ئەڭ ئوبدان بىلىدۇ.

بىلگىنكى، قەدىمكىلەرنىڭ كىتابلىرىدىن ئايان بولۇشىچە، دورىلارنى ئېنىقلاش، يىغىشقا تۇنجى بولۇپ تۇتۇش قىلغان كىشى يۇنانلىق دىسقۇرىدۇس بولۇپ، بەزى كىشىلەر ئۇنى لوقمان ھەكىم دەپ بىلىدۇ. ئۇ ئۆت ـ چۆپلەر توغرىسىدا «ماقالاتى سىتتە» (ئالتە ماقالە) دەپ بىر پارچە كىتاب يازغان. ئۇنىڭدىن قالسا ھەكىم فۇلىس بولۇپ، ئۇ دورىلارنى توپلىغان. ئۇنىڭدىن قالسا ئەندەرۇماخىس ئەسغەر بولۇپ، ئۇ ‹‹تەرياقى ئەكبەر››نى تۈزگەن. ئۇنىڭدىن قالسا «رەئىسۇل بەغل» (قېچىر كاللىسى) دەپ لەقەم قويۇلغان جالىنۇس بولۇپ، ئۇ يەككە دورىلارنىڭ پايدىلىرىنى بايان قىلغان، ئەمما دورىلارنىڭ بەدەللىرى، تۈزەتكۈچىلىرى ۋە باشقا ئەھۋاللىرىنى بايان قىلمىغان. سۇريان تىلىدىن يۇنان تىلىغا ئەڭ دەسلەپ تەرجىمە قىلغان كىشى ۋىدرۇس ناسار بابۇلىدۇر، ئۇ تەرجىمىدىن باشقا ھېچ ئىش قىلمىغان. ئۇنىڭدىن كېيىن ھۇنەيىن نىشاپۇرىينىڭ دادىسى ئىسھاق سۇريان تىلىدىن ئەرەب تىلىغا بەزى مەلۇماتلارنى قوشۇپ تەرجىمە قىلغان، ئۇنىڭ تەرجىمىسى «مەنقۇلاتى ئىسھاق» (ئىسھاق نەقىللىرى) دەپ ئاتالغان. ھۇنەيىن بىن ئىسھاق غىزالارنى دورىلاردىن ئايرىغان. ئۇنىڭدىن كېيىن، نەجاشىئە بۇ ھەقتە كۆپ ئەسەرلەرنى بارلىققا كەلتۈرگەن. ئىسلام ئەھلىدىن دورا ھەققىدە كىتاب يېزىشقا ئەڭ دەسلەپ يۈزلەنگەن كىشى مۇھەممەد بىن ئەھمەد بىن زىكرىيا بولۇپ، ئۇ «كامىلۇل ئەدۋىيە» (دورىلار ھەققىدە مۇكەممەل كىتاب)، «كىتابى شامىل» دېگەن ئىككى كىتابنى يازغان. ئۇنىڭدىن كېيىن شەيخۇر رەئىس ئەبۇ ئەلى ئىبنى سىنا، ئۇنىڭدىن كېيىن ئىبنى ئەشئەس، ئۇنىڭدىن كېيىن ئەبۇ ھەنىيفە دەينۇرى، ئۇنىڭدىن كېيىن شەرىيف، ئۇنىڭدىن كېيىن «مىنھاج» دېگەن كىتابنىڭ ئاپتورى يەھيا بىن جەزلە، ئۇنىڭدىن كېيىن جەرجىس بىن يۇھەننا، ئۇنىڭدىن كېيىن سائىخ، ئۇنىڭدىن كېيىن ئەمىينۇد دەۋلە، ئۇنىڭدىن كېيىن «مۇغنى» دېگەن كىتابنىڭ ئاپتورى ئىبنى تىلمىز، ئۇنىڭدىن كېيىن «تەزكىرەئى سۇۋەيدىي» دېگەن كىتابنىڭ ئاپتورى ئەبۇ رەيھان بىيرۇنىي، ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭ تەرجىمانى، ئۇنىڭدىن كېيىن شەيخ ئىبنى بەيتار، ئۇنىڭدىن كېيىن «ئىختىياراتى بەدىئىي»نىڭ ئاپتورى ھاجى زەينۇد دىين ئەتتار، ئۇنىڭدىن كېيىن «جامىئى بەغدادىي» (بەغدادىي مەجمۇئەسى) دېگەن نام بىلەن مەشھۇر بولغان «مالا يەسەئۇ لىتتەبىيبى جەھلۇھ» (تېۋىپ بىلمىسە بولمايدىغان ئىشلار) دېگەن كىتابنىڭ ئاپتورى شەيخ يۇسۇف بەغدادىي، ئۇنىڭدىن كېيىن «تەزكىرەئى ئۇلىل ئەلباب» (ئاقىللار تەزكىرىسى) ناملىق كىتابنىڭ ئاپتورى داۋۇد ئەنتاكىي مىسرىي، ئۇنىڭدىن كېيىن «ئەلقانۇن»نى شەرھلىگەن ھەكىم ئەلى گىيلانىي بۇ ھەقتە كىتاب يازغان، ئۇ دورىلار ھەققىدە خېلى كۆپ توختالغان.

پەسلىنىڭ ئاخىرىدا يىغىۋېلىش ياخشىراقتۇر. ئۇنىڭدىن كېيىن قائىدە بويىچە قۇرۇتۇپ ساقلاش لازىم. ئوت ـ چۆپ تۈرىدىكى دورىلارنى تولۇق يېتىلگەن، قۇرۇمىغان ۋە قورۇلمىغان يېڭى ۋاقتىدا يىغىۋېلىپ، قائىدە بويىچە ساقلاش لازىم. مېۋە تۈرىدىكى دورىلارنى تولۇق پىشقاندىن كېيىن، قورۇلۇش ۋە ئۆزلۈكىدىن تۆكۈلۈشتىن بۇرۇن يىغىۋېلىش لازىم. ئەمما، خام ياكى چالا پىشقان ھالەتتە يىغىۋېلىش مەقسەت قىلىنغان دورىلار بۇنىڭدىن مۇستەسنادۇر. پوستى بىلەن پۈتۈن قۇرۇتۇش تەلەپ قىلىنغانلىرىنى شۇ پېتى قۇرۇتۇش، ئاقلاپ ياكى ياپىلاقلاپ قۇرۇتۇش مەقسەت قىلىنغانلىرىنى ئاقلاپ ياكى ياپىلاقلاپ قۇرۇتۇش، يىپقا ئۆتكۈزۈپ قۇرۇتۇش مەقسەت قىلىنغانلىرىنى يىپقا ئۆتكۈزۈپ، سايىدا ياكى سۇس ئاپتاپتا ئېھتىيات بىلەن قۇرۇتۇش، چاڭ ـ توزان، ھۆللۈك ۋە ياغدىن ساقلاش، بۇزۇلۇش، قۇرت يېيىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش لازىم. ئومۇمەن ئۆسۈملۈككە مەنسۇپ دورىلارنىڭ ھەممىسىنى كامالىتىگە يەتكەن ۋاقتىدا، قۇرۇش، قورۇلۇش ۋە ئاجىزلاشتىن ئىلگىرى يىغىۋېلىش لازىم. ھاۋا ساپ، ئىسسىق ۋە قۇرغاق ۋاقىتتا يىغىۋېلىش ھاۋا بۇلغانغان، سوۋۇغان ۋە ھۆللەشكەن ۋاقىتتا يىغىۋېلىشتىن ياخشىراقتۇر. يامغۇردا قالغان ياكى يامغۇر يېغىشقا يېقىن بولغان ۋاقىتتا يىغىۋېلىنغان دورىلار ئاجىزدۇر. ياۋا ئۆسكەن ۋە چۆللەردە ئۆسكەن دورىلار يەرلىك دورىلاردىن كۈچلۈكرەك بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەجمى كۆپ ھاللاردا يەرلىك دورىلاردىن كىچىكرەك بولىدۇ. تاغدا ئۆسكەن دورىلار چۆلدە ئۆسكەن دورىلاردىن كۈچلۈكرەك بولىدۇ. گۈل ـ چېچەكلەرنىڭ چوڭراق ۋە خۇش پۇراقراق بولغانلىرى، ئېچىلغان ۋە قورۇلمىغانلىرى ئۇنىڭ ئەكسىچە بولغانلىرىدىن ياخشىراق بولىدۇ. پەقەت قىزىلگۈلنى تولۇق ئېچىلىشتىن بۇرۇن يىغىۋېلىش ياخشىراقتۇر، شۇنداقلا ئۇنىڭ يەرلىكى ياخشىراق بولىدۇ. يوپۇرماقلارنىڭ قېلىنراق، خۇش پۇراقراق ۋە يېڭىراق بولغىنى ياخشىراق بولىدۇ. غوللار ۋە يىلتىزلارنىڭ ئەگرى ـ بۈگرىلەشمىگەن، كۆپ قورۇلمىغانلىرى، ئۇرۇقلارنىڭ چوڭراق، سېمىزرەك، مايلىقراق ۋە ئېغىرراق بولغىنى ياخشىراق بولىدۇ. مېۋىلەرنىڭ سۇلۇقراق، گۆشلۈكرەك، ئېغىرراق، رەڭگى، تەمى ۋە پۇرىقى كۈچلۈكرەك بولغانلىرى ئەكسىچە بولغانلىرىدىن ياخشىراق ھېسابلىنىدۇ. شۇبرۇم ئۆسۈملۈكى سۈتىنى ئېلىشتا ھۆل بولسا قائىدە بويىچە ئېلىنىدۇ، ھۆلىنى تاپقىلى بولمىسا، باشقا سۈتلۈكئوتلارنىڭ سۈتىنى ئېلىش قائىدىسى بويىچە ھۆل پوستىنى يۇيۇپ ياكى قۇرۇق پوستىنى ئىسسىق سۇغا چىلاپ ئاپتاپتا قويۇپ، سۈيى قويۇق، شىلىمشىق ھالەتكە كەلگەندە پىسەپلىرى سۈزۈۋېتىلىپ، قۇرۇتۇپ تەييارلىنىدۇ. خەشخاشنىڭ ئەپيۇندىن ئىبارەت سۈتى مىسىر خەشخىشى، گازرۇن خەشخىشى ياكى ئەزىم ئابادات خەشخىشى ئاللا خالىسا ئەپيۇن ماۋزۇسىدا بايان قىلىنىدىغان شەرتلەر بىلەن مىسىر ۋە گازرۇندا يىغىۋېلىنىدۇ. شۇنىڭدەك لوبان سۈتى ۋە باشقا سۈتلەرمۇ مەخسۇس ئورۇنلار ۋە مۇۋاپىق ۋاقىتلاردا يىغىۋېلىنىدۇ.

ئومۇمەن ئۇلار قەيەردە ياخشى ۋە كۈچلۈك بولسا، شۇ يەردىن يىغىۋېلىنىدۇ. يىلىمىلار دەرەخنىڭ چىچىكى تۆكۈلۈشكە باشلىغان ۋاقىتتا چۈشتىن بۇرۇن كۈنچىقىشتىن ئاۋۋال، چۈشتىن كېيىن كۈن ئولتۇرغاندىن كېيىن، هاۋا ساپ، نورمال بولغان ۋاقىتلاردا قۇرۇشتىن ئاۋۋال يەنى قۇرۇپ، ئۇۋۇلۇپ، دەرەختىن تۆكۈلۈشتىن ئاۋۋال يىغىۋېلىنىدۇ. ئۇسارىلەر سۈپەتلىك دورىلارنىڭ يوپۇرماقلىرى، مېۋىلىرى، يىلتىزلىرى ۋە باشقا قىسىملىرىدىن سىقىپ چىقىرىلىدۇ. ئوت بىلەن قاينىتىلمايدۇ، بەلكى هاۋا ۋە ئاپتاپتا قۇرۇتۇلىدۇ. چاڭ ـ توزان ۋە يات، قويۇق نەرسىلەرنىڭ ئارىلىشىپ قېلىشىدىن ئېهتىيات قىلىنىدۇ. مەسىلەن: ئاقاقىيا، هېلىلە ئۇسارىسى، زىرىق ئۇسارىسى قاتارلىقلارغا ئوخشاش. ئىشلەتكەندىمۇ قاينىتىشقا بولمايدۇ. سوقمونىيانى قورۇماي ئىشلىتىشكە بولمايدۇ. هايۋانغا مەنسۇپ دورىلار ياش، ساغلام، ئەزالىرى تولۇق هايۋاندىن باهار پەسلى ياكى يازنىڭ بېشىدا ئورۇقلاش، قېرىش ۋە ئاجىزلاشتىن ئىلگىرى هالاللاپ ئۆلتۈرۈش ئارقىلىق يىغىۋېلىنىدۇ. ياش، سېمىز، نۇقسانسىز، تۆت ياشلىق ئۆچكىنىڭ قېنى شۇ قاتاردىن بولۇپ، بۆرەك ۋە دوۋساقتىكى تاشنى چۈشۈرۈشتە تەسىرى ئالاهىدە ياخشى بولغاچقا «ئاللانىڭ قولى» دەپ ئاتالغان. ئۇنى ئېلىش ئۇسۇلى شۇكى، ئۆچكىنى ياز پەسلىنىڭ ئۈزۈم قىزىرىشقا باشلىغان ۋاقتىدا بوغۇزلاپ، دەسلەپكى ۋە كېيىنكى قېنىنى ئېقىتىۋېتىپ ئوتتۇرىدىكى قانىنى تاش قازان ياكى ساپال قاچىغا ئېلىپ ئۇيۇغىچە قويۇپ قويۇپ، ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇششاقلاپ، پاكىز چىگە رەختكە يېيىپ، توپا ـ چاڭدىن ساقلاش ئۈچۈن ئۈستىگە نېپىز رەخت يېپىپ، ئاپتاپتا قويۇپ قۇرۇتۇلىدۇ. زۆرۈر بولغاندا ئۇنىڭدىن تۆت گىرام ئېلىپ، تاغ كەرەپشىسى سۈيى، شاراب ۋە ئۇنىڭ ئوخشاشلىرى بىلەن بىرلىكتە ئىستېمال قىلىنىدۇ. ئومۇمەن ئىشقا يارىشى ئۈچۈن، هەر نەرسىنى بەلگىلەنگەن قائىدىسى ۋە شەرتلىرى بويىچە يىغىۋېلىش لازىم.

**هايۋاناتلارنىڭ ئۆتىنى يېڭى ساقلاش ئۇسۇلى:** ئۆتنىڭ كېسىلگەن يېرىنى يىپ بىلەن چىڭ باغلاپ، ئەينەك بوتۇلكىغا ئۆت چىلاشقۇدەك هەسەل قۇيۇپ ئۆت ئۇنىڭغا چىلاپ قويۇلىدۇ. شەهەرنىڭ هاۋاسىدا ئىسسىقلىق ۋە هۆللۈك يۇقىرى بولسا، هەسەل ياخشى قىيام قىلىنىپ ئاندىن ئىشلىتىلىدۇ.

**هايۋاناتلارنىڭ يېغى ۋە يىلىكىنى بۇزماي ساقلاش ئۇسۇلى:** ئۇلارنى هەسەلگە بىرنەچچە كۈن چىلىغاندىن كېيىن ئەينەك قاچىغا قاچىلاپ، چىگە رەخت بىلەن ئوراپ سايىغا ئېسىپ قويۇلىدۇ. قەلەي قاچىدا ساقلانسىمۇ ئاسان بۇزۇلۇپ قالمايدۇ.

**بەزى دورىلارنى ساقلاش ئۇسۇلى:** بەزى دورىلار بۇزۇلۇپ قالماسلىقى ئۈچۈن باشقا مەلۇم دورىلار بىلەن بىرلىكتە ساقلىنىدۇ. مەسىلەن: كافۇر پىلپىل بىلەن، تۆمۈر ئېكەكدەلمىسى ماگنىت تاش بىلەن، توخۇ تۇخۇمى تۇز بىلەن، سازەج زەنجىۋىل بىلەن ساقلىنىدۇ. مەدەن دورىلارنى ئۆز تۈرىنىڭ باشقىسى بىلەن بىرلىكتە ساقلىماسلىق لازىم. ئۇسارىلەر ۋە

يىلىملارنى قەلەي ۋە مىس قاچىدا ساقلاش لازىم. ئەرەقلەر ۋە ئىسسىق تەبىئەتلىك سۇلارنى ئىغىزى تار ئەينەك قاچىدا ساقلاش كېرەك. ئەمما سوۋۇتۇپ ساقلاش لازىم. چېچەك ئەرقىنى مىس قاچىدا ساقلىغان ياخشىراقتۇر. يوپۇرماقلار، يىلتىزلار ۋە چېچەكلەرنى نەم جايلاردىن، قۇياشنىڭ ئۆتكۈر نۇرىدىن يىراق تۇتۇش كېرەك، قەلەي قاچا ياغلار ۋە كۆپ قىسىم يەككە ۋە مۇرەككەپ دورىلارنى ساقلاشقا ياخشىراقتۇر. قالغىنىنى ئاللا ئەڭ ئوبدان بىلىدۇ.

## 7 ـ پەسل بەزى يەككە دورىلارنىڭ قۇۋۋىتىنىڭ ساقلىنىش ۋاقتلىرى توغرىسىدا

بىلگىنكى، يەككە دورىلار ئۈچ خىلدىن تاشقىرى ئەمەس، يەنى مەدەنگە مەنسۇپ، ئۆسۈملۈككە مەنسۇپ ياكى ھايۋاناتقا مەنسۇپ بولىدۇ. مەدەنگە مەنسۇپ بولغانلىرى دەرىجىسىنىڭ يۇقىرى ـ تۆۋەنلىكى، تۇزۇلۇشىنىڭ بوش ـ چىڭلىقى، تەركىبىنىڭ ئۈچۈچان ياكى ئەمەسلىكىگە قاراپ ساقلىنىش ۋاقتلىرىمۇ ھەر خىل بولىدۇ. مەسىلەن: ئالتۇن، ئالماس، ياقۇت، زۇمرەت قاتارلىق مەدەنلەر ئۇزۇنغىچە ساقلىنىدۇ ۋە بۇزۇلۇپ قالمايدۇ. كۆمۈشنىڭ ساقلىنىش ۋاقتى ئالتۇنغا قارىغاندا قىسقىراق بولىدۇ. ئۇلارغا ئوخشىمايدىغان، يەنى تۇزۇلۇشى يېتەرسىز بولغان مىس، تۆمۈر، قوغۇشۇنغا ئوخشاش مەدەنلەر ئۇزۇن ساقلانمايدۇ، بەلكى تېزلا يوقىلىدۇ ۋە بۇزۇلىدۇ، بولۇپمۇ ئۇلار سۇغا چىلانسا ۋە لايغا كۆمۈپ قويۇلسا تېخىمۇ شۇنداق بولىدۇ. زەنگارنىڭ قۇۋۋىتى بىر يىلغىچە ساقلىنىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن تەدرىجىي كاردىن چىقىدۇ. سەپىداپنىڭ قۇۋۋىتى ئالتە يىلغىچە تۇرىدۇ. مەدەستاننىڭ قۇۋۋىتى بىر قانچە يىلغىچە ساقلىنىدۇ. شۇنىڭدەك ئىقلىمىيا، مەرقىشىشا، تۇتىيانىڭ قۇۋۋىتىمۇ ئۇزۇن يىللارغىچە ساقلىنىدۇ. پادىزەھرى، يەنى كاندىن چىقىدىغان خىتاي پادىزەھرىسى، قەندىھار پادىزەھرىسى ۋە ئۇنىڭ خۇشرەڭ، خۇشبۇي، سىلىق بولغانلىرىنىڭ قۇۋۋىتىمۇ ئۇزۇن يىللارغىچە ساقلىنىدۇ. مەرۋايىتنىڭ ساقلىنىش ۋاقتى ئۇنىڭدىن قىسقىراق بولۇپ، سۇيى، رەڭگى ۋە سۈزۈكلۈكى مەۋجۇت بولسىلا ياخشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئەمما گىل داغىستانى، گىل مەختۇم ۋە ئۇلارغا ئوخشايدىغان خۇش پۇراق گىللارنىڭ ساقلىنىش ۋاقتى مەرۋايىتنىڭ ساقلىنىش ۋاقتىدىن قىسقىراق بولىدۇ. تاشلار ۋە گىللارنىڭ ھەر قانداقى سالايە قىلىنسا، مەلۇم ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن دەرىجىسىگە قاراپ قۇۋۋەتلىرى ئاجىزلىشىپ ۋە يوقىلىپ، ئادەتتىكى تاشلار ۋە گىللاردەك بولۇپ قالىدۇ. گىللار ۋە تاشلارنىڭ پۈرقى بولسىلا قۇۋۋىتى ساقلانغان ھېسابلىنىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن تەدرىجىي ھالدا ئاجىزلاپ كاردىن چىقىپ، باشقا تاشلاردەك بولۇپ قالىدۇ، قالغىنىنى ئاللا ئەڭ ئوبدان بىلىدۇ.

**ئىزاھات:** بىلگىنكى، كۆپ قىسىم كىشىلەر شۇنداق قارايدۇكى، مېتاللارنىڭ ئەسلىي ماددىسى سىماب بىلەن گۈڭگۇرتتىن ئىبارەت. ھەر قاچانكى، بۇ ئىككى خىل ماددا ناھايىتى ياخشى، ساپ بولسا، گۈڭگۇرتتە ئوتقا مەنسۇپ رەڭ پەيدا قىلغۇچى قۇۋۋەت زىيادە بولسا، ئۆز كانىدا شەكىللەندۇرگۈچى ئاللانىڭ قۇدرىتى بىلەن ئۇنىڭغا ئالتۇن شەكلى پەيدا بولۇپ ئالتۇن ھاسىل بولىدۇ. ئەگەر سىماب ماددىسى غالىب بولسا، سوغۇق قۇۋۋەت بىرگە بولسا، ئۇنىڭدا كۈمۈش سۈرىتى زاھىر بولۇپ، كۈمۈش ھاسىل بولىدۇ. تەركىبلىرىنىڭ سۈپىتى ناچار، گۈڭگۇرت ئازراق بولسا، سۇغا مەنسۇپ قۇۋۋەت بىرگە بولسا، ئۇنىڭدا قەلەيىنىڭ سۈرىتى زاھىر بولىدۇ. تەركىبلىرىنىڭ سۈپىتى تېخىمۇ ناچار بولسا، ئۇنىڭدا قوغۇشۇن سۈرىتى زاھىر بولىدۇ. ئەگەر سىمابنىڭ تەركىبى ياخشى بولۇپ، رەڭ پەيدا قىلغۇچى سەۋەبلەرنىڭ ئاشكارىلىنىشىغا تولۇق توسقۇنلۇق قىلسا، مىسنىڭ سۈرىتى زاھىر بولىدۇ. شۇ ھالەتتە ئۇنىڭدا قۇرۇقلۇق زىيادە بولسا «خار سىينى» دېيىلىدىغان روي تۇتىيانىڭ سۈرىتى زاھىر بولىدۇ. گۈڭگۇرتنىڭ تۇزۇلۇشى ياخشى بولۇپ، سىمابنىڭ تۇزۇلۇشى ناچار بولسا، رەڭ بەرگۈچى سەۋەب بولمىسا، ئۇنىڭدا تۆمۈرنىڭ سۈرىتى زاھىر بولىدۇ. كىمىيا پەنىنىڭ ئىگىلىرى ئۆز كىتابلىرىدا ئېيتىلغان ھەر خىل مېتالنىڭ ناچارلىقىنى يوقىتىش توغرىسىدىكى مەشغۇلاتلار جايىدا قىلىنسا، مېتاللارنىڭ بەزىسى بەزىسىگە ئۆزگىرىدۇ، دەپ قارايدۇ. ئەمما بۇ قاراش ئېھتىمال پەقەت خىيال بولۇشى مۇمكىن، چۇنكى ھەقىيقەتلەرنىڭ ئۆزگىرىشى مۇمكىن ئەمەس. يەنە ياقۇت، ئالماس، زۇمرەتكە ئوخشاش مېتال ھېسابلانمايدىغان ئېسىل تاشلارنىڭ ئەسلىي ماددىسى ساپلىقى ياكى دۇغلىقىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا قاراپ سىماب بىلەن گۈڭگۇرتتۇر. قالغىنىنى ئاللا ئەڭ ئوبدان بىلىدۇ. خۇددى يۇقىرىدىكىگە ئوخشاش، ئەگەر سىماب ياخشى بولسا، ئەمما گۈڭگۇرت ئارىلاشما بولسا ئۇلاردىن ھاسىل بولغان نەرسىلەر ئۆز تۇرىنىڭ سۈرىتىنى ئۇزۇن ۋاقىت ساقلاپ قالالمايدۇ. ئەگەر ھەر ئىككىسى ياخشى، ساپ بولسا، تۇزۇلۇشى مۇستەھكەم بولىدۇ، يەنى سۈرىتىنى ئۇزۇنغىچە ساقلاپ قالالايدۇ. قالغىنىنى ئاللا ئەڭ ئوبدان بىلىدۇ.

ئۆسۈملۈك مەنبەلىك دورىلار ئون بىر خىل بولىدۇ، چۇنكى ئۇلار يىلتىزلار، ئۇسارىلەر، گۈل - چېچەكلەر، ياغلار، ئۆسۈملۈك سۈتلىرى، يوپۇرماقلار، مېۋىلەر، ئۇرۇقلار، شاخلار، يىلتىزلار ۋە قوۋزاقلارنىڭ بىرەرسىگە تەۋە بولىدۇ. يىلتىزلار ئەرەب يىلتىزى، كەتىرا، ئۇشەق، جاۋشىر، سەكبىنەج، لوك، خۇنسىياۋشان قاتارلىقلارغا ئوخشاش بولۇپ، قۇۋۋىتى ئۈچ يىلغىچە ساقلىنىدۇ. ئۇسارىلەر ئاقاقىيا، رۇسۇت ھىندى، رۇسۇت مەككى، قەدىمكى قاراش بويىچە ئەپيۇن (چۇنكى ئۇ چاغلاردا ئۇ ياۋا خەشخاشنىڭ ئۇسارىسى ئىدى)، كاتھىندى، خۇنسىياۋشان (چۇنكى ئۇ «خۇلاسەتۇت تەجارۇب» (تەجرىبىلەر خۇلاسىسى) دېگەن كىتابنىڭ ئاپتورىنىڭ سۆزىچە، ئەبۇ خەلسا ئۆسۈملۈكنىڭ ئۇسارىسىدىن ئىبارەت) قاتارلىقلارغا

ئوخشاشلار بولۇپ، قۇۋۋىتىنىڭ ساقلىنىش ۋاقتى يېلىملارنىڭ ساقلىنىش ۋاقتىدىن قىسقىراق بولىدۇ. گۈل ـ چېچەكلەر بىنەپشە، نېلۇپەر، قىزىلگۈل، گاۋزىبان گۈلى، ئىزخىر چېچىكى، قەيسۇم قاتارلىقلارغا ئوخشاش دورىلار؛ يوپۇرماق دورىلار سانا مەككى، گاۋزىبان، مازارىيون، سازەج ھىندى، ئاس يوپۇرمىقى، پەرسىياۋشانغا ئوخشاش دورىلار بولۇپ، قۇۋۋىتى، تۈزۈلۈشىنىڭ ياخشى ـ يامانلىقىغا قاراپ بىر يىلدىن ئىككى يىلغىچە ياخشى ساقلىنىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن تەدرىجى ئاجىزلىشىپ كاردىن چىقىدۇ. ئۆسۈملۈك سۈتلىرى سوقمۇنىيا، پەرپىيون، ئەپيۇنغا ئوخشاش دورىلار بولۇپ، ئۇلارنىڭ قۇۋۋەتلىرى 20 يىلغىچە ساقلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن ئاجىزلىشىشقا باشلاپ تەدرىجى يوقىلىدۇ. پەرپىيوننىڭ قۇۋۋىتى تۆت يىلغىچە، ئەپيۇننىڭ قۇۋۋىتى 50 يىلغىچە ساقلىنىدۇ، بەزىلەر ئۇنىڭدىنمۇ ئۇزۇن ساقلىنىدۇ، دېگەن. ئومۇمەن، ئۆسۈملۈك سۈتلىرىنىڭ قۇۋۋەتلىرى 10 يىلغىچە ساقلىنىدۇ، ياغلار زەيتۇن يېغى، بىلسان يېغى، قۇننە، قەتران ۋە ئۇنىڭغا ئوخشاشلار بولۇپ، ئۇلارنىڭ سوغۇق تەبىئەتلىكى تېز بۇزۇلىدۇ، بولۇپمۇ ھۆل تەبىئەتلىكى ئىككى ـ ئۈچ ھەپتىدىلا بۇزۇلىدۇ. ئۇلارنىڭ ھۆل ئىسسىقى ياكى قۇرۇق ئىسسىقلىرى دەرىجىسىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا قاراپ قۇۋۋىتى بىر يىلدىن ئىككى يىلغىچە ساقلىنىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن بۇزۇلىدۇ. بىلسان يېغى سۈتلەر قاتارىدىن ھېسابلىنىدىغان بولۇپ، قۇۋۋىتى ئۇزۇن ۋاقىتقىچە ساقلىنىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇ قانچە كونىرىسا قۇۋۋىتى شۇنچە ئاشىدىكەن. شۇنىڭدەك كافۇر يېغى، زەيتۇن يېغى، ئىزخىر يېغىنىڭ قۇۋۋىتىمۇ ئىككى يىلغىچە ساقلىنىدۇ. مېۋىلەر چىلان، سەرپىستان، ھەببى بىلسان، موزا، بەللۇت، ئەينۇلا، ئالما، بېھى، ئانار، بادام، ياڭاق، جويۇز، قەلەمپۇر، قاقىلە، پىلپىل، ئامىلە، ھېلىلە، بەلىلە قاتارلىقلارغا ئوخشاش دورىلار بولۇپ، ئۇلارنىڭ قۇۋۋەتلىرىنىڭ ساقلىنىش ۋاقىتلىرى بىر ـ بىرىگە ئوخشىمايدۇ. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ياڭاق مېغىزى، بادام مېغىزى، پىستە، چىلغوزا، نارجىل، كۈنجۈت، خەشخاش ئۇرۇقى، تەرخەمەك ئۇرۇقى، تاۋۇز ئۇرۇقى، قوغۇن ئۇرۇقى، قاپاق ئۇرۇقى قاتارلىقلارغا ئوخشاش مايلىقلار پوستى ئىچىدە تۇرسىلا قۇۋۋىتى بىر يىلغىچە ساقلىنىدۇ. بولمىسا بىر ھەپتىگىچە، بەزىدە ئۇنىڭدىنمۇ قىسقىراق ۋاقىتقىچە ساقلىنىدۇ، بولۇپمۇ پىستە مېغىزى بىلەن ياڭاق مېغىزى تېز بۇزۇلۇپ قالىدۇ. ئۇرۇقلار ئارپىبەدىيان ئۇرۇقى، زىرە، كەرۋىيا، كاسنە ئۇرۇقى، يۇمغاقسۈت ئۇرۇقى، قارا سۇنا ئۇرۇقى، خەشخاش ئۇرۇقى، كۈنجۈت ئۇرۇقى قاتارلىقلارغا ئوخشاشلا بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى شۈمشا ئۇرۇقى، تەرتىزەك ئۇرۇقى، قىچا ئۇرۇقى، ئارپىبەدىيان ئۇرۇقى قاتارلىقلارغا ئوخشاش يېغى ئازلىرىنىڭ قۇۋۋىتى ئۇلارنى نەملىك، ھۆللۈك، تۇپراق، شامال ۋە ئۇلارنىڭ ئوخشاشلىرىدىن ياخشى ساقلاشقا قاراپ ئىككى يىلدىن ئۈچ يىلغىچە ساقلىنىدۇ. ئىلگىرى بايان قىلىنغان بەزى ئۇرۇقلارغا ئوخشاش يېغى كۆپلىرىنىڭ قۇۋۋىتى ئۇنىڭدىن ئازراق ۋاقىتقىچە

ساقلىنىدۇ. شاخلار، تالالار، يىلتىزلار ۋە قوۋزاقلار ئۇد بىلسان، زەرنەپ، شەترەنجى، شۇكائى، قامغاق، كاسنە يىلتىزى، ئارپىبەدىيان، لۇپاھ، كەرەپشە، ئىزخىر، جىنتىيانا، ئاقىرقەرھا، تۇربۇت، دارچىن، خىرپە، سەلىخە، ماھىزەھرەج، كەپە يىلتىزى پوستى، ئەنجىبار قاتارلىقلارغا ئوخشاش دورىلار بولۇپ، ئۇلارنىڭ قۇۋۋەتلىرىنىڭ ساقلىنىش ۋاقىتلىرى تۇزۇلۇشىنىڭ قاتتىق - يۇمشاقلىقىغا قاراپ ھەر خىل بولىدۇ. قۇستە، يۇمىلاق زىراۋەندە، دۇرنەج ئەقرەبى، زەرچىۋە، دارچىن، خىرپە، زەنجىۋىلگە ئوخشاش دورىلارنىڭ قۇۋۋەتلىرى ئون يىلغىچە ساقلىنىدۇ. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى خەربەققە ئوخشاش دورىلارنىڭ قۇۋۋىتى ئۇنىڭدىن ئۇزۇنراق ۋاقىتقىچە ساقلىنىدۇ. ئەمما چۆپچىن (بىخچىنى)، زەنجىۋىل، زورەمبات، يۇمىلاق زىراۋەندە، ئىككى خىل بەھمەن، بوزىدان، شاقاقۇلغا ئوخشاش تەركىبىدە ئارتۇق ھۆللۈكى بولغان دورىلارغا تېز قۇرت چۈشۈپ ئاجىزلاپ بۇزۇلىدۇ. تالا، چاچما يىلتىز ۋە يىلتىز تۇرىدىكى دورىلارنىڭ قۇۋۋىتى ئۈچ يىلغىچە ساقلىنىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن تەدرىجىي ھالدا ئاجىزلىشىدۇ. ئەمما ھايۋاناتتىن ئېلىنىدىغان دورىلار ياغ، ئۆت، پەنىرمايە، مۇگگۇز، تۇياق، ماياق، تېزەك، قانغا ئوخشاش دورىلار بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ياغقا تۇز سېپىلسە، قۇۋۋىتى بىر يىلغىچە ساقلىنىدۇ. ئۇ مەلھەملەرگە قوشۇلىدۇ، ئەمما باشقا دورىلار ۋە بىر قىسىم كېسەللىكلەرگە ئىشلىتىلمەيدۇ. ئۆتنىڭ ساقلىنىش ۋاقتى تۇخۇمنىڭ ساقلىنىش ۋاقتىدىن ئۇزۇنراق بولۇپ، ياخشى قورۇتۇپ ئوبدان ساقلانسا، قۇۋۋىتى بىر قانچە يىلغىچە تۇرىدۇ. پەنىرمايە، ئەرەب تۆگىسى ۋە ئۇنىڭ باشقىلىرىغا ئوخشاش بەزى ھايۋانلارنىڭ تېخى ئوت يېمىگەن بالىسىنىڭ ئىچىدىن چىققان ئوغۇز سۈتتىن ئىبارەت بولۇپ، قۇۋۋىتى بىر يىلدىن ئىككى يىلغىچە تۇرىدۇ. مۇگگۇز، تۇياق، تىرناق قاتارلىقلارنىڭ قۇۋۋىتى بىر قانچە يىلغىچە ساقلىنىدۇ. ئىت پوقى، بۆرە پوقى، ئېشەك تېزىكى، ئۆچكە مايىقى، كېلەر مايىقى قاتارلىقلارغا ئوخشاش ماياق، پوق، تېزەك ۋە قان قاتارلىقلارنىڭ قۇۋۋىتى بىر يىلغىچە ساقلىنىدۇ. قۇندۇزقەھرىنىڭ قۇۋۋىتى 10 يىلغىچە ساقلىنىدۇ. قالغىنىنى ئاللا ئەڭ ئوبدان بىلىدۇ.

## 8 - پەسىل يەپ - ئىچىش قائىدىلىرى ۋە بىرلىكتە ئىستېمال قىلىشقا بولمايدىغان غىزالار توغرىسىدا

بىلگىنكى، ساقلىقنى ساقلاش، بەدەننىڭ ئاجىزلىشىشى، ئۇسسۇزلۇق ۋە ئاچلىقنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن يېمەك - ئىچمەكنى ئېھتىياجغا قاراپ نورمال ئىستېمال قىلىش زۆرۈردۇر. ئەمما زىيادە تويۇنۇش يامان بولۇپ، زىيانلىقتۇر. قورساق توق ۋاقىتتا، ئۇسسىمىغان ھالەتتە تاماق يېمەسلىك ۋە ئۇسسۇزلۇق ئىچمەسلىك لازىم. شۇنداقلا قورساق

زىيادە ئاچقان، زىيادە ئۇسسىغاندىمۇ بىراقلا كۆپ غىزالىنىشقا ۋە كۆپ ئۇسسۇزلۇق ئىچىشكە بولمايدۇ. يەنە بەدەن چېنىقتۇرغان، كۈچلۈك ھەرىكەت قىلغان، مىزاجىنى زىيادە ئىسسىقلىق ئىگىلىگەن ۋاقىتلاردىمۇ بىراقلا كۆپ ئوزۇقلىنىش ۋە ئۇسسۇزلۇق ئىچىشكە بولمايدۇ، بەلكى تەدرىجىي، ئاستا - ئاستا ئوزۇقلىنىش ۋە ئىچىش لازىم. بولۇپمۇ غىزا تەستە ھەزىم بولىدىغان، يېيىشكە ئادەتلەنمىگەن، بەك ئىسسىق ياكى بەك سوغۇق بولسا تېخىمۇ شۇنداق قىلىش لازىم. ئاۋۋال ئېغىزنى چايقاش، پۇت - قول، يۈز - كۆزلەرنى بىر قانچە قېتىم يۇيۇش لازىم، بۇنىڭ بىلەنمۇ ئەھۋال پەسەيمىسە ئاز - ئازدىن سۇ ئىچىش لازىم. قاچىنى يۈزگە ئۇدۇللاپ قويۇپ، ئوڭ ياكى سول تەرەپكە سىلجىماي، لوقمىنى كىچىك قىلىپ ياخشى چايناپ يۇتۇش لازىم. ياز پەسلىدە كۈنچىقىشتىن ئىلگىرى سوغۇق تائام، قىش پەسلىدە كۈننىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئىسسىق تائام، باھار پەسلىدە مۆتىدىل تائام يېيىش، بىر كېچە - كۈندۈزدە بىر ياكى ئىككى قېتىم ئوزۇقلىنىش لازىم. ھەر ئىككى كۈندە ئۈچ قېتىم، يەنى بىرىنچى كۈنى چۈشتىن بۇرۇن بىر قېتىم، چۈشتىن كېيىن ياكى كېچىنىڭ ئاۋۋىلىدا بىر قېتىم، ئىككىنچى كۈنى چۈش ۋاقتىدا بىر قېتىم ئوزۇقلانسا ياخشىراق بولىدۇ. تائامنى ئاستا ياكى بەك تېز يېمەسلىك، بەلكى ياخشى چايناپ سىلىق يۇتۇش، تائام ئۈستىگە تائام يېمەسلىك، يەنى ئاۋۋال يېگەن تائام سىڭمەي تۇرۇپ، ئۈستىگە يەنە تائام يېمەسلىك، ئاشقازاندا ئېغىرلىق سېزىلىدىكەن، كېكىرىكتە ئىلگىرى يېگەن تائامنىڭ پۇرىقى بولىدىكەن، تائام يېيىشتىن ساقلىنىش، يەنى قورساق ياخشى ئاچقان ۋە ئۇسسىغاندا ئاندىن يەپ - ئىچىش لازىم. غىزالىنىش ۋاقىتلىرى بەدەن قۇرۇلۇشى ئوتتۇرا ھال كىشىلەرگە نىسبەتەن بېكىتىلگەندۇر، ھالبۇكى، بالىلار، ياشلار، ئىسسىق مىزاجلىقلار، ھەزىمى كۈچلۈكلەر، ياشانغانلار، بەدىنى ئاجىزلار، مىزاجى سوغۇقلارنىڭ ھەربىرىگە ئايرىم غىزالىنىش ۋاقتى بېكىتىش لازىم، ھەممىنى بىر تاياقتا ھەيدىگىلى بولمايدۇ. غىزالىنىشتا تائامغا ئازراق مايىللىق ۋە ئاچلىق بار ۋاقىتتا تائامدىن قولنى يىغىش، ئاسان ھەزىم بولىدىغان غىزانى ئاۋۋال يېيىش، بىر ياكى ئىككى خىل تائام بىلەن كۇپايىلىنىش، غىزالىنىپ بولغاندىن كېيىن بىر قانچە قەدەم يول مېڭىپ بېرىش لازىم، چۈنكى شۇ تەدبىرلەر ئارقىلىق بەدەن كۆپ ھاللاردا ساغلام، سەزگۈلەر ساپ بولىدۇ، كۆپ غىزا يېيىلسە بەدەن ئېغىر، سەزگۈلەر تۇتۇق، گال بولۇپ قالىدۇ، تۈرلۈك كېسەللىكلەر ۋە ئىللەتلەر پەيدا بولىدۇ. ئىسسىق نان يېيىش، ئارقىدىنلا سوغۇق سۇ ئىچىشتىن ساقلىنىش لازىم، چۈنكى بۇنداق قىلىش بەدەندە ئوفۇنەت ۋە بۇخارات پەيدا قىلىدۇ. ئاسان ھەزىم بولىدىغان غىزا بىلەن تاتلىق يېمەكلىكنى بىرگە يېيىش ياكى تەستە ھەزىم بولىدىغان تائامدىن كېيىن تاتلىق يېمەكلىكلەرنى يېيىشتىن ئېھتىيات قىلىش، مەسىلەن: ئاسان ھەزىم بولىدىغان گۆش ۋە قويۇق تائامدىن كېيىن قوغۇن يېيىشتىن، شۇنىڭدەك ئاستا ھەزىم بولىدىغان، ناچار كەيمۇس

پەيدا قىلىدىغان غىزا ياكى تاتلىق يېمەكلىكلەر ۋە ئۇنىڭ ئوخشاشلىرىدىن كېيىن تېز ھەزىم بولىدىغان، ياخشى كەيمۇس پەيدا قىلىدىغان غىزالارنى يېيىشتىن ئېھتىيات قىلىش لازىم، چۈنكى بۇ چاغدا تەبىئەت ئاسان ھەزىم بولىدىغان تاتلىق غىزانى تېز ئۆزگەرتىدۇ ۋە ھەزىم قىلىدۇ، تەستە ھەزىم بولىدىغان غىزا بەدەندە تۇرۇپ قېلىپ ئېغىرلىق ۋە كېسەللىككە سەۋەب بولىدۇ. شۇنىڭدەك ئەمەلىي ياكى قۇۋۋىتى ئىسسىق، سوغۇق، شىلىمشىق، يەللىك، قابىز، تەستە ھەزىم بولىدىغان ياكى بوشىتىدىغان ئىككى خىل يېمەكلىكنى بىرلىكتە ئىستېمال قىلماسلىق، گۆرۈچ تائامدىن كېيىن سىركە ئىستېمال قىلىش، تۇرۇپ ۋە بېلىق بىلەن بىرگە ياكى ئۇلاردىن كېيىن قېتىق ئىستېمال قىلىش، قېتىق، بېلىق گۆشىدىن كېيىن توخۇ گۆشى ئىستېمال قىلىش ياكى ئەكسىچە ئىستېمال قىلىش، توخۇ گۆشى بىلەن بىرلىكتە سۈت، بېلىق بىلەن بىرلىكتە سۈت، ئاتىلا بىلەن بىرلىكتە ئانار، ئۈزۈم بىلەن بىرلىكتە قوي كاللا - پاقالچىقى، سىركە بىلەن بىرلىكتە ئەدەس ياكى ماش، قوغۇن بىلەن بىرلىكتە ھەسەل ۋە قۇرۇق ئۈزۈم، قوغۇن بىلەن بىرلىكتە ئەنبەر مېۋىسى ئىستېمال قىلىش، تۇزلۇق تائامدىن كېيىن سوغۇق سۇ ئىچىش، مېۋىدىن كېيىن، بولۇپمۇ شېرىن ھۆل مېۋە، ئىسسىق ۋە تاتلىق تائامدىن كېيىن ئۇخلىغان، جىما قىلغان، مۇنچىغا چۈشكەن، زىيادە ھەرىكەت قىلغان، كۆپ بەدەن چېنىقتۇرغاندىن كېيىن، ئۇيقۇ ئارىسىدا، ئاچ قورساق ۋاقتىدا، يەنى ناشتىدا ۋە مۇنچىدا سوغۇق سۇ ئىچىشتىن ئېھتىيات قىلىش لازىم. بىرى يەنە بىرىنى ئىسلاھ قىلىدىغان غىزالار ۋە مېۋىلەرنى بىرلىكتە ئىستېمال قىلىش ياخشىدۇر. مەسىلەن: تاتلىق تائامنى چۈچۈمەل تائام بىلەن، مايلىق تائامنى تۇزلۇق ۋە ئۆتكۈر تائام بىلەن بىرلىكتە ئىستېمال قىلغانغا ئوخشاش. بەزىلەر ھەر خىل غىزالارنى بىرلىكتە ئىستېمال قىلىشقا بولىدۇ. چۈنكى ئىستېمال قىلىنغان بۇ غىزالار ئوخشاش ياكى قارىمۇقارشى بولىدۇ، ئوخشاش بولسا خۇددى بىر خىل تائامنى كۆپرەك ئىستېمال قىلغانغا ئوخشاش بولىدۇ، قارىمۇ قارشى بولسا بىرى يەنە بىرىنىڭ زەرەرىنى يوقىتىدۇ ۋە تەڭشەيدۇ، دەپ ئويلايدۇ. بۇنداق ئويلاش خاتا بولۇپ، پەقەت خىيالدىن ئىبارەت. چۈنكى، ئىككى خىل غىزا قانداقمۇ بىر - بىرىگە زىت بولسۇن، ھېچقايسىسى بىر - بىرىنى ئىسلاھ قىلالمايدۇ. بىرىدە پەيدا بولغان بۇزۇلۇش يەنە بىرىگىمۇ تەسىر قىلىپ ئۇنىمۇ بۇزىدۇ، ئۇلارنىڭ بىرلىشىشىدىن تەڭشەش ئەمەس زىيان كېلىپچىقىدۇ. مەسىلەن: بىر ئادەمنىڭ مەلۇم ئەزاسى ئوت بىلەن كۆيگەن بولسا، ئۇنىڭغا قار - مۇز قويۇلسا ئەلۋەتتە ئازابلىنىدۇ ۋە زەرەر قىلىدۇ. ئوخشاش ئىككى نەرسە بىر - بىرىنى ئىسلاھ قىلىشى مۇمكىن. مەسىلەن: بىرى قويۇقنى سۇيۇلدۇرۇشى، يەنە بىرى قويۇقنى زىچلاشتۇرۇشى، بىرى يەنە بىرىنى قۇۋۋەتلىشى مۇمكىن. يەنە ئوخشاش بولغان ئىككى نەرسە بىر - بىرسىنىڭ كەيپىياتىنى كۈچەيتىشى ۋە بىرلەشكەندىكى خۇسۇسىيەتلىرىنىڭ

كۆچىيىشى بىلەن بەدەنگە زىيان قىلىشى مۇمكىن. ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، بۇنىڭ ئومۇمىي قائىدىسى يوقتۇر. بەلكى مىزاج، ئادەت، دورىنىڭ كۈچلۈك ـ ئاجىزلىقى، قويۇق ـ سۇيۇقلۇقىغا قاراپ تۇرۇپ ئۆزگىرىدۇ.

## 9 ـ پەسىل دورىلارنى كۆيدۈرۈش، كۈشتە قىلىش، قورۇش، يۇيۇش ھەمدە چۆپچىن، ئۆشبە، ساسەفراس پوستى، شەجەرەتۇن نەبى، كەياكۇ ياغىچى، تۆگە سۈتى، ئۆچكە سۈتى، ئېشەك سۈتى، ئايال سۈتى، پادىزەھرى، دوغاپ، ئارپا سۈيى، قاپاق سۈيى، تەرخەمەك سۈيى ۋە باشقىلارنى ئىستېمال قىلىش ئۇسۇلى ۋە باشقا مۇناسىۋەتلىك مەشغۇلاتلارنى قىلىش ئۇسۇللىرى توغرىسىدا

بىلگىنكى، دورىلار بىر قانچە مەقسەتتە كۆيدۈرۈلىدۇ. يەنى دورىلار تەبىئىتىنى باشقا تەبىئەتكە ئۆزگەرتىش، زاك، قەلقاتار، مارجانغا ئوخشاش دورىلار، بولۇپمۇ كۆز دورىلىرىنىڭ كۈچىنى ئازايتىپ ئۆتكۈرلۈكىنى پەسەيتىش، كۆپ قىسىم مېتاللار، ھاك تېشى، بىخ مارجان، سەدەپ، تۇرۇپ يوپۇرمىقى، تاماكا، سۇنئىي تۇزلار، كۇللەر، ھەسى لوبان جەۋھىرىگە ئوخشاش دورا جەۋھەرلىرىنى كۈچەيتىش، يەنى قۇۋۋىتى، ئۆتكۈرلۈكى ۋە سىڭىشچانلىقىنى ئاشۇرۇش، مىزاجىنى باشقا مىزاجغا يۆتكەش، تۇزلارغا ئوخشاش دورىلارنىڭ تەركىبىنى ئۇچۇچانلاشتۇرۇش، سۇرمە، توغرىغۇ، قىسقۇچپاقا، بۇغا مۈڭگۈزى قاتارلىقلارغا ئوخشاش دورىلارنىڭ يات تەركىبلىرىنى تازىلاش، ياقۇت، ئالتۇن، كۈمۈش، يىپەككە ئوخشاش دورىلارنى سوقۇشقا قولايلىقلاشتۇرۇش، چايانىنى تاش پارچىلاش ئۈچۈن، ئەفئا يىلىنى ۋە قارا يىلان( ئەسۋەد سالىخ) نى جوزام ۋە خانازىر كېسەللىكىگە ئىشلەتكەندىكىگە ئوخشاش دورىلارنىڭ زەھىرىنى يوقىتىپ، ناچارلىقىنى ئىسلاھ قىلىشتىن ئىبارەت بىر قانچە مەقسەتتە كۆيدۈرۈلىدۇ. چۈنكى دورىلار ئۆتكۈر، تەركىبى ئۇچۇچان ياكى مۆتىدىل بولىدۇ. ھەر ئىككى خىل تۈردىكى دورىلار كۆيدۈرۈلسە، ئوتقا مەنسۇپ ئىسسىق، ئۆتكۈر تەركىبى تارقالغانلىقتىن قۇۋۋىتى ئاجىزلاپ، ئۆتكۈرلۈكى ۋە ئىسسىقلىقى تۆۋەنلەيدۇ، مەسىلەن: مەزكۇر دورىلارغا ئوخشاش. بەزى دورىلارنىڭ تەركىبى زىچ بولىدۇ. تەبىئىتى ئىسسىق ۋە ئۆتكۈر بولمايدۇ. كۆيدۈرۈلسە ئوتقا مەنسۇپ ئىسسىقلىقنى قوبۇل قىلىپ ئۆتكۈرلۈكى ۋە ئىسسىقلىقى ئاشىدۇ، مەسىلەن: مېتاللار ۋە ھاك تېشىغا ئوخشاش. يەنە بەزى دورىلار قاتتىق ياكى شىلىمشىق ئارتۇق ھۆللۈككە ئىگە بولىدۇ، كۆيدۈرۈلسە شىلىمشىق، چاپلاشقاق، تۇتۇشقاق، ھۆللۈكى ئازىيىپ ۋە يوقىلىپ، ئاسان سوقىلىدىغان ھالەتكە كېلىدۇ، مەسىلەن: تاش ۋە يىپەككە ئوخشاش. يەنە بەزى دورىلار يات تەركىبلەرگە ئىگە بولۇپ، كۆيدۈرۈلسە بۇ

تەركىبلەر يوقىلىدۇ، مەسىلەن: توغرىغۇغا ئوخشاش. بىلگىنىكى، دورىنىڭ تۇزۇلۇشى بوش، شالاڭ بولسا، كۆيدۇرۇش ئارقىلىق تەبىئىتى سوغۇقلۇققا مايىللىشىدۇ. كۇل بولغۇدەك كۆيدۇرۇلسە ئۆتكۇرلۇكى پۇتۇنلەي يوقايدۇ، تۇزۇلۇشى زىچ، قويۇق بولسا، كۆيدۇرۇش ئارقىلىق تەبىئىتى سوغۇقلۇقتىن ئىسسىقلىققا مايىللىشىدۇ. بىلگىنكى، ئوخشىمايدىغان ئىككى خىل دورىنى بىرلىكتە كۆيدۇرۇشكە بولمايدۇ، مەسىلەن: تۇز بىلەن هاكقا ئوخشاش. تاشلارنى ئۆسۇملۇكلەر ۋە هايۋاناتلارغا مەنسۇپ دورىلارنىڭ ئەكسىچە زىيادە كۆيدۇرۇشكە بولمايدۇ. يىپەك، هەر خىل يىلىملارغا ئوخشاش دورىلارنى ئازراق كۆيدۇرۇش كۇپايە قىلىدۇ. كۆيدۇرۇلگەن دورىنى سوۋۇتۇش مەقسەت قىلىنسا يۇيۇلسا بولىدۇ. ئۇنداق مەقسەت بولمىسا شۇ پېتى ئىشلىتىلىدۇ. « تەكلىس» دېگەن سۆز مىسىر خەلقى تىلىدا هاكلاشتۇرۇش دېگەن مەنىنى بىلدۇرىدىغان بولۇپ، ئاسان سوقۇلىدىغان هالەتكە كەلتۇرۇش مەشغۇلاتىنى كۆرسىتىدۇ. يەنى سالايە قىلغىلى بولمايدىغان هەر قانداق قاتتىق نەرسە كۆيدۇرۇش ئارقىلىق سالايە قىلغىلى بولىدىغان هالەتكە كەلتۇرۇلىدۇ. بۇنداق نەرسە «مۇكەللەس» دەپ ئاتىلىدۇ. كۆيدۇرگىلى بولىدىغان، كۆيدۇرمەي ئىشلىتىشكە بولمايدىغان دورىلار سۇرمە تېشى، توشقان، بىخ مارجان، قوغۇشۇن، قارا يىلان، سەرتان، تەلىخ، چايان قاتارلىقلاردۇر. كۆيدۇرمەيمۇ ئىشلىتىشكە بولىدىغان دورىلار ئەۋرىشىم، ئابار، هەببۇلئاس، ئالتۇن، ئۇد هىندى، كەهرىۋا، ياقۇت قاتارلىقلاردۇر. بۇلارنىڭ هەربىرى ئاللا خالىسا ئۆز ئورۇنلىرىدا بايان قىلىنىدۇ. بەزىلىرى تۆۋەندە سۆزلىنىدۇ:

**توغرىغۇنى كۆيدۇرۇش:** ساپال قاچىنى چوغ ئۇستىگە قويۇپ قىزىتقاندىن كېيىن، توغرىغۇنى ئىچىگە تاشلاپ كۆيگىچە مىدىرلىتىپ تۇرۇلىدۇ ياكى تۇمۇر چۆمۇچنى قىزىتىپ، ئىچىگە ئۇششاقلانغان توغرىغۇنى سېلىپ توغرىغۇ كۆيۇپ كۇلدەك بولغۇچە مىدىرلىتىپ تۇرۇلىدۇ.

**هاك بىلەن كۆپىكدەريا ۋە ئۇنىڭغا ئوخشاش دورىلارنى كۆيدۇرۇش:** بۇلارنى كۆيدۇرۇش «تەكلىس» دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇلارنى كۆيدۇرۇش ئۇسۇلى شۇكى، ئۇلاردىن مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ، تۇز سۇيى بىلەن يۇيۇپ قۇرۇتۇپ، گىل هېكمەت بىلەن ئورالغان كوزىغا سېلىپ خۇمدان ياكى مۇنچا ئوچىقى ياكى ناهايىتى قىزىق تونۇردا خىش ئۇستىدە كۆيۇپ ئاقارغىچە قويۇلىدۇ، ئاقارمىسا  تولۇق كۆيمىگەن هېسابلىنىپ، تەكرار كۆيدۇرۇلىدۇ.

**يىلان، ئەفئا يىلىنى ۋە قارا يىلان (ئەسۋەد سالىخ)نى كۆيدۇرۇش ئۇسۇلى:** يەرلىك يىلان، ئەفئا يىلىنى ياكى قارا يىلاننىڭ قايسىسى كېرەك بولسا، تىرىك تۇتۇپ كوزىغا تىرىك قاچىلاپ، كوزىنىڭ ئېغىزىنى گىل هېكمەت بىلەن ئېلىپ ناهايىتى قىزىتىلغان تونۇردا بىر كېچە تۇرغۇزۇلىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن تونۇردىن چىقىرىپ سالايە قىلىپ زەيتۇن يېغى بىلەن مەلهەم قىلىپ، بويۇن بەز سىلىغا چېپىلىدۇ.

**قارلىغاچنى كۆيدۈرۈش:** قارلىغاچنىڭ بالىسىنى بوغۇزلاپ، پەيلىرىنى يۇلۇپ، ئىچىنى پاكىز تازىلاپ، يۇيۇپ، ئۈستىگە تۇز سېپىپ، كوزىغا سېلىپ ئېغىزى گىل ھېكمەت بىلەن چىڭ ئېتىپ، تونۇر ياكى ئوچاق ئىچىدە چوغ ئۈستىدە قويۇپ كۆيگۈچە تۇرغۇزۇلىدۇ.

**توشقاننى كۆيدۈرۈش:** قارلىغاچنى كۆيدۈرۈش ئۇسۇلى بىلەن ئوخشاش.

**شىشىنى كۆيدۈرۈش:** ساپ، ئاق، پارقىراق، قوم، توپا ـ چاڭ ئارىلاشمىغان شىشىدىن مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ، يۇمشاق سالايە قىلىپ، لايلانغان كوزىغا سېلىپ ئېغىزىنى ئېتىپ، مۇنچا ئوچىقى ياكى ناھايىتى قىزىتىلغان تونۇرغا سېلىپ قىزارغىچە تۇرغۇزۇلىدۇ.

**شىشە كۈلىنى كۈشتە قىلىش:** ئۇنىڭ ياخشى ئۇسۇلى شۇكى، ئۇنى تۆمۈر چۆمۈچكە سېلىپ ياخشى قىزىتقاندىن كېيىن، قەلەي سۈيى[1]گە تاشلاپ، كۈشتە بولغان قىسمىنى ئايرىۋېلىپ، قالغان قىسمىنى يەنە شۇ يوسۇندا قىزىتىپ يەنە قەلەي سۈيىگە تاشلاپ، كۈشتە بولغان قىسمى يەنە ئايرىۋېلىنىدۇ، بۇ ئۇسۇل تاكى تولۇق كۈشتە بولغۇچە داۋاملاشتۇرۇلىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن، چاڭ ـ توزانغا ئوخشاش بولغۇچە يۇمشاق سالايە قىلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن تۆت گىرام ئېلىپ 50 گىرام قايناق سۇ بىلەن ئىچىلسە، ئەزالاردىكى تاشلارنى ياخشى پارچىلاپ چۈشۈرىدۇ.

**زەرنىخنى كۆيدۈرۈش:** ئالىي دەرىجىلىك ساپ زەرنىختىن مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ، نوقۇت ۋە باقىلىگە ئوخشاش ئۇششاقلاپ، گىل ھېكمەت بىلەن سۇۋالغان كوزىغا قاچىلاپ ئېغىزىنى مەھكەم ئېتىپ، ئېغىزىنىڭ ئوتتۇرىسىدىن بۇس چىقىش ئۈچۈن تۆشۈك قويۇپ، ئۇنىڭدىن كېيىن چوغ ئۈستىدە قويۇپ كۆيدۈرۈلىدۇ، ئۇنىڭدىن قارا بۇس چىقسا تولۇق كۆيمىگەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ، ئاق بۇس چىقسا تولۇق كۆيگەن بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

**تاشپاقىنى كۆيدۈرۈش:** تاشپاقىنىڭ قورسىقىنى يېرىپ ئىچىنى پاكىز تازىلاپ، يۇيۇپ، لايلانغان كوزىغا سېلىپ ئېغىزىنى ئېتىپ، تونۇر ياكى ئوچاقتا كۆيۈپ ئاقارغىچە قويۇلىدۇ.

**سەرتان (قىسقۇچپاقا)نى كۆيدۈرۈش:** قۇياش ئەسەد بۇرجىغا كەلگەندە ئۆستەڭ قىسقۇچپاقىسىدىن ئېلىپ پۇتلىرىنى كېسىۋېتىپ، ئىچ قارنىنى تازىلاپ، تال ياغىچى كۈلى ۋە تۇز بىلەن يۇيۇلۇپ سۇ تەگمىگەن ساپال كوزىغا سېلىپ ئېغىزىنى مەھكەم ئېتىپ، كوزىنىڭ سىرتىنى بۇغداي كېپىكى، ئاق لەيلى، تۇز قاتارلىقلار قوشۇلغان سېغىز لاي بىلەن سۇۋاپ قۇرۇغاندا ياخشى قىزىتىلغان تونۇرغا قويۇپ، تونۇرنىڭ ئاغزىنى ئېتىپ كەچ بولسا ئەتىگەنگىچە، ئەتىگەن بولسا كەچكىچە تۇرغۇزۇپ، ئۇنىڭدىن كېيىن كوزىدىن چىقىرىپ سالايە قىلىپ ئىشلىتىلىدۇ.

**دېڭىز سەرتاننى كۆيدۈرۈش:** يۇقىرىدىكىسىنى كۆيدۈرۈش ئۇسۇلى بىلەن ئوخشاش.

**شەبەخ (سەدەپنىڭ بىر تۈرى) ۋە سەدەپنى كۆيدۈرۈش:** ئاق، سىلىق شەبەختىن مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ، ساپ سېغىز لايغا ئوراپ تونۇردا چوغ ئۈستىدە كۆيگىچە قويۇلىدۇ،

كۆيگەنلىكىنىڭ ئالامىتى ئاقىرىشتۇر، ئەگەر بىر قېتىمدا كۆيمىسە، يەنە سېغىز لاي ئېچىگە ئېلىپ تونۇردا كۆيگىچە قويۇلىدۇ. سەدەپ ۋە ئۇنىڭ ئوخشاشلىرىمۇ شۇ ئۇسۇلدا كۆيدۈرۈلىدۇ.

**ھېقىق، يەشەب، ياقۇت ۋە ئۇنىڭ ئوخشاشلىرىنى كۆيدۈرۈش ئۇسۇلى:** ئۇلارنى ئاۋۋال ئوتتا قىزارغىچە قويۇپ، ئارقىدىن سوغۇق سۇغا سېلىپ، تاكى كۆيۈپ سۇيى قۇرۇپ، ئۇۋۇلىغىلى ۋە سوققىلى بولىدىغان ھالەتكە كەلگەنگە قەدەر شۇنداق قىلىنىدۇ.

**بىخ مارجان بىلەن مارجاننى كۆيدۈرۈش:** ئۇلارنىڭ ئېھتىياجدىن ئېچىدىن لازىم بولغىنىدىن مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ، ئۇششاقلىغاندىن كېيىن ساپال كوزىغا سېلىپ گىل ھېكمەت بىلەن ئوراپ، تونۇرغا سېلىپ كۆيۈپ ئاقارغىچە، ئەمما كۈل بولمىغىچە كۆيدۈرۈلىدۇ، بىر قېتىمدا كۆيمىسە تەكرار كۆيدۈرۈلىدۇ، بۇنداق قىلىش ئۇنىڭدا توغرىغۇ خۇسۇسىيەت پەيدا قىلىش ۋە يۇمشاق سوقۇلىدىغان قىلىش ئۈچۈندۇر.

**مەرۋايىتنى كۆيدۈرۈش:** تېپىشلىمىگەن مەرۋايىتنى مۇۋاپىق مىقداردىكى سۈت بىلەن بىرلىكتە ساپال قاچىغا سېلىپ، ئېغىزىنى ئېتىپ ئوت ئۈستىدە قويۇپ، پۈۋلەپ، مەلۇم ۋاقىت تۇرغۇزۇپ كۆيگەندىن كېيىن چىقىرىلىدۇ.

**تۇزنى كۆيدۈرۈش:** تۇزنى سوقۇپ، ھەسەل بىلەن يۇغۇرۇپ چىگە رەختكە ئېلىپ، نېپىز رەخت بىلەن ئوراپ گىل ھېكمەت ئېچىگە ئېلىپ، قىزىتىلغان تونۇردا خىش ئۈستىدە قويۇلىدۇ، كۆيگەندىن كېيىن تونۇردىن چىقىرىپ گىل ھېكمەتتىن ئايرىپ يۇمشاق سالايە قىلىپ ئىشلىتىلىدۇ. يەنە بىر ئۇسۇلى شۇكى، تۇزنى يۇيۇپ قۇرۇتۇپ ساپال قازانغا سېلىپ، قازان تۈۋىقىنىڭ ئەتراپلىرىنى گىل ھېكمەت بىلەن ھىم ئېتىپ، ئوت ئۈستىگە قويۇلىدۇ ۋە ئەتراپىغا چوغ دۆۋىلىنىدۇ، تۇز سەكرەشتىن توختىغۇچە تونۇردا قويۇلىدۇ، شۇ چاغدا ئۇ تولۇق كۆيگەن ھېسابلىنىدىغان بولۇپ، تونۇردىن چىقىرىپ ئىشلىتىلىدۇ.

**كەھرىۋانى كۆيدۈرۈش:** كەھرىۋانى ئۇششاقلاپ گىل ھېكمەت بىلەن لايلانغان كوزىغا سېلىپ ئېغىزىنى مەھكەم ئېتىپ، كەچتە قىزىتىلغان تونۇرغا قويۇپ، ئەتىسى ئەتىگەندە تونۇردىن چىقىرىپ سالايە قىلىپ ئىشلىتىلىدۇ.

**ئىقلىميانى كۆيدۈرۈش:** يۇقىرىدىكى بىلەن ئوخشاش.

**قوغۇشۇننى كۆيدۈرۈش:** قوغۇشۇندىن 30 گىرام ئېلىپ، ئۇششاقلاپ تۆمۈر تاۋىغا سېلىپ، ئۈستىگە ئاز مىقداردا سوقۇلغان سەپداپ ۋە ئىككى چاڭگال ئارپا سېپىپ، تۆمۈر بىلەن تاكى تولۇق كۆيگۈچە ئارىلاشتۇرۇلىدۇ. يەنە بىر ئۇسۇلى شۇكى، قوغۇشۇننى نېپىز قىلىپ، ئۈستىگە ئاز مىقداردا سالايە قىلىنغان گۈڭگۈرت سېپىپ، ئۈستىنى ساپالدىن تەييارلانغان تۆشۈكلۈك ساپال ياپقۇچ بىلەن يېپىپ، ئەتراپىنى گىل ھېكمەت بىلەن ئېتىپ كوزىغا سېلىپ، ئوت ئۈستىدە قويۇپ تاكى تولۇق كۆيگىچە ئوت پۈۋلىنىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن

ئوتتىن چىقىرىپ سالايە قىلىپ يېيىپ ئىشلىتىلىدۇ. ھەر ئىككى مەشغۇلاتتا قوغۇشۇننىڭ تۇتۇنىدىن ئېھتىيات قىلىنىدۇ. گۈڭگۈرتنىڭ مىقدارى ھەر 500 گىرام قوغۇشۇن ئۈچۈن ئىككى گىرامدىن ئارتۇق بولماسلىقى لازىم. يەنە بىر ئۇسۇلى شۇكى، ساپ قوغۇشۇننى مۇۋاپىق مىقداردىكى گۈڭگۈرت بىلەن بىرلىكتە تۆمۈر قاچىغا سېلىپ، تۆمۈرچىلەرنىڭ ئوچىقىغا قويۇپ، تاكى كۆيۈپ ياخشى كۈل بولغانغا قەدەر ئوت قالىنىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن ئوچاقتىن چىقىرىپ يېيىپ ئىشلىتىلىدۇ.

**تۆمۈر پوقىنى كۆيدۈرۈش:** تۆمۈر پوقىنى قىزىتىپ، سىركىگە چىلاپ يەتتە قېتىم داغماللىنىدۇ.

**تۆمۈر بىلەن پولاتنى كۆيدۈرۈش:** بۇلارنى ئېكەكلەپ ئۈچ كېچە - كۈندۈز كالا سۈيدۈكىگە چىلاپ قويۇپ، ئۇنىڭدىن كېيىن سۈزۈپ ئېلىپ، تاش ئۈستىدە ھېلىلەنىڭ چىلانما سۈيى بىلەن سالايە قىلىپ قۇرس تەييارلاپ قۇرۇتۇلىدۇ، قۇرسلارنىڭ ھەممىسىنى ساپال قاچىغا قويۇپ ئۈستىگە ساپال تۇۋاق يېپىپ ئەتراپىنى گىل ھېكمەت بىلەن ھىم قىلىپ بىر ھەپتىگىچە ياۋا كالىنىڭ تېزىكىنىڭ ئارىسىغا كۆمۈپ قويۇلىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن تېزەكتىن چىقىرىپ ھېلىلە سۈيى بىلەن يەنە ئون قېتىم تەكرار سالايە قىلىنىدۇ، ئارىلىقتا ھۆل سەبرە سۈيى بىلەن سالايە قىلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن قۇرۇتۇپ ساپال قاچىغا سېلىپ ئېغىزىنى چىڭ ئېتىپ، بىر ھەپتىگىچە ياۋا كالا تېزىكى ئوتى ئارىسىدا قويۇلىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن چىقىرىپ سوقۇپ، سالايە قىلىپ ئىشلىتىدۇ. بەزى ئادەملەر ئاخىرقى قېتىمدىمۇ تۆمۈرنى يەنە سالايە قىلىپ، قېتىق سۈيىگە بىر كېچە - كۈندۈز چىلاپ قويۇپ، ئازراق ساپ نۆشۈدۈر بىلەن ياخشى سالايە قىلىپ، يەنە بىر كۈن تېزەك ئوتى ئارىسىدا كۆيدۈرۈپ، ئۇنىڭدىن كېيىن يۇمشاق سالايە قىلىپ ئىشلىتىلىدۇ. مېتاللارنىڭ ياخشى سالايە بولغانلىقىنىڭ ئالامىتى سۇغا سالسا چۆكمەي لەيلىشىدۇر.

**ئالتۇننى كۈشتە قىلىش:** مۇھەممەد بىن سەنجىرىينىڭ ئۇسۇلى شۇكى، ئالتۇننى ئۇپىدەك يۇمشاق ئېكەكلەپ تۆمۈر چۆمۈچكە سېلىپ ئۈستىگە ئازراق قوغۇشۇن تالقىنى سېپىپ، ئۈستىگە تۇز سۈيى تۆكۈپ، سۇ تۈگەپ ئالتۇن قالغۇچە قايناتقىپ، ئۇنىڭدىن كېيىن سالايە قىلىپ يېيىپ ئىشلىتىلىدۇ.

**ئالتۇننى كۆيدۈرۈش:** ئۇنىڭ ياخشى ئۇسۇلى شۇكى، ئالتۇن ئېكەكلىنىدۇ، ھاك سۈيى، شاخار سۈيى، ئاش تۇزى سۈيى قاتارلىقلار سۈزۈپ ساپلاشتۇرۇلىدۇ، سۇلارنىڭ ھەربىرى ئايرىم - ئايرىم ئۇيۇغىچە قايناتىلىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن ھاك سۈيى ئۇيۇتمىسىدىن بىر ھەسسە، تۇز ئۇيۇتمىسىدىن يېرىم ھەسسە، شاخار ئۇيۇتمىسىدىن يېرىم ھەسسە، ئالتۇن ئېكەكدەلمىسىدىن بىر ھەسسە ئېلىپ ئۆزئارا ئارىلاشتۇرۇپ، ياخشى سالايە قىلىپ، ئەينەك قاچىغا سېلىپ ئوت بىلەن قىزارغىچە قىزدۇرۇپ، ئۇنىڭدىن كېيىن ئۈچ كېچە - كۈندۈز نەم

جايغا كۆمۈپ نەملەشتۈرۈلىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن يەردىن كولاپ چىقىرىپ يەنە ئوت بىلەن قىزارغىچە كۆيدۈرۈپ، ئۇنىڭدىن كېيىن ئوتتىن چىقىرىپ سالايە قىلىنىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن يەنە ئوچاققا سېلىپ قىزارغىچە كۆيدۈرۈپ، ئۇنىڭدىن كېيىن ئوچاقتىن چىقىرىپ سوۋۇغاندا سالايە قىلىپ، ئىسسىق سۇ بىلەن قايىنتىپ ۋە يۇيۇپ، ئارىلاشما ماددىلىرى تازىلىنىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن قۇرۇتۇپ سالايە قىلىپ ئىشلىتىلىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇنى كۆيدۈرۈش ۋە سالايە قىلىشتىن ئاۋۋال گۈڭگۈرت سۈيى ۋە باشقا ئۆتكۈر سۇلارغا چىلىسا تەسىرى تېز بولىدىكەن. ئۇنىڭدىن كېيىن پاكىز يۇيۇپ ئىشلەتسە بولىدىكەن. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بۇ خىل ئۇسۇل بىلەن كۆيدۈرۈلگەن ئالتۇن ئىستېمال قىلىنسا ئۆمۈرنى ئۇزارتىدىكەن، سەۋدادىن بولغان بارلىق كېسەللىكلەرگە داۋا بولىدىكەن، بەدەننى ساغلاملاشتۇرىدىكەن. بۇ جەھەتلەردە ئۇنىڭ تەڭدىشى يوق ئىكەن. ئىستېمال مىقدارى 20 مىللىگرام ئىكەن.

ئالتۇننى سوقۇشقا قولايلىقلاشتۇرۇش، كۆلدەك ھالەتكە كەلتۈرۈش، تەڭگە بولسا ئەسلىي ھالىتىنى ساقلاپ قېلىش ئۇسۇلى: ئالتۇن تەڭگىنى ئىچى سىركە بىلەن سالايە قىلىنغان مەدەستان بىلەن سۇۋالغان سالايە قاچىسىغا سېلىپ، ئوت ئۈستىدە قويۇپ ئېرىمىگۈدەك دەرىجىدە قىزىتىپ، ئۇنىڭدىن كېيىن ئوچاقتىن چىقىرىپ سوۋۇتۇلىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن يەنە يۇقىرىقىدەك قىلىنىدۇ، بۇ مەشغۇلات ھەر قېتىم تەكرارلانغاندا سالايە قاچىسى ئىچى سىركە بىلەن سالايە قىلىنغان يېڭى مەدەستان بىلەن سۇۋىلىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن سالايە قىلىپ يۇيۇپ ئىشلىتىدۇ. سەرەنج، سۈرمە، قوغۇشۇن قاتارلىقلارمۇ شۇ ئۇسۇلدا كۆيدۈرۈلىدۇ.

**ئالتۇننى كۆيدۈرۈشنىڭ يەنە بىر ئۇسۇلى:** بۇ، ھىندىستان ھۆكۈمالىرىنىڭ ئۇسۇلى بولۇپ، قوغۇشۇننى تەكرار ئېرىتىپ نۆشۈدۈر سۈيىگە تۆكۈپ، ئۇنىڭدىن كېيىن ساپ ئالتۇننى ئېرىتىپ بۇ سۇغا بىر قانچە قېتىم تۆكۈپ سوۋۇتۇلغاندىن كېيىن نېپىزلاشتۇرۇپ سىركە بىلەن سالايە قىلىنغان قارا زاك سۈركەپ، ئوت ئۈستىدە قويۇپ قىزدۇرۇلىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن ئوتتىن چىقىرىپ تۇز سۈيى بىلەن يۇغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ تۆتتىن بىرچىلىك مىقداردىكى قوغۇشۇن بىلەن بىرلىكتە ئېكەكدەپ، ئىچىگە مەدەستان مەلھىمى سۈركەلگەن سالايە قاچىسىغا تۆكۈپ، ئوت ئۈستىدە قويۇپ ئېرىتىلىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن ئۈچتىن بىرچىلىك مىقداردىكى سىماب بىلەن بىرلىكتە ساپال ياكى ئەينەك قاچىدا يۇمشاق سالايە قىلىپ، ئوت ئۈستىدە قويۇپ سىماب تۈگىگىچە ئارىلاشتۇرۇلىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن يۇيۇپ، سۇماق تېشى بىلەن ياخشى سالايە قىلىپ، ئۇنىڭدىن ئاز مىقداردا ئېلىپ سۇغا سېلىنىدۇ، سۇ يۈزىگە لەيلىسە ياخشى كۆيگەن ھېسابلىنىدۇ ۋە ئىشلىتىلسە بولىدۇ.

رەڭگى ناچار، سۈپەتسىز ئالتۇن قاچىلارنى تازىلاپ، ساپ ئالتۇن رەڭگىگە كەلتۈرۈش

ئۇسۇلى: تۇتىيائى ھىندى، سۇ كالىسى مۈڭگۈزى ۋە تاشتۇز قاتارلىقلاردىن باراۋەر مىقداردا ئېلىپ سالايە قىلىپ، سۇ بىلەن مەلھەم قىلىپ ئالتۇن قاچىغا سۈركەپ، ئۇنىڭدىن كېيىن ئوت ئۈستىدە قۇرۇغىچە تۇرغۇزۇپ ئاندىن يۇيسا رەڭدار، پارقىراق بولىدۇ. يەنە بىر ئۇسۇلى شۇكى، ئاق زاكىتىن ئىككى ھەسسە، ئاش تۇزىدىن بىر ھەسسە ئېلىپ، يۇمشاق سالايە قىلىپ سۇ بىلەن يۇغۇرۇلىدۇ، ئالتۇن قاچىنى ئوت بىلەن قىزارغىچە قىزىتقاندىن كېيىن ئوتتىن چىقىرىپ سوۋۇتۇپ ئۈستىگە مەزكۇر مەلھەمنى چالا قويماي سۈركىگەندىن كېيىن ئوت ئۈستىدە قويۇپ، قۇرۇتۇپ ۋە ئازراق قىزىتقاندىن كېيىن، ئوتتىن چىقىرىلىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن يەرنى ئازراق كولاپ شۇ يەرگە قويۇپ، ئۈستىگە سۇ بىلەن نەمدەلگەن كۆمۈر كۈلى يېپىپ مەلۇم ۋاقىت تۇرغۇزۇلىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن چىقىرىپ سۇ بىلەن يۇيسا پاكىز، رەڭدار بولىدۇ، ئۇنداق بولمىسا يۇقىرىدىكى مەشغۇلاتنى يەنە تەكرارلىسا بولىدۇ.

**كۈمۈشنى كۆيدۈرۈش:** ساپ كۈمۈشنى قەلەي ئۇپىسى سۈركەلگەن سالايە قاچىسىغا سېلىپ، كۆيۈپ سوققىلى بولغۇدەك بولغىچە ئوت ئۈستىدە قويۇلىدۇ. يەنە بىر ئۇسۇلى شۇكى، كۈمۈشنى ئېكەكلەپ تۇز سۈيى بىلەن بىرلىكتە تۆمۈر قاچىغا سېلىپ، ئوت بىلەن كۈل بولغۇچە كۆيدۈرۈلىدۇ.

**سۈرمە تېشىنى كۆيدۈرۈش:** سۈرمە تېشىنى ئۇششاق قىلىپ قوينىڭ دۈمبە يېغى ئارىسىغا ئېلىپ ياكى قوي، ئۆچكىنىڭ چاۋا يېغىغا ئوراپ تۆمۈر قاچىغا سېلىپ، ئوت ئۈستىدە قويۇپ، ياغقا ئوت ئېلىپ كۆپ ئەمەس، ئازراق كۆيگىچە قويۇلىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن پاكىز يۇيۇپ، قار ياكى مۇز سۈيىگە مەلۇم ۋاقىت چىلىغاندىن كېيىن، يۇمشاق سالايە قىلىپ ئىشلىتىلىدۇ. قار ـ مۇز بولمىسا، كۆل ياكى كوزىنىڭ سوغۇق سۈيىگە سالسىمۇ بولىدۇ.

**كۈمۈشنى كۈشتە قىلىش:** ھىندىستان ھۆكۈمالىرىنىڭ ئۇسۇلى شۇكى، كۈمۈشنى قەغەزدەك نېپىز قىلىپ، سىركە بىلەن سالايە قىلىنغان گۈڭگۈرت سۈركەپ، ئوت بىلەن بىر قانچە قېتىم قىزىتىپ، ئۇنىڭدىن كېيىن قەلەي ئۇپىسى سۈركەلگەن سالايە قاچىسىغا سېلىپ ئوچاقتا بىر قانچە قېتىم قويۇلىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن ئېكەكلەپ تۆمۈر قاچىغا سېلىپ، تۇز سۈيى بىلەن بىرلىكتە تۇز سۈيى تۈگىگىچە كۆيدۈرۈپ، ئۇنىڭدىن كېيىن ئۈستىگە گۈڭگۈرت تالقىنى سېپىپ كۈشتە بولغۇچە ئارىلاشتۇرۇلىدۇ.

**قەترانىنى كۆيدۈرۈش:** ئۇنى چىش سەپمىلىرىگە قوشماقچى بولغاندا گىل ھېكمەت بىلەن لايلانغان قاچىغا سېلىپ، ئوت ئۈستىدە قويۇپ ئېرىتىلىدۇ، يېرىم بولغاندا ياغاچ ياكى تۆمۈر زىخقا يۇقتۇرۇپ ھاۋاغا تۇتۇلىدۇ، قاتسا ۋە ئۇيۇسا كۆيگەن ھېسابلىنىدۇ، قاتمىسا يەنە ئوتقا قاقلاپ ھاۋاغا تۇتسا قاتىدىغان بولغىچە داۋاملاشتۇرۇپ، ئۇنىڭدىن كېيىن ئىشلىتىلىدۇ.

**يىپەك ۋە چاچقا ئوخشاش نەرسىلەرنى كۆيدۈرۈش:** قايسىسىنى كۆيدۈرمەكچى بولساق ئاۋۋال سوپۇن ياكى باشقا نەرسە بىلەن پاكىز يۇيۇپ، قايچا بىلەن ئۇششاق قىلىپ ساپال ياكى تۆمۈر

قاچىغا سېلىپ، ئوت ئۈستىدە قويۇپ، سوققىلى بولغۇدەك ھالغا كەلگۈچە ئارىلاشتۇرۇلىدۇ.

**بۇلۇتنى كۆيدۈرۈش:** بۇنىڭ ئۈچۈن بۇلۇتنى توغراپ، يېپەك ۋە چاچنى كۆيدۈرگەندەك كۆيدۈرۈلىدۇ.

**قاپاق پوستى، قوۋزاق ۋە ئۇرۇقلارنى كۆيدۈرۈش:** ئۇلارنى كۆيدۈرۈش ئۇسۇلى يىپەك ۋە يۇڭنى كۆيدۈرۈش ئۇسۇلى بىلەن ئوخشاش، كۆلى لازىم بولسا بەكرەك كۆيدۈرسە بولىدۇ.

**ئۇد ھىندى ۋە ئۇنىڭغا ئوخشاش ياغاچلارنى كۆيدۈرۈش:** بۇلارنى ئىككەكلەپ ياكى ئۇششاق قىلىپ، گىل ھېكمەت بىلەن لايلانغان كوزىغا سېلىپ، تونۇر ياكى ئوچاققا قويۇپ كۆل بولغىچە ئەمەس، كۆمۈر بولغىچە كۆيدۈرۈلىدۇ. ئەمما تال ياغىچىنى تاش پارچىلاش ئۈچۈن كۆيدۈرمەكچى بولغاندا كۆل بولغىچە كۆيدۈرۈلىدۇ.

**چايانىنى كۆيدۈرۈش:** تىرىك چايانىنى مىس، تۆمۈر ياكى ساپال قاچىغا سېلىپ، ئېغىزىنى خېمىر بىلەن ھىم ئېتىپ، تونۇرنى تال ياغىچى ۋە ئۇنىڭغا ئوخشاش تەپتى قىزىق بولىدىغان نەرسىلەر بىلەن قىزىتىپ چوغىنى چىقىرىۋەتكەندىن كېيىن تونۇر ئىچىگە قويۇپ تونۇرنىڭ ئاغزىنى ئېتىپ بىر كېچە تۇرغۇزۇلىدۇ. ئەتىسى ئەتىگەندە تونۇرنىڭ ئاغزىنى ئېچىپ چايانىنى چىقىرىپ سالايە قىلىپ ئىشلىتىلىدۇ. تونۇر بەك قىزىق بولماسلىقى لازىم، بولمىسا چايان پۈتۈنلەي كۆيۈپ كۆل بولۇپ كېتىدۇ. چايانىنىڭ بۇ ئىشقا يارايدىغىنى ئەركىكى بولۇپ، ئاجىز، ئورۇق بولۇشى ئۇنىڭ ئالامىتىدۇر. ئۇنى كۆيدۈرۈشنىڭ يەنە بىر خىل ئۇسۇلى شۇكى، تىرىك چايانىنى ئەينەك قاچىغا سېلىپ، گىل ھېكمەت بىلەن مايلاپ، ئېغىزىنى مەھكەم ئېتىپ، بەك قىزىق بولمىغان تونۇردا خىش ئۈستىدە 6 ~ 7 سائەت تۇرغۇزۇلىدۇ. بۇ چاغدا سوققىلى بولغۇدەك ھالەتكە كەلسە تېخى ياخشى. ئۇنداق بولمىسا يەنە ئۈچ سائەت ئارتۇق تۇرغۇزغاندىن كېيىن تونۇردىن چىقىرىپ، سالايە قىلىپ يىپەك رەختتىن ئۆتكۈزۈپ ئىشلىتىلىدۇ.

**ھېلىلەنى كۆيدۈرۈش:** كۆيدۈرۈلگەن ھېلىلە كۆز كېسەللىكلىرى، بوۋاسىر قاناش، قانسىراش، چىش ۋە چىش مىلىكى بوشاش قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ. بۇ جەھەتتە كابۇل ھېلىلىسى باشقا ھېلىلىلەرگە قارىغاندا ياخشىراق بولىدۇ. ئۇنى كۆيدۈرۈش ئۇسۇلى شۇكى، ھېلىلىنى خېمىر ئارىسىغا ئېلىپ، تونۇردا ساپال ئۈستىدە كۆيگىچە تۇرغۇزۇپ، ئۇنىڭدىن كېيىن تونۇردىن چىقىرىپ، خېمىرنى ئايرىۋېتىپ، كۆيگەن ھېلىلىنى سالايە قىلىپ ئىشلىتىلىدۇ.

**تۇخۇم شاكىلىنى كۆيدۈرۈش:** ئۇ«كىلسۇل بەيز » دەپ ئاتىلىدۇ. تۇخۇم شاكىلىنى (چۈجىسى چىقىپ كەتكەن شاكال ياخشىراقتۇر) تۇز سۈيىگە تەكرار چىلاپ، يۇيۇپ، ئىچىدىكى « غەرقى» دەپ ئاتىلىدىغان پەردىسىنى تولۇق چىقىرىۋېتىپ، ئۇنىڭدىن كېيىن يۇمشاق سوقۇپ، لايلانغان كوزىغا سېلىپ كۆيدۈرۈپ، ئۇنىڭدىن كېيىن كوزىدىن چىقىرىپ

ئىشلىتىلىدۇ. كۆيدۈرۈشكە تۆگمقۇشى تۇخۇمى شاكىلى ياخشىراقتۇر.

**تەلخنى كۆشتە قىلىش:** ھىندىستانلىقلارنىڭ كۆشتە قىلىش ئۇسۇلى شۇكى، توغرالغان تەلخنى بىر نەچچە دانە خورما ئۇرۇقى بىلەن بىرلىكتە چىگە رەختكە ئوراپ، ئىسسىق سۇ قۇيۇلغان داسقا سېلىپ قول بىلەن مۇجۇپ تەمىنى سۇغا چىقىرىپ ۋە سۇ سۈزگۈچتىن ئۆتكۈزۈپ ساپلاشتۇرۇپ قۇرۇتۇپ، ياخشى سالايە قىلىنغان نۆشۇدۇر بىلەن بىرلىكتە لايلانغان كوزىغا قاچىلاپ ئېغىزىنى مەھكەم ئېتىپ، تېگىگە ئۈچ كېچە ـ كۈندۈز ئوت قالاپ، ئاندىن كوزىدىن چىقىرىپ سوۋۇتۇلىدۇ، نۆشۇدۇر تولۇق يوقىغان بولسا ياخشى، بولمىسا يەنە ئەسلىدىكى ھالەتكە كەلتۈرۈپ يەنە ئوت قالىنىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن كوزىدىن چىقىرىپ ئۇنىڭغا باراۋەر مىقداردا شور قەلىمى قوشۇپ ياخشى سالايە قىلىپ، يەنە دەسلەپكى ئۇسۇل بويىچە كوزىغا قاچىلاپ يەنە ئوت قالاپ، ئاقىرىپ ياخشى كۆشتە بولغاندا ئوتتىن چۈشۈرۈپ كوزىدىن چىقىرىپ ئىشلىتىلىدۇ. ئۇ پالەچ، بوۋاسىرغا پايدا قىلىدىغان بولۇپ، سىناقتىن ئۆتكەن.

**تەلخنى كۆيدۈرۈش:** ھىندىستانلىقلارنىڭ ئۇسۇلى شۇكى، پارقىراق، ساپ بولغان ئالىي دەرىجىلىك تەلخىتىن مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ پاكىز يۇيۇپ، قۇرۇتۇپ يۇمشاق سوققاندىن كېيىن، ئۈچ كېچە ـ كۈندۈزگىچە ناھايىتى ئۆتكۈر كونا ئۈزۈم سىركىسىگە چىلاپ قويۇلىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن شۇ سىركە بىلەن بىر قانچە قېتىم قايناتقاندىن كېيىن، سىركىدىن سۈزۈپ ئېلىپ يۇمشاق سوقۇپ، شېغىل تاشلار بىلەن بىرلىكتە قېلىن، مەزمۇت رەخت خالتىغا قاچىلاپ، ئۆتكۈر سىركە تۆكۈلگەن قاچىغا سېلىپ قول بىلەن تەلخ قورۇلغانغا قەدەر مۇجۇلىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن خالتىدىن چىقىرىپ تاش ئۈستىدە قويۇپ يۇمشاق سالايە قىلىپ قۇرس ياساپ، ساپال قاچىغا سېلىپ ئېغىزىغا يەنە بىر ساپال قاچا كۆمتۈرۈپ، ئەتراپىنى گىل ھېكمەت بىلەن ھىم لايلاپ، ياۋا كالا تېزىكى ئوتى ئارىسىغا قويۇپ بىر ھەپتىگىچە ئوت قالاپ، كۈل بولغانغا قەدەر كۆيدۈرۈپ، ئۇنىڭدىن كېيىن قاچىدىن چىقىرىپ ھىندىستاندا ئۆسىدىغان «بەنگىرە» دەپ ئاتىلىدىغان ئۆسۈملۈكنىڭ سۈيى، ئىتىياشقى يوپۇرمىقى سۈيى، ھېلىلە سۈيى، بەلىلە سۈيى، ئامىلە سۈيى قاتارلىقلار بىلەن ئايرىم ـ ئايرىم سالايە قىلغاندىن كېيىن، قۇرس ياساپ قۇرۇتۇپ، ساپال قاچىغا يۇقىرىقى ئۇسۇل بويىچە قاچىلاپ يەنە كۆيدۈرۈلىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۈچ يۈز قېتىم، بەلكى ئۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق كۆيدۈرۈش لازىم ئىكەن. ئۇنىڭ تولۇق كۆيگەنلىكىنىڭ ئالامىتى كۈل بولغاندىن كېيىن ئاپتاپقا تۇتۇپ قارىسا، پارقىراقلىقىنىڭ پۈتۈنلەي يوقىلىشىدۇر.

**بەزى دورىلارنىڭ شىرىسىنى چىقىرىش ۋە ئېرىتىش ئۇسۇلى**

**تەلخنىڭ شىرىسىنى چىقىرىش:** تەلخىتىن مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ ئوت بىلەن قىزارغىچە

قىزىتىپ سوغۇق سۇغا تاشلىنىدۇ، شۇ يوسۇندا ئۈچ قېتىم تەكرارلىنىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇششاق سوقۇپ، قېلىن چىگە رەختتىن تىكىلگەن خالتىغا سېلىپ، ئۇنىڭغا يەنە پىندۇق چوڭلۇقىدا بىر قانچە تاش سېلىپ خالتا ئېغىزىنى ئېتىپ، ئىسسىق سۇ ياكى باقلا قايناتمىسىغا سېلىپ كۈچ بىلەن مۇجۇپ شىرىسى خالتىدىن تەپچىرىتىلىدۇ، شىرىسى يېتەرلىك مىقداردا يىغىلغاندىن كېيىن قويۇق قىسمى تېگىگە ئولتۇرۇشقانغا قەدەر تۇرغۇزۇلىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن قۇرۇتۇپ ئىشلىتىلىدۇ.

**ئۇنىڭ شىرىسىنى چىقىرىشنىڭ يەنە بىر ئاسان ئۇسۇلى:** تەلخىنى نېپىز يېيىتىپ، ئۈستىگە ھەلەب سوپۇنى (بىر خىل دورا) سۇركەپ، مۇۋاپىق چوڭلۇقتىكى ئوتقا چىدامىلىق قاچىغا سېلىپ ئوت ئۈستىدە قويۇپ كۆيدۈرۈپ، ئۇنىڭدىن كېيىن ئوتتىن چىقىرىپ جاۋاھىراتلارنى سالايە قىلىش ئۇسۇلى بويىچە سۇماق تېشى بىلەن سالايە قىلىپ، يۇيۇپ ساپلاشتۇرۇپ ئىشلىتىلىدۇ.

**تەلخنى ئېرىتىش ئۇسۇلى:** تەلخىنى يېرىپ قەغەزدەك نېپىز ھالەتكە كەلتۈرۈپ ۋە ئۇششاقلاپ، ئۇنىڭدىن كېيىن قېلىن ئەينەك قاچىغا سېلىپ ئۈستىگە توشقۇدەك مىقداردا ئادەم سۈيدۈكى قۇيۇپ، 40 كۈنگىچە سۈيدۈك ئارىسىدا قويۇلىدۇ، بۇ جەرياندا سۈيدۈك پات - پات يېڭىلاپ تۇرۇلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن سۈيدۈكتىن چىقىرىپ قۇرۇتۇپ، كالىنىڭ سۈيدۈك خالتىسىغا ئېلىپ، قېلىن ئەينەك قاچىغا سېلىپ، ناھايىتى ئۆتكۈر كونا سىركە قاچىلانغان كوزا ئىچىگە سىركىگە تېگىپ قالمىغۇدەك، سىركە قاچىنىڭ ئىچىگە كىرىپ كەتمىگۈدەك مىقداردا ئېسىپ قويۇپ 15 كۈن تۇرغۇزۇپ، ئۇنىڭدىن كېيىن كوزىدىن چىقارسا ئاللانىڭ قۇدرىتى بىلەن ئېرىيدۇ.

**ئۇنىڭ شىرىسىنى چىقىرىشنىڭ يەنە بىر ئۇسۇلى:** تەلخ ئېرىتمىسىنى ئىچى بوشىتىلغان تۇرۇپ ئىچىگە تۆكۈپ، تۇرۇپنىڭ ئېغىزىنى چىڭ ئېتىپ، ئات قىغى ئارىسىغا ئۈچ كۈنگىچە كۆمۈپ قويۇپ، ئۇنىڭدىن كېيىن چىقارسا تەلخ خۇددى سەپدايقا ئوخشاش ئېرىيدۇ.

**ئالتۇننى ئېرىتىش ئۇسۇلى:** ئالتۇن ساقلىقنى ساقلاش، ئۆمۈرنى ئۇزارتىش ۋە سەۋدادىن بولغان كېسەللىكلەرنى داۋالاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. ئالتۇن ۋاراق ئالتۇن ھاۋانچىدا ئالتۇن تاش بىلەن قىزىلگۈل ئەرقى، بىدمۇشكى، ئاز مىقداردىكى ناۋات بىلەن ياخشى سالايە قىلىنىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن كۈنگە 20 ~ 40 مىللىگىرامغىچە ئېلىپ، ئەرقى گۈل ۋە بىدمۇشكى بىلەن ئىستېمال قىلىنىدۇ.

**ئالتۇننى مەرۋايىت بىلەن ئېرىتىش:** ئۇ يۈرەكنى قۇۋۋەتلەيدۇ، روھلارنى خۇرسەن قىلىدۇ، تۇتقاق كېسەل، باش قېيىش، كۆز قاراڭغۇلىشىش، سەۋدادىن بولغان ۋەسۋەسىچىلىككە پايدا قىلىدۇ، باھنى قۇۋۋەتلەيدۇ، مەنىي كۆپەيتىدۇ، قورساقتىكى ھامىلىنى مۇھاپىزەت قىلىدۇ. ئالتۇن ۋاراق تېرە يېلىمى بىلەن ياخشى ئېرىتىلىدۇ، مەرۋايىتنى سۇغا سېلىپ مەلۇم ۋاقىت

لەيلىگۇدەك دەرىجىدە يۇمشاق سالايە قىلىنىدۇ. ئۇلارنى بىرلىكتە ئەينەك قاچىغا سېلىپ، ئۈستىگە تۇرۇنجى، چەككىلەنگەن ئۆتكۈر سىركە، گۈڭگۈرت ئەرقى ياكى تۇز ئەرقىنى تۆت ئىلىك ئاشقۇدەك مىقداردا تۆكۈپ، ھەممامى مارىيە (قەدىمكى زاماندىكى بىر خىل ئۇسكۇنە بولۇپ، بەزى دورىلارنى ئېرىتىشكە ئىشلىتىلىدۇ — ت) ئۈستىدە قويۇپ تېگىگە ئوت قالىنىدۇ. ئېرىگەن قىسمىنى ساپلاشتۇرۇپ ئايرىۋېلىنىدۇ، يەنە ئۈستىگە تۇرۇنجى سۈيى ۋە مەزكۇر ئەرەقلەردىن مۇۋاپىق مىقداردا تۆكۈپ، تاكى تولۇق ئېرىگەن ۋە ھېچ نەرسە قالمىغانغا قەدەر ئوت قالىنىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن يىپەك رەختتىن ئۆتكۈزۈپ ئۈستىگە شاراب لىيى يېغى تۆكۈپ، ساپ قىسمى تېگىگە چۆكتۈرۈلىدۇ، چۆككەن قىسمىنى ئايرىۋېلىپ يۇيۇپ ئىشلىتىلىدۇ.

**ھەممامى مارىيەنى تەييارلاش:** كاللا پەز ياكى ئەدەسپەز (ئەدەس پىشۇرغۇچى)نىڭ قازىنىغا ئوخشاش چۆرىسى ئېگىز قازاننى تونۇر ئىچىگە ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئىچىگە يېرىمىغا كەلگۈچە سۇ قۇيۇپ، ئۈستىگە بىر دانە ياغاچنى توغرىسىغا ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئۇنىڭدىن كېيىن بوينى ئەگمەك ئەينەك قاچىغا مەقسەت قىلىنغان دورىنى قاچىلاپ، ئۇنىڭ بوينىنى سىم بىلەن باغلاپ، سىمنىڭ يەنە بىر ئۇچىنى قازان ئۈستىدىكى ياغاچقا ئەينەك قاچىنىڭ تېگى سۇغا تېگىپ قالمىغۇدەك دەرىجىدە ئېسىپ قازاننىڭ تېگىگە ئوت قالىنىدۇ. ئەڭ ياخشىسى قازاننى تونۇر ئىچىگە ئورۇنلاشتۇرۇش، تونۇرنىڭ ئوتى ئۆچۈپ قالسا قايتا قالاش لازىم. مەقسەت ھاسىل بولغاندىن كېيىن شىشە ئىچىدىكى دورىنى چىقىرىپ ئىشلەتسە بولىدۇ.

**شاراب لىيى يېغىنى تەييارلاش:** شاراب لىيىدىن 45 گىرام ئېلىپ سوقۇپ، يۇيۇپ، بوينى ئەگرى شىشىگە قاچىلاپ تامچىلىتىپ يۈزىگە لەيلىگەن ياغ يىغىۋېلىنىدۇ.

**قورۇش:** بىلىش لازىمكى، دورىلارنى قورۇش ئۇسۇلى ھەر خىل بولىدۇ، بەزىلىرىنى خېمىر، سېغىز لاي، ئالما، بېھى قاتارلىق نەرسىلەرنىڭ ئارىسىغا ئېلىپ، تونۇردا قويۇپ ياكى ئوتقا، كۈلگە كۆمۈپ، بۇس ئارقىلىق پىشۇرۇلىدۇ ۋە قورۇلىدۇ. مەسىلەن: ياۋا پىياز، سوقمۇنيا قاتارلىقلارنى پىشۇرۇشقا ئوخشاش. بەزىلىرىنى سوقۇپ ھەسەل بىلەن يۇغۇرۇپ رەختكە ئوراپ، گىل ھېكمەت قىلىپ نورمال قىزىقلىقتىكى تونۇردا بىر كېچە قويۇپ چىقىرىپ ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن: رۇمبەدىيان، يۇلغۇن مېۋىسى قاتارلىقلارغا ئوخشاش. بۇلار چىش سەپىملىرى ۋە باشقىلارغا قوشۇلىدۇ. بەزىلىرى مۇۋاپىق قاچىنى ئوت ئۈستىدە قويۇپ ياخشى قىزىتىپ، ئىچىگە خالىغان دورىنى سېلىپ تېز ھەرىكەتلەندۈرۈپ تەكشى قورۇلىدۇ، قورۇش ۋاقتىنىڭ ئۇزۇن - قىسقىلىقىنى ئېھتىياجغا قاراپ بەلگىلىسە بولىدۇ، كۆيۈپ كېتىشتىن ئېھتىيات قىلىنىدۇ. مەسىلەن: پاقىيوپۇرمىقى ئۇرۇقى، رەيھان ئۇرۇقى، كەنۇچە ئۇرۇقى، خەشخاش ئۇرۇقى، قۇرۇق يۇمغاقسۈت ئۇرۇقى، زىرە، ئىسپىغول ئۇرۇقى قاتارلىقلارغا ئوخشاش. ئومۇمەن، خالىغان ھەرقانداق ئۇرۇقنى قورۇسا بولىدۇ. بۇنداق قورۇش

ئۈچۈن ئەڭ ياخشى قاچا تاش ياكى ساپال قاچىدۇر. قورۇش جەريانىدا دورىنىڭ پۇرىقى ئازراق چىقسا، دورا قىزارسا، نورمال قورۇلغان بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بەزىلىرى كالا يېغى ياكى باشقىلار بىلەن بىرلىكتە پۇرىغىچە ۋە قىزارغىچە قورۇلىدۇ، مەسىلەن: ھەر خىل ئۇرۇقلارغا ئوخشاش ياكى يېرىلغۇچە ۋە چاچرىغىچە قورۇلىدۇ، مەسىلەن: ھېلىلە ۋە موزىغا ئوخشاش ياكى قورۇلغانلىقى قىياس قىلىنغانغا قەدەر قورۇلىدۇ، مەسىلەن: تۆمۈر پوقىغا ئوخشاش دورىلار.

**تۇتىيانى قورۇش:** تۇتىيانى سالايە قىلىپ، سۇ بىلەن يۇغۇرۇپ قۇرس قىلىپ، ئوتتا ساپال ئۈستىدە قويۇپ، قۇرۇپ قورۇلغىچە ھەرىكەتلەندۈرۈپ بېرىلىدۇ، قورۇلغاندىن كېيىن ئۇچۇچانلىشىدىغان بولۇپ، كۆزنى قۇۋۋەتلەپ ساغلاملاشتۇرىدۇ، يۇيۇلغىنى ھۆللۈكلەرنى غىدىقلىماي قۇرۇتىدۇ.

**ئەپيۇننى قورۇش:** ئەپيۇننى باقىلە، بادام مېغىزى چوڭلۇقىدا ئۇششاقلاپ ساپال قاچىغا سېلىپ، قىسقا ۋاقىت قورۇلىدۇ.

**لايىقلاشتۇرۇش:** ئۇ ئىسلاھ قىلىش، تەربىيەلەش دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىغان بولۇپ، بەزى دورىلارنىڭ ئۆتكۈرلۈكىنى پەسەيتىش، ناچار تەسىرىنى يوقىتىش، زەرەرىنى ئازايتىشنى كۆرستىدۇ، مەسىلەن: سوقمۇنيا، ئەنزىرۇت، ھەببۇلمۇلۇك، ھەببى سالاتىن، تۇربۇت، مازارىيون، تەشمىزەج قاتارلىقلارنى لايىقلاشتۇرغانغا ئوخشاش.

**سوقمونيانى لايىقلاشتۇرۇش:** ئالما ياكى بېھىنىڭ ئىچىنى ئويۇپ، ئىچىگە سوقمۇنيا سېلىپ، ئەتراپىغا ئاقلانغان كۇنجۇت تىقىپ توشقۇزغاندىن كېيىن، ئېغىزى ئۆزىنىڭ پارچىسى بىلەن ئېتىپ، ئۇنىڭدىن كېيىن بىر پارچە چىگە رەختكە ئوراپ خېمىر ئارىسىغا ئېلىپ، ئىسسىقلىقى نورمال بولغان تونۇر ئىچىگە قويۇپ خېمىر پىشقىچە تۇرغۇزۇلىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن تونۇردىن چىقىرىپ خېمىرنى ئاجرىتىپ سوقمۇنيانى چىقىرىپ سايىدا قۇرۇتۇپ ئىشلىتىلىدۇ. ئالما ياكى بېھى تېپىلمىسا، بىر دانە توخۇ تۇخۇمىدىن تۆشۈك ئېچىپ، ئىچىنى بوشىتىپ پاكىز يۇيۇپ، ئىچىگە سوقمۇنيانى سېلىپ، ئىچىگە ئالما ياكى بېھى سۈيى تۆكۈپ، تېپىلمىسا شۇ پېتى يوقىرىقى ئۇسۇل بويىچە لايىقلاشتۇرۇلىدۇ. ھەكىم ئەرزانى ئالما ياكى بېھى تېپىلمىسا، سوقمۇنيانى بىنەپشە بىلەن سالايە قىلسا، ئۇنى لايىقلاشتۇرغان ۋە ئىسلاھ قىلغانىنىڭ ئورنىدا بولىدۇ، دېگەن. مۇئەللىپىنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇنى دەسلەپتە تۇخۇم بىلەن لايىقلاشتۇرۇپ، ئارقىدىن بىنەپشە بىلەن سالايە قىلىپ ئىشلەتسە ياخشىراق بولىدىكەن.

ئەنزىرۇتنى سوقۇپ ئېشەك سۈتى بىلەن يۇغۇرۇپ، يۇلغۇن ياغىچىغا يۇقتۇرۇپ، ئوتقا تۇتۇپ كاۋاپ قىلغانغا ئوخشاش پىشۇرۇلىدۇ. ياخشىراق پىشۇرۇش مەقسەت قىلىنسا ئىككى قېتىم پىشۇرۇلسا بولىدۇ. ھەببۇلمۇلۇك، بادام يېغى ياكى سۈتكە بىر كېچە چىلاپ قويۇلىدۇ.

دەن (ھەببى سالاتىن) كالا تېزىكى بىلەن لايىقلاشتۇرۇلىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ سارغايمىغان، قارىدىمىغان، بۇزۇلمىغان يېڭى مېغىزىنى ئېلىپ ئوتتۇرىسىنى يېرىپ، ئىچىدىكى تىلىنى ئېلىپ تاشلاپ، ئۇنىڭدىن كېيىن قېلىن چىگە رەختتىن تىكىلگەن خالتىغا قاچىلاپ سۇغا بىر كېچە ـ كۈندۈز چىلاپ قويغاندىن كېيىن سۇدىن سۈزۈۋېلىنىدۇ. يەرگە مۇۋاپىق كەڭلىك ۋە چوڭقۇرلۇقتا ئورەك كولاپ، تېگىگە ئۈچ ـ تۆت ئىلىك قېلىنلىقتا يېڭى كالا تېزىكى يېيىتىپ، خالتىدىكى ھەببى سالاتىن ئۈستىگە قويۇپ، ئۇنىڭ ئەتراپىغىمۇ ئۈچ ـ تۆت ئىلىك قېلىنلىقتا كالا تېزىكى تىقىپ، ئۈستىگە قىزىق كۆل ياتقۇزۇلىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ياۋا كالىنىڭ تېزىكىنىڭ قىزىق كۆلىنى يېيىتىپ ئوتنى ياالقۇنجىتىپ، تېزەكتىن بىر ئىلىك قېلىنلىقتىكى ئورۇن كۆيگىچە داۋاملاشتۇرۇلىدۇ، ھەببى سالاتىننىڭ كۆيۈپ كېتىشىدىن ئېھتىيات قىلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن ئورەكنى ئېچىپ، ھەببى سالاتىننىڭ يەنە بىر تەرىپى ئۆرۈپ قويۇپ، يەنە يۇقىرىقى ئۇسۇل بويىچە كۆيدۈرۈلىدۇ. تاكى ھەببى سالاتىننىڭ تۆت تەرىپىنىڭ ھەممىسى كۆيگىچە يۇقىرىقى مەشغۇلات داۋاملاشتۇرۇلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن ئورەكتىن چىقىرىپ پاكىز يۇيۇپ، ئۇنىڭ ھەربىر دانىسىغا بىر دانە قارا ھېلىلە قوشۇپ بىرلىكتە يۇمشاق سوقۇلىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇلارنىڭ ئېغىرلىقىنىڭ باراۋىرىدە گۈرۈچ ئۇنى قوشۇپ، لىمون ياكى غورا ئۈزۈم سۈيى بىلەن يۇغۇرۇپ ياخشى سالايە قىلىپ نوقۇت چوڭلۇقىدا ھەب ياسىلىدۇ. ھەر قېتىمدا بىر تالدىن يەتتە تالغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ. ئاشقازىنى ئۆرتىنىدىغان ئادەمگە زىيان قىلىدىغان بولسا بېرىشكە بولمايدۇ ياكى كالىنىڭ يېڭى تېزىكىنى سۇ بىلەن ئېرىتىپ قازانغا تۆكۈپ، ئۈستىگە ھەببى سالاتىن قاچىلانغان يۇقىرىقى خالتىنى تېزەككە تەگمىگۈدەك دەرىجىدە ئېسىپ قازاننىڭ تېگىگە ئوت قالاپ، ئېرىتىلگەن تېزەك تۆت ـ بەش سائەت، بەلكى ئۇنىڭدىن ئۇزۇنراق ۋاقىت قاينىتىلىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن ھەببى سالاتىن خالتىدىن چىقىرىپ پاكىز يۇيۇپ، يۇقىرىقى ئۇسۇل بويىچە ھېلىلە، گۈرۈچ تالقىنى بىلەن بىرلىكتە سالايە قىلىپ، لىمون سۈيى بىلەن يۇغۇرۇپ ھەب قىلىنىدۇ ياكى ياۋا تاغ ئۈزۈمى، رۇبىسۇس، غارىقۇن، مەستىكى، غاپەس، ئەپسەنتىن رۇمى، سەبرە سوقۇترى قاتارلىقلارنىڭ ھەربىرىدىن ھەببى سالاتىننىڭ باراۋىرىدە ئېلىپ سوقۇپ، ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ ئارىلاشتۇرۇپ، كەرەپشە سۈيى بىلەن يۇغۇرۇپ قولنى بىلسان يېغى بىلەن ياغلىغاندىن كېيىن ھەب قىلىنىدۇ. ھەر قېتىمدا 3 ~ 6 گىرامغىچە ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ. بىمارنىڭ غىزاسىغا زىرباج بېرىلىدۇ. بۇ ھەب پالەچ، لەقۋا، رەئشە، ئۇچا ئاغرىقى قاتارلىقلارغا شىپا بولىدۇ. بەزىلەر لايىقلاشتۇرۇلغان ھەببى سالاتىننى ھۆل زەنجىۋىلنىڭ سۈيى بىلەن ئىككى كېچە ـ كۈندۈز سالايە قىلغاندىن كېيىن نوقۇت چوڭلۇقىدا ھەب قىلىپ، سايىدا قۇرۇتۇپ زۆرۈر بولغاندا بىر تالدىن ئىككى تالغىچە ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ. تۇربۇتنىڭ پوستىنى

ئاقلاپ ئەمنىنى ئايرىۋېتىپ، بادام يېغى بىلەن ياغلاپ سوقۇپ زەنجىۋىل بىلەن سالايە قىلىپ ئىشلىتىلىدۇ. چاكسۇ (تەشمىيزەج)نى رەختتە ئوراپ سۇغا سېلىپ ئېشەك تېزىكى بىلەن قالانغان ئوت بىلەن قايىنىتىپ، پوستى يۇمشىغاندا پوستىنى ئاقلاپ سالايە قىلىپ ئىشلىتىلىدۇ. مازارىيوننى سىركىگە ئىككى كېچە - كۈندۈز چىلا، بۇ ئارىلىقتا سىركە ئىككى - ئۈچ قېتىم ئالماشتۇرۇلىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن پاكىز يۇيۇپ قۇرۇتۇپ، چالا سوقۇپ، بادام يېغى بىلەن ياغلاپ خالىغان ئۇسۇل بويىچە ئىشلىتىلىدۇ. ئۇنى لايىقلاشتۇرۇشنىڭ باشقا ئۇسۇللىرى قارابادىندا تەپسىلىي بايان قىلىنىدى.

**زىرىنى لايىقلاشتۇرۇش:** يېڭى، بۇزۇلمىغان زىرە كېرمانىنى تازىلاپ، چىنە ياكى لوئابلانغان ساپال قاچىغا سېلىپ، ئۈستىگە زىرە يۈزىدىن تۆت ئىلىك ئاشقۇدەك مىقداردا كونا ئۈزۈم سىركىسى تۆكۈپ بىر كېچە - كۈندۈز تۇرغۇزۇلىدۇ، بۇ ئارىلىقتا پات - پات ئارىلاشتۇرۇپ بېرىلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن سۈزۈپ ئېلىپ سايىدا قۇرۇتقاندىن كېيىن ئازراق قورۇلىدۇ. ئۇنىڭ تېزرەك قۇرۇشى مەقسەت قىلىنسا، پاكىز چىگە رەختتە يېيىتىپ ھەرىكەتلەندۈرۈپ بەرسە بولىدۇ.

**گۈڭگۈرتنى لايىقلاشتۇرۇش:** مۇۋاپىق چوڭلۇقتىكى بىر قاچىغا ئوتتۇرىسىغا كەلگۈدەك مىقداردا سۈت قۇيۇپ ئېغىزىغا چىگە رەخت تارتىپ، ئۈستىگە ئۇششاقلانغان گۈڭگۈرت يېيىتىپ، ئۈستىگە بىر دانە ساپال تاۋاق گۈڭگۈرتكە تەگمىگۈدەك ھالەتتە مۇئەللەققە ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ، تاۋاقنىڭ ئۈستىگە كالىنىڭ قۇرۇق تېزىكىنى سېلىپ ئوت يېقىپ كۆيدۈرۈپ تاۋاق ئىچى چوغقا تولدۇرۇلىدۇ، چوغى پۈۋلەپ تاۋاق قىزىتىلىدۇ، ئۇنىڭ قىزىقلىقى ئاستىدىكى گۈڭگۈرتكە ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇ ئېرىپ، تېگىدىكى سۈتكە تامچىلايدۇ، بۇ چاغدا سۈت يۈزىدىكى گۈڭگۈرت يىغىۋېلىنىپ زۆرۈر بولغاندا ئىشلىتىلىدۇ.

**بىيشنى لايىقلاشتۇرۇش:** بىيشتىن ئالتە گىرام ئېلىپ ئۇششاقلاپ خالتىغا قاچىلاپ، كالىنىڭ يېڭى سېغىلغان سۈتىدىن 1800 گىرام ئېلىپ قازانغا تۆكۈپ، ئۇنىڭغا يۇقىرىقى خالتىنى سېلىپ، ئۇنىڭدىن كېيىن قازاننىڭ تېگىگە ئوت قالاپ، سۈتنىڭ يېرىمى قالغۇچە قايىنىتىپ، ئۇنىڭدىن كېيىن خالتىدىكى بىيشنى چىقىرىپ پاكىز يۇيۇپ يەنە بىر خالتىغا قاچىلاپ، يەنە شۇنچىلىك مىقداردىكى سۈت بىلەن يۇقىرىقىدەك قايىنىتىلىدۇ، شۇ يوسۇندا ئۈچ قېتىم تەكرارلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن بىيشنى خالتىدىن چىقىرىپ قۇرۇتۇپ، پالەچ، لەقۋا، ئەزالار بوشىشىش، ئىستىسقا، جوزام قاتارلىق كېسەللىكلەرنى داۋالاش ئۈچۈن بىر دان چوڭلۇقتا ئىستېمال قىلىنىدۇ.

**ئالىكولۇكنى لايىقلاشتۇرۇش:** ئالىكولۇك چىۋىنىنىڭ بىر تۈرى بولۇپ، ئۇنىڭدىن بىر قانچە دانە تۇتۇپ كوزىغا تىرىك سېلىپ، ئېغىزىنى چىگە رەخت بىلەن ئوراپ قايناۋاتقان سىركىنىڭ بۇسىغا تەتۈر ئېسىپ ئۆلگۈچە ۋە لايىقلاشقىچە تۇرغۇزۇپ، ئۇنىڭدىن كېيىن

سالايە قىلىپ ئىشلىتىلىدۇ.

**تاغ ئۆچكىسى سۈيدۈكىنى لايىقلاشتۇرۇش:** بۇ، تاغ ئۆچكىسىنىڭ تۇرالغۇلىرىدا يىغىلىپ قالغان سۈيدۈكى بولۇپ، ئۇنى يېڭى قاچىغا ئېلىپ، ئۈستىگە ئوغرىتىكەن سۈيى بىلەن كالا سۈيدۈكىدىن چۆككۈدەك مىقداردا تۆكۈپ، ئۇنىڭدىن كېيىن ئاپتاپتا ياكى سۇس ئوت ئۈستىدە قويۇپ ئارىلاشتۇرۇپ سۈزۈلگەن قىسمىنى باشقا قاچىغا يىغىپ، ئۇنىڭدىن كېيىن ئاپتاپتا 21 كۈنگىچە تاكى قويۇلۇپ ھەسەلدەك بولغۇچە تۇرغۇزۇلىدۇ.

**تۇتىيانى لايىقلاشتۇرۇش:** تۇتىيا كېرمانىنى يۇمشاق سالايە قىلىپ چىنە ياكى ئەينەك قاچىغا ئېلىپ، ئۈستىگە ساپ غورا ئۈزۈم سۈيى تۆكۈپ توققۇز كۈنگىچە تۇرغۇزۇلىدۇ، غورا سۈيى ھەر كۈنى بىر قېتىم ئالماشتۇرۇلىدۇ، توققۇز كۈندىن كېيىن تۇتىيانى قاچىدىن چىقىرىپ ساپلاشتۇرۇلغان ۋە قار ـ مۇز بىلەن سوۋۇتۇلغان غورا ئۈزۈم سۈيى بىلەن بىرلىكتە سۇماق تېشىدا سالايە قىلىنىدۇ، قۇرۇپ قالسا سوۋۇتۇلغان غورا ئۈزۈم سۈيىدىن قۇيۇپ نەمدەپ داۋاملىق سالايە قىلىنىدۇ. ناھايىتى يۇمشاق بولغاندا قۇرۇتۇپ ئەينەك قاچىغا ئېلىپ ساقلىنىدۇ، زۆرۈر بولغاندا ئۇنىڭدىن مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ ئىشلىتىلىدۇ.

**تۆمۈر پوقىنى لايىقلاشتۇرۇش:** تۆمۈر پوقىنى سوقۇپ، ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ شاراب سىركىسىگە 14 كۈن چىلاپ قويغاندىن كېيىن قۇرۇتۇپ، بادام يېغى بىلەن ياغلاپ قورۇپ، ياخشى سالايە قىلىپ سۇغا سالسا دەرھال چۆكمەي يۈزىگە لەيلەيدىغان بولغاندا مۇناسىۋەتلىك تەركىبلەرگە قوشۇپ ئىشلىتىلىدۇ ياكى تۆمۈر پوقىنى يۇمشاق سوقۇپ، ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ، ئۆتكۈر سىركىگە 14 كۈن چىلاپ قويۇلىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن سىركىدىن سۈزۈپ ئېلىپ، كۆدە سۈيىگە يەتتە كۈن چىلاپ قويۇلىدۇ، كۆدە سۈيى ھەر كۈنى ئالماشتۇرۇلىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن سۈزۈپ ئېلىپ قۇرۇتۇپ ياخشى سالايە قىلىپ، بادام يېغى، ئۆرۈك مېغىزى يېغى ياكى شاپتۇل مېغىزى يېغى بىلەن قورۇپ ئىشلىتىلىدۇ. بۇ، بوۋاسىر كېسەللىكلىرىگە شىپا بولىدۇ.

**تۆمۈر ئېكەكدەلمىسىنى لايىقلاشتۇرۇش:** تۆمۈر ئېكەكدەلمىسىنى سۇ تەگمىگەن ساپال قاچىغا سېلىپ، تېگىگە ئوت قاقلاپ قىزارغىچە قىزىتىپ كۈنجۈت يېغىغا تاشلاپ، ئۇنىڭدىن كېيىن سۈزۈپ ئېلىپ، يەنە ئوت بىلەن قىزارغىچە قىزىتقاندىن كېيىن ئۈزۈم سىركىسىگە تاشلاپ، ئۇنىڭدىن كېيىن سۈزۈپ ئېلىپ، يەنە ئوت بىلەن قىزارغىچە قىزىتقاندىن كېيىن كالا سۈيدۈكىگە چىلاپ، ئۇنىڭدىن كېيىن سۈزۈپ ئېلىپ، كالا سۈتىنىڭ چۆچۈمەل قېتىقى سۈيى بىلەن يۇيۇپ سالايە قىلىپ ئىشلىتىلىدۇ.

**توخۇ تۇخۇمىنى لايىقلاشتۇرۇش:** توخۇ ياكى تۆگىقۇشى تۇخۇمى شاكىلىنى سۇغا چىلاپ سىپسىپ، ئىچكى نېپىز پەردىسى ئاجرىغۇچە قويۇلىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن سۈيىنى ئالماشتۇرۇپ، يەنە يېڭى سۇغا چىلاپ قويۇلىدۇ، سۇ سېسىمايدىغان بولغۇچە سۇغا داۋاملىق

چىلىنىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن سۇدىن سۈزۈپ ئېلىپ قۇرۇتۇپ سالايە قىلىپ ئىشلىتىلىدۇ ياكى ئۇ سۇ، تۇز ۋە كۆل بىلەن بىرلىكتە سۇغا يۇقىرىدىكى ئۇسۇل بويىچە چىلاپ، ئاخىرىدا سۇ بىلەن پاكىز يۇيۇپ قۇرۇتۇپ سالايە قىلىپ ئىشلىتىلىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن چۈجىسى يېرىپ چىققان تۇخۇم شاكىلى ياخشىراقتۇر.

**ئوغرىتىكەننى لايىقلاشتۇرۇش:** ئوغرىتىكەننى كالىنىڭ يېڭى سېغىلغان سۈتىگە ئۈچ كېچە ـ كۈندۈز چىلاپ، بۇ جەرياندا سۈتنى ئۈچ قېتىم ئالماشتۇرۇپ، ھەر قېتىم ئالماشتۇرغاندا ئوغرىتىكەن قۇرۇتۇلۇپ قايتا چىلىنىدۇ. بۇ مەشغۇلاتلار تاماملانغاندىن كېيىن ئۇنى سۈزۈپ ئېلىپ، قۇرۇتۇپ ئىشلەتسە بولىدۇ. ئۇ باھنى قۇۋۋەتلەش جەھەتتە تەڭداشسىزدۇر.

**بالادۇر شىرىسىنى ئىسلاھ قىلىش:** بالادۇرنى ئوتتۇرىدىن ئىككى پارچە قىلىپ، تۆمۈر ئامبۇرنى ئوت بىلەن ياخشى قىزىتىپ، بالادۇر پارچىلىرىنى ئۇنىڭ بىلەن قىسىپ كۆچ بىلەن سىقىپ شىرىسى چىقىرىلىدۇ، چىققان شىرە ياغاچ پىچاق بىلەن باشقا قاچىغا جەملىنىدۇ، بۇ مەشغۇلات تاكى شىرە يېتەرلىك مىقداردا يىغىلغىچە داۋاملاشتۇرۇلىدۇ ياكى بالادۇرنى كېسىپ تۆمۈر تاۋاققا قويۇپ، قىزىتىلغان ھاۋانچا تېشى ياكى باشقا نەرسە بىلەن كۆچ بىلەن بېسىپ شىرىسى تولۇق چىقىرىلىدۇ. شىرىسى يېتەرلىك مىقداردا يىغىلغاندىن كېيىن ياغاق يېغى بىلەن، ئۇ تېپىلمىسا كالا يېغى بىلەن قاينىتىپ ئىشلىتىلىدۇ. داۋائۇس سەنە (بىر خىل مۇرەككەپ دورا) گە ئوخشاش دورىلارغا ئۇنىڭ پوستىنى ئىشلەتمەكچى بولغاندا، ئۇنىڭ شىرىسىنى تولۇق چىقىرىۋالماسلىق، بەلكى مەلۇم مىقداردا قالدۇرۇش لازىم. ئۇنىڭ شىرىسىنى چىقارماقچى بولغاندا، زەخىملىنىپ قالماسلىق ئۈچۈن قولنى ياغاق يېغى بىلەن ياغلاش كېرەك. بەزى ئادەملەرنىڭ بەدىنىگە بالادۇرنىڭ بۇسى ياكى شىرىسى تەگكەن ھامان ئەزالىرىنى ئىششىتىدۇ، بەزىلەرنى ئۆلتۈرۈپ قويۇدۇ، شۇڭا ئۇنىڭ شىرىسىنى بەدىنىگە ئەكس تەسىر قىلمايدىغان ئادەم ئېلىشى لازىم. بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، بالادۇرنىڭ پوستىنىمۇ بىرلىكتە ئىشلەتمەكچى بولغاندا، ئۇنى ياغاق مېغىزى، كۈنجۈت ياكى نارجىل مېغىزى بىلەن يۇمشاق سوقسا، ئۇنى ئىسلاھ قىلغىلى بولىدىكەن.

**شۇبرۇمنى ئىسلاھ قىلىش:** شۇبرۇمنى سوقۇپ سۈتكە بىر كېچە ـ كۈندۈز چىلىنىدۇ، بۇ جەرياندا سۈت ئۈچ قېتىم ئالماشتۇرۇلىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن قۇرۇتۇلىدۇ. ئۇنى ئىششىقلارنى ياندۇرۇش، تۇسالغۇلارنى ئېچىش، سىرىقسۇ، بەلغەم ۋە سەۋدانى سۈرۈش ئۈچۈن ئىشلەتمەكچى بولغاندا ئۇنى سۈت بىلەن لايىقلاشتۇرغاندىن كېيىن كاسىنە سۈيى، ئىتئۈزۈمى سۈيى ۋە ئارپىبەدىيان سۈيىگە يەنە ئۈچ كۈن چىلاپ قويۇپ، ئۇنىڭدىن كېيىن قۇرۇتۇپ ئىشلىتىلىدۇ. ئۇنى پەقەت قابىز خۇسۇسىيەتلىك دورىلار بىلەن ئىشلىتىش چەكلىنىدۇ.

**كەيپ قىلغۇچى دورىلارنى ئىسلاھ قىلىش:** بىخى شەبىبىي، شەۋكىران يىلتىزىغا ئوخشاش ناھايىتى قۇرۇق ياكى زەھەرلىك بولغان دورىلارنى چالا سوقۇپ ئۈچ كېچە ـ كۈندۈز سۈتكە

چىلىنىدۇ، بۇ جەرياندا سۈت تەكرار ئالماشتۇرۇلىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن قۇرۇتۇپ بادام يېغى، قاپاق يېغى ياكى پىستە يېغىغا بىر ھەپتە چىلاپ، ئۇنىڭدىن كېيىن ئىشلىتىلىدۇ. دورا ئىسسىق بولسا سوغۇق ياغلارغا، سوغۇق بولسا ئىسسىق ياغلارغا چىلىنىدۇ ۋە مۇناسىۋەتلىك مېغىزلار بىلەن ئىشلىتىلىدۇ. ئۇلارنى ئىسلاھ قىلىشنىڭ تۆۋەندىكى ئۇسۇلىنى ھەكىم مىير مۇھەممەد مۆمىن: «مەن سىناق قىلىپ كۆردۇم، راستلا ئۇنۇملۇك ئىكەن» دەپ يازغان. ئۇ شۇكى، كەيپ قىلغۇچى دورىلارنى مۇناسىۋەتلىك ئەرەقلەرگە چىلاپ ئىككى - ئۈچ كۈنگىچە ئاپتاپتا تۇرغۇزغاندىن كېيىن قايىنىتىلىدۇ، ئۇنى مەجۇن دورىلاغا قوشماقچى بولغاندا، مۇۋاپىق مىقداردا ھەسەل قوشۇپ قىيام قىلىپ دورىلارنى قوشۇپ مەجۇن قىلىنىدۇ. ئۇنى ھەب دورىلارغا قوشماقچى بولغاندا، ئۇ ھەبنىڭ قايناتسا قۇۋۋىتى يوقالمايدىغان بەزى دورىلىرى بىلەن قايىنىتىپ، سۇنى ئۆزىگە تولۇق سۈمۈرگەندىن كېيىن باشقا دورىلارنى قوشۇپ سوقۇپ، باشقا دورىلارنىمۇ تالقانلاپ بىرلىكتە خېمىر قىلىپ ھەب ياسىلىدۇ. بىلگىنكى، بۇ يەردە كۆرسىتىلگەن سۈت ئۆچكە سۈتى ياكى يېڭى سېغىلغان كالا سۈتىدۇر، ئۆچكە سۈتى ياخشىراقتۇر.

**دىبىق (يېلمئوت مېۋىسى) نى ئىسلاھ قىلىش:** دىبىقنىڭ ئۇرۇقىنى ئايرىۋېتىپ، زەيتۇن يېغىغا ئوخشاش ياغ ۋە باشقا مۇناسىۋەتلىك دورىلار بىلەن بىرلىكتە ھاۋانچىغا سېلىپ سوقۇلىدۇ. ھەرقانداق شىرىلىك دورىلارنى ئىسلاھ قىلىش ئۇسۇلى شۇنداق بولىدۇ. ئەگەر دىبىق قوشۇلىدىغان مۇرەككەپ دورىنىڭ تەركىبىدە مېغىزلار بولسا ياغ قوشۇش ھاجەت ئەمەس. دىبىقنى ئىسلاھ قىلىش ئۈچۈن قوشۇلىدىغان ئەڭ ياخشى مېغىز بىدانجىر مېغىزىدۇر.

**ئۆشنىنى سوقۇش:** ئۇنى سۇ بىلەن ئازراق نەمدەپ سوقۇلىدۇ، چۈنكى ئۇنى قۇرۇق ھالەتتە سوققىلى بولمايدۇ.

**سىمابنى ساپلاشتۇرۇش:** بۇ كىمىياگەرلەرنىڭ ئىشلىتىدىغان ئۇسۇلى بولۇپ، سىمابنى قەلەيلەنمىگەن، كىر - دۇغلىرى بولمىغان ساپ مىس قاچىغا تۆكۈپ، ئوت ئۈستىدە قويۇلىدۇ، تېگى تەكشى، كەڭ يەنە بىر قاچىغا سوغۇق سۇ قۇيۇپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە مەلۇم ئارىلىق قالدۇرۇپ ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ ياكى ياغاچتىن ياسالغان ئۈچ پۇتلۇق تىرەك ئۈستىگە قويۇلسىمۇ بولىدۇ، سىماب ئوتنىڭ تەپتىدە قىزىغاندىن كېيىن ئۇنىڭدىن كۆتۈرۈلگەن بۇسلار ئۈستىدىكى قاچىنىڭ تېگىگە يېپىشىدۇ - دە، ئۇلار ئېھتىيات بىلەن يىغىۋېلىنىدۇ، تاكى يېتەرلىك مىقداردا يىغىلغىچە بۇ مەشغۇلات داۋاملاشتۇرۇلىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن ئىشلىتىلىدۇ. ئۇنى ساپلاشتۇرۇشنىڭ يەنە بىر مەشھۇر ئۇسۇلى شۇكى، سىمابنى تاش ھاۋانچا ياكى شىشە قاچىغا (لۇئابلانغان بولسىمۇ بولىدۇ) سېلىپ، مېيى ۋە قارىلىقى تۈگىگىچە سالايە قىلىنىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن ئىتئۇزۇمى سۈيى بىلەن يەنە قائىدە بويىچە

سالايە قىلىنىدۇ. ئۈچىنچى قېتىمدا ھېلىلەنىڭ چىلانغان سۈيى بىلەن سالايە قىلىنىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن يۇيۇپ، ئۇنىڭدىن 350 گىرام ئېلىپ 150 گىرام سۇ بىلەن تاش قازانغا سېلىپ سۈس ئوت بىلەن قاينىتىلىدۇ، سۈيى پارغا ئايلىنىپ تۈگەپ كەتسە، يەنە ئاز مىقداردا سۇ قۇيۇپ تۇرۇلىدۇ، سىماب ساپلاشقۇچە شۇنداق قىلىنىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن ئوتتىن چۈشۈرۈپ، ئەينەك قاچىغا ئېلىپ ساقلىنىدۇ. ئۇنى كىمىياگەرلەر «ئابۇل ئەرۋاھ» دەپ ئاتايدۇ.

دورىلارنى يۇيۇش ئۇنىڭ يات ماددىلىرىنى تازىلاش، تەڭشەش، كۆيدۈرۈشتىن كەلگەن ئوتقا مەنسۇپ ئېرىشمە ھارارىتىنى پەسەيتىش ياكى بەتتەمىنى تۈگىتىشنى مەقسەت قىلىدۇ. ئۇلار يالغۇز ياكى بىرلىكتە يۇيۇلىدىغان بولۇپ، ياقۇتلار، شادىنەج، بىخ مارجان، لاجۇۋەرد، ئەرمەن تېشىغا ئوخشاش تاشقا مەنسۇپ دورىلار، راسەن، ئىقلىمىيا، شىڭگىرىپ، مەدەستان، سەپىداپ ۋە ئۇنىڭغا ئوخشاش تاشسىمان دورىلار، سېغىزلار، لوك، موم، زۇپتى، سەبرە، ياغلار، تالقانلار، كۈنجۈت يېغى قاتارلىقلاردۇر. ئۇلارنى يۇيۇش ئۇسۇلى شۇكى، تاش ياكى ئۇنىڭغا ئوخشايدىغان دورىلارنى ناھايىتى يۇمشاق سالايە قىلىپ، ھاۋانچا ياكى ئۇنىڭغا ئوخشاش قاچىغا تۆكۈپ، ئۈستىگە سۇ قۇيۇپ ئۇيىدەك قىسمى سۇغا تولۇق ئارىلاشقانغا قەدەر ئاستا قوچىلىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن سۇغا ئارىلاشقان قىسمىنى باشقا قاچىغا تۆكىۋېلىپ، ھاۋانچىنىڭ تېگىدە قالغان قىسمىنى يەنە يۇمشاق سالايە قىلىپ، ئۇنىڭغا يەنە سۇ قۇيۇپ، يەنە ئۇيىدەك قىسمى سۇغا تولۇق ئارىلاشقانغا قەدەر ئاستا قوچۇپ، بۇ سۇ ئالدىدىكى سۇغا تۆكۈلىدۇ، ھاۋانچىنىڭ تېگىدە قالغان قىسمىنى يەنە سالايە قىلىپ يەنە يۇقىرىدىكى مەشغۇلات داۋاملاشتۇرۇلىدۇ، ھاۋانچىنىڭ تېگىدە دورا قالمىغانغا قەدەر شۇنداق قىلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن يىغىلغان سۇ بار قاچىنىڭ ئېغىزىنى يېپىپ، توپا - چاڭدىن ساقلاپ مەلۇم ۋاقىت تۇرغۇزۇلىدۇ، ئۈستىدىكى سۈيىنى تۆكىۋېتىپ، تېگىگە چۆككەن قىسمىنى ئايرىۋېلىپ قۇرۇتۇپ ئىشلىتىلىدۇ.

سېغىزلارنى يۇيۇش ئۇسۇلى شۇكى، يۇماقچى بولغان سېغىزغا چۆككۈدەك، يەنى ئۈچ - تۆت ئىلىك ئاشقۇدەك مىقداردا سۇ قۇيۇپ چىلاپ قويۇلىدۇ ۋە مەلۇم ۋاقىتتىن كېيىن چىگە رەختتىن ئۆتكۈزۈلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن سۇنى مەلۇم ۋاقىت تۇرغۇزۇپ، تېگىگە چۆككەن قىسمى قۇرۇتۇپ ئىشلىتىلىدۇ.

**ياغلارنى يۇيۇش ئۇسۇلى:** كونىرىغان، بۇزۇلغان، تەمى ئۆتكۈرلەشكەن ياغنى ئوڭشاش ۋە يېڭىلاش ئۈچۈن ياغنى قاچىغا تۆكۈپ، ئۇنىڭغا قار ياكى مۇز سېلىپ، ئېرىگىچە ئارىلاشتۇرۇپ، سۇ ئۈستىگە لەيلىگەن ياغ ئايرىۋېلىنىدۇ. قار - مۇز تېپىلمىسا ناھايىتى سوغۇق سۇ بولسىمۇ بولىدۇ. بىر قېتىمدا ئوڭشالمىسا بۇ مەشغۇلات ئىككى - ئۈچ قېتىم تەكرارلانسىمۇ بولىدۇ. قىزىلگۈل ئەرقى بىلەن ساپلاشتۇرۇلسىمۇ بولىدۇ ياكى قىزىلگۈل

ئەرقى، قار - مۇز، سوغۇق سۇ قاتارلىقلار بىلەن بىرلىكتە ساپلاشتۇرۇلسىمۇ ياخشى بولىدۇ.

**كالا، قوي يېغىنى ساپلاشتۇرۇش:** ئۇلار كالا سۈتى قېتىقىنىڭ زەرداب سۈيى بىلەن بىرلىكتە قاينىتىلىدۇ، قاينىتىش جەريانىدا ئۈستىگە بۇغداي ئۇنى سېپىپ، سۇ تۆكۈلگىچە قاينىتىلىدۇ، ياغنىڭ كۆيۈپ كېتىشىدىن ئېھتىيات قىلىنىدۇ.

**كۈنجۈت يېغىنى يۇيۇش:** ئۇنىڭغا تۇز سۈيى تۆكۈپ، كۆپرەك ئارىلاشتۇرغاندىن كېيىن سۈس ئوت بىلەن قاينىتىپ، تۇز سۈيىدىن ئايرىۋالغاندىن كېيىن ساپ سۇ بىلەن بىرلىكتە يەنە قاينىتىپ، سۇدىن ئايرىۋېلىنغاندىن كېيىن ئىشلىتىلسە بولىدۇ.

**زۇپتى ۋە ئۇنىڭ ئوخشاشلىرىنى يۇيۇش:** ئۇلارنى يۇيۇش موم، مۇمىيا ۋە ئەنبەر قاتارلىقلارنى يۇيۇش بىلەن ئوخشاش بولۇپ، ئۇلارنى ئېرىتكەندىن كېيىن ئىلمان ساپ سۇغا تۆكۈپ، سۇ يۈزىگە ئۆرلىگەن قىسمىنى ئايرىۋېلىپ، زۆرۈر بولغاندا ئىشلىتىلىدۇ.

**كۆيدۈرۈلگەن قوغۇشۇن، سۈرمە تېشى، ئىسپىداج، تۇتىيا، ئەرمەن تېشى، شادىنەج، ياقۇت، زۇمرەت، ئەقىق، لوك قاتارلىقلارنى يۇيۇش:** ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى زۆرۈر بولغىنىدىن مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ يۇمشاق سوقۇپ، مۇۋاپىق قاچىدا سالايە قىلىپ ئۈستىگە سۇ قۇيۇپ ئارىلاشتۇرۇپ، سۇغا ئارىلاشقان قىسمىنى سۇ بىلەن بىرلىكتە ئايرىم قاچىغا جەملەپ، تېگىدە قالغان قىسمىنى يەنە سالايە قىلىپ ئۇنىڭغا يەنە سۇ قۇيۇپ ئارىلاشتۇرۇپ، تولۇق ئۆزلەشكەندىن كېيىن سۈيى يەنە ئىلگىرىكى سۇغا قوشۇلىدۇ، سالايە قاچىسىنىڭ تېگىدە قالغان قىسمى يەنە سالايە قىلىنىدۇ، شۇ يوسۇندا تاكى دورا قالمىغانغا قەدەر سالايە قىلىنىدۇ. سالايە قاچىسىنىڭ تېگىدە سالايە قىلىنماي قالغان تاشقا ئوخشاش غەيرىي نەرسىلەر ئايرىۋېتىلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن سۇ جەملەنگەن قاچىنىڭ ئېغىزىنى يېپىپ توپا - چاڭدىن ساقلاپ، مەلۇم ۋاقىت تۇرغۇزۇپ، سۈيىنى تۆكۈۋېتىپ تېگىگە چۆككەننى ساقلاپ قويۇپ قۇرۇتۇپ ئىشلىتىلىدۇ. كۆز كېسەللىكلىرى ئۈچۈن ئىشلەتمەكچى بولغاندا قايتا سالايە قىلىنىدۇ.

**ھاكنى يۇيۇش:** ھاك ساپلاشتۇرۇش ۋە ھارارىتىنى پەسەيتىش مەقسىتىدە يۇيۇلىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن ھاكنى قاچىغا سېلىپ، ئۈستىگە سۇ قۇيۇپ ئارىلاشتۇرۇپ، سۈيى ئايرىم قاچىغا جەملىنىدۇ، قاچىنىڭ تېگىدە قالغان لاي، شېغىل قاتارلىق ئارىلاشمىلار ئايرىۋېتىلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن ئايرىم قاچىغا جەملەنگەن سۈيىنى مەلۇم ۋاقىت قويۇپ ھاك تېگىگە چۆككەندە سۈيىنى تۆكۈۋېتىپ، ئۇنىڭغا يەنە ساپ سۇ قۇيۇپ ئارىلاشتۇرۇپ، سۈيى يەنە تۆكۈۋېتىلىدۇ، شۇ يوسۇندا يەتتە قېتىم تەكرارلىنىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن تېگىدە قالغان ھاك قۇرۇتۇپ ئىشلىتىلىدۇ.

**مەدەستانىنى ئىسسىقتىن بولغان كېسەللىكلەرگە ئىشلىتىش ئۈچۈن يۇيۇش:** مەدەستانىنى باراۋەر مىقداردىكى تۇز بىلەن سالايە قىلىپ، ئۈستىگە تۆت ئىلىك ئاشقۇدەك مىقداردا سۇ قۇيۇپ،

يەتتە كۈن تۇرغۇزۇلىدۇ، كۈنىگە ئۈچ قېتىم ئارىلاشتۇرۇلىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن قويۇپ تېگىگە چۆكتۈرۈپ سۈيى تۆكۈۋېتىلىدۇ. ئۇنىڭغا يەنە سۇ قويۇپ يەتتە كۈن تۇرغۇزۇپ يۇقىرىدىكى مەشغۇلات تەكرارلىنىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن يەنە يەتتە كۈن يۇقىرىدىكى مەشغۇلات تەكرارلىنىدۇ. بۇ مەشغۇلات يەتتە كۈنگىچە داۋاملاشتۇرۇلغاندىن كېيىن قۇرۇتۇپ ئىشلىتىلىدۇ.

**لاجۇۋەردنى يۇيۇش:** ئۇنى كۆز كېسەللىكلىرىگە ئىشلىتىش ئۈچۈن يۇيۇش ئۇسۇلى يۇقىرىدا ئېيتىلغان باشقا تاشلارنى يۇيۇش ئۇسۇلى بىلەن ئوخشاشتۇر. يېرىقچىلىق، نەققاشلىقتا ئىشلىتىش، سۈفۈپلار ۋە ھەبلەرگە قوشۇش ئۈچۈن يۇيۇش ئۇسۇلى شۇكى، لاجۇۋەردنى يۇمشاق سالايە قىلىپ، يېڭى سۇ بىلەن قايناتقاندىن كېيىن ئازراق زەيتۇن يېغى قوشۇپ، باشقا تاشلارنى يۇيۇش ئۇسۇلى بويىچە يۇيۇلىدۇ، يۇيۇش ئۇ تاكى ئۇپىدەك بولغۇچە داۋاملاشتۇرۇلىدۇ. يەنە بىر ئۇسۇلى شۇكى، لاجۇۋەردنى سوقۇپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ، ئۇپىدەك بولغۇچە سالايە قىلىپ، ئۇنىڭدىن كېيىن كۈندۈر يېغى ياكى سۇندۇرۇس بىلەن يۇغۇرۇپ ئىلمان سۇغا سېلىپ، تەكشى مۇجۇپ يۇيۇلىدۇ، تاكى خېمىر يۇيۇلۇپ تۈگىگىچە ئۈستىگە ئاز - ئازدىن سۇ قويۇپ مۇجۇلىدۇ، ياغدا لاجۇۋەردنىڭ رەڭگى قالمىغاندا مۇجۇشنى توختىتىپ سۈيى باشقا قاچىغا تۆكۈلىدۇ، ئۇ مەلۇم ۋاقىت تۇرغۇزۇلغاندىن كېيىن تېگىگە چۆككەن قىسمى ئايرىۋېلىنىدۇ، ئۇ ئالىي دەرىجىلىك لاجۇۋەرد بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. باشقا قاچىغا تۆكۈلگەن ئىككىنچى قېتىملىق سۇنىڭ تېگىگە چۆككەن لاجۇۋەرد ئوتتۇرا دەرىجىلىك لاجۇۋەرد دەپ ئاتىلىدۇ. ئۈچىنچى قېتىملىق سۇنىڭ تېگىگە چۆككەن قىسمى «شەمىت» دەپ ئاتىلىدۇ. قارابادىن مەئسۇمىينىڭ ئاپتورى ۋە مەرھۇم نۇۋاب ئەلۋىيخاننىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ زامانلاردا ئەرمەن تېشى «شەمىت» دەپ ئاتىلىدىكەن.

**سەبرىنى يۇيۇش:** سەبرىدىن مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ، ھاۋانچىدا ئاستا، تەكشى سوقۇپ يىپەك رەختتىن ئۆتكۈزۈپ، ئۇنىڭدىن كېيىن ئەپسەنتىن رۇمىدىن 400 گىرام، مەستىكى، ھەببى بىلسان، دارچىن، ئۇد بىلسان، سەلىخە، سۇمبۇل تىپ، ئاسارۇننىڭ ھەربىرىدىن 10 گىرام ئېلىپ، مۇۋاپىق مىقداردىكى سۇ بىلەن قايىنتىپ پىسەپلىرىنى سۈزۈۋەتكەندىن كېيىن ئۇنىڭغا يۇقىرىدىكى سەبرە تالقىنىنى قوشۇپ سالايە قىلىپ، ئەلگەكتىن ئۆتكۈزگەندىن كېيىن يەنە ھاۋانچىغا تۆكۈپ ئارىلاشتۇرۇپ، سەبرە دورا سۈيىگە تولۇق ئارىلاشقاندىن كېيىن سۈيىنى ئايرىم قاچىغا تۆكۈپ، مەلۇم ۋاقىت تۇرغۇزغاندىن كېيىن ئۈستىدىكى سۈيىنى ئايرىم قاچىغا ئېلىپ تېگىگە چۆككەن قىسمىنى يەنە سالايە قىلىپ يۇقىرىدىكى دورىلارنىڭ قايىنتىلغان سۈيىدىن قويۇپ يەنە ئارىلاشتۇرۇلىدۇ، سەبرە سۇ بىلەن تولۇق ئۆزلەشكەندىن كېيىن سۈيىنى باشقا قاچىغا تۆكۈپ، مەلۇم ۋاقىت تۇرغۇزغاندىن كېيىن سۈيىنى ئايرىم قاچىغا ئېلىپ تېگىگە چۆككەن قىسمىنى يەنە سالايە قىلىپ

يۇقىرىدىكى مەشغۇلات داۋاملاشتۇرۇلىدۇ، تاكى تېگىدە قۇم ۋە شېغىل تاشقا ئوخشاش نەرسىلەر ئايرىلمىغانغا قەدەر شۇنداق قىلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن يىغىلغان سۇلارنىڭ ئېغىزىنى يېپىپ توپا - چاڭدىن ساقلاپ مەلۇم ۋاقىت تۇرغۇزۇلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن سۈيىنى تۆكۈۋېتىپ تېگىگە چۆككەن سەبرىنى يىغىۋېلىپ، مۇۋاپىق مىقداردىكى زەپەر بىلەن سالايە قىلىپ چىنە قاچىغا يېيىپ قۇرۇتۇپ، چىنە ياكى ئەينەك قاچىدا ساقلاپ زۆرۈر بولغاندا ئىشلىتىلىدۇ. يۇيۇلغان سەبرىنىڭ ئىچىنى سۈرۈش قۇۋۋىتى يۇيۇلمىغان سەبرىنىڭ قۇۋۋىتىدىن ئاجىزراق بولىدۇ.

**ئارپا، بۇغداي تالقىنى قاتارلىقلارنىڭ مەيدىنى ئېچىشتۇرۇشى ۋە قورساقنى ئېششىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن يۇيۇش ئۇسۇلى:** ئۇلارنىڭ زۆرۈر بولغىنىدىن مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ ئۈستىگە قاينىغان قىزىق سۇ قۇيۇپ كۆپتۈرۈلىدۇ، قىزىق سۇ ئىككى قېتىم قۇيۇلسا ياخشىراق بولىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن سوغۇق سۇ قۇيۇپ، سۇدىن سۈزۈۋېلىپ ئىستېمال قىلىنىدۇ. توسالغۇ بولمىسا ئۇنى سوغۇق سۇدا يۇيۇپ بولغاندىن كېيىن مەلۇم تاتلىق نەرسە، قىزىلگۈل ئەرقى، بىدىمۇشكى ۋە ئۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىلەرنى ئارىلاشتۇرۇپ ئىستېمال قىلسا ياخشىراق بولىدۇ، ئۇلار ئۇنىڭ زەرەرىنى ئىسلاھ قىلىدۇ. بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، ئارپا، بۇغداي ياكى باشقا ئېھتىياجلىق دانلارنى قورۇغاندىن كېيىن سۇ بىلەن يۇيۇپ، قۇرۇتۇپ سوقۇپ، تالقان قىلىپ ئىستېمال قىلىشمۇ بولىدىكەن.

**مومنى يۇيۇش:** مومنى ئېرىتىپ سوغۇق سۇغا تۆكۈپ سوۋۇغىچە تۇرغۇزۇپ، پىسەپلىرى ۋە تېگىگە يىغىلغان قىسىملىرى ئايرىۋېتىلىدۇ ياكى مومنى سۇ بىلەن ئېرىگۈچە قاينىتىپ ياخشى ئارىلاشتۇرغاندىن كېيىن قويۇپ قويۇپ، سوۋۇغاندىن كېيىن ئۈستىگە مومنىڭ ئۆرلىگەن قىسىملىرى يىغىۋېلىنىدۇ. بۇ مەشغۇلات موم ساپلاشقانغا قەدەر داۋاملاشتۇرۇلىدۇ. زۇپتى ۋە ئۇنىڭغا ئوخشاش باشقا دورىلارمۇ شۇ ئۇسۇلدا يۇيۇلىدۇ.

مومنى ئاقارتىش ئۇسۇلى ئاللا خالىسا «ش» (شىين) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلار بابىدا بايان قىلىنىدۇ.

**بەزى دورىلارنى ئىشلىتىش قائىدىلىرى**

**چۆپچىنىنى ئىستېمال قىلىش ئۇسۇلى:** ئۇنى ئىشلىتىش ئۇسۇلى بىر قانچە خىل بولىدۇ. ئۇنى سوزۇلما كېسەللىكلەر، بولۇپمۇ جوزام، يامان يارىلار، يېگۈچى ۋە يامىرىغۇچى قوتۇر، كالا تەمرەتكىسىگە ئوخشاش سەۋدا خاراكتېرلىك كېسەللىكلەرنى داۋالاش، يەل ۋە قويۇق ماددىلارنى تارقىتىش، بەدەننى قۇۋۋەتلەش ئۈچۈن ئىشلەتمەكچى بولغاندا ئۇنىڭ بىلەن تەرلىنىش ئەڭ ياخشىدۇر. ئەمما ياشلار ۋە ئىسسىق مىزاجلىق كىشىلەر ئۇنى سەۋەبسىز ئىشلەتمەسلىكى لازىم، بولمىسا ئۆزىگە خاپىلىق تاپىدۇ. ئۇنىڭ بەلغەمدىن بولغان

كېسەللىكلەرگە كۆپ پايدىسى يوق. شۇنىڭدەك ئۇنى بەدەننى تەنقىيە قىلىشتىن ئاۋۋال، بەدەن بۇزۇق خىلىتلار بىلەن توشقان ۋاقىتلاردا ئىشلىتىش، ئۇنى ئىشلەتكەن مەزگىلدە مۇناسىپ بولمىغان، يەنى ئۇنىڭغا زىت بولغان نەرسىلەردىن پەرھىز قىلماسلىق زىيانلىقتۇر، بەلكى بۇنداق ۋاقىتلاردا ئۇنى ئىشلىتىشنىڭ زەرەرى پايدىسىدىن ئوخشىمىغان دەرىجىدە ئارتۇق بولۇپ، ئېغىر كېسەللىكلەرنى پەيدا قىلىدۇ.

ئومۇمەن، ئۇنى ئىشلىتىشنىڭ ئۇسۇللىرى كۆپ بولۇپ، بىرى شۇكى، ئۇنى ئىشلەتمەكچى بولغاندا ئاۋۋال بەدەن غالىب خىلىت ئېتىبارىچە تەنقىيە قىلىنىدۇ، تەنقىيە تولۇق تاماملانغاندىن كېيىن، بىر - ئىككى ھەپتە تەخىر قىلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن، ئىشلىتىش باشلىنىپ 21 ~ 40 كۈنگىچە داۋاملاشتۇرۇلىدۇ. دەسلەپكى بەش كۈندە ھەر كۈنى چۆپچىن ئەسلى دەپ ئاتىلىدىغان رەڭگى قىزىلگۈل سۈيى رەڭگىگە ئوخشايدىغان، خام - پىششىقلىقى، قاتتىق - يۇمشاقلىقى جەھەتلەردە تەكشى بولغان، بەك قاتتىق، يېلىملىق، يېپىلىق، يۇمشاق، يەڭگىل، خام، رەڭگى ئاق بولمىغان، كەسكەندە ئۇندەك توزۇندىلار ئۆرلىمەيدىغان، بەلكى تۈگۈنچەكلىرى ئاز بولغان، قۇرت يېمىگەن، يېرىلمىغان، ئەگرى - بۈگرى بولمىغان چۆپچىندىن 25 گىرام ئېلىپ، پىچاق بىلەن نېپىز توغراپ، توغرىغىلى بولمىسا باقىلە ۋە نوقۇت چوڭلۇقىدا پارچىلاپ، ئۇۋالغان ۋە ئۇندەك بولغان قىسىملىرىنى ئايرىۋېتىپ، مۇۋاپىق مىقداردىكى قىزىلگۈل ئەرقى، بىدمۇشكى ئەرقى، كېسەللىككە مۇۋاپىق كېلىدىغان باشقا مۇناسىۋەتلىك ئەرەقلەرگە ياكى ساپ سۇغا ئەتىگەندە چىلاپ قويۇلىدۇ. كەچتە ئۇنىڭغا بىر كېچە - كۈندۈزدە ئىچىلىدىغان سۇ مىقدارىدا سۇ قوشقاندىن كېيىن، كۈمۈش قازان، قەلەيلەنگەن مىس قازان، تاش قازان ياكى لوئابلانغان ساپال قازانغا تۆكۈلىدۇ. ئەمما قازاننى سۇ بىلەن توشقۇزۇۋەتمەسلىك، قايناشقا ئورۇن قالدۇرۇش لازىم. ئۇنىڭدىن كېيىن قازاننىڭ ئېغىزىنى دەل كېلىدىغان تۇۋاق بىلەن يېپىپ، ئەتراپىنى ماش ئۇنى خېمىرى بىلەن بۇسى چىقىپ كەتمىگۈدەك دەرىجىدە ھىملاپ، ئۇنىڭدىن كېيىن پۈتۈن قازاننىڭ ئېغىرلىقىنى تاش بىلەن سېلىشتۇرۇپ ئۆلچەپ، بۇ تاش ساقلاپ قويۇلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن قازاننىڭ تۈۋقىنى ئېچىپ، ئىچىگە يەنە شۇ مىقداردا سۇ قۇيۇپ تۈۋقىنى يېپىپ، ئەتراپىنى ئاۋۋالقىدەك ھىم قىلىپ، سۇس ئوتتا سۇنىڭ يېرىمى قالغۇچە قاينىتىلىدۇ. قازان قايناشقا باشلىغاندا ھورنىڭ تۇۋاقنى ئېچىۋەتمەسلىكى ئۈچۈن ئۈستىگە بىر دانە ئېغىر تاش قويۇپ قويۇلىدۇ. قايناپ سۇنىڭ يېرىمى قالدى دەپ پەرەز قىلىنغاندا، ئېغىرلىقى ئۆلچەنگەن ئاۋۋالقى تاش بىلەن قازاننىڭ ئېغىرلىقى ئۆلچىنىدۇ. پۈتۈن ئېغىرلىقى دەسلەپكى ئېغىرلىققا يەتكەن بولسا، قايناشتىن توختىتىپ، ئوتتىن چۈشۈرۈپ، تۈۋقى يېپىق ھالەتتە قويۇپ قويۇلىدۇ. ئەتىسى ئەتىگەندە يەنە قىزىتىپ، بىمارنى تونغا ئورىغاندىن كېيىن، قازاننى يېنىغا ئەكېلىپ، تۈۋقىنى ئاستا - ئاستا ئېچىپ، ھورى بىلەن

بىمارنىڭ بېشى ۋە پۈتۈن بەدىنى تەرلىتىلىدۇ. قازاننىڭ ھورى تۈگىگەندە توننىڭ ئاستىدىن چىقىرىلىدۇ. بىمارنىڭ بەدىنىگە ھاۋا تېگىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن تون بىلەن ئورىنىشقا بۇيرۇلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن، چۆپچىن قايىنىتىلمىسىنىڭ پىسەپىلىرىنى سۈزۈۋېتىپ، 225 ~ 450 گىرامغىچە سۇ چىقىرىپ، ئۇنىڭدىن مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ، تاتلىق نەرسە قوشماي ياكى مۇۋاپىق مىقداردا ناۋات قوشۇپ كەچتە ئىلمان ھالەتتە ئىچىلىدۇ. قالغىنى سۇ ئورنىدا ئىچىلىدۇ، تائام، نان خېمىرى ۋە قەھۋەگە قوشۇلىدۇ، سۇ پەقەت ئىچىلمەيدۇ. ئالىي دەرىجىلىك چۆپچىن بەلگىلەنگەن كۈنلەردە ئىچىشتىن ئاشمىسا، تۈگۈنچەكلىك، يىپلىق چۆپچىندىن مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ، كۆپ مىقداردىكى سۇ بىلەن قايىنىتىپ، تەمىنى چىقىرىپ پىسەپىلىرىنى سۈزۈۋېتىپ، ئىلمان قىلىپ ئۇنىڭ بىلەن يۈز ـ قول يۇيۇلىدۇ ۋە تەرەت ئېلىنىدۇ. ئۇنىڭ تەمىنى چىقىرىپ، تۈنجى كۈنى تەرلىنىش جەريانىدا ئىچسە ياخشىراق بولىدىغان بولۇپ، تەرلەشكە ياردەم بېرىدۇ ۋە ئۇنىڭ تەسىرىنى ئاشۇرىدۇ. كېيىنكى بەش كۈندە ھەر كۈنى يۇقىرىقى سۈپەتلەرگە ئىگە چۆپچىندىن 30 گىرام ئېلىپ، يۇقىرىقى ئۇسۇل بويىچە قايىنىتىپ تەمىنى چىقىرىپ ئىچىلىدۇ. ئەگەر ئۇنى 21 كۈن ئىشلىتىشكە توغرا كەلسە، يەنە بەش كۈن، ھەر كۈنى 25 گىرامدىن، يەنە بەش كۈن، ھەر كۈنى 18 گىرامدىن، يەنە ئۈچ كۈن توققۇز گىرامدىن ئېلىپ، يۇقىرىقى قائىدە بويىچە قايىنىتىپ ئىستېمال قىلىنىدۇ. ھەر بەش ياكى تۆت كۈندە بىر قېتىم تەرلىنىدۇ، ئۇسۇلى شۇكى، چۆپچىندىن مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ، يۇقىرىقى ئۇسۇل بويىچە قايىنىتىپ، بىمارنى تېگى قومۇش بىلەن توقۇلغان ئورۇندۇقتا يالىڭاچ ئولتۇرغۇزۇپ ئەدىيالغا ئوراپ چۆپچىن قايىنىتمىسىنى ئورۇندۇقنىڭ ئاستىغا قويۇپ، تۆۋىنىنى ئاستا ـ ئاستا ئېچىپ ھورى بىلەن بىمارنىڭ بەدىنى تەرلىتىلىدۇ. كېسەللىك بىمارنىڭ بېشى ۋە يۈزىدە بولسا بېشىنى ئەدىيال ئىچىگە پات ـ پات تىقىشقا بۇيرۇلىدۇ. نەپىسى قىستىلسا ئەدىيالدىن بېشىنى چىقارسا بولىدۇ. قازاننىڭ ھورى تۈگىگەندىن كېيىن، بىمارنى ئورۇندۇقتىن بەدىنىگە شامال تەگمەيدىغان ھالەتتە چۈشۈرۈپ، ئەدىيال بىلەن ئوراپ ئۇخلاشقا بۇيرۇپ تەرى قۇرۇتۇلىدۇ ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن ئەدىيال ئېلىۋېتىلسە بولىدۇ. ھەر كۈنى ئىشلىتىلگەن چۆپچىننىڭ پىسەپىلىرىنى ساقلاپ قويۇپ، چۆپچىن قايىنىتىلمىسى تۈگەپ كەتسە، تەكرار قايىنىتىپ تەمىنى چىقىرىپ ئىچۈرۈلىدۇ. 27 ـ ياكى 30ـ كۈنى بىمار مونچىغا چۈشۈرۈلىدۇ. چۆپچىننىڭ قايىنىتىلغان پىسەپىلىرىنى قۇرۇتۇپ ساقلاپ قويۇپ، كېيىن يەنە قايىنىتىپ تەمىنى چىقىرىپ، ئۇنىڭ بىلەن بەدەن يۇيۇلىدۇ. چۆپچىن قايىنىتىلمىسىنى ئىشلىتىپ بولغاندىن كېيىن، قارابادىننىڭ «ھ» (ھۇۋائ) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلار بابىدا بايان قىلىنغان ھالۋائى چۆپچىن 12 كۈن ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ. چۆپچىننى ئىشلىتىشنىڭ مەزكۇر ئۇسۇلى بەدىنى ئوتتۇرا ھال بولغان كىشىلەر ۋە ئاجىز بىمارلارغا قارىتىلغاندۇر.

ئەگەر كېسەللىك ئېغىر، بىمار كۆچلۈك بولسا، يۇقىرىدىكى 25 گىرام چۆپچىن ھەر تۆت كۈندە 10 ~ 15 گىرامغىچە كۆپەيتىلىپ تاكى 25 كۈنگىچە شۇ يوسۇندا كۆپەيتىلىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن، يەنە شۇ يوسۇندا كېمەيتىلىپ 20 كۈن ياكى25 كۈن ياكى 30 كۈنگىچە تۈگىتىلىدۇ. شۇنداق بولغاندا كۆپەيتىلگەن ۋە ئازايتىلغان كۈنلەرنىڭ ھەممىسى 45 كۈن، ئەڭ كۆپ بولغاندا 60 كۈن بولىدۇ. ئەگەر بىمارنىڭ بەدىنى بەك كۆچلۈك بولسا، ھەر ئىككى ياكى ئۈچ كۈن ياكى تۆت كۈندە بىر قېتىم تەرلىتىلىدۇ. مۆھلەت ئاخىرلاشقاندىن كېيىن مۇنچىغا كىرىشكە بۇيرۇلىدۇ. 15 ~ 20 كۈنگىچە ھالۋا ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ. ئۇنى ئىشلىتىشتىن 7 ~ 8 كۈن، ئىشلەتكەندىن كېيىنكى ئون كۈن ئىچىدە تۇز، كۆكتات، دانلار، سۈت مەھسۇلاتلىرى، چۈچۈمەل نەرسىلەر، سوغۇق سۇ، ئىسسىق تەبىئەتلىك ھۆل مېۋىلەر، سەۋدالىق قان ۋە سەۋدا كۆپەيتىدىغان يېمەكلىكلەرنى ئىستېمال قىلىش، جىما قىلىش، مۇنچىغا چۈشۈش، بەك كۆپ ياكى بەك ئاز غىزالىنىش، كۆپ ياكى ئاز ئۇخلاش، روھىي ۋە جىسمانىي ئىشلاردىن پەرھىز قىلىنىدۇ، بولۇپمۇ تەرلەنگەن كۈنلەردە ئالاھىدە پەرھىز قىلىنىدۇ. غىزاسىغا پەقەت چىلا قورۇمىسى (بىر خىل يېمەكلىك)، قورۇلغان گۆش، كاۋاپ، گۆش بېسىلغان پولۇ، ئاز مىقداردا زەپەر قوشۇلغان تاتلىق يېمەكلىكلەر، زەپەر قوشۇلغان شەلە (بىر خىل يېمەكلىك)، نان بىلەن كاۋاپ، قورۇما، قورۇلغان گۆش، يېرىم كۈن توخۇ تۇخۇمى بېرىلىدۇ، بۇلارنىڭ ھەممىسى تۇزسىز بولۇشى لازىم، كېسەللىك مەيلى ئېغىر ياكى يەڭگىل بولسۇن تۇزدىن ئېھتىيات قىلىش، ئوغلاق گۆشى، پاقلان گۆشى، كەكلىك، چىخ توخۇسى، قۇر (بىر خىل قۇش) غا ئوخشاش گۆشى ئاسان ھەزىم بولىدىغان قۇشلارنىڭ گۆشلىرىنى ئىستېمال قىلىشتىن، تەستە ھەزىم بولىدىغان، يەل پەيدا قىلىدىغان غىزالار، قېرى، ئورۇق ھايۋاننىڭ گۆشى، كالا گۆشى، توخۇ گۆشى، بولۇپمۇ قېرى توخۇنىڭ گۆشىدىن پەرھىز قىلىش، مېغىزلاردىن پىندۇق، ئەنجىلەك (بىر خىل مېغىز)، چىلغوزا ۋە ئۇلاردىن تەييارلانغان تاتلىق يېمەكلىكلەر، چۈچۈمەل يېمەكلىكلەردىن پەرھىز قىلىش، جىما قىلىش ۋە تاۋۇز، ئانار، قوغۇن، ئەنبەھ مېۋىسى، كەتەل مېۋىسى، ئاناناس، كولە (بىر خىل مېۋە)، قېتىق قاتارلىقلاردىن ئالتە ئايغىچە، بەزىلىرىدىن بىر يىلغىچە پەرھىز قىلىش لازىم. قالغان ئىشلار تېۋىپنىڭ رايىغا باغلىقتۇر. قالغىنى «قارابادىن كەبىر» دە تەپسىلىي بايان قىلىنىدى. ئۇنىڭ قەھۋەسى، سۇفۇپى، ھالۋىسى، ئەرقى، مەجۇنى، دەملىمىسى ۋە مەلھەملىرى بۇ كىتابنىڭ قارابادىنىدا ئاللا خالىسا ئۆز ئورنىدا بايان قىلىنىدۇ.

**ئۆشبەئى مەغرىبىيەنى ئىستېمال قىلىش ئۇسۇلى:** ئۇنى ئىستېمال قىلىش ئۇسۇلى ھەممە جەھەتتە چۆپچىننى ئىستېمال قىلىش ئۇسۇلىغا ئوخشايدۇ، پەقەت ئۆشبىنى ئىستېمال قىلىش13 گىرامدىن باشلىنىدۇ، بىمارنىڭ بەدىنى كۆچلۈك بولسا كۆپ بولغاندا 45 گىرامدىن، ئاجىز بولسا كۆپ بولغاندا 31 گىرامدىن ئاشۇرۇلمايدۇ. بەزىدە ھەر ئىككىسى

ئىپتىياجغا ئاساسەن ئاربلاشتۇرۇپ ئىشلىتىلىدۇ. بەزىدە بىمارنىڭ مىزاجى سوغۇق بولۇپ، يۆتەل بولسا ئۆشبە ۋە چۆپچىنىنىڭ ھەر ئىككىسى ئاقلىنىپ ئۆششاقلانغان چوچوكبۇيا يىلتىزى قوشۇلىدۇ. ياخشى سۇپەتلىك ئۆشبىنى ئۆزۈنسىغا يېرىپ ئۆششاقلاپ، ساپ سۇ، قىزىلگۈل ئەرقى، بىدىمۇشكى ئەرقى ياكى باشقا مۇناسىۋەتلىك ئەرەقلەرگە چىلاپ، چۆپچىنىدە بايان قىلىنغان قائىدە بويىچە قاينىتىپ ئىشلىتىلىدۇ. ئۇنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى ۋە پايدىلىرى ئاللا خالىسا يەككە دورىلار قىسمىدا بايان قىلىنىدۇ.

ساسەفراس (بىر خىل دورا)نى ئىستېمال قىلىش ئۇسۇلى يۇقىرىدىكىلەرنى ئىستېمال قىلىش ئۇسۇلى بىلەن ئوخشاش. ئۇ ماددىلارنى پىشۇرۇش، سۈيۈلدۈرۈش، تارقىتىش، توسالغۇلار ۋە كانال يوللارنى ئېچىش، ماددىلارنى پارچىلاش، قويۇق، شىلىمشىق خىلتلارنى پىشۇرۇش، رەئىس ئەزالارنى قۇۋۋەتلەش، تەبىئىي ھارارەتنى كۈچەيتىش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە بولۇپ، ھۆل سوغۇقتىن بولغان كېسەللىكلەر، سۇئۇلقۇنىيە، ئىستىسقا، زىققە نەپەس، كونا يۆتەل، ئاشقازان، جىگەر مىزاجىنىڭ سوغۇقتىن بۇزۇلۇشى، بۆرەك، دوۋساق ئاغرىقى، بوغۇملارنىڭ سوغۇقتىن بولغان ئاغرىقى قاتارلىقلارغا شىپا بولىدۇ. ئەزالاردىكى تاشلارنى پارچىلاپ چۈشۈرىدۇ، سۈيدۈك، ھەيزنى ھەيدەيدۇ، سۈيدۈك ۋە مەنىي يوللىرىدا تۇرۇپ قالغان قويۇق يەللەرنى تارقىتىدۇ، خولىرا، قۇسۇش، ھېق تۇتۇش، تۆت كۈنلۈك قىزىتما، ۋابا، تائۇن ۋە ھەر خىل زەھەرلىنىشلەرگە شىپا بولىدۇ. ئۇنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىنىڭ تەپسىلاتى ئاللا خالىسا بۇ كىتابنىڭ يەككە دورىلار قىسمىدا ئۆز ئورنىدا ئېيتىلىدۇ. «قارابادىن كەبىر»نىڭ خاتىمىسىدە ئۇنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى، ئىستېمال قىلىش ئۇسۇلىنى بايان قىلىش بىلەن بىرگە بايان قىلىندى.

**شەجەرەتۇن نەبى دەرىخىنى ئىستېمال قىلىش ئۇسۇلى:** ئۇ فىرانسۇز تىلىدا «بىلاستۇر» دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇنىڭ ماھىيىتى، خۇسۇسىيەتلىرى ۋە پايدىلىرى ئاللا خالىسا كىتابنىڭ يەككە دورىلار قىسمىدا بايان قىلىنىدۇ. ئۇنى ئىستېمال قىلىش ئۇسۇلى شۇكى، ئۇنىڭ قارا، مايلىق بولغان ئىچكى قىسمىدىن 90 گىرام، سىرتقى پوستىدىن 30 گىرام ئېلىنىدۇ، سىرتقى پوستى تېپىلمىسا ئىچكى قىسمى ئۇنىڭغا بەدەل بولىدىغان بولۇپ، ئۇنىڭدىن 30 گىرام ئېلىپ يۇقىرىدىكىگە قوشۇلىدۇ، بۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ئومۇمىي مىقدارى 120 گىرام بولىدۇ. ئۇنى ئېكەكلەپ ياكى پىچاق بىلەن ئۇششاقلاپ قاچىغا سېلىپ ئۈستىدىن 2700 گىرام سۇ قۇيۇپ بىر كېچە ـ كۈندۈز چىلاپ قويۇلىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن چۆپچىنىنى قايناتقان ئۇسۇل بويىچە سۇنىڭ يېرىمى قالغۇچە قاينىتىلىدۇ ۋە چۆپچىن قاينىتىلمىسىنى ئىچىش ئۇسۇلى بويىچە ئىچىلىدۇ. ئۇنىڭ قاينىتىلمىسى كەملىك قىلسا پىسىپىگە يۇقىرىقىدىكى مىقدار بويىچە سۇ قۇيۇپ يېرىمى قالغۇچە قاينىتىپ، ئۇنىڭ بىرىنچى قېتىملىق سۈيىدىن ئەتىگەن ـ كەچتە مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ، تاتلىق نەرسە قوشماي ياكى

15 گىرام ناۋات بىلەن تاتلىق قىلىپ ئىلمان ھالەتتە ئىچسە، ئىككىنچى قېتىملىق سۈيىنى سۇ ئورنىدا ئىچسە بولىدۇ. ئۇنىڭ قاينىتىلمىسى ئاز قالغاندا ئۇنىڭ ئىچكى قىسمىدىن 120 گىرام، سىرتقى پوستىدىن 30 گىرام، ئۇ تېپىلمىسا ئىچكى قىسمى ئۇنىڭغا بەدەل بولىدىغان بولۇپ، ئۇنىڭدىن 30 گىرام ئېلىپ، يۇقىرىدىكىسى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، قائىدە بويىچە 2700 گىرام سۇدا يېرىمى قالغۇچە قاينىتىپ، يۇقىرىدىكى ئۇسۇل بويىچە ئىچىلىدۇ، پىسپىمۇ يۇقىرىقى ئۇسۇل بويىچە قاينىتىپ ئىستېمال قىلىنىدۇ. ئۇنىڭ قاينىتىلمىسى ئاز قالغاندا ئۇنىڭ ئىچكى قىسمىدىن 150 گىرام، سىرتقى پوستىدىن 30 گىرام ئېلىپ، ئۇ تېپىلمىسا ئىچكى قىسمىدىن 30 گىرام ئېلىپ، ئۇنىڭغا قوشۇپ يۇقىرىقى ئۇسۇل بويىچە قاينىتىپ ئىچكۈزۈلىدۇ. ئۇنى ئىستېمال قىلغاندىكى پەرھىز، تەنقىيە ۋە ئوزۇقلىنىش چۆپچىن قاينىتىلمىسىنى ئىستېمال قىلىشقا ماس كېلىدىغان بىلەن ئوخشاشتۇر. بۇنى ئىستېمال قىلىشقا ماس كېلىدىغان كېسەللىكلەر، مىزاجلار، ۋاقىتلار، ئورۇنلار، ياش ئەھۋالى ۋە باشقىلارغا مۇناسىۋەتلىك ئىشلار ماھىر تېۋىپنىڭ رايىغا باغلىقتۇر. ئۇنىڭ تەمى قىرتاق بولۇپ، تەبىئەتكە خۇشياقمايدىغان بولغاچقا، تەمىنى تەڭشەش ئۈچۈن بىر ئوچۇم كىشمىش ئۈزۈم، بىر قانچە دانە لاچىندانە، ئاز مىقداردا چۈچۈكبۇيا يىلتىزى ياكى ناۋات قوشۇلسا بولىدۇ. جىگىرىنىڭ تەبىئىتى ئىسسىق بولغانلار ئۈچۈن كاسىنە يىلتىزى، دورىنىڭ تۆتتىن ياكى بەشتىن بىرىچىلىك مىقداردا سېرىق سەندەل بىلەن؛ مىزاجى سوغۇق بولغانلار ئۈچۈن مۇۋاپىق مىقداردىكى دارچىن ۋە قەرەنپىل بىلەن؛ مېڭە كېسەللىكلىرى ئۈچۈن مەرزەنجۇش ياكى ئۇستىقۇددۇس بىلەن؛ بوغۇم ئاغرىقى ئۈچۈن ئاز مىقداردا كەمافىيتۇس ياكى كەمازەرىيۇس بىلەن؛ نەپەس كېسەللىكلىرى ئۈچۈن پىرسىياۋشان، تاغ كۈدىسى، قۇرۇق زۇپا، چۈچۈكبۇيا يىلتىزى ياكى بېھى ئۇرۇقى بىلەن؛ جىگەر كېسەللىكلىرى ئۈچۈن كاسىنە يىلتىزى پوستى، غاپەس ياكى ئەپسەنتىن بىلەن؛ بۆرەك كېسەللىكرى ئۈچۈن چۈچۈكبۇيا يىلتىزى، تاۋۇز ئۇرۇقى، قوغۇن ئۇرۇقى، تەرخەمەك ئۇرۇقى ياكى قاپاق ئۇرۇقى بىلەن؛ تال كېسەللىكلىرى ئۈچۈن تال ئوتى (ھەشىيشەتۇت تىھال) كەپە يىلتىزى پوستى بىلەن؛ شۇنداقلا باشقا كېسەللىكلەر ئۈچۈن ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك دورىلار بىلەن بىرلىكتە ئىستېمال قىلىنىدۇ. بۇ دورا رەئىشە، پالەچ، كۆز ئالدى قاراڭغۇلىشىش، سوغۇقتىن بولغان قۇلۇنجى، بەلغەم ۋە سەۋدادىن بولغان بوغۇم ئاغرىقى قاتارلىقلارغا شىپا بولىدۇ. ئاشقازاننىڭ ھۆل سوغۇقتىن بولغان ئاجىزلىقىنى كۈچەيتىدۇ. ئۇنىڭ باشقا خۇسۇسىيەتلىرى «قارابادىن كەبىر» نىڭ خاتىمىسىدىكى يېڭى دورىلار بايانىدا سۆزلەندى.

**كەياكۇ ياغىچىنى ئىستېمال قىلىش ئۇسۇلى:** ئۇ فىرانسىيەدىن ئېلىپ كېلىنىدىغان بىر خىل ياغاچ بولۇپ، ماھىيىتى ۋە خۇسۇسىيەتلىرى ئاللا خالىسا كىتابنىڭ يەككە دورىلار قىسمىدا بايان قىلىنىدۇ، «قارابادىن كەبىر» نىڭ خاتىمىسىدىمۇ بايان قىلىندى. ئومۇمەن، ئۇ جوزام،

سىفلىس ۋە سۈيدۈك يولىدىكى باشقا يامان يارىلارغا پايدا قىلىدۇ. ئۇنى ئىستېمال قىلىش ئۇسۇلى شۇكى، ئۇنى كېپەككە ئوخشاش ئېكەكدەپ، ئالىي دەرىجىلىك چۆپچىنىدىن ئۇنىڭ تۆتتىن بىرىنىڭ ئۇچىچىلىك مىقداردا ئېلىپ، كېپەككە ئوخشاش ئېكەكدەپ، ھەر ئىككىسى بىرلىكتە فىرانسىيەدىن كەلتۈرۈلىدىغان بىراندى ماركىلىق ئۆتكۈر شارابتىن ئالتە ھەسسە ئېلىپ ياكى ئىككى ياكى ئۈچ قېتىم قايىنىتىلغان قەنت ئەرقىگە چىلاپ، چوڭ ئەينەك قاچىغا تۆكۈلىدۇ، قاچىنى بەك لىق توشقۇزماي، بەلكى مەلۇم بوش ئورۇن قويۇش لازىم. ئۇنىڭدىن كېيىن قاچىنىڭ ئېغىزىنى بۇسى چىقىپ كەتمىگۈدەك دەرىجىدە مەھكەم ئېتىپ 40 كۈنگىچە ئاپتاپتا قويۇلىدۇ، بۇ ئارىلىقتا پات ـ پات ئارىلاشتۇرۇپ بېرىلىدۇ. 40 كۈن ئۆتكەندىن كېيىن قاچىدىن چىقىرىپ پىسەپلىرىنى سۈزۈۋېتىپ، سۈيىنى ئەينەك قاچىغا قاچىلاپ، ئېغىزىنى مەھكەم ئېتىپ، زۆرۈر بولغاندا بەدەننى تولۇق تەنقىيە قىلىپ بولغاندىن كېيىن كۈنگە 24 گىرامدىن، كۆپ بولسا 36 گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ. بىمارنىڭ بەدىنى ناھايىتى كۈچلۈك ياكى كېسىلى ئېغىر بولسا تەدرىجىي ھالدا 48 گىرامغا يەتكۈزۈلسىمۇ بولىدۇ. شۇ يوسۇندا 21 كۈن ياكى 40 كۈن، كۆپ بولغاندا 50 ~ 60 كۈنگىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ. يېمەك ـ ئىچمەككە پەقەت يېڭى سېغىلغان كالا سۈتى، چەلاۋ (بىر خىل يېمەكلىك)، چەلاۋ بىلەن قورۇلغان گۆش ياكى قورۇما، كاۋاپ، پولۇ بېرىلىدۇ. ئەمما بۇ غىزالار تۇزسىز بولۇشى لازىم. ئۇنىڭ ئالدى ـ كەينىدىكى تەدبىرلەر چۆپچىنىنىڭ تەدبىرلىرى بىلەن ئوخشاش بولۇپ، يۇقىرىدا بايان قىلىندى. ئەگەر ئۇ قەنت ئەرقىنىڭ ئورنىدا بادرەنجبۇيا ئەرقى، گاۋزىبان ئەرقى، شاھتەررە ئەرقى، بىستىپايەج ئەرقى، ئىزخىر ئەرقى ۋە باشقا مۇناسىۋەتلىك ئەرەقلەرگە چىلانسا ياكى ئۆشبەئى مەغرىبىيە، ساسەفراس ۋە شەجەرەتۇن نەبى قاتارلىقلارنى ئىستېمال قىلغاندىكىگە ئوخشاش نىرۋا، مېڭە ئاجىزلىقى، بوغۇملار ئاغرىقى، قوتۇر، كالا تەمرەتكىسى، ئىستىسقا قاتارلىقلارغا ئوخشاش كۆپ قىسىم ئاجىز ۋە ئوتتۇرا ھال كېسەللەرنىڭ مۇناسىۋەتلىك دورىلىرى بىلەن بىرلىكتە ئىستېمال قىلىنسا بولىدۇ ياكى ئۇنى خۇددى چۆپچىنىنى چىلىغانغا ئوخشاش يۇقىرىدىكى ئەرەقلەرنىڭ مۇناسىپ كېلىدىغىنىغا چىلاپ ئىستېمال قىلسىمۇ بولىدۇ، بۇ چاغدا قەنت ئەرقىدىن قاچىدىغان كىشىلەر ئۈچۈن ياخشىراق بولىدۇ.

**تۆگە سۈتىنى ئىستېمال قىلىش ئۇسۇلى:** ئۇنى تۆگىنىڭ سۈيدۈكى بىلەن ئىستېمال قىلسا قورساقتا سۇ چۈشۈش ۋە يەللىك ئىستىسقاغا ناھايىتى پايدا قىلىدۇ. جىگەر، تال توسالغۇلىرىنى ئاچىدۇ، سېرىقسۇنى سۈرۈپ چىقىرىدۇ، سوغۇقتىن بولغان زىققىگە شىپا بولىدۇ. بىر تۈركۈم كىشىلەر ئۇنى مۇناسىۋەتلىك قۇرسلار ۋە مۆتىدىل سوغۇق شەربەتلەر بىلەن ئىچسە، ئىسسىقتىن بولغان زىققە نەپەسكىمۇ پايدا قىلىدۇ، دەيدۇ. ئۇنى ئىستېمال قىلىش ئۇسۇلى شۇكى، ئۇنىڭ سۈتىنى سېغىشتىن ئاۋۋال تۆگە مۇناسىۋەتلىك گىياھلار ۋە

دانلار بىلەن بېقىلىدۇ. مەسىلەن: سۈتنى سوۋۇتۇش ئۈچۈن ئىچمەكچى بولغاندا كاسىنە، ئارپا ئۇنى، سىل ئوتى، ئەپتىمۇن قاتارلىقلار بىلەن؛ قىزىتىش ئۈچۈن ئىچمەكچى بولغاندا كەنكەر، دەرمەنە، ئارپىبەدىيان، كەرەپشە، سېرىقچېچەك، قاقىلە ئۆسۈملۈكى قاتارلىقلار بىلەن باققانغا ئوخشاش. دەسلەپتە 100 گىرامدىن ئىچىپ، ئۇنىڭغا ھەر كۈنى 30 گىرامدىن ئاشۇرۇپ، ئاشقازانغا ئېغىر كەلمەيدىغان، ياخشى ھەزىم بولىدىغان، سۈيدۈكنى كۈچلۈك ھەيدەيدىغان مىقدارغا يەتكۈچە كۆپەيتىلىدۇ. تەبىئەت سەسكەنمىسە ئۇنىڭغا يېرىم مىقدارى سۈيدۈكتىن ئارىلاشتۇرۇلىدۇ. بىمارنىڭ سۈيدۈكى ئىچكەن سۈت مىقدارىدا ۋە ئۇنىڭدىن كۆپرەك كەلسە، ياخشى ھەزىم بولسا، ئىچىنى سۈرمىسە كېكىردىكىدىن سۈت پۇرىقى كەلمىسە، ئاشقازاندا ئېچىمىسا، مۇۋاپىق كەلگەنلىك ۋە ئۇيۇمىغانلىقىنىڭ ئالامىتى بولۇپ، مىقدارى يەنە كۆپەيتىلسە بولىدۇ. سۈتنىڭ ئاشقازاندا ئۇيۇپ قالغانلىقى مەلۇم بولسا، بىر گىرام مىقدارىدا سەكبىنەج ئىستېمال قىلسا بولىدۇ. ئەگەر سۈت بەك مۇۋاپىق كېلىپ، سۇ ۋە غىزا ئورنىغا سۈت ئىچىش مۇمكىن بولسا تېخى ياخشى. ئەگەر كۆڭۈل تارتسا گۈرۈچ شىرىسى ياكى گۈرۈچ ئۇنى ياكى بۇغداي ئۇنىدىن قىلىنغان قاتلىما ئىستېمال قىلسىمۇ بولىدۇ. ئىچى زىيادە سۈرۈپ بەدەننى ئاجىزلاشتۇرسا، ئارىلىقتا بىر ـ ئىككى كۈن ئىچىشنى توختىتىپ، ئەھۋالى ياخشىلانغاندىن كېيىن يەنە ئىچىشنى داۋاملاشتۇرسا بولىدۇ. مەستىكى، سۇمبۇل تىپ، قۇرسى زىرىققا ئوخشاش قۇۋۋەتلەش ۋە ئىچىنى توختىتىش رولى بولغان دورىلارنى قوشۇپ ئىستېمال قىلسا بولىدۇ. ھەر كۈنى بىر دانە قاچىنى پاكىز يۇيۇپ، ئوت بىلەن قىزىتىپ قۇرۇتۇپ، ئۇنىڭدىن چوڭراق يەنە بىر قاچىغا مۇۋاپىق مىقداردا قىزىق سۇ قۇيۇپ، كىچىك قاچىنى ئۇنىڭغا سېلىپ، تۆگىنىڭ يېنىغا ئېلىپ بېرىپ سۈتنى ئۇنىڭغا سېغىپ، شۇ قاچىنى ئۆلچەم قىلغان ھالدا يالغۇز ياكى سۈتنىڭ تۆتتىن بىرىچىلىك ياكى ئازراق، يەنى مىزاج كۆتۈرەلىگۈدەك مىقداردىكى شۇ تۆگىنىڭ سۈيدۈكى ياكى 20 گىرام ھەسەل، ئىككى گىرامدىن تۆت گىرامغىچە سوقۇپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈلگەن سۇمبۇل تىپ بىلەن بىرلىكتە قىزىق پېتى تېز ئىچىش لازىم. زۆرۈر بولسا مۇناسىۋەتلىك سۇفۇپلار، قۇرسلار ۋە باشقا سۇفۇپى لوك، داۋائى لوكقا ئوخشاش مۇناسىۋەتلىك دورىلار بىلەن بىرلىكتە ئىستېمال قىلسىمۇ بولىدۇ. ئەگەر تۆگىنىڭ سۈتى مۇۋاپىق كەلمىسە، ئۇنى ئىچىشكە ئۆزىنى زورلىماسلىق لازىم، بولمىسا زەرەر قىلىدۇ، ئاشقازان ئاجىزلىقى ۋە باشقا كېسەللىكلەرگە سەۋەب بولىدۇ.

**ئۆچكە سۈتىنى ئىچىش ئۇسۇلى:** ئۇنى كېرەكسىز ماددىلارنى ھەيدەش، بەدەنگە ھۆللۈك يەتكۈزۈش، قان تۈكۈرۈشنى توختىتىش، ئۆپكە، گال، دوۋساق جاراھەتلىرى، ئىسسىقتىن بولغان كونا قىزىتمىلار، جۇدەتكۈچى قىزىتما قاتارلىقلارنى داۋالاش ئۈچۈن ئىستېمال قىلىنىدۇ، ئىستېمال قىلىش ئۇسۇلى شۇكى، ئۆچكە مۇناسىۋەتلىك ئوت ـ چۆپلەر بىلەن

بېقىلىدۇ. سۈتى تۆگە سۈتىنى ساغقان ئۇسۇل بويىچە سېغىلىدۇ. قان تۇكۇرۇش، يۆتەل ۋە باشقا نەپەس يولى كېسەللىكلىرىنى داۋالاش ئۈچۈن ئىچمەكچى بولسا ئۇنىڭدىن 110 ~ 135 گىرامغىچە ياكى 180 گىرامغىچە ئېلىپ، تۆت گىرام كەتىرا، ئىككى گىرام رۇببىسۇس، ئىككى گىرام بادام يېلىمى ياكى ئىككى گىرام ئەرەب يېلىمى، ئىككى گىرام كەتىرا، ئۈچ گىرام يۇيۇپ سالايە قىلىنغان خام لوك ياكى ئاللا خالىسا قارابادىندا بايان قىلىنىدىغان قۇرسى كەھرىۋا ياكى سۇفۇپى كەھرىۋا ياكى ھەببى ھابىسى دەم بىلەن ئىچىلىدۇ. ئۇنى بەدەنگە ھۆللۈك يەتكۈزۈش ئۈچۈن ئىچمەكچى بولغاندا دەسلەپتە 100 گىرامدىن باشلاپ تەدرىجىي ھالدا كۆپەيتىپ، بەدەن كۆتۈرەلىگۈدەك مىقدارغا كەلتۈرۈلىدۇ. ئەگەر بەدەنگە كۆپرەك ھۆللۈك يەتكۈزۈش ياكى سۈيدۈك ھەيدەش مەقسەت قىلىنسا، ئۇنىڭغا ئۇنىڭ تۆتتىن بىرىچىلىك ياكى يېرىمچىلىك مىقداردا ساپ سۇ قوشۇلىدۇ. ئۇنى كونا ۋە جۈدەتكۈچى تەپلەرنى پەسەيتىش ئۈچۈن ئىچمەكچى بولغاندا، يۇقىرىدىكى مىقداردا ئىچىشنى باشلاپ كۈنىگە 12 گىرامدىن كۆپەيتىپ، تەبىئەتكە ماس كېلىدىغان، ئېغىرلىق پەيدا قىلمايدىغان مىقدارغا كەلتۈرۈلىدۇ. ئۇنىڭغا تۆتتىن بىرىچىلىك مىقداردا ساپ سۇ، بىرىنچى كۈنى ئۈچ گىرام پارىچە خاكشى دەپ ئاتىلىدىغان خۇببە، ئىسسىق كەلمىسە 1.5 گىرام بىنەپشە شەربىتى قوشۇپ، ھەر كۈنى بىر گىرام خۇببە، ئازراق بىنەپشە شەربىتى كۆپەيتىلىدۇ. سۈتنىڭ مىقدارىمۇ كۆپەيتىلىدۇ، خۇببەنىڭ مىقدارى 15 گىرامغا، بىنەپشە شەربىتىنىڭ مىقدارى ئىسسىق كەلمىسە ئالتە گىرامغا يەتكۈزۈلىدۇ. بىنەپشە شەربىتى ئىسسىق كەلسە مىقدارى ئاشۇرۇلمايدۇ ياكى پەقەت قوشۇلمايدۇ. سۈت ھەرقانداق چارە بىلەنمۇ مۇۋاپىق كەلمىسە پەقەت ئىچمەسلىك لازىم.

**ئېشەك سۈتىنى ئىچىش ئۇسۇلى:** ئۇنى سىل، جۈدەتكۈچى قىزىتمىنى داۋالاش، بەدەنگە ھۆللۈك يەتكۈزۈش، ئىسسىقلىقتىن بولغان ئورۇقلاش قاتارلىقلارنى داۋالاش ئۈچۈن ئىستېمال قىلىنىدۇ. ئىستېمال قىلىش ئۇسۇلى شۇكى، يېڭى تەخەيلىگەن ياش ئېشەك سۈغا چىلانغان ئارپا ۋە تەبىئىتى ھۆل سوغۇق مۇناسىپ ئوت - چۆپلەر بىلەن بېقىلىدۇ. ئېشەكنى بىمارنىڭ يېنىغا ئېلىپ كېلىپ، تۆگىنىڭ سۈتىنى ساغقانغا ئوخشاش سېغىپ قىزىق ھالەتتە ئىچۈرۈلىدۇ. بىرىنچى ۋە ئىككىنچى كۈنى 112 ~ 135 گىرامغىچە ئېلىپ، قۇرسى كەھرىۋا، تاباشىر، مەرۋايىت قاتارلىق مۇناسىۋەتلىك دورىلار بىلەن ئىچۈرۈلىدۇ. سىل ۋە يۈرەك ئاجىزلىقىنى داۋالاش ئۈچۈن كۈنىگە 13 ~ 27 گىرامغىچە كۆپەيتىلىدۇ. ئېھتىياج كۆپ بولسا، بەدەنگە ماس كەلسە ۋە ئېغىرلىق قىلمىسا كۆپەيتىلىدۇ، بولمىسا كۆپەيتىلمەيدۇ ياكى ئازايتىلىدۇ. ئەگەر پەقەت ماس كەلمىسە ئىچىش توختىتىلىدۇ.

**ئانا سۈتىنى ئىچىش ئۇسۇلى:** ئۇنى يۇقىرىدىكى كېسەللىكلەر ئۈچۈن ئىچىش ئۇسۇلى ئېشەك سۈتىنى ئىچىش ئۇسۇلى بىلەن ئوخشاشتۇر.

بىلىش لازىمكى، يۇقىرىدىكى سۇتلەرنى ئىچكەنلەر ئاسان ھەزىم بولىدىغان مۇناسىپ غىزالار بىلەن ئوزۇقلىنىشى، ھەزىم بۇزۇلۇش، سېسىق كېكىرىش ۋە ئىچى سۈرۈپ قۇسۇشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن تەستە ھەزىم بولىدىغان غىزالارنى ئىستېمال قىلماسلىقى، تائام ئۈستىگە تائام يېيىشتىن ساقلىنىشى، چۈچۈمەل نەرسىلەر، سۈت مەھسۇلاتلىرىدىن پەرھىز قىلىشى، روھىي ۋە جىسمانىي ئامىللارنىڭ تەسىرىگە ئۇچراشنىڭ ئالدىنى ئېلىشى لازىم.

پادىزەھرى ھايۋانىينى ساقلىنىشى ساقلاش، بەدەن، روھلار، قۇۋۋەتلەر ۋە باھىنى قۇۋۋەتلەش ئۈچۈن ئىستېمال قىلىش ئۇسۇلى: ئۇنى ئىستېمال قىلماقچى بولغاندا باھار ياكى كۈز پەسلىنىڭ بېشىدا بەدەندىكى بۇزۇق، ناچار خىلىتلار مۇسھىللار ۋە قۇستۇرغۇچىلار بىلەن ۋە قاننىڭ غالىبلىقى قان ئېلىش بىلەن تازىلىنىدۇ. غىزاغا نوقۇت سۈيى ۋە باشقا ئاسان ھەزىم بولىدىغان يېمەكلىكلەر ئىستېمال قىلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن تۇنجى يىلى ئۆچكە پادىزەھرىسىدىن يېرىم گىرام، مەرۋايىت، تاباشىرنىڭ ھەربىرىدىن ئىككى گىرام، ئۇد قىمارىدىن بىر گىرام، ئىككى خىل سەندەلنىڭ ھەربىرىدىن ئىككى گىرام، مەستىكىدىن يېرىم گىرام، ئەنبەر ئەشھەب، ئىپارنىڭ ھەربىرىدىن ئىككى مىللىگىرام، ئالتۇن ۋاراقتىن 10 دانە، كۈمۈش ۋاراقتىن 20 دانە ئېلىنىدۇ. مەرۋايىت بىلەن پادىزەھرى سۈماق تېشىغا قويۇپ سالايە قىلىنىدۇ ۋە ئالتۇن ۋاراق بىلەن كۈمۈش ۋاراق ئېزىتىلىدۇ. قالغان دورىلارنى سوقۇپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ ھەب قىلىنىدۇ ياكى ناۋات قىيامى بىلەن يۇغۇرۇپ ھەب قىلىنىدۇ. بۇ ھەبلەرنى ئۈچ، بەش ياكى يەتتە ھەسسىگە بۆلۈپ ئۈچ، بەش ياكى يەتتە كۈنگىچە، ھەر كۈنى قىزىلگۈل ئەرقى، بىدمۇشكى بىلەن بىرلىكتە قەنت ۋە ناۋات بىلەن تاتلىق قىلىپ ياكى تاتلىق نەرسە قوشماي ئىستېمال قىلىنىدۇ. ھەر يىلى ئاز مىقداردا كۆپەيتىلىپ يەتتە گىرامغا يەتكۈزۈلىدۇ، بەزىلەر توققۇز گىرامغا يەتكۈزسىمۇ بولىدۇ، دېگەن. يېشى 40 ياشقا بارمىغان، مىزاجى ئىسسىق بولغان كىشىلەر ئۇنى ئىستېمال قىلماسلىقى لازىم، بەلكى ئىسسىق مىزاجلىق كىشىلەرنىڭ 65 ياشقا كىرىشتىن بۇرۇن ئۇنى ئىستېمال قىلىشى چەكلىنىدۇ. ئۇنى ئىستېمال قىلىشتىن بىر ھەپتە بۇرۇن، ئىستېمال قىلغاندىن كېيىنكى يەنە بىر ھەپتىدە تەستە ھەزىم بولىدىغان غىزالار، چۈچۈمەل يېمەكلىكلەر، سۈت مەھسۇلاتلىرى، كۆكتاتلار، دانلارنى ئىستېمال قىلىشتىن، روھىي ۋە جىسمانىي ئامىللارنىڭ تەسىرىگە ئۇچراشتىن، جىما قىلىشتىن ساقلىنىش لازىم. ئەڭ ياخشىسى ئۇنىڭدىن ئاز مىقداردا ئېلىپ مۇناسىۋەتلىك ھەبلەر ۋە مەجۇنلار بىلەن بىرلىكتە بەزى - بەزىدە ئىستېمال قىلىش كېرەك. چۈنكى ئۇنىڭدىن كۆپ مىقداردا بىراقلا ئىستېمال قىلىنسا ئىسسىقلىق پەيدا قىلىدۇ، ماددىلارنى قوزغىتىدۇ، خىلىتلارنى كۆيدۈرىدۇ، روھلار ۋە قۇۋۋەتلەرنى تارقىتىدۇ.

**دوغنى ئىچىش ئۇسۇلى:** دوغ قىزىتما، قۇسۇش، ئۆتكۈر كېسەللىكلەر ۋە ئورۇقلۇق قاتارلىقلارنى داۋالاش ئۈچۈن ئىچۈرۈلىدۇ. ئىچىش ئۇسۇلى شۇكى، كالا سۈتىنىڭ يېڭى قېتىقىنى مۇۋاپىق قاچا ياكى تۇلۇمغا تۆكۈپ ياخشى ئارىلاشتۇرۇپ، پىشلىقى بىلەن دوغى ئايرىلغاندا دوغى ئايرىپ ئېلىنىدۇ، ئۇنىڭ تەمى ئازراق چۈچۈمەلگە مايىل بولىدۇ. ئەگەر تاتلىق بولسا بىر قانچە سائەت قويۇپ قويۇلسا تەمى سەل چۈچۈمەللىشىدۇ. ئۇنىڭدىن 90 گىرام ئېلىپ، 30 گىرام نىپىز ساپ ئۇن نېنىنى ئۇششاقلاپ ئارىلاشتۇرۇپ قويۇپ قويۇلىدۇ، نان دوغقا تولۇق ئارىلاشقاندىن كېيىن ئىچىلىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭدىن كۆپرەك ئىچىش زۆرۈر بولسا، ھەر ئىككىسىنىڭ مىقدارىنى يۇقىرىقى مىقداردا كۆپەيتسە بولىدۇ. ئىككىنچى كۈنى دوغقا 15 گىرام قوشۇپ ناندىن ئۈچ گىرام ئازايتىلىدۇ، ھەر كۈنى دوغنىڭ مىقدارىنى شۇ نىسبەتتە ئازايتىپ، ناننىڭ مىقدارىنىمۇ شۇ نىسبەتتە كېمەيتىپ، ئاخىرىدا پەقەت دوغلا قالدۇرۇلىدۇ، شۇ ئارقىلىق بەدەن دوغقا ئادەتلەندۈرۈلىدۇ. ئەگەر دوغنىڭ مىقدارىنى ئازايتىش مەقسەت قىلىنسا، يۇقىرىدىكىنىڭ ئەكسىچە ئازايتىپ، تۇنجى كۈندىكى مىقداردىن قالدۇرۇپ ئىچىش توختىتىلىدۇ. بەزىلەر زىيادە ئېھتىيات يۈزىسىدىن دەسلەپتە دوغنى ئالتە گىرامدىن، ناننى ئۈچ گىرامدىن ئىچىشنى، كۈنىگە توققۇز گىرام دوغ ۋە ئۈچ گىرام نان كۆپەيتىپ، ئاخىرى 90 گىرام ياكى ئىختىيار بويىچە ئۇنىڭدىن ئارتۇقراق مىقدارغا يەتكۈزۈشنى، ئازايتماقچى بولغاندا ئۇنىڭ ئەكسىچە ئازايتىشنى تەشەببۇس قىلىدۇ. ئەمما دوغ ئىچىشكە ئادەتلەنگەن كىشىلەرنىڭ بۇنداق تەدبىرلەرنى قوللىنىشى ھاجەت ئەمەس، بەلكى پەقەت ھەزىم قۇۋۋىتىنىڭ ياخشى بولۇشى، ئۆزىدە ئوفۇنەتلىك تەپنىڭ بار ـ يوقلۇقىغا دىققەت قىلسىلا كۇپايە بولىدۇ. چۈنكى بەدەندە ئوفۇنەتلىك قىزىتما بولغان ئەھۋالدا ھاۋانىڭ ئىسسىقلىقى، ساپ ئارىلاپ تۇتقۇچى قىزىتما قاتارلىقلاردىكىگە ئوخشاش ماددىنىڭ سۇيۇقلۇقى ۋە ئۆتكۈرلۈكىدەك ئامىللار ئۇنى ئىچىشنى تەلەپ قىلمىسىلا ئۇنى ئىستېمال قىلىش چەكلىنىدۇ. خىلىتلاردا ئوفۇنەت بولسا، قۇرسى تاباشىر بىلەن ئىچى سۈرۈپ ئاجىزلاشقا سەۋەب بولۇش ئېھتىماللىقى كۆرۈلسە، قابىز ھەبلەر، قابىز قۇرسلار، تاباشىر، تەراسىس ۋە ئۇنىڭغا ئوخشاش مۇناسىۋەتلىك دورىلار بىلەن بىرلىكتە ياكى تاش، تۆمۈر بىلەن داغماللاپ ئىستېمال قىلىش لازىم. «خۇلاسەتۇت تەجارۇب» (تەجرىبىلەر خۇلاسىسى) ناملىق كىتابنىڭ ئاپتورىنىڭ يېزىشىچە، پادىزەھرى ھايۋانىينى دوغ بىلەن ئىستېمال قىلسا، بەزىدە ناھايىتى روشەن پايدا قىلىدىكەن.

ئارپا سۈيى، قاپاق سۈيى، تەرخەمەك سۈيى، سېرىق ئوت سۈيى، شاھتەررە سۈيى، مارجان شوخلا سۈيى، كاسىنە سۈيى، سۆگەت يوپۇرمىقى سۈيى، كۆكتاتلار سۈيى قاتارلىقلارنى ئىچىش ئۇسۇللىرى ‹‹قارابادىن كەبىر››دە ئايرىم ـ ئايرىم بايان قىلىندى. بۇ كىتابنىڭ قارابادىنىدىمۇ «م» (مىيم) ۋە «ا» ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلار پەسلىدە ئاللا خالىسا بايان

قىلىنىدۇ.

ياغلار، ئەرەقلەر ۋە ئەتىرلەرنى تارتىش ئۇسۇللىرىمۇ قارابادىنىنىڭ «د» (دال) ۋە «ھ» (ھائ)، «ئ» (ئەيىن) ۋە «ر» (رائ)، «ئ» (ئەيىن) ۋە «ت» (تۇۋائ) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلار بابلىرىدا ئاللا خالىسا بايان قىلىنىدۇ. «قارابادىن كەبىر»دىمۇ بايان قىلىنىدۇ.

بەزى دورىلارنى تەييارلاش ۋە ئۇلارنىڭ تەدبىرلىرى توغرىسىدا

**كۆندۈر قويۇنىنى تەييارلاش:** ئۇنى چاچ ئۇندۇرۇش ئۇچۇن تەييارلاش ئۇسۇلى شۇكى، كۆندۈر پارچىلىرىنى مۇۋاپىق چوڭلۇقتىكى قاچىغا ئۈستى - ئۈستىلەپ تىزىپ ئۇنىڭ ئاستىغا چىراغ پىلتىسىگە ئوخشاش پىلتە بىلەن ئوت تۇتاشتۇرۇپ كۆيدۈرۈلىدۇ. يەنە بىر قەدەھ ياكى داس ئۇنىڭ ئۈستىگە دوم كۆمتۈرۈلۈپ ئىچىگە يىغىلغان قويۇنلار يىغىۋېلىنىدۇ ياكى كۆندۈر پارچىلىرىنى بىر دانە ساپال قاچىغا تىزىپ، پىلتە بىلەن ئوت تۇتاشتۇرۇپ ئۈستىگە ئويمان قاچىنى ھاۋا كىرەلمىگۈدەك دەرىجىدە دوم قىلىپ ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئۇنىڭ ئىچىگە يىغىلغان قويۇن يىغىۋېلىنىدۇ ياكى ئۈستىگە بىر دانە قەغەز تۈگۈنەك ئورۇنلاشتۇرۇپ ئۇنىڭغا يېپىشقان قويۇن يىغىۋېلىنىدۇ. بۇ كۆندۈرنىڭ جەۋھىرى بولۇپ، زۆرۈر بولغاندا ئىشلەتسە بولىدۇ.

**ھەسى لوبان قويۇنىنى تەييارلاش ئۇسۇلى:** ئۇ «ھەسەن لوبە»، ھىندىچە «لوبان» دەپ ئاتىلىدىغان بولۇپ، ئۇنىڭ قويۇنىنى ئاشقازان ئاجىزلىقى، باھ ئاجىزلىقىنى داۋالاش، ھۆللۈكلەرنى قۇرۇتۇش ۋە «ھ» (ھەۋۋا) ھەم «س» (سۇۋاد) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلار بابىدا بايان قىلىنغان خۇسۇسىيەتلەرنى قولغا كەلتۈرۈش ئۇچۇن ئىشلىتىش مەقسىتىدە تەييارلاش ئۇسۇلى كۆندۈر قويۇنىنى تەييارلاش ئۇسۇلى بىلەن ئوخشاشتۇر. بۇ قويۇن «جەۋھىرى ھەسى لوبان»، ھىندىچە «سەتتى لوبان» دەپ ئاتىلىدۇ.

**بالادۇر شىرىسىنى چىقىرىش ئۇسۇلى:** بالادۇردىن يېتەرلىك مىقداردا ئېلىپ بېشىنى كېسىپ، سىغىز لايغا ئورالغان ئەينەك بوتۇلكىغا قاچىلاپ ئېغىزى تالالار بىلەن ئېتىلىدۇ. تۆشۈك ئېچىلغان بىر دانە چوڭ ساپال قاچىنى بىر غىرىچ ئېگىزلىكتىكى ئۈچ پۇتلۇق تىرەك ئۈستىگە ئورۇنلاشتۇرغاندىن كېيىن، يۇقىرىدىكى بالادۇر قاچىلانغان ئەينەك بوتۇلكىنىڭ بېشىنى ساپال قاچىنىڭ تۆشۈكىدىن ئۆتكۈزۈپ بېشى تۆۋەنگە ساڭگىلاپ تۇرىدىغان ھالەتتە تەتۈر ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئۇنىڭ تېگىگە مۇۋاپىق چوڭلۇقتىكى يەنە بىر قاچىنى قويۇپ ئىچىگە سۇ قويۇلىدۇ. ساپال قاچىنىڭ ئىچىگە بوتۇلكىنىڭ ئەتراپىغا ياۋا كالىنىڭ قۇرۇغان تېزىكىنى سېلىپ ئوت يېقىپ بوتۇلكا قىزىتىلىدۇ. بۇ چاغدا ئوتنىڭ تەپتىدە بوتۇلكا ئىچىدىكى بالادۇر قىزىپ، شىرىسى بوتۇلكا ئېغىزىدىن سىرغىپ چىقىپ، ئاستىدىكى قاچىدىكى سۇغا تامىدۇ. بالادۇر شىرىسى تولۇق تېمىپ بولغاندا سۇ ئۈستىدىكى شىرىسىنى يىغىۋېلىپ لايىقلاشتۇرۇپ ئىشلىتىلىدۇ. بالادۇرنىڭ شىرىسىنى ئېلىشنىڭ قالغان ئىككى

خىل ئۇسۇلى بۇ پەسىلنىڭ بېشىدا بايان قىلىندى.

**ئىسپىداجنى تەييارلاش ئۇسۇلى:** ئۇ كۆيدۈرۈش ۋە چىرىتىشتىن ئىبارەت ئىككى خىل ئۇسۇل بىلەن تەييارلىنىدۇ. كۆيدۈرۈش ئارقىلىق تەييارلاش ئۇسۇلى شۇكى، قوغۇشۇن بىلەن قەلەيدىن ئىبارەت ئىككى خىل مېتالنىڭ ھەربىرىدىن مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ، كۆپلىگەن نېپىز ۋاراقچە ھالىتىگە كەلتۈرۈپ، مۇۋاپىق چوڭلۇقتىكى قاچىغا تىزىپ، ھەربىر قەۋەت ئارىسىغا ئاز مىقداردا گۈڭگۈرت تالقىنى سېپىلىدۇ، گۈڭگۈرتنىڭ مىقدارى قەلەي ياكى قوغۇشۇن ۋاراقچىلىرىنىڭ ھەر 450 گىرامىغا 2.5 گىرام مىقداردىن ئارتۇق بولماسلىقى لازىم. ئۇنىڭدىن كېيىن قاچىنىڭ تېگىگە ئوت قاقلاپ كۆيدۈرۈلىدۇ، كۆيدۈرۈش جەريانىدا ئۇنىڭ تۈتۈنىدىن ئېھتىيات قىلىنىدۇ، ئوت تاكى ئۇ كۆيۈپ ئۇپىدەك بولغۇچە قالىنىدۇ.

ئۇنى تەييارلاشنىڭ ئىككىنچى ئۇسۇلى شۇكى، ئۇلارنىڭ زۆرۈر بولغان بىرىنى ساپال قاچىغا سېلىپ، ئاستىغا ئوت قاقلاپ تۆمۈر چۆمۈچ بىلەن كۈلدەك بولغۇچە ئارىلاشتۇرۇپ، ئۇنىڭدىن كېيىن لايلانغان كوزىغا سېلىپ ئاستىغا تاكى كۆيۈپ ياخشى ئاقارغانغا قەدەر ئوت قالىنىدۇ. ياخشى ئاقارمىسا ئۈستىگە ئازراق ئۆتكۈر ئۈزۈم سىركىسى تېمىتىپ، بىر ھەپتە تۇرغۇزۇلسا ئاقىرىدۇ.

ھىندىچە «جەست» دەپ ئاتىلىدىغان روي تۇتىيانى كۆيدۈرۈش ئۇسۇلى: ھىندىستانلىقلارمۇ ئۇنى شۇ ئۇسۇل بىلەن كۆيدۈرىدۇ. ئۇنى ئۇششاقلاپ تۆمۈر قاچىغا سېلىپ، ئوت ئۈستىگە قويۇپ ئوتنى يالقۇنجىتىپ، زىخ بىلەن ئارىلاشتۇرۇلىدۇ. كۆيدۈرۈش جەريانىدا ئۇنىڭغا ئاز مىقداردا سەممۇلفار تالقىنى سېپىلسە تېز كۆيۈپ پاختىغا ئوخشاش ھالەتكە كېلىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇنى ئېرىتىپ بولغاندىن كېيىن، ھىندىستاندا ئۆسىدىغان «بەكەن» دەپ ئاتىلىدىغان ئۆسۈملۈكتىن ئاز مىقداردا ئېلىپ، سالايە قىلىپ ئۈستىگە سەپسە ياكى تۆكسىمۇ كۆيۈپ پاختىغا ئوخشاش ھالەتكە كېلىدىكەن. ئۇنى يەنە باشقا نەرسىلەرنىڭ ياردىمىدىمۇ كۆيدۈرۈشكە بولىدىكەن. ئۇنىڭدىن كېيىن سالايە قىلىپ، زۆرۈر بولسا يۇيۇپ ئىشلىتىلىدۇ.

**ئىسپىداجنى چىرىتىش ئارقىلىق تەييارلاش ئۇسۇلى:** قەلەي بىلەن قوغۇشۇننى نېپىز شىلىپ بىر قانچە قەغەز ھالىتىگە كەلتۈرۈپ، ئۈستىگە ئۈزۈقى بىلەن سوقۇلغان ئۈزۈمنى سۇركەپ، قاچىغا سېلىپ نەم جايغا كۆمۈپ، ھەممىسى ئېرىگۈچە تۇرغۇزۇلىدۇ ياكى قەلەي ۋە نېپىز شىلىنغان قوغۇشۇنغا تۆشۈك ئېچىپ، ئۈستىگە سوقۇلغان ئۈزۈم سۈركەپ، سىركە قاچىلانغان كوزىغا سىركىگە چىلاشمىغۇدەك ھالەتتە ئېسىپ قويۇلىدۇ. ئۇنىڭ ئىسپىداجقا ئايلانغان قىسمىنىڭ يىغىلىشى ئۈچۈن كوزا ئىچىگە ئېسىلغان ھەربىر پارچە قەلەي ياكى قوغۇشۇن ئاستىغا قاچا قويۇپ قويۇلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن كوزىنىڭ ئېغىزى سىركىنىڭ پۇسى چىقىپ كەتمىگۈدەك دەرىجىدە چىڭ ئېتىلىدۇ. بىرنەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن،

كوزىنىڭ ئېغىزىنى ئېچىپ، قەلەي ۋە قوغۇشۇن ئۇستىگە يېپىشقان ياكى ئاستىدىكى قاچىغا تۆكۈلگەن ئىسپىداج يىغىۋېلىنىدۇ. قەلەي ياكى قوغۇشۇن ئۇستىگە يەنە ئۇزۇم سۈركەپ تاكى ھەممىسى ئىسپىداجقا ئايلانغانغا قەدەر تۇرغۇزۇلىدۇ ياكى قەلەي بىلەن قوغۇشۇننى تېگى كۆپ تۆشۈكلۈك ساپال قاچىغا سېلىپ، كۆپ مىقداردا ئۆتكۈر سىركە قاچىلانغان يەنە بىر قاچا ئۇستىگە قويۇپ، سىركىنىڭ بۇسى بىلەن تولۇق ئىسپىداجقا ئايلانغانغا قەدەر تۇرغۇزۇلىدۇ ياكى قەلەينى نېپىز شىلىپ، ئۇستىگە ئۇرۇقى بىلەن سوقۇلغان ئۇزۇم سۈركەپ، ئۇزۇم سىركىسى قاچىلانغان قاچىغا سېلىپ، بۇ قاچىنى سىركە قاچىلانغان كوزىغا ئورۇنلاشتۇرۇپ كوزىنىڭ ئېغىزى سىركە بۇسى قېچىپ كەتمىگۈدەك دەرىجىدە ھەم ئېتىلىدۇ. ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن سەپىداپقا ئايلانغان ۋاقىتتا كوزىنىڭ ئېغىزىنى ئېچىپ، سەپىداپ بولغان قىسمى ئايرىۋېلىنىدۇ. قالغان قىسمى سەپىداپقا ئايلانغانغا قەدەر يۇقىرىقى مەشغۇلات ئېلىپ بېرىلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن يۇيۇپ چۆچۈمەللىكى ۋە ئۇزۇم ئۇرۇقى ئارىلاشمىلىرىنى تازىلاپ، سالايە قىلىپ ئىشلىتىلىدۇ.

**تۇتىيانى ھاسىل قىلىش ئۇسۇلى:** ئۇ تۇتىيا كېرمانىدىن ئىبارەت بولۇپ، كىتابنىڭ يەككە دورىلار قىسمىدا بايان قىلىندى. تۇتىيائى ھىندى زاك، بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، گۈڭگۈرت بىلەن كۆيدۈرۈلگەن مىستىن ئىبارەت.

**مىسنى كۆيدۈرۈش ئۇسۇلى:** مىسنى ناھايىتى نېپىز ھالەتكە كەلتۈرۈپ قازانغا قاتمۇقات ھالەتتە تىزىپ، ئۇستىگە ئۇنىڭ ئوندىن بىرچىلىك مىقداردا گۈڭگۈرت بىلەن تۇز سېپىپ قازاننىڭ ئېغىزىنى مەھكەم ئېتىپ مۇنچا ئوچىقىدا بىر ھەپتە قويۇپ ھەممىسى كۆيدۈرۈلىدۇ. ئۇنىڭدىنمۇ تېزرەك كۆيدۈرمەكچى بولغاندا مىسنى ئېرىتىپ، ئۇنىڭغا گۈڭگۈرت ۋە ئۇنىڭ ئوخشاشلىرىنى سېپىپ سىركىگە تەكرار چۆكۈرسە ھەممىسى تولۇق كۆيىدۇ. ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، ھىندىستانلىقلار شىڭگىرىپنى مىس ياكى تۆمۈر قازاندا ساقلاپ كونىراپ پارچىلىنىپ كۆيدۈرۈلگەن مىسقا ئوخشاش ھالەتكە كەلسە ئۇنى كۆيدۈرۈلگەن مىسنىڭ ئورنىدا ساتىدىكەن.

**كۆپرەسنى ھاسىل قىلىش ئۇسۇلى:** ئۇ سىفلىس، يامان تاز، يامان قوتۇر، يامرايدىغان يارا، بويۇن بەز سىلى، بۇرۇن ئاقمىسى، كونا يارا، بۆرەك، دوۋساق ۋە سۈيدۈك يولىنىڭ كونا يارىلىرى قاتارلىقلارغا پايدا قىلىدۇ. تاش پارچىلاش، مەنىي بالدۇر يۇرۇپ كېتىشنى داۋالاش ۋە باھ ئاجىزلىقى ئۈچۈن بىر داندىن ئىككى دان چوڭلۇقىدا ئېلىپ، ھەسەل بىلەن ئىستېمال قىلىنىدۇ. ئۇسۇلى شۇكى، سىماب، گىل ئەرمىنى، تېپىلمىسا گىل مۇغرە، ئاق زاك، تاشتۇز قاتارلىقلاردىن باراۋەر مىقداردا ئېلىپ (بەزى نۇسخىلاردا زاكنىڭ ئورنىغا يېشىل تۇتىيا قوشۇلىدۇ، دېيىلگەن، ئەمما بىرىنچى نۇسخا ياخشىراقتۇر)، ھەممىسىنى بىرلىكتە سۇ بىلەن سالايە قىلىپ قۇرس ياساپ قۇرۇتۇپ، لوئابلانغان قاچىنىڭ تېگىگە تۇز

يېپىشقاندىن كېيىن، مەزكۇر قۇرسلار ئۇنىڭ ئىچىگە سېلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭغا ئوخشايدىغان يەنە بىر قاچىغا كۆل، ئىتىياتقى ئۇسارىسىنى سۈۋۈلغاندىن كېيىن ئۈستىگە دۈم كۆمتۈرۈپ، ھەر ئىككى قاچىنىڭ سىرتىنى گىل ھېكمەت لېيى بىلەن لايلاپ، ئۇنىڭدىن كېيىن ئوچاق ئىچىگە قويۇپ، ئەتراپىغا ياۋا كالىنىڭ قۇرۇق تېزىكىنى دۆۋىلەپ ئوت قالاپ، ئۈچ كېچە - كۈندۈز، باھ ئاجىزلىقى ئۈچۈن ئىشلەتمەكچى بولغاندا توققۇز كېچە - كۈندۈز كۆيدۈرۈلىدۇ. ئوت ئۆچۈپ قالسا قايتا تۇتاشتۇرۇلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن قاچىنى تونۇردىن چىقىرىپ سېغىز لايدىن ئاجرىتىپ، قاچىنىڭ ئىچىگە يېپىشقان نەرسىلەر قىرىپ ئېلىنىدۇ، ئۇ كۆپرەستىن ئىبارەت.

ئۇنى ھاسىل قىلىشنىڭ يەنە بىر ئۇسۇلى شۇكى، سىمابتىن 90 گىرام، ئاق زاكتىن 337 گىرام ئېلىپ ھاۋانچىغا سېلىپ بىرلىكتە سوقۇپ، ياخشى سالايە قىلغاندىن كېيىن مۇۋاپىق ئەينەك قاچىغا ئېلىپ ئېغىزىنى گىل سۇرۇخ (قىزىل رەڭلىك سېغىز لاي)، پاختا، تۇز، كۆل، گۈرۈچ كېپىكى قاتارلىقلاردىن تەييارلانغان لاي بىلەن ئېتىپ قۇرۇتۇپ، كۆچلۈك ئوت ئارىسىغا ئېلىپ كۆيدۈرۈلىدۇ، ياۋا كالىنىڭ قۇرۇغان تېزىكى بىلەن كۆيدۈرۈلسە ياخشىراق بولىدۇ. يېرىم كۈنگىچە ئوت قالىنىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن ئوتتىن چىقىرىپ سوۋۇغاندىن كېيىن ئەينەك قاچىنىڭ ئەتراپىغا يېپىشقان نەرسىلەرنى يىغىۋېلىپ، ئىككى ھەسسە لىمون سۈيى بىلەن بىرلىكتە قۇرۇپ قاتقۇچە ياخشى سالايە قىلىپ، ئۇنىڭدىن كېيىن ئەينەك قاچىغا قايتا قاچىلاپ، يۇقىرىدىكى ئۇسۇل بويىچە ئېغىزىنى گىل ھېكمەت لېيى بىلەن ھىم ئېتىپ، ساپال قازاننىڭ يېرىمىغىچە قۇم قاچىلاپ، ئەينەك قاچىنى ئۇنىڭغا تولۇق كۆمگەندىن كېيىن قازاننىڭ تېگىگە قۇم قىزارغىچە ئوت قالىنىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن ئەينەك قاچىنى قۇمدىن چىقىرىپ، سوۋۇغاندىن كېيىن ساپال قاچىغا سېلىپ ساقلاپ قويۇلىدۇ. مانا بۇ كۆپرەس ۋە ئاق شىڭگىرپتىن ئىبارەت. ئۇنىڭدىن تەييارلانغان ھەب ۋە ئىستېمال قىلىش ئۇسۇلى قارابادىندا بايان قىلىندى.

**تۆمۈر دېتى ھاسىل قىلىش ئۇسۇلى:** تۆمۈرنى ناھايىتى ئۇششاق ئېكەكلىگەندىن كېيىن تۇز سۈيى بىلەن بىر قانچە قېتىم يۇيۇپ قارا رەڭگىنى يوقىتىپ، ئۇنىڭدىن كېيىن ساپ سۇ بىلەن يۇيۇپ، تۆتتىن بىر چىلىك مىقداردىكى نۆشۇدۇر بىلەن ياخشى سالايە قىلىنىپ، ساپال قاچا ئىچىگە رەخت سېلىپ ئۈستىگە يېيىپ ساپال قاچىنىڭ ئېغىزىنى ھىم ئېتىپ، نەم يەرگە 12 كۈنگىچە كۆمۈلىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن كولاپ چىقىرىلسا قىزىلغا مايىل سېرىق ھالەتتە، ئاسان سوققىلى بولىدىغان بولۇپ ئۆزگىرىدۇ. يەنە بىر ئۇسۇلى شۇكى، تۆمۈر ئېكەكدەلمىسىدىن 450 گىرام ئېلىپ، يۇقىرىدىكى ئۇسۇل بويىچە يۇيۇپ، لايلانغان ئەرەق قاچىسىغا تۆكۈپ، ئۈستىگە باراۋەر مىقداردىكى تىزابى پارۇقتىن ئاز - ئازدىن تۆكۈلىدۇ. ئۇنىڭدىن تۈتۈن ئۆرلىسە، ئۈستىگە ئاز مىقداردا ئادەم سۈيدۈكى تېمىتىپ قايىنىشى

پەسەيتىلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن ئەرەق قازىنى چوگۇنى ئۇنىڭغا ئۇۋۇلىنىپ ئاستىغا ئوت قالاپ، ئىچىدىكى تىزابى پارۇقىنىڭ ھەممىسى پارلاندۇرۇپ توگىتىلىدۇ، تاكى تومۇر ئېكەكدەلمىسى كۇشتە بولۇپ، زەپەر رەڭگە كەلگۇچە داۋاملاشتۇرۇلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن ئوتنى ئۆچۈرۈپ، تومۇر پوقىنى ئەرەق قاچىسىدىن چىقىرىپ زورۇر بولغاندا ئىشلىتىلىدۇ.

**كۆيدۈرمەي شىڭگىرىپ ھاسىل قىلىش ئۇسۇلى:** ئۇنىڭ ئۇسۇلى ھەر خىلدۇر. بىرى شۇكى، شاخار توزىنى سۇ بىلەن ئېرىتىپ، سۈيى سۈزگۈچ بىلەن سۈزۈپ ئايرىۋېلىنىدۇ. كۈچلۈك بولۇش مەقسەت قىلىنسا ئۇ سۇغا يەنە يېڭى شاخار توزىنى قوشۇپ ئېرىتىپ، سۈزگۈچ بىلەن سۈزۈپ سۈيىنى ئايرىسا بولىدۇ. بۇ مەشغۇلات ئۈچ قېتىم، بەش قېتىم ياكى يەتتە قېتىمغىچە تەكرارلىنىلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن يىغىلغان سۇنى مۇۋاپىق قاچىغا ئېلىپ، ئوت ئۈستىدە قويۇپ ئۇيۇتۇلىدۇ. بۇ ئۇيۇتمىدىن بىر ھەسسە، سۇ تەگمىگەن قىزىق ھاك تېشىدىن بىر ھەسسە ئېلىپ، بىرلىكتە ياخشى سالايە قىلىپ، قاچىغا توكۇپ ئۈستىگە توت ھەسسە سۇ قۇيۇپ، ياغاچ بىلەن تەكرار ئارىلاشتۇرغاندىن كېيىن، بىر كېچە - كۈندۈز تۇرغۇزۇپ، ئېرىگەن سۈيىنى سۈزگۈچ بىلەن سۈزۈپ، تاش ياكى تومۇر قاچىغا ئېلىپ، ئوت ئۈستىدە قويۇپ، ئۇيغىچە سۇس ئوت بىلەن قاينىتىلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن بۇ ئۇيۇتمىغا باراۋەر مىقداردا سۇ تەگمىگەن قىزىق ھاك تېشى قوشۇپ، سالايە قىلىپ قاچىغا سالغاندىن كېيىن ئۈستىگە توت ھەسسە سۇ قۇيۇپ، ياغاچ بىلەن تەكرار ئارىلاشتۇرغاندىن كېيىن، بىر كېچە - كۈندۈز تۇرغۇزۇپ، ئېرىگەن سۈيىنى سۈزگۈچ بىلەن سۈزۈپ، تاش ياكى تومۇر قاچىغا ئېلىپ، ئوت ئۈستىدە قويۇپ، ئۇيغىچە سۇس ئوت بىلەن قاينىتىلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن بۇ ئۇيۇتمىغا باراۋەر مىقداردا سۇ تەگمىگەن قىزىق ھاك تېشى قوشۇپ، سالايە قىلىپ، قاچىغا سالغاندىن كېيىن ئۈستىگە توت ھەسسە سۇ قۇيۇپ، ياغاچ بىلەن تەكرار ئارىلاشتۇرۇپ، بىر كېچە - كۈندۈز تۇرغۇزغاندىن كېيىن سۈيىنى سۈزگۈچ بىلەن سۈزۈپ، يەنە يۇقىرىقى ئۇسۇل بويىچە ئۇيۇتقاندىن كېيىن يەنە ئېرىتىلىدۇ. بۇ مەشغۇلات شۇ يوسۇندا يەتتە قېتىم تەكرارلىنىدۇ. بۇ چاغدا ئۇ خۇددى ياغقا ئوخشاش ھالەتكە كېلىدىغان بولۇپ، ناھايىتى ئۆتكۈر، يېگۈچى بولىدۇ. كۆپ قىسىم ماددىلارنى ئېرىتەلەيدىغان بولۇپ سىناقتىن ئۆتكەن. ئۇنىڭغا چاچ تاشلانسا، چاچنىمۇ ئېرىتىۋېتىدۇ. ئۇ قېلىن ئەينەك قاچىغا سېلىپ ساقلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن شىڭگىرىپ ھاسىل قىلماقچى بولغاندا، ئالىي دەرىجىلىك گۈڭگۇرتتىن بىر ھەسسە، ساپ سىمابتىن ئىككى ھەسسە ئېلىپ، يۇقىرىدىكى سۇ بىلەن بىرلىكتە ياخشى سالايە قىلىپ، ئاپتاپتا قۇرۇغانغا قەدەر تۇرغۇزۇلىدۇ. بۇ چاغدا ئۇ قارا رەڭگە كىرىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇنى يۇقىرىدىكى مايسىمان ماددا بىلەن بىرلىكتە يەنە ياخشى سالايە قىلىپ، يەنە ئاپتاپتا قويۇلىدۇ. بۇ چاغدا ئۇنىڭ رەڭگى ئازراق قىزىل ھالەتكە كېلىدۇ. بۇ مەشغۇلات تاكى ئۇنىڭ رەڭگى شوخ قىزىل رەڭگە كەلگۈچە داۋاملاشتۇرۇلىدۇ. شۇ چاغدا ئۇ

سالايە قىلىنىپ، يۇيۇلۇپ، نەققاشلىق ۋە يېزىقچىلىق ئىشلىرىدا ئىشلىتىلىدۇ. بۇ خىل شىڭگىرىپنى ھۈنەرۋەنلەر كۆپرەك ئىشلىتىدۇ.

**كۆيدۈرۈپ شىڭگىرىپ ھاسىل قىلىش ئۇسۇلى:** ساپ سىمابتىن 90 گىرام، سېرىق گۈڭگۈرتتىن 55 گىرام، لەئىل رەڭلىك زەرنىختىن توققۇز گىرام ئېلىپ، زەرنىخ بىلەن گۈڭگۈرتنى ياخشى سالايە قىلغاندىن كېيىن سىماب بىلەن بىرلىكتە ھاۋانچىغا تۆكۈپ، ھەممىسى توپىدەك بولغۇچە سالايە قىلىپ، ئۇنىڭدىن كېيىن مۇۋاپىق قاچىغا تۆكۈپ قاچىنى گىل ھېكمەت لېيى بىلەن لايلاپ، ئوتى چىقىرىۋېتىلگەن تونۇردا ئىككى، ئۈچ خىش ئۈستىدە قويۇپ، تونۇرنىڭ ئاغزى ئېتىلىدۇ. ئىككى كۈن ئۆتكەندىن كېيىن تونۇرنىڭ ئېغىزىنى ئېچىپ، قاچىنى چىقىرىپ، ئىچىدىكى ماددا چىقىرىلىدۇ. بۇ چاغدا ئۇ ناھايىتى قىزىل، خۇشرەڭ ھالەتكە كەلگەن بولۇپ، ئەينەك قاچىغا قاچىلاپ ساقلاپ قويۇلىدۇ. يەنە بىر ئۇسۇلى شۇكى، ساپ سىمابتىن يەتتە ھەسسە، ساپ گۈڭگۈرتتىن ئىككى ھەسسە ئېلىپ، بىرلىكتە سالايە قىلىپ، گىل ھېكمەت بىلەن لايلانغان ئەينەك قاچىغا يېرىمىغا كەلگۈچە قاچىلاپ، ئەينەك قاچىنىڭ ئاغزىنى سارۇجى ھېكمەت لېيى بىلەن ئېتىپ، سىرتىنى گىل ھېكمەت بىلەن لايلاپ، قۇرۇغاندىن كېيىن ئىچىگە قۇم تۆكۈلگەن ساپال قازانغا قويۇپ قۇمغا كۆمۈپ، قازان تېگىگە قۇم قىزارغىچە ئوت قالىنىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن ئوتتىن چۈشۈرۈپ، سوۋۇغىچە تۇرغۇزغاندىن كېيىن، قاچا ئىچىدىن چىقىرىلىدۇ. بۇ شىڭگىرىپ مىسرى دەپ ئاتىلىدۇ. شىڭگىرىپ ھىندىنى ھاسىل قىلىش ئۈچۈن گۈڭگۈرت بىلەن سىمابتىن باراۋەر مىقداردا ئېلىنىدۇ. شىڭگىرىپ رۇمىنى ھاسىل قىلىش ئۈچۈن سىمابتىن 12 ھەسسە، گۈڭگۈرتتىن سەككىز ھەسسە، قىزىل زەرنىختىن بەش ھەسسە ئېلىنىدۇ.

**ئۇسرەنج دورىسىنى تەييارلاش ئۇسۇلى:** ئۇ پارسچە «سەرەنج»، ھىندىچە «سىندۇرۇ» دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇ ھەر خىل ئۇسۇللاردا تەييارلىنىدۇ. بىرى شۇكى، قەلەي ئۇپىسى ياكى قەلەي بىلەن قوغۇشۇننى ساپال تاۋىغا سېلىپ ئوچاقتا قويۇپ، ئاستىغا قومۇش ۋە باشقا ئوت ـ خەسلەر بىلەن ئوت قالاپ، ئۈستىگە ئاز مىقداردا تۇز سېپىلىدۇ ھەمدە تۆمۈر زىخ ياكى تۆمۈر چۆمۈچ بىلەن قىزارغىچە ئارىلاشتۇرۇلىدۇ. ئوت قانچە كۆپ قالانسا رەڭگى شۇنچە قىزىرىدۇ. قىزىللىقى سۇس بولۇپ قالسا، قازانغا سېلىپ ئوچاققا ئېسىپ يەنە ئوت قالىسا، ناھايىتى قىزىل بولۇپ ئۆزگىرىدۇ.

**سۇلايمان دورىسىنى تەييارلاش ئۇسۇلى:** ئۇ «داۋائۇش شەئىس» دېگەن نام بىلەن مەشھۇردۇر، پارسچە «دارى ئەشكەنە» دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇسۇلى شۇكى، ساپ سىمابتىن 405 گىرام، سەمۇلفاردىن 31 گىرام ئېلىپ، بىرلىكتە ياخشى سالايە قىلىپ، ئۇنىڭدىن كېيىن قائىدە بويىچە لايلانغان ئەينەك قاچىغا سېلىپ ئوت بىلەن كۆيدۈرۈپ كۈشتە قىلىنىدۇ.

**مەدەستانىنى ھاسىل قىلىش ئۇسۇلى:** ئېرىتىلگەن ياكى كۆيدۈرۈلگەن قوغۇشۇن بىلەن

ئۇسرەجنى ئارىلاشتۇرۇپ مۇۋاپىق قاچىغا ئېلىپ سىركىگە سېلىنىدۇ. قاچىنى سىركە ئىچىدە مەلۇم ۋاقىت قويغاندىن كېيىن كۆيۈپ ياخشى ئۆزلەشكەنلىرىنى ئايرىۋېلىپ ئارپا بىلەن بىرلىكتە سۇغا سېلىپ ئارپا يېرىلغۇچە قاينىتىپ، ئۇنىڭدىن كېيىن ئارپا ئايرىۋېتىلىدۇ. ساپلاشتۇرۇش مەقسەت قىلىنسا باراۋەر مىقداردىكى تۇز بىلەن سالايە قىلىپ سۇغا چىلاپ قويۇلىدۇ ۋە ھەر كۈنى ئارىلاشتۇرۇپ بېرىلىدۇ، ھەر ئۈچ كۈندە بىر قېتىم سۈيىنى يېڭىلاپ، تاكى ساپلاشقانغا قەدەر شۇنداق قىلىنىدۇ. خام قىسىملىرى ئايرىۋېتىلىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن يۇيۇپ ئىشلىتىلىدۇ.

**مەدەستانىنى ئاقارتىش ئۇسۇلى:** مەدەستانىنى ئاق يۇڭغا ئوراپ، باقىلە ۋە سۇ بىلەن بىرلىكتە قاينىتىلىدۇ، باقىلە يۇمشاق پىشقان، يۇڭ قارىدىغاندىن كېيىن مەدەستانىنى يەنە يۇڭغا ئوراپ، يەنە باقىلە ۋە سۇ بىلەن تاكى مەدەستان ئاقارغىچە قاينىتىلىدۇ. يەنە بىر ئۇسۇلى شۇكى، مەدەستانىنى باراۋەر مىقداردىكى تۇز بىلەن بىرلىكتە قاچىغا سېلىپ ئۈستىگە سۇ قۇيۇپ ئاپتاپتا قويۇلىدۇ، تۇز ئېرىپ سۇغا ئايلانغاندىن كېيىن سۈيىنى تۆكۈۋېتىپ يەنە سۇ قۇيۇپ ياخشى ئارىلاشتۇرۇپ قويۇپ قويۇپ، مەدەستان تېگىگە چۆككەندىن كېيىن سۈيى تۆكۈۋېتىلىدۇ، تاكى مەدەستان تولۇق ئاقارغان ۋە تۇز تەمى پەقەت تۇگىگەنگە قەدەر بۇ مەشغۇلات داۋاملاشتۇرۇلىدۇ. ئاقارتىلغان مەدەستان «مەرتەك» دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ خىل مەدەستان سەپمىلەر، مەلھەملەر ۋە زىماتلارغا قوشۇلىدۇ. ئۇ ئەزالارنى قارىداتمايدۇ.

**مىس دېتى ھاسىل قىلىش ئۇسۇلى:** مىسنى ناھايىتى نېپىز ھالەتكە كەلتۈرگەندىن كېيىن ئۆتكۈر سىركىگە چىلاپ، سىركىدىن سۇزۇپ ئېلىپ نەم يەرگە كۆمۈپ دات باسقۇچە تۇرغۇزۇلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن دېتى ئايرىپ سالايە قىلىنىدۇ، تاكى پۈتۈن مىسنى دات بېسىپ تۈگىگىچە شۇنداق قىلىنىدۇ. يەنە بىر ئۇسۇلى شۇكى، مىسنى ئېكەكلەپ كېپەكتەك ھالەتكە كەلتۈرگەندىن كېيىن، ئىككى ھەسسە سىركە بىلەن بىرلىكتە قەلەيلەنگەن قاچىغا ئېلىپ، نەم يەر ياكى ئات تېزىكى ئارىسىغا كۆمۈپ ئۈچ كېچە - كۈندۈز تۇرغۇزۇلىدۇ، شۇ چاغدا كولاپ چىقىرىلسا ھەممىسى مىس دېتىغا ئايلانغان بولىدۇ.

**سۈنئىي مىس دېتى ھاسىل قىلىش ئۇسۇلى:** مىس ئېكەكدەلمىسىدىن بىر ھەسسە، شەب يەمەنى، قىزىل توغرىغۇ، تۇز قاتارلىقلاردىن مىسنىڭ ئوندىن بىرىچىلىك مىقداردا ئېلىپ، مىس قاچىغا سېلىپ ئۆتكۈر سىركە بىلەن سالايە قىلىنىدۇ، قۇرۇسا يەنە سىركە قوشۇلىدۇ، ياخشى سالايە بولغۇچە داۋاملاشتۇرۇلىدۇ، شۇ چاغدا ئۇ مىس دېتىغا ئايلانغان بولىدۇ. يەنە بىر ئۇسۇلى شۇكى، يۇيۇلغان مىس ياكى ئۇنىڭ بىلەن باراۋەر مىقداردا نۆشۇدۇر كۈشتىسىنى ئېلىپ ناھايىتى يۇمشاق سالايە قىلىپ، ئۇلار تولۇق ئارىلاشقاندىن كېيىن قەتران ۋە ناھايىتى ئۆتكۈر سىركە تېمىتىپ خېمىرغا ئوخشاش بولغۇچە ياخشى سالايە قىلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن ئۈستىنى نېپىز رەخت بىلەن ئوراپ ئاپتاپتا قۇرۇغۇچە تۇرغۇزۇلىدۇ،

ئۇنىڭدىن كېيىن ئۆتكۈر سىركە بىلەن بىرلىكتە سالايە قىلىپ يەنە ئاپتاپتا قويۇپ قۇرۇتۇلىدۇ، تاكى تولۇق مىس دېتىغا ئايلانغانغا قەدەر بۇ مەشغۇلات داۋاملاشتۇرۇلىدۇ. بۇ مىس دېتىنى ساپلاشتۇرۇش مەقسەت قىلىنسا، بىر ھەسسە مىس دېتىنى بەش ھەسسە چەككىلەنگەن ئاق ئۆتكۈر سىركىگە چىلاپ، سىركە كۆك رەڭگە كىرگۈچە تۇرغۇزۇلىدۇ، شۇ چاغدا سىركە ئايرىم قاچىغا تۆكۈۋېلىنىدۇ. ئەگەر ئىككىنچى قېتىم مەشغۇلات قىلىش مەقسەت قىلىنسا، مىس دېتى لېيىغا ئۇنىڭ بەش ھەسسىسىچىلىك مىقداردا چەككىلەنگەن ئۆتكۈر سىركە تۆكۈپ سىركە كۆك رەڭگە كىرگۈچە تۇرغۇزۇلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن كۆك رەڭگە كىرگەن ھەر ئىككى خىل سىركە بىرلەشتۈرۈلۈپ قويۇپ قويۇلىدۇ. ئۈستىدىكى سىركىنى سۈزگۈچ بىلەن ئايرىۋېتىپ تېگىگە چۆككەن قىسمىنى قۇرۇتۇپ سالايە قىلىپ ئىشلىتىلىدۇ، ئۇ ئالىي دەرىجىلىك مىس دېتى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

**ھىندىستان سىركىسىنى تەييارلاش ئۇسۇلى:** ئۇ «كانجى» دەپ ئاتىلىدىغان بولۇپ، سەپرادىن بولغان كۆپ قىسىم ئۆتكۈر كېسەللىكلەر ۋە باشقا كېسەللىكلەرگە مەنپەئەت قىلىدۇ. ئۇنىڭ ئۇسۇلى شۇكى، گۈرۈچنى يۇيۇپ، مۇۋاپىق مىقداردىكى سۇ بىلەن يۇمشاق پىشقۇچە قاينىتىپ، ئۇنىڭدىن كېيىن سۈيىنى سۈزۈپ، چىنە، ئەينەك ياكى لوئابلانغان ساپال قاچىغا تۆكۈپ، ئۈستىگە بىر غېرىچ ئاشقۇدەك مىقداردا سۇ قۇيۇپ، قاچىنىڭ ئاغزىنى يېپىپ، ئاپتاپتا ياكى قىزىق ئوچاق بېشىدا قىرىق كۈنگىچە قويۇلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن ساپلاشتۇرۇپ، زۆرۈر بولغاندا ئىشلىتىلىدۇ.

**ئىسرىق ياغچى تەييارلاش ئۇسۇلى:** ئۇد قىمارىنى ئۇششاقلاپ، قىزىلگۈل سۈيىگە چىلاپ يۇمشىتىپ ئۇنىڭدىن كېيىن ھۆللۈكى ئازايغىچە قويۇپ قويۇلىدۇ. شۇ چاغدا ئىپار، ئەنبەر، ئۈشنە قاتارلىقلار سۇ بىلەن سالايە قىلىنىپ ئۇنىڭغا بىر قانچە قېتىم سۈرۈلىدۇ. ھەر قېتىمدا قۇرۇتۇپ يەنە سۈركىلىدۇ. زۆرۈر بولغاندا ئۇنىڭدىن مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ، ئىسرىقدانغا سېلىپ كۆيدۈرسە، سورۇننى خۇش پۇراق قىلىپ، سورۇن ئەھلىنىڭ مېڭىلىرىنى قۇۋۋەتلەيدۇ.

**موم قايمىقى ھاسىل قىلىش ئۇسۇلى:** ساپلاشتۇرۇلغان مومدىن مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ ئېرىتىپ، ھاۋانچىغا تۆكۈپ، ئۈستىگە 200 گىرام مىقداردا گۈل يېغى، بىنەپشە يېغى ياكى باشقا مۇناسىۋەتلىك ياغ قۇيۇپ، ئارقىدىن بىر قانچە پارچە مۇز ياكى قار سېلىپ، ياخشى ئارىلاشتۇرۇپ، قار ـ مۇز ئېرىگەندە قويۇپ قويۇپ، ئۈستىگە ئۆرلىگەن ياغنى ئايرىۋېلىپ، سۈيى تۆكۈۋېتىلىدۇ ۋە ياغ ئىشلىتىلىدۇ.

**گىل ھېكمەت لېيى تەييارلاش ئۇسۇلى:** پارسچە «خاكى رەست» دەپ ئاتىلىدىغان تىينى ھەر لېيىدىن مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ، ئۇششاق تاش ۋە قۇملىرى ئايرىۋېتىلىدۇ. يەنى ئۇنى سۇغا سېلىپ ئېرىتىپ، سۇغا ئارىلاشقان قىسمى ئايرىم قاچىغا تۆكۈلىدۇ ۋە پىسسىپى

ئايرىۋېتىلىدۇ. سۇدا مەلۇم ۋاقىت تۇرغۇزۇپ ئۇستىدىكى سۈيىنى تۆكۈۋېتىپ، تېگىگە چۆككەن لېيى ئايرىپ ئېلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن ئادەمنىڭ چىچى ئۇششاقلىنىدۇ. ئەگەر ساتىراش چۇشۇرۇۋەتكەن چاچ بولسا ياخشىراق بولىدۇ. لاي بىلەن چاچنىڭ ئېغىرلىقى مىقداردا سوقۇپ، ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈلگەن كالا تېزىكىنى ئېلىپ، ھەممىسىنى بىرلەشتۈرۈپ تۇز سۈيى بىلەن يۇغۇرۇپ خېمىر قىلىپ، يەتتە كۈنگىچە قويۇپ قويۇلىدۇ. قۇرۇپ قالماسلىقى ئۈچۈن ھەر كۈنى تۇز سۈيى سېپىپ، ئۇنىڭدىن كېيىن ياخشى يۇغۇرۇپ ئىشلىتىلىدۇ. بەزىلەر ئۇنىڭغا بۇغداي كېپىكى، تۆمۈر پوقى، پاختا قاتارلىقلارنىمۇ قوشىدۇ.

**شىشە سۈيى تەييارلاش ئۇسۇلى:** شام شىشىسى بىلەن قەلەيدىن باراۋەر مىقداردا ئېلىپ، ئوچاققا سېلىپ ئېرىتكەندىن كېيىن ئوچاقتىن چىقىرىپ سوۋۇتۇلىدۇ. ئۇستىگە ئۆرلىگەن كۆپۈككە ئوخشاش قىسمى ئۇنىڭ سۈيى بولۇپ يىغىۋېلىنىدۇ.

**پىشلاق يېلىمى تەييارلاش ئۇسۇلى:** ئۇ «جەۋھىرى سەنائى» (ھۈنەرۋەنلەر جەۋھىرى) دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇنىڭ خاسىيىتى شۇكى، ھەرقانداق نەرسىنى ئۇنىڭ بىلەن چاپلىسا ياكى ئۇنىڭ بىلەن يۇغۇرسا سۇ، ئوت تەسىر قىلمايدۇ. ئۇسۇلى شۇكى، يېڭى پىشلاقنى نېپىز شىلىپ كۆپ ۋاراقچە شەكلىگە كەلتۈرۈپ، ئۇنىڭدىن كېيىن سوقۇپ، ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈلگەن سۇ تەگمىگەن ھاك تالقىنىنى ئۈستى تۇز تاشقا سېپىپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە مەزكۇر ۋاراقچىلارنى بىر - بىرىگە تېگىشىپ قالمىغىدەك ھالەتتە تىزىپ، ئۇنىڭ ئۈستىگىمۇ ھاك تالقىنى سېپىلىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن ئۈستىگە يەنە بىر ئۈستى تەكشى ياپىلاق تاش قويۇپ باستۇرۇپ، ئون كۈنگىچە ئاپتاپتا قويۇپ پىشلاق ۋاراقچىلىرىنىڭ ماي تەركىبى ھاكقا تولۇق سۈمۈرتۈلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن تاش ئارىسىدىن چىقىرىپ يۇيۇپ، مۇۋاپىق مىقداردىكى تۇز بىلەن بىرلىكتە سالايە قىلىپ، بىر ھەپتىگىچە تاش ئاستىغا باستۇرۇپ قويۇلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن قىزىللىقى ۋە يېغى تولۇق تۈگىگۈچە سۇ بىلەن پاكىز يۇيۇپ ئاپتاپتا قويۇپ مېيى چىقىدىغان - چىقمايدىغانلىقىغا قارىلىدۇ، مېيى چىقسا يەنە تۇز سۈيى ۋە ھاك بىلەن بىرلىكتە يېغى پەقەت تۈگىگەنگە قەدەر قاينىتىلىدۇ. يېغى ۋە قىزىللىقىنىڭ بولماسلىقى، ئۇنىڭ كامالەتكە يەتكەنلىكىنىڭ ئالامىتىدۇر. ئۇنىڭدىن كېيىن سالايە قىلىپ سۈرمىدەك ھالەتكە كەلتۈرۈپ ئەينەك قاچىغا سېلىپ ساقلاپ قويۇلىدۇ، زۆرۈر بولغاندا ئۇنىڭدىن مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ ئەينەك قاچىغا سېلىپ، كۆپ ئارىلاشتۇرۇش ئارقىلىق كۆپۈك ھالىتىگە كەلتۈرۈلگەن توخۇ تۇخۇمى ئېقىدىن بىر - ئىككى تامچا تېمىتىلغاندىن كېيىن تاش ئۈستىدە قويۇپ سالايە قىلىنىدۇ، ئىككى تاش بىر - بىرىگە چاپلىشىدىغان ھالەتكە كەلگەندە سۇ بىلەن ئېرىتىلگەن ساپ ھاك سۈيىدىن بىر قانچە تېمىم تېمىتىپ سۇيۇق ھالەتكە كەلتۈرگەندىن كېيىن ئۇنىڭ بىلەن ھەرقانداق چىنە ياكى ساپال قاچا ياكى باشقا

نەرسىنى چاپلىسا، قىسقا ۋاقىت ئىچىدە چاپلىشىپ قۇرۇيدۇ، قاچىلار ۋە باشقىلارنىڭ چاكلىرى ئۇنىڭ بىلەن چاپلىنىدىغان بولۇپ، ئۇ يوشۇرۇن سىرلاردىن بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

سىياھ ياساش، بىنەپشە مۇراببىاسى، ھېلىلە مۇراببىاسى، تۇربۇت مۇراببىاسى، رەۋەن ۋە ئۇنىڭ ئوخشاشلىرىنىڭ مۇراببىاسى، سارۇج، تىزاپى پارۇق قاتارلىقلارنىڭ تەييارلىنىشى قارابادىندا ئۆز ئورۇنلىرىدا بايان قىلىندى. بۇ يەردىمۇ ئىشارەت قىلىپ ئۆتۈلدى.

## 10 ـ پەسىل يەككە دورىلارنىڭ تەسىرلىرى، ئالاھىدىلىكلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ناملىرىنى ھەرپ تەرتىپى بويىچە تونۇش توغرىسىدا

بىلگىنكى، دورىلارنىڭ بىر قانچە ئورتاق ۋە مەخسۇس تەسىرلىرى ھەم ئورتاق تەسىرلىرىگە ئوخشايدىغان يەنە بىر قانچە تەسىرلىرى بولىدۇ. ئورتاق تەسىرلىرى بولسا قىزىتىش، سوۋۇتۇش، ھۆللۈك يەتكۈزۈش ۋە قۇرۇتۇشقا ئوخشاش تەسىرلەر. مەخسۇس تەسىرلىرى بولسا ئۇلارنىڭ مەلۇم كېسەللىكلەرگە مەخسۇس ۋاقىت ۋە ھالەتتە كۆرسىتىدىغان تەسىرلىرىگە ئوخشاش تەسىرلەردۇر، مەسىلەن: بەزى دورىلارنىڭ سەرتان، بوۋاسىر، يەرقان، تال كېسەللىكى، بۆرەك، دوۋساقتا تاش پەيدا بولۇش قاتارلىقلارغا پايدا قىلغىنىغا ئوخشاش. ئۇلارنىڭ ئورتاق تەسىرلىرىگە ئوخشايدىغان تەسىرلىرى بولسا ئىچىنى سۈرۈش، سۈيدۈك ھەيدەشتە كۆرۈلگەن تەسىرلىرىگە ئوخشاش تەسىرلەردۇر. بۇ تەسىرلەر گەرچە مەخسۇس بولسىمۇ، ئەمما پايدا ـ زىيىنى ئومۇمىي بەدەنگە ئورتاق بولغانلىقى ئۈچۈن ئورتاق تەسىرلەرگە ئوخشايدۇ. يەنە ئورتاق تەسىرلەرنىڭ بەزىلىرى ئەسلىي، بەزىلىرى غەيرىي ئەسلىي بولىدۇ. ئەسلىي بولغانلىرى يۇقىرىدا ئېيتىلغان تۆت خىل تەسىر ۋە ئۇنىڭغا ئوخشايدىغان تەسىرلەردۇر، غەيرىي ئەسلىي بولغانلىرىنىڭ بەزىلىرى تۆت خىل تەسىرنىڭ ئەينەن ئۆزى، يەنە بەزىلىرى ئۇلارنىڭ بىر ـ بىرىگە قىياس قىلغان ۋە سىلىشتۇرغاندا زىيادە ئاشقان ياكى كېمەيگەن ھالەتلىرىدۇر. مەسىلەن: كۆيدۈرۈش، چىرىتىش، ئۇيۇتۇش قاتارلىقلارغا ئوخشاش، ئۇلار قىزىتىش ۋە سوۋۇتۇشنىڭ ئەينەن ئۆزىدۇر، ئەمما ئۆزئارا سېلىشتۇرغاندا زىيادە ئاشقان ياكى كېمەيگەن ھالەتلىرىدۇر. يەنە ئۇلارنىڭ بىر قانچە ئالاھىدە خۇسۇسىيەتلىرىمۇ بولىدۇ، مەسىلەن: مەست قىلىش، پۈتتۈرۈش، چاپلاشتۇرۇش، توسالغۇلارنى ئېچىش، شىلىمشىقلاشتۇرۇش، پارچىلاش، يىرىكلەشتۇرۇش قاتارلىقلارغا ئوخشاش. تۆۋەندە ئۇلارنىڭ مەشھۇر تەسىرلىرى بۇ پەننىڭ بەزى ئاتالغۇلىرى بىلەن بىرلىكتە بايان قىلىنىدۇ. قىسمەن دورىلار ۋە يېمەكلىكلەرنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى ئىلگىرى بايان قىلىندى.

«ئ» (ئەلىف) ھەرپى بىلەن باشلانغان ئاتالغۇلار

ئەككال (گۆش يېگۈچى دورا): بۇ زىيادە تارقىتىش، تازىلاش ۋە سىڭىپ كىرىش تەسىرى بىلەن ئەزا قىسىملىرىنى پارچىلايدىغان دورىدىن ئىبارەت، مەسىلەن: زەنگارغا ئوخشاش.

«ج» (جىيم) ھەرپى بىلەن باشلانغان ئاتالغۇلار

جالى (تازىلىغۇچى دورا): ئۇ، ئۇيۇغان شىلىمشىق ھۆللۈكلەرنى قوزغىتىپ، ئەزا يۈزى ۋە تېرە تۆشۈكلىرىدىن چىقىرىدىغان دورىدىن ئىبارەت. مەسىلەن: ئەنزىرۇت، مائۇلھەسەلگە ئوخشاش. تازىلىغۇچى دورىلارنىڭ گەرچە ئىچىنى سۈرۈش قۇۋۋىتى بولمىسىمۇ ئەمما تەرەتنى بوشىتىدۇ.

جازىب (تارتقۇچى دورا): ئۇ خىلىتلار ۋە ئۆزگە ئۇچراشقان ھۆللۈكلەرنى ئۇچۇچانلىقى ۋە ھارارىتى بىلەن ئۆزى تەرەپكە ۋە تېرە يۈزىگە تارتىدىغان دورىدىن ئىبارەت. مەسىلەن: قۇندۇز قەھرى، ساپسىيا يېلىمى قاتارلىقلارغا ئوخشاش. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى تارتىش قۇۋۋىتى كۈچلۈك بولغان دورىلار بەدەننىڭ چوڭقۇر قىسمىدىكى ئوق، تىكەن قاتارلىقلارنىمۇ تارتىپ چىقىرىدۇ، مەسىلەن: قۇلۇلە گۆشىگە ئوخشاش.

جامىد (ئۇيۇتقۇچى دورا): ئۇ، ئېقىشچان سۇيۇق خىلىتلارنى ئۇيۇتىدىغان دورىدىن ئىبارەت. مەسىلەن: موم، نىشاستە، كەتىرا ۋە كەھرىۋا قاتارلىقلارغا ئوخشاش.

«ھ» (ھۇۋۋائ) ھەرپى بىلەن باشلانغان ئاتالغۇلار

ھالىق (موي چۈشۈرگۈچى دورا): ئۇ، چاچ ـ مويلارنىڭ يىلتىزىنى تۈزلەپ چىقىرىدىغان ياكى يىلتىزىنى بوشىتىپ ئاسان يۇلىنىدىغان ھالەتكە كەلتۈرىدىغان دورىدىن ئىبارەت. مەسىلەن: زەرنىخ، ھاك، سەپىداپ، كۈل قاتارلىقلارغا ئوخشاش.

ھەككاك (قىچىشتۇرغۇچى دورا): ئۇ، ئۆتكۈرلۈكى ۋە ئىسسىقلىقى ئارقىلىق چاققۇچى ۋە قىچىشتۇرغۇچى خىلىتلارنى تېرە تەرەپكە تارتىدىغان، ئەزانى زەخىملىگۈدەك دەرىجىدە بولمىغان دورىلاردىن ئىبارەت. مەسىلەن: كەبىكەجكە ئوخشاش.

«خ» (خۇۋۋائ) ھەرپى بىلەن باشلانغان ئاتالغۇلار

خاتىم (زەخىملەرنى پۈتتۈرگۈچى دورا): ئۇ، قۇرۇتۇش قۇۋۋىتى ئارقىلىق جاراھەت يۈزىنى قۇرۇتۇپ قاقاچ باغلىتىدىغان، شۇ ئارقىلىق تۇرلۇك زىيانلاردىن ساقلاپ جاراھەت ئېغىزىنىڭ پۈتۈشىگە ياردەم بېرىدىغان دورىلاردىن ئىبارەت.

«د» (دال) ھەرپى بىلەن باشلانغان ئاتالغۇلار

دابىق (شىلىمشىقلاشتۇرغۇچى دورا): بۇ، تەركىبىنىڭ شىلىمشىقلىقى ۋە قويۇقلۇقى بىلەن

قولغا چاپلىشىدىغان دورىدىن ئىبارەت. مەسىلەن: يېلىم ئوت مېۋىسىگە ئوخشاش.

**«ر» (رائ) ھەرپى بىلەن باشلانغان ئاتالغۇلار**

**رادىئ (توسقۇچى دورا):** ئۇ سوغۇقلۇقى ۋە قابىزلىقى ئارقىلىق ئەزادا زىچلىق پەيدا قىلىپ تېرە تۆشۈكچىلىرىنى تارايتىپ، ئۇنىڭدا پەيدا بولغان ھارارەتنىڭ ئۆتكۈرلۈكىنى پەسەيتىپ، ئېقىشچان سۇيۇق خىلىتلارنى قويۇلدۇرۇپ ۋە ئۇيۇتۇپ، ئۇلارنىڭ ئەزاغا قۇيۇلۇشىنى چەكلەيدىغان ۋە ئەزالارنىڭ ئۇلارنى قوبۇل قىلىشىغا توسقۇنلۇق قىلىدىغان دورىدىن ئىبارەت. مەسىلەن: ئىتئۈزۈمنىڭ ئىششىقلارغا كېلىدىغان ماددىلارنى توسقىنىغا ئوخشاش. توسۇش تارتىشنىڭ ئەكسىدۇر.

**«ئ» (ئەيىن) ھەرپى بىلەن باشلانغان ئاتالغۇلار**

**ئاسىر (سىققۇچى دورا):** بۇ، زىيادە قورۇش ۋە يىغىش قۇۋۋىتى ئارقىلىق ئەزانىڭ قىسىملىرىنى سىقىپ، ئۇنىڭدىكى سۇيۇق ھۆللۈكلەرنى تاپقان بوشلۇقلاردىن چىقىرىدىغان دورىدىن ئىبارەت. مەسىلەن: تەمرىھىندى ئۇرۇقچىسىنى قاپلىق يارغا زىمات قىلغاندىكىگە ئوخشاش.

**«غ» (غەيىن) ھەرپى بىلەن باشلانغان ئاتالغۇلار**

**غەسسال (يۇغۇچى دورا):** بۇ، ئىسسىقلىقتىن ئىبارەت تەسىر كۆرسەتكۈچى قۇۋۋىتى بىلەن ئەمەس، بەلكى ھۆللۈكتىن ئىبارەت تەسىرنى قوبۇل قىلغۇچى ۋە تازىلىغۇچى قۇۋۋىتى بىلەن خىلىتلارنى قوزغىتىپ ۋە ئاقتۇرۇپ، ئەزانىڭ يۈزىدىن يوقىتىدىغان دورىلاردىن ئىبارەت. مەسىلەن: ئارپا سۈيى، بولۇپمۇ ئىلمان سۇغا ئوخشاش.

**«ق» (قاف) ھەرپى بىلەن باشلانغان ئاتالغۇلار**

**قاتىل (ئۆلتۈرگۈچى دورا):** ئۆزىنىڭ روھىي ھايۋانىي ۋە قۇۋۋەتلەرگە بولغان قارشىلىقى بىلەن ئۇلارنى بۇزۇپ يوقىتىدىغان ۋە ھالاك قىلىدىغان دورىدىن ئىبارەت. مەسىلەن: پەرپىيون، ئەپيۇن، بىيش قاتارلىقلارغا ئوخشاش. بۇ سۆز زەھەر دېگەن سۆز بىلەن مەنىداش ھالەتتە ئىشلىتىلىدۇ. بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، ھايۋانغا مەنسۇپ زەھەر «زەھەر» دەپ، ھايۋانغا مەنسۇپ بولمىغان زەھەر «قاتىل» دەپ ئاتىلىدىكەن.

**قاشر (قاسراقلاشتۇرغۇچى دورا):** زىيادە تازىلاش رولى بىلەن ئەزانىڭ بۇزۇق تېرىسىنى تازىلايدىغان ۋە يوقىتىدىغان دورىدىن ئىبارەت. مەسىلەن: قۇستە، زىراۋەندە قاتارلىق بەھەق، داغقا پايدا قىلىدىغان دورىلارغا ئوخشاش.

### «ك» (كاف) ھەرپى بىلەن باشلانغان ئاتالغۇلار

**كاۋى (داغلىغۇچى دورا):** زىيادە كۆيدۈرۈشى ۋە قۇرۇتۇشى بىلەن تېرىنى يېغىدىغان، خىلىتلارنىڭ يوللىرى ۋە تەر تۆشۈكلىرىنى توسىدىغان، ئەزانى داغلاپ كۆيدۈرىدىغان دورىدىن ئىبارەت. مەسىلەن: زاك، قەلقەتارغا ئوخشاش.

**كاسىر رىياھ (يەل تارقاتقۇچى دورا):** ئەزالاردا تۇرۇپ قالغان قويۇق يەللەرنىڭ قىيامىنى ئۆزىنىڭ ھارارىتى ۋە قۇرۇتۇش قۇۋۋىتى بىلەن سۇيۇلدۇرۇپ ھەيدەيدىغان ۋە تارقىتىدىغان دورىدىن ئىبارەت. مەسىلەن: سۇزاپ ئۇرۇقىغا ئوخشاش.

### «ل» (لام) ھەرپى بىلەن باشلانغان ئاتالغۇلار

**لازئ (چاققۇچى دورا):** ئۆزىنىڭ ھارارىتى ۋە سىڭىشچانلىقى بىلەن ئەزاغا سىڭىپ كىرىپ، ئۇنىڭ بىر - بىرىگە يېقىن يوللىرىدا پۇتۇنلۇك بۇزۇلۇش پەيدا قىلىدىغان دورىدىن ئىبارەت. مەسىلەن: قىچىنى سىركە بىلەن ئىشلىتىش ياكى سىركىنى يالغۇز ئىشلىتىشكە ئوخشاش.

**لەزىج (چاپلاشتۇرۇغۇچى دورا):** بۇ، مىزاجغا مەنسۇپ ھارارەت ئەمىلى ياكى قۇۋۋىتى بىلەن تەسىر قىلسا، سوزۇلۇشچانلىققا ئىگە بولۇپ، قىسىملىرى بىر - بىرىدىن ئاجرىمايدىغان دورىلاردىن ئىبارەت. مەسىلەن: خۇببازى (لەيلىگۇل) غا ئوخشاش.

### «م» (مىيم) ھەرپى بىلەن باشلانغان ئاتالغۇلار

**مۇبەررىد (سوۋۇتقۇچى دورا):** سوۋۇتقۇچى قۇۋۋىتى بىلەن سوغۇقلۇق پەيدا قىلىدىغان دورىدىن ئىبارەت. مەسىلەن: كافۇرغا ئوخشاش.

**مۇبەھھى (باھنى قۇۋۋەتلىگۈچى دورا):** باھنى قوزغىغۇچى، باھنىڭ ماددىسى بولغان مەنىي بىلەن قوزغاتقۇچى قويۇق يەلنى كۆپەيتكۈچى دورىدۇر. يەنى ئۇ مۆتىدىل ئىسسىقلىقى، ئارتۇق ھۆللۈكى بىلەن نېرۋا يوللىرى، مۇسكۇللار ۋە تاناسىل ئەزالىرىدا مەنىي ماددىسى ۋە قوزغىغۇچى يەل پەيدا قىلىدىغان، باھنى قوزغىتىدىغان دورىدىن ئىبارەت. مەسىلەن: ئىككى خىل بەھمەن، بوزىدان، سەۋزە قاتارلىق دورىلارغا ئوخشاش.

**مۇجەففىف (قۇرۇتقۇچى دورا):** قۇرۇتقۇچى قۇۋۋىتى بىلەن ئەزادا قۇرۇقلۇق پەيدا قىلىدىغان، ھۆللۈكلىرىنى ئۇچۇچانلاشتۇرۇپ تارقىتىدىغان دورىدىن ئىبارت. مەسىلەن: سۇندۇرۇسقا ئوخشاش.

**مۇجەممىد (ئۇيۇتقۇچى دورا):** تارقاتقۇچى دورىنىڭ قارشىسى بولۇپ، سوغۇقلۇقى ۋە قورۇش خۇسۇسىيىتى بىلەن خىلىتلار ۋە ھۆللۈكلەرنى ئۇيۇتىدىغان دورىدىن ئىبارەت. مەسىلەن: بەزرۇلبەنجى، نىشاستىگە ئوخشاش.

**مۇھەررىق (كۆيدۈرگۈچى دورا):** ئىسسىقلىقى ۋە سىڭىشچانلىقى بىلەن ئەزانىڭ ئۇچۇچان

تەركىبلىرى ۋە ھۆللۈكلىرىنى تارقىتىدىغان، كۆيدۈرىدىغان ۋە كەمتۈكلەشتۈرىدىغان دورىدىن ئىبارەت. مەسىلەن: پەرپىيون، زەرنىخقا ئوخشاش.

**مۇھەككىك (قىچىشتۇرغۇچى دورا):** ئىسسىقلىقى ۋە سىڭىشچانلىقى بىلەن چاققۇچى ۋە قىچىشتۇرغۇچى خىلىتلارنى تېرە تۆشۈكچىلىرى تەرەپكە تارتىدىغان، ئەمما يارا قىلالمايدىغان دورىدىن ئىبارەت. مەسىلەن: كەبىكەج، چاققاقئوتقا ئوخشاش.

**مۇھەللىل (تارقاتقۇچى دورا):** ئىسسىقلىقى بىلەن خىلىتلارنى يېپىشقان ۋە ئورۇنلاشقان يېرىدىن ئاجرىتىپ چىقىرىدىغان، قىسىملىرىنى بىر - بىرىدىن ئاجرىتىپ بوش شەكلىدە بىر - بىرلەپ ھەيدەيدىغان، ئۇنىڭدىن ھېچ نەرسە قويمايدىغان دورىدىن ئىبارەت. مەسىلەن: قۇندۇزقەھرىگە ئوخشاش.

**مۇھەممىر (قىزارتقۇچى دورا):** ئىسسىقلىقى، تارتىش خۇسۇسىيىتى بىلەن ئەزانى قىزىتىدىغان، ئەتراپىدىكى قاننى شۇ ئەزاغا كۈچلۈك تارتىپ قىزارتىدىغان دورىدىن ئىبارەت. ئۇنىڭ تەسىرى داغلاشنىڭ تەسىرىگە يېقىن كېلىدۇ. مەسىلەن: ئەنجۇر، قىچا، پۇدىنەجكە ئوخشاش.

**مۇخەددىر (سېزىمسىزلاندۇرغۇچى دورا):** سوغۇقلۇقى، قۇرۇقلۇقى ۋە قورۇشچانلىقى بىلەن خىلىتلارنى ئۇيۇتىدىغان، ئەزانىڭ تېرە تۆشۈكچىلىرىنى توسۇپ، روھىي نەپسانىينىڭ ئۆتۈشىگە توسقۇنلۇق قىلىدىغان، شۇ ئارقىلىق ئەزانى ئازراق سېزىمسىزلاندۇرىدىغان، ھەرىكىتىدىن قالدۇرىدىغان ياكى سېزىدىغان ۋە ھەرىكەتلىنىدىغان روھىي نەپسانىينى قويۇقلاشتۇرۇپ، سېزىشى ۋە ھەرىكەتلىنىشىنى ئازايتىدىغان دورىدىن ئىبارەت. مەسىلەن: ئەپيۇنگە ئوخشاش. شۇ سەۋەبتىن سېزىمسىزلاندۇرغۇچى دورىلارنىڭ كۆپ قىسمى قۇرۇق سوغۇق بولىدۇ.

**مۇخەششىن (يىرىكلەشتۈرگۈچى دورا):** زىيادە قورۇش ۋە قۇرۇتۇش قۇۋۋىتى بىلەن ئەزا يۈزىنى يىرىكلەشتۈرىدىغان ۋە تەكشىلىكىنى بۇزىدىغان دورىدىن ئىبارەت. ئۇنىڭ مەنىسى ئەزانىڭ سىلىق، ھۆل بولغان يۈزىنى زىچلاشتۇرۇشتىن كەڭ دائىرىلىكرەكتۇر. مەسىلەن: ئىكلىلمىلىككە ئوخشاش.

**مۇدىر (سۈيۈقلۇقنى ھەيدىگۈچى دورا):** ئىسسىقلىقى، ئۇچۇچانلاشتۇرۇش قۇۋۋىتى بىلەن يېمەكلىكلەرنىڭ سۇ قىسمىنى، سۈيۈق كېرەكسىز ماددىلارنى سۈيدۈك، ھەيز، تەر ۋە سۈت ئارقىلىق بەدەن سىرتىغا چىقىرىدىغان دورىدىن ئىبارەت.

**مۇدەممىل (زەخىمنى پۈتتۈرگۈچى دورا):** بۇ، زەخىملەر ۋە يارىلارنى پۈتتۈرگۈچى دورا بولۇپ، زەخىمنىڭ يېرىقلىرى ۋە بوشلۇقلىرىدىكى ھۆللۈكلەرنى قۇرۇتۇپ ۋە قويۇلدۇرۇپ، شىلىمشىق ھالەتكە كەلتۈرۈپ، زەخىم ۋە يارا ئېغىزىنى بىر - بىرىگە چاپلاشتۇرىدۇ. مەسىلەن: خۇنسىياۋشان، سەبرە، كەتىرا، ئەرەب يېلىمى قاتارلىقلارغا ئوخشاش.

**مۇرەخخى (بوشاتقۇچى دورا):** ئىسسىقلىقى ۋە ھۆللۈكى بىلەن ئەزالارنىڭ تېرىلىرىنى

يۇمشىتىپ تۆشۈكچىلىرىنى كېڭەيتىپ، ئۇلاردا يىغىلىپ قالغان كېرەكسىز ماددىلارنى ئاسان چىقىپ كېتىش شارائىتىغا ئىگە قىلىدىغان دورىلاردىن ئىبارەت. مەسىلەن: سېرىقچېچەك بىلەن زىغىر ئۇرۇقىغا ئوخشاش.

**مۇرەتتىب (هۆللۈك يەتكۈزگۈچى دورا):** هۆللۈكىنىڭ زىيادىلىكى بىلەن بەدەندە هۆللۈك پەيدا قىلىدۇ.

**مۇرەققىق (سۇيۇلدۇرغۇچى دورا):** خىلتلار ۋە هۆللۈكلەرنى سۇيۇلدۇرغۇچى دورا بولۇپ، قويۇلدۇرغۇچى دورىنىڭ ئەكسىچە بولىدۇ. سىڭىپ كىرگۈچى قۇۋۋەت، ئىسسىقلىق ۋە هۆللۈككە ئىگە بولىدۇ.

**مۇزلىق (سىلىقلاشتۇرغۇچى دورا):** كېرەكسىز ماددىلار ۋە خىلتلارنى سېرىيدىغان دورا بولۇپ، يۇمشاتقۇچى قۇۋۋىتى ۋە سېيرىلدۇرغۇچى هۆللۈكى بىلەن ئەزانىڭ يۈزىنى ئۇنىڭدا تۇرۇپ قالغان ماددىنى سېيرىلدۇرۇپ ھەيدىگۈدەك دەرىجىدە يۇمشىتىدۇ. مەسىلەن: ئەينۇلا ۋە لوئابلارغا ئوخشاش.

**مۇسەددىد (توسالغۇ پەيدا قىلغۇچى دورا):** قۇرۇقلۇقى، قويۇقلۇقى ۋە شىلىمشىقلىقى بىلەن توسالغۇ پەيدا قىلىدىغان دورىدىن ئىبارەت.

**مۇسەككىن (تىنچلاندۇرغۇچى دورا):** خىلتلار ۋە روھلارنىڭ غەيرىي تەبىئىي ھەرىكەتلىرىنى توختىتىدىغان دورىدىن ئىبارەت.

**مۇسهىل (سۈرگۈچى دورا):** سۈرۈش قۇۋۋىتى، ئىسسىقلىقى، سىڭىشچانلىقى، تازىلىشى، سۇيۇلدۇرۇشى، تارتىشى ۋە ھەيدەپ چىقىرىشى بىلەن بەدەننىڭ چوڭقۇر قىسىملىرى، تومۇرلار ۋە ئارىلىق يوللاردىكى بۇزۇق خىلتلار، ئاشقازانغا مەنسۇپ كېرەكسىز ماددىلارنى تارتىپ، ئۈچەي يولى ئارقىلىق ھەيدەپ چىقىرىدىغان دورىدىن ئىبارەت. ئۇ بىرىنچى پەسىلدە تەپسىلىي بايان قىلىنىدى.

**مۇشەههى (ئىشتىھانى ئاچقۇچى دورا):** تەبىئەتنى غىزا تەلەپ قىلىشقا قوزغىتىدىغان دورىدىن ئىبارەت.

**مۇسهىل (ئىسلاھ قىلغۇچى دورا):** زەھەرنى يوقىتىش، تەسىرىگە ياردەم بېرىش، قۇۋۋىتىنى ساقلاش، ئۆتكۈرلۈكىنى پەسەيتىش ياكى تار، يىراق ئەزالارغا يېتىپ بېرىشىغا ياردەم بېرىش قاتارلىقلار ئارقىلىق ئۇزۇقلىنىش ئەھۋالىنى ياخشىلايدىغان دورىدىن ئىبارەت.

**مۇسەللىب (قاتۇرغۇچى دورا):** سوغۇقلۇقى، قۇرۇقلۇقى، يىغىش ۋە زىچلاشتۇرۇش قۇۋۋىتى ئارقىلىق ئەزالارنى ۋە ماددىلارنى قاتۇرىدىغان دورىدىن ئىبارەت. ئۇ بوشاتقۇچى دورىنىڭ ئەكسىدۇر.

**مۇتفى (پەسەيتكۈچى دورا):** بۇ خىلتلارنىڭ ئۆتكۈرلۈكىنى پەسەيتكۈچى دورا بولۇپ، سوغۇقلۇقى ۋە مۆتىدىللىكى بىلەن ئۆتكۈر ۋە ئىسسىق خىلتلارنىڭ ئۆتكۈرلۈكىنى ياكى مىزاجىنىڭ ماددىسىز ئىسسىقتىن بۇزۇلۇشىنى پەسەيتىدۇ.

**مۇئەررىق (تەرلەتكۈچى دورا):** ئىسسىقلىقى، ئۇچۇچانلاشتۇرۇشى ۋە سۈيۇلدۇرۇشى بىلەن تېرە ۋە ئۇنىڭغا يېقىن ئەزالاردا تورۇپ قالغان ھۆللۈكلەرنى تەر ئارقىلىق ھەيدەيدىغان ۋە چىقىرىپ تاشلايدىغان دورىدىن ئىبارەت.

**مۇئەتتس (چۈشكۈرتكۈچى دورا):** ئىسسىقلىقى ۋە سىڭىشچانلىقى بىلەن مېڭىدىكى ماددىلارنى قوزغىتىپ، دىماق تەرەپكە ماڭدۇرۇپ چۈشكۈرتۈش ئارقىلىق ھەيدەپ چىقىرىدىغان دورىدىن ئىبارەت.

**مۇئەتتش (ئۇسساتقۇچى دورا):** تەبىئەتنى ئاشقازان بىلەن جىگەرنىڭ سۇغا، يۈرەك بىلەن ئۆپكىنىڭ سوغۇق ھاۋاغا تەلپۈنگىنىدىن بەكرەك راھەتلىنىشكە تەلپۈندۈرىدىغان دورىدىن ئىبارەت. ئۇنىڭدا ساختا ئۇسسۇزلۇق ئەمەس، بەلكى ھەقىقىي ئۇسسۇزلۇق نەزەردە تۇتۇلىدۇ.

**مۇغرى (شىلىمشىقلاشتۇرغۇچى دورا):** شىلىمشىق ھۆللۈكى بىلەن ئارىلىق يوللار، يول ئېغىزلىرىغا چاپلىشىپ توسالغۇ پەيدا قىلىدىغان ۋە ماددىنىڭ ئېقىشىنى توسىدىغان قورۇق دورىدىن ئىبارەت. مەسىلەن: كەتىرا، ئەرەب يېلىمى، نىشاستە، يۇيۇلغان ھاكىغا ئوخشاش. ھەرقانداق شىلىمشىق، سۈيۇق، سىرغىتقۇچى دورىغا ئىسسىقلىق تەسىر قىلسا، ئۇنى شىلىمشىقلاشتۇرۇش ۋە توسالغۇ پەيدا قىلىش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ.

**مۇئەففىن (چىرىتكۈچى دورا):** يات ئىسسىقلىقى بىلەن ئەزانىڭ مىزاجىنى بۇزىدىغان، ئۇنىڭغا يۇزلەنگەن ھۆللۈكلەر ۋە روھلارنى چىرىتىپ تارقىتىدىغان، تارقالماي قالغىنىنى ئەزانىڭ تەركىبىي قىسمىغا ئايلىنىشىغا توسقۇنلۇق قىلىدىغان، ئەزانى كۆيدۈرمەيدىغان ۋە يېمەيدىغان، بەلكى بۇزىدىغان ۋە يات ئىسسىقلىقنىڭ تەسەررۇپ قىلىشىغا شارائىت يارىتىپ بېرىش بىلەن ئۇنى ئوفۇنەتلەندۈرىدىغان دورىدىن ئىبارەت. مەسىلەن: ساپسىيا، زەرنىخقا ئوخشاش.

**مۇغەللىز (قويۇلدۇرغۇچى دورا):** ئۇ سۈيۇلدۇرغۇچى دورىنىڭ ئەكسىچە دورىدۇر.

**مۇفەتتىت (تاش پارچىلىغۇچى دورا):** بۇ، سىڭىپ كىرگۈچى قۇۋۋەتكە ئىگە بولۇپ، تاشلاشقان (تاشقا ئۆزگەرگەن) شىلىمشىق خىلتقا يولۇقسا، ئۇنىڭ قىسىملىرىنى يۇمشىتىپ ئۇششاقلايدىغان دورىلاردىن ئىبارەت. مەسىلەن: ھەجرۇليەھۇد، بېلىق مېڭە تېشى، چايان كۆلى قاتارلىقلارغا ئوخشاش تاش پارچىلىغۇچى دورىلارغا ئوخشاش.

**مۇفەتتىھ (توسالغۇلارنى ئاچقۇچى دورا):** ئۇ ئەزانىڭ كانال يوللىرى، ئارىلىق يوللىرى ۋە كاۋاكلىرىدا قالغان ماددىلارنى سىرتقا قوزغىتىپ ئاچىدىغان دورىدىن ئىبارەت. مەسىلەن: تاغ كۆدىسىگە ئوخشاش. توسالغۇنى ئاچقۇچى دورىنىڭ تەسىرى تازىلىغۇچى دورىنىڭ تەسىرىدىن كۈچلۈكرەك بولىدۇ، چۈنكى بۇنىڭ تەسىرى سۈيۇلدۇرۇش ۋە تارقىتىش ياكى سۈيۇلدۇرۇش ۋە پارچىلاش ياكى سۈيۇلدۇرۇش ۋە يۇيۇش بىلەن بولىدۇ. ئۆتكۈر، ئاچچىق، چۈچۈمەل، سۈيۇق بولغان ھەرقانداق نەرسە توسالغۇنى ئاچىدۇ.

**مۇفەججج (خامغا ياندۇرغۇچى دورا):** سوغۇقلۇقى ۋە قۇرۇقلۇقى بىلەن تەبىئىي ۋە يات هارارەتنىڭ تەسىرىنى بۇزۇپ، خىلىتلارنى خام، هەزىمنى ناچار قىلىدىغان دورىدىن ئىبارەت. ئۇ پىشۇرغۇچى ۋە هەزىمنى ئىلگىرى سۈرگۈچى دورىنىڭ ئەكسىدۇر. ئىسپىغۇلنى زىمات قىلغانغا ئوخشاش.

**مۇپەررىھ (خۇرسەن قىلغۇچى دورا):** مىزاجنى تەڭشەپ، خىلىتلار، هايۋانىي ۋە نەپسانىي روھلارنى تەڭشەپ كېڭەيتىدىغان ۋە سىرتىغا مايىللاشتۇرىدىغان، غەمنى تۈگىتىدىغان، مېڭىنى قۇۋۋەتلەيدىغان، سەزگۈلەرنى ياخشىلايدىغان، زېھىننى ئاچىدىغان، ھۇرۇنلۇقنى تۈگىتىدىغان دورىدىن ئىبارەت. مەسىلەن: شارابقا ئوخشاش.

**مۇفشى (تارقاتقۇچى دورا):** ئىسسىقلىقى بىلەن توپلاشقان يەللەرنى تارقىتىپ، چىقىپ كېتىش سالاھىيىتىگە ئىگە قىلىدىغان دورىدىن ئىبارەت.

**مۇقەتتىئ (پارچىلىغۇچى دورا):** ئىسسىقلىقى، سۇيۇقلۇقى ۋە سىڭىشچانلىقى ئارقىلىق شىلىمشىق خىلىت بىلەن چاپلىشىپ تۇرغان ئەزا ئوتتۇرىسىدا پاسىل بولۇپ، ئۇنى قىيامىغا تەسىر كۆرسەتمەستىن بەدەن سىرتىغا چىقىرىپ تاشلايدىغان دورىدىن ئىبارەت. مەسىلەن: سىركەنجۇبىل، قىچىغا ئوخشاش.

**مۇقىي (قۇستۇرغۇچى دورا):** ئىسسىقلىقى بىلەن هەزىم يوللىرى ۋە ئاشقازانغا توپلاشقان قويۇق خىلىتلارنى سۇيۇلدۇرۇپ، قەي ئارقىلىق هەيدەپ چىقىرىدىغان دورىلاردىن ئىبارەت. مەسىلەن: تۇرۇپ ئۇرۇقىغا ئوخشاش.

**مۇقەررىھ (زەخىملىگۈچى دورا):** ئىسسىقلىقى، سىڭىشچانلىقى ۋە تارتىش قۇۋۋىتى ئارقىلىق تېرە ئارىسىدىكى ھۆللۈكلەرنى تارقىتىدىغان ۋە بۇزىدىغان، ئۇنىڭ تەرىپىگە ناچار ماددىلارنى تارتىپ يارا پەيدا قىلىدىغان دورىدىن ئىبارەت. مەسىلەن: بالادۇرغا ئوخشاش.

**مۇقەۋۋى (قۇۋۋەتلىگۈچى دورا):** ئۇ ئەزالارنىڭ تۈزۈلۈشى ياكى مىزاجىنى تەڭشەپ، ئۇنىڭغا قويۇلۇۋاتقان كېرەكسىز ماددىلارنى توسۇپ، ئەزالارنى كېسەللىكلەردىن ساقلايدىغان ياكى قىزىق ئەزانى سوۋۇتىدىغان، سوغۇق ئەزانى قىزىتىدىغان دورىدىن ئىبارەت، مەسىلەن: گۈل يېغىغا ئوخشاش ياكى ئۆزىدىكى ئالاھىدە خاسىيەت ئارقىلىق شۇ تەسىرنى بېرىدىغان دورىدىن ئىبارەت. مەسىلەن: گىل مەختۇمغا ئوخشاش.

**مۇلەتتىف (سۇيۇلدۇرغۇچى دورا):** مۆتىدىل ئىسسىقلىقى ئارقىلىق قويۇق خىلىتلارنى سۇيۇلدۇرىدىغان دورىدىن ئىبارەت. مەسىلەن: هاشاغا ئوخشاش.

**مۇلەييىن (تەرەتنى بوشاتقۇچى دورا):** مۆتىدىل ئىسسىقلىقى ۋە ھۆللۈكى ئارقىلىق ئاشقازان، ئۈچەيلەردىكى ماددىلارنى چىقىرىدىغان دورىدىن ئىبارەت. ئۇنىڭ مەنىسى پىشۇرغۇچى ۋە سۈرىلدۈرگۈچى دورىلارنىڭ مەنىسىدىن كەڭرەكتۇر. مەسىلەن: خىيارشەنبەر مېغىزى، تەمرىھىندى، شىرخىست قاتارلىقلارغا ئوخشاش.

**مۇنزىج (پىشۇرغۇچى دورا):** يەنى خىلىتلار ۋە ماددىلارنىڭ قىيامىنى تەڭشىگۈچى دورىدۇر. يەنى ئۇ خىلىتلارنىڭ قىيامىنى تەڭشەپ، بەدەندىن چىقىپ كېتىشكە لايىقلاشتۇرىدىغان، قويۇقىنى سۇيۇق، سۇيۇقىنى قويۇق قىلىدىغان دورىدىن ئىبارەت. مەسىلەن: مەتبۇخى هاشاغا ئوخشاش ياكى ئۇيۇغان خىلىت ۋە ماددىلارنى يۇمشاق ۋە سۇيۇق قىلىدىغان دورىدىن ئىبارەت. مەسىلەن: شۇمشىغا ئوخشاش. پىشىش يەنە خىلىتلاردىن تېگىشلىك پايدا هاسىل بولۇش ئۈچۈن ئۇلارنىڭ سان ـ سۈپەت ۋە قىيام جەھەتتە تېگىشلىك هالەتتە مۆتىدىل بولۇشىنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن: قان ئەزانىڭ تەركىبىي قىسمىغا ئايلىنالىشى ئۈچۈن قىيامىنىڭ نورمال، قۇۋۋەتلىك، ساپ بولۇشى، ئۆتكۈر بولماسلىقى، سەپرانىڭ سۇيۇق، ساپ، ئۆتكۈر بولۇشى، ئەمما ئۇنىڭدىن تېگىشلىك پايدا هاسىل بولۇشى ئۈچۈن ئۆتكۈرلۈكى زىيادە ياكى تۆۋەن بولماسلىقى، بەلغەمنىڭ قانغا ئارىلىشىش ياكى ئۇنىڭغا ئۆزگىرىش ئارقىلىق ئەزانىڭ بىر قىسمىغا ئايلىنىش سالاھىيىتىگە ئىگە بولالىشى ئۈچۈن، بەك سۇيۇق، يەنى سۇ خاراكتېرلىك، تەركىبى تەكشىسىز بولماسلىقى، قاننىڭ لېيى يەنى سەۋدانىڭ قانغا ئارىلىشىش ئارقىلىق بەزى ئەزالارنى ئوزۇقلاندۇرۇش قاتارلىق تېگىشلىك پايدىلارنىڭ هاسىل بولۇشى ئۈچۈن ساپ، كۆيمىگەن بولۇشى قاتارلىقلارغا ئوخشاش. شۇ سەۋەبتىن مۇنزىج مۆتىدىل دەرىجىدە تولۇق پىشۇرغۇچىنى كۆرسىتىدۇ.

**مۇنەففىخ (يەل پەيدا قىلغۇچى دورا):** تەركىبىدە قويۇق، يات هۆللۈك بولۇپ، ئۇنىڭغا تەبىئىي هارارەت تەسىر قىلسا، تېز تارقىلىپ كەتمەيدىغان، بەلكى يەلگە ئايلىنىدىغان دورىنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن: لوبىياغا ئوخشاش.

بىلگىنكى، يەللىك بولغان ھەرقانداق نەرسە باشنى ئاغرىتىدۇ ۋە كۆزگە زەرەر قىلىدۇ. يېمەكلىك ۋە دورىلارنىڭ هۆللۈكى بىرىنچى هەزىم بىلەن تارقاپ، يېلى ئاشقازاندا قېلىپ، شۇ يەردە تولۇق تارقىسا ياكى ئۈچەيلەردە قالسا ياكى ئۇلارنىڭ يەل ماددىسى هېسابلىنىدىغان ئارتۇق هۆللۈكى ئاشقازان ۋە ئۈچەيلەردە قېلىپ تولۇق تارقاپ كەتمىسە، بەلكى مەلۇم مىقداردا ساقلىنىپ نەسىللىنىش ئەزالىرى قان تومۇرلىرىغا تارقالسا باهىنىڭ قوزغىلىشىغا سەۋەب بولىدۇ، باهىنىڭ قوزغىلىشى ئەنە شۇ يەلدۇر. مەسىلەن: زەنجىۋىل، زاغۇن ئۇرۇقىغا ئوخشاش.

**مۇۋەسسىخ (يارىلاردا بۇزۇق ماددا پەيدا قىلغۇچى دورا):** هۆللۈكى يارىلارنىڭ هۆللۈكىگە ئارىلىشىپ، يارىنى ئېغىرلاشتۇرىدىغان ۋە ساقىيىشىغا توسالغۇلۇق قىلىدىغان دورىدىن ئىبارەت. مەسىلەن: موم يېغىغا ئوخشاش.

**مۇنبىت (گۆش ئۈندۈرگۈچى دورا):** ئۇ زەخىمگە يۈزلەنگەن قاننىڭ مىزاجىنى مۆتىدىللەشتۈرۈپ ۋە قۇرۇتۇپ، ئۇنىڭ ياخشى گۆشكە ئايلىنىپ، يەرلىك ئورۇنىنى پۈتتۈرۈشكە ياردەم بېرىدىغان دورىدىن ئىبارەت.

# 11 ـ پەسىل كۆپ ئىشلىتىلىدىغان بەزى تىببىي ئاتالغۇلار توغرىسىدا

**«ئ» (ئەلىف) ھەرپى بىلەن باشلانغان ئاتالغۇلار**

**ئاجام:** قومۇشلۇق دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئىستىنشاق:** مەلۇم سۇيۇقلۇقنى بۇرۇنغا تارتىشنى كۆرسىتىدۇ.

**ئەسل:** يىلتىز دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىغان بولۇپ، ئۆسۈملۈك ۋە ياكى دەرەخلەرنىڭ يىلتىزىغا ئورتاق ئىشلىتىلىدۇ.

**ئۇسۇلى ئەربەئە:** تۆت خىل يىلتىز دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىغان بولۇپ، ئارپىبەدىيان يىلتىزى، كاسىنە يىلتىزى، كەرەپشە يىلتىزى ۋە كەپە يىلتىزىنى كۆرسىتىدۇ.

**ئەغسان:** شاخلار دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىغان بولۇپ، ئۆسۈملۈك ۋە دەرەخنىڭ شاخلىرىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇنىڭ بىرلىك شەكلى «غۇسن» دېيىلىدۇ.

**ئەفۇمالى:** ھەسەل قوشۇپ ئېرىتىپ، قاينىتىپ ساقلىنىدىغان نەرسىلەرنىڭ ئورتاق نامى.

**ئىكتىھال:** مەلۇم نەرسىنى كۆزگە سۈركەشنى كۆرسىتىدۇ.

**ئۇكسۇمالى:** سىركە بىلەن ھەسەلدىن تەييارلانغان سىركەنجۇبىنى كۆرسىتىدۇ، بەزىلەر ئۇنىڭغا دېڭىز سۈيى ياكى دېڭىز تۇزى قوشىدۇ.

**ئىكلىك:** تاج دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. يەنە بۇلۇت، قاراڭغۇلۇق ۋە باشقا مەنىلەردىمۇ كېلىدۇ. دورىلاردا چەمبەر شەكىللىك چېچەك ياكى مېۋىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇنىڭ كۆپلۈك شەكلى «ئەكەلە»، «ئەكالىيل»دۇر.

**ئىنكباب:** ئەزانى قاينىتىلغان ياكى قىزىتىلغان دورىنىڭ ھورىغا تۇتۇشنى كۆرسىتىدۇ.

**ئەۋدىيە:** ئۇ «ۋادى» (ۋادا) دېگەن سۆزنىڭ كۆپلۈكى بولۇپ، دەريا ۋادىلىرىنى كۆرسىتىدۇ.

**ئوزرۇمالى:** ھەسەل بىلەن يامغۇر سۈيىدىن باراۋەر مىقداردا ئېلىپ ئارىلاشتۇرۇپ، ئاپتاپتا قويۇپ تەييارلانغان ياسالمىنى كۆرسىتىدۇ.

**ئوكسائى:** سۇ بىلەن تۇز ئارىلاشتۇرۇلغان سىركىدىن ئىبارەت.

**«ب» (بائ) ھەرپى بىلەن باشلانغان ئاتالغۇلار**

**بادىزەھرى (پادىزەھرى):** تەرياقنىڭ پارسچە نامىدۇر، ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇ زەھەر قايتۇرىدىغان، مۇرەككەپ بولمىغان ھەرقانداق دورىنى كۆرسىتىدىكەن.

**باقۇر:** كالا دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىغان بولۇپ، «بەقەر» دېگەن سۆزنىڭ كۆپلۈك شەكلىدۇر.

**باكۇر:** دەرەخنىڭ تۇنجى مېۋىسىنى كۆرسىتىدۇ.

**بەتەر**: كېسىش دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**بەخۇر**: تۈتۈنى ئىشلىتىلىدىغان نەرسىلەرنى كۆرسىتىدۇ.

پارسچە «بەلغۇر» دەپ ئاتىلىدىغان بولۇپ، دانلارنىڭ يارمىسىنى كۆرسىتىدۇ.

**بۇزاق، بۇساق**: تۈرۈك دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**بىزرى**: ئۆسۈملۈكلەرنىڭ غىلاپ ۋە قاسراق ئىچىدىكى مېۋىسىدىن ئىبارەت.

**بەشئ**: بەتتەم دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. يەنە ئاچچىقلىق ۋە قىرتاقلىقتىن تۈزۈلگەن ھەرقانداق تەممۇ شۇ نام بىلەن ئاتىلىدۇ.

**بەسىس**: نۇرلۇق، پارقىراق دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**بەتايىخ**: سۇ يىغىلىپ قالغان يەرلەر دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ، پارسچە «مۇرداب» دەپ ئاتىلىدۇ.

**بەئىر**: تېزەك.

**بەكىر**: ياش تۆگە. «بىكىر» دېيىلسە «قىز» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**بەنەك**: دەرەخلەرنىڭ غولىدا ھاسىل بولغان تۈگۈنچىلەردىن ئىبارەت.

## «ت» (تائ) ھەرپى بىلەن باشلانغان ئاتالغۇلار

**تەرياق**: پارسچە «تەرياك» دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇ قۇۋۋەتنى ۋە روھ مىزاجىنىڭ ساغلاملىقىنى زەھەرنىڭ ئۆزگىچە زەرەر يەتكۈزۈشىدىن ساقلىنالىغۇدەك دەرىجىدە ساقلايدىغان دورىدىن ئىبارەت. بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، سۈنئىي ياسالغان زەھەر قايتۇرۇش دورىلىرى شۇ نام بىلەن ئاتىلىدىكەن. ئەپيۇننىڭ تەرياق دەپ ئاتىلىشى قۇۋۋىتىنىڭ ئۇزۇن ساقلىنىشى جەھەتتە ھەقىقىي تەرياققا ئوخشىغانلىقى ئۈچۈندۇر.

**تەسفىق**: شارابقا سۇ ئارىلاشتۇرۇش دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**تەسئىد**: ئوت بىلەن قىزىتىش ئارقىلىق دورىنىڭ ئۇچۇچان قىسمىنى پارلاندۇرۇپ ئايرىش دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**تەئلىق**: بويۇن ياكى باشقا ئەزالارغا مەلۇم نەرسىنى ئېسىپ قويۇشنى كۆرسىتىدۇ.

**تەفھ**: بىمەزە، يەنى لەززەتلىك تەمگە ئىگە ئەمەس، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**تەكرىيە**: ھۆللەشتۇرۇش، يۇمشىتىش، بوشىتىش ۋە بەلغەم كۆپەيتىش دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**تەكەرروج**: پارسچە «پادەر» دەپ ئاتىلىدىغان بولۇپ، شەيئىنىڭ تەمى، پۇرىقى ياكى ھەر ئىككىسىنىڭ ئۆزگىرىشىنى كۆرسىتىدۇ.

**تەكلىس**: ئېزىش، كۆيدۈرۈش، سۇغىرىش، بەھرىلىنىش دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدىغان

بولـۇپ، بەزى دورىلارنى كـۆيدۈرۈش ياكى بـاشقا تەدبـىرلەر ئـارقـىلـىق سـىڭـىشچانلـىـق ۋە تەسىرچانلىقىقا ئىگە قىلىش، كىرەكسىز ماددىلىرىنى يوقىتىشنى كۆرسىتىدۇ.

**«س» (سائ) ھەرپى بىلەن باشلانغان ئاتالغۇلار**

**سەقىيل:** ئېغىر ، ئېغىر كېلىش دېگەن مەنىنـى بىلدۈرىـدىغان بولـۇپ، مەلۇم شەيـئىنىـڭ تەسىرىنىڭ تەبىئەتكە ئېغىر كېلىشى ۋە تېز يوقالماسلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

**سەمەر:** دەرەخ ۋە ئۆسۈملۈكلەرنىڭ مېۋىسىنى كۆرسىتىدۇ.

**سەمـنەش:** يۇنانچە سۆز بولـۇپ، دەرەخ بىلەن گـىياھ ئوتـتۇرىسـىدىكى ئۆسـۈملۈكـنى كۆرسىتىدۇ.

**«ج» (جىيم) ھەرپى بىلەن باشلانغان ئاتالغۇلار**

**جەبرى:** سۇنغان ئۇستىخاننى تېڭىش مەشغۇلاتىنى كۆرسىتىدۇ.

**جەرلە:** تاشلىق يەر.

**جەريش:** يارما، چالا سوقۇلغان.

**جەفاف:** قۇرۇش، قۇرۇق، قۇرغاقلىق.

**جەمەد:** يـىغىلغـان سۇنىڭ سـوغۇقلۇق تـەسىرىـدە ئـۇيۇشـنـى كۆرسـىتـىدۇ. يەنە ئۇ شەيئىنىڭ بىر قىسمى دېگەن مەنىنىمۇ بىلدۈرىدۇ.

**«ھ» (ھۆۋائ) ھەرپى بىلەن باشلانغان ئاتالغۇلار**

**ھامىز:** چۇچۇمەل دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**ھاد:** ئۆتكۈر تەملىك دېگەن مەنـىنى بىلـدۈرىدىغان بـولۇپ، ئاچچـىق تەم بـىلەن ئۆتكـۈر تەمنىڭ بىرلىشىشىدىن ھاسىل بولىدۇ.

**ھەب:** بۇغداي ۋە ئارپىغا ئوخشاش پوستلۇق دانلارنى كۆرسىتىدۇ.

**ھىرريف:** تەركـىبىي قىسىملىرى تىـلغا تارقـاپ سىڭـىدىغان ۋە تـىلنى كۆپ چـاقىدىغـان نەرسىلەرنى كۆرسىتىدۇ.

**ھەشىيش:** قۇرۇق گـىياھ ياكى ئۇنىڭغا ئوخشايدىغان ئۆسۈملۈكنى كۆرسىتىدۇ. بەزىلەرنىڭ ئېيتـىـشىچـە، يـەرگە يېـيـىلمـايـدىغان، بـەلكى غولـى تـىك ئۆسـىدىغان ئـۆسـۈملـۈكـنـى كۆرسىتىدىكەن.

**ھەككاكە:** ئىككى نەرسىنىڭ تېگىشىدىن ئاجراپ كەتكەن نەرسىنى كۆرسىتىدۇ.

**ھەللاق:** چاچ ــ موي‌لارنى چۈشۈرگۈچى دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**ھۆلۈۋ:** تاتلىق بولغان، يەنى تىل يۈزىگە تەكشى يېيىلىپ تىلنى ئازراق قىزىتىدىغان،

لەززەتلىك نەرسىلەرنى كۆرسىتىدۇ.

ھەلىيب: ئۆرۈق ۋە باشقىلارنىڭ شىرىسى، يېڭى سېغىلغان سۈتنى كۆرسىتىدۇ.

ھەمل: ئۆسۈملۈكلەرنىڭ مېۋىسىنى كۆرسىتىدۇ.

### «خ» (خۇۋائ) ھەرپى بىلەن باشلانغان ئاتالغۇلار

خائىز: خىلىتلارنىڭ تەركىبىي قىسىملىرىنى يىغىپ قويۇلدۇرىدىغان دورىنى كۆرسىتىدۇ.

خەرئ: قۇشلار ۋە باشقىلارنىڭ مايىقى.

خەفىيف: يەڭگىل دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىغان بولۇپ، تەبىئەتكە يەڭگىل كېلىدىغان ۋە يوقىلىشى ئاسان بولغان نەرسىلەرنى كۆرسىتىدۇ.

خەلئ: ئۇستىخان بېشىنىڭ ئورنىدىن قوزغىلىشىدىن ئىبارەت.

خەلەئىلەئ: بۆرە.

خەمەل: تىۋىت دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. دورىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا مېۋە ئۇستىدىكى تىۋىتچىلارنى كۆرسىتىدۇ.

### «د» (دال) ھەرپى بىلەن باشلانغان ئاتالغۇلار

دابىق: قويۇقلۇقى ۋە شىلىمشىقلىقى بىلەن قولغا چاپلىشىدىغان نەرسىلەرنى كۆرسىتىدۇ، مەسىلەن: يېلىمى چىقىدىغان ئوت - چۆپ ۋە مېۋىلەرگە ئوخشاش.

دەسىم: مايلىق دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. يەنى تىل ۋە باشقىلارنى يۇمشىتىدىغان، تەركىبىي قىسىملىرى ھارارەت پەيدا قىلماي كېڭەيتىدىغان نەرسىلەرنى كۆرسىتىدۇ.

دۇلۇك: ئۇۋۇلاش دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. ئادەتتە چىش سەپمىلىرى ۋە باشقىلارنى چىش ۋە باشقىلارغا سۈركەشنى كۆرسىتىدۇ.

داۋائى غىزائى: كەيپىيات تەسىرى ماددا تەسىرىدىن كۈچلۈك بولغان نەرسىلەرنى كۆرسىتىدۇ.

داۋائى سەممى: زەھەرلىك دورا. يەنى كەيپىيات تەسىرى مىزاجغا مۇۋاپىق بولمىغان، ھالاك قىلىش خاسىيىتى بولغان نەرسىلەرنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن: ئەپيۇنگە ئوخشاش.

داۋائى مۇتلەق: مۇتلەق دورا. يەنى كەيپىياتى بىلەن تەسىر قىلىدىغان، بەدەننىڭ تەركىبىي قىسىمىغا ئايلىنالمايدىغان نەرسىلەرنى كۆرسىتىدۇ.

دۇھنى: مايلىق، يەنى تەركىبىدە ماي بولغان، ئوت ياقسا يانىدىغان نەرسىلەرنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن: مېغىزلار، ئۆرۈقلار، ئاق سەندەل ياغىچى، دىيۋدار، ئۇد ھىندى ۋە باشقىلارغا ئوخشاش.

### «ز» (زال) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلار

**زەرۇر:** سۆيۈقلۇق بولمىغان ھالەتتە سالايە قىلىپ ئەزالارغا سۈركەيدىغان ياكى سېپىدىغان تالقان دورىلارنى كۆرسىتىدۇ.

**زەفەر:** سىپسىق پۇراق.

**زۇلخاسىيەت:** خاسىيەتلىك دورا، يەنى تۆرگە مەنسۇپ سۈرىتى بىلەن تەسىر قىلىدىغان دورىنى كۆرسىتىدىغان بولۇپ، ئۇنىڭ مەنىسى تەرياق ياكى زەھەرنىڭ مەنىسىدىن كەڭرەك بولىدۇ.

### «ر» (رائ) ھەرپى بىلەن باشلانغان ئاتالغۇلار

**رادئ:** ماددىلارنىڭ ئەزاغا قۇيۇلۇشىنى توسىدۇ، ئەزانىڭ ئۇلارنى قوبۇل قىلىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. قايتۇرۇش تارتىشىنىڭ ئەكسىدۇر.

**رەجئ:** ئادەم پوقى.

**رەخەس:** نازۇك. دورىلارغا قارىتا ئىشلىتىلسا، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئاسان سۇنىدىغان چۈرۈك دورىلارنى كۆرسىتىدۇ.

**رەخۋۇ:** يۇمشاق، سۇس.

**رەدىئۇل كەيمۇس:** قىيامى ۋە كەيپىياتى غەيرىي مۆتىدىل خىلىتلارنى پەيدا قىلىدىغان دورىلار.

**رەزىين:** ئېغىر، سالماق. دورىلارغا قارىتا ئىشلىتىلسا چىڭ، ئېغىر، قاتتىق دورىلارنى كۆرسىتىدۇ.

**رۇسۇب:** سۆيۈق نەرسىلەرنىڭ چۆكمىسى.

**رەمەس:** كۆز چانىقىدا پەيدا بولىدىغان ۋە شۇ يەردە يىغىلىپ قالىدىغان قويۇق ھۆللۈك، چاپاق.

**رەۋس:** ھايۋانلارنىڭ تېزىكى.

**رۇدمالى:** قىزىلگۈل سۈيىگە ھەسەل ئارىلاشتۇرۇپ تەييارلانغان شاراب.

### «ز» (زائ) ھەرپى بىلەن باشلانغان ئاتالغۇلار

**زەئۇفە:** ناھايىتى سەسكەندۈرىدىغان تەم. ئاچچىقلىق ۋە تۇزلۇقلۇقنىڭ بىرلىشىشىدىن ھاسىل بولغان تەم.

**زەغەب:** تۈكچە، يەنى ھايۋانلارنىڭ تېرىسىدە دەسلەپ ئۈسكەن موي. دورىلارغا قارىتا ئىشلىتىلسا دورىلىق چۆپ ۋە مېۋىلەرنىڭ ئۇستىدىكى تۈۋىتلارنى كۆرسىتىدۇ، مەسىلەن:

شاپتۇل، بېھىغا ئوخشاش.

زەھىر: گۈل ـ چېچەك.

### «س» (سىن) ھەرپى بىلەن باشلانغان ئاتالغۇلار

**ساھىل:** دېڭىز بويى.

**سائىل:** تەركىبىي قىسىملىرى ھەممە تەرەپكە ھەرىكەت قىلىدىغان سۇيۇق ماددىلار، مەسىلەن: سۇ ۋە ياغقا ئوخشاش.

**سەباخ:** شورلۇق يەرلەر.

**سەبىت:** چاچ ۋە باشقىلارنىڭ تۈز، تۈگۈنچەكسىز ھالىتىنى كۆرسىتىدۇ.

**سەھىق:** يۇمشاق سالايە قىلغان نەرسىلەرنى كۆرسىتىدۇ.

**سەم:** زەھەرنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ كەيپىياتى ۋە خاسىيىتىنىڭ مىزاجغا قارشىلىقى بىلەن ئۆنى بۇزىدىغان دورىدىن ئىبارەت. مەسىلەن: بىيش (بىر خىل زەھەرلىك يىلتىز) (تەرجىماندىن). قا ئوخشاش.

**سۇنۇن:** چىشقا سۈركىلىدىغان ياكى سېپىلىدىغان ۋە ئۆنى قۇۋۋەتلەيدىغان دورىنى كۆرسىتىدۇ.

**سەھەك:** گۆش ۋە تەرنىڭ سېسىق پۇرىشىنى كۆرسىتىدۇ.

**سەھل:** يۇمشاق يەر.

### «ش» (شىن) ھەرپى بىلەن باشلانغان ئاتالغۇلار

**شامىخ:** ئېگىز تاغ.

**شەتىر:** جىر تاقلىق.

**شەجەر:** دەرەخ، ياغاچلاشقان شاخلىرى بولغان دەرەخ. ئومۇمەن ئۆنىڭدا مېۋە، يوپۇرماق، تالا، يىلىم، ئۇرۇق، پوست، يىلتىز، ئۇساره ۋە ئۇرۇقچىدىن ئىبارەت توققۇز خىل نەرسە بولۇشى كېرەك. مەسىلەن: خورما دەرىخىگە ئوخشاش.

**شەدەخ:** سۇنۇش، زەخىملىنىش.

**شەدەخى ئەزۇل:** مۇسكۇلنىڭ زەخىملىنىشى، ئۈزۈلۈشى.

**شەدىق:** ئېغىز جاۋغىيىنىڭ كەڭ بولۇشى.

**شۇرەف:** پېشايۋان. دورىلارغا قارىتا ئېيتىلسا، ئانار خىمىكىگە ئوخشاش ئۈسۈكچىلەرنى كۆرسىتىدۇ.

### «س» (سۇۋاد) ھەرپى بىلەن باشلانغان ئاتالغۇلار

**سالىھۇل كەيمۇس:** ھەممە جەھەتتە نورمال قان ھاسىل بولىدىغان ئەشيالارنى كۆرسىتىدۇ.

باشقا خىلىتلارمۇ ئۇنىڭغا تەبىئىي ھالەتتە ئارىلاشقان بولىدۇ.

**سەخرىييە:** تاشلىق يەر.

**سەفەق:** تولۇم قاچىغا تۆكۈپ ساقلىغاندىن كېيىن سارغايغان سۈنى كۆرسىتىدۇ، يەنە بىر شەيئىنىڭ بىر تەرىپى دېگەن مەنىنىمۇ بىلدۈرىدۇ. ئۆسۈملۈكلەرگە قارىتا ئىيتىلغاندا پۇرلەشكەن، تۈز بولمىغانلىرىنى كۆرسىتىدۇ.

**سەفىق:** يىرىك ۋە چىڭ توقۇلغان رەختنى كۆرسىتىدۇ. تېبابەتتە تېرىنىڭ يىرىك، چىڭ بولغان ھالىتىنى كۆرسىتىدۇ.

### «ز» (زۇۋاد) ھەرپى بىلەن باشلانغان ئاتالغۇلار

**زىمات:** قىيامى قويۇق، يۇمشاق بولغان، ئەزاغا سۈركىلىدىغان دورىنى كۆرسىتىدۇ، موم يېغى قوشۇلغانلىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

### «ت» (تۇۋائ) ھەرپى بىلەن باشلانغان ئاتالغۇلار

**تافى:** سۇ يۈزىدە لەيلەيدىغان نەرسىلەرنى كۆرسىتىدۇ.

**تەبىخ:** قاينىتىپ سۈيى ئىشلىتىلىدىغان دورىلارنى كۆرسىتىدۇ.

**تەھىن:** يۇمشىتىش، ئېزىش. تاھۇنە دېگەن سۆزمۇ ئۇنىڭدىن تۈرلىنىپ چىققان بولۇپ، «تۈگمەن» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**تەرى:** يېڭى، يۇمران.

**تىلا:** قىيامى سۇيۇق بولغان، ئەزالارغا سۈرۈلىدىغان دورىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ يەنە بىر خىل شارابنىڭ نامىدۇر.

**تىيب:** خۇش پۇراق دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. «تەيىيب» دېيىلسە پاكىز دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

### «ئ» (ئەيىن) ھەرپى بىلەن باشلانغان ئاتالغۇلار

**ئۇشب:** گىياھ، ئۆسۈملۈك.

**ئۇسارە:** سىقىلما دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. يەنە ئوت بىلەن قىزىتماستىن ھاۋا ياكى ئاپتاپنىڭ ياردىمىدە قويۇلدۇرۇلغان نەرسىلەرنىمۇ كۆرسىتىدۇ.

**ئەسىر:** ئۆسۈملۈكلەرنىڭ سىقىپ ئۈيۈتۈلغان سۈيىنى كۆرسىتىدۇ.

**ئەتىر:** خۇش پۇراق دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. «ئىتىر» دېيىلسە خۇش پۇراقلىق دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ.

**ئىفەس:** قىرتاق، يەنى تېتىسا تىلنى يىرىكلەشتۈرىدىغان، سوغۇقلۇق سەۋەبىدىن تىل

يۇزىنى قورۇيدىغان تەمنى كۆرسىتىدۇ، بۇنداق تەمگە ئىگە نەرسىلەر سوۋۇتۇش، زىچلاشتۇرۇش، قاتۇرۇش، يىرىكلەشتۈرۈش ۋە ماددىلارنى توسۇش تەسىرىگە ئىگە بولىدۇ.

**ئۇنقۇد:** ئۈسۈملۈكلەرنىڭ باشقى. ئۇنىڭ كۆپلۈكى «ئەناقىيد» بولىدۇ.

## «غ» (غەيىن) ھەرپى بىلەن باشلانغان ئاتالغۇلار

**غەرغەرە:** گالدىن چىققان ھەر خىل ئاۋازلارنى كۆرسىتىدۇ. ئادەتتە سۇيۇق نەرسىلەرنى ئىچىپ گالدا ھەركەتلەندۈرۈشنى كۆرسىتىدۇ. ئۇنى يۇتسىمۇ، تۈكۈرۈۋەتسىمۇ بولىدۇ.

**غەز:** ئۈسۈملۈكلەرگە قارىتا ئىپتىلغاندا يېڭى، يۇمران، خام دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ.

**غەلىيز:** قويۇق دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىغان بولۇپ، غىزالارغا كۆپرەك ئىشلىتىلىدۇ. دورىلارغا «كەسىيف» دېگەن سۆز ئىشلىتىلىدۇ.

## «ف» (فائ) ھەرپى بىلەن باشلانغان ئاتالغۇلار

**فاتىر:** ئىلمان دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**فەتىيلە:** پىلتە دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىغان بولۇپ، مەقئەتكە قويۇلىدىغان خاس ياسالمىنى كۆرسىتىدۇ.

**فەرزىجە:** جىنسىي يول ۋە بالياتقۇغا قويۇلىدىغان خاس ياسالمىنى كۆرسىتىدۇ.

**فىرفىيرى:** بىنەپشە رەڭ دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**فەسخ:** ئايرىلىش، ئاجراش دېگەن مەنىدە بولىدۇ.

## «ق» (قاف) ھەرپى بىلەن باشلانغان ئاتالغۇلار

**قابىز:** قېرىق تەم، يەنى تىلنى قورۇيدىغان، ئەمما يىرىكلەشتۈرمەيدىغان تەمنى كۆرسىتىدۇ، بۇنداق تەمگە ئىگە نەرسىلەر سوۋۇتۇش، قۇرۇتۇش، قويۇقلاشتۇرۇش، ئىشتىھانى ئېچىش تەسىرىگە ئىگە. ئۇ تەمگە ئىشلىتىلىشتىن باشقا ئەزانىڭ تەركىبىي قىسىملىرىنى قورۇش تەسىرى بىلەن چوڭ تەرەتنى توختىتىدىغان نەرسىلەرنى كۆرسىتىدۇ.

**قەزبان:** غولى بولمىغان ئۈسۈملۈكلەرنىڭ شاخلىرىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇنىڭ بىرلىك شەكلى «قەزىب» بولىدۇ.

**قەتۇر:** قۇلاق ۋە باشقا ئەزالارغا تېمىتىش ئۈچۈن تەييارلانغان ياسالمىنى كۆرسىتىدۇ.

**قۇنبۇئە:** زىرائەتلەرنىڭ باشاق غىلاپلىرىنى كۆرسىتىدۇ.

## «ك» (كاف) ھەرپى بىلەن باشلانغان ئاتالغۇلار

كەسىيرۇل غىزا: ئوزۇقلۇقى كۆپ، يەنى كۆپ قىسمى بەدەننىڭ تەركىبىي قىسمىغا

ئايلىنالايدىغان نەرسىلەرنى كۆرسىتىدۇ.

**كەسىف:** قويۇق، زىچ دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ، ئۇ «لەتىيف» دېگەن سۆزنىڭ ئەكسى بولۇپ، بەدەن كەيپىياتى تەركىبىي قىسىملىرىنى بىر - بىرىدىن تەستە ئاجرىتىدىغان، بەدەنگە تېز سىڭمەيدىغان نەرسىلەرنى كۆرسىتىدۇ.

**كەماد:** قىزىتىپ ئەزالارغا تېڭىلىدىغان نەرسىلەرنى ۋە شۇ مەشغۇلاتنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن: بۇغداي كېپىكى بىلەن ئىسسىق ئۆتكۈزگەنگە ئوخشاش.

**كەيمۇس:** جىگەر ھەزىمىدىن ھاسىل بولغان خىلىتلارنى كۆرسىتىدۇ.

**كەيلۇس:** ئاشقازان ھەزىمىدىن ھاسىل بولغان ئۇماچسىمان ماددا بولۇپ، سۈ بىلەن ئېرىتىلگەن بوتقىغا ئوخشايدۇ.

### «ل» (لام) ھەرپى بىلەن باشلانغان ئاتالغۇلار

**لەخلەخە:** سۈيۇق نەرسىلەرنى قاچىغا تۆكۈپ پۇراش ئۈچۈن تەييارلانغان ياسالما.

**لىھا:** ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ئىنچىكە يىپچىلىرىنى كۆرسىتىدۇ.

**لەزۇق:** ئەزالارغا چاپلاش ئۈچۈن تەييارلانغان، چاپلىشىش ئالاھىدىلىكى بولغان نەرسىلەرنى كۆرسىتىدۇ.

**لۇتۇخ:** تىلادىن قويۇقراق، زىماتتىن سۇيۇقراق بولغان نەرسىلەرنى ئەزالارغا سۈركەش.

**لەتىيف:** ئۇچۇچان، سۇيۇق دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. ئادەتتە بەدەنگە كىرگەندىن كېيىن كۆپلىگەن كىچىك قىسىملارغا پارچىلىنىدىغان، بەدەننىڭ ھەممە قىسمىغا تېز سۈرئەتتە تارقىلىدىغان نەرسىلەرنى كۆرسىتىدۇ.

**لۇئابى:** لوئابلىق، شىرىلىك دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ، ئادەتتە سۇغا چىلانسا تەركىبىي قىسىملىرى شىلىمشىق سۇيۇقلۇققا ئايلىنىدىغان، قايىنتىلغاندىن كېيىن بۇ خىل خۇسۇسىيىتى يوقىلىدىغان نەرسىلەرنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن: بېھى ئۇرۇقى، ئىسپىغۇل، ئاق لەيلى يىلتىزى قاتارلىقلارغا ئوخشاش.

**لوئۇق:** يالانما دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىغان بولۇپ، مەجۇندىن سۇيۇقراق بولىدۇ.

**لىيف:** تالا دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ، ئادەتتە ئۆسۈملۈكلەرنىڭ يىلتىزلىرى ۋە غوللىرىدىن ئۆسكەن ئىنچىكە يىپچىلارنى كۆرسىتىدىغان بولۇپ، «لىھا» دىن ئىنچىكىرەك بولىدۇ.

### «م» (مىيم) ھەرپى بىلەن باشلانغان ئاتالغۇلار

**مالى:** ھەسەل.

**مالى قەراتىن، مائۇل قەراتىن:** مائۇلھەسەل.

**مائىئ:** ئاقىدىغان، سۇيۇق بولغان نەرسىلەر.

مەبرۇد: ئېكەكلەنگەن نەرسىلەرنى كۆرسىتىدۇ.

مۇر: ئاچچىق، يەنى تىل يۇزىگە سىڭىدىغان ۋە يىرىكلەشتۈرىدىغان، تەبىئەتنى سەسكەندۈرىدىغان تەمنى كۆرسىتىدۇ. بۇنداق تەمگە ئىگە بولغان نەرسىلەر قىزىتىش، تازىلاش، چىرىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش تەسىرىگە ئىگە بولىدۇ.

مۇرۇخ: مەلۇم نەرسىنى ئەزاغا سۈركەشنى كۆرسىتىدۇ.

مۇسبىت: ئۇخلاتقۇچى دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

مۇسكىر: مەست قىلغۇچى دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. خۇرسەن قىلىش - قىلماسلىقى نەزەردە تۇتۇلمايدۇ.

مەسۇخ: بەدەنگە سۈركىلىدىغان، ئەمما كۆپ ئۇۋۇلانمايدىغان نەرسىلەرنى كۆرسىتىدۇ.

مەسىخ: بىمەززە، تەمسىز.

مەسۇل: كۆيدۈرۈۋەتمەي قورۇلغان نەرسىلەرنى كۆرسىتىدۇ.

مەزغى: چايناش.

مەزمەزە: ھەرقانداق سۇيۇقلۇقنى ئېغىزغا ئېلىپ چايقاشنى كۆرسىتىدۇ.

مۇئەففەف: ئېگىلگەن، مايماقلاشقان.

مەغسۇل: يۇيۇلغان.

مەفرەق: باشنىڭ چوققىسى دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ، ئۆسۈملۈكلەرگە قارىتا ئېيتىلغاندا، مېۋىلەر ۋە گۈللەرنىڭ بېشى تەكشى بولمىغانلىرى ۋە ئۆسۈكچىلىرى بولغانلىرىنى كۆرسىتىدۇ.

مۇنتەن: سېسىق.

مەنخۇل: ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈلگەن.

**«ن» (نۇن) ھەرپى بىلەن باشلانغان ئاتالغۇلار**

ناشف: سۇ سۈمۈرگۈچى دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىغان بولۇپ، سۇ تەگمىگەن ھاكقا ئوخشاش تۆشۈكچىلىرىنى كۆرگىلى بولمايدىغان ياكى بولۇتقا ئوخشاش تۆشۈكچىلىرىنى كۆرگىلى بولىدىغان نەرسىلەرنى ئورتاق كۆرسىتىدۇ.

نبتي: تىللارغا نىسبەتەن ئېيتىلسا مەلۇم مىللەتنىڭ تىلىنى كۆرسىتىدۇ. دورىلارغا قارىتا ئېيتىلسا ئۆزى ئۈنىدىغان، تېرىلمايدىغان ئۆسۈملۈكلەرنى كۆرسىتىدۇ.

نەجم: يەرگە يېيىلىپ ئۆسىدىغان، غولى بولمايدىغان پىلەكلىك ئۆسۈملۈكلەرنى كۆرسىتىدۇ، پارسچە «بىيارە» دېيىلىدۇ.

نەشارە: ئېكەكلەش ۋە ھەرىدەش ئارقىلىق ھاسىل بولغان كېپەكسىمان ئاجرالما.

نەشۇق: بۇرۇنغا تارتىلىدىغان نەرسىلەر.

نۇتۇل: قايىنتىپ ئەزالارغا قۇيۇلىدىغان سۇيۇق دورىنى كۆرسىتىدۇ. پاشويە ئۇنىڭ بىر

تۇرىدۇ.

**نەففاخ:** يەل پەيدا قىلغۇچى دورا، يەنى ئۇ تەركىبىدە يات ھۆللۈك بولغان، بەدەن ھارارىتى بىلەن تارقىلىپ كېتەلمەي، ئاشقازان ياكى ئۈچەيلەردە يەلگە ئۆزگىرىدىغان دورىلارنى كۆرسىتىدۇ، مەسىلەن: مېۋىلەرگە ئوخشاش. بەزىلىرى تومۇرلاردا يەلگە ئۆزگىرىدۇ، مەسىلەن: كۆپ قىسىم ئۇرۇق دورىلارغا ئوخشاش. ئىككىنچى خىل دورىلار باھنى قۇۋۋەتلەش تەسىرىگە ئىگە بولىدۇ.

**نەفۇخ:** بۇرۇنغا پۈركۈلىدىغان تالقان دورىلارنى كۆرسىتىدۇ.

**نەقۇئ، نەقىيئ:** چىلانما، يەنى سۇغا چىلاپ تەمىنى چىقىرىپ قايناتماي ئىستېمال قىلىدىغان دورىلارنى كۆرسىتىدۇ.

### «ۋ» (ۋاۋ) ھەرپى بىلەن باشلانغان ئاتالغۇلار

**ۋەسەب:** سەكرەش.

**ۋەسىي:** ئۇستىخانلارنىڭ ئورنىدىن قوزغىلىشى.

**ۋەئەر:** قاتتىق يەر.

**ۋۇقۇد:** ئوت ياندۇرۇش.

**ۋەھەن:** سۇسلۇق.

### «ھ» (ھائ) ھەرپى بىلەن باشلانغان ئاتالغۇلار

**ھازىم:** تەبىئەتنىڭ غىزا ۋە خىلتنى پىشۇرۇشى ۋە ئۆتكۈزۈشىگە ياردەم بېرىپ، ئۇنىڭ ھەزىم بولۇشىغا سەۋەب بولىدىغان دورىنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن: مەستىكىگە ئوخشاش.

**ھەتكى:** پارچىلاش.

**ھەش:** تۈزۈلۈشى بوش بولۇپ، ئاسانلا ئۇۋۇلىدىغان ۋە پارچىلىنىدىغان دورىلارنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن: ياخشى سۇپەتلىك سەبرە ۋە غارىقۇنغا ئوخشاش.

### «ي» (يائ) ھەرپى بىلەن باشلانغان ئاتالغۇلار

يەئفۇخ: باشنىڭ ئالدىنقى قىسمى، لېپىلداق.

## 12 ـ پەسىل ھىندىستان ۋە ئىراندا ئىشلىتىلىدىغان تېببىي ئۆلچەم بىرلىكلىرى توغرىسىدا

تۆۋەندە دورىلارنى ئۆلچىگەندە كۆپ ئىشلىتىلىدىغان ھەممىگە تونۇشلۇق بولغان بىر قانچە ئۆلچەم بىرلىكلىرى قىسقىچە بايان قىلىنىدۇ، قالغانلىرى « قارابادىن كەبىر ›› نىڭ

مۇقەددىمىسىدە تەپسىلىي بايان قىلىنىدۇ.

**ئىبرىق:** ئىككى مەنگە باراۋەر.

**ئۇرۇززە:** چوڭ ـ كىچىلىكى ئوتتۇرا هال بولغان بىر دانە گۈرۈچنىڭ ئېغىرلىقىغا باراۋەر. يەنى ئىككى دانە ياۋا قىچىنىڭ ئېغىرلىقىغا تەڭ.

**ئەستار:** تۆت يېرىم مىسقال.

**ئەبۇلات:** توققۇز قىيرات.

**ئۇقىيە:** «ۋوقىيە» مۇ دېيىلىدۇ. يەتتە يېرىم مىسقالغا تەڭ.

**باقىللا:** يېرىم دەرھەم.

**بۇندۇقە:** بىر دەرھەم.

**تۇرمۇسە:** ئىككى قىيرات.

**جەۋزە:** ئېنىقسىز ئاتالسا توققۇز دەرخەم.

**ھەببە:** دەرھەم ھېسابىدا 12 يېرىم دەرھەم، مىسقال ھېسابىدا تۆت دانە گۈرۈچ ئېغىرلىقى، يەنى ئىككى دانە ئارپىنىڭ ئېغىرلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

**ھەزمە:** ئالىقانىنى توشقۇزىدىغان، يەنى باش بارماق بىلەن كۆرسەتكۈچ بارماقنىڭ ئارىلىقىغا سىغىدىغان مىقداردىكى ئۆلچەمنى كۆرسىتىدۇ. ئېغىرلىق ھېسابىدا تۆت مىسقال، بەزىلەرنىڭ قارىشىدا ئالتە مىسقالغا باراۋەر. گىياھلارغا قارىتا ئېيتىلسا بىر سىقىمنى كۆرسىتىدۇ.

**ھىممىسە:** تۆت دانە ئارپا ھەم تۆت دانە ئارپىنىڭ تۆتتىن بىرىچىلىك مىقدارنى كۆرسىتىدۇ.

**خەرنۇب:** بىر قىيرات.

**دانەق:** پارسچە «داڭ» دەپ ئاتىلىدىغان بولۇپ، دەرھەم ھېسابىدا ئىككى قىيراتنى، مىسقال ھېسابىدا ئۈچ قىيراتنى، تېببىي ئۆلچەم مىسقال ھېسابىدا بىر ھەب ئېغىرلىقنى، ھىندىستاننىڭ ئېغىرلىق ئۆلچىمى ھېسابىدا بىر رەتى ۋە بىر رەتىنىڭ تۆت بۆلىكىنىڭ ئۈچىنى، سەيرەف ھېسابىدا بەش رەتى ۋە بىر رەتىنىڭ تۆتتىن بىرىنى، تېببىي دەرەم ھېسابىدا ئىككى يېرىم رەتىنى كۆرسىتىدۇ.

**دەرخەم:** بىر دەرھەم، بەزىلەرنىڭ قارىشىدا بىر مىسقالنى كۆرسىتىدۇ.

**دەرھەم:** 48 ھەبكە باراۋەر.

**رەتلى:** 12 ئۇقىيە، مىسقال ھېسابىدا 90 مىسقال، دەرھەم ھېسابىدا 130 دەرھەم.

**سكەرجە:** ئالتە ئەستار.

**سائ:** تۆت مەنگە باراۋەر.

**سەددەفە:** تۆت ئوقىيەگە باراۋەر.

**تەسۇج:** دەرھەم ھېسابىدا ئىككى ھەبكە، مىسقال ھېسابىدا ئىككى يېرىم ھەبكە باراۋەر.

فەلەنجار: بىر قوشۇق مىقدارىغا تەڭ.

قۇستە رۇمى: توققۇز رەتلى ۋە بىر رەتلىنىڭ ئالتىدىن بىرىنىڭ يېرىمىغا تەڭ. بىر رەتلىنىڭ ئالتىدىن بىرىنىڭ يېرىمى 21 ئۇقىيە بولىدۇ.

قۇستى ئەنتالىقى: بىر رەتلىگە، بەزىلەرنىڭ قارىشىدا بىر يېرىم رەتلىگە باراۋەر. ساھىرنىڭ «كەنناش» دېگەن كىتابىدا ئىككى يېرىم رەتلى دېيىلگەن. ھەسەل ھېسابىدا شەيخۇر رەئىسنىڭ سۆزىچە ئىككى يېرىم رەتلىگە، شاراب ھېسابىدا سەككىز رەتلىگە، ياغ ھېسابىدا 18 ئۇقىيەگە تەڭ.

قەنتار: ئالتە مەننىڭ ئېغىرلىقىغا باراۋەر، بەزىلەر 120 رەتلىگە باراۋەر، دەپ قارايدۇ.

قۇۋاسۇس: ئالتە مىسقالغا، ياغ ھېسابىدا 12 دەرھەمگە، شاراب ھېسابىدا بىر يېرىم ئۇقىيەگە تەڭ.

قۇتۇلى: يەتتە ئۇقىيەگە تەڭ.

قىيرات: ئۈچ ھەب، بەزىلەرنىڭ قارىشىدا تۆت ھەبكە تەڭ.

كەف: ئۇ «قەبزە» دەپمۇ ئاتىلىدىغان بولۇپ، ئالتە مىسقالغا تەڭ.

كىلچە: بىر خىل كەمچە بولۇپ، بىر مەن ۋە بىر مەننىڭ سەككىزدىن بىرىچىلىك ئېغىرلىقتىكى نەرسە سىغىدۇ.

كىيل: ئۈچ يۈز دەرەم ۋە بىر كىسراغا تەڭ. بەزىلەرنىڭ قارىشىدا 36 مەننىڭ ئېغىرلىقىغا تەڭ.

مىسقال: بىر دەرھەم ۋە بىر دەرھەمنىڭ تۆتتىن بىرىچىلىك مىقدارىغا باراۋەر بولىدۇ. ئۇ ھىندىستان ئۆلچىمىدە ئىككى ماشە، بەش رەتى ۋە بىر رەتىنىڭ تۆتتىن بىرىچىلىك مىقدارىغا باراۋەر بولىدۇ.

مەكۆك: ئۈچ كىلچە ئېغىرلىقىغا تەڭ.

ملئەقە: ھەسەل ۋە مەجۇن ئېغىرلىقىدا تۆت مىسقالغا، قۇرۇق دورا ئېغىرلىقىدا ئىككى مىسقالغا تەڭ بولىدۇ.

مەن: 180 مىسقالغا باراۋەر. دەرھەم ھېسابىدا 280 دەرھەمگە، ھىندىستان ھېسابىدا تەخمىنەن 40 تۆلە، سەككىز ماشەگە تەڭ.

ناتىل: ئىككى ئۇستار، خەجەندىنىڭ قارىشىدا ئىككى ئۇقىيەگە تەڭ.

ھىندىستان ئۆلچەم بىرلىكلىرى

سۇرۇخ: بۇ سۆز چەشمىخورۇس دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىغان بولۇپ، ھىندىچە «گۇنگچى» دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇ ئوتتۇرا ھال چوڭلۇقتىكى بىر دانە ئارپىنىڭ ئېغىرلىقىغا باراۋەر بولىدۇ.

رەتى: بۇ سۆز بېنگال تىلىدا چاندىنى گۈلى ئۇرۇقىنى كۆرسىتىدىغان بولۇپ، ئوتتۇرا

ھال چوڭلۇقتىكى تۆت دانە ئارپىنىڭ ئېغىرلىقىغا باراۋەر بولىدۇ. شاھجاھان ئابادنىڭ ھېسابىدا بىر دانە چەشمىخورۇس ئېغىرلىقىغا باراۋەر بولىدۇ.

**ماشە:** بېنگال ھېسابىدا سەككىز رەتىگە باراۋەر بولىدۇ، شاھجاھان ئاباد ھېسابىدا سەككىز دانە چەشمىخورۇس ئېغىرلىقىغا باراۋەر بولىدۇ.

**تاڭ:** بەزىلەرنىڭ قارىشىدا تۆت ماشە، يەنە بەزىلەرنىڭ قارىشىدا 24 سۇرۇخ بولىدۇ.

**تۆلە:** بېنگال ھېسابىدا 12 ماشە، شاھجاھان ئاباد ھېسابىدا 10 ماشە بولىدۇ.

**پىسەئى ئالەمگىرى:** تۆلە، يەنى 12 ماشە بولىدۇ. ھازىرقى زاماندا بىر پىسە 10 ماشە ھېسابلىنىدۇ.

**دام:** بەش تاڭ، يەنى 20 ماشە.

**مۇھۇر:** ھىندىستاندا «ئەشرەفى» دەپ ئاتىلىدىغان سوقۇلغان ئالتۇننى كۆرسىتىدىغان بولۇپ، تولۇق ئېغىرلىقى توققۇز ماشە، ئالتە رەتى، تولۇقسىز ئېغىرلىقى توققۇز ماشە، تۆت رەتى بولىدۇ، بەزىلەرنىڭ ھېسابىدا توققۇز ماشە، بەش رەتى بولىدۇ.

**سىير ھىندى ئالەمگىرى:** پىششىقى، يەنى تولۇقى بېنگال تۆلىسى ھېسابىدا 64 تۆلە بولىدۇ. ئۇنىڭ خېمى، يەنى تولۇقسىزنىڭ ئۆلچىمى ھەر خىل بولىدۇ.

**مەن ئالەمگىرى:** تولۇق 40 سىير ئېغىرلىقىغا باراۋەر بولىدۇ.

ئىران ئۆلچەم بىرلىكلىرى

**مىسقال سەيرەفى:** بۇنىڭدا ئىختىلاپ بار، توغرا قاراش بويىچە ئوتتۇرا ھال چوڭلۇقتىكى 128 دانە ئارپا ئېغىرلىقىغا، يەنى 32 ھىندىستان رەتىسى ئېغىرلىقىغا، يەنى تۆت ماشىگە باراۋەر بولىدۇ.

**دۇغاز بىگى:** ئىككى مىسقال سەيرفى، يەنى سەككىز ماشە بولىدۇ.

**دۇغازى:** تۆت مىسقال سەيرەفىغا باراۋەر بولىدۇ.

**سىير:** 15 مىسقال، يەنى بەش تۆلە بولىدۇ.

**دەھنار:** 37 يېرىم مىسقال بولىدۇ.

**پەنجنار:** ئالتە تۆلە ئۈچ گىرامغا تەڭ.

**دۇنييمنار:** ئۈچ تۆلە بىر يېرىم ماشىگە تەڭ.

**مەن تىبرىيزى:** 600 مىسقال، يەنى 152 غازى، ھىندىستان ھېسابىدا 200 تۆلە، يەنى ئۈچ ئاسار ۋە بىر ئاسارنىڭ سەككىزدىن بىرىگە باراۋەر بولىدۇ.

**نىيم مەن تىبرىيزى:** يۇقىرىدىكى مىقدارنىڭ يېرىمىغا تەڭ بولىدۇ.

**مەن شاھى:** ئىككى مەن تىبرىزىيغا باراۋەر.

# 13 - پەسىل يۇلتۇزلار ۋە تەبىئەتكە مۇناسىۋەتلىك بەزى ئىشلار توغرىسىدا

بىلگىنكى، جانسىزلار، ئۆسۈملۈكلەر ۋە جانلىقلاردىن ئىبارەت ئۈچ خىل مەۋجۇدات ئوت، هاۋا، سۇ ۋە تۇپراقتىن ئىبارەت تۆت ماددىنىڭ پەرۋەردىگارنىڭ پەرمانى بىلەن تۇرغۇن يۇلتۇزلار ۋە ئۇلارنىڭ ياخشى - يامانلىقىنىڭ ياردىمىدە زۇھەل، مۇشتەرى، مىررىخ، قۇياش، زۆھرە، ئاتارۇد، ئاي قاتارلىق يەتتە سەييارە يۇلتۇزنىڭ تەسىر قىلىشى ۋە چۆرگىلەۋاتقان پەلەكلەرنىڭ هەرىكەتلەندۇرۇشى ئارقىلىق تۆت ماددىنىڭ ئارىلىشىشىدىن هاسىل بولغان ۋە بىرىككەن. تۆت ماددىنىڭ هەربىرىنىڭ ئىككى تەبىئىتى باردۇر، شۇنىڭغا ئوخشاش يەتتە سەييارىنىڭ، بولۇپمۇ قۇياشنىڭ ئۈستىدىكى يۇلتۇزلارنىڭ تەسىر قىلغۇچى ۋە تەسىرلەنگۈچى ئىككى قۇۋۋىتى باردۇر، تەسىر قىلغۇچى قۇۋۋىتى ئىسسىقلىق بىلەن سوغۇقلۇق، تەسىرلەنگۈچى قۇۋۋىتى هۆللۈك بىلەن قۇرۇقلۇقتۇر، بۇ مەزمۇن ئىلگىرىمۇ بايان قىلىنغان ئىدى. يۇلتۇزلارنىڭ تەئەللۇقاتلىرى هەققىدىكى بىرىنچى جەدۋەلدىمۇ بايان قىلىندۇ. يەتتە سەييارە يۇلتۇزلار ئىچىدە ئالتىسى بىر - بىرى بىلەن شېرىك ۋە ئەگەشكۈچىدۇر، مەسىلەن: زۆھرە مۇشتەرى بىلەن، ئاتارۇد زۇھەل بىلەن، ئاي قۇياش ۋە باشقا يۇلتۇزلار بىلەن شېرىكتۇر. قۇياش ۋە باشقا يۇلتۇزلارنىڭ هەربىرىنىڭ شەرىئەتتە بەلگىلەنگەن روهانىيسى باردۇر، مەسىلەن: زۇھەل يۇلتۇزىنىڭ روهانىيسى روهلارنى قەبزى قىلغۇچى ئۆلۈم پەرىشتىسى ئەزرائىلدۇر، مۇشتەرى يۇلتۇزىنىڭ روهانىيسى رىزىقلارنى باشقۇرغۇچى پەرىشتە مىكائىلدۇر، مىررىخ يۇلتۇزىنىڭ روهانىيسى سۇر تارتقۇچى پەرىشتە ئىسرافىلدۇر، قۇياش يۇلتۇزىنىڭ روهانىيسى ۋەھيى ئېلىپ كەلگۈچى پەرىشتە جىبرائىلدۇر. دۇنيادىكى مەۋجۇداتلار هەقتائالانىڭ هۆكمى بىلەن مەيلى زېمىن تېگىدە، تاغلار ۋە ئۇلارنىڭ ساھىللىرىدا خۇددى توققۇزىنچى پەسىلدە ئېيتىلغىنىدەك، مەدەنلەرنىڭ ماددىسى بولغان، قويۇق - سۇيۇقلۇقى، ساپ - دۇغلۇقى، ئاز - كۆپلۈكى هەر خىل بولغان سىماب بىلەن گۈڭگۈرتنىڭ بىرىكىشى ئارقىلىق پەيدا بولغان بولسۇن ياكى زېمىن يۈزىگە يېقىن هالەتتە ئۆسىدىغان ياۋا گىياهلار ۋە دەرەخلەرگە ئوخشاش ئۇرۇق ۋە ئۇكچىنىڭ ۋاستىسى بىلەن ئادەمنىڭ تەسىرىسىز هالدا ئۆزى ئۆسىدىغان ياكى ئادەمنىڭ تەسىرى بىلەن تېرىلىدىغان، بىر - بىرى بىلەن چاڭلاشتۇرۇلىدىغان ۋە بىرىنى يەنە بىرىگە ئۇلاش ئارقىلىق يېتىشتۈرۈلىدىغان تۈرلۈك زىرائەت ۋە دەرەخلەرگە ئوخشاش ئادەم تەسىرى بىلەن ئۆسىدىغان زىرائەتلەر ۋە دەرەخلەر بولسۇن ياكى زېمىن يۈزىدە تۆشۈكلەر، تاغلار، تۇپراق ئاستى، نەم

يەرلەر، ئورەكلەر ۋە قومۇشلۇقلاردىكى بەزى ھاشاراتقا ئوخشاش جۈپلىشىش ۋە ئەركەك ـ چىشىسىنىڭ بىرلىشىشىسىز ياكى يەنە بەزى ھاشارەت ۋە تۈزلەڭلىكلەر ھەم تاغلاردا ياۋايى ياكى يەرلىك ياشايدىغان چارۋىلار ۋە باشقا ھايۋانلارغا ئوخشاش ئۆزى جۈپلىشىش ياكى ئىنسانلارنىڭ ئېشەك بىلەن ئاتنى، يەرلىك ئۆچكە بىلەن ياۋا ئۆچكىنى، يەرلىك كالا بىلەن ياۋا كالىنى ۋە باشقا نەسلى ئوخشىمايدىغان تۈرلۈك ھايۋانلارنى جۈپلەشتۈرگىنىگە ئوخشاش

سۈنئىي كۆپەيتىش ئارقىلىق پەيدا بولغان بولسۇن ياكى دەرەخلەر، تام تۆشۈكلىرى ۋە تاغلارغا ئۇۋا سالىدىغان، ھاۋادا پەرۋاز قىلىدىغان ھەر خىل چوڭ ـ كىچىك قۇشلار بولسۇن ياكى سۇدا ياشايدىغان، جۈپلىشىپ ياكى جۈپلەشمەي پەيدا بولىدىغان تۈرلۈك قاسراقلىق ياكى قاسراقسىز بېلىقلار، قۇلۇلىلەر، ئومۇرتقىلىق ياكى ئومۇرتقىسىز ھايۋانلار بولسۇن، ھەممىسى مەزكۇر يۇلتۇزلارنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدۇ، «ۋە فىسسەمائى رىزقۇكۇم ۋە ماتۇئەدۇن»، يەنى ئاسماندا رىزقىڭلار باردۇر....... دېگەن ئايىتى كەرىمە بۇ مەزمۇنغا ئىشارەت

قىلىدۇ، چۈنكى يامغۇر ياغمىسا، قۇياش ۋە باشقا يۇلتۇزلار يەر يۈزىگە تەسىر قىلمىسا، ئىنسانلار ۋە ھايۋانلارنىڭ ئوزۇقلۇقى بولغان تۈرلۈك ئۆسۈملۈكلەر، دانلار، مېۋىلەر ۋە ھەر خىل ھايۋاناتلار ئۆسمەيدۇ ۋە چوڭايمايدۇ. شۇنداق بولغاچقا، رەھمەت، بەرىكەت، ۋەدە قىلىنغان نېمەتلەر بۈيۈكلۈكى ۋە ئۇلۇغلۇقى سەۋەبىدىن ئاسمان دېگەن سۆز بىلەن چۈشەندۈرۈلىدۇ.

مەزكۇر ئۈچ خىل مەۋجۇداتنىڭ ئوزۇقلىنىشى ۋە ئوزۇقلاندۇرۇشى ھەقتائالا ئۇلارغا ئېھتىياجى ۋە قابىلىيىتىگە قاراپ ئاتا قىلغان مەزكۇر يۇلتۇزلارنىڭ تەسىرى ۋە تارتقۇچى قۇۋۋەت، تۇتۇپ تۇرغۇچى قۇۋۋەت، ھەزىم قىلغۇچى قۇۋۋەت، ئىتتىرىپ چىقارغۇچى قۇۋۋەت، ئوزۇقلاندۇرغۇچى قۇۋۋەت، ئۆستۈرگۈچى قۇۋۋەت، پەيدا قىلغۇچى قۇۋۋەت قاتارلىق قۇۋۋەتلەرنىڭ ۋاستىسى بىلەن ئەمەلگە ئاشىدۇ. جانسىزلاردا بۇ يەتتە قۇۋۋەتنىڭ تەسىرى ناھايىتى ئاجىز بولۇپ، پەرقلەندۈرگىلى بولمايدىغان بولغاچقا، ئۇلار بۇ قۇۋۋەتلەرگە ئىگە، دەپ قارالمايدۇ. ئۆسۈملۈكلەردە بۇ قۇۋۋەتلەر كۈچلۈكرەك بولۇپ، پەرقلەندۈرگىلى بولىدىغان بولغاچقا، ئۇلار ئۆسۈملۈككە خاس قۇۋۋەتلەر دەپ قارىلىدۇ. ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ئوزۇقلۇقى سۇ بىلەن تۇپراق تەركىبلىرىنىڭ ئۇچۇچان قىسىملىرىدىن كېلىدىغان بولۇپ، يىلتىزلىرىنىڭ ئۇلارنى سۈمۈرۈشى ئارقىلىق ئۆسۈپ تەرەققىي قىلىدۇ. ئۇلار ئۆسۈملۈكلەر ۋە دەرەخلەرنىڭ تومۇرلىرى ھەم قوۋزىقى ئارقىلىق غولى، شاخلىرى، يوپۇرماقلىرى، گۈللىرى، مېۋىلىرى، ئۇرۇقلىرى ۋە ئۇرۇقچىلىرىغا يېتىپ بارىدىغان بولۇپ، ھەربىرى ئۆزىگە تېگىشلىك ئوزۇقلۇقنى قوبۇل قىلىپ ئالىدۇ. ئۆسۈملۈكلەر ۋە دەرەخلەرنىڭ ئۇرۇقلىرى، ئۇرۇقچىلىرى، شاخلىرى، ئۆزىنى ئۆزى بارلىققا كەلتۈرگەنىنىڭ ئورنىدا تۇرىدىغان نوتىلىرى

قاتارلىقلارنىڭ ئوزۇقلىنىش، ئۆسۈش ۋە ھاسىل قىلىش قاتارلىق پائالىيەتلىرى ھەر بىر ئورۇندىكى تۆت خىل ھەزىمنىڭ ياردىمىسىز ئەمەلگە ئاشمايدۇ. ئەمما ئۇلاردا تۆت خىل ھەزىمنىڭ ئىپادىلىرى ناھايىتى ئاجىز بولغاچقا، ئادەتتە بىلىنمەيدۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇلار بۇ تۆت خىل ھەزىمدىن خالىي ئەمەستۇر. دەرەخلەرنىڭ غولى ۋە يىلتىزىدىن پەيدا بولىدىغان مونەكلەر ئۇلارنىڭ ئوخشىمىغان دەرىجىدىكى بىرىنچى ۋە ئىككىنچى ھەزىملىرىنىڭ كېرەكسىز ماددىلىرىدۇر. بەزى دەرەخلەرنىڭ غوللىرىدىن ئاقىدىغان يېلىملار، سۇلار، بەزى ئۆسۈملۈكلەرنىڭ يوپۇرماقلىرىنىڭ ئۈستى ۋە يىلتىزىدا توپلىنىشىپ قالىدىغان كۆپۈكلەر ئۇلارنىڭ ئۈچ خىل ھەزىمنىڭ كېرەكسىز ماددىلىرىدۇر. بۇ خۇددى جانلىقلارنىڭ تېنىدىكى كېرەكسىز ماددىلارنىڭ چوڭ - كىچىك تەرەت، تەر، قان ئۆتكۈرلەشكەندە بۇرۇن قاناش، قانلىق سۈيدۈك، قانلىق قەي، قانلىق بوۋاسىر، ھەيز كېلىش بىلەن، قان، سەپرا، سەۋدا، بەلغەم قاتارلىقلار بۇزۇلغاندا بەدەنگە قىزىل ئەسۋە، ئىششىق، مۇدۇر - چاقا، يىرىڭلىق يارا، قوتۇر ۋە باشقىلار چىقىش ھەمدە بەز ئۆسۈش قاتارلىقلار بىلەن ھەيدەپ چىقىرىلغىنىغا ئوخشايدۇ. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى مەخسۇس كېسەللىك ھېسابلىنىدۇ، بەزىلىرى ئۇنداق ھېسابلانمايدۇ. تېۋىپنىڭ جىسمانىي ۋە روھىي كېسەللىكلەرگە ئىلاج قىلىشى ئادەمگە مەنسۇپ تەدبىرلەر ھېسابلىنىدۇ، ئەمما يۇلتۇزلار ۋە ئۇلارنىڭ ياخشى - يامان بولۇشىنىڭمۇ ئۇلارغا نىسبەتەن تەسىرى باردۇر.

بىلگىنكى، ئۈچ خىل مەۋجۇداتنىڭ ھەربىرىنىڭ دەرىجىسى يەنە بىرىنىڭ دەرىجىسىگە تۇتىشىدۇ. يەنى جانسىزلارنىڭ يۇقىرى دەرىجىسى ئۆسۈملۈكلەرنىڭ تۆۋەن دەرىجىسىگە تۇتىشىدۇ. بۇ خىل دەرىجىدىكى جانسىزلار مەلۇم دەرىجىدە ئۆسۈملۈك خاراكتېرىنى ئالغان بولىدۇ، مەسىلەن: ھەجرۇلىيەھۇد بىلەن مارجانغا ئوخشاش. يەنە بىر تاش بايقالغانكى، شەكلى بەئەينى قاسراقلىق بېلىققا ئوخشايتتى، ئۇزۇنلۇقى 10 ~ 12 ياشلىق بالىنىڭ غېرىچى ئۇزۇنلۇقىدا بار بولۇپ، قاتتىق - يۇمشاقلىقتا ھەجرۇلىيەھۇدقا ئوخشايتتى، رەڭگى ئاق ئىدى. ئۆسۈملۈكلەر ۋە دەرەخلەرنىڭ دەسلەپكى دەرىجىدىكىلىرى مەلۇم دەرىجىدە جانسىزلىققا ئىگە بولىدۇ. مەسىلەن: بەزى دېڭىزلارنىڭ ساھىللىرى تاغلارغا تۇتاش بولۇپ، ئۇنىڭدا بەزى ئۆسۈملۈكلەر ئۆسىدۇ، دولقۇنىنىڭ ئېگىز - پەس بولۇش سەۋەبىدىن ئۇلارنىڭ بىر قىسمى سۇ ئىچىدە، بىر قىسمى تېشىدا تۇرىدۇ، بەزىدە پۈتۈنلەي سۇ ئاستىدا قالىدۇ، ئۇلار تەدرىجىي چوڭىيىپ ئاجىز ئۆسۈملۈكلەر ۋە دەرەخلەرگە ئوخشاش بولىدۇ، ئاخىرىدا كۆچلىنىپ ئۆسۈملۈككە ئوخشاش توققۇز خىل قىسىمغا ئىگە مۇكەممەل ھالەتكە كېلىدۇ. ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ئالىي دەرىجىسى جانلىقلارنىڭ تۆنجى دەرىجىسىگە تۇتىشىدۇ. شۇ سەۋەبتىن بەزى ئۆسۈملۈكلەر ھايۋان ياكى ئىنسانىنىڭ شەكلىگە ئوخشايدۇ، مەسىلەن: ئادەمگىياھقا

ئوخشاش. ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، ھىندىستان، زىرىبادات ۋە يېڭى بايقالغان زېمىننىڭ بەزى قوملۇقلىرى ۋە جاڭگاللىرىدا بەزى دەرەخلەر ئۆسىدىغان بولۇپ، مېۋىسى خۇددى ئادەمنىڭ بېشىدىن گەدىنىگىچە بولغان ئورۇنغا ئوخشايدىكەن، بەزىلەر ئادەمنىڭ پۈتۈن قىياپىتىگە ئوخشايدىكەن، ئەركەك، چىشى دەپ ئايرىلىدىغان بولۇپ، چاچقا ئوخشاش يىپچىلىرى بىلەن دەرەخكە ئېسىلىپ ساڭگىلاپ تۇرىدىكەن. ئادەمگە خۇددى گەپ قىلىدىغاندەك تۇيغۇ بېرىدىكەن، ئەمما گەپ قىلىش، سېزىش ۋە ھەرىكەت قىلىش ئىقتىدارىغا ئىگە ئەمەس ئىكەن. ئۇلارنىڭ بەزى ئەزالىرىنى كەسسە، خۇددى قانغا ئوخشايدىغان سۇيۇقلۇق چىقىدىكەن. بىر ئادەم دەرەخنىڭ باش قىسمىدىن مويىنى ئۈزۈپ ئالغان ئىكەن، ئىككى كۆزىدىن خۇددى ياشقا ئوخشاش ئىككى تامچە قان چىققان ۋە سولىشىپ قالغان. قورسىقىنى يارغاندا ئىچىدىن ئۈچ دانە ئۇرۇقچا چىققان. يەنە ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، مەزكۇر جايلاردا بىر خىل دەرەخ بار بولۇپ، مېۋە بېرىدىكەن، مېۋىسى پىشقاندىن كېيىن، يېرىلىپ ئىچىدىن قۇشقاچ بالىسى چوڭلۇقىدا بىر دانە ئۇچارلىق چىقىدىكەن. شۇ يەردىكى ھىندىلار ئۇنى بېقىپ قۇشقاچ چوڭلۇقىدا قىلىدىكەن. ئۇ ھايۋاندىن ئەمەس، دەرەختىن پەيدا بولغان بولغاچقا، كىشىلەر ئۇنى يەيدىكەن، مۇتلەق گۆش يېمەيدىغان بەزى ھىندىلار ھەتتا ئۇنىڭ گۆشىنى يېيىشتىنمۇ ئېھتىيات قىلىشىدىكەن. سەپىددارۇ دەرىخى ۋە جەممەيز (ساراڭ ئەنجۈر) دەرىخى مېۋىسىدە كۆپىلىگەن پاشىلار پەيدا بولغاچقا، كىشىلەر ئۇنى پاشا دەرىخى دەپ ئاتىشىدىكەن. ھىندىستاندا بىر خىل تاش بار بولۇپ، شەكلى ئادەمنىڭ بېشىغا ئوخشايدۇ، يۈزى قارا بولۇپ، ئېغىزىدا ئالتۇن رەڭ بىر دانە چېكىت بولىدۇ، ھىندىلار ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىشىدىغان بولۇپ، ئۇنى «پارىس نات»، «سالكىرام» دېيىشىدۇ. خاسىيىتى خورما، نارجىل، فۇپەل دەرىخىنىڭ خاسىيىتىگە ئوخشايدۇ. خورما بېشى كېسىۋېتىلسە، ئەركەك خورمىنىڭ چېڭى چىشى خورمىغا ئۇرۇلمىغۇچە چىشىسى ياخشى مېۋە بەرمەيدۇ. شۇ سەۋەبتىن ئەركەك خورمىنىڭ بېشى چىشى خورما تەرەپكە مايىللاشتۇرۇپ قويۇلىدۇ. ھەرقانداق دەرەخنىڭ قوۋزىقى تولۇق سويۇۋېتىلسە دەرەخ قۇرۇپ قالىدۇ.

ئۆسۈملۈكلەر ھەر خىل بولىدۇ، بەزىلىرى بىر كۈندە ئۈنىدۇ ۋە شۇ كۈندە قۇرۇيدۇ. بەزىلىرى بىر قانچە كۈندە ئۆسۈپ كامالەتكە يېتىدۇ ۋە بىر قانچە كۈن تۇرىدۇ. مەسىلەن: تۇرلۇك خۇش پۇراقلىق گۈللەر ۋە باشقا گۈللەرگە ئوخشاش. بەزىلىرى ئۈچ ئايدىن قىسقا ۋاقىت ئىچىدە ئۆسۈپ يېتىلمەيدۇ ۋە مېۋە بەرمەيدۇ، مەسىلەن: تەرخەمەك، بادرەڭ تەرخەمىكى، تۇرلۇك كۆكتاتلار ۋە بەزى زىرائەتلەرگە ئوخشاش. بەزىلىرى تۆت ئايدىن كېيىن ئاندىن ئۆسۈپ يېتىلىدۇ، مەسىلەن: تاۋۇز، قوغۇن، قاپاق قاتارلىق پېلەكلىك

ئۆسۈملۈكلەرگە ئوخشاش. بەزىلىرى توققۇز ئايدىن كېيىن ئۆسۈپ يېتىلىدۇ، مەسىلەن: ئارپا، بۇغداي، گۈرۈچ، قوناق، تېرىق قاتارلىق كۆپ قىسىم دانلار ۋە ئۇرۇقلارغا ئوخشاش، ئۇلارنىڭ ھاسىل بولۇش ۋاقتى ھامىلىنىڭ قورساقتا تۆرۈلۈشىنىڭ ۋاقتى بىلەن ئوخشايدۇ، شۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئىنساننىڭ كۆپ قىسىم ئوزۇقلۇقى شۇلاردىن قىلىنغان. ئەمما بېنگال ۋە باشقا ئىسسىقلىقى بىلەن ھۆللۈكى غالىب بولغان ئەللەرگە ئوخشاش ئىككىنچى ئىقلىمغا جايلاشقان شەھەرلەردىكى ئۆسۈملۈكلەر ئۇنىڭدىن قىسقىراق ۋاقىت ئىچىدە ئۆسۈپ يېتىلىدۇ ۋە ھوسۇل بېرىدۇ.

بىلگىنكى، ئۆسۈملۈك ۋە دەرەخلەرنىڭ ھەرقايسى قىسىملىرى ھايۋانلارنىڭ بىرەر ئەزاسىغا ئوخشايدۇ. مەسىلەن: يىلتىزى ۋە تالالىرى ھايۋاننىڭ بېشى، نېرۋىلىرى ۋە تومۇرلىرىغا، بەزى قاراشتا جىگىرىگە؛ دەرەخ تېنى ھايۋاننىڭ ئۇچىسى ۋە دۇمبىسىگە؛ قوۋزىقى بىلەن تومۇرلىرى ھايۋاننىڭ تېرىسى ۋە تومۇرلىرىغا، شاخلىرى بىلەن يوپۇرماقلىرى پۇت ـ قوللىرى ۋە بارماقلىرىغا؛ گۈللىرى ۋە مېۋىلىرى ھايۋاننىڭ مەنىيسى ۋە ئەۋلادلىرىغا؛ تىكىنى ھايۋاننىڭ مۈڭگۈزى، تىرنىقى ۋە تۇمشۇقلىرىغا ئوخشايدۇ.

ھايۋانلارنىڭ تۆنجى دەرىجىسى قۇرت ۋە ھاشاراتقا ئوخشاش ئاجىز جانلىقلار بولۇپ، جانلىقلارغا خاس بولغان 12 قۇۋۋەت، يەنى سىرتقى بەش سەزگۈ قۇۋۋەت، ئىچكى بەش سەزگۈ قۇۋۋەت، شەھۋانىي قۇۋۋەت ۋە غەزەپلىنىش قۇۋۋىتىدىن ناھايىتى ئاز بەھرىمەن بولىدۇ، بەلكى ئۇلارنىڭ بەزىلىرىدە پەقەت ئۈچ قۇۋۋەت، بەزىلىرىدە تۆت قۇۋۋەت، بەزىلىرىدە بەش قۇۋۋەت بولىدۇ. ئۇلارنىڭ بەزىلىرىدە مەزكۇر 12 قۇۋۋەت ئوخشىمىغان دەرىجىدە تېپىلىدۇ، بۇنداق ھايۋانلار ئاللا سۈرىتى مۇبەددەل قىلغان ھايۋانلاردۇر، مەسىلەن: خوراز، مايمۇن، پىل ۋە باشقىلارغا ئوخشاش. ھايۋانات ئىچىدە ياۋا ئادەم، يەنى ھىندىچە «نەمانىس» (ئورانگۇتان) دېيىلىدىغان ھايۋانلار بار بولۇپ، ناھايىتى سەزگۈر ۋە ئەقىللىق بولىدۇ، پەقەت سۆزلىيەلمەيدۇ، كۆپ ئىشلارنى ئىشارەت قىلىپ ئۇقتۇرىدۇ ۋە تەلەپ قىلىدۇ. بۇنداق ھايۋانلار ھايۋانلىقنىڭ ئەڭ يۇقىرى دەرىجىسىدە بولۇپ، ئىنسانلارنىڭ يارىلىشى ئاجىز بولغان تۆۋەن دەرىجىسىگە تۇتىشىدۇ. ئۇلار ئاللا ئۇلارغا بارلىق مەخلۇقاتلاردىن ئۇستۇنلۈككە ئىگە قىلىپ ئاتا قىلغان سۆزلەش، شەيئىلەرنى چۈشىنىش، كۆڭلىدىكىنى باشقىلارغا ئىزھار قىلىش، ئۆگىنىش ۋە چۈشەندۈرۈش، باشقىلارنىڭ كۆڭلىدىكىنى چۈشىنىش، ئۇلۇغ ياراتقۇچىسىنى تونۇشتەك ئىنسانىي شەرەپ ۋە ئالاھىدىلىكتىن ناھايىتى ئاز بەھرىمەن بولىدۇ. ئىنسانىي شەرەپ ۋە ئالاھىدىلىكلەردىن تولۇق بەھرىمەن بولغان ئىنسانلار ئەۋلىيالار بىلەن پەيغەمبەرلەردۇر. ھۆكۈمالار جانسىز شەيئىلەرنى ئۇخلاپ قالغان،

بەلكى ئۆلۈپ قالغان ئادەمگە، ئۆسۈملۈكلەرنى بېشىنى يەر ئاستىغا ، پۇتلىرىنى ئۈستىگە قىلىپ ئۇخلاپ قالغان تەتۈر ئادەمگە، ھايۋانلارنى ئەقلىدىن ئازغان، پۇت - قولى بىلەن ماڭىدىغان ئادەمگە، ئادەمنى ھايۋان ۋە ئەقىللىق ئادەمگە ئوخشىتىدۇ.

بىلگىنكى، مەزكۇر يۇلتۇزلارنىڭ بەزىسى سەئدى ئەكبەر (چوڭ ياخشى يۇلتۇز)، بەزىسى سەئدى ئەسغەر (كىچىك ياخشى يۇلتۇز)، بەزىسى نەھسى ئەكبەر (چوڭ يامان يۇلتۇز)، بەزىسى نەھسى ئەسغەر (كىچىك يامان يۇلتۇز) دەپ ئاتىلىدۇ. بەزىلىرى ئوتتۇرا ھال بولۇپ، ئالدىنقىلىرىغا ئەگىشىدۇ. مەزكۇر ئۈچ خىل مەۋجۇداتنىڭ پايدىلىق، ياخشى بولغانلىرى ۋە تەرياقلىق، پادزەھەرلىك خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولغانلىرى سەئدى ئەكبەر بىلەن سەئدى ئەسغەرگە؛ زەھەرلىك، زىيانلىق ھەمدە بۇزغۇچى، ھالاك قىلغۇچى بولغانلىرى ئوخشىمىغان دەرىجىدىكى نەھس يۇلتۇزلارغا؛ ئوتتۇر ھاللىرى ئوتتۇرا ھال يۇلتۇزلارغا تەۋە بولىدۇ. بولۇپمۇ ياخشى يۇلتۇزلارنىڭ شەرەپ خانىسى ۋە سائادەتنىڭ يۇقىرى پەللىسىدە تۇرۇۋاتقان ۋاقتىغا تەۋە بولسا تېخىمۇ ياخشىراق بولىدۇ. ئۇلارنىڭ ئەكسىچە يامان يۇلتۇزلارنىڭ تۆۋەن، ناچار ۋاقتىغا تەۋە بولسا ناچارراق بولىدۇ. يەنى ئۈچ خىل مەۋجۇداتلارنىڭ ھەر بىرى ئۆزىنى تەربىيەلەيدىغان يۇلتۇزلارنىڭ ياخشى ۋاقىتلىرىغا تەۋە بولسا تولۇق ۋە مۇكەممەل، ناچار ۋاقىتلىرىغا تەۋە بولسا كەمتۈك بولىدۇ.

بىلگىنكى، خۇددى يۇلتۇزلارنىڭ بەزىسى بەزىسى بىلەن شېرىك بولغىنىدەك، شەيئىلەرنىڭ بەزىسىنىڭ تەبىئىتى بەزىسىگە ماس كېلىدۇ ۋە ئۇنىڭغا مايىللىشىدۇ. مەسىلەن: سىمابنىڭ ئالتۇن بىلەن، ماگنىت تېشىنىڭ تۆمۈر بىلەن، كەھرىۋانىڭ سامان بىلەن ماسلاشقىنىغا ئوخشاش، ئۇلار بىر - بىرى بىلەن ئۇچراشسا، خۇددى ئاشىق مەشۇقى بىلەن ئۇچراشقاندەك بولۇپ، بىرەر توسالغۇ ۋە ئاجراتقۇچى بولمىسا بىر - بىرىدىن ئاجرىمايدۇ. يەنە بەزىسى بەزىسىنى باسىدۇ ۋە ئۇنى مەغلۇپ قىلىدۇ، مەسىلەن: سۇنباده تېشى بىلەن ھەممە تاشلارنى سالايە قىلىش ۋە يونۇش، سۇلۇق تۆمۈر بىلەن كۆپ قىسىم تاشلار ۋە مېتاللارنى قىرىش ۋە ئېكەكلەش، ئالماس قەلەم بىلەن تاشلارغا نەقىش سىزىش، گۈڭگۈرتنىڭ ئۈيىغان، شىلىمشىق، توغرىغۇ خۇسۇسىيەتلىك، ئۈيۈشچان، ئوتتا ئېرىشچان ھۆللۈكى بىلەن چاپلاشقاق نەرسىنى كۆيدۈرۈپ قارا قىلىشى ۋە كۈشتە قىلىشىغا ئوخشاش. يەنە بەزى شەيئىلەرنىڭ تەبىئىتى يەنە بەزىسىنىڭ تەبىئىتىگە ياردەم بېرىدۇ، مەسىلەن: تەنكارنىڭ ئالتۇن - كۈمۈشنىڭ ئېرىشىگە، گۈڭگۈرتنىڭ كۆپ قىسىم مېتاللار، تاشلارنىڭ كۈشتە بولۇشىغا، مەغنىيسا تېشى بىلەن شاخارنىڭ شىغىل تاشنىڭ ئېرىشىگە ياردەم بېرىشى ۋە ئۇنىڭ بىلەن ساپ شېشىنى ئېرىتكەنگە ئوخشاش. يەنە بەزى شەيئىلەرنىڭ تەبىئىتى بەزىسىنىڭ تەبىئىتىنى زىننەتلەيدۇ ۋە ئۇنى ئىسلاھ قىلىدۇ. مەسىلەن:

نۇشۇدۇرنىڭ جەسەتلەرنىڭ چوڭقۇر قىسمىغا سىڭىپ كىرىپ كىرلىرىنى تازىلىشى، كۆشتە قىلىنغان توغرىغۇ، زەمچە، زاك ۋە تۇزلارنىڭ مىتاللارنى ئاقارتىشىغا ئوخشاش. بەزى شەيئىلەرنىڭ تەبىئىتى يەنە بەزى شەيئىلەرنىڭ تەبىئىتىنى بۇزىدۇ، مەسىلەن: قەلەينىڭ ئالتۇننى، سىمابنىڭ مىتاللارنىڭ ھەممىسىنى، سىركىنىڭ ھەسەلنى بۇزغىنىغا ئوخشاش. يەنە بەزى نەرسىلەرنىڭ تەبىئىتى بەزى نەرسىلەرنىڭ تەبىئىتىدىن قاچىدۇ. بەزى شەيئىلەرنىڭ تەبىئىتى يەنە بەزى شەيئىلەرنىڭ تەبىئىتىگە ئاربلىشىدۇ. مەسىلەن: دورا ۋە غىزالارنىڭ ھايۋانات ۋە ئىنسانلار تېنىنىڭ ساغلام ياكى كېسەل ئەزاسىغا تەسىر قىلىشى، ھەربىر ئەزانىڭ بەدەننى ئىدارە قىلغۇچى قۇۋۋەت، ئەزانىڭ تۇتقۇچى قۇۋۋىتى، كېسەللىكنىڭ ئىتتىرىپ چىقارغۇچى قۇۋۋىتى، ئوزۇقلاندۇرغۇچى قۇۋۋەت، ئۆستۈرگۈچى قۇۋۋەت، پەيدا قىلغۇچى قۇۋۋەت قاتارلىقلارنىڭ ياردىمىدە ئۆز كېسەللىكىگە خاس دورا ۋە ئۆزىگە لايىق ئوزۇقلۇقنى قوبۇل قىلغىنىغا ئوخشاش.

بۇ ئىشلار ئومۇمىي يوسۇندا بىلىنگەندىن كېيىن، مەزكۇر ئۈچ خىل مەۋجۇداتنىڭ بىرەرسىنى قولغا كەلتۈرمەكچى بولغاندا، ئۇنىڭغا مەنسۇپ يۇلتۇزنىڭ شەرەپ خانىسى ۋە سائادەت سائىتىنىڭ ئەۋجىدە تۇرۇۋاتقان ۋاقتىدا ئىپلىش ياخشىراقتۇر. شۇنىڭدەك كەڭرىچىلىك ۋاقىتلاردا باشقىلارغا بەرمەكچى بولغاندا ئۇنىڭغا مەنسۇپ يۇلتۇزنىڭ ياخشى سائىتىگە دىققەت قىلىش لازىم. ئەمما زۆرۈرىيەت يۈزىسىدىن ئۇلارغا دىققەت قىلماي قالغان بولسا ھېچ ۋەقەسى يوق.

بىلگىنكى، جانسىز نەرسىلەردە تۇپراققا مەنسۇپ ماددا ۋە قۇرۇقلۇق، ئۆسۈملۈكلەردە تۇپراققا، سۇغا، ھاۋاغا مەنسۇپ ماددا ۋە ئاجىز ھارارەت غالىبتۇر. ھايۋاناتتا تۆت خىل ماددىنىڭ ھەممىسى مۆتىدىللىككە يېقىندۇر. ئىنساندا بولسا مەزكۇر تۆت خىل ماددا تېبىبىي پەرەز بويىچە مۆتىدىل ھالەتتىدۇر.

بىلگىنكى، بەزى ئۆسۈملۈكلەر ۋە تاشلار ئىككى خىل كەيپىياتى سەۋەبىدىن ئىككى يۇلتۇزغا تەۋەدۇر. مەسىلەن: پىيازنىڭ ھارارىتى ۋە ئۆتكۈرلۈكى بىلەن مىررىخ يۇلتۇزىغا، ھۆللۈكى بىلەن زۆھرە يۇلتۇزىغا، ئەپيۇننىڭ سوغۇقلۇقى بىلەن زۇھەل يۇلتۇزىغا، قۇرۇقلۇقى بىلەن مەزكۇر ئىككى يۇلتۇز ۋە ئاتارۇد يۇلتۇزىغا تەۋە بولغىنىغا ئوخشاش. كۆپ ھاللاردا بىر نەرسە بىر قانچە خىل كەيپىياتى بىلەن بىر قانچە يۇلتۇزغا ئورتاق تەۋە بولىدۇ، مەسىلەن: چۈپچىن، جەدۋار، پادىزەھىرى ۋە مۇرەككەپ قۇۋۋەتكە ئىگە باشقا دورىلارغا ئوخشاش. بەزىدە دورىلارنىڭ بىر جىنسى ۋە بىر تۈرى جىنس ۋە تۈر ئېتىبارىچە بىر يۇلتۇزغا؛ ئالاھىدىلىكلىرى، شەكىللىرى قاتارلىقلارنىڭ ئوخشىماسلىقى بىلەن باشقا يۇلتۇزلارغا تەۋە بولىدۇ. بەزىدە بەزى دەرەخلەر ۋە ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ھەرقايسى قىسىملىرى

كەيپىياتلىرى، رەڭلىرى ۋە خاسىيەتلىرىنىڭ ئوخشىماسلىقى بىلەن بىر قانچە يۇلتۇزغا تەۋە بولىدۇ، مەسىلەن: يىلتىزى بىر يۇلتۇزغا، قوۋزىقى يەنە بىر يۇلتۇزغا، تىكىنى بىر يۇلتۇزغا، گۈلى يەنە بىر يۇلتۇزغا، يوپۇرمىقى بىر يۇلتۇزغا، مېۋىسى يەنە بىر يۇلتۇزغا، ئۇرۇقى، ئېتى ۋە سۈيى قاتارلىقلار ئايرىم - ئايرىم ھالدا ئايرىم يۇلتۇزلارغا تەۋە بولىدۇ، مەسىلەن: تۇرۇنجى، نارەنجى، شاپتۇل، ئەنبەھ مېۋىسى، ئانار قاتارلىقلارغا ئوخشاش.

بىلگىنكى، ئۈمۈچۈك تورى ۋە ھاۋادىكى شەيئىلەرنىڭ پەيدا بولۇشىمۇ مەزكۇر يۇلتۇزلارنىڭ يەرلەر ۋە دېڭىز - ئۆستەڭلەرگە تەسىر قىلىشى، ئۇلارنىڭ بۇخاراتلىرى ۋە تۈتۈنلىرىنىڭ ماددىلىرىنىڭ ئوخشىماسلىقى، سۇلار ۋە يەرلەرنىڭ قوبۇل قىلىشى ئېتىبارىچە ئۇستىگە ئۆرلىشىدىندۇر. مەسىلەن: ئۈمۈچۈك شۆلگىيى ياكى ھاۋانىڭ قويۇقلۇقىدىن تۇرۇسلار، تام بۇرجەكلىرى، دەرۋازىلار، دەرەخلەرنىڭ شاخلىرى ۋە يوپۇرماق ئارىلىرى، تاغ ئۆڭكۈرلىرى ۋە باشقىلاردا تور ياكى ئۈمۈچۈك تورى دەپ ئاتىلىدۇ. زېمىندىن ئۆرلىگەن نەرسىنىڭ مىقدارى ئاز، ئۇچۇچان بولۇپ، ھۆللۈكى غالىب بولسا كېچە ئاخىرىسىدىكى، بولۇپمۇ قىش كۈنلىرى ئاخىرىسىدىكى سوغۇقنىڭ تەسىرىدە سۇيۇقلۇققا ئايلىنىپ، ھاۋا بىلەن بىرلىكتە يەرگە چۈشسە، قىرووۋ ۋە شەبنەم ھاسىل بولىدۇ، ئۇمۇ ماددىسىنىڭ ئاز - كۆپلۈكىگە قاراپ ئاز - كۆپ بولىدۇ. دېڭىزغا ئوخشاش ھۆللۈكى كۆپ ئورۇنلاردا كۆپ، ئۇنىڭ ئەكسىچە بولغان ئورۇنلاردا ئازراق بولىدۇ. بۇ ماددىلار ئۆرلەپ، ئاسماندىكى قەھرىتان سوغۇق قاتلىمىغا يەتسە، ھۆللۈكى ۋە بۇسلۇق خۇسۇسىيىتى كۆپ بولسا، سوغۇقلۇق تەسىرىدە توپلىشىپ بىراقلا تۆۋەنگە چۈشىدۇ، ئۇنىڭ تۆۋەنگە چۈشۈشىدىن ھاۋا دولقۇنلىنىپ شامال ھاسىل بولىدۇ. بۇ شامالمۇ ئۇنىڭ ماددىسىنىڭ ئاز - كۆپلۈكى، چۈشۈش سۈرئىتىنىڭ تېز - ئاستىلىقىغا قاراپ ھەر خىل بولىدۇ. توپانلار ۋە كۈچلۈك بورانلارنىڭ سەۋەبى شۇدۇر ياكى بۇ بۇسلارنىڭ تەركىبلىرى ھاۋاغا ئۆزگىرىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن قۇرۇق بۇلۇتلاردىن يامغۇر ياغمايدۇ. كۈچلۈك ھارارەت دېڭىز - ئۆستەڭلەرنىڭ سۈيىگە تەسىر قىلسا، كۆپ مىقداردىكى سۇ بۇسقا ئۆزگىرىپ ھەرىكەتلىنىدۇ (بەزىلەر دېڭىز سۈيىنىڭ يۇقىرى - تۆۋەن ھەرىكەتلىنىشىنى كۆپ مىقداردىكى سۇنىڭ بۇسقا ھەم كۆپ مىقداردىكى بۇسنىڭ سۇغا ئايلىنىشىدىن دەپ قارايدۇ)، بۇ بۇس توپلاشسا بۇلۇت ھاسىل بولىدۇ. ئەگەر ئۇ تامچىلاپ تۆۋەنگە چۈشسە، يامغۇر ھاسىل بولىدۇ. تامچىلاپ تۆۋەنگە چۈشۈش جەريانىدا سوغۇقلۇقنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ ئۇيۇسا ۋە تۆۋەنگە چۈشسە، مۆلدۈر ھاسىل بولىدۇ. ئەگەر تۆۋەنگە چۈشۈشكە ئاز قالغاندا كۈچلۈك سوغۇقلۇق تەسىر قىلىپ، ئۇيۇپ يەرگە چۈشسە قار ھاسىل بولىدۇ. ئەگەر زېمىندىن ئۆرلىگەن ماددىلارنىڭ تەركىبىدە

تۇتۇنلۇك ۋە قۇرۇقلۇق خۇسۇسىيەت غالىب بولۇپ، زىيادە يۇقىرى ئۆرلەپ، قەھرىتان سوغۇقلۇق قاتلىمىغا يەتسە، سوغۇقلۇقنىڭ تەسىرىدە سىرتقى يۈزى زىچلىشىپ، ئىچىدىكى ئىسسىقلىق قوزغىلىپ ۋە ھەرىكەتلىنىپ ئۇنىڭدىن ئاۋاز ھاسىل بولىدۇ، ئاخىرى سىرتقى پوستىنى يېرىپ پارتلايدۇ، بۇنىڭ بىلەن قاتتىق ئاۋاز چىقىپ گۈلدۈرماما ھاسىل بولىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭدا ئاز مىقداردا ماي ۋە گۈڭگۇرت تەركىبى بولسا، يېرىلىش جەريانىدا كۆيۈپ يورۇقلۇق پەيدا قىلىدۇ، بۇنىڭدىن چاقماق ھاسىل بولىدۇ. بۇ چاقماقمۇ ماددىسىنىڭ ئاز ـ كۆپلۈكىگە قاراپ كۈچلۈك ـ ئاجىزلىقى ھەر خىل دەرىجىدە بولىدۇ. ئەگەر كۆپ مىقداردىكى مەزكۇر بۇسلار ۋە تۇتۇنلەرنىڭ تەركىبىدە ماي ۋە گۈڭگۇرت تەركىبى كۆپ بولسا، ئۇستىگە ئۆرلىگەن، توپلاشقان ۋە ئۇيۇغاندىن كېيىن، ئىچىدىكى ھارارەتتىن ئوت ھاسىل بولۇپ، ئۇنى كۆيدۈرىدۇ ـ دە، ئۇنىڭدىن يورۇقلۇق ۋە ئاۋاز پەيدا بولىدۇ، ئۇنىڭ كۆيگەن قويۇق، زىچ قىسمى گۈڭگۇرت خۇسۇسىيەتلىك ئىسسىق بۇس بىلەن بىرلىكتە تۆۋەنگە چۈشۈپ، ھەرقانداق نەرسىگە تەگسە ئۇنى ئۆزگەرتىدۇ، بەزىدە ھالاك قىلىدۇ. ئۇنىڭ قاتتىق نەرسىلەرگە بولغان تەسىرى يۇمشاق نەرسىلەرگە بولغان تەسىرىدىن كۈچلۈكرەك بولىدۇ. مەسىلەن: غىلاپ ئىچىدىكى شەمشەرگە چۈشكەن بولسا غىلاپنى كۆيدۈرىدۇ، ئەمما شەمشەرنى ئېشىدۇ ۋە پارچىلايدۇ. ئالتۇن ھەميانغا چۈشسە، ھەميانىنى كۆيدۈرمەيدۇ، ئەمما ئالتۇننى ئېرىتىدۇ. ئۇنىڭ يورۇقلۇقى چاقماق، تۆۋەنگە چۈشكەن ئېغىر، زىچ ماددىسى «ئال» دەپ ئاتىلىدۇ. ئەگەر مەزكۇر بۇسلار ۋە تۇتۇنلەر ئۇچۇچان بولۇپ، كۆپ مىقداردا گۈڭگۇرت، ياغ تەركىبى بولسا ھەم ناھايىتى قويۇق بولسا، ئېغىرلىقى ۋە تۇپراق ماددىسى كۆپ بولمىسا ئۇستىگە ئۆرلەپ، ئىسسىقلىقنىڭ تەسىر قىلىشى ۋە پەلەكنىڭ ھەرىكەتلەندۈرۈشى بىلەن كۆيۈپ ماددىسىنىڭ ئاز ـ كۆپلۈكىگە قاراپ ھەر خىل شەكىللەرنى ھاسىل قىلىدۇ، ئۇلار نەيزىسىمان يۇلتۇزلار، قۇيرۇقلۇق يۇلتۇزلار ۋە ئوتلۇق يۇلتۇزلار دېگەنگە ئوخشاش ناملار بىلەن ئاتىلىدۇ. ئەگەر ئۇلارنىڭ ماددىسى قويۇق ۋە كۆپ بولۇپ، تېز تاماملىغا يېتەلمىسە، پەلەكنىڭ كېچە ـ كۈندۈز ھەرىكەتلەندۈرۈشى بىلەن كىرىپ چىقىپ، تاماملىغا يەتكەنگە قەدەر ساقلىنىدۇ. ئەگەر ئۇستىگە ئۆرلىگەن بۇسنىڭ ھاۋا تەركىبى كۆپ، ھۆللۈكى ئاز بولسا، ئۇيۇقتا ئۆرلەپ يا شەكلىدە ئۇستىگە تىزىلغان ئەگرى سىزىقلارنى ھاسىل قىلىدۇ، ئۇلار قۇياش نۇرىنىڭ ھەر خىل تەرەپلەردىن تەسىر قىلىشى ۋە قىرلىرىدا ئەكس ئېتىشى بىلەن ھەر خىل رەڭلەردە كۆرۈنىدۇ، ئۇ ھەسەن ـ ھۈسەن دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىكى ۋە رەڭگىنىڭ سۇس ـ قېنىقلىقىمۇ ماددىسىنىڭ ئاز ـ كۆپلۈكىگە قاراپ ھەر خىل بولىدۇ. ئۇ كۆپ ھاللاردا ئەتىياز پەسلىنىڭ بەزى كۈنلىرى ۋە يامغۇر ئاز ياغقان كۈز كۈنلىرىنىڭ ئەتىگەن ۋە كەچ تەرەپلىرىدە ئاشكارا بولىدۇ. ھاۋانىڭ قەھرىتان سوغۇق

قاتلىمىنىڭ يىراق ـ يېقىنلىقى ھەر خىل يەرلەرنىڭ بىر ـ بىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلىرىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا قاراپ ھەر خىل بولىدۇ. ئەمما يەر ئىچى ۋە ئۇنىڭ بوشلۇقلىرىدا ھاسىل بولۇپ توپلاشقان بۇخاراتلارنىڭ مىقدارى بەك كۆپ بولسا، چىقىشقا يول تاپالماي، ئاخىرى يەر يۈزىنى يېرىپ سىرتىغا چىقىدۇ، ئۇنىڭ يېرىلغاندىكى زەربىسىدىن ئۇنىڭغا تۇتاش يەرلەردە ھەرىكەت ۋە تەۋرىنىش ھاسىل بولىدۇ، بولۇپمۇ زېمىن قاتتىق ياكى قۇرغاق بولسا، ھەرىكىتى ۋە تەۋرىنىشى تېخىمۇ كۈچلۈك بولىدۇ. بۇنداق ئەھۋال تاغ ئېتەكلىرى ۋە قاتتىق يەرلەردە كۆپ كۆرۈلىدۇ. ھۆل، بوش يەرلەردە ئازراق كۆرۈلىدۇ. ئەگەر مەزكۇر بۇخاراتلارنىڭ مىقدارى زىيادە كۆپ، زەربىسى زىيادە كۈچلۈك ۋە ئارقىمۇئارقا بولسا بەزى ئىمارەتلەر، كەنتلەر ۋە شەھەرلەرنى خاراب قىلىدۇ ۋە يۇتۇپ كېتىدۇ، بۇ ئەھۋال يەر تەۋرەش ۋە يەر يۇتۇش دەپ ئاتىلىدۇ.

بىلگىنكى، يەتتە يۇلتۇزغا تەۋە دورىلار ئومۇمىي، بەزىسى تەپسىلىي ھالەتتە كىتابنىڭ بىرىنچى تومىدا تۆۋەندىكىدەك بايان قىلىنىدۇ:

زۇھەل يۇلتۇزىغا تەۋە دورىلارنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى: بۇ يۇلتۇزغا تەۋە دورىلار كۆل رەڭ ياكى قارا رەڭ، تىكەنلىك، بەتتەم، بەتبۇي بولىدۇ، جەنۇبنىڭ قاتتىق يەرلىرىدا ئۆسىدۇ. ئۇلارنىڭ ئىچىدە زۇھەل يۇلتۇزىنىڭ شەرەپ خانىسىدا تۇرۇۋاتقان ۋاقتى ۋە سائادەتلىك ۋاقىتلىرىدا ئۆسكەنلىرى تال كېسەللىكلىرىگە پايدا قىلىدۇ، ناچار خانىسى ۋە يامان ۋاقىتتا تۇرۇۋاتقان ۋاقتىدا ئۆسكەنلىرى زىيانلىق بولىدۇ، مەزكۇر دورىلارنىڭ كەيپىياتى ۋە خاسىيەتلىرى شۇنىڭغا ئاساسەن بىلىنىدۇ.

مۇشتەرى يۇلتۇزىغا تەۋە دورىلارنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى: مايلىق، پۇرىقى، تەمى ياخشى، گۈلى قىزىل ياكى ھاۋا رەڭ بولغان، مايلىق، ياخشى يەرلەردە ئۆسكەن دورىلار بۇ يۇلتۇزغا تەۋە بولىدۇ. ئۇلار جىگەرگە پايدا قىلىدۇ، قاننى ساپلاشتۇرىدۇ، جاراھەتنى پۈتتۈرىدۇ.

مىررىخ يۇلتۇزىغا تەۋە دورىلارنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى: سۇدا ئۆسىدىغان، رەڭگى قىزىل، يىرىك، تىكەنلىك بولغان، كۆيدۈرىدىغان، قۇرغاق يەرلەردە ئۆسىدىغان دورىلار بۇ يۇلتۇزغا تەۋە بولىدۇ.

قۇياشقا تەۋە دورىلارنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى: تولۇق پىشقان، خۇش پۇراق، تەملىك، شېرىن، گۈللىرى ۋە يوپۇرماقلىرى قىزىل بولغان، بولۇپمۇ كۈن نۇرى بەك چۈشىدىغان ئۈستى ئوچۇق يەرلەردە ئۆسكەن دورىلار قۇياشقا تەۋە بولىدۇ، بۇنداق دورىلار يۈرەك، روھ ۋە كۆزنى قۇۋۋەتلەيدۇ.

زۆھرە يۇلتۇزىغا تەۋە دورىلارنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى: تەمى شېرىن، خۇش پۇراق، گۈلى ۋە يوپۇرمىقى يۇمىران دورىلار زۆھرە يۇلتۇزىغا تەۋە بولىدۇ. بۇنداق يۇلتۇزلار شەھۋانىي

قۇۋۋەتلەرنى ئاشۇرىدۇ، ئاياللار كېسەللىكلىرى، ئەرلەر جىنسىي ئەزا كېسەللىكلىرى، ھۆل سوغۇقتىن بولغان كېسەللىكلەرگە پايدا قىلىدۇ، ياغ ۋە مەنىينى كۆپەيتىدۇ.

ئاتارۇد يۇلتۇزىغا تەۋە دورىلارنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى: يوپۇرماقلىرى قېلىن، يۇمشاق، يۇمران، سۇلۇق بولغان، نەم، سۇلۇق يەرلەر ۋە سۇ ئارىسىدا ئۆسىدىغان دورىلار بۇ يۇلتۇزغا تەۋە بولىدۇ.

تۆت خىلىت، ئەزالار ۋە بەزى كېسەللىكلەرگە مەنسۇپ بولغان دورىلار مۇناسىۋەتلىك جەدۋەللەردە بايان قىلىندى.

بىلگىنكى، يىلتىزى يۇمىلاق دورىلار ئىششىقلار، مۇدۇرلار ۋە تاقىرباشلىقا پايدا قىلىدۇ. مەسىلەن: بۇخۇرى مەريەم، ئەستىراتيىۇس، كىچىك قۇلۇلىلەر، لوفۇلىھەيىيە، ئەشراس يىلتىزى، سەكبىنەج، غارىقۇن، سامساق، پىياز قاتارلىقلارغا ئوخشاش. يىلتىزىدا تۆشۈكچىلەر بولغان دورىلار جاراھەتلەرگە پايدا قىلىدۇ. مەسىلەن: ئەسقىيتۇس، تەبرەنكا، مەلسەمنا، ئەستىراتيىۇس، خەرنىيا، رەئيۇل ھەمام (كەپتەر ئوتى)، غاپەس قاتارلىقلارغا ئوخشاش. شىرىلىك ۋە چاپلاشقاق بولغان دورىلار تۇرلۇك يارىلار ۋە جاراھەتلەرگە پايدا قىلىدۇ. مەسىلەن: ئەسقىيتۇس كەبىر، ئاق لەيلى، ئىكلىيلۇش شەمس، ئەنزىرۇت، دىبىق (يىلىمئوت مېۋىسى)، سەبرە، مۇرمەككى، كۇندۇر، خۇنسىياۋشان، سەمغۇل بەتەم، مەستىكى، قومالىمى قاتارلىقلارغا ئوخشاش. يوپۇرمىقى يىرىك ۋە تۆشۈكچىلەر بولغان دورىلار قىچىشقاق، كالا تەمرەتكىسى قاتارلىقلارغا پايدا قىلىدۇ. دورىنىڭ شەكلى قايسى ھايۋاننىڭ شەكلىگە ئوخشىسا، شۇ ھايۋاننىڭ چېقىۋېلىشىغا پايدا قىلىدۇ. يۇقىرىدا ئېيتىلغانلاردىن شۇ دورىلارنىڭ خاسىيەتلىرى ۋە تەبىئەتلىرىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ. بەزىدە دورىلارنىڭ سىرتقى بەزى ئەھۋاللىرىغا قاراپ ئۇلارنىڭ ئىچكى ئەھۋاللىرىنى بىلگىلى بولىدۇ، بولۇپمۇ تەركىبىدە تۇز، سىماب ۋە گۇگۇرتكە تەۋە ماددىلار بولسا تېخىمۇ شۇنداق بولىدۇ، چۈنكى، شەيئىلەر بۇ ماددىلاردىن خالىي ئەمەستۇر. تەملەرنىڭ ھەممىسى تۇزغا مەنسۇپ ماددىنىڭ تەسىرىدىن، پۇراقلارنىڭ ھەممىسى گۇگۇرتكە مەنسۇپ ماددىلارنىڭ تەسىرىدىن، رەڭلەرنىڭ ھەممىسى سىمابقا مەنسۇپ ماددىلارنىڭ تەسىرىدىن پەيدا بولىدۇ. شۇ پەندە ماھارەت ئىگىلىگەن كىشى دورىلارنىڭ سىرتقى شەكلىگە قاراپ ئۇنىڭ ئىچكى ئەھۋالىنى بىلەلەيدۇ. سىرتى بىلەن ئىچىنىڭ قانداق مۇناسىۋەتتە بولغانلىقىغا ھۆكۈم قىلالايدۇ، بولۇپمۇ تەجرىبە ئارقىلىق ئۇلارنى مۇلاھىزە قىلىپ كۆرگەن بولسا تېخىمۇ شۇنداق بولىدۇ. ئەقىل ۋە ئىلىم ـ مەرىپەت ئىگىلىرىنىڭ ئىلھاملىنىشى ئۈچۈن يۇلتۇزلار ۋە تەبىئەتكە مۇناسىۋەتلىك ۋە تېبابەتكە ئالاقىدار زۆرۈر مەسىلىلەر مۇشۇنچىلىك بايان قىلىندى.

## يەتتە سەييارە يۇلتۇزغا مۇناسىۋەتلىك تىببىي ئىشلار جەدۋىلى

| | 1. زۆھەل (ھەپتە) | 2.مۇشتەرى (پەيشەنبە) | 3. مىررىخ (سەيشەنبە) | 4. قۇياش (يەكشەنبە) | 5. زۆھرە (جۈمە) | 6. ئاتارۇد (چارشەنبە) | 7. ئاي (دۈشەنبە) |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| كەيپىياتلار ۋە تەبىئەتلەر | زىيادە قۇرۇق سوغۇق | مۆتىدىل ھۆل ئىسسىق | زىيادە قۇرۇق ئىسسىق | مۆتىدىل قۇرۇق ئىسسىق | مۆتىدىل ھۆل سوغۇق | سوغۇقلۇق بىلەن قۇرۇقلۇق ئارىلاشقان، قايسى يۇلتۇز ئۇنىڭ بىلەن ئارىلاشسا، شۇ يۇلتۇزنىڭ كەيپىياتىنى ئالىدۇ | ھۆل سوغۇق، ھۆللۈكى مۆتىدىل |
| تۇتۇپ بىلگىلى بولىدىغان ئەھۋاللار | سوغۇق ۋە بىرىكرەك نەرسىلەر | مۆتىدىلرەك، چىرايلىقراق ۋە مۇكەممەلرەك نەرسىلەر | ئىسسىقراق، ئۆتكۈررەك نەرسىلەر | ئۇچۇچانراق، مۇكەممەلرەك نەرسىلەر | سىلىقراق، چىرايلىقراق نەرسىلەر | ھەرقايسى كەيپىياتلارغا ئىگە نەرسىلەر | قويۇقراق، زىچراق ۋە ھۆلرەك نەرسىلەر |
| تېتىپ ۋە پۇراپ بىلگىلى بولىدىغان ئەھۋاللار | بەتتەمرەك، قىرتاقراق ۋە سېسىق پۇراقلىق نەرسىلەر | خۇش پۇراقراق، شېرىنراق، ماي تەملىك نەرسىلەر | ئۆتكۈر، ئاچچىق، تۇزلۇق ۋە قېرىق تەملىك نەرسىلەر | نورمال تەملىك نەرسىلەر | لەززەتلىكرەك ۋە تاتلىقراق نەرسىلەر | ھەرقايسى تەملەرگە ئىگە نەرسىلەر | تەمسىز، بىمەززە نەرسىلەر |
| قۇۋۋەتلەر | تۇتۇپ تۇرغۇچى قۇۋۋەت | نەپسانىي قۇۋۋەت، ئوزۇقلاندۇرغۇچى قۇۋۋەت، ئۆستۈرگۈچى قۇۋۋەت | غەزەپلىنىش قۇۋۋىتى | ھاياتلىق قۇۋۋىتى | شەھۋانىي قۇۋۋەت | تەپەككۇر قۇۋۋىتى | تەبىئەت قۇۋۋىتى |
| رەڭلەر | قارا ۋە قوڭغۇشۇن رەڭ | سېرىققا مايىل ئاق ۋە بۇغداي رەڭلىك پارقىراق رەڭ | قارامتۇل قىزىل رەڭ | پارقىراق نارەنجى رەڭ. بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، بۇ رەڭ ئۇنىڭ يۇلتۇزىنىڭ رەڭگى بىلەن ئوخشاش ئىكەن | ئاققا مايىل سېرىق، بۇغداي رەڭ. يېشىل رەڭمۇ ئۇنىڭغا تەۋە دېيىلگەن | قارا رەڭ بىلەن سېرىق رەڭنىڭ بىرىكىشىدىن ھاسىل بولغان توپا رەڭ، مەسىلەن: مەدەستان رەڭگى ۋە ئاق رەڭگە ئوخشاش | كۆكلۈك ۋە قىزىللىق، سېرىقلىق، كۆكلۈكنىڭ ئارىلىشىشىدىن ھاسىل بولغان ساپ بولمىغان ئاقلىق |

| تۆت ماددا تۇپراق | سۇ | هاۋا | ئوت | هاۋاغا يېقىن بولغان، ئۇنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان ئوت | سۇغا يېقىن بولغان، ئۇنىڭغا ئارىلاشقان هاۋا | سۇ ۋە هۆل سوغۇقلۇقى يۇقىرى بولغان ماددىلار | سۇ بىلەن ئارىلاشقان تۇپراق |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| خىلتلار | سەۋدا، خام بەلغەم | تەبىئىي ساپ قان خىلتى، مەنىي، مېڭە | ئۆتكۈر سەپرا | مۆتىدىل سەپرا، تەبىئىي هارارەت | تەبىئىي هۆللۈك | بەلغەم ئارىلاشقان سەۋدا | بەلغەم ۋە مەلغەم خۇسۇسىيىتى يۇقىرى بولغان نەرسىلەر |
| مەدەنلەر | مەدەنستان، تۆمۈر پوقى، قارا ياكى قارامتۇل قاتتىق تاشلار | مەرقەشىشا، تۇتىيا، گۆگگۈرتلەر، زەرنىخ، كالا ئۆتى تېشى | ماگنىت تاش، شادىنەج، شىڭگىرپ | لاجۇۋەرد، سۇندۇرۇس، مەرمەر تاش، گۆگگۈرتلەر، فىرئەۋن شىپىشىسى، زۇپتى | مەغنىسا تېشى، سۇرمە | هاك، زەرنىخ، كەهرىۋا، سىماب | نىبىت شېشىسى، يېرىلىدىغان تاشلار، ئاق رەڭلىك تاشلار، كۆك تاش |
| مېتاللار | قوغۇشۇن | قەلەي، رو، ئالىي دەرىجىلىك تۇچ، ئالماس | تۆمۈر، مىس | ياقۇتلار، قىممەتلىك تاشلار، ساپ ئالتۇن | مەرۋايىت، زەبەرجەد، مىس | فىرۇزە، تۇچ، رو | مەرۋايىت، قاشتېشى، كۈمۈش، ئاق، يۇمشاق بولغان باشقا تاشلار |
| ئەركەك ياكى چىشىلىقى | ئەركەك، بەزىلەرنىڭ سۆزىچە ئەركەك ـ چىش | ئەركەك | ئەركەك | ئەركەك، نۆۋەت بىلەن ئاشكارا بولىدۇ. | چىشى، تۆۋەنگە مەنسۇپ | ئەركەكلىككە مايىل | چىشى، نۆۋەت بىلەن ئاشكارا بولىدۇ |
| كېچە ياكى كۈندۈزگە مەنسۇپلۇقى | كېچىگە مەنسۇپ | كۈندۈزگە، ئېگىزگە ۋە شىمالغا مەنسۇپ | كېچىگە، ئېگىزگە ۋە مەغرىبكە مەنسۇپ | كۈندۈزگە، ئېگىز ھەم پەسكە مەنسۇپ | كېچىگە ۋە جەنۇبقا مەنسۇپ | كۈندۈزگە مەنسۇپ | كېچىگە مەنسۇپ |
| ياخشى ـ يامانلىقى | چوڭ، يامان | چوڭ، ياخشى | كىچىك، يامان | سىرتىدىن ياخشى، ئىچىدىن يامان | كىچىك ياخشى | زاتى ياخشىلىققا مايىل | سىرتىدىن ياخشى، ئىچىدىن يامانلىقنى قوبۇل قىلىدۇ |

| هەجىم ۋە قاتتىق ـ يۇمشاقلىق | قىسقىلىق، قۇرۇق، قاتتىق، ئېغىر نەرسىلەر | مەزكۇر ئىشلار ۋە كەيپىياتلاردا نورمال بولغان نەرسىلەر | ئۇزۇن، سىلىق، تۈز، يىرىك، قۇرۇق بولغان نەرسىلەر | مەلۇم جەھەتتە يۇمىلاق، ئىچى بوش نەرسىلەر | ئېقىشچان، يۇمشاق نەرسىلەر | بىر قانچە خىل كەيپىيات تېپىلىدىغان نەرسىلەر | قويۇقلۇق، زىچلىق ۋە ھۆللۈك تېپىلىدىغان نەرسىلەر |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| ئورۇنلار | ھېچ نەرسە ئۈنمەيدىغان قۇرۇق تاغلار، قۇدۇقلار | سۇيى كۆپ تۈز يەرلەر | قاتتىق، تاشلىق يەرلەر | مەدەن تاغلىرى | سۇيى كۆپ يەرلەر | قۇملۇق يەرلەر | تۈز، ئويمان، ئىچى بوش يەرلەر |
| ئۆسۈملۈكلەر ۋە زىرائەتلەر | قۇرۇق سوغۇق، زىيانلىق بولغان ھەر قانداق ئۆسۈملۈك ۋە دان | ھەرقانداق چېچەك، گۈل، رەيھان، پايدىلىق بولغان خۇش پۇراق گۈللەر | قىچا، كۇدە، سامساق، پىياز، تۇرۇپ، سۇزاپ، زاغۇن، ئادراسمان، پىدىگەن، ئازراق ئىشلەتسە پايدا قىلىدىغان، كۆپ ئىشلەتسە زەرەر قىلىدىغان ھەرقانداق ئۆتكۈر تەملىك نەرسە | شېكەر قومۇشى، شىرخىست، تەرەنجىبىن، شېكەر، ئۈچۈچان، بولغان نەرسىلەر | ياغلىق دانلار، ياغلار، تاتلىق نەرسىلەر، تىكەنلىك، رەڭدار، پاختىلىق بولغان نەرسىلەر | ھەر خىل كۆكتاتلار ۋە يېشىللىقلار | ئوت ـ خەس، بەردى ئوتى، خەلفا ئۆسۈملۈكى، كېۋەز، زىغىر ۋە ئوزۇقى بولغان، غولى بىلەن تىك ئۆسىدىغان نەرسىلەر، مەسىلەن: تەرخەمەك، خەميارزە، قوغۇن، تاۋۇز، قاپاق، پەلۇل مېۋىسى ۋە باشقىلار |
| دەرەخلەر | بەلۇت دەرىخى، موزا دەرىخى، ھېلىلە دەرىخى، زەيتۇن دەرىخى، پىلپىل دەرىخى، ئىنەكپىتى | مايلىق، تاتلىق بولغان دەرەخلەر، مەسىلەن: ئەنجۈر، ئۆرۈك، شاپتۇل، ئەينۇلا، كانار مېۋىسى قاتارلىقلارغا ئوخشاش. ئۇ مېۋىلەردە زوھرە يۇلتۇزىغا شېرىك بولىدۇ | تەمى ئاچچىق، ئۆتكۈر، تىكەنلىك بولغان، مېۋىسى ھەم ئۇنىڭ ئۇرۇقچىسىنىڭ تەمىمۇ ئۆتكۈر، چۇچۇمەل بولغان | ئېگىز ئۆسىدىغان، مېۋىسى ئىستېمال قىلىنىدىغان ھەم مايلىق بولغان دەرەخلەر، مەسىلەن: نارجىل | يۇمران، سىلىق، خۇش پۇراق، مەنزىرىلىك بولغان دەرەخلەر، مەسىلەن: ئارچا، ساج دەرىخى، ئالما دەرىخى، بېھى | پۇرىقى كۇچلۇك بولغان دەرەخلەر، مەسىلەن: ئارچا، چاتقالسىمان دەرەخلەر | پاكار ئۆسىدىغان، غولىدا كۆپ شاخلىرى بولغان دەرەخلەر، مەسىلەن: تاتلىق ئانار دەرىخى، تاتلىق بادام |

| | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | دەرىخىگە ئوخشاش قىرتاق تەملىك دەرەخلەر، بەتتەم، بەت پۇراق دەرەخلەر، مېۋىسىنىڭ پوستى قېلىن، قىرتاق، قاتتىق بولغان دەرەخلەر، مەسىلەن: ياڭاق، بادام، نارجىل، فۇپەل، پىستە، پىندۇق قاتارلىقلارغا ئوخشاش. | | دەرەخلەر، مەسىلەن: مىسۋاك دەرىخى، كەبە ئۆسۈملۈكى، مالادۇر دەرىخى ۋە تىلنى قورىيدىغان ھەر قانداق مېۋە | چىلغوزا، بادام دەرىخىگە ئوخشاش. يەنە قۇرۇق مېۋىسى ئىستېمال قىلىنىدىغان دەرەخلەر، مەسىلەن: خورما دەرىخى، فۇپەل دەرىخى ۋە باشقا دەرەخلەرگە ئوخشاش | دەرىخىگە ئوخشاش | | دەرىخىگە ئوخشاش |
| مېۋىلەر ۋە دانلار | پىلپىل، بەللۇت، زەيتۇن، مۇرد، ئالىقات، چۇچۇمەل ئانار، زىغىر، ئەدەس، ھېلىلە، موزا ۋە باشقا ئۇزاق ساقلىنىدىغان مېۋىلەر | تاتلىق ئانار، ئالما، قوناق، نوقۇت، كۇنجۇت | ئاچچىق بادام، ھەببەتۇلخۇرزا | تۇرۇنجى، ئەنجۇر، ئۈزۈم، خورما، قوغۇن، ئارپا، شۇمشا | ئەنجۇر، خورما، ئۈزۈم، ئارپا، شۇمشا | باقىلە، لوبىيا، ماش، كەرۋىيا، يۇمغاقسۇت | ئارپا، تېرىق، پىدىگەن، تەرخەمەك، تاۋۇز، قاپاق ۋە باشقا پېلەكلىك ئۆسۈملۈكلەرنىڭ مېۋىلىرى |
| ھايۋاناتلار | رەڭگى قارا بولغان ھايۋانلار، يەر ئاستىدا ماكان تۇتىدىغان ھايۋانلار، مەسىلەن: چاشقان، تىيىن، يىلان، چايان، قوڭغۇز، ھاشاراتلار، بۆرگە، كالا، ئۆچكە، يۇلغۇن، مۈشۈك، قامىغا ئوخشاش | ئادەملەر، يەرلىك چارۋىلار، كالا، قوي، تۆگىگە ئوخشاش تۇياقلىق ھايۋانلار، گۆشى ھالال، خۇشرەڭ ھايۋانلار ۋە يىلپىز، ئۇۋچى قۇشلارغا ئوخشاش ئۆگىتىلگەن ۋە شىكارغا ئىشلىتىلىدىغان ھايۋانلار | شىر، يولۋاس، بۆرە، چىلبۆرە، ياۋا چوشقا، غالجىر ئىت، زەھەرلىك يىلان، ۋەھشىي يىرتقۇچ ھايۋانلار، يىلان ۋە ئەفئا يىلىنى | قوي، قوچقار، ئات، تىمساھ، ئالا قاغا | ياۋا ياشايدىغان، تۇيىقى ئاق، سېرىق بولغان ھەر قانداق ھايۋان | ئۇۋ ئىتى، قېچىر، تۇلكە، توشقان، قۇرۇقلۇق ياكى سۇدا ياشايدىغان ھەرقانداق كىچىك ھايۋان | كالا، تۆگە، قوي ۋە باشقا بېقىلىدىغان ھايۋانلار |

| | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| ئۇچارلىقلار | سۇ قۇشلىرى، بېقىلىدىغان قۇشلار، قاغا، قارلىغاچ | تۇمشۇقى تۈز بولغان، دان يەيدىغان، رەڭگى قارا بولمىغان قۇشلار، كەپتەر، كەكلىك، خوراز، مېكىيان، توز | تۇمشۇقى ئىلمەك گۆشخور قۇشلار، قىزىل رەڭلىك قۇشلار ۋە ھەرە | چايان، لاچىن، تورۇلغا، قارچىغا، رەۋاشىن قۇشى، قۇرغۇي، تاجىسىز قوڭۇر ھۆپۈپ | پاختەك، بۇلبۇل، چېكەتكە، دان تېرىپ يەيدىغان قۇشلار ۋە سۇ قۇشلىرى | شاتۇت ھەممە شارەك قۇش، تۇرى قۇشقا كىرىدىغان ئادەمنىڭ سۆزىنى دورايدىغان قۇشلار، قانىتى گۈللۈك، ئىككى رەڭ بىلەن ئالىلانغان قۇشلار | ئۆردەك، تۇرنا، باشقا سۇ قۇشلىرى جۇغى كىچىك قۇشلار، شەپەرەڭ، قۇرغۇي، تاجىسىز قوڭۇر ھۆپۈپ |
| ئاددىي ئەزالار | تېرە، چاچ، تىرناق، ساقال، يۈڭ، ئۈستىخان، مۈڭگۈز | كۆك قان تومۇرلار، يىلىك | گۆش | مېڭە، بەدەننىڭ ئوڭ تەرىپىدىكى نېرۋىلار | چاۋا ياغ، گۆش يېغى، مەنىي يولى | سەزگۈچى نېرۋىلار | تېرە، چاچ، تىرناق، بەدەننىڭ سول تەرىپى |
| مۇرەككەپ ئەزالار | تال، ئۈستىخان، مەقئەت ۋە باشقا چوڭ ـ كىچىك تەرەت يوللىرى | جىگەر، ئاشقازان ـ ئۈچەيلەر، ھەزىم ئەزالىرى، گال، ئىككى يوتا | ئىككى پاچاق، ئۆت، ئىككى بۆرەك، دوۋساق، سۈيدۈك ئەزالىرى | باش، كۆكرەك، يۈرەك، ئۆپكە، بىقىن، ئېغىز، چىشلار | بالىياتقۇ، زەكەر ۋە باشقا كۆپىيىش ئەزالىرى | تىل، كۆز، قۇلاق، بۇرۇن | بويۇن، پۇت ـ قول |
| سەزگۇ ئەزالىرى | ئاڭلاش ئىقتىدارى، بەزىلەر ئوڭ قۇلاق دېگەن | تېرە سېزىمى، بەزىلەر سول قۇلاق دېگەن | چاۋا ياغ، بەزىلەر ئوڭ بۇرۇن دېگەن | كۆرۈش ئىقتىدارى، بەزىلەر ئوڭ كۆز دېگەن | نەپەس ئەزالىرى، بەزىلەر سول دىماق دېگەن | تېتىش ئىقتىدارى، بەزىلەر تىل دېگەن | كۆز، بەزىلەر سول كۆز دېگەن |
| كېسەللىكلەر | نۇقرەس، ئىچكى ئەزا كېسەللىكلىرى، سەۋدادىن بولغان كېسەللىكلەر | ساغلاملىق، مىزاجنىڭ مۆتىدىللىكى | تەپ، سەپرادىن، قاندىن بولغان ئۆتكۈر كېسەللىكلەر، يەرقان، ھامىلە چۈشۈرۈش، بۇرۇن قاناش، ھەيز ماڭدۇرۇش، بوۋاسىر، بالىياتقۇ كېسەللىكلىرى | سەپرادىن ۋە قاندىن بولغان ئۆتكۈر بولمىغان كېسەللىكلەر | ئاجىز ھۆل سوغۇقتىن بولغان كېسەللىكلەر | ئاجىز سوغۇقتىن بولغان كېسەللىكلەر | بەلغەمدىن بولغان ھۆل سوغۇق كېسەللىكلەر |

# زۇھەل يۇلتۇزىغا تەۋە دورىلار

## «ئ» (ئەلىف) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلار

ئاس (ئاس دەرىخى)
ئۇسرۇب (كۆيدۈرۈلگەن قوغۇشۇن)
ئابىنۇس (ئەبنۇس دەرىخى)
ئەبھۇل (ئارچا)
ئازانۇل فەئر (چاشقانقۇلاقئوت)
ئەلۇفانىس (بىر خىل دورا)
ئەبرۇن (كەپتەرنىڭ بىر تۈرى)
ئەسىل (توغراق)
ئىجاس (ئەينۇلا)
ئىزخىر (مەككە چىغى)
ئەراك (مىسۋاك دەرىخى)
ئەسەدۇل ئەدەس (ئەسەدۇل ئەدەس ئوتى)
ئەفنىيس (بىر خىل دورا)
ئاقاقىيا
ئەمرۇسىيا (بىر خىل دورا)
ئەمسۇخ (چاكاندا)
ئۇممىغىيلان (تۇخۇمەك دەرىخى)
ئەنبەر بارىيس (زىرىق)
ئەيزائەرىيزا (ئەيزا ئەرىيزا ئوتى)

## «ب» (بائ) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلار

بەردى (بەردى ئوتى)
پەرسىياۋەشان (پىرسىياۋشان)
بەرتانىيقى (بەرتانىقى ئوتى)
بەستىياج (بەستىياج چاتقىلى)
بىسفايەج (بىستىپايەج)

بەقەس (شەمشاد دەرىخى)
بەقەم (ساپپان دەرىخى)
بەقلەئى هامىزە (چۈچۈمەلئوت)
بەقلەئى يەھۇدىيە (يەھۇدى ئوتى)
بەلەھ (خورما غورىسى)
بەللۇت (بەللۇت دەرىخى)
بەلىيلەج (بەلىلە)
بەنج (بەزرۇلبەنجى ئۈسۈملۈكى)
بەنۇته (ئۇ بىر خىل ئۈسۈملۈك بولۇپ، «ۋەرەقۇت تەير»، «ۋەرەقۇل غەنەم» دەپمۇ ئاتىلىدۇ)
بىنتافەلۇن (بەشيوپۇرماق)
بۇلامۇنيۇن (بۇلامۇنيۇن ئۈسۈملۈكى)
بەھمى (بەھمى ئوتى)
بىيم (سۇزاپ)

## «ت» (تائ) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلار

تەمرى ھىندى (تەمرىھىندى)

## «س» (سائ) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلار

سەمام (كۆرمەكئوت)
سىيل (سىلئوتى)

## «ج» (جىيم) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلار

جارۇن نەھر (غەجەكئوت)
چىنار (چىنار دەرىخى)
جەلبان (بىر خىل دورا)
جەۋزۇل ئەبھەر (بىر خىل دورا)
جەۋزى ماسىل (ئىتياڭىقى)
جۇشىيسا (جۇشىسا مېۋىسى)
جىيدار (جىدارئوتى)

## «ھ» (ھۆۋائ) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلار

ھەسەك (ئوغرىتىكەن)
ھەشىيشەتۇز زۇجاج (شىيشئوت)
ھىسرىم (غورا ئۈزۈم)
ھۇزۇز (رۇسۇت)
ھەلفا (بورا قومۇشى)
ھۇلاب (ھۇلاب ئوتى)
ھۇمماز (ئاتقۇلاق)
ھەمزىيز (بەقلەئى هامىزە: چۇچۇمەل ئوت)
ھەمام (كەپتەر)
ھىننا (خىنە ئۆسۈملۈكى)
ھەيىيۇل ئالەم (ھەمىشباهار)

## «خ» (خۇۋائ) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلار

خانىقۇن نەمىر (يولۋاسبوغار، خەربەق سىياھ)
خانىقۇز زىئىب (بۆرىبوغار)
خانىقۇل كەلب (ئىتبوغار)
خۇرنۇب (خەرنۇب دەرىخى)
خىلاف (سۆگەت)
خەمتان (بىر خىل دورا، يەنى ئىقتى)
خەمخەم (تۇدەرى ئۆسۈملۈكى)
خەندەرىيلى (خەندەرىلى ئۆسۈملۈكى)
خەندەرۇس (سۇپۇرگىقوناق)
خىيزران (خىزىران قومۇشى)

## «د» (دال) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلار

دىبىق (يىلىمئوت مېۋىسى)
دۇخۇن (تېرىق)

دەردار (ئاق تېرەك)
دەردەفيۇن (بىر خىل دورا)
دۇلب (چىنار)
دەمۇل ئەخەۋەين (خۇنسىياۋشان)

## «ز» (زال) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلار

زۇررە (قوناق)
زەنەبۇل خەيل (ئات قۇيرۇقئوتى)
زەنەبۇس سەبۇئ (يىرتقۇچ قۇيرۇقئوتى)

«ر» (رائ) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلار

رىيباس (رەۋەن ئۈسۈملۈكى)

## «ز» (زائ) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلار

زەبىيبۇل جەبەل (تاغ قۇرۇق ئۈزۈمى)
زەئرۇر (ئالقات)
زەيتۇن (زيتۇن)
زەيتۇنۇل مائ (سۇ زەيتۇنى)
زەيت (زەيتۇن يېغى)
زەيتار (زەيتۇن يېغى لېيى)

## «س» (سين) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلار

ساداۋەران (دەرەخ سىياھى)
سامان (يېكەن)
سىدر (سېدە دەرىخى)
سەرۋى (ئارچا)
سەرخەس
سۇئدى (سەئدى كۇفى)

سەفەرجەل (بېھى)
سىيقۇلۇقەندەريۇن (زەنگىدارۇ)
سەنگى سۇماق (سۇماق تېشى)
سۇماقۇد دەبباغىين (ئاشلامچىلار سۇمىقى)
سەندىيرىيتۇس (سەندىرىتۇس ئوتى)
سەنائ مەككىي (سانائى مەككى)
سۇسەن (سەۋسەن)

## «ش» (شىين) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلار

شاھە سىينىي (چىن خېنىسى ئۇسارىسى)
شاھەسفەرەم (رەيھان)
شاھبەللۇت
شەۋكەران (شەۋكىران)

## «س» (سۇۋاد) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلار

سەندەل

## «ز» (زۇۋاد) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلار

زەبەر (جەۋزۇلبەر)

## «ت» (تۇۋائ) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلار

تالىيسفەر (رەيھان يوپۇرمىقى)
تەباشىر (تاباشىر)
تەرفا (يۇلغۇن)
تەراسىيس (توشقانزەدىكى)
تەلئ (خورما چېچىكى)
تەلىھ (بانان)

## «ز» (زۇۋائ) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلار

زەفرۇل قىت (مۇشۇك تىرنىقى ئوتى)

## «ئ» (ئەيىن) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلار

ئەدەس (يېسىمۇق)
ئەزەبە (بىر خىل دورا)
ئەسەررائى (چوپان تايىقى، قىزىل تاسما)
ئەفس (موزا)
ئۇللەيق (دولانا)
ئىنەبۇس سەئلەب (مارجان شوخلا، ئىتئۈزۈمى)
ئىنەبۇد دۇبب (ئېيىقئۈزۈمى)

## «غ» (غەيىن) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلار

غۇبەيرا (جىگدە)
غەرەب (غەرەب دەرىخى، توغراق)
غوشنە (غوشنە، يەر مەدىكى)

## «ف» (فائ) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلار

فاغىرە (ئوچۇق كاۋاۋىچىن)
فىتر (يەر مەدىكى)
فەقەئ (يەر مەدىكى ئۇرۇقدىشى)
فۇفەل (فۇپەل)

## «ق» (قاف) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلار

قەراسيا (گىلاس)
قەرز (ئاقاقىيا دەرىخى مېۋىسى)
قىرقىمان (دەرەخ پورى)

قەسەب (قومۇش)
قەتەف (رىم پالىكى)
قۇتلۇب (ئېيىق تايىقى)
قۇتۇن (پاختا)
قەنا (نەيزە قومۇشى)
قىننەب (كەندىر)

## «ك» (كاف) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلار

كافۇر (كافۇر)
كەبەر (كەپە سويىمىسى)
كەرم (ئۈزۈم تېلى)
كۇزبۇرە (يۇمغاقسۇت)
گەشت بەر گەشت (تولغىماچ مېۋىلىك تاغ كۇنجۇتى)
كۇفەررا (خورما غۇنچىسى)
كەمئەت (يەر مەدىكى)

## «ل» (لام) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلار

لىبلاب (ھەشقىپىچەك)
لەھيەتۇت تەيس (تېكە ساقىلى ئۈسۈملۈكى)
لىسانۇل ھەمەل (پاقيوپۇرمىقى، قۇمچاق يوتقىنى)
لەخنيتۇس (بىر خىل دورا)
لىيمۇسىيا (بىر خىل دورا)
لىيف (تالا، قوۋزاق)
لىيفۇل بەھر (دېڭىز لېشى)
لىيمۇ (لىمون)

## «م» (ميم) ھەرپى باشلانغان دورىلار

مامىيسا (تۆگىتاپىنى ئوتى)
ماش (ماش)

مەرتۇلس (بىر خىل دورا)
مىزمارۇر رائى (چوپان تايىقى، ياۋا كەشمىر)
مەشەتۇل غۇل (جىن تارغىقى)
مۇقەل مەككىي (مۇقەل مەككى)

## «ن» (نۇن) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلار

نەۋارس (قۇدۇس دەرىخى)
نىيل (نىل ئۆسۈملۈكى ئۇسارىسى)
نىيلەج (نىل ئۆسۈملۈكى)
نىيلەم (بىر خىل دورا)
نىيمە (نىيمە ئۆسۈملۈكى)

## «ھ» (ھائ) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلار

ھۇرتەمان (سۇلۇ)
ھەفت پېھلۇ (يەتتە قىر)
ھەلىيلەج (ھىلىلە)

## «ي» (يائ) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلار

يەبرۇج (يەبرۇج ئۆسۈملۈكى)
ئۇنىڭدىن باشقا قۇرۇق سوغۇق بولغان دورىلارنىڭ ھەممىسى بۇ يۇلتۇزغا تەۋە بولىدۇ.

# مۇشتەرى يۇلتۇزىغا تەۋە دورىلار

## «ئ» (ئەلىف) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلار

ئاس (ئاس دەرىخى)
ئازانۇل ئەرنەب (توشقانقۇلاق ئوتى)
ئەۋجىۋان (بىر خىل دورا)
ئەستەرتىيقۇس (بىر خىل دورا)

ئەستىينتۇس (بىر خىل دورا)
ئەسلەخ (بىر خىل دورا)
ئىسرار (ئىسرار دەرىخى)
ئەفتىيمۇن (سېرىق ئوت)
ئەفسۇن (بىر خىل دورا)
ئىكلىلۇل مەلىك (ئىكلىلىملىك، شاھ تاجى)
ئومالى (بىر خىل شاراب)
ئەندەرمان (بىر خىل دورا)
ئەنتەلىيس (بىر خىل ئۆسۈملۈك)
ئەنغىرا (ئەنغىرا ئۆسۈملۈكى)
ئەنفۇل ئىجىل (موزاي بۇرنى)
ئەندەرۇمارۇن (بىر خىل دورا)
ئىيمارا بەرتا (بىر خىل دورا)

## «ب» (بائ) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلار

بابۇنەج (بابۇنە)
بادرەنجبۇيە (بادرەنجبۇيا)
باد ئاۋەرد (قامغاق)
بەنۇنكا (بىر خىل دورا)
بىرىنجاسەف (بەرەنجاسىپ)
بەرتانىيقى (بەرتانىقى ئوتى)
بەرسىيانا (بىر خىل دورا)
بىسفايەج (بىستىپايەج)
بۇسسەد (بىخ مارجان)
بەشىين (بىر خىل دورا)
بۇتۇم (ھەببەتۇلخۇزرا دەرىخى)
بىتتىيخ (قوغۇن)
بەقشۇ قەرىن (بىر خىل ئۆسۈملۈك)
بەقلەتۇل ئەۋجائ (ئاغرىقئوت)
بەلەسان (بىلسان)

بەللۇتىي (بەللۇتسىمان ئوت)
بۇلەسكى (بۇلەسكى ئوتى)
بەنەك (بەنەك قوۋزىقى)
بوسىيرا (بىر خىل دورا)
بۇلامۇنىيۇن (بۇلامۇنىيۇن گىياھى)
بەھار (بىر خىل دورا)

## «ت» (تائ) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلار

تانبۇل (تەنبۇل يوپۇرمىقى)
تۇرمىس (تۇرمۇس، باقىلە مىسرى)
تەرەنجەبىين (تەرەنجىبىن)
تۇففاھ (ئالما)
تەمر (خورما)
تۇت (ئۈجمە)
تىين (ئەنجۈر)

## «ج» (جيم) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلار

جەۋز (ياڭاق)
جەنجەل (بىر خىل دورا)
جەۋز جەندۇم

## «ھ» (ھۇۋائ) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلار

ھەببۇس سەمنە (ياۋا كەندىر ئۇرۇقى)
ھەرىيس (يىلانبىلىق)
ھەرنىيل (بىر خىل دورا)
ھۇلبە (شۇمشا)
ھەلفا (بورا قومۇشى)
ھىممەس (نوقۇت)
ھىنتە (بۇغداي)

## «خ» (خۇۋائ) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلار

خۇسيەتۇس سەئلەب (سۆئلەپ مىسرى)
خۇنسا (خۇنسا ئوتى)
خىيارشەنبەر

## «د» (دال) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلار

دارشىشئان (چاقماق ياغاچ)
دەستەنبۇي (بىر خىل دورا)
دۇسەر (سۇلۇ)
ديناقۇس (بىر خىل دورا)

## «ز» (زال) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلار

زەنەبۇل قىت (مۇشۇك قۇيرۇقى ئوتى)
زەنەبۇل خەرۇف (پاقلان قۇيرۇقى ئوتى)

## «ر» (رائ) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلار

راۋەند (رەۋەن)
رەبەل (بىر خىل دورا)
رىجلۇل غۇراب (ئاترىلال ئۆسۇملۇكى)
رىيباس (رەۋەن ئۆسۇملۇكى)

## «ز» (زائ) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلار

زەبىيب (قۇرۇق ئۇزۇم)
زىرشىك (زىرىق)
زىفتى (زۇپتى رۇمى)

## «س» (سىين) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلار

سەرپىستان
سۇككەر (شېكەر)

سۆككەرۆل ئۆشەر (ئۆشەر شېكىرى)
ساق (غول، ئۆسۈملۈك غولى)
سەلدانىيۆن (سەلدانىيۆن دەرىخى)
سەمسىم (كۈنجۈت)
سۆسەن (سەۋسەن)
سەيلان (خورما شىرىسى)

## «ش» (شىين) هەرپى بىلەن باشلانغان دورىلار

شاهتەرە (شاهتەررە)
شەجەرەئى ئەبى مالىك (ئەبۇ مالىك دەرىخى)
شۆتەيبە (شۆتەيبە ئوتى)
شەشرىيت (شەشرىيت ئوتى)
شەقاقۆل (شاقاقۆل)
شۆلل (شۆل مېۋىسى)
شەلجەم ئەھمەر (قىزىل چامغۇر)

## «س» (سۈۋاد) هەرپى بىلەن باشلانغان دورىلار

ساسىلى (ساسىلئوتى)
سەئتەر (يالپۇز)
سەمغى (يېلىم)

## «ز» (زۇۋاد) هەرپى بىلەن باشلانغان دورىلار

زەفابىس (بىر خىل دورا)

## «ت» (تۇۋائ) هەرپى بىلەن باشلانغان دورىلار

تەبلافىيۆن (بىر خىل دورا)

## «ئ» (ئەيىن) هەرپى بىلەن باشلانغان دورىلار

ئىنەب (ئۈزۈم)

ئىنەبۇس سەئلەب (ئىتئۈزۈمى، مارجان شوخلا)
ئۈنناب (چىلان)
ئۇدۇل ھەييە (يىلان ياغىچى)
ئۇيۇنۇل بەقەر (قارا ئۈزۈم)

## «غ» (غەين) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلار

غار (غار دەرىخى)

## «ف» (فائ) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلار

فۇستۇق (پىستە)
فىززە (كۈمۈش)
فۇۋۋەتۇس سىبىخ (ئوردان)

## «ق» (قاف) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلار

قاتانىيقى (بۈركۈت چاڭگىلىئوتى)
قاقىلە (قاقىلە ئۆسۈملۈكى)
قاۋەند
قەرەسئەنە (ياۋا خوخا ئۇرۇقدىشى)
قەسەبۇس سۇككەر (شېكەر قومۇشى)
قەرەنفۇل بۇستانىي (پەرەنجىمىشكى يوپۇرمىقى)
قۇتۇنن (پاختا)
قەرز (ئاقاقىيا دەرىخى مېۋىسى)
قىلقىل (ياۋا ئانار)
قەنا (نەيزە قومۇشى)
قەند (قەنت)
قۇست (قۇستە)
قوتولىيدۇن (بىر خىل دورا)
قۇتۇما (بىر خىل دورا)
قەنتۇرىيۇن (قوڭغۇراقباشئوت)

## «ك» (كاف) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلار

كاكەنەج (كاكىنەچ)
كازى (كىيۇرە)
كەسىيرا (كەتىرا)
كۇرنۇب (كالالەكبەسەي)
كۇرراس (كۇدە)
كەرەسنە (ياۋا كۆك پۇرچاق)
كەرۋان (بىر خىل دورا)
كەسمۇقا (كەسمۇقا ئۇتى)
كۇشۇس (سېرىق ئوت)
كىشمىش (كىشمىش ئۈزۈم)
كەففۇز زەبۇئ (بۆرە پەنجىسى ئوتى)
كەففى ئادەم (ئادەم ئالىقىنى ئوتى)
كەففۇن نەھىر (بىر خىل ئۆسۈملۈك)
كۇفەررا (خورما غۇنچىسى)
كىلز (كىلىز ئۇرۇقى)
كەمازەريۇس (كەمازەريۇس)

## «ل» (لام) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلار

لىبلاب (ھەشقىپىچەك)
لىسانۇس سەۋر (گاۋزىبان)
لەۋز (بادام)
لۇبىيا (لويلا پۇرچاق)

## «م» (مىم) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلار

مەھلەب (بىر خىل دورا)
مۇخەللىسە (نىجاتكار ئوت)
مەرجان (مارجان)

مۇر (مۇرمەككى)
مەرماھۇز (تاغ كۇنۇچىسى)
مىزمارۇر رائى (چوپان تايىقى، ياۋا كەشمىر)
مۇغاس (مۇغاس)
مەيسىن (مەيسىن دەرىخى)

### «ن» (نۇن) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلار

نارىجىيل (نارجىل)
نارىمىشك (نارمىشكى)
نەسرىين (ئىپارگۇل)
نەفەل (بارىزەت ئۆسۇملۇكى)
نەۋارىس (قۇدۇس دەرىخى)

### «ۋ» (ۋاۋ) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلار

ۋەرد (ئەتىرگۇل)

### «ھ» (ھائ) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلار

ھاسىيمۇنا (ھاسىمۇنا گۇلى)
ھەلىيۇن (ھەلىيۇن)

### «ي» (يائ) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلار

ياسەمىين (يەسىمەن گۇلى)

## مىرىخ يۇلتۇزىغا تەۋە دورىلار

### «ئ» (ئەلىف) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلار

ئاتىرىلال
ئەبۇ قانىس (غاسۇل رۇمى)

ئازەرىيۇن (ئاپتاپپەرەس گۇلى)
ئەرمالىك
ئەرىد بەرىد
ئەرمەنىين (ئەرمەنىين ئوتى)
ئازاد دەرەخ
ئىسلەنج (ئىسلەنج ئوتى)
ئۇشەق
ئۇشتۇر غار (ئەجەم زەنجىۋىلى)
ئىشخىس (ئىشخىس ئوتى)
ئۇشنان
ئەپتىيمۇن (سېرىق ئوت)
ئەفىينۇس (بىر خىل دورا)
ئۇقھۇۋان (بابۇنەئى گاۋ)
ئىكلىيلۇل جەبەل (تاغ تاجى)
ئەنجۇدان (ئەنجۇدان)
ئەنىيسۇن (رۇمبەدىيان)
ئەناخالىس (بىر خىل دورا)
ئەنزەرۇت (ئەنزىرۇت)
ئەلۇتا (ئېشەك كاھۇسىنىڭ بىر تۇرى)

## «ب» (بائ) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلار

بادئاۋەرد (قامغاق)
بەخۇرۇل ئەكراد (كوردلار ئىسرىقى)
بەرتەك (بىر خىل دورا)
بەشىيمە (بىر خىل دورا)
بەسەل (پىياز)
بەقشۇ فەرشەن (بىر خىل ئۆسۈملۈك)
بەقلەتۇل بەرارىي (قۇرۇقلۇق ئوتى)
بەلخىييە (بىدىمۇشكى)
بوزىيدان (بوزىدان)

بەلادوٗرەيىن (ئىككى خىل بالادوٗر)
بوينوٗن (بوينوٗن ئۆسۈملۈكى)
بىيش (بىيش)
بىيشى موش بىيشا (بىيش چاشقىنى)

## «ت» (تائ) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلار

توٗربوٗد (توٗربوٗت)

## «س» (سائ) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلار

سافىسيا (ساپسىيا يىلىمى)
سوٗم (سامساق)

## «ج» (جيم) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلار

جاۋشىير (جاۋشىر)
جەدۋار
جەبلاھەڭ (سەپرا ئوت ئوٗرۇقى)
جىمجىم (جىمجىم يىلتىزى)
جىنتىيانا
جەۋز بەۋۋا (جويىز)
جەۋزوٗل كەۋسەل (جەۋزوٗل كەۋسەل ياغىقى)

## «ھ» (ھوٗۋائ) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلار

ھاشا (تاغ پىننىسى ئوٗرۇقدىشى)
ھاشىيش (ھەسەن يوٗسۇف)
ھەببوٗن نىيل
ھەببوٗز زوٗلەم (ھەببى زەلەم)
ھوٗرمەل (ئادراسمان ئوٗرۇقى)
ھىلتىيت (ھىڭ)

هەماما (هۇماما)
هەنزەل (ئاچچىقتاۋۇز)

## «خ» (خائ) هەرپى بىلەن باشلانغان دورىلار

خانقۇل كەلب (ئى بوغار)
خاماسۇقى (يەر ئەنجۈرى)
خەردەل (قىچا)
خەربىقان (بىر خىل دورا)
خۇسىيۇل كەلب (ئىت ئۇرۇقدىنى)
خەۋلىنجان (خولىنجان)
خەير بەۋۋا (لاچىندانە)
خەيرى (خەيرىگۈل)

## «د» (دال) هەرپى بىلەن باشلانغان دورىلار

دارفىلفىل (پىلپىل)
دىيىبداريا (بىر خىل دورا)
دەرۇنەج (دۇرنەج ئەقرەبى)
دەرۇبەتارىس (بىر خىل دورا)
دىفلا (سۆگەتگۈل)
دەند (دەن)
دۇقۇس (دۇقۇس ئوتى)
دىيۋدار (چاتقالسىمان قارىغاي)

## «ز» (زال) هەرپى بىلەن باشلانغان دورىلار

زاقنى ۋىيداس (زاقنى ۋىداس ئۆسۈملۈكى)
زەنەبۇل ئەقرەب (چايان قۇيرۇقى ئوتى)

## «ر» (رائ) هەرپى بىلەن باشلانغان دورىلار

رازىيانەج (ئارپىبەديان)
رەئىيۇل ئىبىل (تۆگىئوتى)

رەتەم (رەتەم ئۆسۈملۈكى)
رەئيۇل ھەممىر (ئىشەك ئوتى)
رەيھانۇل كافۇر (كافۇر رەيھىنى)

## «ز» (زائ) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلار

زەبىيبۇل جەبەل (تاغ قۇرۇق ئۈزۈمى)
زەئفەران (زەپەر)
زەنجەبىيل (زەنجىۋىل)
زەنجەبىيلۇل كىلاب (ئىت زەنجىۋىلى)
زۇفايى يابىس (قۇرۇق زۇپا)
زۇفى (بىر خىل دورا)
زەۋان (زەۋان ئۆسۈملۈكى)

## «س» (سىين) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلار

سازەج (سازەج ھىندى)
سۇداب (سۇزاپ)
سەرخەس
سەترۇنىيۇن (سەترىنىيۇن ئوتى)
سەتاخىينۇس (سەتاخىنۇس ئوتى)
سۇئدى( سەئدى كۇفى)
سەئۇت (بۇرۇن پۇركىمىسى)
سەقمۇنىيا (سوقمونىيا)
سەكبىينەج (سەكبىنەج)
سەلىيخە (قىلىن دارچىن)
سەنگىسەبۇيە (تۇخۇمى پەنۋار)
سەۋلان (سەۋلان يىلتىزى)
سىيسەنبەر (چۆل رەيھىنى)

## «ش» (شىين) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلار

شۇبرۇم (سۇتلۇكئوت)
شۇربىين (شۇربىين ئارچىسى)

شەقائىق (لالىگۈل)
شۇلل (شۇل مېۋىسى)
شونىيز (سىيادان)
شىيتەرەج (شەترەنجى)
شەيبە (باغ ئۆشنىسى)

**«س» (سۋاد) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلار**

سەرىيمە (بىر خىل ئۆسۈملۈك)
سەئتەر (يالپۇز)

**«ز» (زۋاد) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلار**

زەجاج (زەجاج يېلىمى)

**«ت» (تۋائ) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلار**

تۇباق (تۇباق ئوتى)
تەراغىيىيۇن (تەراغىيىيۇن ئوتى)
تەرىيفىين (بىر خىل دورا)
تىرىيفۇلۇن (ئۇچيوپۇرماق)

**«ز» (زۋائ) ھەرپى باشلانغان دورىلار**

زۇفرە (تىرناق)

**«ئ» (ئەين) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلار**

ئاقىرقىرھا (ئاقىرقەرھا)
ئەشەق (ئەشەق ئوتى)
ئەرتەنىيسا
ئەنسىل (ياۋا پىياز)
ئەۋسەج (جىغان)
ئەلىيھۇن (بىر خىل دورا)

## «غ» (غەين) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلار

غار (غار دەرىخى)
غالىيس (بىر خىل دورا)

## «ف» (فائ) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلار

فاشەرا (مىڭشاخ)
فاشىرىستىين (قارا تال)
فۇجل (تۇرۇپ)
فەربىيۇن (پەرپىيون)
فەرەنجەمىشك (پەرەنجىمىشكى)
فۇشەغ (فۇشەغ ئۆسۈملۈكى)
فۇلفۇل (مۇرچ)
فۇلفۇلمۇيە (پىلپىل يىلتىزى)
فۇلفۇلۇل مائ (سۇمۇرچى)
فۇلفۇلۇس سۇدان (سۇدان مۇرچى)
فۇۋۋە (ئوردان)
فۇدەنەج (پىننە)

## «ق» (قاف) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلار

قەرەنفۇل (قەرەنپىل)
قۇرۇنۇس سۇمبۇل (بىيش ئۇرۇقدىشى)
قۇست (قۇستە)
قەستۇن (بىر خىل دورا)
قىنبىيل (قەنبىل)
قۇلب (سەنگىسەبۇيە)
قەلقۇنىيا (بىر خىل دورا)
قەلا (شاخار)
قەنتۇرىيۇن (قوڭغۇراقباش ئوت)
قەيسۇم (ئەمەن)

## «ك» (كاف) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلار

كاشىم رۇمىي (كاشىم)
كەبەر (كەپە سويىمىسى)
كەبىيكەج (ماستىۋار چىچىكى)
كەتەم (ئوسما)
كۇرراس (كۇدە)
كۇرۇيا (كەرۋىيا)
كەففۇز زەبۇئ (بۆرە پەنجىسى ئوت)
كەففۇل ھىرر (مۇشۇك پەنجىسى)
كەممۇن (زىرە)
كۇندۇش (گاۋزىبان يىلتىزى)
كۇندۇرىي (كۇندۇر پۇرايدىغان)

## «ل» (لام) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلار

لاغىيە (لاغىيە ئوتى)
لامى (لامى يىلىمى)
لەبەنى سۇدان (سۇدان سۈتى)
لەخنىيس (ياۋا خەيرىگۇل)
لىسانۇل ئىبىل (تۆگىتىلى ئوتى)

## «م» (مىيم) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلار

ماھۇدانە (ماھۇدانە)
ماھىيزەھرەج (بېلىق دورىسى ئوتى)
مازەريۇن (مازارىيون)
مەسنان (چۇجگۇنئوتى)
مەرزەنجۇش
مەراسىم (بىر خىل دورا)
مەرماھۇز (ئاق كۇنۇچە)

مەرتەج (بىر خىل دورا)
مىيئە (مىيئە يېلىمى)

### «ن» (نۇن) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلار

نانەخەۋاھ (نانخا)
نەمام (بىر خىل ئۆسۈملۈك)

### «ۋ» (ۋاۋ) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلار

ۋەج (ئىگىر)
ۋەخشىيزەك (بىر خىل دورا)
ۋەلەب (سۇتلۇكئوت ئۇرۇقدىشى)

### «ھ» (ھائ) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلار

ھەلەك (بىر خىل دورا)
ھۇفارىيقۇن (سېرىقچاي)

### «ي» (يائ) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلار

يەتۇئات (سۇتلۇكئوتلار)

## ئالەمنى يورۇتقۇچى چوڭ يورۇق يۇلتۇز قۇياشقا تەۋە دورىلار

### «ئ» (ئەلىف) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلار

ئەبزار (ئەبزار ئوتى)
ئۇترۇج (تۇرۇنجى)
ئىزخىر (مەككە چىغى)
ئەرقەبتۇن (بىر خىل دورا)
ئەرماك (بىر خىل دورا)
ئەسارۇن (ئاسارۇن)

ئۇستۇخۇدۇس ( ئۇستقۇددۇس)
ئەسابىئۇس سۇفر (سېرىق بارماق)
ئەفنىقتۇس (بىر خىل دورا)
ئىكلىلۇل جەبەل (تاغ تاجى)
ئەلنەج (ئەلنەج يىلتىزى)
ئەنجۇرە (چاققاقئوت)
ئەنتۇلە (ئەنتۇلە ئوتى)
ئىيرسا (چىغىرتماق)

## «ب» (بائ) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلار

بادرەنجبۇيە (بادرەنجىبۇيا)
بادرۇج (ياۋا رەيھان)
بان (بان دەرىخى)
بىرىنجاسەف (بەرەنجاسىپ)
بەدلۇف (بىر خىل دورا)
بىسفايەج (بىستىپايەج)
بۇتۇم (ھەببەتۇلخۇزرا دەرىخى)
بەقلەتۇل ئەۋجائ (ئاغرىقئوت)
بەلبۇس (تاغ پىيىزى)
بەللۇتۇل ئەرز (يەر بەللۇتى)
بەل (ھىندىستان تەرخەمىكى)
بەنجەنگۇشت ( چاڭگاك)
بەھمەن ( بەھمەن)

## «ت» (تائ) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلار

تۇدەرى (تۇدەرى)

## «ج» (جيم) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلار

جەسجاس (جەسجاسئوتى)
جۇئدە (چاڭگاك)
جۇفت ئافەرىيد (جۇفت ئافىرىد ئوتى)

جۇل نەسرىين (گۇلى نەسرىن)
جەۋزبەۋۋا (جويۇز)
جەۋزۇل قەي (قۇستۇرغۇچى ياڭاق)
جەۋزۇل خەمس (بەش ياڭاق)
جەۋزۇش شىرك (ھەبەش ياڭىقى)
جەۋزۇل ئەرقەم (ئالا - بۇلىماچ ياڭاق)
جۇشىيسا (جۇشىسا مېۋىسى)

## «ھ» (ھۇۋائ) ھەرى بىلەن باشلانغان دورىلار

ھەببۇل كۇلا (بۆرەكسىمان دان)
ھەببۇس سەمنە (ياۋا كەندىر ئۇرۇقى)
ھەببۇل مىنسەم
ھەرشەف (كەنكەر)
ھەراھ (بىر خىل دورا)
ھەل (ئاقلانمىغان كۇنجۇت)
ھۇلبە (شۇمشا)
ھەلبىيب (سۆرۇنجان ھىندى)
ھەلبۇب (پىچەكگۇل)

## «خ» (خۇۋائ) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلار

خىرۋەئ (ئىنەكپىتى)
خۇسيۇد دىيك (خوراز ئۇرۇقدىنى)
خەلەنج (خەلەنج دەرىخى)

## «د» (دال) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلار

دارچىينى (دارچىن)
دارشىشئان (چاقماق ياغاچ)
دازى (دازى ئوتى)
دەمادەم (لوبىيا ھىندى)
دەۋايا ئەغرىيا (ياۋا قومۇش)

## «ز» (زال) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلار

زەنەبۇل خەرۇف (پاقلان قۇيرۇقى ئوتى)

## «ر» (رائ) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلار

راسەن
راۋەند (رەۋەن)

## «ز» (زائ) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلار

زۇرۇنباد (زورەمبات)
زەرەنەب (زەرنەب)
زەراۋەند (زىراۋەندە)
زەئفەران (زەپەر)
زەھرە (ئۆت)

## «س» (سىن) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلار

سۇداب بۇستانىي (يەرلىك سۇزاپ)
سەفادىيكۇس (سەفادىكۇس ئوتى)
سەفىيدۇلىيۇن (سەفىيدۇلىيۇن ئوتى)
سەنائ (سانا مەككى)
سۇنبۇل (سۇمبۇل)
سۇنبۇل رۇمىي (رىم سۇمبۇلى)
سۇنبۇل جەبەلىي (تاغ سۇمبۇلى)
سەپىستان ( سەرپىستان)
سىيسارۇن (سىسارۇن يىلتىزى)

## «ش» (شىن) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلار

شىبەتت (سىرىقچېچەك)
شەنبەلىيد (شۇمشا ئۇرۇقى)

### «س» (سۇۋاد) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلار

سامەرىيۇما (چايانئوت)
سەبرى (سەبرە)

### «ز» (زۇۋاد) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلار

زىرۋى (زىرۋى دەرىخى)
زەرىيئ (دېڭىز ئوتى)

### «ت» (تۇۋائ) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلار

تۇرخۇن (تۇرخۇن ئوتى)

### «ئ» (ئەين) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلار

ئۇبەيسەران (ئۇبەيسەران ئوتى)
ئۇرۇقۇس سۇفر (زەرچىۋە)
ئۇد (ئۇد ھىندى)

### «غ» (غەين) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلار

غار (غار دەرىخى)
غارىقۇن

### «ف» (فائ) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلار

فەتائىلۇر رۇھبان (راھىبلار پىلتىسى)
فەراسىيۇن (تاغ كۇدىسى)
فۇستۇق (پىستە)

### «ق» (قاف) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلار

قاقۇلە (قاقىلە)
قىسسائۇل ھىمار (ئاغىچپىۇغۇچ)
قۇررەتۇل ئەيىن (سۇ كەرەپشىسى)

قۇرتۇم (زاراڭزا ئۇرۇقى)
قەسەبۇز زەرىيرە (نىهاۋەند قومۇشى)
قۇننە (كەندىر)
قەيقەھر (لەئل مەئىبىرى)

### «ك» (كاف) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلار

كەبابە (كاۋاۋىچىن)
كەمازەريۇس
كۇندۇر

### «ل» (لام) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلار

لىسانۇل ئەسافىير (ئەرمۇدۇن دەرىخى ئۇرۇقى)

### «م» (ميم) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلار

مەھلەب (بىر خىل دورا)
مەرانىيە (بىر خىل دورا)
مۇستەئجەلە (بىر خىل دورا)

### «ن» (نۇن) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلار

نارەنج (نارەنجى)
نەئنەئ (يىپشىل يالپۇز)

### «ۋ» (ۋاۋ) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلار

ۋەرس (ۋەرەس مېۋىسى)

### «ھ» (ھائ) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلار

ھەرنۇھ (ئۇد ھىندى دەرىخى مېۋىسى)
ھەرمە (بىر خىل ئۇسۇملۇك)
ھەشت دەھان (ئۇد ھىندىنىڭ بىر تۇرى)
ھۇفارىيقۇن (سىرىقچاي)

## «ي» (ياۋ) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلار

ياسەمىين (يەسمەن گۈلى)

## زۆھرە يۇلتۇزىغا تەۋە دورىلار

ئەنجىير (ئەنجۇر)
بىدەنجىير (بىدەنجىر)
بەسەلۇز زىير (سۇگپىياز)
خۇسيەتۇس سەئلەب (سۆئلەپ مىسرى)
سۇسەن سەفىيد (ئاق سەۋسەن)
نەرگىس (نەرگىس گۈلى)
نىلۇپەر
ۋەردى ئەبيەز (ئاق ئەتىرگۇل)

## ئەتارۇد يۇلتۇزىغا تەۋە دورىلار

ئىقتى (خان كەبىر)
بابۇنە
جەۋز (ياڭاق)
ھەششەتۇز زۇجاج (شىشئوت)
ھەندەقۇقا (ياۋا بىدە)
دىبىق (يىلىمئوت مىۋىسى)
ئەرئەر (تاغ ئارچىسى)

# كىچىك يورۇق يۇلتۇز ئايغا تەۋە دورىلار

## «ئ» (ئەلىف) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلار

ئەھلامۇد (بىر خىل دورا)
ئىسفاناخ (پالەك)
ئەقمىيدۇن (بىر خىل دورا)

## «ب» (بائ) هەرپى بىلەن باشلانغان دورىلار

باقىللا (بۇقا پۇرچىقى)
بەزرى قەتۇنا (ئىسپىغۇل)
بەسەل (پىياز)
بەقلەتۇل ھەمقائ (سىمىز ئوت ئۇرۇقى)
بىتتىيخ زىققىي (تاۋۇز)
بەنەفسەج (بىنەپشە)
بوش دەربەندى (بوش دەربەندى دورىسى)

## «ت» (تائ) هەرپى بىلەن باشلانغان دورىلار

تۇففاھ (ئالما)

## «خ» (خۇۋائ) هەرپى بىلەن باشلانغان دورىلار

خۇببازى (لەيلىگۇل)
خەس (قارا سۇنا)
خەشخاش (كۆكنار)
خىلاف (سۆگەت)
خىلال (بىر خىل دورا)
خۇخ (شاپتۇل)

## «ر» (رائ) هەرپى بىلەن باشلانغان دورىلار

رۇممان (ئانار)

## «ت» (تۇۋائ) هەرپى بىلەن باشلانغان دورىلار

تۇھلۇب (لەش)

## «ئ» (ئەيىن) هەرپى بىلەن باشلانغان دورىلار

فاۋانىيا (چىشى ئۇد سەلىب)
فىتىر (يەر مەدىكى)
كۇرراس (كۇدە)

### «ق» (قاف) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلار

قىسسائ (سەي قاپىقى)
قەرئ (قاپاق)

### «م» (مىم) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلار

مىشمىش (ئۆرۈك)

### «ن» (نۇن) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلار

نىلۇپەر

### «ھ» (ھائ) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلار

ھىندىبا (كاسىنە)
ئۇنىڭدىن باشقا تەبىئىتى ھۆل سوغۇق بولغان، سۇدا ئۆسىدىغان دورىلار ئايغا تەۋە بولىدۇ.

## 14 - پەسىل تىبابەت ئاساسى توغرىسىدا

بىلگىنكى، تىبابەت ئۇلۇغ ئاتامىنىڭ تاغىسى، «مۇئتەمەدۇل - مۇلۇك» دەپ ئاتالغان ھەكىم مىير مۇھەممەد ھاشىمدىن ئۇلارنىڭ ئاتىسى، تىۋپلار ئۇستازى، ھۆكۇمالار غوجايىنى مىير مۇھەممەد ھادى ئەلۋىيگە، ئۇلاردىن تىۋپلار ئۇستازى، ھۆكۇمالار ئۇلگىسى، مىرزا مۇھەممەد تەقى مەۋسۇۋىي (ئاللا ئۇلارنىڭ روھىنى پاكلىسۇن)نىڭ ئاتىسى مىرزا مۇھەممەد مەسىھقا، مىرزا مۇھەممەد مەسىھتىن خۇزىستان ۋە تەبەرىستان تىۋپلىرى ئارقىلىق ھەرران تىۋپلىرىغا، ھەررانلىقلار ئارقىلىق ھەكىم بۇقراتقا، ئۇنىڭدىن ئەسقەلىينۇسقا، ئۇنىڭدىن داۋۇد پەيغەمبەرنىڭ ئوغلى ھەزرىتى سۇلايمان ئەلەيھىسسالامغا يەتكەن ئىكەن. پىقىر ئۇلۇغ ئاتامدىن، ئاتام ئۇلۇغ ئاتىسى ھەكىم مىر تەقىدىن، ھەكىم مىر تەقى ئاتىسى ۋە مىير مۇھەممەد ھادى ئەلەۋىي (ئاللا ئۇلارنىڭ روھىنى پاكلىسۇن)دىن بىۋاستە ئۆگەنگەن ئىكەن. پىقىرمۇ مىير مۇھەممەد ئەلى ھۇسەينىيدىن ئۆگەنگەن. كىتابنىڭ مۇقەددىمىسى مۇشۇ يەردە تامام بولدى، ئەمدى ئىنئام قىلغۇچى پادشاھ بۈيۈك ئاللانىڭ مەدىتى ۋە مۇۋەپپەق قىلىشى بىلەن كىتابنى بابلىرى ۋە پەسىللىرى بويىچە بايان قىلىشنى باشلايمەن. ئاللا پەيغەمبىرى مۇھەممەدكە ۋە ئۇنىڭ پاك ئەۋلادلىرىغا رەھىم قىلسۇن!

# بىرىنچى باب
# «ئ» (ئەلىف) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى

## پەسىل «ئ» (ئەلىف) ۋە «ئا» (مەد) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى

### ئابار
(كۆيدۈرۈلگەن قوغۇشۇن)

ماھىيىتى: ئۇ، كۆيدۈرۈلگەن قوغۇشۇن (رەساسى ئەسۋەد) دىن ئىبارەت. يۇنانچە «ئەمولىقۇن» دېيىلىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، «ئەمولىقۇن» كۆيدۈرۈلگەن قوغۇشۇننىڭ رىمچە نامى ئىكەن. ھىندىچە «بەنك» دېيىلىدۇ. ئۇسرەج (سۈنئىي ئۇسۇلدا تەييارلىنىدىغان دورا) بىلەن مۇرداسەنج (مەدەستان)مۇ كۆيدۈرۈلگەن قوغۇشۇن (رەساسى ئەسۋەد)دىن ھاسىل بولىدۇ. شەيخۇر رەئىس (ئەبۇ ئەلى ئىبنى سىنا) «ئەلقانۇن» نىڭ يەككە دورىلار قىسمىدا «ئەلئابار ۋەل ئانەك ھۇمەررەساسۇل ئەسۋەد (ئابار بىلەن ئانەك قوغۇشۇندىن ئىبارەت)» دەپ يازغان.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق.

**خۇسۇسىيتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** قۇرۇتقۇچى، جۇلا بەرگۇچى ۋە تارقاتقۇچىدۇر.

قوغۇشۇننى كۆزگە سۈركەش كۆزنىڭ كۆيۈشۈشى ۋە ئېچىشىشىغا؛ سەپمىسى ئۇرۇقدان، پەي، بوۋاسىر جاراھىتى، كونا ۋە راك خاراكتېرلىك زەخمىلەر، قاناش، سۆيۈلىۋقلار ئېقىشقا؛ قىزىلگۈل يېغى بىلەن قىلىنغان مەلھەمى مەقئەت چىقىۋېلىشقا، سىركە بىلەن قىلىنغان مەلھەمى ئىششىقلار ۋە ئىسسىقانى تارقىتىشقا ئىشلىتىلىدۇ.

**ئورۇنباسارى:** ئۇسرەج (سۈنئىي ياسالما).

**زىيانلىق تەسىرى:** ئىستېمال قىلسا ئۆلتۈرىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** ياغ، ياغلىق نەرسىلەر، ياغلىق شورپىلار بىلەن قەي قىلدۇرۇلىدۇ.

ئۇنى كۆيدۈرۈش، يۇيۇش ئۇسۇلى ۋە شىيافلىرى مەن پېقىرنىڭ «مەجمەئۇل جەۋامىئ» (مەجمۇئەلەر مەجمۇئەسى) ناملىق قارابادىندا بايان قىلىندى. ئۇنى كۆيدۈرۈش ۋە يۇيۇش ئۇسۇلى بۇ كىتابنىڭ مۇقەددىمىسىدىمۇ سۆزلەندى.

# ئابنۇس
## (ئەبنۇس دەرىخى)

بۇ نام يۇنانچە «ئەبانىس» نىڭ ئەرەبچىلەشتۈرۈلگىنىدۇر. پارسچە ۋە ھىندىچىمۇ شۇ نام بىلەن مەشھۇردۇر. رىمچە «ئىكسىنىس»، يۇنانچە «سىيفافىيتۇس» دېيىلىدۇ.

ماھىيىتى: ئېيتىلىشىچە، بۇ دەرەخنىڭ تۈپى چىلان دەرىخىگە ئوخشايدىغان، ناھايىتى چوڭ، ياڭاق دەرىخىگە ئوخشاش ھەيۋەتلىك ئۆسىدىغان، ھەتتا ئۇنىڭدىنمۇ چوڭراق ئۆسىدىغان دەرەخ ئىكەن. مېۋىسى ئۈزۈمگە ئوخشاپ كېتىدىغان بولۇپ، رەڭگى سېرىق، قىزىلغا مايىل، ئاچچىق - چۈچۈك بولىدۇ. مىزان بۇرجىنىڭ باشلىرىدا پىشقاندا ئۈزۈپ ئېلىنىدۇ. يوپۇرمىقى سەنۇبەر (قارىغاي) يوپۇرمىقىغا ئوخشاپ كېتىدۇ، لېكىن ئۇنىڭدىن كەڭرەك بولۇپ، يوپۇرماق تاشلىمايدۇ. ئۇرۇقى ۋە گۈلى خېنە ئۇرۇقى ۋە گۈلىگە ئوخشايدۇ. ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، ياغىچىنىڭ رەڭگى دەرىخى كېسىلگەندە ئەسلىي رەڭگىنى يوقىتىدىكەن، سۇغا بىر مۇددەت چىلاپ قويغاندىن كېيىن، رەڭلىك، قارا، پارقىراق بولۇپ ئۆزگىرىدىكەن.

يەنە ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، كات دەرىخى ئەبنۇس دەرىخىگە ناھايىتى ئوخشايدىكەن. پەرقى شۇكى، ئەبنۇس كۆپىنچە تاغلىق رايونلاردا ئۆسىدىكەن، دەرىخى كەڭ، ياغىچىنىڭ رەڭگى سۇس قارا رەڭدە ئىكەن. ئۇ ئىككى خىل بولۇپ، بىرى «ھىندى» (ھىندىستاندا ئۆسىدىغىنى)، يەنە بىرى «ھەبەشى» (ھەبەشىستاندا ئۆسىدىغىنى) ئىكەن. «ھەبەشى»سى «ھىندى»سىغا قارىغاندا قارىراق، قاتتىقراق، سىلىقراق ۋە ئېغىرراق بولىدىكەن. كەسكەن ۋە تاختا تىلغاندا ياغىچىنىڭ ئىچىنىڭ ھەممە يېرىدە قوم ۋە شېغىل سۈپەت تومۇرلار چىقىدىكەن.

شەيشۇم دەرىخىمۇ ئەبنۇسقا ئوخشايدۇ. رەڭگى سۇس، ئازراق ئاق سىزىقلىق ۋە قاتلىق بولىدۇ. دەرىخى ناھايىتى چوڭ بولۇپ، ھەتتا تاختىسى ئىككى غۇلاچ كەڭلىكتە تىلىنىغان. بەزىلەر بۇنى ئەبنۇسنىڭ ھىندىسى دەپ بىلگەن. لېكىن ئۇنداق ئەمەستۇر، چۈنكى ئەبنۇسنىڭ تاختىسى قارا بولۇپ، بىر يېرىم غېرىچتىن كەڭ بولغىنى كۆرۈلمىگەن ھەم ئاڭلانمىغان، ئەمما بۇ ئۇنچىلىك قاتتىق ئەمەس.

يۇقىرىدا ئېيتىلغان ھەر ئۈچ خىلى سۇغا تاشلانسا چۆكىدۇ، بولۇپمۇ دەسلەپكى ئىككى خىلى تېخىمۇ شۇنداق. ئەبنۇس ياغىچىنىڭ تەمى تىلنى ئازراق غىدىقلايدۇ، چاقىدۇ ۋە قورۇيدۇ. يېڭى، ھۆل ياغىچى كۆيدۈرۈلسە خۇش پۇراق چىقىدۇ. ھەقىقىي ئەبنۇس دەرىخى بىلەن ساختا ئەبنۇس دەرىخىنىڭ پەرقى دەل شۇدۇر. قۇرۇقى كۆيىدۇ. تېۋىپلارنىڭ كۆپرەك ئىشلىتىلىدىغىنى ھەبەشىسى، ئۇنىڭدىن قالسا قارا، قاتتىق، سىلىق بولغان، شاخقا ئوخشاش

تىلىنغانلىرىدۇر.

ئەبنۇس دەرىخى سۇندۇرۇلسا ئىچى قوپال چىقىدۇ. سالايە قىلىنسا ئازراق ياقۇت رەڭگە كىرىدۇ. ئەبۇ رەيھاننىڭ كىتابىنىڭ تەرجىمانى ئۆزىنىڭ «سەيدىيىيە» ناملىق ئەسىرىدە ئۇنىڭ ئىككى خىل بولىدىغانلىقىنى، بىرىنىڭ قارا، سېرىق رەڭلىك پارقىراق بولىدىغانلىقىنى، ئۇ زەنگىبار (تانزانىيەنىڭ بىر رايونى)دىن دېڭىز ساھىللىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئاراللىرىدىن ئېلىپ كېلىنىدىغانلىقىنى، زەنگىبار خەلقىنىڭ ئۇنى «مىيكۇ» دەپ ئاتايدىغانلىقىنى ۋە ئۇنىڭ دەرىخى ئىككى خىل بولۇپ، يۇقىرىدا ئېيتىلغىنىغا ئوخشايدىغانلىقىنى يازغان. يەنە شۇ ئەتراپلاردا ئۇنىڭ يەنە بىر تۈرى بار بولۇپ، يۇقىرىدا ئېيتىلغىنىدىن ئۇچۇچىراق بولىدىغانلىقىنى، بۇ خېلى قىزىل بىلەن ئاق رەڭدىن تۈزۈلگەن بولۇپ، پارقىراق كېلىدىغانلىقىنى، قىزىلىنىڭ لوكقا، ئېقىنىڭ سەندەل ياغىچىغا ئوخشايدىغانلىقىنى، ئۆزۈقىنىڭ پىلپىلغا ئوخشايدىغانلىقىنى، ياغىچىدىن پىچاق دەستىسى ياسىلىدىغانلىقىنى، ئوقياچىلارنىڭ ئۆيلىرىدە ئۇنىڭدىن يا ئوقى ياسايدىغانلىقىنى ئېيتقان. ئۇ يەنە ئۇنىڭ يەنە بىر خىلىنىڭمۇ بارلىقىنى، ئىنتايىن قارا بولىدىغانلىقى ۋە يۇقىرىدا ئېيتىلغان سۈپەتلەرگە ئىگە بولىدىغانلىقىنىمۇ يازغان.

ھىندىستاننىڭ بەزى خەلقى ئۇنىڭ ھىندىچە «تىندۇ» دېيىلىدىغان دەرەخنىڭ ئىچىدىن چىقىدىغانلىقىنى، ئۇ دەرەخنىڭ پوستى ئوتقا تاشلانسا ئۇچقۇنلار چىقىدىغانلىقىنى، يوپۇرمىقىنىڭ سازەج ھىندىنىڭ يوپۇرمىقىغا ئوخشايدىغانلىقىنى، مېۋىسىنىڭ لىمون چوڭلۇقىدا بولۇپ، قىزىلغا مايىل سېرىق بولىدىغانلىقىنى، پىشىدا يۇمىلاق گۈل كاسىسى بولىدىغانلىقىنى، پوستىنىڭ قاتتىق، مېغىزىنىڭ ئازراق تاتلىق ۋە قىرتاق، ئۆزۈقىنىڭ ئۆزۈنچاق، سېرىق، قاتتىق بولىدىغانلىقىنى، راجمەھەل، بىربوم، مورەڭ (ھىندىستاننىڭ يەر ناملىرى) رايونلىرى ھەم بېنگال، پەنجاب، دۆكەن، ۋەزىر ئاباد ۋە باشقا شەھەر ـ رايونلاردا ئۆسىدىغانلىقىنى ئېيتىشقان.

ئۇنىڭ ئەڭ ياخشىسى قارا، پارقىراق، ئېغىر، خۇش پۇراق بولغانلىرى، تېتىسا تەمى تىلنى چاقىدىغان، تىلنى ئاز قورۇيدىغانلىرىدۇر.

**تەبىئىتى:** شەيخۇر رەئىس (ئەبۇ ئەلى ئىبنى سىنا) ۋە «ئىختىياراتى بەدىئىي» (بەدىئىي تاللانمىلىرى) ناملىق كىتابىنىڭ ئاپتورىنىڭ سۆزىچە ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىقتۇر. ئىبنى بەيتار، يۇسۇف بەغدادىي، شەيخ داۋۇد ئەنتاكىيلارنىڭ سۆزىچە ئۈچىنچى دەرىجىنىڭ باشلىرىدا ئىسسىق، ئىككىنچى دەرىجىنىڭ ئاخىرىدا قۇرۇقتۇر.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ئۇچۇچانلاشتۇرغۇچى، جۇلا بەرگۈچى، ئۇششاق تاشلارنى پارچىلىغۇچى، يەللەرنى تارقاتقۇچى، تال توسالغۇسىنى ئاچقۇچى ۋە ئۇنىڭدىكى يەلنى تارقاتقۇچىدۇر.

باش كېسەللىكلىرى: ئەبنۇسنى پاقىيوپۇرمىقى (بارتەك) سۈيى بىلەن سۈرۈپ بۇرۇنغا سۈمۈرسە ھەم پېشانىگە ئازراق سۈركىسە بۇرۇن قېنىنى توختىتىدۇ.

كۆز كېسەللىكلىرى: ئېكەكلەنگەن كېپىكى نامازشام قارىغۇسى ئۈچۈن سۈرمە ئورنىدا كۆزگە تارتىلىدۇ. سەپمىسى كۆزدىكى سۈيۈق (يەڭگىل) دەرىجىدىكى ئاق، كۆزگە پەردە تارتقاندەك بولۇش (كۆز تورلىشىش)، كۆز جاراھىتى، كۆز چاقىسى، ياشانغىراش، كىرپىك ئارتۇق ئۈنۈش، كۆز قوتۇرى، كۆز قىچىشىش، قۇرۇق (قۇرۇقلۇقتىن بولغان) كۆز ئاغرىقى قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ. كۆزنىڭ ساقلىقىنى ساقلايدۇ، كىرپىك ئۈندۈرىدۇ، ئومۇمەن ئۇ، كۆزنىڭ ھەممە كېسەللىكلىرىگە ناھايىتى پايدا قىلىدۇ.

يارىلار، جاراھەتلەر، قاناش: ھەرىدەلگەن كېپىكى يېڭى زەخىملەرنىڭ قېنىنى توختىتىشقا ئىشلىتىلىدۇ. قابىزلىقى ۋە ھۆللۈكلەرنى سۈمۈرۈش خۇسۇسىيىتى بىلەن يارىلارنى پۈتتۈرىدۇ.

ئوتتا كۆيۈش: كۆيگەن ئەزاغا گۈل يېغى، توخۇ تۇخۇمىنىڭ ئېقى بىلەن سۈركەپ، ئۈستىدىن ئۇنىڭ ئېكەكدەلمىسى سېپىلسە پايدا قىلىدۇ. ھەرىدەلگەن كېپىكىنىڭ كۆيدۈرۈپ يۈيۈلگىنى ئۈچۈچانراق بولۇپ، سوزۇلما يارىلار ۋە قوتۇر قاتارلىقلارغا پايدا قىلىدۇ. ئۇنىڭ يۇقىرىدا ئېيتىلغان ھەممە جەھەتلەردىكى تەسىرى تېزدۇر.

چاشقان يارىسى (خانازىر): تالقىنى شۈنداقلا شارابتا قاينىتىلغىنى خانازىرنى تارقاتقۇچىدۇر.

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، خاسىيىتى بىلەن ئېقىۋاتقان قاننىڭ هاراريتىنى پەسەيتىدىكەن.

يالغۇز ھالەتتە يامان يارىلارنى قۇرۇتۇپ، ياخشى گۆش ئۈندۈرۈش، ئەزالارغا سۇلۇق قاپارتما ئۆرلەشنى چەكلەشلەرگە ئىشلىتىلىدىغان بولۇپ، تەجرىبىدىن ئۆتكەن.

**ئىستېمال مىقدارى:** 10 گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

**زەرەرى:** ئاشقازانغا زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** ئەرەب يېلىمى، ھەسەل.

**ئورۇنباسارى:** كەنار دەرىخى ياغىچى.

ئۇنى كۆيدۈرۈش، يۇيۇش ئۇسۇللىرى قارابادىندا بايان قىلىنىدى.

ئۇرۇقى ئايرىۋېتىلىپ قۇرۇتۇلغان مېۋىسىنىڭ سۇفۇپى سۇ بىلەن بىرلىكتە ئىچىلسە ئىچ سۈرۈش، ئاق خۇن كېلىش ۋە ئەر ـ ئاياللاردىكى ۋەدى، مەزى، مەنىي سۇيۇقلۇقلىرىنىڭ ئېقىشىغا پايدا قىلىدۇ.

## ئابىيل
(ئابىلئوتى)

ئەبۇ رەيھاننىڭ كىتابىنىڭ تەرجىمانى، بۇ ئىسىم ئاڭلانمىغان، ئۇنىڭ ئىككىنچى ھەرپىدە

ئىشەنچ يوق، دەيدۇ. يىلتىزى ھەندىقوقىغا، ئۆسۈملۈك تۆپى بېدىگە ئوخشايدۇ. باھار پەسلىدە ئۆسىدۇ، شاخلىرى كۆپ بولىدۇ، ئۇرۇقى سەۋزە ئۇرۇقىغا ئوخشايدۇ.

ھەكىم مۇھەممەد مۆمىن «تۆھپەتۇل مۆئمىنىين» (مۆمىنلەرگە قىلىنغان ھەدىيە)ناملىق كىتابىدا ئۇنىڭ يىلتىزى چامغۇرغا ئوخشايدۇ، تەمى تاتلىق بولىدۇ، يوپۇرمىقى بېدە يوپۇرمىقىغا ئوخشايدۇ، شاخلىرى كۆپ بولىدۇ، ئۇرۇقى زەردەك ئۇرۇقىغا ئوخشايدۇ، ئۆستەڭ بويلىرىدا ئۆسىدۇ، دەپ يازغان.

**تەبئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** سىيدۈك ھەيدىگۈچى بولۇپ، تالغا سىناق قىلىنغان.

**ئىستېمال مىقدارى:** ئالتە گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

«ئىختىياراتى بەدىئىي» نىڭ ئاپتورى بۇ دورىنىڭ «قۇرغاق يەرلەردە ئۆسكىنى قاتتىلىدۇر» دەپ يازغان. ئەمما بۇ سۆزنىڭ راستلىقى «ئىختىياراتى بەدىئىي» دە بايقالمىدى.

# ئاجۇر

## (پىششىق خىش)

ئەرەبچە « لىبىن» دېيىلىدۇ. يەنە «كەتىق» ۋە «ئىبىل» ۋەزنىدىمۇ كەلگەن (يەنى «لەبىن»، «لىبىن»مۇ دېيىلىدۇ دېمەكچى تەرجىمان). ئۇ ئۈچ ھەرپلىك سۆزلەردىندۇر. پارسچە «خىشت»، ھىندىچە «ئىنت» دېيىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** بىلگىنكى، ئۇ ئىككى خىل بولىدۇ.

بىرىنچى خىلى ئاق بولۇپ، ھاك خۇمدىنىدا پىشۇرۇلىدۇ. بۇ خىلى ياخشىراق بولۇپ، تېبابەتچىلىك ئىشلىرىدا ئىشلىتىلىدۇ.

ئىككىنچى خىلى قىزىل بولۇپ، تۆۋەندىكىدەك ئۇسۇل بىلەن پىشۇرۇلىدۇ: يەنى خىشنى خۇمدانغا ئىككى قاتار قىلىپ تىزىپ، ھەربىر قاتار ئارىلىقىغا تەك (ئۈزۈم) ياغىچى ياكى باشقا دەرەخ ياغىچى ياكى كالا تېزىكى ۋە باشقىلارنى قويۇپ ئوت يېقىپ، تولۇق كۆيدۈرۈلىدۇ. خىشلارنىڭ ھەممىسى پىشقاندا سوۋۇتۇپ خۇمداندىن چىقىرىپ ئىشلىتىلىدۇ. ياخشىسى تولۇق پىشقان، بىر خىل بولغانلىرىدۇر.

بەزىدە، بولۇپمۇ خىش چىقىرىندىلىرى بىلەن پىشۇرۇلغان ياكى لېيى ئارىلاشىپ، يەنى باشقا كېرەكسىز ماددىلار ئارىلىشىپ قالغاندا خۇمدانغا مۇۋاپىق مىقداردا نۆشۈدۈر قوشۇلىدۇ.

ئوت كۈچلۈك كەتكەن خىشنىڭ بەزىلىرى ئوتنىڭ زىيادە ھارارىتىدىن قارا ياكى بىنەپشە رەڭگە كىرىپ قالىدۇ. ئۇچۇچان قىسمى تۆگەپ قوپال قىسمى قېپقالىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە ئىسسىق، تۆتىنچى دەرىجىدە قۇرۇق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** سۇ تەگمىگەن ئاق خىشنى ئوتقا سېلىپ چوغدەك قىزارتىپ، سۇ ياكى شارابقا تاشلاپ قايىنىغىچە تۇرغۇزۇپ، باش ساھەسىگە ئەدىيال ئوراپ بۇسىغا تەرلىگۈچە تۇتۇلسا، مېڭە مەنبەلىك (مېڭىدىن كەلگەن) سوغۇق ماددىلارنى يوقىتىدۇ، سوزۇلما نەزلە، كونا باش ئاغرىقىغا ناھايىتى مەنپەئەت قىلىدۇ، سىناقتىن ئۆتكەن. تۇز ۋە سىركە بىلەن قىلىنغان زىماتى باش تەمرەتكىسىگە مەنپەئەت قىلىدۇ.

ھەر خىل ئىششىقلار، مۇدۇرلار، يەللەر، ئىستىسقا، بوۋاسىر ۋە باشقىلار: سۇ تەگمىگەن پىششىق خىش، بولۇپمۇ ئىبقىنى پۈتۈن ياكى پارچىسىنى ئوت بىلەن قىزىتىپ ئۈستىگە ئازراق سۇ ياكى شاراب سېپىپ، كىگىز ياكى پاختا رەختكە ئوراپ سوغۇقتىن ياكى تۇرۇپ قالغان يەلدىن ياكى سوغۇق ئىششىقتىن پەيدا بولغان ئاغرىققا ياكى ئاغرىۋاتقان بوۋاسىرغا قويۇپ ئىسسىق ئۆتكۈزۈلسە، شۇ ئەزانى تەرلىتىپ، سوغۇق ماددىلارنى ھەيدەش ۋە تارقىتىش ئارقىلىق ئاغرىقنى پەسەيتىدۇ.

غورا ئۈزۈم سۈيى بىلەن قىلىنغان زىماتى تىلما (شەرا)غا، ئۇنىڭ چىقىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا؛ كالا تېزىكى بىلەن قىلىنغان زىماتى ئىششىقلار، بەلغەم خاراكتېرلىك مۇدۇرلار، ئىستىسقائى لەھمى (توقۇلمىلار ئارىسىغا سۇ چۈشۈش)، ئىستىسقائى زىققە (قورساققا سۇ چۈشۈش)، سۇئۇلقۇنىيە (ئىستىسقانىڭ باشلانمىسى) قاتارلىقلارغا پايدا قىلىدۇ. سەپمىسى جاراھەتلەرنىڭ قېنىنى توختىتىشتا ئىشلىتىلىدۇ. قىزىتىلغان خىش ئۈستىدە ئولتۇرغۇزۇلسا ھۆللۈكتىن، سوغۇقتىن ۋە يەللەردىن بولغان تولغاق، بوۋاسىر ئاغرىقىغا پايدا قىلىدىغان بولۇپ، سىناقتىن ئۆتكەن. تولغاق، بوۋاسىردىن بولغان ئاغرىقنى پەسەيتىدۇ. بولۇپمۇ ئۈستىگە گۈل يېغى سېپىلسە تەسىرى تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ.

سۇ تەگمىگەن ئىككى پارچە خىشنى بىر - بىرىگە سۈركەپ ئۇندەك قىلىپ، ئاغرىۋاتقان ياكى ياللۇغلانغان ئەزاغا ھەسەل سۈركەپ ئۈستىگە سېپىپ ئاپتاپتا ئولتۇرغۇزۇلسا ئاغرىق پەسەيتىدۇ، ياللۇغ قايتۇرىدۇ.

**ھىندى تېۋىپلىرى:** «خىشنى ئۇششاقلاپ كالا سۈتى قېتىقىنىڭ سۈيىگە تاشلاپ بىر كېچە تۇرغۇزغاندىن كېيىن، ئەتىگىنى دۇغى سۈزۈلگەندىن كېيىن ئىچىلسە، سوزۇلما خاراكتېرلىك يارىغا پايدا قىلىدۇ» دەپ قارايدۇ.

ئۇنىڭ يېغى «دۇھنۇل ئاجۇر» (خىش يېغى)، «دۇھنۇل مۇبارەك» (مۇبارەك ياغ)، «دۇھنۇل مەنفەز» (يول يېغى) دېيىلىدىغان بولۇپ، ئىسسىقلىقى ناھايىتى يۇقىرىدۇر.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** تېز ئۆتكۈچى، تارقاتقۇچى، تەرلەتكۈچى، ئۇچۇچانلاشتۇرغۇچىدۇر.

خىش يېغى بۇرۇنغا تېمىتىلسا تۇتقاق كېسەل، پالەچ، لەقۋا، قۇلاق ئاغرىقى، قۇلاق

ئىغىرلىقى قاتارلىقلارغا پايدا قىلىدۇ. خىش تالقىنى بۇرۇنغا تارتىلسا پالەچ، سوغۇقتىن بولغان مېڭە مەنبەلىك كېسەللىكلەرگە پايدا قىلىدۇ. خىش يېغىنى ئارقا مېڭىگە سۈركىسە ئۇنتۇغاقلىققا پايدا قىلىدۇ. زۇپا شەربىتى بىلەن ئىچسە زىققە نەپەسكە، ئۆپكىدىكى كېرەكسىز ماددىلارنى ھەيدەشكە پايدىلىق. سۇرمە قىلىپ كۆزگە تارتسا كۆزگە چۈشكەن سۇنى تارقىتىشتا تەڭداشسىزدۇر. چىشلارغا سۈركىسە چىشقا چۈشكەن قۇرتنى ئۆلتۈرىدۇ، ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ. ئىچسە ئاشقازان ۋە ئۈچەيدىكى مەددە قۇرتلارنى ئۆلتۈرىدۇ، دوۋساقتىكى تاشلارنى پارچىلايدۇ، سىناقتىن ئۆتكەن. سۈيدۈك ھەيدەيدۇ، سوغۇقتىن بولغان بارلىق كېسەللىكلەر، دوۋساقنىڭ سوغۇقلۇقى ئېشىپ كېتىش، سوغۇقتىن بولغان قورساق ئاغرىقى، يەل تۇرۇپ قېلىش، ئىچكى - تاشقى ئېسىلىش قاتارلىقلارغا پايدا قىلىدۇ. ئۇيۇپ قالغان قاننى تارقىتىدۇ. ئۇلتۇرغۇچ نېرۋا ئاغرىقى ۋە بوغۇملار ئاغرىقىغا پايدا قىلىدۇ.

ھەمەل قىلىپ ئىشلەتسە بوۋاسىر قېنىنى ماڭدۇرىدۇ، بوۋاسىر مونەكلىرىنى چۈشۈرىدۇ. مەقئەت قۇرتلىرىنى يوقىتىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن شامچە - پەرزىجە قىلسا ھەيز قېنىنى ماڭدۇرىدۇ، تىرىك ۋە ئۆلۈك ھامىلىنى ھەم بالا ھەمراھىنى تېز چۈشۈرىدۇ. ئىچسە سوغۇق زەھەرلەرنى ۋە چايان چاققاندىكى زەھەرنى قايتۇرىدۇ، ئۈشەق بىلەن زىمات قىلسا تال يالLۇغىغا ناھايىتى پايدا قىلىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** 5 ~ 10 گىرامغىچە.

**زىيانلىق تەسىرى (1):** ئاشقازانغا زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** سىركە.

**زىيانلىق تەسىرى (2):** بۆرەككە زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** كەتىرا.

ئۇنىڭ قالغان تەسىرى ۋە خۇسۇسىيىتى، يېغىنىڭ تەييارلىنىشى «مەجمەئۇل جەۋامىئ» (مەجمۇئەلەر مەجمۇئەسى) ناملىق قارابادىندا بايان قىلىنىدى.

## ئاچىن
(ئاچىن دەرىخى)

ماھىيىتى: بۇ ياغاچ غوللۇق ئۆسۈملۈك بولۇپ، يوپۇرمىقى ئاززاق كەڭ، سوزۇنچاق، ئەنبەھ (ئام) ۋە جامۇن دەرىخىنىڭ يوپۇرمىقىدىن چوڭراق ھەم كەڭرەكتۇر. گۈلى ئاق، خۇش پۇراقتۇر. يوپۇرماقلىرى ئاق رەڭلىك بولۇپ، بەش تال بولىدۇ، يوپۇرماقلىرىنىڭ ئىچكى تۆۋەن تەرىپى سېرىق، غولىنىڭ سىرتقى ئىككى تەرىپى ۋە يوپۇرمىقى قىزىل بولىدۇ. دەرىخى تولۇق خازان بولىدۇ. باھارنىڭ دەسلىپىدە چېچەكلەيدۇ، ئارقىدىن يوپۇرماق چىقىرىدۇ.

**تەبئىتى:** قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** يىلتىزىنىڭ پوستىنى ئىستېمال قىلسا ئىچنى كۆچلۈك سۈرىدۇ. سىفلىس (ئاتەشەك) ۋە يامان يارىلارغا پايدا قىلىدۇ. ئىچنى زىيادە سۈرسە ئىسسىقلىقنى ئاشۇرىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:**

سەدەپ. زىمات قىلسا قاتتىق ئىششىقلارنى تارقىتىدۇ ۋە پىشۇرىدۇ.

## ئازانۇل فەئر
### (چاشقانقۇلاق)

بۇ، ئەرەبچە سۆز بولۇپ، يۇنانچە «مەرۇش»، ھىندىچە «چوھەكنى» دېيىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** شەيخۇر رەئىس ئىبن سىنا جالىنۇسنىڭ ئۇنى ئاستىغا شىشە قويۇلىدىغان بىر خىل ئۆسۈملۈككە ئوخشايدۇ، دەپ بىلىدىغانلىقىنى ئېيتقان. مۇتلەق ئېيتىلسا تۆۋەندىكىدەك ئىككى خىل ئۆسۈملۈكنى كۆرسىتىدۇ: بىرى، جالىنۇس بايان قىلغان يوپۇرمىقىدىن خۇشبۇي پۇراق كېلىدىغان ھېلىقى يۇمشاق ئۆسۈملۈكتىن ئىبارەت. يەنە بىرى، دىسقۇرىدۇس گۇمان قىلغان لەبلاب (يۆگىمەچ) ئۆسۈملۈككە ئوخشايدىغان، يوپۇرمىقى ئۇنىڭدىن كىچىكرەك بولۇپ، يەرگە يېيىلىپ ئۆسىدىغان، شاخلىرى ئىنچىكە بولغان ئۆسۈملۈكتىن ئىبارەت.

يەرلىكى خۇش پۇراق، ئەمما تەمسىز، پۇرىقى كۈچلۈك، گۈلى قىزىلگۈل رەڭگىدە بولىدۇ. ئۇرۇقى يۇمغاقسۇت يوپۇرمىقىغا ئوخشايدىغان بولۇپ، قارلىغاچلار تېرىپ يەيدۇ.

**تەبئىتى:** ئۆتكۈر ئىسسىقتۇر. بولۇپمۇ سۇدىن يىراق يەرلەردە ئۆسكىنى تېخىمۇ شۇنداق بولىدۇ. جالىنۇسنىڭ ئېيتىشىچە، بىرىنچى دەرىجىدە ھۆل سوغۇق بولۇپ، قابىزلىقى يوقتۇر. دىسقۇرىدۇسنىڭ ئېيتىشىچە ئىسسىق بولۇپ، قابىز، قۇرۇتقۇچىدۇر.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** مەسىھ: «ئۇنىڭ پايدىسى ئەپسەنتىننىڭ پايدىسىغا يېقىندۇر» دېگەن. بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ خۇسۇسىيىتى ۋە تەسىرىنىڭ ئەپسەنتىننىڭ خۇسۇسىيىتى ۋە تەسىرىگە ئوخشاش بولۇشى كۆتۈلمىگەن ئىشتۇر. شەربىتى تۇتقاق كېسەلگە پايدا قىلىدۇ. سەئۇتى (سەئۇت — بۇرۇنغا تېمىتىش ئۈچۈن تەييارلانغان سۇيۇقلۇق) مېڭىنى تەنقىيە قىلىشقا ئىشلىتىلىدۇ، لەقۋاغا پايدا قىلىدۇ.

جاراھەتلەر ۋە يارىلار: دىسقۇرىدۇسنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇنىڭ زىماتى تىكەن ۋە ئوقلارنى چىقىرىدىكەن، يارىلارنى تازىلايدىكەن، جاراھەتلەرنى پۈتتۈرىدىكەن.

«مالا يەسەئۇ» دېگەن كىتابنىڭ ئاپتورىنىڭ يېزىشىچە، ئۇ يەرلىك ۋە ياۋىدىن ئىبارەت

ئىككى خىل بولىدىكەن، يەرلىكى يۇنانچە «لەبسىنى» دېيىلىدىكەن. ئۇ سايە جايلار، دەرەخلەرنىڭ ئارىلىرى، سۇ بويلىرى، ئىمارەت ئەتراپلىرىغا ئۆسىدىكەن. يوپۇرمىقى چاشقاننىڭ قولىقىغا ئوخشايدىغان بولۇپ، يۇمىلاق، كىچىك بولىدىكەن. گىياھى سامان غوللۇق ۋە گۈل ئېچىلمايدىغان ئۆسۈملۈك بولۇپ، يەرگە يېيىلىپ ئۆسىدىكەن. شاخلىرى ئۈچ قىرلىق بولۇپ، قولغا سۈركەلسە تەرخەمەكنىڭ پۇرىقى كېلىدىكەن.

تەبىئىتى: ھۆل سوغۇق. «تۆھپە» («تۆھپەتۇل مۆئمىن» دېگەن ئەسەرنى دېمەكچى تەھرىردىن) نىڭ ئاپتورى ئۈچىنچى دەرىجىدە ھۆل، دەپ بىلگەن. ئۆسۈملۈكنىڭ ئاززاق قابىزلىق قۇۋۋىتى بار، سۈتىنىڭ ئاززاق تارقىتىش قۇۋۋىتى بار.

خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى: باش، كۆز كېسەللىكلىرى: سەئۇتى ئىسسىقتىن بولغان باش ئاغرىقىغا، ئارپا ئۇنى بىلەن قىلىنغان زىماتى كۆزنىڭ ئىسسىقتىن بولغان ئىششىقلىرىنى تارقىتىشقا ئىشلىتىلىدۇ.

قۇلاق كېسەللىكلىرى: ئۇسارىسىنى قۇلاققا تېمىتسا ئاغرىقنى پەسەيتىدۇ، ئىششىقنى ياندۇرىدۇ.

ھەزىم سىستېمىسى كېسەللىكلىرى: ئىچسە ياللۇغ قايتۇرىدۇ، كۆڭۈل ئېلىشىشنى پەسەيتىدۇ. ئاشقازاندىكى مەددە قۇرتلارنى چۈشۈرىدۇ.

ئىششىقلار ۋە مۇدۇرلار: ئارپا ئۇنى بىلەن قىلىنغان زىماتى ھەممە ئەزالارنىڭ ئىششىقلىرى، كۆيدۈرگە، قىزىلغا پايدا قىلىدۇ.

بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ ياۋىسى ئۈچ خىل بولىدۇ.

بىرىنچى خىلىنىڭ شاخلىرى ئىنچىكە بولۇپ، يەردىن ئېگىز ئۆسىدۇ. بىر يىلتىزدىن كۆپ شاخلار ئۆسۈپ چىقىدۇ. پەستىكى شاخلىرى قىزىل، كاۋاك بولىدۇ. يوپۇرماقلىرى چۇرۇك، يەرلىكىنىڭ يوپۇرماقلىرىغا قارىغاندا ئۇزۇنچاقراق بولىدۇ. يوپۇرماقلىرىنىڭ ئارقا قىسمى ئېگىز - پەس ياكى قوتۇرراق كېلىدۇ، ئەتراپى ئۆتكۈر بولۇپ، جۈپ - جۈپ چىقىدۇ. ھەر چوڭ شېخىدا نۇرغۇن ئۇششاق شاخلىرى بولىدۇ. گۈلى ھاۋا رەڭ (لاجۇۋەرد رەڭ) بولىدۇ. «تۆھپە» نىڭ ئاپتورى «بەزىلىرىنىڭ گۈلى سېرىق بولىدۇ» دەپ يازغان. يىلتىزى بارماق توملۇقىدا بولۇپ، چاچما يىلتىزلىرى بولىدۇ.

بۇ ئۆسۈملۈك بەزىدە ئۇسقۇلۇقەندەرىيۇن ئۆسۈملۈكى بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ قويۇلىدۇ. پەرقى شۇكى، مەزكۇر ئۆسۈملۈكنىڭ يوپۇرمىقى ئۇسقۇلۇقەندەرىيۇن يوپۇرمىقىنىڭ ئەكسىچە يۇمشاق ۋە ئۇزۇن بولىدۇ.

تەبىئىتى: ئىسسىق - سوغۇقلۇقتا مۆتىدىل، ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق.

خۇسۇسىيىتى ۋە تەسىرى: تۇتقاق كېسەل، لەقۋا، سوغۇقتىن بولغان مېڭە مەنبەلىك ئاغرىقلار، باش ئاغرىقى قاتارلىقلارغا پايدا قىلىدۇ. ئاشقازاننى قۇۋۋەتلىگۈچى، ماددىلارنى

تارقاتقۇچى، توسالغۇلارنى ئاچقۇچى، سۈيدۈك ھەيدىگۈچىدۇر. زەھەرلىك يىلان (ئەفئا) نىڭ زەھىرىنى قايتۇرىدۇ.

**باش كېسەللىكلىرى:** زىماتى، بولۇپمۇ سىركە بىلەن تەييارلانغان زىماتى ئىسسىقتىن بولغان باش ئاغرىقىغا، سەئۇتى ۋە مائۇلھەسەل بىلەن قىلىنغان سۈيى مېڭىنى تەنقىيە قىلىشقا، مېڭىدىكى ئارتۇق ھۆللۈكلەرنى تارتىشقا ئىشلىتىلىدۇ.

**كۆز كېسەللىكلىرى:** يىلتىزىنىڭ تىلا (سىرتتىن ئىشلىتىش ئۈچۈن تەييارلانغان مەلھەمدىن سۈيۈق ياسالما ــــ ت)سى كۆز ئاقمىسى (ناسۇرى چەشم)گە، ئارپا ئۇنى بىلەن قىلىنغان زىماتى كۆزنىڭ ئىسسىق ئىششىقلىرىنى ياندۇرۇشقا، يالغۇز ھالەتتە كۆز ئاقمىسىغا ئىشلىتىلىدۇ. سىناقتىن ئۆتكەن.

**ئېغىز كېسەللىكلىرى:** ھەسەل بىلەن قىلىنغان غار ـ غار سۈيى چىش ئاغرىقىغا پايدا قىلىدۇ.

«شىپائۇل ئەسقام» (كېسەللەر شىپاسى) ناملىق كىتابنىڭ ئاپتورى «ئۇنى شاراب بىلەن ئىچسە زەھەرلىك يىلانلار چېقىۋالغان بىمارغا پايدا قىلىدۇ» دېگەن. زىماتى جاراھەتلەرنىڭ پۈتۈشى، تارقىلىشى ۋە جاراھەتلەرنىڭ ئىششىشىغا پايدا قىلىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** دوۋساققا زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** مەرزەنجۇش، ئېيتىلىشچە سېمىزئوت ئۇرۇقى ئىكەن.

**ئىستېمال مىقدارى:** 10 گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

ئىككىنچى خىلىنىڭ شاخلىرى كەڭ بولۇپ، يەرگە يېيىلىپ ئۆسىدۇ. يوپۇرمىقى يۇمىلاقراق بولۇپ، يەرلىكىنىڭ يوپۇرمىقىغا ئوخشايدۇ، لېكىن ئۇنىڭدىن كىچىكرەك بولىدۇ. ئازراق كۆيدۈرۈش خۇسۇسىيىتى بولۇپ، ئادەتتە گۈلى ئېچىلمايدۇ. «تۆھپە» نىڭ ئاپتورى: «ئۇ گۈلسىز ئەمەس، بەلكى گۈلى ئۇششاقلىقى ۋە شاخلىرىغا چاپلىشىپ تۇرىدىغانلىقىدىن كۆرۈنمەيدۇ» دەپ يازغان. ئادەتتە بۇ ئۆسۈملۈك (ئىككىنچى خىلى) كۆپ ھاللاردا قۇملۇقلاردا ئۆسىدۇ.

**تەبئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق، «تۆھپە» نىڭ ئاپتورى ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق، دەپ يازغان.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** باھنى قوزغاتقۇچىدۇر. سوغۇقتىن بولغان ئىششىقلارغا، تېرىدىكى ھەر خىل ئىزلارنى يوقىتىشقا، زەھەر قايتۇرۇشقا، تىكەن ۋە ئوقلارنى تارتىپ چىقىرىشقا ئىشلىتىلىدۇ. ئۇنىڭ يېڭى ئۇسارىسىنى بەل، زەكەر، چات ئارىلىقى، دوۋسۇنلارغا سۈركىسە باھنى قوزغايدۇ. ھەتتا ياشانغانلار ۋە باھتىن ئۈمىدى ئۈزۈلگەنلەرنىڭمۇ باھ قۇۋۋىتىنى قوزغايدۇ. قۇرۇتۇلغان مەتبۇخىمۇ شۇ تەسىرنى بېرىدۇ، ئەمما تەسىرى ئۇسارىسىدىن ئاجىزراق بولىدۇ. يەنە شۇنىڭدەك ئۇنىڭ زىماتى زەھەر قايتۇرىدۇ ۋە زەھەردىن مۇداپىئە قىلىدۇ. تىكەن ۋە ئوقلارنى چىقىرىدۇ.

ئۈچىنچى خىلىنىڭ يوپۇرمىقى يۇمىلاقىقا مايىل، ئاق تۈكلۈك، تىكەنلىك، سۈتلۈك بولۇپ، كېسىلسە سۈت چىقىدۇ. يەر يۈزىگە يېپىلىپ ئۆسىدۇ. سۈدىن يىراق ئۆسكەنلىرى كۈچلۈك بولۇپ، يوپۇرمىقىنى نازۇك تېرىگە، بولۇپمۇ يۈز تېرىسىگە قويسا قىزارتىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق. زەھەرلىك بولۇپ، ئۈچ خىل تۈرى ئىچىدە ئەڭ ناچار، ئەكس تەسىرى كۆپتۇر.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** كۈچلۈك قۇستۇرغۇچى ۋە ئىچىنى سۈرگۈچىدۇر. زىيادە ئىستېمال قىلسا ئۆلتۈرىدۇ. سۈتى تېرىنى يارا قىلغۇچىدۇر. ئۇنىڭدىن ئۈچ يېرىم مىسقالنى قاينىتىپ سۈيىنى نەئناء (يالپۇزنىڭ تۈرى) بىلەن ئىچىپ، ئارقىسىدىن تۇزلۇق بېلىق يېسە، ئاشقازاندىكى ھەرقانداق مەددە قۇرتنى چۈشۈرىدۇ، قۇرت قايتا پەيدا بولمايدۇ. شەيخ داۋۇد ئەنتاكىي ئۇنىڭ بۇ خىل خۇسۇسىيىتىنى ئۇنىڭ يەرلىكىگە خاس قىلغان.

«تۆھپە» نىڭ ئاپتورى «ئىبنى تىلمىز مۇغنى ناملىق كىتابتا ‹ئازانۇل فەئر› (چاشقانقۇلاق) نىڭ تۈرلىرى مەرزەنجۇش ئەمەس، باشقا كىتابلاردىمۇ بۇ مەنە ئايان بولىدۇ، چۈنكى، مەرزەنجۇش باشقا سۆيەتلەرگە ئىگە، ئۇ رەيھانلار (خۇش پۇراق گىياھلارنىڭ ئورتاق نامى ت) قاتارىدىن بولۇپ، خۇش پۇراقتۇر، يوپۇرمىقى چاشقاننىڭ قۇلىقىغا ئوخشىمايدۇ، گۈلى قىزىلغا مايىل ئاقتۇر، ئۇرۇقى رەيھان ئۇرۇقىغا ئوخشاش بولۇپ، پارقىراق بولىدۇ» دەپ يازغان.

ئەنتاكىي: «ئۇنىڭ تۈرلىرى بەك كۆپ، بەزىلىرىنىڭ يوپۇرمىقى دۈمچەك، گۈلى سېرىق، ئۈچلۈق، يۇمشاق بولىدۇ. بۇ خىلى ئىككىنچى دەرىجىدە ھۆل سوغۇقتۇر. ئۇنىڭ بەزىلىرى تۈكلۈك، ئىنچىكە، ئېگىز ئۆسىدىغان بولۇپ، يەرگە يېپىلىپ ئۆسىدۇ. ئۇنىڭدىن ئۆتكۈر (گۆشلەرنى) يېگۈچى ئاق سۈت ئېقىپ چىقىدۇ، كۆكۈلنى ئاينىتمايدۇ، بۇ خىلى مىسىردا كۆپ بولىدۇ. بەزىلىرى ھەبەشىستاندا ئۆسىدىغان بولۇپ، گۈلى شاخلىرىغا چاپلىشىپ تۇرىدۇ، بۇ ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق بولىدۇ، ئۇنىڭ ئۇسارىسىنى سۇركىسە ياكى ئىچسە باھنى قوزغايدۇ. ئۇنىڭ تەرخەمەك پۇرىقى كېلىدىغان تۈرى ھارارەت ۋە كۆكۈل ئېلىشىشنى پەسەيتىدۇ، ئارقىسىدىن تۇزلۇق بېلىق يېيىلسە مەددە قۇرتلارنى چۈشۈرىدۇ. باشنى ئاغرىتىدۇ» دەيدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** باشنى ئاغرىتىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** مەرزەنجۇش.

**ئىستېمال مىقدارى:** بەش گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

«شىپائۇل ئەسقام» (كېسەللىكلەر شىپاسى) دىگەن كىتابنىڭ ئاپتورى: «مەزكۇر ئىسىم تەبىئىتى ئۆتكۈر، يوپۇرماقلىرى كىچىك، يەرگە يېپىلىپ ئۆسىدىغان بىر خىل ئۆسۈملۈكنىڭ ئىسمىدۇر» دەيدۇ.

ئۇنىڭ ياخشىسى گۈللىرى لاجۇۋەرد رەڭ (ھاۋا رەڭ ــــ ت)، يېڭى بولغىنىدۇر. چۈنكى، ئۇنىڭ گۈلى سېرىق ۋە ئاسمان رەڭ بولىدۇ.

كىتابنىڭ مۇھەررىرىنىڭ بېنگالدا كۆرۈشىچە ۋە ئاڭلىشىچە، ئۇ ئىككى خىل بولىدىكەن، ھەر ئىككىسى كۆپ شاخلىق بولۇپ، شاخلىرى يەرگە يېيىلىپ ئۆسىدىكەن، بوغۇملۇق ھەم سۇلۇق بولۇپ، سىقىلسا ئاز ـ ئازدىن شۆلگەيدەك شىلىمشىق سۇيۇقلۇق ئېقىپ چىقىدىكەن. يوپۇرمىقى بوغۇملىرىدىن ئۆسۈپ چىقىدىكەن، گۈلى ئۇششاق، ھاۋا رەڭ بولۇپ، يوپۇرمىقىنىڭ تۈۋىگە تۇتاش بولىدىكەن.

ئەمما ئۇنىڭ تام تۈۋلىرى ۋە نەم يەرلەردە ئۆسىدىغان تۈرىنىڭ يوپۇرمىقى ئازراق كەڭ ۋە چوڭ بولۇپ يېيىلىدىكەن. ھىندىستان ۋە بېنگال خەلقلىرى ئۇنىڭ يۇمشاق، چۈرۈك، يېڭى يوپۇرمىقىنى پىشۇرۇپ، مەنىي بۇزۇلۇش ۋە ئېقىش، بۆرەك، دوۋساق كېسەللىكلىرى ئۈچۈن باشقا كۆكتاتلارغا ئوخشاش يەيدىكەن. يەنە ئۇلار ئۇنىڭ بوغۇملىرىدىن ئىككى ـ ئۈچ مىسقال ئېلىپ، ھىندىچە «ئەدرەك» دېيىلىدىغان زەنجىۋىل بىلەن بىرلىكتە يېسە باھنى قۇۋۋەتلەيدۇ، دەپ بىلىدىكەن.

ئۇنىڭ سۇ بويلىرىدا ئۆسىدىغان يەنە بىر تۈرىنىڭ يوپۇرمىقى ئازراق ئىنچىكە بولۇپ، ئېگىز ئۆسىدۇ، ئومۇمەن ھەر ئىككىسىنىڭ يوپۇرمىقى چاشقاننىڭ قۇلىقىغا ئوخشايدۇ، تەبىئىتى ھۆل سوغۇق دەپ قارىلىدۇ. ھەر ئىككىسىنىڭ سۈيى كۆزنىڭ ئىسسىقتىن بولغان ئىششىقلىرى ۋە ئاقمىسىغا پايدا قىلىدۇ. شۇنداقلا ئۇنىڭ يوپۇرمىقىنى ئېزىپ تەييارلىغان زىماتىمۇ ئوخشاش تەسىرلەرگە ئىگە.

## ئازەربو
(ئازەربو ئۆسۈملۈكى)

ئۇ يۇنان تىلىدۇر. يەنە «ئازەربويە» مۇ دېيىلىدۇ.

بەغدادى ئۇنى «ئەرتەنىسانىڭ يىلتىزى» دېگەن. «ئەرتەنىسا»دا بايان قىلىنىدۇ. «تۆھپەتۇل مۆئمىن» (مۆمىنلەرگە قىلىنغان ھەدىيە) دېگەن كىتابنىڭ ئاپتورى: «ئۇ بىر خىل ئۆسۈملۈك بولۇپ، رەڭگى قارا، چامغۇرغا ئوخشايدىغان، ئۇستىگە بوغۇمغا ئوخشاش نەرسىلەر ئۆسۈپ چىققان يىلتىزىدۇر » دەيدۇ.

ئۇنىڭ ئۆسۈملۈكى تىكەنلىك بولۇپ، غېرىچ ئۇزۇنلۇقىدا ئۆسىدۇ، شېخى ۋە يوپۇرمىقى كەرنۇب (كاللەكبەسەي ــــ ت)نىڭ يوپۇرمىقىغا ئوخشايدۇ. مېۋىسى نوقۇتنىڭ غىلاپىغا ئوخشايدىغان بولۇپ، ئىچىدە ئىككى ـ ئۈچ دانە سېرىق ئۇرۇقى بولىدۇ. ئېيتىلىشىچە، ئۇنىڭ گۈلى سېرىق ئىكەن. ئۇنىڭ ئۆسىدىغان يېرى ئېتىزلىقلاردۇر. سۈريانچە «ئەرتەنىسا»،

پارسچە «چۇۋەئى سەبباغان» دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇ «چۇۋەئى گازەران» دېگەن ئۆسۈملۈك ئەمەس، بەلكى بۇخۇرى مەريەم (مەريەم ئىسرىقى) ئۆسۈملۈكىنىڭ بىر خىلىدۇر. يوپۇرمىقى ۋە كىيىملەردىكى كىرلارنى چىقىرىشتا سوپۇنغا ئوخشايدۇ. «ئىختىياراتى بەدىئى» (بەدىئى تالالانمىلىرى)نىڭ ئاپتورى «ئۇ بىر خىل تىكەنلىك ئۆسۈملۈكنىڭ يىلتىزى بولۇپ، گۈلى سېرىق بولىدۇ، بۇ يىلتىز «رافلار»، «پەلار»، «قەلار»، «گەلىم شوي» (گىلەم يۇغۇچ)، «قەسەب شوي» (قومۇش يۇغۇچ) دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇ «ئەرتەنىسا» ئۆسۈملۈكىنىڭ يىلتىزىدۇر. ئۇ «رەفئىلاسۇس»، «سەترىنۇس» دەپمۇ ئاتىلىدۇ، شىرازچە «چوبەك ئۆشنان» دېيىلىدۇ. «بۇخۇرى مەريەم» ئۆسۈملۈكى ئۇنىڭ بىر قىسمىدۇر، دەپ يازغان.

**تەبىئىتى:** ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** جۇلا بەرگۈچى، ئۇيۇشتۇرغۇچى، توسالغۇلارنى ئاچقۇچى، ھېقنى توختاتقۇچى، سۈيدۈك ۋە ھەيزنى ماڭدۇرغۇچى، ھامىلە چۈشۈرگۈچى، تاش پارچىلىغۇچى، ماددىلارنى تارقاتقۇچى، مېڭە مەنبەلىك كېرەكسىز ماددىلارنى تارتقۇچى، سۈرگۈچى قۇۋۋىتى بىلەن بوغۇملاردىكى ماددىلارنى ھەيدىگۈچىدۇر.

ھەيز تۇتۇلۇشقا پايدا قىلىدۇ. تەرياقلىق قۇۋۋىتى بىلەن زەھەرلىك ھاشارات چېقىۋېلىش ۋە ئۇنىڭ ئاغرىقىنى پەسەيتىشكە ئىشلىتىلىدۇ.

باش كېسەللىكلىرى: بۇرۇنغا تېمىتسا دىماق پۇتۇشكە پايدا قىلىدۇ. ئىنتايىن ئۇسسۇتىدۇ. زۇكام ۋە نەزلىلەرگە پايدا قىلىدۇ.

نەپەس ئەزالىرى ۋە كۆكرەك كېسەللىكلىرى: ئىچسە ئاۋاز پۇتۇش، نەپەس ئۈزۈلۈپ قېلىش ۋە ھۆل سوغۇقتىن بولغان يۆتەلگە پايدا قىلىدۇ.

چىقىرىش ئەزالىرى كېسەللىكلىرى: ھەمەل قىلسا بوۋاسىرغا پايدا قىلىدۇ، بالىياتقۇنى تازىلايدۇ، ھامىلىدارلىققا ياردەم بېرىدۇ. شۇنىڭدەك مۇسەللەس ياكى شاراب بىلەن ئىچسىمۇ شۇ تەسىرنى بېرىدۇ.

رازى «ھېق تۇتۇشنى يوقىتىدۇ» دەيدۇ.

ھامىلىدار ئايال ئۇنى پۇرىسا زىيادە چۈشكۈرتۈپ، بالىنى چۈشۈرىۋېتىش خەۋپى بولىدۇ. شەيخۇر رەئىسنىڭ دېسقۇرىدۇستىن نەقىل قىلىشىچە، ھامىلىدار ئايال ئۇنىڭ تاغدا ئۆسىدىغىنىنى تۇتسا ۋە ھەمەل قىلسا، ھامىلىنى شۇ ھامان چۈشۈرىدىكەن.

تال ۋە بوغۇم كېسەللىكلىرى: ئۇنىڭ سىركە بىلەن قىلىنغان زىماتى تال ئىششىقى، ئولتۇرغۇچ نېرۋا ئاغرىقىغا پايدا قىلىدۇ. ھەمەل دورىلىرىغا قوشۇلسا ئولتۇرغۇچ نېرۋا ئاغرىقىغا پايدا قىلىدۇ. يەنە شۇنىڭدەك ئۇنىڭ كۈلى سىركە بىلەن بىرلىكتە ئىشلىتىلسە، بوغۇم ئاغرىقى، ئولتۇرغۇچ نېرۋا ئاغرىقى، يانپاش ئاغرىقى قاتارلىقلارغا پايدا قىلىدۇ.

جاراھەتلەر: ئۇنىڭ سەپمىسى يالغۇز ياكى مۇناسىۋەتلىك دورىلار بىلەن بىرلىكتە يامان

جاراھەتلەرگە پايدا قىلىدۇ.

زىننەتلەش تەسىرى: سىركە بىلەن قىلىنغان زىماتى دائۇسسۇئىلەپ (دائىرىلىك چاچ چۈشۈش) كە پايدا قىلىدۇ.

زەھەر قايتۇرۇش: مۇسەللەس ياكى شاراب بىلەن ئىچسە بارلىق زەھەرلەرنى قايتۇرىدۇ. بولۇپمۇ چېقىۋېلىنغان ۋە چىشلىۋېلىنغاندىن كېيىنكى زەھەرلەرنى قايتۇرىدۇ.

**ئىستېمال مقدارى:** بىر مىسقالغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

ئۈچ مىسقالى نەپەسنى بوغۇش، كۆڭۈلنى كۆچلۈك ئىلىشتۇرۇش، قۇۋۋەتنى زەئىپلەشتۇرۇش بىلەن ھالاك قىلىدۇ.

**ئىلاجى:** جەبلاھەڭ ۋە كۇندۇش يەپ زەھەرلەنگەندىكى ئىلاجلار قىلىنىدىغان بولۇپ، ئاللا خالىسا كېيىن بايان قىلىنىدۇ.

**ئورۇنباسارى:** زەھەر قايتۇرۇش ئۈچۈن باراۋەر مىقداردا تۇرۇنجى ئورۇقى، ئۆزۈنچاق زىراۋەندە ۋە پۇدىنەجدۇر. «ئىختىياراتى بەدىئىي»نىڭ ئاپتورى: «ئۇنىڭ بەدىلى بىر گىرام ئەنجۇر سۆتى، باراۋەر مىقداردا قامغاق (باد ئاۋەرد) دۇر» دېگەن.

## ئازەريۇن
### (ئاپتاپپەرەس گۈلى)

پارسچە «گۈلى ئاپتاپ پەرەست» دېيىلىدۇ. «ئازەريۇن» ئوت رەڭلىك دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. ئېيتىلىشچە، ئەرەبلەر ئۇنى «ھەتۋە» دەيدىكەن. ئەرەب شائىرلىرى ئۇنى ئاپتاپپەرەس گۈلى گۈللەر ئىچىدە مەشھۇردۇر دەپ مەدھىيەلەيدۇ. بەزىلەر ئۇنى ئۇقھۇۋان گۈلىنىڭ بىر تۈرى دەيدۇ، ئەمما بەزىلەر بۇ گەپنى رەت قىلىدۇ. ھىندىچە «سۇرەج مۇكى» دېيىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** بىر خىل ئۆسۈملۈك بولۇپ، غولاچ ئېگىزلىكىدە ئۆسىدۇ. ياۋا ۋە يەرلىك دەپ ئىككى خىل بولىدۇ. يەرلىكىنىڭ يوپۇرمىقى جىرجىر (زاغۇن) يوپۇرمىقىغا ئوخشايدىغان بولۇپ، تۈكلۈك بولىدۇ، گويا ئۈستىگە توپا ـ چاڭ قونۇپ قالغاندەك بىلىنىدۇ، چۈرۈك بولىدۇ، گۈللىرى سېرىق، ئالتۇن رەڭ، كەڭ، پارقىراق بولۇپ، گۈل كاسىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا قىزىلغا مايىل قارا رەڭلىك، ئۇششاق بەرگىلىرى بولىدۇ. پۇرىقى ئۆتكۈر، شەكلى گۈزەل بولۇپ دائىم قۇياشقا قاراپ تۇرىدۇ. قۇياش نۇرىغا قاراپ ھەرىكەتلىنىپ تۇرىدۇ، كېچىسى تۈگىلىۋالىدۇ.

ياۋىسىنىڭ پۇرىقى يەرلىكىنىڭ پۇرىقىغا قارىغاندا ھەممە جەھەتتىن يۇقىرىراق بولىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئۈچىنچى دەرىجىنىڭ ئاۋۋىلىدا قۇرۇق ئىسسىق، بەزىلەر ئىككىنچى دەرىجىدە ئىسسىق دەيدۇ. گۈلىنىڭ ئىسسىقلىقى ئۇنىڭ باشقا قىسىملىرىنىڭ ئىسسىقلىقىغا قارىغاندا

يۇقىرىراق بولىدۇ.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** تارقاتقۇچى، جۇلا بەرگۈچى، زەھەر قايتۇرغۇچى، مېڭە ۋە جىگەر توسالغۇلىرىنى ئاچقۇچى، مېڭىنى تازىلىغۇچىدۇر.

بالىلارنىڭ دۆيلۇنۇشى (ئۇمموسسىبىيان)، مېڭە ـ نېرۋىلارنىڭ سوغۇقتىن بولغان كېسەللىكلىرى، چىش ئاغرىقى، ئاشقازان ۋە جىگەر ئاجىزلىقى، يۈرەك ئاغرىقى، باھ ئاجىزلىقى، جىنسىي ئاجىزلىق، بوۋاسىر، ئۆپكە يارىسى، يەرقان، ئىستىسقا قاتارلىقلارغا شىپا بولىدۇ، سۈيدۈك، ھەيز ۋە چىقىرىندى ماددىلارنى ھەيدەيدۇ، ھامىلە چۈشۈرىدۇ، تاش پارچىلايدۇ، قۇلۇنجىنى ساقايتىدۇ، زەھەر قايتۇرىدۇ، ئېغىز، يۈرەك، ئاشقازان، بوغۇم كېسەللىكلىرى ۋە باشقا كېسەللىكلەر ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

يىلتىزىنىڭ سۈيى بىلەن ئېغىزنى چايقىسا سوغۇقتىن بولغان باش ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ. ئۇنىڭ يىلتىزىدىن ئۈچ گىرام ئىچسە، سوغۇق مىزاج كىشىلەرنىڭ يۈرىكىنى قۇۋۋەتلەيدۇ. ئىسسىق مىزاجلارنىڭ غەزىپىنى قوزغايدۇ. يوپۇرمىقىنىڭ سۈيىدىن 12 گىرامنى ئىلمان سۇ بىلەن ئىچسە كۆچلۈك قۇستۇرىدۇ. ئاپتاپپەرەس گۈلىنىڭ زىماتى بوغۇملار ئاغرىقى، ئولتۇرغۇچ نېرۋا ئاغرىقى، نۇقرەس، چاشقان يارىسى (خانازىر)غا پايدا قىلىدۇ. ئۇنى بەل ساھەسىگە زىمات قىلسا باھنى قۇۋۋەتلەيدۇ، شەھۋەتنى قوزغايدۇ. يىلتىزىنىڭ ھەمەلچىسى ھامىلە چۈشۈرىدۇ، تۇغماس ئايالنىڭ ھامىلدار بولۇشىغا ياردەم بېرىدۇ. يوپۇرمىقىنىڭ سۈيىنى ئىچسە قورساقتىكى ئۆلۈك ھامىلىنى چۈشۈرىدۇ، ھەيز ماڭدۇرىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** گۈلى بىلەن يوپۇرمىقىنىڭ سۈيى ۋە يىلتىزىدىن 20 گىرامغىچە، ئۆزىدىن (ئۇرۇقىدىن) بەش گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

**ئورۇنباسارى:** ئۇنىڭ بىر يېرىم ھەسسىسىچىلىك مىقداردا سەلىخە (قېلىن دارچىن) بىلەن تۆتتىن بىر ھەسسىسىچىلىك مىقداردا زەپەردۇر.

**زىيانلىق تەسىرى (1):** ئىسسىق مىزاجلىق كىشىلەرگە زەرەر قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** سىركەنجۇبىل.

(2): تالغا، بولۇپمۇ ئىسسىق مىزاجلارنىڭ تېلىغا زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** قەنت، ھەسەل، سىركەنجۇبىلدۇر.

ئۇنىڭ خاسىيىتى شۈكى، گۈلىگە چىۋىن قونمايدۇ. ئۇنىڭ كۆيدۈرۈلگەن تۈتۈنىدىن چاشقان، كەسلەنچۈك قاتارلىقلار قاچىدۇ.

## ئارۇتۆلە
(ئارتۇتۆلە ئېشى)

**ماھىيىتى:** «بۇرھانى قاتىئ» (كەسكىن دەلىل) ناملىق كىتابنىڭ ساھىبى: ئۇ ئاتلاغا

ئوخشاش بىر خىل ئاش بولۇپ، ئۇن بىلەن تەييارلىنىدۇ، كۆپىنچە تۆۋەن تەبىقىدىكى نامرات ئادەملەر يەيدۇ، ئەرەبچە «سەھنات» دېيىلىدۇ، دەيدۇ.

بىلگىنكى، سەمنات ئاۋتۇلىنىڭ ئىزى ئەمەس، ئاللا خالىسا «س» (ساد) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلار بابىدا بايان قىلىنىدۇ.

## ئارغىيس

(زەرچۈە يىلتىزى پوستى)

دەمەشىق ۋە مىسىر خەلقلىرى تىلىدا «ئۇدۇرر رىيھ» (يەل ياغىچى) دېيىلىدۇ. پارسچە «پوستى بىخى زەرد شۇدە» (سارغايغان يىلتىز پوستى) دېيىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** زىرىق (ئەنبەر بارس) يىلتىزى پوستىدىن ئىبارەت.

**تەبىئىتى:** بىرىنچى دەرىجىدە ئىسسىق، ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇقتۇر.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** سوۋۇتقۇچى، قورۇغۇچى، خىلتلارنىڭ ئوفۇنەتلىنىشىنىڭ ئالدىنى ئالغۇچى، توسالغۇلارنى ئاچقۇچى، ماددىنى قايتۇرغۇچىدۇر.

ئېغىز يارىسى، چىش مىلىكلىرى بوشاش، كۆز قۇۋۋىتى ئاجىزلاش قاتارلىقلارغا پايدا قىلىدۇ، يارىلارنى قۇرۇتىدۇ.

كۆز كېسەللىكلىرى: ئارغىيسنىڭ چىلانمىسى، شۇنداقلا گۇلاب بىلەن قىلىنغان قاينىتىلمىسى كۆزدىن ئاقىدىغان سۇيۇقلۇقلارنى قۇرۇتۇش ئۈچۈن كۆزگە تېمىتىلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا كۆزگە تېمىتىلسا سوزۇلما قالدۇق كۆز ئاغرىقىغا ئىنتايىن ياخشى پايدا قىلىدۇ. كۆز ئاغرىقى پەيدا بولۇشتىن ئاۋۋال كۆزگە سۈركىسە كۆزنىڭ ساقلىقىنى ساقلايدۇ. مىسىر خەلقى ئۇنى مامىرانچىنىڭ ئورنىدا كۆز كېسەللىكلىرىگە ئىشلىتىدۇ. كۆزگە سۈرمە ئورنىدا تارتسا كۆرۈش قۇۋۋىتىنى كۈچەيتىدۇ. ئۇنىڭ ئۇسارىسىنى قاينىتىپ قويۇلدۇرۇلغان ئۇيۇتمىسىنىڭ تەسىرى رۇسۇت ھىندىنىڭ تەسىرى بىلەن ئوخشاش.

ئېغىز كېسەللىكلىرى: قاينىتىلمىسى بىلەن ئېغىز چايقىسا چىش مىلىكىدىكى يامان يارا ۋە چىش ئاغرىقىغا پايدا قىلىدۇ، چىش مىلىكىنى چىڭىتىدۇ.

ھەزىم ئەزالىرى كېسەللىكلىرى: قاينىتىلمىسىنى شاراب بىلەن ئىچسە، ھەزىم سىستېمىسى ئەزالىرى كېسەللىكلىرىگە پايدا قىلىدۇ. ئۇنىڭ ئۆزىنى شاراب بىلەن ئىچسە، تەپسىز جىگەر ئاغرىقىغا، سوغۇق سۇ بىلەن ئىچسە، تەپلىك جىگەر ئاغرىقىغا پايدا قىلىدۇ. قاينىتىلمىسىنى ھەمەل قىلسا ئۈچەي يارىسىغا پايدا قىلىدۇ، كېرەكسىز ماددىلارنى تازىلايدۇ. قاينىتىلمىسى قوي جىگىرىدىكى مەددە قۇرتنى يوقىتىشتا سىناقتىن ئۆتكەن.

**ئىستېمال مىقدارى:** ئۆزىدىن 10 گىرام، قاينىتىلمىسىدىن 90 گىرامغىچە ئىستېمال

قىلىندۇ.

**ئورۇنباسارى:** كۆز كېسەللىكلىرىدە مامرانچىن، رۇسۇت ھىندىدۇر. بەزىلەر رۇسۇت مەككى دېگەن.

**زىيانلىق تەسرى:** يۆتىلىدىغانلارغا زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** ھەسەل.

ئۇنىڭ قايىنتىپ تەييارلانغان ئۇيۇتمىسىنىڭ تەسىرى رۇسۇت مەككىنىڭ تەسىرى بىلەن ئوخشاش.

شەيخۇر رەئىس (ئىبىن سىنا)نىڭ يېزىشىچە، بەزىلەر ئۇنىڭ يىلتىزى بىلەن ھامىلىدار ئايالنىڭ قورسىقىغا ئۈچ قېتىم ئۇرسا ياكى زىمات قىلسا ھامىلىنى چۈشۈرىدۇ، دېگەن. ئۇ يەنە جىنسىي يولدىن قان كېلىشكە پايدا قىلىدۇ.

## ئازاد دەرىخى

**ماھىيىتى:** چوڭ دەرەخ بولۇپ، مېۋىسى ئالقات (زەئرۇر) مېۋىسىگە ئوخشايدۇ، رەڭگى سېرىق، تەمى ئاچچىق بولۇپ، باشاقلىق بولىدۇ، ئورۇقىمۇ ئالقات مېۋىسىنىڭ ئورۇقىغا ئوخشايدۇ. مېۋىسى بىر تال بولۇپ، خەمەكلىك بولىدۇ. خەمىكى ئىچىدە ئالتە دانە پەردىسى بولىدۇ. باھارنىڭ ئاخىرىدا يېتىشىپ زىمىستانغىچە تۇرىدۇ. يوپۇرمىقى يېشىل، سىلىق، ئازراق قارامتۇل، قىرلىق، سەل ئۇزۇنچاق، ئاچچىق بولىدۇ، كۈزدە يوپۇرماق تاشلىمايدۇ. ئەرەبچە «شەجەرەتۇل ھۆررە» (ئازاد دەرەخ) دېيىلىدۇ، يەنە «ھەررىيتە» مۇ دېيىلىدۇ. تەنەكابۇن (ئەل نامى) تىلىدا «جەبەلى دارۇ» (تاغ دورىسى)، «رۇۋان»، «روباتىرس»، جورجان تىلىدا «زەھىرى زېمىن» (يەر زەھىرى) دېيىلىدۇ. مازىنداران (ئىراننىڭ بىر ئۆلكىسى) خەلقى «سىيسەبان»، ھىندىستان خەلقى «بەكائىن» دەپ ئاتايدۇ. بەزى كىشىلەر ئۇنىڭ دەرىخى ھىندىچە «نىيب» دېيىلىدۇ، دەيدۇ. بۇ پەقەت بىر خىل پەرەز، چۈنكى، نىيب دەرىخى «نىيم» دەپمۇ ئاتىلىدىغان بولۇپ، ھىندىستاندىن باشقا يەرلەردە كۆرۈلمىگەن. ئازاد دەرىخى بولسا ئىران، رىم، ھىندىستان قاتارلىق ئەللەرنىڭ ھەممە شەھەرلىرىدە ئۆسىدۇ، شىرازلىقلار ئۇنى «نوس» دەيدۇ. ئۇنىڭ گۈلى قىزىل ياكى بىنەپشە رەڭ ياكى رەڭسىز بولۇپ، ناھايىتى خۇش پۇراق بولىدۇ. يەنە ئۇ بەكائىن دەرىخى ئەمەس دېيىلگەن.

**تەبئىتى:** ئۇچىنچى دەرىجىنىڭ دەسلىپىدە ئىسسىق، بىرىنچى دەرىجىنىڭ ئاخىرىدا قۇرۇقتۇر. بەزىلەر ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇقمۇ دەيدۇ. ئېيتىلىشىچە، يوپۇرمىقىنىڭ تەبئىتىمۇ ئۇنىڭغا يېقىنلىشىدىكەن.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ئاچقۇچى، تارقاتقۇچى، ھەيدىگۈچى ۋە زەھەر قايتۇرغۇچىدۇر.

باش ۋە قۇلاق كېسەللىكلىرىگە ئىشلىتىلىدۇ، ئازاد دەرىخىنىڭ گۈلى مېڭە تومۇرلىرىنى ئاچىدۇ. ياشانغانلار ۋە سوغۇق مىزاجلىقلارغا مۇۋاپىق كېلىدۇ. پۇرىسا باشنىڭ زىڭىلداپ ئاغرىشى ۋە باشقا ئاغرىقلىرىنى پەسەيتىدۇ. شۇنداقلا ئۇنىڭ زىماتىنى پېشانە ۋە ئىككى چېكىگە چاپلىسىمۇ باش ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ.

يوپۇرمىقىنىڭ سۈيىنى بۇرۇنغا تارتسا، ھۆل سوغۇقتىن بولغان باش ئاغرىقى ۋە بۇرۇن پۇتۇشكە پايدا قىلىدۇ.

يوپۇرمىقى بىلەن شىخىنى ياكى يوپۇمىقىنىلا قاينىتىپ، سۈيى بىلەن باش ساھەسىنى يۇسا، سوغۇقتىن بولغان باش ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ. مېۋىسى، يوپۇرمىقى باشتىكى يىرىڭلىق يارىلارنى تازىلايدۇ. يېڭى يوپۇرمىقىنىڭ سۈيىنى قۇلاققا تېمىتسا ھۆللۈكلەرنى قۇرۇتىدۇ، ئاغرىق پەسەيتىدۇ، سوغۇق يەلدىن بولغان قۇلاق قىچىشىش ۋە غوڭۇلداشلارنى پەسەيتىدۇ.

ھەزىم ۋە چىقىرىش ئەزالىرى كېسەللىكلىرى: يوپۇرمىقىنى ئاشقازان ئېغىزىغا زىمات قىلسا كۆڭۈل ئېلىشىشنى پەسەيتىدۇ، ئاشقازان ۋە كىندىك ئاستىغا زىمات قىلسا مەددە قۇرتلارنى ئۆلتۈرىدۇ. ئۇسارىسىنى ئىچسىمۇ كۆڭۈل ئېلىشىشنى پەسەيتىدۇ، تومۇرلارنى ئاچىدۇ. يوپۇرمىقىنىڭ سۈيىنى ئىچسە تاش پارچىلايدۇ. سۈيدۈك، ھەيز ۋە كېرەكسىز ماددىلارنى ھەيدەيدۇ. يالغۇز ياكى ھەسەل ياكى ئۈزۈم شىرىسى بىلەن ئىچسە، ئولتۇرغۇچ نېرۋا ئاغرىقى، ئۇرۇقدان بوشاشقا پايدا قىلىدۇ. تومۇرلارنى ئاچىدۇ. قۇلۇنجىغا شىپا بولىدۇ، دوۋساقتا ئۇيۇپ قالغان قاننى تارقىتىدۇ. ئۇنىڭ ھەسەل ياكى ئۈزۈم شىرىسى بىلەن ئىشلىتىلگىنى ياخشىراق، چۈنكى ئۇلار ئۇنىڭ تەسىرىنى كۈچەيتىدۇ. يېڭى يوپۇرمىقىنىڭ سۈيىنى ئازراق ھۆل زەنجىۋىل (ھىندىچە «ئەدرەك» دېيىلىدۇ) سۈيى بىلەن ئىچسە، بالىياتقۇ ئاغرىقى، ھەيز تۇتۇلۇش، ۋاقىتلىق تۇغماسلىق قاتارلىقلارغا شىپا بولىدۇ.

جوزام، بەرەس، چاشقان يارىسى (خانازىر)، يارىلار ۋە ئاغرىقلار: ئېيتىلىشىچە، ئۇنىڭ ئۆزى جوزام، بەرەس ۋە يامان يارىلارغا پايدا قىلىدىكەن. يوپۇرمىقى بىلەن شېخىنىڭ زىماتى خانازىرغا پايدا قىلىدىكەن. سوغۇقتىن بولغان ئاغرىقلار ۋە ئىششىقلارغا چاپلىسا ئاغرىق پەسەيتىدىكەن ۋە ئىششىق ياندۇرىدىكەن. «دەستۇرۇل ئەتىببائ» (تېۋىپلار دەستۇرى) نىڭ ئاپتورىنىڭ ئېيتىشىچە، ئازاد دەرىخىنىڭ پىشىپ سارغايغان مېۋىسى بىلەن يوپۇرمىقىدىن ھىندىستان ئۆلچىمىدىكى بىر يېرىم مەن (ئۆلچەم بىرلىكى بولۇپ، 12 مەن تىبرىزىيغا تەڭ — ت) مىقداردا ئېلىپ، باراۋەر مىقداردىكى سۇ بىلەن كوزىغا قاچىلاپ ئېغىزىنى ئېتىپ، يەر ئاستىغا كۆمۈپ ئۈچ ھەپتە تۇرغۇزسا، ئۇنىڭدىن كېيىن كولاپ چىقىرىپ كۈنىگە بىر ئاپقۇردىن ئالتە ئايغىچە ئىچسە، قۇرۇقلۇقتىن بولغان جوزام ئۈچۈن ئەڭ ياخشى دورا ھېسابلىنىدىكەن.

ئۇنى يالغۇز ياكى نىيم دەرىخى ۋە ھىندىچە «سىنبالۇ» دېيىلىدىغان چاڭگاك

(پەنجەنگۇشت) بىلەن قاينىتىپ، قائىدە بويىچە هوردىسا هەر خىل ئاغرىقلارنى پەسەيتىدۇ، ئىششىقلارنى تارقىتىدۇ.

**باشقا تەسىرى:** گۈلىنى باشقا زىمات قىلسا، يوپۇرمىقىنىڭ قاينىتىلمىسى بىلەن باشنى يۇسا پىت ئۆلتۈرىدۇ ھەم چاچنى ئۆستۈرىدۇ. مېۋىسىنى ئازراق مەدەستان ھەم گۈل يېغى بىلەن سالايە قىلىپ باشتىكى يارىغا بىر قانچە كۈن ئۇدا سۈركىسە ھەم ھەر كۈنى يېڭىلاپ تۇرسا، سۈركەلگەندىن كېيىن ھەر ئۈچ كۈندە بىر قېتىم مۇنچىغا چۈشۈپ مۇنچىدىن چىققاندا يەنە قائىدە بويىچە سۈرۈپ باشنى نېپىز رەخت بىلەن ئورىسا، باشتىكى ھەر خىل يارىلارنى ساقايتىدۇ، چاچ ئۈندۈرىدۇ. ئۇنىڭ مەلھىمى تاز، باش يارىسىغا پايدا قىلىپ، چاچ ئۈندۈرىدۇ. مەلھەمنىڭ تەييارلىنىشى قارابادىندا بايان قىلىندى.

**زىيانلىق تەسىرى:** (1) مېۋىسى كۆكرەك، ئاشقازانغا زىيان قىلىدۇ. كۆپ ئىستېمال قىلسا كۆڭۈلنى ئىلىشتۇرۇپ سەپرالىق قۇستۇرىدۇ. نەپەسنى قىستايدۇ، كۆزنى تورلاشتۇرىدۇ، باشنى قايدۇرىدۇ، ھەتتا ئۆلۈمنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** قەي قىلدۇرۇش، يېڭى سېغىلغان سۈت ئىچۈرۈش، ئالما، ئانار يېگۈزۈش.

(2) ھايۋاناتنى زەھەرلەيدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** سۈت ئىچۈرۈش ۋە ئۈجمە يوپۇرمىقى يېگۈزۈش.

قالغىنىنى ئاللا ئەڭ ئوبدان بىلىدۇ.

## ئاس

(ئاس دەرىخى)

بۇ، سۈريان (قەدىمكى سۈرىيە ــ ت)چە ئىسىملارنىڭ پارسچىلاشتۇرۇلغىنىدۇر. «رەيھان» مۇ دېيىلىدۇ. سۈريانچە يەنە «كەرلەنفىسا»، يەنى دۈشمەنلەشكۈچى، «باتىن خۇد» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. يۇنانچە يەرلىك ئاس «مەرسا ئىمارىس»، «قىيتىس»، رىمچە «مەرسىنىن»، ھەبەشچە «ئەزدىرا»، ھىندىچە «ئەدھىيرە» دېيىلىدۇ. ھەببۇلئاس (ئاس مېۋىسى) «بەكام»، «قەتۇس»، «ئىماد»، بەنكى ئاس (ئاس دەرىخىنىڭ يىلتىزىدىن چىقىدىغان ماددا ــ ت) «مەنتەر» دېيىلىدۇ، ئېيتىشلارغا قارىغاندا «قىيتىس»مۇ بەنكى ئاس ئىكەن.

ماھىيىتى: بىلگىنكى، ئۇ يەرلىك ۋە ياۋىدىن ئىبارەت ئىككى خىل بولىدۇ. ياۋىسىنىڭ دەرىخى ئانار دەرىخىگە ئوخشايدۇ، يوپۇرمىقى يېشىلراق، قېلىنراق، قىسقىراق بولىدۇ، يوپۇرماق تاشلىمايدۇ، خۇش پۇراق، تەمى ئاچچىق، بەك قىرتاق، گۈلى ئاق، مېۋىسى دەسلەپتە يېشىل، يېتىلگەن ۋە پىشقاندىن كېيىن قارا، ئاچچىق - چۈچۈك تەملىك بولۇپ ئۆزگىرىدۇ. غىزالىقى ئاز، مېۋىسىنىڭ ئۇرۇقى ئاق، ئۇششاق، سىلىق بولىدۇ. ئۇرۇقى مېۋىسىنىڭ

چوڭ-كىچىكلىكىگە قاراپ بەزىدە ئۈچ، بەزىدە 8 ~ 9، ھەتتا 10 دانىغىچە بولىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئىپىتىلىشىچە، مۆرەككەبۇل قۇۋۋا ئىكەن، سوغۇقلۇقى يۇقىرى، ئىسسىقلىقى تۆۋەن، تۇپراققا مەنسۇپ تەركىبلىرى بولغانلىقتىن قۇرۇق، قابىز بولىدىكەن، سوغۇقلۇقى كەمرەك بولۇپ، بىرىنچى دەرىجىگىچە ئىكەن. قۇرۇقلۇقى ئىككىنچى دەرىجىدە ئىكەن. يوپۇرمىقى، گۈلى، مېۋىسى، غولى، ئۇرۇقى ۋە يىلتىزى قاتارلىقلارنىڭ قۇرۇق - سوغۇقلۇق دەرىجىلىرى بىرى - بىرىگە سېلىشتۇرغاندا پەرقلىنىدۇ. يەنى ئۇرۇقى، يىلتىزى ۋە يوپۇرمىقىنىڭ سوغۇقلۇقى يۇقىرى بولىدۇ. قالغان قىسىملىرى ئەكسىچە بولىدۇ. ئەمما ئۇرۇقى مۆرەككەبۇل قۇۋۋادۇر. تەمى قىرتاق، ئاچچىق، تاتلىق بولىدۇ. تاتلىقلىقىدىن ئىسسىقتىن بولغان يۆتەلگە پايدا قىلىدۇ، قىرتاقلىقىدىن ئىچ سۈرۈشنى توختىتىدۇ، ئاچچىقلىقىدىن سۈيدۈك ھەيدەيدۇ.

**خۇسۇسىيتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ئىچىسە، زىمات ياكى لۇتۇخ (سۈيۈق ھالەتتىكى ياسالمىنى سۈرۈشنى كۆرسىتىدۇ — ت) قىلىسا، خۇش پۇراقلىقى بىلەن روھقا ماس كەلگۈچى، قابىزلىقى ۋە ئۇچۇچانلاشتۇرۇشى بىلەن روھنى ساپلاشتۇرغۇچى، يورۇتقۇچى، نۇرلاندۇرغۇچى، كۈچەيتكۈچى، خۇرسەن قىلىش خاسىيىتى بىلەن يۈرەكنى قۇۋۋەتلىگۈچى، خەفەقان، باش ئاغرىقى، باش قېيىش، كۆز قاراڭغۇلىشىش، كۆز ئاغرىقى، قۇلاق ئاغرىقى ۋە يارىسى، قۇلاق ئېقىش، چىش ئاغرىقى، ئېغىز يارىسى، تىل بوشاش قاتارلىقلارغا پايدا قىلغۇچىدۇر. كۆرۈش قۇۋۋىتىنى ئاشۇرغۇچى، ئىششىقلارنى ياندۇرغۇچى، جاراھەتلەر، يارىلارغا داۋا بولغۇچى، قاناش، قان تۈكۈرۈش ۋە ھەرقانداق ئەزادىن كەلگەن قاننى توختاتقۇچىدۇر. تەرلەشكە داۋا بولغۇچىدۇر. ئاشقازان ۋە ئۈچەيلەرنى قۇۋۋەتلىگۈچى، سۈيدۈك ھەيدىگۈچى، قابىز (قورۇغۇچى)، تارقاتقۇچى، خۇرسەن قىلغۇچى، ئىچ سۈرۈش ۋە ھەيز قېنىنى توختاتقۇچى، بۆرەك زەئىپلىكى ۋە بوۋاسىرغا شىپا بولغۇچى، سۇنۇقنى تۇتتۇرغۇچىدۇر. مېۋىسى (زەھەر قايتۇرغۇچى) تەرياقلىق قۇۋۋىتىگە ئىگە بولۇپ، زەھەرلەرنى، بولۇپمۇ دۇ ۋە چايانىنىڭ زەھىرىنى قايتۇرغۇچىدۇر.

**باش ئەزا كېسەللىكلىرى:** ئۇنىڭ يېڭى يوپۇرمىقىنىڭ يالغۇز ياكى سىركە بىلەن قىلىنغان زىماتى پېشانىگە چېپىپ بۇرۇن قاناشقا، باشقا چېپىپ تازنى داۋالاشقا، يارىلارنى قۇرۇتۇشقا، ئازراق ئاقاقىيا، رامەك (بىر خىل مۆرەككەپ دورا — ت) ۋە بېھى سۈيى بىلەن بىرلىكتە قىلىنغان زىماتى ئۇرۇلۇش، سوقۇلۇش ۋە باش تېرىسى كېسىلىشتىن بولغان باش ئاغرىقىغا ئىشلىتىلىدۇ. شۇنداقلا ئۇنىڭ مۇۋاپىق سۈيۈقلۇق بىلەن تەييارلانغان تىلا ۋە لۇتۇخىمۇ يۇقىرىقى پايدىلارنى بېرىدۇ. يوپۇرمىقىنىڭ سۈيىگە ئازراق گۈلاب بىلەن كافۇر قوشۇپ، چىگە رەختىنى ئۇنىڭغا چىلاپ، ئاشقازان ساھەسىگە ياپسا سۈس سېرىق رەڭلىك سەپرا (مىررەئى سەفرا)نىڭ غالىبلىقىدىن بولغان ئاشقازان شېرىكچىلىكىدىكى باش ئاغرىقىغا پايدا

قىلىدۇ. شاراب بىلەن پىشۇرۇلغان مېۋىسىنى باش ساھەسىگە زىمات قىلسا، بەلغەم ۋە سەپرادىن بولغان قاتتىق باش ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ ۋە يوقىتىدۇ. يوپۇرمىقىنىڭ گۈل يېغى ۋە توخۇ تۇخۇمى سېرىقى بىلەن قىلىنغان زىماتى ئۇرۇلۇش، سوقۇلۇشتىن بولغان باش قېيىش ۋە كۆز قاراڭغۇلىشىشقا پايدا قىلىدۇ. يوپۇرمىقىنىڭ سۈيىنى سۇرۇلگەن قىزىل سەندەل ۋە سۆگەت يوپۇرمىقى سۈيى بىلەن ياكى گىل ئەرمىنى ۋە سىركە بىلەن بۇرۇنغا تېمىتسا بۇرۇن قاناشنى توختىتىدۇ. مېۋىسىنىڭ قاينىتىلمىسى شارابتىن ئىلگىرى ئازراق ئىچىلسە، هاراقتا خۇمار بولۇش ۋە ياكى مەست بولۇشنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. يېڭى يوپۇرمىقىنى پۇرىسا مېڭىنى قۇۋۋەتلەيدۇ، مېڭىگە بۇخاراتلارنىڭ ئۆرلىشى ۋە مېڭىنىڭ ئۇنى قوبۇل قىلىشىنى توسىدۇ. باش قېيىش ۋە كۆز قاراڭغۇلىشىشقىمۇ پايدا قىلىدۇ. يېغى بىلەن باش ياغلانسا سوغۇقلۇقى، مېڭىنى قۇۋۋەتلىشى، بۇخاراتلارنى تارقىتىپ، باشقا يېڭى بۇخاراتلارنىڭ ئۆرلىشىنى توسۇشى بىلەن باشتىكى ھەر خىل ئىششىقلار، تەپ ۋە غەيرىي تەپتە ئۆرلىگەن بۇخاراتلاردىن بولغان بىخۇد ئۇيقۇلارغا پايدا قىلىدۇ. كېسەللىكنىڭ باشلىنىشىدا قەي قىلدۇرۇپ ۋە (تەركىبىگە سەبرە چۇشۇرۇپ) ئايارەجلەر بىلەن ئىچىنى سۇرۇپ تەنقىيە قىلغاندىن كېيىن ئۇنىڭ يېغىنى يالغۇز ھالەتتە ياكى كېسەللىك باشلىنىپ بولغاندىن كېيىن بابۇنە يېغى بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ باشقا سۈركەپ تەرلىتىلسە، نەچچە كۈنلۈك تەپلەردە ئاشقازاندىن ئۆرلىگەن بۇخاراتلاردىن بولغان باش قېيىش ۋە كۆز قاراڭغۇلىششلارغا پايدا قىلىدۇ.

كۆز كېسەللىكلىرى: يوپۇرمىقىنىڭ سىقىلغان سۈيىنى كۆزگە تېمىتسا كۆز ئاغرىقى ۋە كۆز پۈلتىيىپ قېلىشلارغا پايدا قىلىدۇ. ئۇنىڭ كۈلى كۆزگە تىرناقچە گۆش ئۆسۈش، قاپاق گىرۋەكلىرى قىزىرىپ ئىششىش، كۆز ياشانغىراش قاتارلىقلارنىڭ دورىلىرىدىندۇر، بۇ جەھەتتىكى تەسىرى تۇتىيادىن كۈچلۈكرەك بولۇپ، ئۇنىڭ ئورۇنباسارى قىلىنىدۇ.

قۇلاق كېسەللىكلىرى: يوپۇرمىقىنىڭ سۈيى قۇلاققا تېمىتىلسا قۇلاق ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ، قۇلاقنى قۇۋۋەتلەيدۇ، قۇلاق ئېقىش ۋە قۇلاق يارىلىرىغا پايدا قىلىدۇ.

ئېغىز كېسەللىكلىرى: قاينىتىلمىسىنىڭ سۈيى بىلەن ئېغىز چايقىسا، چىشلارنىڭ ئىسسىقتىن بولغان ئاغرىقلىرىنى پەسەيتىدۇ، چىش مىلىكى ۋە تىل بوشاش، ئېغىز يارىسى قاتارلىقلارغا پايدا قىلىدۇ. ئۇنىڭ يوپۇرمىقىنىڭ سىقىلغان سۈيىنى ۋە مېۋىسىنىڭ شارابىنى ئىچىسمۇ شۇ تەسىرلەرنى بېرىدۇ.

نەپەس ۋە كۆكرەك ئەزالىرى كېسەللىكلىرى: يوپۇرمىقى ۋە گۈلىنى پۇرىسا يۈرەكنى قۇۋۋەتلەيدۇ، خەفەقانغا داۋا بولىدۇ. يوپۇرمىقىنىڭ سىقىلغان سۈيىنى مەلھەم قىلسا، پىشقان مېۋىسىنى يېسە، شۇنداقلا مېۋىسىنىڭ شارابى ھەم قىيامىنى ئىچسە، يۆتەل، قان تۈكۈرۈش ۋە ئۆپكە ئاغرىقلىرىغا پايدا قىلىدۇ.

ھەزىم ئەزالىرى كېسەللىكلىرى: مېۋىسىنىڭ سۈيى، بولۇپمۇ ئۇنىڭ قىيامى ۋە تالقىنىنى بەزى قابىز قىياملار بىلەن ئىچسە ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەيدۇ. بەزىدە زىيادە قابىزلىقى بىلەن سۈيدۈك ھەيدەيدۇ. قايىنتىلمىسىنى ئىچسە ئۇزۇنغا سوزۇلغان ئىچ سۈرۈشلەرنى توختىتىدۇ. ئۇرۇقى كېرەكسىز ماددىلارنىڭ ئاشقازان تەرەپكە ئېقىشىنى چەكلەيدۇ. يوپۇرمىقىنى كىندىك ئاستىغا زىمات قىلسا، سەۋدا ۋە سەپرا خاراكتېرلىك ئىچ سۈرۈشلەرنى توختىتىدۇ. يوپۇرمىقىنىڭ سۈيىدىن 100 گىرام ئېلىپ كۈنجۈت يېغى بىلەن ئىچسە، بەلغەمنى كۆچلۈك سۈرىدۇ. ئۇنىڭ قىيامى بىلەن شارابى ئىچ سۈرۈشنى توختىتىدۇ، سوزۇلما ئىچ سۈرۈشلەر ۋە بوۋاسىرغا داۋا بولىدۇ. ئۇسارىسىمۇ يۇقىرىقى كېسەللىكلەر، ئاشقازان مەنبەلىك ئىچ سۈرۈش (زەرەب)، قۇسۇش ۋە ئۇسساشلارغا پايدا قىلىدۇ. ئىسرىقى بوۋاسىر دانچىلىرىنى چۈشۈرۈش ۋە زىيانداش ھاشاراتنى يوقىتىشقا ئىشلىتىلىدۇ.

چىقىرىش ئەزالىرى كېسەللىكلىرى: مېۋىسىنى ئىستېمال قىلسا سۈيدۈك ئېچىشتۇرۇپ كېلىش، دوۋساق يارىسى، ھەيز ۋە ئاق خۇن كۆپ كېلىش قاتارلىقلارغا پايدا قىلىدۇ. مېۋىسىنىڭ ئۇسارىسى سۈيدۈك، ھەيزنى ھەيدەيدۇ، مېۋىسىنىڭ قايىنتىلمىسى بالىياتقۇدىن سۇيۇقلۇق ئېقىشقا پايدا قىلىدۇ. يوپۇرمىقىنىڭ زىماتى بوۋاسىر، ئۇرۇقدان ئىششىقلىرىغا شىپا بولىدۇ. يوپۇرمىقىنىڭ قايىنتىلمىسىدا ئولتۇرسا مەقئەت ۋە بالىياتقۇ چىقىپ قېلىش ۋە ئۇلاردىن سۇيۇقلۇق ئېقىشلارغا شىپا بولىدۇ. سوقۇپ سۈيىنى چىقىپ قالغان مەقئەتكە سۈركىسە ئورنىغا كىرىدۇ، قايتا چىقمايدۇ.

ئىششىقلار ۋە مۇدۇرلار: يوپۇرمىقىنىڭ زىماتى ئىسسىقتىن بولغان ئىششىقلار، كۆيدۈرگە، بەلباغسىمان قوقاق، تىلما، مۇدۇرلار، يارىلار، تىرناق تۈۋلىرى ئەتتىكەن بولۇش، پۇت - قول ئالقىنىدىكى يارىلار، ئوت كۆيۈكى قاتارلىقلارغا پايدا قىلىدۇ. شۇنداقلا ئۇنىڭ يېغىدىن قىلىنغان مەلھەمنى سۈركەش ۋە ئۇنىڭ شارابىنى ئىچىش، يوپۇرمىقىنىڭ شارابى ۋە زەيتۇن يېغىغا چىلاپ تەييارلانغان زىماتنى چىپىشمۇ شۇ تەسىرنى بېرىدۇ. ئۇنىڭ قۇرۇق يوپۇرمىقىنىڭ سەپمىسى ۋە قىرۇتىسى سەينەككە پايدا قىلىدۇ. پىشقان مېۋىسىنىڭ شاراب بىلەن قىلىنغان زىماتى پۇت بارماقلىرىدىكى يارىلارغا پايدا قىلىدۇ، ئوت كۆيۈكىگىمۇ پايدىلىق بولۇپ، قاپارتچۇق ئۆرلەشنى توسىدۇ. شۇنداقلا يوپۇرمىقىنىڭ زەيتۇن يېغى بىلەن، كۆلىنىڭ موم يېغى بىلەن قىلىنغان زىماتىمۇ يۇقىرىقى تەسىرلەرنى بېرىدۇ.

بوغۇم ئەزالىرى كېسەللىكلىرى: مېۋىسىنىڭ شاراب بىلەن قايىنتىلغان زىماتى بوغۇملار بوشاش (ئىستىرخا) قا پايدا قىلىدۇ. يوپۇرمىقىنىڭ زىماتى ئۇرۇلۇش، سوقۇلۇش ۋە تاپان ئاغرىقلىرىغا پايدا قىلىدۇ. يوپۇرمىقىنىڭ سۈيىگە كۆك موزا، ئەدەس، قىزىلگۈل، ئاقاقىيانى ئارىلاشتۇرۇپ تەييارلانغان زىماتىنى بوشاپ قالغان ئەزا ۋە پەيلەرگە چاپسا پايدا قىلىدۇ. ياشانغانلار ئىشلەتسىمۇ ناھايىتى پايدا قىلىدۇ. يوپۇرمىقىنىڭ مۇغاس ھىندى (ھىندىچە

«مەيدە لەكرى» دېيىلىدۇ)، تۇخۇ تۇخۇمى سېرىقى ۋە گۈل يېغى بىلەن قىلىنغان زىماتى ئۇرۇلۇپ ـ سوقۇلۇشقا، گىل ئەرمەنى، سىركە بىلەن قىلىنغان زىماتى تىرناقلارنىڭ پۇرلىشىشىغا پايدا قىلىدۇ. يوپۇرمىقىنى يۇمشاق سوقۇپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ، زىرە كېرمانى بىلەن قايتا سوقۇپ ئەلگەكتىن يەنە ئۆتكۈزۈپ، توخۇ تۇخۇمىنىڭ سېرىقى بىلەن يۇغۇرۇپ سۇ تەگمىگەن چىگە رەختكە سۈركەپ قىزىتىپ، ئۇرۇلغان ـ سوقۇلغان، ئاغرىۋاتقان بەل ساھەسىگە چاپسا پايدا قىلىدۇ. يوپۇرمىقىنىڭ قايىنىتىلمىسى بىلەن يۇيۇنسا بوغۇم ئاغرىقلىرىنى پەسەيتىدۇ، سۇنغان ئۇستىخاننى يۇيۇپ بەرسە تۇتۇشنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن بەھەق بار ئورۇننى يۇسا ساقايتىدۇ. قۇرۇق يوپۇرمىقىنىڭ سەپمىسىنى تاپان يارىسى ۋە ئەزالار سۇنۇقلىرىغا سۈركىسە پايدا قىلىدۇ.

**ھۆسن گۈزەللەشتۈرۈش تەسىرى:** يىلتىزى، يوپۇرمىقى ۋە مېۋىسىنىڭ قايىنىتىلمىسى، يېغى ۋە ئۇسارىسى چاچنى قۇۋۋەتلەيدۇ، چاچ چۈشۈشنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ، ئۇزارتىدۇ ۋە قارايتىدۇ. شۇنداقلا ئۇنىڭ يوپۇرمىقىنىڭ، بولۇپمۇ ئۇرۇقىنىڭ قايىنىتىلمىسى بىلەن چاچ يۇسىمۇ شۇ تەسىرنى بېرىدۇ. ئۇرۇقىنى سالايە قىلىپ تەييارلانغان زىماتنى مۇنچىدا بەدەنگە سۈركىسە، بەدەن قۇۋۋىتىنى، تېرىدىكى بوشاتقۇچى يات سۇيۇقلۇقلارنى سۈمۈرىدۇ. ئۇرۇقىنىڭ قايىنىتىلمىسىنى كالا ياكى قوي يېغى بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ سۈركىسە تەرلەشنى توسىدۇ، تەرلەشتىن بولغان زەخمىنى ساقايتىدۇ. يوپۇرمىقىنىڭ بولۇپمۇ كۆلىنىڭ سەپمىسى، قولتۇق ۋە چات ئارىلىقىنىڭ بەتبۇي پۇرىقىنى يوقىتىدۇ. كۆلى داغ ـ سەپكۈنلەرنى يوقىتىدۇ. مېۋىسىنى قىزىلچا يوپۇرمىقى سۈيى بىلەن باش ساھەسىگە سۈركىسە ئۇچلۇق چاقىلارنى ساقايتىدۇ. سوقۇپ دادۇر سۈيى بىلەن يۇغۇرۇپ، يۈز ـ مەڭزىدىكى داغلارغا سۈركىسە داغنى يوقىتىدۇ. مېۋىسى چايان ۋە دۆ (زەھەرلىك ئۆمۈچۈك)نىڭ زەھىرىنى قايتۇرىدۇ، بولۇپمۇ شاراب بىلەن ئىشلىتىلسە ئۇنۇمى ياخشى بولىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** ئۆزىدىن 10 گىرامغىچە، سۈيىدىن 90 گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

**ئورۇنباسارى:** ئىچ سۈرۈش، ھەيز ۋە قان تۈكۈرۈشنى توختىتىش ئۈچۈن ئاقاقىيا، ئىششىقلار ئۈچۈن رۇسۇت. ئېيتىلىشىچە، ئۇنىڭ بەدىلى مۇتلەق ئۇجمە يوپۇرمىقى ئىكەن.

**زىيانلىق تەسىرى:** ئىسسىقتىن بولغان باش ئاغرىقى ۋە زۇكامغا زىيان قىلىدۇ، كۆپ پۇرىسا ئۇيقۇنى قاچۇرىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** سەۋسەن، ھۆل گۈلبىنەپشە.

ئېيتىلىشىچە، ئۇنىڭ ھۆل ياغىچى بىلەن مىسۋاك قىلسا جوزامنى قوزغايدىكەن.

ئۇنىڭ دەرىخىنىڭ غولىدا ئالىقان شەكلىدە بىر خىل توگۈنچە بار بولۇپ، «بەنكۇل ئاس» دېيىلىدۇ، ئۇنى سوقۇپ، كۆيدۈرۈپ، پىشمىغان قىرتاق شاراب بىلەن قۇرس قىلىپ، سايىدا قۇرۇتۇپ تەييارلاپ ئىشلەتسە، ھەممە تەسىرى ئۇنىڭ يوپۇرمىقى بىلەن مېۋىسىنىڭ

تەسىرىدىن كۆچلۈكرەك بولىدۇ. ئىپتىشلارغا قارىغاندا، ئۇنىڭ ياغىچىدىن ئۇزۇك ياساپ يىرىقنى ئاغرىۋاتقان كىشىنىڭ چىمچىلاق بارمىقىغا سېلىپ قويسا، خاسىيىتى بىلەن ئاغرىقنى پەسەيتىدىكەن. قالغىنىنى ئاللا ئەڭ ئوبدان بىلىدۇ.

ياۋا ئاس «ئاسمارۇن ئەسفىرەم»، ئەرەبچە «زەنەد»، «رەيهانۇل قۇبۇر» (قەبرىلەر رەيهىنى)، يۇنانچە «مەرسىيسا ئەغرىيا» دېيىلىدۇ. «مۇرد ئەسفىرەم» ئۇنىڭ پارسچە ئاتىلىشىدۇر. تەنەكابۇن (ئىراننىڭ بىر ئۆلكىسى ـ ت)دە «خەبەر» دېيىلىدۇ. ئۇنى ئىزخىر دېگەنلەر خام خىيال قىلغانلاردۇر.

**ماهىيتى:** ئۇنىڭ دەرىخى يەرلىكنىڭ دەرىخىدىن پاكارراق، يوپۇرمىقى كەڭرەك، سېرىق رەڭلىك، يوپۇرمىقىنىڭ ئۇچى ئۇچلۇقراق بولۇپ، نەيزىگە ئوخشايدۇ، ياغىچى قاتتىقراق بولىدۇ. مېۋىسى يۇمىلاقراق بولۇپ، يېتىلگەندىن كېيىن ناھايىتى قىزىل بولۇپ ئۆزگىرىدۇ. مېۋىسى يوپۇرمىقىنىڭ ئوتتۇرىدىن چىقىدۇ. شاخلىرى كۆپ بولۇپ، بىر يىلتىزدىن ئۆسۈپ چىقىدۇ. زىمىستاندا يوپۇرماق تاشلىمايدۇ.

**خۇسۇسىيتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** تارقاتقۇچى، تارتقۇچى، قۇۋۋەتلىگۈچىدۇر.

باش كېسەللىكلىرى: پۇرىسا تارتىش، تارقىتىش قۇۋۋىتى، مېڭىنى قۇۋۋەتلەش تەسىرى بىلەن مېڭىدىكى هۆللۈكلەرنى قۇرۇتىدۇ. ئىچسە بەلغەمدىن بولغان تۇتقاق كېسەل، باش ئاغرىقىغا پايدا قىلىدۇ. مېڭىدىكى هۆللۈكلەرنى بىرتەرەپ قىلىدۇ، مېڭىنى قۇۋۋەتلەيدۇ.

هەزىم ئەزالىرى كېسەللىكلىرى: مېۋىسى بىلەن يوپۇرمىقىنى شارابتىن كېيىن ئىستېمال قىلسا، ئاشقازان ۋە جىگەرنى قۇۋۋەتلەيدۇ، يەرقان، ئىچ سۈرۈشكە شىپا بولىدۇ، سۈتنى كۆپەيتىدۇ. هەمەل قىلسا ئاشقازاندىكى مەددە قۇرتنى چۈشۈرىدۇ.

چىقىرىش ئەزالىرى كېسەللىكلىرى: ئۇنىڭ مېۋىسى بىلەن يوپۇرمىقىنى شاراب بىلەن ئىچسە تاش پارچىلايدۇ، هۆللۈكتىن بولغان سۈيدۈك تامچىلاشقا پايدا قىلىدۇ. ئىبنى تىلمىز ئۇنى ئەزالاردىكى ئۇرۇلۇش، سوقۇلۇشقا خاسىيىتى بىلەن پايدىلىق؛ ئىبنى ماسەرجۇيە ئۇنىڭ قۇۋۋىتىنى بادئاۋەرد (قامغاق) بىلەن ئوخشاش دەپ بىلگەن. بەزىلەر ئۇنىڭ قۇۋۋىتىنى ئەپسەنتىن بىلەن ئوخشاش، دەپ قارايدۇ.

## ئاسيۇس
(چىن تۇزى)

يۇنان تىلىدا چىن تۇزى دېگەن مەنىدە ئاتىلىدۇ.

**ماهىيتى:** تۇزلۇق دېڭىزنىڭ بويلىرىدا ئاق، يەڭگىل بولغان بىر خىل تاش ئۆستىدە، يەنە بىر خىلى سېرىققا مايىل تاش ئۆستىدىكى دېڭىز سۈيىدىكى تۇپراققا تەۋە ماددىلاردىن قۇياش نۇرىنىڭ قىزىتىشى بىلەن هاسىل بولغان بىر خىل تۇز بولۇپ، شاخار (قەلا) ۋە نۈشۈدۇرگە

ئوخشايدۇ. ئۇنىڭ چوڭ ـ كىچىك شېخىللىرى، تېشى «ئاسىيۇس» دەپ، تۈزى «مىلھى ئاسىيۇس» (ئاسىيۇس تۈزى)، «زەھرەتۇل ئاسىيۇس» (ئاسىيۇس چېچىكى) دەپ ئاتىلىدۇ. تۈزى تېشىدىن كۆچلۈكرەك بولىدۇ. ياخشىسى ئاق، يەڭگىل، ساپ، ئاسان ئۇۋۇلىدىغان، نۆشۇدۇرگە ئوخشايدىغان، ئۈستىدە تېيىز سېرىق تومۇرلىرى بولغان، تىلغا تەگكۈزسە تىلنى غىدىقلايدىغان، نەم ۋە ھۆللۈك تەگسە يۇمشايدىغان ۋە ئېرىيدىغانلىرىدۇر.

**تەبىئىتى:** تۈزى (چېچىكى) ئۈچىنچى دەرىجىدە، تېشى ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** غىدىقلىغۇچى، چىرىتكۈچىدۇر.

يېرىم گىرامدىن بىر گىرامغىچە ئېلىپ، ھەسەل بىلەن لوئۇق قىلىپ ئىستېمال قىلسا، ئۆپكە يارىسى، بەلغەمدىن بولغان كونا زۇققە نەپەسكە پايدا قىلىدۇ. سۇنۇن(چىشقا سۈپۈش ئۈچۈن تەييارلانغان ياسالما ـــ ت) ى قان تۇختىتىدۇ. تىلاسىنىڭ سىركە بىلەن تەييارلانغىنى تال، بۆرەك ئىششىقىغا؛ بەتەم يېلىمى ۋە زۇفتى بىلەن تەييارلانغىنى خانازىر (چاشقان يارىسى)غا؛ ھەسەل بىلەن تەييارلانغىنى زەخىملەرنى تازىلاشقا؛ موم ۋە ياغ بىلەن تەييارلانغىنى ئوتتۇرىسى ئېگىز، ئەتراپى پەس، ئېغىزى يۇمىلاق يامان يارا ۋە پۇتۇشى تەس كونا قۇرۇق يارىلارغا؛ ئارتۇق گۆشنى يوقىتىشقا؛ باقىلە ئۇنى بىلەن تەييارلانغىنى نۇقرەسكە ئىشلىتىلىدۇ. سەپمىسىنى مۇنچىدا كېلەڭسىز، سېمىز بەدەنلەرگە سەپسە كىچىكلەش ۋە ئورۇقلاشقا سەۋەب بولىدۇ.

**ئورۇنباسارى:** تۈزى (چېچىكى) ئۈچۈن باراۋەر مىقداردا ئۇنىڭ تېشىدۇر.

**ئىستېمال مىقدارى:** يېرىم گىرامدىن بىر يېرىم گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** زەخىملەيدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** ئەرەب يېلىمى.

ھەر ئىككىسىنىڭ ئىقلىمىياغا ئوخشاش يۇيۇلغىنى ئۈچۈچانلاشتۇرغۇچى، جۇلا بەرگۈچى، ئېيتىلغان تەسىرلىرىنىڭ كۆپ قىسمى ياخشىراقتۇر.

## ئاترىلال

بۇ «بەربەر تىلى»، بولۇپ، شېخى قاغىنىڭ چاڭگىلىغا ئوخشىغانلىقتىن «قاغا پۇتى» دەپ ئاتىلىدۇ. گىياھى ئەرەبچە «ھەششەتۇل ئەرز» (يەر ئوتى)، «ھەرزۇش شەياتىن» (شەيتان تۇمارىس) دەپ، تۈركچە «غاراباغى» دەپ، ھىندىچە «كاك چەڭگى» (قاغا چاڭگىلى) دەپ ئاتىلىدۇ. «مىسى»مۇ دېيىلىدۇ. بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، «مىسى» باشقا ئۆسۈملۈك ئىكەن.

تاغلىق رايونلار ۋە لەرستان (ئىراننىڭ غەربىدىكى بىر ئۆلكە ـــ ت) دا قاغا پۇتى دېيىلىدۇ.

**ماھىيتى:** سېرىقچېچەككە ئوخشايدىغان، گۈلى ئاق، يوپۇرمىقى تارقاق، غولى تۆت قىرلىق بولغان، باھارنىڭ ئاخىرىدا يېتىلىدىغان بىر خىل ئۆسۈملۈكنىڭ ئۇرۇقىدۇر. گىياھى توق يېشىل، ئارپىبەدىيانغا ئوخشايدىغىنى ياۋا سەۋزىنىڭ بىر تۈرىدۇر. مۇئەللىپنىڭ ئېيتىشىچە، بۇ تۈرى ئەھۋاز (يەر نامى ـــ ت) تەرەپتە ئۆسىدىكەن. ئۇرۇقى «خىلال دان» دېيىلىدىكەن.

ئادەتتە كۆپ ئىشلىتىلىدىغىنى ۋە ئەڭ ياخشىسى مىسىردىن چىقىدىغان ناھايىتى ئۇششاق، كۆككە مايىل قارامتۇل، ئۇزۇنچاق، ناھايىتى ئاچچىق، ئۆتكۈر بولۇپ، تىلنى چاقىدىغان، ئېغىر، يېڭى بولغانلىرىدۇر.

**تەبىئىتى:** ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** يەللەرنى تارقاتقۇچى، جۇلا بەرگۈچى، كېرەكسىز ماددىلارنى ھەيدىگۈچى، توسالغۇلارنى ئاچقۇچى، بۆرەك بىلەن دوۋساقنى تازىلىغۇچىدۇر.

ئەينەك (كاندىن چىقىدىغان ماددا بولۇپ، دورىلىق تەسىرى بار ـــ ت)بىلەن كۆيدۈرۈپ، ھەسەل بىلەن ئىستېمال قىلسا تاش پارچىلايدۇ. ئۈچ گىرامىنى ھەسەل بىلەن ئىشلەتسە رىياھى ئىيلاۋۇس (يەلدىن بولىدىغان بىر خىل يامان كېسەللىك ـــ ت) قا پايدا قىلىدىغان بولۇپ، تەجرىبىدىن ئۆتكەن. زىماتى يارىلارنى قۇرۇتقۇچى، تېرىدىكى ئىزلارنى يوقاتقۇچىدۇر. بۇرۇنغا پۈركىسە، ئىچسە ھامىلە چۈشۈرىدۇ. ئېيتىلىشىچە، ياز پەسلىدە ئۇنىڭدىن ئۈچ گىرام، ئاقىرقەرھا، زەنجىۋىل، تۇربۇتلاردىن يېرىم گىرامدىن ئېلىپ ھەسەل بىلەن يۇغۇرۇپ، بەدەننى مۇناسىپ مۇسھىللار بىلەن تەنقىيە قىلغاندىن كېيىن ئىچىپ، بەرەس بار ئورۇننى ئېچىپ ئاپتاپتا ئولتۇرۇپ تەرلىگىچە ئاپتاپقا قاقلانسا، ئۇسسۇزلۇق پەيدا بولسا سۇ ئىچسە، ئۈچ كۈنگىچە بەرەس بار ئورۇندا سۇلۇق قاپارتما پەيدا بولۇپ، زەرداب سۈيى تۆكۈلگەندىن كېيىن بەرەس پۈتۈنلەي ساقىيىدىكەن، سىناقتىن ئۆتكەن ئىكەن. ئىبنى بەيتار (داڭلىق ئۆسۈملۈكشۇناس ـــ ت)، «ئىختىياراتى بەدىئىي» نىڭ ئاپتورى: «ئۇ نەچچە قېتىم سىناق قىلغان، بۇ ئاجايىب سىردۇر. ئەمما دەسلەپ تەنقىيە قىلىنغان بولۇشى شەرت» دەپ يېزىشقان. يەنە ئېيتىلىشىچە، ھەر كۈنى ئۇنىڭدىن يالغۇز 10 گىرام ئېلىپ، ھەسەل بىلەن 15 كۈنگىچە ئىچسە ياكى يۇقىرىقى ئۇسۇل ۋە ئاقىرقەرھا بىلەن مۇرەككەپلەشتۈرۈپ، 15 كۈنگىچە ئىستېمال قىلسا بەرەس چوقۇم ساقىيىدىكەن. بولۇپمۇ گۆشلۈك ئورۇندىكىسى باشقا يەردىكىلىرىگە قارىغاندا دورا تەسىرىنى تېزرەك قوبۇل قىلىدىكەن. بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ يالغۇز، يەنە بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، ئاترىلالدىن بىر يېرىم ھەسسە، يىلان پوستى بىلەن سۇزاپ يوپۇرمىقىدىن بىر ھەسسىدىن ئېلىپ، بىرلىكتە سوقۇپ ئەلگەكتىن

ئۆتكۈزۈپ، ئۈزۈم شارابى بىلەن كۈنىگە 10 گىرامدىن ئۈدا بەش كۈن ئىچىپ ئاپتاپتا ئولتۇرسا ئاللانىڭ ئىزنى بىلەن بەرەس شىپا تاپىدىكەن.

**ئىستېمال مىقدارى:** ھەسەل ياكى شاراب بىلەن 3 ~ 10 گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

**ئورۇنباسارى:** بەرەسنىڭ تىلالىرىدا كۆندۈشتۇر.

**زىيانلىق تەسىرى:** (1) ئىسسىق مىزاجلىقلارنىڭ جىگىرىگە زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** سىركەنجىۋىل.

(2) بۆرەككە زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** كەتىرادۇر.

مالىقىينىڭ يېزىشىچە، مەزكۇر دورا ۋە ئۇنىڭ پايدىلىرىنى ئەڭ دەسلەپتە غەربنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان «بىجايە» دېيىلىدىغان ئۆلكىدىكى بەربەر خەلقىنىڭ «بەنۇۋەجھان» قەبىلىسى بايقىغان ۋە ئالەمگە تارقاتقان. ئۇ يەردىكى كىشىلەر كېسەللىكلىرىنى داۋالاش ئۈچۈن بۇ دورىغا يۈزلەنگەن. ئەمما ئۇنى كەڭ خەلقتىن يوشۇرۇپ، پەقەت ئۆزلىرىنىڭ جەمەتىدىكى كىشىلەرگىلا بىلدۈرگەن. ئاخىرى ئاللا سۇبھانەھۇ ۋەتائالا بۇ دورىنى بەزى كىشىلەرگە ئاشكارىلىغان، ئۇ تەدرىجىي ھالدا كەڭ خەلققە تارقالغان ۋە خۇددى بىز يۇقىرىدا بايان قىلغىنىمىزدەك بەزى پايدىلىرى بىلىنگەن.

## ئالۇسەن
### (ئالۇسەن ئوتى)

بۇ يۇنان تىلى بولۇپ، غالجىر ئىتنىڭ زەھىرىنى قايتۇرىدىغانلىقى ئۈچۈن «مۇبرىئۇل كەلەب» (غالجىر ئىت كېسەللىكىنى ساقايتقۇچى) دېيىلىدۇ. شامدا «ھەشىشەتۇن نەجاھ» (نىجاتلىق ئوتى)، «ھەشىشەتۇس سۇلەھفات» (تاشپاقا ئوتى) دېيىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** بىر خىل ئۆسۈملۈك بولۇپ، غولى بىر غۇلاچ ئېگىزلىكتە ئۆسىدۇ. ئارپىبەدىياننىڭ غولىغا ئوخشايدۇ، يوپۇرمىقى تاغ كۇدىسى (فەراسىيۇن)نىڭ يوپۇرمىقىغا ئوخشاش، ئەمما ئۇنىڭدىن يىرىكرەك، تىكەنلىكرەك، رەڭگى قىزىل بىلەن قارا ئارىلىقىدا بولىدۇ. ئۇرۇقى ياپىلاقراق، قارامتۇل كۆك، ئىككى قەۋەتلىك غىلاپ ئىچىدە، تۇرمۇستىن كىچىكرەك، تەمى جۇۋنە تەمىدەك ئۆتكۈر، ئاچچىق بولىدۇ. گۈلى قارامتۇل قىزىل بولۇپ، يوپۇرماقلىرىنىڭ ئاستىدىن چىقىدۇ. ئېيتىلىشىچە، گىياھنىڭ غولى، يوپۇرمىقى ۋە پۇرىقى سېرىقچېچەك گىياھىغا ئوخشايدىكەن. شېغىللىق ئويمان يەرلەردە ئۆسىدىكەن. يىلتىزى چامغۇر ۋە سەۋزىگە ئوخشاش سوزۇنچاق، تەمى ئازراق تاتلىق بولىدىكەن.

**تەبىئىتى:** ئۈچىنچى دەرىجىنىڭ دەسلىپىدە ئىسسىق، بىرىنچى دەرىجىنىڭ ئاخىرىدا قۇرۇقتۇر.

**خۇسۇسىيتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** تارقاتقۇچى، جۇلا بەرگۈچى ۋە پارچىلىغۇچىدۇر.

باش ئاغرىقى، زۇكام، زىققە نەپەس، ئاشقازان ۋە بۆرەكتىكى يەللەر، بوغۇم ۋە يانپاش ئاغرىقلىرىغا پايدا قىلىدۇ، نورمال دەرىجىدە قۇرۇتىدۇ. قاتما كېسەل (جۇمۇد)، زىيادە سوغۇقلۇق، غالجىر ئىت چىشلىۋېلىش، داغ چۇشۇشلەرگە ئىشلىتىلىدۇ.

باش، كۆكرەك كېسەللىكلىرى: قايىنتىلمىسىنىڭ سەئۇتى زۇكامغا پايدا قىلىدۇ. قايىنتىلمىسىنى ئىچسە قاتما، زىيادە سوغۇقلۇق، زىققە نەپەسكە، كانايدا بەلغەم يىغىلىۋېلىشقا پايدا قىلىدۇ. ھەسەل بىلەن قىلىنغان زىماتى باشتىكى زەرداب تەپچىرەيدىغان قاپارتمىلارغا ۋە داغقا پايدا قىلىدۇ.

**باھ ئاجىزلىقى:** ئىستېمال قىلسا باھنى ناھايىتى قۇۋۋەتلەيدۇ.

مالىقىينىڭ ئېيتىشىچە، مەتبۇخىنى ئىچسە تەپسىز تىترەشنى پەسەيتىدىكەن.

غالجىر ئىت زەھرى: ئۇرۇقىنى سوقۇپ غالجىر ئىت چىشلىۋالغان كىشىنىڭ ئىزاسىغا ئاربىلاشتۇرۇپ يېگۈزسە زەھەر قايتۇرىدۇ. جالىنۇسنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇنى ياز ئوتتۇرىسىدا قۇرۇتۇپ سوقۇپ ساقلاپ قويۇپ، ھاجەت بولغاندا بىر قوشۇق ياكى 10 گىرام مىقداردىكى ھەسەل بىلەن كۈنگە بىر قانچە قېتىمغا بۆلۈپ ئىچسە، غالجىر ئىتنىڭ زەھرىنى ئىنتايىن ياخشى قايتۇرىدىكەن. يىلتىزىنىڭ سۈيىدىن ئالتە گىرام ئىچسە غالجىر ئىت چىشلىۋالغان كىشىگە پايدا قىلىدۇ.

يىلتىزىنىڭ سۈيى خىيارزە (تەرخەمەكنىڭ تۈرى ـــ ت) شىرىسى بىلەن ئىچۈرسە، غالجىر ئىت چىشلىۋالغان بىمارلارنىڭ سۇدىن قورقىدىغان ۋە ھالاك بولۇشقا يېقىن بولغانلىرىغا پايدا قىلىدۇ. ئەمما يېڭى، ئۆزۈنچاق يىلتىزىنىڭ سۈيى بولۇشى كېرەك. يېڭىسى تېپىلمىسا قۇرۇق يىلتىزىنىڭ سالايە قىلىنغىنىدىن كېسەللىكنىڭ ئېغىر ـ يېنىكلىكىگە قاراپ تۆرۈپ ئالتە گىرامغىچە ئىستېمال قىلسىمۇ بولىدۇ. سۈت بىلەن ئىچۈرسە ياخشىراق بولىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** ئالتە گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

**ئورۇنباسارى:** ئۇنىڭ يېرىم ھەسسىسىچە ھەببۇلغار، ئىككى ھەسسىسىچە نانخادۇر.

**زىيانلىق تەسىرى:** تەبىئىتى ئىسسىق جىگەرگە زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** كەتىرادۇر.

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇنىڭ گىياھىنى ھەممە قىسىملىرى بىلەن رەختكە ئوراپ چارۋىلارنىڭ كېسەللەنگەن ئەزالىرىغا تاڭسا دەردىنى پەسەيتىدىكەن. داۋۇد ئەنتاكىي ئۇنىڭ

بۇ خىل خۇسۇسىيىتىنى ئادەمنىڭ باش ئاغرىقىغا خاس، دەپ بىلگەن. ئېيتىلىشىچە، ئۇنى ئۆينىڭ ئىشىكىگە ئېسىپ قويسا، شۇ ئۆيدىكىلەرنىڭ تەن ساقلىقىنى ساقلاشقا سەۋەب بولىدىكەن. ئۆزى بىلەن ساقلىسا ئاياللارنى ئامراق قىلىدىكەن.

## ئاملىلىس
(ئاملىلىس ئوتى)

ئۇ بەربەر تىلى بولۇپ، غەرب ئەللىرىدە مەشھۇردۇر.

**ماھىيىتى:** ياغاچ غوللۇق ئۆسۈملۈك بولۇپ، غەرب ئەللىرىنىڭ ئىچكى قىسىملىرىدا، ئافرىقا ئەتراپلىرىدا ئۆسىدۇ. ئېگىزلىكى ئادەم بويىچىلىك، بەزىدە ئۇنىڭدىن ئېگىز، يوپۇرمىقى مۇرد (ئاس) يوپۇرمىقىغا ئوخشاش يۇمشاق بولىدۇ. مېۋىسى ئارچا (سەرۋى) مېۋىسى چوڭلۇقىدا كۆك بولىدۇ، تولۇق يېتىلگەندە قارىدايدۇ، سىلىق بولىدۇ. ياغىچى ناھايىتى قاتتىق، ئىچى ئاقفا مايىل سېرىق بولىدۇ. ئۆزى قىزىل بولۇپ پارقىرايدۇ. ئۇنىڭ ئىنچىكە يىپچىلىرى ئىشلىتىلىدۇ.

**تەبىئىتى:** مۇرەككەبۇل قۇۋۋا، قۇرۇق، سوغۇقلۇقى غالىبتۇر.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** كۈچلۈك تۇتقۇچى، جىگەر ۋە تالنى قۇۋۋەتلىگۈچى، توسالغۇلارنى ئاچقۇچى، ئىستىسقاغا شىپا بولغۇچىدۇر.

ھەزىم ئەزالىرى كېسەللىكلىرى: ئىنچىكە يىپچىلىرىنىڭ دەملەنمىسىنى ئىچسە ئىچنى سۈرىدۇ، جىگەر، تالنى قۇۋۋەتلەيدۇ، رەڭگىرويىنىڭ سېرىقلىقى ۋە ئىستىسقانى يوقىتىدۇ. توسالغۇلارنى ئاچىدۇ. يەرقاننى يوقىتىدۇ. گۆشى (ئېتى) نىڭ سۈيى، يەنى مېۋە ئېتى بىلەن قاينىتىلغان سۈيىنى ئىچسىمۇ شۇ تەسىرنى بېرىدۇ.

## ئانىسۇن نەفس
(ئانىسۇن نەفس ئوتى)

مالىقى: «ئىبنى ۋەھشىيە ئۇنى كىتابىدا بايان قىلغان ۋە( باشكا تامىن )دەپ ئاتىغان» دەپ يازغان.

**ماھىيىتى:** ئەتىيازدا كۆكلەيدىغان سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك بولۇپ، ھەر يىلى ئۆسىدۇ. زاغۇنغا ئوخشايدۇ. يوپۇرمىقىنىڭ گىرۋەكلىرى تۈز بولىدۇ. گۈلى تەرتىزەك، يەنى ھۆرۈف ئۆسۈملۈكىنىڭ گۈلىگە ئوخشايدۇ، سېرىق بولىدۇ. گۈلىنى ئاق يوپۇرماقلار ئوراپ تۇرىدۇ. ئاپتاپپەرەس ئۆسۈملۈكىگە ئوخشاش قۇياشنىڭ ھەرىكىتىگە قاراپ ھەرىكەت قىلىدۇ. شامال

مىدىرلاتمىسىمۇ مىدىرلايدۇ. غولى تۆت قىرلىق بولۇپ، قارىغا مايىل بولىدۇ. مىسىر ۋە شام ئەتراپلىرىدا كۆپ بولىدۇ. سۇ ئېقىنلىرىدا ئۆسىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە ئىسسىق، قۇرۇقلۇقى مۆتىدىلدۇر.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** سەزگۈلەرنى قۇۋۋەتلىگۈچى، ئەستە ساقلاش كۈچىنى ئاشۇرغۇچى، كۆڭۈلگە خۇشلۇق يەتكۈزگۈچى، غەملەرنى يوقاتقۇچى، شارابنىڭ ئورنىنى باسقۇچى، كۆزدىكى ئاقنى يوقاتقۇچى، رەڭگىرويىنى قىزارتقۇچى، سۈيدۈك، سۈت، ھەيز، تەرلەرنى ھەيدىگۈچى، باھنى قوزغاتقۇچىدۇر.

باش، كۆز، يۈرەك، باھ كېسەللىكلىرى ۋە باشقىلار: قاينىتىلمىسى غەملەرنى يوقىتىش، خۇرسەن قىلىش، مېڭە ۋە ئىچكى سەزگۈلەرنى قۇۋۋەتلەشتە شارابقا ئوخشاش تەسىر بېرەلەيدۇ، ئەمما مەست، خۇمار قىلمايدۇ. گۈلىنىڭ ئاز مىقداردىكىسىمۇ شۇ تەسىرنى بېرىدۇ، ئەقىلگە نۇقسان يەتكۈزمەيدۇ، ئەستە ساقلاش كۈچىنى ئاشۇرىدۇ. ئۇسارىسىنىڭ تېمىتىلمىسى كۆزگە چۈشكەن ئاقنى يوقىتىدۇ. تۆت دەرھەم ئۇرۇقىنى ئۈزۈم شىرىسى ياكى قوي سۈتى بىلەن ئىچسە باھنى، ھەتتا قۇۋۋىتىدىن ئۈمىدىنى ئۈزگەن يۈز ياشلىق بوۋاينىڭمۇ باھنى قوزغايدۇ. رەڭگىرويىنى چىرايلىق، قىزىل قىلىدۇ. بەدەننى سەمرىتىدۇ، يەرقاننى يوقىتىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** ئۆزىدىن 15 گىرام، ئۇسارىسى ۋە قاينىتىلمىسىدىن 18 ~ 24 گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

**ئورۇنباسارى:** دارچىن، زەپەر بىلەن قاينىتىلغان ئۈزۈم سۈيى.

**زىيانلىق تەسىرى:** بۆرەككە زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** ھەسەل.

كۆپ ئىشلىتىلسە بوغۇم ئاغرىقى پەيدا قىلىدۇ.

شارابنىڭ تەييارلىنىشى قارابادىندا بايان قىلىندى. ئۇ كۆڭۈلنى خۇرسەن قىلىدۇ، سەۋدادىن بولغان ۋەسۋەسچىلىك ۋە مالىخولىياغا ئىنتايىن پايدا قىلىدۇ.

## ئابكۇمە

(كۇمە سۈيى)

ئۇ ھۇرمۇز ۋە چىن دەرياسىدىكى بىر خىل بېلىقنىڭ قورسىقىدىن چىقىدىغان كۆل رەڭ، ناھايىتى سېسىق، بەتبۇي سۇدىن ئىبارەت. ئەرەبچە «مائۇلجۇمە» دېيىلىدۇ. سۇنغان ئۇستىخان ئۈچۈن ئۇنىڭدىن ئىككى مىسقال ئېلىپ چىشقا تەگكۈزمەي ئىستېمال قىلسا، سۇنغان ئەزانى تۇتتۇرىدۇ.

# پەسىل: «ئ» (ئەلىف) ۋە «ب» (با) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى

## ئەبازىر

(دورا ـ دەرمان)

ئەبازىر دېگەن بۇ سۆز ئـەفائىل (ئـەرەب تىلـىدىكى سۆز ۋەزنـى ـــ ت) ۋەزنىدە بـولـۇپ، تائامغا سېلىنىدىغان دورىلار ۋە تەم تەڭشىگۈچلەرنى كۆرسىتىدۇ. بەزىلەر ئۇنىڭ مەنىسىنى دورىلار، تەڭشىگۈچلەر، تائامغـا زۆرۈر نەرسىلـەر، كۆكتاتـلار، خۇرۇچلار دېگـەن سۆزلـەرنىـڭ مەنىسىدىنمۇ كەڭ دەيدۇ. بـۇ سۆ دۇرۇسراقـتـۇر. خوۋاجە قـۇتـبۇد دېيـن: «دورا ـ دەرمـان (ئەبازىـر) بىلەن خـۇرۇچ (تەۋابىل) نـىڭ ئوتتـۇرىسىدا پـەرق بار، چۈنكى خۇرۇچ قۇرۇقمـۇ، ھۆلمۇ بولىدۇ، ئەمما دورا ـ دەرمان پەقەت قۇرۇق بولىدۇ» دەيدۇ.

تۆۋەندىكىدەك بەش ئـىشنىڭ بـىرىنـىڭ سەۋەبىدىن تائامغـا دورا ـ دەرمان ياكى خـۇرۇچ سېلىنىدۇ:

تائامغا تەم كىرگۈزۈپ تەبىئەت قوبۇل قىلىدىغان ۋە ھەزىم قىلىدىغان ھالەتكە كەلتۈرۈش ئۈچۈن سېلىنىدۇ. مەسىلەن: پولۇ گۆش، گۈرۈچ ۋە ياغدىن تەركىب تاپىدۇ. ئەمـما ئۇلارنـىڭ ھەممىسى تـەمسىز، پۇراقسىز بـولۇپ، دورا ـ دەرمان قوشـۇلسا تەم ۋە پـۇراق پەيدا بولـۇپ، تەبىئەت ئۇنى قوبۇل قىلىدۇ ۋە ئۇنىڭغا يۈزلىنىپ ھەزىم قىلىشقا كىرىشىدۇ. يـاكى تائامـدا يېقىمسىز پۇراق بولسا، خۇش پۇراق پەيدا قىلىپ تەبىئـەت ئۇنى دوست تـۇتىدىغـان قىلىـش ئۈچۈن ئۇنىڭغا دورا ـ دەرمان قوشۇلىدۇ. ياكى تائامنىڭ مىزاجى سوغۇق بولغانلىقى ئۈچـۈن مىزاجىنى تەڭشەش، ئىسلاھ قىلىش ۋە مىزاجىنى مۆتىدىللىككە يېقىنلاشتۇرۇش مەقسىتىدە ئۇنىڭغا ئىسسىق تەبىئەتلىك دورا ـ دەرمانـلار قوشۇلـىدۇ. ياكى تائـام غەلىز، تـەستە ھەزىـم بولىدىغان بولغانلـىقى ئۈچـۈن ئۇنى ئۈچـۈچانلاشتـۇرۇپ ھەزىم بولـۇشىنى ئـاسانلاشتـۇرۇش ئـۈچۈن دورا ـ دەرمـان قـوشـۇلـىدۇ. يـاكـى تـائـامـنـى ئـاسان ھـەزىـم بـولـغـۇچـى، ئۈچۈچانـلاشتۇرغۇچـى، يوللارنى ئـاچقۇچى، ئـاشقازان ۋە ھەزىـم يوللىـرىنى تـازىـلىغـۇچـى، بەدىنىدە قويۇق، شىلىمشىق، خام بەلغەم خىلىتى مەنبەلىك كېرەكسىز ماددىلار يىغىلىۋالغان كىشىلەرگە يارىشىدىغان قىلىش ئۈچۈن ئۇنىڭغا دورا ـ دەرمان قوشۇلىدۇ.

قىسقىسى، مـەزكۇر بەش مـەقسەتتـە تـائامغـا دورا ـ دەرمـان قوشۇلـىدۇ. ئەممـا كـۆپ سېلىۋېتىشكە بولمايدۇ. چـۈنكى ئۇنـداق قىلغـاندا دورا ـ دەرمان ھەزىـم ئەزالىرىـنىڭ غىـزا

ئۆتىدىغان يوللىرىنى غىدىقلايدۇ. يەنە دورا ـ دەرمان كۆپ ئىشلىتىلسە كەيمۇستا ئۆتكۈر كەيپىيات پەيدا قىلىپ، كۆپ ھاللاردا يارىلار، ئىششىقلار ۋە جاھىل كېسەللىكلەرگە سەۋەبچى بولۇپ قالىدۇ. قاندىكى ئەسلىي كەيپىياتنىڭ ئۆزگىرىشىدىن پەيدا بولغان يېڭى كەيپىياتنىڭ بەدەنگە بولغان زىيىنى ئۇنىڭ مىقدار جەھەتتىكى ئۆزگىرىشىدىن كەلگەن زىيىنىدىن ئارتۇق بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن تائامغا دورا ـ دەرمانىنى يۇقىرىدا ئېيتىلغان مەقسەتلەر ھاسىل بولغۇدەك مىقداردا سالغان ياخشى. مەزكۇر بەش مەقسەتنىڭ ئىچىدىكى ئاخىرقى مەقسەت ئىلاجغا ئەڭ ئوخشايدۇ. چۈنكى، ئۇچۇچانلاشتۇرغۇچى غىزالار مۇۋاپىق كېلىدىغان ئادەم ساق ئادەمگە قارىغاندا كېسەل ئادەمگە بەكرەك ئوخشايدۇ. شۇ سەۋەبتىن ئىسسىق دورا ـ دەرمانلار باشقا مەقسەتلەرگە قارىغاندا مۇشۇ مەقسەتتە كۆپرەك ئىشلىتىلىدۇ.

تېۋىپلار ۋە ئاشپەزلەردە مەشھۇر دورا ـ دەرمانلار تۇز، سىركە، ئابكامە، مۇرچ، پىلپىل، دارچىن، قاقىلە، خولىنجان، زىرە كېرمانى، قۇرۇق يۇمغاقسۇت، كەرۋىيا، يالپۇز (سۆئتەر)، ئەنجۇدان، كاشىم، نانخا، بەدىيان، سېرىقچېچەك ئۇرۇقى، زەپەر، ئۇشتۇرغار، زەنجىۋىل، كۇنجۇت، قەرەنپىل، سازەج ھىندى ۋە ئۇلارنىڭ ئوخشاشلىرىدۇر. ئۇلارنىڭ ھەربىرىنىڭ مىزاجلىرى، تەسىرلىرى، خۇسۇسىيەتلىرى ۋە زەرەرلىرى ئاللا خالىسا ئۆز ئورۇنلىرىدا بايان قىلىنىدۇ.

ئەمما غىزالارغا باھ ئۈچۈن قوشۇلىدىغان دورا ـ دەرمانلار زاغۇن (جىرجىر)، چامغۇر ئۇرۇقى، زىغىر ئۇرۇقى، ھۇرف بابۇلى، ھەببى رىشاد، زەپەر، زەنجىۋىل، دارچىن، بوزىدان، لىسانۇل ئاساپىر، سېرىق تۇدەرى، قىزىل تۇدەرى، قىزىل بەھمەن، ئاق بەھمەن، خولىنجان، دۇلب، زاراڭزا ئۇرۇقى، چىگىت مېغىزى قاتارلىقلاردۇر. ئۇلار غىزالارغا مەنىي كۆپەيتىش ئۈچۈن قوشۇلىدۇ.

## ئىبراھىمىيە

(ئىبراھىمىيە ئېشى)

**ماھىيىتى:** مۇرەككەپ ئاش بولۇپ، زىيرباج (بىر خىل يېمەكلىك ـــ ت) قا ئوخشايدۇ. كېرەكلىك ماتېرىياللىرى ئىسسىق دورىلار، ئاز مىقداردا ئېگىردۇر. ئۇلارنى چىگە رەختكە ئوراپ قازانغا سېلىپ، ئۈستىدىن قەنت، بادام مېغىزىنى گۇلاب بىلەن ئېرىتىپ قوشۇلىدۇ. سىركە ئورنىغا غورا سۈيى قوشۇلىدۇ.

**تەبىئىتى:** مۆتىدىل.

**خۇسۇسىيتى:** خۇرسەن قىلغۇچى، قۇۋۋەتلىگۈچى، ئاشقازان ۋە ئىسسىق جىگەرگە مۇۋاپىق كەلگۈچىدۇر. ئۇ قارابادىندىمۇ بايان قىلىنىدى.

# ئەۋرىشىم
## (يىپەك)

ئۇ يۇنانچە «بەرنى»، ئەرەبچە «قەز»، سۈريان (قەدىمكى سۈرىيە ــ ت)چە «شىتارىيە»، تۈركچە «ئىپەك»، پارسچە «ئىبرىشىم»، ھىندىچە «رىشىم» دەپ ئاتىلىدۇ.

ماھىيتى: ئۇ پىلە قۇرتىنىڭ غوزەكلىرىدىن ئىبارەت بولۇپ، مەزكۇر قۇرتنى بېقىش ئارقىلىق ئۇجمىنىڭ ئۇششاقلانغان يوپۇرماقلىرىنى يەپ ئېغىزىدىن شۆلگەيگە ئوخشاش سۇيۇقلۇق قۇسۇپ، ئۆزىگە ئوراشتىن ھاسىل بولىدۇ. مەزكۇر قۇرتنىڭ ئۇجمە، كەنار ياكى باشقا دەرەخلەر ئۈستىدە ئۆزلۈكىدىن توقۇپ ھاسىل قىلغان غوزەكلىرى ئەۋرىشىم دېيىلمەيدۇ.

پىلە غوزەكلىرىنىڭ ياخشىسى چوڭ، سېرىق، يىپەكلىرى مول، ھۆل خورما چوڭلۇقىدا، سېمىز، ئىچىدىكى قۇرتلىرى تېشىپ چىقىپ كەتمىگەنلىرىدۇر. گىيلان (ئىراقنىڭ ناھىيەسى ــ ت)، مازىنداران (ئىراننىڭ بىر ئۆلكىسى ـ ت) دا ئېيتىلىشىچە، ئۇ يەرنىڭ پىلىسى چوڭ، تولۇق، باشقا جايلارنىڭكىگە قارىغاندا رەڭلىكرەك بولۇپ، تېۋىپلار شۇنى تاللاپ ئىشلىتىدىكەن. ئۇنىڭدىن قالسا قۇرتلىرى تېشىپ چىقىپ كەتكەنلىرىنى ئىشلىتىدىكەن. خام ئەۋرىشىم مەزكۇر ئىككى خىل غوزەكدىن ئىبارەت. ئادەتتە قاينىتىلغان ياكى يىپىكى چىقىرىۋېلىنغان غوزەكلەر خام پىلە تېپىلغان ئەھۋالدا ئىشلىتىلمەيدۇ. خام پىلە تېپىلماي ئۇنى ئىشلىتىشكە تېگىشلىك بولسا، بويالمىغان بولۇشى لازىم. ئېيتىلىشلارچە، پارسچە «كەج» دېيىلىدىغان غوزەكلەر ئۇجمە، كەنار ۋە باشقا دەرەخلەردە ئورىلىدىغان (ھاسىل بولىدىغان) پىلىلەردىن ئىبارەت ئىكەن. قۇرتلىرى تېشىپ چىقىپ كەتكەنلىرىنى قايناتسا يىپەكلىرى ئۈزۈن چىقمايدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن كۆپىنچە، پىلە غوزەكلىرىنىڭ ئورىلىشى تۈگىگەندىن كېيىن قۇرتلار تېشىپ چىقىپ كېتىشتىن بۇرۇن ئاپتاپتا قويۇپ قۇرۇتۇپ، ئىچىدىكى قۇرتلىرىنى ئۆلتۈرۈپ ئىشلىتىدۇ.

مەھسۇلات ئۈچۈن قالدۇرۇلغان پىلىلەرنىڭ ئىچىدىكى قۇرتلار پىلىنى تېشىپ چىقىپ چوڭىيىدۇ، قانات چىقىرىپ كېچىكرەك قاناتلىق جانىۋارغا ئايلانغاندىن كېيىن تۇخۇم چىقىرىشقا باشلايدۇ. ھەربىر قۇرت ناھايىتى كۆپ تۇخۇم چىقىرىدۇ، ھەربىر قۇرتنىڭ تۇخۇمى تەخمىنەن 400 دانە ئەتراپىدا، ماش چوڭلۇقىدا، ئاق، پوستى قاتتىق بولىدۇ. كۆپىنچە تۇخۇملىرى يىپەكلەرگە ئورالغان بولىدۇ. ئۇلار قولتۇق ئاستىغا ئوخشاش ئىسسىق جايلاردا نەچچە كۈن ساقلانسا، تۇخۇملارنىڭ پوستى يېرىلىپ، ئىچىدىن قۇرت لىچىنكىلىرى چىقىدۇ، لىچىنكىلارنى يۇمشاق رەخت ئۈستىدە قويۇپ، ئۇجمە يوپۇرمىقىنى ئۇششاقلاپ

چېچىپ باقسا، ئۇنى يەيدۇ. ئازراق چوڭايغاندا يوپۇرماقلارمۇ چوڭراق ھالەتتە بېرىلىدۇ. يەنمۇ چوڭايسا يوپۇرماقلار پۈتۈن بېرىلىدۇ. چوڭىيىشى ئىنتىھاسىغا يەتكەندە يوپۇرماقلار شاخلىرى بىلەن تاشلاپ بېرىلىدۇ. قۇرتلار تولۇق چوڭىيىپ بولغاندىن كېيىن ئۆزىگە يىپەك ئوراشقا باشلايدۇ، ئورىشى ئاخىرىغا يەتكەندىن كېيىن داۋاملىق قويۇپ قويۇلسا، قۇرتلار غوزەكلەرنى تېشىپ چىقىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن يۇقىرىدا بايان قىلىنغىنىدەك، قۇرتلار چىقىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن غوزەكلەرنى دەرھال قۇرۇتۇپ قۇرتلىرى ئۆلتۈرۈلىدۇ.

ئەۋرىشىم ئىران يېزىلىرى، مازىنداران ئۆلكىسى، چىن، بېنگال، يەنە بەزى جايلاردىمۇ بولىدۇ. ئەمما بېنگالدا ناھايىتى تولۇق بولۇپ، ئۇ يەردىن باشقا ئەللەرگە ئېلىپ بېرىلىدۇ. ئىراندىن چىققانلىرى مەزمۇت، چىندىن چىققانلىرى ناھايىتى يۇمشاق، ئاجىز بولىدۇ، بېنگالدىن چىققانلىرىمۇ سۇس ۋە ئاجىز بولىدۇ، ئەمما ئۇنىڭچىلىك يۇمشاق ئەمەس.

پىلە قۇرتىنى بېقىش، غوزىكىنى ئېلىش ئۇسۇللىرى تەپسىلىي بايان قىلىنىسا كىتاب ئۇزىراپ كېتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن شۇنچىلىك بايان قىلىندى. ئادەتتە پىلە غوزىكىنى توغراپ، قاينىتىپ ئىشلىتىلىدۇ.

**تەبىئىتى:** خېمى بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق، بەزىلەر قۇرۇقلۇقى بىلەن ھۆللۈكى مۆتىدىل دەيدۇ. قاينىتىلغان يىپىكى قۇرۇققا مايىل.

**خۇسۇسىيتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** روھىي نەپسانىي، روھىي ھەيۋانىي ۋە روھىي تەبىئىيدىن ئىبارەت بولۇپ، مېڭىگە، يۈرەككە ۋە جىگەرگە مەنسۇپ روھلارنى خۇرسەن قىلغۇچى، ئەستە ساقلىغۇچى قۇۋۋەتنى، زېھنىنى قۇۋۋەتلىگۈچى، كۆز كېسەللىكلىرى، خەفەقان، ئۆپكە ئاجىزلىقى ۋە قاتتىقلىقى، ئاشقازان ئاجىزلىقىغا شىپا بولغۇچى، بەدەننى سەمرىتكۈچى، باھنى قۇۋۋەتلىگۈچى، توسالغۇلارنى ئاچقۇچىدۇر. ئۇچۇچانلاشتۇرغۇچى، سۇمۇرگۈچى قۇۋۋەتكە ئىگىدۇر. رەڭگىرويىنى ياخشىلىغۇچىدۇر. ئېيتىلغان تەسىرلىرىنىڭ ھەربىرى ئۇنىڭ بىر قانچە خاسىيىتى بىلەندۇر. مەسىلەن: ئۇنىڭ خاسىيىتى ۋە خۇرسەن قىلىشىغا ئۇنىڭ ئۇچۇچانلاشتۇرۇش ۋە روھنىڭ ھۆللۈكىنى سۈمۈرۈشكە سەۋەب بولىدىغان ئىسسىقلىقى ۋە قۇرۇقلۇقى ياردەم بەرگۈچىدۇر. شۇ ئارقىلىق ئۇ روھنى نۇرلۇق ۋە خۇشاللىنىشقا تەييار قىلىدۇ. دېمەك، ئۇنىڭ باشقا تەسىرلىرى ۋە خۇسۇسىيەتلىرىمۇ شۇنداق خاسىيەتلەرنىڭ ياردىمىدە ئەمەلگە ئاشىدۇ.

باش، يۈرەك كېسەللىكلىرى: ئېيتىلىشلارچە، ساپ قىزىل يىپەكنى بۇرۇن قېنى بىلەن نەمدەپ، قۇرۇتۇپ كۆيدۈرۈپ كۈلىنى بۇرۇنغا پۈركىسە بۇرۇن قاناشنى توختىتىدىكەن. ئۇنىڭ خام پىلىسىنى قاينىتىپ مىجىپ سۈزۈپ، ئاق قەنت بىلەن قىيام قىلىپ تەييارلانغان شارابى توسالغۇلارنى ئاچىدۇ، يۈرەكنى قۇۋۋەتلەيدۇ، خۇرسەن قىلىدۇ، رەڭگىرويىنى ياخشىلايدۇ، كۆيدۈرۈلگىنى يارىغا، ئۇنىڭ بىلەن قىلىنغان سۈرمىسى كۆزگە تارتىلسا ياشانغىراش، قاپاق

گىرۋىكى ئىششىقى، كۆز قوتۇرى قاتارلىقلارغا پايدا قىلىدۇ. يېپەك كىيىم ئىسسىق، يۇمشاق بولۇپ، خۇرسەن قىلغۇچى، سەمرىتكۈچى ۋە پىت بولۇشىنىڭ ئالدىنى ئالغۇچىدۇر. ئەمما بەدەن تېرىسىنى نېپىزلاشتۇرىدۇ. ئىسلاھ قىلىش ئۈچۈن يىپەك رەختكە پاختا يىپ ئارىلاشتۇرۇپ توقۇلىدۇ. پاختا يىپ ئارىلاشتۇرۇلغىنىنى ئەرەبچە «قۇتنى» دېيىلىدۇ، ھىندىستاندا «مەشرۇئ» دېگەن نام بىلەن مەشھۇردۇر، پارسچە «ئەلجە»، ھىندىچە «سوتى» دېيىلىدۇ، تۇرلىرى ناھايىتى كۆپتۇر.

مۇھەممەد زىكرىيا يىپەك كىيىم چىگە رەختكە قارىغاندا ئىسسىقراقتۇر. ئەمما تېرىنى قاتۇرغۇچىدۇر، چىگە رەخت ئۇنىڭ ئەكسىچىدۇر. يىلە غوزىكى بىلەن قىلىنغان كىيىم «گەرم سوت» دېيىلىدىغان بولۇپ، ئىسسىق، نازۇكتۇر، ئۇنى ياشانغانلار، سوغۇق مۇھىتتا ياشايدىغان سوغۇق مىزاجلىقلار ۋە ئاياللار كىيسە پايدا قىلىدۇ. قاننى قىزىتىدۇ. ئىسلاھ قىلىش ئۇسۇلى يەنىلا پاختا يىپ ئارىلاشتۇرۇپ توقۇشتۇر.

بىلگىنكى، كۆيدۇرۇلگەن ئەۋرىشىم شەربەتلەردە توغرالغىنىدىن ئاجىزراق، ئەمما كۆز كېسەللىكلىرى ئۈچۈن پايدىلىقتۇر.

**ئىستېمال مىقدارى:** 3 ~ 10 گىرامغىچە.

**ئورۇنباسارى:** كۆيدۇرۇپ يۇيۇلغان مەرۋايىت.

ئۇنى توغراش، كۆيدۇرۇش ئۇسۇللىرى، خېمىرى، سۇفۇپى، شاراب ۋە باشقىلاردىن ئىبارەت ياسالمىلىرى قارابادىندا بايان قىلىندى.

## ئەبرۇن
(ھەمىشبىاھار)

بۇ يۇنان تىلى بولۇپ، دائىم ھايات دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. بۇ ئۆسۈملۈك خازان بولمايدۇ. ئەرەبچە «ھەيىيۇل ئالەم» (ئالەمدە ھايات تۇرغۇچى)دەپ، پارسچە «ھېمىشە باھار» (ھەمىشە باھاردەك تۇرغۇچى) دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** خۇش پۇراق ئۆسۈملۈكلەر قاتارىدىن بولۇپ، داۋاملىق كۆكىرىپ تۇرىدۇ، ھۆل ۋە يۇمران بولىدۇ. تۇرى، چوڭ ـ كىچىك ۋە يەرلىك ياۋا دەپ تۇرلەرگە بۆلۈنىدۇ.

چوڭى كۆپرەك تاغلاردا ئۆسىدۇ. غولى غۇلاچ ئېگىزلىكىدە، بەزىدە ئۇنىڭدىنمۇ ئېگىزرەك، بارماق توملۇقىدا بولىدۇ. شىلىمشىق سۇيۇقلۇقى بار بولۇپ تۇتسا قولغا چاپلىشىدۇ. يوپۇرمىقى تىلغا ئوخشاش، بەزىدە ئۇنىڭدىن تارراق، سۇلۇق، گۈلى ئاق سېرىق بولىدۇ. يەرلىكى تاغدا ئۆسىدىغىنىدىن ياخشىراقتۇر.

كىچىكى تاشلىقلار، ئويمانلىقلار، تام بويلىرى ۋە سايە يەرلەردە ئۆسىدۇ. شاخلىرى

ئۇششاق بولۇپ، بىر يەردىن ئۆسۈپ چىقىدۇ. يوپۇرمىقى كۆپ، ئۇششاق، سۇلۇق، غىرىچ ئۇزۇنلۇقىدا بولىدۇ. گۈلى كىچىك، سېرىق، قىزىلغا مايىلدۇر. ئۇرۇقى خۇببازى ئۇرۇقىغا ئوخشاشتۇر. ئۇ ئىراننىڭ كۆپ قىسىم شەھەرلىرىدە تېپىلىدۇ.

دىسقۇرىدۇسنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇنىڭ يەنە بىر تۈرى بار بولۇپ، «تىلافىيۇن» دېيىلىدىكەن، ئېگىزلىكى ئادەم بويىدەك، يوپۇرمىقى سېمىز ئوت يوپۇرمىقىغا ئوخشاش بولۇپ، تۈكلۈك بولىدىكەن. ئۈستىگە توپا قونۇپ قالغاندەك بىلىنىدىكەن.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىنىڭ ئاخىرىدا ئىسسىق، دەسلەپىدە قۇرۇق، قابىزلىق رولىغا ئىگىدۇر. دىسقۇرىدۇس ئۇنىڭ كىچىكىنى ئىسسىق، چوڭىنى سوغۇق، دېگەن. «ئىختىياراتى بەدىئىي» نىڭ ئاپتورى ئىككىنچى دەرىجىدە سوغۇق، بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇق، دېگەن. ئىبنى بەيتارنىڭ جالىنۇستىن نەقىل قىلىشىچە، ئۇ يەتتىنچى ماقالىسىدە ئۇنىڭ بىرىنچى ۋە ئىككىنچى تۈرىنى قۇرۇتۇش قۇۋۋىتى ۋە ئۈچىنچى دەرىجىگىچە سوغۇقلۇقىغا ئىگە دەپ يازغان. ئۇ يەنە دىسقۇرىدۇسنىڭ دېيىشىچە ناھايىتى ئىسسىقتۇر.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** جىگەر، تال تۇسالغۇلىرىنى ئاچقۇچى، ماددىنى تۇسقۇچىدۇر.

ئۇ باش ئاغرىقى، كۆز ئاغرىقى، كۆز ئىششىقلىرى، قۇلاق ئاغرىقى، يۆتەل، ئاشقازان ئاجىزلىقى، سەپرادىن بولغان ئىچ سۈرۈش، ئاشقازان، ئۈچەيلەردە مەددە قۇرت پەيدا بولۇش، قاناش، يارا، بالىياتقۇدىن سۇيۇقلۇق ئېقىش، بادىسۇرۇخ، نۇقرەس، تال كېسەللىكى، بوغۇم ئاغرىقى، يارىلار، جاراھەتلەر، خانازىر، دۆ چېقىۋېلىش قاتارلىقلارغا پايدا قىلىدۇ.

باش كېسەللىكلىرى: 15 گىرام سۈيىنى ئىچسە، ئۇسارىسىنى پەقەت گۈل يېغى بىلەن ياكى هاراق سىركىسى بىلەن ئەزالارغا قۇيسا، ئىسسىقتىن بولغان باش ئاغرىقىغا پايدا قىلىدۇ.

كۆز كېسەللىكلىرى: ئۇن بىلەن قىلىنغان زىماتى كۆز ئىششىقىغا، ئۇسارىسىنىڭ سۈرمىسى كۆز ئاغرىقىغا پايدا قىلىدۇ.

قۇلاق كېسەللىكلىرى: يوپۇرمىقىنىڭ ئۇسارىسىنى زەيتۇن يېغى بىلەن قاينىتىپ قۇلاققا ئىلمان هالدا تېمىتسا، ئىسسىقتىن بولغان ئاغرىقنى پەسەيتىدۇ.

كۆكرەك كېسەللىكلىرى: ئۇسارىسىنى ئىچسە قاندىن بولغان يۆتەلگە ناھايىتى پايدا قىلىدۇ. ئىسسىق مىزاجلىق كۆكرەككە زىمات قىلسا هارارىتىنى پەسەيتىدۇ.

ھەزىم ئەزالىرى كېسەللىكلىرى ۋە قان تۈكۈرۈش: سۈيىدىن 60 گىرام ئىچسە جىگەر، ئۆت تۇسالغۇلىرىنى ئاچىدۇ. ئىچىنى سۈرگۈچى، سوۋۇتقۇچىدۇر. يېڭى سىقىلغان سۈيىدىن 30 گىرام ئىستېمال قىلسا، ئىسسىق مىزاجلىق ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەيدۇ. قاناش، ئىچ سۈرۈش، ئۈچەي زەخىمىگە پايدا قىلىدۇ. شاراب بىلەن ئىچسە، ئاشقازاندىكى مەددە قۇرتنى چۈشۈرىدۇ. يوپۇرمىقىنى سالايە قىلىپ ئىچسە، سوزۇلما ئىچ سۈرۈشكە پايدا قىلىدىغان

بولۇپ، تەجرىبىدىن ئۆتكەن، دېيىلگەن. جىگەر ۋە ئىسسىق مىزاجلىق ئاشقازانغا سىرتتىن زىمات قىلسا، ئىسسىقلىق ۋە سەپرانىڭ هارارىتىنى پەسەيتىدۇ.

مۇدۇرلار، يارىلار، جاراھەتلەر، بوغۇم ئاغرىقلىرى، ئوت كۆيۈكى ۋە باشقىلار: ئۇن بىلەن قىلىنغان زىماتى يامان يارىلار، كونا زەخىملەر، ئىسسىق ئىششىقلار، كېڭىيىشچان يارىلار، بوغۇم ئاغرىقلىرى، بەلباغسىمان قوقاق، نۇقرەس، ئوت كۆيۈكىگە چاپسا، بادىسۇرۇخقا تىغ ئۇرۇپ قان چىقىرىلغاندىن كېيىن چاپسا پايدا قىلىدۇ (بادىسۇرۇخ ئۇچۇن) سىناقتىن ئۆتكەن. خېنە بىلەن زىمات قىلسا بەدەن قىچىشىشقا پايدا قىلىدۇ. ئۇسارىسىنى ئەزاغا قويسا دۆ چېقىۋالغانغا پايدا قىلىدۇ، شۇنىڭدەك سۈيىدىن 60 گىرام ئىچسىمۇ پايدا قىلىدۇ. ھەمەلچىسى ھەم يوپۇرمىقىنىڭ پەرزىجىسى بالىياتقۇدىن ئاقىدىغان سۇيۇقلۇقلارنى توختىتىشقا ئىشلىتىلىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** ئۇسارىسىدىن ئۈچ يېرىم مىسقالدىن يەتتە مىسقالغىچە، يوپۇرمىقىدىن بەش مىسقالغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

**ئورۇنباسارى:** قارا سۇنا.

**زىيانلىق تەسىرى:** ئېيتىلىشلارچە تالغا زىيان قىلىدىكەن.

**تۈزەتكۈچىسى:** گىل ئەرمىنى.

پۇلىستىن 15 مىللىلىتىر ئېلىپ سىركەنجىۋىل بىلەن ئىشلەتسە، قان ۋە سەپرانىڭ ئۆتكۈرلۈكىنى پەسەيتىدۇ، بەدەننى قۇۋۋەتلەيدۇ، دەيدۇ.

ئۇنىڭ دىسقۇرىدۇس دېگەن ئۇچىنچى تۈرىنى ھايۋاناتنىڭ كونا يېغى بىلەن زىمات قىلسا خانازىر (چاشقان يارىسى)نى تارقىتىدۇ.

## ئەبزار

### (ئەبزار ئوتى)

ئۇ «ئەبرار»مۇ دېيىلىدۇ، خەلق ئارىسىدا «بەزار» دېگەن نام بىلەن مەشھۇردۇر.

**ماھىيىتى:** ئەتىيازغا مەنسۇپ ئۆسۈملۈك بولۇپ، غولى ھۆل، يېڭى، چۈرۈك بولىدۇ، غولىنىڭ ئاخىرلىشىدىغان يېرىدە كۆپلىگەن يوپۇرماقلار گۈلىنىڭ ئورنىدا توپلىشىپ ئۆسىدۇ. ئۆتكۈر، ئاچچىق بولۇپ، تىلنى چاقىدۇ. شەكلى ھەلىيۇن ئۆسۈملۈكىگە ئوخشايدۇ. باغداد، مۇسەل دېگەن يەرلەردە سۇت بىلەن پىشۇرۇپ يېيىلىدۇ. سوغۇق ئەللەر ۋە قارلىق يەرلەردە ئۆسىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ئىشتىھانى ئاچقۇچى، ئېغىر، تەستە ھەزىم بولغۇچىدۇر.

ئۇسارىسى يۇمشاق، يەلدىن بولغان ۋە مۇرەككەپ ئىششىقلارغا پايدا قىلىدۇ. تۇزلۇق سۇغا چىلىسا، ئۇنىڭ ئۆتكۈرلۈكى ۋە ئاچچىقلىقى يوقىلىپ، باھنى ناھايىتى قوزغايدۇ.
ئىغىرلىقىنى ئوڭشىغۇچى نەئناڭ، سىيادان، كەرۋىيا ۋە سىركىدۇر.

## ئەبقىر
(شور)

بۇ مىسىر تىلىدۇر. پارسچە «شورە»، ھىندىچە «چۇكار» دېيىلىدۇ. فەرەڭچە «سەلىيتەر» دېيىلىدۇ. ھىندىچە يەنە «شورە» دېگەن نام بىلەنمۇ مەشھۇردۇر.

**ماھىيىتى:** شورلۇق يەرلەردىن چىقىپ، يەر يۈزىدە قاتىدىغان بۇخاردىن ئىبارەت بولۇپ، ئاق قىرووۋ ۋە دەريا تۈزىغا ئوخشاش كىچىك دانچە شەكلىدە بولىدۇ. ئۇنى ئازراق توپا ئارىلاشقان ھالدا يىغىۋېلىپ قاينىتىلىدۇ. قاينىتىش ئۇسۇلى شۇكى، ئۇنىڭغا مۇۋاپىق مىقداردا سۇ ئارىلاشتۇرۇپ قاينىتىپ، ئۇنىڭدىن كېيىن شەبنەمدە ياكى سوغۇق جايلاردا قاتقۇچە قويۇلىدۇ، بۇ چاغدا ئۇ ئاق دەريا تۈزىغا ئوخشاش دانچە ھالەتكە كېلىدۇ. ئۇنى قەلەمچە ھالەتكە كەلتۈرۈش مەقسەت قىلىنسا، ئازراق سۇ بىلەن ئېرىتىپ يۇقىرىقى ئۇسۇل بويىچە قاينىتىپ، قاينىغاندىن كېيىن ئىنچىكە ئۇزۇن زىخلارغا تۆكۈپ، شەبنەمدە ياكى سوغۇق يەرلەردە قويۇپ سوۋۇتۇلىدۇ. سوۋۇغاندىن كېيىن ئىنچىكە، ئۇزۇن قەلەمچىلەر شەكىللىنىدۇ، ئۇ «شورەئى قەلەمى» (شور قەلەمچىسى)، دەسلەپكى قاينىتىلغىنى «شورەئى غەيرىي قەلىمى» دېيىلىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئۈچىنچى دەرىجىنىڭ ئاخىرىدا قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** توسالغۇلارنى ئاچقۇچى، بەلغەم ۋە بەدەننىڭ كىرلىرىنى تازىلىغۇچى، سۈرگۈچىدۇر. ناھايىتى ئۆتكۈر بولۇپ، تۈز ۋە توغرىغۇدىن كۈچلۈكرەكتۇر. تال ۋە بەل ئاغرىقىغا پايدىلىقتۇر. شېكەر بىلەن بىرلىكتە ئىشلەتسە، ھېچ تەدبىر بىلەن ماڭمىغان سۈيدۈكنى ماڭدۇرىدىغان بولۇپ تەجرىبىدىن ئۆتكەندۇر. ئەمما شور سەككىز مىللىگرام، شېكەر ئالتە گرام بولۇشى لازىم. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، سۈيدۈكى تۇتۇلغان كىشى بەش گرام شور قەلىمىنى 10 گرام قىچا بىلەن قانچىلىك ئىچەلىسە، شۇنچىلىك كۆپ مىقداردىكى سۇ بىلەن ئىستېمال قىلسا، سۈيدۈكى شۇ ھامان راۋانلىشىدىكەن. ھىندىچە «كىيلە» دېيىلىدىغان ئىككى دانە باناننىڭ ئىچىگە شور سېلىپ تال كېسەللىكى ۋە يەللىك قۇلۇنجى بولۇپ قالغان كىشىگە يېگۈزسە ئۈچ كۈندە شىپا تاپىدۇ، سىناقتىن ئۆتكەن، دەپ قارىلىدۇ.
ئۇنىڭ ئەرقى گۆڭگۈرتنىڭ ئورۇنباسارى بولىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** 1.5 گرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

**ئورۇنباسارى:** ئەندۇران تۇزى.

**زىيانلىق تەسىرى:** قىزىلئۆڭگەچ ۋە بۆرەككە زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** كەتىرا، ھەسەل.

شورنىڭ خاسىيەتلىرىنىڭ بىرى شۇكى، تۆمۈر زەرنىخ بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ ئۈستىگە مىس قويۇپ ئۈستىدىن شور چېچىلسا، مىس پارغا ئايلىنىپ تۆمۈر ناھايىتى يۇمشايدۇ.

ھىندىستان خەلقى شورنىڭ قايىنتىلغان سۈيى بىلەن سۇنى سوۋۇتىدۇ. ئۇنىڭ ئۇسۇلى مۇنداق: ئىككى مەن تىبرىزى مىقدارىدىكى شور قايىنتىلمىسى سۈيىنى سوغۇق سۇ بىلەن بىرلىكتە ئېغىزى چوڭ داسقا تۆكۈپ، ئۇنىڭدىن كېيىن تۆت دانە كوزىغا يېرىمىغا كەلگۈچە تاتلىق سۇ قاچىلاپ، داستىكى شورە سۈيىگە قويۇلىدۇ. داس بىلەن كوزا ھىندىچە «جىست» دېيىلىدىغان رودىن ياسالغان بولسا تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن ئىككى ئادەم مەزكۇر كوزىلارنى بىر سائەتنىڭ تۆتتىن بىرىچىلىك ۋاقىتقىچە داس ئىچىدە تېز سۇرئەتتە ئايلاندۇرىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن كوزىلارنى داستىن چىقىرىپ، داستىكى سۇنى تۆكۈۋېتىپ، ئىككى كوزىنىڭ سۈيىگە ئارراق يېڭى شور ئارىلاشتۇرۇپ داسقا تۆكىدۇ. كوزىلارغا قايتىدىن يېڭى سۇ قاچىلاپ داستىكى سۇغا سالىدۇ. شۇ ھالەتتە ئىككى قېتىمدىن تۆت قېتىمغىچە تەكرارلانغاندىن كېيىن سۇ قاچىلانغان كوزىلارنى داستا مەلۇم مۇددەت تۇرغۇزۇپ، ئېغىزى ھۆللەنگەن چىگە رەخت بىلەن ئوراپ شامالدۇرغۇچ بىلەن سوۋۇتۇپ، ئۇنىڭدىن كېيىن كوزىلارنى داستىن چىقىرىپ، باشقا كوزىلار ئاخىرقى يېڭى كوزىنىڭ سۈيى بىلەن يۇيۇلىدۇ ھەمدە سۈيىنى داسقا تۆكۈپ ئىچىلىدۇ. كوزىلاردا مۇتلەق تۆشۈك بولماسلىقى لازىم، بولمىسا ئىچىگە تۇزلۇق سۇ كىرىپ كېتىپ، ئىچىدىكى سۇ تۇزلۇق بولۇپ قالىدۇ.

بىلىش لازىمكى، كوزىلارنى داستا ئايلاندۇرۇش سۇرئىتىنىڭ تېز ـ ئاستىلىقى بەلگىلەنگەن بولۇپ، شۇ بەلگىلىمە بويىچە بولۇشى لازىم. چۈنكى، ئاستا ئايلاندۇرۇلسا سۇ سوۋۇمايدۇ، تېز ئايلانسا ئىسسىق بولۇپ قالىدۇ. سۇنىڭ ئىسسىق ياكى سوغۇق بولۇشى كوزىلارنىڭ ئايلىنىشىنىڭ تېز ـ ئاستىلىقىغا باغلىقتۇر. كوزىدىكى سۇ سوغۇق بولسا لەززەتلىك، ئىچىشلىك بولىدۇ، سوغۇقلۇقى يوقالسا ئىچىش قىيىن بولىدۇ، تېتىمايدۇ، ھەتتا بەزى مىزاجلىقلارغا زىيان قىلىشىمۇ مۇمكىن. قالغىنىنى ئاللا ئەڭ ئوبدان بىلىدۇ.

## ئىبنى ئىرس
(ئاغمىخان)

پارسچە «راسۇ»، «مۇشى خورما (خورما چاشقىنى)»، ھىندىچە «نەبۇل»، فەرەڭچە «تەنكۇلىس» دېيىلىدۇ.

ماھىيىتى: بۇ ھەممىگە تونۇشلۇق ھايۋان بولۇپ، چاشقانغا ئوخشايدۇ، بېشى بىلەن پۇتى

چاشقاننىڭ بېشى بىلەن پۇتىدىن ئۇزۇنراق ۋە ئۇنىڭدىن چوڭراق، قۇيرۇقىنىڭ مويلىرى پاخپايغان بولىدۇ. مىسىردا ئۆيلەرگە كۆپ كىرىدۇ، ئۇ يەردە ئۇنى «ئەرسە» دەيدۇ.

**تەبىئىتى:** ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** تۇتقاق كېسەل، ئىستىسقا، سوغۇق تەبىئەتلىك زەھەرلەردىن زەھەرلىنىش، نۇقرەس، خانازىر، بۆرەك ئاغرىقى قاتارلىقلارغا پايدا قىلىدۇ. باھنى كۈچەيتىدۇ، جىگەرنى قۇۋۋەتلەيدۇ. يەل تارقىتىدۇ، ئەزالاردا تۇرۇپ قالغان تىكەن ۋە ئوقلارنى چىقىرىدۇ. ئېيتىلىشلارغا قارىغاندا، ئۇنى بوغۇزلاپ تۇزنىڭ ئورنىغا يۇمغاقسۇت سېپىپ قۇرۇتۇپ يېسە، تۇتقاق كېسەل ۋە زەھەرلىك ھايۋانلار چېقىۋالغاندىن بولغان زەھەرلىنىشكە ئەڭ ياخشى داۋا بولىدۇ. شۇنىڭدەك ئۇنىڭ مېڭىسى، گۆشىنى سىركە بىلەن، قېنىنى سۇ ۋە ھەسەل بىلەن ئىستېمال قىلسا، كۆزنى قۇرۇتۇپ يېسە يۇقىرىدىكى تەسىرنى بېرىدۇ. قېنىنى مەلھەم قىلسا تۇتقاق كېسەل، چاشقان يارىسىغا پايدا قىلىدۇ. گۆشىنى سېرىقچېچەك، كۇنجۇت ياكى توك زەيتۇن يېغى بىلەن ياكى سۇ ھورى بىلەن پىشۇرۇپ يېسە قويۇق يەللەرنى تارقىتىدۇ، جىگەرنى قۇۋۋەتلەيدۇ. ئىستىسقا بىمارلىرى ۋە مىزاجى سوغۇقلارغا پايدا قىلىدۇ، زەھەرلەرنى قايتۇرىدۇ. ئۇنىڭ تېرىسىنى سويۇۋېتىپ ئىچ قارنىنى تازىلاپ، ئىچىگە تۇز سېپىپ سايىدا قۇرۇتۇپ 10 مىللىلىتىر شاراب بىلەن ئىستېمال قىلسا، زەھەرلىك ھايۋانلارنىڭ زەھەرلىرى ۋە تەفسىقۇن (بىر خىل ئۆسۈملۈك)نىڭ زەھىرىنى قايتۇرىدۇ. يۇمغاقسۇت ۋە تۇز بىلەن ئىستېمال قىلسا مەزكۇر كېسەللىكلەرگە پايدا قىلىدۇ، سوغۇق زەھەرلەرنى قايتۇرىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا باھنى قوزغايدۇ، سوغۇقلۇقنى ھەيدەيدۇ، جىگەر زەئىپلىكىگە شىپا بولىدۇ. گۆشىنى ئىسسىق ھالدا زىمات قىلسا، بەل ئاغرىقى، بوغۇملار ئاغرىقىغا پايدا قىلىدۇ، بەدەندىكى زەھەر، تىكەن ۋە ئوقلارنى تارتىپ چىقىرىدۇ.

ھەكىم مىر مۇھەممەد مۇمىن: «ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇنىڭ ئوشۇقىنى تىرىك ھالەتتە چىقىرىۋېلىپ ھامىلىدار ئايالنىڭ يوتىسىغا باغلاپ قويسا تۇغۇتنى ئاسانلاشتۇرىدۇ» دەپ يازغان.

«ئىختىيارات»نىڭ ئاپتورى: «ئۇنىڭ ئوشۇقىنى ئايالغا ئېسىپ قويسا ھامىلىدار بولمايدۇ» دەپ يازغان. «مالا يەسەئۇ»، «تەزكىرەئى ئەنتاكىي»، «جامىئى ئىبنى بەيتار» قاتارلىق ئەسەرلەردىمۇ ئايالغا ئېسىپ قويۇلسا ھامىلىدار بولمايدۇ، دەپ يېزىلغان.

ئۇنىڭ سۈيدۈكلۈكىنى قۇرۇتۇپ 10 گىرامىنى سالايە قىلىپ رەيھان شارابى بىلەن ئىچسە سۈيدۈك تۇتۇلۇشقا شىپا بولىدىغان بولۇپ، سىناقتىن ئۆتكەن. ئاغمىخاننى بوغۇزلاپ ئىچ قارنىنى تازىلاپ، زەيتۇن ياكى كۇنجۇت يېغى بىلەن كۆيگۈچە قورۇغاندىن كېيىن يېغىنى

سوزۇپ ساقلاپ قويسا، زوروۇر بولغاندا بوغۇملارنىڭ ئاغرىقلىرى، نوقرەس، باشقا ئەزالاردىكى ئاغرىقلار ۋە يەللىك بوۋاسىرغا سوركىسە، تەڭداشسىز پايدا قىلىدىغان بولۇپ سىناقتىن ئۆتكەن.

ئىپتىشلارغا قارىغاندا، ئاغمىخان زەھەرلەنگەن تائامنى كورسە بەدىنىنىڭ موبلىرى ياخپىيىدۇ. يىلاننى كورسە ئولتۇرۇپ يەيدۇ. شۇنىڭ ئۇچۇن ئۇنىڭ گوشى زەھەرنى سومۇرگۇچى ھەم تۇرلۇك زەھەرلەر ئۇچۇن تەرياقتۇر.

**زىيانلىق تەسىرى:** (1) ئىسسىق مىزاجلىقلارغا زىيان قىلىدۇ.

**تۇزەتكۇچىسى:** سىركە، كاسىنە، چۇچۇمەل ئانار.

(2) ئۇچەيلەرگە زىيان قىلىدۇ.

**تۇزەتكۇچىسى:** زەيتۇن يېغى ۋە كۇنجۇت يېغىدا پىشۇرۇپ يېيىشتۇر.

## ئەبۇ خەلسا

(ئەرۇسە)

مەزكۇر ئىسىم يۇنانچە بولۇپ، ئەرەبچە «ھىننائۇل غۇل» (ئالۋاستى خىنىسى)»، «خەسسۇل ھىمار» (ئېشەك قارا سوناسى)»، «ئەرۇسە»، «رىجلۇل ھەمامە» (كەپتەر چاڭگىلى)»، «شەنجار» (بۇ پارسچە «شەنكار» دىگەن ئىسمىنىڭ ئەرەبچىلەشتۇرۇلگىنىدۇر)، «شىيفار» دەپ ئاتىلىدۇ. سۇريانچە «ئاقىر شەمئا»، «ھالۇما»، «كەھلا»، «كەھىيلا» دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇلارنىڭ ھەربىرى ئەرەبچە مەزكۇر ئۇسۇملۇكنىڭ بىر تۇرىنىڭ ئىسمىدۇر. «ھەرقىلۇ»، «ھەرقەلۇى»، «ھىيقىيلۇس»مۇ دېيىلىدۇ. پارسچە «ھوجويە»، ھىندىچە «رەتەنجوت» دېيىلىدۇ.

**ماھىيتى:** ئىپتىشلارغا قارىغاندا تۆت خىل بولىدۇ. بىرىنچى خىلى بىر خىل ئۇسۇملۇك بولۇپ، يوپۇرمىقى قارا سونا يوپۇرمىقىغا ئوخشايدۇ، ئەمما ئۇنىڭدىن ئىنچىكىرەك، يىرىك، قارا، غولى توكلۇك بولىدۇ. شاخلىرى كوپ بولۇپ، يىلتىزىنىڭ ئەتراپلىرىدىن ئۆسىدۇ. بۇ ئۆسۇملۇك يەر بېغىرلاپ ئۆسىدۇ. گۇلى ۋە ئۇرۇقى قارا، يىلتىزى بارماق چوڭلۇقىدا، ناھايىتى قىزىل بولىدۇ. باغداد خەلقى بۇ خىلىنى «ئىرقى فالۇزەج» دەپ ئاتايدۇ. بەزى تىللاردا «فەنجىيۇن»، «بەفاۋنۇن» دەپ ئاتىلىدۇ. زىيادە قىزىل بولغانلىقى ئۇچۇن ئەرەبچە «ھۇمەيرا» (قىزىل) دەپ ئاتىلىدۇ. قۇۋۋىتى تۆت يىلغىچە ساقلىنىدۇ. مالىقى: «ئۇ يازدا خۇددى قانەك قىزىل بولىدۇ، قولغا سوركىسە قولنىمۇ قىزارتىدۇ» دەيدۇ. ئۇ تۇپرىقى مۇنبەت يەرلەردە ئۆسىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىنىڭ دەسلىپىدە قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** سەپرا خاراكتېرلىك خىلىتلارنى تارقاتقۇچى، تۇزلۇق، قابىز، ئىچ سۈرۈشنى توختاتقۇچى، ھەيزنى ماڭدۇرغۇچى، ئاشقازاندىكى يەللەرنى تارقاتقۇچى، قۇرۇتقۇچىدۇر. ئۇسارىسى ياكى شاراب بىلەن قاينىتىپ مائۇل قەراتىن دەپ ئاتىلىدىغان مەتبۇخى ئىچىلسە، تال، جىگەر، نۇقرەس ۋە بۆرەك ئاغرىقلىرىغا پايدا قىلىدۇ. تاش پارچىلايدۇ، يەرقان ۋە كونا تەپلەرگە شىپا بولىدۇ. سىركە بىلەن قىلىنغان تىلاسى بەھەققە، چاشقان يارىسىنى تارقىتىشقا، گۈل يېغى بىلەن قىلىنغان تىلاسى ئوت كۆيۈككە، جاراھەتلەرگە ۋە تېرە يېرىلىشلارغا ئىشلىتىلىدۇ. ئۇنىڭ زەيتۇن يېغى بىلەن قاينىتىپ يېغىنى ئايرىۋېلىپ، تەييارلانغان قىرۇتىسى كۆيۈك يارىسى ۋە يامان يارىلارغا پايدا قىلىدىغان بولۇپ تەجرىبىدىن ئۆتكەندۇر. ئارپا ئۇنى بىلەن قىلىنغان مەلھىمى پارسچە «بادى سۇرۇخ» دېيىلىدىغان تىلما كېسەللىكىگە پايدا قىلىدۇ. يوپۇرمىقى شاراب بىلەن ئىچسە ئىچ سۈرۈشنى توختىتىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** باشنى ئاغرىتىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** بىنەپشە يېغى، قاپاق يېغى.

**ئىستېمال مىقدارى:** ئالتە گىرام.

ئۇنى يالغۇز ياكى ئۇنىڭ يىلتىزىنى مائۇلھەسەل بىلەن ھەمەل قىلسا ھامىلە چۈشۈرىدۇ. ئۇنىڭ يىلتىزىنىڭ تەسىرلىرى ھەممە جەھەتتە يوپۇرمىقىدىن كۈچلۈكرەكتۇر.

مەزكۇر ئۆسۈملۈكنىڭ ئىككىنچى خىلىنىڭ يوپۇرمىقى قارا سۇنا يوپۇرمىقىدىن ئۇششاقراق، يىرىكرەك، كەڭرەك، ئۇزۇنراق بولۇپ، يىلتىزىغا يېقىن ئۆسىدۇ. غولى ئۇزۇن، يىرىك، شاخلىق بولۇپ، ھەربىر شېخى بىر غۇلاچ ئېگىزلىكتە بولىدۇ. گۈلى بىنەپشە رەڭگە مايىل، ئۇششاق بولۇپ، بىرىنچىسىگە قارىغاندا قابىزلىقى كۈچلۈكتۇر. يىلتىزى قاندەك قىزىل بولۇپ، بىرىنچىسىنىڭ يىلتىزىدىن قابىزراقتۇر، ئۇ قۇملۇقلاردا ئۆسىدۇ.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ئۇن بىلەن قىلىنغان زىماتى تىلما كېسەلگە، ياغ بىلەن سالايە قىلىنغىنى تەر توختىتىشقا ئىشلىتىلىدۇ. چوڭ تەرەتنى بەك قاتۇرىدۇ.

ئۇنىڭ ئۈچىنچى خىلىنىڭ يوپۇرمىقى بىرىنچىسىنىڭكىگە قارىغاندا ئۇششاقراق، يىرىك، شاخلىرى ئۇششاق، گۈلى بىنەپشە رەڭ بولىدۇ. يىلتىزى ئۇزۇن، قېنىق قىزىل بولۇپ، تەمى ھەممىسىنىڭ يىلتىزىدىن ئۆتكۈررەك بولىدۇ. ئۇ قۇملۇق يەرلەردە ئۆسىدۇ.

يىلتىزىدىن 10 گىرام ئېلىپ شاراب بىلەن ئىچسە، ئەفئا يىلىنىنىڭ زەھرىنى قايتۇرۇش ئۈچۈن ئەڭ ياخشى داۋا بولىدۇ. ئۇنى زەھەرلىك ھاشارات چېقىۋالغان ئورۇنغا زىمات قىلسا پايدا قىلىدۇ. ئادەم ئۆزىگە ئېسىۋالسا، زەھەرلىك ھاشاراتنىڭ چېقىۋېلىشىنى توسىدۇ.

تۆتىنچى خىلى ئۈچىنچى خىلىغا ئوخشاش، ئەمما گۈلى ئۇششاقراق، ناھايىتى قىزىل

بولىدۇ.

**تەبئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىنىڭ ئاخىرىدا قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** بۇرۇنغا تېمىتسا مېڭىنى تازىلايدۇ، تېرىدىكى ئىزلارنى يوقىتىش، كۆز پەردىلىرىنىڭ قېلىنلىشىغا ئىشلىتىلىدۇ. ئۇسارىسىنى ھەسەل بىلەن غار-غار قىلسا ئېغىز يارىسىغا پايدا قىلىدۇ. ئۇنىڭدىن سەككىز گىرام ئېلىپ، باراۋەر مىقداردىكى قۇرۇق زۇپا ۋە قەردمانە بىلەن ئىستېمال قىلسا قاپاق ئۇرۇقسىمان مەددە ۋە ئۇچەيلەردىكى تورلۇك مەددىلەرنى چۇشۇرىدۇ. ئۆچكە ياكى چوشقا يېغى بىلەن زىمات قىلسا چاشقان يارىسى، نۇقرەس، ئولتۇرغۇچ نېرۋا ئاغرىقى، قاتتىق ئىششىقلارغا پايدا قىلىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن ھەمەل قىلسا، قايىنىتىلمىسىدا ئولتۇرۇلسا بالىياتقۇدىكى قاتتىق ئىششىق، ھەيز توتۇلۇشقا پايدا قىلىدۇ، ھامىلىنى چۇشۇرىدۇ. سىركە بىلەن زىمات قىلسا ياكى ئىچسە، تال كېسەللىكلىرىگە داۋا بولىدۇ. گۈلىنىڭ ھەممە تەسىرى يوپۇرمىقىغا قارىغاندا كۈچلۈكرەك بولىدۇ. يىلتىزى ياكى گۈلىدىن بىر مىسقال ئىستېمال قىلسا ھەيز ماڭدۇرىدۇ، ئۆلۈك ياكى تىرىك ھامىلىنى چۇشۇرىدۇ.

ئەبۇ خەلسا دېگەن بۇ ئۇسۇملۇك بەزى مەلھەملەرنىڭ ئاساسلىق تەركىبى بولىدۇ. «خۇلاسەتۇت - تەجارۇب» (تەجرىبىلەر خۇلاسىسى) دېگەن كىتابنىڭ ئاپتورى: «دەمۇل ئەخەۋەين (خۇنسىياۋشان) ئەبۇ خەلسانىڭ ئۇسارىسى» دەپ يازغان.

ئۇنىڭ يېغى، قىرۇتىسى ۋە مەلھەملىرى قارابادىندا بايان قىلىندى.

جالىنۇس ئۆزىنىڭ ئالتىنچى ماقالىسىدا: ئۇنىڭ ھەرقايسى تورلىرىنىڭ قۇۋۋەتلىرى بىرى - بىرىگە ئوخشىمايدۇ، بەلكى ئۇنىڭ «ئەبۇلۇقۇلنا»، دېيىلىدىغان بىر تۈرى بار بولۇپ، يىلتىزى قابىز، ئازراق ئاچچىقتۇر. شۇ ۋەجىدىن ئۇ بۆرەك ۋە تال ئاغرىقلىرى ئۈچۈن ئىستېمال قىلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئارپا ئۇنى ياكى سىركە بىلەن قىلىنغان زىماتى بەھەق ۋە تېرە قاسراقلىنىشقا پايدا قىلىدۇ. ئەمما ئۇنىڭ يوپۇرمىقى يىلتىزىغا قارىغاندا ئاجىزراقتۇر، ئەمما قابىزلىق ھەم قۇرۇتۇشتىن خالىي ئەمەستۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ تالقىنى شاراب بىلەن ئىچسە، ئىچ سۈرۈشكە پايدا قىلىدۇ» دېگەن.

## ئەبۇ قانىس
### (غاسۇل رۇمى)

بۇ يۇنانچە ئىسىم بولۇپ، «ئەبۇ قاۋۇس»، «ئوۋۇقاس»مۇ دېيىلىدۇ. «غاسۇل رۇمى» (رىم يۇغۇچىسى) دېگەن نام بىلەن مەشھۇردۇر. شام، مىسىر شەھەرلىرى ۋە ئەنتاكىيدا كۆپ بولىدۇ. خۇددى شام ۋە ئىران خەلقلىرى شىرازچە «چوبەك» (ياغاچچە) دەپ ئاتىلىدىغان ئەرتەنىسا يىلتىزىنى كىيىم يۇيۇشقا ئىشلەتكەندەك، ئۇنىڭ يىلتىزىنىمۇ كىيىم يۇيۇشقا

ئىشلىتىدۇ.

**ماھىيىتى:** چۈرۈك، سۇلۇق ئۆسۈملۈك بولۇپ، گىياھى ھەم دەرەخكە ھەم ئۆسۈملۈككە ئوخشايدۇ. دەريا بويلىرى ۋە قۇملۇق يەرلەردە ئۆسىدۇ. يوپۇرمىقى زەيتۇن يوپۇرمىقىغا ئوخشاپ كېتىدىغان بولۇپ، لېكىن ئۇنىڭدىن ئىنچىكىرەك بولىدۇ. يوپۇرماقلىرىنىڭ ئارىسىدا ئىنچىكە، قۇرۇق، ئاق تىكەنلىرى بولىدۇ. گۈلى ئاق بولۇپ، شەكلى يۇنانچە «فەسۇسا» دېيىلىدىغان چوڭ يۆگىمەچ (لەبلابى كەبىر) ئۆسۈملۈكىنىڭ گۈلىگە ئوخشايدۇ. شاخلىرى تارقاق، يىلتىزى كۆچلۈك بولۇپ، ئاچچىق سۇيۇقلۇق بىلەن توشقان بولىدۇ. ئۇنىڭ يىلتىزى، ئۇسارىسى، سۇيۇقلۇقى داۋالاش ئىشلىرىدا ئىشلىتىلىدۇ. ئۇنىڭ سۇيۇقلۇقىنى يەنى سۇتىنى ئېلىش ئۇسۇلى شۇكى، كۆرۈسنە (بىر خىل پۇرچاق) ئۇنى بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ قۇرۇتۇپ ساپ قىسمى ئايرىۋېلىنىدۇ. گۈلىنى سالايە قىلىپ ئۇنىڭ بىلەن قول يۇسا قولنى خۇش پۇراق قىلىدۇ. شۇ سەۋەبتىن يۇغۇچ دەپ ئاتىلىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئۈچىنچى دەرىجىنىڭ دەسلىپىدە قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** پارچىلىغۇچى، ئۇچۇچانلاشتۇرغۇچى، جۇلا بەرگۈچى، ئاچقۇچى، بەلغەم ۋە زەرداب سۇنى سۈرگۈچى، ئىستىسقاغا شىپا بولغۇچىدۇر. ئۇنىڭ ئالتە مىللىگرام ساپ سۇيۇقلۇقىنى يالغۇز ئىشلەتسە، شۇنداقلا ئۇنىڭ كۆرۈسنە ئۇنى بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ قۇرۇتۇلغان بىر گرام سۇيۇقلۇقىنى مائۇلھەسەل بىلەن ئىشلەتسە، سەپرا، بەلغەم، زەرداب ۋە سۇغا مەنسۇپ ھۆللۈكلەرنى سۈرۈپ چىقىرىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇ ئىسسىقتىن بولغان جىگەر مەنبەلىك ئىستىسقاغا پايدا قىلىدىغان بولۇپ، سىناقتىن ئۆتكەن. ئۇنىڭ بەش گرام ئۇسارىسى ۋە سوقۇلۇپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈلگەن يېرىم گرام قۇرۇتۇلغان يىلتىزىنى مائۇلھەسەل بىلەن ئىشلەتسىمۇ شۇ تەسىرنى بېرىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ بەدەنگە كۆرسىتىدىغان تەسىرى ئۇنىڭ كىيىمگە كۆرسىتىدىغان تەسىرى بىلەن ئوخشاش بولۇپ، يۇيۇش، كىرلارنى تازىلاش ۋە ناچار خىلىتلارنى تازىلاش ئىكەن.

**زىيانلىق تەسىرى:** ئۈچەيلەرگە زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** ھەسەل.

سوغۇق سۇ ئىچىشتىن ۋە سۇدا ئولتۇرۇشتىن پەيدا بولغان ئىچ سۈرۈشنى توختىتىدىكەن. ئۇنىڭ ئۇسارىسىنى ئېلىش ئۇسۇلى باشقا ئۇسارىلەرنى ئېلىش ئۇسۇلى بىلەن ئوخشاش بولۇپ، يىلتىزىنى سوقۇپ سۈيىنى سىقىپ چىقىرىپ ئاپتاپتا قۇرۇتۇلىدۇ.

شەيخ داۋۇت ئەنتاكىي «تەزكىرەئى ئۇلىل ئەلباب» (ئاقىللار تەزكىرىسى) دېگەن كىتابتا: «مەزكۇر ئۆسۈملۈك ئەرەبچە «ئۆشنان» دېيىلىدۇ، دەپ يازغان. ئەمەلىيەتتە ئۇنداق ئەمەس، چۈنكى ئۆشنان باشقا نەرسىدۇر.

## ئەبۇ قەستەس
(ئەبۇ قەستەسئوتى)

**ماھىيتى:** بىر خىل ئۆسۈملۈك بولۇپ، «ئەبۇ قانىس» دىگەن ئۆسۈملۈككە ئوخشايدۇ. غولىسىز، چېچەكسىز بولۇپ، يەر بېغىرلاپ ئۆسىدۇ. ئۇششاق يوپۇرماقلىرى، نازۇك تىكەنلىرى بولىدۇ. يىلتىزى توم بولىدۇ. ئۇمۇ «ئەبۇ قانىس» ئۆسۈملۈك ئۆسىدىغان يەرلەردە ئۆسىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئۇچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** تۇتقاق كېسەل، زىققە نەپەس، نېرۋا ئاغرىقلىرى ۋە ئىستىسقاالارغا پايدا قىلىدۇ. ئىككى گىرام ئۇسارىسىنى مائۇلقەراتىن (بىر خىل سۇيۇقلۇق) بىلەن ئىچسە، سۇ ۋە بەلغەمگە مەنسۇپ ھۆللۈكلەرنى سۈرىدۇ، مەزكۇر كېسەللىكلەرگە پايدا قىلىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** بىر گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** ئاشقازانغا زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** ھەسەل.

## ئەبھۇل
(ئارچا)

ئۇ «سەرۋى كوھى» (تاغ ئارچىسى)نىڭ بىر تۈرى بولۇپ، «ئەرئەر»، «ئەرئار» دېيىلىدۇ، يۇنانچە «بەراسى»، «ئەرقۇس»، سۈريانچە «بەرۇسا»، رىمچە «بەرۇن»، «بەرۇسۇن»، پارسچە «ئورەس»، «ئىيراس»، «بەرەس غونچە»، تۈركچە «ئاروج»، ھىندىچە «ئوھىير»، «ھوھىير» دەپ ئاتىلىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ھىندىستان ئارچىسى ھىندىچە «دىيۋدار» دېيىلىدىكەن.

«ئەبھۇل» دىگەن بۇ ئاتالغۇ يالغۇز ئېيتىلسا ئۇنىڭ مېۋىسى نەزەردە تۇتۇلىدىغان بولۇپ، تېۋىپلار ئۇنى داۋالاشتا ئىشلىتىدۇ. ئۇ «ھەببۇل ئەرئەر» (ئارچا مېۋىسى)، «سەمەرەتۇل ئەرئەر» (ئارچا مېۋىسى) دەپ ئاتىلىدۇ. پارسچە «تۇخمى ۋەھەل» دېيىلىدۇ.

**ماھىيتى:** بىلگىنكى، ئۇ ئىككى خىل بولىدۇ. بىرىنىڭ يوپۇرمىقى ئۇششاق بولۇپ، يۇلغۇن يوپۇرمىقىغا ئوخشايدۇ. يەنە بىرىنىڭ يوپۇرمىقى چوڭ بولۇپ، قارىغاي يوپۇرمىقىغا ئوخشايدۇ. بۇ خىلىنىڭ پۈرىقى ئۆتكۈررەك، دەرىخى ئېگىزرەك ۋە ئىنچىكىرەك بولىدۇ. كىچىكىنىڭ دەرىخى تومراق، پاكارراق بولىدۇ. ئەبھۇل كىچىكىنىڭ مېۋىسى بولۇپ، تاغ قارىغىيىنىڭ مەشھۇرى بولغان «ئەرئەر»نىڭ مېۋىسىدىن چوڭراق بولىدۇ. نىبىق (بىر خىل

مېۋە)گە ئوخشايدۇ. يېڭىسى قىزىل بولۇپ، يېتىلگەندىن كېيىن قارىدايدۇ، ئازراق تاتلىق بولىدۇ، تىلنى قورۇيدۇ، تەمى ئۆتكۈر، خۇش پۇراق بولىدۇ.

مېۋىسىنىڭ قارا، ئېغىر، يوپۇرمىقىنىڭ كۆك بولغانلىرى ياخشىلىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

شەيخۇر رەئىس (ئەبۇ ئەلى ئىبن سىنا): «ئۇ چوڭ ۋە كىچىكتىن ئىبارەت ئىككى خىل بولىدۇ، رىم شەھەرلىرىدىن ئېلىپ كېلىنىدۇ. ئالقات (زەئرۇر)قا ئوخشايدۇ، ئەمما ناھايىتى قارا، پۇرىقى ئۆتكۈر، خۇش پۇراق بولىدۇ» دەيدۇ. ئۇنىڭ يەنە بىر خىلى بار بولۇپ، قارىغايغا ئوخشايدۇ، ناھايىتى تىكەنلىك، دەرىخى توم بولىدۇ، بەك ئېگىز ئۆسمەيدۇ. يەنە بىر خىلىنىڭ يوپۇرمىقى يۇلغۇن يوپۇرمىقىغا، تەمى قارىغاينىڭ تەمىگە ئوخشايدۇ.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق. جالىنۇس ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق، دەيدۇ. شەيخۇر رەئىس ئۇنىڭ يوپۇرمىقى يۇلغۇن يوپۇرمىقىغا ئوخشايدىغان ئىككىنچى تۈرىنىڭ ئىسسىقلىقىنى بىرىنچى تۈرىنىڭ ئىسسىقلىقىدىن كەمرەك، قۇرۇقلۇقى ئارتۇقراق دەپ يازغان.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ناھايىتى ئۈچۈچاندۇر، تارقاتقۇچى، قۇرۇتقۇچى، قورۇغۇچى، چاققۇچى قۇۋۋەتكە ئىگىدۇر. شەيخۇر رەئىس ئۇنىڭ قابىزلىقىنى يوشۇرۇن، دەپ يازغان.

ئۇ ئىسسىقتىن بولغان مېڭە پەردە ياللۇغى، پالەچ، ئىستىرخا، گاسلىق، چىش مىلىكى يارىسى، كاناي ياللۇغى، ئىستىسقا، بوۋاسىر، ھەيز ماڭدۇرۇش، ھاملە چۈشۈرۈش، يامان ـ سوزۇلما يارىلارنىڭ چىرىشىنى يوقىتىش، دائىرىلىك چاچ چۈشۈش، ئەزالار قېتىۋېلىش، تېرىدىكى ئىزلارنى يوقىتىش، ئىسسىق ئىششىق قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

باش كېسەللىكلىرى: يوپۇرمىقىنى باشقا زىمات قىلسا ئىسسىقتىن بولغان مېڭە پەردە ياللۇغىغا، مېۋىسىنى ئىستېمال قىلسا پالەچ، ئىستىرخاغا پايدا قىلىدۇ.

قۇلاق كېسەللىكلىرى: مېۋىسىنى كۇنجۇت يېغى بىلەن بىرلىكتە تۆمۈر قاچىدا قارىدىغىچە قورۇپ تەييارلانغان يېغىنى قۇلاققا تېمىتسا قۇلاق ئېغىرلىقىغا پايدا قىلىدۇ.

ئېغىز كېسەللىكلىرى: چىش مىلىكىگە سۈركىسە ھەم ھەسەل بىلەن غار ـ غار تەييارلاپ ئېغىزنى چايقىسا، چىش مىلىكى جاراھىتى، چىش مىلىكى چىرىش ۋە ئېغىز يارىلىرىغا پايدا قىلىدۇ.

كۆكرەك، ھەزىم ۋە چىقىرىش ئەزالىرى كېسەللىكلىرى: ئۇنىڭ 30 گىرام مېۋىسىنى 15 گىرام كالا يېغى ۋە 15 گىرام ھەسەل بىلەن يۇغۇرۇپ لوئۇق تەييارلاپ ئىستېمال قىلسا، كاناي ياللۇغى ۋە بوۋاسىرغا پايدا قىلىدۇ.

مېۋىسىنىڭ مەتبۇخىنى ئىچسە، ئاشقازاندىكى يەلنى تارقىتىدۇ، ئىستىسقاغا شىپا بولىدۇ، ھەيز ماڭدۇرىدۇ، ھاملە چۈشۈرىدۇ. شۇنىڭدەك ئۇنى ھەسەل بىلەن ھەمەل قىلسىمۇ شۇ تەسىرنى بېرىدۇ. ئۇنىڭدىن 10 گىرام ئىچسە، ئاشقازاندىكى تۈرلۈك مەددە قۇرتلارنى

ئۆلتۈرىدۇ.

ئىپتىشلارغا قارىغاندا، ئۇنىڭدىن 30 گىرام ئېلىپ چۆككۈدەك مىقداردىكى كالا يېغى بىلەن تاكى ياغنى تولۇق سۈمۈرگىچە قايىنىتىپ سالايە قىلىپ، 30 گىرام قارا شېكەر بىلەن يۇغۇرۇپ، سوغۇق مىزاجلىقلار قايناق سۇ بىلەن ھەر كۈنى ئەتىگەندە ئالتە گىرامدىن ئىستېمال قىلسا، بەدەننىڭ تۆۋەن تەرىپىدىكى ئاغرىقلار، بوۋاسىرغا پايدا قىلىدۇ، ئۈچەيلەردىكى تۈرلۈك مەددە قۇرتلارنى چۈشۈرىدۇ (سىناقتىن ئۆتكەن).

يارىلار، جاراھەتلەر، ئىششىقلار ۋە تېرىدىكى ئىزلار: سەپمىسى يامرىغۇچى گۆشخور يارا، چىرىگەن يارىلارغا، يارىلارنى پۈتتۈرۈشكە ئىشلىتىلىدۇ. ھەسەل بىلەن قىلىنغان زىماتى يامرىغۇچى يارىلارنىڭ يامرىشىنى توختىتىدۇ، تېرىنى قارايتىدۇ. يالغۇز زىمات قىلىسمۇ شۇ تەسىرنى بېرىدۇ. يوپۇرمىقىنىڭ زىماتى ئىسسىقتىن بولغان ئىششىقلار، تېرە قارىداش، تېرىدىكى كېرەكسىز ماددىلاردىن بولغان ئىزلار ۋە زەخىم ساقايغاندىن كېيىن ئەزالاردا قالغان قىزىللىققا پايدا قىلىدۇ. ئەنجۇر بىلەن قىلىنغان زىماتى ئەزالارنىڭ ئۇيۇۋېلىشىغا پايدا قىلىدۇ. ئۇنىڭ سىركە بىلەن قىلىنغان مەلھىمى دائۇسسۆئلەپكە مەنپەئەت قىلىدۇ (سىناقتىن ئۆتكەن).

**ئىستېمال مىقدارى:** 10 گىرامغىچە.

**ئورۇنباسارى:** باراۋەر مىقداردا قارىغاي ياڭىقى، قېلىن دارچىن، ئۈچۈچانلاشتۇرۇش ئۈچۈن باراۋەر مىقداردا نېپىز دارچىن.

**زىيانلىق تەسىرى:** (1) ئاشقازانغا زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** ھەسەل، سېرىق ماي.

(2) ئىسسىق مىزاجلىق كىشىلەرنىڭ جىگىرىگە زىيان قىلىدۇ، ھامىلە چۈشۈرىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** خولىنجان، ھۇماما.

ئۇنىڭ جاۋارىشى، ھەببىسى، ھەمەلچىسى، يېغى، سۇفۇپى، لوئۇقى ۋە مەجۇنى قارابادىنىدا بايان قىلىندى.

## پەسىل: «ئ» (ئەلىف) ۋە «ت» (تا) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى

### ئەتان
(مادا ئېشەك)

بۇ مادا ئېشەكتىن ئىبارەت. سۈتى سىل، خوراتقۇچى تەپكە پايدا قىلىدۇ. ئۇنى ئىچىش ئۇسۇلى كىتابىنىڭ مۇقەددىمىسىدە بايان قىلىندى. ئاللا خالىسا ئۇنىڭ قالغان پايدىلىرى «ل»

(لام) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ باياندىكى «ئەلبان» (سۈتلەر) قاتارىدا بايان قىلىنىدۇ. ئۇنىڭ ھەرقايسى ئەزالىرىنىڭ ئەھۋالى ئىشەكنىڭ ئەھۋالىغا ئوخشايدىغان بولۇپ، «ھ» (ھۆۋا) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلار باياندىكى «ھىمار» (ئىشەك) ماۋزۇسىدا بايان قىلىنىدۇ.

## ئەتباتۇن
(ئەتباتۇن ئىچىملىكى)

ئۈزۈم سۈيى، ھەسەل ۋە باشقا ئىسسىق تەبىئەتلىك دورىلار بىلەن تەييار قىلىنىدىغان بىر خىل ئىچىملىكتىن ئىبارەت. تەبىئىتى ناھايىتى ئىسسىق بولۇپ، ئۇچۇچانلاشتۇرغۇچى، جۇلا بەرگۈچى، ياشانغانلار ۋە ھۆل مىزاجلىقلارغا مۇۋاپىق كەلگۈچىدۇر.

## ئوترۇج
(تۇرۇنجى)

ئۇ ئەرەبچە «مۇتكە» دېيىلىدۇ، ئۇنىڭ كۆپلۈك شەكلى «مۇتەك» دۇر. «رەيھانۇل مائ» (سۇ رەيھىنى) مۇ دېيىلىدۇ. يۇنانچە «مارسىيسقا»، سۈريانچە «ئەترۇغا»، مىسىر تىلىدا «رەيھانۇن نەئنەئ» (يالپۇز ريھان)، ھىندىچە «بەجۇرە»، پارسچە كىچىكى «تۇرۇنج»، چوڭى «بالەنگ»، فەرەڭچە كىچىكى «لىيمۇنىيە مالە»، چوڭى «مۇبەدكە مالە» دېيىلىدۇ. «تۇرۇنج» دېگەن ئاتالغۇ ئەرەبچىلەشتۇرۇلگەن ئەھۋاز تىلىدۇر.

ماھىيىتى: بىلگىنكى، ئۇ ئىككى خىل بولىدۇ. بىرى كىچىك بولۇپ، پوستى تەكشى، سىلىق، ئىككى تەرىپى ئىنچىكە بولىدۇ. ئۇ پارسچە «تۇرۇنج» دېيىلىدۇ. ئىككىنچى خىلى چوڭ بولۇپ، پوستى تەكشىسىز، ئىككى تەرىپى بەك ئىنچىكە ئەمەس، بەلكى شىخىغا تۇتاشقان تەرىپى كەڭرەك، يەنە بىر تەرىپى سەل ئىنچىكىرەك بولىدۇ، بۇ پارسچە «بالەنگو» دەپ ئاتىلىدۇ.

مەزكۇر مېۋىنىڭ ھەر ئىككى خىلىنىڭ پوستىنىڭ رەڭگى سېرىق، ئالتۇن رەڭ، خۇش پۇراق بولىدۇ. بولۇپمۇ كىچىكىنىڭ پۇرىقى تېخىمۇ خۇش پۇراق بولىدۇ. تەمى ئاچچىق بولۇپ، قارابادىندا ئېيتىلغان ئۇسۇل بويىچە تاتلىق قىلىنغاندىن كېيىن ئاچچىقلىقى يوقىلىدۇ. گۆشى ئاق، قېلىن، ئازراق تاتلىق بولىدۇ. ئۇزۇنچاق، قېلىن پەردىلەر ئىچىدىكى مېغىزى ناھايىتى نازۇك، سۇلۇق غىلاپلار ئىچىگە جايلاشقان بولۇپ، تاتلىقىنىڭ تاتلىق، چۈچۈملىنىڭ چۈچۈمەل بولىدۇ. ئۇرۇقى ئۇزۇنچاق، ئومۇمەن قارىغاي مېۋىسى شەكلىدە

بولىدۇ. غىلاپ ئىچىدە بولۇپ، رەڭگى ئاق، مېغىزىمۇ ئاق، تەمى ئازراق ئاچچىق بولىدۇ.

دەرىخى ئومۇمەن لىمون دەرىخىگە ئوخشاش، تەخمىنەن ئىككى يېرىم مېتىر ئېگىزلىكتە، شاخلىرى يېيىلغان، بىر - بىرىگە كىرىشكەن، يوپۇرمىقى ئازراق سوزۇنچاق، كەڭ، چىشلىق، رەڭگى يېشىل، لىمون ۋە نارەنجى يوپۇرمىقىدىن خۇش پۇراقراق ۋە چوڭراق بولىدۇ. گۈلى ئاق، گۈل بەرگىلىرى ئۇزۇنچاق، ئىنچىكە، سەل قېلىن بولۇپ، ئوتتۇرىسىدا ئىنچىكە، سېرىق رەڭلىك يىپلىرى بولىدۇ. ناھايىتى خوش پۇراق بولۇپ، نارەنجى گۈلىدىن ئۆتكۈررەك پۇرايدۇ. ئۇنىڭ دەرىخىنىڭ ھەممە قىسىملىرى تېبابەتچىلىكتە ئىشلىتىلىدۇ. ئوتروۋج دېگەن بۇ ئىسىم يالغۇز ئېيتىلسا ئۇنىڭ مېۋىسى نەزەردە تۇتۇلىدۇ. ئۇ ئىسسىق بەلباغلىق رايونلاردا، بولۇپمۇ ھۆل مەملىكەتلەردە كۆپرەك ئۆسىدۇ. سوغۇق مەملىكەتلەردە ئۆسكەنلىرى بەك سوغۇق بولمايدۇ. دەرىخىنىڭ تۈۋىگە مۇۋاپىق چوڭقۇرلۇقتا ئورەك كولاپ ئۇنىڭ يەرگە تېگىشىپ تۇرغان شاخلىرىنى ئېگىپ مەزكۇر ئورەككە بېسىپ، شاخلارنىڭ ئۇچلىرىنى سىرتىدا قالدۇرۇپ ئۇستىگە بىر غېرىچ ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇقراق قېلىنلىقتا توپا يېيىتىپ كۆمۈپ، ئۇستىدىن مۇۋاپىق سۇ قۇيسا، بەش ئايدىن ئالتە ئايغىچە بولغان ۋاقىت ئىچىدە يىلتىز تارتىپ ئۆسۈپ چىقىدۇ. شۇ چاغدا شاخلارنى دەرەخكە تۇتاشقان يېرىدىن كېسىپ، خالىغان يەرگە ئېلىپ بېرىپ تىكسە، دەرھال تۇتۇپ تېزلا مېۋە بېرىدۇ. بولۇپمۇ مېۋە بېرىۋاتقان شاخلاردىن قىلىنغان كۆچەتلەر تېخىمۇ شۇنداق بولىدۇ. ئۇنىڭ شاخلىرى قەلەمچىمۇ قىلىنىدۇ. قەلەمچىسى ھەرقانداق يەرگە تىكىلسە ماس كېلىدۇ.

ئۇرۇقى تېرىلسىمۇ تولۇق مېۋە بېرىدۇ. مېۋىسى دەرەخ ئۇستىدە يەنە بىر مەۋسۇمغىچە تۇرىدۇ. بېنگالدا ئىككى قېتىم چېچەكلەپ، ئىككى قېتىم مېۋە بېرىدۇ، بىرى قىش پەسلىنىڭ ئوتتۇرلىرىدا، يەنە بىرى ھىندىچە «بەرسات» دېيىلىدىغان يامغۇر پەسلىنىڭ باشلىرىدا، يەنى يىللارنىڭ ئوخشىماسلىقىغا قاراپ قۇياشنىڭ سەۋر بۇرجىنىڭ ئاخىرىدىن جەۋزا بۇرجىنىڭ بېشىغىچە بولغان ئارىلىقتا تۇرۇۋاتقان ۋاقىتتا مېۋە بېرىدۇ.

**تەبىئىتى:** سېرىق پوستى بىرىنچى دەرىجىدە ئىسسىق، ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق، بەزىلەر ئىككىنچى دەرىجىدە ئىسسىق، دەيدۇ. سېرىق پوستىنىڭ ئاستىدىكى گۆشى مېغىزى تاتلىقلىرىنىڭ ئىككىنچى دەرىجىدە ھۆل سوغۇق، ئەمما سوغۇقلۇقى ھۆللۈكىدىن ئارتۇق، مېغىزى چۈچۈمەللىرىنىڭ ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق بولىدۇ. بەزىلەر بىرىنچى دەرىجىدە ھۆل سوغۇق، دەيدۇ. يەنە بەزىلەر ھۆللۈكى بىلەن قۇرۇقلۇقى مۆتىدىل، دەيدۇ. چۈچۈمىلىنىڭ مېغىزى ئىككىنچى دەرىجىنىڭ ئاخىرىدا قۇرۇق سوغۇقتۇر، بەزىلەر ئۈچىنچى دەرىجىدە سوغۇق، دەيدۇ. تاتلىقىنىڭ مېغىزى ھۆل سوغۇقتۇر. ئۇرۇقى ئۈچىنچى دەرىجىنىڭ بېشىدا ئىسسىق، ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇقتۇر. يوپۇرمىقى بىلەن گۈلى ئىككىنچى دەرىجىنىڭ ئاخىرىدا قۇرۇق ئىسسىقتۇر.

**خۇسۇسىيتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ئۇچۇچانلاشتۇرغۇچى، قورۇغۇچى، روھىي تەبىئىي بىلەن قاننى ساپلاشتۇرغۇچى، سەپرادىن بولغان قەينى توختاتقۇچى، سەپرانى كەسكۈچى ۋە ئۇنىڭ ئۆتكۈرلۈكىنى پەسەيتكۈچى، سەپرانىڭ ئاشقازان ۋە ئۈچەيلەرگە قۇيۇلۇشىنى توسقۇچىدۇر. ئۇ ئىسسىقتىن بولغان خەفەقاننى داۋالاش، جىگەر، ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەش، ئۈچەيلەرنىڭ هارارىتىنى ئۇسسۇزلۇقنى پەسەيتىش، سەپرا ۋە جىگەر مەنبەلىك ئىچ سۈرۈشنى توختىتىش، ئۇچار چايان ۋە مۆڭگۈزلۈك يىلاننىڭ زەھىرىنى قايتۇرۇش، يەرقان، داغ، كالا تەمرەتكىسىنى يوقىتىش، كىيىم ـ كېچەكتىكى قارا ۋە ئارىلاشما رەڭلەرنى چىقىرىش، گالدا تۇرۇپ قالغان زۇلۇك قۇرتىنى چىقىرىشلارغا ئىشلىتىلىدۇ. بارلىق زەھەرلەرنى قايتۇرىدۇ. ھەدىس شىرىپتا «ئوتروج بار ئۆيگە شەيتان كىرمەيدۇ» دېيىلگەن.

ئۇنىڭ سېرىق پوستى يۈرەك، مېڭە ۋە سوغۇق مىزاجلىقلارنىڭ جىگىرى، ئاشقازان، ئۈچەيلىرىنى قۇۋۋەتلەيدۇ، كۆڭۈل ئېلىشىشنى پەسەيتىدۇ، ئېغىزنى خۇشبۇي قىلىدۇ، يەل تارقىتىدۇ ۋە ھەزىمگە ياردەم بېرىدۇ. بولۇپمۇ ئۇنىڭ ھەسەل بىلەن قىلىنغان مۇراببىاسىنى مۇۋاپىق مىقداردا ئىستېمال قىلسا، يۇقىرىدىكى ئىللەتلەرگە ياخشى پايدا قىلىدۇ. كۆپ ئىستېمال قىلسا ھەزىمنى بۇزىدۇ، بولۇپمۇ مۇراببا قىلىنمىغىنى تېخىمۇ شۇنداق. ئۇ يەنە تەرياق خۇسۇسىيەتلىك خۇرسەن قىلغۇچىلاردىندۇر. ئۇنىڭ ھارارىتى خاسىيىتىگە ياردەم بېرىدۇ. قۇرۇقىنىڭ قاينىتىلمىسى سەپرادىن بولغان قەينى پەسەيتىدۇ. چايىنىسا ئېغىزنى خۇشبۇي قىلىدۇ. پوستىنىڭ قۇرۇتۇلغىنىنى سوقۇپ ھەسەل بىلەن ئىچسە بارلىق زەھەرلەرنىڭ زىيىنىنى يوقىتىدۇ. مېۋە ئېتى بىلەن سىقىلغان ئۇسارىسى ئەفئا يىلىنى چېقىۋالغانغا شىپا بولىدۇ. پوستىنىڭ كۆيدۈرۈلگەن كۈلىنى مەلھەم قىلسا ئاقكېسەلگە داۋا بولىدۇ. پوستىنىڭ قۇرۇتۇلغىنىنى ساندۇق ۋە چامىدانغا قويۇپ قويسا كىيىملەرنى كۈيە يەپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. بىر دانە ئوترۇجنىڭ پوستىنى شارابقا سالسا شارابنى شۇ ھامان سىركىدەك چۇچۇمەللەشتۈرىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** جىگەرگە زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** ھەسەل، بىنەپشە ۋە مېغىزلار بىلەن يېيىشتۇر.

**ئىستېمال مىقدارى:** مېۋىسى ۋە مېۋە پوستىنىڭ قۇرۇتۇلغىنىدىن 45 گىرامغىچە، مۇراببىاسىدىن 25 گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

ئۇنىڭ يېغى ئالتە دانە ئوترۇجنىڭ ساپ سېرىق پوستىنى 400 مىللىلىتىردىن يەسمەن ۋە خەيرىگۈل يېغىغا، ئۇ تېپىلمىسا بىر لىتىر كۈنجۈت يېغىغا چىلاپ ئاپتاپتا قويۇپ، پوستىنى ھەر ئۈچ كۈندە بىر قېتىمدىن ئۈچ قېتىمغىچە ياكى ئۇنىڭدىن كۆپ قېتىمغىچە يېڭىلاپ تەييارلىنىدۇ ۋە ئىشلىتىلىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** تارقاتقۇچى، ئۇچۇچانلاشتۇرغۇچىدۇر، تەرياقلىق قۇۋۋىتى باردۇر. بۇرۇنغا سۈمۈرۈلسە سوغۇقتىن بولغان باش ئاغرىقى، سەۋدا خاراكتېرلىك كېسەللىك ئالامەتلىرى، باشنىڭ يېرىمى ئاغرىش، ئۇنىڭ بىلەن مايلانسا پالەچ ئىستىرخاسى، لەقۋا، رەئىشە، ئەزالار لىپىلداش، بوغۇملار ئاغرىقى، ئولتۇرغۇچ نېرۋا ئاغرىقى، نېرۋا خاراكتېرلىك سوغۇقتىن بولغان كېسەللىكلەر، بۆرەك، دوۋساق ئاغرىقى قاتارلىقلارغا شىپا بولىدۇ. يەنە تەرنى خۇش پۇراق قىلىش، چاچ ئۇندۇرۇش، بەزگەك ۋە تۆت كۈندە بىر تۇتىدىغان تۇتقاقلىق تەپلەرنى يوقىتىش، ئىششىقلارنى تارقىتىش ئۈچۈن ئۇنىڭ بىلەن مايلىنىدۇ. سەپەرلەردە پۇت مايلانسا سوغۇق ھاۋانىڭ زىيىنىنى يوقىتىدۇ. ۋابا تارقالغان ۋە ھاۋا بۇزۇلغان ۋاقىتلاردا پۇراپ بەرسە ھاۋانى تازىلايدۇ. ئۇنىڭ بىلەن ئىبىز چايقىسا چىش ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ. گۈلىنىڭ يېغىمۇ شۇ تەسىرنى بېرىدۇ، ئەمما يوپۇرمىقىنىڭ يېغى كۈچلۈكرەكتۇر.

ئۇنىڭ پوستى «بالەنگو» دېگەن نام بىلەن مەشھۇر بولغان مېۋە ئېتى «دابىست» دەپ ئاتىلىدىغان بولۇپ، سوغۇقلۇقى ۋە قاتتىقلىقى بىلەن تەستە ھەزىم بولىدۇ، ئاشقازاندىن ئۇزۇندا ئۆتىدۇ ۋە بەدەن سىرتىغا تەستە چىقىرىلىدۇ. ھەزىم بولسا بەدەننى كۆپ ئوزۇقلاندۇرىدۇ، ئاشقازان ھارارىتىنى پەسەيتىدىغانلىقى ئۈچۈن مېڭىگە بۇخارات ئۆرلەشنى توسىدۇ. سەپرالىق كىشىلەرگە پايدا قىلىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** تەبىئىي ھارارەتكە، سوغۇق ۋە ئاجىز ئاشقازانغا زىيان قىلىدۇ، قورساقنى ئېسسىپ قويىدۇ، قۇلۇنجى پەيدا قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** ئۇنى ھەسەل ياكى شېكەر بىلەن مۇراببا قىلىشتۇر.

چۈچۈملىنىڭ گۆشىدە غىزالىق يوقتۇر، ئەمما ئىسسىق مىزاجلىق كىشىلەرنىڭ يۈرىكىنى قۇۋۋەتلەيدۇ. سەپرانىڭ ئۈچەيلەرگە قۇيۇلۇشىنى توسىدۇ. ماددىلارنى ئۇچۇچانلاشتۇرىدۇ ۋە پارچىلايدۇ، جۇلا بېرىدۇ. جىگەر ھارارىتىنى پەسەيتىدۇ. ئىسسىق مىزاجلىق كىشىلەرنىڭ ئاشقازىنىنى قۇۋۋەتلەيدۇ. باھنى قۇۋۋەتلەيدۇ، ئىشتىھانى ئاچىدۇ، سەپرا ۋە قاننىڭ ھارارىتىنى پەسەيتىدۇ، غەمنى يوقىتىدۇ، ئۇسسۇزلۇقنى، جىگەر ۋە ئۈچەيلەرنىڭ ھارارىتىنى پەسەيتىدۇ. قۇسۇش، سەپرا ۋە جىگەر مەنبەلىك ئىچ سۈرۈش، ئىسسىقتىن بولغان خەفەقانغا پايدا قىلىدۇ. ھەر خىل خۇمارنى باسىدۇ، خۇماردىن بولغان باش ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ. ئوتروۋج سۈيى ياكى شەربىتىگە نان چىلاپ يېسە ئاچلىقتىن بولغان باش ئاغرىقى، باش قېيىشلارغا پايدا قىلىدۇ. ئۇنىڭ شەربىتى قابىزلىقى بىلەن مېڭىگە بۇخارات ئۆرلەشنى توسىدۇ، سەپرا بىلەن قاننىڭ بۇخاراتىدىن بولغان باش قېيىش ۋە كۆز قاراڭغۇلىشىشلارغا پايدا قىلىدۇ.

ئۇنىڭ سۈيىنى كۆزگە تېمىتسا يەرقاننىڭ كۆزدىكى قالدۇقلىرىنى يوقىتىدۇ. كۆزگە سۈركىسىمۇ شۇ تەسىرنى بېرىدۇ. سىركە بىلەن قاينىتىپ سۈيىدە غار ـ غار قىلسا گالدا

تۇرۇپ قالغان زۇلۇك قۇرتىنى چىقىرىدۇ. ئۇنىڭ مەلھىمىنى چاپسا يەرقان، داغ، كالا تەمرەتكىسىگە پايدا قىلىدۇ. كىيىمگە سۈركىسە قارا داغنى چىقىرىدۇ. زىمات قىلسا ئۇچار چايان ۋە مۆڭگۈزلۈك يىلاننىڭ زەھىرىنى قايتۇرىدۇ. قىيامى سەپرادىن بولغان قەينى توختىتىدۇ. ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەيدۇ، ئىشتىھانى ئاچىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** كۆكرەك ۋە پەيگە زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** خەشخاش شەربىتى، ئەنجۈر شەربىتى.

**ئورۇنباسارى:** سۈيى ئۇچۇن نارەنجى سۈيى بىلەن لىمون سۈيىدۇر.

مەرۋايىت ۋە باشقا جاۋاھىراتلارنى ئۇنىڭ سۈيى بىلەن يۇيسا ئۇلار قورۇلۇپ كىچىكلەيدۇ.

غىزانى ئوتروج سۈيى قوشۇپ پىسە سەپرا بىلەن قاننىڭ كۆپىيىشىدىن بولغان بۇخاراتلاردىن كېلىپچىققان مالىخولىياغا پايدا قىلىدۇ. ئەمما زىيادە چۈچۈمەللىكى بىلەن سەۋدا مىزاج كىشىلەرگە زىيان قىلىدۇ. چۈنكى، ساپ زىيادە چۈچۈمەللىك سەۋدانى قوزغايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، يالغۇز ئىستېمال قىلماستىن، بەلكى تەمى ياخشىلانغۇدەك مىقداردا شېكەر ۋە قەنت قوشۇپ ئىسلاھ قىلغاندىن كېيىن ئىستېمال قىلىنىدۇ.

ئۇنىڭ ئۇرۇقىنى يىسە ۋە زىمات قىلسا تارقاتقۇچى، قۇرۇتقۇچى، سۈرگۈچى، بارلىق زەھەرلەرگە تاقابىل تۇرغۇچىدۇر. ئۇنىڭ ئاقلانغان 10 گىرام مېغىزى ھايۋانىي زەھەرلەرنىڭ ھەممىسىدە تەرياقى پارۇقنىڭ ئورنىنى باسقۇچىدۇر. بۇ جەھەتتە تەرياقى كەبىردىن كۈچلۈكرەك دەپ قارىلىدۇ. ئىچىلگەن ۋە چېقىۋالغان ھايۋانلار زەھىرىنىڭ ھەممىسىنى قايتۇرىدۇ. ئىسسىق سۇ ياكى شاراب بىلەن زىمات ياكى ئىستېمال قىلسا، چاياننىڭ زەھىرىنى قايتۇرىدىغان بولۇپ سىناقتىن ئۆتكەن. ئاقلانغان ئۈچ گىرام مېغىزىنى زىمات قىلسا ھەيزنى كۈچلۈك ھەيدەيدۇ، ھامىلىنى ئۆلتۈرىدۇ ۋە چۈشۈرىدۇ. مەلھەم قىلسا بەلغەمدىن بولغان ئىششىقلارنى تارقىتىدۇ. چىشقا سەپسە چىش مىلىكىنى چىڭىتىدۇ. قالغان تەسىرلىرى پوستىنىڭ تەسىرلىرى بىلەن ئوخشاش.

ئۇنىڭ يىغىنى سۈركىسە ۋە ئىچسە بوۋاسىرغا ناھايىتى ياخشى تەسىر قىلىدۇ. شاراب بىلەن ئىچسە ۋە سۈركىسە چاياننىڭ زەھىرىگە تاقابىل تۇرىدۇ. قولاق توسالغۇلىرىنى ئاچىدۇ. ئەزالارغا تېز سىڭىپ كىرىدۇ. ماددىلارنى كۈچلۈك دەرىجىدە تارقىتىدۇ ۋە ئۈچۈچانلاشتۇرىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، كىشى ئۇنىڭ بىلەن مايلانسا ئۇنىڭغا چايان يېقىن كەلمەيدىكەن.

ئوترۇجنىڭ ھەممە قىسمىنى بىرلىكتە سىركە ياكى شاراب بىلەن قاينىتىپ پىشۇرۇپ زىمات قىلسا، بوغۇملار ئاغرىقى، نۇقرەس، ئىششىق ۋە چىيقانلارغا پايدا قىلىدۇ.

يوپۇرمىقى تائامنىڭ ھەزىم بولۇشىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ، ئاشقازاننى قىزىتىدۇ. ئۈچەيلەرنى قۇۋۋەتلەيدۇ. توسالغۇلارنى ئاچىدۇ. بەلغەمدىن بولغان زىققە نەپەس كېسەللىكىگە

شىپا بولىدۇ.

ئۇنىڭ چېچەكلىنىڭ تەسىرى يوپۇرمىقىنىڭ تەسىرلىرى بىلەن ئوخشاش، بەلكى ئۇنىڭدىن ئۇچۇچانراقتۇر.

ئوترۇجىنى پۇرىسا يۈرەكنى قۇۋۋەتلەيدۇ، خۇرسەن قىلىدۇ. ئەزالارنىڭ سىيزىمسىزلىنىشىغا، ھاۋانىڭ بۇلغىنىشىنى تەڭشەش ۋە ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان بولۇپ سىناقتىن ئۆتكەن. شۇنداقلا ئۇنىڭ يوپۇرمىقى ئۇستىدە ياتسىمۇ شۇ تەسىرنى بېرىدۇ.

تاتلىقىنىڭ مېغىزىنىڭ كۆپ پايدىسى يوق. «دەستۇرۇل ئەتىببا» (تېۋىپلار قوللانمىسى)نىڭ ئاپتورىنىڭ يېزىشىچە، ئۇنىڭ چۈچۈملىنىڭ مېغىزى تاتلىقىدىن كۈچلۈكرەك ئىكەن. بەلغەم بوشاتقۇچى، كۆكرەك، گال كېسەللىكلىرى ۋە يۆتەلگە شىپا بولغۇچىدۇر.

پەسىللەرنىڭ ھېچقايسىسىدا ئوترۇج يېيىش چەكلەنمەيدۇ، بەلكى ھەرقايسى پەسىلدە مۇناسىپ نەرسىلەر بىلەن بىرگە يېيىش تەۋسىيە قىلىنىدۇ. قىش پەسلىدە ھەسەل بىلەن، ياز پەسلىدە قەنت بىلەن، يامغۇر پەسلىدە زەنجىۋىل ۋە تاش تۇز بىلەن يېيىلىدۇ. ئۇنىڭ يۇقىرىدا ئېيتىلغان بەزى خۇسۇسىيەتلىرى ئۇنى قايسى پەسىلدە نېمە بىلەن يېيىشكە باغلىقتۇر.

ئۇنىڭ تەرياقلىرى، جاۋارىشلىرى، ھالۋىلىرى، ياغلىرى، قىياملىرى، سىركەنجۇبىللىرى، سۇفۇپلىرى، شەربەتلىرى، ئەرەقلىرى، مۇراببالىرى ۋە سىركىلىرى قارابادىندا بايان قىلىنىدى.

## ئۆتەنگەن
(چاققائۇت)

بۇ، چاققائۇتنىڭ ھىندىچە نامى بولۇپ كېيىن بايان قىلىنىدۇ.

## ئەتىيس
(ئەتىيس ئوتى)

بۇ ھىندىچە ئاتالغۇدۇر.

**ماھىيىتى:** ھىندىستاندا بولىدىغان بىر خىل ئۆسۈملۈكنىڭ يىلتىزىدىن ئىبارەت بولۇپ، بارماق ئۇزۇنلۇقىدا، بەزىدە ئۇنىڭدىن قىسقىراق، سەل ئىنچىكە، سىرتى توپا رەڭ، ئىچى ئاق بولىدۇ. ئومۇمەن ئىنچىكە - تومۇلۇق ۋە چوڭ - كىچىكلىك جەھەتلەردە ئۇزۇنچاق زىراۋەندىگە ئوخشايدۇ. تەمى ۋە پۇرىقى ئانچە ئۆتكۈر بولمايدۇ. بەزىلەر ئۇنى «ئۈچ خىل

بـولـىدۇ، بىـرىنچـىسى (ئەتـىس) دەپ، ئىككـىنچـىسى (پەرەت بـەھـكا) دەپ، ئۈچـىنچـىسى (بىـسىيامكـەن) دەپ ئاتىلـىدۇ» دەيدۇ. يەنـە بەزىلەر «ئـاق ۋە قارىدىن ئـىبارەت ئىـككى خـىل بولىدۇ» دەيدۇ.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە ئىسسىق، بىرىنچـى دەرىجىدە قـۇرۇق، ئارتۇقچە ھۆللۈكـى بار.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** باھنى قۇۋۋەتلىگۈچى، تائامنىـڭ ھەزىم بولـۇشىنى ئـىلگىـرى سۈرگۈچى، ئـىچ سۈرۈشنى تـوختاتقـۇچى، بۆزۈق بەلـغەم ۋە سەپرانـى يوقاتقـۇچى ۋە ئۈنىـڭ بۇزۇلۇشىنىڭ ئالدىنى ئالغۇچى، بوۋاسىر ۋە يۇقىرىدىكـى ئىككـى خىل خـىلىتتـىن بولغان قورساقتا سۇ چۇشۇشكە شىپا بولغۇچىدۇر.

## پەسىل: «ئ» (ئەلىف) ۋە «س» (سائ) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى

### ئەسل
(توغراق)

بۇ ئەرەبچە سۆز بولۇپ، يـۇلغۇن دەرىخـىنىڭ چـوگىنىـڭ ئىسمـىدۇر. ھىنـدىچە «جەھـاۋ» دېيىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** دەرەخ بـىلەن ئۆسـۈملۈكنىـڭ ئارىلـىقىدىكى ئۆسۈملـۈك بولۇپ، يـوپۇرمـىقـى ئۇششاق، يىرىك بولىدۇ. جالىنۇس: «يۇلغۇننىڭ بىر تۈرى» دېگەن. «نىهايە» دېگەن كىتابنىڭ ئاپتورى: «يۇلغۇنغا ئوخشايدىغان بىر خىل دەرەخ بولۇپ، يۇلغۇندىن چوڭراق بولىدۇ» دېگەن. ئىـسھاق بىـن ئىمـران: «ئـۇ چوڭ دەرەخ بولۇپ، شـاخلىرى بـاراقسان، يېشىل، قىـزىللىـق ئارىلاشقان بولىدۇ، يوپۇرماقلىرى ئۇششاق، يېشىل بولۇپ، يۇلغۇن يوپۇرمىقىغا ئوخشايدۇ، تەمى قىـرتاق بولـىدۇ. گۈلسىـز بولۇپ، مېۋىلىـرى شاخلىـرىنىڭ بـوغۇملىـرىدىن تـۇغـۇپ چىقىدۇ. مېۋىسى نوقۇت چوڭلۇقىـدا، رەڭگى توپـا رەڭ، سىرتىقىا مايىـل بولىدۇ، ئـىچىدىـن چاپلاشقاق ئۇششاق ئۇرۇقلار چىقىدۇ. بۇ مېۋە‹ ئەزبە ›دېيىلىدۇ، يازدا پىشىدۇ، ئۇ ھىندىچە ‹نەنهى مائىن›، ‹چوھتى مائىن› دېيىلىدۇ» دېگەن.

**تەبىئىتى:** بىرىنچى دەرىجىدە سوغۇق، ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق. قابىـزلىق قـۇۋۋىتىگە ئىگە، ئازراق تۇزلۇق، ئاچچىق. مېۋىسى ئىككـىنچى دەرىجىدە سوغـۇق، ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق. ئۇنى ئىككىنچى دەرىجىدە ئىسسىق دەپ بىلىش خاتالاشقانلىقتۇر.

**خۇسۇسـىيىتى ۋە ئـىشلىـتىلـىشى:** يوپـۇرمىقى بـىلەن شىخى جۇلا بەرگـۈچـى، تالـىنىـڭ

تۇسالغۇلىرىنى ئاچقۇچى، جىگەرنى قۇۋۋەتلىگۈچى، جىگەر ئىششىقىنى يۇمشاتقۇچىدۇر. جوزامغا، چاچلارنىڭ ئاقىرىپ كېتىشىگە داۋا بولىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن ئىغىز چايقىسا چىش ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ. تۇتۇنى بىلەن ئىسلىسا، ھورى بىلەن ھوردىسا لەقۋاغا شىپا بولىدۇ. يىلتىزى، شېخى ۋە يوپۇرمىقىنى قايىنتىپ ئىچسە تالنىڭ تۇسالغۇلىرىنى ئاچىدۇ، تال ئىششىقىنى تارقىتىدۇ، جوزام، چاچلارنىڭ ئاقىرىپ كېتىشىگە داۋا بولىدۇ. سىركە ۋە شاراب بىلەن قايىنتىپ ئىشلىتىلسە، جىگەرنى قۇۋۋەتلەيدۇ، ئۇنىڭ ئىششىقىنى يۇمشىتىدۇ. زىمات قىلسا جىگەر ئىششىقىنى تارقىتىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن يەتتە قېتىم ئىسلىسا لەقۋاغا داۋا بولىدۇ، چېچەك قاپارتمىلىرىنى يوقىتىدۇ، بوۋاسىر ۋە سۇ تەپچىرەپ تۇرىدىغان ئۇششاق چاقىلارغا پايدا قىلىدۇ. ئۇنىڭ كۈلى ۋە قايىنتىلمىسى مەقئەت چىقىپ قېلىشقا پايدا قىلىدۇ، چاچنى قۇۋۋەتلەيدۇ. كۈلى سېپىلسە ھەرقانداق ئەزادىن كەلگەن قاننى توختىتىدۇ، سىناقتىن ئۆتكەن.

**ئىستېمال مىقدارى:** قايىنتىلمىسىدىن 225 مىللىلىتىرغىچە، ئۇسارىسىدىن 150 مىللىلىتىرغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** ئاشقازاننى ئاجىزلاشتۇرغۇچىدۇر.

**تۈزەتكۈچىسى:** ئەرەب يېلىمى.

**ئورۇنباسارى:** قارىغاي ياڭىقى.

ئۇنىڭ مېۋىسى ماددىلارنى قايتۇرغۇچى، كۆز، چىش مىلىكى، ئاشقازان، جىگەر ۋە تالنى قۇۋۋەتلىگۈچى؛ قان تۈكۈرۈش، قاناش، نەزلە سۇيۇقلۇقىنىڭ ئېقىشى، سەپرادىن ۋە ھۆللۈكتىن بولغان ئىچ سۈرۈشنى توختاتقۇچى، يەرقانغا شىپا بولغۇچى، بالىياتقۇنىڭ ھۆللۈكىنى قۇرۇتقۇچىدۇر. گۈلابقا چىلاپ سۈزۈلدۈرۈپ كۆزگە تېمىتسا، كۆزگە يۈزلەنگەن ماددىلارنى چەكلەيدۇ، قاپاقنى چىڭىتىدۇ، كۆزنى روشەنلەشتۈرىدۇ. قايىنتىلمىسى بىلەن ئىغىز چايقىسا ياكى مېۋىسىنى چاينىسا چىش مىلىكىنى چىڭىتىدۇ، چىشلارنىڭ ئۆپرىشىنى توختىتىدۇ، چىشلارنى چىڭىتىدۇ. ئىچسە قان تۈكۈرۈش، كاناي يالللۇغى، ھەيز كۆپ كېلىش، بوۋاسىرغا پايدا قىلىدۇ، ھەرقانداق ئەزادىن كەلگەن قاننى، نەزلە سۇيۇقلۇقىنىڭ قۇيۇلۇشىنى، سەپرادىن بولغان ئىچ سۈرۈشنى توختىتىدۇ. ئۇنىڭ 30 گىرامىنىڭ قايىنتىلمىسى، شۇنداقلا شېكەر بىلەن بىرلىكتە قايناق سۇغا چىلانغان چىلانمىسى يەرقان، دۆ چېقىشلىش، ھۆل قوتۇر، بالىياتقۇدىن سۇيۇقلۇق ئېقىشلارغا داۋا بولىدۇ. كىچىك بالىلارغا ئىشلىتىلسە ئۇفۇنەتلەنگەن قويۇق ھۆللۈكلەرنى يوقىتىدۇ، رەڭگىرويىنى ياخشىلايدۇ، بەدەننى سەمرىتىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇنىڭ چىلانمىسىدىن ئۈچ كۈندىن يەتتە كۈنگىچە ئۇدا ئىچىپ، ئارقىسىدىن بەدەننى سەمرىتىدىغان ۋە سىل بىمارلىرىنى سەمرىتىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان ھۆل سوغۇق قۇرسلارنى ئىستېمال قىلسا، ئارقىدىن

يەتتە كۈن ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق كۈنلەرگىچە كەتىرانى دوغ سۈيى بىلەن سالايە قىلىپ ئىچسە، ئارقىدىن ياخشى تارتىلغان بۇغداي ئۇنى بىلەن توقاچ يېقىپ ئىستېمال قىلسا بەدەننى ئىنتايىن سەمرىتىدۇ، رەڭگىرويىنى ياخشىلايدۇ، سۈزۈك، پارقىراق، جۇلالىق قىلىدۇ.

ئۇنىڭ مېۋىسىنىڭ پايدىلىرىنىڭ دەلىللىرى شۇكى، بەدىنىدە بۇزۇق ھۆللۈكلەر بار كىشىلەر ئىستېمال قىلسا، بۇزۇق ھۆللۈكلەرنى يوقىتىدۇ. ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەيدۇ. ھۆللۈكتىن بولغان سوزۇلما ئىچ سۈرۈش، قاناش، ھەيز توختىماسلىق ۋە بوۋاسىرلارغا پايدا قىلىدۇ. قورۇلغىنىنى ئانارگۈل بىلەن ئىككى - ئۈچ قېتىم ئىستېمال قىلسا ئىچ سۈرۈشنى توختىتىدىغان بولۇپ سىناقتىن ئۆتكەن، يەنە قان توختىتىدۇ. زىمات قىلسا بوشىغان پەيلەرنى چىڭىتىدۇ. ئۇنى سىركە ياكى سۇ بىلەن قايناتىپ زىمات قىلسا تال ئىششىقىنى تارقىتىدۇ. ئۇنىڭ سۈيى بىلەن يۇيۇلسا ھۆل قوتۇرغا پايدا قىلىدۇ، يۈزنى يۇيۇپ بەرسە رەڭگىرويىنى ياخشىلايدۇ، بەدەننى يۇسا پىت يوقىتىدۇ. سەپسە يارىلاردىن ئاققان قاننى توختىتىدۇ. ئارتۇق گۆشنى يوقىتىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن ھەمەل قىلسا بالىياتقۇ ۋە پەرجىنىڭ ھۆللۈكلىرىنى قۇرۇتۇپ سۇيۇقلۇق ئېقىشنى توختىتىدۇ.

ئۇنىڭ ياغچىنى كۆيدۇرۇپ ئىسلىسا لەقۋاغا پايدا قىلىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** باشقا زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** ياۋا سەۋزە ئۇرۇقى.

**ئىستېمال مىقدارى:** سالايە قىلىنغىنىدىن 6 ~ 12 گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

**ئورۇنباسارى:** باراۋەر مىقداردا موزا ياكى ئانار گۆشى.

ئۇنى قورۇش ئۇسۇلى، ئۇنىڭ جاۋارشى، شەربىتى، مەتبۇخى ۋە قۇرسلىرى قارابادىنىدا بايان قىلىندى.

## ئەسلەق
(چاڭگاك)

ئۇ «فەنجەنگۇشت» (بەش بارماق)نىڭ ئەرەبچە نامىدۇر. ئۇ ئەرەبچە يەنە «زۇ خەمسەتى ئەۋراق» (بەش يوپۇرماق)، «زۇ خەمسەتى ئەجنىھە» (بەش قانات) دەپمۇ ئاتىلىدۇ. يۇنانچە «ئەغنىس»، يەنى پاك دەپ ئاتىلىدۇ. چۈنكى، زاھىدلار باھار پەسلىدىكى بايرام كۈنلىرىدە ئۇنى ئىبادەتخانىلىرىغا چاچىدۇ. چۈنكى ئۇلار ئۇنى باھىنى زەئىپلەشتۈرىدۇ، شەھۋەتنى كېسىدۇ، دەپ ئويلايدۇ. پارسچە «پەنجەنگۇشت» (بەش بارماق)، ھىندىچە «سىنبالۇ»، فەرەڭچە «ئىسكىنانتۇ»، لاتىنچە «ۋىيتىس» دەپ ئاتىلىدۇ. مېۋىسى ئەرەبچە «ھەببۇل فەقد»، «ھەببۇن

نەسل»، پارسچە «فۇلفۇل كۇھى»،شىرازچە «دىلى ئاشۇب»، ھىندىچە «رەنكا» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** ئۇ دەرەخ بىلەن ئۆسۈملۈكنىڭ ئارىلىقىدىكى گىياھ بولۇپ، دەريا بويلىرىدىكى قاتتىق يەرلەردە ۋە باشقا يەرلەردە ئۆسىدۇ. شاخلىرى قاتتىق، چىڭ بولىدۇ. يوپۇرمىقى زەيتۇن يوپۇرمىقىدىن كىچىكرەك ۋە يۇمشاقراق بولىدۇ. يوپۇرمىقى ئومۇمەن ئانار يوپۇرمىقىغا ئوخشايدۇ. يوپۇرماقلىرىنىڭ يۈزى ئارقىسىغا قارىغاندا يېشىلرەك بولىدۇ. ھەربىر شاخ ئۇچىدا خۇددى بەش بارماققا ئوخشايدىغان بەش دانە غۇجمەك يوپۇرماق بولىدۇ، ئۇلارنىڭ توۋى بىر يەردە، ئەمما ئۇستى تەرىپى ئەتراپقا يېيىلغان بولىدۇ. قولغا سۈركىسە خۇش پۇراق پۇرايدۇ. گۈلى قىزىل ۋە كۆككە مايىل ئاق بولىدۇ. ئۇرۇقى كىچىك قارىمۇچقا ئوخشايدۇ. ھەر خىل بولۇپ، بەزىسى ئاق، بەزىسى قارا بولىدۇ. ھىندىستاندا ئۇنىڭ دەرىخى باشقا جايلارنىڭكىدەك چوڭ بولمايدۇ.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق، بەزىلەر ئۇچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق، يەنە بەزىلەر ئىككىنچى دەرىجىدە سوغۇق، بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇق، دەيدۇ.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** قورۇغۇچى، تارقاتقۇچى، ئۇچۇچانلاشتۇرغۇچى، مېڭە ۋە جىگەرنىڭ توسالغۇلىرىنى ئاچقۇچىدۇر. قاندىن بولغان مېڭە پەردە ياللۇغى (قەرانىيتىس) ۋە بەلغەمدىن بولغان مېڭە پەردە ياللۇغى (لىيسىرغىس) غا ئوخشاش ھۆللۈكتىن ۋە ئىششىقتىن بولغان باش ئاغرىقلىرى، ساراڭلىق، خەفەقان، بوۋاسىر، تالدا توسالغۇ پەيدا بولۇش، بالىياتقۇ ئىششىقى، ھەيز تۇتۇلۇش، پەيلەر تولغىشىپ كېتىش، مەقئەت يېرىلىش، زەھەرلىك يىلان، زەھەرلىك ھاشارات چېقىۋېلىش، غالجىر ئىت چىشلىۋېلىش قاتارلىقلارغا پايدا قىلىدۇ، ھاشاراتنى يوقىتىدۇ.

ئۇنىڭ ھۆل يوپۇرمىقىنى سۇسىز سالايە قىلىپ شام كاۋىپى (شام شەھەرلىرىدە قىلىنىدىغان بىر خىل كاۋاپ ــ ت) چوڭلۇقىدا، ھەربىرىنىڭ ئېغىرلىقىنى ئۇچ گىرام ئەتراپىدا قۇرس ياساپ، بىر يۈزى قىزىتىلغان رو ئۇستىدە كالا يېغى بىلەن قورۇپ، ساپ ھەسەلگە مىلەپ پەرسۇت (بىر خىل كېسەللىك ــ ت) كېسەللىكىگە گىرىپتار بولۇپ قالغان ئايالغا ھەر كۈنى ئەتىگەندە بىر تالدىن ئۈچ كۈنگىچە ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ، پايدا قىلسا يەنە بىر ھەپتىگىچە ھەر كۈنى ئىككى ۋاق ياكى بىر ۋاق ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ. سۈت مەھسۇلاتلىرى، چۈچۈمەل نەرسىلەر، قېتىق، كۆكتاتلار، ھۆل تەبىئەتلىك نەرسىلەر ۋە ياغلاردىن پەرھىز قىلدۇرۇلىدۇ. ئەگەر پايدا قىلمىسا ئىستېمال قىلدۇرۇلمايدۇ.

«پەرسۇت» بەزى ئاياللاردا تۇغۇتتىن كېيىن كۆرۈلىدىغان كېسەللىك بولۇپ، بۇ چاغدا ئۇلاردا ھەر خىل ھالەتلەر كۆرۈلىدۇ. بەزىلىرىدە ئاشقازان مەنبەلىك ئىچ سۈرىدۇ، چىرايلىرى سارغىيىپ ئورۇقلايدۇ، كۆڭلى غىزا تارتمايدۇ. ئاز يېسىمۇ تەستە ھەزىم بولىدۇ. يېيىلگەن غىزا ئىچ سۈرۈپ چىقىپ كەتمىگۈچە ئارام تاپمايدۇ. بەزىلەردە يەڭگىل تەپ كۆرۈلىدۇ.

يوپۇرمىقىنى باش ساھەسىگە زىمات قىلسا ھۆللۈكتىن ۋە ئىششىقتىن بولغان باش ئاغرىقىغا پايدا قىلىدۇ. يەنە سارالڭلىق، مېڭە توسالغۇلىرىنى ئېچىش، سەۋدا ۋە بەلغەمدىن بولغان خەفەقان، جىگەر ۋە تال توسالغۇلىرىنى ئېچىش، بوۋاسىرنىڭ قېنىنى توختىتىش، يەل تارقىتىش، سۈت كۆپەيتىش، مەنىي قۇرۇتۇش، ھەيز ماڭدۇرۇش، يىلان، زەھەرلىك ھاشاراتنىڭ زەھىرىنى قايتۇرۇش قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ. شاراب بىلەن بىرلىكتە ھەيز ھەيدەشكە ئىشلىتىلىدۇ. سۇ بىلەن مەلھەم قىلسا مەقئەت يېرىلىشقا پايدا قىلىدۇ. يوپۇرمىقى ۋە مېۋىسىنى باراۋەر مىقداردىكى ياۋا پىننە بىلەن بىرلىكتە ھەمەل قىلسا، كۆيدۇرۇپ ئىسلىسا ھەيز ماڭدۇرىدۇ. قايىنىتىلمىسىدا ئولتۇرسا بالىياتقۇ ۋە مەقئەت ئىششىقىنى قايتۇرىدۇ. يوپۇرمىقىنى يېڭى سېرىق ماي، ئۈزۈم يوپۇرمىقى بىلەن مەلھەم قىلسا، ئۇرۇقدانىنىڭ قاتتىق ئىششىقىنى يوقىتىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن ئىسرىق سالسا زىيانداش ھاشارات قاچىدۇ، ئىششىقلارنى ياندۇرىدۇ. يوپۇرمىقىنى يەرگە يېيىتىپ ئۈستىدە ئولتۇرسا باھ قۇۋۋىتىنى كېسىدۇ. زەھەرلىك ھاشاراتنى قاچۇرىدۇ. قىزىتىلغان يوپۇرمىقى سوغۇق ئىششىققا، سۇ چۇشكەن كۆزگە تېڭىلىدۇ. ئېيىتىشلارغا قارىغاندا، ئۇنىڭ ياغىچىدىن يۆلەنچۈك ياساپ يۆلەنسە ھارغىنلىقنى چىقىرىدۇ، شەھۋەتنى كېسىدۇ. ئۈستىدە ئۇخلىسا ئېھتىلام بولۇشنى ۋە باھنىڭ قوزغىلىشىنى توسىدۇ. ئۇرۇقى يوپۇرمىقىدىن ئۈچۈچانراقتۇر.

**زىيانلىق تەسىرى:** بۆرەككە زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** ئەرەب يېلىمى.

**ئىستېمال مىقدارى:** بەش گىرام.

ئەڭ ياخشىسى ئۇنى تۈزەتكۈچىسى بولغان ئەرەب يېلىمىسىز ئىشلەتمىگەن ياخشى، يەنە بەش گىرامدىن ئارتۇق ئىشلەتمەسلىك لازىم.

**ئورۇنباسارى:** ئېيىتىشلارغا قارىغاندا ئىككى ھەسسە كەندىر ئۇرۇقى (شاھدانە) ئىكەن.

## ئىسمىد

(سۈرمە تېشى)

بۇ ئەرەبچە ئىسمىدۇر. ئەرەبچە يەنە «كۇھلى»، «كۇھلى سۇلەيمانىي» (سۇلايمان سۈرمىسى)، «كۇھلى ئىسفەھانىي» (ئىسپاھان سۈرمىسى)، «كۇھلى جەلا» (جۇلا بەرگۈچى سۈرمە» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. يۇنانچە «تەمساۋس»، لاتىنچە، سۈريانچە «سەدىيدا»، رىمچە «كوخلىن»، پارسچە «سۈرمە»، ھىندىچە «ئەنجىن» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** پارقىراق، قەۋەت ـ قەۋەت تاش بولۇپ، ھەر خىل رەڭلىك بولىدۇ. ئادەتتە تۆت خىل تۈرى بولۇپ، بىر خىلى تۇم قارا، يەنە بىرى خىلى سۇس قارا، يەنە بىر خىلى بىنەپشە

رەڭگە مايىل قارا، يەنە بىر خىلى قىزىلغا مايىل ئاق بولىدۇ. ئۇنىڭ ئاق رەڭلىك يەنە بىر خىلىمۇ ئۇچرىدى. ئۇنىڭ كانلىرى ئىسپاھانغا ئوخشاش كۆپ شەھەرلەردە باردۇر. ئىسپاھاننىڭ سۇرمىسى ھەممىدىن ياخشى بولىدۇ. بولۇپمۇ «قەھپايە» دېگەن يەرنىڭ ئەتراپلىرىدىن كەلتۈرۈلگىنى تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن مەغرىب (ھازىرقى ماراكەش)، مىسىر ۋە باشقا يەرلەرنىڭ ياخشى بولىدۇ. سۇرمە تېشى قوغۇشۇن بىلەن ئارىلاشقان بولغاچقا پارقىراق بولىدۇ. كۈمۈش بىلەن بىر يەردە قويسا كۈمۈشنى پارچىلايدۇ.

ئۇنىڭ ياخشىسى تولۇق قارا، پارقىراق، يات نەرسىلەردىن خالىي، تومۇرسىمان ماددىلىرى ۋە دۆغىلىرى بولمىغان، بەك قاتتىق بولمىغان، ئاسان سۇنىدىغان ۋە ئاسان ئۇۋۇلىدىغانلىرىدۇر.

ئۇنىڭ ئىبقى سەل ئۇزۇنچاق، قەۋەت ـ قەۋەت، پارقىراق بولىدۇ. ئومۇمەن قەغەز زەرنىخ ۋە تەلىخقە ئوخشايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بەزىلەر ئۇنى ئاق زەرنىخ دەپ بىلىدۇ.

سۇرمە تېشىنى ئىشلىتىشنىڭ ئەڭ ياخشى ئۇسۇلى شۇكى، سۇرمە تېشى نوقۇت ۋە باقىلە چوڭلۇقىدا ئۇششاقلىنىپ، قوينىڭ دۇمبە يېغى ئارىسىغا، تېپىلمىسا ئۆچكە ياكى قوينىڭ ئۈچەيلىرىگە چىرماشقان چاۋا يېغى ئارىسىغا ئېلىپ تۆمۈر ياكى ساپال قاچىغا سېلىپ، ئوت ئۈستىدە قويۇپ كۆيدۈرۈلىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن ئوتتىن چىقىرىپ پاكىز يۇيۇپ مۇز ياكى قار سۈيى ياكى سوغۇق سۇغا چىلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن گۇلاب، ئارپىبەدىيان ئەرقى، ھۆل يۇمغاقسۇت يوپۇرمىقى سۈيى، لالىگۈل يوپۇرمىقى سۈيى، ساپ سوغۇق سۇ قاتارلىقلارنىڭ بىرەرسى بىلەن، ئومۇمەن نېمە مۇۋاپىق بولسا شۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە تاش ئۈستىدە ئۇپىدەك بولغۇچە سالايە قىلىپ، يالغۇز ياكى تاشلار، ئۆسۈملۈك دورىلار، مەرۋايىت ۋە باشقىلارغا ئوخشاش مۇۋاپىق دەپ قارالغان نەرسىلەر بىلەن بىرلىكتە ئىشلىتىلىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە سوغۇق، ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇقتۇر. شەيخۇر رەئىس بىرىنچى دەرىجىدە سوغۇق، ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق دېگەن. مۇھەممەد بىن ھەسەن تۆتىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق، دەپ بىلگەن.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** قورۇغۇچى، قۇرۇتقۇچىدۇر. غىدىقلىمايدۇ. كۆيدۈرۈپ يۇيۇلغىنى كۆيدۈرۈلمىگىنى ۋە يۇيۇلمىغىنىدىن ئۈچۈچانراقتۇر. كۆزنىڭ ساقلىقىنى ساقلىغۇچى، كۆز نېرۋىلىرىنى قۇۋۋەتلىگۈچى، ياشانغانلارنىڭ كۆرۈش كۈچىنى ئاشۇرغۇچى، كۆزنىڭ ھارارىتىنى پەسەيتكۈچى، كۆزدىكى ئارتۇق ھۆللۈك، چاپاقلارنى يوقاتقۇچى ۋە كۆزنىڭ جاراھەتلىرىنى ساقايتقۇچىدۇر. ئۇ، باش ئاغرىقى، ھەرقانداق يەردىن ئاققان قاننى توختىتىش، زەخىملەرنىڭ كىرەكسىز ماددىلىرىنى تازىلاش، زەخىملەردىكى ئارتۇق گۆشلەرنى يوقىتىش، ھەيز توختىماسلىق، مەقئەت يارىلىرىنى پۈتتۈرۈش، جاراھەتلەرنىڭ ئېغىزىنى قورۇش، ئوت كۆيۈكى، پىت ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

**كۆز كېسەللىكلىرى:** ئىسمىدنى سالايە قىلىپ، ئازراق ئىپار بىلەن كۆزگە سۈركىسە كۆزنىڭ كۆرۈش قۇۋۋىتىنى ئاشۇرىدۇ، كۆز نېرۋىلىرىنى قۇۋۋەتلەيدۇ، كۆزدىكى بۇزۇق ماددىلارنى تازىلايدۇ. كۆزگە مەرۋايىت، كەسلەنچۈكۈ مايىقى ۋە ئاق ناۋات بىلەن سۈركىسە كۆز تورلىشىش، كۆزگە ئاق چۈشۈشلەرگە پايدا قىلىدۇ. رۇسۇت، سۇماق بىلەن سۈركەلىسە كۆز ياشانغىراش، كۆز قوتۇرىغا پايدا قىلىدۇ. سۈرمە تېشىنى باراۋەر مىقداردىكى ئىقلىمىيا بىلەن يۇمشاق سالايە قىلىپ كۆپۈكى ئېلىنغان ھەسەل بىلەن ياخشى ئارىلاشتۇرۇپ كۆزگە سۈركىسە باش ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ. باش ئاغرىقى قايسى تەرەپتە بولسا شۇ تەرەپتىكى كۆزگە، ئىككىلا تەرەپتە بولسا ھەر ئىككى كۆزگە سۈركىلىدۇ. ئۇ ھۆل يۇمغاقسۇت سۈيى بىلەن، بولۇپمۇ ئازراق كافۇر قوشۇپ چېچەك ۋە قىزىل چىققان دەسلەپكى مەزگىللەردە كۆزگە تارتىلسا، چېچەك دانچىلىرىنىڭ كۆزگە چىقىشىنى توسىدۇ. چېچەكتىكى بۇخاراتلارنى، ھارارەتنى پەسەيتىدۇ، ھۆللۈكنى ئازايتىدۇ، چېچەك زەخىملىرىنىڭ ساقىيىشىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. شۇنىڭدەك ئۇنى گۆشى بىلەن بىللە سىقىلغان چۈچۈمەل ئانار سۈيى ياكى سۇماق سۈيى ياكى ھۆل تۇخۇمەك يوپۇرمىقى سۈيى ياكى موزا دەملىمە سۈيى بىلەن بىللە كۆزگە سۈركىسە، يۇقىرىدا ئېيتىلغان كېسەللىكلەرنىڭ ھەممىسىگە پايدا قىلىدۇ. شۇنىڭدەك ئۇ قولاق ۋە بۇرۇنغا تېمىتىلسا، يۇقىرىدىكى سۇلار بىلەن بىرلىكتە مەلھەم قىلىنىپ كۆز ئۈستى، كۆز ئاستى، بۇرۇن پەردىلىرى، لەۋ، قولاق، گال، كۆكرەك قاتارلىق ئورۇنلارغا تەكرار سۈركەلىسە مەزكۇر ئورۇنلارغا چېچەك قاپارتمىلىرى چىقىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. چېچەك قاپارتمىلىرى چىقىپ بولغاندىن كېيىن ھۆل يۇمغاقسۇت سۈيى، ئازراق كافۇر، گۇلاب بىلەن مەلھەم قىلىپ، مەزكۇر ئورۇنلارغا سۈركەلىسە ئۇنى تارقىتىدۇ ۋە ئۇنىڭدىن مۇداپىئە قىلىدۇ. سۇماق سۈيى بىلەن سۈركەلىسىمۇ شۇ تەسىرنى بېرىدۇ. پىشانە ۋە باشنىڭ يېرىمىغا زىمات قىلىنسا مېڭە پەردىلىرىدىن كەلگەن قاننى توختىتىدۇ، بولۇپمۇ تۇخۇمەك دەرىخىنىڭ يېڭى يوپۇرمىقى سۈيى بىلەن سۈركىسە تېخىمۇ ياخشى تەسىر قىلىدۇ. ئىششىقلارغا چېپىلسا ئۇلارنى تارقىتىدۇ. سەپمىسى كۆز مۆڭگۈز پەردىسى يارىسىنى قۇرۇتۇش ۋە پۈتتۈرۈشكە، زەكەر، ئورۇقدان ۋە باشقا ئەزالاردىكى يارىلارنى ساقايتىشقا ئىشلىتىلىدۇ. ئەمما يارا ساقايغاندىن كېيىن يەرلىك ئورۇندا داغ قېلىپقالىدۇ، شۇنداقلا قان توختىتىشقىمۇ ئىشلىتىلىدۇ. ياغلار بىلەن بەدەنگە سۈركىسە پىت ئۆلتۈرىدۇ. يېڭى ھايۋانات يېغى ۋە سەپىداپ (ئۈپا) بىلەن بىرلىكتە ئوت كۆيۈكىنى ساقايتىش، يارا بولۇشنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا ئىشلىتىلىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن پەرزىجە (ئاياللارنىڭ جىنسىي يولىغا قويۇش ئۈچۈن تەييارلانغان مەخسۇس دورا ياسالمىسىنىڭ نامى — ت) ۋە ھەمەل قىلىنسا بالىياتقۇنىڭ قاتتىق ئىششىقىنى يۇمشىتىدۇ، ھەيز قېنىنى توختىتىدۇ، بوۋاسىرغا شىپا بولىدۇ. شۇنىڭدەك ئۇنىڭ يېغى بىلەن پەرزىجە ۋە ھەمەل قىلىنسىمۇ شۇ تەسىرنى بېرىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** كۆكرەكتىكى ئەزالارغا، ئۆپكىگە، بوغۇملارغا، ئاۋاز ئەزالىرىغا زىيان قىلىدۇ. ئىستېمال قىلىنسا ئاۋازنى پۈتتۈرىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇنىڭدىن كۆپ ئىستېمال قىلىنسا زەھەرلىكلىكى بىلەن كىشىنى ھالاك قىلىدىكەن.

**تۈزەتكۈچىسى:** كەتىرا، شېكەر ۋە دۇمبە ياغ.

**ئورۇنباسارى:** كۆز كېسەللىكلىرىدە ئابار (كۆيدۈرۈلگەن قوغۇشۇن)دۇر.

ئۇنى كۆيدۈرۈش، قورۇش، يۇيۇش ئۇسۇللىرى، ئۇنىڭ بەرۇدى، جاۋاھىر سۈرمىسى، شىيافلىرى، قۇرسلىرى ۋە كوھلىلىرى قارابادىندا بايان قىلىندى.

## پەسىل: «ئ» (ئەلىف) ۋە «ج» (جىم) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى

### ئىججاس
(ئەينۇلا)

**ماھىيتى:** مەشھۇر ۋە تونۇشلۇق مېۋىدۇر. سۇرىيانچە «جاسا»، «ئەكاما»، «مەنك»، «بادكۇ»، «كافلىيۇن»، رىمچە «ۋەمەسقىنۇن» دېيىلىدۇ. ماراكەش ۋە ئەندەلۇس خەلقى چۈچۈملىنى «ئەينۇل ـ بەقەر» (كالا كۆزى) دەپ ئاتايدۇ. پارسچە «ئالۇ» دېيىلىدۇ. ئۇ ھەر تۈرلۈك ۋە ھەر رەڭلىك بولىدۇ. ئۇنىڭ يەنە يەرلىك ئۆسىدىغىنى ۋە تاغدا ئۆسىدىغىنى بولىدۇ. بىر خىلى قارا، ناھايىتى چوڭ بولىدۇ. مەزكۇر ئاتالغۇ يالغۇز ئېيتىلسا، مۇشۇ تۈرى نەزەردە تۇتۇلىدۇ. يەنە بىر خىلى سېرىق بولۇپ ئۇ چوڭ ـ كىچىك بولىدۇ. بۇ خىلى يۇنانچە «ئەدرەك»، پارسچە «ئالۇچە» دېيىلىدۇ. بۇ سۆز «ئالۇ» دېگەن سۆزنىڭ ئەركىلىتىپ ئېيتىلىشىدۇر. بۇ چۈرۈكرەك بولۇپ، ئۇنىڭ تۈرلىرى ئىچىدە سوغۇقراق ۋە ئۇچۇچانراقتۇر. ئۇنىڭ ئېقى ئىراقتا «شاھلۇج»، يەنى شاھ ئالۇچە، ئالۇچە سۇلتانى دېيىلىدۇ. ئۇنىڭ قىزىل رەڭلىك يەنە بىر خىلى بار، قىزىل رەڭلىكىنىڭمۇ يەنە بىر خىلى بار بولۇپ، ناھايىتى چۈچۈمەل، تەبىئىتى سوغۇق بولىدۇ، ماددىلارنىڭ ھارارىتىنى پەسەيتىش، ماددىلارنى سۈيۈلدۈرۈش جەھەتلەردە تەمرىھىندىنىڭ ئورۇنباسارى قىلىنىدۇ. ئۇ «كەشىيە» دەپ ئاتىلىدۇ. قۇرۇتۇلسا قارا، كۆك رەڭگە كىرىدۇ. ئۇنىڭ تاغدا ئۆسىدىغىنى كىچىك، ناھايىتى چۈچۈمەل بولىدۇ، تاتلىق بولمايدۇ. قابىزلىق قۇۋۋىتىگە ئىگە. ئۇنىڭ دەرىخى يەرلىكىنىڭ دەرىخىدىن كىچىكرەك بولىدۇ. «ئىججاس» دېگەن بۇ ئىسىم يالغۇز ئېيتىلسا، بۇخارانىڭ سېرىق ئالۇچىسى نەزەردە تۇتۇلىدىغان بولۇپ، يېڭىسى كەھرىۋا رەڭگىدە سېرىق، پارقىراق، مەيخۇش

تەملىك بولىدۇ. باشقا جايلار ئىچىدە خوراساننىڭ ياخشى بولىدۇ. قالغان جايلارنىڭ ئۇنىڭدەك ياخشى ئەمەس. ئۇنىڭدىن قالسا ئەرەبچە «قۇلۇبۇد دەجەج»، يەنى مېكىيان يۈرىكى دەپ ئاتىلىدىغان پارسىنىڭ قارا ئەينۇلاسى ياخشىدۇر. ئۇنىڭ يەنە بىر تۈرى بار بولۇپ، ناھايىتى سۇلۇق بولىدۇ، ئۇ «نىيشۇ» دېيىلىدۇ.

دەمەشىقتە ئۇنىڭ يەنە بىر خىل تۈرى بار بولۇپ، رىمچە «فەقۇمىيلاس» دېيىلىدۇ. بۇ خىلى قابىز خۇسۇسىيەتلىك بولىدۇ.

**تەبىئىتى:** قارىسىنىڭ تولۇق يېتىلگەن، تەمى شېرىن بولغانلىرى بىرىنچى دەرىجىدە سوغۇق، ئىككىنچى دەرىجىدە ھۆلدۇر. ئۇنىڭ سېرىق، مەيخۇشلىرى ئىككىنچى دەرىجىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا سوغۇق، ئىككىنچى دەرىجىنىڭ ئاخىرلىرىدا ھۆلدۇر. گۆشلۈك، پوستى نېپىز، تەمى سەل ئاچچىق بولغانلىرى مەلۇم دەرىجىدە قابىزلىقتا ئىگە. ئومۇمەن، ئۇنىڭ چۈچۈملىنىڭ سوغۇقلۇقى تاتلىقىنىڭ سوغۇقلىقىدىن ئارتۇقراق، چۈچۈملىنىڭ پىشمىغانلىرى ئىككىنچى دەرىجىنىڭ ئوتتۇرىدا سوغۇق، ئىككىنچى دەرىجىنىڭ ئاخىرىدا ھۆلدۇر. يوپۇرمىقى بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق، قابىزلىق قۇۋۋىتىگە ئىگىدۇر.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ئوزۇقلۇقى ئاز بولۇپ، ئادەتتە يۇمشاتقۇچى، ئۈچەي يوللىرىنى سىلىقلاشتۇرغۇچىدۇر. بولۇپمۇ يېڭىسى شىلىمشىقلىقى ۋە ئۆزىدە تۇتقان ھۆللۈكى بىلەن ئۈچەينى سىلىقلاشتۇرغۇچىدۇر. تائامدىن بۇرۇن يېيىلسە، ئىسسىقتىن بولغان باش ئاغرىقى ۋە سەپرادىن بولغان تەپلەرگە پايدا قىلىدۇ. سەپرانىڭ ئۆتكۈرلۈكىنى پەسەيتىدۇ، سەپرادىن بولغان قەي، ئۇسسۇزلۇق ۋە يۈرەك ھارارىتىنى پەسەيتىدۇ. بەدەن قىچىشىشقا پايدا قىلىدۇ. سۈيۈق سەپرانى سۈرىدۇ. سەپرادىن بولغان كۆڭۈل ئېلىششنى پەسەيتىدۇ، بولۇپمۇ ئۇنىڭ مەيخۇشى ۋە چۈچۈملىنىڭ مەزكۇر رولىرى بىرقەدەر كۈچلۈك بولىدۇ. تاتلىقىنىڭ يۇمشىتىش، بوشىتىش، چوڭ تەرەتنى ماڭدۇرۇش تەسىرى كۈچلۈكرەك. كۆپ ھاللاردا ئۇنىڭ چۈچۈملى ماددىلارنى پارچىلاش، يۇمشىتىش رولى بىلەن تەرەتنى كۆپرەك ماڭدۇرىدۇ. چۈنكى، پارچىلىغۇچى، يۇمشاتقۇچى نەرسىلەر ئاشقازان ۋە ئۈچەيلەردە كېرەكسىز نەرسىلەر بىلەن ئۇچراشسا، ئۇنى يۇمشىتىپ ۋە پارچىلاپ ھەيدەپ چىقىرىدۇ. بولمىسا، يەنى ئاشقازاندا كېرەكسىز ماددىلار بىلەن ئۇچراشمىسا قەۋزىيەت پەيدا قىلىدۇ. ھالبۇكى، ئاشقازان بىلەن ئۈچەينىڭ كېرەكسىز ماددىلاردىن پاك بولۇشى كەم ئۇچرايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەينۇلا شىلىمشىقلىقى ۋە ھۆللۈكى بىلەن چوڭ تەرەتنى يۇمشىتىدۇ، ئىچىنى سۈرىدۇ.

ئۇنىڭ كىچىك، قاتتىق، قابىزلىق خۇسۇسىيىتى كۈچلۈك بولغانلىرىنى ئادەتتە كۆپ يېگىلى بولمايدۇ. چۈنكى تەرەتنى بوشىتىش، ئىچىنى سۈرۈش رولى يوق. مائۇلھەسەل ئۇنىڭ ئىچىنى سۈرۈشكە، سوغۇق مىزاجلىق ئاشقازانغا بولغان زىيىنىنى يوقىتىشقا ياردەم بېرىدۇ.

تال كېسەللىكىگە گىرىپتار بولغۇچى تاماقتىن ئىلگىرى يېسە مۇۋاپىق كېلىدۇ. ئۇ سىڭمىگۈچە تائام يېيىشكە ئالدىرىماسلىق لازىم.

قۇرۇق ئەينۇلانى سۇ بىلەن قاينىتىپ، سۈزۈپ، سۈيىگە تەرەنجىبىن ياكى ھەسەل ياكى شېكەر ئارىلاشتۇرۇپ ئىچسە چوڭ تەرەتنى يۇمشىتىدۇ.

ئاق ئەينۇلا ئاستا ھەزىم بولىدۇ، چۈچۈملى ۋە مەيخۇشىغا ئوخشاش سۈرگۈچى ئەمەس. ئۇ كېسەل داۋالاش مەقسىتىدە ئەمەس، بەلكى كۆڭۈلنى ئېچىش ئۈچۈن يېيىلىدۇ.

بەزىدە رەڭگى قىزىل، تەمى چۈچۈمەل بولىدىغان تاغ ئەينۇلاسى سۇ بىلەن قاينىتىپ پىشۇرۇپ، قول بىلەن مۇجۇپ ئۇيۇغىچە تۇرغۇزۇپ نېپىز توقاچ نان شەكلىدە قۇرس ياساپ بىمارلارنىڭ يېمەكلىكلىرىنىڭ تەمىنى تەڭشەش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

ياۋا ئەينۇلا ئاشقازانغا زىيان قىلىدۇ. گۈلاب بىلەن قاينىتىپ ئىستېمال قىلسا تەرەتنى قاتۇرىدۇ. چېچىكىنى چاينىسا نەزلە سۈيۇقلۇقىنىڭ تۆۋەنگە چۈشۈشىنى توختىتىدۇ. زىمات قىلسا ئىسسىقتىن بولغان باش ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ. يوپۇرمىقى بىلەن يىلتىزىنى قاينىتىپ سۈيى بىلەن ئېغىزنى چايقىسا ۋە غار ـ غار قىلسا، مېڭىدىن نەزلە سۈيۇقلۇقلىرىنىڭ چۈشۈشىنى توسىدۇ. بادامبەز ۋە كىچىك تىل ئىششىقلىرىنى تارقىتىدۇ. چىش مىلىكىنى چىڭىتىدۇ. ئىچسە ئاشقازاندىكى مەددە قۇرتنى چۈشۈرىدۇ. يوپۇرمىقىنى سىركە بىلەن بىرلىكتە كىندىك ئاستىغا زىمات قىلسا، ئۈچەيلەردىكى مەددە قۇرتلارنى ئۆلتۈرىدۇ. سىناقتىن ئۆتكەن رېتسېپتۇر.

**زىيانلىق تەسىرى:** (1) مېڭىگە زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** چىلان.

(2) ئاشقازانغا زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** گۈلقەنت. سوغۇق مىزاجلىقلار ئۈچۈن مەستىكى، كۈندۈر، مائۇلھەسەل.

**ئىستېمال مىقدارى:** 225 گىرام.

**ئورۇنباسارى:** تەمرىھىندى.

ئۇنىڭ يېلىمى «سەمغى فارىسى» (پارس يېلىمى) دەپ ئاتىلىدىغان بولۇپ، ئەرەب يېلىمىغا قارىغاندا ئىسسىقراق، قۇرۇقلۇقى كەمرەكتۇر. يۆتەل پەسەيتىدۇ، ئەزالاردىكى تاشلارنى پارچىلايدۇ، يارىلارنى پۈتتۈرىدۇ. سىركە بىلەن زىمات قىلسا، كالا تەمرەتكىسى ۋە كىچىك باللارنىڭ بەدىنىدىكى تاشمىلارغا مەنپەئەت قىلىدۇ.

ئۇنىڭ ئىنجاسىيەسى، ئېشى، قىيامى، سىركەنجۇبلى، شەربىتى، مەتبۇخى، مۇراببەسى، مەجۇنى ۋە دەملىمىلىرى قارابادىندا بايان قىلىندى.

# پەسىل: «ئ» (ئەلىف) ۋە «ھ» (ھۇائ) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى

## ئەھرىز
(ئەھرىز گۈلى)

پارسچە «گۈلى كافشە»، «گۈلى خەنىق»، «رەڭگى زەئفەران»، دەيلەم تىلىدا «كاجىرە»، ھىندىچە «كەسەمكا پوھل» دېيىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** تونۇشلۇق بولۇپ كۆپ ئەللەردە ئۆسىدۇ. ئادەتتە يەرلىك ۋە ياۋىدىن ئىبارەت ئىككى خىل تۈرى بولىدۇ.

**تەبىئىتى:** ياۋىسى ئۈچىنچى دەرىجىدە ئىسسىق، ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق، يەرلىكى ئىككىنچى دەرىجىدە ئىسسىق، بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇقتۇر. قۇۋۋىتى ئۈچ يىلغىچە تۇرىدۇ.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ماددىلارنى پىشۇرغۇچى، تارقاتقۇچى، قورۇغۇچى، ئۇخلاتقۇچى، جىگەرنى قۇۋۋەتلىگۈچى ۋە ئۇيۇغان قاننى ئېرىتكۈچىدۇر. خېنە بىلەن بىرلىكتە ئالىقان ۋە تاپانغا يەلتاشما چىقىشتىن بۇرۇن زىمات قىلىنسا، يەلتاشمىنىڭ چىقىشىنى توسىدۇ، ھۆللۈكىنى قۇرۇتىدۇ. ھەسەل بىلەن زىمات قىلىنسا كالا تەمرەتكىسىگە، قېتىق سۇزمىسى بىلەن بىرلىكتە دوۋسۇنغا زىمات قىلىنسا سۇيىدۇك تۇتۇلۇشقا پايدا قىلىدۇ، سىناقتىن ئۆتكەن. ھەسەل بىلەن مەلھەم قىلىپ بەھەق، بەرەس ۋە كىچىك باللارنىڭ ئېغىز يارىسىغا، سىركە بىلەن مەلھەم قىلىپ بەدەن قىچىشىش، ئىسسىقتىن بولغان ئىششىقلار، تىلما كېسەل ۋە جىگەر ئىششىقىغا چېپىلىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** باشقا بۇخارات ئۆرلىتىدۇ، باشنى ئاغرىتىدۇ، تالغا زىيان قىلىدۇ، ئاشقازاننى بۇزىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** ھەسەل.

**ئىستېمال مىقدارى:** بەش گىرام.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** گۆش بىلەن بىرلىكتە قاينىتىلسا گۆش تېز، يۇمشاق پىشىدۇ. غىزالارغا قوشۇلسا لەززەت پەيدا قىلىدۇ.

## ئەھيۇن
(ئەھيۇن ئوتى)

بۇ يۇنانچە سۆز بولۇپ، ئەفئا يىلىنىنىڭ بېشى دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**ماھىيىتى:** بىر خىل ئۆسۈملۈكنىڭ مېۋىسى بولۇپ، ئەفئا يىلىنىنىڭ بېشىغا ئوخشايدۇ.

ئۆسۈملۈكى يەر بېغىرلاپ ئۆسىدۇ، پوستى يىرىك، شاخلىرى كىچىك، ئىنچىكە، تۈكلۈك بولىدۇ. ئاق تىكەنلىك بولۇپ تىكەنىنىڭ ھەر ئىككى تەرىپىدىن ئۆششاق، ئىنچىكە، تۈز بولغان ئەبۇخەلسا ئۆسۈملۈكى ۋە قارا سۇنا يوپۇرمىقىغا ئوخشايدىغان، بەلكى ئۇنىڭدىن ئۇششاقراق بولغان يوپۇرماقلار ئۆسۈپ چىقىدۇ. يوپۇرماقلىرىدا شىلىمشىق سۇيۇقلۇق بولۇپ، قولغا چاپلىشىدۇ. يوپۇرماقلىرىنىڭ يېنىدىن بىنەپشە رەڭلىك گۈل ئېچىلىدۇ. مېۋىسى ئەفئى يىلىنىنىڭ بېشىغا ئوخشايدۇ. يىلتىزى بارماق توملۇقىدا بولۇپ قارىغا مايىل، ئۇزۇن بولىدۇ.

**تەبىئىتى:** بىرىنچى دەرىجىدە ئىسسىق، ئىككىنچى دەرىجىدە ھۆل.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** سۈيدۈك، ھەيز، سۈت ۋە تەرلەرنى ماڭدۇرغۇچىدۇر. يىلتىزى شاراب بىلەن ئىچىلسە، بارلىق ھايۋاناتلارنىڭ زەھىرىگە، بولۇپمۇ ئەفئى يىلىنىنىڭ زەھىرىگە تاقابىل تۇرىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، شاراب ۋە باشقا مۇناسىپ نەرسىلەر بىلەن ئىچىلسە، بەل ئاغرىقىنى پەسەيتىدىغان بولۇپ سىناقتىن ئۆتكەن.

**زىيانلىق تەسىرى:** بەدەننى قىچىشتۇرىدۇ ۋە يەلتاشما پەيدا قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** سۈت.

# پەسل: «ئ» (ئەلىف) ۋە «خ» (خائ) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى

## ئەخسائۇل بەقەر
(كالا تېزىكى)

ئۇ پارسچە «سىرگىينى گاۋ»، ھىندىچە يېڭىسى«گوبەر»، قۇرۇقى «گونىت»، «ئۇپلە» دېيىلىدۇ.

**تەبىئىتى:** بىرىنچى دەرىجىنىڭ ئاخىرىدا ئىسسىق، ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ماددىلارنى تارقاتقۇچى، تارتقۇچى، قان توختاتقۇچى، زەھەرلىك ھاشارات چېقىۋالغاندىكى ئاغرىقنى پەسەيتكۈچى، بەدەندىكى تىكەن ۋە ئوقلارنى چىقارغۇچىدۇر.

كالا تەمرەتكىسى، دائىرىلىك چاچ چۈشۈش ۋە تازغا ئىشلىتىپ سىناقتىن ئۆتكەندۇر. چىشى كالىنىڭ ھۆل تېزىكىنى سىقىپ سۈيىنى بۇرۇنغا تېمىتسا، بۇرۇن قاناشنى توختىتىدۇ. ھۆل تېزەك ۋە ئۇنىڭ سىركە بىلەن قىلىنغان مەلھىمىنى پېشانىگە چاپسا، كۆيدۈرۈپ بۇرۇنغا پۈركىسىمۇ، بۇرۇن قاناشنى توختىتىدۇ. ئاچچىق بادام يېغى ۋە شاراب

بىلەن بىرلىكتە يۇمشاق سالايە قىلىپ قۇلاققا تېمىتسا قۇلاق ئاغرىقى ۋە لوقۇلداپ ئاغرىشىغا ئىنتايىن ياخشى مەنپەئەت قىلىدۇ. ھۆل تېزەك ئىسسىق ھالەتتە پىچاق ۋە ئۇنىڭغا ئوخشاش تىغلارنىڭ كېسىشىدىن پەيدا بولغان ئىششىقلارغا، قان توختىتىشقا، بالىياتقۇنىڭ چېقىۋېلىشىغا، جاراھەتلەرنى پۈتتۈرۈشكە، بوغۇملار ئاغرىقى ۋە ئولتۇرغۇچ نېرۋا ئاغرىقىغا، زەھەرلىك ھاشارات چاققاندىكى ۋە بوغۇملار ئورنىدىن قوزغالغاندىكى ئاغرىقلارنى پەسەيتىشكە زىمات قىلىنىدۇ.

ئارپا ئۇنى بىلەن بىرلىكتە تاشمىلارغا، سىركە بىلەن بىرلىكتە ئىسسىقتىن بولغان ئىششىقلار، چاشقان يارىسى، قاتتىق ئىششىقلار، سۆگەل، ھەرە چېقىۋېلىش ۋە تىز ياللۇغىدىن بولغان ئاغرىقلارغا چېپىلىدۇ. ھەسەل بىلەن بىرلىكتە سوغۇقتىن بولغان ئىششىقلارغا، بابۇنە، گۈڭگۈرت ۋە ئۇنىڭ ئوخشاشلىرى بىلەن بىرلىكتە ئىستىسقاغا، زەپەر بىلەن بىرلىكتە چىيقاننى ئېغىز ئالدۇرۇشقا، باقىلە بىلەن بىرلىكتە ئەمچەك ئىششىقىغا، ياۋا پىياز سۈيى بىلەن بىرلىكتە كالا تەمرەتكىسى، تاز ۋە دائىرىلىك چاچ چۈشۈشلەرگە چېپىلىدۇ (سىناقتىن ئۆتكەن). ئۇنى زەيتۇن بىلەن قايىنتىپ، بەدەنگە چېپىپ قۇرۇغۇچە تۇرغۇزۇلسا، تىكەن، ئوق ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش يات ماددىلارنى چىقىرىدۇ. ئاياللارنىڭ كىندىكىنىڭ ئاستىغا زىمات قىلسا، ئۆلۈك ھامىلىنى چۈشۈرىدۇ. بىر مۇددەت تۇرغۇزۇلسا تىرىك ھامىلىنىڭ ئۆلۈشىگە سەۋەب بولىدۇ. دوۋسۇن ۋە چات ئارىلىقلىرىغا زىمات قىلسا، يەلدىن ۋە ئىششىقتىن بولغان قۇلۇنجىغا تېز مەنپەئەت قىلىدۇ. مەقئەتكە چېپىلسا ئاغرىقنى پەسەيتىپ، ئىششىقنى تارقىتىدۇ. ماي بىلەن بىرلىكتە نوقرەسكە چېپىلىدۇ. كۆيدۈرۈپ ئىسلىنسا تۇغۇتنى ئاسانلاشتۇرىدۇ. يېغى كالا تەمرەتكىسى، ھۆل قوتۇرغا پايدا قىلىدۇ. ئۇنىڭ ياغلىرى مۇرەككەپ دورىلار ئىچىدە بايان قىلىندى.

## ئەخنىنۇس

(ئەخنىنۇس ئوتى)

ماھىيتى: ئۇ بىر خىل ئۆسۈملۈك بولۇپ، ئۆستەڭ ۋە بۇلاقلارنىڭ ئەتراپلىرىدا ئۆسىدۇ. يوپۇرمىقى ياۋا رەيھان يوپۇرمىقىغا ئوخشايدىغان بولۇپ، ئۇنىڭدىن كىچىكرەك بولىدۇ. يوپۇرمىقىنىڭ ئۈستى تەرىپى يېيىلغان ھالەتتە بولىدۇ. شاخلىرى بىر غېرىچ ئۇزۇنلۇقتا، گۈلى ئاق، شېخى بىلەن يوپۇرمىقى سۈيۈقلۇق بىلەن توشقان بولىدۇ. مېۋىسى قارا، كىچىك بولۇپ، قورۇش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە.

**خۇسۇسىيتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ئەزالارغا كېلىدىغان ماددىلارنى توسقۇچى ۋە ھۆللۈكلەرنى قۇرۇتقۇچىدۇر. 15 گىرامنى يۇمشاق سوقۇپ، ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ، 12 گىرام ھەسەل بىلەن

يۇغۇرۇپ كۆزگە سۈركىسە، كۆزدىن ئاقىدىغان سۇيۇقلۇقلارنى توختىتىدۇ. ئۇسارىسىنى گۈڭگۈرت ۋە توغرىغۇ بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ قۇلاققا تېمىتسا ئاغرىقنى پەسەيتىدۇ.

## ئەخەرساج

(ئەخەرساج دەرىخى)

**ماھىيىتى:** ئۇ بىر خىل دەرەختىن ئىبارەت بولۇپ، ئىسسىق ئەللەردىكى قۇرغاق يەرلەردە ئۆسىدۇ. ئادەتتە بىر ئادەم بويى ئېگىزلىكتە ئۆسىدۇ. بەزىلىرى ئۇنىڭدىن ئېگىزرەكمۇ بولىدۇ. ياغىچى ئەنجۇر ياغىچىغا ئوخشاش يۇمشاق، ئوتتۇرى كاۋاك بولىدۇ. يوپۇرمىقىمۇ ئەنجۇر يوپۇرمىقىغا ئوخشاش، لېكىن ئۇنىڭدىن ئازراق چوڭ، سىلىق، تەمى تاتلىق، بەزىلىرى تەمسىز بولىدۇ. مېۋىسى ئىچىدە چۇرۇك ئۇرۇقى بولۇپ، چاينىسا چاينىلىدۇ، يېسە كېكىرىك پەيدا قىلىدۇ. ئاشقازان ئېغىزىنى چاقىدۇ. ئۇنىڭ شېخى ۋە يىلتىزى ئۈستىدە ئىككى دانە كىچىك ئۈمۈچۈك پەيدا بولۇپ، ئۇنى ئاق نازۇك پەردىلىرى بىلەن ئوراپ تۇرىدۇ. پەردىلەر ئېلىپ تاشلانسا ئۈمۈچۈكلەر كېتىپ قالىدۇ. شۇ سەۋەبتىن كۆپ كىشىلەرنىڭ كۆڭۈللىرى ئۇنى يېيىشتىن سەسكىنىدۇ.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** مېۋىسى ۋە يوپۇرمىقىنى سۇدا قاينىتىپ، ئەزالارغا تۆكسە لوقۇلداپ ئاغرىشىنى پەسەيتىدۇ. كۇلىنى سىركە بىلەن بىرلىكتە جاراھەتلەرگە، قوتۇرغا، يىرىڭلىق ئىششىقلارغا ۋە مۇدۇرلاغا تەكرار چاپسا ئۇلارنى يوقىتىدۇ. جاراھەتلەرنى پۈتتۈرىدۇ.

## ئەخيرۇس

(ئەخىرۇس ئوتى)

**ماھىيىتى:** ئۇ بىر خىل ئۆسۈملۈكتۇر. لېكىن ئۇ ياۋا بۇغداي ئەمەس. ئادەتتە ئۇ كۆپرەك سۇ بويلىرىدا ئۆسىدۇ، تېرىقنىڭ ئۆسۈملۈكىگە ئوخشايدۇ، مېۋىسى قارا، ئۇششاق، گۈلى ئاق بولىدۇ. مېۋىسى كۆز ۋە قۇلاق دورىلىرىغا قوشۇلىدىغان بولۇپ، قۇرۇتۇش، تارقىتىش ۋە قورۇش خۇسۇسىيەتلىرىگە ئىگە.

# پەسىل: «ئ» (ئەلىف) ۋە «د» (دال) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى

## ئەدرەك

(شاھ ئالۇچە)

بۇ ئەرەبچە سۆز بولۇپ، پارسچە «ئالۇچەئى سۇلتانىي» (سۇلتان ئالۇچە) دېيىلىدۇ.

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئالۇچىنىڭ «نىشۇق» دېگەن تۈرى مۇشۇ ئىكەن.

**تەبىئىتى:** بىرىنچى دەرىجىدە سوغۇق، تولۇق يېتىلگىنى ئىككىنچى دەرىجىدە ھۆل.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** سەپرانىڭ ئۆتكۈرلۈكىنى پەسەيتىدۇ. تولۇق يېتىلگىنى تەرەتنى بوشىتىدۇ. توڭلىرى ماددىلارنى يۇمشىتىپ ياكى بوشىتىپ ئىچىنى سۈرىدۇ. قەينى توختىتىدۇ. يېتىلگىنىنىڭ سۈيى ئىسسىقتىن بولغان يۆتەل ۋە جۆدەتكۈچى تەپ بىمارلىرىغا ئىنتايىن ياخشى مەنپەئەت قىلىدۇ. يوپۇرمىقىنىڭ سۈيى ئاشقازاندىكى مەددە قۇرتىنى ئۆلتۈرىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** قورساقنى ئېسىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** گۈلقەنت.

## پەسىل: «ئ» (ئەلىف) ۋە «ز» (زال) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى

### ئازاراقى
(كۈچۈلا)

بۇ سۈريانچە سۆز بولۇپ، ئەرەبچە «قاتىلۇل كەلب» (ئىت ئۆلتۈرگۈچى)، «ھەببۇل غۇراب» (قاغا دېنى)، «خانىقۇل كەلب» (ئىت بوغار)، پارسچە «كەچلە» ، «كەچۇلە» دېيىلىدۇ. ھىندىچىمۇ مۇشۇ نام بىلەن مەشھوردۇر.

**ماھىيىتى:** ھىندىستاندا بولىدىغان بىر خىل دەرەخنىڭ نارەنجى چوڭلۇقىدىكى مېۋىسىنىڭ ئۇرۇقچىسىدىن ئىبارەت. بۇ مېۋىنىڭ پوستى رەڭسىز، پۇراقسىز بولىدۇ، بەك گۆشلۈك ئەمەس. ئىچىدىن ياپىلاق، يۇمىلاق، ناھايىتى قاتتىق، ئاچچىق ئۇرۇقلار چىقىدۇ. بۇ ئۇرۇقلار ھىندىستاندىن چىقىدىغان «بەرەھل» دېيىلىدىغان مېۋىنىڭ ئۇرۇقچىسىغا ئوخشايدۇ. «بەرەھل» ئۇرۇقچىسىنىڭ ھەربىر دانىسى غىلاپ ئىچىدە ئايرىم ھالدا تۇرىدۇ. كىچىكرەك بولۇپ، گۆشى يېيىلىدۇ. ئەمما ئازاراقىنىڭ گۆشى يېيىلمەيدۇ. ئۇرۇقچىسى چوڭ، ياپىلاق، يۇمىلاق بولىدۇ. زەھەرلىك بولغاچقا يېيىلمەيدۇ. دەرىخى نارەنجى دەرىخىدىن چوڭراق، ھىندىستاندا بولىدىغان «بىيل» دەرىخى چوڭلۇقىدا بولىدۇ. يوپۇرمىقىمۇ ئۆرۈكنىڭ يوپۇرمىقىغا ئازراق ئوخشايدۇ. نارەنجى يوپۇرمىقىدىن كىچىكرەك ۋە كەڭرەك بولىدۇ.

ئۇنىڭ ئۇرۇقى ئىشلىتىلىدۇ. ئۇسۇلى مۇنداق: ئاۋۋال سۇغا چىلاپ پوستىنى ئېكەك بىلەن ئېكەكلەپ ئىشلىتىلىدۇ.

«تۆھپەتۇل مۆئمىن» (مۆمىنلەرگە ھەدىيە) دېگەن كىتابىنىڭ ئاپتورى ئۇنى: «ئۇ بىر خىل

يىلتىز بولۇپ، تەنەكابۇندا كۆپ بولىدۇ، مازىنداران خەلقى «كەلاج دارۇ» دەپ ئاتايدۇ. يوپۇرمىقى بىنەپشە يوپۇرمىقىدىن يېشىلراق، گۈلى بىنەپشە گۈلىگە ئوخشاش، ناھايىتى قىزىل، غولى بىنەپشە غولىدىن تومراق، قىزىل بولىدۇ» دەپ يازغان. ئەمما ئۇ ئۇنى باشقا ئۆسۈملۈك بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ قويغان، بەلكى ئۇ باشقا بىر خىل يىلتىزنى ئازاراقىغا ئەمەس، بەلكى باشقا بىر يىلتىزغا ئوخشاتقان بولۇشى مۇمكىن.

**تەبىئىتى:** ئۈچىنچى دەرىجىنىڭ ئاخىرىدا ئىسسىق، ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇقتۇر.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ھايۋاناتلارنىڭ زەھىرىنى قايتۇرىدۇ. كۈچلۈك ئۆز خۇسۇسىيەتلىرى بىلەن سوغۇق، ناچار مىزاجنى ئىسسىق، ياخشى مىزاجغا ئۆزگەرتىدۇ. ئەمما بەك زۆرۈر بولمىسا ئۇنى ئىستېمال قىلماسلىق كېرەك. بەك ئېھتىياج بولسا، ئۇ تۈزەتكۈچىلىرى بىلەن ئىشلىتىلسە بولىدۇ. ئۇ پالەچ، ئىستىرخا، نېرۋا خاراكتېرلىك كېسەللىكلەر، بەل ئاغرىقى، بوغۇملار ئاغرىقىغا پايدا قىلىدىغان بولۇپ، سىناقتىن ئۆتكەن دەپ قارىلىدۇ. زىمات قىلىنسا داغ، قوتۇر، كالا تەمرەتكىسى، ئولتۇرغۇچ نېرۋا ئاغرىقى، بوغۇم كېسەللىكلىرى، سوغۇقتىن بولغان كېسەللىكلەر، يارىلاشقان قوتۇر، دانىخورەك قاتارلىقلارغا پايدا قىلىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** مەست قىلىدۇ، زېھىننى قالايمىقانلاشتۇرىدۇ، بەش گىرامى كىشىنى ھالاك قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** شېكەر، خۇشبۇي دورىلارنى ئىستېمال قىلىش، يېڭى سۈت بىلەن قەي قىلىش، مايلىق شورپىلار ۋە كۆكتات شورپىلىرىغا بادام يېغى، لوئابلارغا تاتلىق بادام يېغى ئارىلاشتۇرۇپ ئىچىشتۇر.

**ئىستېمال مىقدارى:** تۆت مىللىگىرامغىچە.

ئۇنىڭ ھەبلىرى ۋە مەجۇنلىرى قارا بادىندا بايان قىلىندى.

ھىندىستان تېۋىپلىرى ئۇنىڭ يەنە نۇرغۇن خاسىيەتلىرىنى بايان قىلغان.

## ئەزارافىيۇن

(ئەزارافىيۇن دورىسى)

**ماھىيتى:** جالىنۇسنىڭ قارىشىچە، پارسچە «كەفى دەريا» (كۆپۈكى دەريا) دېيىلىدىغان دورىنىڭ تۆتىنچى خىلىدىن ئىبارەت. ئۇ بىر خىل ماددا بولۇپ، كۆپ تۆشۈكلۈك ناھايىتى يەڭگىل بولىدۇ. فىرانسىيەدىن كەلتۈرۈلىدۇ. تاشچېچىكىگە ئوخشايدۇ.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ھەممە تەسىرى كۆپىكىدەريادىن كۈچلۈكرەكتۇر. كۈچلۈك زەھەرلەردىن بولۇپ، تۆت مىللىگىرامى كىشىنى ھالاك قىلىدۇ. كۆزگە سۈركىسە كۆزگە

تىرناقچە گۆش ئۆسۈش ۋە چارۋىلارنىڭ كۆزىگە چۈشكەن ئاقنا ناھايىتى ياخشى پايدا قىلىدۇ. سۇ بىلەن مەلھەم قىلسا ئولتۇرغۇچ نېرۋا ئاغرىقى، ئەمچەك ئىششىقى، قوتۇر، داغ ۋە مۇدۇرلارغا مەنپەئەت قىلىدۇ.

بۇ دورا ھىندىچە «كەستۇرى» دېگەن دورىغا ئوخشايدۇ ياكى ئۇنىڭغا يېقىن كېلىدۇ. «ز» ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلار بايانىدىكى «زەبەدۇل بەھر» (كۆپىكدەريا) مەزمۇنىدا ئاللا بۇيرۇسا بايان قىلىنىدۇ.

## ئىزخىر
(مەككە چىغى)

ماھىيتى: ئىككى خىل بولىدۇ. بىرى، مەككىدىن چىقىدىغىنى بولۇپ، ئەرەبچە «تىبنى مەككە» (مەككە سامىنى)، «خىلالى مەئمۇنى» (مەئمۇن پىچىنى)، «تىيبۇل غەرىيب»، رىمچە «سەخەس»، «سەخىيس» دېيىلىدۇ.

تېۋىپلارنىڭ ئېيتىشىچە، «سەخىيس» يۇنانچە ئىكەن. ھىندىچە «كەندىھىس» ، «كەندى بىل»، «كەنتۇل»، «سۇندەھى»، «رۇس»، «سۇرىيا» دەپ، پارسچە «گور گىياھ »، «كاھى مەككە» (مەككە سامىنى)، «كەزنەئى دەشتى» دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇنى «گۇربەئى دەشتىي» دېگەنلەر خاتالاشقان بولىدۇ.

بۇ بىر خىل ئۆسۈملۈك بولۇپ، كۆپلىگەن ئىنچىكە شاخلار بىر يىلتىزدىن ئۆسۈپ چىقىدۇ. يىلتىزى تۇم بولىدۇ، يوپۇرمىقى «كولان» ئۆسۈملۈكىنىڭ يوپۇرمىقىدىن ئۇششاقراق، پاكارراق بولىدۇ. بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ رەڭگى قىزىل ۋە سېرىققا مايىل، پۇرىقى ئۆتكۈر بولىدۇ. يىلتىزى بىلەن بىرلىكتە سالايە قىلىنغىنى مەككە خەلقىنىڭ تىلىدا «غەسۇل» (يۇغۇچ) دەپ ئاتىلىدۇ. چۈنكى بۇنىڭ بىلەن قول يۇيۇلىدۇ. ئۇنىڭ چېچىكى كۆپ، نەيچىسىمان، ئاق، خۇش پۇراق، ئۆتكۈر تەملىك، تىلنى چاققۇچىدۇر.

ئۇنىڭ ئىككىنچى خىلى «ئىزخىر ئاجامىي» دېيىلىدۇ. ئۇ بىر خىل ئۆسۈملۈك بولۇپ، ھىندىستاندا ئۇنىڭ يىلتىزى بىلەن سامانخانا ياسىلىدۇ. «خەس» دېگەن نام بىلەن مەشھۇردۇر. ئۇنىڭ ئۆسۈملۈكى ياۋا ئىزخىرغا ئوخشايدۇ. لېكىن ئۇنىڭدەك خۇش پۇراق ئەمەس. پوستى يىرىك، يىلتىزى خۇش پۇراق، ئىنچىكە، ناھايىتى ئۇزۇن بولۇپ، بىر غۇلاچ ئەتراپىدا كېلىدۇ. پارسچە «بىيخى ۋالا» دېيىلىدۇ. ئۇنىڭ ياۋىسىنىڭ ئۆسۈملۈكى تۇم، ئۇرۇقىنىڭ مەست قىلىش رولى بار.

ئىزخىرنىڭ ياخشىسى ۋە ئىشلىتىلىدىغىنى ئىزخىر مەككىنىڭ يىلتىزى ۋە چېچەكلىرىدىن ئىبارەت بولۇپ، خۇش پۇراق، ئۆسۈملۈكى ۋە يوپۇرماقلىرى كۆپ ئىگىز،

قاتتىق بولمايدۇ. بەلكى يۇمشاق، نەپچىسىمان، قىسقا بولىدۇ.

شەيخۇر رەئىس: «ئىزخىر چېچەكىنىڭ قىزىلغا مايىل، ئېچىلغاندا بىنەپشە رەڭ بولىدىغان، غولى ئىنچىكە، قىزىلگۈلگە ئوخشاش خۇش پۇراق بولغانلىرى يۇمشاق سوقۇلۇپ قولغا سۈركىلىدۇ» دەپ يازغان. چاينىسا تىلنى چاقىدۇ. كۆيدۈرۈلسە ھاۋانى خۇش پۇراق قىلىدۇ. ئۇنىڭ گۈلى، يىلتىزى، شاخلىرى ئادەتتە كېسەل داۋالاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئىزخىر ئەرەبى ۋە ئۇنىڭغا ئوخشاشلىرى ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىقتۇر، ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىقمۇ دېيىلگەن. «ئىزخىر ئاجامى » سوۋۇتقۇچىدۇر. ئىبنى جەربەنىڭ قارىشىدا ئىزخىرنىڭ ھەممە تۈرلىرى سوغۇقتۇر. يىلتىزى زىيادە قورۇغۇچىدۇر. چېچىكى ئازراق ئىسسىق بولۇپ، قابىزلىقى ئىسسىقلىقىدىنمۇ ئاجىزراقتۇر.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ئىچسە، زىمات قىلىنسا ياكى مەلھەم قىلىنسا ماددىلارنى تارقاتقۇچى، جىگەر ۋە تومۇرلارنىڭ ئېغىزلىرىنى ئاچقۇچى، ماددىلارنى پارچىلىغۇچى، شىلىمشىق قويۇق خىلىتلارنى پىشۇرغۇچى، ئىچكى ئەزالاردىكى سوغۇقتىن بولغان ئاغرىقلارنى پەسەيتكۈچىدۇر. باشتىكى ناچار، كېرەكسىز ماددىلارنى ۋە بەلغەم خاراكتېرلىك سۈيۈقلۇقلارنى تازىلىغۇچى بولغاچقا، پالەچ، لەقۋا، ھۆللۈكتىن بولغان ماددىلارنىڭ قېيىپ قېلىشى خاراكتېرلىك تەشەننۇج، ئىستىرخا، ئەزالارنىڭ سېزىمسىزلىنىشى، ئۇنتۇغاقلىق، مېڭە سەزگۈرلۈكى ئېشىپ كېتىش، قورقۇنچاقلىق، چىش ئاغرىقى، چىش مىلىكى بوشاش قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ. يەنە ئاشقازان، جىگەر ئىششىقى، جىگەر توسۇلۇش، تال قېتىش، قان تۈكۈرۈش، يەل تۇرۇپ قىلىش، ئىستىسقا، بۆرەك، ئۆپكە كېسەللىكلىرى، ئەزالاردا تاش پەيدا بولۇش، سۈيدۈك، ھەيز ماڭماسلىق، بالياتقۇ ئىششىقى، ئاشقازان، جىگەر، بۆرەك ۋە باشقا ھەرقانداق ئەزالاردىكى قاتتىق ئىششىقلار، ئاخىرقى مەزگىلدىكى بەلغەم خاراكتېرلىك تەپلەر، مۇسكۇللارنىڭ ئېزىلىشى قاتارلىقلارغا مەنپەئەت قىلىدۇ. زەھەرلىك ھاشاراتنىڭ زەھەرلىرىگە تاقابىل تۇرىدۇ.

باشتىكى كېسەللىكلەر: يىلتىزىنى مەستىكى بىلەن ئىستېمال قىلسا، مېڭىدىكى كېرەكسىز ماددىلارنى تازىلايدۇ. يالغۇز ياكى مەستىكى ۋە ئىلكۇل بەتەم (بەتەم دەرىخى يېلىمى) بىلەن چاينىسا پالەچكە مەنپەئەت قىلىدۇ. ئۇنىڭدىن بەش گىرام ئىستېمال قىلسا پالەچ، لەقۋا، ماددىلارنىڭ قېيىپ قېلىشىدىن بولغان ھۆل تەشەننۇجقا پايدا قىلىدۇ. مېڭە ۋە بالياتقۇدىكى كېرەكسىز ماددىلارنى تازىلايدۇ. يەنە ئۇنىڭ يىلتىزىدىن بىر يېرىم گىرام ئېلىپ پىلپىل بىلەن ئىستېمال قىلسا ماددىلارنىڭ قېيىپ قېلىشىدىن بولغان ھۆل تەشەننۇجقا مەنپەئەت قىلىدۇ. مەستىكى بىلەن ئىستېمال قىلسىمۇ مېڭىدىكى كېرەكسىز ماددىلارنى تازىلايدۇ. نېرۋىلار كۆپرەك جايلاشقان ئورۇنلار ياكى نېرۋا تۈگۈنلىرى بار جايلارغا

زىمات قىلسا ئىستىرخا ۋە پالەچكە پايدا قىلىدۇ.

ھەزىم، چىقىرىش ئەزالىرى، يۈرەك ۋە باشقا ئەزالار كېسەللىكلىرى: بەش گىرامنى يالغۇز ياكى باراۋەر مىقداردىكى پىلپىل بىلەن ئىشلەتسە بەلغەمدىن بولغان كۆڭۈل ئېلىشىشنى يوقىتىشتا سىناقتىن ئۆتكەن. قورقۇنچنى يوقىتىدۇ. تەرەنجىبىن بىلەن بىرلىكتە ئىشلىتىلسە تال قېتىشقا ، مۇناسىپ دورىلار بىلەن بىرلىكتە ئىشلىتىلسە ئىستىسقا، بۆرەك، ئۆپكە كېسەللىكلىرى، ئاشقازان ئېغىزى ۋە جىگەر ئاجىزلىقى، جىگەر توسۇلۇش، قان تۈكۈرۈش ۋە يەل تۇرۇۋېلىشلارغا مەنپەئەت قىلىدۇ. قايىنتىلمىسىنى ئىچسە قورساق ئېسىلىش، يەل تۇرۇۋېلىش، سۈيدۈك ۋە ھەيز ماڭماسلىقلارغا پايدا قىلىدۇ. قايىنتىلمىسىنى داۋاملىق ئىچسە سوغۇقتىن بولغان بوغۇم كېسەللىكلىرىگە، تەپىنىڭ ئاغرىقى مەزگىللىرىدە سىركەنجىۋىل بىلەن بىللە ئىچسە تەپلەرگە ناھايىتى مەنپەئەت قىلىدۇ. ئۇنىڭ قايىنتىلغان سۈيى بىلەن ئېغىز چايقىسا، تالقىنىنى چىشقا سەپسە چىش ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ، چىش مىلىكىنى چىڭىتىدۇ، چىشنى قۇرت يېيىشنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ، ئېغىزدىكى ھۆللۈكلەرنى قۇرۇتىدۇ. قايىنتىلمىسىنى ئەزالارغا تۆكسە، پىسەپلىرىنى زىمات قىلسا، ئەزالارنىڭ سېزىمسىزلىنىشىغا پايدا قىلىدۇ. ئۇنىڭ يىلتىزىغا تۇتاشقان ھۆل يوپۇرمىقىنى زىمات قىلسا زەھەرلىك ھاشاراتنىڭ چېقىۋېلىشى، ئاشقازان ئېغىزى ئىششىقى، جىگەر، تال ، دوۋساقلارنىڭ سوغۇقتىن بولغان ئىششىقىغا پايدا قىلىدۇ. ھەرقانداق ئەزادىكى يەلنى تارقىتىدۇ. قايىنتىلمىسىدا ئولتۇرغۇزسا ئاشقازان ئىششىقى، بوغۇملار ئاغرىقى، تومۇر ئېغىزلىرىنىڭ توسۇلۇشى، قاتتىق ئىششىقلار ۋە ئىچكى ئەزالاردىكى ئاغرىقلارغا پايدا قىلىدۇ.

ئۇنىڭ چېچىكى ھىندىچە «سىندىيە» دېيىلىدىغان بولۇپ، ئۇچۇچانراق، تەسىرى چۈپىدىن ياخشىراقتۇر. لەقۋا، پالەچ، ئۇنتۇغاقلىق، ھەر خىل ئاغرىقلار، ئاشقازان، جىگەر ئىششىقلىرى، قان تۈكۈرۈش قاتارلىقلارغا مەنپەئەت قىلىدۇ. باشتىكى كېرەكسىز ماددىلار ۋە بەلغەم خاراكتېرلىك ماددىلارنى تازىلىغاچقا، مېڭىنىڭ ئەستە تۇتۇش ئىقتىدارىنى ئاشۇرىدۇ. يېغى قىچىشقاق، ماغدۇرسىزلىققا پايدا قىلىدۇ.

ئۇنىڭ يېغى، شەربىتى، ئەرقى، قۇرسى ۋە مەجۇنى مەزكۇر كېسەللىكلەرنىڭ ھەممىسىگە مەنپەئەت قىلىدىغان بولۇپ، قارابادىندا خاسىيەتلىرى، پايدىلىرى ۋە تەييارلىنىشى بىلەن بىرلىكتە تەپسىلىي بايان قىلىندى.

**زىيانلىق تەسىرى:** ئېپىتىشلارغا قارىغاندا، سۈيدۈكنى زىيادە ھەيدەش خۇسۇسىيىتى بىلەن ئىسسىق مىزاج كىشىلەرنىڭ بۆرىكىگە زىيان قىلىدىكەن، باشنى ئاغرىتىدىكەن.

**تۈزەتكۈچىسى:** گۇلاب، نىلۇپەر ئەرقى، سەندەل ئەرقى.

**ئىستېمال مىقدارى:** 2.5 ~ 5 گىرامغىچە.

**ئورۇنباسارى:** راسەن، قۇستە. چېچىكىنىڭ ئورۇنباسارى قەسبۇزەرىرە.

# پەسىل: «ئ» (ئەلىف) ۋە «ر» (رائ) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى

## ئەراقۇ
(قارىمۇق)

ماھىيىتى: قارا، يۇمىلاق ئۇرۇق بولۇپ، غىلاپ ئىچىدە بولىدۇ. ئادەتتە بۇغدايلىق ۋە ماشلىقلاردا ئۆسىدۇ.

**خۇسۇسىيتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** يۇمشاتقۇچى ۋە تارقاتقۇچىدۇر. ئۇنى سىركە ۋە سۇ بىلەن يۇغۇرۇپ ئاپتاپتا سەككىز سائەت قويۇپ، يەنە ساپ سۇ بىلەن يۇغۇرۇپ ئاغرىتقۇچى قاتتىق ئىششىقلارغا چاپسا ئىششىقنى تارقىتىدۇ، ئاغرىقنى پەسەيتىدۇ.

**زىيانلىق تەسرى:** ئوزۇقلۇقى ناچار، قورساقنى ئىسسىپ قويىدۇ، يەلدىن بولغان قولۇنجى پەيدا قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** تاتلىق نەرسىلەر قوشۇلغان سىركە.

## ئەراك
(مىسۋاك دەرىخى)

پارسچە «دەرەختى مىسۋاك» (مىسۋاك دەرىخى)، ئىراننىڭ ئىسسىق شەھەرلىرىدە «چوج»، ھىندىچە «پىلۇ»، «جال» دېيىلىدۇ. ئۇرۇقى ھىندىچە «پىل» دەپ ئاتىلىدۇ.

ماھىيىتى: بىلگىنكى، ئۇ ياۋا ۋە تاغدا ئۆسىدىغىنىدىن ئىبارەت ئىككى خىل بولىدۇ. ياۋىسى ئانار دەرىخىگە ئوخشايدىغان بولۇپ، يوپۇرمىقى كەڭ، ئۇزۇن، تۈز، يېشىل، بېغىشى نەيچىسىمان، ناھايىتى كۆركەم بولىدۇ. ياغىچى بوش بولۇپ، يوپۇرماق تاشلىمايدۇ. بەزىلىرى تىكەنلىك، بەزىلىرى تىكەنسىز بولىدۇ. گۈلى قىزىلغا مايىل بولىدۇ. مېۋىسى بەتەم دەرىخى مېۋىسى چوڭلۇقىدا بولۇپ، ئۇزۇمگە ئوخشاش باشاقلىق بولىدۇ. خام ۋاقتىدا ئازراق ئاچچىق، ناھايىتى قىرتاق، كۆك بولىدۇ. ئاخىرقى مەزگىلدە تولۇق پىشقىنىدىن كېيىن بەزىلىرى قىزىل، بەزىلىرى ئاق، بەزىلىرى بىنەپشە رەڭ بولىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن قارا، ئازراق ئاچچىق ـ چۈچۈك، قىرتاق ۋە ئۆتكۈر بولۇپ ئۆزگىرىدۇ. ئۇرۇقى ئۇششاق، مېۋىسى نوقۇت چوڭلۇقىدا، مېۋىسىنىڭ باشقى سىقىمغا پاتقۇدەك كىچىك بولىدۇ. بىرىنچى، ئىككىنچى ئىقلىمنىڭ كۆپ ئەللىرىدە، ۋادىلار ۋە چۆللەردە، ھىندىستان ۋە دۆكەن

شەھەرلەردە ئۆسىدۇ. ئىراننىڭ ئىسسىق شەھەرلىرىدىمۇ كەم ئۇچرايدۇ.

ئۇنىڭ تاغدا ئۆسىدىغىنى چۆللەردە ئۆسىدىغىنىدىن ئاز ئۇچرايدىغان بولۇپ، تارقاق، تىكەنلىك، مېۋىسىنىڭ باشقى سىقىمدىن چوڭراق، دانلىرى ئۇششاقراق، ئۇرۇقسىز بولىدۇ. ئۇمۇ ئاخىرقى مەزگىلىدە قارىدايدۇ ۋە ئازراق تاتلىق، قىرتاق، ئۆتكۈر تەمگە كىرىدۇ. بەزى ئەللەردە ئۇششاقراق، يەنە بەزى ئەللەردە ئۇنىڭدىن چوڭراق بولىدۇ، ئىچىدە ئاچچىق، كۆپ ئۇرۇقى بولىدۇ. بازارلاردا ئۇزۇمگە ئوخشاش سېتىلىدۇ. بەزى كىشىلەر ئۇنى ئىستېمال قىلىدۇ.

**تەبىئىتى:** بەغدادى ئۇنىڭ دەرىجىنى قۇرۇق، مېۋىسىنىڭ ھارارىتى ۋە قۇرۇقلۇقىنى مۆتىدىل، دېگەن. ئەنتاكىي ئىككىنچى دەرىجىدە ئىسسىق، ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق، دېگەن. ھەكىم مىير مۇھەممەد مۆمىن بىرىنچى دەرىجىدە ئىسسىق، ئىككىنچى دەرىجىنىڭ ئاخىرىدا قۇرۇق، دەپ بىلگەن.

**خۇسۇسىيىتى** ۋە ئىشلىتىلىشى: جۇلا بەرگۈچى، تارقاتقۇچى، پارچىلىغۇچى، تۇسالغۇلارنى ئاچقۇچىدۇر. شىلىمشىق سۇيۇقلۇقلارنى يوقىتىش، قويۇق يەللەرنى تارقىتىش، نەزلىلەرنىڭ چۇشۇشىنى توسۇش، ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەش، ئىچ سۈرۈشنى توختىتىش، بالىياتقۇ، بوۋاسىر ئىششىقىنى تارقىتىش، سۇيدۇك راۋانلاشتۇرۇش، دوۋساقنى تازىلاش، ئاغرىقلارنى پەسەيتىش، چىش مىلىكىنى چىڭىتىش تاز، تىلما، بەلباغسىمان قوقاق قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

يوپۇرمىقىنى زىمات قىلسا ماددىلارنى تارقىتىدۇ، نەزلىلەرنىڭ چۇشۇشىنى توسىدۇ، تىلما ۋە بەلباغسىمان قوقاققا پايدا قىلىدۇ. مېۋىسىنى زەيتۇن يېغىدا قورۇپ زىمات قىلسا ئاغرىقلارنى پەسەيتىدۇ، بالىياتقۇ، بوۋاسىر ئىششىقىنى تارقىتىدۇ، تازغا پايدا قىلىدۇ. مېۋىسىنىڭ قاينىتىلمىسى قىينىلىپ سىيىش، دوۋساقنى تازىلاش، ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەش، ئىچ سۈرۈشنى توختىتىش قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ. ئۇنىڭ ئۇرۇقىمۇ ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەش ۋە ئىچ سۈرۈشنى توختىتىشقا ئىشلىتىلىدۇ. ياغىچى بىلەن چىش چوتكىلانسا چىشلارنى ئاقارتىدۇ، چىش مىلىكىنى چىڭىتىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** كۆپ ئىشلىتىلسە كىچىك تىلغا قاپارتما ئۆرلىتىدۇ، ئىچسە ئۈچەينى زەخىملەندۈرىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** كەتىرا.

**ئىستېمال مىقدارى:** قاينىتىلمىسىدىن 250 مىللىلىتىرغىچە، ئۇرۇقىدىن توققۇز گىرامغىچە.

**ئورۇنباسارى:** سەندەل.

«دەستۇرۇل ئەتىببائ» (تېۋىپلار دەستۇرى)دېگەن كىتابنىڭ ئاپتورى ۋە باشقىلارنىڭ

ئېيتىشچە، يوپۇرمىقى قوتۇر، جوزام، بوۋاسىر ۋە قان بۇزۇلۇشلارغا پايدا قىلىدىكەن. مېۋىسى ھىندىچە «جال» دېيىلىدىغان بولۇپ تەمى ئاچچىقتۇر. سۇرگۈچى، بەلغەم بىلەن سەپرانىڭ بۇزۇلۇشىنى توسقۇچى خۇسۇسىيەتكە ئىگە. ئەزالارنىڭ كۆيۈشۈشى، ئىستىسقا، ئىششىقلار، جوزام، ئىسسىق تەپلەر ۋە قاپاق ئۇرۇقىسىمان مەددىگە پايدا قىلىدۇ.

## ئەربەدۇ ۋە ئەربەئىين
(قىرىقئاياغ)

پارسچە «ھەزار پا» (مىڭ ئاياق)، ھىندىچە «كەنكەجۇرە» دېيىلىدۇ.

ماھىيىتى: ھاشارات قاتارىدىكى ھايۋان بولۇپ تېنى ئىنچىكە، بىر بارماقتىن بىر غېرىچقىچە ئۇزۇنلۇقتا، بەزىسى توم، بەزىسى ئىنچىكە بولىدۇ. تېنى ئارغامچىغا ئوخشاش بوغۇملۇق بولۇپ، كۆپ بوغۇملار بىر - بىرىگە تۇتاشقان بولىدۇ. بېشىدا ئىككى ئىنچىكە مۇڭگۈزى بولىدۇ. قۇيرۇقى سەل ئىنچىكە بولۇپ ئىككى ئېغىزى بولىدۇ. تېنىنىڭ ھەر ئىككى تەرىپىدە بېشىدىن تارتىپ تاكى قۇيرۇقىغىچە 22 دانە كىچىك ئىنچىكە پۇتلىرى بولىدۇ. بىردەم ماڭسا بىردەم توختايدۇ. ئېغىزى بىلەن چاقىدۇ. ئادەمنىڭ ھەرقانداق ئەزايىغا تەگسە، پۇتلىرىنى ئەزاغا چىڭ چاپلاشتۇرۇۋالىدىغان بولۇپ، ئاجرىتىش تەس بولىدۇ. پۇتلىرى زەھەردىن خالىي ئەمەس بولۇپ، ھەرقانداق ئەزانى چاقسا ئازراق كۆيۈشتۇرىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن پەسىيىپ قالىدۇ.

ئۇنىڭ يامان، كۆپ زەھەرلىك تۈرلىرى ئادەمنى چاقسا قاتتىق ئاغرىيدۇ، نەپەس سىقىلىدۇ، زەھەر قايتۇرۇش ئۈچۈن چاققان قىرىقئاياغنى سوقۇپ تاڭسا بولىدۇ. ئۇزۇنچاق زىراۋەندە، جىنتىيانا، كەپە يىلتىزى پوستى، كۇرسىنە ئۇنى قاتارلىقلاردىن باراۋەر مىقداردا ئېلىپ، مائۇلھەسەل ياكى شاراب بىلەن ئىچۈرۈلىدۇ. تۇز بىلەن سىركە چېپىلىدۇ. كالا يېغى ياكى قوي يېغى قىزىتىپ سۈركىلىدۇ. گۈلى مۇلسىرى سالايە قىلىنىپ چېپىلىدۇ.

ئۇنىڭ تېنى ئىنچىكە بىر تۈرى بار بولۇپ، كۆپ ھاللاردا قۇلاققا كىرىۋالىدۇ. بۇ چاغدا ماينى ئىسسىتىپ قۇلاققا تېمىتىلىدۇ. ماي بولمىسا سىركە بىلەن تۇز تېمىتىلسىمۇ بولىدۇ. ئۆلگەندىن كېيىن كۆرگىلى بولسا قىسقۇچ بىلەن تارتىپ چىقىرىلىدۇ. كۆرگىلى بولمىسا باشنى يانتۇ قىلىپ قۇلاقنى تۆۋەنگە قارىتىپ، بىر قول بىلەن قۇلاقنى تارتىپ، قۇلاق يولى تۈزلەنگەندىن كېيىن باشنى چايقاپ چىقىرىلىدۇ.

قىرىقئاياغ سۇغا چۈشۈپ ئۆلگەندىن كېيىن بۇ سۇنى ئىچسە، ئەزالاردا ئىششىش، قىچىشىش ۋە ئازراق كۆيۈشۈش پەيدا قىلىدۇ. زەھەر قايتۇرۇش ئۈچۈن ئۇزۇنچاق زىراۋەندە، جىنتىيانا، كەپە يىلتىزى پوستى، كۇرۇنسە ئۇنىدا تەييارلانغان زىمات چېپىلىدۇ. ئىسسىق

ياغ ئۇستىگە سالسا ئۆلىدۇ، شۇ چاغدا ئەزالىرىنى پارچىلاپ، يۇمشىتىپ سىپىلىدۇ.

ھېكايە: بىر كىشىنىڭ يانپىشىدىن باشلاپ تاكى پۇتىنىڭ ئۇچىغىچە ئاغرىق پەيدا بولغان بولۇپ، كۈندىن - كۈنگە ئېغىرلىشىۋاتاتتى. ئۇچىنچى ياكى تۆتىنچى كېچىسى ئۇخلاۋاتقاندا تاسادىپىي ئۇنىڭ تېزىنى قىرىقئاياغ چېقىۋالدى، بۇ كىشى ئازراق ئاغرىق ھېس قىلدى، ئەتىگىنى قىرىقئاياغ چاققان يەردىكى ئازراق ئاغرىقتىن باشقا ئاغرىقلارنىڭ ھەممىسى يوقالدى. چاققاندىن پەيدا بولغان ئاغرىقمۇ ئىسسىق مايىنى سۈركەش بىلەن پەسىيىپ قالدى. ئۇ كىشى شۇنىڭ بىلەن شىپا تاپتى.

## ئەرتكان
(ئەرتكان تېشى)

ئۇ «ئەرتكەن» مۇ دېيىلىدۇ. بۇ پارسچە ئاتىلىشىدۇر. يۇنانچە «ئەجرا» دېيىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** يەڭگىل، سېرىق ۋە قىزىل بولغان ئۇششاق تاشلاردىن ئىبارەت بولۇپ، كۆيدۈرۈلسە قىزىلغا ئۆزگىرىدۇ. يەڭگىل، سېرىق، شېغىل ئارىلاشمىغانلىرى ياخشىلىرى ھېسابلىنىدۇ. كۆيدۈرۈپ يۇيۇلغىنى ئىشلىتىلىدۇ. چۈنكى، كۆيدۈرۈلگىنى كۆيدۈرۈلمىگىنىدىن ئۇچۇچانراق كېلىدۇ.

**تەبىئىتى:** سوغۇق ۋە قابىزدۇر.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** يۇمغاقسۈت سۈيى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش خۇسۇسىيەتتىكى دورىلار بىلەن بىرلىكتە مەلھەم قىلسا ئىسسىق ئىششىقلار ۋە جاراھەتلەرنى سوۋۇتىدۇ. تارقاتقۇچى دورىلار بىلەن مەلھەم قىلسا زەخمىلەردىكى ئارتۇق گۆشنى يوقىتىدۇ. قىرۇتى بىلەن مەلھەم قىلسا زەخمىلەرگە ياخشى گۆش ئۈندۈرۈپ ئېغىزىنى پۈتتۈرىدۇ. سۈيدۈك ھەيدىگۈچى دورىلار بىلەن مەلھەم قىلىنسا ئۇششاق تاشلارنى چۈشۈرىدۇ. ئۇنى ئەڭ ياخشىسى ئىستېمال قىلماسلىق لازىم.

## ئۇرجۇۋان
(ئۇرجۇۋان دەرىخى)

بۇ پارسچە «ئۇرغۇۋان» دېگەن سۆزنىڭ ئەرەبچىلەشتۈرۈلگىنىدۇر. ئەرەبچە «زەئىدا» دېيىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** پارس شەھەرلىرىدە ئۆسىدىغان بىر خىل دەرەخ بولۇپ، گۈلى ئىنتايىن قىزىل، بىنەپشە رەڭ، ئوتتۇرىسى كاۋاك، مەنزىرىلىك بولىدۇ، پۇرىمايدۇ، تەمى ئازراق تاتلىق بولۇپ بېيىلىدۇ، پارسلار بۇ گۈلنى تەم تەڭشەش ئۈچۈن شارابقا قوشىدۇ. ئۇلار ئۇنى كۆڭۈلنى

خۇرسەن قىلىدۇ، ئاۋازنى سۈزۈك، يېقىملىق قىلىدۇ، دەپ ئويلايدۇ. ياغچى يۇمشاق، يەڭگىل بولىدۇ. مېۋىسى يوق، ئۇنىڭدىن مېۋىگە ئوخشاش تۇغۇپ چىقىدىغان ئۇرۇقى ئۇنىڭ تۈرىنى ساقلاپ قالىدۇ.

**تەبىئىتى:** مۆتىدىلگە مايىل ئىسسىق.

**خۇسۇسىيتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** شىلىمشىق خىلىتلارنى چىقارغۇچى، ئاشقازان، بۆرەكنىڭ سوغۇقلۇقىنى ھەيدىگۈچى، نەپەس ئەزالىرىنى تازىلىغۇچى، تاش پارچىلىغۇچى ۋە رەڭگىرويىنى سۈزۈلدۈرگۈچىدۇر. گۈلىنى قايىنىتىپ ئىچسە قۇستۇرىدۇ، نەپەس ئەزالىرى ۋە ئاشقازاننى تازىلايدۇ، چاچما يىلتىزلىرىنىڭ پوستىنى قايىنىتىپ ئالتە مىللىلىتىر ئىچسە كۈچلۈك قۇستۇرىدۇ، كۆيدۈرۈپ سىپىلسە قان توختىتىدۇ. ياخشى بوياق بولۇپ، رەڭگى قارا بولغاچقا ئاياللار بوياق ئورنىدا ئىشلىتىدۇ، قاش ۋە كىرپىككە سۈركىسە ئۇلارنى ئۆستۈرىدۇ.

**زىيانلىق تەسرى:** قۇستۇرىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** چىلان يوپۇرمىقى، نەمام ئۆسۈملۈكى.

**ئورۇنباسارى:** سەندەل، يېرىم ھەسسە قىزىلگۈل.

ئۇنىڭ ئۇرۇقى كۆز دورىلىرىدا چەشمىزەجىنىڭ ئورۇنباسارى بولىدۇ.

ئۇنىڭ گۈلىنىڭ شارابى ۋە مۇراببەسى قارابادىندا بايان قىلىنىدى.

## ئىردەقناقى
(ئەردەقناقى ئوتى)

بۇ يۇنانچە ئىسمىدۇر.

**ماھىيتى:** كەپە ئۆسۈملۈككە ئوخشايدىغان بىر خىل ئۆسۈملۈك بولۇپ، پۇرىقى ئىنتايىن ئۆتكۈر، چاققۇچىدۇر. زىيادە ئۆتكۈرلۈكى ۋە ئىسسىقلىقىدىن ئۇنى ئىشلىتىشتىن ئۆزىنى تارتقان تۈزۈك. پەقەت مەلھەملەردە تۈزەتكۈچىلىرى بىلەن بىرلىكتە ئىشلەتسە بولىدۇ. «ئىختىيارات» دېگەن كىتابنىڭ ئاپتورى ئۇ ئەندەلس تىلىدا ئاغچە (قىسائۇل ھىمار) دىن ئىبارەت دېگەن. «مۇغنى» دېگەن كىتابنىڭ ئاپتورى ئۇنىڭ مېۋىسى غىلاپنىڭ ئىچىدە بولىدۇ، دېگەن.

## ئۇرۇز
(شال)

بۇ، يۇنانچە «ئۇرزائ»، «ئورىيز» دېگەن ئىسىملارنىڭ ئەرەبچىلەشتۈرۈلگىنىدۇر. سۈريانچە «روزى»، ئەرەبچە «سەمىن»، پارسچە «بىرىنج»، تۈركچە «گۈرۈنج»، ھىندىچە «چاۋەل»

دېيىلىدۇ.

**ماھىيتى:** ئۇنىڭ ئۆسۈملۈكى ئارپا ۋە بۇغداي ئۆسۈملۈكىگە ئوخشايدۇ، غولى ۋە يوپۇرماقلىرى ئىگىزرەك ۋە يۇمشاقراق كېلىدۇ. ئۇ بۇلاق ئەتراپى، سۇ بويلىرى، دەريا قېنى، يامغۇر يىغىلغان ئويمانلارغا ئوخشاش سۇ سىڭمەيدىغان ئورۇنلارغا تېرىلىدۇ. ئۆسۈملۈكىنىڭ ئېگىزلىكى كۆپ ئەللەردە بىر ئادەم بويى ئېگىزلىكتە، بېنگالدا ئىككى ئادەم بويى ئېگىزلىكتە ئۆسىدۇ. ئىككى پەسىلدە تېرىلىدۇ. بىرى «بەرسات» دەپ ئاتىلىدىغان يامغۇر پەسلىدىن ئىلگىرى تېرىلىدۇ. بۇ قۇياشنىڭ سەۋر بۇرجىدىن تاكى جەۋزا بۇرجىغىچە بولغان ئارىلىقتا تۇرغان ۋاقتىدۇر. بۇ چاغدا يامغۇر سۈيى بىلەن ئېگىز جايلاردىكى شاللار ئۆسىدۇ. كۆل، دەريا بويلىرى ۋە كەلكۈن سۇلىرى يىغىلغان ئويمان جايلارغا تېرىلغان شاللارمۇ ئۆسۈپ چوڭلايدۇ. پەقەت شالنىڭ بېشى سۇ ئۈستىدە تۇرسىلا سۇدا ھەرقانچە ئۇزاق تۇرسىمۇ قۇرۇپ قېلىش خەۋپى بولمايدۇ. تۇيۇقسىز كەلگەن كەلكۈن شالنى غەرق قىلىۋەتكەندە شالنىڭ بېشى سۇ ئۈستىگە ۋاقتىدا چىقىرىپ قويۇلمىسا سېسىپ قالىدۇ. گۈرۈچلەرنىڭ ياخشىسى چىقىدىغان ۋە گۈرۈچلەر ياخشى ئوخشايدىغان شەھەرلەر ھىندىستان شەھەرلىرى، بولۇپمۇ پىشاۋۇر، كەمۇنبەندەر، سۇرەت، شاھجاھان ئاباد بىلەن لىكنو ئوتتۇرىسىدىكى بانسبىرىيلى شەھىرى، ئەزىم ئاباد بولۇپمۇ مەكە يېزىسى قاتارلىقلاردۇر. ھىندىستاندىن قالسا سىندى، ئىران، بولۇپمۇ ئىراننىڭ جامال بارىس، كېرمان، ئۇنىڭدىن قالسا مەراغە شەھەرلىرىدە ياخشى بولىدۇ. چۈنكى ھىندىستان ۋە سىندىنىڭ ئىنچىكە، ئاق گۈرۈچلىرى ئۇچۇچان، شىلىمشىقى يوق بولغاچقا، ئاسان ھەزىم بولىدۇ. بولۇپمۇ ئۇنىڭ يۇقىرىدىكى تۇرلىرى خۇش پۇراق ۋە تەملىك بولىدۇ. ئەمما ھىندىستان ۋە سىندىنىڭ قىزىل، دانلىق، يىرىك كەلگەن گۈرۈچلىرى شىلىمشىقى بولغاچقا تەستە سىڭىدۇ. شۇنىڭدەك ئىراننىڭ گۈرۈچىمۇ تەستە ھەزىم بولىدۇ. ئەمما باشقا شەھەرلەرنىڭ گۈرۈچلىرى ئىنتايىن شىلىمشىق بولغاچقا، ناھايىتى تەستە ھەزىم بولىدۇ. بولۇپمۇ تۇزلۇق دېڭىز ئاراللىرى ۋە بويلىرىدا تېرىلغان گۈرۈچلەر تېخىمۇ شۇنداق. بۇ ئورۇنلارنىڭ كۆپ قىسمىدا گۈرۈچ ناھايىتى كەم تېپىلىدۇ. ھەتتا بەزى جايلاردا پەقەت بولمايدۇ. يۇنان ۋە رىم تېۋىپلىرىنىڭ گۈرۈچنى سۆكۈشى ئۇ شەھەرلەردە گۈرۈچنىڭ كەم بولۇشى، ياخشى بولماسلىقى، كۆپ ھاللاردا تەستە ھەزىم بولىدىغان شىلىمشىق، يەل پەيدا قىلىدىغان بولغانلىقى ئۈچۈندۇر. ھالبۇكى، مەزكۇر ئورۇنلاردىن باشقا جايلارنىڭ گۈرۈچلىرى ئۇچۇچان بولۇپ، باشقا ئاشلىقلاردىن تېزرەك ھەزىم بولىدۇ. بولۇپمۇ ئىسسىق مىزاجلىق كىشىلەردە تېخىمۇ ئاسان ھەزىم بولىدۇ.

**تەبىئىتى:** تېۋىپلار ئۇنىڭ ئىسسىق - سوغۇقلۇقىدا ئىختىلاپ قىلىشقان. بەزىلىرى ئۇنى بىرىنچى دەرىجىدە ئىسسىق، يەنە بەزىلىرى سوغۇق، يەنە بەزىلىرى مۆتىدىل دەپ بىلىشكەن. ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق بولۇپ، بۇ جەھەتتە ھەممە تېۋىپلار بىرلىككە كەلگەن. ئۇلارنىڭ

بەزىلىرى ئۇنى مۇرەككەبۇل ـ قۇۋۋا (مۇرەككەپ قۇۋۋەتلەرگە ئىگە) دەپ بىلگەن. بۇ قاراش كۈچلۈكرەك ۋە توغرىدۇر. دەسلەپكى سۆزلەرمۇ توغرىدۇر. چۈنكى ئۇ سۇ بىلەن قايىنىتىپ سۈيى ئايرىۋېتىلىپ دۈملەپ پىشۇرۇلسا، گۆرۈچنىڭ ئۆزى بىرىنچى دەرىجىدە سوغۇق، سۈيى بىرىنچى دەرىجىدە ئىسسىق بولىدۇ. ئەگەر سۇ بىلەن بىرلىكتە پىشۇرۇلسا تەبىئىتى ئىسسىققا مايىل بولىدۇ. پولۇ كۆپ ھاللاردا شۇنداق يوسۇندا پىشۇرۇلىدۇ. ئەمما گۆرۈچنى پىشۇرۇشتىن ئاۋۋال ئۇنى سۇ بىلەن بىر قانچە قېتىم يۇيۇش لازىم.

شىلىمشىق گۆرۈچلەرنى بىر قانچە قېتىم قايىنىتىپ، قويۇق، شىلىمشىق سۈيى تۆكۈۋېتىلمىسە ئىستېمال قىلىشقا بولمايدۇ. ئىسسىق مىزاجلىقلاردا خاسىيىتى بىلەن ئىسسىقلىق، سوغۇق مىزاجلىقلاردا سوغۇقلۇق پەيدا قىلىدۇ. ئېھتىمال قەدىمكىلەر ۋە كېيىنكىلەر شۇ سەۋەبتىن بىمارلارغا گۆرۈچ تامىقى بۇيرىمىغان بولۇشى، بەلكى ئۇنى ساقلارنىڭ ئىستېمال قىلىشىغا خاس قىلغان بولۇشى مۇمكىن. چۈنكى ئۇنى ئىستېمال قىلىش ئۈچۈن بىمارلاردا قارىمۇقارشى كەيپىيات، ساقلاردا ماسلاشقۇچى كەيپىيات پەيدا قىلىش شەرتتۇر. ئېھتىمال ھىندىستاندىن باشقا جايلاردىن چىقىدىغان، ياخشى بولمىغان گۆرۈچنى ئىستېمال قىلماقچى بولغاندا شۇنداق قىلىش شەرت بولۇشى مۇمكىن. چۈنكى بەزى بىمارلارغا باشقا ئاشلىقلارغا قارىغاندا ھىندىستان گۆرۈچى بەكرەك ماس كېلىدۇ. بەزىلەرگە بۇغداي نېنى بەكرەك ماس كېلىدۇ. ئۇنىڭ ساقلىقنى ساقلاش ۋە ئۆمۈرنى ئۇزارتىش خاسىيەتلىرى ھەدىستە بايان قىلىنغان. ھىندىستان تېۋىپلىرىمۇ ئۇنىڭ ئۇيقۇنى ياخشىلايدىغانلىقىغا بىرلىككە كېلىشكەن. تەپسىلاتى قارابادىندا بايان قىلىندى.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ياخشى خىلىت، ياخشى ئۇيقۇ پەيدا قىلغۇچى، ئۇسسۇزلۇقنى پەسەيتكۈچى، سەپرا خىلىتىنىڭ چىقىشىنى پەسەيتكۈچى، سەپرادىن بولغان ئىچ سۈرۈشنى توختاتقۇچى، بەدەننى سەمرىتكۈچى، مەنىي كۆپەيتكۈچىدۇر. قانلىق تولغاق، ئۈچەي زەخمىسى، ئۈچەي يارىسى، قانلىق ئىچ سۈرۈش، بالىياتقۇ ئېغىزى بوغۇلۇش، بۆرەك، دوۋساق كېسەللىكلىرىگە مەنپەئەت قىلىدۇ. بەدەن سۈيىتىنى ياخشىلىغۇچى، رەڭگىرويىنى ياخشىلىغۇچىدۇر. سۈت، شېكەر بىلەن ئىستېمال قىلىنسا بەدەننى كۆپ ئوزۇقلاندۇرىدۇ، سەمرىتىدۇ، باھنى قۇۋۋەتلەيدۇ، مەنىي كۆپەيتىدۇ، يېڭى قېتىق سۈزمىسى ۋە سۇماق بىلەن ئىستېمال قىلسا ھارارەت، ئۇسسۇزلۇق ۋە كۆڭۈل ئېلىشىشنى يوقىتىدۇ، سەپرادىن بولغان ئىچ سۈرۈشنى توختىتىدۇ. ئۆچكە سۈتى بىلەن ئىستېمال قىلسا قانلىق تولغاقتا، ئۆچكىنىڭ بۆرەك يېغى، تاتلىق بادام يېغى ياكى پىندۇق يېغى بىلەن ئىستېمال قىلسا قورساق ئاغرىش ۋە ئۈچەي زەخىملىنىشكە مەنپەئەت قىلىدۇ. كۆپ ئىستېمال قىلسا بەدەن سۈيىتىنى ۋە رەڭگىرويىنى ياخشىلايدۇ، ياخشى خىلىت پەيدا قىلىدۇ. سىل بىمارلىرى ئىستېمال قىلسا، بولۇپمۇ بەدىنىدە ئوفۇنەتلىك تەپ بولمىغان ئەھۋال ئاستىدا ئېشەك سۈتى بىلەن بىرلىكتە

ئىستېمال قىلسا، يارىنى تازىلاپ ياخشى گۆش ئۆندۈرىدۇ. ئوغلاقنىڭ كاللا ـ پاقالچىقى بىلەن بىرلىكتە پىشۇرۇپ ئىستېمال قىلسا، قان سىيىشكە پايدا قىلىدۇ. ئەمما سۈيدۈكتىكى قان تازىلانغاندىن كېيىن ئىستېمال قىلىنىدۇ. قان تازىلىنىشتىن بۇرۇن سۇماقىيەگە ئوخشاش چۈچۈمەل، قابىز خۇسۇسىيەتلىك غىزالار، تەرەنجىبىن بىلەن تاتلىق قىلىنغان گۇرۇچ سۈيى ئىچىلىدۇ. گۇرۇچنىڭ يۇيۇلغان سۈيى بىلەن ھەمەل قىلسا ئۈچەي زەخىملىنىش ۋە ئۈچەي يارىسىغا مەنپەئەت قىلىدۇ. گۇرۇچ ئۇنىنى ئۆچكىنىڭ بۆرەك يېغى بىلەن بىرلىكتە ئىستېمال قىلسا، بىمارلاردىكى زىيادە ئىچ سۈرۈشنى توختىتىدۇ، بولۇپمۇ ئۇنىنى قورۇغان بولسا تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ. 50 ~ 75 گىرامغىچە گۇرۇچنى قىزارتىپ قورۇپ، 200 ~ 250 مىللىلىتىرغىچە سۇغا بىر كېچە چىلاپ قويۇپ، ئەتىگەندە سۈزۈپ سۈيىنى ئىچسە، ئاشقازاندىكى مەددە قۇرتنى چۈشۈرىدۇ، ھۆللۈك ۋە ئىسسىقلىقتىن بولغان كۆڭۈل ئېلىشىشنى پەسەيتىدۇ. قورۇلغان گۇرۇچنى دەملەپ سۈيىنى ئىچسە، خولېرا ۋە باشقىلار سەۋەبىدىن بولغان زىيادە تەشنالىقنى پەسەيتىدۇ. ئاق گۇرۇچنى سۇغا چىلاپ سۈيىنى ئىچسە ئىچ سۈرۈش ۋە خولېراغا مەنپەئەت قىلىدۇ. ھىندىچە «پۇندە»، «دوب» دېيىلىدىغان، يەرگە يېيىلىپ ئۆسىدىغان يوپۇرماقلىرى ئىنچىكە، شاخلىرى بوغۇملۇق بولغان، پارسچە «مۇرغ» دەپ ئاتىلىدىغان ئۆسۈملۈك بىلەن بىرلىكتە سالايە قىلىپ، ئازراق ئاق ناۋات ۋە ساپ سۇ بىلەن بىرلىكتە شىرىسىنى چىقىرىپ ئىچسە، قان تۈكۈرۈشكە مەنپەئەت قىلىدۇ. ئارپا سۈيىگە ئوخشاش قاينىتىپ تەييارلانغان، ھىندىچە «پىچ» دېيىلىدىغان سۈيىنى ئىچسە، ئاشقازان ۋە ئۈچەيلەردىكى سەپرالىق خىلىتلارنىڭ غىدىقلىشىنى پەسەيتىدۇ. باراۋەر مىقداردىكى يېغى سۈت بىلەن بىرلىكتە ئۈدا ئون كۈن ئىستېمال قىلسا مەنىي كۆپەيتىدۇ، سىناقتىن ئۆتكەن. گۇرۇچ سوقۇلغاندا توزىغان توزۇندىسىنى بۇرۇنغا پۈركىسە بۇرۇن قاناشنى توختىتىدۇ، بۇنىڭ بىلەن بەدەن يۇيۇلسا بەدەننى تازىلايدۇ، تۇرمۇس بىلەن مەلھەم قىلسا داغ ۋە تېرىدىكى ئىزلارنى يوقىتىدۇ، قوغۇن سۈيى بىلەن مەلھەم قىلسىمۇ شۇ تەسىرنى بېرىدۇ. ئۆچكىنىڭ بۆرەك يېغى بىلەن زىمات قىلسا چىيقاننى ئېغىز ئالدۇرىدۇ. سەپسە يېغى جاراھەتلەرگە مەنپەئەت قىلىدۇ. مەرۋايىتقا ئوخشاش جاۋاھىراتلار گۇرۇچنىڭ قاينىتىلغان سۈيى ياكى ئۇنىڭ كېپىكىنىڭ قاينىتىلمىغان سۈيى بىلەن يۇسا كىرلىرىنى تازىلاپ پارقىرىتىدۇ، شۇنداقلا يۇمشاق تارتىلغان گۇرۇچ ئۇنىنى سۇ بىلەن يۇغۇرۇپ جاۋاھىراتلارغا سۈركەپ يۇسا، شۇ يوسۇندا بىر قانچە قېتىم تەكرارلانسا، جاۋاھىراتلارنى ياخشى تازىلاپ پارقىرىتىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** پوستىدىن ئايرىلمىغان گۇرۇچنىڭ قاينىتىلغان سۈيى، گۇرۇچ پوستىنىڭ يۇمشاق سالايە قىلىنغان توزۇندىسى زەھەرلەر قاتارىدىندۇر. ئېيتىشلارغا قارىغاندا بەش گىرامى كىشىنى ھالاك قىلىدىكەن. گۇرۇچ قۇلۇنجى ۋە توسالغۇ پەيدا قىلىدۇ.

«تەزكىرە» دېگەن كىتابنىڭ ئاپتورى كۆڭۈلنى ئىلمىشتۇرىدۇ، دەپ قارايدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** بۇغداي كېپىكى سۈيىگە چىلاپ، تاتلىق نەرسىلەر بىلەن بىرلىكتە ئىستېمال قىلىنىدۇ. زاراڭزا سۈيى بىلەن قاينىتىلسا تۇسالغۇنى يوقىتىدۇ.

**ئورۇنباسارى:** يۇيۇلغان ئارپا ئۇنىدۇر.

گۈرۈچنى قورۇش ئۇسۇلى، گۈرۈچ ھالۋىلىرى، گۈرۈچتىن قىلىنىدىغان تائاملار قارابادىندا بايان قىلىندى.

## ئۇرز

(مېۋىسىز ئارچا دەرىخى)

**ماھىيتى:** مېۋىسىز ئارچا دەرىخىدىن ئىبارەت بولۇپ، ھۆل زۇفتى ئۇنىڭدىن ھاسىل بولىدۇ، ئەرەب زېمىنلىرىدا ئۆسىدۇ.

**تەبىئىتى:** قۇرۇق ئىسسىق.

## ئەرزە

(ئەرزە قۇرتى)

بۇ ھىندىچە «دەيمەك» دېيىلىدۇ.

**ماھىيتى:** ناھايىتى ئۇششاق، رەڭگى ئاق، بېشى ۋە ئېغىزى ئازراق قاتتىق، تېنى يۇمشاق، شىلىمشىق سۇيۇقلۇققا توشقان قۇرتتىن ئىبارەت بولۇپ، دەرەخ پوستى، قەغەز، كىتاب، كىيىم، كۆرپە ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ئۇچرىغان ھەرقانداق نەرسىنى يەيدۇ. يېگەن يېرىگە لاي چاپلىشىپ قالىدۇ، قۇرۇسا ئازراق قاتىدۇ، بەلكىم بۇ ئۇنىڭ شالۇسىنىڭ چاپلىشىشىدىن بولۇشى مۇمكىن، مەلۇم ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن يېگەن يېرى بۇزۇلۇپ يوقىلىپ كېتىدۇ، بولۇپمۇ كىتاب، كۆرپە، كىيىملەر شۇنداق بولىدۇ.

بۇ قۇرت ئۆي ئىچى، ساندۇق، كۆرپە ياكى ئۆلارنىڭ ئاستىلىرىدا تۇرۇپ قالغان بۇخاراتلاردىن ھاسىل بولىدۇ. تۆپرىقى نەم، يۇمشاق، بوش بولغان يەرلەردە پەيدا بولىدۇ، ئۇ يەرلەردە ئۇنىڭگەن ھەرقانداق نەرسىنى يەپ بۇزىدۇ. بېنگالدا يامغۇر پەسلىنىڭ ئاخىرلىرىدا چوڭىيىپ خورما ئۇرۇقچىسى چوڭلۇقىدا بولىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن قانات چىقىرىپ ئۇچىدۇ ۋە مەلۇم مۇددەتتىن كېيىن ئۆلىدۇ. ھىندىستان خەلقى: «بۇ قۇرتنىڭ پادشاھى بار، تېنى ناھايىتى چوڭ بولۇپ، بارماق توملۇقى ۋە ئۇزۇنلۇقىدا بولىدۇ.» دەيدۇ. ئۆلارنىڭ قارىشىچە، ئۇ ناھايىتى ئىسسىق بولۇپ، باھنى قۇۋۋەتلەيدىكەن. قىش پەسلىدە چۆللەر ۋە تاغ باغرىلىرىغا ئوخشاش يەرلەردە مەزكۇر پادشاھ قۇرت پەيدا بولىدىغان ئورۇنلاردىن ئۇنى

تېپىپ ئېلىپ باشلىرىنى كېسىۋېتىپ، تېنىنى كالا يېغى بىلەن ياغلاپ يۇتىدۇ. ئۇلار: «دەرھال يۇتماي بىر ـ ئىككى كۈن قويۇپ قۇيسا، شىلىمشىق سۇيى ئېرىپ ئېقىپ كېتىپ پوستى قېلىپ قالىدۇ» دەيدۇ.

بۇ قۇرتنىڭ پادىشاھىنىڭ پەيدا بولىدىغان ئورۇنلىرى شۇكى، يېزىلاردا دېھقانلار زىرائەتنىڭ چۆپلىرىنى ئورۇپ بىر يەرگە جەملەپ قويسا، ئۈستىگە يامغۇر ۋە شەبنەم چۈشۈپ نەمدىگەندىن كېيىن قۇياشنىڭ ھارارىتى بىلەن ئۈنىدىن بۇخارات ئۆرلەيدۇ. بۇ بۇخارات چىرىپ مەزكۇر قۇرت ھاسىل بولىدۇ. ئۇنى بىلىدىغانلار مەزكۇر جايلارنى كولاپ يىغىۋېلىنىدۇ. بەزىلىرى بىر دانە، يەنە بەزىلىرى ئىككى دانە بولىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، كالا يېغى بىلەن ئېرىتىپ بوۋاسىرغا سۈركىسە مەنپەئەت قىلىدىكەن. سۆگەت گۈلىنىڭ سۇيى ئۈستىگە سېپىلسە ئۆلۈپ قالىدىكەن. ھۆپۈپ، تۇرنا قانىتى تۇتۇنى، قۇرۇق يۇمغاقسۇت ۋە پۇدىنە تۇتۇنى ئۇنى قاچۇرىدىكەن.

## ئەرستۇن
(ئەرستۇن ئىچىملىكى)

بۇ، قويۇق ئىچىملىك بولۇپ، ھاراق ۋە ئىسسىق تەبىئەتلىك دورىلاردىن تەييارلىنىدۇ، ھاراقتىن كۈچلۈكرەك بولىدۇ. سوغۇق مىزاجدىكى ئۈچەيلەرنى قۇۋۋەتلەيدۇ، قارابادىندا بايان قىلىنىدى.

### ئەرغامۇنى
(ئەرغامۇنى ئوتى)

ئۇ پارسچە «مامىيسائى سۇرۇخ» (قىزىل مامىسا)، ھىندىچە «بەنپۇستە» دېيىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** بىر خىل ئۆسۈملۈك بولۇپ، ياۋا خەشخاشقا ئوخشايدۇ، يوپۇرمىقى بولۇپ، لالىگۈل يوپۇرمىقىغا ئوخشايدۇ. گۈلى قىزىل بولۇپ، بېشى خەشخاش بېشىغا ئوخشاش قىزىل، ئەمما ئۇنىڭدىن ئۇزۇنچاقراق بولىدۇ، يىلتىزى يۇمىلاق بولۇپ، سۇتىنىڭ رەڭگى زەپەر رەڭ سېرىق بولىدۇ.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ئىسسىق، ئۆتكۈر بولۇپ، ماددىلارنى تارقىتىدۇ، كۆزنىڭ «ئەرغاسىن» ۋە «ناقلىسا» دېيىلىدىغان يارىلىرىنى تازىلىغۇچىدۇر. زىمات قىلسا ئىششىقلارنى پەسەيتىدۇ، ئىككى دانە يوپۇرمىقىنى 21 دانە قارىمۇچ بىلەن سالايە قىلىپ سۇ بىلەن ئېرىتىپ، ئۈچ كۈن ئۇدا ئىستېمال قىلسا، ئېغىز يارىسى ۋە ئېغىزدىن شۆلگەي ئېقىشقا مەنپەئەت قىلىدۇ.

# ئەرقىيتۇن
(ئەرقىتۇن ئوتى)

بۇ، يۇنانچە «ئەرقىيسۇن» دېگەن سۆزنىڭ ئەرەبچىلەشتۈرۈلگىنى بولۇپ، يەنە «قەروسوقيۇن» مۇ دېيىلىدۇ.

**ماھىيتى:** دىسقۇرىدۇسنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ بىر خىل ئۆسۈملۈك بولۇپ، يوپۇرمىقى قاپاق يوپۇرمىقىغا ئوخشاش، ئۇنىڭدىن چوڭراق، قاتتىقراق ۋە تۈكلۈك بولىدىكەن. يەر بېغىرلاپ ئۆسىدىكەن، رەڭگى قارىغا مايىل، يىلتىزى چوڭ ۋە ئاق بولىدىكەن. ئەنتاكىينىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ بىر خىل تۈكلۈك ئۆسۈملۈك بولۇپ، غولى تۆت قىرلىق، بىر گەزدىن پەسرەك ئۆسىدىكەن، تاجىسمان گۈلى قىزىل، ئۇرۇقى قارا زىرە چوڭلۇقىدا بولىدىكەن. يېڭى، تەمى ئۆتكۈر بولغانلىرى ياخشىلىرى ھېسابلىنىدىكەن. «تۆھپە» دېگەن كىتابنىڭ ئاپتورىنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇنىڭ يىلتىزى يۇمشاق، ئاق ۋە تاتلىق ئىكەن.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق، ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىقمۇ دېيىلگەن.

**خۇسۇسىيتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** تېرىلەرگە جۇلا بېرىش، قۇرۇتۇش، ماددىلارنى تارقىتىش، قوروش قاتارلىق خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە بولۇپ، شۇ سەۋەبتىن ئېغىز، چىش، كۆكرەك كېسەللىكلىرى، قان تۈكۈرۈش، بوغۇم ئاغرىقلىرى، ئولتۇرغۇچ نېرۋا ئاغرىقلىرى، بارماقلار سوغۇقنىڭ تەسىرىدە يېرىلىش ۋە يارا بولۇش، سۈيدۈك تۇتۇلۇش، كۆيۈك يارىسى، تىرناق يارىلىرىغا مەنپەئەت قىلىدۇ. يىلتىزىنىڭ قاينىتىلمىسى بىلەن ئېغىز چايقىسا ۋە ئېغىزدا تۇتۇپ تۇرسا چىش ئاغرىقلىرىنى پەسەيتىدۇ، قاينىتىلمىسى بىلەن سوغۇقتىن يېرىلغان ئورۇنلارنى ۋە كۆيۈك يارىسىنى يۇيۇپ بەرسە مەنپەئەت قىلىدۇ. ئۈچ گىرامنى ئارچا مېۋىسى بىلەن ئىستېمال قىلسا، كۆكرەك ئاغرىقلىرى، قان تۈكۈرۈش، كۆكرەكتە ماددىلار تۇرۇۋېلىشلارغا مەنپەئەت قىلىدۇ. 250 مىللىلىتىر قاينىتىلمىسى سۈيدۈك تۇتۇلۇش، ئولتۇرغۇچ نېرۋا ئاغرىقى ۋە بوغۇم ئاغرىقلىرىغا ئىشلىتىلىدۇ. ھۆلى بارماق ئۇچلىرىنىڭ يېرىلىشى، يارىلىنىشى ۋە كۆيۈك يارىسىغا زىمات قىلىنىدۇ. قۇرۇق يوپۇرمىقىنى سوقۇپ، كونا، يامان يارىلارغا سېپىلىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** بۆرەككە زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** ياغلار.

**ئىستېمال مىقدارى:** 18 گىرامغىچە.

**ئورۇنباسارى:** يوپۇرمىقىغا يىلتىزى ئورۇنباسار بولىدۇ.

# ئەرقەتيۇن
(ئەرقەتيۇن ئوتى)

ئۇ «ئەرقەتۇن»مۇ دېيىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** بىر خىل ئۆسۈملۈك بولۇپ، يوپۇرمىقى فۇلۇس يوپۇرمىقىغا ئوخشايدۇ. يوپۇرمىقىنىڭ تۈكلىرى كۆپرەك، شەكلى يۇمىلاق بولىدۇ. يىلتىزى ئاق، تاتلىق بولىدۇ. غولى يۇمشاق بولۇپ تىك ئۆسىدۇ، ئۇرۇقى ئۇششاق زىرىگە ئوخشايدۇ.

**خۇسۇسىيتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ناھايىتى ئۇچۇچان، قۇرۇتقۇچى، جۇلا بەرگۈچىدۇر. يىلتىزىنىڭ قاينىتىلمىسى، ئۇرۇقىنى شاراب بىلەن ئېغىز چايقىسا ۋە ئېغىزدا تۇتۇپ تۇرسا چىش ئاغرىقلىرىنى پەسەيتىدۇ. ئىچسە سۈيدۈك تەستە كېلىش، ئولتۇرغۇچ نېرۋا ئاغرىقىغا پايدا قىلىدۇ. ئوت كۆيۈكىگە، تىرناق تۈۋى يارىسىغا ۋە ھاۋانىڭ سوغۇقلۇقىدىن بولغان يېرىلىشلارغا تۆكسە پايدا قىلىدۇ.

# ئەرمال ۋە ئەرمالىك

ئۇ سۇريانچە «ئەرمالى» دېيىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** بىر خىل ياغاچنىڭ قوۋزىقى بولۇپ، قىرفىگە ئوخشايدۇ. خۇش پۇراق، رەڭگى سېرىققا مايىل بولۇپ قىرفىنىڭ بىر تۈرىدۇر. ئۇ، قىرفە دەرىخى ئۆسىدىغان يەرلەردە ئۆسىدۇ. يېڭى، سېرىق، خۇش پۇراق بولغانلىرى ياخشىلىرى ھېسابلىنىدۇ. «مۇئتەمەدۇل مۇلۇك» دەپ ئاتىلىدىغان نۇۋۋاب سەييىد ئەلۋىيخان ئۇنى كاۋى دەرىخىنىڭ قوۋزىقى دەپ يازغان.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىنىڭ ئاخىرىدا قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** قەرەنپىل، دارچىن ۋە قىرفىنىڭ ئورۇنباسارى بولىدۇ، دەپ قارىلىدۇ. يۈرەك، ئۈچەيلەرنى قۇۋۋەتلەيدۇ، ھەزىمگە ۋە ھەممە قۇۋۋەتلەرگە ياردەم بەرگۈچىدۇر. چىش مىلىكىنى چىڭىتىش، چىش ئاغرىقى، ئېغىزنى خۇش پۇراق قىلىدۇ، كۆز ئاغرىقى، زەخىملەر كېڭىيىپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ، گۆشخور چاقا قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ، ئاغرىق پەسەيتىدۇ، كېرەكسىز ماددىلارنى ھەيدەيدۇ. پۇرىسا مېڭىنى قۇۋۋەتلەيدۇ. ئىچسە بەدەننىڭ ھەرقانداق يېرىدىكى سېسىق بۇخاراتنى يوقىتىدۇ. ئېغىزنى خۇش پۇراق قىلىدۇ، سوغۇقتىن بولغان كۆز ئاغرىقىغا شىپا بولىدۇ. كېرەكسىز ماددىلارنى ھەيدەيدۇ. چوڭ تەرەتنى بوشىتىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن ئېغىز چايقىسا چىش مىلىكىنى چىڭىتىدۇ،

چىش كېسەللىكلىرىگە داۋا بولىدۇ. چىشقا سەپسە چىش ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ، چىش مىلىكىنى چىڭىتىدۇ. زىمات قىلسا ھەر خىل مۇدۇر ـ چاقىلار، ئىششىقلارغا داۋا بولىدۇ، يارىلارنى پۈتتۈرىدۇ، ئەزالارنىڭ چىرىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. مەلھەم قىلسا تىرناقنى ياخشىلايدۇ. سوقۇپ باراۋەر مىقداردىكى بۇغداي ئۇنى، شېكەر بىلەن يۇغۇرۇپ، ياغ بىلەن قورۇپ ئاغرىغان ئەزاغا ۋە سوغۇقتىن ئاغرىغان كۆزگە ئىسسىق ئۆتكۈزسە دەرھال ئاغرىق پەسەيتىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** باشنى ئاغرىتىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** يۇمغاقسۈت.

**ئىستېمال مىقدارى:** يالغۇز ئىشلىتىلسە 10 گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

**ئورۇنباسارى:** ئېغىزنى خۇش پۇراق قىلىش ئۈچۈن كاۋاۋچىن، باشقا جەھەتلەردە قىلىن دارچىن.

ھەكىم مىر ئابدۇلھەمىد «تۆھپەتۇل مۆئمىن»نىڭ ھاشىيەسىدە: «ھىندىچە (لودە) دېيىلىدۇ» دەپ يازغان. بەلكى ئۇ شۇبھىلىنىپ قالغان بولۇشى مۇمكىن. چۈنكى «ئەرمال ۋە ئارمالىك» دېگەن بۇ ئۆسۈملۈك «لودە» ئەمەس. ئېھتىمال ئۇ دارچىننىڭ قىرفە بىلەن سەلىخەنىڭ ئارىلىقىدا تۇرىدىغان ناچار بىر تۈرى بولۇشى مۇمكىن. لودە بولسا باشقا بىر خىل دەرەخنىڭ قوۋزىقى بولۇپ، تەسىرى ئۇنىڭغا يېقىندۇر. ھىندىستان خەلقى ئۇنى مەزكۇر كېسەللىكلەر ۋە باليانقۇ كېسەللىكلىرى ئۈچۈن ھۆللۈكلەرنى قۇرۇتۇش، ھەيز ھەيدەش ۋە باشقىلار ئۈچۈن، شۇنداقلا چاچنى ئۇزارتىش مەقسىتىدە دورىلارغا قوشۇپ ئىشلىتىدۇ. ئۇ خۇش پۇراق ۋە ئەتىرلىك ئەمەس.

## ئەرمەنىين
### (ئەرمەنىين ئوتى)

بۇ يۇنانچە سۆزدۇر.

**ماھىيىتى:** بۇ بىر خىل ئۆسۈملۈك بولۇپ، يەرلىك ۋە ياۋىدىن ئىبارەت ئىككى خىل بولىدۇ. ھەر يىلى يېڭىدىن ئۆسىدۇ. ياۋىسى ئىشلىتىلمەيدۇ. يەرلىكنىڭ يوپۇرماقلىرى ئارچا يوپۇرمىقىغا ئوخشايدۇ، غولى تۆت قىرلىق بولۇپ، يېرىم غۇلاچ ئېگىزلىكتە ئۆسىدۇ. مېۋىسىنىڭ غىلاپى لوبىيانىڭ غىلاپىغا ئوخشايدىغان بولۇپ، غولىنىڭ تۆۋەن تەرىپىدە بولىدۇ. ئۇرۇقى قارا، ئۇزۇنچاق بولىدۇ. ياۋىسىنىڭ ئۇرۇقى يۇمىلاق، توپارەك بولىدۇ.

بەزىلەر ئەرمەنىين قەلقەلان دەرىخى دېيدۇ. ئىبنى بەيتارنىڭ يېزىشىچە ئۇنداق ئەمەس ئىكەن. چۈنكى خۇددى بىزنىڭ زامانىمىزدا مەشھۇر بولغىنىدەك، ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى

قەلقەلاننىڭ ئالاھىدىلىكلىرىگە ئوخشىمايدۇ. «ق» ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلار بايانىدا بايان قىلىنىدۇ.

**تەبئىتى:** ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ماددىلارنى تارقاتقۇچى ۋە تارتقۇچىدۇر. ئۈچ گىرامنى شاراب بىلەن ئىچسە باھنى ئىنتايىن قوزغايدۇ. قايىنتىلمىسىنى زىمات قىلسا بەلغەمدىن بولغان ئىششىقلارنى تارقىتىدۇ، شۇنداقلا سۇ بىلەن زىمات قىلسىمۇ شۇ تەسىرنى بېرىدۇ. ئۆسۈملۈكىنى زىمات قىلسىمۇ شۇ تەسىرنى بېرىدۇ. سۈيىنى ھەسەل بىلەن تېمىتسا كۆزدىكى «ئەرغامىن» دېيىلىدىغان يارىغا پايدا قىلىدۇ، كۆزدىكى ئاقنى يوقىتىدۇ. ياۋىسىنىڭ مەزكۇر تەسىرلىرى كۈچلۈكرەكتۇر، ھامىلىنى چۈشۈرگۈچىدۇر.

## ئەرنەب بەررىي
(قۇرۇقلۇق توشقىنى)

بۇ ئىسىم سۈريانچە «ئەرنەباي» دېگەن سۆزدىن ئەرەبچىلەشتۈرۈلگەندۇر. ئەرەبچە «نەمۇر»، يۇنانچە «فەرۇسىيۇن»، «ئەغرۇس»، «غەرساۋس» دېيىلىدۇ. سۈريانچە يەنە «لائۇسى»مۇ دېيىلىدۇ. پارسچە «خەرگۇش»، تۈركچە «دوشان»، ھىندىچە «ساۋسە»، «كەھەرھە» دېيىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** تونۇشلۇق ھايۋان بولۇپ، مۈشۈككە ئوخشايدۇ. مويلىرى ئۇزۇن، يۇمشاق بولىدۇ. شەكلى ئومۇمەن چاشقانغا ئوخشايدۇ. قولىقى ناھايىتى ئۇزۇن بولىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن پارسچە ‹‹ئېشەك قولاق›› دېگەن مەنىدە «خەرگوش» دېيىلىدۇ. قوللىرى پۇتلىرىدىن قىسقىراق بولىدۇ. ئاياللارغا ئوخشاش ھەيز كۆرىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇنىڭ ئەركىكى چىشىغا، چىشى ئەركىكىگە ئالمىشىپ تۇرىدىكەن. ئەمما بۇ گەپنىڭ ئاساسى يوق. بەلكى بىر يىلى ئەركىكى ناھايىتى مەست، كۈچلۈك بولىدۇ، يەنە بىر يىلى چىشىسى مەست ۋە كۈچلۈك بولىدۇ. شۇ سەۋەبتىن كىشىلەرگە ئەركىكى چىشىغا، چىشى ئەركىكىگە ئۆزگىرىۋېدىغاندەك تۇيۇلىدۇ. بوغاز ۋاقتى 70 كۈن بولىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇنىڭدىن ئارتۇقراقمۇ بولىدىكەن. ئۇنى تازا قورقۇتۇپ بوغۇزلىسا قان ئاقمايدىكەن. ئۇ ئاق، قارا، كۈل رەڭ ۋە ئالا رەڭلەردە بولىدۇ.

**تەبئىتى:** ئۈچىنچى دەرىجىدە ئىسسىق، ئىككىنچى دەرىجىدە ھۆلدۇر. بەزىلەر قارىسىنى قۇرۇق، تۈركىستاندا بولىدىغان ئېقىنى ئىنتايىن ئىسسىق، قۇرۇقلۇقى كەمرەك، دەپ قارايدۇ. مەشھۇر قاراشتا ئۇنى مىزاجى سوغۇق دېيىلگەن. ئەمما بۇ قاراش «ئۇنداق بولسا ئۇنىڭ گۆشى نېمە ئۈچۈن پالەچ بىمارلىرىغا ۋە سوغۇق مىزاجلىق كىشىلەرگە پايدا قىلىدۇ؟» دېگەن سۆز بىلەن رەت قىلىنغان. بۇ رەددىيەگە «بۇنداق بولۇشى، ئۇنىڭ مىزاجى ھەرقانچە سوغۇق بولسىمۇ، ھەر ھالدا كېيىك گۆشىدىن ئىسسىقراقتۇر» دەپ جاۋاب بېرىلگەن.

ھەق جاۋاب شۇكى، سوغۇق دېگەن مەشھۇر قاراش خاتادۇر. بۇ قاراشنىڭ مەشھۇر بولۇشىغا ئۇنىڭ قورقۇنچاقلىقى ۋە ئېھتىياتچانلىقى سەۋەب بولغان، چۈنكى بۇ ئىككى ئىشنىڭ تېپىلىشىغا مىزاجىنىڭ سوغۇقلۇقى ئامىل بولىدۇ. بەلكى ئۇنىڭ مىزاجى ناھايىتى ئىسسىقتۇر. ئىسسىقلىقىنىڭ نەتىجىسى ھامان جۈرئەت، باتۇرلۇق ۋە ئۇرۇشقا ئاتلىنىش بولىدۇ. ئۇ كىچىك جانىۋاردۇر، ئىسسىقلىقىنىڭ مەزكۇر نەتىجىلىرى ئۇنىڭدا تېپىلسا ئىدى، ئۇرۇش ۋە ھۇجۇمدىن ھالاك بولغان بولاتتى. جانابى ياراتقۇچى ھەقتائالا غايىتىگە يەتكەن كامىل ھېكمىتى بىلەن ئۇنىڭ يۈرىكىنى بەدىنىگە سېلىشتۇرغاندا كۆپ چوڭ ياراتقان. شۇنىڭ ئۈچۈن تەبىئىي ھارارەت بىلەن روھىي ھايۋانىي ئۇنىڭ يۈرىكىنىڭ بوشلۇقىدا تارقىلىپ زەئىپلىشىپ، ئۇنىڭ قورقۇنچاقلىقى ۋە ئېھتىياتچانلىقىغا سەۋەب بولىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا ئۇنىڭ مىزاجىدىكى ئەسلىي ھارارەت بىلەن ئاچچىقلىنىش ياكى قورقۇنچتىن پەيدا بولغان كېيىنكى ھارارەت بىرلىشىپ ھارارەتنىڭ زەئىپلىشىشىنى پەيدا قىلىدۇ. شۇ ۋەجىدىن قارچىغىنىڭ ئەركىكى كۆپ پەرۋاز قىلالمايدۇ، ئوۋنى چىشىسىدەك ئوۋلىيالمايدۇ. يەنە، ئەركەك شىرلاردا چىشى شىرلاردىكىدەك جۈرئەت بولمايدۇ.

**خۇسۇسىيتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** تۇتقاق كېسەل، پالەچ، ئىستىرخا، لەقۋا، ئەزالارنىڭ لىپىلدىشى، ئەزالارنىڭ تىترىشىگە پايدا قىلىدۇ. ئۇنىڭ گۆشىدىن قىلىنغان غىزالار، بولۇپمۇ ئاچچىقسۇ بىلەن چۈچۈمەللەشتۇرۇلگەن دارچىن، پىلپىل، يالپۇز، قىچا، سېرىقچېچەك ئۇرۇقىغا ئوخشاش تەم تەڭشىگۈچى ۋە قۇۋۋەتلىگۈچى ئىسسىق تەبىئەتلىك دورا ـ دەرمانلار بىلەن كاۋاپ قىلىنغان ۋە قورۇلغان گۆشىنى ئىستېمال قىلسا، پالەچ، لەقۋا، ئىستىرخا، ئەزالارنىڭ سېزىمسىزلىنىشى، تىترىشى، سوغۇقتىن بولغان كېسەللىكلەر، نېرۋا كېسەللىكلىرى، بوغۇم ئاغرىقلىرى، سۈيدۈك تامچىلاپ كېلىش، كېچىسى سىيىپ يېتىش قاتارلىقلارغا پايدا قىلىدۇ. شۇنداقلا ئۇنىڭ دۈملەپ پىشۇرۇلغان گۆشىمۇ شۇ تەسىرنى بېرىدۇ. بۇقا گۆشى ۋە ساغلىق قوي گۆشىدىن ھاسىل بولغان قاندىن قويۇقراق قان پەيدا قىلىدۇ. يۆتەلگە بولسا چۈچۈمەل نەرسىلەر قوشۇلماي ئىستېمال قىلىنىدۇ.

كىچىك بالىغا ئۇنىڭ پەنىرمايىسىدىن ئاز مىقداردا يېگۈزۈلسە كىچىك بالىلاردىكى تۇتقاقلىق كېسەل ۋە جۆيلۈشنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. ئەمما كىچىك بالىنىڭ ئاشقازىنىدا سۈت بولماسلىق شەرت قىلىنىدۇ. چۈنكى ئاشقازاندىكى سۈت بىلەن ئۇچراشسا، ئۇنىڭ ئۇيۇپ قېلىشىغا سەۋەب بولىدۇ. شۇنداقلا كىچىك بالىغا ئۇنىڭ پەنىرمايىسى كالىنىڭ سېرىق مېيى، كالا يېغى، ئۈزۈم سىركىسى ياكى خورما بىلەن بىرلىكتە ئېرىتىلگەن ساپ ھەسەل بىلەن يېگۈزۈلسىمۇ تۇتقاقلىق كېسەلگە پايدا قىلىدۇ. ئۇنىڭ ئۈچ گىرام پەنىرمايىسى باراۋەر مىقداردىكى كۆشتە قىلىنغان زەمچە، بابۇنە ۋە سۇزاپ قايىنىتىلمىسى بىلەن بىرلىكتە بىر قانچە كۈن ئىچىلسە ئۇيۇغان قاننى ئېرىتىدۇ. ھەيزدىن پاك بولۇپ ئۈچ كۈندىن كېيىن،

كۈنىگە 2.5 گىرامدىن يالغۇز ئىستېمال قىلسا ياكى ھەمەل قىلسا ھامىلىدارلىقنى چەكلەيدۇ. ئۇنىڭدىن 10 گىرام ئىستېمال قىلسا بالىياتقۇدىن سۇيۇقلۇق ئېقىشقا پايدا قىلىدۇ. ئۇنىڭ ئالتە مىلىلىگىرامىنى شاراب بىلەن ئىچسە، تۆت كۈندە بىر قېتىم تۇتىدىغان تەپكە پايدا قىلىدۇ، سىناقتىن ئۆتكەن دەپ قارىلىدۇ. ئۈچ گىرامىنى نوقۇت سۈيى بىلەن ئىچسە دوۋساققا قان ئۇيۇپ قېلىشتىن بولغان سۈيدۈك تۇتۇلۇشقا داۋا بولىدۇ. ئۇنىڭدىن 2.5 گىرامغىچە ئېلىپ ئۇزۇم سىركىسى بىلەن ئىستېمال قىلسا، تۇتقاقلىق كېسەلگە شىپا بولىدۇ، ئاشقازاندا ئۇيۇغان قاننى ئېرىتىدۇ. ئەفئا يىلىنى چېقىۋالغاندىكى زەھەرنى ۋە باشقا زەھەرلىك دورىلارنىڭ زەھىرىنى قايتۇرىدۇ. ئومۇمەن بارلىق زەھەرلەر ئۈچۈن تەرياق بولىدۇ.

ئۇنىڭ ئۆتىنىڭ تەسىرى پەنىرمايىسىنىڭ تەسىرىنىڭ ئەكسىچە بولۇپ، بوغۇزلىغاندىن كېيىنلا ئىچىدىن ئېلىپ زەيتۇن يېغى بىلەن بىرلىكتە ئىسسىق ھالدا يۇتسا، تىك ئولتۇرۇپ نەپەسلىنىشكە پايدا قىلىدۇ. تېز ماڭغان ۋە يۈگۈرگەندە ھاسىرايدىغان ياكى نەپىسى يېتىشمەيدىغان كىشىلەرگە شىپا بولىدۇ.

جىگىرىنىڭ قايىنتىلغان شورپىسىنى ئىلمان ھالدا ئىچسە، ھىندىستان ۋە بېنگال شەھەرلىرىدە كىچىك بالىلارنىڭ بىقىنىدا يۈز بېرىدىغان «دۈبە» دېيىلىدىغان كېسەللىككە داۋا بولىدۇ.

ئۇنىڭ ئۆتىنى ئىچسە ئېغىر ئۇيقۇ كەلتۈرىدۇ، سىركە ئىچۈرۈلمىگۈچە، بۇرنىغا سىركە پۈركىمىگۈچە ئويغانمايدۇ. ئۇنى كۈندۈر ۋە سۇزاپ بىلەن يۇغۇرۇپ ھەب ياساپ شاراب ئىچىشتىن ئاۋۋال ئىچسە ئۇيقۇ كەلتۈرىدۇ. ئويغاتماقچى بولغاندا كونا سىركە ئىچۈرسە ئويغىنىدۇ. ئۇرۇقدېنىغا ئاچچىق تۇز سېپىپ ئىككى مىلىلىگىرامىنى بۇرۇنغا پۈركىسە لەقۋاغا پايدا قىلىدۇ. سۇزاپ يېغى بىلەن يېيىسە بالا ھەمراھىنى چۈشۈرىدۇ، سىناقتىن ئۆتكەن. ئايال كىشى توشقاننىڭ جىنسىي ئەزاسىنى پىشۇرۇپ يېسە ھامىلىدار بولۇشقا سەۋەبچى بولىدۇ. شۇنداقلا ئۇنىڭ مايىقى بىلەن ھەمەل قىلسىمۇ ھامىلىدار بولۇشقا سەۋەب بولىدۇ.

مېڭىسىنى قورۇپ يېسە تىترىمە كېسەل بىمارلىرىغا داۋا بولىدۇ. كىچىك بالىلارنىڭ چىش مىلىكىگە سۈركىسە چىشىنىڭ بالدۇر چىقىشىغا ياردەم بېرىدۇ. سىركە ۋە زەيتۇن يېغى بىلەن قايىنىتىپ بەدەنگە سۈركىسە ھاشارات قاچىدۇ ۋە ئۇنىڭغا يېقىن كەلمەيدۇ. مېڭىسىدىن كۈنىگە ئىككى دانە دان چوڭلۇقىدا ئېلىپ، ئۇدا يەتتە كۈن يېگى سۈت بىلەن ئىستېمال قىلسا چاچنىڭ بالدۇر ئاقىرىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. مېڭىسىنىڭ كۈلىنى خوراز يېغى، مائۇلھەسەل ۋە ياۋا پىياز سۈيى بىلەن قوشۇپ ئىشلەتسە دائىرىلىك چاچ چۈشۈش كېسەللىكىگە پايدا قىلىدۇ. ئۇنىڭ قايىنىتىلمىسىدا ئولتۇرسا نۇقرەس، بوغۇم ئاغرىقلىرىغا پايدا قىلىدۇ.

ئۇنىڭ ئۇستىخىنىنىڭ كۈلىنى زىمات قىلسا چاشقان يارىسىنى تارقىتىدۇ. مايىقىدىن

1.5 ~ 3 گىرامغىچە ئىستېمال قىلسا، سۈيدۈك تامچىلاپ كېلىش ۋە كېچىدە سىيىپ يېتىشقا پايدا قىلىدۇ. سۈيدۈكنى كۆزگە تېمىتسا كۆرۈش كۈچىنى ئاشۇرىدۇ. يېڭى قېنىنى ئىسسىق پېتى سۈركىسە داغ، بەھەق ۋە باشتىكى ئاق سۇ تەپچىرەيدىغان مۇدۇرلارنى يوقىتىدۇ. كونا ئاغرىقلارنى پەسەيتىدۇ. قېنىنى پىشۇرۇپ ئىستېمال قىلسا ئۈچەي يارىسى، ئىچ سۈرۈش ۋە ھەر خىل زەھەرلىنىشلەرگە پايدا قىلىدۇ.

توشقاننىڭ يېڭى تۇغۇلغان بالىسىنى بوغۇزلاپ قېنىنى بىر پارچە رەختكە ئېلىپ قۇرۇتۇپ، ساقلاپ قويۇپ، ئانا سۈتى بىلەن ئېرىتىپ، تۇتقاقلىق كېسەل بولۇپ قالغان بوۋاققا ئىچۈرسە شىپا بولىدۇ.

يېغىنى سۈركىسە چاچلارنىڭ يېرىلىشى ۋە چۈشۈشىگە پايدا قىلىدۇ. تېرىسىنى بەدەنگە ئورىسا بەدەننى قىزىتىدۇ، سوغۇق خىلتلارنى مۆتىدىللەشتۈرىدۇ.

ئۇنىڭ ياغلىرى بوۋاسىرنى چۈشۈرىدۇ، سوغۇق ھاۋانىڭ بەدەنگە بولغان تەسىرىنى توسىدۇ.

ئۇنىڭ كۆيدۈرۈلگەن يۈڭى ھەرقانداق ئەزادىن كەلگەن قاننى توختىتىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** ئىسسىق مىزاجلىقلارغا زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** كاسىنە، سىركە، ناخۇش ئانار، قېتىق سۈزمىسى ھەمدە ئۇنى سۈننىڭ ھورىدا سېرىقچېچەك بىلەن پىشۇرۇپ ياغ بىلەن ئىستېمال قىلىشتىن ئىبارەت.

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بوغۇم ئاغرىقى بىمارلىرى ئۈچۈن ھېچقانداق گۆش توشقان گۆشى ۋە كېيىك ئوغلىقى گۆشىدەك پايدىلىق ئەمەس ئىكەن، چۈنكى مەزكۇر بىمارلارغا غىزانى ئاز بېرىش ۋە كېرەكسىز ماددىلىرى ئاز بولغان گۆشلەرنى بېرىش لازىم ئىكەن. مەزكۇر ئىككى خىل گۆش دەل شۇنداق گۆشلەردىندۇر.

ئەگەر ئۇنى قاچىغا پۈتۈن سېلىپ كۆيدۈرگەندىن كېيىن كۈلىدىن 15 گىرام ئىستېمال قىلسا بۆرەكتىكى تاشنى چۈشۈرىدۇ. ئۇنىڭ ئىچىنى تازىلاپ كۆيدۈرۈپ، گۈل يېغى بىلەن مەلھەم قىلسا چاچ ئۈندۈرىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇنىڭ ئوشۇق سۆڭىكىنى ئۆزى بىلەن ساقلىسا يامان كۆز تېگىشنىڭ ئالدىنى ئالىدىكەن. ئۇنىڭ ئىككى كۆزىنى ئېسىۋالسا كىشىلەرنىڭ نەزەرلىرىگە ھەيۋەتلىك كۆرۈنىدىكەن.

ئۇنىڭ كۆيدۈرۈلۈشى، يېغى، قاينىتىلىشى، غىزا قىلىنىشى قارابادىندا بايان قىلىنىدى.

## ئەرنەب بەھرىي
(دېڭىز توشقىنى)

ئۇ يۇنانچە «ئەشرۇش»، «سەلاسيۇس»، ھىندىچە «كاسا» دېيىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** قاسراقلىق بىر خىل ھايۋان بولۇپ، قاسراقلىرى قىزىلغا مايىل بولىدۇ، قاسراقلىرى ئارىسىدا ئۆشنان يوپۇرمىقىغا ئوخشايدىغان يېشىل نەرسىلەر بولىدۇ. بېشىدا

تاش پەيدا بولىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بۇ، بېشى توشقاننىڭ بېشىغا، بەدىنى بېلىقنىڭ بەدىنىگە ئوخشايدىغان ھايۋان ئىكەن.

**تەبىئىتى:** ناھايىتى ئىسسىق ھەم ئۆتكۈردۇر.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** كۆلى كۆزنى روشەنلەشتۈرىدۇ، چىشنى ئاقارتىدۇ. سوقۇپ يالغۇز ياكى چاققاقئوت ئۇرۇقى بىلەن زىمات قىلىپ چاچنى چۈشۈرىدۇ. شۇنداقلا ئۇنىڭ قاينىتىپ ئېلىنغان يېغىنى سۈركىسىمۇ چاچنى چۈشۈرىدۇ. قېنىنى سۈركىسە داغ، بەھەقنە پايدا قىلىدۇ. بېشىنىڭ كۆلىنى ئېيىق يېغى بىلەن سۈركىسە دائىرىلىك چاچ چۈشۈشكە ناھايىتى ياخشى پايدا قىلىدۇ، شۇنداقلا ئۆزىنى سۈركىسىمۇ شۇ تەسىرنى بېرىدۇ. ئىبنى تىلمىز ئۇنى سېرىق ھەرە چېقىۋالغان يەرگە سۈركىسە زەھەرنى ناھايىتى تېز قايتۇرىدۇ، دەپ بىلىدۇ.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ھالاك قىلغۇچى زەھەر بولۇپ، ئىچسە مەلۇم مۇددەتتىن كېيىن كىشىدە قورساق ئاغرىش، سۈيدۈك تۇتۇلۇش، سەپرالىق قەي قىلىش، سېرىقلىق چۈشۈش ئالامەتلىرى كۆرۈلىدۇ. سىيسە ئۇرجۇۋان گۈلىنىڭ رەڭگىدە سېسىق سۈيدۈك كېلىدۇ. بەدىنىدىن بەتبۇي تەر چىقىدۇ. ئازراق قان ئارىلاشقان سەپرالىق قەي قىلىدۇ.

**تۇزەتكۈچىسى:** دەسلەپتە ئېشەك سۈتى ئىچۈرۈلىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن خۇبىبازى يوپۇرمىقىنى پىشۇرۇپ يېگۈزۈلىدۇ. زىيادە سىقىلمىغان ساپ، سۈيۈق شاراب، ئارقىدىن خۇبىبازى يوپۇرمىقى ياكى خۇبىبازى يىلتىزى ۋە سوقۇلغان بىخىنى مەرىيەم قاينىتىلمىسىدىن 450 مىللىلىتىر ئىچۈرۈلىدۇ. دەريا قىسقۇچپاقىسى يېگۈزۈلىدۇ. سوۋۇتۇلغان ئارپا سۈيىدىن، قارا خەربەق، سۈت، سوقمۇنىيا، قەتران ياكى مائۇلھەسەل ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ. قان ئېلىشقا ئېھتىياج بولسا قان ئېلىنىدۇ. قۇستۇرۇش ۋە ئىچىنى سۈرۈش ئارقىلىق بىمارنىڭ ئىچى تازىلىنىدۇ.

يۇقىرىدىكى ئالامەتلەر پەسەيگەندىن كېيىن بىمارنىڭ ساقايغانلىقىنىڭ ئالامىتى شۇكى، بىمار ئاۋۋال بېلىقنىڭ ئىسمىنى ئاڭلاشنى، ئارقىدىن بېلىقنى كۆرۈشنى، ئۇنىڭدىن كېيىن بېلىقنى يېيىشنى يامان كۆرىدۇ.

## ئەرۇسە
(ئەرۇسە ئوتى)

بۇ ھىندىچە ئاتالغۇ بولۇپ، يەنە «ۋانسە»، «بانسە» مۇ دېيىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** ئۆسۈملۈك بىلەن دەرەخنىڭ ئارىلىقىدىكى بىرخىل ئۆسۈملۈك بولۇپ، ھىندىستان بىلەن بېنگالدا كۆپ بولىدۇ. ئېگىزلىكى ئىككى غۇلاچ، بەزىدە ئۇنىڭدىن ئېگىزرەك بولىدۇ. يوپۇرمىقى سۆگەت يوپۇرمىقىغا ئوخشاش بولۇپ، ئۇنىڭدىن سەل كەڭرەك بولىدۇ. شاخلىرى بوغۇملۇق، ياغىچى ئاق بولىدۇ، ياغىچىدىن كۆپ ھاللاردا پالاس، بورا

توقۇلىدۇ. گۈلى كۆپ ھاللاردا ئاق، بەزىسى قىزىل بولىدۇ. بەزىدە بىنەپشە رەڭمۇ بولىدۇ. ياغىچىنىڭ ئوتى ئۆتكۈر بولىدۇ. ئۇنىڭ كۆلىدىن مىلتىق دورىسى ياسىلىدۇ.

**تەبىئىتى:** بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق، بەزىلەر سوغۇق دەيدۇ. گۈلى سوغۇق دەپ يېزىلغان.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** گۈلى جۇدەش، سەپرا ۋە قاننىڭ ئۆتكۈرلۈكى، سۈيدۈكنىڭ كۆيۈشۈپ سىرىق كېلىشىگە پايدا قىلىدۇ. ئىيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇنىڭ يىلتىزى يۆتەل، زىققە نەپەس، كاناي ياللۇغى، بەلغەم ۋە سەپرادىن بولغان تەپلەر، كۆڭۈل ئېلىشىش، قۇسۇش، يەرقان، سۈيدۈك ئېچىشىپ كېلىش، ھىندىچە «سۈزاك» (سۆزنەك) دېيىلىدىغان سۈيدۈك يولى يارىسى قاتارلىقلارغا پايدا قىلىدىكەن. يەنە ئېيتىلىشىچە، ئۇ جۇدەتكۈچى تەپكىمۇ شىپا بولىدىكەن.

مېۋىسى ھىندىچە «گولەر» دېيىلىدىغان «جەممىز سەھرائى» دېگەن مېۋىنىڭ چوڭلۇقىدا بولۇپ، رەڭگى كۆك بولىدۇ. ئۇرۇقى «رىيزە» دېيىلىدۇ. كىچىك باللارنىڭ بويىنىغا ئېسىپ قويسا، ئۇلارنىڭ يۆتىلىنى پەسەيتىدۇ.

## ئەرىيد بەرىيد

**ماھىيىتى:** پارس دورىسى بولۇپ، ئېچىلغان پىيازغا ئوخشايدۇ. سەجىستاندىن چىقىدۇ. غافىقى، يۇسۇف بەغدادىيلار ئۇنى ياۋا قىزىل سەۋسەندىن ئىبارەت بولغان «دەلبۇس» ئۆسۈملۈكى بولۇشى مۇمكىن، دېيىشكەن. ئەنتاكىي ئۇنى پارسچە «سەۋسەنى ئازاد» دېيىلىدىغان ئاق سەۋسەن، «زەنبەق» ئۆسۈملۈكى ئۇنىڭدىن ئىبارەت، دېگەن.

**تەبىئىتى:** ناھايىتى ئىسسىق ۋە ئۆتكۈردۇر.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ماددىلارنى تارتقۇچى، جۇلا بەرگۈچىدۇر. مەلھەم قىلىسا بوۋاسىر قېنىنى توختىتىدۇ، ئىچسە ھەيزنى كۈچلۈك دەرىجىدە ھەيدەيدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** ئۈچ گىرامغىچە.

# پەسىل: «ئ» (ئەلىف) ۋە «س» (سىين) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى

## ئەسارۇن
(ئاسارۇن)

بۇ سۇريانچە ئىسىم بولۇپ، يۇنانچە «سەرابىيۇن»، ھىندىچە «تەگەر» دېيىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** بىر خىل ئۆسۈملۈكنىڭ يىلتىزى بولۇپ، بوغۇملۇق، سەل ئۇزۇنچاق، ئەگرى،

سېرىق، زەرچىۋەدىن ئىنچىكىرەك، چىڭراق بولىدۇ. چاچما يىلتىزلىرى بار، خۇش پۇراق بولۇپ، ئۆتكۈر پۇرايدۇ، تىلنى چاقىدۇ. بەزىلىرى سېرىققا مايىل توپا رەڭ بولىدۇ.

ئۆسۈملۈكى جاڭگاللاردا يەرگە يېپىلىپ ئۆسىدۇ. يوپۇرمىقى ھەشقىپىچەك ۋە يۆگىمەچئوت يوپۇرماقلىرىغا ئوخشايدۇ. لېكىن ئۇنىڭدىن كىچىكرەك، يۇمىلاقراق بولىدۇ. گۈلى بىنەپشە رەڭ بولۇپ، يوپۇرمىقىنىڭ ئاستىدىن ئۆسۈپ چىقىدۇ. كەندىر گۈلىگە ئوخشايدۇ. ئۇرۇقى «گاۋچىرە» مۇ دېيىلىدىغان زاراڭزا ئۇرۇقىغا ئوخشايدۇ.

ئۇنىڭ يەنە بىر تۈر بار بولۇپ، غولى بىر غۇلاچ ئېگىزلىكتە، يۇمىلاق بولىدۇ. يوپۇرمىقى قەنتەرىيۇن دەقىقىنىڭ يوپۇرمىقىغا ئوخشايدۇ. غولى ئۈستىدە كۆپ شاخلىرى بار بولۇپ، بەزىسىنىڭ ئۈستى ۋە ئەتراپلىرىدا بۇغداي دانلىرىغا ئوخشايدىغان دانلار بولۇپ، ئىچىدىن تۈكلۈك ماددا چىقىدۇ. ئۇنىڭ يىلتىزى نامىسىز بارماق توملۇقىدا، بوغۇمسىز، پۇراقسىز، خۇشتەم بولىدۇ.

ئۇنىڭ يەنە بىر تۈرىمۇ بار بولۇپ، يوپۇرمىقى بىرىنچى تۈرىنىڭ يوپۇرمىقىغا ئوخشاش، توپا رەڭ، قاتتىق بولىدۇ. شاخلىرى تارقاق، ئىنچىكە بولۇپ، ئەتراپىدىكى دەرەخلەرگە يامىشىپ ئۆسىدۇ. گۈلى چوڭ بولۇپ، بىنەپشە رەڭدە ئېچىلىدۇ. مېۋىسى كەپە مېۋىسىگە ئوخشايدىغان بولۇپ، ئىچىدىن ئاق لەيلى ئۇرۇقىغا ئوخشاش ئۇرۇق چىقىدۇ. يىلتىزى يەر تېگىگە چوڭقۇرلاپ ماڭمىدىغان بولۇپ، بوغۇملۇق، ئۆتكۈر پۇراقلىق، ئاچچىق بولىدۇ، تېتىسا تىلنى چاقىدۇ. بۇ تۈرى زەھەرلەرنى ۋە يىلان زەھىرىنى قايتۇرۇشقا خاستۇر.

ئۇنىڭ يەنە بىر تۈرى بار بولۇپ، يوپۇرمىقى ھەممە تۈرىنىڭ يوپۇرمىقىدىن ئۇششاق بولىدۇ. يەرگە يېپىلىپ ئۆسىدۇ. گۈلى بىنەپشە رەڭدە ئېچىلىدۇ. يىلتىزى يۇمشاق، بوغۇمسىز، رەڭگى سېرىق، تەمى ئاچچىق، خۇش پۇراق بولىدۇ. ئادەتتىكى تاغلاردا ئۆسىدۇ. بۇ تۈرى يۇقىرىدا ئېيتىلغان تۆت خىل تۈرىنىڭ ئىچىدە ئەڭ ئاجىزى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ياخشىسى بىرىنچى تۈرى بولۇپ، فىرانسىيە، ئافرىقا ۋە شاملاردا ئۆسىدۇ. خۇش پۇراق، پۇرىقى ئۆتكۈر بولىدۇ. چاينىسا تىلنى چاقىدۇ. يىلتىزى دورىلىققا ئىشلىتىلىدۇ.

**تەبىئىتى:** ھەممە تۈرى ئىككىنچى دەرىجىنىڭ ئاخىرىدا قۇرۇق ئىسسىق. بەزىلەر ئۈچىنچى دەرىجىدە ئىسسىق، ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق، دېگەن.

**خۇسۇسىيتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ماددىلارنى ئۈچۈچانلاشتۇرۇش، تارتىشىش، تۇسالغۇلارنى ئېچىش، قۇۋۋەتلەش قاتارلىق خۇسۇسىيىتى بولۇپ، نېرۋىلار، ئاشقازان، جىگەر، تال، بۆرەكتىكى ھۆل سوغۇق، نەمدىگۈچى، بوشاتقۇچى خىلىتلارنى تازىلايدۇ. يالغۇز ياكى مۇناسىپ دورىلار بىلەن ئىستېمال قىلىسا، تۇتقاق كېسەل، لەقۋا، ئىستىرخا، پالەچ، ماددىلارنىڭ قېيىپ قېلىشىدىن بولغان تەشەننۇج، ئەزالارنىڭ سېزىمسىزلىنىشىغا ئوخشاش ھۆل سوغۇقتىن

بولغان كېسەللىكلەرگە پايدا قىلىدۇ. مېڭىنى قۇۋۋەتلەيدۇ، مېڭە ۋە نېرۋىلارغا ھارارەت يەتكۈزىدۇ. بالىياتقۇ شېرىكچىلىكىدە پەيدا بولغان باش ئاغرىقى ۋە ئۇنتۇغاقلىققا پايدا قىلىدۇ. بولۇپمۇ مائۇلھەسەل بىلەن ئىستېمال قىلسا تېخىمۇ ياخشى تەسىر قىلىدۇ. ئىچكى ئەزالاردىكى ئاغرىقلار، ئىستىسقا، توسۇلۇش مەنبەلىك يەرقان، جىگەر بىلەن تالنىڭ يۇمشاق ئىششىقىغا پايدا قىلىدۇ. سۈيدۈك ئاجرىتىش ئەزالىرى ۋە بالىياتقۇدىكى شىلىمشىق سۇيۇقلۇقلار ۋە كېرەكسىز ماددىلارنى تازىلاش، بۆرەك ۋە دوۋساقتىكى تاشلارنى پارچىلاپ چۈشۈرۈپ ئاغرىقنى پەسەيتىش، سۈيدۈك تۇتۇلۇش، ھەيز تۇتۇلۇش، بوغۇم ۋە يانپاش ئاغرىقلىرى، ئۆلتۈرغۈچ نېرۋا ئاغرىقى، نۇقرەس قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ. بولۇپمۇ ئۇنىڭ ھەر 15 گىرامىنى 925 مىللىلىتىر ئۇزۇم سۈيىگە ئىككى - ئۈچ ئاي چىلاپ قويۇپ ئىشلەتسە، مەزكۇر كېسەللىكلەرگە ياخشى پايدا قىلىدۇ. تۆگە ياكى قوي سۈتى بىلەن ئىشلەتسە، ھۆل سوغۇق مىزاجلىقلارنىڭ باھ قۇۋۋىتىنى ئاشۇرىدۇ. ئاشقازان، جىگەرنى قۇۋۋەتلەيدۇ، كېرەكسىز ماددىلارنى سۈيدۈك ئارقىلىق ھەيدەپ چىقىرىدۇ. بەش گىرامىنى مائۇلھەسەل بىلەن ئىچسە ئاق خەربەققە ئوخشاش ئىچىنى سۈرىدۇ. يېغىنى دائىم پۇراپ بەرسە ئۇنتۇغاقلىققا پايدا قىلىدۇ. كۆزگە سۈركەپ بەرسە مۆڭگۈز پەردە كېسەللىكلىرىگە داۋا بولىدۇ. چايان چېقىۋالغان ئورۇنغا سەپسە پايدا قىلىدۇ. يېڭى سىغىلغان سۈت بىلەن بىرلىكتە يېرىق، دوۋسۇنغا چاپسا باھنى قوزغايدىغان بولۇپ، سىناقتىن ئۆتكەن. ھىندىستان خەلقى ئۇنى كۆرۈچ شارابى بىلەن سۇلۇق قاپارتما چىقىشتىن بۇرۇن ئىچسە قاپارتما ئاز چىقىدۇ، سىناقتىن ئۆتكەن، دەپ قارايدۇ. ئۇ خۇش پۇراق ياسالمىلارغا قوشۇلىدىغان دورىلاردىندۇر.

**زىيانلىق تەسىرى:** ئۆپكىگە زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** مەۋىيزەج (تاغ قۇرۇق ئۈزۈمى).

**ئىستېمال مىقدارى:** مائۇلھەسەل بىلەن بىرلىكتە 5 ~ 15 گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

**ئورۇنباسارى:** باراۋەر مىقداردا ئېگىر ياكى زەنجىۋىل ياكى يېرىم ھەسسە ئېگىردۇر.

ئۇنىڭ جاۋارىشى، شارابى، ئەرقى قارابادىندا بايان قىلىنىدى.

## ئەسەد

(شىر)

ئۇ پارسچە «شىير»، ھىندىچە «باگھ» دېيىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** يىرتقۇچلار قاتارىدىكى مەشھۇر ھايۋاندۇر.

**تەبئىتى:** قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** گۆشى تەستە ھەزىم بولىدۇ، باتۇر قىلىدۇ. يېغىنى بەل، يېرىق

ۋە مەقئەتلەرگە سۈركىسە جىنسىي قۇۋۋەتنى ئاشۇرىدۇ. داغقا سۈركىسە يوقىتىدۇ. چاققاقئوت ئۇرۇقى يېغى بىلەن بىرلىكتە زەكەر تۆشۈكىگە تېمىتسا باھنى تەڭداشسىز قوزغايدۇ. ئۇنىڭ يېغى ۋە ئۆتىنى بەدىنىگە سۈركىسە، ئۇ كىشىدىن يىرتقۇچ ھايۋانلار قاچىدۇ. يېغىنى ئىككى كۆزنىڭ ئوتتۇرىسى ۋە يۈزگە سۈركىسە كىشىلەرنىڭ نەزىرىدە ھەيۋەتلىك بولىدۇ. ئارىستوتېلنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇنىڭ ئۇرۇقىدىنى كاۋاپ قىلىپ يېسە يۈرەك ۋە باھنى ناھايىتى قۇۋۋەتلەيدىكەن. ئوتتۇرىنى يېرىپ قىزىل توغرىغۇ ۋە مەستىكى بىلەن پىشۇرۇپ قۇرۇتۇپ يەسمەن يېغى بىلەن ياغلاپ ناشتىدا قايناق سۇ بىلەن ئىچسە قۇلۇنجى، قورساق ئاغرىقى، بەل ئاغرىقى، بوۋاسىر، جىگەر ۋە بالىياتقۇ ئاغرىقىغا ئوخشاش ئىچكى ئەزا ئاغرىقلىرىغا ناھايىتى پايدا قىلىدۇ. ئۆتىنى كۆزگە سۈركىسە كۆرۈش قۇۋۋىتىنى ئاشۇرىدۇ. ئاياللارغا بەند بولۇپ قالغان كىشى ئەركەك شىرنىڭ ئۆتىدىن ئىككى مىللىگىرام ئېلىپ، توخۇ تۇخۇمىنىڭ ئىللىتىپ پىشۇرۇلغان سېرىقى بىلەن ئىستېمال قىلسا ئالدى ئېچىلىدۇ، ئېيتىشلارغا قارىغاندا، سىناقتىن ئۆتكەن ئىكەن، ئەمما يېڭى ئاي چىققاندا ئىستېمال قىلىش شەرت ئىكەن. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇنىڭ تېرىسىدە ئولتۇرسا نۇقرەس ۋە بوۋاسىرغا مەنپەئەت قىلىدىغان بولۇپ، سىناقتىن ئۆتكەن ئىكەن. ئۇنىڭ تېرىسى ۋە موينىنى كىچىك باللارنىڭ بوينىغا بالاغەتكە يېتىشتىن بۇرۇن ئېسىپ قويسا، تۇتقاق كېسەلگە داۋا بولىدىكەن. ئۇنىڭ مويى بىلەن ئىسرىق سالسا يىرتقۇچ ھايۋانلارنى قاچۇرىدۇ. كۆندە بىر تۇتىدىغان تەپكە مەنپەئەت قىلىدۇ. چامدانغا ئۇنىڭ تېرىسىدىن بىر پارچە قويۇپ قويسا كۆيە چۈچۈشنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. ساندۇقتا كۆيە بولسا ئۇنى ئۆلتۈرىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، تىلىنى قۇرۇتۇپ ئاز مىقداردىكى ناۋات بىلەن سالايە قىلىپ، ھۆل سوغۇقتىن بولغان زىققە نەپەس بىمارىغا يېگۈزسە شىپا تاپىدىكەن. ھامىلىدار ئايال چىشى شىرنىڭ بۆرىنىنى قۇرۇتۇپ، ئۆزى بىلەن ساقلىسا بالىنى سۈتتىن ئايرىغۇچە بولغان ئارىلىقتا ھىندىچە «پەرسۈت» دەپ ئاتىلىدىغان كېسەللىكتىن خالىي بولىدۇ. چىشى شىرنىڭ جىنسىي ئەزاسىنى قۇرۇتۇپ، زۆرۈر بولغاندا قايناق سۇ بىلەن ئىستېمال قىلسا، پەرجىنى تارايتىدۇ ھەم ئىسسىتىدۇ. ئۇنىڭ تېزىكىدىن ئۈچ گىرام ئېلىپ شارابتا ئېرىتىپ شاراب ئىچىشكە ئادەتلەنگەنلەرگە بەرسە، ئۇلارنىڭ ھاراق تاشلىشىغا سەۋەب بولىدۇ.

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، شىر تاجلىق ئاق خورازنىڭ چىللىغان ئاۋازىنى ئاڭلىسا پۈتۈن ئەزايىنى تىترەك بېسىپ قورقىدىكەن. بەزىلەر تىمساھ شىرنىڭ ھۆركىرىگەن ئاۋازىنى ئاڭلىسا ئۆلۈپ قالىدۇ، دەپ ئويلايدۇ.

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، شىر يايلىنىڭ مويى زەھەرلەر قاتارىدىن ئىكەن. كۆپىنچە كىشىلەر ئۇنىڭ يايلىنىڭ موينى كېسىپ تەنبۇل دەرىخىنىڭ يوپۇرمىقىنىڭ تومۇرىنىڭ ئىچىگە تىقىپ ئاداۋەتلىشىپ قالغان كىشىگە يېگۈزىدۇ. ئومۇمەن ئۇنىڭ موينى ھەرقانداق كىشى يېسە ئولتۇرغاندا قورسىقى ئاغرىيدۇ، بىدەنجىر يوپۇرمىقىغا سىيسە، يوپۇرماقنى پارە ـ

پارە قىلىنىدۇ.

زەھەر قايتۇرۇش ئۈچۈن پاقلان ياكى ئوغلاق جىگىرىنى پارچە ـ پارچە قىلىپ خام يۇتقۇزۇلىدۇ. تولۇق ئۈچ سائەت ئۆتكەندىن كېيىن ھىندىچە «كۆتكى» دېيىلىدىغان قارا خەربەقنى يۇمشاق سوقۇپ، بىر چىنە ئىلمان سۇ بىلەن بىرلىكتە ئىچۈرۈپ قەي قىلدۇرۇلىدۇ. قەي قىلمىسا بىدەنجىر دەرىخىنىڭ شېخىنى گېلىغا سىلىپ قەي قىلدۇرۇلىدۇ. بۇ چاغدا شىر مويى جىگەر پارچىلىرى بىلەن بىرلىكتە يېنىپ چىقىدۇ ياكى ھىندىچە «جىھىنگا» دېيىلىدىغان ماھىرۇبيانىنى يىپ بىلەن باغلاپ خام يۇتقۇزۇلىدۇ. ئىككى ـ ئۈچ سائەت ئۆتكەندىن كېيىن يىپ تارتىلسا مويلار ماھىرۇبيانغا چاپلىشىپ چىقىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن ھىندىچە «چۇلائى» دېيىلىدىغان «سەفىد مەرز» ئۆسۈملۈكىنىڭ يىلتىزى گۈرۈچ يۇيۇلغان سۇ بىلەن سالايە قىلىپ ئىچكۈزۈلىدۇ.

شىر كىشىنى چىشلىسە ياكى چاڭگىلى بىلەن زەخىملەندۈرسە يىرتقۇچ ھايۋانلارنىڭ چىشى ۋە چاڭگىلى زەھەرلىك بولغاچقا كىشىگە زىيان يەتكۈزىدۇ. بۇ چاغدا زىراۋەندە بىلەن ئېرىسانى ھەسەل بىلەن يۇغۇرۇپ ئۈستىگە زىمات قىلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن مىس دېتى، زەنگار، كۈمۈش پوقى، موم ۋە زەيتۇن يېغىدىن تەييارلىغان مەلھەم چېپىلىدۇ.

## ئەسەدۇل ئەدەس

(ئەسەدۇل ئەدەس ئوتى)

**ماھىيىتى:** بۇ بىر خىل ئۆسۈملۈك بولۇپ، ئەدەس ئۆسۈملۈكىگە ئوخشايدۇ. توشقانزەردىكى (تەراسىس) ئۆسۈملۈكىنىڭ بىر تۈرى دەپ قارىلىدۇ. يوپۇرمىقى تۈكلۈك، شىلىمشىق بولىدۇ. غولى يېپىقا ئوخشاش، رەڭگى قىزىلغا مايىل ئاق بولىدۇ. گۈلى ئاق ۋە سېرىق بولۇپ، يۆگىمەچئوت گۈلىگە ئوخشايدۇ. ئەمما ئۇنىڭدىن كۆپ كىچىك بولىدۇ. يىلتىزى سەۋزىگە ئوخشاش بولۇپ، ئۇنىڭدىن كىچىك بولىدۇ. ئەتراپىدىكى ئۆسۈملۈكلەرگە يۆگىشىپ قۇرۇتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ھالاك قىلغۇچى دېگەن مەنىدە «ھالۇك» دەپ ئاتىلىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە ئىسسىق، ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق بولۇپ، سوغۇقلۇق قۇۋۋىتىگە ئىگە.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** بەلغەم ۋە كۆيمىگەن سەۋدانى تارقاتقۇچى، سۈيدۈك ھەيدىگۈچى، تاشلارنى پارچىلىغۇچىدۇر. سىركەنجۇۋىل بىلەن ئىچسە يەرقانغا، كەرەپشە بىلەن ئىچسە ئەزالارغا تاش چۈشۈش كېسىلىگە پايدا قىلىدۇ. سىركە بىلەن پىششىق ياكى خام ھالەتتە داۋاملىق ئىستېمال قىلسا سېمىز بەدەننى ئورۇقلىتىدۇ. باشقا ھېچقانداق زىيان كەلتۈرمەيدۇ. گۆش ئۇنىڭ بىلەن قاينىتىلسا تېز ھەم يۇمشاق پىشىدۇ. سىركە بىلەن مەلھەم

قىلىپ، يەرلىك ئورۇنغا زىمات قىلسا، بەلباغسىمان قوقاقىقا مەنپەئەت قىلىدۇ ۋە ئۇنىڭ تەرەققىي قىلىشىنى چەكلەيدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** كۆڭۈلنى غەش قىلىدۇ ۋە ئاينىتىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** بىنەپشە.

**ئىستېمال مىقدارى:** 15 گىرامغىچە.

**ئورۇن باسارى:** ئەپتىمۇن، جۇدەتكۈچى كېسەللىكلەردە سۆئتەر، ئۇنىڭ تۆتتىن بىر ئۈلۈك مىقداردا سۇندۇرۇس.

## ئىسرار
(ئىسرار دەرىخى)

ئۇ ماراكەشچە ئىسمىدۇر.

**ماھىيىتى:** بىر خىل دەرەختىن ئىبارەت بولۇپ، تۈيغۇن سۇلا ۋە ھىجاز دەرياسى ساھىللىرىدا ئۆسىدۇ. دەسلەپتە غولاچ ئېگىزلىكىدە ئۆسۈپ چىقىدۇ. شەكلى ھەمىشىباھارغا ئوخشايدۇ. سۇ يۇزىگە ئۇدۇللاشقاندا ئۇنىڭدىن ئاس دەرىخى يوپۇرمىقى ۋە گۈلىگە ئوخشايدىغان يوپۇرماقلىرى ۋە گۈللىرى پەيدا بولىدۇ. مېۋىسى پىندۇق چوڭلۇقىدا، يۇمىلاق، توكلۇك، ئازراق بەتتەم، تاتلىق ياكى قىرتاق بولىدۇ. يوپۇرمىقىنىڭ تەمى ئازراق ئاچچىق بولىدۇ.

**تەبىئىتى:** مۇرەككەپ قۇۋۋەتلەرگە ئىگە، قىزىتقۇچىدۇر.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ئېزىپ سۈيىنى چىقىرىپ يەرلىك ئورۇنغا سۈركىسە ۋە ئىسرىق سالسا چىش ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ. ئىسسىق مىزاجلىقلار يىگى سۈت بىلەن سوغۇق مىزاجلىقلار شاراب بىلەن ئىچسە باھنى ئىنتايىن قوزغايدۇ. يېڭىسى قاتتىق ئىششىقلارنى تارقىتىدۇ، توسالغۇلارنى ئاچىدۇ، تەبىئىي ھارارەتنى جانلاندۇرىدۇ، بۇخاراتلارنى توختىتىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** ئىككى يېرىم گىرامدىن ئۈچ گىرامغىچە.

يېلىمى شىلىمشىق بولۇپ، قۇرۇغاندىن كېيىن قۇۋۋىتى كۈندۈرغا ئوخشايدۇ. ئارتۇقچە ھۆللۈككە ئىگە بولۇپ، سوغۇقتىن بولغان كېسەللىكلەرگە ۋە بوغۇملاردىكى ھۆللۈكلەرنى ھەيدەشكە ئىشلىتىلىدۇ.

## ئۇسرەج
(ئۇسرەج دورىسى)

ئۇ «سىرەنج» مۇ دېيىلىدۇ، ھىندىچە «سىندۇرس» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** قەلەي ۋە كۈشتە قىلىنغان سەپىداپتىن تەييارلىنىدىغان ماتېرىيالدىن ئىبارەت.

شىگىرىپقا ئوخشايدۇ. ئۇنىڭدىن رەڭسىزرەك يەنى ئوچۇق قىزىل، ئازراق سېرىقتا مايىل بولىدۇ. ئۇنى تەييارلاشنىڭ بىر قانچە خىل ئۇسۇلى بار.

بىرى شۇكى، سەپىداپ قەلئى ياكى قەلەي ۋە قوغۇشۇن ساپال قاچىغا سېلىپ، كورا ئۈستىگە قويۇپ، ئاستىغا قومۇش ۋە باشقا ئوتۇنلار بىلەن ئوت قالىنىدۇ. ئۈستىگە ئازراق تۇز سېپىپ تۆمۈر چۆمۈچ بىلەن قىزارغىچە ئارىلاشتۇرۇلىدۇ. ئوتنىڭ كۈچى ئاشقانسېرى تېخىمۇ قىزىرىدۇ، شۇ چاغدا ئوتتىن چۈشۈرۈپ يەنە بىر قازانغا سېلىپ ئوت ئۈستىگە قويۇپ، كۆيگىچە ۋە ئىنتايىن رەڭدار ھالەتكە كەلگۈچە ئوت قالىنىدۇ.

**تەبئىتى:** سوغۇقلۇقى سەپىداپتىن كەمرەك، قۇرۇقلۇقى ئۇنىڭدىن ئارتۇقراق.

**خۇسۇسىيتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** تارقاتقۇچى، جۇلا بەرگۈچى، زەخمىلەرنى تازىلىغۇچى ۋە گۆش ئۈندۈرگۈچىدۇر. قىزىلگۈل ياكى زەيتۇن يېغى بىلەن مەلھەم قىلسا گۆش ئۈندۈرىدۇ. زەخمىلەرنىڭ ئىششىقىنى قايتۇرىدۇ. كىرەكسىز ماددىلارنى تازىلايدۇ. ئۆلگەن، سېسىغان گۆشنى ۋە پۇراقنى يوقىتىدۇ، قاناشنى توختىتىدۇ. ئوت كۆيۈكنىڭ يارىسىغا مەنپەئەت قىلىدۇ. ئۇ ھايۋانات يېغى، پاقىيوپۇرمىقى سۈيى بىلەن بىرلىكتە ھۆقنە قىلىنسا ئۈچەي يارىسىغا مەنپەئەت قىلىدۇ. يۇمشاق سالايە قىلىپ كالا تەمرەتكىسىگە سىم ئۇسۇملۇكى يوپۇرمىقى سۈيى سۈركەلگەندىن كېيىن ئۈستىگە سەپسە پۈتۈنلۈكىنى بۇزىدۇ، تەكرار سۈركىسە ساقايتىدۇ.

ئۇسرەج ھالاك قىلغۇچى زەھەرلەردىن بولۇپ، ئۇنىڭ بىلەن زەھەرلەنگەن كىشىنى قۇتقۇزۇش ئىسپىداپ بىلەن زەھەرلەنگۈچىنى قۇتقۇزغانغا ئوخشايدۇ. ئاللا بۇيرىسا ئىسپىداپنىڭ بايانىدا بايان قىلىنىدۇ.

ئۇنىڭ مەلھىمى قارابادىندا بايان قىلىندى.

## ئەسرۇزەئ
(ئەسرۇزە قۇرتى)

**ماھىيتى:** بىر خىل قۇرت بولۇپ، كۆكتاتلىقلار، قۇملۇقلاردا پەيدا بولىدۇ ۋە ياشايدۇ.

**خۇسۇسىيتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ئۇزۇلگەن پەي ـ نېرۋىلارغا زىمات قىلسا، ناھايىتى تېز ئەسلىگە كەلتۈرىدۇ.

## ئىستەراغالس
(ئىستەرغالىس يىلتىزى)

بۇ يۇنانچە ئىسىم بولۇپ، ئەرەبچە «مىخلەبۇل ـ ئوقابىل ـ ئەبيەز» ( ئاق قاغا

چاڭگىلى) دېيىلىدۇ.

ماھىيتى: پاكار ئۆسىدىغان بىر خىل ئۆسۈملۈكنىڭ يىلتىزىدىن ئىبارەت. ئۆسۈملۈكى يەر يۈزىگە يېيىلىپ ئۆسىدۇ. يوپۇرمىقى ۋە شاخلىرى نوقۇت يوپۇرمىقى ۋە شاخلىرىغا ئوخشايدۇ. گۈلى ئۇششاق بىنەپشە رەڭ بولىدۇ.

يىلتىزى يۇمىلاق بولۇپ، شام تۇرۇپىغا ئوخشايدۇ، بۇ تۇرۇپتىن خوددى ھايۋاننىڭ مۈڭگۈزىگە ئوخشايدىغان، بىر - بىرىگە كىرىشكەن قارا، قاتتىق شاخچىلار ئۆسۈپ چىقىدۇ. يىلتىزىنىڭ تەمى قىرتاق بولۇپ، ئادەتتە قارلىق دۆڭلەر ۋە سايە يەرلەردە ئۆسىدۇ. ئىبنى بەيتارنىڭ يېزىشىچە، ئەندەلۇستا كۆپ ئۇچرايدىكەن. ئادەتتە يىلتىزى دورىلىقتا ئىشلىتىلىدۇ.

**خۇسۇسىيتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** يىلتىزىنى شاراب بىلەن قايىنتىپ ئىچسە ئەزاغا قۇرۇقلۇق يەتكۈزۈپ قورۇيدۇ، يارىلارنى قۇرۇتىدۇ، ئىچ سۈرۈشنى توختىتىدۇ، سۈيدۈك ھەيدەيدۇ، يۇمشاق سوقۇپ كونا يارىلارغا سەپسە، يارا ئېغىزىنى پۈتتۈرىدۇ، قان توختىتىدۇ، جىسمى قاتتىق بولغاچقا، سوقۇش ناھايىتى تەس.

## ئۇستۇقۇددۇس

بۇ، يۇنانچە ئىسىم بولۇپ، روھلارنى مۇھاپىزەت قىلغۇچى دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. ئەرەبچە «ئانىسۇل ئەرۋاھ» (روھلارغا ماس كەلگۈچى)، «مۇمسىكۇل ئەرۋاھ» ( روھلارنى تۇتۇپ تۇرغۇچى) دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇلۇغ مەككە خەلقى ئۇنىڭ ئۆسۈملۈكىنى « زۇرم» دەپ، گۈلىنى «زەھرۇز زۇرم» دەپ ئاتايدۇ. ئۇ چىقىدىغان ئارالنىڭ نامى سۈريانچە «سەھاۋس» دەپ ئاتىلىدۇ. تەنەكابۇن خەلقى «تۇرۇم» دەپ ئاتايدۇ. ھىندىچە « دەھارۇ» دېيىلىدۇ. بېنگالدا «تەنتەنە» دېيىلىدۇ. ئۇ ئەزىم ئاباد شەھىرى ۋە بېنگالدىمۇ ئۆسىدۇ، لېكىن بۇ جايلاردا ئۆسىدىغانلارنىڭ قۇۋۋىتى باشقا جايلاردا ئۆسىدىغىنىغا قارىغاندا كەمرەك بولىدۇ.

ماھىيتى: ئەتىيازدا ئۆسىدىغان بىر خىل ئۆسۈملۈك بولۇپ، نەم يەرلەردە بىر غۇلاچ ئېگىزلىكتە ئۆسىدۇ. يوپۇرمىقى يالپۇز يوپۇرمىقىغا ئوخشايدۇ، لېكىن ئۇنىڭدىن ئۇزۇنراق ۋە ئىنچىكىرەك بولىدۇ. گۈلى نەيچە شەكىللىك بولۇپ، ئارپا باشقىغا ئوخشايدۇ، ئەمما ئۇنىڭدىن كىچىكرەك بولىدۇ. رەڭگى بىنەپشە رەڭ، ئاققا مايىل بولىدۇ. سېرىق، قىزىل رەڭلەر ئارىلاشقان بولۇپ، توكلۇك، يۇمشاق بولىدۇ، ئۆتكۈر پۇرايدۇ. تەمى ئازراق ئاچچىق، ئۆتكۈر بولىدۇ. ئۇرۇقى ناھايىتى ئۇششاق، سەل ياپىلاقراق، قارامتۇل سېرىق رەڭدە بولىدۇ. ئومۇمەن ئۇششاق تېرىققا ئوخشايدۇ. قولغا سۈركىسە كافۇرغا ئوخشاش پۇرايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىبنى ماسۆيە: «ئۇستۇقۇددۇسنىڭ ئۇرۇقى بار بولۇپ، قولغا سۈركىسە كافۇرنىڭ

پۇرىقى كېلىدۇ، تەمى ئاچچىق ۋە ئۆتكۈر بولىدۇ» دېگەن. بەزىلەرنىڭ ئۇنىڭ ئۇرۇقى بولمايدۇ، دەپ يازغىنىمۇ توغرىدۇر. چۈنكى ھىجاز، رىم، ماراكەش ۋە باشقا مۇنبەت زېمىنلاردا ئۇنگەنلىرىنىڭ ئۇرۇقى بولىدۇ. پۇرىقى كۈچلۈك، ئاچچىق، يۇمشاق، تولۇك بولىدۇ. ھىندىستاننىڭ بەزى جايلىرى، ئەزىم ئاباد، بېنگالنىڭ جاھانگىر، نىگەر دېگەن يەرلىرىگە ئوخشاش ناچار يەرلەردە ئۆسكەنلىرى يىرىك، بەزىسى قارا، بەزىسى ئاقـقا مايىل، ئازراق بىنەپشە رەڭ، توكسىز، بەزىلىرى ئۇرۇقسىز، بەزىلىرى سېرىققا مايىل ئاق، پېچەك ئورۇقلۇق بولىدۇ.

ئۇستۇقۇددۇسنىڭ يەنە بىر تۈرى بار بولۇپ، باشاقلىرى ئىنچىكە، سەل ئۇزۇن، توكسىز، توپا رەڭدە بولىدۇ. پۇرىقى يۇقىرىدىكىگە ئوخشاش، ھەتتا ئۇنىڭدىنمۇ ئۆتكۈررەك بولىدۇ. ئەمما ئۇنىڭ باشقى بارلىقى بايقالمىغان قانچە خىل بولىدىغانلىقى نامەلۇم.

**تەبىئىتى:** بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق، ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىقمۇ دېيىلگەن. مۇشۇ قاراش توغرىراقتۇر. بولۇپمۇ ئۇنىڭ ھىجازدا ئۆسكەنلىرىنىڭ يېڭى، پۇرىقى كۈچلۈك، تەمى ئۆتكۈر بولغانلىرىنىڭ تەبىئىتى ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىقتۇر. شەيخۇر رەئىس (ئىبىن سىنا)، ئىبنى تىلمىز بىرىنچى دەرىجىدە ئىسسىق، ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق دېگەن. ئۇ زېمىنغا مەنسۇپ سوغۇق ۋە ئوتقا مەنسۇپ ئۇچۇچان ماددىلاردىن تۈزۈلگەندۇر. شەيخ داۋۇت ئەنتاكىي ئىككىنچى دەرىجىنىڭ ئاخىرىدا ئىسسىق، ئۈچىنچى دەرىجىنىڭ بېشىدا قۇرۇق دېگەن. بەزىلەر بىرىنچى دەرىجىدە سوغۇق، يەنە بەزىلەر مۇرەككەپ قۇۋۋەتلەرگە ئىگە دەپ بىلگەن. ئۇنىڭ سوغۇق تەركىبلىرى ئىسسىق تەركىبلىرىدىن كەمرەكتۇر. ئۇرۇقى ئىبنى تىلمىزنىڭ سۆزىچە بىرىنچى دەرىجىدە ئىسسىق، ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق بولۇپ، زېمىنغا مەنسۇپ سوغۇق تەركىبلەر ۋە ئوتقا مەنسۇپ ئۇچۇچان سوغۇق تەركىبلەردىن تۈزۈلگەندۇر.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ئۆزىنىڭ ئىسسىق تەبىئىتى، ئۇچۇچان تەركىبىنىڭ قۇۋۋىتى ۋە زېمىنغا مەنسۇپ سوغۇق تەركىبىنىڭ قابىزلىق كۈچى بىلەن ماددىلارنى تارقاتقۇچى، ئۇچۇچانلاشتۇرغۇچى، تازىلىغۇچى ۋە توسالغۇلارنى ئاچقۇچى. ئومۇمىي بەدەن، يۈرەك، مېڭە ۋە ئىچكى ئەزالارنى قۇۋۋەتلەش، بارلىق ئىچكى - تاشقى قۇۋۋەتلەر، مېڭىنىڭ ئەستە ساقلاش قۇۋۋىتى ۋە تەپەككۇر قىلىش قۇۋۋىتىنى ياخشىلاش، روھنى ساپلاشتۇرۇش ۋە كۆڭۈلنى خۇش قىلىش. ئۇستۇقۇددۇس سۆزىنىڭ مەزكۇر تەسىرلىرى بىلەن كۆكرەك كېسەللىكلىرى، يۆتەل، نەزلە، بارلىق ئوفۇنەتلىك كېسەللىكلەر ۋە نېرۋا كېسەللىكلىرىگە مەنپەئەت قىلىدۇ. ئۆزىنىڭ سورۇش ۋە ھەيدەش تەسىرلىرى بىلەن بەلغەم خاراكتېرلىك ھۆل، بۇزۇق خىلتلار ۋە سەۋدا خاراكتېرلىك خىلتلارنى ھەيدەيدۇ. شۇنداقلا جىگەر، تال ۋە سۈيدۈك يولى كېسەللىكلىرىگە شىپا بولىدۇ.

باش كېسەللىكلىرى ۋە باشقىلار: ئۈچ گىرامىنى يالغۇز ئىستېمال قىلسا ھەر خىل سىرتقى زەخىملىنىشتىن بولغان مېڭە مەنبەلىك تىترەش، باش قېيىش ۋە كۆز قاراڭغۇلىششقا مەنپەئەت قىلىدۇ، زېھنىنى ئاچىدۇ. بولۇپمۇ مائۇلھەسەل بىلەن ئىچسە تېخىمۇ ياخشى مەنپەئەت قىلىدۇ. ئۇنىڭ يېگىسىنى يالغۇز ياكى يېگى لىمون شەربىتى بىلەن ئىچسە، ماددىلارنى پارچىلاش ۋە تازىلاش بىلەن بىرلىكتە بۇخاراتلارنى تارقىتىدۇ. ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەيدۇ. ئۇنىڭ قايناتمىسى مائۇلھەسەل بىلەن داۋاملىق ئىچىلسە ئىچ سۈرۈش تەسىرى ئارقىلىق تۇتقاقلىق كېسەل، مالىخولىيا، ساراڭلىق، ئۇنتۇغاقلىق، قاتما كېسەل، سەۋدادىن بولغان ئۆز - ئۆزىگە سۆزلەش، ئىستىرخا، بەدەندە ماددىلارنىڭ قېيىپ قېلىشىدىن بولغان يۆتەل، تەشەننۇج، رەئشە، ئەزالارنىڭ سېزىمسىزلىنىشى ۋە لېپىلدىشى، غەم - ئەندىشە قىلىش قاتارلىقلارنى داۋالايدۇ. چۈنكى ئۇ سەۋدانى سۈرىدۇ. مېڭىدىكى كېرەكسىز ماددىلارنى ۋە بوشاتقۇچى ھۆللۈكلەرنى تازىلايدۇ. ئوفۇنەتلىنىشىنى ۋە نەزلە سۇيۇقلۇقلىرىنىڭ نېرۋىلارغا چۈشۈشىنى توسىدۇ. نېرۋىلارنى قۇۋۋەتلەيدۇ ۋە قىزىتىدۇ. مېڭىنى قۇۋۋەتلەپ مېڭىدىكى روھنى ئۇچۇچانلاشتۇرىدۇ. شۇنىڭدەك ئۇستىقۇددۇسنىڭ ئۆزى مائۇلھەسەل بىلەن ئىستېمال قىلىنسا، شۇنداقلا ئۇنىڭ گۈلەنگىبىنى، يەنى گۈلىنىڭ شېكەر ياكى ھەسەل بىلەن قىلىنغان مۇراببىاسىغا ئۇستىقۇددۇس گۈلى سېپىپ بەش گىرام مىقداردا ئىستېمال قىلىپ، مەلۇم مۇددەت داۋاملاشتۇرسا يۇقىرىدىكى كېسەللىكلەرگە پايدا قىلىدۇ، بولۇپمۇ سەۋدادىن بولغان ئۆزىگە ئۆزى سۆزلەش ۋە غەم - ئەندىشە قىلىشنى تولۇق يوقىتىدۇ. ئاقىرقەرھا ۋە سەكبىنەج بىلەن ئىستېمال قىلسا تۇتقاقلىق كېسەلگە پايدا قىلىدۇ. شۇنداقلا ئۇنىڭغا شەھمەنزەل ئارىلاشتۇرۇپ، يىلدا بىر قانچە قېتىم بەدەننى تەنقىيە قىلسا، تەنقىيەدىن كېيىن، ئاشقازاننىڭ ئەھۋالىغا ئەھمىيەت بەرسە بەلغەم ۋە سەۋدادىن بولغان تۇتقاقلىق كېسەلگە پايدا قىلىدۇ. ئۈچ گىرام ئۇستىقۇددۇسنى سالايە قىلىپ، ئايارەج پەيقىرا بىلەن ئىستېمال قىلىپ 35 كۈنگىچە داۋاملاشتۇرسا، رەئشە ۋە ئەزالارنىڭ لېپىلدىشىغا پايدا قىلىدۇ. شۇنداقلا ئۇنىڭ قاينىتىلمىسىنى مائۇلھەسەل بىلەن ئىچسىمۇ شۇ تەسىرنى بېرىدۇ. ئۇنى يالغۇز ياكى مائۇلھەسەل بىلەن بىرلىكتە بۇرۇنغا تېمىتسا مېڭىنى تەنقىيە قىلىش ۋە كۈچەيتىش تەسىرى بىلەن سەۋدا ۋە بەلغەمدىن بولغان تۇتقاقلىق كېسەلگە پايدا قىلىدۇ. ئىسرىق سالسا ئىستىرخاغا پايدا قىلىدۇ. باشقا زىمات قىلسا ئۇنتۇغاقلىق، قاتما ۋە شۇخۇس (بىر خىل نېرۋا كېسەللىكى) كېسەللىكىگە پايدا قىلىدۇ. ئىككى ھەسسە ئۈزۈم سۈيىگە 429 گىرام ئۇستىقۇددۇس گۈلىنى چىلاپ كوزىغا قاچىلاپ ئېغىزىنى مەھكەم ئېتىپ ئالتە ئاي تۇرغۇزۇپ ئېچىتىلغاندىن كېيىن، تۇتقاق كېسەل بىمارلىرىغا ئاقىرقەرھا بىلەن ئىچۈرسە كۆرۈنەرلىك پايدا قىلىدۇ. بەزىلەر ئۈزۈم سۈيىنىڭ ئورنىغا سىركە قوشىدۇ. بۇ چاغدا سىركىگە بىر ئاي چىلىغاندىن كېيىن ئىشلىتىلىدۇ. ئەگەر بۇ سىركىدىن سىركەنجۇۋىل شېكىرى ياكى سىركەنجۇۋىل ھەسىلى تەييارلاپ ئۇنىڭدىن 30 ~ 60 مىللىلىتىرغىچە ئېلىپ،

ئاقىرقەرھا ۋە سەكبىنەج بىلەن ئىستېمال قىلسا ياخشىراق بولىدۇ.

ئومۇمەن، ئۇستقۇددۇس مېڭىنى تازىلىغۇچى بولۇپ، بەلغەم خاراكتېرلىك ھۆللەشتۈرۈش خۇسۇسىيىتى بىلەن بارلىق كېرەكسىز ماددىلارنى تازىلايدۇ. مېڭىدىكى توسالغۇلارنى ئاچىدۇ، ھەممە قۇۋۋەتلەرنى كۈچەيتىدۇ. بارلىق بۇخاراتلار ۋە بۇزۇق يەللەرنى تازىلايدۇ. مېڭىدىكى روھلارنى ئۇچۇچانلاشتۇرىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇ ئۇنىڭ ئۇچتىن بىرىچىلىك مىقداردىكى يۇمغاقسۇت ئۇرۇقى، تۆتتىن بىرىچىلىك مىقداردىكى مەرزەنجۇش، ئالتىدىن بىرىچىلىك مىقداردىكى مەستىكى، كابۇل ھېلىلىسى ۋە كۇندۇر (ئۇلارنىڭ ھەر بىرى ئالتىدىن بىرىچىلىك مىقداردا ئېلىنىدۇ) بىلەن مەجۇن قىلىپ ياكى قاينىتىپ ئۇخلاشتىن بۇرۇن داۋاملىق ئىستېمال قىلسا، مېڭىدىن نەزلە سۈيۇقلۇقلىرىنىڭ چۈشۈشى، كۆز ئاغرىقى، كاناي ياللۇغى، قۇلاق ئېغىرلىقى، كۆرۈش قۇۋۋىتىنىڭ ئاجىزلىقى قاتارلىقلارغا پايدا قىلىدىغان بولۇپ، سىناقتىن ئۆتكەن رېتسېپتۇر.

قاينىتىلمىسىنى ئىچسە كۆكرەك كېسەللىكلىرى، يۆتەل، نەزلىگە نىسبەتەن ئۇنۇمى ياخشى بولىدۇ، تەسىرى زۇپادىن ياخشىراقتۇر. كۆڭۈلگە خۇشلۇق يەتكۈزۈش، بەلغەم بىلەن سەۋدانى سۈرۈش، سۈيدۈك ئاجرىتىش ئەزالىرىنى قۇۋۋەتلەش، زەھەر قايتۇرۇش قاتارلىق تەسىرلەرگە ئىگە.

ئاشقازان، جىگەر، تال كېسەللىكلىرى ۋە باشقا كېسەللىكلەر: ئۇستقۇددۇستىن بىر ھەسسە، كەپە يىلتىزىدىن بىر ھەسسە ئېلىپ، ھەسەل بىلەن يۇغۇرۇپ ئىستېمال قىلسا، ئاشقازان سوۋۇش ۋە بوۋاسىرغا پايدا قىلىدۇ. دەملىمىسى، قاينىتىلمىسى جىگەرنىڭ سوغۇقتىن بولغان ئىششىقى، ئىستىسقا، تال، بۆرەكنى تەنقىيە قىلىش، مەقئەت كېسەللىكلىرىگە مەنپەئەت قىلىدۇ، شاراب بىلەن بىرلىكتە ئىستېمال قىلىشتا قورساق ئېسىلىش، نېرۋا ئاغرىقى، قوۋۇرغا ئاغرىقى ۋە ئىچىلگەن زەھەرلەرنى قايتۇرۇش قاتارلىقلار ئۇچۇن ئىشلىتىلىدۇ. سىركەنجۇبىل ۋە نەمەك ھىندى بىلەن بىرلىكتە ئىستېمال قىلسا كۆچلۈك سۈرىدۇ. زىمات قىلسا، شۇنداقلا ئۇنىڭ قاينىتىلمىسى بىلەن ئىسسىق ئۆتكۈزسە بوغۇم ئاغرىقلىرىنى پەسەيتىدۇ. يالپۇز ۋە كەرەپشە ئۇرۇقى بىلەن قاينىتىپ سۈرگۈچى دورا بىلەن ئىچسە قورساق ئاغرىقىغا مەنپەئەت قىلىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** سەپرا مىزاج كىشىلەرگە زىيان قىلىدۇ، ئۇسسۇزلۇق پەيدا قىلىدۇ. ئىسسىق مىزاج كىشىلەرنىڭ كۆڭلىنى غەش قىلىدۇ ۋە ئاينىتىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** سىركەنجۇبىل.

بەزىلەرنىڭ ئۆپكىسىگە زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** كەتىرا، سەمغى ئەرەبى.

**ئىستېمال مىقدارى:** 6 ~ 15 گىرامغىچە.

**ئورۇنباسارى:** نەپەس ئەزالىرى ئۇچۇن تاغ كۇدىسى، سەۋدانى تەنقىيە قىلىش ئۇچۇن

ئەپتىمۇن.

شەيخ يۇسۇپ بەغدادى مۇنداق دەيدۇ: «ئۇستۇقۇددۇس مېگىدىكى سەۋدانى سۈرۈشكە خاستۇر. ئىستېمال مىقدارى 3 ~ 15 گرامغىچىدۇر. زىيىنىنىڭ تۈزەتكۈچىسى كەتىرادۇر، سىركەنجىۋىل بىلەن ئىستېمال قىلسا باشقا تۈزەتكۈچىگە ئېھتىياج چۈشمەيدۇ.»

بەزى تېۋىپلارنىڭ ئېيتىشىچە، شارابنىڭ تۈزەتكۈچىسى لىمون شارابىدۇر. ئۇستقۇددۇس مېڭىنىڭ توسالغۇلىرىنى ئاچقۇچى، مېگىدىكى سەۋدا ۋە بەلغەم خىلىتلىرىنى سۈرۈپ چىقارغۇچىدۇر. بەزىلەر سەپرانىمۇ سۈرىدۇ، دەپ قارايدۇ.

ئۇنىڭ ھەبلىرى، يېغى، سىركەنجىۋىلى، شەربەتلىرى، ئەرقى، مەتبۇخى ۋە مەجۇنلىرى قارابادىندا بايان قىلىندى.

## ئىسفاناخ
(پالەك)

ئۇ، يۇنانچە «سۇناخيۇس»، « سۇمان»، «فوسوخيۇس»، رىمچە «ئەبەرقىيا»، پارسچە «ئىسفەناج»، «ئىسپەناج»، فىرانسۇزچە «ئىسپەس»، ھىندىچە «پالەك» دېيىلىدۇ. پالەك ھىندى قەتەف ئۆسۈملۈكىدىن ئىبارەت بولۇپ، ئىسفاناخ رۇمىدۇر.

**ماھىيتى:** مەشھۇر ئۆسۈملۈك بولۇپ، يەرلىك ۋە ياۋىدىن ئىبارەت ئىككى خىل بولىدۇ. يەرلىكى غىزالار بىلەن ئىستېمال قىلىنىدۇ. ئۇنىڭ ياخشىسى يامغۇر سۈيى ئىچكەنلىرىدۇر.

**تەبئىتى:** بىرىنچى دەرىجىنىڭ ئاخىرىدا ھۆل سوغۇق، بەزىلەر ئىسسىق ـ سوغۇقلۇقتا مۆتىدىل، شۇ سەۋەبتىن ئىسسىق مىزاجلىقلار ۋە سوغۇق مىزاجلىقلارنىڭ ھەممىسىگە ماس كېلىدۇ، دەيدۇ. ئەمما ئىسسىق مىزاجلىقلار ئارپا ئېشى ۋە تاتلىق بادام يېغى بىلەن ئىستېمال قىلغىنى ياخشىراق، ئۇ چاغدا ئىسسىق تەپلەر قۇرۇق يۆتەل ۋە قەۋزىيەتكە مەنپەئەت قىلىدۇ. سوغۇق مىزاجلىقلار ئۇچۇن سېمىز گۆش، گۈرۈچ ياكى ئىسسىق دورا ـ دەرمەكلەر بىلەن ئىستېمال قىلغان ياخشىراق.

**خۇسۇسىيتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** تازىلىغۇچى، يۇغۇچى ۋە ماددىنى توسقۇچى قۇۋۋىتى بىلەن چوڭ تەرەتنى بوشىتىدۇ. باشقا كۆكتاتلارغا قارىغاندا ئوزۇقلۇقى ياخشىراق، قورساقنى ئېسىشى ئازراقتۇر. مۇناسىپ ئەشيالار بىلەن قايىنىتىپ يېسە، ئىششىق، ئۇسسۇزلۇق، ئىسسىق تەپلەر، كۆكرەك كېسەللىكلىرى، ئۆپكىنىڭ ئىسسىقتىن بولغان ئاغرىقى، سىل ۋە قاندىن بولغان بەل ئاغرىقىغا مەنپەئەت قىلىدىغان بولۇپ، سىناقتىن ئۆتكەن. سۇ بىلەن غار ـ غار قىلسا، گال ۋە كىچىك تىل ئاغرىقىغا مەنپەئەت قىلىدۇ. ئۇسارىسىنى شېكەر بىلەن بىرلىكتە ئىچسە، گال ئاغرىقى، كىچىك تىل ئاغرىقى، يەرقان، ئەزالاردا تاش پەيدا بولۇش، سىيەلمەسلىك، سۈيدۈك ئېچىشىپ كېلىش ۋە سەپرانى ھەيدەش قاتارلىقلارغا پايدا قىلىدۇ.

زىمات قىلسا، ئىسسىقتىن بولغان بوغۇم ئاغرىقى، ئىسسىقتىن بولغان ئىششىقلار ۋە ئىسسىقتىن بولغان سۆيدۈك تۇتۇلۇشقا مەنپەئەت قىلىدۇ. خام ھالەتتە زىمات قىلسا، قاندىن بولغان ئىششىق ۋە سېرىق ھەرە چېقىۋالغانغا پايدا قىلىدۇ. چىيقانلارنى ئېغىز ئالدۇرىدۇ. سەپداپ بىلەن قايىنتىپ چاپسا مۇدۇر ـ چاقىلارغا مەنپەئەت قىلىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** سوغۇق مىزاجلىقلارغا زىيان قىلىدۇ، باش ئاغرىتىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** بادام يېغى ياكى يېڭى سېرىق ماي، دارچىن، پىلپىل ۋە ئاچچىقسۇ بىلەن پىشۇرۇپ ئىستېمال قىلىشتۇر.

**ئىستېمال مىقدارى:** ئۇسارىسىدىن 10 مىللىلىتىرغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

**ئورۇنباسارى:** سېمىز ئوت بىلەن قەتەف ئۆسۈملۈكىدۇر.

ئۇرۇقى ئاشقازان ئېغىزى ئاغرىقى، ئىچكى ئەزالار ئاغرىقى ۋە ئىسسىقتىن بولغان تەپلەرگە، شىرىسى جۇدەتكۈچى تەپ ۋە سىلغا مەنپەئەت قىلىدىغان بولۇپ، سىناقتىن ئۆتكەن. پىشۇرۇپ زىمات قىلسا ئىسسىقتىن بولغان ئىششىقنىڭ ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ، قاتتىق ئىششىقلارنى يۇمشىتىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** تالغا زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** گىل مەختۇم.

**ئىستېمال مىقدارى:** ئالتە گرام.

بىلگىنكى، پىشۇرۇلغان پالەك ۋە ئۇنىڭغا تاتلىق بادام يېغى، يېڭى سېرىق ماي قوشۇپ تەييارلانغان غىزالار باش ئاغرىقى، قۇرۇقلۇقتىن بولغان تەشنالىق، باشنىڭ ئىسسىقتىن بولغان ئىششىقلىرىغا؛ ئۇنىڭ ياخشى گۆشلەر بىلەن تەييارلانغان غىزاسى سەپرا خاراكتېرلىك سەۋدادىن كېلىپچىققان مالىخولىيا، ساراڭلىق ۋە قۇترىغان ساراڭلىقلارغا مەنپەئەت قىلىدۇ.

پاقلان ياكى ئوغلاق پاچىقى بىلەن پىشۇرۇپ يېسە، باش قېيىش، ئىسسىقتىن بولغان كۆز قاراڭغۇلىشىش، بوغما كېسەل، كۆكرەك ۋە ئۆپكە كېسەللىكلىرى، سىل ھەم يۆتەلگە، ئارپا ۋە ئاقلانغان ماش بىلەن پىشۇرۇپ يېسە، كۆكرەك پەردە ياللۇغى، سۆيدۈك تۇتۇلۇش، سۆيدۈك ئېچىشىپ كېلىش ۋە ئىسسىقتىن بولغان تەپلەرگە مەنپەئەت قىلىدۇ، ئۇسسۇزلۇقنى پەسەيتىدۇ.

پالەكتىن تەييارلىنىدىغان تۈرلۈك غىزالار قارابادىندا بايان قىلىندى.

## ئىسفەلىناس

(ئىسفەلىناس دورىسى)

**ماھىيىتى:** نامەلۇم دورىلار قاتارىدىندۇر. جالىنۇس ئۇنى «قەنا بەررى» دەپ بىلگەن. مالىقى:

«ئۇ باشقا ئۆسۈملۈك، قەنا بەررى ئۆسۈملۈكى بولسا شام خەلقى ۋە باشقا خەلقلەرگە تونۇشلۇقتۇر» دېگەن.

**ماھىيتى:** ئۇنىڭ ماھىيىتى بىلەن تەسىرلىرى ئىسفەلىيىناس ئۆسۈملۈكىنىڭ ماھىيىتى ۋە تەسىرلىرىگە ئوخشمايدۇ. دىسقۇرىدۇس ئۇچىنچى ماقالىدا: «ئۇ بىر خىل ئۆسۈملۈك بولۇپ، شاخلىرى ئۇزۇن بولىدۇ. شاخلىرى ئۇستىدە چوڭ يۆگىمەچئوتتىن ئىبارەت بولغان (قەسۇس) ئۆسۈملۈكىنىڭ يوپۇرمىقىغا ئوخشايدىغان يوپۇرماقلىرى بولىدۇ. يىلتىزلىرى كۆپ، ئىنچىكە، خۇش پۇراق، پۇراقسىز بولىدۇ. گۈلى ئېغىر پۇرايدۇ. ئۇرۇقى ئۇششاق بولۇپ، (فالافىس) ئۆسۈملۈكىنىڭ ئۇرۇقىغا ئوخشايدۇ، تاغلىق رايونلار ۋە تاشلىقلاردا ئۆسىدۇ» دەپ يازغان.

**خۇسۇسىيتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** يىلتىزىنى شاراب بىلەن ئىچسە قانلىق ئىچ سۈرۈش، ئۆتكۈر تولغاق، زەھەرلىك ھايۋانلارنىڭ زەھەرلىرى بىلەن زەھەرلىنىش قاتارلىقلارغا پايدا قىلىدۇ. يوپۇرمىقىنى يەرلىك ئورۇنغا زىمات قىلسا، ئەمچەك ۋە بالىياتقۇدىكى يامان يارىلارغا مەنپەئەت قىلىدۇ. جالىنۇس 7 ـ ماقالىدا: «مەن بۇ دورىنى تېخى سىناقتىن ئۆتكۈزمىدىم، ئىشلىتىشكىمۇ ئۇرۇنمىدىم» دەپ يازغان.

## ئىسفەنج
(بۇلۇت)

بۇ، يۇنانچە «سىيفونا»، ئەرەبچە «زەبەدۇت ـ تەربي» (يېڭى كۆپۈك)، «سەھابۇل بەھر» (دېڭىز بۇلۇتى)، «غەمامە» (بۇلۇت)، «غەيم» (تۇمان)، «نەششافە» (سۈمۈرگۈچى)، «سەۋفۇل ھەجامىين» (لوڭقا قويغۇچىلار يۇڭى)، «ھەرشەغە» دەپ ، پارسچە «ئەبرى مۇردە» (ئۆلۈك بۇلۇت)، «ئەبرى كۇھن» (كونا بۇلۇت)، «نەشكەردى گازران» دەپ، ھىندىچە «مەۋابادىل»، تۈركچە «بۇلۇت» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيتى:** تۇزلۇق دېڭىز بويلىرىدىكى تاشلار ئۈستىدە ھاسىل بولىدىغان ماددا بولۇپ، سۇغا تاش سالسا سۇنى سۈمۈرىدۇ، سىقسا سۇ چىقىدۇ. ئادەتتە ئىككى خىل تۈرى بولىدۇ، بىر خىلى ئارىلىرى بوش، تۆشۈكلىرى چوڭ، جىسمى يۇمشاق بولۇپ، كىگىزگە ئوخشايدۇ، كۆپ تۆشۈكلۈك بولۇپ، چىشى بۇلۇت دېيىلىدۇ، يەنە بىرى خېلى قاتتىق، تۆشۈكلىرى كىچىك، تار بولۇپ ئەركەك بۇلۇت دېيىلىدۇ.

**تەبئىتى:** بىرىنچى دەرىجىدە ئىسسىق، ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق.

**خۇسۇسىيتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ماددىلارنى تارقىتىش، يېڭى ۋە كونا چوڭقۇر يارىلار، جاراھەتلەر، بەلغەم خاراكتېرلىك ئىششىق قاتارلىقلارغا مەنپەئەت قىلىدۇ. كونا يارىلارنى

قۇرۇتۇش، قان توختىتىش، كونا زەخىملەرنى پۇتتۇرۇش، تومۇر ئىغىزلىرىنى پۇتتۇرۇش رولى بار. يىغىسىنى ساپ سىركە ياكى سۇ ئارىلاشتۇرۇلغان سىركە ياكى شاراب بىلەن نەمدەپ يىڭى جاراھەتكە قويسا ساقايتىدۇ. ئۆزىنىڭ تەسىر ۋە خۇسۇسىيەتلىرى بىلەن ھەرقانداق ئەزادىن ئاققان قاننى توختىتىدۇ. ھەسەل ياكى ساپ سۇ بىلەن قاينىتىپ زىمات قىلسا زەخىملەرنى پۇتتۇرىدۇ. قۇرۇقىنى سەپسە چوڭقۇر يارىلارنى قۇرۇتىدۇ. شۇنداقلا قۇرۇق بۇلۇتنى جاراھەت ئۈستىگە شۇ پېتى قويسا، بەدەننىڭ چوڭقۇر قىسمىدا بولغان جاراھەتلەرنى قۇرۇتىدۇ. چۈنكى ئۇنىڭ قۇرۇتۇش قۇۋۋىتى بىلەن تارتىش قۇۋۋىتى تەڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. بۇ ئىككىسى بىر - بىرىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. كۆيدۈرۈلگىنى قان توختىتىش، يىڭى زەخىملەرنى پۇتتۇرۇش جەھەتتە كۈچلۈكرەكتۇر. كۆيدۈرۈپ يالغۇز ياكى كۆيدۈرۈلگەن پاختا ياكى چىگە بىلەن سەپسە، كۆز قۇرغاقلىشىش كېسەللىكىگە مەنپەئەت قىلىدۇ، كۆزنى روشەنلەشتۈرىدۇ، چاپلىشىپ قالغان تومۇر ئىغىزلىرىنى ئاچىدۇ، يامرىغۇچى جاراھەتلەرگە مەنپەئەت قىلىدۇ. كۆيدۈرۈپ يۇيۇلغىنى كۆز كېسەللىكلىرىگە مەنپەئەت قىلىدۇ، ئۇنىڭ پەقەت ھۆللۈكى بولمىغان بىر پارچىسىغا ھەجرۇلىيەھۇد سۈركەپ بىر تەرىپىگە ئوت يېقىپ، يەنە بىر تەرىپىنى قان توختىمايۋاتقان زەخىمگە قويسا، ھارارىتى بىلەن يەرلىك ئورۇننى داغلاپ، كۆلى ئارقىلىق تومۇرلارنىڭ ئىغىزلىرىنى چاپلاشتۇرۇپ، قورۇش خۇسۇسىيىتى بىلەن دەرھال قان توختىتىدۇ. شۇنداقلا ئۇنى زەيتۇن يېغى بىلەن مايلاپ، كۆيدۈرۈپ كۆلىنى سەپسىمۇ قان توختىتىش تەسىرىنى بېرىدۇ. بۇلۇتنى ئىستېمال قىلسا ئىچكى - تاشقى قاناشلارغا مەنپەئەت قىلىدۇ. گالدا زۇلۇك قۇرتى ۋە تىكەنگە ئوخشاش يات ماددىلار تۇرۇپ قالسا، بۇلۇتنىڭ يۇتقىلى بولغۇدەك چوڭلۇقتىكى پارچىسىنى يىپەك ياكى پاختا يىپ بىلەن مۇستەھكەم باغلاپ، يىپنىڭ بىر ئۇچىنى تۇتۇپ تۇرۇپ يۇتۇپ، مەلۇم ۋاقىت سەۋر قىلسا ھۆللۈكلەرنى سۈمۈرۈپ يوغىنايدۇ، شۇ چاغدا بۇلۇتنى يىپ بىلەن تارتىپ چىقارسا، زۇلۇك ۋە تىكەننى ئۆزىگە چاپلاشتۇرۇپ ئېلىپ چىقىدۇ. بۇ جەھەتتە ئۇنۇمى ناھايىتى ياخشىدۇر. قايچا بىلەن ئۇششاق توغراپ زەيتۇن يېغى بىلەن مايلاپ قويۇپ قويسا، چاشقان يېگەندىن كېيىن ئۆلتۈرىدۇ. مىسىردا بۆزچىلەر ئۇنى سۇغا چىلاپ قويۇپ، تەمىنى چىقىرىپ رەختنى ئاقارتىش ئۈچۈن ئىشلىتىدۇ.

ئۇنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىنىڭ بىرى شۇكى، شارابقا سۇ ئارىلاشتۇرۇپ بۇلۇتنى سېلىپ شاراب بىلەن سۇنى بىر - بىرىدىن ئايرىيدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** ئىچكى ئەزالارغا زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** غورا سۈيى ياكى رىباس ئۆسۈملۈكى سۈيى.

ئىستېمال قىلىشقا توغرا كەلسە ناھايىتى ئۇششاق توغراپ ئىستېمال قىلىش لازىم. چۈنكى ئۇ ھاۋانچىدا سوقۇلمايدۇ.

بۇلۇتنى كۆيدۈرۈش، تالقانلاش، يۇيۇش ۋە ئاقارتىش ئۇسۇللىرى قارابادىندا بايان

قىلىنىدى.

بۇلۇتنىڭ ئىچىدە پەيدا بولىدىغان تاشلارنىڭ تەبىئىتى بۇلۇتنىڭ تەبىئىتىگە يېقىندۇر، ھارارىتى كەمرەكتۇر، ئۇچۇچانلاشتۇرغۇچى، قۇرۇتقۇچى ۋە جۇلا بەرگۈچىدۇر. جالىنۇستىن باشقىلارنىڭ قارىشىچە، دوۋساقتىكى تاشنى پارچىلىغۇچىدۇر. چۈنكى جالىنۇس ئۇنىڭ قۇۋۋىتى دوۋساققا يېتىپ بارالمايدۇ، ئەمما بۆرەكتىكى تاشنى پارچىلايدۇ، دەيدۇ.

## ئىسفەندان

(ئىسفەندان شەربىتى)

بىر خىل شەربەت بولۇپ، مەنپەئىتى كۆپتۇر. تەييارلىنىشى قارابادىندا بايان قىلىنىدى.

## ئىسفىداج

(ئۇپا)

بۇ، پارسچە «ئىسفىيداپ» دېگەن سۆزنىڭ ئەرەبچىلەشتۇرۇلگىنىدۇر. ئەرەبچە ۋە ئىبرانچە «بارۇق»، يۇنانچە «سەمۇنىيۇن»، يەنە «خەمسىيۇن»، «سەلىيقۇن»، «زىيرقۇن»، سۇريانچە «ئەسقەتىيقا»، ھىندىچە «سەفىيدە»، تۇركچە «كىرنان» دېيىلىدۇ.

**ماھىيتى:** قەلەي، قوغۇشۇن، رو، تۇتىيا قاتارلىقلاردىن كۆشتە قىلىش ئۇسۇلى بىلەن تەييارلىنىدۇ. ئەڭ ياخشىسى كۆز كېسەللىكلىرى ۋە باشقىلار ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغىنى قەلەيدىن تەييارلانغىنى بولۇپ، جىسمى ئېغىر، يۇمشاق، رەڭگى ناھايىتى ئاق بولىدۇ. ئۇ «سەفىيداپ رۇمى» دېيىلىدۇ. «سەفىيداپ كاشغەريي» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئۇنىڭ ھارارىتى، ئۆتكۈرلۈكى ۋە زىيادە كۈچلۈكلۈكىنى يوقىتىش ئۈچۈن يۇيۇلغىنى ئىشلىتىلىدۇ، بولۇپمۇ كۆز كېسەللىكلىرىدە كۆپرەك دىققەت قىلىش لازىم.

**تەبىئىتى:** ئۈچىنچى دەرىجىدە سوغۇق، ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق. بەزىلەر ئىككىنچى دەرىجىدە سوغۇق، ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق دەپمۇ قارايدۇ.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ئۇچۇچانلاشتۇرۇش، غىدىقلىماي قۇرۇتۇش، سوۋۇتۇش، توسالغۇ پەيدا قىلىش، چاپلاشتۇرۇش، بۇزۇلغان ئارتۇق گۆشنى يوقىتىش، يارىلار ۋە ئوتتا كۆيگەن يارىنى پۈتتۈرۈش قاتارلىق خۇسۇسىيەتلىرى بار. قىزىلگۈل يېغى، بىنەپشە يېغى ۋە سىركە بىلەن بىرلىكتە ئىشلەتسە باش ئاغرىقىنى داۋالايدۇ. كۆز دورىلىرى بىلەن بىرلىكتە كۆز ئاغرىقى، مۇدۇر ـ چاقا، كۆزگە ئاق چۈشۈش، ئىسسىقتىن بولغان ئىششىقلار ۋە يارىلار ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. قىز تۇغقان ئاياللارنىڭ سۈتى ۋە توخۇ تۇخۇمىنىڭ ئېقى بىلەن بىرلىكتە كۆز ئاغرىقى ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. تەكرار يۇيۇپ گۈلاب بىلەن سۇغۇرۇپ، ئاپتاپتا

قۇرۇتۇلغاندىن كېيىن ئىسسىقتىن بولغان كۆز ئاغرىقىغا ئىشلىتىلىدۇ. مەلھەملەردە ئىقلىمىيا، ئىتئۇزۇمى يىلتىزى سۈيى بىلەن بىرلىكتە چاچ - مويلارنىڭ ئۈنۈشىنى چەكلەش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. سىناقتىن ئۆتكەن. ئىتئۇزۇمى يوپۇرمىقى ۋە ماددىنى قايتۇرغۇچى دورىلار بىلەن بىرلىكتە تىلما كېسەل، مۇدۇرلار، قاناش، قىچىشقاق، ئىسسىقتىن بولغان ئىششىق، ئوت ۋە قايناق سۇ كۆيۈكىگە ئىشلىتىلىدۇ. سۈت بىلەن بىرلىكتە بوغۇملارنىڭ ئىسسىقتىن بولغان ئىششىقى، زەخىملەر، مەقئەت يېرىلىش، كۆز ئاغرىقى، كۆز چاقىسى، ھايۋاناتنىڭ كۆزىگە چۈشكەن يەڭگىل ئاقئا ئىشلىتىلىدۇ. ئوتنىڭ كۆيۈك يارىسى ئۈچۈن بىر پارچە رەختنى تۇخۇمنىڭ ئېقى بىلەن ياكى يالغۇز ياكى قىزىلگۈل يېغى بىلەن نەمدەپ ئۇستىگە يېپىلىدۇ، قۇرۇسا يەنە ئالماشتۇرۇلىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن ھەمەل قىلسا ھامىلىدارلىقنى چەكلەيدۇ، ھەيز قېنىنى توختىتىدۇ. دېڭىز چايىنى ۋە سۇ يىلىنى چىقىۋالغان ئورۇنغا سۈركىسە زەھەر قايتۇرىدۇ. موينى يۇلۇۋەتمەكچى بولغان ئورۇنلارغا قويسا موينىڭ يىلتىزىنى رۇسلاپ، يۇمشىتىدۇ - دە، يۇلسا ئاغرىتماي ئاسان يۇلۇنۇپ چىقىدۇ. مەلھەملەرگە قوشۇلسا زەخىملەرنى پۈتتۈرىدۇ، ئۇنىڭدىكى ئارتۇق گۆشنى يەيدۇ.

**ئورۇنباسارى:** ئابار، ئۇسرەج.

**زىيانلىق تەسرى:** ئىستېمال قىلسا گالنى بوغىدۇ. ھەيز توختىتىدۇ، ھامىلىدارلىقنى چەكلەيدۇ. ئۈچ گىرامدىن ئارتۇق ئىستېمال قىلسا كىشىنى ھالاك قىلىدۇ.

چىرىتىش ۋە كۆيدۈرۈشتىن ئىبارەت ئىككى خىل ئۇسۇل بىلەن تەييارلىنىدۇ. ئۇنى يۇيۇش ئۇسۇلى كىتابنىڭ مۇقەددىمىسىدە بايان قىلىندى.

ئۇنى ئىستېمال قىلسا كانال يوللاردا توسالغۇ پەيدا قىلىپ، تارايتىش بىلەن ھالاك قىلىدۇ، بەدەن ۋە چىرايىنى ئۆزگەرتىدۇ، پەيلەر ۋە ئەزالارنى بوشىتىدۇ، ئەقىلدىن ئاداشتۇرىدۇ، بەدەن ۋە مېڭىنى سوۋۇتىدۇ، گالنى قۇرۇتۇپ، خۇددى موزا يېگەندەك قىرتاق سېزىم پەيدا قىلىدۇ، قورساقنى ئاغرىتىدۇ، ئاشقازاننى غىدىقلايدۇ، ئاشقازان ئېغىزىنى ئاغرىتىدۇ، يۆتەلدۈرىدۇ، نەپەسنى قىستايدۇ، قاتتىق ھېق پەيدا قىلىدۇ، ئاخىرىدا گالنى بوغۇپ ھوشسىزلاندۇرىدۇ. ئۆشۈدۈر بىلەن مۇسەئىد (دورىلارنى زەھەرلەندۈرۈش ئۇسۇللىرىنىڭ بىرى) قىلسا كىشىنى ھالاك قىلىدۇ.

ئەگەر مۇشۇ دورىدىن زەھەرلىنىش ئالامەتلىرى كۆرۈلگەندە قۇتقۇزۇش ئۈچۈن قۇستۇرۇلىدۇ، كەرەپشە ئۇرۇقى، رۇمبەدىيان، ئارپىبەدىيان قاتارلىقلارنىڭ قايناتىلمىسىنى ھەسەل بىلەن، ئەنجۈر بىلەن ئۈچ گىرامنىڭ تۆتتىن بىرچىلىك مىقداردىكى سوقمۇنىيانىڭ قايناتىلمىسى مائۇلھەسەل بىلەن ئىچۈرۈلىدۇ، ئارقىدىن ئەپسەنتىن ئۇسارىسى، ئۇنىڭدىن كېيىن سۈيدۈك ھەيدىگۈچى دورىلار مائۇلھەسەل بىلەن ئىچۈرۈلىدۇ.

## ئىسفىداجۇل جەسساسىن

پارسچە «سەفىيداپ يەزىدىي» دېيىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** پارقىراق، جىسمى قاتمۇ قات تاش بولۇپ، يەزىد شەھىرى ۋە ئىسپاھان شەھىرى ئەتراپىدىكى گەج ۋە ئۈنىڭغا ئوخشاش كانلاردا پەيدا بولىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** كۆيدۈرۈلگىنى ئۇچۇچانىراق، شىلىمشىقلىقى ۋە قۇرۇتۇشى ئازراق، پايدىسى كۆپرەك بولۇپ، جۇلا بەرگۈچى، چاپلاشتۇرغۇچى، قوتۇرنىڭ ئىزلىرىنى يوقاتقۇچى، تېرىنى تازىلىغۇچى، يېڭى جاراھەتلەرنىڭ ۋە بۇرۇننىڭ قېنىنى توختاتقۇچىدۇر. سىركە، توشقان تېۋىتى ۋە توخو تۇخۇمىنىڭ ئېقى بىلەن مەلھەم قىلىپ پېشانىگە چاپسا، شىريان تومۇرنىڭ يېرىلىشىدىن پەيدا بولغان بۇرۇن قاناشنى توختىتىپ، يېرىلغان تومۇرنى چاپلاشتۇرىدۇ. سۇ بىلەن بىرلىكتە مەلھەم قىلىنسا تىلما كېسەل ۋە ئىسسىقتىن بولغان ئىششىقلارغا مەنپەئەت قىلىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** ئىستېمال قىلسا گالنى بوغۇش، ئېغىزنى قۇرۇتۇش، ئۈچەينى توسۇش ۋە ئىسپىداپتىن زەھەرلىنىشتە پەيدا بولغان ئالامەتلەرنىڭ كۆپ قىسمى كۆرۈلىدۇ، شۇنداقلا كىشىنى ھالاك قىلىدۇ. بۇنىڭ زەھەرلەش ئالامەتلىرى ئىسپىداپنىڭ زەھەرلەش ئالامەتلىرىدىن كۈچلۈكرەك بولىدۇ.

زەھەر قايتۇرۇش ئۇچۇن قۇستۇرۇلىدۇ، ئىككى يېرىم گىرام ھەشقىپىچەك ئۇرۇقى مائۇلھەسەل بىلەن ئىچۈرۈلىدۇ. لوئابلىق نەرسىلەر، ھۆل لەيلى ۋە مۇلۇخىيا (بىر خىل ئۆسۈملۈك) ئۇسارىسى ئىچۈرۈلىدۇ. ئارقىدىن ئۇچ گىرامنىڭ تۆتتىن بىرىچىلىك مىقداردىكى سوقمۇنىيا گۇلاب بىلەن ئىچۈرۈلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن زەھەر قايتسا ياخشى، بولمىسا يەنە ئىچى سۈرۈلىدۇ، ئۈچەي زەخىملىنىش ئالامەتلىرى كۆرۈلسە، ئۈچەي دىۋارىنى قوغدايدىغان ۋە ئەسلىگە كەلتۈرىدىغان دورىلارنى ئىشلىتىپ، ئۈچەي شىللىق پەردىلىرى قوغدىلىدۇ.

## ئىسفىدباج
(شورپا)

پارسچە «شوربا» دېيىلىدۇ. غىزالار قاتارىدىندۇر.

**ماھىيىتى:** بۇ، چۈجە، ئوغلاق، پاقلان ۋە باشقىلارنىڭ گۆشلىرىگە ئوخشاش ئاسان سىڭىدىغان ئۇچۇچان گۆشلەر، پالەك، قاپاق، ئاقلانغان ماش، ئاقلانغان ئارپىلارغا ئوخشاش

كۆچلۈك تەمى بولمىغان كۆكتات ۋە ئاشلىقلار ھەم مۇناسىپ ئىسسىق دورا ـ دەرمەكلەر بىلەن تەييارلىنىدىغان بىر خىل ئوزۇقلۇق قىممىتى يۇقىرى بولغان، سىڭىشلىك سۇيۇقلۇقتىن ئىبارەت.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە ھۆل ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ئاسان ھەزىم بولغۇچى، ھۆللۈك يەتكۈزگۈچى، ياخشى خىلت پەيدا قىلغۇچى بولۇپ، ئىسسىقتىن بولغان مېڭە پەردە ياللۇغى، مالىخولىيا، سەۋدادىن بولغان ساراڭلىق، ئۇنتۇغاقلىق، ھاڭۋاقتىلىق، سەكتە، پالەچ، لەقۋا، ئىستىرخا، ئەقلىدىن ئېزىش، ئەخمەقلىق، دۆتلۈك، بېيەرۋالىققا ئوخشاش باش ئەزالىرى كېسەللىكلىرىنىڭ كۆپ قىسمىغا، يۆتەل، زىققە نەپەس، ئاۋاز پۈتۈشكە ئوخشاش نەپەس ۋە كۆكرەك كېسەللىكلىرىگە، جوزامغا ئوخشاش سەۋدادىن بولغان كېسەللىكلەرگە ۋە سەۋدا مىزاجلىق كىشىلەرگە مەنپەئەت قىلىدۇ.

**تەييارلىنىشى:** ئوغلاق گۆشى، چۈجە گۆشى ۋە ئۇچارقاناتلارنىڭ گۆشىگە ئوخشاش ئاسان ھەزىم بولىدىغان گۆشلەرنىڭ قايسىسى مۇۋاپىق بولسا ۋە تېپىلسا، پارچە ـ پارچە قىلىپ، سۇ بىلەن قاينىتىپ، كۆپۈكىنى ئېلىپ پىشۇرۇلىدۇ، ئۇستىدىن مۇناسىپ ئاشلىقلار ۋە كۆكتاتلارنى ئاقلاپ ۋە توغراپ پىشقۇچە قاينىتىلىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن ئىسسىق تەبىئەتلىك دورا ـ دەرمەكلەر، يۇمغاقسۇت ۋە مەستىكى قوشۇپ، ئېغىزىنى يېپىپ پىشقۇچە قاينىتىلىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن ئوتتىن چۈشۈرۈپ يالغۇز ياكى مۇناسىپ نەرسىلەر بىلەن ئىستېمال قىلىنىدۇ، پىشۇاتقاندا ئازراق گۈرۈچ قوشسا تېخىمۇ مەززىلىك بولىدۇ. ئۇنىڭ ھورىدا باش ۋە بويۇن قىسمىنى ھوردىتىپ، سۇيىنى ئىچسە زۇكام ۋە يۆتەل بولغانلارغا ناھايىتى ياخشى مەنپەئەت قىلىدۇ.

ئۇنىڭ تەييارلىنىشى ۋە خوسۇسىيەتلىرى قارابادىندا بايان قىلىنىدى.

## ئىسقەنقۇر
(سەقەنقۇر)

ئۇ، «سەقەنقۇر» ۋە «سەقەنقۇس» مۇ دېيىلىدۇ. بەزىلەر ئەرەبچە «ۋەرەل مائىي» (سۇ كەسلەنچۈكى) دېيىلىدۇ، دەيدۇ. ئەمەلىيەتتە ئۇنداق ئەمەس، چۈنكى سۇ كەسلەنچۈكى ھىندىچە «پانىي كى گوي» دېيىلىدۇ، سەقەنقۇر بولسا «سەمھۇر»، ھىندىچە «بەن رەھۇ» دېيىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** ئوغلاقتىن چوڭراق بىر خىل ھايۋان بولۇپ، پۇت ـ قوللىرى بار. شەيخۇر رەئىس (ئىبىن سىنا): «ئۇ، سۇ كەسلەنچۈكىدىن ئىبارەت بولۇپ، مىسىرنىڭ نىل دەرياسىدىن ئوۋلىنىدۇ.» دەپ يازغان. ئۇ يەنە: «ئۇ تىمساھ نەسلىدىن بولۇپ، سۇدىن چىقىپ قۇرۇقلۇقتا

تۇغۇپ كۆپىيىدۇ ۋە شۇ يەردە ئۆسۈپ يېتىلىدۇ.» دەپ يازغان. «شىپائۇل ئەسقام» (كېسەللىكلەر شىپاسى) دېگەن كىتابنىڭ ئاپتورى: «ئۇ كەسلەنچۈككە ناھايىتى ئوخشايدىغان بىر خىل ھايۋان بولۇپ، مىسىردىكى نىل دەرياسىنىڭ بويلىرىدىكى قۇملۇقلاردا تېپىلىدۇ، قۇمنىڭ ئاستىنى تېشىپ، نىل دەرياسىنىڭ ئىچىگە كىرىدۇ. دەپ يازغان. ئۇ يەنە: «بەزىلەر ئۇنى تىمساھنىڭ نەسلىدىن دەيدۇ. تىمساھ بىلەن كەسلەنچۈكنىڭ پەرقى شۇكى، كەسلەنچۈك قۇلۇقلاردا بولىدۇ، سەقەنقۇر بولسا نىل دەرياسىنىڭ قۇملۇق ساھىللىرى ۋە ئۇنىڭغا يېقىن جايلاردا بولىدۇ، كەسلەنچۈكنىڭ تېرىسى سەقەنقۇرنىڭ تېرىسىگە قارىغاندا قاتتىقراق ۋە يىرىكرەك بولىدۇ، كەسلەنچۈك ياۋايى نەرسىلەرنى يەيدۇ، سەقەنقۇرمۇ بوغۇملۇق ھايۋاناتقا ئوخشاش ياۋايى ھايۋانلار ۋە دەريا بېلىقلىرىنى ئوزۇقلۇق قىلىدۇ» دەپ يازغان. بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، سەقەنقۇر تىمساھنىڭ نەسلىدىن بولۇپ، نىل دەرياسىنىڭ بويلىرىدا تۇخۇم تۇغىدۇ ۋە بالا چىقىرىدۇ، سۇغا كىرگەنلىرى تىمساھ، قۇملۇقتا ياشىغانلىرى سەقەنقۇر بولىدۇ. ئۇ كەسلەنچۈك ئەمەس، چۈنكى بايان قىلىنغىنىدەك سەقەنقۇر نىل دەرياسى ۋە ئۇنىڭغا يېقىن جايلاردا، كەسلەنچۈك بولسا باياۋانلاردا ياشايدۇ. سەقەنقۇرنىڭ بېشى ئىنچىكە، ئۇزۇنچاق، تېرىسى كۆك، سېرىق، قارا ۋە ئاق رەڭلەردىن تەركىب تاپقان ئالىيېشىل ھالەتتە بولۇپ، سىلىق بولىدۇ. بەزىلەر ئۇنىڭ تېرىسىنى قاسراقلىق دەيدۇ، كەسلەنچۈكنىڭ بېشى كەڭ، رەڭگى سېرىق ۋە قىزىل رەڭلەردىن تۈزۈلگەن ئالا ھالەتتە، تېرىسى يىرىك، قاسراقسىز بولىدۇ. ئىبنى جەمىئ: « مەن ئۇنى ئۆۋلىغاندىن كېيىن قورسىقىنى يېرىپ، ئىچىدە ئۆزگەرمىگەن ۋە ھەزىم بولمىغان ئۇستىخانلارنى بايقىدىم›› دېگەن.

ئۇمۇ باشقا ھايۋانلارغا ئوخشاش ئەركەك ۋە چىشىنىڭ جۈپلىشىشى بىلەن كۆپىيىدۇ، ئەركىكىنىڭ خورازىنىڭ ئۇرۇقدىنىغا ئوخشاش ئىككى دانە ئۇرۇقدىنى بولۇپ، قورساقنىڭ ئىچى تەرىپى بەل قىسمىغا جايلاشقان. چىشىنىڭ ئىككى جىنسىي ئەزاسى بولۇپ، 20 دىن ئارتۇق تۇخۇم قويۇپ، قۇمنىڭ ئارىسىغا كۆمىدۇ. قۇياش ھارارىتىنىڭ تەسىرىدە قۇم قىزىپ تۇخۇم يېرىلىپ بالا چىقىرىدۇ. «جامىئ» دېگەن كىتابنىڭ ئاپتورى: «ئەمەلىيەتتە ئۇ ئىبنى جەمىئ بايان قىلغان ھايۋاندىن ئىبارەت بولۇپ، بىزنىڭ دەۋرىمىزدە مىسىر دىيارىدا تېپىلمايدۇ، پەقەت فەييۇم شەھەرلىرىدە تېپىلىدىغان بولۇپ، ئۇ يەردىن قاھىرەگە ئېلىپ كېلىنىدۇ، كۆپ ھاللاردا قىش پەسلىدە سوغۇقنىڭ قاتتىقلىقىدىن، سۇدىن قېچىپ قۇرۇقلۇققا چىققان ۋاقتىدا تۇتۇلىدۇ» دېگەن. بەزىلەر: «سەقەنقۇر بەزى چاغلاردا ھىندىستان ۋە ھەبەش شەھەرلىرىنىڭ بىرقانچە ئورۇنلىرى، شۇنداقلا قىزىل دېڭىزلاردىن تېپىلىدۇ» دەيدۇ. ئەبۇل قاسىم ئابدۇرەھمان تەمىيمىي مۇنداق دېگەن : «مەن مەشرىق شەھەرلىرىدە سەقەنقۇر دەپ ئاتىلىدىغان، دېڭىزدا ياشايدىغان بىر ھايۋاننى كۆردۈم، ئۇنىڭ ئۇزۇنلۇقى قۇيرۇقىنى چىقىرىۋەتكەندە ئىككى غۇلاچ ئەتراپىدا، كەڭلىكى يېرىم غۇلاچتىن تارراق، رەڭگى سېرىق ئىكەن. قورسىقى، كىندىكى ۋە ئەركىكىنىڭ قۇيرۇقى ئەتراپىدىكى گۆشلەر

ئىشلىتىلىدىكەن. ئەركىكى كۆچلۈك، گۆشلۈك بولىدىكەن، تۆزلانمىغان گۆشىنى بىر مەزگىل ساقلىغىلى بولىدىكەن، مەن ئۇنىڭ گۆشىنى ئۆزۈم بىلەن بىرگە ئۇنى تۇتقان يەردىن ئىسپاھانغا ئېلىپ باردىم، ئۆزگەرمىدى. ئۇ شەھەرلەرنىڭ خەلقى ئۇنىڭ گۆشى زىيادە ئىسسىق بولغانلىقتىن، سىركىكە ئوخشاش چۆچۈمەل نەرسىلەر بىلەن ئىستېمال قىلىدىكەن. ئۇ باھنى ئىنتايىن كۆچەيتىدىغان بولۇپ، قارا سۇنا بىلەن ئەدەسنى يېمىگۈچە ئاجىزلىمايدۇ. ئۇنى ئوۋلاش ۋاقتى ئەتىياز پەسلىدە ئۇنىڭ كۆيلىگەن ۋاقتىدۇر، جۈپلىشىشتىن بۇرۇن ئوۋلاش لازىم. ئوۋلانغىنى ئەركىكى بولۇشى كېرەك، چۈنكى چىشىسىنىڭ قۇۋۋىتى كەمدۇر، ئوۋلىغان كۈنى بوغۇزلاش لازىم، بولمىسا يېغى ئېرىپ، گۆشى ئورۇق، قۇۋۋىتى ئاجىز بولۇپ قالىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن ئىككى قولى، ئىككى پۇتى كېسىپ تاشلىنىدۇ، قۇيرۇقىنىڭ تۇۋىدىن ئازراق ئېپقېلىنىدۇ، چۈنكى ئۇنىڭ قۇۋۋىتىنىڭ كۆپ قىسمى ئۇنىڭ قۇيرۇقى ۋە جىنسىي ئەزاسىدىدۇر. ئۇنىڭدىن كېيىن ئۆزۈنىسىغا يېرىپ، بۆرىكى، ئورۇقدىنى ۋە يېغىدىن باشقا نەرسىلىرى ئېلىپ تاشلىنىدۇ. تازىلاپ، تۇزلاپ، يېرىلغان يەرنى تىكىپ، ياخشى قۇرۇشى ئۈچۈن ھاۋاسى مۆتىدىل بولغان سايە ئورۇنغا تەتۈر ئېسىپ قويۇلىدۇ ۋە بۇزۇلۇشتىن ساقلىنىدۇ. سۆگەت ياكى خورمىنىڭ ئالا كۆنەس سايىسىغا چاشقان چىقالمىغۇدەك دەرىجىدە ئېسىپ قويۇلىدۇ، چۈنكى چاشقان ئۇنىڭ يېغىغا ئىنتايىن ئامراق بولۇپ، قويماي يەۋېتىدۇ. يەنە چاڭ ـ توزاندىن ساقلىنىدۇ. ئەزالىرىنىڭ گۆشلىرى ئىچىدە باھنى ئەڭ ياخشى قۇۋۋەتلەيدىغىنى بېلى، كىندىكى، قۇيرۇقىنىڭ ئۇنگەن يېرى، بۆرىكى ۋە ئۇرۇقدىنىدۇر، ئۇنى قۇرۇتۇشقا ئىشلىتىلگەن تۇزلىرى ئىچىدىمۇ مەزكۇر ئورۇنلارنىڭ تۇزلىرى باشقا ئورۇنلارنىڭ تۇزلىرىغا قارىغاندا كۈچلۈكرەكتۇر. مۇئەللىپمۇ مۇرشىد ئابادتا 1151 ـ يىلى بېنگال ۋالىيسى نوۋاب شۇجائۇد دەۋلەنىڭ زامانىسىدا (ئەلۋىيخان سانى) دەپ ئاتالغان ئۇلۇغ تاغىسى سەيد ھەكىم ئەلى نەقىيخانىنىڭ خىزمىتىدە بولۇۋاتقان ۋاقىتتا، مەزكۇر ھايۋاندىن بىرنى ئوۋلاپ كەلگەن، ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن ئىككى غۇلاچ، كەڭلىكى يېرىم غۇلاچ، پۇت ـ قوللىرى قىسقا، تىرناقلىرى ئۇزۇن، رەڭگى توپا رەڭ ئىكەن، تېرىسى ئۈستىدە قاسراققا ئوخشايدىغان، ئەمما ئاجرىمايدىغان ماددىلىرى بار ئىكەن. بۇنداق ھايۋاننىڭ تۇتۇپ كېلىنگەنلىكى مۇندىن بۇرۇنمۇ ئاڭلانغانىدى، كېيىنكى ۋاقىتلاردا ئىسلامئابادتىمۇ شۇنداق ھايۋان بار ئىكەن، دېگەن خەۋەرلەر ئاڭلاندى، ئەمما ئۇنىڭ گۆشى ۋە تۇزىنى ئىستېمال قىلغان كىشىلەردىن كۆپ خاسىيەتلىرىنى ئاڭلىمىدۇق.»

**تەبىئىتى:** ئۇنىڭ تۇزلانمىغان يېڭىسى ئىككىنچى دەرىجىدە ھۆل ئىسسىق، بەزىلەر بىرىنچى دەرىجىدە ھۆل دېگەن. تۇزلانغىنى ئۈچىنچى دەرىجىدە ئىسسىق، بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇق، كونىسى ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** گۆشىنى ئىستېمال قىلسا، پالەچ، لەقۋا، رەئشە، ئەزالار

سېزىمسىزلىنىش، قاتما، نۇقرەس، بوغۇم ئاغرىقلىرى، نېرۋىلارنىڭ سوغۇقتىن بولغان كېسەللىكلىرى، بەدەن سوۋۇش، باھ ئاجىزلىقى قاتارلىقلارغا مەنپەئەت قىلىدۇ. ئۇنىڭ باھنى قۇۋۋەتلىشى، باھنى قوزغىشى، مەنىي كۆپەيتىشى ھالاك قىلغۇدەك دەرىجىدە كۈچلۈك دەپ مۇبالىغىلەشتۈرۈلگەن، بولۇپمۇ ھەسەل ياكى ئەدەس قايىنتىلمىسى، شاراب، قۇرۇق ئۈزۈم شىرنىسى، توخۇ تۇخۇمىنىڭ ئىللىتىپ پىشۇرۇلغان سېرىقى ۋە ئۇنىڭ تەسىرىگە ياردەم بەرگۈچى بولغان گۈلاب بىلەن ئىستېمال قىلسا تېخىمۇ شۇنداقتۇر، دېيىلگەن. بولۇپمۇ ئۇنىڭ يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ئورۇنلىرىنىڭ گۆشلىرى، يېغى ۋە ئەركىكىنىڭ جىنسىي ئەزاسىنى ئىستېمال قىلسا تېخىمۇ شۇنداق بولىدۇ، دېيىلگەن. ئېھتىمال قۇرۇق ئىسسىق ئەللەردە ۋە بەزى كىشىلەر ئۈچۈن شۇنداق بولۇشى مۇمكىن، ھاۋاسى ھۆل ئىسسىق بولغان شەھەرلەردە ئۇنىڭ تەسىرى ئاجىز بولىدۇ، بولۇپمۇ ھىندىستان ۋە بېنگال شەھەرلىرىدە ياشىغانلىرىنىڭ تەسىرى ھۆللۈكىنىڭ كۆپلۈكى سەۋەبىدىن تېخىمۇ ئاجىز بولىدۇ.

ئۇنىڭ تۇزلانغىنىنى سوقۇپ، توخۇ تۇخۇمىنىڭ ئىللىتىپ پىشۇرۇلغان سېرىقى بىلەن بىرلىكتە ياكى سالايە قىلىنغان زاغۇن ئۇرۇقى سېپىپ ئىستېمال قىلسا، شۇنداقلا ئۇنىڭ تۇزى، بولۇپمۇ يېغىنىڭ تۇزى ۋە كىندىكىنى توخۇ تۇخۇمىنىڭ سېرىقى بىلەن بىرلىكتە سالايە قىلىنغان دارچىن سېپىپ ئىستېمال قىلسا، باھنى گۆشى ۋە يېغىغا قارىغاندىمۇ بەكرەك قۇۋۋەتلەيدۇ.

مېھرىيارىس: «ئۇنىڭ يېغىنى ھېلىلە ۋە ئامىلە بىلەن بىرلىكتە چاپسا، بەھەق ۋە بەرەسنىڭ رەڭگىنى ئۆزگەرتىدۇ» دەيدۇ.

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، سەقەنقۇر ئادەمنى چىشلەيدىكەن ۋە قوغلايدىكەن، تاپالىسا سۇغا كىرىپ كېتىدىكەن، تاپالمىسا سىيىپ سۈيدۈكىدە يۇيۇلىنىدىكەن. بۇ چاغدا ئادەم دەرھال ئۆلۈپ قالىدىكەن، ئادەم سەقەنقۇر سۇغا كىرىۋېلىشتىن ياكى سۈيدۈكىدە يۇيۇلىنىشتىن بۇرۇن سۇغا كىرىۋالسا سەقەنقۇر ئۇنىڭدىن يىقىلغان پېتى ئۆلىدىكەن، ئادەم ساق قالىدىكەن. لېكىن بۇ ئىشنىڭ راست ـ يالغانلىقى ئېنىق ئەمەس. ئەگەر بۇ ئىش راست بولسا ئاجايىپ خاسىيەت بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** كىشىنىڭ مىزاجى، يېشى، پەسىل، تۇرۇۋاتقان شەھەر، مىزاجىنىڭ ھۆل ـ سوغۇقلۇقىغا قاراپ تۇرۇپ 5 ~ 10 گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** قۇرۇق ئىسسىق مىزاجلىق كىشىلەرگە زىيان قىلىدۇ، بولۇپمۇ تۈزەتكۈچىسىز ئىستېمال قىلسا زىيىنى تېخىمۇ چوڭ بولىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** ھەسەل.

**ئورۇنباسارى:** سەمەكە سەيدا، ياۋا كالىنىڭ قۇرۇتۇلغان چۇيىسىدۇر. بەزى كىشىلەر ئورۇنباسارى خۇسيەتۇسسۆئلەپ دەيدۇ، ئەمما ئاساسى يوقتۇر.

ئۇنىڭ جاۋارىشى، مەجۇنى قارابادىنىدا بايان قىلىنىدى.

## ئۇسقۇردىيۇن
(ياۋا سامساق)

ئۇ يۇنانچە سۆز بولۇپ «سۇقۇردىيۇن» مۇ دېيىلىدۇ. يىلان سامساقى دېگەن مەنىنى بىلدۇرىدۇ، ئىت سامساقى، چۆل سامساقى دېگەن نام بىلەن مەشھۇردۇر. پارسچە «مور سىير» دېيىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** ئىككى خىل بولىدۇ. بىرىنچى خىلى دانسىز بولۇپ، پوستى ئاجرىمايدۇ. تەمى ئاچچىق، قىرتاق، چاققۇچى بولىدۇ. ئۇ «ئۇسقۇردىيۇن جەبەلى» (تاغ ياۋا سامساقى)، «ئۇسقۇردىيۇن مىسرى» (مىسىر ياۋا سامساقى)، «كۇرراس بەررىي» (ياۋا كۇدە) دېيىلىدۇ. يوپۇرمىقى ئۇششاق، توپارەك، يەرلىك سامساقنىڭ يوپۇرمىقىدىن تارراق، گۈلى قىزىلغا مايىل كەلگەن، غولى ئېگىز بولىدۇ. ئادەتتە قۇملۇقلار ۋە تاغلارنىڭ ئۈستىدە ئۆسىدۇ.

ئىككىنچى خىلىنىڭ شەكلى، يوپۇرمىقى يەرلىك سامساققا ئوخشايدۇ، تەمى ئۆتكۈررەك، ئۇچۇچانراق، خۇش پۇراق بولىدۇ. ھەكىم مىر مۇھەممەد مۇئمىن: «ئۇنىڭ ئىككىنچى خىلى چوڭ، ئىككى دانە بولىدۇ، غولى ۋە گۈلى ئاق بولىدۇ» دەيدۇ.

**تەبىئىتى:** ئۈچىنچى دەرىجىنىڭ ئاخىرىدا قۇرۇق ئىسسىق، زەھەر قايتۇرۇش تەسىرىگە ئىگە.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ماددىنى تارقىتىش، جۇلا بېرىش، سۈيدۈك ۋە ھەيز ھەيدەش، زەھەرلەرنى قايتۇرۇش قاتارلىق خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە. ھەممە تەسىرلىرى يەرلىك سامساقتىن كۈچلۈكرەك. يەرلىك سامساق ئاللا خالىسا «س» (سائ) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلار بايانىدىكى «سەۋم» (سامساق)دا تەپسىلىي بايان قىلىنىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** ئالتە گىرامغىچە.

**ئورۇنباسارى:** ئەركەك سامساق. ئېيتىشلارغا قارىغاندا ياۋا پىياز ئىكەن.

سىركىگە چىلانغىنىنىڭ يۇقىرىقى تەسىرى ياخشىراق بولۇپ، زىققە، تال كېسەللىكلىرى ۋە ئىستىسقاغا پايدا قىلىدۇ.

ئورۇقى سوغۇق مىزاجلىقلارنىڭ باھ قۇۋۋىتىنى كۈچەيتىشتە ئۇنۇمى ئالاھىدە ياخشى.

## ئۇسقۇلۇقەندەريۇن
(زەنگى دارۇ)

بۇ، يۇنانچە سۆز بولۇپ، ‹‹پاكلىقنى يوقاتقۇچى›› دېگەن مەنىنى بىلدۇرىدۇ، بەزىلەر ‹‹تالنى

داغلىغۇچى،، دىگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ، دەيدۇ. چۈنكى ئۇ تالنى ئىرىتكۈچى ۋە يوقاتقۇچىدۇر. ئەندەلۇس خەلقى «ئەفەربان» دەيدۇ. مىسىردا «كەففۇن نەسر» (قارا قۇش چاڭگىلى) دەپ ئاتىلىدۇ. شىرازدا «زەنگى دارۇ» (قارا دورا) دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماهىيىتى:** بۇ، سامان غولىلۇق، باشقى ۋە مېۋىسى بولمىغان بىر خىل ئۆسۈملۈك بولۇپ، تاشلىقلار ۋە سايە يەرلەردە ئۆسىدۇ. يوپۇرمىقى بىستىپايەج ئۆسۈملۈكىنىڭ يوپۇرمىقىغا ئوخشاش بولۇپ، چۈرسى چىشلىق، يوپۇرمىقىنىڭ تۆۋەن تەرىپى قىزىلغا مايىل، تۈكلۈك بولىدۇ. ئۈستى تەرىپى يېشىل بولۇپ، ئادەتتە ئېغىر، رەڭگى قىزىل بولغانلىرى ياخشىلىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

**تەبىئىتى:** بىرىنچى دەرىجىدە ئىسسىق، ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق. «تۆھپەتۇل مۆئمىن» دىگەن كىتابنىڭ ئاپتورى ئۇنى ئىككىنچى دەرىجىدە ئىسسىق، ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق، دەپ يازغان.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ماددىلارنى تارقىتىش، ئۇچۇچانلاشتۇرۇش، تۇسالغۇلارنى ئېچىش، سۈيدۈك ھەيدەش، تاش پارچىلاش قاتارلىق خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە. تۇتقاق كېسەل، ھېق تۇتۇش، يەرقان، تال كېسەللىكى ۋە سەۋدادىن بولغان كېسەللىكلەر ئۈچۈن ئىستېمال قىلسا ۋە زىمات قىلسا ناھايىتى ياخشى مەنپەئەت قىلىدۇ. دىسقۇرىدۇسنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇنى سۈت بىلەن قاينىتىپ 40 كۈنگىچە ئىچسە ھەم تال ئۈستىگە زىمات قىلسا تال ئىششىقىنى تارقىتىدىكەن. سالايە قىلىپ شاراب بىلەن ئىچسە، ھېق تۇتۇش، يەرقان، بۆرەك، دوۋساققا تاش چۈشۈش ۋە سۈيدۈك تامچىلاپ كېلىشلەرگە پايدا قىلىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇنى 40 كۈنگىچە ھەسەل بىلەن ئىستېمال قىلسا تال ئىششىقىغا پايدا قىلىدىغان بولۇپ، سىناقتىن ئۆتكەن ئىكەن. ئۇنى ئايال كىشى ئۆزىگە ئېسىۋالسا ھامىلىدارلىقنى چەكلەيدۇ. ئەڭ ياخشىسى ئۇنى ئالدىنقى كېچىسى ئاسماندا ئاي بولمىغان كۈندە ئېسىش لازىم.

**ئىستېمال مىقدارى:** توققۇز گىرامغىچە.

**زىيانلىق تەسىرى:** (1) خاسىيىتى بىلەن يۈرەككە زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** ئەرەب يېلىمى.

(2) دوۋساققا زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** ھەسەل.

**ئورۇنباسارى:** كەپە يىلتىزى پوستى، بەزىلەر ئىككى ھەسسە كەمازەريۇس دەيدۇ، يەنە بەزىلەر كۆيدۈرۈلگەن مارجان دەيدۇ.

ھەكىم سەخارىت ئۇنى ياۋا كەپە يىلتىزى دەپ بىلگەن. شەيخۇر رەئىس (ئىبىن سىنا)مۇ «ئەلقانۇن»نىڭ يەككە دورا قىسمىدا شۇ مەنىگە ئىشارەت قىلىپ: «ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇ تاشلىقتا ئۆسىدىغان بىر خىل ئۆسۈملۈك بولۇپ، سايە يەرلەردە ئۆسىدۇ. بەزىلەر ئۇنى ياۋا

پىيازنىڭ بىر تۈرى دەيدۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇنىداق ئەمەستۇر» دېگەن. ئومۇمەن ئۇ ماھىيىتى نامەلۇم دورىلاردىندۇر.

## ئىسقىل
### (ياۋا پىياز)

ئۇ يۇنانچە ئىسىم بولۇپ، «ئىسقال»، «ئىسقىيلا»مۇ دېيىلىدۇ. بەزى تىللاردا «ئەتىيتۇن» دېيىلىدۇ. ئەرەبچە «بەسەلۇل ئۇنسۇل»، «بەسەلۇل فەئر» (چاشقان پىيىزى)، «بەسەلۇل بەر» (ياۋا پىياز)، «ئۇنسۇل»، «ئۇنسۇلان» دېيىلىدۇ. پارسچە «پىيازى دەشتى» (ياۋا پىياز)، «پىيازى موش» (چاشقان پىيىزى) دەپ ئاتىلىدۇ. چۈنكى ئۇ چاشقاننى ئۆلتۈرىدۇ. ھىندىچە «كاندە»، «كۇندۇرى» دەپ ئاتىلىدۇ.

ماھىيىتى: پىيازغا ئوخشايدىغان بىر خىل يىلتىز بولۇپ، شەكلى ئامۇتقا ئوخشايدۇ، چوڭ ـ كىچىكلىكى ئۇنىڭدىن پەرقلىنىدۇ. تاغدا ئۆسىدىغىنى ۋە ياۋىسىدىن ئىبارەت ئىككى خىل بولىدۇ. چوڭى 250 گىرام، بەزىدە ئۇنىڭدىنمۇ ئېغىرراق بولىدۇ. بېنىگالنىڭ كۆپ شەھەرلىرىدە ئۆسىدۇ. ئۇنىڭ لوئابى كۆپ ھاللاردا چىڭىتىش ۋە قاتۇرۇش ئۈچۈن ئارغامچا كېسىشكەندە ۋە چىگە رەختلەرگە توقۇغاندا سۈركىلىدۇ. ئۇنىڭ يوپۇرمىقى يەسمەن، سەۋسەن، نەرگىس، پىياز، كۇدە يوپۇرماقلىرىغا ئوخشايدۇ، ئەمما ئۇنىڭدىن ئۇزۇنراق ۋە كەڭرەك بولىدۇ. غولى كاۋاك ئەمەس، رەڭگى كۆككە مايىل سېرىق بولىدۇ. پىيىزىنىڭ يىلتىز تەرىپى ئازراق كەڭ بولۇپ، ئۈستىگە چىقىپ تۇرىدۇ. ئۈچىدا رەڭگى ئاق، ئۇزۇنچاق گۈللەر بار بولۇپ، ئوتتۇرىسى ئاق. ھەربىر گۈل ئالتە دانە گۈل بەرگىدىن تۈزۈلگەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا سۆسۈن رەڭلىك ئۇزۇنچاق سىزىقلار بار. گۈللەرنىڭ ئوتتۇرىسىدا بەش تالدىن يەتتە تالغىچە سۆسۈن رەڭلىك يىپسىمان تەنچە بار بولۇپ، ئۈچىدا ھىلال ئاي شەكىللىك، رەڭگى سېرىق، ئازراق كەڭ كەلگەن تەنچىلىرى باردۇر. ئۇلار قۇرۇغاندىن كېيىن قارا رەڭگە ئۆزگىرىدۇ. ئۇنىڭ گۈلى ئومۇمەن نىلۇپەر گۈلىگە ئوخشاش پۇرايدۇ. بەزىلىرىنىڭ گۈلى قارىغا مايىل ئاق بولىدۇ. ئۇرۇقى پىياز ئۇرۇقىغا ئوخشايدىغان بولۇپ، ئۇنىڭدىن چوڭراق بولىدۇ. ئۇنىڭ ئەڭ ياخشىسى ئامۇت شەكىللىك، رەڭگى ئاققا مايىل سېرىق، پارقىراق، تەمى تاتلىق، ئۆتكۈر ياكى ئاچچىق، چوڭ ـ كىچىكلىكى ئوتتۇرا ھال بولغانلىرىدۇر.

تەبىئىتى: ئۈچىنچى دەرىجىدە ئىسسىق، ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق، كۆيدۈرگۈچى ۋە يارىلاندۇرغۇچى ئارتۇق ھۆللۈكى باردۇر. بەزىلەر ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇقمۇ دېگەن.

خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى: بەلغەمدىن بولغان مېڭە پەردە ياللۇغى، تۇتقاق كېسەل،

مالىخولىيا، باشنىڭ يېرىمى ئاغرىش، سوغۇقتىن بولغان باش ئاغرىقى، بىخۇد ئۇيقۇ، باش قېيىش، كۆز ئالدى قاراڭغۇلىشىش، ئەزالار لىپىلداش، پالەچ، لەقۋا، ئۇنتۇغاقلىقتا ئوخشاش باش كېسەللىكلىرىنىڭ كۆپ قىسمىغا داۋا بولىدۇ. جۇلا بېرىش، تۇسالغۇلارنى ئېچىش، قويۇق كەيمۇسلارنى ئۇچۇچانلاشتۇرۇش، بەدەننىڭ چوڭقۇر قىسمىدىكى كېرەكسىز ماددىلارنى تارقىتىش، قويۇق خىلىتلارنى سۈرۈش خۇسۇسىيىتى بولغاچقا، كۆزنىڭ كۆرۈش قۇۋۋىتىنى ئاشۇرىدۇ، كۆزنى ئۆتكۈرلەشتۈرىدۇ، كۆزگە سۇ چۈشۈشنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ، قۇلاق ئاغرىقى، زىققە نەپەس، كونا يۆتەل، كاناي ياللۇغى، كۆكرەك يېرىكلىكى قاتارلىقلارغا مەنپەئەت قىلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا گالنى قۇۋۋەتلەيدۇ، ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەپ ھەزىمنى كۈچەيتىدۇ، قان قۇسۇش، ئاشقازان كىرىش ئېغىزى ۋە چىقىش ئېغىزىنىڭ تۇسۇلۇشى قاتارلىق كېسەللىكلەرنى داۋا بولىدۇ. يەرقان، ئىستىسقا، تال قېتىش، قورساق ئاغرىقى، بوغۇملار ئاغرىقى، ئولتۇرغۇچ نېرۋا ئاغرىقى، دوۋساقتىكى تاشنى پارچىلاش، سۈيدۈك ھەيدەش، ھەيز ماڭدۇرۇش، ھامىلە چۈشۈرۈش، ئىچكى ئەزالاردىكى يارىلار، نېرۋا ئاغرىقلىرى، دائىرىلىك چاچ چۈشۈش، جوزام، ئەزالاردىكى شىلىمشىق قويۇق خىلىتلارنى تازىلاش قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ. بولۇپمۇ ئۇنىڭ قورۇلغىنىنى ئالتە ھەسسە تۇز ۋە ئازراق ياغ بىلەن يۇغۇرۇپ، ھەر كۈنى ناشتىدا 5.7 گىرام ئىستېمال قىلسا ئىچىنى، بەدەننى تازىلاپ يۇقىرىدىكى كېسەللىكلەرنىڭ ھەممىسىگە داۋا بولىدۇ.

باش كېسەللىكلىرى: ئۇنىڭ قورۇلغىنىدىن بەش گىرامىنى يالغۇز ياكى ھەسەل شارابى ياكى ھەسەل بىلەن ئىستېمال قىلسا، باش قېيىش، كۆز ئالدى قاراڭغۇلىشىش، تۇتقاق كېسەل، مالىخولىيا، ئىسترخا، پالەچ، لەقۋا قاتارلىق كېسەللىكلەرگە پايدا قىلىدۇ. يۇمشاق سالايە قىلىپ بەلغەمدىن بولغان مېڭە پەردە ئىششىقىدا بىمارنىڭ باش ساھەسىگە يالغۇز ياكى سىركە ياكى مۇسەللەس بىلەن سۈرسە پايدا قىلىدۇ. شۇنىڭدەك ئۇنى بىخۇد ئۇخلىغان كىشىنىڭ ئىككى پاقالچىقى ۋە يوتىسىغا زىمات قىلسا ماددىلارنى تارقىتىپ، نېرۋىلارنى ئويغىتىپ، بىمارنىڭ ئويغىنىشى ۋە ھوشىغا كېلىشىگە سەۋەب بولىدۇ. ئۇنى سالايە قىلىپ ئوت بىلەن تاكى ئۆتكۈرلۈكى پەسەيگۈدەك دەرىجىدە قىزىتىپ، يالغۇز ياكى مۇۋاپىق مىقداردىكى ئەپسەنتىن، سەبرە، مۇرمەككى، مەستىكى قاتارلىقلاردىن باراۋەر مىقداردا ياكى زۆرۈر بولغان مىقداردا ئېلىپ (ئەمما ياۋا پىيازنىڭ مىقدارى پۈتۈن دورىلارنىڭ باراۋىرىدە بولۇشى لازىم) ئارىلاشتۇرۇپ، ئۇنتۇغاق كىشىنىڭ ئىككى پاقالچىقىغا تىغ ئۇرۇپ، ئىككى پاقالچىقى، ئىككى پۇتى ۋە ئىككى تىزىغا يالغۇز ياكى سۆئەتەر پارىسى بىلەن مەۋىزەجنىڭ ھەربىرىدىن 30 گىرامدىن، قىچا يوپۇرمىقىدىن كىچىك بىر سىقىم ئېلىپ، بىرلىكتە سالايە قىلىپ يەسمەن يېغى ياكى غار يېغى بىلەن بىرلىكتە ھاۋانچىدا مەلھەمدەك بولغۇچە سالايە قىلىپ، ئۇستىگە سۈركەپ لوڭقا قويغاندىن كېيىن، ئۇنتۇغاق كىشىنىڭ ئىككى پاقالچىقى،

ئىككى پۇتى ياكى ئىككى يوتىسى ياكى ئىككى تىزىغا زىمات قىلسا مەنپەئەت قىلىدۇ. شۇنداقلا سۆگەل ۋە ھاۋانىڭ سوغۇقلۇقىدىن پەيدا بولغان يېرىقلارغا سۈركەلسىمۇ پايدا قىلىدۇ.

كۆكرەك، ئاشقازان، جىگەر ۋە باشقا ئەزالار كېسەللىكلىرى: ياۋا پىيازنى كۆپۈكى ئېلىنغان ئىككى ھەسسە ھەسەل بىلەن پىشۇرۇپ ئىستېمال قىلسا، كاناي ياللۇغى، زىققە نەپەس ۋە ئاۋاز پۈتۈشلەرگە پايدا قىلىدۇ. ياۋا پىيازنى قورۇپ، توخۇنىڭ ئىككى دانە توخۇمىنى ئۇنىڭ ئىچىگە سېلىپ پىشقۇچە قويۇپ، تۇخۇمنى يېسە ئىچىنى سۈرۈپ، بۇزۇق ماددىلارنى تازىلاپ، پالەچ كېسەللىكىگە پايدا قىلىدۇ. 100 گىرام ياۋا پىيازنى ھەسەل بىلەن پىشۇرۇپ ئىستېمال قىلسا، ئاشقازان ئاغرىقى ۋە ھەزىم ناچارلىقىغا شىپا بولىدۇ، ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەيدۇ. يەرقان، كونا يۆتەل، كاناي ياللۇغى، قان تۈكۈرۈش، ئۆپكە مەنبەلىك يىرىڭ تۈكۈرۈش، قورساق ئاغرىقى ۋە سۈيدۈك تۇتۇلۇشلارغا پايدا قىلىدۇ. 100 گىرام قورۇلغان ياۋا پىيازنى مائۇلھەسەل بىلەن ئىستېمال قىلسا جوزامغا شىپا بولىدۇ. ئۇنىڭ يوپۇرمىقىنىڭ سۈيىنى ئىككى ھەسسە ھەسەل بىلەن قىيام قىلىپ ئىستېمال قىلسا كاناي ياللۇغى، زىققە نەپەس كېسەللىكىگە پايدا قىلىدۇ. ياۋا پىيازنى سوقۇپ سۈيىنى سىقىپ چىقىرىپ، سۈيى بىلەن كۈرۈسنە پۇرچىقى ئۇنىنى يۇغۇرۇپ ئىستېمال قىلسا ئىستىسقاغا پايدا قىلىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ياۋا پىيازنى خېمىر ۋە لايىنىڭ ئارىسىغا ئېلىپ چوغقا كۆمۈپ پىشۇرۇپ، پىياز ۋە ئازراق سامساق ھەم تۇز بىلەن يۇغۇرۇپ، ھەر قېتىمدا 15 گىرامدىن ئىستېمال قىلسا، قورساقتىكى ھەرقانداق مەددە قۇرتنى چۈشۈرىدىكەن. ئۇنىڭدىن 30 گىرام ئېلىپ چاچما يىلتىزلىرى بىلەن بىرلىكتە سوقۇپ، ئىستېمال قىلسا كۈچلۈك قۇستۇرىدۇ. ئۇنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى قىسمىنى سىركە بىلەن سوقۇپ، ھېچقانداق دورا يوقتالمىغان بەھەققە سۈركىسە يوقىتىدۇ، سىناقتىن ئۆتكەن. ئۇنى ئۇششاق پارچىلاپ يەسمەن گۈلى يېغى بىلەن چالا كۆيگۈچە قورۇغاندىن كېيىن مەزكۇر ياغنى سۈركىسە پۇت - قوللار سوغۇقنىڭ تەسىرىدە قېتىۋېلىش، بوغۇملار ئاغرىقى، نۇقرەس، قۇلاق ئاغرىقى، قۇلاق تۇسۇلۇش قاتارلىقلارغا شىپا بولىدۇ. موم ۋە ئازراق گۈڭگۈرت بىلەن مەلھەم قىلسا، باشتىكى يىرىڭلىق تەمرەتكە، جاراھەت بېسىش ھەم قۇرۇق قوتۇر، قىچىشقاقلارغا پايدا قىلىدۇ. زۇپتى ۋە خېنە بىلەن مەلھەم قىلسا، بالىلارنىڭ بېشىدىكى قۇرۇق مۇدۇرلارغا داۋا بولىدۇ. سىركە بىلەن پىشۇرۇپ زىمات قىلسا، ئەفئى يىلاننىڭ زەھىرىنى قايتۇرىدۇ. ئۇنىڭ قورۇلمىغىنىنى تۆتتىن بىرچىلىك مىقداردىكى توغرىغو بىلەن سوقۇپ، رەختكە ئوراپ، دائىرىلىك چاچ چۈشكەن ئورۇنغا تاكى قان چىققۇچە سۈركىسە چاچ ئۇندۇرىدۇ. تەكرار سۈركەشكە تېگىشلىك بولسا زەخىم ساقايغاندىن كېيىن سۈركىسە بولىدۇ.

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇنىڭ پۇرىقى چاقىدىغان چىۋىننى ئۆلتۈرىدىكەن. چاشقان ئۇنى

يېسە خاسىيىتى بىلەن دەرھال ئۆلىدىكەن. كىشى ئۇنى ئىستېمال قىلسا ياكى ئۆزى بىلەن ساقلىسا ياكى مەلۇم ئورۇنغا قويۇپ قويسا، يىرتقۇچ ھايۋانلار، زەھەرلىك ھاشاراتلار، يىلان، پىت، چۇمۇلە ۋە چىۋىن قاتارلىقلارنى قاچۇرىدۇ.

**زىيانلىق تەسرى:** قورۇلمىغان ياۋا پىيازنى بەدەنگە سۈركىسە يارا قىلىدۇ ۋە بىئارام قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** سۇ بىلەن سالايە قىلىنغان مەدەستان.

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ياۋا پىيازنى ئۈزۈم تېلىغا يېقىن تېرىسا تالنى ئاينىتىدۇ. ئانار، بېھى دەرەخلىرىنىڭ تۈۋىگە تېرىسا ئۇلارنىڭ چېچەكلىرىنىڭ تۆكۈلۈشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ.

ياۋا پىيازنىڭ ئورۇقى چوڭ تەرەتنى بوشىتىدۇ، قورساق ئاغرىقى، كۆز ئاغرىقى ۋە مەقئەت ئاغرىقىغا پايدا قىلىدۇ. ئۇنى سوقۇپ سىركە بىلەن يۇغۇرۇپ، ھەب ياساپ بىر دانىسىنى ئەنجۈرنىڭ ئىچىگە سېلىپ سۇيۇق ھەسەلگە بىر كۈن چىلاپ قويغاندىن كېيىن ئەنجۈرنى شورىسا، ئارقىدىن قايناق سۇ ياكى توغرىغۇ قايناتىلغان سۇنى ئىچسە قۇلۇنجغا داۋا بولىدۇ.

**زىيانلىق تەسرى:** (1) ئىسسىق مىزاجلىقلارغا زىيان قىلىدۇ. كۆڭۈلنى غەش قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** ھۇماما.

(2) باشنى ئاغرىتىدۇ، كۆڭۈلنى ئاينىتىدۇ. يارا پەيدا قىلىدۇ، ماددىلارنى پارچىلايدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** قەنت، ناۋات. بەزىلەر ئۇنىڭ تۈزەتكۈچىسى سىركەنجىۋىل دەيدۇ، يەنە بەزىلەر يېڭى سېغىلغان سۈت دەيدۇ، يەنە بەزىلەر قىزىتىلغان تاش بىلەن داغلانغان شاراب ۋە مېۋە قىياملىرى دەيدۇ.

ناچار يەرلەردە يالغۇز ئۆسكەن ياۋا پىيازنىڭ ھارارىتى ناھايىتى يۇقىرى، ئۆتكۈر بولۇپ، كىشىنى ھالاك قىلغۇچىدۇر.

ئەگەر ياۋا پىيازدىن كىشى زەھەرلەنسە قەي قىلدۇرۇلىدۇ، يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ئەشيالار ئىچۈرۈلىدۇ، توخۇ تۇخۇمىنىڭ سېرىقى سىركە بىلەن يېگۈزۈلىدۇ. سۇماق، ئورۇقلار، لوئابلار، سېرىق ماي ۋە سۇفۇيى مىقلىياسا ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** ئالتە گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن ئارتۇق ئىستېمال قىلسا زىيان قىلىدۇ ۋە ھالاك قىلىدۇ، بولۇپمۇ قورۇلمىغىنى تېخىمۇ شۇنداق.

زەھەر قايتۇرۇش ئۈچۈن قۇستۇرۇپ بەدەن تازىلىنىدۇ، سوغۇق تەبىئەتلىك نەرسىلەر، شىلىمشىق لوئابلار، سوغۇق مېۋە سۇلىرى، مايلىق شورپىلار ئىچۈرۈلىدۇ.

**ئورۇنباسارى:** ئېيتىشلارغا قارىغاندا، باراۋەر مىقداردا ئۇسقۇردىيۇن (ياۋا سامساق)دۇر. يەنە باراۋەر مىقداردا قەردمانە، ئۈچتىن بىرچىلىك مىقداردا ئېگىر، ئۈچتىن بىرچىلىك مىقداردا ھۇماما ۋە كەپە يىلتىزىدۇر.

ياۋا پىيازنى قورۇش ئۇسۇلى، ئۇنىڭ سىركىسى، سىركەنجىۋىلى، داۋالىرى، ياغلىرى، شەربەتلىرى، غار ـ غارلىرى، تەرياقى پارۇقتا ئىشلىتىلىدىغان قۇرسلىرى، لوئۇقلىرى، مەجۇنلىرى، خۇسۇسىيىتى پايدىلىرى بىلەن بىرلىكتە قارابادىندا تەپسىلىي بايان قىلىندى.

## ئىسكەتۇ

(ئىسكەتۇ دورىسى)

تەنەكابۇن تىلىدا سۇئىدىدۇر. يەنە بىر خىل ئۆسۈملۈكنىڭ بوغۇملۇق چاچما يىلتىزلىرىمۇ شۇ نام بىلەن ئاتىلىدۇ. ئەرەبچە ھەببى زەلەمنى كۆرسىتىدۇ.

ئومۇمەن، ئۇ نوقۇت چوڭلۇقىدىكى يۇمىلاق كەلگەن، ناھايىتى لەززەتلىك، تاتلىق بىر خىل يىلتىزدۇر. ئۆسۈملۈكنىڭ يوپۇرمىقى كۆدە يوپۇرمىقىدىن كىچىكرەك بولۇپ، ئۇچتىن ئارتۇق بولمايدۇ. مېۋىسىز، گۈلسىز بولۇپ، قۇملۇقلاردا سۇ بويلىرىغا يېقىن ئۆسىدۇ.

## ئىسگەندە

(ئىسگەندە يىلتىزى)

ئۇ ھىندىستاندىن چىقىدىغان بىر خىل دورىدۇر.

**ماھىيىتى:** بىر خىل سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك بولۇپ، تەمى ئازراق ئاچچىق، بارماق ئۇزۇنلۇقىدا ياكى ئۇنىڭدىن قىسقىراق ھەم ئىنچىكىرەك بولىدۇ. ئىچى ـ سىرتى سېرىققا مايىل ئاق بولىدۇ. ئۇنىڭ ياخشىسى «ئىسگەندە ناگورى» دەپ ئاتالغانلىرىنىڭ ئىچىدىكى يىلتىز تېنى چوڭ، قۇرت يېمىگەنلىرىدۇر.

**تەبىئىتى:** قۇرۇق ئىسسىق، ئارتۇق ھۆللۈكى بار.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** يۆتەل، زىققە نەپەس، ئەزالار ئىششىقى، بەرەس، سوزۇلما كېسەللىكلەر، باھ ۋە بەدەن ئاجىزلىقى، ئورۇقلۇق، بالىياتقۇ ۋە بەل ئاجىزلىقى، بەلغەم، سەۋدا خىلتلىرىنىڭ بۇزۇلۇشى قاتارلىقلارغا پايدا قىلىدۇ. ھىندىستان خەلقى بەھمەن سەپىدنىڭ ئورۇنباسارى بولىدۇ، دەپ قارايدۇ. شۇنىڭ ئۇچۇن ئۇنى باھ دورىلىرى ۋە ئاياللارنىڭ تۇغۇتىدىن كېيىن ئىشلىتىلىدىغان دورىلارنىڭ كۆپ قىسمىغا قوشىدۇ.

## ئەسل

(بورا قومۇشى)

بۇ، ئەرەبچە ئاتىلىشىدۇر. ھىندىچە «كىسرانى» دېيىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** بۇ بىر خىل ئۆسۈملۈك بولۇپ، ئۇنىڭدىن بورا توقۇلىدۇ. سۇ بويلىرى، سۇلۇق يەرلەر ۋە ئۆلارنىڭ ئەتراپلىرىدا ئۆسىدۇ. ئەركەك ۋە چىشىدىن ئىبارەت ئىككى خىل تۈرى

بولىدۇ.

ئەركىكى «كولان» دېيىلىدىغان بولۇپ، ئۇرۇقى قارا، سەل يۇمىلاق، چىشىسىنىڭ ئۇرۇقىدىن چوڭراق بولىدۇ. ئۇسۇملۇكى ئۆزى يىرىك، چىشىسىدىن تومىراق، شاخلىرى ئىنچىكە بولىدۇ. ئىراقتا ئۇنىڭ بىلەن ئارغامچا ۋە غەلۋىرمۇ توقۇلىدۇ.

دىسقۇرىدۇسنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ ئىككى خىل بولىدىكەن. بىر خىلى يەنە بىر خىلىنىڭ ئەتراپىدا ئۆسىدىكەن. ئۇ «سەجۇنس» دېيىلىدىكەن. بۇ خىلىمۇ ئىككى خىل بولىدىكەن. بىرى مېۋىسىز، يەنە بىرى قارا، يۇمىلاق مېۋىلىك بولىدىكەن. بۇ خىلىنىڭ قومۇشى يەنە بىر خىلىنىڭ قومۇشىغا قارىغاندا تومىراق، گۆشلۈكرەك بولىدىكەن. ئۇنىڭ ئۈچىنچى خىلى تومراق، شاخلىرى دەسلەپكى ئىككى خىلىغا قارىغاندا مەزمۇتراق بولىدىكەن. ئۇ «مەنجۇنۇس» دەپ ئاتىلىدىكەن. ئۇنىڭ مېۋىسى ئۆزىنىڭ ئەتراپىدا ئۆسىدىغان بولۇپ، بىرىنچى خىلىنىڭ ئىككىنچى تۈرىنىڭ مېۋىسىگە ئوخشايدىكەن.

**تەبىئىتى:** ھەر ئىككىسى تۇپراققا مەنسۇپ بەك سوغۇق ماددىلار ۋە سۇغا مەنسۇپ سەل ئىسسىق ماددىلاردىن تۈزۈلگەندۇر.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ھۆل ھالەتتە جانلىنىپ ياكى باشقا ئۇسۇللاردا زىمات تەييارلاپ، زىمات قىلسا ئىششىقلارنى ياندۇرىدۇ، ئاغرىقلارنى پەسەيتىدۇ، ئۇيقۇسىزلىق، مالىخولىيا، ئىستىسقاغا پايدا قىلىدۇ. ھەر ئىككىسىنىڭ مېۋىسىنى شاراب بىلەن 10 گىرامدىن ئىستېمال قىلسا ئىچ سۈرۈشنى توختىتىدۇ، بالىياتقۇ قاناشقا داۋا بولىدۇ. سۈيدۈك ھەيدەيدۇ. ئۈچىنچى خىلىنىڭ مېۋىسىنى ئىستېمال قىلسا ئىنتايىن ئۇخلىتىدۇ. ئۇنىڭدىن 15 گىرامغىچە ئىستېمال قىلسا بىخۇد ئۇيقۇ كەلتۈرىدۇ. يىلتىزىغا تۇتاشقان ھۆل يوپۇرماقلىرىنى زىمات قىلسا زەھەرلىك ھاشارات ۋە دۇ چېقىۋالغاندىكى زەھەرنى قايتۇرۇشقا پايدا قىلىدۇ. يىلتىزىنىڭ كۈلى ھەرقانداق ئەزادىن كەلگەن قاننى توختىتىدۇ، چاشقان يارىسىنى تارقىتىدۇ. قىچىشقاقنى يوقىتىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** بىخۇد ئۇيقۇ كەلتۈرىدۇ. باش ئاغرىتىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** گۈلقەنت ھەسىلى ۋە پەلاپىلىدۇر.

ئۇنىڭ ئەركىكىنىڭ ئىنچىكىسىنى ئاستىغا سېلىپ ياتسا بەدىنى كۆچلۈك كىشىلەرگە، ئىستىسقا بىمارلىرىغا، تومىنى ئاستىغا سېلىپ ياتسا بەدىنى قۇرۇق كىشىلەرگە پايدا قىلىدۇ.

## ئىسلەنج

(ئىسلەنج ئوتى)

«بەھرۇل جەۋاھىر» (جەۋھەرلەر دېڭىزى) دېگەن كىتابنىڭ ئاپتورى ئۇنى تېكە ساقىلى ئۆسۈملۈكىدۇر دەپ يازغان، ئەمما بۇ گەپنىڭ ئاساسى يوقتۇر. ئۇ «زەنەبۇل خەيل» (ئات

قۇيرۇقى) دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** ئۇ بىر خىل سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك بولۇپ، يەرلىك ۋە ياۋىدىن ئىبارەت ئىككى خىل بولىدۇ. ياۋىسى بىر خىل ئۆسۈملۈك بولۇپ، قۇملۇقلاردا ئۆسىدۇ. شاخلىرى ئۇزۇن، رەڭگى سېرىق بولىدۇ. يوپۇرمىقى زاغۇن (تەرتىزەك) يوپۇرمىقىغا ئوخشايدۇ. ئۇنىڭ يەنە بىر خىلى بار، ماراكەش بوياقچىلىرى ئۇنى بوياقچىلىقتا ئىشلىتىدىغان بولۇپ، «لىيرۇن» دەپ ئاتىشىدۇ. شاخلىرى ئىنچىكە، سېرىق بولۇپ، قومۇشقا ئوخشايدۇ، ئىچى كاۋاك بولۇپ، يوپۇرمىقى ئىنچىكە، توپا رەڭ بولىدۇ.

ئۇنىڭ ياۋىسى يەرلىكىدىن كىچىكرەك، رەڭگى قىزىلغا مايىل بولىدۇ. غولىدىن كۆپلىگەن شاخلار ئۆسۈپ چىققان بولۇپ، يەرگە يېيىلىپ تۇرىدۇ. شاخلىرىنىڭ ئەتراپىدا ئۇستى ــ ئۇستىگە توپلاشقان، كەندىر ئۇرۇقىنىڭ غىلاپلىرىغا ئوخشايدىغان، ئەمما ئۇنىڭدىن يۇمشاقراق ۋە قىسقىراق ناھايىتى كۆپ غىلاپلار بار بولۇپ، ئىچىدىن قارا رەڭلىك، ئۇششاق بولغان ناھايىتى كۆپ ئۇرۇقلار چىقىدۇ. ئۇنىڭ يىلتىزى بارماق تومۇلۇقىدا، رەڭگى قىزىل بىلەن سېرىق ئارىلىقىدا، تەمى ناھايىتى ئۆتكۈر بولىدۇ. قۇملۇقلار ۋە دەرەخسىز تاغلاردا ئۆسىدۇ. ئۇ «بالتىيسەتۇر رەنيال» دېيىلىدۇ.

**تەبىئىتى:** يەرلىكى ئۈچىنچى دەرىجىدە ئىسسىق، ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق، ياۋىسىنىڭ ھەر ئىككى كەيپىياتى ئارتۇقراقتۇر.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** يەرلىكى ماددىلارنى تارقىتىدۇ، قويۇق خىلتلارنى پىشۇرىدۇ، ئىششىقلارنى ياندۇرىدۇ، زەھەرلەرنى قايتۇرىدۇ، يەل تارقىتىدۇ ۋە قورساق ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ. يوپۇرمىقىنى قاينىتىپ زىمات قىلسا بەلغەمدىن بولغان ئىششىقلارغا پايدا قىلىدۇ، ئۇنىڭ سوغۇقلۇقىنى ھەيدەيدۇ، سىناقتىن ئۆتكەن دەپ قارىلىدۇ. يوپۇرمىقىنى قاينىتىپ ئارپا ئۇنى بىلەن مەلھەم قىلىپ كۆيدۇرگۈگە چاپسا پايدا قىلىدۇ. ياۋىسىنىڭ يىلتىزى بىلەن ئۇرۇقىدىن 1.5 گىرامدىن ئېلىپ ئىشلەتسە، ئىچكى ئەزالار ئاغرىقلىرى، قويۇق يەل، ئاشقازاندا مەددە قۇرت پەيدا بولۇش، يەلدىن بولغان قۇلۇنجى قاتارلىقلارغا پايدا قىلىدۇ. ئۇنىڭ ئۈچ گىرامى چايان چېقىۋېلىش ۋە ھالاك قىلغۇچى زەھەرلەرنى قايتۇرۇشتا سىناقتىن ئۆتكەن. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇ ئىستېمال قىلىنىش بىلەن بىرگە ئۇرۇقدانغا زىمات قىلىنسا ئۇرۇقداننى كىچىكلىتىدىكەن، بوغۇملارغا چاپسا ئاغرىق پەسەيتىدىكەن. ئۇ باراۋەر مىقداردىكى شىبھ (ئەرمەن)، يېرىم ھەسسە قۇندۇز قەھرى، يېرىم ھەسسە كۇندۇش بىلەن ھەب قىلىنىپ كۇنىگە ئالتە گىرام ئىستېمال قىلىنسا ئۇرۇقداندىكى يەلنى يوقىتىدىكەن. داۋاملىق ئىستېمال قىلىنسا ئۇرۇقداننى پۈتۈنلەي ئەسلىگە كەلتۈرىدىكەن.

**زىيانلىق تەسىرى:** ئۆپكىگە زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** ئەرەب يېلىمى.

**ئىستېمال مىقدارى:** 1.5 ~ 6 گىرامغىچە.

**ئورۇنباسارى:** باراۋەر مىقداردا خولىنجان، يېرىم ھەسسە ئاسارۇن، ئالتىدىن بىرىچىلىك مىقداردا قەردمانە. بوياقچىلىقتا ئورۇنباسارى زاراڭزىدۇر.

تېبابەتتە ئۇنىڭ يىلتىزى بىلەن ئۇرۇقى ئىشلىتىلىدۇ.

## ئەسۋەد سانىھ

(قارا يىلان)

بۇ، قارا يىلاننىڭ نامىدۇر. ھىندىچە «كالا ناگ» دېيىلىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئۈچىنچى دەرىجىنىڭ ئاخىرىدا قۇرۇق ئىسسىق، زىيادە قۇرۇتىدۇ.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇنىڭ قۇياش ھەمەل بۇرجىدا تۇرغاندا، بولۇپمۇ شۇ ئاينىڭ 10 ـ كۈنىگىچە بولغان ئارىلىقتا ئۇۋۇلانغىنى زىيادە ئىسسىق بولغانلىقتىن يېيىشكە بولمايدىكەن، چۈنكى ھەمەل بۇرجى ئوتقا مەنسۇپ بولۇپ، ئۇنىڭ ھارارىتى يىلاننىڭ ھارارىتىنى تېخىمۇ ئاشۇرۇۋېتىدىكەن. قارا يىلاننىڭ پوستىنى شاراب بىلەن قاينىتىپ سۈيىنى قولاققا تېمىتسا ئاغرىق پەسەيتىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن ئېغىزنى چايقىسا چىش ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ. يىلاننىڭ چىشى، بېشى ۋە ئۆتىنى قوشۇپ قاينىتىلغان يېغى جوزام ۋە سۆگەلگە تېز تەسىر قىلىدۇ. كىشى ئۇنىڭ تىرىك ھالەتتە سۇغۇرۇۋېلىنغان چىشىنى، شۇنداقلا يۈرىكىنى ئۆزىگە ئېسىۋالسا، تۆت كۈندە بىر تۇتىدىغان تەپكە پايدا قىلىدۇ. ئەتھۇرەس ۋە دىمقۇراتىسلارنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇنىڭ قورسىقىنى بېشىدىن تاكى قۇيرۇقىغىچە يېرىپ ئىچ قارنىنى تازىلاپ ئىچىگە سۇغا چىلاپ يۇمشىتىلغان قۇرۇق ھەمىشىباھارنى تىقىپ يارغان ئورۇننى تىكىپ، ئوت ئۈستىگە ئېسىپ پىشۇرغاندىن كېيىن، يىلاننىڭ ئىچىدىن مەزكۇر ھەمىشىباھارنى چىقىرىپ، يېڭى بەرەسكە چېپىپ بىر كىچە ـ كۈندۈز تۇرغۇزغاندىن كېيىن ئېلىۋەتسە ساقىيىدۇ. سىناقتىن ئۆتكەن. ئەمىنۇد دەۋلەنىڭ مۇھەممەد بىن ئەھمەدتىن نەقىل قىلىشىچە، ئۇنىڭ ئۆتى ئۆلتۈرگۈچى زەھەرلەردىن بولۇپ، ناھايىتى كۈچلۈك، ھەرقانداق ئەھۋالدا ئىستېمال قىلىشقا بولمايدىكەن. مۇڭگۈزلۈك يىلاننىڭ مۇڭگۈزىنى ئارىلاپ تۇتقۇچى تەپكە گىرىپتار بولغان بىمارغا ئېسىپ قويسا پايدا قىلىدىكەن.

يىلاننىڭ يىلدا بىر تاشلايدىغان پوستى ئاياللارنىڭ يانپېشىغا ئېسىپ قويۇلسا تۇغۇتنى تېزلەشتۈرىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن ئىسرىق سالسا ھامىلە چۈشۈرىدۇ. بۇۋاسىر دانچىلىرىنى قۇرۇتىدۇ.

يىلاننىڭ تۇخۇمىنى سىركە ۋە توغرىغۇ بىلەن سالايە قىلىپ يېگى بەرەسكە سۇركىسە پايدا قىلىدىغان بولۇپ، سىناقتىن ئۆتكەن. ئۇنىڭ يېغىنى كۆزگە سۇركىسە، كۆزگە سۇ چۈشۈشكە شىپا بولىدۇ.

ئۇنىڭ يېغى، كۈلى ۋە قاينىتىلمىسى قارابادىندا بايان قىلىندى.

## پەسىل: «ئ» (ئەلىف) ۋە «ش» (شىن) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى

### ئۇشتۇرغار
(ئەجەم زەنجىۋىلى)

«بۇرھانى قاتىئ»نىڭ ئاپتورى ئۇنىڭ ئاخىرقى ھەرپىنى «ز» قىلىپ «ئۇشتۇرغاز» دەپ يازغان. ئۇ «ئۇشتۇر خار» (تۆگىتىكىنى) دېگەن سۆزنىڭ ئەرەبچىلەشتۇرۇلگىنىدۇر. ئۇنىڭ مەنىسى پارسچە تۆگە تىكىنى دېگەن بولىدۇ. ئەرەبلەر ئۇنى «زەنجەبىيلۇل ئەجەم» (ئەجەم زەنجىۋىلى)، «زەنجەبىلۇل فارىس» (پارس زەنجىۋىلى) دەپ ئاتايدۇ. «مەھرۇس» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. يۇنانچە «فەرافيۇن» دەپ ئاتىلىدۇ. «ئاساريۇن»مۇ دېيىلىدۇ. مىسىر خەلقى «لىھاھ» (ساقال) دەپ ئاتايدۇ. ھىندىچە «ئۇنت كەتارە» دېيىلىدۇ.

ماھىيىتى: بىر خىل سامان غولluq ئۆسۈملۈك بولۇپ، قامغاققا ئوخشايدۇ، گۈلى ئاق سېرىق، تىكەنلىرى ئۇزۇن، دېنى قامغاقنىڭ دېنىدىن كىچىكرەك، يىلتىزى ئەنجۈدان يىلتىزىغا ئوخشاش بولىدۇ. ئەمما ئۇ ئەنجۈداننىڭ ئۆزى ئەمەس. ئۇنىڭ يىلتىزى ئەنجۈداندىن ئىنچىكىرەك، يېلىمسىز، بەتبۇي، تەمى ئۆتكۈر ھەم ئاچچىق بولىدۇ. تەسىرى ئەنجۈداننىڭ تەسىرىگە يېقىن كېلىدۇ.

ئەبۇ رەيھاننىڭ كىتابىنىڭ تەرجىمانى: «ئۇ سۈتلۈك ئۆسۈملۈك بولۇپ، مەن سىناق قىلىش ئۈچۈن سۈتىدىن ئازراق ئالغان ئىدىم، قولۇمغا تەگكەندىن كېيىن قولۇمنى جاراھەتلەندۈردى، جاراھەت خېلى ئۇزۇنغىچە ساقايمىدى» دېگەن.

بۇ ئۆسۈملۈك خۇراسان، مەرۋى، تەھجىۋان، مۇسەل تاغلىرى، باغدات، ئازەربەيجان قاتارلىق شەھەرلەردە ئۆسىدۇ. خۇراساندىن چىققانلىرى ئەڭ ياخشىسى بولىدۇ. مەھسۇلاتىنىڭ ياخشىلىرى ئاق، يەڭگىل، سېرىق ۋە قارا رەڭلەردىن خالىي، تەمى بەك ئاچچىق بولمىغان، چوڭ ـ كىچىكلىكى نورمال، بوغۇملىرى ئاز، شاخلىرىنىڭ ئىچى پۈتەي، تەمى ئازراق ئۆتكۈر بولغانلىرىدۇر. ئادەتتە ساختىلاشتۇرۇلۇپ ئەنجۈدان ئورنىدا سېتىلىدۇ. خۇراسان خەلقى گۆش بىلەن قاينىتىدۇ.

شەيخ داۋۇد ئەنتاكىينىڭ ئېيتىشىچە، ئۇزۇن، قىسقا دەپ ئىككى خىلغا ئايرىلىدۇ. ئۇزۇنى «شاربى ئەنبەر» (ئەنبەر ئىچكۈچى) دېگەن نام بىلەن مەشھۇردۇر، ئۇ ناچىرىدۇر.

ئۇنىڭ بىلەن قامغاقنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى پەرق شۇكى، ئۇنىڭ ئۇرۇقى كىچىك بولۇپ، بىزلەردە «ئۇسەيفىر بىيە» دېگەن نام بىلەن مەشھۇردۇر. ئۆسۈملۈكنىڭ يېڭىسى قاراسۇناغا ئوخشايدىغان بولۇپ، مۇسەل شەھىرىدە ئىستېمال قىلىدۇ. قامغاقنىڭ ئۇرۇقى ئاق سېرىق، ئۆسۈملۈكنىڭ تىكەنلىرى ئۇزۇنچاق بولىدۇ. ئۇرۇقى ئاچچىق بولۇپ، تېتىسا تىلنى قورۇيدۇ. ئۇنىڭ ياخشىسى بەرمۇدە دېگەن يەردىن ئېلىپ كېلىنىدۇ. بەزىلەر ئۇنى خوراسان ئەنجۇداننىڭ يىلتىزى دەيدۇ، ئەمما بۇ گەپنىڭ ئاساسى يوقتۇر. ئۇنىڭ سىركىگە چىلانغان يىلتىزى سىركىگە چىلانمىغىنىدىن ياخشىراقتۇر. سىركىنىڭ دورىلىق تەسىرى ئۆسۈملۈك توپىنىڭ دورىلىق تەسىرىدىن ياخشىدۇر.

**تەبىئىتى:** ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق، مەسىيھ ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق، دەيدۇ.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** توسالغۇلارنى ئېچىش، ئاشقازاننى قىزىتىش، ئىشتىھانى ئېچىش، ھەزىمنى ياخشىلاش ۋە ئۇنى ئويغىتىش، سۇيىدۈك ھەيدەش، يەرقان ۋە ئۆت مەنبەلىك ئىچ سۈرۈشكە داۋا بولۇش، زەھەر قايتۇرۇش رولى بار، بولۇپمۇ ئۇنىڭ سىركىسىنىڭ زەھەر قايتۇرۇش رولى ياخشىدۇر. ئۇنىڭ ئۆزىدىن بەش گىرام ئىستېمال قىلسا، تۆت كۈندە بىر تۇتىدىغان ئوفۇنەتلىك ياكى سەۋدا ئارىلاشقان ئوفۇنەتلىك بەلغەمدىن بولغان تەپكە پايدا قىلىدۇ. ئىشتىھانى ئاچىدۇ، ھەزىمنى ياخشىلايدۇ. ئاشقازاندىكى ھۆللۈكلەرنى تازىلاپ ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەيدۇ. يەرقان، ئۆت مەنبەلىك ئىچ سۈرۈشكە پايدا قىلىدۇ، بوغۇملار ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ. ئۆزىنى سىركە بىلەن مەلھەم قىلسا سوغۇقتىن بولغان ئىششىقلارنى تارقىتىدۇ، ئاغرىقلارنى پەسەيتىدۇ. زەھەرلەرنى قايتۇرىدۇ.

ئۇنىڭ سىركىسىنىڭ قۇۋۋىتى ياۋا پىياز سىركىسى بىلەن ئوخشاش بولۇپ، يۇقىرىقى تەسىرلىرى ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ تەسىرلىرىدىن كۆپ ياخشىدۇر.

**ئىستېمال مىقدارى:** سىركىسىدىن 25 مىللىگىرامغىچە، ئۆزىدىن ئالتە گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** مېڭە، بۆرەككە زىيان قىلىدۇ، كۆڭۈلنى ئېلىشتۇرىدۇ، قۇستۇرىدۇ، ئەزالارنى چاقىدۇ، ئاستا ھەزىم بولىدۇ. سىڭىپ كىرىش كۈچىنىڭ ئارتۇقلىقىدىن ئاشقازاننىڭ جىسمىغا سىڭىپ كىرىپ ۋە ئاشقازاندا تۇرۇپ قېلىپ پۈرىقى ئۇزۇنغىچە يوقالمايدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** غورا شەربىتى، رىباس شەربىتى.

**ئورۇنباسارى:** ئەنجۇدان.

ئۇنىڭ ئەرقى بۆرەك، جىگەر ۋە تال كېسەللىكلىرىگە پايدا قىلىدۇ.
**ئىستېمال مىقدارى:** 90 مىلىلىگىرامغىچە.
ئۇنىڭ سىركىسى، سىركەنجۇبىلى ۋە ئەرقىنىڭ تەييارلىنىشى قارابادىندا بايان قىلىندى.

## ئىشخىيس
(ئىشخىيس ئوتى)

بۇ ئەرەبچە ئىسىم بولۇپ، يۇنانچە «خامالاۋەن لوفىش»، يەنى ھەر خىل رەڭلىك دەپ ئاتىلىدۇ. چۈنكى يەرنىڭ ئوخشىماسلىقىغا قاراپ ئۇنىڭ يوپۇرمىقىنىڭ رەڭگى ئاق، قىزىل ۋە كۆك بولىدۇ. «لوفىش» دېگەن سۆز ئاق دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. «شەۋكۇل ئىلك» (يېلىملىق تىكەن) دېگەن ئىسىم بىلەن مەشھۇردۇر. چۈنكى ئۇنىڭدىن مەستىكىگە ئوخشاش يېلىم چىقىدىغان بولۇپ، ئاياللار مەستىكىنىڭ ئورنىدا ئىشلىتىدۇ. مىر ئابدۇل ھەمىدنىڭ يېزىشىچە، ئۇ ھىندىچە «بەنكىم» دېيىلىدىغان بولۇپ، بېنگالنىڭ «سەندەربىن» يولىدا كۆپ ئۆسىدىكەن.

**ماھىيىتى:** «ئىختىياراتى بەدىئىي»نىڭ ئاپتورىنىڭ يېزىشىچە، ئۇ «كەرەمدانە» دېگەن دەرەختىن ئىبارەت بولۇپ، مازارىيونىنىڭ بىر تۈرى ئىكەن. يۇنانچە «خامالاۋەن لوفىش» دېيىلىدىكەن. شىرازنىڭ يوللىرىدا كۆپ بولۇپ، ئۇنى كۆيدۈرۈۋېتىدىكەن. شىرازدا «مارۇشى بىش» دېيىلىدىغان بولۇپ، ئوتۇن بىلەن بىرگە ئېلىپ كېلىنىدۇ. «خامالاۋەن مالىس» دېيىلىدۇ. «مالىس» دېگەن سۆز قارا دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. «تەزكىرە» دېگەن كىتابنىڭ ئاپتورى ۋە باشقىلارنىڭ يېزىشىچە، ئۇ ئاق ۋە قارىدىن ئىبارەت ئىككى خىل بولىدۇ. يەنە چۆلدە ۋە تاغدا ئۆسىدىغىنى بولىدۇ. ھەممىسىنىڭ يوپۇرمىقى كەنكەر ئۆسۈملۈكىنىڭ يوپۇرمىقىغا ئوخشايدۇ. سامان غوللۇق بولىدۇ. يىلتىزى ئاق بولىدۇ. يوپۇرماقلىرىنىڭ ئارىسىدا كەنكەر ئۆسۈملۈكىنىڭ تىكەنلىرىگە ئوخشايدىغان تىكەنلىرى بولىدۇ. گۈلى بىنەپشە رەڭدە بولۇپ، چاچنىڭ تېلىغا ئوخشايدۇ. ئۇرۇقى زاراڭزا ئۇرۇقىغا ئوخشايدۇ. يىلتىزىغا يېقىن يەردىن مەستىكىگە ئوخشايدىغان يېلىم چىقىدىغان بولۇپ، ئاياللار ئىشلىتىدۇ. يىلتىزىنىڭ پۇرىقى خۇش پۇراق بىلەن بەتبۇي پۇراقتىن ئارىلاشقان بولۇپ، تەمى تاتلىققا مايىل بولىدۇ. مېۋىسى كەپە مېۋىسىگە ئوخشايدۇ.

ئۇنىڭ قارىسىنىڭ يوپۇرمىقى بىرىنچى خىلىنىڭ يوپۇرمىقىغا قارىغاندا يۇمشاقراق، ئۇششاقراق، ھۆل قىزىل، قورۇقى قارا بولىدۇ. غولى بىر غېرىچ ئېگىزلىكتە، رەڭگى قىزىل بولىدۇ. گۈلى تىكەنلىك ۋە چېكىتلىك بولىدۇ. يىلتىزى توم، قارا رەڭدە بولىدۇ. بەزىدە ئۇنىڭدا تۆشۈكلەر تېپىلىدۇ. ئىچى قىزىل رەڭدە بولىدۇ. تېتىپ كۆرگەندە ئاچچىقلىقىدىن

تىلنى قورۇيدۇ، يىلتىزى ئىشلىتىلىدۇ.

بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ باشقا خۇسۇسىيەتلىرىنىڭ بىرى شۇكى، ئەتراپىدا ئۆسكەن ھەرقانداق ئۆسۈملۈكنى قۇرۇتىدۇ. تاشلىقلار، دۆۋىلەر ۋە دەريا ساھىللىرىدا ئۆسىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئىقى ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق، زەھەر قايتۇرۇش رولى بار. قارىسى ئۈچىنچى دەرىجىنىڭ ئاخىرىدىن تۆتىنچى دەرىجىگىچە قۇرۇق ئىسسىق، دەپ قارىلىدۇ.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ئىقىدىن بەش گىرام ئىچسە ساراڭلىق، تۇتقاق كېسەل، ياتسىراش قاتارلىقلارغا پايدا قىلىدۇ. ئۇنىڭدىن توققۇز گىرام ئېلىپ قايناق شاراب بىلەن ئىستېمال قىلسا ئىچىنى قاتۇرىدۇ، ياۋا پىننە بىلەن ئىچسە قاپاق ئۇرۇقىسىمان مەددىنى چۈشۈرىدۇ. ئۇنىڭ ئۆزىنى قاينىتىپ ئىچسە سۈيدۈك تەستە كېلىش، زەھەرلىك ھاشارات چېقىۋېلىشلارغا پايدا قىلىدۇ، زەرداب سۈنى سۈرىدۇ، ئىستىسقاغا داۋا بولىدۇ.

يىلىمىنى سۈت بىلەن ئىشلەتسە، ئىچكى ئەزالارنى قۇۋۋەتلەيدۇ ۋە ئىششىقلىرىنى ياندۇرىدۇ. سىركە بىلەن مەلھەم قىلسا بەدەن سىرتىدىكى سوغۇقتىن بولغان ئىششىقلارنى تارقىتىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** 25 گىرامغىچە.

**زىيانلىق تەسىرى:** باشنى ئاغرىتىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** شېكەر.

ئۇنىڭ قارىسى زىيادە كۆيدۈرگۈچى ۋە ئۆتكۈر بولغاچقا، 10 گىرامى ئۆلتۈرىدۇ. ئىچىدىن ئىستېمال قىلىنىدىغان دورىلارغا قوشۇلمايدۇ. يالغۇز ياكى گۈڭگۈرت بىلەن مەلھەم قىلسا قوتۇر، كالا تەمرەتكىسى، بەھەققە پايدا قىلىدۇ. ياغلار بىلەن مەلھەم قىلسا سوغۇق ماددىلارنى تارقىتىدۇ. كېكەيگەن يارىلارغا زىمات قىلسا تازىلايدۇ. سىركە، گۈڭگۈرت ۋە ھەجرۇليەھۇد بىلەن قاينىتىپ مەلھەم قىلسا سۆگەللەرنى چۈشۈرىدۇ. قاينىتىلمىسى بىلەن ئېغىزنى چايقىسا چىش ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ. باراۋەر مىقداردىكى پىلپىل ۋە موم بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ چىشقا چاپلىسا ئاغرىق پەسەيتىدۇ. سىركە بىلەن قاينىتىپ زىمات قىلسا چىش ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ. مۇناسىۋەتلىك مەلھەملەرگە قوشسا كېكەيگۈچى يامان يارىلارغا داۋا بولىدۇ. ئۇنىڭ تالقىنىنى ئارپا تالقىنى، سۇ ۋە زەيتۇن يېغى بىلەن يۇغۇرۇپ ئىت، چوشقا ۋە چاشقانغا بەرسە ئۆلتۈرىدۇ.

ئۇنىڭ يىلىمى قۇرت يېگەن چىشنى ئۇۋۇتىدۇ. ھەر ئىككى خىلىنىڭ يىلتىزىنىڭ كۈلى ئېغىز يارىسىغا پايدا قىلىدىغان بولۇپ، سىناقتىن ئۆتكەن.

## ئەشراس
### (ئەشراس يىلتىزى)

ئۇ ماراكەشچە سۆز بولۇپ، پارسچە «سەرىش» دېيىلىدۇ.

**ماهىيتى:** بىر خىل ئۆسۈملۈكنىڭ يىلتىزىدىن ئىبارەت. ئەمما ئۇ «خۇنسا» ئەمەس، چۈنكى خۇنسانىڭ غولى قىسقا، كىچىك، گۈلى ئاقتۇر. ئەمما ئەشراس بولسا ئېگىزرەك، تومراق بولىدۇ. يوپۇرمىقى ۋە يىلتىزى مەزمۇتراق، گۈلى قىزىلغا مايىل ئاق، مېۋىسى يۇمىلاق، تەمى ئۆتكۈر، قىرتاق بولىدۇ. ئەمما شەيخۇر رەئىس (ئىبن سىنا) «ئەلقانۇن»نىڭ كالا تەمرەتكىسى بايانىدا «خۇنسانىڭ يىلتىزى ئەشراستۇر» دېگەن.

**تەبىئىتى:** بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق، كۆيدۈرۈلگىنى ئىككىنچى دەرىجىدە ئىسسىق، ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇقتۇر.

**خۇسۇسىيتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ئەشراسنى ئىستېمال قىلسا بىقىن ئاغرىقى، يۆتەل، كۆيگەن سەپرادىن بولغان يەرقان، ئۈچەي زەخىملىنىش، گالنىڭ يىرىكلىكى قاتارلىقلارغا پايدا قىلىدۇ. ئەشراسنى يۇمشاق سوقۇپ ئىستېمال قىلسا سۈيدۈك بىلەن ھەيزنى ھەيدەيدۇ. كۆيدۈرۈلگىنىمۇ سۈيدۈك بىلەن ھەيزنى ھەيدەيدۇ، بەلغەمدىن بولغان ئىششىقنى ياندۇرىدۇ. سىركە بىلەن ئىشلەتسە دائىرىلىك چاچ چۈشۈش، ئاق بەھەققە پايدا قىلىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن زىمات قىلسا سۇنۇق، پەتەق (چۇقۇق)، ئۇرۇقدان خالتىسىغا سۇ چۈشۈش، چىيقان، يامان يارا، ئۇرۇقدان ئىششىقى، مۇسكۇل ۋە پەيلەرنىڭ ئېزىلىشى قاتارلىقلارغا پايدا قىلىدۇ. سىركە ۋە كۈنجۈت يېغى بىلەن زىمات قىلسا قوتۇر، قىچىشقاقىقا پايدا قىلىدۇ. قاتتىق ئىششىقلارنى يۇمشىتىدۇ. ئارپا ئۇنى بىلەن زىمات قىلسا تازغا پايدا قىلىدۇ. بەلغەمدىن بولغان ئىششىقلارغا چېپىلسا ياخشى پايدا قىلىدۇ.

ئۇرۇقى جۇلا بەرگۈچى، قويۇق خىلىتلارنى پارچىلىغۇچى بولۇپ، يىلتىزىدىن ئىسسىقراقتۇر. قان تۈكۈرۈشكە پايدا قىلىدۇ. مائۇلھەسەل بىلەن ئىشلەتسە جىگەرنى تازىلايدۇ.

**زىيانلىق تەسرى:** (1) توسالغۇ پەيدا قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** سىركەنجىۋىل.

(2) ئاشقازاننى بوشىتىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** گۈلقەنت.

**ئىستېمال مىقدارى:** 15 گىرامغىچە، كۆيدۈرۈلگىنىدىن بەش گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ. ئۇرۇقىدىن ئالتە گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

**ئورۇنباسارى:** ئۇنىڭ كۆپ تەسىرلىرى ئۈچۈن بېلىق يېلىمىدۇر. بەزىلەر مۇغاس ياكى كۈرۈسنە دەيدۇ.

ئۇنىڭ يىلتىزى ناھايىتى شىلىمشىق بولغاچقا، كىتاب تۈپلىگۈچىلەر، ئېگەرچىلەر، ساندۇقچىلار ۋە موزدۇزلار ئۇنى سوقۇپ سۇغا ئارىلاشتۇرۇپ، چاپلاشتۇرۇش ۋە مۇقىملاشتۇرۇش ئۈچۈن ئىشلىتىدۇ.

# ئۇشەق

بۇ پارسچە «ئاشە» دېگەن سۆزنىڭ ئەرەبچىلەشتۈرۈلگىنىدۇر. پارسچە «ئوشە» ۋە «كەلبانى»مۇ دېيىلىدۇ. ئەرەبچە «ئۇشەج»، «ۋۇشەج»، «ۋۇشەق»، «لەززاقۇز زەھەب» (ئالتۇننى چاپلاشتۇرغۇچى) دېيىلىدۇ. يۇنانچە «ئەسانقۇن» دېيىلىدۇ، يەنە «ئەمونياقۇن»مۇ دېيىلىدۇ. بەزىلەر «پۇرنەقش»مۇ دېيىلىدۇ، دېگەن. مىسىر تىلىدا «قەنا»، «ۋۇشەق»، «كەلەخ» دېيىلىدۇ. ھىندىچە «كاندۇر» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** شەيخۇر رەئىس (ئىبن سىنا): «ئۇ تەرسۇس (توشقانزەدىكى) ئۆسۈملۈكنىڭ يېلىمىدۇر. بەزىدە (لەززاقۇز - زەھەب) دەپمۇ ئاتىلىدۇ. چۈنكى قەغەز، دەپتەرلەر ئۇنىڭ بىلەن ئالتۇن رەڭگە كىرگۈزۈلىدۇ» دېگەن. بەزىلەر ئۇنى تەنكارغا ئوخشاش ئالتۇننى يۇمشىتىدۇ، دەيدۇ. بەغدادىي: «ئۇنى (تەرسۇس) ئۆسۈملۈكىنىڭ يېلىمى دەپ بىلگەنلەر خاتالاشقان بولىدۇ، چۈنكى ئۇ كىچىك، تۈز ئۆسىدىغان بىر خىل دەرەخنىڭ يېلىمىدىن ئىبارەت. بۇ دەرەخ كۆپ ھاللاردا شام، رەبىئە دىيارىغا ئوخشاش ئىسسىقلىقى بىلەن سوغۇقلۇقى كۈچلۈك بولغان شەھەرلەردە ئۆسىدۇ» دەيدۇ. مالىقى: «دىسقۇرىدۇس ئۈچىنچى ماقالىسىدا: ئۇ شەكلى تەرخەمەككە ئوخشايدىغان بىر خىل دەرەخنىڭ يېلىمىدۇر، ئۇ بەلىنوي دېيىلىدىغان شەھەرنىڭ فورتى دېگەن يېرىدە ئۆسىدۇ. دەرىخى ئاغاشۇلىس دېيىلىدۇ، دەپ يازغان» دېگەن.

ئۇنىڭ ياخشىسى خۇشرەڭ، ئۇششاق تاش، ياغاچ پارچىسىغا ئوخشاش يات ماددىلار ئارىلاشمىغان، پارچىلىرى كۇندۇرغا ئوخشايدىغان، قويۇق بولغان، قۇندۇز قەھرىگە ئوخشاش پۇرايدىغان، تەمى ئاچچىق بولغانلىرىدۇر. مۇشۇنداق سۈپەتتە بولغانلىرى «بىرۇسما» دېيىلىدۇ، توپا ياكى ئۇششاق تاش ئارىلاشقانلىرى «فەتراما» دېيىلىدۇ.

بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، بەزىدە ئۇ «ئەمافىق» دېيىلىدىغان يەردىنمۇ ئېلىپ كېلىنىدىكەن.

ئەنتاكىينىڭ ئېيتىشىچە، ئۇنىڭ دەرىخى كىچىك بولۇپ، ئۆسۈملۈك بىلەن دەرەخنىڭ ئارىلىقىدا بولىدىكەن. غولى ئىنچىكە، تۈكلۈك، ئاققا مايىل، گۈلى سېرىق بىلەن كۆكنىڭ ئارىلىقىدا بولىدىكەن. شامنىڭ كەرەخ دېگەن تاغلىرىدا ئۆسىدىكەن. يېلىمى سېرىق بولۇپ، غولىغا تىغ ئۇرسا ئېقىپ چىقىدىكەن. ئۇنىڭ ياخشىسى ئاق، يۇمشاق، ساپ، تېز ئېرىيدىغانلىرى ئىكەن. سەكبىنەج بىلەن ساختىلاشتۇرۇلىدىكەن. ساختىسى رەڭگىنىڭ سېرىق بولۇشى بىلەن پەرقلەندۈرۈلىدىكەن. يەنە ھىڭ بىلەنمۇ ساختىلاشتۇرۇلىدىكەن. ئۇ ھىڭ پۇرىقى بىلەن پەرقلەندۈرۈلىدىكەن. ئۇنىڭ ساپلىرىنىڭ دانلىرى چوڭ، قاتتىق، ئاچچىق

بولىدىكەن، قۇندۇز قەھرىگە ئوخشاشراق پۇرايدىكەن.

«ئىختىياراتى بەدىئىي»نىڭ ئاپتورى: «ئۇ شىرازچە( بەدران )دېيىلىدىغان بىر خىل ئۆسۈملۈكنىڭ يىلىمىدۇر» دەپ يازغان.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىنىڭ ئاۋۋىلىدا ئىسسىق، بەزىلەر ئۈچىنچى دەرىجىدە ئىسسىق دەيدۇ. بىرىنچى دەرىجىنىڭ ئاخىرىدا قۇرۇقتۇر. ئىسھاق ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق، دېگەن.

**خۇسۇسىيتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** تارقاتقۇچى، كۈچلۈك قۇرۇتقۇچى، جۇلا بەرگۈچى، بەدەننىڭ چوڭقۇر قىسمىدىكى ماددىلارنى تارتقۇچى، ئازراق چاققۇچى، جىگەر، تال توسالغۇلىرى ۋە تومۇر ئېغىزلىرىنى ئېچىش، سۇرگىلەرنى ئىسلاھ قىلىش خۇسۇسىيەتلىرى بار. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ سۇرگىلەرنىڭ تەسىرىنى ياخشىلاش ئۈچۈن سۇرگىلەرگە قوشۇلىدۇ.

باش ئەزالىرى كېسەللىكلىرى: ئۇ بەلغەمنى سۈرۈپ ھەيدەيدىغانلىقى ئۈچۈن ھەسەل بىلەن بىلەن بىرلىكتە بەدىنى كۈچلۈكلەرگە 5 ~ 6 گىرامغىچە، بەدەن قۇۋۋىتى ئوتتۇرا ھاللارغا ئۈچ گىرام، بەدىنى ئاجىزلارغا ئۈچ گىرامنىڭ تۆتتىن بىرىچىلىك ياكى شۇنىڭغا يېقىن مىقداردا ئىچۈرۈلسە، تۇتقاق كېسەل، پالەچ، ئەزالارنىڭ سەزمەس بولۇپ قېلىشى ۋە ماددىلارنىڭ قېيىپ قېلىشىدىن بولغان ھۆل تەشەننۇجقا پايدا قىلىدۇ. شۇنداقلا ئۇنىڭدىن بەش گىرام ئېلىنىپ ئارپا سۈيى ياكى مائۇلھەسەل بىلەن ئىچىلسىمۇ تۇتقاق كېسەلگە پايدا قىلىدۇ. ئۇنىڭدىن بىر دانە نوقۇت چوڭلۇقىدا ئېلىپ 135 گىرام ساپ ھەسەل ياكى زۇپا قاينىتىلمىسى ياكى ئەنجۇدان قاينىتىلمىسى بىلەن ئىچسە ماددىلارنىڭ قېيىپ قېلىشىدىن بولغان ھۆل تەشەننۇجقا پايدا قىلىدۇ. ئۇ مېڭە ۋە مېڭە نېرۋىلىرىدىكى بەلغەم ۋە باشقا كۆپ سۈيۇقلۇقلارنى ئېغىز، تامغاق ۋە گالغا چۈشۈرۈپ تارقىتىدىغانلىقى ئۈچۈن قايناق سۇ بىلەن ئېرىتىپ غار ـ غار قىلىنسا مەزكۇر كېسەللىكلەرگە، شۇنداقلا باش قېيىش، كۆز ئالدى قاراڭغۇلىشىش، ئىستىرخا، لەقۋاغا ئوخشاش مېڭىنىڭ سوغۇقتىن بولغان كېسەللىكلىرىگە ھەم سەۋدا ۋە بەلغەمدىن بولغان خەفەقانغا پايدا قىلىدۇ.

كۆز، گال، كۆكرەك ۋە باشقا ئەزالار كېسەللىكلىرى: سىركە بىلەن مەلھەم قىلسا يىڭناسقۇغا پايدا قىلىدۇ. كۆزگە سۈركىسە قاپاق يىرىكلىشىش، قاپاق قوتۇرى، كۆزگە ئاق چۈشۈش، يىڭناسقۇغا پايدا قىلىدۇ، كۆزدىكى يارىلارنىڭ ھۆللۈكلىرىنى تارتىدۇ، كۆز قاراڭغۇلىشىشقا شىپا بولىدۇ. بەش گىرامنى ئارپا سۈيى بىلەن لوئۇققا ئوخشاش ئاز ـ ئازدىن يالىسا كاناي ئىششىقى، نەپەس قىستاش، ئولتۇرۇپ نەپەسلىنىش، بەلغەمدىن بولغان بوغما كېسەل قاتارلىقلارغا پايدا قىلىدۇ، دىيافراگمىنىڭ يارىسىنى تازىلايدۇ، سەۋدانى تەنقىيە قىلىدۇ. ھەسەل بىلەن يالىسىمۇ مەزكۇر ئىللەتلەرگە شىپا بولىدۇ، كۆكرەكتىكى شىلىمشىق ھۆللۈكلەرنى تازىلايدۇ. سۈيدۈك تۇتۇلۇش، بەل ئاغرىقى، بوغۇملار ئاغرىقى،

ئۇلتۇرغۇچ نېرۋا ئاغرىقى قاتارلىقلارغا شىپا بولىدۇ. سۇرگۈچى دورىلارنىڭ زىيىنىنى يوقىتىدۇ. ئۇنىڭدىن بەش گىرامغىچە ئېلىپ مۇناسىپ مەتبۇخلارغا ياكى قايناق سۇغا چىلاپ قويۇپ ئىچسە، يانپاش ئاغرىقى، بەل ئاغرىقى، ئۇلتۇرغۇچ نېرۋا ئاغرىقى قاتارلىقلارغا داۋا بولىدۇ. ئاشقازاندىكى يەلنى تارقىتىدۇ، تال ۋە جىگەرنىڭ قاتتىق ئىششىقلىرىنى ياندۇرىدۇ. شىلىمشىق قويۇق بەلغەم ۋە زەرداب سۇنى سۈرۈپ چىقىرىدۇ. ئۇششاق تاشلارنى پارچىلايدۇ. ئۆلۈك ۋە تىرىك ھامىلىنى چۈشۈرىدۇ. ئۇچەي مەددە قۇرتى ۋە قاپاق ئۇرۇقسىمان مەددىنى چۈشۈرىدۇ. كېرەكسىز ماددىلارنى، ھەيزنى ۋە ئارتۇق ھۆللۈكلەرنى ھەيدەيدۇ. يالغۇز ياكى سىركە بىلەن ئىشلەتسە، جىگەر ۋە تالنىڭ ئىششىقىنى ياندۇرىدۇ، ئىستىسقا ۋە ئۇرۇقدانىنىڭ قاتتىق ئىششىقىغا شىپا بولىدۇ. ئۇ يالغۇز زىمات قىلىنسا بوغۇملاردىكى قاتتىق ئىششىقلارنى تارقىتىدۇ. سىركە بىلەن زىمات قىلسا كالا تەمرەتكىسىگە، سىركە ۋە توغرىغۇ بىلەن زىمات قىلسا چاشقان يارىسىغا پايدا قىلىدۇ، قاتتىق ئىششىقلارنى تارقىتىدۇ. ھەسەل ۋە زۇپتى بىلەن زىمات قىلسا بوغۇملار قېتىۋېلىشقا پايدا قىلىدۇ. سىركە ، توغرىغۇ ۋە خېنە يېغى بىلەن زىمات قىلسا ماددىلارنىڭ قېيىپ قېلىشىدىن بولغان كەم ماغدۇرلۇق ۋە سوغۇق ماددىلاردىن بولغان ئۇلتۇرغۇچ نېرۋا ئاغرىقىغا شىپا بولىدۇ. زەيتۇن يېغى بىلەن مەلھەم قىلسا داغ، بەھەق ۋە تېرىدىكى ئىزلارنى يوقىتىدۇ. ھەسەل بىلەن زىمات قىلسا، ئۆزىدىكى تارتىش كۈچى بىلەن بەدەن ئىچىدىكى ئوق ۋە تىكەنگە ئوخشاش يات ماددىلارنى تېرە يۈزىگە تارتىپ چىقىرىدۇ.

زەھەر قايتۇرۇش: شەيخۇر رەئىس (ئىبن سىنا)نىڭ ئېيتىشىچە، ئۇنى تىلا دەپ ئاتىلىدىغان شەربەت ۋە مۇرمەككى بىلەن ئىچسە ھەرقانداق زەھەرنى، بولۇپمۇ تەفسىيقۇن دېيىلىدىغان زەھەرنى قايتۇرىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن ھەمەلچە قىلسا ھامىلىنى چۈشۈرىدۇ، ھەيزنى ھەيدەيدۇ، بالىياتقۇ ئېغىزىنىڭ بوغۇلۇپ قېلىشىغا پايدا قىلىدۇ. ئۇنىڭ يېغى بىلەن بەدەننى ياغلىسا زىيانداش ھايۋانلار قاچىدۇ. ئۇنىڭغا سۆئىدى ۋە زەيتۇن يېغى ئارىلاشتۇرۇپ زىيانداش ھاشارات كۆپ جايغا قويسا، ئۇلارنى ئۆلتۈرىدۇ. ئۇنىڭ مەلھىمى ئىششىقلارنى تارقىتىدۇ ۋە پىشۇرىدۇ، جاراھەتلەردىكى ئارتۇق گۆشلەرنى يەپ يېڭى گۆش ئۇندۇرىدۇ.

ئومۇمەن ئۇ مەيلى يالغۇز ياكى مۇناسىپ دورىلار بىلەن ئىشلىتىلسۇن پايدىسى ناھايىتى كۆپتۇر.

**ئىستېمال مقدارى:** 2.5 ~ 5 گىرامغىچە.

**زىيانلىق تەسىرى:** (1) ئاشقازانغا زىيان قىلىدۇ، كۆپ ئىشلىتىلسە قان سىيدۇرىدۇ، قانىتىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** رۇمبەدىيان.

(2) بۆرەككە زىيان قىلىدۇ.

**تۇزەتكۈچىسى:** زۇپا، ئاز ئىشلىتىش لازىم.
**ئورۇنباسارى:** سەكبىنەج ياكى جاۋشىر ياكى مومدۇر.
ئۇنىڭ مەلھەم نۇسخىلىرى قارابادىندا بايان قىلىندى.

## ئۆشنان

بۇ، ئەرەبچە ئىسىم بولۇپ، يەنە «ھۇرز» ۋە «غاسۇل» (يۇغۇچ)مۇ دېيىلىدۇ. چۈنكى ئۇنىڭ بىلەن كىيىم يۇيۇلىدۇ.

**ماھىيتى:** ئادەتتە بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ بىر قانچە خىل تۈرى بولىدۇ. ئۇلارنىڭ بىرى ھۆل ئۆشناندۇر. ئۇ بىر خىل ئۆسۈملۈك بولۇپ، يوپۇرمىقى بولمايدۇ. يوپۇرماقلىرىنىڭ ئورنىغا ئىنچىكە شاخلار ئۆسۈپ چىققان بولۇپ، ئۇنىڭ شاخچىلىرىدا بوغۇمغا ئوخشاش نەرسىلەر بولىدۇ. داۋاملىق نەم ۋە سۇلۇق تۇرىدۇ. ئۇنىڭ ئۆسۈملۈكى چوڭ، ياغىچى توم بولۇپ، كۆيدۇرۇلسە ئوتى ناھايىتى قىزىق ۋە ئۆتكۈر بولىدۇ، تۈتۈنى سېسىق پۇرايدۇ. سەل تۇزلۇقراق بولىدۇ. يەرنى ئازراق كولاپ ئۇنىڭ ياغاچلىرىنى يىغىپ ئوت يېقىپ كۆيدۇرسە، ئۇنىڭدىن سۇ ئېقىپ ئورەكنىڭ ئاستىغا يىغىلىپ، چوڭ - كىچىك پارچىلار ياكى توقىچاق ھالەتتە قېتىپ قالىدۇ. ئۇ شاخاردىن ئىبارەت. بۇ ئۆسۈملۈك شورلۇق يەرلەر، خارابىيلىقلار ۋە قۇرغاق يەرلەردە ئۆسىدىغان بولۇپ، تۇزلۇق بولغاچقا چارۋىلار ئۇنى يېمەيدۇ، بەلكى پۇراپ بېقىپ ئۆتۈپ كېتىدۇ.

ئۇنىڭ ھۆلىنىڭ يەنە بىر تۈرى بار بولۇپ، ئۆسۈملۈكى ئىككى غۇلاچقىچە ئېگىزلىكتە ئۆسىدۇ، شاخلىرى ئىنچىكە، دەرىخىنىڭ پوستى قىزىلغا مايىل، يوپۇرمىقى ئۇششاق، قېلىن، يوپۇرمىقىنىڭ بىر تەرىپى يېشىلغا مايىل بىنەپشە رەڭ، يەنە بىر تەرىپى قارامتۇل كۆك بولىدۇ. يوپۇرمىقى سۆيۈقلۇققا توشقان بولۇپ، قارا رەڭدە بولىدۇ، ھەرقانداق نەرسىگە تەگسە قارايتىدۇ. تەمى تۇزلۇق ۋە ئۆتكۈر بولىدۇ. دەرىخىنىڭ ئاستى دائىم ھۆل تۇرىدۇ. بۇمۇ شورلۇق يەرلەردە ئۆسىدىغان بولۇپ، سىند، مۇلتان شەھەرلىرىدە كۆپ تېپىلىدۇ. ئۇنىڭ ئۆسۈملۈكىدىن يۇقىرىدا ئېيتىلغان ئۇسۇل بىلەن شاخار ھاسىل قىلىنىدۇ. سىند شەھىرىدىكى كۇلالچىلار ساپال قاچىلىرىنى پىشۇرغاندىن كېيىن قىزىرىپ قالسا، بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ شاخىرىنى قىزىرىپ قالغان ساپال قاچىلارنىڭ ئۈستىگە سۇركەپ قارايتىدۇ.

ئۇنىڭ ئاق رەڭلىك بىر تۈرىمۇ بار بولۇپ، ئۇنىڭ سۆيۈقلۇقى قۇشقاچ پوقىغا ئوخشىغانلىقتىن «خەرئۇل ئەسافىر» (قۇشقاچ پوقى) دەپ ئاتىلىدۇ.

ئۇنىڭ يېشىل رەڭلىكى «غاسۇل پارسى» ۋە «غاسۇل يابىس» دەپ ئاتىلىدۇ. سۈيى بىلەن لوك ئېرىتىلىدۇ. يېزىقچىلىقتا سىياھ ئورنىدا ئىشلىتىلىدۇ. ئۇ «ئەبۇ قانس» ئۆسۈملۈكى

ئەمەس. ئۇنىڭ ئەڭ ياخشىسى «خەرئۇل ئەسافىر» دەپ ئاتالغان ئاق رەڭلىكىدۇر.

**تەبىئىتى:** ئۈچىنچى دەرىجىدە ئىسسىق، ئىككىنچى دەرىجىنىڭ ئاخىرىدا قۇرۇق.

**خۇسۇسىيتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** جۇلا بېرىش، كۆيدۇرۇش، ماددىلارنى تازىلاش، تۇسالغۇلارنى ئېچىش، سۈيدۈك ۋە ھەيزنى كۆچلۈك ھەيدەش، قويۇق كېرەكسىز ماددىلارنى تارقىتىش قاتارلىق خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە. يېشىلىنىڭ 10 گىرامى زەرداب سۇنى سۇرۇپ چىقىرىدىغان بولۇپ، ئىستىسقاغا پايدا قىلىدۇ. 1.5 گىرامى سۈيدۈك ھەيدەيدۇ. 15 گىرامى تىرىك ۋە ئۆلۈك ھامىلىنى چۈشۈرىدۇ. 30 گىرامى ئۆلتۈرىدۇ. مەلھەم قىلسا زەخىملەردىكى ئارتۇق گۆشلەرنى يوقىتىدۇ. چىشقا سەپسە چىشنى ئاقارتىدۇ.

**زىيانلىق تەسرى:** (1) چىشقا داۋاملىق سەپسە چىشنى بۇزىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** قاپاق ئۇرۇقى مېغىزى، بىنەپشە يېغى.

(2) دوۋساققا زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** ھەسەل.

## ئۆشنە

ئۇ، يۇنانچە «ئەبرۇيۇن»، ئەرەبچە «شەيبەتۇل ئەجۇز» (موماينىڭ ئاق چېچى)، «مۇسكۇل قۇرۇد» (كانا تۇتقۇچى) دەپ، پارسچە «دەۋالە»، «دەۋالەك»، «دەۋالى» دەپ، ھىندىچە «چەھرىلە»، «چەرىرە»، «ئىكسىر»، «سەنج» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيتى:** ئىنچىكە يىپلارغا ئوخشايدىغان بىر خىل نەرسە بولۇپ، ياپىلاق، بىر - بىرىگە چىرماشقان ۋە توقۇلغان ھالەتتە بولىدۇ. بەللۇت ۋە قارىغاي دەرەخلىرى ۋە باشقا دەرەخلەردە ھاسىل بولىدۇ. ھەر ئىككى تەرىپى ئاق، خۇش پۇراق بولغانلىرى ياخشىلىرى ھېسابلىنىدۇ، قارىسى ئەڭ ناچىرىدۇر.

**تەبىئىتى:** ئىسسىق - سوغۇقلۇقى مۆتىدىل، قۇرۇغۇچى قۇۋۋەتكە ئىگىدۇر. شەيخۇر رەئىس ئۇنىڭ سوغۇقلۇقى بىلەن قابىزلىقى مۆتىدىلدۇر، دەپ يازغان. بەزى كىشىلەر بىرىنچى دەرىجىدە ئىسسىق، ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق، يەنە بەزىلەر بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق دېگەن. يەنە بەزى كىشىلەر سوغۇق، قۇرۇقلۇقى يۇقىرى، بولۇپمۇ بەللۇت دەرىخىدە پەيدا بولغانلىرى تېخىمۇ شۇنداق دېگەن. ئومۇمەن ئۇنىڭ تەبىئىتى ئۆزى ھاسىل بولغان دەرەخنىڭ ئوخشىماسلىقىغا قاراپ ھەر خىل بولىدۇ.

**خۇسۇسىيتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ھەممىسى قورۇش، ماددىلارنى تارقىتىش، يۇمشىتىش قاتارلىق خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە، بولۇپمۇ قارىغاي دەرىخىدە پەيدا بولغانلىرىنىڭ بۇ خىل خۇسۇسىيەتلىرى تېخىمۇ كۈچلۈك. ئۇ خۇش پۇراقلىقى بىلەن روھنى خۇش قىلىدۇ ۋە

قۇۋۋەتلەيدۇ، قابىزلىقى بىلەن روھنى چىڭىتىدۇ، ئۈچۈچانلىقى بىلەن يۈرەككە تېز تەسىر قىلىدۇ. شۇ سەۋەبلەردىن، ئەسلىي خۇسۇسىيەتلىرى بىلەن روھنى قۇۋۋەتلەيدۇ.

يۈرەك، مېڭە ۋە باشقا ئەزالار كېسەللىكلىرى: ئۈشنىنى قاينىتىپ ئىچسە كۆڭۈلنى خۇرسەن قىلىدۇ، روھىي ھايۋانىينى قۇۋۋەتلەپ ۋە چىڭىتىپ ئۇنى مۇھاپىزەت قىلىدۇ. يۇمشىتىش، تارقىتىش، قورۇش خۇسۇسىيىتى بىلەن خەفەقان، تۇتقاق كېسەل، ئاشقازان ۋە باھ ئاجىزلىقىغا پايدا قىلىدۇ، كۆڭۈل ئاينىش ۋە قۇسۇشنى توختىتىدۇ. تاش پارچىلايدۇ. جىگەر ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ. ئاشقازاننى خۇش پۇراق قىلىپ ھۆللۈكنى قۇرۇتىدۇ. قابىز شارابقا چىلاپ ئىچسە ئېغىر ئۇيقۇ كەلتۈرىدۇ، بولۇپمۇ كىچىك بالىلار ئۈچۈن تەسىرى تېخىمۇ ياخشى ۋە تېز بولىدۇ. ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەيدۇ. قورساق ئېسىلىش ۋە زەھەرلىك ھاشارات چېقىۋېلىشقا پايدا قىلىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن ئىسرىق سالسا باش ئاغرىقى، باشنىڭ يېرىمى ئاغرىش، تۇتقاق كېسەلگە پايدا قىلىدۇ. تۇتۇننى تەكرار پۇرسا سەكتە، تۇتقاق كېسەل، بالىياتقۇ ئېغىزى بوغۇلۇپ قېلىشقا شىپا بولىدۇ. قاينىتىلمىسىدا ئولتۇرسا ھەر خىل ئاغرىقلارنى پەسەيتىدۇ، ئىسسىقتىن بولغان ئىششىقلارنى تارقىتىدۇ، بوغۇملارنىڭ قېتىۋېلىشىغا شىپا بولىدۇ، بالىياتقۇ ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ، ھەيزنى ھەيدەيدۇ. سۇغا چىلاپ ئېزىپ زىمات قىلسا، ئاجىز ۋە بوشىغان ئەزالارنى كۈچەيتىدۇ، قۇلاق ئارقىسى، قولتۇق ئاستى، ئىككى تاغاق ئارىسى، يىرىق قاتارلىق ئورۇنلارنىڭ يۇمشاق گۆشلىرىنى چىڭىتىدۇ. ئۇلارنىڭ ئىسسىقتىن بولغان ئاغرىقلىرىنى پەسەيتىدۇ. قاتتىق ئىششىقلارنى يۇمشىتىدۇ. ئىششىقلارنى تارقىتىدۇ. ئاشقازان بىلەن جىگەرنى قۇۋۋەتلەيدۇ، قولتۇقنىڭ سېسىق پۇرىقىنى يوقىتىدۇ. سىركە بىلەن مەلھەم قىلسا تال ئىششىقىغا پايدا قىلىدۇ، كىچىك بالىلارنى ئۇخلىتىدۇ، كۆزگە سۈركىسە كۆزنى قۇۋۋەتلەيدۇ. بەللۈت دەرىخىدە پەيدا بولغىنىنىڭ دەملەنمىسىنى كۆزگە تېمىتسا كۆيدۈرگىگە پايدا قىلىدۇ، كۆز ھارارىتىنى پەسەيتىدۇ. يۇمشاق سوقۇپ سۈركىسە قولتۇق سېسىق پۇراشقا پايدا قىلىدۇ، جاراھەتلەرگە يۇمشاق گۆش ئۈندۈرىدۇ. شۇنداقلا ئۇنىڭ مەلھىمىمۇ قولتۇق پۇراشنى يوقىتىدۇ. كەم ماغدۇرلۇقنى تۈگەتكۈچى مۇناسىپ ياغلارغا چىلاپ ياكى ئۇلار بىلەن قاينىتىپ سۈركىسە پۇت ـ قوللارغا ماغدۇر پەيدا قىلىدۇ، ئىششىقلارنى تارقىتىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** ئۆپكىلەرگە زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** رۇمبەدىيان.

**ئىستېمال مىقدارى:** 10 گىرامغىچە.

**ئورۇنباسارى:** باراۋەر مىقداردا قەردىمانە.

ئۇ ئەرگىجە، غالىيە، لەخلەخگە ئوخشاش خۇش پۇراق ياسالمىلارغا، داۋائىلمىشكى،

سۇرمىلەر ۋە باشقىلارغا قوشۇلىدۇ. ئۇنىڭ قۇرۇقى چىلانمىغىچە ۋە نەمدەلمىگىچە سوقۇلمايدۇ.

ئۇنىڭ جاۋارىشى، ئەرقى ۋە يېغى قارابادىندا بايان قىلىندى.

مىير ئابدۇل ھەمىد «تۆھپەتۇل مۆئمىن»نىڭ شەرھىسىدە: «ئۇ فىرانسۇزلارنىڭ يەككە دورىلار كىتابىدىمۇ ئۇچرىدى، فىرانسۇزلار ئۇنى ‹موس كەس ئەربىرم› دەپ ئاتايدىكەن. يەنە ئۇ كىتابتا يېزىلىشىچە، ئۇنىڭ سۇدا ئۆسىدىغان بىر تۈرىمۇ بار بولۇپ، سۇ ئاستىدىكى مارجان شاخلىرى، بېلىق قاسىراقلىرى ۋە باشقا دەرەخلەرگە يامىشىپ ئۆسىدىكەن. ئۇ ئىنچىكىرەك بولىدىغان بولۇپ، ‹موس كەس مىرىن› دەپ ئاتىلىدىكەن» دەپ يازغان.

ئۇنىڭ تەبىئىتى ھۆل سوغۇقتۇر. زىمات قىلسا ئەزالارنىڭ كۆيۈشۈپ ئاغرىشى ۋە ئىسسىقتىن بولغان بوغۇملار ئاغرىقىغا ناھايىتى ياخشى پايدا قىلىدۇ.

## پەسىل: «ئ» (ئەلىف) ۋە «س» (سۇاد) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى

### ئەسابىئۇس سۇفر

(سېرىق بارماق)

ئۇ «كەففى ئائىشە» (ئائىشە ئالقىنى) ۋە «كەففى مەريەم» (مەريەم ئالقىنى) دېگەن ناملار بىلەن مەشھۇردۇر. ھىندىچە «ھىنس پەدى» دېيىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** بۇ بىر خىل ئۆسۈملۈكنىڭ يىلتىزىدىن ئىبارەت بولۇپ، ئادەتتە ئىككى خىل تۈرى بولىدۇ.

بىرىنچى خىلى بىر خىل ئۆسۈملۈكنىڭ يىلتىزىدىن ئىبارەت. بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ يوپۇرمىقى كۆدە يوپۇرمىقىغا ئوخشايدۇ، غولى ئىنچىكە بولۇپ، ئېگىز ئۆسىدۇ. گۈلى بىنەپشە رەڭدە بولۇپ، غولىنىڭ توۋىدىن تاكى ئۇچىغىچە گۈل ئېچىلىدۇ. يىلتىزى كىچىك بالىنىڭ ئالقىنى چوڭلۇقىدا بولۇپ، خۇددى بارماققا ئوخشاش بەش ـ ئالتە دانە تارماق يىلتىزلارغا بۆلۈنگەن. ناھايىتى سۇلۇقتۇر. رەڭگى سېرىق، ئاق ۋە كۆل رەڭلەردىن تەركىب تاپقان ئالا ھالەتتە بولىدۇ. لېكىن كۆپ ھاللاردا سېرىققا مايىل بولىدۇ. تەمى ئازراق تاتلىق بولىدۇ. دەرياغا يېقىن قۇملۇقلاردا ئۆسىدۇ.

ئىككىنچى خىلىمۇ بىر خىل يىلتىزدىن ئىبارەت بولۇپ، شىر ۋە يولۋاسنىڭ چاڭگىلىغا ئوخشايدۇ. بۇ بىرىنچى خىلىغا قارىغاندا ئىسسىقراق ۋە ئۆتكۈررەك بولىدۇ.

ئەتتاكى مەزكۇر ئۆسۈملۈكنى «كەففى ئائىشە» ۋە «كەففى مەريەم»نىڭ باشقىسى دەپ

بىلىپ، باشقىچە بايان قىلغان.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە ئىسسىق، ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇقتۇر. ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇقمۇ دېيىلگەن.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ماددىلارنى ئۇچۇچانلاشتۇرغۇچى، قويۇق كىرەكسىز ماددىلارنى كۆچلۈك تارقاتقۇچى، پەي ـ نېرۋىلىق ئەزالارنى تازىلىغۇچى، زەھەرلەرنى قايتۇرغۇچى بولۇپ، ساراڭلىق، ئۆزىگە سۆزلەش، سەۋدا ۋە بەلغەمدىن بولغان كېسەللىكلەر، نېرۋا باشلانمىسىنىڭ ئاجىزلىقى، بوغۇملار ئاغرىقى ۋە قولۇنجى قاتارلىقلارغا، زىماتى قاتتىق ئىششىقلارنى تارقىتىشقا، ئىسرىقى چاشقان، ئاغمىخانلارنى قاچۇرۇشقا ئىشلىتىلىدۇ.

ئۇنىڭ ئىككىنچى خىلى ھامىلە چۈشۈرىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** (1) سۇيىدۇك ئاجرىتىش ئەزالىرىغا زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** تۇخۇمى مۇرد، بەللۇت.

(2) ئىسسىق مىزاجلىقلارغا زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** سىركەنجىۋىل.

(3) يۈرەككە زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** ئەرەب يېلىمى.

**ئىستېمال مىقدارى:** 10 گىرامغىچە.

**ئورۇنباسارى:** ساراڭلىق ۋە سەۋدادىن بولغان كېسەللىكلەردە بىر يېرىم ھەسسە ھەزارجەشان ئۆسۈملۈكى، ئۇچتىن بىرىنىڭ ئىككى ھەسسىسىچىلىك مىقداردا سۆئدى.

## ئەسابىئى فىرئەۋن

(پىرئەۋن بارمىقى)

**ماھىيىتى:** بارماق چوڭلۇقىدىكى تاشلاردىن ئىبارەت بولۇپ، ئىچى كاۋاك قومۇشقا ئوخشايدۇ، بوغۇملۇق، ئازراق ياپىلاق، يۇمشاق بولىدۇ. بىر ـ بىرىگە سوقۇشتۇرسا تاشنىڭ سوقۇلغان ئاۋازى چىقىدۇ. يەمەن، شىھر ۋە ئامان قاتارلىق جايلارنىڭ ئەتراپىلىرىدىن چىقىدۇ.

ئۇنىڭ يەنە بىر تۈرى بار بولۇپ، قارا رەڭلىك سۆيۈقلۇقى بولىدۇ. بۇ سۆيۈقلۇق تەسىرلىرى جەھەتتە مۇمىيانىڭ ئورنىنى باسىدۇ، دەپ قارىلىدۇ.

ئۇنىڭ ياخشىسى ئادەتتە سىزىقلىق، يەڭگىل، چۇرۇك، يۇمشاق بولغانلىرىدۇر. مىسىر

خەلقى ئۇنى بىخەۋەر كىشىلەر ۋە دورا تونۇمايدىغانلارغا قەسىۋزەرىرە ئورنىدا ساتىدۇ. ئەمما تەجرىبىلىك كىشىلەرگە ئۇلارنىڭ پەرقى ئاياندۇر.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىنىڭ ئاخىرىدا قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** قان توختىتىش، جاراھەتلەرنى پۈتتۈرۈش، سوغۇق ئىششىقلارنى تارقىتىش قاتارلىق خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە. جاراھەتنىڭ قېنى بىلەن يۇغۇرۇپ جاراھەت ئۈستىگە چاپسا، جاراھەتنى ناھايىتى ياخشى پۈتتۈرىدىغان بولۇپ، بۇ جەھەتتە تەڭدىشى يوقتۇر.

**ئەنتاكىي:** «مىسىردا ئۇنىڭ يەنە بىر خىل تۈرىنى كۆردۈم، ئىلگىرى كۆرۈپ باقمىغان ئىدىم، يەڭگىل، بوش، كاۋاك ئىكەن. ئېھتىمال بۇ بايان قىلىنغىنىدىن ياخشىراق بولۇشى مۇمكىن» دەپ يازغان.

## ئەسابىئۇل ئۇسۇس

**ماھىيىتى:** ئەبۇ رەيھاننىڭ «سەيدىيىە» دېگەن كىتابىنىڭ تەرجىمانى ئۇنىڭ ئۈسۈملۈكىنى بايان قىلمىغان ۋە مۇنداق دېگەن: «ئۇ ھىندىستاندىن چىقىدىغان بىر خىل دورا بولۇپ، ئۇرۇقى گۈرۈچكە ئوخشايدۇ، كۆپ شەھەرلەردە ئىشلىتىلىدۇ. ئېغىزغا سېلىپ بىر دەم تۇرسا، پوستى ئاجراپ پاختىغا ئوخشايدىغان مېغىزى چىقىدۇ. ئۇ باھنى ناھايىتى قوزغايدۇ.»

ھەكىم مىر ئابدۇل ھەمىد «تۆھپەتۇل مۆئمىن» (مۆمىنلەرگە ھەدىيە) دېگەن كىتابىنىڭ شەرھىسىدە: «ئۇ خاندىس تىلىدا ‹پەنابان› دېيىلىدۇ، ئۇ ئۈسۈملۈك بىلەن دەرەخ ئوتتۇرىسىدىكى بىر خىل ئۈسۈملۈك بولۇپ، بىر غۇلاچتىن ئېگىزرەك ئۆسىدۇ، يوپۇرمىقى گۈلى ئابباسىنىڭ يوپۇرمىقىغا ئوخشايدۇ. باشقى بار بولۇپ، بۇغداي ۋە ئارپىنىڭ باشقىغا ئوخشايدۇ. ھەر باشقىنىڭ ئۇچىدا خەيرىگۈلنىڭ گۈلىگە ئوخشاش گۈلى بولىدۇ. گۈلىنىڭ رەڭگى قىزىل ياكى ئاچ قىزىل بولىدۇ، بەزىلىرىنىڭ گۈلى كۆك ئېچىلىدۇ. ئۇنىڭ ئۇرۇقى ئارپا دېنىغا ئوخشايدىغان بولۇپ، ئېغىزدا تۇتسا ياكى سۇغا تاشلىسا ئاۋاز چىقىرىپ پوستى يېرىلىپ مېغىزى چىقىدۇ» دەپ يازغان.

## ئىستەرەك
### (ئىستەرەك يېلىمى)

**ماھىيىتى:** دىسقۇرىدۇس ئۇنى مىئە (بىر خىل يېلىم) نىڭ بىر تۈرى، دېگەن. بەزىلەر ئۇنى زەيتۇن يېلىمى دەپ بىلگەن. ئۇنىڭ تۈتۈنى ھەممە تەسىرلىرىدە كۈندۈر تۈتۈنىنىڭ ئورۇنباسارى بولىدۇ. يەنە بەزىلەر ئۇنى شەجەرى رۇمى دەرىخىنىڭ يېلىمى دېگەن.

دىسقۇرىدۇس ئۇنىڭ ياخشىسى قوڭۇر، مايلىق، راتىيانەجىكە ئوخشاش، رەڭگى ئاق، خوش پۇراق بولغانلىرى بولۇپ، سۇركىسە ھەسەلگە ئوخشاش يۇمشايدۇ. قارا رەڭلىكى ناچاردۇر. ساپلىرى ئاز تېپىلىدۇ. ئۇنىڭ ساپ بولغان ئازغىنە قىسمىغا پاختا بىلەن موم ئارىلاشتۇرۇپ ساختىلاشتۇرۇپ سېتىلىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئۈچىنچى دەرىجىدە ئىسسىق، بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇقتۇر.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** قىزىتىش، ماددىلارنى پىشۇرۇش، يۇمشىتىش قاتارلىق خۇسۇسىيەتلىرى بولۇپ، زۇكام، نەزلە، يۆتەل ۋە سوغۇقتىن ئاۋاز پۇتۇپ قېلىشلارغا مەنپەئەت قىلىدۇ. ئازغىنە ئىلكۇلبەتەم بىلەن يۇتسا چوڭ تەرەتنى يۇمشىتىدۇ. ئىستەرەك يېغى بالىياتقۇ قاتتىق ئىششىقىغا پايدا قىلىدۇ، بالىياتقۇدىكى توسالغۇلارنى ئاچىدۇ، ھەيز ماڭدۇرىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** باشنى ئاغرىتىدۇ. ئېغىر ئۇخلىتىدۇ، باشنى ئېغىرلاشتۇرىدۇ. تىرىك ھامىلىنى چۈشۈرىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** ئارپىبەدىيان ئۇرۇقى.

**ئىستېمال مىقدارى:** 1.5 ~ 3.5 گىرامغىچە.

**ئورۇنباسارى:** مىئەسائىلە.

## پەسىل: «ئ» (ئەلىف) ۋە «ت» (تۇۋائ) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى

### ئەتراتىيقۇس

(ئەتراتىيقۇسئوتى)

ئۇ يۇنانچە ئىسىم بولۇپ، يۇلتۇزغا ئوخشىغۇچى دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. ئەرەبچە «ھالىبى» (سۇيدۇك يولىغا مەنسۇپ) دېگەن نام بىلەن مەشھۇردۇر، چۈنكى ئۇنى ئىسسىق خاسىيىتى بىلەن سۇيدۇك يوللىرىدىكى ئىششىقلارنى ياندۇرىدۇ.

**ماھىيىتى:** بىر خىل سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك بولۇپ، غولى بىر غۇلاچتىن ئېگىزرەك، قاتتىق، يىرىك بولىدۇ. غولىنىڭ ئەتراپلىرىدا بابۇنەگە ئوخشايدىغان، بەزىسى بىنەپشە رەڭلىك گۈللىرى بولىدۇ، گۈللىرىنىڭ ئەتراپىنى يوپۇرماقلىرى ئوراپ تۇرىدۇ. ئۇلارنىڭ ھەممىسى خۇددى يۇلتۇزنىڭ شەكلىگە ئوخشايدۇ. غولىدىكى يوپۇرماقلىرى ئىنچىكە، تۈكلۈك بولىدۇ. ئۇرۇقى كۆل رەڭ، ئاچچىق بولىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق، سوۋۇتۇش ۋە قورۇش تەسىرى بار. شەيخۇر رەئىس ئۇنىڭ قورۇش قۇۋۋىتى يوق، دەپ يازغان.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** تارقىتىش ۋە قورۇش خۇسۇسىيىتى بولۇپ، ئىستېمال قىلسا

كىچىك باللاردىكى «ئۇمۇس سىبيان» دېيىلىدىغان تۇتقاق كېسەلگە ۋە بوغما كېسەلگە پايدا قىلىدۇ. يوپۇرمىقىنى زىمات قىلسا، كۆز ئىششىقى، كۆز ئالمىسىنىڭ پۇلتىيىپ چىقىپ قېلىشىغا پايدا قىلىدۇ. كۆز ئاغرىقى، يىرىق ئاغرىقى ۋە ئىششىقىنى ناھايىتى ياخشى پەسەيتىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** ئالتە گىرامغىچە.

## ئەتەرماله

(ئەتەرماله ئوتى)

ماھىيىتى: «غافىقى: ئۇ بىر خىل سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك بولۇپ، غولى بىر غۇلاچ ئېگىزلىكتە ئۆسىدۇ، شاخلىرى بولمايدۇ، غولىدىن ھەسەلگە ئوخشايدىغان بىر خىل سۆيۈقلۇق ئېقىپ چىقىدۇ. يوپۇرماقلىرى بىر - بىرىگە ئۇدۇل ھالەتتە تۈت قاتار بولۇپ ئۆسۈپ، كەندىر يوپۇرمىقىغا ئوخشايدۇ، ئەمما ئۇنىڭدىن سېرىق بولىدۇ. مېۋىسى بىر غېرىچ ئۇزۇنلۇقتا بولۇپ، مېۋىسىنىڭ غىلاپلىرى يۇمىلاق، ئېغىزى ئېچىلغان ھالەتتە بولۇپ، پىندۇقنىڭ غىلاپىغا ئوخشايدۇ، ئەمما ئۇنىڭدىن سېرىق بولىدۇ. ئۇلار بىر - بىرىنىڭ ئۇستىدە تۇتاشقان ھالەتتە بولۇپ، بىر قاتار بولۇپ تىزىلغان. مېۋىسىمۇ پىندۇققا ئوخشايدىغان بولۇپ، نوقۇت چوڭلۇقىدا بولىدۇ، ئىچىدىن ناھايىتى ئۇششاق، قارا ئۇرۇق چىقىدۇ. گۈلى ئىنچىكە، سېرىق ئېچىلىدۇ. ئۇ قۇرغاق يەرلەردە ۋە گىياھدىن خالىي چۆللەردە ئۆسىدۇ، دەپ يازغان» دېگەن. ئۇنىڭ ئۇرۇقىنى كۆزگە سۈركىسە قاپاق قوتۇرى، قاپاق قېلىنلاش ۋە دەسلەپكى مەزگىلدىكى سوغۇقتىن بولغان كۆز ئاغرىقىغا ئوخشاش كۆز كېسەللىكلىرىگە پايدا قىلىدۇ.

## ئەترىيە

(ئۇن ئېشى)

بۇ ئەرەبچە ئاتالغۇ بولۇپ، پارسچە «ئاشى ئارد» (ئۇن ئېشى)، «ئاشى رىشتە» (يىپ ئاش) دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيىتى، تەبىئىتى، خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ئۇ ئىران، خوراسان ۋە تۇران خەلقلىرىنىڭ، بولۇپمۇ خوراسان خەلقىنىڭ مەشھۇر غىزالىرىدىن بولۇپ، «ماھىيچە» (چۆپ ئاش)، ئۇگرە

(رىشتە)، «قەتائىق»، «بۇغرا» ۋە باشقىلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ئۇ مەيلى بۇغداي ئۇنى ياكى باشقىلاردىن تەييارلانسۇن، بىر قانچە خىل بولىدۇ. بىرى شۇكى، بۇغداي ئۇنىغا مۇۋاپىق مىقداردا سۇ ۋە تۇز ئارىلاشتۇرۇپ قاتتىق خېمىر يۇغۇرۇپ، ئۇنىڭدىن كېيىن تاختىغا يېيىتىپ پىچاق بىلەن يىپقا ئوخشاش ئىنچىكە، ئۇزۇن قىلىپ يېتەرلىك مىقداردا كېسىپ، ئۇنىڭدىن كېيىن قايناق سۇ ياكى شورپا، ياكى كۆكتات شورپىسىغا سېلىپ قاينىتىپ پىشۇرۇلىدۇ، خام تەمى يوقالغاندا مۇۋاپىق مىقداردا زۆرۈر بولغان ئىسسىق تەبىئەتلىك دورا ـ دەرمانلارنى قوشۇپ ئوتتىن چۈشۈرۈپ ئىستېمال قىلىنىدۇ. بۇ پارسچە «ئاشى رىشتە» (ئۇگرە ئاش)دەپ، تۈركچە «ئۇماچ» دەپ ئاتىلىدۇ. بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇماچ دەپ خېمىرنى ئۇششاقلاپ ئەدەس بىلەن پىشۇرۇپ تەييارلانغان ئاشقا ئېيتىلىدىكەن. ئەگەر خېمىرنى يۇمىلاق، تۆت بۇرجەك ياكى باشقا شەكىللەردە كېسىپ، يۇقىرىقى ئۇسۇل بويىچە پىشۇرسا «بۇغرا» دەپ، پارسچە «ئاشى بەرگ» (ياپراقچە ئاش، چۆپ ئاش)، «ماھىيچە» دەپ، تۈركچە «تەتماچ» دەپ ئاتىلىدىكەن.

يەنە بىرى شۇكى، بۇغداي ئۇنىدىن يۇمشاقراق خېمىر يۇغۇرۇپ تۆشۈكلۈك قىسماقتىن ئۆتكۈزۈلىدۇ. ئۇسۇلى شۇكى، خېمىرنى قىسماق ئىچىگە تىقىپ، قول ياكى باشقا سايمان بىلەن كۈچەپ بېسىلىدۇ، بۇ چاغدا خېمىر قىسماقنىڭ تۆشۈكلىرىدىن خۇددى يىپتەك قىسىلىپ چىقىشقا باشلايدۇ ياكى خېمىرنى قول بىلەن ئېشىپ يىپتەك ئىنچىكىلەپ تەييارلىنىدۇ. ئۇ ئەرەبچە «شەئىرە»، ھىندىچە «سىۋىن» دېيىلىدۇ. زۆرۈر بولغاندا دەسلەپتە قاچىغا سېلىپ مايسىز ھالدا قىزارغىچە قورۇپ پىشۇرۇلىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن مۇۋاپىق مىقداردا سۇ قۇيۇپ دۇملەپ پىشۇرۇلىدۇ، ئارقىدىن يېڭى كالا يېغى، قايناتىلغان يېڭى سۈت قوشۇپ، ئۈستىگە قەنت سېپىپ ئىستېمال قىلىنىدۇ.

بەزىدە جۇدەتكۈچى تەپ ۋە سىل كېسەللىكلىرىگە ئوخشاش ئۆتكۈر تەپلىك كېسەللىكلەرگە گىرىپتار بولغان بىمارلار ئۈچۈن ئارپا ئۇنىدىن يۇقىرىقى ئىككى خىل ئۇسۇل بويىچە گۆشسىز ھالدا پەقەت سۇ بىلەنلا ئاش تەييارلىنىدۇ.

مەزكۇر ئاشلارنىڭ ئىچىدە بىرىنچى خىل ئۇسۇلدا تەييارلانغىنى بىرىنچى دەرىجىدە ئىسسىق بولۇپ، ھۆللۈكى كۆپ. گۆشسىز تەييارلانغىنى «ئاشى بەۋان» دېيىلىدىغان بولۇپ، بىمارلارنىڭ ئىستېمال قىلىشىغا، گۆشلۈك تەييارلانغىنى ساق كىشىلەر ياكى گۆش مۇۋاپىق كېلىدىغان بەزى بىمارلارنىڭ ئىستېمال قىلىشىغا ماس كېلىدۇ. ئەمما خېمىرى پىشىپ بولغانلىقى ئۈچۈن بەزى كىشىلەردە تەستە ھەزىم بولىدۇ. بەزى كىشىلەردە بولسا ئۆرلىتىلگەن خېمىر بىلەن تەييارلانغىنى ئاسانراق ھەزىم بولىدۇ.

ئۇنىڭ ئىككىنچى ئۇسۇلدا تەييارلانغىنى قاتتىقراق بولۇپ، تەستە ھەزىم بولىدۇ. ھەر ئىككىسىنىڭ تۈزەتكۈچىسى پىلپىل بىلەن تاتلىق بادام يېغىدۇر.

ئۇلار ھەزىم بولسا بەدەننى ناھايىتى ياخشى ئوزۇقلاندۇرىدۇ. يۆتەل، كۆكرەك ئاغرىقى، كۆكرەك، گال يىرىكلىكى، ئۆچەي، دوۋساق يارىسى، بۆرەكنىڭ ئورۇقلۇقى قاتارلىقلارغا پايدا قىلىدۇ. سوغۇق مىزاج كىشىلەرنىڭ ئاشقازىنىنى بوشىتىدۇ. شۇڭا ئۇنىڭغا سېمىز ئوت يوپۇرمىقى، پالەك ياكى بادام يېغى قوشۇپ پىشۇرسا، مەزكۇر كېسەللەرنىڭ ئىستېمال قىلىشىغا ماس كېلىدۇ، چوڭ تەرەتنى بوشىتىدۇ.

ئارپا ئۇنى بىلەن تەييارلانغىنىنىڭ ئىسسىق - سوغۇقلۇق تەبىئىتى يۇقىرى بولغاچقا، ھەممىدىن تەستە ھەزىم بولىدۇ، ئوزۇقلۇق قۇۋۋىتى سەل تۆۋەن بولىدۇ.

يۇقىرىدىكى ئىككى خىل ئۇسۇلدا تەييارلانغان ئاشنى سەپرا مىزاجلىقلارنىڭ ئىستېمال قىلىشىغا ماس كېلىدىغان قىلىش ياكى مەززىلىك قىلىش ئۈچۈن ئارپا يارمىسى، قېتىق سۈزمىسى، سىركە، لىمون سۈيى، غورا، ئانار، ئەينۇلا، زىرىققا ئوخشاش ئاچچىق - چۈچۈك نەرسىلەرنى قوشۇپ تەييارلىنىدۇ. بۇنداق تەييارلانغىنى تۈركچە «ئاشى بافاتىق» دېيىلىدۇ. لېكىن ئۇ تەستە ھەزىم بولىدۇ، توسالغۇ پەيدا قىلىدۇ، قويۇق بەلغەم خىلتىنى كۆپەيتىدۇ. تۈزەتكۈچىسى سامساق ۋە ئىسسىق تەبىئەتلىك دورىلاردۇر. ئۇنى ئىچ سۈرۈشنى توختىتىش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە قىلىش ئۈچۈن سۇماق سۈيى، چۈچۈمەل بېھى سۈيى، قورۇلغان ئارپىغا ئوخشاش قابىز خۇسۇسىيەتلىك نەرسىلەر قوشۇپ تەييارلىنىدۇ.

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بۇغداي ئۇنىدىن تەييارلانغان غىزالار مىزاجى ئىسسىق كىشىلەرگە ۋە ئوزۇقلۇق قىممىتى يۇقىرى بولغان كۈچلۈك غىزاغا موھتاج بولغان كىشىلەرنىڭ ئىستېمال قىلىشىغا ماس كېلىدىكەن. بۇغداي ئۇنىدىن تەييارلانغان ئۇن ئېشى يۆتەل پەسەيتىدۇ، ئەمما ئۇنىڭغا ئىسسىق تەبىئەتلىك يېكەن ۋە دورا - دەرمانلار قوشۇلغان بولۇشى لازىم. ئۇنىڭ گۆش بىلەن تەييارلانغىنىنىڭ ئوزۇقلۇقى كۆپ بولۇپ، بەدەنگە ھۆللۈك يەتكۈزگۈچى، سەمرىتكۈچىدۇر. شۇنداقلا ئۇنىڭ سۈت ۋە تاتلىق نەرسىلەر بىلەن تەييارلانغىنى قويۇق خىلىت پەيدا قىلىدۇ. ئۇنىڭ گۈرۈچ ئۇنى بىلەن تەييارلانغىنى يەڭگىل بولۇپ تېز ھەزىم بولىدۇ، ئەمما قەۋزىيەت پەيدا قىلىدۇ.

ئۇن ئېشىنىڭ يەنە بىر تۈرىمۇ بار بولۇپ، پارسچە «رىشتەئى قەتائىف» ۋە «رىشتەئى خىتائى» (خىتاي ئۈگرىسى) دېيىلىدۇ. ئۇ گۈرۈچ ياكى كىراخمالدىن ۋە ياكى ھەر ئىككىسىنى ئارىلاشتۇرۇپ سۇ بىلەن يۇغۇرۇپ تەييارلىنىدۇ. ئېتىش ئۇسۇلى بولسا كىچىك تۆشۈكلىرى بولغان قىسماق ئىچىگە خېمىرنى پاتۇرۇپ، ئاندىن مىس قازان ياكى مىس تەخسىنى ئوت ئۈستىدە قويۇپ ياخشى قىزىتىپ، بىر قول بىلەن قىسماقنى تۇتۇپ، قازان

ياكى تەخسە ئۈستىدە تەخمىنەن بىر غېرىچ ئېگىزلىكتە ياكى ئۇنىڭدىن يېقىنراق ئارىلىقتا كۈچ بىلەن سىقىلىدۇ، بۇ چاغدا قىسماقنىڭ تۆشۈكلىرىدىن خېمىر خۇددى يىپتەك سوزۇلۇپ قازانغا چۈشۈپ قاتىدۇ، بۇ چاغدا يەنە بىر قول بىلەن قاتقان ئۈگرىلەر تېز سۈرئەتتە يىغىۋېلىنىدۇ، ئەگەر ئادەم ئىككى بولسا، بىرى قىسماقنى سىقىپ خېمىرنى چۈشۈرسە، يەنە بىرى تېز سۈرئەتتە يىغىۋالسا بولىدۇ، تاكى يېتەرلىك بولغۇچە داۋاملاشتۇرۇلىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن قاچىغا سېلىپ قورۇلغان ياڭاق مېغىزى، قورۇلغان بادام مېغىزى، قورۇلغان پىستە مېغىزىنى سوقۇپ، شېكەر ياكى قەنت قوشۇلغان گۇلاب، مۇۋاپىق مىقداردا لاچىندانە قوشۇپ سالايە قىلىپ، ئۈستىگە سېپىپ ئىستېمال قىلىنىدۇ. بەزىلەر شېكەر بىلەن قىلغان گۇلاب ئورنىغا پارسچە «ماقۇتى رەقىق» دەپ ئاتىلىدىغان نېپىز شېكەر ئۆيۈتمىسى سېپىپ ئىستېمال قىلىدۇ.

ئۇنىڭ گۈرۈچتىن تەييارلانغىنى تېز ھەزىم بولىدۇ، لېكىن قابىزلىق خۇسۇسىيىتىگە ئىگە. ئۇن ياكى كىراخمالدىن تەييارلانغىنىنىڭ ئوزۇقلۇق قىممىتى يۇقىرى، تەستە ھەزىم بولىدۇ، ئەمما كىراخمال بىلەن تەييارلانغىنىغا قارىغاندا ئاسان سىڭىدىغان بولۇپ، قابىزلىق خۇسۇسىيىتى ۋە دورىلىق قىممىتى يۇقىرى بولىدۇ.

ئۇن ئېشى باش ئاغرىقىغا، بولۇپمۇ سەپرادىن بولغان باش ئاغرىقى ۋە غەم ـ ئەندىشە قىلىشتىن پەيدا بولغان ماددىسىز قۇرۇقلۇقتىن كېلىپچىققان باش ئاغرىقىغا مەنپەئەت قىلىدۇ. قۇرۇق ئىسسىقتىن بولغان مالىخولىيا، ئۇنتۇغاقلىققا شىپا بولىدۇ. بولۇپمۇ دارچىن، پىلپىل، خولىنجان ياكى زەنجىۋىل مۇراببالىق قاتارلىق تەم تەڭشىگۈچىلەر بىلەن خۇش پۇراق قىلىپ ئىستېمال قىلسا، زۇكام بىلەن نەزلىگە شىپا بولىدۇ. ھەسەل بىلەن ئىستېمال قىلسا قان تۈكۈرۈشكە مەنپەئەت قىلىدۇ. بولۇپمۇ ئەدەس بىلەن پىشۇرۇلغان بولسا سىل ۋە قان تۈكۈرۈشكە مەنپەئەت قىلىدۇ، چۈنكى ئۇنىڭدىن بەلغەم خاراكتېرلىك قان ھاسىل بولىدىغان بولۇپ، كۆيگەن سەۋداغا قارشى تۇرىدۇ، بەدەننى سوۋۇتىدۇ ۋە ھۆللەشتۈرىدۇ، بۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭدىن بۇخاراتلار ھاسىل بولمايدۇ. يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ئىسسىق تەبىئەتلىك دورىلار بىلەن ئىستېمال قىلسا ھۆل سوغۇق مىزاجلىق كىشىلەر ۋە ئاشقازاننىڭ ھۆللۈكى ئېشىپ كەتكەن كىشىلەرنىڭ ئىستېمال قىلىشىغا ماس كېلىدۇ. ئادەتتە ساق كىشىلەرمۇ ئىستېمال قىلىدۇ.

ئاشنى مەززىلىك قىلىش ئۈچۈن نوقۇتنى شۇ پېتى، قىزىلچىنى ئۇششاق توغراپ گۆش بىلەن بىرلىكتە قىيما قىلىپ ياكى سوقۇپ، ئۇنىڭغا ئالما، بېھى، لىمون سۈيى، غورا سۈيى، قېتىق سۈزمىسى ياكى ئارپا يارمىسى قوشۇپ ئاچچىق ـ چۈچۈك قىلىپ بىرلىكتە پىشۇرۇپ ئىستېمال قىلىنىدۇ. تەپسىلاتى قارابادىندا بايان قىلىنىدى.

# پەسىل: «ئ» (ئەلىف) ۋە «ز» (زۇۋائ) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى

## ئەزپاراتىپ

بۇ، ئەرەبچە سۆز بولۇپ، «ناخۇنى پەريان» (ئېلىنغان تىرناق)، «ناخۇنى خۇرۇس» (خوراز تىرنىقى)، «ناخۇنى بۇيا»، ھىندىچە «نەكە»، فىرانسۇزچە «ئەنگىزاۋەرتىس» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** سەدەپكە ئوخشايدىغان بىر خىل قاتتىق ماددا بولۇپ، ھىندىستاننىڭ دەريا ساھىللىرىدىن ئېلىپ كېلىنىدۇ. شەكلى تىرناققا ئوخشايدىغان بولۇپ، سەل يۇمىلاق كېلىدۇ، خۇش پۇراق پۇرايدۇ. ئادەتتە بىر قانچە خىل تۈرى بولىدۇ. بەزىسى ئاق، قىزىلغا مايىل بولۇپ «ئەزفارۇت تىب ھىندى» دەپ ئاتىلىدۇ. بەزىلىرى قىزىل ۋە ئويمان بولۇپ، «ئەزفارۇت تىب قەرەشى» دەپ ئاتىلىدۇ. بەزىلىرى ئاق، دانىلىرى چوڭ، مايلىق بولىدۇ. يەنە بىر خىلى بار بولۇپ، بىرىنچى خىلىدىن چوڭراق، ئىككىنچى خىلىدىن كىچىكرەك، رەڭگى قارا بولىدۇ. ئۇ پارسچە «ناخۇنى دىيۋ» (دىۋە تىرنىقى) دېيىلىدۇ. ئەڭ ياخشىسى رەڭگى ئاق بولغان، ھىندىستاندىن چىقىدىغان بىرىنچى خىلىدۇر.

ئۇنىڭ قايسىبىر تۈرىنى كۆيدۈرسە سېسىق پۇراق چىقىدۇ. لېكىن ماي بىلەن قورۇسا خۇش پۇراق پۇرايدۇ. ئېھتىمال ئۇ قاسراقلىق دېڭىز قۇرتلىرىنىڭ ئۆۋىسى ياكى دېڭىز جانىۋارلىرىنىڭ قۇلىقى بولۇشى، دېڭىز دولقۇنى دېڭىز ساھىلىغا ئېلىپ چىققاندىن كېيىن كىشىلەر يىغىۋالغان بولۇشى مۇمكىن.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** كېرەكسىز ماددىلارنى ھەيدەش، قويۇق خىلىتلارنى سۇيۇلدۇرۇش خۇسۇسىيىتى بولۇپ، تۇتقاق كېسەل، سەكتە، ھۆللۈكتىن ياكى ئاشقازان سەۋەبىدىن كېلىپچىققان خەفەقان، جىگەر ۋە بالىياتقۇنىڭ سوغۇقتىن بولغان ئاغرىقلىرى، بالىياتقۇ ئېغىزى بوغۇلۇش (ھىستېرىيە) ۋە بالىياتقۇنىڭ سوغۇقتىن بولغان بارلىق كېسەللىكلىرىگە ئىشلىتىلىدۇ. ئالتە گىرامىنى قايناق سۇ بىلەن ئىچسە، بۆرەك بىلەن دوۋساقتا ئۇيۇپ قالغان قاننى ئېرىتىدۇ. سىركە بىلەن بىرلىكتە ئىچسە چوڭ تەرەتنى بوشىتىدۇ، قورساقتىكى يەللەرنى تارقىتىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن ئىسرىق سالسا تۇتقاق كېسەل، سەكتە، ھەر خىل نەزلە، بىھوشلۇق، ھىستېرىيە ۋە ھەيز تۇتۇلۇشلارغا مەنپەئەت قىلىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** (1) باشنى ئاغرىتىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** سىركەنجۇبىل.

(2) ئۈچەينى زەخىملەندۈرىدۇ.
**تۈزەتكۈچىسى:** گىل ئەرمىنى.
**ئىستېمال مىقدارى:** 3 ~ 10 گىرامغىچە.
**ئورۇنباسارى:** قەسبۇزەرىرە.
ھىندىستان تېۋىپلىرىنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ ئىككى خىل بولۇپ، جوزام ۋە سەۋدادىن بولغان كېسەللىكلەر، مەنىي ئېقىش، قىچىشقاق، تۈرلۈك زەخىملەر ۋە ھەر خىل زەھەرلىنىشلەرگە مەنپەئەت قىلىدىكەن. سىركە بىلەن ئىچسە تەرەتنى ماڭدۇرىكەن.

## ئەزفارۇل جىن
(جىن تىرنىقى)

**ماھىيتى:** بىر خىل يوپۇرماقسىز، گۈلسىز ئۆسۈملۈك بولۇپ، ئېلىۋېتىلگەن تىرناققا ئوخشايدۇ. رەڭگى قارامتۇل كۆل رەڭ بولىدۇ. ھىندىچە «كەرن پات» دېيىلىدۇ.
**تەبىئىتى:** بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.
**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** قارا يەرقان ۋە قۇرۇق يۆتەلگە مەنپەئەت قىلىدۇ. تۇرگە خاس خۇسۇسىيىتى بىلەن ئۇيقۇسىزلىقنى داۋالايدۇ. سىركە بىلەن قاينىتىپ چاپسا ئىششىقلارنى ياندۇرىدۇ.
**زىيانلىق تەسىرى:** مېڭىگە زىيان قىلىدۇ.
**تۈزەتكۈچىسى:** چىلان.
**ئىستېمال مىقدارى:** 15 گىرامغىچە.

# پەسىل: «ئ» (ئەلىف) ۋە «ف» (فائ) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى

## ئەفاۋىيە
(دورا ـ دەرمان)

بۇ، يېمەكلىكلەر ۋە ئىچىملىكلەرگە قوشۇلىدىغان خۇش پۇراق دورا ـ دەرمانلاردىن ئىبارەت.
مەھمۇد سەنجىرى: «ئۇ قەرەنپىل، دارچىن، قاقىلە قاتارلىقلارغا ئوخشاش خۇش پۇراق دورىلاردىن ئىبارەت» دەيدۇ.
ئۇنىڭ ھەبلىرى، ياغلىرى، شەربەتلىرى، ئەرەقلىرى، قۇرسلىرى قارابادىندا بايان قىلىندى.

# ئەپتىمۇن
(سېرىق ئوت)

بۇ، يۇنانچە ئىسىم بولۇپ، ساراڭلىق دورىسى دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. ئەرەبچە «شەجەرۇز زەبۇئ» (چىلبۆرە دەرىخى)، سۇريانچە «سورمور»، رىمچە «شىيۇن»، ھىندىچە «ئاكاس بىل»، «ئەمەل بىل» دەپ ئاتىلىدۇ.

ماھىيىتى: رەڭگى قىزىل، ئەتىيازدا ئۆسىدىغان بىر خىل سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك بولۇپ، بەزىدە يازغىچە ئۆسىدۇ. شاخلىرى خۇددى يىپقا ئوخشاش ئىنچىكە بولۇپ، ئۆزىگە يېقىن ئۆسۈملۈكلەر ۋە نەرسىلەرگە يۆگىشىدۇ. يوپۇرمىقى ناھايىتى ئۇششاق بولىدۇ. ئۇرۇقى قىچىدىن ئۇششاقراق، سېرىققا مايىل، قىزىل بولىدۇ. گۈلى تۆكۈلمەي تۇرۇپ ئۇرۇق تۇتىدۇ. گۈلىنىڭ رەڭگى توپىغا مايىل قىزىل بولۇپ، چاچتەك ئىنچىكە يىپچىلىرى بولىدۇ. يىلتىزى سەۋزىگە ئوخشايدىغان بولۇپ، يەر ئاستىدا مەلۇم مۇددەت ساقلىنىدۇ. خىرىستىيانلار بۇنىڭ ئەتراپىدا ھىچ نەرسە ئۈنمەيدۇ، دەيدۇ. ئۇنىڭ تەمى ئاچچىق، ئازراق ئۆتكۈر بولىدۇ. ئۇ تاغلار، ۋادىلار ۋە غەربىي شىمال دېڭىزىدىكى ئاراللاردا ئۆسىدۇ.

ئۇنىڭ ياخشىسى ئەقرىتىش ۋە مەقدىس ئاراللىرىدىن كەلتۈرۈلگەن «ئەقرىتىشى» ۋە «مەقدىسى» دەپ ئاتالغان، رەڭگى قىزىل، ناھايىتى ئىنچىكە، پۇرىقى ئۆتكۈر بولغانلىرىدۇر. ئۇنىڭدا يۇقىرىدا بايان قىلىنغان سۈپەتلەر قانچە كۆپ تېپىلسا شۇنچە ياخشى، دەپ ھېسابلىنىدۇ.

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇ باھار پەسلىنىڭ ئاخىرىدا يىغىۋېلىنسا گۈلى بىلەن بىرگە، يازدا يىغىۋېلىنسا ئۇرۇقى بىلەن بىرگە بولىدىكەن. ئەمما كۆپ ھاللاردا ئارىلاشقان بولىدۇ.

بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ چاچقا ئوخشايدىغان ناھايىتى ئىنچىكە يىپچىلاردىن ئىبارەت بولۇپ، شاخلىرى، يوپۇرماقلىرى، گۈللىرى ۋە ئۇرۇقلىرى ئۆزئارا ئارىلاشقان بولىدىكەن. بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇنىڭ يىلتىزى بولمايدىكەن. شەيخۇر رەئىس: «ئۇنىڭ ئۆسۈملۈكىنىڭ قۇۋۋىتى ھاشانىڭ قۇۋۋىتىگە ئوخشايدۇ» دېگەن. بەزىلەر ئۇنى: « ھاشانىڭ بىر تۈرىدۇر» دېگەن.

كۆپ ھاللاردا ئۇنىڭ يىپچىلىرى ۋە ئۇرۇقى ئىشلىتىلىدۇ. ھاشا بىلەن قوشۇپ ساختىلاشتۇرۇلىدۇ. ئەپتىمۇننىڭ رەڭگىنىڭ ھاشانىڭ ئەكسىچە قىزىل بولۇشى بىلەن پەرقلەندۈرۈلىدۇ. يەنە «ئەسەدۇل ئەدەس» ئۆسۈملۈكى بىلەنمۇ قوشۇپ ساختىلاشتۇرۇلىدۇ. بۇ چاغدا «ئەسەدۇل ئەدەس» ئۆسۈملۈكىنىڭ قىزىللىقى ۋە قارىلىقى بىلەن پەرقلەندۈرۈلىدۇ. ئۇنىڭ «ئەقرىتىشى» بىلەن «مەقدىسى»نىڭ ئوتتۇرىسىدىكى پەرق شۇكى، «مەقدىسى» سى

يالپۇزغا يامىشىدىغان بولۇپ، قولغا سۇركىسە يالپۇزنىڭ پۇرىقى كېلىدۇ. تەسىرى «ئەفرىتىشى»دىن ئاجىزراق بولىدۇ. ئەبۇ رەيھاننىڭ «سەيدىيە» ناملىق كىتابىنىڭ تەرجىمانىنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ پۇرىقىغا قاراپ «سوئىتەرىي» (يالپۇزغا مەنسۇپ) دەپ ئاتىلىدىكەن. چىققان يېرىگە قاراپ «جەرمەغانىي» دەپ ئاتىلىدىكەن. بۇ ئۇنىڭ تۈرلىرى ئىچىدە ئەڭ ناچىرى بولۇپ ھېسابلىنىدىكەن. «ئىفرىتىيشى»سى «ئەنتاكىي» دەپمۇ ئاتىلىدۇ، چۈنكى كۆپ ھاللاردا ئەنتاكىيە شەھىرىدىن كەلتۈرۈلۈپ باشقا جايلارغا ئېلىپ بېرىلىدۇ. بەزىدە ئۇ «ر» ھەرپىنىڭ ئورنىغا «ل» ھەرپى يېزىلىپ «ئىفلىيتىشى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

**تەبىئىتى:** جالىنۇس ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق دەپ بىلگەن. ھۇنەين ۋە باشقا تېۋىپلار ئۈچىنچى دەرىجىدە ئىسسىق، بىرىنچى دەرىجىنىڭ ئاخىرىدا قۇرۇق دېگەن. بەزىلەر ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇقمۇ دېگەن.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** يەككە ھالەتتە ياكى بىنەپشە بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ ئىستېمال قىلسا تارقاتقۇچى، ئۇچۇچانلاشتۇرغۇچى، توسالغۇلارنى ئاچقۇچى، سەۋدا بىلەن بەلغەمنى، شۇنداقلا سەپرانى سۈرگۈچىدۇر. خۇسۇسىيەتلىرى بىلەن باش ئاغرىقى، ماددىلارنىڭ قېيىپ قېلىشىدىن بولغان تۇتقاق كېسەل، مالىخولىيا، قوتۇرىغان ساراڭلىق، ئادەتتىكى ساراڭلىق، جۈيلۈش، سەۋدادىن بولغان ئۆز ـ ئۆزىگە سۆزلەش، پالەچ، لەقۋا، ئەزالارنىڭ سىرىمسىزلىنىشى ۋە بوغۇم ئاغرىقلىرىغا ئوخشاش مېڭە ـ نېرۋا كېسەللىكلىرىگە مەنپەئەت قىلىدۇ. سەۋدانى تەنقىيە قىلىش بىلەن پۇتۇنلىكى بۇزۇلغان راكقا شىپا بولىدۇ. كۆڭۈلنى خۇرسەن قىلىدۇ. ئاشقازان ۋە ئۈچەيدىكى مەددە قۇرت ۋە يەللەرنى ھەيدەيدۇ ھەمدە قۇرت چۈشۈرىدۇ. ياشانغانلارنىڭ مىزاجىغا مۇۋاپىق كېلىدۇ، ئۆزىگە خاس خۇسۇسىيەتلىرى بىلەن بىلەن سەۋدا خاراكتېرلىك كېسەللىكلەرگە شىپا بولۇش ۋە سەۋدانى تەنقىيە قىلىش جەھەتتە تەڭداشسىزدۇر. ئۇنىڭدىن باشقا قورساق ئېسىلىشقا شىپا بولىدۇ. «شىپائۇل ئەسقام» دېگەن كىتابنىڭ ئاپتورى توسالغۇلارنى ئاچىدۇ، دېگەن. ئۇنىڭ ئىچىنى سۈرۈش تەسىرى ئاستا بولۇپ، پىلپىل ۋە باشقا ئۇچۇچانلاشتۇرغۇچى دورىلار قوشۇلسا ئىچىنى سۈرۈش تەسىرىنى كۈچەيتىدۇ. چۈنكى بۇ دورىلار ئۇنىڭ تەسىرى ۋە تارقىتىش قۇۋۋىتىنى كۈچەيتىدۇ.

باش ئەزالىرى كېسەللىكلىرى: ئۇنىڭدىن كۈنىگە 10 گىرام ئېلىپ 250 مىللىلىتىر يېڭى سېغىلغان سۈتكە چېلاپ، 75 مىللىلىتىر سىركەنجۇبىل بىلەن بىرلىكتە ئۇدا يەتتە كۈن ئىستېمال قىلسا، سەۋدادىن بولغان باش ئاغرىقى، مالىخولىيا، ماددىلارنىڭ قېيىپ قېلىشىدىن بولغان تەشەننۇج، ياتسىراش ۋە خەفەقان كېسەللىكلىرىگە مەنپەئەت قىلىدۇ، سىناقتىن ئۆتكەن دەپ قارىلىدۇ. شۇنداقلا ئۇنىڭدىن 18 گىرام ئېلىپ قوينىڭ يېڭى سېغىلغان سۈتىگە چېلاپ، مۇناسىپ مۇنزىجلارنى ئىچىپ ماددىنى پىشۇرغاندىن كېيىن ئاندىن ئىچسە، سەۋدادىن بولغان باش ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ، سەۋدانى تەنقىيە قىلىدۇ.

مائۇلجەبىن بىلەن ئىچسە، يۈرەك مىزاجىنىڭ سەۋدادىن بوزۇلۇشى سەۋەبىدىن كېلىپچىققان باش ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ. باراۋەر مىقداردىكى ئەپسەنتىن بىلەن ئىچسە مالىخولىياغا مەنپەئەت قىلىدۇ. ئۇنىڭدىن 18 گىرام ئېلىپ 30 گىرام ئۇرۇقى ئايرىلغان ئۈزۈم بىلەن يەڭگىل قاينىتىپ، پىسەپلىرىنى سۈزۈۋېتىپ ئىچسە، كۆپ ۋە داۋاملىق هاراق ئىچىشتىن كېلىپچىققان مالىخولىيا، شۇنداقلا سەۋدادىن بولغان ئۆز ـ ئۆزىگە سۆزلەشكە پايدا قىلىدۇ. يىلانسىمان مەددىنى چۈشۈرىدۇ. ئۇنىڭغا گۈلبىنەپشە قاينىتىلمىسى قوشۇلسا دورىلىق ئۈنۈمى تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ. ھەممىسىنىڭ ئۈستىگە بادرەنجبۇيا ۋە گاۋزىبانغا ئوخشاش خۇشلۇق كەلتۈرگۈچى دورىلارنى قوشسا تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ. شۇنداقلا مائۇلجەبىن بىلەن ئىچىسمۇ مالىخولىياغا داۋا بولىدۇ. 24 گىرامىنى يېڭى سېغىلغان سۈت ۋە ئاق شېكەر بىلەن مەلۇم مۇددەت ئىچسە مالىخولىيا، ساراڭلىق، جۈيلۈش ۋە سەۋدادىن بولغان كۆپ قىسىم كېسەللىكلەرگە مەنپەئەت قىلىدۇ. قان ئېلىنغان ۋە مادا پىشۇرۇلغاندىن كېيىن ئەپتىمۇنغا شەھمەنزەل، ئازراق سوقمۇنيا قوشۇپ ئىستېمال قىلسا سەۋدادىن بولغان مالىخولىيانىڭ ماددىسىنى سۈرۈپ چىقىرىپ كېسەللىك ماددىسىنى تەنقىيە قىلىپ، كېسەلگە داۋا بولىدۇ. ئەپتىمۇننى سوقۇپ ئۇرۇقىدىن ئايرىلغان ئۈزۈم بىلەن ھەب ياساپ 15～30 گىرامغىچە يۇتسا قورساق پەردىسى مەنبەلىك مالىخولىياغا شىپا بولىدۇ. ئەپتىمۇندىن 21 گىرام ئېلىپ سوقۇپ، سىركەنجۇبىل ساددە بىلەن يۇغۇرۇپ ئىچسە سەۋدانى كۆچلۈك سۈرىدۇ، تالنى تەنقىيە قىلىدۇ، تال مەنبەلىك مالىخولىيا ۋە قوتۇرىغان ساراڭلىققا مەنپەئەت قىلىدۇ. بۇ ياسالمىدىن ھەپتىسىگە بىر قېتىم ئىستېمال قىلسا، قوتۇرىغان ساراڭلىق، مالىخولىيا ۋە سەۋدانىڭ كۆيۈشىدىن بولغان سەۋدالىق كېسەللىكلەرگە مەنپەئەت قىلىدۇ. يەنە شۇنىڭدەك ئەپتىمۇننى 900 مىللىلىتىر سۈتكە 60 گىرام سوقۇلغان زاراڭزا ئۇرۇقى قوشۇپ، ئۈيۈتۇلغان قېتىقنىڭ سۈيى بىلەن ئىچسە، مالىخولىيا، قوتۇرىغان ساراڭلىق، ساراڭلىق، سەۋدادىن بولغان ئۆز ـ ئۆزىگە سۆزلەشلەرگە پايدا قىلىدۇ.

قېتىقنى زاراڭزا ئۇرۇقى شىرىسى بىلەن ئۈيۈتۇشنىڭ ئۇسۇلى شۇكى، سۈتنى ئازراق قاينىتىپ ئوتتىن چۈشۈرۈپ، ئىلمان بولغاندا زاراڭزا ئۇرۇقىنى سوقۇپ، رەخت ئۈستىگە تۆكۈپ قول بىلەن ئۇۋۇلاپ، سۈتكە تولۇق چۈشۈرۈلىدۇ. سۈتنى ياخشى ئارىلاشتۇرغاندىن كېيىن قائىدە بويىچە قېتىق ئۈيۈتۇلىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن قېتىقنىڭ سۈيىنى ئەلگەكنىڭ ياردىمىدە تامچىلىتىپ 18 گىرام ئەپتىمۇن بىلەن بىرلىكتە ئىچۈرۈلىدۇ. ھەكىم تەلاتىلى ئۆزىنىڭ «مۇجەررەبات» (تەجرىبىدىن ئۆتكەن نۇسخىلار) دېگەن كىتابىدا : «مەن مالىخولىيا، قوتۇرىغان ساراڭلىق، ساراڭلىق ۋە سەۋدادىن بولغان ئۆز ـ ئۆزىگە سۆزلەش كېسەللىكىگە گىرىپتار بولغان نۇرغۇن كىشىلەرگە ئەپتىمۇنغا ئەپسەنتىن بىلەن ئاچچىقتاۋۇز يوپۇرمىقى ئارىلاشتۇرۇپ بەرگەندىن كېيىن شىپا تاپقانلىقىنى كۆردۈم» دېگەن. مالىخولىيا ۋە سەۋدا

خاراكتېرلىك كېسەللىكلەرگە ئۇنىڭدىن ياخشىراق يەنە بىر دورا يوق. ئەپتىمۇننى سۇ بىلەن بىر - ئىككى قاينىتىپ مىجىپ، پىسەپلىرىنى سۈزۈۋېتىپ، سۈزۈك سۇيىگە گۈلقەنت سېلىپ ئىرىتىپ يەنە سۈزۈلدۈرۈپ ئىچسە، باشتىكى سەۋدا خاراكتېرلىك بۇزۇق خىلىتلارنى تەنقىيە قىلىدۇ، ئاشقازاندىن باشقا ئۆرلىگەن سەۋدا خاراكتېرلىك بۇخاراتلاردىن پەيدا بولغان جۆيلۈشكە مەنپەئەت قىلىدۇ. مائۇلجەبىن بىلەن قوشۇپ ئىچسە، سەۋدادىن بولغان جۆيلۈشكە شىپا بولىدۇ. ئۇنى ئۇستقۇددۇسقا ئوخشاش مېڭىنى تازىلاشقا ئىشلىتىدىغان مەخسۇس دورىلار بىلەن ئىستېمال قىلسا، سەۋدا ۋە بەلغەمدىن بولغان تۇتقاق كېسەل، پالەچ، لەقۋا، ماددىلارنىڭ قېيىپ قېلىشىدىن بولغان تەشەننۇج ۋە ئەزالارنىڭ سېزىمسىزلىنىشىغا مەنپەئەت قىلىدۇ. ئۇنىڭدىن 18~30 گىرامغىچە ئېلىپ ئۈزۈم شىرىسى بىلەن ئازراق قاينىتىپ، سىقىپ پىسەپلىرىنى سۈزۈۋېتىپ ئىچسە، ماددىلارنىڭ قېيىپ قېلىشىدىن بولغان تەشەننۇج، ئەزالارنىڭ سېزىمسىزلىنىشى ۋە پۇتۇنلۇكى بۇزۇلغان راكقا مەنپەئەت قىلىدۇ. ئۇنىڭدىن كۈنىگە 30 گىرام ئېلىپ 429 مىللىلىتىر يېڭى سېغىلغان سۈتكە چىلاپ تەمى چىققاندىن كېيىن پىسەپلىرىنى سۈزۈۋېتىپ، ئۇنىڭغا 45 مىللىلىتىر چۈچۈمەللىكى نورمال بولغان سىركەنجىۋىل سادده قوشۇپ ئۇيۇتۇلغان قېتىقنىڭ سۇيى بىلەن ئۇدا سەككىز كۈن ئىچسە، تەشەننۇج ۋە ئەزالارنىڭ سېزىمسىزلىنىشىغا مەنپەئەت قىلىدۇ. 12 گىرام ئەپتىمۇننى سالايە قىلىپ، مۇۋاپىق مىقداردىكى ھەسەل ۋە تۇز بىلەن بىرلىكتە ئىستېمال قىلسا سەۋدا بىلەن بەلغەمنى كۆچلۈك سۈرىدۇ. ھەكىم بەغدادى بۇ تەركىبكە ئاز مىقداردا سىركىمۇ قوشقان.

بىلگىنكى، ئەپتىمۇننىڭ تەركىبى ئاجىز ۋە ئۇچۇچان بولغاچقا، كۆپ سوقماسلىق ھەم كۆپ قايناتماسلىق لازىم، چۈنكى يۇمشاق سوقۇش ۋە كۆپ قاينىتىش ئۇنىڭ تەسىرىنى بۇزىدۇ، شۇڭا مەتبۇخلارنىڭ غەيرىي تەبىئىي خىلىتلارنى سۈرۈشى ئۈچۈن چالا سوقۇش، مەتبۇخلارغا سالغاندا بىر - ئىككى قاينىتىش بىلەن كۇپايىلىنىش لازىم. ئادەتتە ئەپتىمۇننى رەخت خالتىغا ئايرىم قاچىلاپ قايناتمىلارنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە خالتا بىلەن تاشلاپ بىر - ئىككى قاينىتىلغاندىن كېيىن ئوتتىن چۈشۈرۈپ، سۈۋۇغاندىن كېيىن خالتىنى سىقىپ ئېلىۋەتسە ئۇنۇمى ئەڭ ياخشى بولىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** (1): سەپرا مىزاج كىشىلەر، ياشلار ۋە ئىسسىق مىزاجلىق كىشىلەرگە زىيان قىلىدۇ. كۆڭۈلنى ئاينىتىدۇ، غەش قىلىدۇ، ئۇسسۇتىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** زەپەر، كەتىرا ۋە بادام يېغى بىلەن ياغلىنىدۇ.

(2) بەزىلەر ئۆپكىگە زىيان قىلىدۇ دەيدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** ئەرەب يېلىمى ۋە كەتىرا.

ئۇ سوغۇق مىزاج كىشىلەر، ئوتتۇرا ياشلىقلار، ياشانغانلار ۋە سەۋدا مىزاجلىقلارغا مۇۋاپىق كېلىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** شەيخۇر رەئىسنىڭ ئېيتىشىچە، يەككە ئۆزىدىن 20 گىرام، بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىچە 15 گىرامغىچە ئىشلىتىلىدىكەن. مەتبۇخلاردا 30 گىرامغىچە ئىشلىتىلىدۇ.

**ئورۇنباسارى:** ئىچ سۈرۈش ئۈچۈن لاجۇۋەرد، ئەمەن تېشى، بىر يېرىم ھەسسە ياكى بىر ھەسسە ھاشا ۋە يېرىم گىرام ياغىچى ئايرىلغان ئاق تۇربۇت.

ئۇنىڭ ئۇرۇقىنىمۇ يۇمشاق سوقماسلىق، قورساق ئاغرىقى ئۈچۈن مەتبۇخنىڭ باشقىسىدا ئىشلىتىشكە توغرا كەلسە، تۇزەتكۈچىسى بولغان بادام يېغى بىلەن مايلاش، باشقا ياسالمىلاردا ئۇستىگە ماي تېمىتىش كېرەك. ئۇنىڭ ئۇرۇقىدىن 30 گىرام ئېلىپ چىگە رەختكە ئوراپ 80 مىللىلىتىر ئۈزۈم شارابىغا چىلاپ بىر كېچە سىرتىدا قويۇپ، ئىككىنچى كۈنى پىسەپلىرىنى سۈزۈۋېتىپ، سۈيىگە 30 مىللىلىتىر قىزىلگۈل شەربىتى، بەش مىللىلىتىر تاتلىق بادام يېغى قوشۇپ ناشتىدا ئىلمان ھالەتتە ئىچسە، مالىخولىيا ۋە سەۋدادىن بولغان ئۆز - ئۆزىگە سۆزلەشكە مەنپەئەت قىلىدۇ. سەپرا ئارىلاشقان سەۋدانى كۆچلۈك سۈرىدۇ. بەدەندە ھېچقانداق زىيانلىق تەسىر پەيدا قىلمايدۇ. ئۇنىڭغا 30 گىرام خىيار شەنبەر قوشسا تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** يالغۇز ئىشلەتسە ئالتە گىرامغىچە، باشقا دورىلارغا قوشۇپ ئىشلەتسە 12 گىرامغىچە ئىشلىتىلىدۇ.

ئەپتىمۇننىڭ ھەببى، سۇفۇپى، سىركەنجىۋىلى، شەربىتى، قۇرسى، مەتبۇخى، دەملەنمىسى ۋە مائۇلجەبىن ئەپتىمۇنى، مۇقەل قوشۇلغان مەجۇنى قارابادىنىدا بايان قىلىنىدى.

## ئەفەربىيۇن

(پەرپىيون)

ئۇ «فەرفىيۇن»، «فەربىيۇن»، «ئەبەرفىيۇن»، «ئەبەربىيۇن» دەپمۇ ئاتىلىدۇ، رىمچە «ئەفنىين»، ئەرەبچە «ئاكىلى بىنەپشە» (بىنەپشىنى يېگۈچى)، «قاتىلى بىنەپشە» (بىنەپشىنى قۇرۇتقۇچى)، «ھافىزۇن نەھل» (ھەسەل ھەرىسىنى ساقلىغۇچى)، «ھافىزۇل ئەتفال» (بالىلارنى ساقلىغۇچى)، «كۇرۇشۇل غەنەم» (قوي قېرىنى) دەپ ئاتىلىدۇ. يۇنانچە «ھالاس»، «تاكۇب» دېيىلىدۇ. ماراكەشچە «بىستانە» دېيىلىدۇ. كۆپ قىسىم كىشىلەر «لەبەنۇس سەۋدا» (قارا سۈت) دەپ ئاتىشىدۇ.

ماھىيتى: ئۇ بىر خىل يېلىم جىنسلىق دورا بولۇپ، رەڭگى سېرىققا مايىل كۈل رەڭ، تەملىك، ئۆتكۈر پۇراقلىق بولىدۇ. ئادەتتە كونىرىسا سېرىق رەڭگە كىرىدۇ. ئۇنىڭ ئۆسۈملۈكى قارا سۇنا ۋە كاسىنە ئۆسۈملۈكىگە ئوخشايدىغان بولۇپ، سۈتلۈك بولىدۇ. ئۇنىڭ ئادەتتە ئىككى تۈرى بولىدۇ. بىرىنىڭ يوپۇرمىقى ئاق، غولى شاخلىق ۋە تىكەنلىك بولىدۇ.

يەنە بىر خىلىنىڭ يوپۇرمىقى قارا، تىكىنى ئۆتكۈر ۋە ئىنچىكىرەك، سۈتى كۆپرەك بولىدۇ.

بۇ ئۆسۈملۈك لىينۇ، ھەبەش ۋە سۇدانىنىڭ شەھەرلىرىدە ئۆسىدۇ. مەزكۇر شەھەر خەلقى ئۇنىڭ سۈتىنى يىغىۋېلىشتا زىيادە ئۆتكۈر بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۆسۈملۈكىنىڭ ئاستىغا قوينىڭ پاكىز يۇيۇپ قاچىغا كىيدۈرۈلگەن قېرىنىنى قويۇپ، نەيزىگە ئوخشاش ئۇزۇن تىغ بىلەن ئۇنىڭ ئۆسۈملۈكىنىڭ تېنىنى يىراقتىن يارىدۇ ۋە پۇرىقىنىڭ دىماقلارغا يېتىپ قېلىشىدىن يىراق تۇرۇلىدۇ. قېرىنغا كۆپلىگەن سۈت بىراقلا يىغىلىپ قاتقاندا، تارتىپ ئېلىپ ئىشلىتىلىدۇ.

بەزىلەر ئۇنى مازارىيون دەرىخىنىڭ يېلىمى دەپ بىلگەن، ئەمما بۇ گەپنىڭ ئاساسى يوق.

ئۇنىڭ ياخشىسى ساپ، يېڭى، كۈل رەڭ، سېرىققا مايىل، پۇرىقى، تەمى ئۆتكۈر بولۇپ، تىلغا تەگكۈزسە چاقىدىغان ۋە چاققان تەسىرى مەلۇم مۇددەتكىچە كەتمەيدىغانلىرىدۇر. پۇرىقى قانچە ئۆتكۈر بولسا، قانچە يېڭى بولسا، شۇنچە ياخشى بولىدۇ. سۇ ۋە زەيتۇن يېغىدا تېز ئېرىيدۇ، يەڭگىل ۋە بوش بولىدۇ، كونىسى قوڭۇر قىزىل بولۇپ تېز ئېرىمەيدۇ، پۇرىقى ۋە تەمى بەك ئۆتكۈر بولمايدۇ. ئۇنىڭ ئەنزىرۇت ۋە ئەرەب يېلىمى بىلەن ساختىلاشتۇرۇلغىنىدا يۇقىرىقى سۈپەتلەر تېپىلمايدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، يېلىمنى يىغىۋېلىش جەريانىدا بۇسى چىشقا تەگسە چىشنى چۇشۇرۇۋېتىدىكەن. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنى يىغىۋالغاندا ئېغىزنى چىڭ يۇمۇۋېلىش كېرەك ئىكەن.

ئۇنى تۇنجى بايقىغان كىشى يۇنىيە پادىشاھى يۇناس ياكى ئۇنىڭ دەۋرىدە ياشىغان تېۋىپلاردۇر.

**تەبىئىتى:** تۆتىنچى دەرىجىنىڭ دەسلىپىدە قۇرۇق ئىسسىق، بەزىلەر ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق دېگەن. قۇۋۋىتى تۆت يىلغىچە ساقلىنىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن ئاجىزلىنىشقا باشلاپ ئون يىلدا تۈگەيدۇ.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** جۇلا بېرىش، ئۇچۇچانلاشتۇرۇش، كۆيدۈرۈش قاتارلىق تەسىر ۋە خۇسۇسىيەتلىرى ئۆتكۈر، بولۇپمۇ ئۇنىڭ يېڭىسى تېخىمۇ ئۆتكۈردۇر. ئۇنىڭ ئۆتكۈرلۈكى يېلىملارنىڭ ئەڭ ئۆتكۈرى بولغان ھىڭدىنمۇ كۈچلۈكرەكتۇر. شىلىملىق بەلغەم بىلەن زەرداب سۈنى سۈرۈپ چىقىرىش، نېرۋىلاردىكى بەلغەم خاراكتېرلىك كېرەكسىز ماددىلارنى تازىلاش خۇسۇسىيىتىمۇ بولىدۇ. ئۇ لەقۋا، پالەچ، ئىسترخا، ماددىلارنىڭ قېيىپ قېلىشىدىن بولغان تەشەننۇج، رەئىشە، ئەزالارنىڭ سېزىمسىزلىنىشى، باش قېيىش، كۆز ئالدى قاراڭغۇلىشىش، تۇتقاق كېسەل، سەكتە، جۆيلۈش، قاتما، مۇسكۇللار كىرىشىپ قېلىش كېسەللىكى، ئىستىسقا، تال كېسەللىكلىرى، قولۇنجى، بۆرەكنىڭ سوغۇقلۇقى، ئولتۇرغۇچ نېرۋا ئاغرىقى، بوغۇم ئاغرىقى ۋە بەلغەمدىن بولغان بەل، يانپاش ئاغرىقى، سوغۇق تەبىئەتلىك زەھەرلەردىن زەھەرلىنىش، شۇنداقلا ھەر خىل لوقۇلداپ ئاغرىشلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

لەقۋا: ئۇنىڭدىن ئەدەس چوڭلۇقىدا ئېلىپ، قىز توغقان ئايالنىڭ سۈتىدە ئېرىتىپ بۇرۇنغا تېمىتسا ياكى ھەببەتۇلخۇزرا يېغىدا ئېرىتىپ يۇزگە سۈركىسە لەقۋاغا مەنپەئەت قىلىدۇ. ئۇنىڭدىن بىر گىرام ئېلىپ، سەكبىنەج، مۇقەلۇل يەھۇد (يەھۇدى مۇقەل) ۋە ئۇشەقلەرنىڭ ھەربىرىدىن بىر يېرىم گىرامدىن قوشۇپ، ھەب ياساپ يۇتسىمۇ، لەقۋاغا شىپا بولىدۇ ۋە ئۇنى يوقىتىدۇ.

پالەچ ۋە ئىستىرخا: داۋاملىق پۇرىسا مېڭىنى تازىلايدىغانلىقى ۋە يۇلۇندىكى ماددىلارنى بۇرۇن تەرەپكە مايىللاشتۇرىدىغانلىقى ئۈچۈن پالەچكە مەنپەئەت قىلىدۇ. ئۇنىڭدىن ئارپا چوڭلۇقىدا ئېلىپ، مەرزەنجۇش سۈيى ياكى قىزىلچىنىڭ سىقىلغان سۈيى ۋە ياكى سامساقنىڭ سىقىلغان سۈيى بىلەن ئېرىتىپ بۇرۇنغا تېمىتسىمۇ، يۇقىرىقى خۇسۇسىيىتى بىلەن پالەچكە مەنپەئەت قىلىدۇ. ئۇنى مۇناسىپ دورىلار بىلەن ئىستېمال قىلسىمۇ پالەچ ۋە ئىستىرخاغا شىپا بولىدۇ. 450 مىللىلىتىر زەيتۇن يېغىدا 10 گىرام پەرپىيون ئېرىتىپ، بۇ ئېرىتمىنى كۆپ بولسا يەتتە كۈن، ئاز بولغاندا ئۈچ كۈنگىچە بوشغان ئەزالارغا سۈركىسە چىڭىتىدۇ. شۇنداقلا پالەچ ۋە نېرۋا خاراكتېرلىك كېسەللىكلەرنىڭ كۆپ قىسمىغا مەنپەئەت قىلىدۇ. پەرپىيونغا ئۇنىڭ ئۆتكۈرلۈكىنى پەسەيتىش رولى بولغان قىرۇتى ئارىلاشتۇرۇپ، ياغ قوشۇپ ئەزالارغا سۈركىسە، يۇقىرىقى ھەر ئىككى كېسەللىككە ئىنتايىن مەنپەئەت قىلىدۇ. پەرپىيوننى ئەزالارغا يەتتە كۈندىن ئارتۇق سۈركىمەسلىك، ئۇنىڭ مىقدارى ئۈچ گىرامدىن ئېشىپ كەتمەسلىك لازىم. ئۇنى قۇستە يېغى ياكى غار دەرىخى يېغى بىلەن ئېرىتىپ مايلىسا پەي - نېرۋىلارنى قىزىتىدىغانلىقى، ماددىلارنى ئۈچۈچانلاشتۇرىدىغانلىقى، بەلغەم خىلتىنى تارقىتىدىغانلىقى ئۈچۈن پالەچ ۋە ئىستىرخاغا مەنپەئەت قىلىدۇ. ئۇنىڭدىن 30 گىرام ئېلىپ، 60 گىرام موم بىلەن ئېرىتىپ، 450 مىللىلىتىر زەيتۇن يېغى بىلەن يۇمشاق سالايە قىلىپ، ھاۋانچىغا تۆكۈپ مەلھەم بولغۇچە ئارىلاشتۇرۇپ، يەرلىك ئورۇنغا ئازراق سۈركىسە روشەن مەنپەئەت قىلىدۇ. ئۇنىڭدىن بىر گىرام، سەكبىنەج بىلەن ئۇشەقنىڭ ھەربىرىدىن 1.5 گىرام ئېلىپ، ئارىلاشتۇرۇپ ھەب ياساپ يۇتسا ئىستىرخاغا مەنپەئەت قىلىدۇ. ئۇنىڭدىن يېرىم گىرام ئېلىپ سالايە قىلىپ، توخۇ تۇخۇمىنىڭ ئىللىتىپ پىشۇرۇلغان سېرىقىغا سېپىپ ئىستېمال قىلسا، ئەزالارنىڭ ئىستىرخاسىغا ئىنتايىن مەنپەئەت قىلىدۇ. پەرپىيوننى قۇستە يېغى، سۇزاپ يېغىغا ئوخشاش ئىسسىق تەبىئەتلىك ياغلار بىلەن ئېرىتىپ سۈركىسە، بەلغەمدىن بولغان تەشەننۇجقا مەنپەئەت قىلىدۇ. ئۇنىڭغا باراۋەر مىقداردا ئېلىنغان قۇندۇز قەھرى بىلەن ئاقىرقەرھا قوشۇلسا مەنپەئەتلىكرەك بولىدۇ. يېڭى پەرپىيوندىن 30 گىرام، كونا زەيتۇن يېغىدىن 450 مىللىلىتىر، قىزىل مومدىن 60 گىرام ئېلىپ، مومنى زەيتۇن يېغىدا ئېرىتىپ پەرپىيوننى يۇمشاق سالايە قىلىپ ئارىلاشتۇرۇپ، ھاۋانچىدا ياخشى ئۆزلەشتۈرۈپ تەييارلانغان قىرۇتىنى ئەزالارغا سۈركىسىمۇ، يۇقىرىقى

كېسەللىكلەرگە ياخشى مەنپەئەت قىلىدۇ.

رەئىشە ۋە پەيلەرنىڭ تارتىشىشى: مۇناسىپ دورىلار بىلەن ئىستېمال قىلسا بەلغەمدىن بولغان رەئىشەگە مەنپەئەت قىلىدۇ. ئۈچ گىرام پەرپىيوننى 30 مىللىلىتىر كونا زەيتۇن يېغىدا ئېرىتىپ سۈركىسە، ئەزالارنىڭ سېزىمسىزلىنىشىگە مەنپەئەت قىلىدۇ، شۇنداقلا ئۇنى دارچىن يېغىدا ئېرىتىپ سۈركىسە ۋە ئىستېمال قىلسىمۇ ئەزالارنىڭ سېزىمسىزلىنىشىگە مەنپەئەت قىلىدۇ. يەنە شۇنىڭدەك ئۇنى ئاغىچا يېغى ياكى باشقا ئىسسىق تەبىئەتلىك ياغلار بىلەن ئېرىتىپ ئىچسە ۋە سۈركىسىمۇ مەزكۇر كېسەللىككە مەنپەئەت قىلىدۇ. ئۇنىڭدىن 30 گىرام ئېلىپ، مۇناسىپ ياغ بىلەن ئېرىتىپ ئالتە كۈن مايلىسا، ئەزالارنىڭ سېزىمسىزلىنىشىگە مەنپەئەت قىلىدۇ. پەرپىيوننى مۇۋاپىق ياغ بىلەن ئېرىتىپ بۇرۇنغا سۈمۈرسە، پۈرىسا ۋە چۈشكۈرسە، باش قېيىش، سوغۇق كەيمۇستىن پەيدا بولغان بەلغەمدىن بولغان كۆز قاراڭغۇلىشىشقا مەنپەئەت قىلىدۇ.

تۇتقاق كېسەل، سەكتە، جۆيلۈش، قاتما كېسەل ۋە مۇسكۇللار كىرىشىپ قېلىش كېسەللىكىدە ئۇنى يۇمشاق سالايە قىلىپ، يالغۇز ياكى باشقا مۇناسىپ دورىلار بىلەن بىرلىكتە تۇتقاق كېسەل ۋە سەكتە بىمارىنىڭ بۇرنىغا پۈركىسە ھەر ئىككى خىل كېسەللىككە مەنپەئەت قىلىدۇ. تۇتقاق كېسەل بىمارى ئۇنى قايناق سۇ بىلەن ئېرىتىپ غار - غار قىلسا مەنپەئەت قىلىدۇ. پەرپىيون، ساپسىيا (بىر خىل يېلىم) ۋە ئۇلارغا ئوخشاش ماددىلارنى كۆيدۈرگۈچى، تارقاتقۇچى، ئەزالارنى يارا قىلغۇچى دورىلارنى بۇخارات ئۆرلەيدىغان ئەزالارغا سۈركىسە، تۇتقاق كېسەل پەيدا قىلغۇچى يەللەرنىڭ باشقا ئۆرلىشىدىن كېلىپچىققان تۇتقاق كېسەلنى دەرھال توختىتىدۇ. ئەمما ئۇ پۇت - قولغا ئوخشاش ئەزالارنىڭ ئۇستى تەرىپىدىن باغلانغاندىن كېيىن سۈركىلىدۇ. پەرپىيوندىن بىر گىرام ئېلىپ مۇناسىپ دورىلار بىلەن بىرلىكتە ئىستېمال قىلسا جۆيلۈشكە مەنپەئەت قىلىدۇ. پەرپىيوندىن 30 گىرام ئېلىپ 450 مىللىلىتىر يەسمەن يېغى بىلەن ئېرىتىپ، قاتما ۋە مۇسكۇللاركىرىشىپ قېلىش كېسەللىكىدە بىمارنىڭ بېشىغا سۈركىسە، شۇنداقلا پەرپىيون بىلەن قۇندۇزقەھرىنى يەسمەن يېغى بىلەن سالايە قىلىپ مەزكۇر كېسەللىكتە بىمارنىڭ بېشىغا سۈركىسىمۇ ھەر ئىككى خىل كېسەللىككە داۋا بولىدۇ.

ئىستىسقا، تال كېسەللىكلىرى، قۇلۇنجى، بوغۇم ئاغرىقلىرى ۋە باشقىلاردا، ئۇنى مۇناسىپ دورىلار بىلەن بىرلىكتە ئىستېمال قىلسا مەزكۇر كېسەللىكلەر، ئولتۇرغۇچ نېرۋا ئاغرىقى، بەلغەم ۋە سوغۇقتىن بولغان يانپاش، بەل ئاغرىقى ۋە بۆرەكنىڭ سوغۇقلۇقىغا مەنپەئەت قىلىدۇ. سوغۇق تەبىئەتلىك زەھەرلەرنى قايتۇرىدۇ، ھامىلە چۈشۈرىدۇ. ھەسەل بىلەن بىرلىكتە كۆزگە سۈركىسە كۆزگە سۇ چۈشۈشكە شىپا بولىدۇ. ئەمما ئۆتكۈرلۈكى بىلەن كۆزنى قىزارتىدىغان ۋە كۆيۈشتۈرىدىغان بولۇپ، بۇ قىزىللىق مەلۇم مەزگىلگىچە

يوقالمايدۇ. ئۇنى قىزىلچا سۈيى بىلەن بىرلىكتە بۇرۇنغا سۈمۈرسە، كۆزدە پەردە ئۆسۈش، كۆز ياشانغىراش ۋە كۆز قىزىرىش قاتارلىقلارغا مەنپەئەت قىلىدۇ، مېڭىنى تازىلايدۇ. ئۇنى ئۇستىخانغا زىمات قىلسا ئۇستىخاننى قاسراقلاشتۇرىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنى ئۇستىخانغا تەگكۈزۈشتىن ئېھتىيات قىلىش لازىم. ئۇ زەخىملەرگە سۈركىسە زىيادە گۆشنى يوقىتىدۇ. غالجىر ئىت چىشلىۋالغان ۋە زەھەرلىك ھاشارات چېقىۋالغان ئورۇنغا سۈركىسە زەھەر قايتۇرىدۇ. مۇناسىپ ياغلار بىلەن بىرلىكتە سۈركىسە، پەي ـ نېرۋا كېسەللىكلىرى ۋە بوغۇم ئاغرىقلىرىغا پايدا قىلىدۇ. زەپەر ۋە ئەپيۇن بىلەن سۈركىسە تۇرلۇك لوقۇلداپ ئاغرىشلارنى پەسەيتىدۇ. ئۇنىڭدىن 1~3 تالغىچە بۇغداي دېنى چوڭلۇقىدا ئېلىپ ھەمەل قىلسا توختىغان ھەيزنى ماڭدۇرىدۇ. سىناقتىن ئۆتكەن. ئېچىشتۇرسا قىزىلگۈل يېغى پەسەيتىدۇ. ئۇنىڭدىن بىر دان چوڭلۇقىدا ئېلىپ، ئاملە جەۋھىرى بىلەن سالايە قىلىپ جىنسىي يولغا قويسا ھامىلدار بولۇشقا ياردەم بېرىدۇ، جىنسىي يولنى تارايتىدۇ، بالىياتقۇنى قۇۋۋەتلەيدۇ ۋە ئۇنىڭ بەتبۇي پۇرىقىنى يوقىتىدۇ، بۇ جەھەتتە تەڭداشسىزدۇر.

**زىيانلىق تەسىرى:** (1) ئىسسىق مىزاج كىشىلەر ۋە قان خىلتى غالىب بولغان كىشىلەرگە زىيان قىلىدۇ. ئۇنى يالغۇز ئىشلەتسە، زىيانلىق تەسىرى بىرقەدەر كۈچلۈك بولىدۇ. تۆۋەنكى ئۈچەيلەرگە زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** كۆك مۇقەل، چۈچۈكبۇيا يىلتىزى قىيامى، دارچىن، سۇمبۇل ۋە قىلىن دارچىنغا ئوخشاش ئىسسىق تەبىئەتلىك، خۇش پۇراق دورا ـ دەرمانلار، كەتىرا، ئەرەب يېلىمى ۋە تاتلىق بادام يېغى.

(2) بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇرۇقدانغا زىيان قىلىدىكەن.

**تۈزەتكۈچىسى:** گۈل يېغى.

(3) بالىياتقۇغا زىيان قىلىدىغان بولۇپ، بالىياتقۇ ئېغىزىنى ھامىلە چۈشۈرگۈچى دورىلار ھامىلىنى چۈشۈرەلمىگۈدەك دەرىجىدە تارايتىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** يېرىم گىرام. ئاشۇرۇپ 10 گىرامغىچە ئىستېمال قىلسا ئادەمنى ئۆلتۈرىدۇ.

**ئورۇنباسارى:** ئىستىسقا ئۈچۈن مازارىيون، قۇلۇنجى ئۈچۈن بىر ھەسسىدىن ئىككى ھەسسىگىچە قۇندۇز قەھرىدۇر.

پەرپىيوننىڭ قارا رەڭلىك بىر خىلى بار بولۇپ، كىشىنى ھالاك قىلغۇچىدۇر.

ئىبنى مۇئەللىپنىڭ ئېيتىشىچە، پەرپىيون بىلەن ئەپيۇننى بىرلىكتە شېشە قاچىغا سېلىپ قويسا، بىرى يەنە بىرىنى يوقىتىدىكەن. ئۆزئارا تەسىرى شۇ دەرىجىدە كۈچلۈك بولۇپ، شۇ دەرىجىدىكى، ھەر ئىككىسىنىڭ ھېچقانداق دورىلىق تەسىرى قالمايدىكەن.

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، پەرپىيوننى باقىلە بىلەن ساقلىسا قۇۋۋىتىنى يوقاتماي ساقلىغان

بولىدىكەن.

پەرپىيوننىڭ ھەبلىرى، ياغلىرى، زىماتلىرى، مەلھەملىرى، قىرۇتىلىرى، مەجۇنلىرى قارابادىندا بايان قىلىندى، شۇنداقلا ئۇنى بەلگىلەنگەن مىقداردىن ئاشۇرۇپ ئىستېمال قىلغاندا يۈز بېرىدىغان زىيانلارنى يوقىتىشنىڭ تەدبىرلىرىمۇ قارابادىندا بايان قىلىندى.

ئومۇمەن، ئۇنى بەلگىلەنگەن مىقداردىن ئارتۇق ئىستېمال قىلغاندا مۇگدىتىدۇ، ئەزالارنى ئېچىشتۇرىدۇ، ھېق تۇتقۇرىدۇ، كۆڭۈلنى قاتتىق ئېلىشتۇرىدۇ، ئىچكى ئەزالاردا كۆيۈشۈش ۋە چېقىش سېزىمى پەيدا قىلىدۇ. 10 گىرامى ئۈچ كۈن ئىچىدە ئاشقازان ۋە ئۈچەيلەرنى يارا قىلىپ، ئىقتىدارىنى يوقىتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۇ ئەپيۇن ۋە بەزى ھايۋان مەنبەلىك سوغۇق تەبىئەتلىك زەھەرلەر ۋە باشقىلار ئۈچۈن زەھەر قايتۇرغۇچىدۇر.

زەھەر قايتۇرۇش تەدبىرى ياغ بىلەن مايلاش، قار - مۇز بىلەن سوۋۇتۇلغان ئارپا تالقىنى ئىچىش، سوغۇق سۇدا ئولتۇرۇش، گۈلاب ئىچىش، ئارپا تالقىنىنى ئانار سۈيى، مەيخۇش ئالما سۈيى، لىمون سۈيى ۋە ئارپا ئاشلىرى بىلەن بىرلىكتە ئىچىشتۇر. كافۇر بىلەن گۈل يېغى، گۈلاب، مايلىق شورپا ۋە جەدۋارلارمۇ ئۇنىڭ زەھىرىنى قايتۇرىدىغان بولۇپ تەجرىبىدىن ئۆتكەندۇر.

پەرپىيوننى كالا سۈتى قېتىقىنىڭ يېغى سۈيى بىلەن ئىچۈرسە ۋە سوغۇق زىماتلار بىلەن بىرلىكتە جىگەر ساھەسىگە چاپسا، ھايۋانلارنىڭ زەھەرلىنىشىگە مەنپەئەت قىلىدۇ.

## ئەپسەنتىن

بۇ يۇنانچە سۆز بولۇپ، ئەرەبچە «خەترەق»، رىمچە «ئەبسىيتۇن»، پارسچە «مۇردە»، مىسىر تىلىدا ئۇنىڭ ناچار تۈرى «ۋەسىيسە»، تاغدا ئۆسىدىغان تۈرى «رەبەل» دەپ، ھىندىچە «مىجتەرى»، «شەتار» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** ئۇ دەرەخ ھەم ئۆسۈملۈككە ئوخشايدىغان بىر خىل ئۆسۈملۈك بولۇپ، شەكلى پارسچە «بابۇنەئى گاۋ چەشم» دېيىلىدىغان ئۇقھۇۋان گۈلىگە ئوخشايدۇ. غولى ئېگىز، شاخلىرى نەيچىسىمان بولۇپ، يوپۇرماقلا توشقان بولىدۇ، يوپۇرماقلىرى يالپۇز يوپۇرمىقىغا ئوخشايدۇ. ئازراق تۈكلۈك بولىدۇ، گۈلى بابۇنە گۈلىگە ئوخشاش، ئۇنىڭدىن ئۇششاقراق بولۇپ، ئوتتۇرىسىدا كىچىك تۈگۈنچەك بولۇپ، ئىچىدىن بېدە ئۇرۇقىغا ئوخشايدىغان ئۇششاق، تەمى ئاچچىق، قىرتاق، ئازراق ئۆتكۈر، خۇش پۇراق بولغان ئۇرۇقى چىقىدۇ.

شەيخۇر رەئىس: «ھۇنەين ئەفسەنتىن «خۇراسانىي» (خۇراساندىن چىقىدىغىنى)، «شەرقىي» (شەرقتىن چىقىدىغىنى)، «تەرسۇسىي» (تەرسۇستىن چىقىدىغىنى)، «سۇسىي»

(سۇسدىن چىقىدىغىنى) دىن ئىبارەت بىرقانچە خىل بولىدۇ دەپ يازغان» دەيدۇ. ئۇنىڭ يەنە لىكام تاغلىرىدىن كەلتۈرۈلىدىغىنى ۋە باشقا تۈرلىرىمۇ بار.

ئىلگىرىكىلەر ئۇنىڭ «تەرسۇسىي» (تەرسۇستىن چىقىدىغىنى)، «سۇسىي» (سۇستىن چىقىدىغىنى)، «نىبتىي» (نىبتىتىن چىقىدىغىنى)، «خۇراسانىي» (خۇراساندىن چىقىدىغىنى)، «رۇمىي» (رىم ‹شەھەر نامى› دىن چىقىدىغىنى) دىن ئىبارەت بەش خىل تۈرى بار دەپ بىلگەن.

ئۇنىڭ نىبتىتىن چىقىدىغىنى خۇش پۇراق ۋە قابىزلىق خۇسۇسىيىتىگە ئىگە بولۇپ، تارقىتىش خۇسۇسىيىتى ئارتۇقراق، ھارارىتى كەمرەكتۇر. شۇ سەۋەبتىن ئاشقازاندا ھەرقانچە ئۇزۇن تۇرسىمۇ بەلغەمنى سۇرمەيدۇ. بەلغەمنى سۇرۇش تەسىرى ئۇنچىلىك كۈچلۈك ئەمەس. ئاشقازان ئېغىزىغا زىيان قىلمايدۇ.

ئۇنىڭ يەنە بىر تۈرى بار بولۇپ، يوپۇرمىقى سەۋزە يوپۇرمىقىغا ئوخشايدۇ. رەڭگى ئاقۇچ بولىدۇ، گۈلى سېرىق، يوپۇرماقسىز بولىدۇ. مىسىر خەلقى ئۇنى «ۋەسىيسە» دەپ ئاتايدۇ. شىمالدىكى ئەللەرنىڭ كۆپ قىسمىنىڭ شەرق تەرەپلىرى، خۇراسان ۋە ئىراقلاردا ئۆسىدۇ. ئۇ ھەممە تۈرلىرىنىڭ ئىچىدە ئەڭ ناچىرى ھېسابلىنىدۇ.

بەزىلەر ئەپسەنتىننى «شىبە» ئۆسۈملۈكىنىڭ تۈرلىرىدىن دەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بەزى ھۆكۈمالار ئۇنى «شىبە رۇمىي» دەپ ئاتايدۇ. بەزىلەر ئۇنى «كەشۇسايى رۇمىي» ئۆسۈملۈكى دەپ بىلىدۇ.

ئۇنىڭ تۈرلىرىنىڭ ئەڭ ياخشىسى رىم ۋە تەرسۇستىن چىقىدىغانلىرى بولۇپ، رەڭگى ئاق بولغانلىرى، سۇستىن چىقىدىغانلىرىنىڭ تۈكلۈك بولۇپ، ياغىچىنى سۇندۇرسا ياكى قولغا سۈركىسە، سەبرىنىڭ پۇرىقى كېلىدىغان، تەمى ئۆتكۈر، ئاچچىق ۋە قىرتاق بولغانلىرىدۇر.

يەنە بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇنىڭ تۈرلىرىنىڭ ئەڭ ياخشىسى رىمدىن چىقىدىغى بولۇپ، خۇش پۇراق، تەمى ئاچچىق، تۈكلۈك، بوغۇملۇق بولغانلىرى ئىكەن.

ئۇنىڭ نىيتىس ئارىلىدىن كەلتۈرۈلىدىغىنىنىڭ قابىزلىقى باشقا تۈرلىرىگە قارىغاندا ئارتۇقراقتۇر. ئۇنىڭ يوپۇرمىقى بىلەن گۈلى كىچىكرەكتۇر. بەزىدە ئۇنى زەيتۇن يېغى بىلەن بىرلىكتە سۇدا قاينىتىپ رەڭگى سارغايغاندا، قۇرۇتۇپ ساختىلاشتۇرۇلىدۇ. ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى پەرق شۇكى، ساختىلاشتۇرۇلغىنىنى ئوتتا كۆيدۈرسە ئۇنىڭدىن زەيتۇن يېغى پۇرىقى كېلىدۇ.

**تەبىئىتى:** بىرىنچى دەرىجىدە ئىسسىق، ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق. بەزىلەر ئىككىنچى دەرىجىنىڭ دەسلىپىدە ئىسسىق، ئاخىرىدا قۇرۇق دېگەن، بۇ توغرىراقتۇر. ئۇنىڭ ئۇسارىسىنىڭ ئىسسىقلىقى چۆپىنىڭ ئىسسىقلىقىدىن ئارتۇقراق، خۇسۇسىيىتى ئۇنىڭدىن

كۆچلۈكرەكتۇر. شۇنداقلا ئۇنىڭ ئۇرۇقى بىلەن گۈلى ئۆزىدىن قۇۋۋەتلىكرەك.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** تۇسالغۇلارنى ئېچىش، ئۇچۇچانلاشتۇرۇش، ئىشتىھانى ئېچىش ۋە قورۇش قاتارلىق خۇسۇسىيەتلىرى بار. تەمى ئاچچىق بولۇپ، قابىزلىقى ئۇنىڭ ئاچچىقلىقىدىن كۈچلۈكرەكتۇر. ئەپتىمۇن بىلەن ئىشلەتسە سۈيدۈك ھەيدەش تەسىرى بىلەن سەپرا، زەرداب سۇ ۋە ئاشقازاندا يىغىلغان باشقا سەپرالىق خىلتلارنى سۈرۈش ۋە كۆكرەك ھەم ئۆپكىنىڭ تومۇرلىرىنى تازىلاش قاتارلىق خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە. شۇنداقلا ئەپتىمۇن ۋە ئۇستىققۇددۇس بىلەن بىرلىكتە ئىشلەتسە سەۋدانى سۈرىدۇ ۋە تازىلايدۇ. يالغۇز ياكى مۇناسىپ دورىلار بىلەن بىرلىكتە ئىچسە ۋە زىمات قىلسا، باش ئاغرىقى، لەقۋا، پالەچ، ئىستىرخا، رەئىشە، تۇتقاق كېسەل، سەكتە، جۆيلۈش، باش قېيىش، كۆز قاراڭغۇلىشىش، مالىخولىيا، ئېغىر ئۇيقۇ، كۆز، قۇلاق، ئېغىز، گال، ئاشقازان، جىگەر، ئۆت، تال ۋە بالىياتقۇ كېسەللىكلىرى، بوۋاسىر، پەي - نېرۋا ئاغرىقلىرى، ماغدۇرسىزلىق، دائىرىلىك چاچ چۈشۈش، چاچ كېپەكلىشىش قاتارلىق ھەر خىل كېسەللىكلەرگە مەنپەئەت قىلىدۇ. ئۆزى ھەر خىل زەھەرلەر ۋە زىيانداشلار چېقىۋالغاندىكى زەھەرلەرنى قايتۇرىدۇ. ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەيدۇ، ئىشتىھانى ئاچىدۇ. سۈيدۈك، ھەيز، سۈت ۋە تەرلەرنى ماڭدۇرىدۇ. تۇرلۇك مەددە قۇرتلارنى ئۆلتۈرىدۇ.

باش ئاغرىقى، لەقۋا، پالەچ، ئىستىرخا، رەئىشە، تۇتقاق كېسەل، سەكتە، جۆيلۈشتە ئۇنى شېھ ئەرمىنى بىلەن قايناتىپ، بولۇپمۇ ئۇنىڭغا ئازراق ئايارەج پەيقىرا قوشۇپ ئېرىتىپ بۇرۇنغا سۈمۈرسە، مېڭىنىڭ ئالدىنقى قىسمىدا پەيدا بولغان باش ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ. ئۇنىڭ مەتبۇخىنى ئىچسىمۇ مېڭىدىكى يەللەرنى تارقىتىپ، باش ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن غار - غار قىلسا لەقۋاغا شىپا بولىدۇ. ئۇنىڭ مەتبۇخىنى يالغۇز ياكى ھەسەل بىلەن بىرلىكتە ئىچسە، لەقۋا، پالەچ، ئىستىرخا، رەئىشە، تۇتقاق كېسەل، سەكتە ۋە جۆيلۈشلەرگە مەنپەئەت قىلىدۇ. ئۇنىڭ مەتبۇخىنى پالەچ بىمارىغا ئىچۈرسە، ئۇنىڭ ئاشقازىنىدىكى ئىچىلگەن دورىلاردىن پەيدا بولغان ئىسسىق خىلتلارنى چىقىرىدۇ ۋە سوۋۇتىدۇ. ئۇنىڭ ئۇسارىسىنى سەكتە بىمارىنىڭ بۇرنىغا ۋە گېلىغا تېمىتسا مەنپەئەت قىلىدۇ.

باش قېيىش، كۆز قاراڭغۇلىشىش، ئېغىر ئۇيقۇ، ماغدۇرسىزلىق ۋە مالىخولىيادا ئۇنىڭ مەتبۇخىنى سەبرە سۇقۇترى بىلەن بىرلىكتە ئىچسە، سەپرا بىلەن بەلغەمدىن بولغان باش قېيىش ۋە كۆز قاراڭغۇلىششقا مەنپەئەت قىلىدۇ. ئۇنىڭ دەملەنمىسى ئېغىر ئۇيقۇغا شىپا بولىدۇ. ئۇنىڭ مەتبۇخى ئەپتىمۇن بىلەن بىرلىكتە مالىخولىياغا شىپا بولىدۇ. ئۇنىڭ مەتبۇخىدىن ھەر كۈنى 60 مىللىلىتىر ئېلىپ ئاز - ئازدىن يۇتسىمۇ مالىخولىياغا شىپا بولىدۇ. مالىخولىيانىڭ ماددىسى سەپراغا مايىل بولسا، ئۇنىڭ ئۇسارىسىدىن 25 مىللىگىرام

ئىلىپ سۇ بىلەن ئىرىتىپ ئىچىلىدۇ. مالىخولىيا قورساق پەردىسىنىڭ شىرىكچىلىكىدە پەيدا بولغان بولسا، قورساق پەردىسىدە سوغۇق يەل پەيدا بولۇپ، ئىششىق بولمىسا، ئەپسەنتىن قاينىتىلمىسى ياكى ئۇنىڭ ئۇسارىسىنى يۇقىرىقى ئۇسۇل بويىچە ئىچۈرۈپ تەنقىيە قىلىنىدۇ. ئۇنىڭ گۈلىنىڭ يېغى بىلەن مايلانسا ماددىلارنىڭ قېيىپ قېلىشىدىن بولغان كەم ماغدۇرلۇققا مەنپەئەت قىلىدۇ.

كۆز كېسەللىكلىرى: ئەپسەنتىننىڭ چۆپىنى سالايە قىلىپ چىگە رەختكە ئوراپ قايناق سۇغا چۆكۈرگەندىن كېيىن كۆزگە ئىسسىق ئۆتكۈزسە، كۆز ئىچىدا پەيدا بولۇپ ئۇزۇن مۇددەتكىچە يوقالمىغان خالنى يوقىتىدۇ. ئىپىتىشلارغا قارىغاندا خالنى ۋە قاننى ئۆزىگە تارتىش خۇسۇسىيىتى بىلەن يوقىتىدىكەن، بۇ تەسىرى شۇنچىلىك كۈچلۈككى، قان چىگە رەختكە ئۆتىدىغان بولۇپ، سىقسا ئۇنىڭدىن قان چىقىدىكەن.

ئۇنى ئۈزۈم شىرنىسى بىلەن قاينىتىپ، كۆز ئاغرىقى، كۆزگە پەردە ئۆسۈش، كۆز ئىششىقى ۋە كۆزنىڭ لوقۇلداپ ئاغرىشلىرىغا ئىشلىتىلىدۇ. ھەسەل بىلەن بىرلىكتە قاپاق تېگىدىكى بىنەپشە رەڭلىك ئىزلارنى يوقىتىشقا ئىشلىتىلىدۇ. ئۇنى سۇمبۇل رۇمى بىلەن بىرلىكتە زىمات قىلسا كۆز ئاغرىقىغا مەنپەئەت قىلىدۇ. بولۇپمۇ ئۇنىڭ نىبىتتىن چىققىنى تېخىمۇ ياخشى مەنپەئەت قىلىدۇ. ئۇنى كۆزگە سۈركىسە كۆز ئاغرىقى ۋە كۆزگە پەردە ئۆسۈشلەرگە شىپا بولىدۇ.

قۇلاق كېسەللىكلىرى: ئەپسەنتىننى قابىز ياغ ياكى شاراب بىلەن قاينىتىپ، چىققان ھورىغا قۇلاقنى تۇتسا قۇلاق ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ. قۇلاق ئاستى بېزى ئىششىقىنى تارقىتىدۇ، شۇنداقلا قۇلاق ئاستى بېزىغا سۈرسىمۇ شۇ تەسىرنى بېرىدۇ. ئۇنىڭ ئۇسارىسىنى قۇلاققا تېمىتسا قۇلاق قۇرتى، يەل ۋە ياكى قۇلاققا سۇ كىرىپ كېتىش سەۋەبىدىن پەيدا بولغان ئاغرىقنى پەسەيتىدۇ. چۈنكى ئۇنىڭ قۇرت ئۆلتۈرۈش ۋە سوغۇق تەبىئەتلىك يەللەرنى تارقىتىش خۇسۇسىيىتى بولىدۇ. يەللەرنى تارقاتقۇچىدۇر. ئۇنى ئاچچىق بادام يېغى بىلەن قۇۋۋىتى ياغقا تولۇق چىققۇچە قاينىتىپ، يەنى ئاز مىقدارىدىكى ئۆچكە ئۆتى بىلەن بىرلىكتە قاينىتىپ سۈيىنى قۇلاققا تېمىتسا، قۇلاقتىكى ھەر خىل يەللەرنى تارقىتىدۇ، قۇلاق جاراھىتى ۋە قۇلاق كىرىنى ھەر قانچە كونا بولسىمۇ شۇ ھامان تازىلايدۇ. ئۇنىڭ قاينىتىلمىسىنى ئاچچىق بادام يېغى ۋە ئۆچكە ئۆتى بىلەن بىرلىكتە قۇلاققا تېمىتسا قۇلاقتىن ئاقىدىغان سۇيۇقلۇقنى توختىتىدۇ.

ئېغىز، گال، كۆكرەك ۋە ئۆپكە كېسەللىكلىرى: ئەپسەنتىننى سوقۇپ توغرىغۇ ۋە ھەسەل بىلەن يۇغۇرۇپ، يۇتقۇنچاق ياكى گالغا سىرتىدىن سۈركىسە، ئۇنىڭ ئىچكىدىكى مۇسكۇللار ئىششىقى، بوغما كېسەل، قۇلاق ئاستى بېزى ئىششىقى ۋە ئاغرىقىغا مەنپەئەت قىلىدۇ. شۇنداقلا ئۇنىڭ قاينىتىلمىسى ياكى ئۇنىڭ ئۇسارىسىنى يالغۇز ياكى مۇناسىپ

دورىلار بىلەن بىرلىكتە غار ـ غار قىلىشىمۇ شۇ تەسىرنى بېرىدۇ. ئۇنىڭ قايىنىتىلمىسىنى ئىچسە ئۆپكە بىلەن كۆكرەكنى ۋە ئۇنىڭ تومۇرلىرىدىكى سەپرا خاراكتېرلىك خىلىتلارنى تازىلايدۇ.

ئاشقازان، جىگەر، ئۆت، تال، ئۈچەي، بالىياتقۇ، مەقئەت كېسەللىكلىرى، مەددە قۇرت كېسەللىكلىرى، بوۋاسىر ۋە بوغۇم كېسەللىكلىرىدە ئۇنى سۇمبۇل رۇمى بىلەن ئىچسە ئاشقازان ئاغرىقىغا مەنپەئەت قىلىدۇ. ئىچكى ئەزالاردىكى ئىششىقلارنى ياندۇرىدۇ، يەل تارقىتىدۇ، شۇنداقلا زىمات قىلىشىمۇ شۇ تەسىرنى بېرىدۇ. ئۇنىڭ قايىنىتىلمىسىنى ئىچسە ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەيدۇ، ئىشتىھاسىزلىقنى داۋالايدۇ. بۇ جەھەتتە تەسىرى ئاجايىپتۇر. ھامىلە پەيدا قىلغان ئاغرىقلار، بەل ئاغرىقى، يۈز ۋە پۇت ـ قوللار كۆپچۈپ قېلىش، ئىستىسقا، بوغۇم ئاغرىقى، سوغۇقتىن بولغان مەقئەت كېسەللىكلىرىگە شىپا بولىدۇ. بۇزۇق بۇخاراتلارنى يوقىتىدۇ، بۇزۇلغان مىزاجنى تەڭشەيدۇ، سۇئۇلقۇنىيە (ئىستىسقا كېسەللىكىنىڭ مۇقەددىمىسى) گە مەنپەئەت قىلىدۇ. ئۇنىڭ ئۇسارىسىمۇ مەزكۇر كېسەللىكلەرگە شىپا بولىدۇ، شۇنداقلا ئۇنىڭ قايىنىتىلمىسىدىن كۈنىگە 100 مىللىلىتىردىن ئۇدا 10 كۈن ئىچسە، ھۆللۈك سەۋەبىدىن تۇتۇلغان ئىشتىھانى ئاچىدۇ، يەرقاننى يوقىتىدۇ. ئۇنىڭ قايىنىتىلمىسىنى يالغۇز ياكى ھەسەل ياكى ئەپتىمۇن بىلەن بىرلىكتە ئىچسە تال كېسەللىكلىرىگە شىپا بولىدۇ، شۇنداقلا باشقا مۇناسىۋەتلىك دورىلار بىلەن بىرلىكتە ئىشلەتسىمۇ شۇ تەسىرنى بېرىدۇ. ئۇنى سوقۇپ ئەنجۈر ۋە توغرىغو بىلەن بىرلىكتە زىمات قىلسا ئىستىسقاغا شىپا بولىدۇ. بولۇپمۇ سىركە بىلەن بىرلىكتە زىمات قىلسا تەسىرى تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ. يەنە شۇنىڭدەك توغرىغۇ، ئەنجۈر، سەۋسەن تالقىنى بىلەن بىرلىكتە زىمات قىلسا تال كېسەللىكلىرىگە شىپا بولىدۇ. ئىكلىلمىلىك بىلەن بىرلىكتە قايىنىتىپ، ئاخىرقى مەزگىلدىكى جىگەر ئىششىقىغا چاپسا مەنپەئەت قىلىدۇ. ئۇنىڭ قايىنىتىلمىسىنى سىركە بىلەن بىرلىكتە مەلھەم قىلسا ئىسسىقتىن بولغان بوغۇم ئاغرىقلىرىنى پەسەيتىدۇ. ئۇنى موم، قىزىلگۈل يېغى ياكى خېنە يېغى بىلەن بىرلىكتە چاپسا يىرىق ئاغرىقى، كونا ئاشقازان، جىگەر ئاغرىقى، بوۋاسىر، مەقئەت يېرىلىش، مەقئەت ئاغرىقى ۋە بالىياتقۇ قاتتىق ئىششىقلىرىغا شىپا بولىدۇ، شۇنداقلا ئۇنى يالغۇز زىمات قىلسىمۇ شۇ تەسىرنى بېرىدۇ. ھەسەل بىلەن بىرلىكتە پەرزىجە قىلسا ھەيز ماڭدۇرىدۇ. موم بىلەن ھەمەل قىلسا قاپاق ئۇرۇقىسىمان مەددىنى چۈشۈرىدۇ. ئۇنىڭ مەتبۇخىنى يالغۇز ياكى گۈرۈچ ياكى ئەدەس بىلەن بىرلىكتە قايىنىتىپ ئىچسە تۈرلۈك مەددە قۇرتلارنى ئۆلتۈرۈپ چۈشۈرىدۇ، ئىچىنى سۈرىدۇ. سىركە بىلەن بىرلىكتە ئىچسە بوۋاسىر، مەقئەت يېرىلىشقا مەنپەئەت قىلىدۇ. ئىسسىق دورىلارنى ئىچكەن سەۋەبتىن تۇرۇپ قالغان ئىسسىق خىلىتلارنى چىقىرىدۇ. ئۇنىڭ شەربىتىنى ئىچسە قوۋۇرغا ئاستى پەردىلىرى تارتىشىش، ئاشقازان

ئاجىزلىق، بوۋاسىر، مەقئەت يېرىلىشقا مەنپەئەت قىلىدۇ. تومۇرلادىكى سەپرا ۋە بەلغەم خاراكتېرلىك خىلىتلارنى تازىلايدۇ ۋە ھەيدەپ چىقىرىدۇ.

تەپ، دائىرىلىك چاچ چۈشۈش، باش كېپەكلىشىش، تىلما كېسەل، تۈرلۈك زەھەرلىنىش، زىننەت ئەزالىرى كېسەللىكلىرى ۋە باشقىلار: قاينىتىلمىسىنى ئىچسە ئوفۇنەتلىك تەپلەر، مۇرەككەپ تەپلەر ۋە كونا تەپلەرگە؛ سۈمبۇل رۇمى بىلەن ئىچسە دائىرىلىك چاچ چۈشۈش، باش كېپەكلىشىشكە پايدا قىلىدۇ. مىزاجنىڭ بۇزۇلۇشىنى تەڭشەيدۇ. يالغۇز ئىشلەتسە رەڭگىروينى ياخشىلايدۇ، شۇنداقلا زىمات قىلسىمۇ شۇ تەسىرنى بېرىدۇ. ئۇنىڭ قاينىتىلمىسىدىن 30 مىللىلىتىر ئىچسە چايان چېقىۋالغانغا شىپا بولىدۇ. شاراب بىلەن ئىچسە شەۋكىران زەھىرى، سۇ يىلىنى ھەم قۇرۇقلۇق يىلىنى چېقىلىۋالغاندىكى زەھەرنى قايتۇرىدۇ. سىركە بىلەن ئىستېمال قىلسا زەھەرلىك موگۇ (يەر مەدىكى) يېيىشتىن بولغان بوغما كېسەلگە شىپا بولىدۇ. سۇ بىلەن زىمات قىلسا تىلمىغا مەنپەئەت قىلىدۇ، قاتتىق ئىششىقلارنى تارقىتىدۇ. دائىرىلىك چاچ چۈشۈش، چاچ كېپەكلىشىش قاتارلىقلارغا پايدا قىلىدۇ. ئۇنى كىيىملەرنىڭ ئارىسىغا قويۇپ قويسا كىيىملەرنى كۈيە يېيىشنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. ئۇنىڭ قاينىتىلمىسىنى مۇرەككەپ ياسالمىلارغا قوشسا ياسالمىنىڭ بۇزۇلۇشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. ئۇنىڭ قاينىتىلمىسىنى سىياھ ئارىلاشتۇرۇپ خەت بىلەن يازسا كىتابنى چاشقان، ئاغمىخان ۋە قۇرتلارنىڭ يېيىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. ئۇن زەيتۇن يېغى بىلەن بىرلىكتە مەلھەم قىلىپ بەدەنگە سۈركىسە شۇ كىشىگە پاشا يېقىن كەلمەيدۇ. ئەپسەنتىننى تالقان قىلىپ سەپسە شۇ يەردىن زىيانداش ھاشارات قاچىدۇ. سۈيىنى سەپسە كۈيىنى ئۆلتۈرىدۇ. ئۇنىڭ يېغى بىلەن مايلانسىمۇ زىيانداش ھاشارات قاچۇرىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** ئۇنىڭ نىبىتىسىدىن باشقىسى ئاشقازان ئېغىزىنى زەئىپلەشتۈرىدۇ. لېكىن ئۇسارىسىنىڭ زىيانلىق تەسىرى چۈپىنىڭ زىيانلىق تەسىرىدىن ئارتۇقراقتۇر. باشنى ئاغرىتىدۇ، قۇرۇتىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** سوغۇق مىزاجلىقلار ئۈچۈن رۇمبەدىيان، مەستىكى، ئىسسىق مىزاجلىقلار ئۈچۈن ئانار شەربىتى ۋە ئۇنىڭ ئوخشاشلىرىدۇر.

شەيخۇر رەئىس «شىپائۇل ئەسقام» (كېسەللىكلەر شىپاسى) دېگەن كىتابىنىڭ ئاپتورى ۋە باشقىلار ئەپسەنتىن ئاشقازان زەئىپلىكى ئۈچۈن ئەڭ مۇۋاپىق دورىدۇر، دىگەن. ئەمما ئۇنىڭ ئۇسارىسى ئاشقازاننى زەئىپلەشتۈرىدۇ، چۈنكى ئۇنىڭدا چۈپىدە بولمىغان قابىزلىق باردۇر. يەنە «شىپائۇل ئەسقام» دېگەن كىتابىنىڭ ئاپتورى: «ئۇنى خىلىتلارنى پىشۇرۇشتىن بۇرۇن ئىستېمال قىلىش مۇۋاپىق ئەمەس» دەيدۇ. چۈنكى بۇ چاغدا ئۇنىڭدا قابىزلىق

خۇسۇسىيەت بولغانلىقى ئۈچۈن زىيىنى پايدىسىدىن كۆپرەك بولىدۇ. ئومۇمەن ئۇنىڭدا سۇرۇش ۋە قەۋزىيەت پەيدا قىلغۇچى ئىككى خىل قۇۋۋەت باردۇر، شۇنداقلا ئۇنىڭدا ئىچىنى سۇرۇش، توسالغۇلارنى ئېچىشتىن ئىبارەت ئوت ۋە ھاۋاغا مەنسۇپ بولغان ئۈچۈچان تەركىب، شۇنداقلا قابىزلىق ۋە ئىچىنى قاتۇرۇشقا سەۋەب بولىدىغان تۇپراققا مەنسۇپ بولغان قويۇق تەركىبتىن ئىبارەت ئىككى خىل تەركىب باردۇر.

**ئىستېمال مىقدارى:** چۆپىدىن 5 ~ 10 گىرامغىچە، مەتبۇخلاردا ئالتە گىرامغىچە ئىشلىتىلىدۇ. ئەمما ئۇنىڭ چۆپىنى سۇفۇپ ۋە باشقا ياسالما شەكىلدە ئىستېمال قىلىشقا توغرا كەلسە، ئۇنىڭ قابىزلىقىنى يوقىتىش ئۈچۈن بادام يېغى بىلەن مايلاش لازىم.

**ئورۇنباسارى:** ئىچىنى سۇرۇش ئۈچۈن غاپەس ۋە شىبھ ئەرمىنىدۇر. ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەش ئۈچۈن باراۋەر مىقداردا ئاسارۇن، يېرىم ھەسسە سېرىق ھېلىلەدۇر. جىگەر ئۈچۈن غاپەس ئۇسارىسى، جۆئىدە ۋە قەيسۇمدۇر.

ئەپسەنتىننى سوقۇپ سىقىپ چىقىرىپ، ئاپتاپتا قۇرۇتۇپ تەييارلانغان ئۇسارىسىنىڭ ھەممە تەسىرى ئۇنىڭ چۆپىنىڭ تەسىرىدىن كۈچلۈكرەكتۇر. ئۇ يەنە ئىچسە، جىگەر ۋە ئاشقازان، ئۈچەي ئارىسىدىكى كانال يوللاردىكى توسالغۇلارنى ئاچىدۇ. كونا، مۇرەككەپ تەپلەرگە شىپا بولىدۇ. ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەيدۇ، ئۇنىڭدىكى ئۆتكە مەنسۇپ خىلىتلارنى تازىلايدۇ. ئىشتىھانى ئاچىدۇ، سۇئۇلقۇنىيە (سۇلۇق ئىششىق كېسەللىكىنىڭ باشلانمىسى)، ئىستىسقا، يەرقانغا داۋا بولىدۇ. رەڭگىرويىنى ياخشىلايدۇ. بۇزۇلغان مىزاجىنى تەڭشەيدۇ. ئۇنى ئىچسە ۋە زىمات قىلسا يۈز كۆپچۈپ قېلىش، پۇت ـ قوللار ئىششىش، تال ئىششىقى، دائىرىلىك چاچ چۈشۈش ۋە چاچ كېپەكلىشىشكە داۋا بولىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** كۆڭۈلنى غەش قىلىدۇ، باش ئاغرىتىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** رەۋەن.

**ئىستېمال مىقدارى:** ئۈچ گىرامغىچە.

**ئورۇنباسارى:** ئۈچ ھەسسە ئەپسەنتىن ياكى غاپەس ياكى خوخىدۇر. ئەمما خوخا ئۇنىڭغا بەدەل بولۇشقا ئاجىز كېلىدۇ.

شەيخۇر رەئىس ئۇنىڭ ئۇسارىسى باش ئاغرىتىدۇ، دېگەن. مېنىڭچە ئۇ شۇ خۇسۇسىيىتى بىلەن ئاشقازانغا زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** سوغۇق مىزاجلىقلار ئۈچۈن رۇمبەدىيان، ئىسسىق مىزاجلىقلار ئۈچۈن ئانار سۈيى قىيامىدۇر.

ئەپسەنتىننىڭ ھەببىسى، ياغلىرى، شەربەتلىرى، زىماتلىرى، ئەرقى، غار ـ غارلىرى، قۇرسلىرى، قاينىتىلمىلىرى ۋە مەجۇنى قارابادىندا تەييارلىنىشلىرى، خۇسۇسىيىتى ۋە پايدىلىرى بىلەن بايان قىلىنىدى.

## ئەفشۇرەج
(مېۋە سۇلىرى)

ئۇ پارسچە «ئەفشۇرە» (سىقىلما) دېگەن سۆزنىڭ ئەرەبچىلەشتۈرۈلگىنىدۇر. ئەرەبچە «ئەسىر» (سىقىلما) دېيىلىدۇ. مەزكۇر ئاتالغۇ ئەسلىدە «ئەفشۇردە» ئىدى، كېيىن كۆپ ئىشلىتىش ئارقىلىق «ئەفشۇرە» بولۇپ قالغان.

ئۇ سۇلۇق مېۋىلەرنى سىقىپ ياكى سوقۇپ چىقارغان مېۋە سۈيىدىن ئىبارەت. بۇ سۇنى ئوت ئۈستىدە قويۇپ قىيام قىلسا «رۇب» (قىيام) دېيىلىدۇ، ئاپتاپتا قويۇپ قويۇلدۇرسا ياكى قاتۇرسا «ئۇسارە» دېيىلىدۇ.

ئەمەلىيەتتە ئۇ ئانار، ئەينۇلا، ئۈجمە، زىرىق، لىمون، ئوترۇجقا ئوخشاش پىشقان چۈچۈمەل ياكى ئاچچىق - چۈچۈك سۇلۇق مېۋىلەرنىڭ سىقىلغان سۈيىنى ۋە سۇ ياكى خام ئام، فالسە ۋە جامەنگە ئوخشاش ھىندىستان مېۋىلىرىنىڭ سۈيى بىلەن ئېرىتىلگەن ئۈزۈم سىركىسى، ياۋا پىننە ئەرقى، تەمرىھىندى سۈيى ياكى سۇ ۋە ئۇنىڭ ئوخشاشلىرى بىلەن ئېرىتىلگەن سۇماق سۈيىنى كۆرسىتىدۇ. زۆرۈر بولغاندا ئۇلارنى سۈزۈلدۈرۈپ، قەنت ياكى ناۋات ۋە مۇۋاپىق مىقداردا سۇ قوشۇپ تەمىنى تەڭشەپ يالغۇز ياكى تائام بىلەن ئىچىلىدۇ ياكى ئۇ ھەرقانداق قىيام، چۈچۈمەل ياكى ئاچچىق - چۈچۈك ئىچىملىكنى كۆرسىتىدىغان بولۇپ، سۇ بىلەن ئېرىتىپ ئىچىلىدۇ.

ئەرقى سۇلتانى ئالىي دەرىجىلىك مېۋە سۇلىرىدىن بولۇپ، قارابادىندا بايان قىلىندى.

ھەرقايسى مېۋە سۇلىرىنىڭ تەسىرى ۋە خۇسۇسىيەتلىرى شۇ مېۋىنىڭ تەسىرى ۋە خۇسۇسىيەتلىرى بىلەن ئوخشاش بولىدۇ.

## ئەفئا
(ئەفئى)

بۇ ئىبرانچە سۆزدۇر. ئۇ يىلاننىڭ بىر تۈرى بولۇپ، يۇنانچە «ئەھدىيا»، «ئەھدايا» دېيىلىدۇ. ئۇنىڭ كۆپ ئىسىملىرى باردۇر.

**ماھىيىتى:** بۇ، ئۇزۇنلۇقى ئىككى غۇلاچ كېلىدىغان يىلاننىڭ بىر خىل تۈرىدۇر. قۇيرۇقى ئىنچىكە، قىسقا بولۇپ، خۇددى كېسىۋېتىلگەندەك مەلۇم بولىدۇ. بۇنداق قۇيرۇق پارسچە «كەللە دۇم» دېيىلىدۇ. بۇ يىلاننىڭ بېشى ياپىلاق، چوڭ، ئۈچ بۇرجەك، بويىنى ئىنچىكە بولىدۇ. ماڭغاندا ئۇنىڭدىن بىر خىل ئاۋاز چىقىدۇ. ئېھتىمال بۇ تېرىسىنىڭ يەرگە سۈركىلىشىدىن پەيدا بولغان ئاۋاز بولۇشى مۇمكىن. ھالبۇكى، باشقا يىلانلار ماڭغاندا بۇنداق

ئاۋاز چىقمايدۇ. ئۇ يىلان ناھايىتى كۈچلۈك بولىدۇ. تېرىسىنىڭ رەڭگى ھەر خىل بولىدۇ. بەزىسى سېرىققا مايىل قارا، بەزىسى قىزىلغا مايىل، بەزىلىرى قارامتۇل، بەزىلىرى ئالا، يەنە بەزىلىرى باشقا رەڭلەردە بولىدۇ. بەزىلىرىنىڭ زەھىرى ناھايىتى ئۆتكۈر، بەزىلىرىنىڭ ئوتتۇرا ھال، بەزىلىرىنىڭ سۇس بولىدۇ. ئۇنىڭ ئەركەك ۋە چىشىسى بولىدۇ. چىشىسىنىڭ تۆت دانە چىشى، ئەركىكىنىڭ ئىككى دانە چىشى بولىدۇ. ئۇنىڭ ئەڭ ياخشىسى ۋە تەرياقى پارۇق تەييارلاشقا ئىشلىتىلىدىغىنىنىڭ رەڭگى قىزىلغا مايىل قوڭۇر، ياش، سۇ، ئىمارەت، جاڭگال، ئورمانزارلىق ۋە شورلۇق يەرلەردىن يىراق يەرلەردە چوڭ بولغان، ئېغىزى چوڭ، بېشى ياپىلاق، تېنى قاتتىق ھەم سەل ئىنچىكە، كۆزى قىزىلغا مايىل بولغان، باھار پەسلىنىڭ ئاخىرىدا ياكى ياز پەسلىنىڭ بېشىدا ئوۋلانغان، ئوۋلىنىش جەريانىدا زەخىملەنمىگەن، بېشى بىلەن قۇيرۇقىنىڭ كېسىلگىنىگە ئۇزۇن ۋاقىت بولمىغانلىرىدۇر، چۈنكى ئۇنىڭ بېشى بىلەن قۇيرۇقىنىڭ كېسىلگىنىگە ئۇزۇن ۋاقىت ئۆتكەن بولسا ئورۇقلاپ ئاجىزلاپ قالىدۇ.

ئۇنىڭ بېشى بىلەن قۇيرۇقىنى كېسىشنىڭ ئۇسۇلى شۇكى، ئاۋۋال ئۇنى غەزەپلەندۈرۈپ، بېشى بىلەن قۇيرۇقى تېز سۈرئەتتە بىر يەرگە كەلتۈرۈلىدۇ، شۇ چاغدا ئۆتكۈر پىچاق، قىڭراق، كەكە، پالتا ياكى باشقا بىرەر ئۆتكۈر تىغ بىلەن ئۇنىڭ بېشى بىلەن قۇيرۇقى تۆت ئىلىك ئۇزۇنلۇقتا قېنىنىڭ چاچراپ كەتمەسلىكى ۋە بىر قېتىمدىلا تولۇق ئۈزۈلۈشىگە كاپالەتلىك قىلغان ھالدا تېز سۈرئەتتە كېسىلىدۇ. ناۋادا تولۇق كېسىلمىسە ئۇ كارغا كەلمەيدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭ ئىچ قارنى بېشى ۋە قۇيرۇقى بىرەرسىنىڭ بەدىنىگە تېگىپ كېتىشتىن ئېھتىيات قىلغان ھالدا مۇۋاپىق خالتىغا سېلىنىدۇ.

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇنىڭ بېشى بىلەن قۇيرۇقىنى كېسىۋېتىشنىڭ سەۋەبى، ئۇنىڭ زەھىرىنىڭ كۆپلۈكىدىن ئەمەس، بەلكى گۆشىنىڭ يوقىلۇقىدىن ئىكەن. ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭ تېرىسىنى سويۇپ، قورسىقىنى يېرىپ ئۈت، ئۈچەي ۋە باشقا ئىچكى ئەزالىرى چىقىرىۋېتىلىدۇ. بۇ جەرياندا ئۆتىنىڭ يېرىلىپ كېتىپ ئىچىگە تۆكۈلۈپ گۆشىنى بۇزۇپ، جانغا زامىن زەھەرگە ئايلاندۇرۇپ، گۆشىنى كارغا كەلمەيدىغان قىلىپ قويۇشىدىن ئېھتىيات قىلىنىدۇ، چۈنكى زەھەرنىڭ كۆپ قىسمى ئۇنىڭ ئۆتىدىدۇر. ئۇنىڭدىن كېيىن تۇز سۈيى بىلەن پاكىز يۇيۇپ، مۇۋاپىق مىقداردىكى سۇ، ئازراق سېرىقچېچەك ۋە تۇز بىلەن بىرلىكتە تاش قازانغا، تاش قازان بولمىسا قەلەيلەنگەن ياكى كۈمۈش يالىتىلغان مىس قازانغا سېلىپ مۇلايىم ئوت بىلەن قاينىتىپ پىشۇرۇلىدۇ. چوغدا پىشۇرسا ياخشىراق بولىدۇ. چۆكۈشكۈدەك مىقداردا سۇ قۇيۇپ ئېغىزىنى مەھكەم ئېتىپ ياخشى پىشۇرۇلىدۇ. ئېزىلىپ پىشقاندىن كېيىن سوۋۇغىچە قويۇپ قويۇلۇپ، ئۇنىڭدىن كېيىن ئېغىزىنى ئېچىپ گۆشلىرىنى ئۇستىخانلىرىدىن ئاجرىتىپ توقاچ شەكلىگە ياكى ئۆزى خالىغان باشقا شەكىللەرگە

كەلتۈرۈپ، زۇرۇر بولغاندا ئىشلىتىلىدۇ. توقاچ شەكلىگە كەلتۈرمەكچى بولغاندا گۆشى ئۇنىڭ تۆتتىن بىر بۆلىكى مىقداردىكى كېپەك نان بىلەن بىرلىكتە تاش هاۋانچىدا يۇمشاق سوقۇپ، يۇغۇرۇپ، قولنى بىلسان يېغى بىلەن مايلاپ توقاچ ياساپ، غەلۋىر ئۈستىگە يېيىپ قۇرۇتۇپ، ئەينەك قاچىدا ساقلاپ زۇرۇر بولغاندا ئىشلىتىلىدۇ.

ئۇنىڭ ياشلىقىنىڭ ئالامىتى شۇكى، ھەرىكىتىنىڭ تېز، بېشىنى كۆتۈرۈپ ماڭىدۇ. بېشى ۋە قۇيرۇقى كېسىلگەندىن كېيىن قان ئاز چىققانلىرى ۋە كۆپ ھەرىكەت قىلمىغانلىرى ئىستېمال قىلىشقا ئەرزىمەيدۇ.

ئۇنىڭ ناچار تۈرلىرىدىن بىرى «مۇقەررەنە» دېيىلىدۇ، يەنى مۈڭگۈزلۈك بولۇپ، كىشىنى چاقسا ئادەمنىڭ بارلىق تەر تۆشۈكچىلىرى ۋە باشقا يوللىرىدىن قان تەپچىرىتىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، چېقىۋېلىنغان كىشىنىڭ سۆيدۈكىمۇ قان ئارىلاش كېلىدىكەن. يەنە بىرى «دەسساسە» (ئالدامچى) دېيىلىدۇ. ئۇ خۇددى بېلىق سۇ ئاستىدا ياشىغاندەك قۇمنىڭ ئاستىدا يوشۇرۇنۇپ ياشايدۇ. يەنە بىرى «مەلەكىييە» (پادىشاھقا مەنسۇپ) دېيىلىدۇ. بېشىدا تاجغا ئوخشاش ئەزاسى بار بولۇپ، ئۇزۇنلۇقى ئۈچ غېرىچ كېلىدۇ، بېشى ئىنچىكە بولىدۇ. بۇ ھەقتە يەنە شۇنداق دېيىلگەنكى، ئۇنىڭ زەھىرى شۇنچىلىك دەرىجىدە ئۆتكۈركى، تىنىقى ۋە پۇشۇلدىشى بىلەنمۇ كىشىنى ئۆلتۈرىدۇ. ئۇنىڭغا كىشىنىڭ نەزىرى چۈشسە، ئۇ ئۆلۈپ قالىدۇ، كىشى ئۇنىڭ ئۆلۈكىنىڭ يېنىغا بارسا ئۇمۇ ئۆلىدۇ. ئېھتىمال بۇ سۆزلەر مۇبالىغە بولۇشى مۇمكىن. يەنە بىر خىلىنىڭ بېلىدىن سېسىق پۇراق چىقىدۇ، بوينى ئىنچىكە، بېشى ياپىلاق ۋە كۆل رەڭ بولۇپ قارا چېكىتلەر بولىدۇ. يەنە بىرى «بەللۇتىييە» (بەللۇتقا مەنسۇپ) دېيىلىدىغان بولۇپ، بەللۇت دەرىخى ئەتراپىدا ياشايدۇ، بەتبۇي بولىدۇ، كىشىنى چاقسا كىشىنىڭ تېرىسى چۈشىدۇ. يەنە بىرى «مۇئەتتىشە» (ئۇسساتقۇچى) دېيىلىدۇ. ئۇ كىشىنى چاقسا زىيادە ئۇسسىتىدۇ، ئومۇمىي بەدەندە كۆيۈشۈش ۋە ئىششىق يۈز بېرىدۇ، داۋاملىق سۇ ئىچىپ تويمىسا قانمايدۇ، شۇ ھالەتتە ئۆلۈپ كېتىدۇ. يەنە بىرى «بەززاقە» (تۈكۈرگۈچى) دېيىلىدۇ. ئۇ شۆلگىيى بىلەنمۇ كىشىنى ھالاك قىلىدۇ، پۈركۈمۇ خەتەرلىك. يەنە بىرى قارا بولۇپ «ئەسۋەد سالىخ» دېيىلىدۇ. بەدىنى ئالىچىپار يەنى كۆپ خاللىق بولىدۇ. ئۇنىڭ يەنە باشقا ناچار تۈرلىرىمۇ تېپىلىدۇ.

ئەفئا يىلىنىنىڭ چىشىسىنىڭ زەھىرى ئەركىكىنىڭ زەھىرىدىن كۈچلۈكرەك بولىدۇ. سول تەرەپتىكى ئەزالارنى، بولۇپمۇ يۈرەك، مېڭە، نېرۋا ۋە جىگەرگە يېقىن ئەزالارنى چاقسا، زەھىرى باشقا يىراق ئەزالارنى چاققانغا قارىغاندا تېزرەك تەسىر قىلىدۇ.

يىلاننىڭ زەھىرى ئۇنىڭ چىشىدىدۇر، يەنى چىشى ئارقىلىق زەھەرنى ئەزاغا ئۆتكۈزىدۇ. ئۇنىڭ چىشى ئاق، گۈرۈچ چوڭلۇقىدا بولۇپ، ئوتتۇرىسىدا ئۇزۇنىسىغا سوزۇلغان تۆشۈك بولىدۇ. ئۇچى ئۇچلانغان قەلەمگە ئوخشاش ئۆتكۈر بولىدۇ. چىشى يۇلۇۋېتىلگەن يىلان

كىشىنى چاقسا، چىشلىگەن يېرىدىن مەلۇم مىقداردا قان چىقىدۇ، ئەمما جىق زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ. ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، يىلاننىڭ چىشىنى يۇلۇۋېتىپ سولاپ قويسا ئىككى يىلدىن كېيىن، ئەركىن قويۇۋەتسە، ئالتە ئايدىن كېيىن ئىلگىرىكىگە ئوخشاشلا زەھەرلىك چىش ئۈنۈپ چىقىدىكەن، كىشىنى چاقسا بۇرۇنقىدەكلا ھالاك قىلىدىكەن.

**تەبىئىتى:** كۆچلۈك دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق، قۇرۇتۇش ۋە تارقىتىش قۇۋۋىتىگە ئىگە. ئۇنىڭ سۇ ۋە شەھەردىن يىراق ئورۇندا ياشىغانلىرى ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق، ئوتتۇرا ھال ئورۇنلاردا ياشىغانلىرى ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق، يىراق تاغلاردا ياشىغانلىرى تۆتىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىقتۇر.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ئۇنى سۇ، ئاز مىقداردا تۇز، سىرىقچېچەك ۋە زەيتۇن يېغى بىلەن بىرلىكتە چوغ ئۈستىدە قويۇپ، يەڭگىل قاينىتىپ، يۇمشاق پىشۇرۇپ، گۆشىنى كۇدە بىلەن ئىستېمال قىلسا قويۇق ماددىلارنى تېرە تەرەپكە ئىتتىرىپ، تەر ئارقىلىق تارقىتىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇنىڭ بۇ خۇسۇسىيىتى جوزام بىمارىدا سىناقتىن ئۆتكۈزۈلگەن بولۇپ، جوزام بىمارى ئۇنى ئىستېمال قىلغاندىن كېيىن، بەدىنى قاسىراقلاشقان، ئۇنىڭدىن خۇددى بېلىق قاسىراقلىرىغا ئوخشاش نەرسىلەر ئاجراپ كېسەللىكتىن شىپا تاپقان. ئۇنى كۆپ ئىستېمال قىلسا بەدەننى يارىلاندۇرۇپ، ئۇنىڭدىن بېلىق تېرىسىگە ئوخشاش تېرىلەرنى ئاجرىتىپ چۈشۈرىدۇ. ئاز مىقداردا ئىستېمال قىلسا ئوفۇنەتلىك ئۈچۈچان خىلتلارنى پىتقا ئايلاندۇرۇپ، قويۇق خىلتلارنى تېرىنى قاسىراقلاشتۇرۇش ئارقىلىق بىر تەرەپ قىلىدۇ ۋە پايدا قىلىدۇ. ئۇنىڭ گۆشى تەرياقى پارۇق ئۈچۈن پىشۇرغاندەك پىشۇرۇپ، يىلدا بىر قېتىم ئىستېمال قىلسا، ئىچكەن ۋە زىيانلىق جانىۋارلا چاققاندىكى زەھەرلەرنى قايتۇرىدۇ، كۆرۈش قۇۋۋىتىنى ئاشۇرىدۇ، نېرۋا ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ، ئاقكېسەلگە مەنپەئەت قىلىدۇ، چاشقان يارىسىنىڭ تەرەققىي قىلىشىنى توسىدۇ، ياشلىقنى ساقلايدۇ، ھاياتلىق ۋە ھېس - تۇيغۇ قۇۋۋەتلىرىنى كۈچەيتىدۇ. زېھنى ۋە تەپەككۇر قۇۋۋىتىنى ئۆتكۈرلەشتۈرىدۇ. لەقۋا، رەئشە ۋە سوغۇقتىن بولغان پەي - نېرۋا كېسەللىكلىرىگە مەنپەئەت قىلىدۇ، ئۆمۈرنى ئۇزارتىدۇ. بەدەن كۈچەيگەن، گۆش ۋە تېرە ئۆسۈشكە باشلىغاندىن كېيىن سىرتىدىن مەلھەملەر، موم، مۇناسىپ ياغلار ۋە يېڭى سىرىق مايىنى سۈركەش بىلەن، ئىچىدىن شەربەت، مائۇللەھمى ئىچىش، قورۇلغان ئۈچۈچان گۆشلەرگە ئوخشاش يېمەكلىكلەرنى ئىستېمال قىلىش بىلەن ئەزالار مۇھاپىزەت قىلىنىدۇ. شورپىسىنى ئىچسە ھۆل سوغۇقتىن بولغان زىققىگە مەنپەئەت قىلىدۇ. ئەمما شورپىسى گۆشىنى دۇملەپ يۇمشاق پىشۇرۇپ چىقىرىلغان بولۇشى كېرەك. ئۇنىڭ خام گۆشىنى سوقۇپ زىمات قىلسا، ئۇنىڭ ۋە باشقا زەھەرلىك يىلانلارنىڭ زەھىرىنى ئىنتايىن ياخشى قايتۇرىدۇ. دائىرىلىك چاچ چۈشۈش، چاچ كېپەكلىشىش، چاشقان يارىسى ۋە سوغۇقتىن بولغان سوزۇلما ئاغرىقلارغا ياخشى مەنپەئەت قىلىدۇ. قورسىقىنى يېرىپ ئۇ

چاققان ئورۇنغا ئىسسىق پېتى تاڭسا ئاغرىقنى پەسەيتىدۇ، زەھىرىنى قايتۇرىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** كۆپ يېسە خىلىتلارنى كۆيدۈرىدۇ، باشنى ئاغرىتىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** يېڭى سېغىلغان سۈت ۋە مېۋە سۇلىرى.

گۆش بىلەن بىرلىكتە قاينىتىپ پىشۇرۇلغان نوقۇتنىڭ تەسىرىمۇ قورسى ئەفئىنىڭ تەسىرىگە يېقىن كېلىدۇ.

ئۇنىڭ ئىچىگە سېپىلگەن تۇزنىڭ تەسىرى ئۇنىڭ گۆشىنىڭ تەسىرىدىن ئاجىزراقتۇر. يەتتە دانە ئەفئى يىلىنىنى بىنەپشە رەڭ ئارىلاشقان قىزىل ئارغامچا بىلەن بوغۇپ ئۆلتۈرۈپ، ھەر بىر يىلان ئۆلتۈرۈلگەن ئورۇنغا بىر دانە تۈگۈنچە چىگىپ، بۇ ئارغامچىنى بوغما كېسەل بىمارىنىڭ بويىنىغا باغلاپ قويسا، بۇ ئىللەتنى خاسىيىتى بىلەن يوقىتىدۇ (سىناقتىن ئۆتكەن). شۇنداقلا ئەفئى يىلىنىنى بوغۇپ ئۆلتۈرگەن چىگە ئارغامچىمۇ بوغما كېسەللىكى، بادامبەز ئىششىقىغا پايدا قىلىدۇ. ئۇنىڭ قېنىنى كۆزگە سۈركىسە كۆزنى روشەنلەشتۈرىدۇ، كۆزگە سۇ چۈشۈشكە شىپا بولىدۇ.

ئۇنىڭ ئۆتى جان ئالغۇچى زەھەر بولۇپ، تېز ئۆلتۈرىدۇ. خىلىتلار ۋە ئەزالارنى ئېرىتىدۇ، كۈچلۈك زەھەرلىك تەسىرى روھلار ۋە تەبىئىي ھارارەتنى بۇزىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنى ئىستېمال قىلىشقا قەتئىي بولمايدۇ.

ئۇنىڭ تېرىسىنى ھەرقانداق ئۇسۇل بىلەن ئىشلەتسە كۆكرەك كېسەللىكلىرى، ئىستىسقا، يەرقان، تال كېسەللىكى ۋە نەزلىلەرگە پايدا قىلىدۇ، سۈيدۈك ھەيدەيدۇ، تاش پارچىلايدۇ، مەقئەت كېسەللىكلىرىگە داۋا بولىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن ئىسرىق سالسا زىيانداش ھاشارات قاچۇرىدۇ. بوغما كېسەل بولغان، ئەمما ئۇنىڭ گۆشىنى يېيىشنى كۆڭلى كۆتۈرمەيدىغان كىشى ئۇنى كۆيدۈرۈپ ئىسلانسا بولىدۇ. ئۇنى كۆيدۈرۈش ئۇسۇلى كىتابنىڭ مۇقەددىمىسىدە بايان قىلىندى.

مالىقىي (شەخس نامى) نىڭ رىتسېپىدا ئۇنى كۆيدۈرۈش ئۇسۇلى مۇنداق بايان قىلىنغان: ئەفئى يىلىنىنى مۇۋاپىق چوڭلۇقتىكى قاچىغا سېلىپ، ئۈستىگە سىرىقچېچەك، تۇز، ئەنجۈرلەرنىڭ ھەربىرىدىن 250 گىرام سېلىپ، ئۇنىڭدىن كېيىن ئېغىزىنى مەھكەم ئېتىپ تونۇرغا قويۇپ يىلان تاكى كۆمۈردەك بولغۇچە كۆيدۈرۈلىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن يۇمشاق سالايە قىلىپ ئەينەك ياكى ساپال قاچىغا سېلىپ ساقلاپ قويۇلىدۇ، زۆرۈر بولغاندا ئىشلىتىلىدۇ. بەزىدە خۇش پۇراقلاشتۇرۇش، تەمىنى ياخشىلاش ئۈچۈن ئۇنىڭغا سۇمبۇل بىلەن سازەج ھىندىنى يۇمشاق سالايە قىلىپ ئارىلاشتۇرۇلىدۇ.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** زەيتۇن يېغى بىلەن مەلھەم قىلسا چاشقان يارىسىغا پايدا قىلىدۇ. سىركە بىلەن مەلھەم قىلسا دائىرىلىك چاچ چۈشۈش، چاچ كېپەكلىشىشكە پايدا قىلىدۇ. ھەسەل بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ كۆزگە سۈركىسە كۆزنى ناھايىتى قۇۋۋەتلەيدۇ.

ئەفئا يىلىنى چىقىۋالغانىنىڭ ئالامىتى، ئۇنىڭ زەھىرىنى قايتۇرۇش تەدبىرلىرى، ئەفئا يىلىنىنىڭ ئۆتىنى ئىستېمال قىلىپ زەھەرلىنىشنىڭ ئالامىتى ۋە ئۇنىڭ زەھىرىنى قايتۇرۇشنىڭ تەدبىرلىرى، تەرياقى پارۇقنىڭ تەييارلىنىشى ۋە ئۇنىڭ تولۇق پىشقانلىقىنىڭ ئالامەتلىرى، ئۇنىڭ نۇسخىلىرى، ھەرقايسى نۇسخىلارنىڭ تەييارلىنىشى، ئۇنى ئىستېمال قىلىش ۋاقتى ۋە مىقدارى، زىيانىنى ھەم پايدىلىرى، ئەفئانىڭ قۇرسى، ھەببى، يېغى، كۆلى، قايىنتىلمىسى، مائۇللەھمىسى، شورپىسى، مەجۇنى قاتارلىقلار قارابادىندا بايان قىلىندى.

ئومۇمەن ئېيتقاندا، ئەفئا يىلىنى ياكى باشقا يىلان چىقىۋالغانىنىڭ ئالامىتى شۇكى، يەرلىك ئورۇندىن چىققان قانىنىڭ رەڭگى ئۆزگىرىپ كېتىدۇ، كېيىن سېرىق رەڭلىك سۇغا ئوخشاش بولىدۇ، ئاخىرىدا پىسەپتەك بولۇپ قالىدۇ. يەرلىك ئورۇن قىزىرىپ ئىششىدۇ. بىمارنىڭ ئېغىزى ۋە تىلى قۇرۇيدۇ. ئىچكى ئەزالىرى ئىششىدۇ، ئومۇمىي بەدىنى قىزىيدۇ، سوغۇق تەرلەيدۇ، يۈزى كۆكىرىدۇ، كۆڭلى ئېلىشىپ سەپرالىق قۇسىدۇ، ھوشسىزلىنىدۇ، بەدىنى تولغىنىدۇ، ئاخىرىدا ھالاك بولىدۇ.

قۇتقۇزۇش ئۇچۇن چاققان ئورۇننى پۇت - قولغا ئوخشاش باغلاش قولايلىق يەر بولسا، چاققان ئورۇننىڭ 4~5 ئىلىكتىن بىر غېرىچقىچە بولغان يۇقىرى تەرىپىدىن دەرھال مەھكەم باغلىنىدۇ ، ھەتتا كەمەر، سەللە، ئىشتان بېغىغا ئوخشاش باغلىغىلى بولغۇدەك ھەرقانداق نەرسە بىلەن باغلىسا بولىدۇ. مەقسەت شۇكى، زەھەرنىڭ باشقا ئورۇنلارغا تارقىلىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش، شۇڭا دەرھال باغلاش، سەل قارىماسلىق كېرەك. ئەگەر چىقىۋېلىنغان يەرنىڭ ئۈستى بىلەن ئاستىدىن يۇقىرىدىكىدەك ئارىلىقتا ئىككى يەردىن باغلىسا تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ. باغلانغان جاي تولۇق خاتىرجەم بولمىغىچە بوشىتىلمايدۇ، تاكى ئۇچ كۈنگىچە بوشىتىلمىسا تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ ياكى يەرلىك ئورۇن داغلىنىدۇ. ياكى كېسىۋېتىلىدۇ. ئۇنداق قىلمىسا، يەرلىك ئورۇنغا دەرھال تىغ ئۇرۇپ لوڭقا قويۇپ كۈچلۈك شورىتىپ، يەرلىك ئورۇندىكى زەھەر ۋە بۇزۇق قان تولۇق تارتىپ چىقىرىلىدۇ. تارتىپ چىقىرىلغان قان خۇددى سۈيۈق پىسەپكە ئوخشاش رەڭسىز، زەردابقا ئوخشاش سېرىق بولىدۇ. چۈنكى ئۇنىڭ زەھىرىنىڭ قان، خىلتلار ۋە ئەزالارنى ئېرىتىش ۋە بۇزۇش رولى بار. لوڭقا قويۇش ئىمكانىيىتى بولمىسا ياش، تېنى كۈچلۈك، چىشلىرى ساق، ساغلام بولغان، ئېغىز يارىسى ۋە تىل يارىسىغا ئوخشاش ئېغىز كېسەللىكلىرى بولمىغان، ناشتا قىلغان ئەر كىشى ئېغىزىنى پاكىز يۇيۇپ، لەۋلىرىگە گۈل يېغى سۈركەپ ۋە ئۇنىڭ بىلەن ئېغىزىنى چايقاپ يەرلىك ئورۇننى شوراشقا بۇيرۇلىدۇ. شورىغاندىن كېيىن تۈكۈرۈكىنى دەرھال تۈكۈرۈۋېتىشى لازىم. ئۇنىڭدىن كېيىن زەھەرلەنگۈچىگە تەرياقى پارۇق ئەسلىي دەرھال يېگۈزۈلىدۇ ۋە يەرلىك ئورۇنغا سۈركىلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن 3~4 پىندۇق ھىندى سۇ بىلەن سۈرۈپ تەمى چىقىرىلىپ بىمارغا يېگۈزۈلىدۇ. ئاز بولغاندىمۇ ئىككى - ئۇچ يىل ئۆتكەن كونا ياغ، سۈت، كونا شاراب ئىچۈرۈلىدۇ. سىركىدە ياكى غار يوپۇرمىقى، فاشرا ئۈسۈملۈكى، ئادراسمان، يۇنچە ئۇرۇقى، تۇرۇنجى ئۇرۇقى، ئەرتەنىسا يىلتىزى، كاشىم يىلتىزى، يۇلغۇن يىلتىزى،

مۇرمەككى، ئەپسەنتىن، ياۋا كاسىنە، يۇمىلاق زىراۋەندە، ئۇزۇنچاق زىراۋەندە، تاغ كەرەپشىسى، پىلپىل قاتارلىقلارنىڭ قايىنتىلمىسىدا ئېرىتىلگەن يېڭى توشقان پەنىرمايىسى ئىچۈرۈلىدۇ ياكى مەزكۇر دورىلاردىن تەييارلانغان مەجۇن ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ ياكى مۇناسىۋەتلىك دورا ئىككى گىرام ھەسەل بىلەن يېگۈزۈلىدۇ. كۆپ مىقداردا خام سۈت ئىچۈرۈلىدۇ ياكى ياڭاق مېغىزى يېگۈزۈلىدۇ. مۇرمەككى ۋە يۇقىرىدىكى دورىلار يەرلىك ئورۇنغا سۈركىلىدۇ. تىرىك چاشقان ياكى تىرىك خورازنىڭ قورسىقىنى يېرىپ يەرلىك ئورۇنغا قىزىق ھالەتتە تېڭىلىدۇ. يەرلىك ئورۇنغا يىلان يادا تېشى قويۇپ چاپلاشتۇرۇپ، ئۇستىگە يېڭى سېغىلغان سۈت تۆكۇلۇپ تاكى سۈت پىشلاقلىشىپ رەڭگى ئۆزگەرگىچە ۋە يادا تاش ئۆزى ئاجرىغۇچە قويۇلىدۇ. چۈنكى ھەقىقىي يادا تېشىنىڭ ئالامەتلىرىنىڭ بىرى شۇكى، يەرلىك ئورۇندا يىلاننىڭ زەھىرى تۈگىمىگەن بولسا ئاجرىمايدۇ، سۈت ئۇيۇمايدۇ ۋە رەڭگى ئۆزگەرمەيدۇ. 250 گىرام نىل ئۆسۈملۈكى چىلانغان سۇ بىلەن قەي قىلدۇرۇلىدۇ ھەمدە نىل ئۆسۈملۈكى يەرلىك ئورۇنغا تېڭىلىدۇ. ھىندىستاندىكى «بەرياله» دېگەن نام بىلەن مەشھۇر بولغان ئۆسۈملۈكنىڭ سۈيى ئىچۈرۈلىدۇ ھەمدە بۇرۇنغا تېمىتىلىدۇ. بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ ھۆلى بولمىسا، قۇرۇقىنى سوقۇپ سالايە قىلىپ، بۇرۇنغا ۋە دىماققا يەتكۈچە پۈركۈلىدۇ. دەريا قىسقۇچپاقىسى، زەنجۇۋىل، ئېشەك سۈتى ياكى ئاياللارنىڭ سۈتى بىلەن ئوزۇقلاندۇرۇلىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، دەند (ھەببى سالاتىن) نى سۇ بىلەن سالايە قىلىپ كۆزگە سۈركىسە ئۇنىڭ زەھىرى زىيان قىلمايدىكەن، ئەمما كۆزگە ئاز مىقداردا سۈركەش لازىم. چۈنكى ئۇ كۆزگە بەك زىيان قىلىدۇ.

يىلاننىڭ زەھىرىنى يېگەن كىشى تەكرار ھوشسىزلىنىدۇ. زەھەر قايتۇرۇش تەدبىرى شۇكى، رەتە ئۆسۈملۈكى سۈيى، يۇقىرىدا بايان قىلىنغان دورىلارنىڭ قايىنتىلمىسى، يېڭى كۈنجۈت يېغى ۋە كالىنىڭ سېرىق مېيى قاتارلىقلارنى ئىلمان سۇ ياكى كالا سۈتى ياكى ئۆچكە سۈتى بىلەن بىرلىكتە ئىچۈرۈپ قەي قىلدۇرۇلىدۇ. تەرياقى پارۇق، مەسرۇدىتۇس، داۋائىلمىشكى، ئالىي پادزەھرى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش دورىلار ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ. ياش، سېمىز توخۇ گۆشى، دەريا قىسقۇچپاقىسىغا ئوخشاش ئاسان ھەزىم بولىدىغان گۆشلەرنىڭ شورپىسى ئىچۈرۈلىدۇ ياكى ساپ ئىپار، ئۆچكە سۈتى ياكى ئېشەك سۈتى ياكى ئايال سۈتى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاشلار ئىچۈرۈلىدۇ.

## ئەفلەنجە
### (ئەفلەنجە ئۇرۇقى)

ئۇ ھىندىچە «پىلپەرەڭ» دېيىلىدۇ.

ماھىيتى: بىر خىل ئۆسۈملۈكنىڭ ئۇرۇقى بولۇپ، قىچىغا ئوخشايدۇ. پۇرىقى ئۆتكۈر بولۇپ، ئالمىغا ئوخشاش خۇش پۇراق پۇرايدۇ. رەڭگى ئىنتايىن قىزىل، تەمى ئاچچىق

بولىدۇ. خۇش پۇراق ماتېرىياللارغا قوشۇلىدۇ، مەجۇن دورىلار ۋە ئۇنىڭدىن باشقا خىل دورىلار تەركىبىگىمۇ قوشۇلىدۇ.

ئۈسۈملۈكى بىر غۇلاچ ئېگىزلىكتە ئۆسىدىغان بولۇپ، يوپۇرمىقى بادام يوپۇرمىقىغا ئوخشايدۇ، گۈلى ئاق ئېچىلىدۇ، ئۇرۇقى غىلاپ ئىچىدە بولۇپ، بەزرۇلبەنجى ئۇرۇقىغا ئوخشايدۇ. ئۇ ھىندىستان شەھەرلىرىدە ئۆسىدۇ، ئادەتتە رەڭگى سېرىق ۋە قارا رەڭدە بولىدۇ. قارىسى ناچار ھېسابلىنىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇ كاۋاۋچىنىڭ كىچىك تۈرىدىن ئىكەن. يەنە بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىچە ئۇ يەرلىك قەرەنپىل ئىكەن. ئەمما بۇ ھەر ئىككى گەپنىڭ ئاساسى يوق.

**تەبىئىتى:** بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق، قابىزلىق خۇسۇسىيىتى بار.

**تەسىرى ۋە خۇسۇسىيەتلىرى:** يۈرەك، مېڭە، جىگەر ۋە ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەش، مېڭە توسالغۇلىرىنى ئېچىش، يەل تارقىتىش، ئىشتىھانى ئېچىش، ئىچكى ئەزالارنىڭ توسالغۇلىرىنى ئېچىش، ئاشقازاننى قىزىتىش، كېكىرىك پەيدا قىلىش قاتارلىق خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە. ئۇ بارلىق زەھەرلەرنىڭ بولۇپمۇ چايان ۋە دۇ زەھىرىنىڭ ئورۇنباسارى بولىدۇ. زەيتۇن يېغى بىلەن بىرلىكتە چاپسا چايان چاققاندىكى ئاغرىقنى دەرھال پەسەيتىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** باش ئاغرىتىدۇ، كۆڭۈلنى غەش قىلىدۇ، گالنى بوغىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** زەيتۇن يېغى.

**ئىستېمال مىقدارى:** 10 گىرامغىچە.

## ئەفنىيقۇن

(ئەفنىيقۇن ئوتى)

بۇ يۇنانچە سۆزدۇر.

**ماھىيىتى:** بىر خىل ئۆسۈملۈك بولۇپ «ئەفىيقتۇس» ئۆسۈملۈكىگە ئوخشايدۇ. پەقەت پۇرىقى ئوخشىمايدۇ. يەنى ئوتروۋج پۇرىمايدۇ. بوغدايلىقلاردا ئۈنىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئىنتايىن سوغۇق تەبىئەتلىك بولۇپ، ئادەتتە مەست قىلىش خۇسۇسىيىتى بار.

**خۇسۇسىيتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** كېسەللىك ماددىسىنى قايتۇرغۇچى مەلھەملەرگە قوشۇپ بەدەن سىرتىدىن ئىشلىتىلىدۇ. ئىستېمال قىلىشقا بولمايدۇ.

## ئەفىيقەتۇس

(ئەفىيقەتۇس ئوتى)

بۇ يۇنانچە سۆز بولۇپ، تارقاتقۇچى دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**ماھىيىتى:** باھار پەسلىدە ئۆسىدىغان بىر خىل ئۆسۈملۈك بولۇپ، ئېگىزلىكى بىر

غۇلاچتىن پەسرەك، شاخلىق بولىدۇ. گۈلى ھەر خىل شەكىل ۋە ھەر خىل رەڭلەردە ئېچىلىدۇ، ئاقۇا مايىل بولىدۇ، يوپۇرمىقى كەڭ بولۇپ، سۆزاپ يوپۇرمىقىغا ئوخشايدۇ، چۆرىسىدە يوشۇرۇن چىشلىرى بولىدۇ، خۇددى چوڭ كاسىنە يوپۇرمىقىغا ئوخشاش ئاق تۇكچىلىرى بولىدۇ. ئازراق ئۇزۇنچاق ئۆسىدۇ، يوپۇرمىقىنىڭ ساپىقى ئىنچىكە بولىدۇ، ئۇرۇقى چامغۇر يوپۇرمىقىغا ئوخشاش ۋە ئۇنىڭدىن چوڭراق بولىدۇ، ئادەتتە تۇرۇپ ئۇرۇقىغا بەكرەك ئوخشايدۇ، ئۇرۇقى ئۇلارنىڭ ئۇرۇقلىرىغا ئوخشاش غىلاپ ئىچىدە بولىدۇ، رەڭگى قارامتۇل كۆل رەڭ بولىدۇ. يىلتىزىنىڭ يىپچىلىرى يوق، يۇمشاق، خۇش پۇراق بولىدۇ. غولىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدىن ئىنچىكە، بارماقچە ئوخشايدىغان، كۆرسەتكۈچ بارماق ئۇزۇنلۇقىدىكى ئۈچ ـ تۆت شاخ چىقىپ ئۇستىگە قاراپ ئۆسىدۇ. ئۆسۈملۈكنىڭ پۇرىقى تۇرۇنجى پۇرىقىغا ئوخشايدۇ. بۇ ئۆسۈملۈك دېڭىز ساھىللىرى، سۇ ئېقىنلىرى، سۇ سىڭگەن جايلار، ئارپا، ئەدەس، نوقۇت ئېتىزلىرىدا ئۆسىدۇ. مىسىر ۋە شام دەرياسى بويلىرىدا كۆپ بولىدۇ. مىسىردا ئۇ «شەلجەم» دەپ ئاتىلىدۇ.

ئۇرۇقىنىڭ ئەڭ ياخشىسى تولۇق يېتىلگەن، ئېغىر بولغانلىرىدۇر. ئادەتتە چامغۇر ئۇرۇقىنى ئارىلاشتۇرۇش ئارقىلىق ساختىلاشتۇرۇلىدۇ. ئەفسىقەتۇس ئۇرۇقى چامغۇر ئۇرۇقىدىن چوڭراق بولغاچقا، شۇ ئارقىلىق چامغۇر ئۇرۇقىدىن پەرقلەندۈرۈلىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق، ئازراق ئۆتكۈر، ئىسسىقلىقى قۇرۇقلۇقىدىن ئارتۇق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ئۇنىڭ يوپۇرمىقى، ئۇرۇقى ۋە باشقا قىسىملىرىنى ئىستېمال قىلىپ ۋە زىمات قىلىپ، جىگەر ئاغرىقى، جىگەرنىڭ قويۇق يەلدىن بولغان ئىششىقىنى ياندۇرۇش ۋە داۋالاش، جىگەر، تال توسالغۇلىرىنى ئېچىش، ئىششىقلار، قويۇق خىلىتلار، يەل، تال ۋە ئىچكى ئەزالاردىكى يەلنى تارقىتىش، باشقا ئەزالارنىڭ قاتتىق ئىششىقلىرى، پۇت ئاغرىقى ۋە بارلىق ئۆلتۈرگۈچى زەھەرلەرنى قايتۇرۇش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. ئەمما تاتلىق شاراب بىلەن بىرلىكتە ئۇدا ئۈچ كۈن ئىستېمال قىلىنىشى لازىم.

ئۇنىڭ يىلتىزىنىڭ ئۇسارىسى يۇقىرىقى كېسەللىكلەرنىڭ ھەممىسى ئۈچۈن ئۇنىڭ يوپۇرماق ۋە ئۇرۇقىدىن كۈچلۈكرەكتۇر. ئۇنىڭ ئۇسارىسى باھار پەسلىدە ئېلىنىدۇ. چۈنكى باھار پەسلىدىن كېيىن ئۇنىڭ يىلتىزىدا سۇيۇقلۇق قالمايدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** 10 گىرامغىچە، ئۇرۇقىدىن 2.5 گىرام.

يېغىنىڭ تەسىرلىرىمۇ ئۇنىڭ تەسىرلىرى بىلەن ئوخشاش بولۇپ، «زەيتۇش شەلجەم» دەپ ئاتىلىدۇ.

## ئەفىيمىيدۇن
(ئەفىيمىيدۇن گىياھى)

بۇ، يۇنانچە سۆزدۇر. ئۇ يەنە «فافيۇس» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** ئۇ دەرەخ بىلەن ئوت ـ چۆپلەرگە ئوخشايدىغان گىياھ بولۇپ، پەقەت بىر تال شېخى بولىدۇ، يوپۇرمىقى 12 تالدىن ئاشمايدۇ، گۈلى، مېۋىسى بولمايدۇ، يىلتىزلىرى ئىنچىكە، قارا، پۇرىقى ئۆتكۈر، تەمسىز بولىدۇ.

**تەبىئىتى:** ھۆل سوغۇق. زىمات قىلسا ئەمچەكنىڭ چوڭىيىشىنى توسىدۇ، بولۇپمۇ خام زەيتۇن يېغى بىلەن زىمات قىلسا تېخىمۇ شۇنداق، ئۇنى ئىچسە ئەر ـ ئاياللارنىڭ ئەۋلاد قالدۇرۇشىنى توسىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** ئەۋلاد قالدۇرۇشنى توسۇش ئۈچۈن يىلتىزى بىلەن يوپۇرمىقىدىن 15 گىرام ئېلىپ شاراب بىلەن ئىچىلىدۇ.

## ئەفيۇس
(ئەفىيۇس گىياھى)

بۇ، يۇنانچە سۆزدۇر. ئۇ يەنە «فاقىيسۇل ھەدەقىي» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. چۈنكى ئۇ كۆز ئالمىسىغا ئوخشايدۇ. بەزى كىشىلەر ئۇنى «خامالانىس» ۋە «فۇجۇل بەررىي» (ياۋا تۇرۇپ) دەپ ئاتايدۇ.

**ماھىيىتى:** دەرەخ بىلەن ئوت ـ چۆپلەرگە ئوخشايدىغان بىر خىل ئۆسۈملۈك بولۇپ، ئېگىز ئۆسمەيدۇ، غولى تۈكلۈك، ئىنچىكە بولۇپ ئۈچ تالدىن ئارتۇق بولمايدۇ، ئىزخىر ياغىچىغا ئوخشايدۇ، يوپۇرمىقى سۇزاپ يوپۇرمىقىغا ئوخشاش، شەكلى ناھايىتى يېشىل بولىدۇ. مېۋىسى كىچىك تەرخەمەككە ئوخشاش، قارىغاي مېۋىسى شەكلىدە بولىدۇ. گۈلى سېرىق رەڭدە بولىدىغان بولۇپ، سەدەپنىڭ شەكلىگە ئوخشايدۇ. يىلتىزى ئامۇت چوڭلۇقىدا، تۇرۇپ ۋە خۇنسا ئۆسۈملۈككە ئوخشاش، يۇمىلاق، سۇلۇق بولىدۇ، قۇرۇتۇلسا ئىچى ئاق، سىرتى قارا بولۇپ ئۆزگىرىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق، چاققىچىدۇر. جالىنۇس ئىككىنچى دەرىجىدە سوغۇق، بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇق، دېگەن. مېۋىسى بىرىنچى دەرىجىنىڭ بېشىدا ئىسسىق ۋە قابىز، ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇتقۇچى، دېيىلگەن.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ئۆسۈملۈكنىڭ يۇقىرىقى قىسمىنى ئىستېمال قىلسا قۇستۇرىدۇ، تۆۋەنكى قىسمىنى ئىستېمال قىلسا ئىچىنى سۈرىدۇ، ھەممىسىنى ئىستېمال قىلسا قۇستۇرىدۇ، بەلغەم بىلەن سەپرانى سۈرىدۇ، كىچىك باللارنىڭ دۇۋسۇنىغا سۈركىسە، مەلۇم مۇددەتكىچە موي ئۈنۈشنى توختىتىدۇ، مېۋىسى يەرقانغا مەنپەئەت قىلىدۇ، يىلمىي قۇستۇرىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** ئۆزىدىن سەككىز مىللىگىرام، سۈيۇقلۇقىدىن بىر گىرام ئىستېمال

قىلىنىدۇ.

شەيخ داۋۇت ئەنتاكىي مېۋىسىنىڭ سۇيۇقلۇقى قاتتىق ئىششىقلارنى تارقىتىدۇ، يەنە كۆزدىكى ئاقنى يوقىتىدۇ، قۇستۇرىدۇ، ئىچنى سۈرىدۇ، دېگەن.

ئۇنىڭ يېلىمىنى چىقىرىشنىڭ ئۇسۇلى شۇكى، سوقۇپ، سىقىپ، سۈتىنى چىقىرىپ قاچىغا ئېلىپ ئۈستىدىن سۇ قۇيۇپ، قورۇغاندىن كېيىن ئىشلىتىلىدۇ.

## ئەفيۇن
(ئەپيۇن)

بۇ، يۇنانچە «ئەبيۇن» دېگەن سۆزنىڭ ئەرەبچىلەشتۈرۈلگىنىدۇر. ئۇنىڭ مەنىسى ئۇيقۇغا غەرق قىلغۇچى دېگەن بولىدۇ. ئەرەبچە «لەبەنۇل خەشخاش» (خەشخاش سۈتى)، «مۇرقىد» (ئۇخلاتقۇچى)، بەربەرچە «تەرياق»، سۈريانچە ئەزالارنى سېزىمسىزلاندۇرغۇچى دېگەن مەنىدە «دەئيامىينۇن»، «شەقىيقۇل» دەپ، پارسچە «تەرياك» دەپ ئاتىلىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، رۇستەم كىيكاۋۇستىن تەلەپ قىلىپ سەھرابقا يېگۈزگەن تەرياق ئەپيۇن ئىكەن. چۈنكى ئۇنىڭدىن باشقا، قاتتىق ئاغرىقلاردا تىنچلاندۇرىدىغان ۋە بىمار بىلەن ئۆلۈم ئوتتۇرىسىدا توسالغۇ بولالايدىغان يەنە بىر دورا يوقتۇر. گەرچە ئۇنىڭدا زەھەرلىك قۇۋۋەت بار بولسىمۇ، ۋە زىيىنى چوڭ بولغان زەھەرلىك دورا بولسىمۇ، تېۋىپلار ئۇنىڭدىن پايدىلانماسلىققا ھېچقانداق چارە تاپالماي، ئۇنى زەپەر ۋە قۇندۇز قەھرىگە ئوخشاش تۈزەتكۈچىلەر بىلەن بىرلىكتە ئىشلەتكەن.

ماھىيىتى: بىلگىنكى، ئۇ تۆۋەندىكى ئۈچ نەرسىنىڭ ئورتاق نامىدۇر. بىرىنچىسى، مەيلى ئاق ياكى قارا خەشخاش بولسۇن، خەشخاش سۈتىنىڭ نامىدۇر. شەرق ۋە غەرب خەلقى بۇنىڭدا بىرلىككە كېلىشكەندۇر. ئىككىنچىسى، قارا خەشخاشنىڭ سۈتىنىڭ نامىدۇر. بۇ نامنى قەدىمكى تېۋىپلار قويغاندۇر. چۈنكى ئۇ زامانلاردا ئاق خەشخاش يوق ئىدى، ياۋا قارا خەشخاشتىن سۈت ئېلىناتتى، يەرلىكى ناھايىتى كەم ئۇچرايتتى، پەقەت مىسىرنىڭ ئەسيۇت دەپ ئاتىلىدىغان يېرىدىن چىقىدىغان بولۇپ ئۇ يەردىن باشقا جايلارغا ئېلىپ بېرىلاتتى. ئۈچىنچىسى، خۇددى دىسقۇرىدۇس بىلەن شەيخۇر رەئىس كۆرسەتكىنىدەك قارا خەشخاشنىڭ قۇياش نۇرى بىلەن قۇرۇتۇلغان ئۇسارىسىنىڭ نامىدۇر.

ياۋا قارا سۇنادىنمۇ ئەپيۇن ياسىلىدۇ، ئۇمۇ مەست قىلىدۇ، ئەمما تەسىرى ئاجىزدۇر. شاقايىقۇننۇئمان (لالىگۈل) ئۆسۈملۈكىدىنمۇ خەشخاشقا ئوخشاش سۈت ئېلىنىدۇ، بۇ ناھايىتى ئاز ئۇچرايدۇ، ئەمما ناھايىتى كۈچلۈكتۇر.

ئەپيۇننى ئېلىشنىڭ ئۇسۇلى شۇكى، خەشخاش گۈلىنىڭ بەرگىلىرى تۆكۈلۈپ غوزىكى

چوڭلىغان، ئۇرۇقلىرى يېتىلگەن، ھۆللۈكى ۋە يۇمرانلىقى كېمىيىپ قۇرۇشقا باشلىغان ۋاقتىدا كۈندۈزنىڭ ئاخىرىدا غوزەكنىڭ سىرتىغا بەك چوڭقۇر بولمىغان ۋە ئېچىگە ئۆتمىگۈدەك دەرىجىدە ئۈزۈنسىغا ئۈچ ـ تۆت تىغ ئۇرۇلىدۇ ۋە يۈزە تۆشۈكلەرنى ئېچىپ، ئۇ يەردىن ئۇنىڭ سۈتى ۋە سۈيۈقلۇقلىرى ئېقىش ئۈچۈن بىر كېچە تۇرغۇزۇلىدۇ. ئاققان سۈتى سوغۇق ھاۋانىڭ تەسىرىدە قاتقان ۋە ئۇيۇغاندىن كېيىن ئەتىگەندە قوياش تولۇق چىقىش ۋە ھاۋا ئىسسىشتىن بۇرۇن ئۇلارنى قول بىلەن سەدەپ ياكى ساپال ۋە ياكى شىشە قاچىغا يىغىپ، سۈتنىڭ يەنە سىرغىشى كۈتۈلىدۇ، سىرغىغانلىرى يىغىۋېلىنىدۇ، ئىككىنچى كۈنى يەنە شۇنداق قىلىنىدۇ، بەزىدە غوزەككە قايتا تىغ ئۇرۇلۇپ، سۈتى قائىدە بويىچە يىغىۋېلىنىدۇ، بەزى كىشىلەر ئۇنىڭ سۈتىنى سەدەپ ياكى پىچاقنىڭ ئارقىسى بىلەن يىغىۋالىدۇ، ئەمما قول بىلەن يىغىۋالغان ياخشىراق، چۈنكى ئۇنى سەدەپ ياكى پىچاق بىلەن يىغىۋالغاندا خەشخاشنىڭ قىرىلغان نېپىز پوستى ۋە قاتتىق قىسىملىرى سۈتكە ئارىلىشىۋالىدۇ. ئۇنىڭ سۈتىنى تولۇق ئېلىپ بولغاندىن كېيىن تاش ئۈستىدە سالايە قىلىپ قول بىلەن ئۇۋاپ، ھۆللۈكلىرىنى پارلاندۇرۇپ قويۇلدۇرۇپ، قورسلار ياكى پىلتىلەر ياكى قەلەمچىلەر ياسىلىدۇ.

ئۇنىڭ ئۇسارىسىنى ئېلىش ئۇسۇلى شۇكى، خەشخاشنىڭ ئۇچلىرى، پوستى ۋە يوپۇرماقلىرىنى سوقۇپ سۈيىنى سىقىپ چىقىرىپ، ئاپتاپتا قويۇلغۇچە قويۇلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن، قائىدە بويىچە تاش ئۈستىدە قويۇپ سالايە قىلىپ، قول بىلەن مىجىپ، قۇرس ياسىلىدۇ. بۇنداق ئەپيۇن «سەفۇنيۇن» دېيىلىدۇ.

ئەپيۇننىڭ ياخشىسى قارا خەشخاشتىن، ئۇنىڭدىن قالسا ئاق خەشخاشتىن ئېلىنغىنىدۇر. شاقايىقۇننۇئماندىن ئېلىنغىنى مەلۇم جەھەتتە ھەممىسىدىن ياخشى ۋە كۈچلۈكتۇر. ئۇنىڭ ناچىرى ئۇسارىسىدىن تەييارلانغىنى، ئۇنىڭدىنمۇ ناچىرى ياۋا قارا سۇنادىن ئېلىنغىنىدۇر.

ئۇنىڭ ياخشىلىقىنىڭ ئالامىتى پۇرىقىنىڭ ئۆتكۈرلۈكى، تەمىنىڭ ئاچچىقلىقى ۋە قىرتاقلىقى، ماددىسىنىڭ سىلىق بولۇشى، سۇغا سالسا ئېرىشى، ئېرىتمىسىنىڭ تەكشى بولۇشى، سۇنىڭ يۈزىگە ئۆرلىۋالماسلىقى، ئېرىتمە تېگىگە چۆكۈپ ئولتۇرماسلىقى، پۇرىسا ئۇخلىتىشى، سۇندۇرۇلسا رەڭگى قىزىلغا مايىل ئاق، ئېغىر بولۇشى، ئاپتاپتا قويسا يۇمشىشى ۋە ئېرىشى، ئوتقا تاشلىسا ياكى يېقىن ئېلىپ بارسا تېز ئوت تۇتىشىشى ۋە كۆپ قالدۇق قالماسلىقى، كۆيگەندە چىققان نۇرىنىڭ ساپ بولۇشى، قارامتۇل، دوغ بولماسلىقى، ئوت ئۆچۈرۈلگەندىن كېيىن ئۆتكۈر، كۈچلۈك پۇرىشىدۇر.

ئۇنىڭ ساختىسىنىڭ سۈپەتلىرى يۇقىرىدىكىنىڭ ئەكسىچە بولىدۇ. ئۇ مامىسا ياكى ياۋا قارا سۇنا ئۇسارىسى بىلەن ساختىلاشتۇرۇلىدۇ، بەزىدە ئۇنىڭغا ئەدەس، سەبرە ۋە

مۇرەككىپلەرمۇ قوشۇلىدۇ. ھەرقايسىسى تەمى، پۇرىقى ۋە سۇدا ئېرىشى بىلەن پەرقلەندۈرۈلىدۇ.

**تەبىئىتى:** بىلگىنكى، ئۇنىڭ تەبىئىتى ھەققىدە كۆپ ئىختىلاپ بولغان. يۇنان تېۋىپلىرىنىڭ كۆپىنچىسى ئۇنى قۇرۇق سوغۇق، سوغۇقلۇقى ئەڭ يۇقىرى دەرىجە بولغان تۆتىنچى دەرىجىدە دەپ بىلگەن، بۇنىڭدىمۇ ئىختىلاپ باردۇر، بەزىلەر تۆتىنچى دەرىجىنىڭ دەسلىپىدە سوغۇق، يەنە بەزىلەر ئوتتۇرىدا سوغۇق، دەيدۇ. شۇنداقلا ئۇنىڭ قۇرۇقلۇقىدىمۇ ئىختىلاپ باردۇر. بەزىلەر ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق دەيدۇ، بەزىلەر ئۇنىڭ قۇرۇقلۇقى كۈچلۈك دەيدۇ. ھىندىستان تېۋىپلىرىنىڭ ھەممىسى ئۇنى قۇرۇق ئىسسىق دەپ، يۇنان تېۋىپلىرىنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى بولغان پارس تېۋىپلىرىنىڭ كۆپىنچىسى ئۇنى سوغۇق دەپ بىلىشكەن، بەزىلەر ئىسسىق دەپ بىلگەن.

ئەمەلىيەتتە تېۋىپلار ئارىسىدا مەشھۇر بولغان قاراش شۇكى، ياۋا قارا خەشخاشتىن ئېلىنغىنى تۆتىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق، يەرلىك قارا خەشخاشتىن ئېلىنغىنى ئۈچىنچى دەرىجىنىڭ ئاخىرىدا قۇرۇق سوغۇق، يەرلىك ئاق خەشخاشتىن ئېلىنغىنى ئۈچىنچى دەرىجىنىڭ بېشىدا قۇرۇق سوغۇقتۇر. كۆپ قىسىم تېۋىپلار شاقايىقۇنئۇمان ئۆسۈملۈكىنىڭ غوزىكىدىن ئېلىنغىنىنى ئىسسىق دەپ، بەزىلەر سوغۇق دەپ بىلىدۇ.

مۇئەللىپنىڭ قارىشى شۇكى، ئەپيۇننىڭ سوغۇقلۇقى بار بولۇش بىلەن بىرگە مۇرەككەپ قۇۋۋەتلەرگىمۇ ئىگىدۇر. يەنى ئۇنىڭدا ھاۋاغا مەنسۇپ ئۇچۇچان تەركىب بىلەن زېمىنغا مەنسۇپ سوغۇق قويۇق تەركىب باردۇر، ئەمما ئۇنىڭ بۇ تەركىبى غالىب ئورۇندا تۇرىدۇ. ئۇنىڭ تەمىنىڭ ئاچچىقلىقى، پۇرىقىنىڭ زىيادە ئۆتكۈرلۈكى، ئوتتا تېز كۆيۈشى، بەدەنگە كىرگەندىن كېيىن ئۇنىڭدىن ئىسسىقلىق تەسىرلىرىنىڭ ئاشكارا بولۇشى ۋە ئۆزئارا تەسىرلىنىشى قاتارلىقلار ئۇنىڭ ئىسسىق تەركىبىنىڭ سەۋەبىدىندۇر. ئەمما ناھايىتى ئۇچۇچان، مىقدارى ئاز بولغاچقا، پارغا تېز ئايلىنىپ يوقىلىدۇ. ئۇنى ئىشلەتكەندىن كېيىن بەدەندە سوغۇقلۇقنىڭ تەسىرلىرىنىڭ ئاشكارا بولۇشى ئۇنىڭدا زېمىنغا مەنسۇپ قويۇق تەركىبلەرنىڭ بولغانلىقىدىندۇر. بۇ تەركىبلەرنىڭ مىقدارى ئالدىنقى تەركىبكە قارىغاندا كۆپ بولغاچقا، بەدەندە ساقلىنىپ قالىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ئىستېمال قىلىش، زىمات ياكى مەلھەم قىلىش ئارقىلىق بەدەنگە كىرگەن دەسلەپكى ۋاقىتلاردا مەست قىلىش، تەر تۆشۈكچىلىرىنى ئېتىش ۋە ھارارەتنى بەدەن ئىچىگە يىغىش تەسىرى بىلەن قۇۋۋەتلەرنى قوزغايدۇ، بەدەننىڭ سىرتىنى ئىسسىتىدۇ، ئىشتىھانى ئاچىدۇ. كېيىن تەدرىجىي ھالدا ئۇنىڭ ئەكسىچە تەبىئىي ھارارەت، قۇۋۋەتلەر ۋە روھلارغا قارشى تۇرۇش بىلەن بەدەننى زەئىپلەشتۈرۈپ ئورۇقلىتىدۇ، رەڭگىرويىنى سارغايتىپ خۇنۈكلەشتۈرىدۇ.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** مەست قىلىش، قورۇش، توسالغۇ پەيدا قىلىش، ئۇخلىتىش،

ماددىلارنى تارقىتىش، خىلىتلارنىڭ چىرىشىنى ۋە بۇزۇلۇشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش، دورىلار ۋە باشقا تەركىبلەرنى ساقلاش قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. شۇنداقلا باش ۋە نېرۋا كېسەللىكلىرىنىڭ كۆپ قىسمى، نەزلىلەر، كۆز ۋە قۇلاق كېسەللىكلىرى، يۆتەل، كانا يئىششىقى، ئىسسىقتىن بولغان زىققە، كونا، سوزۇلما تۇتقاقلىق تەپ قاتارلىق كېسەللىكلەرگە پايدا قىلىدۇ. ئاغرىقلارنى پەسەيتىش، خىلىتلارنىڭ چىرىشىنى توسۇش، روھىي هايۋانىينى تارقىتىش، ئىچ سۈرۈش، ئۇچەي زەخمىسى ۋە ئۈچەي يارىسىغا شىپا بولۇش جەھەتتە ئۇنىڭغا ئوخشايدىغان يەنە بىر دورا يوقتۇر. ئۇ سەپەرلەردە، چارچىغان، غەم ـ ئەندىشىدە قالغاندا، يۈرەك ئاجىزلىغان، قورساق ئاچقان، قەھەتچىلىك ۋە قىممەتچىلىك كۈنلەردە يېمەكلىك تاپالمىغان، قاتتىق سوغۇق بولغان، روزا تۇتقان، چىش تارتقۇزغان، سۈيدۈك ئېچىشىپ كەلگەن، مەنىينىڭ ئۆتكۈرلۈكى ئېشىپ تېز يۈرۈپ كەتكەن، جىنسىي قۇۋۋەت بەك كۆچىيىپ كەتكەن ۋە قۇلۇنجى ئاغرىقى تۇتقان ۋاقىتلاردا ئازراق ئىستېمال قىلىسا، يۇقىرىدىكى خاسىيەتلىرى ۋە تەسىرلىرى بىلەن مەزكۇر ئىللەتلەرگە داۋا بولىدۇ.

باش كېسەللىكلىرى: ئۇنىڭدىن ئازغىنە ئېلىپ تۇزەتكۈچىسى بىلەن بىرلىكتە يالغۇز ياكى باشقا مۇناسىپ دورىلار بىلەن مەلهەم قىلىپ پېشانىگە سۈركىسە، باشنىڭ يېرىمى ئاغرىش ۋە ئىسسىقتىن بولغان باش ئاغرىقىغا داۋا بولىدۇ. بىمارنىڭ بەدەن قۇۋۋىتى كۈچلۈك بولسا ئۇنىڭدىن ئۈچ مىللىگىرام ئېلىپ، ئارپا سۈيى بىلەن ئىچۈرسە، غەيرىي تەبىئىي قان خىلىتىدىن بولغان مېڭە پەردە ياللۇغىغا پايدا قىلىدۇ ۋە ئۇنىڭدىن خالاس بولۇشقا سەۋەبچى بولىدۇ. غەيرىي تەبىئىي سەپرادىن بولغان مېڭە پەردە ياللۇغى، قۇترىغان ساراڭلىق ۋە ئالجىغان ساراڭلىققا پايدا قىلىدۇ. بىمارنىڭ بېشىنىڭ يېرىمى، پېشانىسى ۋە بۇرنىغا سۈركىسىمۇ ئوخشاشلا شۇ خىل تەسىرنى بېرىدۇ، ئەمما بىمارنىڭ بەدەن قۇۋۋىتى تولۇق بولمىسا، ئۇنى ئىستېمال قىلىشتىن پەرهىز قىلىش لازىم. شۇنداقلا ئۇنى ئازغىنە زەپەر بىلەن ئېرىتىپ ئۇخلاتقۇچى لەخلەخىگە قوشۇپ پۇراتسىمۇ ئۇيقۇ كەلتۈرىدۇ. ئۇنىڭدىن ئىككى مىللىگىرام ئېلىپ، زىيادە ئۇيقۇسىز كىشىگە ئىستېمال قىلدۇرسا ئۇيقۇ كەلتۈرىدۇ ھەم ھەرقانداق ئەزادىكى ئاغرىقنى پەسەيتىدۇ. شۇنداقلا ئۇنى پېشانىگە سۈركىسە ياكى ئارپا سۈيى بىلەن ئىستېمال قىلىسا ياكى ئۇنىڭ بىلەن پىلتە ياساپ مەقئەتكە قويسىمۇ يۇقىرىدىكى تەسىرنى بېرىدۇ ھەمدە قۇتلىغان ساراڭلىققا گىرىپتار بولغۇچىدىكى ناچار ئوي‌لارنى يوقىتىدۇ. ئۇنىڭدىن ئاز مىقداردا ئېلىپ ئەفلۇنىيا (بىر خىل مۇرەككەپ دورا) بىلەن بىرلىكتە يېسە ياكى پۇرىسا، بولۇپمۇ ئۇ ئازغىنە زەپەر ۋە گۈل يېغى بىلەن بىرلىكتە ئېرىتىلگەن بولسا ياكى ئۇنىڭ يېرىم گىرامىنى ئارپا سۈيى بىلەن بىرلىكتە ئىستېمال قىلىسا ئەقلىنىڭ زىيادە ئېلىشىشىنى ئوڭشايدۇ، يۇقىرى هارارەتنى پەسەيتىدۇ. غالجىر ئىت چىشلىۋالغان كىشى ۋە قۇترىغان ساراڭنى ئۇخلىتىدۇ. ئۇنىڭدىن ئاز مىقداردا ئېلىپ، ئاز

مىقداردىكى زەپەر بىلەن بىرلىكتە ئىرىتىپ بۇرۇنغا تېمىتسا سوزۇلما زۇكام ۋە نەزلىگە مەنپەئەت قىلىدۇ. بەزىلەر زەنجىۋىل بىلەن بىرلىكتە تېمىتىشنى تەۋسىيە قىلغان.

ئۇنىڭ مېڭىگە بولغان زىيىنىنى ئىسلاھ قىلىشتا جەدۋار، زەپەر ۋە ئىپارغا ئوخشايدىغان ھېچ نەرسە يوقتۇر.

كۆز كېسەللىكلىرى: ئۇنى تۇزەتكۈچىسى بولغان زەپەر ياكى زەرچىۋە بىلەن بىرلىكتە كۆز ئەتراپىغا سۈركىسە ياكى ئەپيۇن چۈشكەن شىيافلار، زىماتلار ۋە مەلھەملەرنى كۆز ئاغرىقىغا گىرىپتار بولغان بىمارنىڭ كۆز ئەتراپىغا كېسەللىكنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە سۈركىسە مەنپەئەت قىلىدۇ. كۆز ئاغرىقلىرىنى پەسەيتىدۇ، شۇنداقلا ئاز مىقداردىكى زەپەر ۋە قىز توغقان ئاياللارنىڭ سۈتى بىلەن بىرلىكتە سۈركىسىمۇ شۇ تەسىرنى بېرىدۇ.

قۇلاق كېسەللىكلىرى: ئاز مىقداردىكى ئەپيۇننى ئاچچىق بادام يېغى ياكى زەپەر يېغى بىلەن ئېرىتىپ قۇلاققا تېمىتسا ئاغرىق پەسەيتىدۇ. شۇنداقلا ئۇنى قىز تۇغقان ئاياللارنىڭ سۈتى ياكى ئاچچىق بادام، مۇرمەككى، زەپەر يېغىدا ئېرىتىلگەن ئىككى دانە بۇغداي دېنى چوڭلۇقىدىكى قۇندۇزقەھرى ئېرىتمىسى بىلەن بىرلىكتە تېمىتسىمۇ قۇلاق ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ. ئۇنىڭ كۆلى قۇندۇزقەھرى بىلەن بىرلىكتە ئىشلىتىلسە، قۇلاق ئاغرىقى ۋە قۇلاق يارىسىغا شىپا بولىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن ئاق بەزرۇلبەنجنىڭ ھەربىرىدىن ئەدەس مىقداردا ئېلىپ بىنەپشە يېغى بىلەن ئېرىتىپ قۇلاققا تېمىتسا، ئىسسىقتىن بولغان قۇلاق ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ. ئۇنىڭدىن ئىككى مىللىگىرام ئېلىپ، يېڭى سېغىلغان سۈت بىلەن ئېرىتىپ قۇلاققا ئىللىمان ھالەتتە تېمىتسا، ئۇنىڭ لوقۇلداپ ئاغرىشىنى پەسەيتىدۇ. ئەمما قۇلاققا ئەپيۇنلۇك تېمىتىلمىلارنى ئىشلەتكەن ۋاقىتتا تېمىتىش لازىم، بولمىسا ئاغرىقنىڭ قاتتىقلىقىدىن تارتىشىپ قېلىش، ئەقىل ئېلىشىش، ھوشىدىن كېتىش خەۋپى بولىدۇ. شۇنداق بولسىمۇ ئۇنى داۋاملىق ئىشلىتىشكە بولمايدۇ، چۈنكى ئۇ ئاڭلاش ئىقتىدارىغا ناچار تەسىرلەرنى كۆرسىتىدۇ، بۇ ھالەتلەردىن باشقا ۋاقىتلاردا ئىشلىتىش تېخىمۇ توغرا ئەمەس. ئۇنىڭ زىماتىنى چاپسا يارىلارنى قۇرۇتىدۇ، ئىسسىقتىن بولغان ئىششىقلارنى تارقىتىدۇ. توخۇ تۇخۇمىنىڭ خام سېرىقى ۋە زەپەر بىلەن بىرلىكتە چاپسا، تىلما كېسەل، ھەر خىل چىيقانغا مەنپەئەت قىلىدۇ. قىز تۇغقان ئاياللارنىڭ سۈتى بىلەن بىرلىكتە ئىسسىقتىن بولغان نۇقرەسكە ئىشلىتىلىدۇ. ئۇنى باراۋەر مىقداردىكى مۇرمەككى ۋە زەپەر بىلەن پىلتە قىلىپ ئىشلەتسە قانلىق تولغاققا پايدا قىلىدۇ، سىناقتىن ئۆتكەن. موم ۋە ياغ بىلەن چاپسا، قىچىشقاق ۋە قوتۇرغا پايدا قىلىدۇ.

ئۇنى مەجۇنلەر ۋە باشقا مۇرەككەپ دورىلارغا قوشسا، ئۇلارنىڭ قۇۋۋىتىنى ساقلايدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** ئىچكى ـ تاشقى قۇۋۋەتلەر، ھېس ـ ئىدراك ۋە روھلارغا زىيان قىلىدۇ. ئۇلارنى ئاجىزلاشتۇرىدۇ، تەشەننۇج، جۇدەتكۈچى تەپ ۋە قېرىلىقتىكى تەپكە پەيدا قىلىدۇ،

بەدەننى ئورۇقلىتىدۇ، رەڭگىروينى سارغايتىدۇ، زېھنى ۋە تەپەككۇرنى گاللاشتۇرىدۇ، ئەخلاقىنى ناچارلاشتۇرىدۇ، كۆپ ھاللاردا غەمكىن يۈرىدىغان، ئازغىنە ئىشلاردىن ئەنسىرەيدىغان ۋە ئېھتىيات قىلىدىغان قىلىپ قويىدۇ. كۆرۈش، ئاڭلاش، پۇراش، تېتىش كۈچلىرىنى ئاجىزلاشتۇرىدۇ، يۈرەك جىگەر، ئاشقازان، بۆرەك، دوۋساق قاتارلىق ئەزالارنى زەئىپلەشتۈرىدۇ. جىنسىي قۇۋۋەتنى ئاجىزلاشتۇرىدۇ، قورساقنى كۆپتۈرىدۇ، قۇلۇنجى پەيدا قىلىدۇ، سىيىشنى تەسلەشتۈرىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** قۇندۇز قەھرى، جەدۋار، پىلپىل، زەپەر، دارچىن، پەرپىيون، زەنجىۋىل.

**ئىستېمال مىقدارى:** 250 مىللىگىرامدىن يېرىم گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ، يېرىم گىرامدىن ئارتۇق ئىستېمال قىلىش چەكلىنىدۇ. ئالتە گىرامى ھالاك قىلىدۇ.

**ئورۇنباسارى:** ئۈچ ھەسسە بەزرۇلبەنجى، ئۇرۇقى ۋە يىلتىزىنىڭ پوستى ۋە ئۇسارىسى بىلەن بىرگە بولغان لۇپاھتۇر. قان توختىتىش ئۈچۈن تاباشىر، گىل مەختۇم، كافۇر ۋە كەھرىۋادۇر. بەزىلەر ئۇنىڭ ئورۇنباسارىنى باراۋەر مىقداردا ئاق تۇدەرى دېگەن.

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇنىڭ قۇۋۋىتى سوقمونىياغا ئوخشاش 50 يىل ساقلىنىدىكەن. لېكىن ئۇنى ساقلىغان، ئىسسىقلىق، سوغۇقلۇق، ھۆللۈك ۋە قۇرۇقلۇقتىن ئىبارەت تۆت خىل غالىب كەيپىياتنىڭ، توپا ـ چاڭ ۋە باشقا يات نەرسىلەرنىڭ ئۇنى ئەسلىي ھالىتىدىن ئۆزگەرتىۋېتىشى، ئاجىزلاشتۇرۇشى ۋە بۇزۇۋېتىشىدىن ساقلاش لازىم.

كىمكى ئۇنى مىقدارىدىن ئارتۇق ئىستېمال قىلسا سېزىمسىزلاندۇرىدۇ، خىلىتلار ۋە روھلارنى سىقىدۇ، ھېق تۇتقۇزىدۇ، كۆزنى قاراڭغۇلاشتۇرىدۇ، سەزگۈلىرىنى خۇنۇكلەشتۈرىدۇ، نەپەسنى قىستايدۇ، تىلنى تۇتقۇزىدۇ، ئېغىر ئۇخلىتىدۇ، بەدەننى قىچىشتۇرىدۇ، كۆزلىرىنى ئولتۇرۇشتۇرىدۇ، تارتىشتۇرىدۇ، سوغۇق تەرلىتىدۇ، ئۇنى كۆپ ئىستېمال قىلغاندا ئېغىزى، تىنىقى ۋە بەدىنىدىن ئەپيۇن پۇرىقى كېلىدۇ، بولۇپمۇ قاشلىغان ۋاقتىدا پۇراق تېخىمۇ كۈچلۈك بولىدۇ، تىرناقلىرىنى كۆكەرتىدۇ، ئاخىرىدا ھالاك قىلىدۇ.

**قۇتقۇزۇش چارىلىرى:** سېرىقچېچەك سۈيى، تۇرۇپ سۈيى، ھەسەل ۋە نەمەك ھىندىلار بىلەن قەي قىلدۇرۇلىدۇ. ئىسسىق تەبىئەتلىك دورىلار بىلەن ھەمەل قىلىنىدۇ. دارچىن، ئاقىرقەرھا ۋە قۇندۇزقەھرىنى سالايە قىلىپ قوشۇلغان شاراب ئىچۈرۈلىدۇ. باش ساھەسىگە ئىسسىق ئۆتكۈزۈلىدۇ، چۈشكۈرتۈلىدۇ، ئىللىق سۇدا ئولتۇرغۇزۇلىدۇ، تەرياقى پارۇق، سەنجىرىنا، تەرياقى ئەربەئە، تەرياقى تىين، مەسرۇدىتۇس، ئالىي دەرىجىلىك پادىزەھرى ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ. پىندۇق مىقدارىچە قۇندۇز قەھرى، ئىپار، پىلپىل، ھىڭ ۋە جەدۋار قاتارلىقلارنى ئىشلىتىش سىناقتىن ئۆتكەن. دارچىن بىلەن ئارچا مېۋىسىنى سالايە قىلىپ ھەسەل بىلەن يۇغۇرۇپ ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ. ئۇنىڭغا ئاز مىقداردا پەرپىيون بىلەن زەپەر قوشۇلسىمۇ بولىدۇ. كالا يېغى، ئىللىق سۇ، توغرىغۇ، سۈت ياكى نارجىل دەريائى بىلەن يېڭى

سىغىلغان سۈتنى ئىستېمال قىلدۇرۇپ قۇستۇرۇلىدۇ، ئارقىدىن ھەسەل، مايلىق ۋە تاتلىق نەرسىلەر، بولۇپمۇ مايلىق ۋە تاتلىق ھالۋا ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ. ئىپار، قۇندۇز قەھرى، زەپەر پۇرىتىلىدۇ. ئۇلار مايلىق ۋە تاتلىق يېمەكلىكلەرگە ئارىلاشتۇرۇپ بېرىلىدۇ. گۆرۈچ شىرىسى، سۈت، سامساق ۋە جويۇزمۇ ياخشى تەسىر قىلىدۇ. يېگەن ئەپيۇن مىقدارى بىلەن تەڭ قۇندۇز قەھرى يېگۈزۈلىدۇ. سىركەنجۇبىلگە ئەپسەنتىن ئارىلاشتۇرۇپ ئىچۈرۈلىدۇ، ئۇخلاشقا رۇخسەت قىلىنمايدۇ.

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئەپيۇندىن كېيىن كۈنجۈت يېغى ياكى زاغۇن يېغى ئىستېمال قىلىنسا قۇتقۇزۇش چارىلىرى ئۈنۈم بەرمەيدىكەن. ئارقىدىن چۇچۇمەل نەرسىلەر، سىركە ۋە قېتىق سۈزمىسى ئىستېمال قىلىنسا زىيان قىلىدىغان بولۇپ، خەتەرلىك ھالەتنىكى قولۇنجىغا سەۋەب بولىدۇ. ئەگەر ھەمەل قىلىشقا توغرا كەلسە مۇناسىپ ھەمەللەر ئىشلىتىلىدۇ. ھەمەلدىن كېيىن شارابى ئەپسەنتىن ھەر سائەتتە بىر قېتىم ئىچۈرۈلىدۇ. بەزرۇلبەنجى بىلەن شەۋكىراندىن زەھەرلەنگەندە ھەمەل قىلىش ئەپيۇندىن زەھەرلەنگەنگە قارىغاندا بەكرەك زۆرۈردۇر.

ئەپيۇننى يېغىش ئۇسۇلى، پايدا - زىيانلىرى، زىياندىن ساقلىنىش، مۇرەككەپ ياسالمىلىرى قارابادىندا مەلۇم دەرىجىدە تەپسىلىي بايان قىلىندى.

# پەسىل: «ئ» (ئەلىف) ۋە «ق» (قاف) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى

## ئاقاقىيا

ئۇ، يۇنانچە سۆز بولۇپ، «قەرز» نىڭ ئۇسارىسىدۇر. «قەرز» بولسا «خەبت» دەرىخىنىڭ مېۋىسى بولۇپ، ئۇنىڭدىن ئەرەب يېلىمى چىقىدۇ. ھىندىچە «كىيكەر»، مېۋىسى «كىيكەر كارەس»، فىرانسۇزچە «ئاكاكىيا» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** ئەڭ توغرا قاراشقا ئاساسلانغاندا، «ئۇممىغىيلان» دەرىخى، يەنى «قەرز» نىڭ ئۇسارىسىدىن ئىبارەت. ئۇ تولۇق يېتىلىشتىن ئىلگىرى سوقۇپ ئېلىنغىنى قۇرۇشتىن ئاۋۋال قىزىل ھەم ياقۇت رەڭدە، قۇرۇغاندىن كېيىن قىزىل ۋە قارىغا مايىل كۆك رەڭدە بولىدۇ. يېتىلگەندىن كېيىن ئېلىنغىنى قارا بولىدۇ. بىرىنچى خىلى تاللاپ ئىشلىتىلىدىغان بولۇپ، خۇش پۇراق، رەڭگى قارىغا مايىل كۆك، ئېغىرراق، قاتتىق بولىدۇ.

**تەبىئىتى:** يۇيۇلمىغىنى بىرىنچى دەرىجىدە سوغۇق، ئۈچىنچى دەرىجىنىڭ بېشىدا قۇرۇق، يۇيۇلغىنى ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** قۇرۇتۇش، ماددىلارنى تۇسۇش، قان توختىتىش، قان

تۇكۇرۇشنى توختىتىش، ئاشقازان ۋە جىگەرنى قۇۋۋەتلەش، ئىسسىق نەزلىلەر ۋە قانلىق ئىچ سۈرۈشنى توختىتىش ۋە داۋالاش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە. زىمات قىلسا مەقئەت ۋە بالىياتقۇ بوشىشقا مەنپەئەت قىلىدۇ. مەلھەم قىلسا ئىسسىقتىن بولغان كۆز ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ، كۆزنى قۇۋۋەتلەيدۇ، كۆزنىڭ ھۆللۈكلىرىنى ئۈچۈچانلاشتۇرىدۇ، قىزىللىقىنى يوقىتىدۇ. كۆزگە تىرناقچە گۆش ئۆسۈشكە ئىشلىتىلىدىغان مۇرەككەپ دورىلارغا قوشۇلىدۇ. ئىسسىقتىن بولغان ئىششىقلارغا چاپسا خۇسۇسىيىتى ئارقىلىق ئىششىقلارنى تارقىتىدۇ. كۆزگە كىسەللىك ماددىلىرىنىڭ قويۇلۇشىنى توسىدۇ. سەينەك، سوغۇقنىڭ تەسىرىدىن كېلىپچىققان تېرە يېرىلىش، بوغۇملار بوشىشىش، كىچىك بالىلارنىڭ كىندىكى ۋە مەقئىتى چىقىۋېلىشلارغا مەنپەئەت قىلىدۇ. چاچقا سۈركىسە قارايتىدۇ، ئاس دەرىخى يوپۇرمىقى ۋە قىزىلگۈل بىلەن مەلھەم قىلسا تەر توختىتىدۇ، سېسىق تەرلەشكە پايدا قىلىدۇ. بەدەن ۋە يۈزگە سۈركىسە رەڭگىروينى ياخشىلايدۇ. توخۇ تۇخۇمىنىڭ ئېقى بىلەن چاپسا كۆيۈك يارىسىغا پايدا قىلىدۇ. ئۇنىڭدىن سۇلۇق قاپارتما ئۆرلەشنى توسىدۇ، شۇنداقلا موم يېغى بىلەن چاپسىمۇ كۆيۈك يارىسى ۋە سەينەككە شىپا بولىدۇ. ئۇنى سەپسە ھەرقانداق يەردىن ئاققان قاننى توختىتىدۇ. سۇ بىلەن قاينىتىپ، سۈيىنى بوشىغان بوغۇملارغا تۆكسە چىڭىتىدۇ، ماددىلارنىڭ بوغۇملارغا تۆكۈلۈشىنى توسىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن ھەمەل قىلسا، ئۈچەينىڭ زەخىملىنىشىنى توسىدۇ، ئۈچەيلەرنى قۇۋۋەتلەيدۇ، بالىياتقۇغا ھەمەل قىلسا بالىياتقۇنى بوشاتقۇچى ھۆللۈكلەرنى سۈمۈرىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن ھەمەلچە ۋە پەرزىجە قىلسا بالىياتقۇدىن كەلگەن قاننى توختىتىدۇ، مەقئەت ۋە بالىياتقۇنىڭ چىقىۋېلىشىنى توسىدۇ، ئۇلارنى چىڭىتىپ ھۆللۈكلىرىنى قۇرۇتىدۇ. زىمات ياساپ يۆلتىپ قالغان كۆزگە، ئىسسىق ئىششىقلارغا، تىلما كېسەللىكىگە، مەقئەت ۋە بالىياتقۇ ئىششىقلىرىغا چېپىلىدۇ. زەئىپلەشكەن جىگەر ساھەسىگە چاپسا جىگەرنى قۇۋۋەتلەيدۇ. سۇدا ئېرىتىپ باشنى يۇسا چاچنى قارايتىپ، چۈشۈشنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. لازەن ۋە گۈل يېغى بىلەن ئىشلەتسە كىچىك بالىلارنىڭ ئىچى سۈرۈشنى توختىتىدىغان بولۇپ سىناقتىن ئۆتكەندۇر.

**زىيانلىق تەسىرى:** توسالغۇ پەيدا قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** بادام يېغى.

**ئىستېمال مىقدارى:** ئۈچ گىرامغىچە.

**ئورۇنباسارى:** ئەدەس، سەندەل. ئېيتىشلارغا قارىغاندا رۇسۇت ئىكەن، مۇشۇنداق بولغاندا مۇۋاپىقراق بولىدۇ.

ئاقاقىيانى تەييارلاش ئۇسۇلى شۇكى، دەرىخىنىڭ مېۋىسىنى پىشقاندا ۋە يېتىلگەندە سوقۇپ ساپ سۈيىنى ئايرىۋېلىپ، سۇس ئوتتا ئۇيۇغىچە قاينىتىپ، ئۇنىڭدىن كېيىن قېلىپلارغا تۆكۈپ قۇرۇغىچە تۇرغۇزۇپ ئۇنىڭدىن كېيىن ئېلىپ ئىشلىتىلىدۇ. كۆپىنچە

كىشىلەر ئۇنىڭ يوپۇرمىقىنىڭ سۈيىنى قوشىدۇ. بەزىلەر: «ئاپتاپنىڭ ئىسسىقلىقى بىلەن ئۇيۇتۇلسا ياخشىراق بولىدۇ» دەيدۇ.

ئۇنى يۇيۇش ئۇسۇلى: سۇ بىلەن سالايە قىلىپ، ئۇستىگە لەيلىگەن قىسمىنى ئايرىۋېلىپ قاتقاندىن كېيىن قۇرس ياساپ قۇرۇتۇلىدۇ ۋە زۆرۈر بولغاندا ئىشلىتىلىدۇ.

بىلگىنكى، ئاقاقىيا ئۇچۇچان، ئىسسىق، ئۆتكۈر، چاققۇچى ۋە چۆككۈچى تەركىب بىلەن، زېمىنغا مەنسۇپ بولغان قويۇق، قابىز ۋە توسالغۇ پەيدا قىلغۇچى تەركىبتىن ئىبارەت ئىككى خىل تەركىبتىن تۈزۈلگەندۇر. يۇغاندا ئۇنىڭ مەزكۇر تەسىرلەرگە ئىگە بولغان تەركىبى يوقاپ كېتىپ، زېمىنغا مەنسۇپ بولغان قويۇق تەركىبى قېپقالىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىششىقلارغا ئوخشاش بەزى كېسەللىكلەرگە ئۇنىڭ يۇيۇلمىغىنى، كۆز كېسەللىكلىرىگە ئوخشاش بەزى كېسەللىكلەرگە يۇيۇلغىنى ئىشلىتىلىدۇ.

## ئۇقھۇۋان
(بابۇنەئى گاۋ)

بۇ، ئەرەبچە سۆز بولۇپ، «ئەھداقۇل مەرزا» (بىمارلارنىڭ كۆز ئالمىسى) دەپ ئاتىلىدۇ. پارسچە «بابۇنەئى گاۋ» (كالا بابۇنىسى)، «بابۇنەئى گاۋ چەشم» (كالىكۆز بابۇنە)، يۇنانچە «ئوبيانىس»، «ئوبانىس»، ئىبرانچە «فىيفا»، سۇريانچە «فەشا»، «فەرابىيۇن»، «كەركىش»، «كەركاس» دەپ ئاتىلىدۇ. بەزىلەرنىڭ قارىشىچە «كافۇرىيىيە» دېگەن سۆز ئۇنىڭ گۈلىنىڭ نامى ئىكەن.

**ماھىيىتى:** ئادەتتە چوڭ ۋە كىچىكتىن ئىبارەت ئىككى خىل تۈرى بولىدۇ، كىچىكى يۇنانچە «فەلىيمەن»، پارسچە «باھار» دېيىلىدۇ. بۇمۇ ياۋا ۋە يەرلىكتىن ئىبارەت ئىككى خىل بولىدۇ. يەرلىكىنىڭ شاخلىرى ئىنچىكە بولۇپ، يوپۇرمىقى يۇمغاقسۈت ۋە ئارپىبەدىيان يوپۇرمىقىغا ئوخشايدۇ، گۈلى سېرىق، يۇملاق بولۇپ، چۆرىسىدە ئاق رەڭلىك، ئۇششاق يوپۇرماقلىرى بار، گۈلى بابۇنە گۈلىدىن چوڭراق، كۈچلۈك پۇرايدۇ. تەمى ئازراق ئاچچىق بولىدۇ. ياۋىسى تاغلىق رايونلاردا ۋە چۆللەردە ئۆسىدۇ.

ئومۇمەن ئۇ بابۇنەنىڭ بىر تۈرىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ بابۇنە بىلەن ساختىلاشتۇرۇلىدۇ. پەرقى شۇكى، بابۇنەنىڭ ئۇرۇقى بار، ئۇقھۇۋاننىڭ ئۇرۇقى يوقتۇر. بابۇنەنىڭ گۈلى كاۋاك ئەمەس، ئەمما ئۇنىڭ گۈلى كاۋاكتۇر. ئۇنىڭ قىزىل گۈلى ئەمەس، بەلكى سېرىق گۈلى دورىلىققا ئىشلىتىلىدۇ.

ئۇنىڭ يوپۇرمىقى يېشىل، گۈلى ئاق، ئىچى سېرىق، تەمى ئاچچىق بولغانلىرى، كونىرىمىغان ۋە بۇزۇلمىغانلىرى ئەڭ ياخشىدۇر.

**تەبىئىتى:** ئۈچىنچى دەرىجىدە ئىسسىق، ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** قۇۋۋەتلەرنى جانلاندۇرۇش ۋە كۈچلەندۈرۈش، ماددىلارنى تارقىتىش، جىگەر تۇسالغۇلىرى ۋە تومۇرلارنىڭ ئېغىزلىرىنى ئېچىش، ماددىلارنى ئۈچۈچانلاتۇرۇش، دوۋساقتا ئۇيۇغان قاننى ۋە مەقئەت ئىششىقىنى تارقىتىش، ئۈنىڭدىن باشقا سۈيدۈك، تەر، ھەيزنى ھەيدەش، ھامىلە چۈشۈرۈش، تاش پارچىلاش ۋە زەھەر قايتۇرۇش قاتارلىق خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە. ئۇ دوۋساق ئاغرىقى، تال ئىششىقى، ئىستىسقا، ئاشقازان غورۇلداش، قولۇنجى، ئۇرۇقدان خالتىسىغا سۇ چۈشۈش قاتارلىقلارغا مەنپەئەت قىلىدۇ. سىركەنجىۋىل ياكى تۇز بىلەن ئىشلەتسە، سەۋدا ۋە بەلغەمنى سۈرىدۇ، ئەپتىمۇن بىلەن ئىشلەتسىمۇ شۇ تەسىرنى بېرىدۇ.

باش ئەزالىرى كېسەللىكلىرى: يېڭىسىنى پۇرىسا ئۇخلىتىدۇ. داۋاملىق ۋە كۆپ ئىشلەتسە ئېغىر ئۇخلىتىدۇ. ئۇنى مۇۋاپىق مىقداردىكى ئاقلانغان ئارپا ۋە بابۇنە بىلەن بىرلىكتە سۇ بىلەن قاينىتىپ ئىرىسا يېغى تېمىتىپ، سۈيىنى ياشانغانلارنىڭ بېشىغا ئىلمان ھالەتتە تۆكسە ئۇخلىتىدۇ. يەنە بىر نۇسخىغا ئارپا بىلەن يالپۇز بىر ھەسسىدىن قوشۇلغان. ئۇقھۇۋان گۈلى سەۋدا بىلەن بەلغەمنى ئىستىفراغ قىلدۇرغانلىقى ئۈچۈن يۇقىرىقى ئۇسۇل بويىچە ئىستىفراغ قىلسا، مالىخولىيا، جىددىيلىشىش، تۇتقاق كېسەلگە مەنپەئەت قىلىدۇ. شۇنداقلا ئۇنىڭ يىلتىزىدىن كۈنىگە بەش گىرام، بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، 10 گىرام ئېلىپ، ئۇد سەلىب قاينىتىلمىسى بىلەن تاكى 30 كۈنگىچە ئۇدا ئىچسە تۇتقاق كېسەلنى يوقىتىدۇ. شۇنداقلا ئۇنىڭ گۈلىنى رەيھان شارابى بىلەن بىرلىكتە كۈندە ئالتە گىرامدىن تاكى 25 كۈنگىچە ئىچسىمۇ تۇتقاق كېسەلگە مەنپەئەت قىلىدۇ. گۈلىنىڭ كۈلىنى سەپسە ياش بېزى ئاقمىسىغا مەنپەئەت قىلىدۇ. سالايە قىلىپ كۆزگە سۈركىسە كۆز پەردىلىرىنى قۇۋۋەتلەيدۇ. كۆز قاراڭغۇلىشىشقا مەنپەئەت قىلىدۇ. كۆزدىكى جاراھەتلەرنىڭ ئىزنالىرىنى يوقىتىدۇ. كۆزگە سۇ چۈشۈشكە داۋا بولىدۇ. بەزىلەر ئۇنىڭ بۇ خاسىيىتىنى كىچىكىگە مەخسۇس دەپ بىلىدۇ.

نەپەس، كۆكرەك ۋە ھەزىم ئەزالىرى كېسەللىكلىرى: ئۇنىڭ بىلەن لوئۇق تەييارلاپ يالىسا كاناي ئىششىقى، يۆتەل ۋە قان تۈكۈرۈشكە مەنپەئەت قىلىدۇ. ئۇنىڭ قۇرۇق يوپۇرمىقىدىن 10 گىرام ئېلىپ، سىركەنجىۋىل ۋە تۇز بىلەن ئىچسە كاناي ئىششىقىنى ياندۇرىدۇ، سەۋدانى سۈرىدۇ، ئاشقازانغا يۇزلەنگەن سۇيۇقلۇقلارنى تارقىتىپ قۇرۇتىدۇ ھەمدە ئاشقازاندا ئۇيۇغان قاننى يوقىتىدۇ. ئۇنىڭ قۇرۇقىدىن بەش گىرام ئېلىپ سىركەنجىۋىل بىلەن سالايە قىلىپ ئىچسە كاناي ئىششىقىغا مەنپەئەت قىلىدۇ. ئىشتىھانى ئاچىدۇ، ئاشقازاننى خۇش پۇراق قىلىدۇ. 15 گىرامى ئىچسە تەرلىتىدۇ، قولۇنجغا شىپا بولىدۇ.

چىقىرىش ئەزالىرى كېسەللىكلىرى: قاينىتىلمىسىنى مائۇلھەسەل بىلەن ئىچسە سۈيدۈكنى كۆچلۈك ھەيدەيدۇ، ئاشقازان بىلەن دوۋساقتا ئۇيۇپ قالغان قاننى تارقىتىدۇ، ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ. گۈلى بىلەن بىرلىكتە ئىچسە ئەزالاردىكى تاشلارنى پارچىلايدۇ، قۇلۇنجىنى ئاچىدۇ. گۈلىنى شاراب بىلەن ئىچسە سۈيدۈك بىلەن ھەيزنى ھەيدەيدۇ، ھامىلە چۈشۈرىدۇ، ئۇرۇقداندىكى سۇنى تارقىتىدۇ، شۇنداقلا ئۇنىڭ بىلەن ھەمەلچە قىلىنسىمۇ ھەيزنى كۈچلۈك ھەيدەيدۇ، بالىياتقۇنىڭ قاتتىق ئىششىقىنى تارقىتىدۇ، ئۇنىڭ توسالغۇلىرى ۋە بوۋاسىر ئېغىزلىرىنى ئاچىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن پەرزىجە قىلسا ھەيزنى ھەيدەيدۇ، بالىياتقۇنى تازىلايدۇ. قاينىتىلمىسىدا ئولتۇرسا بالىياتقۇنىڭ قاتتىق ئىششىقىنى تارقىتىدۇ. يېگىنىنىڭ سۈيىنى ئۇرۇقدان، زەكەر ۋە يىرىقلارغا سۈركىسە جىما قۇۋۋىتىنى ئىنتايىن ئاشۇرىدۇ. ئۇ، سوقۇپ ئۇنىڭ قاينىتىلمىسى بىلەن نەمدەلگەن رەختكە ئېلىپ تولغىشىپ كەتكەن پەيگە ۋە زەھەرلىك ھاشارات چېقىۋالغان ئورۇنغا قويسا ياخشى مەنپەئەت قىلىدۇ. موم ۋە ياغ بىلەن زىمات قىلسا پاقالچاق ۋە باشقىلاردىكى قاتتىق ئىششىقىنى تارقىتىدۇ. ئۇنىڭ ھەممە قىسمىنى زىمات قىلسا تىلما كېسەل، ئاخىرقى باسقۇچتىكى ئىسسىق ۋە سوغۇقتىن بولغان ئىششىقلار، بوۋاسىر، قۇرۇق يارىلار قاسراقلىنىش، يامان يارىلار ۋە زەكەر جاراھەتلىرىگە مەنپەئەت قىلىدۇ. گۈلىنى زىمات قىلسا قاتتىق ئىششىقلارنى تارقىتىدۇ، توسالغۇلارنى ئاچىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** (1) كۆپ ئىشلىتىلسە باشنى ئاغرىتىدۇ، باشنى ئېغىرلاشتۇرىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** نىلۇپەر گۈلى، سىركەنجۋىل.

(2) ئاشقازاننى غەش قىلىدۇ، ئاشقازان ئېغىزىغا زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** بىنەپشە، رۇمبەدىيان، سىركەنجۋىل.

**ئىستېمال مىقدارى:** 10 گىرامغىچە.

**ئورۇنباسارى:** ئىكلىلمىلىك، ئىككى ھەسسە بابۇنە.

ئۇنىڭ كىچىكى ئىككىنچى دەرىجىدە ئىسسىق، بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇق. تەسىرلىرى بىرىنچىسىدىن ئاجىزراق. شاراب بىلەن زىمات قىلسا رەڭگىرويىنى ياخشىلايدۇ، قاتتىق ئىششىقلارنى تارقىتىدۇ. ئۇنىڭ 450 گىرام گۈلىنى 1800 مىللىلىتىر زەيتۇن يېغى ياكى يېڭى كۈنجۈت يېغىغا چىلاپ ئاپتاپتا 40 كۈنگىچە قويۇپ تەييارلانغان يېغىنى قۇلاققا تېمىتسا قۇلاقنىڭ ئاغرىقلىرىنى پەسەيتىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن مايلانسا لەقۋا، پەيلەرنىڭ تولغىشىپ كېتىشى، بەدەننىڭ تۆۋەن قىسمىدىكى ئەزالارنىڭ ئىششىقى، بالىياتقۇنىڭ قاتتىق ئىششىقىغا مەنپەئەت قىلىدۇ. ئۇنىڭ يېغىنى ئىچسە ۋە مايلانسا تەر تۆشۈكچىلىرىنى ئاچىدۇ. پەي - نېرۋىلىق ئەزالارنىڭ جاراھەتلىرىنى ئىسلاھ قىلىدۇ. ئۇنى قۇلاققا تېمىتسا قۇلاقنىڭ ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ. ھەببى ئايارەج بىلەن ئىستىفراغ قىلغاندىن كېيىن بۇرۇنغا سۈمۈرسە

توغرىغو تەركىبلىك ھۆللۈكتىن كېلىپچىققان ئۈيقۇسىزلىقنى داۋالايدۇ، ياشانغانلاردىكى ئۈيقۇسىزلىقنى تۈگىتىپ ئۈيقۇ كەلتۈرىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن باشنى تەرلەتسە ۋە باش قىسمىغا سۈركىسە لەقۋاغا مەنپەئەت قىلىدۇ. بەزىدە ئۇنىڭ يېغىنى قىزىتىش رولى ۋە باشقا خۇسۇسىيەتلىرىنى ئاشۇرۇش مەقسىتىدە تۇسالغۇلارنى ئاچقۇچى، ئۇچۇچانلاشتۇرغۇچى، ئىسسىق تەبىئەتلىك خۇش پۇراق دورىلار بىلەن بىرلىكتە تەييارلىنىدۇ.

## ئەقسۇن

(ئەقسۇن ئوتى)

ئۇ «ئەفنىيسۇن» مۇ دېيىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** ئۇ بىر خىل ئۆسۈملۈك بولۇپ، يوپۇرمىقى ۋە گۈلى قامغاقنىڭ يوپۇرمىقى بىلەن گۈلىگە ئوخشايدۇ، ئەمما غولى ئۇنىڭدىن پاكارراق ۋە تومراق بولىدۇ، ھۆل ۋاقتىدا قوۋزىقى ئۆزلۈكىدىن سويۇلۇپ چۈشىدۇ، ئۇ يېيىلىدۇ. قوۋزىقى يېتىلگەن ۋە قۇرۇغاندا تەمى ئاچچىق بولۇپ ئۆتكۈرلۈككە مايىللىشىدۇ. گۈلى تىكەنلىك بولۇپ، بەرگىنىڭ ئەتراپىدا يىڭنىگە ئوخشاش تىزىلىپ ئۆسىدۇ. ئۇرۇقى زاراڭزا ئۇرۇقىدىن ئۇششاقراق بولىدۇ، يىلتىزىنى چاينىسا ئىسسىق مەلۇم بولىدۇ، يازنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە يېتىلىدۇ، كۆپ ئورۇنلاردا ئۆسىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە ئىسسىق، بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ناھايىتى ئۇچۇچان بولۇپ، يوپۇرمىقىنىڭ 10 گىرامىنى ئىستېمال قىلسا ۋە ئىچسە تەشەننۇج، ماددىلارنىڭ قېيىپ قېلىشىدىن بولغان تەشەننۇج، بويۇن ئىششىقلىرى ۋە مۇسكۇل زەخىملىرىگە مەنپەئەت قىلىدۇ، سىناقتىن ئۆتكەن دەپ قارىلىدۇ. بولۇپمۇ شاراب بىلەن ئىشلىتىلسە ئۇنۇمى ياخشى بولىدۇ، ئۇرۇقىنى شاراب بىلەن ئىشلەتسە تۈرلۈك زەھەرلەرنى قايتۇرىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** بۆرەككە زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** شاراب.

**ئىستېمال مىقدارى:** 10~15 گىرامغىچە، ئۇرۇقىدىن ئالتە گىرامغىچە.

**ئورۇنباسارى:** خوخا.

## ئەقىت

(قۇرت)

ئۇ پارسچە «كەشك»، «پەينۇ» دەپ ئاتىلىدۇ. يېزا ـ قىشلاق خەلقى «ھەسات» دەپ ئاتايدۇ.

تۈركچە «قۇرۇت» دېيىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** پىشلاقنىڭ سۇ تەركىبىنى قايىنىتىش ئارقىلىق ئايرىۋېتىپ، تۇز بىلەن يۇغۇرۇپ، قۇرۇتۇپ تەييارلانغان بىر خىل مايلىق ماددىدىن ئىبارەت. ئۇنىڭ تەييارلىنىشى قارابادىندا بايان قىلىندى.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** قورۇش، سوۋۇتۇش، سەپرا بىلەن قاننىڭ ئۆتكۈرلۈكىنى پەسەيتكۈچىدۇر. قورۇلغىنى سوزۇلما خاراكتېرلىك ئىچ سۈرۈشكە ئىنتايىن مەنپەئەت قىلىدۇ. كۆيدۈرۈپ زىمات قىلسا دائىرىلىك چاچ چۈشۈش، قانىسىراش ۋە بوۋاسىرغا پايدا قىلىدۇ. باراۋەر مىقداردىكى كۆيدۈرۈلگەن يۇڭ ۋە كۆيدۈرۈلگەن ئارپا بىلەن چاپسا، تاز ئۈچۈن سىناقتىن ئۆتكەن بولۇپ، دەسلەپتە باشنى گۈل يېغى بىلەن مايلاپ ئارقىدىن چېپىلىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** تەستە ھەزىم بولىدۇ. يەل، قويۇق ۋە خام بەلغەم ھەمدە توسالغۇ پەيدا قىلىدۇ. بولۇپمۇ مىزاجى ھۆل سوغۇق كىشىلەر ئۈچۈن تېخىمۇ شۇنداق.

**تۈزەتكۈچىسى:** جاۋارىشلار ۋە گۈلقەنتتۇر.

ئىبنى ئىلياسنىڭ ئېيتىشىچە، تۇتقاق كېسەل مەددە قۇرت سەۋەبىدىن كېلىپچىققان بولسا مەددە ئۆلتۈرگۈچى دورىلار ئىستېمال قىلىنىدىكەن. سەۋەبىنى يوقىتىش ئۈچۈن شۇ كۈنى قۇرت سۈيى كۆپ مىقداردىكى سامساق بىلەن بىرلىكتە غىزا ئورنىدا ئىچۈرۈلىدىكەن.

قېتىقتىن تەييارلانغان قۇرتنىڭ تارقىتىش كۈچى ئارتۇقراق. ئاشقازانغا بولغان زىيىنى پىشلاقتىن تەييارلىنىدىغىنىدىن ئازراق بولىدۇ، ئۇ تۈركچە «قارا قۇرت» دەپ ئاتىلىدۇ.

## ئىقلىميا
(مەدەنلەر دېتى)

ئۇ «د» ھەرپى قىسقارتىۋېتىلىپ «قىلىمىيا» مۇ دېيىلىدۇ. ئۇ يەنە «قىدىلىيا»، يۇنانچە «چەرىيرا» دەپ ئاتىلىدىغان بولۇپ، ئالتۇن، كۈمۈش، مىس ۋە مەرقىشىشاغا ئوخشاش مەدەنلەرنى ئېرىتكەندىن كېيىن ئاستى ياكى ئۈستىدە ھاسىل بولىدىغان كۆپۈككە ئوخشاش ئۇيۇغان ماددىدىن ئىبارەت. ئاستىغا يىغىلغانلىرىمۇ ئۇلارنىڭ كۆپۈكى ھېسابلىنىدىغان بولۇپ، مەزكۇر مەدەنلەر ئېرىتىلگەن ۋە كۆپۈكى ھاسىل بولغاندىن كېيىن ئۇلارنىڭ ھەركەت قىلىشى بىلەن بەزىسى ئاستىغا، بەزىسى ئۈستىگە يىغىلىدۇ. پەرقى شۇكى، ئۈستىگە يىغىلغانلىرى ئاستىغا يىغىلغانلىرىدىن ئۇچۇچانراق بولىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئىقلىميا مەدەنلەرنىڭ پوقىدىن ئىبارەت ئىكەن. يەنى ئالتۇننىڭ پوقى ئالتۇن ئىقلىمىياسى، كۈمۈشنىڭ پوقى كۈمۈش ئىقلىمىياسى، مەرقىشىشانىڭ پوقى مەرقىشىشا ئىقلىمىياسى ئىكەن. بەزىلەر مەدەنلەرنىڭ پوقى ئىقلىميا ئەمەس دەيدۇ، ئەمما ئالدىنقى سۆز

توغرىراقتۇر. ھەممىسىدىن ياخشىسى ئالتۇن ئىقلىمىياسىدۇر. قالغانلىرىنىڭ ئىچىدە رەڭگى شۇ مەدەننىڭ رەڭگىگە ئوخشاش بولغانلىرى، يەنى ئالتۇن ئىقلىمىياسىنىڭ رەڭگى كۆككە مايىل بولغانلىرى، كۈمۈش ئىقلىمىياسىنىڭ رەڭگى ئاقىقا مايىل بولغانلىرىدۇر. ئالتۇن ئىقلىمىياسىنىڭ رەڭگىنىڭ قارامتۇل بولۇشى ئالتۇنغا سۇرۇلگەن توغرىغۇنىڭ كۆپلۈكىدىندۇر.

ئىپتىشلارغا قارىغاندا، باشقا مەدەندىن چىقىدىغان ئىقلىمىيامۇ بولىدىكەن.

ئۇنى كۆيدۇرۇپ يۇيۇلغىنى دورىلىق ئۇچۇن ئىشلىتىلىدۇ. ئۇنى كۆيدۇرۇش ۋە يۇيۇش ئۇسۇلى، لايىقلاشتۇرۇش ئۇسۇلى مۇشۇ كىتابنىڭ مۇقەددىمىسى ۋە قارابادىن كەبىردە، ئۇنىڭ سەپمىلىرى ۋە شىيافلىرى سەپمىلەر ۋە شىيافلار بابىدا بايان قىلىندى.

**تەبىئىتى:** ئىقلىمىيا ئارىلاشقان ئەسلىي مەدەننىڭ تەبىئىتى بىلەن ئوخشاش، ئەمما ئۇنىڭ قۇرۇقلۇقى ئارتۇقراقتۇر.

**خۇسۇسىيتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** كۆزنى قۇرۇتۇش، كۆرۈش قۇۋۋىتىنى ئاشۇرۇش قاتارلىق خۇسۇسىيەتلىرى بار. ئادەتتە شۇ خىل خۇسۇسىيەتلىرى بىلەن كۆزگە پەردە ۋە تىرناقچە گۆش ئۆسۇش، كۆز ياشانغىراش، كۆز تورلىشىش، قاپاق قوتۇرى ۋە كۆزگە سۇ چۈشۈش قاتارلىق كېسەللىكلەرگە شىپا بولىدۇ.

چىپقانلار، يارىلار، بەھەق، داغ، ئىششىقلار، ئاغرىقلار ۋە بەدەندىكى ھەر خىل ئىزلار: ئۇ جاراھەتلەرنى تازىلاش، يارىلارنىڭ چىرىشىنى توسۇش، يارىلاردىكى ئارتۇق گۆشلەرنى يوقىتىپ، يېڭى گۆش ئۇندۇرۇش، زەخمىلەرنى پۈتتۈرۈش ۋە بەھەقنى يوقىتىشتا ئىشلىتىلىدۇ. مەلھەم قىلسا ئىششىقلارنى ياندۇرىدۇ، داغ ۋە قارا ئىزلارنى يوقىتىدۇ، تالنىڭ قاتتىق ئىششىقلىرىنى تارقىتىدۇ. ئەپيۇن، زەپەر ۋە ياغ بىلەن بىرلىكتە ئىشلەتسە بوغۇم ئاغرىقلىرى ۋە نۇقرەسقا پايدا قىلىدۇ.

يۈرەك كېسەللىكلىرى: ئۇنىڭ مەلھىمىدىن ئىككى مىللىگىرام ئىستېمال قىلسا خەفەقانغا مەنپەئەت قىلىدۇ، يۈرەكنى قۇۋۋەتلەيدۇ.

**ئورۇنباسارى:** كۆيدۇرۇپ يۇيۇلغان مەدەستان.

## پەسىل: «ئ» (ئەلىف) ۋە «ك» (كاف)ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى

### ئەكارئ
(پاقالچاق)

بۇ «كۇرائ» دېگەن سۆزنىڭ كۆپلۈك شەكلىدۇر. پارسچە «پاچە» دېيىلىدۇ. ياخشىسى قوي بىلەن بىر يىللىق ئوغلاقنىڭ پاقالچىقىدۇر.

**خۇسۇسىيتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** شىلىمشىق بولۇپ، تەستە ھەزىم بولىدۇ. ھەزىم بولغاندىن كېيىن مۆتىدىل، ياخشى، سۈيۈق قان پەيدا قىلىدۇ. كېسەلدىن يېڭى قوپقان كىشىلەر، بوۋاسىر بىمارلىرى ئۈچۈن ۋە كۆيگەن سەۋدا، ئۈچەي زەخمىسى، گال ۋە كۆكرەك يېرىكلىكى، لەۋ ۋە تىل يېرىلىش، ئاۋاز پۈتۈش، قۇرۇق يۆتەل، سىل، جۇدەتكۈچى تەپ، قان تۈكۈرۈش، سىيىش قىيىنلىشىش، زىيادە ئورۇقلاش، ئۈستىخان سۇنۇش قاتارلىقلارغا مۇۋاپىق كېلىدۇ. ئىچكى زەخمىلەرنى پۈتتۈرىدۇ، ئەرەب يېلىمى بىلەن بىرلىكتە تولغاق، ئۆت مەنبەلىك ئىچىنى سۈرۈش، ئىسسىق ماددىلارنىڭ چىقىشىنى توسۇش ۋە ئىچىلگەن ئىسسىق دورىلارنىڭ زىيىنىدىن مۇداپىئەلىنىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. پاقالچاق شورپىسى ئىسسىقتىن بولغان يۆتەلنى پەسەيتىدۇ، قۇرۇق مىزاج كىشىلەرنىڭ چوڭ تەرىتىنى يۇمشىتىدۇ. شورپىسى بىلەن ھەمەل قىلىسا، قورساق ئاغرىقى ۋە توسۇلۇش خاراكتېرلىك قانلىق تولغاققا مەنپەئەت قىلىدۇ. شورپىسىنى باشقا تۆكسە مېڭىگە ھۆللۈك يەتكۈزىدۇ، چاشقان يارىسى ۋە قاتتىق ئىششىقلارنى تارقىتىدۇ. پاقالچاق يىلىكى، پەرپىيون ۋە گۈل يېغى بىلەن سۈركىسە، باش ئاغرىقى، بوغۇملارنىڭ ئىسسىقتىن لوقۇلداپ ئاغرىشىغا مەنپەئەت قىلىدىغان بولۇپ سىناقتىن ئۆتكەن.

**زىيانلىق تەسىرى:** قۇلۇنجى پەيدا قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** كونا شاراب، سىركە، ھەسەل ۋە كەرەپشە، دارچىن ۋە ئۇنىڭ ئوخشاشلىرى بىلەن پىشۇرۇشتىن ئىبارەت.

ئۇستىخىنىنى كۆيدۈرۈپ جاراھەتلەرنىڭ قېنىنى توختىتىشقا ئىشلىتىلىدۇ. سەبرە بىلەن بىرلىكتە چاپسا بوۋاسىر دانچىسىنى چۈشۈرىدۇ.

## ئەكتەمەكىت

(ئەكتەمەكىت مېۋىسى)

پارس خەلقى ئۇنى «خايەئى ئىبلىس» دەپ ئاتايدۇ. ئۇنىڭ كۆچىتى كۆپ تېكەنلىك بولغانلىقى ئۈچۈن ئادەم ۋە ھايۋانلارنىڭ كىرىشىنى توسۇش ئۈچۈن باغ ۋە ئېتىزلارنىڭ چۆرىسىگە تىكىلىدۇ. ھىندىچە «كەرەنجۇۋە»، «كەرەنج»، سانسكرت تىلىدا «ساگەر گولە» دېيىلىدۇ.

**ماھىيتى:** بىر خىل تىكەنلىك دەرەخنىڭ مېۋىسىدۇر. ئۇ ئاساسىي جەھەتتىن ئانار دەرىخىگە ئوخشايدۇ. شاخلىرى تارقاق، يوپۇرماقلىرى ئانار يوپۇرمىقىدىن ئۇششاق، ئانار يوپۇرمىقىغا قارىغاندا قىسقىراق، كەڭرەك، چىشسىز، ئۇچى يوق بولىدۇ. ھەربىر شېخىدا نۇرغۇن يوپۇرماقلىرى بولۇپ، ئىككى تەرەپتىن ئۇدۇلمۇئۇدۇل ئۆسىدۇ. شاخلىرى ۋە غولى

زىچ تىكەنلىك بولىدۇ، مېۋىسىنىڭ غىلاپى ئەنبەھ مېۋىسى ئۇرۇقچىسىنىڭ غىلاپىغا ئوخشايدۇ، تىكەنلىك بولىدۇ. ئۇنىڭ بەزىسىنىڭ ئىچىدىن ئىككى دانە، يەنە بەزىسىنىڭ ئىچىدىن زەيتۇن مېۋىسى شەكىللىك، پادىزەھرى رەڭلىك ئۈچ بۇرجەك، قاتتىق ئۇرۇق چىقىدۇ. ئۇرۇقىنىڭ ئۈچى تەرىپىدە كۆتۈرۈلۈپ چىققان چېكىت بولۇپ، ئىچىدىن ئاق رەڭلىك مېغىز چىقىدۇ. ئومۇمەن پىندۇق مېغىزىغا ئوخشايدۇ، ئوتتۇرىدىن ئىككى پارچە بولۇپ يېرىلىدۇ، مايسىز، ناھايىتى ئاچچىق بولىدۇ. چوڭ ۋە كىچىكتىن ئىبارەت ئىككى خىل بولىدۇ. كىچىكى كۆك رەڭدە، چوڭى ئاقراق بولىدۇ، ھەر ئىككىسىنىڭ خاسىيەتلىرى بىر - بىرىگە ئوخشايدۇ. مېۋىسىنى قۇرۇغاندىن كېيىن ھەرىكەتلەندۈرسە مېغىزى ئىچىدە ھەرىكەتلىنىدۇ. قاتقاندا پوستىنى چەكسە ئاۋاز چىقىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن كۆپ قىسىم كىشىلەر ئۇنى تاش ئىچىدىكى تاش دەپ بىلىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق، يەنە ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىقمۇ دېيىلگەن. ئېھتىمال بۇ سۆز توغرا بولۇشى مۇمكىن.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ئىششىقلارنى ياندۇرۇش، قان توختىتىش قاتارلىق خۇسۇسىيەتلىرى بولىدۇ. ئىستېمال قىلسا بۇلغانغان ھاۋانىڭ بەدەنگە بولغان يامان تەسىرىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. ئۇرۇقىنىڭ يېرىمىنى بىر نەچچە تال قەرەنپىل بىلەن سالايە قىلىپ، يەلدىن بولغان قۇلۇنجىنىڭ ئاغرىقىنى پەسەيتىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ (سىناقتىن ئۆتكەن). پىلپىل ۋە ھەسەل بىلەن يۇغۇرۇپ، مېۋىسى چوڭلۇقىدا ھەب قىلىپ ئىشلەتسە، كونا سوزۇلما تەپلەرگە مەنپەئەت قىلىدۇ. قىز تۇغقان ئاياللارنىڭ سۈتى بىلەن ھەمەل قىلسا، تۇغماس ئاياللارنىڭ ھامىلىدار بولۇشىغا سەۋەب بولىدۇ. ئۇنى قىزىل يىپ بىلەن باغلاپ بويۇنغا ئېسىۋالسا ھامىلىنى مۇھاپىزەت قىلىدۇ. مېۋىلىك دەرەخكە ئېسىپ قويسا مېۋىسىنىڭ تۆكۈلۈشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ، دەپ قارىلىدۇ. كۆپىنچە تېۋىپلار بۇ قاراشقا قوشۇلىدۇ. ئۇنىڭ مېۋىسىنى چوغقا كۆمۈپ پىشۇرۇپ، ئاقلاپ، يۇمشاق سوقۇپ، سۇ بىلەن ئىستېمال قىلسا، ئۇرۇقدان خالتىسىغا سۇ چۈشۈشكە مەنپەئەت قىلىدۇ.

ھىندىستان ھۆكۈمالىرىمۇ ئۇنى چوڭ ۋە كىچىكتىن ئىبارەت ئىككى خىل بولىدۇ، دەپ قارايدۇ. ئۇلار: «چوڭىنىڭ رەڭگى ئاق بولۇپ، خۇسۇسىيىتى ۋە پايدىلىرى بىرى - بىرىگە ئوخشايدۇ، ئۇنىڭ تەبىئىتى قۇرۇق ئىسسىق بولىدۇ، كۆزنىڭ كۆرۈش قۇۋۋىتىنى ئاشۇرىدۇ، يەل تارقىتىدۇ، ئۇرۇقىنى بەدەنگە سۈركىسە نۇرلۇق قىلىدۇ، قوتۇر دانچىلىرىنى قۇرۇتىدۇ، ئاياللار جىنسىي كېسەللىكلىرى، جوزام، ئاشقازان، ئۈچەيلەردە تۇرۇپ قالغان قويۇق يەللەرگە مەنپەئەت قىلىدۇ، قورساقتىكى مەددە قۇرتنى چۈشۈرىدۇ، بوۋاسىر، تۈرلۈك زەھەرلىنىشلەر ۋە ئەزالار ئىششىقلىرىغا شىپا بولىدۇ. يوپۇرمىقى بەلغەم، سەۋدا خىلتلىرىنىڭ بۇزۇلۇشلىرىنى ئوڭشايدۇ» دەيدۇ. ئۇنىڭ مېغىزىنى باراۋەر مىقدارىدىكى

كۆنجۈت يېغى بىلەن بىرلىكتە كۆمۈردەك بولغۇچە كۆيدۈرۈپ، يېغىنى سۈزۈلدۈرۈپ، شىشە قاچىدا ساقلاپ، چوڭقۇر زەخمىلەرگە مۇۋاپىق مىقداردا سۈركىسە زەخمىنى پۈتتۈرىدۇ. مېغىزىنى سۇقۇپ قىلىپ بىدانجىر يوپۇرمىقىغا سېپىپ ئۇرۇقدانىنىڭ سۇ يىغىلىشتىن بولغان ئىششىقىغا تەكرار سۈركىسە ئىششىقنى تارقىتىدۇ. كېسەللىك ماددىسى بەك قويۇق بولۇپ، بىر تەرەپكە يىغىلغان بولسا، شۇ تەرەپنى ئېغىز ئالدۇرۇپ، دەرد - ئەلەمسىز ساقايتىدۇ.

## ئىكلىلمىلىك

(شاھ تاجى)

ئۇ «ئەسابىئۇل - مەلىك» (شاھ بارماقلىرى)، «مەلكا» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. يۇنانچە «ھالىينۇتىس»، پارسچە «گىياھى قەيسەر»، ھىندىچە «پەرنەك» دەپ ئاتىلىدۇ.

ماھىيىتى: بۇ بىر خىل ئۆسۈملۈك بولۇپ، ئىككى خىل بولىدۇ. ھەر ئىككى خىلىنىڭ ئۆسۈملۈكى بىر - بىرىگە ئوخشايدۇ، ئەمما بىرىنچى خىلىنىڭ مېۋىسى يېڭى ئاي شەكلىدە بولۇپ، تۇرۇپ ئۇرۇقىغا ئوخشاش غىلاپ ئىچىدە بولىدۇ، ئۇرۇقلىرى يۇمىلاق بولۇپ، قىچا ئۇرۇقىدىن ئۇششاق بولىدۇ، بەزىلىرىنىڭ ئۇرۇقى شۇمشا ئۇرۇقىغا ئوخشايدۇ، غىلاپى يېڭى ئاي شەكلىدە بولمايدۇ.

ئىككىنچى خىلىنىڭ مېۋىسى ئىنچىكىرەك بولۇپ، يېڭى ئايغا ئازراق ئوخشايدۇ. يوپۇرمىقى يۇمىلاق بولۇپ، تەڭگە شەكلىدە بولىدۇ. شاخلىرى ئىنچىكە، يىرىك، قاتتىق بولۇپ يېيىلىپ ئۆسىدۇ، بەزىلىرى زېمىن يۈزىگە يېيىلىپ ئۆسىدۇ، بەزىلىرىنىڭ غولى بىر غۇلاچ ئۇزۇنلۇقىدا بولىدۇ. گۈلى سېرىق، ئۇششاق، بەزىلىرىنىڭ گۈلى بىنەپشە رەڭ ياكى ئاق رەڭدە بولىدۇ، بەزىلىرىنىڭ يوپۇرمىقى پاقىيوپۇرمىقىغا ئوخشاش، بەزىلىرىنىڭ يوپۇرمىقى ئۇنىڭدىن ئۇششاقراق بولىدۇ. شۇنىڭدەك ئۇنىڭ بەزىسىنىڭ ئۆسۈملۈكىنىڭ يوپۇرمىقى ۋە شاخلىرى ئىنچىكە، چۈرۈك بولىدۇ. يەنە شۇنىڭدەك ئۇنىڭ مېۋىسىنىڭ چوڭ - كىچىكلىكى، قۇۋۋىتىنىڭ كۈچلۈك - ئاجىزلىقى ئومۇمەن يەر، شەھەر، ھاۋا كىلىماتىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا قاراپ ھەر خىل بولىدۇ، مېۋىسى ئىشلىتىلىدۇ.

ئۇنىڭ ھىندىستاندا بولىدىغان «پەرنەك» دەپ ئاتىلىدىغان تۈرىنىڭ يوپۇرمىقىنىڭ تەمى ۋە پۇرىقى شۇمشىغا ئازراق ئوخشايدۇ. يوپۇرمىقى شۇمشا يوپۇرمىقىدىن كىچىكرەك، چۈرۈكرەك ۋە چىشلىق بولىدۇ. شۇمشا يوپۇرمىقىغا ئوخشاش ياغ، پىياز بىلەن قورۇپ ئىستېمال قىلىنىدۇ. گۆش ۋە بېلىق شورپىلىرىغىمۇ قوشۇلىدۇ. ئۇنىڭ ھىندىستاندىن چىقىدىغان تۈرىنىڭ مېۋىسى ناھايىتى ئاجىز، ئىنچىكە ۋە كىچىك بولىدۇ.

ئىكىلىمىلىكىنىڭ ياخشىسى قاتتىق، يېڭى، ئاقۇچ مايىل سېرىق، پۇرىقى ئۆتكۈر بولغانلىرى ۋە سۇندۇرۇلسا ئىچىدىن سېرىق رەڭلىك ئۇرۇق چىقىدىغانلىرىدۇر.

**تەبىئىتى:** شەيخۇر رەئىسنىڭ ئېيتىشىچە، بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىقتۇر. بەزىلەر مۇرەككەپ قۇۋۋەتلەرگە ئىگە، ئۇنىڭ قۇرۇق ئىسسىق تەركىبى سوغۇق تەركىبىدىن ئارتۇقراق دېگەن، دىسقۇرىدۇس ئۇنىڭ ئىسسىق - سوغۇقلۇقىنى مۆتىدىل دەپ بىلگەن.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ماددىلارنى تارقىتىش، پىشۇرۇش، قورۇش ۋە قۇرۇتۇش قاتارلىق خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە. ئەمما ئۇنىڭ قورۇش خۇسۇسىيىتى تارقىتىش خۇسۇسىيىتىدىن كەمرەكتۇر، شۇنىڭ ئۈچۈن ماددىلارنى پىشۇرۇغۇچى، ئۇچۇچانلاشتۇرغۇچى، ئەزالارنى قۇۋۋەتلىگۈچى ۋە قاتتىق ئىششىقلارنى يۇمشاتقۇچى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

**باش ئەزالىرى كېسەللىكلىرى:** سىركە ۋە گۈل يېغى بىلەن زىمات قىلىپ باشقا چاپسا باش ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ. سۇ بىلەن قاينىتىپ سۈيىنى باشقا ئىسسىق ھالەتتە تۆكسە، بەلغەم ۋە سەپرادىن بولغان باش ئاغرىش، باش قېيىش، كۆز قاراڭغۇلىشىش، ئەزالار لىپىلداش، سەكتە، لەقۋا ۋە ئىستىرخاغا مەنپەئەت قىلىدۇ. ئۇنىڭ ھورى بىلەن ھوردانسا، يېغى بىلەن مايلانسا مەزكۇر كېسەللىكلەرگە، زېھنى ئېلىشىش، دېۋەڭلىك، مالىخولىيا، ئۇنتۇغاقلىق، ھاڭۋاقتىلىق ۋە ئەقىلسىزلىقلارغا مەنپەئەت قىلىدۇ. ئالتە گىرامىنى 15 گىرام ھەسەل بىلەن ئىستېمال قىلسا، قاينىتىلغان سۈيىنى ھەر ئۈچ كۈندە بىر قېتىم مۇنچىدا باشقا تۆكسە، سەۋدادىن بولغان ئۆزىگە ئۆزى سۆزلەشكە مەنپەئەت قىلىدۇ. بوشىغان ئەزانىڭ نېرۋا تۈگۈنلىرىگە زىمات قىلسا پالەچ، ئەزالار تارتىشىش، بەلغەمدىن بولغان تەشەننۇج ۋە ئىستىرخاغا مەنپەئەت قىلىدۇ. ئۇنى يالغۇز ياكى بابۇنە، يالپۇز، سېرىقچېچەككە ئوخشاش باشقا مۇناسىۋەتلىك دورىلار بىلەن بىرلىكتە قاينىتىپ، سۈيىنى باش ۋە ئاشقازانغا ئىلمان ھالەتتە تۆكسە، ماددىلارنىڭ قېيىپ قېلىشىدىن بولغان تەشەننۇجقا مەنپەئەت قىلىدۇ، نەزلىلەرنى توختىتىدۇ. ئۇنىڭ قاينىتىلمىسىنى ئىچسە مەزكۇر كېسەللىكلەرگە شىپا بولىدۇ.

**ئاشقازان ۋە باشقا ئەزا كېسەللىكلىرى:** ئۇنىڭ قاينىتىلمىسىنى ئىچسە ئاشقازان، جىگەر، تال ئاغرىقلىرىنى پەسەيتىدۇ. ئەپسەنتىن بىلەن بىرلىكتە قاينىتىپ ئىچسە يۇقىرىقى ئۈچ خىل ئەزانىڭ ۋە بالىياتقۇنىڭ ئىششىقىنى قايتۇرىدۇ، شۇنداقلا زىمات قىلىسىمۇ شۇ تەسىرنى بېرىدۇ. ئۇنى قاينىتىپ يالغۇز ئىچسە، بولۇپمۇ ئەنجۇر ۋە ھەسەل بىلەن بىرلىكتە ئىچسە، ئىچكى ئەزالاردىكى كېرەكسىز ماددىلارنى تارقىتىدۇ، سۈت ۋە مەنىي كۆپەيتىدۇ، زەھەرلەرنىڭ زىيىنىنى يوقىتىدۇ، سۈيدۈك، ھەيز ۋە باشقا سۇيۇقلۇقلارنى ھەيدەيدۇ، بەلغەمدىن بولغان ئۇسسۇزلۇقلارنى پەسەيتىدۇ. ئۇنى يالغۇز ياكى ئۈزۈم شىرنىسى بىلەن بىرلىكتە ياكى موزا،

گىل رۇمى، ئەدەس، تۇگمەن تېشى تۇزۇندىسىغا ئوخشاش بەزى قۇرۇتقۇچى دورىلار بىلەن بىرلىكتە زىمات قىلسا، باشتىكى يىرىڭلىق تەمرەتكىگە مەنپەئەت قىلىدۇ، شۇنداقلا ئۇنى ئۇزۇم شىرنىسى بىلەن بىرلىكتە زىمات قىلسا، كۆز، قۇلاق، مەقئەت، بالىياتقۇ ۋە ئۇرۇقدانلارنىڭ ئىسسىقتىن بولغان مۇرەككەپ ئىششىقلىرىنى ياندۇرىدۇ. ئۇنى ئۇزۇم شىرنىسى بىلەن بىرلىكتە قاينىتىپ يالغۇز ياكى توخۇ تۇخۇمىنىڭ ئېقى، شۇمشا ئۇنى، زىغىر ئۇرۇقى، كاسىنە ئۇرۇقى، خەشخاش قاتارلىقلار بىلەن بىرلىكتە زىمات قىلىپ، كېسەللىك ئەھۋالى، بىمارنىڭ مىزاجىغا ئاساسەن، تارقىتىش، پىشۇرۇش، قورۇش، سوۋۇتۇش ۋە باشقا مەقسەتلەردە ئىسسىقتىن بولغان ئىششىقلارغا ۋە قاتتىق ئىششىقلارغا چېپىلىدۇ. ئۇنىڭ يېڭى ئۇسارىسىنى قىزىلگۈل يېغى بىلەن بىرلىكتە ئىشلەتسە قۇلاق ئاغرىقى ۋە سوغۇقتىن بولغان باش ئاغرىقىغا مەنپەئەت قىلىدۇ. ئۇنىڭ 10 گىرام ئۇسارىسىنى ئۇرۇقى ياكى ئۇزۇم شىرنىسى بىلەن بىرلىكتە ئىچسە، ئىچكى ئەزالار ئىششىقىنى تارقىتىدۇ، ئۇرۇقسىز ئىچسە تۈرلۈك ئاغرىقلارنى پەسەيتىدۇ، شۇنداقلا زەپەر بىلەن بىرلىكتە ئىچسە ھەرقانداق ئەزانىڭ لوقۇلداپ ئاغرىشىنى پەسەيتىدۇ. ئۇنىڭ قاينىتىلمىسىنى ئىچسە كاناي ئىششىقىغا مەنپەئەت قىلىدۇ، ئەزالاردىكى تاشنى پارچىلايدۇ، ئۇنىڭ بىلەن ھەمەل قىلسا ئۈچەيلەرنى قۇۋۋەتلەيدۇ، تازىلايدۇ ۋە ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ. يوپۇرمىقى بىلەن شاخلىرىنىڭ قاينىتىلمىسىنى ئىچسە سۈيدۈك بىلەن ھەيزنى ھەيدەيدۇ، ھامىلە چۈشۈرىدۇ، ئۇنىڭ قاينىتىلمىسى بىلەن باش، بەدەننى يۇسا، باشتىكى يىرىڭلىق تەمرەتكە ۋە ئۇرۇقدان قىچىشىشقا مەنپەئەت قىلىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** ئىچىلسە ئۇرۇقدانغا زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** ھەسەل، ئەنجۈر ۋە قۇرۇق ئۈزۈم.

**ئىستېمال مىقدارى:** ئۆزىدىن 10 گىرامغىچە، ئۇسارىسىدىن 60 گىرامغىچە.

**ئورۇنباسارى:** باراۋەر مىقداردا بابۇنە، تاغ كۈدىسى ۋە ئەركەك لۇبان. زىماتلاردا يېرىم ھەسسە ئەنجۈر يوپۇرمىقى بەدەل بولىدۇ، دېيىلگەن. ئۇنىڭ قاينىتىلغان يېغى قارابادىندا بايان قىلىندى.

# ئىكلىلۇل جەبەل
(تاغ تاجى)

ئۇ يۇنانچە «ئوقلا ئوقا» دېيىلىدۇ.

**ماھىيتى:** بىر خىل ئۆسۈملۈك بولۇپ، بىر غۇلاچ ئېگىزلىكىدە ئۆسىدۇ. كۆپ ھاللاردا تاغلار ۋە تاشلىق ئورۇنلاردا ئۈنىدۇ، شۇ سەۋەبتىن تاغ تاجى دەپ ئاتىلىدۇ. ئىسكەندەرىييە شەھىرىدە كۆپ ئۆسىدۇ، كۆپ ھاللاردا يازنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا يېتىشىدۇ، بەزى شەھەرلەردە تېزرەك، بەزى شەھەرلەردە كېيىنرەك يېتىشىدىغان ئەھۋاللارمۇ بولىدۇ. يوپۇرمىقى

ئۇزۇنچاق، ئىنچىكە، نەيچىسىمان بولۇپ قارىغا مايىل بولىدۇ. شېخى قاتتىق بولىدۇ. گۈلىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئاقتا مايىل يوپۇرماقلار ئۆسۈپ چىقىدۇ. مېۋىسى يۇمىلاقتا مايىل قاتتىق، ئۇزۇقى ئۇششاق، يوپۇرمىقى ۋە چېچىكى ئازراق ئاچچىق، ئۆتكۈر ۋە خۇش پۇراق بولىدۇ. لېكىن ئۇ قەردمانە ئەمەس.

**تەبىئىتى:** ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ئىستېمال قىلىسا ھۆللۈكتىن بولغان كونا يۆتەل، كاناي ئىششىقى، سوغۇقتىن بولغان خەفەقان، ھارارەت ۋە زىيادە تەشنالىق بولمىغان ئىستىسقائى زىققىگە مەنپەئەت قىلىدۇ. جىگەر، تال توسالغۇلىرىنى ئاچىدۇ، ئۆپكىنى تازىلايدۇ، يەل تارقىتىدۇ، جىگەر ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ، سەۋدادىن بولغان يەرقاننى يوقىتىدۇ، بۆرەك ۋە دوۋساقتىكى تاشلارنى پارچىلاپ چۈشۈرىدۇ، سۈيدۈك بىلەن ھەيزنى ھەيدەيدۇ. زىمات قىلىسا سوزۇلما ئىششىقلارنى تارقىتىدۇ.

يوپۇرمىقىنىڭ يۇقىرىدىكى تەسىرلىرى ئۇنىڭ باشقا قىسىملىرىنىڭ تەسىرلىرىدىن كۈچلۈكرەكتۇر. ئۇنى كۆزنىڭ سوغۇقتىن بولغان ئاغرىقىغا چاپلىسا ئاغرىقىنى دەرھال پەسەيتىدۇ ۋە شىپا بولىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** ئىسسىق مىزاج كىشىلەرگە زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** سىركەنجىۋىل.

**ئىستېمال مىقدارى:** 10 گىرامغىچە.

**ئورۇنباسارى:** ئەپسەنتىن، يېرىم ھەسسە مۈرمەككى.

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇنىڭ ئۇسۇملۇكىنى ئوۋلانغان ھايۋاننىڭ ئىچىگە تىقىپ قويسا، ئۇنىڭ چىرىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدىكەن. ئۇ گۆشلەرنىڭ چىرىشىنى توسۇشتا تۇزدىن ياخشىراقتۇر.

## پەسىل: «ئ» (ئەلىف) ۋە «ل» (لام) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى

### ئىلب

(ئىلب دەرىخى)

بۇ ئەرەبچە ئىسىمدۇر.

**ماھىيىتى:** بىر خىل تىكەنلىك دەرەخ بولۇپ «ئوتروج» دەرىخىگە ئوخشايدۇ، ئەمما يوپۇرمىقى ئۇششاق بولۇپ، زەيتۇن يوپۇرمىقىغا ئوخشايدۇ، تىكىنى كۆپرەك، كۆركەمرەك ۋە يېشىلراق بولىدۇ.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ئۇ ھەممە ھايۋانات ئۈچۈن زەھەردۇر. بۇ جەھەتتە «دىفلا» (سۆگەتگۈل) ئۆسۈملۈكىدىن كۈچلۈكرەك بولۇپ، يېمەكلىككە قوشۇپ ھەرقانداق ھايۋانغا يېگۈزسە دەرھال ئۆلتۈرىدۇ. يېمەي پۇرىسىمۇ شۇ زامان كور ۋە گاس بولىدۇ. ئۇ تۈھامە شەھەرلىرى، شەراھ تاغلىرى، شۇنداقلا تۈھامە شەھەر ئەتراپلىرىدا ئۆسىدىغان ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ئەڭ ناچىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ئۇنىڭ بىلەن زەھەرلەنگۈچىنى قۇتقۇزۇش ئۇسۇلى «خانىقۇن نەمىر» (يولۋاسبوغار) ئۆسۈملۈكى ۋە «دىفلا» (سۆگەت گۈل) ئۆسۈملۈكى بىلەن زەھەرلەنگەن كىشىنى قۇتقۇزۇش ئۇسۇلى بىلەن ئوخشاشتۇر. ئەمما بۇ ئۆسۈملۈكتىن زەھەرلەنگەندە دەرھال ئۇنىڭ تۈزەتكۈچى دورىلىرىنى ئىچۈرۈش لازىم، بولمىسا ئۇنۇمى كۆرۈلمەيدۇ.

## ئەلنەج

(ئەلنەج يىلتىزى)

ئۇ يۇنانچە خەلق دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**ماھىيىتى:** ئۇ سەۋزىگە ئوخشايدىغان، غولى توم بىر خىل ئۆسۈملۈك بولۇپ، بىر غېرىچ ئېگىزلىكتە ئۆسىدۇ، گۈلى سەۋزە گۈلىگە ئوخشاش ئاق رەڭدە بولىدۇ، ئۇرۇقىمۇ ئاق رەڭلىك، خاللىق، سوزۇنچاق، گۈرۈچتىن سەل قىسقىراق بولۇپ، سەرمەق ئۇرۇقىغا ئوخشايدۇ، شاخلىرى ئۈستىدە جويۇزغا ئوخشاش يۇمىلاق غوزىكى بولىدۇ، ئۇنىڭ ياخشىسى ھىندىستاندىن چىقىدىغىنىدۇر.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىنىڭ ئاخىرىدا قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بىرىنچى كۈنى ئۇنىڭدىن 1.5 گىرام، ئىككىنچى كۈنى 2.5 گىرام، ئۈچىنچى كۈنى ئۈچ گىرام ئېلىپ 90 مىللىلىتىر سىركەنجۇبىل سادده بىلەن ئۈچ كۈن ئىچسە، تىلما كېسەلگە پايدا قىلىدىغان بولۇپ سىناقتىن ئۆتكەن. يەنە ھەسەل شارابى بىلەن ئىچسە بالا ھەمراھىنى چۈشۈرىدىغان بولۇپ سىناقتىن ئۆتكەن. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇ بالا ھەمراھىنى كۈچلۈك دەرىجىدە چۈشۈرىدىكەن. يىلتىزىنى ئۈچ گىرام ئىستېمال قىلسا ھۆللۈكتىن بولغان سۈيدۈك تامچىلاشقا مەنپەئەت قىلىدۇ.

## ئەلۇسۇن (ئۇلۇسۇن)

(ئەلۇسۇن ئوتى)

ئۇ غالجىرلىقنى يوقىتىدۇ، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. چۈنكى ئۇ غالجىر ئىتنىڭ زەھىرىنى قايتۇرىدۇ.

ماھىيىتى: بىر خىل ئۆسۈملۈك بولۇپ، كېۋەز ئۆسۈملۈكىگە ئوخشايدۇ. غولى يىرىك، تۈۋەنكى يوپۇرماقلىرى يۇملاق بولىدۇ. يوپۇرماقلىرىنىڭ ئارىسىدا تۇرمۇسقا ئوخشايدىغان ئىككى پەردە ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان ئۇرۇقى بولىدۇ. يوپۇرمىقى قارا ۋە قىزىلغا مايىل بولىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇ «ئەكرەش» ۋە «سىيىل» ئۆسۈملۈكىنىڭ بىر تۈرى ئىكەن.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق، بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىقمۇ، دېيىلگەن.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** تېرىدىكى ئىزلارنى يوقىتىش، ئىششىقلارنى تارقىتىش، مۆتىدىل قۇرۇتۇش خۇسۇسىيەتلىرىگە ئىگە بولۇپ، ئادەتتە داغ يوقىتىش ۋە تېرىدىكى ھەرقانداق ئىزنى يوقىتىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. شەۋكىران بىلەن بىرلىكتە ئىشلەتسە، ئۇرۇقدان ئىششىقىغا ناھايىتى مەنپەئەت قىلىدۇ. خۇسۇسىيەتلىرى بىلەن غالجىر ئىتنىڭ زەھىرىنى قايتۇرىدۇ، سىناقتىن ئۆتكەن دەپ قارىلىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** باشنى ئاغرىتىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** مەرزەنجۇش.

**ئىستېمال مىقدارى:** بەش گىرامغىچە.

## ئۇلۇمالى

(ئۇلۇمالى يېلىمى)

ئۇ «ئۇمالى» مۇ دېيىلىدۇ. «ئەسەلى داۋۇد» (داۋۇت ھەسىلى)مۇ دېيىلىدۇ. چۈنكى ئۇنى ئەڭ دەسلەپتە بايقاپ، كىشىلەرگە تونۇشتۇرغان كىشى شۇ بولۇپ، ئۆزىنىڭ نامى بىلەن ئاتىغان.

**ماھىيىتى:** ئۇ مىنەسائىلەگە ئوخشايدىغان بىر خىل سۆزۈك، قويۇق سۈيۇقلۇق بولۇپ، تىرمىز شەھىرىدە ئۆسىدىغان بىر خىل دەرەخنىڭ غولىدىن سىرغىپ چىقىدۇ. قىيامى قويۇق، سۈزۈك، پارقىراق ۋە تاتلىق بولغانلىرى ياخشىلىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئۈچىنچى دەرىجىدە ئىسسىق، بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇق، بەزىلەر ئىككىنچى دەرىجىدە ھۆلمۇ دەيدۇ.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ئۇنىڭ 90 گىرامىنى 120 مىللىلىتىر سۇ بىلەن ئىچسە، خام، كېرەكسىز ماددىلار، سۇيۇق سەپرا خىلتى ۋە ناچار خىلتلارنى سۈرىدۇ. قوتۇر، يارا ۋە بوغۇم ئاغرىقلىرىغا داۋا بولىدۇ.

ئۇنى ئىستېمال قىلغان كىشىدە ھورۇنلۇق ۋە ئېغىر ئۇخلاش ئالامەتلىرى كۆرۈلىدۇ. بۇ چاغدا ئۇخلىمىسا ۋە كۆپ ھەرىكەت قىلسا ئۇنىڭ تەسىرى يوقاپ كېتىدۇ.

**تۇزەتكۈچىسى:** سىركەنجىۋىل، بىھى شەربىتى، ئۈزۈم شىرنىسى.

ئۇنىڭ شاخلىرى ۋە دەرىخىنى كۈنجۈت ياكى زەيتۇن يېغى ياكى باشقا مۇناسىپ ياغلار بىلەن قاينىتىپ تەمىنى چىقىرىپ تەييارلانغان يېغىنى كۆزگە سۈركىسە، كۆز قاراڭغۇلىششىقا داۋا بولىدۇ. مايلانسا پەي، نېرۋا ئاغرىقى ۋە يارىلاشقان قوتۇرغا داۋا بولىدۇ.

## ئەلۇيەن
### (ئەلۇيەن ئوتى)

بۇ يۇنانچە سۆزدۇر.

**ماھىيىتى:** بىر خىل ئۆسۈملۈك بولۇپ، بىر غۇلاچتىن پاكارراق ئۆسىدۇ. رەڭگى قىزىلغا مايىل، شاخلىرى ئىنچىكە، قاتتىق، پوستى نازۇك، يوپۇرمىقى ئۇششاق، ئىنچىكە، گۈلى يۇمشاق، قىزىل ۋە سېرىققا مايىل بولىدۇ. يىلتىزى قىزىلچىغا ئوخشايدۇ. ئۇنىڭدىن ئۆتكۈر سۇيۇقلۇق چىقىدۇ. ئۇرۇقى ئەپتىمۇن ئۇرۇقىغا ئوخشايدۇ. ئۇ قۇملۇقلار ۋە سۇ بويلىرىدا ئۆسىدۇ. ئىراق ۋە باشقا جايلاردا كۆپ ئۇچرايدۇ. ئۇنىڭ ياخشىسى يىلتىزى نەيچە شەكىللىك، رەڭگى ئاق، يېلىملىق بولغانلىرى ۋە سۇندۇرسا ئاسان سۇنىدىغانلىرىدۇر. ئەڭ ناچىرى تالالىق بولغانلىرىدۇر. بەزىلەر ئۇنى تۇربۇت دەيدۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇنداق ئەمەس.

ئۇنى ئىشلىتىش قائىدىسى شۇكى، يەردىن كولاپ چىقىرىلغاندىن كېيىن يىلتىزىنىڭ ئىچى ئېلىپ تاشلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ پوستى نەيچە شەكىللىك بولىدۇ. ئۇرۇقىنىڭ پوستى ئىشلىتىلىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق، ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىقمۇ دېيىلگەن.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** جۇلا بەرگۈچى، يۇغۇچى ۋە توسالغۇلارنى ئاچقۇچىدۇر. ئۇرۇقىدىن 3 ~ 10 گىرامغىچە ئېلىپ، ئۈچ گىرام تۇز، 120 مىللىلىتىر سۇ ۋە 30 مىللىلىتىر سىركە بىلەن ئىستېمال قىلسا سەۋدانى كۈچلۈك سۈرىدۇ. ساقىيىشى تەس بولغان ساراڭلىقنىمۇ ساقايتىدۇ، ئۇنىڭغا ناھايىتى ياخشى تەسىر قىلىدۇ. يىلتىزىنىڭ بۇ جەھەتتىكى تەسىرى كۈچلۈكرەك بولۇپ، قارا يەرقانغا داۋا بولىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** ئۆپكىنى زەخىملەيدۇ.

**تۇزەتكۈچىسى:** كەتىرا، چىلان.

**ئىستېمال مىقدارى:** يىلتىزىدىن 10 گىرامغىچە، يىلتىزىنىڭ پوستىدىن ئالتە گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

## ئىلىيە
(دۇمبە ياغ)

ئۇ پارسچە «دۇنبە» دېيىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** بۇ، ھەممىگە تونۇشلۇق بولغان قوي قاتارلىق ھايۋانلارنىڭ تېرىسى سويۇلغاندىن كېيىن دۇمبە گۆش ئۈستىگە چاپلىشىپ تۇرغان بىر قەۋەت ياغدىن ئىبارەت.

**تەبىئىتى:** ھۆل ئىسسىق بولۇپ، ماددىسى ۋە ئۇيۇش ئامىلى ياغقا ئوخشاپ قالىدۇ. ئەمما دۇمبە ياغ ئۇنىڭغا قارىغاندا تەسرەك ھەزىم بولىدۇ.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** قاتتىق ئىششىقلارنى ياندۇرۇش، پەي ـ نېرۋا ۋە بەدەننى يۇمشىتىش خۇسۇسىيىتى بار. نىشاستە بىلەن ئىشلەتسە بۆرەكنى ئىسلاھ قىلىدۇ. قارا قوينىڭ دۇمبىسىنى ئۇچ پارچە قىلىپ كونىگە بىر پارچىسىنى ئاقىرقەرھا، زەنجىۋىل ۋە تۇربۇت بىلەن ئىستېمال قىلسا ئولتۇرغۇچ نېرۋا ئاغرىقىغا داۋا بولىدۇ، سىناقتىن ئۆتكەن دەپ قارىلىدۇ. دۇمبە ياغنى قەغەزدەك نېپىز توغراپ ئەزاغا چاپلاپ سىپسىغۇچە تۇرغۇزسا قۇرۇقلۇقتىن بولغان تەشەننۇج، تىتانۇسقا پايدا قىلىدۇ. قېتىشچان ماددىلارنى ئازايتىدۇ، ئورنىدىن كۆتۈرۈلۈپ قالغان پەيلەرنى جايىغا كەلتۈرىدۇ، ئىششىقلارنى ياندۇرىدۇ، سىناقتىن ئۆتكەن دەپ قارىلىدۇ.

**زىيانلىق تەسرى:** تەستە ھەزىم بولىدۇ، كۆڭۈلنى ئىلەشتۈرىدۇ، ئىچىنى غەش قىلىدۇ. ھەزىم قۇۋۋىتىنى زەئىپلەشتۈرىدۇ. ئەتتاكىي سوغۇق مىزاج كىشىلەر ئىستېمال قىلسا كۆپ ھاللاردا تۇيۇقسىز ئۆلۈمگە سەۋەب بولىدۇ، دەيدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** زەنجىۋىل، پىلپىل، دارچىنغا ئوخشاش ئىسسىق تەبىئەتلىك دورا ـ دەرمانلار بىلەن قورۇپ ئىستېمال قىلىش، ئۈستىدىن جاۋارىش مەستىكى، جاۋارىش ئۇد ۋە جاۋارىش كۇمۇنغا ئوخشاش ھەزىمنى ياخشىلىغۇچى دورىلارنى ئىستېمال قىلىش ۋە ئابكامە (بىر خىل سىركە) بىلەن ئىستېمال قىلىشتۇر.

# پەسىل: «ئا» (ئەلىف) ۋە «م» (مىم) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى

## ئەمارىيتۇن
(ئەمارىيتۇن ئوتى)

بۇ يۇنانچە سۆزدۇر. ئىبنى بەيتار: « بىر تۈركۈم كىشىلەر ئۇنى ئۇقھۇۋان گۈلىنىڭ تۈرىدىن دەپ بىلىدۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇنداق ئەمەس» دەپ يازغان. مەن ئۇنى قەيسۇمنىڭ

تۆرلىرىدىن دەپ بىلىمەن، مەن ئۇنى ئەينەن شۇنداق تونۇدۇم.

**ماھىيتى:** بىر خىل ئۆسۈملۈك بولۇپ، بىر غۇلاچ ئېگىزلىكتە ئۆسىدۇ. يوپۇرمىقى ئىنچىكە بولۇپ، تارقاق ئۆسىدۇ. گۈل غوزىكى يۇمىلاق، رەڭگى ئاق، بەزىلىرى قىزىل، پىندۇق چوڭلۇقىدا بولىدۇ. غوزىكىنىڭ چۆرىسىدە سېرىق رەڭلىك دائىرە بولىدۇ. ئۇرۇقى ئىنچىكە بولىدۇ. دەرەختىن خالىي تاغلاردا ئۆسىدۇ. تەنەكابۇندا «لىبارۇ» دېيىلىدۇ. رىم ۋە فىرانسىيەلەردە ئۇنىڭدىن بۆتلارغا تاج ياسىلىدۇ.

**تەبىئىتى:** قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ماددىلارنى ئۇچۇچانلاشتۇرۇش، پارچىلاش، كېرەكسىز ماددىلارنىڭ ئاشقازانغا قويۇلۇشىنى توسۇش، ئاشقازان ھۆللۈكلىرىنى سۈمۈرۈش، سۈيدۈك ۋە ھەيز ھەيدەش قاتارلىق خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە بولۇپ، ئادەتتە زىيانداش ھاشاراتنىڭ چېقىۋېلىشى، ئۆلتۈرگۈچ نېرۋا ئاغرىقى، مۇسكۇللار زەخىملىنىش قاتارلىقلارغا شىپا بولىدۇ. مائۇلھەسەل بىلەن ئىشلەتسە ئاشقازان ۋە دوۋسقتا ئۇيۇپ قالغان ماددىلار ۋە باشقا ماددىلارنى تارقىتىدۇ، شۇنداقلا ئاشقازاندىكى ھۆللۈكلەرنى سۈمۈرۈپ قۇرۇتىدۇ. ئاق شاراب ياكى سۇ بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ ئىشلەتسە نەزلە ۋە مەزكۇر كېسەللىكلەرگە داۋا بولىدۇ. غوزىكىنى شاراب بىلەن ئىستېمال قىلسا سۈيدۈك تەستە كېلىش، زەھەرلىك ھاشارات چېقىۋېلىش، ئۆلتۈرگۈچ نېرۋا ئاغرىقى، مۇسكۇللارنىڭ ئۈتتۈرسى زەخىملىنىش ۋە ھەيز تۇتۇلۇشلارغا پايدا قىلىدۇ. ھەسەل شارابى بىلەن ئىچسە قورساق ۋە دوۋساقتا ئۇيۇپ قالغان قاننى تارقىتىدۇ. ئۇنىڭ ئۆسۈملۈكىنى كىيىملەرنىڭ ئارىسىغا سېلىپ قويسا كۈيە يېيىشنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** ئاشقازان ئېغىزىغا زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** سۇ ئىچىش.

**ئىستېمال مىقدارى:** بىر گىرام.

## ئەمبەر بارىيس
(زىرىق)

ئۇ «ئەنبەر بارىيس»مۇ دېيىلىدۇ. بەربەر تىلىدا «ئەبراز»، پارسچە «زىرىشك»، «زارەج» ۋە «زىرىنك» دېيىلىدۇ.

**ماھىيتى:** بۇ بىر خىل تىكەنلىك ئۆسۈملۈك بولۇپ، تىكىنى ئۈچ بۇرجەك شەكىلدە ئۆسىدۇ، يەنى قەيەردە تىكىنى بولسا ئۈچ دانە تىكەن بىر يەردىن بىرلا ۋاقىتتا ئۆسۈپ چىقىدۇ. ئۇ تاغلار ۋە سۇغا يېقىن تاغ ئېتەكلىرىدە ئۆسىدۇ. خۇراسان، شىرۋان، شىراز،

شام، رىم ۋە باشقا يەرلەردە ئۆسىدۇ. ئەمما خۇراسان، شىرۋاندا ئۆسكەنلىرى كۆپىنچە ئۇرۇقسىز، سۇلۇق بولىدۇ. شىراز ۋە ئۇنىڭ ئەتراپلىرىدا ئۆسكەنلىرى كۆپ ھاللاردا ئۇرۇقلۇق بولىدۇ. ئۇ ئۆسكەن شەھەرنىڭ ھاۋا كىلىماتى قانچە سوغۇق بولسا شۇنچە ياخشى بولىدۇ. ئۇنىڭ يوپۇرمىقى يەسمەن يوپۇرمىقىغا ئوخشاش، ئۇنىڭدىن چوڭراق، ئىنچىكىرەك بولىدۇ. گۈلى ئاققا مايىل سېرىق بولۇپ، بېشى توگولۇپ تۇرىدۇ. مېۋىسى باشاقلىق، ئۇزۇنچاق بولۇپ، خام ۋاقتىدا يېشىل بولىدۇ، يېتىلگەندىن كېيىن بىنەپشە رەڭلىك قىزىلغا ياكى بىنەپشە رەڭلىك قارىغا ئۆزگىرىدۇ. مېۋىسى يازدا يېتىلىدۇ. دەرىخىنىڭ چوڭلۇقى ئۈچ ئادەم بويى ئېگىزلىكىدە بولىدۇ. ياۋا ئالما دەرىخى ئېگىزلىكى بىلەن تەڭمۇ ئۆسىدۇ. مېۋىسى يۇمىلاق، قىزىل بولىدىغان بولۇپ، ياخشىسى ۋە ياسالمىلارغا ئىشلىتىلىدىغىنى ئۇرۇقى ئايرىلغىنى ياكى تاغدا ئۆسكەن ئۇرۇقسىز بولغىنىدۇر. ئۇسارە، قىيام ۋە شەربەتلەر ئۈچۈن ئۇنىڭ ئۇرۇقلۇقىمۇ ئىشلىتىلىدىغان بولۇپ، سىقىپ سۈيىنى ئايرىۋېلىپ ياكى سۈيىنى قۇرۇتۇپ سۇ بىلەن ئېرىتىپ، قەنت ياكى ناۋات قوشۇپ ئاچچىق - چۈچۈكلەشتۈرۈپ ئىستېمال قىلىنىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق، قابىزلىق ۋە تەرياقلىق خۇسۇسىيىتى بار. بەزىلەر ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇقمۇ دەيدۇ.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** سەپرانى كېسىپ ئۇسسۇزلۇقنى پەسەيتىش، ئاشقازان، جىگەر ۋە قاننىڭ ھارارىتىنى پەسەيتىش، بەدەننىڭ تۆۋەنكى قىسمى ۋە بوۋاسىردىن ئاققان قاننى توختىتىش، يۈرەك، جىگەر ۋە ئىسسىق مىزاجلىقلارنىڭ ئاشقازىنىنى قۇۋۋەتلەش، ماددىلارنىڭ ئەزالارغا قۇيۇلۇشىنى توسۇش خۇسۇسىيىتى بار. ئۇنى يالغۇز ياكى سۇمبۇل، دارچىن ۋە ھەسەلگە ئوخشاش ئىسسىق تەبىئەتلىك قۇۋۋەتلىگۈچى دورىلار بىلەن بىرلىكتە ئىشلەتسە بوۋاسىر ۋە بالىياتقۇدىن سوزۇلما خاراكتېرلىك سۇيۇقلۇق ئېقىشقا پايدا قىلىدۇ. جىگەر تۇسالغۇلىرىنى ئاچىدۇ، ئىستىسقاغا شىپا بولىدۇ. ھۆل سوغۇق مىزاجلىق كىشىلەرنىڭ جىگىرىنى قۇۋۋەتلەيدۇ. ئەزالارنىڭ سوغۇقلۇقىنى ئالىدۇ. جىگەر ئاجىزلىق ياكى بەلغەمدىن بولغان سوزۇلما تەپ سەۋەبىدىن كېلىپچىققان ئىچ سۈرۈشنى توختىتىدۇ. ئەپسەنتىن بىلەن ئىشلەتسە ھەزىم قۇۋۋىتىنى ياخشىلايدۇ، زەپەر بىلەن ئىشلەتسە جىگەرنىڭ قاتتىق ئىششىقىنى ياندۇرىدۇ، سۈيدۈك ھەيدەيدۇ. زىمات قىلسا قاتتىق ئىششىقلارنى ياندۇرىدۇ. سۈيى كۆڭۈل ئېلىشىش ۋە قۇسۇشنى توختىتىدۇ. ئۇرۇقىنى يالغۇز ياكى باشقا مۇناسىپ دورىلار بىلەن ئىشلەتسە ئۈچەي يارىسى، ئۈچەي زەخمىسى ۋە ئىچكى ئەزالارنىڭ زەئىپلىكىدىن بولغان ئىچ سۈرۈشكە پايدا قىلىدۇ. ئۇنىڭ سۈيى بىلەن ياخشى پىشقان ئالما سۈيىدىن باراۋەر مىقداردا، لىمون سۈيىدىن ئۇنىڭ تۆتتىن بىر ھەسسىسىچىلىك مىقداردا، يەنى ئۇلارنىڭ بىرىنىڭ يېرىمچىلىك مىقداردا ئېلىپ ھەممىسىنى ئارىلاشتۇرۇپ ساپ ئاق

شېكەر بىلەن قايىنتىپ، ئۇيۇغىچە قىيام قىلىپ ئىشلەتسە ھالاك قىلغۇچى ھەرقانداق زەھەرلەر ۋە ئەفئا يىلاننىڭ زەھىرىنى قايتۇرىدۇ. خەفەقان، كۆڭۈل غەش بولۇش، بىھوشلۇق، ئىشتىھاسىزلىق قاتارلىقلارغا داۋا بولىدۇ، سىناقتىن ئۆتكەن دەپ قارىلىدۇ. ئۇنىڭغا ئوتروج سۈيى ۋە ئېرىتىلگەن مەرۋايىت قوشسا تەرياقى كەبىرنىڭ ئورنىنى باسىدىغان بولۇپ، يۇقىرىدىكى كېسەللىكلەرنىڭ كۆپ قىسمىغا داۋا بولىدۇ.

ئومۇمەن، زىرىق ئىسسىق مىزاجلىق ۋە سەپرا مىزاجلىق كىشىلەرگە پايدا قىلىدۇ ۋە مۇۋاپىق كېلىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** بەلغەم ۋە سەۋدا مىزاجلىق كىشىلەر، قولۇنجى بىمارلىرى، بەدىنىدە يەل بار كىشىلەر ۋە قەۋزىيەت بىمارلىرىغا زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** سوغۇق مىزاجلىقلار ئۈچۈن قەلەمپۇر، باشقىلار ئۈچۈن شېكەر ۋە باشقا تاتلىق نەرسىلەردۇر.

**ئىستېمال مىقدارى:** سۈيىدىن 100 مىللىلىتىرغىچە، ئۆزىدىن 75 گىرامغىچە، ئۇرۇقىدىن 15 گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

**ئورۇنباسارى:** باراۋەر مىقداردا قىزىلگۈل ئۇرۇقى، ئۇنىڭ ئىككى ھەسسىسىنىڭ ئۈچتىن بىرىچىلىك مىقداردا ئاق سەندەلدۇر.

ئۇنىڭ يىلتىزىنىڭ «ئارغىس» دېيىلىدىغان پوستى «ئ» (ئەلىف) ۋە «ئ» (ئەلىف) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلار بابىدا بايان قىلىنىدى.

زىرىقنىڭ بوياقلىرى، غىزالىرى، ئۇسارىلىرى، سۇفۇپى، جاۋارىشى، ھەببى، خوشابى، خېمىرى، داۋائىسى، قۇرسى، سىركەنجۇبىللىرى، شەربەتلىرى، قۇرسلىرى، مۇپەررىھلىرى، چىلانمىلىرى قارابادىندا «ئ» (ئەلىف) ۋە «ن» (نۇن) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلار بايانىدا بايان قىلىنىدى.

## ئەمدۇريان

(ئەمدۇريان دەرىخى)

بۇ يۇنانچە سۆزدۇر.

**ماھىيتى:** بىر خىل دەرەخ بولۇپ، يوپۇرمىقى كەپە ئۆسۈملۈكى يوپۇرمىقىغا ئوخشايدۇ، لېكىن كىچىكرەك بولىدۇ، ئۆتكۈر پۇرايدۇ. مېۋىسى نوقۇت چوڭلۇقىدا بولۇپ، كۆپ قىسمى ئاق، ئاز قىسمى قارا بولىدۇ. ئۇنىڭدىن تەسبىھ ياسىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ «شەجەرەتۇت تەسبىھ» (تەسبىھ دەرىخى) دەپ ئاتىلىدۇ. يەنە «دۇمۇئى ئەييۇب» (ئەييۇب كۆز يېشى) دېيىلىدۇ. ئۇ كۆپ ھاللاردا بەيتۇل مۇقەددەس ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى رايونلاردا ھەم

قەبرىستانلىقلاردا ئۆسىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئۇچىنچى دەرىجىنىڭ ئاۋۋىلىدا قۇرۇق ئىسسىق. غىلاپ ئىچىدىكى ئۇرۇقى قۇرۇق سوغۇققا مايىل.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ماددىلارنى پىشۇرۇش، تۇسالغۇلارنى ئېچىش، ئۇچۇچانلاشتۇرۇش، تارقىتىش، جىگەرنى قۇۋۋەتلەش، ئىچكى ئەزالارنىڭ ئىششىقىنى ياندۇرۇش ۋە قانلىق تولغاقنى پەسەيتىش قاتارلىق خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە.

ھۆلىنىڭ ئۇسارىسىنى كۆزگە تېمىتسا ئاقنى يوقىتىدۇ. يىلتىزىنى مەلھەم قىلىپ سۈركىسە، ئىششىقلارنى تارقىتىدىغان بولۇپ، بۇ جەھەتتىكى تەسىرى ئىتئۈزۈمى ئۇسارىسى ۋە كاكىنەچ ئۇسارىسىغا ئوخشاش باشقا ئۇسارىلەرنىڭ تەسىرىدىن ياخشىراقتۇر. ئۇنىڭ ھۆل يوپۇرمىقى ۋە ھۆل شېخىنىڭ سىقىپ ئېلىنغان سۈيى ھەم ھەر ئىككىسىنىڭ قاينىتىلغان سۈيىنى تۇرلۇك زەھەرلەر، زەھەرلىك ھاشاراتنىڭ زەھىرى ھەم غالجىر ئىت زەھىرىنى قايتۇرىدۇ، بولۇپمۇ چايانىنىڭ زەھىرىنى ياخشى قايتۇرىدۇ. ئۇنى ئىستېمال قىلسا ۋە زىمات قىلسا ئىششىقلار، قۇرۇق قوتۇر، سۈيدۈك تۇتۇلۇش ۋە ھېق تۇتۇشلارغا داۋا بولىدۇ. مەلھەم قىلىپ چاپسا داغ يوقىتىدۇ. قۇرۇق يوپۇرمىقىنىڭ تالقىنىنى سەپسە ھۆل جاراھەتلەرنى پۈتتۈرىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** ھۆل ئۇسارىسىدىن 35 گىرام، قاينىتىلمىسىدىن 120 مىللىلىتىرغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

## ئەمرۇد
### (ئامۇت)

**ماھىيىتى:** ئۇ «ك» ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلار بابىدا بايان قىلىنىدىغان «كۇمەسسەرا» دەپ ئاتىلىدىغان مېۋە بىلەن بېنگالدا بولىدىغان يەنە بىر خىل مېۋىنىڭ ئورتاق نامىدۇر.

مۇرشىد ئابادتا بىر قانچە خىل دەرەخ بار بولۇپ، مېۋىسى ئوتتۇرا ھال ئامۇتقا ئوخشايدۇ، ئۇ «ھۇسەينى» دەپ ئاتىلىدۇ، ئەمما ئامۇتتىن كىچىكرەك بولىدۇ.

ئۇنىڭ پوستى ئاق، ئوتتىدە بىنەپشە رەڭگە مايىل قىزىل داغلىرى بار. ئىتى ئاق، چۇچۇمەل، بەزىسى تەمسىز، ئازراق قىرتاق، سۇسىز بولىدۇ. مۇرابباسىغا گۈلاب بىلەن ئېرىتىلگەن ئازغىنە ئىپار قوشسا لەززەتلىك، خۇشتەم، خوش پۇراق بولىدۇ. ئۇنى لىمون سۈيى ۋە قەنت بىلەن تائامغا ئاچچىق ـ چۈچۈك، لەززەتلىك بولىدۇ. خام يېسە بولىدۇ.

ئۇنىڭ گۈلى بىنەپشە رەڭگە مايىل، ئاچ قىزىل غۇنچىلاردىن ئىبارەت بولۇپ، تەمى

چۈچۈمەل، خۇش پۇراق بولىدۇ. ئۇنىڭ سىقىلغان سۈيى ناھايىتى لەززەتلىك، ئاچچىق ـ چۈچۈك بولىدۇ.

ئۇنىڭ دەرىخى چوڭ بولۇپ، يوپۇرمىقى ياڭاق يوپۇرمىقىغا ئوخشاش شەكىلدە بولۇپ، ئۇنىڭدىن چوڭراق ۋە ئۇزۇنراق، بىر غېرىچ ئەتراپىدا كېلىدۇ. چۈرىسىدە چىشى بولمايدۇ، سەل قېلىن بولىدۇ. ياغىچى قارا، قاتتىق بولىدۇ.

**تەبىئىتى:** ھۆل سوغۇق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** سەپرا بىلەن قاننىڭ ئۆتكۈرلۈكىنى پەسەيتكۈچىدۇر. قابىزلىق خۇسۇسىيەتكە ئىگىدۇر.

## ئەمرە
(ئەمرە مېۋىسى)

**ماھىيىتى:** ئۇ ھىندىستاندا بولىدىغان بىر خىل دەرەخنىڭ مېۋىسىدىن ئىبارەت. ئۇنىڭ دەرىخى ياڭاق دەرىخى چوڭلۇقىدا ئۆسىدۇ، ئۆزى ۋە يوپۇرمىقىنىڭ شەكلى ھەم خازان بولۇشىمۇ ئۇنىڭغا ئوخشايدۇ. پەرقى شۇكى، ئەمرىنىڭ يوپۇرمىقى ياڭاق يوپۇرمىقىدىن كىچىكرەك، يۇمشاقراق ۋە ئىنچىكىرەك بولىدۇ. دەسلەپتە گۈلى بىلەن مېۋىسى ئۆسۈپ چىقىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن يوپۇرمىقى ئۆسىدۇ. مېۋىسى خام ۋاقتىدا كۆك، چۈرۈك، يېپىسىز، چۈچۈمەل، ئازراق قىرتاق بولۇپ، قەليە (بىر خىل يېمەكلىك)، دۇپىيازە (بىر خىل غىزا) ۋە ئاقلانغان ماش ياكى ئاقلانغان ئەدەس ياكى نوقوت ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش دانلارغا ياغ، قورۇلغان پىياز ياكى ساپ سۇ ياكى شورپا قوشۇپ ئېتىلىدىغان غىزادىن ئىبارەت بولغان دالغا قوشۇلىدۇ. بۇ چاغدا ئۇ چۈچۈمەل ۋە لەززەتلىك بولىدۇ. پىشۇرۇلغاندىن كېيىن قىرتاقلىقى كېمىيىدۇ.

ئۇنىڭ مېۋىسى چوڭايغاندا تالالىق، قاتتىق بولىدۇ. پىشقاندا بولسا سېرىق رەڭگە كىرىپ، تەمى ئازراق ئاچچىق ـ چۈچۈكلىشىدۇ. ياڭاق چوڭلۇقىدا بولۇپ، پوستى ئاجرايدۇ.

ئۇنىڭ يوپۇرمىقىمۇ ئازراق چۈچۈمەل، كۆپ قىرتاق بولىدۇ. گۈلى ئۇنىڭدىن چۈچۈمەلرەك ۋە چۈرۈك بولۇپ، مېۋىسى ۋە يوپۇرمىقىغا ئوخشاش پىشۇرۇپ ئىستېمال قىلىنىدۇ. بېلىق بىلەن پىشۇرسا ناھايىتى لەززەتلىك بولىدۇ.

بۇ دەرەخ بېنگالدا كۆپ ئۆسىدۇ. ھىندىستاننىڭ ئۇنىڭدىن باشقا شەھەرلىرىدە ئۆسمەيدۇ. باھار پەسلىدە ئۇنىڭ شاخلىرىنى كۆچەت قىلىپ تىكسە، بىر يىل ئىچىدە ئۆسۈپ يېتىلىپ مېۋە بېرىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە سوغۇق، بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ئىسسىق مىزاجلىق ۋە سەپرا مىزاجلىق كىشىلەرگە، شۇنداقلا سەپرادىن ئىچىنى سۇرۇشكە پايدا قىلىدۇ. ئىپىتىشلارغا قارىغاندا، بىنگال خەلقى ئۇنىڭ دەرىخىنىڭ پوستىدىن 25~30 گىرامغىچە ئىلىپ، ئۆچكىنىڭ يېڭى سىغىلغان 300 مىللىلىتىر خام سۈتىگە چىلاپ سالايە قىلىپ، پىسەپلىرىنى سۈزۈۋېتىپ، شۇ شەھەرگە خاس بولغان، ئىپىتىشلارغا قارىغاندا، كىشىنىڭ بۇرنىدا پەيدا بولىدىغان «ئەھۋە» دېيىلىدىغان كېسەللىك بىلەن ئاغرىغۇچىغا ئۇدا ئۈچ كۈنگىچە ناشتىدا ئىچۈرسە، كېسەللىك ئالامەتلىرىنى پەسەيتىدىكەن. ئۇنى يەنە بىمارنىڭ بېشى، ئالقىنى ۋە تاپىنىغىمۇ سۈركەيدۇ. ئىپىتىشلارغا قارىغاندا، بىر خىل رەڭلىك قارا ئۆچكىنىڭ سۈتىنى ئىشلەتسە ياخشىراق بولىدىكەن.

## ئەمسۇخ
(چاكاندا)

بۇ بەربەرچە سۆز بولۇپ، نەيچىلەر دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**ماھىيىتى:** ئۇ بىر خىل ئۆسۈملۈك بولۇپ، چوڭ ۋە كىچىكتىن ئىبارەت ئىككى خىلغا بۆلۈنىدۇ. چوڭى دەرەخكە ھەم ئۆسۈملۈككە ئوخشايدۇ. قومۇشقا ئوخشاش كاۋاك ۋە بوغۇملۇق بولىدۇ. كۆپ ھاللاردا تاشلىقلار ۋە سۇ بويلىرىدا ئۆسىدۇ.

ئۇنىڭ كىچىكى بىر غېرىچ ئېگىزلىكتە، ئۇنىڭدىن ئېگىزرەك ئۆسىدىغان بولۇپ، غولى ياغاچقا ئوخشاش قاتتىق، بارماق تومۇلۇقىدا بولىدۇ. غولىدىن ناھايىتى ئىنچىكە، قاتتىق، بوغۇملۇق شاخلىرى ئۆسۈپ چىققان بولۇپ، يۇلسا غولىمۇ بىرگە يۇلۇنۇپ چىقىدۇ. يوپۇرمىقى زەيتۇن يوپۇرمىقىغا ئوخشايدۇ، چېچەكلىمەيدۇ. مېۋىسى نوقۇت چوڭلۇقىدا بولۇپ، قىزىل رەڭدە بولىدۇ. لېكىن قۇرۇغاندىن كېيىن قارىدايدۇ. ئۆسۈملۈكىنىڭ تەمى ئېغىزنى قورۇيدۇ، ئازراق ئاچچىق بولىدۇ. يىلتىزى ياغاچلاشقان، قاتتىق بولىدۇ. ئۇ تاشلىقلاردا ئۆسىدۇ.

**تەبىئىتى:** مۇرەككەپ قۇۋۋەتلەرگە ئىگە. بىرىنچى دەرىجىدە سوغۇق، ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** قورۇش، ئىچكى ئەزالارنى قۇۋۋەتلەش، نەزلىلەرنى توسۇش قاتارلىق خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە. ئۇنىڭدىن 15 گىرام ئىلىپ، قابىز شاراب بىلەن ئىچسە ئىچ سۈرۈشنى توختىتىدۇ. قاينىتىلمىسى سىرىقئەت يېرىلىش، ئۈرۈقدانىغا سۇ چۈشۈشكە پايدا قىلىدۇ، بۆرەك ۋە دوۋساق كېسەللىكلىرىگە شىپا بولىدۇ. ئىچكى ئەزالارنى قۇۋۋەتلەيدۇ. مۇسكۇللار زەخمىسىنى ئىسلاھ قىلىدۇ. شاراب ۋە ئەنجۇر بىلەن بىرلىكتە

يۆتەل، نەپەس قىستاشلارغا ئىشلىتىلىدۇ. ئۇنىڭ قورۇقىنى سۇ بىلەن بىرلىكتە تاكى سۇنىڭ يېرىمى قالغۇچە قاينىتىپ پىسەپلىرىنى سۈزۈۋېتىپ 225 مىللىلىتىر ئىچسە، يۈرەك، جىگەر ۋە ئىچكى ئەزالار ئاجىزلىقلىرىغا پايدا قىلىدۇ، بولۇپمۇ داۋاملىق ئىچىپ بەرسە ئۇنۇمى تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ. ماراكەش ئاياللىرى ئۇنىڭ هۆلىنى ئۈزۈم سۈيى بىلەن قاينىتىپ، پىسەپلىرىنى سۈزۈۋېتىپ، رەڭگىرويىنى ياخشىلاش، بەدىنىنى سەمرىتىش، بالىياتقۇسىنى تازىلاش ئۈچۈن كۈنىگە 450 مىللىلىتىردىن ئىچىدۇ، بۇ چاغدا ئاززاق ئىچىنى سۈرۈپ پايدا قىلىدۇ. ئۇنىڭ سەپىسى جاراھەتلەرنىڭ قېنىنى توختىتىدۇ، يېڭى گۆش ئۇندۇرىدۇ. سۇ چۈشكەن ئورۇقدانغا چاپسا كىچىكلىتىدۇ.

ئەنتاكىي: «مەن ئۇنى ئەندەلۇستىن ئېلىپ كېلىنىدۇ، باشقا يەرلەردە تېپىلمايدۇ دەپ ئويلايمەن» دەپ يازغان.

## ئەمئا

(ئۈچەي)

بۇ سۆزنىڭ كۆپلۈك شەكلى «مىئا»دۇر. ئەرەبچە يەنە «مەسارىين» دېيىلىدۇ. پارسچە «رودە»، ھىندىچە «ئەنتەرى» دېيىلىدۇ. ئۇ ھايۋاناتلارنىڭ ئۈچەيدىن ئىبارەت بولۇپ، پەيلىك ئەزالاردىندۇر.

**تەبىئىتى:** ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق.

**خۇسۇسىيتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** گۆش، سىركە، زەپەر ۋە ئۇنى ئىسلاھ قىلغۇچى ئىسسىق دورا ـ دەرمانلار بىلەن پىشۇرۇپ ئىستېمال قىلسا، سۇيۇق سۇسمان غەيرىي تەبىئىي سەپرا يىغىلغان ئاشقازانغا مەنپەئەت قىلىدۇ. ئوزۇقلۇق قىممىتى تۆۋەن، تەستە ھەزىم بولىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** سوغۇق خىلىت ۋە قۇلۇنجى پەيدا قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** جاۋارىش ئۇد، جاۋارىش كۇمۇنى ۋە مەجۇنى پەلاپىلىدىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇنى ئىستېمال قىلغاندىن كېيىن ئۇخلىتىدۇ، ئۇيقۇدىن ئويغانغاندىن كېيىن بۇ دورىلار بېرىلىدۇ.

## ئۇممغىيلان

(تۆخۇمەك دەرىخى)

ئاۋام ـ خەلق ئۇنى «تەلھ» دەپ، يېزا خەلقى «سەمەر»، «شەۋكەئى مىسرىييە» (مىسىر تىكىنى)، «شەۋكەئى ئەئرابىييە» (دېھقان تىكىنى)، پارسچە «مەغىيلان» دەپ ئاتىلىدۇ. ھىندىچە «كىيكەت» ۋە «بەبۇل» دېيىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** ئۇ بىر تىكەنلىك دەرەخ بولۇپ، كۆپ ھاللاردا قۇملۇقلار ۋە تاغ ئېتەكلىرىدە ئۆسىدۇ. ئىككى خىل تۈرى بولۇپ، بىرى كىچىك، يەنە بىرى چوڭ بولىدۇ، ھەر ئىككىسىنىڭ شەكلى ۋە يوپۇرمىقى بىر - بىرىگە ئوخشاپ قالىدۇ.

چوڭىنىڭ دەرىخى ئالما دەرىخىدىن كىچىكرەك، تىكەنلىك، تىكەنلىرى ئەگرى، غولى توم بولىدۇ. ياغىچى دەسلەپتە ئاقىقا مايىل كۆك بولىدۇ، كونىرىغاندا ئەبنۇسقا ئوخشاش قىزىلغا مايىل قارىغا ئۆزگىرىدۇ. مېۋىسى باقىلە ۋە خەرنۇبقا ئوخشاش ئۇزۇنچاق، بوغۇملۇق غىلاپ ئىچىدە بولىدۇ. بوغۇمى بەش داندىن توققۇز دانىغىچە، بەزىدە ئۇنىڭدىن ئارتۇق بولىدۇ، ھەربىر بوغۇمىدا تۆرمۈس چوڭلۇقىدا ياپىلاق، بەزىدە ئۇنىڭدىنمۇ ياپىلاقراق بولغان قىزىل ئۇرۇق چىقىدۇ. ئۇنىڭ غىلاپ ئىچىدىكى مېۋىسى «قەرز»، «سەنت»، «غەرەب»، «ئەلەف» يەنە «ئەفئەف» ۋە «ئەسنات» دېيىلىدۇ. بۇنىڭ ئۇسارىسى ئاقاقىيا؛ قىزىل، سېرىق، پارقىراق، سۈزۈك بولغان يېلىمى ‹‹سەمغى ئەرەبى›› دەپ ئاتىلىدۇ.

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇممىغىيلان دەرىخىنىڭ قوۋزىقى بىلەن ياغىچى ئارىلىقىغا، يېلىمغا ئوخشايدىغان بىر خىل ماددا يىغىلىدىكەن، ئۇ يېلىم ئەمەسكەن. ئۇنى دەرەختىن ئاجرىتىپ ئالسا ئارىسىدىن قانغا ئوخشايدىغان سۇيۇقلۇق چىقىدىكەن، ئۇنى ئايرىۋېتىپ قالغىنىنى يۇسا ناھايىتى ئاق بولىدىكەن. ئۇنى دېۋىرقاي يېلىمىغا ئوخشاش چاينىسا ئۇنىڭدىن تاتلىق، خۇش پۇراق سۇيۇقلۇق ئاجرىلىپ، ئېغىزنى خۇش پۇراق قىلىدىكەن.

ئۇنىڭ كىچىكىنىڭ تىكىنى ئاز، بەزىلىرى تىكەنسىز، شاخلىرى نەيچىسىمان بولىدۇ، بۇ ئەرەبچە «سەلەم» دەپ ئاتىلىدۇ، ئۇنىڭ غولى بىرىنچىسىدىن قارىراق بولىدۇ، بۇنىڭ مېۋىسىمۇ «قەرز» دەپ ئاتىلىدۇ، باقىلەگە ئوخشاش غىلاپ ئىچىدە بولىدۇ، ئەمما يۇمىلاق ۋە بوغۇمسىزدۇر. ئۇنىڭ قوۋزىقى قارىغا مايىل بىنەپشە رەڭ بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۇرۇقى ئازراق ياپىلاق، يېشىل، قارامتۇل ماش رەڭ بولۇپ، غىلاپ ئىچىدە بولىدۇ. ھەربىر غىلاپتىن 9~31 دانىغىچە چوڭ - كىچىكلىكى ئوخشاش بولمىغان ئۇرۇق چىقىدۇ. ھەر ئىككى ئۇرۇقنىڭ ئوتتۇرىسىدا ۋە ئۈستىدە ئاق رەڭلىك پەردە بولىدۇ. بۇ پەردە بىلەن ئۇنىڭ قارىغا مايىل بىنەپشە رەڭ پوستى ئارىلىقىدا شىلىمشىق سۇيۇقلۇق بولىدۇ.

ھەر ئىككى خىلىنىڭ گۈلى سېرىق، غوزەككە ئوخشاش يۇمىلاق بولۇپ خۇش پۇراق پۇرايدۇ. ھەر ئىككىسىنىڭ يوپۇرمىقى بىر - بىرىگە ئوخشاش ئۇزۇنچاق، ناھايىتى ئۇششاق، نەيچىسىمان بولۇپ، ئىنچىكە شاخلىرىدا بىر - بىرىگە ئۇدۇل ئىككى سەپ بولۇپ ئۆسىدۇ، تەمى قىرتاق بولىدۇ. كۆپ ھاللاردا چوڭىنىڭ ھەرقايسى قىسىملىرى ئىشلىتىلىدۇ. بۇ دەرەخنىڭ يەنە بىر قىسمىمۇ بار بولۇپ، شاخلىرى بوغۇملۇق بولىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئۇنىڭ ھەممە قىسىملىرى ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** كېرەكسىز ماددىلارنى توختاتقۇچى ۋە قايتۇرغۇچىدۇر. ئۇنىڭ

گۈلىنىڭ ئەرقىنى يالغۇز ياكى مۇناسىۋەتلىك دورىلار ۋە شەربەتلەر بىلەن بىرلىكتە ئىچسە، ئىسسىقتىن بولغان خەفەقان، يۈرەك چالاڭغۇراش ۋە ياتسىراشلارغا مەنپەئەت قىلىدۇ، ئىچكى ئەزالارنى قۇۋۋەتلەيدۇ. يوپۇرمىقى ئىچ سۈرۈشنى توختىتىدۇ، توسالغۇلارنى ئاچىدۇ. ئۇنىڭ يوپۇرمىقىنى قاينىتىپ سۈيىنى ئەزالارغا قۇيسا بوشىغان ئەزالارنى چىڭىتىدۇ. ھۆل، يۇمران يوپۇرمىقىنىڭ چىلانمىسىغا سۇ ئارىلاشتۇرۇپ كېچىدە سىرتتا قويۇپ، ئەتىگەندە سۈزۈلدۈرۈپ ئىچسە، سۈيدۈك يولى يارىلىرى ۋە ئۇنىڭ كۆيۈشۈشىگە مەنپەئەت قىلىدۇ. ئۇنىڭ يوپۇرمىقى، پوستى، قۇرۇق گۈلى ۋە يېلىمىدىن باراۋەر مىقداردا ئېلىپ، سۇفۇپ قىلىپ، سوغۇق سۇ بىلەن بىرلىكتە كۈنىگە 1.5 ~ 3 گىرامغىچە، ئۇدا بىر نەچچە كۈن ناشتىدا ئىستېمال قىلسا مەنىي سۈيۈلۈش، مەنىي بالدۇر يۈرۈپ كېتىش، كۆپ ئېھتىلام بولۇش، مەنىي ئېقىش ۋە ئاق خۇن كۆپ كېلىش قاتارلىقلارغا مەنپەئەت قىلىدۇ. ئۇنىڭ يۇمران يوپۇرمىقىنى ئازراق ئاق زىرە ۋە ئۈچ دانە ئېچىلمىغان ئانار غۇنچىسى بىلەن بىرلىكتە سۇ بىلەن سالايە قىلىپ، ئۇنىڭغا ئوتتا قىزىتىلغان ئۇششاق تاشتىن 5 ~ 7 دانىغىچە ياكى ساپال پارچىلىرىدىن 3 ~ 5 تال تاشلاپ داغماللاپ، كىچىك بالىلارغا ئىچۈرسە ئۆلاردىكى ئىچ سۈرۈشنى توختىتىدۇ، بولۇپمۇ چىش چىققان ئاخىرقى مەزگىللەردىكى ئىچ سۈرۈش ۋە بەدەن ئاجىزلىقىغا مەنپەئەت قىلىدۇ، چوڭلارغىمۇ پايدىسى بولىدۇ، ئەمما دورىلارنىڭ مىقدارى بىمارنىڭ يېشى ۋە بەدەن قۇۋۋىتىگە ئاساسەن كۆپەيتىلىدۇ. ئۇنىڭ ھۆل يوپۇرمىقىنى زىمات قىلسا جاراھەتلەرنى پۈتتۈرىدۇ، ئىششىقلارنى قايتۇرىدۇ. ئۇنىڭ قاينىتىلمىسىدا ئولتۇرسا، چىقىپ قالغان مەقئەتنى ئورنىغا كىرگۈزىدۇ، بالىياتقۇنىڭ ھۆللۈكلىرىنى قۇرۇتىدۇ، ئۇنىڭ ھۆل يوپۇرمىقى بىلەن مېۋىسى قان توختىتىدۇ، قان تۈكۈرۈشكە شىپا بولىدۇ. ئۇنىڭ مېۋىسىنى سۇ بىلەن قاينىتىپ چىگە رەختنى ئۇنىڭ بىلەن تەكرار نەمدەپ، قۇرۇتقاندىن كېيىن ئاياللارنىڭ جىنسىي يولىغا سالسا ھۆللۈكلەرنى سۈمۈرىدۇ، جىنسىي يولنى تارايتىپ، قىزلىق ھالىتىگە كەلتۈرىدۇ. ئۇنىڭ خام مېۋىسىنى يېرىپ ئۇرۇقلىرىنى ئايرىۋېتىپ، ئىچكى تەرىپىنى يېڭى چىگە رەختكە سۈرۈپ سۈيۈقلۇقلىرىنى ۋە گۆشىنى رەختكە ياخشى يۇقتۇرغاندىن كېيىن قۇرۇتۇپ، موملانغان رەختكە ئوخشاش بولغاندا ئۇنىڭ بىلەن ئاياللارنىڭ ئەمچىكىنى تېڭىپ، مەلۇم مۇددەت تۇرغۇزسا ساڭگىلىغان ئەمچەكنى كۆتۈرىدۇ. ئۇنىڭ غولىنىڭ پوستى ۋە شېخى يېڭى جاراھەتنىڭ قېنىنى ناھايىتى ياخشى توختىتىدۇ. ئۇنىڭ شەيخ سەئىئان ئىجاد قىلغان ياغىنىڭ ئاساسلىق تەركىبىگە چۈشكەن دورىلارنىڭ بىرىدۇر. ئۇ دەرىخىنىڭ پوستىدىن يېتەرلىك مىقداردا ئېلىپ چالا سوقۇپ، 10 ھەسسە سۇغا ئىككى كۈن چىلاپ يېرىمى قالغۇچە قاينىتىپ، ئېزىپ تەمىنى چىقىرىپ، پىسەپلىرىنى سۈزۈۋېتىپ، ساپال ياكى ئەينەك قاچىدا ساقلاپ، ھەيز كۈنلىرىدە كىچىك تەرەتتىن كېيىن ئۇنىڭ بىلەن جىنسىي يولنى يۇسا ۋە داۋاملاشتۇرسا، جىنسىي يولنى تارايتىدۇ. ئۇنىڭ مېۋىسى، يوپۇرمىقى

ۋە پوستى هايۋانلارنىڭ تېرىسىنى ئاشلاشتا مۇزنىڭ ئورنىنى باسىدۇ. ئۇنىڭ پوستى ۋە گۈلى ئۇنىڭ ئەرقى ۋە شارابىنىڭ ئاساسلىق ۋە مۇھىم تەركىبى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ھىندىستان ۋە بېنگال ئەللىرىدە كۆپ ئىشلىتىلىدۇ، بولۇپمۇ ئۇنىڭ پوستى كۆپ ئىشلىتىلىدۇ. ئۇنىڭ يىلتىزى جۇلا بەرگۈچى بولۇپ، چىشلارغا سەپسە چىش مىلىكىنى چىڭىتىدۇ. ئۇنىڭ ياغىچى قاتتىق بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭدىن كارىۋات، رىشكا ۋە ھارۋا قاتارلىق ئۇسكۈنىلەر ياسىلىدۇ.

ئۇنىڭ يەنە بىر تۈرى بار بولۇپ، يوپۇرمىقى، مېۋىسى، رەڭگى ۋە پوستى قاتارلىقلار ئىككىنچى خىلىنىڭ تۈرىگە ئوخشايدۇ، ئەمما سېسىق پۇرايدۇ. قالغان ئىككى تۈرگە قارىغاندا گۈلى كۆپ بولىدۇ، لېكىن بۇ دورىلىقتا ئىشلىتىلمەيدۇ. بۇ تۈرى كۆپ ھاللاردا بېنگالغا خاستۇر. ئۇنىڭ تالاسىنى يىلانىنىڭ يېنىغا ئېلىپ بارسا، بېشىنى ئۇنىڭ ئاستىغا تۇتۇپ سەل خامۇشلىشىدۇ. كۆپىنچە تېۋىپلار يەككە دورا كىتابلىرىدا ئۇنى «قەرز»، «ئۇممغىيلان»، «تەلھ» دېگەن ناملار بىلەن بايان قىلىدۇ. ئېھتىمال ھەربىرى ئۇنىڭ يەنە بىر تۈرىنىڭ ئىسمى بولۇشى، تېۋىپلار ئۇنى پەرق ئېتىشتە شۇبھىلەنگەن بولۇشى مۇمكىن، ياخشى ئويلانسا پەرقى ئايان بولىدۇ.

## ئەملەج
(ئاملە)

ئۇ «ئاملەج» دېگەن نام بىلەن مەشھۇردۇر. مىسىر تىلىدا «سەنايىز»، پارسچە «ئاملە»، ھىندىچە «ئانولە» دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇنىڭ سۈتكە چىلانغىنى «شىير ئەملەج» دەپ ئاتىلىدۇ.

ماھىيىتى: ئۇ ھىندىستاندا بولىدىغان بىر خىل دەرەخنىڭ مېۋىسى بولۇپ، تەمى چۈچۈمەل، ناھايىتى قىرتاق بولىدۇ، يېڭى ۋاقتىدا ئەينۇلاغا ئوخشايدۇ، ھەتتا ياڭاق چوڭلۇقىدىمۇ بولىدۇ. ئۇنىڭ ياخشىسى يېپىسىز، ئېغىر، سېرىق، يېڭى بولغانلىرى، قۇرۇمىغان، بۇزۇلمىغان ۋە قۇرت يېمىگەنلىرى ھەم تولۇق يېتىلگەنلىرىدۇر. ئۇنىڭ دەرىخى ياڭاق دەرىخى چوڭلۇقىدا بولىدۇ. يوپۇرمىقى يېشىل، ناھايىتى ئۇششاق ۋە نەيچىسىمان ھالەتتە بولۇپ، شېخىنىڭ ھەر ئىككى تەرىپىدىن ئىنچىكە ھالەتتە بىر غېرىچ ئۇزۇنلۇقتا ئۆسىدۇ، غولىنىڭ بەزى يېرىدە ئىككى شاخ، بەزى يېرىدە ئۈچ شاخ ئۆسىدۇ. ئۇنىڭ ياغىچى چىنار ياغىچىغا ئوخشاش قاتتىق بولىدۇ، بەزىدە ئۇنىڭدىن قاتتىق بولۇشىمۇ مۇمكىن.

ە باشقا ياسالمىلاردا ئاملىنىڭ تولۇق يېتىلگەن، يېپىسىز بولغان، ئۇرۇقى ۋتكە چىلانغانلىرى ئىشلىتىلىدۇ. چۈنكى ئۇنىڭ زىيادە قابىزلىقىنى ىن سۈتكە ئىككى - ئۈچ قېتىم چىلاپ يۇيۇپ قۇرۇتۇلىدۇ. بەزىدە سۈتنىڭ بىلىنىدۇ.

**تەبئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە سوغۇق، ئۈچىنچى دەرىجىنىڭ بېشىدا قۇرۇق، سۇتكە چىلانغىنى بىرىنچى دەرىجىدە سوغۇق، ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق، بەزىلەر ئىسسىق دەپ بىلگەن، ئەمەلىيەتتە سوغۇق، ئۇنىڭ قۇرۇق ئىكەنلىكىگە ھەممەيلەن بىرلىككە كەلگەندۇر.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ماددىلارنى قۇرۇتۇش، يات ماددىلارنىڭ ئاشقازان ۋە ئۈچەيلەرگە تۆكۈلۈشىنى توسۇش، خىلىتلارنىڭ بۇزۇلۇشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش، سەۋدا خىلىتلىرىنى سۈرۈپ چىقىرىش، سەۋدا ۋە سەپرا خاراكتېرلىك كۆيگەن بۇخاراتلارنىڭ روھقا ئارىلىشىشىنى توسۇش قاتارلىق خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە. شۇ سەۋەبتىن ئۇ ھوشيارلىق ۋە زېھىننىڭ ئۆتكۈرلۈكىگە سەۋەب بولغۇچىدۇر. خۇسۇسىيەتلىرى بىلەن يۈرەكنى خۇرسەن قىلىدۇ ۋە قۇۋۋەتلەيدۇ. ئۇنىڭ قابىزلىق تەسىرى ئۇنىڭ خۇسۇسىيىتىگە ياردەم بەرگۈچىدۇر. چۈنكى قابىز دورىلار قۇۋۋەتلىگۈچىدۇر. ئۇنى سوغۇق مىزاج كىشىلەر قۇۋۋەتلەش ئۈچۈن ئىشلەتمەكچى بولغاندا، ھەسەل ياكى دارچىن  ياكى مەستىكى ۋە ياكى ئۇنىڭ ئوخشاشلىرى بىلەن تەڭشەپ ئىشلىتىلىشى لازىم. شەيخۇر رەئىس «يۈرەك دورىلىرى» دېگەن كىتابىدا : «ئۇنىڭ يۈرەكنى قۇۋۋەتلەش تەسىرى ياتسىراشقا پايدا قىلىشىدىن ياخشىراقتۇر» دېگەن. ئۇ زېھىننى ئۆتكۈرلەشتۈرۈش ۋە ھەرقايسى ئەزالارنى مۇھاپىزەت قىلىشتا تەسىرى كۈچلۈك بولغان دورىلار قاتارىدىندۇر. خۇسۇسىيىتى بىلەن باھنى قوزغاش، قۇسۇشنى توختىتىش، ئۇسسۇزلۇقنى پەسەيتىش، ئېغىزدىن شۆلگەي ئېقىشقا شىپا بولۇش، بوۋاسىر قېنى ۋە باشقا ئەزالارنىڭ قېنىنى توختىتىش، سەۋدا ۋە سۇيۇق بەلغەمنى سىقىش تەسىرى بىلەن سۈرۈش، ئاشقازان ۋە ئۈچەيلەرنى قۇۋۋەتلەش، ئاشقازاننى بوشىتىش، ھۆللۈكلەرنى قۇرۇتۇش ۋە ئۇنىڭ تىۋىتلىرىنى ئاشلاش بىلەن ئىشتىھانى ئېچىش قاتارلىق تەسىرلەرنى بېرىدۇ. ئۇنى كەنار دەرىخى مېۋىسى ۋە بېھى سۈيى بىلەن بىرلىكتە ئىستېمال قىلسا، سوزۇلما ئىچ سۈرۈشنى توختىتىش، قاننىڭ ھارارىتىنى پەسەيتىش، يۈرەك بىلەن كۆزنى قۇۋۋەتلەش قاتارلىق دورىلىق تەسىرىنى بېرىدۇ.

باش ئەزالىرى كېسەللىكلىرى: مەزكۇر سەۋەبلەر بىلەن نېرۋا ۋە مېڭە سەزگۈلىرىنى كۈچەيتىدۇ. ھەسەل بىلەن ئىچسە، شۇنداقلا ھەسەل بىلەن قىلىنغان مۇرابباسىنى يېسە مالىخولىيا، بولۇپمۇ كۆيگەن سەپرادىن بولغان قورساق پەردىسى مەنبەلىك مالىخولىياغا، ئۇنتۇغاقلىق، پالەچ، ئىستىرخا ۋە لەقۋاغا مەنپەئەت قىلىدۇ. ئۇنىڭ دەملەنمىسىنى ئىچسە، بۇخاراتلارنىڭ ئاشقازاندىن مېڭىگە ئۆرلىشىنى توسىدۇ. ئامىلەنى يۇمشاق سوقۇپ سۇ بىلەن يۇغۇرۇپ پېشانىگە قېلىن زىمات قىلسا بۇرۇن قاناشنى توختىتىدۇ.

كۆز كېسەللىكلىرى: ئۇنىڭدىن ئالتە گىرام ئېلىپ، چالا سوقۇپ چىلانغان سۈيىنى كۆزگە تېمىتسا ئاقنى يوقىتىدىغان بولۇپ سىناقتىن ئۆتكەن. بولۇپمۇ ئىككى، ئۈچ سائەت ئۆتكەندىن كېيىن ئامىلەنى سىقىپ ئېلىۋېتىپ، ئورنىغا يېڭى ئامىلە چىلاپ، شۇ ھالەت

ئۆچ قېتىم تەكرارلانغان سۈيىنى كۆزگە تېمىتسا تېخىمۇ ياخشى مەنپەئەت قىلىدۇ. ئۇنى باراۋەر مىقداردىكى شېكەر بىلەن بىرلىكتە يۇمشاق سالايە قىلىپ، ئازغىنە تاتلىق بادام يېغى بىلەن مايلاپ، 15 گىرام ئېلىپ قايناق سۇ بىلەن بىرلىكتە ناشتىدا ئىچسە كۆزنى قۇۋۋەتلەيدۇ، كۆرۈش قۇۋۋىتىنى ئاشۇرىدۇ، كۆز زەخمىسىگە مەنپەئەت قىلىدۇ.

چىقىرىش ئەزالىرى ۋە باشقا ئەزا كېسەللىكلىرى: ئۇنى باراۋەر مىقداردىكى كېرمان زىرىسى بىلەن سوقۇپ، ھەسەل بىلەن يۇغۇرۇپ لوئۇق تەييارلاپ مۇۋاپىق مىقداردا يالىسا، كېچىدە سىيىپ يېتىشقا مەنپەئەت قىلىدۇ. ئۇنى چالا سوقۇلغان يۇمغاقسۇت ئۇرۇقى بىلەن بىرلىكتە سۇغا چىلاپ تەمىنى چىقىرىپ ئىچسە، سوزۇلما خاراكتېرلىك ئىچ سۈرۈشكە مەنپەئەت قىلىدۇ. ئاشقازان ھارارىتىنى ۋە مەقئەت ئېچىشىشىنى پەسەيتىدۇ. سۈيدۈك ئېچىشىپ كېلىشكە مەنپەئەت قىلىدۇ.

زىننەت ئەزالىرى كېسەللىكلىرى: خېنە، ئاملە ياكى ئوسمىنىڭ چىلانما سۈيى بىلەن يۇغۇرۇپ، چاچقا سۈركىسە قارايتىدۇ. ئۇنىڭ يېغىمۇ چاچنى قارايتىپ ئۆزارتىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** ئۆزىدىن 10 ~ 15 گىرامغىچە، قاينىتىلمىسىدىن 30 گىرامغىچە ئىچىلىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** (1) تالغا زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** ھەسەل بىلەن سۇمبۇل.

(2) قۇلۇنجى پەيدا قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** تاتلىق بادام يېغى.

ئاملەنىڭ ساددە ۋە مەرۋايىتلىق نۇشدارىلىرى، جاۋارىشلىرى، ھەبلىرى، ياغلىرى، سۇفۇپلىرى، شەربەتلىرى، مۇراببالىرى، مەتبۇخلىرى، مەجۇنلىرى، مۇپەررىھلىرى ۋە شارابلىرى قارابادىندا بايان قىلىنىدى.

## ئۇمۇل كەلب

(ئىت ئانىسى ئۆسۈملۈكى)

**ماھىيىتى:** بۇ، باھار پەسلىدە ئۆسىدىغان بىر خىل سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك بولۇپ، بىر غۇلاچ ئېگىزلىكتە ئۆسىدۇ. رەڭگى سېرىققا مايىل بولىدۇ، يوپۇرمىقى خېنە ۋە لاغىيە ئۆسۈملۈكىنىڭ يوپۇرمىقىغا ئوخشايدۇ، لېكىن ئۇنىڭدىن سەل كەڭرەك، چۆرىسى يۇمىلاق، ئازراق يىرىك ۋە پۈرلەشكەن، گۈلى سېرىق، لاغىيە گۈلىگە ئوخشاش، سېسىق پۇراقلىق ۋە چۈرۈك بولىدۇ. شامال چىقسا گۈللىرىدىن دىماققا ناھايىتى سېسىق پۇراق ئۇرۇلىدۇ. كۆپ ھاللاردا مىسىر شەھەرلىرىنىڭ ئېتىزلىقلىرى، مىسىر چۆلى ۋە ئەرەبلەرنىڭ «يەنبۇئ» دەپ ئاتىلىدىغان چۆلىدە ئۆسىدۇ.

**تەسرى ۋە خۇسۇسىيەتلىرى:** ئۇنىڭ ھۆل ئۇسارىسىدىن 10 گىرام، قۇرۇق ئۇسارىسىدىن بەش گىرام ئېلىپ، زەيتۇن يېغى بىلەن بىرلىكتە ئىستېمال قىلسا، غالجىر ئىت چىشلىۋېلىش، چايان ۋە تۈرلۈك يىلانلار چېقىۋېلىشلارغا مەنپەئەت قىلىدۇ، ئاغرىقنى دەرھال پەسەيتىدۇ، سىناقتىن ئۆتكەن، ياغسىز ئىستېمال قىلىشقا بولمايدۇ.

## ئەمەل بىيد
(ئەمەل بىيد مېۋىسى)

**ماھىيتى:** بۇ ھىندىستاندىن چىقىدىغان بىر خىل دەرەخنىڭ مېۋىسى بولۇپ، شەكلى نارەنجىگە ئوخشايدۇ، لىمونىنىڭ تۈرلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، پوستى سېرىق، ئېتىگە يىڭنە سانجىپ بىردەم تۇرغۇزۇلسا يىڭنىنى ئېرىتىۋەتكۈدەك دەرىجىدە چۈچۈمەل بولىدۇ. ھىندىستاننىڭ شاھجاھان ئاباد ۋە رەنتەنپور دېگەن جايلىرىغا يېقىن ئورۇنلاردا كۆپ ۋە ياخشى ئۆسىدۇ. بېنگالدا سەلھەت تاغلىرى ۋە باشقا يەرلەردىن كەلتۈرۈلىدۇ.

**تەبىئىتى:** ھۆل سوغۇق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** يۈرەكنىڭ كۆپ قىسىم كېسەللىكلىرىگە شىپا بولۇش، سەپرانى كېسىش، قاننىڭ قىزىشىنى پەسەيتىش، سەۋدانى قوزغاش، بەلغەم كۆپەيتىش قاتارلىق خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە. شۇ سەۋەبتىن ئۇنىڭ بېشىدىن تۆشۈك ئېچىپ، قەلەمپۇر، جويۇز، قارىمۇچقا ئوخشاش ھەزىمنى ياخشىلىغۇچى بەزى ئىسسىق تەبىئەتلىك دورىلار، تۇز، جۇۋنە، يېڭى زەنجىۋىل، سىيادان، لاھۇر تۇزى ۋە قارا تۇز قاتارلىقلارنى سوقۇپ ئىچىگە قاچىلاپ، ئاپتاپتا قويۇپ ھەر 5 ~ 6 كۈندە بىر قېتىم ياغاچ بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ، دورىلار پوستىغا ياخشى سىڭگەندىن كېيىن، ئاپتاپتا قويۇپ قۇرۇتۇپ، مۇۋاپىق مىقداردا ئىستېمال قىلسا ھەزىمنى كۈچەيتىدۇ، ئىشتىھانى ناھايىتى ئاچىدۇ، تالغىمۇ ناھايىتى مەنپەئەت قىلىدۇ. ئۇنىڭ مۇرابباسىنى سىركىگە چىلاپ مەلۇم ۋاقىت تۇرغۇزسىمۇ ھەزىمنى ياخشىلايدۇ، يېيىشلىك بولىدۇ.

## ئەمەل كۆچائى
(ئەمەل كۆچائى ئوتى)

**ماھىيتى:** ھىندىستاندا ئۆسىدىغان بىر خىل قۇملۇق ئۆسۈملۈكى بولۇپ، تىكەنلىك بولىدۇ، يوپۇرمىقى تەمرىھىندى يوپۇرمىقىغا ئوخشاش ياكى ئۇنىڭدىن كىچىكرەك بولىدۇ.

تەبئىتى: ھۆل سوغۇق.

خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى: ئۇنىڭ يوپۇرمىقىنىڭ سۇيىدىن 48~60 مىللىلىتىرغىچە ئېلىپ، تۇمۇر قاچىنى ئوت ئۇستىگە قويۇپ ياخشى قىزىتقاندىن كېيىن ئۇستىگە تۆكۈپ، ئۇنىڭغا 1 ~ 2 گىرام تاشتۇز، يەنى لاھور تۇزىنى يۇمشاق سالايە قىلىپ ئارىلاشتۇرۇپ، يەنە بىر قاچىغا تۆكۈپ ئىلمان ھالەتتە بەش كۈندىن يەتتە كۈنگىچە ئىچسە، ئۆتكۈر تەپلەرگە مەنپەئەت قىلىدۇ، شۇنداقلا بېنگالدا تومۇرلارغا ھاۋا توشۇپ، شۇ سەۋەبتىن ئەزالار ئىششىپ، زىيادە ئۇسساش، ئەقىل ئېلىشىش، جۆيلۈش، ھارارەت يۇقىرى ئۆرلەشتەك ئالامەتلەر كۆرۈلىدىغان كېسەللىكلەرگە ئىشلىتىلىدۇ. بۇ كۈنلەردە سۇتلۇك يېمەكلىكلەر، چۇچۇمەل نەرسىلەر ۋە يەللىك غىزالاردىن پەرھىز قىلىنىدۇ. بېنگال خەلقى مەزكۇر كېسەللىكلەر ۋە ئۆتكۈر تەپلەر ئۈچۈن ئۇنىڭ يوپۇرمىقىنى سۇدا قاينىتىپ ئىچىدۇ، بۇسى بىلەن ھوردىنىدۇ.

## ئۇممۇ ۋەجئىل كەبەد
(جىگەر ئاغرىقى ئۆسۈملۈكى)

ماھىيىتى: بۇ بىر خىل سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك بولۇپ، «بەقلە» ئۆسۈملۈكىدىن ئىنچىكىرەك، گۈلى كۆك رەڭ، يوپۇرمىقى ئۇششاق، كۆك رەڭ بولىدۇ، قوي ئۇنىڭغا ئامراق بولۇپ كۆپ ئوتلايدۇ، ئەتىياز پەسلىدە ئۆسۈپ، قىش پەسلىنىڭ ئاخىرىغىچە تۇرىدۇ.

خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى: سەپرادىن بولغان جىگەر ئاغرىقلىرىغا مەنپەئەت قىلىدۇ.

## پەسىل: «ئ» (ئەلىف) ۋە «ن» (نۇن) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى

## ئەناغالۇس
(ئاناغالۇس ئوتى)

بۇ يۇنانچە سۆزدۇر. يەنە «ئەناغلۇس» مۇ دېيىلىدۇ. نىبىت تىلىدا «ئەناكىر»، فىرانسۇزچە «ئەنكابىن» دېيىلىدۇ.

ماھىيىتى: بىر خىل ئۆسۈملۈك بولۇپ، ئەركەك ۋە چىشىدىن ئىبارەت ئىككى خىل بولىدۇ. يوپۇرمىقى مەرزەنجۇش يوپۇرمىقىغا ئوخشاش، يۇمىلاققا مايىل بولىدۇ. شاخلىرى يەر يۈزىگە يېيىلىپ ئۆسىدۇ، تۆت قىرلىق بولىدۇ. مېۋىسى خۇددى غىلاپقا ئوخشايدۇ. ئۇرۇقلىرى خەشخاش ئۇرۇقى چوڭلۇقىدا، تاھايىتى ئۆتكۈر ۋە ئاچچىق بولىدۇ. چىشىسىنىڭ گۈلى ھاۋا

رەڭ، ئەركەكلىرىنىڭ گۈلى قىزىل رەڭ بولىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىنىڭ ئاخىرىدا قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ماددىلارغا جۇلا بېرىش، يات ماددىلارنى تارقىتىش، قۇرۇتۇش، تۇسالغۇلارنى ئېچىش قاتارلىق تەسىرى بار.

يوپۇرمىقى ۋە مېۋىسىنىڭ سۈيى بىلەن غار ـ غار قىلسا باش قىسمىدىكى بەلغەمنى تازىلايدۇ. چىش ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ. بۇرۇنغا تېمىتسىمۇ شۇ تەسىرنى بېرىدۇ. ھەسەل بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ كۆزگە سۈركىسە كۆرۈش قۇۋۋىتىنى ئاشۇرىدۇ. كۆز يارىسىنى تازىلايدۇ، كۆز قوتۇرى، كۆز ئېقىغا پەردە ئۆسۈش، كۆز قىچىشىش قاتارلىقلارغا داۋا بولىدۇ. ئۇنى شاراب بىلەن ئىستېمال قىلسا ئەفئى يىلىنىنىڭ زەھىرىنى قايتۇرىدۇ. جىگەر ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ. ھامىلە چۈشۈرىدۇ، بۆرەك ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ. زىمات قىلسا ئەزادا تۇرۇپ قالغان تىكەن ۋە ئوقنى چىقىرىدۇ. يامان يارىلارنىڭ تەرەققىي قىلىشىنى توسىدۇ، تىلما كېسەلگە داۋا بولىدۇ. بەزىلەر ئۇنىڭ ھاۋا رەڭ گۈللۈك چېشىسىنى چىقىپ قالغان مەقئەتكە زىمات قىلسا ئۇنى ئورنىغا چۈشۈرىدۇ، گۈلى قىزىل بولغان ئەركىكىنى زىمات قىلسا ئەكسىچە مەقئەتنى چىقىرىدۇ، دەپ ئويلايدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** ئۈچەينى زەخىملەيدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** ئەرەب يېلىمى.

**ئىستېمال مىقدارى:** 2.5~5 گىرامغىچە.

**ئورۇنباسارى:** ئەرتەنىيسا.

## ئەناغورىس

(ئاناغورىس ئوتى)

بۇ رىمچە سۆز بولۇپ، مىسىردا «خەرنۇبۇل خىنزىير» (چوشقا خەرنۇبى) دېگەن نام بىلەن مەشھۇردۇر. مېۋىسى بۆرەككە ئوخشىغانلىقتىن «ھەببۇل كۇلىيە» (بۆرەك دان) دېيىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** بىر خىل ئۆسۈملۈك بولۇپ، يوپۇرمىقى ۋە شاخلىرى بەش بارماق (پەنجەنگۈشت) ئۆسۈملۈكىگە ئوخشايدۇ. دەرەختەك چوڭقىيدۇ. گۈلى كەلەم ئۆسۈملۈكىنىڭ گۈلىگە ئوخشايدىغان بولۇپ، كۈچلۈك پۇرايدۇ. مېۋىسى ھەر خىل رەڭدە بولىدۇ. مېۋىسى ياز پەسلىنىڭ ئۈزۈم پىشىدىغان ۋاقتىدا پىشىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئۇنىڭ ھەممە قىسمى قۇرۇق ئىسسىقتۇر. كۆپ ھاللاردا شام ۋە ئەنتاكىيەدە ئۆسىدۇ.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ئۇنىڭ ھۆل يوپۇرمىقىنىڭ ئۆتكۈرلۈكى باشقا قىسىملىرىنىڭ

ئۆتكۈرلۈكىگە قارىغاندا ئاجىزراق بولۇپ، زىمات قىلسا يۇمشاق ئىششىقلارنى تارقىتىدۇ. قۇرۇتسا ئۇنىڭ قۇۋۋىتى، پارچىلاش ۋە قۇرۇتۇش خۇسۇسىيىتى ئاشىدۇ، شۇنداقلا ئۇنىڭ چاچما يەلتىزلىرىمۇ شۇنداق ئالاھىدىلىككە ئىگە. ئەمما ئۇنىڭ ئۇرۇقى يۇمشاتقۇچى ۋە قۇستۇرغۇچىدۇر. ئۇنىڭ يوپۇرمىقىنىڭ سۈيىدىن 3 ~ 5 گىرامغىچە ئېلىپ، شاراب بىلەن ئىچسە باش ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ. ھامىلە چۈشۈرىدۇ. ھەيز ماڭدۇرىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇنى ھامىلىدار ئاياللارغا تۇغۇت ۋاقتىدا ئىچسە قويسا تۇغۇتىنى ئاسانلاشتۇرىدىكەن، ئەمما تۇغۇتتىن كېيىن دەرھال ئېلىۋېتىش لازىم ئىكەن. ئۇنىڭ مېۋىسىنى يېسە قاتتىق قۇستۇرىدۇ. يىلتىزىنىڭ سۈيىنى سۈركىسە ئىششىقلارنى ياندۇرىدۇ ۋە پىشۇرىدۇ.

## ئەنبەج
### (ئام مېۋىسى)

بۇ ئىسىم ھىندىچە «ئەنبە» دېگەن ئىسىمنىڭ ئەرەبچىلەشتۈرۈلگىنىدۇر. يەنە «ئانب»مۇ دېيىلىدۇ. تۈركچە «نەغزەك» دېيىلىدۇ.

ماھىيىتى: ھىندىستاندىن چىقىدىغان بىر خىل مېۋىدىن ئىبارەت. ئۇنىڭ دەرىخى ناھايىتى چوڭ بولۇپ، ياغاچ دەرىخىدىنمۇ چوڭ كېلىدۇ. يەر ۋە ھاۋا كىلىماتىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا ئاساسەن ئۇرۇقنى تېرىپ 3~4 يىلدىن توققۇز يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا مېۋە بېرىدۇ. ئۇ باھار پەسلىنىڭ بېشىدا چېچەكلەيدىغان بولۇپ، گۈلى ھىندىچە «مول» دېيىلىدۇ. مېۋىسىمۇ شەھەرلەرنىڭ ئوخشىماسلىقىغا قاراپ قۇياشنىڭ جەۋزا ۋە سەرەتان بۇرجىلىرىدا تۇرغان ۋاقتىدا پىشىدۇ، تاكى 50~60 يىلغىچە مېۋە بېرىدۇ. مېۋىسى دەسلەپكى مەزگىللەردە يىلمۇ يىل ياخشى بولىدۇ. ئاخىرقى مەزگىللىرىگە كەلگەندە بارا ـ بارا ناچارلىشىدۇ. ئۇنىڭ يوپۇرمىقى سوزۇنچاق بولۇپ، سازەج دەرىخىنىڭ يوپۇرمىقىغا ئوخشايدۇ، ئەمما ئۇنىڭدىن چوڭراق بولىدۇ. پۇرىقىمۇ ئۇنىڭ مېۋىسىگە ئوخشاش پۇرايدۇ. ئۇنىڭ مېۋىسى دەسلەپتە قىرتاق بولىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن چۈچۈمەللىشىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن تاتلىق بولۇشقا باشلايدۇ. بەزى شەھەرلەردە ئۇ يىل بويى مېۋە بېرىدۇ، ئەمما ئۆزىنىڭ پەسلىدە پىشقان مېۋىدەك تاتلىق ۋە ياخشى بولمايدۇ. يەنە شۇنىڭدەك سەيلان ئارىلى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكىگە ئوخشاش ئېكۋاتورغا يېقىن بەزى شەھەرلەردە ئۇ 12 ئاي تولۇق مېۋە بېرىدۇ. ئۇ ئورۇندىكى باشقا مېۋىلەرمۇ شۇنداقتۇر. ئەمما ئۆز پەسلىدە پىشمىغانلىرى چوڭ ـ كىچىكلىكى، شەكلى، تەمى، پۇرىقى، سۇلۇقلۇقى، يىپلىق ياكى يىپسىزلىقى، ئەتلىك ۋە ئەتسىزلىكى قاتارلىق جەھەتلەردە ئۆز پەسلىدە پىشقانلىرىدەك ياخشى بولمايدۇ. مەزكۇر

جەھەتلەردە ھېچقانداق مىۋە ئۈنمىگىنىدەك جەھەتلەردە ھېچقانداق مىۋە ئۈنىمىگىلى يەتمەيدۇ، مەسىلەن: چوڭلۇقى جەھەتتە بېنگالدا تەخمىنەن 450 گىرام ئەتراپىدا بولىدۇ. ئەڭ كىچىكى كابۇل ھىلىلىسى چوڭلۇقىدا بولىدۇ. شەكىل جەھەتتە بەزىلىرى ئۇزۇنچاق، بېشى ئازراق ئەگرى، بەزىلىرى ئازراق كونۇس شەكىللىك، بەزىلىرى يۇمىلاق، ئازراق سوزۇنچاق بولىدۇ. بەزىلىرى ئومۇمەن ھايۋاننىڭ بۆرىكىگە ئوخشايدۇ. بەزىلىرى ناھايىتى خۇش پۇراق، خۇشتەم بولىدۇ. پۇرىقى ئەنبەرنىڭ پۇرىقىغا ئوخشايدۇ. بەزىلىرىنىڭ پۇرىقى كافۇرنىڭ پۇرىقىغا ئوخشايدۇ. بەزىلىرى يېپىلىق، ناھايىتى بەتتەم بولىدۇ. بەزىلىرىنىڭ پۇرىقى سېرىقچېچەك، نانخا ۋە ئارپىبەدىياننىڭ پۇرىقىغا ئوخشايدۇ. ئۈنمىگەندىن باشقا ھەر خىل پۇراق ۋە تەملەردە بولىدۇ. بەزىلىرىنىڭ قاتتىق-يۇمشاقلىقىمۇ ئوخشىمايدۇ. بەزىلىرىنىڭ شېخىغا چاپلىشىپ تۇرغان ساپىقىدىن ئاز مىقداردا سۈت چىقىدۇ، بەزىلىرىدىن كۆپ مىقداردا سۈت چىقىدۇ، ھەتتا پوستىنىڭ ئاستىدىنمۇ سۈت چىقىدۇ.

ئۈنىڭ ياخشىسى ناھايىتى شېرىن، سۇلۇق، قاتتىق - يۇمشاقلىقى تەكشى، يېپىسىز، خۇش پۇراق ۋە سۈتى ئاز بولغانلىرىدۇر. ئۈنىڭ ئەكسىچە بولغانلىرىنىڭ ھەممىسى ياكى بەزىسى ناچارلىرى ۋە زىيانلىقلىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇنى يېيىشنىڭ ئەڭ ياخشى ئۇسۇلى شۇكى، تولۇق پىشقان سۇلۇقلىرىنى تاللاپ قول بىلەن ئۇۋۇلاپ يۇمشىتىلىدۇ. ئۈنىگەدىن كېيىن بېشىدىكى سۇتلۇك يېرىنى كېسىپ تاشلىۋېتىپ، شۇ يەردىن ئىچىدىكى ساپ سۈيى شورۇلىدۇ، يېپىلىرى يېيىلمەيدۇ. چۈنكى ئۇ تەستە ھەزىم بولىدۇ، قورساقنى ئىششىپ قويىدۇ، قەۋزىيەت پەيدا قىلىدۇ. ئۈنىڭ سۈيى تەرەتنى بوشىتىدۇ. سۈتى تىل ۋە لەۋلەرگە تەگسە ئېچىشتۇرىدۇ ۋە زەخىملەيدۇ. ئەگەر ئۇ يېپىسىز، سۇلۇق، ئەمما ئازراق قاتتىق بولسا بېشىنى كېسىپ سۇتلۇك يېرىنى تاشلىۋېتىپ، شۇ يەردىن سۈيى شورىلىدۇ. بۇ چاغدىمۇ ياخشى بولىدۇ.

بېنگالنىڭ مالدە ۋە مۇرشىد ئابادنىڭ ئەتراپىدىكى چونەكالى، باگە ۋە ئەزىم ئابادقا ئوخشاش جايلارنىڭ ئام مېۋىسى يېپىسىز، سۇلۇق ناھايىتى ياخشى بولىدۇ. ئۇمۇ يۇقىرىقى ئۇسۇل بويىچە سۈيى شورىلىدۇ. يېپى ئاز مىقداردا يېيىلىپ كەتسىمۇ كۆپ زىيان قىلمايدۇ. بېنگالدا ئۈنىڭ باشقا ئەللەردە تېپىلمايدىغان بىر خىل تۈرى بار بولۇپ، «كەچمىۋا» دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇ كۆك ۋە خام ۋاقتىدا تاتلىق بولىدۇ. ئۈنىڭ بەزى تۈرلىرى تولۇق يېتىلگەندە تاتلىق، خۇشتەم بولسىمۇ، لېكىن بەزىلىرى پىشقاندا بەتتەم بولۇپ قالىدۇ.

ئۈنىگەدىن باشقا يەمەن، ئۇممان، سۇدان ۋە «لار» دېگەن شەھەرگە قاراشلىق سەمىيل، «مىينا» دېگەن نام بىلەن مەشھۇر بولغان مىياناب دېگەن دۆلەت ۋە شەھەرلەردىمۇ ئام ئۆسىدۇ. باشقا يەرلەردىمۇ ئاز مىقداردا ئۆسىدۇ. ئەمما ھىندىستان، دۆكەن ۋە بېنگالدىكىگە ئوخشاش كۆپ ۋە خۇشتەم بولمايدۇ.

**تەبىئىتى:** پىشمىغان مېۋىسى ئىككىنچى دەرىجىدە سوغۇق، بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇق. بەلغەم ۋە سەۋدا كۆپەيتكۈچىدۇر. ئۇنىڭ پىشقان شىرنىلىرى ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق بولۇپ، قويۇق ۋە سەۋدالىق قان پەيدا قىلىدۇ. سۈيى قانچە ئاز، قويۇق بولسا سەۋدانى شۇنچە كۆپ كۆپەيتىدۇ.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** قۇۋۋەتلەر، روھلارنى جانلاندۇرۇش، رەئىس ئەزالار، نەپەس ئەزالىرى، قىزىلئۆڭگەچ، ئاشقازان، ئۈچەي، بۆرەك، دوۋساق ۋە باھنى قۇۋۋەتلەش، رەڭگىروينى ياخشىلاش، ئېغىزنى خۇش پۇراق قىلىش قاتارلىق خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە. شۇ سەۋەبتىن خەفەقان، يۆتەل، زىققە، سوغۇقتىن بولغان باش ئاغرىقى، بوۋاسىر، بوۋاسىر سەۋەبىدىن بولغان ئىچ سۈرۈش، قۇلۇنجى، ئۇسسۇزلۇق، ماغدۇرسىزلىق، بەدەن ئاجىزلىق، ھۇرۇنلۇق ۋە بەدەننىڭ كەم قۇۋۋەتلىكى قاتارلىقلارغا شىپا بولىدۇ. بەدەننى سەمرىتىدۇ، سۈيدۈك ھەيدەيدۇ، قەۋزىيەتنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. چوڭ تەرەتنى داۋاملىق بوش تۇتىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** (1) ئىسسىق مىزاجلىقلارغا، بولۇپمۇ ئاشقازان بوش ۋاقتىدا زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** سىركەنجىۋىل ئىچىش ۋە ھىندىستاندىن چىقىدىغان جامىن مېۋىسىنىڭ ياخشى پىشقىنىنى يېيىش ياكى ئۇنىڭ شەربىتى ياكى دوغاپ ياكى سوغۇق سۇ ئىچىشتۇر.

ئەنبەھ مېۋىسىنىڭ گۆشلۈك، سۇسىز بولغان تۇرنى يېسە تەستە ھەزىم بولىدۇ. يەل پەيدا قىلىدۇ، يېپلىقى ئۇنىڭدىن ناچارراق بولىدۇ. قەۋزىيەت پەيدا قىلىدۇ. سەۋدادىن بولغان كېسەللىكلەر، قىچىشقاق، قوتۇر، چىيقان ۋە باشقا يامان تېرە كېسەللىكلىرىنى پەيدا قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** ھىندىستانلىقلار ئۇنىڭ يەل پەيدا قىلىشىنى تۈگىتىش ئۈچۈن زەنجىۋىل ئىستېمال قىلىش لازىم، دەيدۇ. ئۈستىدىن ئاز مىقداردا تۇز ئىستېمال قىلىشمۇ سىناقتىن ئۆتكەندۇر. تۇز مىلەنگەن زەنجىۋىل ئىستېمال قىلغان ياخشىراقتۇر.

(2) جىگەرنى زەئىپلەشتۈرىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** قۇرۇق ئۈزۈم. ئېھتىمال بۇ جەھەتتە زىرىق شەربىتى ياكى سىركەنجىۋىل ياكى جامىن شەربىتى ياخشىراق بولۇشى مۇمكىن.

(3) چىش ۋە چىش مىلىكىگە زىيان قىلىدۇ. مەنىي سۈيۇلدۇرىدۇ.

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بەدەننى سەمرىتىش ۋە باھنى قۇۋۋەتلەش ئۈچۈن يېڭى سىغىلغان خام ياكى ئازراق قاينىتىلغان سۈت ئۇنىڭ تەسىرىنى كۈچەيتىدىكەن.

ئۇنىڭ چۈچۈملى سەپرانى پەسەيتىدۇ، ئىشتىھانى ئاچىدۇ. بەلغەم ۋە سەۋدا مىزاجلىقلارغا زىيان قىلىدۇ. سەۋدا پەيدا قىلىدۇ.

ئۇنىڭ سۈتى ئىسسىق بولۇپ، ئەزالارنى يارىلاندۇرىدۇ. پارسچە «نەبشە» دېيىلىدىغان خام

ھەببەتۇلخۇزراغا ئوخشاش پۇرايدۇ. ئۇنىڭ پىشقىنى «بۇن» دېيىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** ئۇ يۇقۇپ قالغان ئەزانى مايلاشتۇرىدۇ.

ئۇنىڭ گۈلى ۋە مېغىزى ناھايىتى قۇرۇق سوغۇق بولۇپ، ئىچ سۈرۈشنى توختىتىدۇ، مەنىينى قۇرۇتىدۇ ۋە توختىتىدۇ، بولۇپمۇ ئازراق قورۇپ مۇناسىپ دورىلار بىلەن مۇۋاپىق مىقداردا ئىستېمال قىلسا تەسىرى تېخىمۇ كۈچلۈك بولىدۇ. ئۇنىڭ چېچەكتىن يېڭى چىققان كىچىك غورىسىنى قۇرۇتۇپ، كۇنىگە ئۈچ گىرام ئېلىپ سوقۇپ، 12 گىرام شېكەر بىلەن ئىستېمال قىلسا، مەنىي ئېقىش ۋە مەنىي تېز يۇرۇپ كېتىشكە پايدا قىلىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، چاچ ئاقىرىشنىڭ ئالدىنى ئالىدىكەن.

ئۇنىڭ گۈلى بىلەن يوپۇرمىقىنى سۇ بىلەن سالايە قىلىپ چاپسا، چىش ۋە چىش مىلىكىنى چىڭىتىدۇ. ياغىچى بىلەن چىش چوتكىلىسا ئېغىزنى خۇش پۇراق قىلىدۇ، ياغىچىنىڭ كۈلى شۇنداقلا يوپۇرمىقىنى سوقۇپ سەپسە قان توختىتىدۇ. ئۇنىڭ قۇرۇق يوپۇرمىقىنىڭ تۈتۈنى، شۇنداقلا قۇرۇتۇلغان پوستىنىڭ تۈتۈنى بىلەن تەكرار ئىسلىغاندىن كېيىن، ئەزانى سوغۇق ھاۋادىن ساقلىسا، بۆرەكنىڭ يەللىرىنى تارقىتىدۇ، تۈتۈنى بىلەن گالنى ئىسلىسا گالنىڭ زەخمىسىنى ساقايتىدۇ. ئۇنىڭ ئۆزلۈكىدىن تۆكۈلگەن يوپۇرمىقىنى 40 كۈنگىچە تاماكىغا ئوخشاش چەكسە گال زەخمىسىنى ساقايتىدۇ. ئۇنىڭ ھۆل يوپۇرمىقىنى ئۈزۈپ، ساپىقىنى سىقىپ سۈتىنى چىقىرىپ، قاپاقتا پەيدا بولغان دانچىغا سۈركىسە ئۇنى ئاغرىقسىز يوقىتىدۇ. ئۇنىڭ توققۇز دانە يوپۇرمىقىنىڭ سېپىنى ئون دانە قارىمۇچ بىلەن بىرلىكتە سۇدا يۇمشاق سالايە قىلىپ ھەب ياساپ يۇتسا، خولېرا كېسەللىكىنىڭ ئالامىتى سۈپىتىدە يۈز بەرگەن قۇسۇش ۋە ئىچ سۈرۈشكە پايدا قىلىدۇ. ئۇنىڭ يۇمران يوپۇرماقلىرىنىڭ سۈيىنى ئاياللارنىڭ چېچىغا سۈركىسە ھەمدە ئۇنىڭ پوستىنى يالغۇز ياكى مۇناسىۋەتلىك دورىلار بىلەن بىرلىكتە ياغقا چىلاپ ئاپتاپتا قويۇپ تەمىنى چىقارغاندىن كېيىن شۇ ماي بىلەن ئاياللارنىڭ چېچىنى مايلىسا، چاچنى ئۇزۇن ۋە قارا قىلىدۇ، چاچ چۈشۈشنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ.

ئۇنىڭ خام مېۋىسىنىڭ «ئەمرەس» دېيىلىدىغان ئۇسارىسى، ئۇنىڭ خوشابى (بىر خىل يېمەكلىك)، ھالۋىسى، شارابى، سۈيىنىڭ ئەرقى، مېغىزىنىڭ قۇرسى ۋە مۇراببىاسى قاتارلىقلار قارابادىندا بايان قىلىندى.

ھىندىستان ۋە بېنگال خەلقى خام ئامنى ئوتقا كۆمۈپ پىشۇرغاندىن كېيىن چىقىرىپ پوستىنى ئاجرىتىۋېتىپ يۇمشاق ئېزىپ، پىسەپلىرىنى ئايرىۋېتىپ، ئۇنىڭغا ھىندىچە «گەر» دېيىلىدىغان قارا قەنت قوشۇپ قاچىدا ساقلاپ قويۇپ، ئىسسىق شامال چىققاندا ياكى زەھەرلىك، ناچار ۋە بۇلغانغان ھاۋادا ئۇنىڭدىن دەرھال مۇۋاپىق مىقداردا ئىستېمال قىلىدۇ ھەم بەدىنىگە سۈركەيدۇ. بۇ چاغدا ئاللانىڭ ئىزنى بىلەن تېزلا شىپا تاپىدۇ.

# ئەنتۇلە
(ئەنتۇلە ئوتى)

بۇ ئەجەمچە سۆزدۇر. يەنە «جەدۋار ئەندەلۇسى»، ھىندىچە «نەربىسى» دېيىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** ئىككى خىل بولىدۇ. بىرى قارا رەڭدە بولۇپ، يىلتىزى كۆپ شاخلىق، چوڭ بولۇپ، «كولان» يىلتىزى چوڭلۇقىدا بولىدۇ. چاچما يىلتىزلىرى «بەنتافلۇن» ئۆسۈملۈكىنىڭ چاچما يىلتىزىغا ئوخشايدۇ. تەمى شاپتۇل مېغىزىغا ئوخشاش ئاچچىق بولىدۇ. يوپۇرمىقى نەيچىسمان، قىزىل بولۇپ، ئىتئۈزۈمى يوپۇرمىقىغا ئوخشايدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، پىرسىياۋشان يوپۇرمىقىغا ئوخشايدىكەن.

ئىككىنچى خىلى ئاق بولۇپ، ئەندەلۇس خەلقى ئۇنى «فەيھەق» دەپ ئاتايدۇ. يوپۇرمىقى سانا يوپۇرمىقىغا ئوخشايدىغان بولۇپ، سېرىققا مايىل، يىرىك، تەمى تاتلىق، پۇرىقى ئازراق ئۆتكۈر، خۇش پۇراق بولىدۇ.

بۇ ئۆسۈملۈك ئەندەلۇس، چىن، تىبەتنىڭ تاغلىق رايونلىرى ۋە ھىندىستان، مورەڭ، لامە شەھەرلىرىنىڭ خىتاي ۋە باشقا تاغلىق رايونلارغا تۇتاش تاغدا ئۆسىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئېقى ئىككىنچى دەرىجىدە، قارىسى ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ئېقى زەھەرلىك ھاشاراتلارنىڭ زەھىرىنى قايتۇرۇشتا قارىسىدىن ئاجىزراق بولۇپ، قورساق ئېسىلىشكە شىپا بولۇش، يەل تارقىتىش، ئىچكى ئەزالاردىكى سوغۇقتىن بولغان ئاغرىقلارنى پەسەيتىش خۇسۇسىيەتلىرىگە ئىگە. زەھەرلىك ھاشاراتنىڭ زەھىرىنى قايتۇرىدۇ. 10 گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ. ئۇنىڭ يىلتىزى ئىنساندىن باشقا جانلىقلارنى ئۆلتۈرگۈچىدۇر. باھنى قوزغاتقۇچىدۇر.

ئۇنىڭ قارىسى زەھەر قايتۇرۇشتا تەرياقى فارۇقنىڭ ئورنىنى باسقۇچىدۇر، بولۇپمۇ قورساق ئاغرىقلىرى ۋە بالىياتقۇ ئاغرىقلىرىغا شىپا بولىدىغان بولۇپ، سىناقتىن ئۆتكەن. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بەزى قويلار بەزى زەھەرلىك ئۆسۈملۈكلەرنى تەملىك بولغانلىقتىن ئەتراپىدىكى باشقا ئوتلار بىلەن بىرلىكتە يەپ قېلىپ، زەھەرلەنگەنلىكىنى سەزگەندە دەرھال ئەنتۇلە ئۆسۈملۈكىنى تېپىپ يەپ، ئۇنىڭ زەھىرىدىن قۇتۇلۇپ قالىدىكەن. باھنى قۇۋۋەتلىگۈچى، ئاشقازان، جىگەرنى قىزىتقۇچى، بەلغەم خاراكتېرلىك ماددىلارنى تارقاتقۇچىدۇر. شاراب بىلەن پىشۇرۇلغىنى بوۋاسىر دانچىلىرىنى چۈشۈرىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن ھەمەل قىلسا بالىياتقۇنى قۇۋۋەتلەپ، ئۇنىڭ ئىششىقىنى ياندۇرىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن زىمات قىلسا ھەرقانداق ئەزادىكى ئىششىقلارنى ياندۇرىدۇ. مېيى بىلەن چاچ مايلىسا چاچنى ناھايىتى ئۇزارتىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** 2.5 مىللىگىرامغىچە. ئۇنىڭدىن ئارتۇق ئىستېمال قىلسا گالنى بوغۇپ، كۆڭۈلنى غەش قىلىدۇ، ھۆللۈكلەرنى قۇرۇتىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** كۇنجۇت يېغى ۋە تاتلىق نەرسىلەر.

## ئەنسەلىيس
(ئەنسەلىيس ئوتى)

بۇ يۇنانچە سۆزدۇر.

**ماھىيىتى:** ئىككى خىل بولىدۇ. بىرى چوڭ بولىدۇ، ئۇ دەرەخ ھەم ئوت ـ چۆپلەرگە ئوخشايدىغان بىر خىل گىياھ بولۇپ، قوياش نۇرى كۆپ چۈشىدىغان شورلۇق يەرلەردە ئۆسىدۇ. يوپۇرمىقى ئەدەس يوپۇرمىقىغا ئوخشايدىغان بولۇپ، يۇمشاق بولىدۇ. شاخلىرى يىرىك بولۇپ، بىر غېرىچ ئېگىزلىكتە ئۆسىدۇ. يىلتىزى كىچىك، ئىنچىكە بولىدۇ. گۈلى بىنەپشە رەڭگە مايىل قىزىل، بەتبۇي پۇرايدۇ، ئۇرۇقى نېپىز غىلاپ ئىچىدە بولىدۇ. ئىككىنچى خىلىنىڭ يوپۇرمىقى ۋە شاخلىرى چوڭراق بولۇپ، كەمافىيتۇسقا ئوخشايدۇ. تۈكلىرى ئۇنىڭدىن ئارتۇقراق بولىدۇ. گۈلى كىچىكرەك، بىنەپشە رەڭگە مايىل بولۇپ، ناھايىتى سېسىق پۇرايدۇ.

**تەبىئىتى:** ئىسسىقلىقى مۆتىدىل، بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ماددىلارنى كۈچلۈك تارقىتىش، مەلۇم دەرىجىدە قابىزلىق خۇسۇسىيىتىگە ئىگە. ھەر ئىككى خىلىنىڭ گۈلى، يىلتىزى ياكى ئۇرۇقىدىن ئىستېمال قىلسا سۈيدۈكنى راۋانلاشتۇرىدۇ، بۆرەك ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ. سىركەنجۇبىل بىلەن ئىستېمال قىلسا تۇتقاق كېسەلگە داۋا بولىدۇ. ھەر ئىككىسىنىڭ تالقىنىنى سەپسە يارا ۋە جاراھەتلەرنى پۈتتۈرىدۇ. ھەر ئىككى خىلىنىڭ تالقىنىنى گۈل يېغى ۋە سۈت بىلەن ھەمەل قىلسا، بالىياتقۇنىڭ ئىسسىقتىن بولغان ئىششىقلىرىنى تارقىتىدۇ، يارىلىرىنى ساقايتىدۇ.

ئىككىنچى خىلى بىرىنچىسىگە قارىغاندا ئۈچۈچانراق بولۇپ، جۇلا بېرىش قۇۋۋىتى ئاجىزراقتۇر.

**ئىستېمال مىقدارى:** بەش گىرامغىچە.

## ئەنجبار

بۇ سۆز «جەبر» (تېڭىش) دېگەن سۆزدىن تۈرلىنىپ چىققاندۇر.

**ماھىيىتى:** بىر خىل ئۆسۈملۈك بولۇپ، ئادەم بويى ئېگىزلىكىدە بولىدۇ. كۆپ ھاللاردا ئەتراپىدىكى جىغان ۋە باشقا ئۆسۈملۈكلەرگە چىرمىشىپ ئۇنى گىرەلەشتۈرىدۇ. يوپۇرمىقى بېدە يوپۇرمىقىغا ئوخشايدۇ، يوپۇرمىقى چاڭ ـ توزان قونۇپ قالغاندەك ئازراق تۈكلۈك بولىدۇ. ئەمما شاخلىرى بېدىنىڭ شاخلىرىدىن قاۋۇلراق بولۇپ، رەڭگى قىزىلغا مايىل

بولىدۇ. گۈلى قىزىل بولۇپ، تۆكۈلگەندىن كېيىن ئۇنىڭدىن كىچىك غىلاپلار يېتىشىپ چىقىدۇ. ئىچىدە ئۇششاق ئۇرۇقلىرى بولىدۇ، يىلتىزى ياغاچلاشقان، رەڭگى قىزىل بولۇپ، ئۇنىڭ ئىنچىكە چاچما يىلتىزلىرى «لوھايى ئەنجىبار» (ئەنجىبار ساقىلى) دېگەن نامدا ھۆل ياكى قۇرۇق بولسۇن ئىشلىتىلىدۇ. يىلتىزىنىڭ پوستىمۇ ئىشلىتىلىدۇ، بۇ ياخشىراقتۇر. ئۇنىڭ ھۆل يىلتىزىنىڭ ئۇسارىسىمۇ ياخشى ھېسابلىنىدۇ، ئۇ شام شەھەرلىرى، دەريا بويلىرى ۋە ئېرىق بويلىرىدا ئۆسىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق، جالىنۇس قۇرۇق ئىسسىق دەپ بىلگەن.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ھەرقانداق ئەزانىڭ قېنىنى، بولۇپمۇ كۆكرەك، ئۆپكە، بوۋاسىر قانلىرىنى توختىتىدۇ، سوزۇلما خاراكتېرلىك ئىچ سۈرۈش ۋە نەزلىلەرنى زىيانسىز توختىتىدۇ. قۇسۇشنى پەسەيتىدۇ، ئەزالار ۋە ئۈچەيلەرنى قۇۋۋەتلەيدۇ، سەپرانىڭ ئۆتكۈرلۈكىنى پەسەيتىدۇ، قان قىزىش، يېڭى ۋە كونا سىل، ئىشتىھاسىزلىق، يېڭى ۋە كونا قان، يىرىڭ سىيىش، تۈرلۈك زەھەرلەردىن زەھەرلىنىش، مەقئەت تومۇرلىرى ئېچىلىپ قىلىش، ئۈچەي زەخىملىنىش، جىگەر مەنبەلىك ئىچ سۈرۈش، ئەزالار سوقۇلۇش، مۇسكۇللار بېسىلىش ۋە سوزۇلۇشقا ئىشلىتىلىدۇ. ئۇنىڭدىن 3~5 گىرامغىچە ئېلىپ سۇدا قاينىتىپ، ئاز مىقداردىكى قەنت ۋە ئۈزۈم شىرىسى بىلەن بىرلىكتە ئىچسە، شۇنداقلا باشقا مۇناسىپ دورىلار بىلەن سۇفۇپ قىلىپ سەپسە زەخىملەرگە گۆش ئۇندۇرىدۇ، قان توختىتىدۇ، بۇ جەھەتتىكى تەسىرى ناھايىتى ياخشىدۇر.

**ئىستېمال مىقدارى:** يىلتىزىدىن بەش گىرامغىچە، ئۇسارىسىدىن ئۈچ گىرام، يوپۇرمىقىدىن 15 گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** سوغۇق مىزاجلىقلارغا زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** زەنجىۋىل.

**ئورۇنباسارى:** زىرىق. ئۇنىڭ تۆتتىن بىرىچىلىك مىقداردا گىل ئەرمىنى.

ئۇنىڭ ئۇسارىسىنىڭ كۆپ قىسىم تەسىرى ئۇنىڭ يىلتىزى ۋە يىلتىز پوستىنىڭ تەسىرىدىن كۈچلۈكرەكتۇر.

ئۇنىڭ ئۇسارىسىنى ئېلىش ئۇسۇلى شۇكى، ھۆل يىلتىزىنىڭ پوستىنى سوقۇپ سۈيىنى چىقىرىپ، ساپال تاۋاقتا يېيىتىپ، ئاپتاپتا قويۇپ قويۇلىدۇ، كېچىلىرى شەبنەم چۈشۈپ ئۇنى بۇزۇشتىن ساقلاپ، قاتقاندا قۇرس ياساپ ئاپتاپتا قۇرۇتۇلىدۇ، بۇ جەرياندا چاڭ - توزاندىن ساقلاش كېرەك. زۆرۈر بولغاندا ئىشلىتىلىدۇ، بۇنىڭ رەڭگى قىزىل ياقۇت رەڭگىدە بولىدۇ.

ئەنجىبارنىڭ ھەبلىرى، سۇفۇپلىرى، شەربەتلىرى، لوئۇقلىرى ۋە قاينىتىلمىلىرى قارابادىندا بايان قىلىنىدى.

# ئەنجۇدان

بۇ پارسچە «ئەنگۇدان» دېگەن سۆزنىڭ ئەرەبچىلەشتۈرۈلگىنىدۇر. مازىنداران تىلىدا ئۇنىڭ خۇش پۇرىقى «كۇلەپەر» دەپ ئاتىلىدۇ، يىلتىزى ئەرەبچە «مەھرۇس»، غولى تۈركچە «بالدۇرغان» دەپ ئاتىلىدۇ. ئەنجۇدان يالغۇز ئاتالسا ئۇنىڭ ئۇرۇقى نەزەردە تۇتۇلىدۇ.

**ماھىيتى:** خۇش پۇراق، ۋە سېسىق پۇرايدىغان دەپ ئىككى خىل تۈرى بولىدۇ.

خۇش پۇرىقىنىڭ غولى كاۋاك، توم بولۇپ ئادەم بويىدىن ئېگىزرەك ئۆسىدۇ، يوپۇرمىقى كاللەكبەسەي يوپۇرمىقىغا ئوخشاش، ئۇنىڭدىن كىچىكرەك، گۈلى سېرىقچېچەك گۈلىگە ئوخشاش كۇنلۇكسىمان، رەڭگى ئاق بولىدۇ، مېۋىسى يېتىلگەندىن كېيىن ئاق، يۇمىلاق بولۇپ، تەڭگىگە ئوخشاش ياپىلاق بولىدۇ، ناھايىتى خۇش پۇراق پۇرايدۇ، ئۇنىڭ يېلىمى ئەرەبچە «ھىلتىيت تىيب» (خۇش پۇراق ھىڭ) دېيىلىدۇ.

ئىككىنچى خىلىنىڭ يوپۇرمىقى كۆيدۈرۈلگەن قەغەزگە ئوخشاش تۆشۈكلۈك بولىدۇ، غولى بىرىنچى خىلىدىن ئاجىزراق، مېۋىسى قارا بولۇپ، ناھايىتى سېسىق پۇرايدۇ. ئۇنىڭ يىلتىزى «ئۇشتۇرغار» دېيىلىدۇ، ئۆسۈملۈكى «كەمئەت» دېيىلىدۇ، يېلىمى ناھايىتى سېسىق بولۇپ « ھىلتىيت مۇنتەن» (سېسىق ھىڭ) دېيىلىدۇ. خۇراسانچە ۋە پارسچە «ئەنگىزەد» دەپ ئاتىلىدۇ، چۈنكى ئۇنىڭ يېلىمى پارسچە «ژەد» دېيىلىدۇ. ئاۋام ـ خەلق ئۇنى «ئەنگۇشتى گەندە» (سېسىق بارماق) دەپ ئاتايدۇ. ھىندىچە «ھىڭ» دەپ ئاتىلىدۇ. پارس شەھەرلىرىدە قويلار ئۇنىڭ ئۆسۈملۈكىنى ئوتلاپ ناھايىتى سەمرىيدۇ، ئەمما ئۇنىڭ گۆشى سېسىق بولىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئاق رەڭلىك بولغان خۇش پۇرىقى ئىككىنچى دەرىجىدە، قارا بولغان سېسىقى ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق. بىر قىسىم كىشىلەر ئەنجۇداننىڭ ھەممە قىسمىنى ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق دەيدۇ.

**خۇسۇسىيتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** تۇسالغۇلارنى ئېچىش، جۇلا بېرىش، يات ماددىلارنى تارقىتىش، ئۇچۇچانلاشتۇرۇش ۋە زەھەرلەرگە تاقابىل تۇرغۇچىدۇر.

باش ئەزالىرى كېسەللىكلىرى: قارا ئەنجۇداننى ئاق لەيلى ۋە كۇرۇسنە پۇرچىقى بىلەن بىرلىكتە باشقا چاپسا، مېڭىگە يىغىلغان سوغۇق خىلىتلاردىن بولغان كۆز قاراڭغۇلىششقا مەنپەئەت قىلىدۇ. ئەنجۇداننى ئىستېمال قىلسا زېھنىنى ئاچىدۇ، ئەستە تۇتۇش قابىلىيتىنى ئاشۇرىدۇ، ئۇنتۇغاقلىق، دۆتلۈك ۋە دېۋەڭلىكنى يوقىتىدۇ، پالەچ، لەقۋا ۋە ئىستىرخا كېسەللىكلىرىگە پايدا قىلىدۇ. ئۇ مەزكۇر كېسەللىك بىمارلىرىنىڭ غىزالىرىغا قوشۇلىدىغان دورا ـ دەرمانلاردىن بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

كۆكرەك، ئاشقازان ۋە باشقا ئەزالار كېسەللىكلىرى: ئۇ تەستە ھەزىم بولىدىغان ۋە

ئاشقازاندا ئۆزۈن تۇرىدىغان بولغاچقا، ئاشقازاننى يىرىكلەشتۈرگۈچى، ھۆللۈكلەرنى قۇرۇتقۇچى، غىزانى ئۇچۇچانلاشتۇرغۇچى، ئىغىز پۇرىقىنى ئۆزگەرتكۈچى، ئاشقازاننى قۇۋۋەتلىگۈچى، بەلغەم بوشاتقۇچى، يەل تارقاتقۇچى، ئىشتىھانى ئاچقۇچى، ھەزىمنى قۇۋۋەتلىگۈچى، تەستە ھەزىم بولىدىغان غىزالار ۋە زەھەرلىك دورىلارنىڭ زىيىننى يوقاتقۇچى، زەھەرلەرگە قارشى تۇرغۇچى، تال كېسەللىكلىرى، يەرقان، ئىستىسقا، بەلغەمدىن بولغان ھېق تۇتۇش، بەلغەمدىن بولغان سۈيدۈك تەستە كېلىش قاتارلىقلارغا شىپا بولغۇچى، سۈيدۈك، ھەيز ۋە سۈتنى ھەيدىگۈچى، بۆرەك بىلەن ئۈچەينى قىزىتقۇچى، باھنى قوزغاتقۇچى، سوغۇقتىن بولغان بوغۇم ئاغرىقلىرىنى پەسەيتكۈچىدۇر. بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنى بولۇپمۇ ئۇنىڭ سىركىگە چىلانغىنى ئىستېمال قىلىنىدۇ. چۈنكى كۆپ ئورۇنلاردا ئۇنىڭ ئۆزىنى بىۋاستە ئىستېمال قىلىش راۋا ئەمەس. ئۇنىڭ ئۆزۈم شىرنىسى بىلەن قايىنتىپ تەييارلانغان سىركەنجىۋىلى تۆت كۈندە بىر تۇتىدىغان تەپ، بەلغەم خاراكتېرلىك ۋە مۇرەككەپ تەپلەر، كۆكرەك ئاغرىقى، ئىستىسقا، يەرقان، بەلغەمدىن بولغان ھېق تۇتۇش ۋە ئولتۇرغۇچ نېرۋا ئاغرىقلىرىغا مەنپەئەت قىلىدىغان بولۇپ، سىناقتىن ئۆتكەن. شاراب بىلەن بىرلىكتە ئىشلەتسە ھامىلە چۈشۈرۈشتە تەسىرى ناھايىتى كۈچلۈكتۇر. ئۇنى زىمات قىلسا ماددىلارنى تېرە يۈزىگە كۈچلۈك تارتىدۇ. ياغنىڭ مومى بىلەن زىمات قىلسا چاشقان يارىسى، تۇرلۇك جاراھەتلەر، ئولتۇرغۇچ نېرۋا ئاغرىقى ۋە ئۇنىڭ ئوخشاشلىرىغا شىپا بولىدۇ، زەيتۇن يېغى بىلەن بىرلىكتە چاپسا كۆز ئاستىدىكى ئۇيۇغان قاننى يوقىتىدۇ. ئۇنى سىركە ۋە ئانار پوستى بىلەن قايىنتىپ بوۋاسىرغا سۈركىسە مەنپەئەت قىلىدۇ. يوپۇرمىقىنى تالقان قىلىپ يەلدىن بولغان يارا (ئېغىزدا پەيدا بولىدىغان بىر خىل كېڭىيىشچان يارا) غا سەپسە يوقىتىدۇ. پۇرىسا ھېق تۇتۇشنى توختىتىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** (1) دوۋساققا زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** قوغۇن ئۇرۇقى.

(2) ئۈچەيلەرگە زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** ئەرەب يېلىمى.

(3) ئىسسىق مىزاجلىقلارغا زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** ئانار شەربىتى، سىركەنجىۋىل.

**ئىستېمال مىقدارى:** 10 گىرامغىچە.

**ئورۇنباسارى:** باراۋەر مىقداردا ئۈشتۈرغار. ئىبىتىشلارغا قارىغاندا، باراۋەر مىقداردا زۇفرا (كاشىم ئۇرۇقى) ئىكەن، بۇنىڭ ئۇنىڭ ئورۇنباسارى بولۇشى مۇۋاپىقراقتۇر.

شەيخ داۋۇت ئەنتاكى: «ئىبىتىشلارغا قارىغاندا، ئاياللار ھەيزدىن كېيىنلا ئەنجۈدان ئۇرۇقىدىن كۈنگە ئۈچ گىرام يېسە ۋە بىر ھەپتىگىچە داۋاملاشتۇرسا ھەرگىز ھامىلىدار

بولمايدىكەن، ئەمما ئۇ، قارىسى ياكى ئېقىنىڭ ئۇرۇقى ئىكەنلىكى ئېيتىلمىغان» دېگەن.

ئۇنىڭ يىلتىزىنىڭ تەسىرلىرى قالغان قىسىملىرىنىڭ تەسىرلىرىدىن كۈچلۈكرەكتۇر. مەلھەم قىلىپ چاپسا ئىششىقلارنى ياندۇرىدۇ، چاشقان يارىسىنىڭ تەرەققىي قىلىشىنى توسىدۇ، زەخىملەرنى پۈتتۈرىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** 2.5 گىرامغىچە.

**زىيانلىق تەسىرى:** ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۆپكە بىلەن ئاشقازانغا زىيان قىلىدىكەن، تەستە ھەزىم بولىدىكەن.

**تۈزەتكۈچىسى:** ھەسەل.

ئەنجۈداننىڭ جاۋارىشى، سىركەنجىۋىلى، غولىنىڭ سىركىسى، مەجۇنى قارابادىندا بايان قىلىندى.

ئۇنىڭ «ھىلتىيىت» (ھىڭ) دەپ ئاتالغان يېلىمى ئاللا خالىسا «ھ» (ھائ) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلار بابىدا بايان قىلىنىدۇ.

## ئەنجۇرە

(چاققاقئوت)

بۇ پارسچە سۆزدۇر. ئەرەبچە «قەرىيز»، تۈركچە «كىجىت»، ھىندىچە «ئۇتەنگەن»، لاتىنچە «ئەرتىك پىرىم»، گىيلان تىلىدا «ھەرتىيكە» دېيىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** بۇ بىر خىل سامان غولۇق ئۆسۈملۈك بولۇپ، يوپۇرمىقى چىشلىق، ئوتتۇرىسى نەيچىسىمان، ئۇششاق تىكەنلىك بولىدۇ، غولىنىڭ تىكەنلىرى كۆرۈنەرلىك بولىدۇ، بەدەنگە تەگسە قىزارتىپ ئېچىشتۇرىدۇ، قىچىشتۇرىدۇ. گۈلى سېرىق بولىدۇ، ئۇرۇقى يۇمشاق، پارقىراق، ئازراق ياپىلاق، قارامتۇل، كۇنجۇتتىن چوڭراق بولىدۇ، ئومۇمەن زىغىر ئۇرۇقىغا ئوخشايدۇ، ئۇرۇقى ئىشلىتىلىدۇ. قارىغا مايىل ئېغىر بولغانلىرى ياخشىلىرى ھېسابلىنىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئۈچىنچى دەرىجىنىڭ بېشىدا قۇرۇق ئىسسىق، ئىككىنچى دەرىجىدە ئىسسىقمۇ دېيىلگەن.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** شىلىمشىق خىلىتلارنى ئۈچۈچىلاشتۇرۇش ۋە تارقىتىش، ئەزالارنى يارىلاندۇرۇش، قاتتىق ئىششىقلارنى ياندۇرۇش، سۈيدۈك، ھەيز، سۈت ۋە تەرنى كۆپ ھەيدەش، باھنى قۇۋۋەتلەش، كۆكرەك، ئۆپكە ۋە ئاشقازاننى تازىلاش، بالىياتقۇ ئېغىزى، جىگەر، تال توسالغۇلىرىنى ئېچىش، ئۇنىڭ ئۇرۇقى ۋە يوپۇرمىقىنىڭ قايىنىتىلمىسىنى ئارپا سۈيى بىلەن ئىچسە، كاناي ئىششىقى ۋە تىك ئولتۇرۇپ نەپەسلىنىشكە ئوخشاش كۆكرەك

كېسەللىكلىرىگە مەنپەئەت قىلىدۇ، كۆكرەكتىكى شىلىمشىق قويۇق خىلىتلارنى تازىلايدۇ. يوپۇرمىقىنى سوقۇپ بۇرۇنغا سالسا بۇرۇن قېنىنى توختىتىدۇ، بۇنىڭدىن 2.5 گىرام ئېلىپ يېرىم ھەسسە مۇرمەككى بىلەن بىرلىكتە ھەمەل قىلسا ھەيزنى ھەيدەيدۇ. ئۇنىڭ ھۆل يوپۇرمىقىنى زىمات قىلسا بۇرۇن قېنىنى توختىتىدۇ، چىقىپ قالغان بالىياتقۇنى ئورنىغا چۈشۈرىدۇ، يىرىڭلىق ئىششىقلارنى ئېغىز ئالدۇرۇپ تارقىتىدۇ، سۆگەللەرنى چۈشۈرىدۇ، بولۇپمۇ ھەسەل بىلەن زىمات قىلسا تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ، پەيلەرنىڭ تولغىشىپ كېتىشىگە پايدا قىلىدۇ، تۇز بىلەن زىمات قىلسا غالجىر ئىت چىشلىۋالغان يارىنى ساقايتىدۇ، موم يېغى بىلەن زىمات قىلسا تالنىڭ قاتتىق ئىششىقىنى تارقىتىدۇ، ئۇنى زەيتۇن يېغى بىلەن قايناتقاندا زىمات قىلسا قۇلاق ئاستى بەز ئىششىقىنى تارقىتىدۇ، ئۇنىڭ يوپۇرمىقىنىڭ كۈلىنى تۇز بىلەن زىمات قىلسا يارىلارغا مەنپەئەت قىلىدۇ، ئۇنىڭ يىلتىزىنى ئارپا سۈيى بىلەن زىمات قىلسا كۆكرەك ۋە ئۆپكىنى تازىلايدۇ.

ئۇنىڭ ئۇرۇقى كاناي ئىششىقى، يۆتەل، نەپەس ئەزالىرى، ئىستىسقا، زەرداب سۇ ۋە شىلىمشىق بەلغەمنى ھەيدەپ چىقىرىش، تال ۋە بۆرەك كېسەللىكلىرى، شۇنداقلا باھنى قۇۋۋەتلەشلەرگە ئىشلىتىلىدۇ. ئۇنى سىركەنجۇبىل بىلەن بىرلىكتە چاپسا تال، بىقىن ۋە بۆرەك ئاغرىقلىرىنى دەرھال توختىتىدۇ. ئۇنىڭ قاينىتىلمىسىنى چۇچۇكبۇيا يىلتىزى بىلەن چاپسا دوۋساقتىكى كېرەكسىز ماددىلارنى تازىلايدۇ، ئۇنى كەرەپشە ئۇرۇقى ۋە قوي سۈتى بىلەن بىرلىكتە ئىچسە باھنى ئىنتايىن قوزغايدۇ، شاراب بىلەن بىرلىكتە ئىچسە بەلغەمنى نورمال سۈرىدۇ. ئۇنى ھەسەل بىلەن پىلتە ياساپ ۋە ھەمەل ياساپ جىنسىي يولغا قويسا ھەيزنى ماڭدۇرىدۇ. ئۇنى ھەسەل بىلەن زىمات قىلسا زەكەرنى چوڭايتىدۇ، مەلھەملەرگە قوشسا سەرتان يارىلىرىغا مەنپەئەت قىلىدۇ، يالغۇز چاپسا ئىششىقلارنى ياندۇرىدۇ، شۇنداقلا ئۇنىڭ يوپۇرمىقىنى چاپسىمۇ شۇ تەسىرنى بېرىدۇ. ئۇنىڭ يىلتىزىنى ھەسەل بىلەن بىرلىكتە مەلھەم قىلىپ زەكەر ۋە يىرىققا چاپسا باھنى قوزغىتىدۇ. ئۇنىڭ سىقىلغان سۈيى بىلەن ئېغىز چايقىسا، كىچىك تىل ئىششىقىنى تارقىتىدۇ، ئۇنىڭ ئۇرۇقى ۋە يوپۇرمىقىنىڭ تالقىنىنى سەپسە، يېيىلگەن زەخىملەر ۋە پۈتۈنلۈكى بۇزۇلغان راكنى قۇرۇتىدۇ.

**خۇسۇسىيتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** بۆرەك ۋە ئۈچەيلەرگە زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** ئەرەب يېلىمى، كەتىرا، چىلان.

**ئىستېمال مىقدارى:** 10 گىرامغىچە، ئۇنىڭدىن ئارتۇق ئىستېمال قىلسا ھالاك قىلىدۇ.

**زەھەر قايتۇرۇش تەدبىرى:** سوغۇق شەربەتلەر، سوغۇق مېۋە سۇلىرى ۋە شىلىمشىق لوئابلىق نەرسىلەر ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ.

**ئورۇنباسارى:** قەردمانە ياكى ھۇرف.

ئۇنىڭ يېغىنىڭ مەزكۇر تەسىرلىرى بولۇپمۇ باھنى قوۋۋەتلەش تەسىرى ئۇرۇقىدىن ياخشىراقتۇر. شۇنداقلا ئىسھال ئۈچۈنمۇ يېغى ئۇرۇقىدىن ياخشىراقتۇر. ئۇنىڭ يېغى قارابادىندا ياغلار قاتارىدا بايان قىلىندى.

## ئەنجىيرى ئادەم
(ئادەم ئەنجۈرى)

**ماھىيتى:** ئەبۇ رەيھاننىڭ «سەيدىيىە» ناملىق كىتابىنىڭ تەرجىمانى ئۆزىنىڭ «سەيدىيىە» ناملىق كىتابىدا يېزىشىچە، ئۇ ياڭاقتىن چوڭراق، رەڭگى كۆل رەڭگە مايىل قارا، پارقىراق، ياپىلاقلىق ۋە يۇمىلاقلىق جەھەتتە ئەنجۈرگە ئوخشايدىغان بىر خىل مېۋە ئىكەن. ھىندىچە «كەللە» دېيىلىدۇ، كابۇل تاغلىرىدا ناھايىتى كۆپ بولىدۇ، ئاياللار ئۇنى سىمىزلىك ئۈچۈن ئىشلىتىدۇ.

ھېكايە قىلىنىشىچە، مەزكۇر مېۋىنىڭ دەرىخى ئۆسىدىغان تاغلاردا توشقانغا ئوخشايدىغان بىر خىل ھايۋان بار بولۇپ، قوي پادىلىرىنى كۆرگەن ھامان قويلارنىڭ ئارقىسىدىن مېڭىپ ئۆلارنىڭ يېلىنىنى شوراپ، سۈتىنى ئېمىدىكەن. بۇ ھايۋاننىڭ گۆشىنى يېگەن ئادەم شۇ ھامان ساراڭ بولىدىكەن. بۇ ھايۋاننىڭ مەزكۇر دەرەخنىڭ ئاستىدا ئۇخلاش ئادىتى بار ئىكەن. بۇ دەرەخ شۇنداق تەسۋىرلەنگەنكى، شاخلىرى سۆگەت دەرىخىنىڭ شاخلىرىغا ئوخشايدىكەن. ئۇنىڭ بىر تال شېخىنى ئوتۇن بىلەن كۆيدۈرسە، بۇ ئوت بىلەن ئىسسىنغان ھەرقانداق ئادەم خۇدىنى يوقىتىپ بىھوش بولىدىكەن.

## ئەندەرۇسارۇن
(ئەندەرۇسان ئوتى)

بۇ يۇنانچە سۆزدۇر. بەزى دورىگەرلەر ئۇنى «ئەفياس» ۋە «فاس» يەنى «تەبەر» دەپ ئاتايدۇ، چۈنكى ئۇنىڭ ئۆسۈملۈكىنىڭ يوپۇرمىقى «تەبەر» ئۆسۈملۈكىنىڭ يوپۇرمىقىغا ئوخشايدۇ.

**ماھىيتى:** بىر خىل سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك بولۇپ، ئۇ بۇغداي ۋە ئارپا ئېتىزلىرىدا ئۆسىدۇ. يوپۇرمىقى نوقۇت يوپۇرمىقىغا ئوخشاش ئۇششاق بولىدۇ. ئۇرۇقى قىزىل رەڭدە بولۇپ يا شەكلىدە بولىدۇ، ئوتتۇرىسىدا بىر دانە ئاق چېكىت بولىدۇ. تەمى ئاچچىق ۋە قىرتاق بولۇپ، بۇ ئۇرۇق «رائام» دەپ ئاتىلىدۇ. «خەرنۇب شامى» نىڭ غىلاپىغا ئوخشايدىغان غىلاپ ئىچىدە بولىدۇ، يازدا يېتىلىدۇ.

**تەبىئتى:** ئۈچىنچى دەرىجىنىڭ باشلىرىدا قۇرۇق ئىسسىق، ئازراق قابىزلىقى بار.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** تومۇرلارنى ئېچىش، ماددىلارنى ئۇچۇرۇپ تارقاتقۇچى، قورۇش قاتارلىق خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە. ئادەتتە ئاشقازانغا بەكرەك مۇۋاپىق كېلىدۇ. ئۇنىڭدىن ئالتە گىرام ئىستېمال قىلسا، ئىچكى ئەزالارنىڭ تومۇرلىرىنى ئاچىدۇ. شۇ سەۋەبتىن ئۇنىڭ يوپۇرمىقىنى زەيتۇن يېغى بىلەن قايىنىتىپ ئىچسە، تال ئىششىقىغا پايدا قىلىدۇ. سۈيدۈكنى راۋانلاشتۇرىدۇ. مەددە قۇرتلارنى چۈشۈرىدۇ. ئۇنى ھەسەل بىلەن ھەمەل قىلىپ ھەيزدىن كېيىن، جىمادىن بۇرۇن ئىشلەتسە ھامىلىدارلىقنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ.

ھەكىم مىر مۇھەممەد مۇئمىن: «‹جامىئى تەمىيمى› نىڭ ئاپتورى ئۇنى لىسانۇل ئەساپىر دېگەن» دەپ يازغان.

## ئەنداھەمان

(ئەنداھەمان دورىسى)

**ماھىيىتى:** كېرمان (پارسلارنىڭ بىر شەھىرى)دىن چىقىدىغان بىر خىل مەشھۇر دوردۇر.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ئۇ خاسىيىتى بىلەن ئىچ سۈرۈشكە پايدا قىلىدۇ. بەزىدە ئۇنىڭدىن 5 ~ 10 گىرامغىچە ئېلىپ، يالغۇز ياكى گۈلاب ياكى قايناق سۇ بىلەن بىرلىكتە ئىچىلىدۇ، بۇ چاغدا ئۇ ئۇنىڭ قۇۋۋىتىنى كۈچەيتىدۇ.

**ئورۇنباسارى:** باراۋەر مىقداردا گىل ئەرمىنى، ئانار پوستى، يېرىم ھەسسە ئاق سەندەل.

## ئەندەرۇتالىس

(ئەندەرۇتالىس ئوتى)

بۇ يۇنانچە سۆزدۇر، ماراكەشتە «كەلەنج»، «مەلاج» دېيىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** ئۇ ياۋا نوقۇتنىڭ بىر تۈرىدۇر. ھەكىم مىر مۇھەممەد مۇئمىن: «سىرتىدىن قارىغاندا ئۇ ‹قاقۇللى›، ئۆسۈملۈكنىڭ بىر تۈرى بولۇشى مۇمكىن» دېگەن. ئۇ كۆپ ھاللاردا رىم دەرياسى بويلىرىدا ئۆسىدۇ، ئۆسۈملۈكى ئاق، يوپۇرماقسىز بولىدۇ، شېخى ئىنچىكە، تەمى ئۆتكۈر، ئاچچىق بولىدۇ، ئاخىرقى مەزگىلدە قىزىلغا مايىللىشىدۇ، ئۇرۇقى نوقۇت غىلاپىغا ئوخشاش غىلاپ ئىچىدە بولۇپ، غولىنىڭ ئاخىرقى قىسمىدا ئۆسىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ماددىلارنى تارقىتىش، تومۇرلارنى ئېچىش، قۇرۇتۇش، سۈيدۈك ھەيدەش قاتارلىق خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە. ئۇرۇقىنى ئىستېمال قىلسا، چۆپىنى

قايىنىتىپ ئۇلتۇرسا ۋە مەلھەم قىلىپ سۈركىسە، ئىستىسقا، نۇقرەس، سوۋىدۇك تەستە كېلىش، دوۋساقتا تاش پەيدا بولۇش ۋە ھەيز تۇتۇلۇشلارغا مەنپەئەت قىلىدۇ، بولۇپمۇ شاراب بىلەن ئىچسە تەسىرى تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** ئۇرۇقىدىن شاراب ۋە ئۇنىڭ ئوخشاشلىرى بىلەن بىرلىكتە بەش گىرامدىن، قايىنىتىلمىسىدىن شېكەر ياكى سىركە بىلەن بىرلىكتە 100 مىللىلىتىرغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

## ئەندەرۇتۇن

(ئەندەرۇتۇن يوپۇرمىقى)

**ماھىيىتى:** بۇ بىر خىل ئۆسۈملۈكنىڭ يوپۇرمىقى بولۇپ، سۆگەتنىڭ يوپۇرمىقىغا ئوخشايدۇ. ئۇنىڭدىن كەڭرەك بولىدۇ.

**تەبىئىتى:** قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ئىچكى ئەزالارنىڭ توسالغۇلىرىنى ئاچقۇچىدۇر، بوغۇملارنىڭ ئاغرىقلىرىنى پەسەيتكۈچىدۇر.

## ئەنزەرۇت

(ئەنزىرۇت)

ئۇ ئىسپاھانچە «كۇنجۇدە»، «ئەگرۇھەك»، شىرازچە «كەدرۇ»، ئەرەبچە «كۇھل فارسى»، «كۇھل كېرمانى»، ھىندىچە «لائى» دېيىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** «شايىكە» (تىكەنلىك) دەپ ئاتىلىدىغان بىر خىل تىكەنلىك دەرەخنىڭ يېلىمىدىن ئىبارەت. بۇ دەرەخ ئىككى غۇلاچ ئېگىزلىكتە ئۆسىدۇ. يوپۇرمىقى ئاس دەرىخى ۋە كۇندۇر دەرىخى يوپۇرمىقىغا ئوخشايدۇ. ئۇ پارس ۋە تۈركىستان شەھەرلىرىدە ئۆسىدۇ. قىزىل ۋە سېرىققا مايىل ئاق رەڭلەردە بولىدۇ. ياخشىسى سېرىققا مايىل ئاق، يېڭى، دانلىرى كۇندۇر چوڭلۇقىدا، چۈرۈك، تەمى ئاچچىق، ئازراق تاتلىق بولغانلىرىدۇر.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىنىڭ ئاخىرىدا ئىسسىق، ئىككىنچى دەرىجىنىڭ بېشىدا قۇرۇق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ماددىلارنى يۇمشىتىش، قويۇق يەللەرنى تارقىتىش، توسالغۇلارنى ئېچىش، يارا ۋە جاراھەتلەرنىڭ ھۆللۈكلىرىنى قۇرۇتۇش قاتارلىقلاردۇر، بەلغەمنى ئەڭ ياخشى سۈرگۈچى، ئۇنى بوغۇملاردىن ۋە بەدەننىڭ چوڭقۇر قىسىملىرىدىن

سۈرگۈچىدۇر. بولۇپمۇ تۇربۇت، ھېلىلە، سەكبىنەج ۋە ئۇنىڭ بىلەن ئوخشاش دورىلار بىلەن ئىشلەتسە تېخىمۇ ياخشى سۈرىدۇ، قوشۇمچە سەپرانىمۇ سۈرىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، يەنە ئۆزئارا چاپلاشتۇرۇش، جاراھەتلەرنى پۈتتۈرۈش، گۆش ئۈندۈرۈش، سۇنغان ۋە قوزغالغان ئەزالارنى تۇتتۇرۇش قاتارلىق خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە.

باش، كۆز ۋە قۇلاق كېسەللىكلىرى: بىدانجىر ئۇرۇقى يېغى بىلەن ئىستېمال قىلسا، بەدەندە ماددىلارنىڭ قېيىپ قېلىشىدىن بولغان تەشەننۇجقا مەنپەئەت قىلىدۇ. قىزىق تۇغقان ئاياللارنىڭ سۈتى بىلەن زەھەرسىزلەندۈرۈپ كۆزگە يالغۇز ياكى مۇناسىپ دورىلار بىلەن بىرلىكتە سۈركىسە، كۆز ئاغرىقى، قاپاقلارنىڭ چاپلىشىپ قېلىشى، كۆزگە نەزلە سۇيۇقلۇقلىرى چۈشۈش، قاپاق قوتۇرى ۋە قاپاق قىزىرىپ ئىششىقلارغا مەنپەئەت قىلىدۇ. باراۋەر مىقداردىكى كۈشتە قىلىنغان مەرۋايىت، مارجان ۋە ئاق ناۋات بىلەن بىرلىكتە سالايە قىلىپ كۆزگە سەپسە، ئاقنى يوقىتىدىغان بولۇپ «تەزكىرەئى داۋۇت» دېگەن كىتابنىڭ ئاپتورى سىناقتىن ئۆتكەن، دەپ قارايدۇ. بىر دانە پىيازنىڭ ئوتتۇرىسىنى ئويۇپ، ئىچىگە ئاق ئەنزىرۇت قويۇپ، چوغ ئۈستىدە قويۇپ، ئېرىپ قايناپ ئۇنىڭدا سۈيىنى چىقىرىپ قۇلاققا تېمىتسا قۇلاق ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ. ھەسەل بىلەن يۇغۇرۇپ، ئۇنىڭ بىلەن پىلتە ياساپ قۇلاققا سېلىپ قويسا، قۇلاقنىڭ كىرلىرىنى ناھايىتى ياخشى تازىلايدۇ.

بوغۇملار ۋە باشقا ئەزالار كېسەللىكلىرى: ئۇنى ئىستېمال قىلسا بوغۇم، يانپاش ۋە ئولتۇرغۇچ نېرۋا ئاغرىقلىرىنى پەسەيتىدۇ. ئاشقازان ۋە ئۈچەيلەردىكى مەددە قۇرتلارنى ھاملىنى چۈشۈرىدۇ. ئورۇق كىشىلەرنى ئىنتايىن ياخشى سەمرىتىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇنىڭدىن 15 گىرام ئېلىپ ئاۋام - خەلق «ئەندەرزا» دەپ ئاتايدىغان «ھەجەرۇلبەقەر» (كالا يادا تېشى) دىن ئالتە مىللىگىرام، نارجىلدىن 30 گىرام ئېلىپ ئارىلاشتۇرۇپ سالايە قىلىپ، تۆت بۆلەككە بۆلۈپ كۈنىگە بىر بۆلىكىنى يەپ ئارقىدىن ئىللىتىلغان بىرقانچە توخۇ تۇخۇمىنىڭ سېرىقىنى ئىچسە بەدەننى ئاجايىپ سەمرىتىدۇ. بەغدادىينىڭ يېزىشىچە، مىسىر ئاياللىرى ئۇنى تاۋۇز سۈيىگە يېرىم كۈنگىچە چىلاپ قويۇپ بەدىنىنى سەمرىتىش ئۈچۈن ئۇدا 10 كۈنگىچە ئىچىدىكەن.

**زىيانلىق تەسىرى:** ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇنىڭ سالايە قىلىنغان 15 گىرامى تەر تۆشۈكچىلىرىنى ئېتىش ۋە ئىچكى ئەزالارنى چاپلاشتۇرۇش بىلەن كىشىنى ھالاك قىلىدىكەن، بولۇپمۇ «تەلقى مەھلۇب» بىلەن ئىشلەتسە تېخىمۇ شۇنداق بولىدىكەن، بۇ يوشۇرۇن سىرلار قاتارىدىن ھېسابلىنىدىكەن.

**تۈزەتكۈچىسى:** ئەرەب يېلىمى، بادام يېغىدۇر. ئۇنى يالغۇز ئىشلىتىشكە توغرا كەلگەندە ئىككى ھەسسە بادام يېغى بىلەن ئىشلىتىش لازىم.

**ئىستېمال مىقدارى:** يالغۇز ھالەتتە 2.5~10 گىرامغىچە، مۇرەككەپ ھالەتتە مۇسھىللار

بىلەن بىرلىكتە بەش گىرامدىن ئىستېمال قىلىنىدۇ.

**ئورۇنباسارى:** باراۋەر مىقداردا سەبرىدۇر.

ئۇنى سىرتىدىن ئىشلەتسە زەخىملەرنىڭ ئارتۇق گۆشلىرىنى يەپ، جاراھەتلەرنى تازىلايدۇ، قان توختىتىپ يېڭى گۆش ئۇندۇرىدۇ، جاراھەتنى پۈتتۈرىدۇ، چېچەكنىڭ ئىزلىرىنى يوقىتىدۇ. توغرىغو بىلەن بىرلىكتە ئىشلەتسە كۆكرەك ئىششىقى ۋە گالدا پەيدا بولغان چاشقان يارىسىنى يوقىتىدۇ.

**ئۇنى قورۇش ئۇسۇلى:** ئۇنىڭدىن مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ، ئېشەك ياكى قىز تۇغقان ئاياللارنىڭ سۈتى بىلەن يۇغۇرۇپ، يۇلغۇن ياغىچىغا چاپلاشتۇرۇپ تونۇرغا ئېسىپ، ھۆللۈكلىرى قۇرۇپ ئازراق پىشقۇچە قويۇپ، ئۇنىڭدىن كېيىن تونۇردىن چىقىرىپ ئىشلىتىلىدۇ. ئەگەر ئۇ تونۇردا يۇقىرىدىكى ئۇسۇل بىلەن بىر قېتىم پىشۇرغاندىن كېيىن يەنە پىشۇرۇپ، توخۇ تۇخۇمىنىڭ ئېقى بىلەن يۇغۇرۇپ، قائىدە بويىچە يەنە بىر قېتىم پىشۇرسا ياخشىراق ۋە مۆتىدىللىككە يېقىنراق بولىدۇ. بولۇپمۇ كۆز كېسەللىكلىرىنىڭ كۆپ قىسمى ئۈچۈن شۇنداق پىشۇرۇپ ئىشلىتىلىدۇ، چۈنكى كۆز كېسەللىكلىرى ئۈچۈن ئۇنى پىشۇرماي ئىشلىتىش راۋا ئەمەستۇر.

ئەنزىرۇتنىڭ ھەببىسى، داۋائىسى، زەرۇرى، سەمنەسى، شىيافى، زىماتى، پىلتىسى، تېمىتىلمىسى ۋە مەلھىمى «قارابادىن كەبىر» دە بايان قىلىندى.

(مۇشۇ ئورۇندىن ئىنسانغا تېمىدىكى بىر مەزمۇن مەلۇم سەۋەبلەردىن چىقىرىۋېتىلدى)

## ئەنغىرا

### (ئەنغىرا ئۆسۈملۈكى)

بۇ يۇنانچە سۆزدۇر.

**ماھىيتى:** ئانار دەرىخىدىن كىچىكرەك ئۆسۈملۈكتۇر. بەزىدە ئانار دەرىخى چوڭلۇقىدا بولىدۇ، تاغلاردا ئۆسىدۇ. ئۆسۈش ۋاقتى مۇقىم بولمايدۇ. يوپۇرمىقى بادام دەرىخى يوپۇرمىقىغا ئوخشايدۇ، ئۇنىڭدىن چوڭراق بولىدۇ. گۈلى ئانار گۈلىگە ئوخشاش، لېكىن ئۇنىڭدىن سەل چوڭراق، يىلتىزى ئاق، كىچىكرەك بولۇپ، قورۇسا ئۇنىڭدىن شارابنىڭ پۇرىقى كېلىدۇ.

**تەبئىتى:** مۆتىدىل. ئېيتىشقىلارغا قارىغاندا، سوغۇق ئىكەن، ئۈچۈچى بولغان يەڭگىل ھارارىتىمۇ بار ئىكەن.

**تەسىرى ۋە خۇسۇسىيەتلىرى:** ئۇنىڭ قۇۋۋىتى خۇرسەن قىلىش، مەست قىلىش ۋە كۆڭۈلنى ئېچىش جەھەتلەردە ھاراققا ئوخشاپ قالىدۇ. يوپۇرمىقى بىلەن يىلتىزىنى ئىستېمال قىلسا،

خۇسۇسىيەتلىرى بىلەن ياتسىراش، ساراڭلىقتا مەنپەئەت قىلىدۇ. سەزگۈلەر ۋە زېھنىنى كۈچلەندۈرىدۇ، كىشىنى ئىنتايىن چىقىشقاق قىلىدۇ، ھەتتا ياۋايى ھايۋانلار ئۇنىڭ يوپۇرمىقى، شېخى، يىلتىزىدىن يېسە ياكى قاينىتىلمىسىدىن ئىچسە ئادەمگە كۆنىدىغان بولىدۇ. ئۇنىڭ يوپۇرمىقىنى زىمات قىلسا يامان يارىلارنىڭ تەرەققىي قىلىشىنى توسىدۇ.

## ئەنفۇل ئىجىل
(موزاي بۇرنى)

بۇ ماراكەشچە ئاتىلىشىدۇر.

**ماھىيىتى:** بۇ بىر خىل مېۋە بولۇپ، كالىنىڭ بۇرنىغا ئوخشايدۇ. ئۆسۈملۈكى دەرەخكە ھەم گىياھقا ئوخشايدۇ. يوپۇرمىقى كاسىنە يوپۇرمىقىغا ئوخشاش، لېكىن ئۇنىڭدىن ئۇششاقراق بولىدۇ. مېۋىسى ئەمەس، بەلكى يوپۇرمىقى ئىشلىتىلىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئىسسىق ـ سوغۇقلۇقتا مۆتىدىل، تارقاتقۇچى قۇۋۋەتكە ئىگە.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** يوپۇرمىقىنىڭ قاينىتىلمىسى ھەيز ھەيدەش ۋە زەھەرلەرنى قايتۇرۇش ئۈچۈن ئىچىلىدۇ. سۈيى قاتتىق ئىششىقلارنى تارقىتىش، زىياداش ھاشارات چاققاندىكى ئاغرىقنى پەسەيتىش ئۈچۈن يەرلىك ئورۇنغا تۆكۈلىدۇ. سەۋسەن يېغىغا چېلاپ يۈزگە سۈركىسە، نەزىرى چۈشكەنلەرنىڭ قوبۇل قىلىشىغا ئېرىشىدۇ. ئۇنىڭ بۇ ئىككى خىل خاس خۇسۇسىيەتلىرى ماراكەشتە مەشھۇردۇر.

## ئىنفەھە
(پەنىرمايە)

بۇ ئەرەبچە سۆزدۇر. پارسچە «پەنىرمايە»، ھىندىچە «چاك»، «چۇستە» دېيىلىدۇ. ھىندىچە يەنە «چۇستا» مۇ دېيىلىدۇ. چۈنكى ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ ئاخىرى «ھ» ھەرپى بىلەن ئاخىرلاشقان سۆزلەرنىڭ ئاخىرىدىكى «ھ» ھەرپىنى «ئا» ھەرپىگە ئالماشتۇرۇپ ئوقۇيدىغان ئادىتى بار.

ھەرقايسى ھايۋاناتلارنىڭ پەنىرمايىسى ئاللا خالىسا شۇ ھايۋاننىڭ خۇسۇسىيىتى ۋە پايدىلىرى بىلەن بىرلىكتە بايان قىلىنىدۇ، بۇ يەردە پەقەت ئومۇمىي چۈشەندۈرۈش بېرىلىدۇ.

ماھىيىتى: ئۇ سۈت ئېمىتكۈچى ھايۋانلارنىڭ تۇغۇلۇشقا يېقىنلاشقان باللىرىنىڭ ئاشقازىنىدىن ئىبارەت بولۇپ، بوغۇزلىنىپ چىقىرىۋېلىنىدۇ ھەمدە قۇرۇق ياكى ھۆل

ھالەتتە ئىشلىتىلىدۇ. ھايۋاننىڭ بالىسى تۇغۇلۇپ ئازراق چوڭايغان ۋە ئوت يېگەندىن كېيىن چىقىرىۋېلىنغىنى پەنىرمايە دېيىلمەيدۇ. ئۇنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىمۇ ئوخشىمايدۇ.

تەبىئىتى: ھەرقايسى پەنىرمايىلەرنىڭ تەبىئىتى ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق، ئۈچىنچى دەرىجىگىچە قۇرۇق ئىسسىقمۇ، دېيىلگەن.

خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى: يالغۇز ئىستېمال قىلسا تۇتقاق كېسەلگە، سىركە ياكى سېرىق ماي ياكى ھەسەل بىلەن ئىستېمال قىلسا بەلغەمدىن بولغان تۇتقاق كېسەلگە مەنپەئەت قىلىدۇ. بولۇپمۇ توشقان پەنىرمايىسىنىڭ بۇ جەھەتتىكى تەسىرى ئالاھىدە ياخشى بولۇپ، 1.5 گىرامىنى ئۈزۈم سىركىسى بىلەن ئېرىتىپ ئىچۈرۈلىدۇ. كىچىك بالىلارغا ئۇنىڭدىن ئاز مىقداردا ئىستېمال قىلدۇرسا تۇتقاق كېسەلدىن خالىي بولىدۇ. تايىنىڭ پەنىرمايىسى ۋە رىم دەرياسىدا بولىدىغان «قۇفى» دەپ ئاتىلىدىغان دېڭىز ھايۋىنىنىڭ پەنىرمايىسىنىڭ قۇۋۋىتى ۋە خۇسۇسىيىتى قۇندۇز قەھرىنىڭ قۇۋۋىتى ۋە خۇسۇسىيىتىگە ئوخشاش بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەربىرى، شۇنداقلا ھەرقانداق ھايۋاننىڭ پەنىرمايىسىنى ئىچسە، ئەزالارنىڭ تارتىشىشى، بەلغەمدىن بولغان تەشەننۇج ۋە ھىستېرىيە كېسەللىكىگە مەنپەئەت قىلىدۇ. چۈنكى ئۇ ئۇچۇچانلاشتۇرغۇچى، تارقاتقۇچى، ئۇيۇغان ھەرقانداق خىلتنى ئېرىتكۈچى، ئېرىگەن ھەرقانداق سۇيۇق خىلتنى قويۇلدۇرغۇچى ۋە ئۇيۇتقۇچىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ سىركە بىلەن ئېرىتىلگىنى ئاشقازاندىكى ئۇيۇغان قاننى تارقاتقۇچىدۇر. ئۇنى يالغۇز ياكى مۇناسىپ دورىلار بىلەن بىرلىكتە ئىشلەتسە، ئاشقازاندىكى قان ۋە سۈتنى، ئاشقازان ۋە باشقا ئەزالاردىكى ئۇيۇغان قاننى تارقىتىدۇ، بۇرۇن قاناش ۋە ئىچ سۈرۈشنى توختىتىدۇ، ھامىلىدارلىقنى چەكلەيدۇ. خاسىيىتى بىلەن يۈرەكنى قۇۋۋەتلەيدۇ، كۆڭۈلنى خۇرسەن قىلىدۇ، ئەمما زىيادە ئىسسىق بولغانلىقى ئۈچۈن غەزەپنى خۇرسەنلىكتىن بەكرەك قوزغايدۇ. ھەيزدىن پاك بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭ بىلەن ھەمەل قىلسا ھامىلىدارلىققا ياردەم بېرىدۇ. ئۇنىڭدىن 1.5 گىرام ئېلىپ شاراب بىلەن ئىچسە، زەھەر قايتۇرۇش تەسىرى بىلەن زىيانداش ھاشارات چېقىۋالغاندىكى زىياننى يوقىتىدۇ، ئۆلتۈرگۈچى زەھەرلەرنى قايتۇرىدۇ، كونا ئىچ سۈرۈشنى توختىتىدۇ، قورساق ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ، ئۈچەي يارىسىنى ساقايتىدۇ، بالىياتقۇدىن سۇيۇقلۇق ئېقىشلارنى توختىتىدۇ. ھەيزدىن پاك بولغاندىن كېيىن ئۇنى ئۇدا ئۈچ كۈن ئىستېمال قىلسا تۇتقاق كېسەلگە شىپا بولىدۇ.

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئايال كىشى ئەركەك توشقاننىڭ پەنىرمايىسى ياكى ئۇرۇقدىنىنى شاراب بىلەن ئىستېمال قىلسا، ئوغۇل بالىغا، چىشى توشقاننىڭ پەنىرمايىسىنى ئىستېمال قىلسا قىز بالىغا ھامىلىدار بولىدىكەن. ئۇنىڭدىن بىر باقىلە مىقداردا ئېلىپ شاراب بىلەن

ئىچسە، تۆت كۈندە بىر تۇتمىدىغان تەپكە مەنپەئەت قىلىدۇ. ئاق لەيلى ۋە زەيتۇن يېغى بىلەن يۇغۇرۇپ بەدەنگە سۈركىسە، بەدەندىكى ئۇق، قومۇش پارچىسى ۋە تىكەنگە ئوخشاش يات ماددىلارنى چىقىرىدۇ. ئۇنى دىماققا سۈركىسە بۇرۇننىڭ قىنىنى توختىتىدۇ، تەپ بىمارنىڭ باش بارمىقىغا ئېسىپ قويسا تەپنى يوقىتىدۇ. ياۋا ئېشەك، تاغ ئۆچكىسى، كېيىك، قېچىر، قوي، پىل قاتارلىق ھايۋانلارنىڭ پەنىرمايىسىدىن نوقۇت چوڭلۇقىدا ئېلىپ ئىشلەتسە باھنى ئىنتايىن قۇۋۋەتلەيدۇ.

پەنىرمايىنىڭ راست ـ يالغانلىقىنى پەرق ئېتىشنىڭ ئۇسۇلى شۇكى، پەنىرمايىنىڭ ئۇستىگە يەنە بىر ھايۋاننىڭ پەنىرمايىسىنى قويسا ئېرىيدۇ، ئېرىگىنى ھەقىقىدۇر، ئېرىمىگىنى ساختىدۇر.

پەنىرمايىنىڭ ھەببى، سۇفۇپى، مەجۇنى قارابادىندا بايان قىلىندى.

## ئەنكۈل (ئەكۈل)

(ئەنكۈل دەرىخى)

**ماھىيىتى:** ھەكىم مىر ئابدۇل ھەمىدنىڭ يېزىشىچە، ئۇ ھىندىستاندا ئۆسىدىغان بىر خىل دەرەخ ئىكەن، يوپۇرمىقى شاپتۇل يوپۇرمىقىغا ئوخشايدىكەن. ئۇرۇقىنىڭ مېغىزى ناھايىتى مايلىق، تەمى ئاچچىق، قىرتاق بولىدىكەن.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە ھۆل ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** زىمات قىلسا ئىستىسقا ۋە ھەر خىل ئىششىقلارغا مەنپەئەت قىلىدۇ. زەھەرلىك ھايۋانلارنىڭ زەھىرىنى قايتۇرىدۇ. ئۇنىڭ مېۋىسى چوڭ تەرەتنى يۇمشاتقۇچى، قان بۇزۇلۇشنىڭ ئالدىنى ئالغۇچى، تۇزلۇق بەلغەمنى پەسەيتكۈچى بولۇپ، ئەزالارنىڭ كۆيۈشۈشى، ياشانغانلاردىكى جۇدەتكۈچى تەپ، مەنىي بالدۇر يۇرۇپ كېتىش ۋە مەنىي كەملىككە مەنپەئەت قىلىدۇ. تائۇن كېسەللىكى يۈز بەرگەن كۈنلەردە ئۇنىڭ مېۋىسىدىن بىر دانە ئېلىپ سۇ بىلەن سالايە قىلىپ، تائۇن قاپارتمىسىغا سۈركىسە ياخشىلىق بىلەن ئۆتىدۇ ۋە شىپا تاپىدۇ، سىناقتىن ئۆتكەن دەپ قارىلىدۇ. ئۇنىڭ ئۇرۇقىنى سوقۇپ تازىلانغان ئامىلە سۈيىگە يەتتە قېتىم چىلاپ، قۇرۇتۇپ، ئۇنىڭدىن ياغ چىقىرىپ كۈنجۈت يېغى ئارىلاشتۇرۇپ 40 كۈنگىچە بۇرۇنغا تېمىتسا ئاق چاچنى قارايتىدۇ. ئۇنىڭ دەرىخىنىڭ ياغىچىدىن كارىۋات ياساپ كېچىلىرى ئۇنىڭدا ئۇخلىسا، زەھەرلىك ھاشاراتنىڭ زىيىنىدىن ساقلانغىلى بولىدۇ. ئۇنىڭ ياغىچىنى سوقۇپ سالايە قىلىپ، زەھەرلىك ھاشارات چېقىۋالغان كىشىگە ۋە يامان خولىرا بىمارىغا ئىستېمال قىلدۇرسا شىپا تاپىدۇ.

## ئەنگىىز
(ئەنگىىز ئوتى)

ئۇ سەفالىيىيە تىلىدا «خاۋانىي» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** ئەركەك ۋە چىشى دەپ ئىككى خىل بولىدۇ. ھەكىم مىرمۇھەممەد مۇئمىنىنىڭ يېزىشىچە، ئەمىنىۇد دەۋلە ئۇنى بىر خىل ئۇسۇملۇك بولۇپ گىيلان تاغلىرىدا ئۆسىدۇ، يەرگە كۆمۈپ قويسا ئىككىنچى كۈنى يەردىن كۆتۈرۈلۈپ تۇزلىنىدۇ، چىشىسىنى يەرگە كۆمۈپ قويسىمۇ ئوخشاشلا كۆتۈرۈلۈپ تۇزلىنىدۇ، دېگەن.

**تەبىئىتى:** قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** قۇرۇق يوپۇرمىقىنى گۇڭگۇرت سۈيى بىلەن مەلھەم قىلىپ بەھەققە سۈركىسە بىر كۈندە يوقىتىدۇ. ئەركىكىنىڭ ئۇرۇقى ئەرلەرنىڭ باھ قۇۋۋىتىنى ئىنتايىن قوزغايدۇ، چىشىسىنىڭ ئۇرۇقى ئاياللارنىڭ ھەۋەسىنىڭ زىيادە قوزغىلىشىغا سەۋەبچى بولىدۇ، ئۇنىڭدىن شاراب بىلەن بىرلىكتە ئاز مىقداردا ئىچسە كۆچلۈك ئۇخلىتىدىغان بولۇپ، ئۇنى ئىچكەن ئادەم تاكى ئۈچ كۈنگىچە ئويغىنالمايدۇ. زەيتۇن يېغىغا سۇ ئارىلاشتۇرۇپ ئىچسە، ئۇنىڭ ئۇخلىتىش تەسىرىنى يوقىتىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** ئالتە گىرامغىچە.

## ئەنەنناس
(ئاناناس)

بۇ ھىندىچە سۆزدۇر.

**ماھىيىتى:** ھىندىستاندا بولىدىغان مەشھۇر مېۋىدىن ئىبارەت. ئۇ بېنگالدىمۇ كۆپ بولىدۇ. خۇش پۇراق، خۇشتەم بولىدۇ. ئۇسۇملۇكى ئومۇمەن سەبىرە ۋە كازى ئۇسۇملۇكىگە ئوخشايدۇ. يوپۇرمىقى سەبىرە ۋە كازى يوپۇرمىقىدىن قىسقىراق، چۇرۇكرەك بولىدۇ. بىر غۇلاچ ئېگىزلىكتە ئۆسىدۇ، تىكەنلىك بولىدۇ، ئوتتۇرا قىسمىدىن غولى ئۆسۈپ چىقىپ، ئۇنىڭ ئۇستىدىن مېۋىسى تۇغۇپ چىقىدۇ. مېۋىسىنىڭ بېشىدىمۇ قىسقا، نەيچىسىمان يوپۇرماقلار بولىدۇ.

ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، ئاز ۋاقىتلاردا ئۇنىڭ بىر غولىدىن ئىككى ئاناناس بىر ۋاقىتتا ئۆسۈپ چىقىدىكەن، بىرى ئۇستىدە، يەنە بىرى ئاستىدا بولىدىكەن. ئۇنىڭ بېشىنى يوپۇرماقلىرى بىلەن بىرلىكتە مۇۋاپىق مىقداردا كېسىپ يەرگە تىكسە، ياشىرىپ يەنە ئاناناس چۈشىدىكەن. ئۇنىڭ مېۋىسىنىڭ ئەتراپى ۋە يىلتىزىدىن خۇددى خورما دەرىخى ياكى بانان دەرەخلىرىگە ئوخشاش كۆچەتلەر ئۆسۈپ چىقىدىغان بولۇپ، كېسىپ ئېلىپ يەرگە تىكسىمۇ

ياشىرىپ مېۋە بېرىدۇ. ھەربىر ئۈسۈملۈكتىن يىلدا بىر دانە مېۋە چۈشىدۇ. ئۇنىڭ پىشىش ۋاقتى يامغۇر پەسلى بولغان قۇياشنىڭ جەۋزا ۋە سەرەتان بۇرجلىرىدا تۇرۇۋاتقان ۋاقتىدۇر.

ئۇ ئىككى خىل بولىدۇ. بىرى كىچىك بولۇپ «كونلە» دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇ نارەنجى چوڭلۇقىدا بولىدۇ. ئېتى سېرىق، تاتلىق، خۇشتەم ۋە خۇش پۇراق بولۇپ، ئالتۇن رەڭ سېرىق بولىدۇ. يەنە بىرى چوڭ، ياخشى پىشقانلىرىنىڭ ئېتى ئاچچىق ـ چۈچۈك، سەل بوش پىشقانلىرىنىڭ ئېتى چۈچۈمەل بولىدۇ. خام ۋاقتىدا يېشىل بولىدۇ، ئۈستىدە كاتاكچىلەر بولۇپ، ئۇنىڭدىن كىچىك، يۇمران پوست ئۆسۈپ چىقىدۇ، پىشقاندىن كېيىن قىزىلغا مايىل سېرىققا ئۆزگىرىدۇ، ئازراق پارقىراق بولىدۇ. ھەربىر بۆلۈمچىسىدە پوستىغا چاپلاشقان سېرىق، قارامتۇل، ئۇششاق ئۇرۇقلار بولىدۇ.

ئۇنىڭ ھەر ئىككى تۈرىدە، بولۇپمۇ چوڭىدا جۇلا بېرىش خۇسۇسىيىتى ئىنتايىن يۇقىرى بولغان توغرىغو تەركىبلىك سۇيۇقلۇق باردۇر.

ئۇنى يېيىش ئۇسۇلى شۇكى، كىچىكى بولسا، دەسلەپتە پوستىنى نېپىز سويۇۋېتىپ، ئاز مىقداردىكى تۇز ۋە سۇ بىلەن يۇيۇپ توغرىغۇ تەركىبلىرى ئازايتىلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن يەنە بىر قېتىم سويۇپ ئۇرۇقلىرى ۋە بۆلۈمچىلىرىنىڭ ياغاچلاشقان قىسىملىرى ئايرىۋېتىلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن ئېتىنى نېپىز توغراپ ساپال ياكى ئەينەك قاچىغا سېلىپ ئىستېمال قىلىنىدۇ. بەزىلەر ئۇنىڭغا سوقۇلغان قەنت ياكى ناۋات سېپىپ قويىدۇ، يەنە بەزىلەر ئاز مىقداردا گۈلابمۇ سېپىپ قويىدۇ. ئۇنىڭ بەزىلىرى ئۆزى تاتلىق بولغانلىقى ئۈچۈن باشقا تاتلىق نەرسىلەرنى قوشۇش زۆرۈر ئەمەس، بەلكى تاتلىق نەرسىلەر ئۇنىڭ تەمىنى ئۆزگەرتىۋېتىدۇ.

ئۇنىڭ چوڭىنىڭمۇ سىرتىدىكى ياغاچلاشقان قاتتىق پوستىنى سويۇپ، ئۈستىگە ئازراق تۇز سېپىپ سەل تۇرغۇزۇپ، توغرىغۇلۇق ھۆللۈكى ئازايتىلغاندىن كېيىن سۇ بىلەن يۇيۇپ، يەنە بىر قېتىم سويۇپ ئۇرۇقى ۋە قالغان قاتتىق پوستىنى ئايرىۋېتىپ قالغان ئېتىنى ياپىلاق قىلىپ نېپىز توغراپ، ئۈستىگە ناۋات ياكى قەنت سوقۇپ سېپىپ ئىستېمال قىلىنىدۇ. بەزىلىرى سەل چۈچۈمەل بولغانلىقتىن تۇز سېپىپ يېسىمۇ تەملىك بولىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە ھۆل سوغۇق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** سەپرانىڭ ھارارىتىنى پەسەيتكۈچى، ئىسسىق مىزاجلىق كىشىلەرنىڭ ئاشقازىنى ۋە جىگىرىنى قۇۋۋەتلىگۈچىدۇر.

**زىيانلىق تەسىرى:** مىزاجى ھۆل سوغۇق بولغان كىشىلەرگە زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** تۇز ۋە زەنجىۋىل مۇراببىاسى بىلەن ئىستېمال قىلىش ياكى ئۈستىدىن مۇۋاپىق مىقداردا تۇز ئىستېمال قىلىشتۇر.

ئۇنىڭ پولۇسى، ئېشى، مۇراببىاسى ۋە شەربىتىمۇ ئاچچىق ـ چۈچۈك ۋە ناھايىتى تەملىك بولىدۇ.

## ئەنوتىيلوْن
(ئەنوتىيلوْن ئۆسۈملۈكى)

بۇ يۇنانچە سۆزدۇر.

ماھىيتى: بىر خىل مېۋىسىز ئۆسۈملۈك بولۇپ، قاپاق ئۆسۈملۈكىگە ئوخشايدۇ. ئىبنى تىلمىيزنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ يېڭى جاراھەتلەرگە ياخشى پايدا قىلىدىغان بولۇپ، ئۇلارنى دەرھال پۈتتۈرىدىكەن.

## ئەنىيسوْن
(رۇمبەدىيان)

ئەرەبچە «بەزرۇر ـ رازيىيانەج رۇمىي» (رىم بەدىيىنى ئۇرۇقى)، «ئەر ـ رازيىيانەجۇش شامىي» (شام بەدىيىنى)، «ئەل ھەببۇل ھۇلۇۋۋ» (تاتلىق دان)، «ئەل كەمموْنۇل ھۇلۇۋ» (تاتلىق زىرە)، پارسچە «بادىيان رۇمىي» (رىم بەدىيىنى)، «زىيرەئى رۇمىي» (رىم زىرىسى)، ھىندىچە «رەندەنى» دەپ ئاتىلىدۇ.

ماھىيتى: بىر خىل ئۆسۈملۈك بولۇپ، بىر غۇلاچتىن ئېگىزرەك ئۆسىدۇ. غولى تۆت قىرلىق، ئىنچىكە، يوپۇرمىقى ئىنچىكە، خۇش پۇراق بولىدۇ. گۈلى ئاققا مايىل ئېچىلىدۇ. ئۇرۇقى ئۇزۇنچاق، نازۇك غىلاپ ئىچىدە بولۇپ، ئارپىبەدىياندىن كىچىكرەك، يېشىلراق، ئاق سېرىققا مايىل، شەكلى سەل ئەگرى بۈرجەك بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۇرۇقى ئىشلىتىلىدۇ. خۇش پۇراق، يېڭى بولغان، پوستى ئايرىلمىغانلىرى ياخشىلىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى ئۇنىڭ خۇسۇسىيىتىنىڭ كۆپ قىسمى ئۇنىڭ ئۇرۇقىنىڭ پوستىدا بولىدۇ. تەمى ئۆتكۈر، ئاچچىق بولىدۇ. ئۇنىڭ ھىندىستان ۋە بېنگالدا ئۆسكىنى ئۇششاقراق ۋە تەسىرى ئاجىزراق بولىدۇ.

تەبئىتى: ئىككىنچى دەرىجىنىڭ ئاخىرىدىن ئۈچىنچى دەرىجىگىچە قۇرۇق ئىسسىقتۇر. ئىككىنچى دەرىجىدە ئىسسىق، ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇقمۇ دېيىلگەن، بۇ توغرىراقتۇر.

خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى: ماددىلارنى ئۈچۈچانلاشتۇرۇش، يەللەرنى تارقىتىش، جۇلا بېرىش، ئاغرىقلارنى پەسەيتىش قاتارلىق خۇسۇسىيەتلىرى بار. ئۇنىڭدىن باشقا زەھەر قايتۇرۇش ۋە قورۇش قۇۋۋىتىگە ئىگە. سۈيدۈك، ھەيز، سۈت ۋە تەرنى ھەيدىگۈچى، رەڭگىرويىنى ياخشىلىغۇچىدۇر.

باش ۋە باشقا ئەزا كېسەللىكلىرى: ئۇ پالەچ، لەقۋا، ئىسترخا ۋە تۇتقاق كېسەل بىمارلىرىنىڭ غىزالىرىغا قوشۇلىدىغان دورا ـ دەرمانلاردىندۇر. ئۇنىڭ بىلەن ئىسرىق سالسا ۋە تېمىتىلما تەييارلاپ بۇرۇنغا تېمىتسا، سوغۇقتىن بولغان باش ئاغرىقى، باشنىڭ

يېرىمى ئاغرىش (شەقىقە)، باش قېيىش، كۆز ئالدى قاراڭغۇلىشىش، سوغۇق نەزلىلەرگە پايدا قىلىدۇ. قۇلاققا تېمىتسا قۇلاق ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ. ئۇنى ئۈزۈم سىركىسى بىلەن نەمدەپ قورۇتۇپ، قوروپ، كۆك رەڭلىك چىگە رەختكە ئوراپ دائىم پۇرىسا، زۇكام ۋە سوغۇق نەزلىلەرگە پايدا قىلىدۇ. ئۇنىڭدىن 1.5 گىرام ئېلىپ، يېرىم گىرام مەستىكى بىلەن سوقۇپ 30 گىرام گۈلقەنت بىلەن يۇغۇرۇپ بەلغەمنى ئىستىفراغ قىلىپ بولغاندىن كېيىن ئۇدا بىر قانچە كۈن ئىستېمال قىلسا، بەلغەمدىن بولغان مېڭە پەردە ياللۇغى، بەلغەمدىن بولغان بىخۇد ئۇيقۇغا پايدا قىلىدۇ. چۈنكى ئۇ مېڭە مىزاجىنى ئۆزگەرتكۈچى، ئاشقازانىنى قۇۋۋەتلىگۈچى بولۇپ، مېڭە پەردىسىنىڭ ياللۇغلىنىشىغا سەۋەب بولىدىغان غەيرىي تەبىئىي بەلغەمنىڭ پەيدا بولۇشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. ئۇنىڭدىن ئالتە گىرام ئېلىپ سۇ بىلەن قاينىتىپ، پىسەپلىرىنى سۈزۈۋېتىپ، ئۇنىڭغا 30 گىرام گۈلقەنت ھەسىلى قوشۇپ ئېرىتىپ ئىچسە، سىرتقى سوغۇقلۇق ۋە ئەپيۇنغا ئوخشاش مەست قىلغۇچى دورىلارنى ئىستېمال قىلىشتىن بولغان بىخۇد ئۇيقۇغا پايدا قىلىدۇ، ئەمما بىمارنىڭ غىزاسىغا نوقۇت سۈيى ۋە ھىلىڭ، زاراڭزا ئۇرۇقى مېغىزىغا ئوخشاش ئىسسىق تەبىئەتلىك دورا ـ دەرمانلار بىلەن پىشۇرۇلغان ياش خوراز گۆشى بېرىلىشى لازىم. ئۇنى سوقۇپ سۈفۈپ قىلىپ ياكى سوقۇپ گۈلقەنت بىلەن يۇغۇرۇپ ئىستېمال قىلسا ياكى قاينىتىپ، سۈيىنى يالغۇز ياكى ئۇنىڭغا گۈلقەنت قوشۇپ ئېرىتىپ پىسەپلىرىنى سۈزۈۋېتىپ ئىستېمال قىلسا، مالىخولىياغا، بولۇپمۇ قورساق پەردىسى مەنبەلىك مالىخولىياغا داۋا بولىدۇ. ئۇنىڭ قاينىتىلمىسىنى مائۇلھەسەل بىلەن ئىچسە جۆيلۈشكە داۋا بولىدۇ. پالەچنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە ئۇنىڭدىن 4~7 كۈنگىچە پەقەت رۇمبەدىيان قاينىتىلغان سۇ بىلەن يالغۇز ياكى ئۇنىڭغا 30 گىرام گۈلقەنت ھەسىلى ئارىلاشتۇرۇپ سۈزۈلدۈرۈپ ئىچسە مۇۋاپىق بولىدۇ. ئۇنى زىمات قىلسا ئىستىرخاغا پايدا قىلىدۇ. چۈنكى ئۇنىڭ ئاز مىقداردا ھارارەت ۋە قابىزلىقى باردۇر، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ئەزالارنى قۇۋۋەتلەيدۇ. ئۇنىڭ بىلەن سۈرمە تەييارلاپ كۆزگە تارتسا، سوزۇلما كۆز بىرىكتۈرگۈچى پەردىسى ياللۇغىغا پايدا قىلىدۇ، سىناقتىن ئۆتكەن دەپ قارىلىدۇ. ئۇنى تالقان قىلىپ چىشقا سەپسە چىشنى ئاقارتىدۇ. ئېغىزنى خۇش پۇراق قىلىدۇ. چاينىسا سوغۇقتىن بولغان باش ئاغرىقى، باشنىڭ يېرىمى ئاغرىش، كۆكرەك ئاغرىقى، يۆتەل، نەپەس قىستاش، سوغۇقتىن بولغان خەفەقانغا داۋا بولىدۇ، نەپەس يوللىرىنى تازىلايدۇ. ئاشقازان ئېغىزىنى قۇۋۋەتلەپ، ئۇنىڭ ھۆللۈكلىرىنى قۇرۇتىدۇ. ماغدۇرسىزلىقنى يوقىتىدۇ. ئۇنىڭ قاينىتىلمىسى، بولۇپمۇ چۈچۈكبۇيا يىلتىزى بىلەن قىلىنغان قاينىتىلمىسىنى ئىچسە، كۆكرەك كېسەللىكلىرى، نەپەس قىستاش ھەم مەزكۇر كېسەللىكلەرگە پايدا قىلىدۇ، جىگەر، دوۋساق، بۆرەك، تال ۋە باليىاتقۇنىڭ توسالغۇلىرىنى ئاچىدۇ. ئىستىسقا ۋە سۇئۇلقۇنىيەگە پايدا قىلىدۇ. ئەزالاردىكى تاشلارنى پارچىلايدۇ. بەلغەمدىن بولغان كونا تەپكە پايدا قىلىدۇ.

بالىياتقۇدىكى كىرەكسىز ماددىلارنى تازىلاپ، ئۇنىڭ ھۆللۈكلىرىنى قۇرۇتىدۇ. ئاشقازان ۋە باشقا ئەزالاردىكى يەللەرنى، سۈيدۈك، تەر ۋە ھەيزنى ھەيدەيدۇ. سۈت كۆپەيتىدۇ. بۆرەك ۋە باھنى قۇۋۋەتلەيدۇ. زەھەر قايتۇرىدۇ. يۈز ۋە پۇت ـ قوللارنىڭ ئىششىقىنى تارقىتىدۇ. ھۆللۈكتىن بولغان ئىچ سۈرۈشنى توختىتىدۇ. بولۇپمۇ قورۇپ ئىشلەتسە ئۇنىڭ مەزكۇر تەسىرلىرى تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ. ئۇنى ناھايىتى يۇمشاق سوقۇپ ياكى سۇ بىلەن سالايە قىلىپ ئىشلەتسە بوۋاسىرغا، بولۇپمۇ يەلدىن بولغان بوۋاسىرغا پايدا قىلىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن ئىسرىق سالسا، سوغۇقتىن بولغان باش ئاغرىقى ۋە سوغۇق نەزلىلەرگە پايدا قىلىدۇ. ھامىلە ۋە بالا ھەمراھىنى چۈشۈرىدۇ. ئۇنى يۇمشاق سالايە قىلىپ گۈل يېغى بىلەن بىرلىكتە قۇلاققا تېمىتسا، ئۇرۇلۇش ـ سوقۇلۇشتىن بولغان قۇلاق ئاغرىقى، قۇلاق ئېغىرلىقىغا پايدا قىلىدۇ، شۇنداقلا ئۇنىڭ قايىنىتىلمىسىنى گۈل يېغى بىلەن تېمىتسىمۇ شۇ تەسىرنى بېرىدۇ. ئۇنىڭ قايىنىتىلمىسىنى شېكەر بىلەن ئىچسە تۇغۇتلۇق ئايالنىڭ رەڭگىرويىنىڭ سېرىقلىقىنى ئوڭشايدۇ. ئۇنى سىركە بىلەن قايىنىتىپ ئىشلەتسە ئىششىق تارقىتىدۇ، پىت ئۆلتۈرىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** (1) ئۈچەيلەرگە زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** ئارپىبەدىيان.

(2) ئىسسىق مىزاجلىقلارنىڭ بېشىنى ئاغرىتىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** سىركەنجۇبىل.

**ئىستېمال مىقدارى:** 6 ~ 15 گىرامغىچە.

**ئورۇنباسارى:** سېرىقچېچەك ئۇرۇقى، ئارپىبەدىيان، كەرۋىيا. باھنى قۇۋۋەتلەش ئۈچۈن چاققاقئوت ئۇرۇقى.

ئۇنى كۆز كېسەللىكلىرى ئۈچۈن قورۇش ئۇسۇلى شۇكى، ئاۋۋال ھەسەل بىلەن يۇغۇرۇپ لاتىغا ئوراپ لاينىڭ ئارىسىغا ئېلىپ، ھارارىتى نورمال بولغان تونۇرغا كۆمۈپ بىر كېچە قويۇلىدۇ، ئاندىن تونۇردىن چىقىرىپ ئىشلىتىلىدۇ.

رۇمبەدىيانىنىڭ جاۋارىشى، ھەببى، يېغى، سۇفۇپى، ئەرقى، قۇرسلىرى ۋە مەجۇنى «قارابادىن كەبىر» دە بايان قىلىنىدى.

## پەسىل: «ئ» (ئەلىف) ۋە «ۋ» (ۋاۋ) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى

### ئەۋافىيۇس

(ئەۋافىيۇس ئوتى)

ئۇ يۇنانچە سۆزدۇر. بەزى تەرجىمانلارنىڭ ئويىچە، بۇ سۆز كۆز ئالمىسى دېگەن مەنىنى

بىلدۈرىدىكەن. چۈنكى ئۇنىڭ گۈلى نەرگىس گۈلىگە ئوخشايدۇ، ناھايىتى كىچىك، كاناي شەكىللىك، بىنەپشە رەڭ، ئىچى سېرىق بولىدۇ. ئۇنىڭ يوپۇرمىقى كۈدە يوپۇرمىقىغا ئوخشايدۇ. غولى بىر غېرىچ ئېگىزلىكتە ئۆسىدىغان بولۇپ، بارماق توملۇقىدا، سىلىق بولىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، نۇرلۇق بولىدىكەن، يەنى كېچىدە يالتىرايدىكەن. ئۇنىڭ يىلتىزى نەرگىس پىيىزىنىڭ يىلتىزىغا ئوخشايدۇ. بۇ ئۆسۈملۈك مىسىر ۋە شامدا كۆپ ئۆسىدۇ.

**تەبىئىتى:** يىلتىزى ئىككىنچى دەرىجىنىڭ ئاخىرلىرىدا سوغۇق، بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇق، ئۇرۇقىنىڭ ئىسسىق ـ سوغۇقلۇقى مۆتىدىل، ئۈچىنچى دەرىجىنىڭ ئاخىرلىرىدا قۇرۇق، يوپۇرمىقى بىرىنچى دەرىجىنىڭ ئاخىرلىرىدا سوغۇق، قۇرۇقلۇقى ۋە ھۆللۈكى مۆتىدىلدۇر.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** يىلتىزىنى ئىستېمال قىلسا ئىچ سۈرۈشنى توختىتىدۇ، سۈيدۈك ھەيدەيدۇ. ھەر خىل زەھەرلەرنى ۋە دۆ چېقىۋالغاندىكى زەھەرنى قايتۇرىدۇ. ئۇنى ئاق شاراب بىلەن زىمات قىلسا چاچنىڭ ئۆسۈشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ، بولۇپمۇ ئۇنىڭ ھۆلى چاچ ئۇنۇشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ ياكى ئۆسۈشىنى ئاستىلاشتۇرىدۇ. ئۇنى كىچىك باللار بالاغەتكە يېتىشتىن بۇرۇن چات ئارىلىقى ۋە دوۋسۇنلىرىغا چاپسا، بالاغەتكە يېتىشىنى بەلگىلەنگەن ۋاقىتتىن كېچىكتۈرىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** 10 گىرامغىچە.

**زىيانلىق تەسىرى:** بۆرەككە زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** ئېيتىشلارغا قارىغاندا كەتىرا ئىكەن.

ئۇنىڭ ئۇرۇقى سوزۇلما ئىچ سۈرۈشنى توختىتىشتا سىناقتىن ئۆتكەندۇر. ئاق ۋە سېرىق يەرقانلارغا پايدا قىلىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** ئالتە گىرامغىچە.

## ئۇۋەز
(غاز)

بۇ ئەرەبچە سۆزدۇر. سۇريانچە «ئوروزو»، پارسچە «قاز»، «مۇرغابى»، ھىندىچە «ھانس» دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇ سۇ قۇشلىرىنىڭ ئورتاق نامى بولۇپ، ئادەتتە سۇ قۇشلىرىنىڭ چوڭى بولغان غاز نەزەردە تۇتۇلىدۇ.

**ماھىيىتى:** ئادەتتە ئائىلىلەردە كۆپرەك بېقىلىدىغان ئۆي قۇشلىرىنىڭ بىرى. ئۇ ئۆيدە بېقىلىدىغىنى، قۇرۇقلۇقتا ياشايدىغان ۋە ياۋا ياشايدىغىنىدىن ئىبارەت ئۈچ تۈرلۈك بولىدۇ. ئۆيدە بېقىلىدىغىنى ئۈچمايدۇ، ياۋا ياشايدىغىنى ئۇچىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئۇنىڭ ھەممە تۈرى ئىككىنچى دەرىجىدە ئىسسىقتۇر. بەزىلەر ئۈچىنچى دەرىجىگىچە ئىسسىق دېگەن.

خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى: ئۇ تەستە ھەزىم بولىدىغان بولۇپ، قويۇق غىزادۇر. ئىپىتىشلارغا قارىغاندا، ھەزىم بولسا بەدەننى سەمرىتىپ باھنى قۇۋۋەتلەيدىكەن. ئۇنى ئىسسىق تەبىئەتلىك دورا ـ دەرمانلار بىلەن پىشۇرۇپ ئىستېمال قىلغان ياخشىراقتۇر. ئۇنىڭ تۇزەتكۈچىسى ئاچچىق سۇ ۋە ئانار سۈيىدۇر. جىگەرنىڭ سوغۇقلۇقى ۋە جىگەرنىڭ سوغۇقتىن بولغان كېسەللىكلىرىگە داۋا بولغۇچىدۇر. چۈنكى ئۇنىڭ گۆشى ناھايىتى ئىسسىق بولۇپ، غەيرىي پۇرايدىغان بولغاچقا، بوغۇزلىنغاندىن كېيىن يەر ئاستىغا 2~3 سائەتكىچە كۆمۈپ پۇرىقى يوقىتىلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن يەردىن كولاپ چىقىرىپ پەيلىرىنى يۇلۇۋېتىپ، قورسىقىنى يېرىپ ئىچىنى تازىلاپ، پاكىز يۇيۇپ پىشۇرۇپ ئىستېمال قىلىنىدۇ. ئۇنىڭ گۆشى مېكىيانىنىڭ گۆشىگە قارىغاندا غىزالىقى كەمرەكتۇر. ئۇنىڭ گۆشىنى يۇمشاق پىشۇرۇپ يېسە ۋە زىمات قىلسا بۆرەكنى سەمرىتىدۇ، بۆرەك ۋە دوۋساقتىكى تاشلارنى پارچىلاپ چۈشۈرىدۇ. چىقىنقا پايدا قىلىدۇ. ئۇنى يېگەندىن كېيىن بەدەندە دەرھال تەپ پەيدا بولىدۇ. شۇنداقلا ئۇنىڭ ئۈچىيىنى پىلپىل، دارچىن ۋە زىرىگە ئوخشاش ئىسسىق تەبىئەتلىك دورا ـ دەرمانلار بىلەن پىشۇرۇپ يېسىمۇ تەپ پەيدا قىلىدۇ. ئۇنىڭ تاشلىقى لەززەتلىك، ئەمما تەستە ھەزىم بولىدۇ. ھەزىم بولسا بەدەننى كۆپ ئوزۇقلاندۇرىدۇ. ئۇنىڭ جىگىرى ئۆزگە ئوخشاش قۇشلارنىڭ جىگەرلىرى ئىچىدە ئەڭ لەززەتلىك بولۇپ، ئوزۇقلۇقى ھەممە قۇشلارنىڭ جىگىرىنىڭ ئوزۇقلۇقىدىن يۇقىرى بولىدۇ، ئاسان ھەزىم بولىدۇ. ئۇنىڭ قانىتى تېز ھەزىم بولىدىغان بولۇپ، ياخشى ئوزۇقلۇق بولىدۇ. ئۇنىڭ مېڭىسىنى مەقئەتكە سۈركىسە، ئۇنىڭ ئىششىقىنى قايتۇرىدىغان بولۇپ، سىناقتىن ئۆتكەندۇر. ئۇنىڭ يېغى بىلەن مايلانسا ئەزالارنىڭ تارتىشىشى، تەشەننۇج، ماددىلارنىڭ قېيىپ قېلىشىدىن بولغان تەشەننۇجقا پايدا قىلىدۇ، سوغۇق ئىششىقلارنى، مەقئەتنىڭ قاتتىق ئىششىقىنى تارقىتىدۇ. مەقئەت يېرىلىش، تېرە كېپەكلىشىش، دائىرىلىك چاچ چۈشۈش ۋە چاچ كېپەكلىشىشكە داۋا بولىدۇ. يېغىنى ئىستېمال قىلسا تەشەننۇجقا پايدا قىلىدۇ، قۇلاققا تېمىتسا قۇلاققا سۇ كىرىپ كەتكەندىكى ئەزىيەتنى يوقىتىدۇ، ئارپا ئۇنى بىلەن زىمات قىلسا ئەمچەك ئىششىقىنى قايتۇرىدۇ. ئۇنىڭ تۇخۇمىنى ئىللىتىپ ئىستېمال قىلسا ئەقلىنى زىيادە قىلىدۇ، مېڭىنىڭ ئەستە تۇتۇش قابىلىيىتىنى ئاشۇرىدۇ، ئۇنتۇغاقلىقنى يوقىتىدۇ، قۇرۇق يۆتەلگە شىپا بولىدۇ. ئۇنىڭ تۇخۇمىنى زەيتۇن يېغى بىلەن بىرلىكتە بالىياتقۇغا ئىلمان ھالەتتە تېمىتسا ھەيز تۇتۇلۇشقا پايدا قىلىدۇ. قېنىنى سۇ ۋە تۇز بىلەن ئىستېمال قىلسا، دوۋسۇن ئاغرىقى ۋە دوۋساققا تاش چۈشۈشلەرگە ناھايىتى پايدا قىلىدۇ. ئۇنىڭ تۇخۇمىنىڭ شاكىلىنى سوقۇپ ئىشلەتسە، قاندىن بولغان ئىچ سۈرۈشكە پايدا قىلىدىغان بولۇپ، ئۇ بۇنىڭ ئۈچۈن ئەڭ ياخشى دورا بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭ مايىقى قۇرۇق يۆتەلگە پايدا قىلىدۇ. ئۇنىڭ يېغى قارابادىندا بايان قىلىندى.

## ئۇسەببىد
(نىلۇپەر ھىندى)

بۇ پارسچە سۆزدۇر.

**ماھىيىتى:** نىلۇپەر ھىندىدىن ئىبارەت.

**تەبىئىتى:** قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ئۇ يەل ۋە سوغۇق ماددىلارنى تارقاتقۇچىدۇر.

**ئىستېمال مىقدارى:** ئۈچ گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

ئۇنىڭ يىلتىزىنىڭ تەبىئىتى قۇرۇق سوغۇق بولۇپ، تەسىرى ھەم تەبىئىتى لۇپاھ ئۆسۈملۈكىگە ئوخشايدۇ. باش ئاغرىقى ۋە بوۋاسىرغا پايدا قىلىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** دوۋسۇنغا زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** ھەسەل.

**ئىستېمال مىقدارى:** 1.5 گىرام.

**ئورۇنباسارى:** لۇپاھ يىلتىزى.

## ئوفىيمۇبەزاس
(ئوفىيمۇبەزاس ئوتى)

بۇ يۇنانچە سۆز بولۇپ، ياۋا رەيھانغا ئوخشىغۇچى دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. ماراكەشتە «لەسىيئ» (چاققۇچى) دېگەن نام بىلەن مەشھۇردۇر. بەزىلەر «ئەخيۇن»، «كاھفىيلاتاريۇن» دەپمۇ ئاتايدۇ.

**ماھىيىتى:** بىر خىل ئۆسۈملۈك بولۇپ، ياۋا رەيھانغا ئوخشايدۇ. شاخلىرى بىر غېرىچ ئۇزۇنلۇقتا بولۇپ، تۈكلۈك، قارامتۇل بولىدۇ. ئۇرۇقى سىيادانغا ئوخشايدىغان بولۇپ، رەڭگى قارا، بەزرۇلبەنجىنىڭ غىلاپىغا ئوخشاش غىلاپ ئىچىدە بولىدۇ. يىلتىزى ئىشلىتىلىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ئۇچۇچانلاشتۇرغۇچى ۋە غىدىقلىماي قۇرۇتقۇچىدۇر. ئۇنىڭدىن 3 ~ 6 گىرامغىچە ئېلىپ شاراب بىلەن ئىچسە، ئەفئى يىلىنى ۋە باشقا زەھەرلىك ھاشاراتنىڭ چېقىۋېلىشلىرىغا پايدا قىلىدۇ. ئۇنىڭدىن ئۈچ گىرام ئېلىپ، مۇرمەككى ۋە پىلپىل بىلەن ئىستېمال قىلسا، ئولتۇرغۇچ نېرۋا ئاغرىقىغا شىپا بولىدىغان بولۇپ، سىناقتىن ئۆتكەن دەپ قارىلىدۇ.

## ئۇنۇما
(ئۇنۇما ئوتى)

بۇ يۇنانچە سۆز بولۇپ، ھاملە چۈشۈرگۈچى دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**ماھىيىتى:** ئۇ ئەبۇ خەلسا ئۆسۈملۈكىنىڭ «ھۇجۇيە» دېيىلىدىغان تۈرىدۇر. ئۇنىڭ ئۆسۈملۈكى «ھۇجۇيە» ئۆسۈملۈكىنىڭ يوپۇرمىقىدىن ئۇزۇنراق، ئىنچىكىرەك ۋە يۇمشاقراق بولىدۇ. گۈلسىز، غولسىز ۋە مېۋىسىز بولىدۇ. رەڭگى قارىغا مايىل بولىدۇ. كۆپىنچە دۆلەتلەردە ئەتىياز پەسلىدە يىرىك يەرلەردە ئۆسىدۇ. ئۇنىڭ يىلتىزى ئىنچىكە، چۈرۈك، ئۇزۇنچاق بولىدۇ. ئازراق قىزىل بولۇپ، قاننىڭ رەڭگىگە ئوخشايدۇ.

**تەبىئىتى:** ناھايىتى ئىسسىقتۇر.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ناھايىتى ئۆتكۈر، ئاچچىق ۋە زەھەرلىك بولۇپ، ئىستېمال قىلىش خەتەرلىكتۇر. ئۇنىڭ بىلەن مەلھەم قىلىپ چاپسا قويۇق ماددىلارنى تارقىتىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇنىڭ يوپۇرمىقىنىڭ تۆت مىللىگرامى قىيىن توغۇتنى ئاسانلاشتۇرىدىكەن. ئۇنىڭ سەككىز مىللىگرامى ئۆلۈك ۋە تىرىك ھامىلىنى چۈشۈرىدۇ، ئۇنى ھامىلدار ئايالغا ئېسىپ قويسىمۇ شۇ تەسىرنى بېرىدۇ.

## ئۇنۇمالى
(ھەسەل شارابى)

بۇ يۇنانچە سۆز بولۇپ، ھەسەل شارابىنىڭ نامىدۇر.

**ماھىيىتى:** ئۇ ھەسەل شارابىدىن ئىبارەت بولۇپ، تەييارلىنىشى شۇكى، شارابتىن ئىككى ھەسسە ئېلىپ، ئۇنىڭغا بىر ھەسسە ھەسەلنى قوشۇپ قىيام بولغۇچە قاينىتىلىدۇ ياكى ھەسەلنى ئۈزۈم سۈيى بىلەن قاينىتىپ قىيام قىلىپ تەييارلىنىدۇ. كېيىنكى ئۇسۇلدا تەييارلانغىنىنىڭ جۇلا بېرىش، تارقىتىش، توسالغۇلارنى ئېچىش ۋە ماددىلارنى پىشۇرۇش تەسىرى كۈچلۈكرەكتۇر. كونىرىغانسېرى ئۇنىڭ يۇمشىتىش رولى ئاجىزلايدۇ.

**تەبىئىتى:** قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** توسالغۇلارنى ئاچقۇچى، ماددىلارنى تارقاتقۇچى، چوڭ تەرەتنى يۇمشاتقۇچى ۋە سۈيدۈك ھەيدىگۈچىدۇر. ئۇنى تائامدىن كېيىن ئىستېمال قىلماسلىق لازىم، بولمىسا ئىشتىھانى تۇتىدۇ، كۆڭۈلنى ئاينىتىدۇ.

# ئۈنەيا
(ئۈنەيا ئۇسارىسى)

بۇ يۇنانچە سۆزدۇر.

**ماھىيىتى:** ئۇ بىر خىل ئۆسۈملۈكنىڭ ئۇسارىسىدىن ئىبارەت. ئۇنىڭ ئۆسۈملۈكى مىسىرغا يېقىن ئەرەب چۆللىرىدە ئۈنىدۇ. يوپۇرمىقى تەرەتىزەك يوپۇرمىقىغا ئوخشايدۇ. خۇددى قۇرت يېگەندەك تۆشۈكلۈك بولىدۇ. سۇسىز بولۇپ، ئاسان ئۇۋۇلىدۇ. ئۇنىڭ گۈل بەرگى سېرىق، چوڭ بولىدۇ. ئۇسارىسى مامىسا ئۇسارىسىغا ئوخشايدۇ.

**تەبىئىتى:** ئىسسىق، ئۆتكۈردۇر.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** كۆز قاراڭغۇلىشىش، كۆز ياشانغىراش ۋە قاپاق ئىششىقىغا پايدا قىلىدۇ. كۆزنى تازىلايدۇ، بۇ جەھەتتىكى تەسىرى ناھايىتى ياخشى دەپ قارىلىدۇ.

ئۇنىڭ ماھىيىتى توغرىسىدا ئىختىلاپ بار. بەزىلەر ئۇنى مەزكۇر ئۆسۈملۈكنىڭ تېنىدىن تامىدىغان بىر خىل سۈيۇقلۇق، ئۇسارىسى ئەمەس دەيدۇ. ئەمما ئۇنىڭ ئۇسارىسى بولغىنى توغرىراقتۇر. بەزىلەرنىڭ قارىشىدا ئۇ مامىسا ئۆسۈملۈكىنىڭ ئۇسارىسىدۇر. بەزىلەر ئۇنى قارا خالىدۇن ئۆسۈملۈكىنىڭ ئۇسارىسى دەيدۇ. بەزىلەر قارا خەشخاشنىڭ ئۇسارىسى دەيدۇ. بەزىلەر ئۇنى ئاناغالىس ئۆسۈملۈكىنىڭ چىشىسىنىڭ ئۇسارىسى ياكى قارا خەشخاش ئۆسۈملۈكىنىڭ يىلتىزىنىڭ ئۇسارىسى دەيدۇ. بەزىلەر ئۇنى مىسىر زېمىنىدىكى بىر خىل شېغىل تاش بولۇپ، مىس رەڭ بولىدۇ، تېتىسا تىلنى چاقىدۇ دەيدۇ. ئەمما بۇ سۆز ھەقىقەتتىن يىراقتۇر. ئومۇمەن ئۇ ماھىيىتى نامەلۇم دورىلاردىندۇر.

# ئورمالى (ئومالى)
(ئورمالى يېغى)

بۇ يۇنانچە سۆزدۇر. ئۇ يەنە «دۇھنى ئەسەلىي» (ھەسەلسىمان ياغ)، «ئەسەلى داۋۇد» (داۋۇت ھەسىلى) دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** قويۇق ۋە تاتلىق بولغان ياغ بولۇپ، بىر خىل دەرەخنىڭ غولىدىن ھاسىل بولىدۇ. كونىرىغانسېرى ياخشى بولىدۇ.

**تەبىئىتى:** ھۆل ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ئىستېمال قىلسا ۋە سۈركىسە ھۆل قوتۇر، بوغۇملار ئاغرىقى ۋە كۆز قاراڭغۇلىششقا پايدا قىلىدۇ. ئۇنىڭ 60 گىرامىنى سۇ بىلەن ئىچسە خام بەلغەمنى كۆچلۈك سۈرىدۇ. ئېغىر ئۇخلىتىدۇ. بەدەننى بوشىتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ بەدەندىكى تەسىرى يوقالمىغۇچە ئۇخلىماسلىق لازىم.

# پەسىل: «ئ» (ئەلىف) ۋە «ھ» (ھائ) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى

## ئەھال
(ئەھال شورپىسى)

**ماھىيتى:** ئۇ گۆش ۋە ھەر خىل كۆكتاتلار بىلەن تەييارلانغان شورپىدىن ئىبارەت بولۇپ، سۈزۈلدۈرۈپ ئىچىلىدۇ. پىشىدىغان ۋاقتىدا بەزىدە ئۇنىڭغا چۈچۈمەل نەرسىلەرمۇ قوشۇلىدۇ.

**خۇسۇسىيتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ئۇنىڭ تەسىرى ۋە خۇسۇسىيەتلىرى ئۇنىڭغا قوشۇلغان كۆكتات ۋە باشقىلارنىڭ تەسىرى، خۇسۇسىيەتلىرى بىلەن ئوخشاش بولىدۇ.

## ئىھلىلەج
(ھېلىلە)

بۇ سۆز پارسچە «ھەلىيلە» دېگەن سۆزنىڭ ئەرەبچىلەشتۈرۈلگىنىدۇر. ھىندىچە «ھەر» ۋە «ھەرە» دېيىلىدۇ.

**ماھىيتى:** ئۇ ھىندىستاندا بولىدىغان بىر خىل دەرەخنىڭ مېۋىسىدىن ئىبارەت. ئۇنىڭ دەرىخى چوڭ، يوپۇرمىقى ئىنچىكە، ئۇزۇنچاق، مېۋىسى باشاقلىق بولىدۇ.

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇ بىر قانچە خىل بولىدىكەن. بىرى، كابۇلى دېيىلىدىغان بولۇپ، سېرىق، چوڭ، تولۇق يېتىلگەن بولىدىكەن. يەنە بىرى، سېرىق رەڭلىك بولۇپ، ئوتتۇرا ھال بولىدىكەن. يەنە بىرى، چىنى دېيىلىدىغان بولۇپ، كۆك رەڭ، كىچىكرەك بولىدىكەن. يەنە بىرى، ھىندى دېيىلىدىغان بولۇپ، قۇرۇق ئۈزۈم چوڭلۇقىدا بولىدىكەن. يەنە بىرى ئۇنىڭدىن كىچىكرەك بولۇپ، ئارپا چوڭلۇقىدا بولىدىكەن، ھىندىستاندا «ھېلىلەئى جەۋىي» (ئارپا ھېلىلە) دېگەن نام بىلەن مەشھۇر ئىكەن. ئۇنىڭدىنمۇ كىچىكرەك بولغان يەنە بىر تۈرىمۇ بار بولۇپ، زىرە چوڭلۇقىدا بولىدىكەن. ئۇ «ھېلىلەئى زىرە» (زىرىسىمان ھېلىلە) دەپ ئاتىلىدىكەن.

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، يۇقىرىدىكىلەرنىڭ ھەر بىرى ئايرىم بىر خىل دەرەخنىڭ مېۋىسى بولۇپ، بىرى يەنە بىرىگە ئوخشايدىكەن. ئەمما تەتقىقاتلاردىن مەلۇم بولۇشىچە، ئۇلارنىڭ ھەممىسى بىر خىل دەرەخنىڭ ئوخشىمىغان ۋاقىتلاردىكى مېۋىلىرى بولۇپ، چېچەكلىگەندىن باشلاپ تاكى مېۋىسى پىشقۇچە بولغان ۋاقىتتىكى ھەربىر مېۋىنىڭ

ئۆزگىرىش ھالەتلىرى بىر خىل نام بىلەن ئاتالغان. مەسىلەن: ئۇنىڭ زىرىگە ئوخشايدىغان ئۇششاق قۇرۇق چېچىكى «ھەلىيلەئى زىرە» (زىرىسىمان ھېلىلە) دەپ، ئۇنىڭدىن چوڭراق بولۇپ ئارپا چوڭلۇقىدا بولغانلىرى «ھەلىيلەئى جەۋى» (ئارپىسىمان ھېلىلە) دەپ، ئۇنىڭدىنمۇ چوڭراق بولۇپ، قۇرۇق ئۈزۈم چوڭلۇقىدا قارا بولغانلىرى «مەۋىيزەك» (ئۈزۈمچە)، «ھەلىيلەئى زەنگىي» (زەنگى ھېلىلە)، «ھەلىيلەئى ھىندىي» (ھىندىستان ھېلىلىسى)، «ھەلىيلەئى ئەسۋەد» (قارا ھېلىلە) دەپ ئاتالغان بولۇپ، بۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئۇرۇقى بولمايدۇ. ئۇنىڭدىن چوڭراق بولۇپ، چالا يېتىلگەن، رەڭگى سېرىققا مايىل كۆكلىرى «ھەلىيلەئى چىينىي» (چىن ھېلىلىسى)دەپ، ئۇنىڭدىن بەكرەك چوڭىيىپ سېرىق رەڭگە كىرگەنلىرى «ئىھلىيلەجى ئەسفەر» (سېرىق ھېلىلە) دەپ، تولۇق پىشىپ قىزىلغا مايىل سېرىق، سىلىق بولغانلىرى «ئىھلىيلەج كابۇلى» (كابۇل ھېلىلىسى) دەپ ئاتالغان.

ئۇنىڭ دەرىخى ھىندىستان، دۇكەن، گۇجۇرات، بىنارىس ۋە بېنگال قاتارلىق ئەللەرنىڭ كۆپ قىسىم شەھەرلىرىدە ئۆسىدۇ. گۇجۇراتتا ئۆسكىنىنىڭ مېۋىسى ھەممىدىن ياخشى بولىدۇ. ئۇنىڭدىن قالسا بىنارىسدا ئۆسكىنىنىڭ مېۋىسى، ئۇنىڭدىن قالسا بېنگالنىڭ بىيربوھىم شەھىرىدە ئۆسكىنىنىڭ مېۋىسى ياخشى بولۇپ، يىپىسىز، تولۇق يېتىلگەن، دانلىرى چوڭ، قۇۋۋەتلىك بولىدۇ. قالغان جايلاردا ئۆسكەنلىرىنىڭ مېۋىسى يىپلىق، كىچىك، تەسىرى ئاجىز بولىدۇ.

كابۇلى دەپ ئاتىلىشى ئۇنىڭ قۇرۇقلۇق يولى ئارقىلىق كابۇل تەرەپتىن تۇران، خۇراسان، ئىران قاتارلىق جايلارغا ئېلىپ بېرىلغانلىقى ئۈچۈندۇر، ئۇنىڭ كابۇلدا ئۆسكەنلىكى ئۈچۈن ئەمەستۇر. شۇنىڭغا ئوخشاش ئۇ قايسى تەرەپتىن ئېلىپ كېلىنگەن بولسا، شۇ تەرەپنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان، مەسىلەن: بەسرە تەرەپتىن ئېلىپ كېلىنگەن بولسا «بەسرىي» دېيىلگەن. ئەمما چىنى دەپ ئاتىلىشى قەدىمكى زاماندا ئۇ ھىندىستان دەريا بويلىرى ئارقىلىق ئىران، رىم، ئەرەب ۋە باشقا شەھەرلەرگە ئېلىپ بېرىلغانلىقى ئۈچۈندۇر. چۈنكى شۇ زامانلاردا ئۇنىڭ مەزكۇر شەھەرلەرگە ئېلىپ بېرىلغانلىرىنىڭ ھەممىسى «چىنى» دەپ ئاتىلاتتى. مەسىلەن: سەيلان ئارىلى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپلىرىدا ئۆسىدىغان دارچىنى، گۇجۇرات ۋە ئۇنىڭ ئەتراپلىرىدا ئۆسىدىغان ھېلىلە ۋە زەنجىۋىلگە ئوخشاش.

**تەبىئىتى:** ئومۇمەن ھەممىسى بىرىنچى دەرىجىدە سوغۇق، ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق دەپ قارىلىدۇ. كابۇلىسى تولۇق پىشقان بولغانلىقى ئۈچۈن قالغان تۈرلىرىنىڭ ھەممىسىدىن قۇرۇقلۇقى كەمرەكتۇر.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** «تىببۇل ئەئىممە» (ئىماملار تىبابىتى) دېگەن كىتابتا مۇھەممەد بىن سىنان ۋە ئەلى بىن مۇسا رىزا (ئۇلارغا سالام ۋە مەدھىيە تېگىل بولسۇن) لار دىن نەقىل قىلىپ ئېيتىلىدۇكى: «مەن مۇسا بىن جەئفەر ئەلەيھىسسالامدىن ئاڭلىشىمچە،

ئۇلارغا بىر كېسەللىك ھەققىدە شىكايەت قىلىنغان. شۇنىڭدىن كېيىن تېۋىپلار يېتىپ كېلىشىپ ئۇ ھەزرەتكە ئاجايىپ بىر دورا يېزىپ بېرىشكەن. ئۇلار ئۇ ھەزرەتكە: «كىمكى ھېلىلە، ئارپىبەدىيان ۋە شېكەردىن تەركىب تاپقان بۇ دورىنى ياز باشلانغان ھامان دەسلەپكى ئۈچ ئاينىڭ ھەربىرىدە ئۈچ كۈن ئۇدا ئىستېمال قىلسا، قىش پەسلى كىرگەندە ئۇنىڭدىكى ئارپىبەدىياننىڭ ئورنىغا مەستىكى ئالماشتۇرۇپ ئىستېمال قىلسا ئۆلۈمدىن باشقا ھېچ كېسەلگە گىرىپتار بولمايدۇ» دېگەن.

ھېلىلىلەرنىڭ ھەممىسى ئاشقازان، مېڭىنى قۇۋۋەتلەش، زېھىننى ئېچىش، مېڭىنىڭ ئەستە تۇتۇش قابىلىيىتىنى ئاشۇرۇش، سېرىقلارنى كۆچەيتىش، تۇسالغۇلارنى ئېچىش قاتارلىق خۇسۇسىيەتلىرى ئارقىلىق باش ئاغرىقى، مالىخولىيا، روھلارنى ساپلاشتۇرۇش، سەۋدادىن بولغان ئۆز ـ ئۆزىگە سۆزلەش، خەفەقان، كۆڭۈل ئېلىشىش، مېڭىگە بۇخاراتلارنىڭ ئۆرلىشىنى توسۇش، سەپرانىڭ كۆيۈشىدىن بولغان سەۋدانى پەسەيتىش، رەڭگىروينى ياخشىلاش، ئىستىسقا، يەل ۋە قاندىن بولغان بوۋاسىر، ئاخىرقى ۋە ئوتتۇرا مەزگىلدىكى مۆرەككەپ تەپ قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ. ئۇلار سوۋۇق بەلغەم ۋە سەپرانى سىقىش خۇسۇسىيىتى بىلەن سۈرىدۇ. بەزىلەر تەپلەرگە ھېلىلە ئىشلىتىشنى مۇتلەق چەكلىگەن. بۇنداق قىلىشنى ھەممە ھالەتتە مۇتلەق توغرا دېگىلى بولمايدۇ. بەلكى ماددا پىشىش، سۈيۈلۈشىدىن بۇرۇن ھەم بوھران مەزگىلىدە ئۇنى ئىشلىتىش توغرا ئەمەس. چۈنكى ئۇ ئۈچۈچان ۋە سۇيۇق ماددىلارنى سىقىپ ھەيدەپ، قالغان قىسمىنى قويۇلدۇرۇپ قاتۇرىدۇ. شۇنداقلا ئۇنى كىلىزمىلاردا ئىشلىتىشنىمۇ چەكلىگەن. ئەمما بۇنىمۇ ھەممە ھالەتتە مۇتلەق توغرا دېگىلى بولمايدۇ. ئۇنى چەكلەشنىڭ سەۋەبى، ئۇنىڭ ماددىلارنى سىقىش، تەر تۆشۈكچىلىرى ۋە قان تومۇرلىرىنى ئېتىش ھەمدە ئۇنىڭدا قويۇق ماددىلارنى قالدۇرۇپ قويۇش رولى بولغانلىقى ئۈچۈندۇر. كىلىزمىدا دورىلار تەر تۆشۈكچىلىرىدە ئەمەس، بەلكى بوشلۇقلاردا تەسىر قىلىدۇ، ئەگەر شۇنداق بولغان بولسا ئىدى، توسۇلۇش ۋە يىغىلىشقا سەۋەبچى بولار ئىدى. ئادەتتە ھېلىلىلەر يۇمشاتقۇچى، تۇسالغۇلارنى ئاچقۇچى ۋە تارتقۇچى دورىلار بىلەن بىرلىكتە ئىشلىتىلىدۇ. ئۇلار كىلىزمىلاردا يالغۇز ئىشلىتىلمەيدۇ. پەقەت «شەرھى ئەسباب» ناملىق ئەسەردە سەپرادىن بولغان مېڭە پەردىسىنىڭ ئىلاجىدىكى كىلىزمىغا ھېلىلە قوشۇلغان. ئۇنىڭ ئەسلىي نۇسخىسىدىكى باش قېيىشىنىڭ ئىلاجىدىمۇ ھېلىلە يالغۇز ئىشلىتىلگەن. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ھېلىلىلەر بىنەپشە، خىيار شەنبەرگە ئوخشاش يۇمشاتقۇچى دورىلار بىلەن بىرلىكتە ئىشلىتىلگەندە، دورىلارنىڭ بەزىسىنىڭ قۇۋۋىتى يەنە بەزىسىنىڭ قۇۋۋىتىگە زىت بولۇپ قالماسلىقى، بەزىسىنىڭ قۇۋۋىتى يەنە

بەزىسىنىڭ قۇۋۋىتىنى بۇزۇۋەتمەيدىغان، بەزىسىنىڭ تەسىرى يەنە بەزىسىنىڭ تەسىرىگە توسالغۇلۇق قىلمايدىغان بولۇشى لازىم ئىكەن. ئەمما ئەڭ ياخشىسى ھېلىلىلەرنى، بولۇپمۇ ئۇلارنىڭ ئۆزىنى كىلىزمىلارغا قوشماسلىق لازىم. ئۇنى كىلىزمىغا قوشۇش بەك زۆرۈر بولغاندا قايناتماي، بەلكى سۇغا چىلاپ تەمىنى چىقىرىپ قوشۇش لازىم. يەنە ھېلىلىلەرنى بەك يۇمشاق سوقماسلىق، بەلكى تەسىرىنىڭ يوقىلىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن يىرىكرەك سوقۇپ، تاتلىق بادام يېغى بىلەن مايلاپ ئىشلىتىش لازىم.

ئۇنىڭ ئۇرۇقىنى سوقۇپ چىشقا سەپسە چىش مىلىكىنى چىڭىتىدۇ، چىش مىلىكى قاناشنى توختىتىدۇ، يېڭى گۆش ئۇندۇرىدۇ. ھېلىلىلەرنىڭ چىلانمىسىنىڭ ئىچىنى سۈرۈش تەسىرى ئۇنىڭ قايىنتىلمىسى ۋە سۇفۇپىنىڭ شۇ تەسىرىدىن كۈچلۈكرەك بولىدۇ. چۈنكى، ئۇنىڭ تەركىبىدىكى سۈرۈشكە سەۋەب بولىدىغان يېلىمى قايىنتىلغان ۋە سۇفۇپ قىلغاندا زىيادە زايە بولۇپ كېتىپ، ئىچىنى قاتۇرىدىغان قىسمى قېپقالىدۇ. ئۇنىڭ قايىنتىلمىسى بىلەن سۇفۇپىنىڭ سۈرۈش تەسىرى سېلىشتۇرۇلسا، قايىنتىلمىسىنىڭ سۈرۈش تەسىرى ئۇنىڭ سۇفۇپىنىڭ سۈرۈش تەسىرىدىن كۈچلۈكرەك بولىدۇ. چۈنكى قايىنتىلمىسىدا ئۇنىڭ ئىچىنى سۈرۈشكە سەۋەبچى بولىدىغان يېلىمىدىن ئاز مىقداردا قېپقالىدۇ. ئەمما ئۇنىڭ سۇفۇپىدا بولسا پەقەت يوقىلىپ كېتىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ سۇفۇپىنىڭ ئىچىنى سۈرۈش تەسىرى پەقەت بولمايدۇ. شۇنىڭغا ئوخشاش ئىچىنى سۈرۈش ئۈچۈن رەۋەنىنىڭ چىلانمىسى بىلەن قايىنتىلمىسىنى ئىچىش ئۇنىڭ ئۆزىنى ئىستېمال قىلغاندىن ياخشىراق بولىدۇ. چۈنكى ئۇنىڭ ئۆزى ئىستېمال قىلسا خىلىتلارنىڭ سۇيۇق قىسمىنى چىقىرىۋېتىپ، قويۇق قىسمىنى ئېيقىلىپ قۇلۇنجى پەيدا قىلىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** قەۋزىيەت پەيدا قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** چىلان، سەرپىستان. ئۇنىڭ ماددىلارنى سىقىش بىلەن قەۋزىيەت پەيدا قىلىشىنى ئوڭشاش ئۈچۈن بادام يېغى، قەنت، تەرەنجىبىن ياكى شېكەر ئىشلىتىلىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** ئۆزىدىن 15 گىرامغىچە، مەتبۇخلار ۋە چىلانمىلاردا 21 ~ 30 مىللىلىترغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

**ئورۇنباسارى:** ئۇنىڭ ئىچ سۈرۈش خۇسۇسىيىتىنىڭ باشقىسى ئۈچۈن ئانار پوستى، بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىچە موزىدۇر.

ھېلىلە كابۇلى ۋە سېرىق ھېلىلىنىڭ ئۇسارىسىنىڭ تەسىرى كۈچلۈك بولۇپ، ئاز مىقداردا ئىشلىتىلسىمۇ كۆپ تەسىر قىلىدۇ. ئۇ قارابادىنىنىڭ ھېلىلە مەزمۇنىدا بايان قىلىندى.

# ئەھلىيلەج كابۇلى
(ھېلىلە كابۇلى)

ئۇنىڭ ياخشىسى قىزىلغا مايىل سېرىق، تولۇق يېتىلگەن، گۆشلۈك، يېپىسىز، ئۇرۇقى كىچىك بولغان ۋە بۇزۇلمىغانلىرىدۇر. ئۇ ھېلىلىلەرنىڭ ئەڭ ياخشى تۈرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

**تەبىئىتى:** بەزىلەر سوغۇقلۇقى مۆتىدىل، بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇق، بەزىلەر ئىسسىقلىقى مۆتىدىل دەيدۇ.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ئۇ بەلغەم، سەۋدا ۋە باشقا خىلىتلار ئارىلاشقان سەۋدانى سۈرگۈچى، سۈيدۈك ھەيدىگۈچىدۇر. ئۇ باش ئاغرىقى، ئۇنتۇغاقلىق، سەزگۈلەرنى كۈچەيتىش، بولۇپمۇ مېڭىنىڭ ئەستە تۇتۇش قابىلىيىتىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ، بۇنىڭ ئۈچۈن شېكەر بىلەن سۈفۈپ قىلىپ ئىستېمال قىلىنىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن بەدەننى تەنقىيە قىلسا، بەلغەمدىن بولغان باش قېيىش ۋە كۆز ئالدى قاراڭغۇلىشىشلارغا پايدا قىلىدۇ. ئۇنى يالغۇز ياكى ئۈچ ھەسسە ھەسەل ياكى شېكەر بىلەن يۇغۇرۇپ، كۈنىگە ياڭاق چوڭلۇقىدا ئىستېمال قىلسا مالىنخولىياغا پايدا قىلىدۇ، مېڭىنىڭ ئەھۋالىنى ياخشىلايدۇ، تۇتقاق كېسەل ۋە لەقۋاغا شىپا بولىدۇ. ئۇنى بىستىپايەج، ئۇستىقۇددۇس، ھەجىرى ئەرمىنى، ھەجىرى لاجۇۋەرد ۋە ئەپتىمۇنلار بىلەن بىرلىكتە قاينىتىپ ياكى ئۈچ ھەسسە ھەسەل بىلەن يۇغۇرۇپ ئىستېمال قىلسا سەۋدادىن بولغان تۇتقاق كېسەللىككە داۋا بولىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، لەقۋا بىمارى بىر دانە ھېلىلە كابۇلىنىڭ ئۇرۇقىنى ئايرىۋېتىپ ئېغىزىغا سېلىپ شۈمۈپ سۈيىنى يۇتسا، تاكى تۈگىگىچە داۋاملاشتۇرسا، شۇنداقلا بىر دانە ھېلىلە كابۇلىنى ئېغىزىنىڭ كېسەللەنگەن تەرىپىگە سېلىپ تۇتۇپ تۇرسا شىپا تاپىدىكەن. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇنىڭدىن كۈنىگە بىر داندىن ئىستېمال قىلىپ بىر يىلغىچە داۋاملاشتۇرسا چاچ ئاقارمايدىكەن، بولۇپمۇ ئۇنىڭ مۇرابباسىنى ئىستېمال قىلسا تېخىمۇ ياخشى بولىدىكەن. بەزىلەر بۇ خۇسۇسىيەتنى ھېلىلە ھىندىغا خاس دەپ بىلگەن. ئۇ خاسىيىتى بىلەن ھەر خىل سۆلار ۋە سۇنى كۆپ ئىچىشنىڭ زىيىنىنى يوقىتىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** ئۆزىدىن يالغۇز 10 گىرامغىچە، مەتبۇخلاردا 40 مىللىلىتىرغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

**ئورۇنباسارى:** سېرىق ھېلىلە، بەزىلەر قارا ھېلىلە دېگەن.

ئۇنىڭدا يەنە سېرىق ھېلىلىنىڭ باشقا خۇسۇسىيەتلىرىمۇ باردۇر.

ئۇنىڭ بىر يىلدىن ئاشمىغان يېڭى مۇرابباسى ئاشقازان ۋە مېڭىنى قۇۋۋەتلەيدۇ،

بەلغەمدىن بولغان توسالغۇلارنى ئاچىدۇ. سەزگۈلەر ۋە جىگەرنى قۇۋۋەتلەيدۇ.

ئۇنىڭ ئۇرۇقى سۈيدۈك ھەيدەيدۇ، كۆيدۈرۈلگىنى بوۋاسىرنىڭ قېنى ۋە ھەرقانداق ئەزادىن كەلگەن قاننى توختىتىدۇ. چىش ۋە چىش مىلىكىنى چىڭىتىدۇ (سىناقتىن ئۆتكەن).

**زىيانلىق تەسرى:** مېڭىگە زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** ھەسەل.

## ئىھلىلەج ئەسفەر
(سېرىق ھېلىلە)

ئۇنىڭمۇ تولۇق يېتىلگەن، رەڭگى سېرىق، ئۇرۇقى كىچىك بولغانلىرى ۋە يېڭىلىرى ياخشىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

**تەبىئىتى:** بىرىنچى دەرىجىنىڭ ئاخىرىدا سوغۇق، ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇقتۇر.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ئۇنىڭ تەسىرى ۋە خۇسۇسىيەتلىرى ھېلىلە كابۇلىنىڭ تەسىرى ۋە خۇسۇسىيەتلىرىگە ئوخشاپ قالىدۇ. ئىستېمال قىلسا مېڭىنى قۇۋۋەتلەيدۇ، باش قېيىش ۋە كۆز ئالدى قاراڭغۇلىشىشقا شىپا بولىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن ئىچىنى سۈرسە سەپرادىن بولغان تۇتقاق كېسەلگە پايدا قىلىدۇ. ئۇنىڭ ئېتىنى ئىككى خىل ئانار سۈيىگە چىلاپ تەمىنى چىقىرىپ ئىچسىمۇ سەپرانى سۈرىدىغانلىقى ئۈچۈن يۇقىرىقى تەسىرنى بېرىدۇ. ئۇنى يېڭى كالا يېغى بىلەن قورۇپ يېغىنى ئايرىۋېتىپ چالا سوقۇپ، ئۇنىڭدىن 2.5 گىرام ئېلىپ، نارجىلنىڭ كۆيدۈرۈلگەن قاتتىق پوستىدىن 1.5 گىرام ئارىلاشتۇرۇپ، قايناق سۇ بىلەن ئۈدا ئۈچ كۈن ئىستېمال قىلسا قانلىق ئىچ سۈرۈش، بوۋاسىر مەنبەلىك ئىچ سۈرۈش ۋە بوۋاسىرغا شىپا بولىدۇ (سىناقتىن ئۆتكەن). ئۇنىڭ سەپىمىسى كۆز ياشانغىراش، كۆزنىڭ ھۆللۈكلىرىنى قۇرۇتۇشقا ئىشلىتىلىدۇ، كۆزنى روشەنلەشتۈرىدۇ. بولۇپمۇ ئۇنىڭ خېمىرىنىڭ ئارىسىغا ئېلىپ كۆيدۈرۈلگىنىنىڭ بۇ خىل تەسىرى ياخشىراق بولىدۇ. چىلانمىسى ئېمىتىلسىمۇ شۇ تەسىرنى بېرىدۇ. ئۇنىڭ ئۇرۇقىنى تالقانلاپ چېشقا سەپسە، ھېلىلە كابۇلى ئۇرۇقىنىڭ تەسىرى بىلەن ئوخشاش تەسىرنى كۆرسىتىدۇ.

**زىيانلىق تەسرى:** ئۆچەيگە زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** يۇقىرىدا بايان قىلىنغىنىدەك چىلان، سەرپىستان.

**ئىستېمال مىقدارى:** ئۆزىدىن 15 گىرامغىچە، قايناتما ۋە چىلانمىلاردا 21 ~ 30 گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

## ئەھلىيلەج ئەسۋەد
(قارا ھېلىلە)

خۇددى يۇقىرىدا بايان قىلىنغىنىدەك، ئۇ «ئەھلىيلەج ھىندى» (ھىندىستان ھېلىلىسى) دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئۇنىڭ قاتتىق، ئۇرۇقسىز، ئېغىر ۋە بۇزۇلمىغانلىرى ياخشىلىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

**تەبىئىتى:** بىرىنچى دەرىجىنىڭ ئوتتۇرىدا سوغۇق، ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇقتۇر.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** سەزگۈلەرنى قۇۋۋەتلەش، زېھىننى ئېچىش، مېڭىنىڭ ئەستە تۇتۇش قابىلىيىتىنى ئاشۇرۇش، قاندىكى سەۋدا ۋە روھلاردىكى دۇغلارنى تازىلاش قاتارلىق خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە. شۇ سەۋەبلىك سەۋدادىن بولغان مالىخولىيا ۋە ئۆز - ئۆزىگە سۆزلەشكە داۋا بولىدۇ. ئۇنىڭدىن 15 گىرام، يۇيۇلغان ھەجرى ئەرمىنىدىن ئۈچ گىرام، قورۇلغان سوقمۇنىيا ئەنتاكىدىن بىر گىرام ئېلىپ سوقۇپ ئارىلاشتۇرۇپ ھەب ياساپ، مائۇلجەبىن بىلەن بىرلىكتە ئىچسە مالىخولىياغا پايدا قىلىدۇ. ئۇنى چايناپ سۈيىنى يۇتسا ھەم ئېغىزغا بىر دانە سېلىپ كېسەللەنگەن تەرەپتە تۇتۇلسا لەقۋاغا پايدا قىلىدۇ، ئاشقازاندىكى ھۆللۈكلەرنى تارتىدۇ، ئىچكى ئەزالارنى قۇۋۋەتلەيدۇ، تال ئاغرىقى، بوۋاسىر ۋە جوزامغا شىپا بولىدۇ. ئۇنىڭ قورۇلغىنى ئىچ سۈرۈشنى توختىتىدۇ. ئۇنى ئېغىزغا سېلىپ شورىسا چاچنى قارايتىدۇ، قۇۋۋەتلەيدۇ. چىش مىلىكىنى چىڭىتىدۇ. بۇ جەھەتتىكى تەسىرى ناھايىتى ياخشىدۇر.

**زىيانلىق تەسىرى:** جىگەرگە زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** ھەسەل.

**ئىستېمال مىقدارى:** ئۆزىدىن 10 گىرامغىچە، مەتبۇخلاردا 35 گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

**ئورۇنباسارى:** ھېلىلە كابۇلى. ئىچ سۈرۈشنى توختىتىش ئۈچۈن يېرىم ھەسسە موزا، بەشتىن بىر ھەسسە ھەببۇلئاس.

## ئەھلىيلەج چىينىي
(ھېلىلە چىنى)

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇ ھېلىلە كابۇلىنىڭ تۈرىدىن بولۇپ، سېرىق، كۆك ۋە قارىغا مايىل بولىدىكەن. يۇمىلاقراق، گۆشسىز، ئۇرۇقى چوڭ ئىكەن.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ئۇنىڭ تەسىرى باشقا ھېلىلىلەر بار يەردە ئۇنى ئىشلىتىشكە

بولمىغۇدەك دەرىجىدە ئاجىزدۇر. ئارپىسىمان ھېلىلە بىلەن زىرىسىمان ھېلىلىنىڭ تەسىرى ئۇنىڭدىنمۇ ئاجىزراقتۇر.

ھېلىلىلەرنى كۆيدۈرۈش، قورۇش ئۇسۇللىرى، ئۇلارنىڭ مۇراببالىرى، ئىترىفىللىرى، جاۋارىشلىرى، ھەبلىرى، ياغلىرى، كەلكىلانجى، رۇببى، سۇفۇپلىرى، شەربەتلىرى، ئەرقى، فەيرۇزنوشى، قۇرسى، مائۇل ـ ھاياتلىرى، مائۇل پەۋاكىھلىرى، مەتبۇخلىرى، مەجۇنلىرى، مۇپەررىھلىرى ۋە چىلانىملىرى «قارابادىن كەبىر»دە بايان قىلىندى.

## پەسل: «ئ» (ئەلىف) ۋە «ي» (يائ) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى

### ئەيارنۇتانى
(ئايارنۇتانى ئوتى)

بۇ يۇنانچە سۆزدۇر.

**ماھىيىتى:** مالىقى دېگەن كىشى «دىسقۇرىدۇس تۆتىنچى ماقالىسىدە بەزىلەر ئۇنى «ستاربۇن» دەپ ئاتايدۇ دېگەن» دەپ يازغان.

ئۇ بىر خىل ئۆسۈملۈك بولۇپ، شاخلىرى بىر غۇلاچ ئېگىزلىكتە ياكى ئۇنىڭدىن ئېگىزرەك ئۆسىدۇ. يوپۇرماقلىرى بىر ـ بىرىدىن يىراق ئۆسىدىغان بولۇپ، بەللۇت يوپۇرمىقىغا ئوخشايدۇ، لېكىن ئۇنىڭدىن كىچىكرەك، چۆرىسى چىشلىق، تەمى ئازراق تاتلىق، يىلتىزى سەل ئۇزۇنچاق، ئىنچىكە بولىدۇ.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** يوپۇرمىقىنىڭ قاينىتىلمىسىنى شاراب بىلەن غار ـ غار قىلسا چىش يىلتىزىدىكى يامان يارىلارنى ساقايتىدۇ. ئۇنىڭ يىلتىزى ۋە يوپۇرمىقىنى سوقۇپ شاراب بىلەن ئىستېمال قىلسا ۋە زىمات قىلسا زەھەرلىك ھاشاراتنىڭ زەھىرىنى قايتۇرىدۇ. يوپۇرمىقىدىن بەش گىرام ئېلىپ، 2.5 گىرام كۇندۇر ۋە 260 مىللىلىتىر كونا شاراب بىلەن بىرلىكتە ئۇدا تۆت كۈن ئىستېمال قىلسا يەرقانغا پايدا قىلىدۇ. ئۇنى توغرىغۇ بىلەن زىمات قىلسا بەلغەمدىن بولغان ئىششىقلار ۋە ئىسسىقتىن بولغان ئىششىقلارنى تارقىتىدۇ. چىرىگەن يارىلارنى تازىلايدۇ. ئۇنى شېخىنىڭ ئۈچىنچى بوغۇمىنى ئەتراپىدىكى يوپۇرماقلىرى ۋە يەرگە تېگىشىپ تۇرغان يوپۇرماقلىرى بىلەن بىرلىكتە ئىستېمال قىلسا ئارىلاپ تۇتقۇچى تەپكە پايدا قىلىدۇ. شۇنداقلا ئۇنى شېخىنىڭ تۆتىنچى بوغۇمى ئەتراپىدىكى يوپۇرماقلىرى بىلەن بىرلىكتە ئىستېمال قىلسا، تۆت كۈندە بىر قېتىم تۇتىدىغان تەپكە شىپا بولىدۇ، دەپ قارىلىدۇ.

# ئىيسۇلىس
(ئىيسۇلىس ئوتى)

بۇ يۇنانچە سۆزدۇر.

**ماھىيتى:** مالىقى: «دىسقۇرىدۇس تۆتىنچى ماقالىسىدە ئۇ بىر خىل ئۆسۈملۈك بولۇپ، يوپۇرمىقى قەلۇمىس ئۆسۈملۈكىنىڭ يوپۇرمىقىغا ئوخشايدۇ، تۈكلۈك بولىدۇ، يىلتىزىدىن ئۆسۈپ چىقىدۇ. غولى قىرلىق، يىرىك، توم بولۇپ، مالىيتانا دەپ ئاتىلىدىغان ئۆسۈملۈكنىڭ غولىغا ھەم ئەرقىيتۇن دەپ ئاتىلىدىغان ئۆسۈملۈكنىڭ غولىغا ئوخشايدۇ، ئەتراپىدا كۆپ ئۆسۈملۈكلەر ئۆسىدۇ. مېۋىسى كۇرسىنە چوڭلۇقىدا بولۇپ، ھەربىر غىلاپىدا ئىككى دانە ئۇرۇقى بولىدۇ. يىلتىزىدىن كۆپلىگەن شاخچە يىلتىزلار ئۆسۈپ چىققان بولۇپ، ئۇزۇن، توم بولىدۇ. قۇرۇغاندا مۇڭگۈزگە ئوخشاش قارا، قاتتىق بولۇپ ئۆزگىرىدۇ. ئەمسەلىيسا شەھەرلىرى ۋە ئىزى دەپ ئاتىلىدىغان تاغدا ئۆسىدۇ دېگەن» دەپ يازغان.

**تەسىرى ۋە خۇسۇسىيتى:** يىلتىزىنىڭ قاينىتىلمىسىنى ئىچسە كۆكرەك مەنبەلىك قان تۈكۈرۈش، گال ۋە كاناي يىرىكلىشىش، قوۋۇرغا پەردىلىرى ئىششىقى ۋە ئولتۇرغۇچ نېرۋا ئاغرىقىغا پايدا قىلىدۇ، شۇنداقلا ئۇنىڭ ھەسەل بىلەن تەييارلانغان لوئۇقىمۇ شۇ تەسىرنى بېرىدۇ.

# ئىيدمامىير
(ئىيدمامىير پارازىت ئوتى)

بۇ يۇنانچە سۆزدۇر.

**ماھىيتى:** ئۇ، يۇڭغا ئوخشايدىغان، رەڭگى كۆككە مايىل بولىغان، شاخلىق بولۇپ، ياۋا دەرەخلەرنىڭ شاخلىرى ئۈستىدە پەيدا بولىدىغان نەرسىدىن ئىبارەت. ئۇ تەنەكابۇندا «داخىج» دەپ ئاتىلىدۇ.

**تەبئىتى:** قۇرۇق سوغۇق.

**خۇسۇسىيتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ئىچ سۈرۈشنى توختىتىدىغان بولۇپ، سىناقتىن ئۆتكەن. كۆيدۈرۈپ ياكى كۆيدۈرمەي تەييارلانغان سەپمىسىنى سەپسە، يارىلارنىڭ قېنىنى ناھايىتى ياخشى توختىتىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** 10~15 گىرامغىچە.

## ئىيدىغۇن
(ئىيدىغۇن قاتمىسى)

بۇ يۇنانچە سۆزدۇر.

**ماھىيىتى:** يىلىمغا ئوخشايدىغان بىر خىل ماددا بولۇپ، بىنەپشە رەڭلىك سەدەپلەر ئۈستىدە توپلىنىپ قۇرۇيدۇ. بوياقچىلار ئۇنى يىغىپ ئىشلىتىدۇ. سۇرمە رەڭ بولىدۇ.

**تەبىئىتى:** سوغۇق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ماددىلارنى تارقاتقۇچىدۇر. مەلھەم قىلىپ چاپسا ئىسسىقتىن بولغان ئىششىقلارنى تارقىتىدۇ. كۆزنىڭ يەڭگىل يارىلىرىنى تازىلايدۇ.

## ئەيزائەرىيزا
(ئەيزا ئەرىيزا ئوتى)

بۇ يۇنانچە سۆزدۇر.

**ماھىيىتى:** بىر خىل ئۈسۈملۈك بولۇپ، يوپۇرمىقى ياۋا ئاس دەرىخىنىڭ يوپۇرمىقىغا ئوخشايدۇ، ئۇنىڭ يىلتىزى ۋە يوپۇرمىقىدىن ئۈزۈم تېلىنىڭ يىپلىرىغا ئوخشاش ئۇزۇنچاق نەرسە ئۆسۈپ چىقىدۇ. چېچىكى شۇ يىپچىلىرى ئۈستىدە ئېچىلىدۇ. تەمى ناھايىتى قابىز بولىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە سوغۇق، ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ئۇنىڭ ھۆل ياكى قۇرۇق يوپۇرمىقىدىن 10 گىرام ئېلىپ ئىستېمال قىلسا ياكى زىمات قىلسا قاناش ۋە ئىچ سۈرۈشنى توختىتىدۇ. ئۇچەي يارىسىغا شىپا بولىدۇ. ھەيز قېنىنى توختىتىدۇ.

ئۇنىڭ يىلتىزى تەبىئەت جەھەتتە بىرقەدەر سوغۇقراق ۋە قابىزراق بولۇپ، ھەرقانداق ئەزادىن كەلگەن قاننى ھەرقانداق ۋاقىتتا توختىتىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** 10 گىرامغىچە.

## ئىيرىيفارۇن
(ئىيرىيفارۇن ئوتى)

بۇ يۇنانچە سۆز بولۇپ، باھاردىكى بوۋاي دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. بەزى ئەسەرلەردە ئۇ «ئىرىيفارۇن» دەپمۇ يېزىلغان. ئۇنىڭ گۈلى بىر يەرگە توپلاشقانلىقى، كۆپ ۋە نەيچىسىمان

بولغانلىقى ئۈچۈن ئەندەلۇس خەلقى ئۇنى «شەريا» دەپ ئاتايدۇ.

**ماھىيىتى:** بىر خىل ئۆسۈملۈك بولۇپ، غولى بىر غۇلاچ ئېگىزلىكتە ئۆسىدۇ. رەڭگى قىزىلغا مايىل بولىدۇ. يوپۇرمىقى تەرەتىزەك يوپۇرمىقىغا ئوخشاش، لېكىن ئۇنىڭدىن كۆپ كىچىك، گۈلى بىنەپشە رەڭگە مايىل، كانايسىمان بولىدۇ. پۇرىقى ئالما پۇرىقىغا ئوخشايدۇ. گۈلىنىڭ ئوتتۇرىسىدا چاچقا ئوخشاش ئىنچىكە نەرسە تىز ئۆسۈپ چىقىدۇ. باھار پەسلىدە ئاق رەڭدە بولىدۇ. بۇ ئۆسۈملۈك خارابىيلىكلەر ۋە شورلۇق يەرلەردە ئۆسىدۇ.

**تەبىئىتى:** ناھايىتى سوغۇق، ئازراق تارقىتىش قۇۋۋىتىگە ئىگە.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** يالغۇز ياكى ئۇزۇم شىرنىسى بىلەن بىرلىكتە زىمات قىلسا ئاشقازان ۋە ئۇرۇقدان ئىششىقىغا پايدا قىلىدۇ. كۇندۇر بىلەن زىمات قىلسا پەي جاراھىتى ۋە باشقا ئەزالار جاراھەتلىرىگە پايدا قىلىدۇ. ئۇنىڭ گۈلىنىڭ چاچسىمان قىسمىنىڭمۇ شۇنداق تەسىرى بار. ئۇنى ئىستېمال قىلسا گالنى دەرھال بوغىدۇ. ئۇنىڭ تەسىرى زەھەرلىك يەر مەدىكىنىڭ زەھىرىگە ئوخشايدۇ. بۇنىڭ زەھىرىنى قايتۇرۇش ئۇسۇلىمۇ ئۇنىڭ زەھىرىنى قايتۇرۇش ئۇسۇلى بىلەن ئوخشاش بولىدۇ.

## ئىيرىسا
(ئىرسا)

بۇ يۇنانچە سۆز بولۇپ، ھەسەن ـ ھۈسەن دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. ئۇنىڭ گۈلى ھەسەن ـ ھۈسەنگە ئوخشاش رەڭدار بولغاچقا شۇنداق ئاتالغان. رىمچە «ئەبىرمۇن»، سۈريانچە «ئەقارا سوسانى» دەپ ئاتىلىدۇ. پارسچە «بىخى بەنەفشە» دېگەن نام بىلەن مەشھۇردۇر.

**ماھىيىتى:** ئۇ ئاسمان رەڭلىك سەۋسەن، يەنى ياۋا ۋە تاغدا ئۆسىدىغان كۆك گۈللۈك سەۋسەننىڭ يىلتىزىدىن ئىبارەت. بەزىلەر ياۋا سەۋسەن سېرىق سەۋسەندىن ئىبارەت بولغان «دەلبۇس» ئۆسۈملۈكىدۇر دەيدۇ.

ئىيرىسا بولسا تاغدا ئۆسىدىغان سەۋسەننىڭ يىلتىزىدىن ئىبارەت بولۇپ، خۇش پۇراق، ياپىلاق، بارماق چوڭلۇقىدا ئۇزۇن ياكى ئۇنىڭدىن ئۇزۇنراق، بوغۇملۇق، پوستى كۆك، قىزىل ۋە باشقا رەڭلەردە بولىدۇ، يىلتىزىنىڭ ئىچى سېرىق، قىزىلغا مايىل، بەزىدە ناھايىتى ئاق بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۆسۈملۈكىنىڭ ئوتتۇرىسىدىن غولى ئۆسۈپ چىقىدىغان بولۇپ، ئۇچىدا گۈل ئېچىلىدۇ، ئۇنىڭ بەرگى ئۈچ دانە بولۇپ، ئۆرۈلۈپ تۇرىدۇ. گۈلىنىڭ رەڭگى ئاق، سېرىق ۋە بىنەپشە رەڭدە بولىدۇ. ئۈستىدە تەكشى چېكىتلەر بار بولۇپ، ئازراق خۇش پۇراق پۇرايدۇ. ئۆسۈملۈكىنىڭ يوپۇرماقلىرى قېلىن، ئېگىز بولىدۇ. يىلتىزى قاتتىق بولۇپ، ئەڭ ياخشىسى «ماقدۇنىي» دەپ ئاتالغان، توم، رەڭگى قىزىلغا مايىل، بوغۇملۇق، خۇش پۇراق، بەك ئۇزۇن بولمىغانلىرى بولۇپ، تىلغا تەگكۈزسە تىلنى چاقىدۇ، سوققاندا كۆچلۈك پۇرايدۇ ۋە

كۆچلۈك چۈشكۈرتىدۇ. ئۇنى باھار پەسلىدە يەردىن كولاپ چىقىرىپ چىگە رەختكە ئوراپ ياكى يىپ بىلەن باغلاپ سايىغا ئېسىپ قۇرۇتۇلىدۇ، شۇنداق قىلغاندا ئۇنىڭ بۇزۇلۇشى، بوشىشى، ئىنچىكىلىشىدىن ساقلانغىلى بولىدۇ.

ئۇنىڭ رۇمىي بولغان ئېقىنىڭ تەسىرى يۇقىرىدىكىسىدىن ئاجىزراق بولىدۇ. ئۇ كونا بولماسلىقى، قۇرت يېمىگەن ۋە تۆشۈكلەشمىگەن بولۇشى لازىم.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىنىڭ ئاخىرىدا ئىسسىق، قۇرۇقلۇقى ئۇنىڭدىن ئاجىزراق، كونىسى يېڭىسىدىن قۇرۇق ئىسسىقراقتۇر.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ماددىلارنى ئۇچۇچانلاشتۇرۇش، قىزىتىش، تۇسالغۇلارنى ئېچىش، جۇلا بېرىش، تازىلاش، زەرداب سۇ، سەپرا ئارىلاشقان سەۋدا ۋە قويۇق بەلغەمنى سۈرۈش خۇسۇسىيەتلىرىگە ئىگە. ئىپتىشلارغا قارىغاندا، ئۇنىڭ كونىسىنىڭ ئىچىنى سۈرۈش تەسىرى ياخشىراق بولىدىكەن. ئۇنىڭدىن 15 ~ 21 گىرامغىچە ئېلىپ مائۇلھەسەل بىلەن ئىچسە، بەلغەم خاراكتېرلىك قويۇق كەيمۇس ۋە سەپرانى سۈرىدۇ.

باش ۋە باشقا ئەزالار كېسەللىكلىرى: ئۇنى سىركە ۋە گۈل يېغى بىلەن زىمات قىلىپ باشقا چاپسا كونا باش ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ، شۇنداقلا ئۇنىڭ قايىنىتىلمىسىنى زىمات قىلسىمۇ شۇ تەسىرنى بېرىدۇ. ئۇيىقۇ كەلتۈرىدۇ. گۈلىنى زىمات قىلسا سەكتە، ماددىلارنىڭ قېيىپ قېلىشىدىن بولغان تەشەننۇج، ئەزالارنىڭ سېزىمسىزلىنىشىغا شىپا بولىدۇ، شۇنداقلا ئۇنى ئىستېمال قىلسىمۇ شۇ تەسىرنى بېرىدۇ، شۇنداقلا ئۇنىڭ يىلتىزى بىلەن يوپۇرمىقىنى ئىستېمال قىلسىمۇ ئەزالارنىڭ سېزىمسىزلىنىشىغا داۋا بولىدۇ. ئۇنىڭ يىلتىزىنىڭ قايىنىتىلمىسى ئەزالارنىڭ لېپىلدىشى، سېزىمسىزلىنىشى، رەئشە، سەكتە، پالەچ، ئىستىرخا، كىچىك بالىلارنىڭ ئۇيقۇدا چۆچۈشى، ئۇنتۇغاقلىق، ئەستە تۇتۇش قابىلىيىتىنى ئاشۇرۇش قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ، شۇنداقلا ئۇنىڭ ئۆزىنى ئىستېمال قىلسىمۇ شۇ تەسىرنى بېرىدۇ. ئۇنى شارابى رەيھانى بىلەن ئىشلەتسە ئىمتىلا خاراكتېرلىك تەشەننۇجقا شىپا بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۆزى بىلەن چۈشكۈرتۈلسە كۆزدىكى ياش ۋە باشقا ھۆللۈكلەرنى تارتىدۇ. ئۇنىڭ يوپۇرمىقىنى بۇرۇنغا ئۇدا ئۈچ كۈن تارتسا باشنىڭ يېرىمى ئاغرىشقا پايدا قىلىدۇ. ئۇنىڭ يىلتىزىنى سىركە بىلەن بىرلىكتە قۇلاققا تېمىتسا قۇلاققا سوغۇق نەزلىلەرنىڭ چۈشۈشىگە پايدا قىلىدۇ، قۇلاقنىڭ غوڭۇلدىشىنى توختىتىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن ئېغىز چايقىسا سوغۇق سەۋەبلىك تولۇپ قېلىشتىن بولغان چىش ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ، ئۈزىرىغان كىچىك تىلنى قىسقارتىدۇ. چايىنسا ھاراقنىڭ ئېغىزدىكى پۇرىقىنى يوقىتىدۇ. قايىنىتىلمىسى ياكى ئۇنىڭ ئۆزىنى ئۈزۈم شىرنىسى بىلەن ئىستېمال قىلسا كۆكرەك، ئۆپكە ئاغرىقى، زىققە نەپەس، كاناي ئىششىقى، نەپەسلىنىش قىيىن بولۇش، ئۆپكە ئىششىقى، بەلغەمدىن بولغان بوغما قاتارلىقلارغا پايدا قىلىدۇ. ئەزالاردا تۇرۇپ قالغان چىقىپ

كېتىشى تەس بولغان قويۇق ۋە كېرەكسىز ماددىلارنى ھەيدەيدۇ. سوغۇقتىن بولغان جىگەر، تال ئاغرىقى، ئىستىسقا، يەرقانغا داۋا بولىدۇ. بوۋاسىر تومۇرلىرىنىڭ ئېغىزلىرىنى ئاچىدۇ. ئۇلتۇرغۇچ نېرۋا ئاغرىقى، ماغدۇرسىزلىق، قورساق ئاغرىقى، مەنىي ئېقىش، كۆپ ئېھتىلام بولۇش، جىما قىلماي تۇرۇپمۇ مەنى ئېقىش قاتارلىقلارغا شىپا بولىدۇ. ئۇنىڭ مەتبۇخىنى ئىچسە، شۇنداقلا يىلتىزىدىن ئالتە گىرام ئېلىپ شاراب بىلەن ئىچسە بالىياتقۇ كېسەللىكلىرى، بالىياتقۇ يېرىلىشقا پايدا قىلىدۇ. بالىياتقۇ تۇسالغۇلىرىنى ئاچىدۇ. ھەيز تۇتۇلۇش، مۇسكۇل زەخىملىنىشلەرگە پايدا قىلىدۇ. سىركە بىلەن ئىستېمال قىلسا زىياندâش ھاشاراتلار چېقىۋالغاندىكى زەھەر ۋە باشقا زەھەرلىك دورىلارنىڭ زەھەرلىرىنى قايتۇرىدۇ. تال ئىششىقى، تال تۇسۇلۇش، بەزگەك ۋە باشقا تەپلەرگە پايدا قىلىدۇ. ئۇنى پىشۇرۇپ زىمات قىلسا، بالىياتقۇ ئاغرىقى، بالىياتقۇ قاتتىق ئىششىقى، سوزۇلما ئىششىقلار، چاشقان يارىسى، دانخورەك، چىرىگەن يارىلارغا پايدا قىلىدۇ. ئۇنى قاينىتىپ سىركە ئارىلاشتۇرۇپ ئىسسىق ئۆتكۈزسە تال ئىششىقىنى تارقىتىدۇ، ئىستىسقاغا داۋا بولىدۇ. زەھەرلىك ھاشاراتنىڭ زەھىرىنى قايتۇرىدۇ. ئىششىقلارنى تارقىتىدۇ. سۇتسىمان يارىلاردىن ئاقىدىغان ھۆللۈكلەرنى توختىتىدۇ ۋە تارقىتىدۇ. داغ، سەپكۈن، ئاق بەھەقنى يوقىتىدۇ. شۇنداقلا ئۇنى ئىككى ھەسسە ئاق خەربەق بىلەن ئىشلەتسىمۇ داغ، سەپكۈن ۋە بەھەققە پايدا قىلىدۇ. ھەسەل بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ چوڭقۇر يارىلارغا چېپىلىدۇ. ئۇنىڭ سەپمىسى ئۇستىخانلارغا گۆش ئۇندۇرۇش، چوڭقۇر زەخىملەرنى پۈتتۈرۈش، ئاقمىغا ئايلانغان زەخىملەرنىڭ بەتبۇي پۇرىقىنى يوقىتىشقا ئىشلىتىلىدۇ. ئۇنىڭ قاينىتىلمىسىدا ئولتۇرسا بالىياتقۇ، مەقئەتنىڭ قاتتىق ئىششىقلىرىنى تارقىتىدۇ، سوغۇقتىن بولغان كېسەللىكلەرگە داۋا بولىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن كىلىزما قىلسا ئولتۇرغۇچ نېرۋا ئاغرىقى، بوۋاسىرنىڭ سېسىق پۇرىشى، ئىچكى ئەزالاردىكى چوڭقۇر يارىلارغا شىپا بولىدۇ. ئاقمىلاردىكى ئارتۇق گۆشلەرنى يوقىتىدۇ. ئۇنى ھەسەل بىلەن پەرزىجە قىلسا ھامىلە چۈشۈرىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن ھەمەلچە قىلسا مەددە قۇرتلارنى چۈشۈرىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن ياغلانسا ئىمتىلا خاراكتېرلىك تەشەننۇجقا پايدا قىلىدۇ، بوۋاسىر تومۇرلىرىنىڭ ئېغىزىنى ئاچىدۇ، ماغدۇرسىزلىقنى يوقىتىدۇ. ئۇنى سىركە ياكى شاراب بىلەن ئىستېمال قىلسا ئىمتىلادىن بولغان تەشەننۇج، مۇسكۇللارنىڭ زەخىملىنىشىگە پايدا قىلىدۇ، زەھەرلىك موگۇ، كەندىر، كىشنى ساراڭ قىلغۇچى تاغ يۇمغاقسۇتىنىڭ زەھىرىنى قايتۇرىدۇ. بەزگەك ۋە تەپلەرگە داۋا بولىدۇ. ئۇنىڭ 30 گىرامى ئىچىنى كۈچلۈك سۈرىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن غار-غار قىلسا گال ۋە كانايىنى سىلىقلاشتۇرىدۇ. ئۇنى سىركە بىلەن بىرلىكتە قۇلاققا تېمىتسا قۇلاق غوڭۇلداشنى يوقىتىدۇ، قۇلاقتا سوزۇلما نەزلە سۇيۇقلۇقلىرىنىڭ چۈشۈشىنى توسىدۇ. بۇرۇنغا يالغۇز تېمىتسا بۇرۇننىڭ سېسىق پۇرىشىغا داۋا بولىدۇ. ئۇنى زەيتۇن يېغى بىلەن پىشقۇچە قاينىتىپ قۇلاققا تېمىتسا كونا گاسلىققا شىپا بولىدۇ. ئۇنىڭ

بىلەن كىلىزما قىلىسا ئولتۇرغۇچ نېرۋا ئاغرىقى ۋە بالىياتقۇ كېسەللىكلىرىگە پايدا قىلىدۇ. ئۇنىڭ يېغىنىڭ ئورۇنباسارى دەھنۇل ـ فەئىردۇر. «ئىختىيارات» نىڭ ئاپتورى: «ئۇنىڭ ئورۇقى سىناقتىن ئۆتكەن ئۇخلاتقۇچىدىن» دېگەن.

ئۇنىڭ يىلتىزىنى ئاغرىۋاتقان چىشقا قويسا ئۇنى چۇشۇرىدۇ، باشقا چىشلارنى بۇزماسلىقى ئۈچۈن ئۇنى باشقا چىشلارغا تەگكۈزۈشكە بولمايدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** 10 گىرامغىچە.

**ئورۇنباسارى:** زەرداب سۈنى سۈرۈش ئۈچۈن 100 مىللىلىتىر تۆگە سۈتى بىلەن ئۇنىڭ ئۇچتىن بىر چىلىك مىقداردا مازاريون.

**زىيانلىق تەسىرى:** بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىچە ئۆپكىگە زىيان قىلىدىكەن.

**تۈزەتكۈچىسى:** ھەسەل.

ئىبىر سانىڭ جاۋارشى، ھەببى، دەبىيدى، يېغى، قۇرسى، لۇئۇقى قارابادىندا بايان قىلىندى.

## ئىيمارانۇتالى
(ئىمارانۇتالى ئوتى)

بۇ يۇنانچە سۆز بولۇپ، شەرەپلىك ئوت دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. مىسىردا ئۇ «زەيتۇنىيە» (زەيتۇنغا مەنسۇپ ئوت) دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. چۈنكى ئۇنىڭ يوپۇرمىقى چوڭ ـ كىچىكلىكتە زەيتۇن يوپۇرمىقىغا ئوخشايدۇ. «تۆھپەتۇل مۇئمىنىين» دېگەن كىتابنىڭ ئاپتورى: «ئۇ سىرتىدىن قارىغاندا زەررىين گىياھ ئۆسۈملۈكىگە ئوخشايدۇ» دەپ يازغان. ئەمما ئۇنداق ئەمەستۇر. ئاللا خالىسا زەررىين گىياھ ئۆسۈملۈكى «ز» ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلار بايانىدا بايان قىلىنىدۇ.

**ماھىيتى:** ئۇ بىر خىل ئۆسۈملۈك بولۇپ، بىر غۇلاچ ئېگىزلىكتە ئۆسىدۇ. شاخلىرى بوغۇملۇق، غولى ئىنچىكە، يوپۇرمىقى تارقاق، بەللۇت يوپۇرمىقىدىن ئىنچىكىرەك ۋە كىچىكرەك، چىشلىق، تەمى تاتلىق، يىلتىزى ئىنچىكە، ئۇزۇن، گۈلى سېرىق بولىدۇ. بۇ ئۆسۈملۈكنى مىس تاۋاقتا قويسا جىسمى كىچىكلىمەستىن كۈمۈش رەڭدە كۆرۈنىدۇ.

**تەبئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىنىڭ ئاخىرىدا قۇرۇق ئىسسىقتۇر. بەزىلەر مۆتىدىل دەيدۇ.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ئۇ قۇرۇتقۇچى ۋە تۇسالغۇلارنى ئاچقۇچىدۇر. ئۇنىڭ يىلتىزى ۋە يوپۇرمىقىدىن 10 گىرام ئېلىپ، شاراب بىلەن ئىستېمال قىلىسا زەھەرلىك ھاشاراتنىڭ چېقىۋېلىشىغا پايدا قىلىدۇ، شۇنداقلا يەرلىك ئورۇنغا زىمات قىلىسىمۇ شۇ تەسىرنى بېرىدۇ. ئۇنىڭدىن 10 گىرام ئېلىپ بەش گىرام كۈندۈر ۋە بەش گىرام كونا شاراب

بىلەن ئۇدا تۆت كۈن ئىچسە، يەرقان، تال ئىششىقى، ئىستىسقا، ئەزالاردا تاش پەيدا بولۇشقا شىپا بولىدۇ. ئۇنىڭ قايىنىتىلمىسىنى شاراب بىلەن غار-غار قىلسا يارىلار ۋە تىل مۇدۇرلىرىنى ساقايتىدۇ. ئېغىز يارىلىرىنىڭ كېڭىيىشىنى چەكلەيدۇ. ئۇنىڭ (ئېغىزنىڭ) ئاغرىقلىرى ۋە كىچىك تىل ئاغرىقلىرىنى پەسەيتىدۇ. ئۇنىڭ يوپۇرمىقىنى زىمات قىلسا ئىسسىقتىن بولغان ئىششىقلارنى تارقىتىدۇ، جاراھەتلەر ۋە يارىلارنى ساقايتىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن ئىسرىق سالسا ھاملە چۈشۈرىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇنىڭ شاخلىرىنىڭ تۆۋەنكى بوغۇمىنى ئىستېمال قىلسا كۈندە بىر قېتىم تۇتىدىغان تەپكە، ئىككىنچى بوغۇمىنى ئىستېمال قىلسا بەلغەمدىن بولغان تۇتقاقلىق تەپكە، ئۈچىنچى بوغۇمىنى ئىستېمال قىلسا ئارىلاپ تۇتىدىغان تەپكە، تۆتىنچى بوغۇمىنى ئىستېمال قىلسا تۆت كۈندە بىر قېتىم تۇتىدىغان تەپكە شىپا بولىدىكەن. رىم ۋە فىرانسىيە خەلقى ئۇنى ئېسىۋالسا ئىززەت - ئىكرام تېپىشقا سەۋەبچى بولىدۇ، دەپ قارايدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** 5~10 گىرامغىچە.

**زىيانلىق تەسىرى:** ئۈچەي ۋە مەقئەتكە زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** كەتىرا.

## ئىيىەل
(بۇغا)

ئۇ ئەرەبچە سۆز بولۇپ، «ئۇييەل» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئۇ تاغلارنىڭ ئۆڭكۈرلىرىنى تۇرالغۇ قىلىدىغان بولغانلىقى ئۈچۈن شۇ نام بىلەن ئاتالغان. پارسچە «گوزەن»، «گاۋ كوھى» (تاغ كالىسى)، ھىندىچە «بارە سىنگاھ» دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇنىڭ ھىندىچە نامىنىڭ مەنىسى 12 مۈڭگۈزلۈك دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. چۈنكى ئۇنىڭ مۈڭگۈزى كۆپ بولغاندا خۇددى دەرەخ شېخىغا ئوخشاش 12 شاخ بولىدۇ. ئۇنىڭ مۈڭگۈزى باشقا ھايۋانلارنىڭ مۈڭگۈزلىرىنىڭ ئەكسىچە چىشقا ئوخشاش قاتتىق، بەلكى ئۇنىڭدىنمۇ قاتتىقراق بولىدۇ.

**ماھىيىتى:** بىر خىل ھايۋان بولۇپ، تاغدا ۋە باشقا جايلاردا ياشايدىغىنىدىن ئىبارەت ئىككى خىل بولىدۇ. تاغدا ياشايدىغىنى ئۈچ خىل بولىدۇ. بىرىنچى خىلى تاغ ئېتەكلىرى ۋە دەرەخلىرى كۆپ بولغان تاغلاردا ياشايدۇ، ئۇ «ۋەئەل» (تاغ ئۆچكىسى) دەپ ئاتىلىدۇ. تۈركچە «جوبرۇ» دېيىلىدۇ. ئۇنىڭ تېنى كېيىكتىن چوڭراق بولىدۇ، قىش پەسلىدە مويى قارىغا مايىل، ياز پەسلىدە قىزىل بولۇپ ئۆزگىرىدۇ، قۇيرۇقسىز بولىدۇ. ئىككىنچى خىلى ھاۋاسى ئىسسىق بولغان تاغلاردا ياشايدۇ. تاغ ئۆچكىسىدىن چوڭراق بولىدۇ. ئۇنىڭ قۇيرۇقى بولىدۇ. ئۇ «يەھمۇر» (ياۋا ئېشەك) دېيىلىدۇ. ئۈچىنچى خىلى ھاۋاسى سوغۇق بولغان تاغلاردا

ياشايدۇ. تېنى چوڭ بولىدۇ. ئۇ «بەقەر جەبەلىي» (تاغ كالىسى) دەپ ئاتىلىدۇ. باشقا جايلاردا ياشايدىغىنى ئىسسىق يەرلەردە ياشايدۇ. ئۇ «بەقەرۇل ۋەھش» (ياۋا كالا) دەپ ئاتىلىدۇ. پارسچە «گوزەن» دېيىلىدۇ. بۇ ئۇنىڭ تۈرلىرى ئىچىدە ئەڭ ياخشى تۈرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ئۇنىڭ ھەممە تۈرلىرى كۈز پەسلىدە مۈڭگۈز ئالماشتۇرىدۇ ۋە ئورنىغا ئۇنىڭدىنمۇ كۆچلۈك، شاخلىق يېڭى مۈڭگۈز چىقىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇنىڭ ئۆمرى ناھايىتى ئۇزۇن بولىدىكەن. سۈيدۈك خالتىسى ھەر 100 يىلدا بىر قېتىم ئالمىشىدىكەن. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ يېشى دوۋساققا قاراپ ئېنىقلىنىدىكەن. ھەكىم مىير مۇھەممەد مۆمىن «تۆھپەتۇل ـ مۆئمىن» دېگەن كىتابىدا: «كەمتەر دادام كەمىنە بوۋىسىدىن نەقىل قىلىشىچە، ئۇ سۈيدۈكلۈكى يەتتە قېتىم ئالماشقان بۇغىنىمۇ كۆرگەن ئىكەن» دەپ يازغان. يەنە ئۇ: «ئېيتىشلارغا قارىغاندا ئۇنىڭ ئۆتى يوق ئىكەن» دەپ يازغان، ئەمما ئۇنداق ئەمەستۇر. بەلكى ئۆتى ناھايىتى كىچىك بولۇپ، ئۇ ئۆت سۈيۈقلۇقى بىلەن توشقاندا تېزلا بوشاپ جىگىرىگە چاپلىشىپ قالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن يوقتەك مەلۇم بولىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇنىڭغا ئوق ئېتىلسا ئورۇنلىشىۋېلىپ چىقمايدىكەن، مىشكى تارامىشكى ئۆسۈملۈكىنى يېگەندىن كېيىن چىقىدىكەن.

**تەبىئىتى:** ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ئۇنىڭ ھەممە تۈرىنىڭ گۆشى سەۋدا پەيدا قىلىدۇ، تېز ھەزىم بولىدۇ، سۈيدۈك ھەيدەيدۇ، سوغۇق مىزاجلىقلارنىڭ باھ قۇۋۋىتىنى ئاشۇرىدۇ. ئۇنىڭ ئىسسىق ھاۋادا كۆپ يۈگۈرتۈلگەندىن كېيىن، بولۇپمۇ ئۇسسۇزلۇقسىز يۈگۈرتۈلگەندىن كېيىن بوغۇزلانغىنىنىڭ گۆشى ناھايىتى ئىسسىق، زەھەرلىكتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنى ئۆلتۈرۈشكە توغرا كەلگەندە قىش كۈنلىرى ئۇنىڭغا كۆپ سۇ ئىچۈرۈلگەندىن كېيىن ئۆۋلىنىشى، ئوۋلانغاندىن كېيىن كۆپ ئۈركۈتۈلمەسلىكى، جىددىيلەشتۈرۈلمەسلىكى، بەلكى ئارام ئالدۇرۇپ ئۇزۇن ۋاقىت تۇرغۇزغاندىن كېيىن بوغۇزلىنىشى لازىم. بوغۇزلاپ بولغاندىن كېيىن گۆشىنى ئۇزۇن ساقلىماسلىق لازىم، بولمىسا تېزلا پۇراپ قالىدۇ، شۇڭا سۇ، ئازغىنا سېرىقچېچەك بىلەن بىرلىكتە دەرھال يۇمشاق پىشۇرۇپ، ياغ ۋە ياغلىق نەرسىلەر بىلەن بىرلىكتە ئىستېمال قىلىشى، ئۇنىڭدىن كېيىن ئەنجۈر شەربىتى، مائۇلھەسەلگە ئوخشاش چوڭ تەرەتنى بوشاتقۇچى ئىچىملىكلەرنى ئىچىش لازىم. ئۇنىڭ مۈڭگۈزىنى ئوتۇنغا ئوخشاش كۆيدۈرۈپ، ئۇنىڭدىن بەش گىرام ئېلىپ، باراۋەر مىقداردىكى كەتىرا بىلەن بىرلىكتە ئىستېمال قىلسا، قان تۈكۈرۈش، كونا ئىچ سۈرۈش، بالىياتقۇدىن ھۆللۈك ۋە نورمالسىز قان كېلىش قاتارلىقلارغا پايدا قىلىدۇ، بولۇپمۇ ئۇنىڭغا ياردەم بەرگۈچى دورىلار بىلەن بىرلىكتە ئىستېمال قىلسا تېخىمۇ ياخشى پايدا قىلىدۇ، يەرقان، دوۋسۇن ئاغرىقى، ئۈچەي يارىسى، يامان خاراكتېرلىك قۇلۇنجى ۋە تال كېسەللىكلىرىگە داۋا بولىدۇ. ئۇنىڭ مۈڭگۈزىنى نېپىز

توغراپ، لاي سۇۋالغان ساپال كوزىغا سېلىپ ئېغىزىنى مەھكەم ئېتىپ تونۇردا قويۇپ، ئاقارغۇچە كۆيدۈرگەندىن كېيىن تونۇردىن چىقىرىپ ئاقاقىياغا ئوخشاش يۇيۇپ سۈرمە قىلسا، كۆز كېسەللىكلىرى، كۆزدىن كىرەكسىز ماددىلار ئېقىش، بىرىكتۈرگۈچى پەردە ئىششىقى، كۆز تورلىششى، قىچىشقاق ۋە قوتۇرلارغا پايدا قىلىدۇ، ياربلارنى تازىلايدۇ. ئۇنىڭ يۇيۇلمىغىنىنى سىركە بىلەن مەلھەم قىلىپ بەھەق ۋە بەرەسكە چېپىپ ئاپتاپتا تەرلىگۈچە ئولتۇرسا پايدا قىلىدۇ. كالا يېغى بىلەن سۈركىسە پۇت ـ قوللارنىڭ يېرىقلىرىنى ساقايتىدۇ. ئۇنىڭدىن 1.5 گىرام ئىستېمال قىلسا تال كېسەللىكلىرىگە مەنپەئەت قىلىدۇ. چىشقا سەپسە چىشنى چىڭىتىدۇ، ئاقارتىدۇ. ئۇنى مەلھەم قىلىپ سۈركىسە چوڭلار ۋە كىچىكلەرنىڭ ئېغىز ىدىكى ياربلارغا ناھايىتى ياخشى پايدا قىلىدۇ. دوۋسۇن ۋە ئەمچەككە سۈركىسە ھەيدەيدۇ. ئۇ، يەنى ئۇنىڭ مۇڭگۈزىنىڭ كۆيدۈرۈلگىنىنى سىركە بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ ئېغىز چايقىسا چىش ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ. ئۇنى كۆيدۈرۈپ ئىسرىق سالسا چىش ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ، زىيانداش ھاشاراتنىڭ زىيىنىنى يوقىتىدۇ. ھامىلىدار ئايالغا ئېسىپ قويسا ئاسان تۇغىدۇ. ئۇنىڭ كۆيدۈرۈلمىگىنىنى ئىككى ـ ئۈچ دانە ئاقمۇچ بىلەن سالايە قىلىپ ئىستېمال قىلسا ۋە ئاز مىقداردا سۈركىسە بىقىن ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ. ئۇنىڭ يېغى بىلەن مايلانسا تەشەننۇجقا داۋا بولىدۇ. ئۇنىڭ قېنىنى مايسىز پىشۇرۇپ يېسە سوزۇلما ئىچ سۈرۈشنى توختىتىدۇ، ئۇچەي يارىسىغا شىپا بولىدۇ. ئۇنىڭ قېنىنى خام ياكى پىشۇرۇپ 10 گىرام ئىستېمال قىلسا ئوقلارنىڭ زەھىرىنى تازىلايدۇ. ئۇنىڭ پاقالچىقىنىڭ يىلىكى بىلەن چاۋا يېغىنى ئىستىفراغدىن كېيىن سۈركىسە يەل تارقىتىدۇ، قاتتىق ئىششىقلارنى يۇمشىتىدۇ، سوغۇقتىن بولغان كەم ماغدۇرلۇقنى يوقىتىدۇ، پالەچ بىمارىغا مۇۋاپىق كېلىدۇ. ئۇنىڭ بۇ جەھەتتىكى ئورۇنباسارى توخۇ توخۇمىنىڭ ئىللىتىپ پىشۇرۇلغان سېرىقىدۇر. شۇنداقلا ئۇنىڭ تېرىسى، گۆشى ۋە ئۇستىخىنىنى شاراب بىلەن مەلھەم قىلىپ زەكەر، يىرىق ۋە دوۋسۇنلارغا سۈركىسە باھنى قوزغىتىدۇ، ھەتتا ھەرقانداق ھايۋانلارغا سۈركىسىمۇ شۇ تەسىرنى كۆرسىتىدۇ. ئۇنىڭ كۆز چانىقى ئويمىنىغا يىغىلىپ قاتقان يېشىنى خەلق ئاممىسى «تەر ياكى گاۋ كۇھى» (تاغ كالىسى تەرياقى) دەپ ئاتايدىغان بولۇپ، ھايۋانلارنىڭ زەھىرىنى قايتۇرۇشتا تەسىرى تەرياقى پارۇقتىن كۈچلۈكرەكتۇر. بالا تۇغۇلغاندىن كېيىن سۈت ئېمىتىشتىن بۇرۇن ئۇنىڭغا مەزكۇر ياشتىن ئارپا دېنى چوڭلۇقىدا ئېلىپ، سۈت بىلەن ئېرىتىپ گېلىغا تېمىتسا بالا ھاياتلا بولسا، زىيانداش ھاشاراتنىڭ چېقىۋېلىشىدىن ساقلىنىپ قالىدۇ. يىلان ئۇ بالىنى كۆرگەندە بوشاپ ھەرىكەت قىلالمايدىغان بولۇپ قالىدۇ. سىناقتىن ئۆتكەن. بەغدادىي بۇ گەپنىڭ ئاساسى يوق، دېگەن. ئۇنىڭ قۇرۇتۇپ سوقۇلغان چۈيىسىنى مەجۇنلەر ۋە ھەبلەردە شاراب ۋە ئۇنىڭ ئوخشاشلىرى بىلەن ئىستېمال قىلسا باھنى قوزغاشتا سەقەنقۇرنىڭ ئورۇنباسارى بولىدۇ، دەپ قارىلىدۇ.

ئۇنىڭدىن بەش گىرام ئىستېمال قىلسا ئەفئى يىلىنىنىڭ زەھىرىنى قايتۇرىدۇ. ئەزالاردىكى تاشلارنى پارچىلايدۇ. ئۇنىڭ چۈيىسى، ئۇرۇقىدىنى، تېرىسى ۋە مۈڭگۈزىنى كىشىگە ئايرىم ھالدا ئېسىپ قويسا، يىلان، چايان، ھەرە ۋە باشقا زەھەرلىك ھاشاراتلارنىڭ چېقىۋېلىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. سىناقتىن ئۆتكەن. ئۇنىڭ زەكىرىنى كىشىنىڭ بىلىكىگە باغلاپ قويسا ئۇنىڭغا يىلان يېقىن كەلمەيدۇ. ئۇنىڭ پەنىرمايىسى باھنى قۇۋۋەتلەيدۇ. ھەيزدىن پاك بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭ بىلەن ئۇدا ئۈچ كۈن ھەمەل قىلسا ھامىلىدارلىقنى چەكلەيدۇ. ئۇنىڭ تۇيىقىنى كۆيدۇرۇپ ئىسرىق سالسا زۇلۇك قۇرتىنى بىراقلا ئۆلتۈرىدۇ. سىناقتىن ئۆتكەن. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇنىڭ قۇيرۇقىنىڭ ئۇچى زەھەرلىك ئىكەن، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنى بوغۇزلىغان ھامان قۇيرۇقىنى دەرھال كېسىۋېتىش لازىم ئىكەن.

بۇغىنىڭ خاسىيىتى شۇكى، بۇرنىنى يىلانىنىڭ تۆشۈكىگە قويۇپ نەپىسىنى ئىچىگە تارتىپ خۇددى ماگنىت تاش، تۆمۈرنى ئۆزىگە تارتقاندەك يىلاننى ئۆزىگە تارتىپ تېزلا چىقىرىدىكەن ۋە قۇيرۇق تەرىپىدىن يېيىشكە باشلايدىكەن. يىلاننى تولۇق يەپ بولغاندىن كېيىن كۆزىدە كۆيۈشۈش ۋە ئېچىشىش پەيدا بولۇپ، ياش ئېقىشقا باشلايدىكەن ۋە چانىقىدىكى ئويمانغا يىغىلىپ، كۇنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن قاتىدىكەن، ئۇنىڭ بۇ يېشى يۇقىرىدا بايان قىلىنغان تەرياق ئىكەن.

ئۇ يىلاننى يەپ زەھەرلەنگەنلىكىنى ھېس قىلغاندا، زەھەر قايتۇرۇش ئۈچۈن سەرتاننى تۇتۇپ يەيدۇ.

ئۇنىڭ چىشىسى موزايلاپ بولغاندىن كېيىن موزاي ھەمراھىنى يەيدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ تېرىسى نىپاس (تۇغۇتتىن كېيىن قانىسراش) قا پايدا قىلىدۇ. ئۇ كىشىنى مۈڭگۈزى بىلەن زەخىملەندۈرسە، بۇ زەخىم ناھايىتى ئاز ئەھۋالدا ساقىيىدۇ (كۆپ ھاللاردا ساقايمايدۇ). كىشىدە قاتتىق كۆڭۈل ئېلىشىش، بىھوشلۇق ئالامەتلىرى كۆرۈلىدىغان بولۇپ، جان ئالغۇچى زەھەر بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

زەھەر قايتۇرۇش ئۈچۈن كەتىرا، گۈل يېغى ۋە ئىلمان ھەسەل ئىستېمال قىلدۇرۇپ قەي قىلدۇرۇلىدۇ. ئارقىدىن فىيل زەھرە ئۆسۈملۈكىدىن 1.5 گىرامغىچە ئېلىپ شاراب بىلەن ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ، پىستە ۋە پىندۇق مېغىزى يېگۈزۈلىدۇ.

# ئىككىنچى باب
# «ب» (بائ) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى

## پەسىل: «ب» (بائ) ۋە «ئ» (ئەلىف) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى

### بابۇنەج
(بابۇنە)

پارسچە «بابۇنە» دېيىلىدۇ، ماراكەشتە «بابۇنەق» دەپ ئاتىلىدۇ.

بۇ بىر خىل ئۆسۈملۈك بولۇپ، شاخلىرى يېشىل، چۈرۈك، ئىنچىكە بولىدۇ. شاخلىرىدىن يەنە كۆپ شاخچىلار ئايرىلىپ چىقىدۇ. بىر غۇلاچ ئېگىزلىكتە، بەزىدە ئۇنىڭدىن ئېگىزرەك ئۆسىدۇ. يوپۇرمىقى ئۇششاق، ئىنچىكە، سەل سوزۇنچاق بولىدۇ. گۈلىنىڭ ئوتتۇرىسى سېرىق بولۇپ، چۆرىسىدە ئۇششاق ئاق يوپۇرماقلار بولىدۇ. گۈلى ئۇقھۇۋان گۈلىدىن ئۇششاقراق بولىدۇ. گۈلىنىڭ ئەڭ ياخشىسى ئۇششاق، ناھايىتى خۇش پۇراق بولغىنىدۇر. مەزكۇر ئىسىم يالغۇز ئىشلىتىلسە، ئۇنىڭ گۈلى نەزەردە تۇتۇلىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە ئىسسىق، بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ئۇنىڭ گۈلى ماددىلارنى ئۇچۇچانلاشتۇرۇش، ماددىلارنى تار، توسالغۇلارنى ئېچىش، مېڭە نېرۋىلىرى ۋە باھنى قۇۋۋەتلەش، زەھەر قايتۇرۇش، تەر، سۈت، سۈيدۈك ۋە ھەيزنى ھەيدەش قاتارلىق خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە. بۇنىڭغا ئاساسەن مېڭە كېسەللىكلىرى، باش ئاغرىقى، نەزلە، كۆز ئاغرىقىنىڭ قالدۇقى، قۇلاقتىكى يەللەرنى تارقىتىش، كاناي ئىششىقى، يەرقان، كەم ماغدۇرلۇق، كۆكرەك، جىگەر، ئىچكى ئەزا، مەقئەت ۋە بالىياتقۇ ئاغرىقلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئىششىقلىرى، تۇخۇمدان ۋە باشقا ئەزالار ئىششىقى، دۇۋساقتىكى پارچىلاش، بالا ھەمراھىنى چۈشۈرۈش، سەۋدا، بەلغەمنىڭ ئوفۇنەتلىرىنى يوقىتىش، ئوفۇنەتلىك تەپلەر، قۇلۇنجى، ئۇچەي ئالمىشىش، سۈيدۈك تۇتۇلۇش، قىيىن تۇغۇت، ھۆل قوتۇر، ھەيز تۇتۇلۇش قاتارلىقلارغا ئىچى ۋە سىرتىدىن ئىشلىتىلىدۇ. بەدەندىكى ناچار خىلتلارنى تازىلايدۇ. شۇنداقلا ئۇنىڭ قايىنتىلمىسىدا ئولتۇرسا ياكى

ئەزالارغا تۆكسىمۇ مەزكۇر كېسەللىكلەرنىڭ كۆپ قىسمىغا داۋا بولىدۇ. ئۇنى سىركە بىلەن قايناتىپ ھورىنى داۋالىق پۇرسا، ئاخىرقى مەزگىلدىكى نەزلىلەر ۋە باش ئاغرىقىغا پايدا قىلىدۇ، ئەمما ماددىنى تەنقىيە قىلىپ بولغاندىن كېيىن ئىشلىتىش لازىم. چاينىسا ئېغىز يارىسىغا داۋا بولىدۇ. تالقان قىلىپ سەپسە ئېغىز ئالغان ياش خالتا ئاقمىسىغا ناھايىتى پايدا قىلىدۇ. يالغۇز قايناتىپ سۈيى بىلەن كۆزنى يۇيسا كۆز ئاغرىقىغا پايدا قىلىدۇ. ئوت بىلەن كۆيدۇرۇپ ئىسرىق سالسا زىيانداش ھاشاراتنى ھەيدەيدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** 1.5 گىرامغىچە.

**ئورۇنباسارى:** قەيسۇم، بەرەنجاسىپ، ئۇقھۇۋان گۈلى.

**زىيانلىق تەسىرى:** گالغا زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** ھەسەل، ئانار شەربىتى.

ئۇنىڭ يىلتىزىنىڭ تەبىئىتى ھۆل ئىسسىق، قۇرۇقراق بولۇپ، تەسىرى گۈلىدىن كۈچلۈكرەكتۇر. بەش گىرامىنى شاراب ۋە ھەسەل بىلەن ئىستېمال قىلسا باھنى قوزغىتىدۇ.

**ئۇنىڭ يېغىنىڭ تەييارلىنىشى:** ئۇنىڭ گۈلىنى تۆت ھەسسە كۈنجۈت يېغىغا چىلاپ تەمىنى چىقىرىپ ئاپتاپتا قويۇلىدۇ. بىر ھەپتە تۇرغۇزغاندىن كېيىن پىسەپلىرىنى سۇزۇۋېتىپ يەنە يېڭى گۈل سېلىنىدۇ. يەنە بىر ھەپتە تۇرغۇزۇلىدۇ، شۇ يوسۇندا ئۈچ قېتىم تەكرارلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن پىسەپلىرىنى سۇزۇۋېتىپ يېغى ئىشلىتىلىدۇ. ياكى ئۇنىڭ گۈلىگە مۇۋاپىق مىقداردا كۈنجۈت يېغى بىلەن سۇ ئارىلاشتۇرۇپ، مۇۋاپىق ھارارەتتىكى ئوت بىلەن تاكى سۈيى تۈگەپ يېغى قالغۇچە قايناتىلىدۇ. يېغىنىڭ كۆپيۈپ كېتىشىدىن ئېھتىيات قىلىنىدۇ. تەمىنىڭ تولۇق چىقىشى ئۈچۈن ئۇزۇنراق قايناتىلسىمۇ بولىدۇ، ئاندىن ئوتتىن چۈشۈرۈپ پىسەپلىرىنى سۇزۇۋېتىپ يېغى ئىشلىتىلىدۇ. ئۇنىڭ گۈلى قۇرۇق بولسا، ھۆلىنىڭ يىرىم ھەسسىسىچىلىك مىقداردا ئېلىپ، تۆت ھەسسە كۈنجۈت يېغى ۋە مۇۋاپىق مىقداردىكى سۇ بىلەن تاكى سۈيى تۈگەپ يېغى قالغۇچە قايناتىپ پىسەپلىرىنى سۇزۇۋېتىپ قالغان يېغى ئىشلىتىلىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە ئىسسىق، بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇق، بەلكى قۇرۇقلۇقى مۆتىدىلدۇر.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ئۇ سوغۇقتىن بولغان مۇرەككەپ ئىششىقلارنى ياندۇرىدۇ، ھۆللۈكلەرنى قۇرۇتىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن ياغلانسا بەلغەم ۋە سەۋدادىن بولغان تەپلەرگە داۋا بولىدۇ. تەرلىتىدۇ، تەر تۆشۈكچىلىرىنىڭ سوغۇقلۇق سەۋەبىدىن ئېتىلىپ قېلىشى، ئەزالارنىڭ تارتىشىشى، ئەزالاردا يەل تۇرۇپ قېلىش، بەل، بوغۇم ئاغرىقلىرى، نۇقرەس قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ. قۇلاققا تېمىتسا قۇلاق ئېغىرلىقىغا مەنپەئەت قىلىدۇ.

# باد ئاۋەرد
(قامغاق)

بۇ پارسچە سۆز بولۇپ، «كەنكەر سەپىد» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئەرەبچە «ئەش شەۋكەتۇل بەيزائ» (ئاقتىكەن) دەپ ئاتىلىدۇ. رىمچە «لوفىينىيقى»، سۇريانچە «ساناھۇر» دەپ ئاتىلىدۇ. «جامىئى تەمىيمىي» (تەمىيمىي مەجمۇئەسى) دېگەن كىتابنىڭ ئاپتورى ئۇنى «ياۋا زاراڭزا ئۆسۈملۈكى» دەپ بىلگەن. ھىندىچە «جەۋاسا» دەپ ئاتىلىدۇ.

ماھىيىتى: بىر خىل تىكەنلىك ئۆسۈملۈك بولۇپ، ئىككى غۇلاچ ئېگىزلىكتە ئۆسىدۇ، غولى باش بارماق توملۇقىدا، بەزىلىرى ئۇنىڭدىن تومراق، ئۇچ قىرلىق، رەڭگى ئاق، تۈكلۈك ۋە تىكەنلىك بولىدۇ. مېۋىسى گۈمبەزسىمان، تىكەنلىك بولىدۇ. ھەربىر تال تىكىنى يىڭنىگە ئوخشايدۇ، مېۋىسىنىڭ ئىچىدىن يۇڭغا ئوخشاش نەرسە چىقىدۇ. گۈلى بىنەپشە رەڭدە بولىدۇ. ئۇرۇقى زاراڭزا ئۇرۇقىغا ئوخشاش يۇمىلاق بولىدۇ. بەزىلەر ئۇنى شۇكائى (خوخا) ئۆسۈملۈكى دەپ بىلگەن ۋە شۇكائى قامغاقنىڭ ئەرەبچە نامى دېيىشكەن. ئەمەلىيەتتە ھەر ئىككىسى بىر ـ بىرىگە ئوخشاپ كېتىدىغان ئىككى خىل ئۆسۈملۈكتۇر. ئاللا خالىسا «ش» ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلار بابىدا ئۇلارنىڭ پەرقى بايان قىلىنىدۇ.

بۇ ئۆسۈملۈك تاغلار ھەم ئورمانلىقلاردا ئۆسىدۇ. تەتقىق قىلىنىشىچە، قامغاقنىڭ غولى ئىنچىكە، ئاق، يۇمىلاق بولۇپ، بىر غېرىچ ئېگىزلىكتە ئۆسىدىكەن، بەزىدە ئۇنىڭدىن ئېگىزرەكمۇ بولىدىكەن. غولىنىڭ ئاستى تەرىپى ئازراق تۈكلۈك، گۈلى ئاق بولۇپ، چۆرىسىدە يۇمشاق، چۆرۈك بولغان، ئۈچ دانە تىكەن ئۆسىدىكەن. شاخلىرىدىمۇ تىكەن بولىدىكەن. مېۋىسى غۇنچە شەكلىدە بولۇپ، ئازراق سوزۇنچاق بولىدىكەن، ئىچىدىن ئاق يۇڭغا ئوخشاش نەرسە چىقىدىكەن. ئۇنىڭ ئۆسۈملۈكى قۇرۇغاندا شامال ئۇنى ئەتراپلارغا ئۇچۇرىتىدىكەن. شۇنىڭ ئۈچۈن پارسچە «باد ئاۋەرد» (شامال ئۇچۇرۇپ كەلگەن) دەپ ئاتىلىدىكەن. ئۇ تاغ ئېتەكلىرى ۋە قۇملۇقلاردا ئۆسىدىكەن.

تەبىئىتى: بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق، مۇشتەرى يۇلتۇزىغا مەنسۇپتۇر. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بىرىنچى دەرىجىدە سوغۇق، ھارارىتى ئاشكارىراق ئىكەن. ئەمما ئۇنىڭ يوپۇرمىقى ۋە ئۇرۇقىنىڭ سوۋۇتۇش قۇۋۋىتى بار، يىلتىزى ئۇرۇقىدىن كۈچلۈكرەك، ئۇرۇقى يوپۇرمىقىدىن كۈچلۈكرەكتۇر.

خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى: ئۇنىڭ يوپۇرمىقىنىڭ قويۇق بەلغەم ۋە سەۋدانى سۈرۈش، ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەش، توسالغۇلارنى ئېچىش، سۈيدۈك ۋە ھەيزنى ماڭدۇرۇش، ئەزالاردا پەيدا بولغان تاشلارنى پارچىلاش، ماددىلارنى تارقىتىش، قورۇش، زەھەرلەرگە تاقابىل تۇرۇش

تەسىرى بار؛ ئۇنىڭ قايىنىتىلمىسى بىلەن ئىچىز چايقىسا ئۆپكە مەنبەلىك قان تۈكۈرۈش، سوزۇلما ئاشقازان مەنبەلىك ئىچ سۈرۈش، ئاشقازان ئاغرىقى ۋە ئاشقازان ئاجىزلىقى، سىيىش قىيىنلىشىش، زىيانداش ھاشارات چېقىۋېلىش، ئاشقازان زەئىپلىكىدىن بولغان تەپلەر، بەلغەم ۋە سەۋدا خاراكتېرلىك كونا تەپلەر، ئىستىسقا ۋە يەرقان قاتارلىقلارغا پايدا قىلىدۇ. چىش ئاغرىقى ئۈچۈن ئۇنىڭ قايىنىتىلمىسى بىلەن ئېغىز چايقاش ئۇنىڭ يوپۇرمىقىنىڭ قايىنتمىسى بىلەن ئېغىز چايقىغاندىن ياخشىراقتۇر. ئۇنىڭ بىلەن زىمات قىلسا بەلغەم خاراكتېرلىك يۇمشاق ئىششىقلارنى تارقىتىدۇ. دائىرىلىك چاچ چۈشكەن ئورۇننى ئۇنىڭ ھۆل ياغىچى بىلەن تاتىلىسا مەنپەئەتلىك بولۇپ، سىناقتىن ئۆتكەن. ئۇنىڭ سۈيى ئۇسسۇزلۇقنى پەسەيتىدۇ. چايناپ چايان ۋە يىلان چېقىۋالغان ئورۇنغا چاپسا ناھايىتى پايدا قىلىدۇ.

ئۇنىڭ شۇنداق خاسىيىتى باركى، ئۆيگە ئېسىپ قويسا، ئۆيگە زىيانداش ھاشارات كىرمەيدۇ.

ئۇنىڭ ئۇرۇقى تىتانۇسقا، بولۇپمۇ باللاردىكى تىتانۇسقا، تەشەننۇج ۋە يۆتەلگە پايدا قىلىدۇ. يەل تارقىتىدۇ، يانپاش ۋە بەل ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** ئۆپكىگە زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** ئەپسەنتىن.

**ئورۇنباسارى:** شاھتەررە.

**ئىستېمال مىقدارى:** ئۇرۇقىدىن 10 گىرامغىچە، سۈيىدىن 15 مىللىلىتىرغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

## بادرەنجبۇيە

(بادرەنجىبۇيا)

بۇ سۆز پارسچە «بارەنگبويە» دېگەن سۆزنىڭ ئەرەبچىلەشتۈرۈلگىنىدۇر. ئەرەبچە «مۇفەررىھۇل قەلب» (يۈرەكنى خۇرسەن قىلغۇچى) دېيىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** بىر خىل ئۆسۈملۈك بولۇپ، غولاچ ئېگىزلىكىدە ئۆسىدۇ، ئىككى خىل بولىدۇ. بىرى كىچىك بولىدۇ. ئۇنىڭ يوپۇرمىقى نازۇك، ئۇزۇنچاق، ئەتراپى ھەرىگە ئوخشاش چىشلىق، غولى رەيھانغا ئوخشاش شاخلىق، گۈلى قىزىلغا مايىل بىنەپشە رەڭ بولىدۇ. كۆكتات ئورنىدا تائامغا قوشۇپ ئىستېمال قىلىنىدۇ. بۇ تۈرى باھار پەسلىدە ئۆسىدۇ. ھەر يىلى ئۇرۇقى ئارقىلىق كۆكلەيدۇ. ئۇرۇقى زىغىر ئۇرۇقىغا ئوخشاپراق قالىدۇ، ئۇنىڭدىن كىچىكرەك، توپا رەڭ بولىدۇ. بۇ تۈرى «بەقلەئى ئۇترۇجىيە» (ئوترۇجغا مەنسۇپ كۆكتات)

دېيىلىدۇ، «تۇرۇنجان» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

ئۇنىڭ ئىككىنچى تۇرىمۇ پۇراق جەھەتتە بىرىنچى تۇرىگە ئوخشايدۇ، ئۇنىڭدىن ئۆتكۈررەك پۇرايدۇ. يوپۇرمىقى يۇمىلاقراق بولىدۇ. ئۇنىڭ چۆلدە ئۆسىدىغىنى ۋە يەرلىك ئۆسىدىغىنىمۇ بولىدۇ. غولىسىز، شاخلىرى ناھايىتى كۆپ بولۇپ، ھەممە شاخلىرى بىر يىلتىزدىن ئۆسۈپ چىقىدۇ. يوپۇرمىقى يىرىك، كەڭ، نەئنائ يوپۇرمىقىدىن كەڭرەك، گۈلى ئاق، ئۇرۇقى ئاز بولىدۇ. ھەكىم مىر مۇھەممەد مۆمىن: «ئۇنى دارۇل مەرز دېگەن يەردە بادرەنجبۇيا دەپ ئاتايدۇ» دەپ يازغان. ئۇ نەئنائ ئۆسۈملۈكىگە ئوخشاش ھەر يىلى يىلتىزىدىن كۆكلەيدۇ. مۇشۇك ئۇنى ياخشى كۆرىدۇ. بىر قىسىم كىشىلەر ھەر ئىككىسىنى بىر خىل ئۆسۈملۈك دەپ قارايدۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇنداق ئەمەستۇر. بالەنگو دەپ ئاتالغان ئۆسۈملۈكمۇ ئۇ ئەمەس، بەلكى ئۇ باشقا بىر خىل ئۆسۈملۈكتۇر. چۈنكى بالەنگونىڭ ئۇرۇقى ئىنچىكىرەك، ئۇزۇنراق، قارامتۇل كۆك بولىدۇ. ئەمما بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ ئۇرۇقى چوڭراق، قىسقىراق، توپارەڭ بولىدۇ. بالەنگونىڭ ئۆسۈملۈكى رەيھانغا ئوخشايدۇ.

مەزكۇر ھەكىم يەنە: «مەن بالەنگونىڭ ئۇرۇقىنى تېرىپ ئۆستۈرگەن ئىدىم، چوڭايغاندىن كېيىن ئۆسۈملۈكىنىڭ رەيھانلارغا ئوخشايدىغانلىقىنى ھېس قىلدىم، يوپۇرمىقى كۆك بولۇپ، شاھىسفەرەم ئۆسۈملۈكىگە ئوخشايتتى» دەپ يازغان.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىنىڭ ئوتتۇرىدا قۇرۇق ئىسسىق، مۆشتەرى يۇلتۇزىغا مەنسۇپتۇر. بەزىلەر ئۇنى بىرىنچى دەرىجىدە مۆتىدىل، ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق، دەيدۇ. ئەمما بۇ گەپتىن ئاجىزدۇر. بىرىنچى گەپ توغرىراقتۇر.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ئۇنى پۇرىسا ۋە ئىستېمال قىلسا يۈرەك، مېڭە، سەزگۈلەرنى قۇۋۋەتلەيدۇ، مېڭىنىڭ ئەستە تۇتۇش قابىلىيىتىنى ياخشىلايدۇ، زېھنىنى ئاچىدۇ. ئاشقازان ۋە جىگەرنى قۇۋۋەتلەيدۇ، كۆڭۈلنى خۇرسەن قىلىدۇ. مېڭىنىڭ توسالغۇلىرىنى ئاچىدۇ، ماددىلارنى ئۇچۇچانلاشتۇرىدۇ. جۆيلۈشنى يوقىتىدۇ. ئىستېمال قىلسا ۋە زىمات قىلسا سەۋدادىن بولغان ياتسىراش، خەفەقان، بىھوشلۇق، يەلدىن بولغان ھىق تۇتۇشقا پايدا قىلىدۇ. سەۋدانى تارقىتىدۇ، بەلغەمدىن بولغان كېسەللىكلەر، قورساق ئاغرىقى، يانپاش ۋە بوغۇم كېسەللىكلىرىگە پايدا قىلىدۇ. زەھەرلەرنى قايتۇرىدۇ. يوپۇرمىقىنى چاينىسا ئېغىزدىكى شارابنىڭ پۇرىقىنى يوقىتىدۇ، ئېغىزنى خۇش پۇراق قىلىدۇ. ئۇنىڭ 10 گىرامىنى 1.5 گىرام توغرىغۇ بىلەن ئىستېمال قىلسا، ئۇچەي يارىسى ۋە قورساق ئاغرىقىغا مەنپەئەت قىلىدۇ. ئۇنىڭ 15 گىرامىنى بەش گىرام توغرىغۇ بىلەن ئىستېمال قىلىنسا زەھەرلىك موگۇنىڭ زەھىرىنى قايتۇرىدۇ، چۈنكى ئۇ زەھەرلىك موگۇ يېيىشتىن پەيدا بولغان گال بوغۇلۇشقا مەنپەئەت قىلىدۇ. ئۇنىڭ قاينىتىلمىسى بىلەن ئېغىز چايقىسا چىش چىرىشقا مەنپەئەت قىلىدۇ. ئۇنى ھەسەل بىلەن بىرلىكتە يالىسا، نەپەس قىيىنلىشىش، ئولتۇرۇپ

نەپەسلىنىشكە مەنپەئەت قىلىدۇ. ئۇنىڭ سالايە قىلىنغىنىدىن15 ~30 گىرامغىچە ئېلىپ شاراب بىلەن ئىستېمال قىلسا، غالجىر ئىت ۋە دۇنىڭ زەھىرىنى قايتۇرىدۇ. ئۇنى زىمات قىلسا مەزكۇر كېسەللىكلەرگە شىپا بولىدۇ. يۇرەكنى قۇۋۋەتلەيدۇ، بوغۇم ئاغرىقلىرىنى پەسەيتىدۇ. سىركە بىلەن بىرلىكتە زىمات قىلسا چاشقان يارىسىنى يوقىتىدۇ، يارىلارنى تازىلايدۇ. ئۇنى ناشتىدا ئىستېمال قىلسا سەۋدا ۋە باشقا خىلىتلاردىن بولغان خەفەقانغا پايدا قىلىدۇ. ھۆل سوغۇق ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەيدۇ. قويۇق تائامنى ئۇچۇچانلاشتۇرىدۇ، كېكىرتىدۇ، ئۇخلىتىدۇ. ئۇنىڭ يوپۇرمىقىنىڭ سۈيىنى سۈركىسە، سەۋدادىن بولغان قوتۇر، بەلباغسىمان قوتاق، تىلما، يەللىك يارىغا مەنپەئەت قىلىدۇ. تۇز بىلەن بىرلىكتە سۈركىسە چاشقان يارىسى، جۇغ ـ جۇغ، بەزگەكلەرگە مەنپەئەت قىلىدۇ. يوپۇرمىقىنى پۇرىسا مېڭە توسالغۇلىرىنى ئاچىدۇ. قايىنىتىلمىسىدا ئولتۇرسا ھەيز ماڭدۇرىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** ئېپىتىشلارغا قارىغاندا يانپاشقا زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** ئەرەب يېلىمى، كۈندۈر.

**ئورۇنباسارى:** ئىككى ھەسسە ئەۋرىشىم، ئۇنىڭ ئۈچتىن بىرىنىڭ ئىككى ھەسسە مىقداردا تۇرۇنجى پوستى.

**ئىستېمال مىقدارى:** قۇرۇقىدىن 30 گىرامغىچە، ھۆلىدىن 60 گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

ئۇرۇقىنىڭ تەسىرى يوپۇرمىقىنىڭ تەسىرىدىن ئاجىزراقتۇر. ئۇرۇقىدىن بەش گىرام ئېلىپ ئىشلەتسە، تەپ، جۇغ ـ جۇغ ۋە قورساق ئاغرىقىغا مەنپەئەت قىلىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** 10 گىرامغىچە.

بادرەنجىبۇيىنىڭ شەربىتى ۋە ئەرقى «قارابادىن كەبىر» دە بايان قىلىنىدى.

## بادرۇج
(ياۋا رەيھان)

بۇ نىبىت تىلى بولۇپ، ئەرەبچە «جوك»، پارسچە «رەيھان كوھى» (تاغ رەيھىنى)، «تەرەئى خۇراسانى»، ھىندىچە «بابرى»، باشقا تىلدا «تولسى جەنگەلىي» (چۆل رەيھىنى) دەپ ئاتىلىدۇ.

ماھىيىتى: رەيھاننىڭ بىر تۈرى بولۇپ، يوپۇرمىقى ئۇششاق، غولى تۆت قىرلىق، كۆپ شاخلىق بولىدۇ. رەيھانغا قارىغاندا سۇس پۇرايدۇ. گۈلى قىزىلغا مايىل بولىدۇ. مىسىردا «رەيھان ئەھمەر» (قىزىل رەيھان) دەپ ئاتىلىدۇ. ياۋىسى ۋە يەرلىكى بولىدۇ، باھار پەسلىدە ئەمەس، كۈز پەسلىدە ئۈسىدۇ. «تۆھپەتۇل مۇئمىن» (مۆمىنلەرگە ھەدىيە) دېگەن كىتابنىڭ

ئاپتورى: «ئۇ قارىماققا بىر خىل شەربەتكە قوشۇلىدىغان ئۇرۇق بولۇپ، شىرازدىن ئېلىپ كېلىنىدۇ، قەنت شەربىتى بىلەن بىرلىكتە ئىستېمال قىلىنىدۇ» دەپ يازغان. ئۇنىڭ ئۆسۈملۈكىنىڭ خوش پۇراق بولغىنى ياخشىسى ھېسابلىنىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە ئىسسىق، بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇق، ئارتۇق ھۆللۈكى باردۇر. ھارارىتى سەۋەبىدىن مۇشتەرى يۇلتۇزىغا مەنسۇپتۇر.

**خۇسۇسىيتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** كۆڭۈلنى خۇرسەن قىلغۇچى، يۈرەكنى قۇۋۋەتلىگۈچى، پۇراش كۈچىنى، ئاشقازان ئېغىزىنى قۇۋۋەتلىگۈچى، باھنى قۇۋۋەتلىگۈچى، سۈت، سۈيدۈك، ھەيز ۋە تەرنى ھەيدىگۈچى، ئىششىقلارنى پىشۇرغۇچى ۋە تارقاتقۇچى، پۇت - قوللارنىڭ يېرىلىشىغا شىپا بولغۇچىدۇر. خەفقان، بىھوشلۇق، نەپەس قىيىنلىشىش، سوغۇقتىن بولغان جىگەر ئاجىزلىقى، تال توسۇلۇش، دۇۋسۇندا تاش پەيدا بولۇش قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ. ئۇنى ئارپا ئۇنى، گۈل يېغى ۋە سىركە بىلەن بىرلىكتە زىمات قىلسا، ئىسسىقتىن بولغان ئىششىقلار ۋە ئەمچەك ئىششىقىنى تارقىتىدۇ. يالغۇز زىمات قىلسا چايان، ھەرە ۋە قۇرۇقلۇق يىلىنى چېقىۋالغاندىكى زەھەرنى قايتۇرىدۇ. ئەمچەككە چاپسا ئىششىقنى قايتۇرىدۇ. ئۇ ماراكەشنىڭ ھەبۇش دەپ ئاتىلىدىغان ئارىلىنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان، دەريا سۈيى قوشۇلىدىغان بولغاچقا، ئۆتكۈر، قىرتاق بولىدىغان شارابى ھەبۇش بىلەن بىرلىكتە زىمات قىلىپ چاپسا، كۆزنىڭ لوقۇلداپ ئاغرىشىنى پەسەيتىدۇ. مەلھەم قىلسا كۆز ئىششىقىنى قايتۇرىدۇ. كۆزگە چۈشىدىغان نەزلە سۇيۇقلۇقلىرىنى توسىدۇ. ئۇنىڭ سىقىلغان سۈيىنى كۆزگە تېمىتسا كۆزنىڭ كۆرۈش قۇۋۋىتىنى ئاشۇرىدۇ، كۆز ياشانغىراشقا مەنپەئەت قىلىدۇ. چاينىسا چىش قاماشقا مەنپەئەت قىلىدۇ. كۆكرەك ۋە ئۆپكىدىكى ئارتۇق ھۆللۈكلەرنى تازىلايدۇ. ئۇنىڭ شۇنداق خاسىيىتى باركى، قوياش ھەمەل بۇرجىغا كەلگەن دەسلەپكى ۋاقىتتا ئۇنى پۈتۈن چىشلارغا تەگكۈزۈپ چاينىسا، چىشلار ساغلام بولۇپ، شۇ يىلى چىش ئاغرىقىدىن خالاس بولىدۇ. كىشى ئۇنى يېگەندىن كېيىن چايان چېقىۋالسا ئاغرىقنى ھېس قىلمايدۇ. ئۇنى چايناپ قۇلاققا چاپسا قۇلاقنىڭ ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ. ئۇنىڭ سۈيىنى سىركە ۋە كافۇر بىلەن بىرلىكتە بۇرۇنغا سۈمۈرسە بۇرۇن قاناشنى توختىتىدۇ، چۈشكۈرتىدۇ. ئۇنى بۇرۇنغا پۈركىگەن ۋاقىتتا كۆزنى يۇمۇپ تۇرۇش، شۇنداقلا ھەرقانداق چۈشكۈرتكۈچى دورىنى ئىشلەتكەندە كۆزنى يۇمۇپ تۇرۇش مۇۋاپىق. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇ چوڭ تەرەتنى بوشىتىدىكەن، ئاشقازاندا مەددە قۇرت پەيدا قىلىدىكەن.

**زىيانلىق تەسىرى:** يەل، قويۇق بۇخارات، سەپرا خاراكتېرلىك يامان خىلىت پەيدا قىلىدىغانلىقى ئۈچۈن كۆزنى قاراڭغۇلاشتۇرىدۇ، بۆرەكتە توسالغۇ پەيدا قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** سىركە، تەرخەمەك، سېمىز ئوت.

**ئىستېمال مىقدارى:** سۈيىدىن 50 مىللىلىتىرغىچە.

**ئورۇنباسارى:** باراۋەر مىقداردا سىيادان.

ئۇنىڭ يوپۇرمىقىنىڭ خاسىيەتلىرىنىڭ بىرى شۇكى، چايناپ ئاپتاپتا قويۇپ قويسا، ئۇنىڭدىن قۇرت پەيدا بولىدۇ.

ئۇنىڭ ئورۇقى سەۋدانىڭ پەيدا بولۇشىنى توسىدۇ. سۈيدۈك تۇتۇلۇشقا مەنپەئەت قىلىدۇ، يەل تارقىتىدۇ، ئەمچەككە زىمات قىلىنسا سۈت پەيدا قىلىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** 15 گىرام.

يوپۇرمىقىنى ئۈچ ھەسسە زەيتۇن يېغى بىلەن قاينىتىپ تەييارلانغان يېغىنىڭ تەبىئىتى ئىسسىق، ئۆتكۈر ۋە جۇلا بەرگۈچىدۇر. ئۇنىڭدىن 15 گىرام ئېلىپ قايناق سۇ بىلەن ئىچسە ئاشقازاندىكى مەددە قۇرتىنى چۈشۈرىدۇ. سۇركىسە سوغۇق ماددىلارنى بىر تەرەپ قىلىدۇ. ھۆللۈكلەرنى تارقىتىدۇ، پەي - نېرۋىلارنى كۈچەيتىدۇ.

## باد زەھر

(پادىزەھرى)

بۇ تەرياقلارنىڭ پارسچە نامىدۇر. ئەرەبچە «ھەجەرۇس سەم» (زەھەر تېشى) دەپ ئاتىلىدۇ. بەزىدە «ب» ھەرپى «ف» ھەرپىگە ئالماشتۇرۇلۇپ «فاد زەھىر» دېيىلىدۇ. بۇ پارسچە «باد زەھىر» دېگەن سۆزنىڭ ئەرەبچىلەشتۈرۈلگىنىدۇر. بەزىدە «د» ھەرپى تاشلىنىۋېتىلىپ «با زەھىر» دەپ ئاتىلىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇنىڭ ئەسلىيسى «باز زەھىر» بولۇپ، بىر «ز» ھەرپى تاشلىنىۋېتىلىپ «با زەھىر»مۇ دېيىلىدىكەن. ئۇنىڭ تەپسىلاتى «قارابادىن كەبىر» دە بايان قىلىنىدى.

ئۇ ھايۋانات مەنبەلىك ۋە كان مەنبەلىكتىن ئىبارەت ئىككى خىل بولىدۇ، ھەربىرىنىڭ كۆپلىگەن تۈرلىرى بولىدۇ. ئۇنىڭ ھايۋانات مەنبەلىكى تاغ ئۆچكىسى، تاغ كالىسى، مايمۇن ۋە كىرپىگە ئوخشاش بەزى ھايۋانلارنىڭ يېلىنى، ئۇچىيى ياكى ئۆتىدە ھاسىل بولىدىغان تاشتىن ئىبارەت. ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، ئۇ ئۆتتە پەيدا بولىدىكەن. مەزكۇر ئىسىم يالغۇز ئاتالسا، پارسنىڭ شەبانكارە تاغلىق رايونلىرىدا ياشايدىغان ياۋا ئۆچكىنىڭ پادىزەھرىسى نەزەردە تۇتۇلىدىغان بولۇپ، ھايۋان مەنبەلىك پادىزەھرلەر ئىچىدە ئەڭ ياخشىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

پادىزەھرى ئۈزۈنچاق، يۇمىلاق، كۆپ بۇرجەكلىك ۋە ياپىلاققا ئوخشاش ھەر خىل شەكىللەردە بولىدۇ. چۈنكى ئۇ نېمە بىلەن شەكىللەنسە شۇنىڭ شەكلىدە بولىدۇ. مەسىلەن: مۇخلىسە ئۈسۈملۈكى ياغىچى ياكى ئۇنىڭ ئورۇقى بىلەن شەكىللەنگەن بولسا ئۈزۈنچاق، كۆپ بۇرجەكلىك بولىدۇ. بۇ ئىككى خىلى ناھايىتى ياخشىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر خورما

ئۇرۇقچىسى، خورما ياكى يۇڭ بىلەن شەكىللەنگەن بولسا شۇلارنىڭ شەكلىدە بولىدۇ. ئۇنىڭ ئىچىدىكى مەركىزى ياغاچ ۋە ئۇرۇقىغا ئوخشاش ھەر خىل نەرسىلەر پادىزەھرنىڭ مىغىز قىسمى دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇنىڭ ياپىلاق كەلگەنلىرىنىڭ كۆپ قىسمى يۇڭ بىلەن شەكىللەنگەنلىرىدۇر، يەنى ئۇنىڭ ئىچىدە يۇڭ بولىدۇ. ئىچىدىكى يۇڭ ئاز بولسا، ئۇنى سۇغا تاشلىسا سۇنىڭ تېگىگە ئولتۇرىدۇ، ئىچىدىكى يۇڭ كۆپ بولسا سۇ يۈزىگە لەيلەيدۇ. «شەبەنكارە» دېيىلىدىغان جاينىڭ باشقا يەرلىرى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى ھىندىستان، دۇكەن ۋە ئۇنىڭ باشقا شەھەرلىرىنىڭ تاغلىق رايونلىرىغا ئوخشاش رايونلاردا ياشىغان ھايۋاناتنىڭ پادىزەھرىسى ناھايىتى ئاجىز، خۇسۇسىيىتى تۆۋەن بولىدۇ. چۈنكى «شەبەنكارە» تاغلىق رايونىدا مۇخلىسە ئۆسۈملۈكى ناھايىتى كۆپ ئۆسىدىغان بولۇپ، ئۇنىڭ تەرياقلىق خۇسۇسىيىتى باردۇر. ئۇ يەردە ياشىغان ھايۋانلار مەزكۇر ئۆسۈملۈكنى كۆپ يەيدۇ، باشقا جايلاردا بولسا بۇ ئۆسۈملۈك يوقتۇر.

پادىزەھرنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىكى ئوخشاش بولمايدۇ، ھەتتا 20 گىرامغىچە چوڭايغانلىرىمۇ بولىدۇ. رەڭگى كۆپىنچە زەيتۇن رەڭ يېشىل، قارامتۇل ياكى سۇزۇك، پارقىراق بولىدۇ. ماددىسى پىيازغا ئوخشاش قاتمۇ قات بولىدۇ. ئىپتىشلارغا قارىغاندا، ئۇ ھايۋاننىڭ ئىچىدىن چىقىرىلغان ۋاقتىدا يۇمشاق بولىدىكەن، سىرتقى ھاۋانىڭ تەسىرىدە قاتىدىكەن، ھايۋاننىڭ ئىچىدىن ئېلىپلا ئېغىزغا سېلىپ، تىل ئارقىلىق ھەر خىل شەكىللەرگە كەلتۈرگىلى بولىدىكەن. ئېغىزدىن چىقىرىلغاندىن كېيىن قېتىپ پارقىراق، سىلىق بولىدىكەن. ئۇنىڭ پارقىراقلىقى ۋە سىلىقلىقىنىڭ سەۋەبى پەقەت شۇلا بولماسلىقى مۇمكىن. چۈنكى ئۇنىڭ ئاستىنقى قەۋەتلىرىمۇ پارقىراق ۋە سىلىقتۇر.

بىلگىنكى، ئۇ سەبرە، كۇندۇر ۋە باشقا بىر قانچە دورىلارنى ئۆز ئارا مۇرەككەپلەشتۈرۈش ئارقىلىق ساختىلاشتۇرۇلۇپمۇ تەييارلىنىدۇ. ھەقىقىيسى بىلەن ساختىسىنىڭ پەرقى شۇكى، يىڭنىنىڭ ئۇچىنى قىزىتىپ ئۇنىڭغا سانجىلغاندا، يىڭنىنىڭ ئۇچى سارغايسا، ئۇنىڭدىن سېرىق ئىس كۆتۈرۈلسە ھەقىقىيدۇر، ئەگەر قارا ئىس كۆتۈرۈلسە ساختىدۇر.

بەزىلەرنىڭ ئىپتىشىچە، ئۇنىڭ ياخشى ـ يامانلىقىنى پەرق ئېتىشنىڭ ئۇسۇلى شۇكى، ئۇنى ئاق كۆل بىلەن بىرلىكتە ئالىقانغا سۈركىسە كۆل پىستە رەڭگىدە يېشىل بولىدىكەن. بۇ ياخشىسى ھېسابلىنىدىكەن. ئازراق سالايە قىلىپ سۇتكە تاشلىسا سۇتنى ئۇيۇتىدىكەن. سالايە قىلىنغىنى قارىغا مايىل قىزىل بولىدىكەن، بۇلارنىڭ ھەممىسى ياخشىلىرى بولۇپ ھېسابلىنىدىكەن. بۇنى سالايە قىلغاندا قىزىل، سېرىق ۋە يېشىل رەڭدە بولغانلىرى ئوتتۇرا دەرىجىلىكلىرى ئىكەن. پادىزەھرنى تونۇشتا تەجرىبىگە ئىگە بولغان كىشىلەر ئۇنىڭ رەڭگى ۋە تۈزۈلۈشىگە قاراپ ئۇنىڭ ھەقىقىي ياكى ساختىلىقىنى پەرق ئېتەلەيدۇ.

ئىچىدە پادىزەھرى پەيدا بولغان ھايۋاننىڭ ئالامىتى شۇكى، ئورۇق، كۈچلۈك، ئەقىللىق

بولىدۇ، ھەمراھلىرىدىن ئايرىلىپ يۇرۇيدۇ.

**تەبئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىنىڭ ئاخىرىدا ئىسسىق، ئۇچىنچى دەرىجىنىڭ بېشىدا قۇرۇق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ھەرقانداق مىزاجغا ماس كېلىدۇ. مۇۋاپىق مىقداردا ئىستېمال قىلسا ھايۋانات، ئۆسۈملۈك ۋە مەدەن مەنبەلىك ئىسسىق - سوغۇق زەھەرلەرنىڭ كۆپ قىسمىنى قايتۇرىدۇ. چۈنكى ئۇ بايان قىلىنغىنىدەك، پەقەت تەبئىتى ۋە مىزاجى بىلەنلا ئەمەس، بەلكى خاسىيىتى ۋە تۈرگە تەۋە سۈرىتى بىلەنمۇ تەسىر قىلىدۇ. بارلىق قۇۋۋەتلەرنى، روھلار، سەزگۈلەرنى، رەئىس ئەزالارنى، تەبىئىي ھارارەتنى ۋە باھنى قۇۋۋەتلەيدۇ. كۆڭۈلنى خۇرسەن قىلىپ ئېچىلدۇرۇپ ئىتتىكلەشتۈرىدۇ. غەمنى يوقىتىدۇ. ئۇنى ھۆل يۇمغاقسۈت سۈيى بىلەن مەلھەم قىلسا ئىسسىقتىن بولغان ئىششىقلارنى تارقىتىدۇ. گۈلاب بىلەن مەلھەم قىلسا جۇما ۋە سوغۇقتىن بولغان ئىششىقلارغا داۋا بولىدۇ. شاراب بىلەن مەلھەم قىلسا ئەفئا يىلىنى، چايان، زەھەرلىك ھايۋانلار ۋە باشقا زىيانداش ھاشارات چېقىۋېلىشلارغا شىپا بولىدۇ، ئاغرىقنى دەرھال پەسەيتىدۇ، مەزكۇر مەقسەتلەردە مەلھەم قىلىش بىلەن بىرگە گۈلاب ۋە ئارپىبەدىيان سۈيى بىلەن بىرلىكتە ئاز مىقداردا ئىستېمال قىلىش لازىم. يالغۇز مەلھەم قىلسا زىيانداش ھاشارات چېقىۋېلىشقا پايدا قىلىدۇ. تالقان قىلىپ يەرلىك ئورۇنغا سەپسە زىيانداش ھاشارات چېقىۋالغاندىكى زەخىمنى ساقايتىپ زەھەرنى سۈمۈرىدۇ، زەھەرنى تەپچىرىتىپ تارقىتىپ زەخىم ئېغىزىنى پۈتتۈرىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، زەھەرلەنگەن كىشى سىناقتىن ئۆتكۈزۈلگەن پادىزەھرىنى دەرھال ئېغىزىغا سالسا تولۇق پايدا قىلىدىكەن. شۇنىڭدەك مەزكۇر سۈپەتكە ئىگە پادىزەھرىدىن مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ ساپال قاچىغا سېلىپ، ئۈستىدىن سۈت تۆكۈپ پادىزەھرىنىڭ قۇۋۋىتى سۈتكە سىڭگەندە زەھەرلەنگۈچىگە ئىچۈرسە ناھايىتى ياخشى پايدا قىلىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** 2~4 مىللىگىرامغىچە. بىرقىسىم ھۆل سوغۇق مىزاجلىق كىشىلەرگە، شۇنداقلا بەزى تۇزەتكۈچىلەر بىلەن بىرلىكتە ئالتە مىللىگىرامغىچە ئىشلىتىشكىمۇ بولىدۇ. ئۇنىڭدىن ئارتۇق ئىشلىتىلسە ھالاك قىلىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** ئىسسىق مىزاجلىقلارغا زىيان قىلىدۇ. ئىششىتىدۇ، قانلىق ئىچىنى سۈرىدۇ، قاننى كۆيدۈرىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** سوغۇق نەرسىلەر.

**ئورۇنباسارى:** باراۋەر مىقداردا بۇغا پادىزەھرىسى، تېپىلمىسا كان مەنبەلىك پادىزەھرىنىڭ ئالىي دەرىجىلىكى، پارقىراق، كونا ساپ زۇمرەت ياكى زەبەرجەددۇر.

پارسلارنىڭ شەھەرلىرىدە ئۇنى بايقاش ۋە بىلىش، ئۇنىڭ ياخشى ياكى ناچارلىقىنى پەرقلەندۈرۈش، باھار پەسلىنىڭ بېشىدا ئىستېمال قىلىش ئۇسۇللىرى، ئۇنىڭ ھەبلىرى،

مۇپەررىھى «قارابادىن كەبىر» دە تەپسىلىي بايان قىلىنىدى.

دۆكەن دۆلىتىنىڭ چېگراسى ئىچىدىكى گولكەندە ۋە تىلىنگانە ۋىلايەتلىرىدە تاغ كالىسى ۋە ياۋا سۇ كالىسىنىڭ ئۆچىيىدىنمۇ پادىزەھرى چىقىدۇ. مىقدارى ناھايىتى مول، رەڭگى يېشىل، سېرىق، بەزىسى كىچىك، بەزىسى 100 گىرامغىچە چوڭلۇقتا بولىدۇ، ئەمما تۇتۇق، جۇلاسىز، تەسىرى ناھايىتى ئاجىز، كەم قۇۋۋەت بولىدۇ.

يەنە ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ھىندىستان ۋە چىن ئاراللىرىدا بىر خىل پادىزەھرى بار بولۇپ، مايمۇننىڭ ئۆچىيىدىن چىقىرىۋېلىنىدىكەن. ئۇ كۆپ بۇرجەكلىك، بەزىلىرى ئىنچىكە، ئۇزۇن، بەزىلىرى توخۇ يۇرىكى شەكلىدە بولىدىكەن. شۇ يەرنىڭ پادىشاھلىرى قىممەت باھادا سېتىۋېلىپ خەزىنىلىرىدە ساقلايدىكەن. ئۇنىڭ نۇرغۇن خۇسۇسىيەتلىرى ۋە پايدىلىرى نەقىل قىلىنغاندۇر. مېنىڭ ئويۇمچە شەبانكارە دېگەن جايدىن چىقىدىغان ئۆچكىنىڭ پادىزەھرىنىڭ تەسىرى بىلەن ئوخشاشتۇر.

## بادى زەھرى قۇنفۇزىي
(كىرپە پادىزەھرى)

بۇ يېڭى دورىلارنىڭ قاتارىدىن بولۇپ، ئۇنى فىرانسىيە خەلقى تۇنجى بولۇپ بايقىغان.

**ماھىيتى:** قاتتىق، يۇمىلاق، ئازراق سوزۇنچاق كەلگەن ماددا بولۇپ، شەكلى ۋە رەڭگى جويۇزغا ئوخشايدۇ. چوڭ ـ كىچىكلىكىمۇ جويۇز چوڭلۇقىدا، بەزىلىرى ئۇنىڭدىن سەل چوڭراق بولۇپ، فىرانسىيە دۆلىتىنىڭ تاغ كىرپىلىرىنىڭ بەزىسىنىڭ ئۆتىدە ھاسىل بولىدۇ. بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ ياشايدىغان ئارال جاۋە دەپ ئاتىلىدىغان تەباۋىيە ئارىلى ئىكەن. ئۇنىڭ ئىچىدە پادىزەھرى ھاسىل بولغانلىقىنىڭ ئالامىتى شۇكى، ئۇ كۈندىن ـ كۈنگە ئاجىزلاپ ئورۇقلايدۇ، باشقا كىرپىلەردىن ئايرىلىپ تەنھا ياشايدۇ. ئاخىرى ھالاك بولىدۇ، ئۇنى بايقىغاندىن كېيىن قورسىقىنى يېرىپ ئىچىدىن پادىزەھرى چىقىرىۋېلىنىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق، مۇشتەرى يۇلتۇزىغا مەنسۇپتۇر.

**خۇسۇسىيتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ئاڭلاشلارغا ۋە ئىسپاتلىنىشلارغا قارىغاندا، ئۇ ھۆل سوغۇقتىن بولغان كېسەللىكلەرگە، بەزى زەھەرلەرنى قايتۇرۇشقا ئىشلىتىلىدۇ. ھەزىم بۇزۇلۇش، تائامدىن زەھەرلىنىش، خولېرا، بۆرەك، دوۋسۇن كېسەللىكلىرىگە مەنپەئەت قىلىدۇ، بەزى قۇۋۋەتلەرنى كۈچەيتىدۇ.

ئۇنى ئىستېمال قىلىش ئۇسۇلى شۇكى، قاچىغا 100~200 مىللىلىتىرغىچە ساپ سۇ قۇيۇپ، ئۇنىڭغا مەزكۇر پادىزەھرىدىن مۇۋاپىق مىقداردا سېلىپ، سۇ ئاچچىق بولغۇچە بىردەم تۇرغۇزۇلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن سۇدىن چىقىرىۋېلىپ، سۇ بىمارغا بىر قېتىمغا ياكى

ئىككى قېتىمغا بۆلۈپ ئىچۈرۈلىدۇ. پادىزەھىرنى قۇرۇتۇپ ساقلاپ قويۇلىدۇ، ئۇ سۇنى قانچە تېز ئاچچىق قىلسا تەسىرى شۇنچە كۈچلۈك ھېسابلىنىدۇ. ئۇنى يۇقىرىقى ئۇسۇل بويىچە ئىشلەتكەنسېرى ئېرىپ ئاز قالىدۇ. سۇغا تاشلىسا سۇنىمۇ ئۇزۇندا ئاچچىق قىلىدۇ. بۇنىڭغا ئەگىشىپ ئۇنىڭ تەسىرىمۇ ئاجىزلايدۇ. مەسىلەن: 1190- يىلى شاھ قوغدىغۇچىسى، دۆلەت ئاغىسى قەدىرلىك ئۇلۇغ بۇرادىرىم سەيىد مۇھەممەد رىزاخان ئەرمىنىيەنىڭ مەشھۇر سودىگەرلىرىدىن مەزكۇر پادىزەھىرىدىن تۆت تال سېتىۋالغان. ئىككىسى كىچىك، ئىككىسى چوڭ ئىكەن. ئىككىسى جۇيۇز چوڭلۇقىدا ئىكەن، ھەممىنى تۆت مىڭ رۇپىيەگە سېتىۋالغان بولۇپ، ماڭا ئۇنىڭدىن بىرنى بەرگەن ئىدى. بىرقانچە يەرلەردىكى خولېرا بىمارى، توغۇتتىن كېيىن سوغۇقلۇق سەۋەبىدىن ئەھۋالى ناچارلاشقان ئاياللارغا بېرىپ سىناق قىلىۋېدىم، كۆپ پايدىسى بولدى.

## بادى زەھىرى مەئدەنىي
### (مەدەن مەنبەلىك پادىزەھىرى)

ئۇ ئەرەبچە «ھەجەرۇس سەم» (زەھەر تېشى)، پارسچە «بادى زەھىرى كانىي» (كاندىن چىقىدىغان پادىزەھىرى)، «زەھىرى مۆھرە» دەپ ئاتىلىدۇ، بەزى تىللاردا «ھەجەرى قىيتاس» دېگەن نام بىلەن مەشھۇردۇر.

ماھىيىتى: ئۇ كاندىن چىقىدىغان بىر خىل تاش بولۇپ، ئۇنىڭ كانلىرى خىتاي مەملىكىتى ۋە تاغلىرى، ھىندىستان، ئەجمىر، دۆكەن، تىبەت، قەندىھار، باختەر، خۇراسان، كېرمان، توران ۋە مەدىنە ئەتراپىدىكى خەلىس دېگەن جايلاردىدۇر. ئۇنىڭ ئەڭ ياخشىسى خىتايدىن، ئۇنىڭدىن قالسا قەندىھاردىن، ئۇنىڭدىن قالسا خۇراساندىن، ئۇنىڭدىن قالسا خەلىستىن چىققىنى بولۇپ، خۇش پۇراق، خۇشتەم، سىلىق، رەڭگى چىرايلىق، ماددىسى ياخشى بولىدۇ. سالايە قىلىنغىنى ئاق، خۇش پۇراق، كۆپۈكلۈك بولىدۇ. مەزكۇر ئالاھىدىلىكلەر قانچە كۆپ تېپىلسا، ئۇنىڭ سۈپىتى شۇنچە ياخشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ، تەسىرىمۇ كۈچلۈكرەك بولىدۇ.

ئۇنىڭ ياخشى - ناچىرىنى پەرقلەندۈرۈشنىڭ ئۇسۇلى شۇكى، ئەپيۇن ياكى نىم دەرىخى يوپۇرمىقى سۈيى بىلەن سالايە قىلسا، ھەر ئىككىسىنىڭ ئاچچىقلىقىنى يوقىتىدۇ. ياكى نىم دەرىخى يوپۇرمىقىنى چايناپ، زەھىرى مۆھرە بىلەن سالايە قىلىپ يېسە، نىم دەرىخى يوپۇرمىقىنىڭ ئاچچىقلىقى سېزىلمەيدۇ. يەنە شۇنىڭدەك ئۇ ئىچكەن ياكى چاققان زەھەرلەرنىڭ بىرەرسىنى قايتۇرۇش مەقسىتىدە ئىشلىتىلگەندە تەسىرى كۆرۈلسە ياخشىدۇر، بولمىسا ناچاردۇر. ئۇنىڭدىن باشقا، ئۇنىڭ ياخشى - ناچارلىقىنى پەرقلەندۈرۈشنىڭ باشقا

ئۇسۇللىرىمۇ بايان قىلىنغان. ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى مۇبالىغىدىن خالىي ئەمەستۇر. مەسىلەن: ئۇنىڭدىن ئارپا چوڭلۇقىدا ئېلىپ سالايە قىلىپ، يېمەكلىككە ئارىلاشتۇرۇپ يىلانغا يېگۈزگەندە يىلاننى ئۆلتۈرسە ياخشىدۇر، بولمىسا ناچاردۇر، دېيىلگەن. يەنە ئۇنى زەھەرلەنگەن تائامنىڭ ئارىسىغا سېلىپ قويسا تائام ھوردانسا ياخشىدۇر، بولمىسا ناچاردۇر دېيىلگەن.

ئۇنىڭ ئەڭ ناچىرى دۇكەندىن چىققىنىدۇر. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇ سېرىق، ئاق، يېشىل، كۆل رەڭ، نوقۇت رەڭ ۋە چېكىتلىكتىن ئىبارەت ئالتە خىل يەككە رەڭدە بولىدىكەن. مەزكۇر ئالتە رەڭدىكى پادىزەھىرنى مەن كەمىنە ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگەن. ئۇنىڭدىن باشقا ئۇ قارا، ئوچۇق سېرىق، ئوچۇق ئاق، ئوسما رەڭ، كۆككە مايىل سېرىق، قىزىلغا مايىل سېرىق، قىزىلگۈل سۈيى رەڭلىك قىزىل، كۆك بەلغەم رەڭلىك، سېرىق، قارا سىزىقلىق دېگەنگە ئوخشاش باشقا رەڭلەردىمۇ بولىدۇ. بەزىلىرىنىڭ ماددىسى ناھايىتى قاتتىق بولىدۇ. مەسىلەن: قەندىھاردىن چىقىدىغىنى ۋە شاھ مەقسۇدى دەپ ئاتالغان تۇرگە ئوخشاش. بەزىلىرىنىڭ قاتتىق ـ يۇمشاقلىقى ئوتتۇرا ھال بولىدۇ، مەسىلەن: خىتاي مەملىكىتى ۋە خەلىس دېگەن جايدىن چىققانلىرىغا ئوخشاش. ئۇنىڭ بەزىلىرى يۇمشاق بولىدۇ، مەسىلەن: دۇكەن ۋە ئەجمىردىن چىققانلىرىغا ئوخشاش.

**تەبىئىتى:** بەزى كىشىلەر ئىسسىق، بەزى كىشىلەر سوغۇق، يەنە بەزى كىشىلەر ئىسسىقلىققا مايىل مۆتىدىل دەپ بىلىدۇ. ئېھتىمال بىرىنچى سۆز توغرىراق بولۇشى مۇمكىن. ھۆكۇمالارنىڭ بىردەك قارىشىچە ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇقتۇر.

**خۇسۇسىيتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ھەممە مىزاجلىقلارغا مۇۋاپىق كەلگۈچى، ھەر خىل زەھەرلەر ۋە بىيش زەھىرىنى قايتۇرغۇچى، ھەرقايسى قۇۋۋەتلەر ۋە روھلارنى كۈچەيتىپ، ئۇلارنى مۇھاپىزەت قىلغۇچىدۇر. چۈنكى ئۇنىڭ تەسىرى پەقەت تەبىئىتى بىلەنلا ئەمەس، بەلكى خاسىيىتى بىلەندۇر. بۇلغانغان سۇ ۋە ھاۋادىن كېلىپچىققان زەرەرنى يوقاتقۇچىدۇر. خىلتلارنىڭ چىرىشىنى يوقىتىپ، زەھەرلىنىشنىڭ ئالدىنى ئالغۇچىدۇر. باھ، پەي ـ نېرۋا ۋە بوغۇملارنى قۇۋۋەتلىگۈچى، ماددىلارنى تارقاتقۇچى، ئەزالارغا زىيانلىق ماددىلارنىڭ كېلىشىنى توسقۇچى، ئىسسىق ـ سوغۇق ئىششىقلارنى تارقاتقۇچىدۇر. ئۇنى گۇلاب، ئەرقى، بىدمۇشكى ياكى باشقا مۇناسىۋەتلىك ئەرەقلەر ياكى ساپ سۇ بىلەن ئىستېمال قىلسا مالىخولىيا، كاناي ئىششىقى، زىققەنەپەس، تولا غەم قىلىش، ياتسىراش، خەفقان، يۈرەك ـ ئاشقازان ئاجىزلىقى، ئىچ سۈرۈش، قۇسۇش، خولېرا، چۇما قاتارلىقلارغا مەنپەئەت قىلىدۇ. ئۇنى سۇ بىلەن سالايە قىلىپ ھەب ياساپ كۈنىدە ئىككى مىللىگرام ئېلىپ يۇتسا تاكى 40 كۈنگىچە داۋاملاشتۇرسا ساقلىقنى ساقلايدۇ. خىلتلارنىڭ ئۇفۇنەتلىنىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىپ زەھەرنى يوقىتىدۇ، پەي ـ نېرۋا ۋە باھنى قۇۋۋەتلەيدۇ.

رازى: «بىز ئۇنىڭ بىيش زەھىرىنى قايتۇرۇش تەسىرىنىڭ باشقا ھەرقانداق يەككە ۋە مۇرەككەپ بولغان زەھەر قايتۇرغۇچى دورىلارنىڭ تەسىرىدىنمۇ ياخشىراق ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدۇق، مەزكۇر پادزەھەرنىڭ رەڭگى ئاقۇچ سېرىق، يۇمشاق، دولقۇنلۇق، پارقىراق بولۇپ زەمچىگە ئوخشايتتى» دېگەن.

ھەكىم ھاشىم تېھرانىي ئۆزىنىڭ پادزەھەرى ھەققىدىكى رىسالىسىدە: «ئۇنىڭ ئاجايىپ تەسىرلىرىنىڭ بىرى شۇكى، بىر كىشى تاماقتىن زەھەرلەنگەن ھالىتىدە بىلمەستىن قان ئالدۇرغان ئىدى. ئۇنىڭ جىگىرى بار تەرىپىدىكى قوۋۇرغىلىرىنىڭ ئارىسىدا قاتتىق ئاغرىق پەيدا بولدى. مەزكۇر پادزەھەردىن ئۈچ مىللىگىرام ئېلىپ، سالايە قىلىپ ئۇچكە بۆلۈپ، ئۇنىڭغا ھەر قېتىمدا بىر مىللىگىرامنى يېگۈزدۇم، ھەر قېتىم يېگەندە ئۇنىڭدىكى بىئاراملىق يەڭگىللىدى. كەچ بولغاندا پۈتۈنلەي ساقايدى» دەپ يازغان. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇنىڭ قۇياش نۇرىنىڭ چۇشۇشى بىلەن ھاسىل بولغان ئەرقىدىن يېرىم مىللىگىرام ئېلىپ ئىشلەتسە، خەفەقان، كۆز ئاغرىقى ۋە تەپكە دەرھال مەنپەئەت قىلىدىغان بولۇپ، سىناقتىن ئۆتكەن ئىكەن. ئەگەر بۇ گەپنىڭ ئاساسى بولسا ۋە ئۇنىڭدىن شۇنچىلىك مىقداردا ئەرەق ئالغىلى بولسا، مەزكۇر تەسىرنى بېرىدىكەن.

ئەپلاتۇنىنىڭ «جامىئۇل خەۋاس» (خاسىيەتلەر مەجمۇئەسى) دېگەن كىتابىدا نەقىل كەلتۈرۈلۈشىچە، ئۇ زەھەرنى سۈمۈرىدۇ. شىريان تومۇرلار ۋە بەدەندىكى باشقا تومۇرلاردىكى زەھەرنى تازىلايدۇ. قاندىكى زەھەرنى سۈزىدۇ. ھەرقانچە جان ئالغۇچى زەھەر يېگەن بولسىمۇ، ئۇنىڭدىن دەرھال ئىستېمال قىلسا زەھەرنىڭ بەدەنگە تارقىلىشىدىن ئاۋۋال دەرھال يوقىتىدۇ. زىيانداش ھاشارات چېقىۋالغان ئورۇنغا سەپسە زەھەرنى تەپچىرىتىپ يوقىتىدۇ.

ئارىستوتېلنىڭ ئېيتىشىچە، مەدەن مەنبەلىك پادزەھەرنىڭ ئالىي دەرىجىلىكى بىلەن ئۈزۈك ياساپ، قولغا سالسا ياكى يېنىدا ساقلىسا زەھەر بۇ ئۈزۈكنى سالغۇچىغا باشقىلارغا تەسىر قىلغاندەك تەسىر قىلمايدۇ. بۇ ئۈزۈك سېلىنغان قول زەھەرلەنگەن تائامغا تەگسە تائام زەھەرىنىڭ ئۆتكۈرلۈكىنى پەسەيتىدۇ ۋە زەئىپلەشتۈرىدۇ. بۇ ئۈزۈكنى زەھەرلەنگەن كىشىنىڭ ئېغىزىغا سېلىپ شورىتىلسا زەھەر قايتۇرىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئاي چايان بۇرجىغا كەلگەندە پادى زەھەرىنىڭ ئۈستىگە چايانىنىڭ شەكلىنى سىزىپ، ئالتۇن ئۈزۈككە كۆز قىلسا، بۇ ئۈزۈكنى سالغۇچىغا چايان چېقالمايدىكەن ۋە ئۇنىڭغا زىيان يەتكۈزەلمەيدىكەن. بۇ ئۈزۈكنى ئۆزى بىلەن بىرگە ساقلىسىمۇ شۇ تەسىرنى بېرىدۇ. زەھەرلەنگۈچىنىڭ ئېغىزىغا سېلىپ شورىتىلسا ياكى چايان، زىيانداش ھاشارات ۋە ئالىكولۇككە ئوخشاش قاناتلىق زىيانداش ھاشارات چېقىۋالغان ئورۇنغا سۈركىسىمۇ، زەھەر قايتۇرۇش تەسىرىنى بېرىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇنىڭ ئاق رەڭلىكىنى سالايە قىلىپ تۈرلۈك زەھەرلەر بىلەن زەھەرلەنگۈچىگە يېگۈزسە، زەھەرنى تەرلىتىش ئارقىلىق

قايتۇرىدىكەن. ئۇرۇلۇپ سوقۇلغان يەرگە سۈركىسە ئاغرىقنى پەسەيتىپ، ئىششىقنىڭ ئالدىنى ئالىدىكەن. شۇنداقلا ئۇنىڭ باشقا تۈرلىرىنىڭمۇ شۇ تەسىرى بار ئىكەن.

**ئىستېمال مىقدارى:** زەھەر قايتۇرۇش ئۈچۈن يېرىم گىرامدىن بىر گىرامغىچە، باشقا مەقسەتلەر ئۈچۈن يېرىم گىرامغىچە.

**ئورۇنباسارى:** بىر ھەسسە ئالىي دەرىجىلىك زەبەرجەت، يېرىم ھەسسە زۇمرەت، بىر يېرىم ھەسسە گىل داغىستانى.

ئۇنىڭ ھەبلىرى ۋە سۇفۇپلىرى «قارابادىن كەبىر» دە بايان قىلىندى.

## بادىنجان
### (پىدىگەن)

بۇ پارسچە «بادىنگان» دېگەن سۆزنىڭ ئەرەبچىلەشتۈرۈلگىنىدۇر. ئەرەبچە «مەغەد» ، «ۋەغەد»، ھىندىچە «بەيگەن»، «بانتا» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** بۇ ھەممىگە تونۇشلۇقتۇر. ياۋا ۋە يەرلىكتىن ئىبارەت ئىككى خىل بولىدۇ. يالغۇز ئاتالسا يەرلىكنىڭ غىزا ۋە دورىلىق ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان مېۋىسى نەزەردە تۇتۇلىدۇ. ئۇنىڭ ئەڭ ياخشىسى يېڭى، ئۇرۇقى ئاز، پوستى بىنەپشە رەڭ، پارقىراق، يۇمىلاق، ئازراق سوزۇنچاق بولغانلىرىدۇر. رەڭگى ئاق بولۇپ، يۇقىرىقى سۈپەتلەرگە ئىگە بولغانلىرىمۇ ياخشىسى ھېسابلىنىدۇ.

ئۇنى پىشۇرۇپ يېمەكچى بولغاندا پوستىنى ئاقلاپ ياكى پوستى بىلەن بىرلىكتە تۆت پارچە قىلىپ، تىكەن سانجىپ، تۆشۈك ئېچىپ، ئىچى - تېشىغا تۇز سۈركەپ ياكى ياپىلاقلاپ توغراپ، ئۈستىگە تۇز سېپىپ، سوغۇق سۇغا چىلاپ تاكى سۇ قارىدىغىچە ۋە تەمى ئۆتكۈرلەشكىچە ئىككى - ئۈچ سائەت تۇرغۇزۇپ، ئاندىن سۈيىنى تۆكۈۋېتىپ، ئۈستىگە يەنە يېڭى سۇ قۇيۇپ، مەلۇم ۋاقىت تۇرغۇزۇلغاندىن كېيىن سۇ تۆكۈۋېتىلىدۇ. سۇ رەڭگى قارىدىمايدىغان، تەمى ئۆتكۈرلەشمەيدىغان ھالغا كەلگەندە پەتىنگاننى پاكىز يۇيۇپ، پاقلان ياكى ياش ئوغلاق گۆشى ياكى سېمىز توخۇ گۆشى ياكى يېڭى كالا يېغى بىلەن پىشۇرۇپ ياكى ياغ بىلەن قورۇپ مەلۇم مۇددەت دۇملەپ ياخشى پىشۇرغاندىن كېيىن ئۇنىڭ تۇزەتكۈچىسى ۋە تۇسالغۇ پەيدا قىلىشىنىڭ ئالدىنى ئالغۇچى بولغان سىركە، ئابكامە، ئىككى خىل ئانار سۈيى ياكى كەرۋىيالار بىلەن بىرلىكتە ئىستېمال قىلىنىدۇ ياكى پەقەت ياغ بىلەن پىشۇرۇپ، قەغەزدەك نېپىز توغراپ، ئۇنىڭغا قائىدە بويىچە تۇز سېپىپ، قارا ۋە ئۆتكۈر سۈيۈقلۇقىنى چىقىرىۋېتىپ، ياغ بىلەن قورۇپ ياكى تونۇردا ياكى قوقاس ئارىسىدا قويۇپ، پىشقاندىن كېيىن چىقىرىپ، پوستى ۋە يېپلىرىنى ئايرىۋېتىپ، قول بىلەن مىجىپ، ئۈستىگە تۇز،

پىياز، ھۆل زەنجىۋىل توغرالمىسى ئارىلاشتۇرۇپ ئاز مىقداردا قېتىق قوشۇپ ياغ بىلەن قورۇپ ياكى خام ھالەتتە ئىستېمال قىلىنىدۇ. ئۇ ھىندىچە «بەرتە» دەپ ئاتىلىدۇ. ياكى ئۇنى يېرىپ ياكى قەغەزدەك نېپىز توغراپ تىكەن سانجىپ تۆشۈك ئېچىپ، تۇز سېپىپ، ئۆتكۈر، سېرىق سۈيى چىقىپ كەتكۈچە تۇرغۇزۇپ، ساپ سۇ بىلەن پاكىز يۇيۇپ، قائىدە بويىچە پىشۇرۇپ ئىستېمال قىلىنىدۇ. ياكى تۇز ۋە سۇ بىلەن بىر - ئىككى قاينىتىپ سۈيىنى تۆكۈۋېتىپ پىشۇرۇپ يېيىشمۇ بولىدۇ.

ئۆسۈملۈكى ئۈستىدە مەلۇم مۇددەت تۇرۇپ قالغان ياكى قېتىپ قالغان ۋە ياكى قۇرۇپ قالغانلىرىنى يېمەسلىك لازىم.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق بولۇپ، مۇشتەرى يۇلتۇزىغا مەنسۇپتۇر. بەزىلەر ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق، دەيدۇ.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ئاشقازاننى قۇۋۋەتلىگۈچى، ئۆزىدىن پەيدا بولمىغان تۇسالغۇلارنى ئاچقۇچىدۇر. چۈنكى ئۇ جىگەر ۋە تالدا تۇسالغۇ پەيدا قىلىدۇ. قاتتىق ئىششىقلارنى يۇمشىتىدۇ، ياغ بىلەن ئىستېمال قىلسا چوڭ تەرەتنى بوشىتىدۇ، سىركە بىلەن ئىستېمال قىلسا قورۇش، سۈيدۈك ھەيدەش خاسىيىتى بىلەن ئىسسىق ئاغرىقلارنى پەسەيتكۈچى، تەرنى خۇش پۇراق قىلغۇچى، تەر بىلەن قان چىقىشنى توختاتقۇچى، قولتۇق پۇراشنى يوقاتقۇچى، يات ھۆللۈكلەرنى قۇرۇتقۇچى، بىقىن ۋە دوۋسۇن ئاغرىقلىرىنى پەيدا قىلغۇچى، سەۋدا كۆپەيتكۈچى، داۋاملىق ئىستېمال قىلسا رەڭگىروينى بۇزغۇچى، مۇدۇر - چاقا، بوۋاسىر، تەڭگىتەمرەتكە، سەۋدادىن بولغان كۆز ئاغرىقى ۋە قۇلۇنجى پەيدا قىلغۇچىدۇر. ئۇنىڭ مەزكۇر زەرەرلىرىنىڭ تۈزەتكۈچىسى ئۇنى گۆش، ماي ۋە يۇقىرىدا بايان قىلىنغان نەرسىلەر بىلەن پىشۇرۇپ يېيىشتۇر. يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ئۇسۇل بويىچە قورۇپ پىشۇرۇپ ئىستېمال قىلسا ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەيدۇ. تاماق يەپ بولۇپلا قۇسىدىغان كىشىلەرنىڭ قۇسۇشىنى توختىتىدۇ. ئۇنىڭ پىشۇرۇلغان ئېتىنىڭ سۈيىدىن 30 مىللىلىتىر ئېلىپ ئىچسە سۈيدۈك ھەيدەيدۇ. يۇقىرىدا بايان قىلىنغىنىدەك، ئۇنى سوغۇق سۇغا چىلاپ ئۆتكۈر تەمى چىققاندىن كېيىن ئۇنىڭ بىلەن پۇت - قوللارنى بىر نەچچە قېتىم يۇسا تەرلەشنى توختىتىدۇ. كۆيدۈرۈپ كۈلىنى سىركە بىلەن مەلھەم قىلىپ سۆگەللەرگە چاپسا يوقىتىدۇ. ئۇنىڭ خەمىكى يەنى ئۈچى تەرىپىدىكى گۈلىنى سايىدا قۇرۇتۇپ يۇمشاق سالايە قىلىپ، ئاچچىق بادام يېغى ياكى بىنەپشە يېغى ياكى بابۇنە يېغى بىلەن مەقئەت ياغلانغاندىن كېيىن مەقئەتكە سۈركىسە، بوۋاسىر ۋە ئۇنىڭ باشقا كېسەللىكلىرىگە مەنپەئەت قىلىدۇ. ھىندىستان خەلقىنىڭ ئېيتىشىچە، پىدىگەننى چوغقا كۆمۈپ چالا پىشۇرغاندىن كېيىن سۈيىنى سىقىپ 75 گىرام ئېلىپ ھىندىچە «گەر» دەپ ئاتىلىدىغان 50 ~ 60 گىرام قارا شېكەر بىلەن بىرلىكتە ئىستېمال قىلسا ئۈرۈلۈپ سوقۇلغاندىكى ئاغرىقنى

پەسەيتىدىغان بولۇپ، مۇمىيانىڭ ئورنىنى باسىدۇ، سىناقتىن ئۆتكەندۇر. كىچىك پىدىگەننى ئاز مىقداردىكى سۇ ۋە تۇز بىلەن بىرلىكتە پىشقۇچە قاينىتىپ سۈيىنى سىقىپ چىقىرىپ، باراۋەر مىقداردىكى زەيتۇن يېغى بىلەن بىرلىكتە سۈيى توگەپ يېغى قالغۇچە قاينىتىپ، سۆگەلنى كۇندۇزى بۇ ياغ بىلەن ياغلىسا، كېچىسى پەسىپى بىلەن تاڭسا سۆگەلنى يوقىتىدۇ. زەيتۇن يېغىنىڭ ئورنىغا زىغىر يېغى ئىشلەتسە، پۇت ـ قوللارنىڭ يېرىلىشى، پەي ئىششىقلىرى ۋە ئۇششۇك يارىلىرىغا مەنپەئەت قىلىدۇ. سارغىيىپ پىشقان پەتىنگان ئۇرۇقى بىلەن بىرلىكتە يۇمشاق پىشۇرۇپ ئۇرۇقىنى ئايرىۋېلىپ يۇمشاق سالايە قىلىپ، ياغنىڭ كۇنجۇرى بىلەن بىرلىكتە قول ۋە پۇت بارماقلىرى ئارىلىرىدىكى يېرىقلارغا سۇركىسە دەرھال ساقايتىدۇ. سارغىيىپ پىشقان پەتىنگاننى ئىچىنى بوشىتىپ، ئىچىگە قاپاق يېغى قۇيۇپ ئىلمان ئوچاق ياكى تونۇرغا بىر كۈن قويۇپ، ئۇنىڭدىن كېيىن يېغىنى ئايرىپ قۇلاققا تېمىتسا، قۇلاق ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ، سىناقتىن ئۆتكەن. ئۇنىڭغا ئۇنىڭ خەمكى ۋە گۈلى قوشۇلسا بوۋاسىرغا تەڭداشسىز پايدا قىلىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** رەڭگى ئاق، ئۇزۇنچاق ياكى بىنەپشە رەڭ، ئۇرۇقلۇق، ئۆتكۈر بولغانلىرى ناچار بولۇپ زىيانلىقتۇر. ئۇنىڭ زەرەرى كۆپ بولغان يەنە بىر تۈرى بار بولۇپ، ھىندىستان ۋە بېنگالدا «بارە مىسىيا» دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇ 12 ئاي تولۇق مېۋە بېرىدۇ. ئۇنى ھەرقاچان تاپقىلى بولىدۇ، شەكلى ئۇزۇنچاق، ئىنچىكە بولۇپ، بىر غېرىچ، بەزىدە ئۇنىڭدىن ئۇزۇنراق بولىدۇ. ئۇزۇنچاق ئەمەسلىرىمۇ تېپىلىدۇ، ئۇرۇقىنىڭ تەمى ئۆتكۈر بولىدۇ. ئەمما ئۇنىڭ يەنە بىر تۈرىمۇ بار بولۇپ، 12 ئاي مېۋە بېرىدۇ. رەڭگى ئاق، يۇمىلاق، ئۇرۇقسىز بولۇپ، كۆپ زىيانلىق ئەمەس.

پىدىگەننىڭ خاسىيىتى شۇكى، ئۇنىڭدىن ئىككى دانە قارىمۇقارشى تۆشۈك ئېچىپ، يەنى بىر تۆشۈكنى توغرىسىغا قارشى تەرەپكە ئۆتكۈزۈپ ئېچىپ ، يەنە بىر تۆشۈكنى توغرىسىغا قارشى تەرەپكە ئۆتمەيدىغان ھالەتتە ئېچىپ، تۇز سۈيى بىلەن ئازراق قاينىتىپ ساقلىسا سۈپىتى ئۆزگەرمەيدۇ.

## بادىنجان بەررىي
### (ياۋا پىدىگەن)

ئۇ ھىندىچە «بەتكەتائى»، چوگى «بەرتا»، يۇنانچە «كەفىيشۇن» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** بىر خىل ئۆسۈملۈك بولۇپ، بىر غۇلاچ ئېگىزلىكتە بەزىدە ئۇنىڭدىنمۇ ئېگىز ئۆسىدۇ، شاخلىق، تىكەنلىك بولىدۇ. تېرىپ ئۆستۈرۈلىدۇ ياكى ياۋا ئۆسىدۇ. بەزىدە ئېگىز، بەزىدە يەر بېغىرلاپ ئۆسىدۇ، چوڭ ۋە كىچىكتىن ئىبارەت ئىككى خىل بولىدۇ. ئېرىق

بويلىرى، قوْملوْقلار، سوْ سىڭمەس ئورۇنلاردا ئۆسىدۇ. مېۋىسى زەيتۇن ۋە ياڭاق مېۋىسى چوڭلۇقىدا تىكەنلىك بولىدۇ. خام ۋاقتىدا كۆك بولۇپ، پىشقاندىن كېيىن سارغىيىدۇ، تەمى ناھايىتى ئۆتكۈر، ئاچچىققا مايىل، توغرىغۇ خۇسۇسىيەتلىك بولىدۇ.

**تەبىئتى:** يەرلىكىدىن قۇرۇق ئىسسىقراق، مۇشتەرى يۇلتۇزىغا مەنسۇپتۇر.

**خۇسۇسىيتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** مېۋىسىنى زىمات قىلىسا بەلغەمدىن بولغان ئىششىقلارنى تارقىتىدۇ. چاچقا چاپسا قارايتىدۇ. مېۋىسىنى ئىستېمال قىلىسا يۆتەل، زىققە نەپەسكە شىپا بولىدۇ. بەلغەم بىلەن سەپرانىڭ بۇزۇلۇشىنى ئوڭشايدۇ. تەپ، بىقىن ئاغرىقى، سىيىش قىيىنلىشىش، پۇراش سېزىمى يوقىلىش، مەددە قۇرت كېسەللىكىگە داۋا بولىدۇ. تۇغماس ئاياللارنىڭ كېسەللىكلىرىگە داۋا بولىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، يەرنى مۇۋاپىق چوڭقۇرلۇقتا كولاپ، ئۇنىڭغا مۇۋاپىق چوڭلۇقتىكى تۆمۈر كورا ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئىچىگە ياۋا پىدىگەن ئۆسۈملۈكىدىن مۇۋاپىق مىقداردا سېلىپ ئۇستىگە باشقا ئوت، شاخ - شۇمبىلارنى يېپىپ ئوت يېقىپ كۆيدۈرسە، پىدىگەن ئۆسۈملۈكىگە ئىسسىق ئۆتكەندىن كېيىن ئۇنىڭدىن سۇ تەپچىرەپ كورىغا يىغىلىدىكەن. ئۇنى ئېلىپ شىشە قاچىدا ساقلاپ قويۇپ، ھەر كۈنى ئەتىگەن ناشتىدا ئاز مىقداردا ئىچسە، ھۆل سوغۇقتىن بولغان كونا يۆتەل ۋە ھۆل سوغۇقتىن بولغان كونا زىققە نەپەس كېسەللىكىگە شىپا بولىدىكەن.

# باديان ختائي

## (شاكال بەديان)

ئۇ يېڭى دورىلاردىندۇر.

**ماھىيتى:** ئۇ بىر خىل مېۋىدىن ئىبارەت بولۇپ، ياڭاق رەڭگىدە بولىدۇ. سەككىز ياكى يەتتە ياپراقچە بولىدۇ. ھەر ئىككى ياپرىقى بىر - بىرىگە تۇتاشقان بولۇپ، ئۇستى تەرىپى يېرىلغان بولىدۇ. ئىچىدىن ياڭاق شاكىلى رەڭلىك كىچىك ئۇرۇقى چىقىدۇ. تەمى ئاساسي جەھەتتىن ئارپىبەديانىنىڭ تەمىگە ئوخشايدۇ. شۇنىڭ ئۇچۇن ئۇ ختاي بەدىيىنى دەپ ئاتىلىدۇ. بۇنداق ئاتىلىشى ئۇنىڭ شەكلىنىڭ بەديانغا ئوخشىغانلىقىدىن ئەمەس. نېپال، چىن، ھىندىستاننىڭ زىربادات دېگەن يەرلىرىدىن كەلتۈرۈلىدۇ. يېڭىلىرى، تەمى ۋە پۇرىقى ئۆتكۈر بولغانلىرى ياخشىسى ھېسابلىنىدۇ. پۇرىقى يوقالغانلىرى، كونىسى ۋە رەڭگى قارىلىرى ئىشلىتىلمەيدۇ.

**تەبىئتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق، مۇشتەرى يۇلتۇزىغا تەۋەدۇر.

**خۇسۇسىيتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ئاشقازاننى قۇۋۋەتلىگۈچى، ھەزىمنى ياخشىلىغۇچى، يەل تارقاتقۇچى، تائامنىڭ ھەزىم بولۇشىنى ئىلگىرى سۈرگۈچى، ئىچكى ئەزالاردىكى ئاغرىقلارنى

پەسەيتكۈچى، بەلغەم، يەل تارقاتقۇچى، سۈيدۈك ھەيدىگۈچىدۇر. خىرىستىيانلار ئۇنى خىتاي چېيى بىلەن قايناتىپ تەمىنى چىقىرىپ، يۇقىرىدىكى مەقسەتلەردە ئىچىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** مۇسكۇل ۋە پەي ـ نېرۋىلارغا زىيان قىلىدۇ. باشنى ئاغرىتىدۇ، ئۇسسىتىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** ئۇنى قورۇشتىن ئىبارەت.

## بارزەد
(بارىزەت يېلىمى)

ئۇ پارسچە ئىسىم بولۇپ، ئەرەبچە «قۇننە»، يۇنانچە «خەلبانى»، تۈركچە «قاسى»، ھىندىچە «بىرىيجا»، يەنە بىر تىلدا «گەندە بەھرۇزە» دەپ ئاتىلىدۇ، ئۇ مۇشۇ نام بىلەن مەشھۇردۇر.

**ماھىيىتى:** ئۇ بىر خىل ئۆسۈملۈكنىڭ يېلىمىدىن ئىبارەت. ئۇ ئۆسۈملۈكنىڭ يوپۇرمىقى چىنار يوپۇرمىقىغا ئوخشايدۇ. ئۆسۈملۈكى سەكبىنەجنىڭ ئۆسۈملۈكىگە ئوخشايدۇ. غولى ئۇنىڭدىن ئىنچىكىرەك، سېرىقتا مايىل ئاق بولىدۇ. مەزكۇر يېلىم كۇندۇرغا ئوخشايدۇ، ئەمما ئۇ قىزىللى ۋە سېرىقىدىن ياخشىراق بولىدۇ، ۋەزنى ئېغىر بولىدۇ.

تەتقىق قىلىنىشىچە ۋە كۆز بىلەن كۆزىتىلىشىچە، ئۇ قارىغاي دەرىخى چوڭلۇقىدىكى بىر خىل دەرەخنىڭ سۈتىدىن ئىبارەت بولۇپ، مەزكۇر دەرەخنىڭ غولىنىڭ كۆپ يەرلىرىنى پىچاق ياكى باشقا ئۈسكۈنە بىلەن كېسىپ قويسا، شۇ يەردىن ئېقىپ چىقىپ يىغىلىپ «دۇھنى بىلىسان» (بىلسان يېغى) دەپ ئاتالغان بىلسان سۈتىگە ئوخشاش ھاسىل بولىدۇ. رەڭگى دەسلەپتە ئاق، قىيامى ئازراق سۇيۇق بولىدۇ، ئەمما بىلسان يېغىدەك سۇيۇق ئەمەس. تەدرىجىي قاتىدۇ، رەڭگى سېرىق، ئارقىدىن قارامتۇل سېرىق، ئاخىرىدا قىزىل بولۇپ ئۆزگىرىدۇ. كۇندۇرغا ئوخشاش قاتتىق بولىدۇ. ئوت ئۈستىدە قويسا ئېرىيدۇ. يېڭىسى تېزرەك ئېرىيدۇ، ئېرىتمىسىمۇ سۇيۇقراق بولىدۇ. كونىسى ئۇنىڭ ئەكسىچە بولىدۇ. بېنگالدا مورەڭ تاغلىرىدىن كۆپ مىقداردا ئېلىپ كېلىپ ئەرزان باھادا سېتىلىدۇ. ئۇنىڭ ئارىسىدا دەرەخنىڭ غولىنى زەخىملەش جەريانىدا ئارىلىشىپ قالغان ياغاچ پارچىلىرىنى ئۇچراتقىلى بولىدۇ. ياغىچىنىڭ ماددىسى قارىغاي ۋە دىيودار دەرەخلىرىنىڭ ياغاچلىرىغا ئوخشاش بولۇپ، يۇمشاق، يىپلىق بولىدۇ. بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ دىيودار دەرىخىنىڭ سۈتى ئىكەن.

ئۇنىڭ سۈتىنىڭ قۇۋۋىتى ئون يىلغىچە ساقلىنىدۇ. ئۇنىڭ ياخشىسى ساپ، پۇرىقى ئۆتكۈر ۋە ساختا قىلىنمىغانلىرىدۇر. چۈنكى ئۇ راتىيانەج، ئۇشەق ۋە باقىلە ئۇنى بىلەن ساختىلاشتۇرۇلىدۇ.

ئىپتىشلارغا قارىغاندا، ئۇ ئۈچ خىل بولىدىكەن. بىر خىلى، يەڭگىل، ناھايىتى ئاق، قۇرۇق بولىدىكەن. يەنە بىر خىلى، قويۇق، قاتتىق، ئېغىر، رەڭگى سېرىق بولىدىكەن. يەنە بىر خىلى، سېرىق، يۇمشاق، سۇزۇك، پۇرىقى ناھايىتى ئۆتكۈر بولىدىكەن، بۇ ھەممە تۈرلىرىنىڭ ياخشىسى بولۇپ ھېسابلىنىدىكەن.

**تەبئىتى:** ئۈچىنچى دەرىجىنىڭ بېشىدا ئىسسىق، ئىككىنچى دەرىجىنىڭ ئوتتۇرلىرىدا قۇرۇق، مۇشتەرى يۇلتۇزىغا تەۋەدۇر. كونىسى ئۇنىڭدىنمۇ قۇرۇقراقتۇر.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ماددىلارنى يۇمشاتقۇچى، تارقاتقۇچى، قىزىتقۇچىدۇر. ئۇ نەپەس قىيىنلىشىش، كونا يۆتەل، كاناي ئىششىقى، باليىتقۇ ئېغىزى بوغۇلۇپ قېلىش (ھىستېرىيە)، تۇتقاق كېسەل، بوۋاسىر، مۇسكۇل پەيلىرىنىڭ ئۇزۇلۇشى، پەي - نېرۋا كېسەللىكلىرى، بەلغەمدىن بولغان كېسەللىكلەر، ئاشقازان، جىگەر، تال ئاجىزلىقى، ھەيز تۇتۇلۇش، ھامىلە ۋە بالا ھەمراھى چۈشمەسلىك قاتارلىقلارغا پايدا قىلىدۇ. ھەسەل بىلەن ئىشلەتسە ئەزالاردىكى تاشنى پارچىلاپ چۈشۈرىدۇ، بۆرەكتىكى توسالغۇلارنى ئاچىدۇ. تۇغۇتنى ئاسانلاشتۇرىدۇ، تۈرلۈك زەھەرلەرنى قايتۇرىدۇ. مۇرمەككى شەربىتى بىلەن ئىشلەتسە تەفسىقۇن زەھىرىنى قايتۇرىدۇ، ھامىلە چۈشۈرىدۇ، بالا ھەمراھىنى چىقىرىدۇ. ئۇنى سۇ بىلەن بىرلىكتە ئۇدا ئۈچ كۈن ئىچسە سۈيدۈك ئېچىشتۇرۇپ كېلىشكە داۋا بولىدۇ، قايتا تەكرارلانمايدۇ. ئۇنى سەۋسەن يېغى بىلەن قۇلاققا تېمىتسا بەلغەمدىن بولغان باش ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ. ئۇنىڭ يېغى بىلەن ياغلانسا پۇت - قوللارنىڭ ماغدۇرسىزلىقى، بەلغەمدىن بولغان تىتانۇسقا پايدا قىلىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن زىمات قىلىپ چاپسا تىتانۇس، پۇت - قوللارنىڭ ماغدۇرسىزلىقى، بىقىن ئاغرىقى، بەل ئاغرىقىغا پايدا قىلىدۇ. چىيقان، چاشقان يارىسى، تېرىدىكى داغ ۋە باشقا ئىزلارنى يوقىتىدۇ. بولۇپمۇ سىركە، توغرىغۇ، كۆيدۈرۈلگەن مىس، چىشى ئۆچكە ياكى چىشى كېيىك ئۆتى بىلەن بىرلىكتە مەلھەم قىلىپ داغقا چاپسا تەسىرى تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ. ئۇنى مۇناسىۋەتلىك مەلھەملەرگە قوشسا، يارىلاردىكى بۇزۇق گۆشلەرنى يەپ، يېڭى گۆش ئۇندۇرىدۇ. ئۇنى گۇلاب بىلەن ئېرىتىپ ئوت ئۈستىدە قويۇپ، قويۇلدۇرغاندىن كېيىن چىگە رەختكە سۈركەپ، بەلگە يەنى بۇ بۆرەكتىن ئۇ بۆرەككىچە چاپلاشتۇرۇپ، ئۈستىدىن قىزىتىلغان كونا پاختا قويۇپ تېڭىپ ئۆزى ئاجرىغۇچە تۇرغۇزسا بەل، بۆرەك ئاغرىقىنى پەسەيتىدىغان بولۇپ، سىناقتىن ئۆتكەن. شۇنداقلا يۇقىرىقى ئۇسۇلدا تەييارلاپ، باليىتقۇ، دوۋسۇن قاتارلىق ئەزالارغا چاپلىسىمۇ، مەزكۇر ئەزالارنىڭ ئاغرىقلىرىنى پەسەيتىدۇ. قۇرت يېگەن چىشقا قويسا ئاغرىقنى پەسەيتىدۇ. بارىزەت بىلەن بىلەن ئىسرىق سالسا تۇتقاق كېسەل، كۆز ئالدى قاراڭغۇلىششقا پايدا قىلىدۇ. ھامىلە ۋە بالا ھەمراھىنى چۈشۈرىدۇ، شۇنداقلا ئۇنىڭ بىلەن ھەمەل قىلسىمۇ شۇ تەسىرنى بېرىدۇ. ئۇنىڭ يېغىنى ئىستېمال قىلسا، ئۇنىڭ بىلەن مايلانسا باليىتقۇنىڭ ياللۇغلۇق كېسەللىكلىرى، باليىتقۇ ئېغىزى بوغۇلۇپ قېلىش، ھەيز تۇتۇلۇش، تۈرلۈك ئاغرىقلار، يەل

تۇرۇپ قېلىش ۋە پەي ـ نېرۋا ئاغرىقلىرىغا داۋا بولىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن پەرزىجە قىلىسىمۇ شۇ تەسىرنى بېرىدۇ.

بارىزەتنىڭ يېغىنى ئېلىش ئۇسۇلى شۇكى، ئۇنى ئەنبەھ دەرىخى ياغىچىنىڭ باراۋەر مىقداردىكى كۆلى بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ ئەرەق قازىنىدا قائىدە بويىچە تامچىلىتىلىپ تەييارلىنىدۇ ۋە زۆرۈر بولغاندا ئىشلىتىلىدۇ.

بارىزەتنى سەقەندولىيۇن دەپ ئاتىلىدىغان دورا ۋە زەيتۇن يېغى بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ، زىيانداش ھاشاراتنىڭ يېنىغا قويۇپ قويسا ئۇلارنى ئۆلتۈرىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** ئىسسىق مىزاجلىقلارغا ئىسسىق پەسىل ۋە ئىسسىق شەھەرلەردە زىيان قىلىدۇ. مېڭىگە زىيان قىلىدۇ. ئۇ يەنە ساق گۆشنى بۇزىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** بىنەپشە يېغى، كافۇر.

**ئىستېمال مىقدارى:** ئۈچ گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

**ئورۇنباسارى:** يېرىم ھەسسە سىركەنجۇبىل، تۆتتىن بىر چىلىك مىقداردا جاۋشىر. چۈنكى، جاۋشىر ئۇلاردىن كۈچلۈك ھېسابلىنىدۇ.

بارىزەتنى ئىستېمال قىلىشقا توغرا كەلسە، ئاچچىق بادام مېغىزى يېغى ياكى سۇزاپ سۈيى بىلەن ئېرىتىپ ئىستېمال قىلىنىدۇ. ئۇنىڭ تەركىبىدىكى ياغاچ ۋە باشقا نەرسىلەرنى ئايرىۋېتىپ ساپلاشتۇرۇش مەقسەت قىلىنسا، ئۇنى قايناق سۇ بىلەن ئېرىتىپ، ياغ قىسمى ئۈستىگە ئۆرلىگەندە ئېھتىيات بىلەن سۈزۈۋېلىپ يەنە رەختتىن ئۆتكۈزۈپ تەييارلانغان يېغى ئىشلىتىلىدۇ. ئەمما رەختنى سىقماسلىق لازىم، بولمىسا دۇغى ئۆتۈپ كېتىدۇ. قالغان قىسمى دۇغى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

## بارۇد

(مىلتىق دورىسى)

ئۇ پارسچە «بارۇد» دېيىلىدۇ. ھىندىچە ئۇنىڭدىكى «د» ھەرپى «ت» ھەرپىگە ئالماشتۇرۇلۇپ «بارۇت» دەپ ئاتىلىدۇ. ماراكەش خەلقى «زەھرەتۇل ئاسيۇس» (تاش چېچىكى) دەپ ئاتايدۇ. ئۇ يۇقىرىدىكى «ئاسيۇس» دېگەن مەزمۇندا بايان قىلىندى. ئىراق خەلقى «شور» نى شۇ نام بىلەن ئاتايدۇ، ئۇ يۇقىرىدا «ئەبقىر» دېگەن مەزمۇندا بايان قىلىندى.

ئەمەلىيەتتە ئۇ گۈڭگۈرت، سۆگەت ياغىچى ياكى پەتىنگان ياكى ئەنجۈر ياغىچى ياكى ئۇشرە ئۈسۈملۈكى ياكى ئەرۇسە ئۆسۈملۈكى ياكى شۇنىڭغا ئوخشاش تېز ئوت تۇتىشىدىغان ھەرقانداق دەرەخ ياكى ئۆسۈملۈكنى كۆيدۈرگەندىن كېيىنكى كۆمۈرى بىلەن تەييارلىنىدىغان ماددىدىن ئىبارەت. ئۇنى تەييارلاشتىكى مەقسەتنىڭ ئوخشىماسلىقىغا ئاساسەن ئۇنىڭغا يەنە شور قەلىمى ھەر خىل مىقداردا قوشۇلىدۇ. مەسىلەن: مىلتىق ياكى زەمبىرەك ئۈچۈن

تەييارلانسا 20 گىرام مىقداردىكى شور قەلىمىگە 60 گىرام گۆشگۆرت، 84 گىرام كۆمۈر قوشۇلىدۇ ۋە ناھايىتى يۇمشاق سالايە قىلىنىدۇ. بەك ئۆتكۈر بولۇش مەقسەت قىلىنسا، ئادەم سۈيدۈكى ياكى شارابتىن مۇۋاپىق مىقداردا قوشۇپ كىچىك ھەب ياساپ قۇرۇتۇپ ئىشلىتىلىدۇ، بولمىسا سۇ بىلەن يۇغۇرۇپ تەييارلىنىدۇ.

**تەبئىتى:** ئۈچىنچى دەرىجىدە، بەزىلەرنىڭ قارىشىچە تۆتىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** جۇلا بەرگۈچى، ماددىلارنى پارچىلىغۇچى، تۇسالغۇلارنى ئاچقۇچى بولۇپ، تال ئىششىقى، ئۇچا ئاغرىقلىرىغا پايدا قىلىدۇ. ئۇنىڭدىن سەپمە تەييارلاپ ئىشلەتسە يېڭى يارىلارنىڭ قېنىنى دەرھال توختىتىدۇ، ئەمما زىيادە ئېچىشتۇرىدۇ. بوغۇملارنىڭ ئاغرىۋاتقان ئورنىغا تىكەن ياكى يىڭنە سانجىپ ئۇستىدىن يۇمشاق سالايە قىلىنغان بارۇد سۈركىسە ئاغرىق پەسەيتىدۇ.

**زىيانلىق تەسرى:** بۆرەك ۋە ئۆپكىگە زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** كەتىرا، ھەسەل.

## بارىيلۇمايۇن

(بارىيلۇمايۇن ئوتى)

ئۇ، ئەندەلۇس تىلىدا «كۆزگە ئوخشىغۇچى» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. ئۇنى «سەرىيمەتۇل جەدىي» ئۆسۈملۈكى دەپ بىلگەنلەر خاتالاشقان بولىدۇ. بەزىلەر ئۇنى «سەقلىينۇن»، «فەلۇمايۇن» دەپمۇ ئاتايدۇ.

**ماھىيىتى:** بىر خىل ئۆسۈملۈك بولۇپ، يەر بېغىرلاپ ئۆسىدۇ. يوپۇرمىقى كىچىك يۆگىمەچئوت ئۆسۈملۈكىگە ئوخشايدۇ، يوپۇرمىقىنىڭ يېنىدىن شاخلىرى ئۆسۈپ چىقىدۇ. ئۇنىڭدا دېبىق دېگەن مېۋىگە ئوخشايدىغان مېۋە بولىدۇ. بۇ مېۋە توكلۇك، ناھايىتى شىلىمشىق سۇيۇقلۇققا ئىگە بولۇپ، كىيىم ۋە باشقا ھەرقانداق نەرسىگە تەگسە چاپلىشىدۇ. مېۋىسى يىغىلىپ سايىدا قۇرۇتۇلىدۇ. يىلتىزى توم بولىدۇ. بۇ ئۆسۈملۈك خارابىيلىكلەر، ئۆي سالغان يەرلەر، شورلۇق يەرلەردە ئۆسىدۇ. ئۇ ئەتراپىدىكى نەرسىلەرگە چىرمىشىدىغان ئۆسۈملۈكلەر قاتارىدىن بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭ يوپۇرمىقى ۋە ئۇرۇقى ئىشلىتىلىدۇ.

**تەبئىتى:** قۇرۇق ئىسسىق، مۇشتەرى يۇلتۇزىغا تەۋەدۇر.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ماددىلارنى تارقاتقۇچى، پارچىلىغۇچى، قۇرۇتقۇچىدۇر. ئۇنىڭ ئۇرۇقى بىلەن يوپۇرمىقى سۈيدۈكنى كۆچلۈك ھەيدەيدۇ. كۆپ ئىشلەتسە قان سىيدۈرىدۇ. ئۇنى بەش گىرام شاراب بىلەن ئىشلەتسە زىققە، نەپەس، تال ئىششىقىغا پايدا قىلىدۇ. مەنىينى قۇرۇتىدۇ. ھەتتا ئۇنىڭدىن ئۇدا يەتتە كۈن ئەتراپىدا ئىستېمال قىلسا، پەرزەنت كۆرەلمەيدىغان ھالەتكە كەلتۈرۈپ قويىدۇ. ئۇنىڭدىن 3~5 گىرامغىچە ئېلىپ ئىستېمال

قىلسا نەپەسنى راۋانلاشتۇرىدۇ. يۆت ـ قوللارنىڭ ماغدۇرسىزلىقىغا پايدا قىلىدۇ. ھېقنى توختىتىدۇ. تۇغۇتنى ئاسانلاشتۇرىدۇ. 40 كۈنگىچە ئىشلەتسە تال كېسەللىكلىرىگە شىپا بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۇرۇقى بىلەن يوپۇرمىقىنى زەيتۇن يېغى بىلەن مەلھەم قىلىپ بەدەنگە سۈركىسە قىزىتىدۇ، بەلغەم ۋە سەۋدا ماددىلىرىنى تارقىتىدۇ. تىترەتكۈچى تەپلەرنىڭ دەسلەپكى ۋاقىتلىرىدا ئىشلىتىلسە پايدا قىلىدۇ.

## بازى
(لاچىن)

پارسچە «بازى» دېيىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** ئۆيدە كۆندۈرۈلگەن ئوۋ ئوۋلاشتا ئىپچىقىدىغان يىرتقۇچ قۇشتىن ئىبارەت بولۇپ، مەشھۇردۇر. ئاق سېرىققا مايىل توپا رەڭ بولىدۇ. ئۈستىدە قارا چېكىتلەر بولىدۇ. بەزىلىرى ئاق خورازغا ئوخشاش ئاق بولىدۇ. ئېقى ئۇنىڭ چېكىتلىكلىرىدىن چوڭراق بولىدۇ. پادىشاھلار ئۇنى «شاھى تۇيۇر» (قۇشلار شاھى) دەپ ئاتىشىدۇ. ئوۋ ئوۋلاشقا ئىشلىتىش ئۈچۈن ماھارەت ئۆگىتىپ ئوردىدا ساقلايدۇ.

**تەبىئىتى:** گۆشى ئىككىنچى دەرىجىدە ئىسسىق، ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق. مۇشتەرى يۇلتۇزىغا مەنسۇپتۇر.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** گۆشى تەستە ھەزىم بولىدۇ. غىزالىقى ناچاردۇر. ئىششىقلارنى ياندۇرىدۇ، زەھەرلەرنى تارتىدۇ. قانتىنىنىڭ كۈلى يارىلارنى پۈتتۈرىدۇ. قېنىنى كۆزگە تېمىتسا ئاقنى ۋە كۆز ئېقىدىكى خالنى يوقىتىدۇ، شۇنداقلا ئۇنىڭ ئۆتىمۇ بۇ جەھەتتە ناھايىتى ياخشى پايدا قىلىدۇ. مايىقىنى سۈركىسە تېرىدىكى ئىزلارنى يوقىتىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن ھەمەل قىلسا ھامىلدار بولۇشقا ياردەم بېرىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن پەرزىجە قىلىنسا ۋە ئىسلانسا ھامىلە چۈشۈرىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** قۇلۇنجى پەيدا قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** ئىسسىق تەبىئەتلىك دورا ـ دەرمانلار.

## باشەق
(قارچىغا)

بۇ سۆز پارسچە «باشە» دېگەن سۆزدىن ئەرەبچىلەشتۈرۈلگەندۇر. ئەرەبچە «سەقر»، ھىندىچە «جەرە» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** يىرتقۇچ قۇشلاردىندۇر. تېنى لاچىندىن كىچىكرەك، گۆشىنىڭ تەسىرى

ئۇنىڭدىن ئاجىزراقتۇر.

تەبىئىتى: ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق. مۇشتەرى يۇلتۇزىغا تەۋەدۇر.

خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى: ئۇنىڭ گۆشى لاچىنىنىڭ گۆشىگە قارىغاندا ئاسان ھەزىم بولىدۇ. ئۇنىڭغا تۇز سېپىپ سالايە قىلىپ، ئۈچ كۈنگىچە سوغۇق سۇ بىلەن ئىستېمال قىلسا سوغۇقتىن بولغان يۆتەل ۋە كاناي ياللۇغىغا پايدا قىلىدۇ، شۇنداقلا ئۇنىڭ جىگىرىنى تۇز سېپىپ ئىستېمال قىلسمۇ شۇ تەسىرنى بېرىدۇ، جىگىرىنىڭ ئىستېمال مىقدارى بەش گىرامدۇر. مىھرىيارەس دېگەن كىشىنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇنىڭ ئۆتىدىن 1.5 گىرام ئىشلەتسە، شۇنداقلا ئۇنىڭ مېڭىسىنى ئىشلەتسە سەۋدادىن بولغان خەفەقانغا شىپا بولىدىكەن، سىناقتىن ئۆتكەن ئىكەن. ئۇنىڭ ئۆتىنى كۆزگە تېمىتسا كۆزگە چۈشكەن سۇ، ئاق ۋە خاللارنى يوقىتىدىغان بولۇپ، لاچىنىنىڭ ئۆتىدىن كۈچلۈكرەك ئىكەن. ئۇنىڭ ئۆتىنى سۈركىسە داغنى يوقىتىدىغان بولۇپ، سىناقتىن ئۆتكەن. ئۇنى پەيلىرى ۋە ھەممە ئەزالىرى بىلەن بىرلىكتە سۇغا سېلىپ قاينىتىپ، يۇمشاق پىشۇرۇپ گۆشىنى سۈزۈۋېتىپ، شورپىسىغا زەيتۇن يېغى قوشۇپ تاكى يېغى قالغۇچە قاينىتىپ شۇ ياغ بىلەن مايلانسا، ئولتۇرغۇچ نېرۋا ئاغرىقى، بوغۇملار ئاغرىقى ۋە پۇت - قوللارنىڭ ماغدۇرسىزلىقىغا پايدا قىلىدۇ.

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بۇ قۇشنىڭ شۇنداق خاسىيىتى بار ئىكەنكى، ئۇنىڭ كۆزىنى كۆك لاتىغا ئوراپ كىشىنىڭ سول بىلىكىگە باغلاپ قويسا، ئۇزۇن يول ماڭسىمۇ ھارمايدىكەن.

## باقىلە
(بۇقا پۇرچىقى)

ئۇ قىبتى ۋە مىسىر تىلىدا «فۇل» (پۇرچاق) دەپ ئاتىلىدۇ. ئىراقتا «جەرجەرە» دېيىلىدىغان بولۇپ، «كەركەرە» دېگەن سۆزنىڭ ئەرەبچىلەشتۇرۇلگىنىدۇر. سۇريانچە ۋە كۇفىچە «كەرانس»، «قەۋاباۋس»، سەنجىرى تىلىدا «كالۇسەك»، «بىستى كوسەك» دېيىلىدۇ.

ماھىيىتى: مەشھۇر دانلاردىن بولۇپ، ئۇزۇنچاق غىلاپ ئىچىدە بولىدۇ. غىلاپىنىڭ بېشى ئازراق ئەگرى، ئىنچىكە بولۇپ، ھەربىر غىلاپ ئىچىدە ئۈچتىن تۆتكىچە، بەزىدە يەتتە تالغىچە دان بولىدۇ. ھەربىر دان بىر ئىلىك ئۇزۇنلۇقتا، بەزىدە ئۇنىڭدىن كىچىكرەك، بەزىسى يىرىكرەك بولىدۇ. ھەر بىر داننىڭ ئارىلىقىدا ئايرىپ تۇرغۇچى ئازغىنا پەردە بولىدۇ. داننىڭ بېشىدا خۇددى ئېلىنىۋەتكەن تىرناققا ئوخشايدىغان، ھىلال ئاي شەكلىدە قارا رەڭلىك نەرسە بولىدۇ. مېغىزى ئىككى پارچە بولۇپ، ئايرىلىدۇ. يەنى ھەر بىر ئۇرۇق ئىككى

پارچە بولۇپ، بىر ـ بىرىگە چاپلىشىپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭ شۇنداقلا لوبىيانىڭ پوستى «غەدفە» ۋە «شەمرۇ» دەپ ئاتىلىدۇ، «ئەسنۇف» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئىچىدە بىر تال دان بولغىنىنىڭ پوستى «ھەنىف» دېيىلىدۇ.

**تەبىئىتى:** ھۆلى بىرىنچى دەرىجىدە ھۆل سوغۇق، قۇرۇقى بىرىنچى دەرىجىدە سوغۇق، ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق، ئارتۇقچە ھۆللۈكى باردۇر. گۈلىنىڭ ئىسسىقلىقى مۆتىدىل، ئۇچۇچاندۇر. دانىنىڭ ئىچىدىكى پوستى قۇرۇتقۇچى، قورۇغۇچىدۇر.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ماددىلارنى تارقىتىدۇ، ئاشقازان ۋە باشقىلاردىن تېز ئۆتىدۇ، توسالغۇ پەيدا قىلىدۇ. كۆكرەك ۋە ئۆپكىنى تازىلاش، قۇۋۋەتلەش، كۆكرەك ۋە ئۆپكىگە مېڭىدىن سۈيۈق ماددىلارنىڭ قۇيۇلۇشىنى توسۇش، يۆتەل پەسەيتىش، باھنى قۇۋۋەتلەش، ئۇچەي يارىسىنى ساقايتىش، ئىچ سۈرۈش ۋە قەينى توختىتىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. ئۇنى سۇ ۋە سىركە بىلەن پىشۇرۇپ، پوستى بىلەن بىلەن ئىستېمال قىلسا، ئۇچەي يارىسىدىن بولغان ئىچ سۈرۈش ۋە سوزۇلما ئىچ سۈرۈشنى توختىتىدۇ. ئۇنىڭ يۇمشاق تارتىلغان ئۇنىنى بادام يېغى ۋە قەنت بىلەن ئىستېمال قىلسا، يۆتەل، كۆكرەك ۋە گال يىرىڭلىكىگە پايدا قىلىدۇ. ئۇنىڭ قاينىتىلمىسىنىڭ سۈيىنى ئىچسە، گالنى سىلىقلاشتۇرىدۇ، ھۆللۈكلەرنى تازىلايدۇ، ئەزالاردا تاش پەيدا بولۇشنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ، توسالغۇلارنى ئاچىدۇ. ئۇنى ئارپا ئۇنى بىلەن زىمات قىلسا ئۇرۇلۇپ ـ سوقۇلۇشقا پايدا قىلىدۇ، ئەمچەكتىكى سۈت ئۇيۇپ قېلىش سەۋەبىدىن پەيدا بولغان ئىششىقنى تارقىتىدۇ. بولۇپمۇ سىركە ۋە يالپۇز بىلەن چاپسا تېخىمۇ ياخشى مەنپەئەت قىلىدۇ. شۇمشا ۋە ھەسەل بىلەن چاپسا، چىيقان، قولاق ئاستى بېزى ۋە كۆز ئاستى ئىششىقلىرىغا مەنپەئەت قىلىدۇ. كۇندۇر، قىزىلگۈل، توخۇ تۇخۇمىنىڭ ئېقى بىلەن مەلھەم قىلىپ چاپسا كۆز ئالمىسىنىڭ پۇلتىيىپ قېلىشىغا مەنپەئەت قىلىدۇ. ئاق لەيلىگۈل ۋە ئۇنىڭ ئوخشاشلىرى بىلەن زىمات قىلىپ چاپسا ئۇرۇقدان ئىششىقى ۋە ئىسسىقتىن بولغان ئىششىقلارنى تارقىتىدۇ. ئۇنى شاراب بىلەن قاينىتىپ چاپسا يىرىق ئىششىقنى تارقىتىدۇ، يۈزگە چاپسا داغ ـ سەپكۈننى يوقىتىدۇ، چاشقان يارىسىغا چاپسا تارقىتىدۇ، بولۇپمۇ ئارپا ئۇنى، زەمچە، كونا زەيتۇن يېغى بىلەن زىمات قىلسا تەسىرى تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ. توڭگۇز يېغى بىلەن مەلھەم قىلىپ چاپسا نۇقرەس كېسەللىكىگە داۋا بولىدىغان بولۇپ، سىناقتىن ئۆتكەن دەپ قارىلىدۇ. ھۆل باقلىنى ئىككى پارچە قىلىپ، زۇلۇك قۇرتى زەخمىسى ۋە ئۇنىڭغا ئوخشاش زەخىملەرگە چاپسا قان توختىتىدۇ. غالجىر ئىت چىشلىۋالغان ئورۇنغا چېپىپ تاڭسا ئۇنىڭ زەھىرىنى تارقىتىدۇ. ئۇنى قۇرۇتۇپ سوقۇپ سەپمە قىلىپ كۆزگە سەپسە، ئۇنىڭغا كېسەللىك ماددىلىرىنىڭ قۇيۇلۇشىنى توسىدۇ. ئۇنى تۆتتىن بىرچىلىك مىقداردىكى كالا پادىزەھرى

## پاكەر
(پاكەر دەرىخى)

**ماهىيتى:** ھىندىستاندا بولىدىغان چوڭ دەرەختۇر. يوپۇرمىقى سەل كەڭ، سوزۇنچاق، چىشسىز بولۇپ، تۇرۇنجى يوپۇرمىقى چوڭلۇقىدا، ئۇنىڭدىن چوڭراق، سۇتلۇك بولىدۇ، يەنى يوپۇرمىقى دەرىخىدىن ئاجرىتىلسا ئاز مىقداردا سۇيۇق سۈت چىقىدۇ. دەرىخىنىڭ تېنى زەخمىلەنسىمۇ سۈت چىقىدۇ. ئەمما سۈتى پىپەر دەرىخىنىڭ سۈتىدىن كەمرەك ۋە سۇيۇقراق بولىدۇ. ئۇنىڭ ئىنچىكە شاخلىرى ئۇچىدا ئۆسكەن يوپۇرماقلىرى غۇنچىغا ئوخشاش تۈگۈلۈپ، غۇنچە چوڭلۇقىدا ئۆسىدىغان بولۇپ، ھىندىستان خەلقى گۆش بىلەن ياكى گۆشسىز پىشۇرۇپ يەيدۇ، ئاچچىق - چۈچۈك تەملىك بولىدۇ.

**تەبىئىتى:** سىرتىدىن پەرەز قىلغاندا ھۆل سوغۇق مەلۇم بولىدۇ. سۈتى قابىزلىق قۇۋۋىتىگە ئىگە بولۇپ، ماددىلارنى كېسەللەنگەن ئورۇنغا كېلىشتىن توسقۇچىدۇر.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ئىپىتىشلارغا قارىغاندا، ئۇ چىيقان، مۇدۇر - چاقىلار، تاشمىلار، ئەزالاردىكى ئىششىقلار، بەلغەم ۋە سەۋدانىڭ بۇزۇلۇشلىرىغا پايدا قىلىدۇ. سۈتى ماددىلارنى توسۇش، ئىششىق ۋە چىيقانلارنى تارقىتىش جەھەتتە دەسلەپكى مەزگىلدە زىمات قىلسا «بەر» ئۆسۈملۈكىنىڭ سۈتىنىڭ ئورنىنى باسقۇچىدۇر.

## پالسە
(پالسە مېۋىسى)

ئۇ «پەھالسە» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيتى:** ھىندىستاندىن چىقىدىغان بىر خىل مېۋىدىن ئىبارەت. ناھايىتى ئىنچىكە، قىسقا بولىدۇ، ھەربىر شاختا بىر دانە بولىدۇ. ئۇنىڭ دەرىخى ئامۇت دەرىخىگە ئوخشايدۇ. يوپۇرمىقى كەڭ، يىرىك، قىرلىق بولىدۇ. بۇ مېۋە ئىككى خىل بولىدۇ. بىر خىلى، ئازراق سۇلۇق، تەمى ئاچچىق - چۈچۈك بولۇپ «شەربەتىي» دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇنىڭ دەرىخى ئادەم بويى ئېگىزلىكتە، بەزىدە ئۇنىڭدىن ئېگىز بولىدۇ. يەنە بىرى، سۈيى ئاز بولۇپ «شەكەرىي» دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇنىڭ دەرىخى بىرىنچىسىنىڭ دەرىخىدىن كۆپ چوڭ بولىدۇ، بۇ بىرىنچىسىگە قارىغاندا كۆپرەك بولىدۇ.

**تەبىئىتى:** ھەر ئىككىسى ئۈچىنچى دەرىجىدە سوغۇق، بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** يۈرەك، ئاشقازان ۋە ئىسسىق مىزاجلىق جىگەرنى قۇۋۋەتلىگۈچى، سەپرادىن بولغان ئىچ سۈرۈش، قۇسۇش، ھېق تۇتۇش، ئۇسسۇزلۇق،

بىلەن بىرلىكتە مەلھەم قىلىپ قاپاققا چاپسا، قاپاقنىڭ قىزىرىپ قىلىنىلىشىغا ناھايىتى پايدا قىلىدۇ. ئۇنىڭ پوستىنى زىمات قىلسا بەھەققە شىپا بولىدۇ. ئۇنىڭ يوپۇرمىقى بىلەن سىرتقى پوستىنى زىمات قىلىپ، كۆيۈك يارىسى ۋە بەھەققە چاپسا ياخشى پايدا قىلىدۇ، سىناقتىن ئۆتكەن. ئۇنىڭ گۈلى مېڭىنىڭ ھارارىتىنى پەسەيتىدۇ. ئۇنىڭ گۈلىنى قەلەي ھاۋانچا بىلەن سوقۇپ ئاپتاپتا قويۇپ پىشۇرسا ياخشى بوياق بولىدۇ. باقىلەنى سوقۇپ خالىغان ئەزاغا چاپسا، شۇ ئەزاغا موي ئۈندۈرمەيدۇ، بولۇپمۇ يەرلىك ئورۇننىڭ موينى چۈشۈرۈۋېتىپ ئورنىغا تەكرار چاپسا، موي ئۈنۈشنى تولۇق چەكلەيدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** ئىستېمال قىلسا يەل پەيدا قىلىدۇ، ئەزالارنى لىپىلدىتىدۇ، مېڭىنى ئېغىرلاشتۇرۇپ زېھنىنى بۇزىدۇ، كۆچلۈك بۇخارات پەيدا قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** ئۇنى ئاقلاپ ئىستېمال قىلىش، سۇ بىلەن قاينىتىپ سۈيىنى تۆكۈۋېتىپ بادام يېغى ۋە يالپۇز، پىلپىل، دارچىن، قەرەنپىل، پىننە، ئەنجۇدان ۋە ئۇنىڭغا ئوخشاش ئىسسىق تەبىئەتلىك دورىلار بىلەن پىشۇرۇپ ئىستېمال قىلىشتىن ئىبارەت.

ئۇ يەنە چۈشنى قالايمىقانلاشتۇرىدۇ، بەدەننى قىچىشتۇرىدۇ. كونا باقىلەنىڭ يەل پەيدا قىلىشى ھۆلىگە قارىغاندا ئازراق بولىدۇ، يەنە شۇنىڭدەك ئۇنىڭ ئاقلانغىنى پوستى بىلەن تۇرغىنىغا قارىغاندا ئازراق يەللىك بولىدۇ.

باقىلە ئۆسۈملۈكىنىڭ گۈلى قارا قوتۇرنىڭ ئىزلىرىنى يوقىتىدۇ.

## باقىللايى قىبتي

ئۇ يەنە «باقىللايى نىبتىي» (نىبىت باقىلەسى) دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئۇ مەزكۇر باقىلەنىڭ ئۇششاق بولغان بىر تۈرى بولۇپ، تۇرمۇس پۇرچىقى چوڭلۇقىدا، رەڭگى قارا بولىدۇ. سۇ تۇرۇپ قالغان ئورۇنلاردا ئۆسىدۇ. يىلتىزى قومۇش يىلتىزىغا ئوخشاش توم بولىدۇ. يوپۇرمىقى يەرلىك باقىلەنىڭ يوپۇرمىقىدىن چوڭراق، گۈلى قىزىل بولۇپ، قىزىلگۈل چوڭلۇقىدا بولىدۇ.

**تەبىئىتى:** قۇرۇق سوغۇق، ئارتۇق ھۆللۈكى بار.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ناھايىتى قابىزدۇر. ئاشقازانغا مۇۋاپىق كەلگۈچىدۇر. ئۇ ئۈچەي يارىسى، سوزۇلما ئىچ سۈرۈش ئۈچۈن ئەڭ ياخشى دورا بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. تەسىرى يۇقىرىدىكى باقىلەنىڭ تەسىرىدىن ياخشىراق بولىدۇ.

باقىلەئى مىسرى ۋە باقىلەئى شامى دېيىلگەن باقىلەلەر تۇرمۇس پۇرچىقىدۇر.

ئەزالارنىڭ كۆيۈشۈشى، جەدەتكۆچى تەپ قاتارلىقلارغا پايدا قىلىدۇ. ئۇنىڭ خېمىنى يېمەسلىك لازىم. ئۇنىڭ سۈيى بىلەن غار ـ غار قىلسا ئىسسىقتىن بولغان بوغما كېسەلگە داۋا بولىدۇ. ئۇنىڭ «شەربەتى» دەپ ئاتالغان تۇرىنىڭ سۈيى ناھايىتى لەززەتلىك بولۇپ، ئىسسىق مىزاجلىق كىشىلەرنىڭ ئىچىشىگە مۇۋاپىق كېلىدۇ. ئۇنىڭ پوستى ۋە يىلتىزىنىڭ چىلانمىسى سۈيدۈك تۇتۇلۇش، قان سىيىش ۋە سۈيدۈك ئىچىشتۇرۇپ كېلىشلەرگە شىپا بولىدۇ. ئۇنىڭ دەرىخىنىڭ قوۋزىقىنىڭ تەسىرى ئەنجىبار يىلتىزىنىڭ پوستىنىڭ تەسىرىگە ئوخشاپ قالىدىغان بولۇپ، ئۇنىڭدىن 50~60 گىرامغىچە ئېلىپ ئۇستىدىكى قارا قىسمىنى قىرىۋېتىپ سوقۇپ، بىر پىيالە سۇغا بىر كېچە چىلاپ قويۇپ، ئەتىگەندە سىقىپ تەمىنى چىقىرىپ پىسەپىلىرىنى سۈزۈۋېتىپ 3~4 كۈن ئىچسە، ئاللانىڭ ياردىمى بىلەن كونا دىيابىتقا پايدا قىلىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** سوغۇق مىزاجلىق كىشىلەرگە زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** رۇمبەدىيان، گۈلقەنت، مەجۇنى ماددەتۇلھايات، مەجۇنى كۇمۇنى.

## پالەك جوھى

(پالەكجوھى ئوتى)

**ماھىيىتى:** ھىندىستاندا ئۆسىدىغان بىر خىل ئۆسۈملۈك بولۇپ، ئادەم بويى ئېگىزلىكتە بولىدۇ، شاخلىرى تارقاق ئۆسىدۇ. يوپۇرمىقى چۇرۇك، يۇمشاق، سەل ئۇزۇنچاق بولىدۇ، سېسىق پۇرايدۇ.

**تەبىئىتى:** ھۆل ئىسسىق، مۇشتەرى يۇلتۇزىغا مەنسۇپتۇر.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ئۇنىڭ ھۆل يوپۇرمىقىنىڭ سۈيى بەھەق ۋە داغلارغا سۈركىلىدۇ. بەزىدە كۆچلۈك ئۆتكۈرلۈكى بىلەن تېرىنى زەخىملەيدۇ. ئۇنىڭ يىلتىزىنىڭ پوستىنى ئاق سەندەل، كۆيدۈرۈلگەن زاك، پىلپىل، كاتھىندى سەپىد قاتارلىق دورىلار بىلەن بىرلىكتە ياخشى سوقۇپ، گۈلاب ۋە لىمون سۈيى بىلەن ياخشى سالايە قىلىپ، كالا تەمرەتكىسىنى ئۇۋۇلاپ قىزارتقاندىن كېيىن ئۇستىگە بىر قانچە قېتىم سۈركىسە ياخشى پايدا قىلىدۇ. ئۇنىڭ ھۆل يىلتىزىنىڭ پوستىنى 12 گىرام قەرەنپىل، 12 گىرام كالىيزىرە ۋە بىر چىش سامساق بىلەن بىرلىكتە سۇ بىلەن ياخشى سالايە قىلىپ تولۇق يۇمشىتىپ، كالا تەمرەتكىسىگە ئۇدا بىر نەچچە كۈن سۈركىسە ساقايتىدۇ.

ئۇنىڭ يىلتىزىنى پوستى ۋە يىپلىرى بىلەن بىرلىكتە سايىدا قۇرۇتۇپ، تاشتا يالغۇز سالايە قىلىپ ئۇنىڭدىن 100 گىرام ئېلىپ، ئون دانە قاقىلە بىلەن يەنە سالايە قىلىپ، سۇ بىلەن يۇغۇرۇپ قۇرس ياساپ سايىدا قۇرۇتۇپ، زۆرۈر بولغاندا مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ، سۇ

بىلەن سالايە قىلىپ كالا تەمرەتكىسىگە بىر قانچە قېتىم سۈركىسە ساقايتىدۇ، سىناقتىن ئۆتكەن. ئۇنىڭ يىلتىزى، قارا ھېلىلىنىڭ ھەربىرىدىن 15 گىرام، قورۇلغان ئاق زاكدىن 30 گىرام، كۆك موزا، كاتھىندىنىڭ ھەر بىرىدىن 10 گىرام ئېلىپ يۇمشاق سالايە قىلىپ، يەنە 12 دانە قەغەز لىمون سۈيى بىلەن سالايە قىلىپ قۇرس تەييارلاپ ئاپتاپتا قۇرۇتۇپ، زۆرۈر بولغاندا مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ، سۇ ياكى گۈلاب بىلەن سۈرۈپ مەلھەم قىلىپ كالا تەمرەتكىسى بار يەرنى يىرىك رەخت بىلەن سۈرۈپ قىزارتىپ، ئۈستىدىن بىر قانچە قېتىم سۈركىسە، ئاللانىڭ ياردىمى بىلەن شىپا تاپىدۇ، تەكرار سىناقتىن ئۆتكەن. زەقۇم دەرىخىنىڭ بىر تۈرى بولغان سەج دەرىخىنىڭ يوپۇرمىقىنى ئوتقا قاقلاپ يۇمشاتقاندىن كېيىن سىقىپ سۈيىنى چىقىرىپ، پالەكجوھىنى ئۇنىڭ بىلەن سالايە قىلىپ قۇرس ياساپ سايىدا قۇرۇتۇپ، زۆرۈر بولغاندا يەنە مەزكۇر ئۆسۈملۈكنى مۇشۇ خىل ئۇسۇل بويىچە سىقىپ سۈيىنى چىقىرىپ كالا تەمرەتكىسى بار ئورۇننى يىرىك رەخت بىلەن ئۇۋۇلاپ قىزارتقاندىن كېيىن ئۈستىدىن سۈرسە ياخشى پايدا قىلىدۇ، سىناقتىن ئۆتكەن.

## بالەنگو

رەيھاننىڭ بىر تۈرى بولۇپ، يۈرىقى رەيھانغا ئوخشايدۇ، رەڭگى يېشىل، ئاقتا مايىل بولىدۇ. ئۇرۇقى تۈز، چىشسىز بولىدۇ. ئۇرۇقى رەيھان ئۇرۇقىدىن چوڭراق ۋە ئۇزۇنراق بولۇپ، تەسىرى رەيھان ئۇرۇقىغا ئوخشايدۇ.

**تەبىئىتى:** بىرىنچى دەرىجىنىڭ ئاخىرىدا ھۆل ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ئۇ يۈرەكنى قۇۋۋەتلەيدىغان بولۇپ، گۈلاب بىلەن ئىشلەتسە خەفەقان، ياتسىراش، ئۇچەي مەنبەلىك ئىچ سۈرۈشكە پايدا قىلىدۇ، سىناقتىن ئۆتكەن. قورساق ئاغرىقى ۋە قانلىق ئىچ سۈرۈشكە داۋا بولىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** ئالتە گىرامغىچە.

**ئورۇنباسارى:** رەيھان.

## بامىيە

(بامىيە مېۋىسى)

ئىبنى بەيتارنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ بىر خىل ئۆسۈملۈكنىڭ مېۋىسى بولۇپ، مىسىردا بولىدىكەن. رەڭگى قارا، قاتتىق، كۆرۈنىشى يۈرچىقى چوڭلۇقىدا، تەمى تاتلىق، ئازراق شىلىمشىق بولۇپ، بەش بۇرجەكلىك غىلاپ ئىچىدە بولىدىكەن. ئۇرۇقىنىڭ ھەر ئىككى تەرىپى ئازراق ئىنچىكە بولۇپ، ئۈستىدە خۇددى گاۋزىباننىڭ تۈكچىلىرىدەك تۈكچىلىرى

بولىدىكەن، شۇنداقلا ئۇنىڭ ئۇسۇملۇكىمۇ شۇنداق تۈكلۈك بولىدىكەن. ئۇسۇملۇكى ئاق لەيلى ئۇسۇملۇكى چوڭلۇقىدا بولۇپ، ئازراق قىزىل بولىدىكەن. يوپۇرمىقى تاۋۇز يوپۇرمىقىغا ئوخشايدىغان بولۇپ، دەسلەپتە بىر ساپاقتا ئۈچ دانە يوپۇرماق ئۈسۈپ چىقىدىكەن. گۈلىنىڭ شەكلى ۋە چوڭ ـ كىچىكلىكى چوڭ ئەبۇ مالىك دەرىخىنىڭ گۈلىگە ئوخشايدىكەن.

مىسىر خەلقى ئۇنىڭ مېۋىسى خام ۋە يۇمشاق ۋاقتىدا غىلاپى بىلەن بىرلىكتە گۆش بىلەن پىشۇرۇپ يەيدۇ. قاتقاندىن كېيىن سوقۇپ ئۇن قىلىپ يەيدۇ. بۇ ئۇسۇملۇك باغدات ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى رايونلاردىمۇ بولىدۇ، ئۇ يەرلەردىكى خەلقلەرمۇ ئۇنى يەيدۇ.

**تەبىئىتى:** هۆل سوغۇق، ئۇنىڭ هۆللۈكى باشقا كۆكتاتلارنىڭ هۆللۈكىدىن ئارتۇقراق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ئوزۇقلۇقى ئاز بولۇپ، ئۇنىڭدىن ناچار قان هاسىل بولىدۇ. بەزىلەر ئۇنى ئىسسىق مىزاجلىق كىشىلەرگە مۇۋاپىق كېلىدۇ، دەيدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** ئۇنى ئابكامە، ناهايىتى ئىسسىق تەبىئەتلىك دورا ـ دەرمەكلەر بىلەن پىشۇرۇپ يېيىشتۇر.

بېنگالدا ئۇنىڭغا ئوخشاپ قالىدىغان بىر خىل مېۋە بار بولۇپ، كۆپىنچىسى تۆت قىرلىق، بەزىسى بەش قىرلىق، ناهايىتى لوئابلىق بولىدۇ. ئۇ يەرلەردە ئۇ «ۋىلايەتىي پەلۇل» دەپ ئاتىلىدۇ. هىندىستاندا «بەندى» دېيىلىدۇ. ئۇنىڭ ئۇسۇملۇكىنىڭ ھەممە قىسمى ئاق لەيلى ئۇسۇملۇكىگە ئوخشايدۇ. شاخلىرىنىڭ ئۇچلىرى ئازراق قىزىل بولىدۇ، يوپۇرماقلىرىمۇ ئاق لەيلى ۋە ئىنەكپىتى يوپۇرمىقىغا ئوخشايدۇ. گۈلىنىڭ شەكلى ۋە رەڭگى كېۋەز گۈلىگە ئوخشايدۇ. مېۋىسى خام ۋاقتىدا گۆش بىلەن پىشۇرۇپ ئىستېمال قىلىنىدۇ. گۆشسىز ئىستېمال قىلىنىشىمۇ مەززىلىك بولىدۇ، مەنىي كۆپەيتىدۇ، باھنى قۇۋۋەتلەيدۇ.

## پەسىل: «ب» (بائ) ۋە «ب» (بائ) هەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى

### بەبغائ
(تۇتى قۇش)

هىندىستاندا بولىدىغان بىر خىل قۇش بولۇپ، پارسچە «تۇتى»، هىندىچە «تۇتا» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماهىيىتى:** ئۇ يېشىل رەڭلىك قۇش بولۇپ، بىر قانچە خىل بولىدۇ. ئۈچ خىلى چوڭ، ئىككى خىلى كىچىك بولىدۇ.

ئۇنىڭ چوڭىنىڭ بىرى بېنگالدا «مەدنە» دەپ ئاتىلىدۇ، ئۇنىڭ تۇمشۇقى، قۇلىقىنىڭ ئاستى ۋە بوينى قىزىل بولىدۇ. بەدىنىنىڭ قالغان يېرى كۆك بولىدۇ. بوينىدا قارا رەڭلىك چەمبەر بولۇپ، ناھايىتى ياراشقان بولىدۇ. گەپ ئۆگەتسە سۆزلەيدىغان بولىدۇ. ئۇنىڭ چوڭىنىڭ يەنە بىرى «چەندىنە» دەپ ئاتىلىدىغان بولۇپ، تۇمشۇقى قىزىل، قۇلىقىنىڭ ئاستى كاسىنە گۈلى رەڭگىدە بولىدۇ. ئۇنىڭ بوينىدىمۇ قارا رەڭلىك چەمبەر باردۇر. قاناتلىرى قېنىق يېشىل، قۇيرۇقى پىستەرەڭ سېرىق بولۇپ، ھەممىسىنىڭ قۇيرۇقىدىن ئۇزۇندۇر. ئۆگەتسە سۆزلىيەلەيدىغان بولىدۇ. ئۇنىڭ چوڭىنىڭ ئۈچىنچى خىلى «كەجلە» دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇنىڭ تۇمشۇقى ۋە بېشى قارا بولىدۇ. گەپ ئۆگىتىش بىلەن سۆزلىيەلەيدىغان بولىدۇ. ئۇنىڭ تېنى «مەدنە» دەپ ئاتالغىنىغا قارىغاندا سەل ئىنچىكىرەك بولىدۇ.

ئۇنىڭ كىچىكىنىڭ يەنە بىر تۈرى بار بولۇپ، «فەرىيدىي» دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇ يەنە ئىككى خىل بولىدۇ. بىرىنىڭ بېشى بىنەپشە رەڭ، تۇمشۇقى سېرىق، بەدىنىنىڭ قالغان قىسىملىرى پىستەرەڭ بولىدۇ. يەنە بىرىنىڭ تۇمشۇقى سېرىق، بەدىنىنىڭ قالغان قىسىملىرى پىستە رەڭ بولىدۇ. مەزكۇر ھەر ئىككى تۈرىنىڭ جۈغى كىچىك بولۇپ، ناھايىتى چىرايلىق بولىدۇ. بىرىنچى تۈرىنىڭ بەزىلىرى ئۆگىتىش بىلەن سۆزلەيدۇ. ئەمما سۆز ئۆگىنىشى چوڭ تۈرىگە قارىغاندا تەسرەك بولۇپ ئىسقىرتىپ سۆزلەيدۇ. ئۇ قەپەستە كېچىلىرى ئېسىلىپ تۇرۇپ ئۇخلايدۇ. ئۇنىڭ يەنە بىر تۈرىمۇ بار بولۇپ، يۇقىرىدىكىسىدىن كىچىكرەك بولىدۇ. ئۇ «تۇتىيە» دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇنىڭ بېشىمۇ بىنەپشەرەڭ، تۇمشۇقى ۋە باشقا يەرلىرى پىستەرەڭ بولىدۇ. سۆزلىيەلەيدۇ. ئۇنىڭ سۆزلىشىمۇ ئىسقىرتىش ۋە باشقا ھالەتلەردە بولىدۇ. ئۇ قاغا، خورازغا ئوخشاش جانىۋارلارنىڭ ئاۋازلىرىنى دورايدۇ. ئەمما دوراش ئىقتىدارى چوڭ تۇتى ۋە ئۇنىڭ باشقا تۈرلىرىگە قارىغاندا ئاجىزراق بولىدۇ.

تۇتىلارنىڭ ھەممە تۈرلىرىنىڭ تۇمشۇقى ئەگمە ھالەتتە بولىدۇ، ھەممىسى نەرسىلەرنى چاڭگىلىدا تۇتىدۇ. ھىندىستان خەلقى ئۇلارنىڭ ئاۋازىنى سۇزۇلدۇرۇش ئۈچۈن ئۇلارغا تەنبۇل دەرىخىنىڭ خولىنجاندىن ئىبارەت يىلتىزى، قەرەنپىل، بېنگال پان دەرىخىنىڭ يوپۇرماق ساپىقى، قىزىلمۇچ، ھىندىستاندا ئۆسىدىغان بەنگىرە ئۆسۈملۈكى قاتارلىقلارنى يېگۈزىدۇ. ئۇلارنىڭ ھەممىسى تېرىق، سۈت ۋە ھىندىستاندا «كىيلە» دەپ ئاتىلىدىغان بانان ۋە باشقا دانلارنى ئوزۇقلۇق قىلىدۇ.

ھەكىم مىر مۇھەممەد مۆمىنىنىڭ «تۆھپەتۇل مۆئمىنىين» (مۆمىنلەرگە ھەدىيە) دېگەن كىتابىدا يازغان ‹‹تۇتى قۇشقا لاجۇۋەرد، پىستە ۋە زاراڭزا ئۇرۇقى يېگۈزۈلسە گەپنى تېز ئۆگىنىدىغان ۋە تېز سۆزلەيدىغان بولىدۇ››، دېگەن گەپ بېنگالدا ئاڭلانمىدى، ئېھتىمال ئىران ۋە باشقا جايلاردا شۇنداق بولۇشى مۇمكىن.

تەبىئىتى: ئىككىنچى دەرىجىدە ئىسسىق، بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇق، مۇشتەرى يۇلتۇزىغا مەنسۇپتۇر.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ئۇنىڭ گۆشى ناھايىتى تەستە ھەزىم بولىدۇ. كۆڭۈلنى خۇرسەن قىلىدۇ. كونا يارىلارنى پۇتتۇرىدۇ. ئۇنىڭ گۆشىنى زىمات قىلىپ سۆگەللەرنى چۈشۈرىدۇ. ئۇنىڭ يۈرىكى بىلەن تىلىنى كىچىك بالىلارغا يېگۈزسە تىلى پىششىق، تېز چىقىدۇ، كېكەچلىكى ئوڭشىلىدۇ. ئۇنىڭ مايىقى داغ ۋە باشقا ئىزلارنى يوقىتىدۇ. رەڭگىرويىنى چىرايلىقلاشتۇرىدۇ. ئۇنىڭ قېنى كۆزگە چۈشكەن ئاقنى يوقىتىدۇ.

## بەبەر
(ھىندىستان شىرى)

ئۇ ھىندىستاندا بولىدىغان بىر خىل شىر بولۇپ، بارلىق تەسىرلىرى ئادەتتىكى شىرنىڭ تەسىرىدىن كۈچلۈكرەك بولىدۇ.

## پەپىتە
(پەپتە ئۇرۇقى)

ئۇ بىر خىل مېۋىنىڭ ئۇرۇقىدىن ئىبارەت. ئۇنىڭ مېۋىسى نارەنجى ۋە ئانار چوڭلۇقىدا، قارىغا مايىل ياڭاق شاكىلى رەڭ بولىدۇ. ئىچىدە رەڭگى ناھايىتى قارا، قاتتىق، شەكلى ئۈچ بۇرجەك بولغان ئۇرۇقى بولىدۇ. تەتقىق قىلىنىشىچە، ئۇنىڭ مېۋىسى ئۆرۈك چوڭلۇقىدا بولۇپ، ئۆرۈكنىڭ شەكلىگە ئوخشايدىكەن، ھەربىر مېۋىنىڭ ئىچىدىن ئۈچ بۇرجەك شەكىللىك ئۈچ دانە ئۇرۇق چىقىدىكەن. ئۇرۇقى ناھايىتى ئاچچىق بولىدىكەن، بەلكى مەزكۇر مېۋىنىڭ پوستى، گۆشى ۋە ئۇرۇقىدىن ئىبارەت ھەممە قىسىملىرى ئاچچىق بولىدۇ. ئۇرۇقىنىڭ مېغىزى يېڭى ۋاقتىدا ئاق بولىدۇ، كونىرىغانسېرى سەندەل رەڭگە، ئاخىرىدا قارا رەڭگە كىرىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئۈچىنچى دەرىجىنىڭ ئاخىرىدا ياكى تۆتىنچى دەرىجىنىڭ بېشىدا قۇرۇق ئىسسىقتۇر.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** زەھەر قايتۇرۇش تەسىرى باردۇر. ئۇنىڭدىن مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ ئىستېمال قىلسا، قۇسۇش بىلەن بىرگە كەلگەن بەلغەم ۋە سوغۇقتىن بولغان خولېراغا پايدا قىلىدۇ. ئۇنىڭدىن بىر ياكى ئىككى دان چوڭلۇقىدا ئېلىپ، يالغۇز ياكى باشقا مۇناسىپ دورىلار بىلەن بىرلىكتە ياكى 2~3 دانە ئاقمۇچ ياكى گۇلاب ياكى سۇ بىلەن ئىستېمال قىلسا زىققە، بەلغەمدىن ۋە سوغۇقتىن بولغان ئىستىسقا، بوغۇم ئاغرىقلىرى، سوغۇق يەلدىن پەيدا بولغان ئاغرىقلار، بەلغەمدىن بولغان بوۋاسىر، بوغۇم ئاغرىقلىرى قاتارلىقلارغا شىپا بولىدۇ. ئومۇمەن، ئۇ بەلغەمدىن بولغان كېسەللىكلەرنىڭ كۆپ قىسمىغا

داۋا بولىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** ئىسسىقتىن بولغان كېسەللىكلەر ۋە مىزاجى ئىسسىق كىشىلەرگە زىيان قىلىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** بىر دان چوڭلۇقىدىن ئىككى دان چوڭلۇقىغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

**ئورۇنباسارى:** كونا نارجىل دەريائى، كىرپە پادىزەھىرى.

ئۇنىڭ پوستىغا سۇ ئېلىپ ئىچسىمۇ يۇقىرىدىكى كېسەللىكلەرگە داۋا بولىدۇ. ئەمما سۇ پوستىدا تاكى ئاچچىق بولغۇچە تۇرغۇزۇلۇشى لازىم.

## پەپىيەھ

(پەپىھە مېۋىسى)

بۇ ھىندىچە سۆزدۇر.

**ماھىيىتى:** ئۇ ھىندىستاندا، بولۇپمۇ بېنگالدا كۆپ بولىدىغان بىر خىل دەرەخنىڭ مېۋىسىدۇر. ئۇنىڭ دەرىخى ئۈچ ئادەم بويى ئېگىزلىكىدە ئۆسىدۇ، ياغىچىنىڭ ئىچى يۇمشاق، ھۆللۈكى كۆپ بولىدۇ. كۆپ ھاللاردا شاخلىماي بىر تال غول بىلەن ئۆسىدۇ، غولىنىڭ ئۈچىدىن قىسقا شاخلىرى ئۆسۈپ چىقىدۇ. ئۇنىڭ يوپۇرمىقى بىدەنجىر يوپۇرمىقىغا ئوخشاش بولۇپ، ئۇنىڭدىن يۇمشاقراق ۋە چوڭراق بولىدۇ. مېۋىسى شاخلىرىغا يېقىن يەردە ئۆسىدىغان بولۇپ، چوڭ - كىچىكلىكى جەھەتتە نارجىلغا ئوخشايدۇ، سىرتىدا نارجىلغا ئوخشاش قاتتىق پوستى بولىدۇ. ئومۇمەن ئۇ نارجىلغا ئوخشايدۇ. مېۋىسى يىل بويى دەرەخ ئۈستىدە تۇرىدۇ. قىش پەسلىدە پىشىدۇ. خام ۋاقتىدا كۆك بولىدۇ، ئېتى ئاق بولۇپ، كۆپ سۈتلۈك بولىدۇ. پىشقاندىن كېيىن پوستى سارغىيىدۇ، ئېتى قىزىل، ئازراق تاتلىق بولىدۇ. سۈتى كەملەيدۇ. ئۇنىڭ ئىچىدىكى ئېتىنىڭ ئۈستىدە پەردىلىرى بولىدۇ. ئىچىدىن ناھايىتى كىچىك، يۇمىلاقراق، مۇرچ چوڭلۇقىدا كۆپ ئۇرۇق چىقىدۇ. ئۇرۇقىنىڭ ئۈستىدىكى پەردىسىگە چاپلاشقان ئىنچىكە، ئاق يىپچىلىرى بولىدۇ. ئازراق سېسىق پۇرايدۇ.

ئۇنىڭ ئېتىنى، ئاز مىقداردىكى سۈتىنى، ھۆل زەنجىۋىل سۈيى بىلەن بىرلىكتە گۆشكە سېلىپ پىشۇرسا ياكى كاۋاپ قىلسا تېز سۇرئەتتە شىلىنىپ پىشىدۇ. ھەتتا كالا گۆشى بولغان تەقدىردىمۇ تېز پىشىدۇ. شۇنىڭدەك ئۇنىڭ پوستىدىن مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ گۆش بىلەن پىشۇرسىمۇ گۆشنى تېز پىشۇرىدۇ.

چالا پىشقان مېۋىسىنى سۇ بىلەن قاينىتىپ پىشۇرۇپ، ئۈستىگە مۇۋاپىق مىقداردا تاتلىق نەرسە قوشۇپ سۈيىدىن ئايرىپ ياغ بىلەن قورۇپ، ئۈستىگە ئاز مىقداردا زەپەر ۋە گۈلاب بىلەن سالايە قىلىنغان ئىپار قوشۇپ خۇش پۇراقلاشتۇرۇپ ئىستېمال قىلسا تەملىك بولىدۇ. ئۇنىڭ چوڭ، تولۇق پىشقان، قېلىن، تاتلىق، سۇلۇق ۋە سېسىق پۇراقسىز بولغىنى

ياخشىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

**تەبئىتى:** ھۆل سوغۇق، سوغۇقلۇقى ئىككىنچى دەرىجىنىڭ ئاخىرىغىچىدۇر.

**خۇسۇسىيتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ئۇ قان تۈكۈرۈش، ئىسسىقتىن بولغان بوۋاسىر، سۈيدۈك يولى يارىسى، يۆرەك، ئاشقازان ۋە جىگەر ئىششىقلىرىغا پايدا قىلىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** تەستە ھەزىم بولىدۇ، بەلغەم ۋە بەلغەملىك قان، يەل پەيدا قىلىدۇ، قورساقنى غولدۇرلىتىدۇ، سوغۇق مىزاجلىق كىشىلەرگە زىيان قىلىدۇ. بەدەندە بەلغەم ۋە ھۆللۈكلەر يىغىلىپ قالغاندا ئىستېمال قىلسا زىيان قىلىدۇ. بەلغەمدىن بولىدىغان تەپلەرنى پەيدا قىلىدۇ، كۆزگە سۇ چۈشكە سەۋەب بولىدۇ. ئۇنىڭ سۈتىنى كالا تەمرەتكىسىگە ئىككى ـ ئۈچ قېتىم سۈركىسە، شىلىمشىق زەرداب سۈنى، باشقا ھۆللۈكلەرنى سۈرۈپ چىقىرىش ۋە ئازراق قىچىشتۇرۇش بىلەن ساقايتىدۇ، سىناقتىن ئۆتكەندۇر.

## پەسىل: «ب» (بائ) ۋە «خ» (خۇۋائ) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى

### بەخۇرۇل ئەكراد
(كوردلار ئىسرىقى)

ئۇ ئەندەلۇس تىلىدا «بەربەتۇرە»، سۇريانچە «ئەندراسيۇن» دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇنىڭ كوردلار ئىسرىقى دەپ ئاتىلىشى كوردلارنىڭ ئۇنى ئۆز يۇرتلىرىدا ئىسرىقلارغا كۆپ قوشىدىغانلىقى ئۈچۈندۇر.

**ماھىيتى:** ئۇ بىر خىل ئۆسۈملۈك بولۇپ، غولى ئارپىبەدىيان غولىغا ئوخشايدۇ. گۈلى سېرىق، يوپۇرمىقى نەيچىسىمان بولىدۇ. ئۇنىڭ باشقى يىلتىزىنىڭ ئەتراپىدىكى يەرگە يېقىن يەردىن ئۆسۈپ چىقىدۇ. ئۇنىڭ يىلتىزى قارا، توم، قاتتىق بولۇپ پۇرايدۇ، سۈيۈقلۇق بىلەن توشقان بولىدۇ. بۇ ئۆسۈملۈك دەرەخلىك تاغلاردا ئۆسىدۇ. غولىدىن قىزىل رەڭلىك، ئۆتكۈر پۇراقلىق يېلىم ئېقىپ چىقىدۇ، تىلغا تەگكۈزسە تىلنى چاقىدۇ. ئۆسۈملۈكنى ئۈستىدە كۈندۈرغا ئوخشاش قېتىپ قالىدۇ. ئۇنىڭ سۈتىمۇ ئېلىنىدۇ. ئۇسۇلى شۇكى، ئۇنىڭ غولىغا تىغ ئۇرۇپ، ئېقىپ چىققان سۈتىنى ئېھتىيات بىلەن يىغىۋېلىپ سايىدا قۇرۇتۇلىدۇ. چۈنكى ئاپتاپتا قۇرۇتۇلسا قۇۋۋىتى ئاجىزلاپ قالىدۇ. ئۇنىڭ سۈتى ئېلىنسا يىلتىزىنىڭ قۇۋۋىتى ئاجىزلاپ قالىدۇ، شۇنىڭدەك ئۇنىڭ يىلتىزىنى قۇرۇتسىمۇ قۇۋۋىتى ئاجىزلاپ قالىدۇ. ئۇنىڭ ئۇسارىسىمۇ ئېلىنىدۇ. ئۇسۇلى شۇكى، ئۇنىڭ ھۆل يىلتىزىنى سوقۇپ

سۇيىنى سىقىپ چىقىرىپ قۇرۇتۇلىدۇ. ئۇنىڭ ئۇسارىسىنىڭ قۇۋۋىتى سۇتىنىڭ قۇۋۋىتىدىن ئاجىزراق، سۇتىنىڭ قۇۋۋىتى يىلىمىنىڭ قۇۋۋىتىدىن ئاجىزراق بولىدۇ. ئۇنىڭ سۇتى كۆپرەك ئىشلىتىلىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇنىڭ سۇتىنى ئالماقچى بولغاندا بۇرۇن، يۈز، دىماق قاتارلىق ئورۇنلارنى گۈل يېغى بىلەن مايلىغاندىن كېيىن ئېلىش لازىم ئىكەن. بولمىسا باشنى ئاغرىتىدىكەن، كۆزنى قاراڭغۇلاشتۇرىدىكەن.

**تەبىئىتى:** ئۆزى ئۈچىنچى دەرىجىنىڭ ئاخىرىدا، ئۇسارىسى ئۈچىنچى دەرىجىنىڭ ئاۋۋىلىدا، يىلتىزى ئىككىنچى دەرىجىنىڭ ئاخىرىدا، ئۆسۈملۈكى ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىقتۇر.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** توسالغۇلارنى ئاچقۇچى، كېرەكسىز ماددىلارنى ھەيدەپ چىقارغۇچى، ئەزالاردىكى تاشلارنى پارچىلاپ چۈشۈرگۈچى، ھامىلە چۈشۈرگۈچىدۇر. ئۇنىڭ يىلىمىنى ئىستېمال قىلسا، پالەچ، بەلغەمدىن بولغان باش ئاغرىقى، بەلغەمدىن بولغان مېڭە پەردىسى ياللۇغى، تىتانۇسقا ئوخشاش سوغۇقتىن بولغان پەي - نېرۋا كېسەللىكلىرى، يۆتەلگە ئوخشاش ئۆپكە، كۆكرەك كېسەللىكلىرى ۋە تالنىڭ قاتتىق ئىششىقىغا پايدا قىلىدۇ. ئۇنىڭ ئۆسۈملۈكىدىن ئاققان سۇيۇقلۇقىدىن 2.5 گىرام ئېلىپ ئوت ئۈستىدە قويۇپ، پۈرىقى بۇرۇنغا سۈمۈرۈلسە، مېڭىنىڭ سوغۇقتىن بولغان كېسەللىكلىرى، بىخۇد ئۇخلاش، زۇكام سەۋەبىدىن بۇرۇن پۈتۈشكە پايدا قىلىدۇ، مېڭىنىڭ ھۆللۈكلىرىنى قۇرۇتىدۇ، نەزلە سۇيۇقلۇقلىرىنى يوقىتىدۇ. ھاۋانىڭ بۇلغىنىشى، بولۇپمۇ ھايۋاناتنىڭ تاپلىرى ۋە ئۇرۇشقا ئوخشاش سەۋەبلەردىن كۆمۈلمىگەن ئادەم جەسەتلىرىدىن چىققان پۇراقلار سەۋەبىدىن بۇزۇلغان ھاۋانىڭ زەرەرىنى يوقىتىدۇ. ئۇ زىيانداش ھاشاراتنى قاچۇرىدۇ. قۇرت يېگەن چىشقا قويسا ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ. كۆپ ھاللاردا ئۇنى ئۇۋاپ قۇرت يېگەن چىشقا سىلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئېرىتىلگەن يىلىمى، شۇنداقلا گۈل يېغى ئارىلاشتۇرۇلغان سۇتىنى قۇلاققا تېمىتسا قۇلاق ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ، قۇلاقنىڭ توسالغۇلىرىنى ئاچىدۇ. قۇلاق ئېغىرلىقىنى ياخشىلايدۇ. ئۇنى سىركە ۋە گۈل يېغى بىلەن زىمات قىلسا، بەلغەمدىن بولغان مېڭە پەردە ياللۇغى، تىتانۇس، كۆز ئالدى قاراڭغۇلىشىش، كونا باش ئاغرىقى، پالەچ، ئولتۇرغۇچ نېرۋا ئاغرىقىغا شىپا بولىدۇ. سىركە بىلەن مەلھەم قىلىپ سۈركىسە، تال ئىششىقىنى تارقىتىدۇ، شۇنداقلا سىركە بىلەن ئىچسىمۇ شۇ تەسىرنى بېرىدۇ. ئۇنى سىركە ۋە زەيتۇن يېغى بىلەن مەلھەم قىلىپ ئىشلەتسە پەي - نېرۋىلارنى بوشىتىدۇ. ئۇنى ئۇستىخانغا چاپسا ئۇستىخاننى قاسىراقلاشتۇرىدۇ. بەزىدە ئۇنى ئېرىتىش ئۈچۈن ئىچىگە ئىسسىق نان قويۇپ يۇمشىتىلىدۇ. يەنە بەزىدە تۈرلۈك مەقسەتلەردە ئۇنىڭغا ئاچچىق بادام مېغىزى ۋە سۇزاپقا ئوخشاش مۇناسىپ دورىلار مەقسەت قىلىنغان خىلىتلارنى يۇمشىتىش، سۇيدۇك ھەيدەش، تارقىتىش، توسالغۇلارنى ئېچىش ياكى ئېرىتىش ئارقىلىق چىقىرالىغۇدەك

مىقداردا قوشۇلىدۇ. ئۇنىڭ سۇتىنى ئىستېمال قىلسا سۈيدۈك تۇتۇلۇش ۋە قورساق ئاغرىقىغا پايدا قىلىدۇ، يەل تارقىتىدۇ، چوڭ تەرەتنى بوشىتىدۇ، دوۋسۇن ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ. ئۇنىڭ يىلتىزىمۇ چوڭ تەرەتنى بوشىتىدۇ، سىيىش قىيىنلىشىش، قورساق ئاغرىقى، دوۋسۇن ئاغرىقىغا پايدا قىلىدۇ، يەل تارقىتىدۇ. ئۇنى سوقۇپ سەپمە تەييارلاپ سەپسە، مىزاجىنىڭ ھۆللۈكتىن بۇزۇلۇشىدىن بولغان ساقىيىشى قىيىن يارىلارنىڭ ھۆللۈكىنى قۇرۇتۇپ ساقايتىدۇ. يارىلارنىڭ سېسىق يۇرىقى، بالىياتقۇدىن بەتبۇي يۇراق كېلىش، قولتۇق پۇراشلارنى يوقىتىدۇ. ئۇنىڭ ئىسى تۇغۇش ئالدىدا تۇرۇۋاتقان ئايالنىڭ بۇرنىغا پۇرىتىلسا تۇغۇتنى ئاسانلاشتۇرىدۇ. ئۇنىڭدىن ئىككى مىللىگىرام ئېلىپ ھەمەلچە قىلسا تىرىك ھامىلىنى چۈشۈرىدۇ. ئۇنى كۆيدۈرۈپ زەيتۇن يېغى ياكى كالا يېغى بىلەن مەلھەم قىلىپ، ھۆل يارىلار ۋە باشتىكى يىرىڭلىق يارىلارغا سۈركىسە قۇرۇتۇپ ساقىيىشىنى تېزلەشتۈرىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** ئاجىز مېڭىگە زىيان قىلىدۇ، ئىسسىق مىزاجلىق كىشىلەرنىڭ كۆڭلىنى ئېلەشتۈرىدۇ. ئۇنىڭ پۇرىقىدىن ئېھتىيات قىلىش لازىم.

**تۈزەتكۈچىسى:** نېلۇپەر، يەنى ئۇنى يالغۇز ئىشلەتمەسلىك لازىم.

**ئىستېمال مىقدارى:** ئۇنىڭ يېلىمى ۋە ئۇسارىسىدىن بەش گىرام، ئۇرىدىن 10 گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

**ئورۇنباسارى:** ھەببۇلغار.

## بەخۇرۇس سۇدان

(سۇدان ئىسرىقى، بىنەپشە گۈللۈك كۆكمارال)

ئۇ بىر خىل ئۇسۇملۇك بولۇپ، بىر غېرىچ ئېگىزلىكتە ئۆسىدۇ. شاخلىرى گىرەلىشىپ ئۆسىدۇ. رەڭگى لاجۇۋەرد رەڭگە مايىل بولىدۇ. گۈلى ئاق ئېچىلىدۇ، شىلىمشىق سۇيۇقلۇقى بار بولۇپ، قولغا چاپلىشىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** قورساق ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ، قويۇق يەللەرنى تارقىتىدۇ، تۇسالغۇلارنى ئاچىدۇ. ئۇلتۇرغۇچ نېرۋا ئاغرىقىغا داۋا بولىدىغان بولۇپ، سىناقتىن ئۆتكەندۇر. قاينىتىلمىسىنى زەيتۇن يېغى بىلەن مەلھەم قىلسا قاتتىق ئىششىقلار، بەلغەم ۋە سەۋدادىن بولغان ئىششىقلارنى تارقىتىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** ئۆچەينى زەخمىلەيدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** ئەرەب يېلىمى.

**ئىستېمال مىقدارى:** بەش گىرامغىچە.

# بەخۇرى مەريەم
(مەريەم ئىسرىقى)

ئافرىقا تىلىدا «بەھرۇل مەشائىخ» (قىرىلار دېڭىزى) دەپ، شامدا «بولىندىست» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيتى:** بىر خىل ئۆسۈملۈك بولۇپ، يوپۇرمىقى چوڭ يۆگىمەچىئوت يوپۇرمىقىغا ئوخشايدۇ. يوپۇرمىقىنىڭ يۈزى يېشىل، كەينى تەرىپى ئاقۇچ مايىل، تۈكلۈك بولىدۇ. غولى تۆت بارماق ئۇزۇنلۇقىدا، گۈلى قىزىلگۈلگە ئوخشاش بولىدۇ. بەزىلىرىنىڭ گۈلى كۆكمۇ بولىدۇ. ئۇنىڭ يىلتىزى چامغۇرغا ئوخشايدۇ، ئۇنىڭدىن كەڭرەك، قارا بولىدۇ. ئۇ يەنە «شەجەرى مەريەم» (مەريەم دەرىخى) دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بۇ ئۆسۈملۈك سايە ۋە نەم يەرلەردە ئۆسىدۇ. ئۇنىڭ يىلتىزى ئىشلىتىلىدۇ. ئۇساريسىنىڭ تەسىرى يىلتىزىنىڭ تەسىرىدىن كۈچلۈكرەك بولىدۇ. بەزىلەر ئۇنى ئەرتەنىسا ئۆسۈملۈكىنىڭ بىر تۈرى دەپ قارايدۇ. ئەمما ئۇنداق ئەمەستۇر، چۈنكى ئەرتەنىسا ئۆسۈملۈكى تىكەنلىك، شاخلىق، غولى مەريەم ئىسرىقىدىن ئۇزۇنراق، يوپۇرمىقى كاللەكبەسەي يوپۇرمىقىغا ئوخشاش بولىدۇ. شىخى مەريەم ئىسرىقىنىڭ شىخىغا ئوخشايدۇ، قارا بولىدۇ. ئەمما بۇنىڭدا بۇخۇرى مەريەم ئۆسۈملۈكىنىڭ ئەكسىچە بوغۇملار بولىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئۈچىنچى دەرىجىنىڭ بېشىدا ئىسسىق، ئاخىرىدا قۇرۇقتۇر.

**خۇسۇسىيتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** توسالغۇلارنى ئاچقۇچى، ماددىلارنى تارقاتقۇچى، تارتقۇچى، ئۈچۈچانلاشتۇرغۇچى، سۈيدۈك، ھەيز، سۈت ۋە تەرنى ماڭدۇرغۇچى، بالا چۈشۈرگۈچىدۇر. ئۇنىڭدىن 15 گىرام ئېلىپ، ئانار سۈيى ۋە ئۇنىڭ تۇزەتكۈچىسى بولغان كەتىرا بىلەن ئىستېمال قىلسا يەرقانغا پايدا قىلىدۇ، جىگەر توسالغۇلىرىنى ئاچىدۇ، ئۇنىڭدىكى كېرەكسىز ماددىلارنى تازىلايدۇ، بەدەننىڭ چوڭقۇر قىسمى ۋە ئۇنىڭ كاناللىرىدىكى سەپرانى تازىلايدۇ. ئۇنى ھەسەل بىلەن ئىستېمال قىلسا تەسىرى كۈچلۈكرەك بولىدۇ، ئەمما بۇ چاغدا ئۇنىڭ ئىستېمال مىقدارىنى 10 گىرامدىن ئاشۇرۇۋەتمەسلىك لازىم. ئۇ يەنە كاناي ئىششىقىغا پايدا قىلىدۇ. شاراب بىلەن ئىستېمال قىلسا ئۆلتۈرگۈچى دورىلارنىڭ زەھىرىنى يوقىتىدۇ. شاراب بىلەن ئىچسە مەستلىكنى كۈچەيتىدۇ. مائۇلھەسەل بىلەن ئىستېمال قىلسا بەلغەم ۋە قويۇق خىلىتنى سۈرىدۇ، ئۈچەيدە قېتىپ قالغان تەرەتنى ماڭدۇرىدۇ، بەدەندىن چىقىشى تەس بولغان خىلىتلارنى چىقىرىدۇ. ئۇنى زىمات قىلسا ئۆلتۈرگۈچى دورىلارنىڭ تەرياقى بولىدىغان بولۇپ، زەھەرنى كۈچلۈك تارتىدۇ. ئۇنىڭ سۈيىنى سىركە بىلەن سۈركىسە، دائىرىلىك چاچ چۈشۈش، نۇقرەس، پەيلەرنىڭ تولغىشىپ قېلىشى، مەقئەت چىقىپ قېلىش، يۈزگە داغ چۈشۈش قاتارلىقلارغا داۋا بولىدۇ. كونا زەيتۇن يېغى بىلەن

مەلھەم قىلىپ سۈركىسە سوغۇقنىڭ تەسىرىدىن پەيدا بولغان يېرىقنى ساقايتىدۇ. تارقاتقۇچى دورىلار بىلەن مەلھەم قىلىپ سۈركىسە، چاشقان يارىسى ۋە باشقا قاتتىق ئىششىقلارنى تارقىتىدۇ. ئۇنى ھەسەل بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ كۆزگە سۈركىسە كۆزگە چۈشكەن سۇنى يوقىتىدۇ. ئەمما ئۇ ئۆتكۈر بولغانلىقى ئۈچۈن كۆزگە يالغۇز تارتىلمايدۇ، بەلكى نىشاستە ئارىلاشتۇرۇپ ئۆتكۈرلۈكى پەسەيتىلگەندىن كېيىن تارتىلىدۇ. ئۇنىڭ سۈيىنى بۇرۇنغا تېمىتسا تارتىش كۈچى بىلەن مېڭىنى تەنقىيە قىلىدۇ. ئۇنىڭ قاينىتىلمىسىنى باشقا قۇيسا باشتىكى يارىلارنى ساقايتىدۇ، يۈزنى يۇسا سوغۇقتىن پەيدا بولغان يېرىقنى ساقايتىدۇ. ئۇنىڭ قۇرۇق تالقىنىنى يۈزگە سۈركىسە، تېرىدىكى داغ ۋە باشقا ئىزلارنى يوقىتىدۇ، دائىرىلىك چاچ چۈشۈشكە پايدا قىلىدۇ. ئۇنىڭ قاينىتىلمىسى بىلەن ئىسسىق ئۆتكۈزسە نۇقرەس، پەيلەرنىڭ تولغىشىپ كېتىشىگە پايدا قىلىدۇ. بىر پارچە يۇڭ رەختنى ئۇنىڭ سۈيى بىلەن نەمدەپ ھەمەل قىلسا تەرەتنى كۈچلۈك ماڭدۇرىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن پەرزىجە قىلسا ھامىلە چۈشۈرىدۇ. ئۇنى ھامىلىدار ئايالغا ئىسىپ قويسا تۇغۇتنى ئاسانلاشتۇرىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** ئىسسىق مىزاجلىقلارنىڭ مەقئەتىگە زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** كەتىرا، ئانار سۈيى.

**ئىستېمال مىقدارى:** ئۇسارىسىدىن 1.5 گىرام، يىلتىزىنىڭ ئۆزىدىن 15 گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

ئۇنىڭ خاسىيەتلىرىدىن شۇلار باركى، قورساققا سۈركىسە ئىچنى سۈرىدۇ، بالىياتقۇغا تەكرار سۈركىسە ھامىلە چۈشۈرىدۇ. ئۇنىڭ ھۆل ئۆسۈملۈكى تالنىڭ قاتتىق ئىششىقنى ياندۇرۇشتا تەڭداشسىز ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئۇرۇقى جۇلا بەرگۈچى بولۇپ، زىمات قىلسا يۈزدىكى داغ ـ سەپكۈنلەرنى يوقىتىدۇ، چاشقان يارىسى، قاتتىق ئىششىق، دائىرىلىك چاچ چۈشۈشلەرگە پايدا قىلىدۇ. ئۇنى كۆزگە سۈركىسە كۆزگە سۇ چۈشۈشكە شىپا بولىدۇ. ئۇنىڭ يىلتىزىنىڭ بۇ تەسىرلىرى كۈچلۈكرەكتۇر.

بوخۇرى مەريەم ئۆسۈملۈكىنىڭ يەنە بىر تۈرىمۇ بار بولۇپ، ئۆسۈملۈكى ھەشقىپېچەك ئۆسۈملۈكىگە ئوخشايدۇ، يوپۇرمىقى ئۇنىڭدىن ئىنچىكىرەك، شاخلىرى بىر غۇلاچ ئۇزۇنلۇقتا، ئىنچىكە بولىدۇ. ئۇرۇقى سېرىقچېچەك ئۇرۇقىغا ئوخشايدۇ. يىلتىزى ھامىلىدارلىقنى چەكلەشتە سىناقتىن ئۆتكەندۇر.

## پۇختەجوش
(پۇختەجوش ئىچىملىكى)

بۇ بىر خىل ئىچىملىك بولۇپ، بىر قانچە خىل دورىنى قاينىتىش ئارقىلىق تەييارلىنىدۇ.

تەييارلىنىشى: ئۇزۇم شىرنىسىنى پاقلان گۆشى بىلەن بىرلىكتە قازانغا تۆكۈپ، قالغان دورىلارنى خالتىغا قاچىلاپ تاشلاپ قاينىتىلىدۇ. گۆش پىشقاندا پىسەپىلىرىنى سۈزۈۋېتىپ قالغان سۈيى ئىچىلىدۇ.

# پەسىل: «ب» (بائ) ۋە «د» (دال) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى

## بەداشقان

(بەداشقان ئوتى)

ئۇ پارسچە «بەد سىگان» دېگەن سۆزنىڭ ئەرەبچىلەشتۈرۈلگىنىدۇر. ئۇ يەنە «بەد كەشان»، «قاتىلى ئەبىيە» (دادىسىنى ئۆلتۈرگۈچى)، «كەففۇل كەلب» (ئىت پەنجى) دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** ئۇ بىر خىل ئۆسۈملۈك بولۇپ، پارسچە «پەزەر» دەپ ئاتىلىدىغان «بەردى» ئۆسۈملۈكىگە ئوخشايدۇ. ئەمما ئۇ ئەمەستۇر. رەڭگى ئالتۇن رەڭ، بەردىيدىن ئىنچىكىرەك، يۇمشاقراق بولىدۇ. قومۇشلۇقلار ۋە سۇ تۇرۇپ قالغان يەرلەردە ئۆسىدۇ. قارا تەنلىكلەر ئۇنىڭدىن بىلەزۈك ياسىشىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بۇ ئۆسۈملۈك ئەزەربەيجاندا كۆپ بولىدىكەن.

**تەبىئىتى:** قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ماددىلارنى ئۇچۇچانلاشتۇرغۇچى، تارقاتقۇچى، سۈيدۈك ھەيدىگۈچىدۇر. بەلغەمدىن بولغان ھۆل سوغۇق كېسەللىكلەرگە پايدا قىلىدۇ.

**ئورۇنباسارى:** گەشت بەر گەشت (يۆگىمەچ گۈللۈك تاغ كۈنجۈتى)، بىر يېرىم ھەسسە دۇرنەج ئەقرەبى، بىر ھەسسە زىرە كېرمانى.

**ئىستېمال مىقدارى:** 3~10 گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

## بەدھەل

(بەدھەل مېۋىسى)

ئۇ ھىندىستاندىن چىقىدىغان بىر خىل مېۋە بولۇپ، «بەرەھل» دېگەن نام بىلەن مەشھۇردۇر.

**ماھىيىتى:** ئۇ ياڭاق دەرىخىگە ئوخشايدىغان بىر خىل چوڭ دەرەخنىڭ مېۋىسىدۇر. بۇ دەرەخنىڭ يوپۇرمىقى چوڭ، كەڭ بولىدۇ. مېۋىسى يۇمىلاقراق بولۇپ، ئۇستىدە ئۆسۈكچىلىرى بار، پوستى تۈكلۈك، سېرىق بولىدۇ. ئۇنىڭ ئىچى ئالتۇن رەڭ سېرىق

بولۇپ، بۆلەكلەرگە بۆلۈنگەن، تەمى ئاچچىق - چۈچۈك، بەزىلىرىنىڭ تاتلىق تەمى چۈچۈمەل تەمىدىن ئارتۇق، بەزىلىرىنىڭ تەمى ئەكسىچە بولىدۇ. بىھىغا ئوخشاش پۇرايدۇ، ئەمما بىھى پۇرىقىنىڭ ئەكسىچە مەلۇم بەتبۇي پۇرىقىمۇ بىرگە بولىدۇ. ئۇنىڭ پوستى بىلەن ئۇرۇقىنى ئايرىۋېتىپ پولۇغا سېلىپ پىشۇرۇپ، لىمون سۈيى ۋە قەنت قوشۇپ ئىستېمال قىلسا لەززەتلىك بولىدۇ. ئۇ بېنگالدا ناھايىتى كۆپ بولىدۇ، بېنگالدىن چىققىنىنىڭ ئۇرۇقى كۆپ بولىدۇ. بەزىلىرىنىڭ ئۇرۇقى ئاز بولۇپ، ناھايىتى سۈپەتلىك بولىدۇ. بەزىلىرىنىڭ ئۇرۇقىنىڭ شەكلى ئۇزۇنچاق بولۇپ، ئۆرۈك ئۇرۇقچىسىغا ئوخشايدۇ. بەزىلىرى سەل ئۈچ بۇرجەك شەكىللىك بولىدۇ. مىغىزى ئاق، چۈچۈمەل بولىدۇ.

**تەبىئىتى:** هۆل سوغۇق، بەزىلەر هۆل ئىسسىقمۇ دېگەن.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** تەستە هەزىم بولىدىغان بولۇپ، قورساقنى ئىسسىلدۇرغۇچى، بەلغەم پەيدا قىلغۇچى، سەپرانى كەسكۈچىدۇر. مىغىزىنى كۆپ ئىستېمال قىلسا هەر خىل تەپ، بولۇپمۇ بەلغەم خاراكتېرلىك تەپ پەيدا قىلىدۇ. بەلغەم مىزاج ئادەملەر ئىستېمال قىلسا بەلغەم خاراكتېرلىك تەپ پەيدا قىلىشى تېخىمۇ كۆپ بولىدۇ. مەنىي ئازايتىدۇ، باهنى زەئىپلەشتۈرىدۇ، ئىشتىهانى تۇتىدۇ. ئۇنىڭ ئۇرۇقىدىن بىر تالدىن ئىككى تالغىچە ئېلىپ، سوقۇپ سالايە قىلىپ، يالغۇز ياكى باشقا مۇناسىۋەتلىك دورىلار بىلەن بىرلىكتە ئانا سۈتىگە ئارىلاشتۇرۇپ كىچىك باللارغا ئىچۈرسە ئۇلارنىڭ ئىچىنى بوشىتىدۇ. بېنگالدا ئۇنىڭ ئۇرۇقچىسى باللارنىڭ ئىچىنى سۈرگۈچى دورىلاردىن بولۇپ هېسابلىنىدۇ، شۇنداقلا ئۇنىڭ شىرىسىدىن ئاز مىقداردا ئېلىپ، مۇناسىپ قايىنىتىلمىلار بىلەن بىرلىكتە ئىچۈرسىمۇ، كىچىك باللارنىڭ ئىچىنى سۈرىدۇ، سىناقتىن ئۆتكەن.

## پەسىل: «ب» (بائ) ۋە «ر» (رائ) هەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى

### بەر
(بەر دەرىخى)

**ماهىيىتى:** ئۇ بىر خىل ناهايىتى چوڭ دەرەخ بولۇپ، شاخلىرى تارقاق ئۆسىدۇ. شاخلىرىدىن يىپچىلار ئۆسۈپ چىقىپ پەسكە ساڭگىلاپ تۇرىدۇ، بەزىلىرى هەتتا يەرگە تېگىدۇ. يوپۇرمىقى سەل كەڭ، ئۇزۇنچاق، ئالىقاندىن چوڭراق، سەل قېلىن، چىشسىز، قوشۇمچە يوپۇرماقسىز بولىدۇ. هىندىستان، بېنگال، دۇكەنلەردە كۆپ بولىدۇ. ئىسسىق مەملىكەتلەر ۋە پارس ئېلىدىمۇ كۆپ ئۆسىدۇ. ئۇ يەردىكى كىشىلەر ئۇنى «لول» دەپ ئاتىشىدۇ. بۇ دەرەخ ناهايىتى چوڭ بولىدۇ، بولۇپمۇ ئۇنىڭ بەزى قېرىلىرى ناهايىتى چوڭ

بولۇپ، ئاستىدا مىڭ ئاتلىق ئادەم تۇرۇپ سايىدىيالايدۇ. ئۇنىڭ يىلتىزىنى سۇندۇرسا سۇتسىمان سۇيۇقلۇق چىقىدۇ.

**تەبئىتى:** هۆل ئىسسىق.

**خۇسۇسىيتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** سۇتىنى ئىستېمال قىلسا يەل تارقىتىدۇ، ئىششىقلارغا كېسەللىك ماددىلىرىنىڭ چۈشۈشىنى توسىدۇ، باھنى قوزغىتىدۇ، بوۋاسىرنى ساقايتىدۇ. ھەر كۈنى ئەتىگىنى كۈنچىقىشتىن بۇرۇن ئۇنىڭ يېڭى سۇتىدىن ئۈچ گىرام ئېلىپ 20 كۈنگىچە، ئېھتىياج بولسا ئۇنىڭدىن ئارتۇقراق كۈنلەرگىچە باراۋەر مىقداردىكى ئاقشېكەر بىلەن بىرلىكتە ئىستېمال قىلىپ، مىقدارىنى ھەر كۈنى ئاشۇرۇپ تاكى 10 گىرامغا يەتكۈزسە، ئۇنىڭدىن كېيىن مىقدارىنى تەدرىجى ئازايتسا، ھەر تۈرلۈك بوۋاسىر، مەنىي ئېقىش، مەنىي سۇيۇلۇش، مەنىي بالدۇر يۇرۇپ كېتىش، كۆپ ئېھتىلام بولۇشقا پايدا قىلىدۇ، رەئىس ئەزالارنى قۇۋۋەتلەيدۇ، سىناقتىن ئۆتكەن. ئۇنىڭ سۇتىنى دەسلەپكى مەزگىلدىكى ئىششىقلارغا، بولۇپمۇ يىرىقتىكى ئىششىقلارغا چاپسا قايتۇرىدۇ، سىناقتىن ئۆتكەندۇر. چىيقانلارغا سۈركىسە كېسەللىك ماددىسى ئاز بولسا تارقىتىدۇ، كۆپ بولسا ئېغىز ئالدۇرۇپ تېز گۆش ئۈندۈرۈپ، ئېغىزنى پۈتتۈرىدۇ، بۇ جەھەتتە مەلھەمدىن ياخشىراقتۇر. ئۇنى تىكىشكە تېگىشلىك بولغان يېڭى زەخىمگە سۈركەپ، ئۈستىدىن ئۇنىڭ يىغىنى سۈركەپ مەھكەم تېڭىپ ئۈچ كۈنگىچە بوشاتمىسا زەخىم ئېغىزىنى چاپلاشتۇرۇپ ساقايتىدۇ. ئۇنىڭ ساڭگىلاپ تۇرغان يىپچىلىرىدىن 5.1 گىرام ئېلىپ ئۈچ گىرام ئاقشېكەر ئارىلاشتۇرۇپ سۇ بىلەن ئىستېمال قىلسا مەنىينى تىزگىنلەيدۇ، مەنىي ئېقىشقا شىپا بولىدۇ.

## بەردى

(بەردى ئوتى)

ئۇ ئەرەبچە سۆز بولۇپ، پارسچە «پىيزەر»، ھىندىچە «كوندەل»، «پەھتە»، «پىيزار» دېيىلىدۇ. مىسىر خەلقى «فاقتۇ» دەپ ئاتايدۇ. ئۇنىڭ يوپۇرمىقى خورما دەرىخى يوپۇرمىقىغا ئوخشايدىغانلىقى ئۈچۈن ئۇ يەنە بىر تىلدا «خوس» دەپ ئاتىلىدۇ. سۇريانچە «بانورەس» دېيىلىدۇ.

ئۇنىڭ يەنە بىر تۈرىمۇ بار بولۇپ، يوپۇرمىقى سوزۇنچاق، غولى تومراق، يۇمىلاقراق بولىدۇ. مىسىردا ئۇنىڭ پاختىسىدىن قەغەز ياسىلىدۇ.

**ماھىيتى:** ئۇ بىر خىل ئۆسۈملۈك بولۇپ، غولى توم، بىر غۇلاچتىن ئېگىزرەك ئۆسىدۇ. غولى يۇمىلاق، يۇمشاق بولىدۇ، ئۇنىڭ غولى ئۇششاقلىنىپ ئارغامچا ئېشىلىدۇ. ئۇنىڭ گۈلى يۇمىلاق، بەرگىلىرى قېلىن، رەڭگى ئاق، ئالتۇن رەڭ بولىدۇ. يوپۇرمىقى خورما يوپۇرمىقىغا

ئوخشاش، ئۇنىڭدىن ئۇزۇنراق بولىدۇ. ئۇرۇقى شۇمشىدىن ئۇششاقراق، ئاچچىق بولىدۇ. يىلتىزى تاتلىق بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۆسۈملۈكىنىڭ ئوتتۇرىسىدىن ئىنچىكە غول ئۆسۈپ چىقىدۇ، ئۇستىدە بىر غېرىچ ئۇزۇنلۇقتا شامغا ئوخشاش پىلتىسىمان نەرسە ئۆسۈپ چىقىدۇ. ئۇنىڭ ئۇستىدە توپا ـ چاڭغا ئوخشاش ئاق رەڭلىك توكچىلەر بار بولۇپ، تاتلىق بولۇپ يىغىۋېلىنىدۇ ھەمدە ئۇنىڭدىن قۇرسلار ياسىلىپ سېتىلىدۇ، يېسە تاتلىق، خۇشتەم بولىدۇ. مەزكۇر پىلتىسىمان نەرسىنىڭ ئاستىدا پاختىغا ئوخشاش يۇمشاق بولغان نەرسە بار بولۇپ، ئۇمۇ ئايرىم يىغىۋېلىنىپ قەغەز ياسىلىدۇ. ئۆي بېزەيدىغان ئۇستاملار ئۇنى چىگىتىش ئۇچۇن ئۆيىنىڭ يۇچۇقلىرىغا قىستۇرىدۇ. ئىسپاھاندا مەزكۇر پاختىسىمان مادا «لوئى» دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ خىل مادا پەقەت سىندى شەھىرىدە ئۆسىدىغان بەردىدىن ھاسىل بولىدۇ. مەزكۇر ئۆسۈملۈك سۇ تورۇپ قالغان يەرلەردە ئۆسىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە سوغۇق، بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ئۇنىڭ سۈيى چىشلارنى تازىلايدۇ، قان توختىتىدۇ، سىركە بىلەن ئىشلەتسە تال كېسەللىكىگە داۋا بولىدۇ، شۇنداقلا ئۇنىڭ يىلتىزىمۇ شۇ تەسىرنى بېرىدۇ. بولۇپمۇ ئۇنىڭ يىلتىزىنى چاينىسا ئېغىزنىڭ بەتبۇي پۇرىقىنى، سامساق، پىياز ۋە شاراب پۇرىقىنى يوقىتىدۇ. زىمات قىلسا ئىششىقلارنى تارقىتىدۇ. كۆيدۈرۈپ كۈلىنى سەپسە كونا ـ يېڭى زەخىملەرگە گۆش ئۇندۇرۇپ ساقايتىدۇ. يامان يارىلارنى ساقايتىدۇ. بولۇپمۇ ئېغىزدىكى يارىغا بولغان ئۇنۇمى ياخشىراق بولىدۇ. قان توكۇرۇش ۋە قانسىراشلارغا داۋا بولىدۇ. يېڭى يارىلارنى ساقايتىدۇ. ئۇنىڭ كۆيدۈرۈلگىنىنى سىركە بىلەن ئىستېمال قىلسا تالغا پايدا قىلىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** ئېيتىشلارغا قارىغاندا ئىچكى ئەزالارغا زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** ھەسەل.

## بەرسىياۋەشان

(پەرسىياۋشان)

بۇ يۇنانچە سۆز بولۇپ، كۆكرەك دورىسى دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. ئەرەبچە «شەئرۇل جىبال» (تاغ چېچى)، «شەئرۇل ئەرز» (يەر چېچى)، «شەئرۇل جىنىن» (جىن چېچى)، «شەئرۇل خەنازىر» (چوشقا چېچى)، «جۆئدەتۇل قەنا»، «شەئرۇل كىلاب» (ئىتلار چېچى)، «كەزبۇرەتۇل بىير» (قۇدۇق يۇمغاقسۈتى)، «ساقۇل ئۇسۇد» (شىرلار پۇتى)، «ساقۇل ۋەسىيف»، يۇنانچە چېچى كۆپ دېگەن مەنىدە، «بولوتونخۇن»، پارسچە «پەرسىياۋەشان» دەپ ئاتىلىدۇ. ئاۋام ـ خەلق «سۇمبۇل» دەپ ئاتايدۇ. ھىندىچە «كالى جەھانب»، «كەرجا»، «رەتكوت» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** ئۇ بىر خىل ئۆسۈملۈك بولۇپ، يوپۇرمىقى يۇمغاقسۇت يوپۇرمىقىغا ئوخشايدۇ، غولسىز، مېۋىسىز بولىدۇ. شاخلىرى ناھايىتى كۆپ، ئىنچىكە، قاتتىق ۋە قىزىل بولىدۇ. بۇ ئۆسۈملۈك قۇدۇق ئەتراپلىرى، كونا تام تۈۋى ۋە خارابىيلىكلارغا ئوخشاش نەم، سايە يەرلەردە ئۆسىدۇ. قۇۋۋىتى ئالتە ئايغىچە ساقلىنىدۇ. بىر يىل ئۆتۈپ كەتسە قۇۋۋىتى يوقىلىدۇ. ئۇنىڭ ياخشىسى يوپۇرمىقى كەرەپشە يوپۇرمىقىغا ئوخشايدىغان بولۇپ، يوپۇرمىقى كۆپ بولغان، شېخى قاتتىق ۋە قارا بولغانلىرىدۇر.

**تەبىئىتى:** قۇرۇق ئىسسىققا مايىل مۆتىدىل.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ماددىلارنى ئۇچۇچانلاشتۇرغۇچى، توسالغۇلارنى ئاچقۇچى، ماددىلارنى پىشۇرغۇچى، تارقاتقۇچى ۋە ھۆللۈكلەرنى قۇرۇتقۇچىدۇر. قاينىتىلمىسىنى ئىچسە ئاشقازان ۋە ئۈچەيلەردىكى سەپرا، سەۋدا، بەلغەم خىلتلىرىنى سۈرىدۇ. كۆكرەك ۋە ئۆپكىنى تازىلايدۇ. كاناي ئىششىقى، زىققە نەپەس، كۆكرەك ئاغرىقى، يەرقان، ئەزالاردا تاش پەيدا بولۇشقا پايدا قىلىدۇ. سۈيدۈك، ھەيز ۋە نىپاس قېنىنى ھەيدەيدۇ. بالا ھەمراھىنى چۈشۈرىدۇ. غالجىر ئىتنىڭ زەھىرىنى قايتۇرىدۇ. ئۇنىڭ قاينىتىلغان سۈيىنى بۇرۇنغا سۈمۈرسە زۇكامغا پايدا قىلىدۇ. ئۇنىڭ قاينىتىلغان سۈيىنى باشقا قۇيسا دىماقنىڭ توسالغۇلىرىنى ئاچىدۇ، زۇكامغا شىپا بولىدۇ. ئۇنى زىمات قىلسا سوغۇقتىن بولغان باش ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ. ئۇنى ياغ بىلەن قاينىتىپ زىمات قىلسا، دائىرىلىك چاچ چۈشۈش، چاشقان يارىسى، ئاقمىلار، چىقانلارغا پايدا قىلىدۇ. ئۇنى چايناپ سۈيىنى كۆز چانىقىدىكى ئاقمىغا تېمىتسا ياكى ئۆزىنى ئاقمىغا تاڭسا پايدا قىلىدۇ. ئۇنىڭ سۇفۇپىنى ئىستېمال قىلسا ئىچ سۈرۈشنى توختىتىدۇ. ئۇنى سۇ بىلەن پىشۇرۇپ ئۇرۇقىدانغا چاپسا ئۇنىڭ ئىششىقىنى تارقىتىدۇ، قاتتىقلىقىنى يۇمشىتىدۇ. ئۇنىڭ ھۆلىنى مەلھەم قىلسا يامان يارىلارغا، غالجىر ئىت چىشلىۋالغان يارىغا ۋە دائىرىلىك چاچ چۈشۈشلەرگە شىپا بولىدۇ، بولۇپمۇ ئۇنىڭ ھۆلىنى دائىرىلىك چاچ چۈشكەن ئورۇنغا قىزارغىچە كۈچ بىلەن سۈركىسە پايدا قىلىدۇ. سوقۇپ كالا پاچىقىنىڭ يىلىكى بىلەن بىرلىكتە مەلھەم قىلىپ باشقا سۈركىسە باش ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ. ئۇنى سوقۇپ لازەن، رەۋغىنى مۈرد، رەۋغىنى سەۋسەن، زۇپا ۋە شارابلار بىلەن مەلھەم قىلىپ چاچقا سۈركىسە چاچنى قۇۋۋەتلەيدۇ. شۇنداقلا ئۇنىڭ قاينىتىلمىسى ياكى كۈلىنى شاراب ۋە ھەسەل بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ ئۇنىڭ بىلەن چاچ يۇسا باشتىكى يارىلارغا داۋا بولىدۇ. ئۇنى كۆيدۈرۈپ زىمات قىلسا چاچ چۈشۈشنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ، چاچ ئۇندۇرىدۇ، باش تەمرەتكىسىگە داۋا بولىدۇ. ئۇنى كۆيدۈرۈپ سەپسە ھۆللۈكلەرنى قۇرۇتىدۇ، يامان يارىلار ۋە يەلدىن بولغان يارىنى ساقايتىدۇ. ئۇنى مۈرمەككى بىلەن ھەمەل قىلسا بالىياتقۇدىن ھۆللۈك ئېقىشقا داۋا بولىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** تالغا زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** مەستىكى، ئىپىتىشلارغا قارىغاندا بىنەپشە گۈلى ئىكەن.
**ئىستېمال مىقدارى:** ئۆزىدىن 21 گىرامغىچە، قايىنىتىلمىسىدىن 60 مىللىلىتىرغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.
**ئورۇنباسارى:** ئۆپكە كېسەللىكلىرىدە باراۋەر مىقداردا بىنەپشە گۈلى، يېرىم ھەسسە چۈچۈكبۇيا يىلتىزىدۇر.

ئىپىتىشلارغا قارىغاندا، ئۇنىڭ خاسىيەتلىرىنىڭ بىرى شۇ ئىكەنكى، ئۇنىڭ ھۆلىنى سوقۇپ ئوق تەگكەن ئەزانىڭ قارشى تەرىپىدىكى ئورۇنغا چاپسا، ئوقنى شۇ تەرەپكە تارتىدىكەن.

## بەرسىيان
(بەرسىيان ئوتى)

ئۇ «بەرسىيانا» مۇ دېيىلىدۇ.
**ماھىيىتى:** بۇ بىر خىل ئۆسۈملۈكنىڭ پارچە ئاتىلىشى بولۇپ، كۇفە شەھىرىنىڭ ئەتراپىدىكى بابىل شەھەرلىرىدە ئۆسىدۇ. چېچەكسىز ۋە ئۇرۇقسىز بولىدۇ. تومۇز ئېيىنىڭ بېشىدا يېتىشىدۇ. ئانچە تونۇشلۇق بولمىغان دورىلاردىندۇر.
**تەبىئىتى:** قۇرۇق ئىسسىق، مۇشتەرى يۇلتۇزىغا تەۋەدۇر.
**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ئۇنى پۇرىسا ۋە ئىستېمال قىلسا، مېڭە، روھىي نەپسانىي، كۆز، جىگەر، ئاشقازان قاتارلىق ئەزالارنى قۇۋۋەتلەيدۇ، يەل تارقىتىدۇ، ماددىلارنى ئۇچۇچانلاشتۇرىدۇ، خىلىتلارنى سۈرىدۇ. ئۇنىڭ سىقىپ ياكى قايىنىتىپ چىقىرىلغان سۈيىنى قىزىلگۈل بەرگىنىڭ سۈيى بىلەن سالايە قىلىپ، مۇنچىدا بەدەندىكى قوتۇر ۋە باشقىلارنىڭ تەسىرىدىن قالغان ئىزلارغا ئىككى ـ ئۈچ قېتىم سۈرسە يوقىتىدۇ، سىناقتىن ئۆتكەن دەپ قارىلىدۇ.

ئۇنىڭ تامچىلىتىلغان سۈيى ئەرقى قەلەمپۇرغا ئوخشاش پۇرايدىغان بولۇپ، قۇۋۋەتلەش ۋە خۇرسەن قىلىشقا ئوخشاش تەسىرلىرى بادرەنجبۇيىنىڭ تەسىرى بىلەن ئوخشاشتۇر.

## بەرتانىيقى
(بەرتانىقى ئوتى)

بۇ يۇنانچە سۆزدۇر. ھىندىچە «سەرۋالى» دېيىلىدۇ.
**ماھىيىتى:** ئۇ بىر خىل ئۆسۈملۈك بولۇپ، ئەتىيازدا ئۆسىدۇ. ئۇ بوستان ئەفرۇز ئۆسۈملۈكى ئەمەستۇر. يوپۇرمىقى ياۋا ھۇماز يوپۇرمىقىغا ئوخشايدۇ، ئۇنىڭدىن

ئۇششاقراق، قارىراق، تۇكلۇك بولىدۇ. غولى ئىنچىكە، گۈلى قىزىلغا مايىل بولىدۇ. ئۇنىڭ يەنە بىر تۈرى بار بولۇپ، خەيرىگۈلگە ئوخشايدۇ.

**تەبىئىتى:** مۇرەككەپ قۇۋۋەتلەرگە ۋە قابىزلىق قۇۋۋىتىگە ئىگىدۇر. بەزىلەر ئىككىنچى دەرىجىنىڭ بېشىدا قۇرۇق ئىسسىق دېگەن، مۇشتەرى يۇلتۇزىغا مەنسۇپتۇر.

**خۇسۇسىيتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** زىمات قىلسا ئىششىقلارنى تارقىتىدۇ، تېرىدىكى ئىزلارنى يوقىتىدۇ. ئۇنىڭ ئۇسارىسى ۋە يوپۇرمىقىنى زىمات قىلسا جاراھەتلەرنى ساقايتىدۇ. ئۇنىڭ قۇرۇقىنىڭ قاينىتىلمىسى بىلەن ئېغىز چايقىسا ئېغىز يارىلىرى، چىرىگەن يارا، ئېغىزنىڭ بەتبۇي پۇرىشىغا پايدا قىلىدۇ. ئۇ، ئىستېمال قىلسا تەپلەرگە پايدا قىلىدۇ. يارىلارنىڭ چىرىشىگە قارشى تۇرۇش ئۈچۈن ئىچىلىدىغان دورىلارنىڭ ئەڭ ياخشىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** كۆڭۈلنى ئېلەشتۈرىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** چىلان.

**ئورۇنباسارى:** قىزىلچا سۈيى.

## بەرەك

(بەرەك قوۋزىقى)

بۇ سۆز ئىنگلىز تىلىدا «دەرەخ قوۋزىقى» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**ماھىيتى:** ئۇ بىر خىل دەرەخنىڭ قوۋزىقى بولۇپ، قىرفە (نېپىز دارچىن)گە ئوخشايدۇ، رەڭگى ئۇنىڭدىن قارىراق بولىدۇ. يېڭى زېمىندىن كەلتۈرۈلىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، يەھۇدىيلارنىڭ «جەرۋىيە» دەپ ئاتالغان راھىبلىرى جەنۇبىي ئامېرىكىغا جايلاشقان پېرۇ مەملىكىتىدە بۇ قوۋزاقنىڭ ئالاھىدىلىكىنى بايقىغان ۋە ئۇ يەردىن فىرانسىيەگە ئېلىپ كەلگەن. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ شۇ يەرگە تەۋە قىلىنغان. ئۇلار ئۇنى «جەرۋىس بەرەك» دەپ ئاتاشقان. بۇ قوۋزاقنىڭ پۇرىقى ۋە تەمى بەك كۈچلۈك ئەمەس، تىلغا تەگكۈزسە پەقەت تىلنى ئازراق قورۇيدۇ. سوقۇلغىنىنىڭ رەڭگى قىرفىنىڭ رەڭگىدىن سۇسراق بولىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ئۇ تۆت كۈندە بىر قېتىم تۇتىدىغان تەپ، دەۋرىيلىك كونا تەپكە ئوخشاش تەنقىيەدىن كېيىنمۇ ساقايمىغان كونا ۋە سوزۇلما تۇتقاقلىق تەپلەرگە داۋا بولىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭدىن 3~5 گىرامغىچە ئېلىپ، سوغۇق سۇغا چىلاپ تەمىنى چىقىرىپ ئۈچ كۈندىن بەش كۈنگىچە ياكى يەتتە كۈنگىچە ئىچۈرۈلىدۇ. فىرانسۇزلار ئۇنىڭدىن ئىككى گىرام ئېلىپ، سوغۇق سۇغا چىلاپ تەمىنى چىقىرىپ، تەپ تۇتۇشتىن

ئىككى سائەت بۇرۇن ئىچۇرىدۇ ھەمدە بىر كۈندىن ئىككى كۈنگىچە داۋاملاشتۇرۇلىدۇ. بۇ دورا ئالامەت خاراكتېرلىك تەپ، مىزاج خاراكتېرلىك تەپ، يارا مەنبەلىك تەپلەرگە، مىزاجى ئۆزگەرگەن، قوۋۇرغا ئارىلىق پەردىسى ياللۇغلانغان، قورسىقى كۆپكەن، ئىچكى ئەزالىرىدا توسالغۇ پەيدا بولغان، داۋاملىششچان تەپ ۋە كۆيدۈرگۈچى تەپكە گىرىپتار بولغان، بەدىنىدە ماددىلار قېيىپ قالغان ۋە خىلتلار زىيادە ئۇفۇنەتلەنگەنلەرگە پايدا قىلمايدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلارغا ئىشلىتىلمەيدۇ. شۇنداقلا ئۇ يەنە دەۋرلىك باش ئاغرىقى، بالىياتقۇنىڭ تۇتقاقلىق كېسەللىكلىرى ۋە تۇتۇش ۋاقتى مۇنتىزىم بولغان كۆپ قىسىم كېسەللىكلەرگە پەقەت قەي قىلدۇرۇش، ئىچ سۈردۇرۇش ئارقىلىق تەنقىيە قىلىنغان ۋە تۇتۇش ۋاقتى ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن ئىشلىتىلسە ئۇنۇمى بولىدۇ، بولمىسا ئۇنۇمى بولمايدۇ.

مەزكۇر دورا «كەنەكەنە» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئۇنى ئازراق مىلھى تىرتىر (بىر خىل تۇز) بىلەن بىرلىكتە ئۇدا ئۈچ كۈنگىچە ئىستېمال قىلسا پايدا قىلىدۇ.

# بەركەك شىرازى

(بەركەك يوپۇرمىقى)

ئۇ ئېيىقئۈزۈمى ئۆسۈملۈكىنىڭ بىر تۈرىنىڭ يوپۇرمىقىدىن ئىبارەت. ئۇنىڭ يىلتىزى «ئۇدى بەررى» (ياۋا ياغاچ)، «ئۇدۇل بۇندۇق» (بۇندۇق ياغىچى) دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

**تەبىئىتى:** ناھايىتى قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** كۆچلۈك مەست قىلىدۇ. ساراڭ قىلىدۇ ۋە ھالاك قىلىدۇ.

# بىرىنجاسەف

(بەرەنجاسىپ)

ئۇ يۇنانچە «ئەرتىيە ماسىيا»، ئەرەبچە «سەۋىيلا»، پارسچە «بومادەران»، شىرازچە «بەرتەراسەك» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** ئۇ بىر خىل ئۆسۈملۈك بولۇپ، بىر غۇلاچ ئېگىزلىكتە ئۆسىدۇ. شاخلىرى ئىنچىكە، يوپۇرمىقى ئۇششاق، گۈلى سېرىقچېچەك گۈلىگە ئوخشاش كۈنلۈكسىمان، رەڭگى سېرىق، ئاق ۋە كۆككە مايىل رەڭلەردە بولىدۇ. ئۆسۈملۈكى ئازراق چاپلاشقاق بولىدۇ. تاغلار، سايە چۆللەردە ئۆسىدۇ. ھەر يىلى يېڭىدىن ئۈنۈپ چىقىدۇ.

ھەكىم مىير مۇھەممەد مۆمىن «تۆھپەتۇل مۆئمىنىين» (مۆمىنلەرگە ھەدىيە) دېگەن كىتابىدا مۇنداق دەپ يازغان: «ئۇ قەيسۇم ئۆسۈملۈكى ئەمەس، چۈنكى قەيسۇم ئەپسەنتىنگە ئوخشايدۇ، كۆپ ھاللاردا بىر يىلتىزدىن بىر غول ئۆسۈپ چىقىدۇ، شاخلىمايدۇ. بىر

غىرىچتىن ئىگىزرەك ئۆسىدۇ. يوپۇرمىقى ۋە غولى يەسمەن گۈلىنىڭ يوپۇرمىقى ۋە غولىغا ئوخشايدۇ، يوپۇرمىقى ئۇنىڭدىن ئۇششاقراق، سەل چاپلاشقاق بولىدۇ. گۈلى ئاق بولۇپ ناھايىتى خۇش پۇراق پۇرايدۇ. ئۇ يامغۇر كۆپ ياغىدىغان تاغلاردا كۆپرەك ئۆسىدۇ. كۆپىنچە تېۋىپلار ۋە ئوت - چۆپشۇناسلار ئۇلارنى ئارىلاشتۇرۇپ بايان قىلغان. ئۇلار ھەر ئىككىسىنى بىر خىل ئۆسۈملۈك دەپ بىلگەن. بەزىلىرى ئۇلارنى ئىككى خىل ئۆسۈملۈك دەپ بىلگەن. بەزىلىرى قەيسۇمنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنى بەرەنجاسىپتا، بەرەنجاسىپنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنى قەيسۇمدا بايان قىلغان.»

ئۇنىڭ ياخشىسى خۇش پۇراق، پۇرىقى ئېغىر بولغانلىرىدۇر.

**تەبىئىتى:** ئۇچىنچى دەرىجىنىڭ ئاۋۋىلىدا قۇرۇق ئىسسىق، ئىككىنچى دەرىجىدە ئىسسىق. بىرىنچى دەرىجىنىڭ ئاخىرىدا قۇرۇقمۇ دېيىلگەن. مۇشتەرى يۇلتۇزىغا مەنسۇپتۇر.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ماددىلارنى ئۇچۇچانلاشتۇرغۇچى، تۇسالغۇلارنى ئاچقۇچى، سۈيدۈك ۋە ھەيز ھەيدىگۈچى، ئەزالاردىكى تاشلارنى پارچىلاپ چۈشۈرگۈچىدۇر. ئۇنىڭ سىرىق گۈلىدىن ئالتە گىرام ئېلىپ ھەسەل بىلەن ئىستېمال قىلسا، ئاشقازاندىكى مەددە قۇرت ۋە قاپاق ئۇرۇقسىمان مەددىنى چۈشۈرىدۇ، سىناقتىن ئۆتكەن. ئۇنىڭدىن 10 گىرام ئېلىپ قاينىتىپ ئىچسە، قاينىتىلمىسىدا ئولتۇرسا ھەيز ۋە سۈيدۈك تۇتۇلۇش، تۇغۇت قىيىنلىشىش، بالىياتقۇ ئېغىزىنىڭ ئېتىلىپ قېلىشى، بالىياتقۇ يالլۇغى، دوۋساقتا تاش پەيدا بولۇش، بالا ھەمراھى چۈشمەسلىك، ھامىلە چۈشمەسلىك قاتارلىقلارغا پايدا قىلىدۇ، بالىياتقۇنى تازىلايدۇ. ئۇنىڭ چىلانمىسىدىن ئالتە گىرام ئىچسە تەپلەرگە پايدا قىلىدۇ. شۇنداقلا ئۇنىڭ قاينىتىلمىسىنى ئىچسىمۇ، مەزكۇر كېسەللىكلەرنىڭ كۆپ قىسمىغا، بولۇپمۇ بالىياتقۇ كېسەللىكلىرىگە ياخشى پايدا قىلىدۇ. ئەمما ئۇنى ئىستېمال قىلىۋاتقان مەزگىلدە مايسىز غىزالار بىلەن ئوزۇقلىنىش لازىم. ئۇنى باشقا زىمات قىلسا، باشنىڭ تۇرلۇك ئاغرىقلىرى، مېڭە ئاجىزلىقى، بەلغەمدىن بولغان مېڭە پەردىسى ياللۇغى، بىخۇد ئۇيقۇ قاتارلىقلارغا پايدا قىلىدۇ. كۆكرەككە زىمات قىلسا كۆكرەك ئاغرىقىغا پايدا قىلىدۇ. كىندىكنىڭ ئاستىغا زىمات قىلسا سۈيدۈك ۋە ھەيز تۇتۇلۇشقا پايدا قىلىدۇ، ئىششىقلارنى قايتۇرىدۇ. ئاغرىقلارنى پەسەيتىدۇ. شۇنداقلا ئۇنىڭ قاينىتىلمىسىنى يەرلىك ئورۇنغا قۇيسىمۇ شۇ تەسىرنى بېرىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن ئىسسىق ئۆتكۈزسە مەزكۇر كېسەللىكلەرگە پايدا قىلىدۇ. دىماق پۇتۇش، زۇكام، كۆز ئالدى قاراڭغۇلىشىش، باش قېيىشقا پايدا قىلىدۇ. ئۇنىڭ قاينىتىلمىسىنى بۇرۇنغا سۇمۇرسە زۇكام، مېڭە كېسەللىكلىرىگە پايدا قىلىدۇ. ئۇنىڭ گۈلىنى پۇرىسا، ئۇسارىسىنى مۇرمەككى بىلەن ھەمەل قىلسا بالىياتقۇدىكى كېرەكسىز ماددىلارنى تازىلاپ چىقىرىدۇ. كۆيدۈرۈپ سەپسە يارىلارنى قۇرۇتىدۇ. يىلتىزىنى قورساقنىڭ ئاستىغا زىمات قىلسا سۈيدۈك ۋە ھەيز ھەيدەيدۇ. ئۇنىڭ زىماتى بەدەندە ماددىلار قېيىپ

قالغان، ماددا كېسەللەنگەن ئەزاغا قويۇلۇش ئالدىدا تورۇۋاتقان ۋاقىتتا ئىشلىتىلمەيدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** بۆرەككە زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** رۇمبەدىيان.

**ئىستېمال مىقدارى:** 10 گىرامغىچە.

**ئورۇنباسارى:** باشتىكى سوغۇقتىن بولغان كېسەللىكلەر ئۈچۈن باراۋەر مىقداردا بابۇنە، باشقا كېسەللىكلەر ئۈچۈن ئەپسەنتىندۇر.

## بەرم
(بەرم گۈلى)

«تۆھپەتۇل مۆئمىنىن» ناملىق كىتابنىڭ ئاپتورىنىڭ يېزىشىچە، «مۇغنىي» ناملىق كىتابنىڭ ئاپتورى ئۇنى تۇخۇمەك دەرىخىنىڭ گۈلى دەپ بىلىدىكەن. «جامىئى بەغدادىي» (باغدادىي مەجمۇئەسى) دېگەن كىتابنىڭ ئاپتورى توغراق چوڭلۇقىدا ئۆسىدىغان، ئۇنىڭدىن چوڭراق بولىدىغان، يوپۇرمىقى خەرنۇب چاتقىلىنىڭ يوپۇرمىقىغا ئوخشايدىغان، گۈلى يۇڭسىمان بولۇپ، ئالقات چوڭلۇقىدا، سېرىق، ئاق ئارىلاشقان، خۇش پۇراق پۇرايدىغان چوڭ، تىكەنلىك دەرەختىنىڭ گۈلى دەپ بىلىدىكەن.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** كۆڭۈلنى خۇرسەن قىلىدۇ. ھۆلى شىلىمشىق بولۇپ ئۇخلىتىدۇ. باغدادىي: «ماڭا سۆزىگە ئىشىنىشكە بولىدىغان بىر كىشى ئۇنىڭ قۇرۇقىنىڭ ئىچ سۈرۈشنى توختىتىدىغانلىقىنى، يېڭىسىنىڭ ئىچىنى سۈرىدىغانلىقىنى سۆزلەپ بەرگەن. ئىراقتا ئۇنىڭ تامچىلىتىلغان سۈيى، يەنى ئەرقى خۇش پۇراق ۋە كۆڭۈلنى خۇرسەن قىلىدىغانلىقى ئۈچۈن ئەتىرلەرگە قوشۇلىدۇ. تېبابەتچىلىكتە ئىشلىتىلمەيدۇ. ئەرەبلەرنىڭ بەزى تېۋىپلىرى ماڭا ئۇنىڭ سوزۇلما يۆتەلگە پايدىلىق ئىكەنلىكىنى، دەمۇل ـ ئەخەۋەين (خۇنسىياۋشان) بىلەن ئىشلەتسە قان تۈكۈرۈشكە شىپا بولىدىغانلىقىنى ھېكايە قىلىپ بەرگەن» دەپ يازغان. «تۆھپەتۇل ـ مۆئمىنىن» دېگەن كىتابنىڭ ئاپتورى: «ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇنىڭ ئەرقىنىڭ خۇسۇسىيىتى بىدمۇشكى ئەرقىنىڭ خۇسۇسىيىتى بىلەن ئوخشاش ئىكەن» دەپ يازغان.

## بەرەنگى كابۇلى
(بەرەنگى كابۇلى)

بۇ پارىچە سۆز بولۇپ، ئۇنىڭ ئەرەبچىلەشتۈرۈلگىنى «بەرەنق»، «بەرەنج» دۇر. ھىندىچە «بابەرەنگ» دېيىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** ئۇ، يۇمىلاق، قارا، سىلىق، قارىمۇچتىن ئۇششاقراق بولغان، مېغىزى ئاق،

ئازراق ئاچچىق ئۇرۇقتىن ئىبارەت. ناھايىتى ئۆتكۈر بولۇپ، پۇرىقىنى پۇرسا ياكى سوقۇلغان چاغدا توزۇنىدىسى بۇرۇنغا كىرىپ كەتسە، ئىسسىق مىزاجلىق كىشىلەرنىڭ بۇرنىنى قانىتىدۇ. ئۇ چوڭ ۋە كىچىكتىن ئىبارەت ئىككى خىل بولىدۇ. چوڭىنىڭ رەڭگى قارا، ئاق ئارىلاشقان بولۇپ، ئىسسىقراقتۇر، قەي قىلدۇرغۇچىدۇر. كىچىكى قىزىلغا مايىل بولۇپ، ئاشقازاندىكى مەددە ۋە قاپاق ئۇرۇقىسىمان مەددىنى چۈشۈرۈش تەسىرى كۈچلۈكرەكتۇر. ئۇنىڭ ئاقلانغان مېغىزى ئىشلىتىلىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىنىڭ ئاخىرىدا، بەزىلەرنىڭ دېيىشىچە، ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىقتۇر. يەنە بەزىلەرنىڭ دېيىشىچە بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىقتۇر، ئەمما بۇ سۆزنىڭ ئىشەنچلىكلىكى بەك تۆۋەندۇر.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ئۇ بوغۇملاردىكى قويۇق بەلغەم، سەۋدا ۋە شىلىمشىق خىلتلارنى سۈرۈپ چىقارغۇچى، ھۆللۈكلەرنى ۋە يارىلارنى قۇرۇتقۇچى، ئاشقازان ۋە ئۈچەيلەردىكى تۈرلۈك مەددىلەرنى، بولۇپمۇ قاپاق ئۇرۇقسىمان مەددىنى چۈشۈرگۈچىدۇر. ھەتتا مەددىنىڭ قېپىنى چۈشۈرۈپ، تۈپ يىلتىزىدىن يوقىتىدۇ. ئۇنى ئىستېمال قىلغۇچىنىڭ سۈيدۈكى بەقەم مېۋىسىگە ئوخشاش قىزىل رەڭدە كېلىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** بىر قېتىمدا 10 گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدىغان بولۇپ، سوقۇپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ، يېڭى سېغىلغان سۈت بىلەن ئىستېمال قىلىنىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** ئۈچەيلەرگە زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** كەتىرا.

**ئورۇنباسارى:** باراۋەر مىقداردا تۇرمۇس، يېرىم ھەسسە قەنبىلدۇر. بەزىلەر قەنبىل باراۋەر مىقداردا ئېلىنىدۇ، دېگەن.

## بەرنۇف

(بەرنۇف دەرىخى)

ئۇ پارسچە «شابانەك» دېيىلىدىغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئەرەبچىلەشتۈرۈلگىنى «شابانەج»دۇر.

**ماھىيىتى:** ئانار دەرىخى چوڭلۇقىدىكى بىر خىل دەرەخ بولۇپ، شاخلىق بولىدۇ. يوپۇرمىقى ئالقات يوپۇرمىقىغا ئوخشايدۇ، ئۇنىڭدىن ئۇششاقراق، تۈكلۈك، پۇرىقى ئۆتكۈر، بەتبۇي، چېچەكى باشاققا ئوخشاش، سېرىق رەڭلىرى بار، گۈلىنىڭ ئوتتۇرى تۈكلۈك بولىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ماددىلارنى تارقاتقۇچى، ھۆللۈكلەرنى قۇرۇتقۇچى، قويۇق

سوغۇق يەللەرنى تارقاتقۇچىدۇر. ئۇنىڭ يوپۇرمىقىنى ئىستېمال قىلسا، كىچىك باللاردىكى تۇتقاق كېسەل، ئىغىزدىن شۆلگەي ئېقىشقا پايدا قىلىدۇ، يەل تارقىتىدۇ، ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەيدۇ، ئىچكى ئەزالاردىكى ئاغرىقلارنى پەسەيتىدۇ. ئۇنى سۇ بىلەن سالايە قىلىپ بوغۇملارغا سۇركىسە ئاغرىق پەسەيتىدۇ، بۇرۇن، بويۇن، قورساق قاتارلىق ئورۇنلارغا سۇركىسمۇ شۇ ئەزالاردىكى ئاغرىقلارنى پەسەيتىدۇ. ئۇنىڭ ئۇسارىسىدىن ئۈچ گىرام ئىلىپ ئانا سۈتى بىلەن ئىرىتىپ باللارغا ئىچۈرسە، باللاردىكى تۇتقاق كېسەلگە شىپا بولىدۇ ھەم يۇقىرىدىكى كېسەللىكلەرنىڭ ھەممىسىگە داۋا بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۇسارىسىدىن 10 گىرام ئىلىپ، بىر گىرام جاۋشىر بىلەن ئىچسە كۆيۈپ سەۋداغا ئايلانغان بەلغەمنى كۆچلۈك سۈرىدۇ، ئۇنىڭدىن پەيدا بولغان كېسەللىكلەرگە پايدا قىلىدۇ. ئۇنىڭ ئۇسارىسىدىن بەش گىرام ئىلىپ، بىر دان چوڭلۇقىدىكى جاۋشىر بىلەن بىرلىكتە ئىستېمال قىلسا ئەر - ئاياللاردىكى قۇلۇنجى ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ، ھايۋانلاردىكى سوغۇقتىن بولغان قورساق ئاغرىقىغا پايدا قىلىدۇ. ئۇنىڭ ئۇسارىسىنى سۇزاپ ئۇسارىسى، قۇندۇز قەھرى، ئاچچىق بادام يېغى بىلەن ئىرىتىپ بۇرۇنغا تېمىتسا، قاتما كېسەل ۋە يۇنانچە «ئەبلىيمىس» دېيىلىدىغان ئۇنتۇغاقلىققا شىپا بولىدۇ. مېڭىنى ئۇدا ئۈچ كۈن تەنقىيە قىلغاندىن كېيىن ئۇنىڭ يوپۇرمىقىنى پۇرىسا دىماقنى ئاچىدۇ، زۇكامغا پايدا قىلىدۇ، مېڭە يوللىرىنى ئاچىدۇ. ئۇنىڭ يوپۇرمىقىنى سەپسە يارىلارنى تېز پۈتتۈرىدۇ. ئۇنى زىفتى بىلەن زىمات قىلسا باش تەمرەتكىسىگە پايدا قىلىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** ئۆچەيلەرگە زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** ئەرەب يېلىمى.

**ئورۇنباسارى:** مەرزەنجۇش.

**ئىستېمال مىقدارى:** ئۇسارىسىدىن 15 گىرامغىچە، قۇرۇتۇلغان يوپۇرمىقىدىن 5.6 گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

## بەرۋاق

**ماھىيتى:** ئۇ، ماراكەش خەلقىنىڭ تىلى بويىچە ئېيتقاندا بىر ياغاچنى كۆرسىتىدۇ. ئەجەم (ئەرەبتىن باشقا خەلقلەرنى كۆرسىتىدۇ — ت)دىن باشقا خەلقلەرنىڭ تىلى بويىچە ئېيتقاندا، بىر خىل سېرىق رەڭلىك يەڭگىل تاشنىڭ ئىسمىدۇر، بۇ تاشنى سالايە قىلسا ئاقفا مايىل بولىدۇ. ئىراقتا پەيدا بولىدۇ. خۇددى كەھرىۋا ۋە سۇندۇرۇسلارغا ئوخشاش سامانىنى ئۆزىگە تارتىدۇ.

**تەبىئتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ئىستېمال قىلسا ياكى زىمات قىلسا ھەرقانداق ئەزادىن ئاققان قاننى توختىتىدۇ. خەفەقان ۋە تال كېسەللىكلىرىگە شىپا بولىدۇ. ئۇنىڭ سەپمىسى جاراھەتلەرنى پۈتتۈرىدۇ. ئۇنىڭدىن ئۇزۇك ياساپ قولغا سالسا سۇغا غەرق بولۇپ كېتىشتىن ساقلىنىپ قالغىلى بولىدۇ. ئۇنى چاقماق تاش بىلەن بىرلىكتە رەختكە ئوراپ باشنىڭ ئاستىغا قويۇپ ئۇخلىسا، شۇ كۈنى يۈز بېرىدىغان ئىشلار چۈشىدە ئايان بولىدۇ، سىناقتىن ئۆتكەن دەپ قارىلىدۇ.

يەنە «بەرۋەق» دەپ ئاتىلىدىغان بىر خىل تاشمۇ بار بولۇپ، يۇقىرىدىكىدىن باشقا تاشتۇر.

## بەرۋانى
(بەرۋانى ئوتى)

ئۇ ئەجەم تىلى بولۇشى مۇمكىن. سۇريانچە «ئەبرۇس»، يۇنانچە «ئەسقۇۋانىس» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيتى:** ئۇ بىر خىل ئۆسۈملۈك بولۇپ، شاخلىق بولىدۇ، شېخى ياغا ئوخشاش ئېگىلگەن ھالدا ئۆسىدۇ. گۈلى ئاق، مېۋىسى زەيتۇن مېۋىسىگە ئوخشاش، تەمى ئۆتكۈر، يىلتىزى ئاق، پوستى ۋە يىلتىزى سېرىق بولىدۇ.

**تەبىئىتى:** بىرىنچى دەرىجىدە ھۆل ئىسسىقتۇر.

**خۇسۇسىيتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** كۆڭۈلنى خۇرسەن قىلغۇچى، يۈرەك ۋە مېڭىگە مۇۋاپىق كەلگۈچى، ئەزالارغا چۈشكەن تاشلارنى پارچىلىغۇچىدۇر. ئىستىسقا ۋە بۇۋاسىر كېسەللىكلىرىگە پايدا قىلىدۇ. زىماتى بەھەق، دائىرىلىك چاچ چۈشۈش ۋە كۆيۈك يارىلىرىنىڭ ئىششىقلىرىنى تارقىتىشقا ئىشلىتىلىدۇ. ھەسەل بىلەن زىمات قىلسا جىگەرنى قۇۋۋەتلەيدۇ. ئۇسارىسى كۆز ياشانغىراشقا پايدا قىلىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** دوۋسۇنغا زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** رۇمبەدىيان.

**ئورۇنباسارى:** رىباس ئۆسۈملۈكى.

## بىرەھتا
(چوڭ خوخا)

ئۇ ھىندىچە سۆز بولۇپ، چوڭ خوخىنىڭ نامىدۇر.

**تەبىئىتى:** قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** يۈرەكنى قۇۋۋەتلىگۈچى، ئىشتىھانى ئاچقۇچى، خىلىتلارنى

ئىرىتكۈچى، زىققە نەپەس، يۆتەل، كونا تەپ، قورساق ئاغرىقىغا شىپا بولغۇچى، يەل تارقاتقۇچى، بەلغەمنىڭ بۇزۇلۇشىنى ئوڭشىغۇچى، ئاشقازان، مەقئەت مەددە قۇرتلىرىنى چۇشۇرگۇچى، جوزامغا شىپا بولغۇچى ۋە ئىچ سۇرۇشنى توختاتقۇچىدۇر.

## بەريا مىسرىي
(بەريا كۆكتىتى)

بۇ سۆز مىسىر تىلىدا كۆكتات دېگەن مەنىنى بىلدۇرىدۇ. يەنى ئۇ مىسىردا ئۆسىدىغان بىر خىل كۆكتاتتىن ئىبارەت.

**ماھىيتى:** بىر خىل كۆكتات بولۇپ، شەكلى كەرەپشىگە ئوخشايدۇ. خۇش پۇراق بولۇپ، ئارپىبەدىيانغا ئوخشاش پۇرايدۇ، پۇرىقى سەل ئۆتكۈر بولىدۇ. ئۇرۇقى كۆك، ئىنچىكە بولىدۇ. ئۇ دەسلەپتە مىسىر شەھەرلىرىدە ئۆسەتتى، كېيىن ئۇ يەردىن باشقا يەرلەرگە ئېلىپ بېرىلىپ ئۆستۈرۈلگەن. ئەتىيازدە تېرىلىدىغان بولۇپ، يازنىڭ باشلىرىغىچە تۇرىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ئاشقازان، جىگەر ۋە ئۇچەيلەرنى قۇۋۋەتلىگۈچى، يەل تارقاتقۇچى، نەزلە سۇيۇقلۇقلىرىنىڭ چۇشۇشنى توسقۇچى، جىگەر، تالنىڭ توسالغۇلىرىنى ئاچقۇچى، سۈيدۈك ھەيدىگۈچى، بەدەن ۋە بۆرەكنى قۇۋۋەتلىگۈچى، باھنى قوزغاتقۇچى، سۈيدۈك يوللىرىنى تازىلىغۇچى ۋە بوۋاسىرغا شىپا بولغۇچىدۇر.

**زىيانلىق تەسىرى:** مېڭىگە زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** نېلۇپەر.

**ئىستېمال مىقدارى:** 10 گىرام.

**ئورۇنباسارى:** بەسباسە.

ئۇنىڭ ئۆسۈملۈكىنى داۋاملىق ئىستېمال قىلسا رەڭگىروينىڭ سېرىقلىقىنى ئالىدىغان بولۇپ، سىناقتىن ئۆتكەن. ئۇنىڭ باشقا تەسىرلىرى ۋە خۇمارنى بېسىشى ئۇرۇقىدىن ئاجىزراقتۇر.

## بەرىيالە
(بەرىيالە ئوتى)

ئۇ «بەرىيارە» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيتى:** ئۇ ھىندىستاندا ئۆسىدىغان بىر خىل ئۆسۈملۈك بولۇپ، شەكلى ئىتئۈزۈمى ئۆسۈملۈكىگە ئوخشايدۇ. بۇ ئىككى خىل بولىدۇ. بىر خىلىنىڭ گۈلى ئاق، ئۇششاق،

يوپۇرمىقى كىچىك، يۇمىلاق، چۇرۇك، كىچىك چىشلىق بولىدۇ. غولى ئۆتتۈرۈمىنىڭ غولىدىن قاتتىقراق، يىلتىزى ئاق، ئىنچىكە، ئۇزۇن بولىدۇ. ئۇنىڭ ئىككىنچى خىلىمۇ يوقىرىدىكىگە ئوخشايدۇ، گۈلى سېرىق بولىدۇ.

**تەبئىتى:** ھۆل ئىسسىق، بەزىلەر سوغۇق دەپ بىلگەن.

**خۇسۇسىيتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ئۇنىڭ ئېقىنىڭ ھۆل يوپۇرمىقىنىڭ شىلىمشىق سۈيىنى كەچتە سۇغا ئارىلاشتۇرۇپ ئەتىسى پىسەپلىرىنى سۇزۇۋېتىپ سۈيىنى ئىچسە مەنىي ئېقىش، ئەزالاردا تاش پەيدا بولۇش، بوۋاسىر كېسەللىكلىرىگە شىپا بولىدۇ. ئۇنىڭ يوپۇرمىقىنى سوقۇپ سۈيىنى چىقىرىپ ئىستېمال قىلسا ۋە سۈركىسە يىلان چېقىۋالغان زەھەرنى قايتۇرىدۇ. شۇنداقلا ئۇنىڭ قۇرۇق يوپۇرمىقىنى سوقۇپ تالقان قىلىپ، بۇرۇنغا كۆچەپ سۇمۇرسە، ئەگەر بىمار ھوشسىزلانغان بولسا، باشقىلار تەرىپىدىن پۇركەلسە يىلان چېقىۋالغان بىمارغا پايدا قىلىدۇ.

ئۇنىڭ سېرىقىنى زىمات ۋە مەلھەم قىلسا ئىششىقلارنى تارقىتىدۇ، ئاغرىقلارنى پەسەيتىدۇ. يارىلارنى پىشۇرىدۇ.

## پەسىل: «ب» (بائ) ۋە «ز» (زائ) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى

## بەزرى قەتۇنا
(ئىسپىغۇل)

بۇ ئەرەبچە سۆزدۇر. يۇنانچە بۇرگىسىمان دېگەن مەنىدە «فەسلىيۇن» دەپ، پارسچە «ئەسفىيۇس»، «ئەسبىغۇل» دەپ ئاتىلىدۇ. ھىندىچىمۇ مۇشۇ نام بىلەن مەشھۇردۇر.

**ماھىيتى:** ئۇ بىر خىل كىچىك ئۆسۈملۈك بولۇپ، بىر غېرىچ ئېگىزلىكتە ئۆسىدۇ. يوپۇرمىقى ئىنچىكە، ئۇزۇن بولىدۇ. يوپۇرمىقى ئومۇمەن كۆدە ۋە شالىنىڭ يوپۇرمىقىغا ئوخشايدۇ، ئۇنىڭدىن ئىنچىكرەك ۋە كىچىكرەك بولىدۇ. يىلتىزىدىن ئىنچىكە غوللىرى ئۆسۈپ چىقىدۇ. ئۇچىدا بۇغداي باشاقلىرىغا ئوخشاش باشىقى بار بولۇپ، ئۇستىدە غىلاپى بولىدۇ، ئۇنىڭ ئىچىدىن ئۇرۇقلىرى چىقىدۇ. ئۇ يازدا پىشىدىغان بولۇپ، ئۈچ خىل بولىدۇ. بىرى، ئاق رەڭلىك بولۇپ، ھەممە تۈرلىرىنىڭ ياخشىسى ھېسابلىنىدۇ، بولۇپمۇ ئۇنىڭ ياخشى يېتىلگەنلىرى تېخىمۇ ياخشى بولۇپ، سۇغا سالسا تېگىگە ئولتۇرۇشىدۇ. ئۇنىڭ ئىككىنچى خىلى، قىزىل رەڭلىك بولىدۇ. بۇ ئاجىزراق، پايدىسى يۇقىرىدىكىدىن ئازراق بولىدۇ. بەزىلەر بۇنى ياخشىراق ھېسابلايدۇ. ئۇنىڭ ئۈچىنچى خىلى، قارا رەڭلىك بولۇپ،

ھەممىسىنىڭ ناچىرى ھېسابلىنىدۇ.

ئەنتاكىيىنىڭ يېزىشىچە، ئۇنىڭ ئېقى مىسىردا ناھايىتى كۆپ ئىكەن. قىزىلى مىسىرنىڭ «بىرلىيس» دەپ ئاتىلىدىغان يېرىدىن ئېلىپ كېلىنىدىكەن، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ بىرلىستىن چىققان دېگەن مەنىدە «بىرلىيسا» دەپ ئاتىلىدىكەن. ئۇنىڭ قارىسى «سەئىدىي» (ئۇستۇنكى مىسىرغا مەنسۇپ) دەپ ئاتىلىدىكەن، چۈنكى ئۇمۇ ئۇستۇنكى مىسىردىن ئېلىپ كېلىنىدىكەن.

**تەبىئىتى:** ئېقى ئۈچىنچى دەرىجىدە سوغۇق، ئىككىنچى دەرىجىدە ھۆل، قىزىلى بىرىنچى دەرىجىدە ھۆلدۇر. قارىسىنىڭ قۇرۇقلۇقى بار، ئۇنى ئىستېمال قىلىشتىن ئۆزىنى تارتقان ياخشى.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ئېقىنى ئىستېمال قىلسا ئۇسسۇزلۇق ۋە ھارارەتنى پەسەيتىدۇ. ماددىلارنى تارقىتىدۇ، چوڭ تەرەتنى بوشىتىدۇ. ئۇ ئىسسىقتىن بولغان تەپ، قان قىزىش، كۆكرەك، تىل ۋە گالنىڭ يىرىكلىكى، باش كېسەللىكلىرى، سەپرادىن بولغان كېسەللىكلەر، كۆكرەك پەردە ياللۇغى، قاندىن بولغان كېسەللىكلەر، كۆيگەن خىلىتلارنى ئىسلاھ قىلىش، قورساق ئاغرىقى، ئۈچەي يارىسى، قانلىق تولغاق، ئۈچەينىڭ سەپرا ۋە ئىسسىق دورىلارنى ئىستېمال قىلىشتىن بولغان قۇرۇقلۇقى قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ. شۇنداقلا ئۇنىڭ لۇئابى يالغۇز ياكى بادام يېغى بىلەن بىرلىكتە مەزكۇر كېسەللىكلەر، كۆكرەك پەردە ياللۇغى، ئۇسسۇزلۇق، كۆكرەك پەردە كېسەللىكىدە چوڭ تەرەت قېتىۋېلىشلارغا ئىشلىتىلىدۇ. ئۇنى سىركە ۋە گۈل يېغى بىلەن زىمات قىلسا ئىسسىقتىن بولغان بوغۇملار ئاغرىقى ۋە نۇقرەسكە پايدا قىلىدۇ. سىرتقى ئىششىقلارنى يۇمشىتىدۇ. قۇلاق ئارقىسى ئىششىقى، چاشقان يارىسى ۋە جاراھەتلەرگە شىپا بولىدۇ، ئۇلارنىڭ تەرەققىي قىلىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. پەيلەرنىڭ قۇرۇقلۇقتىن بولغان تولغىنىشىغا شىپا بولىدۇ. قاتتىق ئىششىق، كۆيدۈرگە ۋە قىزىلغا پايدا قىلىدۇ. تۇخۇرۇك بىلەن مەلھەم قىلىپ سۈركىسە چىيقانلارنى پىشۇرىدۇ ۋە ئېغىز ئالدۇرىدۇ. سوقۇپ گۈلاب بىلەن زىمات قىلسا باش ئاغرىقىغا پايدا قىلىدۇ. بىنەپشە يېغى بىلەن زىمات قىلسا ئىسسىقتىن بولغان باش ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ، مېڭە ۋە پەي - نېرۋىلارغا ھۆللۈك يەتكۈزىدۇ. چاچقا سۈركىسە چاچ يېرىلىشقا پايدا قىلىدۇ. چاچنى ئۇزارتىدۇ ۋە قۇرغاقلىشىشنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. بولۇپمۇ چاچقا ئۇدا بىر نەچچە كۈن سۈركىسە ئۈنۈمى تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ. ئۇنى باراۋەر مىقداردىكى قىزىلگۈل يېغى ۋە قاينىتىلغان خەشخاش پوستى بىلەن مەلھەم قىلىپ سۈركىسە ئىسسىقتىن بولغان ئىششىقلارنى تارقىتىدۇ، ئۇلارنىڭ ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ، سىناقتىن ئۆتكەن. ئۇنى ئىسسىق سۇغا چىلاپ لۇئابى ۋە شىلىمشىقى سۇغا چىققاندىن كېيىن ئۇنىڭدىن 6~10 گىرامغىچە ئېلىپ ئاق شېكەر ياكى سىركەنجۇبىل بىلەن ئىستېمال قىلسا چوڭ

تەرەتنى بوشىتىدۇ. ئۇنىڭ قايىنتىلمىسىنى ئىلمان سۇ بىلەن ئىچسە ئىسسىقتىن بولغان كۆكرەك ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ. ئۇنى قورۇپ گۈل يېغى بىلەن ئىستېمال قىلسا ئىچ سۈرۈشنى توختىتىدۇ. تاتلىق بادام يېغى بىلەن ئىستېمال قىلسا، كىچىك بالىلارنىڭ ئۈچىيىنىڭ زەخىملىنىشى، قورساق ئاغرىقى، قانلىق ئىچ سۈرۈشكە پايدا قىلىدۇ. كۆيگەن سەپرا سەۋەبىدىن بولغان غەم قىلىشنى يوقىتىدۇ. سوقۇپ بەدەنگە سۈركىسە بەدەننى يۇمشىتىپ سەمرىتىدۇ، ئىسسىقلىقتىن بولغان ئورۇقلۇقنى ئوڭشايدۇ.

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئىسپىغۇلنى سوقۇپ ئىستېمال قىلماسلىق لازىم ئىكەن، چۈنكى بۇ چاغدا كىشىنى ھالاك قىلىدىكەن. بۇنىڭ سەۋەبى، بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇنىڭ ئۇرۇقىنىڭ ئۆتكۈرلۈكىدىن ئىكەن، يەنە بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇنىڭ ئۇرۇقىنىڭ ئۈچەي دىۋارىغا چاپلىشىۋېلىپ يارىلاندۇرۇشىدىن ئىكەن. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، كىشى ئۇنىڭ قورۇلغىنىدىن 30 گىرام ئىستېمال قىلسا دەسلەپتە بەدىنىنى سوۋۇتىدىكەن، سىيزىمسىزلاندۇرىدىكەن، بوشىتىدىكەن، بىئارام قىلىدىكەن، كۆڭلىنى ئايىنىتىدىكەن، نەپسىنى قىستايدىكەن، ئارقىدىن ھوشسىزلاندۇرىدىكەن، تومۇر سوقۇشىنى توختىتىپ ھالاك قىلىدىكەن.

قۇتقۇزۇش ئۇچۇن، ئىسسىق مائۇلھەسەل، تۇز ۋە توغرىغۇلار بىلەن بىر قانچە قېتىم قۇستۇرۇلىدۇ. ئارقىدىن توخۇ تۇخۇمىنىڭ ئىللىتىپ پىشۇرۇلغان سېرىقى، پىلپىل، يالپۇز ۋە پىننە قوشۇلغان كۆكتات شورپىسى ۋە مۇسەللەس ئىچۈرۈلىدۇ.

**ئورۇنباسارى:** چوڭ تەرەتنى بوشىتىش، كۆكرەك، گالنى سىلىقلاشتۇرۇش، يۆتەل پەسەيتىش ئۇچۇن بېھى ئۇرۇقى، سوۋۇتۇش ۋە ھۆللەشتۈرۈش ئۇچۇن سېمىزئوت ئۇرۇقى، ماددىلارنى پىشۇرۇش ئۇچۇن زىغىر ئۇرۇقىدۇر.

**ئىستېمال مىقدارى:** 6~30 گىرامغىچە.

## بۇزغۇنج (بۇزغۇند)

(پۇچەك پىستە)

بۇ پارسچە سۆزدۇر.

**ماھىيىتى:** ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇ پىستىنىڭ مېغىز تۇتمىغان مېۋىسى ئىكەن. پىستە مېۋىسى بىر يىلى مېغىز تۇتىدىكەن، ئۇ پىستە دەپ ئاتىلىدىكەن. يەنە بىر يىلى مېغىز تۇتمايدىكەن، ئۇ «بۇزغۇنج» دەپ ئاتىلىدىكەن.

ئۇنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى پىستىنىڭ سىرتقى پوستىنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى بىلەن

ئوخشاش ئەمەس، بەلكى ئۇ ناھايىتى قۇرۇق سوغۇقتۇر. قابىز، خۇرسەن قىلغۇچى بولۇپ، تەسىرلىرى ئاقاقىياغا ئوخشايدۇ. ئاشلامچىلار ئۇنىڭ بىلەن ھايۋانلارنىڭ تېرىلىرىنى ئاشلايدۇ.

## بەزرى كەتتان
(زىغىر ئۇرۇقى)

پارسچە «بەزرەگ»، ھىندىچە «ئەلسى»، «تىيسى» دەپ ئاتىلىدۇ. يالغۇز ئاتالسا زىغىرنىڭ ئۇرۇقى ۋە يېغى نەزەردە تۇتۇلىدۇ.

ئۇنى ئىستېمال قىلسا باھنى قۇۋۋەتلەيدۇ ۋە قوزغىتىدۇ.

ئاللا خالىسا ئۇ «ك» (كاف) ۋە «ت» (تائ) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلار بابىدىكى «كەتتان» دېگەن مەزمۇندا بايان قىلىنىدۇ.

## پەسىل: «ب» (بائ) ۋە «س» (سىين) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى

### بەسباسە

ئۇ ئەرەبچە سۆزدۇر. پارسچە «بەزباز»، ھىندىچە «جاۋتەرى» دېيىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** ئۇ جۇزبۇۋانىڭ سەدەپسىمان قاتتىق پوستىنىڭ ئاستىدىكى نېپىز پوستىدىن ئىبارەت بولۇپ، پۇرلەشكەن ھالەتتە بولىدۇ. ياخشىسى قىزىلغا مايىل قوڭۇر، پۇرىقى ۋە تەمى ئۆتكۈر، قېلىن، يېڭى ۋە ئازراق قىرتاق بولغانلىرىدۇر.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق. بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، بىرىنچى دەرىجىدە ئىسسىق، ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىكەن. دەسلەپكى سۆز توغرىراقتۇر. ئۇ قابىزلىق، ئۇچۇچانلاشتۇرغۇچى ھارارەتكە مەنسۇپ جەۋھەرگە ئىگىدۇر.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** خۇرسەن قىلغۇچى، ئاشقازان ۋە جىگەرنى قۇۋۋەتلىگۈچى، باھنى كۈچەيتكۈچى، قوزغاتقۇچى، مەنىي كۆپەيتكۈچىدۇر، بولۇپمۇ سوغۇق مىزاج كىشىلەرنىڭ باھ قۇۋۋىتىنى ئاشۇرغۇچى، ھەزىمنى ياخشىلىغۇچى، ئېغىزنى خۇش پۇراق قىلغۇچى، توسالغۇلارنى ئاچقۇچى، ھۆللۈكلەرنى قۇرۇتقۇچى، يەللەر ۋە ئىچكى - تاشقى قاتتىق ئىششىقلارنى تارقاتقۇچىدۇر. ھۆل سوغۇقتىن بولغان سۇيدۈك تامچىلاش، ئۇچەي زەخىملىنىش، قان تۇكۇرۇش، ئۇچەي يارىسى، كۆكرەك ۋە ئۆپكىدىكى ھۆللۈكلەرنى تارتىش،

كونا ئىچ سۈرۈش، تال ئاغرىقى، كېرەكسىز ماددىلارنىڭ ئاشقازانغا تۆكۈلۈشىنى توسۇش، ئاشقازاننىڭ ھۆللۈكىنى سۈمۈرۈش، بالىياتقۇنى قۇۋۋەتلەش، بالىياتقۇنىڭ ھۆللۈكىنى قۇرۇتۇپ خۇش پۇراق قىلىشقا ئىشلىتىلىدۇ. ئۇنى ئىلمان سۇ، بىنەپشە يېغى بىلەن بىرلىكتە بۇرۇنغا تېمىتسا، قويۇق يەلدىن ۋە ھۆل سوغۇقتىن بولغان باش ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ. باشقا سۈركىسە باشنىڭ سوغۇقتىن بولغان ئاغرىقى، باشنىڭ يېرىمى ئاغرىش، تۇتقاق كېسەلگە پايدا قىلىدۇ. ئۇنى يالغۇز ياكى مۇناسىۋەتلىك دورىلار بىلەن زىمات قىلىپ كىندىك، دوۋسۇن ۋە ئۇچىنىڭ تۆۋەنكى ئومۇرتقىلىرىغا چاپسا سۈيدۈك تامچىلاشقا پايدا قىلىدۇ. ھەببۇلئاس يوپۇرمىقى بىلەن زىمات قىلسا قولتۇق پۇراشقا پايدا قىلىدۇ. ئۆچكە تېزىكى ۋە ھەسەل بىلەن زىمات قىلسا قاتتىق ئىششىقلارنى تارقىتىدۇ. ئۇنى ھەسەل بىلەن مەلھەم قىلىپ مۇنچىدا ئىشلەتسە، تۇغقان ئايالنىڭ بېلى ئاغرىش ۋە نىپاس يېلىغا پايدا قىلىدۇ، سىناقتىن ئۆتكەن. ھەيزدىن پاك بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭ بىلەن پەرزىجە قىلسا ھامىلدار بولۇشقا ياردەم بېرىدۇ. زەپەر بىلەن پەرزىجە قىلسا بالىياتقۇنى تازىلايدۇ ۋە ئۇنى ئىسلاھ قىلىدۇ. ئۇنىڭ قىرۇتىسىنى كىندىك ئاستىغا چاپسا ئۇچەي زەخملىنىش ۋە ئۇچەي يارىسىغا پايدا قىلىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** (1) ئىپىتىشلارغا قارىغاندا، ئۇ جىگەرگە زىيان قىلىدىكەن.

**تۈزەتكۈچىسى:** ئەرەب يېلىمى.

(2) باشنى ئاغرىتىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** گۈلاب.

**ئىستېمال مىقدارى:** 10 گىرامغىچە.

**ئورۇنباسارى:** جۇزبۇۋا.

بەسباسىنىڭ تەسىرى جويۇزغا يېقىن، ئۇنىڭدىن ئۇچۇچانراقتۇر.

ئۇنىڭ جاۋارىشى، داۋاسى، يېغى، مەجۇنى «قارابادىن كەبىر» دە بايان قىلىندى.

## بوستان ئەفرۇز
(تاجىگۈل)

بۇ پارسچە سۆز بولۇپ، ئەرەبچە «ھەبەق بوستانىي»، «زىينەتۇر رەياھىين» (رەيھانلار زىننىتى) دەپ ئاتىلىدۇ. ئەرەبچە يەنە «راھ»مۇ دېيىلىدۇ. چۈنكى ئۇ ناھايىتى چىرايلىق بولىدۇ. ئەرەبلەرچىرايلىق بولغان ھەرقانداق گۈلنى «راھ» دەپ ئاتايدۇ. پارسچە «تاجى خورۇس» (خوراز تاجى)، «گۈلى ھالۋا»، «گۈلى يۇسۇف»، ھىندىچە كىچىكى «كوكنى»، چوڭى

«راجتا دارى» دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇ «ھەمام» ئۆسۈملۈكى ئەمەستۇر. «ھەمام» دېگەن بۇ ئۆسۈملۈك «ھەبەقى نىبتىي» دېگەن ئۆسۈملۈكتىن ئىبارەت. چۈنكى «ھەمام» ئۆسۈملۈكىنىڭ يوپۇرمىقى كەڭرەك، تۇرلۇك رەڭلەردە بولىدۇ. غولى قىزىل، ئۆسۈملۈكى كۆچلۈكرەك، چوڭراق، گۈلى كەمرەك بولىدۇ. بوستان ئەفرۇز ئۆسۈملۈكىنىڭ يوپۇرمىقى يېشىل، ئۇششاق، گۈللىرى كۆپ، گۈلى بىنەپشە رەڭگە مايىل قىزىل، پۇراقسىز بولىدۇ. ئۇرۇقى ئۇششاق، قارا، پارقىراق بولىدۇ.

**تەبىئىتى:** ھەممىسى قۇرۇق سوغۇقتۇر.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** قورۇغۇچى، ماددىلارنى قايتۇرغۇچىدۇر. سىقىپ ئېلىنغان سۈيىدىن 35 مىللىلىتىر ئېلىپ ئىچسە، شۇنداقلا ئۇنىڭ قاينىتىلمىسىنى گۈلاب ۋە سىركەنجىۋىل بىلەن ئىچسە ئاشقازان، جىگەر ھارارىتىنى پەسەيتىدۇ، جىگەر ۋە تالنىڭ توسالغۇلىرىنى ئاچىدۇ. «خانىقۇن نەمر» (يولۋاسبوغار) ئۆسۈملۈكىنىڭ زەھىرىنى قايتۇرىدۇ.

**زىيانلىق تەسرى:** ئۇنىڭ ئۆزى تەستە ھەزىم بولىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** سىركەنجىۋىل.

**ئىستېمال مىقدارى:** سۈيىدىن 35 مىللىلىتىرغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

**ئورۇنباسارى:** ھەماھىم ئۆسۈملۈكى.

ئۇنىڭ ئۇرۇقى ئىچ سۈرۈشنى توختىتىشتا پاقىيوپۇرمىقىنىڭ ئورنىنى باسىدۇ. ئۇنى سوقۇپ يېرىم لىتىر سۈتكە چىلاپ ئايدىڭدا قويۇپ، ئەتىسى ئەتىگەندە ئىچسە ۋە ئۈچ كۈن داۋاملاشتۇرسا، سۈيدۈك ئېچىشتۇرۇپ كېلىش ۋە قان سىيىشكە پايدا قىلىدۇ، سىناقتىن ئۆتكەن. ئۇنىڭ ئۇرۇقىدىن 10 گىرامدىن ئىستېمال قىلىنىدۇ.

## بەستىياج
(بەستىياج چاتقىلى)

پارسچە «خىلالى مەككە»، ئەرەبچە «سەدى» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** ئۇ بىر خىل تىكەنلىك ئۆسۈملۈك بولۇپ، يوپۇرمىقى يىرىك، ئۇششاق، گۈلى ئاق، كۆك بولىدۇ. شاخلىرى بىر غېرىچ ئۇزۇنلۇقتا بولۇپ، بىر يىلتىزدىن ئۆسۈپ چىقىدۇ، ھەربىر شاخنىڭ ئۇچىدا غوزەككە ئوخشاش بىر نەرسە ئۆسۈپ چىققان بولىدۇ، ئۇمۇ يىرىك بولىدۇ. ئۇنىڭ ئىنچىكە شاخلىرىدىن چىش كولىغۇچ ياسىلىدۇ. ئۇنىڭ ئۇرۇقى نانخاغا ئوخشايدۇ. تەمى ئۆتكۈر، ئۇششاق بولۇپ «خەشىزەك» دەپ ئاتىلىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئۆسۈملۈكى ئىككىنچى دەرىجىنىڭ بېشىدا قۇرۇق ئىسسىق، ئازراق خۇش

پۈراقتۇر.

**خۇسۇسىيتى ۋە ئىشلىتلىشى:** ئۇنىڭ شىخى بىلەن چىش كولىسا چىشنى چىڭىتىدۇ. ئۇنىڭ سۈيى سۈركەلسە ئىششىقلارنى تارقىتىدۇ. قاينىتىلمىسىدا ئولتۇرۇلسا بالىياتقۇنى ياخشىلايدۇ، سۈيدۈك ھەيدەيدۇ.

ئۇنىڭ ئۇرۇقى ئىككىنچى دەرىجىنىڭ ئاخىرىدا قۇرۇق ئىسسىقتۇر. ئۇ پارسچە «دەرمەنەئى تۈركى» دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇ يۆتەل، ھىق تۇتۇش، يەل تۇرۇپ قىلىش، قورساق ئاغرىقى، ئەزالاردا تاش پەيدا بولۇشقا پايدا قىلىدۇ. جىگەر توسالغۇلىرىنى ئاچىدۇ، سۈيدۈك ھەيدەيدۇ. ئۇنىڭ قاينىتىلغىنىنى زەيتۇن يېغى بىلەن زىمات قىلسا پالەچ، ئىستىسقا، بوغۇملار ئاغرىقىغا پايدا قىلىدۇ. ئۇنىڭ قاينىتىلمىسى بىلەن ئىغىز چايقىسا چىش ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ.

**زىيانلىق تەسرى:** باشقا زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** تۇرمۇس.

**ئىستېمال مقدارى:** 10 گىرام ئىستېمال قىلىنىدۇ.

**ئورۇنباسارى:** شىھ ئەرمىنى.

## بۇسسەد
(بىخ مارجان)

ئۇ «بۇسەد»مۇ دېيىلىدۇ. ئىپتىشلارغا قارىغاندا ئۇ «قەزۇل» دەپ ئاتىلىدىغان بولۇپ، يۇنانچە «قەزۇلۇن نۇن» دېگەن سۆزنىڭ ئەرەبچىلەشتۇرۇلگىنى ئىكەن. رىمچە «قولوريۇن»، يەنە بىر تىلدا «قەۋالىن»، ئەرەبچە «ناشىق» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيتى:** ھەممەيلەننىڭ قارىشىدا، ئۇ بىخ مارجان دېيىلىدىغان بولۇپ، بۇ قاراشنىڭ ئاساسى يوقتۇر، بەلكى ئۇ بىر خىل تاش بولۇپ، رەڭگى قىزىل، خۇددى ھەرە كۆنىكىگە ئوخشاش كۆپ تۆشۈكلۈك بولىدۇ. ئەمما بۇ تاشنىڭ تۆشۈكلىرى ھەرە كۆنىكىنىڭ تۆشۈكىدىن كىچىكرەك، قاتتىق بولىدۇ. ئۇمان دەريا بويلىرى، يەمەن، پارس، مالدىپ ۋە باشقا يەرلەردە سۇ ئاستىدا ھاسىل بولىدۇ. «شىپائۇل ئەسقام» (كېسەللىكلەر شىپاسى) دېگەن كىتابنىڭ ئاپتورىنىڭ يېزىشىچە، ئۇ دېڭىزدا ئۆسىدىغان بىر خىل ئۆسۈملۈك بولۇپ، دېڭىزنىڭ ئاستىدا ئۆسىدىكەن. دېڭىزدىن چىقىرىلسا ھاۋانىڭ تېگىشى بىلەن تەڭ قاتىدىكەن. ئۇ كىشىنىڭ يەنە يېزىشىچە، داۋائۇل مىسكىغا قوشۇلىدىغىنى بۇسسەد ئىكەن. مارجاننىڭ ئەكسىچە ئاسان سالايە بولىدىكەن، قاچىنىڭ تېگىگە ئولتۇرۇۋالمايدىكەن.

ئۇ ئاق، قارىمۇ بولىدۇ. قارىسى قاتتىقراق، ئىقى قىزىلىدىن يۇمشاقراق بولىدۇ. ئۇنىڭ ياخشىسى قىزىل، قاتتىق، پارقىراق ۋە قوم ئارىلاشمىغانلىرىدۇر.

**تەبىئىتى:** بىرىنچى دەرىجىدە سوغۇق، ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇقتۇر.

**خۇسۇسىيتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** خۇرسەن قىلغۇچى، قورۇغۇچى، قۇرۇتقۇچىدۇر. ئۆز- ئۆزىگە سۆزلەش، ساراڭلىق، تۇتقاق كېسەل، خەفەقان، ئاشقازان ئاجىزلىقى، ئىشتىھاسىزلىق، بۆرەك ۋە دوۋسۇنغا تاش چۈشۈش، تال كېسەللىكلىرى، بوۋاسىر، قاناش، قان تۈكۈرۈش، قانلىق ئىچ سۈرۈش، جىگەر مەنبەلىك دېزىنتېرىيە، ئۈچەي يارىسى، سۈيدۈك تەستە كېلىش قاتارلىقلارغا شىپا بولىدۇ. ئۇنىڭدىن 5.2 گىرام ئېلىپ، يېرىم ھەسسە ئەرەب يېلىمى، توخۇ تۇخۇمىنىڭ ئېقى بىلەن يۇغۇرۇپ سوغۇق سۇ بىلەن ئىچسە ئىچكى ئەزالار قاناش، قان تۈكۈرۈشكە پايدا قىلىدۇ، سىناقتىن ئۆتكەن. بولۇپمۇ ئۇنىڭ كۆيدۈرۈلگىنىنىڭ تەسىرى ياخشىراق بولىدۇ. كۆيدۈرۈلگىنى يۇرەكتە ئۇيۇپ قالغان قاننى ئېرىتىدۇ. سەپسە زەخىملەردىكى ئارتۇق گۆشلەرنى يەپ يوقىتىدۇ. تېرىدىكى تۈرلۈك ئىزلارنى يوقىتىدۇ. كۆيدۈرۈلگىنى سىرتقى ئەزالاردىكى قاننى توختىتىدۇ. چىشنى چىڭىتىدۇ، ئاقارتىدۇ. ئۇنىڭ كۆيدۈرۈلگىنىنى يۇيۇپ كۆزگە سۈركىسە كۆزدىكى مۇدۇرلارنى ساقايتىدۇ، كۆرۈش كۈچىنى ئاشۇرىدۇ، كۆز ياشانغىراش، قاپاق قىزىرىپ ئىششىش قاتارلىقلارغا داۋا بولىدۇ. ئۇنى بىلسان يېغى بىلەن بىرلىكتە قۇلاققا تېمىتسا ئاڭلاش كۈچىنى كۈچەيتىدۇ. ئەمىنۇد دەۋلى (ئادەم ئىسمى)نىڭ ئېيتىشىچە، ئۇنىڭدىن ئىككى گىرام ئېلىپ سىركەنجىۋىل ئارىلاشتۇرۇپ كۈندە ئىككى گىرامدىن ئۇدا ئۈچ كۈن ئىچسە تال ئىششىقى، تال توسالغۇسىغا پايدا قىلىدىكەن. شۇنداقلا ئۇنىڭ كۆيدۈرۈلگىنىنى سۇ بىلەن ئىستېمال قىلسا مەزكۇر تەسىرلىرى كۈچلۈكرەك بولىدىكەن. ئۇنىڭ ئېرىتمىسى جوزامنى يوقىتىشتا سىناقتىن ئۆتكەن دەپ قارىلىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** بۆرەككە زىيان قىلىدۇ، كۆڭۈلنى ئىلەشتۈرىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** كەتىرا.

**ئورۇنباسارى:** قان توختىتىش ئۈچۈن باراۋەر مىقداردا خۇنسىياۋشان.

**ئىستېمال مىقدارى:** بەش گىرامغىچە.

ئۇنى ئاشقازاننىڭ ئۇدۇلىغا ئېسىۋالسا ئاشقازاننىڭ بارلىق كېسەللىكلىرىگە داۋا بولىدۇ. ئۇنىڭ خاسىيەتلىرىنىڭ بىرى شۇكى، ئۇنى باراۋەر مىقداردىكى ئالتۇن ۋە كۈمۈش بىلەن بىرلىكتە ئېرىتىپ، ئۇنىڭدىن ئۈزۈك ياكى ئۈزۈك كۆزى ياساپ قۇياش بىلەن ئاي زۆھرە يۇلتۇزى بىلەن ئۆز ئوربىتىسىدا ئۇچراشقاندا تۇتقاق كېسەل بىمارى ئۇنى ئۆزى بىلەن ساقلىسا، دەرھال ساقىيىدۇ، غەمدىن خالاس بولىدۇ، يامان كۆز تەگمەيدۇ. ئۇنىڭ قارىسىنىڭ كۆيدۈرۈپ يۇيۇلغىنى يۇرەكنى ناھايىتى قۇۋۋەتلەيدۇ.

ئۇنى كۆيدۈرۈش ئۇسۇلى شۇكى، ئۇنى ئۇششاق پارچىلاپ ساپال قاچىغا قاچىلاپ تېشىنى لاي بىلەن سۇۋاپ، قىزىق تونۇردا بىر كېچە تۇرغۇزغاندىن كېيىن تونۇردىن چىقىرىپ سالايە قىلىپ ئىشلىتىلىدۇ. ئەمما بەك كۆيۈپ كۈل بولۇپ كەتمەسلىكى لازىم.

بۇسسەدنىڭ قۇرسلىرى، مەجۇنى «قارابادىن كەبىر» دە بايان قىلىندى.

## بۇسر

(چالا پىشقان خورما)

**ماھىيىتى:** ئۇ خورمىنىڭ سارغايغان، تەمى تاتلىقلىششقا مايىللاشقان غورىسىدىن ئىبارەت. خورمىنىڭ يەتتە خىل ھالىتى ئاللا خالىسا «ت» (تائ) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلار بابىدىكى «تەمر» (خورما) بابىدا تەپسىلىي بايان قىلىنىدۇ. بۇسر بولسا خورمىنىڭ تۆتىنچى ھالىتىدۇر. خورما ھەر بىر ھالەتكە ئۆزگەرگەندە ھارارىتى ئېشىپ ماڭىدۇ.

**تەبىئىتى:** بىرىنچى دەرىجىدە ئىسسىق، ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ئاشقازاننى ۋە تەبىئىي ھارارەتنى كۈچەيتكۈچى، قورۇغۇچىدۇر. ئىچ سۈرۈشنى توختىتىش، قان تۈكۈرۈش، بوۋاسىر ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. چايىنىسا چىش مىلىكىنى چىڭىتىدۇ، چىشنىڭ زىيانلىق ئامىللارنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. تەستە ھەزىم بولىدۇ، تۇسالغۇ پەيدا قىلىدۇ، خام خىلىت كۆپەيتىدۇ. يەل پەيدا قىلىدۇ. بولۇپمۇ ئۇنىڭ شۇ شەھەرنىڭ ھاۋا كىلىماتىنىڭ سوغۇقلۇقى بىلەن پىشالماي خام قالغانلىرى تېخىمۇ شۇنداق بولىدۇ. شۇنداقلا ئۇنىڭ ئۇستۇنكى مىسىردا ئۆسكىنىنىڭ شۇنداق تەسىرى باردۇر. تولۇق خورمىنىڭ قابىزلىقى ئارتۇقراق بولىدۇ. ئۇنى يامغۇر سۈيى ۋە ھەسەل بىلەن ياسىلىدىغان شاراب بىلەن ئىچسە، ئىچكى ئەزالارنىڭ ئېچىشىشىغا پايدا قىلىدۇ. تەبىئىي ھارارەتنى كۈچەيتىدۇ. چالا پىشقان خورمىنىڭ ئېچىتىلغان شىرىنىسى خۇش پۇراق بولۇپ، مەست قىلىدۇ. ئاشقازان ۋە ئۈچەينى قۇۋۋەتلەيدۇ، قابىزلىقى كۈچلۈك بولۇپ، ئىچ سۈرۈشنى توختىتىدۇ. ئۇنىڭ ياخشىسى يەڭگىل بولغان، چوڭىيىشتىن توختاپ چۈشۈپ كەتمەكچى بولغانلىرىدۇر.

**زىيانلىق تەسىرى:** (1) قورساقنى ئېسىدۇ، بەزگەككە سەۋەب بولىدۇ، جۇغ - جۇغ پەيدا قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** مەيخۇش ئانار، تاتلىق ئانار شوراش، سىركەنجۇبىل ئىچىشتۇر.

(2) ئۆپكە ۋە كۆكرەككە زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** خەشخاش.

چالا پىشقان خورمىنىڭ قىيامىنىڭ تەبىئىتى ئۆزىنىڭ تەبىئىتى بىلەن ئوخشاش بولۇپ، قۇسۇش، ئىچ سۈرۈش ۋە ئاشقازان زەئىپلىكىگە پايدا قىلىدۇ.

## بىسفايەج

(بىستىپايەج)

ئۇ ئەرەبچە «ئەزراسۇل كەلب» (ئىت چىشى)، «ساقىبۇل ھەجەر» (تاشنى تەشكۈچى)،

«تەشمىيزەج» دەپ، يۇنانچە «بولوزىيۇن» يەنى كۆپ پۇتلۇق دەپ ئاتىلىدۇ. مىسىردا «ئەشتىۋان» دېگەن نام بىلەن مەشھۇردۇر. ھىندىچە «كەھىنكالى» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** ئۇ بىر خىل يىلتىز بولۇپ، رەڭگى قارامتۇل توپارەڭ، ئىنچىكە بولىدۇ، مىڭئاياغقا ئوخشايدۇ، بوغۇملۇق بولىدۇ، ھەربىر بوغۇمىدىن ئىنچىكە يىپچىلار ئۆسۈپ چىقىدۇ. ئۇنىڭ ياخشىسى قەرەنپىل تەملىك، ئاززاق تاتلىق، سەل توم، تېتىسا تىلنى قورۇيدىغان، سۇندۇرسا ئىچىنىڭ رەڭگى خۇددى پىستىنىڭ رەڭگىدەك كۆك چىقىدىغانلىرىدۇر. قارىسى ناچاردۇر.

يېڭىسىنىڭ رەڭگى پىستە رەڭ بولىدۇ، كونىرىغانسېرى قارامتۇل قىزىلغا قاراپ ئۆزگىرىدۇ. ئۇنىڭ ئۆسۈملۈكى غولسىز بولىدۇ. بىر تال شاخ ئۆسىدىغان بولۇپ، ئۇستىدە يوپۇرماقلىرى بار، بۇ شاخ خۇددى قۇش قانىتىغا ئوخشايدۇ. بۇ ئۆسۈملۈك سەرخەس ئۆسۈملۈكىگە ئوخشايدىغان بولۇپ، بىر غېرىچ چوڭلۇقتا ئۆسىدۇ. يوپۇرماقلىرى ئۇششاق، توپارەڭ، توكلۇك بولۇپ، ئۇستىدە سېرىق چېكىتلەر بولىدۇ. بۇ ئۆسۈملۈك دەرەخلەرنىڭ شاخلىرى ۋە يىلتىزلىرىدىن، بولۇپمۇ بەللۇت دەرىخىدىن ئۆسىدۇ. باھاردا ئۆسۈپ يازدا پىشىدۇ. «شىپائۇل ئەسقام» (كېسەللىكلەر شىپاسى)ناملىق كىتابنىڭ ئاپتورى: «ئۇنىڭ شاخلىرى ئىنچىكە، قىزىل بولۇپ، پىرسىياۋشانغا ئوخشايدۇ. ئۇنىڭدىن تومراق بولىدۇ، يوپۇرمىقىمۇ ئۇنىڭغا ئوخشايدۇ» دەپ يازغان. ھەكىم مىر مۇھەممەد مۆمىن «تۆھپەتۇل مۆئمىن» دېگەن كىتابىدا: «ئۇنى تەنەكابۇندا ‹دار چەماز› دەپ ئاتايدۇ» دەپ يازغان.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىنىڭ ئاخىرىدا ئىسسىق، بېشىدا قۇرۇق. بەزىلەر ئۇنى ئۈچىنچى دەرىجىدە ئىسسىقمۇ دېگەن. يەنە بەزىلەر ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق، ئىككىنچى دەرىجىدە ئىسسىق، دېگەن. بەزىلەر بىرىنچى دەرىجىدە ئىسسىق، قۇرۇقلۇقى مۆتىدىلمۇ دېگەن. بىرىنچى قاراش توغرىدۇر.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** سەۋدا، بەلغەمنى ۋە ھەرقانداق خىلىتنى سۈرگۈچى، يەل ۋە ئاشقازاندا ئۇيۇغان سۇتنى تارقاتقۇچى، قۇلۇنجىغا شىپا بولغۇچى، ئۇيۇمىغان سۇتنى ئۇيۇتقۇچىدۇر. ئۇ سەۋدانى بېسىش، جوزام، سەۋدادىن بولغان كېسەللىكلەر، بوغۇم كېسەللىكلىرى، ئۇچەينى تەنقىيە قىلىشلارغا ئىشلىتىلىدۇ. ئۇنى شېكەر، قارا شېكەر ۋە غىزالار بىلەن ئىستېمال قىلسا غىزالارنىڭ غەيرىي تەمىنى يوقىتىدۇ، بولۇپمۇ دورا ئىچىشنى خالىمايدىغان كىشىلەر دورىلىرىغا ئارىلاشتۇرۇپ ئىستېمال قىلسا، دورىلارنىڭ باشقا پۇراقلىرىنى يوقىتىدۇ، بولۇپمۇ ئۇنىڭ ئۈزۈم شىرنىسى بىلەن قايىنتىلغىنىنىڭ بۇ تەسىرى تېخىمۇ كۈچلۈك بولىدۇ. ئۇنى مائۇلھەسەل بىلەن ئىستېمال قىلسا، ئاشقازان ۋە بوغۇملاردىكى سەۋدا ماددىلىرى، شىلىمشىق قويۇق خىلىتلارنى زەرەرسىز سۈرۈپ چىقىرىدۇ. ئۇنىڭ قايىنىتىلمىسىنى چۈچۈكبۇيا يىلتىزى ۋە رۇمبەدىيان بىلەن ئىچسە يۆتەل، زىققە

نەپەس، كاناي ئىششىقىغا پايدا قىلىدۇ. ئۇنىڭ قاينىتىلمىسىنى چىلان بىلەن داۋاملىق ئىچسە بوۋاسىر دانچىلىرىنى ناھايىتى ياخشى چۈشۈرىدۇ. ئۇنىڭ قاينىتىلمىسىدىن 15 گىرام ئېلىپ، فۇلۇسى خىيارشەنبەر ياكى تەرەنجىبىن بىلەن ئىچسە بوۋاسىرنىڭ يېلىنى تارقىتىدۇ، كونا ئاشقازان ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ، تۇتقاق كېسەللىكىگە داۋا بولىدۇ، سىناقتىن ئۆتكەن. مالىخولىيا، جوزام بىمارلىرى ئۇنىڭدىن كۈنىگە 5.3 گىرام ئېلىپ 120 گىرام مېغىزى فۇلۇسى خىياشەنبەر بىلەن بىرلىكتە ئۇدا يەتتە كۈن ئىستېمال قىلسا، مەزكۇر ئىككى خىل كېسەللىكنى ساقايتىدۇ. ئۇنىڭ قاينىتىلمىسىنى ئارپا سۈيى ياكى مائۇلھەسەل بىلەن ئىچسە قۇلۇنجىغا داۋا بولىدۇ، يەل تارقىتىدۇ. ھەرقانداق خىلىت بىلەن ئۇچراشسا ئۇنى پەسەيتىدۇ، سەۋدادىن بولغان بارلىق كېسەللىكلەرگە پايدا قىلىدۇ. سەۋدانىڭ جەۋھىرىنى يۇرەك ۋە مېڭىدىن ئىستىفراغ قىلىدىغان بولغاچقا خۇرسەن قىلىدۇ. قېرى خورازنى قوغلاپ ھاردۇرغاندىن كېيىن بوغۇزلاپ ئىچىنى تازىلاپ، ئىچىگە چالا سوقۇلغان بىستىپايەجنى سېلىپ يۇمشاق پىشۇرۇپ، شورپىسىغا زەنجىۋىل، ئازراق ئارپىبەدىيان قوشۇپ ئىچسە ئىچىنى ياخشى سۈرىدۇ. ئۇنى يالغۇز ياكى قۇرۇق مېۋىلەر ۋە ھۆل ئوت - چۆپلەر بىلەن پىشۇرسا، ئۇنى ئىسلاھ قىلىپ تەسىرى تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ. ئۇنى زىمات قىلسا پەي تولغىنىش ۋە بارماقلار ئارىسىنىڭ يېرىلىشىغا پايدا قىلىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** (1) ئېيتىشلارغا قارىغاندا، كۆكرەككە زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** پىرسىياۋشان ئىستېمال قىلىش، ئۇنى چالا سوقۇپ ئارپا سۈيى ۋە قىزىلچا بىلەن قاينىتىپ ئىستېمال قىلىش ياكى مەزكۇر دورىلارنى يۇمشاق سوقۇپ، ئۈستىگە سېپىپ ئىستېمال قىلىشتىن ئىبارەت.

(2) بۆرەككە زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** سېرىق ھېلىلە.

**ئىستېمال مىقدارى:** ئۆزىدىن 3 ~10 گىرامغىچە، مەتبۇخىدىن 6~18 گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ. مەتبۇخىدىن بىمارنىڭ بەدەن قۇۋۋىتى ۋە يېشىغا قاراپ 21 گىرامغىچە ئىسېتمال قىلىشقىمۇ بولىدۇ، دېيىلگەن.

**ئورۇنباسارى:** سەۋدا ماددىلىرى ئۇچۇن يېرىم ھەسسە ئەپتىمۇن، تۆتتىن بىرىچىلىك مىقداردا نەمەك ھىندىدۇر.

«شىپائۇل ئەسقام» دېگەن كىتابنىڭ ئاپتورى: «ئۇستازىم ئۇنىڭ يەل پەيدا قىلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۇچۇن پوستىنى ئاقلىۋېتىپ، يۇمشاق سوقۇپ ئىستېمال قىلىش لازىم دېگەن» دەپ يازغان.

بىستىپايەجنىڭ ھەببى، سۇفۇپى، شارابى ۋە مەتبۇخى قارابادىندا بايان قىلىندى.

# پەسل: «ب» (بائ) ۋە «ش» (شىن) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى

## بەشمام

(بەشمام دەرىخى)

**ماھىيتى:** ئۇ ھىجازدا ئۆسىدىغان بىر خىل دەرەختىن ئىبارەت بولۇپ، ئەڭ دەسلەپتە ھىجازدا ئۆسەتتى، كېيىن ئۇ يەردىن بەيتۇل مۇقەددەس، مىسىر ۋە ئىراقتا ئېلىپ كېلىنگەن. مەككىنىڭ ئەتراپىدىكى تاغلاردا كۆپ بولىدۇ. ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ ياغىچى، ھەببى ۋە سۇتى بىلسانىنىڭ ئورنىدا ئىشلىتىلىدۇ.

ئۇ چوڭ ۋە كىچىكتىن ئىبارەت ئىككى خىل بولىدۇ. چوڭى دەسلەپتە ئۈزۈم دەرىخى چوڭلۇقىدا ئۆسىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن چوڭىيىپ، ئۇجمە ۋە سۆگەت دەرەخلىرى چوڭلۇقىدا بولىدۇ. شاخلىرى ئەگرى ۋە بوغۇملۇق ئۆسىدۇ. يوپۇرمىقى ئۇششاق بولۇپ، سۆئەر يوپۇرمىقىغا ئوخشايدۇ، ئۇنىڭدىن چوڭراق بولىدۇ. شىلىمشىق، تاتلىق سۇيۇقلۇقى بولىدۇ. گۈلى سېرىق بولىدۇ. ئۇرۇقى كاۋاۋچىنىغا ئوخشاش قىزىل، تەمسىز بولىدۇ. ئۇنىڭ مېۋىسى باشاقلىق بولۇپ، ئۇرۇقچىسى سېرىققا مايىل، بەزىسى قىزىل، بەزىسى خۇددى چىلغوزىغا ئوخشاش ئۇزۇنچاق، يۇمشاق، تەمسىز، ئازراق تاتلىق، قىرتاق بولىدۇ. يېرىلىق ئەرەبلەر ئۇنى يەيدۇ. ئۇنىڭ ياغىچى يېشىل، خۇش پۇراق بولىدۇ.

ئۇنىڭ يەنە بىر تۈرى بار بولۇپ، مېۋىسىنىڭ ئۇرۇقچىسى قارىمۇچقا ئوخشايدۇ. ياغىچى يىرىك، ئېغىر، قارىغا مايىل بولىدۇ. ئۇنىڭ ياغىچى ياكى ھەر ئىككىسىنىڭ يوپۇرمىقىنى كەسسە ئۇنىڭدىن سۇ، سۇت چىقىدۇ، قۇرۇغاندا سېرىق ۋە قىزىلغا مايىل بولىدۇ. بۇ ئۇنىڭ ھەرقايسى قىسىملىرىنىڭ ئەڭ ياخشىسى بولۇپ «دۇھنى بەلەسان» دەپ ئاتىلىدۇ. ئاللا خالىسا «د» (دال) ۋە «ھ» (ھائ) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلار بابىدا تەپسىلىي بايان قىلىنىدۇ.

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇنىڭ كىچىكىنىڭ مېۋىسى بولمايدىكەن.

**تەبىئتى:** ئۇنىڭ ھەممە قىسمى ئىككىنچى دەرىجىدە ئىسسىق، بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇق. يوپۇرمىقىنىڭ ئارتۇق ھۆللۈكى باردۇر.

**خۇسۇسىيتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ئۇنىڭ غولىدىن ئېقىپ چىققان سۈيى كۆزگە چۈشكەن ئاقنى يوقىتىدۇ. زەخمىلەرنى تازىلايدۇ ۋە قۇرۇتىدۇ. قان ۋە تەر توختىتىدۇ. سوغۇقتىن بولغان چىش ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ. سىيدۈك ۋە ھەيز ھەيدەيدۇ. ئۇنى زەپەر بىلەن ھەمەل قىلسا

ھامىلىدار بولۇشقا ياردەم بېرىدۇ. بالىياتقۇنى تازىلايدۇ. بالىياتقۇدىكى يەلنى تارقىتىدۇ.

ئۇنىڭ ئۇرۇقچىسىنى ئىستېمال قىلسا، چايىنىسا، زىمات قىلسا، ئاشقازان ۋە ئىچكى ئەزالارنى قۇۋۋەتلەيدۇ. تەستە ھەزىم بولىدۇ. چايانىنىڭ زەھىرىنى قايتۇرىدۇ. ئۇنىڭ ئۇرۇقچىسىنىڭ يېغى بەلغەم ۋە سەۋدانى سۈرىدۇ. قورساقنى ئاغرىتىدۇ.

ئۇنىڭ يوپۇرمىقىنى يالغۇز ياكى مۇناسىۋەتلىك ياغلار قاينىتىپ ياكى ئۇنىڭ ھۆل يوپۇرمىقىنى سوقۇپ، ياغ بىلەن قارىدىغۇچە قاينىتىپ چاچقا كەچتە سۈركەپ بىر كېچە تۇرغۇزسا چاچنى قارايتىدۇ.

ئۇنىڭ ياغىچىنى ئۆزى بىلەن ساقلىسا ياكى ئۇنىڭدىن ھاسا ياساپ ئىشلەتسە ھاجەتلىرىنىڭ راۋا بولۇشىغا سەۋەب بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ «خەشەبۇل يۇسر» (ئاسانلىق ياغىچى)، «ئەسايى مۇسا» (مۇسا ھاسىسى) دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇنىڭ ياغىچى بىلەن چىش چوتكىلىسا ئېغىزنى خۇش پۇراق قىلىدۇ، چىش مىلىكنى چىڭىتىدۇ. ئۇنىڭ ئۇرۇقچىسى كۆڭۈلنى ئېلىشتۇرىدىغانلىقى ۋە ناچار كېسەللىكلەرنى پەيدا قىلىدىغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭدىن ئۆزىنى تارتقان ياخشىراقتۇر.

## بەشنىين
(ياتما نىلۇپەر)

مىسىر خەلقى ئۇنى «ئەرائىسۇن نىيل» دەپ ئاتايدۇ. چۈنكى ئۇ نىل دەرياسىنىڭ سۈيى تاشقاندا سۇ ئارقىلىق يۆتكىلىپ ھەر يەرلەردە ئۆسىدۇ.

**ماھىيىتى:** بىر خىل ئۆسۈملۈك بولۇپ، نىلۇپەرگە ئوخشايدۇ. غولى ئىنچىكە، ئېگىز بولىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇ قۇياش چىققاندا يېيىلىپ ئېگىزلەپ، بېشىنى سۇدىن چىقىرىدىكەن، قۇياش ئولتۇرغاندا بولسا قورۇلۇپ كىچىكلەپ بېشىنى سۇغا تىقىۋالىدىكەن. ئۇنىڭ بېشى خەشخاش غوزىكىگە ئوخشاش، ئۇنىڭدىن چوڭراق بولۇپ، ئىچىدىن سوكقا ئوخشاش ئۇرۇقلار چىقىدۇ. مىسىر خەلقى ئۇنى قورۇتۇپ ئۇن تارتىپ نان يېقىپ يەيدۇ.

ئۇنىڭ يىلتىزى چامغۇر ۋە ئالمىغا ئوخشاش بولۇپ، «پىيارۇن» دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇ خام ۋە پىشقان ھالەتتە يېيىلىدۇ. ئۇنىڭ پىشقىنى سېرىق بولۇپ، رەڭگى ۋە تەمى توخۇ تۇخۇمىنىڭ سېرىقىغا ئوخشايدۇ. «خەزىيرى» ۋە «ئەئرابىي» دىن ئىبارەت ئىككى خىل بولىدۇ. «ئەئرابىي» بولغىنى ياخشىراق بولۇپ ھېسابلىنىدۇ، ئۇنىڭ يىلتىزى خۇش پۇراق پۇرايدۇ.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە سوغۇق، ئۈچىنچى دەرىجىنىڭ بېشىدا ھۆلدۇر.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** تەسىرلىرىنىڭ ھەممىسى نىلۇپەرنىڭ تەسىرلىرى بىلەن

ئوخشاشتۇر. ئۇنىڭ ئەئرابىي بولغىنىنىڭ يىلتىزىنىڭ ئازراق هارارىتى بار بولۇپ، گۆش بىلەن پىشۇرۇپ ئىستېمال قىلسا، ئاشقازان ۋە باھنى قۇۋۋەتلەيدۇ، قانلىق ئىچ سۈرۈش، سەپرادىن بولغان ئىچ سۈرۈشكە پايدا قىلىدۇ. سۈت بىلەن ئىستېمال قىلسا يۆتەل پەسەيتىدۇ. ئۇنىڭ گۈلىنىڭ تارقىتىش كۈچى باردۇر. ئۇنىڭ گۈلىدىن تەييارلانغان يېغىنىڭ تەسىرى گۈل يېغىغا ئوخشاش بولۇپ، بۇرۇنغا تېمىتسا، سۈركىسە، ساراڭلىق، ئىسسىقتىن بولغان باش ئاغرىقى، باشنىڭ يېرىمى ئاغرىش ۋە كۆكرەك پەردىسى ئىششىقىغا پايدا قىلىدۇ. ئۇنىڭ شەربىتىنىڭ تەسىرى نىلۇپەر شەربىتىنىڭ تەسىرى بىلەن ئوخشاشتۇر. ئۇنىڭ ئۇرۇقى ئىششىقلارنى تارقىتىدۇ، بوۋاسىرغا پايدا قىلىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** دوۋسۇنغا زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** ھەسەل.

**ئىستېمال مىقدارى:** 70 گىرام.

**ئورۇنباسارى:** نىلۇپەر.

ھىندىستان ۋە بېنگالدا مەزكۇر ئۆسۈملۈككە ئوخشايدىغان بىر خىل ئۆسۈملۈك بار بولۇپ، كۆللەر، قۇدۇقلار، كارىزلار ۋە كەلكۈندىن كېيىن سۇ يىغىلىپ قالغان ئورۇنلاردا ئۆسىدۇ. ئۇ «كەنۇل» دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇنىڭ مېۋىسى «كەنۇل گەتە» دەپ ئاتىلىدۇ. يىلتىزى يىپسىمان بولىدۇ. گۈلى نىلۇپەر گۈلىگە ئوخشاش، ئۇنىڭدىن خۇش پۇراقراق، چوڭراق، گۈل بەرگىلىرىنىڭ تۆۋەن تەرىپى ئاق، ئۈستى تەرىپى قىزىلگۈل رەڭ، ناھايىتى مەنزىرىلىك بولىدۇ. غۇنچىسى يۇرەككە ئوخشاش كونۇس شەكىللىك بولىدۇ. غولى كاۋاك، ئۇزۇن بولىدۇ. يوپۇرمىقى كەڭ بولۇپ، سۇ يۈزىگە يېيىلىپ ئۆسىدۇ. مېۋىسى خەشخاش غوزىكى چوڭلۇقىدا بولۇپ، ئىچىدىن تۇس مېۋىسى (بىر خىل مېۋىدىن ئىبارەت) ۋە پىندۇق چوڭلۇقىدا، بەزىدە ئۇنىڭدىن كىچىكرەك ئۇرۇقلار چىقىدۇ، ئۇ ھىندىچە «نىيم» دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ ئۇرۇقنىڭ شەكلى يۇمىلاق، سەل ئۇزۇنچاق، پوستى يېشىل، سەل قاتتىق بولىدۇ، پوستىنىڭ ئىچىدىن ئاق رەڭلىك نېپىز يەنە بىر پوستى چىقىدۇ. ئۇنىڭ مېغىزى پىندۇق، بادام، پىستە ۋە باقلىمېغىزىغا ئوخشاش ئىككى پارچە بولىدۇ. ئىچىدىن يېشىل رەڭلىك، چۇرۇك، ئاچچىق بولغان كىچىك تىلى چىقىدىغان بولۇپ، ئۇ ئايرىۋېتىلىدۇ. ئۇنىڭ مېغىزى خام ۋاقتىدا شېرىن، تاتلىق ۋە نازۇك بولۇپ يېيىلىدۇ. پىشقان ۋە قۇرۇغاندىن كېيىن قاتىدۇ. ئۇنى قاچىغا سېلىپ، تېشىغا گىل ھېكمەت سۈركەپ، ئوت ئۈستىدە قويۇپ قورۇپمۇ ئىستېمال قىلىنىدۇ. ئۇنى يەنە سوقۇپ تالقان قىلىپ يوغۇرۇپ نان يېقىپ پىشۇرۇپ ياكى تالقان ھالەتتە قورۇپ ئىستېمال قىلىنىدۇ. ئۇنىڭ يىلتىزىنىمۇ خام ياكى پىششىق ھالدا ئىستېمال قىلسا مەنىي تۇتىدۇ، باھنى قۇۋۋەتلەيدۇ. بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ ھەممە تۈرلىرىنىڭ تەسىرلىرى ۋە خۇسۇسىيەتلىرى نىلۇپەرنىڭ خۇسۇسىيىتى ۋە تەسىرلىرىگە ئوخشايدۇ.

# پەسىل: «ب» (بائ) ۋە «س» (سۇۋاد) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى

## بۇساق
(تۇكۇرۇك)

ئۇ يەنە «س» (سىين) ھەرپى بىلەن «بۇساق»مۇ دېيىلىدۇ. يەنە «بۇزاق» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئۇ ئادەمنىڭ ئېغىز ىدىكى تۇكۇرۇكىدىن ئىبارەت.

**تەبىئىتى:** ئىسسىق، ئەمەلىي ھۆللۈكى بار. كېيىن قۇرۇق بولۇپ ئۆزگىرىدۇ. قورساق ئاچقان، غەزەپلەنگەن ۋە ئەمگەك قىلغاندا ئىسسىقلىقى تېخىمۇ ئاشىدۇ.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** سۈركىسە بەھەق، داغ، كالا تەمرەتكىسى، قارا، كۆك داغلارنى يوقىتىدۇ. قۇلاقتا تېمىتسا قۇلاقتىكى قۇرتنى ئۆلتۈرىدۇ. ناشتىدا بۇغداي چايناپ ئىششىقلارغا چاپسا ئۇنى پىشۇرۇپ تارقىتىدۇ. ھاراربتى ئاشقان تۇكۇرۇك تۇرلۇك زەھەرلەرنى قايتۇرىدۇ. يىلان ۋە ئەفئا يىلاننىڭ ئېغىزىغا تۇكۇرسە ئۆلتۈرىدۇ.

ئىنسان ھەققىدە توختالغاندا ئۇنىڭ قالغان تەسىرلىرى بايان قىلىندى.

## بەسەل
(پىياز)

ئۇ پارسچە «پىياز» دەپ ئاتىلىدۇ، ھىندىچىمۇ شۇ نام بىلەن مەشھوردۇر.

**ماھىيىتى:** ئۇ ياۋا ۋە يەرلىكتىن ئىبارەت ئىككى خىل بولىدۇ. ياۋىسى بۇلاق بويلىرى ۋە تاغلاردا كۆپ بولىدۇ. ئۇنىڭ يوپۇرمىقىنىڭ تەمى ۋە پۇرىقى پىيازغا ئوخشايدۇ. ئۇ تۈركچە «كومران» دەپ ئاتىلىدۇ، يەرلىكىدىن كۇچلۇكرەك بولىدۇ. يەرلىكى ئاق، قىزىل ۋە چوڭ ـ كىچىك بولىدۇ. رەڭگى ئاق، چوڭ، سۇلۇق بولغانلىرى ياخشىلىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

**تەبىئىتى:** ھەممىسى ئۇچىنچى دەرىجىنىڭ ئاخىرىدا ئىسسىق، ئۇچىنچى دەرىجىنىڭ ئاۋۋىلىدا قۇرۇق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** توسالغۇلارنى ئاچقۇچى، ئىشتىھا ۋە باھ قوزغىغۇچىدۇر. بولۇپمۇ مايلىق گۆش بىلەن پىشۇرۇپ ئىستېمال قىلسا، بۇ خىل تەسىرى تېخىمۇ كۇچلۇك بولىدۇ. ئۇنى نان بىلەن يېسە بۇزۇلغان، يۇقۇملۇق كېسەللىك بىلەن بۇلغانغان ھاۋانىڭ زەرەرىنى، ھاۋا كىلىماتىنىڭ ماسلاشماسلىقى، بولۇپمۇ مەلۇم شەھەرگە دەسلەپكى ۋاقىتتا كەلگەندە ماسلاشماسلىقنىڭ زەرەرىنى يوقىتىدۇ ۋە ئالدىنى ئالىدۇ. سۇيدۇك، ھەيز ھەيدەيدۇ.

ئەزالاردىكى تاشلارنى پارچىلاپ چۈشۈرىدۇ. يۇمشاق پىشۇرۇپ ئىستېمال قىلسا چوڭ تەرەتنى يۇمشىتىدۇ، ئاچچىق كېكىرىكنى پەسەيتىدۇ. دۇمبە ياغ بىلەن پىشۇرۇپ يېسە كۆكرەك ۋە ئۆپكىدىكى شىلىمشىق خىلتلارنى تازىلايدۇ. سىركە بىلەن پىشۇرۇپ ياكى سىركىگە چىلاپ ئىستېمال قىلسا يەرقان ۋە تال كېسەللىكلىرىگە داۋا بولىدۇ. ئىشتىھانى ئاچىدۇ. ھەزىمنى كۈچەيتىدۇ. سەپرا ۋە بەلغەمدىن بولغان كۆڭۈل ئېلىشىشنى توختىتىدۇ. يالغۇز ئىشلەتسە دورىلارنىڭ سېسىق پۇرىقىنى يوقىتىدۇ. زەھەرلەرنى قايتۇرىدۇ. ئۇنىڭ سۈيى غالجىر ئىت چىشلىۋالغاندىكى زەھەرنى قايتۇرىدۇ، بولۇپمۇ ئۇنىڭ سۈيىدىن مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ ئۇدا ئۈچ كۈن ئىستېمال قىلسا تەسىرى تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ، سىناقتىن ئۆتكەن. ئۇنىڭ سۈيىنى بەدەننى تەنقىيە قىلغاندىن كېيىن كۆزگە تېمىتسا، ياشانغىراش، قىچىشىش، قاپاق قوتۇرى، دەسلەپكى مەزگىلدىكى كۆزگە سۇ چۈشۈشكە پايدا قىلىدۇ. ھەسەل بىلەن ئىشلەتسە كۆزگە ئاق چۈشۈش، كۆز ئاجىزلىقى، ھۆللۈك ۋە قويۇق ماددىلاردىن بولغان كۆز قاراڭغۇلىشىشقا شىپا بولىدۇ. ئۇنىڭ سۈيىنى بۇرۇنغا تېمىتسا مېڭىنى تازىلايدۇ. پۇرىسا بۇزۇلغان ھاۋا ۋە يۇقۇملۇق كېسەللىك تارقالغان ھاۋانىڭ زەرەرىنى يوقىتىدۇ. مېڭە توسالغۇسىنى ئاچىدۇ، بۇخاراتلارنى تارقىتىدۇ. سۈيىنى قۇلاققا تېمىتسا قۇلاق ئېغىرلىقى، قۇلاق غوڭۇلداشقا پايدا قىلىدۇ. قۇلاقنى تازىلايدۇ، قۇلاقتىكى يەلنى تارقىتىدۇ. ئۇنى يۇتقۇنچاققا سۈركىسە بەلغەمدىن بولغان بوغما كېسەلگە داۋا بولىدۇ. ئۇنىڭ سىقىلغان سۈيىدىن 100～1000 گىرامغىچە ئېلىپ، كېسەللىك ئەھۋالىنىڭ ئېغىر - يېنىكلىكىگە ئاساسەن مۇۋاپىق مىقداردا ئىستېمال قىلسا چايانىنىڭ زەھىرىنى قايتۇرىدۇ. سوقۇلغىنىنى يىلان چاققان ئورۇنغا چاپسا زەھەرنى قايتۇرىدۇ. زىمات قىلسا قاننى تېرە يۈزىگە تارتىپ رەڭگىرويىنى ياخشىلايدۇ. ھەسەل، مىلتىق دورىسى (تېبابەتتە تەييارلىنىدىغان ئۆزگىچە ياسالمىدىن ئىبارەت)، تۇز بىلەن بىرلىكتە زىمات قىلسا، ئاقكېسەل، سۆگەل، داغ ۋە يىرىڭلىق يارىلارغا مەنپەئەت قىلىدۇ، سىناقتىن ئۆتكەن دەپ قارىلىدۇ. ئادەمنىڭ چىچى بىلەن زىمات قىلسا غالجىر ئىت چىشلىۋالغان زەخمىنى ساقايتىدۇ. تۇز، سۇزاپ ۋە ھەسەل بىلەن زىمات قىلسا سۆگەل چۈشۈرىدۇ. ئەنجۈر بىلەن زىمات قىلسا چايان ۋە سېرىق ھەرىنىڭ چاققان زەھىرىنى قايتۇرىدۇ. پىشۇرۇپ يالغۇز ياكى مۇناسىپ دورىلار بىلەن بىرلىكتە زىمات قىلسا سوغۇقتىن بولغان ئىششىقلارنى پىشۇرىدۇ. توخۇ تۇخۇمىنىڭ سېرىقى ياكى يېڭى ياغ ياكى ھايۋانات يېغى بىلەن زىمات قىلسا، مەقئەت ئاغرىقلىرى، قىچىشىش ۋە مەقئەت ئىششىقىغا مەنپەئەت قىلىدۇ. تۆگە لوككىسىنىڭ يېغى بىلەن زىمات قىلسا پەيلەرنىڭ تارتىشىۋېلىشى، مەقئەت يېرىلىش، بوۋاسىر ۋە قانلىق ئىچ سۈرۈشكە مەنپەئەت قىلىدۇ. زەيتۇن يېغى بىلەن زىمات قىلسا تىرناقنىڭ ئېگىز - پەس بولۇپ قېلىشىغا مەنپەئەت قىلىدۇ، سىناقتىن ئۆتكەن. ئۇنىڭ پوستىنى ئاقلاپ زەيتۇن يېغىغا چىلاپ، ئۇنىڭ بىلەن ھەمەل تەييارلاپ مەقئەتكە قويسا بوۋاسىر تومۇرلىرىنىڭ ئېغىزىنى ئېچىپ قانىتىدۇ. ئۇنىڭ

توخۇ يېغى بىلەن تەييارلانغان قىرۇتىسىنى سۈركىسە ئاياغ غاجاشتىن پەيدا بولغان يارىلارنى ساقايتىدۇ. ئۇنىڭ پوستىنى كۆيدۈرۈپ كۈيدۈرۈلگەن چاچ بىلەن چاپسا يەل يارا (ئىېغىزدا بولىدىغان بىر خىل كېڭىيىشچان يارا)غا مەنپەئەت قىلىدۇ، سىناقتىن ئۆتكەن. ئۇنىڭ ئاق، چوڭ بولغىنىنىڭ تەسىرلىرى باشقىلىرىدىن كۈچلۈكرەكتۇر.

**زىيانلىق تەسىرى:** ئىسسىق مىزاجلىقلارغا زىيان قىلىدۇ، كۆپ ئىستېمال قىلسا ئۇنتۇغاقلىق ۋە بەلغەمدىن بولغان مېڭە پەردە ياللۇغى، قويۇق يەل، ئاشقازان مەددە قۇرتى پەيدا قىلىدۇ. ئاشقازاننىڭ ئۆزىدە قويۇق خىلىت كۆپەيتىدۇ، ئۇسسۇتىدۇ. ئىسسىق مىزاجلىقلارنىڭ بېشىنى ئاغرىتىدۇ، بولۇپمۇ يېڭىسى تېخىمۇ شۇنداق.

**تۈزەتكۈچىسى:** ئۇنى سۇ، تۇز بىلەن يۇيۇپ پىشۇرۇپ، سىركە بىلەن ئىستېمال قىلىش، ئارقىدىن ئانار سۈيى ۋە كاسىنە سۈيى ئىچىشتىن ئىبارەت. ئۇنىڭ بەتبۇي پۇرىقىنى باقىلە، قورۇلغان ياڭاق مېغىزى ۋە كۆيدۈرۈلگەن نان يوقىتىدۇ. زەھەرلەنگەن گۆش، كۆكتات ۋە ئاشلىقلارنى پىياز بىلەن پىشۇرسا ياكى توغراپ مايدا سارغايتىلغان پىياز ئارىلاشتۇرسا زەھىرىنى يوقىتىدۇ، لەززەتلىك بولىدۇ.

ئۇنىڭ ئۇرۇقى ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق بولۇپ ئارتۇق ھۆللۈكى بار، باھنى قۇۋۋەتلەيدۇ، زىمات قىلسا دائىرىلىك چاچ چۈشۈش ۋە بەھەق كېسەللىكىگە مەنپەئەت قىلىدۇ. ئۇرۇقى بەش گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

پىيازنىڭ ئاتېلاسى، داۋاسى، قىرۇتىسى، لوئۇقى، مەلھەملىرى ۋە سىركىسى «قارابادىن كەبىر» دە بايان قىلىنىدى.

## بەسەلۇل قەي
(قەي پىيىزى)

**ماھىيىتى:** بۇ بىر خىل ئۇششاق پىياز بولۇپ، پوستى قارا، بەرگى بەلبۇس پىيىزىنىڭ بەرگىگە ئوخشايدۇ، ئۇنىڭدىن ئۇزۇنراق بولىدۇ.

**تەبىئىتى:** ناھايىتى ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** سۇ بىلەن قاينىتىپ سۈيىنى ئىچسە ھۆ پەيدا قىلىدۇ. ئۇنىڭدىن كۆپرەك ئىچسە، ئۆزىدىن ئىستېمال قىلسا قۇستۇرۇپ ئاشقازاندىكى ماددىلارنى چىقىرىدۇ. كۆپ ھاللاردا گالنى بوغۇپ، قۇۋۋەتلەرنى زەئىپلەشتۈرىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنى ئىستېمال قىلمىغان ياخشىراق، بولۇپمۇ يىلتىزىنى ئىستېمال قىلىشتىن ئېھتىيات قىلىش لازىم. ئەگەر ئۇنى ئىشلىتىش بەك زۆرۈر بولسا، بەدەن قۇۋۋىتى كۈچلۈك بولغان كىشىگە يۇلغۇن مېۋىسىگە ئوخشاش ئاشقازاننى كۈچەيتكۈچى دورىلار بىلەن بىرلىكتە ئىشلىتىش، يالغۇز ئىشلەتمەسلىك لازىم.

# پەسىل: «ب» (بائ) ۋە «ت» (تۇۋائ) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى

## بەت
(ئۆردەك)

ئۇ پارسچە «ئۆردەك»، ھىندىچە «چىنيا بەتەك»، «بەتەخ» دەپ ئاتىلىدۇ.

ماھىيىتى: ئۇ سۇ قۇشلىرىنىڭ بىر تۈرى بولۇپ، رەڭگى ئالا ۋە ھەر خىل بولىدۇ. غازدىن كىچىكرەك بولىدۇ، پۇتلىرى قىسقا بولۇپ، ئۆيدە بېقىلىدىغىنى، يىرتقۇچ ۋە ياۋىسىدىن ئىبارەت ئۇچ خىل بولىدۇ.

تەبىئىتى: ئىككىنچى دەرىجىدە ئىسسىق، بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇق، ئارتۇق ھۆللۈكى بار. ئۆيدە بېقىلىدىغىنى ئۆي قۇشلىرىنىڭ ئەڭ ئىسسىقى ھېسابلىنىدۇ. بەزىلەر سوغۇق مىزاجلىقلار ئىستېمال قىلسا ئىسسىقلىق پەيدا قىلىدۇ، ئىسسىق مىزاجلىقلار ئىستېمال قىلسا تەپ پەيدا قىلىدۇ، دەيدۇ.

خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى: ئوزۇقلۇقى كۆپتۇر. ئىسسىق يەللەرنى كەسكۈچىدۇر. تەستە ھەزىم بولغۇچى ۋە قورساقنى ئەزگۈچىدۇر. ئەمما ئۇنىڭ قاناتلىرى بەدەن ۋە بۆرەكنى سەمرىتكۈچى، باھنى قۇۋۋەتلىگۈچى، قويۇق قان پەيدا قىلغۇچى، تېز چىرىگۈچى ۋە باشنى ئاغرىتقۇچىدۇر. ھەزىم بولسا باھنى قۇۋۋەتلەش، مەنىي كۆپەيتىش ۋە باشقا قۇۋۋەتلەرنى كۈچلەندۈرۈش جەھەتتە گۆشلەرنىڭ ئەڭ ياخشىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. جىگىرىنى ئىستېمال قىلسا بولۇپمۇ ئۇنىڭ قاناتلىرىنى ئىستېمال قىلسا ياخشى قان پەيدا قىلىدۇ، خەفەقانغا شىپا بولىدۇ، ئاۋازنى ساپلاشتۇرىدۇ. گۆشىنى تۇز بىلەن زىمات قىلسا سۆگەلنى چۈشۈرىدۇ.

ئۇنىڭ يېغى ياغلارنىڭ ئەڭ ياخشىسى بولۇپ، تەبىئىتى ئىسسىق، ئاسان ھەزىم بولىدۇ، چوڭ تەرەتنى بوشىتىدۇ، ماددىلارنى تارقىتىدۇ، ئەزالارغا سىڭىپ كىرىش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە.

ئۇنىڭ مېڭىسى مەقئەت ئىششىقلىرىنى ياندۇرىدۇ. باقىلە ئۇنى بىلەن بىرلىكتە زىمات قىلسا خەفەقان ۋە ئەمچەك ئىششىقىغا پايدا قىلىدۇ، سوغۇقتىن بولغان ئاغرىقلارنى پەسەيتىدۇ. ئىستېمال قىلسا مەزكۇر كېسەللىكلەرگە، يۆتەل، كۆكرەكنىڭ يىرىڭلىكى، ئاۋازنىڭ ناچارلىقى، ئۇچەي ئېچىشىش ۋە ئۇچەي ئاغرىشلارغا مەنپەئەت قىلىدۇ. ئېرىتىپ مۇناسىۋەتلىك ياغلار ۋە دورىلار بىلەن ھۆقنە قىلسىمۇ، ئۇچەينىڭ مەزكۇر كېسەللىكلىرىگە

شىپا بولىدۇ.

ئۇنىڭ تۇخۇمى توخۇ تۇخۇمىغا قارىغاندا تەستە ھەزىم بولىدۇ، ئۇنىڭدىن ئاجىزراقتۇر. جۇدەش، يۆتەل ۋە كۆكرەك ئاغرىقىغا پايدا قىلىدۇ. كەھرىۋا بىلەن ئىستېمال قىلسا قاناش ۋە قانلىق ئىچ سۈرۈشكە مەنپەئەت قىلىدۇ. ئىللىتىپ پىشۇرۇپ سۈزاپ ۋە زەيتۇن يېغى بىلەن بىرلىكتە كىچىك باللارغا يېگۈزۈلسە تىلى تېز چىقىدۇ. شاكىلىنى سالايە قىلىپ مەرۋايىت، شېكەر ۋە نۈشۇدۇر بىلەن ئىشلەتسە كۆزدىكى ئاقنى تېز يوقىتىدۇ.

ئۇنىڭ تاشلىقى تەستە ھەزىم بولىدۇ، ئاسان چىرىمەيدۇ، ھەزىم بولسا ئاشقازان ۋە ئۈچەيلەرنى قۇۋۋەتلەيدۇ.

ئۇنىڭ پېيىنىڭ كۈلى چاشقان يارىسىغا مەنپەئەت قىلىدۇ.

ئۇنىڭ مايىقى ناھايىتى ئىسسىق بولۇپ، داغ، سەپكۈن ۋە چاشقان يارىلىرىغا ئىشلىتىلىدۇ.

**زىيانلىق تەسرى:** ئۆردەك گۆشى تەستە ھەزىم بولىدۇ، باشنى ئاغرىتىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** سىركە، زەنجىۋىل، سىركەنجىۋىل ۋە سۈزاپ، كەرەپشە، پىننىگە ئوخشاش ئىسسىق دورىلاردۇر.

ئۆردەك گۆشىنى قورۇپ ئىستېمال قىلىشقا توغرا كەلسە، پىياز ۋە يۇقىرىدا ئېيتىلغان باشقا دورىلارنى سېلىپ، زەيتۇن يېغى ۋە باشقا ياغلار بىلەن بىرلىكتە قورۇلىدۇ. ئەگەر شورپا قىلىشقا توغرا كەلسە، ئۇنىڭ ئىچىگە يۇمغاقسۇت، كەرەپشە، سۈزاپ، پىياز ۋە بىر، ئىككى چىش سامساق سېلىپ، نوقۇت، كۇدە ۋە دارچىن بىلەن بىرلىكتە پىشۇرۇلىدۇ. قانداق پىشۇرۇلۇشىدىن قەتئىينەزەر ئۇنى يۇمشاق پىشۇرۇش، ئۇنىڭ غەيرىي پۇرىقىنى يوقىتىش لازىم.

ئۇنىڭ يېغى بوغۇم ئاغرىقلىرىغا مەنپەئەت قىلىدىغان بولۇپ، قارابادىندا بايان قىلىندى.

ئۆردەكنىڭ غەيرىي پۇرىقى بولغاچقا، ئۇنى يوقىتىش ئۈچۈن بوغۇزلىغاندىن كېيىن يەرگە كۆمۈپ ئىككى ـ ئۈچ سائەت تۇرغۇزۇلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن كولاپ چىقىرىپ ئىككى-ئۈچ قېتىم ساپ سۇ بىلەن قايىنتىپ سۇيىنى تۆكۈۋېتىپ، يەنە يېڭى سۇ قۇيۇپ ئاز مىقداردا پىياز، ئىسسىق تەبىئەتلىك دورا ـ دەرمەكلەر، ئىسسىق تەبىئەتلىك كۆكتاتلار ۋە سامساق قوشۇپ پىشۇرۇپ، خالىغاندا ئىستېمال قىلىنىدۇ. ياۋا ئۆردەكنىڭ غەيرىي پۇرىقى كۆپرەك بولغاچقا يېمىگەن ياخشىراق.

## بەتارۇخ
(بەتارۇخ بېلىقى تۇخۇمى)

بۇ بىر خىل بېلىقنىڭ تۇخۇم بولۇش ئالدىدا تۇرۇۋاتقان ماددىسىدىن ئىبارەت بولۇپ،

قاتقىنى بارماق چوڭلۇقىدا بولىدۇ. سۇيۇقى قۇمغا ئوخشاش بولىدۇ، ياخشىسى سېرىققا مايىل سۇيۇق بولغىنىدۇر.

**تەبىئىتى:** تۇزلانغىنى ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** بەلغەم بوشاتقۇچى، كانايىنى تازىلىغۇچىدۇر. بۆرەك ۋە تال كېسەللىكلىرىگە مەنپەئەت قىلىدۇ، يەل تارقىتىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** ئىسسىق مىزاجلىقلارغا زىيان قىلىدۇ. تېز چىرىيدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** زەنجىۋىل.

ئۇنىڭدىن پەيدا بولغان ئۇسسۇزلۇقنى سىركەنجىۋىل ۋە چۇچۇمەل نەرسىلەر پەسەيتىدۇ.

گىيلان شەھىرىدە بىر خىل بېلىقنىڭ تۇخۇمىدىن قىيام ياسىلىدىغان بولۇپ، خۇسۇسىيىتى ئۇنىڭ خۇسۇسىيىتىگە ئوخشايدۇ.

## بۇتۇم
### (ھەببەتۇلخۇزرا دەرىخى)

ئۇ پارسچە ۋە تۈركچە «دەرەختى سەقەز» دېيىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** بۇ ناھايىتى چوڭ دەرەخ بولۇپ، تەستە خازان بولىدۇ. يوپۇرمىقى سوزۇنچاق، مېۋىسى خۇش پۇراق بولىدۇ. ئۇرۇقى ئەدەسكە ئوخشاش، ئۇنىڭدىن چوڭراق باشاقلىق بولىدۇ. مېغىزى يېشىل، تاتلىق، مايلىق بولۇپ، پىستە مېغىزىغا ئوخشاش، ئۇنىڭدىن چۇرۇكرەك، مايلىقراق بولىدۇ. مېغىزىنىڭ ئۇستىدە ياغاچلاشقان شاكىلى بولىدۇ. ئۇنىڭ ئاستىدا سەدەپسىمان، پىستە پوستىغا ئوخشايدىغان، ئۇنىڭدىن چۇرۇكرەك بولغان يېشىل رەڭلىك يەنە بىر قەۋەت پوستى بولىدۇ.

ئۇنىڭ يەنە بىر تۈرى بار بولۇپ، ناھايىتى چۇرۇك بولىدۇ، پارسچە «كەلەنخەنەك» دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇنىڭ يەنە بىر تۈرىمۇ بار بولۇپ، سەل قاتتىق، پوستى قارامتۇل يېشىل، تەمى چۇچۇمەل بولىدۇ. پارسچە «بۇن» دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇنىڭ خېمى قىرتاق، خۇش پۇراق، خۇشتەم بولۇپ، شىرازدا «بەنشە» دەپ ئاتىلىدۇ. پۇرىقى ۋە تەمى ياخشى بولغاچقا، تەم تەڭشىگۈچىلەر قاتارىدا ئىشلىتىلىدۇ. ئاللا خالىسا ئۇ «ھەببەتۇلخۇزرا» ماۋزۇسىدا تەپسىلىي بايان قىلىنىدۇ.

مەزكۇر دەرەخ تاشلىقلار، تاغ ئېتەكلىرى، قۇرغاق ۋە قاتتىق يەرلەردە ئۆسىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئۇنىڭ ھۆل يوپۇرمىقى، شېخى ئىككىنچى دەرىجىنىڭ ئاخىرىدا ئىسسىق، بىرىنچى دەرىجىنىڭ ئاخىرىدا قۇرۇق. قۇرۇقى ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ماددىلارنى تارقاتقۇچى، قورۇغۇچىدۇر. پوستىنىڭ

قايىنتىلمىسى ئىششىقلارنى تارقىتىدۇ. قۇرۇق يوپۇرمىقىنى سوقۇپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ، سۇ بىلەن يۇغۇرۇپ چاچقا چاپسا چاچنى قارايتىدۇ. سىركە ۋە ياغ بىلەن بىرلىكتە چاپسا چاچ ئۇندۇرىدۇ. ئۆستۇرىدۇ. چاچنىڭ نەملىكى ۋە ئېلاستىكلىقىنى ياخشىلايدۇ. ياغىچىنىڭ كۈلىنى ياغ ياكى باشقىلار بىلەن مەلھەم قىلىپ چاپسا دائىرىلىك چاچ چۈشۈشكە مەنپەئەت قىلىدۇ.

ئۇنىڭ يىلىمى پارسچە ۋە تۈركچە «سەقىز» دەپ ئاتىلىدۇ. ئاللا خالىسا «ئىلكۈل بەتەم» دېگەن ماۋزودا بايان قىلىنىدۇ.

## بىتتىيخ
(قوغۇن)

بۇ ربمچە سۆز بولۇپ، يۇنانچە «فافىس»، پارسچە «خەربۇزە» دېيىلىدۇ.

**ماھىيتى:** بۇ ھەممىگە تونۇشلۇق مېۋە بولۇپ، «بۇخارائىي» (بۇخارادىن چىقىدىغىنى)، «سەمەرقەندىي» (سەمەرقەندتىن چىقىدىغىنى)، «دارائىي» دىن ئىبارەت بىر قانچە تۈرلۈك بولىدۇ. ئۇنىڭ يەنە باشقا تۈرلىرىمۇ باردۇر. ئۇنىڭ «كەرمەك» دەپ ئاتىلىدىغىنى ئۇنىڭ ياخشى تۈرلىرىدىندۇر. ئۇنىڭ «پائىزە» دەپ ئاتالغان تۈرى ناچارلىرى ۋە ئوتتۇرا ھاللىرىنىڭ قاتارىدىندۇر. ئۇنىڭدىن باشقا، ئۇنىڭ يەنە نۇرغۇن تۈرلىرى بار بولۇپ، ھەممىسى سۆزلەنسە گەپ ئۇزىراپ كېتىدۇ. ئومۇمەن قانچە تاتلىق، چۈرۈك، نازۇك بولسا، شۇنچە ياخشىسى ھېسابلىنىدۇ. قانچە تەمسىز بولسا، شۇنچە غەلىز ۋە ناچار بولىدۇ.

**تەبىئتى:** ئىسسىقلىقى مۆتىدىل، ئىككىنچى دەرىجىدە ھۆل، تاتلىقى ئىككىنچى دەرىجىنىڭ ئوتتۇرلىرىدا ئىسسىق. «كەرمەك» دەپ ئاتالغىنىنىڭ ئىسسىقلىقى ۋە ھۆللۈكى مۆتىدىل، تەمسىز، بىرىنچى دەرىجىدە سوغۇق، ئىككىنچى دەرىجىدە ھۆل.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** جۇلا بەرگۈچى، ماددىلارنى پارچىلىغۇچى، ئۇچۇچانلاشتۇرغۇچى، تېز سىڭىپ كىرگۈچى، مېڭە ۋە بەدەنگە ھۆللۈك يەتكۈزگۈچى، بەدەننى سەمرىتكۈچى، توسالغۇلارنى ئاچقۇچىدۇر. ئىستىسقا ۋە يەرقانغا شىپا بولىدۇ. بولۇپمۇ «كەرمەك» دەپ ئاتالغىنىنىڭ بۇ خىل تەسىرى كۈچلۈكرەك. سۈت، تەر ۋە سۈيدۈك ھەيدەيدۇ. ئەزالاردىكى تاشلارنى پارچىلاپ چۈشۈرىدۇ. بەدەندىكى غالىب خىلىتقا ئۆزگىرىدۇ. قان ۋە سەپرا مىزاجلىق كىشىلەردە كۆز ئاغرىقى پەيدا قىلىدۇ، بولۇپمۇ ئىسسىق شەھەرلەردە ئىستېمال قىلسا ۋە ئىسسىق تەبىئەتلىك كىشىلەر ئىستېمال قىلسا تېخىمۇ شۇنداقتۇر. كۆپ يېسە، ئاشقازاندا ئۇنىڭ بىلەن ئۇچراشقان خىلىتنى سۈرۈپ چىقىرىدۇ. بۆرەكنىڭ ئەھۋالىنى ياخشىلايدۇ. ئىچكى يارىلارنى تازىلايدۇ. ئۈچەيلەرنى بوشىتىدۇ. باش ئاغرىتىدۇ. ناشتىدا ئىستېمال قىلسا سەپرادىن بولىدىغان تەپلەرنى پەيدا قىلىدۇ. تائام ئۈستىگە يېسە

ئەخزەر» (كۆك تاۋۇز) دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئەرەبچە يەنە «ئەلاغ»، «دابىرقە» مۇ دېيىلىدۇ. پارسچە «خەربۇزەئى ھىندى» (ھىندىستان تاۋۇزى) دېيىلىدۇ. «ھىندىۋانە» دېگەن نام بىلەن مەشھۇردۇر. ھىندىچە «تەربۇز» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** مەشھۇر بولۇپ، بىر قانچە خىل بولىدۇ. ئەڭ ياخشىسى تولۇق پىشقان، تاتلىق، سۇلۇق، چۇرۇك، لەششىز بولغانلىرىدۇر. رەڭگى مەيلى سېرىق، ھەسەل رەڭ، ناۋات رەڭ ياكى قىزىل بولسۇن، ئۇرۇقى مەيلى قارا، قىزىل ياكى ئالا بولسۇن يۇقىرىدىكى سۈپەتلەرگە ئىگە بولسا ياخشىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭ «رىققىي» دەپ ئاتىلىشىنىڭ سەۋەبى، شامنىڭ «رىققە» دېگەن يېرىدىن چىققانلىقى ئۇچۇندۇر. بەزىلەر ئۇنى باغدادنىڭ بىر كەنتىنىڭ ئىسمى بولۇپ، شۇ يەردىن چىققان تاۋۇز ياخشى، يۇمشاق، چۇرۇك بولىدىغانلىقى ئۇچۇن شۇ نام بىلەن ئاتالغان، دەيدۇ. «ز» ھەرپى بىلەن «زىققىي» دەپ ئاتاش خاتادۇر.

**تەبئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىنىڭ ئاۋۋىلىدا سوغۇق، ئاخىرىدا ھۆلدۇر.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** سەپرا ۋە قاننىڭ ئۆتكۈرلۈكىنى پەسەيتكۈچى، ئۇسسۇزلۇقنى باسقۇچى، سۈيدۈك ھەيدىگۈچى، سۈيۈق قان ۋە تاتلىق بەلغەم پەيدا قىلغۇچى، بەدەنگە ھۆللۈك يەتكۈزگۈچىدۇر. ئىسسىق تەپ، ئارىلاپ تۇتقۇچى تەپكە شىپا بولىدۇ. ئاشقازان ۋە جىگىرىدە سەپرا، بولۇپمۇ ناچار سۈپەتلىك كۆپ مىقداردىكى سەپرا پەيدا بولغان، ئورۇق، مىزاجى قۇرۇق ئىسسىق كىشىلەرنىڭ ئىستېمال قىلىشىغا ماس كېلىدۇ. ئۇلارنىڭ مىزاجىنى تەڭشەشتە باشقا چۇچۇمەل نەرسىلەر، ماددىنى پارچىلىغۇچىلار، قورۇغۇچى دورىلارنى ئىستېمال قىلغانغا قارىغاندا، بۇنىڭدىن ياخشىراق يەنە بىر نەرسە يوقتۇر. ئۇنى سىركەنجۇۋىل بىلەن ئىستېمال قىلسا يەرقانغا مەنپەئەت قىلىدۇ، كۆيگەن سەپرا ماددىلىرىنى تازىلايدۇ، ھەزىمگە ياردەم بېرىدۇ، سۈيدۈك ھەيدەيدۇ، بۆرەكتىكى تاشنى پارچىلايدۇ. شېكەر بىلەن ئىستېمال قىلسا سوۋۇتۇش تەسىرى تېخىمۇ ئاشىدۇ. سۈت بىلەن ئىستېمال قىلسا سەۋدادىن بولغان كېسەللىكلەرگە مەنپەئەت قىلىدۇ. تەمرىھىندى بىلەن بىرلىكتە ئىستېمال قىلسا سەپرا ماددىلىرىنى تازىلايدۇ. قوتۇر ۋە قىچىشقاققا مەنپەئەت قىلىدۇ. شىرخىست ۋە ئۇنىڭ ئوخشاشلىرى بىلەن ئىستېمال قىلسا ئىسسىق تەپلەرنى پەسەيتىدۇ. ئاز مىقداردىكى ناچار كەيپىياتلىق خىلىتلارنى يوقىتىدۇ.

ئۇنى ئىستېمال قىلىشنىڭ ئەڭ ياخشى ۋاقتى ئىككى ۋاق تائامنىڭ ئارىلىقى، يەنى بىرىنچى قېتىم يېيىلگەن تائام ھەزىم بولۇشقا باشلىغان ۋاقىتتۇر. تائام ئۈستىگە يېسە ھەزىمنى بۇزىدۇ. ناشتىدا، بولۇپمۇ ھاۋا ئىسسىق، ئۇسسۇزلۇق غالىب بولغان ۋاقىتلاردا ئىستېمال قىلسا زىيان قىلىدۇ.

تاۋۇزنىڭ بېشىنى كېسىپ ئىچىگە ئاز مىقداردا ھەسەل قۇيۇپ، بېشىنى يەنە ئېتىپ، ئات قىغىنىڭ ئاستىغا بىر ھەپتە كۆمۈپ قويسا، ئېچىپ مەست قىلغۇچى شارابقا ئوخشاش

ئاشقازاندىكى تائامنى بۇزۇپ سېسىق كېكىرتىدۇ. پىشلاققا ئوخشاش تەستە ھەزىم بولىدىغان غىزالار بىلەن ئىستېمال قىلسا توسالغۇ پەيدا قىلىدۇ. ئۇنى يېيىشنىڭ ئەڭ ياخشى ۋاقتى ئىككى ۋاق تائامنىڭ ئارىلىقى، يەنى بىرىنچى قېتىملىق تائام سىڭىشكە باشلىغان ۋاقىتتۇر. ئۇنىڭ تۈزەتكۈچىسى سىركە ۋە چۈچۈمەل ئانار دۇر. ئۇنىڭ گۆشىنى زىمات قىلسا ئىششىق، كۆز ئاغرىقى ۋە قاتتىق ئىششىقلارغا پايدا قىلىدۇ. توغرىغۇ بىلەن زىمات قىلسا تېرىدىكى داغ ۋە باشقا ئىزلارنى يوقىتىدۇ. ئۇنىڭ ھەممىسىنى زىمات قىلسا تېرىنى جۇلالىق قىلىدۇ، داغ، بەھەققە پايدا قىلىدۇ. شاپىقىنى زىمات قىلسا نەزلە سۇيۇقلۇقلىرىنىڭ چۈشۈشىنى توسىدۇ، مېڭە ئىششىقىنى ياندۇرىدۇ، بولۇپمۇ كىچىك بالىلارغا ياخشى پايدا قىلىدۇ. ئۇنىڭ قۇرۇتۇلغان شاپىقىدىن ئالتە گىرام ئىستېمال قىلسا ئەزالاردىكى تاشلارنى پارچىلاپ چۈشۈرىدۇ. گۆش بىلەن بىرگە قاينىتىلسا گۆشنى تېز پىشۇرىدۇ، سىناقتىن ئۆتكەن.

ئۇنىڭ لېشىنى 5~10 گىرامغىچە ئىستېمال قىلسا كۈچلۈك قۇستۇرىدۇ، ھەسەل بىلەن زىمات قىلسا يىرىڭلىق يارىلارنى ساقايتىدۇ.

ئۇرۇقى بىرىنچى دەرىجىدە ئىسسىق، ئىككىنچى دەرىجىدە ھۆل بولۇپ، جىگەر توسالغۇلىرىنى ئاچىدۇ، سۈيدۈك ھەيدەيدۇ. بۆرەك، دوۋساق ۋە ئۈچەيلەرنى تازىلايدۇ. چوڭ تەرەتنى بوشىتىدۇ، باھنى قۇۋۋەتلەيدۇ، تەنچ ماددىلارنى قوزغىتىدۇ. ئىسسىق يۆتەل، كۆكرەك ئاغرىقى، تىل، گال قۇرۇش، ئىسسىق ۋە مۇرەككەپ تەپلەر، تەشنالىق، سۈيدۈك ئېچىشتۇرۇپ كېلىش، تاش سەۋەبىدىن پەيدا بولغان سۈيدۈك يولى زەخمىسى قاتارلىقلارغا مەنپەئەت قىلىدۇ. دورىلارنىڭ قۇۋۋىتىنى جىگەر ۋە سۈيدۈك يوللىرىغا يەتكۈزۈپ بېرىدۇ. ئاقلاپ، مېغىزىنى سوقۇپ يۈز ۋە بەدەنگە سۈركىسە، تېرىگە جۇلا بېرىدۇ، داغ يوقىتىدۇ، سىناقتىن ئۆتكەن دەپ قارىلىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** تالغا زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** بىنەپشە.

**ئىستېمال مىقدارى:** 6~45 گىرامغىچە.

ئۇنىڭ شاپىقى بىلەن ئۇرۇقىنى بىرلىكتە كۆيدۈرۈپ ئىسرىق سالسا كۆزدىكى سوغۇقنىڭ تەسىرىدىن پەيدا بولغان ئىششىقنى ياندۇرىدۇ، شۇنداقلا سوغۇق ھاۋانىڭ تەسىرى بىلەن سۈيدۈك زەكەر يولىدا قېتىپ قالغان بولسا ئېرىتىدۇ، بولۇپمۇ ئۇنىڭ ئۇرۇقىنى يۇماي ئۇستىدىكى لەشلىرى بىلەن بىرلىكتە ئىستېمال قىلسا ياخشى تەسىر قىلىدۇ. بۇ ئىراندىكى بەزى خەلقلەرنىڭ تەدبىرىدۇر.

## بەتىيخ ھىندىي
(تاۋۇز)

ئۇ «بەتىيخ رىققىي» (رىققى تاۋۇزى)، «بەتىيخ ھىندى» (ھىندىستان تاۋۇزى)، «بەتىيخ

بولىدۇ، ئىچسە كۆڭۈلنى ئېلىشتۇرىدۇ، ئاشقازاننى بۇزىدۇ. بەدىنىدە سەپرا كۆپ بولغان كىشىلەر تاۋۇز ئىستېمال قىلسا، ئاسان ھەزىم بولىدىغانلىقى ئۈچۈن قاپاق سۈيىگە ئوخشاش تېزلا سەپراغا ئايلىنىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** تالغا، سوغۇق مىزاجلىق كىشىلەرگە ۋە ئاشقازانغا زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** ھەسەل، گۈلقەنت. سوغۇق مىزاجلىقلار تۈزەتكۈچىسىز ئىستېمال قىلسا باھنى زەئىپلەشتۈرىدۇ، بوغۇم ئاغرىقى ۋە ئۇنىڭ ئوخشاشلىرىنى پەيدا قىلىدۇ.

ئۇنىڭ ئۇرۇقى ئىككىنچى دەرىجىدە ھۆل سوغۇق بولۇپ، ھەممە تەسىرى قاپاق ئۇرۇقىغا ئوخشاشتۇر. قوزغالغان ماددىلارنى تىنچلاندۇرغۇچىدۇر. 15 گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ. تاش پارچىلاش، ئاشقازاندىكى غىزانى تۆۋەنگە چۈشۈرۈش ئۈچۈن سىناقتىن ئۆتكەن، دەپ قارىلىدۇ.

تاۋۇز شاپىقىنىڭ ھەسەل ۋە شېكەر بىلەن قىلىنغان مۇرابباسى كۆكرەك پەردە ياللۇغى، ئۆز - ئۆزىگە سۆزلەش، قۇرۇقلۇقتىن بولغان كاناي ئىششىقى، كۆكرەك ئاغرىقى، كۆدە سۈيى رەڭلىك خىلتتىن بولغان ئاشقازان ئاجىزلىقى ۋە ھەزىم ئاجىزلىقىغا مەنپەئەت قىلىدۇ.

تاۋۇز مۇرابباسى ۋە شەربىتى «قارابادىن كەبىر»دە بايان قىلىنىدى.

## پەسىل: «ب» (باۋ) ۋە «ئ» (ئەين) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى

### بەئىر
(مایاق)

بۇ، قوي ۋە تۆگىگە ئوخشاش ھايۋانلارنىڭ قۇرۇق مايىقلىرىدىن ئىبارەت.

### بەئۇز
(كۇمۇتا)

بۇ، كىچىك پاشىدىن ئىبارەت بولۇپ، پارسچە «پەشەئى خاكىي» (توپا پاشا) دەپ ئاتىلىدۇ.

### بەئىير
(تۆگە)

بۇ تۆگىنىڭ ئەرەبچە نامىدىن ئىبارەت.

# پەسىل: «ب» (بائ) ۋە «غ» (غەين) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى

## بۇغرا
(نارىن چۆپ)

**ماھىيىتى:** بۇ خوراسان خەلقىنىڭ غىزالىرىدىن بولۇپ، بۇغداي ئۇنىدىن خېمىر يۇغۇرۇپ تاختىغا يېيىتىپ، تەڭگە پۇل چوڭلۇقىدا كېسىپ، شورپا ياكى كۆكتات شورپىسىغا تاشلاپ ياخشى پىشۇرۇپ، سىركە، لىمون سۈيى، قەنت، غورا سۈيى، ئارپا سۈيى، قېتىق سۈيى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش چۈچۈمەل نەرسىلەرنى قوشۇپ ئاچچىق ـ چۈچۈكلەشتۈرۈپ، بىر ـ ئىككى قاينىتىپ، ئوتتىن چۈشۈرۈپ ئىستېمال قىلىنىدۇ.

**تەبىئىتى:** مۆتىدىلگە مايىل ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى:** ئىشتىھانى ئاچقۇچى، سەپرالىق قەي، ئىچكى ئەزالارنىڭ ئېچىشىشى، ئۇسسۇزلۇقنى پەسەيتكۈچى، بەدەننى قۇۋۋەتلىگۈچى، توسالغۇلارنى ئاچقۇچى، بۆرەك ۋە تېنى ئاجىز كىشىلەرنىڭ ئەھۋالىنى ياخشىلىغۇچى، ياخشى قان پەيدا قىلغۇچى، تەستە ھەزىم بولغۇچى، يەل پەيدا قىلغۇچىدۇر.

**تۈزەتكۈچىسى:** دارچىن.

چۆپ ئاشنىڭ ھەممە تەسىرى ئۇنىڭ تەسىرلىرىگە ئوخشاش.

خېمىرنى يېيىپ ئىنچىكە، ئۇزۇنچاق كېسىپ، پىشۇرۇپ ئېتىلىدىغان ئۇگرە ئاشنىڭ تەسىرىمۇ ئۇنىڭغا ئوخشاشتۇر.

## بەغل
(قېچىر)

بۇ ئەرەبچە ئاتىلىشىدۇر. پارسچە «ئىستەر»، ھىندىچە «خىچىر» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** بۇ ئات بىلەن ئېشەكنىڭ جۈپلىشىشىدىن تۇغۇلغان ھايۋاندۇر. ئاتىسى ئېشەك، ئانىسى ئات بولغىنى ياخشىراقتۇر. ئەمما ئاز ئۇچرايدۇ. ئانىسى ئېشەك، ئاتىسى ئات بولغانلىرى پاكارراق بولۇپ كۆپ تېپىلىدۇ. بۇ ھايۋان ئات، ئېشەككە قارىغاندا جاپاغا چىدامىلىق بولۇپ، يۈك كۆتۈرۈش، مىنىش ۋە سەپەرلەرگە يارامىلىقتۇر. يېنىك ماڭىدۇ، بولۇپمۇ سۈپەتلىكلىرىنىڭ مەزكۇر ئالاھىدىلىكلىرى تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

خۇسۇسىيتى ۋە ئىشلىتىلىشى: ئۇنىڭ گۆشى بوغۇم ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ. ئۇنىڭ يېغى نۇقرەس ۋە ئولتۇرغۇچ نېرۋا ئاغرىقىغا مەنپەئەت قىلىدۇ. ئۇنىڭ يۈرىكىنى زەيتۇن يېغى بىلەن پىشۇرۇپ، ھەر كۈنى 20 گىرامدىن ئۈدا ئۈچ كۈن چۈپان تايىقى ئۆسۈملۈكىنىڭ سۈيى بىلەن ئىستېمال قىلسا ئەرنى تۇغماس قىلىدۇ. ئايال كىشى ھەيزدىن پاك بولغاندىن كېيىنلا ئۇنىڭ جىگىرىدىن كۈنىگە 15 گىرامدىن ئۈدا ئۈچ كۈن ئىستېمال قىلسا ھامىلىدارلىقنى چەكلەيدۇ، شۇنداقلا ئۇنىڭ يۈرىكىنى يېيىشمۇ شۇ تەسىرنى بېرىدۇ. ئۇنىڭ سۈيدۈكىنى ئىچسە ھامىلە چۈشۈرىدۇ. ئۇنىڭ مويى ۋە قۇلىقىنىڭ كىرىنى پەرزىجە قىلىشمۇ شۇ تەسىرنى بېرىدۇ. ئۇنىڭ تۇيىقىنى كۆيدۈرۈپ ئىسرىق سالسا بالا ھەمراھىنى چۈشۈرىدۇ، ھاشاراتنى قاچۇرىدۇ. شۇنداقلا ئۇنىڭ تېزىكى بىلەن موينى بىرلىكتە كۆيدۈرۈپ ئىسرىق سالسىمۇ ھاشارات قاچۇرىدۇ. ئۇنىڭ تۇيىقىنى ھەببۇلئاس يېغى بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ، چاچ چۈشكەن يەرگە سۈركىسە چاچ ئۈندۈرىدۇ. شۇ تەسىرى بىلەن دائىرىلىك چاچ چۈشۈشكە مەنپەئەت قىلىدۇ. ئۇنىڭ تېرىسىنى ئۆزى بىلەن بىرگە ساقلىسا ھامىلە چۈشۈرىدۇ. ھامىلە بولمىسا ھامىلىدار بولۇشنى چەكلەيدۇ. ئۇنىڭ تېرىسىنى ئىستېمال قىلسا قۇلۇنجى ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ. ئۇنىڭ زەكىرىنى موزا بىلەن سوقۇپ، زەيتۇن يېغى بىلەن پىشۇرۇپ يېغىنى چاچقا سۈركىسە چاچنى قارا، ئۇزۇن قىلىدۇ، سىناقتىن ئۆتكەن دەپ قارىلىدۇ. ئېشەك زەكىرىنىڭمۇ شۇنداق تەسىرى بار، ئەمما ئۇنىڭدىن ئاجىزراقتۇر.

## پەسىل: «ب» (بائ) ۋە «ق» (قاف) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى

### بەق
(پاشا)

ئۇ ئەرەبچە «نامۇس»، پارسچە «پەشە»، ھىندىچە «مەچچەر» دەپ ئاتىلىدۇ. مىسىر، يەمەن، ھىجاز خەلقى «كۇتتان» دەپ، ئامان، يەمامە، بەھرەين خەلقى «لەھسا»، «قەتىيق» ۋە «زەمىج» دەپ ئاتايدۇ.

ماھىيتى: بىلگىنكى، قامۇسنىڭ ئاپتورى: «‹بەق› بولسا ‹بەئۇز› دىن ئىبارەت. ئۇ بىر خىل كونۇسسىمان قۇرت بولۇپ، رەڭگى قىزىل بولىدۇ، سېسىق پۇرايدۇ. ‹بەئۇز) بولسا ‹خۇنفەسائ) ‹سېسىق قوڭغۇز›غا ئوخشاش بىر خىل كىچىك قۇرۇقتۇر. (خۇنفەسائ› بولسا قارا رەڭلىك بىر خىل قۇرتتىن ئىبارەت» دەپ يازغان.

شەيخ داۋۇد ئەنتاكىي: «‹بەق› دېگەن بۇ سۆز بىز تەرەپلەردە ‹بەئۇز›نى، يەنى ‹نامۇس›نى

كۆرسىتىدۇ، ئەمما بۇنداق تونۇش خاتادۇر. ھەقىقەتتە ئۇ ‹فەسافىس› دېگەن ھاشاراتتىن ئىبارەت بولۇپ، شام ۋە مىسىرلاردا ‹بەق› دېگەن نام بىلەن تونۇلىدۇ. ئۇ قىزىل رەڭلىك بىر خىل ھاشارات بولۇپ، بېشى قارا بولىدۇ، تۆت دانە كىچىك پۇتى بار بولۇپ، تېز ماڭىدۇ. ياز پەسلىدە ئىسسىق جايلاردا، ياغاچ ۋە سېسىق يەرلەردە پەيدا بولىدۇ» دېگەن. بۇنىڭدىن ئۇنىڭ پاشا ئەمەسلىكى، بەلكى پارسچە «شەبگەز»، «سەرخەك» دەپ، ھىندىچە «كەتەل» دېيىلىدىغان بىر خىل ھايۋان ئىكەنلىكى مەلۇم بولىدۇ.

«مەجمەئۇل بەھرەين» دېگەن كىتابنىڭ ئاپتورى: «‹بەئۇزە› دېگەن سۆز ‹بەئۇز› دېگەن سۆزنىڭ بىرلىك شەكلى بولۇپ، ئۇ ‹بەق› دېگەن ھاشاراتنىڭ كىچىكلىرىدۇر. ئۇ ‹‹بەزى›› دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىغان ‹بەئز› دېگەن سۆزدىن تۈرلىنىپ چىققاندۇر. چۈنكى، ‹بەئۇز› دېگەن ھاشارات ‹بەق› دېگەن ھاشاراتنىڭ بەزىسىگە ئوخشايدۇ. ئۇنىڭ تەن شەكلى پىلنىڭ تەن شەكلىگە ئوخشايدۇ، پەرقى شۇكى، بۇ ھاشاراتنىڭ ئەزالىرى كۆپرەكتۇر، چۈنكى پىلنىڭ تۆت پۇتى، بىر خارتۇمى، قۇيرۇقى باردۇر، ئەمما مەزكۇر ھاشاراتنىڭ مەزكۇر ئەزالىرى بولغاندىن باشقا، ئارتۇق ئىككى پۇتى، تۆت قانىتى باردۇر. پىلنىڭ خارتۇمى پۇتەي، مەزكۇر ھاشاراتنىڭ خارتۇمىنىڭ ئوتتۇرى كاۋاك بولۇپ، ئادەم بەدىنىنى چاقسا قان شوراپ يۇتىدۇ، ئۇنىڭ خارتۇمى گال ۋە يۇتقۇنچاقنىڭ رولىنى ئۆتەيدۇ» دەپ يازغان.

«تۆھپەتۇل مۆئمىنىين» دېگەن كىتابنىڭ ئاپتورىنىڭ سۆزىدىنمۇ ئۇنىڭ پاشا ئىكەنلىكى مەلۇم بولىدۇ، مۇشۇنداق بولغىنى دۇرۇسراقتۇر. ئۇنىڭدىمۇ مەلۇم شۇبھە باردۇر، چۈنكى بەزى لۇغەتلەردە «بەق» دېگەن بۇ سۆز «فەسافىس» دېگەن ھاشاراتنى كۆرسىتىدۇ.

ئۇ چوڭ ۋە كىچىكتىن ئىبارەت ئىككى خىل بولىدۇ. چوڭىنىڭ شەكلى «مەجمەئۇل بەھرەين» دېگەن كىتابنىڭ ئاپتورىنىڭ يازغىنىدەك بولىدۇ. ئۇ «بەق» ۋە «نامۇس» دەپ ئاتىلىدۇ. كىچىكى «بەئۇز» دېيىلىدىغان بولۇپ، قومۇشلۇقلار، سۇلۇق ئورمانلىقلاردا ياشايدۇ. ئۇنىڭ چوڭى ياشايدىغان ئۆسۈملۈكلەر ناھايىتى كۆپ بولۇپ ئادەمنى چاقىدۇ، مەلۇم زەھەرى بولىدۇ. كىچىكى قاراڭغۇ يەرلەر، نەم تام تۈۋلىرىدە ياشايدىغان بولۇپ، زەھەرى ئازراق بولىدۇ. ئەمما «تۆھپەتۇل مۆئمىنىين» دېگەن كىتابنىڭ ئاپتورى شەيخ داۋۇد ئەنتاكىيغا ئەگىشىپ «فەسافىس» دېگەن ھاشاراتنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىنىڭ كۆپ قىسمىنى «بەق»نىڭ ماۋزۇسىدا بايان قىلغان.

بىلگىنكى، پىلنىڭ خارتۇمى پۇتەي ئەمەس، بەلكى كاۋاك بولۇپ، بۇرنىنىڭ رولىنى ئۆينايدۇ. سۇيۇق نەرسىلەرنى خارتۇمى بىلەن ئىچىگە نەپەسلىنىش ئارقىلىق سۈمۈرىدۇ ۋە خارتۇمىنى يۆگەپ تۇرۇپ ئېغىزىغا تۆكۈپ ئىچىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** خېنە بىلەن بىرلىكتە تېرىك ھالەتتە يۇتسا سۇيدۇكنى راۋانلاشتۇرىدۇ، تەپكە مەنپەئەت قىلىدۇ. ئۇنىڭدىن يەتتە دانە تۇتۇپ باقىلەنىڭ ئىچىگە سېلىپ تۆت كۈندە بىر تۇتىدىغان تەپ تۇتۇشتىن بۇرۇن يۇتسا مەنپەئەت قىلىدۇ، سىناقتىن ئۆتكەن دەپ قارىلىدۇ. ئۇنى سالايە قىلىپ زەكەرنىڭ تۆشۈكىگە پۈركىسە سۇيدۇك ھەيدەيدۇ، تاش پارچىلايدۇ. مەلۇم زەھىرى بولغاچقا، ئەزانى چاقسا ئىششىتىدۇ. تۈزەتكۈچىسى ماي ۋە لىمون سۈيى سۈركەشتىن ئىبارەت.

زەرنىخ بىلەن نۆشۇدۇرنى سالايە قىلىپ كالا يېغى بىلەن يۇغۇرۇپ، پاشا كۆپ ئورۇندا كۆيدۇرسە پاشا پەيدا بولۇشنى توسىدۇ، سىناقتىن ئۆتكەن دەپ قارىلىدۇ. ئۇ سامان، كالا تېزىكى، زاك، سىيادان، قارىغاي ياغىچىنىڭ تۈتۈنىدىن قاچىدۇ. يۈزنى مايلىسا ئۇ چاققاندىكى ئاغرىق پەسىيىدۇ، زەرەرى ئازلايدۇ.

## بەقسۇ فىرسۇن

(بەقسۇفىرسۇن ئوتى)

بۇ يۇنانچە سۆزدۇر.

**ماھىيىتى:** بىر خىل ئۆسۈملۈكتىن ئىبارەت بولۇپ، يوپۇرمىقى «تەرتىزەك» ئۆسۈملۈكىنىڭ يوپۇرمىقىغا ئوخشاش، ئۇنىڭدىن قېلىنراق، تەمى ئۆتكۈر، غولى تۆت قىرلىق، گۈلى ياۋا رەيھان گۈلىگە ئوخشاش، ئۇرۇقى كۈدە ئۇرۇقىغا ئوخشاش، يىلتىزى قارا، يۇملاق بولۇپ، رەڭگى سېرىققا مايىل، ئالمىدىن كىچىكرەك بولىدۇ. شارابقا ئوخشاش پۇرايدۇ. تاشلىق يەرلەردە ئۆسىدۇ.

**تەبىئىتى:** قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ماددىلارنى تارقاتقۇچى، ئۇچۇچانلاشتۇرغۇچى ۋە پارچىلىغۇچىدۇر. يوپۇرمىقىنىڭ زىماتى چوڭ يارىلار، سۆگەللەرگە مەنپەئەت قىلىدۇ. چاپسا بەدەندىكى تىكەن ۋە ئوقلارنى تارتىپ چىقىرىدۇ.

ئۇنىڭ ئۇرۇقى يوپۇرمىقىدىن كۈچلۈكرەك بولۇپ، ئارپا ئۇنى بىلەن زىمات قىلسا ماددىلارنى كۈچلۈك تارقىتىدۇ، بەدەننىڭ چوڭقۇر قىسمىدىكى تىكەن ۋە ئوقلارنى بەدەن يۈزىگە تارتىپ چىقىرىدۇ. ئۇرۇقىدىن بەش گىرام ئىستېمال قىلىنسا چۈشنى بۇزىدۇ.

ئۇنىڭ يىلتىزىنىڭ تەسىرى ئۇرۇقىنىڭ تەسىرىدىن ئاجىزراق بولۇپ، 10 گىرام ئېلىپ مائۇلھەسەل بىلەن ئىچسە، بەلغەم ۋە سەۋدا خىلتلىرىنى سۈرىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** 10 گىرامغىچە.

# بەقەر
(كالا)

ئۇ كالىنىڭ چىشىسىدىن ئىبارەت بولۇپ، پارسچە «گاۋى مادە» (چىشى كالا)، ھىندىچە «گاي» دېيىلىدۇ.

**ماھىيتى:** بۇ ھەممىگە تونۇشلۇقتۇر. ئەرەبچە «سەۋر»، ھىندىچە «بىيل» دەپ ئاتىلىدۇ.

**تەبىئىتى:** يېشى بىر ياشتىن ئاشقانلىرىنىڭ قۇرۇق ئىسسىق، ئىسسىقلىقى تۆگە گۆشىدىن ئازراق، قۇرۇقلۇقى ئۆچكە گۆشىدىن كۆپرەكتۇر.

**خۇسۇسىيتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** گۆشى تەستە ھەزىم بولىدۇ، بەدەنگە تەستە ئۆزلىشىدۇ. سەۋدا خاراكتېرلىك قويۇق قان پەيدا قىلىدۇ. راك، جوزام، تال ئىششىقى، پىل پۇت كېسەللىكى، پاچاق ۋېنالىرىنىڭ ئەگرى ـ بۈگرى ئۆزگىرىشى، بەھەق، قوتۇر، كالا تەمرەتكىسى، ئۆز ـ ئۆزىگە سۆزلەش ۋە تۆت كۈندە بىر تۇتىدىغان تەپكە ئوخشاش سەۋدا خاراكتېرلىك كېسەللىكلەرنى پەيدا قىلىدۇ. بوغۇم ئاغرىقى ۋە ئولتۇرغۇچ نېرۋا ئاغرىقى بىمارلىرىغا زىيان قىلىدۇ. ھەيز ۋە تۇغۇتنى ۋاقتىدىن بۇرۇن توختىتىدۇ. توسالغۇ پەيدا قىلىدىغانلىقى، مېڭىگە قويۇق بۇخارات پەيدا قىلىدىغانلىقى، يۈرەك ۋە مېڭىگە سېسىق پۇراق ئۆرلىتىدىغانلىقى ئۈچۈن قوتۇر، قىچىشقاق، تۇيۇقسىز ئۆلۈمنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. خىرىستىيانلار كالا گۆشى يېگەندىن كېيىن ھاراق ئىچىدىغان بولغاچقا، كالا گۆشىنى كۆپ ئىستېمال قىلىدۇ. چۈنكى ھاراق ئۇنىڭ ھەزىم بولۇشىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ، قۇۋۋىتىنى ساقلاپ قالىدۇ. ھاراق ئىچمەيدىغان كىشى ئۇنىڭ گۆشىنى ئىستېمال قىلمىغىنى تۈزۈك. كالا گۆشى يەيدىغان ئادەم سەۋدانىڭ مۇسھىلىنى ئىچىش ئارقىلىق سەۋدانى پات ـ پات تەنقىيە قىلىپ تۇرۇشى، سۈيدۈك ھەيدەشكە ئۇرۇنماسلىقى، شاراب ۋە قومۇشلۇقلاردا تۇرۇپ قالغان تۇيغۇن سۇلارنى ئىچمەسلىكى لازىم. بەدىنىدە كۆيۈشۈش، ئېچىشىشنى بايقىسا، سىركە ئىستېمال قىلىشى ياكى ئۇنىڭ شورپىسىغا سىركە ئارىلاشتۇرۇپ ئىستېمال قىلىشى لازىم. ئەمما سىركە كالا گۆشىنىڭ سەۋدا كۆپەيتىش خۇسۇسىيىتىنى كۈچەيتىدۇ. سىركە بىلەن پىشۇرۇلسا تەمى لەززەتلىك بولىدۇ. تېنى ئاجىز كىشىلەر ۋە چۆقۇق بىمارلىرىنىڭ ئىستېمال قىلىشىغا ماس كېلىدۇ. بەدەننى سەمرىتىدۇ، قۇۋۋەتلەيدۇ. سۈيۈق سەپرانى كېسىدۇ، ئەمما قاننى ئوفۇنەتلەندۇرىدۇ. ئۇنىڭ ياخشىسى سېمىز، مىزاجى ساغلام بولغان موزاينىڭ گۆشىدىن ئىبارەت. بەزىلەر ئۇنى تۆت ياشلىق قوينىڭ گۆشىدىن ياخشىراق، دەپ بىلىدۇ. سېرىق كالىنىڭ گۆشى باشقا رەڭلىك كالىلارنىڭ گۆشىدىن ياخشىراق بولىدۇ.

ئۇنى ئىستېمال قىلىشنىڭ ئەڭ ياخشى ۋاقتى باھار كۈنلىرىدۇر. ئەڭ ناچىرى قېرى، ئورۇق، كېسەل كالىنىڭ گۆشىدۇر. ئۇنىڭ گۆشىنى سىركە بىلەن پىشۇرۇپ ئىستېمال قىلسا، ئاشقازان ۋە جىگەردىن ماددىلارنىڭ ئېقىشىنى توسىدۇ. ئۇنىڭ شورپىسىنى مېيىنى ئايرىۋېتىپ سىركە بىلەن بىرلىكتە ئىچسە، سەپرا خاراكتېرلىك ماددىلارنىڭ ئاشقازان، جىگەر ۋە ئۈچەيلەرگە قۇيۇلۇشىنى توسىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ بەدەنگە تارقىلىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. يەرقانغا شىپا بولىدۇ. سەپرانى سۈرىدۇ. سەپرا خاراكتېرلىك ئىچ سۈرۈشكە مەنپەئەت قىلىدۇ. سوغۇق مىزاجلىق كىشىلەر ۋە ئاشقازىنى ئاجىز كىشىلەر ئۇنى ئىستېمال قىلماقچى بولسا يۇمشاق پىشۇرۇپ، كاشىم، سۇزاپ، سامساق، سىركە، ھەسەل ۋە خورمىدىن باشقا تاتلىق نەرسىلەر بىلەن بىرلىكتە ئىستېمال قىلىشى لازىم. كالا گۆشى ئىستېمال قىلغاندىن كېيىن زاغۇن ۋە قىچا ئىستېمال قىلىش ياخشىدۇر. ئارقىدىن دەرھال سوغۇق سۇ ئىچمەسلىك، گۆش ھەزىم بولۇپ بولغاندىن كېيىن، ئارىلاشمىسى ئاز بولغان سۈيۈق، سېرىق ياكى قىزىل شاراب ئىچىش لازىم. ئۇنىڭ مايسىز گۆشىنى قورۇپ چىققان سۈيىنى قۇلاققا تېمىتسا، قۇلاقتىكى قۇرتنى ئۆلتۈرىدۇ. كۆيۈك يارىسىغا سۈركىسە قاپارتما ئۆرلەشنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. كالا گۆشىنىڭ تۇزەتكۈچىسى دارچىن، پىلپىل، زەنجىۋىلدىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇنى يۇمشاق پىشۇرۇپ مەزكۇر دورا ـ دەرمانلار بىلەن ئىستېمال قىلىنىدۇ. پىشۋاتقاندا ئاز مىقداردا قوغۇن شاپىقى قوشۇۋەتسە يۇمشاق ۋە لەززەتلىك پىشىدۇ. موزاي گۆشىنىڭ تۇزەتكۈچىسى مۇنچىغا چۈشۈش ۋە ئەمگەك قىلىشتۇر.

ئۇنىڭ بېشىنىڭ گۆشى تەپنى يوقىتىدۇ، باھنى قۇۋۋەتلەيدۇ. كۈنچىقىشتىن بۇرۇن بەرەسكە سۈركىسە ساقايتىدۇ.

ئۇنىڭ مۈڭگۈزى ئىككىنچى دەرىجىدە سوغۇق، ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق بولۇپ، ئەركەك كالىنىڭ مۈڭگۈزىنى قۇرۇتۇپ ئېكەكلەپ بەش گىرام ئېلىپ، سوغۇق سۇ بىلەن ئىچسە بۇرۇن قاناشنى توختىتىدۇ. قىرتاق شاراب بىلەن ئىچسە ئىچ سۈرۈشنى توختىتىدۇ. شۇنداقلا ئۇنىڭ كۆيدۈرۈلگەن مۈڭگۈزىنىڭمۇ يۇقىرىقىدەك تەسىرى باردۇر. ئۇنىڭ بۇرۇن سۆڭىكى ۋە كۆيدۈرۈلگەن تۇيىقى چىش ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ، چىشنى ئاقارتىدۇ. ئۇنىڭدىن 10 گىرام ئېلىپ ھەسەل بىلەن ئىستېمال قىلسا قاپاق ئۇرۇقى مەددىسىنى چۈشۈرىدۇ. ئۇنىڭدىن كۈنىگە بىر يېرىم گىرام ئېلىپ سىركەنجۇبىل بىلەن ئىچسە ۋە بىر مەزگىل داۋاملاشتۇرسا، تال ئىششىقى ۋە تال چوڭىيىشقا مەنپەئەت قىلىدۇ، باھنى قوزغايدۇ. ئۇنىڭ سەپمىسى يەل يارىسىنىڭ تەرەققىي قىلىشىنى توسىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن ئىسرىق سالسا زىيانداش ھاشاراتنى قاچۇرىدۇ. ئۇنىڭ سول مۈڭگۈزىدىن ئۈزۈك ياساپ سول قولغا سالسا، تۇتقاق كېسەل، كىچىك بالىلارنىڭ دۈيلۈنۈشىگە مەنپەئەت قىلىدۇ. سۇدان خەلقى ئۇنى مەزكۇر مەقسەتتە كۆپ ئىشلىتىدۇ.

ئۇنىڭ ئۆتى تۆتىنچى دەرىجىگە يېقىن، بەلكى تۆتىنچى دەرىجىنىڭ ئاۋۋىلىدا قۇرۇق ئىسسىقتۇر. كۆزگە سۈركىسە كۆزدىكى ئاقنى يوقىتىدۇ. ئۇنى ھەسەل بىلەن يالىسا بوغما كېسەل، قىچىشقاق، سىقىلىسكە مەنپەئەت قىلىدۇ. مىسىر خەلقى ئۇنى مەزكۇر كېسەللىك ئۈچۈن ئىشلىتىدۇ. پايدا قىلىشى مۇمكىن. ئەمما ھەسەلسىز ئىستېمال قىلىش دۇرۇس ئەمەس، شۇنداقلا گالغا سىرتىدىن سۈركىسە بوغما كېسەلگە مەنپەئەت قىلىدۇ. قۇلاققا تېمىتسا قۇلاق ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ. قۇلاق كىرى ۋە يىرىڭىنى تازىلايدۇ، بولۇپمۇ ھەسەل، سۇزاپ ياكى زەيتۇن يېغى بىلەن تېمىتسا تەسىرى تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ. مەلھەم قىلسا يىرىقتىكى يارىلارغا مەنپەئەت قىلىدۇ. توغرىغۇ بىلەن سۈركىسە تېرىدىكى ئىزلارنى ۋە داغنى يوقىتىدۇ. مەقئەتكە يالغۇز سۈركىسە يارىنى ساقايتىدۇ. ئۆچكە سۈتى ياكى ئانا سۈتى بىلەن قۇلاققا تېمىتسا قۇلاقتىن يىرىڭ ئېقىشقا مەنپەئەت قىلىدۇ. قۇلاقتىكى جاراھەتنى ئېغىز ئالدۇرۇپ ساقايتىدۇ. قۇلاق پەردىلىرىدىكى يىرتىلىشنى ئوڭشايدۇ. كالا ئۆتىگە كۇدە سۈيى ئارىلاشتۇرۇپ قۇلاققا تېمىتسا، قۇلاق غوڭۇلداش ۋە قۇلاققا ھەر خىل ئاۋازلارنىڭ ئاڭلىنىشىغا مەنپەئەت قىلىدۇ. ھەسەل بىلەن بىرلىكتە غار ـ غار قىلسا گالغا مەنپەئەت قىلىدۇ. مەلھەملەرگە قوشۇپ سۈركىسە كۆيدۈرگىگە مەنپەئەت قىلىدۇ. يىرىڭلاشنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. زەھەرلىك ھايۋانلار چېقىۋالغان ئورۇنغا سۈركىسە ئاغرىق پەسەيتىدۇ ۋە زەھىرىنى قايتۇرىدۇ. بەزىلەر ئۇنىڭدىن يېرىم گىرام ئېلىپ، ئۇنىڭ تۇزەتكۈچىسى بولغان كەتىرا ۋە ھەسەل بىلەن بىرلىكتە تۇرلۇك زەھەرلەرنى قايتۇرۇش ئۈچۈن ئىستېمال قىلىدۇ. ئۇنى ھەسەل بىلەن سۈركىسە يامان يارىلارنى ساقايتىدۇ ۋە ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ. جىنسىي يول ۋە ئورۇقدان يارىلىرىنى ساقايتىپ، ئىششىقلىرىنىڭ تارقىلىشىغا ياردەم بېرىدۇ. ئۇنى توغرىغۇ ۋە گىل قىيمۇلىيا بىلەن بىرلىكتە زىمات قىلسا يارىلاشقان قوتۇر، ئاقكېسەل، باش كېپەكلىشىش، تېرىدىكى داغ ۋە باشقا ئىزلارنى يوقىتىدۇ. مەجۇنلەرگە قوشۇپ مەنىينى ساپلاشتۇرۇشقا ئىشلىتىلىدۇ. مۇناسىپ دورىلار بىلەن بىرلىكتە پەرزىجە قىلسا ھەيز توختىتىدۇ، بالىياتقۇنى تازىلايدۇ. ئۇنى دەرەخ غولىغا سۈركىسە مېۋىسىگە قۇرت چۈشۈشنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ.

ئۇنىڭ ئۆتىدە پەيدا بولغان تېشى دەسلەپتە يۇمشاق بولۇپ، ھاۋا بىلەن ئۇچراشقاندىن كېيىن قاتىدۇ. ئۇ ئەرەبچە «ھەجەرۇل بەقەر» (كالا تېشى) دەپ، ھىندىچە «گاۋ روھىن» دەپ ئاتىلىدىغان بولۇپ، ئاللا خالىسا «ھ» (ھۆۋۋائ) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلاردىكى تاشلار قاتارىدا بايان قىلىنىدۇ.

كالا تېزىكى «ئ» (ئەلىف) ۋە «ھ» (ھۆۋۋائ) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلار بايانىدىكى «ئەھسائۇل بەقەر» (كالا تېزىكى) دېگەن مەزموندا بايان قىلىنىدى.

بۇقا قېنى ناھايىتى قۇرۇق ئىسسىق بولۇپ، تەستە ئۆزلىشىدۇ. ئارپا ئۇنى بىلەن مەلھەم

قىلسا قاتتىق ئىششىقلارنى يۇمشىتىپ تارقىتىدۇ. ئۇنى ئىسسىتىپ ھەيز قېنى بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ سۈركىسە، نۇقرەس ۋە مۇپاسىل ئاغرىقلىرىنى پەسەيتىدۇ، سىناقتىن ئۆتكەن.

بۇقىنى بوغۇزلىغاندىن كېيىن ئىسسىق قېنىدىن يەتتە گىرام ئىچسە، روھ يوللىرىنى ئېتىش، گال ۋە بادامبەزنى ئىششىتىش بىلەن گالنى بوغۇپ ھالاك قىلىدۇ. تىلنى قىزارتىدۇ، كۆڭۈلنى ئاينىتىپ ھوشسىزلاندۇرىدۇ. ئۇنى ئىچكەن ئادەمدە كۆڭۈل قاتتىق ئېلىشىش، بىئارام بولۇش، ئەسەبىيلىشىش، تىلى قىزىرىش، چىشلىرىدا ئۇيۇغان قان پەيدا بولۇش، گال ئەتراپلىرى ئاغرىپ ئىششىش، پۇت ـ قوللىرى تارتىشىش، گېلى بوغۇلۇش ۋە تارتىشىپ قېلىش ئالامەتلىرى كۆرۈلىدۇ.

**قۇتقۇزۇش تەدبىرلىرى:** قەي قىلدۇرۇلمايدۇ، بەلكى پەنىرمايىلەردىن مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ، سىركە بىلەن ئېرىتىپ، ئۇنىڭغا كاللەكبەسەي ئۇرۇقى، قارىغاي ياغىچى كۆلى، ئەنجۈر ياغىچى كۆلى، ئەنجۈر سۈتى، يۇنانچە «قۇسۇر» دەپ ئاتىلىدىغان تەباق ئۆسۈملۈكىنىڭ يوپۇرمىقى، ھىڭ، توغرىغۇ قاتارلىقلارنى ئارىلاشتۇرۇپ ئىچۈرۈلىدۇ ياكى ئۇلارنى قاينىتىپ پىلپىل ۋە جىغان ئۇسارىسى بىلەن ئىچۈرۈلىدۇ. ئۆتكۈر كىلىزما بىلەن كىلىزما قىلىنىدۇ. گېلىغا ماددىنى قايتۇرغۇچى ۋە سوۋۇتقۇچى دورىلار تەكرار پۈركۈلىدۇ. پۇراتمىلار ۋە چاپلىمىلار بىلەن مېڭىسى ۋە گېلى قۇۋۋەتلەندۈرۈلىدۇ. قورسىقىغا ئارپا ئۇنى ھەسەل بىلەن زىمات قىلىنىدۇ. بىمارنىڭ قۇتۇلغانلىقىنىڭ ئالامىتى شۇكى، مەقئەتتىن زەپەر رەڭلىك ماددىلار كېلىدۇ.

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇنىڭ گۆشىنىڭ خاسىيەتلىرىنىڭ بىرى شۇكى، پىشۇرۇپ ئۇنىڭ قېنىغا مىلەپ ئەينەك قاچىغا سېلىپ، ئېغىزىنى مەھكەم ئېتىپ قىرىق كۈنگىچە قويۇپ، چىرىپ قۇرت پەيدا بولغاندا مەزكۇر قۇرتلارنى ئايرىم بىر ئەينەك قاچىغا ئېلىپ قويۇپ قويسا، بىر ـ بىرىنى يەپ پەقەت بىر دانە قۇرت قالىدۇ، ئۇ جان ئالغۇچ زەھەرگە ئايلىنىدىكەن، ئۇنىڭ 1.5 گىرامى كىشىنى شۇ زامان ھالاك قىلىدىكەن. ئۇنى بەزرۇلبەنجى بىلەن سالايە قىلىپ بۇرۇنغا پۈركىسە ھوشسىزلاندۇرىدىكەن.

كالىنىڭ سۈيدۈكى داغ يوقىتىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. سىركە بىلەن بىرلىكتە ئىشلەتسە چىش ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ. ئۇنى ئادراسمان بىلەن قاينىتىپ سۈيى بىلەن سەزمەس ئەزانى يۇسا سېزىمىنى ئەسلىگە كەلتۈرىدۇ، سىناقتىن ئۆتكەن. نانخانى موزاي سۈيدۈكىگە بىر كېچە ـ كۈندۈز چىلاپ قويۇپ، ئۇنىڭدىن كېيىن سۈزۈپ ئېلىپ قۇرۇتۇپ يۇمشاق سوقۇپ، ھەر كۈنى مىزاج كۆتۈرەلىگۈدەك مىقداردا ئىستېمال قىلسا ئىستىسقاغا پايدا قىلىدۇ. كالا سۈيدۈكىنى ئادەم سۈيدۈكى بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ، تۆت كۈندە بىر قېتىم تۇتىدىغان تەپ بىمارنىڭ پۇت ـ قوللىرىنى يۇسا شىپا بولىدۇ.

موزاينىڭ قۇرۇتۇلغان چۈيىسى باھنى قۇۋۋەتلەيدۇ ۋە قوزغايدۇ. شۇنداقلا ئۇنىڭ قۇرۇتۇپ

تالقانلانغان ئۇرۇقدىنمۇ شۇ تەسىرنى بېرىدۇ.

ئۇنىڭ يېغىنى ئىستېمال قىلسا يۆتەل، ئاجىزلىق، ئۆپكە، ئاشقازان يارىسى، سۈيدۈك ئېچىشىپ كېلىشلەرگە پايدا قىلىدۇ. ئۇنىڭ ھەممە تەسىرلىرى توڭگۇز يېغىنىڭ تەسىرلىرىدىن ياخشىراقتۇر. چاشقان يارىسى، ھەر خىل يارىلار، جاراھەتلەر ۋە بوۋاسىرغا سۈركىسە پايدا قىلىدۇ.

ئۇنىڭ سۈيدۈكىنىڭ قالغان خۇسۇسىيەتلىرى ۋە سۈتىنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى ئاللا خالىسا سۈيدۈكلەر ۋە سۈتلەر ماۋزۇسىدا بايان قىلىنىدۇ.

ئۇنىڭ ئۇچەيلىرىنى تازىلاپ، ئىچىگە يەل توشقۇزۇپ ئېغىزىنى باغلاپ، پاقىلار كۆپىيىپ كوركىراپ كىشىنى بىئارام قىلىدىغان كۆل، ئۆستەڭ ۋە باشقا سۇ بويلىرىغا قويۇپ ھەرىكەتلەندۈرسە، پاقىلار ئۇنى يىلان دەپ خىيال قىلىپ كوركىراشتىن توختايدۇ ۋە يىراقلارغا قېچىپ كېتىدۇ.

## بەقەرۇل ۋەھش
(ياۋا كالا)

«تۆھپەتۇل مۆئمىن» ناملىق كىتابنىڭ ئاپتورى ئۇنى بۇغىنىڭ بىر تۈرى دېگەن، بۇغا يۇقىرىدا بايان قىلىندى. بەلكى ئۇنى بۇغىغا ئوخشىتىپ قالغان بولۇشى مۇمكىن، چۈنكى ياۋا كالا بۇغا ئەمەس. ئۇ پارسچە «نىيلە گاۋ»، ھىندىچە «روجە» دېيىلىدۇ. ئومۇمەن ئۇ كالىغا ئوخشايدۇ، مۈڭگۈزىمۇ كالىنىڭ مۈڭگۈزىگە ئوخشاش بولۇپ، شاخلىمايدۇ. پارسچە «گوزەن» دېيىلىدىغان بۇغىغا ئوخشىمايدۇ. ئەمما خۇسۇسىيەتلىرى ئۇنىڭغا ئوخشاپ قالىدۇ.

## بەقەس
(شەمشاد دەرىخى)

ئۇ يۇنانچە «بەقسىين» ياكى «بەقسىيۇن» دېگەن سۆزدىن ئەرەبچىلەشتۈرۈلگەندۇر. شام خەلقى «شەمشار» دەپ، پارس خەلقى «شەمشاد» دەپ ئاتايدۇ.

**ماھىيىتى:** ئۇ چوڭ ئۆسىدىغان دەرەخ بولۇپ، يوپۇرمىقى ئانار ۋە ئاس دەرىخى يوپۇرمىقىغا ئوخشايدۇ. ئۇنىڭدىن كىچىكرەك، كۆكرەك، غولى ئاق، قاتتىق بولىدۇ. قورۇسا سېرىققا مايىل بولۇپ ئۆزگىرىدۇ. ئۇنىڭ ياغىچى يۇمشاق، سۇزۇك، تۈزۈلۈشى ياخشى بولغاچقا، ئۇنىڭدىن قوشۇق، ھاسا، ئورۇندۇق، تارغاق ۋە باشقا نەرسىلەر ياسىلىدۇ. قەغەزگە ئوخشاش نېپىز ھالەتكە كەلتۈرۈلۈپ، ئۈستىگە قۇرئان ئايەتلىرى ۋە باشقا كىتابلار يېزىلىدۇ. شاخلىرى تارقاق ئۆسىدىغان بولۇپ، خازان بولمايدۇ. گۈلى ئاق، ناھايىتى خۇش پۇراق بولىدۇ. ئۇرۇقى

قارا بولۇپ، نامازشامگۈل ئۇرۇقى ۋە قارىمۇچقا ئوخشايدۇ.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق، سوغۇقمۇ دېيىلگەن.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** يوپۇرمىقى ھايۋاناتلارنى، بولۇپمۇ تۆگىنى زەھەرلەيدۇ. ياغىچىنىڭ ھەرىدەلگەن كېپىكىنى خېنە بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ باشقا چاپسا چاچنى قۇۋۋەتلەيدۇ، باش ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ. چاچ ئۇچلىرىنىڭ يېرىلىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. توخۇ تۇخۇمىنىڭ ئېقى ۋە بۇغداي ئۇنى بىلەن زىمات قىلسا بوغۇملارنى چىڭىتىدۇ، بوغۇملارنىڭ قوزغىلىشىغا داۋا بولىدۇ. يوپۇرمىقىنى قاينىتىپ، تەمىنى چىقىرىپ تۆكسە، چىقىپ قالغان مەقئەتنى جايىغا كىرگۈزىدۇ، سىناقتىن ئۆتكەن.

ئۇنىڭ ئۇرۇقى قورۇغۇچى، ئاشقازان ـ ئۈچەي ھۆللۈكلىرىنى قۇرۇتقۇچى، شۆلگەي توختاتقۇچىدۇر. شاراب بىلەن قىيام بولغۇچە قاينىتىپ زىمات قىلسا كۆيدۈرگە، بەلباغسىمان قوقاق، تازغا پايدا قىلىدۇ. ھەسەل ۋە خېنە بىلەن زىمات قىلسا تېرىدىكى ئىزلارنى يوقىتىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** ئۇنىڭ ئۇرۇقچىسى ئايرىۋېتىلگەن ھۆل ئۇرۇقىدىن 30 گىرامغىچە، قۇرۇق ئۇرۇقىدىن 15 گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

ئۇنىڭ گۈلىنىڭ ئەرقىنىڭ يۈرەك ۋە مېڭىنى قۇۋۋەتلەش تەسىرى نارەنجى گۈلى ئەرقىنىڭ شۇ تەسىرىدىن كۈچلۈكرەكتۇر.

ئۇنىڭ ياغىچىدىن تارغاق ياساپ چاچ تارىسا، چاچنى قۇۋۋەتلەپ، چاچ چۈشۈشنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ.

## بەقلەتۇل ھەمقائ
(سېمىزئوت)

بۇ ئەرەبچە سۆزدۇر. ئەرەبچە يەنە: «فەرفەخ»، «رىجلە»، «ھەسىيب»، «ئەلبەقلەتۇل لەيىنە» (يۇمشاق ئوت)، «ئەلبەقلەتۇل مۇبارەكە» (بەرىكەتلىك ئوت)، «بەقلەتۇل فاتىمە» (پاتىمە ئوتى)، «بەقلەتۇز زەھرائ» (زەھرائ ئوتى) دەپ، پارسچە «خىرفە»، «تۇزەك»، ئىبران (قەدىمكى ئەرەب تىلى) «ئەرغىيلىم»، فىرانسۇزچە «بەرغال سالى»، ھىندىچە «خىلفە» دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇنىڭ كىچىك بولغان تۈرى «لونىيا» دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇنىڭ «ھەمقائ» (ئەخمەق) دەپ ئاتىلىشىنىڭ سەۋەبى شۇكى، ئۇ كەلكۈن ۋەيران قىلغان يەرلەردە، ئېرىق ـ ئۆستەڭ بويلىرى ۋە نەم يەرلەردە ئۆسىدىغان بولۇپ، ئۈنىدىغان يېرى ئېنىق ئەمەس. ئۆسۈملۈكى ناھايىتى يۇمشاق، ھۆل، نازۇك بولىدۇ.

ماھىيىتى: ئۇ چوڭ ۋە كىچىكتىن ئىبارەت ئىككى خىل بولىدۇ. چوڭىنىڭ ئۆسۈملۈكى

بىر غۇلاچتىن پاكارراق بولۇپ، كۆپ ھاللاردا يەرگە يېيىلىپ ئۆسىدۇ. غولى بارماق توملۇقىدا، ناھايىتى چۈرۈك، رەڭگى قىزىلغا مايىل، يوپۇرمىقى يۇمىلاققا مايىل، سەل قېلىن، گۈلى ئاق، ئۇرۇقى قارا، ئۇششاق بولىدۇ. يوپۇرمىقى شىلىمشىق بولىدۇ. شاخلىرىنىڭ ئازراق قورۇش خۇسۇسىيىتى بار، شۇنىڭ ئۈچۈن بەزى مىزاجلىق كىشىلەر ئىستېمال قىلسا ئىچىنى سۈرىدۇ، بەزى مىزاجلىق كىشىلەر ئىستېمال قىلسا ئىچ سۈرۈشنى توختىتىدۇ. بەزى قۇرۇق ئىسسىق شەھەرلەردە ئۇنىڭ كۆكى خام ھالەتتە يالپۇز، پىننە، كەرەپشە ۋە كاسىنە يوپۇرمىقىغا ئوخشاش كۆكتاتلار قاتارىدا ئىستېمال قىلىنىدۇ.

ئۇنىڭ كىچىكى يەرگە يېيىلىپ ئۆسىدىغان بولۇپ، يوپۇرمىقى ۋە ئۇرۇقى چوڭىنىڭ يوپۇرمىقى ۋە ئۇرۇقىدىن كۆپ كىچىك، توغرىغۇ خۇسۇسىيەتلىك، سەل چۈچۈمەل بولىدۇ. بۇ كۆپ ھاللاردا ئۆزى ئۈنۈپ قالىدۇ. بولۇپمۇ ئۇ بېنگالدا چوڭىنىڭ ئەكسىچە كۆپ تېپىلىدۇ.

ئۇنىڭ ياخشىسى يوپۇرمىقى چوڭ، غولى قىزىل بولغانلىرىدۇر.

ئۇنىڭ يەنە بىر تۈرىمۇ بار بولۇپ، يوپۇرمىقى يۇقىرىدىكى تۈرلىرىنىڭ يوپۇرمىقىدىن سەل ئۇزۇنچاق بولىدۇ. ئۆزى ئۈنۈپ قالىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئۈچىنچى دەرىجىدە سوغۇق، ئىككىنچى دەرىجىدە ھۆلدۇر. ئۈچىنچى دەرىجىدە ھۆلمۇ دېيىلگەن. مەلۇم دەرىجىدە قابىزلىق خۇسۇسىيىتى بار.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ئۇنىڭ يوپۇرمىقى ۋە غولى جۇلا بەرگۈچى، سەپرانىڭ ئۆتكۈرلۈكىنى پەسەيتكۈچى، قان، جىگەر ۋە ئاشقازاننىڭ ھارارىتىنى پەسەيتكۈچى، سەپرادىن بولغان ئىسسىق قىزىتمىلارنىڭ ئۆتكۈرلۈكى ۋە ئۇسسۇزلۇقىنى باسقۇچى، دىيابېت كېسەللىكى، ئىسسىقتىن بولغان باش ئاغرىقى ۋە قان تۈكۈرۈشكە شىپا بولغۇچى، قان ۋە كۆكرەكتىن كېلىدىغان بۇزۇق ماددىلارنى توختاتقۇچى، ئىسسىق نەزلە سۈيۇقلۇقلىرىنىڭ ئېقىشىنى توسقۇچى، مېڭىگە سوغۇقلۇق يەتكۈزگۈچى، قەي توختاتقۇچى، ئەزالاردىكى تاشلارنى پارچىلاپ چۈشۈرگۈچى ۋە سۈيدۈك ھەيدىگۈچىدۇر. ئۇ يۆتەل، سۈيدۈك يولى، دوۋساق ۋە ئۈچەي يارىلىرى، سۈيدۈك ئېچىشىپ كېلىش، تۈرلۈك ئاقمىلار، قانلىق بوۋاسىر قاتارلىقلارغا پايدا قىلىدۇ. بالىياتقۇنىڭ ھارارىتىنى پەسەيتىپ، ئېچىشىشى ۋە ئاغرىشىنى يوقىتىدۇ. قابىزلىقى ۋە سوغۇقلۇقى بىلەن ھەيز قېنىنى توختىتىدۇ. ئۇنىڭ سۈيىدىن 30 مىللىلىتىر ئېلىپ، ئالتە گىرام ناۋات ياكى شېكەر بىلەن ئىچسە قاپاق ئۇرۇقىسىمان مەددىنى چۈشۈرىدۇ، تىلما كېسەلگە داۋا بولىدۇ. ئۇنى پىشۇرۇپ مۇۋاپىق مىقداردىكى ياغ ۋە پىشۇرۇلغان پىياز بىلەن ئىستېمال قىلسا سەپرا خاراكتېرلىك ئىچ سۈرۈشنى توختىتىدۇ، ئۈچەيلەرنى قۇۋۋەتلەيدۇ. ئىسسىق قىزىتمىلارغا داۋا بولىدۇ. قىزىتما ۋە ئىسسىقتىن بولغان كېسەللىك بىلەن ئاغرىغۇچىلارنىڭ غىزاسىغا قوشۇپ بەرسە، بولۇپمۇ ئىسسىق

شەھەرلەردىكى مەزكۇر بىمارلارغا بەرسە ناھايىتى ياخشى پايدا قىلىدۇ. بەدىنى ئورۇق، قۇرغاق بولغانلار ئۇنى ئىستېمال قىلسا بەدىنىگە ھۆللۈك يەتكۈزۈپ سەمرىتىدۇ. ئۇنى سىركە بىلەن ئىستېمال قىلسا ئۇزۇقلۇقى ئاز بولىدۇ. چاينىسا چىش قاماشقا پايدا قىلىدۇ. كۆپ چاينىسا چىشنى قامىتىدۇ. ئۇنىڭ ئۇساسى كۆز ھارارىتىنى پەسەيتكۈچى سۈرمىلەرگە قوشۇلسا ياخشى پايدا قىلىدۇ. ئۇنى گۈل يېغى بىلەن زىمات قىلسا باشنىڭ ئىسسىقتىن لوقۇلداپ ئاغرىشى، كۆيۈك يارىسى، ئىسسىقتىن بولغان ئىششىقلارغا پايدا قىلىدۇ. شاراب بىلەن زىمات قىلسا باشتىكى مۇدۇر ـ چاقىلارنى يوقىتىدۇ. ئارپا ئۇنى بىلەن زىمات قىلسا ئىسسىقتىن بولغان باش ئاغرىقنى پەسەيتىدۇ، كۆزنىڭ ئىسسىقتىن بولغان ئىششىقلىرى، سەۋدادىن بولغان ئىششىقنىڭ باشلانمىسى، مېڭە ئىششىقلىرى، قوتۇر، قىچىشقاق، ئۇرۇقدان ئىششىقى، تىلما، كۆيدۈرگە قاتارلىقلارغا پايدا قىلىدۇ. يالغۇز زىمات قىلسا ئەزالارنىڭ ۋە كۆيۈك يارىسىنىڭ ھارارىتىنى پەسەيتىدۇ. ئاشقازان ۋە جىگەرگە چاپسا ئۇنىڭ ھارارىتىنى پەسەيتىدۇ. ئۇنى خېنە بىلەن زىمات قىلىپ، پۇت ـ قوللارنىڭ ئالىقىنىغا چاپسا ھارارەت پەسەيتىدۇ، بەھەقكە تەكرار چېپىلسا ساقايتىدۇ. شۇنداقلا مەلھەم قىلىنىسمۇ مەزكۇر كېسەللىكلەرنىڭ ھەممىسىگە شىپا بولىدۇ. ئۇنىڭ سۈيىنى گۈل يېغى بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ باشقا تۆكسە باشنىڭ ئىسسىقتىن لوقۇلداپ ئاغرىشىنى پەسەيتىدۇ. ئۇنىڭ سۈيى بىلەن كىلىزما قىلسا ئۇرۇقداننىڭ ئىسسىقتىن ئاغرىشىنى پەسەيتىدۇ، ئۇرۇقدانغا ئۇچەي، بالىياتقۇلاردىن كېرەكسىز ماددىلارنىڭ قۇيۇلۇشىنى توسىدۇ. ئۇنىڭ يىلتىزىنى زىمات قىلسا سۆگەلنى يوقىتىدىغان بولۇپ، تەسرى ئۇنىڭ ئۆسۈملۈكى، يوپۇرمىقى ۋە غولىدىن ياخشىراقتۇر. ئىسسىق مىزاجلىقلارنىڭ باھ قۇۋۋىتىنى ئاشۇرغۇچى، سوغۇق مىزاجلىقلارنىڭ باھ قۇۋۋىتىنى زەئىپلەشتۈرگۈچى، خاسىيىتى بىلەن ئىشتىھانى تۇتقۇچىدۇر.

**زىيانلىق تەسرى:** كۆپ ئىستېمال قىلسا كۆزنى قاراڭغۇلاشتۇرىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** مەستىكى، كەرەپشە، يالپۇزدۇر.

**ئىستېمال مىقدارى:** سۈيىدىن 60 مىللىلىتىرغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

ئۇنىڭ ئۆسۈملۈكىنى ئاستىغا سېلىپ ئۇخلىسا ئېھتىلام بولۇشنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ.

ئۇنىڭ ئۇرۇقىنىڭ ھەممە تەسرى ئۇنىڭ سۈيىنىڭ تەسرىگە ئوخشاش، ئۇنىڭدىن سەل ئاجىزراقتۇر. ماددىلارنى پەسەيتكۈچى قۇۋۋەتكە ئىگىدۇر. ئۇسسۇزلۇقنى پەسەيتىش رولى يوپۇرمىقىدىن كۈچلۈكتۇر. ئۇنى سەپسە كىچىك باللارنىڭ ئېغىز يارىسى ۋە ئېغىزىدىكى مۇدۇرلار ۋە باشقىلارغا پايدا قىلىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇ تال ۋە ئاشقازانغا زىيان قىلىدىكەن، ئەمما «شىپائۇل ئەسقام» (كېسەللىكلەر شىپاسى) ناملىق كىتابنىڭ ئاپتورى ئۇنى تالغا پايدىلىق، دەپ يازغان. ئۇنىڭدىن 15 گىرام ئېلىپ سوقۇپ، ئەلگەكتىن

ئۆتكۈزۈپ، شېكەر ياكى قىزىلگۈل ئەرقى بىلەن بىرلىكتە ئىستېمال قىلسا ئۆتكۈر قىزىتمىلار، ئىسسىقتىن بولغان يۆتەل، جىگەر هارارىتىنىڭ ئېشىشى، ئاشقازان ۋە ئۈچەيلەرنىڭ زىخلىداپ ئاغرىشى قاتارلىقلارغا پايدا قىلىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** ئىچىنى سۈرىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** قەنت.

**ئىستېمال مىقدارى:** 15 گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

**ئورۇنباسارى:** ئۇنىڭ كۆپ تەسىرلىرىگە ئىسپىغۇل بەدەل بولىدۇ.

ئۇنىڭ ئۇرۇقىنىڭ قورۇلغىنى ئىچىنى قاتۇرىدۇ. قورۇلمىغىنى ئىچىنى سۈرىدۇ.

سېمىزئوت ئۇرۇقىنىڭ ئاتېلاسى، هالۇسى «قارابادىن كەبىر»دە بايان قىلىنىدى.

## بەقلەئى يەمەنىيە
(قىزىل بۇغداش)

ئۇ ئەرەبچە «ئەلبەقلەتۇل ئەرەبىييە» (ئەرەب ئوتى)، «ئەلبەقلەتۇل مائىييە» (سۇ ئوتى)، «يەربۇز»، «جەربۇز» دەپ ئاتىلىدۇ. ئەندەلۇس خەلقى «بەلىيتىس» دەپ ئاتايدۇ. پارسچە «سەفىد مۇرز» دەپ ئاتىلىدۇ. بەلەخ خەلقى «مەنبەھ» دەپ، بۇخارا ۋە جورجان خەلقى «بورمەنى» دەپ ئاتايدۇ. سىندىچە (شەھەر نامى) «فانتارى»، هىندىچە «چونلائى» دەپ ئاتىلىدۇ.

ماھىيىتى: مالىيقى ۋە بەغدادىينىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ بىر خىل ئۆسۈملۈك بولۇپ، كاسىنەگە ئوخشايدىكەن، ئۇنىڭدىن كىچىكرەك، رەڭگى قىزىلغا مايىل، تەمسىز بولۇپ، سۇ بويلىرىدا ئۆسىدىكەن. هەكىم مىر مۇھەممەد مۆمىنىنىڭ «تۆھپەتۇل مۆئمىنىين» دېگەن كىتابىدا يېزىشىچە، تەنەكابۇن ۋە تەبەرىستان شەھەرلىرىدە ئۇ «ئەشكىنى» دەپ ئاتىلىدىكەن. ئىبنى تىلمىيزنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇنىڭ ئۇرۇقى تاجىگۈلنىڭ ئۇرۇقىغا ئوخشايدىكەن. ئۇنىڭ چېچىسى قىزىل بولىدىكەن. ئەبۇ رەيھانىنىڭ «سەيدىيىيە» ناملىق كىتابىنىڭ تەرجىمانىنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇنىڭ يوپۇرمىقى ئۆرۈك يوپۇرمىقىغا ئوخشايدىكەن. بەقلەئى يەمەنىيە بىلەن تاجىگۈلنىڭ مۇناسىۋىتى شۇكى، تاجىگۈلنىڭ ئۆسۈملۈكى قىزىل بولىدۇ، بەقلەئى يەمەنىيەنىڭ ئۆسۈملۈكى يېشىل بولىدۇ. هەر ئىككىسىنىڭ ئۇرۇقى بىر - بىرىگە كۆپ ئوخشايدۇ. بەقلەئى يەمەنىيەنىڭ قىزىلىنىڭ يوپۇرمىقى ۋە شاخلىرى قىزىل، ئۇزۇنراق بولىدۇ. ئۇ «نەجنەچ»مۇ دېيىلىدۇ، ئۇ چېچىسىدىن ئىبارەت بولۇپ، بۇ قاراش توغرىراقتۇر.

بەقلەئى يەمەنىيەنىڭ ئېقى بېنگالدا كۆپ بولمايدۇ، ئۇ كۆپ هاللاردا يەرگە يېيىلىپ ئۆسىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە هۆل سوغۇق.

**تەبئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق، بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىچە بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇقتۇر.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ئىچ سۈرۈشنى توختىتىدۇ. سەپرانى باسىدۇ. ئىسسىقتىن تۇتۇلغان ئىشتىھانى ئاچىدۇ. ئىسسىق مىزاجلىقلارغا پايدا قىلىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** سوغۇق مىزاجلىقلارغا ۋە پەي ـ نېرۋىلارغا زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** ھەسەل.

# بەقلەتۇل بەرارى
## (قۇرۇقلۇق ئوتى)

ئۇ يەنە «بەقلەتۇر رەمل» (قۇملۇق ئوتى) دەپمۇ ئاتىلىدۇ. چۈنكى ئۇ كۆپ ھاللاردا قۇملۇقلاردا ئۆسىدۇ.

**ماھىيىتى:** بىر خىل ئۆسۈملۈك بولۇپ، ياۋا كاسىنىدىن كىچىكرەك بولىدۇ. يىلتىزى يەر ئاستىغا يېيىلىپ ئۆسىدۇ. گۈلى سېرىق بولىدۇ. ئۇ «قەنا بەررى» دېگەن ئۆسۈملۈكنىڭ ئەكسىچە بولىدۇ، چۈنكى قەنا بەررىنىڭ يىلتىزى يەر تېگىگە چوڭقۇرلاپ ماڭىدۇ. بەقلەتۇل بەرارىينىڭ تەمى سەل تۇزلۇق، ئاچچىق بولۇپ، قىش پەسلىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە ئۆسۈپ، باھار پەسلىنىڭ ئاخىرىدا ئىستېمال قىلىنىدۇ. ئۇرۇقى چىگىتكە ئوخشايدۇ.

**تەبئىتى:** بىرىنچى دەرىجىدە سوغۇق، ھۆللۈكى مۆتىدىل. بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىچە قۇرۇق ئىسسىق ئىكەن.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** مىزاجلارنى ئوڭشىغۇچى، تېز ھەزىم بولغۇچىدۇر. خەفەقان كېسەللىكىگە پايدا قىلىدۇ. ئېغىزنى خۇش پۇراق قىلىدۇ. چىش مىلىكىنى چىڭىتىدۇ. ھەزىمنى ياخشىلايدۇ. ئاشقازان، جىگەر ۋە ئۈچەيلەرنى قۇۋۋەتلەيدۇ. سەپرانى باسىدۇ. ئۇنىڭ يىلتىزى بىلەن ئىسرىق سالسا تۆت كۈندە بىر تۇتىدىغان قىزىتما ۋە بەلغەمدىن بولغان قىزىتمىغا پايدا قىلىدۇ. ئۇنىڭ خاسىيەتلىرىنىڭ بىرى شۇكى، ئۇخلاش كېيىمىنىڭ ئارىسىغا قىستۇرۇپ قويسا ياخشى چۈشلەرنى كۆرسىتىدۇ.

# بەقلەتۇل رۇماھ

**ماھىيىتى:** ئۇ بىر خىل ئۆسۈملۈك بولۇپ، يوپۇرمىقى پاقىيوپۇرمىقىغا ئوخشايدۇ، ئۇنىڭدىن ئۇششاقراق، رەڭگى توپا رەڭگە مايىل، يىلتىزى ئىنچىكە، شاخلىق، يىلتىزىنىڭ سىرتى قارا، ئىچى ئاق بولىدۇ. ئۇ كۆپ ھاللاردا ماراكەش، ئەرمىنىيە، ئالجىرىيە ۋە خۇز

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ئۇنى ئانار سۈيى ۋە بادام يېغى بىلەن پىشۇرۇپ يېسە، چوڭ تەرەتنى بوشاتقۇچى، بەدەنگە ھۆللۈك يەتكۈزگۈچى، يات ھارارەتنى پەسەيتكۈچى، ياخشى خىلت پەيدا قىلغۇچى، ئۇسسۇزلۇق ۋە يۆتەل پەسەيتكۈچىدۇر. ئۇسارىسىنى گۈل يېغى بىلەن سۈركىسە باشنىڭ كونا نۇرىنىڭ ھارارىتىدىن پەيدا بولغان ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ. زىمات قىلسا قوتۇر، قىچىشقاق، ئىسسىق ئىششىقلار، جاراھەت ۋە يارىلار، كۆز ئىششىقى، سۆگەللەر، ئىچكى ئەزالاردىكى يارىلار، باشتىكى يىرىڭلىق يارا ۋە قان قايناشقا پايدا قىلىدۇ. تەستە ھەزىم بولىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** سوغۇق مىزاجلىقلارغا زىيان قىلىدۇ. باھنى زەئىپلەشتۈرىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** ئىسسىق جاۋارىشلار.

ئىسسىق مىزاجلىقلارغا پايدا قىلىدۇ. يۆتەل ۋە ھارارەت، سەپرا سەۋەبىدىن پەيدا بولغان ئۇسسۇزلۇقنى پەسەيتىدۇ. بولۇپمۇ ئۇنىڭ قاينىتىپ پىشۇرۇلغىنىنى تاتلىق بادام يېغى، تاتلىق ئانار سۈيى، ھۆل ياكى قۇرۇق يۇمغاقسۇت سۈيى بىلەن ئىستېمال قىلسا تەسىرى تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ. ئۇنىڭ سۈيىنى سۈركىسە قۇياشنىڭ كۆيدۈرۈشىدىن پەيدا بولغان باش ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ.

ئۇنىڭ ئۇرۇقى قۇرۇق سوغۇق بولۇپ، ئىستېمال قىلسا ۋە زىمات قىلسا ئىسسىقتىن بولغان كېسەللىكلەر ۋە ئىسسىقتىن بولغان ئىششىقلارغا پايدا قىلىدۇ.

«دەستۇرۇل ئەتىببائ» (تېۋىپلار دەستۇرى) ناملىق كىتابنىڭ ئاپتورىنىڭ يېزىشىچە، ئۇنىڭ يىلتىزىنى سۇ بىلەن سالايە قىلىپ چاپسا، ئەرەبچە «ئەرەقى مەدەنى»، پارسچە «رىشتە»، «پىيۇ»، ھىندىچە «نارۇ» دەپ ئاتىلىدىغان قىلقۇرت كېسەللىكىگە پايدا قىلىدىكەن.

**زىيانلىق تەسىرى:** بۆرەككە زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** شېكەر.

**ئىستېمال مىقدارى:** 15 گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

## بەقلەئى ھامزە
(چۇچۇمەل ئوت)

ئۇ، پارسچە «تەرەئى خۇراسانىي» (خۇراسان كۆكتىتى)، «ساقى تۇرۇشەك» (چۇچۇمەل غول)، ھىندىچە «ساگ چوكە» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** ئۇ يوپۇرمىقى چوڭ، غولسىز بولغان ھۇمماز (ئاتقۇلاق) ئۆسۈملۈكىنىڭ بىر تۈرىدۇر. يوپۇرمىقى كاللەكبەسەي يوپۇرمىقىدىن كىچىكرەك بولىدۇ. نەم يەرلەردە ئۆسىدۇ. تەمى چۇچۇمەل بولىدۇ.

دىگەن يەرلەرنىڭ كۆپ شەھەرلىرىدە ئۆسىدۇ. ھەر يىلى باھار پەسلىدە ئۈنۈپ، يازنىڭ ئوتتۇرىغىچە تۇرىدۇ.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ئۇنىڭ يىلتىزىنىڭ پوستىنى سوقۇپ، سۈيىنى سىقىپ چىقىرىپ زۇپتىغا ئوخشاش بولغۇچە قايىنىتىپ، ئوق، نەيزە ۋە قىلىچقا ئوخشاش ھەرقانداق تىغنىڭ ئۇچىغا سۈركەپ ئۆلتۈرمەكچى بولغان ھايۋانغا ئېتىلسا، مەزكۇر ماددا ھايۋاننىڭ قېنىغا ئارىلاشقان ھامان ئۇنى زەھەرلەپ ئۆلتۈرىدۇ. ئەندەلۇس خەلقى ئۇنىڭ يىلتىزىنى كۇندۇشنىڭ ئورنىدا ئىشلىتىدۇ. ئۇ ناھايىتى ئىسسىق بولۇپ، 10 گىرامى قۇستۇرۇپ ھالاك قىلىدۇ.

## بەقلەتۇل ئەۋجائ
(ئاغرىقئوت)

ئۇ يۇنانچە «قاقالىيا» دەپ ئاتىلىدۇ. ماراكەش خەلقى «تۇجرە» دەپ ئاتايدۇ.

**ماھىيىتى:** ماراكەشتە ئۆسىدىغان بىر خىل ئۆسۈملۈك بولۇپ، ئافرىقا چۆللىرىدە ئۆسىدۇ. تەمى رۇمبەدىياننىڭ تەمىگە ئوخشايدۇ، سەل ئاچچىق بولىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىنىڭ ئاۋۋىلىدا قۇرۇق ئىسسىق.

ھەرقانداق كىشىنىڭ ھەرقانداق ۋاقىتتىكى قورساق ئاغرىقىغا پايدا قىلىدۇ.

## بەقەم
(ساپپان دەرىخى)

**ماھىيىتى:** ئۇ بىر خىل چوڭ دەرەخ بولۇپ، ھىندىستان دەريا بويلىرى، زىرباد، دۆكەن، زەنگىبار قاتارلىق جايلاردا ئۆسىدۇ. يوپۇرمىقى بادام دەرىخى يوپۇرمىقىغا ئوخشايدۇ. گۈلى ناھايىتى سېرىق، مېۋىسى يۇمىلاق، قىزىلغا مايىل بولىدۇ. ئاخىرقى مەزگىلىدە قىزىلغا ئۆزگىرىدۇ. تولۇق پىشقاندىن كېيىن قارىدايدۇ، تەمى تاتلىقلىشىدۇ. مېۋىسىنى سۇغا 2 ~ 3 كۈن چىلاپ قويۇپ تەمىنى چىقارسا ناھايىتى خۇشرەڭ سىياھقا ئايلىنىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، چەشمىخورۇس ئۇنىڭ ئۇرۇقى ئىكەن.

**تەبىئىتى:** ئۈچىنچى دەرىجىدە ئىسسىق، تۆتىنچى دەرىجىدە قۇرۇقتۇر.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** سەپسە كونا ـ يېڭى يارىلارنى پۈتتۈرىدۇ. قان توختىتىدۇ، سۈيۇقلۇق ئېقىۋاتقان يارىلارغا سەپسە ھۆللۈكىنى قۇرۇتىدۇ. سۈيى بىلەن يۈزنى يۇسا رەڭگىرويىنى ياخشىلايدۇ. بوغۇملارنى قۇۋۋەتلەيدۇ.

ئۇنىڭ 15 گىرامى قورۇتۇش، تىنچلاندۇرۇش، گالنى بوغۇش ۋە بىئارام قىلىش بىلەن كىشىنى ئۆلتۈرىدۇ.

قۇتقۇزۇش ئۇچۇن قۇستۇرغۇچىلار، ھۆللۈك يەتكۈزگۈچىلەر، كىلىزمىلار، مۆتىدىل ھەمەلچىلەر ئىشلىتىلىدۇ، زۆرۈر بولسا قان ئېلىنىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ھېچقانداق قۇتقۇزۇش چارىلىرىنىڭ ئۈنۈمى بولمايدىكەن.

بوياقچىلار ئۇنىڭ ياغچىنى قاينىتىپ سۈيىنى چىقىرىپ، چىگە رەخت ۋە باشقىلارنى بوياش ئۇچۇن ئىشلىتىدۇ.

## پەسىل: «ب» (بائ) ۋە «ك» (كاف) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى

### بەككا

(بەككا دەرىخى)

ماھىيتى: ئۇ مەككە مۇكەررەمە (ئاللا بۇ شەھەرنىڭ شەرىپىنى تېخىمۇ ئاشۇرسۇن) دە ئۆسىدىغان بىر خىل دەرەخ بولۇپ، بەشام دەرىخىگە ئوخشايدۇ. يوپۇرمىقى ئۇنىڭدىن ئۇششاقراق، مېۋىسى يۇمىلاقراق، چوڭراق بولىدۇ. ئۇنىڭدىن بىر خىل ئاق سۇيۇقلۇق ئاقىدۇ. ئەمما بەشام دەرىخىنىڭ سۇيۇقلۇقىغا ئوخشاش قىزىل رەڭگە ئۆزگەرمەيدۇ.

تەبئىتى: ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

خۇسۇسىيتى ۋە ئىشلىتىلىشى: مېۋىسىنى زىمات قىلسا قاتتىق چىيقانلار، بەلغەمدىن بولغان ئاددىي ۋە مۇرەككەپ ئىششىقلار ۋە باشقا قاتتىق ئىششىقلارنى پىشۇرىدۇ. ياغىچى بىلەن چىش چوتكىلىسا چىش مىلىكىنى چىڭىتىدۇ. چىشقا يېتىدىغان ھەر خىل زىيان - زەخمەتلەرنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. ئۇنىڭ تېنىدىن تامىدىغان سۇيۇقلۇقى چىش ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ. ئۇرۇقى ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەيدۇ. يۆتەل، بەلغەم ۋە سەۋدادىن بولغان ئىششىقلارغا داۋا بولىدۇ.

### بۇكچى

(بابچى)

ئۇ ھىندىچە سۆز بولۇشى مۇمكىن. يەنە «بابچى»مۇ دېيىلىدۇ.

ماھىيتى: ئۇ بىر خىل ئۇرۇق بولۇپ، ئازراق سوزۇنچاق، ياپىلاق، سىرتى قارا، ئىچى ئاق

بولىدۇ. خۇددى ئىتئۈزۈمگە ئوخشاش باشاقلىق غىلاپ ئىچىدە بىر ـ بىرىگە يېقىن بولغان 3~4 دانە ئۇرۇق چىقىدۇ. ئۇنىڭ يوپۇرمىقى بەقلەئى خۇراسانىييە (خۇراسان ئوتى)نىڭ يوپۇرمىقىغا ئوخشايدۇ. گۈلى قىزىلگۈل رەڭگىدە بولىدۇ.

**تەبىئىتى:** قۇرۇق ئىسسىق. قۇرۇق سوغۇقمۇ دېيىلگەن.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** چوڭ تەرەتنى بوشاتقۇچى، قورساقنى ئىسسىلدۇرغۇچى، ئىشتىھانى ئاچقۇچى، خۇرسەن قىلغۇچىدۇر. ئىستېمال قىلسا ۋە زىمات قىلسا ئاقكېسەل، بەھەق، قوتۇر، قان بۇزۇلۇش ۋە جوزام قاتارلىقلارغا پايدا قىلىدۇ. يالغۇز ياكى باشقا مۇناسىۋەتلىك دورىلار بىلەن ئىشلەتسە سەپرانىڭ بۇزۇلۇشى، بەلغەمدىن بولغان قىزىتمىلار، مەددە قۇرت كېسەللىكلىرى، قاپاق ئۇرۇقسىمان مەددە كېسەللىكى، سۈيدۈك يولى يارىلىرىغا پايدا قىلىدۇ. ئۇنىڭ مەزكۇر تەسىرلىرى كۈچلۈكرەكتۇر. ھىندىستان خەلقى ئۇنى مۇھىم دورىلاردىن بىلىدۇ.

## بۇككەن

ئاۋام ـ خەلق ئۇنى «م» ھەرپى بىلەن «بۇككەم» دەپمۇ ئاتايدۇ.

**ماھىيىتى:** ئۇ ھىندىستاندا ئۆسىدىغان بىر خىل ئۆسۈملۈك بولۇپ، يەر بېغىرلاپ ئۆسىدۇ. يوپۇرمىقى ئۇششاق، سەل كەڭ، ئۇزۇنچاق، ئازغىنە چىشلىق، ئۇچى سەل يۇمىلاق، تۇۋى تەرىپى ئىنچىكە بولىدۇ.

**تەبىئىتى:** قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** يوپۇرمىقىنىڭ سۈيىنى ئىچسە بەلغەمدىن بولغان ۋە ئوفۇنەتلىك قىزىتمىلار، سوغۇق يۆتەل، سۈيدۈك تۇتۇلۇش، سۈيدۈك ئېچىشىپ كېلىش، دوۋساقتا تاش پەيدا بولۇشقا پايدا قىلىدۇ. زىمات قىلسا چىيقانلارنى پىشۇرىدۇ.

ئېيتىشلارغا قارىغاندا رويى تۇتىيا ئېرىتىلگەن ۋاقىتتا ئۇستىدىن سالايە قىلىنغان بۇككەن ئۆسۈملۈكىدىن ئاز مىقداردا ئارىلاشتۇرسا، ئۇنى كۆيدۈرۈپ ئۇپىدەك ھالەتكە كەلتۈرىدىكەن.

## بۇكمۇن
(بەش شاخ)

بۇ پارسچە ئاتىلىشىدۇر. ئەرەبچە «ئەرفەج» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** بىر خىل ئۆسۈملۈك بولۇپ، سۇ بويلىرىدا ئۆسىدۇ. شەكلى سۇماق دەرىخىگە ئوخشايدۇ. شاخلىرى بەش تالدىن ئارتۇق بولمايدۇ. رەڭگى قىزىلغا مايىل، سۇتلۇك بولىدۇ.

شۇ سەۋەبتىن ئۇ «زۇ خەمسەتى ئەغسان» (بەش شاخ) دەپ ئاتىلىدۇ. يوپۇرمىقى قارىغاي يوپۇرمىقىغا ئوخشايدۇ. گۈلى ئاق، پۈرلەشكەن بولىدۇ. ئۇرۇقى كەندىر ئۇرۇقىغا ئوخشايدۇ. ئۇ «ھەببۇل فەقد» دېگەن ئۇرۇق دەپ قارىلىدۇ.

تەبىئىتى: قۇرۇق ئىسسىق.

خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى: ئىچكى ئەزالارنىڭ توسالغۇلىرىنى ئاچقۇچىدۇر. تالغا ناھايىتى پايدا قىلىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئايال كىشى ئۇنىڭ ئۇرۇقىدىن يىلدا بىر دانە ئىستېمال قىلسا شۇ يىلى ھامىلىدار بولمايدىكەن. ئەگەر شۇ يوسۇندا ئۇدا يەتتە يىل داۋاملاشتۇرسا، ئۆمۈر بويى ھامىلىدار بولالمايدىكەن.

## بەكرىيندە
(ئىنەكپىتى ئۇرۇقدىشى)

بۇ ھىندىچە سۆزدۇر.

ماھىيىتى: يۇزەكى قارىغاندا ئۇ ئىنەكپىتى ئۆسۈملۈكىنىڭ بىر تۈرى بولۇپ، بېنگالدا ئۆسىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن ئىنەكپىتىنىڭ پەرقى شۇكى، ئۇنىڭ شاخلىرى تۆۋەن تەرىپىدىن ئۆسىدۇ. يوپۇرمىقى ئىنەكپىتى يوپۇرمىقىغا ئوخشايدۇ. مېۋىسى باشاقسىز، يۇملاق، سەل سوزۇنچاق بولىدۇ. ئىنەكپىتىنىڭ پوستى كۆك، سۇزۇك بولىدۇ. ئەمما بۇنىڭ ئۇرۇقى ئاق بولىدۇ. ئىتىياگىنقى ئۇرۇقىغا ئوخشاش مەست قىلىدۇ.

خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى: ئۇنىڭ يوپۇرمىقىنىڭ سېپىنىنىڭ سۇتى يېڭى يارىلارنى چاپلاشتۇرۇپ ساقايتىدۇ. قاننى تېز توختىتىدۇ (سىناقتىن ئۆتكەن).

# پەسىل: «ب» (بائ) ۋە «ل» (لام) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى

## بەلادۇر
(بالادۇر)

ئۇ «بەلازۇر» مۇ دېيىلىدىغان بولۇپ، ھىندىچە «بەلاۋە» دېگەن سۆزدىن كەلگەن. ئەرەبچە «ھەببۇل فەھم» (ئەقىل دېنى)، شەكلى ھايۋاننىڭ يۈرىكىگە ئوخشىغانلىقى ئۈچۈن «ھەببۇل قەلب» (يۈرەكسىمان دان) دەپ ئاتىلىدۇ. رىمچە «ئەنقەردىيا» دېيىلىدۇ.

ماھىيىتى: ئۇ ھىندىستاندا بولىدىغان بىر خىل مېۋىدىن ئىبارەت. ئۇنىڭ دەرىخى «پاھالسا» دەپ ئاتىلىدىغان دەرەخكە ئوخشايدۇ. شاخلىرى يىلتىزىنىڭ يەرگە يېقىن يېرىدىن

ئۆسۈپ چىقىدۇ ۋە يەرگە يېيىلىپ تۇرىدۇ. شاخلىرىنىڭ يەرگە تەگكەن يېرىدىن يىلتىز تارتىپ يەرگە ئورۇنلىشىدۇ.

بۇ دەرەخ كۆپ هاللاردا جاڭگاللاردا ئۆسىدۇ. ئىككى خىل بولىدۇ. بىرىنچىسى كىچىك بولۇپ، مېۋىسى نارەنجى ۋە بېهىغا ئوخشايدۇ. خام ۋاقتىدا كۆك بولۇپ، پىشقاندا سارغىيىدۇ. ئىچىدە مېۋە ئېتى بار بولۇپ، ئازراق تاتلىق ۋە ئاچچىق ـ چۈچۈك، خېلى قىرتاق بولىدۇ. بەزى كىشىلەر ئۇنى يەيدۇ. مېۋىسىنىڭ ئۇچىدا تاجغا ئوخشايدىغان كونۇس شەكىللىك، هايۋاناتنىڭ يۈرىكىگە ئوخشايدىغان دان بولۇپ، ئۇنىڭ ئۇچىدا گۈلى بولىدۇ. مەزكۇر دان مېۋە پىشقاندىن كېيىن قارىدايدۇ، ئۇچىدىكى گۈلى چۈشۈپ كېتىدۇ. مېۋىسىنىڭ ئىچىدە ئۇرۇقلىرى بولىدۇ. ئۇنىڭ ئېتى سەل تاتلىق، ئاچچىق ـ چۈچۈك، كۆپ قىرتاق بولىدۇ. بەزى باللار ۋە كىشىلەر ئۇنى يەيدۇ. مېۋىسىنىڭ ئۇچىدىكى تاجغا ئوخشاش دان بالادۇردىن ئىبارەت بولۇپ، ئىچىدە بادام مېغىزىغا ئوخشاش تاتلىق مېغىزى بولىدۇ. مەزكۇر مېغىزنىڭ ئۈستىدە، پوستىنىڭ ئاستىدا قويۇق، شىلىمشىق سۇيۇقلۇق بار بولۇپ، ئۇ بالادۇر ھەسىلىدۇر. ئۇ «دۇھنى بالادۇر» (بالادۇر يېغى) دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

بالادۇرنىڭ يېغىنى ئېلىش ئۇسۇلى شۇكى، بالادۇرنىڭ خەمەككە ئوخشاش تەرىپىنى كېسىۋېتىپ قىزىتىلغان ئامبۇر بىلەن چىڭ قىسىپ، ئىچىدىكى يېغىنى سىقىپ چىقىرىپ ساپال ياكى ئەينەك قاچىغا يىغىلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن، ئىككىنچى بالادۇرمۇ يۇقىرىقى ئۇسۇل بويىچە سىقىلىپ يېغى ئېلىنىدۇ. تاكى ئۇنىڭ يېغى يېتەرلىك مىقداردا يىغىلغانغا قەدەر داۋاملاشتۇرۇلىدۇ ياكى بالادۇرنى قىزىتىلغان تاش ياكى تۆمۈر تاۋاق ئۈستىگە قويۇپ، ئۈستىدىن هاۋانچا دەستىسى بىلەن كۆچەپ بېسىپ، ئىچىدىكى يېغىنى سىقىپ چىقىرىپ تاۋاقنىڭ بىر تەرىپىگە يىغىلىدۇ ياكى يېتەرلىك مىقداردا يىغىلغانغا قەدەر داۋاملاشتۇرۇلىدۇ ياكى بالادۇرنى كۆنجۈت بىلەن سوقۇپ، ئۈستىدىن ئاز مىقداردا تۇز سۈيى سېپىپ، چىگە رەختكە ئېلىپ، يېغى تولۇق چىققانغا قەدەر كۆچەپ سىقىلىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن يېغى قائىدە بويىچە ئىشلىتىلىدۇ.

ئۇنىڭ يېغى قانداق ئېلىنىشىدىن قەتئىينەزەر، بۇسى ۋە تۈتۈنىنىڭ يۈز ـ كۆزگە تەسىر قىلىشىدىن ساقلىنىلىدۇ. چۈنكى بالادۇر بەزى كىشىلەرنىڭ مىزاجىغا ماس كەلمەي يۈز ـ كۆزلىرى ۋە بەدىنىنىڭ ئىششىشىغا سەۋەب بولىدۇ. ئەڭ ياخشىسى ئۇنىڭ شۇ كىشىنىڭ مىزاجىغا ماس كېلىدىغان ياكى كەلمەيدىغانلىقىنى سىناق قىلىپ كۆرگەندىن كېيىن ھەسىلىنى ئېلىشقا تۇتۇش قىلغان ياخشىراقتۇر.

ئۇنىڭ مېغىزىنى ئىستېمال قىلماقچى بولغاندا، بالادۇرنى شۇ پېتى ئوتقا تاشلاپ پوستى ھەم يېغى كۆيۈپ بولغاندىن كېيىن مېغىزى كۆيۈشتىن ئاۋۋال ئوتتىن چىقىرىپ ئىستېمال قىلسا بولىدۇ.

ئۇنىڭ يېغىنى ئىستېمال قىلىشنىڭ ئۇسۇلى شۇكى، ئۇنى ياڭاق يېغى، كۆنجۈت يېغى

ياكى يېڭى كالا يېغى بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ ياكى ياڭاق مېغىزى، ئاقلانغان كۈنجۈت ياكى نارجىل بىلەن سوقۇپ، يۇغۇرۇپ ئىستېمال قىلىنىدۇ ياكى مەجۇن ۋە باشقىلارغا قوشۇلىدۇ. ئۇنى يۇقىرىدا بايان قىلىنغىنىدەك ماي ياكى مايلىق نەرسىلەرسىز يالغۇز ئىستېمال قىلىش مۇۋاپىق ئەمەستۇر.

بالادۇرنىڭ ئىككىنچىسى كىچىك تۈرى بولۇپ، بېنگال ۋە ھىندىستاندا «بادامى فەرەنگى» (فىرانسىيە بادىمى) دېگەن نام بىلەن مەشھۇردۇر. ئۇنىڭ دەرىخى ۋە مېۋىسى يۇقىرىدىكى چوڭىنىڭ دەرىخى ۋە مېۋىسىگە ئوخشايدۇ. پەقەت ئۇنىڭ فىرانسىيە بادىمى دەپ ئاتالغان تاجغا ئوخشايدىغان قىسمى ئۆچكە بۆرىكى شەكلىدە، بېھى چوڭلۇقىدا بولىدۇ. ئۇنىڭ ھەسلى كەمرەك بولىدۇ. مېغىزى تاتلىقراق بولۇپ يېيىلىدۇ. ئەسلىي يەنى يېغى ئىشلىتىلمەيدۇ. ئۇنىڭ مېغىزىنى يېيىش ئۇسۇلىمۇ يۇقىرىدىكىسىنىڭ مېغىزىنى يېيىش ئۇسۇلىغا ئوخشايدۇ.

بالادۇرنىڭ بىرىنچى تۈرىنىڭ بەزىلىرىنىڭ ھەسلى ئاز ياكى قۇرۇپ كەتكەن بولىدۇ. بۇنداقلىرى «بالادۇرى زەكەر» (ئەركەك بالادۇر) دەپ ئاتىلىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئۇنىڭ ھەسلى تۆتىنچى دەرىجىدە، پوستى ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق. مېغىزى ئۈچىنچى دەرىجىدە ئىسسىق، بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇقتۇر.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** قىزىتقۇچى، تارقاتقۇچى، ئۇچۇچانلاشتۇرغۇچى، تېرىنى يارىلاندۇرغۇچىدۇر. يارىلار، مېڭىنىڭ پالەچ، لەقۋا، رەئشە، ئەزالارنىڭ سېزىمسىزلىنىشى، ئۇنتۇغاقلىق، ئەزالارنىڭ لىپىلدىشىغا ئوخشاش ھۆل سوغۇقتىن بولغان كېسەللىكلەر، سۆگەل، سۈيدۈك تامچىلاش، يەل تۇرۇپ قېلىش، ھۆللۈك كۆپىيىش قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ. تېرىدىكى داغ ۋە باشقا ئىزلارنى يوقىتىدۇ. مېڭىنىڭ ئەستە تۇتۇش كۈچىنى ئاشۇرىدۇ، زېھنىنى ئاچىدۇ، نېرۋىلار ۋە باھنى قۇۋۋەتلەيدۇ. چىشنى چىڭىتىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** ئىسسىق مىزاجلىقلارغا زىيان قىلىدۇ. قاننى كۆيدۈرىدۇ، مېڭىگە قۇرۇقلۇق يەتكۈزىدۇ، ساراڭ قىلىدۇ، مېڭە پەردىسى ياللۇغى ۋە مالىخولىيا كېسەللىكىنى پەيدا قىلىدۇ، ئېغىزغا مۇدۇر - چاقا ئۆرلىتىدۇ. بەدەننى ئىششىتىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** ياڭاق مېغىزى يېغى، يېڭى ياڭاق مېغىزى، يېڭى نارجىل مېغىزى، ئاقلانغان كۈنجۈت ئىستېمال قىلىش، بۇرۇنغا بىنەپشە يېغى سۈمۈرۈش، ئارپا سۈيى ۋە سوغۇق نەرسىلەرنى ئىستېمال قىلدۇرۇشتۇر. ئۇنىڭ بەدەننى ئىششىتىشىنىڭ تۈزەتكۈچىسى ئېيتىشلارغا قارىغاندا ھىندىچە «تەنكەر» دەپ ئاتىلىدىغان ئۇششاق بېلىق يېغىدىن ئىبارەت بولۇپ، مەزكۇر بېلىقنى كۈنجۈت يېغى بىلەن قايناتىپ، يېغى چىققاندا شۇ ياغ بىلەن بەدەن ياغلىنىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** 0.8 مىللىگرامدىن 1.5 گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ. ئۇنىڭ

ئۆچ گىرامى كىشىنى ھالاك قىلىدۇ.

**ئورۇنباسارى:** ئۇنىڭ بەش ھەسسىسىچىلىك مىقداردا پىندۇق، تۆتتىن بىرىچىلىك مىقداردا بىلسان يېغى، ئالتىدىن بىرىچىلىك مىقداردا نىفتىتۇر.

ئۇنىڭ يېغىنى چارۋىلارنىڭ كۆزىگە سۈركىسە ئۇلارنىڭ كۆزىدە ئاق پەيدا قىلىدۇ. بۇ ئاقنى خەربەق يوقىتىدۇ.

ئۇنى يارا قىلمىغۇچى دورىلار بىلەن زىمات قىلسا سوغۇقتىن بولغان بارلىق كېسەللىكلەرگە داۋا بولىدۇ.

ئۇنىڭ مېغىزى لەززەتلىك، زەھەرسىز بولۇپ، باھنى قۇۋۋەتلەيدۇ ۋە قوزغىتىدۇ. ئۇنىڭ پوستى باھنى قوزغىتىدۇ، چاچنى ناھايىتى ياخشى قارايتىدۇ. بولۇپمۇ بەتەم يېغى بىلەن مۇدەببەر قىلىپ ئىشلەتسە ئۇنۇمى تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ.

بالادۇرنىڭ ھەسىلىنى ئېلىش ئۇسۇلى، بالادۇرنى ئىستېمال قىلىش ئۇسۇلى، ئەنقەردىيا، جاۋارىشى بالادۇر، ھالۋائى بالادۇر، دىلبەھرە، دۇھنى بالادۇر، ئەرقى بالادۇر، لۇبانەئى تولۇنيە، مۇزىدۇل ئۇمرى ۋە مەجۇنى بالادۇرغا ئوخشاش ئاساسلىق تەركىبى بالادۇر بولغان دورىلار قارابادىندا بايان قىلىندى.

بىلگىنكى، كىشى بالادۇر يەپ ئۆتكۈر كېسەللىكلەر پەيدا بولغان بولسا، ئىچى ئېچىشقان، يارىلانغان ۋە ئىششىغان بولسا، تىلى، گېلىغا مۇدۇر - چاقىلار ئۆرلىگەن بولسا ۋە ئۆزىگە ئۆزى سۆزلەشتەك غەيرىي ئالامەتلەر پەيدا بولغان بولسا قۇتقۇزۇش ئۈچۈن تۆۋەندىكىدەك ئىلاجلار قىلىنىدۇ: يېڭى سېرىق ماي، كالا، قوي يېغى ياكى يېڭى كۈنجۈت يېغى ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ ھەمدە بەدىنى تەكرار ياغلىنىدۇ. پادىزەھرى بىلەن جەدۋار سىناقتىن ئۆتكەن بولۇپ، ئۇنىڭ چېقىشى ۋە ئۆتكۈرلۈكىنى پەسەيتىش ئۈچۈن ئۇ كالا سۈتى قېتىقى دوغىپى بىلەن سالايە قىلىپ ئىچۈرۈلىدۇ. ئارقىدىن ئارپا سۈيى، كالا سۈتى، قېتىق، سۆزمە سۈيى، مايلىق شورپا، ياغ، بولۇپمۇ كۈنجۈت يېغى بىلەن قىلىنغان گۆرۈچ سۈيۈقئېشى ئىچۈرۈلىدۇ. بۇرنىغا بىنەپشە ياكى بادام يېغى تېمىتىلىدۇ. بېشىغا ئاياللارنىڭ سۈتى ئارىلاشتۇرۇلغان گۈل يېغىغا ئوخشاش سوغۇق نەرسىلەر سۈركىلىدۇ. قۇرۇق بىنەپشە، خەشخاش پوستى، ئاقلانغان ئارپا، كاھۇ ئۇرۇقى ۋە لۇپاھ يىلتىزى قاتارلىقلارنىڭ ھەربىرىدىن بىر سىقىمدىن ئېلىپ، سۇ بىلەن تاكى سۇ قىزارغىچە قاينىتىپ بىمارنىڭ بېشىغا تەكرار تۆكۈلىدۇ. ئىسپىغۇل لوئابى، قىزىلگۈل ئەرقى، ئانار سۈيى، ھۆل سوغۇق نەرسىلەر ۋە گۆش سۇلىرى قاتارلىقلار بىلەن بىرلىكتە ئىچۈرۈلىدۇ.

بالادۇردىن پەيدا بولغان ئىچكى - تاشقى يارىلارنىڭ تۈزەتكۈچىسى ئاق موم ۋە گۈل يېغىدىن تەييارلانغان موم يېغىدۇر.

# بەل
(ھىندىستان تەرخەمىكى)

بۇ ھىندىچە سۆز بولۇپ، ھىندىستان تەرخەمىكىنىڭ نامىدۇر. چوڭ تەرخەمەكتىن چوڭراق بولىدۇ. ئىيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇ ھىندىچە «كەچرى»، بېنگال خەلقىنىڭ تىلىدا «كەرمى» دەپ ئاتىلىدىكەن.

**ماھىيىتى:** ھەكىم مىر مۇھەممەد مۆمىنىنىڭ يېزىشىچە، ئۇنىڭ ئۇرۇقى ئاچچىق، مېغىزى مايلىق، مېۋىسىنىڭ پوستى قارا، ئىچى سېرىقتا مايىل ئاق بولىدىكەن. مېنىڭچە ئۇنىڭ شەكلى ئۇنداق ئەمەس، بەلكى ئۇرۇقى شۇنداقتۇر. ئۇنىڭ مېۋىسىنىڭ پوستى خام ۋاقتىدا كۆك بولىدۇ، پىشقاندىن كېيىن كۆك رەڭلىك سىزىقلار تارتىلغان سېرىق رەڭگە كىرىدۇ. بەزىدە ساپسېرىق رەڭدە بولىدۇ. گۆشى خام ۋاقتىدا ئاچچىق بولۇپ، پىشقاندىن كېيىن سەل چۇچۇمەللىشىدۇ. ناھايىتى خۇش پۇراق بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن كىشىلەر يېنىدا ساقلايدۇ. ئۇنىڭ ئۆسۈملۈكى تەرخەمەك ئۆسۈملۈكىگە ئوخشايدۇ. شاخلىرى ئىنچىكە، يوپۇرمىقى كىچىكرەك، چۇرۇك، تۈكسىز بولىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىنىڭ ئاخىرىدا قۇرۇق ئىسسىق. قابىزلىق قۇۋۋىتىگە ئىگە، گۆشىنىڭ تەبىئىتى ئۇنىڭدىن ئاجىزراق بولىدۇ.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ئىچكى ئەزالارنى قۇۋۋەتلەيدۇ، پەيلەرنىڭ قاتتىق ئىششىقلىرىنى تارقىتىدۇ. پالەچ، لەقۋا، بەلغەمدىن بولغان باشقا كېسەللىكلەر، بوۋاسىرغا پايدا قىلىدۇ. يەللەر ۋە يات ھۆللۈكلەرنى تارقىتىدۇ. جاۋارىشلار بىلەن ئىشلەتسە يەللەرنى تارقىتىدۇ، بوۋاسىر ۋە باشقىلارغا داۋا بولىدۇ. ئەزالارنى قورۇيدۇ، باھنى قۇۋۋەتلەيدۇ. ئۇنىڭ بىلەن ئىسرىق سالسا بوۋاسىرغا ناھايىتى پايدا قىلىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** بەش گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** باشنى ئاغرىتىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** يۇمغاقسۇت.

ئۇنىڭ ئىپتى ئىيتىشلارغا قارىغاندا، كۈچلۈك تارقاتقۇچى ۋە ھەزىم قىلغۇچىدۇر. ئۇنىڭ ھەزىم قىلىش تەسىرى شۇنچىلىك دەرىجىدە كۈچلۈك ئىكەنكى، ئۇنىڭدىن قازانغا ئاز مىقداردا تاشلاپ گۆش بىلەن بىرگە پىشۇرسا گۆشنى تېز سۇرئەتتە پىشۇرىدۇ، خۇش پۇراقلاشتۇرىدۇ ۋە ھەزىم بولۇشنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. شاھجاھان ئاباد شەھىرىدىكى ئاشپەزلەرنىڭ كۆپىنچىسى ئۇنى تائامنى تېز پىشۇرۇش ئۈچۈن ئىشلىتىدۇ. ئۇنى قۇرۇتۇپ، سوقۇپ سۈفۈپ قىلىپ، مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ، يالغۇز ياكى مۇناسىۋەتلىك جاۋارىشلار،

مەجۇنلەر، سوفۇپلار ۋە باشقىلارغا قوشۇپ بىرلىكتە ئىستېمال قىلسا تائامنىڭ ھەزىم بولۇشىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ، يەل تارقىتىدۇ ۋە قۇلۇنجغا شىپا بولىدۇ.

ئىسھاق بىن ئىمراننىڭ يېزىشىچە، بەل رەڭگى قارا، شەكلى مەرۋايىتقا ئوخشايدىغان، بېشى ئۇچلۇق بولغان بىر خىل ئۇرۇق ئىكەن. ئىچىدىن مايلىق مېغىز چىقىدىغان بولۇپ، ئىشلىتىلىدىكەن ۋە ھىندىستاندىن ئېلىپ كېلىنىدىكەن. يەنە بەزىلەر «بىيل» دېگەن دورىنى ئۇنىڭ پوستى دەپ بىلگەن. ئۇنىڭ ماھىيىتى توغرىسىدا يەنە باشقا قاراشلارمۇ باردۇر. ئومۇمەن ئۇ ماھىيىتى نامەلۇم دورىلاردىندۇر.

«كەچرى» خۇددى يۇقىرىدا بايان قىلىنغىنىدەك مەلۇملۇقتۇر. خۇددى ھىندىستان دورىگەرلىرىنىڭ بەزى دورىلارنى پارچە - پارچە قىلىپ قۇرۇتۇپ ساتقىنىغا ئوخشاش ئېھتىمال «بىيل» دېگەن بۇ دورىمۇ پارچىلىنىپ قۇرۇتۇلۇپ سېتىلىشى مۇمكىن.

## پەلاس

بۇ ھىندىچە سۆز بولۇپ، يەنە «دەھاك» ۋە «تىيسۇ»مۇ دېيىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** ئۇ ھىندىستاندا بولىدىغان بىر خىل دەرەخ بولۇپ، مەشھۇردۇر. چوڭ ۋە كىچىكتىن ئىبارەت ئىككى خىل بولىدۇ. چوڭىنىڭ دەرىخى چوڭ بولىدۇ. كىچىكىنىڭ دەرىخى ئادەم بويى ئېگىزلىكتە بولىدۇ. ھەر ئىككىسىنىڭ يوپۇرمىقى بىر- بىرىگە ئوخشايدىغان بولۇپ، ياڭاق دەرىخى يوپۇرمىقى شەكلىدە، بېشى يۇمىلاق، يىلتىزى ئىنچىكە بولىدۇ. گۈلىنىڭ غۇنچىسى قارا، تۈكلۈك بولۇپ، ئېچىلغاندىن كېيىن نارەنجى رەڭگە ئۆزگىرىدۇ. گۈلى كۆپ بولۇپ، ناھايىتى چىرايلىق بولىدۇ. ھىندىستان ۋە بېنگالنىڭ كۆپ شەھەرلىرىدە ئۆسىدۇ. ئۇنىڭ گۈلى ھەم يېلىمى ئىشلىتىلىدۇ.

**تەبىئىتى:** يوپۇرمىقى ھۆل ئىسسىق، ناھايىتى قىرتاق، شۇنىڭ ئۈچۈن بەزىلەر ئۇنى قۇرۇق دېگەن.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ئىشتىھانى ئاچقۇچى، باھنى قۇۋۋەتلىگۈچىدۇر. تۇرلۇك يارىلار، مۇدۇر - چاقىلار، قورساق ئېسىلىش، قورساقتا تۇرۇپ قالغان قويۇق يەللەرنى تارقىتىش، قۇلۇنجى، ئۇچەي مەنبەلىك ئىچ سۈرۈش، مەددە قۇرت كېسەللىكلىرى، بوۋاسىر قاتارلىقلار ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. سۇنۇقنى تۇتقۇزۇشتا مومىيانىڭ ئورنىنى باسىدۇ، دەپ قارىلىدۇ.

گۈلى قۇرۇق سوغۇق بولۇپ، ئىچ سۈرۈشنى توختىتىدۇ، بەلغەم، سەپرا ۋە قان خىلتلىرىنىڭ بۇزۇلۇشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. سۈيدۈك ھەيدەيدۇ. ئۇنىڭ ئاق گۈلى باھنى ناھايىتى ياخشى قۇۋۋەتلەيدۇ. قايىنتىپ زىمات قىلسا ئىششىقلارنى تارقىتىدۇ. ئۇرۇقدانغا

چاپسا يىغىلغان سۇنى تارقىتىدۇ. دوۋسۇنغا چاپسا سۈيدۈك، ھەيز ماڭدۇرىدۇ. دوۋساق ۋە بالىياتقۇنىڭ ئىششىقلىرىنى تارقىتىدۇ.

ئۇنىڭ مېۋىسى ھۆل ئىسسىق بولۇپ، بۆرەك، دوۋسۇن كېسەللىكلىرى، بوۋاسىر، قورساقتىكى مەددە قۇرت كېسەللىكى، سەۋدا بىلەن بەلغەمنىڭ بۇزۇلۇشى قاتارلىقلارغا پايدا قىلىدۇ.

## پەلاس پاپرە
(پەلاس پاپرە مېۋىسى)

**ماھىيىتى:** ئۇ ھىندىستاندا بولىدىغان بىر خىل مېۋە بولۇپ، پوستى سېرىق، مېغىزى سېرىققا مايىل ئاق، سەل لوئابلىق بولىدۇ، تەمى كۆرۈنەرلىك ئەمەس، قۇرۇغاندىن كېيىن ياپىلاق، سەل كەڭ، ئۇزۇنچاق بولىدىغان بولۇپ، خۇددى كىچىك، يۇمىلاق ۋە قېلىن يوپۇرماققا ئوخشايدۇ. قىزىل، كۆك، سېرىق ۋە ئاقتىن ئىبارەت تۆت خىل بولىدۇ.

**تەبىئىتى:** ھۆل ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ئىستېمال قىلسا بوۋاسىر، مەددە قۇرت كېسەللىكلىرى ۋە قاپاق ئۇرۇقسىمان مەددە كېسەللىكىگە پايدا قىلىدۇ. ئۇنى تاشتۇز ۋە باراۋەر مىقداردىكى ھېلىلە بىلەن بىرلىكتە قىزىلگۈل ئەرقى بىلەن سالايە قىلىپ كۆزگە تېمىتسا كۆزگە چۈشكەن ئاقنى يوقىتىدۇ (سىناقتىن ئۆتكەن).

## پەلاسەنتۇر
(پەلاسەنتۇر دەرىخى)

بۇ فىرانسۇزچە سۆز بولۇپ، بۇن دەرىخى دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. ئۇ يەنە «دەسەنتۇ» ۋە «لىينۇسەنتۇ» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بىرىنچىسىنىڭ مەنىسى بۇن دەرىخى دېگەن بولىدۇ، ئىككىنچىسىنىڭ مەنىسى مۇبارەك دەرەخ دېگەن بولىدۇ.

**ماھىيىتى:** ئۇ يېڭى دورىلاردىن بولۇپ، فىرانسۇزلار ھىجرىيە 600 ـ يىلى يېڭى زېمىننى قولغا كىرگۈزگەندە بايقىغان ۋە ئەتراپلارغا ئېلىپ بېرىشقان. ئۇ بىر خىل دەرەختىن ئىبارەت بولۇپ، شەكلى ئومۇمىي جەھەتتىن ئەرمۈدۈن دەرىخىگە ئوخشايدۇ. ئىككى قوۋزىقى بولىدۇ. بىرى ئەڭ سىرتىدىكى قوۋزىقى بولۇپ، بەللۇت دەرىخىنىڭ قوۋزىقىغا ئوخشايدۇ. يەنە بىرى ياغىچىغا چاپلىشىپ تۇرىدىغان چۇرۇك ئىچكى قوۋزىقى بولۇپ، خۇددى سەندەلگە ئوخشاش كۆك ۋە ئاققا مايىل سېرىق بولىدۇ. قوۋزاقىنىڭ ئىچىدىكى ياغىچى خۇددى ئەبنۇس دەرىخىنىڭ ياغىچىغا ئوخشاش قارا، ئېغىر ۋە مەزمۇت بولىدۇ. قارىغاي ياغىچىغا ئوخشاش

مايلىق بولۇپ، ئوت ياقسا كۆيىدۇ. فىرانسۇزلار ئۇنى كېمە ۋە باشقا قاتناش قورالـلىرىغا بېسىپ قۇستەنتىنىيەگە ئېلىپ بېرىپ، ئۇ يەردە پىچاق، خەنجەر ۋە شەمشەر قاتارلىقلارنىڭ دەستىلىرىنى ياسايدۇ.

ئۇنىڭ ياخشىسى ناھايىتى ئېغىر، مايلىق، يېڭى ۋە بۇزۇلمىغانلىرىدۇر. ئۇنىڭ ئەبنۇس دەرىخى ياغىچىغا ئوخشاش قارا بولغانلىرى كۆپ ئىشلىتىلىدىغان بولۇپ، پايدىسى كۆپتۇر. ئۇنىڭدىن قالسا ئۇنىڭ سەندەلگە ئوخشايدىغان ئىچكى قوۋزىقى، ئۇنىڭدىن قالسا سىرتقى قوۋزىقى ئىشلىتىلىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىنىڭ ئاخىرىدا قۇرۇق ئىسسىق. بەزىلەر ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق، دېگەن.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** تۇسالغۇلارنى ئاچقۇچى، ماددىلارنى سۈيۈلدۈرگۈچى، ماددىلارنى پارچىلىغۇچى، تارقاتقۇچى، قۇرۇتقۇچى ۋە تەرياقلىق قۇۋۋەتكە ئىگە بولغۇچىدۇر. خاسىيىتى بىلەن ھەرقانداق زەھەرگە تاقابىل تۇرىدۇ. تۇتقاق كېسەل، ئۇنتۇغاقلىق، ھەر خىل نەزلىلەر، كۆزگە سۇ چۈشۈش، زىققە نەپەس قاتارلىقلارغا پايدا قىلىدۇ. ئېغىزنى خۇش پۇراق قىلىدۇ. ئاشقازان ۋە ئۈچەينى قۇۋۋەتلەيدۇ. جىگەر ۋە تالنىڭ كونا تۇسالغۇلىرىنى ئاچىدۇ. بىقىن، ئۇچا ۋە چوڭ ـ كىچىك بوغۇملار ئاغرىقلىرىنى پەسەيتىدۇ. سوغۇقتىن بولغان ئىششىقلارنى پىشۇرىدۇ. چاشقان يارىسى، سىفلىس، تۇرلۇك راكلار، تۇرلۇك قوتۇرلار، كونا قىچىشقاق قاتارلىقلارغا پايدا قىلىدۇ. ئومۇمەن، بەلغەم ۋە سەۋدادىن بولغان يامان كېسەللىكلەرنىڭ ھەممىسىگە داۋا بولىدۇ. زىيادە ئورۇقلۇققا پايدا قىلىدۇ. قەي توختىتىدۇ. تەبىئىي ھارارەتنى جانلاندۇرىدۇ. روھنى قۇۋۋەتلەيدۇ. مىزاجنى تەڭشەيدۇ. ئۇنىڭ مەزكۇر تەسىرلىرى پەقەت ئۇنىڭ كەيپىياتىدىنلا ئەمەس، بەلكى ئەسلىي ھۆللۈكى، تەبىئىتى ۋە ئۇنىڭ تۇرگە مەنسۇپ سۈرىتىنىڭ بىردەك رول ئوينىشىدىن دەپ قارىلىدۇ. ئۇ خۇددى چۆپچىنگە ئوخشاش قاينىتىپ، چۆپچىنگە ئوخشاش يالغۇز ياكى مۇرەككەپلەشتۈرۈپ ئىشلىتىلىدۇ. ئۇنى قاينىتىش ئۇسۇلى قارابادىنىنىڭ خاتىمىسىدە ھەم بۇ كىتابنىڭ مۇقەددىمىسىدە بايان قىلىندى.

## بۇلبۇلى ھەزار دەستان
(بۇلبۇل)

**ماھىيىتى:** ئۇ مەشھۇر قۇش بولۇپ، چوڭ ـ كىچىكلىكى قۇشقاچ چوڭلۇقىدا بولىدۇ. شەكلى ناھايىتى چىرايلىق، رەڭگى كۆك بولىدۇ. بېشىنىڭ يېنى قارا ۋە ئاق بولىدۇ. ناھايىتى چىرايلىق سايرايدىغان بولۇپ، ئۆيلەردە بېقىلىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

**خوسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** باھنى ناھايىتى قوزغىتىدۇ. بولۇپمۇ ئۇنىڭ مېغىسى ۋە تۇخۇمىنىڭ بۇ خىل تەسىرى كۈچلۈك بولىدۇ. مايىقى جولا بېرىش ۋە قۇرۇش خوسۇسىيىتىگە ئىگە بولۇپ، زىمات قىلسا رەڭگىرويىنى ياخشىلايدۇ. داغ يوقىتىدۇ، ئارتۇق كىرپىككە سۇركىسە چۈشۈرىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن ھەمەل قىلسا ھامىلە چۈشۈرىدۇ. قانىتىنىڭ كۈلى يارىلارنى پۈتتۈرىدۇ. قېنىنى ئىسسىق ئىچسە كانايىنى تازىلايدۇ، ئاۋازنى سۈزۈلدۈرىدۇ. ئۇنىڭ گۆشى سوغۇق مىزاجلىقلارغا پايدا قىلىدۇ، ئىسسىق مىزاجلىقلارغا زىيان قىلىدۇ.

## بەلبۇس
### (تاغ پىيىزى)

بۇ يۇنانچە سۆزدۇر. ئەرەبلەر ئارىسىدا «بەسەلۇز زەنەب» (قۇيرۇقسىمان پىياز)، «بەسەلۇز زىيز» دېگەن ناملار بىلەن مەشھۇردۇر. پارسچە «زىير»، «قەلخەئى پىياز» دەپ، تۈركچە «داغ سوغالى» دەپ ئاتىلىدۇ. لەرىستان (ئىراننىڭ بىر ئۆلكىسى) دا «تەرەم» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** ئۇ خۇددى كىچىك پىيازغا ئوخشايدۇ، ئەمما پىيازغا ئوخشاش قاتمۇقات ئەمەس، بەلكى سامساقنىڭ بىر چىشىغا ئوخشاشتۇر. پوستى قارا، پۈرلەشكەن بولىدۇ. يوپۇرمىقى پىياز يوپۇرمىقىغا ئوخشايدۇ، ئەمما ئۇنىڭدىن كەڭرەك بولىدۇ. تەمى ۋە پۇرىقى پىيازغا ئوخشايدۇ. يىلتىزى يامغۇر سۈيى بىلەن چوڭىيىدۇ. تەمى سەل ئاچچىق ۋە تاتلىقتا مايىل بولىدۇ. يېيىلىدىغان كۆكتاتلاردىن ھېسابلىنىدۇ.

ئىبنى تىلمىزنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ پىيازغا ئوخشايدىكەن، كىچىك، ئۇزۇنچاق بولىدىكەن، رەڭگى ھاۋا رەڭ، ئانارگۈل رەڭگىدە بولىدىغان بولۇپ، ئۇنىڭدىن قىزىل بوياق تەييارلىنىدىكەن. ئۇنى توخۇ تۇخۇمى بىلەن قايناتسا جىگەر رەڭلىك بوياق ھاسىل قىلغىلى بولىدىكەن. ئۇ نەرگەس پىيىزىغا ئوخشايدىكەن. يوپۇرمىقى كۈدىگە ئوخشايدىكەن. گۈلى بىنەپشە رەڭدە ئېچىلىدىكەن. تەمى تاتلىق بولىدىكەن. بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، بەزىلىرىنىڭ تەمى تاتلىق، بەزىلىرىنىڭ تەمى ئاچچىق، يەنە بەزىلىرى تەمسىز بولىدىكەن.

**تەبىئىتى:** ئۈچىنچى دەرىجىنىڭ بېشىدا قۇرۇق ئىسسىقتۇر. بەزىلەر بىرىنچى دەرىجىنىڭ ئاخىرىدا قۇرۇق، دەيدۇ.

**خوسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** باھنى قوزغىغۇچى، جولا بەرگۈچى، قاننى تېرە يۈزىگە تارتقۇچى، بەدەننى سەمرىتكۈچىدۇر. بەل ۋە زەكەر ئەتراپىغا زىمات قىلسا باھنى قۇۋۋەتلەيدۇ. بەدەنگە زىمات قىلسا ئوق، تىكەنگە ئوخشاش نەرسىلەرنى تارتىپ چىقىرىدۇ. يالغۇز ياكى ھەسەل بىلەن زىمات قىلسا پەيلەرنىڭ تولغىنىشى، ئۇستىخانلارنىڭ ئېزىلىشلىرىگە پايدا قىلىدۇ. ھەسەل بىلەن زىمات قىلسا بەدەن ئاجىزلىقىنى قۇۋۋەتلەيدۇ،

غالجىر ئىت چىشلىۋالغان ئورۇنغا چاپسا زەھەر قايتۇرىدۇ. پىلپىل بىلەن زىمات قىلسا ئاشقازان ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ. توخۇ تۇخۇمىنىڭ سېرىقى بىلەن زىمات قىلسا كۆز تېگىدە ئۇيۇپ قالغان قاننى تارقىتىدۇ. مۇناسىپ دورىلار بىلەن زىمات قىلسا ئۇچلۇق سۆگەلنى يوقىتىدۇ، تەر توختىتىدۇ. قورۇلغان توغرىغۇ بىلەن زىمات قىلسا باش كېپەكلىشىش ۋە باشتىكى ھۆل يارىغا پايدا قىلىدۇ. سىركەنجىۋىل بىلەن چاپسا دانىخورەككە پايدا قىلىدۇ. ئارپا ئۇنى بىلەن چاپسا مۇسكۇللارنىڭ بۆلۈنۈپ كېتىشى ۋە تىرناقنىڭ پورلىشىشىغا پايدا قىلىدۇ. يولۋاسبوغار(خانقۇن نەمر) بىلەن زىمات قىلسا داغ، بەھەق، يارىلارنىڭ ساقايغاندىن كېيىن قالغان ئىزلىرىنى يوقىتىدۇ. سىركە بىلەن چاپسا ياش خالتىسى ئاقمىسىغا پايدا قىلىدۇ. ئۇنى كۈلگە كۆمۈپ پىشۇرۇپ، بۆرە ئەرمىنى بىلەن مەلھەم قىلىپ سۇركىسە باش كېپەكلىشىش ۋە باشتىكى يېڭى يارىلارغا پايدا قىلىدۇ. ئۇنى كۈلگە كۆمۈپ پىشۇرۇپ مىسىردا سەبرە دەپ ئاتىلىدىغان ئۇششاق بېلىقلارنىڭ بېشىنىڭ كۈلى بىلەن مەلھەم قىلىپ ساقالدا پەيدا بولىدىغان سەپرا خاراكتېرلىك يارىلارغا سۇركىسە ساقايتىدۇ، بۇ يارا كۆپ ھاللاردا ياشلارغا ساقال چىقىشتىن بۇرۇن پەيدا بولىدىغان بولۇپ، ئۇزۇنغىچە ساقايماي ئاۋارە قىلىدۇ. سىركە بىلەن سۇركىسە ياش خالتىسى ئاقمىسىغا پايدا قىلىدۇ. سۇ بىلەن پىشۇرۇپ، سىركە بىلەن ئىستېمال قىلسا مۇسكۇللارنىڭ كۈچسىزلىنىشىگە پايدا قىلىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن ھەمەل قىلسا ھامىلە ۋە بالا ھەمراھىنى چۈشۈرىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** تەستە ھەزىم بولىدۇ، قويۇق، شىلىمشىق ۋە ئۆتكۈر خىلىت پەيدا قىلىدۇ. پەيلەرگە زىيان قىلىدۇ. قورساقنى ئاغرىتىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** كاسىنە ۋە يېڭى سۈت بىلەن ھەسەلدۇر. ئۇنىڭ يەل پەيدا قىلىشىنى رۇمبەدىيان ئوڭشايدۇ.

ئۇنىڭ سىركىگە چىلانغىنى ھۆل مىزاج كىشىلەرنىڭ باھ قۇۋۋىتىنى قوزغايدۇ.

## بەلەھ

(خورما غورىسى)

ئۇ پارسچە «غورەئى خورما» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** ئۇ خورمىنىڭ كۆكلىكى تېخى كەتمىگەن، تەمى تاتلىققا مايىللاشمىغان غورىسىدىن ئىبارەت.

**تەبئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىنىڭ بېشىدا سوغۇق، ئاخىرىدا قۇرۇق، قورۇغۇچىدۇر.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** خۇش پۇراقلاشتۇرغۇچى، چىش مىلىكىنى چىڭىتقۇچى، ئاشقازان، جىگەر ۋە بوشىغان پەيلەرنى قۇۋۋەتلىگۈچى، سەپرادىن بولغان قەينى توختاتقۇچىدۇر. ئىستېمال قىلسا سوزۇلما ئىچ سۈرۈشنى توختىتىدۇ، سۈيدۈك ھەيدەيدۇ،

باليياتقۇدىن ئاقىدىغان ھۆللۈكلەرنى ۋە بوۋاسىرنىڭ قېنىنى توختىتىدۇ. زىمات قىلسا يېڭى يارىلارنىڭ ئېغىزىنى چاپلاشتۇرىدۇ. تەرنى خۇش پۇراق قىلىدۇ ۋە توختىتىدۇ. چاينىسا شۇنداقلا قاينىتىلمىسى بىلەن ئېغىز چايقىسا چىش مىلىكىنى چىڭىتىدۇ. ئۇنى داۋاملىق ئىستېمال قىلسا جوزامغا پايدا قىلىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** ئۆپكە ۋە كۆكرەككە زىيان قىلىدۇ. قويۇق خىلىت ۋە توسالغۇ پەيدا قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** ھەسەل، بىنەپشە مۇراببىاسى، خەشخاش شەربىتى.

**ئىستېمال مىقدارى:** ئالتە گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ. خۇش پۇراق ماتېرىياللارنىڭ كۆپ قىسمىغا ئاساسلىق تەركىب سۈپىتىدە قوشۇلىدۇ.

ئۇنىڭ سۈيىنى قويۇلغىچە قاينىتىپ كۆزگە سۈركىسە، كۆز ياشانغىراش، قاپاق قوتۇرى ۋە قاپاق قىزىرىپ ئاغرىشلارغا پايدا قىلىدۇ.

## بىلىختە

(بىلىختە ئوتى)

بۇ ماراكەشچە ئاتىلىشىدۇر.

**ماھىيىتى:** ئۇ يەرگە يېيىلىپ ئۆسىدىغان بىر خىل ئۆسۈملۈكتۇر، شاخلىرى ئىنچىكە، قىزىل بولۇپ، بىر ـ بىرىگە چىرمىشىپ چەمبەر شەكلىدە ئۆسىدۇ. خۇددى قۇرتلارنىڭ بىر ـ بىرىگە چىرماشقىنىغا ئوخشايدۇ. گۈلى قىزىل ۋە ئاق بولىدۇ.

**تەبىئىتى:** بىرىنچى دەرىجىدە ئىسسىق، قۇرۇققا مايىلدۇر.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ماددىلارنى تارقاتقۇچى، ئۇچۇچانلاشتۇرغۇچى ۋە پارچىلىغۇچىدۇر. ئۇسارىسى ۋە قاينىتىلمىسى بىلەن غار ـ غار قىلسا گالدا تۇرۇپ قالغان زۇلۇك قۇرتنى چىقىرىدۇ. يوپۇرمىقىنى زىمات قىلسا ماددىلارنى كۆچلۈك تارقىتىدۇ. شۇنداقلا ئۇنىڭ يوپۇرمىقىنىڭ قاينىتىلمىسى بىلەن يۇيۇلسىمۇ ئىششىقلارنى تارقىتىدۇ. ئۇ تېبابەتتە ئىستېمال قىلىنمايدۇ.

## بەلخىيە

(بىدىمۇشكى)

ئۇ، توران مەملىكىتىنىڭ بەلەخ شەھىرىدە كۆپ ئۆسىدىغانلىقى ئۈچۈن «خىلافى بەلخىي» (بەلەخ سۆگىتى) دەپ ئاتىلىدۇ. يەنە «بەھرامەج»مۇ دېيىلىدۇ. پارسچە «بىيدى مىشكىي» دەپ ئاتىلىدۇ. ئاللا خالىسا «خ» ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ سۆگەت بايانىدا

**تەبئىتى:** ئۇنىڭ ھەببى (مېۋىسى)، يېغى ۋە ياغچىنىڭ تەبئىتى ۋە ئۇلارنىڭ ھەر بىرىنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى ئاللا خالىسا ئۆز ئورنىدا بايان قىلىنىدۇ.

ئۇنىڭ يوپۇرمىقىنىڭ قايناتىلمىسىنى ئىچسە قورساقتىكى يەلنى ۋە باشقا قويۇق يەللەرنى تارقىتىدۇ. گالدا تۇرۇپ قالغان زۇلۇك قۇرتىنى چىقىرىدۇ. قايناتىلمىسىنى قۇلاققا تېمىتسا ئاغرىقنى پەسەيتىدۇ. قايناتىلمىسى بىلەن ئىسسىق ئۆتكۈزسە ھۆللۈكتىن بولغان باش ئاغرىقنى پەسەيتىدۇ. شۇنداقلا زىمات قىلسا ھۆل سوغۇقتىن بولغان باش ئاغرىقنى پەسەيتىدۇ. چايان چېقىۋېلىشقا شىپا بولىدۇ. يىلتىزىنىڭ پوستىنى سىركە بىلەن زىمات قىلسا سۆگەللەرنى چۈشۈرىدۇ. ئۇنىڭ يىلتىزى ۋە يىپچىلىرىنى كۆيدۈرۈپ، سىركە بىلەن مەلھەم قىلىپ زىمات قىلسا سۆگەللەرنى چۈشۈرىدۇ. قوۋزىقىنىڭ ھەسەل بىلەن قىلىنغان مۇراببىاسى ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەيدۇ، ھۆللۈكلىرىنى سۈمۈرىدۇ. ئۇنىڭ شېخى بىلەن يوپۇرمىقىنى سۇ بىلەن قاينىتىپ، سۈيىنى يېگى كۈنجۈت يېغى بىلەن يېغى قالغۇچە قايناتسا، بىلسان يېغىنىڭ ئورۇنباسارى بولىدۇ، دەپ قارىلىدۇ.

ئېيتىشلارغا قارىغاندا ئۇ ئىسسىقلىقى بىلەن مۆشتەرى يۇلتۇزىغا تەۋە ئىكەن.

## بۇلەسكى
(بۇلەسكى ئوتى)

بۇ ئەرەبچە سۆزدۇر. ماراكەش خەلقى ئارىسىدا «مۇسەففىر رۇئات» (چارۋىچىلارنىڭ سۇزگۈچىسى) دېگەن نام بىلەن مەشھۇردۇر. دورىگەرلەر ئۇنى «قۇۋۋەتۇل بەررىيىيە» دەپ ئاتايدۇ.

**ماھىيتى:** شاخلىق، يىرىك، تۆت قىرلىق بىر خىل ئۆسۈملۈك بولۇپ، غولى ۋە شاخلىرى ئېگىز ئۆسىدۇ. يوپۇرمىقى تارقاق بولۇپ، ئوردان ئۆسۈملۈكىنىڭ يوپۇرمىقىغا ئوخشايدۇ. گۈلى ئاق بولىدۇ. ئۇرۇقى قاتتىق، يۇمىلاق بولۇپ، ئوتتۇرى سەل ئويمان بولىدۇ. چارۋىچىلار ئۇ ئارقىلىق سۈتنىڭ يۇڭىنى ئايرىيدىغان بولغاچقا، ئۇ «مۇسەففىر رۇئات» (چارۋىچىلار سۇزگۈچى) دەپ ئاتىلىدۇ.

**تەبئىتى:** مۇرەككەپ قۇۋۋەتلەرگە ئىگە. قۇرۇق ئىسسىقلىقى غالىب، قۇرۇقلۇقى ئىسسىقلىقىدىن ئارتۇقراق.

**خۇسۇسىيتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ماددىلارنى ئۇچۇچانلاشتۇرغۇچى، جۇلا بەرگۈچىدۇر. ئۇساربىسىدىن 15 گىرام ئېلىپ، ئارىلاشما ئاق شاراب بىلەن ياكى سۇ بىلەن ئىستېمال قىلسا دۆ ۋە زەھەرلىك يىلان چېقىۋېلىشقا مەنپەئەت قىلىدۇ. ئۇنىڭ چۆپىدىن 15 گىرام ئىستېمال قىلسىمۇ شۇ تەسىرنى بېرىدۇ. ئۇنىڭ ئۇسارىسى ياكى قايناتىلمىسىنى گۈل يېغى ياكى بىنەپشە يېغى بىلەن بىرلىكتە قۇلاققا تېمىتسا ئاغرىقنى پەسەيتىدۇ. ئۇنى چوشقا يېغى

سۆزلىنىدۇ. بەزىلەر ئۇنى بىرىنچى دەرىجىدە ئىسسىق، قۇرۇقلۇقتا مايىل دەپ بىلىدۇ. مۇشتەرى يۇلتۇزىغا مەنسۇپتۇر.

## بەلەسان
(بىلسان)

ماھىيتى: يېزىلىشىچە، ئۇ بۇتۇم دەرىخىگە ئوخشاش چوڭلۇقتىكى بىر خىل دەرەخ بولۇپ، پەرۋىش قىلىش ئارقىلىق چوڭىيىدۇ. خۇددى ئادەمگە ئوخشاش ئىسسىق - سوغۇقتىن، ئۇسسۇزلۇقتىن ئەزىيەت يەيدۇ. شۇڭا ئۇنى لايىقىدا چوڭ قىلىشتا زامان ۋە پەسىلگە قاراپ ياخشى پەرۋىش قىلىش لازىم. ئۇنىڭ يوپۇرمىقى سۇزاپ يوپۇرمىقىغا ئوخشايدۇ، ئۇنىڭدىن كۆپ ئاق بولىدۇ. بۇ دەرەخ دەسلەپتە مىسىرنىڭ «ئەينۇش شەمس» دېگەن يېزىسىدا ئۆسەتتى.

ئەنتاكىيىنىڭ يېزىشىغا ئاساسلانغاندا، خىرىستىيانلارنىڭ كىتابلىرىدا قەيت قىلىنىشىچە، ھەزرىتى مەريەم ئەلەيھىسسالام ھەزرىتى مەسىھ ئەيسا ئەلەيھىسسالام بىلەن قېچىپ «مەترىيە» دېگەن يەرگە كېلىپ، شۇ يەردىكى بىر قۇدۇقنىڭ يېنىدا بىر مەزگىل ياشىغان. قۇدۇقتىن سۇ تارتىپ كىيىملىرىنى يۇيۇپ سۈيىنى شۇ يەرگە تۆككەن. بۇ سۇدىن بىلسان دەرىخى ئۈنۈپ چىققان ئىكەن. شۇنىڭ ئۈچۈن خىرىستىيانلار بۇ دەرەخنى بەك قەدىرلەيدۇ. ئۇنىڭ يېغىنى ئالتۇندىن نەچچە ھەسسە يۇقىرى باھادا سېتىۋېلىپ پوپلىرى ۋە راھىبلىرىنىڭ يېنىدا تەۋەرۈك بىلىشىپ ساقلىشىدۇ. مىسلىسىز يېگانە ئېسىل دورا دەپ بىلىشىدۇ.

ئۇنىڭ ياغىچى «ئۇد بىلسان» (بىلسان ياغىچى) دەپ ئاتىلىدىغان بولۇپ، يېڭى، خۇش پۇراق، ئېغىر، ئىچىنىڭ رەڭگى قىزىل، پوستىنىڭ رەڭگى سېرىق بولغانلىرى ياخشىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. يېغىنىڭ ياخشىسى قۇياش سەرەتان بۇرجىغا كەلگەندە ئېلىنغانلىرى ياخشىلىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭ يېغىنىڭ ياخشىلىقىنىڭ بەلگىسى شۇكى، سۇغا تۆكسە تېگىگە چۆكىدۇ. پاختا ياكى يۇڭغا يۇقتۇرۇلغاندىن كېيىن سۇ بىلەن يۇسا تولۇق ئېرىپ يۇيۇلۇپ چىقىپ كېتىدۇ، پاختا ياكى يۇڭدا ھېچقانداق شىلىمشىق داغ قالمايدۇ. بارماق بىلەن ياغاچ ياكى رەختكە سۈرۈپ ئوت ياقسا ياغاچ ياكى رەختنى كۆيدۈرمەيدۇ.

بىلسان دەرىخى ئۇزۇن زامانلاردىن بۇيان مىسىر زېمىنىدىن يوقالغان، ئۆسۈملۈكشۇناسلار ۋە دورىپۇرۇشلار بەشام دەرىخىنىڭ ياغىچى، ھەببى ۋە سۈتىنى بىلسان دەرىخىنىڭ شۇ قىسىملىرى قاتارىدا سېتىشىدۇ، كىشىلەر ئۇلارنى سېتىۋېلىپ بىلسان ئورنىدا ئىشلىتىدۇ. ئەمما ئۇنىڭ تەسىرى ناھايىتى ئاجىز بولۇپ، بىلسانغا بەدەل بولالمايدۇ.

بىلەن زىمات قىلىسا چاشقان يارىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىگە مەنپەئەت قىلىدۇ. ئىسسىقلىقى سەۋەبى بىلەن مۇشتەرى يۇلتۇزىغا تەۋەدۇر.

## بۇلغار
(ھەشتەرخان خۇرۇمى)

ئۇ «تەلاتىين» مۇ دېيىلىدۇ. ھىندىچە «بۇدار» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** قىزىل رەڭلىك، قىلىن، بۇدۇر - بۇدۇر بولغان بىر خىل خۇش پۇراق خۇرۇم بولۇپ، ھەشتەرخان دېگەن يەردىن ئېلىپ كېلىنىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇنىڭ خۇش پۇراق بولۇشىنىڭ سەۋەبى بىر خىل دەرەخنىڭ خۇش پۇراق قوۋزىقى بىلەن ئاشلانغانلىقىدىن ئىكەن. بۇ خۇرۇم مەزكۇر شەھەردىن باشقا يەردە تېپىلمايدۇ.

**تەبىئىتى:** قۇرۇق سوغۇق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** قايسى خىل تېرىدىن پىششىقلاپ ئىشلەنگەن بولسا شۇ تېرىنىڭ تەسىرى ۋە خۇسۇسىيەتلىرى بىلەن ئوخشاش بولىدۇ. «ج» (جىيم) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلاردا بايان قىلىنىدۇ. بۇ خۇرۇمدىن ئىشلەنگەن قاچىدا سۇ ساقلاپ ئىچسە يۈرەكنى قۇۋۋەتلەيدۇ، خەفەقانغا شىپا بولىدۇ. باھنى زەئىپلەشتۈرىدۇ. سوقۇپ تەييارلانغان سەپمىسى قان توختىتىدۇ. بولۇپمۇ كۆيدۈرۈلگىنىنى يېڭى يارىلارغا سەپسە قان توختىتىش تەسىرى ياخشى بولىدۇ.

## بىللەۋر
(قاشتېشى)

ئۇ پارسچە «بۇلۇر» دېيىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** ئۇ بىر خىل تاشتىن ئىبارەت بولۇپ، رەڭگى ئاق، پارقىراق، زۇمرەتتىن بوشراق، ئەينەكتىن قاتتىقراق بولىدۇ. كەشمىرگە ئوخشاش بەزى يەرلەردە قاتتىقراق ۋە پارقىراقراق، ئەزىم ئابادقا ئوخشاش بەزى يەرلەردە يۇمشاقراق، پارقىراقلىقى كەمرەك بولىدۇ.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** يۇمشاق سالايە قىلىپ كۆزگە سۈركىسە كۆزگە چۈشكەن ئاقنى يوقىتىدۇ. بىرىكتۈرگۈچى پەردە ياللۇغى ۋە قاپاق قوتۇرىغا مەنپەئەت قىلىدۇ. كىچىك باللارنىڭ بويىنىغا ئېسىپ قويسا، ئۇلارنىڭ پۈت - قوللىرىنىڭ تىترىشى ۋە ئۇيقۇدىن چۆچۈپ ئويغىنىشىغا مەنپەئەت قىلىدۇ.

# بەللۇت
(بەللۇت دەرىخى)

ئۇ تەبەرىستان تىلىدا «ۋارمازى»، پارىسچە «بالۇت»، ئەنتاكىيە تىلىدا «دۇۋام»، ئىراقتا «ئەفسىيج»، مىسىردا «سەمەرۇل فۇئاد» (يۈرەك مېۋە) دەپ ئاتىلىدۇ.

ماھىيىتى: ئۇ بىر چوڭ دەرەخنىڭ مېۋىسىدىن ئىبارەت. بۇ دەرەخ تاغلىق رايونلار ۋە تاشلىق يەرلەردە ئۆسىدۇ. ئۇنىڭ مېۋىسى مەشھۇر بولۇپ، بەزىلەرنىڭ سۆزىچە ئىككى خىل بولىدۇ. بىرى ئۇزۇنچاق، يەنە بىرى يۇمىلاق بولىدۇ. يۇمىلاق بولغىنى «بىھىش»، «شاھبەللۇت»، «بەللۇتۇل مەلىك» دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ ئۇنىڭ ئۇزۇنچىقىدىن لەززەتلىكرەك بولۇپ، شۇ شەھەردىكى خەلقلەر يەيدۇ. دەرىخى پىندۇق دەرىخىگە ئوخشايدۇ. «مالا يەسەئۇ لىتتەبىيبى جەھلۇھ» (تېۋىپ بىلمىسە بولمايدىغان ئىشلار) دېگەن كىتابنىڭ ئاپتورى ئۇنىڭ ئۈچ خىل بولىدىغانلىقىنى بايان قىلغان ۋە شۇنداق بولۇشىنى ئەڭ توغرا دېگەن. ئۇلارنىڭ بىرى يۇمىلاق بولۇپ، «شاھبەللۇت» قا ئوخشايدىكەن. قالغان ئىككى خىلى سوزۇنچاق بولىدىكەن. سوزۇنچاق بولغانلىرىنىڭ بىرى تاتلىق بولۇپ، يېيىلىدىكەن. يەنە بىرى ئاچچىق بولۇپ، يېيىلمەيدىكەن، مەسىلەن: دەيلىم ۋە تەبەرىستان شەھەرلىرىدە ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىسى تېپىلىدۇ. ئەمىنۇد دەۋلە دېگەن كىشىنىڭ مۇھەممەد بىن ئەھمەد ۋە جالىنۇسلاردىن نەقىل قىلىپ ئېيتىشىچە، بەزى شەھەرلەردە بەللۇت دەرىخى بىر يىل بەللۇت مېۋىسى بەرسە، يەنە بىر يىلى موزا مېۋىسى بېرىدىكەن. ئەبۇ رەيھانىنىڭ «سەيدىيىە» ناملىق كىتابىنىڭ تەرجىمانى خۇددى پىستە دەرىخىنىڭ بىر يىلى پىستە مېۋىسى، يەنە بىر يىلى بۇزغۇنج مېۋىسى بەرگىنىگە ئوخشاش، بىر دەرەخنىڭ بىر يىلى بىر خىل مېۋە، كېيىنكى يىلى يەنە بىر خىل مېۋە بېرىشىنىڭ مۇمكىن ئىكەنلىكىنى ئېيتقان. بۇ ئەھۋال «بۇزغۇنج» ماۋزۇسىدا بايان قىلىندى. ئاللا خالىسا «فۇستۇق» (پىستە) ماۋزۇسىدىمۇ بايان قىلىنىدۇ.

بەللۇتنىڭ پوستىنىڭ ئاستىدا مېغىزىغا چاپلىشىپ تۇرغان ياڭاق شاكىلى رەڭلىك نېپىز پوستى بار بولۇپ، «جۇپتى بەللۇت» دەپ ئاتىلىدۇ. بەللۇتنىڭ ھۆل مېۋىسىنى ئوتقا تاشلاپ پىشۇرۇپ، قىزىق ھالەتتە تۇز سېپىپ ياكى تۇزسىز ھالەتتە يېسە، چۈرۈك ۋە لەززەتلىك بولىدۇ. بەزى يېزىلاردا ئۇنىڭ قۇرۇتۇلغىنىنى سوقۇپ خېمىر يۇغۇرۇپ نان يېقىپ يەيدۇ.

تەتقىق قىلىنىشىچە، ئۇنىڭ مېۋىسى بىر يىلى سۆپەتلىك، ياخشى بولىدۇ، يەنە بىر يىلى سۆپەتسىز، مېغىزسىز بولۇپ موزىغا ئوخشايدۇ. ئەمەلىيەتتە موزا ئەمەستۇر. بۇ ئەھۋال ئاللا خالىسا «موزا» ماۋزۇسىدا بايان قىلىنىدۇ.

تەبىئىتى: يېيىلىدىغان تاتلىقى بىرىنچى دەرىجىدە سوغۇق، ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق.

ئاچچىقى ئۈچىنچى دەرىجىنىڭ بېشىدا قۇرۇق. موزىنىڭ ئورنىنى باسقۇچىدۇر، قابىز خۇسۇسىيەتكە ئىگىدۇر.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** مەنىي قويۇلدۇرغۇچى، تەستە ھەزىم بولغۇچى، ھەزىم بولسا بەدەننى كۆپ ئوزۇقلاندۇرغۇچى، سوزۇلما ئىچ سۈرۈشنى توختاتقۇچى، قاناش ۋە قان تۈكۈرۈشكە داۋا بولغۇچىدۇر. خەفەقان، ئاشقازان ئېغىزى سەۋەبىدىن پەيدا بولغان كۆڭۈل ئېلىشىش، ئۈچەي زەخىملىنىش، ئۈچەي يارىسى، سۈيدۈك تامچىلاشقا شىپا بولىدۇ. كۆيدۈرۈلگىنى سۈيدۈك ھەيدەيدۇ، ئىچ سۈرۈشنى توختىتىدۇ. تۇز سېپىلگەن چوشقا يېغى بىلەن قىلىنغان زىماتى يىرىق ئىششىقى، بەلغەمدىن بولغان ئىششىقلار ۋە قاتتىق ئىششىقلارنى تارقىتىدۇ. كۆيدۈرۈلگىنىنى زىمات قىلسا ۋە سەپسە، ئېغىز يارىسى ۋە يامرىغۇچى يارىلارغا مەنپەئەت قىلىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن ھەمەل قىلسا بالىياتقۇدىن سۈيۈقلۇق ئېقىشقا ئوخشاش كېسەللىكلەرگە مەنپەئەت قىلىدۇ. بەللۇتنى يېرىم ھەسسە كۈندۈر ۋە زەيتۇن يېغى بىلەن بىرلىكتە يوغۇرۇپ، داۋاملىق ئىستېمال قىلسا سۈيدۈك تامچىلاش، سىيىپ يېتىش، مەزى ۋە مەنىي ئېقىشلارغا مەنپەئەت قىلىدۇ. سىقىلىشنىڭ ھۆللۈكىنى قۇرۇتىدۇ، بۇ جەھەتلەردە سىناقتىن ئۆتكەن دەپ قارىلىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** ئۇنىڭ ئۇنىدىن تەييارلانغان نان تەستە ھەزىم بولىدۇ، باشنى ئاغرىتىدۇ، سەۋدا ۋە توسالغۇ پەيدا قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** سىركەنجۇبىل، قەنت.

**ئىستېمال مىقدارى:** 5~7.5 گىرامغىچە.

**ئورۇنباسارى:** خەرنۇب نىبىتى.

ئۇنىڭ دەرىخىنىڭ ھەممە قىسىملىرى قۇرۇق سوغۇقتۇر. ئىنچىكە يىپچىلىرىنىڭ قۇرۇقلۇقى ئارتۇقراق بولۇپ، بالىياتقۇدىن سۈيۈقلۇق ئېقىش ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش كېسەللىكلەرگە مەنپەئەت قىلىدۇ. يوپۇرمىقى يېڭى جاراھەتنى پۈتتۈرىدۇ. ياغىچىنىڭ كۈلى چىشلارنى ئاقارتىدۇ، يەل يارىنى ساقايتىدۇ. بەللۇت ياغىچىنى كۆيدۈرگەندە تامىدىغان سۈيى قاش ئۈچۈن ئەڭ ياخشى بوياق بولىدۇ.

«جۇپتى بەللۇت» كۈچلۈك قۇرۇتقۇچى، ماددىلارنى توسقۇچى بولۇپ، ئىستېمال قىلسا ۋە زىمات قىلسا ھۆللۈكلەرنى كۈچلۈك قۇرۇتىدۇ. ماددىلارنى توسىدۇ. جاراھەتلەرگە مەنپەئەت قىلىدۇ. قاناش ۋە سۈيۈقلۇق ئېقىشلارغا مەنپەئەت قىلىدۇ. چىقىق كېسەللىكىگە زىمات قىلسا شىپا بولىدۇ.

«جۇپتى بەللۇت» نىڭ ئورۇنباسارى ئانارگۈل. بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، باراۋەر مىقداردا ئانار پوستى بىلەن ھەببۇلئاستۇر.

**ئىستېمال مىقدارى:** ئۆزىدىن بەش گىرامغىچە. مەتبۇخلارغا قوشۇلغاندا 15 گىرامغىچە ئىشلىتىلىدۇ.

بەللۇت دەرىخى قوۋزىقىنى يۇمشاق پىشۇرۇپ، چاچنى قىيمۇلىيا لىيى بىلەن يۇغاندىن كېيىن چاچقا ئىسسىق ئۆتكۈزۈپ ياكى چېپىپ بىر كېچە تۇرغۇزسا چاچنى ئىنتايىن قارايتىدۇ.

شاھبەللۇتنىڭ ئازراق ئىسسىقلىقى ۋە قابىزلىقى بار. قۇرۇقلۇقى بەللۇتتىن ئازراق، ئۇزۇقلۇقى ئۇنىڭدىن يۇقىرىراقتۇر. جۇلا بەرگۈچى قۇۋۋەتكە ئىگىدۇر. بەدەن ۋە بۆرەكنى سەمرىتكۈچىدۇر. قورۇپ شاراب بىلەن ئىستېمال قىلسا باھنى قوزغىتىدۇ، بەدەننى كۈچلەندۈرىدۇ، زەھەرلەرنى قايتۇرىدۇ، باشقا خۇسۇسىيەتلىرى بەللۇتتىن ئاجىزراق بولىدۇ، قورساقنى ئېسىلدۇرىدۇ.

بەللۇتنىڭ ھەممە تۇرلىرى گالغا زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** بېدە ئۇرۇقى، شېكەر ۋە سىركەنجۋىل.

جۇپتى شاھبەللۇت گۇرۇچ پوستىغا ئوخشاش زەھەرلىكتۇر.

## بەللۇتۇل ئەرز
(يەر بەللۇتى)

**ماھىيىتى:** بۇ كامازرىيۇس ۋە كاسىنە يوپۇرمىقىغا ئوخشاش بولىدىغان بىر خىل ئۆسۈملۈكنىڭ يىلتىزىنىڭ ئورتاق نامىدۇر. بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ يوپۇرمىقى يېشىل بولىدۇ. قۇملۇقلار ۋە دۆۋىلەرنىڭ باغرىلىرىدا ئۆسىدۇ. تەمى تاتلىق، ئازراق ئاچچىق بولۇپ، بەللۇتقا ئوخشايدۇ. يوپۇرمىقى يەردىن ئۆسۈپ چىقىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە ئىسسىق، بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** كېرەكسىز ماددىلارنى يوقاتقۇچى، ئىچكى ئەزالارنىڭ توسالغۇلىرىنى ئاچقۇچى، سۈيدۈك ۋە ھەيز ھەيدىگۈچىدۇر. ھەسەل بىلەن زىمات قىلسا تال كېسەللىكلىرىگە مەنپەئەت قىلىدۇ. چىرىگەن كونا يارىلارنى تازىلاپ، ئارتۇق گۆشلەرنى يوقىتىدۇ، يارىلارنىڭ تەرەققىي قىلىشىنى توسىدۇ. بەزىلەرنىڭ خىيالىچە دوۋساقتا چۆككەن تاشنى يوقىتىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** 3~10 گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

## بەللۇتىي
(بەللۇتسىمان ئوت)

ئۇ ھىندىچە «كەجىي»، «كەھجۇر» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** بىر خىل ئۆسۈملۈكتىن ئىبارەت بولۇپ، يوپۇرمىقى سامساق يوپۇرمىقىغا

ئۇخشايدۇ، شاخلىرى نەيچىسىمان، تۈت قىرلىق، رەڭگى قارا بولۇپ، بىر يىلتىزدىن ئۈسۈپ چىقىدۇ. تۈكلۈك بولىدۇ. يوپۇرمىقى تاغ كۇدىسى يوپۇرمىقىغا ئوخشاش، ئۇنىڭدىن قارىراق، تۈكلۈك بولۇپ بەتبۇي پۇرايدۇ. گۈلى يۇمىلاق بولۇپ كۈچلۈك پۇرايدۇ، رەڭگى ئاچ سېرىق بولىدۇ.

**تەبىئىتى:** قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ماددىلارنى تارقاتقۇچى بولۇپ، يوپۇرمىقىنى تۇز بىلەن زىمات قىلسا غالجىر ئىت چىشلىۋېلىشقا پايدا قىلىدۇ. چوغقا كۆمۈپ پىشۇرۇپ، بوۋاسىرغا زىمات قىلسا پايدا قىلىدىغان بولۇپ، سىناقتىن ئۆتكەن دەپ قارىلىدۇ. سوقۇپ ھەسەل بىلەن زىمات قىلسا، چىرىگەن يارىلارنى تازىلايدۇ. ئۇ تاغ كۇدىسىنىڭ ئورۇنباسارى بولۇپ، ئۇنىڭ ئىككى ھەسسىسى تاغ كۇدىسىنىڭ رولىنى ئوينايدۇ. ئىسسىقلىقى سەۋەبىدىن مۇشتەرى يۇلتۇزىغا مەنسۇپ بولىدۇ.

## پەلۋەل
### (پەلۋەل مېۋىسى)

**ماھىيىتى:** ھىندىستاندىن چىقىدىغان بىر خىل ئۆسۈملۈكنىڭ تەرخەمەك تۈرىدىكى مېۋىسى بولۇپ، ناھايىتى كىچىك، كەپە سويمىسى چوڭلۇقىدا بولىدۇ. ئىككى ئۇچى سەل ئىنچىكە، پوستى كۆك، ئۇزۇنچاق سىزىقلىرى بار، ئۇرۇقى ئاق، سەل يۇمىلاق ۋە قاتتىق بولىدۇ. مېۋىسىنىڭ ئېتىنى كۆپ ھاللاردا پىشۇرۇپ ياغ ۋە پىياز بىلەن قورۇپ گۆشسىز ياكى گۆش بىلەن نان ياكى گۈرۈچ بىلەن بىرلىكتە ئىستېمال قىلسا ناھايىتى لەززەتلىك بولىدۇ. ئۇنىڭ قىيما قىلىنىپ پىشۇرۇلغىنىمۇ ناھايىتى لەززەتلىك بولىدۇ.

ئۇنىڭ ئۆسۈملۈك تۈپى ۋە يوپۇرماقلىرى تەرخەمەك ئۆسۈملۈكى ۋە يوپۇرمىقىغا ئوخشايدۇ، ئەمما يىرىك ئەمەس، سىلىق بولىدۇ.

**تەبىئىتى:** بىرىنچى دەرىجىدە ئىسسىق، ئىككىنچى دەرىجىدە ھۆلدۇر.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** يۈرەكنى قۇۋۋەتلىگۈچى، باھ قۇۋۋىتىنى ئاشۇرغۇچى، ئىشتىھانى ئاچقۇچى، يۆتەل پەسەيتكۈچى، قان، بەلغەم، سەپرا ۋە سەۋدا خىلتلىرىنىڭ بۇزۇلۇشىنىڭ ئالدىنى ئالغۇچىدۇر. قىزىتما، ھەر خىل يارا، مودۇر ـ چاقا، قورساق ۋە مەقئەتتىكى مەددە قۇرت كېسەللىكلىرىگە ئىشلىتىلىدۇ.

ئۇنىڭ يوپۇرمىقى ھۆل سوغۇق بولۇپ، سەپرا ۋە بەلغەمنىڭ بۇزۇلۇشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. ئۇنىڭ خەمىكىنى بىر نەچچە كۈن ئۇدا ئىستېمال قىلسا كونا تەپلەرگە پايدا قىلىدۇ. ھىندىستان ۋە بېنگال خەلقىنىڭ ئادىتى شۇكى، ئۇلار كونا تەپلەرنى داۋالاش ئۈچۈن ئۇنىڭ

خەمىكىدىن 12 گىرام ئېلىپ، باراۋەر مىقداردىكى يۇمغاقسۇت ئۇرۇقى بىلەن سوقۇپ، بىر كېچە سۇغا چىلاپ قويۇپ، ئەتىسى ئەتىگەندە پىسەپىلىرىنى سۈزۈۋېتىپ، سۈيىگە ئىككى گىرام ساپ ھەسەل ئارىلاشتۇرۇپ ئىككىگە بۆلۈپ، يېرىمىنى ئەتىگەندە، يېرىمىنى كەچتە ئىچىدۇ ۋە شۇ يوسۇندا ئۇدا بىر نەچچە كۈن داۋاملاشتۇرىدۇ. ئەمما كۆزنىتىشىمىزچە، ئۇنىڭ ئىسسىق مىزاجلىق كىشىلەرگە پايدىسى كۆپ ئەمەس، بەلكى ئازراق زىيان قىلىدۇ.

ئۇنىڭ يىلتىزى ئاچچىق، ئۆتكۈر بولۇپ، چوڭ تەرەتنى بوشىتىدۇ.

گۈلى ئۇچ خىل خىلتنىڭ بۇزۇلۇشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ، دەپ قارىلىدۇ.

## بەللە

(بەللە)

ئۇ ھىندىچە «بەھىرە» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** ئۇ ھىندىستاندا بولىدىغان بىر خىل دەرەخنىڭ مېۋىسى بولۇپ، ئازراق يۇمىلاق، بېشى ئازراق ئىنچىكە، موزىدىن چوڭراق بولىدۇ. پوستى سېرىق، توپا رەڭ، ھېلىلە پوستىدىن چۈرۈكرەك بولۇپ، پوستى ئىشلىتىلىدۇ. ئۇنىڭ دەرىخى چوڭ، يوپۇرمىقى ئەنبەھ دەرىخى يوپۇرمىقىدىن كەڭرەك، ئۇنىڭدىن قىسقىراق بولۇپ، ئەمرە دەرىخى ۋە ياڭاق دەرىخى يوپۇرماقلىرىغا ئوخشايدۇ.

**تەبىئىتى:** بىرىنچى دەرىجىنىڭ ئاخىرىدا سوغۇق، ئىككىنچى دەرىجىنىڭ ئاخىرىدا قۇرۇقتۇر.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ماددىلارنى ئۇچۇچانلاشتۇرغۇچى، قورۇغۇچى، ئاشقازاننى قۇۋۋەتلىگۈچى، ئىشتىھانى ئاچقۇچى، خاسىيىتى بىلەن سەۋدانى، تەبىئىتى بىلەن سەپرانى سۈرگۈچى، بۇخاراتلارنىڭ ھۆللۈكلىرىنى يوقاتقۇچىدۇر. باش ئاغرىقى ۋە بوۋاسىرغا پايدا قىلىدۇ. كونا ئىچ سۈرۈشنى توختىتىدۇ. كۆزگە سۈركىسە ياشانغىراشقا مەنپەئەت قىلىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** مەقئەتكە زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** ھەسەل، شېكەر.

**ئىستېمال مىقدارى:** 10 گىرامغىچە.

**ئورۇنباسارى:** ئۇچتىن بىرچىلىك مىقداردا ئاقلانغان ئامىلە، باراۋەر مىقداردا خېنە گۈلى، ئۇچتىن بىرچىلىك مىقداردا نامازشامگۈل ئۇرۇقى، ئالتىدىن بىرچىلىك مىقداردا قارا ھېلىلىدۇر.

ئۇنىڭدىن كۈنىگە 1.5 گىرام ئېلىپ، باراۋەر مىقداردا شېكەر ئارىلاشتۇرۇپ قايناق سۇ بىلەن ئىستېمال قىلىپ، داۋاملاشتۇرۇلسا كۆرۈش كۈچىنى ئاشۇرىدۇ، ئېغىزدىن سۇيۇقلۇق ئېقىشقا پايدا قىلىدۇ.

# پەسل: «ب» (بائ) ۋە «ن» (نۇن) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى

## بەناتى ۋەردان
(سۇۋەرەك)

ئۇ پارسچە «سوسەك» دەپ ئاتىلىدۇ. ئاۋام ـ خەلق «تەدۇ»، «خەزۋەك»، «ھەمام» دەپ ئاتايدۇ. ھىندىستان ۋە بېنگال خەلقى «چورە»، «سونكەرۋا» دەپ ئاتايدۇ.

**ماھىيىتى:** ئۇ بىر خىل ھاشارات بولۇپ، كۆپىنچىسى قىزىل، بەزىسى ئاق، بەزىلىرى قارامتۇل قىزىل، قانىتى پارقىراق، قورسىقىنىڭ ئاستى ئاق بولىدۇ. ئىككى بۇرنى، ئالتە پۇتى بار، بېشى سېرىق بولىدۇ. تۇخۇمى قىزىل بولۇپ، شەكلى لوبىيانىڭ شەكلىگە ئوخشايدۇ. مۇنچا، سۇ بويلىرى ۋە سېسىق يەرلەردە پەيدا بولىدۇ، سېسىق پۇرايدۇ. چىن خەلقى ۋە فىرانسۇزلارنىڭ بەزىسى ئۇنىڭدىن مۇراببا تەييارلاپ يەيدۇ.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ماددىلارنى تارقاتقۇچى، ھۆللۈكلەرنى قۇرۇتقۇچىدۇر. كۆيدۈرۈپ يەتتە گىرام ھەسەل بىلەن ئىستېمال قىلسا نەپەس قىستاش، سۈيدۈك تۇتۇلۇش، سۈيدۈك ئېچىشىپ كېلىشكە پايدا قىلىدۇ. ھامىلە چۈشۈرىدۇ، بالىياتقۇ ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ، زىيانداش ھاشاراتلارنىڭ زەھىرىنى قايتۇرىدۇ. بەزگەككە پايدا قىلىدۇ. پىشۇرۇپ زەيتۇن يېغى بىلەن سالايە قىلىپ قۇلاققا تېمىتسا قۇلاق ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ. موم ۋە باراۋەر مىقداردىكى توخۇ تۇخۇمىنىڭ سېرىقى بىلەن زىمات قىلسا بالىياتقۇ، بۆرەك ئاغرىقى، سۈيدۈك تۇتۇلۇشقا پايدا قىلىدۇ. ئۇنى قەردمانە ۋە ئاز مىقداردىكى سېسىق قوڭغۇز بىلەن بىرلىكتە زەيتۇن يېغى بىلەن قورۇپ، يېغى سوۋۇغاندىن كېيىن مايلانسا، بوۋاسىر ۋە مەقئەت كېسەللىكلىرىگە پايدا قىلىدۇ، سىناقتىن ئۆتكەن دەپ قارىلىدۇ. ئەنجۈر بىلەن زىمات قىلسا پاچاق يارىسىغا پايدا قىلىدۇ. ئۇنىڭ تۇخۇمى مەزكۇر يارىنى داۋالاشتا تەڭداشسىزدۇر. ئۇنىڭ قېنىنى يېمەكلىك بىلەن ئىستېمال قىلسا ئاقكېسەل پەيدا قىلىدۇ. زەرنىخ بىلەن نۆشۇدۇرنى كۆيدۈرۈپ ئىسرىق سالسا ئۇنى قاچۇرىدۇ.

## بەندا
(بەندا دەرىخى)

ئۇ ھىندىچە سۆز بولۇپ، ئەرەبچە «خەرفەتان» دېيىلىدۇ. ئاللا خالىسا «خ» (خۇۋائ) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلار بايانىدا بايان قىلىنىدۇ.

**ماھىيتى:** ئۇ بىر خىل دەرەخ بولۇپ، ئۇرۇقى ئۇستىگە چۇشسۇن ـ چۇشمىسۇن باشقا دەرەخ ئۇستىدە ئۇنىدۇ ۋە شۇ دەرەخكە يامىشىپ ئۆسىدۇ.

**تەبىئىتى:** قۇرۇق ئىسسىق، قۇرۇق سوغۇقمۇ دېيىلگەن.

**خۇسۇسيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** سەۋدا، بەلغەم ۋە بۇزۇق قاننى بىر تەرەپ قىلىدۇ. چىيقانلار، مۇدۇر ـ چاقىلار ۋە ھەر خىل زەھەرلەرگە پايدا قىلىدۇ. قايسى دەرەخ ئۇستىدە ئۇنسە ۋە ياماشسا، شۇ دەرەخنىڭ خۇسۇسىيىتىنى ئالىدۇ. ئۇ ھىندىستانلىقلارنىڭ كىتابلىرىدا تەپسىلىي بايان قىلىنىدۇ.

## بەندال

(ئاغىچپيۇغۇچ)

ئۇ «سەنگەپرە» مۇ دېيىلىدۇ.

**ماھىيتى:** ھىندىستاندا ئۆسىدىغان بىر خىل ئۆسۈملۈك بولۇپ، ئەتراپىدىكى دەرەخلەرگە يامىشىپ ئۆسىدۇ. يوپۇرمىقى تەنبۇل دەرىخىنىڭ يوپۇرمىقىغا ئوخشايدۇ. سۇ بويلىرى ۋە سايە يەرلەردە ئۆسىدۇ. مېۋىسى سوقىماق، ئاچچىق، يىپلىق بولىدۇ، خام ۋاقتىدا كۆك بولۇپ، پىشقاندىن كېيىن سارغىيىدۇ. يىلتىزى يەر ئاستىغا چوڭقۇرلاپ ماڭىدۇ. ئاق ۋە سېرىقتىن ئىبارەت ئىككى خىل بولىدۇ. ئېقى ياخشىراق بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئۇچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ئۇنىڭ يىلتىزىنى يەردىن كولاپ چىقىرىپ، پوستىنى ئاقلاپ سايىدا قۇرۇتۇپ، ئۇنىڭدىن 5.2 گىرام ئېلىپ، سالايە قىلىپ مائۇلھەسەل بىلەن ئىستېمال قىلسا ئۇلۇك ھامىلىنى چۇشۇرىدۇ. ئىچىنى سۇرىدۇ، سۈيدۈكنى زىيادە ھەيدەيدۇ. تۇز بىلەن ئىستېمال قىلسا قۇستۇرىدۇ. ھىندىستان خەلقى ئۇنى يەرقان ۋە ئىستىسقا بىمارلىرىغا ئىستېمال قىلغۇزىدۇ، توسالغۇلارنى ئېچىش ۋە كۆپلۈك سۈيدۈك ھەيدەش رولى بىلەن ئۇلارغا پايدا قىلىدۇ. ئۇ يەنە تەپ، كاناي ئىششىقى، زىققە نەپەس، بەلغەمدىن بولغان يۆتەلگە پايدا قىلىدۇ.

ئۇنىڭ ئۇرۇقى يەرقانغا پايدا قىلىدۇ. ئۇرۇقىنى بۇرۇنغا پۇركىسە بۇرۇندىن كۆپ مىقداردا سۇ ئاقتۇرۇپ يەرقانغا پايدا قىلىدۇ. قۇرۇق مېۋىسىنى سوقۇپ كالا ئۆتى بىلەن يۇغۇرۇپ بوۋاسىرغا زىمات قىلسا بوۋاسىر مونەكلىرىنى قۇرۇتىدۇ، ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ. شېكەر بىلەن ئىستېمال قىلسا ھەيز ماڭدۇرىدۇ (سىناقتىن ئۆتكەن). ئۇنىڭدىن كۆپ ئىستېمال قىلسا قۇستۇرۇش ۋە ئىچىنى سۇرۇش بىلەن ھالاك قىلىدۇ.

# بۇندۇق
## (ئورۇس ياڭىقى)

ئۇ پارسچە «فۇندۇق» دېگەن سۆزدىن ئەرەبچىلەشتۈرۈلگەندۇر. ئەرەبچە «جىللەۋز» دېيىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** ئۇ تاغدا ئۆسىدىغان بىر خىل دەرەخنىڭ مېۋىسىدىن ئىبارەت. بۇ دەرەخ بەزىدە چۆللەر ۋە باغلاردىمۇ ئۆسۈپ قالىدۇ. ھاۋا كىلىماتى سوغۇق بولغان ئەللەرگە خاستۇر. مېۋىسى ئۇچ قىرلىق، سەل يۇمىلاق بولىدۇ. يېڭىسىنىڭ مېغىزى ئاق، كونىسىنىڭ مېغىزى سېرىققا مايىل، ناھايىتى مايلىق بولۇپ، بادام مېغىزىغا ئوخشاش ئىككى پارچە بولىدۇ. مېغىزىنىڭ ئۈستىدە قارامتۇل قىزىل نېپىز پوستى بولىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىدە ياڭاق شاكىلى رەڭگىدە، خۇددى سەدەپتەك قاتتىق شاكىلى بولىدۇ. تولۇق پىشقاندىن كېيىن شاكىلىنى چېقىپ مېغىزى يېيىلىدۇ.

**تەبىئىتى:** بىرىنچى دەرىجىنىڭ ئاخىرىدا ئىسسىق، ئۇنىڭ باشلىرىدا قۇرۇقتۇر. ئۇنىڭ دەرەخلىرىنىڭ ھەممە قىسىملىرى، ھەتتا يوپۇرماقلىرى ۋە شاخلىرىمۇ قابىزلىق قۇۋۋىتىگە ئىگىدۇر. تەمى قىرتاق بولىدۇ. ھۆللۈكلەرنى قۇرۇتۇش تەسىرى باردۇر. بولۇپمۇ ئۇنىڭ شاكىلى ۋە مېغىزىنىڭ ئۈستىدىكى نېپىز پوستىنىڭ قۇرۇتۇش رولى كۈچلۈكتۇر.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** باھنى، ئۇچەيلەرنى، بولۇپمۇ ئاچچىق ئۈچەينى قۇۋۋەتلىگۈچى، مېڭىنى تەرەققىي قىلدۇرغۇچىدۇر. ئۇنى ئەنجۈر ۋە سۇزاپ بىلەن بىرلىكتە تائامدىن كېيىن ئىستېمال قىلسا، سوغۇق زەھەرلەرنى ۋە چايان چېقىۋالغان زەھەرنى قايتۇرىدۇ. ئۇنىڭدىن 30 گىرام ئېلىپ ھەسەل بىلەن ئىستېمال قىلسا كونا يۆتەلنى پەسەيتىدۇ. ھەسەل ياكى شېكەر بىلەن ئىستېمال قىلسا يۆتەل پەسەيتىدۇ، ئۆپكىدىكى بەلغەمنى بوشىتىدۇ، باھنى قۇۋۋەتلەيدۇ. قورۇپ ئاز مىقداردىكى پىلپىل بىلەن ئىستېمال قىلسا سوغۇقتىن بولغان نەزلىنى پىشۇرىدۇ، كۆكرەك ۋە ئۆپكىگە مەنپەئەت قىلىدۇ. رۇمبەديان بىلەن ئىستېمال قىلىنسا خەفەقانغا پايدا قىلىدۇ، بۆرەكنى قۇۋۋەتلەيدۇ، سۈيدۈك ئېچىشىپ كېلىشكە داۋا بولىدۇ. باھنى قۇۋۋەتلەيدۇ، سوغۇق زەھەرلەر ۋە چايان زەھىرىنى قايتۇرىدۇ. پوستىنى كۆيدۈرۈپ ئېيىق ياكى چوشقا يېغى بىلەن زىمات قىلسا دائىرىلىك چاچ چۈشۈشكە پايدا قىلىدۇ. ياغ بىلەن سالايە قىلىپ سۈت ئېمىۋاتقان بالىلارنىڭ لېپىلدىقىغا چاپسا كۆك كۆزنى قارا كۆزگە ئۆزگەرتىدۇ، كىرپىكنى قارايتىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇنىڭدىن تۆت دانە ئېلىپ ئۆيىنىڭ تۆت تەرىپىگە قويۇپ قويسا ھەم ئۆزى بىلەن بىرگە ساقلىسا شۇ ئۆي ۋە كىشىدىن چايان قاچىدىكەن. چايناپ كۆزدىكى خالغا چاپسا خالنى يوقىتىدۇ.

**زىيانلىق تەسرى:** ئۇنىڭ مېغىزى مېغىزلار ئىچىدە ئەڭ تەستە ھەزىم بولىدىغان بولۇپ، كۆپ ئىستېمال قىلسا يەل پەيدا قىلىدۇ، ئاشقازاننى تارتىشتۇرىدۇ، ئاشقازانغا زىيان قىلىدۇ، قەينى قوزغىتىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** سوغۇق مىزاجلىقلار ئۈچۈن سىركەنجۇبىل، قارا شېكەر؛ ئىسسىق مىزاجلىقلار ئۈچۈن سىركەنجۇبىل، قىزىلگۈل ئەرقى.

ئۇنىڭ ئاقلانغىنى ئاسان ھەزىم بولىدۇ. ئاقلانمىغىنى قەۋزىيەت پەيدا قىلىدۇ، باشنى ئاغرىتىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** قارا شېكەر، سۇرگۈچى جاۋارىشلار.

**ئورۇنباسارى:** چىلغوزا، ياڭاق مېغىزى.

**ئىستېمال مىقدارى:** 60 گىرامغىچە.

ئۇنىڭ يېڭى ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق بولۇپ، سوغۇقتىن بولغان يۆتەل، سوغۇقتىن بولغان كۆكرەك ۋە جىگەر ئاغرىقىغا پايدا قىلىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن مايلانسا چايان ۋە دۆڭنىڭ زەھىرىنى قايتۇرىدۇ.

**زىيانلىق تەسرى:** ئاشقازانغا زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** بېھى شەربىتى.

ئۇنىڭ كۆك پوستى ناھايىتى قابىز بولۇپ، بىر گىرامى كونا ئىچ سۈرۈشنى توختىتىدۇ. ئۇنىڭ مېغىزى ئۈستىدىكى نېپىز پوستىمۇ ئوخشاش تەسىرگە ئىگىدۇر.

## بۇندۇق ھىندىي

ئۇ ھىندىچە «رىتە»، نىبىتچە «رەتە»، بەربەرچە «ئەتموتو»، «ئەتموتا» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** ھىندىستاندا بولىدىغان بىر خىل چوڭ دەرەخنىڭ مېۋىسىدىن ئىبارەت بولۇپ، پىندۇقتىن چوڭراق، پوستى قىزىلغا مايىل قارا، سەرپىستانغا ئوخشاش پۈرلەشكەن بولىدۇ، پوستىنىڭ ئاستىدىن قارا رەڭلىك، شىلىمشىق، ئازراق تاتلىق، كۆپ ئاچچىق سۇيۇقلۇق چىقىدىغان بولۇپ، قۇرۇسا ۋە كونىرىسا ئازلاپ قالىدۇ، ھەتتا يوقىلىدۇ. ئۇنىڭ ئاستىدا يەنە ئۈستىدىكى پوستىدىن قاتتىقراق پوستى بولىدۇ، ئۇنىڭ ئىچىدىن قارا، قاتتىق، قىلىن ئۇرۇقچا چىقىدۇ، ئۇنىڭ ئىچىدە ئاق، تاتلىق مېغىزى بولىدۇ. ئۇنىڭ مېۋىسىنىڭ پوستى ئىشلىتىلىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىنىڭ ئاخىرىدا قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ئاشقازان، ھەزىم، پەيلەر - نېرۋىلار ۋە بوشىغان ئەزالارنى قۇۋۋەتلەيدۇ. زەھەرلەرنى قايتۇرىدۇ. ئۇنىڭدىن ئىككى گىرام ئېلىپ شاراب ۋە سىركەنجۇبىل

بىلەن ئىستېمال قىلىسا قۇلۇنجىغا داۋا بولىدۇ. ئۇنىڭدىن بەش گىرام ئېلىپ، سۇ بىلەن تاكى كۆپۈكى چىققۇچە سۇركەپ سۈزۈلدۈرۈپ ئىچسە يېلان، چايان، دۇ چېقىۋېلىش، تۆت كۈندە بىر قېتىم تۇتىدىغان قىزىتما، ئىچ سۈرۈش، قانلىق ئىچ سۈرۈش قاتارلىقلارغا پايدا قىلىدۇ. ئۇنىڭدىن قارىمۇچ چوڭلۇقىدا ئېلىپ، سوقۇپ تالقان قىلىپ بۇرۇنغا پۈركىسە باش ئاغرىقى ۋە باشنىڭ يېرىمى ئاغرىش، بىرىكتۇرگۇچى پەردە ياللۇغى، كۆزگە پەردە ئۆسۈش، لەقۋا، پالەچ، تۇتقاق كېسەل، كۆز قاراڭغۇلىشىش، پۇراش سېزىمى يوقىلىش قاتارلىقلارغا پايدا قىلىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن ئىسرىق سالسا ساراڭلىق ۋە كىچىك باللاردىكى تۇتقاق كېسەلگە مەنپەئەت قىلىدۇ. يالغۇز زىمات قىلىنسا يىلان، چايان ۋە دۇ چېقىۋېلىشلارغا مەنپەئەت قىلىدۇ. سىركە بىلەن زىمات قىلسا چاشقان يارىسى، بەل ۋە ئۇچىغا يەل تۇرۇۋېلىش ھەم كىچىك باللاردىكى تۇتقاق كېسەلگە مەنپەئەت قىلىدۇ. ئۇنىڭ قاينىتىلمىسىنى سۈرمە بىلەن بىرلىكتە كۆزگە سۈركىسە ئالىغايلىق ۋە كۆزگە سۇ چۈشۈشكە مەنپەئەت قىلىدۇ. ئۇنى سۇ بىلەن كۆپۈكى چىققۇچە سالايە قىلىپ كۆپۈكىنى يىلان چېقىۋالغان كىشىگە يېگۈزسە زەھەر قايتۇرىدۇ. ئۇنىڭ يىلتىزىدىن ئالتە گىرام ئېلىپ ئىشلەتسە، سوغۇقتىن بولغان كۆكرەك پەردە ياللۇغى، كاناي ئىششىقى، يۆتەل ۋە قان تۈكۈرۈشكە مەنپەئەت قىلىدۇ. ئۇنىڭ مېغىزى بىلەن پەرزىجە قىلسا ھامىلە چۈشۈرىدۇ. ھەيزنى راۋانلاشتۇرىدۇ. ئۇنىڭ ئۇچ گىرامى بالىياتقۇ ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ. 3.1~5 گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ. ئۇنىڭ ھەر بەش گىرامغا ئىككى مىللىگىرام سوقمونىيا ئارىلاشتۇرۇپ ئىشلەتسە ئىچ سۈرۈشكە ناھايىتى ياخشى مەنپەئەت قىلىدۇ. ئۇنىڭ ئالتە گىرامىنى سوقۇپ سىركەنجىۋىل ياكى قىزىلگۈل ئەرقى بىلەن بىرلىكتە مەلۇم مەزگىل چىلاپ قويۇپ سىركەنجىۋىل، ئەدەس ياكى ئاقلانغان ئارپا بىلەن ياخشى قاينىتىپ شورپىسىنى مۇۋاپىق مىقداردىكى سوقمونىيا بىلەن ئىچسە، كۆيگەن خىلىتلارنى سۈرۈپ چىقىرىدۇ. ئۇنىڭ مېغىزىنىڭ ئارىسىدىكى كۆك نەرسىسىنى ئىستېمال قىلسا قۇلاقنى ئېغىرلاشتۇرىدۇ.

## بەنج

(بەزرۇلبەنجى ئۆسۈملۈكى)

بۇ سۆز پارسچە «بەنگ» دېگەن سۆزدىن ئەرەبچىلەشتۈرۈلگەندۇر. ئەرەبچە «سىكران»، يۇنانچە «ئەفىيقۇن»، سۈريانچە «ئەزمالۇس»، بەربەرچە «ئەقتەفىيت»، «ئەسقىيراس»، ھىندىچە «ئەجۋائىن خۇراسانىي»، دەيلەمچە «كىرجەك» دەپ ئاتىلىدۇ. چۈنكى ئۇنىڭ غىلاپى پەلەيگە ئوخشايدۇ.

ماھىيىتى: ئۇ بىر خىل ئۆسۈملۈك بولۇپ، يوپۇرمىقى بادرەنجى يوپۇرمىقىغا ئوخشاش،

ئۇنىڭدىن قىلىنىراق، كەڭلىكى ۋە ئۇزۇنلۇقى ئۇنىڭدىن ئارتۇقراق، قارىغا مايىل يېشىل، تۇكلۇك، تەمى ئۆتكۈر بولۇپ، زىبىيان ئۆسۈملۈكىنىڭ تەمىگە ئوخشاش. پۇرىقىمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش بولىدۇ. غولى توم بولۇپ، ئۇستىدە يوڭغا ئوخشاش تۈكچىلىرى بولىدۇ. مېۋىسى ئانارگۈلگە ئوخشاش غىلاپ ئىچىدە بولۇپ، ئۇزۇنىسىغا دەستىلىنىپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭ شاخلىرى بىر - بىرىنىڭ ئاستىدا بولۇپ، يوپۇرماقلىرىنىڭ ئاستىدىن ئۆسۈپ چىقىدۇ. بۇ شاخلار شۇمشا ئۇرۇقىغا ئوخشايدىغان ياكى ئۇنىڭدىن ئۇششاقراق بولغان، يۇمىلاق بولمىغان ئۇرۇقلار بىلەن توشقان بولىدۇ.

بۇ ئۆسۈملۈك قارا، قىزىل، ئاقتىن ئىبارەت ئۈچ خىل بولىدۇ. قارىسىنىڭ گۈلى بىنەپشە رەڭ بولىدۇ. ئۇرۇقى رەيھان ئۇرۇقىغا ئوخشاش، سەل قارا، قارىلىقى رەيھان ئۇرۇقىدىن كەمرەك بولىدۇ. قىزىلىنىڭ گۈلى سېرىققا مايىل بولىدۇ. ئۇرۇقى تۇدەرىگە ئوخشايدۇ. ئېقىنىڭ گۈلى ئاق بولىدۇ. يوپۇرمىقىنىڭ قارىلىقى ۋە قېلىنلىقى كەمرەك بولىدۇ. دەسلەپكى ئىككى تۈرى زەھەرلىك بولغاچقا ئىشلىتىلمەيدۇ. ئۇنىڭ ئاق رەڭلىك بولغان ئۈچىنچى خىلى ئىشلىتىلىدىغان بولۇپ، قالغان ئىككى تۈرىگە نىسبەتەن ئاز ئۇچرايدۇ. بەزى يەرلەردە ئۇنىڭ قىزىلى ئىشلىتىلىدۇ. بەزى تېۋىپلار ئۇنىڭ ھەممە قىسمىنى سوقۇپ، سۈيىنى سىقىپ چىقىرىپ ئاپتاپتا قۇرۇتۇپ، زۆرۈر بولغاندا ئىشلىتىدۇ. يەنە بەزىلەر ئۇنىڭ ھەممە قىسمىنى سوقۇپ، بۇغداي ئۇنى قوشۇپ قۇرس ياساپ، قۇرۇتۇپ ساقلايدۇ. قۇۋۋىتى بىر يىلغىچە ساقلىنىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئاجىزلىششقا باشلايدۇ.

**تەبىئىتى:** قارىسى ئۈچىنچى دەرىجىنىڭ ئاخىرىدا بەلكى تۆتىنچى دەرىجىنىڭ بېشىدا قۇرۇق سوغۇق، قىزىلىنىڭ قۇرۇق سوغۇقلۇقى كەمرەك، ئېقىنىڭ قۇرۇق سوغۇقلۇقى تېخىمۇ كەم، يەنى ئۈچىنچى دەرىجىنىڭ باشلىرىدا قۇرۇق سوغۇقتۇر.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ئۇنىڭ ھەممە قىسمى نەزلە سۇيۇقلۇقلىرى ۋە ھۆللۈكلەرنىڭ كۆزگە قۇيۇلۇشىنى توختاتقۇچى، قۇلاق ئاغرىقلىرىنى پەسەيتكۈچى، سېزىمسىزلاندۇرغۇچى، ئۇخلاتقۇچى، ھەرقانداق ئەزادىن كەلگەن قاننى ۋە بالىياتقۇدىن كەلگەن سۇيۇقلۇقلارنى توختاتقۇچى، ئەزالارنى قۇۋۋەتلىگۈچى، ماددىلارنىڭ قۇيۇلۇشىنى توسقۇچى، قۇرۇتقۇچى، كونا باش ئاغرىقى، بوغۇملارنىڭ لوقۇلداپ ئاغرىشى، ئولتۇرغۇچ نېرۋا ئاغرىقى ۋە ئۇششاق بوغۇملار ئاغرىقلىرىنى پەسەيتكۈچىدۇر. ئۇنىڭ ئۇسارىسىنى ئارپا ئۇنى بىلەن زىمات قىلسا ئىسسىقتىن بولغان ئىششىقلارنى تارقىتىدۇ. قۇلاق ۋە كۆز ئاغرىقلىرىنى پەسەيتىدۇ. ئۇنىڭ ئۇرۇقىنى شاراب بىلەن ئىشلەتسە نۇقرەس، ئەمچەك ۋە ئۇرۇقدان ئىششىقلىرىغا مەنپەئەت قىلىدۇ. موي يۇلۇۋېتىلگەندىن كېيىن ئورنىغا تەكرار سۈركىسە قايتا موي ئۇنۇشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. ئۇنىڭ قاينىتىلمىسىنى سىركە ياكى ئۇنىڭ ئۇچتىن بىر ھەسسىسىچىلىك ئەپيۇن بىلەن ئىشلەتسە يارىلارنى قۇرۇتىدۇ. ئۇنىڭ كۈلىنى دارچىن ، زەنجىۋىل ۋە ھەسەل

بىلەن مەلھەم قىلىپ سۈركىسە ئاشقازان ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ. ئۇنى ئەنجۈر بىلەن پىلتە قىلىپ ئىشلەتسە بوۋاسىر ۋە مەقئەت كېسەللىكلىرىگە مەنپەئەت قىلىدۇ. ئۇنىڭ ھۆل يوپۇرمىقى ۋە شاخلىرىنى قايىنىتىپ ئىستېمال قىلسا ئىنتايىن سەمرىتىدۇ. ئەمما ئۆچ كۆڭگچە ئەقىلنى كېسىدۇ. ئۇنىڭ يوپۇرمىقىدىن ئۈچ ـ تۆت دانە ئېلىپ شاراب بىلەن ئىستېمال قىلسا ئىسسىقلىق ۋە سوغۇقلۇقتىن پەيدا بولغان تەپكە مەنپەئەت قىلىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن ئىسرىق سالسا قول تەمرەتكىسى، چىشلارنى قۇرت يېيىش ۋە قاناشلارغا مەنپەئەت قىلىدۇ. ئۇنىڭ ئۇرۇقىدىن 1.5 گىرام ئېلىپ، ئىككى ھەسسە خەشخاش ئۇرۇقى ۋە مائۇلھەسەل بىلەن ئىستېمال قىلسا يۆتەل ۋە قان تۈكۈرۈشكە مەنپەئەت قىلىدۇ. ھەرقانداق ئەزا ۋە بالىياتقۇدىن كەلگەن قاننى توختىتىدۇ. ئۇنىڭ ئالتە مىللىگىرامىنى ھەسەل بىلەن ئىستېمال قىلسا نۇقرەسىنىڭ ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ. ئۇنىڭ يوپۇرمىقىنى زىمات قىلسا ۋە تىلا ناملىق شاراب بىلەن ئىستېمال قىلسا ئۇستىخان يەل يارىسىغا مەنپەئەت قىلىدۇ. ئۇنىڭ يوپۇرمىقىنى قايىنىتىپ توخۇ تۇخۇمىنىڭ سېرىقى ۋە ياغ بىلەن مەلھەم قىلىپ چاپسا يىرىق ۋە ئۇرۇقدان ئاغرىقلىرىنى پەسەيتىدۇ. باقلىلە ئۇنى بىلەن چاپسا ئەمچەك ۋە ئۇرۇقداننىڭ چوڭىيىشىنى توسىدۇ. ھەسەل بىلەن چاپسا ئۇرۇقدان ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ. ئۇنىڭ يوپۇرمىقىنى ھايۋانات يېغى ياكى توخۇ تۇخۇمىنىڭ سېرىقى بىلەن قورۇپ زىمات قىلسا مەقئەت ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ. ئۇنىڭ ئۇرۇقىدىن باراۋەر مىقداردىكى ئەپيۇن بىلەن ھەب ياساپ باقلىلە ياكى نوقۇت چوڭلۇقىدا يۇتسا ئۇزۇن ئۇخلىتىدۇ. ئۇنىڭ ئۇرۇقىنى سالايە قىلىپ قەتران بىلەن يۇغۇرۇپ، چىشلارنىڭ قۇرت يېگەن كاۋىكىغا سېلىپ قويسا ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن پەرزىجە قىلسا بالىياتقۇ يارىسىنى ساقايتىدۇ، ھۆللۈكلىرىنى قۇرۇتىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن زىمات قىلسا كونا جىگەر ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ. ئۇنىڭ ۋە ئۇنىڭ يىلتىزىنىڭ قايىنىتىلمىسى بىلەن ئېغىز چايقىسا چىش ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ.

**ئورۇنباسارى:** ئەپيۇن.

**زىيانلىق تەسىرى:** توسالغۇ پەيدا قىلىدۇ، باشنى قايدۇرىدۇ، گالنى بوغىدۇ، ساراڭ قىلىدۇ. خۇددى جالىنۇس ئېيتقاندەك ئۇنىڭ قارىسى تېخىمۇ شۇنداقتۇر. ئۇنىڭ قىزىلىنىڭمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش زەرەرلىرى بار.

**تۈزەتكۈچىسى:** ھەسەل، رۇمبەدىيان.

**ئىستېمال مىقدارى:** ئېقىدىن1.5 ~ 2.5 گىرامغىچە. قىزىلىدىن 1.5 گىرامغىچە، قارىسىدىن سەككىز مىللىگىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

ئۇنىڭ يوپۇرمىقىدىن تەييارلانغان قۇرسىنىڭ ئاغرىق پەسەيتىش تەسىرى ئۇنىڭ يىلتىزىدىن كۈچلۈكرەكتۇر. ئۇنىڭ ئۇسارىسىنى ھەسەل بىلەن تېمىتسا قولاق ئاغرىقىنى، گۆل يېغى بىلەن تېمىتسا چىش ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ. ئۇنىڭ ھۆل يوپۇرمىقى، ھۆل شېخى

ۋە ھۆل ئۇرۇقىنى بىرلىكتە ياكى ھۆل ئۇرۇقىنى يالغۇز سوقۇپ، ئۇستىگە ئىلمان سۇ سېپىپ سۈيىنى چىقىرىپ، كۆز ئاغرىقلىرىنى پەسەيتكۈچى شىيافلارغا قوشۇپ ئىشلەتسە كۆز ئاغرىقلىرىنى پەسەيتىدۇ، كۆزدىن ئاقىدىغان سۇيۇقلۇقلارنى پەسەيتىدۇ. ئۇنىڭ ئۇرۇقىنى سوقۇپ، ئېشەك سۈتى بىلەن يۇغۇرۇپ بۇغا تېرىسىگە ئوراپ، ئايال كىشىگە ئېسىپ قويسا ئۆزىدىن ئايرىمىسىلا ھامىلىدار بولمايدۇ.

ئۇنىڭ قارىسىنىڭ 12 گىرامى بىخۇد ئۇخلىتىش، كۆزنى قاراڭغۇلاشتۇرۇش، قىزارتىش، بەدەننى سوۋۇتۇش، ئارقىدىن قىزىتىش، نەپەسنى قىستاش، بەدەن رەڭگىنى سارغايتىش، ساراڭ قىلىش، كۆزنى تورلاشتۇرۇش، تىلنى ئىششىتىش، گەپتىن قالدۇرۇش، ئېغىزدىن كۆپۈك ئۆرلىتىش، گالنى بوغۇش، ئىككى كۈندىن كېيىن ئۆلتۈرۈش بىلەن كىشىنى ھالاك قىلغۇچىدۇر.

قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن مائۇلھەسەل، ئۆچكە سۈتى ياكى ئېشەك سۈتى ياكى كالا سۈتى ئىچۈرۈپ تەكرار قەي قىلدۇرۇلىدۇ. ئەنجۈرنى سۈت بىلەن قاينىتىپ ئىچۈرۈلىدۇ. چىلغوزا، مامىسا ئۇرۇقى، بەسباسە، چامغۇر، سامساق، پىياز، زاغۇن ئۇرۇقى، ئەنجۈر قاتارلىقلار قاينىتىپ ئىچۈرۈلىدۇ. كونا چوشقا يېغى بىلەن مەلھەم قىلىپ چېپىلىدۇ. تىلا دەپ ئاتالغان شارابنى ئىسسىتىپ ئىشلەتسە كۆپ مەنپەئەت قىلىدۇ.

ئۇنىڭ ئېقىنىڭ ئۇرۇقىنى سوقۇپ، ئىسسىق سۇ بىلەن يۇغۇرۇپ ئاپتاپتا تۇرغۇزۇپ، سىقىپ چىقىرىلغان يېغى بىلەن ياغلانسا باشنىڭ سەپرادىن بولغان يارىلىرى، قوتۇر ۋە قىچىشقاققا مەنپەئەت قىلىدۇ. بۇرۇنغا تېمىتسا ئىسسىقتىن بولغان باش ئاغرىقى ۋە ئۇيقۇسىزلىققا مەنپەئەت قىلىدۇ. قۇلاققا تېمىتسا قۇلاق ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن ھەمەل قىلسا بالىياتقۇنىڭ قاتتىق ئىششىقىنى پەسەيتىدۇ. ئۇنىڭ ئۇرۇقىغا يېرىم ھەسسە قارا سۇنا ئۇرۇقى، ئۈچتىن بىر ھەسسە خەشخاش ئۇرۇقى قوشۇپ سوقۇپ، چىقىرىلغان يېغىنى ئىستېمال قىلسا، بۇرۇنغا تېمىتسا، مايلانسا تۇرلۇك زەھەرلەرنى قايتۇرىدۇ. مېڭە پەردە ياللۇغى، مالىخولىيا، ئۆز-ئۆزىگە سۆزلەش ۋە ھاسىراشلارغا مەنپەئەت قىلىدۇ.

## بىنتافەلۇن
(بەشيوپۇرماق)

بۇ يۇنانچە سۆز بولۇپ، بەشيوپۇرماق دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. ئۇ پارسچە «پەنجەنگۇشت» (بەشبارماق) دەپ ئاتىلىدىغان «ئەسلەق» ئۆسۈملۈكى ئەمەس. ئۇ يۇنانچە يەنە بەشيوپۇرماق دېگەن مەنىدە «بىنتافىلۇن» دەپ ئاتىلىدۇ. بەزىلەر بەشيوپۇرماق دېگەن مەنىدە «بىنتاتۇس»دەپ ئاتايدۇ، يەنە بەزىلەر بەشقانات دېگەن مەنىدە «بىنتاناتى» دەپ ئاتايدۇ. ئۇ يەنە

باشقا تىللاردىمۇ ھەر خىل ناملار بىلەن ئاتالغان. ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ مەنىسى بىر - بىرىگە يېقىنلىشىدۇ.

**ماھىيىتى:** بۇ بىر خىل ئۆسۈملۈك بولۇپ، «پەنجەنگۇشت» (بەشبارماق) ئۆسۈملۈكىگە ئوخشايدۇ. شاخلىرى ئىنچىكە بولۇپ، غېرىچ ئېگىزلىكىدە بولىدۇ. يوپۇرمىقى نەئنائ يوپۇرمىقىغا ئوخشايدۇ. ھەربىر شېخىدا بەش دانە، ئاز ۋاقىتلاردا ئۇنىڭدىن ئارتۇق يوپۇرماق بولىدۇ. يوپۇرمىقىنىڭ چۆرىسى ھەرىگە ئوخشاش چىشلىق بولىدۇ. گۈلى ئاق رەڭ بىلەن سېرىق رەڭنىڭ ئارىلىقىدا بولىدۇ. «پەنجەنگۇشت» ئۆسۈملۈكى ئۇنىڭ ئەكسىچە بولۇپ، ئۇنىڭ گۈلى قىزىل ۋە كۆككە مايىل، يوپۇرمىقى زەيتۇن يوپۇرمىقىغا ئوخشاش، ئۇنىڭدىن ئۇششاقراق بولىدۇ. قولغا سۈركىسە بەسباسىگە ئوخشاش خۇش پۇراق پۇرايدۇ. ئۆسۈملۈكى ئانار دەرىخىگە ئوخشايدۇ. شاخلىرى قاتتىق بولىدۇ. مېۋىسىدىن ئىبارەت بولغان ئۇرۇقى پىلپىل چوڭلۇقىدا بولىدۇ. ئۇ «بىنتافەلۇن» ئۆسۈملۈكىنىڭ ئەكسىچە بولۇپ، بۇنىڭ ئۆسۈملۈكى ئۇنچىلىك ئېگىز بولمايدۇ. شاخلىرى ئۇنچىلىك قاتتىق ئەمەس. مېۋىسى يوق. ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىسى سۇ بويلىرىدا ئۆسىدۇ. «بىنتافەلۇن» نىڭ يىلتىزى قىزىلغا مايىل تۇم بولۇپ، مەنپەئىتى كۆپتۇر. تەمى ئۆتكۈر ئەمەس.

**تەبىئىتى:** ئۇنىڭ ھەممە قىسىملىرى مۆتىدىلگە يېقىن. ئۇچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق. بەزىلەر ئىككىنچى دەرىجىدە ئىسسىق، قۇرۇتقۇچى قۇۋۋەتكە ئىگە دەپ بىلگەن.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ماددىلارنى تارقاتقۇچى، دورىلارنىڭ زەھەرلىرىنى قايتۇرغۇچىدۇر. يوپۇرمىقىدىن 10 گىرام ئېلىپ، ھەسەل، يامغۇر سۈيى، مائۇلھەسەلدىن تەييارلىنىدىغان «زەرومالىي» دەپ ئاتىلىدىغان شاراب ۋە باراۋەر مىقداردىكى پىلپىل بىلەن ئىستېمال قىلسا ساپ بولمىغان ئارىلاپ تۇتقۇچى تەپ ۋە بەلغەمدىن بولغان كونا تۇتقاقلىق تەپكە مەنپەئەت قىلىدۇ. ئۇنىڭ خاسىيەتلىرىنىڭ بىرى شۇكى، ئۇنىڭ تۆت شېخىدىن بىردىن، تۆت يوپۇرماق ئېلىپ ئىستېمال قىلسا، تۆت كۈندە بىر تۇتىدىغان تەپكە، ئۇنىڭ ئىككى شېخىدىن بىر تالدىن، ئىككى يوپۇرماق ئېلىپ ئىستېمال قىلسا تۇتقاقلىق تەپكە، ئۇنىڭ بىر شېخىدىن بىر تال يوپۇرماق ئېلىپ ئىستېمال قىلسا كۈندە بىر قېتىم تۇتىدىغان تەپكە مەنپەئەت قىلىدۇ. ئۇنىڭ بىرتال شېخىدىن بىر يوپۇرماق ئېلىپ كۈنىگە بىر تالدىن ئىستېمال قىلىپ بىر ئايغىچە داۋاملاشتۇرسا، كونا تۇتقاق كېسەلگە مەنپەئەت قىلىدۇ. ئۇنىڭ يوپۇرمىقىنىڭ ئۇسارىسىدىن ئىككى گىرام ئېلىپ، داۋاملىق ئىستېمال قىلسا يەرقانغا مەنپەئەت قىلىدىغان بولۇپ (سىناقتىن ئۆتكەن)، ئىچكى ئەزالارنىڭ قېنىنى توختىتىدۇ، سىرتقى ئەزالارغا سۈركىسە سىرتقى قاناشنى توختىتىدۇ. ئۇنىڭ يوپۇرمىقىنى تۇز ۋە ھەسەل بىلەن زىمات قىلسا جاراھەتلەرنى پۈتتۈرىدۇ. بوۋاسىر ۋە سەينەككە مەنپەئەت قىلىدۇ. شۇنداقلا ئۇنىڭ يوپۇرمىقىنى مەقئەت ياكى ئۇچەيلەرگە زىمات قىلسىمۇ مەزكۇر

كېسەللىكلەرگە شىپا بولىدۇ، قان توختىتىدۇ. يېڭى جاراھەتلەرگە سەپسىمۇ پايدا قىلىدۇ. ئۇنىڭ يوپۇرمىقىنى ئاستىغا سېلىپ ياتسا ئېھتىلام بولۇشنى ئازايتىدۇ. ئۇنىڭ يوپۇرمىقىنىڭ سۈيى ئاتنىڭ بۇرنىغا تېمىتىلغاندىن كېيىن چاپتۇرۇپ تەرلىتىلسە، ئات قوتۇرىغا پايدا قىلىدۇ. ئۇنىڭ يىلتىزىنىڭ ئۇسارىسى ئىچ سۈرۈش، جىگەر، ئۆپكە ئاغرىقى، ئۈچەي يارىسى، بوغۇملار ۋە ئولتۇرغۇچ نېرۋا ئاغرىقى ھەم تۇتقاق كېسەلگە پايدا قىلىدۇ. ئۇنىڭ ئۇچ گىرامى ئۆلتۈرگۈچ دورىلارنىڭ زەھەرلىرىنى قايتۇرىدۇ. ئۇنىڭ يىلتىزىنى سوقۇپ سىركە بىلەن قاينىتىپ زىمات قىلسا بەلباغسىمان قوقاقنىڭ تارقىلىشىنى چەكلەيدۇ، چاشقان يارىسىنى يوقىتىدۇ، قاتتىق ئىششىقلار ۋە بەلغەمدىن بولغان ئىششىقلارنى تارقىتىدۇ، قان ئېلىنغان تومۇرلارنىڭ كۆپۈپ قېلىشى ۋە ئىششىشىغا داۋا بولىدۇ. چىيقان، قىزىل، سەينەك، مونەكلىك بوۋاسىر ۋە قوتۇرغا پايدا قىلىدۇ. يىلتىزىنى سۇ بىلەن تاكى سۇنىڭ ئۇچتىن بىر قىسمى پارغا ئايلانغىچە قاينىتىپ، قالغان سۈيى بىلەن غار ـ غار قىلسا گالنى سىلىقلاشتۇرىدۇ. ئېغىز چايقىسا ۋە ئېغىزدا تۇتسا چىش ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ، ئېغىزدىكى يامان يارىلارنىڭ كېڭىيىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. ئۇنى ئىچسە ئىچ سۈرۈش، ئۈچەي يارىسى، بوغۇملار ئاغرىقى ۋە ئولتۇرغۇچ نېرۋا ئاغرىقىغا پايدا قىلىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** ئاشقازانغا زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** سىركەنجىۋىل.

**ئىستېمال مىقدارى:** 5 ~ 15 گىرامغىچە.

**ئورۇنباسارى:** تەرياقلاردا ئۇسقۇلۇقەندەرىيۇن، تۇتقاق كېسەل ئۇچۇن زۇمرەت.

ئېيتىشلارغا قارىغاندا بىنتافەلۇن ئۇسۇملۇكى ھىندىچە «ھەلھەل» دەپ ئاتىلىدىكەن. ئۇچ خىل بولىدىكەن، بىرىنچى خىلىنىڭ گۈلى سېرىق بولۇپ، ناھايىتى ئاز ئۇچرايدۇ. ئىشلىتىدىغان كىشىلەر ئۇنى ناھايىتى ئەتىۋارلىق بىلىدۇ. ئىككىنچى خىلىنىڭ گۈلى قىزىل بولىدۇ. ئۇچىنچى خىلىنىڭ گۈلى ئاق بولۇپ، ناھايىتى كۆپ ئۇچرايدۇ. ئۇنىڭ ئۇسۇملۇكى بىر يېرىم غۇلاچتىن ئىككى غۇلاچقىچە ئۆسىدۇ. شاخلىق بولۇپ، ھەربىر شېخىنىڭ ئۇچىدا يەنە ئىنچىكە شاخلىرى كۆپ بولىدۇ. ھەربىر شاخىنىڭ ئۇچىدا يالپۇز ئۇسۇملۇكىنىڭ يوپۇرمىقىغا ئوخشايدىغان بەش دانە يوپۇرمىقى بولىدۇ. يوپۇرمىقى ناھايىتى سېسىق پۇرايدۇ. ئۇنىڭ ئىنچىكە شاخلىرىنىڭ تۈۋىدىن يەنە ئىككى دانە ناھايىتى ئىنچىكە شاخ ئۆسۈپ چىققان بولۇپ، ھەربىرىنىڭ ئۇچىدا ناھايىتى كىچىك يوپۇرماق ئۆسۈپ چىقىدۇ. ئۇلارنىڭ ئەتراپىدا يەنە ئىنچىكە شاخلار بار بولۇپ، ئۇلاردىن ئۇزۇنچاق پىلتىلەر ئۆسۈپ چىققان بولۇپ، ئۇلار ئۇنىڭ مېۋىسىدۇر. مېۋىسىنىڭ ئىچى قارا، ئۇششاق، كونۇس شەكىللىك ئۇرۇقلار بىلەن توشقان بولىدۇ. بۇ ئۇرۇقلار پىشقاندىن كېيىن قارىدايدۇ. بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ غولى كاۋاك بولىدۇ. ھىندىستان خەلقى ئۇنى ھۆل ئىسسىق دەپ بىلىدۇ.

يوپۇرمىقىنى پىشۇرۇپ يەيدۇ ۋە ئىستىسقا، قۇلۇنجى كېسەللىكلىرىگە پايدا قىلىدۇ، يەل تارقىتىدۇ، دەپ بىلىدۇ. يوپۇرمىقىنىڭ سۈيىنى قۇلاققا ئۈچ تېمىم تېمىتسا قۇلاقتىكى يارىنى ساقايتىدۇ، ئاغرىقنى پەسەيتىدۇ. ئەمما دەسلەپتە قاتتىق ئاغرىتىدۇ، ئارقىدىن ئاغرىق پەسەيتىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇنىڭ بىر دانە يوپۇرمىقىنى ئىتياڭقى ئۆسۈملۈكىنىڭ بىر دانە يوپۇرمىقى بىلەن سوقۇپ، بەلغەمدىن بولغان تەپ بىمارىغا يېگۈزسە بىر قېتىمدىلا ساقايتىدىكەن. ئۇنىڭ يىلتىزىنى تەنبۇل دەرىخى يوپۇرمىقى بىلەن بىرلىكتە بەلغەمدىن بولغان تەپنىڭ بىر تۈرى بولغان «سانجىر» تىپى تۇتقان كۈنلەردە 3～4 كۈنگىچە ئىستېمال قىلسا مەزكۇر تەپكە پايدا قىلىدىغان بولۇپ سىناقتىن ئۆتكەن. تازىلانغان تۆمۈر پوقىنى ئىككى كۈن سالايە قىلىپ، ئۇنىڭغا مەزكۇر ئۆسۈملۈكنىڭ ئۇسارىسىدىن تاكى ئۇستىدىن تۆت ئىلىك ئاشقۇدەك مىقداردا قۇيۇپ، 40 كۈنگىچە ئاپتاپتا قويۇپ مۇدەببەر قىلغاندىن كېيىن يەنە سالايە قىلىپ يىپەك رەختتىن ئۆتكۈزۈپ، تەنبۇل دەرىخى يوپۇرمىقى سۈيى بىلەن يۇغۇرۇپ كەنار مېۋىسى چوڭلۇقىدا ھەب ياساپ، كۈنىگە بىر تالدىن ئىستېمال قىلسا قويۇق يەللەرنى تارقىتىدۇ، يەلدىن بولغان قۇلۇنجىغا شىپا بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۇرۇقىدىن ئۈچ گىرام ئېلىپ، باراۋەر مىقداردىكى نانخا بىلەن ئىستېمال قىلسا ئىستىسقاغا مەنپەئەت قىلىدۇ.

## بەنەفسەج
(بىنەپشە)

ئۇ پارسچە «بەنەفشە» دېگەن سۆزدىن ئەرەبچىلەشتۈرۈلگەندۇر. ئەرەبچە «فىر فىير»، يۇنانچە «ئەبرۇ» دېيىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** ئۇ بىر خىل ئۆسۈملۈك بولۇپ، بىر غېرىچتىن بىر يېرىم غېرىچقىچە ئۆسىدۇ. ناھايىتى كۆپ شاخلىرى بار بولۇپ، ھەممىسى بىر يىلتىزدىن ئۆسۈپ چىققان بولىدۇ، بۇ شاخلار ئۇنىڭ يوپۇرمىقىنىڭ سېپى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭ يوپۇرمىقى ئانار، خېنە يوپۇرمىقىغا ئوخشايدۇ. ئەمما يوپۇرمىقىنىڭ تۆۋەن تەرىپى كەڭرەك ۋە چوڭراق، ئىككى بۇرجىكى سەل كۆتۈرۈلگەن بولىدۇ، ئومۇمەن كونۇس شەكىللىك بولىدۇ. ئۆسۈملۈكىنىڭ ئوتتۇرىسىدىن ئىنچىكە شاخلار ئۆسۈپ چىققان بولۇپ، ھەربىر شاخنىڭ ئۇچىدا ناھايىتى خۇش پۇراق، بىنەپشە رەڭلىك كىچىك گۈلى بولىدۇ. بۇ ئۆسۈملۈك نېپال تاغلىرى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى رايونلاردىمۇ ئۆسىدۇ، ئەمما ئۇنىڭ گۈللىرى كىچىكرەك، سېرىق بولىدۇ. كۆپ ھاللاردا ئۇنىڭ لاجۇۋەرد رەڭلىك، خۇش پۇراق، يېڭى گۈللىرى ئىشلىتىلىدۇ.

**تەبىئىتى:** بىرىنچى دەرىجىدە سوغۇق، ئىككىنچى دەرىجىدە ھۆلدۇر. بەزىلەر بىرىنچى دەرىجىدە ھۆل سوغۇق دەيدۇ. يەنە بەزىلەر بىرىنچى دەرىجىدە ھۆل ئىسسىق دەپمۇ بىلگەن.

**خۇسۇسىيەتلىرى ۋە ئىشلىتىلىشى:** سەپرانى، بولۇپمۇ ئاشقازان ـ ئۈچەيلەردە تۇرۇپ قالغان سەپرانى سىلىق سۈرگۈچى، ئۇسسۇزلۇق ۋە قاننىڭ ئۆتكۈرلۈكىنى پەسەيتكۈچىدۇر. ئارپا سۈيى ۋە ئەينۇلا بىلەن ئىستېمال قىلسا ئىسسىق تەپلەر، خەفەقان، بىھوشلۇققا پايدا قىلىدۇ. ئىستېمال قىلسا، سۈيىنى يەرلىك ئورۇنغا قۇيسا، زىمات قىلسا يۇمشاق، قاتتىق ئىششىقلار، ئىسسىقتىن بولغان باش ئاغرىقى، باللار تۇتقاق كېسىلى، نەزلىلەر، زۇكام، يۆتەل، كۆكرەك ۋە گال يىرىكلىكى، بوغما كېسەل، كۆكرەك پەردە ياللۇغى، ئۆپكە ياللۇغى، ئاشقازان، جىگەر، تال كېسەللىكلىرى، مەقئەت چىقىپ قېلىش، دوۋساق ئېچىشىش، سۈيدۈك ئېچىشىپ كېلىش، سۈيدۈك تۇتۇلۇش، بۆرەك ئاغرىقى قاتارلىقلارغا پايدا قىلىدۇ. ھۆلىنى پۇرىسا ئۇخلىتىدۇ. ئۇنى سۇفۇپ قىلىپ كۈنىگە 6~12 گىرامغىچە سوغۇق سۇ بىلەن ئۇدا بىر نەچچە كۈن ئىستېمال قىلسا سەپرانىڭ ئۈچەينى غىدىقلىشىدىن بولغان ئىچ سۈرۈشنى توختىتىدۇ (سىناقتىن ئۆتكەن). ئۇنىڭ 15 گىرامىنى سالايە قىلىپ شىرخىست، شېكەر ۋە ئۇنىڭ ئوخشاشلىرى بىلەن ئىستېمال قىلسا ئىچىنى سۈرىدىغان بولۇپ تېز تەسىر قىلىدۇ. ئۇنى گۈلقەنت شىرنىسى بىلەن يۇغۇرۇپ ئىستېمال قىلسا مۇرەككەپ تەپلەرگە تەڭداشسىز پايدا قىلىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇنىڭ ھۆل گۈلى زەھەرلەرنى قايتۇرىدىكەن، ئۇخلىتىدىكەن. ئۇنى بابۇنە بىلەن قاينىتىپ سۈيىنى باشقا قۇيسا ئاغرىقنى پەسەيتىدۇ، ھارارەتنى ياندۇرىدۇ. يۆتەل پەسەيتىدۇ، مېڭە ۋە ئەزالارغا ھۆللۈك يەتكۈزىدۇ. يۇمشاق سالايە قىلىپ، باشقا ۋە پېشانىگە سۈركىسە باش ئاغرىقىغا پايدا قىلىدۇ. زىمات قىلسا ئاشقازان، جىگەر ئىششىقلىرى ۋە باشقا ئىسسىقتىن بولغان ئىششىقلارنى ياندۇرىدۇ. مەقئەت يېرىلىش ۋە ئىششىشقا مەنپەئەت قىلىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** (1) كۆپ ئىستېمال قىلسا يۈرەكنى زەئىپلەشتۈرىدۇ، كۆڭۈلنى غەش قىلىدۇ، ئاشقازاننى ئېغىرلاشتۇرىدۇ، كۆڭۈلنى ئاينىتىدۇ، ئىسسىق تەپلەرنى ئېغىرلاشتۇرىدۇ. بەزىلەر ئۇنىڭ بۇ زىيانلىرىنى ئۇنىڭ قۇرۇقىغا خاس دەپ بىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** ئاز مىقداردا رۇمبەدىيان.

(2) پۇرىسا زۇكامنى قوزغايدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** خەيرىگۈل، مەرزەنجۇش.

**ئورۇنباسارى:** نېلۇپەر، خۇبباز يوپۇرمىقى. يۆتەل ئۈچۈن گۈلى گاۋزىبان، باراۋەر مىقداردا چۈچۈكبۇيا يىلتىزى.

**ئىستېمال مىقدارى:** ئۆزىدىن 25 گىرامغىچە، مەتبۇخلاردا 50 گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بىنەپشىنى ھېلىلىگە ئوخشاش ئەزالارنى سىققۇچى ۋە قورۇغۇچى دورىلار بىلەن مۇرەككەپلەشتۈرۈپ ئىشلەتكەندە، بىرىنىڭ قۇۋۋىتىنىڭ يەنە بىرىنىڭ

قۇۋۋىتىگە زىت بولۇپ قالماسلىقىغا ۋە بىرى يەنە بىرىنىڭ قۇۋۋىتىنى بۇزۇۋەتمەسلىكىگە دىققەت قىلىش لازىم ئىكەن. يەنە كۆپ ھاللاردا ئۇنى قايناتماسلىق لازىم ئىكەن، چۈنكى كۆپ قاينىتىش ئۇنىڭ تەسىرىنى بۇزىدىكەن. ئۇنى شېكەر بىلەن ئىستېمال قىلسا ئىچ سۈرۈش تەسىرى كۈچىيىدۇ. ھەسەل بىلەن ئىستېمال قىلسا تەسىرى زەئىپلىشىدۇ. ئۇنىڭ قاينىتىلمىسى ئۆزگە قارىغاندا ئاشقازانغا ماس كېلىدىغان بولۇپ، ئاسانراق ھەزىم بولىدۇ. ئۇنى ئەينۇلا، چىلان، تەمرىھىندى، شاھتەررە ۋە ھېلىلە بىلەن ئىستېمال قىلسا سۈرۈش تەسىرى كۈچىيىدۇ، بولۇپمۇ ئۇنىڭ سۈيىگە تەرەنجىبىن، شىرخىست، مېغىزى فۇلۇسى، خىيار شەنبەر ئارىلاشتۇرۇپ ئېرىتىپ، بادام يېغى تېمىتىپ ئىچسە، ئىچ سۈرۈش تەسىرى تېخىمۇ كۈچلۈك بولىدۇ. ئۇنىڭ يوپۇرمىقىنىڭ سۈيىدىن ئۈچ گىرام ئېلىپ، ئۈچتىن بىرىچىلىك مىقداردا شېكەر ئارىلاشتۇرۇپ ئىچۈرۈلسە كىچىك بالىلارنىڭ مەقئەتتى چىقىپ قېلىشقا ناھايىتى ياخشى پايدا قىلىدۇ. ئۇنى زىمات قىلسا ئىسسىقتىن بولغان ئىششىقلار، ئاشقازان كۆيۈشۈش، كۆزنىڭ ھارارىتى ئېشىش، مەقئەت چىقىپ قېلىش، سەپرادىن بولغان قوتۇر ۋە قىچىشقاققا ناھايىتى پايدا قىلىدۇ.

ئۇنىڭ شەربىتى ياكى مۇراببىاسى يەنى گۈلقەنتىنى ئىستېمال قىلسا، كۆكرەك پەردە ئىششىقى، ئۆپكە ئىششىقىغا شىپا بولىدۇ. ئاشقازان ئېچىشىشنى پەسەيتىدۇ.

ئۇنىڭ يېغى ھۆل سوغۇق بولۇپ، ئۇخلىتىدۇ، قوتۇر، تەن يارىلىنىش، كۆكرەك يىرىكلىكى، يۆتەل، چاچ چۈشۈش قاتارلىقلارغا پايدا قىلىدۇ. ئەزالار ۋە بوغۇملارنى يۇمشىتىدۇ، تىرناقلارنىڭ ساقلىقىنى ساقلايدۇ. مۇنچىدا تەرلەنگەندىن كېيىن ئۇنىڭدىن ئالتە گىرام ئېلىپ ئىستېمال قىلسا ۋە داۋاملاشتۇرسا زىققىگە پايدا قىلىدۇ. ئۇنى موم بىلەن كىچىك بالىلارنىڭ كۆكرىكىگە زىمات قىلسا ئۇلارنىڭ يۆتىلىنى ناھايىتى ياخشى پەسەيتىدۇ. ئۇنى سۈيدۈك يولىغا تېمىتسا سۈيدۈك ئېچىشىپ كېلىش، دۈۋسۈن قىزىشلارغا پايدا قىلىدۇ. بۇرۇنغا تېمىتسا ئىسسىقتىن بولغان باش ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ، ئۇخلىتىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن كىندىكنى مايلىسا كونا يۆتەلنى پەسەيتىدۇ. سىناقتىن ئۆتكەن. بۇلۇت ياكى پاختىنى بىنەپشە يېغىغا مىلەپ مەقئەتكە تاڭسا تەڭداشسىز ئۇخلىتىدۇ.

**ئورۇنباسارى:** نىلۇپەر يېغى.

ئۇنىڭ يېغىنى چىقىرىشنىڭ بىرقانچە خىل ئۇسۇلى بار: بىرىنچىسى شۇكى، ئۇنى ئاقلانغان كۈنجۈت ياكى بادام مېغىزى بىلەن بىرلىكتە چىگە رەختكە ئوراپ تاكى كۈنجۈت بىلەن بادام مېغىزى بىنەپشە رەڭگە كىرگىچە ئۇۋۇلىنىدۇ. بىنەپشە گۈلى قۇرۇپ تۈگىسە يەنە يېڭى گۈل ئارىلاشتۇرۇلىدۇ. كۈنجۈت بىلەن بادام مېغىزى بىنەپشە گۈلىنى ئۆزىگە ياخشى سىڭدۈرگەندىن كېيىن خالىغان ۋاقىتتا ئۇنىڭدىن ياغ تارتىلىدۇ.

ئىككىنچىسى شۇكى، ھەر 450 مىللىلىتىر كۈنجۈت يېغىغا 150 گىرام بىنەپشە گۈلى

ئارىلاشتۇرۇپ ئاپتاپتا قويۇلىدۇ، نەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن گۈلنىڭ پىسەپىلىرىنى سۈزۈۋېتىپ، ئورنىغا يەنە يېڭى گۈلى قوشۇلىدۇ، يەنە بىر نەچچە كۈنگىچە ئاپتاپتا قويۇلىدۇ، تاكى ياغ بىنەپشىنىڭ رەڭگى ۋە پۇرىقىنى ئۆزىگە سىڭدۈرگىچە داۋاملاشتۇرىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن پىسەپىلىرىنى سۈزۈۋېتىپ زۆرۈر بولغاندا ئىشلىتىلىدۇ.

بىنەپشىنىڭ شېكەر بىلەن تەييارلانغان شەربىتى يۆتەلگە پايدا قىلىدۇ. ئۇنىڭ مۇرابباسى كۆكرەك پەردە ياللۇغى، ئۆپكە ياللۇغى، شۇسە(قوۋۇرغا ئاغرىقى) كېسەللىكى ۋە بۆرەك ئاغرىقىغا پايدا قىلىدۇ، سۈيدۈك ھەيدەيدۇ.

## بەنقە

(بەنقە دېنى)

**ماھىيىتى:** ئۇ ئەدەسكە ئوخشايدىغان بىر خىل داندىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇنىڭدىن چوڭراق بولىدۇ. شىرازدا «مەشۇ» دېيىلىدۇ، ئۇ خۇللەر دەپ ئاتىلىدىغان داننىڭ بىر تۈرىدۇر، ئەمما ئۇنىڭدەك ئاق ۋە يۇمىلاق ئەمەس.

**تەبىئىتى:** مۆتىدىلگە مايىل قۇرۇق سوغۇق، قابىزلىق قۇۋۋىتى بار.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** چوقۇق، ئىچ سۈرۈشكە پايدا قىلىدۇ. سەپسە يامرىغۇچى يارىلارغا پايدا قىلىدۇ. ئۇنىڭ باشقا خۇسۇسىيەتلىرى ئەدەسنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىگە ئوخشايدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** كۆپ ئىستېمال قىلسا سەۋدا پەيدا قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** ياغ.

## بەنەك

(بەنەك قوۋزىقى)

**ماھىيىتى:** ئەنتاكىينىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ يەمەندە ئۆسىدىغان بىر خىل دەرەخنىڭ پوستىدىن ئىبارەت بولۇپ، يەڭگىل، سېرىق، قىرتاق، خۇش پۇراق بولىدىكەن. بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، يەمەندە بولىدىغان تۇخۇمەك دەرىخىنىڭ پوستى ئىكەن. بەزىلەر ئۇنى ئاس دەرىخىنىڭ يىلتىز تۈگۈنچىكىدىن ئىبارەت دەيدۇ، ئۇ ئاس دەرىخىنىڭ يىلتىزىدا پەيدا بولىدىغان تۈگۈنچەكلەردىن ئىبارەت. مۇشۇنداق بولغىنى توغرىراقتۇر. ئۇنىڭ ياخشىسى يەڭگىل، تاتلىق، قىرتاق ۋە خۇش پۇراق بولغىنىدىن ئىبارەت.

**تەبىئىتى:** بىرىنچى دەرىجىنىڭ ئاخىرىغا يېقىن قۇرۇق ئىسسىقتۇر.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** خۇش پۇراق ماتېرىياللار قاتارىدىن بولۇپ، ئىستېمال قىلسا

ئاشقازان، جىگەر، مېڭە ۋە باھنى قۇۋۋەتلىگۈچىدۇر. سۈيدۈك ھەيدەيدۇ. سەپرادىن بولغان ئىچ سۈرۈشنى توختىتىدۇ، سوغۇقلۇقتىن بولغان كۆڭۈل ئېلىشىشىنى پەسەيتىدۇ، ھۆللۈكلەرنى سۈمۈرىدۇ. زىمات قىلسا تالنىڭ ئىششىقىنى ياندۇرىدۇ. ھۆللۈكلەرنى قۇرۇتىدۇ. مەلھەم قىلسا تەر توختىتىدۇ، تەرنى خۇش پۇراق قىلىدۇ. ھاك پۇرىقىنى يوقىتىدۇ، تېرە ۋە ئۇنىڭ تېگىدىكى ھۆللۈكلەرنى تازىلايدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** 15 گىرامغىچە.

**ئورۇنباسارى:** ئاس دەرىخىدۇر.

## بۇنن

(قەھۋە پۇرچىقى)

ئۇ ئەسلىدە يەمەن تىلىدا قەھۋە دېگەن نام بىلەن مەشھۇر بولغان بىر خىل قويۇق ھاراقنىڭ ئاتىلىشى ئىدى. كېيىن ئۇ بىر خىل ئالاھىدە مېۋىنى كۆرسىتىدىغان بولغان. ھاراق ئىچىش ھارام بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇنى ئىچىشنى تاشلىغان.

**ماھىيىتى:** ئۇ يەمەن تاغلىرى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى تاغلىق رايونلار ۋە ھەبەشىستاندا ئۆسىدىغان بىر خىل دەرەخنىڭ مېۋىسىدىن ئىبارەت. ئۇ زىربادات ئاراللىرىنىڭ بىرى بولغان تەباۋىيە ئارىلىدىنمۇ چىقىدۇ. ئۇنىڭ ئۇرۇقى رىم ئايلىرىدىن بولغان ئازەر ئېيىدا تېرىلىدۇ، ئاب ئېيىدا يېتىشىدۇ. پەسىللىك ۋە پەسىلسىز بولىدۇ. يەنى چۆللەردە ئۆزى ئۆسىدۇ ھەم تېرىلىدۇ. يەنى ئۇنىڭ ياۋا ئۆسىدىغىنى ۋە يەرلىكى بولىدۇ. ئۇ پەرۋىش قىلىش ئارقىلىق ياخشى ئۆسىدۇ. ئۇنىڭ بەك ئىنچىكە شاخلىرى كېسىۋېتىلىدۇ، يارىمايدىغان ئاجىز گۈللىرى چۈشۈرۈۋېتىلىدۇ. ياخشىلىرى سۇغۇرۇش ۋە باشقا تېگىشلىك پەرۋىشلەر ئارقىلىق ساقلاپ قېلىنىدۇ. ئۇنىڭ ياخشىلىرى يەمەننىڭ بەيتۇل فەقىيھ دېگەن يېرىدىن چىققانلىرىدۇر.

ئۇ رەڭگى يېشىل، چوڭ ـ كىچىكلىكى ئوتتۇرا ھال، خۇش پۇراق، خۇشتەم بولغان ئۇرۇقىدىن ئىبارەت. ئۇنىڭ دەرىخىنىڭ غولى بار بولۇپ، باش بارماق چوڭلۇقىدا، ئىككى غۇلاچتىن ئۈچ غۇلاچ ئېگىزلىككىچە بولىدۇ. جىغان ئۆسۈملۈكىگە ئوخشايدۇ. گۈلى ئاق، مېۋىسى قارا رەڭلىك غىلاپ ئىچىدە بولۇپ، چوڭلىرى ھەببۇلغار چوڭلۇقىدا، كىچىكلىرى پىندۇق چوڭلۇقىدا بولىدۇ. پوستى مەزكۇر ئىككى خىل مېۋىنىڭ پوستىدىن چۈرۈكرەك بولىدۇ. ئىچىدىن ئىككى تال مېغىز چىقىدۇ. ھەربىر مېغىزنىڭ ئوتتۇرىسىدا بۇغداي دېنى ۋە خورما ئۇرۇقچىسىنىڭ يېرىقىغا ئوخشاش يېرىق بولىدۇ. ئەمما ئۇنىڭ دېنى بۇغداي دېنىدىن چوڭراق، خورما ئۇرۇقىدىن كىچىكرەك، رەڭگى يېشىل بولىدۇ. ئىچىدە پۇرلەشكەن نېپىز پەردىسى بار بولۇپ، ئازراق ئاچچىق بولىدۇ.

ئۇنىڭ ياخشىسى يەمەندىن چىققىنى يەنى يېشىل، ئېغىر بولۇپ، سۇغا سالسا تېگىگە چۆكىدىغانلىرىدۇر. ئۇنىڭ ھەبەشىستاندىن چىقىدىغان قارىلىرى ناھايىتى ناچار بولۇپ، ئاچچىق، بەتتەم بولىدۇ. ئۇنىڭ تەباۋىيە ئارىلىدىن چىققىنى يەمەن ۋە ھەبەشىستاندىن چىققىنىدىن ئاقراق، چوڭراق بولىدۇ. ئۇنىڭ ھۆلىنىڭ مەلۇم مىقداردا چاپلاشقاق سۇيۇقلۇقى بار بولۇپ، تاتلىق، قىرتاق بولىدۇ. قۇرۇغاندا تاتلىقلىقى ئازلايدۇ ۋە بارا ـ بارا يوقىلىدۇ.

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇنىڭ بايقىلىشى شۇنداق بولغان ئىكەنكى، شەيخ ئەبۇلھەسەن شازۇلى رەھمەھۇللاھنىڭ يەمەن تاغلىق رايونىدا ئىبادەتخانىسى بار ئىكەن. ئۇنىڭ مۇرىتلىرى كېچىسى ئۇخلىماي ئىبادەت قىلىپ، كۈندۈزى رىيازەت چېكىپ ھارىدىكەن ۋە چارچايدىكەن. ئويلىمىغان يەردىن ئۇلارنىڭ بەزىسى مەزكۇر دەرەخنىڭ مېۋىسىنى ئۇچرىتىپ مەلۇم مىقداردا يەپ بېقىپتۇ، ئۇزاق ئۆتمەي ئۇلارنىڭ ھارغىنلىقى كۆتۈرۈلۈپ كېتىپتۇ. ئۇلار بۇ ئەھۋالنى باشقىلارغىمۇ سۆزلەپ بېرىپتۇ، باشقىلار يېگەن ئىكەن، ئۇلارغا پايدا قىپتۇ. ئۇلار بۇ ئەھۋالنى پىرىغا مەلۇم قىلغان ئىكەن، پىرى ئۇنى قايىنىتىپ سۈيىنى ئىچىرىپ ئىچىشكە بۇيرۇپتۇ. ئۇلار مەزكۇر مېۋىنى يىغىپ ئېلىپ كېلىپ، سۇ بىلەن قايىنىتىپ تەمىنى چىقىرىپ ئىچكەن ئىكەن، ھەممەيلەننىڭ ھارغىنلىقلىرى چىقىپ تېتىكلىشىپتۇ. شۇنداق قىلىپ بۇ خەۋەر يېقىن ـ يىراقلارغا ئاستا ـ ئاستا تارقىلىپ بۇ مېۋە تونۇلۇپتۇ. ھەرقايسى ئەللەردىكى سودىگەرلەر ئۇنى باشقا يەرلەرگە ئېلىپ بېرىپ سېتىشىپتۇ.

كۆپ قىسىم كىشىلەر ئۇنى ئىستېمال قىلىدۇ، ئەمما ھەر شەھەر ۋە ھەر جايدىكى خەلقلەرنىڭ ئىستېمال قىلىش ئۇسۇلى ئوخشىمايدۇ. يەمەن ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى رايونلارنىڭ خەلقلىرى ئۇنىڭ، بولۇپمۇ ھۆلىنىڭ سىرتقى پوستىنى كۆپ سۇ بىلەن قايىنىتىپ تەمىنى چىقىرىپ، پىسەپلىرىنى سۈزۈۋېتىپ، تائامدىن ئىلگىرى، كۆپ قىسىم كىشىلەر تائامدىن كېيىن ئىلمان ھالەتتە چوڭ پىيالىلەر بىلەن ئىچىدۇ، ئۇلار ئۇنى ناھايىتى ياقتۇرۇپ ئىچىشىدۇ، ئۇنىڭ، بولۇپمۇ ئۇنىڭ ھۆلىنىڭ تەمى تاتلىق ۋە قىرتاقىقا مايىل بولىدۇ. مەككە مۇكەررەمە ۋە مەدىنە مۇنەۋۋەرە (ئاللا بۇ ئىككى شەھەرنى تېخىمۇ شەرەپلىك قىلسۇن) خەلقى ۋە ئىران، تۇران، ھىندىستان، فىرانسىيە ۋە باشقا ئەرەب، ئەجەم شەھەر خەلقى ئۇنىڭ مېغىزىنى بەزى خام، بەزى ياڭاق پوستى رەڭگىدە چالا قورۇپ، بەزىدە كۆيگىنى ئاز قالغۇدەك دەرىجىدە بەكرەك قورۇپ، بەزىدە چالا، بەزىدە يۇمشاق سوقۇپ، سۇ بىلەن قايىنىتىپ، تەمىنى بەزىدە قويۇق، بەزىدە سۇيۇق، بەزىدە ئوتتۇرا ھال چىقىرىپ، پىسەپلىرىنى بەزىدە سۈزۈۋېتىپ بەزىدە سۈزمەي ئىچىدۇ. فىرانسۇزلار ئۇنىڭغا ئاز مىقداردا سۈت بىلەن ناۋات قوشۇپ ئىچىدۇ. بۇ ئەھۋاللارنىڭ ھەممىسى قارابادىندا تەپسىلىي بايان قىلىندى.

**تەبىئىتى:** ئۇنىڭ تەبىئىتى توغرىسىدا كۆپ ئىختىلاپلار كۆرۈلگەن. ھەكىم مىر ئىمادۇددىن

مەھمۇد ئۆزىنىڭ «ئەفيۇنىيە» (ئەپيۇن رىسالىسى) ناملىق رىسالىسىنىڭ ئاخىرىدىكى قەھۋە ماۋزۇسىدا: «ئۇ ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇقتۇر، چۈنكى ئۇنىڭ تەمى، پۇرىقى ۋە رەڭگىدە ئۇنىڭ ھارارىتىنىڭ بارلىقىنى دەلىللەيدىغان بىرەر غالىب كەيپىيات يوق. تەجرىبە ئارقىلىق ئۇنىڭ سوغۇقلۇقىنىڭ بەدەنگە زىيان يەتكۈزگۈدەك دەرىجىدە ئەمەس، بەلكى ئوتتۇرا ھال ئىكەنلىكى بايقالدى. ئۇنىڭ قۇرۇقلۇقى بىلەن سوغۇقلۇقىنىڭ قايسىسىنىڭ غالىب ئىكەنلىكىنى بىلىش پەقەت تەپەككۇرغا باغلىقتۇر» دەپ يازغان. مىرزا قازى ئۆزىنىڭ رىسالىسىدە: «پىقىر ئۇنىڭ سوغۇقلۇقىنىڭ بىرىنچى دەرىجىدە، قۇرۇقلۇقىنىڭ ئىككىنچى دەرىجىدە ئىكەنلىكىنى بايقىدى» دەپ يازغان. ھەكىم سالىكۇددىين يەزىدىي: «دورىلارنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىدىن خەۋەردار بەزى ئەرباblar ئۇنىڭدىن كۆپ ئىستېمال قىلسا، مېڭىگە قۇرۇقلۇق يەتكۈزىدىغانلىقى، ئۇيقۇنى قاچۇرىدىغانلىقى ۋە مىزاجغا قۇرۇقلۇق يەتكۈزىدىغانلىقىغا ئاساسەن ئۇنىڭ سوغۇقلۇقىنىڭ ئىككىنچى دەرىجىنىڭ بېشىدا ئىكەنلىكى، قۇرۇقلۇقىنىڭ ئۈچىنچى دەرىجىدە ئىكەنلىكىگە ھۆكۈم قىلدى» دەپ يازغان. شەيخ داۋۇد ئەنتاكىي: «ئۇ بىرىنچى دەرىجىدە ئىسسىق، ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇقتۇر. ئۇ قۇرۇق سوغۇق دېگەن كەڭ قاراش توغرا ئەمەس، چۈنكى ئۇنىڭ پوستى ئاچچىقتۇر، ئاچچىق بولغان ھەرقانداق نەرسە ئىسسىق بولىدۇ. ئېھتىمال ئۇنىڭ پوستى ئىسسىق، مېغىزى مۆتىدىل ياكى بىرىنچى دەرىجىدە سوغۇق بولۇشى مۇمكىن. ئۇنىڭ قىرتاقلىقى ئۇنىڭ سوغۇقلۇقىنى دەلىللەيدۇ. تەجرىبىلەرگە قارىغاندا، ئۇ ھۆللۈكلەرنى قۇرۇتىدىكەن، بەلغەمدىن بولغان يۆتەل، نەزلىلەرگە پايدا قىلىدىكەن، توسالغۇلارنى ئاچىدىكەن، سۈيدۈك ھەيدەيدىكەن، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ قۇرۇق ئىسسىق ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ» دېگەن. ھەكىم مىر مۇھەممەد مۆمىن «تۆھپەتۇل مۆئمىنىين» ناملىق كىتابىدا: «قىياسىمچە، ئۇنىڭ ئىسسىقلىقى مۆتىدىل، قۇرۇقلۇقى غالىبتەك مەلۇم بولىدۇ، پوستى ئۇنىڭ ئۆزىدىن قۇرۇق ئىسسىقراقتۇر» دەپ يازغان. مۇئەللىپ (كىتابنىڭ ئاپتورى ئۆزىنى دېمەكچى — ت) ئېيتىمەنكى، ئېھتىمال ئۇ، بولۇپمۇ ئۇنىڭ يېڭىسى مۇرەككەپ قۇۋۋەتلەرگە ئىگە بولۇشى مۇمكىن. چۈنكى ئۇنىڭدا ئىككى خىل تەركىب بار، بىرى ھاۋاغا مەنسۇپ ھۆل ئىسسىق ئۇچۇچان تەركىب، يەنە بىرى زېمىنغا مەنسۇپ قۇرۇق سوغۇق قويۇق تەركىبتۇر. ئۇنىڭ بىرىنچى تەركىبىدىن ھارارەت، ئۇسسۇزلۇق، قاننىڭ قايىنىشى، سەپرانىڭ ئۆتكۈرلۈكى ۋە چېقىشىنى پەسەيتىش، ئۇيقۇ قاچۇرۇش، مېڭىگە قۇرۇقلۇق يەتكۈزۈش ۋە باشقىلارغا ئوخشاش قۇرۇق سوغۇقلۇقنىڭ ئالامەتلىرى پەيدا بولىدۇ. ئۇ قانچە يېڭى بولسا ئۇنىڭ بىرىنچى تەركىبى شۇنچە ئارتۇق بولىدۇ، كونىرىغانسېرى تەدرىجىي ئازلايدۇ، بولۇپمۇ ئۇنىڭ پوستىنىڭ بىرىنچى تەركىبىنىڭ ئەھۋالى تېخىمۇ شۇنداق. ئۇ قورۇلسا، قورۇلۇشىنىڭ ئاز-كۆپلۈكىگە قاراپ بىرىنچى تەركىبىنىڭ يوقىلىشىمۇ ئاز - كۆپ بولىدۇ.

ئومۇمەن، ئۇنىڭ يىگىسى، بولۇپمۇ خام پوستىنىڭ تەبىئىتى قۇرۇق ئىسسىقتا مايىل، كونىسى، بولۇپمۇ قورۇلغىنىنىڭ تەبىئىتى قۇرۇق سوغۇق بولىدۇ، ئۇ كونىرىغانسېرى ۋە قورۇلغانسېرى قۇرۇق سوغۇقلۇقى شۇنچە ئاشىدۇ.

خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى: مەزكۇر تېۋىپلارنىڭ بايان قىلىشىچە، ئۇنىڭ قاينىتىلمىسىنى ئىچسە ئۆزىدىكى زەھەر قايتۇرۇش تەسىرى بىلەن توسالغۇلارنى ئاچىدۇ، ئاغرىقلارنى، قاننىڭ قاينىشى، سەپرا، سەۋدا ۋە ئۇلارنىڭ كۆيۈشىنى پەسەيتىدۇ. خىلىتلارنى سۇيۇلدۇرىدۇ، ئۇچاچانلاشتۇرىدۇ، تازىلايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ قان ۋە سەپرادىن بولغان تەپلەرگە، بولۇپمۇ ئۇنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىگە پايدا قىلىدۇ، چېچەك ۋە سۇچېچەك چىققاندىن كېيىن ئىشلەتسە پايدا قىلىدۇ. تۆت كۈندە بىر قېتىم تۇتىدىغان تەپ، قاندىن بولغان تىلما كېسەل، يەرقانغا شىپا بولىدۇ. چوڭ تەرەتنى بوشىتىدۇ، سۇيدۇك ھەيدەيدۇ. ھۆللۈكلەرنى قۇرۇتىدۇ. بەلغەمدىن بولغان يۆتەل، نەزلىلەرگە پايدا قىلىدۇ، ھارغىنلىقنى ئالىدۇ، ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەيدۇ. باش ئاغرىقىنىڭ كۆپ قىسمى، كۆز ئاغرىقى، مالىخولىيا، بولۇپمۇ ماددىنىڭ كۆيۈشى ۋە خىلىتلارنىڭ قويۇلۇشى، ئۆيۈشىدىن بولغان مالىخولىياغا پايدا قىلىدۇ. ئاۋازنى ساپلاشتۇرىدۇ، خىلىتلارنى سۇيۇلدۇرىدۇ، بۇخاراتلارنىڭ ئۆرلىشىنى توسىدۇ. بوۋاسىرغا پايدا قىلىدۇ. ھەسەل بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ قوزغالغان ئەزاغا سۈركەپ تاڭسا جايىغا كەلتۈرۈپ تۇتتۇرىدۇ. ھەسەل بىلەن يالىسا ھۆل ئىسسىقتىن بولغان يۆتەلنى پەسەيتىدۇ. ھەكىم مىر ئىمادۇددىن مەھمۇد: «مەن ئۇنى شۇ سەۋەبتىن جوزامغىمۇ پايدا قىلىدۇ دەپ ئويلايمەن» دەيدۇ. ئۇ يەنە بەلغەمدىن بولغان يۆتەل، نەزلىلەرگە پايدا قىلىدۇ. ھۆللۈكلەرنى قۇرۇتۇپ ئاشقازاننى چىڭىتىدۇ. مېڭىگە ئۇنىڭدىن بۇخارات ئۆرلەشنى چەكلەيدۇ. ئىچ سۈرۈشنى توختىتىدۇ. بولۇپمۇ ئۇنىڭ چالا قورۇلغىنىنىڭ ئىچ سۈرۈشنى توختىتىش رولى تېخىمۇ ياخشىدۇر. ئۇيقۇنى نورماللاشتۇرىدۇ، ئۇسسۇزلۇقنى پەسەيتىدۇ. ماغدۇرسىزلىق، سەپەرلەردىكى ھارغىنلىق ۋە ھورۇنلۇقنى ئالىدۇ. ئۇنى ئىچىشكە ھېرىسمەن بەزى كىشىلەر ئۇنى مەدھىيەلەپ تۆۋەندىكىدەك رۇبائىي توقۇغان:

«راھىيست قەھۋە روھ ئەفزا ۋە كەسلى كەسەل،

ئارامى جانۇ قۇۋۋەتى ئەئزائۇ قۇۋۋەتى دىل.

تەقرىيبى ئىجتىمائى جەۋانانى پارسا،

تەفەررۇھ بەخش خاتىرى پىيرانى مۇزمەھىل.»

(رۇبائىينىڭ نەسرىي تەرجىمىسى: ئۇ شۇنداق شارابكى، روھنى ئۇرغۇتىدۇ، ھورۇنلۇقنى ئالىدۇ، جانغا ئارام بېرىدۇ. ئەزالارنى ۋە يۈرەكنى قۇۋۋەتلەيدۇ، ياش ـ قېرىلارنى بىر يەرگە يىغىدۇ، ھەتتا جۇدىگەن قېرىغىمۇ شادلىق بېغىشلايدۇ.)

يەنە بىرى ئۇنى مەدھىيەلەپ تۆۋەندىكى بېيىتنى ئوقۇغان:

«قەھۋە ھەممام سەفەر ئاش خۇمارى تەرياك،
پەرى تاۋۇس نەزەر ئەفشۇردەئى تەنباكۇست.»

**زىيانلىق تەسىرى:** ئىچىلىشلارغا قارىغاندا، ئۇ باشنى ئاغرىتىدۇ، ئۇيقۇنى قاچۇرىدۇ، بەدەننى ئۇرۇقلىتىپ رەڭگىروينى سارغايتىدۇ. باھنى كېسىدۇ، مەنىي ئازايتىدۇ، خەفەقان پەيدا قىلىدۇ. قورساقنى ئىسسىلدۇرىدۇ، قۇلۇنجى، مالىخولىيا ۋە جۆيلۈشكە سەۋەب بولىدۇ. نەپەس ئەزالىرىغا قۇرۇقلۇق يەتكۈزۈپ يىرىكلەشتۈرىدۇ، بوۋاسىرغا پايدا قىلىدۇ. ئومۇمەن ئۇ مىزاجى ھۆل سوغۇق بولغان، بەدىنىدە بۇزۇق خىلىتلار غالىب ئورۇندا تۇرغان كىشىلەرگە ناھايىتى زىيان قىلىدۇ. بەزى زېرەكلەر ئۇنى سۆكۈپ تۆۋەندىكىدەك بېيىت ئوقۇغان:

«ئان سىيەھرۇكى نامى ئۇ قەھۋەست،
مانىئۇن نەۋم، قاتىئۇش شەھۋەست»

(بېيىتنىڭ نەسرىي تەرجىمىسى: قەھۋە ناملىق بۇ يۈزى قارا ئۇيقۇنى چەكلىگۈچى، جىمانى كەسكۈچىدۇر)

كۆپ ھاللاردا ئۇنىڭ بۇ زىيانلىق تەسىرى ئۇنىڭ يېڭىسى ۋە خېمى ئەمەس، بەلكى كونىلىرى قارىدىغۇچە بەك قورۇلغانلىرىنى ئىستېمال قىلغاندا كۆرۈلىدۇ. بولۇپمۇ ئۇنىڭ پوستى بەزى مىزاجلىق كىشىلەرنىڭ باھ قۇۋۋىتىنى قوزغايدۇ، تائامنىڭ ھەزىم بولۇشىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. يەمەن خەلقى ئۇنىڭ مەزكۇر ئىككى خىل خاسىيىتى بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇنى ئىچىشكە ھېرىسمەن بولغان بولۇشى مۇمكىن. ئەمما بۇ گەپكە ئۇلارنىڭ ئۇنى ئىچىشكە ھېرىسمەن بولۇشىنىڭ سەۋەبى ئۇلارنىڭ بەدىنىدە ھارارەت كۆپ بولغانلىقى، خورما ۋە ئىسسىق تەبىئەتلىك مېۋىلەرنى كۆپ ئىستېمال قىلغانلىقىدىن بولۇشى مۇمكىن دەپ جاۋاب بېرىلدى.

بۇ كىتابنىڭ يازغۇچىسى ئېيتىدۇكى، ھەق گەپ شۇكى، ھەر ئىككى تەرەپنىڭ ئۇنىڭ پايدا ـ زىيانلىرى توغرىسىدا قىلىشقان مۇنازىرىلىرىنىڭ ھەممىسى ئەھمىيەتسىزدۇر. چۈنكى ھەربىر ئادەم ئۇنىڭ ئىستېمال مىقدارىنى ئۆزىنىڭ بەدەن قۇۋۋىتىنىڭ ئاجىز ـ كۈچلۈكلۈكى ۋە مىزاجىنىڭ ئىسسىق ـ سوغۇقلۇقىغا قاراپ تۇرۇپ بەلگىلىگەن ۋە شۇنداق ئىچىشكە ئادەتلەنگەن، ھېچقايسىسىنىڭ ئۇنى ئىچىش ھەققىدە ئومۇمىي پىرىنسىپى يوقتۇر. ئۇنىڭ پايدا ـ زىيانلىرىنىڭ سەۋەبلىرىنى تەپسىلىي بايان قىلساق ئورۇن تارلىق قىلىدۇ. مىرزا قازى: «بىر تۈركۈم كىشىلەرنىڭ مىزاجلىرى ئىسسىق بولغانلىقى، بۇ دورا ئىسسىقلىقنى ئازايتىدىغانلىقى، ئىسسىقلىقنىڭ ئازلىقىدىن ھۆللۈكنىڭ تارقىشى ئاز بولىدىغانلىقى ئۈچۈن، بەزى كىشىلەر ئۇنى ئىستېمال قىلسا ئۇيقۇ كەلتۈرىدۇ، مەسىلەن: مەن شۇ قاتاردا بىر ئادەمنى كۆرگەن ئىدىم، مىزاجى زىيادە ئىسسىق بولغانلىقى ئۈچۈن كېچىلىرى ئۇخلىيالمايتتى، خۇددى مېڭە پەردىسى ياللۇغلانغان كىشىدەك بىئارام بولاتتى.

ئۇ ئىككى كۈن كەچتە قەھۋەدىن ئۇدا ئىچىۋېدى، ئۇيقۇسى كېلىپ ئىلگىرىكى ناچار ھالىتى ئوڭشالدى» دەپ يازغان.

قەھۋە يۇرەككە زىيان قىلىدىغانلىقى ئۈچۈن مەرۋايىت بىلەن بىرلىكتە ئىستېمال قىلسا ياخشىراق بولىدۇ، بولۇپمۇ چېچەك ۋە يەلتاشما چىققاندىن كېيىن مەرۋايىت بىلەن ئىستېمال قىلىش تولۇق پايدا قىلىدۇ. يەنە ئۇنى قايناتقاندا بىر نەچچە تال زەپەر سېلىۋەتسە يۇرەكنى قۇۋۋەتلەيدۇ. زىيادە ھېرىپ ــ چارچىغان ۋە ئەپيۇن چۈشكەن نەرسىلەرنى ئىستېمال قىلغاندىن كېيىن، مۇساپىر ئادەم سەپەردىن قايتقاندىن كېيىن ئۇنىڭدىن بىر نەچچە پىيالە ئىستېمال قىلسا، ھارغىنلىقنى يوقىتىپ كىشىنى تېتىكلەشتۈرىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇنى ناشتىدا ياكى توق قورساققا ئىچمەسلىك لازىم ئىكەن. بەلكى ناشتا قىلىپ بولغاندىن كېيىن ئۇستىدىن ئاز مىقداردا ئىچسە ياخشى بولىدىكەن. ئەپيۇن ۋە ئەپيۇنلۇك نەرسىلەرنى ئىستېمال قىلىشقا، كېچىنى بىدار ئۆتكۈزۈشكە، بولۇپمۇ يېرىم كېچىگە يېقىن بولغان ۋاقىتقىچە ئويغاق ئولتۇرۇشقا ئادەتلەنگەن كىشىلەر ئۇنىڭدىن بىر نەچچە پىيالە ئىچسە، مېڭىنى سەگەكلەشتۈرۈش رولىنى ئوينايدۇ، ھارغىنلىق ھېس قىلدۇرمايدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا ئۇنىڭ تۆزەتكۈچىسى زەنجىۋىل، داۋائىلمىشكى، ناۋات، قىزىلگۈل ئەرقى ۋە ئۇنىڭغا ئوخشاشلار ئىكەن.

شەيخ داۋۇد ئەنتاكىي: «كىشى بەدەننى تېتىلەشتۈرۈش، ھۇرۇنلۇقنى يوقىتىش ۋە بىر يۇقىرىدا ئېيتقان ئەھۋاللارنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ئۇنى ئىستېمال قىلماقچى بولسا تاتلىق نەرسە، پىستە يېغى ۋە كۆپ مىقداردىكى ياغ بىلەن ئىستېمال قىلىشى لازىم. بەزىلەر ئۇنى سۈت بىلەن ئىستېمال قىلىدۇ، بۇنداق قىلىش خاتادۇر، چۈنكى بۇ چاغدا ئۇنىڭ ئاقىۋەتسەل پەيدا قىلىش خەۋپى بولىدۇ» دەپ يازغان.

بۇ كىتابنىڭ يازغۇچىسى ئېيتىدۇكى، ئۇنىڭ تەمى، پۇرىقىنى ياخشىلايدىغان، بەتبۇي ۋە بەتتەمنى يوقىتىدىغان تۆزەتكۈچىلەرنىڭ ئەڭ ياخشىسى ئەنبەر ئەشھەب بىلەن زەپەردۇر.

## پەنستكى

(پەنستكى دەرىخى)

ئۇ «بەن چىتكى»، يەنى جاڭگالدا تارقاق ئۆسكۈچى دەرەخ دەپمۇ ئاتىلىدۇ. چۈنكى «بەن» دېگەن سۆز ھىندى تىلىدا جاڭگال دېگەن مەنىنى، «چىتكى» دېگەن سۆز تارقاق دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

ماھىيىتى: ھىندىستاندا ئۆسىدىغان بىر خىل ئۆسۈملۈكتىن ئىبارەت بولۇپ، ھەم دەرەخكە

ھەم ئۈسۈملۈككە ئوخشايدۇ. شاخلىرى ناھايىتى كۆپ بولۇپ، بارماق تومۇلۇقىدا نەيچىسىمان بولىدۇ. ھەربىر شاختىن يەنە كۆپلىگەن ئىنچىكە شاخلار ئۆسۈپ چىقىدۇ. بۇ شاخلارنىڭ ئۇستىدە ئۇششاق، ئومۇمەن خېنە يوپۇرمىقىغا ئوخشايدىغان يوپۇرماقلار بولىدۇ. بۇ يوپۇرماقلارنىڭ بەزىلىرى كىچىك، بەزىلىرى خېنە يوپۇرمىقىدىن سەل چوڭراق، كەڭرەك ۋە قىسقىراق بولىدۇ. مېۋىسى ئومۇمەن ئىتئۈزۈمگە ئوخشايدۇ، ئۇنىڭدىن چوڭراق بولىدۇ. خام ۋاقتىدا كۆك، پىشقاندىن كېيىن بىنەپشە رەڭگە ئۆزگىرىدۇ. كۆرۈنەرلىك تەمى بولمايدۇ. ئىچىدىن كۆك رەڭلىك ئۇششاق ئۇرۇقلار چىقىدۇ، سۇ بويلىرىدا ئۆسىدۇ.

**تەبىئىتى:** سىرتىدىن قۇرۇق ئىسسىق مەلۇم بولىدۇ. ئۇنىڭ يوپۇرمىقى ۋە مېۋىسىنى يۇمشاق سالايە قىلىپ، ئىستىسقا بىمارىنىڭ قورسىقىنىڭ ئىششىق بار يەرلىرىگە قىزىتىپ چېپىپ، ئۇستىدىن قىزىتىلغان ئىنەكپىتى يوپۇرمىقى يېپىپ، ئۇستىدىن رەخت بىلەن تېڭىپ بىر كېچە تۇرغۇزسا، شۇ يوسۇندا ئۇدا ئۈچ - تۆت كېچە تەكرارلانسا، سۇيدۇكنى كۈچلۈك ھەيدەپ شىپالىق بېرىدۇ. ئۇنىڭ يوپۇرمىقى، مېۋىسى ۋە ئىنچىكە شاخلىرىنى، سۇ بىلەن سالايە قىلىپ ئىستېمال قىلسا بالىياتقۇنىڭ ھۆللۈكلىرىنى قۇرۇتىدۇ. ھامىلە چۈشۈرىدۇ.

## پەنىيالە
### (پەنىيالە مېۋىسى)

**ماھىيىتى:** ئۇ ھىندىستاندا بولىدىغان بىر خىل مېۋە بولۇپ، قارىئۆرۈك چوڭلۇقىدا بولىدۇ. بەزىسىنىڭ تەمى ئاچچىق - چۈچۈك، بەزىسىنىڭ چۈچۈمەلگە مايىل بولىدۇ. قارىئۆرۈكنىڭ ئەكسىچە بەزىسىنىڭ ئىچىدىن 5 ~ 6 دانە كىچىك ئۇرۇقچا، يەنە بەزىلىرىنىڭ ئىچىدىن ئۇنىڭدىن كۆپ ئۇرۇقچا چىقىدۇ. چۈنكى قارىئۆرۈكنىڭ ئىچىدىن بىر دانە ئۇرۇقچا چىقىدۇ. ئۇنىڭ دەرىخىنىڭ بەزىسى تىكەنلىك، بەزىسى تىكەنسىز بولۇپ، دەرىخىمۇ قارىئۆرۈكنىڭ دەرىخىگە ئوخشايدۇ. ئېھتىمال ئۇ قارىئۆرۈكنىڭ بېنگالدىكى بىر تۈرى بولۇشى، ھاۋا كىلىماتىنىڭ ناچارلىقى سەۋەبىدىن شۇنداق بولغان بولۇشى مۇمكىن. ئۇنىڭ پىشقان مېۋىسىنى يىپىشكە توغرا كەلسە، قول بىلەن ئۇۋۇلاپ يۇمشىتىپ، ئۇرۇقچىلىرى گۆشىدىن ئايرىلغاندا شىرىسىنى سۈمۈرۈپ ئىستېمال قىلىنىدۇ. ئەگەر چۈچۈمەل ۋە قىرتاق بولسا يېمىگەن ياخشى.

**تەسىرى ۋە خۇسۇسىيىتى:** سەپرانى پەسەيتكۈچى، بەلغەمنى قوزغاتقۇچىدۇر. سەپرا مىزاجلىقلارغا مەنپەئەت قىلىدۇ. بەلغەم مىزاجلىقلارغا زىيان قىلىدۇ. تەپ پەيدا قىلىدۇ،

بولۇپمۇ مەۋسۇمنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە قۇياش سۇمبۇل بىلەن مىزان بۇرجلىرىغا كەلگەندە پىشقانلىرى تېخىمۇ شۇنداق.

ئۇنىڭ ياۋسىنىڭ مېۋىسى كىچىكرەك ۋە تاتلىقراق بولىدۇ.

# پەسل: «ب» (بائ) ۋە «ۋ» (ۋاۋ) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى

## بۇرەن
(توغرىغۇ)

بۇ سۆز پارسچە «بۇرە» دېگەن سۆزدىن ئەرەبچىلەشتۇرۇلگەندۇر. ھىندىچە «پاپرىلۇن» دەپ ئاتىلىدۇ.

ماھىيىتى: شورلۇق يەرلەردە سۇ ۋە تۇزدىن ھاسىل بولىدىغان بىر خىل تۇز بولۇپ، كاندىن چىقىدىغىنى ۋە سۇنئىي ئۇسۇلدا تەييارلانغىنىدىن ئىبارەت ئىككى خىل بولىدۇ. ئۇنىڭ ئەڭ ياخشىسى كاندىن چىقىدىغىنى بولۇپ، ئۇ كاندىن ئېلىپ كېلىنىدۇ. بۇمۇ بىر قانچە تۇرلۇك ۋە بىر قانچە رەڭدە بولىدۇ. بەزىلىرى ئاق، يەڭگىل، تۆشۈكلۈك بولۇپ تەمى تۇزلۇق بولىدۇ، ئۇ «ئەرمەنىي» دەپ ئاتىلىدۇ. چۈنكى ئۇ ئەرمىنىيەدىن كەلتۈرۈلىدۇ. ئۇنىڭ تۇرلىرى ئىچىدىكى ئەڭ ئالىيسى ۋە ياخشىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. يەنە بەزىلىرى قىزىل بولۇپ «نىترۇن» دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇنىڭ ياخشىسى مىسىردىن كەلتۈرۈلگەن رەڭگى قىزىل، يۇمشاق، تۇزلۇق، ئازراق چۇچۇمەل ۋە ئاچچىق بولغانلىرىدۇر. يەنە بەزىلىرى توپا رەڭ، قاتمۇ قات بولىدۇ. ئۇ «بورەقۇل خەببازىين» (ناۋايلار توغرىغۇسى) دەپ ئاتىلىدۇ. چۈنكى ناۋايلار ناننىڭ يۈزىنى ئاق ۋە پارقىراق قىلىش ئۈچۈن ئۇنى سۇدا ئېرىتىپ، ناننىڭ يۈزىگە سۈركەپ تونۇرغا ياقىدۇ. بۇ چاغدا نان پارقىراق، چىرايلىق پىشىدۇ. يەنە بەزىلىرى «بورەقۇس سەنائە» (ھۈنەرۋەن توغرىغۇسى) دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇنىڭ رەڭگى ئاق، ۋەزنى ئېغىر بولۇپ، زەرگەرلەر ئالتۇن، كۈمۈشنى تازىلاش ۋە پارقىرىتىش ئۈچۈن ئىشلىتىدۇ. چۈنكى ئۇنىڭ تازىلاش ۋە پارقىرىتىش تەسىرى كۈچلۈكتۇر. ئۇنىڭ بەزىلىرى «زەبەدىي» (قايماقسىمان) دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇ ناھايىتى يەڭگىل ۋە يۇمشاق بولۇپ، ئافرىقىدىن كەلتۈرۈلىدۇ. بۇ توغرىغۇنىڭ تۇرلىرى ئىچىدە ئەڭ ئۆتكۈرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇنىڭ ئەڭ ياخشىسى يەڭگىل، قاتمۇ قات، چۈرۈك، تېز ئۈزۈلىدىغان، رەڭگى بىنەپشە رەڭ، پارقىراق بولۇپ، ئۇيۇغان كۆپۈككە ئوخشايدىغانلىرىدۇر. ئۇ يەڭگىل، قاتتىق بولسا ئافرىقىدىن كەلتۈرۈلگەن، بولمىسا رىمدىن كەلتۈرۈلگەن بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. توغرىغۇنىڭ كۆپۈكى ئۇنىڭ «زەبەدىي» دەپ ئاتالغان

تۈرىگە ئوخشىمايدۇ. چۈنكى توغرىغۇنىڭ كۆپۈكى يەڭگىل، ھەجمى چوڭ بولۇپ بۇغداي ئۇنىغا ئوخشايدۇ. توغرىغۇنىڭ «زەبەدىي» بولغان تۈرى ئۇيۇغان ھالەتتە بولۇپ، توپا رەڭ ۋە قىزىل رەڭدە بولىدۇ. زەھرەئى ئاسىيۇس بىلەن توغرىغۇ كۆپۈكىنىڭ پەرقى شۇكى، توغرىغۇ كۆپۈكى ناھايىتى ئاق، ئېغىرراق، سۇس سېرىق رەڭدە بولىدۇ. زەھرەئى ئاسىيۇس بولسا ئۇنىڭ ئەكسىچە بولىدۇ.

ئۇنىڭ سۇنئىي تەييارلانغىنى شېشە (كاندىن چىقىدىغان بىر خىل ماددا) بىلەن قەلەيدىن باراۋەر مىقداردا ئېلىپ سالايە قىلىپ، شاخار ئېرىتمىسى بىلەن سۇغۇرۇپ، كۆپ مىقداردىكى شاخار ئېرىتمىسى سۈيى بىلەن كۆيگۈچە قايناتتىپ تەييارلىنىدۇ. ئۇنىڭ تەييارلىنىشى تەنكارنى تەييارلاش ئۇسۇلى بىلەن ئوخشىشىدۇ.

توغرىغۇنىڭ توغراق دەرىخى (دەرەختى غەرب)نىڭ يوپۇرمىقىنىڭ سۈيىنى قويۇلغىچە قايناتتىپ قۇرس قىلىپ تەييارلانغىنى ناھايىتى يەڭگىل، قارامتۇل ئاق، تۇزلۇق بولىدۇ. ناھايىتى كەم تېپىلىدۇ. ئۇ «بورەقۇل غەرب» (توغراق توغرىغۇسى) دەپ ئاتىلىدۇ.

ئۇنىڭ تۈرلىرى ئىچىدە ھەممىدىن ياخشى بولغىنى ئەرمىنىيەدىن كەلتۈرۈلگىنىنىڭ يۇقىرىقى سۈپەتلەرگە ئىگە بولغىنى بولۇپ، «بورەئىي ئەرمەنىي» دەپ ئاتىلىدۇ. «زەبەدىي» دەپ ئاتالغىنى ھەممىدىن ئۆتكۈر بولىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئۈچىنچى دەرىجىنىڭ ئوتتۇرىغىچە ئىسسىق، بىرىنچى دەرىجىنىڭ ئاخىرلىرىغىچە قۇرۇقتۇر. ئۇنىڭ «نىترۇن»، «زەبەدىي» دەپ ئاتالغانلىرى ۋە ئافرىقىدىن كەلتۈرۈلگەنلىرى تۆتىنچى دەرىجىنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە قۇرۇق ئىسسىقتۇر.

**خۇسۇسىيتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** جۇلا بەرگۈچى ۋە قاننى تېرە يۈزىگە تارتقۇچىدۇر. ئۇنىڭ ئەرمەنىيەدىن كەلتۈرۈلگىنىنى ئىستېمال قىلسا قويۇق خىلتلارنى پارچىلايدۇ. قورساق ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ. قۇلۇنجىغا مەنپەئەت قىلىدۇ. باھنى قوزغىتىدۇ. زەھەرلەرگە قارشى تۇرىدۇ. يالغۇز ياكى مۇناسىپ دورىلار بىلەن بىرلىكتە ئىستېمال قىلسا بەلغەمدىن بولغان يۆتەلنى پەسەيتىدۇ. باراۋەر مىقداردىكى كېرمان زىرىسى، مائۇلھەسەل، زۇپا ياكى ھاشا ياكى سۇزاپ ياكى سېرىقچېچەك ۋە ئۇنىڭ ئوخشاشلىرىنىڭ قاينىتىلمىسى بىلەن ئىستېمال قىلسا يەل تارقىتىدۇ. زىيادە قورساق ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ. ئەنجۇدان يىلتىزى بىلەن ئىستېمال قىلسا كالىنىڭ ئىسسىق قېنىنىڭ زەرەرىنى يوقىتىدۇ. ئاشقازاندا ئۇيۇپ قالغان قاننى ئېرىتىدۇ. سۇ ۋە شاراب بىلەن ئىستېمال قىلسا ئالا كۇلۇكنىڭ زەرەرىنى قايتۇرىدۇ. قۇرت ئۆلتۈرگۈچى دورىلار بىلەن ئىستېمال قىلسا مەددە قۇرتلارنى چۈشۈرىدۇ. مەددە قۇرت دورىسىنىڭ تەسىرىنى كۈچەيتىدۇ. ئۇنىڭدىن 15 گىرام ئېلىپ 250 گىرام سۇغا سېلىپ سۇس ئوت بىلەن ئېرىگۈچە قايناتتىپ، ئۇستىدىن 112.5 مىللىگىرام ئەزب (بىر خىل دەرەخ) يېغى قوشۇپ ئىستېمال قىلسا قۇرۇق قۇلۇنجىغا، بولۇپمۇ كۆمۈش ۋە قەلەي

ئىرىتكۈچىلەردە پەيدا بولىدىغان قۇلۇنجىغا مەنپەئەت قىلىدۇ. بىنەپشە ۋە ئەرەب يېلىمى بىلەن ئىستېمال قىلسا قويۇق بەلغەمنى سۈرۈپ چىقىرىدۇ. ئاشقازاندىكى مەددە قۇرتنى چۈشۈرىدۇ. زىرە كېرمانى ۋە ئۈزۈم شىرىسى بىلەن ئىستېمال قىلسا زەھەرلىك موگۇ يېيىشتىن پەيدا بولغان بوغما كېسەلگە پايدا قىلىدۇ. ئۇنى سۇ ۋە زۇپا شەربىتى بىلەن ئىرىتىپ قۇلاققا تېمىتسا ئاغرىقلىرىنى پەسەيتىدۇ، توسالغۇلىرىنى ئاچىدۇ، غوڭۇلدىشى ۋە سۇيۇقلۇقلىرىنى توختىتىدۇ. ئۇنى سىركە بىلەن قۇلاققا تېمىتسا كىرىنى تازىلايدۇ. شاراب بىلەن ئىرىتىپ غار - غار قىلسا گالدا تۇرۇپ قالغان زۈلۈك قۇرتىنى چۈشۈرىدۇ. ھەسەل بىلەن بىرلىكتە كۆزگە سۈركىسە كۆرۈش قۇۋۋىتىنى ئاشۇرىدۇ. ئېشەك يېغى، سىركە ياكى چوشقا يېغى بىلەن زىمات قىلسا غالجىر ئىتنىڭ زەھىرىنى قايتۇرىدۇ. بۇتۇم دەرىخى يېلىمى بىلەن زىمات قىلسا چىيقانلارنى ئېغىز ئالدۇرۇپ ساقايتىدۇ. ئەنجۈر بىلەن زىمات قىلسا ئىستىسقاغا مەنپەئەت قىلىدۇ. قىرۇتىلار بىلەن زىمات قىلسا جۇدەش، تاز، قىچىشقاق، قوتۇر كېسەللىكلىرىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە بويۇن ئارقا تەرەپكە قىڭغىر بولۇپ قالىدىغان پالەچلىك ۋە پەيلەرنىڭ تولغىنىشىغا پايدا قىلىدۇ. بابۇنە يېغى بىلەن مەلھەم قىلسا تەر توختىتىدۇ. يالغۇز ئىشلەتسىمۇ تەر توختىتىش تەسىرىنى بېرىدۇ. يالغۇز چاپسا رەڭگىرويىنى ياخشىلايدۇ، ھەرقانداق ئەزادىكى موينى چۈشۈرىدۇ. ئۇنى داۋاملىق ئىشلەتسە بەدەننى قارايتىدۇ. ئۇنىڭدىن ئالتە گىرام ئېلىپ 10 گىرام يەسمەن يېغى بىلەن سالايە قىلىپ، زەكەر ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىغا سۈركىسە باھنى قوزغايدىغان بولۇپ، بۇ جەھەتتە ئەڭ ياخشى دورا بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. شۇنداقلا ھەسەل بىلەن سۈركىسىمۇ شۇ تەسىرنى بېرىدۇ. ئۇنى ياغ بىلەن سالايە قىلىپ قورسىقىدا مەددە قۇرت بار ئادەمنىڭ كىندىكى، قورسىقى ۋە دۇۋسۇنىغا سۈركەپ ئوت بىلەن ئىسسىنسا مەددە قۇرتنى ئۆلتۈرۈپ چۈشۈرىدۇ. ئۇنى قىزىتقۇچى ياكى تارقاتقۇچى ياغلار بىلەن بىرلىكتە دەۋرىيلىك تەپ بىلەن ئاغرىغان بىمار توڭلىغان ۋە جۇغ-جۇغ پەيدا بولغان ۋاقىتتا بەدىنىگە سۈركەپ ئوت بىلەن ئىسسىنسا كۆرۈنەرلىك پايدا قىلىدۇ. مەلھەملەرگە ئارىلاشتۇرۇلۇپ سۈركىسە قوتۇر، قىچىشقاق، ئاقكېسەلگە پايدا قىلىدۇ. ئۇنىڭ ئىرىتىلگەن سۈيى بىلەن باشنى يۇسا تازغا پايدا قىلىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن پەرزىجە قىلسا بالىياتقۇنىڭ ھۆللۈكلىرىنى قۇرۇتىدۇ، ھەيزنى راۋانلاشتۇرىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** ئاشقازاننى بۇزىدۇ، قەينى قوزغىتىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** مەستىكى، ئەرەب يېلىمى.

**ئىستېمال مىقدارى:** 3 ~ 6 گىرامغىچە. قىزىلدىن 2.5~5 گىرامغىچە.

**ئورۇنباسارى:** بىر يېرىم ھەسسە تۇز، بەزىلەر يېرىم ھەسسە قەتران، بەزىلەر بىر ھەسسە تاشتۇز دەيدۇ.

ئۇنى چاچقا سۈركىسە چاچنى ئىنچىكىلەشتۈرىدۇ. دائىرىلىك چاچ چۈشۈش ۋە چاش كېپەكلىشىشكە پايدا قىلىدۇ.

ئۇنى كۆيدۈرۈۋېتىش ئۇسۇلى شۇكى، ساپال كوزىغا سېلىپ ئېغىزىنى مەھكەم ئېتىپ، چوغ ئۈستىدە قىزارغىچە قويۇلىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن ئوتتىن چىقىرىپ سوۋۇتۇپ سالايە قىلىپ ئىشلىتىلىدۇ. ئۇنىڭ كۆيدۈرۈلگىنى ئۇچۇچانراق بولىدۇ. ئۆتكۈرلۈكى ئارتۇقراق بولۇپ، بورەق زەبەدىيغا ئوخشاپ قالىدۇ.

## بۇزىيدان
(بوزىدان)

**ماھىيتى:** ئۇ بىر خىل يىلتىزدىن ئىبارەت بولۇپ، رەڭگى ئاق، بارماق ئۇزۇنلۇقى ۋە توملۇقىدا، بەزىدە ئۇنىڭدىن ئۇزۇن، ئىچى پۇتەي، قاتتىق بولىدۇ. تېشىدا ئۇزۇنىغا سوزۇلغان سىزىقلىرى بولىدۇ، يىرىك بولىدۇ. بەزىلەر ئۇنى مۇستەئجەلە دېگەن يىلتىزنىڭ تۈرلىرىدىن دەپ بىلىدۇ. يەنە بەزىلەر ئۇنى لۇئبەتى بەربەرىييە دەپ ئاتىلىدىغان يىلتىز دەپ بىلىدۇ. بەزىلەر بوزىداننى مەزكۇر ئىككى خىل يىلتىز ئورنىدا ساختا قىلىپ ساتىدۇ، يەنى بەزىدە بوزىداننى مۇستەئجەلە ئورنىدا، يەنە بەزىدە لۇئبەتى بەربەرىييە ئورنىدا ساتىدۇ. ئۇلارنىڭ پەرقى شۇكى، مۇستەئجەلەنىڭ سىزىقلىرى بولمايدۇ، بوزىدان لۇئبەتى بەربەرىييەنىڭ ئەكسىچە تاتلىق بولىدۇ. لۇئبەتى بەربەرىييە بوزىداننىڭ ئەكسىچە بوغۇملۇق بولىدۇ، ھىندىستاندىن كەلتۈرۈلىدۇ. ئومۇمەن ئۇنىڭ ئۆسۈملۈكىنىڭ ماھىيىتى نامەلۇمدۇر. ئۇنىڭ ياخشىسى توم بولۇپ، يۇقىرىدىكى سۈپەتلەرگە ئىگە بولغانلىرىدۇر. ئۇنىڭ ئەكسىچە بولغانلىرى ناچار، ناھايىتى ئاجىز بولىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىنىڭ ئاخىرىدا قۇرۇق ئىسسىق، ئۈچىنچى دەرىجىنىڭ ئاخىرىدا قۇرۇق ئىسسىقمۇ دېيىلگەن. ئارتۇق ھۆللۈكى بار.

**خۇسۇسىيتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** زەھەر قايتۇرغۇچى قۇۋۋىتى بار. باھنى قۇۋۋەتلىگۈچى، جىمانى قوزغاتقۇچى، بوغۇم ۋە نۇقرەس ئاغرىقلىرىنى پەسەيتكۈچى، جىگەر ۋە تالنىڭ توسالغۇلىرىنى ئاچقۇچى، ئاشقازان، پەي ۋە بوغۇملارنى تازىلىغۇچى، ھامىلە چۈشۈرگۈچىدۇر. ئىستىسقا، ئاشقازاندا مەددە قۇرت پەيدا بولۇش، قويۇق، سوغۇق خىلتلارنى ئېرىتىش، سۈيۈلدۈرۈش ۋە يوقىتىش، سوغۇق زەھەرلەرنى قايتۇرۇش، زەرداب سۈنى سۈرۈش قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ. قەردمانە بىلەن ئىشلەتسە بوۋاسىرغا پايدا قىلىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** ئۈرۈقدانغا زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** ھەسەل، قىچا.

**ئىستېمال مىقدارى:** 7.5 گىرامغىچە.

**ئورۇنباسارى:** ئاق بەھمەن، بەزىلەر باراۋەر مىقداردا ئېگىر دەيدۇ. زەھەر قايتۇرۇش ئۈچۈن ئىشلەتكەندە يېرىم ھەسسە زورەمبات ۋە ئۇزۇنچاق زىراۋەندە.

## بوش دەربەندى
(بوش دەربەندى دورىسى)

ماھىيىتى: ئۇ كىچىك دەرەخ چوڭلۇقىدىكى بىر ئۆسۈملۈكنىڭ پۈتۈن چۆپى ۋە يوپۇرمىقىدىن تەييارلىنىدىغان قۇرۇستىن ئىبارەت. بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ يوپۇرمىقى خىنە يوپۇرمىقىغا ئوخشايدۇ، ئۇرۇقى يۇمىلاق بولۇپ، كەندىر ئۇرۇقىدىن كىچىكرەك، سېرىققا مايىل بولىدۇ. ئەجەم شەھەرلىرى، بولۇپمۇ شەھرىزۇر ۋە ئەرمىنىيەنىڭ ئەتراپىدىكى رايونلاردا ئۆسىدۇ. شۇ شەھەرلەرنىڭ خەلقلىرى ئۇنىڭ چۆپى ۋە يوپۇرمىقىنى سوقۇپ قۇرۇس قىلىپ، قۇرۇتۇپ ئەتراپلارغا ئېلىپ بارىدۇ.

تەبىئىتى: ئىككىنچى دەرىجىدە سوغۇق، بىرىنچى دەرىجىدۇ قۇرۇق. بىرىنچى دەرىجىنىڭ ئاخىرىدا قۇرۇق سوغۇقمۇ دېيىلگەن.

خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى: ماددىلارنى قايتۇرغۇچى ۋە يۇمشاتقۇچىدۇر. مەلھەم قىلىپ چاپسا ئىسسىقتىن بولغان ئىششىقلارنى يانىدۇرىدۇ ۋە تەرەققىي قىلىشىنى توسىدۇ. كۆز ئاغرىقى ۋە نۇقرەس ئاغرىقلىرىنى پەسەيتىدۇ. بولۇپمۇ ئىتئۈزۈمى سۈيى بىلەن سۈركىسە تېخىمۇ ياخشى مەنپەئەت قىلىدۇ.

ئورۇنباسارى: شىيافى مامىسا ۋە رۇسۇت.

## بەۋل
(سۈيدۈك)

ئۇ پارسچە «كەمىيز»، «شاش»، ھىندىچە «مۇت» دەپ ئاتىلىدۇ. «پىيشاب» دېگەن نام بىلەن مەشھۇردۇر.

ماھىيىتى: ھەممىگە مەلۇملۇق بولۇپ، ئىنسان ۋە ھايۋانات بەدىنىدىكى تەبىئەت كۈچىنىڭ ئۇلار يېگەن ـ ئىچكەن يېمەكلىكلەر ۋە ئىچىملىكلەرنىڭ سۇ قىسمىنى بۆرەك، دوۋسۇن ۋە جىنسىي يول ئارقىلىق بەدەن سىرتىغا ھەيدەپ چىقارغان سۈيۈقلۇقتىن ئىبارەت.

تەبىئىتى: قۇرۇق ئىسسىق.

خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى: ئىنتايىن جولا بەرگۈچى، ماددىلارنى ئۈچۈچانلاشتۇرغۇچى ۋە پارچىلىغۇچىدۇر. ھەر خىل جانلىقلارنىڭ سۈيدۈكلىرىنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى ئۇلارنىڭ مىزاجلىرىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا قاراپ ئوخشاش بولمايدۇ. ئىنساننىڭ سۈيدۈكى بارلىق سۈيدۈكلەرنىڭ ئەڭ مۆتىدىلرەكىدۇر. ئۇنىڭدىن قالسا تۆگىنىڭ سۈيدۈكى ۋە كالىنىڭ سۈيدۈكى مۆتىدىلدۇر. ھەرقانداق سۈيدۈكنى قويۇلغۇچە ۋە ئۇيۇغىچە قاينىتىپ، يامان يارىلار

ۋە ئاقمىلارغا سۈركىسە ئۆلارنىڭ ئىغىزلىرىنى پۈتتۈرىدىغان ۋە ھۆللۈكلىرىنى قۇرۇتىدىغان بولۇپ تەڭداشسىز داۋا ھېسابلىنىدۇ. ئىنساننىڭ سۈيدۈكى چوڭقۇرلاپ ماڭغان ۋە كېڭەيگەن ھۆل يارىلار، قوتۇر، قىچىشقاق، تەمرەتكە، تاز ۋە سۇلۇق قاپارتمىلارغا مەنپەئەت قىلىدۇ. باشتىكى يامان يارىلار ۋە سۇلۇق قاپارتمىلارنىڭ تەرەققىي قىلىشىنى توسىدۇ. قىزىل توغرىغۇ بىلەن بىرلىكتە غالجىر ئىت چىشلىۋالغان ئورۇننى يۇسا مەنپەئەت قىلىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن يۇسا ۋە سۈركىسە، دائىرىلىك چاچ چۈشۈش، ئاقكېسەل، تېرە قاسراقلىنىش ۋە ئوتتا كۆيگەن كۆيۈك يارىسىغا مەنپەئەت قىلىدۇ. ئىچسە ھاۋانىڭ بۇزۇلۇشىنىڭ زەرەرىنى يوقىتىدۇ. زەھەرلىك ھاشاراتلار چاققان ۋە يېگەن زەھەرلەرنى قايتۇرىدۇ، كىچىك بالىنىڭ سۈيدۈكىنى كۈنىگە ئىككى ئوچۇمدىن داۋاملىق ئىچسە يىلان ۋە باشقا زىيانداش ھاشارات چېقىۋالغاندىكى زەھەرنى قايتۇرىدۇ. ئۆزىنىڭ سۈيدۈكىنى ھەر ئەتىگەن ناشتىدا ئىككى ئوچۇم ئىچسە، تال كېسەللىكىگە تەڭداشسىز مەنپەئەت قىلىدۇ. شۇنداقلا ئۇنىڭغا يېرىم ھەسسە بادرەڭ تەرخەمىكى يوپۇرمىقى سۈيى قوشۇپ، ئىمكانىيەت بولسا چارچىغۇدەك دەرىجىدە يۈگۈرگەندىن كېيىن ئىچسىمۇ تال كېسەللىكىگە مەنپەئەت قىلىدۇ. ئىسسىق سۈيدۈك بىلەن مەقئەتنى يۇسا ئىششىقنى تارقىتىدۇ. سىفلىس كېسەللىكىدە ئۇنىڭ بىلەن چاچ يۇسا چۈشۈشنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن ھۆقنە قىلسا قورساق ئاغرىقىغا مەنپەئەت قىلىدۇ. قۇلاققا تېمىتسا، بولۇپمۇ قىزىتىلغان ئانار پوستىغا ئېلىپ بىر ئاز ۋاقىت تۇرغۇزغاندىن كېيىن تېمىتسا، قۇلاقتىكى قۇرتنى ئۆلتۈرىدۇ. سۈيدۈكنىڭ دۇغىنى خېنە يېغى بىلەن ھەمەلچە قىلسا بالىياتقۇ ئىششىقىنى تارقىتىدۇ. ئىسسىق ياغلار بىلەن بىرلىكتە بالىياتقۇغا تېمىتسىمۇ شۇ تەسىرنى بېرىدۇ. ئۇنى كۆزگە سۈركىسە ياش بېزى ئاقمىسى، كۆز ئاغرىقى ۋە كۆز قاراڭغۇلىشىشقا مەنپەئەت قىلىدۇ. سۈيدۈكنى ھەسەل بىلەن بىرلىكتە مىس قاچىدا قاينىتىپ كۆزگە سۈركىسە زەخىم سەۋەبىدىن پەيدا بولغان ئاقنى يوقىتىدۇ. ئۇنى ئالتۇن كۈلى بىلەن يۇغۇرۇپ چاپسا ئەزالاردىن كەلگەن قاننى توختىتىدۇ. بالاغەتكە يەتمىگەن كىچىك بالىنىڭ سۈيدۈكىنى ئىچسە نەپەس قىسىلىش ۋە تىك ئولتۇرۇپ نەپەسلىنىشلەرگە مەنپەئەت قىلىدۇ. كۆپۈكىنى سۈركىسە سۆگەللەرنى چۈشۈرىدۇ.

چىشى كالىنىڭ سۈيدۈكى ئىنتايىن جۇلا بەرگۈچى بولۇپ، كىچىك بالىلاردىكى يارىلارغا ۋە ئاقمىلارغا مەنپەئەت قىلىدۇ. ئەركەك كالىنىڭ سۈيدۈكى سوغۇقتىن بولغان ئاشقازان ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ. بوۋاسىرغا شىپا بولىدۇ. مۇرمەككى بىلەن ئىشلەتسە قۇلاق ئاغرىقىنى، سىركە بىلەن ئىشلەتسە چىش ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ. ئۇنىڭغا قىچا ئارىلاشتۇرۇپ ئەزانى يۇسا سېرىمىنى ئەسلىگە كەلتۈرىدۇ، سىناقتىن ئۆتكەن دەپ قارىلىدۇ.

چوشقا سۈيدۈكى كۆزدىكى ئاقنى يوقىتىش، بۆرەك ۋە دوۋسۇندىكى تاشلارنى پارچىلاپ چۈشۈرۈشتە تەڭداشسىزدۇر. ئېشەك سۈيدۈكى بۆرەك ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ. ئۆچكە

سۇيدۇكىدىن كۇنىگە 200 مىللىلىتىر ئىلىپ، ئۇنىڭغا بەش گىرام سۇمبۇل تىپ قوشۇپ تەمىنى چىقارغاندىن كېيىن ئىچسە، توقۇلما ئارىلىقىغا سۇ چۇشۇش (ئىستىسقائى لەھمى)كە مەنپەئەت قىلىدۇ. قۇلاققا تېمىتسا قۇلاق ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ.

تۆگە سۇيدۇكى جىگەر ئىششىقى، جىگەر توسالغۇلىرى، ئىستىسقا، تال قېتىش، باھ ئاجىزلىقى، ئىچكى ئەزالارنىڭ سوغۇقتىن بولغان كېسەللىكلىرىگە مەنپەئەت قىلىدۇ. قۇلاققا تېمىتسا قۇلاق جاراھىتىنى ساقايتىدۇ.

سۇ كالىسىنىڭ سۇيدۇكى سوغۇقتىن بولغان قۇلاق ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ. سىناقتىن ئۆتكەن.

ئىت سۇيدۇكى سۆگەللەرنى يوقىتىدۇ.

ھەرقايسى ھايۋاناتلارنىڭ سۇيدۇكلىرىنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى ئاللا خالىسا ئۆز ئورنىدا بىر - بىرلەپ تەپسىلىي بايان قىلىنىدۇ.

## بەۋلۇل ئىبىل
(تۆگە سۇيدۇكى)

ئۇ يەمەندىن ئېلىپ كېلىنىدىغان توقىچاقلار (قۇرسلار) دىن ئىبارەت بولۇپ، ھەج مەۋسۇمىدە مەككەئى مۇكەررەمە (ئالللا ئۇنىڭ شەرىپى ۋە ئۇلۇغلۇقىنى تېخىمۇ زىيادە قىلسۇن) دە سېتىلىدۇ.

ماھىيىتى: زەھراۋىينىڭ ھېكايە قىلىشىچە، يەمەن خەلقى يىلنىڭ مەلۇم بىر پەسلىدە تۆگىلىرىنى قويۇپ بېرىپ، مەخسۇس شۇ دۆلەتتە ئۆسىدىغان بىر خىل ئۆسۈملۈك بىلەن ئوتلىتىدىكەن. شۇنىڭدىن كېيىن سىيگەن سۇيدۇكلىرىنى يىغىپ قويۇلدۇرۇپ ئۇنىڭدىن توقىچاقلار تەييارلايدىكەن.

مالقىينىڭ ئېيتىشىچە، زەھراۋىي ھېكايە قىلغاندەك ئەمەسكەن، بەلكى ئۇ مەككە مۇكەررەمە ۋە باشقا جايلاردىكى تاغ ئۆڭكۈرلىرىدىن تېپىلىدىغان قارا رەڭلىك تاشقا ئوخشاش قاتقان پارچىلاردىن ئىبارەت بولۇپ، «سىنۇل ۋەبرى» دېگەن نام بىلەن مەشھۇر ئىكەن. شۇ يەردىكى ئەرەب سودىگەرلىرى ئۇلارنى يىغىۋېلىپ توقىچاق قىلىپ ساتىدىكەن.

بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ شەپەرەڭنىڭ سۇيدۇكىدىن ئىبارەت بولۇپ، بەزىلىرى تارقاق، بەزىلىرى توپلاشقان ھالەتتە بولۇپ ئۆڭكۈرلەردىن تېپىلىدىكەن.

يەنە بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، ھىجاز تاغلىرىغا مەخسۇس بولغان بىر خىل ئۆسۈملۈكتىن ئىبارەت بولۇپ، سوقۇپ، تۆگە سۇيدۇكى بىلەن يۇغۇرۇپ توقىچاق قىلىنىدىكەن.

ئومۇمەن ئۇ ماھىيىتى نامەلۇم دورىلاردىندۇر.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيەتلىرى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ھايۋاناتلارنىڭ جاراھەتلىرى ۋە يارىلىرىنى پۈتتۈرىدۇ، قان توختىتىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن ھەمەل قىلسا ھامىلدار بولۇشنى چەكلەيدۇ. بوۋاسىرغا مەنپەئەت قىلىدۇ. ھەسەل بىلەن مەلھەم قىلسا ئىششىقلارنى ياندۇرىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** بەدەندە كۆپ تۇرسا يارىلاندۇرىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** گۈل يېغى.

## بۇلامۇنيۇن
(بۇلامۇنيۇن گىياھى)

ئۇ يۇنانچە سۆزدۇر.

**ماھىيىتى:** ئۇ مۇخلىسە ئۆسۈملۈكىنىڭ بىر تۈرىدىن ئىبارەت. ئۆسۈملۈكى دەرەخكە ھەم گىياھقا ئوخشايدۇ. شاخلىرى ئىنچىكە بولۇپ، كۆپ شاخ ئايرىيدۇ. يوپۇرمىقى سۆزاپ يوپۇرمىقىدىن ئۇزۇنراق، چوڭراق بولىدۇ. شاخلىرىنىڭ ئۇچلىرىدا قارىغاي مېۋىسىگە ئوخشاش يۇمىلاق كىچىك نەرسىسى بار بولۇپ، ئىچىدىن قارا ئۇرۇقلار چىقىدۇ. يىلتىزى دۇرنەج ئەقرەبىگە ئوخشاش بولۇپ ئاق، ئۇزۇن، قاتتىق بولىدۇ. تاغلار، قاتتىق، قۇرغاق، تاشلىق يەرلەردە ئۆسىدۇ. يوپۇرمىقى بىلەن يىلتىزى ئىشلىتىلىدۇ.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ئۇچۇچانلاشتۇرغۇچى، قۇرۇتقۇچى، جۇلا بەرگۈچى، تۇسالغۇلارنى ئاچقۇچىدۇر. يىلتىزى ياكى يوپۇرمىقىدىن ئۇچ گىرام ئېلىپ ئىستېمال قىلسا سۈيدۈك ۋە ھەيزنى ھەيدەيدۇ، بالا ھەمراھىنى چۈشۈرىدۇ. يانپاش ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ. ئۆچەي يارىسىنى ساقايتىدۇ. سىركە بىلەن ئىستېمال قىلسا تالنىڭ قاتتىق ئىششىقىنى تارقىتىدۇ. شاراب بىلەن ئىستېمال قىلسا زىيانداش ھاشاراتلارنىڭ چېقىۋېلىشىغا مەنپەئەت قىلىدۇ. سۇ بىلەن ئىستېمال قىلسا سۈيدۈكنى راۋانلاشتۇرىدۇ. ئولتۇرغۇچ نېرۋا ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ. يېڭى سېغىلغان سۈت بىلەن ئىستېمال قىلسا ئەزالاردىكى تاشنى پارچىلاپ چۈشۈرىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا ئۇنىڭدىن ئالتە مىللىگىرام ئېلىپ ناشتىدا ئىستېمال قىلسا چايان ھەرگىز چاقمايدىكەن. ئۇنى چاينىسا سوغۇقتىن بولغان چىش ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ. ئېسىۋالسا چايان چېقىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. ئۇرۇقىدانغا زىمات قىلسا ئۇرۇقدانىنىڭ يەللىرىنى تارقىتىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** بەش گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** ئاشقازانغا زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** چىلان.

**ئورۇنباسارى:** پادىزەھرى.

# بولسەرى

(بولسەرى دەرىخى)

ئۇ «بوھۇلسەرى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بېنگالىدا «بو»، «ب» ھەرپىنىڭ ئورنىغا «م» ھەرپى ئالماشتۇرۇلۇپ «مولسىرى»مۇ دېيىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** ئۇ ھىندىستاندا بولىدىغان بىر خىل چوڭ دەرەختىن ئىبارەت بولۇپ، گۈلى ئۇششاق، يۇمىلاق، بەرگىلىرى چىشلىق، خۇش پۇراق بولىدۇ. قۇرۇغاندا تېخىمۇ خۇش پۇراقلىشىدۇ. ئۇنىڭ قۇرۇقى تەكىيلەرگە قاچىلىنىدۇ. چۈنكى ئۇ بار يەرگە مىڭئاياغ يېقىنلاشمايدۇ، دەپ قارىلىدۇ. مېۋىسى ئومۇمىي جەھەتتىن چىلانغان ۋە ئوتتۇرا ھال چوڭلۇقتىكى كەنار مېۋىسىگە ئوخشايدۇ. خام ۋاقتىدا كۆك بولۇپ، پىشقاندىن كېيىن قىزىلغا مايىل سېرىق، نارەنجى رەڭگىگە كىرىدۇ. مېۋىسىنىڭ گۆشى ئاز، سەل تاتلىق، كۆپ قىرتاق بولىدۇ. بەزى باللار ۋە كىشىلەر ئۇنى يەيدۇ. ئۇرۇقچىسى پىندۇققا ئوخشايدىغان، ئۇنىڭدىن كىچىكرەك بولغان غىلاپ ئىچىدە بولۇپ، سەل ئۇزۇنچاق بولىدۇ. مېغىزى ئاچچىق، سەل مايلىق بولىدۇ.

**تەبىئىتى:** گۈلى قۇرۇق سوغۇق، مېۋىسىنىڭ قۇرۇق سوغۇقلۇقى ئۇنىڭدىن كۈچلۈكرەك، قابىزلىق قۇۋۋىتىگە ئىگىدۇر.

**خۇسۇسىيتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ماددىلارنى تارقىتىدۇ. چىش ئاغرىقنى پەسەيتىدۇ، سەپرانىڭ بۇزۇلۇشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. سەپرادىن بولغان ئىچ سۈرۈشنى توختىتىدۇ. مېۋىسى، بولۇپمۇ چالا پىشقان مېۋىسىنى چاينىسا چىش ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ، چىش مىلىكىنى چىڭىتىدۇ. ئىستېمال قىلسا قەۋزىيەت پەيدا قىلىدۇ، قورساقنى ئىسسىلدۇرىدۇ. مەنىي تۇتىدۇ. پىشمىغان مېۋىسى مەنىي تۇتقۇچى دورىلاردىن بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭ ھۆل ئۇسارىسىنى بۇرۇنغا تېمىتسا ياكى سۈمۈرسە دىماقتىن كۆپ سۇيۇقلۇق ئاقتۇرۇپ مېڭە كېسەللىكلىرىگە پايدا قىلىدۇ. گۈلىنىڭ ئەرقى روھلارنى قۇۋۋەتلەيدۇ، خۇرسەن قىلىدۇ، يۇقىرىدا بايان قىلىنغان كېسەللىكلەر ۋە سوغۇقتىن بولغان كېسەللىكلەرگە پايدا قىلىدۇ. ئۇنىڭ سەندەل ئېكەكدەلمىسى بىلەن قىلىنغان ئەترى ناھايىتى خۇش پۇراق بولۇپ، قۇۋۋەتلەيدۇ. پوستىنىڭ قاينىتىلمىسىنى ئىچسە ئەزالارنىڭ ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ. بېنگالدا بولىدىغان، ھىندىچە «ئەھۋە» دەپ ئاتىلىدىغىنى، ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بۇرۇندا پەيدا بولىدىغان كېسەللىككە پايدا قىلىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن ئېغىز چايقىسا چىش مىلىكىنى چىڭىتىدۇ. يىپەك رەخت توقۇغۇچىلار يىپەكنىڭ رېڭىنىڭ چىقىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ئۇنىڭ ئۇسارىسى ۋە چالا پىشقان مېۋىسىنى يىپەككە سۈرىدۇ. بۇ چاغدا يىپەك رەڭگى قارامتۇل رەڭگە كىرىدۇ. يىپەك رەختنى بوياش ئۈچۈن ئۇنىڭ دەرىخىنىڭ پوستى، مېۋىسىنى سوقۇپ سۈيى ئىشلىتىلىدۇ.

## بۇيىنۇن
(بۇيىنۇن ئوتى)

بۇ يۇنانچە سۆزدۇر.

**ماھىيىتى:** ئۇ بىر خىل ئۆسۈملۈك بولۇپ، غولى بارماق تومۇلۇقىدا بولىدۇ. يوپۇرمىقى كەرەپشە يوپۇرمىقىغا ئوخشايدۇ، ئۇنىڭدىن چوروكرەك بولىدۇ. گۈلى سېرىقچېچەك گۈلىگە ئوخشايدۇ. ئۇرۇقى ئۇششاق، خۇش پۇراق بولىدۇ. يوپۇرمىقى، ئۇرۇقى ۋە ئۇسارىسى ئىشلىتىلىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ئۆتكۈر بولۇپ، جولا بېرىدۇ. توسالغۇلارنى ئاچىدۇ، يەل تارقىتىدۇ. قورساق ئاغرىقىغا شىپا بولىدۇ. يوپۇرمىقىنىڭ ئۈچ گىرامى سۈيىدۈك ھەيدەيدۇ. بالا ھەمراھى ۋە قورساق مەددە قۇرتىنى چۈشۈرىدۇ. بۆرەك، دوۋسۇن ۋە تال كېسەللىكلىرىگە مەنپەئەت قىلىدۇ. بولۇپمۇ مائۇلھەسەل بىلەن ئىشلەتسە تەسىرى تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ. ئۇنىڭ تۆت دانە يوپۇرمىقى سۈيدۈك تامچىلاش ۋە قورساق ئاغرىقىغا مەنپەئەت قىلىدۇ. شۇنداقلا ئۇنىڭ 1.5 گىرام ئۇرۇقىمۇ شۇ تەسىرنى بېرىدۇ. شاراب ۋە تۇز بىلەن ئىلمان زىمات قىلىپ چاپسا چاشقان يارىسىنى تارقىتىدۇ. ھەمەلچە قىلىنسا ئۈچەي مەددە قۇرتلىرىنى چۈشۈرىدۇ. ئۇنىڭ ئۇسارىسى شاخلىرى ۋە يوپۇرمىقىدىن ئېلىنىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** باشنى ئاغرىتىدۇ. كۆڭۈلنى ئاينىتىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** چىلان، يېڭى سېغىلغان سۈت.

**ئىستېمال مىقدارى:** يوپۇرمىقىدىن بەش گىرامغىچە، ئۇرۇقىدىن 2.5 گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

**ئورۇنباسارى:** كۇندۇر.

## پۇئى
(پۇئى ئۆسۈملۈكى)

ماھىيىتى: ئۇ ھىندىستاندا ئۆسىدىغان پىلەكلىك ئۆسۈملۈك بولۇپ، بېنگالدا كۆپ بولىدۇ. دەرەخلەر، تاملار ۋە ئەتراپتىكى باشقا نەرسىلەرگە تال ۋە قاپاققا ئوخشاش يامىشىپ ئۆسىدۇ. غولى بارماق تومۇلۇقىدا بولىدۇ. يوپۇرماقلىرى ئومۇمەن تەنبۇل دەرىخى يوپۇرمىقىغا ئوخشاش، ئۇنىڭدىن يېشىلراق، قېلىنراق، چوروك بولۇپ، شىلىمشىق سۇيۇقلۇق بىلەن تولغان بولىدۇ. تۈكى بولمايدۇ. بۇ ئىككى خىل بولىدۇ. بىرى ئاق، يەنى غولىنىڭ رەڭگى

ئاق، يوپۇرمىقى يېشىل بولۇپ كۆپ تېپىلىدۇ. ئىككىنچىسى قىزىل، يەنى غولىنىڭ ۋە يوپۇرمىقىنىڭ تومۇرلىرىنىڭ رەڭگى قىزىل بولۇپ كەمرەك ئۇچرايدۇ. ھىندىستان خەلقى ئۇنى پىشۇرۇپ، باشقا كۆكتاتلارغا ئوخشاش ئىستېمال قىلىدۇ. ناھايىتى شىلىمشىق بولىدۇ.

**تەبىئىتى:** ھۆل سوغۇق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ئۇخلاتقۇچى، باھنى قۇۋۋەتلىگۈچىدۇر. مەنىي كۆپەيتىش، ئاۋاز ئەزالىرى ۋە گالنى سىلىقلاشتۇرۇش، ئىسسىق تەپلەرنىڭ ئۆتكۈرلۈكىنى پەسەيتىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. يوپۇرمىقىنىڭ سۈيىنى ئوتتا كۆيۈپ قالغان ئورۇنغا دەرھال تەكرار سۈركىسە ئېچىشىشى ۋە قاپارتما ئۆرلەشنى توختىتىدۇ.

# پەسىل: «ب» (بائ) ۋە «ھ» (ھائ) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى

## بەھمەن

بۇ پارسچە سۆزدۇر.

**ماھىيىتى:** بۇ پارستىن چىقىدىغان بىر خىل يىلتىزدىن ئىبارەت بولۇپ، شەكلى ئومۇمىي جەھەتتىن سەۋزىگە ئوخشاش، ئۇنىڭدىن كىچىكرەك، سەل قاتتىق، پۇرلەشكەن، پوستى ئازراق يىرىك، بۇدۇر - بۇدۇر بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۆسۈملۈكى ئەرمەن ۋە خۇراسان تاغلىرىدا ئۆسىدۇ. يوپۇرمىقى قارىئۆرۈك يوپۇرمىقىغا ئوخشاش تۈز، تىكەنلىك ۋە كۆپ چىشلىق بولىدۇ. غولىدىن بىرقانچە يوپۇرماق ئۆسۈپ چىققان بولۇپ، ئۈچى پۇرلەشكەن بولىدۇ. گۈلى بولمايدۇ. تومۇز ئېيىدا يېتىشىدۇ. قىزىل ۋە ئاقتىن ئىبارەت ئىككى خىل بولىدۇ. قىزىلى تومراق، ئۇزۇنراق، پوستى تەكشىسىز، قېلىن، سىرتى ئىچىدىن قىزىلراق بولىدۇ. ئۇنىڭ ئېقىنىڭ ئىچى - سىرتى ئاق بولىدۇ. ئۇنىڭ قىزىلى ياكى ئېقى بولسۇن سۈزۈك، ئېغىر، خۇش پۇراق بولغان، چاينىسا ئازراق شىلىمشىق سۈيۈقلۇق چىقىدىغان ۋە تىلنى قورۇيدىغانلىرى ياخشىلىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئەرمىنىيە ۋە خۇراسان ئەتراپلىرىدىن كەلتۈرۈلىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق. قىزىلى ئۈچىنچى دەرىجىگىچە ئىسسىق، ئېقىدىن كۈچلۈكرەك بولىدۇ. ھەر ئىككىسىنىڭ ئارتۇق ھۆللۈكى ۋە قورۇش قۇۋۋىتى بار. مەسىھا ھەر ئىككىسىنى ھۆل ئىسسىق دەپ بىلگەن.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** باھ ۋە يۈرەكنى ئىنتايىن قۇۋۋەتلىگۈچى، بەدەننى

سەمرىتكۈچى، مەنىي كۆپەيتكۈچى، تۇسالغۇلارنى ئاچقۇچى، يەل ۋە قۇيۇق شىلىمشىق بەلغەمنى تارقاتقۇچى، سوغۇق مىزاجلىقلارغا مۇۋاپىق كەلگۈچىدۇر. خەفەقان، يەرقان، بۆرەك ۋە دوۋساقتا تاش پەيدا بولۇشقا مەنپەئەت قىلىدۇ. بولۇپمۇ مۇناسىپ دورىلار بىلەن بىرلىكتە ئىشلەتسە تەسىرى تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ. ئۇنىڭ قىزىلىنىڭ باھنى قۇۋۋەتلەش ۋە قوزغىتىش تەسىرى كۈچلۈكرەكتۇر. سۇ بىلەن قايىنىتىپ يۇمشاق پىشۇرۇپ، سۈيىگە شېكەر قوشۇپ ئىچسە ئىنتايىن سەمرىتىدۇ، بولۇپمۇ بادام ۋە نوقۇت بىلەن ئىستېمال قىلسا تەسىرى تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ. ئاچچىق تۇز ۋە ھەسەل بىلەن بىرلىكتە ئاياللارنىڭ يۈزىگە سۈركىسە رەڭگىرويىنى ياخشىلايدۇ، ئۇنىڭ سۈيى بىلەن باشنى يۇسا پىت ئۆلتۈرىدۇ. چاچنى خۇش پۇراق قىلىدۇ. ئۇنىڭ ئېقىنى زەپەر بىلەن پەرزىجە قىلسا بالىياتقۇنى تازىلاپ خۇش پۇراق قىلىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** ھەر ئىككىسى مەقئەتكە زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** رۇمبەدىيان، كەترا، چىلان.

**ئىستېمال مىقدارى:** ھەر ئىككىسىنىڭ ئۆزىدىن 10 گىرامغىچە، قايناتمىسىدىن 90 مىللىگىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

**ئورۇنباسارى:** بىرى يەنە بىرىگە ئورۇنباسار بولىدۇ. ھەر ئىككىسىنىڭ ئورۇنباسارى باراۋەر مىقداردا تۇدەرى، يېرىم ھەسسە لىسانۇل ئاساپىر، ئاق، قارا مۇسلى، ئىسگەندە ناگورى (بىر خىل يىلتىز) دۇر. قىزىلىنىڭ ئورۇنباسارى دۇرنەج ئەقرەبى، ئېقىنىنىڭ ئورۇنباسارى زورەمباتتۇر.

## بەھمى
(بەھمى ئوتى)

**ماھىيىتى:** بىر خىل ئۆسۈملۈك بولۇپ، ئارپا ئۆسۈملۈككە ئوخشايدۇ، ئۇنىڭدىن پاكارراق، ئىنچىكىرەك بولىدۇ. باشقى تېرىق باشقىغا ئوخشايدۇ، سايە يەرلەردە ئۆسىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق، ئىنتايىن قابىز.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** داۋاملىق ئىستېمال قىلسا كونا ئىچ سۈرۈش، ساقىيىشى تەس بولغان قاناش ۋە سۈيدۈك تامچىلاشقا مەنپەئەت قىلىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** ئالتە گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

ئۇنىڭ خاسىيەتلىرىنىڭ بىرى شۇكى، ھاۋا رەڭلىك يىپەك رەخت ياكى قىزىل رەڭلىك يۇڭ رەختكە ئوراپ قاناۋاتقان ئەزاغا ئېسىپ قويسا ياكى تاڭسا قان توختىتىدىغان بولۇپ سىناقتىن ئۆتكەن، دەپ قارىلىدۇ.

## پۇھكەرمۇل

(پۇھكەرمۇل يىلتىزى)

ئۇ ھىندىستاندىن چىقىدىغان بىر خىل يىلتىز بولۇپ، رەڭگى قارا بولىدۇ. ناھايىتى ئاچچىق، پۇرىقى ئۆتكۈر، يىپچىلىرى بولىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ئىشتىھانى ئاچقۇچى، باھنى قۇۋۋەتلىگۈچىدۇر. يەلدىن ۋە بەلغەمدىن بولغان كېسەللىكلەر، مۇرەككەپ تەپلەر، ئىششىقلار، زىققە نەپەس ۋە يانپاش ئاغرىقلىرى ئۈچۈن ئىچى - سىرتىدىن ئىشلىتىلىدۇ.

## بەنگىرە

(بەنگىرە ئوتى)

**ماھىيىتى:** ھىندىستاندا ئۆسىدىغان بىر خىل ئۆسۈملۈك بولۇپ، غولاچ ئېگىزلىكتە ئۆسىدۇ. يوپۇرمىقى ئانار يوپۇرمىقىغا ئوخشاش، ئۇنىڭدىن كەڭرەك، غولى ۋە يوپۇرمىقى سۇلۇق، تەمى ئازراق ئاچچىق، ئۆتكۈر بولىدۇ. ئاق، سېرىق ۋە قارىدىن ئىبارەت ئۈچ خىل بولىدۇ. ئېقىنىڭ گۈلى ئاق، يوپۇرمىقى ۋە غولى سۇس يېشىل، قارىسىنىڭ گۈلى قارا، يوپۇرمىقى ۋە غولى توق يېشىل، سېرىقىنىڭ گۈلى سېرىق، يوپۇرمىقى ۋە غولى سېرىققا مايىل يېشىل بولىدۇ. كېيىنكى ئىككى خىلى ناھايىتى ئاز ئۇچرايدۇ.

**تەبىئىتى:** ئۈچىلىسى ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ئۆسۈملۈكنىڭ يوپۇرمىقى ۋە غولىنى ئىستېمال قىلسا كۆرۈش قۇۋۋىتىنى ئاشۇرىدۇ. باھنى قۇۋۋەتلەيدۇ. ھۆللۈكلەرنى ۋە بەلغەملەرنى ئازايتىدۇ. ئىششىق ياندۇرىدۇ. تالنىڭ قاتتىق ئىششىقىنى ياندۇرىدۇ. جوزامغا مەنپەئەت قىلىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن ئېغىز چايقىسا ئېغىز كېسەللىكلىرىگە مەنپەئەت قىلىدۇ. سۈيىنى كۆزگە تېمىتسا سوغۇقتىن بولغان كۆز ئاغرىقىغا مەنپەئەت قىلىدۇ. باشقا سۈركىسە باش ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ. ھەر قېتىم يەرلىك ئورۇننى تاتىلانغاندىن كېيىن يالغۇز ھالەتتە داۋاملىق چاپسا دائىرىلىك چاچ چۈشۈش، بەھەق، ئاقكېسەل، جوزام، كالا تەمرەتكىسى ۋە تېرىنىڭ كۆپ قىسىم كېسەللىكلىرىگە مەنپەئەت قىلىدۇ. شۇنىڭدەك ئۇنى باشقا مۇناسىپ دورىلار بىلەن بىرلىكتە چاپسا، مەسىلەن: دائىرىلىك چاچ چۈشۈشكە چۈچۈكبۇيا يىلتىزى بىلەن؛ جوزام، بەھەق ۋە ئاقكېسەلگە ئاق خەربەق بىلەن؛ ھۆل تەمرەتكىگە كۆيدۈرۈلگەن يېشىل تۇتىيايى ھىندى بىلەن چاپسىمۇ مەزكۇر كېسەللىكلەرگە مەنپەئەت قىلىدۇ. شۇنداقلا ئۇ خاسىيىتى

بىلەن بەدەن ۋە تېرە كېسەللىكلىرىنى ئىسلاھ قىلغۇچىدۇر. ئىپتىشلارغا قارىغاندا، بولۇپمۇ ئۇنىڭ قارىسىنى ئىستېمال قىلسا ساقالنى قارايتىدىكەن. يەنە ئۇنىڭ ئۆسۈملۈكىدىن 10 گىرام ئېلىپ باراۋەر مىقداردىكى تۇز بىلەن ئىستېمال قىلسا قۇلۇنجى ئاغرىقىنى دەرھال پەسەيتىدۇ. ئەگەر قۇلۇنجى سوزۇلما خاراكتېرلىك بولسا، قۇرۇق بەنگىرە، گۈلى تىيسۇ، تۇخۇمى پەنۋار، ھېلىلە، بەلىلە، ئامىلە قاتارلىقلاردىن باراۋەر مىقداردا ئېلىپ سوقۇپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ، باراۋەر مىقداردىكى كونا قەنت بىلەن يۇغۇرۇپ، كۈندە 12 گىرامدىن 41 كۈنگىچە ئىستېمال قىلسا پايدا قىلىدۇ (سىناقتىن ئۆتكەن). ئۇنىڭ يوپۇرمىقىدىن 12 گىرام ئېلىپ ئۈچ گىرام تاشتۇزى بىلەن بىرلىكتە چايناپ يۇتسا قورساق ئاغرىقى ھەرقانچە كونا بولۇپ، بىر يىلغىچە داۋاملاشقان بولسىمۇ پەسەيتىدۇ. ئۇنىڭ ئۇرۇقىنى 250 گىرام بالادۇر سۈيىگە چىلاپ مۇنبەت يەرگە تېرىپ سۇ ئورنىدا بالادۇر سۈيى بىلەن سۇغۇرۇپ، ئۈنۈپ كۆكەرگەندە تۇۋىگە توخۇنىڭ ئاق پېيىنى سانجىپ، پەي قارىدىغاندا ئۇنى يىلتىزى بىلەن قومۇرۇپ ئېلىپ سايىدا قۇرۇتۇپ، ھەپتىگىچە ھۆل بەنگىرە شىرىسىگە چىلاپ، سايىدا قۇرۇتۇپ، كۈنىگە بىر چاڭگالدىن ئۇدا يەتتە كۈن ئىستېمال قىلسا جوزام ۋە ئاقكېسەلگە مەنپەئەت قىلىدۇ. ئۇنىڭ ئۇرۇقىنى كۈنجۈت ۋە شېكەر بىلەن بىرلىكتە ھەر كۈنى مۇۋاپىق مىقداردا ئىستېمال قىلسا كۆرۈش ۋە ئاڭلاش كۈچىنى ئاشۇرىدۇ. بەدەنىنىڭ باشقا قۇۋۋەتلىرىنى قۇۋۋەتلەيدۇ. ئۇنى باراۋەر مىقداردىكى ھېلىلە، بەلىلە، ئامىلە ۋە ئۇلارنىڭ بىرىنىڭ تۆتتىن بىرىچىلىك مىقداردىكى پىلپىل بىلەن بىرلىكتە ئىستېمال قىلسا قۇلۇنجىغا مەنپەئەت قىلىدۇ.

## بوئى ئانولە
(بوئى ئانولە ئوتى)

**ماھىيىتى:** ئۇ ھىندىچە سۆز بولۇشى مۇمكىن. يەر ئامىلەسى دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. چۈنكى ئۇنىڭ ئۆسۈملۈكى بىر غېرىچتىن بىر غۇلاچقىچە ئېگىزلىكتە ئۆسىدىغان بولۇپ، يوپۇرماقلىرى ئۇششاق ئامىلە يوپۇرماقلىرىغا ئوخشاش بولىدۇ. يوپۇرماقلىرىنىڭ ئاستىدىن كىچىك دانچىلار ئۆسۈپ چىقىدۇ. شېخى ئىنچىكە بولىدۇ.

**تەبىئىتى:** سوغۇق، تەمى ئاچچىق، تەمسىز.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ئۇنىڭ ھۆل ئۆسۈملۈكىنىڭ سۈيىنى سىقىپ چىقىرىپ، ئۇنىڭغا سىرتىدىن ھېچقانداق سۇ قوشماي، ئاقما ۋە يامان يارىلارغا ئۇدا بىر نەچچە كۈن تېمىتسا ساقايتىدۇ. تۇز بىلەن سالايە قىلىپ سۇركىسە قوتۇرغا مەنپەئەت قىلىدۇ. يالغۇز چاپسا ئۇرۇلۇپ ـ سوقۇلۇشقا شىپا بولىدۇ.

# پەسل: «ب» (بائ) ۋە «ي» (يائ) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى

## پەيارانگا

(پەيارانگا يىلتىزى)

**ماھىيىتى:** بۇ، ئۆزۈنچاق، بارماق توملۇقىدا ۋە ئۇنىڭدىن تومراق بولغان، ئۆزۈنلۇقى ئىككى غېرىچ ۋە ئۇنىڭدىن ئۆزۈنراق كېلىدىغان، بەزىلىرى بوغۇملۇق، پوستى قىزىلغا مايىل سېرىق، پارقىراق، سىرتى سەل بوغۇملۇق بولغان بىر خىل يىلتىزدىن ئىبارەت. كونىرىسا رەڭگى قارىغا مايىل بولىدۇ. تەمى ناھايىتى ئاچچىق، ئىچى يىپلىق، قاتتىق بولىدۇ. «رۇخام» (رەخنەك دەيمۇ ئاتىلىدۇ) دۆلىتىدىن سەلھەت ۋە ئىسلامئاباد شەھەرلىرىگە ئېلىپ كېلىنىدۇ، ئۇ يەردىن ئەتراپتىكى شەھەرلەرگە ئېلىپ بېرىلىدۇ. كۆپ تېپىلمايدۇ.

**تەبىئىتى:** ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق. ئارتۇق ھۆللۈكى بار، مۆشتەرى يۇلتۇزىغا تەۋەدۇر.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** مەزكۇر شەھەرلەرنىڭ خەلقلىرى ئۇنىڭ كۆپ پايدىلىرى ۋە خۇسۇسىيەتلىرىنى نەقىل قىلىشىدۇ. ھەربىر كېسەللىككە ئالاھىدە دورا بىلەن بىرلىكتە ئىشلىتىدۇ.

باش ئەزالىرى كېسەللىكلىرى: باش ئاغرىقى ئۈچۈن ئۇنىڭدىن مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ، پېشانىگە سۈركىسە، باش ئاغرىقىنى دەرھال پەسەيتىدۇ، دەپ قارايدۇ. باللاردىكى تۇتقاق كېسەل ئۈچۈن يېرىم گىرام قىزىل پەيارانگانى بىر دانە قەرنەپىل، بىردانە پىلپىل بىلەن بىرلىكتە ئانا سۈتى بىلەن سالايە قىلىپ كىچىك بالىغا ئىچۈرۈلىدۇ. نامازشام قارىغۇسى ئۈچۈن پەيارانگا بىلەن زەرچىۋىنىڭ ھەربىرىدىن بىر گىرامدىن ئېلىپ، ئاياللارنىڭ سۈتى بىلەن سالايە قىلىپ، ئۇنىڭغا بىر پارچە رەختنى چىلاپ، كۆيدۈرۈپ كۆزنى ئىسلايدۇ. كۆز ئاغرىقى، كۆز قىزىرىش، كۆزگە ئاق چۈشۈش ئۈچۈن پەيارانگادىن ئىككى گىرام، بوغۇملۇق زەرچىۋە، رۇسۇت ھىندى، ئەپيۇنلەرنىڭ ھەربىرىدىن بىر گىرامدىن، ئاق زاكىتىن بىر گىرام ئېلىپ، ئۈچ سائەتكىچە سالايە قىلىپ، قىزىتىلغان سۈت بىلەن مەلھەم قىلىپ، كۆز ۋە ئۇنىڭ ئەتراپلىرىغا سۈركىلىدۇ. كۆزگە ئاق چۈشۈشنى يوقىتىش ئۈچۈن پەلكۈچ بىلەن كۆزگە تارتىدۇ.

كۆز ئاغرىقى ئۈچۈن ئۇنىڭدىن مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ، مۇۋاپىق مىقداردىكى زەرچىۋە ۋە ئاز مىقداردىكى ئەپيۇن بىلەن بىرلىكتە ياكى ھەر ئۈچىدىن باراۋەر مىقداردا ئېلىپ سالايە

قىلىپ، كۆزنىڭ ئەتراپىغا سۈركىلىدۇ. بۇ چاغدا ئاغرىق پەسەيتىپ، كۆزنىڭ قىزىللىقىنى يوقىتىدۇ. يىرىڭ ئېقىۋاتقان قۇلاق ئاغرىقى ئۈچۈن ئىككى دانە پىدىگەننى چوغ ئۈستىدە قويۇپ، سۈيىنى سىقىپ چىقىرىپ، ئۇنىڭغا پەيارانگادىن مۇۋاپىق مىقداردا قوشۇپ سالايە قىلىپ، سۈزۈلدۈرۈپ، قۇلاققا ئىلمان ھالەتتە ئىككى ـ ئۈچ تامچە تېمىتىلىدۇ، بۇ چاغدا قۇلاق ئاغرىقىنى پەسەيتىپ يىرىڭنى توختىتىدۇ، دەپ قارايدۇ. چىش ئاغرىقى ئۈچۈن پەيارانگا، نەمەك ئەندۇرانى، تاماكا، ھىڭ قاتارلىقلاردىن مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ قورۇپ، ھىندىچە «بەتكەتىيە» دەپ ئاتىلىدىغان ياۋا پىدىگەن ئۆسۈملۈكى پوستىنىڭ كۈلىدىن مۇۋاپىق مىقداردا ئارىلاشتۇرۇپ يۇمشاق سالايە قىلىپ، ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ، تالقان ھالەتتە چىشقا سۈركىلىدۇ. سۇيۇقلۇق ۋە ھۆللۈكلەرنىڭ ئېقىشى ئۈچۈن ئېغىزنى ئېچىپ بېشىنى تۆۋەن قىلىپ تۇرىدۇ. ھىندىستاندا كىشىلەرنىڭ بۇرنىدا پەيدا بولىدىغان «پىينىس» دەپ ئاتىلىدىغان كېسەللىك ئۈچۈن پەيارانگا بىلەن تۇتىيانىڭ ھەربىرىدىن بىر گىرامدىن ئېلىپ، كالا يېغى بىلەن ياخشى ئېزىتىپ، بۇرۇنغا ئاز ـ ئازدىن تېمىتىلىدۇ.

كۆكرەك ئەزا كېسەللىكلىرى: ئاياللارنىڭ سۈتىنى كۆپەيتىش ئۈچۈن پەيارانگادىن بىر گىرام ئېلىپ، سىيادان، ئاق زىرە، شاقاقۇل قوشۇپ، سۇ بىلەن يۇمشاق سالايە قىلىپ سۈزۈلدۈرۈپ، ئۈچ كۈنگىچە ئۇدا ئىچىلىدۇ. زىققە نەپەس ۋە كونا يۆتەل ئۈچۈن پەيارانگا، بەريارە ئۆسۈملۈكى يىلتىزى پوستى، كەنكىيە ئۆسۈملۈكى يىلتىزى پوستىدىن بىر گىرامدىن ئېلىپ بىرلەشتۈرۈپ چىلىم ئىچىگە سېلىپ تاماكىغا ئوخشاش چېكىلىدۇ. يەنە زىققە نەپەس ۋە كونا يۆتەل ئۈچۈن ھىندىچە يەنە بەتكەتىيە دەپ ئاتىلىدىغان ياۋا پىدىگەن بولۇشى مۇمكىن بولغان رىنكى ئۆسۈملۈكى پوستىدىن 50 گىرام ئېلىپ، 400 مىللىلىتىر سۇ بىلەن ئۈچتىن بىر قىسمى قالغۇچە قاينىتىپ سۈزۈلدۈرۈپ، ئۇنىڭغا بىر گىرام پەيارانگا قوشۇپ، ھەربىر يېرىم سائەتتە بىر قېتىم ئۇنىڭدىن 12 گىرام ئېلىپ ئىلمان ھالەتتە ئىچىلىدۇ. كېسەللىك كونا بولۇپ ساقايمىسا، شۇ يوسۇندا يەنە تەكرار ئىچىلىدۇ. ھىندىچە «ئازارى پەسلى» (قوۋۇرغا كېسىلى)، «بەكى» دەپ ئاتىلىدىغان، ئىككى يېرىم ياشتىن ئۈچ ياشقىچە بولغان كىچىك بالىلارنىڭ سول بىقىنىدا بىراقلا پەيدا بولىدىغان، خۇددى مەخسۇس رىسالىدە ئومۇمىي ھالەتتە بايان قىلىنغىنىدەك قىزىش، بىقىن لىپىلداش، ئۇيمانلىشىش، جىددىي نەپەسلىنىش، ئەممەي كۆپ يىغلاش ۋە بىئارام بولۇشتەك ئالامەتلەر كۆرۈلىدىغان بالىلار كېسەللىكى ئۈچۈن پەيارانگادىن بىر مىللىگىرام ئېلىپ، بىر دانە قەرنەپىل ياكى قارىمۇچ بىلەن بىرلىكتە چوشقا ئۆتىدە نەمدەپ قۇرۇتۇپ، ئىنىكئانىنىڭ سۈتى بىلەن سالايە قىلىپ ئىچۈرۈلىدۇ، دەرھال شىپا بېرىدۇ دەپ قارىلىدۇ.

**ھەزىم ئەزا كېسەللىكلىرى:** ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەش، ئىشتىھانى ئېچىش ئۈچۈن پەيارانگادىن ئۈچ گىرام، نانخا، زەنجىۋىل، بەدىيان، شەترەنجى ھىندى، پىلپىل، قارا تۇز، تۇرۇپ، نەمەكى

پانكا(بىر خىل تۈز)دىن 12 گىرامدىن، ئاچچىق قاپاق يىلتىزى، ئىگىر تۈركى، قورۇلغان زاكىنىڭ ھەربىرىدىن بىر گىرامدىن ئېلىپ سوقۇپ، ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ، لىمون سۈيى بىلەن بىرلىكتە توققۇز سائەتكىچە تولۇق سالايە قىلىپ، نوقۇت ۋە باقىلە چوڭلۇقىدا ھەب قىلىپ، ھەر كۈنى كەچتە بىر تالدىن ئىلمان سۇ بىلەن يۇتۇلىدۇ. ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەش، ئىشتىھانى ئېچىپ ھەزىمنى ياخشىلاش ئۈچۈن ئۈنىڭدىن بىر گىرام ئېلىپ نانخا، ئارپىبەدىيان، بەرەڭگى كابۇلى، قارا تۈزلارنىڭ ھەربىرىدىن 12 گىرامدىن ئېلىپ ئارىلاشتۇرۇپ، 12 دانە قەغەز لىمون سۈيى بىلەن تاكى سۈيى قۇرۇغىچە ياخشى سالايە قىلىپ، ھەب قىلىپ ساقلاپ قويۇپ تائامدىن كېيىن تاكى بىرھەپتىگىچە ئەتىگەن ـ كەچتە ھەر قېتىمدا بىر گىرامدىن ئىككى گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ. ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەش، تۈرلۈك ئىچ سۈرۈشلەر، بوۋاسىر، ھۆللۈكتىن بولغان زىققە، سوغۇقتىن بولغان يۆتەل، يەل تۇرۇپ قېلىش، قورساق كورىكىراش، ئومۇمەن ھۆل سوغۇقتىن بولغان كېسەللىكلەرنىڭ كۆپ قىسمى ئۈچۈن بىر ھەسسە پەيارانگانى ئىككى ھەسسە قارىمۇچ بىلەن يۇمشاق سوقۇپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ، نوقۇت چوڭلۇقىدا ھەب ياساپ ئەتىگەن ـ كەچتە بىر تالدىن ئىستېمال قىلىنىدۇ، بۇ سىناقتىن ئۆتكەندۇر. قۇسۇش بىلەن ئىچ سۈرۈش تەڭ يۈز بېرىدىغان تۈرلۈك خولېرا ئۈچۈن ئۈنىڭدىن يېرىم گىرام ئېلىپ، گۈلاب ياكى سۇ بىلەن سالايە قىلىپ ئىستېمال قىلىنىدۇ. ھۆللۈك ۋە بەلغەمدىن بولغان خولېرا ئۈچۈن پەيارانگادىن ئىككى يېرىم گىرام ئېلىپ، ئىككى ـ ئۈچ دانە قەلەمپۇر، 21 دانە قارىمۇچ بىلەن بىرلىكتە يۇمشاق سالايە قىلىپ ئىستېمال قىلىنىدۇ. ئەگەر ئۈنىڭغا ئاز مىقداردا پەپىتا (بىر خىل دورا) قوشۇلسا ياخشىراق بولىدۇ. خام كېكىرىش ۋە ھەزىم بۇزۇلۇش ئۈچۈن ئىككى مىللىگىرام پەيارانگانى چايناپ، ئۈستىدىن 12 گىرام ئارپىبەدىياننى سوقۇپ سۇدا قاينىتىپ، سۈيى چىققاندىن كېيىن ئىچىلىدۇ. بوۋاسىر ۋە ھۆللۈكتىن بولغان ئىچ سۈرۈش ئۈچۈن پەيارانگادىن بىر ھەسسە ئېلىپ، يېرىم ھەسسە قارىمۇچ بىلەن سوقۇپ، كەنكىيە (بىر خىل دورا) سۈيى بىلەن يۇغۇرۇپ، قارىمۇچ چوڭلۇقىدا ھەب قىلىپ، ئەتىگەندە ئىككى دانە، كەچتە ئىككى دانە يۇتۇلىدۇ، بۇ چاغدا بوۋاسىر، ئاشقازان ئاجىزلىقىدىن بولغان ھۆل ئىچ سۈرۈشكە مەنپەئەت قىلىدۇ.

**قورساق ئەزالىرى كېسەللىكلىرى:** ئىستىسقا ئۈچۈن پەيارانگا، نانخا، شۈمشا ئۇرۇقى، ئاق زىرە، قارىمۇچ، بەريارە ئۆسۈملۈكى يىلتىزى پوستى، ياۋا كەنار دەرىخى يىلتىزىنىڭ پوستىنىڭ ھەربىرىدىن ئۈچ گىرامدىن ئېلىپ يۇمشاق سوقۇپ، ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ يەتتە بۆلەككە بۆلۈپ، كۈنىگە بىر ھەسسىدىن يېرىمىنى ئەتىگەندە، يېرىمىنى كەچتە بەدىيان ئەرقى بىلەن ئىچىلىدۇ. نانخا، ئارپىبەدىيان، بەريارە ئۆسۈملۈكى يىلتىزى، ئانار يىلتىزى پوستىنىڭ ھەربىرىدىن 48 گىرامدىن ئېلىپ سۇدا قاينىتىپ، پىسەپىلىرىنى سۈزۈۋېتىپ

ئۈسسۈزلۇق ئورنىدا ئىچىلىدۇ. يەنە ئىستىسقا ئۈچۈن پەيارانگادىن ئىككى مىللىگرام، ئاق بەھمەندىن ئىككى گىرام، نانخا، شۈمشا ئۇرۇقى، ئاق زىرىنىڭ ھەربىرىدىن تۆت گىرامدىن ئېلىپ، يۇمشاق سالايە قىلىپ سۇفۇپ تەييارلاپ سەككىز بۆلەككە بۆلۈپ، يەتتە بۆلىكىنى كۈنگە بىر بۆلەكتىن ئېلىپ سوغۇق سۇ بىلەن بىرلىكتە ناشتىدا ئىچىدۇ، ئارقىدىنلا دەرھال دال (بىر خىل يېمەكلىك) ياكى خۇشۇكە (بىر خىل يېمەكلىك) ئىستېمال قىلىشى كېرەك، دەپ قارايدۇ. ئالللا خالىسا شۇ مۇددەت ئىچىدە شىپالىق تاپىدۇ.

تال كېسەللىكى ئۈچۈن پەيارانگا، توشقان ئۆتى، قاغا ئۆتى، بېلىق ئۆتى، زەرچىۋە، كۆيدۈرۈلگەن ئاق زاك، كۆيدۈرۈلگەن تۇتىيائى ھىندى، كۆيدۈرۈلگەن تەنكارلارنىڭ ھەربىرىدىن بىر گىرامدىن ئېلىپ، ھىندىچە «گىيگۋار» دەپ ئاتىلىدىغان سەبرە يوپۇرمىقى سۈيى بىلەن ياخشى سالايە قىلىپ، چوڭ بولغاندا ماشتەك، كىچىك بولغاندا قىچىدەك چوڭلۇقتا ھەب قىلىپ، ھەر كۈنى ئەتىگەن ـ كەچتە بىر تالدىن ئىستېمال قىلىنىدۇ. چۈچۈمەل ۋە يەللىك نەرسىلەردىن پەرھىز قىلىنىدۇ. غىزاسىغا ئاز مىقداردا ياغ قوشۇلىدۇ. ئاز مىقداردىكى پەيارانگانى سىركە بىلەن سالايە قىلىپ تال ئىششىقىغا چېپىلىدۇ. ئاياللار تۇغقاندىن كېيىن يۈز بېرىدىغان كۈندىن ـ كۈنگە ئورۇقلاپ سارغىيىش، ئىچ سۈرۈش بىلەن ئىپادىلىنىدىغان «پەرسۇت» دەپ ئاتىلىدىغان كېسەللىك ئۈچۈن پەيارانگادىن ئىككى مىللىگرام، قارىمۇچتىن 21 دانە ، ھىندىچە «دەھنىيس» دەپ ئاتىلىدىغان ھايۋاننىڭ گۆشىدىن ئىككى گىرام ، كېيىكنىڭ قورسىقىدىن تىرىك ئېلىپ بوغۇزلاپ ئۆلتۈرۈلگەن بالىسىنىڭ قۇرۇتۇلغان گۆشىدىن ئىككى گىرام ئېلىپ، ھەممىسىنى بىرلىكتە يۇمشاق سالايە قىلىپ ھەب ياساپ، يەتتە كۈنگىچە ناشتىدا يېگۈزۈلىدۇ، نالايىق غىزالاردىن پەرھىز قىلىنىدۇ. يەنە پەرسۇت كېسەللىكى ئۈچۈن پەيارانگادىن يېرىم گىرام ئېلىپ ئەنبەر ئەشھەب، ساپ ئىپار، زەپەرلەرنىڭ ھەربىرىدىن ئىككى گىرامدىن، قارىمۇچتىن 20 دانە، ئانىسىنىڭ قورسىقىدىن تىرىك چىقىرىلىپ بوغۇزلانغان كېيىك بالىسىنىڭ خام گۆشىدىن ئۈچ گىرام ئېلىپ، ھەممىسىنى بىرلەشتۈرۈپ سوقۇپ سالايە قىلىپ، بىر گىرام ئېغىرلىقتا ھەب ياساپ، كۈندە بىر تالدىن يېگۈزۈلىدۇ. چۈچۈمەل، يەللىك ۋە سوغۇق غىزالاردىن پەرھىز قىلىنىدۇ. سۈيدۈك تامچىلاش ئۈچۈن پەيارانگادىن ئىككى مىللىگرام، نانخادىن بىر گىرام، بەرياره يىلتىزى پوستى، كەنار يىلتىزى پوستى، كەنكىيە ئۇرۇقىنىڭ ھەربىرىدىن بىر گىرامدىن ئېلىپ يۇمشاق سوقۇپ، ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ ناشتىدا ئىستېمال قىلىنىدۇ. سۇلۇق ئىششىق ئۈچۈن پەيارانگانى ئاق نارجىل بىلەن سالايە قىلىپ يەرلىك ئورۇنغا چېپىلىدۇ. شۇنداقلا قارىمۇچ بىلەن مەلھەم قىلىپ چېپىلىدۇ. ئۇرۇقدان خالتىسىغا سۇ يىغىلىش ئۈچۈن ئالتە گىرام پەيارانگانى شەترەنجى ھىندى پوستى، جەۋزماسىل يىلتىزى پوستى، بەرياره يىلتىزى پوستى قاتارلىقلارنىڭ ھەربىرىدىن ئالتە گىرام ئېلىپ

قۇرۇتۇپ،ھەممىنى بىرلەشتۈرۈپ، بەكايىن دەرىخى پوستىنىنىڭ ئۇسارىسى بىلەن بىرلىكتە ياخشى ئېرىتىپ، ئىلمان ھالەتتە چىپىلىدۇ. ئاللاتائالانىڭ ياردىمى بىلەن ئىككى ـ ئۈچ قېتىم دورا ئىشلىتىش بىلەن ساقىيىدۇ.

**زەھەرلىنىشلەر:** يىلاننىڭ زەھىرىنى قايتۇرۇش ئۈچۈن دەرھال پەيارانگادىن مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ، ھىندىچە «ئاكە» دەپ ئاتىلىدىغان ئۇشرى دەرىخى شىرىسى ۋە ھىندىچە «تورىچ» دەپ ئاتىلىدىغان زەقۇم دەرىخى شىرىسى بىلەن بىرلىكتە يۇمشاق سالايە قىلىپ يەرلىك ئورۇنغا سۈركىلىدۇ. يىلان زەھىرىنى قايتۇرۇش ئۈچۈن پەيارانگانى جەدۋار ياكى پىلپىل بىلەن سالايە قىلىپ ئىشلەتسە پايدا قىلىدۇ.

**ئاغرىقلار:** ئۈچ گىرام پەيارانگانى 50 گىرام زاغۇن ياكى كۈنجۈت يېغى بىلەن قورۇپ، پىسەپلىرىنى سۈزۈۋېتىپ كەچتە ئاغرىغان ئورۇنغا ئىلمان ھالەتتە سۈركىسە ئاغرىق پەسەيتىدۇ. ئاغرىغان ئورۇننى سوغۇق ھاۋادىن ساقلايدۇ. يەنە ھەر خىل ئاغرىقلارنى پەسەيتىش ئۈچۈن 12 گىرام پەيارانگانى باراۋەر مىقداردىكى گۈلى دەھاۋە ياكى سېرىق ھېلىلە بىلەن بىرلىكتە سوقۇپ، 50 مىللىلىتىر زاغۇن مېيىغا چىلاپ، ئەينەك قاچىغا تۆكۈپ 40 كۈنگىچە ئاپتاپتا قويۇپ، پات ـ پات ئارىلاشتۇرۇپ، زۇرۇر بولغاندا ئاغرىغان ئورۇنغا سۈركىلىدۇ. ئىششىقلار، بەزلەرنى تارقىتىش، ئاغرىقلارنى پەسەيتىش ئۈچۈن پەيارانگانى ئىككى ھەسسە قارىمۇچ بىلەن بىرلىكتە ئىلمان سۇ بىلەن سالايە قىلىپ يەرلىك ئورۇنغا سۈركىلىدۇ.

ھەببى پەيارانگا زىققە نەپەس، يۆتەل، ئاشقازان ئېغىزى كۆيۈشۈش، جوزام، سىفلىس، يامان يارىلار ۋە باشقىلارغا ئوخشاش كۆپ قىسىم كېسەللىكلەرگە پايدىلىقتۇر.

**مەزكۇر ھەبنىڭ تەييارلىنىشى:** پەيارانگادىن يېرىم گىرام، زەپەر بىلەن ئىپارنىڭ ھەربىرىدىن بىر مىللىگىرام، ساپ كافۇر بىلەن مۇمىيانىڭ ھەربىرىدىن بىر گىرامدىن ئېلىپ سوقۇپ، ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ، ئۈچ دانە ھەب قىلىپ كۈندە بىر دانە ئېلىپ ناشتىدا يېيىلىدۇ. چۈشلۈك تاماق ۋاقتىدا نوقۇت سۈيى، كەچتە كۆكتات شورپىسى ئىچىلىدۇ. ھەزىم ياخشى بولسا چۈشلۈك تاماقتا «كىيلە سەفەرىي» (بىر خىل يېمەكلىك) ئىستېمال قىلىنىدۇ. چۈچۈمەل نەرسىلەر ۋە سۈتلۈك نەرسىلەردىن پەرھىز قىلىنىدۇ.

## پىپەل
(پىپەل دەرىخى)

بۇ ھىندىچە سۆزدۇر.

**ماھىيىتى:** ھىندىستاندا ئۆسىدىغان بىرخىل دەرەخ بولۇپ، ھىندىستاننىڭ ھەممە شەھەرلىرىدە ئۆسىدۇ. كۆنلۈكسىمان بولىدۇ. ھىندىلار ئۇنى بەك ئەتىۋارلايدۇ، يوپۇرمىقى

كەڭ، سەل ئۇزۇنچاق، ئۇچلۇق، ئازراق چىشلىق بولىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئۇنىڭ دەرىخى، يوپۇرمىقى ۋە پوستى قۇرۇق ئىسسىق.

**تەسرى ۋە خۇسۇسىيتى:** ئۇنىڭ دەرىخىنىڭ قىلىن قوۋزىقىنى زىمات قىلىسا ئىششىقلارنى ياندۇرىدۇ. ئاقما زەخمىسىنى ساقايتىدۇ. يوپۇرمىقىنى قىزىق ھالەتتە چىيقانغا تاڭسا، تارقىتىدۇ ياكى پىشۇرىدۇ. ئۇنىڭ ئۈزلۈكىدىن تۆكۈلگەن يەتتە دانە قۇرۇق يوپۇرمىقىنى كۆيدۈرۈپ سۇغا قىزىق ھالەتتە تاشلاپ شۇ سۇنى ئىچسە، ھۆ بولۇش ۋە قۇسۇشنى توختىتىدۇ.

«پىيپەل» دېگەن بۇ سۆز يەنە پىلپىلنىڭ ھىندىچە نامىدۇر.

## بىيخى زەررىن گىياھ
(ئالتۇنئوت يىلتىزى)

ئۇ فىرانسۇزچە «جىسۇ» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيتى:** ئاق بەھمەنگە ئوخشايدىغان بىر خىل يىلتىز بولۇپ، ئۇنىڭدىن ئۇزۇنراق، قاتتىقراق، ئېغىرراق، بەزىلىرى سېرىققا مايىل، ناھايىتى قاتتىق، سەل پارقىراق، ئالتۇن رەڭ بولىدۇ. ئۇمۇمەن سارغىيىپ قالغان ئۈستىخانغا ئوخشايدۇ. بۇ ئۇنىڭ ئەڭ ياخشىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇ چىن ۋە زىرىبادات شەھەرلىرىدىن كەلتۈرۈلىدىغان بولۇپ، باھاسى ناھايىتى قىممەت بولىدۇ، بولۇپمۇ ئۇنىڭ قاتتىق، ئېغىر، سېرىققا مايىل بولغانلىرى تېخىمۇ قىممەتلىكتۇر.

**خۇسۇسىيتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ئۇنىڭدىن ئاز مىقداردا ئېلىپ گۈلاب بىلەن سالايە قىلىپ ياكى سوقۇپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ، گۆش سۈيىگە سېپىپ ئىچسە خۇرسەن قىلىدۇ. قۇۋۋەتلەر، روھلار ۋە باھنى قۇۋۋەتلەيدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** يېرىم گىرامدىن بىر يېرىم گىرامغىچە.

## بىيسىم
(بىيسىم مېۋىسى)

**ماھىيتى:** ئۇ چوڭ ـ كىچىكلىكى بېھىگە ئوخشايدىغان، بېھىگە ئوخشاش تۈكلۈك، تۈكى ئۇنىڭدىن كۆپ بولغان بىر خىل مېۋىدىن ئىبارەت. ئەنتاكىيىنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇنىڭ دەرىخى ئالما بىلەن ئامۇتنى بەللۇت، شاھبەللۇت ياكى سۆگەتكە ئۇلاشتىن يېتىشىدىكەن. ئۇ كۆپ تېپىلىدۇ. كۆپ ھاللاردا ئالمىنى سۆگەتكە ئۇلاشتىن يېتىشىدۇ. مېۋىسى باشقا مېۋىلەر پىشىدىغان ۋاقىتتا پىشىدۇ. تاكى قىش پەسلىنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە تۇرىدۇ.

**تەبئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ئىچ سۇرۇشنى، قۇسۇشنى ۋە قاننى توختاتقۇچى، خەفەقانغا شىپا بولغۇچى، ئاشقازان بىلەن مېڭىنى قۇۋۋەتلىگۈچىدۇر. ھەسەل بىلەن ئىشلەتسە ئىششىقلارنى ياندۇرىدۇ. قايىنتىلمىسى ئىسسىق زەھەرلەرنى تارقىتىدۇ. قايىنتىلمىسى بىلەن ئېغىز چايقىسا چىشنى چىڭىتىدۇ. قايىنتىلمىسىدا ئولتۇرسا قان تۇكۇرۇشكە، بالىياتقۇ ۋە بوۋاسىر قاناشقا مەنپەئەت قىلىدۇ. يوپۇرمىقى يېڭى جاراھەتلەرنى چاپلاشتۇرۇپ پۈتتۈرىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** كۆپ ئىشلەتسە توسالغۇ پەيدا قىلىدۇ ۋە سىيىشنى قىيىنلاشتۇرىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** بادام يېغى.

**ئورۇنباسارى:** بەللۇت، موزا.

**ئىستېمال مىقدارى:** 30~45 گىرامغىچە.

## بىيش

**ماھىيىتى:** ھىندىستاندىن چىقىدىغان بىر خىل جانغا زامىن بولىدىغان، ناھايىتى زەھەرلىك يىلتىز بولۇپ، ھىندىستاننىڭ كۆپ قىسىم تاغلىرى، ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى رايونلاردا ئۆسىدۇ. بىر قانچە خىل بولىدۇ. ئۇنىڭ تۇرلىرىنىڭ ھېچقايسىسى ئاچچىق ۋە ئۆتكۈر ئەمەس، ئەمما ھەممىسى بىھوش قىلغۇچى بولۇپ، روھلار ۋە قۇۋۋەتلەرنى دەرھال ئوخشىمىغان دەرىجىدە ئوفۇنەتلەندۇرۇپ ھالاك قىلىدۇ. بەزىلەر ئۇنىڭ بەزى قىسىملىرى ئۆتكۈر، ئاچچىق بولىدۇ، دەيدۇ.

ئۇنىڭ بىر خىلى كېيىك قوزىسىنىڭ مۇڭگۈزىگە ئوخشايدىغانلىقى ئۈچۈن «سىنگىيا» دەپ ئاتىلىدۇ. چۈنكى «سىنگ» دېگەن سۆز ھىندىچە مۇڭگۈز دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. ئۇ ناھايىتى ناچار، زەھىرى ئىنتايىن كۈچلۈك بولغاچقا «چەندال» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. چۈنكى «چەندال» دېگەن بۇ سۆز ناھايىتى ئەسكى، رەزىل كىشىلەرنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ ھىندىستان بىلەن خىتاي ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان دابرىت تېغى، كىچىك تىببەت چېگراسىدىكى كىيدارو تاغلىق رايونى ۋە مورەڭ، رەڭگەپور، رانگاماتى ھەم نېپال تاغلىرىدا ئۆسىدۇ. ئۇنىڭ ئېغىر، قاتتىق، ئىچى قارا، يېلىملىق، پارقىراق بولغانلىرى، ئۇنىڭدىن قالسا ئىچى قارامتۇل قىزىل، ئۇنىڭدىن قالسا قارامتۇل ئاق بولغان، سىرتىدا قارا چېكىتلەر بولغان، سىرتى خۇددى سالايە قىلىنغان تەلق ياكى كافۇر چېچىۋېتىلگەندەك بولغانلىرى ياخشىلىرى ۋە كۈچلۈكلىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭ سىرتى ھەم ئىچى ئاق بولغانلىرى بەرەھمەنىي دەپ ئاتىلىدۇ. ھەربىرىنىڭ قۇۋۋەتلىرى بىر ـ بىرىگە ئوخشىمايدۇ.

ئۇنىڭ قارىسىنىڭ قۇۋۋىتى شۇنچىلىك كۈچلۈك ئىكەنكى، ئەرقى كىشىنىڭ پۈت ـ قولى، بەدىنى ياكى تىلىغا تەگسە، تېز تەسىر قىلىدىغانلىقى ئۈچۈن كىشىنى شۇ ھامان

ھالاك قىلىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ھىندىستان ھۆكۈمالىرى ئۇنىڭ قۇۋۋىتىنىڭ كۈچلۈك-ئاجىزلىقىنى سىناق قىلىش ئۈچۈن ئۇنى سالايە قىلىپ، سۇ كالىسىنىڭ مۈڭگۈزىگە سۈرىدۇ، بۇ چاغدا بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، كالىنىڭ بۇرنى ۋە قورسىقىدىن قان ئېقىپ ئۆلسە، قۇۋۋىتى ناھايىتى كۈچلۈك بولۇپ ھېسابلىنىدۇ دەپ قارايدۇ. بەزىلەر ئۇنىڭ زەھىرىنى شۇنچىلىك مۇبالىغە قىلغانكى، ئۇنىڭ پارچىلانمىغان ساقلىرىدىن بىر دانە ئېلىپ، كالىنىڭ مۈڭگۈزىگە ئېسىپ قويغاندا، كالىنىڭ ئەمچىكىدىن قان چىقسا ناھايىتى كۈچلۈك، بولمىسا ئاجىز بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭ سەنكىيا دەپ ئاتىلىشىنىڭ سەۋەبى ئۇنىڭ كالىنىڭ مۈڭگۈزىگە ئېسىپ سىناق قىلىنىدىغانلىقى ئۈچۈندۇر دەپمۇ يېزىلغان. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، كىشى بۇ كالىغا ياكى سۇ كالىسىغا مىنسە مىنگۈچىگىمۇ تەسىر قىلىدىكەن. شۇنداقلا ئۇنى ئۆزەڭگۈلۈككە سۈركەپ ئۈستىگە دەسسەپ ئولتۇرسا ئاياغدىن ئۆتۈپ كىشىگە تەسىر قىلىدىكەن. ئۇنىڭ پۇرىقىمۇ كىشىنى ھالاك قىلغۇچىدۇر. ئەمما ئەسلىي سۆز شۇكى، ئۇنىڭدىن قىچا چوڭلۇقىدا ئىستېمال قىلسا كىشىنى دەرھال ھالاك قىلىدۇ. يۇقىرىدىكى بايانلارنىڭ بەزى قىسمىدا كۆپ مۇبالىغە باردۇر. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بۇ ناھايىتى كەم ئۇچرايدىغان بولۇپ، پادىشاھلار ۋە ھاكىملار خەزىنىلىرىدە ساقلايدىكەن.

ئۇنىڭ ئىككىنچى خىلى «بىچناك» دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇ بىر خىل يىلتىزدىن ئىبارەت بولۇپ، شەكلى ۋە پوستىنىڭ تەكشىسىزلىكى جەھەتتە جەدۋارغا ئوخشايدۇ. سىرتى قارا، ئىچى شېكەر رەڭ بولىدۇ. بۇمۇ سەنكىيا ئۈنىدىغان يەرلەردە ئۈنىدۇ. بۇنىڭ زەھىرى ئۇنىڭدىن ئاجىزراق بولۇپ، ئۇنىڭ ئەكسىچە زەھەرسىزلەندۈرۈشنى قوبۇل قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ھىندىستان تېۋىپلىرى ئۇنى زەھەرسىزلەندۈرۈپ ئىشلىتىدۇ. بولۇپمۇ ئۇنىڭ تىلىيا دەپ ئاتىلىدىغىنى كۆپ ئىشلىتىلىدىغان بولۇپ، رەڭگى چىراغ يېغىغا ئوخشاش سېرىق، قارىغا مايىل، تۇم، ئۇچى بۇغا مۈڭگۈزىنىڭ ئۇچىغا ئوخشاش ئىنچىكە بولىدۇ. ئۇ بىچناكنىڭ ھەممە تۈرلىرىدىن ياخشىلىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بىچناكنىڭ باشقا قىسىملىرىمۇ بار ئىكەن، ئەمما ھەممىسىنىڭ قۇۋۋىتى ئاجىز بولۇپ، شەكلى ۋە كۆپ قىسمىنىڭ رەڭگى بىر - بىرىگە ئوخشايدىكەن، مەسىلەن: «رودمەنتا» «باچەلنەك»، «كەمھايىن» دەپ ئاتالغان تۈرلىرىگە ئوخشاش. بۇ ئۈچى بىشناكنىڭ ئاجىز بولغان تۈرلىرىدىن بولۇپ، بىر گىرامدىن بىر يېرىم گىرامغىچە ئىشلەتسە روھلار ۋە خىلىتلارنى ئوفۇنەتلەندۈرۈش ۋە بۇزۇش بىلەن كىشىنى ھالاك قىلىدۇ. ئۇنىڭ يەنە بىر تۈرى بار بولۇپ، شەكلى كىچىك قارىغاي مېۋىسىگە ئوخشايدۇ. رەڭگى سېرىققا مايىل بولۇپ سۆئدىگە ئوخشايدۇ. ھىندىچە «تېزەك» دېيىلىدىغان بولۇپ، ناھايىتى ئۆتكۈر ۋە ئاچچىق بولىدۇ. جەدۋارغا ئوخشايدۇ. بەزى نائىنساپ كىشىلەر ئۇنى سۈتتە قايىنىتىپ، زەھىرىنى ئازايتىپ، بوياپ جەدۋار ئورنىدا ساتىدۇ. ئۇنىڭ يەنە بىر تۈرى بار بولۇپ، ئىكلىلمىلىككە ئوخشايدۇ. ئۇ

«قۇرۇنۇس سۇمبۇل» دەپ ئاتىلىدۇ. بەزىدە سۇمبۇل ئارىسىدا بايقىلىدۇ. ئۇنىڭ يەنە بىر تۈرى «بەھرات سورات» دەپ ئاتىلىدۇ. سېرىققا مايىل ئاق بولىدۇ. شەكلى كونۇسسىمان ئەمەس. قومۇش يىلتىزىغا ئوخشايدىغان بولۇپ بارماق تومۇلۇقىدا بولىدۇ. ئۇ «بەرھەمىي» دەپ ئاتىلىدۇ. كەشمىر ۋە ئۇنىڭدىن باشقا جايلاردىكى تاغ ئۈستىلىرىدە ئۆسىدۇ. بەزىلەر ئۇنى «مەھۇدە» دەپمۇ ئاتايدۇ. بۇنىڭ تەمىمۇ ئاچچىق، ئۆتكۈر بولۇپ، يېرىم گىرام ئىشلەتسە غالىب كەيپىياتى، ئىچكى ئەزالارنى ئېچىشتۇرۇشى، زىيادە ھاراريتى، ئىچىنى زىيادە سۈرۈش ۋە قۇستۇرۇش، پەيلەرنى تارتىشتۇرۇش، روھلارنى ئوفۇنەتلەندۇرۇپ تارقىتىش بىلەن كىشىنى ھالاك قىلىدۇ. ئۇنىڭ يەنە بىر تۈرى «ھەلدىيىە» دەپ ئاتىلىدۇ. يەنى زەرچۇۋىگە ئوخشىغۇچى دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. چۈنكى ئۇ زەرچۇۋە ئارىسىدا ئۆسىدۇ. ئۇنى تونۇيدىغانلار زەرچۇۋىنىڭ ئارىسىدىن ئايرىپ قايناتىپ قۇرۇتۇپ، باشقا شەھەرلەرگە ئېلىپ بارىدۇ. ئۇنىڭ رەڭگى يېشىل، كۆك رەڭ، سەل سېرىق، قارا چېكىتلىك بولىدۇ. ئۇ «كالاكۇت» دەپمۇ ئاتىلىدۇ، ناھايىتى زەھەرلىك بولىدۇ.

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇنىڭ خاسىيەتلىرىنىڭ بىرى شۇ ئىكەنكى شامال چىققاندا لىڭشىماي، چىقمىغاندا لىڭشىيدىكەن.

بىيشنىڭ يەنە بىر تۈرى بار بولۇپ «راستۇۋا» يەنى زەنجىۋىلگە ئوخشىغۇچى دەپ ئاتىلىدۇ. چۈنكى ئۇ بەزى چاغلاردا زەنجىۋىلنىڭ ئارىسىدا بايقىلىدۇ. بۇ ئۆتكەن تۆت قىسمىنىڭ ھەممىسىدىن ئاجىزراق بولىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بۇ بەشىنچى قىسمى ئەمەلىيەتتە بىيشنىڭ تۈرىدىن بولماسلىقى، بەلكى باشقا بىر خىل زەھەرلىك يىلتىز بولۇپ، ئوخشىتىش يولى بىلەن بىيش دەپ ئاتالغان بولۇشى ياكى بىيش دېگەن بۇ ئىسىم ئومۇمىي ئاتالغۇ بولۇپ، زەھەرلىك يىلتىزلارنىڭ ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئېلىشى مۇمكىن ئىكەن. ئېيتىشلارغا قارىغاندا ئۇ 18 خىل بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئون خىلى ناچار بولۇپ ئىشلىتىلمەيدىكەن. سەككىز خىلى ئىشلىتىلىدىكەن. بۇ سەككىز خىلنىڭ ئەڭ ياخشىسى يۇقىرىدا ئېيتىلغان «تىيلىيا» دەپ ئاتالغان تۈرىدۇر. گەپ ئۇزىراپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن ئۇلار تەپسىلىي بايان قىلىنمىدى.

ئۇنىڭ ئۆسۈملۈكى بىر غېرىچ ئېگىزلىكتە ئۆسىدىغان بولۇپ، بىر تال غولى بولىدۇ. يوپۇرمىقى قارا سۇنا ۋە كاسىنە يوپۇرمىقىغا ئوخشايدۇ. بەزىلىرىنىڭ گۈلى قىزىل، بەزىلىرىنىڭ سېرىق، بەزىلىرىنىڭ بىنەپشە رەڭ بولىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، «بىيش» ۋە باشقا زەھەرلىك يىلتىزلارنى يىغىۋېلىش ئۇسۇلى شۇنداق ئىكەنكى، زەھەرلىك يىلتىزلارنى تونۇشقا ماھىر بولغان ۋە ئۇنى ئىشلىتىش ئادىتى بولغان كىشىلەر يىلتىزلار تولۇق يېتىلگەن ۋاقىتلاردا كېچىلىرى يىلتىزلارنى ئىزدەيدىكەن. قەيەردە كۈچلۈك زەھەرلىك يىلتىز بولسا، ئۇ يەردىن نۇر چىقىدىكەن. نۇر چىققان يەرگە ئازراق كۆل تۆكۈپ بەلگە

قىلىۋېلىپ كېيىنكى كۈنى ئۇ يەرگە بېرىپ يىلتىزلارنى ئېھتىيات بىلەن كولاپ چىقىرىۋېلىپ سايىدا قۇرۇتىدىكەن. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بىيشىنىڭ «سەنكىيا»، «بىچىناك»، «كالاكۇت» غا ئوخشاش زىيادە زەھەرلىك بولغان تۈرلىرى ئۆسكەن زېمىنلاردا جەدۋاردىن باشقا ھېچبىر ئۆسۈملۈك ئۆسمەيدىكەن. جەدۋارمۇ ئۇنىڭدىن بىرقانچە غۇلاچ يىراقلىقتا ئۆسىدىكەن. بۇ جەدۋار مەزكۇر بىيشىنىڭ زەھىرىنى قايتۇرغۇچى تەرياق بولۇپ ھېسابلىنىدىكەن. ئېھتىمال «بۇھا» دەپ ئاتالغان يىلتىز باشقىسى ئەمەس، مۇشۇ جەدۋار بولۇشى مۇمكىن. بىيش ئۈنگەن يەرنىڭ تۇپرىقى قارامتۇل بولۇپ، گويا مايلىشىپ قالغاندەك كۆرۈنىدۇ. گۈل پەسلىدە ئۇنىڭ گۈلىنىڭ پۇرىقى ھالاك قىلىدىغانلىقى ئۈچۈن بىيش چاشقىنى دەپ ئاتىلىدىغان ھايۋاندىن باشقا ھېچبىر ھايۋان ئۇنىڭ يېنىغا بارمايدۇ. بۇ ھايۋان مەزكۇر ئۆسۈملۈكنىڭ ئەتراپىنى پاناھ جاي قىلىدىغان بولۇپ، شۇ ئۆسۈملۈكنىڭ يىلتىزىنى ئوزۇقلۇق قىلىدۇ، بۇ ھايۋانمۇ ناھايىتى زەھەرلىك بولىدۇ.

**تەبىئىتى:** بىلگىنكى، ھىندىستان ۋە يۇنان ھۆكۈمالىرى بۇ ھەقتە كۆپ ئىختىلاپ قىلىشقان. ھىندىستان ھۆكۈمالىرى ئۇنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى ۋە تەركىبى روھىي ھايۋانىيغا زىت بولغاچقا روھنى بۇزىدۇ، دەپ بىلگەچكە، ئۇلار ئۇنى تۆتىنچى دەرىجىدە سوغۇق دەپ قارايدۇ. يۇنان ھۆكۈمالىرى ئۇنىڭ بەزى تەسىرلىرىنى بايقىغان بولغاچقا، ئۇنى تۆتىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق دەپ بىلىدۇ.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ئۇنىڭ ئىسلاھ قىلىنغىنىنى مۇۋاپىق مىقداردا ئىستېمال قىلسا ۋە مەلھەم قىلىپ چاپسا جوزام، ئاقكېسەل، زىققە نەپەس ۋە يامان يارىلارغا پايدا قىلىدۇ.

ئۇنى ئىستېمال قىلىش ئۇسۇلى، ئۇنىڭ تەرنابلەنك (بىر خىل مۇرەككەپ ياسالما نۇسخىسى)، ھەببى بىيش، مەجۇنى بىيش، روشەن ۋە مۇپەررىھى دىلكۇشادغا ئوخشاش مۇرەككەپ ياسالمىلىرى ھەمدە بىيشتىن زەھەرلەنگەن كىشىنى قۇتقۇزۇش تەدبىرى قاتارلىقلار ‹‹قارابادىن كەبىر›› دە بايان قىلىندى.

تۆۋەندە ئۇنىڭدىن زەھەرلەنگۈچىنى قۇتقۇزۇش تەدبىرلىرى ئومۇمىي يوسۇندا بايان قىلىنىدۇ.

بىلگىنكى، بىيشتىن زەھەرلەنگۈچىدە ئەزالىرىنىڭ سېزىمسىزلىنىشى، ئىچكى ئەزالىرى، لەۋلىرى ۋە تىلى ئىششىش، كۆز ئالدى قاراڭغۇلىشىش، كۆز ئالمىسى پۇلتىيىپ قېلىش، بۇرۇن قاناش، باش قېيىش، تۇتقاق كېسەل بولۇش، ھوشسىزلىنىشقا ئوخشاش ئالامەتلەر كۆرۈلىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇنىڭ گۈلىنى پۇرىسىمۇ تۇتقاق كېسەل يۈز بېرىدىكەن. ئۇنىڭ زەھىرىدىن قۇتۇلغانلىق ئالامەتلىرى كۆرۈلگەنلەر ئىچىدە سىل كېسەللىكىگە گىرىپتار بولمىغانلىرى ئاز ئۇچرايدۇ.

ئۇنىڭ بىلەن زەھەرلەنگۈچىنى قۇتقۇزۇش تەدبىرى شۇكى، جەدۋار ئىستېمال

قىلدۇرۇلىدۇ، بۇ سىناقتىن ئۆتكەندۇر. مەجۇنى مەسرۇدىتۇس، داۋائىلمىشكى، بولۇپمۇ ئۇنىڭ ئاچچىقى، پادىزەھرى ھايۋانىي، پادىزەھرى مەدەنى، ساپ ئىپار، كەپە يىلتىزى پوستى قاتارلىقلار ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ. تەكرار چىقىرىلغان بىدانجىر يوپۇرمىقى سۈيى ۋە چامغۇر ئۇرۇقى قايىنتىلمىسى ۋە كونا ياغ بىلەن قەي قىلدۇرۇلىدۇ. بىمارنىڭ ئەھۋالى بەك ناچار بولمىسا، تەدبىر قىلىشقا پۇرسەت بولسا، ئارقىدىن داۋائىلمىشكى، جۇپتى بەللۇت قايىنتىلمىسى، تەرياقى فارۇق ۋە كەپە يىلتىزى پوستى بىلەن بىرلىكتە 120 مىللىلىتىر جۇپتى بەللۇت قايىنتىلمىسى ئىستېمال قىلدۇرسا پايدا قىلىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇنىڭ زەھرىنى قايتۇرۇشتا جەدۋاردىن باشقا تەرياقى فارۇقنىڭ ئۇنچىلىك زور پايدىسى يوق ئىكەن. يەنە ئىپار، پىلپىل، پادىزەھرى مەدەنى، سوت، سامساق، زەنجىۋىل، گىل مەختۇم، ئالىي دەرىجىلىك جەدۋار، كەپە يىلتىزى پوستى، تۇرۇنجى ئۇرۇقى، چىلغوزا، ھىڭ، زىراۋەندە، قەلەمپۇر، ياۋا بۇقىنىڭ قۇرۇتۇلغان گۆشى، موشى بىيش، تەرياقى ئەربەئە، تەرياقى كامىل، تەرياقى تىين قاتارلىقلار ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ.

## بىيشى موش بىيشا
(بىيش چاشقىنى)

ماھىيتى: ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇ بىيش ئۆسىدىغان يەرلەردە ياشايدىغان چاشقانغا ئوخشايدىغان بىر خىل ھايۋان ئىكەن. ئۇنىڭ گۆشى بارلىق ھايۋان ۋە ئۆسۈملۈك مەنبەلىك زەھەرلەرنىڭ ھەممىسىنى قايتۇرىدۇ. بەھەق، ئاقكېسەل ۋە جوزامغا شىپا بولىدۇ.

بەزىلەر ئۇنى بىيشنىڭ ئەتراپىدا ئۆسىدىغان بىر ئۆسۈملۈك بولۇپ، بىيشنىڭ زەھرىنى قايتۇرىدۇ دەيدۇ.

ئۇ مەيلى ھايۋان ياكى ئۆسۈملۈك بولسۇن، ھەر ئىككىسى بىيشنىڭ بايانىدا سۆزلەندى.

## بەيز
(تۇخۇم)

ئۇ يالغۇز ھالەتتە توخۇ تۇخۇمىنى كۆرسىتىدۇ. پارسچە «تۇخم»، «خايەئى ماكىيان»، ھىندىچە «مۇرغىكا ئەندا» دەپ ئاتىلىدۇ.

ماھىيتى: بۇ ھەممىگە مەلۇملۇقتۇر. ئۇنىڭ ياخشىسى دانلىرى چوڭ، شۇ كۈنى قويغانلىرىدۇر. چۈنكى، ھاۋانىڭ ھارارىتى ئۇنى بۇزىدۇ. تۇز ئۇنى بۇزۇلۇشتىن ساقلاپ قالىدۇ.

**تەبئىتى:** سېرىقى مۆرەككەپ قۇۋۋەتلەرگە ئىگە، بىرىنچى دەرىجىنىڭ ئاخىرلىرىغىچە ئىسسىقلىققا مايىل. ئېقى ئىككىنچى دەرىجىدە ھۆل سوغۇق، شاكىلى ئىككىنچى دەرىجىنىڭ بېشىدا قۇرۇق سوغۇق، «غەرقى» دەپ ئاتىلىدىغان ئىچكى نېپىز پوستى بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇقتۇر.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ئۇنىڭ ئىللىتىپ پىشۇرۇلغان سېرىقىدىن سۇپەتلىك كەيمۇس ھاسىل بولىدۇ، بەدەننى كۆپ ئوزۇقلاندۇرىدۇ، كېرەكسىز ماددىلىرى ئازدۇر. يۈرەك، مېڭە، بەدەن ۋە باھنى قۇۋۋەتلىگۈچىدۇر. كۆكرەكتىن ئىسسىق نەزلىلەرنىڭ چۈشۈشىنى توسۇش، كۆكرەكنىڭ ئەھۋالىنى ياخشىلاش، كۆكرەك يىرىكلىكى، قان تۈكۈرۈش، ئاشقازان، ئۈچەي ۋە دوۋسۇن يىرىكلىكى، بۆرەك، دوۋساق يارىسى قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ. قان ئېلىش سەۋەبىدىن زىيادە قان يوقاتقان ياكى بەدىنى زەئىپلەشكەن كىشىلەرنىڭ بەدىنىنى قۇۋۋەتلەيدۇ. سەۋدا مىزاجلىق كىشىلەرنىڭ ئىستېمال قىلىشىغا مۇناسىپ كېلىدۇ. توخۇ تۇخۇمىنىڭ سېرىقىنى ساپال ياكى باشقا قاچىغا تۆكۈپ ئارىلاشتۇرۇپ، ئازراق پىلپىل ياكى مۇرى (بىر سىركە) بىلەن مىس قاچىغا تۆكۈپ، ئۈستىگە مۇۋاپىق مىقداردا سۇ قۇيۇپ چالا پىشقۇچە قايىنىتىپ پىشۇرۇلسا، بۇ ئۇنى پىشۇرۇشنىڭ ئەڭ ياخشى ئۇسۇلى بولۇپ، تېز ھەزىم بولىدۇ. بەدەننى ياخشى ئوزۇقلاندۇرىدۇ. گالنى سىلىقلاشتۇرىدۇ، يۆتەل، قان تۈكۈرۈشكە پايدا قىلىدۇ. باھنى قۇۋۋەتلەيدۇ. تۇخۇمنىڭ خام ئېقىنى ئىچسە يىلاننىڭ زەھىرىنى قايتۇرىدۇ، ئاۋازنى ساپلاشتۇرىدۇ. دوۋسۇننىڭ كۆيۈشۈشىگە پايدا قىلىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** ئاشقازانغا زىيان قىلىدۇ. داۋاملىق، كۆپ ئىستېمال قىلسا بۆرەكتە تاش پەيدا قىلىدۇ، بەھەق ۋە داغ پەيدا قىلىدۇ. ئۇنىڭ ئىللىتىپ پىشۇرۇلغىنى كىچىك باللار ئۈچۈن سۈتنىڭ ئورنىنى باسىدۇ. بەك پىشۇرۇلغىنى تەستە ھەزىم بولىدۇ. بولۇپمۇ ھۆل مىزاجلىق كىشىلەر ئۈچۈن تېخىمۇ شۇنداق. قۇلۇنجى پەيدا قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** ئىسسىق دورىلار، ئابكامە (بىر خىل سىركە) بىلەن ئىستېمال قىلىشتىن ئىبارەت.

ئۇنى كۇندۇر بىلەن ئىستېمال قىلسا يۆتەلگە؛ زىغىر ئۇرۇقى بىلەن ئىستېمال قىلسا زىققىگە؛ ئازراق تۇز، كۇندۇر ۋە ئەنزىرۇت بىلەن ئىستېمال قىلسا ئورۇقلۇققا؛ خۇنسىياۋشان بىلەن ئىستېمال قىلسا قانلىق ئىچ سۈرۈشكە؛ كەھرىۋا ۋە تاباشىر بىلەن ئىستېمال قىلسا قاناش، قان تومۇرلارنىڭ ئېغىزى ئېچىلىش ۋە ئۈچەي زەخمىسىگە؛ سۇماق، موزا، ئۇزۇم ئۇرۇقى ۋە ئۇزۇم بىلەن ئىستېمال قىلسا ئۆت مەنبەلىك ئىچ سۈرۈشكە؛ مەستىكىنىڭ ئوخشاشلىرى بىلەن ئىستېمال قىلسا قورساق ئاغرىقىغا؛ زاغۇن ئۇرۇقى، سەقەنقۇر تۇزى، تاغ كالىسى چۈيىسى، دارچىن بىلەن ئىستېمال قىلسا باھ ئاجىزلىقىغا پايدا قىلىدۇ.

سىركىدە پىشۇرۇپ ئىستېمال قىلسا ئىچ سۈرۈشنى توختىتىدۇ، ئاشقازانغا ماددىلارنىڭ قۇيۇلۇشىنى توسىدۇ. گۈل يېغى ۋە بابۇنە بىلەن زىمات قىلسا كۆز، ئۇرۇقدان، مەقئەت ئىششىقىغا؛ ياغىنىڭ لېيى بىلەن زىمات قىلسا قاتتىق ئىششىقلار ۋە پەي ئىششىقلىرىغا پايدا قىلىدۇ. ئۇنى پىشۇرۇپ زەپەر، گۈل يېغى، ئارپا ئۇنى بىلەن مەلھەم قىلىپ پېشانىگە چاپسا، مېڭىدىن نەزلە سۇيۇقلۇقلىرىنىڭ چۈشۈشىنى توسىدۇ، كۆزنىڭ لوقۇلداپ ئاغرىشى، بۇۋاسىر، مەقئەت ئىششىقى ۋە ئۇلارنىڭ لوقۇلداپ ئاغرىشىغا پايدا قىلىدۇ. ھەسەل بىلەن مەلھەم قىلىپ چاپسا داغ ۋە قارا ئىزلارنى يوقىتىدۇ. مۇرمەككى ۋە زەپەر بىلەن چاپسا قويۇق قاندىن پەيدا بولغان ئىششىقنى تارقىتىدۇ. يالغۇز سۈركىسە مەقئەت يېرىلىشقا مەنپەئەت قىلىدۇ. توخۇ تۇخۇمىنىڭ سېرىقىدىن تۆت ـ بەش دانە ياكى ئېھتىياجغا قاراپ ئۇنىڭدىن كۆپ مىقداردا ئېلىپ، كېرمان زىرىسى، گۈلى بابۇنە بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ سوقۇپ مەلھەم قىلىپ، سۇ تەگمىگەن چىگە رەختكە سۈركەپ بەلگە قىزىق چاپلىسا بەل ئاغرىقىنى پەسەيتىپ قۇۋۋەتلەيدۇ. بىر پارچە چىگە رەختتىن كىچىك تۆشۈك ئېچىپ، ئۇنىڭغا تۇخۇمنىڭ سېرىقىنى سۈركەپ ئېغىز ئالدۇرماقچى بولغان چىقانغا تېڭىپ بىر-ئىككى كۈن قويسا ئېغىز ئالدۇرىدۇ. تۇخۇمنىڭ ئېقى ياكى سېرىقىنى ئىستېمال قىلسا ئىسسىق مىزاجلىق كىشىلەرگە مۇۋاپىق كېلىدۇ.

تۇخۇم سېرىقىنىڭ يېغى بىلەن مايلانسا چاچ ـ ساقال ۋە باشقا مويلارنى ئۆستۈرىدۇ. باھنى قۇۋۋەتلەيدۇ. ھۆل سوغۇقتىن بولغان ماددىلارنىڭ قېيىپ قېلىشىدىن كېلىپچىققان ئەزالارنىڭ تارتىشىشىغا پايدا قىلىدۇ. سىناقتىن ئۆتكەن. ئۇنىڭ ئېقى بەدەننى قۇۋۋەتلەيدۇ. ئىستېمال قىلسا خام، شىلىمشىق خىلىت پەيدا قىلىدۇ، تەستە ھەزىم بولىدۇ. ئارپا ئۇنى بىلەن چاپسا قان توختىتىدۇ، باشتىن ئېغىز ئارقىلىق چىققان قاننى توختىتىدۇ. زىمات قىلسا كۆز ئاغرىقىغا پايدا قىلىدۇ، مەقئەتنىڭ ھارارىتىنى پەسەيتىدۇ. ئىسسىقتىن بولغان يامان يارىلار، ئوت ۋە سۇدا كۆيگەن كۆيۈك يارىسىغا پايدا قىلىدۇ، سۇلۇق قاپارتما ئۆرلەشنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. تېرىگە سۈركىسە قۇياشنىڭ ھارارىتىنىڭ كۆيدۈرۈشىدىن پەيدا بولغان قارا داغلارنى يوقىتىدۇ. قورۇغۇچى دورىلار بىلەن سۈركىسە دىماق پەردىلىرىدىن كەلگەن قاننى توختىتىدۇ. كۈندۈر بىلەن پېشانىگە چاپسا كۆزگە نەزلە سۇيۇقلۇقىنىڭ قۇيۇلۇشىنى توسىدۇ. يالغۇز چاپسا ماددىلارنى توسىدۇ، تەر تۆشۈكلىرىنى ئېتىدۇ. ئىسسىق ئىششىقلارنى تارقىتىدۇ. كافۇر ۋە بەزرۇلبەنجى بىلەن زىمات قىلسا كۆزنى سەگىتىدۇ، قۇياش ياكى ئوتنىڭ ھارارىتىدىن پەيدا بولغان كۆيۈشۈشنى يوقىتىدۇ. ئۇنى ئىككىلىمىلىك ۋە ئۇنىڭ ئوخشاشلىرى بىلەن كىلىزما قىلسا ئۈچەيلەرنىڭ ئاغرىقلىرىنى پەسەيتىدۇ. ئۈچەي زەخمىسى ۋە ئۆت مەنبەلىك ئىچ سۈرۈشنى توختىتىدۇ. ئۇنى گۈل يېغى بىلەن ھەمەل قىلسا، مەقئەت ۋە بالىياتقۇنىڭ لوقۇلداپ ئاغرىشىنى پەسەيتىدۇ.

ئۇنىڭ شاكىلى جۇلا بەرگۈچى، يارىلارنى قۇرۇتقۇچى، بۇرۇن قاناشىنى توختاتقۇچىدۇر. قوتۇر، قىچىشقاقتا پايدا قىلىدۇ. سەدەپ بىلەن بىرلىكتە ئۇپىدەك سالايە قىلىپ سەپسە كۆزدىكى ئاقنى يوقىتىدۇ. ئۇنىڭ كۆيدۈرۈپ ئاھاكتەك كۈشتە قىلىنغىنىنى ھەسەل بىلەن بىرلىكتە كۆزگە تېمىتسا كۆزگە چۈشكەن ئاقنى ناھايىتى تېز يوقىتىدۇ. ئۇنىڭ قارىدىغۇدەك، كۆيۈپ كەتمىگۈدەك كۆيدۈرۈلگىنىنى بۇرۇنغا پۈركىسە بۇرۇننىڭ ئېغىر قانىشىنى توختىتىدۇ. سىناقتىن ئۆتكەن. ئۇنىڭ كۆيدۈرۈلمىگەن يېڭىسىنى سوقۇپ ئالتە گىرام ئىستېمال قىلسا باھنى قوزغايدۇ. ھەسەل ۋە سىركە بىلەن مەلھەم قىلسا ئىششىقلارنى تارقىتىدۇ. سەپسە قان توختىتىدۇ، كونا يارىلارنى ساقايتىدۇ، يېڭى يارىلارنىڭ ئېغىزلىرىنى چاپلاشتۇرىدۇ.

ئۇنىڭ شاكىلىنىڭ ئىچىدىكى «غەرقى» دەپ ئاتالغان نېپىز پوستىنى كەپتەر باچكىسى قېنى بىلەن ھەمەل قىلسا قىزىلىقنى ئەسلىگە كەلتۈرىدۇ. بۇ سىرلاردىن ھېسابلىنىدۇ.

كۈشتە قىلىنغان شاكىلىنىڭ ھەممە تەسىرلىرى ئاھاكنىڭ تەسىرلىرىگە ئوخشايدۇ.

جالىنۇس توخۇ تۇخۇمىنى ئىللىتىپ پىشۇرۇشنىڭ ئۇسۇلى ئۈستىدە توختىلىپ: «تۇخۇم قايناق سۇغا سېلىنغان بولسا 100 نى ساناپ بولغىچە تۇرغۇزۇلسا، سوغۇق سۇغا سېلىنغان بولسا 300 نى ساناپ بولغۇچە تۇرغۇزۇلسا ئىللىپ پىشىدۇ» دېگەن.

**توخۇ تۇخۇمىنىڭ ئىستېمال مىقدارى:** 5～15 تالغىچە ئىستېمال قىلىنسا بولىدۇ.

قالغان قۇشلارنىڭ تۇخۇملىرىنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى ئاللا خالىسا ئۆز ئورۇنلىرىدا بايان قىلىنىدۇ. ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، قۇرۇقلۇق تاشپاقىسى تۇخۇمى تۇتقاق كېسەلگە پايدا قىلىدۇ. تازقارا تۇخۇمى ھەر خىل زەھەرلەرنى قايتۇرىدۇ. قۇر، چېخ توخۇسى تۇخۇمى ۋە كەكلىك تۇخۇمىنىڭ تەسىرلىرى توخۇ تۇخۇمىغا ئوخشاپ قالىدۇ.

تۇخۇم شاكىلىنى كۈشتە قىلىش ئۇسۇلى، تۇخۇم سېرىقى ھالۋىسى ۋە ئۇنىڭدىن تەييارلىنىدىغان ئۇگرە ئاش، شەشرەنگە (بىر خىل يېمەكلىك)، تۇخۇم پوشكاللىرى، تۇخۇم قاتلىمىسى، تۇخۇم ئۇيۇتمىسى قاتارلىقلارغا ئوخشاش يېمەكلىكلەر قارابادىندا بايان قىلىندى.

## بىيل
(بىيل مېۋىسى)

بۇ ھىندىچە سۆزدۇر.

**ماھىيتى:** ئۇ ھىندىستاندا بولىدىغان بىر خىل دەرەخنىڭ مېۋىسى بولۇپ، چوڭلىرى ئانار دەك، كىچىكلىرى بېھىدەك بولىدۇ. پوستى خام ۋاقتىدا كۆك، يۇمشاق بولۇپ، كېيىن ناھايىتى قاتتىقلىشىدۇ، پىشقاندىن كېيىن سېرىققا مايىل بولۇپ ئۆزگىرىدۇ. بەزىلىرى

سېرىق، رەڭسىز، پوستى چۇرۇك بولۇپ، ئازراق زەربە تەگسە تېزلا يېرىلىدۇ. ئېتى تاتلىق، خۇشتەم، خۇش پۇراق، رەڭگى سېرىققا مايىل، يۇمشاق بولىدۇ. ئۇرۇقچىسى ئۇزۇنچاق غىلاپلار ئىچىدە بولۇپ، ھەربىر غىلاپ ئىچىدىن مېۋە سۇپىتىنىڭ ياخشى - يامانلىقىغا قاراپ تۈرۈپ 5~6 دانە، بەزىدە ئۇنىڭدىن كۆپ ئۇرۇقچا چىقىدۇ. ئۇرۇقچىلار ئۇستىدە، يەنى مەزكۇر غىلاپ ئىچىدە شىلىمشىق، سەل ئاچچىق، قىرتاق سۇيۇقلۇق بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۇرۇقچا غىلاپى بىلەن تاشقى قاتتىق پوستى ئارىلىقىدا مېۋە ئېتىغىچە تارقالغان ئىنچىكە يىپچىلار بار بولۇپ، ئۇنىڭ قاتتىق پوستىدىن ئۆسۈپ چىققان بولىدۇ.

ئۇنىڭ ياخشىسى چوڭ، تولۇق پىشقان، پوستى چۇرۇك، مېۋە ئېتى ناھايىتى تاتلىق، خۇشتەم، خۇش پۇراق بولغان، قىرتاق بولمىغان، ئۇرۇقچىلىرى ئاز بولغان، يەنى ئۇنىڭ مەزكۇر ئۇرۇقچا غىلاپلىرى بىر - بىرىدىن يىراق بولۇپ، يېرىلمىغان ۋە ئىچىدىكى ئاچچىق سۇيۇقلۇقى مېۋە ئېتىغا ئۆتۈپ، ئۇنىڭ تەمىنى بۇزمىغان، يىپچىلىرى ئاز بولۇپ ئاسان ئايرىۋەتكىلى بولىدىغان، مېۋە ئېتىنى سۇغا سېلىپ ئېرىتسە تولۇق ئېرىپ، ئازغىنە يىپچىلىرى قالىدىغان، شىرىسى تاتلىق بولۇپ، تەمىنى تەڭشەش ۋە تاتلىق قىلىش ئۈچۈن سىرتىدىن باشقا تاتلىق نەرسىلەرنى قوشۇش زۆرۈر بولمىغان، قوشۇش زۆرۈر بولغان تەقدىردىمۇ كۆپ قوشمىسىمۇ بولىدىغانلىرىدۇر. مەزكۇر سۈپەتلەرنىڭ ئەكسىچە بولغانلىرى ناچارلىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ئۇنىڭ دەرىخى چوڭ بولۇپ، ياڭاق ۋە ئالما دەرىخى چوڭلۇقىدا ئۆسىدۇ. بەزىدە ئۇنىڭدىن چوڭمۇ ئۆسىدۇ. يوپۇرمىقى ئالما يوپۇرمىقىدىن چوڭراق بولىدۇ. ئومۇمەن ئالما يوپۇرمىقىغا ئوخشايدۇ. ياغىچى قاتتىق، ئېغىر، يىپسىز بولىدۇ.

**تەبىئىتى:** تولۇق پىشقان تاتلىقلىرى بىرىنچى دەرىجىدە ئىسسىق، ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق، چوڭقايمىغان، بەك خاملىرى ئىككىنچى دەرىجىدە سوغۇق، چالا پىشقانلىرى بىرىنچى دەرىجىدە سوغۇق، ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇقتۇر. قورۇغۇچى، تۇتقۇچى قۇۋۋىتى باردۇر.

**تەسىرى ۋە خۇسۇسىيىتى:** ئۇنىڭ مېۋە ئېتىنى تاتلىق ياكى تاتلىق بولمىغان نەرسىلەر بىلەن يېسە ياكى سۇ بىلەن ئېرىتىپ تەمىنى چىقىرىپ گۈلاب بىلەن ياكى گۈلابسىز ئىچسە، يۈرەك، مېڭە، جىگەر ۋە ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەيدۇ، كونا ئىچ سۈرۈشنى توختىتىدۇ، شىلىمشىق ماددىلارنى پارچىلايدۇ، ھەيز قېنىنى توختىتىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** ئۇ، بولۇپمۇ ئۇنىڭ چالا پىشقىنى كۆپ ئىستېمال قىلىنسا بوۋاسىر ۋە تۇسالغۇ پەيدا قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** يېرىم ھەسسىدىن بىر ھەسسىگىچە شېكەر.

ئۇنىڭ چالا پىشقىنىنى لاينىڭ ئارىسىغا ئېلىپ چوغقا كۆمۈپ پىشۇرۇپ، مېۋە ئېتىدىن ئېھتىياجغا قاراپ 15~20 گىرامغىچە ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق ئېلىپ ئېھتىياجغا ئاساسەن

باراۋەر ياكى يېرىم ھەسسە شېكەر ياكى ناۋات بىلەن بىرلىكتە ناشتىدا ئىستېمال قىلسا كونا ئىچ سۈرۈشنى توختىتىدۇ سىناقتىن ئۆتكەن.

«دەستۇرۇل ئەتىببائ» (تېۋىپلار دەستۇرى) دېگەن كىتابنىڭ ئاپتورىنىڭ ئېيتىشىچە، ھىندىستاندا يېزىلغان پارسچە كىتابلاردا ئۇنىڭ ئۇرۇقچىسىنىڭ يېغىنىڭ كۆپ خۇسۇسىيەتلىرى بايان قىلىنغان بولۇپ، ئەگەر سىناقتىن ئۆتكۈزۈلسە ئاجايىباتلار ۋە نادىر ئىشلار قاتارىدىن بولىدىكەن.

ئۇنىڭ يېغىنى قائىدە بويىچە تارتىپ، كۈنىگە 14 گىرامدىن ئېلىپ ھېلىلە، بەلىلە ۋە تازىلانغان ئامىلەنىڭ ھەرقايسىسىدىن ئۈچ دانىدىن ئېلىپ، ئۈچ پىيالە سۇدا بىر پىيالىسى قالغۇچە قاينىتىپ ئارىلاشتۇرۇپ، ئۇدا توققۇز ئاي ئىچسە ئاجايىپ پايدىلىق تەسىرلەرنى پەيدا قىلىدۇ.

يەنە يېزىلىشىچە، ھېلىلە، بەلىلە ۋە ئامىلەنىڭ ھەربىرىدىن 12 گىرام ئېلىپ قاينىتىپ پىسەپلىرىنى ئايرىۋېتىپ، مەزكۇر ياغدىن تۆت گىرام قوشۇپ 40 كۈنگىچە ئىچسىمۇ ياخشى پايدا قىلىدىكەن.

# ئۈچىنچى باب
# «ت» (تائ) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى

## پەسىل: «ت» (تائ) ۋە «ا» (ئەلىف) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى

### تەنبۇل
(تەنبۇل يوپۇرمىقى)

بۇ ھىندىچە سۆز بولۇپ، «تەنبۇل» ۋە «پان» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

ماھىيىتى: بۇ بىر خىل پېلەكلىك ئۆسۈملۈكنىڭ يوپۇرمىقىدىن ئىبارەت. بۇ ئۆسۈملۈك خۇددى تالغا ئوخشاش پېلەك تارتىپ ئۆسىدۇ. شاخلىرى تالنىڭ شاخلىرىدىن ئىنچىكىرەك بولىدۇ. ئۇمۇ تالغا ئوخشاش باراڭ ئۈستىگە ئېلىنىدۇ. ئۇنىڭ يوپۇرمىقى يېشىل، كەڭ، ئۈستى تەرىپى قارىغاي مېۋىسى شەكىللىك، ئۇچى ئۆتكۈر، تۆۋەن تەرىپى كەڭ، سىلىق، چىشسىز ۋە تۈكسىز، يوپۇرماق سايىقى سەل ئۇزۇن بولىدۇ.

ئۇ بىر قانچە خىل بولىدۇ. بىر خىلىنىڭ يوپۇرماقلىرى ئىشلەش ئارقىلىق چۈرۈك، كىچىك، ئاق بولۇپ ئۆزگىرىدۇ. ئۇ باھار ئەزىم ئاباد ۋىلايىتىنىڭ «مەكە» دەپ ئاتىلىدىغان يېزىسىدىن چىقىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ «مەكى» دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇ خۇش پۇراقراق، خۇشتەمرەك ۋە نازۇكراق بولۇپ، بەك ئۆتكۈر ئەمەس. ئۇنىڭ تەبىئىتى ئىسسىق - سوغۇقلۇقتا مۆتىدىلدۇر.

ئۇنىڭ يەنە بىرى تۇرى بار بولۇپ، «كەنكىرىيست» دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇ شاھجاھان ئاباد، ئەكبەر ئاباد ۋە ئۇنىڭ ئەتراپلىرى ھەم دۆكەن شەھەرلىرىدە بولىدۇ. يوپۇرمىقى «مەكى» دەپ ئاتالغىنىنىڭ يوپۇرمىقىدىن چوڭراق بولۇپ، ھەممە تەسىرى ۋە خۇسۇسىيىتى يۇقىرىدىكىنىڭ خۇسۇسىيىتى ۋە تەسىرىگە ئوخشايدۇ.

ئۇنىڭ يەنە بىر تۇرى بار بولۇپ، يوپۇرماقلىرى چوڭ، يېشىل، ناھايىتى نازۇك، ئۆچۈچان بولىدۇ. بېنگالىنىڭ جاھانگىر نىگەر دېگەن ۋىلايىتىنىڭ يېزىلىرىنىڭ بىرى بولغان سەنارگانۇن دەپ ئاتالغان يېزىسىدىن چىقىدۇ. ئۇ «كافۇرى» دەپ ئاتىلىدۇ. تەمى ۋە پۇرىقى

ئۆتكۈر بولۇپ، قەلەمپۇرنىڭ تەمى ۋە پۇرىقىغا ئوخشايدۇ. ئۇنىڭ تەبىئىتى ئىككىنچى دەرىجىنىڭ ئاخىرىدا ئىسسىق، ئوتتۇرىلىرىدا قۇرۇق بولىدۇ.

ئۇنىڭ يەنە بىر تۈرى بار بولۇپ، يوپۇرماقلىرى چوڭ، يېشىللىقى ئوتتۇرا هال، نازۇك بولىدۇ. ئىشلەش ئارقىلىق ئاقىرىدۇ. هىندىستان ۋە بېنگالنىڭ كۆپ قىسىم شەهەرلىرىدە بولىدۇ. ئۇ «سانچى» دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇمۇ ئۇچۇچان، خۇش پۇراق بولىدۇ. بۇنىڭ تەبىئىتى ئىككىنچى دەرىجىنىڭ باشلىرىغا يېقىن قۇرۇق ئىسسىق بولىدۇ.

ئۇنىڭ يەنە بىر تۈرى بار بولۇپ، يوپۇرماقلىرى يېشىل، يۇقىرىدىكىسىدىن چوڭراق، تەمى ۋە پۇرىقى ئۆتكۈر بولىدۇ. بېنگالغا خاس بولغانلىقى ئۈچۈن «بەنگەلە» دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇنىڭ تەبىئىتى ئىككىنچى دەرىجىنىڭ ئاخىرلىرىدا ئىسسىق، ئوتتۇرىلىرىدا قۇرۇق بولىدۇ.

ئۇنىڭ «سانچى»، «بەنگەلە» دەپ ئاتالغانلىرىنىڭ هەربىرى يەنە نۇرغۇن تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ. هەر يەر، هەر جايدا ئۆسكەنلىرى باشقا خىل بولىدۇ. بەزى يەرلەردە ئۆسكەنلىرىنىڭ يوپۇرماقلىرى چوڭراق، بەزى يەرلەردە ئۆسكەنلىرىنىڭ يوپۇرماقلىرى كىچىكرەك بولىدۇ. ئۇنىڭ «بەنگەلە» دەپ ئاتالغىنىنىڭ بىر تۈرى بار بولۇپ، يوپۇرماقلىرى نازۇك، كىچىك، سەل كەڭ بولىدۇ. ئۇ مۇرشىد ئاباد شەهىرىنىڭ يېزىلىرىنىڭ بىرى بولغان مەلىكپۇر دەپ ئاتالغان يېزىدا ئۆسىدىغانلىقى ئۈچۈن «مەلىكپۇر» دەپ ئاتىلىدۇ. يىغىپ ئېيتقاندا ئۇنىڭ تۈرلىرى ناهايىتى كۆپ بولىدۇ. هەر جاي، هەر يەردە هەر خىل بولىدىغان بولۇپ ئايرىم نام بىلەن ئاتىلىدۇ. هەممىسىنىڭ يوپۇرمىقى دەرەخ ئۈستىدە تۇرسىلا كۆك تۇرىدۇ. بەزىلىرى دەرەختىن ئۈزۈۋېلىنغاندىن كېيىن ئىشلەش ئارقىلىق ئاقارتىلىدۇ. ئاقارتىش ئۇسۇلى مۇنداق بولىدۇ: كۆپ مىقداردىكى يوپۇرماقنى سېۋەت ياكى شۇنىڭغا ئوخشاش مۇۋاپىق قاچىغا قاچىلاپ ئۈستىنى شال پاخىلى ياكى بۇغداي سامىنى بىلەن يېپىپ، يەرگە ئالدىن كولاپ قويۇلغان مۇۋاپىق چوڭقۇرلۇقتىكى ئورەككە قويۇپ ئۈستىگە ئوت يېقىلىدۇ. يوپۇرماقلار سەل ئىسسىغاندىن كېيىن، ئوتنى ئۆچۈرۈپ ئۈستىدىن تاش ياكى شۇنىڭغا ئوخشاش ئېغىر نەرسە باستۇرۇپ يوپۇرماقلار يۇمشىغۇچە ۋە بېسىلغۇچە تۇرغۇزۇلىدۇ. ياز پەسلى بولسا شەبنەمدە بىر قانچە كېچە، قىش پەسلى بولسا ئىسسىق يەردە ساقلانسا يوپۇرماقلار ئاقىرىپ چۈرۈكلىشىدۇ.

ئۇنىڭ يىلتىزى هىندىچە «كولىيجەن» دەپ ئاتىلىدىغان خولىنجاندىن ئىبارەت بولۇپ، ئاللا خالىسا خولىنجان ماۋزۇسىدا بايان قىلىنىدۇ.

ئۇنىڭ ياخشىسى چوڭ ـ كىچىكلىكى ئوتتۇرا هال، نازۇك بولغانلىرىدۇر. كونىراپ قالغانلىرى، تولۇق يېتىلمىگەنلىرى، بەك بالدۇر ئۈزۈۋېلىنغانلىرى، دەرىخى ئۈستىدە ئۈزۈن تۇرغانلىرى، هۆللۈكى تارقاپ كەتكەنلىرىنىڭ هەممىسى ناچارلىرى بولۇپ هېسابلىنىدۇ.

چۈنكى ئالدىدا بايان قىلىنغانلىرى چۈرۈك، لەززەتلىك، كېيىنكىسى بەتتەم، قىرتاق بولىدۇ.

**تەسىرى ۋە خۇسۇسىيىتى:** خۇرسەن قىلغۇچى، ئىشتىھانى ئاچقۇچى، ئاشقازان، جىگەر، مېڭە، يۈرەكنى قۇۋۋەتلىگۈچى، ئەستە تۇتۇش كۈچىنى ئاشۇرغۇچى، تېتىكلەشتۈرگۈچى، توسالغۇلارنى ئاچقۇچى، كېرەكسىز ماددىلارنى ھەيدىگۈچىدۇر. چايناپ ئېغىز ۋە چىش مىلىكىنىڭ ئارتۇق ھۆللۈكلىرىنى ئازايتىدۇ. چىش ۋە چىش مىلىكىنى چىڭىتىدۇ. ئېغىزنى خۇش پۇراق قىلىدۇ. بەلغەمدىن بولغان ساختا تەشنالىق ۋە ساختا ئاچلىقنى پەسەيتىدۇ. ئاۋازنى ساپلاشتۇرىدۇ. زىققە نەپەس، ھۆل سوغۇقتىن ۋە بەلغەمدىن بولغان يۆتەلگە پايدا قىلىدۇ. ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەيدۇ، ھەزىمنى ياخشىلايدۇ. بولۇپمۇ فۇپەل ۋە لاچىندانە بىلەن ئىستېمال قىلىنسا ئۈنۈمى تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ. كىچىك تىلنىڭ قانىشىنى توختىتىدۇ، ئىششىقلىرىنى تارقىتىدۇ. زىمات قىلىنسا يېڭى يارىلارنى پۈتتۈرىدۇ. بەنگىلە دەپ ئاتالغىنىنىڭ يوپۇرمىقىنى ئۈچ قەۋەت قىلىپ ئىسسىتىپ كۆزنىڭ تۇخۇم ئېقىسىمان سۇيۇقلۇقىغا چۈشكەن سۇغا دەسلەپكى مەزگىلدە تاڭسا سۇنى ناھايىتى ياخشى تارقىتىدۇ، 2~3 كۈندە شىپالىق بېرىدۇ. ئەگەر يوپۇرماق بەك قىزىتىلغان بولۇپ، بىمار بەرداشلىق بېرەلمىسە ئىككى دانە يوپۇرماقنى تاڭسىمۇ بولىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭغىمۇ بەرداشلىق بېرەلمىسە بىر دانە يوپۇرماقنى ئىسسىتىپ تاڭسىمۇ بولىدۇ ياكى كۆپ يوپۇرماق تېڭىلغان تەقدىردىمۇ ئۇدا تېڭىلماي كۈن ئارىلاپ بىر كۈن ياكى ئىككى كۈن تېڭىلسىمۇ كۆزگە چۈشكەن سۇنى يوقىتىدۇ. تەنبۇل يوپۇرمىقى ئۇنىڭ تۈزەتكۈچىلىرى بولغان ياپىلاقلانغان فۇپەل، ئاز مىقداردىكى كاتھىندى ۋە ئاز مىقداردىكى يۇيۇلغان ئاھاك بىلەن خۇددى ھىندىستان خەلقىگە ئوخشاش چايناپ سۈيىنى ھەرقانداق زەخىمگە، بولۇپمۇ باش چۈشۈرگەندىن كېيىن پەيدا بولغان زەخىمگە، شۇنداقلا بالىلارنى خەتنە قىلغاندىن كېيىنكى زەخىمگە تېمىتسا قان توختىتىپ ھۆللۈكنى قۇرۇتۇپ تېز ساقايتىدۇ. ئۇنى ئىستېمال قىلىش ئۇسۇلى شۇكى، ئۇنى يۇقىرىدا ئېيتىلغان تۈزەتكۈچىلەر بىلەن بىرلىكتە چايناپ سۈيى يۇتۇلۇپ پىسەپلىرى تۈكۈرۈۋېتىلىدۇ. چۈنكى ئۇنىڭ پىسىپى توسالغۇ ۋە قۇلۇنجى پەيدا قىلغۇچىدۇر. بەزىدە ئۇنىڭ تەمىنى ياخشىلاش ئۈچۈن ياكى ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەش، بەلغەملىك خىلىتلارنى پارچىلاش ئۈچۈن مەزكۇر تۈزەتكۈچىلەرگە بىرقانچە دانە لاچىندانە ياكى قاقىلە، بىر ـ ئىككى دانە قەلەمپۇر قوشۇلىدۇ. ئۇنى ناشتىدا چاينىسا زىيان قىلىدۇ. بولۇپمۇ ئىسسىق مىزاجلىق كىشىلەر ناشتىدا ئىستېمال قىلسا زىيان قىلىدۇ، بەزى مىزاجلىق كىشىلەر چاينىسا ئىچىنى سۈرىدۇ. بولۇپمۇ ئۇنىڭ «بەنگەلە» دەپ ئاتالغىنى تېخىمۇ شۇنداق. ئۇنىڭدىن 7~8 دانىدىن 10 دانىغىچە، يەنى تەبىئەت كۆتۈرەلىگۈدەك مىقداردا ئېلىپ يۇقىرىدا ئېيتىلغان تۈزەتكۈچىلەرنى قوشماي، بەلكى تۇز بىلەن چاينىسا بەلغەمنى سۈرىدۇ. يۆتەل ۋە زىققىگە پايدا قىلىدۇ.

ھىندىستان خەلقى تەنبۇلنى سوقۇپ، ئۇنىڭغا جويۇز ۋە ناۋات قاتارلىقلارنى قوشۇپ شېكەرلىك ياسالما تەييارلايدۇ. قارابادىندا ئۇنىڭ نۇسخىسى ۋە ئەرقى بايان قىلىنىدى.

# تار

(تار دەرىخى)

**ماھىيىتى:** ئۇ ھىندىستاندا بولىدىغان بىر خىل دەرەخ بولۇپ، غولى ناھايىتى ئېگىز ۋە كۆچلۈك بولىدۇ. ئۇچىدا يوپۇرماقلىرى بار بولۇپ، ھەربىر يوپۇرماقنىڭ ساپىقى ئۇزۇن، كۆنلۈكسىمان بولىدۇ، ھەربىر يوپۇرماق بىر - بىرىگە تۇتاشقان كۆپ يوپۇرماقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، خۇددى ئادەمنىڭ قول پەنجىسىگە ئوخشايدۇ. خورما ۋە نارجىل يوپۇرمىقىدىن سەل ئۇزۇنراق ۋە قېلىنراق بولىدۇ. ھىندىستان خەلقى ئۇنىڭ يوپۇرمىقىنىڭ كۆنلۈكسىمان قىسمىدىن يەلپۈگۈچ ياسايدۇ. يوپۇرمىقىدىن بورا توقۇيدۇ. ھىندىستانلىقلار ئۇنىڭ يوپۇرمىقىنى «ئەدىيسە» دەپ ئاتايدىغان بولۇپ، قەغەز ئورنىدا ئۇنىڭغا تۆمۈر قەلەم بىلەن خەتلەرنى يازىدۇ، مەلۇم مۇددەتكىچە ساقلىغىلى بولىدۇ.

بۇ دەرەخ ئەركەك ۋە چىشىدىن ئىبارەت ئىككى خىل بولىدۇ. ئەركىكى باشاق چىقىرىدۇ، ئەمما مېۋە تۇتمايدۇ. خورما بۇنىڭغا ئوخشمايدىغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئەركىكى ۋە چىشىسىمۇ مېۋە بېرىدۇ. مېۋىسى ئومۇمەن پوستىدىن ئايرىلمىغان توك نارجىلغا ئوخشايدۇ. ئىچى ناھايىتى لەشلىك بولۇپ، ئارىسىدىن سەل ياپىلاق كەلگەن ئۇرۇقلار چىقىدۇ، بەزىسىدىن تۆت دانە، بەزىسىدىن ئۈچ دانە، بەزىسىدىن ئىككى دانە، بەزىسىدىن بىر دانە ئۇرۇق چىقىدۇ. بۇ ئۇرۇق ھىندىچە «تاركەل» دەپ ئاتىلىدۇ. مېۋىسى توك ۋاقتىدا يېرىلىپ يېيىلىدۇ، سۇلۇق، چۇرۇك، سەل تاتلىق بولۇپ، خۇددى ئۇيۇغان ھالۋىغا ئوخشايدۇ. قانچە پىشسا شۇنچە قاتتىق بولىدۇ. ھەتتا دەريا نارجىلىدەك ناھايىتى قاتتىق بولىدۇ. شۇ چاغدا ئۇنىڭ ئۇرۇقلىرى ئۇستىدىكى لەشلەر ئارىسىدىن ئاچچىقتا ۋە بەتبۇيغا مايىل سەل تاتلىق بولغان شىلىمشىق سۇيۇقلۇق چىقىدۇ. رەڭگى قىزىل بولىدۇ. بەزى كىشىلەر ئۇنىڭ ئىچىگە ئازراق بۇغداي ئۇنى ۋە ئازراق تاتلىق نەرسە قوشۇپ ئارىلاشتۇرۇپ يۇغۇرۇپ، ياغ بىلەن قورۇپ پىشۇرۇپ يەيدۇ. بېنگال ۋە ئەزىم ئابادنىڭ خەلقى ئۇنىڭ ئەركىكى ياكى چىشىسىنىڭ مېۋىسىنى كېسىپ ئۇنىڭدا يىغىلغان سۇنى ئىچىدۇ. ئۇ «تارى» دەپ ئاتىلىدىغان بولۇپ، تەمى سەل تاتلىق، پۇرىقى ئومۇمەن بەتبۇي بولىدۇ. يېڭى بولسا، ئىسسىق ھاۋا تەسىرىدە ئېچىمىغان بولسا مەست قىلمايدۇ، ئەگەر ئېچىغان بولسا مەست قىلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، ئۇ ئېلىنغان قاچا يېڭى بولۇشى لازىم، كونا بولسا تېخىمۇ مەست قىلىدۇ. ئۇنىڭ سۈيىنى ئېچىشكە ئامراق كىشىلەر ئۇنى دەرەخ ئۇستىدىكى مېۋىسىدىن بىۋاسىتە تامدۇرۇپ ئىچىدۇ، سۈيىنى تامدۇرىدىغان قاچىنى داۋاملىق يېڭىلاپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭ سۈيى ئېچىتىلىپ سىركىمۇ تەييارلىنىدۇ، ئۇ ناھايىتى چۈچۈمەل ۋە ئۇچۇچان بولىدۇ.

**تەبىئىتى:** تولۇق مېۋىسى ھۆل سوغۇق، سۈيى مۆرەككەپ قۇۋۋەتلەرگە ئىگە، ھارارىتى ئاجىز، ھۆللۈكى كۆپ بولىدۇ. پىشقان مېۋىسى قۇرۇق سوغۇق، سىركىسى ھۆل سوغۇق، قابىزلىقى يوق.

**تەسىرى ۋە خۇسۇسىيىتى:** تولۇق مېۋىسىنىڭ ئۇرۇقچىسى تەستە ھەزىم بولىدۇ، ئاشقازاندىن ئۇزۇندا ئۆتىدۇ. قورساقنى ئىسسىلدۇرىدۇ. ئۇسسۇزلۇقنى پەسەيتىدۇ. باھنى قۇۋۋەتلەيدۇ. قان، سەپرانىڭ بۇزۇلۇشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. ئۇرۇلۇپ ـ سوقۇلۇشقا مەنپەئەت قىلىدۇ. سۈيدۈك ھەيدەيدۇ.

ئۇنىڭ سۈيى قورساقنى ئىسسىلدۇرىدۇ، باھنى قۇۋۋەتلەپ قوزغايدۇ. بەدەننى سەمرىتىدۇ، روھلارنى قۇۋۋەتلەيدۇ، ئىتتىكلەشتۈرىدۇ. ئۇسسۇزلۇق پەسەيتىدۇ، سۈيدۈك ھەيدەيدۇ، سۈيدۈك ئىچىشىپ كېلىش ۋە سۈيدۈك يولى يارىلىرىغا داۋا بولىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** ئازراق باش ئاغرىتىدۇ، كۆپ ئىستېمال قىلسا باشنى قايدۇرىدۇ، بولۇپمۇ ئۇنىڭ مەست قىلغۇچى سۈيۈقلۇقى تېخىمۇ شۇنداقتۇر.

## تالمەكھارا
(تالمەكانا)

بۇ ھىندىچە سۆز بولۇپ، ئاۋام خەلق «تالمەكھانا» دەپ ئاتايدۇ. بېنگالدا «كەلياكارا» دېيىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** ئۇ بىر خىل ئۆسۈملۈكنىڭ ئۇرۇقىدىن ئىبارەت بولۇپ، سەل ياپىلاق، سوزۇنچاق، ئۇششاق، كۆل رەڭ، سەل پارقىراق، تۇدەرىگە ئوخشاش لوئابلىق بولىدۇ. ئۆسۈملۈكى غولاچ ئېگىزلىكتە ئۆسىدىغان بولۇپ، شاخلىرى بىر يىلتىزدىن ئۆسۈپ چىقىدۇ. يوپۇرمىقى كاسىنە يوپۇرمىقىغا ئوخشاش، يىرىك، تۈكلۈك بولىدۇ. گۈلى ئاق بولۇپ، كاسىنە گۈلىدىن ئۇششاقراق ۋە كاسىنەگە ئوخشاش بوغۇملىرى بولىدۇ. ئۇرۇقى بوغۇملىرى ئىچىدە بولىدۇ. ئەمما ئۇنىڭ بوغۇملىرىنىڭ تىكىنى ئۈممىغىلان تىكىنىگە ئوخشايدۇ. سۇ بويلىرى ۋە نەم يەرلەردە ئۆسىدۇ.

**تەبىئىتى:** قۇرۇق ئىسسىق، ئارتۇق ھۆللۈكى بار.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ئۇرۇقى خورسەن قىلغۇچى، سەمرىتكۈچى، باھنى قۇۋۋەتلىگۈچى، مەنىي كۆپەيتكۈچى، مەنىي تۇتقۇچى، سەۋدا بىلەن قاننىڭ بۇزۇلۇشىنىڭ ئالدىنى ئالغۇچىدۇر. يۇمشاق سوقۇپ 3~10 گىرامغىچە ئېلىپ باراۋەر مىقداردىكى قەنت ياكى شېكەر ياكى كالىنىڭ يېڭى سېغىلغان سۈتى بىلەن بىرلىكتە ئىستېمال قىلسا مەنىي كۆپەيتىدۇ، مەنىينى تىزگىنلەيدۇ. مەنىي ئېقىشقا مەنپەئەت قىلىدۇ. سوقۇپ تالقان قىلىپ

شەربەتلەرگە سېپىلىدۇ، مەجۇنلەرگىمۇ قوشۇلىدۇ. قاتتىقلىقىدىن ئۇزۇندا سوقۇلىدۇ.

ئۇنىڭ يوپۇرمىقى بىلەن غولىنى قايىنىتىپ سۈيى ئىچىلسە، سۈيدۈكنى كۆچلۈك ھەيدەپ ئىستىسقاغا پايدا قىلىدۇ. ئۇنىڭ يوپۇرمىقى، غولى ۋە يىلتىزى سوقۇپ زىمات قىلىپ بەلگە قىزىق ھالەتتە چاپسا بەل ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ، بوغۇملارغا چاپسا ئاغرىقلىرىنى پەسەيتىدۇ، مۇسكۇللارغا چاپسا زەخىملىرىگە داۋا بولىدۇ. قايناتمىسىنىڭ بۇسىمۇ يوقىرىدىكى كېسەللىكلەرگە داۋا بولىدۇ.

## پەسىل: «ت» (تائ) ۋە «ب» (بائ) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى

### تىبن
(سامان)

پارسچە «كاھ» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** تونۇشلۇق بولۇپ، ھەربىر ئۆسۈملۈكنىڭ سامىنى باشقىچە بولىدۇ.

**تەبىئىتى:** كۆپىنچىسى بىرىنچى دەرىجىدە سوغۇق، ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق بولىدۇ. بەزىلىرىنىڭ تەبىئىتى ئۆسۈملۈكنىڭ تەبىئىتىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا قاراپ ئوخشاش بولمايدۇ.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** بۇغداي سامىنى قايناتمىسىدا ئولتۇرۇلسا، بۇسى بىلەن ھوردىنىلسا ئىششىقلارنى تارقىتىدۇ. پۇتلارنى يۇيسا ۋە سۇرسە قار - مۇز ئۇستىدە مېڭىش سەۋەبىدىن پەيدا بولغان ئۈششۈك يارىلىرىغا پايدا قىلىدۇ. ئۇنىڭ قايىنىتىلغان سۈيى بىلەن بەدەننى يۇيسا ماغدۇرسىزلىقنى يوقىتىدۇ. ئەمما بەدەننى كېسەل ئادەمنىڭ بەدىنىدەك قىلىپ قويىدۇ. تۇرۇنجى ۋە لىمونغا ئوخشاش چۇچۇمەل مېۋىلەرنى سامان بىلەن قايناتسا ۋە سامانى ئىككى - ئۈچ قېتىم يېڭىلىسا مېۋىنى تاتلىقلاشتۇرىدۇ، پوستىنىڭ ئاچچىقلىقىنى يوقىتىدۇ. ئۇنىڭ كۈلىنى يېرىم ھەسسە تۇز ۋە ئازراق سىركە بىلەن يۇغۇرۇپ چاپسا پاچاقلاردىكى يارىلارغا شىپا بولىدۇ.

ئارپا سامىنىنىڭ سوۋۇتۇش خۇسۇسىيىتى بولۇپ، ئىسسىق مىزاجلىق كىشىلەر ئاستىغا سېلىپ ئولتۇرسا ياكى ئاستىغا سېلىپ ياتسا پايدا قىلىدۇ.

باقىلە، بولۇپمۇ قارا باقىلە غولىنىڭ سۈيى بىلەن يۇيۇلسا قوتۇر ئىزى ۋە داغىنى يوقىتىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن يۇڭ ۋە خورما يوپۇرمىقىنى بويىسا قارايتىدۇ. ئۇنىڭ غولىنىڭ خاسىيىتى شۇكى، مېۋىلىك دەرەخ چېچەكلەشكە باشلىغاندا دەرەخ ئاستىدا كۆيدۈرۈپ ئىسرىق

سالسا مېۋىلىرىنىڭ تۆكۈلۈپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ.

سامانلارنىڭ ھەممىسى، بولۇپمۇ كۆك پۇرچاق پاخلى پەي - نېرۋىغا زىيان قىلىدۇ. ئۈستىدە ئۇخلىسا تېخىمۇ چوڭ بولىدۇ.

قىزىلگۈل غولىنىڭ ئەرقى يۈرەك - مېڭىنى قۇۋۋەتلەيدۇ. ئىسسىق مىزاجلىقلارنىڭ بىھوشلۇقى، ئاجىزلىقى ۋە يۈرەك زەئىپلىكىگە ناھايىتى پايدا قىلىدۇ. ئۇنىڭ ئەرقىنى ئېلىش ئۇسۇلى باشقا ئەرەقلەرنى ئېلىش ئۇسۇلى بىلەن ئوخشاش بولۇپ، گۈلابقا چىلاپ ئەرەق قاچىسىغا بىرلىكتە سېلىپ قائىدە بويىچە تارتىلىدۇ ۋە مۇۋاپىق مىقداردا ئىچىلىدۇ. قىزىل غولىنى پۇرىسا، بولۇپمۇ قاينىتىلىپ ئۈستىگە سۇ ياكى گۈلاب سېپىپ پۇرىسىمۇ يۈرەك - مېڭىنى قۇۋۋەتلەيدۇ.

## پەسىل: «ت» (تائ) ۋە «د» (دال) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى

### تەدەرج
(قىرغاۋۇل)

ئۇ پارسچە «تەدەرۇ» دېگەن سۆزدىن ئەرەبچىلەشتۈرۈلگەندۇر. تۈركچە «قىرقاۋۇل»، تەنەكابۇن ۋە مازىنداراندا «تورەنك»، ھىندىچە «لوھ» دېيىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** ئۇ خۇش رەڭ، چىرايلىق، پەيلىرىدە ھەر خىل رەڭدىكى شەكىللەر بار بولغان بىر خىل قۇش بولۇپ، چېخ توخۇسىغا ئوخشايدۇ. ئۇنىڭدىن ياخشىراق ۋە كىچىكرەك بولىدۇ. گۆشى ھالال بولۇپ يېگىلى بولىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە ئىسسىق، بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇق، قۇرۇقلۇقى چېخ توخۇسىدىن كەمرەك بولىدۇ.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** گۆشى ناھايىتى ئۇچۇچان بولۇپ، تېز ھەزىم بولىدۇ. ياخشى قان پەيدا قىلىدۇ. مېڭىنى قۇۋۋەتلەيدۇ، زېھىننى ئۆتكۈرلەشتۈرىدۇ. ئۇنتۇغاقلىقنى يوقىتىدۇ. ئۆز - ئۆزىگە سۆزلەشكە داۋا بولىدۇ. بولۇپمۇ كاۋاپ قىلىپ ئۇدا ئۈچ كۈن ئىستېمال قىلسا ئۈنۈمى تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۆتى ۋە قېنىنى كۆزگە سۈركىسە، شۇنداقلا تېمىتسا كۆزگە چۈشكەن ئاقنى ۋە سۇنى يوقىتىدۇ. ئۇنىڭ ئۆتى بۇرۇنغا تېمىتىلسا دىماغنىڭ توسالغۇلىرىنى ئاچىدۇ. ئۇنتۇغاقلىق، ئۆز - ئۆزىگە سۆزلەش ۋە بۇزۇق خىياللارنى يوقىتىدۇ. مايىقىنى سۈركىسە بەھەق، ئاقكېسەلگە شىپا بولىدۇ. داغ يوقىتىدۇ. ھامىلىدار ئاياللارنىڭ تېرىسىنى ياخشىلايدۇ. قانىتىنىڭ كۈلى چاچنى قارايتىدۇ. ئەمما چاچ بالدۇر

ئاقىرىپ كېتىدۇ. ئۇنىڭ ئۇستىخىنىنى ناھايىتى يۇمشاق سوقۇپ سالايە قىلىپ يارىلارغا سەپسە ساقايتىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** گۆشى كۆپ يېيىلسە باشنى ئاغرىتىدۇ، ئىسسىق مىزاجلىقلاردا سەپرانى كۆپەيتىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** سىركەنجۇبىل.

## پەسىل: «ت» (تائ) ۋە «ر» (رائ) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى

## تۇراب
(توپا)

ئۇ پارسچە «خاك»، ھىندىچە «مىتتى» دېيىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** مەشھۇردۇر. يالغۇز ئېيتىلسا قۇياش نۇرىنىڭ تەپتى ۋە كىشىلەرنىڭ ئاياغلىرىنىڭ زەربىسى بىلەن يۇمشىغان توپا نەزەردە تۇتۇلىدۇ.

**تەبىئىتى:** مۆتىدىل سوغۇق، قۇرۇقتۇر.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** قۇرۇتقۇچى، ماددىلارنى توسقۇچىدۇر. ئوچاقنىڭ توپىسىنىڭ قۇرۇتۇش ۋە ماددىلارنى توسۇش تەسىرى كۈچلۈكرەكتۇر، مەلۇم دەرىجىدە تارقىتىش رولى باردۇر. زىمات قىلىنسا ماددىلارنىڭ كېسەللەنگەن ئەزالارغا كېلىشىنى توسىدۇ، ئىششىقلارنى تارقىتىدۇ، ھۆللۈكلەرنى قۇرۇتىدۇ. تۈز ئارىسىدىكى توپا ياكى تۈز ساقلانغان ساپال قاچىنىڭ توپىسى ناھايىتى ياخشى قۇرۇتقۇچى ۋە تارقاتقۇچىدۇر. زىمات قىلىنسا ھۆللۈكلەرنى قۇرۇتىدۇ. ھۆل سوغۇقتىن بولغان ئىششىقلارنى تارقىتىدۇ.

## تۇرابۇل مۇرەببەئات
(تۆت كوچا توپىسى)

**ماھىيىتى:** تۆت كوچىنىڭ توپىسىدىن ئىبارەت.

**تەبىئىتى:** ئۇنىڭغا قەدەملەر ۋە باشقا نەرسىلەر كۆپ تېگىدىغان بولغاچقا ئۇچۇچانراق ۋە مۆتىدىلرەكتۇر.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** قۇرۇتقۇچى، چىرىگەن يارىلارنى تازىلاپ ئېغىزىنى پۈتتۈرگۈچىدۇر. زىمات قىلىنسا ياكى ئۇۋۇلانسا بوشىغان ئەزالارنى چىڭىتىدۇ، ئىستىسقاغا پايدا قىلىدۇ. ئۇ قەدىمكى زاماندىكى مەجۇنلەرنىڭ مۇھىم تەركىبى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ئىپتىشلارغا قارىغاندا ئۇنىڭ شۇنداق خاسىيىتى بار ئىكەنكى، شەنبە كۈنى قۇياش چىققىشتىن بۇرۇن ئۇنى سول قول بىلەن ئېلىپ كۆك لاتىغا ئوراپ ئۆزىگە ئىسىۋالسا سېھىر كار قىلمايدىكەن، سېھىرنىڭ يامانلىقىدىن قۇتۇلۇپ قالغىلى بولىدىكەن. ئاياللار مۇنچىدا ئۇنىڭ بىلەن بېشىنى يۇسا يامان كۆز تېگىشتىن ساقلىنىپ قالىدىكەن. چارشەنبە كۈنىدە ئۇنىڭدىن ئېلىپ ساقلىسا ئۆچ ـ ئاداۋەتنى تۈگىتىدىكەن.

## تۇرابۇس سەيدا
(سەيدا توپىسى)

**ماهىيىتى:** ئۇ شام شەھەرلىرىنىڭ بىرىدىكى سەيدا تېغىدىكى ئۆڭكۈرنىڭ توپىسىدىن ئىبارەت.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** شۇ شەھەرنىڭ خەلقى ئۇنى ئىستېمال قىلسا ۋە چاپسا سۇنغان ئۇستىخاننى تۇتتۇرىدۇ، دەپ قارايدۇ. ھەتتا ئۇلار مەزكۇر توپىنى ئىستېمال قىلسا ئۇستىخاننىڭ سۇنغان يېرىگە بىرىپ قىسقا ۋاقىت ئىچىدە تۇتتۇرىدۇ دەپ ئىشىنىدۇ.

## تۇرابۇش شارىدە
(شارىدە توپىسى)

**ماهىيىتى:** ئۇ ئەندەلۇس دېڭىزىنىڭ يىراق قىسمىدىكى رىم دېڭىزى ئاراللىرىنىڭ بىرىنىڭ توپىسىدىن ئىبارەت بولۇپ، بۇ قۇرۇق ئارال دەپ ئاتىلىدىغان ئارالغا تۇتاشتۇر.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ئىپتىشلارغا قارىغاندا بۇ ئارالنىڭ توپىسىنىڭ شۇنداق ئاجايىپ ـ غارايىپ خاسىيىتى بار ئىكەنكى، ئۇنىڭدىن 2.5 گىرام ئېلىپ سۇدا ئىرىتىپ، گېلىدا زۇلۇك قۇرتى تۇرۇپ قالغان ئادەم ياكى ھايۋاننىڭ بۇرنىغا تېمىتسا قۇرت شۇ ھامان چىقىدىكەن. بۇ ئارالدا ئۇنگەن بۇغداي ۋە ئارپىنىڭمۇ شۇنداق خاسىيىتى بار ئىكەن. شۇنداقلا ئۇنىڭ توپىسىنى گېلىدا زۇلۇك قۇرتى تۇرۇپ قالغان ئادەم ياكى ھايۋانغا ئىسىپ قويسىمۇ زۇلۇك قۇرتىنى چىقىرىدىكەن. بۇ ئىككى ئارالدا ھېچ زىيانداش ھاشارات ۋە خەتەرلىك ياۋايى ھايۋان يوق ئىكەن.

## تۇربۇت
(تۇربۇت)

ئۇ ھىندىچە «نەسۋەت»، «ناكتىپەر»، «بىدارە» دەپ ئاتىلىدۇ. بېنگالدا «تەپوھىرى» دېيىلىدۇ.

**ماهىيىتى:** ئۇ بىر خىل يىلتىزدىن ئىبارەت بولۇپ، سىرتى قارىغا مايىل، ئىچى ئاق،

يەڭگىل، نەيچىسىمان، ئىككى تەرىپى يېلىملىق بولىدۇ. ئۆسۈملۈكى خۇراسان، ھىندىستان ۋە سىندى قاتارلىق ئورۇنلاردا ئۆسىدۇ. ئۆسۈملۈكى غوللۇق بولۇپ، يوپۇرمىقى لوبىيا، چوڭ يۆگىمەچئوت يوپۇرمىقىغا ئوخشايدۇ. شاخلىرى ئىنچىكە بولىدۇ. گۈلى ھاۋا رەڭ بولۇپ، غولىدىن ئۆسىدۇ. مېۋىسى لىسانۇل ئاساپىرغا ئوخشايدۇ.

ئۇنىڭ رەڭگى قارا، ياغىچى ئايرىلمىغان، يەنى نەيچىسىمان بولمىغان، قارا خەربەقكە ئوخشايدىغانلىرى ناچاردۇر، شۇنداقلا سېرىق رەڭلىكلىرىمۇ ناچار بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ئۇنىڭ يۇقىرىدىكى سۈپەتلەرگە ئىگە بولۇپ، قۇرت يېمىگەن، رەڭگى ئاق، ئىچى كاۋاك، يېلىملىق، توم ـ ئىنچىكىلىكى ئوتتۇرا ھال، تۇزۇلۇشى ياخشى، سىلىق، ئاسان ئېزىلىدىغان، ئاسان سوقۇلىدىغان، يىپى ئاز بولغان، تەمى ئاززاق ئۆتكۈر، سىڭىپ كىرىش ۋە تازىلاش قۇۋۋىتىگە ئىگە بولغانلىرى ياخشىلىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئەكسىچە بولغانلىرى ناچارلىرى بولۇپ ئىشلىتىلمەيدۇ.

**تەبىئىتى:** ئۈچىنچى دەرىجىنىڭ بېشىدا ئىسسىق، ئاخىرىدا قۇرۇقتۇر. «شىفائۇل ئەسقام» (كېسەللىكلەر شىپاسى) ناملىق كىتابنىڭ ئاپتورى ئىككىنچى دەرىجىنىڭ ئاخىرىدا قۇرۇق ئىسسىق دەپ بىلگەن.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ئۇ بەلغەم ۋە سۇيۇق ھۆللۈكلەر، ئاز مىقداردىكى سەپرا ۋە كۆيگەن خىلىتلارنى سۈرۈپ چىقىرىدۇ. زەنجىۋىل بىلەن ئىشلىتىلسە ئۇنىڭ تەسىرىنى كۈچەيتىپ، قويۇق، شىلىمشىق بەلغەمنى سۇيۇلدۇرۇش ئارقىلىق پارچىلاپ، بەدەننىڭ چوڭقۇر قىسمىدىن ھەيدەپ چىقىرىدۇ. مېڭە، ئاشقازان ۋە بالىياتقۇدىكى بەلغەملەرنى تازىلايدۇ، ئۇلارنىڭ تۇسالغۇلىرىنى ئاچىدۇ. پالەچ، پەي ـ نېرۋا كېسەللىكلىرى، ئاشقازاندىكى ھۆللۈكنىڭ شىرىكچىلىكى بىلەن پەيدا بولغان يۆتەل، ئولتۇرغۇچ نېرۋا ئاغرىقىغا پايدا قىلىدۇ. بادام يېغى ۋە زىغىر بىلەن ئىشلىتىلسە كونا يۆتەل، كۆكرەك ئاغرىقىغا پايدا قىلىدۇ. ھېلىلە كابۇلى ۋە ئۇنىڭ ئوخشاشلىرى بىلەن ئىشلىتىلسە مالىخولىيا، ساراڭلىق، تۇتقاق كېسەلگە پايدا قىلىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇنىڭ ئۆزىنى خام ھالدا سوقۇپ سالايە قىلىپ ئىستېمال قىلسا، بەلغەمنى سەپرادىن ئارتۇق سۈرۈپ چىقىرىدىكەن. قاينىتىپ ئىستېمال قىلسا سەپرانى بەلغەمدىن ئارتۇق سۈرۈپ چىقىرىدىكەن. ئەمما ئۇنى قايناتما ياكى سۇفۇپ قىلىپ ئىشلىتىشكە توغرا كەلسە، ئۇنىڭ ئاشقازان تېۋىتىغا چاپلىشىۋېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن بەك يۇمشاق سوقماسلىق ۋە ئەلگەكتىن ئۆتكۈزمەسلىك لازىم. مەجۇنلەرگە قوشۇشقا توغرا كەلسە يۇمشاق سوقۇلسا بولىدۇ. ئەگەر ئۇنى سۇفۇپ قىلىپ زەنجىۋىل ۋە شېكەر بىلەن ئىستېمال قىلىشقا توغرا كەلسە قايناق سۇ بىلەن ئىچىش، تۇز بىلەن ئىستېمال قىلىشقا توغرا كەلسە سوغۇق سۇ بىلەن ئىچىش لازىم. ئۇنىڭدىن ئاز مىقداردا ئېلىپ زەنجىۋىل ۋە ناۋات بىلەن بىرلىكتە قەھۋە ئورنىدا ئىسسىق ـ

ئىسسىق ئىچسە، ھۆللۈكتىن بولغان يۆتەل، ھۆل سوغۇقتىن بولغان زىققىگە پايدا قىلىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** ئۆچەيگە زىيان قىلىدۇ. ئەزالارنى قۇرۇتىدۇ. كۆڭۈلنى غەش قىلىدۇ ۋە ئايىنىتىدۇ. ئىسسىق مىزاجلىقلار ۋە يۈرىكىنىڭ مىزاجى ئىسسىق كىشىلەرگە زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** سىرتىدىكى قارا پوستىنى قىرىۋېتىپ بادام ياكى پىستە يېغى بىلەن ياغلاپ كەتىرا بىلەن بىرلىكتە ئىستېمال قىلىشتىن ئىبارەت. ئەمما ئۇنى نورمال ياغلاش لازىم، چۈنكى كۆپ مايلانسا تەسىرىنى ئاجىزلاشتۇرۇپ قويىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇنىڭ پوستىنى قىرىشنىڭ سەۋەبى ئالا كۈلۈكنىڭ ئۇنىڭ بىلەن بىرگە ياشىغانلىقى ئۈچۈن ئىكەن.

**ئىستېمال مىقدارى:** ئۆزىدىن 10 گىرامغىچە، مەتبۇخلارغا قوشۇلسا 15 گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

**ئورۇنباسارى:** باراۋەر مىقداردا ئۈجمە يىلتىزى پوستى، بەزى مىزاجلىقلارغا غارىقۇن.

ئۇنى زەرەرسىزلەندۈرۈش ئۇسۇلى، ئۇنىڭ جاۋارىشى، ھەبلىرى، داۋاسى، رۇببى، سۇفۇپى، شەربەتلىرى ۋە مەجۇنلىرى قارابادىندا بايان قىلىنىدى.

## تۇرمىس

(تۇرمۇس، باقىلەئى مىسرىي)

**ماھىيتى:** ئۇ بىر خىل ئۇرۇقتىن ئىبارەت بولۇپ، باقىلەدىن كىچىكرەك، رەڭگى ئاق، سېرىققا مايىل، يۇمىلاق، كونۇس شەكىللىك، ئوتتۇرى سەل ئويمانلاشقان، تەمى ئاچچىق بولىدۇ، يەرلىك ۋە ياۋىدىن ئىبارەت ئىككى خىل بولىدۇ. يەرلىكى چوڭراق بولىدۇ. ياۋىسى كىچىكرەك، سېرىقراق ۋە ئاچچىقراق بولۇپ، ئېغىر پۇرايدۇ. ئوزۇقلۇق ئۈچۈن ئۇنىڭ يەرلىكىنىڭ رەڭگى ئاق، دانلىرى چوڭ بولغانلىرى، دورىلىق ئۈچۈن ياۋىسىنىڭ ناھايىتى ئاچچىق بولغانلىرى ئىشلىتىلىدۇ.

**تەبئىتى:** يەرلىكى بىرىنچى دەرىجىنىڭ ئاخىرىدا ئىسسىق، ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق، ياۋىسى ئىككىنچى دەرىجىدە ئىسسىق، ئىككىنچى دەرىجىنىڭ ئاخىرىدا قۇرۇقتۇر.

**خۇسۇسىيتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** جىگەر، تال توسالغۇلىرىنى ئاچقۇچى، قاتتىق ئىششىقلارنى تارقاتقۇچى، جۇلا بەرگۈچى، سۈيدۈك، ھەيز ماڭدۇرغۇچى، ھامىلە چۈشۈرگۈچى، داغ، ئاقكېسەل ۋە بەھەقنى يوقاتقۇچىدۇر. ئۇنىڭ قايناتمىسىنى ئىچسە، پىشۇرۇپ مائۇلھەسەل، سىركە ۋە سۇ بىلەن يۇغۇرۇپ يالىسا ھەر خىل مەددە قۇرتلار ۋە قاپاق ئۇرۇقسىمان مەددىنى چۈشۈرىدۇ، سۈيدۈك ۋە ھەيزنى ھەيدەيدۇ. سۇزاپ ۋە پىلپىل بىلەن ئىستېمال قىلسا ھەيز ماڭدۇرىدۇ، ھامىلە چۈشۈرىدۇ، تالنىڭ ئىششىقلىرىنى تارقىتىدۇ. جىگەر توسالغۇلىرىنى

ئاچىدۇ. ئۇ ھەسەل بىلەن بىرلىكتە كىندىكنىڭ ئاستىغا زىمات قىلىنسا مەددە قۇرتلارنى چۈشۈرىدۇ. ئاقكېسەل، بەھەق، سەپكۈن، تېرىدىكى ھەر خىل ئىزلار، تاز، ھەر خىل مۇدۇرلار، قوتۇر، يامان يارىلار، چاشقان يارىسى، جىگەرنىڭ قاتتىق ئىششىقلىرى ۋە باشقىلارغا چېپىلسا پايدا قىلىدۇ. زەھەرلىك ھاشاراتلارنىڭ زەھىرىنى قايتۇرىدۇ. يەل يارا، تىلما كېسەلگە داۋا بولىدۇ. شۇنداقلا سىركە، ھەسەل بىلەن چېپىلسا ئۆلتۈرگۈچ نېرۋا ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ. چاشقان يارىسى، تىلما كېسەل، تال ئىششىقىغا داۋا بولىدۇ. مازارىيون بىلەن چېپىلسا چارۋىلارنىڭ قوتۇرىنى يوقىتىدۇ. پىشۇرۇپ سىركە ۋە ھەسەل بىلەن زىمات قىلىنسا ئۆلتۈرگۈچ نېرۋا ئاغرىقى، يانپاش ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ، ئۇرۇلۇپ ـ سوقۇلۇشتىن قالغان ئىزلارنى يوقىتىدۇ. سىركىدە قاينىتىپ چاپسا سوغۇقتىن بولغان ئىششىقلارنى تارقىتىدۇ. يۈز ـ كۆزنىڭ بەلغەمدىن ئىششىشى ۋە بوغۇم ئاغرىقلىرىغا پايدا قىلىدۇ. بولۇپمۇ دەريا سۈيى ۋە كۆل سۈيى بىلەن يۇغۇرۇپ چاپسا ئۈنۈمى تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ. سىركە بىلەن يالغۇز زىمات قىلسا ئىسسىقتىن بولغان بوغۇم ئاغرىقلىرىنى پەسەيتىدۇ. ئۇنىڭ ئۇننى ئارپا ئۇنى، سۇ ۋە سىركە بىلەن مەلھەم قىلىپ چاپسا ئىسسىقتىن بولغان ئاغرىقلارنى پەسەيتىدۇ. يانپاشقا يالغۇز چاپسا ئۆلتۈرگۈچ نېرۋا ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ. تېرىگە سۈركەلسە تازىلاپ رەڭگىرويىنى ياخشىلايدۇ، يۈزنى قىزارتىدۇ، ئۇرۇلۇپ ـ سوقۇلۇشنىڭ ئىزلىرىنى يوقىتىدۇ. بولۇپمۇ يامغۇر سۈيى بىلەن مەلھەم قىلىپ سۈركىسە ئۈنۈمى تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۇننى زىغىر ئۇرۇقى ۋە ئازراق مەجۇنى پۈلونيا بىلەن يۇغۇرۇپ بىر پارچە قەغەزگە سۈرۈپ چاپلىسا سۆگەللەرنى يوقىتىدۇ. مەقئەتنىڭ چىقىپ قېلىشى، مەقئەت يېرىلىش ۋە بوۋاسىرغا پايدا قىلىدۇ. مۇرمەككى بىلەن چاپسا ئۆلتۈرگۈچ نېرۋا ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ. ئۇنى قاينىتىپ دەسلەپتە ئەزانىڭ سېزىمىنى يوقىتىپ، ئارقىدىن ئىششىتىدىغان غانغارايا گانگرىنا دەپ ئاتىلىدىغان ئىششىققا سۈركىسە پايدا قىلىدۇ. ئىستېمال قىلىسىمۇ مەزكۇر كېسەللىككە داۋا بولىدۇ، ئىچكى ئەزالارنى تازىلايدۇ. ئۇنىڭ قايناتمىسىدىن 450 مىللىلىتىر مىقدارىدا ئىچىلسە ئاقكېسەلگە پايدا قىلىدۇ. ئۇنىڭ قايناتمىسى بىلەن چارۋىلارنى يۇيسا تېنىدىكى كاننى يوقىتىدۇ. سۇ بىلەن سۇغا ئاچچىقلىقى چىققۇدەك دەرىجىدە قاينىتىپ ئۆينىڭ، ھۇجرىنىڭ تاملىرىغا سېپىلسە پاشا ئۆلتۈرىدۇ ۋە پاشا پەيدا بولۇشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. بەھەق، باش ھۆل تەمرەتكىسى، قوتۇر، يەل يارا ۋە يامان يارىلارغا تۆكۈلسە ساقايتىدۇ، يۇيۇلسىمۇ پايدا قىلىدۇ.

ئۇنىڭ ئاچچىقىدىن كۈنگە 10 گىرامدىن ئېلىپ، ناشتىدا ئىستېمال قىلسا كۆزدىكى كۆرگۈچى روھنى كۈچەيتىدۇ، باشقا بۇخارات ئۆرلەشنى توسىدۇ، باش ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ. كۆزگە سۇ چۈشۈشتىن ساقلايدۇ. ھەسەل بىلەن ئىستېمال قىلسا زىققە نەپەس، كونا يۆتەل ۋە ئىستىسقاغا پايدا قىلىدۇ. تال ۋە دوۋسۇننى قۇۋۋەتلەيدۇ. دوۋسۇندىكى تاشنى يوقىتىدۇ. قارا

خامالاۋەن دەپ ئاتىلىدىغان ئۆسۈملۈك بىلەن قايىنىتىپ سۈيى بىلەن ھايۋاناتلارنىڭ، بولۇپمۇ قوينىڭ قوتۇرى يۇيۇلسا ساقايتىدۇ. ئۆسۈملۈكنى قايىنىتىپ سۈيى ئىچىلسە سۈيدۈك ھەيدەيدۇ.

تۇرمۇسنىڭ سىناقتىن ئۆتكەن خاسىيىتى شۇكى، ئۇنىڭدىن بىر ئوچۇم ئېلىپ چالا سوقۇپ، پوستىنى ئايرىۋېتىپ قەلەيلەنمىگەن مىس قاچىغا سېلىپ ئۈستىگە تۇرمۇس يۇزىدىن مەلۇم دەرىجىدە ئاشقۇدەك مىقداردا يېڭى سىغىلغان سۈت تۆكۈپ سۈس ئوت ئۈستىدە قويۇپ، تۇرمۇس سۈتنىڭ ھەممىنى ئىچىپ بولغۇچە قايىنىتىپ، ئۈستىدىن باراۋەر مىقداردا كالا يېغى قوشۇپ قويۇلۇپ ئۇيۇغىچە قايىنىتىپ، ئوتتىن چۈشۈرۈپ بىر پارچە چىگە رەختكە سۈرۈپ يېرىققا قىزىق ھالەتتە چاپلىسا سەپرانى، كىندىكنىڭ ئۈستىگە چاپلىسا سەۋدانى، ئىككى يانپاش ۋە دوۋسۇنغا چاپلىسا خام بەلغەمنى سۈرىدۇ. سۈرۈشنى توختاتماقچى بولغاندا رەختنى يەرلىك ئورۇندىن ئېلىپ سوغۇق سۇ بىلەن يۇيۇۋېتىلسە توختايدۇ. بۇ تېبابەتنىڭ يوشۇرۇن سىرلىرىدىن بولۇپ، سۈرگۈچى دورا ئىچەلمەيدىغان باللار ۋە ياشانغانلارنىڭ ئىشلىتىشىگە مۇۋاپىق كېلىدۇ.

ئۇنىڭ ئۇننى ھەسەل ۋە مۇرمەككى بىلەن يۇغۇرۇپ ھەمەلچە قىلسا ھەيزنى ھەيدەيدۇ، ھامىلە چۈشۈرىدۇ، بالىياتقۇ ئىششىقلىرىنى تارقىتىدۇ.

ئۇنىڭ ئاچچىقنىڭ يۇقىرىدىكى ھەممە تەسىرلىرى تاتلىقنىڭ شۇ تەسىرلىرىدىن كۈچلۈكرەكتۇر. تاتلىقنىڭ ئۇزۇقلۇقى يۇقىرىدۇر.

**زىيانلىق تەسرى:** تەستە ھەزىم بولىدۇ. كۆپ يېيىلسە رەڭگىرويىنى سارغايتىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** ھەزىم بولۇشنى ئىلگىرى سۈرۈش، ئوزۇقلۇق قىممىتىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن ياغلار، سىركە، ئابكامە بىلەن پىشۇرۇپ، تۇز، يالپۇز ۋە تاتلىق نەرسىلەر بىلەن ئىستېمال قىلىنىدۇ. ئۈستىدىن كونا ئۈزۈم شىرىنسى ئىچىلىدۇ.

**ئىستېمال مقدارى:** دورىلار بىلەن بىرلىكتە 10~15 گىرامغىچە، يالغۇز ئىستېمال قىلىنسا 35 گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

**ئورۇنباسارى:** تېرىدىكى ئىزلارنى يوقىتىشتا ئىككى ھەسسە باقىلە، قوغۇن ئۇرۇقى، مەددە قۇرتنى چۈشۈرۈشتە باراۋەر مىقداردا دەرمەنە تۇركى، باشقا تەسىرلىرى ئۈچۈن ئەپسەنتىن.

## تەرەنجىبىن

(تەرەنجىبىن)

**ماھىيىتى:** ئۇ «ھاج» (يانتاق) ۋە «خارى شۇتۇر» (تۆگە تىكىنى) دەپ ئاتىلىدىغان بىر خىل

چاتقالنىڭ ئۈستىدىكى شەبنەم قېتىشمىسىدىن ئىبارەت بولۇپ، خۇراسان، ماۋەرائۇننەھر، گۇرجىستان شەھەرلىرى، ھەمەدان ۋە ئۇنىڭ ئەتراپلىرىدىكى يانتاقتا پەيدا بولۇپ قاتىدۇ. تەمى تاتلىق بولۇپ، جۇلا بەرگۈچى خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولىدۇ. ئاق، يېڭى، ساپ، يوپۇرماقلىرى ۋە تىكەنلىرى كۆپ ئارىلاشمىغانلىرى ياخشىلىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇ ئۇنىڭ ئۆسۈملۈكىنىڭ شاخلىرىنى كېسىپ ئەدىيالغا تۆكۈپ ئىرغىتىش ئارقىلىق شاخلىرىدىن ئاجرىتىپ يوپۇرماقلىرى ۋە تىكەنلىرىنى ئايرىۋېتىپ ئەتراپلارغا ئېلىپ بېرىلىدۇ. شاخلىرى ۋە يوپۇرماقلىرىدىن ئاجرىماي قالغانلىرىنى قاينىتىپ، قويۇلدۇرۇپ قاتۇرۇلۇپ ئىشلىتىلىدۇ.

**تەبىئىتى:** بىرىنچى دەرىجىدە ھۆل ئىسسىق، جۇلا بېرىش تەسىرى شېكەردىن ياخشىراق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** چوڭ تەرەتنى بوشاتقۇچى، سەپرانى يېنىك سۈرگۈچى، خىلىتلارنى قوزغىغۇچىدۇر. شىرخىستتىن ئۈچۈچانراقتۇر. يۆتەل، كۆكرەك ئاغرىقى، كۆڭۈل ئاينىش، ئىسسىق تەپلەر ۋە تەشنالىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ. مائۇلجەبىن بىلەن ئىشلىتىلسە كۆيگەن خىلىتلارنى چىقىرىدۇ. شۇنداقلا ئارپا سۈيى بىلەن ئىشلىتىلسىمۇ كۆيگەن خىلىتلارنى چىقىرىدۇ، ئىسسىق، ئۆتكۈر خىلىتلارنى باسىدۇ. ياۋا كالا يېغى بىلەن ئىشلىتىلسە پايدا قىلىدۇ. ئۇنىڭ 30 گرامى 250 مىللىلىتىر يېڭى سېغىلغان سۈت بىلەن داۋاملىق ئىچىلسە باھنى قوزغايدۇ. بەدەننى قىزىتىدۇ. زىرە سۈيى بىلەن ئىچىلسە يەڭگىل تەپ بىلەن پەيدا بولغان قورساق غولدۇرلاشنى يوقىتىدۇ. ئۇ ئۆتكۈر تەپلەر، قىزىل، چېچەك، قانلىق ئىچ سۈرۈش، بوۋاسىر ۋە قان سىيىشلەردە ئىشلىتىلمەيدۇ، مەسىلەن: شەيخ ئەبۇ ئەلى ئىبن سىنا بۇ ھەقتە: « چېچەك بىمارنىڭ ئىچىنى تەمرىھىندى بىلەن بوشاتقان ياخشى، ئۇنىڭ بىلەن بوشىمىسا ئۇنىڭغا مەلۇم مىقداردا شىرخىست قوشۇلسا بولىدۇ، ئەمما تەرەنجىبىن ئىستېمال قىلدۇرۇشتىن ئېھتىيات قىلىش لازىم» دېگەن.

«زەخىرەئى خارەزمى شاھى» ناملىق كىتابنىڭ ئاپتورى: «ئىسسىق تەپلەردە بىمارغا تەرەنجىبىن بېرىلمەيدۇ، چۈنكى ئۇ سەپراغا ئۆزگىرىشى مۇمكىن. زۆرۈر بولسا چۈچۈمەل نەرسىلەر بىلەن بېرىلسە بولىدۇ» دەپ يازغان. ئۇ يەنە چېچەك ۋە قىزىل بابىدا: « ئۇنىڭ چېچەك ۋە قىزىل بىمارىغا بولغان زىيىنى خۇددى ھەسەلنىڭ ئىسسىق مىزاجلىق كىشىلەرگە بولغان زىيىنىغا ئوخشايدۇ. چۈنكى ئۇ خىلىتلارنى قوزغىتىدۇ، تېخىمۇ بىئارام قىلىپ ھالاكەتكە سەۋەب بولىدۇ» دېگەن.

«شىفائۇل ئەسقام» (كېسەللىكلەر شىپاسى) ناملىق كىتابنىڭ ئاپتورى قىزىل ۋە چېچەك بابىدا: «ئۇ مەزكۇر ئىككى كېسەللىككە زىيان قىلىدۇ، چۈنكى ناچار خىلىتلارنى قوزغىتىپ ئۇلارنىڭ كەيپىياتىنى يۇرەككە يەتكۈزىدۇ ۋە بىمارنىڭ ئۆلۈشىگە سەۋەب بولىدۇ، شىرخىستمۇ شۇنداق» دەپ يازغان. ئۇ يەنە قانلىق ئىچ سۈرۈش بابىدا: «چوڭ تەرەت قەۋزىيەت بولسا سىلىقلاشتۇرغۇچى دورىلار بېرىلىدۇ، شىرخىست مۇۋاپىقتۇر، ئەمما تەرەنجىبىندىن

ئىپھتىيات قىلىش لازىم. چۈنكى ئۇنىڭدا قاننى سۇرگۈچى قۇۋۋەت بار» دەپ يازغان.

مۇئەللىپ ئېيتىدۇكى، ئۇ بوۋاسىر ۋە قانلىق سۈيدۈك بىمارىغىمۇ زىيان قىلىدۇ.

**زىيانلىق تەسرى:** (1) تالغا ۋە ئىسسىق مىزاجلىق كىشىلەرگە زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** تەمرىھىندى، چىلان، ئارپا سۈيى.

(2) تەستە ھەزىم بولىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** قارىئۆرۈك سۈيى، چىلان.

**ئىستېمال مىقدارى:** 15~35 گىرامغىچە.

**ئورۇنباسارى:** شىرخىست، قارا شېكەر ئارىلاشتۇرۇلغان ئارپا سۈيى.

ئۇنىڭ داۋاسى، شەربىتى، مەجۇنى قارابادىندا بايان قىلىنىدى. ئۇنىڭ تەرخانە ۋە تەرىينە دەپ ئاتالغان ياسالمىلىرىمۇ قارابادىندا بايان قىلىنىدى.

## پەسىل: «ت» (تائ) ۋە «ش» (شىن) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى

### تەشمىزەج
(چاكسۇ)

بۇ سۆز پارسچە «چەشمىزەك» دېگەن سۆزدىن ئەرەبچىلەشتۈرۈلگەندۇر. پارسچە يەنە «چەشمەك»، «چەشۇم»، ئەرەبچە «ھەببەتۇس سەۋدا» دېيىلىدۇ. ھىجاز خەلقى «بەشمە» دەپ ئاتايدۇ. ھىندىچە «چاكسۇ» دېيىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** ئۇ بىھى ئۇرۇقى چوڭلۇقىدىكى بىر خىل ئۇرۇق بولۇپ، شەكلى ئۈچ بۇرجەك، قارا، سەل سىلىق، پارقىراق بولىدۇ. دانلىرى چوڭ، رەڭگى قارا، پارقىراق بولغانلىرى ياخشىلىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئىبنى بەيتارنىڭ ئېيتىشىچە، سۇدان ۋە ئۇنىڭ ئەتراپلىرىدىن كەلتۈرۈلگەنلىرى ھىجازدىن كەلتۈرۈلگەنلىرىدىن سەل چوڭراق بولىدىكەن. ئۇ يەرنىڭ خەلقلىرى ئۇنى ھىجازدىن كەلتۈرۈلگەنلىرىدىن ياخشىراق دەپ ئويلايدىكەن.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە، بەزىلەرنىڭ سۆزىچە ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىقتۇر.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** جۇلا بېرىدۇ. ئازراق ئۆتكۈرلۈكى بار، قابىزلىق ۋە ماددىلارنى تارقىتىش خۇسۇسىيىتى ناھايىتى كۈچلۈكتۇر. كۆرۈش قۇۋۋىتىنى ئاشۇرىدۇ. كۆز ياشانغىراش، كۆز تورلىششقا پايدا قىلىدۇ. كۆزگە كىرىپ كەتكەن يات نەرسىلەرنى چىقىرىدۇ. ئۇ زەپەر، مامىرانچىن، شېكەر بىلەن مۇدەببەر قىلىنسا ماددىلارنى تارقىتىش ۋە جۇلا بېرىش كۈچى ئاشىدىغان بولۇپ، گۇلاب بىلەن سالايە قىلىپ سۈرمىگە ئوخشاش كۆزگە

سۇركىسە كۆزنىڭ يۇقىرىدىكى كىپسەللىكلىرىگە پايدا قىلىدۇ. زىمات قىلىنسا زەكەر ۋە پەيلىك ئەزالارنىڭ يارىلىرىغا ھەم جوزامغا پايدا قىلىدۇ.

ئۇنى مۇدەببەر قىلىش ئۇسۇلى شۇكى، ئۇنى پىياز ياكى سامساق ئارىسىغا ئېلىپ چوغقا كۆمۈپ پىشۇرۇپ پوستىنى ئايرىۋېتىپ ئىشلىتىلىدۇ.

ئۇنىڭ قالغان ئۇچ تۇرى، سەپىلىرى، تېمىتمىسى، سۇرمىسى قارابادىنىدا بايان قىلىندى.

## پەسىل: «ت» (تائ) ۋە «ف» (فائ) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى

### تۇففاھ
(ئالما)

ئۇ ئەرەبچە «سىيب» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيتى:** بۇ تونۇشلۇق بولۇپ، تاتلىق، چۈچۈمەل ۋە ئاچچىق - چۈچۈك بولىدۇ. ئۇنىڭ ياخشىسى شامدىن چىققىنى، ئۇنىڭدىن قالسا ئىسپىھاندىن چىققىنى بولۇپ، دەرەخ ئۈستىدە تورۇپ پىشقان، سۇلۇق، مېۋىسى چوڭ، نازۇك بولغانلىرىدۇر.

**تەبىئىتى:** تاتلىقى بىرىنچى دەرىجىدە ئىسسىق، ئىككىنچى دەرىجىدە ھۆل، چۈچۈمىلى ئىككىنچى دەرىجىنىڭ بېشىدا قۇرۇق سوغۇق، ئاچچىق - چۈچۈكىنىڭ ئىسسىق - سوغۇقلۇقى مۆتىدىل، بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇقتۇر. ئۇنىڭ دەرىخىنىڭ ھەممە قىسىملىرى قۇرۇق سوغۇقتۇر. يوپۇرمىقى بىلەن مېۋىسىنىڭ زەھەر قايتۇرۇش رولى بار.

**خۇسۇسىيتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ئۇنىڭ ھەممىسى خۇرسەن قىلغۇچىدۇر، خۇش پۇراقتۇر. ئۇچۇچان ھۆللۈكى باردۇر. يېسە، پۇرىسا يۈرەك، مېڭىنى قۇۋۋەتلەيدۇ. خەفەقان، نەپەس قىيىنلىشىش، ئاشقازان ئېغىزىنى قۇۋۋەتلەش، ئاشقازانغا كىرەكسىز ماددىلارنىڭ قۇيۇلۇشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ئىشتىھانى ئېچىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. ئۇنىڭ تاتلىقى خۇرسەن قىلىدۇ، روھى ھايۋانىينى ئۇچۇچانلاشتۇرىدۇ. ئاشقازاندىكى سەپراغا تېز ئۆزگىرىدۇ. پىشۇرۇپ ئىستېمال قىلسا قۇرۇقلۇقتىن بولغان يۆتەلنى پەسەيتىدۇ. سۈيىنى شاراب ۋە گۆش سۈيى بىلەن ئىچسە بىھوشلۇققا پايدا قىلىدۇ، سىناقتىن ئۆتكەن. سۈيى خۇرسەن قىلغۇچى مەجۇنلەرگە قوشۇلسا ئۇلارنىڭ تەسىرىنى كۈچەيتىدۇ. ئۇنىڭ قىيامى ۋە شەربىتىنىڭ ھەممە تەسىرى ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ تەسىرىدىن ياخشىراق بولۇپ، يۈرەكنى خۇرسەن قىلىدۇ، ئاشقازان، جىگەرنى قۇۋۋەتلەيدۇ. سەۋدادىن بولغان ئۆز - ئۆزىگە سۆزلەشنى

يوقىتىدۇ. زەھەرلەرنى بولۇپمۇ چايانىنىڭ زەھىرىنى قايتۇرىدۇ. يۇقۇملۇق كېسەلنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. ھارارەتنى پەسەيتىدۇ. ئۇنىڭ مۇرابباسىنىڭ تەسىرى مۇراببا قىلىنمىغىنىنىڭ تەسىرىدىن ياخشىراقتۇر. خېمىر ئارىسىغا ئېلىپ پىشۇرۇلغىنى قانلىق ئىچ سۈرۈشكە مەنپەئەت قىلىدۇ. سىل ۋە جۇدەشكە مەنپەئەت قىلىدۇ. كۆزگە سۈركىسە ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** بولۇپمۇ ئۇنىڭ ئەتىياز پەسلىدىكى خېمىنى كۆپ يېسە مۇرەككەپ تەپلەرنى پەيدا قىلىدۇ. ئۇنتۇغاق قىلىدۇ، يەل پەيدا قىلىدۇ. ئەزالارنىڭ تارتىشىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. مۇسكۇللارنى ئاغرىتىدۇ ۋە لىپىلدىتىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** ئۈچۈچان غىزالار ۋە دارچىندۇر.

ئۇنىڭ چۈچۈملى قابىزلىق خۇسۇسىيىتىگە ئىگە بولۇپ، قەي ۋە ئۇسسۇزلۇقنى پەسەيتىدۇ. سەپرا مىزاجلىق ئاشقازانغا مۇۋاپىق كېلىدۇ، خېمىر ئارىسىغا ئېلىپ پىشۇرۇلغىنى قانلىق ئىچ سۈرۈشنى توختىتىدۇ. زەھەرلىك دورىلارنىڭ زەھىرىنى قايتۇرىدۇ. قۇرۇتۇپ سوقۇلغان تالقىنىنى ئانار سۈيى ۋە مۇناسىۋەتلىك دورىلار بىلەن ئىستېمال قىلسا ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەيدۇ، سەپرادىن بولغان ئىچ سۈرۈشنى توختىتىدۇ، قەينى پەسەيتىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** كۆپ ئىستېمال قىلسا كۆكرەككە زىيان قىلىدۇ. ئۆپكىنى ياللۇغلاندۇرىدۇ، تومۇرلاردا يەل پەيدا قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** گۈلقەنت، دارچىن ئىستېمال قىلىش، ھەسەل يالاشتۇر.

ئۇنىڭ ئاچچىق ـ چۈچۈكى ياخشى خىلىت پەيدا قىلىدۇ. ئۇسسۇزلۇق، سەپرادىن بولغان قەي ۋە ئىچ سۈرۈشنى توختىتىدۇ. قالغان تەسىرلىرى ئۇنىڭ چۈچۈملىنىڭ تەسىرى بىلەن ئوخشاشتۇر.

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇنىڭ ھەممە تۈرلىرى ئاشقازاندىكى ئىسسىق خىلىت بىلەن ئۇچراشسا ئۇنى ھەيدەيدىكەن. ئۇنىڭ ئاچچىق ـ چۈچۈكىنىڭ خېمى خام خىلىت ۋە تەپ پەيدا قىلىدۇ. ئىسسىق ئىششىقلارنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە زىمات قىلسا تارقىتىدۇ.

چۈچۈمەل ئالما سۈيىنىڭ تاتلىق نەرسە قوشماي قىلىنغان قىيامى بىرىنچى دەرىجىنىڭ ئاخىرىدا سوغۇق، ھۆللۈكى ۋە قۇرۇقلۇقى مۆتىدىل بولۇپ، سەپرانىڭ غالىبلىقى، قان قايناش، سەپرادىن بولغان ئىچ سۈرۈش ۋە قۇسۇش، سەۋدادىن بولغان غەم قىلىشلارغا پايدا قىلىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** قاندىن بولغان ئىچ سۈرۈشكە ۋە ئۆپكىگە زىيان قىلىدۇ. داۋاملىق ئىستېمال قىلسا پەي، نېرۋىلارغا زىيان قىلىدۇ.

ئۇنىڭ شەربىتى ۋە مۇرابباسىنىڭ تەسىرى ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ تەسىرىگە ئوخشاپ قالىدىغان

بولۇپ، ئاز مىقداردا ئىسسىقلىقى بار. ئۇ سەۋدادىن بولغان ئۆز ـ ئۆزىگە سۆزلەشكە ئۇنىڭ تاتلىقىنىڭ شەربىتى ۋە مۇرابباسىدىن ياخشىراق مەنپەئەت قىلىدۇ.

ئاچچىق ئالما ئۇنىڭ ھەممە تۇرلىرىدىن قابىزراقتۇر.

پىشقان ئالمىنىڭ ۋە ئۇنىڭ يوپۇرمىقىنىڭ سۈيىدىن 30～90 گىرامغىچە ئىشلىتىلسە چايان زەھىرى ۋە باشقا زەھەرلەرنى قايتۇرىدۇ.

ئۇنىڭ يوپۇرمىقىنى ئىسسىق ئىششىقلارنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە زىمات قىلسا ئىششىق تارقىتىدۇ.

ئۇنىڭ گۈلى مۇناسىپ دورىلار بىلەن بىرلىكتە ئۇففۇنەتلەنگەن خىلىتلاردىن مۇداپىئەلىنىش ئۈچۈن، خۇرسەن دورىلار بىلەن بىرلىكتە خۇرسەن قىلىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. ئۇنىڭ گۈلىنىڭ گۈلقەنتى يۈرەك، مېڭە ئاجىزلىقىغا پايدا قىلىدۇ. باھ شەھۋىتىنى قوزغايدۇ. ئۇنىڭ گۈلقەنتى ئۇنىڭ گۈلىگە ئىككى ھەسسە قىزىلگۈل گۈلقەنتى قوشۇپ يۇغۇرۇپ، قىزىلگۈل گۈلقەنتىنىڭ ئۇسۇلى بويىچە تەييارلىنىدۇ.

ئالمىنىڭ ئىستېمال مىقدارى: بىر قېتىمدا 35 گىرام ئىستېمال قىلىنىدۇ.

ئىسسىق مىزاجلىق كىشىلەر ئەڭ ياخشىسى چۈچۈملى ۋە ئاچچىق ـ چۈچۈكىنى، سوغۇق مىزاج كىشىلەر تاتلىقىنى ئىستېمال قىلغىنى تۈزۈك. ھەر ھالدا ئۇنىڭ تاتلىقى ئىسسىق مىزاج كىشىلەرگىمۇ زىيانلىق ئەمەستۇر. بەلغەم مىزاج كىشىلەر ئۇنىڭ تاتلىقى ۋە قىرتىقىنى ئىستېمال قىلىشى لازىم.

ئالمىنى يېگەندىن كېيىن ئاشقازان ئېغىرلىشىپ ھەزىم بولغىلى ئۇنىمىسا ئۈستىدىن سوغۇق سۇ ئىچمەسلىك، چۈچۈمەل تائام يېمەسلىك لازىم. شۇنداقلا ھەرقانداق مېۋىنىڭ ئۈستىدىن سۇ ئىچىش چەكلىنىدۇ. بەلكى ئاشقازاننى قىزىتقۇچى شورپىلارنى ئىچىش لازىم. ئۇ ئاشقازاندىن تۆۋەنگە چۈشمىگۈچە باشقا غىزا يېمەسلىك كېرەك.

تەمسىز ئالما ھېچقانداق كىشىگە مۇۋاپىق كەلمەيدىغان بولۇپ، ناچاردۇر.

ئالمىنىڭ جاۋارىشى، ھالۋىسى، گۈلىنىڭ خېمىرى، ئالما قىيامى، شەربەتلىرى، ئەرقى ۋە مۇراببىسى قارابادىندا بايان قىلىندى.

## پەسل: «ت» (تائ) ۋە «م» (مىم) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى

### تەمر
(خورما)

ئۇ پارسچە «خورما»، ھىندىچە «كەھجۇر»، «چۇھارا» دېيىلىدۇ.

**ماھىيتى:** مەشھۇر مېۋە بولۇپ، ئەركەك ۋە چىشىدىن ئىبارەت ئىككى خىل بولىدۇ. ئەركىكى مونچاقلاپ باشاق ئالىدۇ، ئەمما چىشىسىنىڭ ئەكسىچە مېۋە بەرمەيدۇ. ھەر ئىككىسىنىڭ مېۋە مونچىقى ۋە باشاقلىرىدا چاڭ بولىدۇ. مېۋىسى دەسلەپ تۇغۇپ چىققاندا ئەركىكى مەزكۇر چېچەكنى چىشىسىنىڭ ئۈستىگە تۆكىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ مېۋىسى چوڭ، تاتلىق، شىرىلىك، ئۇرۇقچىسى كىچىك بولىدۇ. بولمىسا مېۋىسى ياخشى بولمايدۇ.

خورما مېۋىسى دەسلەپ تۇغۇپ چىققاندىن باشلاپ تاكى كامالەتكە يېتىپ پىشقانغا قەدەر بولغان باسقۇچلىرىنىڭ ھەممىسىنىڭ ئايرىم ناملىرى باردۇر. ئۇنىڭ دەسلەپ تۇغۇپ چىققان مېۋە مونچىقى «تەلئى»، «ۋەلىيخ» دەپ، ئىككىنچى باسقۇچقا كىرگەن مېۋىسى «بەلەھ» دەپ، ئۈچىنچى باسقۇچقا كىرگەن مېۋىسى «خىلال» دەپ، تۆتىنچى باسقۇچقا كىرگەن مېۋىسى «بۇسۇر» دەپ، بەشىنچى باسقۇچقا كىرگەن مېۋىسى «قەسەب» دەپ، ئالتىنچى باسقۇچقا كىرگەن مېۋىسى «رۇتەب» دەپ، يەتتىنچى باسقۇچقا كىرگەن مېۋىسى «تەمر» دەپ ئاتىلىدۇ. ئاللا خالىسا ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆز ئورنىدا بايان قىلىنىدۇ.

خورما ئۆسكەن ئورنى ۋە شەھەرنىڭ ئوخشىماسلىقىغا قاراپ ھەر خىل بولىدۇ. خورما ئەڭ ياخشى ئوخشايدىغان ئورۇنلار پارسقا قاراشلىق جەھرەم ۋە ئاممانىدۇر. ئۇنىڭدىن قالسا باشقا ئورۇنلارنىڭ خورمىلىرى ياخشىدۇر. جەھرەمدىن چىققان خورمىنىڭ تۈرلىرىنىڭ ياخشىسى «مەكتۇم» ۋە «خىستاۋى» دەپ ئاتالغانلىرىنىڭ پوستى نېپىز، گۆشلۈك، ئۇرۇقى كىچىك، تاتلىق، ياخشى پىشقان ۋە يېپىسىز بولغانلىرىدۇر.

**تەبئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە ئىسسىق، بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇقتۇر. بەزىلەر بىرىنچى دەرىجىدە ھۆل دەپ بىلىدۇ.

**خۇسۇسىيتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ئوزۇقلۇقى مول بولۇپ، ياخشى قان پەيدا قىلىدۇ. پالەچ، لەقۋا ۋە ماغدۇرسىزلىققا، ئورۇق بۆرەكنى سەمرىتىش، بەدەننى سەمرىتىش، سوغۇق مىزاجلىقلارنىڭ باھ قۇۋۋىتىنى ئاشۇرۇش، بەلغەمدىن بولغان ۋە سوغۇقتىن بولغان كېسەللىكلەر، بەل ئاغرىقى، بوغۇملارنى يۇمشىتىشقا ئىشلىتىلىدۇ. كۆكرەك ۋە سوغۇق ئۆپكىگە مۇۋاپىق كېلىدۇ. شۇمشا ئۇرۇقى بىلەن قاينىتىپ ئىستېمال قىلسا بەلغەمدىن بولغان تەپكە پايدا قىلىدۇ. ئەزالاردا پەيدا بولغان تاشنى پارچىلاپ چۈشۈرىدۇ، سىناقتىن ئۆتكەن. گۈرۈچ بىلەن ئىستېمال قىلسا ئورۇق كىشلەرنى سەمرىتىدۇ. ئۇنى يېگى سېغىلغان سۈتكە چىلاپ ئىستېمال قىلسا، بولۇپمۇ دارچىن ئارىلاشتۇرۇپ ئىستېمال قىلسا، ئارقىدىن يەنە يېڭى سېغىلغان تۆگە سۈتى ئىچسە باھنى تەڭداشسىز قۇۋۋەتلەيدۇ دەپ قارىلىدۇ. ئەمما تەستە ھەزىم بولىدۇ، توسالغۇ پەيدا قىلىدۇ.

**خۇسۇسىيتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ئىسسىق شەھەرلەردە ياشىغۇچى ئىسسىق مىزاجلىق كىشىلەر ۋە خورما بولمايدىغان شەھەرلەردە ياشىغۇچى كىشىلەرنىڭ خورمىنى كۆپ ئىستېمال قىلىشى دۇرۇس ئەمەس، بولمىسا سەۋدا پەيدا قىلىدۇ. جىگەر بىلەن تالدا توسالغۇ پەيدا

قىلىدۇ. قانىي كۆيدۈرىدۇ. خىلىتلارنى ئوفۇنەتلەندۈرىدۇ. باشنى ئاغرىتىدۇ. ئىغىز يارىسى، كۆز ئاغرىقى، چىش ئاغرىقى پەيدا قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** ئانار سۈيى، سىركەنجىۋىل، ياغ، خەشخاش، ئاقلانغان بادام ئىستېمال قىلىنىدۇ، ئۇنى يەپ بولغاندىن كېيىن ئىلمان سۇ، بولۇپمۇ سۇماق چىلانغان سۇ بىلەن ئېغىز چايقىلىدۇ، شۇنداقلا گۈلاب، سۇماق ۋە سىركە ئارىلاشتۇرۇپ ئېغىز چايقىلىدۇ. تەرخۇن ئۆسۈملۈكىنى چاينىسا چىشنىڭ ئاجىزلىشىشى، ئېغىز يارىسى ۋە بوغما كېسەلنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. ئۇنىڭ سوغۇق مىزاجلىق كىشىلەردە توسالغۇ پەيدا قىلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن سۇرگۈچى جاۋارىشلار ئىستېمال قىلىنىدۇ.

ئومۇمەن ئىسسىق مىزاج كىشىلەر ئۇنى ئىستېمال قىلسا كۆپ كېسەللىكلەرنى پەيدا قىلىدۇ، سوغۇق مىزاجلىق كىشىلەر ئىستېمال قىلسا سوغۇقتىن ۋە ھۆللۈكتىن پەيدا بولىدىغان كېسەللەرنى ساقايتىدۇ.

توڭ خورما قورساقنى ئېسىلدۇرىدۇ، تەستە ھەزىم بولىدۇ، توسالغۇ پەيدا قىلىدۇ.

ئۇنىڭ ئۇرۇقچىسى قۇرۇق ئىسسىقتۇر. ئەمما توغرىسى شۇكى، ئۇ مۇرەككەپ قۇۋۋەتلەرگە ئىگىدۇر، كۆپ سوغۇقلۇقى، ئاز ئىسسىقلىقى، كۆپ قابىزلىقى باردۇر. قايىنتىپ سۈيىنى ئىچسە ئەزالاردىكى تاشلارنى پارچىلايدۇ. سالايە قىلىپ ئىستېمال قىلسا ئىچ سۈرۈشنى توختىتىدۇ. كۈچلۈك قەۋزىيەت پەيدا قىلىدۇ. كۆيدۈرۈپ سەپسە يامان يارىلارنى ساقايتىدۇ. يۇيۇپ كۆزگە ئىشلىتىلسە يېڭى يارىلارنىڭ ئېغىزىنى پۈتتۈرىدۇ. كىرپىك چۈشۈش، كۆز بىرىكتۈرگۈچى پەردىسى ياللۇغى، كۆز يارىلىرى، كۆرۈش قۇۋۋىتى ئاجىزلىقى قاتارلىقلارغا پايدا قىلىدۇ، كۆزنى قارايتىدۇ.

## تەمرى ھىرۇنى

(ھىرۇنى خورمىسى)

بىر خىل خورما بولۇپ، كىچىك، ئىنچىكە، رەڭگى قىزىل، ئۇرۇقچىسى ئىنچىكە، كىچىك بولىدۇ.

## تەمرى ھىندىي

(تەمر ھىندى)

ئۇ ئەرەبچە «سەبارا»، «ھەمار»، «ھەۋەش»، «ھومرا» دەپ، ھىندىچە «ئەنبىلى» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** ئۇ ھىندىستاندا بولىدىغان بىر خىل دەرەخنىڭ مېۋىسىدىن ئىبارەت. باقىلەگە ئوخشاش غىلاپ ئىچىدە بولىدۇ. ئەمما ئۇ ئۇنىڭدىن ياپىلاقراق بولىدۇ. پىشقاندىن كېيىن

پوستى سەدەپكە ئوخشاش قاتىدۇ. ئۇنىڭ شۇنىڭدىن باشقا پوستى بولمايدۇ. مېۋە باشقىنىڭ ئۇزۇنلۇقى بىر غېرىچ ئەتراپىدا بولىدۇ. ئىككى خىل بولۇپ، بىرى قارامتۇل قىزىل بولىدۇ. گۇجۇرات، ئۇنىڭ ئەتراپلىرى ۋە ئەكبەر ئابادتا ناھايىتى ياخشى ئوخشايدۇ. باشقا يەرلەردە ئۇنداق ياخشى بولمايدۇ، بۇ خىلى كۆپ ئەمەس.

ئىككىنچى خىلى قىزىل، رەڭسىزرەك، قارامتۇلغا مايىل بولىدۇ، ئۇ خام ۋاقتىدا ئاق بولىدۇ، بۇ خىلى كۆپ بولىدۇ. ھەر ئىككىسىنىڭ ئۇرۇقچىسى يۇمىلاققا مايىل، سەل ياپىلاق، مېغىزى ئاق، پوستى قارامتۇل قىزىل، تۇرمۇستىن چوڭراق بولىدۇ. قىزىلىنىڭ ئۇرۇقچىسى ئېقىنىڭ ئۇرۇقچىسىدىن كىچىكرەك بولىدۇ.

ئۇنىڭ دەرىخى چوڭ بولىدۇ. يوپۇرمىقى ئۇششاق، سوزۇنچاق، نەيچىسىمان بولىدۇ.

تەمرىھىندىنىڭ ياخشىسى تولۇق يېتىلگەن، تەمى قىرتاق بولمىغان، سەل كونىرىغان، يەنى دەرەختىن ئۈزۈپ 6~7 ئايدىن بىر يىلغىچە ئۆتكەن، كونىراپ بۇزۇلمىغانلىرى ياخشىلىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئادەتتە ئۇنى قۇرت يەپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن پوستىنى ئاقلاپ يىپلىرىنى ئايرىۋېتىپ چوڭ كومىلاچ ياساپ ياغلىنىپ ساقلىنىدۇ. بۇ چاغدا ھۆللۈكى قۇرۇپ چۈچۈمەللىكى ئازلايدۇ.

**تەبىئىتى:** ھەر ئىككى خىلىنىڭ مېۋىسى بىرىنچى دەرىجىدە سوغۇق، ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇقتۇر. ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇقمۇ دېيىلگەن. قىزىلىنىڭ قۇرۇقلۇقى ئارتۇقراقتۇر.

**تەسىرى ۋە خۇسۇسىيىتى:** قارىئۆرۈكتىن ئۈچۈچانراق، ھۆللۈكى ئۇنىڭدىن كەمرەك بولۇپ، يۈرەك ۋە بوشىغان ئاشقازاننى قۇۋۋەتلىگۈچى، تەرەتنى قاتۇرغۇچى، كۆڭۈل ئېيىنىش ۋە سەپرادىن بولغان قەينى پەسەيتكۈچى، چوڭ تەرەتنى يۇمشاتقۇچى، سەپرانى ۋە كۆيگەن خىلتلارنى سۈرگۈچىدۇر. چۈچۈمەل نەرسىلەر ئىچىدە ئۇنىڭدىن باشقا سۈرگۈچى يوقتۇر. قاننىڭ ھارارىتىنى پەسەيتكۈچىدۇر. ئىسسىقتىن بولغان خەفەقان، ئىسسىقتىن بولغان تەپلەر، بىھوشلۇق، كۆڭۈل غەش بولۇش، كۆڭۈل ئېيىنىشقا پايدا قىلىدۇ. ئۇسسۇزلۇقنى پەسەيتىدۇ. خۇرسەن قىلىدۇ. قىچىشقاق، قوتۇر، سەپرادىن بولغان خولېراغا شىپا بولىدۇ. ئۇنىڭ سۈيى بىلەن غار- غار قىلسا بوغما كېسەلگە شىپا بولىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن ئېغىز چايقىسا ئېغىز يارىسىغا داۋا بولىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، تەمرىھىندىنى سۇ بىلەن كۆپ مۇجىماسلىق لازىم ئىكەن، بولمىسا بەدەندە تۇسالغۇ پەيدا قىلىدىكەن، تەبىئەتنى سەسكەندۈرىدىكەن، كۆڭۈلنى ئېيىنىتىپ قۇستۇرىدىكەن. بەلكى سۇغا چىلاپ تەمى تولۇق چىققاندىن كېيىن پىسەپلىرىنى سۈزۈۋېتىپ سۈيىگە مۇۋاپىق مىقداردا ناۋات، شېكەر ياكى خالىغان باشقا شەربەتلەردىن قوشۇپ ئىچىش لازىم ئىكەن. ھىندىستان خەلقى ئۇنىڭ چىلانمىسىنى جوزامغا پايدىلىق دەپ بىلىدۇ.

كۆپ ئىستېمال قىلسا ئۈچەينى زەخىملەندۈرىدۇ، يۆتەل پەيدا قىلىدۇ. كۆكرەك، يۆتەل،

تالغا زىيان قىلىدۇ. توسالغۇ پەيدا قىلىدۇ. ناشتىدا ئىستېمال قىلسا زىيان قىلىدۇ. شۇنداقلا ئۇنىڭ پىشمىغانلىرى ئىستېمال قىلىنسا توسالغۇ پەيدا قىلىدۇ. قورساقنى كۆپ ئېسىلدۇرىدۇ. تەستە ھەزىم بولىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** كەتىرا، خەشخاش، بىنەپشە، چىلان، بېھى ئۇرۇقى لوئابى ۋە ئاز مىقداردىكى تاتلىق نەرسىلەر بىلەن ئىستېمال قىلىشتىن ئىبارەت.

**ئىستېمال مىقدارى:** 35 گىرامدىن 150 گىرامغىچە.

**ئورۇنباسارى:** قارىئۆرۈك، ئىچ سۇرۇشنىڭ باشقىسى ئۈچۈن زىرىقتۇر.

ئۇنىڭ ئۇرۇقچىسى ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق بولۇپ، قورۇش تەسىرىگە ئىگىدۇر. مېغىزى ئىستېمال قىلىنسا مەنىي تېزگىنلەيدۇ، سىناقتىن ئۆتكەن. زىمات قىلىنسا ئورنىدىن قوزغالغان ئەزالارغا پايدا قىلىدۇ. بوشىغان مۇسكۇللارنى چىڭىتىدۇ. ھايۋانات يېغى ۋە ئۇنىڭ باشقىلىرى بىلەن زىمات قىلىنسا چىيقاننى پىشۇرۇپ ئېغىز ئالدۇرىدۇ. يۇمشاق سوقۇپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ ئايالنىڭ پەرجىگە سۈركەلسە تارايتىدۇ. سوقۇپ قاينىتىپ رەيھان ئۇرۇقى بىلەن بىرلىكتە سوقۇپ، ئاياللارنىڭ سۈتى ۋە ئۆچكە سۈتى بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ ئىسسىقتىن بولغان چىيقانلارغا تەكرار سۈركىسە پىشۇرۇپ ئېغىز ئالدۇرىدۇ، سىناقتىن ئۆتكەن.

ئۇنىڭ يۇمران يوپۇرمىقىنى سالايە قىلىپ سۇ بىلەن سۇزۇلدۇرۇپ ئىچسە ئىسسىقتىن بولغان تولغاق، ھىندىستان، بېنگاللاردا كىشىلەرنىڭ بۇرنىدا بولىدىغان «ئەھۋە» دەپ ئاتىلىدىغان كېسەللىك، سەپرادىن بولغان تەپ، سۈيدۈك يولى يارىسىغا پايدا قىلىدۇ. ئۇنىڭ يوپۇرمىقىنى زىمات قىلسا ئىسسىقتىن بولغان ئۆتكۈر ئىششىقلارنىڭ كۆيۈشۈشى ۋە ئاغرىقلىرىنى پەسەيتىدۇ ۋە تارقىتىدۇ. ئازراق پىلپىل بىلەن مەلھەم قىلىپ ئۆمۈچۈكنىڭ شالى تېگىپ كەتكەن يەرگە سۈركىسە زىيىنىنى يوقىتىدۇ. ئىسسىق ۋە سوغۇقتىن بولغان ئىششىقلارغا سۈركىسە تارقىتىدۇ.

ئۇنىڭ گۈلى چېپىلسا كۆزنىڭ ئىسسىقتىن قىزىرىپ ئاغرىشىغا پايدا قىلىدۇ، ھارارىتىنى پەسەيتىدۇ. ئىستېمال قىلسا قانلىق بوۋاسىرغا پايدا قىلىدۇ.

ئۇنىڭ دەرىخىنىڭ قوۋزىقى سېپىلسە جاراھەت، يارىلارنى ساقايتىدۇ. ئۇنىڭ دەرىخىنىڭ كۆلى ئىشتىھانى ئاچىدۇ.

تەمرىھىندىنىڭ جاۋارىشى، ھالۋىسى، سىركەنجىۋىلى، شەربىتى، مۇراببىاسى ۋە مەجۇنى قارابادىن كەبىردە بايان قىلىندى.

## تىمساھ

ئۇ پارسچە «نەھەڭ»، ھىندىچە «مەگەرمەچ» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** ئۇ چوڭ ھايۋان بولۇپ، نىيل دەرياسىغا ئوخشاش چوڭ دەريالاردا بولىدۇ. بەزىدە ھىندىستان ۋە بىنگالدىمۇ بولىدۇ. ئۇنىڭ تۆت قولى، ئىككى پۇتى، بىر قۇيرۇقى بولىدۇ. تېرىسى يىرىك، قېلىن بولىدۇ. ناھايىتى كۈچلۈك بولۇپ شىر ۋە پىلغا ئوخشاش چوڭ ھايۋانلارنىمۇ سۇغا تارتىپ ئەكىرىپ ئۆلتۈرەلەيدۇ. قۇرۇقلۇقتا قولى ۋە پۇتلىرى بىلەن كىشىلەرگە تاش ئاتىدۇ. چاينىغاندا باشقا ھايۋاناتلارنىڭ ئەكسىچە ئۈستى تاڭلىيىنى ھەرىكەتلەندۈرىدۇ. ئېغىزى چوڭ بولىدۇ. 90 دانە چىشى بار بولۇپ، 50 دانىسى ئۈستىدە، 40 دانىسى ئاستىدا بولىدۇ. ھەر ئىككى چىشىنىڭ ئارىلىقىدا تۆت قىرلىق چىشى بولىدۇ. ئېغىزىنى يۇمغاندا بەزى چىشلىرى يەنە بەزى چىشلىرى ئارىسىغا كىرىشىپ تۇرىدۇ. تىلى ئۇزۇنچاق بولىدۇ. ئۇنىڭ تېنىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 10 غۇلاچقىچە، كەڭلىكى ئىككى غۇلاچ ۋە ئۇنىڭدىن كەڭ بولىدۇ. قۇرۇقلۇققا تۇخۇم قويىدۇ. باللىرى تۇخۇمدىن چىققاندىن كېيىن سۇغا كىرىپ سۇدا ياشىسا تىمساھ بولىدۇ، قۇرۇقلۇقتا ياشىسا سەقەنقۇر بولىدۇ. ئۇنىڭ قۇملۇقلاردا ياشايدىغان كىچىكى سۇ كەسلەنچۈكى دەپ ئاتىلىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا سەقەنقۇر شۇ ئىكەن.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە ئىسسىق، ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇقتۇر.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ئۇنىڭ جىگىرى بىلەن ئىسرىق سېلىنسا ساراڭلىققا پايدا قىلىدۇ. تېزىكى كۆزگە سۈركەلسە كونا ـ يېڭى ئاقنى يوقىتىدۇ. ئۆتىنىڭ بۇ جەھەتتىكى تەسىرى كۈچلۈكرەكتۇر. يېغىنى گۈل يېغى بىلەن تېمىتسا باشنىڭ يېرىمى ئاغرىش، قۇلاق ئاغرىقى، قۇلاق ئېغىرلىقى، بەل، بۆرەك ئاغرىقى، باھ ئاجىزلىقىغا پايدا قىلىدۇ. ئۇنىڭ يېغى ئۇ چىشلىۋالغان زەخىمگە چېپىلسا ساقايتىدۇ. گۆشى باھنى قوزغىتىدۇ. گۆشى بىلەن قىلىنغان كۆكتات شورپىسى ئورۇق كىشىلەرنىڭ بەدىنىنى سەمرىتىدۇ. قۇلۇنجىغا داۋا بولىدۇ. لېكىن ناچار كەيمۇس ھاسىل بولىدۇ. قېنىنى بەلىلە ۋە ئامىلە بىلەن مەلھەم قىلىپ سۈركىسە بەھەق ۋە ئاق داغلارنىڭ رەڭگىنى ئۆزگەرتىدۇ. پېشانە ۋە ئىككى چېكىگە سۈركىسە باش ئاغرىقى ۋە باشنىڭ يېرىمى ئاغرىشقا پايدا قىلىدۇ. يېغى بىلەن بەدەننى مايلىسا تۆت كۈندە بىر قېتىم تۇتىدىغان تەپكە پايدا قىلىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇنىڭ يېغىنى چىراغقا قويۇپ پاقا تولا كوركىرايدىغان يەرگە ئېلىپ بېرىپ ياندۇرسا پاقا كوركىراشتىن توختايدىكەن. شۇنداقلا ئۇنىڭ يېغىغا موم ئارىلاشتۇرۇپ پىلتە ياساپ ئوت ياقسىمۇ يېنىقلىقلا بولسا پاقىلار كوركىرىمايدۇ. ئۇنىڭ يېغىنى ئۇ چىشلىۋالغان زەخىمگە سۈركىسە ئاغرىق پەسەيتىدۇ. ئۇسكەك قويىنىڭ پېشانىسىگە سۈركەپ قويسا ھەممە قوي ئۇنىڭدىن قاچىدۇ. ئۇنىڭ كۆزىنى تىرىك پېتى ئويۇپ ئېلىپ جوزام بىمارىغا ئېسىپ قويسا پايدا قىلىدۇ. كىشىنىڭ قايسى كۆزى ئاغرىسا ئۇنىڭ شۇ كۆزى ئاغرىغان كۆزگە تېگىلسا ئاغرىق پەسەيتىدۇ. ئۇنىڭ كۆزى سول پۇتقا تېگىلسا جىما قۇۋۋىتىنى زىيادە قىلىدۇ. ئوڭ چىشى

ئوڭ بىلەككە ئېسىپ قويۇلسا باھنى قوزغىتىدۇ، جىما قۇۋۋىتىنى تولۇق ئاشۇرىدۇ. تىمساھنىڭ پوستىنى يېزا ئۆيلىرىدىن ئايلاندۇرسا ياكى تورۇسلىرى ۋە دېرىزىلىرىگە ئېسىپ قويسا شۇ يېزىدا مۆلدۇر ياغمايدۇ.

## پەسل: «ت» (تائ) ۋە «ن» (نۇن) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى

### تۇنن
(تۇننۇس بېلىقى)

ماھىيىتى: ئۇ بىر خىل چوڭ، سېمىز، مايلىق بېلىق بولۇپ، قاراڭغۇ دېڭىز ۋە شام دېڭىزىدا ياشايدۇ. دېڭىزچىلار ئۇنى ئوۋلاپ گۆشىگە تۇز سېپىپ ساقلايدۇ.

تەبىئىتى: قۇرۇق ئىسسىق.

خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى: تۇز سېپىلگىنىنى ئىستېمال قىلسا مۇڭگۈزلۈك يىلاننىڭ زەھىرىنى قايتۇرىدۇ. زىمات قىلسا غالجىر ئىت چىشلىۋالغاندىكى زەھەرنى قايتۇرىدۇ. ئىستېمال قىلغاندىن كېيىن قەي قىلسا ئاشقازاننى تازىلايدۇ، قويۇق بەلغەمنى چىقىرىدۇ.

### تەنباكۇ
(تاماكا)

ئۇ تۈركچە «تۇتۇن»، ھىندىچە «بەجرە بەڭ» دەپ ئاتىلىدۇ.

ماھىيىتى: ھەكىم مىر مۇھەممەد مۆمىننىڭ «تۆھپەتۇل مۆئمىنىن» (مۆمىنلەرگە ئاتالغان ھەدىيە) ناملىق كىتابىتا يېزىشىچە، سىرتىدىن قارىغاندا ئۇ تاغ بېلىق دورىسى ئۆسۈملۈكىنىڭ بىر تۈرى بولۇپ، «قەلۇمىس» دەپ ئاتىلىدىكەن. چۈنكى ئۇ قەلۇمىس ئۆسۈملۈكىنىڭ ئۈچىنچى خىلىغا ئوخشايدىكەن، بېلىقنى زەھەرلەش جەھەتتىمۇ ئۇنىڭغا ئوخشايدىكەن. تەرىپلىنىشىچە قەلۇمىس ئۆسۈملۈكىنىڭ يوپۇرمىقى كاللەكسەي يوپۇرمىقىغا ئوخشايدىكەن، ئۇنىڭدىن ئۇزۇنراق بولىدىكەن. ئازراق شىلىمشىق ھۆللۈكى بار ئىكەن. غولى غۇلاچتىن ئېگىزرەك، ئازراق تۈكلۈك بولىدىكەن. ئۇرۇقى ئۈششاق، قارىغا مايىل قىزىل بولۇپ، غىلاپ ئىچىدە بولىدىكەن. ئۇنىڭ شۇ ئۆسۈملۈك ئىكەنلىكىنىڭ يەنە بىر دەلىلى شۇكى، بۇقراتنىڭ زامانىسىدا يۇقۇملۇق كېسەلنىڭ تارقىلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن بىر ئۆسۈملۈك تەيىنلىنىپ ئاكوپ ۋە شەھەر ئەتراپلىرىدا كۆيدۇرۇپ ئىسرىق سېلىنغان، شۇ سەۋەبتىن ھېچ كىشى يۇقۇملۇق كېسەل بىلەن يۇقۇملانمىغان. ئۇ ئۆسۈملۈك

قىلۇمىس ئۈسۈملۈكىنىڭ بىر تۈرى ئىكەن. بۇنداق تەسىر تاماكىدىمۇ تېپىلىدۇ. تاماكا بار بولغان شەھەرلەردە مەزكۇر ئۈسۈملۈك تەدرىجىي كەملەپ كەتكەن ۋە ھەقىقەتەن تاپقىلى بولمايدىغان بولۇپ كەتكەن، قالغىنىنى ئاللا ئوبدان بىلىدۇ.

بىلگىنكى، ئۇ يېڭى دورىلاردىن بولۇپ، ئۈستۇرۇلۇۋاتقىلى 300 يىل، كەڭ تارىلىپ تونۇلغىلى 200 يىل بولغان. ئىران، تۇران، ھىندىستان قاتارلىق جايلاردا كۆپ تېپىلىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، خىرىستىيانلارنىڭ بىر قوۋمى بولغان پورتىگالار ئۇنى يېڭى زېمىندىن ئېلىپ كېلىشكەن. ئۇرۇقى ۋە يوپۇرمىقىنى ئىران ۋە ھىندىستانغا ئېلىپ بارغان، ئۇ يەردىن باشقا جايلارغا ئۇنى مەيلى شۇ يەردە ئۈستۈرسۇن ياكى باشقا يەرلەردىن قىممەت باھادا سېتىۋېلىپ ئېلىپ كەلسۇن ئۇنى چىلىم ئارقىلىق شوراش، ئۈزىنى چېكىش ياكى سۈفۈپ قىلىپ بۇرنىغا تارتىش ئارقىلىق ئىستېمال قىلمايدىغان ھېچ مەملىكەت، شەھەر ياكى يېزا خەلقى بولمىغۇدەك دەرىجىدە كەڭ تارقالغان. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇ ئىراندا شاھ ئابباس ئىككىنچىنىڭ پادىشاھلىق دەۋرىدە، ھىندىستاندا ئەكبەر شاھ ھۆكۈمرانلىق مەزگىلىنىڭ باشلىرى ۋە جاھانگىر شاھنىڭ ھۆكۈمرانلىق مەزگىلىنىڭ باشلىرىدا تارقالغان.

ئۇ ھەر خىل بولىدۇ. ئۇ مەيلى كارىيۇن، كازرۇن، تۇن، تەبىس، بەلەخ ياكى مۇلتان دېگەن يەرلەردىن كەلتۈرۈلگەن بولسۇن ياكى ئامانەتخان ۋە بىنارىسقا ئوخشاش باشقا جايلاردىن كەلتۈرۈلگەن بولسۇن يوپۇرماقلىرى چوڭ، قېلىن، چاپلاشقاق، پۇرىقى ئۆتكۈر، رەڭگى قىزىلغا مايىل سېرىق بولغان، ئۇستىدە قارىغا مايىل خاللار بولغان بولىدۇ، يۇمشاق سوقۇپ سۇ بىلەن يۇغۇرسا سۇتلۇك، چاپلاشقاق بولىدىغانلىرى ياخشىلىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئەسلىي تۈرى «سورتى» دەپ ئاتىلىدىغان بولۇپ، چىلىم بىلەن چېكىش ۋە قارا شېكەر بىلەن ئېچىتىشقا ئىشلىتىلىدۇ. ئۇنى ھىندىستان، دۇكەن ۋە بېنگال خەلقى ئېچىتىدىغان بولۇپ، تاماكىنىڭ يوپۇرمىقىنى باراۋەر ياكى ئۇنىڭدىن ئازراق ئارتۇق مىقداردىكى شېكەر بىلەن ياخشى سوقۇپ يۇغۇرۇپ قاچىغا شېكەرنى قاچىلاپ ئىچكۈچە بىرقانچە كۈن قويۇپ قويىدۇ. بۇنداق ئېچىتىلغىنى «كەراكو» دەپ ئاتىلىدۇ. بەزىلەر تېزرەك ۋە بەكرەك ئېچىتىش مەقسىتىدە يەر ئاستىغا ياكى ئات قىغىنىڭ ئارىسىغا بىر نەچچە كۈن كۆمۈپ قويىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن كولاپ چىقىرىپ چىلىمغا سېلىپ ئوت يېقىپ چېكىدۇ. ھىندىستانلىقلارنىڭ تىلىدا بۇ ئۇسۇل «سەلەفە» دەپ ئاتىلىدۇ.

بەزى ئىمتىياز ئىگىلىرى كۆمۈش ياكى ساپالدىن مەخسۇس لايىھەلەنگەن كىچىك قازان ياساپ ئۇنىڭغا تاماكىنىڭ «كەراكو» دەپ ئاتالغان تۈرىدىن 12 گىرام ئېلىپ، ئىچىگە چوغ سېلىپ كۆيدۈرۈپ، مەخسۇس لايىھەلەنگەن چىلىمغا قويۇپ ئىسىنى شورايدۇ. بەزىلەر خۇش پۇراق قىلىش ئۈچۈن ئۇنىڭغا ئاز مىقداردا سوقۇلغان سۇمبۇل تېپ قوشىدۇ، يەنە بەزىلەر

ئالما پوستى قوشىدۇ. ئۇنى تاپالمىسا ئالما ياكى بېھى مۇراببasى قوشۇپ ساپال قاچىغا ئېلىپ ئېغىزىنى لاي بىلەن ئېتىپ يەرگە كۆمۈپ ئېچىتىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن كولاپ چىقىرىپ، يۇقىرىدا ئېيتىلغان كىچىك قازانغا سېلىپ قائىدە بويىچە كۆيدۈرۈپ ئىسسىنى شورايدۇ، ناھايىتى خۇش پۇراق بولىدۇ.

كەراكو تەييارلاش ئۈچۈن تاماكىنىڭ ئەڭ ياخشىسى دۆكەننىڭ «بىھلسە» دەپ ئاتىلىدىغان يېرىدىن چىققىنى بولۇپ، ناھايىتى خۇش پۇراق، قىممەت باھالىق بولىدۇ. يوپۇرماقلىرى كىچىك، زەپەر رەڭ، سۇتلۇك، چاپلاشقاق بولىدۇ. ئۇنىڭدىن قالسا بىنارەس دېگەن يەرگە يېقىن «چەنارگەدە» دېگەن يەرنىڭ تاماكىسى ياخشى بولىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئۈچىنچى دەرىجىنىڭ ئاخىرىدا قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ئۇسساتقۇچى، قۇرۇتقۇچى، بېلىقلارنى زەھەرلىگۈچىدۇر. تۈتۈنى بۇلغانغان ھاۋانى ساپلاشتۇرىدۇ. مېڭىنىڭ ھۆللۈكلىرىنى تازىلايدۇ ۋە قوزغايدۇ. چەكسە، چايىنسا، ئىستېمال قىلسا ھۆللۈكتىن بولغان چىش ئاغرىقى، بەلغەمدىن بولغان كاناي ئىششىقى، ھۆللۈكتىن بولغان يۆتەل، بەلغەمدىن بولغان زىققە نەپەسلەرگە پايدا قىلىدۇ. شۇنداقلا ئۇنىڭ كەراكو دەپ ئاتالغىنىدىن نوقۇت چوڭلۇقىدا ئېلىپ ھەب قىلىپ ناشتىدا ئىستېمال قىلسىمۇ شۇ تەسىرنى بېرىدۇ. يوپۇرمىقىنى چاڭدەك يۇمشاق سالايە قىلىپ بۇرۇنغا پۈركىسە مېڭىدىن كەلگەن كونا ھۆل سوغۇق نەزلىلەرنى يوقىتىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن چۈشكۈرتىسىمۇ پايدا قىلىدۇ. تۈتۈننى شورىسا، بولۇپمۇ ناشتىدا شورىسا قەۋزىيەتنى يوقىتىدۇ. كۈلىنى سەپسە چارۋىلارنىڭ زەخمىسىنى ساقايتىدۇ. كۈلىنى گۈل يېغى بىلەن زىمات قىلسا يارىلاشقان قوتۇر، تەمرەتكە، تاز، يېڭى جاراھەتلەرنىڭ قانىشىغا شىپا بولىدۇ، كونا يارىلارنى قۇرۇتىدۇ. كۆزگە سۇ چۈشۈشكە پايدا قىلىدىغان بولۇپ، سىناقتىن ئۆتكەن. چىلىمدىكى تولا چېكىش بىلەن سارغايغان سۈيىنى ئىچسە سۈيدۈك ھەيدەيدۇ، زىيادە تەرلىتىدۇ ۋە ئىستىسقاغا پايدا قىلىدۇ، مۈڭگۈزلۈك يىلاننىڭ زەھىرىنى قايتۇرىدۇ دەپ قارىلىدۇ. ئۇ قايىنغىلى تۇرغاندا پەيدا بولغان كىرىنى يىغىپ ئۇنىڭدىن پىلتە تەييارلاپ ياكى پىلتىنى ئۇنىڭ بىلەن بۇلغاپ كونا ئاقمىغا تۆت قېتىمدىن يەتتە قېتىمغىچە سالسا ئېغىزىنى پۈتتۈرۈپ ساقايتىدۇ. كىرى ھۆل ياكى قۇرۇق بولسۇن كۆزگە سۈركىسە نامازشام قارىغۇسى كېسەللىكىگە شىپا بولىدۇ. تاماكىنى ھىندىچە «سىنبالۇ» دەپ ئاتىلىدىغان «پەنجەنگۈشت» (بەش بارماق) ئۆسۈملۈكى يوپۇرمىقى بىلەن بىرلىكتە چىلىمغا سېلىپ چەكسە زىققە كېسەللىكى، كونا يۆتەل، ھۆل سوغۇقتىن بولغان كۆز قاراڭغۇلىشىشقا پايدا قىلىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** ئىسسىق مىزاجلىق ۋە سەۋدا مىزاجلىق كىشىلەرنىڭ يۈرىكى ۋە مېڭىسىگە زىيان قىلىدۇ. توسالغۇ پەيدا قىلىدۇ. خەفەقانغا سەۋەبچى بولىدۇ. سەزگۈلەرنى

خۇنۇكلەشتۇرىدۇ، قاننى قويۇلدۇرىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** يېڭى سېغىلغان سۈت ئىستېمال قىلىشتىن ئىبارەت. ئېيتىشلارغا قارىغاندا ئۇ ياخشى ـ يامان مىزاجنى بىلىشنىڭ ئۆلچىمى قىلىنىدىكەن. چۈنكى ئۇنى چېكىش بىمارلارغا، بولۇپمۇ تەپ بىمارلىرىغا ياخشى ئەمەس ئىكەن.

تاماكىنىڭ ھەببى، ئەرقى، مەلھىمى ۋە مەجۇنى قارابادىندا بايان قىلىندى.

بىلگىنكى، ئەرباىلار، ئۇلۇغلار، مۆتىۋەرلەر، تېۋىپلار ۋە ھىندىستان، بېنگالدىكى بەزى خىرىستىيانلار ئۇنى خۇددى يۇقىرىدا بايان قىلىنغاندەك، كىچىك قازانغا سېلىپ تۈتۈننى شورايدۇ، لېكىن چىلىم بىلەن چەكمەيدۇ. ئەمما بۇرۇنغا سۈمۈرۈش ئۇسۇلى بىلەن كۆپ ئىشلىتىدۇ. يوپۇرمىقىدىن ئاز مىقداردا ئىستېمال قىلىدۇ ۋە چېكىدۇ.

## تەنزۇ خىتائىي
(تەنزۇ خىتائىي قۇرسى)

ئۇ «شاھ سىينىي» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** ئۇ سۇنئىي ئۇسۇلدا تەييارلانغان قۇرستىن ئىبارەت بولۇپ، بەزىلىرى قارامتۇل، بەزىلىرى كۆكۈچ قىزىل بولىدۇ. خىتايدىن ئېلىپ كېلىنىدۇ. يەنە قەشقەردىن ئېلىپ كېلىنىدىغان بىر خىل قۇرسلار بار بولۇپ ئۇمۇ «تەنزۇ» دەپ ئاتىلىدۇ.

تەتقىقاتلاردىن ئايان بولدىكى، ئۇ خىتايدا ئۆسىدىغان خېنە يوپۇرمىقى ئۇسارىسى بىلەن ئېچىتىلىدۇ. ئۇنىڭ ماددىسى پادىزەھرى مەدەننىڭ كانلىرىدىن ئېلىپ كېلىنىدىغان بولۇپ، قۇرس ۋە باشقا ياسالمىلار ياسىلىپ شۇ مەملىكەتنىڭ پادىشاھىنىڭ مۆھۈرى بېسىلغاندىن كېيىن ئەتراپلارغا ئېلىپ بېرىلىدۇ. پادىزەھرى مەدەنى ھەر خىل رەڭلىك بولغاچقا، «تەنزۇ»مۇ ھەر خىل رەڭدە بولىدۇ.

ئۇنى ساختىلاشتۇرۇپ گىل ئەرمىنى، گىل مۇغرە، زەرنىخلاردىن مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىنىپ، تارقاتقۇچى ئۆسۈملۈكلەرنىڭ سۈيى بىلەن يۇغۇرۇپ «تەنزۇ» ئورنىدا سېتىلىدۇ. ساختىسىنىڭ ئالامىتى شۇكى، خىتايدىن كەلتۈرۈلگەن ئەسلىي تەنزۇنىڭ ئەكسىچە ئۇنىڭدىن زەرنىخ پۇرىقى كېلىدۇ.

**تەبىئىتى:** مۇرەككەپ قۇۋۋەتلەرگە ئىگە، ئىسسىقلىققا مايىل.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ماددىلارنى توسقۇچى، تارقاتقۇچى، قۇرۇغۇچى بولۇپ، ئىسسىق ۋە سوغۇقتىن بولغان ئىششىقلار، زىيانداش ھاشاراتلار چېقىۋېلىش، باش ۋە باشقا ئەزالار ئاغرىقى، چاشقان يارىسى، قاتتىق ئىششىقلار، قاناش، جاراھەتلەرگە پايدا قىلىدۇ. يېرىم گىرامدىن 2.5 گىرامغىچە ئىستېمال قىلسا قانلىق ئىچ سۈرۈش، بوۋاسىر، قۇسۇش، قان تۈكۈرۈشكە پايدا قىلىدۇ. سېپىلسە كۆز، مەقئەت، زەكەر يارىلىرىغا پايدا قىلىدۇ. ئۇنىڭ

بىلەن پەرزىچە قىلىنسا ھەيز قېنى توختىماسلىق ۋە بالىياتقۇدىن ھۆللۈكلەرنىڭ ئېقىشى ھەم بالىياتقۇنىڭ ھۆللۈكتىن بولغان بارلىق كېسەللىكلىرىگە داۋا بولىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** ئۆپكىگە زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** كەتىرا.

تەنزۇنىڭ ئىسسىق، سوغۇق نۇسخىلىرى قارابادىندا بايان قىلىندى.

## تەنەكار

(تەنكار)

ئۇ ھىندىچە «سۇھاگا» دېيىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** ئېيتىشلارغا قارىغاندا ئۇ ئىككى خىل بولىدىكەن. بىرىنچى خىلى كاندىن چىقىدىغان بولۇپ، توغرىغۇنىڭ بىر تۈرى ئىكەن. بۇمۇ ئىككى خىل بولىدۇ. بىرى يىلتىزغا ئوخشايدۇ، ئۇ «بۆرەئى زەبەدىي» (قايماقسىمان توغرىغۇ) دەپ ئاتىلىدۇ. شىرازچە «بەخەك» دېيىلىدۇ. يەنە بىرى قارغا ئوخشايدىغان بولۇپ، ئۇ توغرىغۇنىڭ كۆپۈكىدىن ئىبارەت. شىرازچە «بىرەك» دېيىلىدۇ.

ئىككىنچى خىلى سۈنئىي ئۇسۇلدا تەييارلىنىدۇ. ئۇ سۈنئىي ئۇسۇلدا تەييارلىنىدىغان «لىھامۇز زەھەب» نامىلىق ياسالمىنىڭ بىر تۈرىدۇر. ئۇنى تەييارلاشنىڭ مەشھۇر بولغان ئۇسۇلى شۇكى، تۈز، شاخاردىن باراۋەر مىقداردا، ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىسىنىڭ باراۋىرىدە بۆرە ئەرمىنى ئېلىپ ھەممىسى بىرلەشتۈرۈپ ئۇستىگە چۆكۈشكىدەك مىقداردا كالا ياكى ياۋا كالا سۈتى قۇيۇپ ئۇيۇغىچە قاينىتىلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن ئاپتاپتا قويۇپ قۇرۇتۇپ تەييارلىنىدۇ.

«لىھامۇز زەھەب» دېگەن ياسالما بالاغەتكە يېتىشكە ئاز قالغان بالىنىڭ سۈيدۈكىنى مىس قاچىغا ئېلىپ ئاپتاپتا ۋە نەم يەردە مىس دەستە بىلەن قويۇلغۇچە ۋە ئۇيۇغىچە سالايە قىلىپ تەييارلىنىدۇ.

ئەمما تەتقىق قىلىنىشىچە ئۇ مەدەندىن چىقىدىغان بىر خىل ماددا بولۇپ، نېپال ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى رايونلاردا كۆپ بولىدىكەن، ئۇ يەردىن باشقا يەرلەرگە ئېلىپ بېرىلىدىكەن. سۈنئىيسى مەلۇم جەھەتلەردە ناچار بولىدىكەن.

**تەبىئىتى:** ھەممە تۈرى ئۈچىنچى دەرىجىنىڭ ئاخىرىدا قۇرۇق ئىسسىقتۇر، زەھەرلەر قاتارىدىندۇر.

خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى: ئالتۇننى ئېرىتكەندە قوشسا تېز ئېرىيدۇ. ئۈچۈچان بولۇپ، ماددىلارنى تارقاتقۇچى، جۇلا بەرگۈچى، بوۋاسىر دانچىلىرىنى چۈشۈرگۈچىدۇر. يارىلارنىڭ بۇزۇق گۆشلىرىنى يوقىتىش، چىش ئاغرىقى، چىشنىڭ ئۇيرىشى، چىشنىڭ قۇرتلىرىنى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان بولۇپ، پايدا قىلىدۇ دەپ قارىلىدۇ. ئەمما چىش مىلىكىگە ئۇنىڭ سالايە قىلىنغىنىنى بىر نەچچە كۈن تەكرار سۈرۈپ سىناق قىلىش

ئارقىلىق ئۇنىڭ چىشلارنى ئۇپرىتىدىغانلىقى مەلۇم بولدى.

ئۇنىڭ كاندىن چىققىنىنىڭ شۇنداق خاسىيىتى باركى، قەلەيىنى تازىلايدۇ، تۆمۈرنى قىزىتىپ ئۇنىڭ سۈيىگە بىر قېتىم چىلىسا يۇمشىتىدۇ، تۆمۈرنى يەنە بىر قېتىم قىزارغىچە قىزىتىپ ئۇنىڭ سۈيىگە يەنە بىر قېتىم چىلاپ، ئارقىدىن كۆنجۈت يېغىغا بىر قېتىم چىلىسا تۆمۈر خۇددى ماگنىتقا ئوخشاش مېتاللارنى ئۆزىگە تارتىدىغان بولىدۇ.

تەنكارنىڭ كاندىن چىققىنى بىلەن سۈنئىي تەييارلانغىنىنىڭ پەرقى شۇكى، سۈنئىي ئۇسۇلدا تەييارلانغىنى ئوتقا سېلىنسا كاندىن چىقىدىغىنىنىڭ ئەكسىچە ئۇنىڭدا ھۆللۈك پەيدا بولىدۇ.

## تىنىنىن
(ئەجدىھار)

ئۇ پارسچە «ئەژدىھار» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** ئۇ بىر خىل ھايۋاندىن ئىبارەت بولۇپ، قۇرۇقلۇقتا ياشايدىغىنى ۋە دېڭىزدا ياشايدىغىنىدىن ئىبارەت ئىككى خىل بولىدۇ. قۇرۇقلۇقتا ياشايدىغىنى خۇددى يىلانغا ئوخشاش ئېغىزى بىلەن چاقىدۇ. دېڭىزدا ياشايدىغىنى چايانغا ئوخشاش قۇيرۇقى بىلەن چاقىدۇ. ھەر ئىككى خىلىنىڭ پۇت ـ قوللىرىدا چاڭگاللىرى بولىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا ئۇنىڭ پۇت ـ قولىدا تەرتىپ بويىچە تۆت تىرنىقى، چوققىسىدا بىر سىقىم مويى بار ئىكەن. كىشىنى چاقسا كىشى قانسىراپ ئۆلىدىكەن.

**تەبىئىتى:** تۆتىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق. ھالاك قىلغۇچى زەھەردۇر.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** كۆيدۈرۈلگەن كۈلى ھەسەل بىلەن زىمات قىلىنسا بوۋاسىر، بەھەق ۋە ئاقكېسەلگە پايدا قىلىدۇ. يېغى گۆشنى ئۇ چېقىۋالغان ئورۇنغا چاپسا زەھەرنى سۈمۈرىدۇ، زىيانلىق تەسىرىنى يوقىتىدۇ. ئۇ چېقىۋالغان سەۋەبتىن پەيدا بولغان يارىغا باشقا يامان يارىلارغا ئىلاج قىلىنغاندەك ئىلاج قىلىنىدۇ.

# پەسىل: «ت» (تائ) ۋە «ۋ» (ۋاۋ) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى

## تەۋابىل
(دورا ـ دەرمەكلەر)

**ماھىيىتى:** ئۇ تائامغا قوشۇلىدىغان يۇمغاقسۈت، زىرە، سازەج ھىندى، پىلپىل، لاچىندانە، قەلەمپۇر، دارچىن ۋە ئۇنىڭغا ئوخشاش قۇرۇق دورا ـ دەرمەكلەرنىڭ ئىسمىدۇر.

# توبال

(مىس كۆيىسى)

بۇ سۆز پارسچە «تەفال» دېگەن سۆزدىن ئەرەبچىلەشتۈرۈلگەندۇر.

**ماھىيىتى:** ئۇ مىس ۋە تۆمۈرگە ئوخشاش مەدەنلەرنى قىزىتىپ سوققاندا ئاجرايدىغان كۆيىلەردىن ئىبارەت. ھىندىچە تۆمۈر كۆيىسى «لوھچۈن»، مىس كۆيىسى «دىيگچۈن» دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ سۆز يالغۇز ئاتالسا مىس كۆيىسى نەزەردە تۇتۇلىدىغان بولۇپ، قارا ۋە قىزىلغا مايىل، پارقىراق، نېپىز بولغانلىرى ياخشىلىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇنداقلىرى «قۇبرۇسى» دەپ ئاتىلىدۇ. ئۈستىگە سىركە سېپىلسە رەڭلىنىدىغان بولۇپ، زەنگار ھاسىل بولىدۇ. ئۇ ئاق، يۇمشاق، قۇۋۋىتى ئاجىز بولىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ئۈچۈچانلاشتۇرغۇچى، جۇلا بەرگۈچى بولۇپ، كۆيدۈرۈلگەن مىستىن ئۈچۈچانراقتۇر. خىلىتلارنى ئوفۇنەتلەندۈرگۈچىدۇر. ئۇنىڭ بىلەن مەلھەم تەييارلىنىپ يامان يارىلارنىڭ كېڭىيىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش، كۆز يارىسىنى ساقايتىش، قاپاقلارنىڭ يىرىكلىكى، بىرىكتۈرگۈچى پەردە ياللۇغى، كۆزگە ئاق چۈشۈش، قاتتىق يارىلاردىكى ئارتۇق گۆشلەرنى يوقىتىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ ھەم قوتۇر، قىچىشقاقتا سۈركىلىدۇ. ئۇنىڭ يۇيۇلغىنىدىن يېرىم مىسقال مىقداردا ئېلىپ ئۇنىڭ بەتتەمى ۋە بەتپۇرىقىنى يوقىتىش ئۈچۈن بىر مىسقال ئىلكۆل بەتەم ياكى بۇغداي ئۇنى ياكى ئەرەب يېلىمى بىلەن ھەب ياساپ يۇتۇپ، ئۈستىدىن سىركە ئىچسە قۇستۇرغۇچى ۋە بەلغەمنى كۆچلۈك سۈرگۈچى بولغانلىقى ئۈچۈن ئىستىسقاغا شىپا بولىدۇ، زەرداب سۇنى يوقىتىدۇ. ئۇنىڭ ئىستېمال مىقدارى بولغان ئىككى گىرامى مائۇلھەسەل بىلەن ئىستېمال قىلىنسا قورساق ئاغرىش، ئىششىش ۋە چوڭقىيىش ئالامەتلىرىنى پەيدا قىلىدىغان سۇ خاراكتېرلىك كەيمۇسنى قوزغىتىپ سۈرۈپ چىقىرىدۇ. ئۇنى كۆپ ئىستېمال قىلسا ئۈچەينى زەخىملەيدۇ، ئۈچەي يارىسى پەيدا قىلىدۇ. ئۇنى ناشتىدا ئىستېمال قىلماسلىق لازىم. شۇنداقلا ئۇ بەك ئۆتكۈر بولغانلىقى ئۈچۈن يۇيۇلمىغىنى كۆز كېسەللىكلىرىگە ئىشلىتىلمەيدۇ.

مىس كۆيىسىنىڭ يۇيۇلغان سۈيى ناھايىتى ئۈچۈچان ۋە ئۆتكۈر بولۇپ، سەپمىلەر، شىيافلار ۋە مەلھەملەرگە ئىشلىتىلىدۇ. ھىندىستان خەلقى ئۇنى «مىسى» دەپ ئاتىلىدىغان سۇنۇنلارغا قوشۇپ ئىشلىتىدۇ. ئۇ قارابادىندا «مىسى» ماۋزۇسىدا بايان قىلىندى.

**تەبىئىتى:** تۆتىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** قانلىق ئىچ سۈرۈشنى توختىتىدۇ. خەفەقان، ئاشقازان مەنبەلىك ئىچ سۈرۈش، ئاشقازان، باھ ئاجىزلىقىغا پايدا قىلىدۇ. قالغان خۇسۇسىيەتلىرى

مىس كۈيىسىنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىگە ئوخشاپ قالىدۇ.

مىس كۈيىسىنى رەختكە ئوراپ نەم يەرلەرگە، بولۇپمۇ كوزىلارنىڭ ئاستىغا كۆمۈپ قويسا زەپەر رەڭلىك دېتى چىقىدۇ. ئۇ قاپاق قوتۇرى ۋە كۆز قىزىرىشقا پايدا قىلىدۇ. ئۇنىڭغا ئۇنىڭ تۆتتىن بىرىچىلىك مىقداردا نوشۇدۇر قوشۇپ كۆزگە سۈركىسە كۆزدىكى ئاقنى، كۆزگە ئۆسكەن پەردىنى يوقىتىدۇ. سىركە ۋە ھەسەل بىلەن سۈركىسە ئىششىقلارنى تارقىتىدۇ. ئۇنىڭ قالغان خۇسۇسىيەتلىرى ئاللا خالىسا «زەئفەرانۇل ھەدىيد» (تۆمۈر دېتى) دېگەن تېمىدا بايان قىلىنىدۇ.

مىس كۈيىسىنى يۇيۇش ئۇسۇلى كىتابنىڭ مۇقەددىمىسىدە بايان قىلىنىدى.

## تۇت
(ئۇجمە)

**ماھىيىتى:** ئۇ بىر خىل تونۇشلۇق دەرەخنىڭ مېۋىسى بولۇپ، تاتلىق ۋە چۈچۈمەلدىن ئىبارەت ئىككى خىل بولىدۇ. تاتلىقى «نىبتىي» (نىبىتتىن چىقىدىغىنى) چۈچۈمىلى «شامىي» (شامدىن چىقىدىغىنى) دەپ ئاتىلىدۇ. ھەر ئىككىسىنىڭ چوڭ، سۇلۇق بولغانلىرى ياخشىلىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

**تەبىئىتى:** تاتلىقى بىرىنچى دەرىجىنىڭ ئاخىرىدا ئىسسىق، ئىككىنچى دەرىجىنىڭ ئاخىرىدا ھۆل، بەك تاتلىقى ئىككىنچى دەرىجىگىچە ئىسسىق، قابىزلىق قۇۋۋىتى ۋە سوغۇقلۇقى بار.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ساپ قان پەيدا قىلىدۇ. مېڭىگە ھۆللۈك يەتكۈزىدۇ. بەدەننى سەمرىتىدۇ. باھنى قۇۋۋەتلەيدۇ. بۆرەككە ياغ ئالدۇرىدۇ. سۈيدۈك ھەيدەيدۇ. چوڭ تەرەتنى بوشىتىدۇ. سۇلۇق قاپارتما ۋە يەلتاشمىغا پايدا قىلىدۇ. ماددىلارنى پىشۇرۇشتا ئەنجۇرگە ئوخشايدۇ. ھازىر خىلىتقا ئاسان ئۆزگىرىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** ئىبىن سىنا ۋە «شىپائۇل ئەسقام» (كېسەللىكلەر شىپاسى) دېگەن كىتابنىڭ ئاپتورى قاننى بۇزىدۇ دېگەن. باشنى ئاغرىتىدۇ. ئاشقازانغا چاپلىشىۋېلىپ ئاشقازاننى ناچارلاشتۇرىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** سوغۇق مىزاجلىقلار ئۈچۈن چۈچۈمەل سىركەنجىۋىل، ئۇنى ئىستېمال قىلغاندا ئاسان تەپ پەيدا بولىدىغان كىشىلەر ئۈچۈن جاۋارىش كۆمۈنى.

ئۇنىڭ چۈچۈمىلى (شاتۇت ئۇجمە) ئىككىنچى دەرىجىدە سوغۇق، بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇق، قابىزدۇر. قۇرۇقىنىڭ قابىزلىقى تېخىمۇ يۇقىرى بولۇپ، سۇماقنىڭ ئورنىنى باسىدۇ.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ئۇچۇچانلاشتۇرغۇچى، تۇسالغۇلارنى ئاچقۇچى، قاننىڭ ئۇيۇتكۇرلۇكىنى پەسەيتكۈچى، سەپرانى كەسكۈچى، ماددىلارنى قايتۇرغۇچى، گال ۋە بوغۇزنىڭ ئىسسىقتىن بولغان ئىششىقلىرىنى تارقاتقۇچى، ئىسسىق ماددىلارنىڭ گال، تىل ۋە باشقا ئەزالارغا قۇيۇلۇشىنى توسقۇچى، ئۇسسۇزلۇقنى پەسەيتكۈچى، ئىشتىھانى ئاچقۇچىدۇر. سۈيى، شۇنداقلا قىيامى بىلەن ئىغىز چايقالسا ئىغىزنىڭ يامان يارىلىرى ۋە مۇدۇرلارنى ساقايتىدۇ، گال، تامغاق، تىلنىڭ ئىششىقىنى تارقىتىدۇ. قۇۋۋەتلەيدۇ. بولۇپمۇ ھۆل يۇمغاقسۇت يوپۇرمىقى سۈيى، ھۆل كاسىنە يوپۇرمىقى سۈيى، زەمچە، موزا، ئامىلە جەۋھىرى، مۇرمەككى، زەپەر، يۇلغۇن مېۋىسى، ئىرسا ۋە كۆندۈرغا ئوخشاش ياردەم بەرگۈچى دورىلاردىن مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ بىرلىكتە ئىشلىتىلسە ماددىلارنى قايتۇرۇش، تارقىتىش ۋە جۇلا بېرىش خۇسۇسىيىتى بىلەن يۇقىرىدىكى كېسەللىكلەرگە تېخىمۇ ياخشى داۋا بولىدۇ. ئىستېمال قىلىنسا ئۇچەي يارىسى، ئىسسىقتىن بولغان ئىچ سۈرۈش، قانلىق ئىچ ئۈتكۈ قاتارلىقلارغا پايدا قىلىدۇ. ئاشقازانغا يۈزلەنگەن ماددىلارنى يوقىتىدۇ. بولۇپمۇ ئۇنىڭ ياردەم بەرگۈچىلىرى ۋە قۇۋۋەتلىگۈچىلىرى بىلەن بىرلىكتە ئىستېمال قىلىنسا تەسىرى تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** كۆكرەك، ئۆپكە ۋە پەي ـ نېرۋىلارغا زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** ھەسەل، ئانار سۈيى، بولۇپمۇ جاۋارىشلار ۋە ئىترىفىل سەغىردۇر.

ئۇنىڭ قىيامىنىڭ ھەممە تەسىرى ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ تەسىرى بىلەن ئوخشاشتۇر.

ئۇنىڭ قىيامى ۋە شەربىتىنىڭ تەييارلىنىشى تەسىرلىرى بىلەن بىرلىكتە قارابادىندا بايان قىلىندى.

ئۇنىڭ يىلتىزىدىن 40 گىرام ئېلىپ، مۇۋاپىق مىقداردىكى سۇ بىلەن قاينىتىپ ئىچسە قاپاق ئۇرۇقىسىمان مەددىنى چۈشۈرىدۇ. بولۇپمۇ ئۇنىڭغا شاپتۇل يوپۇرمىقى قوشۇلغان بولسا ئۇنۇمى تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ. شۇنداقلا ئۇنىڭ يىلتىزىنى چالا سوقۇپ 450 مىللىلىتىر سۇ بىلەن تۆتتىن بىر قىسمى قالغۇچە قاينىتىپ، پىسەپلىرىنى سۈزۈۋېتىپ شېكەر ۋە ھەسەل قوشۇپ ياكى ئەنجۈر بىلەن قاينىتىپ ئىچسە ئىتياڭىقى زەھىرى ۋە باشقا زەھەرلەرنى قايتۇرىدۇ، كۆكرەك پەردىسى ياللۇغى، سارائىلىق، خام خىلىت سەۋەبىدىن بولغان بەل، ئۇچا ئاغرىقىغا ناھايىتى پايدا قىلىدۇ. يوپۇرمىقىنىڭ قايناتمىسىمۇ شۇ تەسىرنى بېرىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن غار ـغار قىلىنسا بوغما كېسەل ۋە چاشقان يارىسىغا پايدا قىلىدۇ. شۇنداقلا ئۇنى زىمات قىلسىمۇ شۇ تەسىرنى بېرىدۇ. ئۇنىڭ يىلتىزىنىڭ يىپچىلىرىدىن 24 گىرام ئېلىپ 90 گىرام ئەنجۈر بىلەن بىرلىكتە 450 مىللىلىتىر سۇ بىلەن يېرىمى قالغۇچە قاينىتىپ ئىچسە، ئىغىز چايقالسا، زىمات قىلسا سەۋدانى كۈچلۈك سۈرىدۇ. تۆكسە چىش ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ، چوڭ ئىششىقلارنى تارقىتىدۇ. ئۇنىڭ يېلىمىنىڭمۇ شۇ تەسىرى

باردۇر. ئۇنىڭ يىلتىزىنىڭ سۈيىدىن ئىككى لىتىر ئەتراپىدا ياكى ئۇزۇم يوپۇرمىقى، قارا ئەنجۇردىن 30 گىرام مىقداردا ئېلىپ، مۇۋاپىق مىقداردىكى يامغۇر سۈيى بىلەن بىرلىكتە قازانغا تۆكۈپ، ئەتراپى ۋە ئېغىزىنى خېمىر بىلەن ئوراپ ئالتىدىن بىر قىسمى قالغۇچە قاينىتىپ، سۈيى بىلەن چاچ يۇيسا چاچنى ياخشى قارايتىدۇ، سىناقتىن ئۆتكەن. شۇنداقلا ئۇنى چۇچۇملىنىڭ يوپۇرمىقى، تال يوپۇرمىقى ۋە قارا ئەنجۈر بىلەن بىرلىكتە قاينىتىپ سۈيى بىلەن چاچ يۇيسىمۇ چاچنى قارايتىدۇ.

**ئېغىز كېسەللىكلىرى:** چۇچۇملىنىڭ قىيامى بىلەن ئېغىز چايقىسا ئېغىزدىكى ياللۇغ ۋە مۇدۇرلارغا پايدا قىلىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن غار ـ غار قىلسا گال ئىششىقى، بوغما كېسەلگە پايدا قىلىدۇ. شۇنداقلا ئۇنىڭ يوپۇرمىقىنىڭ قايناتمىسى بىلەن غار ـ غار قىلسىمۇ شۇ تەسىرنى بېرىدۇ. ئۇنىڭ دەرىخىنىڭ قوۋزىقى ۋە يوپۇرمىقىنىڭ قايناتمىسى بىلەن ئېغىز چايقىسا چىش ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ. ئۇنىڭ يىلىمىنى چاينىسىمۇ شۇ تەسىرنى بېرىدۇ. ئۇنىڭ يىلتىزىنىڭ قايناتمىسى بىلەن ئېغىز چايقىسا چىشلارنى بوشىتىدۇ.

**ئىششىقلار ۋە يارىلار:** ئۇنى سىركە بىلەن مەلھەم قىلىپ مۇنچىدا كونا تىلما كېسەل ۋە يامان يارىلارغا چاپسا قۇرۇتىدۇ. شۇنداقلا ئۇنىڭ ئۇسارىسىنى سۈركىسىمۇ شۇ تەسىرنى بېرىدۇ. ئۇنىڭ يوپۇرمىقىنى زەيتۇن يېغى بىلەن سۈركىسە يارىلار ۋە كۆيۈك يارىسىغا پايدا قىلىدۇ. يوپۇرمىقىنى يالغۇز سالايە قىلىپ سۈركىسە مۇدۇرلار، كۆپ قىسىم ئەزالارنىڭ يارىلىرى، ھۆل، قۇرۇق تەمرەتكىگە پايدا قىلىدۇ.

توڭ ئۇجمە قابىزلىقتا ئىگە بولۇپ، سىركە بىلەن زىمات قىلسا يېرىلىش ۋە تىلمىغا پايدا قىلىدۇ. يالغۇز سۈركىسىمۇ ئوشۇق ۋە بارماقلارنىڭ ئارىلىقلىرىدىكى يېرىقلارغا تېز پايدا قىلىدۇ، سىناقتىن ئۆتكەن.

**زەھەرلەر:** ئۇنىڭ يوپۇرمىقىنىڭ ئۇسارىسىدىن 30 گىرام ئىچسە دۆ ۋە زىيانداش ھاشاراتلارنىڭ زەھىرىنى قايتۇرىدۇ. چۇچۇمەل ئۇجمىنىڭ دەرىخىنىڭ قوۋزىقىنى سۇ بىلەن قاينىتىپ ئىچسە شەۋكىرانىڭ زەھىرىنى قايتۇرىدۇ.

ئۇجمىنىڭ، بولۇپمۇ چۇچۇمەل (شاتۇت) ئۇجمىنىڭ ئۇستىدىن چۇچۇمەل يېمەكلىك ئىستېمال قىلماسلىق لازىم.

## تۇتىيا

ئۇ پارسچە «دۇدىيا» دېگەن سۆزدىن ئەرەبچىلەشتۈرۈلگەندۇر. يۇنانچە «سەمقۇلىس» دېيىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** «تۆھپەتۇل مۇئمىن» دېگەن كىتابنىڭ ئاپتورى ۋە باشقىلار ئۇنى كاندىن

چىقىدۇ ھەم سۈنئىي تەييارلىنىدۇ دېگەن. ئۇنىڭ كاندىن چىقىدىغىنى ئۈچ خىل بولىدۇ. بىرىنچى خىلى ئاق رەڭلىك بولۇپ، تۆگىقۇشى تۇخۇمىنىڭ شاكىلىغا ئوخشايدۇ، ئۈستىدە تۇزغا ئوخشاش نەرسە بولىدۇ. ئۇ تۇرلەر ئىچىدە ئەڭ ياخشىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئىككىنچى خىلى سېرىق رەڭلىك بولىدۇ. ئۈچىنچى خىلى كۆك، پارقىراق بولۇپ، ھەممىسىدىن قوپالدۇر، «تۇتىيائى ھىندى» (ھىندىستان تۇتىياسى) دېگەن نام بىلەن مەشھۇردۇر. ئۇنىڭ «تۇتىيائى دىكىيك» دەپ ئاتىلىدىغىنى ناھايىتى ئۆتكۈر بولىدۇ. خۇددى «تۆھپەتۇل مۇئمىن» ناملىق كىتاب ۋە باشقا تەزكىرىلەردە يېزىلغىنىدەك، ئۇنىڭ يەنە باشقا تۇرلىرى باردۇر. ئەمىنۇد دەۋلىنىڭ يېزىشىچە ئۇنىڭ «تۇتىيائى بەھرىي» (دېڭىز تۇتىياسى) دەپ ئاتىلىدىغان تۇرى بار ئىكەن. ئۇ شېغىل تاشقا ئوخشايدىغان يۇمىلاق، ئاق تاشلاردىن ئىبارەت ئىكەن.

ئەمما ئايان بولۇشىچە، ئۇنىڭ ئاق رەڭلىك بولغان بىرىنچى خىلى بىلەن سېرىق رەڭلىك بولغان ئىككىنچى خىلى قەلەي قويۇنى، قوغۇشۇن ۋە ھىندىچە «جۇست» دەپ ئاتىلىدىغان رويى تۇتىيا(بىر خىل دورا)دىن سۈنئىي ئۇسۇلدا تەييارلىنىدۇ.

ئۇنىڭ كۆك رەڭلىكى بولغان ئۈچىنچى خىلى مىستىن تەييارلىنىدۇ.

ئاپتورنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ پەقەت سۈنئىي ئۇسۇلدا تەييارلىنىدىكەن. كېرمان تۇتىياسى ھىندىچە «كەپرىيە»، پارسچە «سەنگى بەسەرى» (بەسرە تېشى) دەپ ئاتىلىدىغان بولۇپ، ھەر خىل نەيچە شەكلىدە ۋە ساپال پارچىلىرى شەكلىدە بولىدۇ. ئۇ كېرماننىڭ قوغۇشۇن كانىدا قوغۇشۇننى ئېرىتكەندە ھاسىل بولىدۇ. ئۇسۇلى شۇكى، ئىككى قەۋەت قىلىپ ئوچاق تەييارلىنىدۇ، ئاستىغا ئوت قالىنىدىغان يەر تەييار قىلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن ئىراقتا «خاكى رەست» دەپ ئاتىلىدىغان چاپلاشقاق سېغىزدىن غېرىچ ئۇزۇنلۇقىدا، ئىككى ئۇچى ئۇچلۇق بولغان قەلەمچىلەر ياساپ قۇرۇتۇپ، تۇز سۈيىگە چىلىغاندىن كېيىن يەنە قۇرۇتۇپ ئوچاقنىڭ قەۋىتىگە ئوك ـ سول ھەم قايچىلاشما ھالەتلەردە قائىدە بويىچە تىزىلىدۇ. قوغۇشۇننى ئېرىتكەندە چىققان ئىسى ئۇنىڭغا چاپلىشىپ قاتىدۇ. ئۇزۇن ۋاقىت تۇرغۇزۇپ قەلەمچىلەرگە يېتەرلىك مىقداردا قوغۇشۇن قۇيۇنى توپلاشقاندا مەزكۇر قەلەمچىلەرنى ئوچاقتىن چىقىرىپ سۇندۇرۇپ چاپلاشقان قوغۇشۇن قۇيۇنى ۋە ئىسى بەزىلىرى نەيچە شەكلىدە، يەنە بەزىلىرى ساپال پارچىلىرى شەكلىدە يىغىۋېلىنىدۇ. ئارقىدىن يەنە مەزكۇر سېغىز بىلەن قەلەمچىلەر ياساپ يەنە قوغۇشۇن ئېرىتىدىغان ئوچاققا يۇقىرىقى ئۇسۇل بويىچە تىزىپ قوغۇشۇن قۇيۇنى چاپلىشىپ توپلاشقاندا يىغىۋېلىنىدۇ، تاكى يېتەرلىك مىقداردا بولغۇچە داۋاملاشتۇرۇلىدۇ. ئاڭلاشلارغا قارىغاندا ئۇنى قولغا كەلتۈرۈشنىڭ يەنە بىر ئۇسۇلى شۇكى، قوغۇشۇن ئېرىتىش ئۈچۈن تونۇرغا ئوخشاش ئېغىزى تار، ئېگىز، ئاستىدا ئوت قالىغىلى بولىدىغان يېرى تەييارلانغان، ئىچى تەرىپىدە ئاستىدىن ئۈستىگىچە مەزكۇر

قەلەمچىلەرنى سانجىغىلى بولىدىغان مەخسۇس تۆشۈكلەر قويۇلغان تونۇر ئىچىگە يۇقىرىقى ئۇسۇلدا تەييارلانغان قەلەمچىلەرنى مەزكۇر تۆشۈكلەرگە سانجىپ قوغۇشۇننى ئېرىتىش ئۈچۈن ئاستىغا ئوت قالىنىدۇ. ۋاقتىنىڭ ئۆتۈشى بىلەن مەزكۇر قەلەمچىلەرگە قوغۇشۇن قوْيۇنى يېپىشىدۇ. يېتەرلىك مىقداردا يېپىشقاندا تونۇردىن چىقىرىپ قەلەمچىلەرنى سۇندۇرۇپ قوغۇشۇن قوْيۇنى يىغىۋېلىنىدۇ. ئىككىنچى قېتىم يەنە يۇقىرىقى ئۇسۇل بويىچە قەلەمچىلەر ۋە زىخلار تونۇرغا ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ، قوغۇشۇن قوْيۇنى تاكى يېتەرلىك مىقداردا يىغىلغۇچە داۋاملاشتۇرۇلىدۇ.

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، قەلەي ۋە رويى تۇتىيانى يۇقىرىقى ئۇسۇل بويىچە كۆيدۈرۈش ئارقىلىقمۇ تۇتىياغا ئېرىشكىلى بولىدىكەن.

ئۇنىڭ ياخشىسى مەزكۇر پارچىلار ۋە نەيچىلەرنىڭ قاتتىق بولغان، توپا ۋە باشقا نەرسىلەر ئارىلاشمىغانلىرى بولۇپ، يۇمشاق سالايە قىلىپ يۇيۇپ ئىشلىتىلىدۇ. چۈنكى، ئۇنى يۇماي ئىشلىتىشكە بولمايدۇ.

«تۇتىيائى ھىندى» دەپ ئاتالغان يېشىل تۇتىيا مىس بىلەن ئاق زاكىنى كۆيدۈرۈش ئارقىلىق ھاسىل قىلىنىدۇ. بۇ، كۆز كېسەللىكلىرى ئۈچۈن ئاز ئىشلىتىلىدۇ. كۆز كېسەللىكلىرىگە كۆپ ھاللاردا ئۇنىڭ يۇقىرىدا بايان قىلىنغان كېرماندىن چىققىنى ئىشلىتىلىدۇ. ئۇنىڭ «بەسرى» دەپ ئاتىلىشى بەسرە شەھىرىدە ھاسىل قىلىنغانلىقى ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى كېرمان شەھىرىدىن بەسرە شەھىرىگە، ئۇ يەردىن ھىندىستاننىڭ باشقا شەھەرلىرىگە ئېلىپ بېرىلغانلىقى ئۈچۈندۇر.

**تەبىئىتى:** جالىنۇس بىرىنچى دەرىجىدە سوغۇق، ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق دەپ بىلگەن. ھۇنەين ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق دېگەن. ئۇنىڭ يۇيۇلغىنى سوغۇق، قۇرۇتقۇچىدۇر، ئەزالارنى غىدىقلىمايدۇ، چاقمايدۇ، چاپلاشتۇرغۇچى قۇۋۋىتى بار. ھىندىستاندىن چىقىدىغان كۆكى ئۆتكۈر ئىسسىق، ئۆتىنچى دەرىجىدە قۇرۇق، توقۇلمىلارنى يېگۈچى، ئىنتايىن قۇرۇتقۇچىدۇر.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ئۇنىڭ كېرماندىن چىقىدىغىنى كۆز كېسەللىكلىرى دورىلىرىنىڭ ئەڭ مۇھىمى بولۇپ، كۆزگە سۈركىسە كۆزنىڭ كۆرگۈچى روھىنى قۇۋۋەتلىگۈچى، كۆزنىڭ ساقلىقىنى ساقلىغۇچى، ماددىلارنىڭ كۆز تەرەپكە كېلىشىنى توسقۇچىدۇر. سەپسە ۋە سۈركىسە كۆز، بۇرۇن، زەكەر، دوۋسۇن، مەقئەت يارىلىرى، يارىلاشقان راك قاتارلىقلارغا پايدا قىلىدۇ. يارىلار ۋە جاراھەتلەرنىڭ ئېغىزىنى پۈتتۈرىدۇ. يەل يارىغا داۋا بولىدۇ. قولتۇقنىڭ سېسىق پۇرىقىنى يوقىتىدۇ. گۈل يېغى بىلەن سۈركىسە پەي - نېرۋىلارنىڭ زەخىملىرىنى ساقايتىدۇ. ھۆللۈكلەرنى قۇرۇتىدۇ. قان توختىتىدۇ. قان تۈكۈرۈشكە شىپا بولىدۇ. بوشىغان ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەيدۇ. ئىستېمال قىلسا ۋە سۈركىسە

سىرتقى يارىلارنى ساقايتىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن شىياق تەييارلاپ ئىشلەتسە سۈيدۈك ئېچىشىپ كېلىش ۋە سۈيدۈك يولى يارىلىرىغا پايدا قىلىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن ھەمەلچە قىلسا بالىياتقۇدىن ئاقىدىغان سۇيۇقلۇقلارنى توختىتىدۇ.

**زىيانلىق تەسرى:** توسالغۇ پەيدا قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** ھەسەل.

**ئىستېمال مىقدارى:** 2.5 گىرامغىچە.

**ئورۇنباسارى:** باراۋەر مىقداردا شادىنەج، يېرىم ھەسسە يۇيۇلغان مىس كۆيۈندىسى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا مەرقەشىشا بىلەن ئىقلىمىيا ئورۇنباسار بولىدىكەن.

ئۇنى قورۇشنىڭ ئۇسۇلى شۇكى، ئۇ سۇ بىلەن سالايە قىلىنىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن قۇرس ياساپ ساپال قاچىغا ئېلىپ سۇس ئوت ئۈستىدە قۇرۇغىچە قويۇپ قورۇپ ئىشلىتىلىدۇ.

«تۇتىيائى ھىندى» (ھىندىستان تۇتىياسى) دەپ ئاتالغان كۆك تۇتىيا زەھەرلىك بولۇپ، ئىچىنى قاتتىق سۈرۈپ ھالاك قىلىدۇ. ئۇنى ئىچىدىن ئىستېمال قىلىشقا بولمايدۇ. ئۇنى كۆيدۈرۈلگەن ۋە كۆيدۈرۈلمىگەن ھالدا كۆز كېسەللىكلىرىنىڭ بەزى سۈرمىلىرى، سەپمىلەر، بەزى يارا - جاراھەتلەرنىڭ مەلھەملىرى ۋە زىماتلىرىغا قوشۇپ ئىشلىتىلىدۇ. ھىندىستان خەلقى زەھەر يەپ سالغان ئادەم ئۇنىڭدىن مەلۇم مىقداردا ئىستېمال قىلسا قاتتىق قۇستۇرۇپ زەھەرنىڭ يامانلىقىدىن قۇتۇلدۇرىدۇ دەيدۇ. ئۇنىڭ كۆيدۈرۈلگىنىنى ھىندىستاندا ئۆسىدىغان، «ب» ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلار بابىدا بايان قىلىنىدىغان «بەنگىرە» دەپ ئاتىلىدىغان ئۆسۈملۈكنىڭ سۈيى بىلەن مەلھەم قىلىپ سۈركىسە ھۆل تەمرەتكە، كالا تەمرەتكىسىنىڭ ھۆللۈكىنى قۇرۇتىدۇ، جوزام ۋە ئۇنىڭ يارىلىرىغا ئوخشاش يامان ئىششىقلارنى تارقىتىدۇ. تېمىتسا ئاقما ۋە ئۇنىڭ باشقىلىرىغا شىپا بولىدۇ.

ئۇنىڭدىن مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ 10 گىرام سۈرمە قوشۇپ مۇۋاپىق مىقداردىكى سۇ بىلەن بىرلىكتە يۇمشاق سالايە قىلىپ، سۈيدۈك يولى نەيچىسىگە تولدۇرۇپ سۈيدۈك يولىغا قائىدە بويىچە ماڭدۇرسا ھىندىچە «سوزاك» (سۆزنەك) دەپ ئاتىلىدىغان سۈيدۈك يولى يارىلىرىغا پايدا قىلىدۇ. مەزكۇر سۇيۇقلۇق بەش - ئالتە كۈنگىچە بۇزۇلمايدىغان بولۇپ ساقلاپ ئىشلىتىشكە بولىدۇ. شۇنداقلا تۇتىيادىن ئۈچ گىرام مىقداردا ئېلىپ ئۇنىڭغا ئالتە گىرام مەدەستان كۈشتىسى قوشۇپ بىرلىكتە يۇمشاق سالايە قىلىپ، مۇۋاپىق مىقداردا قېتىق سۈيى ئارىلاشتۇرۇپ چىگە رەختتىن ئۆتكۈزۈپ سۈيدۈك نەيچىسى ئارقىلىق سۈيدۈك يولىغا ماڭدۇرسىمۇ مەزكۇر سۆزنەك كېسەللىكىگە داۋا بولىدۇ.

تۇتىيائى كېرمانىنى يۇيۇش ۋە غورا سۈيى بىلەن مۇدەببەر قىلىش ئۇسۇلى، ئۇنىڭ شىيافلىرى ۋە تۇتىيا ھىندىنىڭ ھەبلىرى، مەلھەملىرى قارابادىندا بايان قىلىندى.

تۇتىيائى ھىندىنى كۆيدۈرۈش ئۇسۇلى تۇتىيائى كېرماننى كۆيدۈرۈش ئۇسۇلى بىلەن ئوخشاش بولۇپ، ئۇششاق پارچىلاپ ساپال قاچىغا سېلىپ ئوت ئۈستىدە قويۇپ كۆيگىچە قورۇلىدۇ ياكى تۇتىيانى چوغ ئۈستىدە قايىنىغۇچە قويۇپ، زاكقا ئوخشاش قايناشتىن توختىغاندىن كېيىن ئوتتىن ئېلىپ سالايە قىلىپ ئىشلىتىلىدۇ.

كىشى كۆك تۇتىيانى يەپ كۆڭۈل ئايىنىش، قۇسۇش، ئىچكى ئەزالىرى كۆيۈشۈش، ئاشقازان - ئۈچەيلىرى ئاغرىش، سۈيدۈكى ۋە چوڭ تەرىتى ئېچىشىپ كېلىش، ئەزالىرى تارتىشىش ۋە باشقا ئالامەتلەر كۆرۈلگەن بولسا ئىلاج قىلىش ئۈچۈن قۇستۇرۇلىدۇ، مايلىق شورپا، يېڭى سۈت تەكرار ئىچۈرۈلىدۇ، ئارقىدىن لوئابلار، بادام يېغى ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ. مايلىق گۆش شورپىسى بىلەن ئۇزۇقلاندۇرۇلىدۇ.

## تۇدەرى
(تۇدەرى)

بۇ پارسچە ئىسىمدۇر. يۇنانچە «ئەردىمەن»، ئەرەبچە «بەزرۇل خەمخەم»، «بەزرۇل ھۇۋۋە»، «قەسىيسە»، ئىسپىھانچە «قەدۇمە»، كېرمانچە «ماردەرەخت»، تىبرىزچە «دەرىنە» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** ئۇ بىر خىل ئۆسۈملۈكنىڭ ئۇرۇقىدىن ئىبارەت. ئۇنىڭ يوپۇرمىقى ئۇزۇن، ساپاقسىز بولىدۇ. شاخلىرى قىزىل، قاتتىق، ئازراق تىكەنلىك بولىدۇ. مېۋىسى ئىنچىكە، چۇرۇك غىلاپ ئىچىدە بولىدۇ. ئۇرۇقى ئەدەستىن كىچىكرەك، سەل ياپىلاق بولۇپ، قىزىل، سېرىق ۋە ئاقتىن ئىبارەت ئۈچ خىل بولىدۇ. قىزىلى ئىسپىھاندا «قەدۇمەئى گۇلگۇن» دەپ ئاتىلىدۇ. ئېقى قىزىلى ۋە سېرىقىدىن سەل چوڭراق ۋە ياپىلاقراق بولىدۇ. ئۇ خۇببە دېگەن ئۇرۇق ئەمەستۇر. خۇببە ئىسپىھانچە «خاكشى» دەپ ئاتىلىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە ئىسسىق، بىرىنچى دەرىجىدە ھۆل، بەزىلەر قۇرۇق دەيدۇ.

**تەسىرى ۋە خۇسۇسىيىتى:** ئۈچىلا خىلىنىڭ تەسىرلىرى ۋە خۇسۇسىيەتلىرى بىر - بىرىگە ئوخشىشىپ قالىدۇ. ھەممىسى ئىشتىھانى ئاچقۇچى، باھنى قۇۋۋەتلىگۈچى، باھنى قوزغاتقۇچى، بەدەننى سەمرىتكۈچى بولۇپ، ئىچكى ئەزالارنىڭ سوغۇقلۇقى، رەڭگىروينى قىزارتىش، تېرىنى ساپلاشتۇرۇش، سەۋدالىق ماددىلارنى يوقىتىش، ئاۋازنى ساپلاشتۇرۇش، قاندىن ۋە قۇرۇقلۇقتىن بولغان يۆتەل قاتارلىقلار ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. سىركە بىلەن قايناتىپ ئىشلىتىلسە ئەزالارنى سەمرىتىدۇ، رەڭگىروينى ياخشىلايدۇ. سوقۇپ سۇ بىلەن زىمات قىلسا ئىچكى ئەزالاردىكى راكلارنى يوقىتىدۇ، قاتتىق ئىششىقلارنى تارقىتىدۇ. ھەسەل بىلەن كۆزگە سۈركىسە كۆز زەخىمىسىنى ساقايتىدۇ، چاپاقنى تازىلايدۇ. ھەسەل بىلەن يالىسا كۆكرەك ۋە ئۆپكىدىكى شىلىمشىق خىلتلارنى پارچىلايدۇ. قايناتمىسىنى شاراب بىلەن

ئىچسە زەھەرلەرنى قايتۇرىدۇ. ئىپىتىشلارغا قارىغاندا، ئۇنىڭ ئىچكى ئەزالارنى كۆيۈشتۈرىدىغان قۇۋۋىتى بار بولغاچقا ئۇنى ئىستېمال قىلماقچى بولغاندا دەسلەپتە سۇ بىلەن قاينىتىپ، ئارقىدىن كىچىك خالتىغا قاچىلاپ خېمىر ئارىسىغا ئېلىپ قورۇپ ئىستېمال قىلىدىكەن، شۇنداق بولغاندا كۆكرەكتىكى شىلىمشىق، قويۇق خىلتلارنى تازىلايدىكەن، سونجاق، ئەمچەك ۋە ئۇرۇقدانىدىكى قاتتىق ئىششىقلارنى تارقىتىدىكەن، ئۆلتۈرگۈچى زەھەرلەرنى يوقىتىدىكەن.

**ئىستېمال مىقدارى:** زەھەر قايتۇرۇش ئۈچۈن 10~15 گىرامغىچە، باشقا تەسىرلىرى ئۈچۈن ئىشلىتىلسە 6~10 گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

**ئورۇنباسارى:** قىزىل بەھمەن.

ئۇنىڭ ئۆسۈملۈكى قابىز بولۇپ، ماددىلارنى كۈچلۈك قايتۇرىدۇ.

ئىككى خىل تۇدەرىنىڭ داۋالىرى قارابادىندا بايان قىلىندى.

## تۇرەئى

(تۇرەئى مېۋىسى)

ئۇ ھىندىستاندا بولىدىغان تەرخەمەككە ئوخشاش پىلەكلىك ئۆسۈملۈكنىڭ مېۋىسىدىن ئىبارەت. مېۋىسىنىڭ پوستىنى ئاقلاپ پىشۇرۇپ دۈپىياز (بىر خىل يېمەكلىك)، قورۇمىغا ئوخشاش غىزالارغا قوشۇپ ياغ ۋە پىياز بىلەن گۆشسىز قورۇپ نان بىلەن ئىستېمال قىلىنىدۇ. ئۈچ خىل بولىدۇ. بىرىنچى خىلى «كەھرا» دەپ ئاتىلىدۇ. ئىككىنچى خىلى «گەھيا» دەپ ئاتىلىدۇ. ئۈچىنچى خىلى سورتلۇق، چوڭ بولىدۇ. بىرىنچى خىلى چۆللەردە ئۆسىدىغان بولۇپ، تىكەنلىك، بەزىلىرى ئاچچىق، بەزىلىرى تاتلىق بولىدۇ. ئىككىنچى خىلى يەرلىكى بولۇپ، تىكەنسىز، كۆپ ھاللاردا تاتلىق بولىدۇ. مەزكۇر ئىككى خىلى ئىشلىتىلىدۇ.

**تەبىئىتى:** ھۆل ئىسسىق، تاتلىقى ھۆل سوغۇق، ئازراق شىلىمشىق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ھىندىستان خەلقى بىرىنچىسىنىڭ يوپۇرمىقى ۋە شېخىنى خام بەلغەم ماددىسىنى پىشۇرۇپ يوقىتىدۇ، ئەزالارنىڭ ئىششىقىنى تارقىتىدۇ، بەدەننىڭ سېرىقلىقىنى يوقىتىدۇ، ئىستىسقا، تال ئىششىقى، جوزام، بوۋاسىرغا شىپا بولىدۇ، بەلغەم ۋە سەپرانىڭ بۇزۇلۇشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ، مېۋىسى قۇرۇق سوغۇق بولۇپ، چوڭ تەرەتنى بوشىتىدۇ، ئۈچ خىل خىلتنىڭ بۇزۇلۇشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ، سۈيدۈك يولى يارىلىرى، قان سىيىشكە پايدا قىلىدۇ دەپ بىلىدۇ.

ئۇنىڭ ئىككىنچى خىلىنىڭ مېۋىسى بەزگەككە پايدا قىلىدۇ، بەدەندە شىلىمشىق بەلغەم پەيدا قىلىدۇ. ئۈچىنچى خىلى چوڭ تەرەتنى بوشىتىدۇ، سەپرانىڭ بۇزۇلۇشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ.

# پەسل: «ت» (تائ) ۋە «ھ» (ھائ) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى

## تەھكار
(تەھكار ئوتى)

ئۇ ھىندىستاندا بولىدىغان بىر خىل دورىنىڭ ئىسمىدۇر. ئۇ بېنگالدىن كۆپ چىقىدۇ.

**ماھىيىتى:** ئۇ بىر خىل ئۆسۈملۈكتىن ئىبارەت بولۇپ ئادەم بويى ئېگىزلىكىدە ۋە ئۇنىڭدىن ئېگىزرەك ئۆسىدۇ. شاخلىرى يېيىلىپ ئۆسىدىغان بولۇپ، ئۇچلىرىدا بوغۇملار بولىدۇ، ھەربىر بوغۇمدىن بىر ـ ئىككى ئىنچىكە شاخ ئۆسۈپ چىقىدۇ، ئۇنىڭدا كىچىك، كەڭ، چىشسىز، ياپىۇز يوپۇرمىقىدىن كەڭرەك ۋە چوڭراق بولغان يوپۇرماقلار بولىدۇ. ئۇنىڭ تەمى ئاچچىق، سەل قىرتاق بولىدۇ. گۈلى كىچىك، ئاق بولۇپ، ساپىقى ئىنچىكە، ئۇزۇن بولىدۇ. قۇرۇغاندىن كېيىن ئىنچىكە ساپىقى ئاشكارىلىنىدۇ. ئۇششاق گۈل بەرگىلىرى سارغىيىدۇ. گۈلى ئوتتۇرىسىدا ئىنچىكە، ئاق يىپچىلار بولىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىنىڭ ئاخىرىغىچە قۇرۇق ئىسسىق، ئىسسىقلىقى قۇرۇقلۇقىدىن ئارتۇقراق بولىدۇ.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** يوپۇرمىقىدىن 6~10 گىرامغىچە ئېلىپ، ھىندىچە «ئەدرەك» دەپ ئاتىلىدىغان ئاز مىقداردىكى ھۆل زەنجىۋىل بىلەن سالايە قىلىپ ھەب ياساپ ئىستېمال قىلسا، ئارقىدىن تەرلەپ قۇرۇغىچە ئولتۇرسا بەلغەمدىن بولغان تەپكە پايدا قىلىدۇ، ئەزالارنىڭ، بولۇپمۇ پۇت ـ قوللارنىڭ ئاغرىقلىرىنى پەسەيتىدۇ. ئۇنى قاچىغا سېلىپ ئېغىزىنى ئېتىپ، قاينىتىپ بۇسى بىلەن ھوردىنىلسا ئەزالارنىڭ ئاغرىقلىرىنى پەسەيتىدۇ، ئەزالارنى چىڭىتىدۇ.

# پەسل: «ت» (تائ) ۋە «ي» (يائ) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى

## تىين
(ئەنجۈر)

ئۇ پارسچە «ئەنجىير» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** ئۇ بىر خىل مېۋە بولۇپ، ياۋىسى، يەرلىكى ۋە تاغدا ئۆسىدىغىنى بار. ھەر بىرىنىڭ ئەركىكى، چىشىسى، ئېقى ۋە قارىسى بولىدۇ. ئۇنىڭ ياۋىسى «جەممىيز»، ھىندىچە «گولەر» دېيىلىدىغان مېۋە ئەمەس، ئۇ ئاللا خالىسا «ج» ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلاردىكى «جەممىيز» ماۋزۇسىدا بايان قىلىنىدۇ.

ئەنجۈر دەرىخىنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىكى ئوتتۇرا ھال، يوپۇرمىقى كەڭ، شاخلىرى سۈتلۈك بولىدۇ. يوپۇرمىقى ئۈزۈلسىمۇ تۈۋىدىن سۈت چىقىدۇ. ئۇنىڭ دەرىخى باشقا دەرەخلەرنىڭ ئەكسىچە چېچەكلىمەي مېۋە بېرىدۇ. مېۋىسى شاخلىرىدىن تۇغۇپ چىقىدۇ. يەرلىكىنىڭ يوپۇرمىقى ياۋىسىنىڭ يوپۇرمىقىدىن كەڭرەك بولىدۇ. تاغدا ئۆسىدىغىنىنىڭ شاخلىرى تاش ئۈستىلىرىگە يېيىلىپ ئۆسىدۇ. مېۋىسىنىڭ ئىچى كاۋاك بولۇپ، يەرلىكىنىڭ مېۋىسىدىن كىچىكرەك بولىدۇ. شام ئەنجۈرى قارا، ناھايىتى چوڭ بولىدۇ. ئەنجۈرنىڭ مەيلى ئېقى ياكى قارىسى بولسۇن تاتلىق، شىرىلىك بولغانلىرى ياخشىلىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئېقى يېيىشكە، قارىسى دورىلىققا ياخشىراق ۋە مۇناسىپراقتۇر. يوپۇرمىقىدىن بۇرۇن ياكى يوپۇرمىقى بىلەن تەڭ تۇغۇپ چىققان ئەنجۈرنى يېمەسلىك لازىم، ئۇنىڭدىن ئۆزىنى تارتقان ياخشىراقتۇر. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئەنجۈر شېخى تۈز سۈيىگە بىر سائەت چىلانغاندىن كېيىن يەرگە تىكىلسە ئەنجۈرى تاتلىق بولىدىكەن.

**تەبىئىتى:** بىرىنچى دەرىجىدە ئىسسىق، ئىككىنچى دەرىجىدە ھۆل، بەزىلەر ئىككىنچى دەرىجىدە ئىسسىقمۇ دېگەن. ياۋىسى يەرلىكىدىن ئىسسىقراق، ھۆللۈكى كەمرەكتۇر.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ئۇنىڭ ھۆلى ئۇچۇچانلاشتۇرغۇچى، تارقاتقۇچى، كۈچلۈك جۇلا بەرگۈچى، تۇتقاق كېسەل ۋە پالەچكە شىپا بولغۇچىدۇر. باشقا مېۋىلەرگە قارىغاندا ئوزۇقلۇقى مولراق بولۇپ ئاسان ھەزىم بولىدۇ. ھارارەت ۋە ئۇسسۇزلۇقنى پەسەيتىدۇ. تەرلىتىدۇ، چوڭ تەرەتنى بوشىتىدۇ. يەڭگىل سۈرىدۇ. غىزەپلىنىش قۇۋۋىتىنى باسىدۇ. يۈرەكنى سەگىتىدۇ. بەدەننى سەمرىتىدۇ. بولۇپمۇ 40 كۈنگىچە ئەتىگەندە رومبەدىيان بىلەن بىرلىكتە ئىستېمال قىلسا بەدەننى تېخىمۇ سەمرىتىدۇ. خەفەقان، كاناي ئىششىقى، يۆتەل، كۆكرەك ئاغرىقى، كاناي يىرىكلىكى، جىگەر ئاجىزلىقىغا پايدا قىلىدۇ. توسالغۇلارنى ئاچىدۇ. تال ئىششىقىنى تارقىتىدۇ. بوۋاسىرغا پايدا قىلىدۇ. بۆرەكنى سەمرىتىدۇ. سۈيدۈكنى راۋانلاشتۇرىدۇ. سۈيدۈك تامچىلاپ كېلىشكە پايدا قىلىدۇ. ئىششىقلارنى ۋە چىيقانلارنى پىشۇرىدۇ. بادام ۋە پىستە بىلەن ئىستېمال قىلسا ئوزۇق، بەدىنى ئاجىزلارنى ئوزۇقلاندۇرىدۇ. ئەقىلنى ۋە مېڭىنى تەرەققىي قىلدۇرىدۇ. ياڭاق بىلەن ئىستېمال قىلسا تۇرلۇك ئۆلتۈرگۈچى زەھەرلەرنى قايتۇرىدۇ. سۇزاپ بىلەن ئىستېمال قىلسا تەرياقنىڭ تەسىرىنى كۆرسىتىدۇ. زاراڭزا ئۇرۇقى ۋە بىر گىرام بۆرە ئەرمىنى بىلەن ئىستېمال قىلسا قويۇق خىلتلارنى سۈرىدۇ. ناشتىدا ئىستېمال قىلسا ھەزىم يوللىرىنى تازىلايدۇ. بەدەننى

سەمرىتىدۇ. غىزادىن بۇرۇن ئىستېمال قىلسا تەرەتنى بوشىتىدۇ. مۇرى بىلەن ئىستېمال قىلسا ئاشقازاندىكى بەلغەم خىلىتىنى تازىلايدۇ. ئۇنى تەبىئەت ياقتۇرمىسا ئۇستىدىن سىركەنجۇبىل ئىستېمال قىلىنىدۇ.

ئەنجۇر قېقى ئىككىنچى دەرىجىدە ئىسسىق، بىرىنچى دەرىجىدە ھۆل بولۇپ، ئۈچۈچانلاشتۇرغۇچىدۇر. ھەممە تەسىرلىرى ھۆلىدىن ئاجىزراق، ئۇسساتقۇچىدۇر. تەستە ھەزىم بولىدۇ. چوڭ تەرەتنى بوشىتىدۇ، ئوفۇنەتلىك ماددىلارنى تېرە تەرەپكە ئىتتىرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن كۆپ ئىستېمال قىلىنسا پىت پەيدا قىلىدۇ. پالەچ، ھۆللۈكتىن بولغان كېسەللىكلەرگە پايدا قىلىدۇ. سوغۇق مىزاجلىقلارنىڭ ئىستېمال قىلىشىغا مۇۋاپىق كېلىدۇ. بەل ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ. سۈيدۈك تامچىلاشقا شىپا بولىدۇ. بۆرەكنى ئىللىتىپ باھنى قوزغىتىدۇ.

باش كېسەللىكلىرى: ئۇنىڭ ھۆلى ياكى قېقى ئىستېمال قىلىنسا تۇتقاق كېسەلگە پايدا قىلىدۇ، مېڭىنى قۇۋۋەتلەيدۇ. قېقىنىڭ تالقىنى سېپىلسە كىندىك يارىلىرىنى قۇرۇتىدۇ.

قۇلاق كېسەللىكلىرى: قايناتمىسىنى قىچا كۆپۈكى بىلەن تېمىتسا قۇلاقنىڭ غوڭۇلدىشىنى توختىتىدۇ، قۇلاقنىڭ قىچىشىشىنى پەسەيتىدۇ.

كۆز كېسەللىكلىرى: ئۇنىڭ سۈتىنى ھەسەل بىلەن كۆزگە سۈركىسە، تېمىتسا كۆزنىڭ ھۆللۈكتىن تورلىشىشى، دەسلەپكى مەزگىلدىكى كۆزگە سۇ چۈشۈش، كۆز پەردىلىرىنىڭ قېلىنلىشىغا پايدا قىلىدۇ. يوپۇرمىقىنىڭ سۈيىنى تېمىتسا قاپاق قوتۇرى ۋە قاپاقنىڭ يىرىكلىشىشىگە پايدا قىلىدۇ.

ئېغىز ۋە كۆكرەك كېسەللىكلىرى: ئۇنىڭ قايناتمىسىنىڭ سۈيى بىلەن غار- غار قىلىنسا تىل مۇسكۇللىرى ئىششىقى ۋە كاناي ئىششىقىغا پايدا قىلىدۇ. ئۇنى شۇمشا ۋە ھەسەل بىلەن بىرلىكتە لوئوقتەك بولغۇچە قاينىتىپ سۈيىنى ئىستېمال قىلسا كۆكرەك ۋە ئۆپكىنى تازىلايدۇ. قۇرۇق زۇپا بىلەن قاينىتىپ ئىستېمال قىلسا كۆكرەكنىڭ كېرەكسىز ماددىلىرىنى تازىلايدۇ. كونا يۆتەلنى پەسەيتىدۇ. ئۆپكىنىڭ سوزۇلما كېسەللىكلىرىگە شىپا بولىدۇ.

ھەزىم ئەزالىرى كېسەللىكلىرى: سۇزاپ ۋە رۇمبەدىيان بىلەن ئىستېمال قىلسا يەللەرنى تارقىتىدۇ، توسالغۇلارنى ئاچىدۇ. تال ئىششىقىنى تارقىتىدۇ. ياڭاق مېغىزى بىلەن ئىستېمال قىلسا قۇلۇنجى كېسەللىكى بىلەن ئاغرىش ۋە ئادەتلەنگەن قەۋزىيەتكە شىپا بولىدۇ. زاراڭزا ئۇرۇقى ۋە بىر گىرام توغرىغۇ بىلەن ئىستېمال قىلسا ئىچىنى سۈرىدۇ. ئۇنىڭ شەربىتىمۇ شۇ تەسىرنى بېرىدۇ. ئۇنىڭ قايناتمىسىنى كىلىزما قىلسا قورساق ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ. ئەنجۇرنى ئۆتكۈر ئۇزۇم سىركىسىگە توققۇز كۈن چىلاپ قويۇپ كۈنگە بەش تالدىن ئېلىپ ئۈچىلانغان مۇۋاپىق مىقداردىكى سىركە بىلەن ئىستېمال قىلسا

ۋە ئۆشەق، سىركەنجىۋىل ۋە كەپە يىلتىزى پوستى بىلەن سوقۇپ زىمات قىلىسا تال ئىششىقلىرىنى تارقىتىدۇ، سىناقتىن ئۆتكەن. تولۇق ئەنجۈرنىڭمۇ شۇ تەسىرى بار. ئەنجۈرنى باراۋەر مىقداردىكى ياڭاق مېغىزى بىلەن بىرلىكتە سوقۇپ كۈنىگە 100 گىرامدىن ئىستېمال قىلىسا باھنى قوزغىتىدۇ، ئىچىنى سۈرىدۇ، چايان ۋە باشقىلارنىڭ زەھىرىنى قايتۇرىدۇ، سىناقتىن ئۆتكەن دەپ قارىلىدۇ. ئۇنىڭ شەربىتى كونا يۆتەلنى پەسەيتىدۇ، تۇسالغۇلارنى ئاچىدۇ، بۆرەك، دوۋساقنى تازىلايدۇ.

ياۋا ئەنجۈرنىڭ ھەممە تەسىرى كۈچلۈكرەك بولىدۇ. پىشۇرۇلغىنىنى سوقۇپ يالغۇز ياكى بۇغداي ئۇنى ياكى ئارپا ئۇنى ياكى ئىرسا، نىترۇن ياكى بۆرە ئەرمىنى بىلەن بىرلىكتە زىمات قىلىسا قۇلاق ئاستى بېزى ئىششىقى، بارلىق قاتتىق ئىششىقلارنى تارقىتىدۇ. چاشقان يارىسىغا پايدا قىلىدۇ، سۆگەل چۈشۈرىدۇ. پەيلەرنىڭ تۆگۈنچەكلىشىشىگە شىپا بولىدۇ. تېرىدىكى خال ۋە بەھەقنى يوقىتىدۇ. بوغۇم ئاغرىقلىرى ۋە نۆقرەسكە پايدا قىلىدۇ. بۇغداي خېمىرى ياكى خېمىر تۇرۇچ بىلەن چاپسا چىيقانلارنى پىشۇرىدۇ. زاك بىلەن زىمات قىلىسا پاچاقتىكى يامرىغۇچى يارىلارغا، بۆرە ئەرمىنى بىلەن چاپسا بەھەق ۋە ئۇنىڭ ئوخشاشلىرىغا، ئانار پوستى بىلەن زىمات قىلىسا سەينەككە پايدا قىلىدۇ. ئەپسەنتىن، ئارپا ئۇنى قوشۇلغان شاراب بىلەن قاينىتىپ ئىستېمال قىلىسا ئاشقازان يوغىناش كېسەللىكى ۋە ئاشقازان ئىششىقىغا پايدا قىلىدۇ، ئاشقازاندىكى يەللەرنى تارقىتىدۇ. ئارپا ئۇنى بىلەن قاينىتىپ ئاغرىقلارنى پەسەيتىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. كۆيدۈرۈلگىنى زەيتۇن يېغى بىلەن ئىشلىتىلسە چىشنى ئاقارتىشتا تەڭداشسىزدۇر، چىش مىلىكىنى چىڭىتىدۇ. قاناشنى توختىتىدۇ. يارىلارنى تازىلايدۇ. تېرىدىكى ئىزلارنى يوقىتىدۇ. چاچنى قارايتىدۇ. قانلىق ئىچ سۈرۈشكە پايدا قىلىدۇ. موم ۋە زەيتۇن يېغى بىلەن ئىشلىتىلسە سوغۇقنىڭ تەسىرىدە پەيدا بولغان يېرىلىشقا پايدا قىلىدۇ. سىركە ۋە توخۇ تۇخۇمىنىڭ ئىسسىتىلغان سېرىقى بىلەن ئىشلىتىلسە مەقئەت كېسەللىكلىرىگە پايدا قىلىدۇ. سۇزاپ قايناتمىسى بىلەن كىلىزما قىلىنسا قورساق ئاغرىقىغا پايدا قىلىدۇ. ھەسەل بىلەن يۇغۇرۇپ يۇڭ رەخت بىلەن ھەمەلچە قىلىنسا بالىياتقۇنىڭ يارىلىرىنى، بۇزۇق ھۆللۈكلەرنى تازىلايدۇ، بالىياتقۇنىڭ قېنىنى توختىتىدۇ. پىشمىغان ئەنجۈر سوغۇقلۇقتا مايىلدۇر. ئەنجۈرنىڭ سۈتى، بولۇپمۇ ياۋىسى ۋە تاغدا ئۆسىدىغىنىنىڭ سۈتى ئۆتكۈر بولۇپ، ماددىلارنى تارتقۇچى، زەھەر قايتۇرغۇچىدۇر. پىشۇرۇلغىنى زىمات قىلىنسا چاشقان يارىسى، پەيلەرنىڭ تۆگۈنچەكلىشىشىگە پايدا قىلىدۇ. ھەسەل ۋە تۇز بىلەن ئىشلىتىلسە ھۆل يارىلارغا پايدا قىلىدۇ. ھەسەل بىلەن ئىشلىتىلسە غالجىر ئىت چىشلىۋېلىشقا پايدا قىلىدۇ. كۈرسىنە پۇرچاق بىلەن ئىشلىتىلسە ئاغمىخان چىشلىۋالغان يارىنى ساقايتىدۇ. خەشخاش يوپۇرمىقى بىلەن ئىشلىتىلسە بەدەندە قالغان ئۇششاق ئۇستىخاننى چىقىرىدۇ. بىر دانە خام ئەنجۈر كالا گۆشىگە ئوخشاش قاتتىق گۆشلەر

بىلەن قايىنتىلسا گۆشلەرنى تېز پىشۇرىدۇ. ئاتېلا قازىنىغا سېلىنسىمۇ گۆشلەرنى تېز پىشۇرىدۇ. ھۆل شاخلىرىنىڭمۇ شۇنداق تەسىرى باردۇر.

ئۇنىڭ سۇتى ناھايىتى ئىسسىق بولۇپ، ئۆتكۈر، جۇلا بەرگۈچى، يارىلاندۇرغۇچى، كۈچلۈك سۈرگۈچى بولۇپ خەتەرلىكتۇر. بولۇپمۇ ئۇنىڭ ياۋىسىنىڭ سۇتى تېخىمۇ خەتەرلىك بولۇپ، پەنىرمايىگە ئوخشاش ھەرقانداق ئېرىگۈچىنى ئۇيۇتقۇچى، ھەرقانداق سۇيۇقنى ئۇيۇتقۇچىدۇر. كۆزگە سۈركەلسە سۇ چۈشۈشكە پايدا قىلىدۇ. چىشقا سۈركىسىمۇ پايدا قىلىدۇ. پاختىغا يۇقتۇرۇپ ئاغرىغان چىشنىڭ ئاستىغا ياكى قۇرت يېگەن چىشنىڭ كاتىكىگە سېلىپ قويسا ئاغرىقنىڭ پەسىيىشىگە سەۋەب بولىدۇ. سالايە قىلىنغان بادام مېغىزى بىلەن ئىستېمال قىلسا تەرەتنى بوشىتىدۇ. بالىياتقۇنىڭ قاتتىق ئىششىقىنى يۇمشىتىدۇ، ئەمما خەتەرلىكتۇر. ھايۋانات يېغى بىلەن زىمات قىلسا سۆگەللەرنى يوقىتىدۇ. شۇمشا بىلەن زىمات قىلسا نۇقرەسكە پايدا قىلىدۇ. ئارپا ئۇنى بىلەن زىمات قىلسا يارىلاشقان ۋە يارىلاشمىغان قوتۇر، كالا تەمرەتكىسى، داغ، بەھەقكە داۋا بولىدۇ. مەلھەم قىلىپ سۈركىسە سېرىق ھەرە ۋە باشقا ھاشاراتلار چېقىۋالغان، غالجىر ئىت چىشلىۋالغان زەھەرنى يوقىتىدۇ، ئاغرىقنى پەسەيتىدۇ. تېرىدىكى ئىزلارنى يوقىتىدۇ. يارىلاردىكى ئارتۇق گۆشلەرنى يوقىتىدۇ. توخۇ تۇخۇمىنىڭ سېرىقى ۋە كەتىرا بىلەن ھەمەلچە قىلسا يارىلىنىشنى توسىدۇ، بالىياتقۇنى تازىلايدۇ، ھەيز ماڭدۇرىدۇ. ھامىلە چۈشۈرىدۇ. ياۋىسىنىڭ شاخلىرى كېسىلگەندە چىققان سۈيى ئۇنىڭ سۇتىنىڭ ئورنىنى باسىدىغان بولۇپ، تەسىرلىرى ئۇنىڭ سۇتىنىڭ تەسىرلىرىگە ئوخشاپ قالىدۇ. ئۇيۇغان قېتىقنى پوستى سويۇۋېتىلگەن، ئۈچى سوقۇۋېتىلگەن ھۆل ئەنجۈر شېخى بىلەن قوچىسا ئۇنى سۇت ھالىتىگە قايتۇرىدۇ. ئۇنىڭ ھۆل يوپۇرمىقىنى زىمات قىلسا يارىلارنىڭ ئېغىزىنى پۈتتۈرىدۇ. سىركە بىلەن زىمات قىلسا تېرىنىڭ قاسراقلىششىغا پايدا قىلىدۇ. ئۇنىڭ قايناتمىسى سوقۇلغان ئۇستىخاننى چىڭىتىدۇ. ئۇنىڭ يوپۇرمىقىنى سۇ بىلەن مەلھەم قىلىپ سۈركىسە چاچ چۈشۈشنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. بۇغداي ئۇنى بىلەن مەلھەم قىلىپ غالجىر ئىت چىشلىۋالغان ئورۇنغا سۈركىسە پايدا قىلىدۇ. ئەنجۈرنىڭ ھۆل يوپۇرمىقىنى قىزىتىپ غالجىر ئىت چىشلىۋالغان ئورۇنغا تاڭسىمۇ زەھەر قايتۇرۇش تەسىرىنى بېرىدۇ، ئاغرىقنى پەسەيتىدۇ. تەكرار تېڭىلسا جاراھەتنى تېز ساقايتىدۇ. ئۇنىڭ ھۆل يوپۇرمىقىنىڭ سۈيى ناھايىتى ئىسسىق بولۇپ، تېرىنى يارىلاندۇرىدۇ. مەقئەت تومۇرلىرىنىڭ ئېغىزلىرىنى ئاچىدۇ. سۆگەل ۋە خاللارنى يوقىتىدۇ. ئىچىنى سۈرىدۇ. ئەمما زىيانلىق تەسىردىن خالىي ئەمەس. ئەنجۈرنىڭ ھەممە قىسىملىرىنىڭ تۇتقاق كېسەل، ئۆز - ئۆزىگە سۆزلەشكە پايدىسى باردۇر. ئۇنىڭ مېۋىسىنىڭ تەسىرى كۈچلۈكرەكتۇر.

**زىيانلىق تەسىرى:** جىگەرگە ۋە ئاجىز ئاشقازانغا زەرەر قىلىدۇ. بولۇپمۇ ئۇنىڭ ھۆلىنىڭ

زىيىنى كۆپرەكتۇر. بولۇپمۇ كۆپ يېيىلسە چىشلارغا زىيان قىلىدۇ.

**تۆزەتكۈچىسى:** قىيقىنىڭ تۈزەتكۈچىسى ياڭاق، يالپۇز ۋە رۇمبەدىيان. ھۆلىنىڭ تۈزەتكۈچىسى سىركەنجىۋىل، تۇرۇنجى شەربىتى، رىباس شەربىتى.

**ئورۇنباسارى:** ئۆپكە كېسەللىكلىرىگە چىلغوزا مېغىزى.

**ئىستېمال مىقدارى:** قىيقىدىن 150 گىرامغىچە، ھۆلىدىن 450 گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

ئەنجۈرنىڭ شەربەتلىرى، لوئوقلىرى، سۇلىرى، سىركىگە چىلانغان ياسالمىلىرى ۋە قايناتمىسى قارابادىندا بايان قىلىندى.

## تىبۋاج

(تىبۋاج دەرىخى)

**ماھىيتى:** ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇ بىر خىل دەرەخ بولۇپ، قوۋزىقى چىنار دەرىخىنىڭ قوۋزىقىغا ئوخشايدىكەن. يەنە بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ خىتاي شەھەرلىرىدە ئۆسىدىغان لىسانۇل ئاساپىر (ئەرمۇدۇن) دەرىخىنىڭ پوستى ئىكەن. ئايان بولۇشىچە ئۇ تالىسپەر دېگەن قوۋزاق ئىكەن. ئەمما تەتقىقاتلاردىن مەلۇم بولۇشىچە ئۇ تالىسپەر ئەمەس، ئۇ ھىندىچە «كۆريە» دەپ ئاتىلىدىغان لىسانۇل ئاساپىر (ئەرمۇدۇن) دەرىخىنىڭ پوستىدۇر. ئۇنىڭ پوستى ھىندىچە دەرەخ قوۋزىقى دېگەن مەنىدە «كۆريە كا چىھال» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. يەنە بىر تىلدا «كالا كۆرە» دەپ ئاتىلىدۇ.

**تەبئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىنىڭ ئاخىرىدا قۇرۇق سوغۇق. بەزىلەر ئىككىنچى دەرىجىنىڭ ئاخىرىدا قۇرۇق ئىسسىق دېگەن، قابىزلىق قۇۋۋىتى بار، ناھايىتى ئاچچىق بولىدۇ.

**خۇسۇسىيتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** باش، چىش ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ. چىش مىلىكىنى چىڭىتىدۇ. ھۆللۈكتىن بولغان بۇرۇن قاناشنى توختىتىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن ئىسرىق سېلىنسا قانلىق بوۋاسىر، كونا ئىچ سۇرۇشكە پايدا قىلىدۇ. يۇمشاق ئىششىقلارنى تارقىتىدۇ. مەقئەت يېرىلىش، جاراھەتلەرنىڭ قانىشى، بالىياتقۇدىن ھۆللۈك ۋە ھەيز ئېقىش قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ. سىركە بىلەن زىمات قىلىنسا باش ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ. يۇمشاق ئىششىقلارنى تارقىتىدۇ. چىشقا سېپىلسە چىش ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ. چىش مىلىكىنى چىڭىتىدۇ. ھۆللۈكتىن بولغان نەزلىگە پايدا قىلىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن ئىسرىق سېلىنسا بوۋاسىر، مەقئەت يېرىلىشقا پايدا قىلىدۇ. مەقئەت ۋە بالىياتقۇ ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ. ۋابا ۋە تائۇننى يوقىتىشتا ئاجايىپ ياخشى تەسىرگە ئىگە. ئۇنىڭ2.5 گىرامى بەش گىرام نېلۇپەر بىلەن ئىشلىتىلسە بوۋاسىر خاراكتېرلىك قانلىق ئىچ سۇرۇش ۋە باشقىلارغا پايدا قىلىدۇ،

سىناقتىن ئۆتكەن. ئۇنىڭ سۇفۇپى قېتىق، سۇزمە سۇيى ۋە ھەببۇلئاس قىيامىغا ئوخشاش قابىز خۇسۇسىيەتلىك قىياملار بىلەن ئىشلىتىلسە سوغۇقتىن بولغان بوۋاسىر خاراكتېرلىك كونا ئىچ سۈرۈشلەرگە پايدا قىلىدۇ. بوۋاسىرنىڭ قېنىنى توختىتىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇ تۆۋەندىكى ئۇسۇل بويىچە ئىستېمال قىلىنسا قانلىق بوۋاسىرغا پايدا قىلىدىكەن: ئۇنىڭدىن 35 گىرام ئېلىپ، يۇمشاق سالايە قىلىپ، تاتلىق بادام يېغى بىلەن ياغلاپ ھەب ياساپ، ئۇدا بەش كۈن، بىرىنچى كۈنى بەش گىرام، ئىككىنچى كۈنى بەش يېرىم گىرام، ئۈچىنچى كۈنى ئالتە گىرام ئىستېمال قىلىنىدۇ. كۈنىگە 0.5 گىرامدىن كۆپەيتىپ بەش كۈنگىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ. بىمارنىڭ غىزاسىغا بىرىنچى كۈنى چۈشتە توخۇ تۇخۇمىنىڭ ئىلىتىپ پىشۇرۇلغان سېرىقى بىلەن گۆشسىز پولۇ، بەشىنچى كۈنى كالىنىڭ يېڭى سېرىق يېغى بىلەن گۆشسىز پولۇ ئىستېمال قىلىنىدۇ. بۇرۇن قاناش ئۈچۈن ئۇنىڭدىن ئاز مىقداردا ئېلىپ بۇرۇنغا پۈركۈلىدۇ، ئاز مىقداردىكى گۈلاب، سەندەل ۋە كافۇر بىلەن سالايە قىلىپ پېشانىگە چېپىلىدۇ. قان تۈكۈرۈش ئۈچۈن ئۇنىڭدىن بەش گىرام ئېلىپ، باراۋەر مىقداردىكى تېكە ساقىلى ئۆسۈملۈكى بىلەن بىرلىكتە ئىستېمال قىلىنىدۇ. جاراھەتتىن ئاققان قاننى توختىتىش ئۈچۈن يۇمشاق سالايە قىلىپ سېپىلىدۇ. قانلىق ئىچ سۈرۈشنى توختىتىش ئۈچۈن ئۇنىڭ 2.5 گىرامى ئاقلاپ قورۇلغان سېمىزئوت ئۇرۇقى شىرىسى بىلەن بىرلىكتە ئىستېمال قىلىنىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن پەرزىجە قىلىنسا بالىياتقۇدىن كەلگەن قان ۋە ھەيزنى توختىتىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** ئىسسىق مىزاج كىشىلەرنىڭ مەقئەتىگە زىيان قىلىدۇ. ئۇسسۇزلۇق پەيدا قىلىدۇ. ئىسسىق بولغانلىقتىن ئىچكى ئەزالارنى كۆيۈشتۈرىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** كەتىرا، مېۋە قىياملىرى، سېمىزئوت ئۇرۇقى، تاتلىق بادام يېغى.

**ئىستېمال مىقدارى:** بەش گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

ئۇنىڭ جاۋارىشى، ھەببى، سۇفۇپى ۋە مەلھىمى قارابادىندا بايان قىلىنىدى.

# تۆتىنچى باب
# «س» (سائ) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى

## پەسىل: «س» (سائ) ۋە «ا» (ئەلىف) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى

### ساپسىيا
(ساپسىيا يېلىمى)

بۇ سۆز ئۇ تۇنجى بايقالغان ۋە ئۇ يەردىن باشقا يەرلەرگە ئېلىپ بېرىلغان ئارالنىڭ نامىدىن تۇرلىنىپ چىققاندۇر. بۇ ئارال «سافىسىين» دەپ ئاتىلىدۇ. بەزى كىشىلەر ئۇنىڭدىكى «ا» ھەرپىنى قىسقارتىۋېتىدۇ. بۇ ماراكەشچە سۆزدۇر. يۇنانچە «مەراس»، بەربەرچە «ئورباس» دەپ ئاتىلىدۇ.

ماھىيتى: ئۇ بىر خىل ئۆسۈملۈكنىڭ يېلىمىدىن ئىبارەت. رەڭگى ئاق بولۇپ، ئەنزىرۇتقا ئوخشايدۇ. ناھايىتى ئاچچىق، ئۆتكۈر بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۆسۈملۈكى ئارپىبەدىيان ئۆسۈملۈكىگە ئوخشايدۇ. گۈلى ئاق بولىدۇ. ئۇرۇقى چاققاقئوت ئۇرۇقىغا ئوخشاش بولۇپ، سەل ياپىلاق بولىدۇ. شاخلىرىنىڭ ئۇچلىرىدا سېرىقچېچەكنىڭ تاجىغا ئوخشايدىغان تاج شەكىللىك نەرسىسى بولىدۇ. يىلتىزى توم، ناھايىتى ئۆتكۈر بولىدۇ. بۇ ئۆسۈملۈك قاتتىق تاغلاردا ئۆسىدۇ. تەنەكابۇندا «ئەلمۇت چىرەن» دەپ، دەيلەم تىلىدا «تەملى» دەپ ئاتىلىدۇ.

ئۇنىڭ يىلتىزىنى قىرىپ سۈتى چىقىرىلىدۇ، ئۇيۇغاندىن كېيىن ئېلىپ ساقلىنىدۇ. ئۆتكۈر بولىدۇ. بەزىلەر ئۇنىڭ يىلتىزىنى سىقىپ سۈيىنى چىقىرىدۇ. بۇ سەل يۇمشاق، ئۆتكۈر بولىدۇ. بەزىلەر ئۇنىڭ يىلتىزى، يوپۇرمىقى ۋە غولىدىن ئىبارەت ھەممە قىسمىنى سىقىپ سۈيىنى چىقىرىپ، ساپال قاچىدا قۇرۇتۇپ ئىشلىتىدۇ. بۇ بوش، قارامتۇل كۆك، قۇۋۋىتى ئاجىز بولىدۇ.

ئۇنىڭ سۈتى ۋە سۈيىنى ئالماقچى بولغان كىشى تىرە كىيىم كىيىپ يۈزى ۋە بەدىنىنى قوغدىشى لازىم ياكى بەدىنىگە سوغۇق ۋە قابىز بولغان موم يېغى سۈركىشى، بۇرنىغا بىنەپشە يېغى سۈمۈرۈشى لازىم، ئۇنىڭدىن باشقا، شۇ كۈنى ھاۋا ئىسسىق بولماسلىقى ۋە شامال

چىقمىغان بولۇشى كېرەك. چۈنكى ئۇنىڭ يۇرىقى يۈزگە يەتسە ئۆتكۈرلۈكى سەۋەبىدىن يۈزنى ئېششىتىدۇ ۋە قاپارتقۇ ئۆرلىتىدۇ. بەزىدە بۇرنىنى قانىتىدۇ ۋە شۇ سەۋەبتىن ھالاك قىلىدۇ.

بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ ياۋا سۆزاپنىڭ يىلتىزى ئىكەن. ئەمەلىيەتتە ئۇ ئەمەستۇر. چۈنكى سۆزاپ يىلتىزىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى ئۇنىڭدىن پەرقلىنىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق. سۈتى تۆتىنچى دەرىجىگىچە ئىسسىقراق بولۇپ، ئۇنىڭ قىسىملىرى ئىچىدە ئەڭ كۈچلۈكتۇر. ئارتۇق ھۆللۈكى بار. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇنىڭ قۇرۇقلۇقى ئىسسىقلىقىدىن كەمرەك ئىكەن.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ماددىلارنى تارقاتقۇچى، پىشۇرغۇچى، بەدەننىڭ چوڭقۇر قىسمىدىكى ماددىلارنى تېرە يۈزىگە تارتقۇچى، قۇستۇرغۇچى، قويۇق بەلغەمنى سۈرگۈچىدۇر. بوغۇملارنىڭ سوغۇقتىن بوشىشىشى، بىقىن ئاغرىقى، ئىشتىھاسىزلىق، يەل تۇرۇپ قېلىش، توسالغۇلارنى ئېچىش، دائىرىلىك چاچ چۈشۈش، بوۋاسىر دانچىلىرىنى چۈشۈرۈش، تېرىدىكى ئىزلارنى يوقىتىش، چىيقاننى پىشۇرۇپ ئېغىز ئالدۇرۇش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

ئۇ مائۇلھەسەل بىلەن بىرلىكتە 4.5 گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنسا قويۇق بەلغەم ۋە سەپرا خىلىتلىرىنى سۈرۈپ چىقىرىدۇ. بىقىن ئاغرىقى، ئىشتىھاسىزلىق، ئىستىسقاغا پايدا قىلىدۇ. مەلھەم قىلىپ سۈركىسە تېرىدىكى ئىزلارنى يوقىتىدۇ، داغ يوقىتىدۇ، بەھەقكە داۋا بولىدۇ. زىمات قىلسا دائىرىلىك چاچ چۈشۈشكە مەنپەئەت قىلىدۇ. چاچ ئۈندۈرىدۇ. بىقىن ئاغرىقى، تىز ئاغرىقى، تاپان ئاغرىقىغا مەنپەئەت قىلىدۇ. نۇقرەسكە شىپا بولىدۇ. بوغۇم ئاغرىقلىرى ۋە ئۇنىڭ ئوخشاشلىرىنى پەسەيتىدۇ. باراۋەر مىقداردىكى موم ۋە كۈندۈر بىلەن ئىشلىتىلسە ئۇيۇغان قاننى تارقىتىدۇ. تېرىدىكى پەيدا بولغىنىغا ئىككى سائەت بولمىغان قارا، بىنەپشە رەڭ، كۆك رەڭلىك ئىزلارنى يوقىتىدۇ. ئارقىدىن دېڭىز سۈيى ياكى قىزىتىلغان كۆل سۈيى بىلەن يۇيۇلىدۇ. ھەسەل بىلەن چاپسا يارىلاشقان قوتۇرغا مەنپەئەت قىلىدۇ. گۈڭگۈرت بىلەن چاپسا قاتتىق ئىششىقلارنى ئېغىز ئالدۇرىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** يىلتىزىنىڭ سۈيى بىر يېرىم گىرامغىچە، سۈتى ئىككى يېرىم گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** گال ۋە ئاشقازانغا زىيان قىلىدۇ. يارا پەيدا قىلغۇچىدۇر.

**تۈزەتكۈچىسى:** كەتىرا.

يىلتىزىنىڭ پوستىنىڭ تەسىرلىرى يىلتىزىنىڭ تەسىرلىرى بىلەن ئوخشاش بولۇپ، ئۈششاقلاپ زەيتۇن يېغى ياكى كالا يېغى بىلەن قايىنىتىپ چاپسا پەيلەرنى چىڭىتىدۇ. بوغۇم ئاغرىقلىرىنى پەسەيتىدۇ. ئاتىلا ۋە باشقىسى بىلەن ئىستېمال قىلسا سوغۇق مىزاج كىشىلەر ۋە پالەچ بىمارلىرىغا ئىنتايىن مەنپەئەت قىلىدۇ. چاچ ئۈندۈرۈشتە ئۇنىڭغا ئوخشاش يەنە بىر

دورا يوقتۇر. ئۇنىڭ بىلەن كىلىزما قىلسا ئۇلتۇرغۇچ نېرۋا ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ. سالايە قىلىپ ئارپا ئۇنى بىلەن زىمات قىلسا زەخىملەردىكى پارچە گۆشلەرنى تازىلايدۇ. كۆكرەك ئاغرىقلىرىنى پەسەيتىدۇ. يىلتىزىنىڭ قۇۋۋىتى ئالتە ئايدىن كېيىن ئاجىزلىشىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** يىلتىزىنىڭ پوستى ۋە ئۆزىدىن ئىككى گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

**ئورۇنباسارى:** چاچ ئۇندۇرۇشتە ھۇرفى بابىلى (بىر خىل ئۆسۈملۈك).

**زىيانلىق تەسىرى:** دوۋساق ۋە سۈيدۈك ئاجرىتىش ئەزالىرىغا زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** ھەببۇلئاس، بەللۇت.

كۆپ ئىستېمال قىلىنسا تىل، گال ۋە ئاشقازاننى ئىششىتىدۇ. نەپەسنى قىستايدۇ. ھوشسىزلاندۇرىدۇ. سۈيدۈكنى تۇتىدۇ. ھارارەتنى يۇقىرى كۆتۈرىدۇ. تىلما كېسەل پەيدا قىلىدۇ.

قۇتۇلدۇرۇش ئۇچۇن قەي قىلدۇرۇلىدۇ. يېڭى سۈت، ئىسپىغۇل لۇئابى، كالا سېرىق مېيى، سوۋۇتۇلغان ئارپا سۈيى ئىچۈرۈلىدۇ. گۈل يېغى بىلەن غار ـ غار قىلىنىدۇ. پەيلەر تارتىشۋالمىغان بولسا سوغۇق سۇدا ئولتۇرغۇزۇلىدۇ.

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، سۇزاپ ئۇرۇقى خاسىيىتى بىلەن ئۇنىڭ زىيانلىق تەسىرىنى تۈزىتىدىكەن.

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇنىڭ ئۆسۈملۈكى ۋە غولىنى غىزالارغا قوشۇپ ئىستېمال قىلسا بەدەندە ھارارەت پەيدا قىلىپ، قىش پەسلىدە كىيىم كىيىشكە ھاجەت چۈشمەيدىكەن. رەڭگىرويىنى قىزارتىدىكەن. بالىياتقۇنىڭ سوغۇقتىن بولغان كۆپ قىسىم كېسەللىكلىرىگە مەنپەئەت قىلىدىكەن.

## پەسىل: «س» (سائ) ۋە «ج» (جىم) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى

### سەجىير
(سىقلىملار لېيى)

ماھىيىتى: ئۇ سىقلىملارنىڭ تېگىگە ئولتۇرۇشقان لېيىدىن ئىبارەت. ئۇنىڭ قۇۋۋىتى سىقلىما بىلەن سىقلىما ماتېرىيالىنىڭ قۇۋۋىتىنىڭ ئوتتۇرىسىدا بولىدۇ. يالغۇز ئېيتىلسا ئۈزۈم سۈيىنىڭ لېيى نەزەردە تۇتۇلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا ھەرقانداق سىقلىمىنىڭ لېيىمۇ شۇ نام بىلەن ئاتىلىدۇ.

**تەبىئىتى:** قورۇغۇچىدۇر.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** تۇز بىلەن زىمات قىلسا ئىسسىقتىن بولغان ئىششىق ۋە ئەمچەك ئىششىقىنى تارقىتىدۇ. قايناتمىسى بىلەن كىلىزما قىلسا ئۇچەي يارىسى، كونا ئىچ سۇرۇشكە شىپا بولىدۇ. بالىياتقۇدىن ئاقىدىغان سوزۇلما خاراكتېرلىك سۇيۇقلۇقلارنى توختىتىدۇ. شۇنداقلا ئۇنىڭدا ئولتۇرسىمۇ شۇ تەسىرنى بېرىدۇ. ئۇزۇم سۇيىنىڭ لېيىدا قالغان ئۇرۇقى قابىز خۇسۇسىيەتلىك بولۇپ ئاشقازان ئۇچۇن ياخشىدۇر. قورۇپ تالقان قىلىپ ئىستېمال قىلسا ئۇچەي يارىسى، كونا ئىچ سۇرۇشكە مەنپەئەت قىلىدۇ. بوشىغان ئاشقازاننى چىڭىتىدۇ.

زاراڭزا سۇيىنىڭ لېيىنىڭ سىركە بىلەن چاپسا كۆيىدۇرگە ۋە جىگەر ئىششىقىغا مەنپەئەت قىلىدۇ.

## پەسىل: «س» (سائ) ۋە «ئ» (ئەين) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى

### سۆئلەب
(تۇلكە)

پارسچە «رۇباھ»، ھىندىچە «لۇنبەرى»، «لوكرى» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** ئۇ تۇنۇشلۇق ياۋايى ھايۋان بولۇپ، ياخشىسى ئاق رەڭلىكتۇر.

**تەبىئىتى:** قۇرۇق ئىسسىق. تېرىسىنىڭ ئىسسىقلىقى بۆلغۇن تېرىسىنىڭ ئىسسىقلىقىغا ئوخشاپ قالىدۇ. ناھايىتى بەتبۇي پۇرايدۇ.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** گۆشى ئىستېمال قىلىنسا ھۆل سوغۇق كىشىلەرگە پايدا قىلىدۇ. باھنى قوزغىتىدۇ. ئىستىسقا بىمارلىرىغا مەنپەئەت قىلىدۇ. ئۇنىڭ پۇت ـ قوللىرىنى باغلاپ قايناۋاتقان سۇغا تىرىك تاشلاپ شىلىندۇرۇپ پىشۇرۇپ سۇيى بوغۇملارغا تۆكۈلسە ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ. سۇيىدە ئولتۇرۇلسىمۇ بوغۇملارنىڭ مونەكلىشىشى ۋە قېتىشىغا مەنپەئەت قىلىدۇ. ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ. بولۇپمۇ ئۇنىڭغا زەيتۇن يېغى قوشۇلسا ياكى زەيتۇن يېغى بىلەن پىشۇرۇلسا تېخىمۇ ياخشى مەنپەئەت قىلىدۇ. ئەمما بەدەن تەنقىيە قىلىنغاندىن كېيىن ئىشلىتىلىدۇ. بەدەنگە سۇركىسە مەزكۇر كېسەللىكلەرگە مەنپەئەت قىلىدۇ. كىچىك باللارنىڭ ئايىغىنىڭ تېز چىقىشىغا سەۋەب بولىدۇ. ماغدۇرسىزلىقنى يوقىتىدۇ. قاينىتىپ سۇيى بىلەن ھوردىنىلسا پالەچ، ئەزالار بوشىشىپ كېتىش، ئەزالارنىڭ قۇرۇقلۇقتىن ۋە بەدەندە ماددىلارنىڭ يىغىلىپ قېلىشىدىن پەيدا بولغان تارتىشىپ قېلىشقا مەنپەئەت قىلىدۇ. ئۇنىڭ قۇرۇتۇپ سالايە قىلىنغان ئۆپكىسىدىن بەش گىرام ئېلىپ، سۇ ۋە

ھەسەل بىلەن ئىستېمال قىلسا كاناي ئىششىقىغا مەنپەئەت قىلىدۇ. يۆتەل پەسەيتىدۇ. ئۇنى كۆيدۇرۇلگەن تۇخۇم شاكىلى بىلەن بىرلىكتە دائىرىلىك چاچ چۈشكەن ئورۇنغا سۈركىسە چاچ ئۈندۈرىدۇ. ئۇنىڭ يېغى زەيتۇن يېغى ياكى باشقا مۇناسىۋەتلىك ياغ بىلەن ئېرىتىپ قۇلاققا تېمىتسا ئاغرىقنى پەسەيتىدۇ. داۋاملىق ئىشلەتسە قۇلاقنى سەگەكلەشتۈرىدۇ. كونا زەيتۇن يېغى بىلەن بىرلىكتە سۈركىسە بوغۇم ئاغرىقلىرى، نۇقرەس ۋە سوغۇقتىن بولغان ئاغرىقلارنى پەسەيتىدۇ. سوغۇق ھاۋادا سەپەر قىلغاندا پۇت ـ قوللارنى ئۇنىڭ يېغى بىلەن مايلىسا سوغۇقنىڭ زىيانلىق تەسىرىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. ئۇنىڭ يېغى ئېغىزدا ساقلانسا چىش ئاغرىقى ۋە كۆز ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ. ئۇنىڭ ئۆتىنى باراۋەر مىقداردىكى ئۈشەق ۋە كەرەپشە سۈيى بىلەن بىرلىكتە 18 كۈندە بىر قېتىم بۇرۇنغا تېمىتسا دەسلەپكى مەزگىلدىكى جوزامغا ئىنتايىن مەنپەئەت قىلىدۇ، تەرەققىي قىلىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. تېرىسىنىڭ كۆلى ئوت كۆيۈكى، ئاقمىلار ۋە ئىسسىق يارىلارغا مەنپەئەت قىلىدۇ.

ئۇنىڭ خاسىيەتلىرىدىن شۇلار باركى، سۆئىلەبنىڭ چىشنى يېنىدا ساقلىسا ياكى قولدا تۇتۇپ تۇرسا، ئىت قاۋىمايدۇ، سىناقتىن ئۆتكەن دەپ قارىلىدۇ. كەپتەر كاتەكلىگە ئېسىپ قويۇلسا كەپتەرلەرنىڭ ھەممىسى ئۇچۇپ كېتىپ پەقەت بىرى قېپقالىدۇ. شۇ كەپتەرنىڭ يېغىنى ياغاچقا سۈرۈپ ئۆيىنىڭ بۇرجىكىدە قويۇپ قويسا بۇرگىلەر ئۇنىڭغا ئولىشىدۇ.

تۈلكە تېرىسى ھۆل سوغۇق، بەلغەم مىزاج كىشىلەر، ياشانغانلار ۋە توڭغاق كىشىلەرنىڭ بەدىنىنى ئىسسىتىدۇ. مويى قانچە ئۆسۈك بولسا شۇنچە ئىسسىق بولىدۇ. ئىسسىق مىزاجلىقلارغا زىيان قىلىدۇ.

تۈلكىنىڭ ئابىزەنى، ھوردىقى، قايناتمىسى قارابادىندا بايان قىلىنىدى.

تۈلكىنى زەيتۇن يېغىغا تىرىك تاشلاپ پىشۇرسا ھەممە تەسىرى ئۇنى ئىستېمال قىلغاندىن كۈچلۈكرەك بولىدۇ.

## پەسىل: «س» (سائ) ۋە «ل» (لام) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى

### سەلج
(قار)

ئۇ پارسچە «بەرف» دەپ ئاتىلىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئۈچىنچى دەرىجىدە سوغۇق، ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** سېرىقسىزلاندۇرغۇچى، ئۇسساتقۇچى، ئىسسىقتىن بولغان چىش ئاغرىقىنى پەسەيتكۈچى، گالدا تۇرۇپ قالغان زۇلۇك قۇرتى ۋە ئاشقازان مەددە قۇرتىنى

چىقارغۇچىدۇر. ئىسسىق ئاشقازاننىڭ ھەزىمىنى كۈچەيتىش، ئىسسىق تەپلەر، قوتۇر ۋە قىچىشقاقلارغا مەنپەئەت قىلىدۇ. پېشانىگە چېپىلسا بۇرۇن قاناشنى توختىتىدۇ. ئىستېمال قىلىنسا ھارارەتنى ئاشقازانغا يىغىپ قۇۋۋەتلەيدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** يۆتەل پەيدا قىلىدۇ. ئاجىز ئىچكى ئەزالار، ھۆل سوغۇق مىزاجلىق كىشىلەر ۋە ئىچكى ئەزالىرىدا ئىششىق بارلارغا زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** قەرەنفىل، ھەسەل.

**ئورۇنباسارى:** قار بىلەن تەييارلانغان سۇ ئۇنىڭ ئۆزىدىن ياخشىراق بولۇپ، ئۇنىڭغا ئاز مىقداردىكى تۇز ۋە شور ئارىلاشتۇرۇپ پاكىز ساپال، كۈمۈش ياكى قەلەيلەنگەن مىس قاچىغا تۆكۈپ، مۇۋاپىق مىقداردا قەنت ياكى ناۋات، ئاز مىقداردا گۇلاب، شەربەت ياكى خالىغان مېۋە سۈيى ياكى بىدمۇشكى ياكى گۈل ئەرقى ياكى كېيۇرە ئەرقى قاتارلىقلاردىن مۇۋاپىق دەپ قارالغىنىدىن مۇۋاپىق مىقداردا ئارىلاشتۇرۇپ قاچىغا تۆكۈپ ئېغىزىنى مۇستەھكەم ئېتىپ، چۆرىسىنى خېمىر بىلەن سۇ ئاقمىغۇدەك دەرىجىدە ھىملاپ، قار تۇز ۋە شور بىلەن ئۆزلەشكۈچە 3~4 سائەت ھاۋا تەگمەيدىغان ئورۇندا ساقلاپ قاتقاندا، قاچىدىن چىقىرىپ ئىستېمال قىلىنىدۇ.

## سەلجى سىينى
(چىنىدىكى قار)

بۇ سۆز «سەلجى چىينىي» (چىن قېرى) دېگەن سۆزدىن ئەرەبچىلەشتۈرۈلگەندۇر.

**ماھىيىتى:** قارغا ئوخشاش ئۇيۇغان سۈيۇقلۇق بولۇپ، دېڭىز تۇزىغا ئوخشايدۇ. ھىندىستاندىن كەلتۈرۈلىدۇ. ئىبنى بەيتار ئۇنى ئاسيۇس تېشى چېچىكى دەيدۇ. ئاسيۇستا بايان قىلىندى.

**تەبىئىتى:** قۇرۇق سوغۇق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** كۆزگە چۈشكەن ئاقنى يوقىتىدۇ. كۆز قاراڭغۇلىشىشقا شىپا بولىدۇ. بەدەنگە سۈركەلسە جۇدەتكۈچى تەپكە مەنپەئەت قىلىدۇ.

بۇ ئاتالغۇ «بارۇد» (مىلتىق دورىسى) دېگەن دورىغىمۇ ئىشلىتىلىدۇ.

## سەلسەلان
(ئىتئۇزۇمى)

ئۇ ئىتئۇزۇمىدىن ئىبارەت.

# پەسل: «س» (سائ) ۋە «م» (مىم) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى

## سەمام
(كۆرمەك ئوت)

بۇ ئەرەپچە سۆزدۇر. مىر مۇھەممەد مۆئمىنىنىڭ يېزىشىچە ئۇ تەنەكابۇندا «زەراۋاش»، «بازمىيل» دەپ ئاتىلىدىكەن.

**ماھىيىتى:** بىر خىل ئۆسۈملۈك بولۇپ بۇغدايغا ئوخشايدۇ، ئۇنىڭدىن پاكارراق، غولى ئىنچىكە، بوغۇمسىز پۈتەي بولىدۇ. باشىقى تېرىقنىڭ باشىقىغا ئوخشايدۇ. تەمى تاتلىق بولىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە ئىسسىق، بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ئىستېمال قىلىنسا يەللەرنى تارقىتىدۇ، توسالغۇلارنى ئاچىدۇ، ھۆلى زىمات قىلىنسا كۆز ئىششىقلىرىنى تارقىتىدۇ. كىپەللىك ماددىلىرىنىڭ كۆزگە قۇيۇلۇشىنى توسىدۇ. كۆيدۈرۈلگىنى كۆزگە سۈركەلسە كۆرۈش قۇۋۋىتىنى ئاشۇرىدۇ. كىرپىكلەرنى چىڭىتىدۇ ۋە ئۇزارتىدۇ. كۆزگە چۈشكەن ئاقنى يوقىتىدۇ. بۆرەككە زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** كەتىرا.

**ئىستېمال مىقدارى:** 25 گىرامغىچە.

**ئورۇنباسارى:** تۇدەرى.

## سەمەرەتۇل ئەسل
(كىچىك يۇلغۇن مېۋىسى)

ئۇ پارسچە «بارى گەز» (يۇلغۇن مېۋىسى)، «گەز بارۇ» (يۇلغۇن مېۋىسى)، ھىندىچە «چوتى مايىن» «كىچىك يۇلغۇن مېۋىسى» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** كىچىك يۇلغۇن مېۋىسىدىن ئىبارەت بولۇپ، «ئەزبە» دەپ ئاتىلىدۇ. نوقۇتتىن چوڭراق بولىدۇ. ئۈچ بۇرجەك ئەمەس.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە سوغۇق، ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** قورۇغۇچى بولۇپ، ھەرقانداق ئەزادىن يەنى ئۆپكىدىن كەلگەن قاننى توختىتىپ، ئىچكى ئەزالارنى قۇۋۋەتلىگۈچىدۇر. ئۇنىڭدىن 30 گىرام ئېلىپ 450 گىرام سۇ بىلەن يېرىمى قالغۇچە قاينىتىپ ئىستېمال قىلسا، كىچىك باللارنىڭ

بەدىنىدىكى بۇزۇلغان ھۆللۈكلەرنى تازىلايدۇ. ئۆمۈچۈك چېقىۋالغاندىن بولغان زەھەرلىنىشنى يوقىتىدۇ. ھۆل تەمرەتكىگە مەنپەئەت قىلىدۇ. شېكەر بىلەن ئىستېمال قىلىنسا كاناي ئىششىقىنى تارقىتىدۇ، يۆتەل پەسەيتىدۇ، جىگەر ۋە ئىچكى ئەزالارنى قۇۋۋەتلەيدۇ. رەڭگىرويىنىڭ سېرىقلىقىنى يوقىتىدۇ. بالىياتقۇنىڭ ھۆللۈكلىرىنى قۇرۇتىدۇ، يەل يارا، قىچىشقاق، مەقئەت كېسەللىكلىرى ۋە ھۆل يارىلارغا مەنپەئەت قىلىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن ئېغىز چايقىسا چىشلارنىڭ زەخىملىنىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. چىش مىلىكىنى چىڭىتىدۇ. سۇغا بىر كېچە - كۈندۈز چىلاپ قويۇپ ئىچسە قايناتمىسىغا ئوخشاش تەسىر قىلىدۇ. كۆزگە تېمىتىلسا قاپاقلارنى قۇۋۋەتلەيدۇ، كۆزگە يۇزلەنگەن ماددىلارنى توسۇپ قالىدۇ. كۆرۈش قۇۋۋىتىنى ئاشۇرىدۇ، ياشاغىراش ۋە قاپاق قىزىرىپ ئىششىش ۋە قوتۇرغا كۆپ مەنپەئەت قىلىدۇ. بولۇپمۇ گۈلابقا چىلاپ تېمىتسا تەسىرى تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۆزى قان تۈكۈرۈش، ئۆپكە يارىسى، كونا ئىچ سۈرۈش، ماددىلارنىڭ ئېقىشى، ئەزالار قاناشلارغا پايدا قىلىدۇ. ئۇنىڭ «گىلى سەر شوي» (باش يۇيىدىغان لاي) نىڭ ئارىسىغا ئېلىپ پىشۇرۇلغىنى كونا ئىچ سۈرۈشكە پايدا قىلىدىغان بولۇپ، سىناقتىن ئۆتكەن. سېپىلىمىسى ئارتۇق گۆشلەرنى يوقىتىدۇ. يارىلارنىڭ قېنىنى توختىتىدۇ. مەلھەم قىلىپ سۈركىسە رەڭگىرويىنى ياخشىلايدۇ. تېرىنى سۇزۇلدۇرىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن ھەمەلچە قىلىنسا بالىياتقۇنىڭ ھۆللۈكلىرىنى قۇرۇتىدۇ. پىشۇرۇلغىنى سۇ ۋە سىركە بىلەن زىمات قىلسا تال كېسەللىكىگە پايدا قىلىدۇ. ئۇنى سەندەل ۋە ئەپسەنتىن بىلەن قاينىتىپ سۈيىنى شېكەر بىلەن قىيام قىلىپ ئىچسە تال ئىششىقىنى تەخداشسىز تارقىتىدۇ. ئىشتىھانى ئاچىدۇ. ئەزالارنى ۋە پەي-نېرۋىلارنى قۇۋۋەتلەيدۇ. ماغدۇرسىزلىقنى يوقىتىدۇ. قورساق ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ. ئاشقازاننىڭ بۇزۇق ھۆللۈكلىرىنى تازىلايدۇ. ئاشقازاننى بەك قۇۋۋەتلەيدۇ.

**خۇسۇسىيتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** باشقا زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** ياۋا سەۋزە ئۇرۇقى.

**ئورۇنباسارى:** موزا ياكى باراۋەر مىقداردا ئانار ئېتى.

**ئىستېمال مىقدارى:** ئۆزىدىن 10 گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا 12 گىرامغىچە ئىستېمال قىلىشقا بولىدىكەن.

## سەمەرەتۇت تەرفا
(يۇلغۇن مېۋىسى)

ئۇ پارسچە «گەز بار» (يۇلغۇن مېۋىسى) دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇنىڭ ئەرەبچىلەشتۈرۈلگىنى «گەزمازەج» (يۇلغۇن مېۋىسى) دۇر. ھىندىچە «بەرى مائىين» (چوڭ يۇلغۇن مېۋىسى) دېيىلىدۇ.

**ماھىيتى:** يۇلغۇن دەرىخىنىڭ مېۋىسىدىن ئىبارەت بولۇپ، شەكلى ئۈچ بۇرجەك،

يۇقىرىدا بايان قىلىنغان كىچىك يۇلغۇن مېۋىسىدىن چوڭراق بولىدۇ. تەسىرى ئۇنىڭ تەسىرلىرىگە ئوخشاپ قالىدۇ. ئۇچۇچان بولۇپ، هارارەت، جۇلا بېرىش ۋە پارچىلاش قۇۋۋىتىدىن خالىي ئەمەس.

## سۇمنۇش

بۇ يۇنانچە سۆزدۇر. ئۇ دەرەخكە ھەم ئۆسۈملۈككە ئوخشايدىغان بىر خىل ئۆسۈملۈكتۇر.

## پەسىل: «س» (سائ) ۋە «ۋ» (ۋاۋ) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى

### سۇم
(سامساق)

ئۇ پارسچە «سىير»، ھىندىچە «لەھسەن» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** بىر خىل ئۆسۈملۈك بولۇپ، ياۋىسى، يەرلىكى ۋە تاغدا ئۆسىدىغىنىدىن ئىبارەت ئۈچ خىل بولىدۇ. ياۋىسى يۇنانچە «ئۇسقۇردىيۇن» دەپ ئاتىلىدۇ. ئەرەبچە «سۇمۇل ھەييە» (يىلان سامسىقى) دېيىلىدۇ. «ئ» ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلار بايانىدا بايان قىلىندى. ئۇنىڭ يەرلىكى ئىككى خىل بولىدۇ. بىر خىلى كۆپ چىشلىق، يەنى بىرقانچە دانىسى بىر يىلتىزغا تۇتىشىپ ئۆسىدۇ. يەنە بىر خىلى پەقەت بىر چىشلىق بولىدۇ. يەنى يىلتىزى كۆپ چىشلارغا ئايرىلمايدۇ. بۇ يۇقىرىدىكىسىگە سېلىشتۇرغاندا ئازراق تېپىلىدۇ. ئۇنىڭ تاغدا ئۆسىدىغىنى پارسچە «موسىير» دەپ ئاتىلىدۇ. يوپۇرمىقى كەڭرەك بولۇپ، نەرگەس گۈلى يوپۇرمىقىغا ئوخشايدۇ. گۈلى بىنەپشە رەڭ بولىدۇ. يىلتىزى بىر دانە بولۇپ، چوڭ ـ كىچىكلىكى پىياز چوڭلۇقىدا بولىدۇ. يەرلىكىدىن كۆپ چوڭ بولىدۇ. پۇرىقى ئومۇمەن ئۇنىڭغا ئوخشاش بولىدۇ. ھەممىسىنىڭ ياخشىسى مەشھۇر بولغان يەرلىكىنىڭ چىشلىرى چوڭ بولغانلىرىدۇر. ئۇنىڭ تاغدا ئۆسىدىغىنى سىركىگە چىلاپ ئىشلىتىشكە مۇۋاپىق كېلىدۇ. سىركىگە چىلانمىسا ئاز ئىشلىتىلىدۇ. ئۇنىڭ ھەممە تۈرىنىڭ ھۆلى قۇرۇقىدىن ياخشىراقتۇر. ئۇنىڭ يەنە بىر تۈرى بار بولۇپ، سامساق بىلەن كۈدىگە ئوخشايدۇ. ئۇ «كۇرراسىي» (كۈدىسىمان سامساق) دەپ ئاتىلىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق. ئارتۇق ھۆللۈكى بار. ئۇنىڭ ھارارىتى بەدەننىڭ تەبىئىي ھارارىتىگە ئوخشايدۇ. ياۋىسى تۆتىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق بولىدۇ.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ماددىلارنى تارقاتقۇچى، جۇلا بەرگۈچى، تۇسالغۇلارنى

ئاچقۇچى، ئاشقازان ۋە بوغۇملارنىڭ ھۆللۈكلىرىنى قۇرۇتقۇچى، قاننى سۇيۇلدۇرغۇچى، سۈيدۈك ھەيدىگۈچى، ھەيز ماڭدۇرغۇچى، تەرلەتكۈچى، زەھەر قايتۇرغۇچى، تېرىنى يارىلاندۇرغۇچىدۇر. ئۇنى ۋاقىت ۋە مىزاجىغا بېقىپ مۇۋاپىق مىقداردا ئىستېمال قىلىنسا مىزاجنىڭ ساقلىنىشىنى ساقلايدۇ. تۇرلۇك سۇلارنىڭ بەدەنگە ماس كەلمەسلىكى، بۇلغانغان ھاۋانىڭ زىيانلىق تەسىرىنى يوقىتىدۇ. بولۇپمۇ سىركە بىلەن ئىشلىتىلسە شۇ تەسىرنى بېرىدۇ. ئاۋازنى ساپلاشتۇرىدۇ، كاناي ئىششىقى، زىققە نەپەس، ئۇنتۇغاقلىق، پالەچ، لەقۋا، رەئشە، پەي - نېرۋىلارنىڭ كۆپ قىسىم كېسەللىكلىرى، بوغۇم، ئولتۇرغۇچ نېرۋا، نۇقرەس، يانپاش ۋە ئۇلارنىڭ ئوخشاشلىرىنىڭ ئاغرىقى قاتارلىقلارغا پايدا قىلىدۇ. قويۇق خىلىتلارنى پارچىلايدۇ. تالغا پايدا قىلىدۇ. يەل تارقىتىدۇ، يەلدىن بولغان قۇلۇنجىغا شىپا بولىدۇ. گالدا تۇرۇپ قالغان زۇلۇك قۇرتى، ئاشقازان مەددە قۇرتى، قاپاق ئۇرۇقسىمان مەددە قاتارلىقلارنى چىقىرىدۇ ۋە چۇشۇرىدۇ. ھۆل مىزاج كىشىلەر ئىستېمال قىلسا باھنى قوزغىتىدۇ، مەنىي كۆپەيتىدۇ. قۇرۇق مىزاج كىشلەر ئىستېمال قىلسا ھۆللۈكلەرنى قۇرۇتىدۇ. ئۇسسىتىدۇ. كونا تەپلەر، ئۆپكە يارىسى، ئاشقازان ئاغرىقىغا پايدا قىلىدۇ. بەلغەم ۋە ماسارىقا تومۇرنىڭ توسۇلۇپ قېلىشىدىن بولغان ئۇسسۇزلۇقنى پەسەيتىدۇ. سۈيدۈك تامچىلاپ كېلىشكە مەنپەئەت قىلىدۇ. رەڭگىرويىنى ياخشىلايدۇ. تەستە ھەزىم بولىدىغان غىزالارنى ئۇچۇقچانلاشتۇرىدۇ. ئىششىقلارنى تارقىتىدۇ. بۆرەكتىكى تاشنى پارچىلاپ چۈشۈرىدۇ. يىلان ۋە باشقا ھاشاراتلار چېقىۋېلىش، غالجىر ئىت چىشلىۋېلىش، ئۆمۈچۈك چېقىۋېلىشقا شىپا بولىدۇ. شاراب بىلەن ئىستېمال قىلسا ئەفئا يىلىنىنىڭ زەھىرىنى قايتۇرىدۇ. داۋاملىق ئىستېمال قىلىنسا ئاق چاچلارنى چۈشۈرۈپ ئورنىغا قارا چاچ ئۈندۈرىدۇ. ئەنجۇر، سۇزاپ ۋە ياڭاق مېغىزى بىلەن ئىستېمال قىلسا تەسىرى زەھەر قايتۇرغۇچى پادىزەھىرىدىن كۈچلۈكرەك بولىدۇ. زىرە ۋە قارىغاي يوپۇرمىقى بىلەن قايىنتىلغىنى چىشلارنى قۇۋۋەتلەيدۇ، چىش مىلىكىنى چىڭىتىدۇ. قايىنتىلغان قوي سۈتى بىلەن پىشۇرۇپ، يېڭى كالا يېغى بىلەن قورۇپ ھەسەل بىلەن تاتلىقلاشتۇرۇپ ھالۋا تەييارلاپ ئىستېمال قىلسا باھنى تەڭداشسىز قوزغىتىدۇ. تاغ پىننىسى قايناتمىسى بىلەن ئىشلىتىلسە پىت - سىركىنى ئۆلتۈرىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** كۆپ ئىستېمال قىلىنسا ياكى ئىستېمال قىلىشتا مىزاج، ياش ۋە پەسىلگە ئېتىبار بېرىلمىسە باشنى ئاغرىتىدۇ، قاننى كۆيدۈرىدۇ. كۆز، ئۆپكە، بوۋاسىر، ھامىلدار ئاياللار، تولغاق ۋە چاشقان يارىسى بىمارلىرىغا زىيان قىلىدۇ. ناھايىتى ئۆتكۈر سەپرا پەيدا قىلىدۇ. باھنى قوزغىتىدۇ. تۇتقاقلىق كېسەللىكلەرنى تۇتتۇرىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** ئازراق تۇز بىلەن سۇدا پىشۇرۇپ بادام يېغى ياكى كۈنجۈت يېغى قوشۇپ ئىستېمال قىلىش، يۇمغاقسۈت، سىركەنجۇبىل، چۇچۇمەل، تاتلىق ئانار سۈيى ئىچىشتىن ئىبارەت. ئۇنىڭ مەلھىمى كۆزگە سۈركەلسە كۆزدە ئۇيۇپ قالغان قاننى تارقىتىدۇ. سامساق

چىلانغان سۇ بىلەن ئىپىز چايقالسا گالدا تۇرۇپ قالغان زۇلۇك قۇرتىنى چىقىرىدۇ. بوغما كېسەلگە پايدا قىلىدۇ. قايناتمىسىغا كۇندۇر ئارىلاشتۇرۇپ ئىپىز چايقالسا سوغۇقتىن بولغان چىش ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ. چىشنىڭ ئۇپرىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. چىش مىلىكىنى چىڭىتىدۇ. ئۇنىڭ قايناتمىسى قارىغاي ياغىچى، كۇندۇر بىلەن بىرلىكتە ئىپىزدا تۇتۇلسا سوغۇقتىن بولغان چىش ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن كىلىزما قىلسا ئولتۇرغۇچ نېرۋا ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ. قورۇپ پىشۇرۇپ چىشقا سۈركەلسە چىشنىڭ يەلدىن ۋە ھۆللۈكتىن بولغان ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ. ھەسەل بىلەن مەلھەم قىلىپ سۈركەلسە مۇدۇر - چاقا، كالا تەمرەتكىسى، باشنىڭ ھۆل يارىسى، باش كېپەكلىشىش، بەھەق، قوتۇرغا پايدا قىلىدۇ، ئەمما تېرىنى يارا قىلىدۇ. قارا ئەنجۈر يوپۇرمىقى ۋە زىرە بىلەن مەلھەم قىلىپ چېپىلسا ئاغمىخان چىشلىۋالغان زەخمىنى ساقايتىدۇ. قۇندۇز قەھرى ۋە زەيتۇن يېغى بىلەن مەلھەم قىلىپ سۈركەلسە چايان، يىلان، غالجىر ئىت قاتارلىقلارنىڭ زەھىرى ۋە باشقا زەھەرلەرنى قايتۇرىدۇ، ئۇلارنىڭ زىيانلىق تەسىرىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. شۇنداقلا ھەسەل ۋە سىركە بىلەن مەلھەم قىلىنسا قويۇق ھۆللۈكلەرنى تارقىتىدۇ. ئەزالارنىڭ ئىششىقىنى تارقىتىدۇ. سۈت بىلەن پىشۇرۇپ زىمات قىلىنسا چىيقانلارنى ئىپىز ئالدۇرىدۇ. كۆيدۈرۈپ ھەسەل بىلەن زىمات قىلىنسا قاپاقنىڭ تېگىدە ئۇيۇپ قالغان قاننى تارقىتىدۇ. بان يېغى بىلەن زىمات قىلىنسا دائىرىلىك چاچ چۈشۈشكە پايدا قىلىدۇ. كالا يېغى بىلەن زىمات قىلىنسا ئۈچەي زەخمىسىگە بەكرەك پايدا قىلىدۇ. ياغدا قورۇپ ئىستېمال قىلىنسا، ئۆزى ياكى يېغى ياكى ھەر ئىككىسى چېپىلسا باشنىڭ ھۆل يارىلىرىنى قۇرۇتىدۇ. سامساق تەكرار قاينىتىلغان ياغ بىلەن ياغلانسا ئەزالاردا ئۇيۇپ قالغان قاننى تارقىتىدۇ، ئۇششۇك يارىسىغا پايدا قىلىدۇ. بوغۇم ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ. بەلغەمدىن بولغان قۇلۇنجىغا شىپا بولىدۇ. شىلىمشىق خىلتتىن بولغان ئۈچەي زەخمىسىنى ساقايتىدۇ، بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ئىستېمال قىلىنىدۇ ياكى مەلھەم قىلىنىپ چېپىلىدۇ. ئۇنىڭ كۈلى ھەسەل بىلەن مەلھەم قىلىپ سۈركەلسە بەھەق، ئاقكېسەل، دائىرىلىك چاچ چۈشۈش، كۆزدە قان ئۇيۇپ قېلىش، قوتۇرغا پەيدا قىلىدۇ. يوپۇرمىقى ۋە غولىنىڭ قايناتمىسىدا ئولتۇرسا سۈيدۈك ھەيدەيدۇ، ھەيز ماڭدۇرىدۇ، بالا ھەمراھىنى چۈشۈرىدۇ. ئۇنىڭ يېغى بىلەن مايلانسىمۇ شۇ تەسىرنى بېرىدۇ، ئەمما تەسىرى ئۇنىڭ ئۆزىگە قارىغاندا ئاجىزراقتۇر. ئۇ نۆشۈدۈر بىلەن مەلھەم قىلىنسا ئاقكېسەل، بەھەقكە، زۇپتى بىلەن مەلھەم قىلىنسا سەينەك، تىرناقنىڭ يىرىكلىكى ۋە ئەگرى-بۈگرىلىكىگە پايدا قىلىدۇ. قايناتمىسى پىت ئۆلتۈرىدۇ. يوپۇرمىقىنى چايىنسا، ئارقىدىن رەيھان شارابى بىلەن ئىپىز چايقىسا ئىپىزنىڭ پۇرىقىنى يوقىتىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، پالەچنى داۋالاش ئۈچۈن كۈنىگە بىر دانە خام سامساقنى پۈتۈن يۇتۇپ بەرسە، يەنى بىرىنچى كۈنى بىر تال، ئىككىنچى كۈنى ئىككى تال، ئۈچىنچى كۈنى ئۈچ تال يۇتسا، شۇ يوسۇندا كۈنىگە بىر تالدىن كۆپەيتىلىپ 40 كۈنگىچە داۋاملاشتۇرۇپ 40 - كۈنى 40 دانە

يۇتسا، ئۇنىڭدىن كېيىن كۈنگە بىر تالدىن كېمەيتىلىپ 80 ـ كۈنگە بارغاندا بىر دانە سامساق يۇتسا شۇ ئارىلىقتا پالەچ ئاللانىڭ ئىزنى بىلەن ساقىيىدىكەن، باشقا داۋاغا ئېھتىياج چۈشمەيدىكەن. بالادۇرنى يەرگە كۆمۈپ سېسىغاندىن كېيىن شۇ يەرگە سامساق تىكىپ چوڭايغاندا قومۇرۇپ ئېلىپ مەجۇن تەييارلاپ ئىستېمال قىلسا بەدەننى ناھايىتى قۇۋۋەتلەيدۇ. ئاقارغان چاچلارنى قارايتىدۇ.

سامساقنىڭ تەرياقى، ئۇنىڭ پايدىلىرى، يېغى، سىركىگە چىلانغان نۇسخىسى، مەجۇنى قارابادىندا بايان قىلىندى.

## سۇمۇن
(سەپرائوت ئۇرۇقى)

ئۇ پارسچە «تۇخۇمى زەرداب»، تۈركچە «سەپرا ئودى» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** بىر خىل ئۇرۇقتىن ئىبارەت بولۇپ، خۇببە ئۇرۇقىغا ئوخشايدۇ. ئۆسۈملۈكى سايە يەرلەردە ئۆسىدىغان بولۇپ، سۇزاپقا ئوخشايدۇ، يوپۇرمىقى ئۇنىڭدىن ئۇزۇنراق بولىدۇ. گۈلى ئاق، ئۇرۇقى ئاچچىق، ئۆتكۈر، ئۇششاق بولىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا سېرىق تۈربۇت ئۇنىڭ يىلتىزى ئىكەن، تەسىرى خەربەقكە ئوخشاش بولىدىكەن.

**تەبىئىتى:** ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** قۇستۇرغۇچى، قويۇق خىلىتلارنى سۈرگۈچى، ئاشقازاندىكى تۈرلۈك مەددە قۇرتلارنى چىقارغۇچى، ھامىلە چۈشۈرگۈچى، سۈيدۈك ھەيدەپ، ھەيز ماڭدۇرغۇچى، سوغۇقتىن بولغان ئىششىقلارنى تارقاتقۇچىدۇر.

**ئىستېمال مىقدارى:** 5.1 گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** كەتىرا، يۇمغاقسۇت.

# پەسىل: «س» (سائ) ۋە «ي» (يائ) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى

## سىيل
(سىل ئوتى)

بۇ ئەرەبچە سۆز بولۇپ، «تۇخىم»، «تۇخمە»، «خۇمە»، تۈركچە «پىلان ئەفەردى» دەپ، تەنەكابۇندا «كەرك جەرۋاش» دەپ ، پارسچە «بىيد گىياھ» (سۆگەت گىياھ) دەپ ئاتىلىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا ئۇ «ھىرشىف» دەپ ئاتىلىدىغان ئۆسۈملۈكنىڭ بىر تۈرى ئىكەن.

**ماھىيىتى:** بىرقانچە خىل بولىدۇ. بىرىنچى خىلى بىر خىل ئۆسۈملۈك بولۇپ، سۇ

بويلىرى، نەم يەرلەردە يەر بېغىرلاپ ئۆسىدۇ. ئۆسۈشى مەلۇم بىر ۋاقىتقا خاس ئەمەس. شاخلىرى ئۇزۇن، ئىنچىكە بولۇپ، كۆپ بوغۇملىرى بار، يوپۇرمىقى ناھايىتى ئۇششاق بولۇپ ئۇچى ئۆتكۈر، سەل قاتتىق بولىدۇ، يالپۇزنىڭ يوپۇرمىقىغا ئوخشايدۇ. گۈلى قىزىل بىلەن ئاق ئارىلىقىدا بولىدۇ. ئۆسۈملۈكنىڭ تەمى بىمەززە بولىدۇ. يىلتىزى ھۆللا بولىدىكەن يېيىلىدۇ. تەمى تاتلىق، سەل ئۆتكۈر بولۇپ تىلنى قورۇيدۇ. چارۋىلار ئۇنى يەيدۇ. بوغۇملىرىنىڭ تەمى تاتلىقراق بولىدۇ.

ئۇنىڭ يەنە بىر تۈرىمۇ بار بولۇپ، يوپۇرماقلىرى كەڭ، يۇمشاق بولىدۇ. چارۋىلار ئۇنى ئوتلىسا ئۆلۈپ قالىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا ئۇ بابىلدا كۆپ بولۇپ، يوللاردا كۆپ ئۆسىدىكەن.

ئۇنىڭ يەنە بىر تۈرىمۇ بار بولۇپ، يوپۇرمىقى يۆگىمەچئوت يوپۇرمىقىغا ئوخشايدۇ. گۈلى خۇش پۇراق، مېۋىسى كىچىك بولىدۇ. يىلتىزى 5~6 تال بولۇپ، بارماق چوڭلۇقىدا، چۈرۈك، بەتبۇي بولىدۇ.

**تەبىئىتى:** بىرىنچى خىلى بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق، قابىزلىق قۇۋۋىتى بار. ئېيتىشلارغا قارىغاندا ئۇ مۆتىدىل ئىكەن. يىلتىزى چاققۇچى، ئۇچۇچاندۇر.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** قايناتمىسى ئىچىلسە قورساق ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ. دوۋسۇن يارىلىرىنى ساقايتىدۇ. سۈيدۈكنى راۋانلاشتۇرىدۇ. يىلتىزىنىڭ قايناتمىسى بۆرەكتىكى تاشنى پارچىلاپ چۈشۈرىدۇ. دوۋسۇن يارىسىنى ساقايتىدۇ. ئۆسۈملۈكنىڭ سۈيىدىن 250 گىرامدىن 450 گىرامغىچە ئېلىپ ئىشلىتىلسە تۈرلۈك يىلانلارنىڭ زەھىرىنى ۋە غالجىر ئىتنىڭ زەھىرىنى قايتۇرىدۇ. سۈيدۈك ئېچىشىپ كېلىش، سۈيدۈك تۇتۇلۇشقا پايدا قىلىدۇ. ئەزالاردىكى ئۇششاق تاشلارنى پارچىلاپ چۈشۈرىدۇ. ئىسسىق تەپلەر ۋە سىلغا ئىنتايىن پايدا قىلىدۇ، سىناقتىن ئۆتكەن. يىلتىزى قان تەپچىرەپ تۇرغان يېڭى يارىلارنى ساقايتىدۇ. زىيانداش ھاشاراتلارنىڭ زەھىرىنى قايتۇرىدۇ. ئوتى زىمات قىلىنسا ئىسسىق ئىششىقلارنى تارقىتىدۇ. نەزلىلەرنى توختىتىدۇ. كۈلى زىمات قىلىنسا بوۋاسىرنىڭ قېنىنى توختىتىدۇ. ئىششىقلارنى تارقىتىدۇ. يارىلارنى قۇرۇتىدۇ. سۈيدۈك ھەيدەيدۇ.

ئۇنىڭ ئىككىنچى خىلىنىڭ ئۇسارىسىنى باراۋەر مىقداردىكى شاراب، ھەسەلگە ئوخشاش مۇناسىپ دورىلار، يېرىم ھەسسە مەرۋى، ئۇچتىن بىرچىلىك مىقداردىكى پىلپىل ۋە ھەر ئىككىسىنىڭ باراۋىرىدە كۇندۇر بىلەن بىرلىكتە قايىنىتىپ ئىشلىتىلسە كۆز كېسەللىكلىرىگە پايدا قىلىدۇ، ماددىلارنى تارقىتىدۇ. ئۇرۇقى سۈيدۈكنى كۈچلۈك ھەيدەيدۇ. قۇسۇش ۋە ئىچ سۈرۈشنى توختىتىدۇ. ماددىلارنىڭ ئاشقازان ۋە ئۈچەيلەرگە قۇيۇلۇشنى توسىدۇ. بۆرەك ۋە دوۋساقتىكى تاشلارنى پارچىلاپ چۈشۈرىدۇ، يارىلىرىنى ساقايتىدۇ.

ئۇنىڭ ئۈچىنچى خىلىنى ئەينەك قاچىغا سېلىپ سۇس ئوت ئۈستىدە قويۇپ

كۆيدۈرگەندىن كېيىن مىس قاچىدا سالايە قىلىپ زىمات قىلىنسا بوۋاسىر قېنىنى توختىتىدۇ، سىناقتىن ئۆتكەن دەپ قارىلىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇنىڭدىن ھەر قېتىمدا 1.5 گىرامدىن زىمات قىلىپ ئۈچ قېتىم ئىشلىتىلسە ساقىيىدىكەن، ئۇنىڭدىن ئارتۇق ئىشلىتىشكە ھاجەت چۈشمەيدىكەن. ئۇنىڭ ھۆلى گۈل يېغى بىلەن زىمات قىلىنسا ماددىلارنى يۇمشىتىدۇ، پىشۇرىدۇ، تارقىتىدۇ.

# بەشىنچى باب
# «ج» (جىم) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى

## پەسىل: «ج» (جىم) ۋە «ا» (ئەلىف) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى

### جارۇن نەھر
(غەجەكئوتى)

بۇ سۆز ئۆستەڭ قوشنىسى دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. چۈنكى ئۇ ئۆستەڭ ۋە سۇدىن ئايرىلالمايدۇ. قۇرغاق يەرلەردە ئۆسمەيدۇ.

ماھىيىتى: بۇ بىر خىل ئۆسۈملۈك بولۇپ، نىلۇپەرگە ئوخشايدۇ. يوپۇرمىقى سۇنىڭ ئۇستىگە چىقىپ تۇرىدۇ، قىزىلچا يوپۇرمىقىغا ئوخشايدۇ، تۈكلۈك بولىدۇ. يىلتىزى يىرىك، تەمى سەل ئاچچىق، گۈلسىز، مېۋىسىز بولىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ئىستېمال قىلىنسا ئىچ سۈرۈش ۋە قاننى توختىتىدۇ. ئۇسسۇزلۇقنى پەسەيتىدۇ. زىمات قىلسا ياكى قۇرۇتۇپ سەپسە، ئىششىقلارنى تارقىتىدۇ. ھۆل ۋە قۇرۇق يارا ئېغىزلىرىنى پۈتتۈرىدۇ. ئىسسىق ئىششىقلارنى تارقىتىدۇ. چىرىگەن، كېڭىيىشچان يامان يارىلارنى ساقايتىدۇ. مەلھەم قىلىپ ئىشلەتسىمۇ پايدا قىلىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** پەيلەرگە زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** شېكەر.

**ئىستېمال مىقدارى:** 10 گىرامغىچە.

### جام پەھل
(جام پەھل مېۋىسى)

بۇ، ھىندىستاندا بولىدىغان بىر خىل مېۋىدۇر. بېنگالدا «سەفەرىي ئەنبە» دېگەن نام بىلەن مەشھۇردۇر.

ماھىيىتى: بۇ بىر خىل دەرەخنىڭ مېۋىسى بولۇپ، ئومۇمەن ئامۇتقا ئوخشايدۇ، ئىككى

خىل بولىدۇ. بىرىنچى خىلىنىڭ گۆشى ئاق، ئىككىنچى خىلىنىڭ گۆشى قىزىل بولىدۇ. پىشقاندىن كېيىن ھەر ئىككى خىلىنىڭ تەمى تاتلىق بولۇپ ئۆزگىرىدۇ. شەكلى ياۋا ئامۇتقا ئوخشايدۇ. ئۇرۇقلۇق بولۇپ، ئىچىدىن ئامۇت ئۇرۇقىغا ئوخشاش كۆپ ئۇرۇقلار چىقىدۇ. ئېقىنىڭ ئۇرۇقى ئاق، قىزىلىنىڭ ئۇرۇقى سەل قاتتىق بولىدۇ. ئۇنىڭ ئاق رەڭلىكىنىڭ شەكلى ئامۇت شەكلىدە بولۇپ، گۇلابى دەپ ئاتىلىدىغان كىچىك ئامۇتقا ئوخشايدۇ. ئۇنىڭ قىزىلى كۆپ ھاللاردا يۇمىلاق بولىدۇ. بۇ دەرەخ ھىندىستان ۋە بېنگالىنىڭ يامغۇر پەسلى بولغان ياز پەسلىدە كۆپلەپ مېۋە بېرىدۇ، قىش پەسلىدىمۇ مېۋە بېرىدۇ. ئەمما ياز پەسلىدىكىدەك كۆپ بولمايدۇ. ھىندىستان ۋە دۇكەن شەھەرلىرىدە ئۆسكىنىنىڭ مېۋىسى بېنگالدا ئۆسكىنىنىڭ مېۋىسىدىن ياخشىراق بولىدۇ، ئەمما بېنگالدا ئۆسكىنىنىڭ مېۋىسىدەك كۆپ بولمايدۇ. ئۇنىڭ ياخشىسى تولۇق پىشقان، دانلىرى چوڭ، سۇلۇق، تاتلىق، ئۇرۇقى ئاز بولغانلىرىدۇر، بولۇپمۇ ئۇنىڭ ئېقىنىڭ شۇ خىل ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغانلىرى ياخشىلىرىدۇر. ئۇنىڭ دەرىخى ئالما ۋە بېھى دەرەخلىرى چوڭلۇقىدا بولىدۇ، تۈز ئۆسمەيدۇ. يوپۇرمىقى ئالما يوپۇرمىقىدىن سەل ئۇزۇنراق، يىرىك، چىشسىز بولىدۇ. ياغىچى ناھايىتى يىپلىق، ئاسان سۇنىدىغان بولۇپ قۇرۇلۇشقا ئىشلىتىشكەبولمايدۇ. ھىندىستان خەلقى ئۇنىڭدىن چىش كولىغۇچ ياسايدۇ، قالغانلىرىنى قالايدۇ. دەرىخى تېز مېۋە بېرىدۇ. قېرىغانلىرىنىڭ مېۋىسى ئازلاپ كېتىدۇ، غولى كېسىۋېتىلسە ئەتراپلىرىدىن شاخلار ئۆسۈپ چىقىپ بىر - ئىككى يىلدا يەنە مېۋە بېرىدۇ.

**تەبىئىتى:** ھۆل ئىسسىق بولۇپ، شىلىمشىق سۇيۇقلۇقى، قورۇغۇچى قۇۋۋىتى بار.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** خۇرسەن قىلغۇچى، يۈرەك، ئاشقازاننى قۇۋۋەتلىگۈچى، چوڭ تەرەتنى دەسلەپتە بوشىتىپ، كېيىن قاتۇرغۇچى، سۈيدۈك ھەيدىگۈچى، ئىچ سۈرۈشنى توختاتقۇچىدۇر. بولۇپمۇ پوستى ۋە ئۇرۇقى بىلەن بىرلىكتە يېسە تېخىمۇ شۇنداق بولىدۇ. چالا پىشقىنى قابىزراقتۇر. مېۋە بەرمىگەن ياش دەرەخنىڭ قوۋزىقىدىن 10 ~ 15 گىرام ئېلىپ، مۇۋاپىق مىقداردىكى سۇغا بىر كېچە چىلاپ قويۇپ، ئەتىگەندە مۇجۇپ، پىسەپلىرىنى سىقىۋېتىپ، سۈيىگە ئاز مىقداردا شېكەر ئارىلاشتۇرۇپ، ئۈچ - تۆت كۈنگىچە ھەر كۈنى يېڭى ھالەتتە ئىچسە، ھۆللۈكتىن بولغان ئىچ سۈرۈشنى توختىتىدۇ، سىناقتىن ئۆتكەن.

**زىيانلىق تەسىرى:** ھۆل سوغۇق مىزاجلىق كىشىلەر، قۇلۇنجى بىمارلىرىغا زىيان قىلىدۇ، باشنى ئاغرىتىدۇ. نەزلە ۋە تىنىچ خىلىتلارنى قوزغىتىدۇ. قورساقنى كۆپتۈرىدۇ، يەل پەيدا قىلىپ كوركىرىتىدۇ. تەپكە مايىل بەدەنلەردە تەپكە سەۋەب بولىدۇ. بولۇپمۇ كۆپ ئىستېمال قىلسا تېخىمۇ شۇنداق بولىدۇ.

يوپۇرمىقىنىڭ قاينىتىلمىسى بىلەن ئېغىز چايقىسا چىش مىلىكى ۋە مىدىرلاپ قالغان چىشلارنى چىڭىتىپ، ئاغرىقنى پەسەيتىدۇ.

## چام گەھاس
(چامگاس ئوتى)

بۇ، ھىندىچە ۋە بېنگالچە سۆزدۇر.

ماھىيتى: بۇ ھىندىستان ۋە بېنگالىنىڭ نەم يەرلىرىدە يامغۇر پەسلىدە ئۆسىدىغان بىر خىل ئۆسۈملۈكتۇر. غوللىرى غۇلاچ ئېگىزلىكتە، بەزىدە ئۇنىڭدىن پاكارراق ياكى ئېگىزرەك بولۇپ، ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق بولىدۇ. ھەربىر غولىنىڭ ئۇچىدا ئۈچ دانە يوپۇرماق بىر - بىرىگە تۇتىشىپ ئۆسىدۇ. ئۆتكۈر ۋە توغرىغۇ خۇسۇسىيەتلىك بولىدۇ. يىلتىزى ئاق بولۇپ، پىياز چوڭلۇقىدا، ئۆتكۈر ۋە توغرىغۇ خۇسۇسىيەتلىك بولىدۇ. ئۇنىڭ گۈلى خۇددى كەڭ يوپۇرماققا ئوخشايدىغان بولۇپ تۆۋەن تەرىپى پۈرلەشكەن بولىدۇ. پۈرلەشكەن يېرىدىن كونۇس شەكىللىك تەنچە ئۆسۈپ چىقىدۇ. گۈلىنىڭ ئاستىدا كوزا شەكىللىك بوغۇم بولۇپ، گۈل ساپىقى ئىنچىكە ئاق بولىدۇ. گۈلى ناھايىتى بەتبۇي پۇرايدۇ.

تەبىئىتى: قۇرۇق ئىسسىق.

يوپۇرمىقىنىڭ ساپىقىنى پىشۇرۇپ ئىستېمال قىلسا ئىستىسقاغا مەنپەئەت قىلىدۇ. يىلتىزىنى پىلپىل بىلەن سالايە قىلىپ قارىمۇچ ۋە نوقۇت چوڭلۇقىدا ئۈچ - تۆت دانە ھەب ياساپ ئىستېمال قىلسا، قۇسۇشنى ۋە توختىمىغان ئىچ سۈرۈشنى توختىتىدۇ. ئۇنىڭ يىلتىزىدىن نوقۇت ياكى باقىلە چوڭلۇقىدا ئېلىپ ھىندىچە «كىيلە» دەپ ئاتىلىدىغان باناننىڭ ئىچىگە يۇتقىلى بولغۇدەك ھالەتتە تىقىپ بىر نەچچە كۈن ئۇدا يۇتسا تال ئىششىقىنى تارقىتىدۇ. يۇتقاندىن كېيىن مايسىز ۋە تۇزسىز يۇمشاق پىشۇرۇلغان گۈرۈچتىن بىر - ئىككى لوقما يېيىلىدۇ، سىناقتىن ئۆتكەن دەپ قارىلىدۇ. ئۇنىڭ يىلتىزىدىن 288 گىرام ئېلىپ يۇمشاق سالايە قىلىپ، ساپال قاچىغا تۆكۈپ، ئۈستىدىن باراۋەر مىقداردا كالا يېغى قوشۇپ ياخشى ئارىلاشتۇرغاندىن كېيىن، ئۈستىدىن يەنە 16دانە ھىندىچە «كاغەزىي» دەپ ئاتىلىدىغان قەغەز لىمون سۈيى قوشۇپ ياخشى ئارىلاشتۇرۇلىدۇ، ئارىلاشتۇرۇش جەريانىدا سۈيى ئازلاپ قالسا تۆت دانە لىمون سۈيى قوشۇپ، ئۇنىڭدىن كېيىن ئەينەك ياكى ساپال قاچىغا ئېلىپ مەلۇم مۇددەت ساقلىغاندىن كېيىن يامان يارىلار، ھىندىچە «كوكرە» دەپ ئاتىلىدىغان يامىرىغۇچى يارىنىڭ ئىچىگە تىقىپ، ئۈستىگە مەلھەم ئورنىدا سۈركىسە، يارا ئېغىزى پۈتكەندىن كېيىن قىچىشقان يەرلىك ئورۇنغا ئۇنىڭ يېغىنى سۈركىسە ساقايتىدۇ.

## جامۇس
(سۇ كالىسى)

ئۇ پارسچە «گاۋىي مىش»، ھىندىچە «بىينس» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** ياۋا كالىنىڭ بىر تۈرى بولۇپ، رەڭگى قارا، يەرلىك كالىغا سېلىشتۇرغاندا ناھايىتى كۈچلۈك، مۈڭگۈزلىرى ئۇزۇن، مەزمۇت بولىدۇ. ھىندىستان ۋە بېنگالدا ئىككى خىل بولىدۇ. بىر خىلى، ياۋسى بولۇپ «بىينىس» دەپ ئاتىلىدۇ؛ يەنە بىرى، چۆللەردە ياشايدىغان بولۇپ، ناھايىتى كۈچلۈك، مۈڭگۈزلىرى چوڭ ئۇزۇن بولىدۇ. يەرلىكىدىن كۈچلۈكرەك بولىدۇ، ئۇ «ئەرنە» دەپ ئاتىلىدۇ. شۇنچىلىك دەرىجىدە كۈچلۈككى شىر ۋە پىلنىمۇ ئۆلتۈرەلەيدۇ. سۇ كالىسىنىڭ سۈتى ۋە يېغى يەرلىك كالىنىڭ سۈتىگە قارىغاندا قويۇقراق ۋە مايلىقراق بولىدۇ، بولۇپمۇ «ئەرنە» دەپ ئاتالغان چۆل كالىسىنىڭ سۈتى تېخىمۇ شۇنداق.

**تەبىئىتى:** قۇرۇق ئىسسىق، چۆلدە ياشايدىغىنى قۇرۇق ئىسسىقراق بولىدۇ.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** گۆشى ناھايىتى تەستە ھەزىم بولىدىغان بولۇپ، ئېغىر ئەمگەك قىلىدىغانلارنىڭ ئىستېمال قىلىشىغا مۇۋاپىق كېلىدۇ. بۆرەكنى سەمىرىتىدۇ. سۈت ئېمىۋاتقان ئىككى - ئۈچ ئايلىق بولغان موزىيىنىڭ گۆشى قورۇما ۋە كاۋاپ قىلىپ ئىستېمال قىلسا ناھايىتى مەززىلىك، زىيانلىق تەسىرى ئازراق بولىدۇ، ئاسانراق ھەزىم بولىدۇ. ئۇنىڭ مويلىرى ۋە مۈڭگۈزىنى كۆيدۈرۈپ ئىسرىق سالسا زەھەرلىك يىلانلارنى قاچۇرىدۇ. تۇيىقىنىڭ كۈلى يارىلار ۋە قىچىشقاقنى قۇرۇتىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا ئۇنىڭ ئوشۇقىنىڭ كۈلىنى ئىستېمال قىلسا يارىلاندۇرىدۇ، سەۋدا پەيدا قىلىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** بوغۇم ئاغرىقلىرى، ئولتۇرغۇچ نېرۋا ئاغرىقى، نۇقرەس ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ئاغرىقلارغا زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** ئاچچىقسۇ، دارچىن ۋە ئۇچۇچانلاشتۇرغۇچى دورىلار بىلەن يۇمشاق پىشۇرۇپ يەپ، ئارقىدىن سىركەنجۇبىل ئىچىلىدۇ. سەلھەت شەھىرىدە ئۇنىڭ چۆلدە ياشايدىغىنىنىڭ تېرىسىدىن قالقان ياسىلىدۇ.

## جامۇن
### (جامۇن مېۋىسى)

**ماھىيىتى:** بۇ، ھىندىستاندا بولىدىغان بىر خىل مېۋىدىن ئىبارەت. ئۇنىڭ دەرىخى ناھايىتى چوڭ بولۇپ، ياڭاق دەرىخى چوڭلۇقىدا ۋە ئۇنىڭدىن چوڭراق بولىدۇ. يوپۇرمىقى سەل ئىنچىكە، بىر غېرىچ ئۇزۇنلۇقتا، قارامتۇل يېشىل بولىدۇ. چېچىكى ئاق، ناھايىتى ئۇششاق بولىدۇ. ئۇنىڭ مېۋىسى قارا ئۈزۈمگە ئوخشايدىغان بولۇپ، سەل ئۇزۇنچاق، بەزىلىرى چوڭراق، ئىچى - تېشى بىنەپشە رەڭدە بولىدۇ. بۇ دەرەخ يەرلىك ۋە ياۋىدىن ئىبارەت ئىككى خىل بولىدۇ. ياۋسىنىڭ مېۋىسى كىچىك، ئۇرۇقى چوڭ، سۈيى ئاز، چۈچۈمەل ۋە كۆپ

قىرتاق بولىدۇ. يەرلىكىمۇ ئىككى خىل بولىدۇ، بىرىنىڭ مېۋىسى چوڭ بولۇپ، ناھايىتى سۇلۇق، ئاچچىق ـ چۈچۈك، ئۇرۇقى كىچىك بولىدۇ، تەمى بەك قىرتاق ئەمەس. ئۇ «رامىي جامۇن» دەپ ئاتىلىدۇ. ئىككىنچى خىلى ئۇنىڭدەك ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە ئەمەس.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىنىڭ ئاخىرىدا سوغۇق، ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** سەپرادىن بولغان ئىچ سۈرۈشنى توختاتقۇچى، ئىسسىق مىزاجلىق ئاشقازان ۋە جىگەرنى قۇۋۋەتلىگۈچى، قان بىلەن سەپرانىڭ ئۆتكۈرلۈكىنى پەسەيتكۈچىدۇر. ئۇنىڭ بىلەن غار ـ غار قىلسا ۋە ئېغىز چايقىسا بوغما كېسەل، ئىسسىقتىن بولغان ئېغىز يارىسىغا مەنپەئەت قىلىدۇ. چىش مىلىكىنى چىڭىتىدۇ. تۈرلۈك ئىچ سۈرۈشلەرنى توختىتىدۇ. ئاشقازان، جىگەرنىڭ ھارارىتىنى تۆۋەنلىتىدۇ. سەپرانى كېسىپ ئۇسسۇزلۇقنى پەسەيتىدۇ. ئىشتىھانى ئاچىدۇ، ئىسسىق مىزاج كىشىلەرنىڭ باھ قۇۋۋىتىنى قوزغايدۇ. دىيابېت (شېكەر سىيىش كېسىلى) قا مەنپەئەت قىلىدۇ. ئۇنىڭ پىشقان مېۋىسىنى بىر قانچە قېتىم سۈركىسە دائىرىلىك چاچ چۈشۈشكە مەنپەئەت قىلىپ چاچ ئۇندۇرىدۇ. ئۇنىڭ يىلتىزىنىڭ ئىنچىكە يىپچىلىرىدىن 24 گىرام ئېلىپ، كەچتە سۇغا چىلاپ قويۇپ، ئەتىگەندە يىسەپلىرىنى سۈزۈۋېتىپ، 20 كۈن ياكى 40 كۈنگىچە ئىچسە، ئۇنىڭ كونا ئۇرۇقىنىڭ مېغىزىنى كونا ئەنبە ئۇرۇقىنىڭ مېغىزىنى ھېلىلە بىلەن قورۇپ ئىستېمال قىلسا كونا ئىچ سۈرۈشنى توختىتىدۇ. ئۇنىڭ قۇرۇق يوپۇرمىقىنى سوقۇپ سەپسە چىش مىلىكىنى چىڭىتىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** ناشتىدا ئىستېمال قىلسا سەپرانى قوزغىتىپ زىيان قىلىدۇ. ئاشقازانغا زىيان قىلىدۇ. تەستە ھەزىم بولىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** تۇز، ئۇنى يۇغاندىن كېيىن ئۇستىگە تۇز سېپىپ مەلۇم ۋاقىت تۇرغۇزغاندىن كېيىن ئىستېمال قىلىنىدۇ.

ئۇنىڭغا ئاز مىقداردا سۇ، تەمىنى ياخشىلىغۇدەك دەرىجىدە ناۋات سۇيى ياكى سۇيىگە ئاز مىقداردا ناۋات ياكى قەنت قوشۇپ تەمىنى ئاچچىق ـ چۈچۈكلەشتۈرۈپ، سۇس ئوتتا قاينىتىپ تەييارلانغان شەربىتى ئىچىلسە، بۇنىڭ تەسىرىنى پىشقان مېۋىسىنى يېگەندىن ياخشىراق بولىدۇ. تۆمۈر ياكى پولاتنىڭ ئېكەكدەلمىسىنى ئۇنىڭ يوپۇرمىقىنىڭ سۇيىگە چىلاپ ئاپتاپتا يۇمشاق كۆشتە بولغۇچە ۋە قايناپ ئۇستىگە ئۆرلىگۈچە قويۇپ، يەنە يوپۇرمىقىنىڭ سۇيىگە تەكرار چىلاپ يۇيۇپ ئىستېمال قىلسا ئىشتىھانى ئاچىدۇ، كونا ئىچ سۈرۈش، ئىستىسقا، بوۋاسىر ۋە ئۇنىڭ ئوخشاشلىرىغا پايدا قىلىدۇ.

ئۇنىڭ يەنە بىر خىل تۈرى بار بولۇپ، «گۈلاب جامۇن» دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇ پەقەت بېنگالدىن چىقىدىغان بولۇپ، ھىندىستان، دۆكەن ۋە باشقا جايلاردىن چىقمايدۇ. سەل يۇملاق، تاتلىق، بەزىلىرى سەل سۇلۇق، خۇددى گۈلاب (قىزىلگۈل) سۇيىگە چىلانغاندەك

خۇش پۇراق بولىدۇ. بەزىلىرىنىڭ ئىچىدىن بىر دانە، بەزىلىرىنىڭ ئىچىدىن ئىككى دانە، يەنە بەزىلىرىنىڭ ئىچىدىن ئۈچ دانە بىر ـ بىرىگە تۇتاشقان ئۇرۇق چىقىدۇ. مېغىزى كۆك بولىدۇ. ئۇنىڭ دەرىخى بىرىنچى خىلىنىڭ دەرىخىدەك چوڭ بولمايدۇ، كۆپ ھاللاردا يېيىلىپ ئۆسىدۇ. بۇنىڭ يوپۇرماقلىرىمۇ ئۇنىڭدىن تارراق ۋە قىسقىراق، چۇرۇك، يېشىل، پارقىراق بولىدۇ.

**تەبىئىتى:** قۇرۇق سوغۇقلۇققا مايىل مۆتىدىل.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** كۆڭۈلنى خۇرسەن قىلغۇچى، ئىسسىق مىزاجلىق ئاشقازان ۋە جىگەرنى قۇۋۋەتلىگۈچى، قورساقنى ئەسكۈچىدۇر. ئۇرۇقى قىرتاق، قابىز ۋە ماددىلارنى توسقۇچىدۇر.

# جاۋرەس
## (سۆك)

ئۇ پارسچە «گاۋرەس» دېگەن سۆزنىڭ ئەرەبچىلەشتۈرۈلگىنىدۇر. ئۇ پارسچە «ئەرزەن» دەپ ئاتىلىدىغان تېرىقنىڭ ئۇششاق تۈرىدىن ئىبارەت. ھىندىچە «باجرا» دەپ ئاتىلىدۇ. «كەنگى» دەپ ئاتالغىنىمۇ ئۇنىڭ بىر تۈرىدۇر.

**ماھىيىتى:** ئۇ بىر خىل توپا رەڭ دان بولۇپ، تېرىقتىن ئۇششاقراق بولىدۇ. «ئىختىياراتى بەدىئىي» دېگەن كىتابنىڭ ئاپتورىنىڭ يېزىشىچە ئۈچ خىل بولىدىكەن. بىر خىلى «دۇخن» دەپ، پارسچە «ئەرزەن» دەپ ئاتىلىدىكەن. شىرازچە «ئەلۇم» دېيىلىدىكەن. يەنە بىرى «زۇررە» (قوناق)، پارسچە «زەرەت» دەپ ئاتىلىدىكەن. ئۈچىنچى خىلى «گاۋرەس» دېگەن سۆزنىڭ ئەرەبچىلەشتۈرۈلگىنى بولغان «جاۋرەس» ئىكەن، شىرازچە «كال» دەپ ئاتىلىدىكەن. بىرىنچىسىنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىكى ئوتتۇرا ھال بولۇپ ھىندىچە «باجرا» دەپ ئاتىلىدۇ. ئىككىنچىسى ھىندىچە «جەۋار» دەپ ئاتىلىدۇ. ئۈچىنچىسى ھەممىسىدىن كىچىك بولۇپ، ھىندىچە «كەنگى» دەپ ئاتىلىدۇ.

ھىندىستان ۋە بېنگالدا ئۇنىڭ يەنە بىر تۈرى بار بولۇپ، چوڭراق، سېرىق بولىدۇ، ئۇ ھىندىچە «چىينە» دەپ ئاتىلىدۇ. «دۇخن» بىلەن «زۇررە» دەپ ئاللا خالىسا ئۆز ئورنىدا بايان قىلىنىدۇ.

جاۋرەسنىڭ يوپۇرمىقى ئارپا يوپۇرمىقىغا ئوخشاش، ئۇنىڭدىن سەل كەڭرەك ۋە ئۇزۇنراق بولىدۇ. باشقىمۇ ئارپا باشقىغا ئوخشايدۇ. دانلىرى ئۇنىڭدىن ئۇششاقراق، يۇمشاقراق، غوجىمەكرەك بولىدۇ. سېرىق، ئېغىر بولغانلىرى ياخشىلىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

**تەبىئىتى:** بىرىنچى دەرىجىدە سوغۇق، ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق، بەزىلەر ئىككىنچى

دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق دېگەن.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** تېرىقتىن ئۇچۇچانراق، قورۇغۇچى، قۇرۇتقۇچىدۇر. ئەزالارنى چاقمايدۇ. ئۇنىڭدىن ناچار كەيمۇس ھاسىل بولىدۇ. ئوزۇقلۇقى ئاز. يەنى ئۇنىڭدىن ئاز مىقداردا ساپ قان ھاسىل بولىدۇ. ئۇزۇندا ھەزىم بولىدۇ. ھەزىم بولسا بەدەننى كۈچەيتىدۇ. ئۆسۈملۈك ياكى ھايۋانات يېغى بىلەن ئىستېمال قىلىنسا غىزالىقى ئارتۇقراق بولىدۇ. يۇمشاق پىشۇرۇلغىنى كۆكرەك پەردىسىنىڭ تېشىلىپ كېتىشى ۋە يىرتىلىپ كېتىشىگە پايدا قىلىدۇ. نەزلىلەرنىڭ چۈشۈشىنى توسىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن نان يېقىپ يېسە ئۆت مەنبەلىك ئىچ سۈرۈشنى توختىتىدۇ. سۈيدۈك ھەيدەيدۇ. ھامىلە چۈشۈرىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** كۆپ ئىستېمال قىلىنسا سەۋدالىق قان ۋە توسالغۇ پەيدا قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** ياغلار، شېكەر، ياغلىق ھالۋىلار ئىستېمال قىلىنىدۇ، سۈت ياكى كېپەك بىلەن بىرلىكتە پىشۇرۇپ ياغ بىلەن ئىستېمال قىلىنىدۇ. مۇنچىغا چۈشۈپ بەدەن مايلىنىدۇ.

ئۇنى قىزىتىپ ئىسسىق ئۆتكۈزسە ئاشقازاندىكى يەلنى تارقىتىدۇ. قورساق ئاغرىقى ۋە بوۋاسىر ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ. يېڭى سېغىلغان سۈت بىلەن ئىستېمال قىلسا بەدەندىكى ئارتۇق قان ۋە ئارتۇق بۇزۇق خۆللۈكتىن پەيدا بولغان كېسەللىكلەرگە پايدا قىلىدۇ. ئۇنى سوقۇپ تۇز بىلەن بىرلىكتە لاتىغا ئوراپ ئۇستىدە ئولتۇرسا مەقئەت چىقىۋېلىش ۋە تولغاققا پايدا قىلىدۇ. ئۇچەيلەردە تۇرۇپ قالغان تەرەتنى چىقىرىدۇ.

**ئورۇنباسارى:** زىماتلاردا سىيادانىنىڭ ئورۇنباسارى بولالايدۇ.

ئۇنىڭ بىر يىل ئۆتكەن كونىسىنى ئىستېمال قىلىشقا بولمايدۇ.

## جاۋشىر

ئۇ پارسچە «جەۋاشىر»، «كوشىر» دېيىلىدۇ. شىرازدا «جاھۇشى»مۇ دېيىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** بۇ بىر خىل يېلىم بولۇپ، ناھايىتى بەتبۇي پۇرايدۇ. سىرتى قارامتۇل قىزىل، ئىچى ئاق بولىدۇ. ئۆسۈملۈكىنىڭ غولى توم بولۇپ، غۇلاچتىن ئېگىزرەك ئۆسىدۇ. يۇمشاق بولىدۇ، ئۇستىگە خۇددى يۇڭ چاپلىشىپ قالغاندەك مەلۇم بولىدۇ. يوپۇرمىقى ئەنجۇر يوپۇرمىقىغا ئوخشايدىغان بولۇپ، يۇمىلاقراق، گىرۋىكى بەش دانە چىشلىق، يىرىك، ناھايىتى يېشىل بولىدۇ. گۈل كاسىسى سېرىقچېچەكنىڭ گۈل كاسىسىغا ئوخشايدۇ. گۈلى سېرىق، خۇش پۇراق بولىدۇ. ئۇرۇقى قارا بولۇپ، رۇمبەديانغا ئوخشايدۇ، خۇش پۇراق پۇرايدۇ، تەمى ئۆتكۈر بولىدۇ. ئۇنىڭ غولى قىسقا، توم، يۇمشاق، تەرخەمەك تۈكىگە ئوخشاش ئاق تۈكلۈك، سىرتى قارا، ئىچى ئاق بولىدۇ.

ئۇنىڭ يېلىمىنىڭ ياخشىسى پۇرىقى ئۆتكۈر، رەڭگى زەپەر رەڭ بولغانلىرىدۇر.

ئۇنىڭ يېلىمىنى ئېلىشنىڭ ئۇسۇلى شۇكى، ئۇنىڭ غولى ئۆسۈشكە باشلىغاندا يىلتىزىغا تىغ ئۇرۇپ ئەتراپىنى بوشىتىپ يوپۇرماقلىرى يېپىپ قويۇلىدۇ. يېلىمى سىرغىپ ئۇستىگە يىغىلغاندا ئېلىپ قۇرۇتۇپ ئىشلىتىلىدۇ. شۇنداقلا ئۇنىڭ گۈلى ئېچىلىپ قۇياش جەۋزا بۇرجىغا كەلگەندە غولىغا تىغ ئۇرۇپ مەزكۇر ئۇسۇل بىلەن يېلىمى ئېلىنىدۇ.

ئۇنىڭ يېلىمىنىڭ ياخشىلىقىنىڭ ئالامەتلىرى شۇكى، ئۇششاقلانسا ياكى سالايە قىلىنسا ئىچى ئاق بولىدۇ، تېتىسا تىلنى چاقىدۇ، قولغا چاپلىشىدۇ، سىركە ياكى سۇ بىلەن ئېرىتىلسە تېز ئېرىيدۇ. ئۆتكۈر پۇرايدۇ.

ئۇنىڭ غولىدىن ئېلىنغان يېلىمىنىڭ قۇرۇتۇلغىنى سېرىق، سۇدا ئېرىتىلگىنى سۇت رەڭگىدە بولىدۇ. بۇنىڭ تەسىرى ئاجىز بولۇپ ئىشلىتىلمەيدۇ. ساختىسىنىڭ رەڭگى قارا بولۇپ، ئۇشەق ۋە موم بىلەن ساختىلاشتۇرۇلىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق، بەزىلەر ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق دەيدۇ.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** يەل تارقاتقۇچى، تۇسالغۇلارنى ئاچقۇچى، ئاجىز پەي - نېرۋىلارنى قۇۋۋەتلىگۈچى، كۆچلۈك، ساق پەي - نېرۋىلارنى ئاجىزلاشتۇرغۇچى، قاتتىق ئىششىقلارنى يۇمشاتقۇچى، شىلىمشىق ماددىلار ۋە كىرلەرنى تازىلىغۇچى ۋە زەھەر قايتۇرغۇچى بولۇپ، بەلغەمدىن بولغان سوغۇق كېسەللىكلەر، بولۇپمۇ باش ئاغرىقى، پالەچ، لەقۋا، تۇتقاق كېسەل، باللار تۇتقاق كېسىلى، جىمانى كۆپ قىلىشتىن ۋە نەزلىلەردىن بولغان رەئىشە، مۇسكۇللارنىڭ سوقۇلۇشتىن، تۇگۇنچەكلىشىشى، بوغۇملار ئاغرىقى، ئۇرۇلۇپ - سوقۇلۇشتىن بولغان ئاغرىقلار، ئۇستىخان سۇنۇقى، بىقىن ئاغرىقى، قاناش قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ. ئۇنىڭ 5.1 گىرامى مەرزەنجۇش سۈيى بىلەن ئىچىلسە بەلغەمدىن بولغان يۆتەلنى پەسەيتىدۇ. يەرلىك ئورۇنغا چېپىلسىمۇ پايدا قىلىدۇ. ئۇنىڭ بەش گىرامى بەزگەك، تۇتقاقلىق تەپلەر، ئىستىسقا، يەرقان، سۈيدۈك تامچىلاش، دوۋساق قوتۇرى، بالىياتقۇدا يەل تۇرۇپ قېلىش، ھەيز ماڭماسلىق، يەل ۋە بەلغەمدىن بولغان قۇلۇنجىغا پايدا قىلىدۇ. ئەزالاردا پەيدا بولغان تاشلارنى پارچىلاپ چۈشۈرىدۇ، زەھەرلەرنى قايتۇرىدۇ.

**باش كېسەللىكلىرى:** ئىستېمال قىلىنسا باش ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ، تۇتقاق كېسەل، باللار تۇتقاق كېسىلى، لەقۋا، رەئىشە، نەزلىلەر، ئۇرۇلۇپ - سوقۇلۇشلارغا پايدا قىلىدۇ.

**كۆز كېسەللىكلىرى:** كۆزگە سۈركەلسە كۆزگە چۈشكەن سۇنى يوقىتىدۇ. كۆزنى ئۆتكۈرلەشتۈرىدۇ.

قۇلاق كېسەللىكلىرى: قۇلاققا تېمىتىلسا سەگەكلەشتۈرىدۇ.

چىش كېسەللىكلىرى: چىشقا سۈركەلسە، قۇرت يېگەن چىشنىڭ كاۋىكىغا سېلىپ

قويۇلسا ئاغرىقنى پەسەيتىدۇ، ئۇپرىشنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ.

كۆكرەك كېسەللىكلىرى: ئىستېمال قىلىنسا يۆتەل، سوغۇقلۇقتىن بولغان بىقىن ئاغرىقنى پەسەيتىدۇ. يوپۇرمىقى زىمات قىلىنسىمۇ بىقىن ئاغرىقىغا پايدا قىلىدۇ.

**ھەزىم ئەزالىرى كېسەللىكلىرى:** ئۇنىڭ ئۇسارىسى سىركە بىلەن ئىچىلسە ۋە سۈركەلسە تال ئىششىقىنى تارقىتىدۇ. ئۇنىڭ 10 گىرامىنى مۇۋاپىق مىقداردىكى ئۈزۈم سۈيىگە ئارىلاشتۇرۇپ 20 كۈن تۇرغۇزغاندىن كېيىن سۈزۈلدۈرۈپ ئىچسە تال ۋە ئىستىسقاغا ياخشى پايدا قىلىدۇ.

ئاجرىتىش ئەزالىرى كېسەللىكلىرى: ئۇنىڭدىن بىر دانە پىندۇق چوڭلۇقىدا ئېلىپ قايناق سۇ بىلەن ئىچسە سۈيدۈك، ھەيز ھەيدەيدۇ. بالىياتقۇنىڭ سوۋۇشىغا مەنپەئەت قىلىدۇ. بالىياتقۇنىڭ قاتتىق ئىششىقلىرىنى تارقىتىدۇ. سۈيدۈكنىڭ تامچىلىشىنى توختىتىدۇ. مېۋىسى ھەيز ھەيدەيدۇ، بولۇپمۇ ئەپسەنتىن بىلەن ئىشلىتىلسە تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ. بالىياتقۇ ئېغىزىنىڭ بوغۇلۇشى (ھىستېرىيە) كېسەللىكىگە پايدا قىلىدۇ. ھامىلە چۈشۈرىدۇ. بالىياتقۇنىڭ يېلىنى تارقىتىدۇ. ھەمەلچە قىلىنىدۇ. يەنە قۇلۇنجى ۋە دوۋساق غەدىقلىنىشقا شىپا بولىدۇ. خام خىلىتنى سۈرۈپ چىقىرىدۇ. ھەسەل بىلەن ئېرىتىپ ھەمەلچە قىلسا ھەيز ھەيدەيدۇ، ھامىلە ئۆلتۈرىدۇ ۋە چۈشۈرىدۇ. ھامىلىنىڭ ئۆلگىنىگە ئۈچ كۈن بولغان بولسىمۇ چۈشۈرىدۇ. بولۇپمۇ ئۇنىڭ بىلەن پىلتە قىلىپ ئىشلەتسە تېخىمۇ ياخشى پايدا قىلىدۇ. بالىياتقۇغا ھۆقنە (كىلىزما) قىلىنسا بالىياتقۇنى قۇرۇتىدۇ.

يارىلار، جاراھەتلەر ۋە ئاغرىقلار: ھەسەل بىلەن مەلھەم قىلىپ چاپسا كونا يارىلار، تىلما كېسەلگە پايدا قىلىدۇ. زەيتۇن يېغى بىلەن مەلھەم قىلىپ چاپسا بوغۇم ئاغرىقلىرى، ئولتۇرغۇچ نېرۋا ئاغرىقى، نۇقرەس ئاغرىقنى پەسەيتىدۇ. ياغلار بىلەن مەلھەم قىلىپ چاپسا ماغدۇرسىزلىقنى يوقىتىدۇ. شۇنداقلا ئۇنىڭ ئۇسارىسىنى ئىچسىمۇ ئولتۇرغۇچ نېرۋا ئاغرىقنى پەسەيتىدۇ.

**زەھەرلىنىشلەر:** زەيتۇن يېغى بىلەن مەلھەمدەك بولغۇچە قايناتىلغىنى غالجىر ئىت چىشلىۋالغان كىشىگە شىپا بولىدۇ. زىراۋەندە بىلەن ئىستېمال قىلسا زىيانداش ھاشارات ۋە باشقىلارنىڭ زەھىرىنى قايتۇرىدۇ. ئۇنىڭ ئۇسارىسىنى مەلھەملەرگە قوشسىمۇ يارىلارنى پۈتتۈرىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** ئۆرۈقدانغا زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** مەرماھۇز ئۆسۈملۈكى بىلەن ئىشلىتىلىدۇ. ئۈزۈم شىرىسىگە چىلاپ قويۇپ ئىشلىتىلىدۇ.

بەزىلەر ئۇنى پەيلەرگە زىيان قىلىدۇ دەپ بىلگەن.

**ئىستېمال مىقدارى:** بەش گىرامدىن ئىستېمال قىلىنىدۇ.

**ئورۇنباسارى:** باراۋەر مىقداردا قوننە (بارىزەد) ياكى ئەنجۇر سوتى، ئىچ سورۇش ئۇچۇن ئۇشەق ئورۇنباسار بولالايدۇ.

ئۇنىڭ ئورۇقى شاراب بىلەن ئىستېمال قىلىنسا ھىستېرىيە كېسەللىكىگە پايدا قىلىدۇ، ھۆللۈكى ئاشقان پەيلەرنىڭ ئەھۋالىنى ياخشىلايدۇ، ئەزالارنىڭ سىزىمسىزلىنىشى، بەلغەم ۋە يەلدىن بولغان قولۇنجغا پايدا قىلىدۇ. ئۇنىڭ 1.5 گىرامى باراۋەر مىقداردىكى ئۇزۇنچاق زىراۋەندە بىلەن ئىستېمال قىلىنسا زىيانداش ھاشاراتنىڭ زەھىرىنى قايتۇرىدۇ. 5.1 گىرام ئەپسەنتىن بىلەن ئىستېمال قىلىنسا ھەيز تۇتۇلۇشقا ئىنتايىن پايدا قىلىدۇ.

ئۇنىڭ يىلتىزى زىمات قىلىنسا، سوقۇپ سىپىلسە كونا يارىلارنى ساقايتىدۇ، گۆشىدىن يالىڭاچلىنىپ قالغان ئۇستىخانغا سىپىلسە گۆش ئۇندۇرىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن ھەمەلچە قىلىنسا ھەيز ماڭدۇرىدۇ، ئۆلۈك ھامىلىنى كۆچلۈك چۈشۈرىدۇ.

ئۇنىڭ گۈلىمۇ يارا ۋە مۇدۇرلارغا پايدا قىلىدۇ. ئومۇمەن ئۇنىڭ ھەممە قىسمى يامان يارىلارغا پايدا قىلىدۇ.

## چاۋۇل مۇنكىرى

(چاۋۇل مۇنكىرى مېۋىسى)

**ماھىيىتى:** بۇ بىر خىل دەرەخنىڭ مېۋىسى بولۇپ، بېنگالىنىڭ بىر ئۆلكىسىگە قاراشلىق «چاتگام» دېگەن نام بىلەن مەشھۇر بولغان ئىسلامئىئابادتا بولىدۇ. ئۇ سەل نازۇك، قاتتىق، كۆل رەڭ غىلاپ ئىچىدە بولۇپ، مېغىزىنىڭ سىرتى قارا، ھۆلىنىڭ ئىچى ئاق، سېرىققا مايىل، ياغلىق، تەمسىز ۋە پۇراقسىز بولىدۇ. كونىرىغانسېرى رەڭگى سېرىققا ۋە قارىغا مايىل بولىدۇ. ياخشىسى ۋە ئىشلىتىلىدىغىنى يېڭىسىدۇر.

**تەبىئىتى:** ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق، زەھەر قايتۇرغۇچى قۇۋۋىتى بار.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** توسالغۇلارنى ئاچقۇچى، جۇلا بەرگۈچى، بۇزۇق قاننى ئىسلاھ قىلغۇچى بولۇپ ئىستېمال قىلىنسا، زىمات قىلىنسا جوزام، يارىلاشقان قوتۇر، كالا تەمرەتكىسى ۋە قاندىن، سەۋدادىن بولغان كېسەللىكلەرنىڭ كۆپ قىسمىغا مەنپەئەت قىلىدۇ. ئىسسىق مىزاجلىقلارغا زىيان قىلىدۇ، يېغى قوتۇر ۋە كالا تەمرەتكىسىگە پايدا قىلىدۇ.

## چايى ختايى

(ختاي چېيى)

**ماھىيىتى:** ھەكىم مىرز قازى ئۆزىنىڭ «ئىختىيارات» (تاللانمىلار) ناملىق كىتابىدا ئۇنىڭ

بايقىلىشىنىڭ سەۋەبىنى شۇنداق يازغانكى، چىن پادىشاھلىرىدىن بىرى ئۆزىنىڭ خاس كىشىلىرىنىڭ بىرىدىن رەنجىپ دۆلىتىدىن قوغلاپ چىقارغان. ئۇ كىشى جاڭگاللار، ئورمانلىقلار ۋە تاغلاردا سەرسان بولۇپ ئايلىنىپ يۈرگەن، تېنى ئاجىزلاپ كېسەلمەن بولۇپ، چىرايى سارغىيىپ كەتكەن. قورسىقى زىيادە ئاچقانلىقتىن يېمەكلىك ئىزدەپ ئەتراپنى كۆپ ئايلانغان. ئۇ بىر خىل ئۆسۈملۈكنى كۆرگەندىن كېيىن ئوزۇقلۇق ئورنىدا يېگەن. قىسقا مۇددەت ئىچىدە تېنىنىڭ ساغلام بولۇۋاتقانلىقىنى، چىرايىنىڭ ئەسلىگە كېلىۋاتقانلىقىنى، بەدىنىنىڭ كۈچلىنىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلغان. شەھەرگە كېلىپ پادىشاھنىڭ يېقىن كىشىلىرىنىڭ بىرى بىلەن ئۇچرىشىپ ئۇنىڭغا ئەھۋالىنى بايان قىلغان. ئۇ كىشى پادىشاھنىڭ ھۇزۇرىغا كىرىپ ئۇنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەر يەتكۈزگەن. پادىشاھ ئۇنىڭغا ئۇ كىشىنى ھۇزۇرىغا ئېلىپ كىرىشكە بۇيرۇغان. پادىشاھ ئۇنىڭ چىرايىنىڭ نۇرلۇقلۇقىنى كۆرگەندىن كېيىن تەئەججۈپلەنگەن. ئەھۋالىنى سورىغاندىن كېيىن تېۋىپلارغا ئۇ ئۆسۈملۈكنى تېپىپ كېلىپ خاسىيەتلىرىنى ئىسپاتلاشقا بۇيرۇغان. ئۇ كىشىنىڭ مەزكۇر رىسالىسىدە يېزىشىچە، چاينىڭ ئۆسۈملۈكى سىبىرىقچېچەك ئۆسۈملۈكىگە ئوخشاش، ئۇنىڭدىن ئىنچىكىرەك، خۇش پۇراق، سەل ئاچچىق بولىدىكەن. قاينىتىلسا ئاچچىقلىقى يوقىلىدىكەن. قاينىتىپ سۈيى ئىچىلسە ئىچكى ئەزالارنىڭ ھارارىتىنى پەسەيتىپ قاننى تازىلايدىكەن. ئۇ ئۆزى ئۈنىدىكەن ھەم تېرىلىدىكەن. ئۇ كىشىنىڭ ئېيتىشىچە، چىن شەھەرلىرىدە ئۇنىڭ ئۆسۈملۈكىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن كىشىلەرنىڭ بايان قىلىشىچە، چىن شەھىرىنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر ۋادا بار ئىكەن. بۇ ئۆسۈملۈك شۇ ۋادىنىڭ ئەتراپىدا ئۆسىدىكەن. كىشىلەر بۇ ئۆسۈملۈكنى ئىستېمال قىلىشقا ئادەتلەنگەن ئىكەن. ئۇنى پادىشاھنىڭ رۇخسىتىسىز سېتىش ۋە سېتىۋېلىشقا بولمايدىكەن. ئۇنىڭدىن قىلىنغان كىرىم پادىشاھنىڭ خەزىنىسىگە تەئەللۇق بولىدىكەن. ئەبۇ رەيھاننىڭ «سەئىدىيە» ناملىق كىتابىنىڭ تەرجىمانىنىڭ ئېيتىشىچە، چاي ئۆسۈملۈكلەرنىڭ بىر تۈرى بولۇپ، چىن زېمىنىدا ئۆسىدىكەن. كېسىپ سايىدا قۇرۇتۇپ زۆرۈر بولغاندا قايناق سۇ بىلەن تەمى چىقىرىلىپ ئىچىلىدىكەن. ئۇنىڭ دەملەنمىسى مۇرەككەپ دورىلارنىڭ ئورنىنى باسىدىكەن. مۇرەككەپ دورىلاردا بار بولغان زىيان ئۇنىڭدا يوق ئىكەن. شۇ سەۋەبتىن تىببەت خەلقى شارابنىڭ زىيانلىق تەسىرىنى ئۇنىڭ بىلەن باسىدىكەن. چۈنكى ئۇلار شارابنى زىيادە كۆپ ئىچىدىغان بولۇپ، زىيانلىق تەسىرىنى يوقىتىشتا ھېچ دورا ئۇنىڭغا يەتمەيدىكەن. شۇ سەۋەبتىن ئۇ ئەڭ پايدىلىق داۋا ھېسابلىنىدىكەن. ئۇنى تىببەت زېمىنىغا ئېلىپ بارغانلار ئۇنى ئىپاردىن باشقىغا تېگىشمەيدىكەن. چاينىڭ ئالىي دەرىجىلىكىدىن تۆۋەن دەرىجىلىكىگىچە بولغانلىرىنىڭ قىممىتى ۋە پۇرىقى بىر - بىرىدىن پەرقلىنىدۇ. يەنە شۇنداق نەقىل قىلىنىدۇكى، خىتاي ۋىلايىتىدە بىر توپ كىشىلەر قۇملۇققا ساياھەت قىلغىلى بارغان. تائام پىشۇرۇپ قاچىغا

ئېلىپ ئۆسۈملۈكلەردىن بىرىنىڭ يوپۇرماقلىق شېخىنى ئۈستىگە يېيىپ قويۇپ ئىشلىرىنى تۈگەتكەندىن كېيىن كېلىپ يېيىش ئۈچۈن كېتىشكەن. قىسقا ۋاقىت ئىچىدە ئىشلىرىنى تۈگەتكەندىن كېيىن تائامنى يېمەكچى بولغاندا ئۇلار تائامنىڭ ئازىيىپ قالغانلىقىنى بىلىشكەن ۋە بۇ ئىشنى تېۋىپلارغا بايان قىلىشقان. ئۇلار مۆلچەرلەپ ۋە قىياس قىلىپ ئىزدەنگەندىن كېيىن مەزكۇر شاخنىڭ يوپۇرماقلىرىنىڭ تائام ۋە يېمەكلىكنى ھەزىم قىلىش تەسىرىنىڭ ئىنتايىن كۈچلۈك ئىكەنلىكىنى بايقاشقان ۋە ئۇنى تەجرىبە ئارقىلىق ئىسپاتلاشقان.

كىتابنىڭ ئاپتورى ئېيتىدۇكى، ئايان بولۇشچە ئۇنىڭ يوپۇرمىقى ئانار، خېنە ۋە رەيھان يوپۇرمىقىغا ئوخشايدۇ. ئۇنىڭدىن چوڭراق، كەڭرەك ۋە قېلىنراق بولىدۇ. شاخلىرى ئېگىزرەك بولىدۇ. بەزىسىنىڭ يوپۇرمىقى يەنە بەزىسىنىڭ يوپۇرمىقىدىن ئۇششاقراق بولىدۇ. ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، ئۇنىڭ دەرىخى بىر ئادەم بويىدىن ئۈچ ئادەم بويىغىچە ئۆسىدىغان بولۇپ ئانار دەرىخىگە ئوخشايدۇ. غولىنىڭ ئۇچىدىن تارتىپ تۈۋىگىچە ئىنچىكە شاخلار ئۆسۈپ چىققان بولۇپ، ئۇنىڭدا كىچىك گۈللەر بولىدۇ، گۈل بەرگى يۇمىلاق بولۇپ، بەزىلىرىدە ئۈچ دانە، بەزىلىرىدە تۆت دانە بولۇپ غۇجەملىشىپ ئېچىلىدۇ. ئۈچ يوپۇرماق ۋە تۆت يوپۇرماق ئۆسۈملۈكنىڭ گۈلىگە ئوخشايدۇ. شاخلىرىنىڭ ئۇچلىرىدىمۇ گۈلى ئېچىلىدىغان بولۇپ، بەش دانە بەرگى بولىدۇ.

بۇ ئۆسۈملۈك چىن مەملىكىتى ۋە نېپالدا ئۆسىدۇ. ھەر خىل رەڭلەردە بولىدۇ. ئاق رەڭلىك، كۆك رەڭلىك، بىنەپشە رەڭلىك ۋە قارامتۇل رەڭلىكتىن ئىبارەت تۈرلەرگە ئايرىلىدۇ. ئېقىنىڭ يوپۇرماقلىرى ئۇششاق، خۇش پۇراق بولۇپ، يوپۇرماقلىرى بىر - بىرى بىلەن گىرەلىشىپ ئۆسىدۇ. بۇ ھەممىسىدىن كۈچلۈكرەكتۇر. ئۇنىڭدىن قالسا كۆك رەڭلىكى كۈچلۈكرەك بولىدۇ. ئەمما بۇنىڭ قۇرۇقلۇقى ئۇنىڭ قۇرۇقلۇقىدىن ئارتۇقراق بولىدۇ. ئۇنىڭدىن قالسا بىنەپشە رەڭلىكى، ئۇنىڭدىن قالسا قارا رەڭلىكى كۈچلۈك بولىدۇ. قارا رەڭلىكى ھەممىدىن ئاجىز ۋە ناچاردۇر. ئۇنىڭ بىرىنچى خىلى يەنى ياخشى بولغان ئالىي دەرىجىلىكى كەم تېپىلىدىغان بولۇپ، باھاسى ناھايىتى يۇقىرىدۇر. تىجارەتكە يارىمايدىغان بولۇپ شۇ يۇرتنىڭ سۇلتان ۋە پادىشاھلىرى دوست - يارەنلىرىگە سوۋغا سۈپىتىدە ئەۋەتىدۇ. ئەمما ئۇنىڭ باشقا تۈرلىرى ناھايىتى كۆپتۇر. بولۇپمۇ كۆك ۋە قارا رەڭلىكى ناھايىتى كۆپ بولىدىغان بولۇپ باھاسى ناھايىتى ئەرزاندۇر.

بەزى كىشىلەردىن ئاڭلىنىشچە بەزى نائىنساپ كىشىلەر ئۇنىڭ ئىشلىتىلىدىغىنى بىلەن ئىشلىتىلمەيدىغىنىنى ئارىلاشتۇرۇپ ساتىدىكەن. يەنى خىرىستىيانلارنىڭ ئەمەلدارلىرى ئۇنىڭ قاينىتىلغىنىنى زىيانلىق، تەمى ناچار دەپ ئىچمەيدىغان بولۇپ، مۇۋاپىق چوڭلۇقتىكى مىس ياكى ساپال چايدانغا سۇ قۇيۇپ قاينىتىپ، ئۇنىڭغا چاينىڭ

ئوتتۇرا ھال دەرىجىلىكتىن مەلۇم مىقداردا، ئالىي دەرىجىلىكتىن ئازراق، تۆۋەن دەرىجىلىكتىن كۆپرەك سېلىپ، يېرىم سائەتكىچە تۇرغۇزۇپ، تەمى سۇغا ياخشى چىقىپ سۇ رەڭلەنگەندىن كېيىن پىسىپى ۋە دۇغلىرىنى ئايرىۋېتىپ پىيالىلەرگە قۇيۇپ، سەل قىرتاق ۋە ئاچچىق تەمىنى ياخشىلاش ئۈچۈن ئازراق ناۋات سېلىپ تاتلىقلاشتۇرۇپ ئىچىدۇ. كۆپىنچىلىرى قۇرۇقلۇقنى ئوڭشاش ئۈچۈن مەلۇم مىقداردا كالا سۈتى ياكى يېڭى سېغىلغان ئۆچكە سۈتى قوشۇپ ئىلمان ئىچىدۇ. ئۇلارنىڭ خىزمەتچىلىرى تەمى چىقىرىۋېلىنغان چاي پىسەپلىرىنى قۇرۇتۇپ، خالتىلارغا قاچىلاپ ساتىدۇ. چاينىڭ ئىشلىتىلگىنىنى پەرقلەندۇرۇش ئۇسۇلى شۇكى، ئىشلىتىلگىنىنىڭ پۇرىقى يېقىمسىز، رەڭگى قارا بولىدۇ. دەملەنسە تەمى سۇس چىقىدۇ. يوپۇرماقلىرى بىر - بىرىدىن ئايرىلىپ تۇرىدۇ. ئىشلىتىلمىگىنى بولسا ئۇنىڭ ئەكسىچە بولىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىنىڭ ئاخىرىغىچە ئىسسىق. ئوتتۇرىلىرىدا قۇرۇق. ئالىي دەرىجىلىكى ئۈچىنچى دەرىجىدە ئىسسىقتۇر. بەزىلەر ئۇنىڭ ئۇسسۇزلۇق ۋە ھارارەتنى پەسەيتىدىغانلىقى، ئىچكى ئەزالارنىڭ كۆيۈشۈشىنى ئوڭشايدىغانلىقى، شارابنىڭ زىيانلىق تەسىرىنى يوقىتىدىغانلىقى ئۈچۈن ئۇنى سوغۇق دەپ بىلگەن. ئەمما بۇ پەقەت بىر خىيالدۇر. بەلكى ئۇنىڭ يۇقىرىقىدەك تەسىرلىرىنىڭ كۆرۈلۈشى ئۇنىڭ بەلغەم خىلتلىرى ۋە شىلىمشىق خىلتلارنى ئۈچۈچانلاشتۇرۇشى، پارچىلاش سەۋەبىدىندۇر. شارابتىن پەيدا بولغان ھۆللۈكلەرنى يوقاتقۇچىدۇر.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** قۇۋۋەتلەر، روھلار، ئاشقازان قاتارلىقلارنى، ھۆل سوغۇق كىشىلەرنىڭ باھ كۈچىنى قۇۋۋەتلىگۈچىدۇر. روھلاندۇرغۇچى، باھنى قوزغىغۇچى، ئۈچۈچانلاشتۇرغۇچى، پارچىلىغۇچى، توسالغۇلارنى ئاچقۇچى، ماددىلارنى پىشۇرغۇچى ۋە سۈيۈلدۇرغۇچى، تەرلەتكۈچى، سۈيدۈك ھەيدىگۈچى، ساختا ئۇسسۇزلۇقنى پەسەيتكۈچى، سوغۇقتىن بولغان باش ئاغرىقى، ئاشقازان كۆيۈشۈش، بۇسلۇق كېكىرىشنى يوقاتقۇچى، قان ۋە رەڭگىرويىنى تازىلىغۇچى، دورىلارنى ئاشقازان ۋە بەدەننىڭ چوڭقۇر قىسمىغا ئېلىپ بارغۇچى، ئاشقازان بىلەن مېڭىنى تازىلىغۇچىدۇر. ئېغىزنىڭ پۇرىشىنى ھەمدە شاراب، سامساق، پىياز پۇرىقىنى يوقاتقۇچى، ئېغىزنى خۇش پۇراق قىلغۇچىدۇر. خەفەقان، يۈرەك كېسەللىكلىرى، تىك ئولتۇرۇپ نەپەسلىنىش، نەپەس يېتىشمەسلىك، غەم قىلىش، يەرقان، ئىستىسقا، توسۇلۇش خاراكتېرلىك كېسەللىكلەر، بوۋاسىر، سۈيدۈك تۇتۇلۇش، سوغۇقتىن بولغان سۈيدۈك تامچىلاش قاتارلىقلار ئۈچۈن يالغۇز ياكى مۇناسىپ دورىلار بىلەن بىرلىكتە ئىشلىتىلىدۇ. قاينىتىپ زىمات قىلسا قاتتىق ئىششىقلارنى يۇمشىتىدۇ. بوۋاسىر ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ. قاينىتىلغان سۈيى تۆكۈلسە تەرلىتىدۇ ۋە ئۇخلىتىدۇ. ئۇنىڭ ئاچچىقلىقى ۋە قىرتاقلىقى قايناق سۇ بىلەن يۇقىرىقى ئۇسۇل بويىچە دەملەش ياكى ئۇنىڭ قايناتمىسىغا

ناۋات، سۈت قوشۇش ئارقىلىق يوقىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن تاتلىق نەرسىلەر بىلەن سۈت ئۇنىڭ تۈزەتكۈچىسى دەپ قارىلىدۇ. تاتلىق نەرسە قوشۇلماي ئىستېمال قىلىنمايدۇ. زىيان قىلىدۇ دەپ قارىلىدۇ. شۇنداقلا ئۇ ناشتىدا ئىچىلىشمۇ ئىسسىقتىن بولغان كېسەللىكلەرنى پەيدا قىلىدۇ. بولۇپمۇ ئىسسىق مىزاج كىشىلەر ئۈچۈن تېخىمۇ شۇنداق. ئەمما ئاشقازىنىدا بۇزۇق، شىلىمشىق خىلىتلار كۆپ بولغان، بولۇپمۇ يېگەن تائامى ھەزىم بولماي كېكىرگەن ۋە قورسىقى ئېسىلگەن كىشىلەر ئىچسە ئەلۋەتتە مەنپەئەت قىلىدۇ. ئۇنى بەك قىزىق ئىچىشمۇ زىيانلىق دەپ قارىلىدۇ. بولۇپمۇ ئىسسىق ۋاقىتلاردا ۋە ئىسسىق مىزاج كىشىلەر ئىچسە تېخىمۇ شۇنداق. ياشلار تائامدىن كېيىن ئىلمان ھالەتتە ئىچسە پايدىلىق دەپ قارىلىدۇ. تائامدىن كېيىن ئىچىلسە تائامنىڭ تېز ھەزىم بولۇشىغا ياردەم بېرىدۇ. شۇ سەۋەبتىن خىرىستىيانلارنىڭ ھەممىسى ۋە ئۇلارنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى ناشتىدىن كېيىن ۋە تاماق ھەزىم بولۇشقا باشلىغاندا ئۇنى ئىچىدۇ. ئۇنىڭ تۈزەتكۈچىلىرىنىڭ ئەڭ ياخشىسى ئىسسىق مىزاجلىقلار ئۈچۈن فۇپەل، ئۆچكە سۈتى، سوغۇق مىزاجلىقلار ئۈچۈن ئىپار، قەلەمپۇر، بەديان خىتايى، زەنجىۋىل، دارچىندۇر. تەبىئىي ھارارەتنى جانلاندۇرۇش ئۈچۈن ئۇد ھىندى، ئەنبەر، زەپەر، دارچىن ۋە ئۇنىڭ ئوخشاشلىرى بىلەن ئىچىلىدۇ. باھنى قۇۋۋەتلەش، كۆپ جىما قىلىشنىڭ زىيىنىنى يوقىتىش ئۈچۈن خۇسيەتۇسسۆئلەپ، دارچىن، ئەنبەر، ناۋات ۋە سۈت بىلەن ئىچىلىدۇ. ئومۇمەن ئۇنىڭ تەسىرىنى كۈچەيتەلەيدىغان ھەرقانداق دورا بىلەن بىرلىكتە ئىچىلىدۇ، مەسىلەن: ئىچىنى سۈرگۈچى، ئىچىنى قاتۇرغۇچى، چوڭ تەرەتنى يۇمشاتقۇچى ۋە قۇۋۋەتلىگۈچى دورىلار بىلەن بىرلىكتە ئىستېمال قىلىنىدۇ. مەسىلەن: تۇربۇت، رەۋەنچىنى بىلەن قايىنتىپ ئىچسە سەپرا بىلەن شىلىمشىق بەلغەمنى سۈرۈپ چىقىرىدۇ. بىنەپشە، پىرسىياۋشان، چۇچۇكبۇيا يىلتىزى، ئاق لەيلىگۈلى، بابۇنە، سانائى مەككىلەر بىلەن بىرلىكتە قايىنتىپ پىسەپلىرىنى سۈزۈۋېتىپ مۇۋاپىق مىقداردا ئاش تۇزى، خام شېكەر ۋە گۈل يېغى بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ كىلىزما قىلسا ئۈچەيلەردىكى شىلىمشىق، سوغۇق، كېرەكسىز ماددىلارنى ئاسان تازىلايدۇ.

ئۇنى ئىچىشنىڭ باشقا ئۇسۇللىرى، ئۇنى ئىچىش ئۇسۇللىرىنىڭ ئەڭ ياخشىسى خىرىستىيانلارنىڭ ئۇسۇلى ئىكەنلىكى قارابادىنىدا تەپسىلىي بايان قىلىنىدى.

ئۇنىڭ قەھۋەسى قۇۋۋەتلەرنى، روھلارنى ۋە ئاشقازاننى قۇۋۋەتلىگۈچى، باھنى قوزغىغۇچى، مەنىي تىزگىنلىگۈچىدۇر. تەييارلىنىشى شۇكى، چاينىڭ ئالىي دەرىجىلىكى، دارچىن قەلىمى، خۇسيەتۇسسۆئلەپ مىسرى قاتارلىقلارنىڭ ھەربىرىدىن بىر يېرىم گىرام، ئىسكەندەر ناگورى، كاۋاۋىچىنىنىڭ ھەربىرىدىن سەككىز مىللىگىرامدىن ئېلىپ، سوقۇپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ قائىدە بويىچە قايىنتىلىدۇ. ئۇنىڭغا مۇۋاپىق مىقداردا ئەنبەر ئەشھەب

قوشۇپ ئارىلاشتۇرۇپ ئىبرىتىلىدۇ. ناۋاتتىن تاتلىق قىلغۇدەك مىقداردا قوشۇپ ئىلمان هالەتتە ئىچىلىدۇ. ئۇنىڭغا بەش دانە قەلەمپۇر قوشۇلسا ياخشىراق بولىدۇ.

چاينىڭ يەنە بىر تۈرى بايقالغان بولۇپ، نىپال تاغلىرى ۋە «بەھتەنت» دېگەن يەردىن كەلتۈرۈلىدۇ. ئۆسۈملۈكى ئومۇمەن نەئناە ئۆسۈملۈكىگە ئوخشايدىغان بولۇپ، بىر غېرىچ ۋە ئۇنىڭدىن ئېگىزراق ئۆسىدۇ. يوپۇرمىقى سەل ئىنچىكە، ئۇزۇن، يىرىك، ئازراق قىلىن بولىدۇ. ھۆلى سېرىق بولۇپ، قۇرۇسا توپا رەڭ ۋە كۆل رەڭگە كىرىدۇ. بولۇپمۇ يوپۇرمىقىنىڭ كەينى تەرىپى شۇنداق بولىدۇ. ناھايىتى ئۇچۇچان ۋە نازۇك بولۇپ، يوپۇرمىقىنى ئېغىزغا سېلىپ تۇرسا ئاز ۋاقىتتىلا ئېرىپ ھېچقانداق پىسىپى قالمايدۇ.

ئۇنىڭ تەبىئىتى خىتاي چېيىنىڭ تەبىئىتىدىن ھۆل ئىسسىقراق، ئۇچۇچانراق بولىدۇ. ئىستېمال قىلىش ئۇسۇلىمۇ ئۇنىڭغا ئوخشايدۇ. تەسىرلىرىمۇ ئۇنىڭ تەسىرلىرىگە ئوخشاپ قالىدۇ.

## پەسىل: «ج» (جىم) ۋە «ب» (بائ) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى

### جەبرە
(تېڭىقئوت)

ئۇ ماراكەشچە سۆز بولۇپ، ئۇستىخانلارنى تېڭىش دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىغان «جەبىر» دېگەن سۆزدىن تۈرلەنگەندۇر. يۇنانچە «ئەرلەستىيۇن» دەپ ئاتىلىدىغان بولۇپ، تېرىنى يىغقۇچى دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

ماھىيىتى: بۇ، ئەتىيازدا ئۆسىدىغان بىر خىل ئۆسۈملۈك بولۇپ، ھەر يىلى يېڭىدىن ئۇنىدۇ. ماراكەش شەھەرلىرىنىڭ دۆۋىلىرى ۋە ئېگىزلىكلىرىدە ئۆسىدۇ. ئېگىزلىكى ئۇچتىن تۆت بارماقچە بولىدۇ. شارابقا ئوخشاش پۇرايدۇ. يوپۇرمىقى ئالما يوپۇرمىقىغا ئوخشايدۇ. تېتىسا تىلنى قورۇيدۇ. يىلتىزى ئاق بولۇپ، ئىنچىكە چاچقا ئوخشايدۇ. گۈلسىز، مېۋىسىز بولىدۇ. ئۆسۈملۈكى سەرەتان ئېيىنىڭ ئاخىرىغىچە تۇرىدۇ، ھەسەل بىلەن پەرۋىش قىلىنمىسا ئۈچ ئايدىن ئارتۇق كۆكلىمەيدۇ.

تەبىئىتى: ئىككىنچى دەرىجىنىڭ بېشىدا ھۆل ئىسسىق.

خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى: يۈرەكنى قۇۋۋەتلىگۈچى، تەپەككۇرنى ئاشۇرغۇچى، سەزگۈلەرنى كۈچەيتكۈچى، خۇرسەن قىلغۇچىدۇر. ئىستېمال قىلىنسا، مەلھەم قىلىنسا قان

تازىلايدۇ، يارىلارنى ساقايتىدۇ. ئۇنىڭ ئالتە گىرامى شاراب بىلەن ئىشلىتىلسە مۇسكۇللارنىڭ زەخىملىرىگە پايدا قىلىدۇ. ئىيتىشلارغا قارىغاندا ئۇنىڭ يىلتىزى پارچىلانغان گۆش بىلەن قاينىتىلسا گۆش پارچىلىرىنى چاپلاشتۇرىدىكەن. سۈيى ئىچىلسە يەرقانغا پايدا قىلىدۇ، سىناقتىن ئۆتكەن دەپ قارىلىدۇ. يېڭى زەخىمگە تېمىتىلسا چاپلاشتۇرۇپ ساقايتىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** ئىسسىق مىزاجلىق كىشىلەرنىڭ بېشىنى ئاغرىتىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** ئاچچىق بادام مېغىزى.

**ئىستېمال مىقدارى:** 12 گىرامغىچە.

**ئورۇنباسارى:** گۆش ئۇندۇرۇشتە قەنتەرىيۇن، خۇرسەن قىلىشتا ئۇنىڭ تۆتتىن بىر ىچىلىك زەپەر.

## جەبسىين
### (گەج تېشى)

**ماھىيتى:** بۇ، بىر خىل يۇمشاق تاش بولۇپ، ئاسان ئۇۋۇلىدۇ. قاتلىق بولۇپ، ئاسان ئاجرايدۇ. ئۇچ خىل بولۇپ، بىرىنچى خىلى ئاق، پارقىراق، قات ـ قات بولىدۇ. ئەنتاكىيىنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ ئەمەلىيەتتە تولۇق پىشمىغان تەلق ئىكەن. بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، تۇپراق تەركىبلىرى كۆپ بولغان قاتقان سىماب ئىكەن. ئۇ «ئىسفىيداجى جەبساسىين» دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇنىڭ ئىككىنچى خىلى رەڭگى قىزىل، تاشسىمان بولىدۇ. ئۈچىنچى خىلى قاتلىق ئەمەس، پارقىرىمايدۇ. ئۇ گەج تېشى بولۇپ، پىشۇرۇپ سوقۇپ گەج ياسىلىدۇ. ئۇنىڭ قىزىل رەڭلىك بولغىنى ئەڭ ناچىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئومۇمەن ھەممە تۈرلىرىنىڭ تەبىئىتى ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇقتۇر. بەزىلەر تۆتىنچى دەرىجىنىڭ بېشىدا قۇرۇق دېگەن.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** قورۇغۇچى، چاپلاشتۇرغۇچىدۇر. سىركە بىلەن زىمات قىلىنسا يارىلارنىڭ ئېغىزلىرىنى چاپلاشتۇرىدۇ، ئەزالاردىن ئېقىۋاتقان قاننى توختىتىدۇ. ئىششىق تارقىتىدۇ، ئىستىسقاغا داۋا بولىدۇ.

باش كېسەللىكلىرى: ئۇنى يالغۇز ياكى توخۇ تۇخۇمىنىڭ ئېقى ۋە تۈگمەن توزۇندىسى بىلەن مەلھەم قىلىپ چاپسا قان توختىتىدۇ. سىركە بىلەن مەلھەم قىلىپ پېشانىگە چاپسا بۇرۇن قاناشنى توختىتىدۇ. گۈل ئەرمىنى، تېكە ساقىلى ئۆسۈملۈكى، ئەدەس، ھەببۇلئاس سۈيى ۋە سىركە بىلەن مەلھەم قىلىپ چاپسىمۇ بۇرۇن قاناشنى توختىتىدۇ.

كۆز كېسەللىكلىرى: توخۇ تۇخۇمىنىڭ ئېقى بىلەن مەلھەم قىلىپ سۈركىسە قاندىن بولغان كۆز ئاغرىقىغا پايدا قىلىدۇ. كېسەللىك ماددىلىرىنىڭ كۆزگە قۇيۇلۇشىنىڭ ئالدىنى

ئالىدۇ. يۇمغاقسۇت بىلەن چاپسا تىلما كېسەل ۋە كۆيۈشچان ئىششىقلارغا پايدا قىلىدۇ، سىناقتىن ئۆتكەن دەپ قارىلىدۇ.

ئۇنىڭ خاسىيەتلىرىدىن شۇلار باركى، ئۇنى زەيتۇن يېغى، ئاززاق توغرىغۇ ۋە زەمچە بىلەن سالايە قىلىپ خەتكە سۇركىسە ئۆچۈرىدۇ. كىيىملەر ۋە رەختلەرگە سۇركىسە كىر ۋە ياغ ئىزلىرىنى يوقىتىدۇ. بوۋاسىرغا سۇركىسە دانلىرىنى چۈشۈرىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** ئىستېمال قىلسا گالنى بوغۇش، ئېغىزنى قۇرۇتۇش، قۇلۇنجى پەيدا قىلىش بىلەن هالاك قىلىدۇ.

زەهەر قايتۇرۇش ئۈچۈن مائۇلھەسەل، شىرىلىك نەرسىلەر، هۆل ئاق لەيلى ئۇسارىسى، مۇلۇكىيە ئىچۈرۈلىدۇ، ئارقىدىن8.0 گىرام سوقمونىيا بىلەن ھەشقىپىچەك ئۇرۇقىنى مۇۋاپىق مىقداردىكى گۈلابقا سېلىپ تەمىنى چىقىرىپ ئىچۈرۈلۈپ قەي قىلدۇرۇلىدۇ. ئۈچەي زەخىملەنگەن بولسا ئۇنىڭغا قارىتا ئىلاج قىلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن زەهەرلەنگەندە كۆرۈلىدىغان ئالامەتلەر ھەم قۇتقۇزۇش تەدبىرلىرىنىڭ كۆپ قىسمى ئىسپىداجدىن زەهەرلەنگەندە كۆرۈلىدىغان ئالامەتلەر ۋە قۇتقۇزۇش تەدبىرلىرىگە ئوخشايدۇ. بەلكى ئۇنىڭدىن كۈچلۈكرەك چارە قىلىنىدۇ.

ئۇنىڭ ئىسپىداجى جەبساسىين دەپ ئاتالغان تۈرىنىڭ ھەممە تەسىرلىرى ئۇنىڭ باشقا ھەممە تۈرلىرىنىڭ تەسىرلىرىدىن كۈچلۈكرەكتۇر. قورۇش، ماددىلارنى توسۇش، يىغىش ۋە قۇرۇتۇش تەسىرى ناھايىتى كۈچلۈكتۇر.

## جۇبن
(پىشلاق)

ئۇ پارسچە «پەنىر» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** ئۇ ھەممىگە تونۇشلۇق بولۇپ، كۆنەلگۇ ياكى باشقا نەرسىلەر سېلىپ ئۇيۇتۇلغان سۈتتىن ئىبارەت. ياخشى ئوتلار بىلەن بېقىلغان ساغلام ھايۋاننىڭ سۈتىدىن تەييارلانغان يېڭى، قايماقلىق، قاتتىق - يۇمشاقلىقى نورمال، خۇش پۇراق، تەمى لەززەتلىك، تاتلىققا مايىل بولغانلىرى ياخشىلىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. قېتىقتىن تەييارلانغىنى ياخشىراق بولۇپ، تېزرەك ھەزىم بولىدۇ.

تەييارلىنىشى شۇكى، سۈتنى قاينىتىپ كۆنەلگۇ قوشۇپ ئۇيۇتۇلىدۇ. سۈيى پىشلىقىدىن ئايرىلىش ئۈچۈن ئۇستىگە سۈت سېپىلىدۇ. پىشلىقى ئايرىلغاندىن كېيىن ئۇستىگە تۇز سېپىپ قاپلار ياكى خالتىلارغا قاچىلاپ ئۇستىگە يەنە تۇز سېپىپ سۈيىنىڭ تولۇق ئايرىلىشى ئۈچۈن ئېغىر تاش ئاستىغا باستۇرۇپ قويۇلىدۇ. بەزىلەر سۈيىنىڭ تولۇق

سۇمۇرۇلۇشى ئۇچۇن كۇل ئارىسىغا كۆمۈپ، ئۇنىڭدىن كېيىن ئىستېمال قىلىدۇ. بەك تۇزلۇق بولۇپ كېتىشىدىن ئەندىشە قىلىنسا ئىككىنچى قېتىم تۇز سەپمىسە بولىدۇ. ئۇنىڭ تۇز سېپىلگىنىنىڭ ياخشىسى يېڭى تۇز سېپىلگەن، قايماقلىق بولغان، بەك كونىرىغان، تەمى ۋە پۇرىقى ئۆزگىرىپ كەتمىگەن، ئىستېمال قىلىنغاندىن كېيىن پۇرىقى ئېغىزدىن ۋە كېكىرىكتىن ئۇزۇنغىچە كەتمەيدىغانلىرىدۇر.

**تەبىئىتى:** ھۆلى ئىككىنچى دەرىجىدە ھۆل سوغۇق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ئاشقازان، ئۇچەي، بۆرەكنى قۇۋۋەتلىگۈچى، تەرەتنى بوشاتقۇچى، ياخشى خىلىت پەيدا قىلغۇچىدۇر. تەستە ھەزىم بولىدۇ. ھەزىم بولغاندىن كېيىن ئەزالارغا تېز يېتىپ بارىدۇ. ياڭاق مېغىزى ۋە يالپۇز بىلەن ئىستېمال قىلىنسا ناھايىتى تېز سەمرىتىدۇ. تېرىنى يۇمشىتىدۇ. مەدەستان يېگەن كىشىگە بېرىلسە زېيىنىنى يوقىتىدۇ.

ھەزىم ئەزالىرى كېسەللىكلىرى: قاينىتىپ چالا پىشقاندىن كېيىن سۈيىنى سىقىۋېتىپ ئىستېمال قىلسا ئىچ سۇرۇشنى، بولۇپمۇ سەپرادىن بولغان ئىچ سۇرۇشنى توختىتىدۇ.

كۆز كېسەللىكلىرى: زىمات قىلىنسا كۆز ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ، كۆز ئېقىدىكى خالنى يوقىتىدۇ.

كۆكرەك ئەزالىرى كېسەللىكلىرى: سۈت بىلەن قاينىتىپ سۈيى ئىنىككئانىغا ئىچۈرۈلسە سۈتىنى كۆپەيتىدۇ، ئەمچەك ئىششىپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. يارىلار ۋە ئۇچەي يارىلىرىنى ساقايتىدۇ. بولۇپمۇ «دۇلب» دەپ ئاتىلىدىغان چىنار دەرىخى يوپۇرمىقى ۋە ياۋا ھۇممازى ئۆسۈملۈكى بىلەن ئىشلىتىلسە تەسىرى تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** سوغۇق مىزاجلىقلارغا زىيان قىلىدۇ. ئىشتىھانى تۇتىدۇ. ھەزىم بولمىسا بەدەندە توسالغۇ پەيدا قىلىدۇ. قولۇنجى، ئەيلاۋۇس كېسەللىكىنى پەيدا قىلىدۇ. كۆزنى قاراڭغۇلاشتۇرىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** ھەسەل، نەئنائ، يالپۇزدۇر.

تۇزلانغان كونا پىشلاق ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق بولۇپ، بەلغەم بوشىتىدۇ. ئىشتىھانى ئاچىدۇ. ئۈچەيلەرنى قۇۋۋەتلەيدۇ. ھۆللۈكلەرنى قۇرۇتىدۇ. ھەسەل بىلەن زىمات قىلىنسا چىيقانلارنى ئېغىز ئالدۇرىدۇ، سەينەكنى ساقايتىدۇ. زەيتۇن يېغى بىلەن زىمات قىلىنسا بوغۇملارنىڭ قېتىۋېلىشى ۋە يامان يارىلارغا پايدا قىلىدۇ. پاچاق بىلەن زىمات قىلىنسىمۇ شۇ تەسىرنى بېرىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇ قاتتىق بوغۇملارغا چېپىلغاندىن كېيىن بوغۇملاردىن گەجگە ئوخشاش بىر نەرسە چىقىپ ياخشىلىنىدىكەن، باشقا يېقىمسىزلىق سېزىلمەيدىكەن. نۆشۇدۇر بىلەن زىمات قىلىنسا داغ يوقىتىدۇ، قوتۇرنى ساقايتىدۇ.

زەھەرلىنىشلەر: تاغ پىننىسى بىلەن ئىشلىتىلسە زەھەرلىك ھاشاراتنىڭ زەھىرىنى قايتۇرىدۇ.

**زىيانلىق تەسرى:** ئۆت خاراكتېرلىك خىلىت پەيدا قىلىدۇ. ئۇسسىتىدۇ. قىچىشقاق، قوتۇر پەيدا قىلىدۇ. سوغۇق مىزاجلىقلارغا، ئىچكى ئەزالىرىدا توسالغۇ بار كىشىلەرگە زىيان قىلىدۇ. بەدەننى ئورۇقلىتىدۇ. ئەزالاردا تاش پەيدا قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** ياڭاق مېغىزى.

ئۇنىڭ بەك كونىرىغان ۋە چىرىگىنى زەھەرگە ئوخشايدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** ياڭاق مېغىزى. ئىسسىق مىزاجلىقلار ئۈچۈن مېۋىلەر ۋە چۈچۈمەل نەرسىلەردۇر.

ئۇنىڭ سۈيى ئايرىلمىغىنى پارسچە «دەلەمە» دەپ ئاتىلىدىغان بولۇپ ناھايىتى ھۆلدۇر، ئۇخلىتىدۇ، جۇدەتكۈچى تەپ، سىل، ئاشقازان ياللۇغىغا مەنپەئەت قىلىدۇ. تېرىنى نەملەشتۈرىدۇ، تەرەتنى بوشىتىدۇ. ئۆزىگە سۆزلەش، سەپرادىن بولغان كېسەللىكلەرگە مەنپەئەت قىلىدۇ. قاننىڭ ھارارىتىنى پەسەيتىدۇ. سوغۇق مىزاجلىقلارغا زىيان قىلىدۇ. ھۆل سوغۇقتىن بولىدىغان كېسەللىكلەرنى پەيدا قىلىدۇ. ئەزالاردا تاش پەيدا بولۇشقا سەۋەب بولىدۇ.

## جەبلاھەڭ
(سەپرائوت ئۇرۇقى)

بۇ پارسچە سۆزدۇر. «جەبلەھەج» ئۇنىڭ ئەرەبچىلەشتۈرۈلگىنىدۇر.

**ماھىيىتى:** ئۇ «شىيۇران» ئۆسۈملۈكىگە ئوخشايدىغان سېرىق رەڭلىك چاتقالنىڭ ئۇرۇقىدۇر. تۈركچە «سەپرا ئۇدى» دېيىلىدۇ. ئۇ «سۇمۇن» ناملىق ئۆسۈملۈكتىن ئىبارەت بولۇپ، يۇقىرىدا بايان قىلىندى.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ئىچىنى سۈرگۈچى، قۇستۇرغۇچىدۇر. ئۈچ گىرام ئىستېمال قىلىنسا پالەچكە مەنپەئەت قىلىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** 1.5 گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ. ئۈچ گىرام ئىستېمال قىلىنسا كىشىنى ھالاك قىلىدۇ. چۈنكى ئۇنىڭدا زەھەرلىك قۇۋۋەت باردۇر.

ئۇنىڭدىن زەھەرلەنگۈچىدە گال بوغۇلۇش ئالامىتى كۆرۈلىدۇ. قۇتقۇزۇش ئۈچۈن يۇقىرىدا بايان قىلىنغىنىدەك تەدبىرلەر قوللىنىلىپ قۇستۇرۇلىدۇ. مايلىق نەرسىلەر، رۇمبەدىيان، قۇندۇز قەھرى سېلىنغان ئۈزۈم شىرىسى ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ. مايلىق غىزا بېرىلىدۇ. يېڭى سۈتكە ھەسەل قوشۇپ ئىچۈرۈلىدۇ. قورسىقىغا قىزىتىلغان تۇز قويۇلىدۇ. تەرىتى تۇتۇلسا مۇناسىپ ھۆقنىلەر بىلەن ھۆقنە قىلىنىدۇ.

# پەسل: «ج» (جىم) ۋە «س» (سائ) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى

## جەسجاس
(جەسجاس ئوتى)

بۇ، ئەرەبچە سۆزدۇر. يۇنانچە «بەردىيسىيۇن» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيتى:** بۇ بىر خىل ئۆسۈملۈك بولۇپ، «دەرمەنەئى تۈركىي» ئۆسۈملۈكىگە ئوخشايدۇ. ئۇنىڭدىن كىچىكرەك بولىدۇ. شاخلىرى ئىنچىكە، كۆپ بولىدۇ. گۈلى «ئۇقھۇۋان» گۈلىگە ئوخشايدۇ. رەڭگى ئاق، سېرىققا مايىل بولىدۇ. ئۇرۇقى سەل ياپىلاق، تەمى ئاچچىق، ئەدەستىن كىچىكرەك بولىدۇ.

**تەبئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** توسالغۇلارنى ئاچقۇچى، يەل تارقاتقۇچى، تەر توختاتقۇچى، ھەيز ماڭدۇرغۇچى، قورساق ئاغرىقىنى پەسەيتكۈچى، ئىچكى ئەزالارنى ئىسسىتقۇچىدۇر. قايناتمىسى شۇنداقلا ئۇنىڭ ئۆزىدىن 10 گىرام ئىستېمال قىلىنسا يەل تارقىتىدۇ. يەلدىن بولغان قورساق ئاغرىقىغا تەڭداشسىز مەنپەئەت قىلىدۇ. ئىسرىق سېلىنسا بالا ھەمراھىنى چۈشۈرىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** ھېلىلە كابۇلى.

**ئىستېمال مىقدارى:** بەرەنجاسىپ.

# پەسل: «ج» (جىم) ۋە «د» (دال) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى

## جەدۋار

ئۇ «زەدۋار» دېگەن سۆزنىڭ ئەرەبچىلەشتۈرۈلگىنىدۇر. ئەرەبچە «ئەنتىلە»، يۇنانچە «ساتىريۇس»، مەغرىبچە «ماھى فەرفىين»، «ماھى فەرۋىين»، ھىندىچە «نىربىسى» دەپ ئاتىلىدۇ. چۈنكى، ئۇلارنىڭ تىلىدا «نىر» دېگەن سۆز مۇداپىئە قىلغۇچى، تازىلىغۇچى دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ. «بىس» دېگەن سۆز زەھەر دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. شۇنداق بولغاندا «نىربىسى» دېگەن بۇ سۆز بەدەننى زەھەردىن مۇداپىئە قىلغۇچى، بەدەندىكى زەھەرنى تازىلىغۇچى دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ.

ماھىيىتى: بۇ، بىر خىل يىلتىز بولۇپ، سۆئىدىگە ئوخشايدۇ، كۆپ ھاللاردا كونۇس شەكىللىك بولىدۇ، چايانىنىڭ قۇيرۇقىغا ئوخشاش بوغۇملىرى بولىدۇ. بارماق توملۇقىدا، ئۇنىڭدىن توم ياكى ئىنچىكە، ئېغىر، سەل قاتتىق، ئاچچىق، سىرتى قارا، ئىچى بىنەپشە رەڭدە بولىدۇ. ياخشىسى يۇقىرىقى سۈپەتلەرگە ئىگە بولغانلىرى سالايە قىلىنسا بىنەپشە رەڭ بولىدىغان، تەمى ئاچچىق بولغانلىرىدۇر. بۇنداق بولمىغانلىرى تەسىرى ئاجىزلىرى ياكى ساختىلىرىدۇر.

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، جەدۋار بەش خىل بولىدۇ.

بىرىنچى خىلىنىڭ سىرتى قارامتۇل، ئىچى قىزىلغا مايىل بىنەپشە رەڭ، چايان شەكىللىك، تەمى ئاچچىق بولىدۇ. تېتسا دەسلەپتە ئازراق تاتلىق مەلۇم بولۇپ، ئارقىدىن ناھايىتى ئاچچىق تېتىيدۇ. بۇ خىلى «خىتايى» (خىتايدىن چىقىدىغىنى) دەپ ئاتىلىدۇ. چۈنكى ئۇ كۆپ ھاللاردا خىتاي تاغلىرىدا ئۆسىدۇ. ئۇ ئۇنىڭ ھەممە تۈرلىرىدىن ياخشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ئۇنىڭ ئىككىنچى تۈرىنىڭ ئىچى - سىرتى سېرىققا مايىل قارا، تەمى ئاچچىق بولىدۇ، شەكلى چايانىنىڭ شەكلىگە ئوخشايدۇ. بۇ سۈپەت جەھەتتە خىتايدىن چىقىدىغىنىنىڭ ئارقىسىدا تۇرىدۇ.

ئۇنىڭ ئۈچىنچى تۈرىنىڭ ئىچى - سىرتى قارا بولىدۇ. سالايە قىلىنسا كۆك رەڭدە بولىدۇ. تەمى ئاچچىقتۇر. ئۇ سۈپەت جەھەتتە ئىككىنچى خىلىنىڭ ئارقىسىدا تۇرىدۇ. مەزكۇر ئىككى خىلى تىبەت تاغلىرى، نېپال، مورەڭ، رەڭپور ۋە ئۇنىڭ ئەتراپلىرىدا ئۆسىدۇ.

ئۇنىڭ تۆتىنچى خىلىنىڭ رەڭگى قارىغا مايىل، تەمى ئاچچىق، زەيتۇن چوڭلۇقىدا بولىدۇ. ئۇ كۆپ ھاللاردا دۇكەن شەھەرلىرىنىڭ تاغلىرىدا ئۆسىدۇ.

ئۇنىڭ بەشىنچى خىلى ئەندەلۇستىن چىقىدىغان بولۇپ، «ئەنتىلە» دەپ ئاتىلىدۇ. غېرىچ چوڭلۇقىدا، قارا، يۇمشاق، ناھايىتى ئاچچىق بولىدۇ. ئۇ كۆپ ھاللاردا بىيش بىلەن بىر يەردە ئۆسىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇ بىيش بىلەن بىر يەردە ئۆسكەنلىكتىن بىيشنىڭ زەھىرى شۇ يەردىكى خەلقلەر ئۇنىڭدىن يېرىم گىرام يېسىمۇ بىيشنىڭ باشقا تۈرلىرىنىڭ ئەكسىچە زەھەرلىمىگۈدەك دەرىجىدە ئاجىزلايدىكەن. ھالبۇكى، بىيشنىڭ جەدۋاردىن يىراق ئۆسكەن باشقا تۈرلىرى ناھايىتى زەھەرلىك بولۇپ، ئۇنىڭدىن ناھايىتى ئاز مىقداردا ئىستېمال قىلىنسىمۇ كىشىنى ھالاك قىلىدۇ. ھەكىم ھاشىم تېھرانىينىڭ ئۆزىنىڭ «رىسالەئى پادىزەھرىييە» (پادىزەھرى رىسالىسى) ناملىق رىسالىسىدە يېزىشىچە، جەدۋار كۆپ جايلاردا يالغۇز ياكى بىيش بىلەن بىرلىكتە ئۆسىدىكەن، ھەتتا خۇراساننىڭ بەزى جايلىرىدا، بولۇپمۇ ئۇنىڭ شەرقىكە يېقىن بولغان يەرلىرىدە كۆپ ئۆسىدىكەن. بەزى كىشىلەردىن ئاڭلىنىشىچە،

مەشھەدى مۇقەددەس بىلەن تىبەت ئارىلىقىغا جايلاشقان قەھىستان شەھىرىنىڭ تاغلىرىدا جەدۋار ئۆسۈملۈكى ناھايىتى كۆپ ئۆسىدىكەن، ئەمما ناھايىتى كىچىك بولىدىكەن، رەڭگى سۈس بولۇپ، ئاقۇا مايىل ئىكەن. زەھەر قايتۇرۇش كۈچى ئاجىزراق ئىكەن. تىبەت تاغلىرىدا ئۆسكىنى چوڭراق، رەڭلىكرەك، كۈچلۈكرەك بولىدىكەن. زەھەر قايتۇرۇش تەسىرى خىتايدىن چىققىنىغا ئوخشاپ قالىدىكەن. زەھەرلەش تەسىرى ناھايىتى يۇقىرى ئىكەن. ھىندىستان تاغلىرىدا ئۆسكىنىدىن ياخشىراق بولىدىكەن. شۇنداقلا ئۇنىڭ تىبەت چېگراسىغا يېقىن ئۆسكەنلىرى ئۇنىڭغا قارىغاندا ناچارراق، ئەمما ھىندىستاندا ئۆسكەنلىرىدىن ياخشىراقتۇر. ھىندىستاندا ئۆسكەنلىرى باشقا يەرلەردە ئۆسكەنلىرىدىن ياخشىراقتۇر. خۇراسان ۋە ئۇنىڭدىن باشقا يەرلەردە ئۆسكىنى ناھايىتى ناچار بولۇپ، تەسىرى ئىنتايىن ئاجىز بولىدۇ. مۇئەللىپ ئېيتىدۇكى، جەدۋار ھەر دۆلەتتە ئۇنىڭغا يېقىن بولغان ئۇ ئۆسىدىغان تاغلاردىن ئېلىپ كېلىنىدۇ، مەسىلەن: خۇراسان، قەندىھار، كابۇل، شاھجاھان ئابادقا تىبەت تاغلىرى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپلىرىدىن، ئاز بىر قىسمى خىتايدىن ئېلىپ كېلىنىدۇ. شاھجاھان ئابادىدىن ئەزىم ئابادقىچە بولغان شەھەرلەرگە نېپال ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى تاغلاردىن ئېلىپ كېلىنىدۇ. مۇرشىد ئابادا شەھىرىگە مۇرەڭ، رانكامائى ۋە رەڭپور قاتارلىق ئورۇنلاردىن ئېلىپ كېلىنىدۇ. مەزكۇر تاغلاردىن ئېلىپ كېلىنگەن جەدۋارلار بىر - بىرىدىن پەرقلىنىدۇ. ئۇنىڭ قۇۋۋىتى قانچە ئاجىز بولسا خىتاي ۋە تىبەتتىن چىققانلىرىنىڭ تۆرلىرىدىن بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇنداق بولۇشى ئۇ يەرلەرنىڭ ھاۋا كىلىماتىنىڭ ئوخشىشىپ قېلىشىدىندۇر.

بىلگىنكى، ئەسلىي جەدۋار كەم تېپىلىدىغان بەزى ئەللەردە بەزى نائىنساپ كىشىلەر جەدۋارغا ئوخشايدىغان بەزى يىلتىزلارنى بوياپ جەدۋارنىڭ ئورنىدا ساتىدۇ. ئۇلار بەزىدە بىيشنى سۈت بىلەن قاينىتىپ زەھىرىنى ئاجىزلاشتۇرىدۇ. رەڭگى ئاقىرىپ قالسا جەدۋارنىڭ رەڭگىدە بوياپ جەدۋارنىڭ ئورنىدا ساتىدۇ.

ئەسلىي جەدۋار بىلەن بويالغان ساختا جەدۋار تۆۋەندىكىدەك بىرقانچە ئۇسۇل بىلەن پەرقلەندۈرۈلىدۇ. بىرى شۇكى، بويالغان جەدۋارنى قولغا سۈركىسە ياكى رەختكە سۈركىسە قولغا ۋە رەختكە رېڭى چىقىدۇ. بىر پىيالە سۇغا سېلىنسا ئۇ قانداق رەڭ بىلەن بويالغان بولسا، سۇ شۇنداق رەڭ بىلەن رەڭلىنىدۇ. ساختىسى رەڭگە چىلانغان ۋە قاينىتىلغان سەۋەبىدىن سىرتقى پوستى يىرىك، پۇرلەشكەن ۋە تەكشىسىز بولىدۇ، ئەسلىسى بولسا ئەكسىچە يۇمشاق، پاكىز ۋە تەكشى بولىدۇ. يەنە بىرى شۇكى، ساختىسىنى سۇندۇرسا ئىچكى قىسمىنىڭ رەڭگى بىر خىل بولمايدۇ، بەلكى پوستىغا يېقىن قىسمىنىڭ رەڭگى ئىچىنىڭ رەڭگىگە قارىغاندا سۇسراق بولىدۇ.

بېيش بىلەن جەدۋار تۆۋەندىكىدەك بىرقانچە ئۇسۇل بىلەن پەرقلەندۈرۈلىدۇ. بىرى

شۇكى، بىيش كۆپ ھاللاردا جەدۋاردىن كىچىكرەك، ئىنچىكىرەك، رەڭگى قىزىلىراق بولىدۇ. يەنە بىرى شۇكى، بىيش ئاقلىنىپ تىلغا تەگكۈزۈلسە جەدۋارنىڭ ئەكسىچە تىلنى كۆيدۈرىدۇ، سېزىمسىزلاندۇرىدۇ، كۈچلۈك بولسا تىلنى ئىششىتىپ قاپارتما ئۆرلىتىدۇ. يەنە جەدۋار چاينىلىپ ياكى سالايە قىلىنىپ تىلغا سۈركەلسە تىلدا بىيشنىڭ تەسىرىدىن پەيدا بولغان زىيانلىرىنى ئىسلاھ قىلىدۇ. تەمى خۇددى يۇقىرىدا بايان قىلىنغىنىدەك بىيشنىڭ ئەكسىچە ئاچچىق بولىدۇ. جەدۋارنىڭ ياخشى ـ يامانلىقى يەنە ئۇنىڭ باشقا زەھەرلەرنى قايتۇرالايدىغان ـ قايتۇرالمايدىغانلىقى بىلەن سىنىلىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، جەدۋارنىڭ بىيشنىڭ زەھىرىنى قايتۇرۇش رولى تەرياقى فارۇقتىن كۈچلۈكرەك ئىكەن.

**تەبىئىتى:** ئۈچىنچى دەرىجىنىڭ بېشىدا قۇرۇق ئىسسىق. ئۇنىڭ ئىسسىقلىقى بەدەننىڭ تەبىئىي ھارارىتى بىلەن روھلارغا ماس كېلىدىغانلىقى ۋە ئۇلارنى قۇۋۋەتلەيدىغانلىقى ئۈچۈن چاققۇچى ۋە زىيان يەتكۈزگۈچى ئەمەستۇر. ئەبۇ ئەلى ئىبن سىنا ھەزرەتلىرىنىڭ ئۆزىنىڭ «رىسالەئى قەلبىييە» (يۈرەك دورىلىرى رىسالىسى) ناملىق ئەسىرىدە يازغان «ئۇنىڭ ھارارىتى ئۇنچىلىك دەرىجىدە كۈچلۈك ئەمەستۇر» دېگەن سۆزى ئۇنىڭ ھارارىتىنىڭ پەقەت كەيپىياتى بىلەن ئەمەس، بەلكى تۈرگە مەنسۇپ بولغان سۈرىتى بىلەن تەسىر قىلىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈشى مۇمكىن. شۇ سەۋەبتىن ئۇ ئىستېمال قىلىنسا ياكى زىمات قىلىنسا ئىچىلگەن ۋە چىكىلگەن تۈرلۈك ئىسسىق ۋە سوغۇق زەھەرلەرنى قايتۇرىدۇ.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** خۇرسەن قىلغۇچى، يۈرەك، مېڭە، جىگەردىن ئىبارەت رەئىس ئەزالارنى قۇۋۋەتلىگۈچى، بارلىق ئىسسىق، سوغۇق زەھەرلەرنى قايتۇرغۇچى، توسالغۇلارنى ئاچقۇچى، ماددىلارنى ئۈچۈچانلاشتۇرغۇچى، تارقاتقۇچى، پىشۇرغۇچى، ئاغرىقلارنى پەسەيتكۈچى، بەدەننى سەمرىتكۈچى، كۆرۈش قۇۋۋىتىنى ئاشۇرغۇچى، چىشلارنى چىڭىتقۇچى، ئىشتىھانى ئاچقۇچى، باھنى قۇۋۋەتلىگۈچى ۋە قوزغىغۇچى، سۈيدۈك ھەيدىگۈچىدۇر. تۇتقاق كېسەللىك، پالەچ، لەقۋا، رەئشە، ئەزالار بوشىشىپ كېتىش، ئەزالار سېزىمسىزلىنىش، ئىستىسقا، يەرقان، ئاشقازان ئاجىزلىقى، ئەزالارغا تاش چۈشۈش، قۇلۇنجى، سۈيدۈك تۇتۇلۇش، خىلتلار بۇزۇلۇش، تۆت كۈندە بىر تۇتىدىغان تەپ ۋە سوغۇقتىن بولغان كېسەللىكلەرنىڭ كۆپ قىسمىغا ئىچى ـ سىرتىدىن ئىشلىتىلىدۇ. 2.5 گىرامى سالايە قىلىنىپ شاراب بىلەن ئىستېمال قىلىنسا ئۆلتۈرگۈچى يىلانلارنىڭ زەھىرى، چايان زەھىرى، ئۆمۈچۈك زەھىرى ۋە بارلىق زەھەرلىك ھايۋانىنىڭ زەھىرى ۋە بىيش زەھىرىنى قايتۇرىدۇ. ئىچكى ئاغرىقلارنى پەسەيتىدۇ. قانلىق ئىچ سۈرۈشكە شىپا بولىدۇ. 5.1 گىرامى گۈلاب، شاراب، گاۋزىبان شەربىتى، ئەۋرىشىم شەربىتى ۋە بادرەنجىبۇيا شەربىتىگە ئوخشاش مۇناسىپ شەربەتلەرنىڭ بىرى بىلەن ياكى گاۋزىبان ئەرقى، گۈلاب، بادرەنجىبۇيا ئەرقى، بىدىمۇشكى ئەرقى، نىلۇپەر ئەرقىگە ئوخشاش مۇناسىپ ئەرەقلەرنىڭ

بىرى بىلەن ئۇدا بىرنەچچە كۈن ئىستېمال قىلىنسا يۈرەككە خۇشلۇق يەتكۈزىدۇ. يۈرەك زەئىپلىكى، خەفەقان، يۈرەكنىڭ سوغۇقتىن ئېگىز - پەس سېلىشى ۋە سىقىلغاندەك بولۇشىغا پايدا قىلىدۇ. يۇقۇملۇق كېسەل تارقالغان كۈنلەردە ئىستېمال قىلىنسا بۇلغانغان ھاۋانىڭ يامان تەسىرىنى يوقىتىدۇ. گۈلاب بىلەن ئىشلىتىلسە بوغۇملار ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ. ئۈنىڭدىن يېرىم گىرام ئېلىپ ئىسسىق گۈلاب بىلەن ئىشلەتسە ئاشقازان ئاغرىقلىرىنى پەسەيتىدۇ. سىركەنجىۋىل بىلەن ئىشلەتسە جىگەر توسالغۇلىرىنى ئاچىدۇ. سىركەنجىۋىل بۆزۈرى، سىركەنجىۋىل ساددە، دىنار شەربىتى، ئىتئۈزۈمى شىرىسى ياكى كاسىنە ئۇرۇقى شىرىسى بىلەن ئۇدا بىرنەچچە كۈن ئىشلىتىلسە ماسارىقا توسالغۇلىرىنى ئاچىدۇ. ئىستىسقاغا پايدا قىلىدۇ. دوۋساقتىكى تاشنى پارچىلاپ چۈشۈرۈش، ئىتئۈزۈمى شىرىسى ۋە ئوغرىتىكەن بىلەن سۈيدۈكنى راۋانلاشتۇرۇش ئۈچۈن ئىككى خىل تەرخەمەك ئۇرۇقى شىرىسى، قوغۇن ئۇرۇقى شىرىسى ياكى ئوغرىتىكەن بىلەن ئىشلىتىلىدۇ. يەلدىن بولغان قۇلۇنجى ئۈچۈن سۈزاپ قايناتمىسى، پىننە قايناتمىسى، بەدىيان قايناتمىسى، ئىتئۈزۈمى قايناتمىسىغا ئوخشاش مۇناسىپ قايناتمىلار ئىشلىتىلىدۇ. بەلغەمدىن بولغان كونا تەپلەر ۋە تۆت كۈندە بىر تۇتىدىغان تەپ ئۈچۈن ماددا تەنقىيە قىلىنغاندىن كېيىن، ئىسسىق گۈلاب ۋە مۇناسىپ شەربەتلەر بىلەن ئىشلىتىلىدۇ. ئۈنىڭدىن بىر گىرام ئېلىپ ئىتئۈزۈمى سۈيى، شۈمشا سۈيى، ئوغرىتىكەن سۈيى ياكى گۈلاب بىلەن سالايە قىلىپ ئىشلەتسە تۇغۇتنى ئاسانلاشتۇرىدۇ ۋە تېزلەشتۈرىدۇ. ھامىلە قورساقتا ئۆلۈپ زەھىرى ئانا تېنىگە تارقالغان بولسا ياكى توغۇت سەۋەبىدىن زەئىپلەشكەن بولسا ياكى تۇغۇتتا قان كۆپ ئېقىپ كەتكەن بولسا، ئۈنىڭدىن تۆت دان مىقدارى ئېلىپ گۈلاب بىلەن سالايە قىلىپ ئاز دېگەندە يەتتە كۈنگىچە ئۇدا ناشتىدا ئىستېمال قىلىنسا ۋە باشقا ئىسسىقلىق قىلىنمىسا پايدا قىلىدۇ. كىچىك باللاردىكى تۇتقاق كېسەل ۋە ئۇلاردا يۈز بېرىدىغان مېڭە كېسەللىكلىرىنىڭ كۆپ قىسمى ئۈچۈن ئۈنىڭدىن ئاز مىقداردا ئېلىپ ئانا سۈتى بىلەن سالايە قىلىپ ئىچۈرۈلىدۇ. تۇتقاق كېسەل چوڭلاردا پەيدا بولسا ئۈنىڭدىن 1.5~2.5 گىرامغىچە ئېلىپ، مۇناسىۋەتلىك دورىلار بىلەن بىرلىكتە ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ. ھىندىستان ھۆكۈمالىرى ئۇنى بەدەننى سەمرىتىدۇ دەپ بىلىدۇ. باھنى قوزغىتىش ئۈچۈن يالغۇز ياكى مۇناسىپ دورىلار بىلەن بىرلىكتە گۈلاب بىلەن سالايە قىلىپ ھەب ياكى مەجۇن تەييارلاپ ئىستېمال قىلسا پايدا قىلىدۇ. ئۇ گۈلاب ياكى سىركە بىلەن سۈركەلسە سوغۇقتىن بولغان ئىششىقلارنى پىشۇرىدۇ ۋە تارقىتىدۇ. بولۇپمۇ قولاق ئاستى، قولتۇق، يىرىق قاتارلىق ئورۇنلاردىكى ئىششىقلارغا سۈركەلسە تارقىتىدۇ. بوغما كېسەل، چاشقان يارىسى، گال ۋە باشقا ئورۇنلاردىكى ئىششىقلارنى تارقىتىدۇ. چۇما، ۋابا، ئاقكېسەل، بەھەق

قاتارلىقلارغا پايدا قىلىدۇ. داغ ۋە تېرىدىكى باشقا ئىزلارنى يوقىتىدۇ. بوغۇم ئاغرىقلىرىنى پەسەيتىدۇ. شۇنداقلا ئۇنى بىرقانچە دانە قارىمۇچ بىلەن بىرلىكتە ھۆل يۇمغاقسۈت سۈيى بىلەن سالايە قىلىپ سۇركىسىمۇ ئىسسىق ۋە سوغۇقتىن بولغان ئىششىقلارنى تارقىتىدۇ. ئۇنى يالغۇز ياكى يۇمغاقسۈت سۈيى ياكى سىركە بىلەن مەلھەم قىلىپ قاپاق ئۈستىگە سۇركىسە ئىششىقلارنى تارقىتىدۇ. چىشلارغا سۇركىسە سوغۇقتىن بولغان چىش ئاغرىقلىرىنى پەسەيتىدۇ. بوۋاسىرغا سۇركىسە ئاغرىقنى پەسەيتىدۇ ۋە ساقايتىدۇ. دوۋسۇن ئۈستىگە چاپسا دوۋساق يارىسى ۋە سۆيدۈك تۇتۇلۇش، تامچىلاپ كېلىشكە پايدا قىلىدۇ. ئۇ كۆزگە تېمىتىلسا سوغۇقتىن بولغان ئاغرىققا شىپا بولىدۇ. زەكەر تۆشۈكىگە تېمىتىلسا سۆيدۈك ماڭدۇرىدۇ، سۆيدۈك يولىدا تۇرۇپ قالغان يات ماددىلارنى تازىلايدۇ. ئۇنى يارىلارغا سەپسە ساقايتىدۇ. مۇناسىپ ياغلار بىلەن سۇركىسە تۇتقاق كېسەل، سەكتە، پالەچ، لەقۋا، ئەزالار بوشىشىپ كېتىش، رەئشە، ئەزالارنىڭ سېزىمسىزلىنىشىگە ئوخشاش مېڭە ۋە نېرۋا خاراكتېرلىك كېسەللىكلەرگە پايدا قىلىدۇ. مېڭە ۋە ئۇنىڭدىكى قۇۋۋەتلەرنى، نېرۋىلارنى قۇۋۋەتلەيدۇ.

يىغىپ ئېيتقاندا، ئۇ پايدىسى كۆپ، خاسىيەتلىرى تولا دورا بولۇپ، يالغۇز ياكى مۇناسىۋەتلىك دورىلار بىلەن بىرلىكتە ئىستېمال قىلسا، زىمات قىلسا، چاپسا ياكى مايلانسا كۆپ كېسەللىكلەرگە، بولۇپمۇ ھۆل سوغۇقتىن بولغان كېسەللىكلەرگە شىپا بولىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** مىزاج، شەخس، كېسەللىك، پەسىل ۋە شەھەر ئېتىبارىچە 0.3 ~ 2 گىرامغىچە، تۆت كۈندە بىر تۇتىدىغان تەپ ۋە باشقا كېسەللىكلەردە ئىككى گىرامغىچە، باھنى قۇۋۋەتلەش ئۈچۈن 2.5 گىرامغىچە، ئىسسىقا ئۈچۈن ئىككى گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

**ئورۇنباسارى:** خۇرسەن قىلىش، زەھەر قايتۇرۇش ئۈچۈن ئىشلىتىلگەندە ئۈچ ھەسسە زورەمبات، باراۋەر مىقداردا تەرياقى فارۇق ياكى پادزەھرى ھايۋانىيدۇر.

**زىيانلىق تەسىرى:** ئىسسىق مىزاجلىقلار ۋە قۇرۇق مىزاجلىقلارغا زىيان قىلىدۇ، بېشىنى ئاغرىتىدۇ، ئۈچەيلىرىنى يارىلاندۇرىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** سىركەنجىۋىل سادىدە، تۆمۈر داغمىاللانغان يېڭى سېغىلغان سۈت، ئارپا سۈيى، ئارپا ئېشىدۇر. يارا ئۈچۈن كەتىرادۇر.

جەدۋارنىڭ ماھىيىتى، تۈرلىرى، تەسىرلىرى، خۇسۇسىيەتلىرى، پايدىلىرى، ئىستېمال قىلىش ئۇسۇللىرى، جەدۋار ئارقىلىق ئەپيۇننى تاشلاش ئۇسۇلى، جەدۋارنىڭ ئەپيۇنلۇق، ئەپيۇنسىز ھەبلىرىنى ئىستېمال قىلىش ئۇسۇلى، يىغى، مەلھىمى، مەجۇنلىرى ۋە مۇپەررىھلىرى قارابادىندا تەپسىلىي بايان قىلىنىدى.

# پەسىل: «ج» (جىم) ۋە «ر» (رائ) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى

## جەرادۇل بەر
(چېكەتكە)

بۇ، ئەرەبچە سۆز بولۇپ، پارسچە «مەلەخ»، ھىندىچە «تىيدى» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** بۇ، تونۇشلۇق ھايۋان بولۇپ، ھەر خىل رەڭلەردە بولىدۇ. پۇتلىرى ناھايىتى ئۇزۇن بولىدۇ. بىر ھەپتىگە يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە بالا چىقىرىدۇ. ئۆسۈملۈكلەر، دەرەخلەر ئۈستىدە ياشايدۇ. بىر يىلدىن ئارتۇق ئۆمۈر كۆرمەيدۇ. دەرەخلەرنى يەپ ۋەيران قىلىدۇ. بەزى يىللىرى ئۇنىڭ چوڭى كۆپ پەيدا بولىدۇ. ھەرقانداق زىرائەتكە چۈشسە يەپ بۇزىدۇ. ئۇنىڭ چوڭ، سېمىزلىرى ياخشىلىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** باھنى قۇۋۋەتلىگۈچى، قويۇق خىلىتلارنى تازىلىغۇچىدۇر. كانايي كېسەللىكلىرى ۋە سۈيدۈك تامچىلاپ كېلىشكە ئىشلىتىلىدۇ. ئۇنىڭدىن 12 دانە ئېلىپ پۇتلىرى ۋە بېشىنى كېسىۋېتىپ ئۈچ گىرام قۇرۇق ھەببۇلئاس بىلەن بىرلىكتە سالايە قىلىپ ئىستېمال قىلسا ئىستىسقاغا پايدا قىلىدۇ، سىناقتىن ئۆتكەن دەپ قارىلىدۇ. جوزامغا خاسىيىتى بىلەن پايدا قىلىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن ئىسرىق سېلىنسا بوۋاسىر، قىيىنلىپ سىيىشكە پايدا قىلىدۇ. پۇتلىرىنى سوقۇپ چاپسا سۆگەل، داغ يوقىتىدۇ، قوتۇرنى ساقايتىدۇ. بولۇپمۇ سىركە بىلەن كۆيدۈرۈپ سۈركىسە ئۇنۇمى تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ. تۇخۇمى چېپىلسا داغ يوقىتىدۇ. ئۇنىڭ سېمىز قانتى يوق كەلگىنىنى قورۇپ ئىستېمال قىلسا چايانىنىڭ زەھىرىنى قايتۇرىدۇ. ئۇنىڭ ئېتىزلىقلاردا بولىدىغان، بوينى كۆك، ئېگىز بولغىنىنى ئېسىۋالسا تۆت كۈندە بىر تۇتىدىغان تەپكە پايدا قىلىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** تۆز سېپىلگىنىنىڭ ئوزۇقلۇقى ئازدۇر، ناچار خىلىت، قوتۇر، قىچىشقاق پەيدا قىلىدۇ. خىلىتلارنى كۆيدۈرىدۇ. ھۆللۈكلەرنى قۇرۇتىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** سىركەنجىۋىل، ئاچچىق ـ چۈچۈك ئانار ياكى ئىككى خىل ئاناردۇر. سېمىز ئوت ئۇرۇقى شىرىسى ۋە تەرخەمەك ئۇرۇقى شىرىسىمۇ ئۇنىڭ تۈزەتكۈچىسى بولالايدۇ.

ئىبنى مۇئەللىپنىڭ ئېيتىشىچە، چېكەتكىنى كۆيدۈرۈپ ئىسرىق سالسا پۇرىقىدىن باشقا چېكەتكىلەر قاچىدىكەن، قاچمىسا ئۆلىدىكەن.

## جەرادۇل بەھر
(دېڭىز چېكەتكىسى)

پارسچە «مەلەخ دەريايى» (دېڭىز چېكەتكىسى) دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** ئېيتىشلارغا قارىغاندا ئۇ بىر خىل ھايۋان بولۇپ، بېشى تۆت بۇرجەك بولىدىكەن، بېشىنىڭ چۆرىسىدىن باشلاپ تاكى بەدىنىنىڭ يېرىمىغىچە قاسراقلىق بولىدىكەن، ھەر تەرىپىدە ئوندىن پۇت ـ قولى بار بولۇپ، خۇددى ئۆمۈچۈكنىڭ پۇتلىرىغا ئوخشايدىكەن. بېشىدا ئىككى دانە مۈڭگۈزسىمان ئەزاسى بار ئىكەن. كۆزىنىڭ ئاستىدا يەنە ئىككى دانە مۈڭگۈزى بار بولۇپ، ئىنچىكىرەك ئىكەن. كۆزلىرى پولتىيىپ چىققان ئىكەن. مۇئەللىپنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇنىڭ بايان قىلىنغان ماھىيىتىگە قارىغاندا ماھى رۇبىيان (قۇم بېلىقى) بولۇشى مۇمكىن ئىكەن. چۈنكى بېنگال شەھەرلىرى، پارس دەرياسى بويلىرى، بەھرەيىن ۋە باشقا يەرلەردىن چىقىدىغان ماھى رۇبىيان شۇنداق شەكىلدە بولىدىكەن.

ئاڭلاشلارغا قارىغاندا دېڭىز چېكەتكىسى قۇشقاچ چوڭلۇقىدا بولۇپ، ئىككى دانە قانىتى بار ئىكەن، بەزىدە ئازراق ئۇچقاندىن كېيىن سۇ ئۈستىگە چۈشىدىكەن، ئارقىدىن سۇغا كىرىپ كېتىدىكەن.

**تەبىئىتى:** ھۆل ئىسسىق، قۇرۇقلۇق چېكەتكىسىگە قارىغاندا قۇرۇقراق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ئۇنىڭدىن كۈنىگە ئۈچ دانە ئېلىپ قورۇپ ياكى سۇ بىلەن قاينىتىپ پىشۇرۇپ ئىستېمال قىلسا جوزامنىڭ تەرەققىي قىلىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدىكەن. 10 گىرامنى تولۇق كۆيدۈرۈپ قارا نوقۇت سۈيى بىلەن بىرلىكتە ئۇدا يەتتە كۈن ئىستېمال قىلسا بۆرەك ۋە دوۋساقتىكى تاشلارنى پارچىلاپ چۈشۈرىدۇ، سىناقتىن ئۆتكەن.

## جىرجىر
(زاغۇن)

ئۇ پارسچە «تەرەتىيزەك»، ھىندىچە «تەرمەرا» دېيىلىدۇ. ئۇرۇقى «ھالۇن» دېيىلىدۇ، ئاۋام خەلق «ھالۇم»، «چەند سور»، «چەند سىر» دەپ ئاتايدۇ.

**ماھىيىتى:** يەرلىك ۋە ياۋىدىن ئىبارەت ئىككى خىل بولىدۇ. ياۋىسى «بەھقان» دەپ، يەرلىكى «كەففى ئائىشە» (ئائىشە ئالقىنى)، پارسچە «كىيكىير»، شىرازچە «كەرەك» دەپ ئاتىلىدۇ.

ياۋىسى ئىككى خىل بولىدۇ. بىرى غوللۇق بولۇپ، يوپۇرمىقى تۇرۇپنىڭ يوپۇرمىقىدىن كىچىكرەك، چىشلىق بولىدۇ. گۈلى سېرىق بولۇپ ناھايىتى ئۆتكۈر پۇرايدۇ. ئۇ «خەردەل

بەررىي» (ياۋا قىچا) دەپ ئاتىلىدۇ. يەنە بىرى غولسىز بولۇپ، يوپۇرمىقى يۇمشاق، ئۆتكۈرلۈكى كەم، گۈلى قىزىل بولىدۇ.

يەرلىكى ئۈچ خىل بولىدۇ. بىرى تۇرۇپقا ئوخشايدۇ، غولى بولىدۇ، يوپۇرمىقى يىرىك بولۇپ، مازىندەراندا «شاھتەررە»، «كورتەرە» دەپ، تەنەكابۇندا «خاس تەرە» دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇرۇقى ئاق بولۇپ، ھۆرفى بابۇلى شۇنىڭدىن ئىبارەت. يەنە بىر خىلى «رەشاد»، پارسچە «تەرەئى تىزەك شاھى» دەپ ئاتىلىدۇ. يوپۇرمىقى چوڭ، گۈلى قىزىل، ئۇرۇقى قىزىلغا مايىل، ئۇزۇنچاق بولىدۇ. يەنە بىر خىلى يوپۇرماقسىز، ئۇرۇقى ھەببى رىشاتتىن ئۇششاقراق بولىدۇ. «جىرجىير» دېگەن سۆز يالغۇز ئېيتىلسا ھەببى رىشاد نەزەردە تۇتۇلىدۇ. ئۇنىڭ يەرلىكى ياخشىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

**تەبئىتى:** ياۋىسى ئۈچىنچى دەرىجىدە ئىسسىق، ئىككىنچى دەرىجىنىڭ ئاخىرىدا قۇرۇق. يەرلىكى ئىككىنچى دەرىجىدە ئىسسىق، بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇقتۇر.

**خۇسۇسىيتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** جىگەر، تال توسالغۇلىرىنى ئاچقۇچى، تاش پارچىلىغۇچى، مەنىي كۆپەيتكۈچى، باھنى قوزغاتقۇچى، يەل تارقاتقۇچى، تائامنى ھەزىم قىلغۇچىدۇر. كالىنىڭ ئۆتى بىلەن زىمات قىلىنسا يارىلارنىڭ ئىزلىرىنى يوقىتىدۇ. شۇنداقلا ئۇنىڭ سۈيى سۇ كالىسىنىڭ ئۆتى بىلەن سۈركەلسە داغ يوقىتىدۇ. ناشتىدا ئىستېمال قىلىنسا قولتۇقنىڭ سېسىق پۇرىقىنى يوقىتىدۇ. ئۇ ئىستېمال قىلىنغاندىن كېيىن ئۇستىدىن شارابى رەيھانى ئىچىلسە ئاغمىخان ۋە باشقىلار چىشلىۋالغاندىن بولغان يارىنى ساقايتىدۇ. ئۇنىڭ شۇنداق خاسىيىتى باركى، چۇچۇمەل ئانار دەرىخى ئۇنىڭ سۈيى بىلەن سۇغۇرۇلسا مېۋىسى تاتلىق چۈشىدۇ. قۇرۇق نوقۇتنى ئۇنىڭ سۈيىگە چىلاپ ئىستېمال قىلسا مەنىينى تەڭداشسىز كۆپەيتىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇنىڭ يوپۇرمىقى، شېخى ۋە ئۇرۇقىنى ھاۋانچىدا يۇمشاق سوقۇپ مۇۋاپىق قاچىغا يېيىتىپ، قۇرۇغاندىن كېيىن يەنە ھاۋانچىغا سېلىپ سوقۇپ ئۇستىدىن يېڭى سېغىلغان سۈت تۆكۈپ، ئارىلاشتۇرۇپ خېمىر قىلىپ قۇرس ياساپ سايىدا قۇرۇتۇپ ساقلاپ قويۇپ ئىستېمال قىلسا ناھايىتى پايدىلىق ئىكەن.

**زىيانلىق تەسىرى:** باشنى ئاغرىتىدۇ، كۆزنى قاراڭغۇلاشتۇرىدۇ، باشقا بۇخارات ئۆرلىتىدۇ، باشنى قايدۇرىدۇ. ھەدىس شېرىپتا كىمكى ئۇنى كەچتە ئىستېمال قىلسا مېڭىسىدىكى جوزامغا سەۋەب بولىدىغان تومۇرنىڭ ھەرىكەتكە كېلىدىغانلىقى، قاناش يۈز بېرىدىغانلىقى، ئارقىدىن ئۇيقۇ باسىدىغانلىقى بايان قىلىنغان. يەنە بىر ھەدىستە ئۇنى كەچتە ئىستېمال قىلسا ئاقكېسەل پەيدا قىلىدىغانلىقى بايان قىلىنغان.

**تۈزەتكۈچىسى:** كاسىنە، سېمىز ئوت ۋە ئۇنىڭ سىركىسىدۇر.

ئۇنىڭ ياۋىسىنىڭ سۈيدۈك ھەيدەش ۋە باھنى قوزغىتىش تەسىرى ئۇنىڭ يەرلىكىنىڭ

شۇ خىل تەسىرىدىن كۆچلۈكرەكتۇر. بولۇپمۇ ئۇرۇقىنىڭ بۇ خىل تەسىرى تېخىمۇ كۈچلۈكتۇر.

ئۇنىڭ ھەببى رىشادتىن ئىبارەت بولغان ئۇرۇقىنىڭ مەركىزىي خۇسۇسىيەتلىرى يوپۇرمىقىنىڭ شۇ خىل خۇسۇسىيەتلىرىدىن كۈچلۈكرەكتۇر. كۈچلۈك جۇلا بەرگۈچىدۇر. ئۇنىڭ يوپۇرمىقى ئىلمان سۇ بىلەن ئىستېمال قىلىنسا بەلغەمنى قۇستۇرىدۇ. ئىللىتىلىپ پىشۇرۇلغان تۇخۇم سېرىقى بىلەن ئىستېمال قىلىنسا باھنى قوزغىتىدۇ، بەدەننى سەمرىتىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن زىمات قىلىنسا داغ يوقىتىدۇ. ھەسەل بىلەن زىمات قىلىنسا بەھەق، سەپكۈنلەرنى يوقىتىدۇ. كالا ئۆتى بىلەن مەلھەم قىلىنىپ چېپىلسا تىرناقنىڭ يېرىلىشىغا پايدا قىلىدۇ.

كۆپ ئىستېمال قىلىنسا قاننى جانلاندۇرىدۇ. ماددىلارنىڭ ئاجىز ئەزالارغا تۆكۈلۈشىگە سەۋەب بولىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** يېڭى سىغىلغان سۈت.

**ئىستېمال مىقدارى:** يەرلىكىدىن 15 گىرامغىچە، ياۋىسىدىن 10 گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

**ئورۇنباسارى:** باراۋەر مىقداردا تۇدەرى ياكى ياۋا سەۋزە ئۇرۇقى ياكى پىياز ئۇرۇقىدۇر.

## جىرجىيرۇل مائ
(سۇ زاغۇنى)

ئۇ «قۇررەتۇل ئەين» ئۆسۈملۈكىدىن ئىبارەت بولۇپ، ئاللا خالىسا «ق» (قاف) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلار بايانىدا بايان قىلىنىدۇ.

## جەرمىلەك
(جەرمىلەك يىلتىزى)

كۇھىستان ۋە لەرىستان تىلىدا «جاسلىق» دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇ بىر خىل دورىدىن ئىبارەت بولۇپ، شۇ يەردىكى تۈركىي خەلقلەر ئۇنى «نەباتى ئازار» دەپ ئاتىشىدۇ.

**ماھىيىتى:** بۇ، بىر خىل يىلتىزدىن ئىبارەت بولۇپ، بارماق توملۇقىدا بولىدۇ، ئۇزۇنلۇقى غېرىچتىن ئۇزۇنراق، سىرتىنىڭ رەڭگى قارىغا مايىل ، ئىچى ئاق، قاتتىق، تەمى تاتلىق بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۆسۈملۈكىنىڭ غولى غۇلاچ ئېگىزلىكىدە ئۆسىدۇ. يوپۇرمىقى تىل

چوڭلۇقىدا ئۈزۈنچاق بولۇپ، شەكلى تىلغا ئوخشايدۇ، رەڭگى قارامتۇل كۆك، نازۇك بولىدۇ. غولىنىڭ ئۈستى تەرىپىدىكى يوپۇرماقلىرى سۆگەت يوپۇرمىقى چوڭلۇقىدا بولىدۇ. گۈلى كۆك بولۇپ، ھىندىستان نىلۇپەرىنىڭ گۈلىدىن كۆپ كىچىك بولىدۇ. يىلتىزى ئىشلىتىلىدۇ.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** سوقۇپ چىشلارغا سۈركىسە بۇزۇلۇشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. يېپىلگەن چىش مىلىكىگە گۆش ئۈندۈرىدۇ، سىناقتىن ئۆتكەن. ئىستېمال قىلسا ئىچكى ئەزالاردىكى زەخىملەرنى ساقايتىدۇ، ئىششىقلىرىنى تارقىتىدۇ. زىمات قىلسا سۇنغان ئۇستىخاننى تۇتتۇرىدۇ. ھەرقانداق زەخمىنى ساقايتىدۇ، تارتىشىپ قېلىشقا شىپا بولىدۇ.

## چىرۋەنجى

(چىرۋەنجى مېۋىسى)

**ماھىيىتى:** ئۇ ھىندىستاندا بولىدىغان بىر خىل دەرەخنىڭ مېۋىسىدىن ئىبارەت. ھىندىستاننىڭ كۆپ قىسىم تاغلىرىدا ئۆسىدۇ. ئۇنىڭ دەرىخى ئوتتۇرا ھال نارەنجى دەرىخى چوڭلۇقىدا بولىدۇ. يوپۇرمىقى ئەنجۈر يوپۇرمىقىدىن چوڭراق، چىشسىز بولىدۇ. مېۋىسى قەھۋە مېۋىسى، قارىئۆرۈكلەرگە ئوخشايدۇ. ئۇنىڭدىن كىچىكرەك بولىدۇ. ئۇ ھىندىچە «پىيارە» دەپ ئاتىلىدۇ. سىرتقى پوستى نازۇك بولۇپ، خام ۋاقتىدا كۆك بولىدۇ، پىشقاندىن كېيىن بىنەپشە رەڭگە ئۆزگىرىدۇ. گۆشى خام ۋاقتىدا قاتتىق بولىدۇ، پىشقاندىن كېيىن يۇمشايدۇ. رەڭگى پىستە مېغىزى رەڭگىدە، تەمى ئاچچىق - چۈچۈك بولۇپ، ئىستېمال قىلىشقا بولىدۇ. سۇ بىلەن ئېرىتىپ مېۋە شەربىتى تەييارلىنىدۇ. سۇ بىلەن پىشۇرۇپمۇ ئىستېمال قىلىنىدۇ. ئۇنىڭ گۆشى ئارىسىدىكى مېغىزى ياغاچلاشقان، سەل قاتتىق، پىستە پوستىدىن نازۇكراق، ھەببىتۇلخەزرائ پوستىدىن قېلىنراق بولغان غىلاپ ئىچىدە بولۇپ، نوقۇت ۋە قارىئۆرۈك مېغىزىنىڭ يېرىمچىلىك چوڭلۇقتا، مايلىق، تاتلىق، تەملىك بولىدۇ. بەزىلەر ئۇنى «ھەببۇس سەمنە» دېگەن ئۇرۇقتىن ئىبارەت دەيدۇ. ئېھتىمال ئۇنداق ئەمەس بولۇشى مۇمكىن. چۈنكى ئۇنىڭ دەرىخى ۋە مېۋىسىنىڭ شەكلى چىرۋەنجى دەرىخىنىڭ شەكلىگە ئوخشىمايدۇ. ئۇ ئاللا خالىسا كېيىن بايان قىلىنىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە ئىسسىق، بىرىنچى دەرىجىدە ھۆلدۇر.

**زىيانلىق تەسىرى:** جۇلا بەرگۈچى، باھنى قوزغاتقۇچى، بەدەننى سەمرىتكۈچى، ئوزۇقلاندۇرغۇچى بولۇپ، كۆپ تەسىرلىرى ھەببۇس سەمنە مېۋىسىنىڭ تەسىرلىرىگە ئوخشايدۇ. يۇمشاق سوقۇپ يالغۇز ياكى مۇناسىۋەتلىك دورىلار بىلەن بىرلىكتە تېرىگە

سۈركىسە جۇلا بېرىش تەسىرى بىلەن تېرىنى سىزۇلدۇرىدۇ.

ئۇنىڭ ئۇرۇقچىسى ھۆل سوغۇق بولۇپ، سەپرانىڭ زىيانلىق تەسىرىدىن مۇداپىئە قىلغۇچى، قاننىڭ قاينىشى ۋە ئۇسسۇزلۇقنى پەسەيتكۈچىدۇر.

## جرريي
(يىلانبېلىق)

بۇ، ئەرەبچە سۆز بولۇپ، پارسچە «مار ماھىي» (يىلانبېلىق) دەپ ئاتىلىدۇ. مىسىردا «تىيلۇر» دېيىلىدۇ. سۇريانچە «سىلۇرىس»، يۇنانچە «سىلۇرەس»، ھىندىچە «كەچيا مىچىلى» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيتى:** بۇ، تېنى چوڭ، سېمىز بىر خىل بېلىق بولۇپ، مىسىر دەرياسىدا بولىدۇ. رەڭگى قارا، قاسراقسىز، ئۇستىخىنى ئاز بولىدۇ. بۇرۇتى يىلاندەك ئۇزۇن، ئىنچىكە بولىدۇ. بېشى ئۇزۇن، ئېغىزىمۇ ئۇزۇنچاق بولۇپ، خۇددى پىلنىڭ خارتۇمىغا ئوخشايدۇ. گۆشى يۇمشاق، شىلىمشىق بولۇپ، بەتبۇي پۇرايدۇ. يەھۇدىيلار ئۇنى يېمەيدۇ. ھەكىم مىر مۇھەممەد مۆئمىنىنىڭ يېزىشىچە ئۇ تەنەكابۇندا «ئەسپىلى» دەپ ئاتىلىدىكەن. مازىندەراندا «كەلىس» دېيىلىدىكەن.

**تەبئىتى:** تۇزلانمىغىنى ھۆل ئىسسىق، تۇزلانغىنى قۇرۇق ئىسسىقتۇر.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** جۇلا بېرىدۇ. كۈچلۈك تارتقۇچى قۇۋۋىتى بار. يېڭى گۆشىدىن كۆپ يېيىلسە بەدەننى كۆپ ئوزۇقلاندۇرىدۇ. بەلغەملىك قان پەيدا قىلىدۇ. كانايىنى تازىلايدۇ، ئاۋازنى ساپلاشتۇرىدۇ. تەرەتنى بوشىتىدۇ. سىل، قان تۈكۈرۈشكە شىپا بولىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇنىڭ تۇزلانغىنى جۇلا بېرىش قۇۋۋىتى بىلەن مەزكۇر كېسەللىكلەردىن سىلدىكى قان تۈكۈرۈشتىن باشقىلىرىنىڭ ھەممىسىگە ناھايىتى ياخشى پايدا قىلىدىكەن. ئۇنىڭ قېنىدىن 15 گىرام ئېلىپ، باراۋەر مىقداردىكى سىركە بىلەن ئىستېمال قىلسا گالدىن كەلگەن قاننى توختىتىدىكەن. تۇزلانغىنىنىڭ قايناتمىسىدا ئولتۇرسا دەسلەپكى مەزگىلدىكى ئۇچەي يارىسىغا پايدا قىلىدۇ. ماددىلارنى بەدەن يۈزىگە تارتىدۇ. شۇنداقلا ئۇنىڭ بىلەن مەقئەت ئىسلانسا بوۋاسىرغا، ھۆقنە قىلىنسا ئولتۇرغۇچ نېرۋا ئاغرىقىغا تەڭداشسىز پايدا قىلىدۇ. تۇزلانغىنى زىمات قىلىنسا بەدەندە تۇرۇپ قالغان تىكەن، ئوققا ئوخشاش يات ماددىلارنى بەدەننىڭ يۈزىگە تارتىپ چىقىرىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** ئېيتىشلارغا قارىغاندا شىلىمشىق بەلغەم پەيدا قىلىدىكەن، تەستە ھەزىم بولىدىكەن. بۆرەككە زىيان قىلىدىكەن. ئاقكېسەل پەيدا قىلىدىكەن.

**تۈزەتكۈچىسى:** تۇز سېپىپ سىركە، نەئناە، يالپۇز، ئاچچىقسۇ ۋە سىركەنجۇبىل بىلەن ئىستېمال قىلىشتىن ئىبارەت.

# پەسل: «ج» (جىم) ۋە «ز» (زائ) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى

## جەزەر
(سەۋزە)

ئۇ پارسچە «گەزەر» دېگەن سۆزنىڭ ئەرەبچىلەشتۈرۈلگىنىدۇر. پارسچە يەنە «زەردەك»، ھىندىچە «گاجەر» دېيىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** ئۇ يەرلىك ۋە ياۋىدىن ئىبارەت ئىككى خىل بولىدۇ. ياۋىسى يۇنانچە «ئەستىلافالىيۇس»، «ئەغرىيۇس» دەپ ئاتىلىدۇ. بەزىلەر ئۇنى شاقاقۇل دەيدۇ. ئەمما ئۇنداق ئەمەستۇر. يەرلىكى ئىككى خىل بولىدۇ. بىرىنىڭ يىلتىزى ئۇزۇنچاق، يەنە بىرىنىڭ يىلتىزى يۇمىلاق بولىدۇ. قىزىل ۋە سېرىق بولىدۇ. يوپۇرمىقى شاھتەررىگە ئوخشاش، ئۇنىڭدىن كەڭرەك، تەمى سەل ئاچچىق بولىدۇ. غولى تارقاق، يىرىك، گۈلى سېرىقچېچەك گۈلىگە ئوخشاش كۈنلۈكسىمان بولىدۇ. ئوتتۇرىسىدا پاختىغا ئوخشايدىغان ئۇششاق، بىنەپشە رەڭلىك بىر نەرسە بولىدۇ. ئۇنىڭ ياخشىسى يەرلىكىنىڭ قىزىل، تاتلىق، سۇلۇق، يىپسىز بولغانلىرىدۇر.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە ھۆل ئىسسىق، بەزىلەر بىرىنچى دەرىجىدە ھۆل ئىسسىقمۇ دېگەن. ئارتۇق ھۆللۈكى بار.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** يەرلىكى ئۇچۇچانلاشتۇرغۇچى، ، جىگەر توسالغۇلىرىنى ئاچقۇچى، ئاشقازاننى قۇۋۋەتلىگۈچى، تەرەتنى بوشاتقۇچى، باھنى قۇۋۋەتلىگۈچى، مەنىي كۆپەيتكۈچى، باھنى قوزغاتقۇچى، بەلغەم بوشاتقۇچى، يۆتەل پەسەيتكۈچى، كۆكرەك، ئاشقازان، جىگەر ئاغرىقىنى پەسەيتكۈچى، بۆرەك، دوۋساقتىكى تاشلارنى پارچىلىغۇچى، سۈيدۈك ھەيدىگۈچىدۇر.

كۆكرەك ئەزالىرى كېسەللىكلىرى: كۆكرەك پەردىسى ئىششىقى، كونا يۆتەلگە پايدا قىلىدۇ.

ھەزىم ئەزالىرى كېسەللىكلىرى: تەستە ھەزىم بولىدۇ. مۇرابباسى تېز ھەزىم بولىدۇ. ئىستىسقاغا داۋا بولىدۇ.

چىقىرىش ئەزالىرى كېسەللىكلىرى: قورساق ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ. سۈيدۈك ھەيدەيدۇ. بولۇپمۇ ياۋىسىنىڭ بۇ خىل تەسىرى كۈچلۈكرەكتۇر. شۇنداقلا ئۇنىڭ ياۋىسىنىڭ «دۇقۇ» دەپ ئاتىلىدىغان ئۇرۇقى سۈيدۈك ھەيدىگۈچىدۇر. شۇنداقلا ئۇنىڭ يوپۇرمىقىمۇ سۈيدۈك ھەيدەش

خۇسۇسىيىتىگە ئىگەدۇر. باھنى قوزغىغۇچىدۇر، بولۇپمۇ ئۇنىڭ يەرلىكىنىڭ ئۇرۇقى يەل پەيدا قىلىدىغان بولۇپ، ئۇنىڭ باھنى قوزغىتىش تەسىرى كۈچلۈكرەكتۇر. ھەمەلچە قىلىنسا، ئۇرۇقى ئىستېمال قىلىنسا ھامىلىدار ئاياللارنىڭ قىينىلىپ سىيىشكە پايدا قىلىدۇ. ئۇنىڭ يىلتىزى بىلەن يوپۇرمىقىنى سۇ بىلەن قايناتتىپ، سۈيىنى كىچىك باللارنىڭ پۇت ـ قولىغا قۇيسا ياكى يۇسا ئۇلارنىڭ پۇت ـ قولىدا سوغۇق سەۋەبىدىن ئۇيۇپ قالغان قاننى تارقىتىدۇ.

ئۇنىڭ ھەسەل بىلەن قىلىنغان مۇراببىاسى باھنى، ئىچكى ئەزالارنى، بالىياتقۇنى ئىنتايىن قۇۋۋەتلەيدۇ. مۇناسىۋەتلىك ئىسسىق تەبىئەتلىك دورا ـ دەرمەكلەر بىلەن ئىستېمال قىلسا سوغۇق مىزاجلىق جىگەرنى قۇۋۋەتلەيدۇ، ئاشقازاننىڭ ھۆللۈكلىرىنى قۇرۇتىدۇ، باھ قۇۋۋىتىنى ئاشۇرۇپ جىماغا ياخشى ياردەم بېرىدۇ. ئۇنىڭ يالغۇز ياكى مۇناسىۋەتلىك دورىلار بىلەن قىلىنغان ھالۋىسىنىڭ تەسىرىمۇ ئۇنىڭ مۇراببىاسىنىڭ تەسىرىگە ئوخشاپ قالىدۇ. ئۇنىڭ سىركىگە چىلانغىنى تال ئىششىقنى تارقىتىشتا تەڭداشسىزدۇر. ئاشقازان ۋە سوغۇق مىزاجلىق جىگەرنى قۇۋۋەتلىگۈچىدۇر. ئۇنىڭ شەربىتىنىڭ تەسىرى مۇراببىاسىنىڭ تەسىرىگە ئوخشاپ قالىدۇ، ئەمما ئۇنىڭدىن ئۈچۈچانراق ۋە كۈچلۈكرەكتۇر.

ئۇنىڭ سۈيىگە تۆتتىن بىرچىلىك مىقداردا ھەسەل قوشۇپ قايناتتىپ كوزىغا قاچىلاپ قاينىغۇچە تۇرغۇزۇپ تەييارلانغان شارابى ناھايىتى مەست قىلغۇچى بولۇپ، تەستە ھەزىم بولىدۇ. باشنى ئاغرىتىدۇ. ئۇنىڭ مۇناسىۋەتلىك دورىلار بىلەن چىقىرىلغان ئەرقى ھەممە جەھەتتە شارابىنىڭ ئورنىنى باسقۇچى، ئازراق مەست قىلغۇچىدۇر. ئۇنىڭ يوپۇرمىقى زىمات قىلىنسا يەللىك يارىغا پايدا قىلىدۇ. سەۋزىنىڭ ئۆزى تەستە ھەزىم بولىدۇ ھەم يەل پەيدا قىلىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** ئىسسىق مىزاجلىقلارغا زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** ئىسسىق دورىلار ۋە ئاچچىقسۇ بىلەن ئىستېمال قىلىشتىن ئىبارەت. ئوغلاق گۆشى بىلەن پىشۇرۇپ ئىستېمال قىلسا ياخشى خىلىت پەيدا قىلىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** ئۆزىدىن 300 گىرامغىچە، مۇراببىاسى ۋە ھالۋىسىدىن 50~100 گىرامغىچە، شارابىدىن 250 گىرامغىچە، ئەرقىدىن 350 گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

ئۇنىڭ ئۇرۇقى باھنى قوزغىتىدۇ، بۇ جەھەتتىكى تەسىرى يىلتىزىدىن كۈچلۈكرەكتۇر. ھامىلىدار بولۇشقا تۈرتكە بولىدۇ. قورساق ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ. ئۇنىڭدىن مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ باراۋەر مىقداردا چامغۇر ئۇرۇقى قوشۇپ، بىر دانە تۇرۇپنىڭ ئىچىنى بوشىتىپ ئۇنىڭ ئىچىگە تولدۇرۇپ، چوغقا كۆمۈپ پىشۇرغاندىن كېيىن چىقىرىپ ئىستېمال

قىلسا بۆرەك، دوۋساقتىكى تاشنى ھەيدەيدۇ، سۈيدۈكنى راۋانلاشتۇرىدۇ، سىناقتىن ئۆتكەن دېيىلگەن. ئۇنىڭدىن ئۈچ گىرام ئېلىپ باراۋەر مىقداردىكى شېكەر بىلەن ئىستېمال قىلسا پاچاق ۋە پۇت ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ. ئۇرۇقى بىلەن يوپۇرمىقى بىرلىكتە زىمات قىلىنسا كېڭەيگۈچى يارىلارنى ساقايتىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** ئالتە گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

**ئورۇنباسارى:** رۇمبەدىيان، ياۋا سەۋزە ئۇرۇقى.

ياۋا سەۋزە قەزۋىن شەھەرلىرىدە «گوزەرا» دەپ ئاتىلىدۇ. يىلتىزى بارماق تومۇلۇقىدا، گۈلى سېرىق، ئۇرۇقى تىكەنلىك غىلاپ ئىچىدە بولىدۇ. «دۇقۇ» (ياۋا سەۋزە ئۇرۇقى) دېگەن تېمىدا بايان قىلىنىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئۇرۇقى ئۈچىنچى دەرىجىنىڭ بېشىدا ئىسسىق، بىرىنچى دەرىجىنىڭ ئاخىرىدا قۇرۇق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ئۆتكۈر بولۇپ، ئەزالارنى غىدىقلايدۇ. ئۇنىڭ باھنى قۇۋۋەتلەشتىن باشقا تەسىرلىرى يەرلىكىدىن كۈچلۈكرەك بولىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا ئۇ باھنى قۇۋۋەتلەشتىمۇ كۈچلۈك ئىكەن. سۈيدۈكنى كۈچلۈك ھەيدەيدۇ. ئۇنىڭ بىلەن ھەمەلچە قىلىنسا ھامىلە چۈشۈرىدۇ، ھەيزنى ھەيدەيدۇ. ئىستېمال قىلىنسا كۆكرەك ئاغرىقى، قوۋۇرغا پەردىلىرى ئاغرىقى، ئۇچا ئاغرىقى، ئىستىسقا، سۈيدۈك تەستە كېلىش، قورساق ئېسىلىش، ھاشارات چېقىۋېلىشلارغا پايدا قىلىدۇ. ھامىلدار بولۇشقا ياردەم بېرىدۇ. ئىستېمال قىلىنسا ھاشارات چاقسىمۇ زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ. خېمى ئىستېمال قىلىنسا زەھەرلەرنى قايتۇرىدۇ. يىلتىزى بىلەن ھەمەلچە قىلىنسا بالىياتقۇنى تازىلاپ ھامىلدار بولۇشقا ياردەم بېرىدۇ. ئۆيلەرگە ئېسىپ قويۇلسا خاسىيىتى بىلەن ھاشاراتنى قاچۇرىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** ئاشقازان، گال ۋە پەيلەرگە زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** رۇمبەدىيان.

سەۋزىنىڭ ھالۋىسى، شەربىتى، ئەرقى قارابادىندا بايان قىلىنىدى.

## جەزئ

(ئاق ھېقىق)

**ماھىيىتى:** بۇ بىر خىل تاش بولۇپ، يەمەن، ھەبەشىستان ۋە گوجۇراتتا قاراشلىق كەنبايىت دېگەن يەرلەرنىڭ ھېقىق كانلىرىدىن چىقىدۇ. بەزىلىرى كۆزگە ئوخشايدىغان بولۇپ، قاتلىق، ئاق، سېرىق، قىزىل، قارا يۇمىلاق سىزىقلىق بولىدۇ. بەزىلىرىنىڭ قاتلىرى بىر - بىرىگە دەستىلەنگەن بولۇپ، رەڭلىك بولىدۇ. ئومۇمەن ئۇنىڭ قاتلىرى ئوخشىمىغان

رەڭلەردە بولۇپ، قانداق كېسىلسە ياكى قىرىلسا قەۋەتلىرى ئوخشىمىغان رەڭلەردە كۆرۈنىدۇ. ئالاھىدە ئۇسۇل بىلەن قايىنىتىلسا، خۇددى ھېقىق قايىنىتىلغاندا رەڭلىك بولۇپ ئۆزگەرگەنگە ئوخشاش رەڭگى تېخىمۇ چىرايلىق، پارقىراق، كۆركەم بولۇپ ئۆزگىرىدۇ. شەكلى يۇمىلاق بولۇپ، ئۇزۇكنىڭ كۆزىگە ئوخشايدىغانلىرى «باباغورى» دەپ ئاتىلىدۇ. رەڭگى قارا، ئاق بولغانلىرى «سۇلەيمانىي» پارقىراق بولىدۇ، سېرىق، كۆك رەڭگە ئىگە بولغانلىرى «ئەينۇل ھىر» (مۇشۇك كۆز) دەپ ئاتىلىدۇ، ئۇ ھىندىچە «لەسنىيە» دېيىلىدۇ. «ئەينۇل ھىر» دەپ ئاتالغىنى خۇددى «تۆھپەتۇل مۆئمىنىن» (مۆمىنلەرگە ئاتالغان ھەدىيە) دېگەن كىتابنىڭ ئاپتورىنىڭ يازغىنىدەك ھېقىق كانىدا ئەمەس، بەلكى ياقۇت كانىدا ھاسىل بولىدۇ. ئۇنىڭ ياقۇت كانىدىن چىقىدىغان قاتتىقلىرى بولسۇن ياكى يۇمشىقى بولسۇن ئاللا خالىسا «ئ» (ئەين) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانىدا سۆزلىنىدۇ. ئۇنىڭ «ئەينۇل ھىر» دەپ ئاتالغىنىنىڭ قاتتىق بولغانلىرى كۆپ ئەتىۋارلىنىدۇ، بولۇپمۇ ئىچىدە يىپقا ئوخشاش ئىككى دانە سىزىقى بولغانلىرى ناھايىتى قىممەتلىك ھېسابلىنىدۇ. ھەتتا ھىندىلار ئۇنى تەۋەرۈك بىلىشىپ يۇقىرى باھادا سېتىۋالىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** جۇلا بېرىدۇ. ئۆتكۈر قۇۋۋەتكە ئىگە. ئىستېمال قىلىسا يەرقانغا داۋا بولىدۇ، ئۇيقۇنى قاچۇرىدۇ. ئاياللارنىڭ چېچىغا ئوراپ قويۇلسا تۇغۇتنى ئاسانلاشتۇرىدۇ. كىچىك بالىلارغا ئېسىپ قويۇلسا بالىلارنىڭ ئېغىزىدىن شالۇ ئېقىشقا پايدا قىلىدۇ. ئۇلاردا بولىدىغان تۇتقاق كېسەلگە شىپا بولىدۇ. ئۆزى بىلەن ساقلانسا غەم ـ قايغۇ پەيدا قىلىدۇ. كىشىلەر ئۇنىڭ بىلەن ئاداۋەتلىشىدىغان بولۇپ قالىدۇ. قورقۇنچلۇق چۈشلەرنى كۆرىدۇ. ئەمما لەقۋاغا شىپا بولىدۇ. ئۇنىڭدىن سۈرمە تەييارلاپ كۆزگە سۈركىسە كۆزگە چۈشكەن سۇ ۋە ئاقنى يوقىتىدۇ. چىشقا سەپسە چىشلارنى تازىلايدۇ. قان توختىتىدۇ. چىرىگەن گۆشلەرنى يوقىتىپ يېڭى گۆش ئۈندۈرىدۇ.

## پەسىل: «ج» (جىم) ۋە «ئ» (ئەين) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى

### جۆئدە
(چاڭگاك)

ئۇ يۇنانچە «فولىيۇن» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** بۇ ئىككى خىل بولىدۇ. بىرى كىچىك بولۇپ، تاغلاردا ئۆسىدۇ. ئۆسۈملۈكى ئاق، غېرىچ ئۇزۇنلۇقىدا بولىدۇ. يوپۇرمىقى ئىنچىكە بولۇپ، يەرگە يېيىلىپ ئۆسىدۇ.

تۇكلۇك بولۇپ، ئەتراپىنى ئۇششاق تىكەنلەر ئوراپ تۇرىدۇ. شاخلىرىنىڭ ئۇچلىرىدا غوزەككە ئوخشاش نەرسە ئۆسكەن بولۇپ، ئۇستىدە چاچقا ئوخشاش ئاق رەڭلىك ئىنچىكە يىپچىلار بولىدۇ. ئىچىدە لىق ئۇرۇقى بولىدۇ. گۈلى سېرىققا مايىل ئاق بولىدۇ. خۇش پۇراق بولۇپ، كۈچلۈك پۇرايدۇ. تەمى سەل ئاچچىق بولىدۇ. شىرازچە «گۈلى ئەربە» دەپ ئاتىلىدۇ. يەرلىكى چوڭ جۈئدە بولۇپ، پارسچە «ئەنبەر بىيد» (ئەنبەر سۆگەت) دەپ ئاتىلىدۇ. يوپۇرمىقى تاغدا ئۆسىدىغىنىنىڭ يوپۇرمىقىدىن چوڭراق، پۇرىقى ئاجىزراق بولىدۇ. سۇ بويلىرى ۋە نەم يەرلەردە ئۆسىدۇ. ياز پەسلىدە ئۇنۇپ قىش پەسلىگىچە تۇرىدۇ. يىغىۋېلىنىپ سەككىز ئايدىن كېيىن قۇۋۋىتى ئاجىزلىشىشقا باشلايدۇ. تاغدا ئۆسىدىغىنى ئىشلىتىلىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىنىڭ ئاخىرىدا قۇرۇق ئىسسىق، بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىچە ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇقتۇر.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** زەھەر قايتۇرغۇچى، ئىچنى سۈرگۈچى، ھەممە ئەزالارنىڭ توسالغۇلىرىنى ئاچقۇچى، خىلىتلارنى ئۇچۇچانلاشتۇرغۇچى، سۈيدۈك، ھەيز ھەيدىگۈچىدۇر. قايناتمىسىدىن 35 مىللىلىتىر ئىچىلسە زېھىننى ئاچىدۇ، ئۇنتۇغاقلىقنى يوقىتىدۇ. ھاشارات ۋە چايانىنىڭ زەھىرىنى قايتۇرىدۇ. سوغۇقتىن بولغان ئىستىسقا، توسالغۇدىن بولغان قارا يەرقان، بەلغەمدىن ۋە سەۋدادىن بولغان تەپلەرگە پايدا قىلىدۇ. قاپاق ئۇرۇقىسىمان مەددىنى چۈشۈرىدۇ. يەل تارقىتىدۇ، ھامىلە سەۋەبىدىن بولغان ئاغرىقلارنى پەسەيتىدۇ. سۈيدۈكنى راۋانلاشتۇرىدۇ. بوغۇم ئاغرىقلىرىنى پەسەيتىدۇ. ئەزالاردىكى تاشلارنى پارچىلايدۇ. ھەيز ماڭدۇرىدۇ، بالىياتقۇنى تازىلايدۇ. سىركە بىلەن ئىشلىتىلسە تال ئىششىقىنى تارقىتىدۇ. ھۆلى زىمات قىلىنسا باشتىكى ھۆللۈكلەرنى تارقىتىدۇ، كونا يارىلارنى تازىلايدۇ، ئاغرىق پەسەيتىدۇ. يارىلارنىڭ ئېغىزلىرىنى چاپلاشتۇرۇپ ساقايتىدۇ، بولۇپمۇ چوڭىنىڭ بۇ تەسىرى كۈچلۈكرەكتۇر. كىچىكىنىڭ سەپمىسى يامان يارىلارنى ساقايتىدۇ، ھۆللۈكلىرىنى سۈمۈرىدۇ. ئاستىغا سېلىپ ياتسا، ئىسرىق سالسا ياكى دەملەنگەن سۈيى سېپىلسە ھاشارات قاچۇرىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** باشنى ئاغرىتىدۇ. ئاشقازانغا زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** ھۇماما.

**ئىستېمال مىقدارى:** ئۆزىدىن 10 گىرامغىچە، قايناتمىسىدىن 100 گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

**ئورۇنباسارى:** تاغ پىننىسى. يەل تارقىتىش ئۈچۈن شىھ، ئاشقازان مەددە قۇرتىنى چىقىرىش ئۈچۈن بىر ھەسسە ھۆل ئانار پوستى، سۈيدۈك ھەيدەش ئۈچۈن قىلىن دارچىن ئورۇنباسارىدۇر.

ئۇنىڭ ئۇسارىسى كۆزگە ھەسەل بىلەن سۈركەلسە كۆزنى ئۆتكۈرلەشتۈرىدۇ.

## پەسل: «ج» (جىم) ۋە «غ» (غەين) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى

### جۇغد
(مۇشۇكياپىلاق)

ئۇ پارسچە «بۇم» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيتى:** بۇ، بىر خىل قۇش بولۇپ، كۈندۈزدە كۈن نۇرى سەۋەبىدىن كۆرۈش قۇۋۋىتى ناھايىتى ئاجىزلاپ قالىدۇ، ھەتتا ئۇۋىسىدىن چىقالمايدۇ ۋە پەرۋاز قىلالمايدۇ.

ئۇ بىرقانچە تۈرلۈك بولىدۇ. بىر خىلىنىڭ تېنى چوڭ بولۇپ، پارسچە «بەرق»، «شاھبوم» (شاھ مۇشۇكياپىلاق)، تۈركچە «سارۇ قۇش»، ھىندىچە «ئەلۇ» دەپ ئاتىلىدۇ. يەنە بىرىنىڭ تېنى ئوتتۇرا ھال، رەڭگى قارا بولىدۇ. ئۇ «چۇغد» دەپ ئاتىلىدۇ. تەنەكابۇندا «كورە بوم»، ھىندىچە «چىيلە» دېيىلىدۇ. يەنە بىرى كىچىك بولۇپ، تۈركچە «يەبلاق» دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇنىڭ يەنە بىر تۈرىمۇ بار بولۇپ، ھەممىدىن كىچىكرەكتۇر. تېنى پاختەك چوڭلۇقىدا، بېشى كىچىك نارەنجى چوڭلۇقىدا بولىدۇ. ئۇ «مۇرغى ھەق» (ھەقىقەت قۇشى)، ھىندىچە «پىيچە» دەپ ئاتىلىدۇ.

**خۇسۇسىيتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** گۆشى يېيىلسە ئادەمنى ھەممە ئىشتا تەنتەك، مەۋقەسىز ۋە ئەخمەق قىلىپ قويىدۇ. قېنى ۋە ئۆتىنى يۇلغۇن ياغىچى ۋە ھەسەل بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ ئىچسە سۈيدۈك تامچىلاش، سىيىپ يېتىشلارغا پايدا قىلىدۇ. قېنى بىلەن ئۆتىنى كۆزگە سۈركىسە نامازشام قارىغۇسى كېسەللىكىگە داۋا بولىدۇ. بوغۇزلىنىپ قېنىنى لەقۋا بىمارىنىڭ يۈزى ۋە بويىنغا ئىسسىق پېتى سۈركىسە پايدا قىلىدۇ. مېڭىسىنى بىنەپشە يېغى بىلەن بىرلىكتە بېشىنىڭ يېرىمى ئاغرىغان كىشىنىڭ ئاغرىغان تەرەپ بۇرنىغا تېمىتسا ئاغرىق پەسەيتىدۇ، سىناقتىن ئۆتكەن. قېنىنى ياغ بىلەن تېمىتسا پىت ئۆلتۈرىدۇ.

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇنىڭ خاسىيەتلىرىنىڭ بىرى شۇكى، ئۇ بوغۇزلانسا بىر كۆزى ئوچۇق، يەنە بىر كۆزى يۇمۇق تۇرىدىكەن، ئوچۇق كۆزىنى كىشىگە ئېسىپ قويسا ئۇيقۇنى قاچۇرىدىكەن، يۇمۇق كۆزى ئېسىپ قويۇلسا ئۇخلىتىدىكەن.

## پەسل: «ج» (جىم) ۋە «ف» (فائ) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى

### جۇفت ئافەرىيد
(جۇفت ئافىرىد ئوتى)

ئەنتاكىينىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ يۇنانچە سۆز بولۇپ، جۇپلەشكۈچى دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىكەن. بەغدادىينىڭ ئېيتىشىچە ئۇ پارسچە سۆز بولۇپ، جۇپتىنى پەيدا قىلغۇچى

دىگەن مەنىنى بىلدۈرىدىكەن. ئۇنىڭ يۇنانچە بولغىنىدىن پارسچە بولغىنى توغرىراقتۇر. ئۇ خۇسىيەتۇسسۇئىلەپ ئەمەس، ئەمما باھنى قۇۋۋەتلەش تەسىرى ئۇنىڭدىن كۈچلۈكتۇر.

ماھىيىتى: ئۇ بىر خىل ئۆسۈملۈك بولۇپ، غىرىچ ئىگىزلىكىدە ئۆسىدۇ. شاخلىرى ناھايىتى كۆپ بولۇپ، ئىنچىكە بولىدۇ. يوپۇرمىقى نوقۇت يوپۇرمىقىدىن ئۇششاقراق بولۇپ، بىر- بىرىگە چاپلىشىپ ئۆسىدۇ، نەيچىسىمان بولىدۇ. شاخلىرىنىڭ غولىغا يېقىن يېرىدە ھېلىلە ۋە بادامغا ئوخشايدىغان ئۈچ - تۆت دانە غىلاپلار بار بولۇپ، ئەتراپىدا تىكەنلەر ئۆسكەن بولىدۇ. ھەربىر غىلاپىنىڭ ئىچىدە ئۇزۇنىسىغا ئۈچ دانە پەردە بار بولۇپ، ھەربىر پەردىنىڭ ئىچىدىن شۇمشىغا ئوخشايدىغان بەش دانە ئۇرۇق چىقىدۇ، كونۇس شەكىللىك بولىدۇ. شام ۋە رىم شەھەرلىرىدە ئۆسىدۇ.

تەبىئىتى: ئىككىنچى دەرىجىدە ئىسسىق، بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇق. ئارتۇق ھۆللۈكى بار. ئەنتاكىي ئىككىنچى دەرىجىنىڭ ئاخىرىدا قۇرۇق دىگەن.

خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى: باھنى قۇۋۋەتلەش تەسىرى خۇسىيەتۇسسۇئىلەپنىڭ تەسىرىدىن كۈچلۈكرەكتۇر. يەل تارقىتىدۇ، قورساق ئاغرىقى ۋە بوغۇم ئاغرىقلىرىنى پەسەيتىدۇ. ئۇرۇقىدىن 35 گىرام ئېلىپ بىر ياشلىق ئوغلاق گۆشى بىلەن قاينىتىپ ھەپتىگىچە سۈيى ئىچىلسە يەللىك ئىستىسقا ۋە سۇلۇق ئىششىقلارغا پايدا قىلىدۇ. ھەسەل بىلەن قىلىنغان مۇراباسى باھنى ناھايىتى قوزغىتىدۇ. ئۇرۇقدانغا سۈركەلسە ئىششىقنى تارقىتىدۇ.

خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى: بۆرەككە زىيان قىلىدۇ.

تۈزەتكۈچىسى: كەتىرا.

ئىستېمال مىقدارى: ئالتە گىرام.

ئورۇنباسارى: سىيادان، مېغىزلارنىڭ سىرتقى نېپىز پوستى.

مەزكۇر ئىسىم خورما مونچىقىنىمۇ كۆرسىتىدۇ. جۇپتى بەللۇت بەللۇتنىڭ بايانىدا سۆزلەندى. ئۇ يالغۇز ئېيتىلسا جۇپتى بەللۇتنىمۇ كۆرسىتىدۇ.

## پەسىل: «ج» (جىم) ۋە «ك» (كاف) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى

### چەككى

(چەككى مېۋىسى)

ئۇ ھىندىستاندا بولىدىغان بىر خىل دەرەخنىڭ مېۋىسىدىن ئىبارەت. ھىندىچە ۋە بېنگالچە «كەتەل» دەپ ئاتىلىدۇ. بېنگالدا باشقا شەھەرلەرگە قارىغاندا كۆپ ۋە ياخشى بولىدۇ.

دەرىخى ناھايىتى چوڭ بولۇپ، ياڭاق دەرىخىدىن چوڭراق، چىنار دەرىخىدىن كىچىكرەك بولىدۇ. يوپۇرمىقى نارەنجى ۋە تۇرۇنجى يوپۇرمىقىدىن چوڭراق بولۇپ، شەكلى ئۇلارنىڭ شەكلىگە ئوخشاش، ئۇنىڭدىن سەل قېلىنراق بولىدۇ. ياغىچى سېرىق بولۇپ، كونىرىغانسېرى قارىغا ۋە قىزىلغا مايىل سېرىق بولۇپ ئۆزگىرىدۇ. مېۋىسى دەرەخ غولى ۋە شاخلىرىدىن ئۆسۈپ چىقىدۇ. يىلتىزىغا يېقىن يەردىن ئۆسۈپ چىققىنى تاتلىقراق بولىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇنىڭ يىلتىزىدىنمۇ مېۋە ئۆسۈپ چىقىدىغان بولۇپ، تېخىمۇ تاتلىق، سۇلۇق بولىدىكەن. ئۇنىڭ مېۋىسىنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىكى ئوخشاش بولمايدۇ. كىچىكى 200 گىرام ئەتراپىدا، بەزىدە ئۇنىڭدىنمۇ كىچىك بولىدۇ. ئىچىدىن ھىندىچە «كۇۋە» دەپ ئاتىلىدىغان 2~3 دانە ئۇرۇق چىقىدۇ. چوڭلىرى بىر كىلوگىرام ۋە ئۇنىڭدىنمۇ چوڭ بولىدۇ. ئىچىدىن 100 دانە، بەزىدە ئۇنىڭدىن كۆپ ئۇرۇق چىقىدۇ. پوستى خام ۋاقتىدا كۆك بولۇپ، پىشقاندىن كېيىن سارغىيىدۇ. بەزىلىرى قىزىلغا مايىل ياكى قارامتۇل، پوستى ئېگىز ـ پەس، دانلىق بولىدۇ. دانلىرى ئۈستىدە تىكەنسىمان ئۆسۈكچىلىرى بولىدۇ. دانلىرى قانچە يىرىك، چوڭ بولسا كۆپ ھاللاردا ئۇرۇقلىرىمۇ چوڭراق ۋە تاتلىقراق بولىدۇ. مەزكۇر مېۋىنىڭ پۈتۈن شەكلى خۇددى تەتۈر ئۆرۈپ ئىچىنى نەرسە بىلەن تولدۇرۇپ ئېسىپ قويۇلغان قوي قېرىنىغا ئوخشايدۇ. ئۇ بىر قانچە خىل بولىدۇ. بەزىلىرىنىڭ دانلىرى كىچىك، يۇمشاق، بەدبوي بولۇپ، ئەڭ ناچىرى ھېسابلىنىدۇ. بەزىسىنىڭ دانلىرىنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىكى ئوتتۇرا ھال بولىدۇ. بەزىلىرى تاتلىق، يىپسىز، سۇلۇق، چىرىك، خۇش پۇراق بولىدۇ، ئۇ «راكاجە» دەپ ئاتىلىدۇ. بەزىلىرى ناھايىتى چىرىك، يىپسىز، سۇلۇق بولۇپ ئېغىزغا سېلىپ بولغۇچە ئېرىپ كېتىدۇ. ئېتىنى مېۋە ئىچىدىن ئېلىپ بىر دەم قويۇپ قويسا ئۆزلۈكىدىن ئېرىپ سۇ بولۇپ كېتىدۇ. بۇ ئۇنىڭ تۈرلىرىنىڭ ئەڭ ياخشىسى بولۇپ، تېز ھەزىم بولىدۇ، قورساقنى ئەسمەيدۇ. ئۇنىڭ يۇمشاق، چاپلاشقاق بولغان دانلىرى قورساقنى ئېسىپ قويىدۇ، تەستە ھەزىم بولىدۇ. ئۇنىڭ دانلىرى ئارىسىدا ئۇنىڭغا چاپلىشىپ تۇرغان ئۇزۇنچاق نېپىز پەردىلەر بار بولۇپ، 5~6 پارچە بولىدۇ. ئۇ بېنگالدا «چاپىنى» دەپ ئاتىلىدۇ. مېۋىدىن ئاجىرىتىلغاندىن كېيىن يېيىلىدۇ. ئۇ سەل قاتتىق، تەستە ھەزىم بولىدىغان ۋە قورساقنى ئېسىدىغان بولغاچقا، ئۇنى بەزى كەمبەغەل كىشىلەر يەيدۇ. يەنە ئۇنىڭ ئىچىدە پوستىدىن ئۆسۈپ چىققان، ئۇرۇقى بىلەن ئېتى ئوتتۇرىسىدا ۋاستە بولۇپ تۇرغان پەردىلىرى ۋە يىپچىلىرى بولىدۇ. ئۇنىڭ ئىچىدىكى ئۇرۇقى قاتتىق، ئۈستىدە نازۇك پوستى بولۇپ، ئۇ ئىشلىتىلمەيدۇ، بەلكى ئۇرۇقىنى ئوتتا قورۇپ تۇز سېپىپ ئىستېمال قىلسا لەززەتلىك بولىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇ مېۋىسىنىڭ تۈزەتكۈچىسى ۋە ھەزىم قىلغۇچىسى ئىكەن. بېنگالدا بەزى كىشىلەر ئۇنىڭ ئۇرۇقىنى دۇپيازە ۋە گۆشلۈك قورۇمىغا ئوخشاش غىزالارغا قوشۇپ پىشۇرسا ئۇ ناھايىتى تەملىك بولىدۇ. ئۇنىڭ مېۋە بىلەن دەرەختىنى تۇتاشتۇرۇپ

تۆرىدىغان ساپىقى بارماق چوڭلۇقىدىن سىقىم توملۇقىغىچە، ئۇزۇنلۇقى مېۋىسىنىڭ چوڭ - كىچىكلىكىگە قاراپ بىر غېرىچتىن بىر غۇلاچقىچە بولۇپ، بىر ئۇچى دەرەخكە تۇتاشقان، يەنە بىر ئۇچى مېۋىنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە بارغان بولىدۇ. ئۇنىڭ مېۋىنىڭ ئىچىگە ماڭغان قىسمى، بولۇپمۇ ئۇنىڭ يۇقىرى تەرىپى سەل يۇمشاق بولىدۇ. مەزكۇر ياغاچ بېنگالدا «موسلەئى كەتەل» دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇنىڭ قوۋزىقىغا يېقىن يېرىدىن، بولۇپمۇ دەرەخكە تۇتىشىپ تۇرغان يېرىدىن ناھايىتى چاپلاشقاق يېلىم چىقىدۇ. ئۇ ھىندىچە «لاسەئى كەتەل» دەپ ئاتىلىدۇ. نېمىگە تەگسە چاپلىشىۋالىدۇ، قولغا يۇقسا قولنى ياغ بىلەن مايلىمىغۇچە ئاجرىمايدۇ. ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، ھىندىستان ۋە بېنگال خەلقى مەزكۇر مېۋە خام ۋاقتىدا مەزكۇر يېلىم كۆپ بولىدىغان بولغاچقا، بېشىنى كېسىپ مەزكۇر يېلىمنى كۆپ يىغىۋېلىپ ئۇنىڭغا سامان ياكى گۇرۇچ پاخلى ئارىلاشتۇرۇپ ئادەم، كالا، ئۆچكە ۋە قويلارنى يەيدىغان شىرنىڭ ئۆتەر يولىغا يېيىتىپ، ئۇستىگە ئۆچكە، قوي گۆشىنى يەمچۈك قىلىپ ئېسىپ قويۇپ، ئۆزلىرى دەرەخ ئۇستىگە چىقىپ كۈتۈپ تۇرىدۇ. شىر يەمچۈكنى كۆرۈپ يېيىش ئۈچۈن بارسا مەزكۇر يېلىمغا دەسسەپ پۇتلىرىغا چاپلىشىدۇ، بۇ چاغدا ئۇ بىئارام بولۇپ، پۇت - قوللىرىدىكى يېلىمنى چىقىرىش ئۈچۈن يۈزلىرىگە سۈركەيدۇ، بۇچاغدا يېلىم كۆزلىرىگە يۇقۇپ كۆزلىرى يۇمۇلۇپ قالىدۇ، بۇ چاغدا ئۇ تېخىمۇ بىئارام بولۇپ، يۇمىلىنىشقا باشلايدۇ، يۇمىلانغانسېرى يېلىم بەدىنىگە تېخىمۇ يۇقۇپ خۇددى سامان تۇگۈنچىكىگە ئوخشاپ قالىدۇ. شۇ چاغدا كىشىلەر دەرەخ ئۇستىدىن چۈشۈپ تاش - توقماقلار بىلەن ئۇرۇپ ئۇستىخانلىرىنى سۇندۇرۇپ ئاسانلا ئۆلتۈرىدۇ. شۇنداقلا ئۇلار شۇ ئۇسۇلنى قوللىنىپ كېيىك، بۇغىغا ئوخشاش ياۋايى ھايۋانلارنى تىرىك ئوۋلايدۇ. يەنە شۇنىڭدەك قۇش ئوۋچىلىرى رىگەتكە بىلەن ئۇنى قۇشلارغا ئېتىپ يېلىمنى قۇش بەدىنى ۋە قانىتىغا چاپلاشتۇرۇپ يەرگە چۈشۈرۈپ تىرىك تۇتىدۇ.

**تەبىئىتى:** مېۋىسى ئىككىنچى دەرىجىنىڭ ئاخىرىدا ئىسسىق، بېشىدا قۇرۇق، ئارتۇق ھۆللۈكى بار.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** باھنى قۇۋۋەتلىگۈچى، قوزغاتقۇچى، مەنىي تېزگىنلىگۈچى، قورساقنى ئەسكۈچى، تەستە ھەزىم بولغۇچى، قاننى بۇزغۇچى، سەۋدا خاراكتېرلىك قويۇق قان ۋە ئۇنىڭدىن بولىدىغان كېسەللىكلەرنى پەيدا قىلغۇچىدۇر. ئۇنىڭ زىيانلىق تەسىرىنى تۈزىتىش ئۈچۈن بانان يېيىلىدۇ، ئۇستىدىن سوغۇق سۇ ئىچىلىدۇ. بەزى ئالاھىدە مىزاجلىق كىشىلەر يېگى سېرىق ماي ئىستېمال قىلىپ بەرسە بولىدۇ. ئۇنىڭ مۇرابباسى ۋە ھالۋىسىمۇ ناھايىتى لەززەتلىك بولىدۇ. ئەمما ئۇ ئۇنىڭ چالا پىشقان، يېپىسىز مېۋىلىرىدىن تەييارلىنىپ ئۇستىگە گۈلاب بىلەن سالايە قىلىنغان ئېپار، زەپەر قوشۇلۇپ ئىستېمال قىلىنىدۇ. ئۇنىڭ موسلە دەپ ئاتالغان يېلىملىق مېۋە ساپىقىنى كۆيدۈرۈپ يالغۇز ياكى كەپتەر مايىقى ۋە

ئازراق ھاك بىلەن زىمات قىلسا چىقانلارنى ئېغىز ئالدۇرىدۇ، ئىششىقلارنى تارقىتىدۇ، تېرىنى يارا قىلىدۇ. بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىچە ئۇنىڭ خاسىيەتلىرىنىڭ بىرى شۇكى، ئۇ بار ئۆيگە يىلان كىرمەيدىكەن. ئەمما بۇ گەپنىڭ بەك ئاساسى يوقتۇر. ئۇنىڭ يۇمران يوپۇرمىقىغا يېڭى كالا يېغى سۈرۈپ يامىرىغۇچى يارىلارغا چاپلاپ تاڭسا ئاللا خالىسا ساقىيىدۇ.

## چەكەۋتەرە
(چەكەۋتەرە مېۋىسى)

ئۇ ھىندىچە سۆز بولۇپ، ھىندىچە يەنە «تەباۋى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** ئۇ لىمونىنىڭ بىر تۈرى بولۇپ، دەرىخى نارەنجى دەرىخىدىن چوڭراق، يوپۇرمىقى ۋە گۈلىمۇ ئۇنىڭ يوپۇرمىقى ۋە گۈلىدىن چوڭراق بولىدۇ. مېۋىسى ئوتتۇرا ھال تاۋۇز چوڭلۇقىدا بولىدۇ. پوستى نارەنجى پوستىدىن قېلىنراق بولىدۇ. مېۋە ئېتى قىزىل، ئاچچىق ـ چۈچۈك، نارەنجىدىن سۇسىزراق بولىدۇ. ئىسسىق ئەللەردە كۆپ ئۆسىدۇ. بېنگالدا، بولۇپمۇ «ھەۋگەل» دېگەن يەردە ئۆسكىنى ياخشىراق بولۇپ، سۇلۇق، تاتلىق، چۈچۈمەل تەمى ئازراق بولىدۇ، تاتلىق نەرسە قوشماي يېيىلىدۇ.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** نارەنجىنىڭ تەسىرلىرى ۋە خۇسۇسىيەتلىرىگە ئوخشايدۇ.

## چەكەۋند
(پەنۋار)

ئۇ ھىندىچە سۆز بولۇپ، يەنە «پەنۋار» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** بۇ، ھىندىستاندا ئۆسىدىغان بىر خىل ئۆسۈملۈك بولۇپ، ئىككى غۇلاچ ئېگىزلىكتە ئۆسىدۇ، يوپۇرماقلىرى ئۆششاق بولۇپ، تەتۈر بولىدۇ، يەنى ئۇستى تەرىپى كەڭ، تۆۋەن تەرىپى تار بولىدۇ. تار تەرىپى دەرەخكە تۇتىشىپ ئۆسىدۇ. يوپۇرماقلىرى قۇياش ئولتۇرغاندا غۇجمەكلىشىپ يىغىلىۋالىدۇ، تاڭ ئاتقۇچە شۇنداق ھالەتتە تۇرىدۇ، قۇياش چىققاندىن كېيىن ئېچىلىدۇ، كەچ بولغۇچە شۇنداق ھالەتتە تۇرىدۇ. سېرىق پۇرايدۇ. ئۇرۇقى ماش ۋە تۇرۇپ ئۇرۇقىغا ئوخشايدىغان غىلاپ ئىچىدە بولىدۇ. ئىچىدىن يەنە ماش ۋە تۇرۇپ ئۇرۇقىغا ئوخشايدىغان ئۇرۇق چىقىدۇ، ئەمما يۇمىلاق، سەل سوزۇنچاق، بادامنىڭ شەكلىدە بولىدۇ. ناھايىتى قاتتىق بولۇپ، سۇغا نەچچە كۈن چىلاپ قويۇلسىمۇ يۇمشىمايدۇ. سوقسا سوقۇلمايدۇ. بەزىلەر «سەنگى سەبۇيە» دېگەن ئۇرۇق شۇ دەيدۇ. يەنە بەزىلەر ئۇ ئەمەس دەيدۇ.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىقتۇر.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ماددىلارنى تارقاتقۇچى ۋە تارتقۇچىدۇر.

ۋابا ۋە كالا تەمرەتكىسى: ۋابا ۋە كالا تەمرەتكىسى، بەھەق، قوتۇرغا ئوخشاش كۆپ قىسىم تېرە كېسەللىكلىرىگە پايدا قىلىدۇ. ئۇنىڭ يوپۇرمىقىنى پىشۇرۇپ ئىستېمال قىلسا، ئۇرۇقىنى چىلاپ سۈيىنى ئىچسە ۋە يوپۇرمىقىنىڭ ئۆزىنى يالغۇز ياكى ھىندىچە «ئامله سار» دەپ ئاتىلىدىغان ئاز مىقداردىكى ساپ سېرىق گۈڭگۈرت ياكى ھىندىچە «رال» دەپ ئاتىلىدىغان ئاز مىقداردىكى قىيقەھرى بىلەن بىر نەچچە كۈن ئۇدا زىمات قىلسا، قاچىغا سېلىپ ئوچاقتا ئوخشاش ئىسسىق يەردە ھەپتىگىچە قويۇپ ئېرىتىپ قايىنىغاندا سالايە قىلىپ يالغۇز ياكى مۇناسىپ دورىلار بىلەن مەلھەم قىلىنسا كالا تەمرەتكىسىگە پايدا قىلىدۇ. ئۇنىڭ يوپۇرمىقىنى لىمون سۈيى بىلەن سالايە قىلىپ ئاقكېسەلگە تەكرار سۈركىسە پايدا قىلىدۇ. ئۇنىڭ قۇرۇق يوپۇرمىقى سوقۇپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ قېتىق بىلەن مەلھەم قىلىپ ئاپتاپتا قايىنىغۇچە تۇرغۇزۇپ دائىرىلىك چاچ چۈشكەن ئورۇنغا سۈركىسە، كالا تەمرەتكىسى قىزارغىچە تەكرار ئۇۋۇلىغاندىن كېيىن چاپسا پايدا قىلىدۇ. ئۇنىڭ يوپۇرمىقىنى سۇ بىلەن پىشۇرۇپ ئىستېمال قىلسا ۋابا ۋە مەزكۇر كېسەللىكلەرگە پايدا قىلىدىغان بولۇپ، سىناقتىن ئۆتكەن، مەسىلەن: نەقىل قىلىنىشىچە، مەلۇم بىر يىلى بېنگالدا قەھەتچىلىك يۈز بېرىپ، ئۇنىڭ مەلۇم يېزىسىدا ۋابا تارقالغان. ئۇ يېزىنىڭ ئاھالىلىرى تاغلىق رايونلار ۋە ئۇنىڭ ئەتراپلىرىغا قېچىپ كېتىشكەن. مەزكۇر ئۆسۈملۈكنى تېپىپ يېگەنلىرى ۋابادىن قۇتۇلۇپ قالغان، يېمىگەنلىرىنىڭ كۆپ قىسمى ھالاك بولغان. ئۇنىڭ يىلتىزىنىڭ پوستىنى ئۇنىڭ سەككىزدىن بىرىچىلىك مىقداردىكى ئاق زاك بىلەن بىرلىكتە لىمون سۈيى بىلەن سالايە قىلىپ سەل سۇيۇق ھالەتكە كەلگەندە كالا تەمرەتكىسىگە تەكرار سۈركىسە پايدا قىلىدۇ، سىناقتىن ئۆتكەن. ئۇنىڭ بىلەن ھەب تەييارلاپ ئۈچ كۈنگىچە ھەر كۈنى ناشتىدا 12 گىرامدىن يۇتسا ئىچىنى بىر ـ ئىككى قېتىم سۈرۈپ پايدا قىلىدۇ. ئەمما ئۇنى ئىستېمال قىلماقچى بولغاندا زاكنى قورۇش ھەمدە مىقدارىنى ئازايتىش، يەنى ئۇنىڭ ھەر 12 گىرام يىلتىز پوستىغا بىر گىرام، بەلكىم بەزى كىشىلەر ئۇچۇن ئۇنىڭدىنمۇ ئاز مىقداردا قوشۇش كېرەك. ئۇ ناھايىتى ئاچچىق بولىدۇ. قالغىنىنى بۇيۇك ئاللا بىلىدۇ.

## پەسىل: «ج» (جىم) ۋە «ل» (لام) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى

### جۇلاپ
(گۇلاب)

ماھىيىتى: ئۇ ئىچىملىكلەر قاتارىدىن بولۇپ، يۈرەكنى قۇۋۋەتلەش، خەفەقان، ياتسىراش، مالىخولىيا ۋە ئۇنىڭ ئوخشاشلىرىنى داۋالاش ئۈچۈن تەييارلىنىدۇ، مۇناسىپ ئەرەقلەر بىلەن ئىچىلىدۇ.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ئاق ناۋات ياكى ئاق شېكەردىن 500 گىرام ئېلىپ، ئۇنىڭغا ئۈچ ھەسسە گۈلاب قوشۇپ سۇس ئوتتا تاكى يېرىمى قالغۇچە قاينىتىپ، كۆپۈكلىرى ئايرىۋېتىلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن ئۈچ گىرام زەپەرنى گۈلاب بىلەن سالايە قىلىپ قوشۇلىدۇ. زۆرۈر بولغاندا سوغۇق سۇ ياكى مۇناسىپ ئەرەقلەر بىلەن سۇيۇلدۇرۇپ بالەنگو ئۇرۇقى، پەرەنجىمىشكى، رەيھان ئۇرۇقى ياكى ئۇنىڭ ئوخشاشلىرىنى تالقانلاپ ئۇستىگە سېپىپ ئىچىلىدۇ. مىزاجىنىڭ ھارارىتى يۇقىرى بولسا، ئۇستىگە سېمىزئوت ئۇرۇقى سېپىلىدۇ. سوغۇقلۇق غالىب بولسا ئەنبەر، ئىپارنىڭ ھەربىرىدىن بىر گىرام قوشۇلىدۇ.

## جەلاپا
(چىلاپا)

ئۇ يېڭى دورىلاردىن بولۇپ، «جەلاپا» دەپ ئاتىلىدىغان يېڭى زېمىندىن بايقالغان. شۇ زېمىننىڭ تېۋىپلىرى ئۇنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىنى سىناق قىلىپ كۆرۈپ باشقا شەھەرلەرگە ئېلىپ بېرىشقان. ئىنگلىزچە «جەلب» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** بۇ، بىر خىل ئۆسۈملۈكنىڭ يىلتىزى بولۇپ، تۇپا رەڭ بولىدۇ، كونىسى قارىغا مايىل بولۇپ قالىدۇ. شەكلى ئومۇمەن چامغۇر ۋە قىزىلچىغا ئوخشايدۇ، چوڭ ـ كىچىكلىكمۇ شۇنچىلىك بولىدۇ. تەمسىز بولىدۇ. يېقىمسىز سېسىق پۇرايدۇ. ئۇنى كېسىپ ياكى تۆت پارچە قىلىپ يېرىپ ئۇ يەردىن باشقا يەرلەرگە ئېلىپ بېرىلىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ئىچىنى سۈرۈش قۇۋۋىتى بار بولۇپ، زىيىنى يوق. ئازراق قابىزلىقى بار. تەبىئەتنى سەسكەندۇرمەيدۇ. مازارىيوندىكى خەتەر ئۇنىڭدا يوق. ئىسسىقلىق پەيدا قىلمايدۇ. كونا باش ئاغرىقى، تۇتقاق كېسەل، كونا نەزلىلەر، كونا يۆتەل، كونا تەپلەر، بۆرەك، ئۈچەي، ئولتۇرغۇچ نېرۋا، بوغۇم ۋە قولۇنجى ئاغرىقلىرىنى پەسەيتىدۇ. يەرقان ۋە ئۇنىڭ ئوخشاشلىرىغا پايدا قىلىدۇ. ئۇنىڭ ئىچ سۈرۈش ئۈچۈن ئىشلىتىلىشى شۇكى، ئۇنىڭدىن 3~5 گىرامغىچە ئېلىپ يۇمشاق سوقۇپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ، 25 گىرام گۈلقەنت بىلەن يۇغۇرۇپ ئىستېمال قىلىپ، ئۈستىدىن ئارپىبەدىيان ئەرقى، رۇمبەدىيان ئەرقى ئىچىلسە تەسىرىنىڭ كۈچىيىشىگە ياردەم بېرىدۇ. باشقا كېسەللىكلەر ئۈچۈن ئۇنىڭ مەجۇنى مۇناسىۋەتلىك دورىلار بىلەن بىرلىكتە ئىستېمال قىلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ چالا سوقۇپ، سۇغا بىر كېچە ـ كۈندۈز چىلاپ قويۇپ ئەتىسى پىسەپلىرىنى سۈزۈۋېتىپ شېكەر، قىزىلگۈل شەربىتى، بىنەپشە شەربىتى ياكى ئۇنىڭ ئوخشاشلىرى بىلەن بىرلىكتە ئېھتىياجغا قاراپ ئىچىلىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** 1.5 گىرامدىن ئالتە گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

**ئورۇنباسارى:** مەچۇقان. بۇمۇ يېڭى دورىلاردىن بولۇپ، ئاللا خالىسا «م» ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلار بايانىدا سۆزلىنىدۇ.

## جىلد

(تېرە)

ئۇ پارسچە «پوست»، ھىندىچە «چەمرە»، «كەھال» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** يېپىشكە بىر يىلىلىق سېمىز ئوغلاق ۋە پاقلان تېرىسى ئەڭ ياخشىدۇر. ھەممىدىن لەززەتلىكى سېمىز توخۇ تېرىسىدۇر.

**تەبىئىتى:** ھايۋاننىڭ ئوخشىماسلىقىغا قاراپ پەرقلىنىدۇ. گۆشكە نىسبەتەن قۇرۇق سوغۇق بولىدۇ.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** دان يەيدىغان قۇشلارنىڭ، بولۇپمۇ خورازنىڭ تاشلىقىنىڭ ئىچكى پوستىنى قۇرۇتۇپ سالايە قىلىپ ئىستېمال قىلسا ياكى مائۇلھەسەل بىلەن مەلھەم قىلىپ سۈركىسە ئاشقازان ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ. يېڭى بوغۇزلانغان ئوغلاقنىڭ باش تېرىسىنى مېڭە پەردىسى ياللۇغلانغان كىشىنىڭ بېشىغا چاپلىسا پايدا قىلىدۇ، سىناقتىن ئۆتكەن. زەھەرلىك يىلان چېقىۋالغان ئورۇن پاقلاننىڭ يېڭى تېرىسى بىلەن تېڭىلسا زەھەرنى سۈمۈرىدۇ. قوي تېرىسى يامان يارىلار، قىچىشقاق ۋە قوتۇرغا پايدا قىلىدۇ. تېرە توغرالمىسى يېڭى زەخىمنىڭ قېنىنى توختىتىدۇ. ئۇرۇلۇش - سوقۇلۇشتىن زەخىملەنگەن ئەزا يېڭى بوغۇزلانغان قوي ياكى ئۆچكىنىڭ ئىسسىق تېرىسى بىلەن تېڭىلسا ئاغرىقنى پەسەيتىدۇ. سوغۇق ئىششىقلارنى تارقىتىدۇ. كەركەدان تېرىسىنى كۆنجۈت يېغىغا چىلاپ ئاپتاپتا قويۇپ ياغقا تەمىنى چىقىرىپ، ياغنى سۈمۈرۈپ بولغاندا يەنە ياغ قۇيۇپ تېگىدىكى ياغ بىلەن يامان يارىلارنى ياغلىسا ساقايتىدۇ. تېرىلەرنىڭ كۆلى ئاقمىلار، ئوت كۆيۈك يارىسى، تېرە زەخىملىنىشكە پايدا قىلىدۇ. سۇ ئىتىنىڭ تېرىسىنى كۆيدۈرۈپ كۈرسىنە ئۇنى بىلەن مەلھەم قىلىپ راكقا ئۇدا ئۈچ كۈن سۈركىسە پايدا قىلىدۇ، سىناقتىن ئۆتكەن. ياۋا كىرپىنىڭ تېرىسىنى كۆيدۈرۈپ زەيتۇن يېغى بىلەن مەلھەم قىلىپ سۈركىسە دائىرىلىك چاچ چۈشۈشكە پايدا قىلىدۇ. ئەفئا يىلىنىنىڭ كۆيدۈرۈلگەن تېرىسى تېرە قاسراقلىششىقا پايدا قىلىدۇ. كىشىنى چېقىۋالغان ئەفئا يىلىنىنىڭ تېرىسىنى كۆيدۈرۈپ شۇ كىشىگە ئىستېمال قىلدۇرۇلسا، ئۆزىنىڭ زەھىرىنى قايتۇرىدۇ. كونا ئاياغنىڭ چەمى، ئۆتۈك، ئاياغنىڭ غاجىشىدىن پەيدا بولغان ئىششىمىغان يارىغا، يىرىڭلاردىكى تولا يول مېڭىش سەۋەبىدىن پەيدا بولغان يارىغا ۋە ئوت كۆيۈك يارىسىغا پايدا قىلىدۇ. پىل تېرىسى

ئېسسىقلىقىنى بېسىشقا ئۈزۈلمەي پەسەيتىدۇ. چىل بۆرىنىڭ تېرىسى غالجىر ئىت چىشلىۋالغاندىن بولغان زەخىمگە پايدا قىلىدۇ. بىمارنىڭ سۈيدۈك ئېقىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. ئۇنىڭ تېرىسى بەلگە تېڭىلسا بۇۋاسىرغا پايدا قىلىدۇ. مايمۇن تېرىسى دەرەخكە ئورالسا ئۇششۇكتىن ساقلايدۇ. يىلان تېرىسى كىيىم ـ كېچەك ۋە رەختلەرنىڭ ئارىسىغا قويۇلسا كۇيە يېيىشنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** يېيىلىدىغان ھايۋانلارنىڭ تېرىلىرى تەستە ھەزىم بولىدۇ، قويۇق، ياخشى، مايسىز خىلىت پەيدا قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** يۇمشاق پىشۇرۇپ سىركە، ئىسسىق دورا ـ دەرمانلار بىلەن ياكى ئىسسىق ياغلار بىلەن دۇملەپ پىشۇرۇپ ئەنجۇر ۋە ھەسەل بىلەن ئىستېمال قىلىنىدۇ. ھەرقايسى ھايۋان تېرىلىرىنىڭ قالغان خۇسۇسىيەتلىرى ئاللا خالىسا شۇ ھايۋانلار توغرىسىدىكى بابىدا سۆزلىنىدۇ.

## جۇلنار
### (ئانارگۈل)

ئۇ پارسچە «گۈلنار» دېگەن سۆزدىن ئەرەبچىلەشتۈرۈلگەندۇر. ئۇ يەنە «گۈلى ئانارى سەد بەرگ» (يۈز يوپۇرماقلىق ئانارگۈل) دەپمۇ ئاتىلىدۇ. چۈنكى ئۇنىڭ گۈلى چوڭ، ناھايىتى كۆپ بولىدۇ. يەنە «گۈلى ئانارى نەر» (ئەركەك ئانارگۈل) دەپمۇ ئاتىلىدۇ. چۈنكى بۇ خىل ئانار كۆپ ھاللاردا مېۋە بەرمەيدۇ، ئاز ۋاقىتلاردا مېۋە بەرگەن تەقدىردىمۇ نەس دەپ بىلىنىدۇ. چۈنكى ئۇنىڭ مېۋىسى ساقلانغان ئۆي ۋە مېۋە بەرگەن باغ تېزلا خاراب بولىدۇ دەپ قارىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** ياۋا، يەرلىك، قىزىل، ئاق بولىدۇ. دەرىخى ئانار دەرىخىگە ئوخشايدۇ. ئەمما ئازراق نەيچىسىمان بولىدۇ، ئېگىز ئۆسمەيدۇ. ئۇنىڭ ياخشىسى پارستىن ياكى مىسىردىن چىققىنىدۇر.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىنىڭ بېشىدا قۇرۇق سوغۇق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** قورۇغۇچى بولۇپ، سۇيۇقلۇقلارنىڭ ئېقىشىنى توختىتىدۇ، ماددىلارنى قايتۇرىدۇ، ھۆللۈكلەرنى قۇرۇتىدۇ، ئەزالارنى قۇۋۋەتلەيدۇ. چىش ۋە چىش مىلىكىنى چىڭىتىدۇ. قاندىن ۋە سەپرادىن بولغان ئىچ سۈرۈش، ھۆللۈكتىن بولغان ئىچ سۈرۈش، ئۈچەي يارىسى ۋە ھەرقانداق ئەزادىكى قاناش، ھەيز توختىماسلىق، بۇۋاسىر، قۇتۇر، قىچىشقاق، ئاشقازانغا ماددىلار قۇيۇلۇش، چۇقۇق قاتارلىقلارغا ئىچى ـ سىرتىدىن ئىشلىتىلىدۇ. سىركە بىلەن قاينىتىپ ئېغىز چايقىسا ئېغىز پۇراش، ئېغىز يارىسىغا پايدا قىلىدۇ، چىش ۋە چىش مىلىكىنى چىڭىتىدۇ. زىمات قىلسا يارىلارنى ساقايتىدۇ، قولتۇق

پۇراشنى داۋالايدۇ. ئىششىقلارنىڭ تەرەققىي قىلىشى ۋە ماددىلارنىڭ ئۇنىڭغا قويۇلۇشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. سىپىلىسە يارىلارنىڭ قېنىنى توختىتىدۇ. سىركە ۋە گىل مۇغرە بىلەن مەلھەم قىلىپ ياللىياتقۇ ساھەسىگە سۈركىسە ئۇنىڭغا ماددىلارنىڭ قويۇلۇشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** باشنى ئاغرىتىدۇ، توسالغۇ پەيدا قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** كەترا.

**ئىستېمال مىقدارى:** 3~6 گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

**ئورۇنباسارى:** باراۋەر مىقداردا ئانار خەمىكى ياكى ھۆل ئانار پوستى ياكى جۇپتى بەللۇت.

ئۇنىڭ ھۆلىنى سوقۇپ سۈيىنى سىقىپ چىقىرىپ قورۇتۇپ تەييارلانغان ئۇسارىسىنىڭ تەسىرى تېخىمۇ ساقلىلى ئۇسۇملۇكى ئۇسارىسىنىڭ تەسىرى بىلەن ئوخشاشتۇر. ئۇنىڭ قورۇقىنى سۇ بىلەن قاينىتىپ تەمى سۇغا چىققاندىن كېيىن پىسەپلىرىنى سۈزۈۋېتىپ يەنە قويۇلغۇچە قاينىتىپ تەييارلانغان ئۇسارىسىنىڭ تەسىرى كۈچلۈكرەك، ئۆزىدىن ئۇچۇچانراقتۇر.

ئۇنىڭ خاسىيەتلىرىنىڭ بىرى شۇكى، كۆز ئاغرىقى بىلەن ئاغرىغان ۋە ئاغرىشقا ئادەتلەنگەن كىشى چارشەنبە كۈنى كۈن چىققاندا ئۇنىڭ ئېچىلمىغان غۇنچىسىنى دەرىخىدىن ئاغزى بىلەن ئۈزۈپ ئىستېمال قىلسا ساقىيىدۇ، بىر يىلغىچە قوزغالمايدۇ.

ئۇنىڭ سۇفۇپلىرى، قۇرسلىرى قارابادىندا بايان قىلىنىدۇ.

## جۇلەنجەبىين
### (گۈلقەنت ھەسىلى)

ئۇ پارسچە «گۇلەنگەبىين» (گۈلقەنت ھەسىلى) دېگەن سۆزدىن ئەرەبچىلەشتۈرۈلگەندۇر. يەنى باراۋەر مىقداردىكى ھەسەل بىلەن يۇغۇرۇلغان قىزىلگۈل دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. خۇددى ئۇنىڭ ئاتالغۇسىدىن مەلۇم بولغىنىدەك ئۇ دەسلەپتە ھەسەل بىلەن يۇغۇرۇلغان قىزىلگۈلنى كۆرسەتكەن. كېيىن ئىستىئارە يوسۇنىدا شېكەر بىلەن يۇغۇرۇلغان قىزىلگۈلنى كۆرسىتىدىغان بولغان. گۈل بىلەن شېكەرنىڭ مىقدارى ئوخشاش بولسا «گۈلقەنت»، گۈل ئازراق، شېكەر كۆپرەك بولسا «گۈلشەكەرى» دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇنىڭ ياخشىسى ياخشى يۇغۇرۇلغان، گۈلى خۇش پۇراق، يېڭى، ھەسىلى ياكى شېكىرى ساپ بولغانلىرى ياخشىلىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. كۆپ ھاللاردا شېكەر ياكى ھەسەل كۆپرەك سېلىنىدۇ. چۈنكى ئاز مىقداردىكى ھەسەل ياكى شېكەر ئۇنى ئېچىتىپ بولالمايدۇ ۋە ئۇنىڭ ساقلاش رولىنى ئۆتىيەلمەيدۇ. ئۇنىڭ تۈرلىرى قارابادىننىڭ «ۋ» ھەرپى بىلەن باشلانغان

دورىلار بايانىدا بايان قىلىنىدى.

**تەبىئىتى:** ھەسەل بىلەن قىلىنغىنى ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق، شېكەر بىلەن قىلىنغىنى ئىككىنچى دەرىجىدە ئىسسىق، بىرىنچى دەرىجىدە ھۆلدۇر.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ھەر ئىككىسى مېڭە، ئاشقازاننى قۇۋۋەتلىگۈچى، يات ھۆللۈكلەرنى قۇۋۋەتلىگۈچى، مېڭىگە بۇخارات ئۆرلەشنى توسقۇچىدۇر. بولۇپمۇ تائامدىن كېيىن ئىستېمال قىلىنسا بۇخارات ئۆرلەشنى تېخىمۇ ياخشى توسىدۇ. ئۇنىڭ ھەسەل بىلەن قىلىنغىنى سوغۇق مىزاجلىقلار، ياشانغانلار ۋە مېڭىسىدە ھۆللۈك كۆپ بولغان كىشىلەرگە پايدا قىلىدۇ. پالەچ، بوغۇم ئاغرىقى، نۇقرەس، ئەزالاردا تاش پەيدا بولۇش، سۇيدۈك تەستە كېلىشلەرگە شىپا بولىدۇ. ئۇنىڭ تۆتتىن بىرىچىلىك مىقدارىنى مەجۇنى كۇمۇنى بىلەن ئىستېمال قىلسا قويۇق يەللەرنى تارقىتىدۇ، قۇلۇنجىغا پايدا قىلىدۇ، ئۇچا ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ. تائامنىڭ ھەزىم بولۇشىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. قىش پەسلىدە داۋاملىق ئىستېمال قىلسا ساقلىقنى ساقلايدۇ.

ئۇنىڭ شېكەر بىلەن تەييارلانغىنى ئىسسىق مىزاجلىقلار، ياشلارنىڭ ئىستېمال قىلىشىغا مۇۋاپىق كېلىدۇ. دەسلەپكى مەزگىلىدىكى ئۆزگە سۆزلەش، سارائىلىققا شىپا بولىدۇ. باراۋەر مىقداردىكى مەجۇنى ئۇستىقۇددۇس، يېرىم ھەسسە مەجۇنى بىنەپشە بىلەن يۇغۇرۇپ داۋاملىق ئىستېمال قىلسا كونا كۆز ئاغرىقى، باشقا بۇخارات ئۆرلەش، كۆز ئاجىزلىقى، باش ئاغرىقى، باشنىڭ يېرىمى ئاغرىشلارغا شىپا بولىدۇ. توسالغۇلارنى ئاچىدۇ. كۆيگەن خىلىتلارنى ئىسلاھ قىلىدۇ، سىناقتىن ئۆتكەن. ئۇنىڭ ھەسەل بىلەن تەييارلانغىنىنى تۇربۇت ۋە كەرەپشە بىلەن قايىنتىپ تەكرار سۈزۈپ ئىچسە لەقۋا، پالەچ، ئېغىز، تىل ۋە بوغۇملارنىڭ بوششىغا پايدا قىلىدۇ. ئۇنىڭ شېكەر بىلەن تەييارلانغىنىنى تەمرىھىندى ۋە چىلان بىلەن قايىنتىپ ئىچسە باش قېيىش ۋە كۆز قاراڭغۇلىشىشقا پايدا قىلىدۇ. گۈلقەندنى سۇ بىلەن قايىنتىپ سۈزۈپ ئىچسە ئۇنىڭ شەربىتىنىڭ ئورنىنى باسىدۇ. شەيخۇر رەئىس (ئەبۇ ئەلى ئىبن سىنا) «ئەلقانۇن»نىڭ سىلنى داۋالاش بابىدا: «بىر ئايال سىل كېسەللىكىگە گىرىپتار بولغان ئىدى، مەن ئۇنى گۈلقەنت يېگۈزۈپ داۋالىدىم، مەلۇم مۇددەت مەن بايان قىلىشقا خىجىل بولغۇدەك مىقداردا ئىستېمال قىلغاندىن كېيىن شىپا تاپتى» دەپ يازغان.

**زىيانلىق تەسىرى:** ئۇسسىتىدۇ، جىگەرگە زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** خەشخاش.

**ئىستېمال مىقدارى:** ئۆزىدىن 20 گىرامغىچە، قايناتمىسىدىن 70 مىللىگىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

ھەسەل بىلەن قىلىنغىنىنىڭ قۇۋۋىتى تۆت يىلغىچە، شېكەر بىلەن قىلىنغىنىنىڭ قۇۋۋىتى ئىككى يىلغىچە ساقلىنىدۇ.

## جۇللەۋز
(پىندۇق)

ئۇ پىندۇقنىڭ ئەرەپچە نامىدۇر. بەزىلەر بۇ ئىسمنى تاغ بادىمى، چوڭ چىلغوزنىمۇ دەپ ئىشلىتىدۇ. بۇنداق ئىشلىتىلىشى «ج» ھەرپى بىلەن «ح» ھەرپىنىڭ ئوخشىشىپ قالغانلىقى ئۈچۈندۇر. «ئىختىياراتى بەدىئىيە» دېگەن كىتابنىڭ ئاپتورى: «تەتقىق قىلىنىشىچە ئۇ ياۋا بادامدۇر، ئۇنىڭ يېغى ‹زەيتۇل ھەرجان›، ‹زەيتۇس سۇدان› (سۇدان يېغى) دەپ ئاتىلىدۇ. ماراكەش ۋە يىراق ماراكەش خەلقى ئۇنى ‹ئەراجان›، ‹ئەرقان› دەپ ئاتايدۇ» دەپ يازغان. ئۇ تاغ بادىمىدىن ئىبارەت بولۇپ، شىرازچە «بەخرەك» دەپ ئاتىلىدۇ، تەسىرى جەھەتتە چىلغوزىنىڭ ئورنىنى باسىدۇ.

**تەبىئىتى:** بىرىنچى دەرىجىدە، بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىچە ئىككىنچى دەرىجىدە ئىسسىق، بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇق. ئازراق ئارتۇق ھۆللۈكى بار.

**خۇسۇسىيتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** باھنى قۇۋۋەتلىگۈچى، مەنىي كۆپەيتكۈچى بولۇپ، ئۈچا ئاغرىقى، پەي ـ نېرۋىلار ئاغرىقى، ئەزالار بوشىشىپ كېتىش، ئولتۇرغۇچ نېرۋا ئاغرىقى، چايان چېقىۋېلىش، ئۆمۈچۈك چېقىۋېلىش قاتارلىقلارغا پايدا قىلىدۇ. ئۇزۇندا ھەزىم بولىدۇ، ئاشقازاندىن ئۇزۇندا ئۆتىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** شېكەر.

**ئورۇنباسارى:** شېكەر، چىلغوزا.

## جەلىيد
(مۆلدۈر)

ئۇ پارسچە «تەگرەگ»، ھىندىچە «ئولە» دەپ ئاتىلىدۇ. تەبىئىتى ۋە ھەممە تەسىرلىرى قارنىڭ تەبىئىتى ۋە تەسىرلىرىگە ئوخشايدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا مۆلدۈرنى بىر پارچە چىگە رەختكە يېيىتىپ بېنگالدا بولىدىغان، ھىندىچە «گىھىگە» دەپ ئاتىلىدىغان توپىق (ئۆسمىنىڭ بىر تۈرى)قا تاڭسا ئۇنى تارقىتىدىكەن، ئەمما كۆپ ئاغرىتىدىكەن ۋە كۆيۈشتۈرىدىكەن. ئۇنى كۆيگەن ئەزاغا سۈركىسە ئاغرىقنى پەسەيتىدۇ، ئىششىشنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. مۆلدۈر يەرگە چۈشۈپ ئېرىگەندىن كېيىن تېگىگە ئولتۇرغان لېيىنى چىقانغا سۈركىسە ئاغرىقنى پەسەيتىدۇ. بۇ لايىنى كۆملاچلاپ قۇرۇتۇپ زۆرۈر بولغاندا نەمدەپ ئىشلىتىشكە بولىدۇ. ... قىلسىمۇ شۇ تەسىرنى بېرىدۇ.

# جۇممار

(خورما شىرىسى)

ئۇ «قەلبۇن نەخل» (خورما يۈرىكى)، «لۇببۇن نەخل» (خورما مېغىزى)، «شەھمۇن نەخل» (خورما يېغى) دەپ ئاتىلىدۇ. پارسچە «پەنىرى نەخل» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** بۇ، خورمىنىڭ دەسلەپكى غورىسىغا يېقىن يەردە پەيدا بولىدىغان بىر خىل ئاق رەڭلىك، تاتلىق، تەمى سۈت تەمىگە ئوخشايدىغان بىر ماددىدىن ئىبارەت. بۇ ماددا چىقىرىۋېتىلسە ياكى شۇ شېخى كېسىۋېتىلسە خورما قايتا مېۋە بەرمەيدۇ. ئاق، يېڭى، تاتلىق بولغانلىرى ياخشىلىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

**تەبىئىتى:** بىرىنچى دەرىجىنىڭ ئاخىرىدا سوغۇق، ئوتتۇرىدا قۇرۇق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ئاشقازان ۋە ئىچكى ئەزالارنى قۇۋۋەتلەيدۇ. قانلىق ئىچ سۈرۈش ۋە باشقىلارنى توختىتىدۇ. قان تۈكۈرۈش ۋە كۆكرەك ئاغرىقىغا شىپا بولىدۇ. كۆكرەكنىڭ يىرىكلىكىنى يوقىتىدۇ. ئاۋازنى ياخشىلاپ ساپلاشتۇرىدۇ. يۆتەل پەسەيتىدۇ. سەپرانىڭ غالىبلىقى، قاننىڭ قاينىشىنى پەسەيتىدۇ. روھلارنىڭ، بولۇپمۇ تەبىئىي روھنىڭ تارقىلىشىنى توسىدۇ. بەدەندىكى يات ھارارەتنى تارقىتىدۇ. سەپرالىق قەينى توختىتىدۇ. خۇمارنى كەتكۈزىدۇ. شارابنىڭ زىيىنىنى ئىسلاھ قىلىدۇ. بۆرەكنى سەمرىتىدۇ. قايناتمىسى، بولۇپمۇ شېكەر قوشۇلغان قايناتمىسى ئىچىلسىمۇ يۇقىرىقى تەسىرنى بېرىدۇ. زىمات قىلىنسا سېرىق ھەرىنىڭ زەھىرىنى قايتۇرىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** ئۆپكىگە زىيان قىلىدۇ. يەل ۋە سۇيۇق خىلت پەيدا قىلىدۇ. ئاشقازاندىن تەستە چۈشىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** ھەسەل، سىركەنجىۋىل، خورما، زەنجىۋىل مۇرابباسى.

**ئورۇنباسارى:** ھۇمماز.

# جىمجىم

(جىمجىم يىلتىزى)

**ماھىيىتى:** بۇ، ياۋا سەۋزىگە ئوخشايدىغان بىر خىل يىلتىزدىن ئىبارەت. ئىنچىكە، ئۇزۇن، ئىچى ئاق، سىرتى ئاق بىلەن سېرىقنىڭ ئارىلىقىدا، خۇش پۇراق، سەل ئاچچىق، ئۆتكۈر ۋە تاتلىق بولىدۇ. چىن شەھەرلىرىدە ئۆسىدۇ، ئۇ يەردىن بۇخارا، سەمەرقەند ۋە باشقا شەھەرلەرگە ئېلىپ بېرىلىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا ئۇ يەردىن ئالتۇن يىگنە بىلەن كولاپ ئېلىنىدىكەن. لەرستان (ئىراننىڭ بىر شەھىرى) دا «گەزەرى موشان » (چاشقان يىلتىزى)

دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇنىڭ غولى ھەم يوپۇرمىقى سەۋزىگە ئوخشايدۇ.

**تەبىئىتى:** ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** بوغما كېسەل، كاناي ئىششىقى، يۆتەل، زىققە نەپەس، قاناش، ئۆپكە ياللۇغى، كۆكرەك پەردە ياللۇغى قاتارلىقلارغا پايدا قىلىدۇ. ئۇنىڭ 5.2 گىرامى ئىستېمال قىلىنسا خەفەقانغا شىپا بولىدۇ. ئۇ باھنى قوزغىتىش ئۈچۈن كۆپ ھاللاردا ئاق، قىزىل بەھمەن ۋە شېكەر بىلەن ئىستېمال قىلىنىدۇ. ئۇنىڭ مۇرابباسى ھەممە جەھەتتە كۈچلۈكرەك بولۇپ، قارابادىندا بايان قىلىندى.

**زىيانلىق تەسىرى:** تالغا زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** ئەرەب يېلىمى.

**ئىستېمال مىقدارى:** 1.5 گىرامدىن ئىستېمال قىلىنىدۇ.

**ئورۇنباسارى:** ئۈچ ھەسسە سىركەنجىۋىل.

ئەمنۇد دەۋلە ھەزرەتلىرىنىڭ بايان قىلىشىچە، ئۇنىڭدىن 5~5.5 گىرامغىچە ئېلىپ گۇلاب بىلەن ئىستېمال قىلسا، ئىسسىقتىن بولغان خەفەقانغا پايدا قىلىدىغان بولۇپ، سىناقتىن ئۆتكەن ئىكەن.

## جەمەد
## (مۇز)

ئۇ پارسچە «يەخ» دەپ ئاتىلىدۇ.

ئۇنىڭ تەبىئىتى ۋە تەسىرلىرى قارنىڭ تەبىئىتى ۋە تەسىرى بىلەن ئوخشاشتۇر. ئەمما ئۇنىڭدىن ئۈچۈچانراقتۇر. ياخشى - يامانلىقى مۇزلىغان سۇنىڭ ياخشى - يامانلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىكتۇر. خولېرا، سەپرادىن بولغان تەپلەر ۋە كۆيدۈرگۈچى تەپلەرگە پايدا قىلىدۇ. پېشانىگە سۈركىسە بۇرۇننىڭ قانىشىنى توختىتىدۇ. كىشىنىڭ كۆزى قار - مۇز ۋە ھاۋانىڭ سوغۇقلۇقىدىن ئاغرىغان بولسا، دەرەخ غوللىرى ۋە شاخلىرىدا ھاسىل بولغان چوكا مۇز كۆزنىڭ ئىچىگە سۈركەلسە پايدا قىلىدۇ. ئىششىقنى تارقىتىدۇ، ئاغرىقنى پەسەيتىدۇ.

ئىچكى ئەزالارغا ۋە ئۇلارنىڭ ئىششىقلىرىغا زىيان قىلىدۇ.

## جەمەست
## (خام ياقۇت)

ماھىيىتى: ئۇ بىر خىل تاش بولۇپ، مەدىنىدىن تەخمىنەن ئۈچ كىلومېتىر يىراقلىقتىكى سەھرا قۇملۇقىدا پەيدا بولىدۇ. بەزىسى ئاق، بەزىسى قىزىل، بەزىسى ھاۋا رەڭ بولىدۇ.

ھەجمى يېرىم كىلوگىرامغىچە چوڭلۇقتا بولىدۇ، شۇ يەردىكى كاندىن چىقىدۇ. ئىيتىشلارغا قارىغاندا ئۇ ئاز مىقداردىكى ناچار سىماب، كۆپ مىقداردىكى ياخشى گۈڭگۈرتتىن ھاسىل بولىدىغان بولۇپ، ھارارەت يېتىشمىسە تولۇق پىشالمايدىكەن، ھارارەت يېتىشسە ياقۇتقا ئايلىنىدىكەن. قىزىل، بىنەپشە رەڭ، پارقىراق بولغانلىرى ياخشىلىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ئىستېمال قىلىنسا ئىششىقلارنى تارقىتىدۇ، خەفەقانغا داۋا بولىدۇ. كۆڭۈلنىڭ ئاينىشىنى پەسەيتىدۇ، بىھوشلۇق ۋە مەستلىكنى يېشىدۇ. مەلھەم قىلىنسا كۆز ئىششىقىنى تارقىتىدۇ، كۆز جاراھىتىنى ساقايتىدۇ. ئۇنىڭدىن ئۇزۇك ياساپ قولغا سالسا نۇقرەسكە شىپا بولىدۇ، ھاجەتلەرنىڭ راۋا بولۇشىغا ياردەم بېرىدۇ. خەلقنىڭ كۆزىگە ياخشى كۆرۈنىدىغان بولىدۇ. ئۇخلىغان ئادەمنىڭ بېشىنىڭ ئاستىغا قويۇپ قويسا چۈشىنى قالايمىقانلاشتۇرىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** 1.5 گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

ئۇنىڭدىن ياسالغان قاچىدا تائام يېيىلسە، ئىچىملىك ئىچىلسە ئۇنىڭ ئۆزىگە ئوخشاش تەسىر كۆرسىتىدۇ.

## جەمەل

(تۆگە)

ئۇ ئەرەبچە يەنە «ئىبىل» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. پارسچە «شۇتۇر»، ھىندىچە «ئۇنت» دېيىلىدۇ. يوتىلىقى «جۇزۇر»، «ئەجەل» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** تونۇشلۇقتۇر. ئۇ باشقا ھايۋانلاردىن زىرەكرەك بولۇپ، ئاچچىقلانغاندا بەللۇت يوپۇرمىقى، يىلان چېقىۋالغاندا قىسقۇچپاقا يەيدۇ. ئۇنىڭ ياخشىسى قىزىل، قوڭۇر رەڭلىك ئەرەب تۆگىسىنىڭ بىر يىللىق سېمىزلىرىدۇر.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىنىڭ ئاخىرىدا ئىسسىق، ئۈچىنچى دەرىجىنىڭ بېشىدا قۇرۇقتۇر.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** گۆشى ئىستېمال قىلىنسا باھ ۋە ئەزالارنى قۇۋۋەتلەيدۇ. باھنى كۈچلۈك قوزغىتىدۇ. تۆت كۈندە بىر تۇتىدىغان تەپ، ئۇلتۇرغۇچ نېرۋا ئاغرىقى، كونا يانپاش ئاغرىقى، قارا يەرقان، سۈيدۈك ئېچىشىپ كېلىشلەرگە پايدا قىلىدۇ. كۆيدۈرۈلگەن گۆشى زىمات قىلىنسا كالا تەمرەتكىسىگە داۋا بولىدۇ. ئېخى سوۋۇمىغان يېڭى ئۆپكىسى چېپىلسا داغ يوقىتىدۇ، سىناقتىن ئۆتكەن. جىگىرى كۆزگە چۈشكەن سۇنى يوقىتىدۇ.

كۆرۈش كۈچىنى ئاشۇرىدۇ. يېغى سۈركەلسە بوۋاسىرغا پايدا قىلىدۇ. ئۇنىڭ جىگىرى خالىغان يەرلەردە ساقلانسا ئۇ يەردىن يىلان قاچىدۇ. ئۆپكىسى داۋاملىق ئىستېمال قىلىنسا كور قىلىدۇ. پاچىقىنىڭ يىلىكىنى يۇڭ بىلەن ھەمەلچە تەييارلاپ ئايال ھەيزدىن پاك بولغاندىن كېيىن ئۇدا ئۇچ كۈن ئىشلەتسە ھامىلىدار بولۇشقا ياردەم بېرىدۇ. قۇرۇق مايىقىنىڭ چىلانما سۈيى بۇرۇن قاناشنى توختىتىدۇ. مۇناسىپ دورىلار بىلەن ئىچىلسە تۇتقاق كېسەلگە داۋا بولىدۇ. ھۆلى زىمات قىلىنسا چاشقان يارىسى، مۇدۇر - چاقىلارنى ساقايتىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن ئىسرىق سالسا، چاپسا سۆگەللەرنى چۈشۈرىدۇ. لوكىسى ئىستېمال قىلىنسا بالىياتقۇنى تازىلايدۇ. بوۋاسىرنىڭ قېنىنى توختىتىدۇ، مەقئەتنىڭ يېرىقىنى ساقايتىدۇ. ئۇنىڭ ئوت يېمىگەن بوتىلىقىنىڭ پەنىرمايىسى باھنى ناھايىتى قۇۋۋەتلەيدۇ، قوزغىتىدۇ، خىلىت ۋە مەنىينىڭ ئۇيۇغىنىنى ئېرىتىدۇ، ئېرىگىنىنى ئۇيۇتىدۇ. بەدەننى سەمرىتىدۇ. ئۇ مەست بولغاندا ئېغىزىدىن چىققان كۆپۈكى ئىستېمال قىلىنسا سارالڭ قىلىدۇ. پىننە سۈيى تۆگىنىڭ بېشىغا تېمىتىلسا مەستلىكنى يېشىدۇ.

سۈتى، بولۇپمۇ سۈيدۈكى بىلەن بىرگە ئىستېمال قىلىنسا ئىستىسقاغا شىپا بولىدۇ، سىناقتىن ئۆتكەن. قارابادىنىدا ھەم بۇ كىتابنىڭ مۇقەددىمىسىدە ئۇنى ئىستېمال قىلىش ئۇسۇلى بايان قىلىندى.

ئۇنىڭ سۈيدۈكى يالغۇز ئىچىلسىمۇ ئىستىسقاغا داۋا بولىدۇ. كۈچلۈك سۈيدۈك ھەيدىگۈچىدۇر. زەرداب سۈنى سۈرىدۇ. يۆتەل، زۇكامغا پايدا قىلىدۇ. جىگەر ئىششىقىنى تارقىتىدۇ. ئىستىسقا، يەرقانغا پايدا قىلىدۇ. جىگەر توسالغۇلىرىنى ئاچىدۇ. باھنى قۇۋۋەتلەيدۇ. مەستلىكنى تېز يېشىدۇ. پۇرىسا دىماغنىڭ توسالغۇلىرىنى ئاچىدۇ. كۆز تىگىشنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. قۇلاققا ئىسسىق ھالەتتە تېمىتىلسا ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ. قۇلاقنى ئۆتكۈرلەشتۈرىدۇ. ئادراسمان ئۇرۇقى بىلەن قاينىتىپ قۇيۇلسا نۇقرەس، پالەچ، ئەزالارنىڭ سېزىمسىزلىنىشىگە پايدا قىلىدۇ، ئىششىقلارنى تارقىتىدۇ. سىناقتىن ئۆتكەن.

تېۋىتى سېيىلسە يارىلارنى تازىلاپ ساقايتىدۇ. كۆيدۈرۈلگىنى يارىلاردىن ئاققان قاننى توختىتىدۇ. بۇرۇنغا پۈركىسە بۇرۇننىڭ قېنىنى توختىتىدۇ. مويى سول يوتىغا باغلانسا سۈيدۈك تامچىلاشقا پايدا قىلىدۇ. تۆگىنىڭ كانىسى ئاشىقىنىڭ يېغىغا تېگىپ قويۇلسا ئىشقنى پەسەيتىدۇ. ئۇنىڭ تەرى بىلەن بوغدايىنى نەمدەپ قۇشلارغا چېچىپ بەرسە بىھوش بولىدۇ. ئۇنىڭ ئېغىز كۆپۈكىنىڭمۇ شۇنداق تەسىرى باردۇر.

**زىيانلىق تەسىرى:** گۆشى تەستە ھەزىم بولىدىغان بولۇپ، ناچار كەيمۇس ۋە سەۋدالىق قان پەيدا قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** تۇز، سېرىقچېچەك، پىلپىل، زەيتۇن يېغى، كەرۋىيا، كېرمان زىرىسى

بىلەن يۇمشاق پىشۇرۇپ ئىستېمال قىلىنىدۇ، سوغۇق مىزاجلىقلار ئىستېمال قىلىپ، كېيىندىن قىچا كۆپۈكى، ساپ سىركە، ئاچچىقسۇ، كەپە سىركىسى ياكى ئۈشتۈرغار ئىچىدۇ. ئەمما بوغۇم ئاغرىقلىرى بىمارلىرىغا ئىستېمال قىلدۇرۇلمايدۇ. سوغۇق مىزاجلىقلارغا زەنجىۋىل ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ.

## جەمھۇرى
(ئۈزۈم شارابى)

**ماھىيىتى:** بۇ بىر خىل شاراب بولۇپ، مۇسەللەس سۈيى تۈگىگىچە قاينىتىپ تەييارلىنىدۇ، مەلۇم ۋاقىت تۇرغۇزۇلغاندىن كېيىن ئىستېمال قىلىنىدۇ. بەزىلەر ئۇ ئۈچ يىللىق ئۈزۈم شارابىدۇر دەيدۇ. يەنە بەزىلەر ئۇ ئۈزۈم سۈيىدىن ئىبارەت بولۇپ، يېرىمى قالغۇچە قاينىتىپ كوزىغا قاچىلاپ ساقلاپ ئىچىلىدۇ، دەيدۇ.

**تەبىئىتى:** قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ماددىلارنى پىشۇرغۇچى، ماددىلارنى تارقاتقۇچى، ئىشتىھانى ئاچقۇچى، باھنى قۇۋۋەتلىگۈچى، جىماغا ياردەم بەرگۈچى، ئاسان ھەزىم بولغۇچى، ياخشى، قويۇق قان پەيدا قىلغۇچى، ئىچكى ئەزالارنى قىزىتقۇچىدۇر.

## جەمەيز
(سارالۇ ئەنجۈر)

ئۇ يۇنانچە «ئەسفۇ مۇغرى»، يەنى ئەخمەق ئەنجۈر، ھىندىچە «گولەر» دەپ ئاتىلىدۇ. ئىچىدىن پاشا چىقىدىغان بولغاچقا «سەمەرى پەشە» (پاشا مېۋىسى) دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** بۇ، بىر دەرەخنىڭ مېۋىسى بولۇپ، ئەنجۈرگە ئوخشايدۇ. سۈتى ناھايىتى قويۇق بولىدۇ. يوپۇرمىقى ئۈجمە يوپۇرمىقىغا ئوخشايدۇ، بىر يىلدا 3~4 قېتىم مېۋە بېرىدۇ. مېۋىسى غولىدىن گۈلسىز ھاسىل بولىدۇ. قارىئۆرۈك چوڭلۇقىدا بولۇپ، رەڭگى ئاق، كۆك بولىدۇ، پىشقاندىن كېيىن بەزىسى قىزىرىدۇ. ئۇرۇقى يەرلىك ئەنجۈرنىڭ ئۇرۇقىچىلىك بولىدۇ. بەزى ئەللەردە مېۋىسىگە تىغ ئۇرمىغىچە پىشمايدۇ. ئۇ شام شەھەرلىرى، ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى رايونلاردا ئۆسىدۇ، ھىندىستان بىلەن بېنگالدا كۆپ بولىدۇ. بەلكى بۇ ئىككى دۆلەتتە ئۇنىڭ بىرقانچە تۈرى ئۆسىدۇ.

باھار پەسلىدە ئۇنىڭ مېۋىسى چىقىشتىن بۇرۇن شاخلىرىغا ياغىچىغا يەتمىگۈدەك دەرىجىدە تىغ ئۇرۇپ چىققان سۈتىنى لوئابلىق ساپال قاچا ياكى ئەينەك قاچىغا ئېلىپ

ساقلىنىدۇ. ئۇ ياۋا ئەنجۈر ئەمەستۇر. چۈنكى ياۋا ئەنجۈر زەھەرلىك بولۇپ، يېيىشكە بولمايدۇ. ئۇ دەيلىم شەھرىدە «دىۋ ئەنجىر» (دىۋە ئەنجۈرى)دەپ ئاتىلىدۇ. ساراڭ ئەنجۈر «شەلكا ئەنجۈر» دەپ ئاتىلىپ يېيىلىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە ئىسسىق، بىرىنچى دەرىجىدە ھۆلدۇر.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ئۆزگە سۆزلەش، قۇرۇقتىن بولغان يۆتەل، كۆكرەك ئاغرىش، قان تۈكۈرۈش، تال كېسەللىكى، بۆرەك كېسەللىكىگە پايدا قىلىدۇ. ئۇنىڭ يوپۇرمىقى بىلەن مېۋىسىنى قاينىتىپ سۈيىنى شېكەر بىلەن قىيام قىلىپ تەييارلانغان لوئوقى كاناي ياللۇغى، زىققە نەپەس، كونا يۆتەل، ئاۋاز تۇتۇلۇشقا پايدا قىلىدۇ، سىناقتىن ئۆتكەن. چالا پىشقان مېۋىسىنىڭ قايناتمىسى قان تۈكۈرۈش ۋە بوۋاسىرغا پايدا قىلىدۇ. يوپۇرمىقىدىن بەش گىرام ئېلىپ سۇ بىلەن سالايە قىلىپ ئىشلەتسە ئىچ سۈرۈشنى توختىتىدۇ، سىناقتىن ئۆتكەن. باراۋەر مىقداردىكى شېكەر بىلەن ئىشلەتسە يۆتەلنى پەسەيتىدۇ، سىناقتىن ئۆتكەن. يوپۇرمىقىنىڭ ئۇسارىسى زىمات قىلىنسا چىيقانلارنى پىشۇرۇپ ساقايتىدۇ. يوپۇرمىقىنىڭ ئۇسارىسى ئۇشەق بىلەن ئىستېمال قىلىنسا تاز ۋە زەھەرلىك ھاشاراتنىڭ چېقىۋېلىشىغا پايدا قىلىدۇ. مەلھەم قىلىپ چاپىسىمۇ شۇ تەسىرنى بېرىدۇ.

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇنىڭ مېۋىسىنى ئىچىدىكى پاشا بىلەن بىرلىكتە داۋاملىق يەپ بەرسە شۇ يىلى كۆز ئاغرىقىدىن خالاس بولىدىكەن. ئۇنىڭ سۈتى ئىسسىق، ئۆتكۈردۇر، ئەمما يەرلىك ئەنجۈرنىڭ سۈتىدىن ئاجىزراقتۇر. يۇمشاتقۇچى، قاتتىق ئىششىقلارنى تارقاتقۇچى، قويۇق خىلتلارنى سۈرگۈچى، يارىلارنى چاپلاشتۇرغۇچى، ماددىلارنى تارتقۇچىدۇر. ئۇنىڭ بىر يېرىم گىرامى ئىستېمال قىلىنسا تال ئىششىقىنى تارقىتىدۇ، سوغۇق تەپلەر ۋە بەزگەككە پايدا قىلىدۇ. ياغىچىنىڭ كۆلى يامرىغۇچى يارىلار، يەللىك يارا، تىلما كېسىلىگە شىپا بولىدۇ، سىناقتىن ئۆتكەن.

**زىيانلىق تەسىرى:** مېۋىسىنىڭ ئۇزۇقلۇقى ناچار بولۇپ، قورساقنى ئېسىدۇ. ئاشقازانغا زەرەر قىلىدۇ. تەپلەرنى پەيدا قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** رۇمبەدىيان، سىركەنجىۋىل، گۈلقەنت ئىستېمال قىلىش ۋە ئۈستىدىن سوغۇق سۇ ئىچىشتۇر.

ئۇنىڭ يەنە بىر تۈرىمۇ بار بولۇپ، مېۋىسى ئالۇچىدىن كىچىكرەك، تاتلىق بولىدۇ. پىشقاندىن كېيىن قىزىل رەڭگە ئۆزگىرىدۇ. ئۈستىدە خۇددى ناۋات قاتمىسىدەك دانچىلار قېتىپ قالىدۇ. مەلۇم بىر خەلق بۇ دانچىلارنى «مەمات» دەپ ئاتايدۇ. پەلەستىن ۋە بېنگالدا

ناھايىتى كۆپ بولىدۇ. پەلەستىنىدە «سەلما» دېگەن نام بىلەن مەشھۇردۇر. ھىندىستان ۋە بېنگالدا «گۇلەر كۈچەك» دەپ ئاتىلىدۇ. دەرىخى ئۇنىڭ باشقا تۈرلىرىنىڭ دەرەخلىرىدىن كىچىكرەك ئۆسىدۇ. مېۋىسىگە يوقىرىدىكىسىنىڭ ئەكسىچە تىغ ئۇرۇش ھاجەتسىز. مېۋىسىنى قايىنتىپ قىيام قىلىپ، ئۇستىدىن يۇمشاق سوقۇلغان كەتىرا، ئەرەب يېلىمى سېپىپ قول بىلەن ئېلىپ يالىغۇدەك بولغاندا يالانسا يۆتەل پەسەيتىدۇ، كۆكرەك ۋە ئۆپكە كېسەللىكلىرىگە شىپا بولىدۇ. ماددىلارنى تارقىتىدۇ، ماغدۇرسىزلىقنى يوقىتىدۇ.

## پەسىل: «ج» (جىم) ۋە «ن» (نۇن) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى

## چەنپا

**ماھىيىتى:** بۇ، ھىندىستاندا بولىدىغان بىر خىل دەرەخ بولۇپ، ئۈچ خىل بولىدۇ. بىرىنچى خىلىنىڭ گۈلى سېرىق بولىدۇ. ئىككىنچى خىلىنىڭ گۈلى ئەتىرگۈل رەڭگىدە قىزىل بولىدۇ. بۇ ئىككى خىلىنىڭ دەرىخى ياڭاق دەرىخىدىن كىچىكرەك، يوپۇرمىقى ئۇنىڭدىن سەل ئىنچىكىرەك بولىدۇ. ئۈچىنچى خىلىنىڭ دەرىخى تومراق، يوپۇرمىقى قىسقىراق، كەڭرەك، گۈلى سوزۇنچاق، رەڭگى ئاق بولىدۇ. «ناك چەنپا» دەپ ئاتىلىدۇ. دورىلارغا ئاخىرقى قىسمىنىڭ گۈلى ئىشلىتىلىدۇ. ئۈچ خىلىنىڭ ھەممىسىنىڭ گۈلى ئومۇمەن لالىگۈلگە ئوخشايدۇ. يوپۇرماقلىرى بەش دانىدىن بىر يەردە ئۆسىدۇ. ئىنچىكىرەك، ئۇزۇنراق بولۇپ، ئىككى ئىلىك ئۇزۇنلۇقتا بولىدۇ، قېلىن، خۇش پۇراق ۋە ئۆتكۈر بولۇپ، ئىسسىق مىزاجلىقلار پۇرىسا بۇرنىنى قانىتىدۇ. گۈلىنىڭ ئوتتۇرىسىدا خۇددى باشقا گۈللەرنىڭ ئوتتۇرىسىدا بولغىنىغا ئوخشاش ئۇششاق دانچىلار بولىدۇ.

**تەبىئىتى:** قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** پۇرىسا سوغۇق مىزاجلىق كىشىلەرنىڭ يۈرىكىنى قۇۋۋەتلەيدۇ. ئىستېمال قىلسا بەلغەمنى ئازايتىدۇ، يەل تارقىتىدۇ، ئىشتىھانى تۇتىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇنىڭ دەرىخىنىڭ ئۈستى تەرىپىنى كېسىۋېتىپ ئۈستىگە رەخت ئوراپ، ياغ تۆكۈپ ئوت ياقسا خۇددى مەشئەلگە ئوخشاش كۆيۈپ يەر ئۈستىدىكى ھەممە قىسمى كۆيۈپ تۈگەيدىكەن. شۇ چاغدا يىلتىزىنى كولاپ ئېلىپ ئىستېمال قىلسا، زىمات قىلسا ياكى مەلھەم قىلسا ھەرقانداق زەھەرنى قايتۇرىدىكەن. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ھىندىستاندا مەشھۇر بولغان «چوبى ھايات» (ھاياتلىق ياغىچى) شۇ ئىكەن. ئەمما بۇ گەپنىڭ

ئاساسى يوقتۇر. بەلكى «چوبى هايات» باشقا بولۇپ، ئەزىم ئاباد ئۆلكىسىنىڭ «رەھتاس» دەپ ئاتىلىدىغان قەلئەسىنىڭ ئەتراپىدا بولىدۇ، خۇسۇسىيەتلىرى ئۇنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىگە ئوخشاپ قالىدۇ.

## جۇند بادەستەر
### (قۇندۇز قەھرى)

ئۇ يۇنانچە «ئەكسىيانۇش»، پارسچە «ئاشى بەچكان» (بالىلار ئېشى)، تۈركچە «ئوغلان ئاشى» (ئوغۇل ئېشى) دەپ ئاتىلىدۇ.

ماھىيىتى: بۇ، سۇدا ياشايدىغان بىر خىل ھايۋاننىڭ ئۇرۇقدىنى بولۇپ، داۋاملىق جۈپ ھالەتتە بولىدۇ، يەنى ئىككى ئۇرۇقدان بىر - بىرىگە تۇتاشقان ھالەتتە بولىدۇ. خۇددى ئۇرۇقدان خالتىسىدىكى ئىككى ئۇرۇقدانغا ئوخشايدۇ. ئۇ ئىتنىڭ شەكلىگە ئوخشايدىغان بىر خىل ھايۋان بولۇپ، جۇغى كىچىك بولىدۇ. ئەمما ئۇ قۇندۇز ئەمەستۇر. مويلىرى قارامتۇل قىزىل، توم بولىدۇ. سۇ سىرتىدىمۇ ياشايدۇ. دەيلىم شەھرىدە ئۇ «سەنەك» دەپ ئاتىلىدۇ. ھەكىم مىير مۇھەممەد مۆمىننىڭ «تۆھپەتۇل مۆئمىنىن» (مۆئمىنلەرگە قىلغان ھەدىيە) ناملىق كىتابىدا: «قىياسىمچە قۇندۇزنىڭ ئۇرۇقدىنى ئۇنىڭ ئۇرۇقدىنىدەك چوڭ بولمايدۇ، مەن ئۇنىڭ يېغىسىنى كۆرگەن ئىدىم، ئۇۋچى كېسىپ ئېلىپ كېلىپ ماڭا كۆرسەتكەن ئىدى، ئۇنىڭدا بىز بىلىدىغان پۇراق ۋە رەڭ ئەسلا يوق ئىكەن. ئۇنى سۇ بىلەن قايىنىتىپ كۆل بىلەن رەڭلەندۇرۇپ، سامان تۇتۇنى بىلەن ئىسلىغاندىن كېيىن، پۇراقلىق ۋە رەڭلىك بولدى. دېمەك، ئۇنىڭدا مەلۇم ئۆزگىرىش پەيدا قىلىنىدىغانلىقىدا شەك يوق» دەپ يازغان.
ئۇنىڭ رەڭگى سېرىق، قىزىل ۋە قارا بولىدۇ. ياخشىسى ۋە ئىشلىتىلىدىغىنى سېرىقى، ئۇنىڭدىن قالسا قىزىلى بولۇپ، ئېغىر، خۇش پۇراق، پۇرىقى ئۆتكۈر، ئاسان ئۇۋۇلىدىغان، ئۈچ ئايدىن ئارتۇق ۋاقىت ئۆتمىگەنلىرىدۇر. بۇنداق سۈپەتلەرگە ئىگە بولمىغانلىرى ناچارلىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. «تەرۋىيھۇل ئەرۋاھ» (روھلارنى روھلاندۇرۇش) ناملىق كىتابنىڭ ئاپتورى ئۇنىڭ قۇۋۋىتىنى 15 يىلغىچە ساقلىنىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن ئاجىزلىشىدۇ دەپ يازغان. ئەندەلۇسى قۇۋۋىتىنىڭ شۇنداق ئۇزۇن تۇرىدىغانلىقىدا شەك يوق، بەلكى ئۇنىڭدىنمۇ ئۇزۇن ۋاقىت ساقلىنىشى مۇمكىن دەپ يازغان. قارىسى زەھەرلىكتۇر. مۇئەللىپ ھەكىم مىر مۇھەممەدنىڭ يازغىنىنى ھەق دەيدۇ. ئۇنىڭ يېغىسى يۇمشاق بولۇپ، بەتبۇي پۇرايدۇ. بىر يىل ۋە ئۇنىڭدىن ئۇزۇن ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن قاتىدۇ، رەڭگىمۇ چىرايلىقلىشىدۇ.
تەبىئىتى: ئۈچىنچى دەرىجىنىڭ ئاخىرىدا ئىسسىق، ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇقتۇر.

قۇرۇق دورىلارنىڭ ئەڭ ئۇچۇچانراقىدۇر. ئۇنىڭ ئىچىدىن مومغا ۋە يېلىمغا ئوخشايدىغان نەرسە چىقىدىغان بولۇپ، غىدىقلاش تەسىرى بار، زىيادە ئىسسىق بولۇپ، ئىستېمال قىلىشقا بولمايدۇ.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى**: ئۇ توسالغۇلارنى ئاچقۇچى، ئىششىقلارنى تارقاتقۇچى، سوغۇق دورىلارنىڭ زەھىرىنى ۋە زىيانداش ھاشاراتنىڭ كۆپ قىسمىنىڭ زەھىرىنى ھەم خەربەقنىڭ زەھىرىنى قايتۇرغۇچى، تەبىئىي ھارارەتنى قوزغىغۇچىدۇر.

پەي ـ نېرۋا، يۈرەك ۋە ئاشقازان كېسەللىكلىرى: ئۇ يالغۇز ياكى ھەرقايسى كېسەللىكلەرنىڭ مۇناسىپ دورىلىرى بىلەن بىرلىكتە ئىستېمال قىلىنسا، بۇرۇنغا تېمىتىلسا تۇتقاق كېسەل، باللار تۇتقاق كېسىلى، پالەچ، رەئشە، ماددىلارنىڭ يىغىلىپ قېلىشىدىن بولغان ھۆل تەشەننۇج، بەلغەمدىن بولغان مېڭە پەردە ياللۇغىدىن ئىبارەت بولغان لىسىرغىس، ئۇنتۇغاقلىق، باشنىڭ ھۆل سوغۇقتىن بولغان كونا ئاغرىقى، باشنىڭ يېرىمى ئاغرىش، بىخۇد ئۇيقۇ، ئەزالارنىڭ سەزمەس بولۇپ قېلىشى، ماددىلارنىڭ قېپىپ قېلىشىدىن بولغان بويۇن قېتىشىش، زۇكام، نېرۋا ۋە قۇلاق ئاغرىقلىرى، قورساق پەردىسى مەنبەلىك مالىخولىيا، سوغۇقتىن بولغان خەفەقان، ئاشقازان كۆپۈش، بەلغەمدىن ۋە يەلدىن بولغان قۇلۇنجى قاتارلىقلارغا ئوخشاش مېڭىنىڭ ھۆل سوغۇق كېسەللىكلىرىگە شىپا بولىدۇ. ئۇنىڭدىن بىر دان چوڭلۇقىدا ئېلىپ ئانا سۈتى بىلەن ئېرىتىپ كىچىك بالىغا ئىستېمال قىلدۇرسا تۇتقاق كېسەلگە پايدا قىلىدۇ. باللارنىڭ تىرناقلىرىغا سۈركىسىمۇ پايدا قىلىدۇ.

زەھەرلىنىشلەر: ئۇنى سىركە بىلەن ئېرىتىپ سۈركىسە ياكى گۈلى ۋە باشقا مۇناسىپ ياغلار بىلەن ئېرىتىپ مايلىسا تۈرلۈك زەھەرلەرنى قايتۇرىدۇ. ئەپيۇن ئىستېمال قىلغاندىن كېيىن ئۇنى شۇ ئەپيۇننىڭ مىقدارىچە يالغۇز، بولۇپمۇ سىركە بىلەن بىرلىكتە ئىستېمال قىلسا زەھىرىنى قايتۇرىدۇ. ئۇنى باراۋەر مىقداردىكى ئەپيۇن بىلەن سالايە قىلىپ، بولۇپمۇ سىركىنى ئارىلاشتۇرۇپ ئىشلەتسە ئەپيۇننىڭ زەھىرىنى قايتۇرىدۇ.

چىقىرىش ئەزالىرى كېسەللىكلىرى: سافىن تومۇردىن قان ئېلىنغاندىن كېيىن ئۇنىڭدىن ئالتە گىرام ئېلىپ پىننە سۈيى ياكى ھەسەل بىلەن سالايە قىلىپ ئىستېمال قىلسا ھەيزنى ماڭدۇرىدۇ، ھامىلە ۋە بالا ھەمراھىنى چۈشۈرىدۇ. بالىياتقۇنىڭ سوغۇقلۇقىنى ئالىدۇ. تەپ بىرگە بولسا ھەسەل ۋە پىلپىلنى ئارىلاشتۇرۇپ بىر قوشۇقتىن يالىسىمۇ ھېچ زىيان قىلمايدۇ.

باش ئاغرىقى: ئۇنىڭ بىلەن ئىسرىق سېلىنسا سوغۇقتىن ۋە يەلدىن بولغان تۈرلۈك باش ئاغرىقلىرىنى پەسەيتىدۇ.

كۆز كېسەللىكلىرى: كۆزگە سۈركىسە كۆز قاراڭغۇلىشىش، ياشانغىراش ۋە بىرىكتۈرگۈچى پەردە ياللۇغىغا پايدا قىلىدۇ. مەلھەم قىلىپ چاپسا ھاياتقا خەۋپ يەتكۈزگۈچى

يارىلار، مېڭە، پەي ـ نېرۋىلارنىڭ كۆپ قىسىم كېسەللىكلىرىگە پايدا قىلىدۇ، ئاغرىقلارنى پەسەيتىدۇ. يالغۇز ياكى مۇناسىۋەتلىك ياغلار بىلەن زىمات قىلسا ئىسسىقتىن ۋە سوغۇقتىن بولغان كونا ئىششىقلارنى تارقىتىدۇ. بوغۇملارنىڭ سوغۇقتىن بولغان ئاغرىقلىرى ۋە باشقىلارنى پەسەيتىدۇ. شۇنداقلا ئۇنىڭ يېغى بىلەن مايلانسىمۇ شۇ تەسىرنى بېرىدۇ.

قۇلاق كېسەللىكلىرى: قۇلاققا سېلىنسا قۇلاقتىكى يەلنى تارقىتىدۇ، سوغۇقلۇقتىن بولغان قۇلاق ئېغىرلىقىغا پايدا قىلىدۇ، سوغۇقتىن بولغان ئاغرىقنى پەسەيتىدۇ. شۇنداقلا ئۇ سۇمبۇل يېغى بىلەن بىرلىكتە قۇلاققا تېمىتىلسىمۇ مەزكۇر كېسەللىكلەرگە داۋا بولىدۇ. پۈرسا ئىششىقلىرى ۋە ئۇنىڭ باشقا ئىللەتلىرىگە شىپا بولىدۇ. مېڭىنى قۇۋۋەتلەيدۇ. ئۇنىڭ بىلەن ھەمەلچە قىلسا بالىياتقۇنى ياخشىلايدۇ. ھامىلە چۈشۈرىدۇ، ھەيزنى ماڭدۇرىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** ئىسسىق مىزاجلىقلارغا زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** بىنەپشە شەربىتى.

**ئىستېمال مىقدارى:** يېرىم گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

**ئورۇنباسارى:** باراۋەر مىقداردا ئېگىر ياكى يېرىم ھەسسە پىلپىل، بەزى كېسەللىك ماددىلىرى ئۈچۈن باراۋەر مىقداردا ئىپار، جىگەر كېسەللىكلىرى ئۈچۈن پەرپىيون، شىلىمشىق ھۆللۈكلەرنى تارقىتىش ئۈچۈن ئۈچ ھەسسە قارىمۇچ، ئۈچتىن بىر چېلىك مىقداردا پىلپىل، ئۈچتىن بىر چېلىك مىقداردا زورەمباتتۇر.

قارا قۇندۇز قەھرىنىڭ ئۈچ گىرامى كىشىنى زەھەرلەپ كۆپ ھاللاردا بىر كۈن ئىچىدە ھالاك قىلىدۇ. ھالاك قىلمىغان تەقدىردىمۇ مېڭە پەردىسىنى ياللۇغلاندۇرىدۇ.

ئۇنىڭ زەھەر قايتۇرغۇچىسى ئوترۇج سۈيى، ئېچىتىلغان سىركە ۋە ئېشەك سۈتىدۇر.

قۇندۇز قەھرىنىڭ جاۋارىشى، ھەببى، يېغى، مەلھىمى، مەجۇنى ۋە ئۇ ئاساسلىق تەركىب بولغان سەنجىرىنا نۇسخىلىرى قارابادىنىنىڭ «ج» ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلار بابىدا بايان قىلىندى.

## جىنتىيانا

بۇ يۇنانچە سۆز بولۇپ، رىمچە «ئەسىلىيسقان»، پارسچە «كوشاد» دەپ ئاتىلىدۇ. ئەندەلۇس ئەجەملىرى «پىش كەشكە» دەپ ئاتايدۇ. بەزىلەر «پىش كەشكە» باشقا ئۆسۈملۈك دەپ بىلىدۇ. ھىندىچە «پەكان بىيد» دەپ ئاتىلىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇنىڭ ئىسمى ئۇنى تۇنجى بولۇپ بايقىغان ياكى ئۇنىڭ بىلەن شىپا تاپقان پادىشاھنىڭ ئىسمى بىلەن ئاتالغان ئىكەن. بۇ پادىشاھنىڭ ئىسمى «جىنتىين» ئىكەن.

ماھىيىتى: ئۇ رىمدىن چىقىدىغىنى ۋە باشقا جايلاردىن چىقىدىغىنىدىن ئىبارەت ئىككى

خىل بولىدۇ. رىمدىن چىقىدىغىنى ئۇنىڭ ھەممە تۇرلىرىدىن ياخشىراق بولۇپ، پارسچە «فىيز» دەپ ئاتىلىدۇ ھەم ئىشلىتىلىدۇ، مەزكۇر ئىسىم يالغۇز ئاتالسا شۇ تۇرى نەزەردە تۇتۇلىدۇ. ئۇ غېرىچ ئۇزۇنلۇقىدىكى بىر خىل يىلتىز بولۇپ، تومۇر، قارامتۇل قىزىلغا مايىل، ئاچچىق بولىدۇ. ئۆسۈملۈكىنىڭ غولى ۋە يىلتىزلىرى بارماق توملۇقىدا، كاۋاك، سىلىق بولىدۇ. ئۆسۈملۈكى ئىككى غۇلاچ ئۇزۇنلۇقىدا، بوغۇملۇق بولىدۇ. يوپۇرمىقى ياڭاق يوپۇرمىقى ياكى پاقىيوپۇرمىقىغا ئوخشايدۇ، ئۇنىڭدىن كىچىكرەك بولۇپ، بىر - بىرىدىن يىراق ئۆسىدۇ. يوپۇرمىقىنىڭ رەڭگى قىزىل، ئوتتۇرى ۋە ئەتراپى چىشلىق بولىدۇ. گۇلى كۆككە مايىل قىزىل ئېچىلىدۇ. مېۋىسى كۇنجۇت غىلاپىغا ئوخشايدىغان كەڭ، چۇرۇك ۋە يەڭگىل غىلاپ ئىچىدە بولىدۇ. تاغلار، سايە يەرلەر ۋە قارلىق نەم يەرلەردە ئۆسىدۇ.

ئۇنىڭ ئىككىنچى خىلى «جەرمەغانى» دەپ ئاتىلىدىغان بولۇپ، يوپۇرمىقى ھۇممازى ئۆسۈملۈكى يوپۇرمىقىغا ئوخشايدۇ. بۇ ئىشلىتىلمەيدۇ.

بېنگالدا يەنە تاتلىق تەملىك بىر خىل جىنتىيانامۇ كۆرۈلدى.

**تەبىئىتى:** ئۇچىنچى دەرىجىنىڭ بېشىدا قۇرۇق ئىسسىق، بەزىلەر ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق دېگەن. ئۇنىڭ قۇۋۋىتى ئۇچ يىلغىچە ساقلىنىدۇ.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** قورۇغۇچى، زىيادە ئۇچۇچانلاشتۇرغۇچى، جۇلا بەرگۇچى، تارقاتقۇچى، تازىلىغۇچى، توسالغۇلارنى ئاچقۇچى، سوغۇقتىن بولغان ئاغرىقلارنى پەسەيتكۇچى، قابىزلىق ۋە تەرياقلىق خۇسۇسىيىتى بىلەن يۇرەكنى زەھەرلەرنىڭ تەسىرىدىن ساقلىغۇچى، سۇيدۇك ھەيدىگۇچى، ھامىلە چۇشۇرگۇچىدۇر. ئىستېمال قىلىنسا مەزكۇر كېسەللىكلەرگە داۋا بولىدۇ. غالجىر ئىت، چايان، زىيانداش ھاشارىتىنىڭ زەھىرى ۋە ئىچىلگەن زەھەرلەرنى قايتۇرىدۇ. جىگەر، تال ئىششىقى، سۇيدۇك تەستە كېلىش، ھەيز تۇتۇلۇشقا پايدا قىلىدۇ. ئالتە گىرامى شاراب بىلەن ئىچىلسە پەيلەرنىڭ تولغىنىپ كېتىشى، جىگەر، تال ئاغرىقى، ئۇلارنىڭ سوغۇقلۇقى ۋە ئىششىقلىرىغا پايدا قىلىدۇ. ئۇنىڭ بەش گىرامى پىلپىل، سۇزاپ ۋە شاراب بىلەن ئىستېمال قىلىنسا زىيانداش ھاشارات چېقىۋېلىش، غالجىر ئىت چىشلىۋېلىشتىن زەھەرلىنىش ۋە باشقىلارغا داۋا بولىدۇ. ئۇنىڭ زەھەر قايتۇرۇش تەسىرى كۇچلۇكرەكتۇر. ئۇسارىسىدىن بەش گىرام ئېلىپ سۇ بىلەن ئىستېمال قىلسا بىقىن ئاغرىقى، ئاشقازان، جىگەرنىڭ سوغۇقتىن بولغان ئاغرىقى، ئۇرۇلۇپ - سوقۇلۇشتىن بولغان ئاغرىقى، مۇسكۇللارنىڭ سۇسلىشى، پۇت - قوللارنىڭ ماغدۇرسىزلىنىشى، پەيلەرنىڭ تولغىنىشى قاتارلىقلارغا پايدا قىلىدۇ. شاراب بىلەن زىمات قىلسا زەھەرلىك ھاشارات چېقىۋېلىش، يامان يارىلار، ئىچكى ئەزالارنىڭ سوغۇقتىن بولغان ئىششىقلىرى، ئۇرۇلۇپ - سوقۇلۇش، ئەزالارنىڭ سۇنۇشى، بوغۇملارنىڭ قوزغىلىشى، ئاشقازان ئاغرىقى قاتارلىقلارغا پايدا قىلىدۇ. سىركە بىلەن ئىشلىتىلسە بەھەقنى يوقىتىدۇ.

خىنە بىلەن مەلھەم قىلىپ ئالىقانغا سۈركىسە ھەيز قېنىنى توختىتىدۇ. كۆزگە سۈركىسە ئىسسىقتىن بولغان ئىششىقنى تارقىتىدۇ. ئۆتكۈر شىيافلارغا قوشۇلسا قارا خەشخاشنىڭ ئورنىنى باسىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن ھەمەلچە قىلىنسا ھامىلە چۈشۈرىدۇ. شۇنداقلا ئۇنىڭ 5.2 گىرامىنى سوقۇپ قايناق سۇ بىلەن ئىستېمال قىلىسىمۇ ھامىلە چۈشۈرىدۇ. رازى: «جىنتىيانا چوڭ دورىلاردىن بولۇپ، زەھەرلەرنى قايتۇرۇش، دورىلارنى كۈچەيتىش، بولۇپمۇ غالجىر ئىت چىشلىگەندىكى زەھەر، ئەفئى يىلىنى زەھىرى، چايان ۋە يىرتقۇچ ھايۋانلارنىڭ زەھىرى ھەم ئىچىلگەن زەھەرلەرنى قايتۇرۇش ئۈچۈن ئىستېمال قىلىنىدۇ» دەيدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** ئىسسىق مىزاجلىقلارنىڭ كۆكرىكىگە زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** ئۇسقۇلۇقەندەرىيۇن.

**ئىستېمال مىقدارى:** بەش گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

**ئورۇنباسارى:** توسالغۇلارنى ئېچىش ۋە ماددىلارنى تارقىتىش ئۈچۈن بىر يېرىم ھەسسە ئاسارۇن، يېرىم ھەسسە كەپە يىلتىزى پوستى، باشقا تەسىرلىرى ئۈچۈن باراۋەر مىقداردا قۇستە، زىراۋەندە، ئېيتىشلارغا قارىغاندا جىنتىيانا جەرمەغانى ئۇنىڭ بەدىلى بولىدىكەن.

ئۇنىڭ يىلتىزىنى سوقۇپ سۇغا بەش كۈنگىچە چىلاپ قويۇپ سۈيىنى سىقىپ ئېلىپ قويۇلغۇچە قاينىتىپ، يەنە پىسەپلىرىنى سۈزۈپ تاكى قاتقۇچە قاينىتىپ تەييارلانغان ئۇسارىسىنىڭ تەسىرى يىلتىزىنىڭ تەسىرىدىن كۈچلۈكرەكتۇر. سۈزاپ بىلەن ئىشلىتىلسە زەھەر قايتۇرۇش تەسىرى تېخىمۇ كۈچلۈك بولىدۇ.

ئۇنىڭ قۇۋۋىتى يەتتە يىلغىچە تۇرىدۇ.

جىنتىيانانىڭ داۋاسى، يېغى، سۇفۇپى، شەربىتى، زىماتى، مەجۇنى قارابادىن كەبىردە بايان قىلىندى.

## پەسىل: «ج» (جىم) ۋە «ۋ» (ۋاۋ) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى

### چوب چىينى
(چىن ياغىچى)

ئۇ «خەشەبۇس سىينىي» (چىن ياغىچى)، «بىيخى چىينىي» (چىن ياغىچى) دەپمۇ ئاتىلىدۇ. يېڭى دورىلاردىندۇر.

ماھىيىتى: بۇ، قىزىلگۈل سۈيى رەڭلىك قىزىل بىر خىل يىلتىز بولۇپ، ئازراق تاتلىق بولىدۇ، بولۇپمۇ ئۇنىڭ ھۆلى تاتلىق بولىدۇ. غېرىچ ئۇزۇنلۇقىدا، ئۇنىڭدىن ئۇزۇن ياكى

قىسقا، مەزمۇت، بىر سىقىم تومۇقتا، بەزىلىرى ئۇنىڭدىن ئىنچىكىرەك، بەزىلىرىنىڭ بوغۇمى ئاز، بەزىلىرىنىڭ بوغۇمى كۆپ، بەزىلىرى تۈز، بەزىلىرى ئەگرى، بەزىلىرى شاخلىق، بەزىلىرى سىلىق، بەزىلىرى يىرىك، بەزىلىرى ئېغىر، بەزىلىرى يەڭگىل، بەزىلىرى قاتتىق، بەزىلىرى يۇمشاق، بەزىلىرى ئاق، بەزىلىرى قارا، پارقىراق بولىدۇ. ئۇنىڭ ياخشىسى ۋە ئىشلىتىلىدىغىنى قىزىلگۈل سۈيى رەڭلىك قىزىل، تاتلىق، پارچىلىرى چوڭ، تۈز، مەزمۇت، بوغۇمسىز ياكى بوغۇمى ئاز، سىلىق، يىپسىز، قاتتىق ـ يۇمشاقلىقى نورمال، شاخسىز، يىرىلمىغان، يېڭى، ئېغىر بولۇپ، سۇغا تاشلانسا چۆكىدىغان، بەك كونىرىمىغانلىرىدۇر. ئۇنىڭ ئاق، يەڭگىل، يۇمشاقلىرى خاملىرىدۇر. قارا، پارقىراق، قاتتىق، يىپلىق بولغانلىرى، ئىچىدە خۇددى يىلىم باردەك بولىدىغانلىرى، شۇنداقلا بوغۇملۇق، ئەگرى، يىپلىق، شاخلىق بولغانلىرى ۋە يىرىلغانلىرىنىڭ ھەممىسى ناچار بولۇپ، قارابادىن كەبىردە بايان قىلىنغان سەۋەبلەردىن ئىشلىتىلمەيدۇ.

ئۇنىڭ ئۆسۈملۈكى پىلەكلىك ئۆسۈملۈكلەردىن بولۇپ يەرگە يېيىلىپ ئۆسىدۇ. شاخلىرى ئىنچىكە، قاتتىق، ياغاچلاشقان بولىدۇ، ئومۇمەن ئۇنىڭ شاخلىرى ھىندىستان ۋە بېنگالدا ئۆسىدىغان قومۇشنىڭ يېڭى نوتىسىغا ئوخشايدۇ. پەقەت ئۇنىڭ يوپۇرمىقى ئىنچىكە، ئۇزۇن بولۇپ، سازەج ھىندىنىڭ يوپۇرمىقىغا ئوخشايدۇ. ئۇنىڭدىن كىچىكرەك بولىدۇ. ئۇ چىن شەھەرلىرىنىڭ تاغلىق رايونلىرى، سۇ، بۇلاق بويلىرى ۋە بېنگالنىڭ شەرقىي شىمال تەرىپىگە جايلاشقان «سەلھەت» دەپ ئاتالغان تاغلىق رايونلاردىمۇ ئۆسىدۇ. ئەمما ناھايىتى ئاجىز، قۇۋۋەتسىز، يىپلىق، بوغۇملۇق، يەڭگىل، يۇمشاق بولىدۇ. بەزىدە چىندىن ئۇنىڭ قىزىل، ئازراق شىلىمشىق، ھۆل، كىچىك يىلتىزى قۇم ۋە توپىغا ئارىلاشقان ھالدا ئېلىپ كېلىنىدۇ، مەسىلەن: ھىجرىيە 1188 ـ يىلى ئۇنىڭ شۇنداق يىلتىزى كەلكەتە شەھىرىگە ئېلىپ كېلىنگەن ئىدى. مۇئەللىپ مۇرشىد ئابادتا ئۇنىڭ يۇقىرىدا ئېيتىلغانىدەك توپا ئارىلاشقىنىدىن مەلۇم مىقداردا قولغا كىرگۈزۈپ بېغىدا تېرىغان ئىدى، ئۆسۈملۈكى خۇددى يۇقىرىدا تەسۋىرلەنگەنىدەك بولغان، يەنى ئۇزۇنلۇقى 3~4 غۇلاچ، يوپۇرماقلىرى كىچىك، سەل ئۇزۇنچاق، بىر ـ بىرىدىن يىراق ئىدى. ھەربىر غولىدا 3~5 كىچە يوپۇرماق ئۆسكەن، ئۇنىڭدىن كۆپ بولمىغان ئىدى. يىلتىزىغا باشقا يىلتىزلار تۆتىشىپ ئۆسكەن ئىدى. بىر يىلدىن كېيىن يىلتىزى كولاپ ئېلىنغان ئىدى. چۆپچىنىدەك سۈپەتلىك ئەمەس ئىدى. ئەمما تاتلىق ئىدى. ئىككىنچى يىلى تېرىلمۇيدى، سۇ بىلەن ھاۋانىڭ ماسلاشماسلىقى ياكى تۇپراقنىڭ ناچارلىقىدىن كۆكەرمىگەن ۋە بۇزۇلۇپ قالغان ئىدى.

**تەبىئىتى**: ھەكىم مىر ئىمادۇددىن مەھمۇد شىرازى بىرىنچى دەرىجىدە ھۆل ئىسسىق دەپ، ئىسسىقلىقىغا جەزم قىلغان، ھۆللۈكىنى تەخمىن قىلغان. ھەكىم مىرزا قازى يەزدىي بىلەن ھەكىم مىر مۇھەممەد ھاشىم تېھرانىي بىرىنچى دەرىجىدە سوغۇق، ئىككىنچى

دەرىجىدە قۇرۇق دەپ بىلگەن. ھەكىم ئەرزانىي دىگەن نام بىلەن مەشھۇر بولغان ھەكىم مۇھەممەد ئەكبەر ئۆزىنىڭ «قادىرىي» دەپ ئاتالغان قارابادىنىدا ئۇنى مۇرەككەپ قۇۋۋەتلەرگە ئىگە دەپ يازغان. ئەمما ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭدا ئارتۇق ھۆللۈكنىڭ بارلىقىنى ئېتىراپ قىلىدۇ. نۇۋۋاب مۆئتەمەدۇل مۇلۇك سەييىد ھەكىم ئەلۋىخانمۇ ئۇنى مۇرەككەپ قۇۋۋەتلەرگە ئىگە، تەركىبلىرى قۇرۇق ئىسسىققا مايىل، ئارتۇق، يات ھۆللۈكى بار دىگەن. ھەرقايسى ھەكىملەرنىڭ دەلىللىرى قارابادىن كەبىردە تەپسىلىي بايان قىلىندى. ھەققە يېقىنراق بولغىنى مۇئەللىپنىڭ تۆۋەندىكى سۆزىدۇركى، ئۇنىڭ ھۆلى ھۆل ئىسسىق، ناھايىتى ئاجىز قۇرۇقلۇقى بار، كونىرىغانسېرى قۇرۇقلۇقى ئاشىدۇ، ھۆللۈكى كېمىيىدۇ. ئۇنىڭ قۇرۇق ئىسسىقلىقىدىن كېلىدىغان تەسىرلىرىمۇ كۈچىيىدۇ.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ماددىلارنى ئۇچۇچانلاشتۇرغۇچى، تۇسالغۇلارنى ئاچقۇچى، تەرلەتكۈچى، خىلىتلارنى سۈيۈلدۈرگۈچى، قان ۋە روھنى ساپلاشتۇرغۇچى، ئۇخلاتقۇچى، يىراق ئەزالار، بەدەننىڭ چوڭقۇر قىسىملىرى ۋە قىل قان تومۇرلارغا سىڭىپ كىرگۈچى، رەئىس ئەزالار، ئاشقازان ۋە باھنى قۇۋۋەتلىگۈچى، سۈيدۈك، ھەيزنى ھەيدىگۈچى، قابىزلىق قۇۋۋىتى بىلەن يات ھۆللۈكلەرنى قۇرۇتقۇچى بولۇپ، پالەچ، رەئشە، ماددىلارنىڭ قېيىپ قېلىشىدىن بولغان تەشەننۇج، سەۋدا خاراكتېرلىك كونا باش ئاغرىقى، باشنىڭ يېرىمى ئاغرىش، كونا نەزلە، زېھنى ئېلىشىش، بىخۇد ئۇيقۇ، تۇرلۇك ساراڭلىق، مالىخولىيا، قۇترىغان ساراڭلىق، جوزام، سىفىلىسقا ئوخشاش سەۋدا ۋە كۆيگەن قاندىن بولغان كېسەللىكلەر، يامان خاراكتېرلىك يامرىغۇچى يارىلار، تاشمىلار، كالا تەمرەتكىسى، قوتۇر، قىچىشقاق، يەللىك يارا، بۆرەك، دوۋساق يارىلىرى، مەقئەت كېسەللىكلىرى، بوۋاسىر، ئاقمىلار، بوۋاسىرلىق ئىچ سۈرۈش، سۈيدۈك تامچىلاش، بالىياتقۇ كېسەللىكلىرى، تۇغماسلىق، چېچەك چىقىش، سۇئۇلقۇنىيە (ئىستىسقانىڭ مۇقەددىمىسى)، سولۇق ئىششىق، قارا يەرقان، قاتتىق تۇگۇنچىلەر، سەۋدادىن بولغان تاشسىمان قاتتىق ئىششىقلار، سەۋدادىن بولغان كونا تەپلەر، ياشانغانلاردىكى جۆدەتكۈچى تەپ، تۆت كۈندە بىر تۇتىدىغان تەپ، راك، قارا بەھەق، قارا بەرەس، داغ، بوغۇم ئاغرىقلىرى، يانپاش ئاغرىقى، ئولتۇرغۇچ نېرۋا ئاغرىقى، دائىرىلىك چاچ چۈشۈش، تېرە قاسراقلىشىش، پىل پۇت كېسىلى، ئەپيۇنكەشلىك، كۆيگەن بۇزۇق خىلىتلارنىڭ زەھىرىنى يوقىتىش، باھ قۇۋۋىتىدىن ئۈمىدسىزلەنگەنلەرنىڭ باھ قۇۋۋىتىنى ئاشۇرۇش، تېرە رەڭگىنى رەڭدار، پارقىراق، سۈزۈك قىلىش، بەدەننى سەمرىتىش ۋە باشقا سەۋدادىن بولغان كېسەللىكلەر ھەم بەلغەمدىن بولغان سوزۇلما خاراكتېرلىك كېسەللىكلەردىن ئىبارەت. قارابادىن كەبىردە بايان قىلىنغان كېسەللىكلەرنىڭ شەرتلىرىگە رىئايە قىلىنغان ئاساستا ئىشلىتىلسە پايدا قىلىدۇ. ئۇ يالغۇز ياكى ھەربىر كېسەللىككە خاس بولغان مۇناسىپ دورىلار بىلەن بىرلىكتە قايىنىتىپ، ئېغىزى ئېتىلگەن

قاچىدا ئەرەق تارتىپ، قەھۋە قىلىپ، چىلاپ، سۇفۇپ، شەربەت، ھالۋا، ئاتىلا، مۇراببا، ياغ، مەلھەم، مەجۇن قىلىپ ياكى باشقا ياسالمىلارنى تەييارلاپ ئىشلەتسە يۇقىرىدىكى كېسەللىكلەرگە پايدا قىلىدۇ. ئومۇمەن ئۇ كۆيگەن سەۋدا ۋە قاندىن بولغان سوزۇلما خاراكتېرلىك كېسەللىكلەرنىڭ ھەممىسىگە شىپا بولىدۇ، سىناقتىن ئۆتكەن. ئۇنىڭ، بولۇپمۇ ئۇنىڭ ھۆلىنىڭ بەلغەمدىن بولغان كېسەللىكلەرگە بولغان تەسىرى بەك چوڭ ئەمەس. قان ۋە باشقا خىلتلارنى تازىلاش ۋە ئۇلارنى پارچىلاش جەھەتتە ئۇنىڭدىن ياخشىراق يەنە بىر دورا يوق.

بەزىلەرنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە، بىر كىشىگە چۆپچىنىنى قايىنتىپ شەرتلىرى بىلەن ئىستېمال قىلدۇرۇلغان ئىدى، ئاخىرىدا قان، سەۋدا ۋە بەلغەمنىڭ كۆپەيگەنلىكى مەلۇم بولدى، پۇت ـ قوللىرى ۋە كۆپ قىسىم ئەزالىرىغا كىچىك دانچىلار چىقتى، ئىچى سۈردى، يۈرىكىنىڭ سوقۇشى قالايمىقانلاشتى. بۇ چاغدا دەسلەپتە ئۇنىڭ ئۇكھەل تومۇرىدىن قان ئېلىندى، ئارىدىن 2~3 كۈن ئۆتكەندىن كېيىن سافىن تومۇرىدىن قان ئېلىندى. بۇ ئىككى قېتىملىق قان ئېلىشتا سەۋدانىڭ قاندىن ئايرىلغانلىقى مەلۇم بولدى، يەنى قان ئالغاندا تومۇر چوڭ يېرىلغان بولۇپ، قان تەرىپى قارا ھالەتتە، يەنە بىر تەرىپى قارامتۇل قىزىل، قويۇق ھالەتتە بىرلىشىپ ئاقتى. قارا قان لېگەنگە ئاققۇزۇۋېتىلدى، خۇددى قارا جىگەرگە ئوخشاش ئۇيۇدى، ئۇنىڭ سۇ ۋە بەلغەم ئارىلاشقان قىسمى لەش يىپچىلىرىغا ئوخشاش قان ئۈستىدە لەيلەپ تۇردى.

**زىيانلىق تەسىرى:** ئىسسىق مىزاجلىقلارغا، ئىسسىق شەھەرلەر ۋە پەسىللەردىكى باللار ۋە ياشلارغا زىيان قىلىدۇ.

ئۇ ئىستېمال قىلىنىۋاتقان مەزگىلدە ۋە ئىستېمال قىلىنىپ بولۇنغاندىن كېيىن بىر مەزگىلگىچە چۈچۈمەل نەرسىلەر، تۇز، سوغۇق سۇ، ھۆل مېۋىلەر، يەل پەيدا قىلغۇچى تۈرلۈك كۆكتاتلار ۋە ئاشلىقلارنى ئىستېمال قىلىشتىن، روھىي ۋە جىسمانىي جەھەتتىن جاپا تارتىش، جىما قىلىش، يۇيۇنۇش، سوغۇق سۇ ئىچىش، بەدەنگە سوغۇق ھاۋا تېگىش قاتارلىقلاردىن پەرھىز قىلىنىدۇ، چۈنكى ئۇلارنىڭ ھەممىسى زىيانلىقتۇر.

**ئىستېمال مىقدارى:** ئۇنىڭ ئىستېمال مىقدارى مىزاج، كېسەللىك، ۋاقىت ۋە باشقىلارنىڭ ئوخشىماسلىقىغا قاراپ پەرقلىنىدىغان بولغاچقا، ئۇنىڭغا مۇئەييەن ئىستېمال مىقدارىنى بەلگىلىگىلى بولمايدۇ. شۇنداقلا ئۇنى ئىستېمال قىلىش ئۇسۇلىمۇ ھەر خىل بولىدۇ. شۇ سەۋەبتىن بۇ يەردە بايان قىلىنمىدى.

**ئورۇنباسارى:** ساسفىراس ئۆسۈملۈكى، بەزى كېسەللىك ماددىلىرىغا تاقابىل تۇرۇش ئۇچۇن فىرانسۇزچە «ئەپلاسەنتۇر» دەپ ئاتىلىدىغان «شەجەرەتۇل بۇننىي» ئۆسۈملۈكى، يەنە

بەزى كېسەللىك ماددىلىرىغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن ئۆشبەئى مەغرىبىييە.

ئۇنىڭ يوپۇرمىقىدىن 2~3 دانە ئېلىپ بۇغا ۋە كېيىك گۆشىگە ئوخشاش گۆشلەر بىلەن بىرلىكتە پىشۇرسا گۆش تېز، يۇمشاق، تەملىك پىشىدۇ.

## چوب چيني ختايى

(ختاي چۆپچىنى)

ئۇ چوڭ ـ كىچىكلىكى بەز ۋە كىچىك شارچىغا ئوخشاش نەرسە بولۇپ، پوستى سەل يىرىك، قارامتۇل ياڭاق پوستى رەڭگىدە، ئىچى گۇلاب ۋە بادام مېغىزى رەڭگىدە، يىپسىز، قۇرۇتۇلغان خېمىرغا ئوخشاش بولىدۇ. ختاي ۋە نېپالنىڭ تاغلىق رايونلىرىدىن ئېلىپ كېلىنىدۇ. ئۇنىڭ ماھىيىتىدىن بەك خەۋىرىمىز يوق، ئېھتىمال بەزى مېۋىلەرگە ئوخشاش مەلۇم دەرەخنىڭ غولىدىن چىقىدىغان ماددا بولۇشى مۇمكىن. ئۇنىڭ چۆپچىنىنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىگە ئوخشايدىغان نۇرغۇن خۇسۇسىيەتلىرى نەقىل قىلىنغان. بەزىلەر ئۇنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىنى چۆپچىنىنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىدىن كۈچلۈك دەپ بىلىدۇ. ئۇنى ئىستېمال قىلىش ئۇسۇلىمۇ چۆپچىنىنىڭ ئىستېمال قىلىش ئۇسۇلىغا ئوخشايدۇ. ئىككى گىرام چۆپچىنىنى 2~3 گىرام ناۋات بىلەن سوقۇپ قىلىپ، ئاز مىقداردىكى قايناق سۇ بىلەن بىرلىكتە 20~40 كۈنگىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ، خۇددى چۆپچىنىنى ئىستېمال قىلغاندا پەرھىز قىلىنغىنىدەك، تۇز، چۈچۈمەل نەرسىلەر، كۆكتاتلار ۋە باشقىلاردىن پەرھىز قىلىنىدۇ. ئۇنىڭغا چۆپچىنىگە مۇئامىلە قىلغاندەك مۇئامىلە قىلىنىدۇ، ئەمما ئۇنىڭدىن ئاجىزراقتۇر.

## چوبى هايات

(ھاياتلىق ياغىچى)

**ماھىيىتى:** ھىندىستاندىن چىقىدىغان بىر خىل دەرەخ بولۇپ، بىنارەس، گورگپور ۋە رەھتاس قاتارلىق جايلاردا ئۆسىدۇ. ناھايىتى چوڭ بولىدۇ. ياغىچىدىن كارىۋات ۋە باشقا ئۇسكۇنىلەر ياسىلىدۇ، رەڭگى توپا رەڭ، خاللىق، قارامتۇل، رەڭسىز بولىدۇ. كونىلىرى رەڭلىكرەك، قاتتىقراق ۋە ياخشىراق بولىدۇ. ھۆل ۋاقتىدا كېسىلسە ئۇد ھىندىغا ئوخشاش ئازراق خۇشبۇي پۇرايدۇ. يوپۇرمىقى ئىنەكپىتى ئۆسۈملۈكىنىڭ يوپۇرمىقىغا ئوخشايدىغان بولۇپ، ئۈچ شاخقا ئايرىلىدۇ. ئىنەكپىتى ئۆسۈملۈكىنىڭ يوپۇرمىقىدىن ئۇزۇنراق، قېلىنراق بولىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** زەھەر قايتۇرغۇچى، قورۇغۇچى قۇۋۋەتتى بار. قۇسۇش ۋە ئىچ سۈرۈش توختىمىغان خولېرا كېسەللىكىگە پايدا قىلىدۇ. ھۆللۈكتىن بولغان ئىچ سۈرۈش ۋە ھۆ بولۇشنى توختىتىدۇ. ئىچكى ئەزالاردىكى يەللەرنى تارقىتىدۇ. ئىچىپ سالغان ئاجىز تەسىرلىك زەھەرلەرنى قايتۇرىدۇ. زىمات قىلىنسا زەھەرلىك ھايۋانلارنىڭ چىشلىۋالغان ۋە زەھەرلىك ھاشارات چېقىۋالغان زەھەرلەرنى قايتۇرىدۇ. ئىششىقلارنى تارقىتىدۇ. ئاغرىقلارنى پەسەيتىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇنىڭ ياغىچىدىن ياسالغان كارىۋاتتا ئۇخلىسا ئۇنىڭ ئەتراپىغا يىلان، چايان، مىڭئاياغقا ئوخشاش زىيانداش ھاشارات يېقىن كەلمەيدىكەن ھەم زەرەر يەتكۈزمەيدىكەن.

## جەۋز
## (ياڭاق)

ئۇ پارسچە «گۇردىگان»، «چەھار مەغز» (تۆت مېغىز)، ھىندىچە «ئەخروت» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** چوڭ بىر خىل دەرەخنىڭ مېۋىسىدىن ئىبارەت. يوپۇرمىقى كەڭ، سەل ئۇزۇنچاق بولىدۇ، ئومۇمەن چوڭ بولىدۇ. مېۋىسىنىڭ ئۈچ پوستى بولىدۇ. ئەڭ سىرتىدىكى پوستى كۆك، قېلىن، ناھايىتى قىرتاق، سەل ئاچچىق بولىدۇ، خام ۋاقتىدا ئازراق يۇمشاق بولىدۇ، قۇرۇغاندىن كېيىن قاتتىقلىشىدۇ. ئۇنىڭ ئاستىدىكى پوستى قاتتىق بولىدۇ، ئىككى پارچىغا ئايرىلغان بولۇپ، تۇتىشىپ تۇرىدۇ. ئۇچى سەل كۆتۈرۈلۈپ چىققان بولىدۇ. ئۇنىڭ ئاستىدا مېغىزى بار بولۇپ، ئۇستىنى نېپىز پوستى ئوراپ تۇرىدۇ. مېغىزى ئاق، ناھايىتى مايلىق بولۇپ پىستە ۋە چىلغوزا مېغىزىغا ئوخشايدۇ. تۆت بۆلەككە بۆلۈنگەن بولۇپ، ئىككى بۆلىكى بىر ــ بىرىدىن بەكرەك ئاجرىغان، قالغان ئىككى بۆلىكى بىر ــ بىرىدىن بوشراق ئاجرىغان بولىدۇ. ئارىسىدا چۈرۈك، سەل قاتتىق، ياغاچلاشقان پەردە بولىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە ئىسسىق، بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇق. ئارتۇق ھۆللۈكى بار. ھۆلىنىڭ ئىسسىقلىقى ۋە قۇرۇقلۇقى ئازراق، ئارتۇق ھۆللۈكى كۆپرەكتۇر. قۇرۇغانسېرى قۇرۇقلۇقى ۋە ئىسسىقلىقى ئېشىپ، ھۆللۈكى كېمىيىدۇ.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ناھايىتى ئۇچۇچاندۇر. تەرەتنى بوشىتىدۇ، ماددىلارنى تارقىتىدۇ، باھنى قۇۋۋەتلەيدۇ، خام كېكىرىشنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ، رەئىس ئەزالارنى، بولۇپمۇ مېڭە ۋە ئىچكى سەزگۈ ئەزالارنى قۇۋۋەتلەيدۇ. بولۇپمۇ ئۇرۇقىدىن ئايرىلغان قۇرۇق ئۇزۇم ۋە ئەنجۈر بىلەن ئىستېمال قىلسا تېخىمۇ ياخشى قۇۋۋەتلەيدۇ. ياشانغانلارنىڭ ئىستېمال قىلىشىغا ناھايىتى مۇۋاپىق كېلىدۇ. 50 گىرام ياڭاقنى ئەنجۈر بىلەن سوقۇپ ئىستېمال قىلسا تەرەتنى بوشىتىدۇ، سىناقتىن ئۆتكەن. ناشتىدا يالغۇز ئىستېمال قىلسا قەينى

ئاسانلاشتۇرىدۇ. پوستى بىلەن قوروۇپ ئىستېمال قىلسا سوغۇق ھاۋانىڭ تەسىرىدىن پەيدا بولغان يۆتەلنى پەسەيتىدۇ. ئەنزىرۇت بىلەن ئىستېمال قىلسا ئەنزىرۇتنىڭ زەرەرىنى يوقىتىدۇ. ئاشقازاندىكى مەددە قۇرتىنى چۈشۈرىدۇ، تەسىرى تەڭداشسىزدۇر. بالادۇر بىلەن ئىستېمال قىلسا بالادۇرنىڭ زەرەرىنى يوقىتىدۇ. زەھەردىن ئاۋۋال ياكى كېيىن ئەنجۇر ۋە سۇزاپ بىلەن ئىستېمال قىلسا زەھەر قايتۇرىدۇ. ئۇنىڭ پوستى بىلەن كۆيدۈرۈلگىنىدىن بەش گىرام ئېلىپ ھەببۇلئاس قىيامى بىلەن ئىستېمال قىلسا بوۋاسىرنىڭ قېنىنى توختىتىدۇ، سىناقتىن ئۆتكەن. مېغىزىنى ئىستېمال قىلسا قورساق ئاغرىقىغا مەنپەئەت قىلىدۇ. يارىلارنى ئىسلاھ قىلىدۇ. شۇنداقلا زىمات قىلسىمۇ شۇ تەسىرنى بېرىدۇ. كۆزگە سۈركىسە قاپاق قوتۇرى، بىرىكتۇرگۈچى پەردە ياللۇغى، ياشانغىراشلارغا پايدا قىلىدۇ. مېغىزىنى كۆيدۈرۈپ شاراب بىلەن ھەمەلچە قىلسا ھەيز ماڭدۇرىدۇ. ھەسەل، پىياز ۋە تۇز بىلەن زىمات قىلسا غالجىر ئىت چىشلىۋالغاندىكى زەھەرنى قايتۇرىدۇ. زىرەئى كىرمانىي بىلەن سالايە قىلىپ ھەسەل بىلەن يۇغۇرۇپ مۇنچىدا، ئاپتاپتا، ئىسسىق ئۆيدە ياكى ئىسسىق كۆرپە ئۈستىدە پالەچ، لەقۋاغا گىرىپتار بولغان بىمارلارنىڭ بەدىنىنىڭ قارشى تەرىپىگە، سوغۇقتىن بولغان بوغۇم ئاغرىقلىرىغا سۈركىسە، بەلغەمدىن بولغان كونا تەپلەرگە ئىشلىتىپ قېلىن يوتقانغا ئورىلىپ تەرلىتىپ بەدەننى سوغۇق ھاۋادىن ساقلىسا، سوغۇق سۇ ئىچىشتىن پەرھىز قىلسا، ئىككى قېتىم سۈركەش بىلەن كېسەللىك ساقىيىدۇ. ئەگەر مەزكۇر مەلھەمنى ئىسسىق مۇنچىدا يالىڭاچلىنىپ باش ۋە بەدەنگە سۈركەپ، تەرلىگۈچە سەۋر قىلسا، ئۇنىڭدىن كېيىن بەدەننى سۈرتىۋېتىپ سوغۇق ھاۋادىن ساقلانسا ياخشى پايدا قىلىدۇ. ھۆل ياڭاقنى يەرلىك ئورۇنغا زىمات قىلسا ئۇرۇلۇپ - سوقۇلۇشتىن پەيدا بولغان زەخىمگە مەنپەئەت قىلىدۇ. ھۆل ياڭاقنى يەرلىك ئورۇنغا سۈركەپ بەرسە داغ يوقىتىدۇ، يۈز تەشەننۇجىغا شىپا بولىدۇ. ناشتىدا چايناپ يەرلىك ئورۇنغا سۈركەپ بەرسە بالىلاردىكى كالا تەمرەتكىسى، سەۋدادىن بولغان يارىلانغان ئىششىققا پايدا قىلىدۇ. كونا ياڭاق مېغىزىنى ناشتىدا چايناپ، يەرلىك ئورۇنغا چېپىپ بەرسە ياش بېزى ئاقمىسى، سەۋدادىن بولغان ئىششىق، كۆيدۈرگە، بالىلار كالا تەمرەتكىسى، پەيلەرنىڭ تولغىشىپ كېتىشى، پەيلەرنىڭ سوزۇلۇشى، پۇت پەيلىرىنىڭ سوغۇقتىن تارتىشىۋېلىشى، دائىرىلىك چاچ چۈشۈش، ئەمچەك ئىششىقى قاتارلىقلارغا پايدا قىلىدۇ. كونا ياڭاق مېغىزىنى كۆيدۈرۈپ زۇپتى بىلەن مەلھەم قىلىپ چېپىپ بەرسە يارىلارغا پايدا قىلىدۇ. ياڭاق مېغىزى ئۇچۇچانلىقى، مايلىقلىقى سەۋەبىدىن تېز بۇزۇلىدۇ، سەپرا خىلىتىغا تېز ئۆزگىرىدۇ. كۆپ ئىستېمال قىلسا قاپاق ئۇرۇقىسىمان مەددىنى چۈشۈرىدۇ.

كۆپ ئىستېمال قىلسا بادامبەزنى ئىششىتىدۇ، ئېغىزغا مۇدۇر ئۆرلىتىدۇ، بولۇپمۇ ئىسسىق مىزاجلىقلار كۆپ ئىستېمال قىلسا تېخىمۇ شۇنداق بولىدۇ.

تۈزەتكۈچىسى: ياڭاق يېگەندىن كېيىن ئېغىزنى چايقىۋېتىش، سىركەنجۇۋىل ئىچىش. ئازراق خەشخاش بىلەن ئىستېمال قىلسىمۇ ئۇنىڭ زەرەرىنى تۈزىتىدۇ.

ياڭاقنىڭ سۈپىتى ئۆزگەرگىنى ۋە بۇزۇلغىنى ناھايىتى ناچار بولۇپ، مەلۇم دەرىجىدە زەھەرلىكى بار، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنى ئىستېمال قىلىشقا بولمايدۇ. ئۇنىڭدىن زەھەرلەنگەندە قۇتقۇزۇش ئۈچۈن قەي قىلدۇرۇش، چۈچۈمەل نەرسىلەرنى ئىستېمال قىلدۇرۇش لازىم.

ياڭاق ھەسەل بىلەن قىلىنغان ياڭاق مۇرابباسى بۆرەكنى قۇۋۋەتلەيدۇ، باھنى قوزغايدۇ، تەرەتنى بوشىتىدۇ، قارىغۇ ئۈچەينى (سوقۇر ئۈچەينى) قۇۋۋەتلەيدۇ. ياڭاقنىڭ سىركىگە چىلانغىنى ئاشقازاننى ئاجىز كىشىلەرگە پايدا قىلىدۇ.

ياڭاق يېلىمىنى يامان يارىلارغا سېپىپ بەرسە ياخشى پايدا قىلىدۇ. چىشقا باسسا چىشنى ئاغرىتىدۇ. مەلھەملەرگە قوشۇپ ئىشلەتسە يامان يارىلارغا پايدا قىلىدۇ. ياڭاقنىڭ تاشقى پوستىنىڭ ئۇسارىسىنى ئانار قىيامى بىلەن قاتتىقۇچە قاينىتىپ يەرلىك ئورۇنغا سۈركەپ بەرسە يۇتۇش مۇسكۇللىرىغا پايدا قىلىدۇ. ياڭاق پوتلىسىنىڭ قايناتمىسى بىلەن غار ـ غار قىلسا چىش مىلىكى ئىششىقلىرىنى تارقىتىدۇ. چىشلارنى چىڭىتىدۇ. شاكىلىنى تالقانلاپ يەرلىك ئورۇنغا سېپىپ بەرسە يارىلارنى قۇرۇتىدۇ. شاكىلىنى سوقۇپ سالايە قىلىپ ئۈچ كۈن ئىستېمال قىلسا قان توختىتىدۇ، ئىستىرخا سەۋەبىدىن سۈيدۈكنىڭ تامچىلىشىغا پايدا قىلىدۇ. ياڭاقنى شاراب بىلەن ھەمەلچە قىلسا بالىياتقۇ يارىسىغا مەنپەئەت قىلىدۇ. يىلتىزىنىڭ پوستىدىن 15~30 گىرامغىچە ئېلىپ قاينىتىپ غىزادىن كېيىن سۈيىنى ئىچىپ بەرسە قۇستۇرۇپ شىلىمشىق خىلىتلارنى چىقىرىدۇ. مەقئەتنىڭ، بولۇپمۇ قورساق ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ. ياڭاقنىڭ سىرتقى پوستىنى ھۆل ۋاقتىدا سوقۇپ ئۈستىگە سالايە قىلىنغان تۆمۈر پوقىنى سېپىپ ھەر كۈنى ئارىلاشتۇرۇپ ياخشى ئۆزلەشتۈرسە ناھايىتى ياخشى بوياق بولىدىغان بولۇپ، رەڭگى ئۆچمەيدۇ. شۇنداقلا ئۇنىڭ تاشقى پوستىنى ھۆل ۋاقتىدا سوقۇپ تۆمۈر پوقى ۋە سىركە بىلەن قاينىتىپ بىر ھەپتىگىچە ئاپتاپتا قويۇپ، ھەر كۈنى ئارىلاشتۇرۇپ بەرسە دەسلەپتىكىسىدىنمۇ ياخشىراق بوياق بولىدۇ. ياڭاقنىڭ كۆك پوستىنى سۈرسە كالا تەمرەتكىسى، تازغا پايدا قىلىدۇ. يېڭى كۆك پوستىنى چىشلارغا سۈركىسە چىش مىلىكىنى چىڭىتىدۇ. يىلتىزىنىڭ ھۆل پوستىنى چىشقا كۈندە بەش قېتىم سۈركىسە مېڭىدىكى خىلىتلارنى تازىلايدۇ، ئۇنتۇغاقلىققا پايدا قىلىدۇ. يىلتىزىنىڭ پوستىنى زەيتۇن يېغى بىلەن يۇمشاق پىشقۇچە قاينىتىپ زىمات قىلسا بوۋاسىر ۋە مەقئەت كېسەللىكلىرىگە ناھايىتى ياخشى پايدا قىلىدۇ. يوپۇرمىقىنىڭ سۈيىنى قۇلاققا ئىسسىق ھالەتتە تېمىتسا قۇلاق كىرىنى تازىلايدۇ. ياڭاق كۆك پوستىنىڭ قىيامىنى ھەسەل بىلەن ياكى ئۈزۈم قىيامى بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ ئىشلەتسە بوغما، ئېغىز مۇدۇرلىرى، چىش مىلىكى قاناش، چىش بوشاش، چىش مىلىكى بۇزۇلۇشلارغا ناھايىتى ياخشى پايدا قىلىدۇ. ياڭاقنىڭ

ھۆل پوستىنى خېنە يوپۇرمىقى بىلەن مەلھەم قىلىسا نەزلە، كونا باش ئاغرىقى، باشنىڭ يېرىمى ئاغرىش، پالەچ، نۇقرەس قاتارلىق سوغۇقتىن بولغان ئاغرىقلارغا پايدا قىلىدۇ. شاكىلىنىڭ ئېكەكدەلمىسىنى سىركە بىلەن مەلھەم قىلىسا رەڭگىروينى قىزارتىدۇ، سىناقتىن ئۆتكەن. زۇپتى بىلەن مەلھەم قىلىسا ئەزالارنى چىڭىتىدۇ. ئۇنىڭ تاشقى پوستىنى زەيتۇن يېغىغا بىرنەچچە كۈن چىلاپ قويۇپ بەدەنگە سۈركىسە بەدەندە پىت پەيدا بولۇشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ، سىناقتىن ئۆتكەن دەپ قارىلىدۇ. ياڭاقنى ئىستېمال قىلىسا تالغا پايدا قىلىدىغان بولۇپ، سىناقتىن ئۆتكەن دەپ قارىلىدۇ. ساق ياڭاق تەمى ئۆزگەرگەن ياغ، تەمى ئۆزگەرگەن ھەرقانداق تائام بىلەن قايىنتىلسا غەيرىي تەمنى يوقىتىدۇ.

ئېيتىشلارغا قارىغاندا ئۇنىڭ شۇنداق خاسىيىتى بار ئىكەنكى، ئۇنىڭ مېغىزى مىس بىلەن سوقۇلسا ياكى مىسقا سۈركەلسە مىسنى پارچىلاپ ئۇششاق قىلىدىكەن.

ئېيتىشلارغا قارىغاندا كۆز پەسلىدە موزىنى زەيتۇن يېغى بىلەن تاكى ياغ قارىدىغۇچە قايىنتىپ پىسەپلىرىنى سۈزۈۋېتىپ يېغىنى شىشە قاچىغا قاچىلاپ، ياڭاق دەرىخىنىڭ يىلتىزىنى كولاپ، ئۇنىڭ كىچىك يىلتىزى دەرىخىدىن مەلۇم ئۇزۇنلۇقتا قالدۇرۇپ كېسىۋېتىپ، قالغان قىسمىنى شېشىگە ياغقا چۆكۈشكىدەك، تېگىگە يەتمىگۈدەك دەرىجىدە سېلىپ، قۇتىنىڭ ئېغىزىنىڭ ئەتراپلىرىنى مەھكەم ئېتىپ تۇپىغا كۆمۈپ، مەلۇم مۇددەت ئۆتكۈزۈپ، ياڭاق مېۋە بەرگەندە شېشە قۇتىنى كولاپ چىقسا ئىچىگە يىغىلغان قارا مايدەك سۇيۇقلۇق ناھايىتى ياخشى بوياقتا ئۆزگىرىدۇ، رەڭگى ئۇزاق مۇددەتكىچە ئۆڭمەيدۇ. ئۇنى چاچقا ئالاھىدە سۈركەش ھاجەتسىز بولۇپ، پەقەت تارغاقتا سۈركەپ چاچنى تارىسىلا كۇپايە قىلىدۇ. چاچ ئۆسۈشتىن بۇرۇن مۇنچىدا ئۇنى ئۇرۇقدانغا سۈركىسە چاچ ئاقىرىشنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. ھەكىم كەنەدى ئۇنى سىناقتىن ئۆتكەن دەپ قارايدۇ.

ياڭاق دەرىخىنىڭ خاسىيەتلىرىنىڭ بىرى شۇكى، ئۇنىڭ سايىسىدا ئۇخلىسا بەدەننى ئورۇقلىتىدۇ. ئويغانغاندىن كېيىن ئەقلى ۋە سەزگۈلىرىنىڭ سەزگۈرلۈكى ئاجىزلايدۇ.

ئۇنىڭ مېغىزىنىڭ نېپىز پوستىنى ئاجرىتىشقا توغرا كەلسە ئۇنىڭ مېغىزىنى ئۇن بىلەن قورۇپ، قول بىلەن ئۇۋۇلىسا پوستى ئاسان ئاجرايدۇ.

ئۇنىڭ يېغىنىڭ خۇسۇسىيىتى ئۇنىڭ كونا مېغىزىنىڭ يېغىنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى بىلەن ئوخشاش بولۇپ، ماددىلارنى تارقاتقۇچى، ئەزالارنى قىزىتقۇچىدۇر. ئۇنىڭدىن كۈندە 10 مىللىلىتىردىن تاكى بىر ھەپتىگىچە ئىستېمال قىلىسا يانپاش ئاغرىقىغا پايدا قىلىدۇ، سىناقتىن ئۆتكەن. يەنە ئۇ سوغۇقتىن بولغان كېسەللىكلەر ۋە سوغۇق مىزاجلىقلارغا پايدا قىلىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن مايلانسا يەللىك يارا ۋە كۆز ئاقمىسىغا پايدا قىلىدۇ. پەيلەرنى يۇمشىتىدۇ. سوغۇقتىن بولغان ئاغرىقلارنى پەسەيتىدۇ. كالا تەمرەتكىسى، دائىرىلىك چاچ چۈشۈشكە مەنپەئەت قىلىدۇ، بەدەندە پىت پەيدا بولۇشنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. بۇرۇنغا

تېمىتىلسا لەقۋا، پالەچ ۋە تەشەننۇجقا پايدا قىلىدۇ.

**ئورۇنباسارى:** باراۋەر مىقداردا ھەببەتۇلخۇزرا. يېغىنىڭ ئورۇنباسارى سۇزاپ يېغى.

## جەۋزابە
(ئۇماچ)

ئۇ تۈركچە «ئۇماج» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيتى:** بىر خىل تائام بولۇپ، بۇغداي ئۇنى ۋە باشقا كۆكتاتلار بىلەن تەييارلىنىدۇ.

**تەبىئتى:** ھۆل ئىسسىق بولۇپ، قوشۇلغان كۆكتاتلارغا قاراپ ھەر خىل بولىدۇ.

**خۇسۇسىيتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** تەرەتنى بوشاتقۇچى، كۆكرەك، ئۆپكە كېسەللىكلىرىگە مۇۋاپىق كەلگۈچىدۇر. ئوزۇقلۇقى ئاز، قورساقنى ئەسكۈچىدۇر.

**زىيانلىق تەسرى:** يەللىك كىشىلەر ۋە ئاشقازىنىدا ھۆللۈك بار كىشىلەرگە زىيان قىلىدۇ.

## جەۋزى ئەرقەم
(بۇلىماچ ياڭاق)

**ماھىيتى:** ئۇ بىر خىل ئۆسۈملۈكنىڭ يىلتىزى بولۇپ، ياڭاق چوڭلۇقىدا يۇمىلاق، رەڭگى ئاق، ياغاچلاشقان بولىدۇ، ئاسان سۇنىدۇ، تەمى شاھبەللۇت ۋە باقىللاغا ئوخشايدۇ. تەمى سەل ئۆتكۈر بولىدۇ. قۇرۇغاندىن كېيىن ئۈستىدە نېپىز قارا پوستى پەيدا بولىدىغان بولۇپ، ئاسان ئاجرايدۇ. ئۆسۈملۈكىنىڭ غولى ئىنچىكە، يۇمىلاق بولۇپ، غولاچتىن ئېگىزرەك، يىرىك، توپا رەڭ، كاۋاك، يۇمىلاق بولىدۇ. گۈلى ئاق بولۇپ، سېرىقچىچەكنىڭ غوزىكىگە ئوخشايدۇ. ئۇرۇقى ناھايىتى ئۇششاق، تەمى ئۆتكۈر بولىدۇ. يوپۇرمىقى سەۋزە يوپۇرمىقىغا ئوخشايدۇ. ئېتىزلىقلار ۋە تاغلاردا ئۆسىدۇ. ياز ئوتتۇرىسىدا يېتىشىدۇ. قۇۋۋىتى ئۈچ يىلغىچە تۇرىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن ئاجىزلىششقا باشلايدۇ. ياخشىسى ئېغىر، گۆشلۈك، يېڭى بولغانلىرىدۇر.

**تەبىئتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق. ئۈچىنچى دەرىجىنىڭ ئاخىرىدا قۇرۇق ئىسسىقمۇ دېيىلگەن.

**خۇسۇسىيتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** مەست قىلغۇچى، ئەزالارنى سېزىمسىزلاندۇرغۇچى، ئەزالاردىكى تاشلارنى پارچىلىغۇچى، ئاشقازاندىكى مەددە قۇرتنى چۈشۈرگۈچىدۇر. بولۇپمۇ سۇ بىلەن قايىنىتىپ ئىچسە ئۇنۇمى تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ. ئۇنىڭدىن يېقىلغان ئان ناھايىتى ئۇخلىتىدۇ. ئۇنىڭ زىماتى پاچاق ۋە باشقا ئەزالارنىڭ بەلغەمدىن بولغان ئىششىقلىرىنى تارقىتىدۇ، سىناقتىن ئۆتكەن بولۇپ، بىر كېچىدىلا ئىششىقنى تارقىتىدۇ دەپ قارىلىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** 1.5 گىرامدىن ئىستېمال قىلىنىدۇ.
**تۈزەتكۈچىسى:** ئەزالارنى سېزىمسىزلاندۇرۇشنى ئىسلاھ قىلىش ئۈچۈن يېڭى سېغىلغان سۈتتۇر.

كۆپ ئىستېمال قىلىنسا، يەنى ئالتە گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنسا كىشىنى زەھەرلەپ قاتتىق قۇستۇرىدۇ، ئىچىنى سۈرىدۇ، ئەزالىرىنى بوشىتىپ ھالاك قىلىدۇ.
**تۈزەتكۈچىسى:** زەھەرلەنگۈچىنىڭ پۇت ـ قوللىرىغا سوغۇق سۇ تۆكۈلىدۇ. ھۆل سوغۇق نەرسىلەر پۈرىتىلىدۇ. يۈرىكىگە ھۆل سوغۇق نەرسىلەر چېپىلىدۇ. سوغۇق سۇ ئىچۈرۈلىدۇ، ئۇد ۋە ئاددىي بېھى شەربىتى ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ.

## جەۋز بەۋۋا
(جويۇز)

ئۇ پارسچە «جەۋز بويا» (ياڭاق پۇرىغۇچى) دېگەن سۆزدىن ئەرەبچىلەشتۈرۈلگەندۇر. ھىندىچە «جايپەھل» دېيىلىدۇ.
**ماھىيىتى:** ئۇ بىر خىل دەرەخنىڭ مېۋىسىدىن ئىبارەت. ئۇنىڭ دەرىخى «جاۋە» دەپ ئاتىلىدىغان، فىرانسۇزچە «ئاياۋا» دېيىلىدىغان زىرباد ئاراللىرىنىڭ بىرىدە ئۆسىدۇ. بۇ ئارالنىڭ پورتى «بەتاۋى» دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ پورت خىرىستىيانلارنىڭ بىر قىسمى بولغان گوللاندىيە خەلقىنىڭ ئىگىلىكىدە بولۇپ، ئۇلار ئۇنى كېمىلەرگە قاچىلاپ ئەتراپلارغا ئېلىپ بېرىپ ساتىدۇ. ئاڭلاشلارغا قارىغاندا ئۇ يەنە دۇكەن شەھىرىدىمۇ كۆپ بولىدىكەن. ئۇ يەردە چۆللەر بار بولۇپ، ئۇنىڭدا سەندەل دەرىخىمۇ ئۆسىدىكەن. شۇ مەزگىللەردە خىرىستىيانلارنىڭ بىر تۈرى بولغان ئىنگلىزلار جويۇزنىڭ يەنە بىر تۈرىنى بايقىغان، ئۇ ئۈزۈنچاق، ئومۇمەن بەللۇتقا ئوخشايدىغان بولۇپ، بەللۇتنىڭ غىلاپىغا ئوخشاش غىلاپ ئىچىدە ئىكەن. غىلاپى ئۇنىڭ غىلاپىدىن قاتتىقراق بولىدىكەن. مېغىزى تونۇشلۇق، جويۇزنىڭ مېغىزىدىن سەل يۇمشاقراق، نازۇكراق، مايسىزراق، پۇرىقى ۋە قۇۋۋىتى ئاجىزراق ئىكەن.

جويۇزنىڭ دەرىخى ياڭاق چوڭلۇقىدا، ئۇنىڭدىن كىچىكرەك، يوپۇرمىقى ئومۇمەن ياڭاق يوپۇرمىقىغا ئوخشاش، ئۇنىڭدىن كىچىكرەك، ئىنچىكىرەكتۇر. مېۋىسى ياڭاق چوڭلۇقىدا، ئۇنىڭدىن كىچىكرەك بولىدۇ، سىرتىدا كۆك رەڭلىك خام پوستى بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۈچ خىل پوستى بولىدۇ، بىرىنچى پوستى سىرتقى پوستى بولۇپ، خام ۋاقتىدا كۆك، يۇمشاق، يېپىسىز، گۆشلۈك بولىدۇ. بارماق توملۇقىدا قېلىن بولۇپ، بەزىدە ئۇنىڭدىن مۇرابىا تەييارلىنىپ ئېلىپ كېلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئاستىدا يەنە قاتتىق، ئازراق سەدەپلەشكەن پوستى بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە بەسباسە ئورالغان بولىدۇ. ئۇنىڭ ئىچىدىن پىندۇق

چوڭلۇقىدا، سەل ئۇزۇنچاق، پىندۇقتىن چوڭراق بولغان جويۇز چىقىدۇ. ئۇنىڭ ياخشىسى يېڭى، قۇرت يېمىگەن، ئېغىر، تەمى ۋە پۇرىقى ئۆتكۈر، رەڭگى قىزىل بولغانلىرىدۇر. قۇۋۋىتى ئۈچ يىلغىچە ساقلىنىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىنىڭ ئاخىرىدا ئىسسىق، ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق، قابىزلىق قۇۋۋىتى، ئارتۇق ھۆللۈكى بار. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنى قۇرت تېز يەيدۇ.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** خۇرسەن قىلغۇچى، ماددىلارنى ئۈچۈچانلاشتۇرغۇچى، مەست قىلغۇچى، تەبىئىي ھارارەتنى ساقلىغۇچى، تائامنىڭ ھەزىم بولۇشىنى ئىلگىرى سۈرگۈچى، ئاشقازان، ئاشقازان ئېغىزى، قىزىلئۆڭگەچ، جىگەرنى، سوغۇق مىزاجلىقلاردا باھنى قۇۋۋەتلىگۈچى بولۇپ، جىگەر، تال قېتىش ۋە ئۇلارنىڭ سوغۇقتىن بولغان ئىششىقلىرى، يەرقان، ئېغىز، تەر، سۈيدۈكنى خۇش پۇراق قىلىش، يەل تارقىتىش، داغ، سەپكۈن يوقىتىش؛ كۆڭۈل ئاينىش، قۇسۇش، ئاشقازاننىڭ ھۆللۈكى ئېشىپ كېتىش، ھۆل سوغۇقتىن بولغان ئاشقازان مەنبەلىك ئىچ سۈرۈش، ئاشقازاندىكى بۇزۇق ھۆللۈكلەرنى يوقىتىش، سۇلۇق ئىششىق، سۈيدۈك تۇتۇلۇش قاتارلىقلارغا ئىچىدىن ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ. قورۇلغىنى ھۆللۈكتىن بولغان ئىچ سۈرۈشنى توختىتىدۇ. زىمات قىلىنسا سوغۇقتىن بولغان باش ئاغرىقى، پالەچ، لەقۋا، ئىستىرخا، جىگەرنىڭ سوغۇقتىن بولغان ئىششىقلىرى، جىگەرنىڭ ھۆل سوغۇقتىن بولغان ئاغرىقلىرى، چۆپچىنىنى ئىستېمال قىلىشتىن پەيدا بولغان ئەزالار ئاجىزلىقى ۋە ئاغرىشىغا پايدا قىلىدۇ. ئەپسەنتىن، ھەسەل بىلەن زىمات قىلىنسا داغ، سەپكۈن، ئۇرۇلۇپ ـ سوقۇلۇشتىن پەيدا بولغان ئىزلارنى يوقىتىدۇ. ياغلار بىلەن تېمىتىلسا قۇلاقنىڭ كىرىنى تازىلايدۇ. سوغۇقتىن بولغان ئاغرىقلارنى پەسەيتىدۇ. كۆزگە سۈركەلسە كۆرۈش قۇۋۋىتىنى ئاشۇرىدۇ. بىرىكتۈرگۈچى پەردە ياللۇغى، قوتۇرغا پايدا قىلىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** (1) ئىسسىق مىزاجلىقلارغا زىيان قىلىدۇ، باشنى ئاغرىتىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** يۇمغاقسۈت.

(2) جىگەر، ئۆپكىگە زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** بىنەپشە، ھەسەل.

**ئىستېمال مىقدارى:** 10 گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

كۆپ ئىستېمال قىلىنسا كىشىنى بەتقىلىق، ئەخمەق قىلىپ قويىدۇ.

**ئورۇنباسارى:** باراۋەر مىقداردا بەسباسە، قاتتىق ئىششىقلارنى ياندۇرۇش ئۈچۈن بىر يېرىم ھەسسە سۇمبۇل.

ئۇنىڭ يېغى، ئەتىرىنىڭ يۇقىرىدىكى ھەممە تەسىرلىرى ئۇنىڭ ئۆزىدىن كۆپ كۈچلۈكتۇر. ئۇنىڭ مۇرابباسىنىڭ تەسىرى ئاجىزراقتۇر. ئۇنىڭ سىركىگە چىلانغىنىنىڭ تەسىرى ھەممىدىن ئاجىزدۇر.

جويۇزنىڭ جاۋارىشى، ھەببى، يېغى، سۇفۇپى قاتارلىق ئۇسۇللىرىنى قارابادىندا بايان قىلىنىدى.
ئۇنى قۇرت يېيىشتىن ساقلاش ئۈچۈن قوغۇشۇننىڭ ئارىسىدا ساقلىنىدۇ.

## جەۋز جەندۇم

بۇ سۆز پارسچە «گەۋز گەندۇم» دېگەن سۆزدىن ئەرەبچىلەشتۈرۈلگەندۇر. پارسچە «گۇلى گەندۇم» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئەرەبلەردە «نەئىيجۇل ھەبەشە»، «شەھمۇل ئەرز» (يەر يېغى) دېگەن نام بىلەن مەشھۇردۇر. رىققە خەلقى ئارىسىدا «خەرئۇل ھەمام» (كەپتەر مايىقى) دېگەن نام بىلەن مەشھۇردۇر. ئەندەلۇس خەلقى ئارىسىدا «تۇربەتۇل ئەسەل» (ھەسەل توپىسى) دېگەن نام بىلەم مەشھۇردۇر.

**ماھىيتى:** ئۇ ياڭاق مېغىزىغا ئوخشاش بىر خىل نەرسە بولۇپ، تاش ئۈستىدە ھاسىل بولىدۇ. رەڭگى سېرىققا مايىل ئاق بولىدۇ. ئەنتاكىي بىلەن مالىقى (مەشھۇر تېۋىپ) نوقۇت دانلىرى چوڭلۇقىدىكى سېرىققا مايىل ماددا بولۇپ، قۇملۇقلاردىكى تاش ئۈستىدە پەيدا بولىدۇ دەپ يازغان. ئەنتاكىي: «مەن ئۇنى ئۇچۇچان توپراق ئارىلاشقان سۇيۇقلۇق دەپ ئويلايمەن» دەپ يازغان. ھەسەلگە تاشلانسا تېز ئېرىپ ئاز ھەسەلنىمۇ كۆپەيتىدۇ، ھەسەلنى قويۇلدۇرىدۇ. مىقدارىنى شۇنچىلىك دەرىجىدە كۆپەيتىدۇكى، 30 گىرامى 450 گىرام بولىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئۈچىنچى دەرىجىنىڭ بېشىدا قۇرۇق ئىسسىق، ئارتۇق ھۆللۈكى بار. بەزىلەر بىرىنچى دەرىجىنىڭ بېشىدا ئىسسىق، بەزىلەر ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق دېگەن.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** باھنى ناھايىتى قۇۋۋەتلىگۈچى، باھنى قوزغاتقۇچى، سەمرىتكۈچى، لاي ۋە ئۇنىڭغا ئوخشاش غەيرىي نەرسىلەرنى يېيىش ئىشتىھاسىغا ئوخشاش ناچار خاھىشلارنى يوقىتىدۇ. ئەزالاردىكى تاشلارنى پارچىلاپ چۈشۈرىدۇ. سۈيدۈكنى راۋانلاشتۇرىدۇ. ئالما سۈيى بىلەن ئىشلىتىلسە قان توختىتىدۇ. زىمات قىلىنسا قاناش، كالا تەمرەتكىسى، تازغا پايدا قىلىدۇ. كۆڭۈلنى ئاينىتىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** قۇستۇرىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** رىباس، ئانار.

**ئىستېمال مىقدارى:** ئالتە گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

ئۇنىڭدىن 500 گىرام ئېلىپ بەش كىلوگىرام ھەسەل، 15 لىتىر سۇ بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ، تولۇق ئۆزلەشتۈرۈلگەندىن كېيىن ئېغىزى ئېتىپ قويۇلسا تېز مەست قىلىدىغان شارابقا ئايلىنىدۇ، ھەتتا شارابتىنمۇ كۈچلۈكرەك بولىدۇ.

باغدادىينىڭ يېزىشىچە، جەۋزجەندۇمنىڭ يەنە بىر تۈرى بار بولۇپ، بەربەر خەلقى تەرىپىدىن كەلتۈرۈلىدۇ. كىچىكرەك، ناھايىتى سېرىق، كۈچلۈك، زەھەرلىك بولىدۇ. ئۇنى

ھەرقانداق ئۇسۇل بىلەن ئىستېمال قىلىشقا پەقەت بولمايدۇ. باھنى قوزغىتىدۇ، قۇرۇتىدۇ، گەرچە باھنى قوزغىتىش رولى بولسىمۇ زىيادە قۇرۇتۇش تەسىرى بىلەن باھ قۇۋۋىتىنى پەسەيتىدۇ. شۇ سەۋەبتىن سىرتىدىن سىپىلسە ياكى ئالتە گىرامى بىھى ۋە ئالما سۈيى بىلەن ئىچىلسە قان توختىتىدۇ.

## جەۋزۇل خەمس
(بەش ياڭاق)

**ماھىيتى:** ھىندىستاندا بولىدىغان بىر خىل دەرەخنىڭ مېۋىسىدىن ئىبارەت. پىنىدۇق چوڭلۇقىدا، يۇمىلاق، قارا، خالىلىق، پوستى ئۇدۇر - بۇدۇر بولىدۇ. ئىچىدىن زاراڭزا ئۇرۇقى چوڭلۇقىدا بەش دانە ئۇرۇق چىقىدۇ. ئۇنىڭدىن ئارتۇق بولمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ بەش ياڭاق دەپ ئاتىلىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق. ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىقمۇ دېيىلگەن.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** بەلغەم، شىلىمشىق ماددىلار ۋە سەۋدا خاراكتېرلىك كۆيگەن خىلىتلارنى سۈرۈپ چىقىرىدۇ. يەللەرنى تارقىتىدۇ. توسالغۇلارنى ئاچىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** قايناق سۇ ۋە مەستىكى بىلەن بىرلىكتە ئالتە گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

## جەۋزۇل زەنج
(قارا ياڭاق)

**ماھىيتى:** ئۇ بىر خىل مېۋە بولۇپ، ئالما چوڭلۇقىدا، ئۇزۇنچاق، ئاچچىق - چۈچۈك بولىدۇ. ئىچىدىن لاچىندانىگە ئوخشاش قارا ئۇرۇق چىقىدۇ، تەمى خولىنجاننىڭ تەمىگە ئوخشايدۇ. خۇش پۇراق بولىدۇ. بەربەر شەھەرلىرىنىڭ قۇملۇقلىرىدا ئۆسىدۇ.

**تەبىئىتى:** مۆتىدىل.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** سالايە قىلىپ 0.5 گىرامى قايناق سۇ بىلەن ئىستېمال قىلىنسا يەلدىن بولغان قولۇنجىغا شىپا بولىدۇ. ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەيدۇ. ئىسسىق جاۋارىشلارغا قوشۇلىدۇ.

## جەۋزۇس سەرۋى
(ئارچا ياڭىقى)

ئارچا دەرىخى مېۋىسى بولۇپ، ياغاچلاشقان بولىدۇ.

**تەبئىتى:** ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق. ئىسسىقمۇ دېيىلگەن. ئېيتىشلارغا قارىغاندا بىرىنچى قاراش توغرىدۇر.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** قان توختىتىدۇ، پەيلەرنى چىڭىتىدۇ، تومۇرلاردىكى ھۆللۈكلەرنى قۇرۇتىدۇ. ئاشقازان، جىگەر، تال، ئۈچەيلەرنى قۇۋۋەتلەيدۇ. زىھىننى ئاچىدۇ. ئېغىزنى خۇش پۇراق قىلىدۇ. توسالغۇلارنى ئاچىدۇ. ھەسەل ۋە گۈلاب بىلەن مەلھەم قىلىنسا باشنىڭ يېرىمى ئاغرىش، باشنىڭ سوغۇقتىن ئاغرىشىنى پەسەيتىدۇ. قابىز قۇۋۋەتكە ئىگە بولۇپ، مەنىي تىزگىنلەيدۇ، ئىچ سۈرۈشنى توختىتىدۇ. شاراب بىلەن ئىستېمال قىلىنسا ئۇنتۇغاقلىق، كونا يۆتەل، قىينىلىپ سىيىش قاتارلىقلارغا پايدا قىلىدۇ. بېلىق يېلىمى ۋە ئەسراش بىلەن زىمات قىلىنسا چىقىقنى ئورنىغا چۈشۈرىدۇ. سوقۇپ ئەنجۈر بىلەن پىلتە قىلىنىپ بۇرۇنغا سېلىنسا بۇرۇندىكى ئارتۇق گۆشنى يوقىتىدۇ. قايناتمىسىدا ئولتۇرسا چىقىپ قالغان مەقئەتنى ئورنىغا كىرگۈزىدۇ، بالىياتقۇنىڭ ھۆللۈكلىرىنى قۇرۇتىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** 1.5 گىرامدىن ئىستېمال قىلىنىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** رەڭگىرويىنى سارغايتىدۇ. توسالغۇ پەيدا قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** ھەسەل، بادام يېغى.

**ئورۇنباسارى:** باراۋەر مىقداردا ئانار يىلتىزى، يېرىم ھەسسە قىزىل ئەنزىرۇت. بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىچە بىر يېرىم ھەسسە ئارچا مېۋىسى، باراۋەر مىقداردا يۇلغۇن مېۋىسى ئىكەن. ئاللا خالىسا «س» ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلار بايانىدا ئۇنىڭ بەزى خۇسۇسىيەتلىرى سۆزلىنىدۇ.

## جەۋزۇش شىرك
### (ھەبەش ياڭىقى)

ئۇ «تىينۇل فىيل» (پىل ئەنجۈرى)، «جەۋزۇل ھەبەشە» (ھەبەش ياڭىقى) دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** چوڭ دەرەخ بولۇپ، شام ياڭىقى چوڭلۇقىدا بولىدۇ. مېۋىسى ياڭاق چوڭلۇقىدا، مۇكا شەكىللىك، پوستى ياڭاق پوستىدىن نېپىزراق، قىزىل بولىدۇ. قۇياش سۇمبۇلە بۇرجىغا كەلگەندە پىشىدۇ. قۇرۇغاندىن كېيىن پوستى قارامتۇل بولۇپ، قورۇلىدۇ ۋە ئۆزلۈكىدىن ئاجرايدۇ. ئۇنىڭ ئاستىدا قاتتىق پوستى بولىدۇ. ئىچىدىن ئۈزۈم دانلىرىغا ئوخشايدىغان ئۇرۇقلار چىقىدۇ. خۇش پۇراق، سەل ئۆتكۈر بولىدۇ. مىسىر خەلقى بۇ ئۇرۇقنى «فۇلفۇلۇس سۇدان» (سۇدان پىلپىلى) دەپ ئاتايدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا ئۇ پىلپىلدىن ئۆتكۈرراق، رەڭگى قارىغا، بىنەپشە رەڭگە ۋە قىزىلغا مايىل بولىدىكەن.

**تەبئىتى:** ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** يەللەرنى تارقاتقۇچى، قاتتىق قورساق ئاغرىقىنى پەسەيتكۈچى، توسالغۇلارنى ئاچقۇچى، يانپاش ئاغرىقى، ئولتۇرغۇچ نېرۋا ئاغرىقىنى پەسەيتكۈچى، سوغۇقلۇقتىن بولغان ئۇيقۇسىزلىقنى داۋالىغۇچى، باھنى، ئىشتىھانى قوزغاتقۇچىدۇر. ئىسسىق سۇ بىلەن ئىستېمال قىلىنسا سۈيدۈك ھەيدەيدۇ، ھامىلە چۈشۈرىدۇ. دۋساق ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ. قايناتمىسى ئىچىلسە ئەزالاردىكى تاشلارنى پارچىلاپ چۈشۈرىدۇ. ئۇنى سالايە قىلىپ يۇز ھەسسە سۇ بىلەن تۆتتىن بىرى قالغۇچە قاينىتىپ تەمى چىققاندىن كېيىن پىسەپلىرىنى سۇزۇۋېتىپ، ئۇنىڭغا بىر ھەسسە زەيتۇن يېغى قوشۇپ ياكى سۈس ئوت بىلەن سۈيى كەتكۈچە قاينىتىپ يېغى قالغاندا مايلانسا پالەچ، لەقۋا، بەل ئاغرىقى، قۇلۇنجى، يۇمشاق ئىششىقلار ۋە باشقا ئەزالارنىڭ ئاغرىقلىرىغا پايدا قىلىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** بەش گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** ئۆپكىگە زىيان قىلىدۇ. باشنى ئاغرىتىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** كەتىرا.

**ئورۇنباسارى:** يېرىم ھەسسە پىلپىل، باھنى قوزغىتىش ئۈچۈن چاققاقئوت ئۇرۇقى.

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇنىڭ تۆتتىن بىرىچىلىك مىقداردا پىلپىل قوشۇپ سالايە قىلىپ كۆرسىنە سۈيى بىلەن قورۇغىچە قاينىتىپ پىلپىلغا ئارىلاشتۇرۇلسا پىلپىلدىن پەرقلەنمەيدۇ. بەزى نائىنساپلار ئۇنى پىلپىل بىلەن ساختىلاشتۇرۇپ ساتىدۇ.

## جەۋزۇل ئەبھەر

**ماھىيىتى:** بىر خىل دان بولۇپ، ئامىلەگە ئوخشايدۇ، يۇمىلاق بولىدۇ. ئىچىدىن قارىئۆرۈك ئۇرۇقچىسىغا ئوخشايدىغان، قىزىل رەڭلىك، تەمى سەل تاتلىق، قىرتاق مېغىز چىقىدۇ.

**تەبىئىتى:** قۇرۇق ئىسسىققا مايىل.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ساقايمىغان ئىچ سۈرۈشنى ساقايتىدۇ. ھەببۇلئاس قىيامى بىلەن ئىستېمال قىلىنسا ئىچكى ئەزالارنىڭ ئىششىقلىرىنى تارقىتىدۇ.

## جەۋزۇل قەتات
(چىل ياڭىقى)

ئۇ يەنە «جەۋزۇل بەرا» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئۇنى چىل ياڭىقى دەپ ئاتاشنىڭ سەۋەبى شۇكى، چىل ئۇنى يېيىشنى بەك ياخشى كۆرىدۇ. بەزىلەر ئۇنى «جەۋزۇل ئەنھار» (ئۆستەڭ ياڭىقى) ئۆسۈملۈكى دەيدۇ، بەزىلەر ئۇ ئەمەس دەيدۇ.

**ماھىيىتى:** بىر خىل ئۇرۇق بولۇپ، كاكىنەچكە ئوخشايدۇ، غىلاپ ئىچىدە بولىدۇ. ھەر غىلاپ ئىچىدە ئىككى دانە كىچىك ئۇرۇق بولىدۇ. ئۆسۈملۈكى شاخلىق بولۇپ، بىر يىلتىزدىن ئۆسۈپ چىقىدۇ. يەرگە يېيىلىپ ئۆسىدۇ. شاخلىرى بوغۇملۇق، يۇمشاق بولىدۇ. يوپۇرمىقى سېمىز ئوت يوپۇرمىقىغا ئوخشايدۇ، ئۇنىڭدىن كەڭرەك، يۇمشاق، تۈكلۈك بولىدۇ. ئۇستىگە چاڭ ئولتۇرۇپ قالغاندەك سېزىلىدۇ. سۇ بويلىرى ۋە نەم يەرلەردە ئۆسىدۇ.

**تەبىئىتى:** قۇرۇق ئىسسىقلىققا مايىل.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** يوپۇرمىقى شاراب بىلەن ئىستېمال قىلىنسا سۈيدۈك تامچىلاشقا، دۇۋساق قوتۇرغا داۋا بولىدۇ. بولۇپمۇ ھەلىيۇن قايناتمىسى بىلەن ئىستېمال قىلىنسا ئۈنۈمى تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ. ئۇسارىسى يەلدىن، خىلتتىن ۋە مۇرەككەپ ماددىلاردىن بولغان قۇلۇنجغا داۋا بولىدۇ.

## جەۋزۇلقەي
(قەي ياڭىقى)

ئۇ ھىندىچە «مىينپەھل»، فىرانسۇزچە «نورمەتلىيە» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** يەمەن، ھىندىستان ۋە بېنگال ئەللىرىگە خاس بولغان بىر خىل دەرەخنىڭ مېۋىسى بولۇپ، تاغ ئەنجۈرى ۋە پىندۇق چوڭلۇقىدا بولىدۇ. پوستى سەل قېلىن، قارامتۇل سېرىق، ئازراق يۇمشاق، يېپىلىق بولىدۇ. ئىچىدىن ئىككى دانە پەردە چىقىدىغان بولۇپ، ھەر بىر پەردىدە غۇجمەكلىشىپ تۇرغان ناھايىتى ئۇششاق ۋە كۆپ ئۇرۇقلار بولىدۇ. ئومۇمەن بېھى ئۇرۇقىغا ئوخشايدىغان بولۇپ، شىلىمشىق بولىدۇ. بۇ مېۋىنىڭ پوستى ئىشلىتىلىدۇ. يېڭى، قۇرت يېمىگەنلىرى ياخشىلىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** بەلغەمنى قۇستۇرغۇچى ۋە سۈرگۈچى بولۇپ، پالەچ، لەقۋاغا ئوخشاش مېڭە ۋە پەيلەرنىڭ ھۆل سوغۇقتىن بولغان كېسەللىكلىرىگە پايدا قىلىدۇ. ھۆل سوغۇقتىن بولغان كونا يۆتەل، زىققىگە پايدا قىلىدۇ. ئەزالارنىڭ ئىششىقلىرىنى تارقىتىدۇ. يەل تارقىتىدۇ. قورساقنىڭ ئېسىلىشىگە پايدا قىلىدۇ. جوزام، چىيقان ۋە مۇدۇرلارغا داۋا بولىدۇ. 60 گىرام سېرىقچېچەكنى 450 مىللىلىتىر سۇ بىلەن يېرىمى قالغۇچە قايناتقىپ پەسەيلىرىنى سۈزۈۋېتىپ، مۇۋاپىق مىقداردا ھەسەل قوشۇپ قەي ياڭىقى ياكى باشقا مۇناسىۋەتلىك قۇستۇرغۇچىلارنى ئازراق تۇز بىلەن سالايە قىلىپ، ئۇنىڭغا ئارىلاشتۇرۇپ ئىستېمال قىلسا، بولۇپمۇ شوۋىگۇرۇچ ياكى شورپا ئىچىپ ئىككى سائەت ئۆتكەندىن كېيىن ئىستېمال قىلىنسا كۆچلۈك قۇستۇرىدۇ، زىيان قىلمايدۇ. شۇنداقلا ئۇنىڭ ئۈچ گىرامى بەش

گىرام ئارپىبەدىيان، ئازراق ھەسەل ۋە ئىلمان سۇ بىلەن ئىستېمال قىلىنسا، شۇنداقلا ئارپىبەدىيان، رۇمبەدىيان ۋە ياكى مۇۋاپىق مىقداردىكى ھەسەل بىلەن يۇغۇرۇپ ئىلمان سۇ بىلەن ئىستېمال قىلسا قۇستۇرىدۇ. بەلغەم ۋە سەپرا خاراكتېرلىك ماددىلارنى چىقىرىدۇ ھەم بىمارنىڭ بەدەن قۇۋۋىتى، پەسىل، تەبىئىتىگە ئاساسەن ئىچىنى سۈرىدۇ. شۇنداقلا ئۇنى ئاش تۇزى بىلەن يۇغۇرۇپ ئىستېمال قىلسىمۇ قۇستۇرىدۇ. زىمات قىلىنسا ئىششىقلارنى تارقىتىدۇ، پىشۇرىدۇ ۋە ئىغىز ئالدۇرىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** ئۈچ گىرامدىن ئىستېمال قىلىنىدۇ.

**ئورۇنباسارى:** باراۋەر مىقداردا قىچا، توغرىغۇ.

## جەۋزۇل كەۋسەل

ئۇ «ئەقراسۇل مەلىك» (شاھ قۇرسى) دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بەزىلەر «جەۋزۇل قەي» (قەي ياڭىقى) دەپ ئاتايدۇ.

**ماھىيتى:** ھىندىستاندا بولىدىغان بىر خىل دەرەخنىڭ مېۋىسى بولۇپ، شەكلى ۋە رەڭگى خەرنۇبقا ئوخشايدۇ. يۇمىلاق، سەل ياپىلاق بولىدۇ. پوستى نېپىز بولىدۇ. ئىچىدە شاھبەللۇتنىڭ غىلاپىغا ئوخشايدىغان غىلاپ بولىدۇ. تەمى باقىلەنىڭ تەمىگە ئوخشايدۇ. يوپۇرمىقى يۆگىمەچىئوتنىڭ يوپۇرمىقىغا ئوخشايدۇ. گۈلى ئاق ئېچىلىدۇ. مېۋىسى ئىشلىتىلىدۇ. يېڭىلىرى ياخشىلىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئۈچىنچى دەرىجىنىڭ ئاخىرىدا قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيەتلىرى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ناھايىتى قۇستۇرغۇچى، ئىچىنى سۈرگۈچى، بەدەندىكى ناچار خىلىتلارنى تازىلىغۇچى بولۇپ، توسالغۇلارنى ئېچىش، قاتتىق ئىششىقلارنى تارقىتىش، سوغۇق ئاغرىقلارنى پەسەيتىش، تاشلارنى پارچىلاپ چۈشۈرۈش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** ئەزالارنى بوشىتىدۇ. ھەتتا ئۇنى ئىستېمال قىلغاندىن كېيىن ھەپتىگىچە ئەسلىگە كېلەلمەيدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** مېۋىلەر، قىيامىلار.

**ئىستېمال مىقدارى:** 0.5 گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ. ئۈچ گىرام ئىستېمال قىلىنسا قۇستۇرۇش، ئىچىنى سۈرۈش بىلەن ھالاك قىلىدۇ. زەھىرىنى قايتۇرۇش ئۈچۈن بەدەنگە سوغۇق سۇ تەكرار قۇيۇلىدۇ. خۇش پۇراق بولغان سوۋۇتقۇچى دورىلار ئىستېمال قىلىنىدۇ.

# جەۋزۇل ماسىل
(ئىتياڭىقى)

ئۇ «جەۋزى ماسىم»، «جەۋزى ماسا»، «جەۋزى ماس» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. «مۇرقىد» (ئۇخلاتقۇچى)مۇ دېيىلىدۇ. ئۇنىڭ دەرىخى «مۇرقىد» (ئۇخلاتقۇچى) دەپ ئاتىلىدۇ. پارسچە «تاتۇلە»، ھىندىچە «دەھتۇرە»، باشقا بىر تىلدا «ئەستەر مونىيە» دەپ ئاتىلىدۇ. ئەرەبچە ـ پارسچە «گەۋز ماسىل» دېگەن سۆزدىن ئەرەبچىلەشتۈرۈلگەندۇر.

**ماھىيىتى:** بىر ئۆسۈملۈكنىڭ مېۋىسىدىن ئىبارەت. بۇ ئۆسۈملۈك پىدىگەن ئۆسۈملۈكنىڭ ئېگىزلىكىدە ئۆسىدۇ. يوپۇرمىقى ئۇنىڭدىن كىچىكرەك بولىدۇ، ئۆزى ئۆسىدۇ ھەم تېرىلىدۇ. رەڭگى ئاق، بىنەپشە رەڭ بولىدۇ. بىنەپشە رەڭلىكى ئاز ئۇچرايدىغان بولۇپ، ئېقىدىن ياخشىراق بولىدۇ. بولۇپمۇ ئۇنىڭ قارىغا مايىل بىنەپشە رەڭلىكى ئاز تېپىلىدىغان بولۇپ، غولى، يوپۇرمىقى ۋە مېۋىسىنىڭ ھەممە قىسمى بىنەپشە رەڭدە بولىدۇ. ئېقىنىڭ گۈلى خۇددى كانايغا ۋە يۆگىمەچىئوت گۈلىگە ئوخشايدۇ. ئۇنىڭدىن ئۇزۇنراق بولىدۇ. بىنەپشە رەڭلىكىنىڭ گۈل بەرگى قاتلىق بولۇپ، 3~5 قاتقىچە، بەزىدە ئۇنىڭدىن كۆپرەك بولىدۇ.

ئۇنىڭ مېۋىسى ياڭاق چوڭلۇقىدا، تىكەنلىك بولۇپ، ئىنەكپىتى مېۋىسىگە ئوخشايدۇ. ئىچىدىن كىچىك كۆپ ئۇرۇقلار چىقىدىغان بولۇپ، سۇماقنىڭ دانلىرىغا سەل ئوخشايدۇ. ئازراق خۇش تەم بولىدۇ. ئۇرۇقى ئىشلىتىلىدىغان بولۇپ، يېڭى، دانلىق بولغانلىرى ياخشىلىرى ھېسابلىنىدۇ.

**تەبىئىتى:** تۆتىنچى دەرىجىنىڭ بېشىدا قۇرۇق سوغۇقتۇر. بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىچە قۇرۇقلۇقى مۆتىدىللىككە يېقىنراق ئىكەن، ئەمما دەسلەپكى قاراش توغرىراقتۇر.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ئەزالارنى كۈچلۈك سېزىمسىزلاندۇرغۇچى، مەست قىلغۇچىدۇر. ھەتتا ئۇنىڭ مېۋىسىنىڭ پوستى، ئىچىدىكى ئېتى، گۈلىمۇ شۇنداق خۇسۇسىيەتكە ئىگىدۇر. گۈلى سەپرادىن ۋە قاندىن بولغان كونا باش ئاغرىقىنى ۋە زىيادە ئۆرلىگەن ھارارەتنى پەسەيتكۈچى، زىيادە ئۇخلاتقۇچى، ئىسسىقتىن بولغان ئىششىقلارنىڭ ماددىلىرىنى توسقۇچىدۇر. ئۇنىڭ ئۆزى زىمات قىلىنسا ياكى ئۇرۇقىنىڭ يېغى بىلەن مايلانسا بوۋاسىرغا شىپا بولىدۇ. مەقئەتنىڭ ئىسسىقتىن بولغان ئاغرىقلىرىنى پەسەيتىدۇ. سىركە بىلەن قايناتىپ ئىشلىتىلسە ئىششىقلارنى تارقىتىدۇ، ئىسسىقتا، لوقۇلداپ ئاغرىشقا پايدا قىلىدۇ. تەرلەش ۋە جۇغ ـ جۇغنى توختىتىدۇ. ئۇنىڭ ئۆسۈملۈكىنىڭ ھەممە قىسمى زىمات قىلىنسا بوشىغان ئەزالارنى قۇۋۋەتلەيدۇ، ماددىلارنىڭ ئەزالارغا تۆكۈلۈشىنى

توسىدۇ. يات ھۆللۈكلەرنى قۇرۇتىدۇ. يوپۇرمىقى كۆزگە قىزىق ھالەتتە تېگىلسا كۆزنىڭ قىزىرىپ ئاغرىشىغا داۋا بولىدۇ. ئاغرىقنى پەسەيتىدۇ. باشقا تېگىلسا سوغۇقتىن بولغان باش ئاغرىقنى پەسەيتىدۇ. سوغۇق نەزلە سۇيۇقلۇقلىرىنىڭ قۇيۇلۇشىنى توسىدۇ. ئۇرۇقدانغا تېگىلسا ئۇرۇقدانغا سۇ چۈشۈشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. ئىششىقلار ۋە چىيقانلارغا تېگىلسا تارقىتىدۇ ۋە پىشۇرىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** 0.5 گىرامغىچە.

**ئورۇنباسارى:** ئىككى ھەسسە لۇفاھ.

**زىيانلىق تەسىرى:** ساراڭ قىلىدۇ. تەپەككۇرنى بۇزىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** پىلپىل، ئارپىبەدىياندۇر.

ئۇنىڭدىن 0.5 گىرامدىن ئارتۇق ئىستېمال قىلىنسا، ئىستېمال قىلغۇچىنىڭ مەست قىلغۇچى نەرسىلەرنى ئىستېمال قىلىش ئادىتى بولمىسا، مەست قىلىدۇ ۋە سېزىمسىزلاندۇرىدۇ. بۇ چاغدا ھەممە نەرسە كۆزگە كۆك كۆرۈنىدۇ. كۆڭلىگە بۇزۇق خىياللار كېلىدۇ. كۆزگە مەلۇم نەرسە كۆرۈنىدۇ، ئەمما ئەمەلىيەتتە ئۇ مەۋجۇت بولمايدۇ. قالايمىقان سۆزلەرنى قىلىدۇ. ماڭماقچى بولسا تۈز ماڭالمايدۇ، تۈز ئولتۇرالمايدۇ. كۆزگە چاشقان، چۈمۈلىگە ئوخشاش نەرسىلەر كۆرۈنىدۇ، ئۇلارنى تۇتماقچى بولسا كۆلگۈسى كېلىدۇ. كۆزلىرى قىزىرىدۇ. كۆزى قاراڭغۇلىشىدۇ. خۇددى بىر نەرسىنى ئالماقچى بولغاندەك كىيىم ـ كېچەك، يوتقان ـ كۆرپە ۋە تاملارغا قولىنى ئۇزارتىدۇ. ئومۇمەن ساراڭغا ئوخشاش ئىشلارنى قىلىدۇ. كۆپ قىسىم ئالامەتلىرى ئەپيۇندىن زەھەرلەنگەندىكى ئالامەتلەرگە ئوخشايدۇ. ئەمما كۇنجۇت يېغى ۋە چۈچۈمەل نەرسىلەر ئۇنىڭغا قارىمۇقارشى ئەمەستۇر. ئىستېمال قىلىنسا، يوپۇرمىقىنىڭ ئۇسارىسى سۇركەلسە زەھەرلىك ھاشارەتنىڭ زەھىرىنى قايتۇرىدۇ.

ئۇنىڭ بىلەن زەھەرلەنگۈچىنى قۇتقۇزۇش ئۇسۇلى يەبرۇجدىن زەھەرلەنگۈچىنى قۇتقۇزۇش ئۇسۇلى بىلەن ئوخشاش بولۇپ، قايماق، ئىسسىق سېرىق ماي ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ، قەي قىلدۇرۇلىدۇ. زەھەرلەنگۈچىنىڭ پۇت ـ قوللىرى ئىلمان سۇغا چىلىنىدۇ. بەدىنى ياغلىنىپ ئىللىتىلىدۇ. مايلىق غىزالار ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ.

ئىتياگىقى قوشۇلغان «ھافىزۇس سىھھەت» (ساقلىقنى ساقلىغۇچى) دەپ ئاتالغان مەجۇن، ھەببى شىپا، ھەببى جەۋزى ماسىل، ھەببى بەدەلى ئەپيۇن، ھەببى بىخى جەۋزى ماسىل، ھالۋايى جەۋزى ماسىل قاتارلىق نۇسخىلار ۋە ئۇنىڭ يېغى قارابادىندا بايان قىلىندى.

## جۇشىيسا
(جۇشىسا مېۋىسى)

بۇ نىبىتچە سۆز بولۇپ، ئالجىرىيە خەلقى «جوسانى» دەپ ئاتايدۇ، تەنەكابۇندا «پىلاخۋار» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيتى:** بىر خىل دەرەخنىڭ مېۋىسى بولۇپ، نوقۇت چوڭلۇقىدا، جىغان مېۋىسى ۋە خەشخاش غوزىكى شەكلىدە، ئەمما ئۇنىڭدىن كۆپ كىچىك بولىدۇ. پىشقاندىن كېيىن قىزىل، تەمى تاتلىق، سەل قىرتاق بولىدۇ. رىم ئايلىرىدىن ئىيۇل ئېيىدا پىشىدۇ. دەرىخى ئۇستىدە قانچە ئۇزۇن ۋاقىت تۇرسا شۇنچە قىزىرىدۇ ۋە تاتلىقلىشىدۇ. ئەمما قىرتاقلىقى كېمەيمەيدۇ. دەرىخى بەك ئېگىز ئۆسمەيدۇ، قارىئۆرۈك دەرىخى چوڭلۇقىدا، توم بولىدۇ. يوپۇرمىقى ئالما دەرىخى يوپۇرمىقىغا ئوخشايدۇ. گۈلى ئاق بولىدۇ. بەزى ئەللەردە يوپۇرماق تاشلىمايدۇ.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ئىشتىھانى ئاچقۇچى، كېكىرتكۈچىدۇر. ئومۇمەن بەدەننى سەمرىتكۈچىدۇر. تائامدىن ئىلگىرى ۋە كېيىن ئىستېمال قىلىنسا ئاشقازان ئاغرىقى ۋە باشقا ئاغرىقلارنى، بولۇپمۇ بەل ئاغرىقى، يىرىق ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ. ھەرقانداق ئەھۋالدا تائامنى ھەزىم قىلغۇچىدۇر. تائامنىڭ ئاشقازاندا بۇزۇلۇشىنىڭ ئالدىنى ئالغۇچىدۇر.

**زىيانلىق تەسىرى:** ئىسسىق مىزاجلىقلارغا زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** ئىككى خىل ئانار.

**ئىستېمال مىقدارى:** 10 گىرامغىچە ئىستمال قىلىنىدۇ.

## چەۋنلائى
(چەۋەنلائى ئوتى)

بۇ ھىندىچە سۆزدۇر. بەزىلەر ئۇنى «بەقلەئى يەمانىيە» ئۆسۈملۈكى دەيدۇ. قارىماققا ئۇنداق ئەمەستەك قىلىدۇ.

**ماھىيتى:** ئۇ بىر خىل ئۆسۈملۈك بولۇپ، ھىندىستاندا كۆپ تېرىلىپ ئىستېمال قىلىنىدۇ. يوپۇرمىقى رەيھان يوپۇرمىقىغا ئوخشايدۇ، تەمسىز، سەل ئۆتكۈر بولىدۇ. غولى بەك ئېگىز ئۆسمەيدۇ. گۈلى بولمايدۇ. ئۇرۇقى خۇددى تاجىگۈل ئۇرۇقىغا ئوخشايدۇ. ئۇنىڭ شاخلىرى ۋە يوپۇرماقلىرى كېسىۋېتىلسە يەنە يېڭى شاخ ۋە يوپۇرماق ئۆسۈپ چىقىدۇ. يوپۇرماقلىرى تەكرار كېسىلىپ گۆش بىلەن ياكى گۆشسىز پىشۇرۇلۇپ ياغ ۋە پىياز بىلەن قورۇلۇپ ئىستېمال قىلىنىدۇ. ناھايىتى يېيىشلىك بولىدۇ. ئۇنىڭ «بورانى» دەپ ئاتالغان

تۇرىمۇ ناھايىتى يېپىشلىك بولىدۇ. ھەكىم مىر ئابدۇل ھەمىدنىڭ «تۆھپەتۇل مۆئمىنىين» (مۆئمىنلەرگە قىلىنغان ھەدىيە) ناملىق كىتابىنىڭ شەرھىسىدە يېزىشىچە ئۇ ئىراننىڭ تەبرىزدا ئۇنى كۆرگەن. ئۇ «سۇلەيمانىي» دەپ ئاتىلىدىكەن. ئۇ يەردىكى خەلقلەر ئۇنى «بورانى» دەپ ئاتايدىكەن.

**تەبىئىتى:** بىرىنچى دەرىجىدە ئىسسىق، قۇرۇقلۇقتا مايىل. ھىندىستان خەلقى ئۇنى سوغۇق دەپ بىلىدۇ.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** تېز ھەزىم بولىدۇ. سەپرانى باسىدۇ. يىلتىزىنىڭ سۈيىدىن مۇۋاپىق مىقداردا ئىچىلىنىپ، ئۇنىڭغا بەش گىرام رۇسۇت، بەش گىرام نارى قەيسەر قوشۇپ سالايە قىلىپ، پىندۇق چوڭلۇقىدا ھەب قىلىپ كۈندە بىر تالدىن ئۇنىڭ بىر پىيالە سۈيى بىلەن يۇتۇلسا بوۋاسىرغا پايدا قىلىدۇ، سىناقتىن ئۆتكەن. ئەمما ئۇنى ئىستېمال قىلىۋاتقان مەزگىلدە بوۋاسىرغا زىيان قىلىدىغان نەرسىلەرنى ئىستېمال قىلىشتىن ساقلىنىش لازىم. ئۇنىڭ يىلتىزىنى سالايە قىلىپ قىلقۇرت كېسەللىكىدە يەرلىك ئورۇنغا سۈركىسە پايدا قىلىدۇ.

## پەسىل: «ج» (جىيم) ۋە «ي» (يائ) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى

### جىينت

(جىنت دەرىخى)

ئۇ ھىندىستاندا ئۆسىدىغان بىر خىل دەرەختىن ئىبارەت بولۇپ، بەك چوڭ ئۆسمەيدۇ. يوپۇرمىقى تەمرىھىندى يوپۇرمىقىغا ئوخشايدۇ. گۈلى بىنەپشە رەڭ بولىدۇ. ئۇرۇقى باقلە ۋە ئۇنىڭدىن كىچىكرەك بولۇپ، غىلاپ ئىچىدە بولىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئۈچىنچى دەرىجىنىڭ ئاۋۋىلىدا قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** يوپۇرمىقىنىڭ سۈيى بەلغەمنى سۈرىدۇ. ئۇنىڭ يوپۇرمىقىنىڭ ساپ، يەنى سۇ قوشۇلمىغان سۈيىدىن 35~40 مىلىلىتىرغىچە ئىچىلىنىپ ناشتىدا دەسلەپتە ئازراق تاتلىق نەرسە ئىستېمال قىلغاندىن كېيىن ئىچىلسە تۇرلۇك مەددە قۇرتلارنى چۈشۈرىدۇ، سىناقتىن ئۆتكەن دەپ قارىلىدۇ. ھۆل يوپۇرمىقى ئىسسىق زىمات قىلىنسا ئىششىقلارنى تارقىتىدۇ، يارىلارنى پىشۇرىدۇ. ئۇنىڭ يوپۇرمىقى بىلەن قەغەزنى ھاۋا رەڭ بويىغىلى بولىدۇ، ئەمما رەڭگى ئۇزۇن تۇرمايدۇ. ئۇنىڭ قىزىتىلغان يوپۇرمىقىنى تاڭسا ياكى سوقۇپ بىر تەرىپىنى پىشۇرۇپ سۇ يىغىلغان ئورۇنغا تاڭسا سۇنى تارقىتىدۇ، يەنە بىر

تەرىپىنى پىشۇرماي قىزىتىپ سوغۇق ئىششىقلارغا تاڭسا تارقىتىدۇ، چىقانلارغا تاڭسا پىشۇرىدۇ. ئۇنىڭ ئۇرۇقىنى سالايە قىلىپ ئاقمىغا، كونا زەخمىلەرگە سۇركىسە، پىلتىگە سۇركەپ ئىچىگە قويسا پايدا قىلىدۇ.

## جىيدار

(جىدار ئوتى)

بۇ پارسچە سۆزدۇر.

**ماھىيىتى:** بىر خىل ئۆسۈملۈك بولۇپ، يوپۇرمىقى بەللۇت يوپۇرمىقىغا ئوخشايدۇ، سېرىقتا مايىل كۆك بولۇپ، ئۇستىگە شەبنەم چۈشىدۇ. ئۇيۇغاندىن كېيىن ئەدەس چوڭلۇقىدا قىزىل دانچىلار شەكىللىنىدۇ. قىزىللىقى بارغانسېرى ئېشىپ بارىدۇ. تاكى سەككىزىنچى ئايغىچە تۇرىدۇ. ئۇ «ھەببۇل قىرمىز» دەپ ئاتىلىدۇ. ئاللا خالىسا «ق» (قاف) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلار بابىدا بايان قىلىنىدۇ. ئۇنىڭ مېۋىسى موزا چوڭلۇقىدا، يۇمىلاقراق بولىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئۆسۈملۈكى ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ئۇنىڭ قۇرۇق يوپۇرمىقىنى سالايە قىلىپ، بەش گىرام ئېلىپ سوغۇق سۇ بىلەن ئىستېمال قىلسا ئىچ سۈرۈشنى توختىتىدۇ. ھەسەل ۋە گۈل يېغى بىلەن يۇغۇرۇپ 10 گىرام ئىستېمال قىلسا قانلىق ئىچ ئۆتكۈگە پايدا قىلىدۇ. سەپسە يارىلارنى پۈتتۈرىدۇ. مەلھەم قىلىپ سۈركىسە بوشىغان ئەزالارنى چىڭىتىدۇ. ھۆل يوپۇرمىقىنى زىمات قىلسا ئىسسىق ئىششىقلارنى تارقىتىدۇ. ئاغرىقلارنى پەسەيتىدۇ. مۇسكۇللارنىڭ زەخمىسىنى ساقايتىدۇ. قايناتمىسىدا ئولتۇرسا بالىياتقۇنىڭ ھۆللۈكلىرىنى قۇرۇتىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** بەش گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

## جىيكلەك

(جىكلەك مېۋىسى)

ئۇ تۈركچە سۆزدۇر.

**ماھىيىتى:** بىر خىل مېۋە بولۇپ، قۇشقاچنىڭ يۈرىكىگە ئوخشايدۇ. ئىچىدىن ئۈجمىنىڭ ئۇرۇقلىرىغا ئوخشاش ئۇششاق ئۇرۇقلار چىقىدۇ. پىشقىنى قارامتۇل قىزىل، ئاچچىق - چۈچۈك بولىدۇ. پۈرىقى غاز قوغۇنىنىڭ پۇرىقىغا ئوخشايدۇ. تەملىك بولىدۇ. ئۆسۈملۈكى غېرىچ ئۇزۇنلۇقىدا، ئۇنىڭدىن ئېگىزرەك ئۆسىدۇ. يوپۇرمىقى قىزىلگۈل يوپۇرمىقىغا ئوخشايدۇ. سەل تىكەنلىك بولىدۇ. گۈلى بىنەپشە گۈلىگە ئوخشايدۇ. ئۆسۈملۈكى داۋاملىق

كۆكىرىپ تۇرىدۇ. تەنەكابۇندا «لىيدانە»، دەيلىمىدا «چەمىيل»، گىيلان ۋە مازىندارانىدا «خەربۇزەئى گاۋ» (كالا قوغىنى) دەپ ئاتىلىدۇ. ئىبنى تىلمىيز ئۇنى «مىيجۇ نەۋ» دەپ ئاتىغان.

يەنە بىر خىل ئۆسۈملۈك بار بولۇپ، ئۇ «كەجۇمەن» دەپ ئاتىلىدۇ. داۋاملىق كۆكىرىپ تۇرىدۇ. ئۇرۇقى نوقۇت چوڭلۇقىدا بولۇپ، پارقىراق بولىدۇ. يوپۇرمىقىنىڭ ئوتتۇرىسىدىن چاچقا ئوخشاش ئىنچىكە نەرسىسى ئۆسۈپ چىقىدۇ. يوپۇرمىقى تەڭگە چوڭلۇقىدا بولۇپ، خۇددى يىڭنىگە ئوخشاش ئۆتكۈر چىشلىرى بولىدۇ. ئۇ چاتقاللار قاتارىدىندۇر.

مەزكۇر ئىككى ئۆسۈملۈك تەبەرىستاندا ئۆسىدۇ. كېيىنكىسى تەنەكابۇندا «خەير» دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇ ياۋا «دانە ئاش» ئۆسۈملۈكىدۇر.

**تەبئىتى:** ھۆل سوغۇق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** يۇرەكنى قۇۋۋەتلەيدۇ، سەپرانى پەسەيتىدۇ. بەدەنگە ھۆللۈك يەتكۈزىدۇ. سەۋدا مىزاجلىق كىشىلەر، خەفەقان، قۇرۇقلۇقتىن بولغان يۆتەل، قۇتۇر، قىچىشقاق، بوۋاسىر، چېچەك، يەلتاشما قاتارلىقلارغا پايدا قىلىدۇ. قان تازىلايدۇ. ئۆسۈملۈكنىڭ ھەممە تەسىرلىرى جىغانىنىڭ تەسىرى بىلەن ئوخشاشتۇر.

# ئالتىنچى باب
# «ھ» (ھۇۋۋائى) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى

## پەسىل: «ھ» (ھۇۋۋائى) ۋە «ا» (ئەلىف) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى

### ھائىقتى
(ھائىقتى دەرىخى)

بەغدادىي ئۇ يۇنانچە سۆزدۇر دېگەن. يەنە «يۇس ئىقتى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئۇ «سەبۇقە» ئۆسۈملۈكىدۇر.

**ماھىيىتى:** ئۇ چوڭ ۋە كىچىكتىن ئىبارەت ئىككى خىل بولىدۇ. چوڭى دەرەخ چوڭلۇقىدا ئۆسىدۇ. شاخلىرى ئىنچىكە بولۇپ، تۆت دانىدىن ئارتۇق بولمايدۇ. يوپۇرمىقى چىشلىق بولۇپ، ياڭاق يوپۇرمىقى چوڭلۇقىدا بولىدۇ. كىچىكى غېرىچ چوڭلۇقىدا ئۆسىدىغان بولۇپ، شاخلىرى ئىنچىكە، يوپۇرماقلىرى چىشلىق، بادام يوپۇرمىقى چوڭلۇقىدا بولىدۇ. ھەر ئىككىسىنىڭ گۈلى ئاق، ھەر ئىككىسىنىڭ مېۋىسى بۇتۇم دەرىخى مېۋىسى چوڭلۇقىدا بولىدۇ. قۇياش جەۋزا بۇرجىغا كەلگەندە يېتىشىدۇ. قۇۋۋىتى ئىككى يىلغىچە ساقلىنىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ئىستېمال قىلىنسا، مەلھەم قىلىنسا شىلىمشىق خىلىتلارنى، قويۇق ھۆللۈكلەرنى چىقىرىدۇ. تۇسالغۇلارنى ئاچىدۇ، ئىستىسقا، بوغۇم ئاغرىقلىرىغا داۋا بولىدۇ، سىناقتىن ئۆتكەن. ئۇنىڭ بىلەن ھەمەلچە قىلىنسا بالىياتقۇ ئاغرىقلىرى، مەقئەت كېسەللىكلىرى، ئېچىلغان ئاقمىلارغا پايدا قىلىدۇ. ئۇرۇقى ھەيز ۋاقىتلىرىدا يۇتۇلسا ھامىلىدارلىقنى چەكلەيدۇ، سىناقتىن ئۆتكەن. سۈيى بىلەن ئېغىز چايقىسا چىشنىڭ قۇرتىنى يوقىتىدۇ. مەلھەم قىلىنسا چاچنى قارايتىدۇ، چاچ چۈشۈشنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. بۇرنىغا ئۇدا ئۈچ كۈن تېمىتىلسا كۆزنىڭ قىزىللىقىنى يوقىتىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** ئۆپكىگە زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** ھەسەل.

**ئىستېمال مىقدارى:** ئۈچ گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

## هاج
(يانتاق)

پارسچە «خارى شۇتۇر» (تۆگە تىكىنى)، تۈركچە «دۈ تىكانى»، ھىندىچە «جەۋانسا» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** بىر خىل ئۆسۈملۈك بولۇپ، خۇراساندا ئۇنىڭ ئۈستىدە تەرەنجىبىن ھاسىل بولۇپ قاتىدۇ. بەغدادىي ئۇنى «ئاقۇل» دېگەن ئۆسۈملۈك دېگەن. ئۇنى «خەلەنج» ئۆسۈملۈكى دەپ بىلگەنلەر خاتالاشقان بولىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئىسسىق، ناھايىتى قۇرۇق. سوغۇقمۇ دېيىلگەن.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ماددىلارنى قايتۇرغۇچى، تۇسالغۇلارنى ئاچقۇچى، جۇلا بەرگۈچى، تۈرلۈك زەھەرلەرنى قايتۇرغۇچىدۇر. بۇنىڭ ئۇچۇن ئىستېمال قىلىنىدۇ. زىمات قىلىنسا، ئىسرىق سىلىنسا بوۋاسىرغا پايدا قىلىدۇ. سىقىلغان سۈيى كۆزگە سۈركەلسە كۆزدىكى يەڭگىل ئاقنى يوقىتىدۇ. ساپ سۈيى ناشتىدا بۇرۇنغا تېمىتىلسا، بىر سائەت ئۆتكەندىن كېيىن بۇرۇنغا يەنە بىنەپشە يېغى سۈمۈرۈلسە كونا قۇلاق غوڭۇلداشنى توختىتىدۇ، سىناقتىن ئۆتكەن. ئۇنىڭ ھۆل يوپۇرمىقىدىن تەييارلانغان يېغى بوغۇم ئاغرىقلىرى ۋە سوغۇقتىن بولغان كېسەللىكلەرگە پايدا قىلىدۇ.

## هاشا
(تاغ پىنىنىسى ئۇرۇقدىشى)

يۇنانچە «تۇرمۇس» دېيىلىدۇ. ماراكەشتە «سەئتەرۇل ھەمىر» (ئېشەك ياپۇزى) دېگەن نام بىلەن مەشھۇردۇر. بەيتۇل مۇقەددەس ۋە ئۇنىڭ ئەتراپلىرىدىكى تاشلىق يەرلەردە كۆپ ئۆسىدۇ.

**ماھىيىتى:** ئۇ تاغ پىنىنىسىنىڭ بىر تۈرى بولۇپ، ياپۇزغا ئوخشايدۇ. غېرىچ ئېگىزلىكىدە ئۆسىدۇ. شاخلىرى ئىنچىكە بولۇپ، ئۇششاق يوپۇرماقلار بىلەن توشقان بولىدۇ. يوپۇرماقلىرى ئۈستىدە پاختىدەك تۈكچىلەر بولىدۇ. گۈلى ئۇششاق، يۇملاق، بىنەپشە رەڭ ۋە قىزىل رەڭگە مايىل ئاق بولىدۇ. ئۇرۇقى قىچىدىن كىچىكرەك بولىدۇ. تاشلىق يەرلەردە ئۆسىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق. ئەبۇ ئەلى ئىبنى سىنا، بەغدادىي، «شىفائۇل ئەسقام» (كېسەللىكلەر شىپاسى) دېگەن كىتابنىڭ ئاپتورى ۋە باشقىلار ئۇنى ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق دەپ بىلگەن. ئەنتاكى ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق دېگەن.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** كۈچلۈك قىزىتقۇچى، سۈيدۈك، ھەيز، تەر ۋە سۈتنى ھەيدىگۈچى، ھامىلە ۋە بالا ھەمراھىنى چۈشۈرگۈچى، ئىچكى ئەزالارنىڭ توسالغۇلىرىنى ئاچقۇچى، كۆكرەك، ئۆپكىنى تازىلىغۇچى بولۇپ، زىققە، يۆتەل، ئاشقازان، جىگەر، تال، بۆرەكنى قۇۋۋەتلەش، ئۇيۇغان قاننى تارقىتىش، ھايۋانات ۋە ئۆسۈملۈكلەرنىڭ سوغۇق زەھەرلىرىنى قايتۇرۇش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. ئۇ يەنە قان تۈكۈرۈشكە شىپا بولغۇچى، بەلغەمنى پارچىلىغۇچى ۋە سۈرگۈچى، ئاشقازاندىكى تۈرلۈك مەددە قۇرتلارنى چىقارغۇچىدۇر. ئۇنىڭ ساپ چىچىكى سەۋدانى سۈرىدىغان بولۇپ، ئەپتىمۇننىڭ ئورنىنى باسىدۇ. ئاش تۇزى ۋە سىركە بىلەن ئىشلىتىلسە بەلغەمنى تېخىمۇ پارچىلايدۇ. ئالتە گىرام ھاشا تۇز ۋە سىركە بىلەن ئىستېمال قىلىنسا بەلغەملىك كەيمۇسنى سۈرىدۇ. ئالتە گىرام ھاشا ھەسەل بىلەن يۇغۇرۇپ، قايناق سۇ بىلەن ئىستېمال قىلىنسا پالەچ، لەقۋا، ئۇنتۇغاقلىق، بويۇن قېتىۋېلىش، تۇتقاق كېسەل، بۆرەك، باھ ئاجىزلىقى، ئېغىز، گال ئاغرىقى، بەلغەم تۈكۈرۈش، قۇلۇنجى قاتارلىقلارغا پايدا قىلىدۇ. تائامغا باشقا كۆكتاتلار ئورنىدا ئاز مىقداردا قوشۇپ پىشۇرۇپ ئىستېمال قىلسا كۆزنى قۇۋۋەتلەيدۇ. كۆزنىڭ كۆرۈش قۇۋۋىتىنى مۇھاپىزەت قىلىدۇ. ئاشقازان، جىگەرنىڭ بۇزۇق خىلىتلاردىن بولغان ئاجىزلىقىغا شىپا بولىدۇ. غىزانىڭ ھەزىم بولۇشىغا ياردەم بېرىدۇ. ھەسەل بىلەن قاينىتىپ ئىچسە نەپەسنى راۋانلاشتۇرىدۇ، تىك ئولتۇرۇپ نەپەسلىنىشكە داۋا بولىدۇ. قورساقتىكى يىلانسىمان مەددىنى چۈشۈرىدۇ. ھەيز، سۈيدۈك ھەيدەيدۇ. ھامىلە ۋە بالا ھەمراھىنى چۈشۈرىدۇ. ھەسەل بىلەن يالانما تەييارلاپ يالىسا ئىچ سۈرۈش، قان تۈكۈرۈشكە پايدا قىلىدۇ. كۆكرەككە يىغىلغان كېرەكسىز ماددىلارنى تازىلايدۇ. يۆتەل پەسەيتىدۇ، زىققىنى راۋانلاشتۇرىدۇ. سىركە بىلەن زىمات قىلسا بەلغەمدىن بولغان يېگى ئىششىقلارنى ۋە ئەزالاردا ئۇيۇپ قالغان قانلارنى تارقىتىدۇ. سەپكۈن، سۆگەللەرنى يوقىتىدۇ. ئۇنىڭ قۇرۇتۇلغىنى يۇنانچە «ئەفرۇخۇدىس» دەپ ئاتىلىدىغان بولۇپ، ئارپا تالقىنى ۋە شاراب بىلەن ئىستېمال قىلىنسا ئولتۇرغۇچ نېرۋا ئاغرىقى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ئاغرىقلارنى پەسەيتىدۇ. ئۇنىڭ تاشلىنىقلاردا ئۆسكىنى تۇتقاق كېسەل بىمارلىرىغا شىپا بولىدۇ، ئۇلارنى ھوشىغا كەلتۈرىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا تۇتقاق كېسىلى تۇتقان بىمارنىڭ يېنىدا ھاشانى كۆيدۈرۈپ ئىسىنى پۇراتقاندىن كېيىن ھوشىغا كەلسە ساقىيىدىغانلىقىنىڭ، ھوشىغا كەلمىسە ساقايمايدىغانلىقىنىڭ ئالامىتى ئىكەن.

**زىيانلىق تەسىرى:** ئۆپكىگە زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** نەئناە ئۆسۈملۈكى.

**ئىستېمال مىقدارى:** 10～15 گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

**ئورۇنباسارى:** تەنقىيە ئۈچۈن يېرىم ھەسسە ئەپتىمۇن. باشقىلار ئۈچۈن بىر يېرىم ھەسسە يالپۇز.

ئۇنىڭدىن بىر ھەسسە ئېلىپ، ئۇن ھەسسە ئۈزۈم سۈيى بىلەن سۇنىڭ ئۈچتىن بىرى قالغۇچىلىك مىقداردا قايىنىتىپ ئىشلىتىلسە ھەممە تەسىرى ئۆزىنىڭ تەسىرىدىن كۈچلۈكرەك بولىدۇ.

ئۇنىڭدىن 500 گىرام ئېلىپ سوقۇپ، ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ خالتىغا قاچىلاپ ئۈچ لىتىر ئۈزۈم سۈيى بىلەن كىچىك كوزىغا تۆكۈلۈپ، ئېغىزى ئېتىلىپ ئېچىغۇچە تۇرغۇزۇپ تەييارلانغان شارابى ئىچىلسە ھەزىمنى كۈچەيتىدۇ، ھەزىم بۇزۇلۇش، ئىشتىھاسىزلىققا داۋا بولىدۇ. پەي ـ نېرۋىلارنىڭ ئاغرىشىنى پەسەيتىدۇ. سوغۇقلۇقنى ئالىدۇ. دوۋساقنىڭ تۆۋىنىدىكى ئاغرىقلارنى پەسەيتىدۇ. سوغۇقتىن بولغان تەپ ۋە جۇغ ـ جۇغنى ئالىدۇ. ھاۋا، قارنىڭ سوغۇقلۇقى، ھايۋانات ۋە ئۆسۈملۈكلەرنىڭ سوغۇق زەھەرلىرىنى ناھايىتى ياخشى قايتۇرىدۇ. ھاشانىڭ ھەممە تەسىرى يالپۇزنىڭ شۇ تەسىرىدىن كۈچلۈكرەكتۇر.

## ھاشىيش
## (ھەسەن يۇسۇف)

ئۇ پارسچە «ھەسەن يۇسۇف» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** مومغا ئوخشاش نەرسە بولۇپ، سۇ بويلىرىدا قېتىپ قالىدۇ. ئاقىقا مايىل، بەتتەم، سەل تاتلىق ۋە ئۆتكۈر بولىدۇ. ئەمما تەتقىقاتلاردىن مەلۇم بولۇشىچە ئۇ ناھايىتى ئۇششاق ئۇرۇقلاردىن ئىبارەت بولۇپ، ئاق، خەشخاش ئۇرۇقىدىن ئۇششاقراق، قاتتىق بولىدۇ. ھىندىچە «تۇخمى كەرەملى» دەپ ئاتىلىدۇ.

**تەبىئىتى:** تۆتىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ناھايىتى ئۆتكۈر بولۇپ، پەرپىيوندىن كۈچلۈكرەكتۇر. كۈچلۈك قۇستۇرغۇچىدۇر. ئەزاسى قاتتىق ئاغرىۋاتقان كىشى ئۇنىڭدىن 5.1 گىرام ئېلىپ ئىلمان سۇ بىلەن ئىستېمال قىلسا قاتتىق قۇستۇرىدۇ، بۇ چاغدا قەي بىلەن قانغا ئوخشاش نەرسە چىقىپ ئاغرىقتىن خالاس تاپىدۇ. ئۇ زىمات قىلىنسا جۇلا بېرىدۇ. رەڭگىرويىنى قىزارتىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئاياللار ئۇنى كۆپ ئىشلىتىدۇ. سوغۇقتىن بولغان كېسەللىكلەر ئۈچۈن ئۇ بەدەن سىرتىدىن ئىشلىتىلىدۇ. ئۈچ گىرامى ئىستېمال قىلىنسا زىيادە قۇستۇرۇش، ئىچكى ئەزالارنى ئېچىشتۇرۇش، گالنى بوغۇش ۋە زېھىننى ئېلىشتۇرۇش بىلەن ھالاك قىلىدۇ.

زەھەر قايتۇرۇش ئۈچۈن يېڭى سېغىلغان سۈت ئارپا سۈيى، بادام يېغى، قار ـ مۇز، گۈلاب بىلەن سوۋۇتۇلغان ئارپا تالقىنى ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ. كالا سۈتىنىڭ دوغىپى قۇرسى كافۇر بىلەن ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ.

## هاماسۇقى
(هاماسۇقى ئوتى)

ماهىيتى: بىر خىل ئۆسۈملۈك بولۇپ، غىرىچ ئىگىزلىكتە ئۆسىدۇ. بەش دانە شىخى بار بولۇپ، بارماق تومىلۇقىدا بولىدۇ. ئۇنىڭدا ئۇششاق يوپۇرماقلار ئۆسىدۇ. گۈلى ئاق بولىدۇ. شاخلىرىدىن ئاق مۇرچ چوڭلۇقىدا مېۋە تۇغۇپ چىقىدۇ. مېۋىسى ئۇزۇلسە سۈت ئېقىپ چىقىدۇ.

تەبىئىتى: بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى: ئىستېمال قىلىنسا ۋە زىمات قىلىنسا چايان چېقىۋېلىشقا شىپا بولىدۇ، سىناقتىن ئۆتكەن. ئۇنىڭ بىلەن فەرزىجە قىلىنسا بالىياتقۇنى ئىسلاھ قىلىدۇ.

# پەسىل: «ھ» (ھۆۋۋائ) ۋە «ب» (بائ) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى

## هۇباب
(هۇباب قوڭغۇزى)

ماهىيتى: ناھايىتى كىچىك، قارا ھاشارات بولۇپ، چايانغا ئوخشايدۇ. قوڭغۇزدىن ئىنچىكىرەك بولىدۇ. بىدانجىر ئۆسۈملۈكىدىن باشقا ئۆسۈملۈكتە پەيدا بولمايدۇ. كىشىنى چاقسا كىشىنى زەھەرلەپ ئۈچ كۈن ئىچىدە ھالاك قىلىدۇ. زەھەرلەنگۈچىنىڭ كۆزى قىزىرىدۇ، كۆڭلى ئاينىيدۇ. بەدىنى قىزىيدۇ. يۈرىكى قالايمىقان سوقىدۇ.

زەھەر قايتۇرۇش ئۈچۈن كافۇر ۋە ئۇنىڭغا ئوخشاش كۈچلۈك سوغۇق تەبىئەتلىك دورىلار ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ.

## ھەباھىب
(يالتىراق قوڭغۇز)

ئۇ «كەرەمى شەبتاب» (كېچىدە چاقنىغۇچى قوڭغۇز) دەپ ئاتىلىدۇ. ھىندىچە «جەگنى»، «بەھگ جەگنى» دەپ ئاتىلىدۇ.

ماهىيتى: چىۋىندىن كىچىكرەك ھاشارات بولۇپ، چىۋىندىن ئىنچىكىرەك، كۆل رەڭ،

سېرىق بولىدۇ. ئۇنىڭ مەقئىتى ناھايىتى يېشىل بولۇپ، قانىتىنىڭ ئاستىغا يوشۇرۇنغان، كېچىدە ئۇچسا مەقئىتى ئېچىلىپ يالتىرايدۇ.

**تەبىئىتى:** قۇرۇق ئىسسىق، ئالاكولوكتىن ئۆتكۇرراقتۇر.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ئۇنىڭدىن ئۈچ دانە ئىستېمال قىلىنسا كىشىنى زەھەرلەپ ھالاك قىلىدۇ. بېشى ئۈزۈۋېتىلگىنىدىن بىر دانە ئېلىپ قۇرۇتۇپ 60 مىللىلىتىر ھەڭ چىلانمىسى بىلەن ئۇدا ئۈچ كۈن ئىچىلسە بۆرەك ۋە دوۋساقتىكى تاشنى پارچىلاپ چىقىرىدۇ، سىناقتىن ئۆتكەن دەپ قارىلىدۇ. ئۇنىڭدىن بىر دانە ئېلىپ قۇرۇتۇپ گۈل يېغى بىلەن سالايە قىلىپ قۇلاققا تېمىتسا قۇلاقنىڭ كىرىنى تازىلايدۇ، سەزگۈرلەشتۇرىدۇ. سەبىرە ۋە ئۇپا (سەفىداپ) بىلەن ئىشلىتىلسە بوۋاسىرنىڭ دانلىرىنى چۈشۈرىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇنى كۈنجۈت يېغىغا چىلاپ شۇ ياغ يۈزگە سۈركەلسە كىشىلەرنىڭ ياخشى كۆرۈشى ۋە ھاجەتلىرىنىڭ راۋا بولۇشىغا سەۋەبچى بولىدىكەن.

## ھۇبارا
(دوغداق)

ئۇ پارسچە «ھوبرە»، تۈركچە «توغدىرى»، ھىندىچە «چەرز» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** بىر خىل ياۋايى قۇش بولۇپ، تۇمشۇقى ۋە پۇتلىرى ئۇزۇن بولىدۇ. ئۈچ خىل بولىدۇ. بىرىنچى خىلى چوڭ، ئالا، يەرلىك خورازدىن سەل كىچىك بولىدۇ. ئىككىنچى خىلى كۈل رەڭ، قارا چېكىتلىرى بار بولۇپ، بىرىنچى خىلىدىن كىچىكرەك بولىدۇ. ئۈچىنچى خىلى ناھايىتى كىچىك بولۇپ، ھىندىچە «لىك» دەپ ئاتىلىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىنىڭ ئاخىرىدا قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** سوغۇق مىزاجلىقلارنىڭ ئىستېمال قىلىشىغا مۇۋاپىق كېلىدۇ. ئۇنىڭ گۆشى ۋە يېغى كاناي ئىششىقى، زىققە نەپەسكە پايدا قىلىدۇ. تاشلىقىنىڭ پەردىسى خەفەقان ۋە كۆكرەك كېسەللىكلىرىگە شىپا بولىدۇ. ئۇنى باراۋەر مىقداردىكى تۇز بىلەن كۆزگە سۈركىسە كۆزگە سۇ چۈشۈشنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىگە ناھايىتى ياخشى پايدا قىلىدۇ. ئۇنىڭ يېغىنى ئاز مىقداردىكى تۇز ۋە سۇمبۇل بىلەن يۇغۇرۇپ نوقۇت چوڭلۇقىدا ھەب ياساپ سايىدا قۇرۇتۇپ بەش دانە ئىستېمال قىلسا تۇتقاقلىق ئىچ سۈرۈشكە تەڭداشسىز پايدا قىلىدۇ. قېنىدىن 15 گىرامغىچە ئېلىپ سۇ ۋە شاراب بىلەن ئىستېمال قىلسا كاناي ئىششىقى ۋە نەپەس قىسىن بولۇشقا پايدا قىلىدۇ. قېنىنىڭ كۈلى زىمات قىلىنسا سۆگەللەرنى يوقىتىدۇ. گۆشى تەستە ھەزىم بولىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** ئىسسىق مىزاجلىقلارغا زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** سىركە بىلەن دارچىن.

ئىپتىشلارغا قارىغاندا، ئۇنىڭ تىرىنقىنى باراۋەر مىقداردىكى ھەببۇل مىنسەم بىلەن سالايە قىلىپ ھەسەل بىلەن ئىستېمال قىلسا خەلق ئۇ كىشىنى زىيادە ياخشى كۆرىدىغان بولىدۇ. ئۆزى بىلەن بىرگە ساقلىسا كىشىلەرنىڭ قوبۇل قىلىشىغا ئېرىشكىلى بولىدۇ. ئوڭ كۆزى ئىپسۇۋىلىنسا كۆز زەخمىسىگە پايدا قىلىدۇ. تاشلىقىدا پەيدا بولغان تاش ئىپسۇۋىلىنسا بۇرۇننىڭ قىنىنى توختىتىدۇ. تۇخۇمى ياخشى بوياق بولىدۇ.

## ھەبھەبۇ

(ھەبھەبۇ مېۋىسى)

بىر دەرەخنىڭ مېۋىسىدۇر. ئۇنىڭ دەرىخى ئامماندا نارجىل دەرىخى چوڭلۇقىدا بولىدۇ. ئەمما يىپلىق بولمايدۇ. مېۋىسى ئىشلىتىلىدىغان بولۇپ، نارجىل مېۋىسىدىن چوڭراق، پوستى نازۇكراق بولىدۇ. سۇندۇرۇلسا ئىچىدىن نوقۇت چوڭلۇقىدا، ئۇنىڭدىن چوڭراق ئۇرۇقلار ۋە ئۇنىغا ئوخشايدىغان توپا رەڭلىك يۇمشاق نەرسە چىقىدۇ. تەمى تىلنى چاقىدۇ، چۈچۈمەل بولۇپ، تىلنى ناھايىتى قورۇيدۇ. مېۋىسى پوستى ئىچىدىلا بولسا قۇۋۋىتى بىر يىلغىچە ساقلىنىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە سوغۇق، ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇقتۇر.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** كونا ئىچ سۈرۈش ۋە قاناشنى توختىتىدۇ، تەشنالىق ۋە سەپرانىڭ ئۆتكۈرلۈكىنى باسىدۇ. قۇسۇش ۋە كۆڭۈل ئاينىشنى توختىتىدۇ. ئۇ ئۇدا بىر ھەپتە ئىستېمال قىلىنسا ئىسسىقتىن بولغان باش ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ. مېڭىگە ئۆرلىگەن بۇخاراتنى توختىتىدۇ. كۆز قاراڭغۇلىشىش، باش قېيىشلارغا پايدا قىلىدۇ. ھەسەل بىلەن ئىستېمال قىلىنسا قانلىق ئىچ سۈرۈشكە شىپا بولىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** كۆكرەككە زىيان قىلىدۇ، ئاۋازنى بۇزىدۇ. يۆتەل پەيدا قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** كەتىرا.

**ئىستېمال مىقدارى:** ئۈچ گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

**ئورۇنباسارى:** سۇماق.

ھىندىستان ۋە بېنگالدا مەزكۇر مېۋىگە ئوخشايدىغان بىر خىل مېۋە يېتىشىدۇ. ئەمما ئۇنىڭ دەرىخى نارجىل دەرىخىگە ئەمەس، بەلكى بېيل دەرىخىگە ئوخشايدۇ. مېۋىسى سەل كىچىكرەك، يوپۇرمىقىمۇ ئۇنىڭدىن كىچىكرەك بولىدۇ. ئۇرۇقىمۇ نوقۇتتىن كىچىكرەك بولۇپ، چۈچۈمەل، قىرتاق بولىدۇ. ئۇنىڭ بەزى تۈرلىرى سەل ئاچچىق - چۈچۈك بولىدۇ. ئۇ ھىندىستان ۋە بېنگالدا «كوتىيە»، «كەنە بېيل» دەپ ئاتىلىدۇ. ئاللا خالىسا «ك» (كاف) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلار بابىدا بايان قىلىنىدۇ.

## ھەبەرەج
(ھەبەرەج قۇشى)

**ماھىيىتى:** بىر خىل مەشھۇر قۇش بولۇپ، دوغىداققا ئوخشايدۇ. ئۇنىڭدىن كىچىكرەك بولىدۇ. سۇ بويلىرىدا ياشايدۇ.

**تەبىئىتى:** قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** تەستە ھەزىم بولىدۇ. سەۋدالىق قان پەيدا قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** يۇمشاق پىشۇرۇپ، مەستىكى، دارچىن، سىركە، مۇرى، ئۇشتۇرغار قاتارلىقلار بىلەن مايسىز ئىستېمال قىلىنىشتۇر. ئەگەر ئازراق مايلاپ قورۇپ پىشۇرسىمۇ يامان بولمايدۇ.

## ھەببۇلبان
(ھەببۇلبان)

ئۇ ھىندىچە «بەكايىن»، فىرانسۇزچە «نوزانكۇن نارىيە» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** بىر خىل دان بولۇپ، پىستىنىڭ دىنىدىن كىچىكرەك، يۇمىلاق بولىدۇ. لوبىيانىڭ غىلاپىغا ئوخشاش غىلاپ ئىچىدە، ئۇنىڭدىن ئىنچىكىرەك بولىدۇ. ئاچچىق، پوستى ئاق، نېپىز بولىدۇ. دەرىخى يۇلغۇن دەرىخىدىن چوڭراق بولىدۇ. يوپۇرمىقى ئىنەكپىتى يوپۇرمىقىغا ئوخشاش، ئۇنىڭدىن كىچىكرەك، ناھايىتى كۆك بولىدۇ. گۈلى سېرىق بولۇپ، يىپقا ئوخشايدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا ئۇنىڭ بەزى شاخلىرىنىڭ يوپۇرمىقى باشقا دەرەخلەرنىڭ يوپۇرمىقىنىڭ ئەكسىچە ناھايىتى ئاق بولىدىكەن.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** جىگەر، تال توسالغۇلىرىنى ئاچقۇچى، خام بەلغەمنى سۈرگۈچىدۇر. ئۇسارىسى قۇستۇرىدۇ. ئۇنىڭ ئۆزى سۇ ۋە سىركە بىلەن ئىستېمال قىلىنسا تال كېسەللىكىگە پايدا قىلىدۇ، سىناقتىن ئۆتكەن. ئۇنىڭ بىلەن پىلتە تەييارلاپ بۇرۇنغا قويسا بۇرۇن قاناشنى توختىتىدۇ. تالقان قىلىپ چىشقا سەپسە چىش مىلىكىنى چىڭىتىدۇ. زىمات قىلىپ سۈركىسە قاتتىق ئىششىقلارنى تارقىتىدۇ، تەشەننۇج، بوغۇملار ئاغرىقى، تاز، جىگەر ۋە تالنىڭ قاتتىق ئىششىقىغا شىپا بولىدۇ. سەۋدالىق ۋە بەلغەملىك ماددىلارنى بىرتەرەپ قىلىدۇ. داغ، قوتۇر، قىچىشقاققا شىپا بولىدۇ. سۈيدۈك بىلەن چاپسا سۆگەل يوقىتىدۇ.

**زىيانلىق تەسرى:** كۆڭۈلنى ئاينىتىدۇ. ئاشقازان، جىگەرگە زىيان قىلىدۇ.
**تۈزەتكۈچىسى:** ئارپىبەدىيان.
**ئىستېمال مىقدارى:** ئالتە گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.
**ئورۇنباسارى:** بىر يېرىم ھەسسە قېلىن دارچىن، ئۇندىن بىر پچىلىك مىقداردا بەسباسە.

ئۇنىڭ يېغى جۇلا بەرگۈچى، ماددىلارنى تارقاتقۇچى بولۇپ، قۇلاققا تېمىتىلسا ئاغرىقنى پەسەيتىدۇ، غوڭۇلدىشى ۋە قىچقىرىشىنى توختىتىدۇ. سۈركىلسە سوّگەل يوقىتىدۇ. كونا يېرىقلارنى ساقايتىدۇ. پەيلەرنى يۇمشىتىدۇ. چىش ئاغرىقى ۋە سوغۇقتىن بولغان ئاغرىقلارنى پەسەيتىدۇ. پالەچ ۋە ئۇنىڭ ئوخشاشلىرىغا شىپا بولىدۇ. جىگەر، تال ئىششىقىنى تارقىتىدۇ. بوۋاسىرغا شىپا بولىدۇ. مەستىكى بىلەن ئىشلىتىلسە بەلغەمدىن بولغان قەينى توختىتىدۇ. ئەنبەر بىلەن زىمات قىلىنسا سوغۇق نەزلىلەر، مېڭىنىڭ سوغۇقلۇقى ئېشىپ كېتىش، قوتۇر، قىچىشقاق، تېرە قاسىراقلىشىش ۋە يارىلارغا پايدا قىلىدۇ. ئۇنىڭ بەش گىرامى سۇ ۋە ھەسەل بىلەن ئىستېمال قىلىنسا قەينى قوزغىتىدۇ ۋە ئىچنى سۈرىدۇ. سۇ ۋە سىركە بىلەن ئىشلىتىلسە جىگەر، تالنى تازىلايدۇ. ئۇنىڭ 15 گىرامى سۇيۇق ھۆللۈكلەرنى سۈرۈپ چىقىرىدۇ.

**زىيانلىق تەسرى:** ئاشقازانغا زىيان قىلىدۇ.
**تۈزەتكۈچىسى:** رۇمبەدىيان.
ئۇ ھەبلەرگە قوشۇلسا بۇزۇلمايدۇ.

## ھەببى بەلەسان
(ھەببى بىلسان)

ئۇ بىلسان دەرىخىنىڭ ئۇرۇقىدىن ئىبارەت. ئاقمۇچ چوڭلۇقىدا، ئۇنىڭدىن چوڭراق، سەل ئۇزۇنچاق، قوڭۇر، سەل ئېغىر، مېغىزى ئاق، تەمى ئاچچىق بولىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن بەشام ئۇرۇقىنىڭ پەرقى شۇكى، بەشام ئۇرۇقى تەمسىز، مېغىزسىز، يۇمىلاق بولىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ھەببى بىلسان ۋە ئۇنىڭ دەرىخى ئەمەلىيەتتە مەۋجۇت بولمىغاچقا، ئۇنىڭ ئورنىغا بەشام ئۇرۇقى ئىشلىتىلىدىكەن. ئەمما ئۇ ھەببى بىلسانغا بەدەل بولالمايدۇ.

**تەبئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىنىڭ ئاخىرىدا قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ئىچى - سىرتىدىن ئىشلىتىلسە ئاشقازاننى قۇۋۋەتلىگۈچى، ئاشقازاننىڭ سوغۇقلۇقىنى ھەيدىگۈچى، ھەزىمنى ياخشىلىغۇچى، زەھەر قايتۇرغۇچى، ئاشقازان ۋە ئۈچەيلەرنىڭ ھۆللۈكلىرىنى قۇرۇتقۇچى، تۇتقاق كېسەل، كۆز ئالدى

قاراڭغۇلـىشـقا شىپـا بولغۇچـى، كونا ۋە يېـڭى باش ئاغـرىقنـى پەسەيـتـكۈچى، قـورساق ئاغرىقىنى توختاتقۇچى، بەلـغەم ۋە سەۋدادىن بـولغان كېـسەللـىكلەر، زىقـقە، يۆتەلـگە شىپـا بولغۇچى، ئۆپكە ئـىششىقىنى تارقاتقۇچى، ئاشقازان ئاغرىقىنى پەسەيتكۈچى، يەل تارقاتقۇچى، قـورساقنىـڭ ئىسـسـىقىنى يوقاتـقۇچى، جىـگەر توسالـغۇلـىرىـنى ئاچقـۇچى، ئـىسـتـىسـقـا، ئولتۇرغۇچ نېرۋا ئاغرىقىغا داۋا بولغۇچى، زىـيانداش ھاشـاراتنىڭ زەھـىرىنى قـايتۇرغۇچـى، سـۈيدۈكـنـى راۋانـلاشتۇرغـۇچـى، ھەيز مـاڭـدۇرغۇچـى، دائـىـرىلـىـك چـاچ چۈشـۈش، تـېـرە قاسراقلىشىشقا شىپا بولغۇچى، چاچ يىلتىزىنـى چىڭىـتقۇچـىدۇر. قايناتـمىسـىـدا ئولتۇرسـا بالـىياتقۇنى قورۇيدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** دوۋساققا زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** كەتىرا.

**ئىستېمال مىقدارى:** ئالتە گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

**ئورۇنباسارى:** بىر يېرىم ھەسسە ئۇد بىلسان، تېپىلمىسا بىر ھـەسسە قېلىن دارچىـن، ئۇنىڭدىن بىرىچىلىك مىقداردا بەسباسە، زەھەر قايتۇرۇش ئۈچۈن باراۋەر مىقداردا ئۈزۈنچـاق زىراۋەنـدە، ھەببۇلـغاردۇر. بىلـسان ماۋزۇسىـدىمۇ ئـۇنـىڭ بەزى خـۇسـۇسـىيـەتـلىرى بـايـان قىلىندى.

## ھەببەتۇل خەزراﺋ
(يېشىل دان)

**ماھىيتى:** ئۇ پارسچە «سەقىر» دەپ ئـاتىلـىدىغان بۇتـۇم دەرىخىنـىڭ مېۋىـسىدۇر. بۇتـۇم ماۋزۇسىدا ئۇنىڭ دەرىخىنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى بايان قىلىنـدى. ھەببەتـۇل خۇزراﺋ پارسچـە «بۇن» دەپ ئاتىلىدۇ. ئىككى خىل بولىدۇ. بىـر خىلـى «شاھبۇن» دەپ ئـاتىلـىدىغان بولـۇپ، كىچىكرەك، پوستى چايناپ يېگىلى بولغۇدەك دەرىجىدە نېپىز بـولىدۇ. يەنـە بىرى چوڭـراق، پوستىمۇ قاتتىقراق بولىدۇ. ئىبنى مۇئەللىپنىڭ ئېيتىشىچە ئۇ ھازىرقى زامـاندا ئۈچ خىـل بولىدىكەن، چۈنكى، مالۋەرد شەھىرى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى شەھەرلەردە ئۇ پىستە دەرىخىگـە ئوخشاش ئۆسىدىغان بولۇپ، مېۋىسى چوڭراق ۋە تەملىكرەك بولىدىكەن. ئۇنـى «گۇلخۇنـەك» دەپ ئاتىلىدىكەن. ئۇنىڭ يېشىل، يېڭى، دانلىق بولغانلىرى ياخشىلىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. «شاھبۇن» دەپ ئاتالغىنىـنىڭ دەرىـخى «زىرۋى» دېيـىلىدۇ. ئـۇنىڭ مېـۋىسى باشـاق ئىچىـدە بولىدىغان بولۇپ، خـام ۋاقتىدا «نـەبشە» دەپ ئاتـىلىپ تـەمىنى يـاخشـىلاش ۋە ئـاشقازانـنـى قۇۋۋەتلـىشى ئۈچـۈن «ئابدۇغ» ۋە «بەدراق» نـاملىق ئـىچىملىكلـەرگە قوشۇلـىدۇ. ئۇنـىڭ «شاھبۇن» دەپ ئاتالغىنىنىڭ دەرىخى «زىرۋى» دەپ، يېلىمى «سەمغۇز زىرۋى» دەپ ئاتىلىدۇ.

ئاللا خالىسا «ز» (زۇۋاد) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلار بابىدا بايان قىلىنىدۇ.

**تەبىئىتى:** ھۆلى بىرىنچى دەرىجىدە ئىسسىق، ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق، قۇرۇقى ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىقتۇر.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** خۇرسەن قىلغۇچى، سەزگۈلەرنى، جىگەر، تالنى ۋە باھنى قۇۋۋەتلىگۈچى، باھنى قوزغاتقۇچى، بەدەن، بۆرەكنى سەمرىتكۈچى، ئىچكى ئاغرىقلارنى پەسەيتكۈچى، بۆرەكنىڭ توسالغۇلىرىنى ئاچقۇچى، كۆكرەك ۋە ئۆپكىنىڭ سۇيۇقلۇقلىرىنى چىقارغۇچى، بەدەندىكى بەلغەم خاراكتېرلىك كېرەكسىز ماددىلارنى تازىلىغۇچى، تاش پارچىلىغۇچى، ئۇرۇلۇپ ـ سوقۇلۇشتىن پەيدا بولغان قاتتىق ئىششىقلارنى يۇمشاتقۇچى، ئاشقازاندىكى تۈرلۈك مەددە قۇرتلارنى چىقارغۇچى، سۇيدۈك، ھەيز ۋە توختىغان بوۋاسىر قېنىنى ماڭدۇرغۇچى، بۆرەك ۋە ئاشقازاننى قىزىتقۇچى، بەل تارقاتقۇچىدۇر، بۇنىڭ ئۈچۈن ئىستېمال قىلىنىدۇ. قابىزلىق خۇسۇسىيىتى بار بولۇپ، پالەچ، لەقۋا، يۆتەل، خەفەقان، بەل، ئۇچا ئاغرىقى، قولۇنجى، بىھوشلۇق، ئىستىسقالارغا پايدا قىلىدۇ. بادام، شېكەر بىلەن ئىشلىتىلسە بەدەننى سەمرىتىدۇ، سۇيدۈكنىڭ تامچىلاپ كېلىشىگە داۋا بولىدۇ. سىركە بىلەن ئىستېمال قىلىنسا باش ئاغرىقنى پەسەيتىدۇ، جىگەرنى تازىلايدۇ. ئەفئى يىلىنى ۋە دۆڭنىڭ زەھرىنى قايتۇرىدۇ. نانغا قوشۇپ ئىستېمال قىلسا تېز سىڭدۈرىدۇ، ئۇنىڭ زىيىنىنى ئازايتىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** ئىسسىق مىزاجلىقلارغا زىيان قىلىدۇ. ئۇزۇندا ھەزىم بولىدۇ، ناچار كەيمۇس پەيدا قىلىدۇ. باشنى ئاغرىتىدۇ، مېڭە ۋە ئىسسىق مىزاجلىقلارنىڭ ئىچكى ئەزالىرىغا زىيان قىلىدۇ. كۆپ ئىستېمال قىلىنسا ئېغىزغا تاشما ئۆرلىتىدۇ. ئىشتىھانى بۇزىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** گۈلاب، رۇببى رىباس، چۈچۈمەل مېۋە قىياملىرى، سىركەنجىۋىل. بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىچە كەتىرا، يەنە بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىچە خېمىرى بىنەپشە.

**ئىستېمال مىقدارى:** 10~15 گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

**ئورۇنباسارى:** ئاچچىق بادام مېغىزى، پىستە مېغىزى ياكى ياڭاق مېغىزى، بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىچە باراۋەر مىقداردا قوغۇن ئۇرۇقىدۇر.

ئۇ زىمات قىلىنسا قاتتىق يارىلارنى پىشۇرىدۇ. مەلھەم قىلىنسا يۈزنى تازىلايدىغان بولۇپ، داغ يوقىتىدۇ، لەۋگە سۈركىلسە، لەۋ يېرىقىنى ساقايتىدۇ. كۆيدۈرۈلگىنىنى مەلھەم قىلىپ دائىرىلىك چاچ چۈشكەن ئورۇنغا سۈركىلسە چاچ ئۈندۈرىدۇ، بولۇپمۇ ئۇنىڭ چاچ ئۈندۈرۈش تەسىرى ياخشىدۇر. يوپۇرمىقىنى قۇرۇتۇپ قاپچۇق ياساپ باشقا كىيسە چاچ ئۈندۈرىدۇ ۋە ئۆستۈرىدۇ. مۇنچىدا ئۇنىڭ بىلەن يۇيۇنسا نەزلە سۇيۇقلۇقلىرىنىڭ چۈشۈشىنى توسىدۇ، سىناقتىن كۆپ ئۆتكەن.

ئۇنىڭ يوپۇرمىقى بىلەن ياغىچى قۇرۇق ئىسسىق بولۇپ، بەدەننىڭ ئىچى ـ سىرتىدىن ئىشلىتىلسە بەدەننى قۇۋۋەتلەيدۇ. بەدەننىڭ سىسىق پۇرىقىنى يوقىتىدۇ. زىياندىن ھاشاراتنى قاچۇرىدۇ. ياغىچى ئۆزى بىلەن ساقلانسا ھاجەتلەرنىڭ راۋا بولۇشىغا سەۋەب بولىدۇ. قوۋزىق كۆيدۈرۈپ ئىسرىق سالسا زىيانداش ھاشارات ۋە پاشىنى قاچۇرىدۇ، سىناقتىن ئۆتكەن دەپ قارىلىدۇ. مەستىكى، قۇستە ۋە ياغ بىلەن قايىنىتىلسا پالەچ، لەقۋا، بويۇن قېتىشىش، رەئىشە، بوغۇم ئاغرىقلىرى، ئىششىقلار، سۇنۇق، ئۇرۇلۇپ ـ سوقۇلۇشتىن بولغان زەخىملەرگە ئىنتايىن پايدا قىلىدۇ.

ئۇنىڭ يىلىمى قۇلاقنىڭ ھۆللۈكلىرىنى قۇرۇتىدۇ، ئۆپكە يارىسى، كونا يۆتەل، قەۋزىيەتكە شىپا بولىدۇ. باھنى قوزغىتىدۇ. ئەفئى يىلىنىنىڭ زەھرىنى قايتۇرىدۇ.

## ھەببۇر راسەن
(راسەن مېۋىسى)

ئۇ «زەبىيبۇل جەبەل» (تاغ قۇرۇق ئۈزۈمى)، «زەبىيبى بەررىي» (ياۋا قۇرۇق ئۈزۈم) دەپ ئاتىلىدۇ. يەنە «ئەستاقەندىبا ئەغرىبا» دەپ ئاتىلىدۇ، ئىبنى بەيتار «ئۇنىڭ مەنىسى تاغ قۇرۇق ئۈزۈمى دېگەن بولىدۇ» دېگەن. باغدادىي ئۇنداق ئەمەس دېگەن.

**ماھىيىتى:** بىر خىل ئۇرۇق بولۇپ، مەۋىيىزەج (تاغ قۇرۇق ئۈزۈمى) گە ئوخشايدۇ. سىلىق بولىدۇ، غىلاپ ئىچىدە بولۇپ، زاراڭزا ئۇرۇقىغا ئوخشايدۇ. سەل ياپىلاق، تەمى ئۆتكۈر، ئاچچىق، خۇش پۇراق بولىدۇ، يەنە يۇمىلاق بولىدۇمۇ دېيىلگەن. پارسنىڭ تاغلىق رايونلىرى، كوردىستان ۋە ھەمەدان قاتارلىق يەرلەردىن كەلتۈرۈلىدۇ. گۈلى سەۋسەن گۈلىگە ئوخشايدۇ. «ر» (رائ) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلار بابىدا بايان قىلىنىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇنىڭ يوپۇرمىقى ياۋا كەرەم ئۆسۈملۈكىنىڭ يوپۇرمىقىغا ئوخشايدىكەن، چىشلىق بولىدىكەن. يىلتىزى چاچما ھالەتتە بولىدىكەن، شاخلىرى تىك ئۆسىدىكەن، قارا بولىدىكەن.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** باھنى قۇۋۋەتلىگۈچى، چاچنى قۇۋۋەتلەپ، چاچ چۈشۈشنىڭ ئالدىنى ئالغۇچىدۇر. سوغۇقتىن بولغان كېسەللىكلەرگە ئىچى ـ سىرتىدىن ئىشلىتىلىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** ئالتە گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

**ئورۇنباسارى:** يېرىم ھەسسە راسەن.

«تۆھپەتۇل مۆئمىنىين» (مۆئمىنلەرگە ئاتالغان ھەدىيە) ناملىق كىتابنىڭ ئاپتورى: «مالا يەسەئۇ لىت تەبىيبى جەھلۇھ، (تېۋىپ بىلمىسە بولمايدىغان ئىشلار) دېگەن كىتابنىڭ ئاپتورى ۋە باشقىلار مەۋىيەزەج (تاغ قۇرۇق ئۈزۈمى)نى ھەببى راسەن دەپ بىلگەن، ئەمما ئۇلار بىر ـ بىرىگە ئوخشىشىدىغان بولغاچقا ئارىلاشتۇرۇپ قويغان» دەپ يازغان.

## ھەببى رىباس
(رىباس ئۇرۇقى)

ئۇ پارسچە «تۇخمى رىباس» (رىباس ئۇرۇقى) دەپ ئاتىلىدۇ. يېڭىسى ياخشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

**تەبىئىتى:** قۇرۇق سوغۇق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** قورۇش تەسىرى بار بولۇپ، سەپرادىن بولغان يارا، قوتۇر ۋە قىچىشقاق ئۇچۇن ئىچى ـ سىرتىدىن ئىشلىتىلىدۇ.

**ئورۇنباسارى:** يەرلىك ھۇمماز ئۇرۇقى.

## ھەببى زۇلەم
(ھەببى زەلەم)

ماھىيىتى: ئۇ بەزىلەر ئويلىغاندەك كەنكەر ئۇرۇقى ئەمەس. ئىبنى بەيتار: «ئىبنى ۋاقىد ئۇنى مايلىق، كونۇسسىمان، نوقۇتتىن سەل چوڭراق، سىرتى سېرىق، ئىچى ئاق، خۇشتەم، لەززەتلىك ئۇرۇق بولۇپ، بەربەرىستاندىن ئېلىپ كېلىنىدۇ، بىز نىڭ ئارىمىزدا ‹ فۇلفۇلۇس ـ سۇدان › دەپ ئاتىلىدۇ، ئەمما ئۇ فۇلفۇلۇس سۇدان ئەمەس دېگەن » دەپ يازغان. باغدادىي: «ئۇ ئىككى خىل بولىدۇ، بىرى نوقۇتتىن چوڭراق، كونۇسسىمان، خۇش پۇراق، خۇشتەم، تاتلىق بولىدۇ، پوستى قارىغا مايىل بولۇپ، شەھىرى زور ۋە مىسىردا يېتىشىدۇ، يەنە بىرى، سەل ئۇزۇنچاق، كىچىك، سېرىق بولۇپ، مىسىر ۋە بەربەردىن ئېلىپ كېلىنىدۇ. ئۈسۈملۈكى غۇلاچتىن پاكارراق ئۆسىدۇ، يوپۇرمىقى تەڭگىگە ئوخشاش يۇملاق بولىدۇ» دەپ يازغان.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە ھۆل ئىسسىق، ئارتۇق ھۆللۈكى بار.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ئىستېمال قىلىنسا باھنى قوزغاتقۇچى، بەدەن ۋە بۆرەكنى سەمرىتكۈچى، ئاجىز جىگەرنى قۇۋۋەتلىگۈچى، كۆكرەكنىڭ يىرىكلىكى، يۆتەل، سەۋدادىن بولغان كېسەللىكلەر ۋە سۈيدۈك ئېچىشىپ كېلىشلەرگە شىپا بولغۇچىدۇر. چايناپ داغقا سۈركىلسە داغنى يوقىتىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** باھنى قوزغىتىش ئۇچۇن 35 گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

**ئورۇنباسارى:** ھەببىتۇلخۇزرا.

**زىيانلىق تەسىرى:** گالغا زىيان قىلىدۇ، توسالغۇ پەيدا قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** سىركەنجۇبىل.

## ھەببۇس سەمنە
(ياۋا كەندىر ئۇرۇقى)

ئۇ «شاھدانە بەررىي» (ياۋا كەندىر ئۇرۇقى) دەپمۇ ئاتىلىدۇ. پارسچە «نەقل خۋاجە» دېيىلىدۇ.

ماھىيىتى: مۇرچ چوڭلۇقىدىكى يۇمىلاق، قارا، سىلىق ئۇرۇق بولۇپ، مېغىزى ئاق، تاتلىق، مايلىق بولىدۇ. ئۆسۈملۈكى غۇلاچ ئېگىزلىكتە ئۆسىدۇ. سۇتلۇك بولىدۇ. يوپۇرمىقى توپارەڭ ئاق بولىدۇ. قۇملۇقلار ۋە چۆللەردە ئۆسىدۇ.

تەبىئىتى: قۇرۇق ئىسسىق، ئارتۇق ھۆللۈكى بار.

خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى: مېغىزىنىڭ شىرىسى مائۇلھەسەل بىلەن ئىچىلسە بەلغەمنى يەڭگىل سۈرىدۇ. ئۇنىڭ شىرىسىنى ئېلىپ سۇ، بۇغداي ئۇنى، شېكەر، تاتلىق بادام يېغى ياكى يېڭى كۈنجۈت يېغى بىلەن بىرلىكتە قايىنتىپ ئاتىلا ۋە ھالۋىدەك بولغۇچە پىشۇرۇپ ئىستېمال قىلسا ئورۇقلارنى سەمرىتىدۇ، قۇرۇق مىزاجلىق كىشىلەرنىڭ ئىستېمال قىلىشىغا مۇۋاپىق كېلىدۇ. دەرىخىنىڭ يوپۇرمىقىدىن 100 گىرام ئىستېمال قىلسا بەلغەم ۋە سەپرانىڭ بىرلىشىشىدىن بولغان ئىچ سۈرۈشنى توختىتىدۇ.

**ئىستېمال مقدارى:** مېغىزىدىن 30 گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

**ئورۇنباسارى:** باراۋەر مىقداردا پىستە، كۈنجۈت.

**زىيانلىق تەسرى:** تەستە ھەزىم بولىدۇ. ئاشقازاندىن ئۇزۇندا ئۆتىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** سىركەنجۇبىل، ھەسەل.

## ھەببۇل ئەزىز
(ئەزىز ئۇرۇقى)

ماھىيىتى: ئەنتاكىي «ئۇنىڭ ماھىيىتى ھەببى زۇلەم بىلەن ئوخشاش» دەپ يازغان. باغدادىي «ئىككى خىل بولىدۇ، مىسىر خەلقى ئۇنىڭ بىر خىلىنى ئىسكەندەرىيەدە تېرىيدۇ، ياز پەسلىدە قۇياش ئەسەد بۇرجىغا كەلگەندە پىشىدۇ» دېگەن.

**تەبىئىتى:** بىرىنچى دەرىجىدە ئىسسىق، ئىككىنچى دەرىجىدە ھۆل.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** بەدەننى ۋە ئورۇق بۆرەكنى سەمرىتكۈچى، ياخشى قان پەيدا قىلغۇچى بولۇپ، باھ، بۆرەك، جىگەر ئاجىزلىقى، سۈيدۈك ئېچىشىپ كېلىش، كۆكرەك يىرىكلىكى، يۆتەل، ساراڭلىققا ئوخشاش سەۋدادىن بولغان كېسەللىكلەرگە شىپا بولىدۇ.

**زىيانلىق تەسرى:** كۆپ ئىشلىتىلسە گالغا زىيان قىلىدۇ، تەستە ھەزىم بولىدۇ، توسالغۇ پەيدا قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** سىركەنجۇبىل.

**ئىستېمال مىقدارى:** 70 گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

**ئورۇنباسارى:** ھەبىبتۇلخۇزرا.

ئۇنى بەدەننى سەمرىتىش ئۈچۈن ئىستېمال قىلىشنىڭ ئەڭ ياخشى ئۇسۇلى شۇكى، ئۇنى سوقۇپ سۇغا بىر كېچە چىلاپ قويۇپ تەمى چىققاندىن كېيىن پىسەپلىرىنى سۈزۈۋېتىلىپ سۈيىگە شېكەر ئارىلاشتۇرۇپ ئىچىلىدۇ.

## ھەببۇل قۇلت

ئۇ ھىندىچە «كۇلت» دېگەن سۆزدىن ئەرەبچىلەشتۈرۈلگەندۇر. ھەكىم ئەلى «ئەلقانۇن»نىڭ شەرھىسىدە ئۇنى ھىندىچە «كۇلتى» دەيدۇ دەپ يازغان. ئۇ يەنە «كۇلتە» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئۇنىڭ بىر خىلى «چەكرەك» دەپ، يەنە بىرى خىلى «راپەج» دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ قىسمى ئەرەبچە «كاسىرۇل ھەجەر» (تاشنى سۇندۇرغۇچى) دېيىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** يېزىلىشچە ئۇ بىر خىل ئۇرۇق بولۇپ، كۆككە مايىل قارا، زىغىر ئۇرۇقىغا ئوخشاش پارقىراق بولىدۇ. زىغىر ئۇرۇقىدىن چوڭراق بولۇپ، يۇمىلاقىقا مايىل، تاتلىق بولىدۇ. چايىنالسا ئېغىزدا ھارارەت پەيدا قىلىدۇ. بېنگالدا ئۇنىڭ بىر خىلى كۆرۈلگەن بولۇپ، يۇقىرىقىدەك ئەمەس، بەلكى كۆپ قىسمى سېرىققا، بەزىلىرى قىزىلغا مايىل، بەزىلىرى قارامتۇل، كونۇسسىمان، سەل ئۇزۇنچاق، ئەدەس ۋە شۇمشا ئۇرۇقى چوڭلۇقىدىكى ئۇرۇق ئىدى. مېغىزى ئىككى پارچە بولۇپ، ئاقتۇر.

**تەبىئىتى:** ئۈچىنچى دەرىجىدە ئىسسىق، ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇقتۇر. بەزىلەر ئىككىنچى دەرىجىدە ئىسسىق، ھۆللۈككە مايىل دەيدۇ.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ئۇ يالغۇز ياكى مۇناسىۋەتلىك دورىلار بىلەن ئىستېمال قىلىنسا بۆرەكتىكى تاشنى پارچىلاپ چىقىرىدۇ. ئىشتىھانى ئاچىدۇ، ھېق تۇتۇشنى توختىتىدۇ. كۆز كېسەللىكلىرىگە شىپا بولىدۇ. سۈيدۈك ۋە ھەيزنى ھەيدەيدۇ. تەرەتنى بوشىتىدۇ. مەنىي ۋە بوۋاسىرنىڭ ھۆللۈكىنى قۇرۇتىدۇ. تال توسالغۇلىرىنى ئاچىدۇ. ئۇنىڭ 30 گىرامى باراۋەر مىقداردىكى چامغۇر ئۇرۇقى بىلەن بىرلىكتە 375 مىللىلىتىر سۇ بىلەن ئوت ئۈستىدە تاكى 125 مىللىلىتىر قالغۇچە قاينىتىپ پىسەپلىرى سۈزۈۋېتىپ ئىككىگە بۆلۈپ بىر قىسمىنى ناشتىدا ئىللىمان ھالدا، يەنە بىر قىسمىنى كەچتە ئىللىمان ھالدا ئىچسە، بۆرەك ۋە دوۋسۇاقتىكى تاشنى ناھايىتى ياخشى پارچىلايدۇ، سىناقتىن ئۆتكەن. ئۇ زىمات قىلىنسا رەڭگىروينى ياخشىلايدۇ. بوۋاسىرغا داۋا بولىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** ئۆپكىگە زىيان قىلىدۇ.

**تۆزەتكۈچىسى:** ھەسەل.

**ئىستېمال مىقدارى:** ئەزالاردىكى تاشنى پارچىلاش ئۈچۈن ئۇنىڭ ئۈچ گىرامى تۇرۇپ يوپۇرمىقى سۈيى بىلەن ئىستېمال قىلىنىدۇ. مەسىلەن: سىندى شەھەرىدىكى تاشچىلار تاشنى ئاسان كېسىش ئۈچۈن ئۇنى سوقۇپ سۇ بىلەن قايىنىتىپ تەمىنى چىقارغاندىن كېيىن سۈيىنى تاشقا تۆكىدۇ، بۇ چاغدا تاش ئاسان كېسىلىدىغان بولىدۇ. ھىندىستان خەلقى ئۇنى سوقۇپ تاشقا سۈركىسە تاشنى ئاسان كەسكىلى بولىدۇ، دەپ قارايدۇ.

## ھەببۇل كۇلا
(بۆرەك دان)

**ماھىيتى:** ئەناغورس ئۆسۈملۈكىنىڭ ئۇرۇقىدۇر. بۇ ئۆسۈملۈك «ئ» (ئەلىف) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلار بابىدا بايان قىلىندى. ئۇ بىر خىل ئۇرۇق بولۇپ، بۆرەككە ئوخشايدۇ. باقلىدىن چوڭراق، ئۇزۇنچاق بولىدۇ. ئوتتۇرىسىدا سىزىقچىلار بولىدۇ، پوستى ھەر خىل رەڭلەر بىلەن رەڭلەنگەن بولىدۇ. قۇۋۋىتى ئۈچ يىلغىچە ساقلىنىدۇ. قۇياش سۇمبۇلە بۇرجىغا كەلگەندە يىغىۋېلىنغانلىرى ياخشىلىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ھەكىم مىر ئابدۇل ھەمىد «تۆھپەتۇل مۆئمىن» (مۆمىنلەرگە ئاتالغان ھەدىيە) دېگەن كىتابىنىڭ ھاشىيەسىدە ئۇنىڭ ھىندىچە «كونج» دەپ ئاتىلىدىغانلىقىنى يازغان. ئۇنىڭ ئۆسۈملۈكى سىرىن گۈلىنىڭ ئۆسۈملۈكىگە ئوخشايدۇ. يوپۇرمىقى سېرىق، ئۇششاق بولىدۇ. شاخلىق بولۇپ، ياقىيوپۇرمىقىغا ئوخشايدۇ. شاخلىرىدا ئۇرۇقلىرى بولىدۇ. گۈلى سېرىق، ئۇششاق بولىدۇ. ئۇرۇقى باقىلە غىلاپى چوڭلۇقىدىكى غىلاپ ئىچىدە بولىدۇ. غىلاپى ئۈستىدە تىكەنلەر بار بولۇپ، قولغا سانجىلسا ئېچىشتۇرىدۇ، كۆپ قىچىشتۇرىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىنىڭ ئاخىرىدا ئىسسىق، بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇق.

**خۇسۇسىيتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ئەزالارنى سېزىمسىزلاندۇرغۇچى، مەست قىلغۇچى، تېرىدىكى ئىزلارنى يوقاتقۇچى، ئىلمان سۇ بىلەن ئىچىلسە بەلغەمنى قەي بىلەن چىقارغۇچىدۇر. بەش گىرامى ياغ ۋە ئۈزۈم سۈيى بىلەن تەييارلىنىدىغان «فەلۇفەر» دەپ ئاتىلىدىغان شاراب بىلەن ئىچىلسە كاناي ئىششىقىنى تارقىتىدۇ. ھامىلە ۋە بالا ھەمراھىنى چۈشۈرىدۇ. ھەيز ماڭدۇرىدۇ. 5.2 گىرامى شاراب بىلەن ئىستېمال قىلىنسا سوغۇقتىن بولغان باش ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ. ئۇنىڭ يەتتە دانىسى ئىستېمال قىلىنسا، يەتتە دانىسى ئىسرىق سېلىنسا ھەم ئۆزىگە ئېسىۋېلىنسا ھامىلە ۋە بالا ھەمراھىنى چۈشۈرىدۇ. قىيىن تۇغۇتنى ئاسانلاشتۇرىدۇ، سىناقتىن ئۆتكەن دەپ قارىلىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** 2.5 گىرامدىن ئۈچ گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن كۆپ

ئىستېمال قىلىنسا كۆڭۈلنى غەش قىلىدۇ، ئاينىتىدۇ. ئالتە گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنسا زەھەرلەپ ھالاك قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** ياغلار، ئەرەب يېلىمى ۋە مەستىكى.

## ھەببۇل مەھلەب

ئۇ پارسچە «پەيۋەندى مەريەم» دەپ، ھىندىچە «كەھيۇنى» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** بىر خىل دەرەخنىڭ مېۋىسىدىن ئىبارەت. ئۇنىڭ دەرىخى بۇتۇم دەرىخىگە ئوخشايدۇ. شاخلىرى يېيىلىپ ئۆسىدۇ. ئېگىزلىكى ئادەم بويى ئېگىزلىكتە، ئۇنىڭدىن ئېگىزرەك بولىدۇ. يوپۇرمىقى ئۇزۇنچاق بولۇپ، سۆگەت يوپۇرمىقىغا ئوخشاش، ئۆرۈك يوپۇرمىقىدىن كىچىكرەك، خۇش پۇراق بولىدۇ. ئۇنىڭ ياغىچىمۇ خۇش پۇراق بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن نىھاۋەند خەلقىنىڭ بۆتچىلىرى رەختىنى پىشۇرۇش ۋە خۇش پۇراق قىلىش ئۈچۈن ئۇرىدىغان كالتەكنى ئۇنىڭ ياغىچىدىن ياسايدۇ. ئۇنىڭ گۈلى ئاق بولىدۇ. ئۇرۇقىمۇ ناھايىتى خۇش پۇراق، ئاچچىق بولۇپ، شاخلىرىنىڭ ئۇچلىرىدا بولىدۇ. يۇملاق بولۇپ، جەلبان دېيىلىدىغان، ھىندىچە «مىتىر كابۇلىي» دەپ ئاتىلىدىغان مېۋە چوڭلۇقىدا يۇملاق، پوستى قارىغا مايىل قىزىل بولىدۇ. مېغىزى ئاق، ئۆتكۈر، مايلىق بولۇپ، خۇش پۇراق ماتېرىياللارنىڭ كۆپ قىسمىنىڭ تەركىبىگە قوشۇلىدۇ. ئۇرۇقىدىن ياغمۇ تارتىلىدۇ.

ئۇنىڭ ياخشىسى يېڭى، دانلىق، ئېغىر، خۇش پۇراق، مايلىق، مېغىزى مەرۋايىتتەك ئاق بولغانلىرىدۇر. قارىسى ناچىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇ سوغۇق ئەللەردىكى دۆۋە ئۇستىلىرىدە ئۆسىدۇ. قۇياش مىزان بۇرجىغا كەلگەندە پىشىدۇ. كۆپ ھاللاردا ئەزەربەيجان ۋە نىھاۋەند شەھەرلىرىدىن ئېلىپ كېلىنىدۇ. يېغىمۇ شۇ يەردىن كەلتۈرۈلىدۇ.

ئەنتاكىينىڭ ئېيتىشىچە ئۇنىڭ پوستى مىئەسائىلە ئىكەن. «تۆھفەتۇل مۆئمىنىين» (مۆئمىنلەرگە قىلىنغان ھەدىيە) ناملىق كىتابىنىڭ ئاپتورىنىڭ يېزىشىچە ئۇ ئىسسىق ئەللەردىن تېپىلىدىكەن. لەرىستاندا كۆپ بولىدىغان بولۇپ، ئۇ يەردە «مىھلەب» دەپ ئاتىلىدىكەن.

**تەبىئىتى:** ھەببى ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق، قۇرۇقلۇقى ئىسسىقلىقىدىن ئاجىزراق، تارقاتقۇچى، چاپلاشتۇرغۇچى ۋە قورۇغۇچى قۇۋۋىتى بار.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** باشتىكى ئەزالار، كۆكرەك ئەزالىرى، يۈرەك، ھەزىم ئەزالىرى كېسەللىكلىرى: خۇرسەن قىلغۇچى، سەزگۈلەرنى قۇۋۋەتلىگۈچى بولۇپ، كۆكرەك، ئۆپكىدىكى قويۇق، شىلىمشىق ھۆللۈكلەرنى چىقىرىدۇ. خەفەقان، كاناي ئىششىقى، زىققە نەپەس، بىھوشلۇق قاتارلىقلارغا پايدا قىلىدۇ. جىگەر بىلەن تالنى قۇۋۋەتلەيدۇ. جىگەر،

تال، بۆرەككە ئوخشاش ئىچكى ئەزالارنىڭ ئاغرىقلىرىنى، قولۇنجى، ئۈچا، بىقىن ئاغرىقلىرى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ئاغرىقلارنى پەسەيتىدۇ. بولۇپمۇ ھەسەل بىلەن ئىشلىتىلسە ئۈنۈمى تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ. چۈنكى ئۇ قويۇق يەللەرنى تارقىتىدۇ، سۈيدۈك ھەيدەيدۇ. ھەيز ماڭدۇرىدۇ. بۆرەكنىڭ توسالغۇلىرىنى ئاچىدۇ. ئاشقازاندىكى تۈرلۈك مەددە قۇرتلارنى چىقىرىدۇ، سۈيدۈك تامچىلاپ كېلىشكە پايدا قىلىدۇ. باھنى قۇۋۋەتلەيدۇ. قاندىن بولغان ئىچ سۈرۈشنى توختىتىدۇ. بۇ جەھەتتىكى تەسىرى گىل مەختۇمنىڭ تەسىرىدىن ياخشىراقتۇر. نانغا قوشۇپ ئىستېمال قىلسا تېز سىڭدۈرىدۇ. مۇنچىدا ئۇنىڭ بىلەن بەدەننى يۇسا نەزلە سۇيۇقلۇقلىرىنىڭ كېسەللەنگەن ئەزالارغا قۇيۇلۇشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ.

زىننەت ئەزالىرى، ئۇنىڭ ئاغرىقلىرى ۋە باشقىلارغا بولغان تەسىرى: مەلھەم قىلىپ سۈركىسە داغ يوقىتىدۇ، قوتۇرنى ساقايتىدۇ. تېرىنى سۇزۇلدۇرىدۇ. قايناتمىسى نۇقرەسكە شىپا بولىدۇ. ئۇرۇلۇپ ـ سوقۇلۇش سەۋەبىدىن پەيدا بولغان قاتتىق ئىششىقلارنى تارقىتىدۇ. ھەرقانچە كونا بولسىمۇ تارقىتىدۇ. ئاجىز ئەزالارنى قۇۋۋەتلەيدۇ. بولۇپمۇ ئاس بىلەن ئىشلىتىلسە ئۈنۈمى تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن زىمات قىلىنسىمۇ نۇقرەس، بوغۇم ئاغرىقلىرى ۋە سوغۇقتىن بولغان ئاغرىقلارغا شىپا بولىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** 10~15 گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

**ئورۇنباسارى:** ياڭاق مېغىزى، ئاچچىق بادام مېغىزى.

**زىيانلىق تەسىرى:** مېڭە ۋە ئىسسىق ئىچكى ئەزالارغا زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** گۈلاب، بىنەپشە يېغى، رىيباس قىيامى.

خۇسۇسىيەتلىرى ئۇنى كۆك رەختكە ئوراپ، ئۆزى بىلەن ساقلىسا ھەم ئىسرىق سالسا سېھىرنىڭ يامانلىقىدىن ساقلايدۇ. ئۇنىڭ بىلەن ئىسرىق سالسا ئاداۋەتلىشىپ قالغانلارنى ياراشتۇرىدۇ. قوتۇرغا پايدا قىلىدۇ. يوپۇرمىقى بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق بولۇپ، بەدەننى قۇۋۋەتلەيدۇ. بەدەننىڭ بەتبۇي پۇرىقىنى يوقىتىدۇ. زىيانداش ھاشاراتنى قاچۇرىدۇ، زىيانداش ھاشارات ئۇنىڭ ياغىچىنىڭ يېنىغا كېلەلمەيدۇ. ئۇنىڭ ياغىچىنى ئۆزى بىلەن ساقلىسا ھاجەتلەرنىڭ راۋا بولۇشىغا سەۋەب بولىدۇ. قوۋزىقى بىلەن ئىسرىق سالسا زىيانداش ھاشارات ۋە پاشىنى قاچۇرىدۇ. ئۇنى سۇزاپ، مەستىكى، قۇستە ۋە ياغ بىلەن بىرلىكتە قايىنتىپ ئىستېمال قىلسا ۋە ياغلىسا پالەچ، لەقۋا، رەئشە، بويۇن قېتىشىپ قېلىش، بوغۇم ئاغرىقلىرى، نۇقرەس، سۇنۇق ئىششىقلىرى، سۇنۇق، ئۇرۇلۇپ ـ سوقۇلۇشتىن بولغان زەخىم قاتارلىقلارغا ناھايىتى ياخشى پايدا قىلىدۇ.

## ھەببۇل مىنسەم

بۇ ئەرەبچە سۆزدۇر.

**ماھىيىتى:** بىر خىل ئۇرۇق بولۇپ، خۇش پۇراق، خۇشتەم بولىدۇ. بۇتۇم دەرىخى

مېۋىسىگە ئوخشايدۇ. ئۇنىڭدىن كىچىكرەك بولۇپ، ئۇنىڭ مېغىزىچىلىك كېلىدۇ. مۇرچ چوڭلۇقىدا، ناھايىتى سىلىق، ئاسان ئۇۋۇلىدىغان بولىدۇ. مېغىزى ئاق بولۇپ، يەمەن، ھىجاز چۆللىرىدىن چىقىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا ئۇ «فەلەنجە» دېگەن دورا ئىكەن. ئۇنىڭ رەڭگى قىزىل بىلەن سېرىقنىڭ ئارىلىقىدا بولىدۇ. دەرىخى شەمشاد دەرىخىگە ئوخشايدۇ.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** خۇرسەن قىلغۇچى، توسالغۇلارنى ئاچقۇچى، قىزىتقۇچى، باھنى قۇۋۋەتلىگۈچى، بوشىغان ئاشقازاننى چىڭىتقۇچى، ھەزىمنى ياخشىلىغۇچى، قۇرۇتقۇچى، ئاشقازان ۋە ئىچكى ئەزالارنىڭ ھۆللۈكلىرىنى قۇرۇتقۇچى، ئەزالاردىكى تاشلارنى پارچىلاپ چۈشۈرگۈچى، سۈيدۈك ھەيدىگۈچى، ناچار بۇخاراتلارنىڭ كېسەللەنگەن ئورۇنغا تەسىر قىلىشىنى توسقۇچىدۇر. بۇنىڭ ئۇچۇن ئىچى - سىرتىدىن ئىشلىتىلىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** باشنى ئاغرىتىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** سۈت.

**ئىستېمال مىقدارى:** بەش گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

**ئورۇنباسارى:** كاۋاۋىچىن.

يەمەن ۋە ھىجاز خەلقىنىڭ كۆپىنچىسى، بولۇپمۇ ئاياللار ئۇنىڭ «ئەترى مىنشەم» دېيىلىدىغان يېغىنى كىشىلەرنىڭ بىرىنى بىرىگە ئۆچ ياكى ئامراق قىلىش ئۇچۇن ئىشلىتىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا ئۇ قانداق مەقسەتتە ئىشلىتىلسە شۇ تەسىرنى كۆرسىتىدىكەن. بولۇپمۇ ئۆچ قىلىش ۋە ئارىغا بۆلگۈنچىلىك سېلىشتا ئۇنىڭ تەسىرى چوڭ ئىكەن. ئۇ شۇ تەسىرى بىلەن ئەرەبلەر ئارىسىدا مەشھۇر ئىكەن. ئۇلار ھەرقانداق ئىككى كىشىنىڭ ئاداۋەتلىشىشىنى ئۈمىد قىلسا ئاللا ئۇلارنىڭ ئارىسىغا ئەتىر مىنشەم چېچىۋەتكەي دەيدۇ.

## ھەببۇن نىيل

ئۇ پارسچە «تۇخمى نىيلۇفەر» (نىلۇپەر ئۇرۇقى)، ھىندىچە «مەرچائى»، «زىرەكى»، بېنگالچە «جارمۇرچە» دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇنىڭ يەنە بىر تۈرىمۇ بار بولۇپ، «ئەپراچىنا» دەپ ئاتىلىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا بۇ تۈرىنىڭ ئىچىنى سۈرۈش تەسىرى كۈچلۈكرەك بولىدىكەن.

**ماھىيىتى:** بىر خىل ئۆسۈملۈكنىڭ ئۇرۇقىدىن ئىبارەت. ئۇنىڭ ئۆسۈملۈكى ئەتراپىدىكى نەرسىلەرگە يامىشىپ ئۆسىدۇ. شاخلىرى ئىنچىكە، يېشىل، يوپۇرماقلىرىمۇ يېشىل بولۇپ،

بىر ـ بىرىدىن يىراق ئۆسىدۇ. گۈلى لەبلاب ئۆسۈملۈكىنىڭ گۈلىگە ئوخشاش كۆك بولىدۇ. ئۇرۇقى غىلاپ ئىچىدە بولۇپ، ھەربىر غىلاپ ئىچىدە ئۈچ دانە ئۈچ قىرلىق ئۇرۇقى بولىدۇ. ئۇ «ھەببۇن نىيل» دەپ ئاتىلىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** بەھەق ۋە ئاقكېسەلنى ساقايتىدۇ. جىگەر، تالنىڭ توسالغۇلىرىنى ئاچىدۇ. قويۇق بەلغەمنى كۈچلۈك سۈرىدۇ. بولۇپمۇ تۇربۇت بىلەن ئىشلىتىلسە سۈرۈش ئۈنۈمى تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ. بەدەننى تەنقىيە قىلىدۇ. بوغۇم ئاغرىقلىرىنى پەسەيتىدۇ. سوغۇقتىن بولغان كېسەللىكلەرگە داۋا بولىدۇ. قاپاق ئۇرۇقىسىمان مەددىنى چۈشۈرىدۇ. بەھەق، بەرەس، نۇقرەس، قوتۇر، يامان يارىلارغا شىپا بولىدۇ. سوقمونىيا بىلەن ئىشلىتىلسە سەپرانى ۋە قويۇق خىلىتلارنى سۈرۈپ چىقىرىدۇ. ھېلىلە بىلەن ئىشلىتىلسە سەۋدانى سۈرىدۇ. جىگەر ۋە تال توسالغۇلىرىنى ئاچىدۇ. ئىچىنى كۈچلۈك سۈرىدۇ. «مۇئالەجاتى بەقەراتىي» (بەقىرات ئىلاجلىرى) دېگەن كىتابنىڭ ئاپتورىنىڭ يېزىشىچە ئۇنىڭ 10 گىرامى 18 گىرام ئاق شېكەر بىلەن ئۇدا ئۈچ كۈن ئىستېمال قىلىنسا تۆرلۈك قوتۇرنى ساقايتىدىكەن، سىناقتىن ئۆتكەن ئىكەن.

**ئىستېمال مىقدارى:** 0.5 گىرامدىن 2.5 گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ. ئۈچ گىرامدىن ئارتۇق ئىستېمال قىلىنسا قورساقنى ئاغرىتىش ۋە ماسارىقا، ئۈچەيگە چاپلىشىۋېلىپ ئىچىنى زىيادە سۈرۈش بىلەن ھالاك قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** ھېلىلە ئىستېمال قىلىش ۋە ياخشى سوقۇپ بادام يېغى بىلەن ياغلاپ ئىستېمال قىلىشتىن ئىبارەت. سوقۇپ بادام يېغىغا بىر كېچە چىلاپ قويۇپ ئەتىسى ئەتىگەندە يالغۇز ياكى مۇناسىپ دورىلار بىلەن ئىستېمال قىلىنسا ئۇنىڭ قورساقنى ئاغرىتىشى ۋە ئۈچەينى زەخىملەندۈرىدىغان زىيىنى يوقىلىدۇ.

**ئورۇنباسارى:** باراۋەر مىقداردا شەھمەنزەل، ئالتىدىن بىر چىلىك مىقداردا ھەجرى ئەرمىنىدۇر. يالغۇز ئىشلىتىلسە بىر كېچە ـ كۈندۈزدە، مەجۇنلەر بىلەن ئىشلىتىلسە ئۈنىڭدىن تېز تەسىر قىلىدۇ.

قۇۋۋىتى ئۈچ يىلغىچە ساقلىنىدۇ.

## ھەبەق
(پىننە)

ئۇ دەرەخكە ھەم ئۆسۈملۈككە ئوخشايدىغان ھەرقانداق ئۆسۈملۈكنىڭ ئورتاق نامىدۇر. يالغۇز ئېيتىلسا پىننە نەزەردە تۇتۇلىدۇ.

# پەسىل: «ھ» (ھۆۋۋاز) ۋە «ج» (جىيم) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى

## ھەجەر
(تاش)

ئۇ پارسچە «سەنگ»، «بەرەد»، ھىندىچە «پەتتەر» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** ئۇ زېمىننىڭ ھەرقايسى تەركىبلىرىنىڭ زامانلارنىڭ ئۆتۈشى، زېمىننىڭ سۇيۇق، نازۇك قىسىملىرى، شىلىمشىق سۇيۇقلۇقلىرىنىڭ ئۈزۈكسىز بىرىكىشى ۋە ئۇنىڭغا ھارارەت، قۇرۇقلۇق تەكرار يېتىپ زېمىنغا مەنسۇپ ئەسلىي مىزاجىنىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن قاتقان ھەرقانداق جىسىمدىن ئىبارەت. ئۇلارنىڭ تەركىبلىرى، ھاسىل بولغان ئورنى، ھۆللۈك ۋە قۇرۇقلۇق دەرىجىسى قاتارلىقلارنىڭ ئوخشىماسلىقىغا ئاساسەن ئۇلارنىڭ رەڭگى، ساپلىقى، پارقىراقلىقىغا ئوخشاش ئالاھىدىلىكلىرى ئوخشىمايدۇ. مەسىلەن: ھۆللۈكى بىلەن سوغۇقلۇقى غالىب بولسا ئاق، ھەر ئىككىسى ئاز بولسا قۇرۇق، دۇغلاش، ئىسسىقلىقى بىلەن قۇرۇقلۇقى غالىب بولسا قىزىل، بۇ ئىككى خىل كەيپىياتى ئازراق بولسا سېرىق، ئىسسىقلىقى زىيادە، ھۆللۈكى كەم بولسا قارا، قاتتىق، ھارارىتى ئاجىز بولسا يۇمشاق بولىدۇ. ئىسسىقلىق بىلەن ھۆللۈك تەڭ تەسىر قىلغان بولسا تەركىبى تەكشى، تەڭ تەسىر قىلمىغان بولسا تەكشىسىز بولىدۇ. ئومۇمەن ئۇلارنىڭ رەڭگى، قاتتىق - يۇمشاقلىقى ۋە باشقىلار ھەممە ئۇلارنىڭ تۈرلىرى، دەرىجىلىرى ناھايىتى كۆپ، مۇرەككەپ بولۇپ، بايانى ناھايىتى ئۇزۇندۇر. تەپسىلىي سۆزلەنسە ئورۇن ئازلىق قىلىدۇ.

بىلگىنكى، ئاڭلاشلارغا قارىغاندا فىرانسۇز تېۋىپلىرى تاشلارنىڭ ھېچقانداق تەمى، پۇرىقى بولمىغانلىقى ئۈچۈن مەيلى قانداق يوسۇندا ئىشلىتىلسۇن ئادەم بەدىنىگە نىسبەتەن چوڭ تەسىرى ۋە پايدىسى يوق، ھەتتا ئالتۇن بىلەن كۈمۈشمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش دەپ قارايدىكەن. ئەمما بۇ قاراشنىڭ مۇكەممەل ئەمەسلىكى مەلۇم بولىدۇ. قالغىنىنى ئاللا ئەڭ ئوبدان بىلىدۇ.

## ھەجەرۇل ئەبيەز
(ئاق تاش)

**ماھىيىتى:** ئاق رەڭلىك بىر خىل تاش بولۇپ، سالايە قىلىنسا خۇددى سۈتتەك بولىدۇ. بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىچە سۈت تاش شۇ ئىكەن.

**تەبىئىتى:** ئىسسىقلىق ۋە قۇرۇقلۇقتا مۆتىدىل.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** سىيىشنى ئاسانلاشتۇرىدۇ. قالغان تەسىرلىرى پادىزەھىرى ھايۋانىينىڭ تەسىرىگە ئوخشايدۇ. زەرگەرچىلەر ئاق تاشتىن ئەينەكنى نەزەردە تۇتىدۇ.

## ھەجەرۇل ئەھمەر
(قىزىل تاش)

**ماھىيىتى:** ئۇ ئالماسنىڭ بىر تۈرى بولۇپ، بىخ مارجاننىڭ رەڭگىدە بولىدۇ. زەھەرلىك بولۇپ، يېرىم گىرامى ھالاك قىلىدۇ.

## ھەجەرۇل ئەرمەنىي
(ئەرمەن تېشى)

**ماھىيىتى:** ئۇ بىر خىل تاشتۇر. تۇتۇق ھاۋا رەڭ، سەل كۆك، قوم ئارىلاشقان، سىلىق، يۇمشاق بولىدۇ. ئۇنىڭ يەنە بىر تۈرى بار بولۇپ، قارامتۇل قىزىل بولىدۇ. ئەرمىنىيەدىن كەلتۈرۈلىدۇ. شۇ سەۋەبتىن ئەرمەن تېشى دېيىلىدۇ. ئۇنىڭ ئېغىر، بوش، سەل تۇزلۇق بولغانلىرى ياخشىلىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئەنتاكىي ئۇ ئېھتىمال تولۇق پىشمىغان خام لاجۇۋەرد بولۇشى مۇمكىن دەپ يازغان.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق. ئەنتاكىي ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق دەپ يازغان. «ئىختىياراتى بەدىئىي»نىڭ ئاپتورى بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق دەپ بىلگەن.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** خۇسۇسىيىتى ۋە سەۋدانى تەنقىيە قىلىشى بىلەن يۈرەكنى خۇرسەن قىلغۇچى، سەۋدانى كۈچلۈك سۈرگۈچىدۇر. ئۇ لاجۇۋەردتىن پايدىلىقراق، قارا خەربەقتىن بىخەتەررەكتۇر. بۆرەك ۋە دوۋساقنى تازىلىغۇچىدۇر. جوزامغا پايدا قىلىدۇ. يۇيۇلغىنى ئىشلىتىلىدۇ. يۇيۇلسا تەسىرى كۈچىيىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** يۇيۇلمىغىنى ئاشقازانغا زىيان قىلىدۇ. كۆڭۈلنى ئاينىتىدۇ.
**تۈزەتكۈچىسى:** كەتىرا، ھەسەل، قېلىن دارچىن، رۇمبەدىياندۇر.
**ئىستېمال مىقدارى:** 2.5 گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.
**ئورۇنباسارى:** بىر يېرىم ھەسسە يۇيۇلغان لاجۇۋەرد، بىر ھەسسە خەربەق.

## ھەجەرۇل ئەساكىفە
(موزدوز تېشى)

**ماھىيىتى:** بىر خىل تاش بولۇپ، قىزىل، سېرىق ۋە قارا رەڭلەر بىلەن رەڭلەنگەندۇر. شېغىل تاشقا ئوخشايدۇ. سۇندۇرسا قارا ۋە كۆككە مايىل كۆرۈنىدۇ.

**تەبىئىتى:** قۇرۇق سوغۇق.

خۇسۇسىيتى ۋە ئىشلىتىلىشى: تالقانلاپ سەپسە كىچىك تىل ئىششىقى، يارىلارغا پايدا قىلىدۇ. قان توختىتىدۇ. موزدۇزلار ئىشلىتىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن «ھەجەرۇل ئەساكىفە» (موزدۇز تېشى) دەپ ئاتىلىدۇ، چۈنكى «ئەساكىفە» دېگەن سۆز موزدۇز دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

## ھەجەرۇل ئىسفەنج
(بۇلۇت تېشى)

ماھىيتى: بىر خىل تاش بولۇپ، بۇلۇتنىڭ ئارىسىدىن تېپىلىدۇ. بۇلۇتنىڭ ماھىيىتى يۇقىرىدا بايان قىلىندى. ئۇنىڭ ئاق، قاتتىقلىرى ياخشىلىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

تەبىئىتى: بىرىنچى دەرىجىدە ئىسسىق، ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇقتۇر.

خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى: قۇرۇتقۇچى، قان توختاتقۇچى بولۇپ، تالقانلاپ سەپسە يارىلارنى پۈتتۈرىدۇ. مەلھەم قىلىپ چاپسا ئىششىقلارنى تارقىتىدۇ. بىر گىرامى شاراب ۋە ئۇنىڭ ئوخشاشلىرى بىلەن ئىچىلسە بۆرەكتىكى تاشنى پارچىلايدۇ. يەرقانغا داۋا بولىدۇ.

## ھەجەرۇل ئەئرابىي
(يارا تېشى)

ئۇ پارسچە «شەكەر سەنگ» (شېكەر تاش)، «سەنگى زەخىم» (زەخمە تېشى) دەپ ئاتىلىدۇ.

ماھىيتى: بىر خىل تاش بولۇپ، پىل چىشىغا ئوخشايدۇ. ئەرەب چۆلىدىن چىقىدۇ.

خۇسۇسىيتى ۋە ئىشلىتىلىشى: جۇلا بەرگۈچى، قان توختاتقۇچى، يارىلار ۋە باشقىلارغا شىپا بولغۇچىدۇر. كۆيدۈرۈلگىنىنى چىشقا سەپسە چىشلارنى ئاقارتىدۇ، چىش مىلىكىنى چىڭىتىدۇ.

## ھەجەرۇل ئەفرۇج
(ئەفرۇج تېشى)

ئۇ «ھەجەرى ئەفرۇدىي» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

ماھىيتى: «قەيشۇر» دەپ ئاتىلىدىغان تاشقا ئوخشاش بىر خىل تاش بولۇپ، يەڭگىل بولىدۇ. سۇغا تاشلانسا يۈزىگە لەيلەيدۇ. ئىستامبول ۋە رىمدىن چىقىدۇ.

خۇسۇسىيتى ۋە ئىشلىتىلىشى: قۇرۇتقۇچى، قورۇغۇچىدۇر. ئىككى دەلمىسىدىن يېرىم گىرام ئىستېمال قىلىنسا چايانىنىڭ زەھىرىنى دەرھال قايتۇرىدۇ.

## ھەجەرۇل ئەفرىيقى
(ئافرىقا تېشى)

**ماھىيتى:** ئۇ بىر خىل تاش بولۇپ، يەڭگىلمۇ ئەمەس، ئېغىرمۇ ئەمەس، قاتتىقمۇ ئەمەس، يۇمشاقمۇ ئەمەستۇر. ئىقلىمىياغا ئوخشاش ئاق سىزىقچىلىرى بولىدۇ. ئافرىقىدىن چىقىدۇ. سېرىق، ئېغىر ـ يېنىكلىكى، يۇمشاق ـ قاتتىقلىقى ئوتتۇرا ھال بولغانلىرى ياخشىلىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

**تەبىئىتى:** قۇرۇتقۇچى، سەل قابىز ۋە چاققۇچىدۇر.

**خۇسۇسىيتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** خېمىرنىڭ ئىچىگە ئېلىپ ئۇچ قېتىم كۆيدۇرۇپ، سالايە قىلىپ يۇيۇپ، يامان، چىرىگەن يارىلارغا يالغۇز ياكى شاراب، ھەسەل بىلەن چېچىلىدۇ. ياغنىڭ مومى بىلەن مەلھەم قىلىپ ئوت كۆيۈك يارىسىغا سۇركىلىدۇ. كۆز كېسەللىكلىرىگە ئىشلىتىلىدۇ. ئۇنى كۆيدۇرۇش ئۆتكۈرلۈكىنى پەسەيتىش ئۈچۈندۇر. ئۇنىڭ كۆيدۇرۇلمىگىنى ۋە يۇيۇلمىغىنىنى ئىشلىتىشكە بولمايدۇ.

## ھەجەرۇل ئەناغاتىس
(قان تاش)

**ماھىيتى:** بىر خىل تاش بولۇپ، سالايە قىلىنسا قاننىڭ رەڭگىدە بولىدۇ.

**خۇسۇسىيتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ئايالنىڭ سۈتى بىلەن كۆزگە سۈركەلسە ئېششىقنى تارقىتىدۇ، كۆز ياشانغىراشقا پايدا قىلىدۇ. كۆز ئېقىدىكى خالنى يوقىتىدۇ.

## ھەجەرۇل ئىبىيەل
(بۇغا تېشى)

ئۇ بىر خىل تاش بولۇپ، بۇغىنىڭ يىلىنىدە پەيدا بولىدۇ. ئۇ «پادىزەھرى گاۋىي» دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇ «پادىزەھرى» ماۋزۇسىدا بايان قىلىندى.

## ھەجەرۇل بارىقى
(بارىقى تېشى)

ئۇ بىر خىل تاش بولۇپ، ساپال تاشقا ئوخشايدۇ. ئالىقان كەڭلىكىدە، يەڭگىل بولىدۇ. كۇفە شەھىرىگە يېقىن بارىقە دېگەن يەردىن چىقىدۇ. ئۇنىڭ كىچىك پارچىسىمۇ كۆپ سۇنى

ئۆزىگە سۈمۈرۈۋالىدۇ. سۇغا تاشلىسا لەيلەيدۇ، سۈنى ئۆزىگە سۈمۈرگەندىن كېيىن سۇنىڭ تېگىگە چۆكىدۇ. سۈنى ئىچكەندىن كېيىن ئاپتاپتا قويۇلسا ئىچكەن سۈنى چىقىرىدۇ.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ئۇنىڭ شۇنداق خاسىيىتى بار ئىكەنكى، سۇ چۈشكەن قورساقنىڭ كىندىك ئەتراپىنى سەل يارىلاندۇرۇپ ئۈستىگە ئۇنى تاڭسا سۇيۇقلۇقنى سۈمۈرىدۇ، سۈنى سۈمۈرۈپ بولغاندىن كېيىن ئاپتاپتا قويۇلسا سۈنى چىقىرىدۇ. يەنە قورساققا تاڭسا يەنە سۇ سۈمۈرىدۇ. شۇ يوسۇندا تاكى قورساقتىكى سۇ تۈگىگىچە داۋاملاشتۇرۇلسا قورساقتىكى سۈنى يوقىتىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىمار ياخشىلىنىدۇ. بىر پارچە تاشنىڭ ئېغىرلىقى بەش گىرام بولسا بولىدۇ. 2.5 گىرام كېلىدىغان تاش 10 گىرام سۈنى سۈمۈرەلەيدۇ.

# ھەجەرۇل بەھرىي
## (دېڭىز تېشى)

ئۇ ئاق، يۇمىلاق، قاتتىق جىسىم بولۇپ، ئىچىدىن بىر دانە ئۇرۇقچە چىقىدۇ، ئاستى ـ ئۈستىگە ھەرىكەت قىلىدۇ. بۇ جىسىم دېڭىز ساھىللىرىدىن چىقىدۇ. ئۇ ئەكىت ـ مەكىت دېگەن جىسىمنىڭ بىر تۈرىدۇر. ئەكىت ـ مەكىتنىڭ ماھىيىتى «ئ» (ئەلىف) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلار بابىدا بايان قىلىندى. بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىچە ئۇ باشقا بىر خىل جىسىم بولۇپ، دېڭىز دولقۇنى ساھىلغا ئېتىپ چىقىرىدىكەن، ئۇنىڭ ئىچىدىمۇ يۇمىلاق نەرسە بار بولۇپ ئاستىن ـ ئۈستۈن ھەرىكەتلىنىدىكەن. يەنە بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىچە ئۇ دېڭىز كىرپىسى بولۇپ، ئۆلگەن ۋە تىكەنلىرى تۆكۈلگەندىن كېيىن دېڭىز دولقۇنلىرى ساھىلغا ئېتىپ چىقىرىپ قويىدىكەن. ئومۇمەن ئۇ ماھىيىتى نامەلۇم دورىلاردىندۇر.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** بىر گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنسا ھەرقانداق ئەزادىكى تاشنى پارچىلاپ چۈشۈرىدۇ. تەسىرى ناھايىتى ياخشى بولۇپ، سىناقتىن ئۆتكەندۇر.

# ھەجەرۇل بۇھەيرە
## (كۆل تېشى)

**ماھىيىتى:** ئۇ بىر خىل نېپىز تاش بولۇپ، رەڭگى قارا بولىدۇ. ئوتقا تاشلانسا سەل يانىدۇ. شامنىڭ ئەتراپلىرىدىن چىقىدۇ.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ماددىلارنى تارقاتقۇچىلار بىلەن ئىشلىتىلسە تارقىتىدۇ، قۇرۇتقۇچىلار بىلەن ئىشلىتىلسە قۇرۇتىدۇ. يانپاشنىڭ يەللىرىنى تارقىتىدۇ. يارىلارنى پۈتتۈرىدۇ.

## ھەجەرۇل بەرام
(بەرام تېشى)

بىر خىل قارا رەڭلىك تاش بولۇپ، ئۇنىڭدىن قازان ۋە باشقا قاچىلار ياسىلىدۇ. خۇراساندا كۆپ بولىدۇ.

خۇسۇسىيتى ۋە ئىشلىتىلىشى: چىش مىلىكىنى چىڭىتىدۇ، قان توختىتىدۇ.

## ھەجەرۇل بۇسر
(بۇسىر تېشى)

ماھىيىتى: بىر خىل تاش بولۇپ، ئاق، يۇمىلاق، سۈزۈك بولىدۇ، ھىجاز دېڭىزىدىن چىقىدۇ.

خۇسۇسىيتى ۋە ئىشلىتىلىشى: ئاز مىقداردا ئىستېمال قىلىنسا سۈيدۈك ھەيدەيدۇ. يۈرەكنى قۇۋۋەتلەيدۇ. ئەزالاردىكى تاشلارنى خاسىيىتى بىلەن پارچىلايدۇ. دوۋسۇننىڭ ئۈستىگە ئېسىپ قويۇلسا سۈيدۈك ھەيدەيدۇ. جىددە دەريا ساھىلىدىن، چوڭ سەدەپ ئىچىدىن ئۇنىڭ تۇياق شەكلىدە بىر خىلى تېپىلىدىغان بولۇپ، ناھايىتى زىچ، قاتتىق بولىدۇ. تېبابەتتە ئىشلىتىلمەيدۇ.

## ھەجەرۇل بەشەف
(قاتتىق قاشتاش)

ئۇ «ھەجەرۇل يەشەب» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. پارسچە «يەشەم» دېيىلىدۇ.

ماھىيىتى: بىر خىل تاش بولۇپ، ناھايىتى قاتتىق، كۆپ رەڭلىك بولىدۇ. ھەممىدىن ياخشىسى زەيتۇن رەڭ، ئۇنىڭدىن قالسا سېرىققا مايىل يېشىل رەڭ، ئۇنىڭدىن قالسا ساپ يېشىل رەڭ، ئۇنىڭدىن قالسا ئاققا مايىل يېشىل رەڭ، ئۇنىڭدىن قالسا ئاق رەڭ بولغانلىرى ياخشىلىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇ «كافۇرى» دەپ ئاتىلىدۇ. بەلكى ئۇلارنىڭ ئىچىدە سۈزۈكرەك، قاتتىقراق، پارقىراقراق بولغانلىرى ياخشىراقلىرى بولۇپ ئىشلىتىلىدۇ.

تەبىئىتى: ئىككىنچى دەرىجىنىڭ ئاخىرىدا قۇرۇق سوغۇق.

خۇسۇسىيتى ۋە ئىشلىتىلىشى: ئىستېمال قىلىنسا يۈرەك، ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەيدۇ. خەفاقانغا ئاجايىپ پايدا قىلىدۇ، ھەتتا ئېسىۋېلىنسىمۇ شىپا بولىدۇ. قان توختىتىدۇ. ئىچكى يارىلارغا داۋا بولىدۇ. قانلىق ئىچ سۈرۈشنى توختىتىدۇ. سۈيدۈك ئېچىشىپ

كېلىشكە پايدا قىلىدۇ. ئاق شاراب بىلەن ئىستېمال قىلىنسا ئەزالاردىكى تاشلارنى پارچىلاپ چۈشۈرىدۇ. 5.0 گىرامدىن ئىستېمال قىلىنىدۇ. بويۇنغا ئېسىۋېلىنسا بوغما كېسەلگە، يۈرەكنىڭ ئۈستىگە ئېسىۋېلىنسا خەفقان ۋە يۈرەكنىڭ قالايمىقان سوقۇشىغا پايدا قىلىدۇ. قىزىلۆڭگەچ ۋە ئاشقازانغا ئېسىۋېلىنسا ئۇلارنى قۇۋۋەتلەيدۇ. يوتىغا ئېسىۋېلىنسا تۇغۇتنى ئاسانلاشتۇرىدۇ. قولغا ئېسىۋېلىنسا سېھىرنىڭ ۋە يامان كۆزنىڭ يامانلىقىنى يوقىتىدۇ. چاقماق سوقۇۋەتكەن كىشىگە ئېسىپ قويۇلسا چاقماقنىڭ زىيىنىنى يوقىتىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا ئاي چىشى بۇرجىغا كەلگەندە ئۇنىڭغا ئادەمنىڭ شەكلىنى سىزىپ ئۆزىگە ئېسىۋالسا ئىچكى ئەزالاردىكى ئاغرىقلارنى پەسەيتىدىكەن. بەزىلەر مەزكۇر تەسىرى ئۈچۈن ئادەمنىڭ سۈرىتىنى سىزىشنى شەرت قىلمىغان. بەزىلەر ئۇنىڭ مەزكۇر تەسىرى ئۈچۈن بەش گىرام ئىشلىتىشنى شەرت قىلغان.

# ھەجەرۇل بەقەر
(كالا تېشى)

ئۇ «خۇزەتۇل ـ بەقەر» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ھىندىچە «گاي روھىن» دېيىلىدۇ.

ماھىيتى: بىر خىل تاش بولۇپ، كالىنىڭ ئۆتىدە پەيدا بولىدۇ. توخۇ تۇخۇمىنىڭ سېرىقى چوڭلۇقىدا، ئۇنىڭدىن سېرىقراق، ئاچچىق بولىدۇ. ئۆتتىن دەسلەپتە چىقىرىلغان ھۆل ۋاقتىدا سەل يۇمشاق بولىدۇ، سوغۇق ھاۋا تەگكەن ۋە قۇرۇغاندىن كېيىن سەل قاتىدۇ، رەڭگى قارامتۇل بولىدۇ. بەزىلىرىدە قارا چېكىتلەر بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۆزى سەل يېنىك، بوش، سىرتى قاتتىقراق، رەڭگى بىر خىل، بەزىلىرى يۇمىلاق، بەزىلىرى ئۈچ بۇرجەك، بەزىلىرى ياپىلاق، بەزىلىرى ئۇزۇنچاق بولىدۇ. ئومۇمەن ئۇ ھۆل ۋاقتىدا خالىغان شەكىلگە كەلتۈرگىلى بولىدۇ. 5~20 گىرامغىچە ئېغىرلىقتا بولىدۇ. كالىنىڭ يىلىندا پەيدا بولغىنى «پادىزەھرى» بولۇپ، پادىزەھرى بايانىدا بايان قىلىندى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، كالىنىڭ ئۆتىدە مەزكۇر تاشنىڭ پەيدا بولغانلىقىنىڭ ئالامىتى شۇ ئىكەنكى، كالا كۈندىن ـ كۈنگە ئورۇقلاپ زەئىپلىشىدىكەن. كۆزى سېرىققا، ئاقىقا مايىل بولۇپ قالىدىكەن. كۆز قارىچۇقى يۇمىلاقلىشىپ كۆپ ۋاقىتلاردا مۆرەيدىكەن. ئۇنىڭ پەيدا بولۇشى ئەركەك ياكى چىشى كالىغا خاس ئەمەس. ئەركەك كالىغا قارىغاندا چىشى كالىدا، سوغۇق شەھەرلەرگە قارىغاندا، ئىسسىق شەھەرلەردە كۆپرەك پەيدا بولىدۇ. ئەمما بۇ ئومۇمىي قائىدە ئەمەس. ئومۇمەن ئۇ ھەرقانداق كالىنىڭ ئۆتىدە پەيدا بولىدۇ. ئېھتىمال يۈز كالىنىڭ بىرىدە پەيدا بولۇشى مۇمكىن. ئۇنىڭ ياخشىسى چوڭ، ئېغىر ۋە يېڭى بولغانلىرىدۇر.

تەبئىتى: ئىككىنچى دەرىجىنىڭ ئاخىرىدا قۇرۇق ئىسسىق. ئەنتاكىي بىرىنچى دەرىجىدە ئىسسىق، ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق دېگەن.

**خۇسۇسىيتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** تېكە يادا تېشىغا قارىغاندا كۆپ ئاجىز بولۇپ، ماددىلارنى تارقاتقۇچى، بەدەننى سەمرىتكۈچى، سۈيدۈك، ھەيز ھەيدىگۈچى، ئەزالاردىكى تاشلارنى پارچىلاپ چۈشۈرگۈچى، يەرقانغا ۋە ھىندىستان، بېنگالدا باللارنىڭ بىقىنىدا پەيدا بولىدىغان «دۆبە» دەپ ئاتىلىدىغان كېسەللىككە شىپا بولغۇچىدۇر. كۆزگە يالغۇز ياكى باشقا مۇناسىۋەتلىك دورىلار بىلەن سۈركەلسە ئاقنى يوقىتىدۇ، كۆرۈش قۇۋۋىتىنى ئاشۇرىدۇ. مەلھەم قىلىپ سۈركىسە بەھەق، ئاقكېسەلگە پايدا قىلىدۇ. تېرىدىكى ئىزلارنى يوقىتىدۇ. بوۋاسىرغا شىپا بولىدۇ. يارىلارنى پۈتتۈرىدۇ. يۇمغاقسۈت ئۇرۇقىنىڭ سۈيى بىلەن مەلھەم قىلسا كۆيدۈرگە، بەلباغسىمان قوقاق كېسەللىكىگە داۋا بولىدۇ. شاراب بىلەن مەلھەم قىلىپ يەرلىك ئۇرۇننىڭ مويىنى يۇلۇۋەتكەندىن كېيىن باشنىڭ ئاقكېسەل بار يېرى ۋە دائىرىلىك چاچ چۈشكەن يېرىگە سۈركىسە چاچ ئۈندۈرىدۇ، سىناقتىن ئۆتكەن. ئۇنىڭدىن ئەدەس چوڭلۇقىدا ئېلىپ قىزىلچا سۈيى بىلەن ئېرىتىپ بۇرۇنغا تېمىتسا كۆزگە چۈشكەن سۇنى يوقىتىدۇ. ئۇنىڭدىن كۇندە ئىككى دانە بۇغداي چوڭلۇقىدا ئېلىپ مۇنچىغا چۈشۈپ بولغاندىن كېيىن ياكى مۇنچىدا ۋاقىت ئۆتكۈزمەي گۈلاب بىلەن ئىستېمال قىلسا، ئارقىدىن بىرقانچە كۈنگىچە سېمىز توخۇ گۆشى شورپىسى ئىچسە بەدەننى سەمرىتىدۇ، يۇمشىتىدۇ، ياغ پەيدا قىلىدۇ، سىناقتىن ئۆتكەن تەدبىرلەردىن دەپ قارىلىدۇ. شۇنداقلا ئۇ بادام مېغىزى، نارجىل مېغىزى، ھەببەتۇلخۇزرا ياكى پىستە مېغىزى بىلەن ئىستېمال قىلىنسىمۇ بەدەننى سەمرىتىدۇ. مىسىر ۋە ئىراق ئاياللىرى شۇ مەقسەتتە ئۇنى كۆپ ئىشلىتىدۇ. ئۇ ھەسەل بىلەن ھەمەلچە قىلىنسا بوۋاسىرغا پايدا قىلىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** ئىسسىق مىزاجلىقلارغا زىيان قىلىدۇ. باشنى ئاغرىتىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** كەتىرا.

**ئىستېمال مىقدارى:** 0.5 گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ. بەش گىرامى ھالاك قىلىدۇ. كالىنىڭ بۆرىكىدە ھاسىل بولغان تاش چوڭراق، يېنىكرەك، تەسىرى ئاجىزراق بولىدۇ.

## ھەجەرۇل بەللەۋر
(كىرىستال تاش)

ئۇ تونۇشلۇق تاش بولۇپ، ئاق، پارقىراق، شېشىدىن قاتتىقراق ۋە پارقىراقراق بولىدۇ. ئۇنىڭدىن ئۈزۈك كۆزى، تەسبىھ، تاماق قاچىسى، كۆزەينەك ۋە باشقا نەرسىلەر قىرىپ ياسىلىدۇ.

**خۇسۇسىيتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ئۈزى بىلەن ساقلىسا قالايمىقان چۈش كۆرۈش ۋە چۈشىدە

قورقۇشنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. ئۇنىڭغا قاراپ بەرسە بىرىكتۈرگۈچى پەردە ياللۇغىغا شىپا بولىدۇ. بالا ئېمىتىۋاتقان ئايالنىڭ ئەمچىكىگە سۈركىلسە سۈتىنى كۆپەيتىدۇ. ئۇنىڭ سۈزۈكلۈكىنى ئىچىمۇ ئاشۇرۇش مەقسەت قىلىنسا ئەركەك ئۆچكىنىڭ قېنىغا چىلاپ قويۇلسا ئىچىمۇ سۈزۈلىدۇ. ئۇنىڭ ئوتتۇرىسى قېلىن، ئەتراپى نېپىز بولغان پارچىسىدىن كۆزەينەك چوڭلۇقىدا ئېلىپ قۇياشقا قارىتىپ تۇتۇپ، ئارقىسىغا پاختا ياكى يۇڭغا ئوخشاش نەرسە تۇتۇپ تۇرۇلسا پاختا ياكى يۇڭنى كۆيدۈرىدۇ، شۇ خىل سۈپەتتىكى كۆزەينەكى ياكى باشقا شېشىدىنمۇ شۇنداق ئىش كۆرۈلىدۇ.

## ھەجەرۇل بولس
(بولىس تېشى)

بولىس بۇ تاشنى دەسلەپ بايقىغان كىشى بولۇپ، بۇ تاش ئۇنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان.

**ماھىيىتى:** بىر خىل تاش بولۇپ، بۆرە ئەرمىنى (توغرىغۇ)غا ئوخشايدۇ. ئۇنىڭدىن بوشراق، يېنىكرەك، پارقىراقراق بولىدۇ، ئۇستىدە ئاق، سېرىق چېكىتلىرى بولىدۇ.

**تەبىئىتى:** قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ماددىلارنى كۈچلۈك تارقىتىدۇ. ئۇنى زەيتۇن يېغى بىلەن قايىنىتىپ كەم ماغدۇر بولۇپ قالغان، ھارغان ئادەمنىڭ بەدىنىگە سۈركىسە ماغدۇر پەيدا قىلىدۇ، ھارغىنلىقنى تۈگىتىدۇ.

## ھەجەرۇل ھەبەشي
(ھەبەش تېشى)

ئۇ «ھەجەرۇل فۇلفۇل» (پىلپىل تاش) دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** بىر خىل تاش بولۇپ، زەبەرجەد تېشىغا ئوخشايدۇ، قارامتۇل بولىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا زەبەرجەد تېشىنىڭ بىر تۈرى ئىكەن. سالايە قىلىنسا ئاق رەڭدە بولىدۇ.

**تەبىئىتى:** قۇرۇق ئىسسىق، ناھايىتى ئۆتكۈر ۋە چاققۇچىدۇر.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** تازىلىغۇچى، جۇلا بەرگۈچى بولۇپ، تېرىدىكى يېڭى پەيدا بولغان ئىزلارنى، كۆزگە چۈشكەن ئاقنى يوقىتىدۇ. ياللۇغدىن بولمىغان كۆزنىڭ نۇر يىغالماسلىقىغا داۋا بولىدۇ. كۆزدىكى قاتمىغان يېڭى تىرناقچە گۆشنى يوقىتىدۇ.

## ھەجەرۇل ھەممام
(مۇنچا تېشى)

ئۇ بىر خىل قاتتىق جىسىم بولۇپ، مۇنچىنىڭ پار قازىنى ۋە ئوچاقلىرىنىڭ دىۋارلىرىدا پەيدا بولۇپ، تاشقا ئوخشاش قاتىدۇ. قارامتۇل، بوش بولىدۇ.

**تەبىئىتى:** قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** راك كېسەللىكى ئۇچۇن كۈچلۈك دورىلاردىن بولۇپ، زىمات قىلىنسا كونىرىمىغان راكقا پايدا قىلىدۇ.

## ھەجەرۇل ھۇت
(بېلىق مېڭە تېشى)

ئۇ پارسچە «سەنگى سەرمايى» (بېلىق مېڭە تېشى) دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** ئاق، كونۇس شەكىللىك، ئومۇمەن ئۈچ بۇرجەك، تاشقا ئوخشاش قاتتىق جىسىم بولۇپ، ھىندىچە «پەتتەر چىتە» دېيىلىدىغان بىر خىل بېلىقنىڭ بېشىنىڭ ئىككى تەرىپىدىن چىقىدۇ. بېشىنىڭ ھەر تەرىپىدە بىر تالدىن بولىدۇ. مەزكۇر بېلىق غېرىچ ئۇزۇنلۇقىدا، ئۇزۇنى ئىككى غېرىچ ئۇزۇنلۇقىدا بولۇپ، بېنگالدا كۆپ بولىدۇ. قاسراقلىق بولىدۇ. گۆشى ھالال بولۇپ، كۆپ قىسىم كىشىلەر يەيدۇ. غېرىچ ئۇزۇنلۇقىدىكى كىچىكىنىڭ تېشىمۇ كىچىك، ئىككى غېرىچ ئۇزۇنلۇقتىكى چوڭىنىڭ تېشىمۇ چوڭ بولىدۇ.

**تەبىئىتى:** قۇرۇق ئىسسىق، ئۆتكۈر بولۇپ، تاش پارچىلىغۇچى قۇۋۋىتى باردۇر.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** بۆرەكتىكى تاشنى پارچىلاشتا تەسىرى ناھايىتى كۈچلۈكتۇر.

## ھەجەرۇل ھەييە
(يىلان تېشى)

ئۇ پارسچە «مۆھرەئى مار» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** بىرقانچە خىل بولىدۇ. بىر خىلى كاندىن چىقىدىغان بولۇپ، «مار مۆھرە» دەپ ئاتىلىدۇ. بەزىلەر ئۇنى زەبەرجەد كانىدا پەيدا بولىدۇ دەيدۇ. ئۇنىڭ رەڭگى قارىغا مايىل زەبەرجەد رەڭگىدە بولىدۇ. شەكلى ئۇزۇكنىڭ كۆزىگە ئوخشاش تۆت بۇرجەكلىك بولىدۇ. 5~10 گىرامغىچە ئېغىرلىقتا بولىدۇ. يەنە بىر خىلى ھايۋان مەنبەلىك بولۇپ، بەزى زەھەرلىك

يىلانلارنىڭ بىشىنىڭ كەينىدىن چىقىدۇ. ھەممە يىلاندىن چىقمايدۇ، بەلكى ئاز ۋاقىتلاردا بەزى يىلاندىن چىقىدۇ. گۆشتىن ئايرىلغاندىن كېيىن يۇمشاق بولىدۇ، ھاۋانىڭ تېگىشى بىلەن قېتىپ تاشلىشىدۇ. يېرىم سەدەپ شەكلىدە، ئۇزۇنچاقراق مايىل، كۆل رەڭ، بەزىلىرى قارا، قاتتىق، ئۈچ دانە ئاق سىزىقلىق، بەزىلىرى ئاق، بوش بولىدۇ. ئۇنىڭ ساختىلىرىمۇ بولىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا ئۇنىڭ ساختىسى بىلەن ھەقىقىيسى، ياخشىسى بىلەن ناچىرىنى پەرقلەندۇرۇش ئۇسۇلى تۆۋەندىكىدەك بولىدىكەن: ياخشىسى يىلان چېقىۋالغان يەرگە قويۇلسا چاپلىشىدىكەن. ئۇستىگە سۈت قويۇلسا سۈتنى ئۇيۇتىدىكەن ۋە ئۆزگەرتىدىكەن. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇ شۈنگىدىن كېيىن سۈتكە تاشلانسا سۈتنى ئۇيۇتىدىكەن. زەھەرنى ئۆزىگە تولۇق سۈمۈرۈپ بولغاندىن كېيىن زەھەرلەنگەن يەرگە قويۇلسا چاپلاشمايدىكەن. ئۇستىگە سۈت قويۇلسا ئۇيۇتمايدىكەن. زەھەرنى سۈمۈرگەندىن كېيىن رەڭگى ئۆزگىرىدىكەن. سۈتكە تاشلانسا رەڭگى ئەسلىي ھالىتىگە كېلىدىكەن.

ئۇنى سىناشنىڭ يەنە بىر ئۇسۇلى شۇكى، ئۇنىڭ ھەقىقىيسى ۋە ياخشىسى قارا ياكى كۆك يۇڭ كىيىمگە سۈركىسە كىيىمنى ئاقارتىدۇ. بەكرەك سۈركىسە قارىدىتىدۇ، ئاقلىق پەقەت قالمايدۇ. ئۇنى سىناشنىڭ يەنە بىر ئۇسۇلى شۇكى، ئۇ ساپال تەخسىگە ئېلىنغان لىمون سۈيىگە چىلانسا ھەرىكەتلىنىدۇ ۋە ئايلىنىدۇ. بۇ خىل سىناق ئۇنىڭغا خاس ئەمەس، بەلكى سەدەپلەر ۋە باشقا قاسىراقلىق ھايۋاناتنىڭ مەھسۇلاتلىرىنىڭ راست - يالغانلىقىنى سىناش ئۈچۈنمۇ قوللىنىلىدۇ.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** يىلان زەھىرىنى كۈچلۈك قايتۇرىدۇ. چايان ۋە باشقا زەھەرلىك ھاشاراتنىڭ زەھىرىنى قايتۇرۇش تەسىرى بەك كۈچلۈك ئەمەس. ئەمما ئىبىن سىنا «ئەلقانۇن»نىڭ يەككە دورىلار قىسمىدا جالىنۇسنىڭ ئۇنداق بولۇشىنى ئىنكار قىلغانلىقىنى يازغان. ئىستېمال قىلىنسا دوۋساقتىكى تاشنى پارچىلاپ چۈشۈرىدۇ، بۇ جەھەتتىكى تەسىرى ناھايىتى كۈچلۈكتۇر.

**ئىستېمال مىقدارى:** ئالتە مىللىگىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ. ئۇنىڭ سىزىقلىقى ئېسىۋېلىنسا باش ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ، بەلغەمدىن بولغان مېڭە پەردە ياللۇغىغا پايدا قىلىدۇ.

## ھەجەرۇل خەزامىي
(خەزامىي تېشى)

بىر خىل تاش بولۇپ، قارا، يۇمىلاق، بەتبۇي بولىدۇ. سەقەلبە دېگەن يەردىن چىقىدۇ. ئوتقا تاشلىسا كۆيىدۇ. ئۇستىگە ئاز مىقداردا سۇ تۆكسە يانىدۇ، ياغقا تاشىسا ئۆچۈپ قالىدۇ.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ئۇنىڭ بىلەن ئىسرىق سالسا ھاشاراتنى قاچۇرىدۇ. ئۆزى

بىلەن ساقلىسا تۇتقاق كېسەلگە داۋا بولىدۇ، تۇغماس ئاياللارنىڭ ھامىلىدار بولۇشىغا سەۋەب بولىدۇ. بالىياتقۇ ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ. زىيانلىق ھايۋانلارنىڭ زىيىنىنى يوقىتىدۇ.

## ھەجەرۇل خەزەفى
(ساپال تاش)

**ماھىيىتى:** مىسىردىن چىقىدىغان بىر خىل تاش بولۇپ، ساپالغا ئوخشايدۇ، قاتتىق بولىدۇ. ئاسان پارچىلىنىدۇ، بىر - بىرىدىن ئاجراپ ئۇششاقلىنىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئىسسىقلىقى ياقۇتتىن ئاجىزراق، كۆپ قۇرۇق، قورۇغۇچى ۋە ئۆتكۈر قۇۋۋىتى بار.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** چاچنى چۈشۈرۈش جەھەتتە قەيشۇر تېشىنىڭ ئورنىنى باسىدۇ. ئالتە گىرامى شاراب بىلەن ئىشلىتىلسە ھەيز قېنىنى توختىتىدۇ. بەش گىرامى ھەيزدىن پاك بولغاندىن كېيىن تۆت كۈن ئىستېمال قىلىنسا ھامىلىدارلىقنى چەكلەيدۇ. ھەسەل بىلەن زىمات قىلىنسا ئەمچەكنىڭ ئىششىقىنى تارقىتىدۇ. يامان يارىلارغا پايدا قىلىدۇ. يارىلارنىڭ يامانلىشى ۋە كېڭىيىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ.

## ھەجەرۇل خەتاتىيف
(قارلىغاچ تېشى)

**ماھىيىتى:** دىسقۇرىيدۇسنىڭ ئېيتىشىچە قارلىغاچنىڭ تۇنجى باچكىسىنى ئاينىڭ نۇرى تولۇق بولغاندا تۇتۇپ قورسىقىنى يارسا ئىچىدىن ئىككى دانە تاش چىقىدىكەن، بىرى بىر خىل رەڭدە، يەنە بىر خىلى كۆپ خىل رەڭدە بولىدىكەن. بىر خىل رەڭلىكى تۆگىنىڭ بوتىلىقى ياكى كالىنىڭ موزىيى تۇغۇلۇپ يەرگە چۈشۈشتىن ئاۋۋال سويۇپ، مەزكۇر تاش تېرىسىگە ئوراپ تۇتقاق كېسەل بىمارنىڭ بىلىكى ياكى بويىنىغا ئېسىپ قويسا ئاللانىڭ مەدىتى بىلەن كېسەللىك ساقىيىدىكەن، سىناقتىن ئۆتكەن ئىكەن.

ئەنتاكىينىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ بارماق ئۇچىچىلىك كېلىدىغان سېرىققا ۋە ئاققا مايىل بىر خىل تاش بولۇپ، «ھەجەررۇل يەرقان» (يەرقان تېشى) دەپ ئاتىلىدىكەن. سەرئەندىپ شەھىرىدىن چىقىدىكەن. قارلىغاچنىڭ باچكىسى يەرقان كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ قالسا ئاتا - ئانىسى بېرىپ داۋالاش ئۈچۈن مەزكۇر تاشنى ئېلىپ كېلىدىكەن. بۇ تاش بىزنىڭ يۇرتلىرىمىزدا تېپىلمايدۇ، پەقەت قارلىغاچنىڭ ئۇۋىلىرىدا تېپىلىدۇ. كىشىلەر ئۇنى تەدبىر بىلەن يىغىۋالىدۇ، يەنى ئاتا - ئانا قارلىغاچ سىرتقا چىقىپ كەتكەندە كىشىلەر ئۇنىڭ باچكىلىرىنى زەپەر بىلەن سېرىق بوياپ قويىدۇ، ئاتا - ئانىسى قايتىپ كەلگەندىن كېيىن باللىرىنى كۆرۈپ يەرقان كېسىلى بولۇپ قالغان ئوخشايدۇ دەپ ئويلاپ مەزكۇر تاشنى تېرىپ

ئۇۋۇلىرىغا ئېلىپ كېلىدۇ. بۇ چاغدا كىشىلەر ئۇنى قارلىغاچنىڭ ئۇۋۇلىرىدىن يىغىۋالىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ئىچى - سىرتىدىن ئىشلىتىلسە يەرقان، خەفەقانغا داۋا بولىدۇ، ئەزالاردىكى تاشلارنى پارچىلاپ چۈشۈرىدۇ. توسالغۇلارنى ئاچىدۇ. ئىپىتىشلارغا قارىغاندا ئۇنىڭ رەڭلىكىنى ئۆزگە ئىسۋالسا مەنسەپكە ئېرىشىشكە، كىشىلەرنىڭ قوبۇل قىلىشىغا ۋە ھاجەتلىرىنىڭ راۋا بولۇشىغا سەۋەب بولىدىكەن. ئەمىنۇد دەۋلەنىڭ ئېيتىشىچە ئۇنىڭ قىزىل رەڭلىكى ئېسىۋېلىنسا چۆچۈشنى يوقىتىدىكەن.

## ھەجەرۇل خۇمار

(خۇمار تېشى)

ئۇ خۇمارنى يوقىتىدىغانلىقى ئۈچۈن خۇمار تېشى دەپ ئاتالغان. «خۇزەتۇل خۇمار» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** ئۇ بىر خىل تاش بولۇپ، ئېغىر، سىلىق، يۇمشاق، قارىغا مايىل قىزىل بولىدۇ، بەك قاتتىق ئەمەس. ئۇ «ھەدىيدى سىينىي» (چىن تۆمۈرى) دەپ ئاتىلىدىغان «خەماھان» ناملىق مەدەننىڭ چىشىسىدۇر. ئۇنىڭ ياخشىسى مىسقا سۈركىسە قىزىل رەڭدە بولىدىغانلىرىدۇر.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ئۇنىڭدىن 6.5 گىرام ئېلىپ سالايە قىلىپ خۇمار بولۇپ قالغان كىشىگە ئىچۈرسە خۇمارنى شۇئان يوقىتىدۇ - دە، تەرلەيدۇ، ئۆزىدە سوغۇقلۇق ۋە خۇشاللىق ھېس قىلىدۇ.

## ھەجەرۇد دىيك

(خوراز تېشى)

ئۇ باقىلەدىن كىچىكرەك بىر خىل تاش بولۇپ، قارامتۇل ئاق بولىدۇ. خورازنىڭ قورسىقىدا پەيدا بولىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە ئىسسىق، بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ئىستېمال قىلىنسا ۋە ئېسىۋېلىنسا غەم قىلىش ۋە ئۆزگىچە سۆزلەشكە داۋا بولىدۇ. تاش پارچىلايدۇ. ئۇ يۇيۇلغان سۇ ئىچىلسە زىيادە ئۇسسۇزلۇقنى تەڭداشسىز يوقىتىدۇ. شۇنداقلا ئېغىزدا ساقلانسىمۇ ئۇسسۇزلۇقنى قاندۇرىدۇ.

## ھەجەرۇر رەھا
(تۆگمەن تېشى)

ئۇ «قۇۇق» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** ئۇ قارا، تۆشۈكلۈك، بۇلۇتقا ئوخشاش بوش، قاتتىق تاش بولۇپ، ھەلەب شەھىرىنىڭ شەرقىدىن چىقىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئۈچىنچى دەرىجىنىڭ ئاخىرىدا قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ماددىلارنى تارقىتىدۇ، ھەيز قېنىنى توختىتىدۇ. قىزىتىپ ئۈستىگە سىركە تۆكۈپ بۇسىغا ئىششىغان ئەزا تۇتۇلسا ئىششىقنى ياندۇرىدۇ. قان توختىتىدۇ، بۇرۇن قېنى ۋە ھەيز قېنىنى توختىتىدۇ. ئۇ داغماللانغان سىركە بىلەن چىقىپ قالغان مەقئەت يۇيۇلسا ئىچىگە كىرگۈزىدۇ. ئەزالارغا تۆكۈلسە ئەزالارنى چىڭىتىدۇ، تەرلەشنى توختىتىدۇ، ماغدۇرسىزلىقنى ئالىدۇ. مەزكۇر تاشتىن ھەمەلچە تەييارلاپ ئىشلىتىلسە بوۋاسىر ۋە ھەيزنىڭ قېنىنى توختىتىدۇ. مەلھەم قىلىنسا ئىستىسقاغا داۋا بولىدۇ.

## ھەجەرۇر رۇخام
(مەرمەر تاش)

بىر خىل تاش بولۇپ، بوش بولىدۇ. بەزى شەھەرلەردە ئۇنىڭدىن قەبرە تېشى ياسىلىدۇ. بىر قانچە خىل بولىدۇ. يالغۇز ئاتالسا ئۇنىڭ ئاق رەڭلىكى نەزەردە تۇتۇلىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىنىڭ ئاخىرىدا قۇرۇق سوغۇق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ماددىلارنىڭ كېسەللەنگەن ئەزاغا كېلىشىنى توسىدۇ. قان توختىتىدۇ. يارىلارغا پايدا قىلىدۇ. سىركە بىلەن سۈركىسە ئىششىقلارنى تارقىتىدۇ. ئىستىسقاغا داۋا بولىدۇ. سەمغى ئەرەبى ۋە تۆشۈدۈر بىلەن مەلھەم قىلىنسا بەھەقكە پايدا قىلىدۇ، تېرىدىكى ئىزلارنى يوقىتىدۇ. تالقانلاپ سەپسە بوۋاسىرغا پايدا قىلىدۇ. تالقانلانغىنى ھەسەل بىلەن كۆندە بەش گىرامدىن ئىستېمال قىلىنسا قاندىن بولغان چىقانلارنى ساقايتىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇنىڭ قەبرە تېشى قىلىنىپ ئۈستىگە خەت يېزىلغانلىرى ئىستېمال قىلىنسا، ئۈستىگە ئويۇلغان خەتلىرى ئوقۇلسا ئۇنتۇغاقلىققا سەۋەب بولىدىكەن. ئۇ شەنبە كۈنى قۇياش چىقىشتىن بۇرۇن مەشۇقنىڭ ئىشقىنى كۆتۈرۈش مەقسىتىدە ئۇنىڭ نامى بىلەن ئىچىلسە ئىشقىنى كۆتۈرىدۇ.

## ھەجەرۇز زىبىرە
(زىرە تاش)

**ماھىيتى:** بىر خىل تاش بولۇپ، مايلىق، ئېغىر، چۇرۇك بولىدۇ.
**خۇسۇسىيتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** سوقۇپ سەپسە يارىلارنى ناھايىتى ياخشى ساقايتىدۇ.

## ھەجەرۇس سەلۋان
(سەلۋان تېشى)

بىر خىل تاش بولۇپ، ئاق، كىرىستال تاشقا ئوخشاش پارقىراق بولىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن كىرىستال تاشنىڭ پەرقى شۇكى، كىرىستال تاشنىڭ ئەكسىچە ئۇنىڭ سۇدا يۇمشىشى، سۇدا ئېرىتىلسە سۇتتەك بولۇشتۇر.

**خۇسۇسىيتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** سۇدا ئېرىتىپ ئىچسە خەفەقانغا پايدا قىلىدۇ، قان توختىتىدۇ. ئاشقازاننىڭ ھارارىتىنى پەسەيتىدۇ. ئاشقىلىق كېسىلىنى ساقايتىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** ئۈچ گىرامدىن ئىستېمال قىلىنىدۇ.

ئۇنىڭ سېرىققا مايىل، پارقىراقلىقى تۆۋەن بولغان بىر تۈرى بار بولۇپ، زەھەرلەر قاتارىدىندۇر.

## ھەجەرۇس سەترىيت
(سەترىت تېشى)

ئۇ پارسچە «سەنگى مەرمەر» (مەرمەر تاش) دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيتى:** ئىككى خىل بولىدۇ. بىرى مەدەندىن چىقىدۇ. يەنە بىرى سۇدىن چىقىدىغىنى بولۇپ، خالىغان شەكىلدە قاتۇرغىلى بولىدۇ. ئۇسۇلى شۇكى، تېگىدىن سۇ چىقىدىغان يەرگە خالىغان شەكىلدە ئورەك كولاپ، ئۇنىڭدىن كېيىن مەزكۇر تاشنى ئورەككە تاشلاپ بىر كېچە تۇرغۇزۇپ، ئەتىسى ئەتىگەندە بېرىپ مەزكۇر ئورەككە سۇ يىغىلغاندىن كېيىن ئورەكتىن چىقىرىلغان توپىنى تاشلاپ كۆمتۈرۈلۈپ مەلۇم ۋاقىت تۇرغۇزغاندىن كېيىن ئىچىگە كۆمۈلگەن تاش خالىغان شەكىلگە كېلىپ قاتىدۇ. شۇ چاغدا كولاپ ئېلىپ ھەر خىل شەكىلدە ئويۇپ ئىشلىتىلىدۇ.

ئۇنىڭ كاندىن چىقىدىغان تۈرى تاش تاختايلاردىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇنىڭ كاندىن

ئېلىپ كېلىنىدۇ. بۇ سۇدىن چىقىدىغىنىدىن قاتتىقراق، پارقىراقراق بولىدۇ. ئۇنىڭ كانى كېرمان، بابەك، قەلئەئى ئاقا، تىبرىيز، ئەجمىير قاتارلىق يەرلەردە بولىدۇ. كېرماندىن چىقىدىغىنى ياخشىراق، قاتتىقراق بولۇپ، رەڭگى كۆك، ئاق، ئومۇمەن نوقۇت رەڭگىدە، سېرىق، ئاق، قىزىل رەڭلەر بىلەن رەڭلەنگەن، تومۇرلىرى ئاز بولىدۇ. تىبرىيزدىن چىقىدىغىنى سەل سېرىقراق، يۇمشاقراق بولىدۇ. ئەجمىيردىن چىقىدىغىنى ئاق، قاتتىق بولىدۇ. ھەممىسىنىڭ ياخشىسى مۇرغ كانىدىن كەلتۈرۈلگىنىدۇر.

**خۇسۇسىيتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** كۆيدۈرۈپ چىشقا سەپسە چىش مىلىكىنى چىڭىتىدۇ. راتىيانەج، زۇپتى بىلەن زىمات قىلسا قاتتىق ئىششىقلارنى تارقىتىدۇ. ياغنىڭ مومى بىلەن زىمات قىلسا ئاشقازان ئېغىزى ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ. ئۇنىڭ خېمىنى سەپسە ئوت كۆيۈك يارىسىغا پايدا قىلىدۇ.

## ھەجەرۇس سەمەك
(بېلىق مېڭە تېشى)

ئۇ پارسچە «سەنگى سەرمايى» (بېلىق مېڭە تېشى) دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيتى:** ئۇ بىر خىل بېلىقنىڭ بېشىدىن چىقىدىغان تاشتىن ئىبارەت. مەزكۇر بېلىق بىر غېرىچتىن ئىككى غېرىچقىچە ئۇزۇنلۇقتا، قاسراقلىق بولىدۇ. گۆشى ھالال بولىدۇ. ھەربىر تال بېلىقنىڭ بېشىنىڭ ئىككى تەرىپىدىن بىر تالدىن ئىككى دانە ئاق، پارقىراق، قاتتىق تاش چىقىدۇ. كىچىك بېلىقتىن كىچىك، چوڭ بېلىقتىن چوڭ تاش چىقىدۇ.

**تەبىئىتى:** بىرىنچى دەرىجىدە ئىسسىق، ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق. تاش پارچىلىغۇچى قۇۋۋىتى بار.

**خۇسۇسىيتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** سالايە قىلىپ ئىستېمال قىلسا بۆرەكتىكى تاشلارنى پارچىلاپ چىقىرىدۇ، سىناقتىن ئۆتكەن.

## ھەجەرۇل ئەسەلىي
(ھەسەل تاش)

ئۇ بىر خىل ئاق تاش بولۇپ، سالايە قىلىنسا قويۇق، سېرىققا مايىل، تاتلىق بولىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئىسسىققا مايىل.

**خۇسۇسىيتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** يارىلارنى تازىلىغۇچى بولۇپ، تەسىرى سۇت تاش (ھەجەرى لەبەنىي) تىن ئاجىزراقتۇر.

## ھەجەرۇل غاغاتىيس
(تاشكۆمۈر)

ماھىيىتى: ئۇ بىر خىل ئىغىر تاش بولۇپ، كۆككە مايىل قارا بولىدۇ. بەزىلەرنىڭ ئىيتىشىچە ناھايىتى يەڭگىل، قاتلىق بولىدىكەن. پەلەستىن بىلەن تەبەرىيە شەھىرىنىڭ ئارىلىقىدىكى «غاغا» ۋادىسىدىن چىقىدۇ. بۇ ۋادا «جەھەننەم» دىگەن نام بىلەن مەشھۇردۇر. مەزكۇر تاشنى ئوتقا تاشلىسا ياغاچتەك كۆيىدۇ. كۆيگەندىن كىيىن 450 گىرامى 30 گىرام قالىدۇ ۋە ئاق، قاتتىق بولۇپ قالىدۇ. كۆيگەندە مۇڭگۇز، نىفىت ۋە قىير(تاغدىن چىقىدىغان بىر خىل قارا مايسىمان ماددا)نى كۆيدۈرگەندىكىدەك پۇرايدۇ.

تەبىئىتى: ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى: ماددىلارنى تارقاتقۇچى، تەرەتنى بوشاتقۇچىدۇر. ئىستىمال قىلىنسا ھامىلىدارلىقنى چەكلەيدۇ، ھەيز توختىتىدۇ. ئەزالاردىكى تاشلارنى پارچىلاپ چىقىرىدۇ.

ئىستىمال مىقدارى: 1.5 گىرامغىچە ئىستىمال قىلىنىدۇ.

ئۇنىڭ بىلەن ئىسرىق سېلىنسا بالىياتقۇ ئىغىزىنىڭ بوغۇلۇپ قېلىشىدىن بولغان بىھوشلۇققا پايدا قىلىدۇ. ھاشاراتنى قاچۇرىدۇ، دەرەخلەرنىڭ قۇرتلىرىنى ئۆلتۈرىدۇ.

زىيانلىق تەسىرى: ئۆپكىگە زىيان قىلىدۇ.

تۈزەتكۈچىسى: زەپەر.

ئۇنىڭ بىلەن ئىسرىق سېلىنسا تۇتقاق كېسەل بىمارلىرىنىڭ كېسىلىنى قوزغىتىدۇ.

ئۇنىڭ بىلەن زىمات قىلىنسا نۇقرەسكە پايدا قىلىدۇ، زەخىملەرگە گۆش ئۇندۇرىدۇ.

## ھەجەرۇل فەتىيلە
(پىلتە تاش)

ماھىيىتى: ئۇ بىر خىل تاش بولۇپ، سېرىق بولىدۇ، غارىقۇنغا ئوخشايدۇ. يىپلىق بولىدۇ. ئۇنىڭدىن پىلتە ياسىلىدۇ. كىرماندا كۆپ تېپىلىدىغان بولۇپ، سوقۇلسا پاختىغا ئوخشاش يۇمشايدۇ، ئالىقان بىلەن ئىشىپ چىراغقا سېلىپ ئۈستىگە ياغ قۇيۇپ ئوت يېقىلسا يانىدۇ، ياغ بار بولسىلا يېنىۋېرىدۇ. بىر تال كىچىك پىلتە 2~3 ئايغىچە يېتىدۇ. ئىيتىشلارغا قارىغاندا ئۇنىڭدىن رەختمۇ تەييار قىلىنىدىكەن.

خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى: ئىيتىشلارغا قارىغاندا ھايۋانلاردىكى زەخىملەرنى ساقايتىشتا تەڭداشسىز ئىكەن.

# ھەجەرۇل فۇلفۇل
(پىلپىل تاش)

**ماھىيىتى:** «مالايەسەئۇ لىتتەبىيىي جەھلۇھ» (تېۋىپ بىلمىسە بولمايدىغان ئىشلار) ناملىق كىتابنىڭ ئاپتورىنىڭ قارىشىچە، ئۇ ھەجەرى ھەبەشى (ھەبەش تېشى)دىن ئىبارەت بولۇپ، يۇقىرىدا بايان قىلىندى. ئىبنى تىلمىزنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ پىلپىلغا ئوخشاش ئۇششاق تاش بولۇپ، قۇرۇتۇلغاندا ئۇنىڭغا پىلپىل ئارىلاشتۇرۇلۇپ كەيپىياتىغا ھۆكۈم قىلىنىدىكەن.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** داغ ۋە ئۇنىڭغا ئوخشاش تېرە كېسەللىكلىرىنىڭ مەلھەملىرىگە قوشۇلىدۇ.

# ھەجەرۇل قىبتىي
(قىبتى تېشى)

ئۇ مىسىر خەلقى ئارىسىدا «ئۆشنانۇل قەسسارىين» (بۆتچىلەر ئۆشنانى) دېگەن نام بىلەن مەشھۇردۇر. چۈنكى ئۇ يەردىكى بۆتچىلەر كىيىملەرنى ئۇنىڭ بىلەن يۇيىدۇ.

**ماھىيىتى:** كۆككە مايىل بىر خىل تاش بولۇپ، تۈزۈلۈشى بوش، ناھايىتى چۈرۈك بولىدۇ. يۇقىرىقى مىسىرنىڭ تاغلىرىدىن چىقىدۇ. بۆتچىلەر ئۇنى چىگە رەختلەرنى يۇيۇشقا ئىشلىتىدۇ. ئۇنىڭ ياخشىسى كۆك، ناھايىتى يۇمشاق، تېز ئۇۋۇلىدىغان، سۇدا ئاسان ئېرىيدىغانلىرىدۇر.

**تەبىئىتى:** بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** چاپلاشتۇرغۇچى، قۇرۇتقۇچى، قورۇغۇچى، ماددىلارنىڭ كېسەللەنگەن ئەزا تەرىپىگە قۇيۇلۇشىنى توسقۇچى، قانداق يوسۇندا ئىشلىتىلسە ئىچكى - تاشقى قاناشنى توختاتقۇچىدۇر. ئۇنىڭ بىلەن مەلھەم قىلىپ چىپىلسا ئىششىقلارنى تارقىتىدۇ. كۈچلۈك قۇرۇتىدۇ. تالقانلاپ سەپسە يارىلارنىڭ قانىشىنى توختىتىدۇ، يۇمشاق ئەزالارنىڭ يارىلىرىنى ساقايتىدۇ. يالغۇز ياكى چاپلاشتۇرغۇچى مۇناسىپ دورىلار بىلەن كۆزگە سۈركىسە كۆز ياشانغىراش، قاپاق قوتۇرى، قاپاق قىزىرىش، ئىششىش ۋە كۆز يارىسىغا پايدا قىلىدۇ. سۇ بىلەن ئىستېمال قىلسا كونا ئىچ سۈرۈشنى توختىتىدۇ، دوۋساق ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ، قان توختىتىدۇ. مەلھەم قىلىپ چاپسا ئىششىقلارنى تارقىتىدۇ، كۈچلۈك قۇرۇتىدۇ. ياغنىڭ مومى بىلەن مەلھەم قىلىپ چاپسا يامان يارىلارنىڭ يامانلىشىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ، يارا ئېغىزىنى پۈتتۈرىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن فەرزىجە قىلسا ھەيز قېنىنى توختىتىدۇ. بالىياتقۇنىڭ سېسىق پۇرىشىنى ئالىدۇ.

## ھەجەرۇل قەمەر
(ئاي تاش)

ئۇ «بۇزاقۇل قەمەر» (ئاي تۇپۇرۇكى)، «زەبەدۇل قەمەر» (ئاي قايمىقى)، ھىندىچە «چەندەر كانت» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** توپا رەڭگە مايىل ئاق تاش بولۇپ، يېنىك، پارقىراق بولىدۇ. كۈمۈشنى ئۆزىگە تارتىدۇ. ئاينىڭ نۇرى كۈچەيگەندە رەڭگى توپا رەڭدىن ئاق رەڭگە ئۆزگىرىدۇ. ماراكەش ۋە ئەرەب دۆلەتلىرىدىن تېپىلىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇ ئاي تاش ئۈستىگە چۈشىدىغان شەبنەم بولۇپ قاتىدىكەن، ئاينىڭ نۇرى كۈچەيگەندە ناھايىتى ئاق بولۇپ ئۆزگىرىدىكەن. ئۇنىڭ يۇقىرىدىكى سۈپەتلىرى قانچە كۆپ بولسا شۇنچە ياخشى بولىدۇ.

**تەبئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە سوغۇق، سوغۇقلۇقى مۆتىدىلمۇ دېيىلگەن، بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** بىر دانە ئەدەس چوڭلۇقىدا ئىستېمال قىلىنسا ۋە بۇرۇنغا سۈمۈرۈلسە تۇتقاق كېسەلگە پايدا قىلىدۇ، سىناقتىن ئۆتكەن. ئۆزىگە سۆزلەش، ساراڭلىق، خەفەقان ۋە قاناشقا داۋا بولىدۇ. ئۇنى كۆك رەختكە ئوراپ ئۆزىگە ئېسىۋالسا كىشىلەرنىڭ قوبۇل قىلىشىغا ئېرىشكىلى بولىدۇ، مەنسىپى ئۆسىدۇ، قورقۇنچ ۋە جىددىيلىك بولمايدۇ. ئۇ خورما دەرىخىگە ئېسىپ قويۇلسا مېۋىسىنى ساقلايدۇ. يېڭى مېۋە چۈشۈشكە سەۋەب بولىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** بۆرەككە زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** كەتىرا.

## ھەجەرۇل قەيشۇر
(قەيشۇر تېشى)

«مىنھاج» ناملىق كىتابنىڭ ئاپتورى ئۇنى «س» ھەرپى بىلەن يازغان.

**ماھىيىتى:** ئۇ بىر خىل تاش بولۇپ، ئاق، بۇلۇتقا ئوخشاش بوش بولىدۇ، سۇدا لەيلەيدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا ئۇ كۆپىكدەرياننىڭ بىر قىسمى ئىكەن. ئۇنىڭ قارا رەڭلىكمۇ بولىدۇ. ئىسكەندەرىيە تاغلىرى، مىسىر شەھەرلىرىدىن چىقىدۇ. ئەلى بىن مەجۇسى «ھۇنەرۋەنلەر ئۇنى ئالتۇن - كۈمۈشلەرنى ئېرىتىش ئۈچۈن ئىشلىتىدۇ» دېگەن. ئۇنىڭ يەڭگىل، تۆشۈكلىرى كۆپ، بوش بولغانلىرى ياخشىلىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

**تەبىئىتى:** بىرىنچى دەرىجىدە ئىسسىق، ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ماددىلارنى تارقاتقۇچى، قان توختاتقۇچىدۇر. ئۇنىڭ بىلەن داغماللانغان سىركە ئىچىلسە زۇققە نەپەس كېسەللىكىگە داۋا بولىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن مەلھەم تەييارلاپ سۈركىسە موينى چۈشۈرىدۇ، ئىستىسقانىڭ ھۆللۈكلىرىنى تارقىتىدۇ. يازما ماتېرىياللارغا سۈركىسە خەتنى ئەسلا كۆرگىلى بولمىغۇدەك دەرىجىدە ئۆچۈرىدۇ. ئۇنى كۆيدۈرۈپ سالايە قىلىپ چىشقا سەپسە چىشنى ئاقارتىدۇ، چىش مىلىكىنى چىڭىتىدۇ. ئارتۇق گۆشلەرنى يوقىتىدۇ. چوڭقۇر يارىلارغا سەپسە يارا ئېغىزىنى پۈتتۈرىدۇ. كۆزگە سۈركىسە نامازشام قارىغۇسىغا شىپا بولىدۇ. تېرىگە سۈركىسە ھەر خىل ئىزلارنى يوقىتىدۇ. ئۇنى پۈت ئالىقىنىغا سۈركىسە باش ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ، كۆزنىڭ كۆرۈش كۈچىنى ئاشۇرىدۇ.

ئۇنى كۆيدۈرۈش ئۇسۇلى شۇكى، ئۇنى ئوتتا قىزارغۇچە كۆيدۈرۈپ شارابقا ئۈچ قېتىم شۆڭگۈتۈپ، سوۋۇغاندىن كېيىن سالايە قىلىپ ئىشلىتىلىدۇ.

## ھەجەرۇل كەرەك
(كەرەك تېشى)

ئۇ ھىندىستان دېڭىز ساھىلىدىن چىقىدىغان بىر خىل ناھايىتى ئاق تاش بولۇپ،، دېڭىز دولقۇنى ئۇنى دېڭىز ساھىلىغا چىقارغاندىن كېيىن يىغىۋېلىنىدۇ. دەسلەپتە دۆغ ھالەتتە بولۇپ، سۈرۈش ئارقىلىق سەلۋان ۋە كىرىستال تاشقا ئوخشاش پارقىراق بولىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىنىڭ ئاخىرىدا قۇرۇق سوغۇق. بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىچە بىرىنچى دەرىجىدە سوغۇق، قۇرۇقلۇقى مۆتىدىل.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** كېسەللىك ماددىلىرىنىڭ كېسەللەنگەن ئورۇنغا كېلىشىنى توسقۇچى، جۇلا بەرگۈچىدۇر. خەفەقانغا پايدا قىلىدۇ، كۆڭۈل ئاينىش ۋە ئۇسسۇزلۇقنى پەسەيتىدۇ، ئەزالارنىڭ كۆيۈشۈشىنى پەسەيتىدۇ. تالقانلاپ سەپسە قان توختىتىدۇ. كۆزگە سۈركىسە كۆزدىكى كونا ـ يېڭى ئاقنى يوقىتىدۇ. تېرىدىكى ئىزلارنى يوقىتىدۇ، كۆز يارىلىرىنى ساقايتىدۇ. چىشلارغا سەپسە ئاقارتىدۇ، سېرىقلىقنى يوقىتىدۇ ھەمدە چىشنىڭ بارلىق كېسەللىكلىرىگە داۋا بولىدۇ. ئۇنىڭدىن ياسالغان قاچىدا تائام يېيىلسە، ئىچىملىك ئىچىلسە خۇرسەن قىلىدۇ، سورۇنلاردىكى يامانلىقنى يوقىتىدۇ. ئاداۋەتلىشىپ قالغان كىشىلەرنىڭ ئۆيىگە يوشۇرۇن قويۇلسا يارىشىپ قېلىشىغا سەۋەب بولىدۇ. ھىندىستان ۋە سىندى خەلقى ئۇنى كۆپ ئەتىۋارلايدىغان بولۇپ، ئۇلار ئۇنىڭدىن كۆز مونچاقلارنى ياسىشىپ ساقلىشىدۇ، چاچنى ئۆستۈرىدۇ دەپ قارايدىغان بولغاچقا چاچلىرىغا سۈركىشىدۇ.

## ھەجەرۇل كەلب
(ئىت تېشى)

ئۇ بىر خىل تاش بولۇپ، ئىتقا تاشلاپ بېرىلسە چىشلەپ يىراققا تاشلىۋېتىدۇ.

**خۇسۇسىيتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** شاراب ياكى سۇغا ئارىلاشتۇرۇپ ئىچسە ئۆچ ـ ئاداۋەت ۋە ئىتتىپاقسىزلىققا سەۋەب بولىدۇ. سورۇنغا ئېلىپ كىلىنسە سورۇن ئەھلى ئارىسىدا مالىمانچىلىق پەيدا قىلىدۇ. كەپتەر ئۇۋىسىغا سېلىپ قويۇلسا كەپتەرلەرنى قاچۇرىدۇ.

## ھەجەرۇل كۆلا
(بۆرەك تېشى)

**ماھىيتى:** ئادەمنىڭ بۆرىكىدە پەيدا بولىدىغان تاش بولۇپ، كۆككە مايىل قىزىل بولىدۇ.

**تەبىئىتى:** قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيەتلىرى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ئېيتىشلارغا قارىغاندا، دوۋساقنىڭ تېشىنى پارچىلاش تەسىرى ناھايىتى كۈچلۈك ئىكەن، ئەمما بۆرەكتىكى تاشنى پارچىلاشتا ھېچقانداق تەسىرى يوق ئىكەن. ئۇنى كۆزگە سۈركەپ بەرسە كۆزدىكى ئاقنى يوقىتىدۇ، سىناقتىن ئۆتكەن.

## ھەجەرۇل لەبەنىي
(سۈت تاش)

**ماھىيتى:** ئۇ بىر خىل تاش بولۇپ، توپا رەڭ، سەل پارقىراق بولىدۇ، سالايە قىلسا سۈتكە ئوخشاش بولىدۇ، تەمى تاتلىق بولىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ «ھەجەرۇل لەبەنىي» (سۈت تاش) دەپ ئاتىلىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە سوغۇق، بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇق.

**خۇسۇسىيتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** قان توختىتىدۇ، قان تۈكۈرۈش ۋە ھەيز قېنىنى توختىتىدۇ. ئەزالاردىكى تاشنى پارچىلاپ چۈشۈرىدۇ. ئىستېمال قىلىنسا ئاشقازان يارىسىنى ساقايتىدۇ. كۆزگە سۈركىسە نەزلە سۈيۈقلۇقلىرىنىڭ كۆزگە تەسىر قىلىشى، كۆز يارىسى، قاپاق سۈلۈق ئىششىقى، قاپاق يىرىكلىشىش قاتارلىقلارغا پايدا قىلىدۇ. زىمات قىلىنسا ماددىلارنىڭ كېسەللەنگەن ئەزاغا كېلىشىنى توسىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** يەرقانغا سەۋەب بولىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** ھەسەل.

**ئىستېمال مىقدارى:** 1.5 گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.
**ئورۇنباسارى:** شادىنەج.
ئۇنى سۇ بىلەن سالايە قىلىپ ئېرىتىپ قەلەي قاچىدا ساقلاپ زۆرۈر بولغاندا ئىشلەتسە بولىدۇ.

## ھەجەرۇل لۇقەۋا ئەرافۇس
(بۆتچىلەر تېشى)

**ماھىيىتى:** ئۇ بىر خىل تاش بولۇپ، بۆتچىلەر ئۇنىڭ بىلەن رەختلەرنى يۇيىدۇ.
**تەبىئىتى:** قۇرۇتىدۇ، چاقمايدۇ.
**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ئىستېمال قىلسا، تالقانلاپ سەپسە ماددىلارنىڭ ئېقىشى، ئىچ سۈرۈشنى توختىتىدۇ. دوۋساق ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ. قان تۈكۈرۈشكە شىپا بولىدۇ. يارىلارنى قۇرۇتىدۇ.

## ھەجەرۇل مەسانە
(دوۋساق تېشى)

**ماھىيىتى:** ئادەمنىڭ دوۋسىقىدا پەيدا بولىدىغان تاشتىن ئىبارەت.
**تەبىئىتى:** قۇرۇق ئىسسىق.
**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ئىستېمال قىلىنسا بۆرەكتىكى تاشنى پارچىلاپ چۈشۈرىدۇ. ئەمما دوۋساقتىكى تاشقا ھېچقانداق تەسىر قىلمايدۇ. كۆزگە سۈركىسە ئاقنى يوقىتىدۇ.

## ھەجەرۇل مىھەك
(سىناق تاش)

ئۇ ھىندىچە «كەسۇتى» دەپ ئاتىلىدۇ.
**ماھىيىتى:** بىر خىل قارا تاش بولۇپ، ئېغىر، بەزىلىرى كۆل رەڭ بولىدۇ. ئېغىزنىڭ ھورىغا تەكرار تۇتۇلسا ئۇنىڭدا زەپەرنىڭ پۇرىقى پەيدا بولىدۇ. ئەزالارغا سۈركىسە كىرىنى يوقىتىدۇ. ئۇنىڭغا ئالتۇن سۈركىسە ئۇنىڭ ئۈستىدە پەيدا بولغان سىزىقنىڭ رەڭگىدىن ئالتۇننىڭ ياخشى ـ يامانلىق، راست ـ ياغانلىقىنى بىلگىلى بولىدۇ.
**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ئىستېمال قىلىنسا نەپەسنى راۋانلاشتۇرىدۇ، بۆرەك ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ. ئوغۇل تۇغقان ئايالنىڭ سۈتى بىلەن سالايە قىلىپ كۆزگە سۈركىسە ئاقنى يوقىتىدۇ، كۆز پەردىلىرى ۋە ئۇنىڭ يارىلىرىغا ناھايىتى ياخشى پايدا قىلىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** 0.5 گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

## ھەجەرۇل مىسەنن
(بىلەي تاش)

**ماھىيىتى:** ئۇ بىر خىل تاش بولۇپ، ئۇنىڭ بىلەن پىچاق ۋە شەمشەرگە ئوخشاش تىغلار ئىتتىكلەشتۈرۈلىدۇ. پارسچە «فەسان»، «سەنگى كارد» دېيىلىدۇ. ئاق، قىزىل، قارا، توپا رەڭ، يېشىل، زەيتۇن رەڭدىن ئىبارەت ھەر خىل رەڭلەردە بولىدۇ. قارا رەڭلىكى قاتتىق بولىدۇ. قىزىل، قارا، پارقىراق بولغانلىرى ياخشىلىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. «سىنبادەج» دەپ ئاتالغىنى ئۇنىڭ ئەڭ ناچىرىدۇر.

**تەبىئىتى:** قىزىلى قۇرۇق ئىسسىق، قالغان قىسىملىرىنىڭ ھەممىسى قۇرۇق سوغۇقتۇر.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** قاپاق سۇلۇق ئىششىقى، كۆزگە ئاق چۈشۈش، قىچىشقاق، قوتۇر، دائىرىلىك چاچ چۈشۈشنى داۋالاش، ئەمچەك ۋە ئۇرۇقدانىنىڭ چوڭىيىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش قاتارلىق مەقسەتلەردە سىرتىدىن ئىشلىتىلىدۇ. تۆمۈر بىلەن سالايە قىلىنغىنى چاچ ئۇندۇرىدۇ. ئۈچ گىرامى سىركە بىلەن ئىستېمال قىلىنسا تۇتقاق كېسەل ۋە تال ئىششىقىغا شىپا بولىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** بۆرەككە زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** كەتىرا.

ئۇنىڭ توپا رەڭلىكىنى مىس ئۈستىدە سالايە قىلىپ بىراقلا پەيدا بولغان يارىلارغا سۈركەلسە پايدا قىلىدۇ. يېشىلى ۋە زەيتۇن رەڭلىكى كۆيدۈرۈپ ئوت كۆيۈك يارىسى ۋە كۆزگە ئاق چۈشۈشكە، سىركە ۋە توغرىغۇ بىلەن مەلھەم قىلىپ كالا تەمرەتكىسى، چاشقان يارىسى، قوتۇر، قىچىشقاقتا، قىرۇتى بىلەن مەلھەم قىلىپ راك ئۆسمىسى، يەللىك يارا، مەقئەتنىڭ يېرىلىشى ۋە چىقىپ قېلىشى، پەي ـ نېرۋىلىق ئەزالارنىڭ ئىسسىقتىن بولغان ئىششىقلىرى، پەي ـ نېرۋىلارنىڭ يارىسىنى ساقايتىش، پەي ـ نېرۋا ئاغرىقىنى پەسەيتىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. كۆز دورىلىرىنى ئۇنىڭ ئۈستىدە سالايە قىلسا قۇۋۋىتى ۋە جۇلا بېرىش تەسىرى ئاشىدۇ. ئۇنىڭ قىزىلىنى تالقانلاپ سېپسە كۆزگە چۈشكەن ئاقنى يوقىتىدۇ، يارىلار ۋە ئوت كۆيۈك يارىسىنى ساقايتىدۇ.

## ھەجەرۇل مۇشەققە
(يېرىق تاش)

ماھىيىتى: ئۇ بىر خىل تاش بولۇپ، زەپەر رەڭدە، يەنى زەپەرنىڭ سالايە قىلىنغان سۈيىنىڭ رەڭگىدە ئەمەس، بەلكى زەپەر يىپچىلىرىنىڭ ئۆزىنىڭ رەڭگىدە بولىدۇ. قاتمۇ قات، چۈرۈك بولىدۇ. ماراكەشنىڭ ئەتراپىدىكى رايونلاردىن چىقىدۇ، شەكىل جەھەتتە «سەرەنج» دېگەن دورىغا ئوخشايدۇ. قۇۋۋىتى شادىنەجگە ئوخشاپ قالىدۇ. ئەمما ئۇنىڭدىن سەل ئاجىزراق بولىدۇ.

خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى: قىز تۇغقان ئاياللارنىڭ سۈتى بىلەن سالايە قىلىپ تېمىتسا كۆزدىكى چوڭقۇر يارىلارغا پايدا قىلىدۇ. مۇڭگۈز پەردە زەخىمىسىنى ساقايتىدۇ. كۆز ئالمىسى پۈلتىيىپ قېلىش ۋە قاپاق يىرىكلىشىشكە بولغان تەسىرى ھەجەرى لەبەنىي (سۈت تاش) نىڭ تەسىرىدىن ياخشىراقتۇر.

## ھەجەرۇل مىقناتىيس
(ماگنىت تاش)

ئۇ «غ» ھەرپى بىلەن «مىغناتىيس»مۇ دېيىلىدۇ. پارسچە «سەنگى ئاھەنرەبا» (تاشنى تارتقۇچى تاش) دەپ، ھىندىچە «چومەك پەتتەر» دەپ ئاتىلىدۇ.

ماھىيىتى: قارامتۇل قىزىلغا مايىل بىر خىل تاش بولۇپ، ئاماننىڭ ئاخىرقى قىسمى، ھىندى دېڭىزى ئەتراپلىرىدىن چىقىدۇ. ئۇنىڭ لاجۇۋەرد رەڭلىك، سۇزۇك، تۆمۈرنى ئۆزىگە ياخشى تارتىدىغان، تارتىپ بولغاندىن كېيىن تۆمۈرنى ئۆزىگە چىڭ چاپلاشتۇرۇپ تۇرالايدىغانلىرى ياخشىلىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. رەڭگى قارا، تۆمۈرنى تارتىش كۈچى ئاجىز بولغان، تۆمۈر بىلەن مەلۇم مۇددەت قويۇلسا تارتىش كۈچى ئاجىزلاپ قالىدىغان، سامساق سۈرۈش، تەر ۋە باشقا سۇيۇقلۇقنىڭ تېگىشى بىلەنمۇ تارتىش كۈچى ئاجىزلاپ قالىدىغانلىرى ناچارلىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇنى كالىنىڭ ئىسسىق قېنىغا تاشلىسا تارتىش كۈچى ئەسلىگە كېلىدۇ. شۇنداقلا ئۆچكىنىڭ قېنىغا چىلىسا ۋە ھەر كۈنى قاننى يېڭىلاپ تۇرسىمۇ تارتىش كۈچى ئەسلىگە كېلىدۇ.

تەبىئىتى: بىرىنچى دەرىجىدە ئىسسىق، ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇقتۇر.

خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى: ئىستېمال قىلىنسا پالەچ، لەقۋا، بوغۇم ئاغرىقلىرى، ئولتۇرغۇچ نېرۋا ئاغرىقى، نۇقرەس، جىگەر، تال ئاجىزلىقى، ئەزالارغا تاش چۈشۈش ۋە قىيىن تۇغۇت قاتارلىقلارغا شىپا بولىدۇ. مائۇلھەسەل بىلەن ئىستېمال قىلىنسا قويۇق خىلتلارنى سۈرۈپ چىقىرىدۇ. قورۇغۇچى خۇسۇسىيەتلىك دورىلار بىلەن ئىشلىتىلسە

زەھەرلىك تىغلارنىڭ زەخىملىرىنى ساقايتىدۇ، زىيانىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ، بۇ جەھەتتىكى تەسىرى ئاجايىپتۇر. قان توختىتىدۇ، يارىلارنىڭ ئېغىزىنى پۈتتۈرىدۇ. ئۇنىڭ كۆيدۈرۈلۈپ يۇيۇلغىنىنىڭ ھەممە تەسىرلىرى شادىنەجنىڭ تەسىرلىرى بىلەن ئوخشاشتۇر. ئۇنىڭ ئىستېمال مىقدارى توققۇز قىيراتتۇر. ئۇنى ئاق يىپەك رەختكە ئوراپ ئۆزى بىلەن ساقلىسا كىشىلەرنىڭ قوبۇل قىلىشىغا ئېرىشىدۇ، ھاجەتلىرى راۋا بولىدۇ. مەنسەپكە ئىگە بولىدۇ. ئۇ قولدا ساقلانسا پۈت ـ قوللارنىڭ مايماق بولۇپ قېلىشىغا داۋا بولىدۇ. ئۇ سول تەرەپكە ئېسىپ قويۇلسا تۇغۇتنى ئاسانلاشتۇرىدۇ؛ تۇغۇتنىڭ ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ. ئۇ يۇمشاق سوقۇپ چوغقا سېپىپ كۆيدۈرۈپ، تۈتۈنىنى نەيچە ئارقىلىق بالىياتقۇغا يەتكۈزسە بالىياتقۇدىن ئېقىۋاتقان سۇيۇقلۇقنى ھەرقانچە كونا بولسىمۇ توختىتىدۇ، ناھايىتى پايدىلىق بولۇپ، سىناقتىن ئۆتكەن. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ھەيزدار ئايال ئۇنى تۇتسا مەزكۇر تەسىرى يوقىلىدىكەن. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، زۇھەل يۇلتۇزى سۇمبۇلە بۇرجىغا كەلگەندە ماگنىت تېشىنى گۈلاب بىلەن يۇيۇپ سۈرمە تەييارلىنغاندىن كېيىن باشقا ئادەم ئۆزىنىڭ كۆزىگە سۈركەپ، تۆمۈرنى مەزكۇر ئۇسۇل بىلەن يۇيۇپ سۈرمە تەييارلاپ كۆزىگە تارتقان يەنە بىر ئادەمگە قارىسا ئىككىنچى شەخس بىرىنچى شەخسنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمىغۇدەك دەرىجىدە چوڭقۇر ياخشى كۆرىدىكەن، سىناقتىن ئۆتكەن دەپ قارىلىدىكەن.

## ھەجەرۇل مەنفىي
(مەنفىي تېشى)

**ماھىيىتى:** ئۇ زەيتۇن مېۋىسى چوڭلۇقىدىكى چىپار تاش بولۇپ، ھەر خىل رەڭلەر بىلەن رەڭلەنگەن بولىدۇ. ھىيرە شەھىرىنىڭ «مەنق» دەپ ئاتىلىدىغان ناھىيەسىدىن چىقىدۇ.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ئۇنى سالايە قىلىپ ئەزاغا سۈركىسە كېسىلگىنىنى سەزمىگىدەك دەرىجىدە سېزىمسىزلاندۇرىدۇ.

## ھەجەرۇن نار
(چاقماق تاش)

ئۇ «ھەجەرۇل ئەزەم»، «ھەجەرۇز زەناد» (چاقماق تاش)، پارسچە «سەنگى ئاتەش زەنە» ۋە «سەنگى چاقماق» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** ئۇ بىر خىل تاش بولۇپ، ئاق، ناۋات رەڭ، قارا، قىزىل، توپا رەڭدىن ئىبارەت بىر نەچچە خىل بولىدۇ. پارقىراق، ئېغىر، ئۆتكۈر بولىدۇ. ئۇنى تۆمۈرگە سۈركىسە تۆمۈردىن ئوت يانىدۇ ۋە تۈتۈن چىقىدۇ.

**تەبىئىتى:** بىرىنچى دەرىجىدە سوغۇق، ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق. بەزىلەر ئىسسىق دېگەن.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ئۆپكەدەك سالايە قىلىپ سەپسە چاشقان يارىسىغا پايدا قىلىدۇ، يارا ئىغىزىنى تازىلاپ ساقايتىدۇ. ھەرقانداق ئەزادىكى ساقىيىشى تەس بولغان يارىلارنى ساقايتىدۇ. ئۇنى لاتىغا ئوراپ ھامىلىدار ئايالنىڭ يوتىسىغا تېڭىپ قويسا تۇغۇتنى ئاسانلاشتۇرىدۇ. تۇغۇپ بولغاندىن كېيىن دەرھال ئېلىۋېتىلىدۇ.

## ھەجەرۇن نەمر
(يولۋاس تېشى)

**ماھىيىتى:** يولۋاس تېرىسىگە ئوخشاش بۇلىماچ تاش بولۇپ، بادام مېغىزى چوڭلۇقىدا، ئۇنىڭدىن كىچىكرەك بولىدۇ. چىشى يولۋاسنىڭ قورسىقىدا پەيدا بولىدۇ. سۇتكە تاشلىسا ئۆيىتىدۇ.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** مەلھەم قىلىپ سۈركىسە يارىلارنى ساقايتىدۇ. ئايالغا ئېسىپ قويۇلسا ھامىلىدار بولۇشنى چەكلەيدۇ.

## ھەجەرۇل ھىندى
(ھىندىستان تېشى)

**ماھىيىتى:** ئۇ قارىغا ۋە قىزىلغا مايىل بىر خىل تاش بولۇپ، سالايە قىلىنغىنى قىزىلغا ۋە سېرىققا مايىل بولىدۇ. ئۇ «شادىنەج ھىندى» (ھىندىستان شادىنىجى) دەپ ئاتىلىدىغان بولۇپ، ھىندىستان دېڭىز ساھىللىرىدىن چىقىدۇ.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** تالقانلاپ سەپسە بوۋاسىر ۋە يارىلارنىڭ قېنىنى توختىتىدۇ. يېرىم گىرام، بەلكى ئۇنىڭدىن ئازراق ئىستېمال قىلسا ئىچكى ئەزالارنى ئۇزۇۋېتىدۇ، بوۋاسىرنى چۈشۈرىدۇ، چايان زەھىرىنى قايتۇرىدۇ.

## ھەجرۇليەھۇد
(يەھۇد تېشى)

ئۇ «زەيتۇنى بەنى ئىسرائىل» (بەنى ئىسرائىل زەيتۇنى)، پارسچە «سەنگى جۇھۇدان» (يەھۇد تېشى) دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** بىر خىل تاش بولۇپ، ئومۇمەن بەللۇت ھەم زەيتۇن مېۋىسىنىڭ شەكلىگە ئوخشايدۇ. ئاققا مايىل بولۇپ، ئۇستىدە ئۇزۇنىسىغا تارتىلغان تەكشى سىزىقلار بولىدۇ. سۇدا ئاسان سالايە بولىدۇ. كۆرۈنەرلىك تەمى بولمايدۇ. شام زېمىنىنىڭ پەلەستىن دېگەن يېرىنىڭ «بەرۋەت» دەپ ئاتىلىدىغان تېغىدىن چىقىدۇ. قۇدۇس دىيارىدىمۇ كۆپ بولىدۇ. ئەركەك،

چىشى دەپ ئايرىلىدۇ. ئەركىكى يۇقىرىدا ئېيتىلغان سۈپەتلەرگە ئىگە بولىدۇ. چىشىسىنىڭ سىزىقلىرى بولمايدۇ، قارامتۇل قىزىل رەڭدە بولىدۇ. بەزىلىرى سەل ياپىلاق بولىدۇ. ئەركىكى ئەرلەرنىڭ ئەزالىرىدىكى تاشلارنى پارچىلاپ چۈشۈرۈشكە، چىشىسى ئاياللارنىڭ ئەزالىرىدىكى تاشلارنى پارچىلاپ چۈشۈرۈشكە خاستۇر. ئېھتىمال ئۇ زېمىنگە مەنسۇپ ئۇچۇچان، شىلىمشىق، سۈيۇقلۇق ئارىلاشقان تەركىبلەر بىلەن دەرەخلەر ئاستىدا سولىنىپ قالغان ھاۋاغا مەنسۇپ تەركىبلەر يۇلتۇزلارنىڭ نۇرلىرىنىڭ يالقۇنجىشى تەسىرىدە تاشلارنىڭ ئارىسىدىن سىرغىپ چىقىپ شۇنداق شەكىلدە قېتىشى بىلەن ھاسىل بولۇشى مۇمكىن.

**تەبىئىتى:** بىرىنچى دەرىجىدە ئىسسىق، ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇقتۇر. مۆتىدىلمۇ دېيىلگەن. تاش پارچىلىغۇچى قۇۋۋىتى بار.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** سۈيدۈك ھەيدەيدۇ. تاش پارچىلايدۇ ۋە قايتا تاش پەيدا بولۇشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. دوۋساقتا ئۇيۇپ قالغان قاننى ئېرىتىدۇ. ئۇنىڭ سالايە قىلىنغىنىدىن 5.2 گرام ئېلىپ 250 مىللىلىتىر ئىلمان سۇ، بەش گرام ئاچچىق بادام يېغى بىلەن ئىچسە ئەزالاردىكى تاشنى پارچىلاپ چىقىرىدۇ. سۈيدۈك ھەيدەيدۇ، سۈيدۈكنى راۋانلاشتۇرىدۇ. دوۋساقتا ئۇيۇپ قالغان قاننى ئېرىتىدۇ. شۇنداقلا ئۇ ئىلمان سۇ بىلەن ئىستېمال قىلىنسىمۇ شۇ تەسىرنى بېرىدۇ. ئۇنى شەپەرەڭنىڭ قېنى بىلەن كۆزگە سۈركىسە تۆكۈلگەن كىرپىكنى ئۆستۈرىدۇ. قاشقا سۈركىسە قاشنى ئۆستۈرىدۇ، بولۇپمۇ شەپەرەڭ قېنى بىلەن سۈركىسە ئۈنۈمى تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ. يالغۇز مەلھەم قىلىپ سۈركىسە يارىلارنى پۈتتۈرىدۇ. ھەسەل بىلەن مەلھەم قىلىپ سۈركىسە قاتتىق ئىششىقلارنى يۇمشىتىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** جىگەرگە زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** ئەرەب يېلىمى.

ئۇنىڭ سۇفۇپلىرى، مەجۇنلىرى قاراباددىن كەبىردە بايان قىلىندى.

## پەسىل: «ھ» (ھۇۋائ) ۋە «د» (دال) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى

### ھىدەئەت

(بۇركۇت)

ئۇ پارسچە «غەلىيۋاج»، شىرازچە «كۇركۇرە»، تۈركچە «چەلقان»، ھىندىچە «چىيل» دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇنىڭ ئەرەبچە نامى «ئەبۇل قەتتاب»، «ئەبۇل قۇلت» دۇر. «ھىدەئەت» دېگەن بۇ ئاتالغۇنىڭ كۆپلۈك شەكلى «ھىدائ» ۋە «ھىدئان»دۇر.

**ماھىيتى:** تونۇشلۇق قۇش بولۇپ، ئومۇمەن قارچۇغىغا ئوخشايدۇ. شەھەرلەر، ئىمارەتلەر ۋە دەرەخلەردە ياشايدۇ. كىچىك ھايۋانلارنى ئوۋلاپ گۆشىنى يەيدۇ. ھىندىستاندا ئۇنىڭ يەنە بىر تۈرى بار بولۇپ، بېشى ۋە كۆكرىكى ئاق، بەدىنىنىڭ قالغان يەرلىرى قارامتۇل قىزىل، تېنى بىرىنچىسىدىن كىچىكرەك بولىدۇ. ھىندىلارنىڭ ئىچىدە بىر تۈركۈم ئادەمخور ھىندىلار بار بولۇپ، ئۇلار ئۇنى «دۇم»، «كەنجىرۇ»، «چەندال» دەپ ئاتىشىدۇ. ئىككىنچىسىنىڭ گۆشىنى يەيدۇ، بىرىنچىسىنىڭ گۆشىنى يېمەيدۇ. چۈنكى ئۇ خىلىتلار ۋە گۆشلەرنى بۇزۇپ سارالاڭ قىلىدۇ.

**تەبئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** كۆدە بىلەن پىشۇرۇپ داۋاملىق ئىستېمال قىلسا بوۋاسىرنى يوقىتىدۇ. ئۇنى پۈتۈن كۆيدۈرۈپ، گۇلاب ۋە ئاز مىقداردىكى ئىپار بىلەن مۇۋاپىق مىقداردا ئىستېمال قىلسا كاناي ئىششىقى، زىققە نەپەس، كونا يۆتەلگە شىپا بولىدۇ. شۇنداقلا ئۇنىڭ قېنىنى مەزكۇر دورىلار بىلەن ناشتىدا ئىستېمال قىلسا مەزكۇر كېسەللىكلەرگە داۋا بولىدۇ. مېڭىسىنى كۆدە سۈيى بىلەن ئېرىتىپ ئىستېمال قىلسا قانلىق ئىچ سۈرۈش ۋە بوۋاسىرغا پايدا قىلىدۇ. بېشىنىڭ پېيىدىن باشقا يەرلىرىنى كۆيدۈرۈپ 0.5 ~1 گىرامغىچە سۇ بىلەن ئىستېمال قىلسا نۇقرەس، بەلغەمدىن بولغان بەز ئۆسمىسى، توپۇق قاتارلىقلارغا تەڭداشسىز پايدا قىلىدۇ. ئۇنىڭ تۇخۇمى ئېزىلىپ پىشقۇچە قاينىتىلغان ماي بىلەن مايلانسا ئاقكېسەلگە داۋا بولىدۇ، سىناقتىن ئۆتكەن دەپ قارىلىدۇ. پالەچ، لەقۋا، نۇقرەس، پەي - نېرۋىلارنىڭ ئاجىزلىقىغا پايدا قىلىدۇ. ئۇنىڭ ئۆتى سايىدا قۇرۇتۇپ زۆرۈر بولغاندا سۇ بىلەن سالايە قىلىپ زەھەرلىك ھاشارات چېقىۋالغان كىشىنىڭ قارشى تەرىپىدىكى كۆزىگە ئۇچ پەلكۈچ سۈركىسە، يەنى ئوڭ تەرىپىنى چېقىۋالغان بولسا سول تەرەپ كۆزىگە، سول تەرىپىنى چېقىۋالغان بولسا ئوڭ تەرەپ كۆزىگە سۈركىسە ئاللانىڭ مەدىتى بىلەن شىپا تاپىدۇ. بولۇپمۇ ئۇ ئارپىبەديان سۈيىگە ئۈچ ھەپتە چىلاپ قويۇلغان بولسا ئۇنۇمى تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ. ئۇنىڭ كۆزى كىشىنىڭ تەكىيسىنىڭ ئاستىغا بىلىندۈرمەي قويۇپ قويۇلسا ئۇيقۇ قاچۇرىدۇ. تىرىك بۇركۈت ئۆيدە ساقلانسا ئۆيگە يىلان، چايان كىرمەيدۇ. ئۇنىڭ قىزىلىنىڭ چۈجىسىنىڭ مايىقىنى ئۇۋىسىدىن يىغىۋېلىپ زىمات قىلسا ئۇرۇقدان ئىششىقىنى تارقىتىدۇ، سىناقتىن ئۆتكەن. ئەمما بىر سائەتتىن ئارتۇق تۇرغۇزماسلىق لازىم. ئۇنىڭ قۇرۇتۇلغىنى سۇ ياكى ئارپىبەديان ئەرقى بىلەن سالايە قىلىنىپ چېپىلسىمۇ شۇ تەسىرنى بېرىدۇ. ئەمما ھۆلىدىن ئاجىزراق بولىدۇ. ئۇرۇشۇۋاتقان ئىككى قوشۇننىڭ قايسىسىنىڭ ئۈستىدىن بۇركۈت ئۇچۇپ ئۆتسە شۇ قوشۇن غەلىبە قىلىدۇ. شۇ سەۋەبتىن ئۇ «فەتھۇل لەقا» (ئۇرۇش غەلىبىسى)دەپ ئاتىلىدۇ.

## ھەدىد

(تۆمۈر)

ئۇ پارسچە «ئاھەن»، ھىندىچە «لوھە» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** ئۇ تونۇشلۇق مېتاللاردىن بولۇپ، ئومۇمەن ئەركەك ۋە چىشىدىن ئىبارەت ئىككى تۈرگە ئايرىلىدۇ. ئەركىكى قاتتىق بولۇپ، پولاتتىن ئىبارەت. چىشىسى يۇمشاق بولۇپ تۆمۈردىن ئىبارەت. كاندىن چىقىدىغان تەبىئىي پولات «شاپۇرخان»، «شائىرخان» دەپ، يۇمشاق تۆمۈردىن ياسالغىنى «ئەستام» دەپ ئاتىلىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۈچكىنىنىڭ كۆيدۈرۈلگەن مۈڭگۈزى بىلەن مەرمەر تاشتىن باراۋەر مىقداردا ئېلىپ تۆمۈرگە سۈركەپ ئوتتا قىزارغۇدەك قىزىتىلسا ناھايىتى يۇمشايدىكەن، «دەفىير»، «قەتەر» دەپ ئاتالغىنى شۇنىڭدىن ئىبارەت ئىكەن. ئۇ قوغۇشۇن، مەرقەشىشا، سەمۇلفار (سەنگىيا) ياكى زەرنىخ بىلەن ئېرىتىلسە قوغۇشۇندەك تېز ئېرىيدىكەن. شۇنداقلا ئۇ مىس بىلەن ئېرىتىلسىمۇ ناھايىتى تېز ئېرىيدىكەن.

سۇئىي ياسالغان پولات كۆپ بولۇپ، تونۇشلۇقتۇر. ياساش ئۇسۇلى شۇكى، ئادەتتىكى تۆمۈرنى ھارارىتى يۇقىرى مەخسۇس ئوچاقتا سېلىپ بىر ھەپتە كۆيدۈرۈلىدۇ. ھەنزەل، سەبرە ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ھەرقانداق ئاچچىق نەرسە، ھايۋانلارنىڭ ئۆتلىرى بىلەن سالايە قىلىپ ئۇستىگە تۆكۈپ ئېچىگە سىڭگۈچە يەنە قىزىتىش ئارقىلىق پولات ھاسىل قىلىنىدۇ.

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، قىزىتىلغان تۆمۈر كۈنجۈت يېغىغا شۇڭغۇتۇپ، ئارقىدىن سۇغا چىلىسا خۇددى ماگنىت تاشقا ئوخشاش تۆمۈرنى ئۆزىگە تارتىدىغان بولىدىكەن.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە ئىسسىق، ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇقتۇر. ئۇنىڭ دېتى ئىككىنچى دەرىجىنىڭ ئاخىرىدىن تۆتىنچى دەرىجىگىچە قۇرۇقتۇر.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** تۆمۈر داغمال سۈيى باھىنى ناھايىتى قۇۋۋەتلەيدۇ. قورۇش خۇسۇسىيىتى بار. ئۈچەي يارىلىرى، كونا ئىچ سۈرۈش، بوۋاسىر، تال ئىششىقى، ئاشقازان ئاجىزلىقى، سۈيدۈك تامچىلاش، مەقئەت ئاغرىقى، غالجىر ئىت چىشلىۋېلىش، رەڭگىروينىڭ سېرىقلىقى، خولېرا قاتارلىقلارغا پايدا قىلىدۇ. تۆمۈرچىلەرنىڭ تۆمۈرنى تەكرار داغماللىغان «دوس» دەپ ئاتىلىدىغان سۈيى ھەم تۆمۈر بىلەن داغماللانغان شاراب خەفەقان، ئىستىسقا، تال ئىششىقى، سۈيدۈك تامچىلاش، جىگەر، ئاشقازان ئاجىزلىقى، باھ ئاجىزلىقى، ئاشقازان مەنبەلىك ئىچ سۈرۈش، قانلىق ئىچ سۈرۈش (دىزىنتېرىيە) قاتارلىقلارغا پايدا قىلىدىغان بولۇپ، تۆمۈرنىڭ ئادەتتىكى داغمال سۈيىدىن كۈچلۈكرەكتۇر. تۆمۈر داغماللانغان دوغاپ قانلىق ئىچ سۈرۈش، ھەيز توختىماسلىق، مەقئەتنىڭ بوشىشىغا بەكرەك پايدا قىلىدۇ. تۆمۈر

ئېكەكدەلمىسى زەھەرلەنگەن شارابقا تاشلانسا زەھەرنىڭ ھەممىنى ئۆزىگە سۈمۈرىدىغان بولۇپ، ئىچىلسە زىيان يەتكۈزمەيدۇ. «خەبەسۇل ھەدىيد» (تۆمۈر پوقى) ۋە «زەئفەرانۇل ھەدىيد» (تۆمۈر دېتى) ئالـلا خالىسا بايان قىلىنىدۇ. تۆمۈر قايىنىتىلغان سىركە قۇلاققا تېمىتىلسا قۇلاقتىن ئاقىدىغان كونا كېرەكسىز ماددىلارنى ۋە يىرىڭنى تازىلايدۇ.

**زىيانلىق تەسرى:** تۆمۈر ئېكەكدەلمىسى ئىستېمال قىلىنسا قورساقنى قاتتىق ئاغرىتىدۇ، ئېغىزنى قۇرۇتىدۇ. باشنى ئاغرىتىدۇ.

ئىلاج قىلىش ئۈچۈن يېڭى سېغىلغان سۈت بەزى كۆچلۈك دورىلار بىلەن ئىچۈرۈلىدۇ، ئارقىدىن سېرىقماي، بىنەپشە يېغى، گۈل يېغى ۋە سىركە بېشىغا سۈركىلىدۇ. ئۈچ گىرام ماگنىت يېگۈزۈلىدۇ. ياغلىق شورپا ۋە كالا يېغى ئىچۈرۈلىدۇ.

تۆمۈرنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىدە ئۇنىڭ ئېكەكدەلمىسى ئۈيقۇدا چۈشىنى غۇچۇرلىتىدىغان كىشىگە تېڭىپ قويۇلسا غۇچۇرلاتمايدىغان بولىدۇ دېيىلگەن.

تۆمۈر كىرىنى شاراب بىلەن مەلھەم قىلىپ چاپسا سەينەك، نۇقرەسكە پايدا قىلىدۇ. ئۇنىڭ كىرى بىلەن ھەمەلچە قىلسا باللىياتقۇنىڭ قېنىنى توختىتىدۇ. بوۋاسىرنى قۇرۇتىدۇ.

## ھەدەق

## (ياۋا پەتىنگان)

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇ پەتىنگان ئىكەن. يەنە بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىچە ياۋا پەتىنگان ئىكەن. قۇدۇس خەلقى ئۇنى «بادىنجانى بەررى» (ياۋا پەتىنگان) دەپ، ھىجاز خەلقى «شەۋكەتۇل ئەقرەب» (چايان تېكىنى) دەپ ئاتايدۇ. ھىندىچە «بەتكىيتە» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** بەزى ئەللەردە ئۇنىڭ ئۈسۈملۈكى يەرلىك پەتىنگاننىڭ ئۈسۈملۈكىدىن چوڭراق، بەزى ئەللەردە ئۇنىڭغا تەڭ ۋە ئوخشاش بولىدۇ. مېۋىسى ئىتياڭنىڭ چوڭلۇقىدا بولۇپ، تىكەنسىز بولىدۇ. بېنگالغا ئوخشاش بەزى ئەللەردە ئۇزۇنچاق بولىدۇ. خام ۋاقتىدا كۆك بولۇپ، پىشقاندىن كېيىن سارغىيىدۇ، يازدا يېتىشىدۇ، تېز بۇزۇلىدۇ. ھىندىستاندا ئۇ ئۈچ خىل بولىدۇ. بىرى كىچىك بولۇپ، ئۈسۈملۈكى يەرگە يېيىلىپ ئۆسىدۇ. تىكەنلىك بولۇپ، مېۋىسى فۇپەل چوڭلۇقىدا، گۈلى يەرلىك پەتىنگان گۈلىنىڭ رەڭگىدە بولىدۇ. يەنە بىرىنىڭ ئۈسۈملۈكى ئۇنىڭدىن چوڭراق بولۇپ، يەرلىك پەتىنگان چوڭلۇقىدا ئۆسىدۇ، گۈلى ئاق بولىدۇ. ئۈچىنچى خىلىنىڭ ئۈسۈملۈكى يەرلىك پەتىنگاننىڭ ئۈسۈملۈكىدىن چوڭراق، گۈلىمۇ ئۇنىڭ گۈلىگە ئوخشاش، مېۋىسى ئىتياڭنىڭ چوڭلۇقىدا، بەزىلىرى ئۇنىڭدىن چوڭراق بولىدۇ.

**تەبئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ناھايىتى جۇلا بەرگۇچى بولۇپ، كىر چىقىرىشتا سوپۇننىڭ ئورنىنى باسىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن شام خەلقى ئۇنىڭ بىلەن كىيىملەرنى يۇيىدۇ. ئۇنىڭ چوڭى «مەقدەسى» دەپ ئاتىلىدىغان بولۇپ، ئۇنىڭ بىلەن ئىسرىق سېلىنسا بوۋاسىرغا تەڭداشسىز پايدا قىلىدۇ. «ھىجازى» دەپ ئاتالغان كىچىكىنى مەلھەم قىلىپ چاپسا زىيانداش ھاشارات ۋە چايان چېقىۋېلىشقا شىپا بولىدۇ. شۇنداقلا ئۇنىڭ يوپۇرمىقى، مېۋىسى ياكى يىلتىزى ئىستېمال قىلىنسىمۇ شۇ تەسىرنى بېرىدۇ. ئەمما خەتەرلىك بولۇپ، كۆڭۈلنى ئايىنىتىدۇ، تۈزىتىش ئۈچۈن سىركەنجىۋىل ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ. ئۇنىڭ مېۋىسىنى زەيتۇن يېغى ياكى باشقا ياغلار بىلەن قايىنىتىپ قۇلاققا تېمىتسا ئاغرىقىنى شۇ ھامان پەسەيتىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن ياغلىسا پۇت ـ قوللارنىڭ كەم ماغدۇرلىقىنى ئوڭشايدۇ. ئۇنى ھەسەل بىلەن ھەمەلچە قىلسا ئاشقازاندىكى مەددە قۇرتنى چۈشۈرىدۇ. ئۇنىڭ گۈلىنىڭ چېگىنى ئىستېمال قىلسا كونا يۆتەلنى پەسەيتىدۇ.

ئۇنىڭ كىچىكى زىققە نەپەس، كونا يۆتەل، سۈيدۈك ئېچىشىپ كېلىش، بەلغەمدىن بولغان تەپ، جوزام، قەۋزىيەت، دوۋساقتا تاش چۈشۈش قاتارلىقلارغا پايدا قىلىدۇ دەپ قارىلىدۇ.

ئۇنىڭ ئېقىنىڭ گۈلى ھامىلىدارلىققا سەۋەب بولىدۇ. ئاشقازان ھارارىتىنى قوزغىتىدۇ. تائامنىڭ ھەزىم بولۇشىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. بەلغەمنى ئازايتىدۇ. زىققە نەپەس، قان بۇزۇلۇش، جوزام، بەلغەمدىن بولغان تەپكە شىپا بولىدۇ.

ھىندىستان ھۆكۈمالىرىنىڭ ئېيتىشىچە، يەكشەنبە كۈنى ياۋا پەتىنگانىنىڭ ھىندىچە «پەكە پەختەر» ياكى «مول پەختەر» دەپ ئاتىلىدىغان تۈرىنىڭ تۆۋگە ئارپا، كۈنجۈت ۋە گۈرۈچ تۆكۈپ، تۇغماس ئايالنىڭ ئېرىنى ئۇنىڭ شىمال تەرىپىدە سايىسى ئۈستىگە چۈشمەيدىغان ھالەتتە تۇرغۇزغاندىن كېيىن مەزكۇر ئۆسۈملۈكنى كولاپ، يىلتىزىنى ئۇنىڭ تۇغماس ئايالىغا ھەيزدىن پاك بولغاندىن كېيىن ئۆزى ھەم موزىيى بىر خىل رەڭلىك بولغان كالىنىڭ سۈتى بىلەن ئۇدا ئۈچ كۈن ئىچۈرگەندىن كېيىن، ئاندىن ئېرى بىلەن بىرگە بولسا ئاللا خالىسا ھامىلىدار بولىدىكەن. مەزكۇر يىلتىز كالا يېغى ۋە زەرچۇۋە بىلەن سالايە قىلىپ باشقا سۈركىسە باش ئاغرىقى ۋە باشنىڭ يېرىمى ئاغرىشىنى پەسەيتىدۇ. ئۇنىڭ يىلتىزى بىلەن ئىسرىق سېلىنسا تەپكە داۋا بولىدۇ. بىمار بويىنىغا ئېسىۋالسا چاشقان يارىسى ۋە توپىققا پايدا قىلىدۇ. ئۇنىڭ يىلتىزى ئايالنىڭ سۈتى بىلەن بۇرۇنغا تېمىتىلسا تۇتقاق كېسەلگە داۋا بولىدۇ. ئۇنى پىلپىل ۋە بۇغا سۈيدۈكى بىلەن سالايە قىلىپ بويىدىن تولا ئاجراپ بالىسى تۇرمايدىغان ئايالغا يېگۈزسە بويىدىن ئاجرىمايدۇ ۋە چۈشۈپ كەتمەي چوڭ بولىدۇ ھەمدە ياخشى تۇغۇلىدۇ. ئۇنىڭ يىلتىزىنى جىمادا بەلگە باغلىۋالسا مەنىي تۇتىدۇ. ئۇنىڭ يىلتىزىنى قىزىل سەندەل بىلەن سالايە قىلىپ بەدەنگە سۈركىسە ھىدىنى پۇرىغان ھەرقانداق ئادەم ياخشى كۆرۈپ قالىدۇ.

ئۇنىڭ كىچىك تۇرى سۇيدۇك تامچىلاش، تەپ، قانلىق بوۋاسىر، قانلىق ئىچ سۈرۈش قاتارلىقلارغا شىپا بولىدۇ.

## پەسىل: «ھ» (ھۇۋائى) ۋە «ر» (رائى) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى

### ھۇربۇت
(ھۇربۇت ئوتى)

ئۇ «س» (سائى) ھەرپى بىلەن «ھۇربۇس» مۇ دېيىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** بىر خىل ئۆسۈملۈك بولۇپ، يەرگە يېيىلىپ ئۆسىدۇ. يوپۇرمىقى ئىنچىكە، ئۇزۇن بولىدۇ. ئۇزۇن يوپۇرماقلىرى ئارىسىدا كىچىك يوپۇرماقلار بولىدۇ. يوپۇرمىقى خۇش پۇراق، تەمى ئۆتكۈر بولىدۇ. ئېغىزنى ناھايىتى خۇش پۇراق قىلىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** تۇسالغۇلارنى ئاچىدۇ. ھەزىم ياخشىلايدۇ، ئېغىزنى خۇش پۇراق قىلىدۇ. قولۇنجىنى ئاچىدۇ. ئۇنى قوي ئوتىلىسا سۈتى ۋە گۆشى خۇش پۇراق، لەززەتلىك بولىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** باشنى ئاغرىتىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** يۇمغاقسۇت.

**ئىستېمال مىقدارى:** 10 گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

**ئورۇنباسارى:** بەرەنجاسىپ.

### ھىربائ
(خامېلېئون)

ئۇ «ھامالاۋەن» مۇ دېيىلىدۇ. ئۇنىڭ لەقىمى «ئەبۇ ھىجازىب»، «ئەبۇز زىندىيق»، «ئەبۇش شەقىيق»، «ئەبۇ قادىم»دۇر. پارسچە «ئافتاب پەرەست»، ھىندىچە «گىرگىت» دەپ ئاتىلىدۇ.

ماھىيىتى: ئۇ بىر خىل ھايۋان بولۇپ، ئومۇمەن كەسلەنچۈككە ئوخشايدۇ، ئۇنىڭدىن كۆپ چوڭ بولىدۇ. مويى پاخپىيىپ تۇرىدۇ. داۋاملىق قۇياشقا قاراپ تۇرىدۇ. ياز كۈنلىرى يۈزى قىزىرىدۇ. قۇيرۇقىنى كۆتۈرۈپ ماڭىدۇ. كۆزىنى ھەممە تەرەپكە ئايلاندۇرالايدىغان بولۇپ، تۆت تەرەپتىن كەلگەن ئوۋنى كۆرەلەيدۇ. ئۇ چىۋىنغا ئوخشاش جانىۋارلارنى ئوزۇقلۇق قىلىدىغان بولۇپ، ئۇلار يېنىغا كەلگەن ھامان تىلىنى چىقىرىپ تىلى بىلەن تۇتۇپ يەيدۇ. يىراقتىكى

نەرسىلەرنىمۇ كۆرەلەيدۇ. مىڭئاياغ، چايانغا ئوخشاش زەھەرلىك ھاشاراتنىمۇ تۇتۇپ يەيدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا كىشىنى چاقمايدىكەن، ئەمما چاقسا ھالاك قىلىدىغان بولۇپ، ھېچقانداق ئىلاج كار قىلمايدىكەن.

**تەبىئىتى:** تۆتىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ئېيتىشلارغا قارىغاندا، كىرپىكنى يۇلۇۋېتىپ ئورنىغا ئۇنىڭ قېنىنى سۈركىسە كىرپىك قايتا ئۈنمەيدىكەن. ئۆتىنى كۆزگە سۈركىسە كۆز تورلىشىشقا پايدا قىلىدۇ. ئۇنىڭ يېغىنى تۇمۇر ئۇستىدە ئېرىتىپ ئۇنىڭ قېنىنى ئازراق سۇ بىلەن ئارىلاشتۇرۇلۇپ تازغا سۈركىسە بىر قېتىم سۈركەش بىلەنلا ساقىيىدۇ. ئۇنىڭ شورپىسىنى مۇنچا سۈيى بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ بەدەننى يۇسا بەدەن نەچچە كۈنگىچە كۆك تۇرىدۇ.

ئۇنىڭ گۆشى ھالاك قىلغۇچى زەھەر بولۇپ، يېسە قۇستۇرىدۇ، يۈرەكنى ئاغرىتىدۇ. زەھەر قايتۇرۇش ئۈچۈن قۇستۇرۇلىدۇ ۋە ئالىكۇلۇكتىن زەھەرلەنگەندە قىلىنىدىغان چارىلەر قىلىنىدۇ.

ئۇنىڭ تۇخۇمىمۇ ھالاك قىلغۇچى زەھەر بولۇپ، بىر سائەتتىلا ھالاك قىلىدۇ. زەھەر قايتۇرۇش ئۈچۈن قارچۇغىنىڭ مايىقى تىلا ناملىق شاراب بىلەن ئىچۈرۈلۈپ قۇستۇرۇپ، ئاشقازان تازىلىنىدۇ. پۈتۈن بەدەنگە كالا يېغى سۈركىلىدۇ. باشقا مائۇللەھمى بىلەن ئىسسىق ئۆتكۈزۈلىدۇ. سېرىقماي ۋە جىنتىيانا بىلەن ئەنجۈر قېقى ئىستېمال قىلىنىدۇ.

## ھىردۇن
### (كەسلەنچۈك)

ئۇ تەبەرىستاندا «ماچە كول»، ئىسفاھاندا «مال مالى» دېيىلىدۇ. ھىندچە «باھمەنى» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** بۇ بىر خىل ھايۋان بولۇپ، پاقا ۋە ياۋا ۋاران كەسلەنچۈككە ئوخشايدۇ. ئۇنىڭدىن كۆپ كىچىك بولۇپ، پۇت ـ قولى بولىدۇ. بېشى ئىنچىكە، سوزۇنچاق بولىدۇ. بىر كۈندە نەچچە قېتىم رەڭ ئۆزگەرتىدۇ. ئۆيلەر، خارابىلىقلار ۋە تاغلىق رايونلاردا ياشايدۇ.

**تەبىئىتى:** ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** يۈرىكىنى قارا لاتىغا ئوراپ ئۆزىگە ئېسىۋالسا تۆت كۈندە بىر تۇتىدىغان تەپكە پايدا قىلىدۇ. كۆيدۈرۈلگەن تېرىسىنى ھەسەل بىلەن مەلھەم قىلىپ ئەزاغا سۈركىسە ئەزانى ئۇرۇپ سوقسىمۇ ئاغرىمىغۇدەك دەرىجىدە سەزمەس قىلىدۇ. قېنىنى كۆزگە سۈركىسە كۆرۈش قۇۋۋىتىنى ئاشۇرىدۇ. مايىقى كۆزدىكى ئاقنى يوقىتىدۇ، كۆزنىڭ قىچىشىشىنى پەسەيتىدۇ. ئۇ زىمات قىلىنسا تېرىنى تازىلايدۇ، تېرىدىكى ئىزلارنى

يوقىتىدۇ. ئۇنىڭ مايىقىنىڭ ياخشىسى ئاق، يەڭگىل، ئاسان ئۆزۈلىدىغان بولغانلىرىدۇر. سالايە قىلىنسا شارابقا ئوخشاش چوچۇمەل پۇرايدۇ. ئەمىينۇد دەۋلىنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇنىڭ يېغىنى بىلەن مايلانسا چاچ ئۇندۇرىدۇ. يېغى ئوڭ بىلەككە ئېسىۋالسا باھنى ۋە جىما شەھۋىتىنى قوزغىتىدۇ. شۇنداقلا ئۇنىڭ بېشى ۋە ئۇچىسىنىڭ بۆرىكىگە يېقىن يېرى ئېسىۋالسىمۇ شۇ تەسىرنى بېرىدۇ. ئۇنىڭ قۇرۇتۇلغان كۆزىدىن ئىككى مىللىگىرام ئېلىپ سوزاپ سۇيى بىلەن ئىستېمال قىلسا ئەلۋەتتە مەنىي كېسىدۇ. ئۇنىڭ سول كۆزىدىن ئىككى مىللىگىرام ئېلىپ قارا نوقۇتىنىڭ قاينىتىلغان سۇيى ۋە مۇۋاپىق مىقداردىكى كالا يېغى بىلەن ئىستېمال قىلسا باھنى ناھايىتى قوزغىتىدۇ. بۆرەكنى ئىسسىتىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، كەسلەنچۈكنى ئۆلتۈرگۈچ نېرۋا ئاغرىقى بىمارىنىڭ نامى بىلەن ئۇۋلاپ يوتىسىدىكى تومۇرنى تېپىپ، يېرىپ مەزكۇر تومۇرنى شۇ كىشىنىڭ نامى بىلەن قولدا پارچە-پارچە قىلسا مەزكۇر كېسەللىك ساقىيىدىكەن، سىناقتىن ئۆتكەن ئىكەن. ئۇنىڭ گۆشى ۋە شورپىسى ئىستېمال قىلىنسا جوزام پەيدا قىلىدۇ.

## ھەرشەف
## (كەنگەر)

بۇ نەبىتچە سۆزدۇر. ئەرەبچە «ئەكۇب»، «سەلبىين»، «خەبەئ»، پارسچە «كەنگەر» دېيىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** ئۇ بىر خىل ئۆسۈملۈك بولۇپ، يەرلىك، ياۋا، چوڭ، كىچىكتىن ئىبارەت بىر قانچە خىل بولىدۇ. يەرلىكى قارا سۇناغا ئوخشايدىغان بولۇپ، قاتمۇ قات ھالەتتە ئۆسىدۇ. يوپۇرمىقىنىڭ چېشلىرى بولمايدۇ. ياۋىسىنىڭ چوڭىنىڭ غولى بارماق توملۇقىدا، ئىككى غېرىچ ئۇزۇنلۇقىچە بولۇپ يوپۇرماق بىلەن تولغان، ئۆتكۈر تىكەنلىك بولىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بۇنىڭ يوپۇرمىقى يەرلىكىنىڭ يوپۇرمىقىدىن كىچىكرەك، قارىغا مايىل بولىدىكەن. غولىدا ئالما ۋە ئانارغا ئوخشاش سېرىق توگۈنچەك پەيدا بولىدىكەن. ئۇرۇقى ئۇزۇنچاق بولۇپ، ئارپىدىن چوڭراق، يىلتىزى قىزىلغا مايىل، شىلىمشىق بولىدۇ. «ھەرشەف» دېگەن بۇ سۆز يالغۇز ئاتالسا ئۇنىڭ مۇشۇ تۈرى نەزەردە تۇتۇلىدۇ.

ئۇنىڭ ياۋىسىنىڭ كىچىكى غولسىز، كىچىك، تىكەنلىك بولۇپ، «خويە» دەپ ئاتىلىدۇ. ھەممە قىسمى شىلىمشىق سۇيۇقلۇق بىلەن توشقان بولىدۇ.

ئۇنىڭ يەرلىكىنىڭ يوپۇرمىقىنى گۆش بىلەن ياكى گۆشسىز پىشۇرۇپ قېتىق بىلەن، ئارپا ئېشى ۋە باشقىلار بىلەن يېسە لەززەتلىك بولىدۇ.

**تەبىئىتى:** يەرلىكى ئىككىنچى دەرىجىدە ئىسسىق، بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇق. بەزىلەرنىڭ

ئېيتىشچە بىرىنچى دەرىجىدە ھۆل بولۇپ، ئارتۇق ھۆللۈكى بار ئىكەن.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** باھنى قۇۋۋەتلىگۈچى، سۈيدۈك ھەيدىگۈچى، ئىچ سۈرۈشنى توختاتقۇچى، بۆرەك ۋە دوۋساقنى قىزىتقۇچى، جىمانى قوزغاتقۇچى، يەللەرنى تارقاتقۇچى، غىزانى ھەزىم قىلغۇچى، ئۆپكە، ئۈچەي يارىسى ۋە مۇسكۇللارنىڭ ئىسپازمىلىنىشىغا داۋا بولغۇچىدۇر. زىمات قىلىنسا دائىرىلىك چاچ چۈشۈشكە پايدا قىلىدۇ. تەرنى خۇش پۇراقلاشتۇرىدۇ. موم يېغى ئۇنىڭ ئۇچ ھەسسە سۈيى بىلەن مەلھەم قىلىنىپ چېپىلسا قاتتىق ئىششىقلارنى تېز ياندۇرىدۇ. ئاقكېسەلگە شىپا بولىدۇ. بەدەنگە سۈيى تۆكۈلسە بەدەننىڭ قىچىشىشىنى پەسەيتىدۇ. يىلتىزى زىمات قىلىنسا ئوت كۆيۈك يارىسى ۋە پەيىنىڭ تولغىنىشىپ كېتىشىگە پايدا قىلىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** مېڭىگە زىيان قىلىدۇ. سەۋدا پەيدا قىلىدۇ، قورساقنى ئېسىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** ئىسسىق دورىلار، ياغ، سىركە.

ئۇنىڭ ياۋسىنىڭ چوڭى ئىككىنچى دەرىجىنىڭ ئاخىرىدا ئىسسىق، ئاۋۋىلىدە قۇرۇق، ھەممە تەسىرى يەرلىكنىڭ تەسىرىدىن كۈچلۈكرەك بولۇپ، ئۇفۇنەتلەنگەن خىلىتلارنى ياخشىلىغۇچى، كۆكرەكتىكى قويۇق ماددىلارنى چىقارغۇچىدۇر.

**زىيانلىق تەسىرى:** ئىسسىق مىزاجلىقلارغا زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** سىركە، چۈچۈمەل نەرسىلەردۇر.

ئۇنىڭ گۈلى سىركە بىلەن مەلھەم قىلىنىپ چېپىلسا قوتۇرغا پايدا قىلىدۇ. ھەممە قىسمىنىڭ قاينىتىلمىسى باشقا ۋە بەدەنگە تۆكۈلسە تازغا پايدا قىلىدۇ، پىت يوقىتىدۇ.

ياۋسىنىڭ كىچىكى ماددىلارنى تارقاتقۇچى، قۇستۇرغۇچىدۇر.

ھەرشەف يىلىمى پارسچە «كەنگەرزەد» دەپ ئاتىلىدۇ. ئاللا خالىسا «ك» (كاف) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلار بابىدا بايان قىلىنىدۇ.

## ھۇرف
(كۇنلۇكسىمان كەرەپشە)

بۇ «ھەببى رىشاد» نىڭ نىبىتچە نامىدۇر. سۇريانچە «مەقلىياسا»، ئەرەبچە «سەفا»، بەربەرچە «بەلاسفىين»، پارسچە «تۇخمى سەپەندان»، «ئىسفەندى سەفىد»، «تۇخمى تەرەتىزەك» (زاغۇن ئۇرۇقى)، «شەب خىيزەك»، يۇنانچە «قەردا مومىن»، «ھۇرفى ئەبيەز»، ھىندچە «ھالىم» دەپ ئاتىلىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇ قورۇلغان ھامان «مەقلىياسا» دەپ ئاتىلىدىكەن.

**ماھىيىتى:** ئۇ تەرتىزەك ئۆسۈملۈكىنىڭ بىر تۈرى بولۇپ، ياۋا ۋە يەرلىكتىن ئىبارەت

ئىككى خىل بولىدۇ. رىشاد ئۆسۈملۈكى ئۇنىڭ يەرلىكى بولۇپ يىپىلىدۇ. يوپۇرمىقى يۇمشاق، ئۇششاق بولىدۇ. «جىرجىر» ئۆسۈملۈكىدە بايان قىلىندى. ئۇرۇقى قوڭۇر، ئۇزۇنچاق بولىدۇ.

ئۇنىڭ ياۋىسىنىڭ يوپۇرمىقى يۇملاقراق، چىشلىق بولىدۇ.

ئۇنىڭ ياخشىسى بابىلدا ئۆسكىنى بولۇپ، ئۇنىڭ يەرلىكىنىڭ ئۆزى ھەم ئۇرۇقى ئىشلىتىلىدۇ.

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇنىڭ ئۇرۇقى كىچىك بولغىنى «ھۇرف» دەپ ئاتىلىدىغان بولۇپ، ئىسسىق تەبىئەتلىك يېمەكلىكلەرگە قوشۇلىدىكەن، ئۇنىڭ ئاق، يۇملاق بولغىنى «خەردەل» (قىچا) دەپ ئاتىلىپ تولىراق مەلھەملەرگە قوشۇلىدىكەن. رەيھان ئۇرۇقىغا ئوخشاش ئۇزۇنچاق بولغىنى «ھەببى رىشاد» دەپ ئاتىلىدىكەن.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ماددىلارنى ئۇچۇچانلاشتۇرغۇچى، ئاشقازان مەددە قۇرتى، قاپاق ئۇرۇقىسىمان مەددىنى ئۆلتۈرگۈچى، يەللەرنى تارقاتقۇچى، بەلغەم بوشاتقۇچىدۇر.

ئۇنىڭ ئۆسۈملۈكىنىڭ قۇرۇقىنىڭ تەسىرلىرى ئۇرۇقىنىڭ تەسىرلىرىگە ئوخشاپ قالىدىغان بولۇپ، زىمات قىلىنسا، قايىنىتىپ سۈيى تۆكۈلسە چاچ چۈشۈشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** ئاشقازان، دۇۋساققا زىيان قىلىدۇ. سۈيدۈك تامچىلاپ كېلىشكە سەۋەب بولىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** كاسىنە، سىركە.

ئۇنىڭ ياۋىسى ئۆتكۈر بولۇپ، يەرلىكىگە ئوخشايدۇ، تەسىرى ئۇنىڭدىن كۈچلۈكرەك بولىدۇ. شۇنداقلا ئۇنىڭ ئۇرۇقىمۇ يەرلىكىنىڭ ئۇرۇقىدىن كۈچلۈكرەك بولىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئۇنىڭ يەرلىكىنىڭ ئۇرۇقىدىن ھەببى رىشاد نەزەردە تۇتۇلىدىغان بولۇپ، ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىقتۇر.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** باھنى كۈچلۈك قوزغىتىدۇ. سۈيدۈك ھەيدەيدۇ. تال ئىششىقنى تارقىتىدۇ. بەلغەمدىن بولغان ئىششىقلارنى پىشۇرىدۇ ۋە تارقىتىدۇ. ھامىلە ۋە ئاشقازان ـ ئۈچەيلەرنىڭ تۈرلۈك مەددە قۇرتلىرىنى ئۆلتۈرىدۇ. زېھنىنى قۇۋۋەتلەيدۇ. زەھەرلىك ھاشاراتنىڭ زەھىرىنى قايتۇرىدۇ. كۆكرەك، ئۆپكە ۋە بەدەندىكى بۇزۇق ماددىلارنى تازىلايدۇ. سەۋدالىق ماددىلار ۋە ئۇنىڭدىن پەيدا بولغان قويۇق سۇيۇقلۇقلارنى يوقىتىدۇ. خام بەلغەمنى دۇۋساق تەرىپىگە ھەيدەيدۇ. ئومۇمىي بەدەننىڭ ئىستىرخاسىغا شىپا بولىدۇ. توسالغۇلارنى ئاچىدۇ. ئۈچەي ۋە ئاشقازاننىڭ بۇزۇق ھۆللۈكلىرىنى بىر تەرەپ قىلىدۇ. ئىشتىھانى ئاچىدۇ. ئۇنىڭ 10 گىرامى سۇ بىلەن ئىستېمال قىلىنسا قۇلۇنجنى ساقايتىدۇ،

يەللەرنى تارقىتىدۇ. كۆكرەك ۋە ئۆپكىنى تازىلايدۇ. كاناي ئىششىقنى تارقىتىدۇ. ھەيز ماڭدۇرىدۇ. زىيانداش ھاشاراتنىڭ زەھىرىنى قايتۇرىدۇ. ئاشقازان، جىگەرنى قىزىتىدۇ. تائام ۋە جىما شەھۋىتىنى قوزغايدۇ. مەددە قۇرتلار، قاپاق ئۇرۇقسىمان مەددە ۋە بالا ھەمراھىنى چۈشۈرىدۇ. قورساقتىكى ھامىلىنى ئۆلتۈرۈپ چۈشۈرىدۇ. ئۇنىڭ 15 گىرامى ئىلمان سۇ، قارا شېكەر ۋە كۇنجۇت يېغى بىلەن ئىشلىتىلسە قۇلۇنجىنى تېز سۈرئەتتە ساقايتىدۇ. ئۇ ھەسەل بىلەن لوئوق قىلىنىپ يالانسا يۆتەل پەسەيتىدۇ، كاناي ئىششىقنى تارقىتىدۇ. قويۇق خىلتتىن بولغان بىقىن ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ. ئۇ توخۇنىڭ ئىللىتىپ پىشۇرۇلغان سېرىقى بىلەن ئىستېمال قىلىنسا كۆكرەك ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ، مۇسكۇللارنىڭ زەخمىسىنى ئىسلاھ قىلىدۇ. زەربە سەۋەبى بىلەن كۆكرەككە يىغىلغان ماددىلارنى تازىلايدۇ. ئۇ ئىللىتىپ پىشۇرۇلغان تۇخۇم سېرىقى بىلەن يالغۇز ئىستېمال قىلىنسا باھنى ناھايىتى قۇۋۋەتلەيدۇ. كۆكرەكنى ئىسلاھ قىلىدۇ. سۇنۇقنى تۇتتۇرىدۇ. ئۆچكە سۈتى بىلەن كۈندە ئالتە گىرام تائامدىن پەرھىز تۇتۇش شەرتى بىلەن ئون كۈن ئىستېمال قىلىنسا ئاقكېسەلگە شىپا بولىدۇ. ئۇنىڭ قورۇلغىنى ناھايىتى قابىز بولۇپ، ئۈچەي زەخمىسى ۋە بەلغەمدىن بولغان ئىچ سۈرۈشكە پايدا قىلىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** بۆرەككە زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** شېكەر، ناۋات، تەرخەمەك.

**ئورۇنباسارى:** قىچا، تەرتىزەك ئۇرۇقى.

**ئىستېمال مىقدارى:** 12 گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

ھەسەل بىلەن زىمات قىلىنسا تال ئىششىقىنى تېز تارقىتىدۇ. باش يېرىڭلىق تەمرەتكىسى، كالا تەمرەتكىسى، يارىلاشقان قوتۇر، زىيانداش ھاشارات چېقىۋالغاندىن بولغان يارا قاتارلىقلارغا پايدا قىلىدۇ. چاچ چۈشۈشنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. باش ئاغرىقى، يانپاش ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ. ئارپا ئۇنى ۋە سىركە بىلەن زىمات قىلىنسا ئولتۇرغۇچ نېرۋا ئاغرىقى، ئىششىقتىن بولغان ئىششىقلار، ئوت كۆيۈك يارىسىغا پايدا قىلىدۇ. سۇ ۋە تۇز بىلەن زىمات قىلىنسا چىيقانلارنى پىشۇرىدۇ. يوپۇرمىقى زىمات قىلىنسىمۇ شۇ تەسىرنى بېرىدۇ، ئەمما تەسىرى ئاجىزراقتۇر. شۇنداقلا ئۇنىڭ يوپۇرمىقىنىڭ قاينىتىلمىسى ئىچىلسە ھەم تۆكۈلسە چاچ چۈشۈشنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. سۈيى بىلەن باش يۇيۇلسا شىلىمشىق سۇيۇقلۇقلار ۋە كېرەكسىز ماددىلارنى تازىلايدۇ. چاچ چۈشۈشنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. مەلھەم قىلىپ چېپىلسا ئاق بەھەق ۋە ئاقكېسەلگە داۋا بولىدۇ. قارىلغاچ قېنى بىلەن مەلھەم قىلىنسا داغ ۋە باشقىلارنى يوقىتىدۇ. ھەسەل بىلەن مەلھەم قىلىنىپ چېپىلسا سەپكۈن يوقىتىدۇ. سوپۇن بىلەن مەلھەم قىلىپ چېپىلسا يوقىمىغان سەپكۈننى يوقىتىدۇ. زۇپتى بىلەن مەلھەم قىلىپ چېپىلسا كونا باش ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ. غار يوپۇرمىقى بىلەن مەلھەم

قىلىنسا مەقئەت ئاغرىقى ۋە بەل ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ. چىيقاننى ئېغىز ئالدۇرىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن هۆقنە قىلىنسا ئۇچەي يارىسىنى ساقايتىدۇ. يانپاش ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ. ئىچ سۈرۈشنى توختىتىدۇ، مەقئەتنىڭ بوشىشىغا شىپا بولىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن ئىسرىق سىلىنسا بوۋاسىرغا داۋا بولىدۇ. زىياندىش هاشاراتنى قاچۇرىدۇ.

## هۇرفى ئەبيەز
(ئاق كۈنلۈكسىمان كەرەپشە)

ئۇ پارسچە «ئىسفەندان سەفىيد»، هىندىچە «سەرسۇن» دەپ ئاتىلىدۇ.

ماهىيتى: ئىپتىشلارغا قارىغاندا، ئۇ يەرلىك كۈنلۈكسىمان كەرەپشىنىڭ بىر تۈرى ئىكەن. يوپۇرمىقى كەڭ، يىلتىزى چوڭ، گۈلى ئاق، ئۇتكۈرلۈكى رىشاد ئۆسۈملۈكى ۋە پارس قىچىسىنىڭ ئۇتكۈرلۈكىدىن ئاجىزراق بولىدۇ.

تەبئىتى: يەرلىك كۈنلۈكسىمان كەرەپشىگە ئوخشاپ قالىدۇ.

خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى: هۆللۈكلەرنى سۈمۈرگۈچى، كېكىرتكۈچىدۇر. باشقا تەسىرلىرى رىشاد ئۆسۈملۈكىنىڭ تەسىرلىرىگە ئوخشايدۇ.

## هۇرفۇل بابلىي
(بابىل كۈنلۈكسىمان كەرەپشىسى)

ماهىيتى: بىر خىل ئۆسۈملۈك بولۇپ، غىرىچ ئۇزۇنلۇقتا ئۆسىدۇ. يوپۇرمىقى تۈرۈپ يوپۇرمىقىغا ئوخشايدۇ. يىرىك بولىدۇ. گۈلى سېرىق، ئۇرۇقى ئاق، يۇمىلاق بولىدۇ. ئۇ تەنەكابۇندا «خاستەرە»، مازىندەراندا «كەلىمەتەرە»، «شاهتەرە» دەپ ئاتىلىدۇ.

تەبئىتى: هەببى رىشادتىن ئىبارەت بولغان «هۇرف نىبتىي» (نىبىت كۈنلۈكسىمان كەرەپشىسى)دىن ئىسسىقراق ۋە ئۇتكۈررەك بولىدۇ.

خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى: كۈچلۈك قۇستۇرغۇچى، ئىچىش ۋە تارتىش قۇۋۋىتى كۈچلۈك بولۇش سەۋەبى بىلەن قاناتقۇچى، هەيز ماڭدۇرغۇچى، هامىلىنى بۇزۇپ چۈشۈرگۈچى بولۇپ، سوغۇقتىن بولغان كېسەللىكلەر، ئولتۇرغۇچ نېرۋا ئاغرىقىغا پايدا قىلىدۇ. زىمات قىلىنسا چىيقاننى ئېغىز ئالدۇرىدۇ. باشقا تەسىرلىرى يەرلىك كۈنلۈكسىمان كەرەپشىدىن كۈچلۈكرەك بولىدۇ. گۈلىنىڭ ئۈچ گىرامى سەپرا خاراكتېرلىك خىلىتلارنى كۈچلۈك سۈرگۈچى ۋە قۇستۇرغۇچىدۇر.

ئىستېمال مىقدارى: ئۈچ گىرامدىن ئىستېمال قىلىنىدۇ.

## ھۇرفۇس سۇتۇھ
(ئۆگزە كۇنلۇكسىمان كەرەپشىسى)

ئۇ يۇنانچە «تەلەسفى»، «ئاتىنا» دەپ ئاتىلىدۇ. ئەندەلۇستا «ئەشبىرۇن» دىگەن نام بىلەن مەشھۇردۇر. تېۋىپلارنىڭ كۆپىنچىسى ئۇنى بابىل كۇنلۇكسىمان كەرەپشىسى دەپ بىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** دىسقۇرىيدۇسنىڭ «ئىككىنچى ماقالە»دە ئېيتىشىچە ئۇ بىر خىل ئۆسۈملۈك بولۇپ، يەرگە يېيىلىپ ئۆسىدىكەن. يوپۇرمىقى ئىنچىكە، سوزۇنچاق بولۇپ، بىر بارماق ئۇزۇنلۇقىدا، چىشلىق بولۇپ، شىلىمشىق سۇيۇقلۇق چىقىدىكەن. ئوتتۇرىدىن غېرىچ ئۇزۇنلۇقىدا ئىنچىكە شاخ ئۆسۈپ چىقىدىغان بولۇپ، ئىككى شاخقا ئايرىلىدىكەن، ئۇچلىرىدا ئاق گۈل ئېچىلىپ ئۇنىڭدىن خۇددى قول بىلەن سىقىلغاندەك مېۋە بولىدىكەن. ئۇ ئۆيلەرنىڭ تورۇسلىرى، ئۆگزىلىرى ۋە تام ئۇستىلىرىدە ئۆسىدىكەن. «تۆھفەتۇل مۆئمىنىين» (مۆمىنلەرگە ھەدىيە) ناملىق كىتابنىڭ ئاپتورى ئۇنى شەرق كۇنلۇكسىمان كەرەپشىسى دەپ بىلىدۇ.

**تەبىئىتى:** قۇرۇق ئىسسىق. ئۆتكۈر بولۇپ، قۇۋۋىتى ئۇنىڭ باشقا تۈرلىرىدىن كۈچلۈكرەكتۇر.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ئىستېمال قىلىنسا ۋە ھەمەلچە قىلىنسا ئىچكى ئەزالاردىكى چىيقانلارنى ئېغىز ئالدۇرىدۇ. ھەيز ماڭدۇرىدۇ. ھامىلىنى بۇزۇپ چۈشۈرىدۇ. لەقۋا، ئولتۇرغۇچ نېرۋا ئاغرىقىغا شىپا بولىدۇ، قانىتىدۇ. كۈچلۈك قۇستۇرىدۇ. بەلغەم ۋە سەپرا خاراكتېرلىك خىلىتلارنى چىقىرىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** سەككىز مىللىگىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ. ئۇنىڭ گۈلىدىن 3.5 گىرام ئىستېمال قىلىنسا سەپرانى قەي، ئىچ سۈرۈش ئارقىلىق چىقىرىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن ھۆقنە قىلىنسا ئولتۇرغۇچ نېرۋا ئاغرىقىغا شىپا بولىدۇ. توسالغۇلارنى ئېچىش ۋە تارتىش قۇۋۋىتى ئارقىلىق تەرەت بىلەن قان ماڭدۇرىدۇ. ئىچكى چىيقانلارنى ئېغىز ئالدۇرىدۇ.

## ھۇرفۇل مائ
(سۇ كۇنلۇكسىمان كەرەپشىسى)

بەزىلەر ئۇنى «سىينبەريۇن» دەپ، بەزىلەر «قەردا مومىن» دەپ ئاتايدۇ.

**ماھىيىتى:** بۇ بىر خىل ئۆسۈملۈك بولۇپ، سۇ بويلىرىدا ئۆسىدۇ. يوپۇرمىقى تەرتىزەك ئۆسۈملۈكىگە ئوخشايدۇ. يوپۇرمىقى دەسلەپتە يۇملاق بولۇپ، كېيىن چىشلىق بولۇپ ئۆزگىرىدۇ. ئۇ سۇ زاغۇنى (جىر جىيرۇل مائ) ئەمەس، چۈنكى سۇ زاغۇنى سۇنىڭ

ئوتتۇرىسىدا تىك ئۆسىدۇ. يوپۇرمىقى چىشسىز بولىدۇ.

**تەبىئىتى:** ھۆلى ئىككىنچى دەرىجىدە، قۇرۇقى ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىقتۇر.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** قىزىتقۇچى، سۈيدۈك، ھەيز ھەيدىگۈچىدۇر. ئىچكى ئەزالاردىكى سوغۇقتىن بولغان كېسەللىكلەرگە پايدا قىلىدۇ. زىمات قىلىنسا يارىلار، دانىخورەك، داغقا پايدا قىلىدۇ، ئەمما كېچىدە چېپىپ ئەتىگەندە يۇيۇۋېتىش شەرت قىلىنىدۇ.

## ھۇرفۇل مەشرىقى

(مەشرىق كۈنلۈكسىمان كەرەپشىسى)

ئۇ يەرلىك كۈنلۈكسىمان كەرەپشىنىڭ بىر تۈرى بولۇپ، غۇلاچ ئېگىزلىكىدە ئۆسىدۇ. شاخلىرى ئىنچىكە بولۇپ، يوپۇرمىقى خۇددى خەرنۇب يوپۇرمىقىغا ئوخشاش شاخلىرىنىڭ ئىككى تەرىپىدە ئۆسىدۇ. شەترەنجى يوپۇرمىقىغا ئوخشايدۇ. ئۇنىڭدىن يۇمشاقراق، ئاق بولىدۇ. گۈلى ئاق بولۇپ، شاخلىرىنىڭ ئۇچلىرىدا ئېچىلىدۇ. مېۋىسى «فەلكە» دەپ ئاتىلىدىغان مېۋىگە ئوخشايدۇ. ئۇرۇقى ئاق بولۇپ، قىچا ئۇرۇقىغا ئوخشايدۇ. ئۆتكۈرلۈكتە پىلپىلنىڭ ئورنىنى باسىدۇ. تائاملاردا ئۇنىڭ ئورنىدا ئىشلىتىلىدۇ. ھەممە تەسىرى يەرلىك كۈنلۈكسىمان كەرەپشىنىڭ تەسىرىدىن كۈچلۈكرەك بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۆسۈملۈكىنى ئارپا ئۆسۈملۈكى بىلەن قايناتتىپ ئىشلەتسە سوغۇق نەزلىلەرگە پايدا قىلىدۇ. كۆكرەكتىكى خىلىتلارنى تازىلايدۇ، يەللەرنى تارقىتىدۇ.

## ھۇرمەل

(ئادراسمان ئۇرۇقى)

ئۇ سۈريانچە سۆز بولۇپ، «ھەرمەل»، «ھىرمەل» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. پارسچە «ئىسپەند» دېيىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** ئۇ تاغ سۇزاپىنىڭ بىر خىلى بولۇپ، ئىككى خىل بولىدۇ. بىر خىلىنىڭ ئۆسۈملۈكى غۇلاچ ئېگىزلىكىدە بولۇپ، بىر تال غولىدىن بىر نەچچە شاخ ئۆسىدۇ. يوپۇرمىقى يۇمىلاقراق بولىدۇ. ئۇرۇقلىرىنىڭ غىلاپى يۇمىلاق، ئۈچ قىرلىق بولۇپ، ئۈستىگە ئۈچ سىزىق تارتىلغان بولۇپ سەل قىزىل بولىدۇ. ئۇرۇقى قارا بولۇپ، قىچا چوڭلۇقىدا بولىدۇ. كۈچلۈك پۇرايدۇ. مەزكۇر ئاتالغۇ يالغۇز ئېيتىلسا ئۇنىڭ مۇشۇ تۈرى نەزەردە تۇتۇلىدۇ. ئۇنىڭ يەنە بىر خىلىنىڭ يوپۇرمىقى سۆگەت يوپۇرمىقىغا ئوخشاش، ئۇنىڭدىن كىچىكرەك، ئاقۇچا مايىل بولىدۇ. گۈلى يەسمەن گۈلىگە ئوخشاش ئاق، خۇش پۇراق بولىدۇ. ئۇرۇقىنىڭ غىلاپى ئۇزۇنچاق، ئاق بولىدۇ. ئۇنىڭ بۇ تۈرى غىلاپىنىڭ رەڭگىگە

ئاساسەن «ھۆرمەل ئەبىيەز» (ئاق ئادراسمان) دەپ ئاتىلىدۇ. قۇۋۋىتى تۆت يىلغىچە ساقلىنىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئۇچىنچى دەرىجىدە ئىسسىق، ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇقتۇر.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ئۇچۇچانلاشتۇرغۇچى، كۆكرەك ۋە ئۆپكىدىكى شىلىمشىق ھۆللۈكلەر، ئۇچەيلەردىكى يەللەر ۋە قويۇق ماددىلارنى تارقاتقۇچى، باھنى قۇۋۋەتلىگۈچى، سەمرىتكۈچى، سۈت، سۈيدۈك، ھەيز ماڭدۇرغۇچى، سەۋدا ۋە قويۇق بەلغەمنى سۈرۈپ چىقارغۇچىدۇر. قاپاق ئۇرۇقىسىمان مەددىنى چۈشۈرىدۇ.

باش، ھەزىم ئەزالىرى ۋە باشقا ئەزا كېسەللىكلىرى: ئۇنىڭ ئۆزى ئىستېمال قىلىنسا تۇتقاق كېسەل، پالەچ، ساراڭلىق، ئۇنتۇغاقلىق ۋە مېڭە، نېرۋىنىڭ سوغۇقتىن بولغان كېسەللىكلىرىگە پايدا قىلىدۇ. مېڭە ئەزالىرى ۋە ئومۇمىي بەدەننى قىزىتىدۇ. ئىستىسقا، يەرقان، ئەزالار توسالغۇلىرى، قۇلۇنجى ۋە ئولتۇرغۇچ نېرۋا ئاغرىقلىرىغا پايدا قىلىدۇ. چىلانىسى ئىچىلسە سەۋدا خاراكتېرلىك ماددىلارنى تارقىتىدۇ. قان تازىلايدۇ. تەرەتنى بوشىتىدۇ.

كۆكرەك ئەزالىرى كېسەللىكلىرى: ئۇنىڭ 30 گىرامىنى سوقۇپ 120 مىللىلىتىر سۇ بىلەن قايىنىتىپ پىسەپلىرىنى سۈزۈۋېتىپ 90 گىرام ھەسەل، 60 گىرام كۈنجۈت يېغى قوشۇپ ئىچسە كۈچلۈك قۇستۇرۇپ كۆكرەك ۋە بەدەننىڭ يۇقىرى قىسمىدىكى شىلىمشىق ھۆللۈكلەرنى تازىلايدۇ. زىققە نەپەس ۋە ھۆللۈكتىن بولغان يۆتەلگە داۋا بولىدۇ.

باش ۋە باشقا ئەزا كېسەللىكلىرى: ئۇنىڭدىن 500 گىرام ئېلىپ 15 لىتىر شاراب ياكى ئۈزۈم سۈيى بىلەن تۆتتىن بىرى قالغۇچە قايىنىتىپ تەمىنى چىقىرىپ، كۈندە 60 مىللىلىتىردىن ئىچسە كونا باش ئاغرىقى ۋە تۇتقاق كېسەلگە داۋا بولىدۇ، سىناقتىن ئۆتكەن دەپ قارىلىدۇ. بىر قېتىم ھامىلىدار بولۇپ، ئۇنىڭدىن كېيىن ھامىلىدار بولمىغان ئايالغا مەزكۇر قايناتمىدىن مۇۋاپىق مىقداردا ئۇدا ئۈچ كۈن ئىچۈرسە ھامىلىدار بولىدۇ. ئۇنىڭ سوقۇلمىغىنىدىن 5~7 گىرامغىچە ئېلىپ، ئولتۇرغۇچ نېرۋا ئاغرىقى بىمارىغا 15 كۈن ھەر كۈنى كەچتە ئىستېمال قىلدۇرسا مەزكۇر ئىللەتنى ساقايتىدۇ، سىناقتىن ئۆتكەن دەپ قارىلىدۇ. ئۇنى زىغىر ئۇرۇقى ۋە ھەسەل بىلەن بىرلىكتە يۇغۇرۇپ داۋاملىق ئىستېمال قىلىپ بەرسە زىققە نەپەس كېسەللىكىگە تەڭداشسىز پايدا قىلىدۇ. ئۇنىڭغا كۆشتە قىلىنغان شېشە (كاندىن چىقىدىغان بىر خىل ماددا) قوشۇلسا تاش پارچىلايدۇ. ئۇنى زەپەر، توخۇ ئۆتى، ھەسەل، شاراب ۋە ھۆل ئارپىبەدىيان سۈيى بىلەن سالايە قىلىپ كۆزگە سۈركىسە كۆزنىڭ ماددىلار قېيىپ قېلىشتىن بولغان ئاجىزلىقىغا پايدا قىلىدۇ. ئۇنىڭ قايىنىتىلغان سۈيى ئەزالارغا تۆكۈلسە ئەزالارنى كۈچەيتىدۇ، ئەزالارنىڭ سەزمەس بولۇپ قېلىشىغا داۋا بولىدۇ. چاچ يۇيۇلسا قارايتىدۇ. ئۇنى كۈنجۈت يېغى ۋە سۇ بىلەن قايىنىتىپ ئىچسە ئۆپكە ۋە جىگەر كېسەللىكلىرىگە پايدا قىلىدۇ. ئۇنى سىرىقچېچەك يېغى بىلەن مەلھەم قىلىپ كىنىدىك ئۈستى ۋە

دوۋساقلا چاپسا كونا قۇلۇنجىغا پايدا قىلىدۇ. ئۇ سالايە قىلىپ ئىستېتىپ يالغۇز زىمات قىلسا پالەچ، ئىستىرخا، ئەزالارنىڭ سەزمەس بولۇپ قېلىشى، يەلدىن بولغان ئاغرىقلار ۋە باشقىلارغا داۋالىق ئىشلىتىش شەرتى بىلەن پايدا قىلىدۇ. شۇنداقلا ئۇنىڭغا ئۇنىڭ ئۇچتىن بىرىچىلىك مىقداردا قۇرۇق زەنجىۋىل قوشۇپ ئىتئۇزۇمى يوپۇرمىقى سۈيى بىلەن مەلھەم قىلىپ زىمات قىلسىمۇ پايدا قىلىدۇ، ئەگەر زىمات قىلغاندىن كېيىن ئاپتاپقا قاقلانسا، قۇ-رۇغاندىن كېيىن يەنە سۈركىسە تېخىمۇ ياخشى پايدا قىلىدۇ. ئۇنىڭ ئۇسارىسى ۋە قايناتمىسى بۇرۇنغا تېمىتىلسا نەزلىگە پايدا قىلىدۇ، كۆزنىڭ قىزىللىقىنى يوقىتىدۇ. ئۇنى تۇرۇپ سۈيى ۋە زەيتۇن يېغى بىلەن قايىنىتىپ تەمىنى چىقارغاندىن كېيىن قۇلاققا تېمىتسا قۇلاقنى سەزگۈرلەشتۈرىدۇ، كىرىنى تازىلايدۇ، غوڭۇلدىشى ۋە قىچقىرىشىنى توختىتىدۇ. ئۇنىڭ بى-لەن ئىسرىق سېلىنسا چىش ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ. يامان كۆزدىن ساقلايدۇ. ئۇنى كۆك رە-خىتكە ئوراپ ئۆزىگە ئېسىۋالسا سېھىرنى يوقىتىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇنى ئۆيگە چې-چىپ قوسا ئۆيدىكىلەرنى ئۈچەمەنلەشتۈرىدىكەن، ئىسرىق سېلىنسا مەزكۇر تەسىرنى يوقىتى-دىكەن.

**زىيانلىق تەسىرى:** ئىسسىق مىزاجلىقلارغا زىيان قىلىدۇ. باشنى ئاغرىتىدۇ، بىھوش قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** چۈچۈمەل قىيمىلار ۋە مېۋىلەر، سىركەنجىۋىل ۋە باشقا چۈچۈمەل نەرسىلەردۇر.

**ئىستېمال مىقدارى:** 5~10 گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

**ئورۇنباسارى:** قەردىمانە، بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىچە سۈزاپ ئۇرۇقى ئىكەن.

ئۇنىڭ يېغى ئۇچىنچى دەرىجىدە ئىسسىق، ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق بولۇپ، مېڭە تو-سالغۇلىرىنى ئاچىدۇ. پالەچ، لەقۋا، رەئشە، ئىستىرخا، تۇتقاق كېسەل، ئەزالارنىڭ لېپىل-دىشى، يەل تۇرۇپ قېلىش، ئەزالارنىڭ سېزىمسىزلىنىشىغا ئىچى ـ سىرتىدىن ئىشلىتىلى-دۇ. ئۇنىڭ بىلەن ھۇقنە قىلىنسا بەل ئاغرىقى، ئولتۇرغۇچ نېرۋا ئاغرىقى، بۆرەك بىلەن با-لىياتقۇنىڭ سوغۇقلۇقىغا پايدا قىلىدۇ. ئۇنىڭ يىلتىزىنى ئىرىسا يېغى بىلەن سالايە قىلىپ ھەمەلچە قىلسا تومۇرلارنىڭ ئېغىزىنى ئاچىدۇ، بوۋاسىرنىڭ قېنىنى ئاقتۇرىدۇ.

## ھۇرمۇلە

(ھۇرمۇلە ئۆسۈملۈكى)

ئەرەبلەر ئۇنى «قەزەبانا» دەپ ئاتايدۇ.

**ماھىيىتى:** ئۇ ھىجازدا ئۆسىدىغان بىر خىل ئۆسۈملۈك بولۇپ، ئادەم بويى ئېگىزلىكىدە بولىدۇ. سۇ بويلىرىدا ئۆسىدۇ. سۈتلۈك ئۆسۈملۈكلەردىن بولۇپ، سۈتكە تولغان بولىدۇ. يوپۇرمىقى سۆگەت يوپۇرمىقىدىن ئۇزۇنراق، ئۇنىڭدىن كىچىكرەك، قارامتۇلراق بولىدۇ.

تەبئىتى: ئىسسىق، ئۆتكۇردۇر.

خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى: ئىپتىشلارغا قارىغاندا، ئۇنىڭ سۇتى پاختىنا ياكى يۇڭغا ھۆل بولغۇچە يۇقتۇرۇلۇپ سىپسىغۇچە تۇرغۇزۇلغاندىن كېيىن قوتۇر بىمارى ئاپتاپتا ئولتۇرغۇزۇلۇپ، قوتۇر بار ئورۇننى يۇڭ رەخت بىلەن ئاغرىغۇچە تاتىلىغاندىن كېيىن ئۇستىگە مەزكۇر پاختا ياكى يۇڭ تېڭىلسا تېزلا ساقىيىدىكەن.

## ھۇر
(ساپ تۇپراق)

بۇ سۆز «ھۇر» دېيىلسە ساپ تۇپراقنى، «ھەر» دېيىلسە تاش ئارىلاشقان تۇپراقنى كۆرسىتىدۇ.

# پەسىل: «ھ» (ھۇۋائى) ۋە «ز» (زائى) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى

## ھەزائى
(ھەزائى ئۆسۈملۈكى)

ئۇ «ھۇزائى»مۇ دېيىلىدۇ. پارسچە «دىنارويە» دەپ، بەزىلەرنىڭ سۆزىچە ئۇنىڭ ئۇرۇقى «زۇفرا»، شىرازچە «مىرەك»، «گازرونى»، «كوخىير» دەپ، مازىندارانىدا «ئانار بەچچە» دەپ ئاتىلىدۇ.

ماھىيىتى: ئۇ بىر خىل ئۆسۈملۈك بولۇپ، ياۋا ۋە يەرلىكتىن ئىبارەت ئىككى خىل بولىدۇ. مەزكۇر ئاتالغۇ يالغۇز ئاتالسا يەرلىكى نەزەردە تۇتۇلىدىغان بولۇپ، غولى بارماق تومۇلۇقىدا، ئۇنىڭدىن ئىنچىكىرەك بولىدۇ. شاخلىرى ئىنچىكە بولۇپ، ئۇنىڭدىن يەنە كۆپ تارماق شاخلار ئۆسۈپ چىقىپ غولىنىڭ ئۇستىدە ئۆسىدۇ. ئۇچىدا ياۋا سەۋزىنىڭ گۈل غوزىكىگە ئوخشايدىغان سېرىققا مايىل غوزىكى بولىدۇ. ئۇرۇقى كەڭ، سەل ئۇزۇنچاق، تەمى ئۆتكۇر، خۇش پۇراق بولىدۇ. يوپۇرمىقى يۇمغاقسۇت يوپۇرمىقىغا ئوخشاش، ئۇنىڭدىن كۆپ ئۇششاق بولىدۇ. بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، كەرەپشە يوپۇرمىقىغا ئوخشاش، ئۇنىڭدىن سەل چوڭراق، كەڭرەك بولىدۇ. يەنە بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، سۇزاپ يوپۇرمىقىغا ئوخشاش، ئۇنىڭدىن سېرىقراق بولىدىكەن. ئۇنىڭ يىلتىزى سەۋزىگە ئوخشايدۇ، ئاق بولىدۇ. تەمى سەل ئۆتكۇر بولىدۇ. شۇنداقلا ئۇنىڭ يوپۇرمىقىنىڭ تەمى سەۋزە بىلەن ئارپىبەدىياننىڭ تەمىدىن مۇرەككەپلەشكەن بولىدۇ. «تۆھپەتۇل مۆئمىنىين» (مۆمىنلەرگە قىلىنغان سوۋغا) ناملىق

كىتابىنىڭ ئاپتورىنىڭ يېزىشىچە، مەھار بەخت، سەئىيد جورجانىي ۋە ئىبنى تىلمىزنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ تەبەرىستاندا «جەئفەرى» دەپ ئاتىلىدىكەن. سىرتىدىن مەلۇم بولۇشى ۋە مۇلاھىزە قىلىشىمىزچە، «جەئفەرى» دېگەن بۇ ئۆسۈملۈك ئۇنىڭ ياۋىسىنىڭ تۈرىدىن ئىكەن.

مۇئەللىپىنىڭ ئېيتىشىچە، ھىندىستان ۋە بېنگالدا ھەزائ ئۆسۈملۈككە ئوخشايدىغان بىر خىل ئۆسۈملۈك ئۆسىدىغان بولۇپ، ئېگىزلىكى ئىككى غۇلاچ، بەزىدە ئۇنىڭدىن ئېگىزرەك بولۇپ بىرقانچە خىل بولىدىكەن. بىر خىلىنىڭ يوپۇرماقلىرى ۋە گۈلى چوڭ، سېرىق، قارامتۇل بولىدىكەن. يوپۇرمىقى ئاز بولۇپ، بەش دانىغىچە بولىدىكەن. ئوتتۇرىدا ئۇششاق يوپۇرماقلىرى بار ئىكەن. غولى، شاخلىرى ئىنچىكە، بىنەپشە رەڭگە مايىل كۆك بولۇپ، «جەئفەربي» دەپ ئاتىلىدىكەن. يەنە بىر خىلى بار بولۇپ، گۈل غوزىكى چوڭراق، يوپۇرماقلىرى كۆپ، رەڭگى ئالتۇن رەڭ سېرىق بولىدىكەن. ئۇ «سەد بەرگ» (يۈز يوپۇرماق)، «گېيندا» دەپ ئاتىلىدىكەن. بەزىلەر ئۇنى تەدبىر بىلەن پىستە رەڭگە كىرگۈزىدىكەن، يەنى قىش پەسلىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئۇنىڭ گۈللىرى ئاشكارا بولۇشقا باشلىغاندا ئۇنىڭ يىلتىزىغا تۇتاش شاخلىرىنى يېرىپ مەلۇم مىقداردا كۆك رەڭ تۆكىدىكەن، ئۈستىدىن نەم رەخت بىلەن ئوراپ قويسا مەلۇم ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن پىستە رەڭگە كىرىدىكەن. ئۇنىڭ يەنە بىر تۈرىمۇ بار بولۇپ، ئۇ «ھەبەشىي» (ھەبەشكە مەنسۇپ) دەپ ئاتىلىدىكەن. يوپۇرماقلىرى ۋە گۈلى سېرىق، ئۇششاق، سەل پۈرلەشكەن بولىدىكەن. ئۇنىڭ يەنە بىر تۈرىمۇ بار بولۇپ، «سەرنائى» دەپ ئاتىلىدىكەن. ئۇنىڭ يوپۇرماقلىرى ۋە گۈلى سەل ئۇزۇن، پۈرلەشكەن بولۇپ، سۇناينىڭ شەكلىگە ئوخشايدىكەن. ئۇنىڭ يەنە بىر تۈرى بار بولۇپ، گۈل بەرگلىرى قىزىل بولۇپ، تۆۋەنگە قاراپ تۇرىدىكەن. گۈلىنىڭ ئوتتۇرىدا سېرىق ئۇششاق بەرگلىرى بار ئىكەن. ناھايىتى مەنزىرىلىك بولىدىكەن. ئۇ «گۈلى مەخمەلى» دەپ ئاتىلىدىكەن. ئۆسۈملۈكىنىڭ يوپۇرمىقى تەرتىزەك يوپۇرمىقىغا ئوخشايدىغان بولۇپ، نەيچىسىمان ھالەتتە بولىدىكەن. ئەركەك، چىشى دەپ ئايرىلىدىكەن. ئەركىكىنىڭ گۈل غوزىكىنىڭ ئەتراپىدا 8~10 تالغىچە ئۇزۇن، كەڭ بەرگلىرى بولىدىكەن. ئوتتۇرىدا بىر دانە مونەك بار بولۇپ، ئۈستىدە ئۇششاق بەرگلىرى بولىدىكەن. ئۇ «زىيرە» دەپ ئاتىلىدىكەن. ئۇنىڭ چىشىسىنىڭ يوپۇرماقلىرىنىڭ ھەممىسى بىر خىل، چوڭ بولىدىكەن. ئۇنىڭ ئۆسۈملۈكى تېرىلىدىكەن ھەم قەلەمچە قىلىنىپ يېتىشتۈرۈلىدىكەن. ئۇرۇقى قارا، ئىنچىكە، ئۇزۇنچاق بولىدىكەن. قەلەمچە قىلىنىپ يېتىشتۈرۈلگىنى ئۇرۇقى تېرىلىپ ئۆستۈرۈلگىنىگە قارىغاندا چوڭراق، رەڭلىكرەك بولىدىكەن. ئۇنىڭ «سەد بەرگ» (يۈز يوپۇرماق) دەپ ئاتالغىنىنىڭ گۈل بەرگلىرى چوڭ، ھۆل بولغانلىرى ياخشىلىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

**تەبىئتى:** ئىككىنچى دەرىجىنىڭ بېشىدا، بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىچە ئۇچىنچى دەرىجىدە

قۇرۇق ئىسسىقتۇر.

**خۇسۇسىيتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** قىزىتقۇچى، قورۇغۇچى، تارقاتقۇچى، چىيقانلار ۋە قاتتىق ئىششىقلارنى پىشۇرغۇچى، ھەزىمنى ياخشىلىغۇچى، سۈيدۈك، ھەيز ھەيدىگۈچى، يەللەرنى تارقاتقۇچى، چۇچۇمەل كېكىرىشنى توختاتقۇچى، قورساقنى ئەسكۈچى ۋە ئۇسساتقۇچى يېمەكلىكلەرنىڭ زىيانلىرىنى تۈگەتكۈچىدۇر. ئۇ چايان زەھرى ۋە باشقا زىيانداش ھاشاراتلارنىڭ سوغۇق زەھەرلىرىنى قايتۇرىدۇ. سوغۇق ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەيدۇ ۋە قىزىتىدۇ. يوپۇرمىقى قاينىتىلىپ ئىچىلسە يەلدىن ۋە قاندىن بولغان بوۋاسىرغا شىپا بولىدۇ. بۆرەكتىكى تاشنى پارچىلاپ چىقىرىدۇ، سىناقتىن ئۆتكەن دەپ قارىلىدۇ. يوپۇرمىقىنىڭ سۈيى تېمىتىلسا قۇلاقتىن ھۆللۈكلەرنىڭ ئېقىشى ۋە يىرىڭ ئېقىشقا داۋا بولىدۇ. ئۆسۈملۈكنىڭ يوپۇرمىقى مەلھەم قىلىنىپ چېپىلسا كالا تەمرەتكىسى، بەھەقكە داۋا بولىدۇ، داغ يوقىتىدۇ. قاينىتىلمىسىنىڭ سۈيى تۆكۈلسە ئەزالاردىكى تاشلارنى پارچىلاپ چۈشۈرىدۇ. ئۇنىڭ يوپۇرمىقىنىڭ سۈيىدىن ئاز مىقداردا، ئاق زاكتىن ئاز مىقداردا ئېلىنىپ كىرمان تۇتىياسى ۋە سۈرمە تېشى بىلەن سالايە قىلىنىپ كۆزگە ھەر كۈنى ئەتىگەندە تېمىتىلسا كۆزنى قۇۋۋەتلەيدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** باشنى ئاغرىتىدۇ. ئىسسىق مىزاجلىقلارنىڭ كۆزىنى ئاغرىتىدۇ. قوتۇر ۋە مۇدۇر ــ چاقا پەيدا قىلىدۇ. مەنىينى كېسىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** ئارپا تالقىنى، سوغۇق سۇ، كاسنە، سوغۇق تەبىئەتلىك كۆكتاتلار، بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، بادرەنجبۇيا ۋە چۇچۇمەل نەرسىلەردۇر.

ئۇنىڭ بىلەن ئىسرىق سېلىنسا ناچار ھاۋالارنىڭ زىيىنىنى يوقىتىدۇ. ئۇنىڭ گۈل بەرگى سۇ بىلەن تاكى رەڭگى سۇغا چىققۇچە قاينىتىلىپ پىسەپلىرى سۈزۈۋېتىلىپ، ئاز مىقداردا ئاق زاك قوشۇلۇپ سۈيى بىلەن ئاق رەخت ۋە ئاق قەغەز بويالسا ناھايىتى سېرىق بولىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭغا ئازراق كۆك رەڭ قوشۇلسا پىستە رەڭلىك كۆككە ئۆزگىرىدۇ. بۇ رەڭ پىشقان بولۇپ، ئاپتاپتىمۇ ئۆزگەرمەيدۇ.

## ھەزاڭ بەررىي
(ياۋا ھەزاڭ ئۆسۈملۈكى)

ئۇ «ھەزات» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. شىرازچە «كوخەر» دېيىلىدۇ.

**ماھىيتى:** ئۇ ياۋا سۇزاپنىڭ تۈرلىرىدىن ھېسابلىنىدىغان بولۇپ، ياۋا ۋە يەرلىكتىن ئىبارەت ئىككى خىل بولىدۇ. ئۇنىڭ بىر خىلى مازىنداراندا «جەئفەرىي» دەپ ئاتىلىدىغان بولۇپ، يوپۇرمىقى كەرەپشە يوپۇرمىقىغا ئوخشايدۇ. يۇمغاقسۈت يوپۇرمىقى چوڭلۇقىدا

بولىدۇ. ئورۇقى يېشىل، خۇش پۇراق بولىدۇ. بۇ ئۇنىڭ تۇرلىرىنىڭ ئەڭ ياخشىسى بولۇپ هېسابلىنىدۇ.

**تەبئىتى:** ئۇچىنچى دەرىجىنىڭ ئاخىرىدا قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** هەزىمنى ياخشىلىغۇچى، يەللەرنى تارقاتقۇچى، سوغۇق زەھەرلىك دورىلارنىڭ، بولۇپمۇ چايانىڭ زەھىرىنى قايتۇرغۇچى، سۈيدۈك ھەيدىگۈچى، مەنى قۇرۇتقۇچىدۇر.

ئۇنىڭ ئىككىنچى تۇرى ئۇنىڭ يەرلىكى بولۇپ، غولى غۇلاچ ئېگىزلىكىدە ئۆسىدىغان بولۇپ، بوغۇملۇق بولىدۇ. يوپۇرمىقى سۇزاپ يوپۇرمىقىغا ئوخشاش، تۈكلۈك، خۇش پۇراق، تەمى ئۆتكۈر بولىدۇ. ئورۇقى ئەنجۇدانغا ئوخشايدىغان بولۇپ، «زۇفرا» دەپ ئاتىلىدۇ. «ئىختىياراتى بەدىئىي» دېگەن كىتابنىڭ ئاپتورىنىڭ يېزىشىچە، ئۇنىڭ يوپۇرمىقى سەۋزە يوپۇرمىقىغا، تەمى ئارپىبەدىيانىڭ تەمىگە ئوخشايدىكەن. ئورۇقى كۆك، خۇش پۇراق، خۇشتەم بولۇپ، شەكلى سەۋزە ئورۇقىنىڭ شەكلىگە ئوخشايدىكەن. كىيىمگە چاپلىشىدىكەن. شىرازچە «خۇدۇسەك» دەپ ئاتىلىدىكەن.

**تەبئىتى:** ئۇچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ئاشقازان، جىگەر، ئىچكى ئەزالارنى قۇۋۋەتلىگۈچى، يەللەرنى تارقاتقۇچى، ھەزىمنى ياخشىلىغۇچى، جىگەر، تال تۇسالغۇلىرىنى ئاچقۇچى، بۆرەك، دوۋساقنى قىزىتقۇچى، بۆرەكنى سەمرىتكۈچى، باھنى قۇۋۋەتلىگۈچى، دوۋساق ۋە سۈيدۈك يوللىرىنى تازىلىغۇچى، خۇمارنى باسقۇچىدۇر. ئىستېمال قىلىنسا، پۇرسا زۇكامغا پايدا قىلىدۇ. مېڭىنىڭ سۈيۇقلۇقلىرىنى قۇرۇتىدۇ، مېڭىنىڭ سوغۇقلۇقىنى ئالىدۇ. زىمات قىلىنسا بوۋاسىر ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ، ئىششىقنى تارقىتىدۇ. شۇنداقلا ئۇ ئىستېمال قىلىنسا ۋە يېغى بىلەن ياغلانسىمۇ بوۋاسىرغا پايدا قىلىدىغان، رەڭگىروينى ياخشىلايدىغان بولۇپ، ھېچ دورا ئۇنىڭغا يەتمەيدۇ. ئۇنىڭ گۈلى بىلەن يوپۇرمىقى ھەسەل بىلەن مەلھەم قىلىنىپ چېپىلسا چىقانلار ۋە يەللىك يارىلارغا ياخشى پايدا قىلىدۇ. ئۇنىڭ ھەممە قىسىملىرى شاراب ۋە بىنەپشە يېغى بىلەن زىمات قىلىنسا زىيانداش ھاشاراتلار چېقىۋالغاندىكى زەھىرىنى قايتۇرىدۇ. ئۇنىڭدىن 1.5 گىرام ئېلىنىپ ئاز مىقداردىكى شاراب بىلەن ئىستېمال قىلىنسا زىيانداش ھاشاراتلارنىڭ زەھىرىنى قايتۇرىدۇ.

جالىنۇس ئۇنى خاسىيىتى بىلەن يۆتەل پەسەيتىدۇ دەپ بىلىدۇ. ئورۇقىنىڭ تەسىرى ئۇنىڭ باشقا قىسىملىرىنىڭ تەسىرىدىن كۈچلۈكرەكتۇر.

**زىيانلىق تەسىرى:** باشقا زىيان قىلىدۇ. مەنى قۇرۇتىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** بادرەنجبۇيا.

**ئورۇنباسارى:** ئۇنىڭ باشقا قىسىملىرى تېپىلمىسا سۇزاپ ئورۇنباسار بولىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** ئۆزىدىن 10 گىرامغىچە، ئۇرۇقىدىن بەش گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

## ھەزازۇس سەخر
(لىشايىنىك)

ئۇ «ھۇزازۇس سەخر» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. مىسىردا «ھىنىنائۇل قۇرەيش» (قۇرەيش خېنىمى)، پارسچە «گۈلى سەنگ» (تاش گۈلى)، دەيلىمدا «سەنگى ھىنىنائ» (خېنىگۈل) دەپ ئاتىلىدۇ. ئەرەب تىلىدا «ھەزاز» دىگەن سۆز كالا تەمرەتكىسىنىڭ بىر تۈرىنى كۆرسىتىدىغان بولۇپ، ئۇ شۇ كېسەلنى داۋالايدىغانلىقى ئۈچۈن شۇ كېسەلنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان.

**ماھىيىتى:** ئۇ تاشلارنىڭ ئۈستىدە پەيدا بولىدىغان بىر خىل نەرسە بولۇپ، رەڭگى ئاققا مايىل كۆك بولىدۇ. قولغا سۈركىسە خېنىدەك قىزارتىدۇ.

**تەبىئىتى:** قۇرۇق سوغۇق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** جۇلا بەرگۈچى بولۇپ، كالا تەمرەتكىسى، قاناشقا ئىشلىتىلىدۇ. ئەزالارنىڭ ھارارىتىنى پەسەيتىدۇ. ئىسسىق ئىششىقلار ۋە تىل ئىششىقىنى تارقىتىدۇ. ھەسەل بىلەن زىمات قىلىنسا يەرقانغا داۋا بولىدۇ.

## ھەزۇنبۇل
(مىگيوپۇرماق)

بۇ ئەرەبچە ئاتالغۇ بولۇپ «ھۇزۇنبۇل»مۇ دىيىلىدۇ. ئەرەبچە يەنە «كەففۇد دابىە» (ئېيىق تاپىنى)، «كەففۇن نەسر» (قارا قۇش چاڭگىلى) دەپمۇ ئاتىلىدۇ. يۇنانچە «مەربافلىن» دىيىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** ئەمىنۇد دەۋلىنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ ئاق بەھمەننىڭ بىر تۈرىدۇر. ئادەتتە ئۇنىڭ يىلتىزى نەزەردە تۇتۇلىدىغان بولۇپ، رەڭگى ئاق، توم، قارامتۇل، سېرىققا مايىل، تەمى ئاچچىققا مايىل تاتلىق بولىدۇ. ئۆسۈملۈكى نەيچىسىمان بولۇپ، يوپۇرمىقى ئالما يوپۇرمىقىغا ئوخشاش، ئۇنىڭدىن كەڭرەك، تۈكلۈك بولىدۇ. غولى كاۋاك بولۇپ، ئوتتۇرىدىن ئۆسۈپ چىقىدۇ. غولىنىڭ رەڭگى قىزىل بىلەن سېرىقنىڭ ئارىلىقىدا، تۈكلۈك بولىدۇ. يوپۇرماقلىرى ئۇششاق بولۇپ، غولىنى ئوراپ تۇرىدۇ. غولىنىڭ ئېگىزلىكى ئىككى غۇلاچقىچە بولۇپ، يەرگە ئېگىلىپ ئۆسىدۇ، ھەتتا يەرگە تېگەي دەپ قالىدۇ. غولىنىڭ ئۈچىدا بۇلۇتتەك بوش نەرسە ئۆسۈپ چىقىدىغان بولۇپ، ئىچىدە ئاز مىقداردا سۇيۇقلۇق بولىدۇ ۋە ئەتراپىغا چاپلىشىپ تۇرغان تىكەنلىرى بولىدۇ. ئۇنىڭ گۈلى ئاق ۋە سېرىققا مايىل

بولۇپ، خۇددى فەراسىيۇن (تاغ كۇدىسى) گە ئوخشاش غولىنى ئوراپ تۇرىدۇ. شاخسىز بولىدۇ. سۇ بويلىرى، تەرسۇس شەھرى، شام زېمىنى، غور، تەبەرىيە، بەيتۇل مۇقەددەس تاغلىرى، مۇسەل شەھرى ۋە ئۇنىڭدىن باشقا ئۇنىڭ تەبىئىتىگە ماس كېلىدىغان كۆپ شەھەرلەر ۋە جايلاردا ئۆسىدۇ. ئۇنىڭ ياخشىسى تەرسۇستىن چىقىدىغان مايلىق، تاتلىق، سەل ئاچچىق بولغانلىرىدۇر. ئۇنىڭ يەردىن يېڭى كولاپ ئېلىنغان ھۆلى شامغا ئوخشاش يۇمشاق بولۇپ، چاينىسا خېمىرغا ئوخشاش چاينىلىدۇ. يازدا ئۇنىڭ ئۆسۈملۈكى قۇرۇشقا باشلىغاندا، كولاپ ئېلىنغىنى قاتتىق، چوڭ بولىدۇ. قۇۋۋىتى ئىككى يىلغىچە تۇرىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئۈچىنچى دەرىجىنىڭ بېشىدا ئىسسىق، ئىككىنچى دەرىجىنىڭ ئوتتۇرىدا قۇرۇقتۇر.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** توسالغۇلارنى ئاچقۇچى، ماددىلارنى تارقاتقۇچى، خىلىتلارنى ئۇچۇچانلاشتۇرغۇچى، باھنى ۋە ئىچكى ئەزالارنى قۇۋۋەتلىگۈچىدۇر.

باش، كۆكرەك، ھەزىم ئەزالىرى، ئاجرىتىش ئەزالىرى، زىنىنەت ئەزالىرى، بوغۇم ئەزالىرى كېسەللىكلىرى: ئىستېمال قىلىنسا كونا باش ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ. باشقا بۇخارات ئۆرلەشنى توسىدۇ. مېڭىنى قۇۋۋەتلەيدۇ. باشتىن نەزلە سۇيۇقلۇقلىرىنىڭ چۈشۈشىنى توسىدۇ. كۆز ئاغرىقى، كېچىك تىل ئاغرىقى، چىش مىلىكى قاناش، كۆكرەك ئاغرىقى، يۆتەل، زىققە نەپەس كېسەللىكى، قولۇنجى، كونا يەل تۇرۇپ قېلىش، جىگەر، تال ئاجىزلىقى قاتارلىقلارغا پايدا قىلىدۇ. ھەسەل بىلەن ئىستېمال قىلىنسا ئەزالاردىكى تاشلارنى پارچىلاپ چۈشۈرىدۇ. ھەسەل بىلەن بىرلىكتە بىر ھەپتىدىن ئىككى ھەپتىگىچە ئۇدا ئىستېمال قىلىنسا توقۇلما ئارىلىقلىرىغا سۇ چۈشۈش (ئىستىسقائى لەھمى) ۋە قورساققا سۇ چۈشۈش (ئىستىسقائى زىققە)غا پايدا قىلىدۇ. سىركەنجىۋىل بىلەن ئىستېمال قىلىنسا رەڭگىرويىنى ياخشىلايدۇ. قوغۇن ئۇرۇقى مېغىزى بىلەن ئىستېمال قىلىنسا بۆرەك ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ. قاناشنى توختىتىدۇ. ئانارگۈل بىلەن ئىستېمال قىلىنسا قان توختىتىدۇ. كۇدە سۈيى بىلەن ئىشلىتىلسە بوۋاسىر دانچىلىرىنى چۈشۈرىدۇ. ئۇ كەرەپشە سۈيى بىلەن داۋاملىق ئىستېمال قىلىنسا ئۈرۈقدانغا يىغىلغان ماددىلارنى تارقىتىدۇ. سەبرە بىلەن ئىشلىتىلسە بوغۇملار ئاغرىقى، ئولتۇرغۇچ نېرۋا ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ.

باش كېسەللىكلىرى: كۆيدۈرۈپ ئىسرىق سېلىنسا باش ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ. مېڭىدىكى ماددىلارنى تارقىتىدۇ. ئۇ سۈزاپ بىلەن بىرلىكتە زەيتۇن يېغى بىلەن قاينىتىلىپ يۇمشاق پىشۇرۇلۇپ زىمات قىلىنسا پالەچ، لەقۋا، بويۇن قىيسىيىپ قېلىش، ئەزالارنىڭ سەزمەس بولۇپ قېلىشى ۋە ئولتۇرغۇچ نېرۋا ئاغرىقىغا پايدا قىلىدۇ.

قۇلاق كېسەللىكلىرى: قۇلاققا تېمىتىلسا قۇلاق ئېغىرلىقىغا شىپا بولىدۇ.

كۆز كېسەللىكلىرى: كۆزگە سۈركەلسە ئاق، تىرناقچە گۆشىنى يوقىتىدۇ، قاپاق

گىرۋەكلىرىنىڭ قىزىرىپ ئاغرىشىغا داۋا بولىدۇ.

زەھەرلىنىشلەر: ئىستېمال قىلىنسا ھايۋانات ۋە ئۆسۈملۈك مەنبەلىك زەھەرلەرنى قايتۇرىدۇ.

بارلىق تېۋىپلار ئۇنىڭ باھنى قۇۋۋەتلەيدىغانلىقىغا بىرلىككە كەلگەن. بولۇپمۇ شاراب بىلەن ئىستېمال قىلىنسا ئۇنۇمى كۆرۈنەرلىك بولىدۇ.

ئۇنىڭدىن ئۈچ گىرام ئېلىپ، 500 مىللىلىتىر يېڭى سېغىلغان سۈتكە چىلاپ تەمى چىققاندىن كېيىن ناشتىدا ئىچسە ھەمدە كەچكىچە ھېچ نەرسە يېمىسە تاكى بىر يىلغىچە، بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، ئۆمۈر بويى ھايۋان مەنبەلىك ياكى ئۆسۈملۈك مەنبەلىك زەھەرلەرنىڭ ھېچقايسىسى تەسىر قىلمايدۇ. سۇ ۋە تۇز بىلەن ئىستېمال قىلىنسا ئۇرۇلۇپ-سوقۇلۇشتىن پەيدا بولغان زەخىملەرنى ساقايتىدۇ.

يارىلار: ھۆلى ۋە قۇرۇقى زىمات قىلىنسا يارىلارنىڭ كېڭىيىشىنى توسۇپ ساقايتىدۇ. بۇ جەھەتتىكى تەسىرى ناھايىتى ياخشىدۇر.

**زىيانلىق تەسىرى:** ئېيتىشلارغا قارىغاندا ئۆپكىگە زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** رۇمبەدىيان.

**ئىستېمال مىقدارى:** 5~10 گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

باغدادىي «مەرباقىلىن» ناملىق ئۆسۈملۈكنىڭ بايانىدا شامدا ئۆسىدىغان بىر خىل ئۆسۈملۈكنىڭ يىلتىزى بايان قىلىنغان بولۇپ، قاتتىق چوڭ بولىدىكەن، چاينىسا يۇمشايدىكەن. زەھەر قايتۇرۇش تەسىرى ناھايىتى ياخشى ئىكەن.

## پەسىل: «ھ» (ھۆۋۋائى) ۋە «س» (سىين) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى

### ھەسەك

(ئوغرىتىكەن)

ئۇ «شەكۇھەنج»، «شەكەرھەنج»، شىيرازچە «خار سوھۆك»، ئىسپانچە «ھەرداد»، ماراكەشتە «ھىممەسۇل ئەمىيۋ»، پارسچە «خارى خەسەك»، ھىندىچە «گوكھرو»، «ھەت چەنكار»، يەنى پىلنىڭ پۇتىغا سانجىلسا پەرياد قىلغۇچى دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** ئۇ بىر خىل ئۆسۈملۈك بولۇپ، ياۋا ۋە يەرلىكتىن ئىبارەت ئىككى خىل بولىدۇ. ياۋىسى خارابىلىقلار، سۇ بويلىرى ۋە ئورمانلىقلاردا ئۆسىدۇ. تاۋۇز ئۆسۈملۈكىگە ئوخشايدىغان بولۇپ، شاخلىرى تىكەنلىك بولىدۇ. يەرگە يېيىلىپ ئۆسىدۇ. ئۇنىڭ

تىكەنلىرىنىڭ يېنىدا يوپۇرماقلىرى ئۆسىدىغان بولۇپ، شەكلى زەيتۇن يوپۇرمىقىغا، تەمى نوقۇتنىڭ تەمىگە ئوخشايدۇ. ئۈستىگە چۈشكەن شەبنەم چۈچۈمەل بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۆسۈملۈكى تەمسىز، سەل قىرتاق بولىدۇ. مېۋىسى ئۈچ بۇرجەك بولۇپ، ئەتراپلىرى تىكەنىگە ئوخشاش بولىدۇ. ئىچىدىن مېغىزى چىقىدىغان بولۇپ، نوقۇتتىن كىچىكرەك، ئاق بولىدۇ.

ئۇنىڭ يەرلىكى ئۆستەڭ بويلىرىدا ئۆسىدىغان بولۇپ، شاخلىرى يەردىن كۆتۈرۈلۈپ ئۆسىدۇ. تىكەنلىرى ئۇششاق بولىدۇ. شاخلىرى ئۇزۇن بولۇپ، يۇقىرى تەرىپى تۆۋەن تەرىپىدىن تومراق بولىدۇ. شاخلىرىنىڭ ئۇچىدا چاچقا ئوخشاش ئىنچىكە نەرسە ئۆسكەن بولۇپ، باشاقا ئوخشاش يىغىلىپ تۇرىدۇ. بۇنىڭ مېۋىسىمۇ يۇقىرىدىكىسىنىڭ مېۋىسىگە ئوخشايدۇ. ئۇنىڭ ياخشىسى يەرلىكى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

**تەبىئىتى:** مۇرەككەپ قۇۋۋەتلەرگە ئىگە بولۇپ، ئاز مىقداردىكى ھۆل، ناھايىتى قۇرۇق ۋە ئۇچۇچان ئىسسىق تەركىبتىن تۈزۈلگەندۇر. بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىقمۇ دېيىلگەن.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ھەزىم ئەزالىرى، ئاجرىتىش ئەزالىرى كېسەللىكلىرى، زەھەرلىنىشلەر ۋە باشقىلارغا بولغان تەسىرى: جۇلا بەرگۈچى، سۈيدۈك ھەيدىگۈچى، دۈۋساق ئاغرىقىنى پەسەيتكۈچى، مەنىي كۆپەيتكۈچى، بۆرەك، دۈۋساقتىكى تاشنى پارچىلىغۇچى، ماددىلارنى پىشۇرغۇچى، ماددىلارنى قايتۇرغۇچى، يۇمشاتقۇچى، ئىسسىق قۇلۇنجىغا شىپا بولغۇچى، ماددىلارنىڭ كېسەللەنگەن ئەزاغا قويۇلۇشىنى توسقۇچىدۇر. شاراب بىلەن ئىستېمال قىلىنسا ئۆسۈملۈك مەنبەلىك زەھەرلەرنى قايتۇرىدۇ. ئۇنىڭ ھۆل يوپۇرمىقى، يىلتىزى ۋە مېۋىسىنىڭ ئۇسارىسى بىرلىكتە ئىستېمال قىلىنسا پارسچە «سۆزنەك»، ھىندىچە «سۇزاك» دەپ ئاتىلىدىغان سۈيدۈك يولى يارىلىرىغا پايدا قىلىدۇ. باھنى قۇۋۋەتلەيدۇ، تاش پارچىلايدۇ. سۈيدۈكنى راۋانلاشتۇرىدۇ. قۇلۇنجىغا شىپا بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۇسارىسى كۆزنىڭ سوۋۇتقۇچى، قۇرۇتقۇچى ۋە ماددىلارنى توسقۇچى سۈرمىلىرىگە قوشۇلىدۇ. ئۇنىڭ ئۇسارىسىگە ھەسەل ئارىلاشتۇرۇلۇپ ئېغىز چايقالسا ئېغىز يارىسىغا پايدا قىلىدۇ، ئېغىزنىڭ پۇرىشىنى يوقىتىدۇ. چىش مىلىكى ئاغرىقى ۋە گال، يۇتقۇنچاق مۇسكۇللىرىنىڭ ئىششىقلىرىنى تارقىتىدۇ. ئۇنىڭ قاينىتىپ چىقىرىلغان سۈيىنى سۈركىسە ئىسسىقتىن بولغان ئىششىقلارنى ياندۇرىدۇ، ئەزالارغا ماددىلارنىڭ قويۇلۇشىنى توسىدۇ. ياۋا ئوغرىتىكەننىڭ ئۇسارىسى شاراب بىلەن ئىستېمال قىلىنسا ئەفئا يىلىنىنىڭ زەھىرىنى قايتۇرىدۇ. ئۇنىڭ قاينىتىلغان سۈيى چېچىلسا پىتنى يوقىتىدۇ. نوقۇتنى ئۇنىڭ سۈيىگە تەكرار چىلاپ ئىستېمال قىلسا باھنى ئىنتايىن قۇۋۋەتلەيدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** 15 گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** باشقا زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** بادام، كۈنجۈت يېغى.

ئۇنىڭ ئۇرۇقىنىڭ ھەممە تەسىرلىرى ئۇنىڭ ئۆسۈملۈكىنىڭ ئۇسارىسىنىڭ

تەسىرلىرىگە ئوخشايدۇ.

ئۇنىڭ ئۆسۈملۈكىنىڭ سۈيىنى كۆنجۈت يېغى بىلەن تاكى سۈيى پارغا ئايلىنىپ يېغى قالغۇچە قاينىتىپ تەييارلانغان يېغى سۈركەلسە، ئىستېمال قىلىنسا، كىلىزما قىلىنسا باھنى قۇۋۋەتلەيدۇ، بوغۇم ئاغرىقلىرىنى پەسەيتىدۇ. رەڭگىرويىنى ياخشىلايدۇ. بەل ئاغرىقى، بۆرەك ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ. دوۋساققا تېمىتىلسا، دوۋساق، بەلگە سۈركەلسە بۆرەك ۋە دوۋساقتىكى تاشنى چۈشۈرىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** ئۇزۇم شىرىسى ياكى ھەسەل بىلەن بىرلىكتە 35 گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

ئۇنى «خەسەكدانە» (ئوغرىتىكەن ئۇرۇقى) دەپ ئاتىلىدىغان ئۇرۇقى بىلەن قاينىتىپ قۇرۇتۇپ يەنە قاينىتىپ، شۇ يوسۇندا ئۈچ قېتىم تەكرارلاپ ئىستېمال قىلسا باھنى تەڭداشسىز قۇۋۋەتلەيدۇ.

## ھەسەل
(ھەسەل ئوتى)

ئۇ «ھىسىل» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. يۇنانچە «ھىسمى» دېيىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** بۇ بىر خىل ئۆسۈملۈك بولۇپ، يالپۇزغا ئوخشايدۇ. يوپۇرمىقى ئۇنىڭدىن چوڭراق، قارىراق بولىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** پىشۇرۇلغىنى ئاشقازاننى ۋە ھەزىمنى قۇۋۋەتلەيدۇ. بۇزۇلغان تائامنى ئىسلاھ قىلىدۇ. ئېغىزنى خۇش پۇراق قىلىدۇ، كېكىرىكنى يوقىتىدۇ. شاراب بىلەن ئىستېمال قىلىنسا دۆ، چايان زەھىرىنى قايتۇرىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** 15 گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن كۆپ ئىستېمال قىلىنسىمۇ بولىدۇ.

## ھەسۇۋ
(ئاتىلا)

ئۇ «ھەسۇ» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** بۇ بىرخىل تائام بولۇپ، ئاشلىقلار ۋە باشقىلاردىن تەييارلىنىدۇ. سۇيۇق بولۇپ، قەھۋەگە ئوخشاش ئىچىلىدۇ. پارسچە «ھەرىيىرە» (ئاتىلا) دەپ ئاتىلىدۇ. قارابادىندا ئۇنىڭ تۈرلىرى بايان قىلىندى.

# پەسل: «ھ» (ھۇۋائ) ۋە «ش» (شىن) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى

## ھەشىيشەتۇل بەراغىيس
(بۇرگىئوتى)

شام تىلىدا ئۇنىڭدىن «دۇقىس» ئۆسۈملۈكى نەزەردە تۇتۇلىدۇ. ئىراقتا ئۇنىڭدىن بۇرگىنى يوقىتالايدىغان بىر خىل ئۆسۈملۈك مەقسەت قىلىنىدۇ. تەبەرىستاندا ئۇنى «كىيىك» ۋە «لەرەش» دەپ ئاتايدۇ، بۇنىڭدىن «دۇقىس» ئۆسۈملۈكىنىڭ بىر قىسمى نەزەردە تۇتۇلىدۇ.

## ھەشىيشەتۇد داخىس
(سۆينەكئوت)

بۇ ئەرەبچە ئاتالغۇ بولۇپ، يۇنانچە «فارقوخيا» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** بىر خىل ئۆسۈملۈك بولۇپ، تاشلىقلاردا ئۆسىدۇ. يوپۇرمىقى ئەدەس يوپۇرمىقىغا ئوخشاش، ئۇنىڭدىن چوڭراق بولىدۇ.

**تەبئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىنىڭ ئاخىرىدا قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ماددىلارنى تارقاتقۇچى ۋە ئۇچۇچانلاشتۇرغۇچىدۇر. زىمات قىلىنسا تاز، يىرىڭلىق يارا ۋە سۆينەككە پايدا قىلىدۇ.

## ھەشىيشەتۇز زۇجاج
(شىيشە ئوت)

ئۇ رىمچە «كەسنىين» دەپ ئاتىلىدۇ. ئەندەلۇس خەلقى «جىيقە»، «جىقا» دەپ ئاتايدۇ. پارسچە «گىياھى ئابگىينە»، «شىيشە ئوت» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** بۇ، خارابىلىقلار ۋە شورلۇق يەرلەردە ئۆسىدىغان بىر خىل ئۆسۈملۈك بولۇپ، شاخلىرى ئىنچىكە، قىزىلغا مايىل، يوپۇرمىقى يىرىك، تۇكلۇك بولىدۇ. شاخلىرى ئۇستىدە گۇرۇچ چوڭلۇقىدا ئۇرۇقا ئوخشايدىغان بىر نەرسە ئۆسۈپ چىققان بولۇپ، سىرتى يىرىك، ناھايىتى ئاچچىق بولىدۇ. كىيىمگە چاپلىشىدۇ.

**تەبئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ئىششىقلارنى تارقاتقۇچى، ماددىلارنى قايتۇرغۇچى، توسالغۇلارنى ئاچقۇچى، جۇلا بەرگۈچى، قورۇغۇچى، شىيشىنىڭ كىرلىرىنى تازىلىغۇچىدۇر. شۇ سەۋەبتىن ئۇ شىيشە ئوت دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇنىڭ ئۇسارىسىدىن 60 گىرام ئېلىپ، شېكەر بىلەن لوئوق تەييارلىنىپ يالانسا كونا يۆتەلنى ئىنتايىن پەسەيتىدۇ. ئۇسارىسى زىمات قىلىنسا ئىسسىق ئىششىقلارنى تارقىتىدۇ، بوۋاسىرغا داۋا بولىدۇ. سەفداپ بىلەن زىمات قىلىنسا قىزىل، بەلباغسىمان قوقاقتا پايدا قىلىدۇ. ئۇنىڭ خېنە يېغى، ئۆچكە يېغى بىلەن تەييارلانغان قىيرۇتمۇ يۇقىرىدىكى كېسەللىككە پايدا قىلىدۇ. ئۇنىڭ يوپۇرمىقى مەلھەم قىلىنىپ سۈركەلسە كالا تەمرەتكىسىگە پايدا قىلىدۇ. ئۇنىڭ سۈيى بىلەن غار ـ غار قىلىنسا بادامبەز ئىششىقىنى ياندۇرىدۇ. گۈل يېغى ئىشلىتىلسە قۇلاق ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** باشقا زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** ناۋات، خەشخاش.

**ئىستېمال مىقدارى:** 10 گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

## ھەشىيشەتۇل ئەلەق
(زۇلۇك ئوتى)

ئەمىنۇد دەۋلىنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ گىيلاندا «خەنىيس» دەپ ئاتىلىدىكەن. پىنىنىنىڭ قاتارىدىن ئىكەن. مازىندارانىدا «ئوجى» دېيىلىدىكەن.

**ماھىيىتى:** ئۇ بىر خىل ئۆسۈملۈك بولۇپ، سۆسەنبىر ئۆسۈملۈكىگە ئوخشايدۇ. قارىغا مايىل، خۇش پۇراق بولىدۇ. خاسىيىتى بىلەن گالدا تۇرۇپ قالغان زۇلۇك قۇرتىنى چىقىرىدۇ. باشقا تەسىرلىرى پىنىنىنىڭ تەسىرىدىن كۈچلۈكرەكتۇر.

## ھەشىيشەتۇل مەئدەن
(مەدەن ئوت)

ئۇ «رىيشى سەمەندەر» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** ئۇ بىر خىل ئۆسۈملۈك بولۇپ، ئاق تاشقا ئوخشاش قاتتىق بولىدۇ، سۇندۇرسا پارچە ـ پارچە بولۇپ كېتىدۇ. ياغ بىلەن ئوت يېقىلسا كۆيۈپ تۈگەيدۇ.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** جۇلا بەرگۈچى، تېرىنى ساغلاملاشتۇرۇپ يۇمرانلاشتۇرغۇچىدۇر. ئۇ شاھ زىماتلىرىغا قوشۇلىدۇ.

# پەسىل: «ھ» (ھۇۋائ) ۋە «س» (سۇۋاد) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى

## ھەسات
(شىغىل تاش)

ئۇ پارسچە «سەنگى رىيزە»، ھىندىچە «پەتتەرى»، «كەنكەر» دەپ ئاتىلىدۇ.

**تەبىئىتى:** قۇرۇق سوغۇق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ماددىلارنى قايتۇرغۇچى، قۇرۇتقۇچىدۇر. تالقانلاپ ئۇپىدەك سالايە قىلىپ سەپسە يارىلارنىڭ قېنىنى توختىتىدۇ ۋە ئۇنىڭ زىيىنىنى يوقىتىدۇ. ئۇ سۇ چېلىكىگە تاشلاپ قويۇلسا سۇنىڭ تەستە ھەزىم بولۇشىنى ياخشىلايدۇ. ئىچكى ئەزالارنى قۇۋۋەتلەيدۇ.

## ھىسرىم
(غورا ئۈزۈم)

ئۇ پارسچە «غورە» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** ئۇ ھەرقانداق ئۈزۈمنىڭ پىشمىغان كۆك، چۈچۈمەل غورىسىدىن ئىبارەت.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىنىڭ بېشىدا سوغۇق، ئاخىرىدا قۇرۇق. ئۇسارىسى ھۆل سوغۇق، ئۇنىڭ ئۆزىدىن قۇرۇقراق بولۇپ، قۇرۇقلۇقى ئۈچىنچى دەرىجىگىچىدۇر.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** قان، سەپرانىڭ ھارارىتىنى پەسەيتكۈچى، سەپرانى كەسكۈچى، ئاشقازاندىكى بەلغەمنى پارچىلىغۇچى، تەرەتنى قاتۇرغۇچى، ماددىلارنىڭ قۇيۇلۇشىنىڭ ئالدىنى ئالغۇچى، جىگەر ۋە بەدەننى قۇۋۋەتلىگۈچى، ئۇسسۇزلۇقنى پەسەيتكۈچى، ئەزالارنى چىڭىتقۇچىدۇر. قۇرۇقى سالايە قىلىنىپ زىمات قىلىنسا تەرنى خۇش پۇراقلاشتۇرىدۇ. يەلتاشمىنى يوقىتىدۇ ۋە شۇ يىل ئىچىدە قايتا پەيدا بولۇشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. تاشما، قىچىشقاق ۋە بەدەننىڭ سۇسلىقىغا پايدا قىلىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** مىزاجى سوغۇق ئاشقازاننى ئاجىزلاشتۇرىدۇ. باھقا زىيان قىلىدۇ. يەل پەيدا قىلىدۇ. قورساقنى ئاغرىتىدۇ. بەزى كىشىلەرنىڭ ئاشقازىنىنى قورۇپ ئۇسسىتىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** گۈلقەنت، رۇمبەدىيان، ئەنجۈر.

**ئورۇنباسارى:** رىيباس، ھۇمماز، تۇرۇنجى.

ئۈنىڭ قىيامى ئۇسسۇزلۇقنى، ئاشقازاننىڭ ھارارىتى ۋە كۆيۈشۈشىنى پەسەيتىدۇ. سەپرادىن بولغان ئىچ سۈرۈشنى توختىتىدۇ. ئىشتىھانى ئاچىدۇ. ھامىلىنى ساقلايدۇ. ئىچكى ئەزالارنى قۇۋۋەتلەيدۇ. سەپرادىن بولغان كۆڭۈل ئىلىششنى توختىتىدۇ. خۇمارنى باسىدۇ. كېسەللەنگەن ئەزانىڭ كېسەللىك ماددىلىرىنى قوبۇل قىلىشىنى توسىدۇ. مەيخۇش ئانار قىيامى بىلەن ئىستېمال قىلىنسا سەپرادىن بولغان كېسەللىكلەرگە پايدا قىلىدۇ، سىناقتىن ئۆتكەن.

ئۈنىڭ ئاپتاپتا قۇرۇتۇلغان ئۇسارىسى بوغما كېسەل، كېكىردەك، كىچىك تىل ئىششىقى، ئېغىز يارىسى، بۇرۇن قاناش، قان قۇسۇشقا شىپا بولىدۇ. كۆدە سۈيى بىلەن ئىشلىتىلسە بوۋاسىر قېنىنى قۇرۇتىدۇ. ئۈنىڭ بىلەن فەرزىجە قىلىنسا بالىياتقۇنى تازىلاپ ئەھۋالىنى ياخشىلايدۇ. سىركە بىلەن ئىشلىتىلسە ئاقمىلارغا پايدا قىلىدۇ. قۇلاققا تېمىتىلسا قۇلاقنىڭ كىرىنى تازىلايدۇ. ئۈنىڭ بىلەن غار - غار قىلىنسا گال ئىششىقىنى تارقىتىدۇ. كۆزگە سۈركىسە كۆز ياشانغىراش، قاپاق يىرىكلىشىش ۋە كەمتۈكلىشىشكە پايدا قىلىدۇ. ئۈنىڭ بىلەن كىلىزما قىلىنسا ئۈچەي يارىسى ۋە ئۈچەيدىن سۈيۈقلۇقلارنىڭ ئېقىشىغا پايدا قىلىدۇ. باشقا تەسىرلىرى ئۈنىڭ قىيامىنىڭ تەسىرلىرى بىلەن ئوخشاشتۇر.

ئۈنىڭ سۈيىنىڭ تەسىرلىرى ئۈنىڭ ئۇسارىسىنىڭ تەسىرلىرى بىلەن ئوخشاش بولۇپ، ئاشقازاننىڭ تۇتۇپ تۇرۇش كۈچىنى قۇۋۋەتلەيدۇ. تۇتىيا، شۇنداقلا كۆزنىڭ باشقا دورىلىرى ئۈنىڭ بىلەن مۇدەببەر قىلىنسا تەسىرىنى كۈچەيتىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** كۆكرەككە زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** گۈلقەنت، خەشخاش شەربىتى.

**ئىستېمال مىقدارى:** ئۇسارىسىدىن بەش گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

**ئورۇنباسارى:** چۈچۈمەل ئالما سۈيى، سۇماق.

ئۈنىڭ پىششقا ئاز قالغان، تەمى سەل تاتلىقلىششقا باشلىغان ۋاقتىدا سۈيىنى سىقىپ ئېلىپ، ئۈچ ھەسسە سۈيىگە كۆپۈكى ئېلىنغان ھەسەلدىن بىر ھەسسە قوشۇپ ئۈچ - تۆت كۈنگىچە ئاپتاپتا قايىنىغۇچە قويۇپ تەييارلانغان شەربىتى قورۇغۇچى، ئاشقازاننى قۇۋۋەتلىگۈچى، بالىياتقۇنىڭ ھۆللۈكلىرىنى سۈمۈرگۈچى بولۇپ، ھەزىم ناچارلىقى، ئاشقازان سۇسلاش، تەرەتنىڭ ماڭماسلىقىدىن بولغان قۇلۇنجى قاتارلىقلارغا پايدا قىلىدۇ. ئۈنىڭ قالغان تەسىرلىرى ئۇسارىسىنىڭ تەسىرلىرى بىلەن ئوخشاشتۇر. ئۈنىڭ بىر يىل ۋە ئۇنىڭدىن ئۇزۇنراق بولغىنى يېڭىسىدىن ياخشىراقتۇر. شۇنداقلا سۈيىنىڭ ئوت بىلەن قايىنتىپ قىيام قىلىپ تەييارلانغان شەربىتمۇ يۇقىرىقىدەك تەسىرلەرگە ئىگىدۇر.

# ھەسى لۇبانۇل جاۋىي

ئۇ پارسچە «ھەسەن لۇبە»، ھىندىچە «لۇبان» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** ئۇ يەمەندە ئۆسىدىغان «زىرۋى» ئۆسۈملۈكىنىڭ يېلىمى بولۇپ، «كەمكام» ناملىق يېلىم ئۇنىڭدىن ئىبارەت. «زىرۋى» ماۋزۇسىدا بايان قىلىنىدۇ. ئەنتاكىي: «بۇ كەسىپ ئەھلى ئۇنى ئېنىقلىمىغان ئىكەن، مەن نۇرغۇن تىرىشچانلىق كۆرسەتكەندىن كېيىن ئۇنى ئېنىقلىدىم. ئۇ دەسلەپتە بۇغداي چوڭلۇقىدا پەيدا بولىدۇ. تەدرىجىي چوڭىيىپ قوغۇندەك بولىدۇ. پۇرىقى مەستىكى بىلەن كۇندۇرنىڭ پۇرىقىنىڭ بىرلەشمىسىدەك پۇرايدىغان بولۇپ، يېلىملارنىڭ ئەڭ خۇش پۇرىقى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئوتقا تاشلىنىپ كۆيدۈرۈلسە ئەڭ خۇش پۇراق ئىسرىقلاردىن بولىدۇ. ئۇنىڭ ياخشىسى خۇش پۇراق، ئاق، قىزىل ۋە قارىغا مايىل بولغانلىرىدۇر. ئۇ مەستىكى، كۇندۇر ۋە ئەرەب يېلىمى بىلەن ساختىلاشتۇرۇلىدۇ. پەرقلەندۈرۈش ئۇسۇلى شۇكى، ئەسلىسى ئوتقا تاشلانسا ساختىسىنىڭ ئەكسىچە خۇش پۇراق پۇرايدۇ.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە ئىسسىق، بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇقتۇر.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ئىستېمال قىلىنسا، ئىسرىق سېلىنسا يۇرەكنى قۇۋۋەتلەيدۇ، خۇرسەن قىلىدۇ.

ئېغىز كېسەللىكلىرى: چاينالسا ئېغىز يارىسىغا پايدا قىلىدۇ. چىش مىلىكىنى چىڭىتىدۇ. يۆتەل پەسەيتىدۇ.

باش كېسەللىكلىرى: مەلھەم قىلىنىپ چېپىلسا باشتىن نەزلە سۇيۇقلۇقلىرىنىڭ چۈشۈشىنى توسىدۇ.

قۇلاق كېسەللىكلىرى: مۇناسىپ ياغ بىلەن بىرلىكتە قۇلاققا تېمىتىلسا سوغۇقتىن بولغان قۇلاق ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ.

كۆكرەك، مېڭە، ئاشقازان كېسەللىكلىرى: ئىستېمال قىلىنسا كۆكرەك كېسەللىكلىرىگە پايدا قىلىدۇ. ھۆللۈكتىن بولغان يۆتەلنى پەسەيتىدۇ. مېڭە، ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەيدۇ، ئاشقازاندىكى ھۆللۈكلەرنى سۈيۈلدۈرۈپ تارقىتىدۇ. قورساق ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ. نەسىللىنىش ئەزالىرىنى قۇۋۋەتلەيدۇ. مەقئەتكە پايدا قىلىدۇ.

زىنىنەت ئەزالىرى كېسەللىكلىرى: ئۇنىڭ بىلەن بەدەن يۇيۇلسا بەدەننى ساغلاملاشتۇرىدۇ. چاچ يۇيۇلسا چۈشۈشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** ئالتە گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

**ئورۇنباسارى:** باراۋەر مىقداردا لازەن، مەستىكى.

**زىيانلىق تەسىرى:** ئىسسىق مىزاجلىقلارنىڭ بېشىنى ئاغرىتىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** بىنەپشە يېغى، خەشخاش يېغى.

# پەسل: «ھ» (ھۆۋائ) ۋە «ز» (زۆۋاد) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى

## ھۇزۇز
(رۇسۇت)

**ماھىيىتى:** ئۇ «مەككى» (مەككىدىن چىقىدىغىنى) ۋە «ھىندى» (ھىندىستاندىن چىقىدىغىنى) دىن ئىبارەت ئىككى خىل بولىدۇ. مەككىدىن چىقىدىغىنى يۇنانچە «لوفيۇن» دەپ ئاتىلىدۇ. مەشھۇر قاراشقا ئاساسلانغاندا، ئۇ بىر خىل ئۆسۈملۈكنىڭ ئۇرۇقى ۋە يوپۇرمىقىنىڭ ئۇسارىسىدۇر. ئۇ تىكەنلىك ئۆسۈملۈك بولۇپ، ئۇچ غولاچ ئېگىزلىكتە ئۆسىدۇ. قوۋزىقى سامان رەڭدە بولۇپ، شەمشادنىڭ رەڭگىگە ئوخشايدۇ. مېۋىسى قارا مۇرچقا ئوخشاش، قارا، سىلىق، تەمى ئاچچىق بولىدۇ. بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇنىڭ يوپۇرمىقى يۇملاق، سەل قېلىن، يوپۇرمىقىنىڭ ئۇچى سەل ئويمانلاشقان بولىدۇ. ئۇ ئەرافات ۋادىسىدا ئۆسىدۇ.

رۇسۇتنىڭ تەييارلىنىشى شۇكى، مەزكۇر ئۆسۈملۈكنىڭ يىلتىزى، يوپۇرمىقى، ئۇرۇقى ۋە غولى قاتارلىقلارنى ئۇششاق پارچىلاپ سوقۇپ سۈيىنى چىقىرىپ پىسەپلىرىنى سۈزۈۋېتىپ مۇۋاپىق چوڭلۇقتىكى قاچىغا تۆكۈپ تۇرغۇزۇپ، لېيى تېگىگە ئورنىغاندىن كېيىن سۈزۈك قىسمى باشقا قاچىغا تۆكۈلىدۇ. ئۇ «خولان» دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن ئۈستىگە ئۆرلىگەن دۇغلىرى ۋە يېپچىلىرىنى ئايرىۋېلىپ يەنە ئازراق قايناتىپ قېتىشقا باشلىغاندا، ئوتتىن چۈشۈرۈپ كۆملەچ ياساپ ئىشلىتىلىدۇ. ئۇ «ھۇزۇز» (رۇسۇت) دەپ ئاتىلىدۇ.

بەزى ئىشەنچلىك كىشىلەردىن ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، ئۇنىڭ ئۆسۈملۈكى ئىتئۈزۈمى ئۆسۈملۈكىگە بەئەينى ئوخشايدىغان بولۇپ، يۇقىرىقى ئۇسۇل بويىچە سۈيى سىقىپ چىقىرىلىپ تەييارلىنىدىكەن. بەزىدە ئۇ ساختىلاشتۇرۇلۇپ ئاس يوپۇرمىقى، سەبرە سوقۇترىنىڭ ھەربىرىدىن 150 گىرام، مۇرمەككىدىن 125 گىرام، زەپەردىن 100 گىرام، ئۈزۈم شىرىسىدىن 500 گىرام ئېلىپ تەييارلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئەسلىسى بىلەن ساختىسىنىڭ پەرقى شۇكى، ئەسلىسىنىڭ سىرتقى رەڭگى قارىغا مايىل سېرىق، ئىچى قىزىلغا مايىل بولىدۇ، سۇدا ئېرىتىلسە كۆپۈكى قانغا ئوخشاش بولىدۇ. تەمى قىرتاق، ئاچچىق بولۇپ، ئوتقا تاشلىسا كۆيىدۇ. ساختىسى ئۇنىڭ ئەكسىچە بولىدۇ. ئوتقا تاشلىسا كۆيمەيدۇ.

**تەبىئىتى:** ئىسسىق ـ سوغۇقلۇقى مۆتىدىل، ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇقتۇر.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** قورۇغۇچى، ماددىلارنى قايتۇرغۇچى، تارقاتقۇچى،

سوۋۇتقۇچىدۇر. تارقىتىشى ماددىلارنى قايتۇرۇشىدىن ئاجىزراقتۇر. ئىستېمال قىلىنسا ئىچكى ئەزالاردىكى ئىششىقلارنى تارقىتىدۇ. ئىچ سۈرۈش، سۆيۈقلۇقلارنىڭ ئېقىشى، تەر، قاناش ۋە ئۆپكىدىن كەلگەن قاننى توختىتىدۇ. يۆتەل ۋە جىگەر ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ. قارا يەرقان، قانلىق ئىچ ئۆتكۈ، ھەيز قېنى توختىماسلىق، بوۋاسىر، بۆرەكنىڭ ھارارىتى ئېشىش، سۈيدۈك يولى يارىسى، تەشنالىق، غالجىر ئىت چىشلىۋېلىشقا شىپا بولىدۇ.

قۇلاق كېسەللىكلىرى: تېمىتىلسا قۇلاقتىن ئاققان سۈيۈقلۇقلارنى توختىتىدۇ.

ئېغىز كېسەللىكلىرى: ئۇنىڭ بىلەن ئېغىز چايقالسا بوشىغان چىش مىلىكىنى چىڭىتىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن غار ـ غار قىلىنسا گال ئىششىقىنى پەسەيتىدۇ.

كۆز كېسەللىكلىرى: كۆزگە سۈركىسە قوتۇر، قىچىشقاق، قاپاق گىرۋەكلىرى ئىششىقى، كۆز ياشانغىراش، كۆز ئاغرىقى، كۆز ئاجىزلىقىغا پايدا قىلىدۇ، نەزلە سۈيۈقلۇقىنىڭ قۇيۇلۇشىنى توسىدۇ.

ھەزىم ئەزالىرى كېسەللىكلىرى: چېپىپ بېرىلسە مەقئەت يېرىلىش، مەقئەت يارىسى ۋە باشقا ئەزالاردىكى يارىلارنى ساقايتىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن كىلىزما قىلىنسا كونا ئىچ سۈرۈش ۋە ئۈچەي يارىسىغا پايدا قىلىدۇ. قەرەشى «ئەلقانۇن»نىڭ شەرھىسىدە «ھۇزۇز قاناشنى توختىتىش بىلەن بىرلىكتە ھەيز ماڭدۇرىدۇ» دېيىلگەن.

**زىيانلىق تەسىرى:** تالغا زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** رۇمبەدىيان، ھۇمامە.

**ئىستېمال مىقدارى:** 2~3 گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

**ئورۇنباسارى:** رۇسۇت ھىندى.

## ھۇزۇز ھىندى

(رۇسۇت ھىندى)

ئۇ ھىندىچە «رۇسۇت» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ «فىيل زەھرەج» ئۆسۈملۈكىنىڭ ئۇسارىسى ئىكەن. ئەمما تەتقىقاتلاردىن ئۇنداق ئەمەسلىكى ئايان بولدى. «دەستۇرۇل ئەتىببائ» (تېۋىپلار دەستۇرى) ناملىق كىتابنىڭ ئاپتورىنىڭ يېزىشىچە، ئۇنىڭ ياخشىسى نىگەر كوت شەھىرى ۋە لاھورنىڭ ئەتراپ رايونلىرىدىن چىققىنى بولۇپ، ھۆل ھېلىلىنىڭ شىرىسىدىن تەييارلىنىدىكەن، سۇزۇك بولىدىكەن. باشقا كىتابلاردىن بىلىشىمىزچە، ئۇ لاھورنىڭ ئەتراپ رايونلىرى ۋە نىگەر كوت شەھىرىدە ھۆل ھېلىلە شىرىسى بىلەن سۈتتىن تەييارلىنىدىكەن. ھەكىم ئابدۇل ھەمىيدنىڭ «تۆھپەتۇل مۆئمىن» (مۆمىنلەرگە قىلىنغان ھەدىيە) ناملىق

كىتابىنىڭ ھاشىيىسىدە يېزىشىچە، ئۇ ھىندىستان ھۆكۈمالىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئىشەنچلىك كىتابلىرىدىن تەتقىق قىلىنىشىچە، ئۇ دار ھەلدى (زەرچىۋە) نىڭ ئۇسارىسى بولۇپ، ھۆل زەرچىۋە چالا سوقۇلۇپ سۇ بىلەن تەمى سۇغا تولۇق چىققۇچە قاينىتىلىپ پىسەپلىرى سۈزۈۋېتىلىپ، ئۇنىڭغا باراۋەر مىقداردا كالا سۈتى قوشۇلۇپ قويۇلغۇچە قاينىتىلىپ تەييارلىنىدىكەن. بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، «رۇسۇت» دېگەن سۆز ھىندىچە «رەس ئوتە» دېگەن ئىككى سۆزدىن تۈزۈلگەن ئىكەن. «رەس» ئۇسارە دېگەن مەنىنى، «ئوتە» قاينىتىلغان دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىكەن. چۈنكى ئۇ قاينىتىلغان ئۇسارىدىن تەييارلىنىدىغان بولغاچقا شۇنداق ئاتالغان ئىكەن. ئۇ بىرقانچە خىل ئۆسۈملۈكنىڭ يوپۇرمىقىنىڭ ئۇسارىسى ئىكەن. بەزىسى شۇمشا يوپۇرمىقىغا ئوخشاش، تىكەنلىك بولىدىكەن. بەزىسى كىچىك سېمىز ئوتقا ئوخشاش، ئۇنىڭدىن قېلىنراق بولىدىكەن. بەزىلىرى ھىندىچە «گەدە پورنا»، «بەسكەپرە» دەپ ئاتىلىدىغان «ھىندى قوقى» (بېدە) ئۆسۈملۈكىگە ئوخشايدىكەن. ئۇلار چوڭ ياغاچ ھاۋانچىلارغا سېلىنىپ سوقۇلۇپ، سۈيى چىقىرىلىپ ئۇيۇغىچە قاينىتىلىپ ئۇزۇنچاق، كەڭ پىستە رەڭلىك بىر خىل يوپۇرماقلار ئۈستىگە يېيىتىلىپ قۇرۇتۇلۇپ ئەتراپلارغا ئېلىپ بېرىلىدىكەن. مەزكۇر ئۆسۈملۈك ئېھتىمال «دارھەلد» (زەرچىۋە) ئۆسۈملۈكىنىڭ يوپۇرمىقى بولۇشى مۇمكىن. يېڭى، ساپ رۇسۇت ھىندىنىڭ رەڭگى سېرىق بولىدۇ.

**تەبىئىتى:** رۇسۇت مەككىنىڭ تەبىئىتىگە ئوخشاپ قالىدۇ. بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، قۇرۇق سوغۇقتۇر.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ئۇنىڭ تەسىرلىرى مەككىدىن چىقىدىغىنىنىڭ تەسىرلىرىگە ئوخشاپ قالىدۇ. كۆز كېسەللىكلىرى، كۆرۈش قۇۋۋىتىنى ئاشۇرۇش، ئىسسىقتىن بولغان ئىششىقلارنى تارقىتىش، مۇدۇر - چاقىلار، قان، سەپرانىڭ ئۆتكۈرلۈكى، قۇسۇش، ھېق تۇتۇش، بوۋاسىر مەنبەلىك ئىچ سۈرۈش، تال ئىششىقى، تۇرلۇك زەھەرلىنىشلەرگە ئىشلىتىلىدۇ. ئۇنىڭدىن 1.5 گىرام ئېلىپ ھىندىستاندا ئۆسىدىغان «كەكرىۋەندە» دەپ ئاتىلىدىغان ئۆسۈملۈكنىڭ 30 ميللىلىتىر سۈيى بىلەن ئىستېمال قىلىنسا، بولۇپمۇ ئۇ مەزكۇر سۇغا كەچتە چىلاپ قويۇلۇپ، ئەتىسى سۈزۈلدۈرۈپ ئىلمان ھالەتتە ئىچىلسە بوۋاسىرنىڭ قېنىنى، بوۋاسىر مەنبەلىك ئىچ سۈرۈش، قانلىق ئىچ سۈرۈشنى توختىتىدۇ، ئۈچەي زەخمىسىنى ساقايتىدۇ. ئۇنى ئىلمان سۇ بىلەن ئېرىتىپ چېپىپ بەرسە ئىككى تاغاق ئوتتۇرىسىنىڭ ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ، ئىسسىق ئىششىقلارنى تارقىتىدۇ، مۇدۇر - چاقىلارنى ساقايتىدۇ، سىناقتىن ئۆتكەن. ھىندىستان خەلقى ئۇنى باللار ئۈچەي زەخمىسىگە ئىشلىتىدىغان دورىلارغا قوشۇپ ئىستېمال قىلدۇرىدۇ.

رۇسۇتنىڭ ھەبلىرى قارابادىندا بايان قىلىندى.

ئۇنىڭدىن بىر ھەسسە ئېلىپ، ھىندىچە «نەمولى» دەپ ئاتىلىدىغان نىيم دەرىخى

مېۋىسىدىن باراۋەر مىقداردا، ئۇنىڭ تۆتتىن بىرىچىلىك مىقداردا زورەمبات قوشۇپ ئاق كەكرىۋەندە يوپۇرمىقى سۇيى بىلەن سالايە قىلىپ نامسىز بارماق تومۇلۇقىدا پىلتە ياساپ قويۇپ، ئەينەك قاچىدا ئىغىزىنى چىڭ ئېتىپ ساقلاپ، زۆرۈر بولغاندا مەقئەتكە سالسا بوۋاسىر ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ، قان توختىتىدۇ، سىناقتىن ئۆتكەن.

## پەسىل: «ھ» (ھۇۋۋائ) ۋە «ل» (لام) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى

### ھۇلاب
(ھۇلاب ئوتى)

ماھىيىتى: ئۇ بىر خىل ئۆسۈملۈك بولۇپ، غېرىچ ئېگىزلىكىدە ئۆسىدۇ، يوپۇرمىقى ۋە شاخلىرى ناھايىتى ئىنچىكە، گۈلى ناھايىتى ئۇششاق، ئاق بولىدۇ. ئۇرۇقى قىچا ئۇرۇقى چوڭلۇقىدا بولىدۇ. ئۇ كۆپ ئورۇنلاردا، بولۇپمۇ ئىمارەتلەر ۋە خارابىلىقلارنىڭ ئەتراپلىرىدا ئۆسىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئۇچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ئۇنىڭ سۈيى ئۇن بىلەن زىمات قىلىنسا سۇنغان، سوقۇلغان، قوزغالغان، چارچىغان ۋە زەئىپلەشكەن ئەزالارنى چىڭىتىدۇ. خېنە بىلەن زىمات قىلىنسا باللار ۋە چوڭلارنىڭ ئالىقىنىنىڭ قىچىشىشىنى پەسەيتىدۇ، يامانلىشىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ، زەرداب ئېقىشىنى توسىدۇ.

### ھولبە
(شۇمشا)

ئۇ «فەرىيقە» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. گىيلاندا «خۇلبە»، ئىسپاندا «شەنبەلىيلە»، شىيرازدا «شەملىيز» دەپ ئاتىلىدۇ، ھىندىچە «مىيتى» دېيىلىدۇ.

ماھىيىتى: ئۇ مەشھۇر ئۇرۇقلاردىندۇر. ئۇنىڭ ئۆسۈملۈكى غولاچ ئېگىزلىكىدە ئۆسىدۇ، شاخلىرى ئىنچىكە، يوپۇرماقلىرى ئۇششاق، قارىغاي مېۋىسى شەكلىدە، تەمى ئاچچىققا مايىل، پۇرىقى ئۆتكۈر بولىدۇ. ئۇرۇقى شىلىمشىق بولۇپ، يوپۇرمىقىغا ئوخشاش پۇرايدۇ. تۇرۇپ ئۇرۇقىنىڭ غىلاپىغا ئوخشاش، ئۇنىڭدىن سەل ياپىلاقراق بولۇپ، كىچىكرەك غىلاپ ئىچىدە بولىدۇ، سەل سېرىق، ئۇششاق، تۆت قىرلىق، سەل ياپىلاق بولىدۇ. ئۇستى سىلىق ئەمەس. ئىستېمال قىلىنىدۇ، يوپۇرمىقىمۇ يالغۇز ياكى گۆش بىلەن ئىستېمال قىلىنسا

لەززەتلىك بولىدۇ. بەزىلەر ئۇنىڭ يوپۇرمىقىنىڭ تەمىنىڭ ئۆتكۈرلۈكى، ئاچچىقلىقى ۋە پۇرىقىنى ئازايتىش ئۈچۈن ئۇنى دەسلەپتە سۇ بىلەن قايناتتىپ، سۈيىنى تۆكۈۋېتىپ پىياز ۋە گۆش بىلەن قورۇپ پىشۇرۇپ ئىستېمال قىلىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق، ئارتۇق ھۆللۈكى بار.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** يوپۇرمىقى ماددىلارنى پىشۇرغۇچى، يۇمشاتقۇچى، تارقاتقۇچى، سۈيدۈك، ھەيز ھەيدىگۈچىدۇر. سوغۇقتىن بولغان كېسەللىكلەر، سۇئۇلقۇنىيە، ئىستىسقا، سوغۇقتىن بولغان يۆتەل، تال ئىششىقى، بەل، جىگەر، بالىياتقۇ ئاغرىقى، دوۋساق سوغۇقلۇقى، سۈيدۈك تامچىلاپ كېلىشلەرگە ئىشلىتىلىدۇ. زىمات قىلىنسا چاچنى قۇۋۋەتلەيدۇ. نان بىلەن ئىستېمال قىلىنسا چاچنى يىرىكلەشتۈرىدۇ.

ئۇنىڭ ئۇرۇقى ماددىلارنى يۇمشىتىدۇ، پىشۇرىدۇ، تارقىتىدۇ، باھنى قۇۋۋەتلەيدۇ. ھەيز ماڭدۇرىدۇ. ئۆپكىنى قۇۋۋەتلەيدۇ.

كۆكرەك ۋە ئاشقازان كېسەللىكلىرى: ھەسەل بىلەن قايناتتىپ ئىچىلسە ئىچىنى سۈرىدۇ. كۆكرەكتە تۇرۇپ قالغان ماددىلارنى تازىلايدۇ. يۆتەل پەسەيتىدۇ، كاناي ئىششىقى، نەپەس قىيىنلىشىش، بوۋاسىر، ئىچكى ئەزالار ئىششىقىغا پايدا قىلىدۇ. يەللەرنى تارقىتىدۇ. كۆكرەك ۋە ئۆپچەيلەردىكى شىلىمشىق بەلغەمنى تازىلايدۇ. تەمرىھىندى، قۇرۇق ئۈزۈم ۋە ھەسەل بىلەن قىيام قىلىنغان ئەنجۈر سۈيى بىلەن قايناتتىپ ئىستېمال قىلسا زىققە نەپەسكە شىپا بولىدۇ. ئاۋازنى ساپلاشتۇرىدۇ. كۆكرەك يارىلىرىنى ساقايتىدۇ. پىرسىياۋشان بىلەن ئىستېمال قىلسا كۆكرەكنىڭ كونا ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ، سىناقتىن ئۆتكەن. ئۇ ئاچچىقسۇ، شۇنداقلا ھەسەل بىلەن تائامدىن بۇرۇن ئىستېمال قىلىنسا ئىچىنى سۈرىدۇ. ناچار خىلتلارنى تازىلايدۇ.

ئاجرىتىش ئەزالىرى كېسەللىكلىرى: قايناتتىلمىسى يالغۇز ياكى مۇناسىۋەتلىك دورىلار بىلەن ئىستېمال قىلىنسا تۇغۇتنى ئاسانلاشتۇرىدۇ. سۈيدۈك، ھەيز ھەيدەيدۇ. بۇغداي ئۇنى، شېكەر ۋە ھەسەل بىلەن يۇغۇرۇپ داۋاملىق ئىستېمال قىلىنسا بەدەننى سەمرىتىدۇ، بۆرەكنىڭ ئەھۋالىنى ياخشىلايدۇ. ئۇ 15 گىرام ئوردان بىلەن قايناتتىلىپ سۈيى ئىچىلسە چوڭ تەرەتنىڭ پۇرىقىنى ياخشىلايدۇ. تەرەتنى بوشىتىدۇ. ئەزالارنىڭ ماغدۇرسىزلىقىنى ئالىدۇ. ھەيز ماڭدۇرىدۇ، ئەمما تەر ۋە سۈيدۈكنىڭ پۇرىقىنى بۇزىدۇ.

ئىششىقلار ۋە باشقىلار: زىمات قىلىنسا بەدەننىڭ ئىچى - سىرتىدىكى قاتتىق ئىششىقلارنى تارقىتىدۇ. تاز، باش كېپەكلىشىش، ئوتتا كۆيگەن يارا، ئەزالارنىڭ سوغۇقتىن يېرىلىشى، تىرناقنىڭ پورلىشىشى، تال، بالىياتقۇ ئىششىقىغا شىپا بولىدۇ. چاچ چۈشۈشنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ، تېرىدىكى تۈرلۈك ئىزلارنى يوقىتىدۇ. ئۇ بۆرە ئەرمىنى بىلەن زىمات قىلىنسا تال ئىششىقىنى تارقىتىدۇ. ئەنجۈر بىلەن زىمات قىلىنسا چىقانلارنى ئېغىز

ئالدۇرىدۇ. ئارپا ئۇنى، گۈل يېغى ۋە سىركە بىلەن زىمات قىلىنسا ئىسسىقتىن بولغان ئىششىقلارنى تارقىتىدۇ. ھەسەل بىلەن زىمات قىلىنسا سوغۇقتىن بولغان ئىششىقلارنى تارقىتىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن مەلھەم تەييارلىنىپ چېپىلسا كىرنى تازىلاپ رەڭگىرويىنى ياخشىلايدۇ. قۇرۇق ئۈزۈم بىلەن مەلھەم قىلىنسا پىت پەيدا بولۇشنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. سۇغا چىلىنىپ تەمى چىقىرىلىپ كۆزگە تېمىتىلسا كۆز ياشانغىراش، قاپاق گىرۋەكلىرىنىڭ قىزىرىپ ئىششىشى ۋە قىزىلغا پايدا قىلىدۇ. كۆزنىڭ ئىششىقىنى تارقىتىدۇ. ئۇنىڭ قاينىتىلمىسى يەرلىك ئورۇنغا قۇيۇلسا، شۇنداقلا ئۇنىڭدا ئولتۇرسا تۇغۇتنى ئاسانلاشتۇرىدۇ، بالا ھەمراھىنى چۈشۈرىدۇ. بالىياتقۇنى تازىلايدۇ. غاز مېيى بىلەن فەرزىجە قىلىنسا بالىياتقۇنىڭ قاتتىق ئىششىقىنى تارقىتىدۇ. بالىياتقۇنىڭ ئېغىزىنى ئاچىدۇ. ئۇنىڭ قاينىتىلمىسى بىلەن باش يۇيۇلسا چاچنى بۇدۇر قىلىدۇ، باش تەمرەتكىسى ۋە ھۆل يارىنى ساقايتىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** كۆپ ئىستېمال قىلسا باشنى ئاغرىتىدۇ، كۆڭۈلنى ئېلىشتۇرىدۇ، ئورۇقدانغا زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** چۈچۈمەل سىركەنجىۋىل، مەيخۇش ئانار شوراش. ئىسسىق مىزاجلىقلارنىڭ ئۇنىڭ يوپۇرمىقىنى كاسىنەسىز ئىستېمال قىلىشىغا بولمايدۇ. ئەمما ئۇلار ئۇنى پالەك يوپۇرمىقى ياكى سىمىزئوت يوپۇرمىقى ياكى سەۋزە بىلەن بىرلىكتە پىشۇرۇپ ئىستېمال قىلسا بولىدۇ.

ئۇنىڭ يېغى ئىسسىق، ئۆتكۈر بولۇپ، ماددىلارنى تارقىتىدۇ، ئۇچۇچانلاشتۇرىدۇ، قاتتىق ئىششىقلارنى تارقىتىدۇ. چىيقانىنى پىشۇرىدۇ. تولغاق، ئىچ سۈرۈش، يۆز، باشنىڭ كېپەكلىشىشى، مەقزىدە پەيدا بولغان يارىغا پايدا قىلىدۇ. موم بىلەن چېپىلسا يېرىقنى ساقايتىدۇ. داغ دورىلىرى بىلەن ئىشلىتىلسە تېرىگە جۇلا بېرىدۇ.

## ھەلىب
### (سۆرۈنجان ھىندى)

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇ سۆرۈنجان ھىندى ئىكەن.

**ماھىيىتى:** ھىندىستاندىن چىقىدىغان بىر خىل دورا بولۇپ، سۆرۈنجان مىسرىغا ئوخشايدۇ.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق، بەزىلەر ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق دەپ قارايدۇ.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ئىستېمال قىلىنسا نۇقرەس، بوغۇملار ئاغرىقى، تىز

ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ. بەدەننى قۇۋۋەتلەيدۇ. خام بەلغەم، قويۇق خىلتلار، ئاشقازان ـ ئۈچەي مەددە قۇرتلىرىنى چىقىرىدۇ. خام بەلغەمدىن بولغان ئىچ سۈرۈشنى توختىتىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** 10 گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** تالغا زىيان قىلىدۇ، ئۇنى قاتۇرىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** كەتىرا، كاسىنە.

## ھەلبۇب
(پىچەكگۈل)

بۇ نىبىتچە ئاتالغۇ بولۇپ، ئەندەلۇسچە «ھىررىيفۇل ئەملەس» دەپ ئاتىلىدۇ. باشقا شەھەرلەردە «ئەسايى ھۇرمۇس» (ھۇرمۇس تايىقى)، «خەسا ھۇرمۇس» دەپ ئاتىلىدۇ. دىسقۇرىدۇس تۆتىنچى ماقالىدە ئۇنى «لىيسۇرستىس» دەپ يازغان. بەزىلەر ئۇنى «بەرسانيۇن»، يەنە بەزىلەر «ئەربۇتانۇن» دەپ ئاتايدۇ.

**ماھىيىتى:** بۇ بىر خىل ئۆسۈملۈك بولۇپ، غېرىچ ئۇزۇنلۇقتا ئۆسىدۇ. كۆپ يوپۇرماقلىق، كۆپ بوغۇملۇق بولۇپ، شاخلىرى بوغۇملىرىدىن ئۆسۈپ چىقىدۇ. يوپۇرمىقى ياۋا رەيھان يوپۇرمىقىدىن كىچىكرەك بولىدۇ. يەرگە يېپىلىپ ئۆسىدۇ. يوپۇرمىقىنىڭ بىر يۈزى تۈكلۈك بولىدۇ. ئەركەك ۋە چىشىدىن ئىبارەت ئىككى خىل بولىدۇ. چىشىسىنىڭ مېۋىسى باشاقلىق، ئۇرۇقلۇق بولۇپ، ئۇرۇقى بۇتۇم مېۋىسىدىن كىچىكرەك بولىدۇ. ئەركىكىنىڭ يوپۇرمىقى ۋە مېۋىسىمۇ چىشىسىنىڭ يوپۇرمىقى ۋە مېۋىسىدىن كىچىكرەك، يۇمىلاق بولىدۇ. بىر ئۇرۇق يەنە بىر ئۇرۇقنىڭ ئۈستىگە چاپلىشىپ تۇرىدىغان بولۇپ، خۇددى ھايۋاننىڭ ئۇرۇقدىنىغا ئوخشايدۇ. يىلتىزى ئىككى دانە، يۇمىلاق بولۇپ، كەپتەر تۇخۇمىغا ئوخشايدۇ. بىرى بوش، يەنە بىرى قاتتىق بولىدۇ. ئۇ خۇددى بىر جۈپ ئۇرۇقدانغا ئوخشاش بىر ـ بىرىگە تۇتۇشۇپ تۇرىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** سوغۇقتىن بولغان ئىششىقلارنى تارقاتقۇچى، تەرەتنى بوشاتقۇچىدۇر. ئۇنىڭ قاينىتىلمىسىدىن 150 مىللىلىتىر ئىچسە سۇ خاراكتېرلىك ھۆللۈكلەر ۋە سەپرانى سۈرىدۇ. ئۇ زىمات قىلىنسا ماددىلارنى كۈچلۈك تارقىتىدۇ. ئايال ھەيزدىن پاك بولغاندىن كېيىن چىشىسىنىڭ يوپۇرمىقىنى ھەمەلچە قىلسا، قاتتىق يىلتىزىنى ئىستېمال قىلسا قىز بالىغا ھامىلدار بولىدۇ. ئۇنىڭ يۇمشاق يىلتىزى بىلەن ھەمەلچە قىلسا ئوغۇل بالىغا ھامىلدار بولىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا ئۇنىڭ يىلتىزىنىڭ يۇمشىقى باھنى زەئىپلەشتۈرۈپ، قاتتىقى كۈچەيتىدىكەن.

# ھىلتىيت

## (ھىلىڭ)

ئۇ پارسچە «ئەنگىزەد»، «ئەنغۇزە»، ئىسپانچە «ئەنگۇشتى گەندە» (سېسىق بارماق)، ھىندىچە «ھىلىڭ» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** ئۇ خۇش پۇراق ۋە سېسىقتىن ئىبارەت ئىككى خىل بولىدۇ. خۇش پۇرىقى «كولەرپەر» دەپ ئاتىلىدىغان ئاق ئەنجۇداننىڭ يېلىمىدۇر. سېسىقى ئېيتىشلارغا قارىغاندا، پارسچە «كەمات» دېيىلىدىغان قارا ئەنجۇداننىڭ يېلىمى ئىكەن. ئۇنىڭ ياخشىسى خۇش پۇرىقىدۇر. سېسىقىنىڭ ياخشىسى ساپ، پارقىراق، قىزىلغا مايىل، پۇرىقى ئۆتكۈر بولۇپ، سۇدا سۇتتەك ئېرىيدىغىنىدۇر. ئۇنىڭ ناچىرى ۋە ساختىسىنىڭ رەڭگى كۆك بولىدۇ، پۇرىقى كۇدىگە ئوخشاش پۇرايدۇ، تەمى يېقىمسىز بولىدۇ. بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇنىڭ سېسىقى شۇنداق سۇپەتلەردە بولىدىكەن. ئۇ سەكبىنەج ۋە باقىلە ئۇنى بىلەن ساختىلاشتۇرۇلىدۇ. ئۇنىڭ ئۆسۈملۈكى ھىراتتا ئۆسىدۇ.

**تەبىئىتى:** تۆتىنچى دەرىجىنىڭ بېشىدا ئىسسىق، ئىككىنچى دەرىجىنىڭ ئاخىرىدا قۇرۇقتۇر. سېسىقى ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇقتۇر. تەرياقلىق ھەم زەھەرلىك قۇۋۋەتكە ئىگىدۇر.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:**

**باش كېسەللىكلىرى:** ئىستېمال قىلىنسا پالەچ، رەئشە، تۇتقاق كېسەل، ئەزالارنىڭ سېزىمسىزلىنىشى ۋە تارتىشىشى، بالىلار تۇتقاق كېسىلى ۋە ئۇنىڭغا ئوخشاش سوغۇقتىن بولىدىغان مېڭە مەنبەلىك كېسەللىكلەرگە پايدا قىلىدۇ. پىلپىل ۋە سۇزاپ بىلەن ئىستېمال قىلىنسا بويۇن قىڭغىر بولۇپ قېلىشقا پايدا قىلىدۇ. شاراب بىلەن ئىستېمال قىلىنسا پەي - نېرۋا كېسەللىكلىرىگە پايدا قىلىدۇ. سەكبىنەج بىلەن ئىستېمال قىلىنسا پالەچ ۋە ئەزالارنىڭ سېزىمسىزلىنىشىغا پايدا قىلىدۇ. ئەمما داۋاملىق ئىستېمال قىلىش شەرت قىلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن ئالتە مىللىگرام ئېلىنىپ موم بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ يۇتسا پالەچكە شىپا بولىدۇ.

كۆز، قۇلاق، بۇرۇن، ئېغىز، گال، كېكىردەك، كۆكرەك، ئاشقازان، جىگەر، تال ۋە ئۆت كېسەللىكلىرى: كۆزگە ھەسەل بىلەن سۈركىسە كۆرۈش قۇۋۋىتىنى زىيادە قىلىدۇ. كۆزگە سۇ، ئاق چۈشۈش، تىرناقچە گۆش ئۆسۈشكە پايدا قىلىدۇ. زەيتۇن يېغى بىلەن قاينىتىپ تەمىنى چىقىرىپ قۇلاققا تېمىتىلسا قۇلاق ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ، قۇلاقنىڭ ئېغىرلىقى، قۇلاق قىچقىرىش ۋە قۇلاق غوڭۇلداشقا شىپا بولىدۇ. زەنگار ۋە زاك بىلەن ئىشلىتىلسە

بۇرۇندا پەيدا بولغان ئارتۇق گۆشنى يوقىتىدۇ. ئۇ قۇرت يېگەن چىشقا سىلىنسا ئاغرىقنى پەسەيتىدۇ. سىرتىدىن مەلھەم قىلىنسىمۇ ئاغرىقنى پەسەيتىدۇ. ئۇ ئەنجۈر ۋە زۇپا بىلەن قاينىتىلىپ سۇيىدە ئېغىز چايقالسا قۇرت يېگەن چىشلارنىڭ ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ. ئۇنىڭ قاينىتىلمىسى ھەسەل بىلەن بىرلەشتۇرۇلۇپ غار ـ غار قىلىنسا كىچىك تىل ئىششىقىنى قايتۇرىدۇ. سىركە بىلەن غار ـ غار قىلىنسا گالدا تۇرۇپ قالغان زۇلۇك قۇرتىنى چىقىرىدۇ. ئۇ توخۇ تۇخۇمىنىڭ سېرىقى بىلەن ئىستېمال قىلىنسا يۆتەل پەسەيتىدۇ، بىقىن ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ. يالغۇز ياكى مۇناسىۋەتلىك دورىلار بىلەن ئىشلىتىلسە ئاۋاز پۇتۇشكە پايدا قىلىدۇ. گالنى سىلىقلاشتۇرىدۇ، بەلغەمدىن بولغان قوۋۇرغا ئارىلىق پەردىسى ياللۇغىنى پەسەيتىدۇ. سۇدا ئېرىتىلىپ ئىستېمال قىلىنسا ئاۋازنى ساپلاشتۇرىدۇ.

ھەزىم ئەزالىرى كېسەللىكلىرى: ئۇ ئىستېمال قىلىنسا ھەرقانداق ئۇيۇغان ماددىنى ئېرىتىدۇ، يەللەرنى تارقىتىدۇ. سىركەنجۇبىل بىلەن ئىستېمال قىلىنسا ئۇيۇغان سۈتنى ئېرىتىدۇ. قورۇغۇچى دورىلار بىلەن ئىشلىتىلسە ھۆللۈكتىن بولغان ئىچ سۈرۈشنى توختىتىدۇ. مۇناسىپ دورىلار بىلەن ئىستېمال قىلىنسا يەلدىن ۋە بەلغەمدىن بولغان قورساق ئاغرىقى، قۇلۇنجغا شىپا بولىدۇ. يەل تارقىتىدۇ، ئاشقازاندىكى تۇرلۇك مەددە قۇرتلارنى چىقىرىدۇ. بوۋاسىر قېنىنى ئاقتۇرىدۇ. ئاشقازان، جىگەر، تالنىڭ سوغۇقلۇقىنى ئالىدۇ. ئىستىسقا ۋە بەدەن ئاجىزلىقىغا پايدا قىلىدۇ. ئۇنىڭدىن بىر دانە نوقۇت چوڭلۇقىدا ياكى مىزاج كۆتۈرەلىگۈدەك مىقداردا ئېلىپ، خېمىر ئارىسىغا سېلىپ پىشۇرۇپ بىر نەچچە كۈن ئىستېمال قىلسا سوغۇقتىن بولغان ھەرقانداق ئىستىسقاغا، بولۇپمۇ ئىستىسقائى زىققە ۋە ئىستىسقائى تەبەلگە پايدا قىلىدۇ. ئەنجۈر بىلەن ئىستېمال قىلىنسا توسۇلۇشتىن بولغان يەرقانغا داۋا بولىدۇ. پاقىيوپۇرمىقى سۇيى بىلەن ئىشلىتىلسە ئىچكى ئەزالار يارىلىرى، بالىياتقۇ كېسەللىكلىرى، ئىششىقلار، كالا تەمرەتكىسى، سۆگەللەر، زەھەرلىنىشلەر ۋە باشقىلارغا پايدا قىلىدۇ. ئۇ مۇرمەككى ۋە پىلپىل بىلەن ئىستېمال قىلىنسا سۇيدۇك ۋە ھەيزنى ماڭدۇرىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن ئىسرىق سېلىنسا ۋە ھەمەلچە قىلىنسا ئۆلۈك ھامىلىنى چۈشۈرىدۇ. يارىلارنى يېرىپ ئىچىگە سېلىپ قويسا يامان ماددىلارنى تازىلايدۇ. ئۇ قۇرۇق ئەنجۈر ۋە سىركە بىلەن زىمات قىلسا كالا تەمرەتكىسىگە، قىيرۇتى بىلەن زىمات قىلسا سۆگەللەر، بەزلەر ۋە ئۇچلۇق سۆگەللەرگە پايدا قىلىدۇ. ئۇ زىمات قىلىنسا دائىرىلىك چاچ چۈشۈشكە پايدا قىلىدۇ. كۆل (نەرسىلەرنى كۆيدۈرگەندە پەيدا بولغان كۆل) سۇيى ۋە دەريا سۇيى بىلەن زىمات قىلسا مۇسكۇللارنىڭ يېرىلىشىغا پايدا قىلىدۇ. مەلھەم قىلىنىپ چېپىلسا غالجىر ئىت چىشلىۋالغاندىكى زەھەرنى قايتۇرىدۇ. زىيانداش ھاشارات يېقىنلىشىشنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. زەھەرلىك ئوقلارنىڭ زەھىرىنى يوقىتىدۇ. شۇنداقلا ئۇ سۈت ۋە جىنتىيانا بىلەن چېپىلسىمۇ غالجىر ئىتنىڭ زەھىرىنى قايتۇرىدۇ. زەيتۇن يېغى بىلەن

زىمات قىلىنسا چايان ۋە دۆىنىڭ زەھىرىنى قايتۇرىدۇ.

باھ كېسەللىكلىرى: ئۇنىڭدىن ئاز مىقداردا ئىلىپ زەكەرنىڭ تۆشۈكىگە سىلىپ قوسا باھنى قوۋۋەتلەيدۇ، باھنى تولۇق قوزغىتىدۇ. ئۇنى يەسمەن يېغىدا ئېرىتىپ زەكەرنىڭ تۆشۈكىگە سۈركىسە ھەر ئىككى تەرەپكە كۆپ لەززەت پەيدا قىلىدۇ. بولۇپمۇ زەيتۇن يېغىغا چىلاپ شىشە قاچىغا تۆكۈپ ئاپتاپتا تۇرغۇزغاندىن كېيىن سۈركىسە ئۇنۇمى تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ.

تەپلەر: ئىستېمال قىلسا تۆت كۈندە بىر قېتىم تۇتىدىغان تەپكە پايدا قىلىدۇ.

**زىننەت ئەزالىرى كېسەللىكلىرى:** يېمەكلىكلەر بىلەن ئىستېمال قىلسا رەڭگىروينى ياخشىلايدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** (1) مېڭە، جىگەرگە زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** ئىككى خىل ئانار، رۇمبەدىيان.

(2) مەقئەتكە زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** كەتىرا.

(3) ئۇنىڭ پۇرىقى ئىسسىق مىزاجلىقلارغا زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** بىنەپشە، نىلۇپەر، ئالما سۈيى، سەندەل شەربىتى.

**ئىستېمال مىقدارى:** 2.5 گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

**ئورۇنباسارى:** جاۋشىر، سەكبىنەج. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئەنجۇداننىڭ يىلتىزىنىڭ قايىنتىلمىسى ئۇنىڭ ئورۇنباسارى بولىدىكەن.

ئۇنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىنىڭ بىرى شۇكى، ئۇنى سۇ ئىچىنىغا تاشلىسا سۇدا قۇرت پەيدا بولۇشىنىڭ ئالدىنى ئالىدىكەن. شۇنداقلا ئۇنى ئېتىزلىقلاردا قويۇپ قويسا ھاشاراتنى قاچۇرىدىكەن. ئومۇمەن ئۇ ھەرقانداق يەردە قويۇلسا ۋە سۈرۈپ قويۇلسا ئۇ يەردىن ھاشارات قاچىدىكەن. ئۇنىڭدىن ئاز مىقداردا ئىلىپ كېسىش تەس بولغان دەرەخنىڭ يىلتىزىغا سۈرۈپ قويسا دەرەخنى بۇزۇپ كېسىشنى ئاسانلاشتۇرىدۇ. شۇنداقلا ئۇنى يىقىتىش تەس بولغان تام ـ تورۇس، پىيپەل دەرىخى ۋە بەرگەد دەرەخلىرىگە سۈركىسە ئۇنى بۇزۇپ ئاسان يىقىلدۇرىدۇ. ھىندىستان ۋە بېنگالدا ئۇنى يىقىلماقچى بولغان تام ـ تورۇسلار، ئۆيلەرگە سۈركەپ قويسا قىسقا مۇددەت ئىچىدە تام ـ تورۇسلار، گۇمبەزلەر، مەسچىتلەر، مۇنچىلارنى خاراب قىلىدۇ. ئۇنىڭدىن ئاز مىقداردا سۈركەپ قويسىمۇ كۆكەرتىپ بۇزىدۇ.

## ھەلزۇن
### (قۇلۇلە)

ئۇ سەدەپلىك ھايۋانلارنىڭ ئومۇمىي نامىدۇر. ئۇنىڭ چوڭ تۈرى پارسچە «سەفىد

مۇھرە» (سەدەپ قۇلۇلىسى) دەپ ئاتىلىدۇ. ھىندىچە «سەنكھ» دېيىلىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن قەغەز ۋە رەختلەر ئاقارتىلىدۇ ۋە پاقىرىتىلىدۇ. ئۇنىڭدىن يەنە كاناي ياسىلىدۇ. كىچىك سەدەپ قۇلۇلىسى (خەر مۇھرە) ھىندىچە «كورى» دەپ ئاتىلىدىغان بولۇپ، ھىندىستان، بېنگال ۋە باشقا ئەللەردە ئالتۇن تەڭگە ئورنىدا سودا ـ سېتىق ئىشلىرىدا ئىشلىتىلىدۇ. رۇپىيەنىڭ پارچە پۇللىرى ئۇنىڭ بىلەن ھېسابلىنىدۇ. بولۇپمۇ بېنگالدا شۇنداق قىلىنىدۇ. ھىندىستاندا سەدەپتىن قىلىنغان تەڭگە كۆپرەك ئىشلىتىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** ئۇ قۇرۇقلۇق قۇلۇلىسى، دەريا قۇلۇلىسى ۋە ئۆستەڭ قۇلۇلىسىدىن ئىبارەت ئۈچ خىل بولىدۇ. دەريا قۇلۇلىسى چوڭراق، ئۆستەڭ قۇلۇلىسى كىچىك بولۇپ، ھەممىسىنىڭ شەكلى بىر ـ بىرىگە ئوخشىمايدۇ. ئۇنىڭ ياۋىسى چاپلاشقاق بولۇپ، ئۆسۈملۈكلەر ۋە دەرەخلەر ئۈستىدە پەيدا بولىدۇ. ئۇ «زەنتاھ فەرۋى» دەپ ئاتىلىدۇ. سەدەپ ئومۇمىي ئاتالغۇ بولۇپ، مەزكۇر ھايۋاننىڭ تاشقا ئايلانغان قاتتىق قېپىنى كۆرسىتىدۇ. «شىيھ»، «ۋەدەئ»، «ئەزفارۇت ـ تىب»، «تەلىيسا»، «خۇفغۇل ـ غۇراب»، «فەرفۇرا»، «دەلنىيس»، «سەدەف»، «مەرۋايىت»، «زەنتاھ» قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى قۇلۇلىنىڭ تۈرلىرىدۇر.

**تەبىئىتى:** ئۇنىڭ تاشقا ئايلانغان قاتتىق قېپى ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇقتۇر. ئۇنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى ئاللا خالىسا «سەدەف» ماۋزۇسىدا بايان قىلىنىدۇ. ئۇنىڭ گۆشى ئىككىنچى دەرىجىدە ھۆل سوغۇقتۇر.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ئۇنىڭ مىسىردا «ئۇممۇل خۇل» دەپ ئاتىلىدىغان، يەنە «دەلنىيس» دەپمۇ ئاتىلىدىغان تۈرى ئۇنىڭ ياۋىسىنىڭ تۈرلىرىدىن بولۇپ، ئوزۇقچاق بولىدۇ، گۆشى تېزلا ياخشى قانغا ئايلىنىدۇ. ئۇ جوزام، قوتۇر، قىچىشقاق، ساراڭلىق ۋە سەۋدايىلىقنى پايدا قىلىدۇ. قۇلۇلىنىڭ باشقا تۈرلىرىنىڭ گۆشلىرى بەلغەم كۆپەيتىدۇ، توسالغۇ پەيدا قىلىدۇ. ئۇسسۇزلۇقنى، سەپرانىڭ ئۆتكۈرلۈكىنى پەسەيتىدۇ.

كۆز، قۇلاق ۋە بۇرۇن كېسەللىكلىرى: ھەممىسىنى كۆيدۈرۈلۈپ ھەسەل بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ كۆزگە سۈركىسە كۆز يارىلىرىنىڭ ئىزلىرىنى يوقىتىدۇ. گۆشىنى كۆيدۈرۈپ قەتىران بىلەن مەلھەم قىلىپ موي ۋە تەتۈر كىرپىك يۇلۇۋېتىلگەندىن كېيىن ئورنىغا سۈركىسە قايتا ئۈنۈشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. ھىندىچە «گونھگە» دەپ ئاتىلىدىغان كىچىك ئۆستەڭ قۇلۇلىسىنىڭ سۈيىنى چېچەك چىققان مەزگىلدە كۆزگە سۈركىسە چېچەكنىڭ كۆزگە چىقىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. چىقىپ بولغاندىن كېيىن سۈركىسە يوقىتىدۇ. كۆزنىڭ كۆيۈشى ۋە ئېچىشىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. يېڭى قۇلۇلىنى تۇتۇپ بەدىنى يىڭنە بىلەن تېشىپ سۈيىنى ئارتۇق كىرپىككە تامدۇرسا كىرپىكنى چۈشۈرىدۇ. پېشانىگە سۈركىسە كۆزگە كېسەللىك ماددىلىرىنىڭ قۇيۇلۇشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. قۇلاقنىڭ ئەتراپلىرىغا

سۇركىسە قـۇلاق يارىلىـرىنىڭ ھـۆللۈكلـىرىنى قـۇرۇتىدۇ. ئۇنـى كۆيدۈرۈپ سىـركە بىلـەن مەلھەم قىلىپ پېشانىگە سۇركىسە بۇرۇننىڭ قېنىنى توختىتىدۇ.

ئاشقازان كـېسەللىـكلـىرى، قۇلۇنجـى، دوۋساق ئاغـرىـقى، ھەيـز تـۇتۇلۇش: مـەزكـۇر كېسـەللىكلەرنىڭ ھـەممىسـىگە پايـدا قىلـىدۇ. زەخىملـەردىكى ئارتـۇق گۆشنى يـوقىتىـدۇ. مۇرمەككى بىلەن ئىشلەتسە قۇلۇنجى ۋە دوۋساق ئاغرىقىغا پايدا قىلىدۇ. ئۇنـىڭ قۇرۇتۇلغـان گۆشىنى تالقانلاپ ئىستېمال قىلسا ھەيز ماڭدۇرىدۇ.

ئىششىقلار، يارىلار، ئاقمىلار، سۇئۇلقۇنىيە، نۇقرەس، زەھەرلىنىشلەر: ئۇنـىڭ گۆشىنـى زىمات قىلسا نۇقرەس ئىششىقىنى ياندۇرىدۇ. سۇئۇلقۇنىيەگە پايدا قىلىدۇ. ئەزالاردا تۇرۇلۇپ قالغان ئوقنى چىقىرىدۇ. غالجىر ئىتنىڭ زەھىرىنى سۇمۇرىدۇ. ئۇنى يىڭنە بىلـەن تېشىـپ ئوتقا قاقلاپ سۈيى چىقىرىلىپ باراۋەر مىقداردىكى مۇرمەككى، سەبرە بىلەن مەلھـەم قىلىـپ چاپسا كونا ئـىششىـقلارنى يانـدۇرىدۇ، يامان يـارىلارنى تەڭـداشسىـز سـاقايتىـدۇ. مۇرمەككـى، كۇندۇر بىلەن مەلھەم قىلىپ چاپسمۇ يارىلارنى، بولۇپمۇ پەيلەرنىڭ يارىلىرىنى سـاقايتىـدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا ئۇ خاسىيىتى بىلەن قاتتىق مەدەنلەرنى يۇمشىتىدىكەن.

## ھەلفا

(بورا قومۇشى)

ئۇ قومۇشنىـڭ بىر تۈرى بولۇپ، پارسچە «پىيزەر» دەپ ئاتىلىدۇ. سۇ بويلىرىدا ئۆسىدۇ. ئۇنىڭدىن بورا ۋە باشقا نەرسىلەر توقۇلىدۇ. مەككىگە يېقىن «ھەلىيفە» دېگەن يەردە كۆپـرەك ئۆسىدۇ.

**تەبىئىتى:** بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** كۆلى بىلەن باش ئۇدا ئۈچ كۈن يۇيۇلسا باش تەمرەتكىسـى ۋە ئۇچلۇق يارىلارنى ساقايتىـدۇ. يىلـتىزىدىـن 15 گىرام ئېـلىنىـپ ھەسەل ۋە سىـركە بىلـەن ئىستېمال قىلىنسا ئاشقازان ـ ئۈچەيلەرنىـڭ مەددە قۇرتلـىرىنى ئـۆلتۈرىدۇ. تـوسالغۇلارنـى ئاچىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇ سۇ ۋە ھەسەل بىلەن ئىستېمال قىلىنىسمۇ شۇ تەسىرنـى بېرىدىكەن. ئۇنىڭ شېخىغا ئوت يېقىپ، ئۇنىڭ بىلەن بەلباغسىمان قوقاق تەكرار ئۈچ قېتىم داغلانسا پايدا قىلىدۇ. يۇمشاق ئىششىقلار داغلانسا تەرەققىي قىلىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ.

## ھەلەق

**ماھىيىتى:** بۇ بىر خىل ئۆسۈملۈكنىڭ ئۇسارىسىدىن ئىبارەت. مەزكۇر ئۆسۈملۈك يەمەندە ئۆسىدىغان بولۇپ، جىغانغا ئوخشايدۇ. مېۋىسى ئۈزۈمگە ئوخشاش باشاقلىق بولىدۇ. دانلـىرى ئىتئۈزۈمىنىـڭ دانلىرىغا ئوخشـايدۇ. پىشقاندىن كـېيىن قـىزىلغـا ئۆزگىرىـدۇ، ئاخىرىـدا

قارىدايدۇ. يوپۇرمىقى تال يوپۇرمىقىغا ئوخشايدۇ. يوپۇرمىقى چۇچۇمەل بولۇپ، گۆشى بىلەن پىشۇرۇلۇپ ئىستېمال قىلىنىدۇ.

ئۇنىڭ ئۇسارىسىنى ئېلىش ئۇسۇلى شۇكى، ئۇنىڭ يوپۇرماقلىرىنى تونۇرغا سېلىپ يۇمشىغاندا سىقىپ سۈيىنى ئېلىپ ئۇيۇتۇلىدۇ. ئۇيۇغاندىن كېيىن قارا رەڭگە كىرىدۇ. تەمى چۇچۇمەل بولىدۇ. ئانار ئۇرۇقىنىڭ سۈيىدىن ياخشىراق بولىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇنىڭ سۈيى ئۇيۇغاندىن كېيىن مەخسۇس قاچىلارغا قاچىلىنىپ قۇرۇتۇلۇپ ئەتراپلارغا ئېلىپ بېرىلىپ سېتىلىدىكەن.

**تەبىئىتى:** قۇرۇق سوغۇق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ئۇنىڭدىن 15 گىرام ئېلىنىپ 90 گىرام سۇدا ئېرىتىلىپ ئىچىلسە سەپرانى كېسىپ، ئاشقازان هارارىتى ۋە ئۇسسۇزلۇقنى پەسەيتىدۇ. غەشلىك ۋە خۇمارنى تەڭداشسىز باسىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** 15 گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

## پەسىل: «ھ» (هۇۋائ) ۋە «م» (مىيم) هەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى

### هەماهىم
(هەماهىم ئوتى)

ئۇ يەرلىك «هەبەق» ئۆسۈملۈكىدىن ئىبارەت بولۇپ، شامدا «هەبەق نىبتىي» دەپ ئاتىلىدۇ. ئەرەبچە «دىيسىم» دېيىلىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇنى «بۇستان ئەفرۇز» دەپ ئاتايدىكەن. يەنە بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ ئەمەس ئىكەن. هىندىچە «كەلغە» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماهىيىتى:** بۇ بىر خىل ئۆسۈملۈك بولۇپ، يوپۇرمىقى «بوستان ئەفرۇز» (تاجىگۈل) ئۆسۈملۈكىگە ئوخشاش، ئۇنىڭدىن كىچىكرەك بولىدۇ. هەر خىل رەڭلەردە بولۇپ، ناهايىتى مەنزىرىلىك بولىدۇ. باغلاردا تاجىگۈل بىلەن بىرلىكتە تېرىلىدۇ. «لالەئى خىتايى» (خىتاي لالىسى)، تەبرىزدا «گۈلى ئاشىقان» (ئاشىقلار گۈلى) دېگەن نام بىلەن مەشھۇردۇر.

**تەبىئىتى:** بىرىنچى دەرىجىنىڭ ئاخىرىدا قۇرۇق سوغۇق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ماددىلارنى تارقاتقۇچى، توسقۇچى قۇۋۋىتى بار. دىماقنىڭ توسالغۇلىرىنى ئاچىدۇ. بەلغەمدىن بولغان زۇكامغا پايدا قىلىدۇ. يوپۇرمىقى زىمات قىلىنسا ئوتتا كۆيگەن يارىغا شىپا بولىدۇ. «تەقۋىيم» دېگەن كىتابنىڭ ئاپتورى ئۇنى ئاشقازان، جىگەر هارارىتىنى پەسەيتىدۇ دېگەن. قايىنىتىلمىسى گۈلاب ۋە سىركەنجىۋىل بىلەن

سۇركىسە قۇلاق يارىلىرىنىڭ ھۆللۈكلىرىنى قۇرۇتىدۇ. ئۇنى كۆيدۈرۈپ سىركە بىلەن مەلھەم قىلىپ پېشانىگە سۇركىسە بۇرۇننىڭ قېنىنى توختىتىدۇ.

ئاشقازان كېسەللىكلىرى، قولۇنجى، دوۋساق ئاغرىقى، ھەيز تۇتۇلۇش: مەزكۇر كېسەللىكلەرنىڭ ھەممىسىگە پايدا قىلىدۇ. زەخىملەردىكى ئارتۇق گۆشنى يوقىتىدۇ. مۇرمەككى بىلەن ئىشلەتسە قولۇنجى ۋە دوۋساق ئاغرىقىغا پايدا قىلىدۇ. ئۇنىڭ قۇرۇتۇلغان گۆشنى تالقانلاپ ئىستېمال قىلسا ھەيز ماڭدۇرىدۇ.

ئىششىقلار، يارىلار، ئاقمىلار، سۇئۇلقۇنىيە، نوقرەس، زەھەرلىنىشلەر: ئۇنىڭ گۆشنى زىمات قىلسا نوقرەس ئىششىقىنى ياندۇرىدۇ. سۇئۇلقۇنىيەگە پايدا قىلىدۇ. ئەزالاردا تۇرۇلۇپ قالغان ئوقنى چىقىرىدۇ. غالجىر ئىتنىڭ زەھىرىنى سۈمۈرىدۇ. ئۇنى يىڭنە بىلەن تېشىپ ئوتقا قاقلاپ سۈيى چىقىرىلىپ باراۋەر مىقداردىكى مۇرمەككى، سەبرە بىلەن مەلھەم قىلىپ چاپسا كونا ئىششىقلارنى ياندۇرىدۇ، يامان يارىلارنى تەڭداشسىز ساقايتىدۇ. مۇرمەككى، كۇندۇر بىلەن مەلھەم قىلىپ چاپسىمۇ يارىلارنى، بولۇپمۇ پەيلەرنىڭ يارىلىرىنى ساقايتىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا ئۇ خاسىيىتى بىلەن قاتتىق مەدەنلەرنى يۇمشىتىدىكەن.

## ھەلفا

(بورا قومۇشى)

ئۇ قومۇشنىڭ بىر تۈرى بولۇپ، پارسچە «پېيزەر» دەپ ئاتىلىدۇ. سۇ بويلىرىدا ئۆسىدۇ. ئۇنىڭدىن بورا ۋە باشقا نەرسىلەر توقۇلىدۇ. مەككىگە يېقىن «ھەلىيفە» دېگەن يەردە كۆپرەك ئۆسىدۇ.

**تەبىئىتى:** بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** كۆلى بىلەن باش ئۇدا ئۈچ كۈن يۇيۇلسا باش تەمرەتكىسى ۋە ئۇچلۇق يارىلارنى ساقايتىدۇ. يىلتىزىدىن 15 گىرام ئېلىنىپ ھەسەل ۋە سىركە بىلەن ئىستېمال قىلىنسا ئاشقازان ـ ئۈچەيلەرنىڭ مەددە قۇرتلىرىنى ئۆلتۈرىدۇ. تۇسالغۇلارنى ئاچىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇ سۇ ۋە ھەسەل بىلەن ئىستېمال قىلىنسىمۇ شۇ تەسىرنى بېرىدىكەن. ئۇنىڭ شېخىغا ئوت يېقىپ، ئۇنىڭ بىلەن بەلباغسىمان قوقاق تەكرار ئۈچ قېتىم داغلانسا پايدا قىلىدۇ. يۇمشاق ئىششىقلار داغلانسا تەرەققىي قىلىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ.

## ھەلەق

ماھىيىتى: بۇ بىر خىل ئۆسۈملۈكنىڭ ئۇسارىسىدىن ئىبارەت. مەزكۇر ئۆسۈملۈك يەمەندە ئۆسىدىغان بولۇپ، جىغانغا ئوخشايدۇ. مېۋىسى ئۈزۈمگە ئوخشاش باشاقلىق بولىدۇ. دانلىرى ئىتئۈزۈمىنىڭ دانلىرىغا ئوخشايدۇ. پىشقاندىن كېيىن قىزىلغا ئۆزگىرىدۇ، ئاخىرىدا

قارىدايدۇ. يوپۇرمىقى تال يوپۇرمىقىغا ئوخشايدۇ. يوپۇرمىقى چۇچۇمەل بولۇپ، گۆشى بىلەن پىشۇرۇلۇپ ئىستېمال قىلىنىدۇ.

ئۇنىڭ ئۇسارىسىنى ئېلىش ئۇسۇلى شۇكى، ئۇنىڭ يوپۇرماقلىرىنى تونۇرغا سېلىپ يۇمشىغاندا سىقىپ سۈيىنى ئېلىپ ئۇيۇتۇلىدۇ. ئۇيۇغاندىن كېيىن قارا رەڭگە كىرىدۇ. تەمى چۇچۇمەل بولىدۇ. ئانار ئۇرۇقىنىڭ سۈيىدىن ياخشىراق بولىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇنىڭ سۈيى ئۇيۇغاندىن كېيىن مەخسۇس قاچىلارغا قاچىلىنىپ قۇرۇتۇلۇپ ئەتراپلارغا ئېلىپ بېرىلىپ سېتىلىدىكەن.

**تەبىئىتى:** قۇرۇق سوغۇق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ئۇنىڭدىن 15 گىرام ئېلىنىپ 90 گىرام سۇدا ئېرىتىلىپ ئىچىلسە سەپرانى كېسىپ، ئاشقازان هارارىتى ۋە ئۇسسۇزلۇقنى پەسەيتىدۇ. غەشلىك ۋە خۇمارنى تەڭداشسىز باسىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** 15 گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

# پەسىل: «ه» (هۇۋائ) ۋە «م» (مىيم) هەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى

## هەماهىم

(هەماهىم ئوتى)

ئۇ يەرلىك «هەبەق» ئۆسۈملۈكىدىن ئىبارەت بولۇپ، شامدا «هەبەق نىبتىي» دەپ ئاتىلىدۇ. ئەرەبچە «دىيسىم» دېيىلىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇنى «بۇستان ئەفرۇز» دەپ ئاتايدىكەن. يەنە بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ ئەمەس ئىكەن. هىندىچە «كەلغە» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماهىيىتى:** بۇ بىر خىل ئۆسۈملۈك بولۇپ، يوپۇرمىقى «بوستان ئەفرۇز» (تاجىگۇل) ئۆسۈملۈكىگە ئوخشاش، ئۇنىڭدىن كىچىكرەك بولىدۇ. هەر خىل رەڭلەردە بولۇپ، ناهايىتى مەنزىرىلىك بولىدۇ. باغلاردا تاجىگۇل بىلەن بىرلىكتە تېرىلىدۇ. «لالەئى خىتايى» (خىتاي لالىسى)، تىبرىزدا «گۇلى ئاشىقان» (ئاشىقلار گۇلى) دېگەن نام بىلەن مەشھۇردۇر.

**تەبىئىتى:** بىرىنچى دەرىجىنىڭ ئاخىرىدا قۇرۇق سوغۇق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ماددىلارنى تارقاتقۇچى، توسقۇچى قۇۋۋىتى بار. دىماقنىڭ توسالغۇلىرىنى ئاچىدۇ. بەلغەمدىن بولغان زۇكامغا پايدا قىلىدۇ. يوپۇرمىقى زىمات قىلىنسا ئوتتا كۆيگەن يارىغا شىپا بولىدۇ. «تەقۋىيم» دېگەن كىتابنىڭ ئاپتورى ئۇنى ئاشقازان، جىگەر هارارىتىنى پەسەيتىدۇ دېگەن. قايىنىتىلمىسى گۇلاب ۋە سىركەنجۇبىل بىلەن

ئىچىلسە ئاشقازان، جىگەردىكى بوزۇق خىلىتلارنى تازىلايدۇ. ئۇنىڭ ئۇرۇقى يۈرەكنى قۇۋۋەتلەيدۇ. ئۇنىڭ ياغ ۋە سوغۇق سۇ بىلەن پىشورۇلغىنى كونا ئىچ سۈرۈشنى توختىتىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** كۆپ ئىشلىتىلسە دوۋساققا زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** كۈندۈر.

**ئىستېمال مىقدارى:** ئالتە گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

**ئورۇنباسارى:** بوستان ئەفرۇز (تاجىگۇل)دۇر.

ئۇنىڭ يوپۇرمىقىنىڭ سۈيىدىن مۇۋاپىق مىقداردا ئىلىنىپ باراۋەر مىقداردىكى زەيتۇن يېغى بىلەن تەييارلانغان يېغى ماددىلارنى تارقىتىدۇ، قورۇغۇچى قۇۋۋىتى بار. ئۇنىڭدىن 10 گىرام ئىستېمال قىلىنسا ئاشقازاننىڭ يېلىنى تارقىتىدۇ. سۈركەلسە مېڭە پەردىلىرىنىڭ يەللىرىنى تارقىتىدۇ.

## ھىمار ئەھلىي
(يەرلىك ئېشەك)

ئۇ پارسچە «خەر»، «ئۇلاغ»، ھىندىچە «گەدھا» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** تونۇشلۇق ھايۋاندىن ئىبارەت.

**تەبئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىنىڭ ئاخىرلىرىدا ئىسسىق، ئۈچىنچى دەرىجىنىڭ باشلىرىدا قۇرۇق، ئارتۇق ھۆللۈكى بار.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** گۆشى قوپال بولۇپ، ياۋا ئېشەكنىڭ گۆشىدىن تەسرەك سىڭىدۇ.

باش كېسەللىكلىرى: جىگىرى كاۋاپ قىلىپ ناشتىدا ئىستېمال قىلىنسا تۇتقاق كېسەل، تۆت كۈندە بىر قېتىم تۇتىدىغان تەپكە پايدا قىلىدۇ.

ئۇنىڭ كۆيدۈرۈلگەن تۇيىقىدىن كۈندە 5.2 گىرام ئىلىپ ئىستېمال قىلىنسا بويۇن قىڭغىر بولۇپ قېلىش، تۇتقاق كېسەلگە پايدا قىلىدۇ. تۇيىقى قويۇق شاراب بىلەن ئىسرىق سېلىنسا سارائىلىققا پايدا قىلىدۇ. تېزىكى سىركە بىلەن مەلھەم قىلىنىپ پېشانىگە چاپلىسا بۇرۇننىڭ قېنىنى توختىتىدۇ. ئۇنىڭ تېزىكى سىقىلىپ سۈيى بۇرۇنغا يالغۇز تېمىتىلسىمۇ بۇرۇننىڭ قېنىنى توختىتىدۇ. قۇرۇق تېزەككە سىركە چېچىلىپ بۇرۇنغا سۇمۇرۇلسە، ھۆل تېزەكنىڭ سۈيى بۇرۇنغا تېمىتىلسا تۇتقاق كېسەلگە پايدا قىلىدۇ.

جىگەر، ئۆت، بۆرەك، دوۋساق كېسەللىكلىرى، زەھەرلىنىشلەر ۋە باشقىلار: ئۇنىڭ سۈيدۈكى ئىچىلسە بۆرەك ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ. ئۇنىڭ تېزىكىنىڭ سۈيى سىقىپ ئىچىلسە يەرقانغا پايدا قىلىدۇ. ئەزالاردىكى تاشنى پارچىلايدۇ. ھامىلە ۋە بالا ھەمراھىنى چىقىرىدۇ.

ئۇنىڭ تۇيىقى بىلەن ئىسرىق سىلىنسا تۇغۇتنى ئاسانلاشتۇرىدۇ. تۇيىقى ئىستېمال قىلىنسا جوزامغا داۋا بولىدۇ. كۆيدۈرۈلگەن تۇيىقى زىمات قىلىنسا كونا يېرىقلارنى ساقايتىدۇ. زەيتۇن يېغى بىلەن زىمات قىلىنسا چاشقان يارىسى، بوغۇم ئاغرىقلىرى ۋە ئاقمىغا شىپا بولىدۇ. ئۇنىڭ جىگىرى كۆيدۈرۈلۈپ زەيتۇن يېغى بىلەن زىمات قىلىنسىمۇ چاشقان يارىسىغا پايدا قىلىدۇ. شاراب بىلەن زىمات قىلىنسا تىرناقنىڭ پورلىشىشى ۋە تىرناق ئاقىرىشقا پايدا قىلىدۇ. يېغى زىمات قىلىنسا يارىلارنىڭ ئىزلىرىنى يوقىتىدۇ. ئۇنىڭ يېغى ئىسسىق ھالەتتە ئىستېمال قىلىنسا ئىچكى ئەزالاردىكى يارىلارنى ساقايتىدۇ. ئۆت يېگەن ئېشەكنىڭ تېزىكى شاراب بىلەن ئىچىلسە چايانىنىڭ زەھىرىنى قايتۇرىدۇ. مېڭىسى زەيتۇن يېغى بىلەن سۈركەلسە چاچ ئۈندۈرىدۇ، ئۇزارتىدۇ. يەرلىك ئېشەكنىڭ چىشىنى تەكىي ئاستىغا قويۇپ ئۇخلىسا ئۇيقۇ كەلتۈرىدۇ. تېلى سۈت كۆپەيتىدۇ. قېنى بوۋاسىرغا سۈركەلسە يوقىتىدۇ، بەتقىلىق بالىنى خۇشقىلىق قىلىدۇ. سۈتى بىلەن ئېغىز چايقالسا چىش ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ. ئىچسە ئىسسىقتىن بولغان كونا يۆتەل، سىل، جۇدەتكۈچى تەپكە پايدا قىلىدۇ. قۇيرۇقىنىڭ مويى شارابقا تاشلانسا ئىچكەنلەر ئارىسىدا قالايمىقانچىلىق پەيدا قىلىدۇ. سۈيدۈكى كېمىگە سۈركىسە كۆپ بېلىقلار ئەتراپىغا ئولىشىدۇ. پېشانىسىنىڭ تېرىسى كىچىك بالىلارغا ئېسىپ قويۇلسا چۆچۈشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. قۇلىقىنىڭ كىرىدىن 3.0 گىرام ئېلىپ، تولا يىغلايدىغان كىچىك بالىغا يېگۈزۈلسە يىغىسىنى پەسەيتىدۇ. جالىنۇسنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇنىڭدىن مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىنىپ بوۋاسىرغا 3~4 قېتىمغىچە سۈركەلسە بوۋاسىرنىڭ دانچىلىرىنى چۈشۈرىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، چايان چېقىۋالغان ئادەم ئېشەككە تەتۈر مىنىپ بىر قانچە قەدەم ماڭسا ھەمدە ئېشەكنىڭ قۇلىقىغا مېنى ئېشەك چېقىۋالدى دېسە ئاغرىقى پەسىيىدىكەن. ئۇنىڭ چۈيىسى سۇ تەگمىگەن كوزىغا سېلىنىپ ئوت ئۈستىدە قويۇلۇپ كۆيۈشكە يېقىن بولغۇچە پىشۇرۇپ سالايە قىلىنىپ زەيتۇن يېغى بىلەن مەلھەم قىلىنىپ سۈركىسە چاچ ئۈندۈرىدۇ، ئۇزارتىدۇ، بۇ جەھەتتىكى تەسىرى ناھايىتى ياخشىدۇر. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇنىڭ يېڭى چۈيىسى ئىسسىق دورىلار بىلەن پىشۇرۇلۇپ ئىستېمال قىلىنسا زەكەرنى چوڭايتىدىكەن، سىناقتىن ئۆتكەن تەدبىرلەردىن ھېسابلىنىدىكەن. ئۇنىڭ قۇرۇتۇلغان چۈيىسى تۆت كۈندە بىر قېتىم تۇتىدىغان تەپ تۇتقاندىن كېيىن تاماكا ئورنىدا چېكىلسە، ئارقىدىن ئازراق ئۇخلىسا پايدا قىلىدۇ، سىناقتىن ئۆتكەن دەپ قارىلىدۇ. ئۇنىڭ چۈيىسىگە توغرىغۇ، ئاقىرقەرھا سېپىلىپ 2.5 گىرامى موگۇ سۈيى بىلەن ئىشلىتىلسە ئىچ سۈرۈشنى توختىتىدۇ. ئۇنىڭ گۆشى داۋاملىق ئىستېمال قىلىنسا سەۋدا ۋە ئۇنىڭدىن بولىدىغان كېسەللىكلەرنى پەيدا قىلىدۇ. ئەگەر كىشى ئۇنى ئىستېمال قىلىشقا مەجبۇر بولسا سەۋدانى سۈرۈپ چىقىرىش، مايلار ۋە لوئابلار بىلەن ھۆللۈك يەتكۈزۈش بىلەن بەدىنىنى پەرۋىش قىلىپ تۇرۇشى لازىم. ئەگەر ئۇنى ئىستېمال

قىلغاندىن كېيىن بەدەنى ئېغىرلاشسا، ئەزالىرى تارتىشسا، ئاشقازىنىدىن تېز ئۆتمىگەنلىكى سېزىلسە تۇربۇت ۋە سوقمونىيا قوشۇلغان پەرزىجىلەر، شىيافلار ياكى جاۋارىشلارنى دەرھال ئىشلىتىپ ئۇنى بەدىنىدىن چىقىرىشقا ئالدىراش لازىم.

## ھىمارۇل ۋەھش
(ياۋا ئېشەك)

ئۇ پارسچە «گور خەر» دەپ ئاتىلىدۇ. «خەرى گور» دېگەن نام بىلەن مەشھۇردۇر.

**ماھىيىتى:** تونۇشلۇق ھايۋاندۇر.

**تەبىئىتى:** يەرلىك ئېشەكتىن قۇرۇق ئىسسىقراقتۇر.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** گۆشى قوپال بولۇپ، سەۋدا پەيدا قىلىدۇ. ئىستېمال قىلىشقا توغرا كەلسە تۇز، سېرىقچېچەك، دارچىن، زەنجىۋىللەر بىلەن يۇمشاق پىشۇرۇپ ئىستېمال قىلىنىدۇ.

باش، كۆز، كۆكرەك كېسەللىكلىرى: پېشانىسىنىڭ تېرىسى باش ياكى بىلەككە ئېسىپ قويۇلسا تۇتقاق كېسەلگە پايدا قىلىدىغان بولۇپ، سىناقتىن ئۆتكەن دەپ قارىلىدۇ. بەزىلەر ئۇنىڭ تېرىسىدىن بىر غېرىچ مىقداردا ئېلىش كېرەك دەيدۇ. ئۇنىڭ تۇيىقىدىن ئۈزۈك ياسىلىپ سول تەرەپ نامسىز بارماققا سېلىنسا تۇتقاق كېسەلگە پايدا قىلىدۇ، سىناقتىن ئۆتكەن. ئەمما مەزكۇر ئۈزۈكنى ئايدا بىر قېتىم يېشىلاپ ۋە ئۆزگەرتىپ تۇرۇش لازىم. يېغى ئانا سۈتى بىلەن مەلھەم قىلىنىپ بالىغا سۈركەلسە يىغىسىنى توختىتىدۇ. ئۇنىڭ كۆزىگە داۋاملىق قاراپ بېرىلسە كۆزنى ساغلاملاشتۇرىدۇ. كۆزگە سۇ چۈشۈشنى توسىدۇ. قۇرۇتۇلغان ئۆپكىسى ھەسەل ۋە كەترا بىلەن ئىستېمال قىلىنسا كاناي ئىششىقى، يۆتەل، زىققە نەپەس كېسەللىكىگە پايدا قىلىدۇ.

بۆرەك، دوۋساق، ئۈچەي، باھ كېسەللىكلىرى، داغ، دائىرىلىك چاچ چۈشۈش، پاچاق ۋېنالىرىنىڭ ئەگرى - بۈگرىلىشىشى ۋە باشقىلار: مېڭىسى ئىستېمال قىلىنسا كۆرپىگە سىيىپ يېتىشقا پايدا قىلىدۇ. ئۆتىدىن سەككىز مىللىگرام ئېلىنىپ خولىنجان، كاللەكسەي سۈيى بىلەن ئىستېمال قىلىنسا دوۋساقتىكى تاشنى پارچىلايدۇ. يېغى قوستە يېغى بىلەن ئىشلىتىلسە بۆرەك، بەل، ئۇرۇقدان ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ. زەكىرى باھنى ئىنتايىن قۇۋۋەتلەيدۇ. ئۆتى سۈركەلسە دائىرىلىك چاچ چۈشۈش ۋە پاچاق ۋېنالىرىنىڭ ئەگرىلىشىشىگە پايدا قىلىدۇ. يېغى داغ يوقىتىدۇ، كالا تەمرەتكىسىگە پايدا قىلىدۇ. شورپىسى ئىچىلسە، يېغى ئىستېمال قىلىنسا بوغۇملار ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ. قويۇق يەللەرنى تارقىتىدۇ. جىگىرى ۋە ئۆتىنىڭ تەسىرلىرى يەرلىك ئېشەكنىڭ تەسىرلىرىگە ئوخشايدۇ.

# ھۆمماز
(ئاتقۇلاق)

ئۇ يۇنانچە «توتاق ئەغرىيون»، شىرازچە «تۇرۇشە» (چۈچۈمەل ئوت)، ھىندىچە «چوكا»، فىرانسۇزچە يەرلىكى «ئەشلىيە كىياتىم»، ياۋىسى «ئەشىيە پاتىم» دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇنىڭ يەنە بىر تۈرى بار بولۇپ، كىچىك بولىدۇ. يوپۇرمىقى ئۈچ يوپۇرماق ئۆسۈملۈككە ئوخشايدۇ. ئۈچ يوپۇرماقلىق ھۆممازى دىگەن مەنىدە «ئەترىيفىيلىن» دەپ ئاتىلىدۇ. ئەرەبچە «ھەمزىيز»، ھىندىچە «ئەمرولە» دەپ ئاتىلىدۇ.

ماھىيىتى: ياۋا ئۆسىدىغىنى، سۇدا ئۆسىدىغىنى ۋە يەرلىك ئۆسىدىغىنىدىن ئىبارەت ئۈچ خىل بولىدۇ. يەرلىك ئۆسىدىغىنى ئىككى خىل بولۇپ، يوپۇرمىقى كەڭ، تەمىسىز بولغىنى «سىلىق بەررىي» (ياۋا قىزىلچا)، تۈركچە «قوزى غىلاپى»، ھىندىچە «چوكا» دەپ ئاتىلىدۇ. يەمەن خەلقى «بەتەئىل» دەپ ئاتايدۇ. يەنە بىر خىلىنىڭ يوپۇرمىقى ئۇششاق بولۇپ، «ھۆممازى بوستانىي» (يەرلىك ھۆمماز) دەپ ئاتىلىدۇ. ھەممىسىنىڭ يىلتىزى قىزىلغا مايىل، مېۋىسى باشاقلىق، توپلاشقان ھالەتتە بولىدۇ. ئۇرۇقى قارا، پارقىراق بولۇپ، ئۇششاق، ئۈچ قىرلىق، قىزىل غىلاپ ئىچىدە بولىدۇ. ئۇنىڭ يەنە بىر تۈرىنىڭ ئۇرۇقى گۈلسىز پەيدا بولىدۇ. ئۇنىڭ مەزكۇر ئىككى تۈرى چۈچۈمەل بولۇپ ھەممىنىڭ ياخشىسى ھېسابلىنىدۇ.

**تەبىئىتى:** بىرىنچى دەرىجىدە سوغۇق، ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇقتۇر. ئىككىنچى دەرىجىنىڭ بېشىدا قۇرۇق سوغۇقمۇ دېيىلگەن. قابىز قۇۋۋىتى بار.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ئېغىز كېسەللىكلىرى: ئۇسارىسى بىلەن ئېغىز چايقىسا چىش ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ، ئېغىز يارىسى، مېڭە، ئاشقازان، جىگەر كېسەللىكلىرىگە پايدا قىلىدۇ. خۇمار، قۇسۇش، سەپرادىن بولغان كۆڭۈل ئېلىشىشنى پەسەيتىدۇ، لاي ۋە ئۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىلەرنى يېيىشكە ئوخشاش ناچار ئارزۇلارنى يوقىتىدۇ. يەرقانغا شىپا بولىدۇ. جىگەرنى قۇۋۋەتلەيدۇ. ئۇسسۇزلۇق، ھارارەت پەسەيتىدۇ. تائام ئىشتىھاسىنى ئاچىدۇ. چايانىنىڭ زەھىرىنى قايتۇرىدۇ. پىشۇرۇلۇپ ئىستېمال قىلىنسا تەرەتنى بوشىتىدۇ. سۇماق بىلەن ئىستېمال قىلىنسا ئۈچەي يارىسى ۋە زەخمىسىنى ساقايتىدۇ. قاينىتىلمىسى شاراب بىلەن ئىچىلسە يەرقانغا پايدا قىلىدۇ. ئۇ پىشۇرۇلۇپ، زەيتۇن يېغى بىلەن قورۇلۇپ يۇمغاقسۇت، ئازراق زىرە، ئانار سۈيى سېپىلىپ ئىستېمال قىلىنسا ئىچ سۈرۈشنى توختىتىدۇ. شاراب بىلەن قاينىتىلىپ زىمات قىلىنسا چاشقان يارىسى، قۇلاق ئاستى بېزى ئىششىقى، قوتۇر، ئاقكېسەل، كالا تەمرەتكىسىگە، سىركە بىلەن زىمات قىلىنسا تالغا، گۈل يېغى ۋە زەپەر بىلەن زىمات قىلىنسا يىرىڭلىق يارىلارغا داۋا بولىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** باھقا زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** شەربەتلەر.

**ئىستېمال مىقدارى:** 54 گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

**ئورۇنباسارى:** ئۆترۇج سۈيى.

ئۇنىڭ ئۇرۇقى بىرىنچى دەرىجىدە سوغۇق، ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق، قابىزدۇر.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:**

يۈرەك، ئاشقازان، جىگەر، ئۈچەي كېسەللىكلىرى، زەھەرلىنىشلەر ۋە باشقىلار: ئىسسىقتىن بولغان خەفەقان، ئاشقازان كۆيۈشۈش، يەرقان، ئۈچەي يارىسىغا پايدا قىلىدۇ. چايانىنىڭ زەھىرىنى قايتۇرىدۇ. قورۇلۇپ پىشۇرۇلغىنى قان، سەپرا، جىگەردىن بولغان ئىچ سۈرۈشنى توختىتىدۇ. ئۇنىڭ بەك قورۇلغىنى ئىچ سۈرۈشنى توختىتىدۇ. ھومماز ئۇرۇقى سول بىلەككە ئېسىۋېلىنسا ھامىلىدارلىقنى چەكلەيدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇنىڭ چايانىنىڭ زەھىرىنى قايتۇرۇش تەسىرى كۈچلۈك بولۇپ، ئۇنى ئىستېمال قىلغاندىن كېيىن چايان چاقسا چايانىنىڭ زەھىرى تەسىر قىلمايدىكەن.

**زىيانلىق تەسىرى:** بۆرەك، تالغا زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** ئارپىبەدىيان، قەنت.

**ئىستېمال مىقدارى:** ئالتە گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

ئۇنىڭ يىلتىزى قاندىن بولغان ئىچ سۈرۈش، ئۈچەي زەخمىسى، يەرقانغا پايدا قىلىدۇ، بالىياتقۇ سۈيۈقلۇقى ۋە ھەيز قېنىنى توختىتىدۇ. زىمات قىلىنسا يارىلاشقان قوتۇر، كالا تەمرەتكىسى، سۆزەك ۋە تىرناق يېرىلىشلارغا شىپا بولىدۇ. ئارپا ئۇنى بىلەن زىمات قىلىنسا بەدەننىڭ قىچىشىشنى پەسەيتىدۇ. سىركە بىلەن قايناتىلىپ ئىستېمال قىلىنسا تال ئىششىقىنى تارقىتىدۇ. بويۇنغا ئېسىۋېلىنسا چاشقان يارىسىنى ساقايتىدۇ. قايناتىلمىسى ئىچىلسە توسۇلۇشتىن بولغان يەرقانغا پايدا قىلىدۇ. بۆرەك ۋە دوۋساقتىكى تاشنى پارچىلاپ چۈشۈرىدۇ. ھەيزنى ھەيدەيدۇ.

ئۇنىڭ ياۋسىنىڭ يوپۇرمىقى كەڭ بولۇپ، تەمى پاقىيوپۇرمىقىنىڭ تەمىگە، شەكلى قىزىلچا يوپۇرمىقىنىڭ شەكلىگە ئوخشايدۇ. ئۇ «سىلىق جەبەلىي» (تاغ قىزىلچىسى) دەپ ئاتىلىدۇ. يىلتىزى ئىسپانچە «ھەلىيمۇنا» دەپ ئاتىلىدۇ. ئۆسۈملۈكنىڭ سۈيى ئىچىلسە، يوپۇرمىقى پىشۇرۇلۇپ ئىستېمال قىلىنسا ئۈچەينىڭ سەپرادىن ۋە قۇرۇقلۇقتىن بولغان زەخمىسىگە پايدا قىلىدۇ. يىلتىزىنىڭ تەسىرلىرى يەرلىكنىڭ تەسىرلىرىدىن كۈچلۈكرەك بولىدۇ. يىلتىزى ناۋات بىلەن ئىستېمال قىلىنسا يۆتەل پەسەيتىدۇ. يىلتىزىدىن بەش گىرام ئېلىنىپ تۆمۈر پوقىنىڭ سۈيى بىلەن ئىستېمال قىلىنسا بوۋاسىرغا پايدا قىلىدىغان بولۇپ، سىناقتىن ئۆتكەن. زىمات قىلىنسا بوغۇملار ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ. ئەزالارنىڭ

سوقۇلۇپ زەخىملىنىشى ۋە ئىسسىقتىن بولغان نۇقرەسكە داۋا بولىدۇ. ئۇنىڭ يىلتىزى كەپە يىلتىزى بىلەن ئىسرىق سېلىنسا سىرتقى بوۋاسىرنى قۇرۇتىدۇ ۋە دانچىلىرىنى چۈشۈرىدۇ. ئۇ مۇقەلى ئەزرەق، ياغ مومى ۋە زىغىر ئۇرۇقى بىلەن بىرلىكتە پىلتە قىلىنىپ ئىشلىتىلسە ئىچكى بوۋاسىرغا پايدا قىلىدۇ.

ئۇنىڭ سۇدا ئۆسىدىغىنى ئۆستەڭ بويلىرىدا ئۆسىدۇ. يوپۇرمىقى قاتتىق بولۇپ، كاسىنە يوپۇرمىقىغا ئوخشايدۇ. ئۆسۈملۈكى نېلۇپەر ئۆسۈملۈكىگە، يىلتىزى قىزىلچىغا ئوخشايدۇ. ئۇرۇقى قارا، قىزىلغا ئازراق مايىل بولىدۇ. تەمى يەرلىكىنىڭ ئۇرۇقىنىڭ تەمىگە ئوخشايدۇ. ئۇ «هۇمىمازۇل بەقەر» (كالا هۇممازىسى)، سۇ بويلىرىدا ئۆسكەنلىكى ئۈچۈن «سىلىق مائىي» (سۇ قىزىلچىسى) دەپ ئاتىلىدۇ.

**تەبىئىتى:** قۇرۇق سوغۇق، قابىزلىققا ئىگە.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** يەرلىكىنىڭ تەسىرلىرى ۋە خۇسۇسىيەتلىرىگە ئوخشايدۇ. خەفەقان ۋە كۆڭۈل ئېلىشىشقا شىپا بولىدۇ. شاراب بىلەن ئىشلىتىلسە غەم قىلىش ۋە ياتسىراشتەك خاھىشنى يوقىتىدۇ، مەقئەتنى چىڭىتىدۇ. كۆڭۈلنى خۇرسەن قىلىدۇ. زىمات قىلىنسا قوتۇر، يارىلار، يامان يارىلار، ئىسسىقتىن بولغان ئىششىقلارغا پايدا قىلىدۇ. زەخىملەرنى ساقايتىدۇ. ئۇرۇقى ۋە يوپۇرمىقى چاينالسا چىش ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ. چىش مىلىكىنى چىڭىتىدۇ. داۋاملىق يېيىلسە يەرقاننى يوقىتىدۇ.

**ئورۇنباسارى:** بەتبات (قۇشقاچتىلى ئۆسۈملۈكى).

## هەمام
(كەپتەر)

ئۇ پارسچە «كەبۇتەر» دەپ ئاتىلىدۇ. هىندىچىمۇ شۇ نام بىلەن مەشهۇردۇر.

**ماهىيىتى:** بۇ تونۇشلۇق قۇش بولۇپ، ياۋا ۋە يەرلىكتىن ئىبارەت ئىككى خىل بولىدۇ. ياۋىسى كۆپ هاللاردا كۈل رەڭ، كۆككە مايىل بولىدۇ. يەرلىكى هەر خىل رەڭلەر بىلەن رەڭلەنگەن بولۇپ، ياۋىسىدىن خۇشرەڭرەك ۋە چىرايلىقراق بولىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىنىڭ ئاخىرىدا ئىسسىق، بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇقتۇر. ياۋىسى يەرلىكىدىن قۇرۇق ئىسسىقراق، ئۇچۇچانراقتۇر. هەر ئىككىسىنىڭ ئارتۇق هۆللۈكى بار.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** يەرلىكىنىڭ باچكىسى، بولۇپمۇ قانات ـ قۇيرۇقى يېڭى چىقىشقا باشلىغانلىرى ياخشىراقتۇر.

باش، كۆز، ئاشقازان، جىگەر، بۆرەك، باھ كېسەللىكلىرى: گۆشى ئىستېمال قىلىنسا

پالەچ، لەقۋا، رەئشە، ئەزالارنىڭ سەزمەس بولۇپ قېلىشى، ئىستىرخاغا پايدا قىلىدۇ. ياخشى قان پەيدا قىلىدۇ. قورساقتا سۇ چۈشۈش، يەللىك ئىستىسقاغا داۋا بولىدۇ. بەدەننى سەمرىتىدۇ. بۆرەكنى، باھنى قۇۋۋەتلەيدۇ، مەنىي كۆپەيتىدۇ. يېڭى تاشلىقنىڭ ئىچى تازىلىنىپ ئىستېمال قىلىنسا يىلاننىڭ زەھىرىنى قايتۇرىدۇ. كەپتەر باچكىسى كۈنجۈت يېغى بىلەن تۇز ۋە سۇسىز قورۇلۇپ پىشۇرۇلۇپ ئىستېمال قىلىنسا بۆرەك، دوۋساقتىكى تاشنى پارچىلاپ شۇ ھامان چىقىرىدۇ. قېنى پېشانىگە سۈركىسە دىماق پەردىلىرىدىن كەلگەن قاننى توختىتىدۇ. شۇنداقلا ئۇنىڭ قۇرۇق قېنىدىن باقىلە چوڭلۇقىدا ئىستېمال قىلىنسىمۇ شۇ تەسىرنى بېرىدۇ. ئىسسىق قېنى ئۇستىخانغا يەتكەن يارىغا تۆكۈلسە ساقايتىدۇ. باچكىنىڭ يېڭى پېيى يۇلۇنغاندا چىقىدىغان قان كۆزگە تېمىتىلسا كۆزدىكى يارا، كۆز تورلىشىش، كۆزگە پەردە ئۆسۈش، كۆز ئېقىدا خال پەيدا بولۇش، ناماز شام قارىغۇسىغا پايدا قىلىدۇ.

كەپتەر مايىقى ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق بولۇپ، جۇلا بېرىدۇ، يارىلاندۇرىدۇ. ئۇنىڭدىن 3~10 گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنسا سوغۇقتىن بولغان ئىستىسقاغا پايدا قىلىدۇ. ئۇنىڭ 10 گىرامى ئالتە گىرام دارچىن بىلەن ئىشلىتىلسە تاش پارچىلاپ چۈشۈرىدۇ، سىناقتىن ئۆتكەن. مايىقى كۆيدۈرۈلۈپ، بۇرۇننىڭ ئەتراپىغا سۈركەلسە بۇرۇننىڭ قېنىنى تەڭداشسىز توختىتىدۇ. مايىقى كۆيدۈرۈلۈپ شورى يىغىۋېلىنىپ تۇرۇپ سۈيى بىلەن ئىستېمال قىلىنسا ئەزالاردىكى تاشنى پارچىلاپ چۈشۈرىدۇ. مايىقى ھۆرق ئۆسۈملۈكى ۋە قىچا بىلەن زىمات قىلىنسا كونا باش ئاغرىقى، باشنىڭ يېرىمى ئاغرىش، بوغۇملار ئاغرىقى، بىقىن ئاغرىقى، نۇقرەس ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ. ئارپا ئۇنى بىلەن زىمات قىلىنسا قاتتىق ئىششىقلارنى تارقىتىدۇ. زەيتۇن يېغى بىلەن ئىشلىتىلسە ئوت كۆيۈك يارىسىنى ساقايتىدۇ. سىركە بىلەن ئىشلىتىلسە چاشقان يارىسىنى تارقىتىدۇ. زىغىر ئۇرۇقى بىلەن ئىشلىتىلسە چىيقاننى ئېغىز ئالدۇرىدۇ. ئۇنىڭ مايىقى بۇغداي ئۇنى، قەتران ۋە ئاز مىقداردىكى سۇ بىلەن مەلھەم قىلىنىپ بەرەسكە ئۈچ كېچە - كۈندۈز سۈركەلسە، يۇيۇۋېتىلىپ يەنە سۈركەلسە بەرەسنى ناھايىتى ياخشى ساقايتىدۇ. سىركە بىلەن مەلھەم قىلىنىپ تازغا ۋە تۈرلۈك ئىستىسقالارغا سۈركەلسە ياخشى پايدا قىلىدۇ. ئۇنىڭ قاينىتىلمىسىدا ئولتۇرسا سۈيدۈكنى راۋانلاشتۇرىدۇ. يېغى سۈركەپ بېرىلسە يارىلارنىڭ ئىزلىرىنى يوقىتىدۇ. بېشىنى پېيى بىلەن كۆيدۈرۈپ سالايە قىلىپ كۆزگە سۈركەلسە كۆز تورلىشىش، كۆز ئالدى قاراڭغۇلىشىش ۋە ناماز شام قارىغۇسىغا پايدا قىلىدۇ. كەپتەر باچكىسىنى ئۆلتۈرۈپ قارنىنى يېرىپ چايان چېقىۋالغان ئورۇنغا قىزىق تاڭسا چايانىنىڭ زەھىرىنى تارتىدۇ.

ئۇنىڭ تۇخۇمى ناھايىتى ئىسسىق بولۇپ، خام ئىستېمال قىلسا گالنى

سىقىلىقلاشتۇرىدۇ، ئۆپكىنى نەمدەيدۇ. رەڭگىروينى ياخشىلايدۇ. كىچىك باللار ھەسەل بىلەن ئىستېمال قىلسا تىلى تېز چىقىدۇ. بەش دانە كەپتەر تۇخۇمىنى چوشقا يېغى بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ زەكەر تۆشۈكىگە سۈركىسە باھنى غايەت زور دەرىجىدە قوزغىتىدۇ.

ئۇنىڭ ئۆتى كۆزگە سۈركەلسە كۆزگە چۈشكەن سۇ ۋە ئاقنى يوقىتىدۇ. كۆز تورلىششقا شىپا بولىدۇ. يۇت سۆڭىكى كۆيدۈرۈلۈپ پەرزىجە قىلىنسا قىزىلىقنى ئەسلىگە كەلتۈرىدىغان بولۇپ سىرلاردىن ھېسابلىنىدۇ. كەپتەر باچكىسى داۋاملىق ئىستېمال قىلىنسا ئاقكېسەل پەيدا قىلىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** مەيلى ياۋا كەپتەر ياكى يەرلىك كەپتەر بولسۇن ئىسسىق مىزاجلىقلارغا زىيان قىلىدۇ، بېشىنى ئاغرىتىدۇ. قاننى كۆيدۈرىدۇ. كەپتەر باچكىسىنىڭ ئىسسىق دورا ـ دەرمانلار بىلەن قىلىنغان كاۋىپى كۆپ ئىستېمال قىلىنسا قاننى كۆيدۈرىدۇ، جوزام پەيدا قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** ئۇنى غورا ئۈزۈم سۈيى، سىركە، يۇمغاقسۈتلەر بىلەن پىشۇرۇپ يېيىش، ئارقىدىن كاسىنە، ھۆل تەرخەمەك ئىستېمال قىلىشتىن ئىبارەت. بەدىنىگە سۇلۇق قاپارتما ئۆرلىگەن ئادەم ئاستى ياكى ئۈستىدە كەپتەر بار يەردە تۇرسا شىپا تاپىدۇ. كەپتەر بىلەن بىرگە تۇرسا پالەچ، سەكتە، بىخۇد ئۇيقۇ، باللار تۇتقاق كېسىلى، ئەزالارنىڭ سەزمەسلىكى، تائۇنغا ئوخشاش مېڭە، پەي ـ نېرۋا كېسەللىكلىرى ۋە ئوفۇنەتلىك كېسەللىكلەرگە پايدا قىلىدۇ، كىشىدىكى ياتسىراش تۇيغۇسىنى يوقىتىدۇ، ھاۋانىڭ بۇزۇلۇشىنى تۈگىتىدۇ.

## ھەماما
(ھۇماما)

بۇ نىبىتچە سۆزدۇر. ئۇ يەنە «ئەمامۇن»، «ئەمۇمىن»مۇ دېيىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** بۇ بىرقانچە خىل بولىدۇ. بىر خىلى دەرەخكە ئوخشايدىغان ئۆسۈملۈك بولۇپ، شاخلىرى گىرەلەشكەن ھالەتتە، رەڭگى قىزىل ياقۇتقا ئوخشاش بولىدۇ. قاتتىق بولۇپ، باشاققا ئوخشايدۇ. گۈلى ئۈششاق بولۇپ، خەيرىگۈل گۈلىگە ئوخشايدۇ. يوپۇرمىقى «فاشرا» ئۆسۈملۈكىنىڭ يوپۇرمىقىغا ئوخشايدۇ. ئۆتكۈر، خۇش پۇراق بولىدۇ. گۈلى يۇنانچە «لوفايىن»، شىرازچە «باھلو» دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇرۇقى تىلنى كۆپ چاقىدۇ. ئەرمىنىيە، تەرسۇس شەھەرلىرىدە ئۆسىدۇ. بۇ ئۇنىڭ تۈرلىرىنىڭ ئەڭ ياخشىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ئۇنىڭ سۇ بويلىرىدا ئۆسىدىغان يەنە بىر تۈرىمۇ بار بولۇپ، شامدىن چىقىدۇ. كۆككە مايىل، يۇمشاق بولۇپ، قولغا سۈركەلسە سۇزاپقا ئوخشاش پۇرايدۇ.

ئۇنىڭ يەنە بىر تۈرىمۇ بار بولۇپ، «نىبىتىي» (نىبىتتىن چىقىدىغىنى) دەپ ئاتىلىدۇ.

ئۇنىڭ شاخلىرى گىرەلەشمەيدىغان بولۇپ، ئېگىز ئۆسىدۇ. ئۇرۇق بىلەن توشقان بولۇپ، ئۇرۇقىنىڭ پۇرىقى ئۆتكۈر، رەڭگى ئاقتا مايىل قىزىل بولىدۇ. گۈلى قىزىلغا مايىل سېرىق بولۇپ، يېتىلگەندىن كېيىن قىزىرىدۇ. سۇ بويلىرىدا ئۈنىدۇ. ئۇرۇقى پىشىشتىن بۇرۇن يىغىۋېلىنسا تېزلا بۇزۇلۇپ قالىدۇ. قۇۋۋىتى يەتتە يىلغىچە تۇرىدۇ. «تۆھپەتۇل مۆئمىنىين» (مۆمىنلەرگە قىلىنغان ھەدىيە) ناملىق كىتابنىڭ ئاپتورىنىڭ يېزىشىچە، ئۇنىڭ سۇ بويلىرىدا ئۆسىدىغان تۈرى ئەڭ ياخشىسى ئىكەن.

**تەبىئىتى:** ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق. بەزىلەر ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق دېگەن.

**خۇسۇسىيتى ۋە ئىشلىتىلىشى:**

باش كېسەللىكلىرى، ئىششىقلار، زەھەرلىنىشلەر، ھەزىم ئەزالىرى، ئاجرىتىش ئەزالىرى كېسەللىكلىرى: ئۇ پېشانىگە زىمات قىلىنسا باش ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ. توسالغۇلارنى ئاچىدۇ. ئىسسىقتىن بولغان ئىششىقلارنى تارقىتىدۇ. يالغۇز ياكى ياۋا رەيھان بىلەن ئىشلىتىلسە چايان زەھىرىنى ياندۇرىدۇ. قۇرۇق ئۈزۈم بىلەن ئىشلىتىلسە ئىچكى ئەزالارنىڭ ئىششىقلىرىنى قايتۇرىدۇ. ئىستېمال قىلىنسا مەست قىلىدۇ، ئۇخلىتىدۇ، خۇرسەن قىلىدۇ، ئاشقازاننى تازىلايدۇ. ئۇ يەنە جىگەر، تال توسالغۇلىرىنى ئېچىش، ئۇلارنىڭ قاتتىق ئىششىقلىرىنى تارقىتىش، قورساق ئاغرىقىنى پەسەيتىش ۋە يەل تارقىتىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

جىگەر كېسەللىكلىرى: قايىنىتىلمىسى جىگەرنىڭ كونا ئىششىقى، بالىياتقۇ ئىششىقى ۋە باشقا ئەزالار ئىششىقلىرىنى ياندۇرىدۇ. سۈيدۈك، ھەيز تۇتۇلۇش، نۇقرەس ئاغرىقىغا پايدا قىلىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن ھەمەلچە ۋە پەرزىجە قىلىنسا مەقئەت ۋە بالىياتقۇ ئىششىقىنى تارقىتىدۇ. شۇنداقلا ئۇنىڭ قايىنىتىلمىسىدا ئولتۇرسا، پۇتنى چىلاپ ئولتۇرسىمۇ مەزكۇر تەسىرنى بېرىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن مەلھەم قىلىنىپ چېپىلسا نۇقرەسكە پايدا قىلىدۇ. ئۇ ياۋا رەيھان بىلەن مەلھەم قىلىنىپ چېپىلسا چايانىنىڭ زەھىرىنى قايتۇرىدۇ. سۈرمىلەرگە قوشۇلىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** ئالتە گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

**ئورۇنباسارى:** باراۋەر مىقداردا ئاسارۇن، ئۇد ھىندى، قەرەنەپىل ياكى ئېگىر، يېرىم ھەسسە ئاق زىرە.

**زىيانلىق تەسىرى:** ئاشقازانغا زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** سەندەل، گۈلاب، دارچىن.

ئۇنىڭغا ئۇنىڭ ئالتىدىن بىرىچىلىك مىقداردا دارچىن قوشۇپ ئەرەق تارتىپ ھەسەل ئارىلاشتۇرۇپ ئاپتاپتا قويۇپ مەلۇم مۇددەتتىن كېيىن ئىستېمال قىلسا خۇرسەن قىلىش

تەسىرى ۋە باشقا تەسىرلىرى شارابتىن كۈچلۈكرەك بولىدۇ. ئۇنىڭدىن ئۈچ مىللىلىتىر ئىلىپ 1.5 گىرام شىشە كۈشتىسى بىلەن ئىستېمال قىلسا سۈيدۈك ھەيدەيدۇ، ئەزادىكى تاشنى شۇ كۈنىسى پارچىلايدۇ.

## ھىممەس
(نوقۇت)

ئۇ پارسچە «نوخۇد»، ھىندىچە «چىنە» دېيىلىدۇ. يەنە بىر تىلدا «بۇنت» دەپ ئاتىلىدۇ. تۈركچە «بولچاق» دېيىلىدۇ.

**ماھىيتى:** ئۇ ياۋا ۋە يەرلىكتىن ئىبارەت ئىككى خىل بولىدۇ. يەرلىكىنىڭ ئۆسۈملۈكى بىر غۇلاچتىن بىر يېرىم غۇلاچقىچە ئۇزۇنلۇقتا ئۆسىدۇ. شاخلىرى ناھايىتى ئىنچىكە بولۇپ، ئۇنىڭدا چېشلىق، ناھايىتى ئۇششاق يوپۇرماقلىرى بولىدۇ. مېۋىسى پىستە چوڭلۇقىدىكى غىلاپ ئىچىدە بولۇپ، ھەربىر غىلاپتا بىر دانىدىن تۆت دانىغىچە ئۇرۇقى بولىدۇ. باقىلا ۋە ئۇنىڭغا ئوخشاش يېيىلىدىغان دانلارنىڭ ئەڭ ياخشىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئاق، دانلىرى چوڭ، يېڭى بولغانلىرى ياخشىلىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ئۇنىڭ ياۋىسىمۇ يەرلىكىگە ئوخشايدىغان بولۇپ، رەڭگى قارامتۇل، كىچىكرەك، مېۋىسى سەل ئاچچىق، قىزىلغا مايىل، ئۇزۇنچاق بولىدۇ.

ئۇنىڭ يەرلىكىنىڭ يەنە بىرقانچە تۈرلىرىمۇ بار. بىر خىلى ئاق، دانلىرى چوڭ بولۇپ، يۇمشاق بولىدۇ. يەنە بىر خىلى قىزىل، قاتتىق، دانلىرى ئۇششاق بولىدۇ. يەنە بىر خىلى قارا بولىدۇ. يەنە بىر خىلى قارىغا مايىل بولىدۇ.

ئۇنىڭ ياۋىسى «ھىممەسى كۇرۇسنى» دەپ ئاتىلىدۇ.

**تەبىئىتى:** بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق، ياۋىسى بىرىنچى دەرىجىنىڭ ئاخىرىدا قۇرۇق ئىسسىق، يەنى ئۇنىڭدىن ئىسسىقراق ۋە قۇرۇقراقتۇر. بەقراتنىڭ قارىشىچە، ئۇ ئىككىنچى دەرىجىدە ئىسسىق، بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇقتۇر. ھۆلى بىرىنچى دەرىجىدە ھۆلدۇر. قۇۋۋىتى ئۈچ يىلغىچە تۇرىدۇ. يەل پەيدا قىلغۇچى، قورساقنى ئەسكۈچىدۇر.

**خۇسۇسىيتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ياۋىسى ئىستېمال قىلىنسا ماددىلارنى تازىلايدۇ، جىگەر، تال، بۆرەك توسالغۇلىرىنى ئاچىدۇ. زىمات قىلىنسا يارىلاشقان قوتۇر، كالا تەمرەتكىسىگە پايدا قىلىدۇ. قۇلاق ئاستى بېزى ۋە ئۇرۇقداننىڭ ئىششىقلىرىنى تارقىتىدۇ. ھەسەل بىلەن زىمات قىلىنسا يارىلارنى تازىلايدۇ، راك يارىلىرىنى ساقايتىدۇ.

ئۇنىڭ يەرلىكى تەرەتنى بوشىتىدۇ. تەبىئىي ھارارەتنى كۈچەيتىدۇ، ئۆپكە ۋە بەلنى قۇۋۋەتلەيدۇ. ياخشى قان پەيدا قىلىدۇ. ئوزۇقلۇقى كۆپ بولۇپ، بەدەننى سەمرىتىدۇ.

ئىشتىھانى ئاچىدۇ.

كۆكرەك ئەزالىرى، ھەزىم ئەزالىرى ۋە ئاشقازان كېسەللىكلىرى: ئۆپكىنى قۇۋۋەتلەش رولى باشقا دانلارغا قارىغاندا كۈچلۈكرەكتۇر. يېڭى سۈت بىلەن ئىستېمال قىلسا قۇرۇقلۇقتىن پەيدا بولغان تەپ بىرگە بولمىغان ئاۋاز پۈتۈشكە پايدا قىلىدۇ. ئەگەر تەپ بىرگە بولسا سۈت ئورنىغا سۇ ئىچىلىدۇ. ئۇنى سىركىگە بىر كېچە چىلاپ قويۇپ ئەتىگەن ناشتىدا ئىستېمال قىلىپ شۇ كۈنى باشقا نەرسە يېمىسە ئاشقازاندىكى مەددە قۇرتىنى ئۆلتۈرىدۇ، كۆپ سىناقتىن ئۆتكەن. قايىنتىلمىسىنى ئازراق تۇز بىلەن ئىچسە شىلىمشىق ماددىلارنى پارچىلايدۇ. تۇزلۇقلۇقى بىلەن توسالغۇلارنى ئاچىدۇ. ھارارىتى بىلەن سۈيدۈك ھەيدەيدۇ. خاسىيىتى بىلەن كۆكرەك ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ، ئۆپكە يارىسىغا پايدا قىلىدۇ.

باھ كېسەللىكلىرى: ئۇنى سۇغا چىلاپ خام ئىستېمال قىلسا، ئارقىدىن سۈيىنى ھەسەل بىلەن ئىچسە جىما قۇۋۋىتىدىن ئۈمىدىنى ئۈزگەنلەرنىڭ جىما قۇۋۋىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرىدۇ دەپ قارىلىدۇ. تائام ئارىلىقىدا نوقۇت ئىستېمال قىلسا ھەزىمگە ياردەم بېرىدۇ. ئۇنىڭدىن ئاتىلا تەييارلىنىپ سىركە بىلەن ئىچسە، قايىنتىلمىسىدا ئولتۇرسا مەقئەت كېسەللىكلىرىگە پايدا قىلىدۇ. بالىياتقۇنى تازىلايدۇ. قورساق ۋە مەقئەت مەددە قۇرتىنى چۈشۈرىدىغان بولۇپ، بۇنىڭ ئۈچۈن ئەڭ ياخشى دورا ھېسابلىنىدۇ. ئۇنى چالا پىشۇرۇپ ئىسسىق ئىستېمال قىلسا قاندىن بولغان بوۋاسىرغا پايدا قىلىدىغان بولۇپ، سىناقتىن ئۆتكەن. ئۇنىڭ كۆك ھالەتتىكى ھۆلى كېرەكسىز ماددىلارنى پەيدا قىلىدىغان بولۇپ، چىلانمىسى ئىچىپ بېرىلسە چىش مىلىكىنىڭ ئىششىقىنى تارقىتىدۇ. چىش ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ.

ئۇنىڭ يېغى ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق، ئۆتكۈر بولۇپ، سىڭىپ كىرگۈچى قۇۋۋەتكە ئىگىدۇر. چاچ ۋە باھنى قۇۋۋەتلەيدۇ. چىش، چىش مىلىكى ۋە سوغۇقتىن بولغان ئاغرىقلارنى پەسەيتىدۇ. جوزام ۋە ئۇنىڭ ئوخشاشلىرىغا ئىنتايىن ياخشى پايدا قىلىدۇ. ئىستېمال قىلسا مەزكۇر كېسەللىكلەرنىڭ ھەممىسىگە شىپا بولىدۇ. رەڭگىروينى ۋە ئاۋازنى ياخشىلايدۇ. مەلھەم قىلىپ چېپىلسا باھنى قۇۋۋەتلەيدۇ، داغ ـ سەپكۈن ۋە ئۇنىڭ ئوخشاشلىرىنى يوقىتىدۇ.

قارا نوقۇتنىڭ قايىنتىلمىسى ھامىلە چۈشۈرىدۇ، ئەزالاردىكى تاشلارنى پارچىلاپ چۈشۈرىدۇ. كېرەكسىز ماددىلارنى ھەيدەيدۇ. ھەممە تەسىرى ئېقىنىنىڭ تەسىرىدىن كۈچلۈكرەك بولىدۇ. زەھەر قايتۇرغۇچى قۇۋۋىتى بار. ئىستىسقا، توسالغۇدىن بولغان يەرقان، جىگەر توسۇلۇشقا پايدا قىلىدۇ، يەل تارقىتىدۇ، جوزامغا داۋا بولىدۇ.

نوقۇتنىڭ ھەرقايسى قىسىملىرى مەلھەم قىلىنسا باش ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ، رەڭگىروينىڭ سېرىقلىقىنى ئالىدۇ. تاز، داغ، ئەزالارنىڭ قىچىشىشى ۋە سېزىمسىزلىنىشى،

بوغۇم كېسەللىكلىرىگە پايدا قىلىدۇ، چاچنى قۇۋۋەتلەيدۇ.

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇنىڭ شۇنداق خاسىيىتى بار ئىكەنكى، ئاي يېڭى چىققاندا بەدەندىكى سۆگەللەرنىڭ سانىچە نوقۇت ۋە بىر دانە چوڭ نوقۇت ئېلىپ كەڭ رەختكە ئوراپ، رەختنىڭ ئىككى ئۇچىنى چات ئارىلىقىدىن چىقىرىپ تاغاق ئۇستىدىن چىگىپ ئۇچىنى ئارقا تەرەپكە تاشلىسا سۆگەللەر ئاي ئاخىرىغىچە ساقىيىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** دوۋساق يارىسىغا زىيان قىلىدۇ. يەل پەيدا قىلىدۇ، قورساقنى ئېسىدۇ، تەستە ھەزىم بولىدۇ، بولۇپمۇ ھۆلى تېخىمۇ شۇنداق.

**تۈزەتكۈچىسى:** جاۋارىش كۇمۇنى، زىرە، سېرىقچېچەك، گۈلقەنت. ئىسسىق مىزاجلىقلار ئۈچۈن سىركەنجىۋىل سادده، خەشخاش.

**ئورۇنباسارى:** باھنى قۇۋۋەتلەش ئۈچۈن لوبىيا، باشقا تەسىرلىرى ئۈچۈن تۇرمۇستۇر. نوقۇتتىن كېيىن سۇ ئىچىلسە ناھايىتى زىيان قىلىدۇ.

## پەسىل: «ھ» (ھۆۋائى) ۋە «ن» (نۇن) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى

### ھىننا

(خېنە ئۆسۈملۈكى)

بۇ ئەرەبچە سۆزدۇر. يۇنانچە «ئەرقان»، «فەقۇلىين»، ھىندىچە «مىھەندى» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** ئۇ بىر خىل تونۇشلۇق ئۆسۈملۈك بولۇپ، غولى بىر غۇلاچ، ئۇنىڭدىن ئېگىزرەك بولىدۇ. ھىندىستان ۋە بېنگالدا بىر ـ ئىككى ئادەم بويى ئېگىزلىكتە ئۆسىدۇ. غولى قىزىل بولىدۇ. يوپۇرمىقى ئانار يوپۇرمىقىغا ئوخشاش، ئۇنىڭدىن چوڭراق، كىچىكرەك، يۇمشاقراق بولىدۇ. كۆپ ئەللەردە، بولۇپمۇ بېنگالدا قارىغايغا ئوخشاش يوپۇرماق تاشلىمايدۇ. ئەمما ھاۋا ئىسسىق بولغان، قۇياش سەرەتان بۇرجىدىن مىزان بۇرجىنىڭ ئاخىرىغىچە بولغان يامغۇر پەسلىدە بەكرەك كۆكلەيدۇ، كۆركەمرەك بولىدۇ. تېرىلىپ ھەم قەلەمچە قىلىنىپ كۆپەيتىلىدۇ. قەلەمچە قىلىنىپ كۆپرەك ئۆستۈرۈلىدۇ. گۈلى «فاغىيە» دەپ ئاتىلىدۇ، ئاققا مايىل قىزىل، خۇش پۇراق بولىدۇ. بېنگالغا ئوخشاش بەزى ئەللەردە يىلدا ئىككى قېتىم، يەنى يامغۇر پەسلىدە بىر قېتىم، قىش پەسلىدە يەنە بىر قېتىم مېۋە بېرىدۇ. مېۋىسى قارىمۇچ چوڭلۇقىدا بولۇپ، ئادراسمان ئۇرۇقىغا ئوخشايدۇ. پوستى چوڭراق، باشاقلىق بولۇپ، ئىچىدىن كۆپلىگەن ئۇششاق ئۇرۇقلار چىقىدۇ. ئەركەك، چىشى بولىدۇ. ئەركىكىنىڭ يوپۇرمىقى كەڭرەك، چوڭراق، چىشىسىنىڭ يوپۇرمىقى كىچىكرەك، يېشىلراق

بولىدۇ. سالايە قىلىنغاندىن كېيىن رەڭلىكرەك بولىدۇ. چىشىسىنىڭ ئۈسۈملۈكى چىرايلىقراق بولىدۇ.

**تەبىئىتى:** مۆرەككەپ قۇۋۋەتلەرگە ئىگە، سوغۇقلۇققا مايىل، ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق، بىرىنچى دەرىجىدە ئىسسىقمۇ دېيىلگەن.

**خۇسۇسىيتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** باش، كۆز ۋە ئېغىز كېسەللىكلىرى: ئۇ باراۋەر مىقداردىكى ياڭاق يوپۇرمىقى بىلەن زىمات ۋە مەلھەم قىلىنسا دائىرىلىك باش ئاغرىقى، پۈتۈن باش ئاغرىقى، باشنىڭ يېرىمى ئاغرىش، يەلدىن ۋە بەلغەمدىن بولغان باش ئاغرىقىغا پايدا قىلىدۇ، سىناقتىن ئۆتكەن. شۇنداقلا ئۇ سىركە بىلەن مەلھەم قىلىنىپ پېشانىگە چېپىلىسىمۇ باش ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ. زۇپتى ۋە گۈل يېغى بىلەن مەلھەم قىلىنىپ چېپىلسا باش يارىسىغا پايدا قىلىدۇ. قەتىران ۋە زەيتۇن يېغى بىلەن مەلھەم قىلىنىپ چېپىلسا چاچنى ئۆستۈرىدۇ. ئۇ پېشانە ۋە ئىككى چېكىگە سۈركەلسە، بولۇپمۇ ھۆل يۇمغاقسۈت سۈيى بىلەن مەلھەم قىلىنىپ سۈركەلسە كۆزگە كېسەللىك ماددىلىرىنىڭ تۆكۈلۈشىنى توسىدۇ. ئۇنىڭ قاينىتىلمىسى بىلەن ئېغىز چايقالسا ئېغىزدىكى يارىلار ۋە بالىلار ئېغىز يارىسىنى ساقايتىدۇ. ئۇ چېچەك مۇدۇرلىرى چىقىشقا باشلىغاندا تاپانغا چېپىلسا ئۇنىڭ كۆزگە چىقىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. بولۇپمۇ ئاز مىقداردىكى زاراڭزا چېچىكى ۋە زەپەر بىلەن چېپىلسا تەسىرى تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ. ھەدىس شېرىپتا «خېنەگۈللەرنىڭ غوجايىنىدۇر. ئۇنىڭ بىلەن چاچ بوياش ئىسلام ۋە ئىمان ئەھلىنىڭ بەلگىسى بولۇپ، باش ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ، كۆزنى روشەنلەشتۈرىدۇ، باھنى قۇۋۋەتلەيدۇ» دېيىلگەن. ئۇ ئاشقازان، جىگەر، تال، سۈيدۈك يولى كېسەللىكلىرى، بالىياتقۇ كېسەللىكلىرى، جوزام، تائۇن، ۋابا ۋە باشقا كېسەللىكلەرگە پايدا قىلىدۇ. ئۇنىڭ ئۆزىدىن 5.2 گىرام، چىلانمىسىدىن 50 مىللىلىتىر ئىستېمال قىلىنسا يەرقان، تال كېسەللىكى، بۆرەك، دوۋساقتا تاش پەيدا بولۇش، سۈيدۈك تۇتۇلۇشقا پايدا قىلىدۇ، ھامىلە چۈشۈرىدۇ. ئۇدا ئون كۈنگىچە ئىستېمال قىلىنسا ۋابا، سۈيدۈك يولى يارىلىرىغا پايدا قىلىدۇ، سۈيدۈك، ھەيز ھەيدەيدۇ. پورلاشقان، ئۇپرىغان تىرناقنىڭ ئورنىغا يېڭى تىرناق ئۆستۈرىدۇ. ئۇنىڭ چىلانمىسىدىن مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ 35 گىرام شېكەر بىلەن ئىستېمال قىلىنسا جوزامنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە پايدا قىلىدۇ. ئېيىتىشلارغا قارىغاندا، ئۇ بىر ئاي داۋاملىق ئىستېمال قىلىنغاندىن كېيىنمۇ جوزام ساقايمىسا باشقا ئىلاج قوبۇل قىلمايدىكەن. قاينىتىلمىسىنىڭ سۈيى تۆكۈلسە كۆيدۈرگە ۋە ئوت كۆيۈكىگە پايدا قىلىدۇ. ئۇ مەلھەم قىلىنىپ چېپىلسا زەرداب ئېقىۋاتقان ئىسسىق ئىششىقلارغا شىپا بولىدۇ. گۈل يېغى بىلەن مەلھەم قىلىپ چېپىلسا قوتۇرنى، ئىنەكپىتى يوپۇرمىقى بىلەن مەلھەم قىلىپ چېپىلسا كونا يىرىق، تىز ئاغرىقىنى، ھۆرف گۈلى بىلەن مەلھەم قىلىنىپ چېپىلسا پەتەق (چىقىق، گىرىژ) نى ساقايتىدۇ. تالقان قىلىپ سېپىلسە

يارىلارنى قۇرۇتىدۇ. قۇرۇق يوپۇرمىقى سوقۇلۇپ ئۆچكە يېغى بىلەن مەلھەم قىلىنىپ چېپىلسا يارىلارنى، بولۇپمۇ تىرناق يارىلىرىنى ساقايتىدۇ.

ئۇرۇقىدىن بەش گىرام ئېلىنىپ ھەسەل، كەترا بىلەن ئىستېمال قىلىنسا مېڭىنى ناھايىتى قۇۋۋەتلەيدۇ.

ئۇنىڭ گۈلى مۆتىدىل، ئۇچۇچان بولۇپ، بەش گىرامى 90 مىللىلىتىر سۇ ۋە ھەسەل بىلەن ئىشلىتىلسە تۇرلۇك باش ئاغرىقلىرىنى پەسەيتىدۇ. نەزلە سۇيۇقلۇقلىرىنى توختىتىدۇ. ھۆللۈكلەرنى قۇرۇتىدۇ. ئۇ سىركە بىلەن مەلھەم قىلىنسا باش ئاغرىقنى پەسەيتىدۇ. يالغۇز مەلھەم قىلىنسا پالەچ، مېڭە، پەي - نېرۋا كېسەللىكلىرىگە پايدا قىلىدۇ. پەي - نېرۋىلارنىڭ ئاغرىقلىرىنى پەسەيتىدۇ. بوغما كېسەلگە شىپا بولىدۇ، يارىلارنى ساقايتىدۇ. ياغىنىڭ مومى ۋە گۈل يېغى بىلەن مەلھەم قىلىنىپ چېپىلسا بىقىن ئاغرىقنى پەسەيتىدۇ، ئەزالارنىڭ سوقۇلۇپ زەخىملىنىشىگە شىپا بولىدۇ. تالنىڭ خاس دورىلىرى بىلەن چېپىلسا تال ئىششىقى، تال ئاغرىقى ۋە يېلىنى تارقىتىدۇ. ئۇ يۇڭ كىيىملەرگە قويۇپ قويۇلسا كۈيە يېيىشنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. ئۇنىڭ يوپۇرمىقىنىڭمۇ شۇ تەسىرى باردۇر.

ئۇنىڭ «دۇھنۇل فاغىيە» دەپ ئاتىلىدىغان، گۈل يېغىغا ئوخشاش ياغلارغا تەكرار چىلاپ تەييارلىنىدىغان يېغى ماددىلارنى تارقاتقۇچى، چاچنى قۇۋۋەتلىگۈچى، رەڭگىرويىنى چىرايلىقلاشتۇرغۇچىدۇر.

**ئورۇنباسارى:** مەرزەنجۇش يېغى.

ئۇنىڭ يوپۇرمىقىنىڭ يېغىمۇ قۇۋۋەتلىگۈچى، ماددىلارنى تارقاتقۇچى، ئاغرىقلارنى پەسەيتكۈچى، پەيلەرنىڭ تارتىشىشىنى تۈگەتكۈچى ۋە بوغۇملارنىڭ ئاغرىقلىرىنى پەسەيتكۈچىدۇر. ئۇ قارابادىندا بايان قىلىندى.

**زىيانلىق تەسىرى:** ئېيتىشلارغا قارىغاندا خېنە گال ۋە ئۆپكىگە زىيان قىلىدىكەن.

**تۈزەتكۈچىسى:** كەترا، ئىسپىغۇل لۇئابى.

**ئىستېمال مىقدارى:** بەش گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ، ئۇنىڭدىن ئارتۇق ئىستېمال قىلىنسا ھالاك قىلىدۇ.

## ھەندەقۇقا

(ياۋا بېدە)

بۇ نىبىتچە ئىسمىدۇر.

**ماھىيىتى:** بۇ بىر خىل ئۆسۈملۈك بولۇپ، بېدىنىڭ تۈرلىرىدىندۇر. ياۋا ۋە يەرلىكتىن ئىبارەت ئىككى خىل بولىدۇ. ياۋىسى ئەرەبچە «ھەباقا»، يۇنانچە «لوتۇس ئەغرىيۇس»، پارسچە «دىيۇ ئىسپىت سەھرائىي» (ياۋا بېدە)، شىرازچە «ئەندىقوقو»، لاتىنچە «لوتىس سەكرار»، ھىندىچە «بەسكەپرە»، «كەدە پەرنە» دەپ ئاتىلىدۇ. يەرلىكى ئەرەبچە «زىيانىق»، يۇنانچە

«لوتۇس»، مەلۇم تىلدا «تەرىيفلىن»، لاتىنچە «تەرىيفلىم ئوراتىم»، «بەكستىيلان»، «تەرلول» دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇنىڭ ياۋىسى ھىندىچە «بەسكەپرە» دېگەن نام بىلەن مەشھۇردۇر. ئىسپاندا «شەبدەر»، مازىندارانداا «شەرۋىت» دەپ ئاتىلىدۇ.

ئۇ ئاق ۋە قىزىلدىن ئىبارەت ئىككى خىل بولىدۇ. ئېقى كۆچلۈكرەك بولۇپ، كۆپ ھاللاردە ئىستېمال قىلىنىدۇ. غولى سەل توم، ئاق، يۇمشاق بولىدۇ، 3~4 غۇلاچ ئېگىزلىكتە يەرگە يېيىلىپ ئۆسىدۇ. يوپۇرمىقى سەل كەڭ، ئۇزۇنچاق، بەزىلىرىنىڭ يوپۇرمىقى، گۈلى ئۇششاق، توپلاشقان بولۇپ، بىنەپشە رەڭدە بولىدۇ. ئىچىدە ئاق رەڭلىك گۈل چاڭلىرى بولىدۇ. ئۇنىڭدا شاخلار ۋە يوپۇرماقلار ئۆسۈپ چىقىدۇ. ئۇرۇقى ئۇششاق، يۇملاققا مايىل بولۇپ، رەڭگى نانخانىڭ رەڭگىگە ئوخشايدۇ. يوپۇرمىقىنىڭ تەمى ئومۇمەن سېمىز ئوت يوپۇرمىقىنىڭ تەمىگە ئوخشايدىغان بولۇپ، ئۆتكۈر بولىدۇ.

ئۇنىڭ قىزىلىنىڭ غولى قاتتىقراق، بىنەپشە رەڭگە مايىل بولۇپ، 3~4 غۇلاچقىچە ئېگىزلىكتە يەرگە يېيىلىپ ئۆسىدۇ. يوپۇرمىقى ئېقىنىڭ يوپۇرمىقىغا ئوخشايدۇ. يوپۇرمىقى ۋە شاخلىرىنىڭ ئارىسىدا ناھايىتى ئىنچىكە شاخلىرى ئۆسكەن بولۇپ، ئۇچىدا ئۈچ دانە ۋە ئۇنىڭدىن ئارتۇق ھاۋا رەڭ گۈل ئېچىلىدۇ. گۈلىنىڭ ئۈستىدە ئاققا مايىل، ئىنچىكە تومۇرلىرى بار. ئۇنىڭ ئۇرۇقى ئېقىنىڭ ئۇرۇقىدىن ئۇششاقراق بولىدۇ. يوپۇرمىقىنىڭ تەمى يەرلىكىنىڭ تەمىگە ئوخشايدۇ، سەل قىرتاق بولىدۇ. گالنى بەكرەك قورۇيدۇ. ئۇ توغرىسىدا «غولى يېرىم غۇلاچ ئۇزۇنلۇقتا، شاخلىرى ئىنچىكە بولىدۇ، يوپۇرمىقى تىرناق چوڭلۇقىدا، گۈلى خۇش پۇراق بولۇپ، ئاققا، قىزىلغا مايىل بولىدۇ» دەپ يېزىلغان، بەلكىم ئۇ شۇ ئەللەردە شۇنداق بولۇشى مۇمكىن. ئۇنىڭ يوپۇرمىقى ۋە ئۇرۇقى ئىشلىتىلىدۇ. ھىندىستان خەلقى يىلتىزىنىمۇ ئىشلىتىدۇ.

**تەبئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە ئىسسىق، بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇقتۇر.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** كۆز كېسەللىكلىرى: سۈيى كۆزگە سۈركەلسە كۆز تورلىشىش، كۆزگە ئاق چۈشۈش ۋە كۆز يارىسىغا پايدا قىلىدۇ.

ھەزىم ئەزالىرى، ئاجرىتىش ئەزالىرى قاتارلىقلار شاراب بىلەن ئىستېمال قىلىنسا ئىستىسقا، يەرقان، قۇلۇنجى، قورساق ئاغرىقىغا پايدا قىلىدۇ. ئۆلتۈرگۈچى زەھەرلەرنى قايتۇرىدۇ. چىيقانلارنى ساقايتىدۇ. ئۈچ خىل خىلتنى، يەنى سەپرا، قان ۋە بۇزۇق بەلغەمنى ئىسلاھ قىلىدۇ. تەرەتنى بوشىتىدۇ. ئىشتىھانى ئاچىدۇ. ئۇنىڭ يوپۇرمىقى پىشۇرۇلۇپ ئازراق ياغ بىلەن قورۇلۇپ ئىستېمال قىلىنسىمۇ شۇ تەسىرنى بېرىدۇ. ئۇنىڭ كاسىنە يوپۇرمىقى ۋە بىدانجىر گۈلىنىڭ ئەرقىنى تارتىش ئۇسۇلى بىلەن تارتىلغان ئەرقى سوغۇق ئىستىسقاغا پايدا قىلىدۇ. ئۇنىڭ يېغى بوغۇملار ئاغرىقى ۋە ئۇرۇقدان ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** كۆپ ئىستېمال قىلىنسا گالنى ئاغرىتىدۇ.

**تۆزەتكۈچىسى:** قارا سۇنا، هۆل كاسىنە.

ئۇنىڭ هۆلى چارۋىلارنىڭ مىزاجىغا ماس كېلىدۇ. ئۇلارنىڭ بۇزۇق خىلىتلىرىنى تازىلايدۇ.

ئۇنىڭ ئۇرۇقى باهنى قوزغايدۇ. مەلهەم قىلىنسا داغ يوقىتىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** ئۇرۇقىدىن 10 گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

ئۇنىڭ ياۋىسىنىڭ يوپۇرمىقى چوڭراق، غولى ئېگىزرەك بولىدۇ. ئۇرۇقى شۇمشا ئۇرۇقىغا ئوخشاش، ئۇنىڭدىن كىچىكرەك بولىدۇ. بەتتەم، گۈلى قىزىل بولىدۇ. ئۇ «يۇنچە كوهى» (تاغ بېدىسى) دەپ ئاتىلىدۇ.

**تەبئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** سۈيىنى ئىچسە تۇتقاق كېسەلگە پايدا قىلىدۇ. بىقىن ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ. ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەيدۇ، ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ. يەل تارقىتىدۇ. خولېراغا شىپا بولىدۇ. دوۋساقنىڭ سوغۇقلۇقى، سۈيدۈك تامچىلاشقا پايدا قىلىدۇ. سۈيدۈك، هەيز، سۈت ۋە تەرنى ماڭدۇرىدۇ. ئۇنىڭ سۈيى بۇرۇنغا تېمىتىلسا تۇتقاق كېسەل، ساراڭلىققا پايدا قىلىدۇ. سىقىلغان سۈيى قۇيۇلسا چايان چېقىۋالغاندىكى ئاغرىقنى پەسەيتىدۇ. ساق ئەزاغا تۆكۈلسە ئاغرىق پەيدا قىلىدۇ، غىدىقلايدۇ. قاينىتىلمىسىدا ئولتۇرۇلسا باللارنىڭ ئايغىنى تېز چىقىرىدۇ. ئۇنىڭ يېغى بىلەن مايلىنىلسا ئەزالارنىڭ ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ. ئۇنىڭ سىقىلغان سۈيى بىلەن يۇيۇلسا تېرىنى تازىلايدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** باشنى ئاغرىتىدۇ، ئىسسىق مىزاجلىقلارغا زىيان قىلىدۇ.

**تۆزەتكۈچىسى:** يۇمغاقسۈت، سوغۇق كۆكتاتلار.

ئۇنىڭ ئۇرۇقى ئۆسۈملۈكىدىن ئىسسىقراق ۋە قۇرۇقراق بولۇپ، باهنى قۇۋۋەتلەيدۇ. جۇلا بېرىدۇ. مەلهەم قىلىنسا كىرلەرنى تازىلايدۇ. يۈزدىكى داغنى چۈشۈرىدۇ، بۇ جەهەتتىكى تەسىرى ئۇنىڭ ئۆزىدىن كۈچلۈكرەكتۇر.

**ئىستېمال مىقدارى:** 10 گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** (1) قوتۇر پەيدا قىلىدۇ.

**تۆزەتكۈچىسى:** كەتىرا.

(2) كۆكرەككە زىيان قىلىدۇ.

**تۆزەتكۈچىسى:** شەكەرى ئەبلۇج.

ئۇنىڭ خاسىيىتى شۇكى، هامىلدار ئايالنىڭ سول يوتىسىغا باغلاپ قويۇلسا تۇغۇتنى ئاسانلاشتۇرىدۇ. ئەمما تۇغۇپ بولغاندىن كېيىن دەرهال ئېلىۋېتىش لازىم.

«دەستۇرۇل ئەتىببائ» (تېۋىپلار دەستۇرى) ناملىق كىتابنىڭ ئاپتورىنىڭ يېزىشىچە، ئۇنىڭ ئېقىننىڭ سايىدا قۇرۇتۇلغان يىلتىزى سۇ ياكى گۈلاب بىلەن سالايە قىلىنىپ كۆزگە

سۈركەلسە تۆكۈلگەن كىرپىكنى ئۈستۈرىدىكەن، كۆز ياشانغىراش ۋە قاپاق قوتۇرغا پايدا قىلىدىكەن. ئۇنىڭ كۆكىنىڭ سۈيىدىن 27 گىرام ئېلىپ 124 گىرام كالا سۈتى بىلەن ئىستېمال قىلىنسا تۇتۇلغان سۈيدۈكنى راۋان قىلىدۇ. ئۇنىڭ يىلتىزىدىن مۇرچ چوڭلۇقىدا ئېلىپ بىر دانە مۇرچ بىلەن بىرلىكتە ئىستېمال قىلسا ۋە كۈندە بىر دانىدىن كۆپەيتىلىپ تاكى 40 كۈنگىچە ئىستېمال قىلسا، يەنى 40 ـ كۈنگە بارغاندا 40 دانە ئىستېمال قىلسا، ئۇنىڭدىن كېيىن كۈندە بىر تالدىن ئازايتىلىپ بىر دانىگە كەلتۈرۈلسە ھۆل سوغۇقتىن بولغان كېسەللىكلەرنىڭ كۆپ قىسمى، بەلغەمدىن بولغان كونا تەپلەر، بولۇپمۇ ھىندىچە «سەنجەر» دەپ ئاتىلىدىغان، ھەر ئايىنىڭ بېشى، ئوتتۇرىسى ياكى ئاخىرىدا قاتتىق تەپ بولۇش بىلەن ئىپادىلىنىدىغان كېسەللىككە، ئۇرۇقدان خالتىسىغا سۇ چۈشۈش ۋە پۇتلار ئىششىپ ئاغرىشقا ناھايىتى پايدا قىلىدۇ.

## ھىنتە

## (بۇغداي)

ئۇ ئەرەبچە «بۇرر»، «قەمھ»، پارسچە «گەندۇم»، ھىندىچە «گىيھۇن» دەپ ئاتىلىدۇ. قورۇلۇپ چالا سوقۇلغىنى ئەرەبچە «دەشىيش»، «بەرغل»، پارسچە «بەرغۇل» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيىتى**: يېيىلىدىغان مەشھۇر ئاشلىقلاردىن بولۇپ، يېڭى، دانلىرى چوڭ، سېرىققا مايىل ئاق بولغانلىرى، ئۇنىڭدىن قالسا ئاقلىرى ياخشىلىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

**تەبىئىتى**: بىرىنچى دەرىجىدە ئىسسىق، ھۆللۈكى ۋە قۇرۇقلۇقى مۆتىدىل، ھۆلى ئىككىنچى دەرىجىدە ھۆلدۇر.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى**: ساغلام كىشىلەرنىڭ ئەڭ ياخشى ئوزۇقلۇقى بولۇپ، ئوزۇقلۇقى مولدۇر. بەدەننى سەمرىتىدۇ، ئەمما توسالغۇ پەيدا قىلىدۇ. تومۇرلىرى ۋە ئىچكى ئەزالىرىدا توسالغۇ بولغان كىشىلەرگە زىيان قىلىدۇ. ھۆلىنىڭ خېمى ئاشقازاندا مەددە قۇرت پەيدا قىلىدۇ. تۇزەتكۈچىسى كونا سىركە، ئاچچىقسۇ. ھامىلىدار ئاياللارغا زىيان قىلىدۇ. پىشۇرۇلغىنى يەل پەيدا قىلىدۇ، تەستە ھەزىم بولىدۇ. تۈزەتكۈچىسى تاتلىق نەرسىلەردۇر. پىشمىغان خام بۇغداي يېگەندىن كېيىن سۇ ئىچسە يەلدىن بولغان قۇلۇنجنى پەيدا قىلىدۇ. بۇغداينى چايناپ زىمات قىلسا چىيقانلارنى پىشۇرىدۇ، چۈنكى ئۇ تېرىنى قىزىتىدۇ. چالا پىشۇرۇلغان بۇغداي تەستە ھەزىم بولىدۇ، قورساقنى ئېسىدۇ، شۇنداقلا ئۇنىڭ سۇدا پىشۇرۇلغىنىمۇ تەستە ھەزىم بولىدۇ، ئەمما ھەزىم بولسا ئۇنى باشقا ئۇسۇلدا پىشۇرۇپ ئىستېمال قىلغانغا قارىغاندا كۆپرەك ئوزۇقلۇق ھاسىل بولىدۇ. كۆيدۈرۈلگەن بۇغداي ياغنىڭ مومى بىلەن مەلھەم قىلىنىپ چېپىلسا رەڭگىرويىنى تەڭداشسىز جۇلالىق قىلىدۇ. دېۋەزلىك

ئۇندىن پىشۇرۇلغان ناننىڭ غىزالىقى كۆپ بولۇپ، بەدەننى سەمرىتىدۇ. باھنى قۇۋۋەتلەيدۇ. پىتىر نان ۋە كېپىكى پەقەت بولمىغان ئۇندىن يېقىلغان نان قابىز، توسالغۇ پەيدا قىلغۇچى ۋە تەستە ھەزىم بولغۇچىدۇر. تۇزەتكۈچىسى قارا شېكەر، ئەنجۈر، پىشۇرۇلغان مېۋىلەر، جاۋارىش كۇمۇنىدۇر. بۇغداي ئۇنى شېكەر، بادام بىلەن بىرلىكتە ئاتىلىغا ئوخشاش پىشۇرۇلۇپ ئاز ـ ئازدىن يالانسا يۆتەل پەسەيتىدۇ، قان تۈكۈرۈشكە، كۆكرەك، بۆرەك ئاغرىقىغا شىپا بولىدۇ. بەدەننى سەمرىتىدۇ. باھنى ناھايىتى قۇۋۋەتلەيدۇ. شۇنداقلا ئۇنىڭ كىراخمالىدىن مەزكۇر ياسالما تەييارلىنىپ شۇ ئۇسۇل بويىچە ئىستېمال قىلىنىسىمۇ شۇ تەسىرنى بېرىدۇ. بۇغداي ئۇنى سۇ، يالپۇز، يېڭى ياغ بىلەن قايناتىلىپ پىشۇرۇلۇپ ئىستېمال قىلىنسا ئۆپكىنى سىلىقلايدۇ. بۇغداي ئۇنى سۇ ۋە زەيتۇن يېغى بىلەن قايناتىلىپ زىمات قىلىنسا ئىسسىقتىن بولغان ئىششىقلارنى، پىياز سۈيى بىلەن زىمات قىلىنسا سوغۇقتىن بولغان ئىششىقلارنى تارقىتىدۇ، چىيقانلارنى پىشۇرىدۇ. يۇمغاقسۇت سۈيى بىلەن مەلھەم قىلىنىپ چېپىلسا ئىسسىق ئىششىقلارنىڭ ماددىلىرىنى ياندۇرىدۇ ۋە تارقىتىدۇ، چاشقان يارىسى ۋە بەزلەرنى تارقىتىدۇ، سىناقتىن ئۆتكەن. ئۇ سىركەنجۇبىل بىلەن مەلھەم قىلىنىپ چېپىلسا دانخورەككە پايدا قىلىدۇ. بۇغداي ئۇنى ئۇنىڭ يىلتىزى بىلەن مەلھەم قىلىنىپ چېپىلسا كېرەكسىز ماددىلارنىڭ پەيلەرگە قۇيۇلۇشىنى توسىدۇ، ئۇچەيلەرنىڭ يېلىنى تارقىتىدۇ. شاراب ياكى سىركە بىلەن مەلھەم قىلىنسا ھاشاراتلارنىڭ زەھرىنى قايتۇرىدۇ، بولۇپمۇ قىزىل بۇغداينىڭ ئۇنى بىلەن مەلھەم قىلىنىپ چېپىلسا ئۇنۇمى تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۇنى غالجىر ئىت چىشلىۋالغان زەخىمگە سېپىلسە ناھايىتى پايدا قىلىدۇ، بولۇپمۇ ئۇستىدىن ئىنەكپىتى يوپۇرمىقى تېڭىلسا تېخىمۇ ياخشى پايدا قىلىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بۇغداي خېمىرى ئىت چىشلىۋالغان ئورۇنغا چېپىلىپ نەچچە سائەت تۇرغۇزۇلغاندىن كېيىن ئاجرىتىپ ئېلىنىپ ئىتقا تاشلاپ بېرىلسە، ئىت ئۇنى يېمىسە بۇ كېيىنكى ئىتنىڭ غالجىر ئىت ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدىكەن. بۇغداي كىراخمالى ئارپىبەدىيان بىلەن پىشۇرۇلۇپ ئىستېمال قىلىنسا ئاياللارنىڭ سۈتىنى كۆپەيتىدۇ. بۇغداي يېغى كالا تەمرەتكىسى، بولۇپمۇ بالىلارنىڭ بەدىنىدىكى كالا تەمرەتكىسى ۋە يېڭى كالا تەمرەتكىسىنىڭ تەرەققىي قىلىشىنى توسىدۇ. تاز، تەمرەتكىگە پايدا قىلىدۇ، داغ يوقىتىدۇ. بۇغداي يېغىنى چىقىرىش ئۇسۇلى قارابادىن كەبىرنىڭ ياغلار بابىدا بايان قىلىندى.

## ھەنزەل
(ئاچچىقتاۋۇز)

ئۇ ئاچچىقلىقىدىن «ئەلقەم» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئەرەبچە «كەسەب»، شىرازچە «گوشت»،

كېرمانچە «خەر زەھرە»، يەنە بىر تىلدا «خەربۇزەئى رۇباھ» (تۈلكە تاۋۇزى)، يەنە بىر تىلدا «ھىندىۋانەئى ئەبۇجەھىل» (ئەبۇ جەھىل تاۋۇزى)، ھىندىچە «ئەندەرايىنكا پەھىل»، يەنە بىر تىلدا «مەھاكال» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** بىر خىل ئۆسۈملۈكنىڭ مېۋىسى بولۇپ، كىچىك تاۋۇز ۋە ئوتتۇرا ھال نارەنجى چوڭلۇقىدا، ناھايىتى ئاچچىق بولىدۇ. ئەركەك ۋە چىشىدىن ئىبارەت ئىككى خىل بولىدۇ. ئەركىكى قاتتىقراق، كىچىكرەك، چىشىسى چوڭراق، يۇمشاقراق ۋە ياخشىراق بولىدۇ. ئادەتتە چىشىسىنىڭ ئۆسۈملۈكىدە كۆپ مېۋە چۈشكەن، پوستى سېرىق، ئىچى سېرىققا مايىل ئاق، بوش بولغان مېۋىسى ئىشلىتىلىدۇ. ئۇرۇقى قارا، ئىچى سېرىق بولىدۇ. ئۇرۇقى كۆك رەڭلىك بولغىنى ناچاردۇر. شۇنداقلا ئىچىدىن بىر دانە ئۇرۇق چىققىنىمۇ ناچار بولۇپ، ئۆلتۈرگۈچى زەھەرلەردىندۇر. ھىندىستان ۋە بېنگالدا ئۇنىڭ سىرتى ناھايىتى قىزىل، رەڭلىك بولىدۇ. ئاقلىرىمۇ بولىدۇ، ئەمما ناھايىتى ئاز ئۇچرايدۇ. ئۇنىڭ شەكلى سەل ئۇزۇنچاق بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۆسۈملۈكى تاۋۇز ئۆسۈملۈكىگە ئوخشايدۇ، يوپۇرمىقى ئۇنىڭدىن كىچىكرەك، سېرىق بولىدۇ. يىلتىزى ئىنچىكە بولىدۇ. مېۋىسى پوستى بىلەن بولسىلا تۆت يىلغىچە ساقلىنىدۇ. پوستىدىن ئاجرىتىلسا قۇۋۋىتى ئىككى يىلغىچە تۇرىدۇ. ئەڭ ياخشىسى ئۇنىڭ ئېتىنى ئىشلىتىدىغان ۋاقتىدا ئېلىش، بالدۇر ئېلىپ قويماسلىق لازىم، بولمىسا ئاسان بۇزۇلۇپ قالىدۇ.

**تەبىئىتى:** تۆتىنچى دەرىجىدە ئىسسىق، ئۈچىنچى دەرىجىدە ئىسسىقمۇ دېيىلگەن. ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇقتۇر.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ماددىلارنى تارقاتقۇچى، پارچىلىغۇچى، تۈرلۈك بەلغەملەرنى سۈرۈپ چىقارغۇچى، بەدەننىڭ چوڭقۇر قىسمىدىكى بەلغەم خاراكتېرلىك خىلتلارنى تارتىپ چىقارغۇچىدۇر.

باش كېسەللىكلىرى: ئىستېمال قىلىنسا باش ئاغرىقى، باشنىڭ يېرىمى ئاغرىش، پالەچ، لەقۋا، تۇتقاق كېسەل، ئۇنتۇغاقلىققا ئوخشاش مېڭە مەنبەلىك سوغۇق كېسەللىكلەرگە پايدا قىلىدۇ. كونا نەزلە سۇيۇقلۇقلىرىنىڭ كۆزگە چۈشۈشىنى توسىدۇ. ئۇ زەيتۇن يېغى بىلەن قاينىتىلىپ بۇرۇنغا تېمىتىلسا دىماقنىڭ توسالغۇلىرىنى ئاچىدۇ. قۇلاققا تېمىتىلسا قۇلاق ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ. چىشلارغا سۈركەلسە چىشنى ئاسان چىقىرىدۇ. ئۇنىڭ ھۆلىنىڭ سۈيى بۇرۇنغا تېمىتىلسا كۆزنىڭ سېرىقلىقىنى يوقىتىدۇ. ئۇنىڭ قۇرۇق يوپۇرمىقىدىن ئالتە گىرام ئېلىنىپ نىشاستە ۋە ئەرەب يېلىمى بىلەن يۇغۇرۇلۇپ چېپىلسا سەۋدادىن بولغان ئىچ سۈرۈشنى توختىتىدۇ. ئەپتىمۇن، رۇمبەدىيان ياكى ئايارەج پەيقرا بىلەن ئىستېمال قىلىنسا مالىخولىيا، تۇتقاق كېسەل، تېرە قاسراقلىنىش، جوزام ۋە سەۋدادىن بولغان باشقا كېسەللىكلەرگە پايدا قىلىدۇ. ئۇنىڭ يىلتىزى سىركە بىلەن قاينىتىلىپ ئېغىز چايقالسا

چىش ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ. ئۇنىڭ ئىچى بوشىتىلىپ ئىچىگە سىركە قۇيۇلۇپ قاينىتىلىپ، شۇ سىركە بىلەن ئېغىز چايقالسا چىش ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ، چىش مىلىكىنى چىڭىتىدۇ. ئۇنىڭ بىر ھەسسە سۈيىگە بىر ھەسسە كۈنجۈت يېغى ۋە زەيتۇن يېغى قوشۇلۇپ تەييارلانغان يېغى ئاغرىقلارنى پەسەيتىدۇ، سوغۇقتىن بولغان كېسەللىكلەر ۋە باشتىكى مۇدۇر - چاقىلارغا داۋا بولىدۇ. ئۇ قۇلاققا تېمىتىلسا قۇلاقنىڭ غوڭۇلدىشى ۋە قىچىقىشىنى توختىتىدۇ، قۇلاقتىكى قۇرتنى ئۆلتۈرىدۇ. چىشلارغا سۈركەلسە ئاغرىقنى پەسەيتىدۇ. ئۇنىڭ كۈلى كۆزگە سۈركەلسە كۆك كۆزنى قارايتىدۇ، بۇ جەھەتتىكى تەسىرى ناھايىتى ياخشىدۇر.

ئاشقازان، ئۈچەي، جىگەر، بۆرەك، دوۋساق، بالىياتقۇ، بوغۇملار ۋە باشقا ئەزالار كېسەللىكلىرى: ئۇ يالغۇز ياكى مۇناسىۋەتلىك دورىلار بىلەن ئىستېمال قىلىنسا مەزكۇر كېسەللىكلەر، ئىستىسقا، جوزام، تېرە قاسراقلىنىش، پىل پۇت كېسەللىكى، سەۋدادىن بولغان باشقا كېسەللىكلەر ۋە بۇۋاسىرغا پايدا قىلىدۇ. ئۇ مائۇلھەسەل بىلەن قاينىتىپ ئىچىلسە قويۇق كەيمۇسنى سۈرىدۇ. ئاچچىقتاۋۇزنىڭ پوستىنى سۇ بىلەن قاينىتىپ تەمى چىقىرىلغاندىن كېيىن سۈيى كىلىزما قىلىنسا پالەچ، بەلغەم ۋە يەلدىن بولغان قۇلۇنجى، ئولتۇرغۇچ نېرۋا ئاغرىقى، يانپاش، بەل ئاغرىقى ۋە ئۇنىڭ ئوخشاشلىرىغا پايدا قىلىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن شىياف قىلىنسا ئىچنى كۈچلۈك سۈرىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن پەرزىجە قىلىنسا ھامىلىنى ئۆلتۈرىدۇ. يېغىدىن ئۈچ گىرام ئىچىلسە بەلغەمنى سۈرىدۇ، ئاشقازان ۋە ئۈچەيلەردىكى تۆرلۈك مەددە قۇرتلارنى چىقىرىدۇ. ئۇنىڭ يېغىغا كالىنىڭ ئۆتى ئارىلاشتۇرۇلۇپ كىندىكنىڭ ئۈستىگە سۈركەلسىمۇ تۆرلۈك مەددە قۇرتلارنى چىقىرىدۇ. ئۇنىڭ يېغى بىلەن كىلىزما قىلىنسا قۇلۇنجىنى ساقايتىدۇ. ئۇنىڭ ھۆلى تېپىلمىسا قۇرۇقىنىڭ ئېتىدىن 100 گىرام ئېلىنىپ، مۇۋاپىق مىقداردىكى سۇ بىلەن قاينىتىلىپ ئۇنىڭغا تۆت ھەسسە ياغ قوشۇلۇپ سۈيى تۈگىگىچە قاينىتىلىپ ياغ تەييارلانسىمۇ بولىدۇ. ئاچچىقتاۋۇزنىڭ بېشى كېسىۋېتىلىپ ئىچىگە قارىمۇچ تولدۇرۇلۇپ بېشى يەنە ئېتىلىپ گىلى ھېكمەت بىلەن ئوراپ ئوچاقنىڭ يېنىغا بىر ھەپتىگىچە كۆمۈلۈپ، كۆيمەي قورۇلۇپ پىشقاندا ئېلىنىپ، ئىچىدىكى مۇرچلار چىقىرىلىپ سالايە قىلىنىپ ئىستېمال قىلىنسا يەللەرنى تارقىتىدۇ، تائامنى ھەزىم قىلدۇرىدۇ. ئاچچىقتاۋۇزنىڭ ھۆلى مەلھەم قىلىنىپ چېپىلسا ئولتۇرغۇچ نېرۋا ئاغرىقى ۋە سوغۇقتىن بولغان باشقا ئاغرىقلارنى پەسەيتىدۇ. ئاچچىقتاۋۇزنىڭ كۆكى ۋە ئىچىدە بىر دانە ئۇرۇقى بولغانلىرى زىيانلىقتۇر. ئاچچىقتاۋۇزنىڭ پوستى ۋە ئۇرۇقى سوقۇلۇپ ئىستېمال قىلىنسا، شۇنداقلا ئۇنىڭ ئېتىدىن مەلۇم مىقداردا ئىستېمال قىلىنسا تۆرلۈك مەددە قۇرتلارنى چۈشۈرىدۇ ئۇ ئىستېمال قىلىنىش بىلەن بىرگە، تاپانغا سۈركەلسە جوزامغا پايدا قىلىدۇ، تەرەققىي قىلىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ، سىناقتىن ئۆتكەن دەپ قارىلىدۇ. ئۇنىڭ يىلتىزىنىڭ قاينىتىلمىسى ئىستىسقا، پىل پۇت

كېسەللىكىگە پايدا قىلىدۇ، ئۇيۇغان قاننى تارقىتىدۇ. چايانىنىڭ زەھرىنى قايتۇرىدۇ. ھېكايە قىلىنىشىچە، يېزىلىق بىر ئەرەبنىڭ بىرقانچە يېرىنى چايان چېقىۋالغان، بۇ چاغدا ئاچچىقتاۋۇزنىڭ يىلتىزىدىن ئالتە گىرام ئېلىپ ئىستېمال قىلدۇرغاندىن كېيىن شىپا تاپقان. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئاچچىقتاۋۇزنىڭ بېشى كېسىۋېتىلىپ ئىچىگە ئۇرداندىن بىرقانچە تال سېلىپ ئېغىزىنى ئېتىپ گىلى ھېكمەت ئىچىگە ئېلىپ ئوچاققا يېقىن يەرگە بىر ھەپتىگە كۆمۈلۈپ كۆيمەي سارغىيىپ پىشقاندا ئېلىنىپ قۇرۇتۇلۇپ زۇرۇر بولغاندا لىمون سۈيى بىلەن سالايە قىلىنىپ قولدىكى داغقا ئىككى - ئۈچ قېتىم سۈركەلسە ئۇ ئاللانىڭ مەدىتى بىلەن يوقايدىكەن، سىناقتىن ئۆتكەن ئىكەن. ئۇنىڭ يوپۇرمىقى سۇ ۋە نىشاستە بىلەن زىمات قىلىنسا ئېتىلىپ چىققان قاننى توختىتىدۇ. ئىششىقلارنى تارقىتىدۇ. ئۇنىڭ قاينىتىلمىسىنىڭ سۈيى ئۆيلەرگە سېپىلسە بۈرگە ئۆلتۈرىدۇ ۋە بۈرگە پەيدا بولۇشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن ئىسرىق سېلىنسا ھەيز ھەيدەيدۇ. ئۇنىڭ يىلتىزى بەلگە ئېسىۋېلىنسا ئۇرۇقدان خالتىسىغا چۈشكەن سۇنى يوقىتىدۇ، ئېيتىشلارغا قارىغاندا ياخشى تەسىر قىلىدىكەن.

ئۇنىڭ ئۇرۇقى ئىچىنى سۈرىدۇ، قۇستۇرىدۇ، باشنى قايدۇرىدۇ. ئۇ تەكرار يۇيۇلۇپ تۇزغا چىلىنىپ ئاچچىقى يوقىتىلغاندىن كېيىن سوقۇلۇپ سۈت ۋە خورما بىلەن قاينىتىلىپ ئىستېمال قىلىنسا بەدەننى ساغلاملاشتۇرىدۇ.

زىننەت ئەزالىرى كېسەللىكلىرى: ئاچچىقتاۋۇزنىڭ بېشى كېسىۋېتىلىپ ئۇرۇقلىرى چىقىرىۋېتىلىپ ئىچىگە يەسمەن يېغى تۆكۈلۈپ ئېغىزى كېسىۋېتىلگەن پارچىسى بىلەن ئېتىلىپ خېمىرنىڭ ئارىسىغا ئېلىنىپ چوغ ئۈستىدە قويۇلۇپ بىر نەچچە قېتىم قاينىتىپ، مۇنچىغا چۈشكەندىن كېيىن چاپسا چاچنى قارايتىدۇ، ئاقىرىشىنى كېچىكتۈرىدۇ، سىناقتىن ئۆتكەن دەپ قارىلىدۇ. ئۇنىڭ باش كېسەللىكلىرىدە بايان قىلىنغان يېغى چاچ چۈشۈشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئاچچىقتاۋۇز ئوتتۇرىدىن ئىككى پارچە قىلىنىپ بەدىنىدە كانا پەيدا بولغان ئاتقا سۈركەلسە كانىنى ئىككى - ئۈچ قېتىمدا يوقىتىدىكەن.

**ئىستېمال مىقدارى:** ئۇنىڭ شەھمى (ئېتى)دىن 3.1~5 گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇنى 1.5 گىرامدىن ئارتۇق ئىستېمال قىلماسلىق، پەقەت سوغۇق ھاۋا ۋە قىش پەسلىدە ئىستېمال قىلىش لازىم ئىكەن. ئۇنى يازدا ئىستېمال قىلىشقا ۋە ئىسسىق مىزاجلىقلارنىڭ ئىستېمال قىلىشىغا بولمايدىكەن. چۈنكى بۇ چاغدا ئۇ قورساقنى ئاغرىتىدىكەن، كۆپ ھاللاردا تەسىر قىلمايدىكەن ۋە سوغۇق مىزاجلىقلار، بەلغەم مىزاجلىقلار، مىزاجى كۈچلۈك، مىزاجى ناچار كىشىلەر، تەستە ھەزىم بولىدىغان يېمەك - ئىچمەكلەر ۋە سۈت - قېتىق ئىستېمال قىلىدىغان كىشىلەر ئۈچۈن بەزى كېسەللىكلەرگە،

بولـۇپمۇ باش ئـاغرىقى، ئـاشقازان، مەقئەت كېسـەللىكـلىرىگـە سەۋەب بولـىـدىكەن. ئـۇنـى ئىستېمال قىلماقچى بولغان كىشى يالغۇز ئىستېمال قىلماسلىقى، بەلكى ئەرەب يېلىمـى، كەتىرا، مـۇقەلۇل يەھـۇد ياكى نىـشاستىـلەرنىڭ بىـرى ياكى بىـرقانچىسى بىـلەن ۋە باشـقا مۇناسىپ دورىلار بىـلەن ئىـستېمـال قىلىشى لازىم. ئـەرەب يـېلىـمـى ئۇنـىڭ تـەسىرىـنـى كۆچەيتىدۇ. كەتىرا ئۇنىڭ تەسىرىگە ياردەم بېرىدۇ. ئـۇنى ناھايـىتى يۇمـشاق سوقۇش لازىـم، بولمىسا قورساقنى ئاغرىتىدۇ، ئۈچەينى زەخىملەيدۇ، ئېغىر بولغانـدا ئۈچەيىنـى ئۈزۈۋېتىـدۇ. ئىسلاھ قىلىش ئۇچۇن يۇقىرىدىكى تەدبىرلەر قوللىنىلىدۇ.

**ئورۇنباسارى:** ئىنەكپىـتى. ئېيـتىشلارغـا قارىغانـدا، باراۋەر مىقـداردا قىچا، ئـۇنىڭ بىـر ھەسسىسىـنىڭ ئىككى گىرامـچىلـىك مىقداردا قىسسـائۇل ھىمـار، بىر ھەسـسە مىقـداردا ئادراسمان.

# پەسل: «ھ» (ھۆۋائى) ۋە «ۋ» (ۋاۋ) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى

## ھەۋاسىل
(قاقىر)

ئۇ ھىـندىچە «كەكەن بىير»، مىسىردا «كۆي» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيتى:** سۇ قۇشلىـرىدىن بولـۇپ، جۇغى سەل چـوڭ، تۇمشۇقـى ئۇزۇن، كەڭ، ئۈچـى تۆۋەنگە ئېگىلگەن بولۇپ، ئۇنىڭدىن تاتلىغۇچ ياسىـلىدۇ. پۇتـلىرى ئۆردەكـنىڭ پۇتـلىرىغا ئوخشايدىغان بولۇپ، بارماقلىرىنىڭ ئارىلىرى پەردە بىلەن تۇتاشقان بولىدۇ. ئاق ۋە قارامتۇل كۆل رەڭدىن ئىبارەت ئىـككى خىـل بولىدۇ. قـارىسى سېـسىق پۇرايـدىغان بولـۇپ، تېرىسـى ئىشلىتىلمەيدۇ، ئېقى خۇش پۇراق بولۇپ، تېرىسىدىن جۇۋا تىكىلىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە ھۆل ئىسسىق، ھۆللۈكى ئىسسىقلىقىدىن ئارتۇقراق.

**خۇسۇسىيتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** گۆشى غەلىز بولۇپ، تەستە ھەزىم بولىدۇ. تۇزىتىش ئۇچـۇن دارچىن، كەرۋىيا ۋە ئـىسسـىق تەبىئـەتلىك دورىـلار بىلەن يـۇمشاق پىـشۇرۇلۇپ ئىـستېمـال قىلىنىدۇ. ئۇنىڭ تېرىسىدىن تىكىـلگەن جۇۋا ئـىسسـىق مىزاجلـىقلار ۋە ياشـلارغا مۇۋاپىـق كېلىدۇ، سەپرا مىزاجلىقلارغا زىيان قىلىدۇ. ئۇنىڭ يېغى خام يۇتـۇلسا قورسـاق ئاغرىقـى ۋە قۇلـۇنجغـا پايدا قىـلىدۇ. يېغى ماددىلارنـى تارقىتـىدۇ، يۇمـشىتـىدۇ، پەي - نېرۋىـلارنـى قۇۋۋەتلەيدۇ. بوغۇم ئاغرىقلىرى ۋە سوغۇقتىن بولغان ئاغرىقلارنى پەسەيتىدۇ.

# ھۇر
## (ئاق تېرەك)

ئۇ «ز» ھەرپى بىلەنمۇ ئېيتىلىدۇ. ئۇ «كەرۇفىس»، پارسچە «تەۋز» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** خورما دەرىخى چوڭلۇقىدىكى بىر دەرەخ بولۇپ، يوپۇرمىقى سۆگەت يوپۇرمىقىغا ئوخشاش، ئۇنىڭدىن ئىنچىكىرەك، ئۇزۇنراق، قوۋزىقى سېرىق، گۈلى خۇش پۇراق بولىدۇ، بۇغدايدەك دانلىرى بار. ئەندەلۇسچە «سەردوله» دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇ «نىبتىي» (نىبتقا مەنسۇپ) ۋە «رۇمىي» (رىمغا مەنسۇپ) دىن ئىبارەت ئىككى خىل بولىدۇ. رىمغا تەۋە بولغىنى بۇلغارىيە ۋە روسىيەدە ئۆسىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، رىمغا تەۋە بولغىنىنىڭ يېلىمى كەھرىۋا ئىكەن، رۇسىيەدىن ئېلىپ كېلىنىدىكەن. ئۇنى قولغا كەلتۈرۈش ئۇسۇلى شۇ ئىكەنكى، ئۇنىڭ قوۋزىقى ۋە شاخلىرىنى يىغىپ ئاستىغا قاچىلارنى ئورۇنلاشتۇرۇپ ئۇنىڭغا ئوت يېقىلىدىكەن، بۇ چاغدا ئوتنىڭ ھارارىتىدە ئۇنىڭ يېغى سىرغىپ چىقىپ قاچىغا يىغىلىدۇ. ئۇنىڭ رىمغا تەۋە بولغىنىنىڭ دەرىخى نىبتقا تەۋە بولغىنىدىن چوڭراق، يوپۇرمىقى ئۇزۇنراق بولىدۇ. ئۇنىڭ نىبتقا تەۋە بولغىنى يېلىمسىز بولۇپ، ئەخلەتخانىلاردا ئۆسىدۇ. ئەخلەتخانا ۋە ئۇنىڭ ئەتراپلىرىدا ئۆسكىنى زىيانسىز بولىدۇ.

**تەبىئىتى:** رىمغا تەۋە بولغىنى ئۈچىنچى دەرىجىدە ئىسسىق، بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇقتۇر.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** يېلىمى سىركە بىلەن ئىستېمال قىلىنسا خەفەقان، تۇتقاق كېسەل، سۈيدۈك تامچىلاپ كېلىشكە پايدا قىلىدۇ. شۇنداقلا ئۇ سىركىسىز زىمات قىلىنسىمۇ خەفەقانغا پايدا قىلىدۇ، ھۆللۈكلەرنىڭ ئاشقازان ۋە ئۈچەيلەرگە قۇيۇلۇشىنى توسىدۇ، ئۇلتۇرغۇچ نېرۋا ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ. ھامىلىدارلىقنى چەكلەيدۇ، تۇسالغۇلارنى ئاچىدۇ. ئۇنىڭ گۈلى ھەرقانداق ئەزانىڭ قېنىنى توختىتىدۇ. يوپۇرمىقى سىركە بىلەن ئىشلىتىلسە نۇقرەسكە پايدا قىلىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئايال ھەيزدىن پاك بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭ يوپۇرمىقى سىركە بىلەن پەرزىجە قىلىنسا ھامىلىدارلىقتا ياردەم بېرىدىكەن. ياغىچىنىڭ قايىنىتىلمىسى يارىلارنى قۇرۇتىدۇ، يەل يارىغا پايدا قىلىدۇ.

ئۇنىڭ يۇقىرىدا بايان قىلىنغان يېغىنىڭ تەسىرى كۈچلۈك بولۇپ، بىلىنسان يېغىنىڭ تەسىرىگە ئوخشاپ قالىدۇ. خۇش پۇراق بولىدۇ.

ئۇنىڭ نىبتقا تەۋە بولغىنى بىرىنچى دەرىجىدە ئىسسىق، ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇقتۇر.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** يېڭى مېۋىسى ھەسەل بىلەن كۆزگە سۈركەلسە كۆزدىكى پەردىنى يوقىتىدۇ.

قولاق كېسەللىكلىرى: ھۆل يوپۇرمىقىنىڭ سۈيى قۇلاققا تېمىتىلسا قۇلاق ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ. قوۋزىقىدىن بەش گىرام ئىستېمال قىلىنسا ئولتۇرغۇچ نېرۋا ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ، سۈيدۈك تامچىلاشقا داۋا بولىدۇ. ئاياللارنىڭ ھامىلىدار بولۇشىنى چەكلەيدۇ. بولۇپمۇ ئاز مىقداردىكى «ھەببۇل كۇلا» ۋە ھەسەل بىلەن ئىشلىتىلسە ئۇنۇمى تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ. ئۇنىڭ يوپۇرمىقى ھەيزدىن پاك بولغاندىن كېيىن ئىستېمال قىلىنسىمۇ شۇ تەسىرنى بېرىدۇ.

**ئورۇنباسارى:** ئۇنىڭ ئۇچتىن بىر چىلىك مىقداردا مەرزەنجۇش.

**ئىستېمال مىقدارى:** 5.1~3 گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

## پەسىل: «ھ» (ھۇۋائى) ۋە «ي» (يائى) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى

### ھەيىە
(يىلان)

مەزكۇر نام «ياشىغۇچى» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىغان بولۇپ، ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بۇنداق ئاتىلىشىنىڭ سەۋەبى ئۇنىڭ ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرگەنلىكى، يەنە بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ ئۆلگەندىن كېيىن بەدىنىنىڭ باشقا ھايۋانلارنىڭ جەسىتىگە قارىغاندا ئۇزۇنىراق سېسىيدىغانلىقى ئۈچۈن ئىكەن.

**ماھىيىتى:** ئۇ ھەر خىل بولىدۇ. ئۇلارنىڭ يامانراقى رەڭگى قارا بولغان، سۇ بويلىرىدىن يىراق ياشايدىغان، غەزەپلەنگەندە بېشىنى چۆمۈچكە ئوخشاش قىلىدىغانلىرىدۇر. بۇنداق يىلان ھىندىستان ۋە بېنگالدا پەيدا بولىدۇ. ئۇزۇم يىلان دەپ ئاتىلىدىغان يىلانمۇ يامان بولىدۇ. ئۇ يىلاننىڭ بىر تۈرى بولۇپ، بېشى قارا قۇرۇق ئۇزۇمگە ئوخشايدۇ. تېنىنى توپا ئىچىگە يوشۇرۇپ بېشىنى چىقىرىپ تۇرىدۇ، ئۇنى كۆرگەن ئادەم ئۇزۇم ئوخشايدۇ دەپ تېرىپ ئالماقچى بولسا دەرھال چاقىدۇ. خۇددى ئەفئا يىلىنى ھەققىدە توختالغاندا بايان قىلىنغىنىدەك، ئۇنىڭ يەنە باشقا يامان تۈرلىرىمۇ بار.

يىلان ئەركەك، چىشى بولىدۇ. ئەركىكىنىڭ ئىككى چىشى، چىشىسىنىڭ تۆت چىشى بولىدۇ. بەزىلىرىنىڭ مۈڭگۈزى بولىدۇ. ئۇ مۈڭگۈزلۈك يىلان دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇنىڭ مۈڭگۈزىنىڭ ئاجايىپ خۇسۇسىيەتلىرى خاتىرىلەنگەن.

**تەبىئىتى:** ئۈچىنچى دەرىجىنىڭ ئاخىرىدا قۇرۇق ئىسسىق، قۇرۇتقۇچى قۇۋۋىتى بار.

خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:

كۆز كېسەللىكلىرى: يېغى كۆزگە سۈركەلسە سۇ چۈشۈشنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ.

قۇلاق كېسەللىكلىرى: تېرىسى شاراب بىلەن قاينىتىلىپ قۇلاققا تېمىتىلسا قۇلاق ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ.

ئېغىز كېسەللىكلىرى: ئۇ سىركە بىلەن قاينىتىلىپ سۈيىدە ئېغىز چايقالسا چىش ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ.

كۆز كېسەللىكلىرى: يەرلىك قارا يىلان ساپال كوزىغا تىرىك ھالەتتە سېلىنىپ مۇنچىنىڭ ئوچىقىدا كۆيدۈرۈلۈپ، كۈلى ھەسەل بىلەن يۇغۇرۇلۇپ كۆزگە سۈركەلسە كۆرۈش قۇۋۋىتىنى ئاشۇرىدۇ.

چاشقان يارىسى، دائىرىلىك چاچ چۈشۈش، چاچ كېپەكلىنىش: زەيتۇن يېغى بىلەن ئىشلىتىلسە چاشقان يارىسىنى تارقىتىدۇ. سىركە بىلەن ئىشلىتىلسە دائىرىلىك چاچ چۈشۈش ۋە چاچ كېپەكلىنىشكە پايدا قىلىدۇ.

ئاقمىلار: ئۇنىڭ كۆيدۈرۈلگەن پوستى زىغىر يېغىغا بىر نەچچە كۈن چىلىنىپ سۈركەلسە كونا ئاقمىلارغا ناھايىتى پايدا قىلىدۇ.

جوزام، سۆگەللەر: ئۇنىڭ بېشى، قۇيرۇقى ۋە ئۆتى ياغقا تاشلىنىپ قورۇلۇپ يۇمشاق پىشۇرۇلۇپ يېغى بىلەن ياغلىنىلسا جوزام ۋە سۆگەلگە تېز پايدا قىلىدۇ.

تەپ: ئۇنىڭ تىرىك قومۇرۇۋېلىنغان چىشى، شۇنداقلا يۈرىكى ئېسىۋېلىنسا تۆت كۈندە بىر قېتىم تۇتىدىغان تەپكە پايدا قىلىدۇ. مۈڭگۈزلۈك يىلاننىڭ مۈڭگۈزى ئېسىۋېلىنسا ئارىلاپ تۇتىدىغان تەپكە پايدا قىلىدۇ.

بالىياتقۇ كېسەللىكلىرى، بوۋاسىر: ئۇنىڭ يىلدا بىر قېتىم تاشلايدىغان، «سەلخۇل ھەييە» (يىلان پوستى) دەپ ئاتىلىدىغان، ناھايىتى نازۇك، پارقىراق بولىدىغان پوستى ھامىلىدار ئايالنىڭ يانپېشىغا ئېسىپ قويۇلسا تۇغۇتنى ئاسانلاشتۇرىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن ئىسرىق سېلىنسا ھامىلە چۈشۈرىدۇ. بوۋاسىر دانچىلىرىنى قۇرۇتىدۇ.

ئاقكېسەل: يىلان تۇخۇمى سىركە ۋە توغرىغۇ بىلەن سالايە قىلىنىپ ئاقكېسەلگە سۈركەلسە ساقايتىدۇ، سىناقتىن ئۆتكەن دەپ قارىلىدۇ. دىمقۇراتىسنىڭ ئېيتىشىچە، يىلاننىڭ قورسىقى بېشىدىن قۇيرۇقىغىچە يېرىلىپ ئىچ قارنى تازىلىنىپ ئىچىگە سۇغا چىلىنىپ يۇمشىتىلغان رەيھان تولدۇرۇلۇپ، يېرىلغان يەر تىكىلىپ چوغقا كۆمۈلۈپ پىشۇرۇلغاندىن كېيىن رەيھان چىقىرىلىپ ئاقكېسەل بار ئورۇنغا چېپىلسا ۋە ئۇستىدىن تېڭىلسا، بىر كېچە ـ كۈندۈزدىلا پۈتۈنلەي ساقىيىدىكەن، سىناقتىن ئۆتكەن ئىكەن.

يىلان چېقىۋالغان ياكى ئۇنىڭ گۆشى ۋە ئۆتىنى يەپ زەھەرلىنىپ قالغان كىشىنى

قۇتۇلدۇرۇش ئۇسۇلى ئەفئا يىلىنى چىقىۋالغان ۋە ئۇنىڭ گۆشى ۋە ئۆتىنى يەپ زەھەرلىنىپ قالغان ئادەمنى قۇتۇلدۇرۇش ئۇسۇلى بىلەن ئوخشاش بولۇپ، ئۇ تەدبىرلەر ئەفئا يىلىنىنىڭ ماۋزۇسىدا بايان قىلىندى.

## ھىيس
(ھىس يېمەكلىكى)

پارسچە «چەنگال» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** بۇ بىر خىل يېمەكلىك بولۇپ، ياغ ۋە ئىسسىق ناندىن تەييارلىنىدۇ.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ئوزۇقلۇقى مول بولۇپ، بەدەننى سەمرىتىدۇ. غەلىز بولغانلىقى ئۈچۈن تەستە ھەزىم بولىدۇ. توسالغۇ پەيدا قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** سىركە بىلەن ھەسەل.

# يەتتىنچى باب
# «خ» (خۇۋائ) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى

## پەسىل: «خ» (خۇۋائ) ۋە «ا» (ئەلىف) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى

### خاماسۇقى
(يەر ئەنجۇرى)

ئۇ يۇنانچە سۆز بولۇپ، «خاما» يەر دېگەن مەنىنى، «سوقى» ئەنجۇر دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ، شۇنداق بولغاندا ئۇنىڭ مەنىسى يەر ئەنجۇرى دېگەن بولىدۇ.

**ماھىيىتى:** ئۇ بىر خىل غولسىز، گۈلسىز ئۆسۈملۈك بولۇپ، شاخلىرى تۆت بارماق ئۇزۇنلۇقىدا بولىدۇ، يەرگە يېپىلىپ ئۆسىدۇ. سۈتلۈك بولىدۇ. يوپۇرمىقى شېخىنىڭ ئاستىدا ئۆسىدىغان بولۇپ، ئەدەس يوپۇرمىقىغا ئوخشايدۇ. يوپۇرمىقىنىڭ ئاستىدا يۇمىلاق مېۋىسى بولىدۇ. يىلتىزى ئىنچىكە بولىدۇ. رىم ئايلىرىدىن بولغان ئابار (سەككىزىنچى ئاي) ئېيىدا پىشىدۇ. ئۇ تاشلىقلار ۋە قۇرغاق يەرلەردە، بولۇپمۇ مىسىرنىڭ «ئەينۇش ـ شەمس» دېگەن يېرىدا كۆپ ئۆسىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئۈچىنچى دەرىجىنىڭ باشلىرىدا قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ناھايىتى ئۆتكۈر، جۇلا بەرگۈرچىدۇر.

كۆز كېسەللىكلىرى: كۆزگە ھەسەل بىلەن سۈركىسە كۆزدىكى يارىنىڭ ئىزلىرىنى يوقىتىدۇ، كۆز قاراڭغۇلىشىش ۋە كۆزگە سۇ چۈشۈشكە شىپا بولىدۇ.

بوۋاسىر: ئۇنىڭدىن ئاز مىقداردا ئېلىپ نان بىلەن ئىستېمال قىلسا بوۋاسىرنىڭ دانچىلىرىنى چۈشۈرىدۇ.

ئاشقازان كېسەللىكلىرى: قايىنتىلمىسى ئىچىپ بېرىلسە تەرەتنى بوشىتىدۇ، ئۇنىڭ سۈتى ئىچىلسىمۇ شۇ تەسىرنى بېرىدۇ، ئەمما خەتەرلىكتۇر.

سۆگەللەر، زەھەرلىنىشلەر، ئىششىقلار ۋە باشقىلار: ئۇنىڭ شېخى، شۇنداقلا سۈتى تەنۇر سۆگەل ۋە باشقا سۆگەللەرگە سۈركىسە يوقىتىدۇ، خالغا سۈركىسە خالنى يوقىتىدۇ. چايان

چىقىۋالغان ئورۇنغا، ئىششىقلارغا سۈركىسە شىپا بولىدۇ، نەيزە ۋە باشقا تىغ تېگىش سەۋەبىدىن قالغان ئىزلارنى يوقىتىدۇ. شۇنداقلا ئۇنىڭ قايناتمىسىنىڭمۇ شۇ تەسىرى باردۇر. ئۇنىڭ شاخلىرىنى سوقۇپ بەلغەمدىن بولغان ئىششىقلار ۋە ھەر خىل سۆگەللەرگە سۈركىسە شىپا بولىدۇ.

**بالىياتقۇ كېسەللىكلىرى:** شاراب بىلەن سالايە قىلىپ سۈركىسە بالىياتقۇنىڭ ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** كۆكرەككە زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** كەتىرا.

**ئىستېمال مىقدارى:** ئىككى مىللىگىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

## خانىقۇز زىئب
(بۆرىبوغار)

ئۇ «قاتىلۇز زىئب» (بۆرە ئۆلتۈرەر) دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** بۇ بىر خىل ئۆسۈملۈك بولۇپ، يوپۇرمىقى چىنار يوپۇرمىقىغا ئوخشاش، ئۇنىڭدىن قارىراق، كىچىكرەك، چىشلىرى ئۇنىڭ يوپۇرمىقىنىڭ چىشلىرىدىن كۆپرەك، شاخلىرى ئۇنىڭ شاخلىرىدىن ئىنچىكىرەك ۋە ئۇزۇنراق بولىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئۈچىنچى دەرىجىنىڭ ئاخىرىدا قۇرۇق سوغۇق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** خۇسۇسىيىتى بىلەن بۆرىنى ئۆلتۈرگۈچى بولۇپ، ئۇنى سوقۇپ گۆشكە ئارىلاشتۇرۇلۇپ بۆرىگە تاشلاپ بېرىلسە بۆرە يېگەندىن كېيىن گېلى دەرھال بوغۇلۇپ ئۆلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ «خانىقۇز زىئب» (بۆرىبوغار) دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇنىڭ قالغان خۇسۇسىيەتلىرى كېيىن بايان قىلىنىدىغان «خانىقۇن نەمىر» (يولۋاسبوغار) نىڭ خۇسۇسىيەتلىرىگە ئوخشايدۇ. ئىبنى ماسۇيە ئۇنى ئىسقىيل(ياۋا پىياز) دەپ بىلگەن. «ئىختىياراتى بەدىئىي» نىڭ ئاپتورى ئۇنى قارا خەربەق دېگەن.

## خانىقۇل كەلب
(ئىتبوغار)

ئۇ «قاتىلۇل كەلب» (ئىت ئۆلتۈرەر) دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ھىندىچە «كەلارى» دېيىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇ پارسچە «كەچولە» (كوچۇلا) دېيىلىدىغان ئازاراقى ئىكەن. ئازاراقى يۇقىرىدا بايان قىلىندى. «مالايەسەئۇ لىت تەبىيبى جەھلۇھ» (تېۋىپ بىلمىسە بولمايدىغان ئىشلار) دېگەن كىتابنىڭ ئاپتورى يۇسۇف باغدادىي ئۇنى باشقا

ئۆسۈملۈك دەپ بىلگەن ھەم ئۇنىڭ ماھىيىتى توغرىسىدا: «ئۇ بىر خىل ئۆسۈملۈك بولۇپ، شاخلىرى ئىنچىكە، ئۇزۇنچاق بولۇپ، تەستە سۇنىدۇ. يوپۇرمىقى چوڭ يۆگىمەچئوت يوپۇرمىقىغا ئوخشايدۇ، يوپۇرمىقىنىڭ چۆرىسى ئۆتكۈر بولۇپ، ناھايىتى سېسىق پۇرايدۇ، شىلىمشىق سۇيۇقلۇقى بولىدۇ، رەڭگى سېرىق بولىدۇ. مېۋىسى باقىلىلاغا ئوخشاش بىر ئىلىك ئۇزۇنلۇقتىكى غىلاپ ئىچىدە بولۇپ، ئىچىدىن قارا، قاتتىق ئۇرۇق چىقىدۇ» دەپ يازغان.

تەبىئىتى: تۆتىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى: ئۆلتۈرگۈچى زەھەرلەردىندۇر. ئىتنى شۇ ھامان بوغۇپ ئۆلتۈرىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن «خانىقۇل كەلب» (ئىتبوغار) دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇ يەنە باشقا يىرتقۇچ ھايۋانلار ۋە باشقا نەپەسلىنىدىغان ھايۋانلارنى، شۇنداقلا ئادەمنى زەھەرلەپ ئۆلتۈرىدۇ.

ئىشقلار: زىمات قىلىنسا سوغۇق ئىششىقلارنى تارقىتىدۇ. يەل تارقىتىدۇ، بۇ جەھەتتىكى تەسىرى ناھايىتى ياخشىدۇر. ئۇنىڭ بىلەن زەھەرلەنگەن كىشىگە سوۋۇتۇش، ھۆللەشتۈرۈش، تەبىئەت يار بەرسە قان ئېلىش، سوغۇق خۇرسەن قىلغۇچى دورىلارنى ئىچكۈزۈش بىلەن ئىلاج قىلىنىدۇ.

## خانىقۇن نەمر
(يولۋاسبوغار)

ئۇ «قاتىلۇن نەمر» (يولۋاس ئۆلتۈرەر) دەپمۇ ئاتىلىدۇ. يۇنانچە «ئەقۇنىتىن» دېيىلىدۇ.

ماھىيىتى: تېۋىپلار ئۇنىڭ ماھىيىتى توغرىسىدا كۆپ ئىختىلاپ قىلىشقان. بەزىلىرى ئۇنى مازارىيون دېسە، بەزىلىرى ئىسقىل (ياۋا پىياز) دېگەن. ئەمىنۇد ـ دەۋلە ئۇنى ياۋا سامساق دەپ بىلگەن. «مالا يەسەئۇ لىت ـ تەبىبىي جەھلۇھ» (تېۋىپ بىلمىسە بولمايدىغان ئىشلار) دېگەن كىتابنىڭ ئاپتورى ۋە «تەزكىرە»نىڭ ئاپتورى: «ئۇ مازارىيون ئەمەس، ئۇ باشقا بىر خىل ئۆسۈملۈك بولۇپ، غولى بىر غېرىچ ئېگىزلىكتە بولىدۇ. يوپۇرمىقى ئاغنچا يوپۇرمىقىغا ئوخشاش، ئۇنىڭدىن كىچىكرەك، يىرىك بولىدۇ. يوپۇرمىقى 3 ~ 4 دىن ئارتۇق بولمايدۇ. يىلتىزى چايانغا ئوخشايدىغان بولۇپ، ئەينەكتەك پارقىرايدۇ» دېگەن.

تەبىئىتى: تۆتىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق.

خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى: ئۇ ئۆلتۈرگۈچى زەھەرلەردىن بولۇپ، يىرتقۇچ ھايۋانلارغا، بولۇپمۇ يولۋاسقا تېز تەسىر قىلىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ «خانىقۇن نەمر» (يولۋاسبوغار) دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇنىڭ شۇنداق خۇسۇسىيەتلىرى باركى، چايان ئۇنىڭ يېنىغا بارسا ياكى ئۇ چايانىنىڭ يېنىغا ئېلىپ كېلىنسە چايان دەرھال ئۆلۈپ قالىدۇ. ئۇ ئىسسىق ئىششىقلارنى

ياندۇرغۇچى، كۆز ئاغرىقىنى پەسەيتكۈچى، بوۋاسىر دانچىلىرىنى چۈشۈرگۈچى مەلھەملەرگە قوشۇلىدۇ. ئۇنىڭ 1.5 گىرامى كۆزنى قاراڭغۇلاشتۇرۇپ باشنى قايدۇرۇش، گالنى بوغۇش، پەيلەرنى تارتىشتۇرۇش، تىلنى تۇتۇش، بەدەننىڭ رەڭگىنى قارايتىش بىلەن ھالاك قىلىدۇ.

ئۇنىڭ زەھەر قايتۇرغۇچىسى كەمافىيتۇس بولۇپ، يالپۇز شەربىتى، سۇزاپ شەربىتى، تاغ كۇدىسى شەربىتى، ئەپسەنتىن شەربىتى، زاغۇن شەربىتى ياكى قەيسۇم شەربىتى بىلەن ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ ياكى مائۇر رەماد شاراب بىلەن ئىچۈرۈلىدۇ، قۇستۇرۇلىدۇ، كىلىزما قىلىنىدۇ.

## پەسىل: «خ» (خۇۋائ) ۋە «ب» (بائ) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى

### خۇببازى
(لەيلىگۇل)

ئۇ پارسچە «نانى كەلاغ» (قارغا نېنى)، «پىيزەك»، تۈركچە «ئەبەم كەماجى» دەپ ئاتىلىدۇ. مازىندار اندا ئۇنىڭ ئۆسۈملۈكى «نەھىيلەك»، شىرازدا «خەتمى كۇچەك» (كىچىك ئاق لەيلى) دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيتى:** مەۋلانا نەفىيسىنىڭ ئېيتىشىچە ئۇ ئۈچ خىل بولىدۇ. بىر خىلى يەرلىك بولۇپ، «مۇلۇخىييە»، «مۇلۇكىييە» دەپ ئاتىلىدۇ. يەنە بىر خىل ياۋا بولۇپ، ئىككى خىل بولىدۇ. بىرى چوڭ بولۇپ، «خەتمى» (ئاق لەيلى) دەپ ئاتىلىدۇ. يەنە بىرى كىچىك بولۇپ، «خەببازى» (لەيلىگۇل) دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇ پارسچە «خىيرو» دەپ ئاتىلىدۇ. مەزكۇر ئىسىم يالغۇز ئاتالسا ئۇنىڭ ياۋىسىنىڭ كىچىكى نەزەردە تۇتۇلىدىغان بولۇپ، يوپۇرمىقى يۇمىلاق، تەمسىز، سەل يىرىك بولىدۇ، بولۇپمۇ ئۇنىڭ يوپۇرمىقىنىڭ كەينى تەرىپى يىرىك بولىدۇ. گۈلى كىچىك، بىنەپشىگە مايىل قىزىل بولىدۇ. ئۇرۇقى يۇمىلاق، سەل ياپىلاق، ئوتتۇرى ئويمان بولىدۇ. ئۇرۇقىنىڭ بەزىسىنىڭ رەڭگى ئاق، بەزىسىنىڭ رەڭگى قارىغا مايىل بولىدۇ. ئۆسۈملۈكى ئاق لەيلىنىڭ ئۆسۈملۈكىدىن كىچىكرەك بولىدۇ. يىلتىزىنىڭ پوستى ۋە غولىنىڭ پوستىنىڭ شىلىمشىقلىقى لەيلىگۈلگە قارىغاندا كۆپ تۆۋەن بولىدۇ. ھۆل ۋاقتىدا ئازراق لوئابلىق بولىدۇ، سەل قۇرۇغاندىن كېيىن لوئابى پۈتۈنلەي يوقىلىپ كېتىدۇ. ئۇ نەم يەرلەردە، كۆز پەسلىدە، بەزى ئەللەردە باھارنىڭ بېشىدا ئۈنىدۇ. ئۆزى ئۈنۈپ قالىدۇ ھەم تېرىلىدۇ. كۆزدە ئۆسىدىغىنى باھار ۋە قىش پەسلىگىچە تۇرىدۇ.

ئۇنىڭ يەنە بىرىمۇ بايقالغان بولۇپ، يوپۇرماقلىرى ئۆششاق ــ يۇمشاق، گۈلى كىچىك

بولىدۇ. باھاردا ئۈنۈپ، قىش پەسلىگىچە تۇرىدۇ. ئۆسۈملۈكى بەك ئېگىز بولمايدۇ، بەلكى بەزىلىرى يەرگە سەل يېيىلىپ ئۆسىدۇ. ئۇلارنىڭ گۈللىرى ئاق لەيلىنىڭ گۈلىدىن باشقىلىرى ئۇزۇن، بىنەپشىگە مايىل قىزىل، سۇناي شەكىللىك بولىدۇ. بەزىلىرى چوڭ، بەزىلىرى كىچىك بولىدۇ. چوڭ ئاق لەيلىنىڭ گۈلى يۇمىلاق، كەڭ بولىدۇ. بەزىلىرىنىڭ رەڭگى قىزىل، بەزىلىرىنىڭ رەڭگى ئاق، يەنە بەزىلىرىنىڭ رەڭگى سېرىق بولىدۇ. ئاللا خالىسا كېيىن بايان قىلىنىدۇ.

**تەبىئىتى:** بىرىنچى دەرىجىدە ھۆل سوغۇق، بەزىلەر ئىككىنچى دەرىجىدە ھۆل سوغۇق، بەزىلەر ئىسسىق ـ سوغۇقلۇقى مۆتىدىل دەيدۇ. بەزىلەر ئۇنىڭ ياۋسىنى ئىسسىقلىققا مايىل دەپ بىلىدۇ.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** توغرىغۇ خۇسۇسىيەتكە ۋە قارىمۇ قارشى قۇۋۋەتكە ئىگە. ھەزىم بولۇشى نورمال، تەرەتنى بوشىتىدۇ، ماددىلارنى پىشۇرىدۇ. ئۇلارنىڭ كېسەللەنگەن ئەزالارغا چۈشۈشىنى توسىدۇ. جىگەر توسالغۇلىرىنى ئاچىدۇ. سۈيدۈك ھەيدەيدۇ. سۈت كۆپەيتىدۇ.

كۆز كېسەللىكلىرى: يوپۇرمىقىنى چايناپ تۇز بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ كۆزگە سۈركىسە كۆزنىڭ ئاقما يارىلىرىنى تازىلايدۇ. تۇزسىز سۈركىسە ئۇلارنى ساقايتىدۇ.

سۇنۇق، ئىششىقلار، زەھەرلىنىشلەر، ئوت كۆيگەن يارا: سالايە قىلىپ زىمات قىلىنسا سۇنغان ئۇستىخاننى تۇتتۇرىدۇ. ئىسسىقتىن بولغان ئىششىقلارنى تارقىتىدۇ. سېرىق ھەرە ۋە ھەسەل ھەرىسىنىڭ چېقىۋېلىشىغا پايدا قىلىدۇ. گۈل يېغى ۋە زەيتۇن يېغى بىلەن مەلھەم قىلىپ چېپىلسا ئوتتا كۆيگەن يارا، تىلما كېسەل، چايان چېقىۋېلىشلارغا پايدا قىلىدۇ. ئۇنىڭ قۇرۇقى سۈيدۈك بىلەن زىمات قىلىنسا باش يارىسى ۋە چاچ كېپەكلىشىشكە پايدا قىلىدۇ.

كۆكرەك، ئاشقازان، جىگەر، سۈيدۈك ئاجرىتىش ئەزالىرى كېسەللىكلىرى ۋە زەھەرلىنىشلەر: شېخىنى قاينىتىپ سۈيىدىن 200 مىللىلىتىر ئېلىپ شېكەر قوشۇپ ئىچىلسە يۆتەل، ئاۋاز پۈتۈش ۋە ئاۋازنىڭ قۇرۇق ئىسسىقتىن غاراڭ ـ غۇرۇڭ بولۇپ قېلىشىغا پايدا قىلىدۇ. تال ئاغرىقى، يەرقان، قوتۇر، ئۆچەي يارىسى، قانلىق ئىچ ئۆتكۈ، دوۋساق يارىسى، سۈيدۈك ئېچىشىپ كېلىش، ئەزالاردا توسالغۇ پەيدا بولۇش قاتارلىقلارغا پايدا قىلىدۇ. يىلتىزى بىلەن يوپۇرمىقى قاينىتىلىپ زىمات قىلىنسا ئۆلتۈرگۈچى زەھەرلەر ۋە دۆڭنىڭ زەھىرىنى قايتۇرىدۇ، بۆرەك ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ.

بالىياتقۇ كېسەللىكلىرى: يوپۇرمىقىنىڭ قاينىتىلمىسىدا ئولتۇرسا بالىياتقۇنىڭ قاتتىق ئىششىقىنى تارقىتىدۇ، مەقئەت ئىششىقلىرىنى يۇمشىتىدۇ. ئۇنىڭ ھۆل يوپۇرمىقىنى سالايە قىلىپ يېڭى كالا يېغى بىلەن مەلھەم قىلىپ بەدەنگە سۈركىسە ھېچقانداق چاققۇچى ھاشارات

يېقىن كەلمەيدۇ.

ئۇنىڭ يېڭى ئۆسكەن يۇمران يوپۇرماقلىرى ئىستېمال قىلىنىدۇ. ئۇنى ئىستېمال قىلىشنىڭ ئەڭ ياخشى ئۇسۇلى ئۇنى قوشلارنىڭ گۆشلىرى بىلەن قاينىتىپ پىشۇرۇپ يېيىشتىن ئىبارەت.

**زىيانلىق تەسىرى:** ئاجىز ئاشقازاننى بوشىتىدۇ، ھۆل سوغۇق مىزاجلىقلارغا زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** ئىسسىق مىزاجلىقلار ئۈچۈن چۈچۈمەل نەرسىلەر. سوغۇق مىزاجلىقلار ئۈچۈن مەجۇنى فەلافىلى، مەجۇنى كۇمۇنىدۇر.

**ئىستېمال مىقدارى:** سۈيىدىن150 مىللىلىتىرغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

ئۇنىڭ ئۇرۇقى ھۆل سوغۇق، لوئابى كۆپ بولۇپ، سىلىقلاشتۇرۇش، چاپلاشتۇرۇش ۋە تەرەتنى بوشىتىش خۇسۇسىيىتى بار. ئۇ قورۇق ئىسسىقتىن بولغان يۆتەل، ئاۋاز پۈتۈش، نەزلە، ئۈچەي زەخىملىنىش، بۆرەك، دوۋساق يارىسى، ئىسسىق، ئۆتكۈر دورىلارنىڭ تەسىرىنى يوقىتىش، سىرىق ھەرە چېقىۋېلىش قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ. ياۋا بېدىنىڭ ئۇرۇقىدىن باراۋەر مىقداردا ئېلىپ بىرلىكتە ئىستېمال قىلسا بۆرەك ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن كىلىزما قىلسا ئۈچەي، بالىياتقۇ ۋە مەقئەتلەرنىڭ كۆيۈشۈشىنى پەسەيتىدۇ. ھەسەل بىلەن بىرلىكتە جىگەر ئاغرىقىنى پەسەيتىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

ئىششىقلار، ئاغرىقلار: ئۇ يالغۇز ياكى ئاقلانغان ئارپا بىلەن زىمات قىلىنسا ئىسسىقتىن بولغان ئىششىقلارنى تارقىتىدۇ، ئاغرىقلارنى پەسەيتىدۇ، ئىسسىقتىن بولغان قاتتىق ئىششىقلارنى تارقىتىدۇ. ئۇرۇقى بىلەن يوپۇرمىقى زىمات قىلىنسا ھەرە چېقىۋېلىشقا پايدا قىلىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** ئاجىز ئاشقازانغا زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** مېۋە قىياملىرى.

**ئىستېمال مىقدارى:** 15 گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

**ئورۇنباسارى:** ئاق لەيلى ئۇرۇقى.

ئۇنىڭ گۈلى ئىستېمال قىلىنسا بۆرەك، دوۋساق يارىسىغا پايدا قىلىدۇ. شاخلىرى زىمات قىلىنسا ئۈچەي ۋە دوۋساق ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ.

يەرلىك لەيلىگۈلنىڭ يوپۇرمىقى ئۇزۇن، گۈلى سىرىق بولۇپ، تەرخەمەك گۈلىدىن كىچىكرەك بولىدۇ. كېۋەزلىكلەردە كۆپ ئۆسىدۇ، كېۋەزنىڭ ئېگىزلىكىدە بولىدۇ. ئۇرۇقى قارا، ئۇزۇن بولۇپ، سىيادانغا ئوخشايدۇ. ناھايىتى ئاچچىق بولىدۇ. غىلاپى قورتقا ئوخشايدۇ، كۆككە مايىل بولىدۇ.

**تەبىئىتى:** سوغۇقلۇقى ۋە ھۆللۈكى يەرلىكىنىڭ ھۆللۈكى ۋە سوغۇقلۇقىدىن

ئارتۇقراقتۇر. تەرەتنى بوشىتىدۇ. ئۆپكىنى نەملەشتۈرىدۇ. ئاۋازنى سۈزۈلدۈرىدۇ. ئۈچۈچانلىقى بىلەن ھارارەتنى قوزغىتىدۇ. ئىسسىقتىن بولغان تەپلەرگە پايدا قىلىدۇ.

**زىيانلىق تەسرى:** سوغۇق ئاشقازانغا زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** ئىسسىق تەبىئەتلىك دورىلار.

ئۇنىڭ ئۇرۇقى قويۇق خىلىتلارنى كۆچلۈك سۈرىدۇ. توسالغۇلارنى ئاچىدۇ. ئولتۇرغۇچ نېرۋا ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ. سۈيىنى شېكەر بىلەن ئىچسە كۆيگەن خىلىتلارنى بىرتەرەپ قىلىدۇ. چاپىناپ زىمات قىلسا ئىششىقلارنى تارقىتىدۇ، چايان چېقىۋالغاندىكى ئاغرىقنى پەسەيتىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** ئالتە گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

## خۇبز
## (نان)

ئۇ پارسچە «نان»، تۈركچە «چەرەك»، ھىندىچە «روتى»، ئىنگلىزچە «بىرېت» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** ئۇ كۆپ خىل ئاشلىقلاردىن تەييارلىنىدۇ. يەنى خالىغان ئاشلىقنى سوقۇپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ خېمىر يۇغۇرۇپ پىشۇرۇپ يېيىلىدۇ. ھەممىدىن ياخشىسى دېنى تولغان، يېڭى ئاق بۇغداينىڭ يۇيۇپ سوقۇپ، كېپەكى نورمال ئايرىلىپ خېمىر يۇغۇرۇپ ئۆزلىگىچە تۇرغۇزۇپ ئىسسىقلىقى نورمال تونۇرغا يېقىلىپ پىشۇرۇلۇپ تەييارلانغىنىدۇر. سۈت بىلەن ياغ قوشۇپ يېقىلغىنى «شىرمال» دەپ ئاتىلىدىغان بولۇپ، ھەممىسىنىڭ ياخشىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇنىڭ تۈرى كۆپ بولۇپ، تاتلىق بولۇش مەقسەت قىلىنسا شېكەر بىلەن ئۈزۈم شىرنىسىدىن مۇۋاپىق مىقداردا قوشۇلىدۇ. پارقىراق بولۇش ئۈچۈن يۈزىگە توخۇ تۇخۇمىنىڭ سېرىقى سۈركىلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، يۈزىگە ئاقلانغان كۈنجۈت، ئارپېبەدىيان، نانخا، زىرە سۈركىلىدۇ ياكى خېمىرنىڭ ئىچىگە قوشۇلىدۇ. سۇنىڭ ئورنىغا باشقا سۈيۇقلۇق قوشۇپ يۇغۇرۇپ پىشۇرۇلغانلىرىنىڭ ھەممىسى قوپال بولۇپ، تەستە ھەزىم بولىدۇ، ئەمما بۆرەكنى قۇۋۋەتلەيدۇ.

**تەبىئىتى:** قايسى خىل ئاشلىقتىن تەييارلانغان بولسا، تەبىئىتى شۇ خىل ئاشلىقنىڭ تەبىئىتى بىلەن ئوخشاش بولىدۇ.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ئىسسىق نان بەدەننى قىزىتىدۇ، ئاشقازاننىڭ ھۆللۈكلىرىنى قۇرۇتىدۇ. چاينىسا چىشنىڭ قامىشىنى يوقىتىدۇ. سوغۇق نان بەدەنگە ھۆللۈك يەتكۈزىدۇ. يېڭى نان تېز ھەزىم بولىدۇ. بەدەننى قۇۋۋەتلەپ سەمرىتىدۇ. قۇرۇق نان ئۈزۈندا ھەزىم بولىدۇ، قۇرۇتىدۇ. نانلارنىڭ ھەممىسى ئۇسسىتىدۇ. دورا ـ دەرمانلار، شۇمشا ۋە سىيادان بىلەن يېقىلسا ئىشتىھانى ئاچىدۇ. ئۈزۈندا ھەزىم بولىدۇ، توسالغۇلارنى ئاچىدۇ. قۇرۇتىدۇ، يەللەرنى تارقىتىدۇ. خەشخاش بىلەن يېقىلغان بولسا ئۇخلىتىدۇ، قابىزلىق خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولىدۇ. پېتىر نان ۋە زىيادە تاسقالغان، كېپىكى تولۇق ئايرىۋېتىلگەن ئۇندىن يېقىلغان نان ئۈزۈندا ھەزىم بولىدۇ، توسالغۇ پەيدا قىلىدۇ. قورساقنى ئىسىدۇ، بولۇپمۇ سۈت ياكى ياغ ۋە تاتلىق نەرسىلەر بىلەن تەييارلانغان نان ھەممە كىشىلەرنىڭ ئەمەس، بەلكى بەزى كىشىلەرنىڭ قورسىقىنى ئىسىدۇ. ھالبۇكى كېپەكلىك نان ھەممە ئادەمگە ماس كېلىدۇ.

ئارپا نېنى گۈرۈچ ئۇنى نېنىغا قارىغاندا تېزراق ھەزىم بولىدۇ. بەدەننى سوۋۇتىدۇ، ئۇزۇقلۇقى ئازراقتۇر. ئىچ سۈرۈش، ئاشقازىنى زەئىپلەشمىگەن كىشىلەردىكى ئىسسىق تەپلەرگە پايدا قىلىدۇ. قورساقنى ئىسىدۇ. سوغۇق مىزاجلىقلار ئىستېمال قىلسا قولۇنجى پەيدا قىلىدۇ. تۇزەتكۈچىسى مائۇلھەسەل، گۆش شورپىسى، شېكەردۇر.

گۈرۈچ ئۇنى نېنى سوغۇق، ناھايىتى قۇرۇق بولۇپ، ئۇسسىتىدۇ، توسالغۇ پەيدا قىلىدۇ، بەدەننى قۇۋۋەتلەيدۇ، ئوزۇقلۇقى يۇقىرىدۇر. سەپرا، قاندىن بولغان ئىچ سۈرۈشكە پايدا قىلىدۇ، رەڭگىرويىنى ياخشىلايدۇ.

شېكەر قوشۇپ ياغسىز يېقىلغان بۇغداي، گۈرۈچ، ئارپا ئۇنى نېنى بەزى كىشىلەردە نانلارنىڭ باشقا تۈرلىرىگە قارىغاندا تېز ھەزىم بولىدۇ.

نوقۇت ئۇنى، باقىلە ئۇنى، بەللۇت ئۇنى ۋە تېرىق ئۇنىدىن يېقىلغان نان ئاستا ھەزىم بولىدۇ، توسالغۇ پەيدا قىلىدۇ. ئوزۇقلۇقى ئاز. قابىزلىق خۇسۇسىيەتكە ئىگە. چۈچۈمەل نەرسە بىلەن يېسە ناھايىتى زىيان قىلىدۇ، تۈزەتكۈچىسى ياغ ۋە تاتلىق نەرسىلەردۇر.

## خۇبزۇل ھەۋارىي
(ئاق نان)

**ماھىيىتى:** بۇ كېپىكى زىيادە ئايرىلغان ئۇندىن يېقىلغان ناندىن ئىبارەت. بۇغدىيى ئاق، سېمىز بولسا نېنى تېخىمۇ ئاق بولىدۇ. بۇ نانلارنىڭ ئەڭ ياخشىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. «ھەۋارىي» دېگەن سۆز ئاق دېگەن ناننى بىلدۈرىدۇ. بۇ نان رىم بىلەن فىرانسىيەدە باشقا ئەللەرنىڭ نانلىرىغا قارىغاندا كۆپ ئاق يېقىلىدۇ.

## خۇبزۇل خۇشكار
(دېۋەز نان)

**ماھىيتى:** ئۇ يۇيۇلمىغان بۇغدايدىن تارتىلغان كېپىكى ئايرىلمىغان ئۇندىن يېقىلغان ناندىن ئىبارەت.

**خۇسۇسىيتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** تېز ھەزىم بولىدۇ، توسالغۇ پەيدا قىلمايدۇ. بەزى كىشىلەرنىڭ تەرىتىنى بوشىتىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** سەۋدالىق قان پەيدا قىلىدۇ. بەدەننى زەئىپلەشتۈرىدۇ. بوۋاسىر ۋە قوتۇرغا سەۋەب بولىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** تاتلىق نەرسىلەر، ياغلار ۋە يېڭى سېغىلغان سۈت.

## خۇبزۇس سەمىيد
(كېپەكسىز نان)

ئۇ «نانى مەيدە» دېگەن نام بىلەن مەشھۇردۇر.

**ماھىيتى:** كېپىكى زىيادە ئايرىۋېتىلگەن ئۇندىن يېقىلغان ناندىن ئىبارەت. ئاشقازاندىن تېز ئۆتىدۇ، ئوزۇقلۇقى كۆپ.

**زىيانلىق تەسىرى:** جىگەردە توسالغۇ، بۆرەكتە تاش پەيدا قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** رۇمبەدىيان، ئارپىبەدىيان، شېكەر، سىركەنجۇۋىل بۇزۇرى.

## خۇبزۇت تابەق
(قازان نېنى)

ئۇ پېتىر خېمىرنى نېپىز يېيىپ پارسچە «ساج» دەپ ئاتىلىدىغان قىزىتىلغان تۆمۈر تاۋىغا سېلىپ پىشۇرۇلغان نان بولۇپ، ئاشقازاندىن تېز ئۆتىدۇ، قابىزلىق خۇسۇسىيىتىگە ئىگە. بوۋاسىر مەنبەلىك ئىچ سۈرۈشكە پايدا قىلىدۇ. ئۇ «نانى ساجى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

## خۇبزۇت تابۇن
(ياغ نان)

ئۇ كېپىكى زىيادە ئايرىلغان ئۇنغا ياغ قوشۇلۇپ نېپىز قىلىنىپ پىشۇرۇلغان ناندىن ئىبارەت بولۇپ، «كەسمە» دېگەن نام بىلەن مەشھۇردۇر. ئوزۇقلۇقى مول بولۇپ، ھەقىقىي خىلىت پەيدا قىلىدۇ. تەستە ھەزىم بولىدۇ، ئىسسىق مىزاجلىقلارغا زىيان قىلىدۇ.

## خۇبزۇل فۇرنى
(كۆمەچ نان)

ئۇ چوغدا پىشۇرۇلىدىغان نان بولۇپ، بىر نەچچە خىل بولىدۇ. كۆمەچ، بەكسىمات (بىر خىل نان) ۋە نانى سەنكەك ئۇنىڭ تۈرلىرىدىندۇر. بۇ نان جاپاكەشلەر ۋە ئېغىر ئىش قىلىدىغانلارنىڭ يېيىشىگە مۇۋاپىق كېلىدۇ.

كۆمەچ نان پىشۇرۇلىدىغان ئوچاق مۇۋاپىق چوڭلۇقتىكى ئورەك كولىنىپ ئەتراپى تاش، گەج ياكى پىشتىق خىشتىن قوپۇرۇلۇپ ئوچاقنىڭ مورىسىغا ئوخشاش مورا چىقىرىلىپ تېگىگە تۆت ئىلىك، ئۇنىڭدىن قېلىنراق شېغىل تاش يېيىتىلىپ ياسىلىدۇ. ئوچاقنىڭ بىر تەرىپىگە ئوت قالىنىپ چوغ چۈشۈرۈلۈپ ئوچاق قىزىتىلىدۇ. چوغ تۇتۇنى تۈگىگەچە قويۇلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن كۆمەچنىڭ خېمىرىنى نوقۇتنىڭ چىلانما سۈيى بىلەن يۇغۇرۇپ ئۆرلىگەندە ئازراق تاتلىق نەرسە ۋە ياغ ئارىلاشتۇرۇپ تىندۇرۇلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن خېمىردىن مۇۋاپىق چوڭلۇق ۋە شەكىلدە نان راسلىنىدۇ. چوغ ئوچاقنىڭ ئوتتۇرىسىغا يېيىتىلغاندىن كېيىن ئۈستىگە مۇۋاپىق قېلىنلىقتا قۇم يېيىتىپ ئۈستىگە ياسالغان نان تاشلىنىدۇ، ئۈستىگە يەنە چوغ يېيىتىپ ئوچاقنىڭ ئۈستىنى ئېتىپ پىشقاندا ئېلىپ يېيىلىدۇ.

بەكسىمات دەپ ئاتىلىدىغان نانمۇ ئۇننى نوقۇت چىلانما سۈيى بىلەن يۇغۇرۇپ قاچىغا ئېلىنىغان قىزىق قۇم ياكى ئوچاقتىكى قىزىق قۇم ئۈستىگە بىۋاستە تاشلاپ ئۈستىگە يەنە قىزىق قۇم يېيىتىپ پىشۇرۇلىدۇ. بەكرەك پىشۇرۇش مەقسەت قىلىنسا ئوچاقتا ئۇزۇنراق تۇرغۇزۇلىدۇ. مەزكۇر ئىككى خىل نان ئاسان ھەزىم بولىدۇ.

سەنكەك دەپ ئاتىلىدىغان ناننىڭ خېمىرى پېتىر بولىدىغان بولۇپ، بوشراق يۇغۇرۇلىدۇ. خالىغان چوڭلۇق ۋە شەكىلدە نېپىزراق يېيىتىپ ئۈستىگە مۇۋاپىق دورا ـ دەرمانلارنى سېپىپ قىزىق قۇم ئارىسىغا كۆمۈپ پىشۇرۇلىدۇ. قىزىق يېيىلسە ناھايىتى مەززىلىك بولىدۇ. ئۇنىڭ ياغ قوشۇپ پىشۇرۇلغىنى تېخىمۇ يېيىشلىك بولىدۇ. بۇ خىل ناننى تەييارلايدىغانلار تەجرىبىلىك ۋە ماھارەتلىك بولۇش تەلەپ قىلىنىدۇ. ئۇ ئىران شەھەرلىرىدە، بولۇپمۇ كېرمان شەھىرىدە ناھايىتى ياخشى پىشۇرۇلىدۇ. ئۇ يەردە ئۇنىڭ ئۇزۇنلۇقى ئۈچ غۇلاچقىچە، كەڭلىكى بىر غۇلاچقىچە بولىدۇ.

## خەبەس
(دات)

ئۇ مەدەنلەرنى ئېرىتكەندە چىقىدىغان جىسىمدىن ئىبارەت.

**تەبىئىتى:** ھەممىسى قۇرۇق، ئىسسىق ـ سوغۇقلۇقى ھەر خىل بولىدۇ.

# خەبەسۇل ھەدىيد
(تۆمۈر دېتى)

ئۇ پارسچە «نوش»، «رىيمى ئاھەن» (تۆمۈر كىرى)، شىيرازچە «رەمەد»، ھىندىچە «لوھەكا گوھ»، يەنى تۆمۈر پوقى، زەھەرسىزلەندۈرۈلگىنى «كىيت» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيتى:** ئۇ تۆمۈر ئېرىتىلگەندە چىقىدىغان كىردىن ئىبارەت بولۇپ، داتلارنىڭ ئەڭ ياخشىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭ زەھەرسىزلەندۈرۈپ يۇيۇلغىنى، يەنى سالايە قىلىپ سىركىگە چىلاپ قۇرۇتۇپ يۇيۇلغىنى ئىشلىتىلىدۇ. قانچە كۆپ سالايە قىلىنسا شۇنچە ياخشى بولىدۇ. كۆز ۋە قۇلاق كېسەللىكلىرىگە سىركىسىز ئىشلىتىلىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە ئىسسىق، ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق.

**خۇسۇسىيتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ناھايىتى قۇرۇتقۇچى، ئاشقازان، يۈرەك، مېڭىنى قۇۋۋەتلىگۈچى، قان توختاتقۇچى، ھەيز ھەيدىگۈچى، ھامىلىدارلىقنى چەكلىگۈچى بولۇپ، بوۋاسىر، تالىنىڭ ھۆللۈكى ئېشىش، ئىچكى ئەزالارنىڭ ھۆللۈكىنى قۇرۇتۇش، ئۈچەي ۋە دوۋساق يارىسى، مەقئەت بوشاش، سۈيدۈك تامچىلاش ۋە ھەر خىل ئىششىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ، سىناقتىن ئۆتكەن.

كۆز كېسەللىكلىرى: كۆزگە سۈركىسە قاپاقنىڭ يىرىكلىكىگە شىپا بولىدۇ.

قۇلاق كېسەللىكلىرى: قۇلاققا تېمىتىلسا كىرىنى تازىلايدۇ.

كۆكرەك كېسەللىكلىرى: ھەسەل بىلەن ئىشلىتىلسە ئاۋازنى سۈزۈلدۈرىدۇ.

باھ كېسەللىكلىرى: ئۇنىڭدىن يېرىم گىرام ئېلىپ توخۇ تۇخۇمىنىڭ سېرىقى بىلەن ئىشلىتىلسە ھۆل مىزاجلىق كىشىلەر ۋە باھ قۇۋۋىتىدىن نائۈمىد بولغانلارنىڭ باھ قۇۋۋىتىنى قوزغايدۇ.

زەھەرلىنىشلەر: سىركەنجۇبىل بىلەن ئىشلىتىلسە ئۆلتۈرگۈچ زەھەرلەرنىڭ زەھىرىنى قايتۇرىدۇ.

بوۋاسىر: كونا شاراب بىلەن ئىشلىتىلسە بوۋاسىرنىڭ قېنىنى توختىتىدۇ.

بالىياتقۇ كېسەللىكلىرى: ئۇ يۇڭ بىلەن پەرزىجە قىلىنسا بالىياتقۇنىڭ قېنىنى توختىتىدۇ.

ئىششىقلار: زىمات قىلىنسا ئىسسىقتىن بولغان ئىششىقلارنى ۋە ئەمچەكتە ئۇيۇپ قالغان سۈتنى تارقىتىدۇ.

كۆكرەك كېسەللىكلىرى، زىننەت ئەزالىرى كېسەللىكلىرى: ئۇنىڭدىن مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ، مۇۋاپىق مىقداردىكى سۇ ۋە ھەسەل بىلەن 20 قېتىم سالايە قىلىپ

قۇرۇتقاندىن كېيىن ئۈستىدىن ئۈچ ئىلىك ئاشقۇدەك مىقداردىكى زەيتۇن يېغىغا چىلاپ ياغنىڭ ئۈچتىن بىرى تۈگىگىچە قاينىتىپ ئۇنىڭغا ھۆرق بابىلى بىلەن ھەسەل قوشۇپ لوئوق تەييارلاپ كۈندە ئىككى ئىلىم ئىستېمال قىلسا ئاۋازنى ۋە رەڭگىروينى ياخشىلايدۇ. بەدەندىكى كېرەكسىز ماددىلارنى چىقىرىدۇ، بۇ جەھەتتە تەڭداشسىز بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. شۇنداقلا ئۇنى زەيتۇن يېغى بىلەن قاينىتىپ ھەسەل بىلەن يۇغۇرۇپ ئېھتىياجغا قاراپ مۇۋاپىق مىقداردا ئىستېمال قىلسىمۇ شۇ تەسىرنى بېرىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** ئۆپكىگە زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** كەتىرا، ھەسەل.

**ئىستېمال مىقدارى:** ئىككى داڭغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن ئارتۇق ئىستېمال قىلىشقا بولمايدۇ.

ئۇ ئارتۇق ئىستېمال قىلىنسا، ئۇنىڭ ئېكەكدەلمىسى ئىستېمال قىلىنغاندىكىدەك زەھەرلەش ئالامەتلىرى كۆرۈلىدۇ. ئۇنىڭ زەھىرىنى قايتۇرۇش ئۇسۇلىمۇ ئۇنىڭ زەھىرىنى قايتۇرۇش ئۇسۇلى بىلەن ئوخشاش بولۇپ، زەھەر قايتۇرۇش ئۇسۇلى ۋە ئۇنىڭدىن تەييارلىنىدىغان مۇرەككەپ ياسالمىلار قارابادىندا بايان قىلىندى.

## خەبەسۇز زەھەب
(ئالتۇن دېتى)

ئۇ ئالتۇننىڭ پوقىدىن ئىبارەت.

**تەبئىتى:** ھەممىسىدىن ئۈچۈچانراقتۇر.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ئۇنىڭ تەسىرلىرى ۋە خۇسۇسىيەتلىرى كۈمۈشنىڭ تەسىرلىرى ۋە خۇسۇسىيەتلىرىدىن كۈچلۈكرەك بولۇپ، ئىقلىمىيانىڭ ئورۇنباسارى قىلىنىدۇ. سۇ بىلەن مەلھەم قىلىنىپ ئىشلىتىلسە قولتۇق ۋە چاتنىڭ بەتبۇيىنى يوقىتىدۇ.

## خەبەسۇر رىساس
(قەلەي دېتى)

ئۇ قەلەينىڭ دېتىدىن ئىبارەت.

**تەبئىتى:** ناھايىتى قۇرۇق سوغۇق، قابىزدۇر.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** يۇيۇلغىنى كۆز يارىسىنى ساقايتىدۇ، كۆرۈش قۇۋۋىتىنى ئاشۇرىدۇ. كۆزگە ماددىلارنىڭ قۇيۇلۇشىنى توسىدۇ. تەسىرى كۆيدۈرۈلگەن قەلەينىڭ تەسىرىگە ئوخشايدۇ.

**ئورۇنباسارى:** قوغۇشۇن ئۇپىسى.

## خەبەسۇل فىززە
(كۈمۈش دېتى)

ئۇ كۈمۈشنىڭ دېتىدىن ئىبارەت بولۇپ، كۆك، چۇرۇك بولغانلىرى ياخشىلىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

**تەبىئىتى:** قۇرۇق سوغۇق. قورۇغۇچى، تارتقۇچى ۋە قۇرۇتقۇچى قۇۋۋەتكە ئىگە.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** مەلھەم قىلىپ سۈركىسە كۆز يارىسى، تاز، قوتۇر، بوۋاسىر، ئاقما ۋە باشقا يارىلارغا شىپا بولىدۇ. مەلھەملەرگە قوشۇلسىمۇ كېيىنكى ئۈچ خىل كېسەللىككە داۋا بولىدۇ.

## خەبەسۇن نەھاس
(مىس دېتى)

ئۇ مىسنىڭ دېتىدىن ئىبارەت بولۇپ، قۇۋۋىتى تۆمۈر دېتىغا ئوخشاش، ئۇنىڭدىن ئاجىزراقتۇر. ماددىلارنى ئۈچۈچانلاشتۇرغۇچى، جۇلا بەرگۈچى بولۇپ، كۆز ۋە زەخىملەرنىڭ دورىلىرىغا قوشۇپ ئىشلىتىلىدۇ. ئۇ ئىچىدىن ئىستېمال قىلىنسا قاتىل زەھەر بولىدۇ.

## خۇببە
(خاكشى)

ئۇ شىرازدا «شەفتەرەك»، ئىسپاندا «خاكشى»، تىبرىزدا «سورۇن»، تۈركچە «شىيۇران»، مازىندەراندا ئۇنىڭ ئۇرۇقلۇكى «شەلەمبى» دەپ ئاتىلىدۇ. ھىندىچە «خوب كەلان» دېگەن نام بىلەن مەشھۇردۇر.

**ماھىيىتى:** بۇ بىر خىل ئۇرۇق بولۇپ، ئۈششاق، سەل ئۇزۇنچاق بولىدۇ. ئىككى خىل بولىدۇ. بىر خىلى ئۈششاق، قىزىلغا مايىل، تەمى سەل ئاچچىق بولىدۇ. يەنە بىر خىلى ئۇنىڭدىن چوڭراق، رەڭگى قارامتۇل قىزىل بولىدۇ. ھەر ئىككىسىنىڭ ئۆسۈملۈكى باھار پەسلىدە قۇملۇقلار، باغلار ۋە تاغ ئېتەكلىرىدە ئۆزى كۆپ ئۈنىدۇ. ئۇنىڭ كىچىكىنىڭ ئۆسۈملۈكى بىر يېرىم غۇلاچتىن ئىككى غۇلاچقىچە ئېگىزلىكتە ئۆسىدۇ. يوپۇرمىقى ئۇزۇنچاق بولۇپ، ياۋا زاغۇن ئۆسۈملۈكىنىڭ يوپۇرمىقىغا ئوخشايدۇ. تەمى ئۆتكۈر بولىدۇ. شاخلىرى ئىنچىكە بولۇپ، تارقاق ئۆسىدۇ. ئۇرۇقى ئىنچىكە، نېپىز غىلاپ ئىچىدە بولۇپ، شاخلىرىنىڭ ئۇچلىرىدا ئۆسىدۇ. ئۇنىڭ چوڭىنىڭ ئۆسۈملۈكى ئۈچ غۇلاچقىچە ئېگىزلىكتە ئۆسىدۇ. شاخلىرى تارقاق، تومراق بولىدۇ. يوپۇرمىقى چوڭراق، كەڭرەك ۋە تەمى ئۆتكۈررەك

بولىدۇ. ئۇرۇقىنىڭ غىلاپىمۇ چوڭراق، تەمىمۇ كىچىكىدىن ئۆتكۈررەك بولىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئېھتىمال ئۇنىڭ كىچىكى بىرىنچى دەرىجىدە ئىسسىق، ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق، چوڭى ئىككىنچى دەرىجىنىڭ ئاخىرىدا ئىسسىق بولۇشى مۇمكىن.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** باھنى قۇۋۋەتلىگۈچى، ئىشتىھانى ئاچقۇچى، ئاشقازاننى ۋە ھەزىمنى قۇۋۋەتلىگۈچىدۇر. ئۇ ئاۋازنى، رەڭگىرويىنى ياخشىلايدۇ، يۇلۇندىكى ماددىلارنى تارقىتىدۇ. قىزىل، چېچەك، تىلما، ئىچكى ئەزالارنىڭ سوغۇقلۇقى قاتارلىقلارغا شىپا بولىدۇ. 3.5 گىرام ئىشلىتىلسە كۆكرەك ۋە ئۆپكىدىكى خىلىتلارنى تازىلايدۇ. سۈت بىلەن ئىشلىتىلسە رەڭگىرويىنى ياخشىلايدۇ، باھنى قوزغىتىدۇ. بولۇپمۇ ئىككى ھەسسە شېكەر بىلەن ئۇدا ئون كۈن ئىستېمال قىلىنسا ئۇنۇمى تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ. شۇنداقلا ئۇنىڭدىن كۈندە 10 گىرام ئېلىپ 20 گىرام ئاق شېكەر بىلەن ئىستېمال قىلىسىمۇ شۇ تەسىرنى بېرىدۇ. سەۋدا مىزاجلىق كىشىلەرگىمۇ پايدا قىلىدۇ. ئۇنىڭ 10 گىرامى زەھەرلىك دورىلارنىڭ زەھىرىنى قايتۇرىدۇ، خولېراغا شىپا بولىدۇ. بولۇپمۇ ئۇنى شېغىل تاش بىلەن بىرگە يۇيۇپ گۈلاب ياكى ساپ سۇ بىلەن قاينىتىپ ئېتىلىپ پىشقاندا ئىلمان ھالدا ئىچىلسە تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ. قەي بولسا يۇقىرىقى ئۇسۇل بويىچە يەنە ئىچسە قەينى توختىتىدۇ. ئۇ سەپرادىن بولغان خولېرا ئۈچۈن ھۆل كاسىنە يوپۇرمىقى سۈيى بىلەن ئىچىلىپ سىناقتىن تەكرار ئۆتكەن. ئۇ زىمات قىلىنسا كۆز يارىسى، قۇلاق ئاستى بېزى ئىششىقى، ئەمچەك، ئۇرۇقدان ئىششىقى، نۇقرەس، سەرتاننىڭ قاتتىق ئىششىقىغا پايدا قىلىدۇ. ئۇنىڭ خېمىرىنىڭ ئارىسىغا ئېلىپ قورۇلغىنى كونا يۆتەلنى پەسەيتىدۇ، ئۆپكە ۋە جىگەرگە پايدا قىلىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن پەرزىجە قىلسا ھامىلدارلىققا ياردەم بېرىدۇ، بالىياتقۇ يارىلىرىنى ساقايتىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** باشنى ئاغرىتىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** كەتىرا.

**ئىستېمال مىقدارى:** چوڭىدىن 10 گىرامغىچە، كىچىكىدىن 15 گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

**ئورۇنباسارى:** باھنى قۇۋۋەتلەش ۋە بەدەننى سەمىرىتىش ئۈچۈن تۇدەرى.

ئۇنى تۇدەرى دەپ بىلگەنلەر ئىككى ئۇرۇقنى ئارىلاشتۇرۇپ قويغانلاردۇر. ئەمەلىيەتتە ئىككىسى ئايرىم ئىككى خىل ئۇرۇقتۇر.

## خەبىيسۇل بەيز
## (تۇخۇم ئېشى)

ئۇ پارسچە «خاگىينە» دەپ ئاتىلىدۇ. كۆكتاتلار بىلەن تەييارلانسا «كوكو» دەپ ئاتىلىدۇ. ئوزۇقلۇقى يۇقىرىدۇر. ئەمما تەستە ھەزىم بولىدۇ. قويۇق خىلىت پەيدا قىلىدۇ. دارچىن، خولىنجان ۋە باھنى قۇۋۋەتلىگۈچى دورىلار بىلەن ئىستېمال قىلىنسا باھنى قۇۋۋەتلەيدۇ.

# پەسل: «خ» (خۇۋائ) ۋە «س» (سائ) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى

## خەسا
(تېزەك)

ئۇ يالغۇز ئاتالسا كالا تېزىكىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ «ئەخسائۇل بەقەر» (كالا تېزىكى) دە بايان قىلىندى.

## خەسۇ

ئۇ تۈركچە «خاتۇن» دېگەن سۆزدىن قىسقارتىلغاندۇر. بۇ خىتايچىدا خۇددى «خان» دېگەن سۆزگە ئوخشاش چوڭ دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. بۇ ئىككى سۆز مەنىداش سۆزلەردىندۇر.

ماھىيتى: ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇ پارسچە «رۇخ» دەپ ئاتىلىدىغان بىر خىل قۇش بولۇپ، كەركىدان چوڭلۇقىدا، بەلكى ئۇنىڭدىن چوڭ بولىدىكەن. ئۇ كۆپ ھاللاردا پىلنى ئوزۇقلۇق قىلىدىكەن. چىن شەھەرلىرى، ھەبەشىستان ۋە تۈرك شەھەرلىرىدە تېپىلىدىكەن. ئۇنىڭ پېشانە سۆڭىكىدىن پادىشاھلارغا قەدەھ ياسىلىدىكەن. ئۇنىڭ شۇنداق خۇسۇسىيىتى بار ئىكەنكى، ئۇنىڭغا زەھەرلەنگەن تائام ئېلىنسا تەرلەيدىكەن، شۇنداقلا ئۇنىڭ باشقا ئۇستىخانلىرىمۇ شۇنداق ئالاھىدىلىككە ئىگە ئىكەن. ئەمىنۇد دەۋلىنىڭ ئېيتىشىچە، ئىپار كېيىكىنىڭ مۈڭگۈزىنىڭمۇ شۇ خىل خۇسۇسىيىتى بار ئىكەن. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇ ئىچ سۇرۇشكە ناھايىتى پايدا قىلىدىكەن. «تۆھپەتۇل مۆئمىن» (مۆمىنلەرگە قىلىنغان ھەدىيە) دېگەن كىتابنىڭ ئاپتورىنىڭ يېزىشىچە «تەزكىرە» دېگەن كىتابنىڭ ئاپتورى «بۇ قۇش سەر ئەندىپتىن تېپىلىدۇ، تۇخۇمىدىن 30 گىرام يېسە قىچىشقاق، قوتۇرغا پايدا قىلىدۇ، جىگەرنىڭ توسالغۇلىرىنى ئاچىدۇ. ئۇستىخىنى بىلەن ئىسرىق سېلىنسا تۇتقاق كېسەل بىمارىنى ھوشىغا كەلتۈرىدۇ. مايىقى تېرىدىكى ئىزلارنى يوقىتىدۇ. تاشلىقى زىمات قىلىنسا بوۋاسىرغا شىپا بولىدۇ» دېگەن. «ھاياتۇل ھەيۋان» (ھايۋان ھاياتى) دېگەن كىتابنىڭ ئاپتورىنىڭ يېزىشچە ئارستاتالىس ئۇنى سۈپەتلەپ «ئۇ بىر خىل چوڭ قۇش بولۇپ، چىن شەھەرلىرى، بابىل، تۈرك شەھەرلەردىن تېپىلىدۇ، ھېچ كىشى ئۇنىڭ تىرىكىنى كۆرۈپ باقمىغان، پەقەت ئۆلۈكىنىڭ گۆشلىرى شىلىنىپ كەتكەن ئۇستىخانلىرىنى كۆرگەن. بۇ ھايۋاننىڭ خۇسۇسىيىتى شۇكى، زەھەرنىڭ پۇرىقىنى پۇراپ قالسا ئېھتىيات قىلىپ قاچىدۇ ۋە تەرلەيدۇ. سېزىمى يوقىلىدۇ» دېگەن. يەنە باشقىلارنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ ياشايدىغان يوللاردا

مەيلى قىش ياكى ياز پەسلى بولسۇن، زەھەر كۆپ بولىدىكەن. ئۇ مەزكۇر زەھەرنى پۇرىغاندىن كېيىن ئىھتىيات قىلىسىمۇ زەھەرلىنىپ ئۆلۈپ قالىدىكەن. كىشىلەر ئۇنىڭ ئۇستىخانلىرىنى يىغىۋېلىپ ئۇنىڭدىن قاچا، پىچاق، خەنجەر دەستىلىرى ۋە باشقىلارنى ياسايدىكەن. ئۇنىڭغا زەھەر تەگسە تەر تەپچىرەپ چىقىدىكەن. ئۇنىڭغا زەھەرلەنگەن تائام ئېلىنسا تەرلەيدىكەن. شۇ ئارقىلىق تائامنىڭ زەھەرلەنگەن ـ زەھەرلەنمىگەنلىكى پەرقلەندۈرۈلىدىكەن. بۇ قۇشنىڭ مېڭىسى ھەممە ھايۋانلارنى زەھەرلەيدۇ. يىلان ئۇنىڭ ئۇستىخىنىدىن قاچىدۇ ۋە يېقىنلاشمايدۇ.

چىن پادشاھلىرىنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ بۇقىغا ئوخشايدىغان بىر خىل ھايۋان ئىكەن. كىشىلەرنىڭ ئۇنىڭغا قىزىقىشىنىڭ سەۋەبى شۇكى، ئۇنىڭ ئۇستىخىنى زەھەرنىڭ يېنىغا ئېلىپ بېرىلسا تەرلەيدىكەن.

ئىبراھىم سەنەدى مۇنداق ھېكايە قىلغان: «چىن شەھەرلىرىنىڭ ئەتراپلىرىنى ئايلانغان ئىشەنچلىك كىشىلىرىمىنىڭ بىرى مۇنداق دەپ بەرگەن ئىدى: ‹بىر كۈنى چىڭ چۈش ۋاقتىدا قۇياش كۆزىمىزدىن تۇيۇقسىز غايىب بولۇپ، دۇنيا قاراڭغۇلۇققا چۆمدى، بىز بىر ـ بىرىمىزنى كۆرەلمىدۇق، چىن ئەھلى بۇ ھالنى كۆرگەندىن كېيىن باشلىرىنى سەجدىگە قويۇشتى ۋە قۇياش چىقىپ ئالەم يورۇمىغۇچە باشلىرىنى سەجدىدىن كۆتۈرۈشمىدى. ئۇلار سەجدىدىن باشلىرىنى كۆتۈرگەندىن كېيىن ئۇلاردىن: دۇنيانىڭ قاراڭغۇلۇققا چۆمۈشى ۋە سىلەرنىڭ سەجدىگە باش قويۇشۇڭلارنىڭ سەۋەبى نېمە؟ دەپ سورىدىم. ئۇلارنىڭ جاۋاب بېرىشىچە، ئالەمنىڭ قاراڭغۇلۇققا چۆمۈشى ئۇلارنىڭ ئىلاھىنىڭ كاتتىلىقىدىن ئىكەن، ئۇلار شۇ ئىلاھىغا سەجدە قىلىشقان ئىكەن. مەن ئۇلارنىڭ ئېتىقادىنى بىلگەندىن كېيىن ئىلاھىنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى سورىدىم. ئۇلار مۇنداق جاۋاب بېرىشتى: ئىلاھىمىز ناھايىتى چوڭ، ھەيۋەتلىك قۇش بولۇپ، چىن ۋە ھەبەش شەھەرلىرى ئارىسىدىكى چۆللەردە ياشايدۇ. ئۇلاردا ياۋايى پىللار كۆپ بولۇپ، ئۇلارنى ھېچ ئۇسۇل بىلەن كۆندۈرگىلى بولمايدۇ. مەزكۇر قۇش شۇ پىللارنى ئوزۇقلۇق قىلىدۇ. ›»

بۇ ھايۋان ئۇلۇغلىنىپ «خەتۇ» دەپ ئاتىلىدۇ. خۇددى «خاتۇن»، «خان» دېگەن سۆزلەرگە ئوخشاش. خاتۇن دېگەن سۆز ئۇلارنىڭ تىلىدا «خەتۇن» ئىدى، كېيىن پارس تىلىدا ئىشلىتىلىدىغان بولغان.

مۇئەللىپنىڭ ئېيتىشىچە، مەزكۇر سۆزلەرنىڭ كۆپ قىسمىنىڭ ئاساسى يوق ئىكەن. ئاڭلىغان ۋە كۆرگەنلەرگە ئاساسلانغاندا چىن شەھەرلىرىدىن قۇشنىڭ بېشىغا ئوخشايدىغان بىر خىل ئاق، قىزىل، خېنە رەڭ، خاللىق نەرسە ئېلىپ كېلىنىدىكەن. ئۇنىڭدىن چالغۇنىڭ بېشى ياسىلىدىكەن. ئېيتىشلارغا قارىغاندا ئۇ تۇرلۇك زەھەرلەرنى قايتۇرىدىكەن.

# پەسىل: «خ» (خۇۋائى) ۋە «ر» (رائى) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى

## خەراتىين
(سازاڭ قۇرت)

ئۇ يەنە «ئەمەئائۇل ئەرز» (يەر ئۈچىيى)، «ھۇمۇرۇل ئەرز» (يەر ئىشەكلىرى) دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ھىندىچە «كىيچۋە» دېيىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** ئۇ نەم يەرلەردە، بولۇپمۇ باغچىلاردا، قىغ ئارىسىدا، يامغۇر ياغقان كۈنلەردە پەيدا بولىدۇ. قىش پەسلىنىڭ باشلىرىدىمۇ پەيدا بولىدۇ.

**تەبىئىتى:** بىرىنچى دەرىجىدە ھۆل ئىسسىق، يات ھۆللۈكى بار.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:**

سۈيدۈك ئاجرىتىش ئەزالىرى كېسەللىكلىرى: 10 گىرامىنى سالايە قىلىپ ئۈزۈم شىرىسى بىلەن ئىچسە سۈيدۈك ھەيدەيدۇ. گۆش سۈيى بىلەن ئىچسە باھنى قۇۋۋەتلەيدۇ، سىناقتىن كۆپ ئۆتكەن.

گال، كۆكرەك، ھەزىم ئەزالىرى كېسەللىكلىرى ۋە باشقا كېسەللىكلەر: قاينىتىلمىسى كۈنجۈت بىلەن ئىشلىتىلسە بوغما كېسەل، كونا يۆتەلگە پايدا قىلىدىغان بولۇپ، سىناقتىن كۆپ ئۆتكەن. تالقان قىلىنغىنى بادام يېغى بىلەن ئىشلىتىلسە ئۈچەي چۇقۇقىنى جايىغا چۈشۈرىدىغان بولۇپ، سىناقتىن ئۆتكەن دەپ قارىلىدۇ. تۇغۇتنى ئاسانلاشتۇرىدۇ، بۆرەك ۋە دوۋساقتىكى تاشنى پارچىلاپ چۈشۈرىدۇ. شاراب بىلەن ئىشلىتىلسە بەدەننىڭ يەرقان سەۋەبىدىن ئۆزگەرگەن رەڭگىنى شۇ ھامان ئەسلىگە كەلتۈرىدۇ.

قۇلاق كېسەللىكلىرى: قايناتمىسى ئۆردەك يېغى بىلەن بىرلىكتە قۇلاققا تېمىتىلسا ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ. زەيتۇن يېغى بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ قارشى تەرەپتىكى قۇلاققا تېمىتىسىمۇ ئاغرىقنى پەسەيتىدۇ. ئۇنىڭغا تۇز سېپىپ چىققان سۈيى قۇلاققا تېمىتىلسىمۇ ئاغرىقنى پەسەيتىدۇ.

گال ۋە باشقا كېسەللىكلەر: زىمات قىلسا گال ۋە كىچىك تىل ئىششىقىنى تارقىتىدۇ. نەزلە سۈيۈقلۇقلىرىنىڭ چۈشۈشىنى توسىدۇ. ھۆلىنى مەلھەم قىلىپ ئۈزۈلگەن پەيگە سۈركەپ تاڭغاندىن كېيىن ئۈچ كېچە - كۈندۈزگىچە ئاچمىسا تۇتتۇرىدۇ. شۇنداقلا ئۇنى پەيلىك ئەزالاردىكى يارىغا چاپسىمۇ ساقايتىدۇ.

تۆگمەن تۇزۇندىسى بىلەن مەلھەم قىلىپ چاپسا ئورنىدىن قوزغالغان بوغۇملارنى

چىڭىتىدۇ. ئۇرۇلۇپ - سوقۇلۇشلارغا پايدا قىلىدۇ، ئىسسىقتىن بولغان ئاغرىقلارنى پەسەيتىدۇ. ئۆزۈك مېغىزى يېغى بىلەن مەلھەم قىلىپ سۈركىسە بوۋاسىغا شىپا بولىدۇ. ئۇنى زەيتۇن يېغى بىلەن قايىنتىپ زۇپتى ۋە قاپاق يوپۇرمىقى بىلەن مەلھەم قىلىپ چاپسا زەكەرنى ناھايىتى چوڭايتىدۇ. ئۇنى ئېشەك زەكىرى بىلەن قايىنىتىپ ئىستېمال قىلسا ۋە زىمات قىلسىمۇ شۇ تەسىرنى بېرىدىغان بولۇپ، سىناقتىن ئۆتكەن دەپ قارىلىدۇ. قوڭغۇز ۋە بەناتى ۋەردان (بىر خىل ھاشارات) بىلەن زىمات قىلسا بوۋاسىرغا پايدا قىلىدۇ، قان توختىتىدۇ، مەقئەت يېرىقىغا تەڭداشسىز پايدا قىلىدۇ. بىرەر ئورۇن ياكى مەۋسۇمدا سازاڭ قۇرت يوق بولۇپ، پەيدا بولۇشىنى مەقسەت قىلسا، ھىندىستان ۋە بېنگالدا كۆپ بولىدىغان «جىبىل» دەپ ئاتىلىدىغان دەرەخنىڭ يوپۇرمىقىدىن مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ يەرگە ئورەك كولاپ ئىچىگە تاشلاپ ئۈستىگە سۇ ۋە توپا تاشلاپ مەلۇم ۋاقىت قويسا سازاڭ دەرھال پەيدا بولىدۇ.

سازاڭدىن بىر خىل مىس ھاسىل قىلىنىدۇ. ئۇ تۆمۈر ۋە چىن تۆمۈرگە ئوخشايدىغان بىر خىل ماددا بولۇپ، سەل قىزىل بولىدۇ. ئۇسۇلى شۇكى، كۆپ مىقداردىكى سازاڭ توپلاپ كۆل بولغۇچە كۆيدۈرۈپ، كۈلىنى يىغىپ سۇ بىلەن يۇيۇلىدۇ، ئىچىدىن چىققان دانچىلار يىغىپ قويۇلىدۇ. ئۇنىڭ بىر گىرامىنى سۇ بىلەن سالايە قىلىپ ئىشلەتسە بىيش ۋە ئەپيۇننىڭ زەھىرىنى قايتۇرىدۇ. زەھەرلەيدىغان يېمەكلىككە قوشۇپ قايناتسا زەھەرنىڭ قۇۋۋىتى ۋە ئۆتكۈرلۈكى پەسىيىدۇ. ئۇنى ئېغىزغا سېلىپ تۇرسا يىلان زەھىرى ۋە كۆپ قىسىم زەھەرلەرنى قايتۇرىدۇ.

## خەرامەقان

(خەرامەقان ئوتى)

**ماھىيىتى:** ئۇ بىر خىل ئۆسۈملۈك بولۇپ، شەكلى ۋە يۇرىقى سۇمبۇل تىپقا ئوخشايدۇ. رەڭگى كۆك، تەمى تاتلىققا مايىل بولىدۇ.

**تەبىئىتى:** بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ماددىلارنى تارقاتقۇچى، قۇرۇتقۇچى بولۇپ، تەسىرى سۇمبۇل تىپنىڭ تەسىرىگە ئوخشايدۇ، ئۇنىڭدىن ئاجىزراق بولىدۇ.

## خەربەق

(پارپا)

**ماھىيىتى:** ئۇ ئاق ۋە قارىدىن ئىبارەت ئىككى خىل بولىدۇ. ئۇ بىر خىل ئۆسۈملۈكنىڭ

يىلتىزىدىن ئىبارەت. بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ يوپۇرمىقى پاقىيوپۇرمىقىغا ئوخشاش، ئۇنىڭدىن كەڭرەك، گۈلى قىزىل بولىدۇ. غولى تۆت بارماق ئېگىزلىكتە بولۇپ، ئىچى كاۋاك بولىدۇ. قۇرۇسا پوستى ئاجرايدۇ. يىلتىزى پىياز يىلتىزىغا ئوخشاش بولۇپ، ئىنچىكە، سېرىققا مايىل ئاق، ئاچچىق، يېپىشقاق بولىدۇ. تەمى ئاچچىق بولىدۇ، سۇندۇرسا چاڭ ئۆرلەيدۇ، ئىچىدىن ئۆمۈچۈك تورىغا ئوخشاش يىپچىلار چىقىدۇ. ئۇ تاغلاردا ئۆسىدۇ. ئۇنىڭ يۈزى تەكشى، ئاق، تۈزۈلۈشى بوش، ئاسان ئۇۋۇلىدىغان، گۆشلۈك، لوئابلىق بولۇپ، ئېگىز، قۇرغاق يەرلەردە ئۈنىدۇ، تېتىغاندا تىلنى ئاۋۋال ئاززاق چاقىدىغان، چېقىشى تەدرىجىي كۈچىيىدىغانلىرى ياخشىلىرى ھېسابلىنىدۇ. يۇمىلاق، شاخلىرى ئىزخىرغا ئوخشايدىغان، سۇندۇرسا چاڭ ئۆرلەيدىغان، گۆشسىز بولغانلىرى ناچارلىرى بولۇپ ئىشلىتىلمەيدۇ، چۈنكى ئۇ گالنى بوغىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئۈچىنچى دەرىجىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** بەلغەم، قويۇق سەپرا خىلتى، شىلىمشىق خىلتلارنى سۈرىدۇ، توسالغۇلارنى ئاچىدۇ، ئاشقازاننى تازىلايدۇ. پالەچ، مېڭە پەردە ياللۇغى، بەلغەمدىن بولغان تۇتقاق كېسەل، بەلغەمدىن بولغان مېڭە پەردە ياللۇغى، ھۆل سوغۇقتىن بولغان مېڭە مەنبەلىك كېسەللىكلەر، بوغۇم ئاغرىقلىرى قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ. ئەزالاردىكى تاشلارنى پارچىلاپ چىقىرىدۇ، ھەيز ھەيدەيدۇ. ھامىلىنى ئۆلتۈرۈپ چۈشۈرىدۇ.

مېڭە كېسەللىكلىرى: بۇرۇنغا پۈركىسە چۈشكۈرتىدۇ.

كۆز كېسەللىكلىرى: شىيافلارغا قوشۇپ كۆزگە سۈركىسە كۆز ئېقىغا ئۆسۈپ قالغان پەردىنى يوقىتىدۇ. كۆرۈش قۇۋۋىتىنى ئاشۇرىدۇ.

ئېغىز ۋە باشقا كېسەللىكلەر: سىركە بىلەن مەلھەم قىلىپ يالغۇز ياكى ئىسرىسا بىلەن چاپسا ئۇپرىغان چىشلارنى چۈشۈرىدۇ. كالا تەمرەتكىسى، قوتۇر، ئاقكېسەل، بەھەققە پايدا قىلىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن پەرزىجە قىلسا ھەيز ماڭدۇرىدۇ. ھامىلىنى ئۆلتۈرىدۇ. ئارپا تالقىنى ۋە ھەسەل بىلەن يۇغۇرۇپ چاشقانغا يېگۈزسە چاشقاننى ئۆلتۈرىدۇ، ئىت ۋە چوشقىلارنى زەھەرلەيدۇ. گۆشكە ئاز مىقداردا قوشۇپ بىرگە قايناتسا يۇمشاق پىشۇرىدۇ.

ئۇنى ئىستېمال قىلىشقا توغرا كەلسە، ئۇنى خېمىرنىڭ ئارىسىغا ئېلىپ پىشۇرۇش ياكى ئارپا ئاتىلىسى، بادام يېغى ياكى ئاززاق ھاشا، مەستىكى ئارىلاشتۇرۇش ئارقىلىق ئىسلاھ قىلىپ ئىستېمال قىلىنىدۇ. ئەڭ ياخشىسى ئۇنى ناشتىدا ئىستېمال قىلماسلىق، بەلكى تائامدىن كېيىن ئىستېمال قىلىش لازىم. ئۇنى 1.5 ~ 5 گىرامدىن ئارتۇق ئىستېمال قىلماسلىق لازىم، ئۇنىڭدىن ئارتۇق ئىستېمال قىلسا قۇستۇرۇش، گالنى بوغۇش، پەيلەرنى تارتىشتۇرۇش بىلەن ھالاك قىلىدۇ. ئۇ ئىت ۋە چوشقىنى ھالاك قىلغۇچىدۇر.

ئۇنى مىقداردىن ئارتۇق ئىستېمال قىلىپ مەزكۇر ئالامەتلەر كۆرۈلگەن بولسا،

قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن بەدەن سوۋۇتۇلىدۇ، هارارەت پەسەيتىلىدۇ. تەرىتى قاتتىق بولسا ئىچى سۈرگۈزۈلىدۇ. ئىسسىق سۇدا ئولتۇرغۇزۇلىدۇ. بەدىنىگە كالىنىڭ سېرىق مېيى سۈركىلىدۇ. سېمىز توخۇ شورپىسىغا ئوخشاش مايلىق شورپىلار ئىچۈرۈلىدۇ. خۇش پۇراق نەرسىلەر پۇرىتىلىدۇ.

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇنى تالقانلاپ ئىستېمال قىلسا تەشەننۇج پەيدا قىلىدىكەن، قۇستۇرىدىكەن. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەڭ ياخشىسى ئۇنىڭدىن 15 گىرام ئېلىپ 270 مىللىلىتىر يامغۇر سۈيىگە ئۈچ كېچە ـ كۈندۈز چىلاپ پىسەپلىرىنى سۈزۈۋېتىپ ئىچىلىدۇ. ئۇنىڭدىن 400 گىرام ئېلىپ پارچىلاپ ئىككى ھەسسە يامغۇر سۈيىگە ئۈچ كېچە ـ كۈندۈز چىلاپ ئۈچتىن ئىككى قىسمى پارغا ئايلانغىچە قاينىتىپ بىر قىسمى قالغاندا پىسەپلىرىنى سۈزۈۋېتىپ، 800 گىرام ساپ ھەسەل قوشۇپ قىيام قىلىپ كۆپۈكىنى ئېلىۋېتىپ بىر قوشۇقتىن يالغۇز ياكى ئىلمان سۇ بىلەن ئىچسىمۇ بولىدۇ. ئۇ بەلغەمنى كۈچلۈك قۇستۇرىدىغان بولغاچقا، قەي قىلىش تەس بولغان ۋە قەي قىلىشقا ئادەتلەنمىگەن كىشىلەر قەيگە ئادەتلىنىشتىن ئاۋۋال ئۇنى ئىستېمال قىلىش چەكلىنىدۇ. قۇستۇرۇش ئۈچۈن ئۇنى ئىشلىتىشنىڭ ئەڭ ياخشى ئۇسۇلى شۇكى، بىر دانە تۇرۇپنىڭ بېشىنى كېسىپ ئىچىنى بوشىتىپ، خەربەقنىڭ ئىنچىكە يىلتىزلىرىنى كېسىۋېتىپ ئۇنىڭ ئىچىگە تىقىپ بىر كېچە تۇرغۇزۇپ، ئەتىگەندە يىلتىزلارنى چىقىرىۋېتىپ، بىمارغا شويلا ئاشقا ئوخشاش سۇيۇق غىزا يېگۈزۈپ مەزكۇر تۇرۇپ سىركەنجۇبىل بىلەن ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ. ئىككى سائەت ئۆتكەندىن كېيىن كۈچلۈك قەي كېلىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇنى يېگەن كىشىنىڭ تەرىتىنى يېگەن قۇشمۇ ئۆلۈپ قالىدىكەن.

## خەربەقى ئەسۋەد
(قارا خەربەق)

ئۇ ھىندىچە «كۇتكى» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** ئۇ بىر خىل ئۆسۈملۈكنىڭ يىلتىزى بولۇپ، قارا، بوغۇملۇق، كاۋاك، كۆپىنچىسى يۇمىلاققا مايىل بولىدۇ. ئۇنىڭدىن قارا، ئىنچىكە يىلتىزلار ئۆسۈپ چىقىدۇ.

ئۇنىڭ ئۆسۈملۈكىنىڭ يوپۇرمىقى چىنار يوپۇرمىقىغا ئوخشاش بولۇپ، ئۇنىڭدىن كىچىكرەك بولىدۇ. شاخلىرىنىڭ ئۆسۈكچىلىرى كۆپ، يىرىك بولىدۇ. غولى قىسقا، بىنەپشە رەڭ، گۈلى قىزىلغا مايىل ئاق، باشاق شەكلىدە بولىدۇ. مېۋىسى زاراڭزا ئۇرۇقىغا ئوخشايدۇ. ئۇرۇقىنىڭ ئىچى سۆرۈشى يىلتىزىدىن زەرەرسىزراق بولىدۇ. ئۇنىڭ يىلتىزىنىڭ ئاچچىقلىقى ئېقىنىڭ ئاچچىقلىقىدىن تۆۋەنرەك، ئەمما قۇۋۋىتى ئۆتكۈررەك، خەتەرلىكرەك بولىدۇ.

**تەبئىتى:** ئۈچىنچى دەرىجىنىڭ ئاخىرىدا قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** سەۋدا، بەلغەم ۋە بەلغەم بىلەن ئارىلاشقان سەپرانى سۈرىدۇ ۋە بەدەننىڭ چوڭقۇر قىسمىدىن تارتىپ چىقىرىدۇ. سوغۇقتىن بولغان كېسەللىكلەرنى داۋالاش تەسىرى ئېقىننىڭ شۇ تەسىرىدىن ياخشىراقتۇر. ئۇنىڭ ئېقى پايدا قىلغان كېسەللىككە ئۇ بەكرەك پايدا قىلىدۇ.

باش، كۆكرەك، ھەزىم ئەزالىرى ۋە باشقا ئەزالار كېسەللىكلىرى: باشنىڭ يېرىمى ئاغرىش، باش ئاغرىقلىرى، كۆزگە ۋە كۆكرەككە كونا نەزلە سۇيۇقلۇقلىرى چۈشۈشكە ئىشلىتىلىدۇ. كۆكرەك، ئىچكى ئەزالار، دوۋساق ۋە بالىياتقۇنى تازىلايدۇ. ئۇنى تاتلىق نەرسىلەرگە بىرقانچە كۈن چىلاپ قويۇپ ياكى ئاقلانغان ئارپا ياكى ئەدەس بىلەن قاينىتىپ سۈيىنى ئىچسە كۆپ زەرەر قىلمايدۇ. ئۇنىڭ بىلەن بەدەننى تەنقىيە قىلسا مىزاجنى ئۆزگەرتىپ ياشلارنىڭ مىزاجىغا يېقىنلاشتۇرىدۇ. مىزاجى ھۆل بولمىغان كىشىلەرگە بەك زىيان قىلىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** بۆرەككە زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** كەتىرا، يالپۇز، ياۋا سەۋزە ئۇرۇقى، پەتەرئاسالىيۇن، پىننە، مەستىكى. ئۇنىڭ 10 گىرام گالنى بوغۇپ ھالاك قىلىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** 1.5 ~ 2.5 گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

**ئورۇنباسارى:** ئاق خەربەق، ئېپىتىشلارغا قارىغاندا، مازارىيون، ئىككى گىرام غارىقۇن ياكى ماھىزەھرەج، يېرىم ھەسسە مازارىيون، بىر ھەسسە كەپە يىلتىزى ياكى كەبىكەج.

ئېغىز كېسەللىكلىرى: كۇرسىنە بىلەن قاينىتىپ سۈيىدە ئېغىزنى چايقىسا چىش ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ. ئىسرىق سېلىنسىمۇ شۇ تەسىرنى بېرىدۇ.

ھەزىم ئەزالىرى كېسەللىكلىرى: ئۈچۈنچىلاشتۇرغۇچى دورىلار بىلەن ئىستېمال قىلىنسا ئاشقازان مەددە قۇرتىنى چۈشۈرىدۇ. بەزىلەر ئۇنى سىركەنجىۋىلگە ياكى تاتلىق شارابقا چىلاپ قاينىتىپ پەسەپلىرىنى سۈزۈۋېتىپ، يالغۇز ياكى توخۇ شورپىسى بىلەن بىرلىكتە ئىچسە بەلغەم ۋە سەپرانى سۈرگەن. ئېپىتىشلارغا قارىغاندا، پۈتۈن بەدەندىكى سەۋدانى تەنقىيە قىلىدىكەن، قويۇق سەپرانى سوقمونىيادىن بەكرەك سۈرىدىكەن.

زىننەت ئەزالىرى كېسەللىكلىرى ۋە يارىلار: زىمات قىلىنسا بەھەق، ئاقكېسەلگە پايدا قىلىدۇ. سۆگەلنى چۈشۈرىدۇ. زەخىملەر ۋە ئاقمىلاردىكى بۇزۇق گۆشلەرنى يوقىتىدۇ. ئۇنىڭ تېمىتمىسى، پىلتىسى ۋە پەرزىجىسىنىڭ تەسىرى ئېقىننىڭ تەسىرى بىلەن ئوخشاش. قايناتمىسى ھاشاراتلار بار ئورۇنغا سېپىلسە ھاشاراتلارنى قاچۇرىدۇ. بۇغداي ۋە ئۇنىڭغا ئوخشاش دانلارنى ئۇنىڭ قايناتمىسىغا چىلاپ ھەرقانداق قۇش ۋە ياۋايى ھايۋانغا يېگۈزسە ئۆلتۈرىدۇ. موم، كۇندۇر، زۇپتى، سۇ ۋە ياغ بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ قوتۇرغا سۈركىسە ساقايتىدۇ. ئۇنى ئۈزۈم تېلىنىڭ يىنىغا تېرىپ شۇ ئۈزۈمدىن شەربەت تەييارلانسا ئىچىنى سۈرىدۇ.

# خەردەل
(قىچا)

ئۇ ھىندىچە «رائى» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** بىر خىل ئۆسۈملۈك بولۇپ، يوپۇرمىقى تۇرۇپ يوپۇرمىقىغا ئوخشاش، ئۇنىڭدىن كىچىكرەك، يىرىك، پۇرىقى سەل ئۆتكۈر بولىدۇ. غولى تۆت قىرلىق، گۈلى سېرىق بولىدۇ. ئۇرۇقى يۇمىلاق، قىزىل بولىدۇ. تەمى ئۆتكۈر ئەمەس.

ئۇ يەرلىك ۋە ياۋىدىن ئىبارەت ئىككى خىل بولىدۇ. ياۋىسى ئەرەبچە «ھەرشا»، تۈركچە «قىجى» دەپ ئاتىلىدۇ. يوپۇرمىقى يەرلىكىنىڭ يوپۇرمىقىدىن ئۇششاقراق، ئۇرۇقى يۇمىلاق، قىزىل بولىدۇ. يەرلىكىنىڭ يوپۇرمىقى ياۋىسىنىڭ يوپۇرمىقىدىن چوڭراق بولىدۇ. ئېقى «ھۇرفى ئەبيەز» (ئاق كۈنلۈكسىمان كەرەپشە) دەپ، پارسچە «ئىسپەند»، «سىپەندان» دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇرۇقى يۇمىلاق بولمىغان، رەڭگى قىزىل، تەمى ئۆتكۈر بولغان تۈرى تۈركچە «كەكەج» دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇ يالغۇز ئاتالسا يەرلىكىنىڭ چوڭ، قىزىل، يېڭى بولغان، سوقۇلسا سېرىق رەڭدە بولىدىغان، مايلىق، ئۆتكۈر بولغىنى نەزەردە تۇتۇلىدۇ، شۇنداق بولغىنى ئىشلىتىلىدۇ.

**تەبىئىتى:** تۆتىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** جۇلا بەرگۈچى، بەدەننىڭ چوڭقۇر قىسمىدىكى خىلىتلارنى تارتىپ چىقارغۇچى، مېڭە، ئاشقازان ۋە باشقا ئەزالارنىڭ ھۆللۈكلىرىنى تارقاتقۇچى، ھەزىمنى ياخشىلىغۇچى، توسالغۇلارنى ئاچقۇچى، كېرەكسىز ماددىلارنى ھەيدەپ چىقارغۇچىدۇر.

باش، ئاشقازان، جىگەر، تال ۋە باشقا ئەزالار كېسەللىكلىرى: بەلغەمدىن بولغان مېڭە پەردە ياللۇغى، پالەچ، ئىستىرخاغا ئوخشاش سوغۇقتىن ۋە يەلدىن بولغان مېڭە مەنبەلىك كېسەللىكلەرگە پايدا قىلىدۇ. سوغۇقتىن بولغان باش ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ. دىماقنىڭ توسالغۇلىرىنى ئاچىدۇ. سوغۇقتىن بولغان نەزلىلەرنى پەسەيتىدۇ. سەزگۈلەرنى سەگەكلەشتۈرىدۇ، زېھىننى ئاچىدۇ. ئىشتىھانى زىيادە قىلىدۇ. سوغۇقتىن بولغان جىگەر ۋە تال ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ. چاچ تۆمۈر ئۈستىرا بىلەن چۈشۈرۈلگەندىن كېيىن باشقا سۈركىسە بەلغەمدىن بولغان مېڭە پەردە ياللۇغى ۋە سوغۇقتىن بولغان نەزلىگە پايدا قىلىدۇ. ھەسەل بىلەن مەلھەم قىلىپ پېشانىگە چېپىلسا باش ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ. نەزلە سۇيۇقلۇقلىرىنىڭ تەكرار چۈشۈشىنى توسىدۇ. جىگەر، تال ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ. بۇرۇنغا پۈركەلسە چۈشكۈرتۈپ تۇتقاق كېسەل، ھوشسىزلانغۇچى ۋە ھىستېرىيە بىمارلىرىنى ھوشىغا

كەلتۈرىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن ھوردىنىلسا قۇلاقنىڭ توسالغۇلىرىنى ئاچىدۇ. ئۇنى سۇ ۋە ھەسەل بىلەن سۈرمە قىلىپ كۆزگە سۈركىسە كۆز ئېقىدا پەيدا بولغان پەردىنى يوقىتىدۇ. قاپاق يىرىكلىكىگە پايدا قىلىدۇ. قايناتمىسىنى ھەسەل بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ كۆزگە تېمىتسا نامازشام قارىغۇسىغا داۋا بولىدۇ، قۇلاق، چىش ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ، بەزگەككە شىپا بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۇرۇقىنى سوقۇپ، سۈيىنى چىقىرىپ قۇرۇتۇپ سۈرمە تەييارلاپ كۆزگە تارتىلسا كۆز كېسەللىكلىرى ۋە خىيالات (كۆز كېسەللىكىنىڭ بىر تۈرى) قا داۋا بولىدۇ. شۇنداقلا ئۇ كۆز دورىلىرىغا قوشۇلسىمۇ شۇ تەسىرنى بېرىدۇ. ئۇنىڭ ئەنجۈر بىلەن قىلىنغان پىلتىسى قۇلاققا قويۇلسا قۇلاق ئاغرىقى ۋە غوڭۇلدىشىنى پەسەيتىدۇ. سالايە قىلىپ ھەسەل ئارىلاشتۇرۇپ غار ـ غار قىلىنسا تىل ئاستى ئىششىقى، تىل ئېغىرلىقى، تىل بوشاش، چىش ئاغرىقى، كانايىنىڭ كونا يىرىكلىكى قاتارلىقلارغا شىپا بولىدۇ. ئۇ چاينالسا ئېغىزدىكى بەلغەملەرنى چىقىرىدۇ. مەلھەم قىلىپ چېپىلسا ئەزالار ۋە چىشلارنىڭ سەۋەبسىز لوقۇلداپ ئاغرىشىنى دەرھال پەسەيتىدۇ، سىناقتىن ئۆتكەن. ھەسەل، ھايۋانات يېغى ياكى مومىغا ئارىلاشتۇرۇپ، ئوت بىلەن ئېرىتىپ زەيتۇن يېغى ئارىلاشتۇرۇپ يۈز ـ كۆزگە سۈركىسە رەڭگىرويىنى سۈزۈلدۈرىدۇ. كۆزدىكى ئۈيۈغان قاننى تارقىتىدۇ. ھەسەل بىلەن ئىستېمال قىلىنسا كاناي ئىششىقىنى تارقىتىدۇ، ھۆللۈكتىن بولغان يۆتەلنى پەسەيتىدۇ. پىنىنە ۋە شاراب بىلەن ئىستېمال قىلىنسا بالىياتقۇ ئېغىزىنىڭ بوغۇلۇشىغا داۋا بولىدۇ. ئاشقازاندىكى مەددە قۇرتنى چۈشۈرىدۇ. سۇ بىلەن قاينىتىپ ئىستېمال قىلىنسا بەلغەمدىن ۋە سەۋدادىن بولغان تەپ ھەم شىلىمشىق، قويۇق خىلتتىن بولغان دەۋرىيلىك باش ئاغرىقىغا پايدا قىلىدۇ. ئەنجۈر بىلەن زىمات قىلىنسا نۇقرەس، ئولتۇرغۇچ نېرۋا ئاغرىقى، دائىرىلىك چاچ چۈشۈشكە شىپا بولىدۇ. ماددىلارنى تېرە يۈزىگە تارتىپ چىقىرىدۇ. سوغۇقتىن ۋە يەلدىن بولغان ئاغرىقنى پەسەيتىدۇ. ھەرقانداق ئەزادىكى بەلغەمدىن بولغان كونا ئىششىقلارنى تارقىتىدۇ. سىركە بىلەن زىمات قىلىنسا يارىلاشقان قوتۇر، كونا كالا تەمرەتكىسىگە پايدا قىلىدۇ. شۇنداقلا ئۇ گۈڭگۈرت ۋە سىركەنجىۋىل ياكى سىركەنجىۋىل، كاللەكسەي بىلەن زىمات قىلىنسا چاشقان يارىسىنى ساقايتىدۇ، بۇ جەھەتتىكى تەسىرى ناھايىتى ياخشىدۇر. مۇناسىۋەتلىك دورىلار بىلەن ئىشلىتىلسە سەۋدادىن بولغان قاتتىق ئىششىقلارنى تارقىتىدۇ. بەرەسكە داۋا بولىدۇ. ياغ بىلەن مەلھەم قىلىنىپ زەكەرگە سۈركىسە باھنى قوزغىتىدۇ، سىناقتىن ئۆتكەن.

ئۇنىڭ ئۇرۇقىدىن 1.5 گىرام ئېلىپ شاراب بىلەن ناشتىدا ئىستېمال قىلسا باھنى قوزغايدۇ، روھلاندۇرىدۇ. نان ياكى شاراب بىلەن ئىستېمال قىلسا ئاشقازاندىكى مەددە قۇرتلارنى چىقىرىدۇ. مەلھەملەرگە ئارىلاشتۇرۇپ ئىشلىتىلسە سۇنۇق ۋە قوتۇرلارغا پايدا قىلىدۇ.

ئۇنىڭ ھۆل ئۆسۈملۈكى ياكى ئۇرۇقى تائام بىلەن بىرگە ئىستېمال قىلىنسا تائامنىڭ ھەزىم بولۇشىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ، ئاشقازاننى قىزىتىدۇ. تال ئىششىقىنى تارقىتىدۇ. ئۇنىڭ ھۆل يوپۇرمىقى ياكى ئۇرۇقىنى قىزىلچا ۋە ياۋا خوببازى بىلەن قايىنىتىپ قەيدىن بۇرۇن ئىستېمال قىلىنسا شىلىمشىق بەلغەمنى پارچىلايدۇ ۋە ئۇنى بەدەندىن چىقىپ كېتىشكە تەييارلايدۇ. قىزىلچا بىلەن قايىنىتىپ ئىستېمال قىلسا بەلغەمدىن بولغان تۇتقاق كېسەل ۋە كۆز قاراڭغۇلىشىشقا پايدا قىلىدۇ. ئۇنىڭدىن تەييارلانغان كامەخ (بىر خىل يېمەكلىك) ئۆتكۈر كۈيدۈرگۈچى ۋە بەلغەمنى تازىلىغۇچىدۇر. ئۇ بۆرەك ۋە ئاشقازاننى قىزىتىدۇ. كۆپ مىقداردا يالغۇز، داۋالىق ئىستېمال قىلىنىدۇ. غەلىز تائاملار بىلەن بېرىلىدۇ. ئۇنىڭ زىيانلىق تەسىرىنى كاسىنە، بادام ۋە سىركە يوقىتىدۇ. «ئىختىياراتى بەدىئىي»نىڭ ئاپتورى «ھېچقانداق تەدبىر بىلەن ساقايمىغان كالا تەمرەتكىسىنى داۋالاش ئۈچۈن، مۇنچىدا يۇيۇنغاندىن كېيىن، كالا تەمرەتكىسى بار ئورۇن يىرىك رەخت بىلەن قانىغۇچە تاتىلاپ ئۈستىگە قىچىنى سالايە قىلىپ سۈركىسە ئۇنىڭدىن كۆپ مىقداردا زەرداب سۇ ئاققاندىن كېيىن ساقىيىدۇ» دېگەن. ئۇنىڭ بىلەن ئىسرىق سېلىنسا ھاشاراتلار ۋە زىياندااش ھاشاراتلارنى قاچۇرىدۇ. رازىيىنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ يىلاننىڭ قولىقىغا تۆكۈلسە ئۇنىڭ ئۆلۈشىگە سەۋەب بولىدىكەن.

**ئورۇنباسارى:** ئىككى ھەسسە ھەببى رىشاد، ئادراسمان ئۇرۇقى.

**زىيانلىق تەسىرى:** ئىسسىق مىزاجلىقلارغا زىيان قىلىدۇ. ئۇسسىتىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** كاسىنە، بادام يېغى، سىركە.

ئۇ داۋالاشلاردا نەمەك ھىندى ياكى بۆرە ئەرمىنى بىلەن ئىستېمال قىلىنىدۇ. سوقۇلغىنىدىن 10 گىرامدىن ئارتۇق، سوقۇلمىغىنىدىن كېسەللىك ئەھۋالى، مىزاجى، ۋاقىت ۋە ئورۇنغا ئاساسەن 15 گىرامدىن ئارتۇق ئىستېمال قىلىنمايدۇ.

ئۇ ئۆزۈم سۈيىگە سېلىنسا قايىنىشىنى توختىتىدۇ. گىيلاندا ئۇنىڭدىن تاتلىق سىركە ياسىلىدۇ.

ئۇنىڭ سوقۇلۇپ بادام يېغىغا ئوخشاش چىقىرىلغان يېغى ناھايىتى ئۈچۈچانلاشتۇرغۇچى ۋە تارقاتقۇچى بولۇپ، ئىستېمال قىلىنسا پەي ـ نېرۋىلارنىڭ توسالغۇلىرىنى ئاچىدۇ. ئۇنتۇغاقلىق، پالەچ، سوغۇقتىن بولغان كونا ئاغرىقلار، كونا تەپلەر، بالىياتقۇ ئېغىزى بوغۇلۇشقا پايدا قىلىدۇ. قولاققا تېمىتىلسا قولاق ئېغىرلىقى ۋە قولاقنىڭ سوغۇقتىن بولغان ئىششىقىنى تارقىتىدۇ. مەلھەم قىلىپ سۈركىسە چىش ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ. بالىياتقۇ ئېغىزىنىڭ ئېتىلىپ قېلىشى، كونا ئاغرىقلار، قاتتىق ئىششىقلار ۋە سوغۇقتىن بولغان باشقا ئىششىقلارغا پايدا قىلىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** 10 گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

## خەرقەتان
(خەقەتان ئوتى)

ئۇ ھىندىچە «بەندا» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** ئۇ بىر خىل ئۆسۈملۈك بولۇپ، بادام دەرىخى، زەيتۇن دەرىخى، سىدە دەرىخى ۋە باشقا دەرەخلەردە ئۆسىدۇ ۋە ئۇنىڭغا چىرمىشىدۇ، يىلتىزى بولمايدۇ. يوپۇرمىقى زەيتۇن دەرىخى يوپۇرمىقىغا ئوخشاش، يۇمىلاققا مايىل بولىدۇ. گۈلى ۋە ئۇرۇقى قىزىل بولىدۇ. ئومۇمەن ئۇنىڭ ئۆسۈملۈكى ۋە يوپۇرمىقىنىڭ شەكلى ئۇ پەيدا بولغان دەرەخلەرنىڭ ئوخشىماسلىقىغا قاراپ پەرقلىنىدۇ.

**تەبىئىتى:** قۇرۇق سوغۇق، قابىزلىققا ئىگە. بەزىلەر ئۇنى قۇرۇق ئىسسىق دەپ بىلگەن.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** مېڭىنى تازىلىغۇچى، ئاشقازاننى قۇۋۋەتلىگۈچى، توسالغۇلارنى ئاچقۇچى، ماددىلارنى تارقاتقۇچىدۇر. ئەنجۇر بىلەن قاينىتىپ ئىچىلسە يۆتەل پەسەيتىدۇ. 30 گىرامى ئىستېمال قىلىنسا سۇنۇق ۋە مۇسكۇللارنىڭ زەخىملىنىشىگە پايدا قىلىدۇ. قان تۈكۈرۈش ۋە ئۈچەي زەخىمىسىگە داۋا بولىدۇ. يوپۇرمىقىنىڭ سەپمىسى قۇرۇق يارىلارنى ساقايتىدۇ. كۆيدۈرۈلگىنىنى تۇز ۋە سۇيدۇك بىلەن قانغۇچە يۇيۇپ باشتىكى كالا تەمرەتكىسىنىڭ ئۈستىگە سۈركىسە پايدا قىلىدۇ. خىلىتلارنى سۈرىدۇ. بۇۋاسىرنى قۇرۇتىدۇ.

ھىندىستان خەلقى ئۇنىڭ كۆپلىگەن خاسىيەتلىرى ۋە پايدىلىرىنى بايان قىلغان. ئۇلار شۇكى، ئۇنىڭ ئۆسۈملۈكىنىڭ غولى بەلگە ئېسىۋېلىنسا بۇۋاسىرغا پايدا قىلىدۇ. شۇنداقلا ئۇنى ئىستېمال قىلىشمۇ بۇۋاسىر ۋە ساقىيىشى تەس بولغان ئىچ سۈرۈشكە پايدا قىلىدۇ. بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، يەكشەنبە كۈنى كۈن چىقىشتىن بۇرۇن ئۇنىڭ ئوتتۇرىسىغا يەتتە قات يىپ باغلاپ بەلگە تېڭىپ داۋاملىق تۇرغۇزۇلسا بۇۋاسىر ۋە قانلىق ئىچ سۈرۈشكە پايدا قىلىدىكەن، سىناقتىن ئۆتكەن ئىكەن. شۇنداقلا ئۇنىڭ سىدە دەرىخى ۋە بىيل دەرىخىدە پەيدا بولغانلىرىنى كالا سۈتى بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ ئايال كىشى ھەيزدىن پاك بولۇپ، 13 كۈندىن كېيىن ئىچسە ھامىلىدار بولىدىكەن، بولۇپمۇ ئاي شەرتىن (پارسلارنىڭ يىل ھېسابىدىكى ئاتالغۇ) بۇرجىغا كەلگەندە ئېلىنغىنى تېخىمۇ شۇنداق تەسىر قىلىدىكەن.

## خۇرەم
(خۇرەم ئوتى)

ئۇ پارسچە سۆز بولۇپ، «خۇشاللىق» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**ماھىيىتى:** ئۇ نامەلۇم دورىلاردىندۇر. بەزىلەر ئۇنى «مۇرىيەھ» دېگەن ئۆسۈملۈكنىڭ

پارسچە نامى دەيدۇ. بۇ بىر خىل ئۆسۈملۈك بولۇپ، باغلاردا ۋە سايە يەرلەردە ئۆسىدۇ. يوپۇرماقلىرى ئۇزۇنچاق، گۈلى بىنەپشە رەڭ، خۇش پۇراق، مەنزىرىسى گۈزەل، نازۇك بولىدۇ. يوپۇرماقلىرى تارقاق ئۆسىدۇ. پارسلار ئۇنى كۆپ قەدىرلەيدۇ.

**تەبىئىتى:** ئىسسىقلىققا مايىل.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** جۇلا بەرگۈچى، مېڭىنى قۇۋۋەتلىگۈچى، ئۇخلاتقۇچى، ئەقىلنى ۋە پەم - پاراسەتنى ئاشۇرغۇچى، خۇرسەن قىلغۇچىدۇر. قولدا ساقلانسا مۇھەببەتنى ئاشۇرىدۇ. يەڭدە ساقلانسا مەھبۇبىنىڭ مۇھەببىتىنى ئاشۇرىدۇ. گۈلىدىن قىلىنغان ياغ باش ئاغرىقنى پەسەيتىدۇ، ئۇيقۇسىزلىقنى داۋالايدۇ. ياتسىراشنى يوقىتىدۇ. ئۇنىڭدىن موم يېغى تەييارلاپ كەچتە يۇزگە سۈركەپ ئەتىسى ئەتىگەندە يۇيۇۋېتىلسە رەڭگىرويىنى ياخشىلايدۇ. كىشىلەرنىڭ قارشى ئېلىشىغا ئېرىشىدىغان قىلىدۇ، ئاداۋەتنى يۇيىدۇ.

بەزىلەر ئۇنى «سىراجۇل قۇترۇب» ئۆسۈملۈكى دەيدۇ، بەزىلەر يۇنانچە «ئەستەرتىيقۇس» دېيىلىدىغان «داۋائۇل ھالىبى» دېگەن دورا دەيدۇ. يەنە بەزىلەر بولسا ئۇنىڭدىكى «ر» ھەرپىنى قىسقارتىپ توخۇ تۇخۇمى شاكىلىنىڭ يۇيۇلغىنىنى كۆرسىتىدۇ دەپ بىلگەن.

## خۇرنۇب
(خەرنۇب دەرىخى)

ئۇ «خەرنۇب»مۇ دېيىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** ئۇ يەرلىك ۋە ياۋىدىن ئىبارەت ئىككى خىل بولىدۇ. يەرلىكى ياڭاققا ئوخشاش چوڭ دەرەخ بولۇپ، يوپۇرمىقى ناھايىتى يېشىل، سىلىق، سەل يۇمىلاق، قېلىن بولىدۇ. شاخلىرى ئۇدۇلمۇ ئۇدۇل ئۆسىدۇ. گۈلى ئالتۇن رەڭ سېرىق بولىدۇ. غىلاپى غېرىچ ئۇزۇنلۇقىدا، ئۇنىڭدىن قىسقىراق، تومراق، قارا بولۇپ، ئىچىدىن باقىلىغا ۋە تۇرمۇسقا ئوخشايدىغان تاتلىق ئۇرۇقلار چىقىدۇ. ئۇ تەنەكابۇندا «كۇراس»، مازىنداران ۋە گىيلاندا «لاركى» دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇنىڭ ياخشىسى يەرلىكىنىڭ قۇرۇق، مېغىزى ناھايىتى تاتلىق، پوستى نېپىز، بىر يىلدىن ئاشمىغانلىرىدۇر. مىسىر ۋە شامدا ئۇنىڭدىن قىيام ياسىلىدۇ.

**تەبىئىتى:** بىرىنچى دەرىجىدە سوغۇق، ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق. قورۇغۇچى ۋە سىقىش بىلەن ئىچىنى سۈرگۈچى قۇۋۋەتكە ئىگىدۇر. بولۇپمۇ ئۇنىڭ ھۆلىنىڭ شۇنداق رولى باردۇر. ئۇنىڭ تولۇق پىشقان تاتلىقى بىرىنچى دەرىجىدە ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** سۈيدۈك ھەيدەيدۇ. كۆكرەك ئاغرىقلىرىنى پەسەيتىدۇ. ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەيدۇ. بەدەننى سەمرىتىدۇ. ھەزىم بولسا ياخشى خىلىت پەيدا قىلىدۇ. چۈنكى ئۇ ئاستا ھەزىم بولىدۇ. قورساقنى ئېسىدۇ. بولۇپمۇ ئۇنىڭ بىر يىل ئۆتمىگەن

يېڭىسى تېخىمۇ شۇنداق. ئۇرۇم شىرىسى بىلەن ئىستېمال قىلىنسا سۈيدۈك ھەيدەيدۇ. سۈتكە قوشۇلسا سۈتنى مەززىلىك قىلىدۇ. ئىشتىھانى ئاچىدۇ. كونا يۆتەلنى پەسەيتىدۇ، سىناقتىن ئۆتكەن دەپ قارىلىدۇ. ئۇرۇقى بىلەن ئىستېمال قىلىنسا بەدەننى سەمرىتىدۇ. چۇقۇقتا شىپا بولىدۇ. پىشۇرۇلغىنى زىمات قىلىنسا ئۇرۇلۇپ ـ سوقۇلۇش ۋە ئۇنىڭغا ئوخشاش زەخىملەر ۋە سۆگەللەرنى ساقايتىدۇ. ھۆلى سۆگەللەرگە سۈركىسە يوقىتىدۇ. ئۇنىڭ ئۇرۇقىنىڭ ئىككى پارچىسىنىڭ بىر پارچىسى سۆگەلگە چاپلانسا يوقىتىدۇ.

ئۇنىڭ ئۇرۇقى قۇرۇق سوغۇق بولۇپ، ناھايىتى قابىزدۇر. ئىششىقلارنى تارقىتىدۇ. چىقىپ قالغان مەقئەتنى ئورنىغا چۈشۈرىدۇ. قان توختىتىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** ئاشقازانغا زىيان قىلىدۇ. ئەزالارنى قۇرۇتىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** بېھى ئۇرۇقى، ناۋات.

**ئورۇنباسارى:** باراۋەر مىقداردا تۇخۇمەك مېۋىسى، تەراسىس، موزا.

**ئىستېمال مىقدارى:** 15 گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

ئۇنىڭ ياۋىسى چاتقال بولۇپ، غولاچ ئېگىزلىكتە ئۆسىدۇ. شاخلىرى يېيىلىپ ئۆسىدۇ. تىكەنلىرى ئۆتكۈر، ئۇششاق، گۈلى سېرىق، داغلىق بولىدۇ. مېۋىسى كىچىك بۆرەككە ئوخشايدۇ. قەزۋىن شەھىرىدە ئۇنىڭ ئۆسۈملۈكى «ۋەدەك» دەپ ئاتىلىدۇ. «خەرنۇب نىبتى» دەپ ئاتالغىنى شۇنىڭدىن ئىبارەت.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق، ناھايىتى قابىز.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ئاشقازاننى قۇۋۋەتلىگۈچى، ھەرقانداق ئەزادىن ئاققان قاننى ۋە ئىچ سۈرۈشنى توختاتقۇچىدۇر. يەرقانىغا شىپا بولىدۇ. قورساق ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ. ھەيز ھەيدەيدۇ. بۇۋاسىرغا داۋا بولىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن ئېغىز چايقالسا، تالقانلىنىپ چىشقا سېپىلسە چىش ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ. چىشلارنى چىڭىتىدۇ. ئۆسۈملۈكىنىڭ يىلتىزى قۇرت يېگەن چىشنى چۈشۈرىدىغان بولۇپ، سايمان بىلەن تارتىش ھاجەتسىز. ئۇ خېنە بىلەن بوياق قىلىنسا چاچنى كۈچەيتىپ ئۆزارتىدۇ. ئاقىرىشنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. مەلھەم قىلىپ بەدەنگە سۈركىسە ماغدۇرسىزلىقنى تۈگىتىدۇ. ئەزالارنى قۇۋۋەتلەيدۇ. سوقۇپ سۇغا چىلاپ بويالغان كىيىمنى ئۇنىڭغا چىلىسا رېڭىنى مۇقىملاشتۇرىدۇ، سىناقتىن ئۆتكەن دەپ قارىلىدۇ.

## خىرۋەئ

(ئىنەكپىتى)

ئۇ پارسچە «بىيدەنجىير»، شىرازچە «كەنتۇ»، تۈركچە «كەرچەك»، ھىندىچە «ئارنىد» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** ئۇ ئاق ۋە بىنەپشە رەڭگە مايىل قىزىلدىن ئىبارەت ئىككى خىل بولىدۇ. ئىككىنچىسى ئېقىدىن كۈچلۈكرەك بولىدۇ. يوپۇرمىقى ئەنجۈر يوپۇرمىقىغا ئوخشايدۇ. ئەمما

چىشلىرى ئۇنىڭدىن چوڭقۇرراق بولىدۇ. غولى ئىككى غۇلاچ ئېگىزلىكتە بولۇپ ئۇنىڭدىن ئېگىزراق ئۆسكەنلىرىمۇ كۆرۈلدى. يىلتىزى قومۇشقا ئوخشاش كاۋاك، مېۋىسى تىكەنلىك، باشاقلىق، يۇمىلاق بولىدۇ. ئۇرۇقى قەھۋە دانىسى چوڭلۇقىدا، پوستى چېكىتلىك، مېغىزى ئاق، مايلىق بولىدۇ. ئۇ ئىسسىق ـ سوغۇقلۇقى مۆتىدىل شەھەرلەردە ئۆسىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىنىڭ ئاخىرىدا قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ماددىلارنى تارقاتقۇچى، پەيلەرنى بوشاتقۇچى، سوغۇق خىلتلارنى كۈچلۈك سۈرگۈچى، تومۇرلارنى تازىلىغۇچى، ئەزالارنى قۇۋۋەتلىگۈچىدۇر. ئۇ باش ئاغرىقى، لەقۋا، رەئشە، سوغۇق كېسەللىكلەر ۋە زىققە نەپەسكە پايدا قىلىدۇ. سوغۇقتىن بولغان يۆتەلنى پەسەيتىدۇ. قولۇنجىنى بوشىتىدۇ، يەل تارقىتىدۇ. قاتتىق ئىششىقلارنى تارقىتىدۇ. ئۇچا، دوۋساق ئاغرىقلىرىنى پەسەيتىدۇ. ئىستىسقاغا داۋا بولىدۇ. بولۇپمۇ ئۇنىڭ مېغىزىنىڭ سۈرۈش رولى كۈچلۈك بولۇپ، ھەيز ھەيدەيدۇ ۋە بالا ھەمراھىنى چۈشۈرىدۇ. ئۇنىڭ مېغىزىدىن 10 دانە ئېلىپ سالايە قىلىپ ھەسەل بىلەن ئىستېمال قىلسا بەلغەم خاراكتېرلىك ھۆللۈكلەرنى سۈرۈپ چىقىرىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** ئاشقازاننى بوشىتىدۇ، ئىشتىھانى تۇتىدۇ. كۆڭۈلنى غەش قىلىدۇ ۋە ئاينىتىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** كەتىرا، مەستىكى، نەئناء.

**ئىستېمال مىقدارى:** 5 ~ 10 دانىغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

ئۇنىڭ ئاقلانغىنى ئىشلىتىلىدۇ. 20 دانىسى كۈچلۈك مەست قىلىدۇ.

زەھەر قايتۇرۇش ئۈچۈن رىباس ۋە ئانار ئۇسارىسى ئىشلىتىلىدۇ.

**ئورۇنباسارى:** ئۇنىڭ ئوندىن بىر ئۈلۈش مىقدارى دەند.

ئۇ زىمات قىلىنسا سۆگەللەرنى چۈشۈرىدۇ. داغ يوقىتىدۇ. بەلغەمدىن بولغان ئىششىقلار ۋە قاتتىق ئىششىقلارنى تارقىتىدۇ. ئاغرىقلارنى پەسەيتىدۇ. نۇقرەس ۋە بوغۇم ئاغرىقىغا داۋا بولىدۇ. سىركە بىلەن زىمات قىلىنسا ئەمچەك ئىششىقىنى تارقىتىدۇ، قىزىلنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە زىمات قىلىنسا پايدا قىلىدۇ. ئۇنىڭ يوپۇرمىقىنىڭ ئىچىنى سۈرۈش تەسىرى ئۇرۇقىنىڭ شۇ تەسىرىدىن ئاجىزراق، زەھەر قايتۇرۇش تەسىرى كۈچلۈكرەكتۇر. ئۇنىڭ ئۇسارىسى تەكرار ئىستېمال قىلىنسا، ئۇنىڭ بىلەن قۇستۇرۇلسا بېيش، ئەپيۇن ۋە ئۇنىڭغا ئوخشاشلارنىڭ سوغۇق زەھىرىنى قايتۇرىدۇ. ئۇ ئارپا ئۇنى بىلەن زىمات قىلىنسا كۆزنىڭ ئىسسىقتىن بولغان ئىششىقلىرى، گال ئاستى ئىششىقى ۋە باشقا يىراق ئەزالار

ئىششىقلىرىنى تارقىتىدۇ. قۇستۇرىدۇ، ئىچىنى سۈرىدۇ. ئۇنىڭ 10 گىرامى يېغى سېغىلغان سۈت بىلەن ئىچىلسە، ئاشقازان ئېغىزىنىڭ سوغۇقتىن بولغان ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ.

يىلتىزىنىڭ پوستى قورساق ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ، كانال ئەزالارنى راۋانلاشتۇرىدۇ، توسالغۇلارنى ئاچىدۇ. ئۇ مائۇلھەسەل بىلەن ئىشلىتىلسە يىراق ئەزالاردىكى شىلىمشىق بەلغەمنى تارقىتىدۇ، بولۇپمۇ يېغى تەييارلانغىنىنىڭ تەسىرى كۈچلۈكرەك بولىدۇ. ئۇنى مەلھەم قىلىپ سۈركىسە تەشەننۇجغا پايدا قىلىدۇ. قاتتىق ئىششىقلارنى تارقىتىدۇ. قۇلاق ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ. بالىياتقۇ ئېغىزىنىڭ ئېتىلىپ قېلىشى ۋە تەتۈر بولۇپ قېلىشى، يارىلاشقان قوتۇر، باشنىڭ ھۆل يارىسى ۋە ئاشقازان ئىششىقىغا پايدا قىلىدۇ. تېرىدىكى كۆك ئىزلارنى يوقىتىدۇ. كۆپىكدەريا بىلەن زىمات قىلىنسا دائىرىلىك چاچ چۈشۈشكە شىپا بولىدۇ. كۈدە سۈيى بىلەن ئىستېمال قىلىنسا ۋە زىمات قىلىنسا بوۋاسىرغا پايدا قىلىدۇ. مىس قاچىغا ئېلىپ ئوت ئۈستىدە قويۇپ ئۈستىگە مىس تۇۋاق يېپىپ ياخشى قىزىغاندىن كېيىن ئېغىزىنى ئېچىپ ئۇنىڭ ھەر بەش گىرامىغا بىر دان چوڭلۇقىدا ئەسلىي كافۇر قوشۇپ ئېغىزى ئېتىلىپ ئېرىگۈچە تۇرغۇزۇلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن ئوتتىن چۈشۈرۈپ، سوۋۇتۇپ ھەر قېتىملىق تەرەتتىن كېيىن بوۋاسىرنى قۇرۇتۇپ ئۇنىڭ يېغى ئىلمان ھالەتتە بوۋاسىرغا سۈركىسە ساقايتىدۇ. يىلان پوستى، قىچا بىلەن قايىنىتىپ تەكرار مايلىنىلسا تىتانۇس ۋە باش كېپەكلىشىشكە پايدا قىلىدۇ. تۈرلۈك تەمرەتكە ۋە داغقا تەڭداشسىز داۋا بولىدۇ.

**ئورۇنباسارى:** تۇرۇپ يېغى.

ھىندىستان خەلقى ئىنەكپىتىنى جوزامنى داۋالايدۇ دەپ بىلىدۇ.

## خەرمۇش
(ئېشەكچاشقان)

ئۇ ھىندىچە «گەھۇس» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** ئۇ چاشقاننىڭ بىر تۈرى بولۇپ، ناھايىتى چوڭ بولىدۇ، مۈشۈك بىلەن ئۇرۇشىدۇ ۋە ئۇنى يېڭىدۇ.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** قۇرۇتۇلغان تېرىسى بىلەن ئىسرىق سېلىنسا بوۋاسىرغا پايدا قىلىدۇ، سىناقتىن ئۆتكەن. ئۇنىڭ قايناتمىسى بىلەن ئىستىنجا قىلىنىسىمۇ شۇ تەسىرنى بېرىدۇ. باشقا تەسىرلىرى چاشقاننىڭ تەسىرلىرىدىن كۈچلۈكرەكتۇر.

# پەسىل: «خ» (خۇۋائى) ۋە «ز» (زائى) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى

## خەزاما

(خەزاما ئوتى)

ئېيتىشلارغا قارىغاندا ئۇ، بولۇپمۇ ئۇنىڭ ئېقى پارسچە «شەب ئەنبوي»، «شەب بوي» (كېچىدە پۇرىغۇچى) دەپ ئاتىلىدىكەن. بەزىلەر «گۇلى مەريەم» (مەريەم گۇلى) مۇ دېگەن.

ماھىيىتى: ئۇنىڭ ماھىيىتى توغرىسىدا كۆپ ئىختىلاپ قىلىنغان. بەزىلەر «ئۇ بىر خىل ئۆسۈملۈك بولۇپ، ناھايىتى خۇش پۇراق پۇرايدۇ، پارسچە ‹خەيرى دەشتى› (چۆل خەيرى گۇلى) دېيىلىدۇ، شىرازچە ‹ئەرۋافە› دەپ ئاتىلىدۇ» دېگەن. ئەنتاكىي ئۇنى خەيرىگۇلنىڭ باشقىسى دەپ بىلگەن ۋە «ئۇ بىر خىل نازۇك ئۆسۈملۈك بولۇپ، بىنەپشىگە ئوخشاپ قالىدۇ، ئۇنىڭدىن ئېگىزرەك ئۆسىدۇ. ئىلاھى ئايدا ئۇنۇپ، ھەيزەران ئېيىدا پىشىدۇ. تاغلار ۋە دەريا بويلىرىدا ئۆسىدۇ. گۇلى بىنەپشە گۇلىگە ئوخشاش بولۇپ، كۆك ۋە لاجىۋەرد رەڭگە مايىل بولىدۇ. فاغىيە (خېنىگۇل) دىنمۇ بەكرەك خۇش پۇراق پۇرايدۇ. سېرىنگۇلنىڭ پۇرىقىغا ئوخشاپ قالىدۇ. ئۇرۇقى قارىغا مايىل بولىدۇ. تېرىقچىلىقتىن خەۋىرى بار كىشىلەرنىڭ بايان قىلىشىچە، ئۇنىڭ يىلتىزى تەتۈر ياكى كىرپىست بەلگىسى شەكلىدە يېرىلىپ تىكىلسە بىنەپشە رەڭدە بولىدىكەن» دېگەن.

«ئىختىيارات»نىڭ ئاپتورى ۋە باشقىلارمۇ ئۇنى ياۋا خەيرىگۇل دەپ بىلگەن ۋە «ئۇ بىر خىل ئۆسۈملۈك بولۇپ، شاخلىرى ئۇزۇن بولىدۇ. يوپۇرمىقى ئۇششاق، گۇلى بىنەپشە رەڭگە مايىل قىزىل، ‹فاغىيە› دېيىلىدىغان خېنىگۇل ۋە ياۋا ئوتلارنىڭ گۇللىرىدىن خۇش پۇراقراق بولىدۇ» دېگەن.

ئۇ قۇملۇق ۋە يۇمشاق يەرلەردە ئۆسىدۇ. خەيرىگۇلنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى ۋە سۈپەتلىرىدىن خەزاما ئۆسۈملۈكىنىڭ خەيرىگۇل ئەمەسلىكى مەلۇم بولىدۇ.

تەبىئىتى: ئىككىنچى دەرىجىنىڭ بېشىدا قۇرۇق ئىسسىق، بەزىلەر ھۆل دەپ بىلگەن. گۇلى ئۆسۈملۈكىدىن ئىسسىقراقتۇر.

خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى: گۇلىنىڭ 10 گىرامى ماددىلارنى ئۇچۇچانلاشتۇرغۇچى، قىزىتقۇچى، مېڭىنىڭ توسالغۇلىرىنى ئاچقۇچى، مېڭىنى قۇۋۋەتلىگۈچى، باش ئاغرىقىنى پەسەيتكۈچى، زۇكامنىڭ ھۆللۈكلىرىنى تارتقۇچى، يەل تارقاتقۇچى، يۈرەك، جىگەر، تالنى قۇۋۋەتلىگۈچى ۋە توسالغۇلىرىنى ئاچقۇچى، كېرەكسىز ماددىلارنى ھەيدىگۈچىدۇر. ئۇنىڭ

بىلەن پەرزىجە قىلىنسا بالىياتقۇنى تازىلايدۇ، خۇش پۇراق قىلىدۇ، ھۆللۈكلىرىنى سۈمۈرىدۇ، ئۇنىڭدىن ئاقىدىغان كونا سۇيۇقلۇقلارنى توختىتىدۇ، سوغۇقلۇقنى تۈگىتىپ قىزىتىدۇ، ھامىلىدار بولۇشقا ياردەم بېرىدۇ. جىنسىي يولنى تارايتىدۇ. شۇنداقلا ئىستېمال قىلىنسىمۇ شۇ تەسىرنى بېرىدۇ. قۇرۇقى مەلھەم قىلىنسا پەيلەرنى قۇۋۋەتلەيدۇ، تەرنى خۇش پۇراقلاشتۇرىدۇ. ئارپا ئۇنى بىلەن زىمات قىلىنسا يارىنى ساقايتىدۇ. ئىششىقنى تارقىتىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن ئىسرىق سېلىنسا چىرىگەن نەرسىلەرنىڭ سېسىق پۇراقلىرىنى يوقىتىدۇ. ئۇنىڭدىن تەييارلانغان ياغ نېفىتنىڭ ئورنىنى باسىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** ئىسسىق مىزاجلىقلارنىڭ بېشىنى ئاغرىتىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** ئاس دەرىخى.

**ئىستېمال مىقدارى:** گۈلىدىن 10 گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

**ئورۇنباسارى:** بابۇنە.

ئۇنىڭ يىلتىزى، يوپۇرمىقى ۋە ئۇرۇقىنىڭ تەسىرلىرى ئاجىزراق بولۇپ ئىشلىتىلمەيدۇ.

## خەز

قەدىمكى ئاتالغۇدا ئۇ يىپەك، يۇڭ ۋە تىۋىتتىن قىلىنغان كىيىمنى كۆرسىتەتتى. «خەز خالىس» (ساپ خەز) دېيىلسە ئۆچكە ۋە ئۇنىڭغا ئوخشاش ھايۋانلارنىڭ يىرىك مويلىرى ئارىسىدىكى ناھايىتى يۇمشاق تىۋىتتىن قىلىنغان كىيىمنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ پارسچە «كەرەك» دېيىلىدۇ. يېڭى ئاتالغۇدا ئۇ سۇسەردىن كىچىكرەك بىر خىل ھايۋاننىڭ تېرىسىنى كۆرسىتىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ئۇنىڭدىن كىيىم تىكىپ كىيسە ئىسسىقلىقنى ساقلايدۇ. دۇمبە، بۆرەككە سوغۇق ئۆتۈپ كېتىشتىن ساقلايدۇ. پالەچ، نۇقرەس، باھ ئاجىزلىقىغا پايدا قىلىدۇ. جوزام ۋە قىچىشقاقنى تېز ساقايتىدۇ. ئىستېمال قىلىنسا ئورنىدىن قوزغالغان پەيلەر ۋە پەيلىك ئەزالارنى جايىغا چۈشۈرىدۇ. كۆيدۈرۈپ سېپىلسە قان توختىتىدۇ. يارىلارنى قۇرۇتىدۇ.

## خەزەف
(ساپال)

ئۇ پارسچە «سەفال» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** تونۇشلۇقتۇر.

**تەبئىتى:** ناھايىتى قۇرۇق، ئازراق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ئۇنىڭ ھەرقايسى تۇرلىرى زىمات قىلىنسا يۇمشاق ئىششىقلارنى تارقىتىدۇ، كۆمۈرچەك ۋە كېرىگەتكە ئوخشاش مىزاجى قۇرۇق ئەزالارنىڭ يارىلىرىنى ساقايتىدۇ. سويۇلغان تېرىنى ساقايتىدۇ. يېڭى ساپال مەلھەملەرگە قوشۇلۇپ ئىشلىتىلسە يارىلارنى ساقايتىدۇ. سىركە بىلەن مەلھەم قىلىنسا قىچىشقاق، تاشمىلار، تەمرەتكە، تاز، قوتۇر، نۇقرەسكە، موم يېغى بىلەن زىمات قىلىنسا كونا ئىششىقلار، چاشقان يارىسى، ئۆسۈپ قالغان بەزلەرگە داۋا بولىدۇ. چىن ساپىلى يۇمشاق سوقۇلۇپ سېپىلسە مۇڭگۈز پەردىگە چۈشكەن ئاقنى يوقىتىدۇ. چىشقا سېپىلسە چىشنى ئاقارتىدۇ، چىش مىلىكىنى چىڭىتىدۇ. چىش مىلىكىنىڭ قېنىنى توختىتىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** مېڭە نېرۋىلىرىغا زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** بىنەپشە يېغى، نىلۇپەر يېغى.

تۈز ئېلىنغان ياكى تۈزغا چىلانغان ساپال ياكى تۈزدا پەيدا بولغان ئۈششاق تاشلارنى مەلھەم قىلىپ ھەرقانداق ئەزا ۋە قاپاقنىڭ سوغۇقتىن، بەلغەمدىن بولغان ئىششىقلىرىغا چېپىلسا تارقىتىدۇ.

# پەسىل: «خ» (خۇۋائ) ۋە «س» (سىين) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى

## خەسس
(كاھۇ، ئوسۇڭ)

ئۇ پارسچە «كاھۇ»، تۈركچە «خاس» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** ئۇ تونۇشلۇق ئۆسۈملۈك بولۇپ، يەرلىك ۋە ياۋىدىن ئىبارەت ئىككى خىل تۈرى بولىدۇ. يەرلىكى ئىككى خىل بولىدۇ. بىر خىلىنىڭ يوپۇرمىقى كەڭ، ئۇزۇن بولۇپ، بىر يېرىم غۇلاچقىچە ئېگىزلىكتە ئۆسىدۇ. ياغلىق، تاتلىق، يۇمران بولۇپ، ئىران، ئەرەبىستان، رىم ۋە باشقا ئەللەردە باھار پەسلىدە ئۆسىدۇ، ناھايىتى كۆپ بولىدۇ، ھىندىستان ۋە بېنگالدا يامغۇر ياغمايدىغان قىش پەسلىدىمۇ ئۆسىدۇ، ئەمما مەزكۇر شەھەرلەردە بولغاندەك كۆپ، ياخشى، چوڭ بولمايدۇ. يەرلىكىنىڭ ئىككىنچى خىلى فىرانسىيەدە ئۆسىدىغىنى بولۇپ، ئۇمۇ ئىككى خىل بولىدۇ. بىر خىلىنىڭ يوپۇرمىقى يېشىل، رەڭگى سۇس، ناھايىتى يۇمران، مايلىق، تاتلىق بولىدۇ. يەنە بىر خىلىنىڭ يوپۇرماقلىرىنىڭ ئۇچلىرى سەل بىنەپشە رەڭدە، يۇمران، مايلىق، تاتلىق بولىدۇ، بۇ يۇقىرىدىكىسىدىن ئازراق تېپىلىدۇ. ئۇنىڭ مەزكۇر

ئىككى خىل تۈرىنىڭ يوپۇرماقلىرى غۇنچىغا ئوخشاش پۇرلىشىپ يۇمىلاق بولۇپ ئۆسىدۇ. ئۇرۇقى ھەر يىلى فىرانسىيەدىن يېڭى ئېلىپ كېلىنىپ قىش پەسلىدە تېرىلىدۇ. ھاۋا سوغۇق بولغانسېرى ياخشىراق، يۇمرانراق ۋە پۇرلەشكەنرەك بولىدۇ.

ياۋا ئوسۇڭنىڭ يوپۇرماقلىرى ئىنچىكىرەك، ئۇزۇنراق، مايىسىز، سەل ئاچچىقراق، يەرلىكىدىن يېشىلراق، ئاچچىق، غولى كۆپ سۈتلۈك بولىدۇ. بەزىلەر ئۇنىڭ سۈتىدىن ئەپيۇن ياسايدۇ، ئەمما خەشخاشنىڭ ئەپيۇنىدىن كۆپ ئاجىز بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۇرۇقى قارا بولغىنىنىڭ سوغۇقلۇقى ۋە ھۆللۈكى ئۇرۇقى ئاق بولغىنىنىڭ سوغۇقلۇق ۋە ھۆللۈكىدىن كەمرەك بولىدۇ. فىرانسىيەدىن چىقىدىغان، يوپۇرمىقى بىنەپشە رەڭدە بولىدىغان تۈرىنىڭ ئۇرۇقى كۆپ ھاللاردا قارا بولىدۇ.

ئومۇمەن، ئۇ يەرنىڭ قاتتىق ـ يۇمشاقلىقى، ياخشى ـ يامانلىقىغا قاراپ ئوخشاش بولمايدۇ. يۇمشاق، مۇنبەت يەرگە تېرىلىپ، لايىقىدا سۇغۇرۇلغانلىرىنىڭ يوپۇرماقلىرى باشقىلىرىنىڭ ئەكسىچە چوڭ، غولى يۇمشاق، يۇمران، مايلىق، تاتلىق، ئۇرۇقى ئاق بولىدۇ. ئىشلىتىلىدىغىنى ۋە ئىستېمال قىلىنىدىغىنى ئۇنىڭ يەرلىكىدۇر.

**تەبىئىتى:** يەرلىكى ئىككىنچى دەرىجىنىڭ باشلىرىدا ھۆل سوغۇق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ئۇ خۇددى «كافى»نىڭ ئاپتورى يەئقۇب كەلىينى رەھمەھۇللاھ ھەزرىتى ئەبى ئابدۇللادىن رىۋايەت قىلىپ قول ئاستىدىكى كىشىلىرىگە «سىلەرنى ئوسۇڭ يېيىشكە پەرمان قىلىمەن، چۈنكى ئۇ قان تازىلايدۇ» دېگىنىدەك، قان تازىلايدۇ. تېۋىپلارنىڭ ئېيتىشىچە، باشقا كۆكتاتلاردىن پەيدا بولغان قانغا قارىغاندا سۈيۈقراق ۋە ياخشىراق قان پەيدا قىلىدۇ. سۇ، بۇلغانغان ھاۋا ۋە سۇ بىلەن ھاۋانىڭ كېلىشمەسلىكىدىن پەيدا بولغان زىيانلىق تەسىرنى يوقىتىدۇ. قان، سەپرانىڭ ئۆتكۈرلۈكى، سەپرا بىلەن سەۋدانىڭ قۇرۇقلۇقى، تەشنالىق ۋە ئەزالارنىڭ كۆيۈشۈشىنى پەسەيتىدۇ. تۇسالغۇلارنى ئاچىدۇ. خۇمارنى باسىدۇ. مەستلىكنى توسىدۇ. مېڭىگە بۇخاراتلارنىڭ ئۆرلىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. باش ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ. ئىسسىق ۋە قۇرۇقلۇقتىن بولغان نەزلە ۋە يۆتەلگە شىپا بولىدۇ. ئۇخلىتىدۇ، ئىسسىقتىن بولغان ئىششىقلارنى تارقىتىدۇ. چوڭ تەرەتنى بوشىتىدۇ. سۈيدۈك ھەيدەيدۇ. بولۇپمۇ يۇيۇلمىغىنىنىڭ شۇنداق تەسىرى باردۇر. چۈنكى، يۇيۇلمىغىنىنىڭ تۇسالغۇلارنى ئېچىش رولى يۇيۇلغىنىنىڭ شۇ تەسىرىدىن كۈچلۈكتۇر. قىچىشقاق، قوتۇر، جوزام، سارائىلىق، يەرقان، ئەمچەك ئاغرىقى، ئىسسىقتىن بولغان تەپلەر، دوۋساق، سۈيدۈك يولى يارىلىرى، سۈيدۈك ئېچىشىپ كېلىشلەرگە پايدا قىلىدۇ. سىركە بىلەن ئىستېمال قىلىنسا ئىشتىھانى ئاچىدۇ، يەرقانغا شىپا بولىدۇ. ئاشقازان ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ. قاينىتىپ پىشۇرۇلغىنىنىڭ ئوزۇقلۇقى خېمىنىڭ ئوزۇقلۇقىدىن كۆپرەك بولۇپ، كۆكرەك ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ، سۈت كۆپەيتىدۇ.

**زىيانلىق تەسرى:** كۆپ ئىستېمال قىلىنسا باھقا، سىل، كاناي ئىششىقى بىمارلىرىغا زىيان قىلىدۇ. ئۇنتۇغاق قىلىدۇ. سەزگۈلەرنى سۇسلاشتۇرىدۇ، دۆتلەشتۈرىدۇ. كۆزنى زەئىپلەشتۈرىدۇ ۋە قاراڭغۇلاشتۇرىدۇ، يەل پەيدا قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** نەئناڭ، كەرەپشە، ھېلىلە مۇراببىاسى ۋە زىرە.

**ئىستېمال مىقدارى:** سۇيىدىن 90 مىللىلىتىرغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

ئۇ زىمات قىلىنسا ئەزالارنىڭ كۆيۈشۈشى ۋە ئېچىشىشىنى پەسەيتىدۇ. كۆزنىڭ ئىششىقى، ئىسسىقتىن بولغان ئىششىقلارنى تارقىتىدۇ، قىزىلغا پايدا قىلىدۇ. ئورنىدىن قوزغالغان ئەزالارنى ئورنىغا چۈشۈرىدۇ. كۆيدۈرۈپ سېپىلسە يارىلار ۋە ئېغىز يارىلىرىنى ساقايتىدۇ.

ئۇنىڭ ئۇرۇقى ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق بولۇپ، سېرىمىسىزلاندۇرىدۇ، ئۇخلىتىدۇ، قوزغالغان ماددىلارنى تىنچلاندۇرىدۇ. ئالتە گىرام ئىستېمال قىلىنسا ئىچھتىلام بولۇشنى توختىتىدۇ. جىما قۇۋۋىتىنى زەئىپلەشتۈرىدۇ. نەزلە، زۇكامغا پايدا قىلىدۇ. كۆكرەك ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ. سۇيدۇك تامچىلاش ۋە مەنىي ئېقىشقا داۋا بولىدۇ. مەلھەم قىلىپ پېشانىگە چېپىلسا ئۇيقۇ كەلتۈرىدۇ، باش ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ. كۆزگە كېسەللىك ماددىلىرىنىڭ چۈشۈشىنى توسىدۇ. چاچقا سۈركىسە چۈشۈشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. چايان چېقىۋالغان ئورۇنغا چېپىلسا زەھىرىنى قايتۇرىدۇ.

**زىيانلىق تەسرى:** باھقا زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** مەستىكى.

**ئورۇنباسارى:** خەشخاش ياكى خۇنسىياۋشان.

ئۇنىڭ يېغى قاتتىق ئىششىقلارنى تارقىتىدۇ. مېڭىگە ھۆللۈك يەتكۈزىدۇ. ئۇخلىتىدۇ. مالىخولىيا، قۇرۇقلۇقتىن بولغان تۇتقاق كېسەلگە داۋا بولىدۇ. شارابتىن مەست بولۇپ قېلىشنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. ئۇنىڭ يوپۇرمىقىنىڭ ھەممە تەسىرلىرى ئۇنىڭ ئۇرۇقىنىڭ تەسىرلىرى بىلەن ئوخشاشتۇر. ئۇ گۈل يېغى بىلەن مەلھەم قىلىنسا ئىسسىقتىن بولغان باش ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ.

ياۋا ئوسۇڭ ھۆل سوغۇق بولۇپ ھۆللۈكى يەرلىكنىڭ ھۆللۈكىدىن كەمرەكتۇر. بەزىلەر ئۇنىڭ سوغۇقلۇقى يەرلىكنىڭ سوغۇقلۇقىدىن كەمرەك، تەسىرلىرى يەرلىكنىڭ تەسىرلىرىدىن كۈچلۈكرەك دەيدۇ. ئۇنىڭ يوپۇرمىقى، ئۇرۇقى ۋە سۆتىنىڭ قۇۋۋىتى يەرلىكنىڭ يوپۇرمىقى، ئۇرۇقى ۋە سۆتىنىڭ قۇۋۋىتىگە ئوخشاش، بەلكى ئۇنىڭدىن كۈچلۈكرەك بولۇپ، قارا خەشخاش سۆتىنىڭ تەسىرى بىلەن ئوخشاشتۇر. ئۇنىڭ 1.5 گىرامى سۇ خاراكتېرلىك كەيمۇسنى سۈرىدۇ. ھەيزنى ھەيدەيدۇ، چايان ۋە دۆ چېقىۋالسا ئىچى - سىرتىدىن ئىشلىتىلسە مەنپەئەت قىلىدۇ. كۆزگە سۈركىسە كۆزنىڭ يارىلىرى ۋە

ياش خالتا ئاقمىسىغا پايدا قىلىدۇ. يەرلىك ئۇسۇڭنىڭ سۇتىنىڭ تەسىرىمۇ ئۇنىڭ تەسىرىگە ئوخشاشتۇر.

## خەس
(خەس ئوتى)

ئۇ ھىندىچە سۆزدۇر.

**ماھىيىتى:** ئۇ بىر خىل ئۆسۈملۈكنىڭ يىلتىزى بولۇپ، ھىندىستان ۋە بېنگالدا ياز پەسلىدە ئۇنىڭدىن كەپە ياسىلىدۇ. ئۇستىگە سۇ چېچىلسا خۇش پۇراق، سوغۇق ۋە سۆرۈن بولىدۇ. ئۇ سەندەلنىڭ ئېكەكدەلمىسى بىلەن ئۇنىڭدىن ئەرەق تارتىپ ئەتىر ياسالسا ناھايىتى خۇش پۇراق ئەتىر بولىدۇ. ئۇ ئىنچىكە، ئەگرى ـ بۈگرى، بوغۇملۇق يىلتىز بولۇپ، سۇمبۇل رۇمىنىڭ يىلتىزىغا ئوخشايدۇ. ئۇنىڭدىن تومراق، ئۇزۇنراق، يېرىم غولاچ ئۇزۇنلۇقتا، خۇش پۇراق بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۆسۈملۈكى «كۇلان» دەپ ئاتىلىدىغان قومۇشقا ئوخشايدۇ. بەزىلەر ئۇنى زەيلىك ئىزخىر دەپ بىلىدۇ. ئىزخىر ماۋزۇسىدا ئۇنىڭغا ئىشارە قىلىندى. يەنە بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ ئۇسۇڭنىڭ يىلتىزى ئىكەن.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** خۇرسەن قىلغۇچى، يۈرەك ۋە مىزاجى سوغۇق مېڭىنى قۇۋۋەتلىگۈچىدۇر.

## خەشخاش
(كۆكنار)

ئۇ ھىندىچە «پوست» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** ئۇ ئىككى خىل بولىدۇ. بىرى يەرلىكى بولۇپ، ئاق خەشخاش دېيىلىدۇ. يەنە بىرى ياۋىسى بولۇپ، قارا خەشخاش دېيىلىدۇ. يەرلىك خەشخاشنىڭ گۈلى ئاق، ئۇرۇقىمۇ ئاق، ئۇششاق، يۇمىلاق بولىدۇ. ئۆسۈملۈكى ئىككى غولاچتىن تۆت غولاچقىچە ئېگىزلىكتە ئۆسىدىغان بولۇپ، سۇ، ھاۋا ۋە تۇپراقنىڭ ئوخشىماسلىقىغا قاراپ ئېگىز ـ پەس ئۆسىدۇ، يوپۇرمىقى چىشلىق، تۈكلۈك، ئۇزۇنچاق، غوزىكىنىڭ بېشى چىشلىق بولىدۇ. غوزىكىمۇ شەھەر، سۇ، ھاۋا ۋە تۇپراقنىڭ ئوخشىماسلىقىغا قاراپ چوڭ ـ كىچىك بولىدۇ. ئۇنىڭ ئەپيۇنىمۇ خۇددى ئەپيۇن ماۋزۇسىدا بايان قىلىنغىنىدەك كۈچلۈك، ئاجىز بولىدۇ. ئۇ باھار پەسلىدە يېتىشىدۇ.

**تەبىئىتى:** پوستى ئىككىنچى دەرىجىدە سوغۇق، بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇق، بەزىلەر ئۈچىنچى دەرىجىدە سوغۇق دىگەن. ئەپيۇنى ئىلىنمىغىنى ئەپيۇنى ئىلىنغىنىدىن كۈچلۈكرەك بولىدۇ.

**خۇسۇسىيتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** پوستى سىيزىمسىزلاندۇرىدۇ، ماددىلارنى توسىدۇ. توسالغۇ پەيدا قىلىدۇ. ئۇنىڭ 5.1 گىرامى ناشتىدا ۋە كەچتە ئۇخلاشتىن بۇرۇن سوغۇق سۇ بىلەن ئىستېمال قىلىنسا قاندىن ۋە سەپرادىن بولغان ئىچ سۈرۈشنى توختىتىدۇ. ئاشقازان، ئۈچەي ۋە دوۋساقنىڭ كۆيۈشۈشىنى پەسەيتىدۇ. پېشانىگە زىمات قىلىنسا سوغۇقتىن بولغان باش ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ. شۇمشا ئۇرۇقى ۋە گۇلاب بىلەن قايىنىتىپ زىمات قىلىنسا دەسلەپكى مەزگىلدىكى كۆز ئاغرىقىغا پايدا قىلىدۇ، ئاغرىقنى پەسەيتىدۇ. ئەزالارغا ماددىلارنىڭ قۇيۇلۇشىنى توسىدۇ. ئىستېمال قىلىنسا سوۋۇتۇش، قويۇلدۇرۇش، ئۇيۇتۇش ۋە توسۇش تەسىرى بىلەن ئىسسىق ھەم سۇيۇق ھۆللۈكتىن بولغان ھۆل يۆتەلنى پەسەيتىدۇ. قىرتاق شاراب بىلەن ئىستېمال قىلىنسا كونا ئىچ سۈرۈشنى توختىتىدۇ. ئۇنىڭ «كۆكنار» دەپ ئاتىلىدىغان ئۇسارىسى سوغۇق، ھۆللۈككە مايىل بولۇپ، تەسىرى ئۇرۇقىدىن كۈچلۈكرەك بولىدۇ. داۋاملىق ئىستېمال قىلىنسا ئەزالارنى بوشىتىپ، سەزگۈلەرنى قالايمىقانلاشتۇرىدۇ. باھنى كېسىدۇ، ئىشتىھانى ۋە ھەزىمنى بۇزىدۇ. ئۇنتۇغاق قىلىدۇ، قاننى بۇزىدۇ. تەبىئىي ھارارەتنى پەسەيتىدۇ، قۇرۇق ئىسسىقتىن بولغان ئاغرىقلارنى پەسەيتىدۇ، روھلاندۇرىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** سوغۇق مىزاجلىقلارنىڭ ئۆپكىسىگە زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** شېكەر، ھەسەل ۋە مەستىكى.

**ئىستېمال مىقدارى:** 5.5 گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

ئۇنىڭ ئۇرۇقى ئىككىنچى دەرىجىدە سوغۇق، بىرىنچى دەرىجىدە ھۆل بولۇپ، سىيزىمسىزلاندۇرىدۇ، ئۇخلىتىدۇ، سەپرا خاراكتېرلىك سۇيۇق ماددىلارنى پىشۇرىدۇ. ئىچ سۈرۈشنى توختىتىدۇ. 10 گىرامدىن ئېلىپ شېكەر بىلەن داۋاملىق ئىستېمال قىلىنسا كۆكرەك ۋە كانايىنىڭ يىرىكلىكى، قۇرۇق ئىسسىقتىن بولغان يۆتەل، قان تۈكۈرۈش، جۇدەتكۈچى تەپكە پايدا قىلىدۇ، مېڭە، بۆرەك ۋە جىگەرنى قۇۋۋەتلەيدۇ. بەدەننى سەمرىتىدۇ. دوۋساق ئېچىشىش ۋە ئۇنىڭ ئىسسىقتىن بولغان كېسەللىكلىرىگە پايدا قىلىدۇ. باراۋەر مىقداردىكى بادام مېغىزى بىلەن ئىستېمال قىلىنسا ياخشى قان پەيدا قىلىدۇ، سەمرىتىدۇ، بولۇپمۇ قورۇلغىنى ھەسەل بىلەن ئىستېمال قىلىنسا باھنى قۇۋۋەتلەيدۇ. داۋاملىق ئىستېمال قىلىنسا باھنى كېسىدۇ. قورۇلغىنىنى پۇرىسا ئۇيقۇسىزلىقنى داۋالايدۇ. 6 ~ 15 گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنسا كۈچلۈك ئۇخلىتىدۇ.

ئۇنىڭ يېغىنىڭ تەسىرى ئۇرۇقىنىڭ تەسىرىدىن ئاجىزراق بولۇپ، ئۇخلىتىدۇ، توسالغۇ پەيدا قىلىدۇ. ئۇرۇقىدىن 30 گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

خەشخاشنىڭ يېڭى پوستىنى سوقۇپ قۇرس قىلىپ ئىستېمال قىلىنسا يۆتەل ۋە كۆكرەك ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ. سۈيدۈك ئېچىشىپ كېلىش ۋە تەشنالىقنى پەسەيتىدۇ. كونا ئىچ سۈرۈشنى توختىتىدۇ. ھۆللۈكلەرنى قۇرۇتىدۇ. زىمات قىلىنسىمۇ ھۆللۈكلەرنى قۇرۇتىدۇ، ئىششىقلارنى تارقىتىدۇ. ئۇ 15 گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ. خەشخاش پىشقاندىن كېيىن ئۇنىڭ ھەممە قىسمى سۇ بىلەن قاينىتىلىپ ئىشلىتىلسە بولىدۇ، ئەمما تەسىرى ئۇنىڭ پوستىنىڭ قۇرسىنىڭ تەسىرىدىن ئاجىزراق بولىدۇ.

ئۇنىڭ گۈلى يۇمغاقسۇت سۈيى بىلەن بىرگە كۆزگە سۈركىسە كۆز ئاغرىش، ئېچىشىش ۋە مۇڭگۈز پەردە يارىسىغا شىپا بولىدۇ. مەلھەم قىلىنسا يارىلارنىڭ ئىزلىرىنى يوقىتىدۇ. يۇمغاقسۇت سۈيى بىلەن مەلھەم قىلىنسا بەلباغسىمان قوتاق ۋە يامان يارىلارنى ساقايتىدۇ.

ئۇنىڭ گۈلىنىڭ گۈل يېغىغا ئوخشاش تەييارلانغان يېغى سېزىمسىزلاندۇرىدۇ، ئىسسىق ئاغرىقلارنى پەسەيتىدۇ، ئىششىقلارنى تارقىتىدۇ. ئىستېمال قىلىنسا نەزلە، ئىسسىقتىن بولغان يۆتەلگە شىپا بولىدۇ. قۇلاققا تېمىتىلسا قۇلاق ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ، ئىسسىقتىن بولغان ئىششىقنى تارقىتىدۇ. يوپۇرمىقىنىڭ سۈيى ھەسەل بىلەن لوئوق قىلىنسا نەزلە سۈيۇقلۇقلىرىنىڭ قويۇلۇشىنى توسىدۇ. يۆتەل، كونا ئىچ سۈرۈشنى توختىتىدۇ. بولۇپمۇ ئاقاقىيا ۋە تېكە ساقىلى ئۆسۈملۈكى ئۇسارىسى بىلەن ئىستېمال قىلىنسا ئۇنۇمى تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ. قايناتمىسىنىڭ سۈيى تۆكۈلسە ئۇيقۇسىزلىقنى داۋالايدۇ.

ئۇنىڭ پوستىنى ئارپا ئۇنى بىلەن سالايە قىلىپ زىمات قىلىنسا قىزىلغا پايدا قىلىدۇ، ئىسسىقتىن بولغان ئىششىقلارنى تارقىتىدۇ.

يىلتىزىنىڭ قايناتمىسىنى ئىچسە جىگەر كېسەللىكلىرىگە شىپا بولىدۇ، ئاشقازاندىكى قويۇق خىلتنى سۇيۇلدۇرىدۇ. ئۇنىڭ يېڭى ئۆسكەن يۇمران يوپۇرمىقىنى باشقا كۆكتاتلارغا ئوخشاش سۇ بىلەن پىشۇرۇلۇپ ياغ ۋە پىياز بىلەن قورۇپ ئىستېمال قىلسا خۇرسەن قىلىدۇ، ئۇخلىتىدۇ، ئىچ سۈرۈشنى توختىتىدۇ.

**ئورۇنباسارى:** قارا سۇنا.

## خەشخاش بەررى
(ياۋا كۆكنار)

ئۇ قارا كۆكناردىن ئىبارەت بولۇپ، يوپۇرمىقى يىرىكرەك، تۈكلىرى ۋە چىشى يەرلىكىدىن كۆپرەك بولىدۇ. گۈلى قىزىل، بىنەپشە، قارا، كۆك ۋە باشقا رەڭلەردە بولىدۇ. ئۇرۇقى قارا بولىدۇ. بۇرۇنقى تېۋىپلارنىڭ تونۇشىدا ئەپيۇن ئۇنىڭ ئۇسارىسى ئىكەن، يېڭى تېۋىپلارنىڭ تونۇشىدا بولسا ئۇنىڭ سۈتىدۇر.

**تەبئىتى:** ئۈچىنچى دەرىجىنىڭ ئاخىرىدا سوغۇق، ئىككىنچى دەرىجىدە سوغۇق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ئۇنىڭ يوپۇرمىقى ۋە ئۇرۇقىنىڭ تەسىرلىرى ئۇنىڭ يەرلىكىنىڭ تەسىرلىرىدىن كۈچلۈكرەكتۇر. جىگەر ھارارىتىنى پەسەيتىدۇ، بالىياتقۇنىڭ سۈيۈقلۇقلىرىنى توختىتىدۇ. يىلتىزىنى سۇ بىلەن سۇنىڭ يېرىمى قالغۇچە قاينىتىپ ئىشلىتىلسە ئۇلتۇرغۇچ نېرۋا ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** مېڭىگە زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** ئارپىبەدىيان.

**ئىستېمال مىقدارى:** ئۇنىڭ ھەممە قىسىملىرى ئۇنىڭ يەرلىكىنىڭ ھەممە قىسىملىرىنىڭ يېرىمچىلىك مىقداردا ئىستېمال قىلىنىدۇ. ئۇرۇقىدىن بەش گىرام ئىستېمال قىلىنىدۇ.

**ئورۇنباسارى:** كۆپ جەھەتلەردە ياۋا ئوسۇك بەدەل بولىدۇ.

## خەشخاش زەبەدىي

(قايماق كۆكنار)

ئۇنىڭ تورىغاق دەپ ئاتىلىشى گۈلىنىڭ تېز تۆزۈپ كېتىدىغانلىقى سەۋەبىدىندۇر. ئۇ ياۋا خەشخاشنىڭ بىر تۈرى بولۇپ، يوپۇرمىقى زاغۇن ۋە ئارپىبەدىيان يوپۇرمىقىغا ئوخشايدۇ. يىرىك، ئاقفا مايىل بولىدۇ. غولى يىرىك، غوزىكى لالىگۈل غوزىكىگە ئوخشاش، قۇۋۋىتى يەرلىكىدىن كۈچلۈكرەك، قارىسىدىن ئاجىزراق بولىدۇ.

## خەشخاش زەبەدىي

(قايماق كۆكنار)

**ماھىيتى:** ئۇ بىر خىل ئۆسۈملۈك بولۇپ، ناھايىتى ئاق، يەڭگىل بولىدۇ. غولى بىر غۇلاچ ئېگىزلىكتە ئۆسىدىغان بولۇپ، يوپۇرمىقى ناھايىتى ئۇششاق، ئۇزۇن بولىدۇ. يىلتىزى ئىنچىكە بولىدۇ. مېۋىسى يوپۇرمىقىغا چاپلىشىپ تۇرىدىغان بولۇپ ئاق بولىدۇ، دورىلىققا ئىشلىتىلىدۇ. بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ ھەممە قىسىملىرى قايماقتەك ئاق، يەڭگىل بولغاچقا قايماق كۆكنار دەپ ئاتالغان. يازنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا يېتىشىدۇ.

**تەبئىتى:** ناھايىتى ئىسسىق، ئۆتكۈر بولىدۇ. جەبلاھەڭ ئۆسۈملۈكىگە ئوخشايدۇ. زەھەرلەر قاتارىدىندۇر.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** قۇستۇرغۇچى، ئىچىنى كۈچلۈك سۈرگۈچى بولۇپ، مېڭىنى تەنقىيە قىلىش، بەلغەمنى بىر تەرەپ قىلىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. مائۇلھەسەل بىلەن

بىرلىكتە ئىچۈرۈپ قەي قىلدۇرۇلسا تۇتقاق كېسەلگە پايدا قىلىدۇ. ئۇرۇقى ئۇچ گىرامغىچە ئىشلىتىلسە ئىچ سۈرۈشنى توختىتىدۇ، ئۇنىڭدىن ئارتۇق ئىشلىتىشكە بولمايدۇ، چۈنكى زەھەرلىك بولغاچقا كىشىنى هالاك قىلىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن زەھەرلەنگەن كىشىنى قۇتقۇزۇش ئۇسۇلى جەبلاھەڭ(بىر خىل دورا) دىن زەھەرلەنگۈچىنى قۇتقۇزۇش ئۇسۇلى بىلەن ئوخشاشتۇر.

## خەشخاشى مۇقەررەن
(مۇڭگۈزلۈك كۆكنار)

ئۇ كۆپ هالللاردا دەريا بويلىرى ۋە ئېگىز - پەس يەرلەردە ئۆسىدىغان بولغاچقا «خەشخاش بەھرىي» (دەريا كۆكنارى) دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

ماھىيىتى: بۇ بىر خىل ئۆسۈملۈك بولۇپ، ئاق، تۈكلۈك بولىدۇ. ھەربىگە ئوخشاش ئۆسۈكچىلىرى ئۆسۈپ چىقىدۇ. يوپۇرمىقى قەلۇمىس ئۆسۈملۈكىنىڭ يوپۇرمىقىغا ئوخشايدۇ. گۈلى سېرىق بولىدۇ. مېۋىسى خۇددى كالىنىڭ مۈڭگۈزىگە ئوخشايدىغان بولۇپ، ئېگىلگەن ھالەتتە بولىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن مۇڭگۈزلۈك كۆكنار دەپ ئاتىلىدۇ. مېۋىسىنىڭ ئىچىدىن شۇمشىغا ئوخشاش، ئۇنىڭدىن كىچىكرەك ئۇرۇقلار چىقىدۇ. ئۇ جەبلاھەڭ ئۆسۈملۈكى ئەمەستۇر. چۈنكى ئۇنىڭ ئۇرۇقى سېرىق، بۇنىڭ ئۇرۇقى سېرىق ئەمەس. بەزىلەر خاتا ھالدا شىيافى مامىسا ئۇنىڭدىن چىقىرىلىدۇ دەپ ئويلايدۇ. ئۇلارنىڭ خاتالىشىشى ئۇنىڭ يوپۇرمىقىنىڭ بۇنىڭ يوپۇرمىقىغا ئوخشاپ قالغانلىقى ئۈچۈندۇر.

تەبىئىتى: ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى: مائۇلھەسەل بىلەن ئىستېمال قىلىنسا جۇلا بېرىدۇ، خىلىتلارنى قەي ۋە ئىچ سۈرۈش ئارقىلىق پارچىلايدۇ. گۈلى زەيتۇن يېغى بىلەن كۆزگە سۈركىسە كۆزنىڭ يارىلىرىنى تازىلايدۇ. ئۇرۇقىدىن بەش گىرام ئىستېمال قىلىنسا شىلىمشىق خىلىتلارنى كۈچلۈك سۈرىدۇ. قايناتمىسى جىگەرنىڭ سوغۇقتىن بولغان كېسەللىكلىرىگە پايدا قىلىدۇ. ئولتۇرغۇچ نېرۋا ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ. شىلىمشىق قويۇق خىلىتلارنى سۈيۇلدۇرىدۇ.

## خۇشاب
(مېۋە شەربىتى)

ئۇ پارسچە سۆز بولۇپ، ئەينۇلا، ئۆرۈك، ئالما، بېھى، ئامۇت ۋە ئۈزۈملەرگە ئوخشاش مېۋىلەرنىڭ سۇلىرىغا شېكەر قوشۇپ قىيام قىلىپ تەييارلانغان ئىچىملىكنى كۆرسىتىدۇ.

**تەبئىتى:** ھەممىسىنىڭ تەبئىتى ئۇلارنىڭ ئۆزىنىڭ تەبئىتىدىن نازۇكراقتۇر.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ھەرقايسىسىنىڭ خۇسۇسىيىتى ئەسلىي مېۋىنىڭ خۇسۇسىيىتى بىلەن ئوخشاش بولىدۇ. مەسىلەن: ئەيىنۇلا شەربىتى ئۇسسۇزلۇق قاندۇرىدۇ، ئەزالارنىڭ كۆيۈشۈشىنى پەسەيتىدۇ. كۆيگەن خىلتنى ئىسلاھ قىلىدۇ. تال ئاغرىقنى پەسەيتىدۇ. بېھى شەربىتى رەئىس ئەزالار ۋە روھلارنى قۇۋۋەتلەيدۇ، ھەزىمنى ياخشىلايدۇ. چىرىشلارنى يوقىتىدۇ. ئالما شەربىتى خەفەقان، كۆڭۈل ئاينىش، سەپرادىن بولغان قۇسۇش، ئەزالارنىڭ كۆيۈشۈشى، جىگەر ھارارىتىنىڭ ئېشىشى، سېرىق يەرقان، ئىسسىق ئىستىسقاغا پايدا قىلىدۇ. ئۈزۈم شەربىتى ئاۋازنى ياخشىلايدۇ، توسالغۇلارنى ئاچىدۇ. يەرقانغا پايدا قىلىدۇ. جامۇن (ھىندىستاندا بولىدىغان بىر خىل مېۋە) شەربىتى ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەيدۇ، جىگەر ھارارىتىنى پەسەيتىدۇ، ئىسسىقتىن بولغان بوۋاسىرغا شىپا بولىدۇ. سەپرادىن بولغان قەۋزىيەتنى بوشىتىدۇ. شەربەتلەرنىڭ ناچىرى ئۆرۈك شەربىتىدۇر.

**زىيانلىق تەسىرى:** شەربەتلەرنىڭ ھەممىسى يەل پەيدا قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** رۇمبەدىيان، مەستىكى.

## خۇشكەنجەبىين
### (قۇرۇق ھەسەل)

مەزكۇر ئىسىم پارسچە «ئەنگەبىينى خۇشۇك» (قۇرۇق ئەنجۇر) دېگەن سۆزدىن ئەرەبچىلەشتۈرۈلگەندۇر.

**ماھىيىتى:** بۇ بىر خىل ھەسەل بولۇپ، ناھايىتى قۇرۇق، ئۆتكۈر بولىدۇ، پارس تاغلىرى ۋە گازرۇن چېگرالىرىدىن چىقىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇ بىر خىل شەبنەم بولۇپ، شۇ يەردىكى دەرەخلەرگە چۈشۈپ قاتىدىكەن. سېرىق، ئاق، قارا، قىزىل رەڭلەردە بولىدۇ. تەنەكابۇندا «شەكەرىي» (شەكەرسىمان)، دەيلىم ۋە تەبەرىستاندا «ئەسپ دەندان» (ئات چىشى) دەپ ئاتىلىدۇ.

**تەبئىتى:** تۆتىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ناھايىتى جۇلا بەرگۈچى، شىلىمشىق ماددىلارنى پارچىلىغۇچى ۋە تارقاتقۇچىدۇر. قىزىلى ئېقىدىن كۈچلۈكرەك بولىدۇ. يېشىلى ناھايىتى ئىسسىق، ئاچچىققا مايىل بولىدۇ. قارىسى بالادۇر ھەسىلىگە ئوخشاپ قالىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىشلىتىلمەيدۇ.

**ئورۇنباسارى:** باراۋەر مىقداردا ھەسەل، يېرىم ھەسسە ھەسەل.

## خۇشۇك نان
(قۇرۇق نان)

بۇ «خۇشۇك نانەك» (قۇرۇق نان) دېگەن سۆزدىن ئەرەبچىلەشتۇرۇلۇپ «خۇشۇك نانەج» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** بۇغداي ئۇنىغا سۇت قۇيۇپ يۇغۇرۇپ يېقىلغان ناندىن ئىبارەت.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە ھۆل ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ياخشى قان پەيدا قىلىدۇ. ئوزۇقلاندۇرىدۇ، بەدەننى، بۆرەكنى سەمرىتىدۇ، باھنى قۇۋۋەتلەيدۇ. ئەمما تەستە ھەزىم بولىدۇ. قويۇق يەل پەيدا قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** سىركەنجۇبىل.

ئۇنىڭ كۇنجۇت يېغى قۇيۇپ يېقىلغىنى سۇت قۇيۇپ يېقىلغىنىدىن ياخشىراق بولىدۇ.

# پەسىل: «خ» (خۇۋائ) ۋە «س» (سۇۋاد) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى

## خۇسيە
(ئۇرۇقدان)

**ماھىيىتى:** ئۇ تونۇشلۇق بولۇپ، ھايۋانلار ئەزالىرىنىڭ ئەڭ ناچىرىدۇر. ھەممىسىنىڭ ياخشىسى سېمىز خورازنىڭ ئۇرۇقدىنىدۇر. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇرۇقدانلارنىڭ ياخشى ـ يامانلىقى ھايۋاننىڭ ياخشى ـ يامانلىقىغا مۇۋاپىق بولىدىكەن.

**تەبىئىتى:** ئىسسىق، ھۆللۈكى كۆپ. بەزىلەر قۇرۇق سوغۇق دېگەن، ئەمما دەسلەپكى سۆز توغرىراقتۇر.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ھەرقايسى ھايۋانلارنىڭ ئۇرۇقدانلىرىنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى شۇ ھايۋاننىڭ ماۋزۇسىدا بايان قىلىنىدۇ. سېمىز خورازنىڭ ئۇرۇقدىنى باھنى قۇۋۋەتلەيدۇ، مەنىي كۆپەيتىدۇ، ياخشى قان پەيدا قىلىدۇ، ئەمما ئۇزۇندا ھەزىم بولىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** ئەنجۇدان، تاغ پىننىسى، تۇز، ياپۇز بىلەن تۇز سېپىپ ئىستېمال قىلىنىشتۇر.

## خۇسيۇس سەئلەب
(خۇسيەتۇسسۆئلەپ)

ئۇ يۇنانچە «ساتىيۇن»، «ساتيۇرىن» دەپ ئاتىلىدۇ. بەزىلەر ئۇنى ئۈچ يوپۇرماق دېگەن مەنادا «تەرەفلىن» دەپ ئاتايدۇ. چۈنكى ئۇنىڭ ئۆسۈملۈكى ئۈچ يوپۇرماقلىق بولىدۇ.

**ماھىيىتى:** بۇ بىر خىل يىلتىز بولۇپ، ئاق، پارقىراق، سۆرۈنجاندىن كىچىكرەك، شىلىمشىق، تەمى تاتلىق، سەل ئۆتكۈر، مەنىي پۇرىقىغا ئىگە بولىدۇ. ئۇ بىر نەچچە خىل بولىدۇ. بىر خىلىنىڭ دانلىرى خۇددى ئىككى دانە ئۇرۇقدانغا ئوخشايدىغان بولۇپ، بىر - بىرىگە تۇتاشقان ھالەتتە بولىدۇ. ھەر دانىسىدىن ئىنچىكە، ئۇزۇن يىلتىز ئۆسۈپ چىققان بولۇپ، ھەربىر يىلتىزنىڭ ئۇچىدا كىچىك دانچە چاپلىشىپ ئۆسىدۇ. مەزكۇر دانچە قانچە چوڭ بولسا ئۈستىدىكى مونەكچە شۇنچە كىچىك بولىدۇ، شۇنىڭ ئۇچۇن ئۇ «قاتىلى ئەخىيە» (قېرىندىشىنى ئۆلتۈرگۈچى) دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇنىڭ يىلتىزى ئۇچىدىكى دانچە ئەمەس، بەلكى ئۈستىدىكى مونەكچىسى ئىشلىتىلىدۇ. ئۇنىڭ ئۇرۇقى بولمايدۇ. يوپۇرمىقى پىياز يوپۇرمىقىغا ئوخشاش، ئۇنىڭدىن سەل كەڭرەك بولىدۇ. ئۆسۈملۈكى يەرگە يېيىلىپ ئۆسىدۇ. يوپۇرمىقى يۇمشاق بولۇپ، ئۈچ دانىدىن ئارتۇق بولمايدۇ.

ئىككىنچى خىلىنىڭ ئۇرۇقى قارا، قاتتىق، پارقىراق بولىدۇ.

ئۇنىڭ يەنە بىر تۈرى بار بولۇپ، غولى غېرىچ ئۇزۇنلۇقتا بولىدۇ. غولى ئوتتۇرىدىن ئۆسۈپ چىقىدۇ. ئۈستىدە ئىككى ياكى ئۈچ دانە سېرىق گۈلى بولىدۇ. گۈلىنىڭ ئوتتۇرىسىدا قارا ئۇرۇقى بولىدۇ. ئۇنىڭ غولى قىزىل بولىدۇ. يوپۇرمىقى سەۋسەنى ئازاد (يەسمەن) يوپۇرمىقىغا ئوخشايدۇ. يىلتىزى ياڭاق چوڭلۇقىدا بولۇپ، سىرتى قىزىل، ئىچى ئاق، شىلىمشىق، تاتلىق بولىدۇ. تاغلار، نەم يەرلەردە ئۆسىدۇ. رىم، مىسىردا كۆپ بولىدۇ. ئەمما رىمنىڭ ياخشىراق بولىدۇ. ئىككىسىنىڭ پەرقى شۇكى، مىسىردىن چىقىدىغىنىنىڭ ئوتتۇرىدىن تۆشۈك ئېچىپ يىپلارغا ئۆتكۈزۈپ قۇرۇتۇلىدۇ. ئەمما رىمدىن چىقىدىغىنى ئۇنداق قىلىنمايدۇ. رىمدىن چىقىدىغىنى مىسىردىن چىقىدىغىنىغا قارىغاندا، پارقىراقراق بولىدۇ. ھۆزەيران ئېيىدا يېتىشىدۇ. ئىككى يىلغىچە قۇرۇپ قالمايدۇ.

**تەبىئىتى:** بىرىنچى خىلى بىرىنچى دەرىجىنىڭ ئاخىرىدا ھۆل ئىسسىق، ئىككىنچى خىلى ئىككىنچى دەرىجىدە، ئۈچىنچى خىلى ئۈچىنچى دەرىجىدە ھۆل ئىسسىق. ھەممىسىنىڭ ئارتۇق ھۆللۈكى باردۇر.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** باھنى، پەي - نېرۋىلارنى قۇۋۋەتلىگۈچىدۇر. تىتانۇس، قۇرۇقلۇقتىن بولغان تەشەننۇج، ئەزالارنىڭ تارتىششى، پالەچ، لەقۋاغا پايدا قىلىدۇ. ياخشى قان، مەنىي پەيدا قىلىدۇ. باھنى قۇۋۋەتلەيدۇ ۋە قوزغايدۇ. ئۇ گۈل يېغى بىلەن مەلھەم قىلىنسا چاقنى قۇۋۋەتلەيدۇ، ئۇندۇرىدۇ، چاچ چۈشۈشنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** 10 گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** ئاشقازان ئېغىزىغا زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** شېكەر.

**ئورۇنباسارى:** بېدە ئۇرۇقى، سەۋزە ئۇرۇقى.

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇنىڭ ئاخىرقى تۈرىنى يۇلغان ئادەمنىڭ قولى ھېس - ھەرىكەتسىز بولۇپ قالىدىكەن. ئۇ كۆيدۈرۈلسە ۋە موم، زەيتۇن يېغى بىلەن مەلھەم قىلىنىپ ياكى سىركە بىلەن مەلھەم قىلىنىپ سۈركىسە قولنىڭ ھېس - ھەرىكىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرىدىكەن. ئۇنىڭ ئاخىرقى تۈرى سەۋدا ۋە پالەچ، لەقۋاغا ئوخشاش بەلغەمدىن بولغان كېسەللىكلەرگە پايدا قىلىدۇ. بەدەننى سەمرىتىدۇ، بۆرەكتىكى تاشنى پارچىلاپ چۈشۈرىدۇ. باھنى قۇۋۋەتلەيدۇ ۋە قوزغىتىدۇ. ئۇنىڭ باھنى قوزغىتىش تەسىرى شۇنچىلىك دەرىجىدە مۇبالىغىلەشتۈرۈلۈپ بايان قىلىنغانكى، ھەتتا ئۇنى قول بىلەن تۇتسىمۇ باھنى قوزغىتىدۇ دېيىلگەن ۋە بۇ تەسىرى سەقەنقۇرنىڭ شۇ تەسىرىدىنمۇ كۈچلۈكرەك دەپ قارالغان، ئەمما بۇ گەپنىڭ ئاساسى يوقتۇر. ئايال كىشى ئۇنىڭ يوپۇرمىقىنى زەپەر ۋە ئازراق ئىپار بىلەن ھەمەلچە قىلىپ، ئېرى بىلەن بىرگە بولسا ھامىلىدار بولىدۇ، سىناقتىن ئۆتكەن دەپ قارىلىدۇ.

ئۇنىڭ ئۇرۇقى شاراب بىلەن ئىشلىتىلسە باھنى ئىنتايىن قوزغىتىدۇ، سەزگۈلەرنى غۇۋۋالاشتۇرىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** ئىسسىق مىزاجلىقلارغا، ئاشقازان ئېغىزىغا زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** سىركەنجۇبىل، پاقىيوپۇرمىقى ئۇسارىسى.

**ئىستېمال مىقدارى:** يىلتىزىدىن بىر دانىغىچە، ئۇرۇقىدىن ئۈچ گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

ھىندىستاندا «بوئىن چەنپا» دەپ ئاتىلىدىغان گۈلنىڭ يىلتىزى خۇسيەتۇسسۆئلەپتۇر دەيدىغان قاراش بار، ئەمما ئاساسى يوقتۇر. بەلكى ئۇ خۇسيەتۇسسۆئلەپ ئۆسۈملۈكىنىڭ ئاخىرقى تۈرى بولۇشى ياكى ئۇنىڭغا ئوخشايدىغان باشقا بىر خىل ئۆسۈملۈك بولۇشى مۇمكىن.

مەزكۇر گۈل بېنگال بىلەن ھىندىستانغا خاس بولۇپ، باشقا يەرلەردە بولمايدۇ. يەردىن دەسلەپتە گۈلى، ئارقىدىن يوپۇرمىقى چىقىدۇ. پۇرىقى ۋە شەكلى ئومۇمەن سەۋسەنگە ئوخشايدۇ. ئۇنىڭ ئورۇنباسارى بوزىدان، يېرىم ھەسسە چاققاقئوت ئۇرۇقى، بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، باراۋەر مىقداردا بېدە ئۇرۇقىدۇر.

## خۇسيۇد دىيك

(خوراز ئۇرۇقدىنى)

**ماھىيتى:** «تۆھپەتۇل ئمۆمىنىين» (مۆمىنلەرگە ھەدىيە) ناملىق كىتابىنىڭ ئاپتورىنىڭ يېزىشىچە، ئۇ ھەببۇلبان ئىكەن. «تەزكىرە»نىڭ ئاپتورى ۋە باشقىلار ئۇنى باشقا دورا دەپ

بىلگەن. ئۇنىڭ ئۈسۈملۈكى ئىتئۈزۈمى ئۈسۈملۈكىگە ئوخشاش، ئۇنىڭدىن ئېگىزرەك، ئۇرۇقى قارىئۆرۈك چوڭلۇقىدا، ئۇنىڭدىن سەل چوڭ، ئاق بولىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** شىلىمشىق بەلغەمنى سۈرگۈچى، يەل تارقاتقۇچى بولۇپ، ئۇلتۇرغۇچ نېرۋا ئاغرىقى، بوغۇملار ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ. زىمات قىلىنسا قاتتىق ئىششىقلارنى تارقىتىدۇ، بوغۇم ئاغرىقلىرى ۋە ئۇلتۇرغۇچ نېرۋا ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** باشنى ئاغرىتىدۇ، كۆڭۈلنى غەش قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** بىنەپشە.

**ئىستېمال مىقدارى:** ئۈچ گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

**ئورۇنباسارى:** زىرە.

## خۇسيۇل كەلب
### (ئىت ئۇرۇقدىنى)

ئۇ يۇنانچە «ئەۋخەس» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇ ئىككى خىل بولىدىكەن. بىر خىلىنىڭ شاخلىرى غۇلاچ ئېگىزلىكتە بولۇپ، يوپۇرماقلىرى يەرگە يېيىلىپ ياكى ئۇنىڭغا يېقىن ئۆسىدىكەن. يوپۇرمىقى زەيتۇن يوپۇرمىقىغا ئوخشاش، ئۇنىڭدىن يۇمشاقراق، يۇمرانراق، ئۇزۇنراق بولىدىكەن. گۈلى بىنەپشە رەڭدە ئېچىلىدىكەن. يىلتىزى بەلبۇس (ياۋا پىياز)نىڭ يىلتىزىغا ئوخشاش، ئۇنىڭدىن ئۇزۇنراق، ئىنچىكىرەك، ئاق بولىدىكەن. ئىككى يىلتىز خۇددى ئىككى دانە زەيتۇن مېۋىسىنى جۈپلەپ قويغاندەك بىرى يەنە بىرىگە تۇتاشقان ھالەتتە، بىرى يەنە بىرىنىڭ ئۈستىدە بولىدىكەن. شىلىمشىق سۇيۇقلۇق بىلەن توشقان بولىدىكەن. بۇ چىشىسى دەپ ئاتىلىدىكەن.

مەزكۇر ئۈسۈملۈكنىڭ ئىككىنچى خىلىنىڭ يىلتىزى يۇمشاق، تارتىشقان ھالەتتە بولۇپ ئەركىكى دەپ ئاتىلىدىكەن. بۇ يىلتىز بەزىدە قايىنىتىلىپ بەلبۇس دېيىلىدىغان پىيازغا ئوخشاش يېيىلىدىكەن.

ئۇ تاشلىق ۋە قۇملۇق يەرلەردە ئۆسىدۇ.

ھەكىم مىر مۇھەممەد مۇمىن «ئۇنىڭ غولى يوپۇرماقسىز بولۇپ، يېرىم غۇلاچ ئېگىزلىكتە ئۆسىدۇ. گۈلى ئۇششاق بولۇپ، بىر ـ بىرىگە تۇتىشىپ تۇرىدۇ، خۇددى ئادەمنىڭ بېشىغا ئوخشاش بولىدۇ، بىنەپشە رەڭدە ئېچىلىدۇ، ئوردان ئۈسۈملۈكىنىڭ گۈلىگە ئوخشايدۇ» دەپ يازغان. ئۇ يەنە: «مەن فەيرۇز تېغىدا ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىسىنى

كۆردۇم، ھەممە ئالاھىدىلىكى بىرى يەنە بىرىگە ئوخشايدىكەن. پەقەت ئۇردان ئۆسۈملۈكىنىڭ گۈلى بىر ـ بىرىگە بەك ئوخشىمىغان ئىكەن، رەڭگى قىزىل، سۆسۈن رەڭدە بولىدىكەن» دېگەن.

**تەبىئىتى:** قۇرۇق ئىسسىق بولۇپ، زەھەرگە يېقىندۇر. چوڭىنىڭ يىلتىزىنىڭ ئارتۇق ھۆللۈكى بار، كىچىكىنىڭ ھۆللۈكى يوق بولۇپ، ئۆتكۈرلۈكى ۋە ئىسسىقلىقى ئۇنىڭدىن ئارتۇقراقتۇر.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** بەلغەمدىن بولغان ئىششىقلارنى تارقاتقۇچى، ئۆپكىنى ئىسسىتقۇچى، چوڭى جىما قۇۋۋىتىنى كۈچلۈك قوزغاتقۇچى، كىچىكى جىما قۇۋۋىتىنى كەسكۈچىدۇر. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇنىڭ چىشىسىنىڭ چوڭى ھۆل بولسىلا باھنى قوزغىتىدىكەن، بولۇپمۇ ئۆچكە سۈتى بىلەن قاينىتىپ ئىشلىتىلسە ئۇنۇمى تېخىمۇ شۇنداق بولىدىكەن، ئەمما قۇرۇپ قالسا باھ قۇۋۋىتىنى كېسىدىكەن. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇلار بىر ـ بىرىنىڭ كەينىدىن ئىستېمال قىلىنسا بىر ـ بىرىنىڭ تەسىرىنى يوقىتىدىكەن. ئەنتاكىيە شەھىرىنىڭ خەلقى ئارىسىدا شۇنداق مەشھۇر قاراش باركى، ئۇلار ئايال ئۇنىڭ چوڭىنى ئىستېمال قىلسا ئوغۇل، كىچىكىنى ئىستېمال قىلسا قىز تۇغىدۇ دەپ قارايدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** ئۆپكىنى قىزىتىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** يېلىم، خەشخاش.

ئۇنىڭ ئىككىنچى تۈرىنىڭ ئۆسۈملۈكىنىڭ غولى غېرىچ ئېگىزلىكىدە بولۇپ، يوپۇرمىقى كۈدە يوپۇرمىقىغا ئوخشاش، ئۇنىڭدىن ئېگىزرەك، كەڭرەك بولىدۇ، ئۇنىڭدا چاپلاشقاق سۇيۇقلۇق بولىدۇ. گۈلى بىنەپشە رەڭ ئېچىلىدۇ. يىلتىزى خۇددى ئىككى دانە كىچىك ئۇرۇقدانغا ئوخشاش بىرى يەنە بىرىگە چاپلىشىپ تۇرىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ئىستېمال قىلىنسا ئىچ سۈرۈشنى توختىتىدۇ. باھ قۇۋۋىتىنى كېسىدۇ. بولۇپمۇ كۆپ ئىستېمال قىلىنسا تېخىمۇ شۇنداق بولىدۇ. زىمات قىلىنسا بەلغەمدىن بولغان ئىششىقلارنى تارقىتىدۇ. يارىلارنى تازىلايدۇ. بەلباغسىمان قوۋاقنىڭ كېڭىيىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ، چىرىشنى توسىدۇ. تېرىدىكى ئىزلارنى يوقىتىدۇ. ئېغىز يارىسىغا پايدا قىلىدۇ. شۇنداقلا قۇرۇتۇپ تالقان قىلىپ يامان يارىلارغا سەپسىمۇ شۇنداق تەسىرنى كۆرسىتىدۇ.

## خۇسيۇل ئەجاجىيل

(موزاي ئۇرۇقدىنى)

ئۇ موزاينىڭ ئۇرۇقدىنى بولۇپ، قۇرۇتۇپ شاراب بىلەن ئىچسە باھنى تولۇق قوزغىتىدۇ ۋە قۇۋۋەتلەيدۇ.

# خۇسيۇل ئىييەل
(بۇغا ئۇرۇقدىنى)

ئۇ تاغ ئۆچكىسىنىڭ ئۇرۇقدىنى بولۇپ، قۇرۇتۇپ شاراب بىلەن ئىچسە ئەفئا يىلىنىنىڭ زەھرىنى قايتۇرىدۇ.

# پەسىل: «خ» (خۇۋائ) ۋە «ت» (تۇۋائ) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى

## خۇتتاف
(قارلىغاچ)

ئۇ ئەرەبچە «ئەبابىيل»، پارسچە «پەرەستۇك»، تۈركچە «قەرلانقۇج». دەيلەمچە «ھەجلا»، ھىندىچە «سانى»، «كەنيا»، «پەت دىيۇرى» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيتى:** ئۇ تونۇشلۇق قۇشلاردىندۇر.

**تەبئىتى:** گۆشى ئۈچىنچى دەرىجىنىڭ بېشىدا قۇرۇق ئىسسىقتۇر.

**خۇسۇسىيتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** گۆشىنى كاۋاپ قىلىپ ئىستېمال قىلسا تۇسالغۇلارنى ئاچىدۇ. يەرقان، تال كېسەللىكلىرى، بۆرەكتە تاش پەيدا بولۇشلارغا پايدا قىلىدۇ. قۇرۇتۇلغىنىنى تالقانلاپ بەش گىرام ئىستېمال قىلسا كۆرۈش قۇۋۋىتىنى كۈچەيتىدۇ. ئۇنىڭ قۇرۇتۇپ تۈز سېپىلگىنى بوغما كېسەلگە پايدا قىلىدۇ. كۈلى سۇ بىلەن غار ـ غار قىلىنسا بوغما كېسەل، بادامبەز كېسەللىكلىرى، گال كېسەللىكلىرىگە پايدا قىلىدۇ. شۇنداقلا ھەسەل بىلەن ئىستېمال قىلىنسىمۇ شۇ تەسىرنى بېرىدۇ. كۆيدۈرۈپ تاڭلايغا سۈركىسىمۇ شۇ تەسىرنى بېرىدۇ. بالىسى قېنى بىلەن كۆيدۈرۈلۈپ كۈلى كۆزگە سۈرۈلسە كۆرۈش قۇۋۋىتىنى ئاشۇرىدۇ. مېڭىسى ھەسەل ياكى مايىقى بىلەن، شۇنداقلا كۈلى ھەسەل بىلەن سۈركىسە دەسلەپكى مەزگىللىك كۆزگە سۇ چۈشۈش، كۆز قوتۇرى، كۆزگە ئاق چۈشۈش، كۆزگە پەردە ئۆسۈش، تىرناقچە گۆش ئۆسۈشكە پايدا قىلىدۇ. ئۇنىڭ ئىسسىق قېنى ھەم مايىقى ناھايىتى جۇلا بەرگۈچى بولۇپ، رەڭگىرويىنى ياخشىلايدۇ، بەھەق ۋە تېرىدىكى ئىزلارنى يوقىتىدۇ. كالا ئۆتى بىلەن ئىشلىتىلسە قارا چاچنى ئاقارتىدۇ، سىناقتىن ئۆتكەن دەپ قارىلىدۇ. سوقۇپ سۈيىنى سىقىپ چىقىرىپ مۇۋاپىق مىقداردىكى ياۋا رەيھان بىلەن ئىچسە ئۆلۈك ھامىلىنى چۈشۈرىدىغان بولۇپ، تېز تەسىر قىلىدۇ. ئۇنىڭ چاڭگىسىنىڭ كۈلى تۇغۇتنى ئاسانلاشتۇرىدۇ. ئۇنىڭ ئۆتىنى بۇرۇنغا سۈمۈرسە چاچ ـ ساقالنى قارايتىدۇ.

يۇسۇف باغدادىينىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ ۋاقىتسىز ئاقارغان چاچنى قارايتىشقا خاس ئىكەن. ئۇنىڭ چىشنى قارايتىپ قويماسلىقى ئۈچۈن ئېغىزغا سۈت ئېلىپ تۇرۇش لازىم ئىكەن. ئۇنىڭ كۆزلىرىنى يەسمەن يېغى بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ ئاياللارنىڭ كىندىكىگە سۈركىسە تۇغۇتنى ئاسانلاشتۇرىدۇ.

قارلىغاچ يىلدا ئىككى قېتىم بالا چىقارسا، بىرىنچى قېتىمدا چىقارغان بالىسى ئاي نۇرى كۆچەيگەندە تۇتۇپ، قورسىقى يېرىلسا ئىچىدىن بىرى بىر خىل رەڭلىك، يەنە بىرى كۆپ خىل رەڭلىك ئىككى دانە تاش چىقىدۇ. بىر خىل رەڭلىك تاش تۇغۇلغاندا يەرگە تەگكۈزمەي قولدا ساڭگىلىتىپ تۇتۇپ بوغۇزلانغان موزاي تېرىسىگە ئوراپ تۇتقاق كېسەل بىمارنىڭ بوينى ياكى بىلىكىگە باغلانسا تۇتقاق كېسەلگە شىپا بولىدۇ، سىناقتىن ئۆتكەن دەپ قارىلىدۇ. ئۇنىڭ ئىچىدىن چىققان رەڭلىك تاشنى ئاق يىپەككە ئوراپ ئۆزى بىلەن ساقلانسا مەنسىپى ئۆسىدۇ، ھاجەتلىرى راۋا بولىدۇ. ئەمىينۇد ــ دەۋلىنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇنىڭ ئىچىدىن چىققان تاش قىزىل بولسا ئۆزىگە ئېسىۋالسا چۆچۈشنى تۈگىتىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، قارلىغاچنىڭ بالىسىنى زەپەر ۋە ئۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىلەر بىلەن ئاتا ــ ئانىسىدىن يوشۇرۇن سېرىق بوياپ قويسا ئاتا ــ ئانىسى بۇنى كۆرۈپ ئۇۋىسىغا يەرقان تېشى ئېلىپ كېلىدۇ، بۇ تاش يەرقانغا پايدا قىلىدۇ. ئۇ «ھەجەرۇل خەتاتىيف» (قارلىغاچ تېشى) دا بايان قىلىندى. ئۇنىڭ ئەركىكى ۋە چىشىسىنىڭ بېشى ئوت بىلەن كۆيدۈرۈپ كىشىلەرنىڭ شارابىغا ئارىلاشتۇرسا مەست بولمايدۇ.

## خەتمىي
## (ئاق لەيلى)

ئۇ «خىتمىي»مۇ دېيىلىدۇ. ئۇ يۇنانچە «پايدىسى كۆپ» دېگەن سۆزدىن تۇرلىنىپ چىققاندۇر.

**ماھىيىتى:** بۇ بىر خىل ئۆسۈملۈك بولۇپ، لەيلىگۈلنىڭ تۇرلىرىدىن ھېسابلىنىدۇ. گۈلى ئاق، قىزىل ۋە ھەر خىل رەڭلەردە بولىدۇ. ئېقى ھەممىدىن ياخشى بولۇپ، گۈلسىز بولغىنىمۇ مەزكۇر نام بىلەن مەشھۇردۇر. ئۇنىڭ ھاۋا رەڭلىكى «خىرۇ» دەپ ئاتىلىدۇ.

**تەبىئىتى:** جالىنۇس ھۆل سوغۇق دەپ بىلگەن. ئىبن سىنا مۆتىدىل ئىسسىق دېگەن. ئۇنىڭ ئۇرۇقى ۋە يىلتىزىنىڭ قۇۋۋىتى گۈلىنىڭ قۇۋۋىتىگە ئوخشاش ياكى ئۇنىڭدىن قۇۋۋەتلىكرەكتۇر. قۇرۇتۇش تەسىرى ئۇنىڭدىن ئارتۇقراق ۋە ئۇچۇچانراقتۇر. باشقىلار مۇرەككەپ قۇۋۋەتلەرگە ئىگە، ھۆل سوغۇققا مايىل دەپ بىلگەن.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ماددىلارنى تارقاتقۇچى، پىشۇرغۇچى، توسقۇچى، بوشاتقۇچى،

يۇمشاتقۇچىدۇر. گۈلىنىڭ خۇسۇسىيىتى ئۇرۇقى، يوپۇرمىقى ۋە غولىدىن ئاجىزراقتۇر. يوپۇرمىقى زىمات قىلىنسا مېڭىنىڭ ئىششىقلىرىنى تارقىتىدۇ، قۇلاق ئاستى بېزى ياللۇغىنى ياندۇرىدۇ، قاپاقلارنىڭ ئىششىپ قېلىشىنى پەسەيتىدۇ. ئىششىقلارنىڭ ئاغرىقلىرىنى پەسەيتىپ ئىششىقلىرىنى تارقىتىدۇ. چاشقان يارىسىغا پايدا قىلىدۇ. يارىلار ۋە جاراھەتلەرنى پىشۇرىدۇ، ئەمچەك ۋە مەقئەت ئىششىقىنى تارقىتىدۇ. تەمرەتكە، ئەزالارنىڭ سۇنۇقى، ئولتۇرغۇچ نېرۋا ئاغرىقى، ئىسسىقتىن بولغان بوغۇم ئاغرىقىغا داۋا بولىدۇ. زەيتۇن يېغى بىلەن ئىشلىتىلسە ھاشاراتلارنىڭ چېقىۋېلىشى ۋە ئوت كۆيۈك يارىسىغا، ئۆردەك يېغى بىلەن زىمات قىلىنسا بوغۇملار ئاغرىقى، ئولتۇرغۇچ نېرۋا ئاغرىقى، رەئىشەگە، مۇناسىپ دورىلار ۋە ياغلار بىلەن زىمات قىلىنسا كۆكرەك پەردىسى ياللۇغى، ئۆپكە ياللۇغىغا پايدا قىلىدۇ. ياغ بىلەن پىشۇرۇپ زىمات قىلىنسا ئىسسىقتىن بولغان ئىششىقلارنى ناھايىتى تېز پىشۇرىدۇ. ئۇنىڭ سۈيى تۆكۈلسە چاچنى يۇمشىتىدۇ. قايناتمىسىدا ئولتۇرۇلسا مەقئەت ئىششىقى، تۇغماس ئاياللارنىڭ بالىياتقۇ ئېغىزىنىڭ بوغۇلۇشىغا پايدا قىلىدۇ.

ئۇنىڭ ئۇرۇقىنى سوقۇپ ئىشلەتسە بۆرەكتىكى تاشنى پارچىلاپ چۈشۈرىدۇ. خېمىنىڭ لوئابىنى شېكەر بىلەن ئىلمان قىلىپ ئىچسە ئىسسىقتىن بولغان يۆتەلنى پەسەيتىدۇ. قابىزلىقى بىلەن قان تۈكۈرۈشكە داۋا بولىدۇ. ئاپتاپتا ئولتۇرماسلىق شەرتى ئاستىدا سىركە بىلەن زىمات قىلىنسا بەھەقكە پايدا قىلىدۇ. زەيتۇن يېغى ۋە سىركە بىلەن زىمات قىلىنسا ھايۋانات زەھىرىنى قايتۇرىدۇ. ئۇنىڭدىن بىر ھەسسە ئېلىپ ئىككى ھەسسە خورما ۋە سىركە بىلەن زىمات قىلسا ئىششىقلارنى تارقىتىدىغان بولۇپ، كۆپ قېتىم سىناقتىن ئۆتكەن. چايناپ بەرسە ئۇسسۇزلۇق پەسەيتىدۇ. ئۇنىڭ ئۇرۇقىنى باراۋەر مىقداردىكى ئەرەب يېلىمى بىلەن قايناتىپ يۇيۇنسا پۇت - قول يېرىقىغا پايدا قىلىدۇ. ئۇنىڭ قايناتمىسىنى ئاتنىڭ تۇيىقىغا سۈركىسە ئۆستۈرىدۇ.

ئۇنىڭ يىلتىزىنىڭ پوستى ناھايىتى يۇمشاتقۇچى، ماددىلارنى كۈچلۈك تارقاتقۇچىدۇر. 10 گىرام قايناتىپ ئىچىلسە تولغاق، قۇلۇنجى، ئۈچەي توسۇلۇش، ئۈچەي يارىسى، يامان ئىچ ئۆتكۈگە پايدا قىلىدۇ. ئۇنىڭ ئۇرۇقىمۇ مەزكۇر كېسەللىكلەرگە داۋا بولىدۇ. شاراب بىلەن ئىستېمال قىلىنسا سۈيدۈك راۋانلاشتۇرىدۇ. تاشلارنى پارچىلاپ چۈشۈرىدۇ. دوۋساقتىكى خام، كېرەكسىز ماددىلارنى تازىلايدۇ. ئولتۇرغۇچ نېرۋا ئاغرىقى، مۇسكۇللار يېرىلىشقا پايدا قىلىدۇ. ئۇ، سىركە بىلەن قايناتىپ سۈيى بىلەن ئېغىز چايقىسا ئىسسىقتىن بولغان چىش ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ. ئۇنىڭ يىلتىزىنى سوقۇپ رەختكە ئوراپ سۇغا سېلىپ كېچىدە سىرتتا قويۇپ، سۈيى قاتقاندا قاپاق ئىششىقىغا سۈركىسە پايدا قىلىدۇ، ئىسسىقتىن بولغان يۆتەلنى پەسەيتىدۇ، قان تۈكۈرۈشنى توختىتىدۇ، سىناقتىن ئۆتكەن. ئۇنىڭ قايناتمىسىنىڭمۇ شۇنداق تەسىرى باردۇر. ئۇنىڭ قايناتمىسىدا ئولتۇرۇلسا بوغۇملار

قېتىۋېلىش، ئەزالار قاتتىقلىششقا پايدا قىلىدۇ. ئۇنىڭ قايناتمىسى بىلەن چاچ يۇيۇلسا چاچ يېرىلىشنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. ئۇنىڭ سوقۇلغان يىلتىزىنى قايىنتىپ چوشقا يېغى، سەۋسەن يېغى ۋە باقىلە يېغى بىلەن مەلھەم قىلىپ زىمات قىلىنسا بوغۇملارنىڭ توگۇنەكلىششكە شىپا بولىدۇ، قاتتىق ئىششىقلارنى تارقىتىدۇ. قايناتمىسى بىلەن كىلىزما قىلىنسا ئۇچەيىنىڭ مەزكۇر كېسەللىكلىرى ۋە باشقا كېسەللىكلەرگە پايدا قىلىدۇ. قايناتمىسىنى مەلھەم قىلىنىپ چاپسا ھەسەل ھەرىسىنىڭ چېقىۋېلىشىغا داۋا بولىدۇ. ھەسەل بىلەن زىمات قىلىنسا ھاشاراتلار چېقىۋالغاندىكى زىيانلىق تەسىرىنى يوقىتىدۇ. ئۇ ئۆردەك بېغى ياكى غاز يېغى ۋە بەتەم دەرىخى يېلىمى بىلەن زىمات قىلىنسا بالىياتقۇ ئىششىقىنى تارقىتىدۇ، بالىياتقۇ ئېغىزىنىڭ بوغۇلۇپ قېلىشىغا پايدا قىلىدۇ، سىناقتىن ئۆتكەن.

**زىيانلىق تەسىرى:** ئاشقازانغا زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** زىرىق ئۇسارىسى، ھەسەل، ئارپىبەدىيان.

ئېيتىشلارغا قارىغاندا ئۆپكىگە زىيان قىلىدىكەن.

**تۈزەتكۈچىسى:** ھەسەل.

**ئىستېمال مىقدارى:** ئۆزىدىن بەش گىرام، قايناتمىسىدىن 300 مىللىگىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

**ئورۇنباسارى:** خۇببازى.

ئاق لەيلىنىڭ ھاۋا ئىسسىغاندا، ئۆسۈملۈكىدىن ئېلىنىدىغان، سېرىق، قىزىل بولىدىغان يېلىمى ئۇسسۇزلۇق پەسەيتىدۇ، ئىچ سۈرۈشنى توختىتىدۇ، سەپرادىن بولغان قەينى باسىدۇ، سىناقتىن ئۆتكەن دەپ قارىلىدۇ.

## پەسىل: «خ» (خۇۋائ) ۋە «ف» (فائ) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى

### خۇففاش
(شەپەرەڭ)

ئۇ «خەففاش»مۇ دېيىلىدۇ. «خەششاف»، «ۋەتۋات»، پارسچە «شەب پەرە» (كېچىدە ئۇچقۇچى)، شىرازدا «موشى كور» (قارىغۇ چاشقان)، ھىندىچە «چەمگادەر»، بېنگالدا «چەمەگدەرى» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** بۇ باشقا قۇشلارغا ئوخشىمايدىغان تونۇشلۇق ئۇچار قۇش بولۇپ تۆت پۇتى، چىشلىرى بولىدۇ. يۇڭلۇق بولىدۇ. باشقا چارۋا ماللارغا ئوخشاش ماڭالايدۇ. ھەيز كۆرىدۇ،

ھامىلىدار بولىدۇ، تۇغىدۇ، سۈت ئېمىتىدۇ، قۇشلارغا ئوخشاش ئۇچىدۇ. ئەمما قانىتى باشقا قۇشلارنىڭ قانىتىغا ئوخشاش پەيلىك ئەمەس، بەلكى تېرە ۋە كۆمۈرچەكلەردىن تۈزۈلگەن بولۇپ، قوۋۇرغىسىدىن تاكى قانىتىنىڭ ئۇچىغىچە تارتىلغان بولىدۇ. ئۇنى يىغىپ كېرىپ ھەرىكەتلەندۈرۈش ئارقىلىق ئۇچىدۇ. رەڭگى قارا بولىدۇ. كۆزى ناھايىتى ئاجىز بولۇپ، كۈن نۇرىنىڭ كۈچلۈكلۈكىگە چىدىماي كۈندۈزى ئۇۋىسىدىن چىقالمايدۇ. ئۇۋىسى بۇزۇۋېتىلسە ئۇۋىسىدىن چىقىپ كەتكەندىن كېيىن ئۇۋىسىنى بۇركۈت ۋە قاغا ماكان تۇتىدۇ. كېچىدە، بولۇپمۇ قاراڭغۇ كېچىلەردە ئۇۋىسىدىن چىقىپ ئۇچىدۇ. يورۇق كېچىلەردە ئۇۋىسىدىن كەم چىقىدۇ. شۇ سەۋەبتىن كۈندۈزى كۆرمەسلىك «خەفەش»، كۈندۈزى كۆرمەيدىغان ئادەم «ئەخفەش» دەپ ئاتىلىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئۈچىنچى دەرىجىدە ئىسسىق، تۆتىنچى دەرىجىدە قۇرۇق، گۆشىنىڭ ئىسسىقلىقى مايلىقىنىڭ ئىسسىقلىقىدىن كەمرەكتۇر.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** پىشۇرۇپ شورپىسى ئىچىلسە بەدەندىكى كېرەكسىز ماددىلارنى ۋە زەرداب سۈنى سۈرۈپ چىقىرىدۇ. ئىستىسقا ۋە يانپاش ئاغرىقىغا پايدا قىلىدۇ. زەيتۇن ۋە يەسمەن يېغى بىلەن يۇمشاق پىشۇرۇپ ئىشلىتىلسە پالەچ، رەئشە، بوغۇم ئاغرىقلىرى، ئۇچا ئاغرىقى، نىقرىسكە پايدا قىلىدۇ. سوغۇقتىن بولغان ئىششىقلارنى تارقىتىدۇ. كۈنجۈت يېغى بىلەن قاينىتىپ شۇ ياغ بىلەن ياغلىنىلسا ئۇلتۇرغۇچ نېرۋا ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ، بولۇپمۇ تەكرار سۈركىسە ئۇنۇمى تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ. ئۇنىڭ ئەركىكىنى تۆمۈر ياكى مىس قاچىغا سېلىپ يەسمەن يېغى بىلەن قاينىتىپ، يېغى تۈگەپ قالسا يەنە ياغ قۇيۇپ يۇمشاق پىشۇرغاندىن كېيىن پىسەيلىرىنى سۈزۈۋېتىپ شۇ ياغ بىلەن مايلىنىلسا كونا پالەچ، رەئشە، كاناي ئىششىقى، نىقرىس، ئەزالار ئاغرىقىغا پايدا قىلىدۇ، چاچ چۈشۈشنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. ئەمچەكنىڭ چوڭىيىشىنى توسىدۇ. سۇ بىلەن قاينىتىپ يۇمشاق پىشۇرۇپ زەكەرگە چېپىلسا تۇتۇلغان سۈيدۈكنى ھەيدەيدۇ. شۇنداقلا ئۇنىڭ سۈيى جىنسىي يولغا تېمىتىلسىمۇ شۇ تەسىرنى بېرىدۇ. قايناتمىسىدا ئولتۇرۇلسا پالەچ ۋە ئىستىرخاغا پايدا قىلىدۇ. مېڭىسى پىياز سۈيى بىلەن بىرلىكتە كۆزگە سۈركىسە كۆزگە چۈشكەن سۇنى يوقىتىدۇ. ھەسەل بىلەن سۈركەلسىمۇ كۆزگە چۈشكەن ئاقنى يوقىتىدۇ. قېنى كىچىك بالىلارنىڭ دۈۋسۈنىغا سۈرۈلسە موي ئۈندۈرمەيدۇ. قىزلارنىڭ ئەمچىكىگە سۈركىسە چوڭايتمايدۇ. كۆزگە سۈركىسە كۆزدە ئۆسكەن پەردىنى يوقىتىدۇ. كۈلى كۆزنى ئۆتكۈرلەشتۈرىدۇ، ئاقنى يوقىتىدۇ. كۈلى شارابقا ئارىلاشتۇرۇلسا مەست قىلمايدۇ. ئۆتى ئاياللارنىڭ پەرجىگە سۈركىسە تۇغۇتنى دەرھال ئاسانلاشتۇرىدۇ، سىناقتىن ئۆتكەن. مېڭىسى تاپانغا سۈركىسە باھنى قوزغىتىدۇ. مايىقى ناھايىتى ئىسسىق، تۆتىنچى دەرىجىگىچە ئىسسىق بولۇپ، كۆزگە سۈركىسە ئاقنى يوقىتىدۇ. مەلھەم قىلىنسا كالا تەمرەتكىسىگە شىپا بولىدۇ.

ئۇنىڭ سۇتىمۇ ناھايىتى ئىسسىق بولۇپ، بەتبۇي پۇرايدۇ، ناھايىتى جۇلا بەرگىچىدۇر. زەھەرلىك بولۇپ، بەش گىرامى كىشىنى ھالاك قىلىدۇ. ئۇنىڭ 0.8 گىرامى ئەزالاردىكى تاشنى پارچىلاپ چۈشۈرىدۇ. ئۇنىڭ ئۇۋىسىنىڭ تۈرۈسىدىن بارماق بوغۇمى چوڭلۇقىدا، ئۇنىڭدىن سەل كىچىك ياكى چوڭراق، شاخارغا ئوخشاش بوش، ئاق، تۆشۈكلۈك، ئۇيۇغان بىر خىل ماددا چىقىدىغان بولۇپ، ئۇنى مەلھەم قىلىپ سۈركىسە سۆگەللەرنى، بەدەندىكى موينى چۈشۈرىدۇ. ئەمچەكنى چوڭايغىلى قويمايدۇ، ئەمما تېرىنى يارىلاندۇرىدۇ. ئۇنىڭ سۇيدۇكىمۇ سۇتىگە ئوخشاش ئىسسىق بولۇپ، ماددىلارنى ئېرىتىدۇ. كۆزگە سۈركىسە ئاقنى يوقىتىدۇ. سۇتىمۇ كۆزدىكى ئاق ۋە تىرناقچە گۆشنى يوقىتىدۇ. ئەمما ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىسى كۆزگە زىيان قىلىدىغان بولۇپ، ئۇلاردىن پەرھىز قىلغان ياخشىراق. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇنىڭ بېشى كىشىنىڭ ياستۇقىنىڭ ئاستىغا يوشۇرۇن تىقىپ قويۇلسا ئۇيقۇ كەلتۈرمەيدىكەن. كۆزى ۋە يۇرىكى تىقىپ قويۇلسىمۇ شۇ تەسىرنى بېرىدىكەن. بېشى كەپتەرنىڭ كاتىكىغا قويۇپ قويۇلسا كەپتەرلەر ئۇۋىسىغا يىغىلىدۇ، چاشقاننىڭ ئۇۋىسىغا قويۇپ قويۇلسا چاشقانلارنى قاچۇرىدۇ. يۇرىكىنى ئۆزىگە ئېسىۋالسا جىماغا ياردەم بېرىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، قارلىغاچ بىلەن شەپەرەڭنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئاداۋەت بار ئىكەن، شەپەرەڭ كەرەپشىنىڭ پۇرىقىدىن قاچىدىكەن، شۇنىڭ ئۈچۈن قارلىغاچ بالىلىرىنى ئۇنىڭ يامانلىقىدىن ساقلاش ئۈچۈن ئۇۋىسىغا كەرەپشە قويۇپ قويىدىكەن. شەپەرەڭنىڭ ھىندىچە «بادەر»دەپ ئاتىلىدىغان چوڭ تۈرىنىڭ بويىنىنى تۇۋىدىن كېسىپ زەكەر تېنىنىڭ ئىچىگە تىقىپ تۇرسا باھنى قۇۋۋەتلەيدۇ. مېڭىسى زەكەرگە سۈركىسە زەكەرنى چىڭىتىدۇ.

## پەسل: «خ» (خۇۋائى) ۋە «ل» (لام) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى

### خەل
(سىركە)

ئۇ پارسچە «سىركە» دەپ ئاتىلىدۇ.

ماھىيىتى: ئۈزۈم، خورما، ئەنجۈر، شېكەر، شېكەر قومۇشى سۈيى، تارى مېۋىسى، ھەسەل ۋە ئۇنىڭغا ئوخشاش سۇلۇق، شېرىن مېۋىلەردىن ھەم گۈرۈچ ۋە باشقىلارغا ئوخشاش ئاشلىقلاردىن تەييارلىنىدۇ. ھەممىنىڭ ياخشىسى ئۈزۈمدىن تەييارلانغىنى بولۇپ، ئۈزۈمنىڭ سۈيى سىقىپ چىقىرىلىپ پىسەپلىرى سۈزۈۋېتىلىپ ياكى پىسەپلىرى بىلەن بىرلىكتە ئىچىگە ھايۋانات مېيى سۈرۈلگەن پىششىق ساپال كوزىغا تۆكۈپ، ھەر 50 لىتىرىغا بەش

لىتىر ھېسابىدا ئېسىل سىركە ئارىلاشتۇرۇپ ئېغىزىنى مەھكەم ئېتىپ گىل ھېكمەت قىلىنىپ ئاپتاپتا ياكى ئىسسىق جايدا پىشقۇچە ۋە ئېچىغۇچە قويۇلىدۇ. بۇ ھاراق سىركىسىدىن ئىبارەت ياكى ھاراق ئۆزى ئېچىپ سىركىگە ئايلىنىدۇ.

خورما سىركىسىنىڭ تەييارلىنىشى شۇكى، خورمىدىن مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ ئىچىگە قارا ماي ياكى ھايۋانات يېغى سۈرۈلگەن يېڭى ساپال كوزىغا تۆكۈپ ئۈستىدىن ئۇنىڭ ھەر بەش لىتىرىغا 20 لىتىر ھېسابىدا سۇ قۇيۇپ ئېغىزىنى ئېتىپ بىر ھەپتىگىچە ئاپتاپتا قويۇلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن پىسەپلىرى سۈزۈۋېتىلىپ سۈيىنىڭ ھەر بەش لىتىرىغا يېرىم لىتىر ياخشى سىركە، 30 گىرام تۇز قوشۇپ كوزىغا قاچىلاپ ئاپتاپ داۋاملىق چۈشىدىغان يەرگە قويۇپ پىشۇرۇپ تەييارلىنىدۇ.

ئۈ شېكەر قومۇشى سۈيى، تار مېۋىسى ۋە باشقا سۇلۇق مېۋىلەر ئۈزۈم سۈيىدىن تەييارلانغان ئۇسۇل بويىچە تەييارلىنىدۇ. قۇرۇق ئۈزۈم، ئەنجۈر، سۇسىز شېكەر قومۇشى قاتارلىقلار خورمىدىن تەييارلانغان ئۇسۇل بويىچە تەييارلىنىدۇ.

شېكەر بىلەن ھەسەلدىن سىركە تەييارلاش ئۇسۇلى شۇكى، ئۇلارنىڭ ھەر بەش لىتىرىغا 20 لىتىر ئىسسىق سۇ قوشۇپ ئېرىتىپ كوزىغا قاچىلاپ ئاپتاپتا قايىنىغۇچە قويۇلىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن سۈزۈلدۈرۈپ ئۆتكۈر كونا سىركە بىلەن ئازراق تۇز قوشۇپ پىشقۇچە يەنە تۇرغۇزۇلىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئۈزۈمدىن تەييارلانغىنى مۆرەككەپ قۇۋۋەتلەرگە ئىگە بولۇپ، ئاز مىقداردا ئىسسىق، ئۈچۈچان تەركىب بىلەن كۆپ مىقداردا سوغۇق، ئۈچۈچان ماددا بار، ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق، بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىچە قۇرۇقلۇقى ئۈچىنچى دەرىجىدە ئىكەن. خورما، قۇرۇق ئۈزۈم، ئەنجۈر، ھەسەلدىن تەييارلانغانلىرىنىڭ بەزىسىنىڭ تەبىئىتى ئۆزىنىڭ تەبىئىتىگە ئوخشايدۇ. ھەسەلدىن تەييارلانغىنى ئۇنىڭدىن ئىسسىقراق، قۇرۇقراقتۇر. بەزىلىرى ئۇنىڭدىنمۇ ئاجىزراقتۇر. ئامۇت، ئالما، بېھى ۋە ئۇنىڭغا ئوخشاش قابىزلىقى بار نەرسىلەردىن تەييارلانغان سىركىنىڭ قابىزلىق قۇۋۋىتى ئارتۇقراقتۇر.

سىركە ئۈچ خىل تەركىبتىن تۈزۈلگەندۇر. بىرى ئوتقا مەنسۇپ ئىسسىق تەركىب بولۇپ، ئېچىش، سىڭىپ كىرىش قۇۋۋىتى ئۇنىڭدىن بولىدۇ. يەنە بىرى تۇپراققا مەنسۇپ سوغۇق تەركىب بولۇپ، قابىزلىق قۇۋۋىتى ئۇنىڭدىن بولىدۇ. يەنە بىرى سۇغا مەنسۇپ ھۆل سوغۇق تەركىب بولۇپ، بۇ تەركىب ھەممىنى بېسىپ چۈشىدۇ. شۇ سەۋەبتىن ئۇ پەيلەرنى بوشاتقۇچى ۋە ئاجىزلاشتۇرغۇچىدۇر.

**خۇسۇسىيتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** قورۇغۇچى، ناھايىتى قۇرۇتقۇچى، تېز سىڭىپ كىرگۈچى، دورىلارنىڭ قۇۋۋەتلىرىنى ئەزالارغا يەتكۈزگۈچى، ماددىلارنى ئۈچۈچانلاشتۇرغۇچى، قويۇق خىلتلارنى پارچىلىغۇچىدۇر.

باش كېسەللىكلىرى: ئۈنى يالغۇز ياكى زەيتۇن يېغى ياكى گۈل يېغى بىلەن مەلھەم قىلىپ چېپىلسا، شۇنداقلا سۈيى تۆكۈلسە ئاپتاپتىن، سەپرادىن، ئىسسىق بۇخاراتلاردىن ياكى ئىسسىق مۇنچىدىن پەيدا بولغان ئىسسىقتىن بولغان باش ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ. شۇنداقلا بىر پارچە رەختنى ئۈنىڭغا ياكى گۈلاب بىلەن قاينىتىلغان سىركىگە چىلاپ پېشانىگە قويسىمۇ شۇ تەسىرنى بېرىدۇ. ئۈنى يالغۇز پۇرىسا دىماقنىڭ توسالغۇلىرىنى ئاچىدۇ. ئىسسىقتىن بولغان نەزلىگە پايدا قىلىدۇ، ئىسسىقتىن بولغان باش ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ. مىزاجى ئىسسىق بولغان مېڭىنى قۇۋۋەتلەيدۇ. بادام يېغى، گۈل يېغى، گۈلاب، تەرخەمەك سۈيى ۋە ئۈنىڭ ئوخشاشلىرى بىلەن ئىشلىتىلسە ئىسسىقتىن بولغان باش ئاغرىقى، مېڭە پەردىسى ياللۇغى ۋە جۆيلۈشكە داۋا بولىدۇ. ئۈنىڭ بىلەن ھوردىنىلسىمۇ مەزكۇر كېسەللىكلەرگە پايدا قىلىدۇ، دىماقنىڭ توسالغۇلىرىنى ئاچىدۇ. شۇنداقلا ئۈنى قىزىتىلغان پىششىق خىش ياكى شېغىل تاشقا تۆكۈپ ياكى قىزىتىلغان پىششىق خىش ياكى شېغىل تاشنى ئۈنىڭغا تاشلاپ بۇسى پۇرالسىمۇ يۇقىرىقى كېسەللىكلەرگە پايدا قىلىدۇ. بىر ھەسسە سىركىگە ئىككى ھەسسە سۇ، ئازراق شېكەر قوشۇپ ساپال كوزىغا تۆكۈپ ئېغىزىنى ئېتىپ، ئېغىزىغا بىر دانە نەيچە قويۇپ نەيچىنىڭ ئېغىزى ۋە ئەتراپىنى ماش ئۈنى خېمىرى بىلەن ئېتىپ كوزىنىڭ ئاستىغا ئوت قالاپ سىركە قاينىغاندا، نەيچىنىڭ ئېغىزىنى ئېچىپ ھورى گالغا يەتكۈزۈلسە ۋە ھەر ئۈچ سائەتتە بىر قېتىم تەكرارلانسا، ئۈچ قېتىم تەكرارلانغاندىن كېيىن مەزكۇر كېسەللىكلەر ئاللانىڭ ئىزنى بىلەن شىپا تاپىدۇ.

**كۆز كېسەللىكلىرى:** سىركىنى ھەسەل بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ سۈركىسە كۆز ئاستىدىكى ۋە تېرە ئاستىدىكى ئۇيۇغان قاننى تارقىتىدۇ.

**قۇلاق كېسەللىكلىرى:** قۇلاققا تېمىتىلسا قۇلاقتىكى قۇرتنى ئۆلتۈرىدۇ، قۇلاق ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ، سىناقتىن ئۆتكەن دەپ قارىلىدۇ. ئۈنىڭ ھورى قۇلاققا يەتكۈزۈلسە قۇلاق غوڭۇلداش، قۇلاق قىچىشىش، قۇلاق ئېغىرلىقىغا پايدا قىلىدۇ. دىماق توسالغۇلىرىنى ئاچىدۇ. ئاڭلاش كۈچىنى ئاشۇرىدۇ.

**ئېغىز كېسەللىكلىرى:** 30 گىرام قۇرۇق ياۋا پىيازنى نېپىز توغراپ سىركە بىلەن يۇمشاق پىشقۇچە قاينىتىلىپ بىر ھەپتىگىچە ئاپتاپتا قويۇپ پىسەپلىرىنى سۈزۈۋېتىپ سۈيى ھەر كۈنى ناشتىدا ئالتە مىللىگىرامدىن ئىستېمال قىلىنسا ئاشقازان شىرىكچىلىكىدە پەيدا بولغان ئېغىز پۇراشنى يوقىتىدۇ. ئۈنىڭغا تۇز قوشۇپ ئېغىز چايقىسا بۇزۇلغان چىش مىلىكىنىڭ قېنىنى توختىتىدۇ. ئاق زاك بىلەن ئېغىز چايقالسا چىشنى ئاقارتىدۇ، چىش مىلىكىنىڭ قېنىنى توختىتىدۇ، چىش مىلىكىنى چىڭىتىدۇ. سېرىقچېچەك ئارىلاشتۇرۇپ ئېغىز چايقالسا مىدىراپ قالغان چىشلارنى چىڭىتىدۇ. ئۈنىڭ بىلەن غار - غار قىلىنسا كېرەكسىز ماددىلارنىڭ گالغا ئېقىشىنى توختىتىدۇ، بوغما كېسىلىگە پايدا قىلىدۇ، ئۈزىراپ

قالغان كىچىك تىلنى قىسقارتىدۇ. چىش ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ. زىرە ۋە يالپۇز بىلەن ئىغىز چايقىسا چىش ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ. چىش مىلىكى يارىلىرىنى ساقايتىدۇ. سىركە ئاز - ئازدىن يۇتۇلسا گالدا تۇرۇپ قالغان زۇلۇك قۇرتىنى چىقىرىدۇ. ئىسسىقتىن بولغان كونا يۆتەل، تىك ئولتۇرۇپ نەپەسلىنىشلەرگە پايدا قىلىدۇ. ياڭاق پىندۇق چوڭلۇقىدا بولغاندا سىركىگە چىلاپ ئىچىغۇچە قويۇپ تەييارلانغان ياڭاق سىركىسى بىلەن غار - غار قىلىنسا بوغما كېسەل ۋە ئىغىزنىڭ مەزكۇر كېسەللىكلىرىگە پايدا قىلىدۇ.

نەپەس ئەزالىرى، ھەزىم ۋە چىقىرىش ئەزالىرى كېسەللىكلىرى: ياۋا پىياز سىركىسى سوغۇقتىن بولغان يۆتەلنى پەسەيتىدۇ، زىققە نەپەس، مېڭە كېسەللىكلىرى، تال كېسەللىكى، ئىستىسقاغا پايدا قىلىدۇ. سىركە ئىستېمال قىلىسا ئۇسسۇزلۇقنى پەسەيتىدۇ، ھەزىمگە ياردەم بېرىدۇ. ئىچكى ئەزالارنىڭ قېنىنى توختىتىدۇ. ئىشتىھانى ئاچىدۇ، بەلغەمنى يۇمشىتىدۇ، تال ئىششىقىنى تارقىتىدۇ، سەپرانى كېسىدۇ، ماسارىقا تومۇرلىرى ۋە تال تومۇرلىرىنى ئاچىدۇ، تەمى تالدىكى سەۋدانىڭ تەمىگە ماس بولغانلىقى ئۈچۈن دورىلارنىڭ تەسىرىنى تالغا يەتكۈزىدۇ. ناشتىدا داۋاملىق ئىستېمال قىلىسا ئاشقازان مەددە قۇرتىنى ئۆلتۈرىدۇ. سىركە بىلەن پىشۇرۇلغان تائام كېرەكسىز ماددىلارنىڭ ئاشقازانغا قۇيۇلۇشىنى توسىدۇ.

زەھەرلىنىشلەر: ئىسسىتىلغان سىركە ئىچىپ قەي قىلىسا ئۆلتۈرگۈچى زەھەرلەرنى قايتۇرىدۇ، ئاشقازاندا ئۇيۇپ قالغان قان ۋە سۈتنى تارقىتىدۇ. تۇز بىلەن ئىستېمال قىلىسا زەھەرلىك موگۇ ۋە غالجىر ئىتنىڭ زەھىرىنى قايتۇرىدۇ، بولۇپمۇ ئۈزۈم سىركىسى بىلەن ئىستېمال قىلىسا تەسىرى تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ. ئەنجۈر، قۇرۇق ئۈزۈم ياكى كەپە يىلتىزى پوستى چىلانغان سىركە ناشتىدا ئىچىلسە تال ئىششىقىنى تارقىتىدۇ، ئىستىسقاغا پايدا قىلىدۇ. ئاز مىقداردا مازارىيون چىلانغان سىركە ھەسەل بىلەن ئىشلىتىلسە ئىستىسقا ۋە بالىياتقۇنىڭ سوغۇقلۇقىنى ئالىدۇ.

**يارىلار، ئىششىقلار ۋە قوتۇر:** يۇمشاق كىلىزمىدىن كېيىن تۇز قوشۇلغان ئىسسىق سىركە بىلەن كىلىزما قىلىسا ئۈچەي يارىسى، يامرىغۇچى يارىلارغا پايدا قىلىدۇ. سىركىنى سۈركىسە يامان يارىلارنىڭ كېڭىيىشىنى توسىدۇ، قىزىل، كۆيدۈرگە، بەلباغسىمان قوقاق، يارىلاشقان قوتۇر، بوۋاسىر، سەينەك، كالا تەمرەتكىسى، ئىچكى - تاشقى ئىششىقلارغا پايدا قىلىدۇ. يېڭى يارىلارنىڭ ئىششىشىنى توسىدۇ. قىچىشقاق، ئىسسىق زەھەرلىك ھايۋانلارنىڭ چېقىۋېلىشى، ئوت كۆيۈك يارىسىغا شىپا بولىدۇ. ئەزاغا سۈركىسە يېنىدىكى ئەزادىن ماددا قوبۇل قىلىشنى توسىدۇ. ئۇنى كېسەللەنگەن ئورۇنغا تۆكسە زەھەرلىك ھايۋانلار چېقىۋالغان يارىغا پايدا قىلىدۇ. سىرتقى قاناشنى توختىتىدۇ. سىركىدە قاينىتىلغان ئەنجۈر زىمات قىلىنسا ئەزالارنىڭ كۆيۈشۈشى ۋە قۇرغاقلىشىشىغا پايدا قىلىدۇ. گۈڭگۈرت بىلەن زىمات

قىلىنسا نۇقرەسكە، ئارپا ئۇنى بىلەن زىمات قىلىنسا بوغما كېسەل، ئەمچەك ئىششىقى، قۇلاق ئاستى بېزى ئىششىقى ۋە ئىسسىقتىن بولغان باشقا ئىششىقلارغا، ئادراسمان بىلەن زىمات قىلسا ئەزالارنىڭ سېزىمسىزلىنىشى، تىتانۇس ۋە بوغۇم ئاغرىقىغا، ئىسسىق كۈل بىلەن زىمات قىلسا بەز ئۆسۈپ قېلىش ۋە سوغۇق ئىششىقىقا پايدا قىلىدۇ. قىزىتىلغان تاشقا تۆكۈپ هوردىنىلسا بوۋاسىرغا پايدا قىلىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** ياشانغانلار، سەۋدا مىزاجلىقلارغا، هۆل، قۇرۇق يۆتەلگە ئوخشاش ئۆپكە كېسەللىكلىرىگە، قويۇق يەل، بوغۇم ئاغرىقى، ئىچكى ئەزالار ئاجىزلىقى، باھ، بالىياتقۇ ئاجىزلىقى قاتارلىقلارغا زىيان قىلىدۇ. پەيلەر، پەيلىك ئەزالار، باھ، كەم ماغدۇر كىشىلەر ۋە سوغۇق مىزاجلىقلارغا زىيان قىلىدۇ. داۋاملىق ئىشلىتىلسە ئىستىسقا پەيدا قىلىدۇ. كۆزنى زەئىپلەشتۈرىدۇ، رەڭگىروينى سارغايتىدۇ. ئۈچەينى زەخملەيدۇ، بەدەننى ئورۇقلىتىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** تاتلىق نەرسىلەر، مايلىق گۆش سۈيى، قىزىل، قويۇق شاراب. يۆتەلگە بولغان زىيانلىق تەسىرى ئۈچۈن تاتلىق نەرسىلەر، بادام يېغى، هارارىتى تۆۋەن دورىلار. پەيلەرگە بولغان زىيانلىق تەسىرى ئۈچۈن هەسەل، ئىسسىق دورىلار؛ ئۈچەي زەخمىسى ئۈچۈن لوئابلار.

**ئىستېمال مىقدارى:** 35 گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

**ئورۇنباسارى:** بەزى تەسىرلىرى ئۈچۈن شاراب، يەنە بەزى تەسىرلىرى ئۈچۈن لىمون سۈيىدۇر.

ئېيتىشلارغا قارىغاندا نارجىل، تارى مېۋىسىنىڭ سىركىسى پەيلەرگە زىيانلىق ئەمەس ئىكەن.

## خىلاف
(سۆگەت)

ئۇ «خەلاف»مۇ دېيىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** ئۇ بىدىمۇشكى (ئېپار سۆگىتى)، ياۋا سۆگەت ۋە مولە سۆگىتىنى كۆرسىتىدۇ. مەزكۇر ئاتالغۇ يالغۇز ئېيتىلسا مەجنۇنتالدىن ئىبارەت ياۋا سۆگەتنى كۆرسىتىدۇ. پارسچە «بىيدى سادده» دەپ ئاتىلىدۇ. دەرىخى چوڭ، ياغىچىنىڭ رەڭگى ئاق، سەل يۇمشاق، يوپۇرمىقى ئىنچىكە، غېرىچ ئۇزۇنلۇقىدا بولىدۇ. گۈلى باهار كۈنلىرىدە يوپۇرمىقى ئۆسۈپ بولغاندىن كېيىن شاخلىرى ۋە يوپۇرماقلىرى ئارىسىدىن ئۆسۈپ چىقىدۇ. سېرىق، سەل خۇش پۇراق، ئىنچىكە، بارماق ئۇزۇنلۇقىدا بولىدۇ. مېۋىسى باشاقا ئوخشاش بولۇپ، شاخلىرىنىڭ غولىدىن ئۆسۈپ چىقىدۇ. كىتابلاردا سۆزلىنىدىغان سۆگەت ئەنە شۇنىڭدىن ئىبارەت. ئۇ كۆپ

جايلاردا تېپىلىدۇ. ئۇنىڭ ئەركىكى گۈلسىز بولىدۇ. ئۇنىڭ سۇ بويلىرىدا ئۆسكەنلىرى ياخشىلىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

**تەبئىتى:** گۈلى ئىككىنچى دەرىجىدە سوغۇق، بىرىنچى دەرىجىدە ھۆل، يوپۇرمىقى قۇرۇق سوغۇق، مېۋىسى بىرىنچى دەرىجىدە ھۆل سوغۇق بولۇپ سەل قورۇش، ئىدىقلاش ۋە قۇرۇتۇش قۇۋۋىتى بار.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ماددىلارنى ئۇچۇچانلاشتۇرغۇچى، مېڭە ۋە مىزاجى ئىسسىق يۈرەكنى قۇۋۋەتلىگۈچى، جىگەر توسالغۇلىرىنى ئاچقۇچى، باش ئاغرىقىنى پەسەيتكۈچى، كۆز ئاغرىقى، خەفەقانغا شىپا بولغۇچى، ئۇسسۇزلۇق پەسەيتكۈچى، ئاشقازاننى قۇۋۋەتلىگۈچى، كۆيدۈرگۈچ تەپلەر ۋە سەپرادىن بولغان تەپلەرنى پەسەيتكۈچى، ئىسسىقتىن بولغان بارلىق كېسەللىكلەرگە پايدا قىلغۇچىدۇر. چېچىكىنىڭ ئەرقى ئۆزىدىن ئۇچۇچانراق، مەزكۇر تەسىرلىرى يوپۇرمىقىدىن كۈچلۈكرەكتۇر. يوپۇرمىقىنىڭ ئۆزى قورۇغۇچى، ماددىلارنى توسقۇچىدۇر. ئۇسارىسى بەلغەم، سەپرا ۋە سەۋدانى سۈرگۈچىدۇر. تۇتقاق كېسەلگە پايدا قىلىدۇ. تەپلەرگە داۋا بولىدۇ. جىگەر توسالغۇلىرىنى ئاچىدۇ. يەرقان، تالنىڭ قاتتىق ئىششىقىغا پايدا قىلىدۇ. سۈيدۈك ھەيدەيدۇ. ھىستېرىيەگە داۋا بولىدۇ. بوغۇم ئاغرىقلىرىنى پەسەيتىدۇ، نۇقرەسكە داۋا بولىدۇ. چايان چېقىۋالغان زەھەر ۋە باشقا زەھەرلىك دورىلارنىڭ زەھىرىنى قايتۇرىدۇ. ئۇسارىسى قۇلاققا تېمىتىلسا قۇلاقنىڭ كىرىنى ناھايىتى ياخشى تازىلايدۇ. يوپۇرمىقى ۋە شاخلىرىنىڭ قايناتمىسىدا ئولتۇرۇلسا بۇزۇلغان ئەزالارغا ناھايىتى ياخشى پايدا قىلىدۇ. ئۇنىڭدىن تەييارلانغان كۆرپىدە ئۇخلىسا جىگەر، يۈرەك ھارارىتىنى پەسەيتىدۇ. مېۋىسى كۆز ئالمىسىغا يەتكەن زەربىگە پايدا قىلىدۇ. زىمات قىلىنسا قان توختىتىدۇ. ھۆل يوپۇرمىقى زىمات قىلىنسىمۇ شۇ تەسىرنى بېرىدۇ. ھۆل يوپۇرمىقى ئىستېمال قىلىنسا قانلىق ئىچ سۈرۈشنى توختىتىدۇ. ئەرقى ئىسسىقتىن بولغان خەفەقان، تەپ، چېچەك، ئىسسىق ئۆتكۈر تەپلەر، جۇدەتكۈچى تەپكە پايدا قىلىدۇ. ئۇنىڭ يوپۇرمىقىدىن چىقىدىغان يېلىمى جۇلا بەرگۈچى، كۆرۈش كۈچىنى ئاشۇرغۇچىدۇر. ياغىچىنىڭ كۆلى قان توختىتىدۇ. سىركە بىلەن مەلھەم قىلىنسا سۆگەللەرنى چۈشۈرىدۇ، بەلباغسىمان قوقاق، ئەمچەك ئىششىقى، سىرتقى ئەزالار ئىششىقلىرى، تىلما زەخمىلىرى، سۇلۇق تاشما ۋە ئىسسىق ئىششىقلارغا شىپا بولىدۇ. ھۆل يوپۇرمىقىنىڭ سۈيى سۈرۈلسە ھەم ئۆزى زىمات قىلىنسا قورۇيدۇ، ماددىلارنى توسىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** دوۋۇساققا زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** گۈلاب، شېكەر.

**ئىستېمال مىقدارى:** سۈيىدىن 24 ~ 60 گىرامغىچە شېكەر بىلەن ئىستېمال قىلىنىدۇ.

**ئورۇنباسارى:** رىباس.

ئۇنىڭ يوپۇرمىقىنىڭ سۈيىنى ئىچىش ئۇسۇلى قارابادىنىنىڭ «م» ھەرپىدە بايان قىلىنغان

بولۇپ، كۆپ قىسىم كېسەللىكلەر ئۇچۇن كاسىنە سۈيى ۋە ئارپا سۈيىدىن ياخشىراق پايدا قىلىدۇ. 60 مىللىلىتىر ئىچىلسە جىگەر توسالغۇلىرىنى ئاچىدۇ. ئۇنىڭ ئەرقى «ئ» (ئەيىن) ھەرپىدە بايان قىلىندى.

ئۇنىڭ يېغى گۈل يېغىنى چىقىرىش ئۇسۇلى بويىچە چىقىرىلىدۇ. سوغۇق بولۇپ، قۇرۇتقۇچى، ھۆللۈكلەرنى سۈمۈرگۈچى، تال ئاغرىقىنى پەسەيتكۈچىدۇر. بۇنىڭ ئۇچۇن سۈرۈلىدۇ. ئىستېمال قىلىنسا مېڭىگە ئىسسىق بۇخاراتلارنىڭ ئۆرلىشىنى توسىدۇ، قاننىڭ ئۆتكۈرلۈكىنى پەسەيتىدۇ. باشقا تەسىرلىرى بىلەن گۈل يېغىغا ئورۇنباسار بولىدۇ.

## خىلافۇل بەلەخى
(بىدىمۇشكى)

ئۇ پارسچە «بىيدى مىشك» (ئىپار سۆگىتى) دەپ ئاتىلىدۇ. شامدا «شاھ بىيد» (شاھ سۆگەت)، رىمدا «بەھرامەج» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** دەرىخى ئادەتتىكى سۆگەتكە ئوخشاش، ئۇنىڭدىن كىچىكرەك، يوپۇرمىقى يۇمرانراق، كەڭرەك، قىسقىراق بولىدۇ. گۈلى يوپۇرمىقىدىن بۇرۇن ئۆسىدىغان بولۇپ، بارماق تومۇلۇقىدا، بەللۇت چوڭلۇقىدا بولىدۇ. بەزىلىرى مۇشۇك چاڭگىلىغا ئوخشايدۇ. ئۈستىدە ئېگىز تۈكچىلىرى، ئۇچىدا ئۇششاق، سېرىق، سەل قىزىل دانلىرى بولىدۇ. بەزىلىرى قارىغا ۋە سەل ئاققا مايىل، ناھايىتى خۇش پۇراق بولىدۇ. تۈكچىلىرى قانچە كۆپ، قانچە سېرىق بولسا شۇنچە خۇش پۇراق بولىدۇ.

**تەبىئىتى:** جالىنۇس ھۆل سوغۇق دەپ بىلگەن، بىر تۈركۈم كىشىلەر بىرىنچى دەرىجىدە ئىسسىق، قۇرۇققا مايىل دېگەن. جالىنۇسنىڭ سۆزى توغرىراقتۇر.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ئۇچۇچانلاشتۇرغۇچى، مېڭىنىڭ يەڭگىل توسالغۇلىرىنى ئاچقۇچى، يۈرەك، مېڭىنى قۇۋۋەتلىگۈچى، بۇخارات، ئىسسىق ماددىلاردىن بولغان باش ئاغرىقىنى پەسەيتكۈچى، تەرەتنى بوشاتقۇچىدۇر. ئۇنىڭ ئەرقىنىڭ ھەممە تەسىرى سۆگەت ئەرقى ۋە گۈلابنىڭ تەسىرىدىن كۈچلۈكرەك بولىدۇ. يۈرەك ۋە مېڭىنى قۇۋۋەتلەيدۇ. تەرەتنى بوشىتىدۇ. ئىسسىق مىزاجلىق كىشىلەرنىڭ باھ قۇۋۋىتىگە ياردەم بېرىدۇ. ئىچكى ئەزالارنى قۇۋۋەتلەيدۇ. ياغىچى ۋە يوپۇرمىقىنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى، تۈزەتكۈچىسى، ئىستېمال مىقدارى ئادەتتىكى سۆگەت بىلەن ئوخشاشتۇر. ئۇنىڭ قايناتمىسى تۆكۈلسە ھەرقانداق ئەزادىكى يەلنى تارقىتىدۇ. گۈلى ياكى ئەرقىنى پۇرىسا مېڭىنى قۇۋۋەتلەيدۇ. قويۇق يەللەرنى تارقىتىدۇ. يوپۇرمىقىنىڭ ئۇسارىسى بىلەن غار ـ غار قىلىنسا گالدا تۇرۇپ قالغان زۇلۇك قۇرتىنى چىقىرىدۇ. شۇنداقلا ئۇنىڭ يوپۇرمىقىنىڭ قايناتمىسى بىلەن غار ـ غار قىلىنسىمۇ شۇ

تەسىرى بېرىدۇ.

چېچەكنىڭ يېغى ھۆل سوغۇق بولۇپ، قۇرۇتقۇچى، باشنىڭ ئىسسىقتىن بولغان ئاغرىقىنى پەسەيتكۈچى، باشقا بۇخارات ئۆرلەشنى توسقۇچى، ئىستىمال قىلىنسا قاننىڭ زىيادە ئىسسىق قايىنىشىنى توسقۇچىدۇر.

**ئورۇنباسارى:** گۈل يېغىدۇر.

ئۇنىڭ يېغى بىنەپشە يېغىنى تەييارلىغانغا ئوخشاش تەييارلىنىدۇ. ئۇنىڭ يېغى ئاقلانغان بادام مېغىزى بىلەن مۇدەببەر قىلىنىپ بىنەپشىگە ئوخشاش دورىلار بىلەن تەييارلاپ ئۇنىڭدىن ياغ تارتىلسا بۇنداق ياغ ئۇچۇچانراق بولىدۇ.

**ئورۇنباسارى:** نىلۇپەر ياكى ئادەتتىكى سۆگەت.

## خۇلەد

(قارىغۇ چاشقان)

ئۇ «نىداسە»، پارسچە «موشى كور» (قارىغۇ چاشقان)، شىرازچە «ئەنگۇشت بەرگ»، ئىسپاھانچە «ۋازە سەبانەك»، دەيلىمدا «كابىيش»، ھىندىچە «چەھچەھۇندەر» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** ئۇ بىر خىل ھايۋان بولۇپ، سېسىق پۇرايدۇ. كۆزى بولمايدۇ، قۇيرۇقى ۋە پۇتلىرى چاشقاننىڭ قۇيرۇقى ۋە پۇتلىرىدىن كىچىكرەك، كۈل رەڭ بولىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇنىڭ كۆزى تېرىسىنىڭ ئىچىدە ئىكەن. نەم يەرلەردە ياشايدۇ. يەرنى توختىماي كولاپ دەرەخلەرنىڭ، بولۇپمۇ كۈدە بىلەن پىيازنىڭ يىلتىزىنى يەيدۇ. شۇنىڭ ئۇچۇن كۈدە بىلەن پىياز ئۇنىڭ ئۇۋىسىنىڭ ئېغىزىغا قويۇپ قويۇلسا ئۇ پۇرىقىنى پۇراپ سىرتىغا چىقىدۇ.

**تەبىئىتى:** ناھايىتى ئىسسىق، ھۆللۈكى بار، ئۆلتۈرگۈچ زەھەرلەردىن بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

**خۇسۇسىيەتلىرى ۋە ئىشلىتىلىشى:** قۇيرۇقىنىڭ قېنى كۆزدىكى ئاقنى، تېرىدىكى ئىزلارنى، خالنى ۋە چاشقان يارىسىنى يوقىتىدۇ. مېڭىسى گۈل يېغى بىلەن سۈركىسە بۇرۇننىڭ قېنىنى ۋە ھەرقانداق ئەزادىن ئاققان قاننى توختىتىدۇ. ئىششىقلارنى تارقىتىدۇ، چاشقان يارىسى، ئاقكېسەل، بەھەق، كالا تەمرەتكىسىگە شىپا بولىدۇ. داغ ۋە بەدەنگە چىققان ھەرقانداق نەرسىنى تەڭداشسىز يوقىتىدۇ. ئۇنىڭ قېنىنىڭمۇ شۇنداق تەسىرى باردۇر. ئۇنىڭ بېشىنى ئاق زاك بىلەن كۆيدۈرۈپ قۇلاققا ياكى بۇرۇنغا قويۇلسا ھەر ئىككىسىنىڭ پۇرىقىنى يوقىتىدۇ. تۆت كۈندە بىر قېتىم تۇتىدىغان تەپ بىمارىغا ئېسىپ قويۇلسا شىپا تاپىدۇ. مەلھەم قىلىنسا باش ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ. ئىسرىق سېلىنسا سۈيدۈكنى راۋانلاشتۇرىدۇ.

ئۆتى بېدە يىلتىزى سۈيى بىلەن بۇرۇنغا تېمىتىلسا لەقۋاغا پايدا قىلىدۇ، سىناقتىن ئۆتكەن دەپ قارىلىدۇ. ئۇنىڭ ئۇستۇنكى لېۋى ئېسىۋېلىنسا تۆت كۈندە بىر قېتىم تۇتىدىغان تەپنى پەسەيتىدۇ، تۇتقاق كېسەلگە پايدا قىلىدۇ. بالىلارنىڭ چىشىنى ئاسان چىقىرىدۇ. ئۇنىڭ چىشى جامائەتنىڭ ئارىسىغا تاشلاپ قويۇلسا ئۇلارنىڭ ئىتتىپاقسىزلىقىغا سەۋەب بولىدۇ. شۇنداقلا ئۇنىڭ يېغى ئوتقا سېلىنسىمۇ شۇ تەسىرنى بېرىدۇ.

## خۇللەر
(ياۋا كۆك پۇرچاق)

ئۇ «جۇلبان» دەپ ئاتىلىدۇ. ھىندىچە «مەتىر كابۇلىي» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** ئۇ بىر خىل ئۇرۇق بولۇپ، كۈرسىنە پۇرچاققا ئوخشايدۇ. ئۆسۈملۈكى غولاچ ئېگىزلىكىدە، ئۇنىڭدىن پاكارراق، يوپۇرمىقى ئۇششاق، گۈلى ئاق ـ سېرىق ئارىلىقىدا بولىدۇ. مېۋە غىلاپى باقىلە غىلابىغا ئوخشاش، ئاق بولىدۇ. بەش خىل بولىدۇ. غىلاپى باقىلەدىن كىچىكرەك، پوستى قېلىنراق، ناھايىتى ئاق، ئۇرۇقى نوقۇت چوڭلۇقىدا بولغىنى «جەلبانى ئەبيەز» دەپ ئاتىلىدۇ. دانلىرى ئۇنىڭدىن كىچىكرەك، كەڭ، توپارەڭ بولغىنى «جەلبانى ئەسۋەد» دەپ ئاتىلىدۇ، شىرازدا «مەشۇ»، ھىندىچە «كەھسارى» دەپ ئاتىلىدۇ. ئەرۇستان ۋىلايىتى، كېرمان ئەتراپىدىكى خەلقلەر «كونيان گورد» دەپ ئاتايدۇ. كۆپ كىشىلەر ئۇنى يەيدۇ. ئۇنىڭ يېتىلىش مەزگىلى بولغان باھار پەسلىدە ئۇنىڭ خېمىنىمۇ يەيدۇ. غىلاپى قوش، يىرىك، ئۇرۇقى ئاق، ئاۋۋالقىسىدىن كىچىكرەك ۋە يۇمىلاقراق بولغانلىرى «نەبقە» دەپ ئاتىلىدۇ. غىلاپى باقىلەگە يېقىن، رەڭگى قارا، دانىسى يۇمىلاق، چوڭ، سېرىققا مايىل، ناھايىتى ئاچچىق بولغىنى مىسىردا «بەسىيلە» دەپ ئاتىلىدۇ. بەشىنچى قىسمىنىڭ غىلاپىنىڭ پوستى نېپىز، دانىسى ئاق بولىدۇ، ئۇ «قەسساس» دەپ ئاتىلىدۇ.

**تەبىئىتى:** ھەممە تۈرى ئۈچىنچى دەرىجىنىڭ بېشىدا سوغۇق، ئىككىنچى دەرىجىنىڭ ئاخىرىدا قۇرۇقتۇر.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** قاينىتىلمىسى ھەسەل بىلەن ئىچىلسە يۆتەل پەسەيتىدۇ، ئۆپكىنى تازىلايدۇ، كۆكرەك ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ، ھۆللۈك يەتكۈزىدۇ. بۇزۇق خىلتلارنى تازىلايدۇ. ئۈچەيلەردىكى كېرەكسىز ماددىلارنى ھەيدەپ چىقىرىدۇ. سۈيدۈك، سۈت ۋە ھەيز ھەيدەيدۇ. زىمات قىلىنسا ئەزالارنى قۇۋۋەتلەيدۇ. قوزغالغان بوغۇملارنى ئورنىغا چۈشۈرىدۇ. داغ يوقىتىدۇ. ھەسەل بىلەن زىمات قىلىنسا ئىششىق تارقىتىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن ئىسرىق سېلىنسا شۇ يەرگە چۈمۈلىنىڭ توپلىشىشىغا سەۋەب بولىدۇ. كالا يېسە سەمرىتىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** پەي ـ نېرۋىلارغا زىيان قىلىدۇ. سەۋدا پەيدا قىلىدۇ. قورساقنى ئېسىدۇ. داۋاملىق ئىستېمال قىلسا كىشىنى ئاقساپ ماڭىدىغان قىلىپ قويىدۇ. پىشمىغىنى

هۆل يېپىلسە باشنى قايدۇرىدۇ، بولۇپمۇ ئۇنىڭ ھىندىچە «كەھسارى» دەپ ئاتىلىدىغان سەل ياپىلاق، ئۈچ بۇرجەك بولغانلىرى تېخىمۇ زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** ھەسەل شارابى.

**ئىستېمال مىقدارى:** 30 گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

ئۇنىڭ ياۋىسى ناھايىتى تەستە ھەزىم بولىدۇ، سۈت ھەيدەيدۇ.

## خەلەنج

(خەلەنج دەرىخى)

ئۇ بىر خىل دەرەخ بولۇپ، يۇلغۇن دەرىخىگە ئوخشايدۇ، چىن، رۇسىيەنىڭ شەھەرلىرى ۋە ھىندىستاندا ناھايىتى چوڭ ئۆسىدۇ. يوپۇرمىقى يۇلغۇن يوپۇرمىقىغا ئوخشايدۇ. گۈلى كىچىك بولۇپ، قىزىل، سېرىق ۋە ئاق بولىدۇ. مېۋىسى قىچىغا ئوخشاش بولۇپ، بىنەپشە رەڭدە بولىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق، چېچىكى باشقا قىسىملىرىدىن ئۆتكۈررەك ۋە كۈچلۈكرەكتۇر.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** چېچىكى بىلەن يوپۇرمىقى زىمات قىلىنسا چايان چېقىۋالغان زەھەرنى قايتۇرىدۇ. ئۇنىڭ چېچىكىنىڭ بابۇنە يېغى ۋە گۈل يېغىغا ئوخشاش كۈنجۈت يېغىغا چىلاپ ئاپتاپتا ئۈچ ھەپتە تۇرغۇزۇپ تەييارلانغان يېغى ماغدۇرسىزلىقنى ئالىدۇ، بوغۇملار ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ. شۇنداقلا ئۇنىڭ ياغىچىنىڭ ھەرىدەلگەن كېپىكىمۇ شۇ تەسىرنى بېرىدۇ. ئۇرۇقىنىڭ بەش گىرامى ھەسەل بىلەن ئىشلىتىلسە يۈرەكنى زەھەرلەرنىڭ زىيانلىق تەسىرىدىن ساقلايدۇ. ئۇنىڭ ياغىچىدىن ياسالغان قاچىدا تاماق يېسە خەفەقاننىڭ ئالدىنى ئالىدۇ.

# پەسىل: «خ» (خۇۋائ) ۋە «م» (مىيم) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى

## خەمان

(خەمان دەرىخى)

ئۇ نىبىتچە سۆز بولۇپ، ئەرەبچە «رەقئا»، يۇنانچە «ئىقتى» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** چوڭ، كىچىكتىن ئىبارەت ئىككى خىل بولىدۇ. چوڭى دەرەخكە ئوخشايدۇ، شاخلىرى ئاققا مايىل بولۇپ، قومۇشقا ئوخشاش يۇمىلاق بولىدۇ. يوپۇرمىقى ياڭاق

يوپۇرمىقىغا ئوخشاش، ئۇنىڭدىن كىچىكرەك بولىدۇ، ئېگىز پۇرايدۇ. ھەر شېخىدا ئۈچ دانىدىن بەش دانىغىچە يوپۇرماق بولىدۇ. ھەر شاخ ئۇچىدا بىر دانە غوزەك بولىدۇ. گۈلى قىزىلغا مايىل ئاق بولىدۇ. مېۋىسى ھەببىتۇلخۇزراغا ئوخشايدۇ، قارىغا مايىل، قارىغا مايىل بىنەپشە رەڭ بولىدۇ، شەكلى باشاققا ئوخشايدۇ، شارابقا ئوخشاش پۇرايدۇ. ئۇنى ھىندىستاندا بولىدىغان مېۋىسى «بەل»، «فەل» دەپ ئاتىلىدىغان دەرەخ دەپ بىلگەنلەر خاتالاشقان بولىدۇ.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ماددىلارنى تارقاتقۇچى، كۆپ قۇرۇتقۇچىدۇر. ھۆل يوپۇرمىقى زىمات قىلىنسا يارىلارنى ساقايتىدۇ.

ئۇنىڭ كىچىكى ئۇسۇملۇككە ئوخشايدۇ، غولى تۈت قىرلىق، بوغۇملۇق بولىدۇ. يوپۇرمىقى بادام يوپۇرمىقىغا ئوخشايدۇ، ئەتراپلىرى قىرلىق بولىدۇ. ھەربىر بوغۇمىدىن مېۋە چىقىدۇ، ئېغىر پۇرايدۇ. ئۇچىدىكى غوزىكى ئۇنىڭ چوڭىنىڭ غوزىكىگە ئوخشايدۇ. ئۇرۇقى قىچىغا ئوخشاش بولىدۇ. يىلتىزى ئۇزۇن، بارماق توملۇقىدا، قارامتۇل، قىزىل بولىدۇ. ئۇ يالغۇز ئاتالسا كىچىكى نەزەردە تۇتۇلىدۇ. يىلتىزى ئىشلىتىلىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇقتۇر، سوغۇقلۇقى غالىبتۇر. ئازراق ئىسسىقلىقى باردۇر.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ماددىلارنى قايتۇرغۇچى، شىلىمشىق خىلتلارنى سۇرگۈچى، زىيادە قۇرۇتقۇچى، تارقاتقۇچى قۇۋۋەتكە ئىگىدۇر. يوپۇرمىقى ۋە غولىنىڭ قايناتمىسى ئىچىلسە بەلغەم ۋە سەپرانى سۈرىدۇ. سىقىلغان سۈيى ۋە يىلتىزىنىڭ قايناتمىسىمۇ شۇ تەسىرنى كۆرسىتىدۇ. يىلتىزىدىن 10 گىرام ئېلىپ سالايە قىلىپ سۇنۇق، بوغۇملارنىڭ قوزغىلىشى ۋە ئېغىر ئۇرۇلۇپ ـ سوقۇلۇشقا ئىشلىتىلىدۇ. يىلتىزىنىڭ قايناتمىسى شاراب بىلەن بىرلىكتە ئىستىسقا، ئەفئا يىلىنى چېقىۋېلىش، بوغۇملار ئاغرىقىغا ئىشلىتىلىدۇ. توسالغۇلارنى ئاچىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن ئېغىز چايقالسا چىشنىڭ قۇرتىنى ئۆلتۈرىدۇ. ئۇ بۇرۇنغا ئۇدا ئۈچ كۈن پۈركەلسە كۆزنىڭ قىزىللىقىنى ئالىدۇ. قايناتمىسىدا ئولتۇرۇلسا بالىياتقۇنىڭ قاتتىق ئىششىقىنى تارقىتىدۇ، يۇمشىتىدۇ. ئېغىزى بوغۇلۇپ قالغان بولسا ئاچىدۇ. بالىياتقۇنىڭ ئەھۋالىنى ياخشىلايدۇ. مېۋىسى ئىچىلسە، پىشۇرۇپ مەلھەم قىلىپ چاچقا سۈركىسە قارايتىدۇ، چاچ چۈشۈشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. ھۆل يوپۇرمىقى ئارپا ئۇنى بىلەن زىمات قىلىنسا ئىسسىق ئىششىقلارنى تارقىتىدۇ، كۆيۈك يارىسى، غالجىر ئىت چىشلىۋېلىش ۋە ئاقمىلارغا پايدا قىلىدۇ. ئۇچكە يېغى بىلەن زىمات قىلىنسا نوقرەسكە داۋا بولىدۇ. يىلتىزى بىلەن ھەمەلچە قىلىنسا بالىياتقۇ ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ، مەقئەت كېسەللىكلىرى ۋە ئاقمىلارغا شىپا بولىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** ئۆپكىگە زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** ھەسەل.

**ئىستېمال مىقدارى:** ئالتە گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

## خەماھان
(خەماھان تېشى)

ئۇ پارسچە سۆز بولۇپ، «خەماھىين»مۇ دېيىلىدۇ. «سەندەلى ھەدىيدىي» (تۆمۈر سەندەل) دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** قارا رەڭلىك بىر خىل تاش بولۇپ، ئەركەك، چىشىدىن ئىبارەت ئىككى خىل بولىدۇ. «ھەدىيدى سىينىي» (چىن تۆمۈرى) دەپ ئاتالغىنى ئۇنىڭ ئەركىكىدۇر. «ھەجەرۇل ـ خۇمار» (خۇمار تېشى) ئۇنىڭ چىشىسىدۇر. ئۇنىڭ ئەركىكى قاتتىقراق، قارامتۇل، قارىلىقى كۆپرەك بولىدۇ. سالايە قىلىنغىنىنىڭ رەڭگى زەرنىخقا ئوخشاش سېرىق بولىدۇ.

**تەبىئىتى:** سوغۇققا مايىل، ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ئۇنىڭدىن قىلىنغان ئۇزۇك يۈرەكنى قۇۋۋەتلەيدۇ، قاراڭغۇ ئورۇنلار ۋە قاراڭغۇ كېچىلەرنىڭ سۈرىنى يوقىتىدۇ. ئۇنىڭغا قاراپ بېرىلسە كۆزنى ساغلاملاشتۇرىدۇ.

ئۇنىڭ «ھەجەرۇل خۇمار» (خۇمار تېشى) دەپ ئاتىلىدىغان چىشىسى يۇمشاقراق بولىدۇ، سالايە قىلىنغىنىنىڭ رەڭگى ناھايىتى قىزىل بولۇپ، قارىغا مايىل بولىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئەركىكىدىن سوغۇقراقتۇر.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** سالايە قىلىنغىنىدىن بەش گىرام ئىستېمال قىلىنسا خۇمارنى باسىدۇ، سىناقتىن ئۆتكەن. خۇمار بولۇپ قالغان ئادەمنى سوۋۇتىدۇ ۋە تەرلىتىدۇ. ئۇنىڭ ھەر ئىككى تۈرى سەپرادىن ۋە قاندىن بولغان كېسەللىكلەرگە شىپا بولىدۇ، كۆز ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ، كېسەللىك ماددىلىرىنىڭ قۇيۇلۇشىنىڭ تەسىرىدە ئاجىزلاشقان ئەزانى قۇۋۋەتلەيدۇ. خەفەقانغا پايدا قىلىدۇ. قويۇق يەللەرنى تارقىتىدۇ. سالايە قىلىنغىنىنىڭ ئالتە گىرامى سۈرگۈچى دورىنىڭ تەسىرىدە پەيدا بولغان قورساق ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ. ئۇ مەلھەم قىلىنسا ئىششىقلارنى، بولۇپمۇ كۆز ئىششىقىنى تارقىتىدۇ. قىچىشقاق، قوتۇر، قاپاقنىڭ كۆيۈشۈشىگە پايدا قىلىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** توسالغۇ پەيدا قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** ھەسەل.

**ئىستېمال مىقدارى:** 0.5 گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

## خەمر
(شاراب)

شەرىئەتتە ئۇ ئەقىلنى يوقىتىدىغان ھەرقانداق نەرسىنى كۆرسىتىدۇ. ئۆرپ ـ ئادەتتە يالغۇز ئاتالسا ئۈزۈم شارابىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ ھەر خىل ئۇسۇللاردا تەييارلىنىدۇ. ئۇلارنىڭ

بىرى شۇكى، ئۈزۈمنىڭ سۈيىنى چىقىرىپ پىسەپلىرىنى سۈزۈۋېتىپ، ئىچىگە زۈپتى، قىير ياكى موم سۈرۈلگەن كوزىغا قاچىلاپ ئاپتاپتا قايناتقانغا قەدەر تۇرغۇزۇپ، ئۇنىڭدىن كېيىن سايىدا قويۇپ ياكى كوزىنى ئات تېزىكىگە يېرىمىغىچە كۆمۈپ پىشقىچە تۇرغۇزۇلىدۇ. ئۇنى سۈزۈش ياكى سۈزمەسلىك ۋە باشقا نەرسىلەرنى قوشۇشقا قاراپ تەسىرى پەرقلىنىدۇ. مەسىلەن: سۈزمەي ئۇرۇقى بىلەن تەييارلانغىنى قورۇش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە بولىدۇ. زەپەر قوشۇلغىنى يۈرەك، جىگەرنى قۇۋۋەتلەيدۇ، خۇرسەن قىلىش تەسىرى ئاشىدۇ. كوزىنىڭ ئىچىگە زۈپتى، قىير ياكى موم سۈرۈلگەندىن كېيىن ئۇد ھىندى بىلەن ئىسلاپ ئۈزۈم سۈيىگە ھەببۇلئاس، مەستىكى، تاتلىق بېھى، ئالما قاتارلىقلاردىن ئاز مىقداردا قوشۇپ، ئاپتاپتا تۇرغۇزغاندىن كېيىن قاچىسى بىلەن بىرلىكتە يەرگە كۆمۈپ تەييارلانغىنى «رەيھانىي» دەپ ئاتىلىدۇ. تەييارلانغىنىغا ئالتە ئاي ئۆتمىگىنى «مىستار» دەپ، پارسچە «ۋەلانى» دەپ ئاتىلىدۇ. ئۈزۈم سۈيىنى تۆتتىن بىرى پارغا ئايلىنىپ كەتكۈچە قاينىتىپ كوزىغا قاچىلاپ تەييارلانغىنى «جەمھۇرىي» دەپ ئاتىلىدۇ. تەمسىز، قويۇق بولغىنى «قەھۋە» دەپ ئاتىلىدۇ، ئۇ باھنى كېسىدۇ. تەييارلانغىنىغا بىر يىلدىن ئىككى يىلغىچە ئۆتكەنلىرى «ئەتىيق» (كونا شاراب) دەپ ئاتىلىپ ياخشىراق بولىدۇ. ئىككى يىلدىن تۆت يىلغىچە ئۆتكەنلىرى «قەدىيم» دەپ ئاتىلىدۇ. ئەڭ ياخشىسى ئېچىتىلغاندىن كېيىن ئاز دېگەندىمۇ ئۈچ ئاي ئۆتمىگىچە ئىستېمال قىلماسلىق كېرەك.

ئۈنىڭ سۈيۈق، قويۇق، تاتلىق، ئاچچىق، چۈچۈمەل، ئاچچىق - چۈچۈك، قايىز، غەيرىي قابىز، قىزىل، سېرىق، ئاق، قارا، خۇش پۇراق، بەتبۇي ھەم يېقىشلىق، يېقىمسىز، ئاپتاپقا سېلىنغان، قاينىتىلغان، كۆمۈلگەن، سۈزۈك، دۇغ، يەڭگىل، ئېغىر، يېڭى، كونا، ئوتتۇرا ھالغا ئوخشاش نۇرغۇن تۈرلىرى بار. بۇ تۈرلەر ئۆزئارا ئارىلاشتۇرۇلسا 600 گە يېقىن تۈر بارلىققا كېلىدۇ. ئۇنىڭ ئەڭ ياخشىسى ۋاقتى 1 ~ 2 يىل بولغان، سېرىققا مايىل قىزىل، خۇش پۇراق، قىيامى قويۇق - سۇيۇقلۇقىنىڭ ئارىسىدا نورمال، تاتلىق، سەل ئاچچىق بولۇپ، ئېغىزنى قورۇغۇدەك دەرىجىدە قىرتاق، زىيادە ئاچچىق ۋە چۈچۈمەل بولمىغانلىرىدۇر. ئۇنىڭ ئەڭ ناچىرى رەڭگى ناچار، قويۇق، چۈچۈمەل، زىيادە قىرتاق، بەتبۇي بولغانلىرىدۇر. بۇخاراتلارنىڭ تارقىيالماسلىقى ياكى چۈچۈمەللىكى سەۋەبىدىن بەتبۇي بولغان بولسىمۇ ناچار بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئەڭ كۈچلۈكى سېرىق، سۈزۈك، قىيامى مۆتىدىل بولغانلىرى، ئۇنىڭدىن قالسا قىزىل، قىيامى مۆتىدىل بولغانلىرىدۇر. ئەڭ ئاجىزى ئاق، پىشمىغان، سۇيۇق بولغان ۋە سىڭىشچان بولغانلىرىدۇر. قويۇق بولغىنى تەستە ھەزىم بولىدۇ. كۆكى تەستە ھەزىم بولىدۇ، قارىسى تېخىمۇ تەستە ھەزىم بولىدۇ. خۇش پۇراق شاراب ھەممە مىزاجلارغا مۇۋاپىق كېلىدۇ. بەتبۇي بولغىنى ناچار بولۇپ، ھەممە مىزاجغا مۇۋاپىق كەلمەيدۇ. ئومۇمەن ئۇنىڭ ھەربىر خىلىنىڭ ئايرىم مىزاج ۋە شەخسكە مۇۋاپىق كېلىدىغان تەبىئىتى ۋە شەكلى باردۇر.

**تەبىئىتى:** ئۇنىڭ تەبىئىتىمۇ رەڭلىرى، تەملىرى، پۇراقلىرى، سۈيۇق - قويۇقلۇقى، يېڭى - كونىلىقى، ئوتتۇرا ھالىلىقىغا قاراپ تۇرۇپ ئىسسىق - سوغۇقلۇق ۋە ھۆل - قۇرۇقلۇق جەھەتتە پەرقلىنىدۇ. ئومۇمەن ئېيتقاندا، كونىسى ئۈچىنچى دەرىجىدە ئىسسىق، ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق، كونىسى ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق، «مىستار» دەپ ئاتالغىنى ئىككىنچى دەرىجىدە ھۆل ئىسسىق، رەيھانىيسىدىن ئىبارەت بولغان خۇشپۇراق تۈرى مۆتىدىل، ۋاقتى ئالتە ئايدىن بىر يىلغىچە بولغىنى ئىككىنچى دەرىجىدە ئىسسىق، ھۆللۈككە مايىل، «قەھۋە» دەپ ئاتالغان تەمسىزى ھۆلرەكتۇر.

**خۇسۇسىيتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** سۈيۇقى تېز ھەزىم بولىدۇ، توسالغۇلارنى ئاچىدۇ. قويۇقى تەستە ھەزىم بولىدۇ، كۆپ ئوزۇقلاندۇرىدۇ، ئەزالارنى قۇۋۋەتلەيدۇ، تېز سىڭىپ كىرىدۇ. ئۇنىڭ «رەيھانىي» دەپ ئاتالغان قىزىل رەڭلىك خۇشپۇراق تۈرى ھەممە تۈرلىرىدىن ياخشىراق بولىدۇ. «قەھۋە» دەپ ئاتالغان تەمسىزى كۆپ مىزاجلارغا مۇۋاپىق كېلىدۇ، ئەمما ئىشتىھانى تۇتىدۇ، باھنى زەئىپلەشتۇرىدۇ، باشنى ئاغرىتىدۇ. سېرىق ۋە كونىسى ئۇنىڭدىن ياخشىراق بولىدۇ. ئېقى ئاجىز بولۇپ، تەرەتنى بوشىتىدۇ. قارىسى تەستە ھەزىم بولىدۇ، سەۋدا پەيدا قىلىدۇ. ئۇنىڭ «جەمھۇرىي» دەپ ئاتالغان قايىنتىلغىنى تەستە ھەزىم بولىدۇ، قىزىتىدۇ، ماددىلارنى پىشۇرىدۇ، پەي - نېرۋىلارنى قۇۋۋەتلەيدۇ، باشنى ئاغرىتىدۇ. تاتلىقى تەستە ھەزىم بولىدۇ، ئوزۇقلۇقى يۇقىرى. مەيخۇشى، يەنى ئاچچىق - چۈچۈكى ناچار بولۇپ، ھەزىمنى بۇزىدۇ. زەرەرى شۇكى، پەي - نېرۋىلارغا زەرەر قىلىدۇ، ياتسىرىتىدۇ. ئاچچىقى جۇلا بېرىدۇ، توسالغۇلارنى ئاچىدۇ، ھەزىمنى ياخشىلايدۇ. ئۇنىڭ كوزىغا قاچىلىنىپ يەرگە ياكى قار - مۇز ئاستىغا كۆمۈلۈپ ئاپتاپقا سېلىنمىغىنى، يەنى كۈن نۇرىنى پەقەت كۆرمىگىنى قوپال بولۇپ، تەستە ھەزىم بولىدۇ، چىرىتىدۇ، كونا تەپلەرنى پەيدا قىلىدۇ. كونا ساپ شاراب ئەزالارغا زەرەر يەتكۈزىدۇ، ئۈچەينى زەخىملەيدۇ. ئۇنىڭ مۆتىدىل ئارىلاشمىسى بەدەننىڭ ئەھۋالىنى ياخشىلايدۇ. كۆپ سۇ ئارىلاشتۇرۇلغان بولسا ئەزالارنى سۇسلاشتۇرىدۇ، ئىستىسقاغا پايدا قىلىدۇ. تەرەتنى قاتۇرىدۇ، كۆكرەكنىڭ يىرىكلىكىگە سەۋەب بولىدۇ، ئاشقازاننى ئاشلايدۇ، خۇمارى كۈچلۈكتۇر. خۇش پۇرىقى ناھايىتى ياخشىدۇر، ئەمما باشنى ئاغرىتىدۇ. بەتبۇيى زەرەر قىلىدۇ، باشنى ئاغرىتىدۇ، ھالاكەتلىك كېسەللىكلەرنى پەيدا قىلىدۇ. ئاپتاپقا سېلىپ قايىنىغاندىن كېيىن سايىدا قويۇلمىغىنى ئۆتكۈر بولۇپ، ئاشقازاندىن تېز ئۆتىدۇ، كۆپ خۇرسەن قىلىدۇ، ئىسسىق تەپلەرنى پەيدا قىلىدۇ. ئۇنىڭ ئېغىرى تەس ھەزىم بولىدۇ. يەڭگىلى ئاشقازاندىن تېز ئۆتىدۇ. كونىسى ئۆتكۈر بولۇپ، سەزگۈلەر ۋە پەي - نېرۋىلارغا زەرەر قىلىدۇ. يېڭىسى قورساقنى ئېسىپ قويىدۇ، تەستە ھەزىم بولىدۇ، بەلغەم خاراكتېرلىك كېسەللىكلەرنى پەيدا قىلىدۇ. ئوتتۇرا ھال بولغىنى مۆتىدىلدۇر. سۈزۈكى توسالغۇلارنى ئاچقۇچى، سۈيدۈك ھەيدىگۈچىدۇر. يېڭى، دۇغ، قارامتۇل شاراب دوۋساقتا قوم

ـ تاش، ئەزالاردا توسالغۇ پەيدا قىلىدۇ.

ئىپىتىشلارغا قارىغاندا، ئۇ نەزەرىيە كىتابلىرى، «ئەخلاقى ناسىرىيە» ۋە باشقا ئەسەرلەردە بايان قىلىنغان شەرتلەر بويىچە مىزاج، ياش، پەسىل، شەھەر، ۋاقىت، زامان، ماكان قاتارلىقلار نەزەردە تۇتۇلۇپ ئىچىلسە كۆپ پايدا قىلىدىكەن.

تۆۋەندە ئۇنى ئىچمەكچى بولغاندا رىئايە قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلاردىن بىر قىسمى بايان قىلىنىدۇ. ئۇلارنىڭ بىرى ۋاقىتقا ئەھمىيەت بېرىشتۇر. يەنى زىيادە ئۇسسىغان ۋە ئاچقان، غەزەپلەنگەن، هارغان، كۆچلۈك هەرىكەتلەرنى قىلغان ۋاقىتلاردا، ياز كۈنلىرىنىڭ چۈش ۋاقىتلىرىغا ئوخشاش ئىسسىق ۋاقىتلاردا ئىچىشكە، بولۇپمۇ بىر قېتىمدا كۆپ مىقداردا ئىچىشكە بولمايدۇ. بەلكى روھ ۋە قۇۋۋەتلەرنى تېتىكلەشتۈرۈش ئۈچۈن هەر ئايدا بىر ـ ئىككى قېتىم ياكى هەپتىدە بىر قېتىم مۇۋاپىق مىقداردا ئىچىلسە بولىدۇ. ئۇنىڭدىن ئارتۇق ئىچىش چەكلەنگەن بولۇپ، زەرەر قىلىدۇ.

يەنە بىرى ئورۇنغا ئەهمىيەت بېرىشتۇر. يەنى ئۇنى ئىچىدىغان ئورۇن ئازادە، كۆڭۈللۈك، هاۋا كىلىماتى مۆتىدىل، سۇلار ئېقىپ تۇرغان، خۇش پۇراق گۈللەر ئېچىلىپ، شېرىن مېۋىلەر مەي باغلاپ تۇرغان بولۇش، خۇشاللىق ۋاسىتىلىرىنىڭ هەممىسى تولۇقلانغان، مۇڭلۇق نەغمىلەر قىلىنغان، ماهىر ناخشىچىلار، دىلكەش مەهبۇبلار تەكلىپ قىلىنغان، ئەتىرلەر چېچىلغان، خۇش پۇراق ئىسرىقلار يېقىلغان، سورۇنغا ئاقىل، زېرەك، چېچەن، گۈزەل ئەخلاقلىق دوست ـ يارەنلەر يىغىلغان بولۇشى كېرەك. شەيخ ئۆمەر هەييام مەزكۇر شەرتلەرنى تۆۋەندىكى رۇبائىيدا ئومۇملاشتۇرۇپ بايان قىلغان:

شاراب ئىچسەڭ ئاقىللار بىلەن ئىچ، گۈل يۈزلۈك خۇشخۇي سەنەم بىلەن ئىچ، كۆپ ئىچمە، قايتۇرما، ئايان قىلما، ئاز ئىچ، بەزى ـ بەزى ئىچ، پىنهان ئىچ.

شاراب مەزكۇر شەرتلەرگە رىئايە قىلىنغان هالدا ئىچىلسە بەدەننى ساغلاملاشتۇرىدۇ ۋە قىزىتىدۇ، قۇۋۋەتلەيدۇ، سەمرىتىدۇ، تەپەككۇر، ئەس ـ هوش، ئەقىل، سەزگۈلەر ۋە ئەخلاقلارنى ئېسىل، پاك قىلىدۇ. باتۇرلۇق، سېخىيلىق، خۇشاللىق ۋە تېتىكلىككە سەۋەب بولىدۇ. بېخىللىق، بۇزۇق گۇمانلار، ناچار خىياللار ۋە مالىخولىيا، ساراڭلىق، ئۆزىگە سۆزلەشكە ئوخشاش مېڭە مەنبەلىك كېسەللىكلەرنى يوقىتىدۇ. رەڭگىرويىنى چىرايلىق، سۈزۈك قىلىدۇ. مېڭە، يۈرەك، جىگەر، ئاشقازان ۋە ئەسلىي ئەزالارنى قۇۋۋەتلەيدۇ. هەزىمنى ياخشىلايدۇ، ئىشتىهانى ئېچىپ ئوزۇقلۇقنى ماسارىقا تومۇرغا يەتكۈزىدۇ. جىگەر هەزىمىنىمۇ كۈچەيتىدۇ. كەيمۇسنى چوڭ تومۇرلارغا يەتكۈزىدۇ، كېرەكسىز ماددىلارنى تارقىتىپ قويۇقىنى چوڭ تەرەت بىلەن، سۇيۇقىنى سۈيدۈك بىلەن، ئۇچۇچانراقىنى تەر، بۇس بىلەن، سەپرانى سۈيدۈك ۋە تەر بىلەن، بەلغەم بىلەن سەۋدانى چوڭ تەرەت بىلەن چىقىرىدۇ. توسالغۇلارنى ئاچىدۇ. بەلغەمدىن بولغان كۆز ئاغرىقى، ئىت ئىشتىها كېسەللىكىگە پايدا

قىلىدۇ، زەھەرلەرنىڭ زەرەرىنى قايتۇرىدۇ. قورساقتىكى زەرداب سۇنى يوقىتىدۇ. بەدەننىڭ سۇسلىقىنى ئالىدۇ، قېرىشنى كېچىكتۈرىدۇ. بۇلغانغان ھاۋا ۋە ئۇنىڭ ئوخشاشلىرىنى ئىسلاھ قىلىدۇ. ئۇ ئالما سۈيى، مايسىز گۆش سۈيى بىلەن 100 مىللىلىتىر ئىچىلسە بىھوشلۇقنى ئالىدۇ، سىناقتىن ئۆتكەن. زىماتلار ۋە مەلھەملەرگە قوشۇلسا ماددىلارنى تارقىتىدۇ، دورىلارنىڭ قۇۋۋىتىنى ئەزالارغا يەتكۈزىدۇ.

ئومۇمەن، ئۇنىڭ كۆپ مىزاجلارغا بولغان دۇنيالىق جىسمانىي قىسمەن پايدىسى قۇرئان كەرىمنىڭ شاراب ۋە قىمار ھەققىدە «ئۇلاردا كىشىلەرگە پايدىلار باردۇر» دېگەن ئوچۇق بايانى بىلەن ئوتتۇرىغا قويۇلغان، ئەمما ئۇنىڭ ئەقىلنى يوشۇرۇش، ياخشى - يامانني پەرقلەندۈرۈشتىن توسۇش، ھاياسىز قىلىش، كۆپ گۇناھ ئىشلار ۋە قەبىھ قىلمىشلارغا سەۋەب بولۇشتىن ئىبارەت ئاخىرەتلىك، دۇنيالىق گۇناھلىرى ۋە زىيانلىرىنى ئېيتىپ تۈگەتكىلى بولمايدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن مەزكۇر ئۇلۇغ ئايەتنىڭ ئوتتۇرىسىدا «ئۇلارنىڭ گۇناھى پايدىسىدىن كۆپرەكتۇر» دېيىلگەن. يەنە بىر ئايەتتە ئۇ قەبىھ گۇناھ بولۇپ شەيتاننىڭ قىلمىشىدىندۇر دەپ كۆرسىتىلگەن. جانابىي پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئۇنى «يامانلىقلارنىڭ ئانىسى» دېگەن. يامانلىقى ۋە زەرەرى شۇنچىلىك بايان قىلىنسا بولار.

ھۆكۈمالار ئۇنىڭ ئىستېمال مىقدارى ھەققىدە كۆپ ئىختىلاپلار قىلىشقان، ھەتتا ئومۇمىي ئىچىش مىقدارىنى بىر لىتىر 800 مىللىلىتىرغا يەتكۈزۈشكە بولىدىغانلىقىنى، 120 مىللىگىرامدىن ئىچىش لازىملىقىنى ئېيتىشقان. جالىنۇس، ئەبۇ ئەلى ئىبن سىنا ئۇنىڭ مىقدارىنى مىزاجنىڭ ئوخشىماسلىقىغا قاراپ پەرقلەندۈرۈش لازىملىقىنى ئېيتقان. ئىسسىق مىزاجلىقلار زىيادە روھلىنىپ ۋە خۇرسەن بولۇپ خۇدنى بىلمىگۈدەك دەرىجىدە ئەمەس، بەلكى تائامنى سىڭدۈرۈپ ئۇسسۇزلۇقنى قاندۇرغۇدەك مىقداردا ئىچسە بولىدىكەن. مۆتىدىل مىزاجلىقلار، سوغۇق مىزاجلىقلار ئۇنىڭ ئېقى، سۇيۇقى، سېرىقى، قىزىلى ۋە ئارىلاشمىسىدىن خۇرسەن قىلغۇدەك مىقداردا ئىچسە بولىدىكەن. بەدىنى كۈچلۈكلەر ۋە بەدىنىدە قويۇق خىلىت بارلار ساپ شارابتىن خۇرسەن قىلغۇدەك، ئېغىرلاشتۇرۇپ ئۇيقۇ كەلتۈرگۈدەك مىقداردا ئىچسە بولىدىكەن.

شاراب ئىچكەندە مەست بولۇشنىڭ سەۋەبى مېڭىگە شارابتىن دەسلەپتە ئۆرلىگەن بۇخارات تارقىماي تۇرۇپ ئارقىمۇ ئارقا بۇخارات ئۆرلەش بىلەن سەزگۈلەرنىڭ ئۆزگىرىشىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن مېڭىسى ھۆل كىشىلەر تېز مەست بولىدۇ. مېڭىسى قۇرۇق كىشىلەر ئۇزۇندا مەست بولىدۇ، بۇ بۇخاراتلارنىڭ كېيىنكى كىشىلەردە ئاۋۋالقى كىشىلەرگە قارىغاندا تېزرەك تارقىغانلىقى ئۈچۈندۇر. شاراب ئىچكەندىن كېيىن خۇرسەن بولۇش ۋە روھلىنىش روھى ھايۋانىينىڭ ئىچىدىن سىرتىغا قاراپ تەدرىجىي كېڭەيگەنلىكى ۋە قوزغالغانلىقى ئۈچۈندۇر. مەيخورلارنىڭ باتۇر، سېخىي ۋە ئىدراكىنىڭ ياخشى بولۇپ

قىلىشىمۇ شۇنىڭ ئۇچۇندۇر.

بىلگىنكى، ھەممە مىزاجدا شاراب غالىب خىلىتنى قوزغاتقۇچى ۋە شۇنىڭغا ماس ئالامەتلەرنى پەيدا قىلغۇچىدۇر. مەسىلەن: بەدىنىدە قويۇق خىلىت بار كىشىلەردە زېرىكىش تۇيغۇسى پەيدا قىلىدۇ، يىغلىتىدۇ. بەدىنىدە ئۇچۇچان خىلىت بار كىشىلەرنى كۈلدۈرىدۇ، خۇرسەن قىلىدۇ. بەدىنىدە ئىسسىق خىلىت بارلارنى غەزەپلەندۈرىدۇ، قارىلاشتۇرىدۇ. بەدىنىدە ھۆل سوغۇق ياكى قۇرۇق سوغۇق خىلىت بارلارنى جىمغۇرلاشتۇرىدۇ، ئۇخلىتىدۇ، قورقۇنچاق قىلىدۇ.

ئومۇمەن، ئۇ ھەقتە تەپەككۇر يۈرگۈزۈلسە پايدىسىدىن زەرەرىنىڭ كۆپ ئىكەنلىكى ئايان بولىدۇ. چۈنكى ئۇ تۇيۇقسىز ئۆلۈم، بوغما كېسەل، تۇتقاق كېسەل، سەكتە، پالەچ، لەقۋا، رەئشە، مېڭە پەردىسى ياللۇغى، ساراڭلىق ۋە ئۇنىڭغا ئوخشاش مېڭە كېسەللىكلىرىنى پەيدا قىلىدۇ. نەپسانىي، روھىي ۋە تەبىئىي قۇۋۋەتلەرنى ۋە نېرۋىلارنى ئاجىزلاشتۇرىدۇ، كۆز ئاغرىقى، قۇلاق كېسەللىكلىرى، دىماق، ئىغىز، تىل، چىش كېسەللىكلىرى، زىققە نەپەس، خەفەقانغا پەيدا قىلىدۇ، ھەزىمنى بۇزىدۇ، قانلىق ئىچ سۈرۈش، جىگەر ئىششىقى، تال ئىششىقى، ئىلاجسىز ئىستىسقاغا سەۋەب بولىدۇ. جىما شەھۋىتىنى كاردىن چىقىرىدۇ. خەتەرلىك ئىششىقلار، يەلدىن بولغان يارا، تاشمىلار، مۇرەككەپ ۋە كۆيدۈرگۈچى تەپلەرنى پەيدا قىلىدۇ، ھۇشسىزلاندۇرىدۇ، بۆرەك، دوۋساقتا تاش پەيدا قىلىدۇ. سۈيدۈكنى ئېچىشتۇرۇپ كەلتۈرىدۇ ۋە باشقا كېسەللىكلەرگە سەۋەب بولىدۇ.

ئۇنىڭ زەرەرلىرىنىڭ ئىچىدە داۋالاش ئاسان بولغىنى مەستلىك بولۇپ، نەپەسنىڭ ئېگىز - پەسلىكى، نەپەس قىستاش، پۇت - قوللارنىڭ سوۋۇشى، قىزىشى، توڭۇپ تىترەش، ھۆ بولۇش، بەدەن ئاغرىش، باش ئېغىرلىشىش، بىئارام بولۇش، ئۇيقۇ قالايمىقانلىشىش، قورقۇنچلۇق ئالامەتلەرنىڭ پەيدا بولۇشى قاتارلىقلار بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. ئۇنىڭ مەست قىلىشتىن باشقا جىسمانىي زەرەرلىرىنىڭ كۆپ قىسمى ئىلاج قوبۇل قىلمايدۇ.

شاراب ئىچكۈچىلەر ئۇنى بىراقلا تاشلىسا يامان كېسەللىكلەر ۋە سەۋدا خاراكتېرلىك كېسەللىكلەرنى پەيدا قىلىدۇ، ھەزىمنى زەئىپلەشتۈرىدۇ، ئاشقازان ۋە ئۈچەي مەنبەلىك ئىچ سۈرۈشنى پەيدا قىلىدۇ.

مەستلىكنى يېشىشنىڭ تەدبىرى ئۇزۇن ئۇخلىتىش، پۇت - قوللىرىنى ئۇۋۇلاش، مۇنچىغا چۈشۈرۈش، بېشىغا ئىلمان سۇ تۆكۈش، مۇنچىدىن چىقىرىپ ئارام ئېلىشقا بۇيرۇش قاتارلىقلاردۇر. بۇ تەدبىرلەر بىلەن مەستلىك يېشىلسە تېخى ياخشى، يېشىلمىسە يەنە مۇنچىغا چۈشۈرۈلىدۇ، ئۇخلىتىلىدۇ. باش ئاغرىش، ھۆ بولۇش، قۇسۇشقا ئوخشاش بەزى ئالامەتلەر بولسا سىركەنجۇبىل ۋە ئىلمان سۇ بىلەن تەكرار قەي قىلدۇرۇلىدۇ، ئارقىدىن ئانار شەربىتى، بېھى شەربىتى ۋە رىباس شەربىتى بەش گىرام تىينى نىشاپۇرىي بىلەن

ئىچۈرۈلىدۇ. تائام يېمەكچى بولسا، توخۇ چۈجىسىنىڭ شورپىسى، يالپۇز قوشۇلغان غورا سۈيى ئىچۈرۈلىدۇ. باش ئاغرىقى پەسەيگەندىن كېيىن پېشانىسى ۋە يۈزلىرى قىزىق بولسا سوغۇق مەلھەملەر سۈرکىلىدۇ. مەستلىكنى يېشىدىغان نەرسىلەر قار - مۇزنى ئېرىتىپ سوۋۇتۇلغان گۈلاب، ئىزخىر چېچىكى، مائۇلجەبىن، چۈچۈمەل، قىرتاق مېۋە قىياملىرىدۇر.

بىلگىنكى، بەك ئىسسىق شاراب زەرەر قىلىدىغان بولۇپ هالاك قىلغۇچىدۇر. كۆپ قىسىم شارابخور خىرىستىيانلار بەك ئۆتكۈر شارابنى ئىچىشنى رەت قىلىدۇ. ئۇلار «كىشىلەر ئۆتكۈر شاراب ئىچىشنى داۋاملاشتۇرىدىغان بولسا، ئۇلارغا هېچبىر ۋابا ياكى تائۇن كېسەللىكى لازىم ئەمەسدۇر، بەلكى ئۇلار ئۆزلۈكىدىن هالاك بولۇشىدۇ» دەيدۇ. خىرىستىيانلارنىڭ شاراب ئىچىشى ئەقلگە مۇۋاپىقتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن شاراب ئۇلارغا پايدا قىلىدۇ.

## خەمىر
(خېمىرتۇرۇچ)

ئۇ ئەرەبچە «ئەجىين» (خېمىر)، پارسچە «خېمىيرى تۇرۇش» (چۈچۈمەل خېمىر)، «خېمىر مايە»، هىندىچە «ماۋا» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماهىيىتى:** ئۇ بۇغداي ئۇنى، كۈنجۈت يېغى، زەيتۇن يېغى، كالا يېغى، قوي يېغى، ئۆچكە يېغى، بوغا يېغى، سۈت، قېتىق سۈيى قاتارلىقلارنىڭ قايسىسى تېپىلسا شۇنىڭ بىلەن يۇغۇرۇپ ئېچىغۇچە ۋە چىرىگۈچە تۇرغۇزۇپ تەييارلانغان خېمىردىن ئىبارەت بولۇپ، ئۆرلىشى ۋە پىتىر هالىتىدە تۇرماسلىقى ئۈچۈن نان خېمىرىغا ئاز مىقداردا قوشۇلىدۇ.

**تەبىئىتى:** مۇرەككەپ قۇۋۋەتلەرگە ئىگە، ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ئۇچۇچانلاشتۇرغۇچى، جۇلا بەرگۈچى، تارقاتقۇچى، ماددىنى بەدەننىڭ چوڭقۇر قىسىمىدىن تارتىپ چىقارغۇچىدۇر. تۇز بىلەن ئىشلىتىلسە سوغۇق ئىششىقلارنى، بولۇپمۇ تاپاننىڭ ئىششىقلىرىنى تارقاتقۇچى، ئاغرىقلىرىنى پەسەيتكۈچى، ماددىلارنى پىشۇرغۇچى، چىقانلارنى ئېغىز ئالدۇرغۇچى، چىش ئاغرىقىنى پەسەيتكۈچىدۇر. 150 مىللىلىتىر سۇغا 20 گىرام تۇزسىز خېمىرتۇرۇچ قوشۇپ ئېرىتىپ ئىككى گىرام تاباشىر، تاباشىر باراۋىرىدە شېكەر ۋە يېرىم گىرام زەپەر قوشۇپ ئىستېمال قىلىنسا خۇمارنى باسىدۇ، ئۇسسۇزلۇقنى قاندۇرىدۇ، تەپ ۋە ئەزالارنىڭ كۆيۈشۈشىنى پەسەيتىدۇ، سىناقتىن ئۆتكەن. ئۇنىڭغا 10 گىرام سىركە قوشۇلسا كۆيگەن سەپرادىن بولغان ئىچ سۈرۈشنى توختىتىدۇ. بىر هەسسە يالپۇز سۈيى، سالايە قىلىنغان بىر هەسسە قىچا (باشقا نۇسخىلاردا قىچا يېرىم هەسسە دېيىلگەن)، هەممىنىڭ ئۈچ هەسسىسىچىلىك مىقداردا خېمىرتۇرۇچ بىلەن بىرلىكتە هەممىسىنىڭ ئون هەسسىسىچىلىك سۇدا يېرىمى قالغۇچە

قايىنتىپ پىسەپلىرىنى سۈزۈۋېتىپ، يېرىم ھەسسە ھەسەل بىلەن قىيام قىلىپ ئىچسە سەبرە كۆچەيتەلمىگەن ھەزىمنى كۈچەيتىدۇ، ئاشقازاندىكى كۆيگەن خىلىتلار ۋە بەلغەم خىلىتىنى تازىلايدۇ، باھنى قۇۋۋەتلەيدۇ. ئۇ باھنى قۇۋۋەتلەيدىغان مەجۇنلەردىن كېيىنلا ئىستېمال قىلىنسا ناھايىتى تېز تەسىر قىلىدۇ. خېمىرتۇرۇچنى سۇ بىلەن ئېرىتىپ، ئۇنىڭ تۆتتىن بىرىچىلىك مىقداردا بىنەپشە يېغى قوشۇپ غار ـ غار قىلىسا گال ئىششىقىنى ياندۇرىدۇ. ئۇ خېنە، ياغ ۋە تۇز بىلەن زىمات قىلىنسا دورا كار قىلمىغان قاتتىق ئىششىقلارنى تارقىتىدۇ، سىناقتىن ئۆتكەن. خېمىرتۇرۇچنى سوقۇپ تاتلىق ئانار بىلەن ئارىلاشتۇرسا شارابنىڭ ئورنىنى باسىدۇ، بۇ سىرلاردىن بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** كېسەللەنگەن كۆكرەككە زەرەر قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** كەتىرا.

**ئىستېمال مىقدارى:** 54 گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

## پەسىل: «خ» (خۇۋائ) ۋە «ن» (نۇن) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى

## خۇنسا

(خۇنسا ئوتى)

ئۇ سۇريانچە سۆز بولۇپ، ماراكەش خەلقى «بەزۋاق» دەپ ئاتايدۇ.

**ماھىيىتى:** بىر خىل ئۆسۈملۈك بولۇپ، پارسچە «سەرىش» دەپ ئاتىلىدىغان «ئەشىراس» ئۆسۈملۈكىگە ئوخشايدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇ ئۇنىڭ بىر تۈرى ئىكەن. يۇسۇف باغدادىي «ئۇنى ئەشراس ئۆسۈملۈكىنىڭ يىلتىزى دېگەنلەر خاتالاشقان بولىدۇ، بەلكى ئۇ باشقا دورىدۇر» دېگەن. ئۇنىڭ يوپۇرمىقى كۈدە يوپۇرمىقىغا ئوخشاش، ئۇنىڭدىن يۇمرانراق بولىدۇ. غولى غولاچ ئېگىزلىكىدە بولۇپ يۇمشاق بولىدۇ، ئۇچىدا بەللۇتقا ئوخشايدىغان ئاق گۈل ئېچىلىدۇ. يىلتىزى يۇمىلاق، سىلىق، ئۇزۇنچاق بولۇپ، سەۋسەنى ئازادنىڭ يىلتىزىغا ئوخشاش، ئۇنىڭدىن چوڭراق، تەمى ئۆتكۈر بولىدۇ. ئۇرۇقى پىياز ئۇرۇقىغا ئوخشاش غوزەك ئىچىدە بولىدۇ. قۇۋۋىتى تۆت يىلغىچە تۇرىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىنىڭ ئاخىرىدا قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** قىزىتقۇچىدۇر، ئۆتكۈرلۈككە، قۇرۇتقۇچى، تارقاتقۇچى ۋە ئۇچۇچانلاشتۇرغۇچى قۇۋۋەتكە ئىگىدۇر. سۇنۇقنى تۇتتۇرىدۇ. يەللەرنى، ئۇرۇقدان ئىششىقلىرىنى تارقىتىدۇ. تاشلارنى پارچىلاپ چۈشۈرىدۇ. ئىچكى يارىلارنى ساقايتىدۇ. ئۈچ گىرامى سۈيدۈك، ھەيزنى ھەيدەيدۇ. ئالتە گىرامى بىقىن ئاغرىقى، يۆتەلنى پەسەيتىدۇ،

مۇسكۇللارنى كۈچەيتىدۇ. گۈلى بىلەن مېۋىسى تەرەتنى بوشىتىدۇ. شاراب بىلەن ئىشلىتىلسە چايان ۋە مىڭئاياغ چېقىۋالغاندىكى زەھەرنى قايتۇرىدۇ. ئۇنىڭ ھۆل غولى ئىستېمال قىلىنسا يەرقانغا داۋا بولىدۇ، بولۇپمۇ سىركە ۋە زەيتۇن يېغى بىلەن پىشۇرۇلغان بولسا ئۇنۇمى تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ. سۈيى توخۇ توخۇمىنىڭ ئېقى بىلەن ئىشلىتىلسە ئوت كۆيۈك يارىسىنى ساقايتىدۇ، گۈڭگۈرت بىلەن ئىشلىتىلسە كالا تەمرەتكىسىگە پايدا قىلىدۇ. تۇرمۇس ئۇنى بىلەن داۋاملىق ئىشلىتىلسە بەدەننىڭ قىچىشىشىنى پەسەيتىدۇ. يىلتىزىنىڭ تەسىرى ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ تەسىرلىرىدىن ياخشىراق بولىدۇ.

كۆز كېسەللىكلىرى: ئۇنىڭ يىغىسىنى سوقۇپ، سۈيىنى چىقىرىپ كونا تاتلىق ۋە ئاچچىق شاراب، زەپەر بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ قاينىتىپ كۆزگە سۈركەپ بەرسە كۆزنىڭ ھۆللۈكلىرىنى قۇرۇتىدۇ، قاپاق گىرۋەكلىرىنىڭ قىزىرىپ ئاغرىشى ۋە قاپاقنىڭ كۆيۈشۈشىگە پايدا قىلىدۇ.

قۇلاق كېسەللىكلىرى: يىغىسىنىڭ سۈيى يالغۇز ياكى كۈندۈر، ھەسەل، شاراب ۋە مۇرمەككى بىلەن بىرلىكتە قۇلاققا ئىلمان ھالەتتە تېمىتىلسا يىرىڭنى تازىلايدۇ.

ئېغىز كېسەللىكلىرى: قارشى تەرەپتىكى قۇلاققا تېمىتىلسا ئاغرىغان چىشنىڭ ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ. شۇنداقلا ئۇ زەيتۇن يېغى بىلەن قاينىتىلىپ قارشى تەرەپتىكى قۇلاققا ئىلمان تېمىتىلسىمۇ ئاغرىۋاتقان چىشنىڭ ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ. ئۇنىڭ يىلتىزىنىڭ ئىچىنى بوشىتىپ ئىچىگە زەيتۇن يېغى قۇيۇپ، ئوتتا قويۇپ قاينىغاندىن كېيىن مەزكۇر ياغ قۇلاققا ئىلمان ھالەتتە تېمىتىلسا ئاغرىقنى پەسەيتىدۇ، يېنىكلەشتۈرىدۇ. ئۇنى مەلھەم قىلىپ پۇت - قوللارنىڭ سوغۇقتىن يېرىلىشى ۋە ئوت كۆيۈك يارىسىغا سۈرۈپ بەرسە ساقايتىدۇ. ئۇ يالغۇز ھالدا ئاغرىۋاتقان ئېزىق چىشقا چىپىلسا ئاغرىقنى پەسەيتىدۇ. ئۇنى ھەسەل بىلەن زىمات قىلىپ ئىستىسقا بىمارىنىڭ قورسىقىغا چىپىپ بەرسە پايدا قىلىدۇ. ئۇنىڭ شاراب لېيى بىلەن قاينىتىلغىنى زىمات قىلىنسا يامان يارىلارغا پايدا قىلىدۇ، ئەمچەك، ئۇرۇقدان ئىششىقلىرىنى ياندۇرىدۇ. يارىلار، چىقانلارغا پايدا قىلىدۇ. شاراب بىلەن زىمات قىلىنسا دەسلەپكى مەزگىلدىكى ئىسسىقتىن بولغان يامان ئىششىققا پايدا قىلىدۇ. ئۇنى كۆيدۈرۈپ بەزى ياغلار بىلەن مەلھەم قىلىپ، دائىرىلىك چاچ چۈشكەن ئورۇننى يۇڭ رەخت بىلەن ياخشى ئۇۋۇلىغاندىن كېيىن سۈركەپ بەرسە چاچ ئۈندۈرىدۇ. ئاق بەھەقنى يىرىك رەخت بىلەن ئۇۋۇلىغاندىن كېيىن ئاپتاپتا سۈركەپ بەرسە ساقايتىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** بۆرەككە زەرەر قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** مەستىكى.

**ئورۇنباسارى:** 10 گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

**ئورۇنباسارى:** باھنى قۇۋۋەتلەش ئۈچۈن شاقاقۇل، زەھەر قايتۇرۇش ئۈچۈن ياۋا پىياز.

## خەندەرۇس

(سۇپۇرگە قوناق)

ئۇ «خالاۋەن» مۇ دېيىلىدۇ. پارسچە «زۇررەئى مەككە» (مەككە قونىقى)، ئەرەبچە «ھىنتەئى رۇمىييە» (رىم قونىقى)، تەنەنكابۇندا «گەندۇمى مەككە» (مەككە قونىقى) دەپ، ھىندىچە «جەۋار» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيتى:** بىر خىل ئۆسۈملۈكنىڭ مېۋىسى بولۇپ، باشاق ئىچىدە بولىدۇ، دانلىرى بىر - بىرىگە تۇتاشقان ھالەتتە بولىدۇ، ھەر خىل رەڭلەردە بولىدىغان بولۇپ، سېرىق، قىزىل ۋە ئاق بولىدۇ. ئېقى كۆپ ئۇچرايدىغان بولۇپ، دانلىرى تېرىق دانلىرى چوڭلۇقىدا، ئۇنىڭدىن چوڭراق بولىدۇ. خام ۋاقتىدا قىرتاق بولۇپ، پىشقاندىن كېيىن تاتلىقلىشىدۇ، پىشۇرۇپ ئىستېمال قىلىنىدۇ. ئۇن تارتىپ نان يېقىپ ئىستېمال قىلىنىدۇ، نېنى ئىسسىق يېيىلسە تاتلىق ۋە مەززىلىك بولىدۇ. ئۆسۈملۈكى قومۇش، شېكەر قومۇشى ۋە چوڭ قوناق ئۆسۈملۈكىگە ئوخشايدۇ.

**تەبىئىتى:** ئىسسىققا مايىل، ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق. ئېيتىشلارغا قارىغاندا ئىسسىق - سوغۇقلۇقى مۆتىدىل ئىكەن.

**خۇسۇسىيتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** بەلغەم ۋە ئۇيۇغان قاننى تارقاتقۇچى، تەرەتنى قاتۇرغۇچىدۇر. تەستە ھەزىم بولىدۇ، شىلىمشىق بولۇپ قورساقنى كۆپتۈرىدۇ. غىزالىقى يۇقىرى بولۇپ، ئۇنىڭ بىلەن ئوزۇقلاندۇرۇلسا سىل، ئىچ سۇرۇشكە پايدا قىلىدۇ. غىزالىقى گۇرۇچتىن ئارتۇقراق، بۇغدايدىن كەمرەكتۇر. ئۇنى سىركە بىلەن پىشۇرۇپ زىمات قىلسا يارىلاشقان قوتۇر، پۇت - قوللار يېرىلىش، تىرناق يېرىلىشقا پايدا قىلىدۇ. چاينالغىنى كۆز نۇرىنى زىيادە قىلىدۇ، زەھەرلىك ھاشاراتنىڭ زەھىرىنى قايتۇرىدۇ. قايناتمىسى بىلەن ھۆقنە قىلسا ئۇچەي يارىسىنى ساقايتىدۇ.

**ئورۇنباسارى:** قوناق.

## خەندىيقۇن

(ياۋا شاراب)

ئۇ «خەندەرىيۇن» مۇ دېيىلىدۇ.

**ماھىيتى:** ئۇ بىر خىل شاراب بولۇپ، شاراب ۋە دورىلاردىن تەييارلىنىدۇ. ئۇ پارس تېۋىپلىرىنىڭ ئىجادىيەتلىرىدىندۇر. مەنىسى ياۋا شاراب دېگەن بولىدۇ. ئۇ يۇنانلىقلارغا

يېتىپ بارمىغان، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ئۇلارنىڭ كىتابلىرىدا بايان قىلىنمايدۇ. ئۇنىڭ نۇسخىلىرى ناھايىتى كۆپ ۋە ھەر خىل بولۇپ، قارابادىندا بايان قىلىندى.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە ئىسسىق، ئىككىنچى دەرىجىنىڭ ئاخىرىدا قۇرۇقتۇر.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ياخشى قان پەيدا قىلغۇچى، ھەزىمنى ياخشىلىغۇچى، جىگەر، ئاشقازان، تال تومۇرلارنى ئاچقۇچى، بەدەننى قىزارتقۇچى، ياغلىرى بەدەننى سەمىرتكۈچى، ساقىيىشى تەس كېسەللىكلەرنى ساقايتقۇچى، تۆت كۈندە بىر تۇتىدىغان تەپنى پەسەيتكۈچىدۇر. كۈچلۈك تەرياق لازىم بولسا، ئۇنىڭغا مەلۇم مىقداردا سوۋۇغان پادىزەھىرى ھايۋانى قوشۇلسا بولىدۇ.

## خەندەرىيلى

(خەندەرىلى ئۆسۈملۈكى)

ئۇ «يەئفىيد» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** ياۋا كاسىنىنىڭ بىر تۈرى بولۇپ، ئۇنىڭغا ئوخشايدۇ. ناھايىتى ئاچچىق بولىدۇ. غولى ۋە يىلتىزى ئۇنىڭدىن ئىنچىكىرەك بولىدۇ. گۈلى قىزىلغا مايىل سېرىق بولىدۇ. شاخلىرىنىڭ ئۇچىدا باقىلە چوڭلۇقىدا مەستىكىگە ئوخشاش ناھايىتى چاپلاشقاق يېلىم پەيدا بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۆسۈملۈكىنىڭ قۇۋۋىتى بىر يىلغىچە، يېلىمىنىڭ قۇۋۋىتى يەتتە يىلغىچە تۇرىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئاچچىقلىقى سەۋەبىدىن ياۋا كاسىنىدىن بەكرەك قۇرۇتقۇچىدۇر.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** گىرامى شاراب بىلەن ئىستېمال قىلىنسا ھەم زىماد قىلىنسا ئەفئا يىلىنىنىڭ زەھىرىنى قايتۇرىدۇ. شاراب بىلەن قاينىتىپ چىقىرىلغان سۈيى ئىچ سۈرۈشنى توختىتىدۇ. يوپۇرمىقىنىڭ سۈيىنى سۈركەپ بەرسە بوۋاسىرنىڭ قېنىنى توختىتىدۇ. ئۇنىڭ ئۆسۈملۈكىنى يىلتىزى بىلەن قومۇرۇپ ئېلىپ ھەممىسىنى سوقۇپ ھەسەل بىلەن قۇرس قىلىپ توغرىغۇ سۈيى بىلەن مەلھەم قىلىپ چاپسا بەھەقكە پايدا قىلىدۇ.

يېلىمى ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق بولۇپ، تومۇرلارنى ئاچىدۇ، تاشلارنى پارچىلاپ چۈشۈرىدۇ، يەللەرنى تارقىتىدۇ. ئۇ كاسىنە سۈيى بىلەن بىرلىكتە كۆزگە تېمىتىلسا كۆزدىكى پەردىنى يوقىتىدۇ. كىرپىككە سۈركەپ بەرسە تەتۈر كىرپىكنى چۈشۈرىدۇ. يارىلارغا سۈركەپ بەرسە ئارتۇق گۆشلىرىنى يوقىتىدۇ. ئۇ مۇرمەككى بىلەن پەرزىجە قىلىنسا، يەنى ئۇنى رەختكە سۈرۈپ، زەيتۇن چوڭلۇقىدا ھەمەلچە ياساپ جىنسىي يولغا قويسا ھەيزنى ماڭدۇرىدۇ، ھامىلىنى چۈشۈرىدۇ. يىلتىزىدىن ئالتە گىرام ئېلىپ شاراب

بىلەن ئىستېمال قىلسا چايانىنىڭ زەھىرىنى قايتۇرىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** ئۈچەينى زەخىملەيدۇ، يارىلاندۇرىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** نىشاستە.

**ئىستېمال مىقدارى:** يېرىم گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

## خىنزىير

(چوشقا)

ئۇ پارسچە «خوك»، تۈركچە «زونقۇز»، ھىندىچە «بەراھ»، «سور»، فىرانسۇزچە «كەرنىيكول» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** ئۇ تونۇشلۇق ھايۋان بولۇپ، ناھايىتى مەينەت، كۆرۈمسىز كېلىدۇ، مەينەت نەرسىلەرنى يەيدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇنىڭ گۆشى ياۋايى ھايۋانلارنىڭ گۆشلىرىنىڭ ئەڭ مۆتىدىلى ئىكەن، ئەمما بۇ گەپنىڭ ئاساسى يوق. تەمى تاتلىق، ئادەم گۆشىدىن پەرقلەنمەيدۇ. مۇسۇلمان بولمىغان جامائەلەرنىڭ كۆپ قىسمى ئۇنىڭ گۆشىنى يەيدۇ. ئىسلام نۇرى ئاشكارا بولۇشتىن بۇرۇن ئۇنىڭ گۆشى بازارلاردا سېتىلاتتى، شۇنىڭدىن كېيىن ئىسلام مەزھىپىدە ئۇ ھارام قىلىنىپ سېتىش چەكلەنگەن ۋە توختىتىلغان.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىنىڭ ئاۋۋىلىدا ئىسسىق، ئۈچىنچى دەرىجىدە ھۆلدۇر.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** توسالغۇلارنى ئاچقۇچى، بەدەننى سەمرىتكۈچىدۇر. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، شىلىمشىق قويۇق خىلىت پەيدا قىلىدىكەن، ئاچ كۆز قىلىپ قويىدىكەن. سوزۇلما باش ئاغرىقى، پىل پۇت كېسەللىكى، بوغۇم ئاغرىقلىرى پەيدا قىلىدىكەن، ئەقىلنى، ئاشقازاننى بۇزىدىكەن، ئادەمگەرچىلىك، ۋىجدان ۋە غەيرەتنى يوقىتىدىكەن، ئايال مىجەز قىلىدىكەن. تۈزەتكۈچىسى نىجىسنى نىجىسراقى بىلەن ئىلاج قىلىش قائىدىسى بويىچە شارابتۇر. يەنە شېكەر، قارا شېكەر ۋە ئۇنىڭ ئوخشاشلىرىدۇر. بەزىلەر ئىستېمال قىلغۇچىنىڭ يېشى، مىزاجى ۋە بەدىنىنىڭ ئاجىز ـ كۈچلۈكلۈكىگە قاراپ ئىستېمال قىلىنىدۇ دېگەن. ئەركىكىنىڭ قۇرۇق ئوشۇقىنىڭ سالايە قىلىنغىنىدىن 10 گىرام ئىستېمال قىلسا، زەھەرلىك ھاشارەتنىڭ زەھىرىنى قايتۇرىدۇ. ئۇ ھەسەل بىلەن مەلھەم قىلىنسا ئاقكېسەلگە پايدا قىلىدۇ، سىناقتىن ئۆتكەن دەپ قارىلىدۇ. ئۇنىڭ ئاقارغۇچە كۆيدۈرۈلگىنى ئۈچەيلەرنىڭ يېلىنى تارقىتىدۇ. كونا قورساق ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ. ياۋا چوشقىنىڭ سۆيدۈكى دوۋساقتىكى تاشنى چۈشۈرىدۇ. باشقا تەسىرى كالا سۆيدۈكىنىڭ تەسىرى بىلەن ئوخشاشتۇر. ئۇنىڭ قۇرۇتۇلغان پوقى سۇ ياكى شاراب بىلەن ئىشلىتىلسە قان تۈكۈرۈشكە داۋا بولىدۇ. بىقىن ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ. سىركە بىلەن زىمات

قىلىسا مۇسكۇللارنى چىڭىتىدۇ، موم ۋە ياغ بىلەن زىمات قىلىسا پەيلەرنىڭ تولغىنىشىغا پايدا قىلىدۇ. ئۆتى تېمىتىلىسا قولاق ۋە باشقا ئەزالارنىڭ يارىلىرىنى ساقايتىدۇ. بوۋاسىرنى يوقىتىدۇ. ھەسەل ۋە پىلپىل بىلەن زىمات قىلىسا تازىنىڭ بېشىغا چاچ ئۈندۈرىدۇ. ئۇنىڭ يېغى بىلەن ھۆقنە قىلىسا ئۈچەيلەرگە پايدا قىلىدۇ. زىمات قىلىسا بالىياتقۇ ئاغرىقى، مەقئەت ئاغرىقى، ئۇت كۆيۈك يارىسى، قىش ۋە قار سوغۇقىنىڭ زەربىسىگە پايدا قىلىدۇ. مەلۇم مەزگىل ئۆتكەن كونا يېغى تەرەتنى بوشىتىدۇ، قىزىتىدۇ. ئۇنىڭ يۈيۈلگىنى شاراب بىلەن ياكى كۆل ۋە ھاك بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ ئىشلىتىلسە ئىسسىقتىن بولغان ئىششىقلارنى تارقىتىدۇ، قوۋۇرغا ئارىلىق پەردىلىرىنىڭ ئىششىقىنى تارقىتىدۇ. جالىنۇستىن نەقىل قىلىنىشچە، ئۇنىڭ تۇزلانغان يېغى مۇمىيا بىلەن ئىشلىتىلسە قولاقنى يېنىكلەشتۈرىدىكەن، گەرچە تۇغما گاس بولسىمۇ مەنپەئەت قىلىدىكەن. تەشەننۇج بولغان ئەزانى ئۇنىڭ يېغى بىلەن ياغلىسا ساقايتىدۇ. شۇنداقلا چاشقان يارىسى ۋە قاپلىق يارىلارنىمۇ ساقايتىدۇ. ئۇنىڭ قېنىنىڭ ھەممە تەسىرلىرى ئادەم قېنىنىڭ تەسىرى بىلەن ئوخشاشتۇر. سۇرسە ئەمچەكنى كىچىكلىتىدۇ، ئۇنىڭدا ئۇيۇپ قالغان سۈت ۋە ئىششىقلارنى خۇسۇسىيىتى بىلەن تارقىتىدۇ. كۆيدۈرۈلگەن ئۇستىخىنى سىپىلسە بوۋاسىرغا پايدا قىلىدۇ. كۆيدۈرۈلگەن تۇيىقى ئىستېمال قىلىنسا سۈيدۈك تامچىلاپ كېلىشكە داۋا بولىدۇ. ئۇنىڭ زۆپتى بىلەن كۆيدۈرۈلگەن مويى گۈل يېغى بىلەن مەلھەم قىلىنسا ساقىيىشى تەس يارىلارنى قۇرۇتىدۇ. تېرىسى پاشىنى قاچۇرىدۇ.

## خۇنفەسائ
### (قوڭغۇز)

پارسچە «جۇئەل»، «خەرۇك»، ھىندىچە «كەھرۇلە» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** كىچىك قارا ھاشارات بولۇپ، تام تۈۋى، سۇپرەندىلەر، تېزەك قاتارلىقلارنىڭ ئارىسىدا پەيدا بولىدۇ. قاناتلىق، قاناتسىز، چوڭ، كىچىك، يەرلىك، ياۋىدىن ئىبارەت تۈرلىرى بولىدۇ. ياۋىسى يەرلىكىدىن چوڭراق بولىدۇ. ياۋىسىنىڭ قاناتلىقى يەرلىكىنىڭ قاناتسىزىدىن كۈچلۈكرەك بولىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** سۇغا بىر كېچە چىلاپ قويۇپ چىقىرىلغان سۈيى ئاشقازان ـ ئۈچەي ۋە جىگەردىكى خىلىتلارنى سۈرۈپ چىقىرىدۇ. ئىستىسقاغا پايدا قىلىدىغان بولۇپ، سىناقتىن ئۆتكەن دەپ قارىلىدۇ. يىرىپ چايان چېقىۋالغان ئورۇنغا تېڭىلسا زەھىرىنى قايتۇرىدۇ. قۇيرۇقىنى كەسكەن ۋە سىققاندا چىققان سۈيۈقلۇقى كۆزگە سۈركەپ بېرىلسە

كۆرۈش كۈچىنى ئاشۇرىدۇ، كۆز تورلىششقا پايدا قىلىدۇ. بولىسىپ (مەشھۇر تېۋىپ) نىڭ ئېيتىشىچە، ناۋاينىڭ تونۇرىدا بولىدىغان قوڭغۇزنى سالايە قىلىپ كۆزگە سۈركەپ بەرسە ئاغرىقنى پەسەيتىدىغان بولۇپ، سىناقتىن ئۆتكەن ئىكەن. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇنىڭ بېشىنىڭ ئارقىسىدىكى پەردىسى يۇلۇنغاندىن كېيىن ئەپيۇنگە ئوخشاش چىقىدىغان سۈيۈقلۇقنى سەدەپكە 15 مىللىلىتىر مىقداردا ئېلىپ زەكەر تۆشۈكى تومۇقىدا پىلتە ياساپ، پىلتىنى مەزكۇر سۈيۈقلۇققا مىلەپ زەكەر تۆشۈكىگە كىرگۈزۈپ قويسا، قالغان قىسمىنى دوۋسۇن، يىرىق، ئۇرۇقدان ۋە ئۇنىڭ ئەتراپلىرىغا سۈركىسە تۇتۇلغان سۈيدۈكنى شۇ هامان ئاچىدىكەن، سىناقتىن ئۆتكەن ئىكەن. ئۇنى كۆزگە سۈركىسە كۆز تورلىششقا پايدا قىلىدۇ، كۆزنىڭ قاراڭغۇلىششىنى يوقىتىدۇ. زىمات قىلسا پاچاقتىكى يارىلارنى ساقايتىدۇ. زەيتۇن يېغى بىلەن قاينىتىپ شۇ ياغنى قۇلاققا ئىلمان هالەتتە تېمىتسا ئاغرىقنى پەسەيتىدۇ. ئۇنى مەلھەم قىلىپ سۈركىسە چاشقان يارىسى ۋە بوۋاسىرنى ساقايتىدۇ.

ئۇنىڭ خاسىيەتلىرىدىن شۇلار باركى، ئۇنى قومۇشنىڭ ئىچىگە سېلىپ ئايالنىڭ يوتىسىغا باغلاپ قويسا تۇغۇتنى ئاسانلاشتۇرىدۇ. ئۇ قىزىلگۈلگە باغلانسا ياكى تۈۋىگە كۆمۈلسە قورۇلۇپ قۇرۇپ قالىدۇ. تېزەككە كۆمۈلسە تىرىلىدۇ ۋە چوڭ بولىدۇ. ئۇنىڭ بېشى كەپتەر ئۇۋىسىغا قويۇپ قويۇلسا كەپتەرلەرنىڭ ئۇۋىسىغا يىغىلىشىغا سەۋەب بولىدۇ. ئۇنىڭدىن يەتتە دانە تۇتۇپ قىزىل مىستىن ياسالغان قەلەيلەنمىگەن چىلاپچىنىڭ ئاستىغا قويۇپ قويسا، يامغۇرنىڭ يېغىشىغا ۋە هاۋانىڭ سوۋۇشىغا سەۋەب بولىدۇ. چىنار چېچىكى بىلەن ئىسرىق سېلىنسا ۋە ئۇنىڭ سۈيى سېپىلسە ئۇنى ئۆلتۈرىدۇ.

## خەنەكات يەزىدى
(تېرىق شارابى)

ئۇ تېرىق شارابىنىڭ بىر تۈرى بولۇپ، ھىندىچە «بوزە» دەپ ئاتىلىدۇ. قارابادىندا بايان قىلىندى.

## پەسىل: «خ» (خۇۋائ) ۋە «ۋ» (ۋاۋ) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى

### خەۋخ
(شاپتۇل)

ئۇ پارسچە «شەفتالۇ»، ھىندىچە «ئارو» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** تونۇشلۇق مېۋە بولۇپ، ئىككى خىل بولىدۇ. نېپىز، پوستى ئاق، قىزىل، كۆك ۋە سېرىق بولغان، تۈكلۈك، ئۇرۇقچىسى گۆشىدىن ئاسان ئاجرايدىغانلىرى «ھەلۇ» (يارما شاپتۇل) دەپ، باشقىلىرى «شەفتالۇ كاردى» (ئەش شاپتۇل، پىچاق شاپتۇلى) دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇنىڭ چوڭى سۇلۇق، سۈيى نازۇك بولۇپ، خۇددى ئۆيۈغان سۇدەك مەلۇم بولىدىغان، ئاچچىق، چۈچۈمەل بولماي ئېتى نازۇك، خۇش پۇراق بولغانلىرى ياخشىلىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇ يەنە سۇلۇق، سۇسىز دەپ ئايرىلىدۇ. ئۇنىڭ يوپۇرمىقى، گۈلى، يېلىمى ۋە ئۇرۇقچىسىدىن ئىبارەت ھەممە قىسىملىرى ئاچچىق بولىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە ھۆل سوغۇق، بەزىلەر بىرىنچى دەرىجىدە سوغۇق دېگەن، يارما شاپتۇلنىڭ ھۆل سوغۇقلۇقى ئەش شاپتۇلدىن ئارتۇقراق بولىدۇ.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** تەرەتنى بوشاتقۇچى، قۇرۇق بۇخاراتلارنىڭ ئۆرلىشىنى توسقۇچى، ئۇسسۇزلۇق ۋە قان، سەپرانىڭ قاينىشىنى پەسەيتكۈچىدۇر. مېڭىگە، سەۋدا مىزاجلىق كىشىلەرنىڭ بەدىنىگە ھۆللۈك يەتكۈزىدۇ. ساپ سەپرادىن ۋە قاندىن بولغان تەپلەرنى پەسەيتىدۇ. ئېغىزنىڭ پۇرىشىنى يوقىتىدۇ. ئىسسىق مىزاجلىق كىشىلەرنىڭ باھ قۇۋۋىتىنى ئاشۇرىدۇ، ئىشتىھانى ئاچىدۇ. ئۇنىڭ پىشقىنىنىڭ سۈيىنى بىر كېچە تۇرغۇزۇپ تېگىگە ئورنىغان دۇغ قىسمىنى ئايرىۋېتىپ، ئەتىگەندە سۈزۈك قىسمىدىن 200 مىللىلىتىر ئېلىپ شېكەر، تەرەنجىبىن ياكى شىرخىست ۋە ئۇنىڭ ئوخشاشلىرىدىن مۇۋاپىق مىقداردا قوشۇپ ئىستېمال قىلسا، سەپرادىن بولغان ئىچ سۈرۈشنى توختىتىدۇ. كۆيگەن ئىسسىق خىلتلارنى باسىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** ھۆل مىزاجلىق كىشىلەرنىڭ پەيلىرىگە زەرەر قىلىپ، تېز بۇزىدۇ. كونا تەپلەرگە بىر ئاي ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق ۋاقىت ئىستېمال قىلسا پايدا قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** ھەسەل، زەنجىۋىل مۇراببىاسى.

ئەش شاپتۇل تەسىرەك، ئۇزۇندىراق ھەزىم بولىدۇ. قورۇغۇچى ۋە يەل پەيدا قىلغۇچى، قولۇنجى پەيدا قىلغۇچىدۇر. بولۇپمۇ ئۇنىڭ خېمى ۋە ئاچچىقىنىڭ مەزكۇر تەسىرى كۈچلۈكتۇر. ئۇنىڭ قېقى قابىز، ناھايىتى تەس ھەزىم بولغۇچىدۇر، ئەمما ھەزىم بولسا بەدەننى كۆپ ئوزۇقلاندۇرىدۇ. كېرەكسىز ماددىلارنىڭ ئاشقازانغا قۇيۇلۇشىنى توسىدۇ. يوپۇرمىقىنىڭ سۈيىدىن 60 مىللىلىتىر ئىچسە، چېچەكنى شېكەر بىلەن ئىستېمال قىلىنسا ئاشقازاندىكى مەددە قۇرتنى ۋە قاپاق ئۇرۇقسىمان مەددىنى، كىندىككە چېپىلسا قورساقتىكى مەددە قۇرتنى چۈشۈرىدۇ. بەدەنگە ھاك سۈركىگەندىن كېيىن سۈركىسە پايدا قىلىدۇ. قېقى بەتبۇي پۇراقنى ئالىدۇ. چېچەكنى كاللەكسەي سۈيى بىلەن زىمات قىلىنسا سۆگەللەرنى چۈشۈرىدۇ. ئىبنى رىزۋاننىڭ ئوچۇق بايان قىلىشىچە، ئۇنىڭ چېچەكنىنىڭ يېرىم گىرامى تىرىك ھامىلىنى چۈشۈرىدىكەن.

ئۇرۇقچىسىنىڭ يېغى قۇلاق ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ، قۇلاقنى يېنىك قىلىدۇ، توسالغۇلىرىنى ئاچىدۇ. بوۋاسىر ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ. مېغىزى چايىنالسا چىشنىڭ قامىشىنى يوقىتىدۇ. ئۇرۇقچىسىنىڭ شاكىلىنى كۆيدۈرۈپ ئۈچ گىرامدىن ئىشلەتسە ئىچ سۈرۈشنى توختىتىدۇ، سىناقتىن ئۆتكەن. ئۇنىڭ ئۇرۇقچىسىنى ئوتقا تاشلاپ كۆيدۈرۈپ ئىچىدىكى مېغىزىنى چىقىرىپ سالايە قىلىپ، مۇدۇرلار، باللارنىڭ بەدىنى ۋە قولىقىنىڭ ئارقىسىغا چىققان قوتۇر ۋە مۇدۇرغا سۈركەپ بەرسە پايدا قىلىدۇ. ناھايىتى تېز تەسىر قىلىدىغان بولۇپ، سىناقتىن ئۆتكەن.

## خۇس

ئۇ ئەرەبچە سۆز بولۇپ، خورما دەرىخى يوپۇرمىقى، مۇقەل دەرىخى يوپۇرمىقى، نارجىل دەرىخى يوپۇرمىقى ۋە ئۇنىڭغا ئوخشاش ئۇزۇن، ئىنچىكە يوپۇرماقلارنى كۆرسىتىدۇ.

## خەۋلىنجان
(خولىنجان)

ئۇ «خىسرۇ دارۇ»، تۈركچە «قەرغات»، ھىندىچە «كەلىيجەن»، «كەلاجىن» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** بىر خىل يىلتىز بولۇپ، قارامتۇل قىزىل، بوغۇملۇق، تەمى، پۇرىقى ئۆتكۈر، لەززەتلىك بولىدۇ. تەتقىقاتلارغا قارىغاندا، ئۇ ھىندىچە «پان» دەپ ئاتىلىدىغان تەنبۇل دەرىخىنىڭ يىلتىزى ئىكەن. ئۇنىڭ دەرىخى ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرىدۇ. ھىندىستان ۋە بېنگال شەھەرلىرىدە ئۆسىدۇ. مەزكۇر يىلتىزنىڭ توم، بوغۇملۇق بولغانلىرى «قەسەبىي» (قومۇشسىمان) دەپ، ئىنچىكە، قاتتىق بولغانلىرى «ئەقارىبى» (چايانسىمان) دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ ئاۋۋالقىسىدىن ياخشىراق بولىدۇ. قۇۋۋىتى يەتتە يىلغىچە تۇرىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىنىڭ ئاخىرىدا قۇرۇق ئىسسىق، بەزىلەر ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق دېگەن.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ئاشقازان، ئىچكى ئەزالار، ھەزىم ۋە باھنى قۇۋۋەتلىگۈچى، يەل تارقاتقۇچى، سۈيدۈك تۇتقۇچىدۇر. باش ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ، بەلغەمدىن بولغان تۇتقاق كېسەلگە پايدا قىلىدۇ. ئاۋازنى ياخشىلايدۇ، ھۆل-لۆكتىن بولغان يۆتەلنى پەسەيتىدۇ، ئېغىزنىڭ سېسىق پۇرىقىنى يوقىتىپ خۇش پۇراق قىلىدۇ. بەلغەمدىن بولغان ئاغرىقلار ۋە بەل ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ. يەل تارقىتىدۇ، ئاچچىق كېكىرىشنى توختىتىدۇ. قولۇنجغا پايدا قىلىدۇ. بۆرەكنىڭ سوغۇقلۇقىنى ئالىدۇ، ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ. چاشقان يارىسى، راك كېسەللىكى، ئولتۇرغۇچ نېرۋا ئاغرىقىغا پايدا قىلىدۇ. ئۇنىڭدىن مۇۋاپىق چوڭلۇقتا ئېلىپ

تىل ئاستىدا ساقلىسا تىل بوشىشىقا مەنپەئەت قىلىدۇ، بالىلارنىڭ تىلى ۋە ئايىغىنى تېز چىقىرىدۇ. سالايە قىلىنغىنىدىن ئۈچ گىرام ئېلىپ، 30 مىللىلىتىر يېڭى سىغىلغان ئۆچكە سۈتى بىلەن ئىچسە، باھنى قوزغايدىغان بولۇپ، سىناقتىن ئۆتكەن. ئۇنى سۇ، زەيتۇن يېغى ياكى يەسمەن يېغى بىلەن مەلھەم قىلىپ سۈركەپ بەرسە داغ يوقىتىدۇ، سىناقتىن ئۆتكەن.

**زىيانلىق تەسىرى:** (1) يۈرەككە ۋە كۆكرەك پەردىسىگە زەرەر قىلىدۇ، باشنى ئاغرىتىدۇ. ئىسسىق مىزاجلىقلارنىڭ بېشىنى ئاغرىتىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** سەندەل، تاباشىر، سېمىز توخۇ شورپىسى، رۇمبەدىيان.

(2) سۈيدۈكنى تۇتىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** كەتىرا.

**ئىستېمال مىقدارى:** 5.5 گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

**ئورۇنباسارى:** دارچىن، كاۋاۋچىن.

خولىنجاننىڭ جاۋارىشى ۋە باشقا نۇسخىلىرى قارابادىندا بايان قىلىندى.

ئۇنىڭ ئەرقى ناھايىتى ئۈچۈچان، يەل تارقاتقۇچى بولۇپ، قالغان تەسىرلىرى ئۇنىڭ ئۆزىدىن سۇسراقتۇر. ئەرقىنى تارتىش ئۇسۇلى باشقا ئەرەقلەرنى تارتىش ئۇسۇلى بىلەن ئوخشاشتۇر.

## پەسىل: «خ» (خۇۋائ) ۋە «ي» (يائ) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى

### خىيار شەنبەر

بۇ سۆز پارسچە «خىيارى چەنبەر» دېگەن سۆزدىن ئەرەبچىلەشتۈرۈلگەندۇر. ھىندىچە «ئەمەلتاس»، «كەرمالە»، «كەۋالە»، «سىيال لاتىھى» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** ئۇ بىر خىل دەرەخنىڭ مېۋىسىدۇر. ئۇنىڭ دەرىخى ياڭاق چوڭلۇقىدا بولىدۇ. يوپۇرمىقى ياڭاق يوپۇرمىقىدىن كىچىكرەك، چۈرىسى ئۆتكۈر بولىدۇ. ياغىچى خاللىق بولىدۇ. گۈلى سېرىق بولۇپ، يەسمەن گۈلىگە ئوخشايدۇ. ئۇنىڭ مېۋىسى ئۇزۇنچاق بولۇپ، غولاچ ئۇزۇنلۇقىدا، باش بارماق توملۇقىدا، ئۇنىڭدىن تومراق بولىدۇ. ئىچىدە ياغاچلاشقان پەردىلىرى بار بولۇپ، ئۇنىڭدا قارا رەڭلىك، چاپلاشقان، ئۇيۇغان سۇيۇقلۇق بار بولۇپ، «ئەسەلى خىيارشەنبەر» (خىيارى شەنبەر ھەسىلى) دەپ، پەردىلىرى «فۇلۇسى خىيارى شەنبەر» دەپ ئاتىلىدۇ. پەردىلىرى ئارىسىدا سەل ياپىلاق، قارىغاي مېۋىسى شەكىللىك، سېرىققا مايىل ئاق ئۇرۇقى بولىدۇ. بۇ ئۇرۇقى ئىشلىتىلىدۇ، ئۇ تاتلىق، بەد مىزە، سەل

بەتبۇي بولىدۇ. ئۇنىڭ قارا، پارقىراق پوستى نېپىز، پىشقان، كۆچلۈك، ھەسلى كۆپ، تاتلىق، پۇراقسىز بولغانلىرى ياخشىلىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇنى ئىشلەتمەكچى بولغاندا ئۇتقا قاقلاپ سەل ئىسسىتىپ، ھەسلىنى ئاقتۇرۇۋېتىپ بادام يېغى بىلەن ياغلاپ خالىغان ئۇسۇل بويىچە ئىستېمال قىلسا بولىدۇ. چۈنكى ھەسلى كۆپ ئاقتۇرۇلسا ئۇنىڭ قۇۋۋىتى ئاجىزلاپ قالىدۇ.

**تەبىئىتى:** بىرىنچى دەرىجىدە ھۆل ئىسسىق، بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، ھۆللۈكى ۋە ئىسسىقلىقى مۆتىدىل ئىكەن.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ئۆپكىنى نەمدىگۈچى، تەرەتنى بوشاتقۇچى، قاننىڭ ئۆتكۈرلۈكىنى پەسەيتكۈچى، پەيلەرنى تازىلىغۇچى، ئېغىز، گال، ئىچكى ئەزالار ۋە باشقىلارنىڭ ئىسسىقتىن بولغان ئىششىقلىرىنى تارقاتقۇچىدۇر. يەڭگىل، زەرەرسىز سۈرگۈچى بولۇپ، ھەتتا ئاياللار ۋە كىچىك باللارغا ئىستېمال قىلدۇرۇشقىمۇ بولىدۇ. ئۇنىڭ ئىچىنى سۈرۈشى تارتىش كۈچى ۋە شىلىمشىقلىقى بىلەندۇر. ھەربىر خىلتنىڭ مۇناسىۋەتلىك دورىلىرى بىلەن ئىستېمال قىلسا شۇ خىلتنى سۈرىدۇ، ئەمما ئاستا تەسىر قىلىدۇ. تەمرىھىندى بىلەن ئىشلىتىلسە كۆيگەن سەپرانى سۈرىدۇ، تۇربۇت بىلەن ئىشلىتىلسە بەلغەمنى سۈرىدۇ. بىستىپايەج، كاسىنە سۈيى، سۆگەت يوپۇرمىقى سۈيى ۋە شاھتەرە سۈيى بىلەن ئىشلىتىلسە سەۋدانى سۈرىدۇ. ئاق لەيلى يىلتىزى لوئابى، بېھى ئۇرۇقى لوئابى، ئىسپىغول ئۇرۇقى لوئابىغا ئوخشاش لوئابلار ۋە بادام يېغى بىلەن ئىشلىتىلسە ئۈچەي توسالغۇلىرىنى ئاچىدۇ، قانلىق تولغاق، قورساق ئاغرىقىغا پايدا قىلىدۇ. مۇناسىۋەتلىك دورىلار، كاسىنە يوپۇرمىقى سۈيى، ئىتئۈزۈمى، ئەپتىمۇن ئۇرۇقى بىلەن ئىشلىتىلسە جىگەر توسالغۇلىرىنى ئاچىدۇ، ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ، يەرقان، ئىسسىقتىن بولغان تەپلەرگە پايدا قىلىدۇ. ئۇ ھۆل يۇمغاقسۈت سۈيى بىلەن غار - غار قىلىنسا ساقىيىشى تەس بولغان بوغما كېسەلنى ساقايتىدۇ. ئۆچكە سۈتى بىلەن غار - غار قىلىنسىمۇ شۇ تەسىرنى بېرىدۇ. ئەنجۈر سۈيى ۋە سۈت بىلەن ئىشلىتىلسە يارىلارنى ئېغىز ئالدۇرىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ ئاخىرقى مەزگىلدىكى ئىششىقلىرىنى قايتۇرىدۇ. ئۇ مەلھەم قىلىنسا، چوڭ - كىچىك بوغۇم ئاغرىقلىرىنى پەسەيتىدۇ، ئىششىقلارنى قايتۇرىدۇ، قاتتىق ئىششىقلارنى يۇمشىتىدۇ، بولۇپمۇ ئىتئۈزۈمى يوپۇرمىقى سۈيى بىلەن ئىشلىتىلسە ياخشى پايدا قىلىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:**

(1) ئاشقازانغا زىيان قىلىدۇ، كۆڭۈلنى ئاينىتىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** مەستىكى، رۇمبەدىيان.

(2) قورساقنى ئاغرىتىدۇ، ئۈچەيگە چاپلىشىۋالىدىغان بولغاچقا ئۇنى زەخمىلەيدۇ.

**تۇزەتكۈچىسى:** بادام يېغى بولۇپ، ئۇنىڭ بىلەن مايلاپ ئىستېمال قىلىنىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** 25 ~ 100 گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

**ئورۇنباسارى:** ئۈچ ھەسسە ئورۇقسىز قورۇق ئۈزۈم بىلەن ئاز مىقداردا تۇربۇت، يېرىم ھەسسە تەرەنجىبىن.

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇنىڭ ھەسىلى قايىنتىلسا قۇۋۋىتى ۋە ئۈچەيگە چاپلىشىش خۇسۇسىيىتى ئاشىدىكەن. ئۇنىڭ بىر يىل بولمىغان يېڭىسى ئىستېمال قىلىنسا قان سىيدۇرىدۇ.

ئۇنىڭ گۈلىنى قايىنتىپ ياغ بىلەن ئىستېمال قىلسا تەرەتنى بوشىتىدۇ. ئۇنىڭ گۈلبىنەپشە ۋە قىزىلگۈل مۇرابباسىغا ئوخشاش تەييارلانغان مۇرابباسى يەنى ئۇنىڭ گۈلقەنتىمۇ تەرەتنى بوشىتىدۇ. ئۇنىڭ يۇمران يوپۇرمىقىمۇ تەرەتنى بوشىتىدۇ. شۇنداقلا ئۇنىڭ خام مېۋىسىنى نېپىز توغراپ ياغ بىلەن پىشۇرغاندىن كېيىن سەل قورۇپ 50 ~ 100 گىرامغىچە ئىستېمال قىلسىمۇ تەرەتنى بوشىتىدۇ. ئۇنىڭ ئۇرۇقىدىن 5 ~ 7 دانىغىچە ئېلىپ سوقۇپ ئىستېمال قىلسا كۆچلۈك قۇستۇرىدۇ. قارا پوستىنى تالقانلاپ زەيەر، شېكەر ۋە گۈلاب بىلەن ئىستېمال قىلسا توغۇتنى ئاسانلاشتۇرىدۇ، بالا ھەمراھىنى چۈشۈرىدۇ، سىناقتىن ئۆتكەن دەپ قارىلىدۇ. ئۇ زىمات قىلىنسا كالا تەمرەتكىسى، قوتۇرغا پايدا قىلىدۇ.

خىيارشەنبەرنىڭ ھەببى، شارابى، لوئوقلىرى، چىلانىملىرى، قايناتمىلىرى ۋە مەجۇنلىرى قارابادىندا بايان قىلىندى.

## خەيرى
(خەيرىگۈل)

ئۇ يۇنانچە سۆز بولۇپ، پارسچە «شەب بوي» (كېچىدە پۇراق چاچقۇچى) دەپ ئاتىلىدۇ، چۈنكى ئۇنىڭ پۇرىقى كېچىدە ئاشكارا بولىدۇ. ئىراقتا «مەنسۇر» دېگەن نام بىلەن مەشھۇردۇر.

**ماھىيىتى:** خوش پۇراق گۈللەردىن بولۇپ، يەرلىكى ياۋا كېلىدۇ، رەڭگى ئاق، سېرىق، قىزىل ۋە بىنەپشىدىن ئىبارەت ھەر خىل بولىدۇ. مەزكۇر ئاتالغۇ يالغۇز ئاتالسا سېرىقى نەزەردە تۇتۇلىدۇ. ئۇنىڭ ياۋىسىدىن قىزىلى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئەمما ئۇ ئىلگىرى بايان قىلىنغىنىدەك «خۇزاما» ئۆسۈملۈكى ئەمەستۇر. «شەب بوي» (كېچىدە پۇراق چاچقۇچى) بىر خىل گۈلنىڭ نامى بولۇپ، ئاللا خالىسا «ش» (شىين) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلار پەسلىدە بايان قىلىنىدۇ.

**تەبىئىتى:** ھەممىسى ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى: ماددىلارنى تارقاتقۇچى، ئۇچۇچانلاشتۇرغۇچى، جۇلا بەرگۈچى، سۈيدۈك ھەيدىگۈچى، بەدەننىڭ چوڭقۇر قىسىمىدىكى ماددىلارنى تارتقۇچى، ھېقنى توختاتقۇچىدۇر. سۈيىدىن ھەم سالايە قىلىنغىنىدىن 10 گىرام ئىستېمال قىلىنسا ھەيزنى ماڭدۇرىدۇ، ھامىلىنى بۇزىدۇ، ئۆلۈك ھامىلە ۋە بالا ھەمراھىنى چۈشۈرىدۇ. ئۇنىڭ ئۇرۇقى بىلەن يىلتىزىنىڭمۇ شۇ تەسىرى باردۇر. ئۇنى كۆزگە سۈرۈپ بەرسە ئاقنى يوقىتىدۇ. گۈلىنى پۇرىسا مېڭىدىكى بەلغەمنى، قويۇق يەللەرنى تارقىتىدۇ. ئۇنىڭ گۈلىدىن گۈل يېغىنى تەييارلىغاندەك تەييارلانغان يېغى ناھايىتى ئىسسىق بولۇپ، ماددىلارنى تارقاتقۇچىدۇر. بۇرۇنغا سۈمۈرۈلسە مېڭە توسالغۇلىرىنى ئاچىدۇ. ئىستېمال قىلىنسا ۋە ھەمەلچە قىلىنسا ھەيز ماڭدۇرىدۇ، ھامىلە چۈشۈرىدۇ. ئۇ مەلھەم قىلىنسا بالىياتقۇ ۋە بوغۇملار ئىششىقىنى قايتۇرىدۇ، چاچنى قۇۋۋەتلەيدۇ. ئۇنى ئاقىرقەرھا، چاققاقئۇت ئۇرۇقى بىلەن بىرلىكتە بەلگە چېپىپ بەرسە باھنى قۇۋۋەتلەيدۇ.

ئىستېمال مىقدارى: 12 گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

يىلتىزىنى سىركە بىلەن مەلھەم قىلىپ چاپسا تالنىڭ قاتتىق ئىششىقىنى تارقىتىدۇ. مەلھەملەرگە قوشسا قاتتىق ئىششىقنى يۇمشىتىدۇ، بوغۇم ۋە بالىياتقۇ ئىششىقلىرىنى تارقىتىدۇ، ھەيزنى ماڭدۇرىدۇ. ياغنىڭ مومى بىلەن ئىشلىتىلسە بارماقلار ۋە مەقئەت يېرىقىنى ساقايتىدۇ. قايناتمىسى زىمات قىلىنسا سوغۇقتىن بولغان چىش ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ. قۇرۇقىنىڭ قايناتمىسىدا ئولتۇرسا، شۇنداقلا ھەمەلچە قىلسا ھەيز ماڭدۇرىدۇ، ئۆلۈك ھامىلە ۋە بالا ھەمراھىنى چۈشۈرىدۇ.

## خىيزران

(خىزىران قومۇشى)

ئۇ پارسچە «خەزران»، ھىندىچە «بىيت» دەپ ئاتىلىدۇ.

ماھىيىتى: ئۇ بىر خىل ئۆسۈملۈك بولۇپ، يوپۇرمىقى خورما يوپۇرمىقىغا ئوخشاش، ئۇنىڭدىن قىسقىراق بولىدۇ، مېۋىسىمۇ ئۇنىڭ مېۋىسىگە ئوخشاش بولۇپ، يۇمىلاق، كىچىك، ئاچچىق ـ چۈچۈك، قىرتاق بولىدۇ، چوڭ باشاقتا بولىدۇ. بەزى كىشىلەر ئۇنى يەيدۇ. بۇ ئۈچ خىل بولىدۇ. بىرىنچى خىلىنىڭ شاخلىرى تۈز، كۆچلۈك، باش بارماق توملۇقىدا، ئۇنىڭدىن تومراق، بەزىلىرىنىڭ بوغۇملىرى ناھايىتى ئۇزۇن، رەڭگى چىرايلىق، تۈزۈلۈشى ياخشى بولۇپ، ھىندىستاننىڭ زىيربادات دېگەن يېرىدە ناھايىتى ياخشى بولىدۇ. خىرىستىيانلار ئۇنىڭدىن دەستە ياساپ قىممەت ساتىدۇ. ئۇنىڭ ئىككىنچى خىلى پىلەكلىك، بارماق توملۇقىدا، ئۇزۇن، تىكەنلىك بولۇپ، قوۋزىقىدىن ئورۇندۇق ئۈستى، كارىۋات ئۈستى،

دەرۋازا، دېرىزە ۋە باشقىلار توقۇلىدۇ. بۇ خىلى ھىندىستان، بېنگال، زىيربادات قاتارلىق جايلاردا كۆپ بولىدۇ. ئەمما زىيرباداتنىڭ ياخشىراق، قوۋزىقى مەزمۇتراق بولىدۇ. بەزى يېزىلاردا ئۇنىڭ قوۋزىقى ئارغامچا ئورنىدا كېمىلەرنى باغلاش، ئۆيلەرنى تېڭىش ۋە ئوت - خەسنى يىغىشقا ئىشلىتىلىدۇ. ئۇنىڭ ئۇچىنچى خىلى ئىككىنچى خىلىدىن ئىنچىكىرەك، تىكەنسىز، مېۋىسىز، بوغۇملىرىنىڭ ئارىلىقى ئۇزۇن، بوغۇملىرى بىر - بىرىدىن يىراق بولىدۇ. ئۇ مۇرشىد ئابادنىڭ شەرق شىمال تەرىپىدىن 15 ~ 16 پوتەي يىراقلىقتىكى «سەلھەت» دېگەن جايدىكى سۇ بويلىرىدا ئۆسىدۇ، باشقا يەرلەردە بولمايدۇ. شۇ يەردىكى كىشىلەر ئۇنىڭ قوۋزىقىنى ئۇزۇن ھالەتتە سويۇپ ئېلىپ ئۇنىڭدىن «سىيتىل پاتى»، يەنى سۆرۈن سېلىنچا دەپ ئاتىلىدىغان كۆرپە توقۇيدۇ. چۈنكى ھىندى تىلىدا «سىيتىل» دېگەن سۆز سوغۇق دېگەن مەنىنى، «پاتى» دېگەن سۆز كۆرپە دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. بەزى كىشىلەر مەزكۇر قوۋزاقنى ناھايىتى ئىنچىكە يېرىپ مەزكۇر سېلىنچىنى يىلانمۇ ئۆتەلمىگۇدەك دەرىجىدە قېلىن، سىلىق توقۇيدۇ. ئومۇمەن ئۇ ياز پەسلىدە ئەڭ ياخشى سېلىنچا بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئەمما ئۇنى سەلھەت ۋە بېنگالغا ئوخشاش ھاۋاسى ھۆل بولمىغان شەھەرلەردە، يەنى كىلىماتى قۇرۇق ئىسسىق بولغان شەھەرلەردە ساقلىغىلى بولمايدۇ، چۈنكى ئاسان سۇنۇپ كېتىدۇ. ئۇ «سەلھەت» شەھىرىدىن باشقا شەھەرلەردە ئۇنداق ياخشى توقۇلمايدۇ. پەقەت شۇ يەردە سۇپەتلىك توقۇلىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** سالايە قىلىپ ئىچسە قان توختىتىدۇ. مەلھەم قىلىپ سۇركەپ بەرسە، ماددىنى توسىدۇ ۋە چۇمۇلە چېقىۋالغاندىن پەيدا بولغان ئىششىقلارنى تارقىتىدۇ. خۇسۇسىيىتى شۇكى، ئۇ كىيىم - كېچەكلەرنىڭ ئارىسىغا سېلىپ قويۇلسا كۈيە يېمەيدۇ.

# سەككىزىنچى باب
# «د» (دال) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى

## پەسىل: «د» (دال) ۋە «ا» (ئەلىف) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى

### دازى
(دازى ئوتى)

ئۇ پارسچە «جەۋى جادۇ» (ھىيلىگەر ئارپا) دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** ئۇ ھۇفارىقۇننىڭ بىر خىلى بولۇپ، يالغۇز ئاتالسا پارسىنىڭ ھۇفارىقۇنى نەزەردە تۇتۇلىدۇ. ئۇ ئارپىغا ئوخشايدىغان، ئۇنىڭدىن ئىنچىكىرەك، ئۇزۇنراق، تەمى ئاچچىق، ئۆتكۈر، قارامتۇل بولغان ئۇرۇقتىن ئىبارەت. ئۇنىڭ ياخشىسى قىزىل رەڭلىكىدىن ئىبارەت. ئۆسۈملۈكى غېرىچتىن ئېگىزرەك، قىزىل بولىدۇ. پارس تاغلىرىدا ئۆسىدۇ.

**تەبىئىتى:** بىرىنچى دەرىجىدە ئىسسىق، ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق بولىدۇ. قۇۋۋىتى تۆت يىلغىچە تۇرىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇ ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق ئىكەن. بەزىلەر سوغۇق دەپ بىلگەن.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** زەھەر قايتۇرۇش، قورۇش قۇۋۋىتى بار. مەست قىلغۇچى، قاتتىق ئىششىقلارنى تارقاتقۇچىدۇر. بالىياتقۇ، مەقئەت ئاغرىقى، مەقئەت ئىسترخاسى، بوۋاسىر، ئىچ سۈرۈشكە پايدا قىلىدۇ. زەھەرلەرنى قايتۇرىدۇ. توسالغۇلارنى ئاچىدۇ. يەللەرنى تارقىتىدۇ. ئۇنى ھەسەل بىلەن لوئوق قىلىپ يالىسا، ئېغىزدىن شۆلگەي ئېقىشقا پايدا قىلىدۇ، ئاشقازاندىكى مەددە قۇرتىنى چۈشۈرىدۇ. ئالتە گىرام سۇفۇپىنى زەيتۇن يېغى بىلەن ياغلاپ ئىستېمال قىلسا بوۋاسىرغا پايدا قىلىدۇ. قايناتمىسىدا ئولتۇرسا مەقئەت، بالىياتقۇ كېسەللىكلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئورنىدىن قوزغىلىشىغا مەنپەئەت قىلىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** دوۋساققا زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** (1) رۇمبەدىيان.

(2) توسالغۇ پەيدا قىلىدۇ، سۈيدۈك ھەيدەيدۇ، بوۋاسىرنى قوزغايدۇ، باشنى قايدۇرىدۇ.

**تۇزەتكۈچىسى:** خېمىرى بىنەپشە ياكى ھېلىلە ياكى قەنت.

**ئورۇنباسارى:** قاتتىق ئىششىقلارنى تارقىتىش ئۈچۈن ئۇنىڭ ئېغىرلىقىنىڭ تۆت دانىسى مىقدارىچە بادام، ئۇنىڭ ئۈچتىن بىرىچىلىك مىقداردا ئارچا مېۋىسى. ئەمما ئارچا مېۋىسى ھامىلىدار ئاياللارغا مۇۋاپىق ئەمەس.

**ئىستېمال مىقدارى:** ئالتە گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن ئارتۇق ئىستېمال قىلىنسا ھالاك قىلىدۇ.

زەھەر قايتۇرۇش ئۈچۈن قۇستۇرۇلىدۇ، ئىچى سۈردۈرۈلىدۇ، يېڭى سېغىلغان سۈت ۋە مايلىق نەرسىلەر ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ.

# دارسىينىي
## (دارچىن)

ئۇ پارسچە «دارچىينىي» دېگەن سۆزدىن ئەرەبچىلەشتۈرۈلگەندۇر. «دار» پارسچە دەرەخ، ياغاچ دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. يۇنانچە «ئەفتىيمۇن»، سۇريانچە «مەرسىلۇن» دېيىلىدۇ.

**ماھىيتى:** ئۇ بىر خىل دەرەخنىڭ قوۋزىقى بولۇپ، سەرئەندىپ دەپ ئاتىلىدىغان سەيلان ئارىلىدىن تاكى دۇكەن ۋە زىيربادنىڭ ئاراللىرىدىن كوكەن ئارىلىغىچە بولغان يەرلەردە ئۆسىدۇ. سەيلان ئارىلىنىڭ ئۆزىدە ئۆسكىنى ناھايىتى ياخشى بولىدىغان بولۇپ، پۇرىقى، تەمى ئۆتكۈر، ئۆزى تاتلىق، قىزىل، قەلەمچىلىرى ئىنچىكە، چۇرۇك، ناھايىتى پۇرلەشكەن بولىدۇ. دەرىخى ئۈچ غۇلاچ ئېگىزلىكتە تۈز ئۆسىدۇ. بولۇپمۇ ئۇنىڭ يۇمران شاخلىرىدىن ئېلىنغىنى تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ. سەيلان ئارىلىدىن ئۆتكەندىن كېيىن باشقا يەرلەردە ئۆسكىنى تەدرىجىي قېلىنلاپ، تەمى، پۇرىقى ئازىيىپ، قەلەمچىلىرى كىچىكلەپ ماڭىدۇ. كەلىج، ئەنجەن، بەندەر، كوچى دەپ ئاتالغان جايلاردا ئۆسكەنلىرىمۇ دارچىن دەپ ئاتىلىدۇ، ئەمما سەيلاندا ئۆسكىنىدەك ئوبدان بولمايدۇ. كوچى دېگەن يەردىن ئۆتۈپ كەتسە تاكى كوكەن دېگەن يەرگە بارغۇچە بولغان جايلاردا ئۆسكەنلىرى تەدرىجىي قېلىن، شىلىمشىق بولىدۇ. بەك قېلىن بولمىغانلىرى «قىرفە» (نېپىز دارچىن) دەپ، قېلىنى «سەلىيخە» (قېلىن دارچىن) دەپ ئاتىلىدۇ. ھىندىچە ھەر ئىككىسى تەج دەپ ئاتىلىدۇ. كوھى مەلاخە ئارىلىدىمۇ قېلىن، بەتتەم، بەتبۇي بىر خىل دەرەخ ئۆسىدىغان بولۇپ، ئۆتكۈر پۇرايدۇ، پۇرىقى ئوساغاق قوڭغۇزنىڭ پۇرىقىغا ئوخشايدۇ. بەزى ئىشەنچلىك كىشىلەردىن ئاڭلىنىشىچە، ئېكۋاتورنىڭ جەنۇبىدىكى يېڭى زېمىندىن 30 دەرىجە كەڭلىكتىكى يەردە سەيلاندا ئۆسكىنىگە ئوخشاش سۈپەتلىك بولغان بىر خىل دارچىن چىقىدۇ، ئەمما ناھايىتى ئاز بولۇپ، سەيلان ئارىلىدىن چىققىنىدەك كۆپ بولمايدۇ. ئۇ باشقا ھېچ يەردە بولمايدۇ.

ئۈنىڭ دەرىخى ئىككى يېرىم ئادەم بويى ئېگىزلىكتە ئۆسىدۇ. كەجۋاج دەپ ئاتىلىدىغان تاغ ۋە چۆل دەرىخىگە ئوخشايدۇ. شاخلىرى يېپىلىپ ئۆسىدىغان بولۇپ، يەرگە تېگىپ تۇرىدۇ. يوپۇرمىقى سازەج ھىندى يوپۇرمىقىغا ۋە سۆگەت يوپۇرمىقىغا ئوخشاش، سۆگەت يوپۇرمىقىدىن كەڭرەك، قىسقىراق بولىدۇ.

ئۈنىڭ گۈلى ۋە مېۋىسى ئومۇمەن ھەببى بىلسانغا ئوخشايدۇ. تەمى ۋە پۇرىقى دارچىنىنىڭ پۇرىقىغا ئوخشاپ قالىدۇ.

دارچىنىنى يىغىۋېلىش ئۇسۇلى شۇكى، ھەر يىلى ئۈنىڭ كونا شاخلىرى كېسىۋېتىلىدۇ، يېڭى شاخلىرى ئۆسۈپ چىقىپ پىشقىلى ۋە قاتتىقلى تۇرغاندا شاخلىرىنىڭ قوۋزىقى ئۈزۈنىسىغا تىلىپ قويۇلىدۇ، ئاپتاپنىڭ تەسىر قىلىشى بىلەن قوۋزاق يېرىلىشقا ۋە پۇرلىششقا باشلىغاندا يىغىۋېلىنىدۇ.

ئۈنىڭ ياخشىسى سەيلان ئارىلىدىن چىققىنىنىڭ يۇقىرىدىكى سۈپەتلەرگە ئىگە بولغانلىرىدۇر. ئىشەنچلىك كىشىلەردىن ئاڭلىنىشىچە، ئۈنىڭ دەرىخىنىڭ ياغىچىنىڭ ئوتتۇرىسىدىن كافۇر چىقىدىكەن، ئۈنىڭ يىلتىزلىرى سۇدا قاينىتىلىپمۇ كافۇر ئېلىنىدىكەن.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىنىڭ ئاخىرىدا قۇرۇق ئىسسىق. قۇۋۋىتى 15 يىلغىچە ساقلىنىدۇ.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ماددىلارنى ئۇچۇچانلاشتۇرغۇچى، توسالغۇلارنى ئاچقۇچى، خۇرسەن قىلغۇچى، خىلىتلارنىڭ ئوفۇنىتىنى پىشۇرغۇچى بولۇپ، ھايۋانات، ئۆسۈملۈك ۋە مەدەن مەنبەلىك ھەرقانداق زەھەرنى قايتۇرىدۇ. نەپسانىي، ھايۋانىي ۋە تەبىئىي قۇۋۋەتلەرنى مۇھاپىزەت قىلىدۇ. كۆزنى روشەنلەشتۈرىدۇ. يەللەرنى ۋە سوغۇق ماددىلارنى قايتۇرىدۇ. مېڭىنىڭ ھۆللۈكلىرىنى قۇرۇتىدۇ. ھۆل سوغۇقتىن بولغان نەزلىلەر ۋە مېڭىنىڭ ھۆل سوغۇقتىن بولغان كېسەللىكلىرىگە پايدا قىلىدۇ. سۈيدۈك، ھەيز ماڭدۇرىدۇ، ھامىلە چۈشۈرىدۇ، باھنى قۇۋۋەتلەيدۇ. خەفەقان، ياتسىراش، ئۆزىگە سۆزلەش، ساراڭلىققا شىپا بولىدۇ. رەئىس ئەزالارنى، ئاشقازان، جىگەرنى قۇۋۋەتلەيدۇ. ئېغىزنى خۇش پۇراق قىلىدۇ. ھۆللۈكتىن بولغان يۆتەلنى پەسەيتىدۇ. كاناي ئىششىقى ۋە قويۇق بەلغەمدىن بولغان ئاۋاز پۈتۈشكە داۋا بولىدۇ. كاناي، ئۆپكە ۋە گالدىكى شىلىمشىق ھۆللۈكلەرنى تازىلايدۇ. جىگەر توسالغۇلىرىنى ئاچىدۇ. ئىستىسقا، زەخىملەرنىڭ چىرىشى، زىيانداش ھاشاراتلارنىڭ سوغۇق تەبىئەتلىك زەھەرلىرى، چايان زەھىرى ۋە باشقىلارنى قايتۇرىدۇ. يۇقىرىدىكى مەقسەتلەردە ئىستېمال قىلىنىدۇ، زىمات قىلىنىدۇ، مەلھەم قىلىنىدۇ، پۇرىتىلىدۇ، ھەمەلچە قىلىنىدۇ، سېپىلىدۇ.

باش ئەزالىرى كېسەللىكلىرى: پېشانە ۋە ئىككى چېكىگە چاپسا سوغۇقتىن بولغان باش

ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ، يېغى ۋە ئەتىرىمۇ شۇ تەسىرنى بېرىدۇ.

كۆز كېسەللىكلىرى: قاپاقتا چاپسا لېپىلدىشىنى توختىتىدۇ. كۆزگە سۈركەپ بەرسە كۆرۈش قۇۋۋىتىنى ئاشۇرىدۇ. دورىلارنىڭ تەسىرلىرىنى كۆز قەۋەتلىرىگە يەتكۈزىدۇ.

ھەزىم ئەزالىرى ۋە باشقا ئەزالار كېسەللىكلىرى: سىركە ۋە مەستىكى بىلەن قايىنتىپ ئىچىپ بەرسە، ھۆللۈكتىن بولغان ھېقنى توختىتىدۇ. كابۇل ھېلىلىسى پوستى بىلەن ئىستېمال قىلسا سۈلۈق ئىششىق ۋە قورساقتا سۇ چۆشۈشكە پايدا قىلىدۇ. زىمات قىلسا رەئىشە، بەلغەم، سەۋدادىن بولغان تىترەشكە پايدا قىلىدۇ، بوۋاسىر مونەكلىرىنى چۆشۈرۈپ ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ. چايانىنىڭ زەھىرىنى قايتۇرىدۇ. چايناپ زەكەر بېشىغا سۈركىسە جىمادىكى لەززەتنى ئاشۇرىدۇ. ھەسەل بىلەن سۈركەپ بەرسە دانىخورەك ۋە داغنى يوقىتىدۇ. سىركە بىلەن مەلھەم قىلسىمۇ شۇ تەسىرنى بېرىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** ئىسسىق مىزاجلىقلارغا زىيان قىلىدۇ. باشنى ئاغرىتىدۇ. دوۋساقتا زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** كەتىرا، ئاسارۇن.

**ئىستېمال مىقدارى:** 6~15 گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

**ئورۇنباسارى:** ماددىلارنى تارقىتىش، ئۆچۈچانلاشتۇرۇش ۋە ئەزالارنى قۇۋۋەتلەش ئۈچۈن باراۋەر مىقداردا ئارچا مېۋىسى، كاۋاۋچىنى، دورىلارنى ئىسلاھ قىلىش ئۈچۈن قېلىن دارچىن، باھنى قۇۋۋەتلەش ئۈچۈن خولىنجان.

ئۇنىڭ يېغى ناھايىتى قۇرۇق ئىسسىق، يەنى ئۈچىنچى دەرىجىگىچە قۇرۇق ئىسسىقتۇر.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ئىستېمال قىلسا ۋە يالغۇز ياكى ھايۋانات يېغى، زەيتۇن يېغى، موم ۋە توخۇ تۇخۇمىنىڭ سېرىقى بىلەن مەلھەم قىلسا رەئىشە، باش ئېغىرلىقى، سوغۇقتىن بولغان باش ئاغرىقى، بالىياتقۇ ئاغرىقلىرىغا پايدا قىلىدۇ.

ئۇنىڭ ئەرقى ئۆزىدىن تېزرەك تەسىر قىلىدۇ. ئەرقى تېمىتىلسا قۇلاق ئېغىرلىقىغا داۋا بولىدۇ. ئىچىپ بەرسە ھەزىمنى قۇۋۋەتلەيدۇ. ئاشقازاندىكى يەللەرنى تارقىتىدۇ. يەرقان، بوۋاسىرغا داۋا بولىدۇ.

دارچىنىنىڭ جاۋارىشى، ھەببى، ئاتىلىسى، ھالۋىسى، داۋاسى، يېغى، سۇفۇپى، ئەرقى ۋە ئەتىرى قارابادىندا بايان قىلىنىدى.

## دارشىشئان

(چاقماق ياغاچ)

بۇ پارسچە ئىسىمدۇر. ئۇ «قەندۇل»، ئۇنىڭغا چاقماق، ھەسەن ـ ھۇسەن تەگسە ئۇد

ھىندىدىنمۇ خۇش پۇراق بولۇپ كېتىدىغانلىقى ئۈچۈن «ئۇدۇل بەرق» (چاقماق ياغاچ) دەپ ئاتىلىدۇ. ھىندىچە «كايى پەھل» دەپ ئاتىلىدۇ. «ن» ھەرپى بىلەن «كانپەھل»مۇ دېيىلىدۇ. قاتتىق، ئېغىر، خۇش پۇراق، خۇشتەم بولغانلىرى ياخشىلىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

**ماھىيىتى:** بىر خىل قېلىن قوۋزاق بولۇپ، قېلىن دارچىنغا ئوخشاپ قالىدۇ. قىزىلغا مايىل، بەزىلىرى قىزىل، خۇش پۇراق، تەمى ئۆتكۈر، قىرتاق بولىدۇ. دەرىخى تىكەنلىك بولۇپ، قىسقا ئۆسىدۇ. ياغىچىنىڭ تەمى ئۆتكۈر، گۈلى سېرىق، خۇش پۇراق، تەمى ئۆتكۈر بولىدۇ. قېلىن، ئېغىر، خۇش پۇراق، قىزىل، تەمى ئاچچىق، ئۆتكۈر بولغانلىرى ياخشىلىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. سىلىق بولغان تۈرى ناھايىتى ئاچچىق، ئېقى پۇراقسىز بولىدۇ.

**تەبىئىتى:** بىرىنچى دەرىجىدە ئىسسىق، ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق، سوۋۇتقۇچى، قورۇغۇچى قۇۋۋىتى بار. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق ئىكەن. بەزىلەر سوغۇق دەپ بىلگەن. قۇۋۋىتى مەلۇم مۇددەتكىچە ساقلىنىدۇ.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ماددىلارنى تارقاتقۇچى، قورۇغۇچى، نەزلە سۇيۇقلۇقلىرىنىڭ ئېقىشىنى توختاتقۇچى، سوغۇقتىن بولغان باش ئاغرىقى، سەۋدادىن بولغان ئۆزگىچە سۆزلەشنى يوقاتقۇچى، يەللەرنى تارقاتقۇچى، قۇيۇق ھۆللۈكلەرنى قۇرۇتقۇچى، پەي - نېرۋىلارنى قۇۋۋەتلىگۈچى، پەي - نېرۋىلار، بارلىق ئەزالار ۋە دوۋساقنىڭ ئىستىرخاسىغا شىپا بولغۇچى، تۇسالغۇلارنى ئاچقۇچى، بوۋاسىر مونەكلىرىنى چۈشۈرگۈچى، ھامىلىنى چۈشۈرۈشكە ياردەم بەرگۈرچىدۇر.

كۆكرەك كېسەللىكلىرى: دارچىن بىلەن ئىستېمال قىلىنسا ھۆللۈكتىن بولغان كونا يۆتەلنى پەسەيتىدۇ. تەپ، بوۋاسىر ۋە مەنىي ئېقىشلارغا داۋا بولىدۇ.

ئاشقازان كېسەللىكلىرى: ئۈچ گىرام قايناتمىسى شېكەر بىلەن ئىستېمال قىلىنسا ساقىيىشى مۇمكىن بولمىغان سوغۇقتىن بولغان ئاشقازان ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ، تەنقىيە قىلىدۇ.

ئېغىز كېسەللىكلىرى: قايناتمىسى بىلەن ئېغىزنى چايقاپ بەرسە چىشلارنى ساغلاملاشتۇرىدۇ. شاراب بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ ئېغىزنى چايقاپ بەرسە ئېغىز يارىسى ۋە يامرىغۇچى يارىلارغا پايدا قىلىدۇ. سوقۇپ سىركە بىلەن يۇغۇرۇپ ئاغرىۋاتقان چىشقا سۈركىسە ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ. سەپمە قىلىپ چىشقا سەپسە چىش مىلىكىنىڭ بۇزۇلۇشىغا ناھايىتى ياخشى داۋا بولىدۇ.

بۇرۇن كېسەللىكلىرى: يۇمشاق سوقۇپ پىلتىگە مىلەپ بۇرۇنغا سېلىپ قويسا بۇرۇننىڭ سېسىق پۇرىشىنى يوقىتىدۇ، بۇرۇن بوۋاسىرىغا داۋا بولىدۇ.

قۇلاق كېسەللىكلىرى: خەيرىگۇل يېغى بىلەن بىرلىكتە قۇلاققا تېمىتسا ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ. قاناش ۋە باشقىلارغا پايدا قىلىدۇ. قايناتمىسىنى ئىچسە ئەزالارنى قورۇيدۇ، قان

توختىتىدۇ، قان تومۇرلىرىنى كېڭەيتىدۇ، پەيلەرنى چىڭىتىدۇ، خىلىتلارنىڭ چىرىشىنى يوقىتىدۇ، ئىچ سۈرۈشنى توختىتىدۇ، سۈيدۈك راۋانلاشتۇرىدۇ.

**يارىلار:** چېپىپ بەرسە چىرىگەن يارىلارنى ساقايتىدۇ. سېپىلمىسى بالىلار ۋە چوڭلاردىكى ھۆل يارىلارنى ساقايتىدۇ.

بالىياتقۇ كېسەللىكلىرى: ئۇنىڭ بىلەن پەرزىجە قىلسا ھامىلە چۈشۈرىدۇ، سۈيدۈكنى راۋانلاشتۇرىدۇ، بالىياتقۇنىڭ قويۇق ھۆللۈكلىرىنى سۈمۈرىدۇ، تۇغماس ئاياللارنىڭ ھامىلدار بولۇشىغا ياردەم بېرىدۇ. سېپىلمىسى زەكەردىكى يارىلارنى قۇرۇتۇپ، كېڭىيىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ، قاتتىق ئىششىقلىرىنى تارقىتىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** ئالتە گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** تال، جىگەرگە زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** ياۋا سەۋزە ئۇرۇقى، مەستىكى.

**ئورۇنباسارى:** باراۋەر مىقداردا ئاسارۇن، ئۇنىڭ ئۈچتىن ئىككى قىسمىچىلىك مىقداردا يۇمىلاق زىراۋەندە، يېرىم ھەسسە دۇرنەج ئەقرەبى.

ئۇ خۇسۇسىيىتى بىلەن ئۇرۇقدان ۋە مەقئەتلەردىكى يارىلارنى ساقايتىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇنىڭ شېخىنىڭ شۇنداق خۇسۇسىيىتى بار ئىكەنكى، ئۇنى كۈندۈر بىلەن كۆيدۈرۈپ لاتىغا ئوراپ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى كېچىسى ھاجەتمەن كىشىنىڭ ئۇخلاش كىيىمىنىڭ ئاستىغا قويۇپ قويسا چۈشىدە ھاجىتىدىن چىقىدىغان كىشىنى كۆرىدىكەن.

ئۇنىڭ چېچىكىنىڭ «دۇھنۇل قۇندۇل» دەپ ئاتىلىدىغان، بىنەپشە يېغى ۋە بادام يېغىنى چىقىرىش ئۇسۇلى بويىچە چىقىرىلغان، كۇنجۇت يېغى بىلەن چىقىرىلسا ناھايىتى خۇش پۇراق بولىدىغان يېغىدىن 15 مىللىلىتىر ئېلىپ، سەۋزە ياكى بېھى شەربىتى بىلەن ئىچسە ئاشقازان ئېغىرىنى قۇۋۋەتلەيدۇ. ئۇ ئىچ سۈرۈشنى توختاتقۇچى دورىلار بىلەن ھۆقنە قىلىنسا ھۆللۈكتىن بولغان ئىچ سۈرۈشنى توختىتىدۇ. سۈركەپ بەرسە پالەچ، باشنىڭ يېرىمى ئاغرىش، مېڭە، پەي ـ نېرۋا كېسەللىكلىرىگە پايدا قىلىدۇ. مېڭە توسالغۇلىرىنى ئاچىدۇ. مېڭە پەردىلىرىنى قۇۋۋەتلەيدۇ. باھنى قۇۋۋەتلەيدۇ ۋە قوزغىتىدۇ. يەل ۋە قاتتىق ئىششىقلارنى تارقىتىدۇ.

## دارفلفل
## (پىلپىل)

ئۇ پارسچە «فىلفىلى دەراز» (ئۇزۇن پىلپىل)، ھىندىچە «پىپىل»، «پىپىلى» دەپ ئاتىلىدۇ.

ماھىيتى: ئۇ پىلەكلىك ئۆسىدىغان، يوپۇرمىقى تەنبۇل دەرىخى يوپۇرمىقىغا ئوخشاش، ياكى ئۇنىڭدىن سەل كىچىكرەك، تەمى ئۆتكۈر، ئاچچىق بولىدىغان بىر خىل ئۆسۈملۈكنىڭ مېۋىسى بولۇپ، شاھتۇت ئۈجمىسىگە ئوخشاش رەڭگى قارا، ئۇنىڭدىن كىچىكرەك بولىدۇ. كىچىك دانلىرى قىزىل بولۇپ، بىر - بىرىگە تۇتاشقان بولىدۇ. ئۈستىنى نېپىز پەردىلىك غىلاپ ئوراپ تۇرىدۇ، ئۇنىڭ دانلىرىنىڭ ئارىسىدىمۇ قارا رەڭلىك پەردىلەر بار بولىدۇ. تەمى ئۆتكۈر، سەل ئاچچىق، پوستىنىڭ ئۆتكۈرلۈكى ۋە ئاچچىقلىقى دانلىرىنىڭ ئاچچىقلىقى ۋە ئۆتكۈرلۈكىدىن ئارتۇقراق بولىدۇ. دەرىخىنىڭ يىلتىزى بوغۇملۇق، شاخلىق، پوستى توپارەڭ، ئىچى ئاق، يىپلىق، تەمى ئۆتكۈر بولىدۇ. فىلفىلمويە (پىلپىل يىلتىزى) ئۇنىڭدىن ئىبارەت بولۇپ، ئالىلا خالىسا «ف» (فائ) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلار بابىدا بايان قىلىنىدۇ.

تەبئىتى: ئىككىنچى دەرىجىنىڭ ئاخىرىدا قۇرۇق ئىسسىق، بەزىلەر ئۈچىنچى دەرىجىنىڭ بېشىدا قۇرۇق ئىسسىق دەيدۇ.

خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى: سوغۇق ماددىلار ۋە يەللەرنى تارقىتىدۇ. جىگەر، تال تۇسالغۇلىرىنى ئاچىدۇ. ھەزىمنى كۈچەيتىدۇ، ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەيدۇ. قۇسۇشنى توختىتىدۇ. ئېغىزنى، بالىياتقۇنى خۇش پۇراق قىلىدۇ، ئىچكى ئەزالارنى قىزىتىدۇ، باھنى قوزغايدۇ، مەنىي كۆپەيتىدۇ، سۈيدۈك، ھەيز ھەيدەيدۇ. ھامىلە چۈشۈرىدۇ. پالەچ، تۇتقاق كېسەل، ھۆل سوغۇقتىن بولغان يۆتەل، نۇقرەس، ئولتۇرغۇچ نېرۋا ئاغرىقىغا پايدا قىلىدۇ، بەلنى قۇۋۋەتلەيدۇ، چايان، دۆنىڭ زەھىرىنى قايتۇرىدۇ. خىلىتلارنى تازىلايدۇ. ئومۇمەن ھۆل سوغۇقتىن بولغان كېسەللىكلەرنىڭ ھەممىسىگە شىپا بولىدۇ. ئۇنى جىگەر ئارىسىغا ئېلىپ ياكى جىگەرگە سېپىپ كاۋاپ قىلىپ يېشۈرۈپ كۆزگە سۈركىسە ناماز شام قارىغۇسىغا پايدا قىلىدۇ. ياغ بىلەن مەلھەم قىلسا چايان، دۆ ۋە ئەفئى يىلىنى چېقىۋالغاندىكى زەھەرنى قايتۇرىدۇ. باھنى قۇۋۋەتلەشتە زەنجىۋىلغا ئورۇنباسار بولىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** بەش گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** باشقا زىيان قىلىدۇ، باشنى ئاغرىتىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** ئەرەب يېلىمى، سەندەل، گۈلاب.

**ئورۇنباسارى:** باراۋەر مىقداردا ئاقمۇچ، بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، باراۋەر مىقداردا زەنجىۋىل، زورەمبات.

## دارھەلد

(زىرىق ياغىچى)

ئۇ «دارچۆب»، ھىندىچە «ئانبى ھەلدى»مۇ دېيىلىدۇ.

ماھىيتى: ئۇ ھىندىستاندا بولىدىغان بىر خىل دەرەخنىڭ ياغىچىدۇر. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ھۇزۇز ھىندىدىن ئىبارەت بولغان رۇسۇت ئۇنىڭ ئۇسارىسى ئىكەن. ئۇ «ھ» (ھۇۋائ) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلار بايانىدىكى «ھۇزۇز» ماۋزۇسىدا بايان قىلىندى.

**تەبئىتى:** قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ماددىلارنى تارقاتقۇچى ۋە توسقۇچىدۇر. تېز ھەزىم بولىدۇ.

باش ئەزالىرى كېسەللىكلىرى: باش، قۇلاق، ئېغىز كېسەللىكلىرىگە شىپا بولىدۇ. ئېغىز تەمىنى ياخشىلايدۇ.

ھەزىم، چىقىرىش ئەزالىرى كېسەللىكلىرى: تاش پارچىلايدۇ، سۈيدۈك تۇتۇلۇشقا پايدا قىلىدۇ.

تەپلەر، يارىلار، جاراھەتلەر ۋە باشقىلار: ئىستېمال قىلىنسا، زىمات قىلىنسا بەلغەمدىن بولغان تەپنى پەسەيتىدۇ، يارىلار، جاراھەتلەرنى پۈتتۈرىدۇ. قوتۇر، قىچىشقاقتا پايدا قىلىدۇ.

ئۇنىڭ يېغى، مەلھىمى قارابادىننىڭ ياغلار ۋە مەلھەملەر بابىدا بايان قىلىندى.

## دانەج ئەبرۇج
(ياۋا ئامۇت ئۇرۇقى)

ئۇ «دانەك ئەفزۇمەك»، شىرازدا «ئەنجىكەك» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيتى:** ئۇ ياۋا ئامۇتنىڭ ئۇرۇقىدىن ئىبارەت بولۇپ، بېھى ئۇرۇقىدىن چوڭراق، ئۈچ بۇرجەككە مايىل، پوستى قارا، مېغىزى ئاق، تاتلىق، تەملىك بولىدۇ. ئۇنى ئاقلاپ سوقۇپ تاتلىق يېمەكلىكلەرگە قوشۇلىدۇ. ئۇ پارس ۋىلايەتلىرىنىڭ بىرى بولغان كەيلويە دېگەن جايدا ئۆسىدۇ، باشقا يەرلەردە بولمايدۇ.

**تەبئىتى:** بىرىنچى دەرىجىدە ئىسسىق، ھۆللۇكى ۋە قۇرۇقلۇقى مۆتىدىل، سوقۇلغىنى قۇرۇققا مايىل.

**خۇسۇسىيتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** كۆكرەك، كېركىردەك، تارتىشقان ئەزالارغا مۇۋاپىق كېلىدۇ. باھنى قۇۋۋەتلەيدۇ، سەمرىتىدۇ، سۈيدۈك ھەيدەيدۇ. غىزالىقى يۇقىرى. سوقۇپ چىقىرىلغان شىرنىسىنى ئىچسە ھەيز ماڭدۇرىدۇ.

**زىيانلىق تەسرى:** كۆپ ئىستېمال قىلسا ئاشقازاننى بۇزىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** تاتلىق نەرسىلەر.

## دانەك
(دانەك ئۇرۇقى)

**ماھىيتى:** «تۆھپەتۇل مۆئمىن» (مۆمىنلەرگە قىلىنغان ھەدىيە) دېگەن كىتابنىڭ

ئاپتورىنىڭ يېزىشىچە، ئەمىنۇد دەۋلىنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ بىر خىل ئۇرۇق بولۇپ، قىزىل تۇدەرىگە ئوخشاش ياكى ئۇنىڭدىن ئۇششاقراق بولىدۇ. ئۆسۈملۈكى غېرىچ ئېگىزلىكىدە بولۇپ، تەبەرىستان تاغلىرى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپلىرىدا ئۆسىدۇ.

تەبىئىتى: هۆل ئىسسىق.

خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى: بەلغەم ۋە سەۋدادىن بولغان كېسەللىكلەرگە پايدا قىلىدۇ. ئۇنىڭدىن 150~300 گىرامغىچە ئېلىپ ئىككى ھەسسە بۇغداي ئۇنى بىلەن خېمىر يۇغۇرۇپ نان يېقىپ ئىستېمال قىلسا بەدەننى تەڭداشسىز سەمرىتىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن پەرزىجە قىلسا ھامىلىدار بولۇشقا ياردەم بېرىدۇ، سىناقتىن ئۆتكەن. ھامىلىدار بولغانلارنىڭ ھامىلىسىنى چۈشۈرىدۇ.

## پەسىل: «د» (دال) ۋە «ب» (بائ) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى

### دۇبائ

(رىم قاپىقى)

ئۇ بىر خىل قاپاق بولۇپ، پارسچە «كەدۇيى رۇمىي» (رىم قاپىقى) دەپ ئاتىلىدۇ.

### دۇب

(ئېيىق)

ئۇ پارسچە «خۇرس»، تۈركچە «ئەيۇ»، ھىندىچە «رىچھ»، «بەھال»، قانجۇقى «قارە» دەپ ئاتىلىدۇ.

ماھىيىتى: ئۇ تونۇشلۇق ھايۋان بولۇپ، ئۆز تۈرىدىكى ھايۋانلار ئىچىدە ئەڭ كۈچلۈك. ئادەمدىن بەك قورقىدۇ. زېرەك بولۇپ، ئوڭاي كۆندۈرگىلى بولىدۇ، ئادەمنى دورىيالايدۇ. ئىككى پۇتى بىلەن ئۆرە تۇرۇپمۇ يول ماڭالايدۇ. قولىدا ھاسا تۇتۇپ ئۇنىڭ بىلەن ماڭىدۇ. قولى بىلەن ئۇرالايدۇ ۋە تاش ئاتىدۇ. ئۇنىڭ قېنى ناھايىتى شىلىمشىق بولىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بالىسى تۇغۇلغاندا يۈزىنى پەرق ئەتكىلى بولمايدىكەن، ئۇنى تەكرار يالىغاندىن كېيىن يۈزى ئاشكارا بولىدىكەن.

تەبىئىتى: ئىسسىق، هۆللۈكى كۆپ، گۆشى شىلىمشىق، قېرىسىنىڭ مىزاجى قۇرۇق.

خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى: ئۆتى توسالغۇلارنى كۈچلۈك ئاچقۇچى بولۇپ، يېرىم گىرامى

ھەسەل بىلەن ئىستېمال قىلسا تۇتقاق كېسەلگە پايدا قىلىدۇ. سىركەنجۇل ياكى ھەسەل بىلەن ئىستېمال قىلسا سوغۇقتىن بولغان جىگەر ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ، سۇلۇق ئىششىق، قورساقتا سۇ چۈشكە شىپا بولىدۇ. ئۇنىڭ 2.5 گىرامى ھايۋانلاردىكى قۇلۇنجىغا ناھايىتى پايدا قىلىدۇ. ئۇنى ھەسەل ۋە ئارپىبەدىيان سۈيى بىلەن بىرلىكتە كۆزگە سۈركىسە كۆرۈش قۇۋۋىتىنى ئاشۇرىدۇ. كۆزدىكى ئاقنى يوقىتىدۇ، كىرپىكنى ئۆستۈرىدۇ. ھەسەل ۋە پىلپىل بىلەن مەلھەم قىلىپ ئۇدا بەش قېتىم سۈركىسە يەللىك يارا، تازغا پايدا قىلىدۇ، چاچ ئۇندۇرىدۇ، سىناقتىن ئۆتكەن. ئۇنىڭ پەنىرمايىسى بەدەننى سەمرىتىدۇ. ئۇنىڭدىن بەش گىرام ئىستېمال قىلسا بالغەمدىن بولغان تۇتقاق كېسەلگە داۋا بولىدۇ. تەتۈر كىرپىك يۇلۇۋېتىلگەندىن كېيىن ئورنىغا سۈركەپ بەرسە قايتا ئۈنۈشىنى توسىدۇ. بەدەنگە سۈركەپ بەرسە موي ئۈنۈشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. ساقىيىشى تەس بولغان چىقانغا سۈركىسە ئۇنى پىشۇرىدۇ.

ئۇنىڭ يېغى ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق بولۇپ، زىمات قىلسا كونا بوغۇم ئاغرىقلىرىنى پەسەيتىدۇ. قاتقان پەيلەر ۋە ئەزالارنى يۇمشىتىدۇ، قوزغالغان، ئېزىلگەن ۋە سۇنغان ئۇستىخانلارغا پايدا قىلىدۇ. كۆكرەككە سۈركەپ بەرسە سوغۇقتىن بولغان يۆتەلنى پەسەيتىدۇ. ئاقكېسەل، دائىرىلىك چاچ چۈشكەن ئورۇنغا سۈرۈپ بەرسە ساقايتىدۇ. باللار تۇغۇلغاندا بەدىنىگە سۈركىسە سىرتتىن تەسىر قىلغۇچى زەرەرلەرنىڭ تەسىر قىلىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. ئۇنىڭغا باراۋەر مىقداردا زەيتۇن يېغى قوشقاندىن كېيىن بىر دانە ئانارنىڭ ئىچىنى تولۇق بوشىتىپ ئىچىگە قۇيۇپ ئوتتا قىزىتقاندىن كېيىن شۇ ياغ بىلەن ياغلىسا قاش ئۇندۇرىدۇ. دائىرىلىك چاچ چۈشۈش، بوۋاسىر، ئاقما ۋە تازغا پايدا قىلىدۇ. ئۇنىڭ تېرىسىنىڭ تەبىئىتى ناھايىتى قۇرۇق بولۇپ، ئۇستىدە ئولتۇرسا ھۆل مىزاجلىق كىشىلەردىكى پالەچ، نۇقرەسكە پايدا قىلىدۇ. جۇغ - جۇغنى يوقىتىدۇ. ئۈرۈقدىنىنى يېرىپ ئۈستىگە موزا سېپىپ قورۇتۇپ سالايە قىلىپ ئىستېمال قىلسا ئىچ سۈرۈشنى توختىتىدۇ. تېزىكىنى زىمات قىلسا بوغما كېسەلگە پايدا قىلىدۇ، ئىششىقلارنى تارقىتىدۇ. ئىستېمال قىلسا قورساق ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ. مويى بىلەن ئىسرىق سالسا زىيانداش ھاشاراتنى قاچۇرىدۇ. ئوڭ كۆزىنى ئېسىۋالسا ياۋايى ھايۋانلارنى قاچۇرىدۇ. ھەر ئىككى كۆزىنى لاتىغا ئوراپ تۆت كۈندە بىر تۇتىدىغان تەپ بىمارىغا ئېسىپ قويسا شىپا بولىدۇ.

## دىبس

(شىرنە)

ئۇ پارچە «دۇشاب» دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇ ئۈزۈم شىرنىسى، خورما شىرنىسى ۋە ئاق ئۈجمە شىرنىسىدىن ئىبارەت. يالغۇز ئاتالسا ئۈزۈم شىرنىسى بىلەن خورما شىرنىسىنى

كۆرسىتىدۇ.

**ماھىيتى:** ئۈزۈم شىرنىسىنىڭ تەييارلىنىشى شۇكى، پىشقان شېرىن ئۈزۈمنىڭ سۈيىنى سىقىپ ئېلىپ پىسەپلىرىنى سۈزۈۋېتىپ، تۆتتىن بىرى قالغۇچە قاينىتىپ ئۇستىدىن «خاكى دۇشاب» (شىرنە توپىسى) دەپ ئاتىلىدىغان توپىدىن مۇۋاپىق ئارىلاشتۇرۇلىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇ بىر خىل چاپلاشقاق توپا بولۇپ، ئۈزۈم شىرنىسىگە سالسا لېيى تېگىگە ئولتۇرۇپ سۈزۈلىدىكەن ۋە تاتلىقلىشىدىكەن. ئۇ قوشۇلمىسا تاتلىق بولماي سەل چۈچۈمەل بولۇپ قالىدىكەن، ياخشى سۈزۈلمەيدىكەن. توپا قوشۇلمىغىنى «رۇببى ئىنەب» (ئۈزۈم قىيامى)، «مەيپۇختەج» دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇنىڭ نۇسخىلىرى قارابادىننىڭ «ئىنەب» (ئۈزۈم) بابىدا تەپسىلىي بايان قىلىندى.

ئۇنىڭ خورمىدىن تەييارلانغىنى قاينىتىلغان ۋە قاينىتىلمىغانغا ئوخشاش نەچچە تۈرلۈك بولىدۇ. قاينىتىلغىنى شۇكى، ياخشى پىشقان خورمىنى مۇۋاپىق مىقداردىكى سۇ بىلەن قاينىتىپ سۇغا تەمىنى چىقىرىپ، پىسەپلىرىنى سۈزۈۋېتىپ، سۈيى قويۇلۇپ قولغان يېپىشىدىغان بولغۇچە قاينىتىپ تەييارلىنىدۇ. قاينىتىلمىغىنى شۇكى، ناھايىتى ياخشى پىشقان خورمىنى مۇۋاپىق قاچىغا ئۇستى ـ ئۇستىلەپ تىزىپ قويۇپ، تېگىدىن ئاققان شىرنىسىنى قاچىغا يىغىپ قويۇپ ئۇيۇغۇدەك بولغۇچە قاينىتىپ ياكى قاچىغا ئېلىپ ئۇستىگە نېپىز رەختنى يېپىپ ئاپتاپتا قويۇلغۇچە قويۇپ تەييارلىنىدۇ. بۇ قاينىتىپ تەييارلانغىنىدىن ياخشىراق، ئۇچۇچانراق بولىدۇ.

ئۇنىڭ ئۈجمىدىن تەييارلانغىنىنىڭ تەييارلىنىشى شۇكى، سۈلۈق، ياخشى پىشقان ئاق ئۈجمىنىڭ سۈيىنى چىقىرىپ سۈس ئوتتا قويۇلغۇچە قاينىتىپ تەييارلىنىدۇ.

مېۋىلەرنىڭ شىرنىلىرىمۇ يۇقىرىدىكى ئۇسۇل بويىچە تەييارلانسا بولىدۇ.

**تەبئىتى:** ئۈزۈم شىرنىسى ئىككىنچى دەرىجىدە ئىسسىق، بىرىنچى دەرىجىنىڭ ئاخىرىدا ھۆلدۇر.

**خۇسۇسىيتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ياخشى قان پەيدا قىلىدۇ، بەدەننى سەمرىتىدۇ، توسالغۇلارنى ئاچىدۇ. سۈزاپ بىلەن ئىشلىتىلسە تۇتقاق كېسەلگە، ئەپتىمۇن بىلەن ئىشلىتىلسە ياتسىراش، ساراڭلىققا پايدا قىلىدۇ. زاراڭزا ئۇرۇقى مېغىزى بىلەن ئىشلىتىلسە تىلما كېسەلگە داۋا بولىدۇ. ئەنجۈر ۋە شۇمشا بىلەن ئىشلىتىلسە كونا يۆتەل، كۆكرەك ئاغرىقىغا داۋا بولىدۇ. ئازراق زەپەر بىلەن ئىشلىتىلسە غەم قىلىش ۋە غەزەپلىنىشتەك خاھىشلارنى يوقىتىدۇ. يېڭى سېغىلغان سۈت ۋە ئازراق بادام مېغىزى بىلەن ئىستېمال قىلىنسا خەفەقانغا پايدا قىلىدۇ، زىيادە جۇدەشكە داۋا بولىدۇ، ئىچكى ئەزالارنى ئاجايىپ قۇۋۋەتلەيدۇ. ئاز مىقداردىكى سىركە بىلەن ئىشلىتىلسە يەرقان، تال ئىششىقىغا پايدا قىلىدۇ. ئارپا سۈيى

بىلەن ئىستېمال قىلىنسا تاش پارچىلايدۇ، سۈيدۈك ھەيدەيدۇ. ئاق لەيلى بىلەن قاينىتىپ زىمات قىلسا ئىششىقلارنى تارقىتىدۇ، چىيقاننى ئېغىز ئالدۇرىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** 10 گىرامدىن 100 گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** كۆپ ئىستېمال قىلىنسا قاننى كۆيدۈرىدۇ، باشنى ئاغرىتىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** رەيھان ئۇرۇقى، خەشخاش.

ئىبن سىنانىڭ ئېيتىشىچە ئالما سۈيى، ئاز مىقداردا رەيھان يوپۇرمىقى ۋە ئادراسمان بىلەن ئىشلىتىلسە مەست قىلىشتىن باشقا جەھەتلەردە ھاراقنىڭ ئورنىنى باسىدۇ.

خورما شىرنىسىنىڭ تەبىئىتى ئىككىنچى دەرىجىدە ئىسسىق، بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇقتۇر.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ئوزۇقلۇقى مول. سوغۇق مىزاجلىقلار ۋە بەلغەم مىزاجلىقلارنىڭ تەرىتىنى بوشىتىدۇ. پالەچ، بوغۇملار ئاغرىقى، سوغۇقتىن بولغان يۆتەل، سوغۇق مىزاجلىقلارنىڭ باھ ئاجىزلىقىغا شىپا بولىدۇ. ئۇ يالغۇز ياكى قۇستە ۋە تۇز بىلەن مەلھەم قىلىنسا داغ يوقىتىدۇ. مۇنچىغا ئوخشاش ئىسسىق يەرلەردە سىيادان بىلەن بىرلىكتە بەدەنگە سۈركىسە ئەزالارنىڭ سوغۇقتىن قېتىۋېلىشىغا پايدا قىلىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** قاننى كۆيدۈرىدۇ، سەۋدالىق دۇغ خىلىت پەيدا قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** سىركە، بادام، خەشخاش، سىركەنجۇبىل ۋە چۈچۈمەل نەرسىلەر.

## دىبىق
(يېلىم ئوت مېۋىسى)

ئۇ «قەسۇس» دەپ، پارسچە «مەۋىزەك ئەسەلى» (ھەسەللىك قۇرۇق ئۈزۈم)، «كىشمىشى كاۋلىيا» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** ئۇ نوقۇتتىن كىچىكرەك، كۆك رەڭلىك دان بولۇپ، قۇرۇسا پوستى قورۇلۇپ قارىغا مايىل بولۇپ قالىدۇ. ئىچىدىن چاپلاشقاق سۈيۈقلۇق چىقىدۇ. ئۇنىڭ دانلىرى خەشخاش چوڭلۇقىدا بولىدۇ. ئۈسۈملۈكى ئامۇت دەرىخى ۋە ئۈنىڭ باشقىلىرىدا پەيدا بولىدۇ. بىر قانچە شېخى بىر يەردىن ئۈسۈپ چىقىدۇ. يوپۇرمىقى ئامۇت، ئانار يوپۇرمىقىغا ئوخشاش چۈرۈك، يېشىل بولىدۇ. يېڭى، سىلىق، يۇمىلاق، ئىچىنىڭ رەڭگى كۆدە رەڭ، سىرتى كۆككە، قارىغا ۋە قىزىلغا مايىل بولغانلىرى ياخشىلىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىنىڭ ئاخىرىدا ئىسسىق، بىشىدا قۇرۇق، شىلىمشىق بولمىغان

ئارتۇق ھۆللۈكى بار. بەزىلەر ئۇنى ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق دەپ بىلگەن. قۇۋۋىتى ھاۋاغا مەنسۇپ بولۇپ، ھاۋاغا مەنسۇپ ئىسسىق تەركىب، سۇغا مەنسۇپ سوغۇق تەركىب ۋە تۇپراققا مەنسۇپ ئاز مىقداردا قابىز تەركىبتىن تۈزۈلگەندۇر. بەدەنگە كىرگەندىن كېيىن ھەربىرىنىڭ ئۆزىگە خاس تەسىرى ئاشكارا بولىدۇ.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ماددىلارنى ئۇچۇچانلاشتۇرغۇچى، تارقاتقۇچى، يۇمشاتقۇچى، سۇيۇق، قويۇق ھۆللۈكلەرنى ئېرىتكۈچى، ئۇلارنى بەدەننىڭ چوڭقۇر قىسمىدىن تارتقۇچىدۇر. ئىلمان سۇغا چىلاپ شىرنىسىنى پوستى ۋە ئۇرۇقىدىن ئايرىپ سۈزۈپ ياڭاق مېغىزى ياكى بىدانجىر مېغىزى بىلەن يۇغۇرۇپ ئىچسە سەۋدا، بەلغەمنى تەنقىيە قىلىدۇ، تۇسالغۇلارنى ئاچىدۇ، ئولتۇرغۇچ نېرۋا ئاغرىقى، ئاقمىلار، سوغۇقتىن بولغان كېسەللىكلەرگە پايدا قىلىدۇ. مەلھەم قىلىپ چاپسا ئىششىقلارنى پىشۇرۇپ ئېغىز ئالدۇرىدۇ. ماددا ۋە ئىششىقلارنى يىغقۇچى، سوغۇقتىن بولغان ئاغرىقلارنى پەسەيتكۈچىدۇر. راتىيانەج ۋە موم بىلەن مەلھەم قىلىنسا چىيقانلارنى پىشۇرىدۇ، بەلغەمدىن بولغان تىلما كېسەلگە داۋا بولىدۇ. بەلغەمدىن بولغان ئىششىقلارنى تارقىتىدۇ، بوغۇملارنى يۇمشىتىدۇ. شۇنداقلا ئۇنى زەرنىخ بىلەن مەلھەم قىلىپ چاپسىمۇ بەلغەمدىن بولغان تىلما كېسەل، بەلغەمدىن بولغان ئىششىقلارغا پايدا قىلىدۇ، بوغۇملارنى يۇمشىتىدۇ. كۇندۇر بىلەن مەلھەم قىلىپ چاپسا يامان يارىلارنى ساقايتىدۇ. زەرنىخ ۋە زۇپتى بىلەن مەلھەم قىلىپ چاپسا يۇلۇنغان تىرناقنى ئەسلىگە كەلتۈرىدۇ. ھاك، ئۇزۇم ۋە ھەسەل بىلەن زىمات قىلىنسا تىرناقنى ئۆستۈرىدۇ. خېنە بىلەن زىمات قىلسا تازنى ساقايتىدۇ. ياغ بىلەن مەلھەم قىلىپ چاپسا چاچنى ئۇزارتىدۇ. ئۇنى ھاك سۈيى بىلەن قاينىتىپ سۈركىسە، ھاك بىلەن زىمات قىلىپ چاپسا تال ئىششىقىنى تارقىتىدۇ. بەدەننىڭ چوڭقۇر قىسمىدىكى قويۇق ھۆللۈكلەرنى تارتىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** يۈرەككە زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** بادرەنجىبۇيا.

**ئىستېمال مىقدارى:** بەش گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن كۆپ ئىستېمال قىلىنسا قورساقنى ئاغرىتىدۇ، باشنى قايدۇرىدۇ ۋە ئېغىرلاشتۇرىدۇ.

**ئورۇنباسارى:** ماددىلارنى تارقىتىش ئۈچۈن يېرىم ھەسسە ئارچا مېۋىسى، ئىككى گىرام بادام. باشقا تەسىرلىرى ئۈچۈن ئاقىرقەرھا.

ئۇنى ھەسەل، ئۈزۈم شىرنىسى، سەرپىستان بىلەن قاينىتىپ، يېپىقا ئوخشاش قىلىپ دەرەخلەرنىڭ ئۈستىگە چاپلاپ قويسا، ئۇنىڭغا قونغان قۇشلارنىڭ پۇتى چاپلىشىپ ئۇچالمايدۇ، بۇنىڭ بىلەن قۇشلارنى ئاسان تۇتقىلى بولىدۇ. قىرمىز بىلەن ئارىلاشتۇرۇلسا ناھايىتى ياخشى رەڭ پەيدا بولىدىغان بولۇپ، باشقا رەڭلەرگە قوشۇلىدۇ.

## دىبىدار
(دىبىدار ئوتى)

ئۇ نىبىتچە سۆز بولۇپ، پارس تىلى گىراماتىكىسى بويىچە تۈرلىنىپ چىققاندۇر.

ماھىيىتى: ئۇ بىر خىل ئۆسۈملۈك بولۇپ، ھىندىستاندا ئۆسىدۇ، غولى غولاچ ئېگىزلىكىدە، يىرىك بولىدۇ. شاخلىرىنىڭ تۆۋەن تەرىپى تىكەنلىك بولىدۇ. يوپۇرمىقى ئۇششاق، ناھايىتى يېشىل بولۇپ، بابۇنىنىڭ بىر تۈرى بولغان باھار ئۆسۈملۈكىنىڭ يوپۇرمىقىغا ئوخشايدۇ. مېۋىسى گۈلسىز بولۇپ، كېۋەز ئۆسۈملۈكىنىڭ مېۋىسىگە ئوخشايدۇ. سەل ئاچچىق، ئارچا مېۋىسىنىڭ ئۆتكۈرلۈكىگە ئوخشاش ئۆتكۈر بولىدۇ. تائاملارغا قوشۇلسا تەمىنى ياخشىلايدۇ. يېڭى يوپۇرمىقى چاينالسا ئېغىز خۇش پۇراق بولىدۇ. بۇ ئۆسۈملۈك ئەتىيازدا ئۆسىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە ئىسسىق، ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇقتۇر.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** قورۇغۇچى، ئۇسساتقۇچى، كۆيدۈرگۈچى بولۇپ، ئىستېمال قىلىنسا، زىمات قىلىنسا لەقۋا، پالەچكە شىپا بولىدۇ. ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەيدۇ. نۇقرەس ۋە سوغۇقتىن بولغان كېسەللىكلەرگە پايدا قىلىدۇ. ئىستېمال قىلىنسا ئاشقازاننىڭ بوشىشىغا پايدا قىلىدۇ. دوۋساقتىكى تاشنى پارچىلاپ چۈشۈرىدۇ. سۈت بىلەن ئىستېمال قىلىنسا باھنى قوزغىتىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** ئىسسىق مىزاجلىقلارغا زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** سوغۇق تەبىئەتلىك كۆكتاتلار.

ئۇنىڭ پۇرىقى كۆزنى كۆيۈشتۈرىدۇ، داۋاملىق پۇرىسا كىرپىكلەرنى چۈشۈرىدۇ. يېڭىسىغا سىركە قوشۇلسا ئۆتكۈرلۈكى ۋە چىقىشىنى پەسەيتىدۇ. ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەيدۇ.

ئۇنىڭ يوپۇرمىقى ۋە ئۇرۇقىدىن 10 گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ. ياغىچى بىلەن چىش چوتكىلىسا چىش مىلىكىنى چىڭىتىدۇ، كىچىك تىلنىڭ ھۆللۈكىنى تارقىتىدۇ.

# پەسىل: «د» (دال) ۋە «ج» (جىيم) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى

## دەج
(ئاققاش قۇش)

ئۇ پارسچە «كەبەك ۋەرى»، شىرازدا «تەخار»، تەنەكابۇندا «كوھ كوك» دەپ ئاتىلىدۇ.

ماھىيىتى: توزدىن چوڭراق بىر خىل قۇش بولۇپ، رەڭگى كۆل رەڭ، ئۇستىدە ناھايىتى

ئىنچىكە ئاق سىزىقلىرى بار. ناھايىتى سوغۇق تاغلاردا ياشايدۇ. ياۋا قۇشلارنىڭ ئەڭ ياخشىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن قالسا رەت بويىچە بۆدۈنە، ئورمان كەكلىكى، قۇر، كەپتەر باچكىسى، قىرغاۋۇل ۋە پاختەك ياخشىدۇر.

تەبىئىتى: مۆتىدىلگە مايىل ئىسسىق. ئۇچۇچاندۇر.

خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى: ئۇنىڭ تەسىرلىرى كەكلىكنىڭ تەسىرلىرىدىن كۈچلۈكتۇر. ئۇنىڭ بىلەن ئىسرىق سېلىنسا خۇسۇسىيىتى بىلەن چۈما كېسەللىكىنى يوقىتىدۇ. ئۇنىڭ قانىتى ئۆزى بىلەن ساقلانسا بەرىكەت پەيدا بولىدۇ. ئىشلار ئوڭۇشلۇق بولىدۇ.

## دەجاج
## (توخۇ)

ئۇ «دىجاج»، «دۇجاج»مۇ دېيىلىدۇ. پارسچە «مۇرغى خانىگى» (ئۆي قۇشى)، ھىندىچە «كەكرى»، «مۇرغى»، ئەركىكى ئەرەبچە «دىيك»، پارسچە «خورۇس»، ھىندىچە «كەكرۇ»، «مۇرغا» دەپ ئاتىلىدۇ.

ماھىيىتى: ئۇ تونۇشلۇق ھايۋان بولۇپ، يەرلىك ۋە ياۋا دەپ ئايرىلىدۇ.

تەبىئىتى: يەرلىكىنىڭ ياش، سېمىز بولغىنى بىرىنچى دەرىجىنىڭ ئاخىرىدا ئىسسىق، ھۆللۈكى مۆتىدىل، چۈجىسى ئارتۇق ھۆللۈكى بىلەن ئۇنىڭدىن ھۆلرەك، خورازنىڭ ئىسسىقلىقى مېكىياننىڭ ئىسسىقلىقىغا قارىغاندا ئازراق، قۇرۇقلۇقى يۇقىرىراق، چۈجە خوراز مۆتىدىلرەك، ھۆللۈككە مايىلدۇر. چۈجە خورازنى سوغۇق دېيىش قىياس ۋە تەجرىبىنىڭ ئەكسىچىدۇر. چۈنكى سۇ قۇشلىرىدىن باشقا ھەممە قۇشلارنىڭ گۆشلىرى ئىسسىقتۇر. ئۇنى سوغۇق دېگەنلەر تېۋىپلارنىڭ مېكىيان چۈجىنىڭ گۆشىنىڭ ئەكسىچە چۈجە خورازنىڭ گۆشىنى سەپرادىن بولغان تەپلەر ۋە ئىسسىقتىن بولغان كېسەللىكلەرگە بۇيرۇغانلىقىنى ئاڭلىغان ياكى كۆرگەن بولسا، ئۇلار قارىمۇقارشى داۋالاش قائىدىسىنى قوللانغان ئوخشايدۇ، بۇنداق قىلىشى خورازنىڭ مىزاجىنىڭ سوغۇقلۇقى، مېكىيان چۈجىنىڭ ئىسسىقلىقى ئۈچۈندۇر دەپ خىيال قىلىپ قالغان بولۇشى مۇمكىن. ئەمەلىيەتتە ئۇنداق ئەمەستۇر، بەلكى تېۋىپلارنىڭ ئۇنداق قىلىشى مېكىيان چۈجىنىڭ ئەكسىچە چۈجە خورازنىڭ بەدىنىدە سەپراغا ئايلىنىپ كېسەللىكنى ئېغىرلاشتۇرۇپ قويىدىغان ياغ بولمايدىغانلىقى ئۈچۈندۇر. بېنگال، سەكرىكىلى دېگەن يەرنىڭ ئەتراپىدىكى قۇملۇقلاردا ياشايدىغان، يەرلىك توخۇنىڭ شەكلى ۋە چوڭلۇقىدا بولىدىغان ياۋا توخۇ ۋە ئۇنىڭ ھىندىچە «كەلەڭ» دەپ ئاتىلىدىغان چوڭ تۈرى يەرلىك توخۇغا قارىغاندا ئىسسىقراق ۋە ھۆلرەكتۇر.

خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى: يۇمشاق پىشۇرۇلغىنى كۆپ قۇشلاردىن ئۈچۈچانراق، ياخشى

قان پەيدا قىلغۇچى، ئەقىل ۋە مەنىينى زىيادە قىلغۇچى، يۇمشاق پىشۇرۇلمىغىنى ئۇنىڭ ئەكسىچىدۇر. قېرى خوراز گۆشى شورپىسى ماددىلارنى تارقاتقۇچى، تەرەتنى بوشاتقۇچى، سەۋدانى چىقارغۇچى، قۇلۇنجىغا كۆپ داۋا بولغۇچىدۇر. ئەڭ ياخشىسى ناھايىتى قېرى خورازنى تۇتۇپ بوغۇزلاپ گۆشىنى كۆپ سۇ بىلەن يۇمشاق پىشۇرۇپ شورپىسىغا ئاز مىقداردا بىستىپايەج قوشۇپ ئىلمان ئىچىلىدۇ، شۇنداق بولغاندا سەۋدا ماددىلىرىنى ياخشى سۈرۈپ چىقىرىدۇ. چۈجە شورپىسى ئىچىلسە كېسەل بەدەنلەر، كەم ماغدۇرلار، ئاشقازان ئىششىقى ۋە سەپرادىن بولغان تەپ بىمارلىرىغا شىپا بولىدۇ. كېرەكسىز ماددىلارنى چىقىرىدۇ. تەرەتنى بوشىتىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، چۈجىلەر ئىچىنى سۈرگۈچى، توخۇلار قاتۇرغۇچى ئىكەن. ناھايىتى قېرى خورازنى بوغۇزلاپ ئىچىنى تازىلاپ ئىچىگە بىستىپايەج، سېرىقچېچەك، تۇز سېلىپ، كۆپ سۇ بىلەن تاكى 400 مىللىلىتىر ئەتراپىدا قالغۇچە قاينىتىپ كېچىچە سىرتتا قويۇپ ئەتىگىنى ئىچسە قويۇق، يېڭى كەيمۇسنى سۈرىدۇ، كونا تەپلەرگە پايدا قىلىدۇ. رەئىشە، كاناي ئىششىقى، بوغۇملار ئاغرىقى، ئاشقازان كۆپۈش، ئاشقازان بوشاش، قۇلۇنجىغا پايدا قىلىدۇ، ئىچىلگەن زەھەرلەرنى قايتۇرىدۇ. بەزىلەر ئۇنىڭغا كاللەكسەي ياكى زاراڭزا ئۇرۇقى ياكى سېرىقچېچەكتىن ھازىر بولغىنىنى ياكى ھەر ئۈچىنى بىرلىكتە قوشىدۇ، بۇ چاغدا ئۇنىڭ يۇقىرىدىكى تەسىرلىرى ۋە بەلغەمنى سۈرۈش تەسىرى تېخىمۇ كۈچىيىدۇ. خوراز گۆشى مەنىي كۆپەيتكۈچى ۋە ساپلاشتۇرغۇچى، رەڭگىروينى ياخشىلىغۇچىدۇر. چۈجە خورازنىڭ گۆشى كەم ماغدۇرلار ۋە ئىسسىقتىن بولغان كېسەللىكلەرگە پايدا قىلىدۇ. ياش مېكىيان توخۇ گۆشى كۈچلۈكرەك بولۇپ، بەدەننى سەمرىتىدۇ، رەڭگىروينى، ئاۋازنى ياخشىلايدۇ، مېڭىنى تەرەققىي قىلدۇرىدۇ. زېھىننى ئاچىدۇ، مەنىي كۆپەيتىدۇ، بۇزۇق خىياللارنى توگىتىدۇ. يېڭى ياغ بىلەن پىشۇرۇپ ئىستېمال قىلسا قۇرۇق يۆتەلنى پەسەيتىدۇ. ئۇنىڭ سۇدا پىشۇرۇلغان بىر پارچە گۆشى ۋە شورپىسى نان بىلەن ئۇدا يەتتە كۈن ئىستېمال قىلىنسا يۈزدىكى سەۋەبى ئېنىق بولمىغان سېرىقلىقنى ئالىدۇ، سىناقتىن ئۆتكەن. ئۇنىڭ گۆشىنى كاۋاپ قىلىپ ئىستېمال قىلسا، لاي ۋە ئۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىلەرنى يېيىش خۇمارىنى يوقىتىدۇ. ھۆل مىزاجلىقلارنىڭ ئاشقازىنىغا مۇۋاپىق كېلىدۇ. جىگىرىنى كۆپ ئوزۇقلاندۇرىدۇ، بەدەننى سەمرىتىدۇ، ئۇزۇندا ھەزىم بولىدۇ.

ئۇنىڭ مېڭىسى مۆتىدىل ھۆل ئىسسىق بولۇپ، شاراب بىلەن خام ئىستېمال قىلىنسا ھاشارات چېقىۋالغانغا پايدا قىلىدۇ. قان تۈكۈرۈش، بۇرۇن قاناشقا داۋا بولىدۇ، سىناقتىن ئۆتكەن. پىشۇرۇلغىنى ئىستېمال قىلىنسا مېڭىنى تەرەققىي قىلدۇرىدۇ، تەپەككۇر قۇۋۋىتىنى ئاشۇرىدۇ، زېھىننى ئاچىدۇ، ئاۋازنى ساپلاشتۇرىدۇ. داۋاملىق ئىستېمال قىلسا دۆتلەشتۈرىدۇ.

ئۇنىڭ يېغى قاتتىق ئىششىقلارنى يۇمشىتىدۇ، سەۋدالىق ماددىلارنى تارقىتىدۇ. باشقا

ئىلمان ھالەتتە سۈركىسە مالىخولىيا، تاز، پۈت ـ قوللار يېرىلىش ۋە قۇرۇقلۇقتىن بولغان بارلىق كېسەللىكلەرگە ئاجايىپ ياخشى پايدا قىلىدۇ، بولۇپمۇ تەكرار ئۈچ قېتىم سۈركىسە تېخىمۇ ياخشى پايدا قىلىدۇ. ئاز دېگەندىمۇ 12 كۈن زاراڭزا ئۇرۇقى بىلەن بېقىلغان خوراز گۆشى دەسلەپكى مەزگىلدىكى جوزامغا پايدا قىلىدۇ.

خوراز تاشلىقىنىڭ ئىچىدىكى نېپىز پوستىنى قۇرۇتۇپ سالايە قىلىپ شاراب بىلەن ئىچسە ئاشقازان ئاغرىقى، ئاشقازان ئاجىزلىقى، ئاشقازان مەنبەلىك ئىچ سۈرۈشكە پايدا قىلىدىغان بولۇپ، سىناقتىن ئۆتكەن. ئۇنىڭ جاۋارشى ۋە مەجۇنى قارابادىندا بايان قىلىندى. ئۇنىڭ قۇرۇتۇلغان ئۇرۇقدىنىنى توخۇ تۇخۇمىنىڭ ئىللىتىپ پىشۇرۇلغان سېرىقى بىلەن ئىستېمال قىلسا باھنى ناھايىتى قۇۋۋەتلەيدۇ. شۇنداقلا ئۇنى يەسمەن يېغى بىلەن بىرلىكتە دوۋسۇن ۋە چات ئارىلىقلىرىغا سۈركىسىمۇ باھنى قوزغىتىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، خورازنىڭ ئۇرۇقدىنىنى ئاپتاپتا قۇرۇتۇپ باراۋەر مىقداردىكى ئەندۇران تۇزى بىلەن سالايە قىلىپ مىس قاچىغا ئېلىپ ئوت ئۈستىدە قاتقۇچە قويغاندىن كېيىن، ئايال بىلەن بىرگە بولغاندا ئۇنىڭدىن مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ تىلىنىڭ ئاستىغا سېلىپ قويسا، باھقا ئاجايىپ ياخشى تەسىر قىلىدىكەن. يەنە ئېيتىشلارغا قارىغاندا، خورازنى باھار پەسلىدە بوغۇزلاپ ئۇرۇقدىنىدىن باشقا ئەزالىرىنى ئايرىۋېتىپ، ئىچىگە تۇز سېلىپ سايىدا قۇرۇتقاندىن كېيىن ھەممىسىنى سوقۇپ ئەينەك قاچىدا ساقلاپ، زۆرۈر بولغاندا يېڭى سېغىلغان كالا سۈتى بىلەن ئىستېمال قىلسا باھنى ناھايىتى قۇۋۋەتلەيدىكەن.

خوراز ۋە مېكىيانىنىڭ قېنىنى ئىچسە، قۇرۇتۇپ تالقانلاپ بۇرۇنغا سۈمۈرسە بۇرۇن قاناشنى توختىتىدۇ. يۇمران پېيىنى يۇلۇپ قېنىنى سىقىپ چىقىرىپ كۆزگە تېمىتسا كۆزدىكى ئاقنى يوقىتىدۇ. قارا توخۇنىڭ ئۈستىخىنىنى باراۋەر مىقداردىكى تال ياغىچى بىلەن كۆيدۈرۈپ سەپسە ياكى موم بىلەن يۇغۇرۇپ پەرجىگە قويسا قىزىلىقنى ئەسلىگە كەلتۈرىدىغان سىرلاردىن بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. خورازنىڭ ئىچىدە پەيدا بولغان تاش ئىستېمال قىلىنسا تاشنى پارچىلايدۇ.

توخۇ پوقى جۇلا بەرگۈچى، ئۆتكۈرلۈككە ئىگە بولۇپ، بەش گىرامى شاراب ياكى سىركە بىلەن ئىستېمال قىلىنسا قۇلۇنجغا پايدا قىلىدۇ. زەھەرلىك موگۇنىڭ زەھىرىنى يوقىتىدۇ. چاپسا بەھەق، ئاقكېسەل ۋە ئۇنىڭ ئوخشاشلىرىغا داۋا بولىدۇ. بولۇپمۇ خورازنىڭ پوقى سىركە بىلەن زىمات قىلىنسا غالجىر ئىت چىشلىۋالغاندىكى زەھەرنى قايتۇرىدۇ. ئەمما پوقى ئىشلىتىلىدىغان توخۇ ياخشى نەرسىلەر بىلەن بېقىلىشى لازىم.

توخۇنىڭ خۇسۇسىيىتى شۇكى، قورسىقىنى يېرىپ زەھەرلىك ھاشارات ۋە يىلان چېقىۋالغان ئورۇنغا ئىسسىق پېتى تاڭسا ئۇلارنىڭ زەھىرىنى سۈمۈرىدۇ. سوۋۇپ قالسا ئالماشتۇرۇلىدۇ. ئەزالارغا تېگىلسا ماددىلارنى تېرە يۈزىگە تارتىدۇ. مېڭە پەردىسى ياللۇغلانغان

بىمارنىڭ بېشىغا تېگىلسا هوشىغا كەلتۈرىدۇ. ئۇنىڭ يەنە بىر خۇسۇسىيىتى شۇكى، قۇيرۇقنىڭ پەيلىرىنى تىرىك هالەتتە تولۇق يۇلۇپ يىلان چىققان ئورۇنغا قويسا يىلاننىڭ زەھىرىنى سۈمۈرىدۇ، ئەمما توخۇ ئۆلۈپ قالىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن يەنە بىر توخۇنىڭ قۇيرۇقىنى يۇلۇپ يەنە قويۇلىدۇ، شۇ يوسۇندا ئۈچ توخۇنىڭ قۇيرۇقى تېگىلسا زەھەرلەنگۈچى شىپا تاپىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** توخۇ گۆشى سوت، ئارپا ئېشى، قېتىق، پىشلاق ۋە باشقا سۈت مەھسۇلاتلىرى بىلەن ئىستېمال قىلىنسا قۇلۇنجى پەيدا قىلىدۇ، ئۇ يالغۇز هالەتتە داۋاملىق ئىستېمال قىلىنسا نۇقرەس، بوۋاسىرغا سەۋەب بولىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** ئىسسىق دورىلار، شاراب، ئۈزۈم سۈيى قايناتمىسى، ئىسسىق مىزاجلىقلار ئۈچۈن سىركەنجىۋىل.

ئېيتىشلارغا قارىغاندا خوراز گۆشى خۇسۇسىيىتى بىلەن باھنى ئاجىزلاشتۇرىدىكەن.

توخۇنىڭ ئىچىدە تۇخۇملىرى ئۇششاق ۋاقتىدا چاپلىشىپ تۇرىدىغان تۇخۇمدان دەپ ئاتىلىدىغان نەرسە توخۇ قېرىغان ۋە تۇخۇم تۇغۇشتىن قالغاندا قوۋغىدىن بەزى ۋاقىتلاردا چۈشىدۇ. ئۇنىڭ خۇددى پەنىرمايىگە ئوخشاش ئۇيۇغان سۈتنى ئېرىتىش تەسىرى بار بولۇپ، ئۇنىڭدىن ئاز مىقداردا ئېلىپ، سۈت بىلەن قايىنىتىپ ئېرىتىپ ئىلمان هالەتتە سۈركىلىدۇ.

## پەسىل: «د» (دال) ۋە «خ» (خۇۋائ) هەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى

## دۇخان

(قويۇن)

ئۇ پارسچە «دۇد»، هىندىچە «دۇۋاڭ» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماهىيىتى:** ئۇ تۇپراقتا مەنسۇپ قۇرۇق ئىسسىق ئۈچۈچان تەركىبلەردىن ئىبارەت بولۇپ، شەيئىلەرنى كۆيدۈرگەن ۋە ئېرىتكەندە ئۆرلەپ چىقىدۇ. ئۇلارنىڭ ئەھۋاللىرى كۆيدۈرۈلگەن شەيئىلەرنىڭ ئەھۋاللىرىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا قاراپ ئوخشىمايدۇ. يەنى ئۆتكۈر نەرسىنىڭ تۈتۈنى ئۆتكۈر، تاتلىق نەرسىنىڭ تۈتۈنى تاتلىق، مۆتىدىل نەرسىنىڭ تۈتۈنى مۆتىدىل بولىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئۇلارنىڭ ھەممىسىدە ئۇلاردىن ئايرىلغان ئوتنىڭ تەسىرى بولۇپ ئازراق ئىسسىق تۇپراق ماددىلىرى بولغانلىقتىن قۇرۇق بولىدۇ.

تېبابەتتە كۆز كېسەللىكلىرى ئۈچۈن شىشە قويۇنى، كۇندۇر قويۇنى، كۆز

ھۆللۈكلىرىنى قۇرۇتۇش، كۆز چانىقىدىكى كەمتۈكلىشىشنى داۋالاش ئۈچۈن مۇرمەككى قۇيۇنى، بەتەم دەرىخى قۇيۇنى ئىشلىتىلىدۇ. مىئە قۇيۇنى شېشە قۇيۇنىدىن كۈچلۈكرەك بولىدۇ. ئۇنىڭدىن قالسا زۇپتى قۇيۇنى، ئۇنىڭدىن قالسا قەتران قۇيۇنى كۈچلۈك بولىدۇ. قۇيۇن قانچە ئۆتكۈر بولسا كۆز كېسەللىكلىرى، قاپاق قېلىنلىشىش، قاپاق قاتتىق ئىششىقى، كۆز قىزىرىش ۋە كىرپىك تۆكۈلۈش كېسەللىكلىرىگە شۇنچە ياخشى شىپا بولىدۇ. زەنجىۋىل قۇيۇنى كۆزنى تەڭداشسىز قۇۋۋەتلەيدۇ.

قۇيۇننى ئېلىش ئۇسۇلى شۇكى، قۇيۇنى ئېلىنماقچى بولغان نەرسىنى چالا سوقۇپ ئۆچكە يېغى بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ كونا لاتىغا ئوراپ پىلتە ياساپ داسقا ئوخشاش گۈمبەزسىمان قاچىنىڭ ئاستىغا قويۇپ كۆيدۈرۇپ، ئۇنىڭ تۈتۈنى ئۈستىدىكى قاچىغا تېگىپ چاپلىشىدۇ، يىغىلغاندىن كېيىن قىرىپ ئېلىپ ئىشلىتىلىدۇ. تۆمۈرچىلىك دۇكانلىرىنىڭ قۇيۇنلىرى ياغلار ۋە مەلھەملەردە كۆپ ئىشلىتىلىدۇ. ھەسى لۇبان قۇيۇنىنىڭ تەسىرى ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ تەسىرىدىن كۈچلۈكرەك بولىدۇ. ئۇنىڭدىن ئاز مىقداردا ئىستېمال قىلىنسا باھنى قۇۋۋەتلەيدۇ. ھەسى لۇبان ماۋزۇسىدا بايان قىلىنىدۇ.

## دۇخانۇل قەۋارىر
(شېشە قۇيۇنى)

ماھىيىتى: ئۇ، شېشە ئوت بىلەن ئېرىتىلگەندە ئۆرلەپ ئېرىتىش قازىنىنىڭ ئۈستىدە چاپلىشىپ قالىدىغان قۇيۇندىن ئىبارەت.

تەبىئىتى: قۇرۇق ئىسسىق.

خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى: كۆرۈش قۇۋۋىتىنى ئاشۇرغۇچى، جۇلا بەرگۈچى بولۇپ، كۆزگە پەردە ئۆسۈش، تىرناقچە گۆش ئۆسۈش ۋە زەخمىلەردىكى ئارتۇق گۆشلەرنى يوقىتىشقا ئىشلىتىلىدۇ.

## دۇخانۇل كۇندۇر
(كۇندۇر قۇيۇنى)

ئۇ كۇندۇرنىڭ قۇيۇنى بولۇپ، داس ياكى شۇنىڭغا ئوخشاش گۈمبەزسىمان قاچىلارنى دۈم كۆمتۈرۈپ تېگىدە كۇندۇر كۆيدۈرسە تۈتۈنى ئۈستىگە ئۆرلەپ داسنىڭ ئاستىغا يىغىلىدۇ.

خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى: كۆز ئىششىقى، كۆز يارىسى، كىرپىك ئۆستۈرۈش، ئارتۇق

كىرپىكنى چۈشۈرۈش، ئەزالارنىڭ يارىلىرىنى ساقايتىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. كىتابنىڭ مۇقەددىمىسىدە ئۇنى ئېلىش ئۇسۇلى بايان قىلىندى.

## دۇخۇن
(تېرىق)

ئۇ پارسچە «ئەرزەن»، شىرازدا «ئەلىم»، ھىندىچە «كەنگنى» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيتى:** ئۇ قوناقنىڭ بىر تۈرى بولۇپ، ئىككى خىل بولىدۇ. بىر خىلىنىڭ پوستى ئاقفا مايىل، چۇرۇك بولۇپ، ئاسان ئاجرايدۇ. بۇ يېيىش ئۈچۈن ياخشىراقتۇر. ئىككىنچى خىلىنىڭ پوستى پارقىراق، سىلىق بولۇپ، تەستە ئاقلىنىدۇ، بۇ ھىندىچە «چىينە» دەپ ئاتىلىدىغان بولۇپ، دورىلىقتا ياخشىدۇر.

**تەبىئىتى:** بىرىنچى دەرىجىنىڭ ئاخىرىدا سوغۇق، ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق. قۇرۇقلۇقى قوناقتىن كەمرەك.

**خۇسۇسىيتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ئوزۇقلۇقى ئازدۇر، قۇرۇتقۇچى، ئىچ سۈرۈشنى توختاتقۇچى بولۇپ، بۇ تەسىرى قوناقتىن ئاجىزراقتۇر. سۈيدۈك ھەيدەيدۇ. ئاشقازاندىن تەستە ئۆتىدۇ. ئۇنىڭ ئاقلانغىنىنى يېڭى سېغىلغان سۈت ۋە يېڭى ياغ بىلەن پىشۇرۇپ ئىستېمال قىلسا بەدەننى ياخشى ئوزۇقلاندۇرىدۇ، ئۆپكىنى نەمدەيدۇ. مەنىي كۆپەيتىدۇ.

**زىيانلىق تەسرى:** بۆرەكتە تاش پەيدا قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** شېكەر.

**ئورۇنباسارى:** گۈرۈچ.

# پەسىل: «د» (دال) ۋە «خ» (خۇۋائ) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى

## دۇرراج
(كەكلىك)

ئۇ ھىندىچە «تىيتەر» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيتى:** ئۇ بىر خىل قۇش بولۇپ، كەبەك قۇشنىڭ جۈغىغا ئوخشاپ قالىدۇ. ناھايىتى چىرايلىق بولىدۇ. ئۇ ھىندىستاندا تۆت خىل بولىدۇ. بىرىنچى خىلى چوڭ، كۆل رەڭ، قارىغا مايىل، قارا چېكىتلىك بولىدۇ. ئۇنىڭ رەڭگى كاتھىندىنىڭ ھىندىچە نامى بولغان

«كەھىير»نىڭ رەڭگىگە ئوخشايدىغان بولغانلىقى ئۈچۈن «كەھىير» دەپ ئاتىلىدۇ. ئىككىنچى خىلى ئۇنىڭدىن كىچىكرەك، قارا، ئاق چېكىتلىك، كۆل رەڭ بولىدۇ. ئۇ «كالا تىيتەر» دەپ ئاتىلىدىغان بولۇپ، ھەممىدىن چىرايلىق بولىدۇ. ئۈچىنچى خىلى ئۇنىڭدىنمۇ كىچىكرەك، ئاق، كۆل رەڭگە مايىل، چېكىتلىك بولىدۇ. ئۇ «كۆريا» يەنى ئاق دەپ ئاتىلىدۇ. تۆتىنچىسى ھەممىدىن كىچىك بولۇپ، توپا رەڭ بولىدۇ. تۇمشۇقىنىڭ ئۈستىدە ئاق، قارا چېكىتلەر بولىدۇ. ئۇ ھىندىچە «بەھت تىيتەر» دەپ ئاتىلىدۇ. چۈنكى ئۇ زىرائەت ئېتىزلىرىدا پەيدا بولىدۇ، ئېگىز ئۇچىدۇ. پۇتلىرىدا ئۈچ بارمىقى بولىدۇ. ئۇنىڭ گۆشى دەسلەپكى ياۋا ئىككى تۈرنىڭ گۆشىگە قارىغاندا ناھايىتى ئېغىر، قاتتىق بولۇپ، تەستە ھەزىم بولىدۇ. ياۋا ئىككى تۈرى كۆپ ئۇچالمايدۇ. پۇتلىرىدا تۆت بارمىقى بولىدۇ. شەيخ داۋۇد ئەنتاكىي ئۇنى خىيالىي ھالدا بۆدۆنە دەپ يازغان.

**تەبىئىتى:** ئىسسىققا مايىل، بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇق، بەزىلەر ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق دەپ بىلگەن.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** گۆشى كەبەك قۇشنىڭ گۆشىدىن نازۇكراق، پاختەك گۆشىدىن ياخشىراق بولىدۇ. مېڭىنى تەرەققىي قىلدۇرىدۇ. زېھنىنى ئۆتكۈرلەشتۈرىدۇ، ئەستە تۇتۇش قابىلىيىتىنى ئاشۇرىدۇ. مەنىينى كۆپەيتىدۇ، ھۆل سوغۇق مىزاجلىقلارنىڭ ئاشقازىنىنى قۇۋۋەتلەيدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** قۇرۇق ئىسسىق مىزاجلىقلارغا زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** چۈچۈمەل نەرسىلەر.

ئۇنىڭ ئۆتى، قېنى، مايىقى جۇلا بەرگۈچى، كۆزدىكى ئاقنى يوقاتقۇچى، تېرىدىكى ئىزلارنى ئالغۇچىدۇر. مېھرىيارەسنىڭ سۆزىگە قارىغاندا، ئۇنىڭ يېغى رەۋغىنى رازىقى بىلەن ئىشلىتىلسە قۇلاق ئاغرىقىغا ئاجايىپ شىپا بولىدىكەن.

## دەرداب

(دەرداب قوغۇنى)

ئۇ پارسچە «دەستەنبۇيە»، ھىندىچە «كەچرى»، بېنگالچە «كەرمىين»، «سىيندىنى» دەپ ئاتىلىدۇ.

ماھىيىتى: مەلۇم دەپ ئاتىلىدىغان كەرمەك قوغۇنىنىڭ تۈرىدىن بولۇپ، ئۇنىڭدىن كىچىكرەك، ھەر خىل رەڭ ۋە ھەر خىل شەكىللەردە بولىدۇ. ئۇنىڭ سېرىق، كۆك رەڭلىك سىزىقلىرى، ئاققا مايىل سېرىقلىرى، يۇمىلاقلىرى، چامغۇر شەكىللىكلىرى ۋە سەل ئۇزۇنچاقلىرى بولىدۇ. گۆشى قوغۇنىنىڭ گۆشىدىن ئازراق بولۇپ، خام ۋاقتىدا ئاچچىق

بولىدۇ، پىشقاندىن كېيىن تاتلىقلىشىدۇ. ئۇرۇقى ئۇششاق بولىدۇ. «تۇھپەتۇل مۆئمىنىين» (مۆمىنلەرگە قىلىنغان سوۋغا) دېگەن كىتابنىڭ ئاپتورىنىڭ يېزىشىچە، كۆپ قىسىم كىشىلەر ئۇنى مەليۇن قوغۇنى دەپ بىلىدىكەن، ئەمما بۇنداق بىلىش خاتادۇر.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** پۇرسا مېڭىنى قۇۋۋەتلەيدۇ، مېڭە توسالغۇلىرىنى ئاچىدۇ. ئۇنىڭ خېمى ياكى پىششىقى يېيىلسە سۈيدۈك ھەيدەيدۇ، تاش پارچىلايدۇ، بولۇپمۇ خېمى بىر نەچچە كۈن ئۇدا يېيىلسە تېخىمۇ ياخشى پايدا قىلىدۇ. گۆش قاينىغاندا ئۇنىڭدىن ئاز مىقداردا ئېلىپ قازانغا سالسا گۆشنى يۇمشاق پىشۇرىدۇ. ئۇنىڭ بۇ تەسىرى قوغۇننىڭ تەسىرىدىن كۈچلۈكرەكتۇر.

## دەردار

### (ئاق تېرەك)

ئۇ پارسچە سۆزدۇر. «دارۇن»، «سەفىيد دارۇ» (ئاق دورا)، «دەرەختى پەشە» (پاشا دەرىخى) دەپمۇ ئاتىلىدۇ. چۈنكى ئۇنىڭ مېۋىسىنىڭ ئىچىدە پاشا پەيدا بولىدۇ. ئۇ توغراقنىڭ بىر تۈرىدۇر.

**تەبىئىتى:** بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** قورۇغۇچى، جۇلا بەرگۈچى قۇۋۋەتكە ئىگىدۇر. يوپۇرمىقىنىڭ سۈيىنى ھەسەل بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ كۆزگە سۈركەپ بەرسە كۆز قاراڭغۇلىشىشقا پايدا قىلىدۇ. قۇلاققا ئىلمان ھالەتتە تېمىتسا ئېششىقنى تارقىتىدۇ. ھۆل يىلتىزىنى كۆيدۈرگەندە ئۇچىدىن تامچىلايدىغان سۈيى تېمىتىلسا كېسەللىكنىڭ ئۇزۇنغا سوزۇلۇشىدىن بولغان گاسلىقنى ئوڭشايدۇ. ھۆل يوپۇرمىقى چىشلارنى چىڭىتىدۇ، چىش مىلىكىگە پايدا قىلىدۇ. ئىچ سۈرۈشنى توختىتىدۇ. قايناتمىسى تەرەتنى يۇمشىتىدۇ. زىمات قىلسا ھۆل يارىلارنى ساقايتىدۇ، سۇنغان ئۇستىخانلارنى تۇتتۇرىدۇ. سىركە بىلەن زىمات قىلسا ھۆل قوتۇرغا داۋا بولىدۇ. يىلتىزىنىڭ پوستىنىڭ تەسىرى كۈچلۈكرەك بولۇپ، بەش گىرامى شاراب ياكى سۇ بىلەن ئىشلىتىلسە بەلغەمنى سىقىپ سۈرىدۇ. سىركە بىلەن مەلھەم قىلىنسا ئاقكېسەلنىڭ رەڭگىنى ئۆزگەرتىدۇ. مېۋىسىنىڭ سۈيۈقلۇقى تېرىگە جۇلا بېرىدۇ. جۇدەتكۈچى تەپ، كونا يۆتەلنى ساقايتىدۇ، سىناقتىن ئۆتكەن. قورۇقىنىڭ چىلانمىسى ئۇنىڭ مېۋىسىنىڭ سۈيۈقلۇقىنىڭ ئورنىنى باسىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** قاننى كۆيدۈرىدۇ، سەۋدا پەيدا قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** شېكەر.

**ئىستېمال مىقدارى:** بەش گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

**ئورۇنباسارى:** خەشىيزەك (دەرمەنەئى خۇراسانى).

## دەرۇبەتارىس
(بەللۇت بالىسى)

بۇ سۆزنىڭ يۇنانچە مەنىسى بەللۇت بالىسى دېگەن بولىدۇ. چۈنكى كونا بەللۇت دەرىخىدە ئۆسۈپ، ئۇنىڭغا يامىشىدۇ. سەرخىست ئۆسۈملۈككە ئوخشاش بولۇپ، ئۇنىڭدىن كىچىكرەك، سەل ئاچچىق، ئۆتكۈر بولىدۇ. يىلتىزى گىرەلەشكەن بولۇپ، تۈكلۈك، تاتلىق، قىرتاق، ئاچچىق، ئۆتكۈر تەملەرگە ئىگە بولىدۇ. قاتتىق، پارقىراق بولىدۇ. رەڭگى قارا، قىزىل ۋە قارامتۇل بولىدۇ. ئۇ بىستىپايەجىنىڭ بىر تۈرىدۇر. يوپۇرمىقى نەرگىس يوپۇرمىقىغا ئوخشايدۇ، سەل تاتلىق، ئۆتكۈر، ئاچچىق بولىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ناھايىتى قورۇغۇچى ۋە چىرىتكۈچىدۇر. زىمات قىلىنسا قاتما، پالەچ، بوغۇملار ئاغرىقى، چاشقان يارىسىغا پايدا قىلىدۇ. بەدەن ۋە يۈزگە سۈركىسە كىرلارنى تازىلايدۇ، مويلارغا تەكرار سۈركىسە مويلارنى چۈشۈرىدىغان بولۇپ ئاجايىپ تەسىر قىلىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** 0.5 گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** ئۈچ گىرامى يالىلۇغلاندۇرۇش، قورساقنى ئاغرىتىش بىلەن ھالاك قىلىدۇ.

زەھەر قايتۇرۇش ئۇسۇلى قارا خەربەقنىڭ زەھىرىنى قايتۇرۇش ئۇسۇلى بىلەن ئوخشاشتۇر.

## دەرۇفىنۇن
(زەيتۇنئوت)

ئۇ يۇنانچە سۆز بولۇپ، «دەرۇقىنۇن»مۇ دېيىلىدۇ. ئەرەبچە «زەيتۇنىيە» (زەيتۇنئوت) دەپ ئاتىلىدۇ. چۈنكى ئۇنىڭ يوپۇرمىقى زەيتۇن يوپۇرمىقىغا ئوخشايدۇ.

**ماھىيىتى:** ئۇ بىر خىل ئۆسۈملۈك بولۇپ، يوپۇرمىقى زەيتۇن يوپۇرمىقىغا ئوخشاش بولۇپ، ئۇنىڭدىن ئۇزۇنراق، ئىنچىكرەك بولىدۇ. شاخلىرى غولاچتىن قىسقىراق ئۆسىدۇ. گۈلى نارەنجى رەڭدە بولىدۇ. ئۇرۇقى يۇمىلاق بولۇپ، كۈرسىنە پۇرچاقتىن كىچىكرەك، رەڭگى ھەر خىل بولىدۇ. نوقۇت غىلاپىغا ئوخشايدىغان قېلىن، يىرىك غىلاپ ئىچىدە بولىدۇ. يىلتىزى غولاچ ئۇزۇنلۇقىدا، بارماق توملۇقىدا بولىدۇ. دەرياغا يېقىن نەم يەرلەردە ئۆسىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئۇچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق. ئىبنى بەيتار ۋە باشقىلار ئۇنى قۇرۇق سوغۇق، لۇپاھدىن كۆچلۈكرەك دەپ بىلگەن.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ناھايىتى قۇرۇتقۇچىدۇر. سالايە قىلىنغىنى قان توختىتىدۇ، يارا ئىچىنى پۈتتۈرىدۇ. قاينىتىلغان سۈيىنى قۇيۇپ بەرسە ئىششىقلارنى تارقىتىدۇ. زەيتۇن يېغىدا قاينىتىپ يېغىنى قۇلاققا ئىلمان ھالەتتە تېمىتسا گاسلىققا پايدا قىلىدۇ. چىشقا سۈركىسە چىشنى چۇشۇرىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن ياغلىسا بوۋاسىر مونەكلىرىنى چۇشۇرىدۇ. بوغۇم ۋە ئۇلارنىڭ ئوخشاشلىرىنىڭ ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن ھۆقنە قىلسا ھەيز ماڭدۇرىدۇ، سىناقتىن ئۆتكەن.

**ئىستېمال مىقدارى:** 0.5 گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** سىركە ۋە يېڭى سېغىلغان سۈت بىلەن قۇستۇرۇشتۇر.

## دۇردىي
## (ئۇسارىلەر لېيى)

ئۇ پارسچە «لاي» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** ئۇسارىلەرنىڭ تېگىگە ئورنىغان لېيىدىن ئىبارەت. ھەممىنىڭ ياخشىسى شارابنىڭ لېيى بولۇپ، «تەرتىير»، پارسچە «دارتۇ» دەپ ئاتىلىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئۇچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** زىمات قىلسا ئىششىقلارنى تارقىتىدۇ، سىناقتىن ئۆتكەن. قىزىل، ھەر خىل يارا ۋە ئېغىز يارىسىغا پايدا قىلىدۇ. زەخىملەرنىڭ ئارتۇق گۆشلىرىنى يوقىتىدۇ، قان توختىتىدۇ، يارا ئېغىزلىرىنى پۈتتۈرىدۇ. قورساقنىڭ ئاستىغا سۈركەپ بەرسە توختىمىغان ھەيزنى توختىتىدۇ. بەدەننىڭ باشقا يەرلىرىگە سۈركىسە داغ ـ سەپكۈن ۋە باشقا ئىزلارنى يوقىتىدۇ، رەڭگىرويىنى ياخشىلايدۇ. سوغۇقتىن بولغان ئاغرىق ۋە بوغۇم ئاغرىقلىرىنى پەسەيتىدۇ. ئەمچەك ئىششىقىنى ياندۇرىدۇ.

ئۇنىڭ قۇرۇقىنىڭ چوغ ياكى ئوچاقتا قويۇپ ئاقارغۇچە كۆيدۈرۈلگەن كۈلى ناھايىتى جۇلا بەرگۈچى بولۇپ، ھەممە تەسىرى كۆيدۈرۈلمىگىنىدىن كۈچلۈكرەكتۇر. ئۇنىڭ يېڭىسىنىڭ كۈلى ئىشلىتىلىدۇ، كونىسىنىڭ كۈلى ئاجىزدۇر. ئۇنىڭ يۇيۇلغىنى كۆزنى تازىلايدۇ، كۆز تورلىشىش، كۆزگە تىرناقچە گۆش ئۆسۈش، كۆزگە ئاق چۈشۈشكە پايدا قىلىدۇ. ئۇ ئاس دەرىخى يوپۇرمىقى بىلەن زىمات قىلىنسا ئاشقازاننىڭ بەلغەمدىن بولغان ئىششىقىنى تارقىتىدۇ.

**ئورۇنباسارى:** قىزىل زەرنىخ.

ئۇنى شاخار ۋە زەمچە بىلەن لايىقلاشتۇرۇپ ئىشلەتسە مىسنىڭ قىزىللىقىنى يوقىتىدۇ. مىلتىق دورىسى، يەنى ئاق شور بىلەن ئىشلەتسە كۈمۈشنى ئىسلاھ قىلىدۇ، مىس دېتىنى تازىلايدۇ، بۇ جەھەتتىكى تەسىرى تەڭداشسىزدۇر.

## دۇردىييۇل خەل
(سىركە لېيى)

ئۇ سىركىنىڭ لېيىدىن ئىبارەت بولۇپ، ھەممە تەسىرى سىركىدىن ئاجىزراقتۇر. پەقەت يەل يارىسىنىڭ كېڭىيىشىنى توسۇش تەسىرى ئۇنىڭدىن كۈچلۈكرەكتۇر.

## دەرۇنەج
(دۇرنەج ئەقرەبى)

بۇ پارسچە سۆزدۇر.

**ماھىيتى:** ئۇ بىر خىل يىلتىز بولۇپ، شەكلى چايانىنىڭ شەكلىگە ئوخشايدۇ، پوستى كۈل رەڭ، بوغۇملۇق بولىدۇ. بوغۇملىرى ئىككى ياكى ئۈچ بولىدۇ. ئۇنىڭ ياخشىسى سەل ئاچچىق، خۇش پۇراق، قاتتىق، ئىچى ئاق بولغانلىرىدۇر. ئۇنىڭ ئۆسۈملۈكىنىڭ يوپۇرمىقى بادام يوپۇرمىقىغا ئوخشاش، سېرىققا مايىل، يەرگە يېيىلىپ ئۆسىدۇ. تۈكلۈك، غولى كاۋاك بولۇپ، ئىككى غۇلاچ ئۇزۇنلۇقتا ئۆسىدۇ. ئوتتۇرىدىن يوپۇرمىقى ئۆسىدۇ. ئۇنىڭ غولىنىڭ يوپۇرماقلىرى تارقاق ئۆسىدىغان بولۇپ، ئاستى تەرىپىنىڭ يوپۇرماقلىرىدىن ئىنچىكىرەك، ئۇزۇنراق بولىدۇ. بەش تالدىن يەتتە تالغىچە بولىدۇ. گۈلى سېرىق، كاۋاك بولىدۇ. يىلتىزى دورىلىققا ئىشلىتىلىدۇ. قۇۋۋىتى 10 يىلغىچە تۇرىدۇ. ئۇ ئەندەلۇس، شام تاغلىرىدا، بولۇپمۇ يەبرۇت دەپ ئاتىلىدىغان تاغدا كۆپ ئۆسىدۇ. ئۇ يەرلەردە «ئەقرەبى» دېگەن نام بىلەن مەشھۇردۇر. فارسى (پارستىن چىقىدىغىنى) ۋە رۇمى (رىمدىن چىقىدىغىنى) دىن ئىبارەت ئىككى خىل بولىدۇ. ياخشىسى رىمدىن چىقىدىغان چايانىنىڭ شەكلىدە بولغىنىدۇر.

**تەبىئتى:** ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** بەلغەم، سەۋدا، قويۇق يەللەرنى تارقاتقۇچى، سەزگۈلەرنى، يۈرەك، ئاشقازان، تالنى قۇۋۋەتلىگۈچى، خۇرسەن قىلغۇچى، زەھەر قايتۇرغۇچىدۇر. خەفەقان ۋە قورساق پەردىسى مەنبەلىك مالىخولىياغا پايدا قىلىدۇ. ھەزىمنى كۈچەيتىدۇ، بالىياتقۇنىڭ ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ. ئاشقازان، ئۈچەي ۋە بالىياتقۇنىڭ قويۇق يەللىرىنى تارقىتىدۇ. چايان، دۆ ۋە باشقا زەھەرلىك ھايۋانلارنىڭ زەھىرىنى قايتۇرىدۇ. يۇقىرىدىكى مەقسەتلەرگە يېتىش

ئۇچۇن ئىستېمال قىلىنىدۇ ياكى مەلھەم قىلىنىدۇ، بولۇپمۇ ئەنجۇر بىلەن ئىشلىتىلسە زەھەر قايتۇرۇش تەسىرى تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** شېكەر بىلەن ئىستېمال قىلسا بەلغەمدىن بولغان باش ئاغرىقى ۋە كۆكرەك ئاغرىقىغا پەيدا قىلىدۇ. ئىسسىق مىزاجلىقلارنىڭ بېشىغا زىيان قىلىپ، باشنى ئاغرىتىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** ئارپىبەديان، ئىسسىق مىزاجلىقلار ئۈچۈن ئارپىبەديان ياكى غورا قىيامى ياكى رىباس قىيامى.

خەفەقان ۋە ئۈنىڭ باشقىسىدا ئۈنىڭ ئىسسىقلىقىنى پەسەيتىش ئۈچۈن ئالما شەربىتى ۋە ئاز مىقداردا كافۇر بىلەن ئىشلىتىلسە ئەڭ ياخشى بولىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** 3~6 گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

**ئورۇنباسارى:** بالىياتقۇ يېلىنى تارقىتىش ئۈچۈن باراۋەر مىقداردا زۇرەمبات، ئۈچتىن ئىككى ھەسسىسىچىلىك مىقداردا قەرنەپىل، بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىچە ئاقىرقەرھادۇر.

ئۈنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىدىن شۇلار باركى، ئۈنىڭ بىر پارچىسى ئۆينىڭ ئىچىگە ئېسىپ قويۇلسا ئۇ ئۆيدە چۇما كېسەللىكى بولمايدۇ. ئۈنىڭ تېشىلگىنىنى يىپ بىلەن چىگىپ ھامىلىدار ئايالنىڭ بىلىنىڭ ئاستىغا ئېسىپ قويسا تۇغۇت ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ. ھامىلىنى ئاپەتلەردىن ساقلايدۇ. ئەمما مەزكۇر يىپنى ئايال ئۆزى ئەشكەن بولۇشى كېرەك. ئۈنىڭ ئۇزۇنىسىغا تېشىلگىنى ئېسىۋېلىنسا ئۇيقۇدا چۆچۈش ۋە قالايمىقان چۈشلەرنى كۆرۈشنى توختىتىدۇ ۋە ياخشى چۈشلەرنى كۆرۈشكە سەۋەب بولىدۇ.

## دەرياس
### (سېسىق گۈل)

ئۇ سېسىق گۈلنىڭ بىر تۈرى بولۇپ، غېرىچ ئۇزۇنلۇقىدا ياكى ئۇنىڭدىن ئۇزۇنراق ئۆسىدۇ. غولىدىن كۆپ شاخلار ئۆسۈپ چىقىدۇ. يوپۇرمىقى كەنار ئۆسۈملۈكىنىڭ يوپۇرمىقىغا ئوخشايدۇ. يوپۇرمىقى قارىغا مايىل كۆك بولۇپ، ھەر شېخىدا ئۈچتىن بەشكىچە، بەزىدە يەتتىگىچە يوپۇرماق بولىدۇ. گۈلى سېرىق، يۇمىلاق، ياپىلاق، كىچىك، بەتبۇي بولىدۇ. ئۇرۇقى قارىمۇرچقا ئوخشايدۇ. شەيخ داۋۇد ئەنتاكىي ئۇنى باشقا دورا دەپ چۈشەندۈرگەن.

**تەبىئىتى:** ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق، سوغۇقلۇقى بار، يەنى مۇرەككەپ قۇۋۋەتلەرگە ئىگىدۇر.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** باشقا بۇخارات ئۆرلىتىدۇ، مەست قىلىدۇ. ھۆلىنىڭ 1.5 گىرامى كۈچلۈك مەست قىلىدۇ. بەلغەم، سەۋدانى سۈرىدۇ. تېرىنى تۈزلەيدۇ. تۇسالغۇلارنى

ئاچىدۇ. يەرقانىغا پايدا قىلىدۇ. يەللەرنى تارقىتىدۇ. تېرىدىكى سېرىقلىقنى يوقىتىپ قىزارتىدۇ. ئىيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇنىڭدىن مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ ياغ بىلەن پىشۇرۇپ ئۇنىڭغا باراۋەر مىقداردا بۇغداي ئۇنى قوشۇپ ھەسەل بىلەن قىيام قىلىپ ھەر قېتىملىق تائامدىن كېيىن 18 گىرامغىچە ئىستېمال قىلسا بەدەننى سەمرىتىدۇ، سىناقتىن ئۆتكەن.

**زىيانلىق تەسىرى:** كۆكرەككە زىيان قىلىدۇ، باشنى ئاغرىتىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** يۇمغاقسۈت، كەتىرا.

## دەريان

(دەريان مېۋىسى)

ئۇ بىر خىل مېۋە بولۇپ، زىرباد شەھەرلىرى، تەناسىرى، مەركى، مەلاخە، شەھرىناد شەھەرلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئەتراپىدىكى ئاچچىق ئارىلى، پەلىيمان، مەرتىبان قاتارلىق ئاراللاردا ئۆسىدۇ. ئۇنىڭ دەرىخىنىڭ غولى ئېگىز بولىدۇ. يوپۇرمىقى گەتەل دەرىخى يوپۇرمىقىغا ئوخشايدۇ. مېۋىسى ئۇزۇنچاق بولۇپ، قوغۇن ۋە كىچىك پائىزە مېۋىسىگە ئوخشايدۇ. پوستى كەتەل مېۋىسى پوستىدىن يىرىكرەك، ئۇرۇقى ئۇنىڭدىن ئۇزۇنراق بولىدۇ. مېۋىسىنىڭ ئۈچلىرىدا تىكەنلىرى بار بولۇپ، ئۇ مېۋىلىگەندە پىل ۋە كەركىدانىغا ئوخشاش چوڭ ھايۋاناتلارمۇ ئۆزىگە تىكەن سانجىلىپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ ئۇنىڭ دەرىخىنىڭ ئاستىغا بارالمايدۇ. مېۋىسىنىڭ پۇرىقى ناھايىتى ئۆتكۈر ۋە سېسىق بولۇپ، پۇراپ باقمىغان ۋە پۇرىقىنى ياقتۇرمايدىغان كىشىلەر ئۇنىڭدىن سەسكىنىدۇ، پۇرىسا باشنى ئاغرىتىدۇ. مېۋىسىنىڭ ئىچى ئۇزۇنىسىغا سوزۇلغان خانىلارغا ئايرىلغان بولۇپ، خانىسى 3~5 كىچە بولىدۇ، خانىلار ئارىلىقىنى ئاق رەڭلىك قاتتىق پوستى ئايرىپ تۇرىدۇ. ھەر خانىدا 1~5 دانىغىچە ئۇرۇق بولىدۇ. ئىچىدە بىر دانە ئۇرۇق بولغىنى ياخشىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇرۇقىنىڭ شەكلى بەللۇت مېۋىسىگە ئوخشايدۇ. ئۇرۇقى كەتەل مېۋىسى ئۇرۇقىغا ئوخشاش، بەزىلىرى ئۇنىڭدىن چوڭراق بولىدۇ. ئۇرۇقى ۋە پوستى ئايرىۋېتىپ يېيىلىدۇ. ئۇرۇقى ناھايىتى چۈرۈك، تاتلىق، يېيىشلىك بولۇپ، خۇددى ھەسەل ئارىلاشتۇرۇلغان سېرىق مايغا ئوخشايدۇ. بەلكى ئۇنىڭدىن لەززەتلىكرەك بولىدۇ. كەتەل مېۋىسى ئۇرۇقى بىلەن بولغان پەرقى شۇكى، بۇ مايسىز بولىدۇ. ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، ئۇنىڭ مېۋىسى ناھايىتى لەززەتلىك بولغاچقا پىل ناھايىتى ياخشى كۆرىدىكەن، ئەمما تىكىنىدىن قورقۇپ يېيەلمەيدىكەن، بەزىدە ئۇنى ئوت بىلەن قوشۇپ يۇتۇن يۇتىدىكەن، قاتتىق بولغاچقا ھەزىم بولماي چىقىپ كېتىدىكەن. مەزكۇر شەھەرلەرنىڭ كىشىلىرى چىن مەملىكىتىدە ئۆسكەن دەريان مېۋىسىنى ناھايىتى ئارزۇلايدىغان ۋە ئىزدەيدىغان بولۇپ، بەدەننى ۋە بەدەننىڭ باشقا قۇۋۋەتلىرىنى

تەڭداشسىز كۆچەيتىدۇ، دەپ قارايدىكەن.

**تەبىئىتى:** سىرتىدىن قارىغاندا ھۆل ئىسسىقتۇر.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** تەستە ھەزىم بولىدۇ. بەدەننى، باھنى قۇۋۋەتلەيدۇ. كىشىلەر ئۇنىڭ يۇرىقىنىڭ سىپسىقلىقى ۋە يېگەندىكى لەززىتىنى تەسۋىرلەشتە كۆپ مۇبالىغە قىلىشقان. ئۇلارنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇنىڭ پۇرىقى ئادەمنىڭ كېچىدە ئۇزۇن تۇرۇپ تەكرار سېسىغان پوقىنىڭ پۇرىقىغا ئوخشايدىكەن.

ئۇلار ئۇنى يېگەندىكى لەززەت ھەققىدە شۇنداق دېيىشكەنكى، ماللىرىنى ھارۋىغا بېسىپ مەزكۇر جايدىن ئۆتكەن بىر باينىڭ بۇرنىغا ئۇنىڭ سېسىق پۇرىقى يەتكەندە ئۇنىڭدىن ناھايىتى سەسكەنگەن، كۆنگەندىن كېيىن دەريان سېتىۋېلىش ئۈچۈن پۇتۇن ماللىرىنى سەرپ قىلغان، ھەتتا ھارۋىسىنىمۇ سېتىۋەتكەن. كېيىن ئۇنى سېتىۋېلىش ئۈچۈن قەرزدار بولۇپ كەمبەغەللىشىپ كەتكەن ۋە ئاخىر مەزكۇر مېۋىنىڭ دەرىخىنىڭ ئاستىنى تۇرالغۇ قىلىپ تۇرغان ۋە كىشىلەرگە ئۇنىڭ تەرىپىنى قىلىپ ماختىغان. ئۆمرىنى شۇنداق ئۆتكۈزۈپ ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا ئالەمدىن ئۆتكەندە ئۆزىنى شۇ دەرەخنىڭ ئاستىغا دەپنە قىلىشنى تەۋسىيە قىلغان. قالغىنىنى ئاللا ئەڭ ئوبدان بىلىدۇ.

بۇنداق ئىشنىڭ يۈز بېرىشى ھەيران قالارلىقمۇ ئەمەس، چۈنكى، ئىلگىرى ساھابىلەردىن ئەبۇلمىجھەن سەقەفىي دېگەن كىشى ئۈزۈم شارابى ھەققىدە تۆۋەندىكىدەك شېئىر ئوقۇغان:

«ئۆلسەم قىل دەپنە مېنى تال تۈۋىگە،
سۇغارسۇن يىلتىزى ئۇستىخانلىرىمنى،
قىلما دەپنە چۆلگە چۈنكى بىلىمەن،
ۋاپاتىمدىن كېيىن تېتىيالماسلىقنى»

مەزكۇر كىشىمۇ شۇنداق ھالەتكە يەتكەن بولسا ئەجەب ئەمەستۇر.

## پەسىل: «د» (دال) ۋە «ف» (فائ) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى

### دىفلا

(سۆگەتگۈل)

ئۇ يۇنانچە «شىرىيۇن»، سۇريانچە «روديۇن»، ئەرەبچە «جەين»، «سەممۇل ھىمار» (ئېشەك زەھىرى)، پارسچە «خەرزەھرە» (ئېشەك زەھىرى) دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** بىر خىل ئۆسۈملۈك بولۇپ، بىر ـ ئىككى غۇلاچ ئېگىزلىكتە ئۆسىدۇ،

يوپۇرمىقى ئىنچىكە بولۇپ بىر غېرىچ ئۇزۇنلۇقتا، چىشسىز، سەل قېلىن، قاتتىق، سىلىق، سەل بەتبۇي، ئاچچىق، ئۆتكۈر بولىدۇ. گۈلى ناھايىتى چىرايلىق بولۇپ، ئىككى خىل بولىدۇ. بىرى قىزىل بولۇپ، ھىندىچە «رەكەت پەت» دەپ ئاتىلىدۇ. يەنە بىرى سېرىققا مايىل ئاق بولۇپ، ھىندىچە «كەربىير» دەپ ئاتىلىدۇ. پارقىراق بولۇپ، ئۇستىگە مويغا ئوخشاش نەرسىلەر ئولتۇرۇشىدۇ. مېۋىسى ياپىلاق، ئۇزۇنچاق بولۇپ غېرىچ ئۇزۇنلۇقىدا، قاتتىقراق بولىدۇ. ئىچىدىن يۇڭغا ئوخشاش نەرسە چىقىدۇ. يىلتىزى ئۇزۇن، ئىنچىكە، تۇزلۇق، قىزىلغا مايىل بولىدۇ، كۆپ قىسمى ئاق بولىدۇ. ياۋا ۋە ئۆستەڭ بويلىرىدا ئۆسىدىغىنىدىن ئىبارەت ئىككى خىل بولىدۇ. يىلتىزى يىل بويى قۇرۇپ قالمايدۇ، كۈز پەسلىدە گۈللەيدۇ. ياۋىسى ئۆستەڭ بويلىرىدا ئۆسىدىغىنىدىن چوڭراق بولىدۇ. ئېقىنىنىڭ باھنى قۇۋۋەتلەش ۋە مەنيى تۇتۇش تەسىرى قىزىلىنىڭ شۇ تەسىرىدىن كۈچلۈكرەك بولىدۇ. بېنگالدا ئۇنىڭ ئۆسۈملۈكى ئىككى ئادەم بويى ئېگىزلىكىدە ئۆسىدۇ. داۋاملىق گۈللەپ تۇرىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئۈچىنچى دەرىجىنىڭ ئاخىرىدا قۇرۇق ئىسسىق، زەھەرلىك قۇۋۋىتى بار.

**خۇسۇسىيتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** قاتتىق ئىششىقلارنى ناھايىتى تارقىتىدۇ، قۇرۇتىدۇ، جۇلا بېرىدۇ. ئادەم ۋە ھايۋانلارنى زەھەرلەپ ئۆلتۈرىدىغان بولغاچقا پەقەت سىرتىدىن ئىشلىتىلىدۇ، ئىستېمال قىلىشقا بولمايدۇ. يوپۇرمىقىنى شاراب ۋە ئەنجۈر بىلەن قاينىتىپ سۈيىدىن 15 مىللىلىتىر ئېلىپ، كالىنىڭ سېرىق مېيى بىلەن ئىچسە زىياندىش ھاشارات زەھىرىنىڭ زەرەرىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. قاينىتىپ ئېزىپ زىمات قىلسا قاتتىق ئىششىقلارنى يۇمشىتىپ تارقىتىدۇ. كونا ئۈچ ئاغرىقلىرى، تىز ئاغرىقى، ئولتۇرغۇچ نېرۋا ئاغرىقى، قوتۇر، قىچىشقاق، داغ چۇشۇش قاتارلىقلارغا پايدا قىلىدۇ، تېرىدىكى ھەر خىل ئىزلارنى يوقىتىدۇ. يوپۇرمىقىنىڭ سۈيىنى سۈركىسە قوتۇر بىلەن قىچىشقاققا پايدا قىلىدۇ. قۇرۇق يوپۇرمىقىنى سەپسە زەخىملەرنى ساقايتىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن ھۆقنە قىلسا بالىياتقۇ ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ. يوپۇرمىقى ۋە گۈلىنىڭ سۈيى رەڭگىرويىنى پارقىرىتىدۇ. چاچنى ياخشىلايدۇ. سۈيىنى سەپسە بۈرگە، كانا، پىت قاتارلىقلارنى ئۆلتۈرىدۇ. يوپۇرمىقىنىڭ چىلانما سۈيى ئۆچكە، قوي ۋە باشقا كىچىك ھايۋانلارنى ئۆلتۈرىدۇ. ئۇنىڭ شېخى ۋە يوپۇرمىقىنىڭ قاينىتىلمىسى چارۋىلارنىڭ قوتۇرىنى ساقايتىدۇ. ئەپيۇن ۋە ئۈشەق بىلەن ئىشلىتىلسە باش ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ، ھەرقانداق يارىنى ساقايتىدۇ.

ئۇنىڭ ھۆل گۈلىنى سۇ بىلەن قاينىتىپ يۇمشاق پىشۇرۇپ سۈيىدىن 400 مىللىلىتىر ئېلىپ، ئۇنىڭغا 200 مىللىلىتىر زەيتۇن يېغى قوشۇپ سۇس ئوت بىلەن سۈيى تۈگەپ يېغى قالغۇچە قاينىتىپ، شۇ ياغ بىلەن ياغلىسا تاز، باش تاقىرلىشىش، يارىلاشقان قوتۇر، قىچىشقاق، ئاقكېسەل، سوغۇقتىن بولغان كېسەللىكلەرگە پايدا قىلىدۇ. باھنى قۇۋۋەتلەيدۇ، پەيلەرنى قۇۋۋەتلەپ چىڭىتىدۇ. ئۇچا، تىز ۋە ئۇنىڭ ئوخشاشلىرىنىڭ ئاغرىقلىرىنى

پەسەيتىدۇ. ئۇنىڭ يوپۇرمىقى، قېتىق سۇزمىسى، سېرىق گۈڭگۈرتتىن بىر ھەسسىدىن ئېلىپ يۇمشاق سوقۇپ، قوي يېغى بىلەن يۇغۇرۇپ يارىلاشقان قوتۇرغا يەتتە قېتىمغىچە سۈركىسە ساقايتىدۇ، سىناقتىن ئۆتكەن دەپ قارىلىدۇ. ئۇنى بەدەن تەنقىيە قىلغاندىن كېيىن ئاقكېسەلگە سۈركىسە ساقايتىدۇ. ئۇنىڭ ئېقىنىڭ يىلتىزىدىن ئاز مىقداردا ئېلىپ يېڭى سېغىلغان كالا سۈتى بىلەن قاينىتىپ قايمىقىنى ئېلىپ ئاز مىقداردا ئىستېمال قىلسا باھنى قۇۋۋەتلەيدۇ، مەنىي تىزگىنلەيدۇ.

**ئورۇنباسارى:** قاتتىق ئىششىقلارنى تارقىتىش ئۈچۈن باراۋەر مىقداردا ئىكلىلمىلىك ياكى بابۇنە، ئۇنىڭ ئۈچتىن بىرىچىلىك مىقداردا ئەنجۈر يوپۇرمىقى.

**زىيانلىق تەسىرى:** ئۆپكىگە زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** ھەسەل.

**ئىستېمال مىقدارى:** ئۇنىڭ گۈلى ۋە يوپۇرمىقىدىن پىشۇرۇلغان بولسۇن ياكى خام بولسۇن 4.5 گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ. ئۇنىڭ سالايە قىلىنغىنى گالنى بوغۇش، ياللۇغلاندۇرۇش، كۆڭۈلنى غەش قىلىش، قورساقنى ئېسىش، كۆزنى قىزارتىپ پۈلتايتىش بىلەن ھالاك قىلىدۇ.

زەھەر قايتۇرۇش ئۈچۈن قۇستۇرۇلىدۇ، ھۆقنە قىلىنىدۇ، سېمىز توخۇ شورپىسى ئىچۈرۈلىدۇ، ئىسپىغۇل لۇئابى، تاتلىق بادام يېغى سوۋۇتۇلۇپ كەترا بىلەن ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ. شەھرىير خورمىسى يېگۈزۈلسە ئاجايىپ ياخشى پايدا قىلىدۇ. ئۇ دانلىرى چوڭ، رەڭگى قىزىل، سېرىق بولغان بىر خىل خورمىدىن ئىبارەت. بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، خورما ھۆل ھالەتتە تېرىلسا شۇنداق مېۋە بېرىدىغان بولۇپ، مەزكۇر نام بىلەن ئاتىلىدىكەن. ئەنجۈر ھەسەل، ئاز مىقداردىكى سوزاپ، ئۈزۈم قىيامى ۋە قايماق بىلەن ئىستېمال قىلىنسىمۇ ئۇنىڭ زەھىرىنى قايتۇرىدۇ.

## پەسىل: «د» (دال) ۋە «ل» (لام) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى

### دۇلب

(چىنار)

ئۇ پارسچە «چىنار» دەپ ئاتىلىدۇ. فىرانسۇزچە «بەلتانىس» دېيىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** بۇ مەشھۇر دەرەخ بولۇپ، ناھايىتى چوڭ، يوپۇرمىقى كەڭ، چىشلىق، شاخلىق بولىدۇ. ياغىچى يەڭگىل، چىڭ بولىدۇ. سوغۇق ئەللەردە ئۆسىدۇ. مېۋىسى يۇمىلاق،

تىكەنلىك، ياغاچلاشقان، يەڭگىل بولۇپ، يېپىلمەيدۇ.

**تەبىئىتى:** ھۆل سوغۇق، قابىزلىق خۇسۇسىيىتىگە ئىگە. مېۋىسى، قوۋزىقى ناھايىتى قۇرۇق سوغۇق، ئاز مىقداردا ئىسسىقلىقى باردۇر.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** تېرىگە جۇلا بېرىدۇ. ئۇنىڭ مېۋىسىدىن ئېلىنغان گۈلى، چىلانمىسى، قايىنىتىلغان ھۆل يوپۇرمىقى زىمات قىلىنسا كۆز ئىششىقىنى تارقىتىدۇ، كۆزگە ھۆل ماددىلارنىڭ قۇيۇلۇشىنى توسىدۇ، كۆز ياشانغىراشقا شىپا بولىدۇ. بەلغەمدىن بولغان ئىششىق، تىز ئىششىقى ۋە ھەرقانداق ئەزانىڭ ئىسسىقتىن بولغان ئىششىقلىرىنى تارقىتىدۇ. يوپۇرمىقى قايىنىتىلماي زىمات قىلىنسا تىز ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ، ئىسسىقتىن بولغان ئىششىقلارنى تارقىتىدۇ. يېڭى قايناتمىسى سىركە بىلەن قايىنىتىلىپ سۇيىدە ئېغىز چايقالسا چىش ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ. قۇرۇق يوپۇرمىقى سېپىلسە ھۆل يارىلار، جاراھەتلەر ۋە ئوت كۆيۈك يارىسىنى قۇرۇتىدۇ. قوۋزىقى كۆيدۈرۈلۈپ زىمات قىلىنسا ناھايىتى جۇلا بېرىدۇ، قۇرۇتىدۇ، ئاقكېسەلگە پايدا قىلىدۇ. زەخىملەرنىڭ چىرىگەن ھۆللۈكلىرىنى يوقىتىدۇ. سۇ بىلەن زىمات قىلىنسا تېرىنىڭ قاسراقلىشىشىنى يوقىتىدۇ. يېڭى مېۋىسىنىڭ قايناتمىسى شاراب بىلەن ئىچىلسە زەھەرلىك ھايۋانلارنىڭ زەھىرىنى قايتۇرىدۇ. يوپۇرمىقى بىلەن مېۋىسى ھايۋانات يېغى بىلەن زىمات قىلىنسا ئوت كۆيۈك يارىسىنى ساقايتىدۇ. يوپۇرمىقى بىلەن مېۋىسىنى كۆيدۈرۈپ ئۆيىنى ئىسلىسا قوڭغۇزنى قاچۇرىدۇ. شۇنداقلا ئۇنىڭ قايناتمىسىنىڭ سۈيىنى سەپسىمۇ شۇ تەسىرنى بېرىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** يوپۇرمىقىنىڭ ئۈستىگە قونغان توپا كاناي، ئاۋاز، قۇلاق، كۆز ۋە چىشلارغا ناھايىتى زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** يېڭى سېغىلغان سۈت.

## دەلبۇس

(ياۋا قىزىل سەۋسەن يىلتىزى)

ئۇ «سەيفۇل غۇراب» (قارغا قىلىچى) دېگەن نامى بىلەن مەشھۇر بولغان ياۋا قىزىل سەۋسەن يىلتىزىنىڭ ئەرەبچە نامىدۇر. چۈنكى ئۇنىڭ يوپۇرمىقى قىلىچقا ئوخشايدۇ.

**ماھىيىتى:** بۇ بىر خىل يىلتىز بولۇپ، بىر ـ بىرىگە چاپلىشىپ تۇرغان ئىككى دانە پىيازغا ئوخشايدۇ، ئەمما پىيازغا ئوخشاش قاتلىق بولمايدۇ. ئۈستۈنكى دانىسى ئاستىنقى دانىسىدىن چوڭراق بولىدۇ. قۇرۇغاندىن كېيىن ناھايىتى قاتىدۇ. باغدات بازارلىرىدا سېتىلىدۇ. ئۇ يەردە ئۇ «ھەببۇن نافۇخ» (كۆپتۈرگۈچى دان) دەپ ئاتىلىدۇ، چۈنكى ئۇ

يەردىكى ئاياللار ئۇنى يۈزلىرىنى قىزارتىش، چىرايلىق قىلىش ۋە كۆپتۈرۈش ئۇچۇن يۈزلىرىگە سۈرىدۇ.

ئۇنىڭ ئۆسۈملۈكىنىڭ گۈلى ئىرىسا دەپ ئاتىلىدۇ، كۆك سەۋسەنگە ئوخشايدۇ. بىنەپشە رەڭگە مايىل قىزىل بولۇپ، «سەفراغانىيۇن» دەپ ئاتىلىدۇ. بەزىلەر «كەسىقىيۇن» دەپ، بەزىلەر «ماخاريۇن» دەپ ئاتايدۇ. بۇنىڭ يوپۇرمىقى ئۇنىڭ يوپۇرمىقىدىن كۆپ كىچىك، ئىنچىكە بولىدۇ. غولى غولاچ ئېگىزلىكىدە ئۆسىدۇ. يوپۇرمىقى سەۋسەن يوپۇرمىقىدىن ئۇزۇنراق، مېۋىسى يۇمىلاق بولىدۇ. مۇنبەت يەرلەر ۋە ئېتىزلاردا ئۆسىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىنىڭ ئاخىرىدا قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** جۇلا بەرگۈچى، ماددىلارنى بەدەننىڭ چوڭقۇر قىسمىدىن تارتقۇچى، سەمرىتكۈچى، باھنى قۇۋۋەتلىگۈچىدۇر. يېڭى سېغىلغان سۈت بىلەن قاينىتىلسا ياخشى ۋە لەززەتلىك بولىدۇ، زىيانلىق تەسىرىنى يوقىتىدۇ. ئىچىلسە باھنى قوزغايدۇ. شاراب بىلەن ئىچىلسىمۇ شۇ تەسىرنى بېرىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇنىڭ ئۈستىدىكى يىلتىزى ئەرلەرنىڭ باھ قۇۋۋىتىنى زىيادە قىلىدىكەن، تۆۋەندىكى كىچىك يىلتىزى ئاياللارنىڭ باھ قۇۋۋىتىنى كېسىدىكەن. ئۈستىدىكى يىلتىزى ئىستېمال قىلىنسا باللار ئۇرۇقدان خالتىسىغا سۇ يىغىلىشقا داۋا بولىدۇ. ئۇنىڭ يىلتىزىدىن 3~5 دانىغىچە ئېلىپ ئۇزۇم شىرنىسىگە چىلاپ ھەر كۈنى ئەتىگەندە 200~400 مىللىلىتىرغىچە ئىچسە بوۋاسىر دانچىلىرىنى قۇرۇتىدۇ، يەللىرىنى تارقىتىدۇ، سىناقتىن ئۆتكەن. ئۇنىڭ يىلتىزىدىن ئۈچ گىرام ئېلىپ مائۇلھەسەل بىلەن بىرلىكتە ئۇدا بىر نەچچە كۈن ئىچسىمۇ باھنى قۇۋۋەتلەيدۇ. ئۇ شەيلىم (ساراڭ بوغداي) ياكى ھەسەل بىلەن زىمات قىلىنسا ياش بېزى ئاقمىسىغا شىپا بولىدۇ. كۇندۇر ۋە شاراب بىلەن زىمات قىلىنسا ئەزالاردىكى تىكەن ۋە ئوقلارنى چىقىرىدۇ. يۈزگە سۈركىسە رەڭگىرويىنى قىزارتىدۇ، يۈزدىكى ئىزلارنى يوقىتىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن پەرزىجە قىلسا ھەيز ماڭدۇرىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** گالغا زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** ئۇنى سۈت بىلەن قاينىتىپ پىشۇرۇشتۇر.

**ئىستېمال مىقدارى:** 10 گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

## دۇلدۇل

(ياۋا كىرپە، جەيرە)

ئۇ ياۋا كىرپىدىن ئىبارەت بولۇپ، ئاللا خالىسا كېيىن بايان قىلىنىدۇ.

## دەلەئ
(تاغ كىرپىسى)

ئۇ كىرپىنىڭ چوڭ تۈرى، يەنى تاغ كىرپىسىدىن ئىبارەت. پارسچە «خار پۇشت» (تىكەن ئۇچا)، تۈركچە «كەرئى» دېيىلىدۇ. مازىندارانىدا «شال تېشى»، دەيلىمدە «شاكىرە»، ھىندىچە «سىينۆە» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** ئۇ بىر خىل ھايۋان بولۇپ، كىچىكرەك ئىت چوڭلۇقىدا بولىدۇ. دۈمبىسىدە موينىڭ ئورنىدا ئاق بىلەن قارىدىن تۈزۈلگەن غېرىچ ئۇزۇنلۇقىدا، ئۇنىڭدىن ئۇزۇنراق، قەلەمدىن ئىنچىكە، ئىككى تەرىپى ئىنچىكە، ئۇچى ئۆتكۈر ئالا تىكەنلىرى بولىدۇ. غەزەپلەنسە تۈگۈلۈپ تىكەنلىرىنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ خۇددى يادىن ئوق ئېتىلغاندەك ئاتىدۇ، ئازراق ئاۋاز چىقىرىدۇ.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** كۆيدۈرۈپ سېپىلسە يارىلارغا ئىنتايىن ياخشى پايدا قىلىدۇ. باشقا تەسىرلىرى كىرپىنىڭ تەسىرلىرىگە ئوخشايدۇ. ئاللا خالىسا «ق» (قاف) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلار بابىدىكى «قۇنفۇز» (كىرپە) ماۋزۇسىدا بايان قىلىنىدۇ.

## دۇلەفىين
(دىلفىن)

ئۇ يۇنانچە ئىسمىدۇر، بەزىلەر رىمچە ئىسىم دەيدۇ. ئۇ بېلىقنىڭ بىر تۈرى بولۇپ، ئەرەبچە «خىنزىيرۇل بەھر» (دېڭىز چوشقىسى)، پارسچە «خوك ماھى» (چوشقىبېلىق)، «ماھى نەبىي دەراز»، دەيلىمدا «كەجەئى ماھى»، ھىندىچە «سوس» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** ئۇ دېڭىزدا ياشايدىغان بىر خىل ھايۋان بولۇپ، قارا رەڭلىك بولىدۇ، بېشى چوشقىنىڭ بېشىغا ئوخشايدۇ، چىشلىرى بولىدۇ، قاسىرقى بولمايدۇ، باشقا ھايۋانلارنىڭ ئەكسىچە جايىدىن قوزغالمايدۇ، يالغۇز يۈرمەي توپلىشىپ يۈرىدۇ.

**تەبىئىتى:** مۆتىدىللىككە يېقىن ھۆل سوغۇق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** گۆشى قويۇق خىلىت پەيدا قىلىدۇ، ئەزالارنى قۇۋۋەتلەيدۇ، ناھايىتى مايلىق بولۇپ، تەستە ھەزىم بولىدۇ. يېغى ئىسسىق يېيىلسە ۋە سۈركەلسە بوغۇم ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ. ئۇنىڭ يېغىنى ئىچى بوشىتىلغان ئاچچىقتاۋۇز ئىچىگە سېلىپ ئوتقا قويۇپ پىشۇرۇپ ئىستېمال قىلسا كونا ـ يېڭى گاسلىققا پايدا قىلىدۇ. چىشلىرى كىچىك باللارغا ئېسىپ قويۇلسا ئۇلارنىڭ چۆچۈشىنى يوقىتىدۇ.

## دەلەق

(قارا بۆلغۈن)

ئۇ پارسچە «ۋا»، ئىسپانچە «موسورە» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** بۇ ئىتتىن كىچىكرەك، بۆلغۈندىن چوڭراق ھەم ئۇنىڭغا ئوخشايدىغان بىر خىل ھايۋان بولۇپ، رۇسىيە، بۇلغارىيەدە ياشايدۇ. تېرىسىدىن جۇۋا تىكىلىپ «دەلەق» دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇنىڭ تېرىسىدىن تىكىلگەن جۇۋىنىڭ ئىسسىقلىقى بۆلغۈن تېرىسىدىن تىكىلگەن جۇۋىنىڭ ئىسسىقلىقىدىن ئازراق، ئۇنىڭدىن ئېغىرراق بولىدۇ. ئەمما سېسىق پۇرايدىغان بولغاچقا پادىشاھلار ئۇنى كىيمەيدۇ.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** گۆشى يېيىلسە باھنى كۈچەيتىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇنىڭ ئوڭ كۆزىنى چىگە رەختكە ئوراپ تۆت كۈندە بىر تۇتىدىغان تەپكە گىرىپتار بولغان كىشىگە ئېسىپ قويسا ساقايتىدىكەن، سول كۆزىنى ئېسىپ قويسا قوزغايدىكەن. ئۇنىڭ تېرىسىنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرسا بۇۋاسىرغا پايدا قىلىدۇ.

## دەلىيك

(ئازغان مېۋىسى)

ئۇ ئىسپاندا «بەنكەل»، تەنەكابۇندا «كەلىيك»، تۈركچە «ئىت بۇرۇتى»، شامدا «سەرسەرۇد دىيىك» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** ئۇ ياۋا قىزىلگۈلنىڭ مېۋىسىدىن ئىبارەت بولۇپ، يەرلىك قىزىلگۈلنىڭ مېۋىسىگە ئوخشايدۇ. زەيتۇن مېۋىسى چوڭلۇقىدا بولىدۇ. پىشقاندا قىزىلغا مايىل سېرىق، سەل تاتلىق، قىرتاق بولۇپ ئۆزگىرىدۇ. ئىچى تۈكلۈك بولۇپ، ئۇزۇنچاق ئاق دانلار ئورۇنلاشقان بولىدۇ. گۈلى يەرلىكىدىن تىكەنلىكرەك، پۇراقسىز بولىدۇ، بەرگى تۆت دانە بولىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، گۈلى تۆكۈلگەندىن كېيىن مېۋىسى پەيدا بولىدىكەن. مۇئەللىپنىڭ ئوغلى «ئىبن سىنانىڭ تونۇشچە ئۇ قىزىلگۈل ئۇرۇقى ئىكەن» دېگەن.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** قورۇغۇچى، ماددىلارنى توسقۇچىدۇر. ئىستېمال قىلىنسا يۈرەك، جىگەر، ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەيدۇ. سەپرادىن ۋە قاندىن بولغان ئىچ سۈرۈشنى توختىتىدۇ. قايناتمىسى بىلەن ئېغىز چايقالسا، غار - غار قىلىنسا، تالقىنى چىشقا سېپىلسە بوغما كېسەلگە شىپا بولىدۇ، چىش مىلىكىنى چىڭىتىدۇ.

**ئورۇنباسارى:** يەرلىك قىزىلگۈلنىڭ مېۋىسىدۇر.
**ئىستېمال مىقدارى:** 30 گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.
**زىيانلىق تەسىرى:** ئۆزى يۆتەل پەيدا قىلىدۇ.
**تۈزەتكۈچىسى:** گۈلقەنت.

## پەسىل: «د» (دال) ۋە «م» (مىيم) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى

### دەم
(قان)

ئۇ پارسچە «خۇن»، ھىندىچە «لەھۇ» دەپ ئاتىلىدۇ.
**ماھىيىتى:** مەلۇملۇقتۇر.
**تەبىئىتى:** ھۆل ئىسسىق.
**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ھەربىر ھايۋاننىڭ قېنى ئۆز ئورنىدا بايان قىلىنىدۇ. ئومۇمەن قانلارنىڭ ھەممىسى كۆزدىكى ئاقنى يوقاتقۇچى، ئىششىقلارنى تارقاتقۇچى، پىشۇرۇلغىنى ئىچ سۈرۈشنى توختاتقۇچى، زەھەرلەرنى قايتۇرغۇچىدۇر. يېڭى چىققان باچكىنىڭ پېيىنىڭ قېنى ناماز شام قارىغۇسى كېسەللىكىگە پايدا قىلىدۇ، سىناقتىن ئۆتكەن بولۇپ، كەپتەرنىڭ بايانىدا سۆزلەندى.

قان قورساق، كۆكرەك، ئۈچەي ياكى دوۋساقتا ئۇيۇپ زەھەرگە ئايلانسا تومۇر سوقۇشى ئاجىزلاش، ماغدۇرسىزلىق، تەكرار ھوشسىزلىنىش، پۇت ـ قوللار سوۋۇش، نەپەس بوغۇلۇشقا ئوخشاش ئالامەتلەر پەيدا بولىدۇ. ئۇنىڭ داۋاسى ئاشقازاندا سۈت ئۇيۇپ قېلىشنىڭ داۋاسى بىلەن ئوخشاش بولۇپ، 10 گىرام پەنىرمايە، بولۇپمۇ توشقان پەنىرمايىسى ياكى 30 مىللىلىتىر سىركە ياكى باقىلە چوڭلۇقىدىكى ھىڭ بىلەن قۇرۇق ئەنجۈر شىرىسى ئىچىلىدۇ ياكى پىننە سۈيى چۈچۈمەل سىركەنجىۋىل بىلەن ئىچىلىدۇ. كەرەپشە ئۇرۇقى سۈيى مائۇلھەسەل بىلەن ئىچۈرۈلۈپ قەي قىلدۇرۇلىدۇ.

بىلگىنكى، فىرانسىيە دوختۇرلىرىنىڭ ئېيتىشىچە، ھەرقانداق ھايۋان ياكى ئادەمنىڭ قېنى بۇزۇلۇپ، ئوخشاش قېيىن بولغاندا مىزاجى ساغلام باشقا ھايۋان ياكى ئادەمنىڭ قېنىنى ئۇنىڭغا سالسا قېنى بۇزۇلغان مەزكۇر ھايۋان ياكى ئادەمنىڭ قېنى ئوخشىلىپ ساغلام بولىدىكەن. بۇنىڭدىن بىرقانچە يىللار ئىلگىرى بۇ خىل ئۇسۇل قوللىنىلغان ئىكەن. ئەمما بۇنداق قىلىشنىڭ كۆپ پايدىسىنىڭ يوقلۇقى، ئاخىرىغا بارغاندا زىيان قىلىدىغانلىقى

بايقالغاندىن كېيىن ئۇ ئۇسۇل تاشلاپ قويۇلغان.

قان ئالماشتۇرۇشنىڭ ئۇسۇلى شۇكى، بىمارنىڭ قولىنىڭ باغلانغان يېرىنىڭ ئاستىدىن مۇۋاپىق مىقداردا قان ئېلىپ تومۇرنى باغلاپ قويۇپ، ئۇنىڭدىن كېيىن ساغلام كىشىنىڭ قولىنىڭ باغلانغان يېرىنىڭ ئاستى، قېنى ئېلىنغان بىمارنىڭ قولىنىڭ باغلانغان يېرىنىڭ ئۈستى تەرىپىدىكى تومۇرنى ناھايىتى تېز سۇرئەتتە يېرىپ بىر دانە ناھايىتى ئىنچىكە نەيچىنى ھەر ئىككى تەرەپنىڭ يېرىلغان تومۇرىغا كىرگۈزۈپ ئەتراپىنى مۇستەھكەم قىلىپ مىزاجى ساغلام بولغان ساق كىشىنىڭ قېنى كېسەل كىشىنىڭ بەدىنىگە ماڭدۇرۇلىدۇ. مەقسەت ھاسىل بولغاندىن كېيىن نەيچىنى چىقىرىپ ھەر ئىككى تەرەپنىڭ تومۇرى چېگىلىدۇ.

شۇنداقلا قۇۋۋەتلەش مەقسىتىدە بەدىنى ئاجىز ياكى ياشانغان كىشىنىڭ بەدىنىگە مىزاجى ساغلام، ياش، كۈچلۈك كىشىنىڭ قېنى سېلىنىدۇ.

ئۇلار روشەن كۆزەينەك ئارقىلىق ئىككى كىشىنىڭ قېنىنىڭ ئۆزئارا ئالمىشىۋاتقانلىقىنى، ئۇنىڭ جىگەردىن يۈرەك تەرەپكە، يۈرەكتىن جىگەر تەرەپكە مېڭىۋاتقانلىقىنى سېزىشكەن. يەنە سىناق قىلىش ئارقىلىق قاننىڭ باغلانغان يەرنىڭ ئاستىدىن چىقىۋاتقانلىقىنى، ئەكسىچە ئۈستىدىن چىقمايۋاتقانلىقىنى، بەلكى ئۇ يەردىن قاننىڭ سۈمۈرۈلۈۋاتقانلىقىنى بايقاشقان.

قان ئالماشتۇرۇشنىڭ پايدىسى بولماسلىقى، بەلكى زىيانلىق تەسىرى بولۇشىنىڭ سەۋەبى شۇ بولۇشى مۇمكىنكى، جانلىقلارنىڭ بەدىنىدىكى قاننىڭ ھەممىنى تولۇق چىقىرىۋېتىش مۇمكىن ئەمەس، بەلكى ئۇنداق قىلىش ھايۋاننىڭ ھالاك بولۇشىغا سەۋەب بولىدۇ. كېسەل قاندىن ئازدۇر-كۆپتۇر چىقىرىۋەتكەندىن كېيىن ئورنىغا ساق قان سېلىنسا ئۇ تەندە بار بولغان بۇزۇق قان بىلەن ئارىلاشقاندىن كېيىن يەنە ئوخشاشلا بۇزۇلىدۇ، بۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ پايدىسى كۆرۈلمەيدۇ. يەنە بىر جەھەتتىن مىزاجى ھەممە جەھەتتىن ئوخشاش بولغان ئىككى ئادەمنىڭ تېپىلىشى تەس، ئۇنىڭدىن باشقا ھەربىر ئادەمنىڭ قېنى شۇ ئادەمنىڭ بەدىنىگە ماسلاشقان بولىدۇ. شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن بىر ئادەمنىڭ قېنى يەنە بىر ئادەمنىڭ بەدىنىگە ماس كېلىشى تەس بولىدۇ. يېشى ۋە بەدەن قۇۋۋىتى ئوخشاش بولمىسا بولمايدۇ. بەدەنگە يېڭى كىرگەن قاننىڭ يېڭى بەدەنگە ئۆزلىشىشىگە مەلۇم ۋاقىت كېتىدىغان بولغاچقا بەدەن ئاجىزلاپ قالىدۇ. شۇ سەۋەبلەردىن سېلىنغان قاننىڭ ماس كېلىشى تەس بولىدۇ.

قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، قان ئالماشتۇرۇش ئىسلاھ قىلىش ئەمەس، بەلكى كېسەللىكنى كۆپەيتىش ۋە بەدەننى زەئىپلەشتۈرۈش ۋە ھالاك قىلىشقا سەۋەب بولىدۇ. قالغىنىنى ئاللا ئەڭ ئوبدان بىلىدۇ.

## دەمۇل ئەخەۋەين
(خۇنسىياۋشان)

ئۇ «دەمۇت تەننىين» (بوغما يىلان قېنى)، «دەمۇس سەئبان» (ئەجدىھار قېنى)، ئەرەبچە «قاتىرۇد دەم» (قان تۆككۇچى)، پارسچە «خۇنسىياۋشان»، ھىندىچە «ھىيرا دوكى»، «رەڭگى بەرەت» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** ئۇ بىنەپشە رەڭگە مايىل، ئوچۇق قىزىل يېلىم بولۇپ، قۇۋۋىتى نەچچە يىللارغىچە يوقالمايدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇ سەقۇترە ئارىلى ۋە ھىندىستاندىن چىقىدىغان بىر خىل قىزىل رەڭلىك ئۆسۈملۈكنىڭ ئۇسارىسى ئىكەن. «خۇلاسەتۇت تەجارۇب» (تەجرىبىلەر خۇلاسىسى) ناملىق كىتابنىڭ ئاپتورىنىڭ ئېيتىشچە، ئۇ «ھۇھجويە» ئۆسۈملۈكىنىڭ ئۇسارىسى ئىكەن. ئۇ «ئەبۇ خەلسا» (ئەرۇسە) ئۆسۈملۈكى بابىدا بايان قىلىندى. «ئىختىياراتى بەدىئىي» ناملىق كىتابنىڭ ئاپتورى ئۇنى بەقەم (ساپپان) دەرىخى يېلىمى دېگەن. ئۇ تېمىتما (چەكىيدە)، ياغاچ ئارىلاشقان (خەشەبىي) ۋە توپا ئارىلاشقان (تۇرابىي)دىن ئىبارەت ئۈچ خىل بولىدۇ. ياخشىسى تېمىتمىسىنىڭ ساپ، ياغاچ پارچىلىرى ئارىلاشمىغانلىرىدۇر. بەزىلەر ئۇنى بەقەم (ساپپان) دەرىخى يېلىمى ئەمەس، چۈنكى ئۇ كەلتۈرۈلىدىغان ھەبەشىستان ۋە زەنگىبارغا ئوخشاش ئەللەردە بەقەم (ساپپان) دەرىخى بولمايدۇ دەيدۇ. ئومۇمەن ئۇنىڭ ئۆسۈملۈكى ياكى دەرىخى نامەلۇمدۇر. ئەمما ئۈچ خىل بولىدۇ دەپ يېزىلغانلىقى راستۇر. ئۇنىڭ تېمىتما دەپ تونۇلغانلىرىنىڭ بەزىسى قارامتۇل قىزىل، قارا، ساپ، پارقىراق بولۇپ، خۇددى دەرەختىن قايناپ تامغاندەك مەلۇم بولىدۇ. يەنە بەزىلىرى شۇنداق مەلۇم بولسىمۇ ئەمما ئۇنىڭدا ئۇششاق ياغاچ پارچىلىرى، ياغاچ قوۋزىقى ۋە مېۋە پوستلىرى ئارىلاشقان بولىدۇ. بەزىلىرى ئۇسارىلەر قاتارىدىن بولۇپ، قارامتۇل قىزىل، پارقىراقسىز بولىدۇ. ئۇنىڭ كېيىنكى ئىككى خىلى بەزىسى ساپ، يەنە بەزىلىرى توپا ئارىلاشقان ھالدا تېپىلىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق. بەزىلەر ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق دېگەن. قاتتىق قابىزلىقى بار. يۇھەننا بىرىنچى دەرىجىدە ئىسسىق، ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق دەپ بىلگەن.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ئىستېمال قىلىنسا ھەرقانداق ئىچكى ئەزادىن كەلگەن قاننى توختىتىدۇ. يارىلارنى ساقايتىدۇ. كېرەكسىز ماددىلارنىڭ ئېقىشىنى توختىتىدۇ. ئاشقازاننى سوۋۇتىدۇ، جىگەر، ئاشقازان، ئۈچەيلەرنىڭ ھارارىتىنى پەسەيتىدۇ. ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەيدۇ. قاندىن ۋە سەپرادىن بولغان ئىچ سۈرۈشنى توختىتىدۇ. ئۈچەي زەخمىسى، مەقئەت يېرىلىشقا

پايدا قىلىدۇ. ئۇنىڭدىن 5~1.5 گىرامغىچە ئېلىپ توخۇ تۇخۇمىنىڭ سېرىقى بىلەن ئىستېمال قىلسىمۇ يۇقىرىدىكى كېسەللىكلەرنىڭ كۆپ قىسمىغا پايدا قىلىدۇ. ئۇنى كۆزگە سۈركىسە كۆرۈش قۇۋۋىتىنى ئاشۇرىدۇ، كۆز يارىسىنى ساقايتىدۇ. چىشقا سەپسە چىش مىلىكىنى چىڭىتىدۇ. سالايە قىلىپ سەپسە ھەرقانداق ئەزانىڭ قېنىنى توختىتىدۇ، يارىلىرىنى ساقايتىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** بۆرەككە زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** كەتىرا.

**ئىستېمال مقدارى:** 1.5~3 گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

**ئورۇنباسارى:** شادىنەج، قارا سۇنا ئۇسارىسى.

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بىللەۋۇر تاش ۋە شېشە ئۇنىڭ بىلەن بۇيالسا ھېقىق تاشتىنمۇ رەڭدارراق بولىدىكەن، بۇ جەھەتتىكى رولى تەڭداشسىز ئىكەن.

## دەمادەم

(لوبىيا ھىندى)

ئۇ لوبىيا ھىندىنىڭ بىر تۈرى بولۇپ، ئىككى خىل بولىدۇ. بىر خىلى لوبىيادىن كىچىكرەك، قىزىلراق، پارقىراقراق بولىدۇ، بېشىدا بىر دانە قارا چېكىت بولىدۇ. يەنە بىر خىلى بىرىنچىسىدىن كىچىكرەك، قىزىلراق، پارقىراقراق بولۇپ، ماش چوڭلۇقىدا بولىدۇ، بېشىدا قارا چېكىت بولىدۇ.

**تەبىئىتى:** ھەر ئىككىسى قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** بالىلار ۋە باشقىلارنىڭ ھۆل مىزاجلىق مېڭىسىنى قۇۋۋەتلەيدۇ. ئۇلارنىڭ ئېغىزىدىن شالۇ ئېقىشقا داۋا بولىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** بالىلار ئۈچۈن 0.3 گىرام، چوڭلار ئۈچۈن 0.5 گىرام ئىستېمال قىلىنىدۇ.

## دىماق

(مېڭە)

**ماھىيىتى:** ھايۋانلارنىڭ مېڭىسىدىن ئىبارەت.

**تەبىئىتى:** ھۆل سوغۇق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** تەستە ھەزىم بولىدۇ. زەھەر قايتۇرغۇچى قۇۋۋىتى بار.

مېڭىنى قۇۋۋەتلەيدۇ، مەنىي كۆپەيتىدۇ. چىپىلسا مېڭىنىڭ قۇرغاقلىشىشى، مېڭە پەردىسى ئىششىقى ۋە پۇت ـ قول، مەقئەتلەرنىڭ يېرىلىشىغا پايدا قىلىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** ئاشقازانغا زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** يالپۇز، سىركە، ئاچچىقسۇ ۋە ئىسسىق دورا ـ دەرمانلار.

ھەربىر ھايۋاننىڭ مېڭىسىنىڭ تەسىرى ۋە خۇسۇسىيەتلىرى ئايرىم بولىدىغان بولۇپ، شۇ ھايۋان توغرىسىدىكى بابتا تەپسىلىي بايان قىلىنىدۇ.

## دەمئەتۇش شەجەر
(ئوتىيېشى)

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇ يۆگىمەچىئوت يىلىمى ئىكەن.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** نـاھايىتـى جۇلا بەرگۈرچىدۇر. موي چۇشـۇرۇش جەھەتتە سىناقتىن ئۆتكەن.

## دەميا

ئۇ يۇنانچە سۆز بولۇپ، مىسىر ۋە ئۇنىڭ ئەتراپلىرىدا «سىيسبا» دەپ ئاتىلىدىغان بىر خىل بېلىقنى كۆرسىتىدۇ. ئاللا خالىسا «س» (سىين) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلار بابىدا بايان قىلىنىدۇ.

## پەسىل: «د» (دال) ۋە «ن» (نۇن) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى

## دەند
(دەن)

ئۇ «ھەببى سالاتىن» (شاھلار ئۇرۇقى) دېگەن نام بىلەن مەشھۇردۇر. پارسچە «تۇخمى بىدانجىر خىتائىي» (خىتاي ئىنەكپىتى ئۇرۇقى) دېيىلىدۇ. ھىندىچە «جىيپال گوتە»، «جەمال گوتە» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** ئۇ بىر خىل دەرەخنىڭ مېۋىسى بولۇپ، غىلاپ ئىچىدە بولىدۇ، بىر غىلاپ ئىچىدە كۆپ ھاللاردا ئۈچ دانە مېۋە بولىدۇ. ئۇلارنىڭ ھەربىرى يەنە پىستە چوڭلۇقىدىكى،

ئۇنىڭدىن ئۇزۇنچاق بولغان غىلاپ ئىچىدە تۇرىدۇ. ئۇنىڭ ھەر ئىككى غىلاپى خام ۋاقتىدا كۆك، چېكىتسىز بولىدۇ. مېغىزى باشقا مېغىزلارغا ئوخشاش ئىككى پارچە بولۇپ، چاپلىشىپ تۇرىدۇ. رەڭگى ئاق بولۇپ، كونىرىسا سېرىققا مايىل، سېرىق، قارا بولىدۇ، بۇزۇلىدۇ. مېغىزىنىڭ ئۇستىدە ئۇنىڭغا چاپلىشىپ تۇرغان نېپىز يەنە بىر پوستى بولىدۇ. ئىككى مېغىز ئوتتۇرىسىدا تىلى ۋە پەردىسى بار بولۇپ، يېڭى ۋاقتىدا ئاق، كۆك بولىدۇ. قۇرۇغان ۋە كونىرىغاندىن كېيىن سېرىق، قارا رەڭگە كىرىدۇ ۋە بۇزۇلىدۇ. ئۇنىڭ مەزكۇر تىلى بىلەن پەردىسى زەھەرلىك بولۇپ، ئىشلىتىلىدىغان ۋاقتىدا ئۇ ئايرىۋېتىلىپ ئاندىن ئىشلىتىلىدۇ. قارابادىن ھەم بۇ كىتابنىڭ مۇقەددىمىسىدە ئۇنى لايىقلاشتۇرۇش ئۇسۇلى بايان قىلىندى. ئۇنىڭ ياخشىسى ئاق، دانلىرى چوڭ بولغانلىرى، ئۇنىڭدىن قالسا سېرىققا مايىل بولغان، بۇزۇلمىغانلىرىدۇر. چۈنكى ئۇ تېز بۇزۇلىدۇ. ئۇنىڭ قارىسى ۋە ئاقلىنىپ مەلۇم ۋاقىت تۇرغانلىرى بۇزۇلىدىغان بولۇپ، زەھەردىن خالىي ئەمەس، ئىشلىتىشكە بولمايدۇ.

ئۇنىڭ ئۆسۈملۈكىنىڭ يوپۇرمىقى پەتىنىگان يوپۇرمىقىغا ئوخشاش، ئۇنىڭدىن چۇرۇكرەك، ئۇزۇنراق بولىدۇ. دەرىخى ئۈچ غۇلاچچە ئېگىزلىكتە ئۆسىدۇ. ھىندىستان ۋە بېنگالدا ئۇنىڭ ئۈچ ئادەم بويى ئېگىزلىكتە ئۆسكىنىمۇ كۆرۈلدى. ئۇنىڭ گۈلى ئاققا مايىل سېرىق بولىدۇ. ئۇ خىتاي، چىن، ھىندىستان، بېنگال ۋە سەنجىرىستاندا ئۆسىدۇ. چىندىن چىققىنى ھىندىستان، بېنگالدىن چىققىنىدىن قۇۋۋەتلىكرەك بولىدۇ. سەنجىرىستاندىن چىققىنى ھەممىدىن قۇۋۋەتسىزدۇر.

**تەبئىتى:** مېغىزى تۆتىنچى دەرىجىنىڭ ئاۋۋىلىدا قۇرۇق ئىسسىق، ناھايىتى ئۆتكۈر. تىلى تۆتىنچى دەرىجىنىڭ ئاخىرىدا قۇرۇق ئىسسىق بولۇپ، زەھەرلىكتۇر.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ماددىلارنى پارچىلىغۇچى، جۇلا بەرگۈچى، بەلغەم، سەۋدا ۋە كۆيگەن قويۇق خىلىتلارنى سۈرگۈچى، مېڭە، بوغۇملار ۋە بەدەننىڭ يىراق يەرلىرىدىكى خام، سوۋۇق ھۆللۈكلەرنى تارتقۇچى، تۇسالغۇلارنى ئاچقۇچى بولۇپ، يالغۇز ياكى ئۇنى كۈچەيتكۈچى ۋە تەسىرىگە ياردەم بەرگۈچى باشقا مۇناسىپ دورىلار بىلەن ئىشلىتىلسە ئىستىسقا، يەرقان، بۆرەك ۋە دوۋساققا تاش چۈشۈش، ئۇچا ئاغرىقى، يانپاش ئاغرىقى، پاچاق ئاغرىقى، نىقرەس قاتارلىقلارغا، ئومۇمەن بەلغەمدىن بولغان ھۆل سوغۇق كېسەللىكلەرنىڭ ھەممىسىگە پايدا قىلىدۇ. ئۇنى يۇتقاندا گالنى كۆيدۈرۈپ غىدىقلايدۇ ۋە بۇ ئەھۋال مەلۇم ۋاقىتقىچە يوقالمايدۇ، كۆپ قىسىم كىشىلەرنى قۇستۇرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ ئارقىسىدىن باشقا دورا ئىچىلسۇن ـ ئىچىلمىسۇن، ئۇنىڭ ئوتتا قورۇلغىنى پارچىلىنىپ كىشمىش ياكى ئۇرۇقى ئايرىلغان قۇرۇق ئۈزۈم ئىچىگە ئېلىپ يۇتۇلسا ياخشىراق بولىدۇ.

ھىندىستان ۋە بېنگال خەلقى ئۇنىڭدىن كۆتۈرەلىگۈدەك ۋە ئىچىنى سۈرگۈدەك مىقداردا ئېلىپ سۈت ئېمىۋاتقان بالىلارغا ئۇلاردا پەيدا بولغان ئۇتقاق كېسەل ۋە بىقىنى لىپىلداش، يىغلاش، سۈت ئېمەلمىگۈدەك دەرىجىدە بىئارام بولۇش بىلەن ئىپادىلىنىدىغان، كۆپ

ئالامەتلىرى تۇتقاق كېسەلگە ئوخشاپ كېتىدىغان «دەبىبە» دەپ ئاتىلىدىغان كېسەللىكنى داۋالاش ئۈچۈن ئانا سۈتى بىلەن، مىزاجىدا سوغۇقلۇق سېزىلسە ھىندىچە «ئەدرەك» دەپ ئاتىلىدىغان زەنجىۋىل سۈيى بىلەن ئېرىتىپ ئىچۈرسە ئىچىنى ئىككى ـ ئۈچ قېتىم سۈرۈپ ساقىيىپ كېتىدۇ، سىناقتىن ئۆتكەن. يەنە ئۇلار ئۇنى مەجۇن ۋە باشقىلارغا قوشۇپ كۆپ كېسەللىكلەرگە ئىشلىتىدۇ. ئۇلارنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇنىڭ سالايە قىلىنىپ چىقىرىلغان سۈيى يىلان چېقىۋالغان ئادەمنىڭ كۆزىگە سۈركەلسە يىلان زەھىرى ئۇنىڭغا زىيان يەتكۈزەلمەيدىكەن، ئەمما ناھايىتى ئاز سۈرۈش لازىم، چۈنكى دەن كۆزگە ناھايىتى زىيان قىلىدۇ. ئۇ پىشلاق بىلەن زىمات قىلىنسا پۇت ـ قوللار يېرىلىش، دائىرىلىك چاچ چۈشۈش ۋە ھايۋانلارنىڭ ئاقكېسىلىگە پايدا قىلىدۇ. شۇنداقلا ئۇ لىمون سۈيى ۋە ھۆل زەنجىۋىل سۈيى بىلەن سۈركەلسىمۇ دائىرىلىك چاچ چۈشۈشكە پايدا قىلىدۇ، مۇناسىۋەتلىك دورىلار بىلەن سۈركەلسە سوغۇق ئىششىقلار ۋە ئاغرىقلارنى تارقىتىدۇ. چاچقا سۈركەلسە قارىلىقىنى ساقلايدۇ، ئەمما باش تېرىسىنى ئىششىتىدۇ، يارىلاندۇرىدۇ ۋە كېپەكلەشتۈرىدۇ. لەۋگە سۈركەلسە قىزىللىقىنى يوقىتىدۇ، تەكرار سۈركەلسە لەۋ ئاقىرىشقا پايدا قىلىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** قۇرۇق ئىسسىق مىزاجلىقلار، بەدىنى ئورۇقلارغا زىيان قىلىدۇ. ئۇنى ئىسسىق ئەللەر ۋە پەسىللەردە ئىشلىتىشكە بولمايدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** پوستىنى ئاقلاپ، ئوتتۇرىدىكى پەردىسىنى ئايرىۋېتىپ لىمون سۈيىگە بىر كېچە چىلاپ قويۇپ كەتىرا، نىشاستە، قىزىلگۈل ۋە ئاز مىقداردىكى زەپەر بىلەن ئىستېمال قىلىنىدۇ. ئۇنىڭ تەسىرىگە ياردەم بەرگۈرچىلەر ياغىچى ئايرىلىپ لايىقلاشتۇرۇلغان ئاق تۇربۇت، قارا ھېلىلە، كابۇل ھېلىلىسى، غاپەس ئۇساسى، ئەپسەنتىن، بىستىپايەج، رۇمبەدىيان، قورۇلغان ئەنسىل پىيىزى، ئاز مىقداردىكى زەپەردۇر. ئۈستىدىن سۇ ئىچىش، ئەپيۇن ۋە پەرپيۇن بىلەن ئىشلىتىش زىيانلىق بولۇپ، چەكلىنىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** بەدىنى كۈچلۈك كىشىلەرگە 1~2 دانىغىچە، باشقىلارغا يېرىم دانىغىچە تۈزەتكۈچىلىرى ۋە مەزكۇر ياردەم بەرگۈچىلىرى بىلەن ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ.

كىشى ئۇنىڭ زەھەرسىزلەندۈرۈلگەن ياكى زەھەرسىزلەندۈرۈلمىگىنىدىن بەلگىلەنگەن مىقداردىن ئارتۇق ئىستېمال قىلسا بەدىنىنى قىزىتىدۇ، ئەزالىرىنى چاقىدۇ، ئىچىنى كۆپ سۈرىدۇ. بۇ چاغدا قېتىق ياكى قېتىق سۈيى ياكى يېڭى سېغىلغان سۈت ياكى سېرىق ماي ۋە ياغ ئىستېمال قىلىشى، ئالما تالقىنى، ئىچ سۈرۈشنى توختاتقۇچى قابىز خۇسۇسىيەتلىك قىيامىلار ۋە قۇرسلارنى ئىستېمال قىلىشى لازىم. كىشى ئۇنىڭ ئىچىدىكى پەردىسىنى يەپ ئەھۋالى ئۆزگىرىپ قالغان بولسا، ئاۋۋال يېڭى سېغىلغان سۈتكە كالا يېغى قوشۇپ ئىچىپ قەي قىلىشى، ئارقىدىن سېمىز ئوت ئۇرۇقى شىرىسى، ئىسپىغۇل لۇئابى، ئەرەب يېلىمى، كەتىرا، نىشاستە ئىستېمال قىلىشى، گۈرۈچ ئېشى، ئاقلانغان ئارپا ئېشىغا گۈل يېغى ياكى تاتلىق بادام يېغى قوشۇپ ئىچىشى، ئالما سۈيى، غورا ئۈزۈم سۈيى، چۈچۈمەل مېۋە

قىياملىرى، قاپاق ئۇرۇقى مېغىزى بىلەن پىشۇرۇلغان بىلىق گۆشى، گۆش سۇيى ئىستېمال قىلىشى، قورسىقى ئاغرىسا، كۆڭلى غەش بولسا قۇۋۋەتلىگۈچى لوئابلارغا مۇناسىپ تەرەت بوشاتقۇچىلارنى قوشۇپ ئىچىشى، لوئابلار، شىلىمشىق نەرسىلەر ۋە گۈل يېغى بىلەن يېنىك ھۆقنە قىلدۇرۇشى، تەرەت بوشىتىلغاندىن كېيىن يېڭى سېغىلغان سۈت، قىزىلچا يوپۇرمىقى، قەتەپ (بىر خىل كۆكتات)، ئەينۇلا ئېشى ۋە تۇخۇم ئېشى ئىستېمال قىلىشى لازىم.

# پەسىل: «د» (دال) ۋە «ۋ» (ۋاۋ) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى

## دەۋايا ئەغرەيا

(ياۋا قومۇش)

بۇ يۇنانچە سۆز بولۇپ، تاغ قومۇشى، ياۋا قومۇش دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**ماھىيىتى:** بۇ بىر خىل قومۇش بولۇپ، تاشلىقلار ۋە قاتتىق يەرلەردە ئۆسىدۇ. غولى رىباس ئۆسۈملۈكىنىڭ غولىغا ئوخشايدۇ. غولى بىر غېرىچتىن ئېگىزرەك، سېرىققا مايىل، تۇكمۇ سېرىققا مايىل بولىدۇ. ئۇچىدا تۆت دانە يوپۇرماق تۆت بۇرجەك شەكىلدە ئۆسكەن بولۇپ، ئاققا مايىل كۆك بولىدۇ. يوپۇرمىقىنىڭ ئۈستىدە گۈلسىز بىر نەرسە ئۆسكەن بولۇپ، ئۇنىڭدا ئۇرۇقى بولىدۇ. ئۇ خۇش پۇراق، سەل ئۆتكۈر بولىدۇ. ئۇ خام ياكى پىششىق ھالدا يېيىلىدۇ.

**تەبىئىتى:** بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ئاشقازان ھارارىتىنى كۈچەيتىدۇ، ئاشقازاننى ئىسلاھ قىلىدۇ. سۈيدۈك ھەيدەيدۇ. قويۇق ھۆللۈكلەرنى چىقىرىدۇ. ھۆلنىڭ قايىنتىلمىغىنى ئېچىنى بوشىتىدۇ. قورساقنىڭ يەلىنى تارقىتىدۇ. كېكىرىكنى باسىدۇ. ئېغىزنى خۇش پۇراق قىلىدۇ. ئىچكى ئەزالارنى قىزىتىدۇ.

## دۇب

(پىچان)

بىر خىل يەم ـ خەشەك بولۇپ، ھىندىستان ۋە بېنگالنىڭ چۆللىرىنىڭ نەم يەرلىرىدە

يامغۇر پەسلىدە كۆپ ئۆسىدۇ. گويا يەرگە كۆك بىساتا سېلىنغاندەك تۈيغۇ بېرىدۇ. ئات ئۇچۇن ئەڭ ياخشى يەم ـ خەشەك بولۇپ، مەيلى قۇرۇق ياكى ھۆل بولسۇن ناھايىتى ياقتۇرۇپ يەيدۇ. بوغۇملۇق، شاخلىرى كۆپ، يوپۇرماقلىرى ئۇششاق، ئىنچىكە، تەمسىز بولىدۇ.

**تەبىئىتى:** سوغۇقتا مايىل، مۆتىدىللىككە يېقىن، زەھەر قايتۇرۇش قۇۋۋىتىگە ئىگە.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ئۇنىڭ يوپۇرمىقى ۋە يۇمران غولى يۇيۇلغان ئاق گۈرۈچ بىلەن سالايە قىلىنىپ ئازراق ناۋات بىلەن ئىستېمال قىلىنسا قۇسۇش، قانلىق ئىچ سۈرۈشكە پايدا قىلىدۇ، يىلاننىڭ زەھىرىنى قايتۇرىدۇ. پىلپىل بىلەن ئىشلىتىلسە يىلاننىڭ زەھىرىنى قايتۇرۇش تەسىرى ياخشىراق بولىدۇ. يالغۇز ئىشلىتىلسە ئۇسسۇزلۇق، قان، سەپرانىڭ ئۆتكۈرلۈكى، قاينىشى ۋە ئەزالارنىڭ كۆيۈشۈشىنى پەسەيتىدۇ. گۈرۈچ، زەرچىۋە، يەسمەن يېغى بىلەن زىمات قىلىنسا چېچەكنىڭ قەقىچىنى ئاجرىتىدۇ. يالغۇز زىمات قىلىنسا ئىسسىقتىن بولغان ئىششىقلارنى تارقىتىدۇ. قىزىل، تىلما كېسەل، ھىندىستان، بېنگالدا كۆپ كۆرۈلىدىغان ئەزالارغا سۇ چۈشۈشكە داۋا بولىدۇ.

## دەۋادەم
(دەرەخ پورى)

ئۇ «ا» ھەرپى چۈشۈرۈۋېتىلىپ «دەۋدەم» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** ئۇ يېلىمغا ئوخشاش، قارىغا مايىل قىزىل نەرسە بولۇپ، كونا دەرەخلەرنىڭ ئىچىدە پەيدا بولىدۇ. ھەممە تەسىرى جەھەتتە مۇمىيانىڭ ئورنىنى باسىدۇ.

## دۇدۇل بەقل
(كۆكتات قۇرتى)

ئۇ پارسچە «كەرەمى سەبزە» (كۆكتات قۇرتى) دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** ئۇ بىر خىل قۇرت بولۇپ، كۆكتاتلىقلار ۋە يېشىل دەرەخلەرنىڭ يوپۇرماقلىرىنىڭ ئۇچلىرىدا پەيدا بولىدۇ. مىڭئايىغقا ئوخشاش بولۇپ، ئۇنىڭدىن كىچىكرەك ۋە ناھايىتى كۆك بولىدۇ.

**تەبىئىتى:** قۇرۇق سوغۇق، يېگىسىنىڭ ھۆللۈكى بار.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ئىستېمال قىلىنسا ئىچىلگەن زەھەرلەرنى قايتۇرىدۇ. زەيتۇن يېغى بىلەن زىمات قىلىنسا زەھەرلىك ھاشاراتلارنىڭ زەھىرىنى قايتۇرىدۇ.

# دۇدۇل ھەرىير

(پىلە قۇرتى)

ئۇ پارسچە «كەرەمى ئەبرەشىم» (يىپەك قۇرتى) دەپ ئاتىلىدۇ.

ماھىيىتى: ئۇ سەل ئۇزۇنچاق، قارامتۇل قىزىل قۇرتتۇر. بەزى ئەللەردە باھار پەسلىدە، يەنە بەزى ئەللەردە كۈز پەسلىنىڭ باشلىرىدا ئەركىكى بىلەن چىشىسى جۈپلىشىپ تۇخۇم قويىدۇ. سوغۇق ئەللەردە سەزگۈر، پاكىز، جۇنۇب بولمىغان، ھەيز كۆرمىگەن كىشىلەر مەزكۇر تۇخۇملارنى پاكىز رەختكە ئوراپ 20 كۈنگىچە قولتۇقىغا قىستۇرۇپ ياكى كىندىكىنىڭ ئۈستىگە تېڭىپ ئىسسىق ئۆتكۈزسە تۇخۇملاردىن يەنە قۇرتلار يېرىپ چىقىدۇ. بېنگالغا ئوخشاش ئىسسىق ئەللەردە ئۇنداق قىلىش زۆرۈر بولمايدۇ. بەلكى ئەركەك قۇرت بىلەن چىشى قۇرت جۈپلىشىپ بولغاندىن كېيىن ئەركىكىنى چىشىسىدىن ئايرىپ يىراققا تاشلىۋېتىلىدۇ. چىشىسى قالدۇرۇلۇپ خەشخاش ئۇرۇقى چوڭلۇقىدا ئاق رەڭلىك تۇخۇم چىقارغاندىن كېيىن ئۇمۇ يىراققا تاشلىۋېتىلىدۇ. تۇخۇملار يۇمشاق رەخت ئۈستىگە تەكشى يېيىتىلىپ ئۈستىگە ئىككى - ئۈچ قەۋەت پاختا رەخت يۆگىلىپ ئىسسىق ساقلىنىپ بەلگىلەنگەن مۇددەت تۇرغۇزۇلغاندىن كېيىن تۇخۇملاردىن قۇرت يېرىپ چىقىدۇ. ئۇلار دەسلەپتە ئاق بولۇپ، كېيىن قارامتۇل قىزىل رەڭلىك بولۇپ ئۆزگىرىدۇ. ئۇلارغا ئۈجمە يوپۇرمىقى ئۇششاق ئۇۋاقلىنىپ چېچىپ بېرىلسە ئۇنى ئاز - ئازدىن يەپ تەدرىجىي چوڭىيىدۇ. چوڭايغاندىن كېيىن يوپۇرماقلارنى ئۇۋاقلاپ بېرىش ھاجەتسىز، بەلكى شاخلىرى بىلەن پۈتۈن ھالدا تاشلاپ بېرىلسە ئۇنى يەيدۇ. چۈنكى ئۇنىڭ ئوزۇقلۇقى شۇدۇر. ئۈچ ئايدىن كېيىن كامالەتكە يېتىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇ بۇ مەزگىلدە ئۈچ قېتىم، يەنى ئالتە كۈن، بىرىنچى قېتىم بىر كۈن، ئىككىنچى قېتىم ئىككى كۈن، ئۈچىنچى قېتىم ئۈچ كۈن ئەسلا يوپۇرماق يېمەيدىكەن. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ئۆزىگە پىلە يۆگەشكە باشلايدۇ. يەنە ئۈچ ئايدىن كېيىن پىلىلىرى كامالەتكە يېتىدۇ. يەنە تۇخۇمغا ئېرىشىش ۋە مەھسۇلات ئېلىش ئۈچۈن مەزكۇر پىلىلەردىن مەلۇم مىقداردا ساقلاپ قويۇلسا ئىچىدىكى قۇرتلار قانات چىقىرىپ پىلىنى تېشىپ ئۇچۇپ چىقىدۇ. شۇ ئىشنىڭ ئەھلى بولغان كىشىلەر ئۇلارنى تۇتۇپ ئەركىكى بىلەن چىشىسىنى جۈپلەشتۈرۈپ تۇخۇم تۇغدۇرۇپ ئۇنى پەرۋىش قىلىدۇ. قالغان پىلىلەر يىپىكى ئېلىنىش ئۈچۈن ئاپتاپقا قاقلىنىپ قۇرۇتۇلۇپ، قۇرتلىرى ئىچىدە ئۆلتۈرۈلىدۇ، چۈنكى تۆشۈك پىلىنىڭ يىپىكى ياخشى چىقمايدۇ. ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، ئىراننىڭ مازىنداران ۋە گىيلان شەھەرلىرىدە پىلە ناھايىتى چوڭ، مەزمۇت بولىدىكەن. بەزى يەرلەردە كەپتەر تۇخۇمى چوڭلۇقىدا، ئاق بولىدىكەن. بېنگالدا يىلدا ئىككى قېتىم، بىرى،

باھار پەسلىنىڭ باشلىرىدىن يامغۇر پەسلىنىڭ باشلىرىغىچە، يەنە بىرى، كۈز پەسلىنىڭ باشلىرىدا پىلە بېرىدۇ. باھار پەسلىنىڭ باشلىرى، يەنى يامغۇر پەسلىنىڭ باشلىرىدا يۆگەلگەن پىلە ياخشىراق بولىدۇ.

**تەبىئىتى:** بىرىنچى دەرىجىدە ئىسسىق، ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق.

**خۇسۇسىيتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ئىستېمال قىلىنسا خەفەقانغا، يەنى ئۇنىڭ قۇرۇقىنىڭ 10 گىرامى خەفەقانغا پايدا قىلىدۇ. قۇرۇقىنىڭ 10 گىرامىنىڭ تەمى چىقىرىلىپ بۇغداي شورپىسى بىلەن ئۇدا بىر نەچچە كۈن ئىچىلسە بەدەننى سەمرىتىدۇ، رەڭگىروينى ياخشىلايدۇ، باھنى قۇۋۋەتلەيدۇ. كۈنجۈت يېغى بىلەن پىشۇرۇلۇپ زىمات قىلىنسا بوغما كېسەلگە پايدا قىلىدۇ، سوغۇقتىن بولغان ئىششىقلارنى تارقىتىدۇ، باھنى قۇۋۋەتلەيدۇ. توخۇ ئۇنىڭ بىلەن بېقىلسا ناھايىتى سەمرىيدۇ، ئۇنىڭ گۆشى يېيىلسە بەدەننى سەمرىتىدۇ، باھنى قۇۋۋەتلەيدۇ. ئۇنىڭ كۈلى زەخىملەرنى پۈتتۈرۈپ، ھۆللۈكلىرىنى قۇرۇتىدۇ، تېرىدىكى ئىزلارنى يوقىتىدۇ. ئۇنىڭ پۈتۈن بىر دانىسى كۆك رەڭلىك رەختكە ئورىلىپ ئۆزىگە ئېسىۋېلىنسا تەپنى پەسەيتىدۇ.

## دۇدۇ خەشەبىس سەنۇبەر

(قارىغاي ياغىچى قۇرتى)

پارسچە «كەرەمى دەرەختى كاج» (قارىغاي دەرىخى قۇرتى) دەپ ئاتىلىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئىسسىق، ئۆتكۈر بولۇپ، ئالا كۈلۈككە ئوخشاپ قالىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن دىسقۇرىدۇس بىلەن جالىنۇس ئۇنى ئالىكۈلۈكنىڭ بابىدا بايان قىلغان.

**خۇسۇسىيتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** سوقۇلۇپ زىمات قىلىنسا چىيقانلارنى، ئېغىز ئالدۇرۇشقا تېگىشلىك ئىششىقلارنى ئېغىز ئالدۇرىدۇ، داغ يوقىتىدۇ، يارىلاندۇرۇشقا تېگىشلىك ئەزالارنى يارىلاندۇرىدۇ، بۇ جەھەتتە ئاجايىپ تەسىر قىلىدۇ. بەش گىرامى ئادەمنى ھالاك قىلىدۇ. ئۇنىڭدىن زەھەرلەنگۈچىدە ئالىكۈلۈكتىن زەھەرلەنگۈچىدە كۆرۈلىدىغان ئالامەتلەر كۆرۈلىدۇ. زەھەر قايتۇرۇش ئۇسۇلىمۇ ئۇنىڭ زەھىرىنى قايتۇرۇش ئۇسۇلى بىلەن ئوخشىشىدۇ.

## دۇدۇل خەل

(سىركە قۇرتى)

ئۇ سىركىدە پەيدا بولىدىغان سېرىق رەڭلىك، ئۇزۇنچاق بىر خىل قۇرتتۇر.

خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى: بۇرۇنغا پۇركىسە مېڭىدە پەيدا بولىدىغان قۇرتنى يوقىتىدۇ، بۇ جەھەتتە كۈچلۈك تەسىر قىلىدۇ. زىمات قىلىنسا ماددىلارنى توسىدۇ، تارقىتىدۇ، ئەزالارنى قۇۋۋەتلەيدۇ.

## دۇدۇل زەبەل
(تېزەك قۇرتى)

سېرىق رەڭلىك كىچىك قۇرت بولۇپ، تېزەك ۋە تەرەتخانىدا پەيدا بولىدۇ.

تەبىئىتى: ھۆل ئىسسىق.

خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى: كونا زەيتۇن يېغىدا يۇمشاق پىشقۇچە قاينىتىلىپ زىمات قىلىنسا تاقىرباشلىق، چاچنىڭ دائىرىلىك چۈشۈشىگە پايدا قىلىدۇ، سىناقتىن ئۆتكەن. يېغى سۈركەلسە بۇۋاسىر، مەقئەت كېسەللىكلىرىگە پايدا قىلىدۇ.

## دۇسەر
(سۇلۇ)

ئۇ «ش» ھەرپى بىلەن «دۇشەر» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

ماھىيىتى: بۇ بۇغدايغا ئوخشايدىغان بىر خىل ئۆسۈملۈك بولۇپ، بۇغدايلىقلاردا ئۆسىدۇ. ئۇنىڭدىن ئۇزۇنراق، يىرىكرەك، دېنى ئىنچىكىرەك بولىدۇ. باشقى تارقاق ئۆسىدۇ. پوستى قارا، بەزىلىرى قىزىل بولىدۇ. ھەر باشاقتا ئىككى ياكى ئۈچ دانە غىلاپ بولۇپ، پىلتىگە ئوخشايدۇ. ئۇنىڭ دانلىرى شۇ غىلاپ ئىچىدىكى پەردىلەر ئىچىدە بولىدۇ. دېنىنىڭ تەمى يېقىشلىق، تاتلىققا مايىل بولىدۇ، شىرازدا «كەركاس» دەپ ئاتىلىدۇ.

تەبىئىتى: بىرىنچى دەرىجىدە ئىسسىق، ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق، بەزىلەر سوغۇق دەپ بىلگەن.

خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى: ماددىلارنى پىشۇرغۇچى، تارقاتقۇچى، قۇرۇتقۇچى، قاتتىق ئىششىقلارنى يۇمشاتقۇچى بولۇپ، ئالتە گىرامى ئاشقازاندىكى تۈرلۈك مەددە قۇرتلارنى چىقىرىدۇ. بۇغداي ئۇنى بىلەن زىمات قىلىنسا ئېغىز ئالمىغان ياش خالتا يىرىڭلىق ئىششىقنى ئېغىز ئالدۇرىدۇ. چاينالغىنى چېپىلسا ئېغىز ئالغان ياش خالتا يىرىڭلىق ئىششىققا پايدا قىلىدۇ. چاكسۇ (تەشمىيزەج) ۋە ناۋات بىلەن كۆزگە سۈركەلسە كۆزگە چىققان مۇدۇرلارنى يوقىتىدۇ. يالغۇز زىمات قىلىنسا قوتۇر، دەسلەپكى مەزگىلدىكى قاتتىق ئىششىقلار، دائىرىلىك چاچ چۈشۈشلەرگە پايدا قىلىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** ئۇرۇقدانغا زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** كەتىرا.

**ئىستېمال مىقدارى:** ئالتە گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

# دۇقۇس

(دۇقۇسئوتى)

ئۇ يۇنانچە سۆزدۇر.

**ماھىيىتى:** ئۇ ئۈچ خىل بولىدۇ. بىر خىلىنىڭ يوپۇرمىقى ئارپىبەدىيانىنىڭ يوپۇرمىقىغا ئوخشاش، ئۇنىڭدىن كىچىكرەك، ئىنچىكىرەك بولىدۇ. غېرىچ ئېگىزلىكىدە ئۆسىدۇ. گۈلى يۇمغاقسۇت يوپۇرمىقىغا ئوخشاش كۇنلۇكسىمان، ئاق بولىدۇ. مېۋىسىمۇ ئاق بولۇپ، ئۆتكۈر پۇرايدۇ، تۈكلۈك بولىدۇ. تاشلىق، كونا نۇرى كۆپ چۈشىدىغان يەرلەردە ئۆسىدۇ. ئۇرۇقى «قەمىيلە»، ئۆسۈملۈكى «ھەشىيشەتۇل بەراغىيس» (بۇرگىئوتى)، دەيلىمىدا «كىيكداش» دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇنىڭ ئىككىنچى خىلى، كەرەپشىگە ئوخشايدىغان بولۇپ، خۇش پۇراق، تەمى ئۆتكۈر بولۇپ، تىلنى چاقىدۇ. ئۇرۇقى ئەنجۇدانغا ئوخشاش، پۇراقسىز بولىدۇ. ئۈچىنچى خىلىنىڭ يوپۇرمىقى يۇمغاقسۇت يوپۇرمىقىغا ئوخشايدۇ. گۈلى ئاق، كۇنلۇكسىمان بولۇپ، سەۋزە گۈلىگە، ئۇرۇقى سەۋزە ئۇرۇقىغا ئوخشايدۇ. ئۆتكۈر بولىدۇ. يىلتىزىنىڭ تەمى سەۋزىنىڭ تەمىگە ئوخشايدۇ. بارماق توملۇقىدا، يوپۇرمىقى تۈكسىز بولىدۇ. جالىنۇس ئۇنىڭ بىلەن ياۋا سەۋزىنى بىر ئۆسۈملۈك دەپ بىلگەن. دىسقۇرىدۇس ئۇنى ياۋا سەۋزىنىڭ تۈرلىرىدىن ھېسابلىغان. ھەكىم مىير مۇھەممەد مۇمىن «بۇ سۆز ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇندۇر، مەن ئۇنىڭ ھەرقايسى تۈرلىرىنى كۆزەتتىم» دەپ يازغان. ئۇنىڭ بىرىنچى خىلى ھەممىدىن ياخشىدۇر.

**تەبىئىتى:** ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** كونا يۆتەل، قورساق ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ. ھەيز، سىيدۈكنى كۈچلۈك ھەيدەيدۇ. ھامىلە چۈشۈرىدۇ. شاراب بىلەن ئىشلىتىلسە ئۆمۈچۈك چېقىۋېلىشقا داۋا بولىدۇ. زىمات قىلىنسا بەلغەمدىن بولغان ئىششىقلارنى تارقىتىدۇ. سىيدۈك، ھەيز ھەيدەيدۇ. يوپۇرمىقىنىڭمۇ شۇنداق تەسىرى بار، ئەمما ئاجىزدۇر. بىرىنچى خىلىنىڭ يىلتىزى ئىچىلگەن زەھەرلەرنى قايتۇرىدۇ. ئۇرۇقى قورساقنىڭ ئېسىلىشىنى ئوڭشايدۇ، يەل تارقىتىدۇ. ھەزىمگە ياردەم بېرىدۇ. قايناتمىسى ئىچىلسە كۆكرەكنى تازىلايدۇ، ئۇنىڭدىكى خىلتلارنى تۈكۈرۈك ئارقىلىق چىقىرىدۇ. ئۈچەيلەردىكى قويۇق ماددىلارنى تارقىتىدۇ.

يەللىك ئىستىسقاغا پايدا قىلىدۇ. ئۇنىڭ تەسىرىنى كۆچەيتكۈچى كەرەپشە ئۇرۇقىدۇر.

**ئىستېمال مىقدارى:** 10 گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

كەرەپشە ئۇرۇقسىز ئىشلىتىلسە چايان چېقىۋالغان زەھەرنى قايتۇرىدۇ. بالياتقۇنى تازىلاپ، ھامىلىدارلىقتا ياردەم بېرىدۇ. قۇرۇق ئىسسىق مىزاجلىقلارنىڭ جىنسىي شەھۋىتىنى كېسىدۇ. قاينىتىلمىسى تۆكۈلسە چايان ۋە زەھەرلىك ھاشاراتلار چېقىۋالغان يارىلارغا شىپا بولىدۇ. ئۇرۇقى سوقۇلۇپ كۆرپىگە چېچىلسا بۆرگىنىڭ زىيانلىق تەسىرىنى يوقىتىدۇ، بۆرگىنى قاچۇرىدۇ. قالغان ئىككى خىلىنىڭ ئۇرۇقىنىڭ تەسىرلىرى ۋە خۇسۇسىيەتلىرى ياۋا سەۋزىنىڭ تەسىرلىرى بىلەن ئوخشاش، ئۇنىڭدىن ئاجىزراقتۇر.

## دۇقۇ

(ياۋا سەۋزە ئۇرۇقى)

بۇ يۇنانچە سۆزدۇر. ئۇ يەنە «دۇقۇ ئەغرىيا»، «دۇقۇ بەررىي» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** ئۇ ياۋا سەۋزىنىڭ ئۇرۇقىدىن ئىبارەت. يىلتىزى شاقاقۇلدۇر. ئۇنىڭ ئۆسۈملۈكى «خورۇس گىياھ» (خوراز ئوتى) دەپ ئاتىلىدۇ، چۈنكى خوراز ئۇنى بەك ياخشى كۆرىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇ شىرازدا «بەدران» دەپ ئاتىلىدىكەن. ئۇ نانخاغا ئوخشاش، ئۇنىڭدىن ئۇششاقراق، سەل ئۆتكۈر بولىدۇ. ئۆسۈملۈكى غېرىچتىن ئېگىزرەك ئۆسىدىغان بولۇپ، يوپۇرمىقى ئارپىبەدىيان يوپۇرمىقىغا ئوخشاش، ئۇنىڭدىن ئۇششاقراق، كۈنلۈكسىمان گۈلى يۇمغاقسۇت گۈلىگە ئوخشاش، رەڭگى سېرىق، تەمى ئۆتكۈر، تۈكلۈك، خۇش پۇراق بولىدۇ. يىلتىزى بارماق توملۇقىدا، ئۇنىڭدىن ئىنچىكىرەك، غېرىچ ئۇزۇنلۇقىدا بولىدۇ، سەۋزىگە ئوخشاش تېتىيدۇ. قەزۋىن(شەھەر نامى)دا ئۇ سەۋزە دېيىلىدۇ. مەزكۇر ئۇرۇقنىڭ يېڭى، سېرىق بولغانلىرى ياخشىلىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئۈچىنچى دەرىجىدە ئىسسىق، ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق، بەزىلەر ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق دەپ بىلگەن.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ئۇنىڭ باھنى قوزغاشتىن باشقا ھەممە تەسىرلىرى يەرلىك سەۋزە ئۇرۇقىنىڭ تەسىرلىرىدىن كۈچلۈكرەكتۇر. سەۋزىنىڭ بايانىدا ئۇنىڭ ئۆسۈملۈكىنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى سۆزلەندى. ئۇ يالغۇز ئاتالسا ئۇرۇقى نەزەردە تۇتۇلىدىغان بولۇپ، كونا يۆتەلنى پەسەيتىدۇ، كۆكرەكتىكى كېرەكسىز ماددىلارنى تازىلايدۇ. ئاشقازان ۋە باھنى قۇۋۋەتلەيدۇ، ھەزىمنى ياخشىلايدۇ. مەنىي كۆپەيتىدۇ، قورساق ئېسىلىشىنى ياخشىلايدۇ، يەللەر ۋە بەلغەم خاراكتېرلىك قويۇق يەللەرنى تارقىتىدۇ. توسالغۇلارنى ئاچىدۇ. سىيدۈك

ھەيدەيدۇ. بۆرەك ۋە دوۋسۇندىكى تاشلارنى چۈشۈرىدۇ. ھەيز ھەيدەيدۇ. بالىياتقۇنى تازىلاپ، ھامىلىدارلىققا ياردەم بېرىدۇ. تۇغۇتنى ئاسانلاشتۇرىدۇ. بوغۇملارنى چىگىتىپ ئاغرىقنى پەسەيتىدۇ. قورساق ئاغرىقى، باللار ئۈچەي زەخمىسى، يەللىك ئىسسىقا، چايان ۋە باشقا زەھەرلىك ھاشاراتلار چېقىۋېلىشلارغا پايدا قىلىدۇ، سىناقتىن ئۆتكەن دەپ قارىلىدۇ. 3~6 گىرامغىچە ئېلىنىپ ئىككى ھەسسە تىرمىس پۇرچىقى بىلەن ئىستېمال قىلىنسا قاپاق ئۇرۇقىسىمان مەددىنى ئۆلتۈرۈپ چۈشۈرىدۇ. زىمات قىلىنسا بەلغەمدىن بولغان ئىششىقلارنى تارقىتىدۇ. قاينىتىلمىسىنى چايان چېقىۋالغان ئورۇنغا تۆكسە زەھەر قايتۇرىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** (1) ئىسسىق مىزاجلىقلارنىڭ جىنسىي قۇۋۋىتىگە زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** كەتىرا.

(2) دوۋسۇنغا زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** مەستىكى.

**ئورۇنباسارى:** ئىككى ھەسسە سەۋزە ئۇرۇقى، بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، باراۋەر مىقداردا كەرەپشە ئۇرۇقى ئىكەن.

# پەسىل: «د» (دال) ۋە «ھ» (ھائ) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى

## دۇھن
(ياغ)

پارسچە «رەۋغەن» (ياغ) دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇ ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ئۇرۇقلىرى، گۈللىرى، چېچەكلىرى، يوپۇرماقلىرى ياكى ئۇنىڭدىن باشقا قىسىملىرىدىن بۇ كىتابنىڭ مۇقەددىمىسى ۋە قارابادىن كەبىرنىڭ «د» (دال) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلار بابىدا بايان قىلىنغان ئۇسۇللار بويىچە چىقىرىلغان ياغلارنىڭ ئورتاق نامىدۇر.

خەيرىگۈل يېغى ئۆز ئورنىدا بايان قىلىنىدۇ.

## دۇھنۇل بەلەسان
(بىلسان يېغى)

ئۇ پارسچە «رەۋغەنى بەلەسان» (بىلسان يېغى) دېيىلىدۇ. ئۇ يەنە «لەبەنۇل بەلەسان»

(بىلسان سۈتى)، «سەمغۇل بەلەسان» (بىلسان يىلىمى) دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئەمەلىيەتتە ئۇ ياغ ئەمەس، سۈتتۇر.

**ماھىيىتى:** ئۇ ساپ، سۈنئىي ۋە ياسالمىدىن ئىبارەت ئۈچ خىل بولىدۇ. ساپ بولغىنى سەل قويۇق، چاپلاشقاق، خۇش پۇراق، پۇرىقى كۈچلۈك، تەمى ئۆتكۈر بىر خىل سۇيۇقلۇق بولۇپ، تەمى چۈچۈمەللىكتىن خالىي ئەمەس، تىلنى چاقىدۇ. ئەقىق تىپى رەڭگىدە قىزىل بولىدۇ. سۈتكە تاشلىسا سۈتنى ئۇيۇتىدۇ. سۇغا تاشلىسا تېگىگە ئولتۇرۇشمايدۇ. سۇدا ئېرىتىلسە سۈنى سۈتنىڭ رەڭگىدە قىلىدۇ. يۇڭغا يۇقتۇرۇلۇپ يۇيۇلسا يۇڭدا ھېچقانداق يۇقۇندىسى قالمايدۇ. قۇۋۋىتى تۆت يىلغىچە تۇرىدۇ. بۇ ھەممە تۇرىنىڭ ياخشىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. مەزكۇر سۈپەتلەردە بولمىغانلىرى ناچارلىرى ۋە ساختىلىرىدۇر.

ئۇنى يىغىۋېلىش ئۇسۇلى شۇكى، قۇياش بۇرە (شەئرى يەمانى) بۇرجىغا كەلگەندە مەزكۇر دەرەخنىڭ غولىغا تىغ ئۇرۇلۇپ ئۇنىڭدىن سىرغىپ چىققان ماددا يىغىۋېلىنىدۇ.

ئۇنىڭ ياسالمىسى ھازىرقى زاماندىمۇ ياسىلىدىغان بولۇپ، ئۇسۇلى شۇكى، بەشام دەرىخى ياغىچى، بەسباسە، مىئە سائىلە ۋە تۇرۇپ يېغى قاتارلىقلاردىن باراۋەر مىقداردا ئېلىنىپ، ھەممىسىنىڭ 10 ھەسسىسىچىلىك مىقداردىكى زەيتۇن يېغى بىلەن تۆتتىن بىرى قالغۇچە قاينىتىلىپ پىسەپلىرى سۈزۈۋېتىلىپ تەييارلىنىدۇ. بۇنىڭ تەسىرى ئەسلىسىنىڭ تەسىرىدىن ئاجىزراق بولىدۇ. يەنە مەزكۇر دەرەخنىڭ شاخلىرى، يوپۇرمىقى، ياغىچى ھەممىسى سۇ بىلەن قاينىتىلىپ، زەيتۇن يېغى بىلەن يۇقىرىدىكى ئۇسۇلغا ئوخشاش تەييارلىنىدۇ. بۇنىڭ تەسىرى يۇقىرىدىكىسىنىڭ تەسىرىدىن ناچارراق بولىدۇ.

ئۇنىڭ ساختىسى شۇكى، بەزىلىرى ھەببىتۇلخۇزرا يېغى، مەستىكى يېغى، خېنە يېغى، سەۋسەن يېغى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ياغلار بىلەن، بەزىدە ھەسەل، موم، ئاس يېغى، خېنە ۋە راتىيانەجلەر بىلەن ساختىلاشتۇرۇلىدۇ. بۇ ھەممىدىن ناچار بولىدۇ.

**تەبىئىتى:** ساپ بولغىنى ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق، زەھەر قايتۇرۇش تەسىرى بار.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ئىستېمال قىلىش، مەلھەم قىلىش، سۈرۈش، سۈرمە قىلىش، تېمىتىش، چىشقا سېپىش، ھەمەلچە قىلىش، پەرزىجە قىلىشقا ئوخشاش ئۇسۇللارنىڭ قايسىسى مۇۋاپىق بولسا يالغۇز ياكى مۇرەككەپ ھالدا ئىشلىتىلسە مېڭە، نېرۋا، كۆرۈش قۇۋۋىتى ۋە بالىياتقۇلارنى قۇۋۋەتلەيدۇ. پالەچ، لەقۋا، تىتانۇس، تۇتقاق كېسەل، باش قېيىش، باش ئاغرىش، رەئشە، ئەزالار بوشىشىشقا ئوخشاش مېڭە ۋە پەي - نېرۋا خاراكتېرلىك سوغۇقتىن بولغان كېسەللىكلەر، باش يارىلىرى، بوغۇم، گال، چىش، ئولتۇرغۇچ نېرۋا، نۇقرەس ئاغرىقلىرى ۋە ھۆل سوغۇقتىن بولغان بارلىق ئاغرىقلارنى پەسەيتىدۇ. كۆز قاراڭغۇلىشىش، كۆزگە ئاق چۈشۈش، كۆزگە نېپىز پەردە ئۆسۈش، كۆز تورلىشىشقا پايدا

قىلىدۇ، كۆزنى ئۆتكۈرلەشتۈرىدۇ. كۆزگە سۇ چۈشۈش، قۇلاقنىڭ ھۇل سوغۇقتىن بولغان ئېغىرلىقى، زىققە نەپەس، كانايى ئىششىقى، يۆتەل، تىك ئولتۇرۇپ نەپەسلىنىش، ئۆپكە يارىلىرى، ئاشقازان، جىگەر، تال، بۆرەك، دوۋساق ئاجىزلىقىغا پايدا قىلىدۇ. تاش پارچىلايدۇ، سىيىش قىيىنلىشىش، سۈيدۈك تامچىلاش، زەكەر بوشاش، مەقئەت كېسەللىكلىرىگە پايدا قىلىدۇ. قاتتىق ئىششىقلارنى يۇمشىتىدۇ. سوغۇق ماددىلارنى تارقىتىدۇ. تەپلەردىكى تىترەشنى يوقىتىدۇ. مەقئەت، بالىياتقۇ كېسەللىكلىرىگە پايدا قىلىدۇ، ئاغرىقلىرىنى پەسەيتىدۇ. ھامىلە ۋە بالا ھەمراھىنى چۈشۈرىدۇ، ھەيز ماڭدۇرىدۇ، بالىياتقۇنىڭ ھۆللۈكلىرىنى قۇرۇتىدۇ. ھامىلىدارلىققا ياردەم بېرىدۇ. يارىلارنى تازىلايدۇ. مۇرەككەپ دورىلارغا قوشۇلسا تەرياقلارغا ئوخشاش رول ئوينايدىغان بولۇپ، چايان زەھىرى، زىيانداش ھاشاراتلار زەھىرىگە ئوخشاش سوغۇق زەھەرلەر ۋە كۇچۇلا زەھىرى قاتارلىق زەھەرلەرنى قايتۇرىدۇ. ئۇنىڭ 2.5 گىرامى يېڭى سېغىلغان سۈت بىلەن ئىستېمال قىلىنسا زەھەر قايتۇرىدۇ. كۇچۇلا، زەھەرلىك موگۇ، زىيانداش ھاشاراتلارنىڭ زىيانلىق تەسىرىنى يوقىتىدۇ. ئۇنىڭ بىر گىرامى زۇپا قاينىتىلمىسى بىلەن ئىچىلسە يۆتەل، كۆكرەك ئاغرىقلىرىغا پايدا قىلىدۇ. يەسمەن يېغى بىلەن ئېرىتىلىپ پىلتە ياسىلىپ پىلتە ئۇنىڭغا مىلىنىپ بۇرۇنغا قويۇلسا سەكتە ۋە قاتمىغا داۋا بولىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن ھەمەلچە قىلىنسا بالا ۋە بالا ھەمراھىنى چۈشۈرىدۇ. شۇنداقلا موم ۋە ياغ بىلەن ھەمەلچە قىلىنسىمۇ شۇ تەسىرنى بېرىدۇ. ئىسرىسا بىلەن زىمات قىلىنسا ئەزالاردا تۇرۇپ قالغان تىكەن ۋە ئوقىقا ئوخشاش نەرسىلەرنى چىقىرىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** 2.5 گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

**ئورۇنباسارى:** بىر يېرىم ھەسسىدىن ئىككى ھەسسىگىچە كونا زەيتۇن يېغى بىلەن يېڭى زەيتۇن يېغى ياكى ھەببى بىلسان، ئۇد بىلسان قاينىتىلغان تۇرۇپ يېغى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، مۇرەككى قاينىتىلغان كالا يېغى بەدەل بولىدىكەن. يەنە بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىچە نارجىل يېغى بەدەل بولىدىكەن. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، كاج دەرىخىنىڭ يېلىمى مۇناسىۋەتلىك ياغلاردا ئېرىتىلسە كۆپ تەسىرى بىلسان يېغىنىڭ تەسىرىگە ئوخشاش بولۇپ، ئۇنىڭ ئەڭ ياخشى ئورۇنباسارى بولالايدىكەن.

## دۇھنۇل كەرجەن

(كەرجەن يېغى)

بۇ ھىندىچە سۆزدۇر.

**ماھىيىتى:** بۇ بىر خىل ياغ بولۇپ، قەدىمكىلەرنىڭ تىلىدا يېشىل شەھەر دەپ

ئاتىلىدىغان، ھىندىچە «چەتگان»، «چاتگام» دەپ ئاتىلىدىغان، ئىسلام ئابادتا كۆپ ئۆستىدىغان ناھايىتى چوڭ دەرەخنىڭ تېنىگە تىغ ئۇرۇلۇپ ئاستىغا قاچا قويۇپ ئاققۇزۇپ ئېلىنىدۇ. بۇ ياغىنىڭ رەڭگى يېڭى ۋاقتىدا سەل قىزىل، سۇيۇق، سۈزۈك بولىدۇ. كونىرىسا قىزىل، قارىغا مايىل، قويۇق، چاپلاشقاق بولۇپ ئۆزگىرىدۇ. بەك كونىرىسا قويۇقلۇقى ۋە چاپلاشقاقلىقى تېخىمۇ ئاشىدۇ. بېنگالدا قۇرت يەپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ئىمارەتلەرنىڭ ياغاچلىرى، ئىشىك - دېرىزىلىرى ۋە باشقىلارغا سۈرۈلىدۇ. خىرىستىيانلار كېمىلەر ۋە ئىمارەتلەرگە رەڭ بېرىشكە ئىشلىتىدۇ. بۇ دەرەخنىڭ ياغىچى يېپىلىق بولىدۇ. يېڭى ۋاقتىدا خۇددى ياغقا چىلانغان پىلتىگە ئوخشاش كۆيىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا ئىمارەتچىلىكتە ئىشلىتىلمەيدۇ.

**تەبىئىتى:** قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ئىششىقلارنى تارقاتقۇچىدۇر.

## دەھنەج
(كۆك تاش)

ئۇ پارسچە «دەھنەئى فەرەڭ» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** ئۇ يېشىل رەڭلىك، سۇلۇق، پارقىراق بىر خىل تاش بولۇپ، ئالتۇن، كۈمۈش، مىس، تۆمۈر كانلىرىدا گۈڭگۈرتكە مەنسۇپ بۇخاراتلارنىڭ ئۆرلەپ، ئۇنىڭ ئارىلىرىدا تۇرۇپ قېلىپ قويۇقلىشىشى، زامانلار ئۆتۈپ سوۋۇپ، قېتىپ تاشلىشىش بىلەن پەيدا بولىدۇ. ئۇ كاندىن چىقىدىغان زەنگار دەپ ئاتىلىدۇ. ھەر خىل رەڭلەردە بولىدۇ. بەزىلىرى قارامتۇل كۆك بولۇپ، ھاۋا ساپ ۋاقىتتا سۈزۈك، ھاۋا بۇلغانغان ۋاقىتتا دۇغ بولۇپ ئۆزگىرىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، فىيرۇزىمۇ شۇنداق ئۆزگىرىدىكەن. بەزىلىرى قىزىلغا مايىل توز رەڭ، سەل پارقىراق، بەزىلىرى سېرىققا مايىل توز رەڭ، بەزىلىرى قارىغا مايىل بولىدۇ. ھەممىنىڭ ياخشىسى قارامتۇل يېشىل بولغىنى بولۇپ، «دەھنەئى فەرەڭگى» دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇنىڭدىن قالسا قىزىلغا مايىل توز رەڭلىكى ياخشى بولىدۇ. ئەڭ ناچىرى قارىغا مايىل توز رەڭ بولغىنىدۇر. ئۇنىڭ كانى فىرانسىيەدە بولۇپ، شۇ يەردىن ئېلىپ كېلىنىدۇ. ئەنتاكىيىنىڭ ئېيتىشىچە، رۇس، قۇبرۇستىن ئېلىپ كېلىنىدىكەن. «ئىختىياراتى بەدىئىي»نىڭ ئاپتورىنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇنىڭ كانى فىرانسىيە، كېرمان، خۇراساندا، پارسنىڭ شەبانكارە، سىيرجان، شىيراز ۋىلايەتلىرىدە ئىكەن. ئۇنىڭ فىرانسىيەدىن چىققىنى «فەرەندى» دەپمۇ ئاتىلىدىكەن. چۈنكى ئۇنىڭ ئۈستىدە شەمشەرنىڭ ماتېرىيالىغا ئوخشاش نەقىش بولۇپ، ئۇ ماتېرىيال ئەرەبچە «فەرەند» دەپ ئاتىلىدىكەن. ئۇ تاتلىق، چۈچۈمەل دەپ

ئايرىلىدۇ. تاتلىق بولغىنى شۇكى، سالايە قىلىنىپ ئەينەك ئۈستىگە تۆكۈلسە ئەينەككە رەڭگى يۇقمايدۇ. چۈچۈملى ئۈنىڭ ئەكسىچە بولىدۇ.

ئۈنىڭ ئالتۇنغا مەنسۇپ، كۈمۈشكە مەنسۇپ، مىسقا مەنسۇپ، تۆمۈرگە مەنسۇپ بولغانلىرىنى پەرقلەندۈرۈش ئۇسۇلى شۇكى، پىچاق ياكى شەمشەرگە ئوخشاش يۈزى تەكشى، پارقىراق تۆمۈر يۈزىگە سۈركەلسە ئالتۇن رەڭدە بولسا ئالتۇنغا مەنسۇپ، كۈمۈش رەڭدە بولسا كۈمۈشكە مەنسۇپ، مىس رەڭدە بولسا مىسقا مەنسۇپ، تۆمۈر رەڭگىدە بولسا تۆمۈرگە مەنسۇپ بولىدۇ. ھەممىنىڭ ياخشىسى ئالتۇنغا مەنسۇپ، قارامتۇل يېشىل، تاتلىق بولغىنىدۇر. كۆز كېسەللىكلىرىدە ئىشلىتىلىدىغىنى مەزكۇر سۈپەتلەرگە ئىگە بولغىنى، ئۇنىڭدىن قالسا كۈمۈشكە مەنسۇپ بولغىنىدۇر. ئېيتىلغان كۈمۈشكە مەنسۇپ بولغىنى خىمىيە كەسپىدە ئىشلىتىلىدۇ.

**تەبىئىتى:** تۆتىنچى دەرىجىنىڭ بېشىدا قۇرۇق ئىسسىق، بەزىلەر سوغۇق دەپ بىلگەن.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** جۇلا بەرگۈچى، ئۈچۈچانلاشتۇرغۇچىدۇر. ئۇنىڭ 1.5 گىرامى ئىچىلگەن زەھەرلەرنى قايتۇرىدۇ. مىسقا مەنسۇپ بولغىنى لىمون سۈيى بىلەن سالايە قىلىنىپ ئەپيۇن ئىستېمال قىلغان ئادەمگە ئىچۈرۈلۈپ قەي قىلدۇرۇلسا ئەپيۇننىڭ زەھىرىنى قايتۇرىدۇ. ئۇنى زەھەر قايتۇرۇشتىن باشقا مەقسەتلەردە ئىستېمال قىلىشقا بولمايدۇ، چۈنكى ئۇ ئۆلتۈرگۈچ زەھەر بولۇپ، ئۈچەيلەرنى يارىلاندۇرۇش بىلەن ھالاك قىلىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇ ئىلاج قوبۇل قىلمايدىكەن. ئۇ ئېغىزغا سېلىنىپ سۈيى شورىلىپ يۇتۇلسىمۇ شۇ تەسىرنى بېرىدۇ. ئېكەكدەلمىسى سۇزاپ سۈيى بىلەن بىرلىكتە بۇرۇنغا تېمىتىلسا تۇتقاق كېسەلگە داۋا بولىدىغان بولۇپ، تەڭداشسىزدۇر. ئۇ ئىپار بىلەن سالايە قىلىنىپ بۇرۇنغا ئۈچ قېتىم پۈركەلسىمۇ شۇ تەسىرنى بېرىدۇ. كۆزگە سۈركەلسە ئاقنى يوقىتىدۇ، كۆرۈش قۇۋۋىتىنى كۈچەيتىدۇ، سىناقتىن ئۆتكەن. بولۇپمۇ تېشىلمىگەن مەرۋايىت، تۇتىيائى ھىندىدىن باراۋەر مىقداردا ئېلىپ يۇمشاق سالايە قىلىپ يىپەك رەختتىن ئۆتكۈزۈپ ئۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە كۆزگە سۈركەلسە ئۇنۇمى تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ.

ئۇنىڭ ئاجايىپ خۇسۇسىيىتىنىڭ بىرى شۇكى، ئۇ سالايە قىلىنىپ چارۋىلارنىڭ كۆزىگە سۈركەلسە سۈيدۈكىنى تۇتىدۇ. سىركە بىلەن مەلھەم قىلىنسا كالا تەمرەتكىسى، سەۋدادىن بولغان تاز، ئەزالاردا پەيدا بولغان تەمرەتكە، بەھەق، ئاقكېسەل قاتارلىقلارغا پايدا قىلىدۇ. چايان چېقىۋالغاندىكى زەھەرنى يوقىتىدۇ.

## دەھماسا

(دەھماسا ئۆسۈملۈكى)

ئۇ «دەھماسە»مۇ دېيىلىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇ ئاق تىكەننىڭ ھىندىچە نامى

ئىكەن. ئەمەلىيەتتە ئۇ باشقا ئۆسۈملۈكتۇر.

**ماھىيىتى:** بۇ ھىندىستاندا ئۆسىدىغان بىر خىل ئۆسۈملۈك بولۇپ، ئومۇمەن ئاق تىكەن ئۆسۈملۈكىگە ئوخشايدۇ.

**تەبىئىتى:** ئىپتىشلارغا قارىغاندا، قۇرۇق سوغۇق ئىكەن.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** باش قېيىش، ئىغىزغا مۇدۇر ئۆرلەش، يۆتەل، زىققە نەپەس، تەپلەرگە پايدا قىلىدۇ. ئەزالارنى قۇۋۋەتلەيدۇ، بۇزۇق قان ۋە سەپرانى تازىلايدۇ. ئۇسسۇزلۇق ۋە قەينى پەسەيتىدۇ. چىيقان ۋە جوزامغا داۋا بولىدۇ.

# پەسىل: «د» (دال) ۋە «ي» (يائ) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى

## دىيفۇرۇجس

(دىفۇرۇجس ماددىسى)

ئۇ «دىيفۇرۇجۇس»مۇ دېيىلىدۇ. يۇنانچە سۆز بولۇپ، تەكرار كۆيدۈرۈلگەن دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. ئۇ يەنە «دىيفۇرۇجاس»، «دىيرجاس»مۇ دېيىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** بۇ ئۈچ خىل بولىدۇ. بىرى، مەدەندىن چىقىدىغان بولۇپ، قۇبرۇس ئارىلىدىكى بىر قۇدۇقتىن چىقىرىۋېلىنىپ ئاپتاپتا قۇرۇتۇلۇپ كۆيدۈرۈلۈپ تەييارلىنىدۇ. ئۇ لاينىڭ قاتارىدىن بولۇپ، قۇرۇغاندىن كېيىن تاشتەك قاتىدۇ. يەنە بىرى، مىسنىڭ لېيى ۋە دېتى بولۇپ، مىس ئوچاقتا ئېرىتىلگەندىن كېيىن تېگىدە قالىدۇ. تەمى مىسقا ئوخشاش بولۇپ، ئىغىزنى قورۇيدۇ. يەنە بىرى، كۆيدۈرۈلگەن ئالتۇن چىرىمتال بولۇپ، يۇنانچە «لەرىيتىس» دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇ مۇنچىنىڭ ئوچىقىدا بىر نەچچە كۈن ھاك كۆيدۈرۈلگەنگە ئوخشاش كۆيدۈرۈلۈپ قىزارغاندا ئوچاقتىن چىقىرىلىدۇ. ئۇنىڭ رەڭگى كۈمۈشتەك ئاق بولىدۇ. بەزىلەر ئۇنى مىس كانىدىكى مىس پارچىلىرى ئارىسىدىن يىغىۋېلىپ تەييارلايدۇ.

ھەممىنىڭ ياخشىسى بىرىنچى خىلى بولۇپ، تەمى زەنگارغا ئوخشاش، تىلنى ناھايىتى قورۇيدىغان ۋە قۇرۇتىدىغان بولغىنى، ئۇنىڭدىن قالسا ئىككىنچى تۈرىدۇر. ئۇنىڭ مەزكۇر ئىككى تۈرى ئىشلىتىلىدۇ.

**تەبىئىتى:** قۇرۇق ئىسسىق، ناھايىتى قۇرۇتقۇچىدۇر. ئىككىنچى تۈرى ئوتقا مەنسۇپ تارقاتقۇچى، ئىسسىقلىق بىلەن تۇپراققا مەنسۇپ قورۇغۇچى ماددىدىن تۈزۈلگەندۇر.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** گالغا پۈركەلسە ئاخىرقى مەزگىلدىكى بوغما كېسەلگە شىپا

بولىدۇ. سىپىلىسە يامان يارىلار، ئىغىز يارىسى، ئىغىز چاقىلىرىغا پايدا قىلىدۇ. زەخمىلەرنى پۈتتۈرىدۇ. ئۇزۇلگەن كىچىك تىلنى ئەسلىگە كەلتۈرىدۇ. تەكرار ئىشلىتىلسە قىنىنى توختىتىدۇ. ئۇ يەنە دوۋسۇن، مەقئەت يارىلىرى، ئارتۇق يۇمشاق گۆشنى يوقىتىش، تىوم چاچنى ئىنچىكىلەشتۈرۈش ئۈچۈن، موم بىلەن بىرلىكتە چىيقاننى يوقىتىش، باشنىڭ يارىلىرىنى قۇرۇتۇش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. سىركە بىلەن بىرلىكتە بەدەنگە سۈركەلسە قىچىشقاقنى ساقايتىدۇ. ئۇ ئىستېمال قىلىنسا هالاك قىلىدۇ.

## دىيگ بەر دىيگ
### (سۇئىي سەنكىيا)

ئۇ پارسچە سۆز بولۇپ، شىرازدا «مەرگى مۇش ئەمەلىي» (سۇئىي سەنىيا) دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماهىيىتى:** زەرنىخ، زەنكار، ئاهاك، سىماب قاتارلىقلار سالايە قىلىنىپ، بىرى يەنە بىرىنىڭ ئۈستىگە قويۇلغان قوش قازانغا سېلىنىپ تەييارلىنىدىغان بىر خىل سۇئىي ماددىدىن ئىبارەت. ئىيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇ پارس تېۋىپلىرىنىڭ نۇسخىلىرىدىن ئىكەن. داۋۇد ئەنتاكىينىڭ ئېيتىشچە، ئۇ نەجاشىئەنىڭ ئاباسى خەلىپىلىرى ئۈچۈن تەييارلاپ بەرگەن ياسالمىسى ئىكەن.

**تەبىئىتى:** ناهايىتى ئىسسىق، ئۆتكۈر، قۇرۇق، يېگۈچىدۇر.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** سىپىلىسە ئىغىز ۋە باشقا ئەزالاردىكى گۆشخور يارىلارنى تېز لا ساقايتىدۇ. شۇنداقلا ئاقمىلار ۋە يامىرىغۇچى بۇزۇق يارىلارغا سىپىلسىمۇ شۇ تەسىرنى بېرىدۇ، ئارتۇق گۆشنى يەيدۇ. يارىلارنىڭ قىنىنى توختىتىدۇ. ھەرقانداق ئەزانىڭ هۆللۈكلىرىنى قۇرۇتىدۇ. ھەسەل بىلەن مەلھەم قىلىنسا تېرىدىكى ئىزلارنى يوقىتىدۇ، بوۋاسىرنىڭ دانلىرىنى چۈشۈرىدۇ.

ئۇ ئىستېمال قىلىنسا ئىسپىداج، زەرنىخ، زاك ئىستېمال قىلغاندىكىدەك زەهەرلەش ئالامەتلىرى كۆرۈلىدۇ. ئىلاجى شۇلاردىن زەهەرلەنگەندىكى ئىلاجلار بىلەن ئوخشاشتۇر.

ئۇنىڭ نۇسخىلىرى ئاللا خالىسا قارابادىندا بايان قىلىندى.

## دىينساقۇس
### (ئىت كاهۇسى)

ئۇ يۇنانچە سۆز بولۇپ، ئۇسسىغۇچى دىگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. ئۇ يەنە «خەسسۇل كەلب» (ئىت كاهۇسى)، «جەرامىغە»، «مەشەتۇر رائى» (چوپان تاغىقى) دەپ ئاتىلىدۇ. شىرازچە

«تۇسەك» دېيىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** بۇ بىر خىل چاتقال بولۇپ، غولى ئېگىز، تىكەنلىك بولىدۇ. يوپۇرمىقى غولىنى ئوراپ ئۆسىدىغان بولۇپ، كاھۇ يوپۇرمىقىغا ئوخشايدۇ. غولىنىڭ ھەربىر بوغۇمىدا ئىككى دانە تىكەنلىك، تۇكلۇك ئۇزۇن يوپۇرماق ئۆسىدۇ. يوپۇرمىقىنىڭ ئىچى ـ سىرتىدا دانغا ئوخشاش ئۆسۈكچىلەر ئۆسكەن بولىدۇ. يوپۇرمىقىنىڭ غولىغا تۇتىشىپ تۇرغان تەرىپى ئويمان بولۇپ، يامغۇر سۇيى يىغىلىپ قالىدۇ. شېخىنىڭ ھەربىر تارمىقىدىن كىرپىنىڭ تىكىنىگە ئوخشاش بىر نەرسە ئۆسۈپ چىققان بولۇپ، قۇرۇغاندىن كېيىن ئاقىرىدۇ. يېرىلسا ئىچىدىن ئاق، پارقىراق ئۇششاق قۇرتلار چىقىدۇ. قۇۋۋىتى ئۇزۇنغىچە ساقلىنىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** قۇرۇتىدۇ، زەھەر قايتۇرىدۇ، جۇلا بېرىدۇ، سۇدا ئېرىتىلىپ ئۇدا ئۈچ كۈن ئىچىلسە تال ئىششىقى ۋە قويۇق خىلىتلارنى تارقىتىدۇ. تۇسالغۇلارنى ئاچىدۇ. تەپلەردىكى توڭۇپ تىترەشنى توختىتىدۇ. قاينىتىلغىنى كانايىنى قۇۋۋەتلەيدۇ. بوغما كېسەلگە پايدا قىلىدۇ. سۈيدۈك ھەيدەيدۇ. ئاشقازاندىكى مەددە قۇرتىنى چىقىرىدۇ. زىمات قىلىنسا سۆگەللەرنى چۈشۈرىدۇ، باشنىڭ يىرىڭلىق يارىلىرىنى ساقايتىدۇ. پىشۇرۇلغىنى زىمات قىلىنسا ئەزالارنى سېزىمسىزلاندۇرىدۇ، ھەتتا ئەزا ئاغرىقى ۋە كۆيۈك ئازابىنى سەزمەيدۇ. يىلتىزىنىڭ قاينىتىلمىسى شاراب بىلەن چېپىلسا مەقئەت يېرىلىش ۋە ئاقمىلارغا پايدا قىلىدۇ. ئۇنىڭ مېۋىسىنىڭ ئورنىدا چىققان ئۆسۈكچىسى دەرەختىن تۆكۈلگەندىن كېيىن ئەفئى يىلىنى ۋە باشقا زىيانداش ھاشارەتلار چېقىۋالغان ئورۇنغا سۈركەلسە زەھەر قايتۇرىدۇ. ئۇنىڭ ئۆسۈكچىسىدىن مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىنىپ، لاتىغا ئورىلىپ سۈت بىلەن تاكى تۇگىگۈچە ئېرىتىلىپ، ئۇنىڭدىن مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىنىپ باشقا سۈتكە قوشۇلسا سۈتنى ياخشى ئۇيۇتىدۇ. ئۇنىڭ مېۋىسىنىڭ ئىچىدىكى قۇرتلار ھايۋاننىڭ تېرىسىگە ئورىلىپ بويۇن ياكى بىلەككە باغلانسا تۆت كۈندە بىر قېتىم تۇتىدىغان تەپنى يوقىتىدۇ دەپ قارىلىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** بۆرەككە زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** ئەرەب يېلىمى.

**ئىستېمال مىقدارى:** 10 گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

## دىيۋدار
(چاتقالسىمان قارىغاي)

ئۇ پارسچە سۆزدۇر. ئەرەبچە «شەجەرەتۇل بەق» (پاشا دەرىخى)، «شەجەرەتۇل جىن» (جىن

دەرىخى) دەپ ئاتىلىدۇ. بەلكى مەزكۇر ئىسىم ھىندىچە سۆز بىلەن پارسچە سۆزنىڭ مۇرەككەپلىشىشىدىن بارلىققا كەلگەن بولۇشى مۇمكىن، چۈنكى «دىيۋ» دېگەن سۆز ھىندىچە چوڭ نەرسە، كاتتا نەرسە دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. چۈنكى مەزكۇر دەرەخ ناھايىتى چوڭ، ئېگىز بولىدۇ. «دار» دېگەن سۆز پارسچە «ياغاچ» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. ئۇ ھىندىچە «چىير»، «دىيۋدار» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** بۇ بىر خىل دەرەخ بولۇپ، ناھايىتى چوڭ، ئېگىز، تۈز ئۆسىدۇ. ئېگىزلىكى 50~60 غۇلاچقىچە، ئۇنىڭدىن ئېگىزرەك بولىدۇ. خىرىستىيانلار ۋە كېيمىچىلەر يەلكەن ياغىچى ياساش ئۈچۈن ئۇنىڭ ياغىچىنى قىممەت باھادا سېتىۋالىدۇ. يەلكەن ياغىچى كېمىنىڭ ئوتتۇرىسىغا تىكلەنگەن ئېگىز ياغاچ بولۇپ، ئۇنىڭغا يەلكەن باغلىنىدۇ. مەزكۇر دەرەخنىڭ ياغىچىنىڭ تەمى ۋە پۇرىقى ناھايىتى ئۆتكۈر بولىدۇ. يېغىنىڭ پۇرىقى بارىزەدنىڭ پۇرىقىغا ئوخشايدۇ. بەلكى بارىزەد ئۇنىڭ ياكى ئۇنىڭغا ئوخشايدىغان باشقا دەرەخنىڭ يېغى بولۇشى مۇمكىن. ئۇنىڭ يوپۇرمىقى سەل كەڭ، ئۇزۇنچاق، چۇرۇك، چىشسىز، سازەج يوپۇرمىقى چوڭلۇقىدا ۋە ئۇنىڭدىن كىچىكرەك بولىدۇ. ئۇ كۆپ ھاللاردا دېڭىز ساھىللىرى، فىرانسىيە مەملىكىتىدە ئۆسىدۇ. ئۇ يەردىن بېنگال، ھىندىستان ۋە دۇكەنگە كەلگەن.

**تەبىئىتى:** ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق، ئۇنىڭ يېغىدىن ئىبارەت بولغان سۈتى ئۆتىنچى دەرىجىدە ئىسسىق، ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇقتۇر.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ماددىلارنى توسقۇچى، سوغۇق ئىششىقلارنى تارقاتقۇچى، ئاغرىقلارنى ۋە سوغۇق زەھەرلىك زىياندىش ھاشارەتلار چاققاندىكى ئاغرىقنى پەسەيتكۈچىدۇر. بەھەقكە داۋا بولىدۇ، مەزكۇر مەقسەتلەرگە يېتىش ئۈچۈن زىمات قىلىنىدۇ. ياغىچى سالايە قىلىنىپ ئىستېمال قىلىنسا پالەچ، لەقۋا، ئىستىرخا، سەكتە، تۇتقاق كېسەل ۋە مېڭە، پەي ـ نېرۋىلارنىڭ ھۆل سوغۇق كېسەللىكلىرىنىڭ كۆپ قىسمىغا پايدا قىلىدۇ. بۆرەك، دوۋساقتىكى تاشنى پارچىلاپ چۈشۈرىدۇ. بەلغەمدىن بولغان ئىچ سۈرۈش، يەلدىن بولغان ھېق تۇتۇشنى توختىتىدۇ، يەل تارقىتىدۇ، قورساقنىڭ ئېسىلىشىنى تۈگىتىدۇ. بەلغەمدىن ۋە بۇزۇق بەلغەمدىن بولغان تەپلەرنى پەسەيتىدۇ. ئۇنىڭ قاينىتىلمىسىدا ئولتۇرۇلسا مەقئەت يارىلىرىنى ساقايتىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** ئۆپكىگە زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** كەتىرا، ئەرەب يېلىمى، تاتلىق بادام مېغىزى يېغى.

**ئىستېمال مىقدارى:** ئۈچ گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

ئۇ زىمات قىلىنسا چاشقان يارىسىغا پايدا قىلىدۇ. سوغۇقتىن بولغان ئىششىقلارنىڭ كۆپ قىسمىنى تارقىتىدۇ.

# توققۇزىنچى باب
# «ز» (زال) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى

## پەسىل: «ز» (زال) ۋە «ا» (ئەلىف) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى

### زاقىنىل ئىسكەندەرانى
(ئىسكەندەرانى غار دەرىخى)

بۇ يۇنانچە سۆز بولۇپ، «ئىسكەندەرانى غار دەرىخى» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**ماھىيىتى:** بۇ بىر خىل ئۆسۈملۈك بولۇپ، يوپۇرمىقى تاغ غار دەرىخى يوپۇرمىقى ۋە ئاس دەرىخى يوپۇرمىقىغا ئوخشاش، ئۇنىڭدىن چوڭراق، ئاق، ئۇزۇنچاق بولىدۇ. شاخلىرى غېرىچ ئۇزۇنلۇقىدا بولىدۇ. غولىدىكى يوپۇرماقلىرىنىڭ ئارىسىدىن نوقۇت چوڭلۇقىدا، يېشىل، يۇمىلاق مېۋە ئۆسۈپ چىقىدۇ. يىلتىزى خۇش پۇراق بولۇپ، ئۇد ھىندىغا ئوخشايدۇ، تەمى ئۆتكۈر بولىدۇ، تاغلاردا ئۆسىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** يىلتىزىدىن 18 گىرام ئېلىنىپ تىلا دەپ ئاتىلىدىغان شاراب بىلەن ئىستېمال قىلىنسا سۈيدۈك، ھەيز ھەيدەيدۇ، ھامىلە ۋە بالا ھەمراھىنى چۈشۈرىدۇ. سۈيدۈك تامچىلاپ كېلىش ۋە ئۇنىڭ تۇتۇلۇشىغا پايدا قىلىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** يىلتىزى ۋە مېۋىسىدىن 10 گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

### زاقنى ۋىداس
(زاقنى ۋىداس ئۆسۈملۈكى)

ئۇ «زاقىنۇيداس»مۇ دېيىلىدۇ. يۇنانچە سۆز بولۇپ، غارغا ئوخشىغۇچى دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**ماھىيىتى:** كەڭ يوپۇرماقلىق مازارىيونىنىڭ بىر تۈرى بولۇپ، ماراكەشتە «مارزۇ»، شامدا

«بەقلە» دەپ ئاتىلىدۇ. غولى غـۇلاچ ئېگىـزلىكىـدە ئۆسىدىـغان بولۇپ، شـاخلىرى نـاھايىتـى ئىنچىكە بولىدۇ. شاخلىرى دەرىخنىڭ يۇقىرىقى يېرىمىـدا ئۆسـىدىغان بولـۇپ، قوۋزاقلىـرى كۆچلۈك، شىلىـمشىق بـولىدۇ. تـېـتىـسا تـىلنـى چـاقىدۇ. گـۈلـى ئاق بولـىدۇ. مېۋىـسى يېتىلگەندىن كېيىن قارىغا ئۆزگـىرىدۇ. ئۇرۇقى ھەببۇلغاردىن كىچىكرەك بولىدۇ. ئۇ ئـەرەب زېمىنى، شام، بولۇپمۇ لۇبنا تېغىدا كۆپ ئۆسىدۇ.

**تەبئىتى:** ئۈچىنچى دەرىجىنىڭ ئاخىرىدا قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ئۆتكۈر بولۇپ، توسالغۇلارنى ئاچىدۇ، ماددىلارنى تارقىتىـدۇ. يوپۇرمىقىدىن 10 گىرام ئىستېمال قىلىنسا بەلغەم ۋە قويۇق خىلىتلارنى كۈچلۈك سۈرىـدۇ. قۇستۇرىدۇ، ھەيز ھەيدەيدۇ. شۇنداقلا ئۇنىڭ ئۇرۇقىدىن بەش دانە ئىستېمال قىلىنسىمۇ شـۇ تەسىرنى بېرىدۇ. چاينىسا ئېغىزدىكى بەلغەمنى سۈمۈرىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن ھەمـەلچە قىـلىنسـا ھەيز ھەيدەيدۇ. ئىستېمال قىلىنسىمۇ شۇ تەسىرنى بېرىدۇ. ئەمما، ئۇنى ئىستېمال قىلىشقـا بولمايدۇ، چۈنكى ئۇ ئەزالارنى پارچىلايدۇ، خىلىتنى كۆيدۈرىدۇ، ئۇسسۇتىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** نىشاستە، كەتىرا.

**ئىستېمال مىقدارى:** يوپۇرمىقىدىن ئالتە گىرامغىچە، يىلتىزى ۋە مېۋىسىدىن 10 گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

## پەسىل: «ز» (زال) ۋە «ب» (بائ) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى

## زۇباب
(چىۋىن)

ئۇ پارسچە «مىگەس»، تۈركچە «شىين»، ھىندىچە «مەكى» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** بۇ ھاشاراتلار قاتارىدىن بولۇپ، كېرەكسىز نەرسىلەردىن ۋە چىقىـرىندىلاردىـن پەيدا بـولىدۇ. دەسلـەپ پەيدا بولـغاندا ئاق بـولىدۇ. بىـر ھەپتىـدىن ئازراق ۋاقىـتتا قـانـات چىقىرىدۇ. چوڭ، كىچىك بولىدۇ. كىچىكى ئېشەك چىـۋىنى دېيىـلىدۇ. قـارا، كۆك، سېرىـق قاتـارلىق ھەر خىـل رەڭلەردە بـولىدۇ. ھەمـمىنىـڭ ياخشىـسى قارىـسى، ئۇنىـڭدىن قالـسا كۆكىدۇر. ھەممىدىن يامىنى سېرىقى بولۇپ، زەھەردىن خالىي ئەمەستۇر.

**تەبئىتى:** بىرىنچى دەرىجىدە ھۆل ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ماددىلارنى تـارقاتقۇچـى، تارتقۇچـى، ھۆ پەيدا قـىلغۇچـى، قۇستۇرغۇچىدۇر. شاراب بىلەن ئىستېمال قىلىنسا قىيىن تۇغۇتنى ئاسانلاشتۇرىـدۇ،

سىناقتىن ئۆتكەن دەپ قارىلىدۇ. چوڭ چىۋىننى تۇتۇپ بېشىنى تاشلىۋېتىپ قالغان قىسمىنى يىڭناسقۇغا داۋاملىق سۈركىسە يوقىتىدۇ، سىناقتىن ئۆتكەن دەپ قارىلىدۇ. شۇنداقلا ئۇنى سېرىق ھەرىسى چېقىۋالغان ئورۇنغا سۈركىسىمۇ ئاغرىقنى پەسەيتىدۇ، زەھەرنى سۈمۈرىدۇ. چوڭى ياكى كىچىكى توخۇ تۇخۇمىنىڭ سېرىقى بىلەن يۇمشاق سالايە قىلىنىپ سۈركەلسە كۆزنىڭ ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ، قاتمىغان ئىششىقنى تارقىتىدۇ. دائىرىلىك چاچ چۈشكەن ئورۇنغا داۋاملىق سۈركەلسە مەنپەئەت قىلىدۇ، سىناقتىن ئۆتكەن. يالغۇز سۈركەلسە كۆزنىڭ ئىششىقنى تارقىتىدۇ. مۇھەممەد بىن ئەھمەدنىڭ ئېيتىشىچە، ھىندىلار ئۇنىڭ خېمى ياكى پىششىقىنى يېيىش ئارقىلىق كۆزنىڭ كۆرۈش قۇۋۋىتىنى ئاشۇرىدۇ، كۆزنى بارلىق كېسەللىكلەردىن ساقلايدۇ دەپ قارايدىكەن. يېشىل چېۋىننىڭ بېشى زەكەر تۆشۈكىگە قويۇپ قويۇلسا باھنى كۈچلۈك قوزغايدۇ. چىۋىن پوقى سۇ ۋە ھەسەل بىلەن ئىستېمال قىلىنسا قورساق ئاغرىقى، قۇلۇنجى ۋە بوغما كېسەلگە پايدا قىلىدۇ، سىناقتىن ئۆتكەن. باغدادىينىڭ يېزىشىچە ئاۋام خەلق ۋە ئاياللاردىن ھېكايە قىلىنىشىچە، ئۇلار چىۋىننىڭ پوقىنى ئاقكېسەل ۋە بەھەقكە ئىشلىتىپ سىناقتىن ئۆتكۈزگەن بولۇپ، ئىستېمال قىلىنغاندىن كېيىن نامۇۋاپىق نەرسىلەردىن پەرھىز قىلىنغان ھالدا بەھەق ۋە ئاقكېسەل بار ئورۇن ئاپتاپقا تاكى قاپارتقۇ ئۆرلىگىچە تۇتۇلىدۇ، شۇنىڭدىن مەزكۇر ئىككى خىل كېسەللىك ساقىيىدۇ. ئۇنىڭ بۇ جەھەتتىكى تەسىرى ئاتىرىلالنىڭ تەسىرى بىلەن ئوخشاشتۇر. ئۇنىڭ پوقى قارا قۇرت، قارا شېكەر بىلەن ئارىلاشتۇرۇلۇپ شىياف ياسىلىپ مەقئەتكە سىلىنسا تەرەتنى بوشىتىدۇ ۋە ماغدۇرىدۇ. چىۋىن كۈنجۈت يېغىغا چىلىنىپ، ئاپتاپتا قويۇلۇپ، پەسەيلىرى سۇزۇۋېتىلىپ يەنە چىۋىن سېلىپ تەمى چىقىرىلىپ تەييارلانغان يېغى چاچ ئۈندۈرىدۇ، سىناقتىن ئۆتكەن. ئەنسىل پىيىزى تۈرلۈك چىۋىنلارنى ئۆلتۈرىدۇ. شۇنداقلا چىۋىن كافۇر پۇرىقى، زەيتۇن يېغى ۋە زەرنىختىن قاچىدۇ. زەرنىخ بىلەن كۈندۈشتىن چىۋىننىڭ شەكلى ياسىلىپ چىۋىن كۆپ يەرگە قويۇپ قويۇلسا چىۋىنلار ئۇ يەردىن قاچىدۇ.

## زەبل

(ھىندىستان تاشپاقىسى قېپى)

ئۇ رىمچە «سىيلۇبان» دېيىلىدۇ. پارسچىمۇ شۇ نام بىلەن ئاتىلىدۇ. ھىندىچە «كەچكەرە» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** تاشپاقىنىڭ، يەنى ھىندىستان تاشپاقىسىنىڭ قېپىدۇر. بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇنىڭ ئۇستىخىنى ئىكەن. ناھايىتى قارا بولىدۇ. ئۇنىڭ بەزى تۈرلىرى سېرىققا

مايىل، پارقىراق، قاتتىق بولۇپ، ئۇنىڭدىن پىچاق دەستىسى، قەلەمتىراچ، قەلەمدان ۋە باشقا سايمانلار ياسىلىدۇ. ئۇ يەنە ئالا، سېرىق، قىزىلغا مايىل قارا رەڭلەردىمۇ بولىدۇ. ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، ئۇ ئالاھىدە ئۇسۇل بىلەن پىشۇرۇلسا يۇمشايدىكەن، شۇ چاغدا ھەر خىل شەكىللەرگە كەلتۈرۈلسە بولىدىكەن.

**تەبىئىتى:** قۇرۇق سوغۇق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** جۇلا بەرگۈچى، ناھايىتى قورۇغۇچىدۇر. ئېكەكدەلگىنى ئىستېمال قىلىنسا بوۋاسىرنىڭ دانلىرىنى چۈشۈرىدۇ. ھەسەل بىلەن ئىستېمال قىلىنسا كاناي زەخمىسىنى ساقايتىدۇ، يىرىڭ تۈكۈرۈش ۋە تۆت كۈندە بىر قېتىم تۇتىدىغان تەپنى ساقايتىدۇ. زىمات قىلىنسا ئىششىقلارنى تارقىتىدۇ، راك كېسەللىكىگە شىپا بولىدۇ. چاشقان يارىسىنى ساقايتىدۇ، بوۋاسىرنىڭ دانلىرىنى چۈشۈرىدۇ. كۆيدۈرۈلگىنى توخۇ تۇخۇمىنىڭ ئېقى بىلەم مەلھەم قىلىنىپ چىپىلسا ئۇشۇقتىكى يېرىقنى ساقايتىدۇ. بالىياتقۇدىكى تۇغۇت تەسىرىدە پەيدا بولغان يېرىلىشنى ساقايتىدۇ. بالىياتقۇ چىقىپ قالغان بولسا ئورنىغا چۈشۈرىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن پەرزىجە قىلىنسا بالىياتقۇنىڭ ھۆللۈكلىرىنى قۇرۇتىدۇ، ھامىلە چۈشۈرىدۇ. تۇغۇتنى ئاسانلاشتۇرىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** جىگەرگە زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** ئالما.

**ئىستېمال مىقدارى:** ئالتە گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

**ئورۇنباسارى:** كىرپە ئۇستىخىنى.

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇنىڭدىن تارغاق ياسىلىپ چاچ تارالسا چاچ كېپەكلىشىش ۋە پىت بولۇشقا پايدا قىلىدىكەن. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئادەم گېلىدىن ئېسىلغان دار ياغىچى ۋە شۇ ئادەم كۆمۈلگەن قەبرىنىڭ ئاز مىقداردىكى توپىسى بىلەن كۆيدۈرۈلۈپ ئىسرىق سېلىنسا سېھرىنىڭ يامانلىقىدىن خالاس قىلىدىكەن، سىناقتىن ئۆتكەن دەپ قارىلىدىكەن.

## پەسىل: «ز» (زال) ۋە «ر» (رائ) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى

### زەرارىيە
(ئالىكۈلۈك)

ئۇ تۈركچە «ئالا كۈلۈك»، دەيلىمچە «دارساس» دەپ ئاتىلىدۇ. ئىسپاھاندا بىر خىل

چىۋىن دېيىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** بىر خىل ھاشارات بولۇپ، چوڭ ـ كىچىكتىن ئىبارەت ئىككى خىل بولىدۇ. چوڭى سېرىق ھەرە چوڭلۇقىدا، كىچىكى چىۋىندىن چوڭراق، ياپىلاق بولىدۇ. ناھايىتى سېسىق پۇرايدىغان بولۇپ، ھۆل ئۆسۈملۈكلەرگە قونۇپ، ئۇنىڭ ئۇستىدە كۆپىيىدۇ. بۇغدايلىقلاردا پەيدا بولغانلىرى چوڭ، ئۇزۇنچاق، قارىغا ۋە قىزىلغا مايىل سېرىق، قانىتىدا توغرىسىغا تارتىلغان سېرىق سىزىقلىرى بار بولغانلىرىدۇر. يېشىل، قىزىل، سېرىق ۋە قارا چېكىتلىك بولغانلىرى ناچارلىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭ شۇ تۈرى ۋە باشقا تۈرلىرى ئىشلىتىلمەيدۇ. ئادەمنى چاقسا ئىختىيارسىز سۈيدۈك مېڭىپ كېتىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئۈچىنچى دەرىجىنىڭ ئاخىرىدا ئىسسىق، ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق، ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇقمۇ دېيىلگەن.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ناھايىتى ئۆتكۈر بولۇپ، چىرىتكۈچى، تېرىنى يارىلاندۇرغۇچىدۇر. ئۆلتۈرگۈچى زەھەرلەردىندۇر. ماددىلارنى پارچىلىغۇچى ۋە توسالغۇلارنى ئاچقۇچىدۇر. كۆيدۈرۈلگىنى ئىستېمال قىلىنسا تال ئىششىقىغا پايدا قىلىدۇ. تاش پارچىلايدۇ. سۈيدۈك ۋە ھەيزنى ھەيدەيدۇ. كۆيدۈرۈلگىنى كالا گۆشى شورپىسى ياكى زەيتۇن يېغى بىلەن ئىستېمال قىلىنسا غالجىر ئىت چىشلىۋالغاندىكى زەھەرلىنىشنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇنى ئىستېمال قىلغۇچىنىڭ سۈيدۈكى بىلەن بىرگە ئۇيۇغان قان چىقىدىكەن. ئاۋام ـ خەلق ئۇنى ئىستېمال قىلغۇچىنىڭ قورسىقىدا ناھايىتى كىچىك پىتلار پەيدا بولىدۇ. بۇ سۈيدۈك ئارقىلىق بەدەن سىرتىغا چىقىرىپ تاشلىنىدۇ. ئۇ بۆرەك ۋە دوۋساقتىكى تاشنى چۈشۈرىدۇ، دەپ قارايدۇ. ئۇنى كۆيدۈرۈش ئۇسۇلى كىتابنىڭ بېشىدا بايان قىلىندى. ئۇنى بىر پارچە رەختكە ئوراپ قايناۋاتقان سىركىگە تۇتۇپ تۇرۇپ زەھەرسىزلەنگەندىن كېيىن ئىستېمال قىلىشقا بولىدۇ. ئۇ كۆزگە سۈركەلسە كۆزگە ئۆسكەن تىرناقچە گۆشنى يوقىتىدۇ. سىركە بىلەن زىمات قىلىنسا دائىرىلىك چاچ چۈشۈش، بەھەق، تىرناق ئاقىرىشقا پايدا قىلىدۇ. بەلغەمدىن بولغان ئىششىقلارنى تارقىتىدۇ. قىرۇتى بىلەن چېپىلسا چىرىپ كەتكەن تىرناقنى چۈشۈرۈپ ئورنىغا ساق تىرناق ئۆستۈرىدۇ. سىركە بىلەن مەلھەم قىلىنىپ چېپىلسا قوتۇر، تېرە قاسىراقلىشىش، بەھەق، ئاقكېسەل، كالا تەمرەتكىسى، چايان چېقىۋېلىشقا پايدا قىلىدۇ. سۆگەل، پىت، چېچەك ئىزلىرى ۋە سەپكۈنلەرنى يوقىتىدۇ. ئۇنىڭ پۇت ـ قوللىرى ئۈزۈۋېتىلگەندىن كېيىن سايىدا قۇرۇتۇلۇپ بىنەپشە يېغى بىلەن سالايە قىلىنىپ زەيتۇن يېغى بىلەن قويۇلغۇچە قاينىتىلىپ قولاققا ئىلمان ھالدا تېمىتىلسا يېنىكلەشتۈرىدۇ، ئاغرىقنى پەسەيتىدۇ. سۈركەلسە قاش ئۈندۈرىدۇ. دائىرىلىك چاچ چۈشكەن ئورۇنغا سۈركەلسە يارىلاندۇرغاندىن كېيىن چاچ ئۈندۈرىدۇ. ئەمما

كۆزگە كىرىپ كېتىشتىن ئېھتىيات قىلىش لازىم. ئۇنىڭ قىزىلىنىڭ قارا خالىلىقى تۇتۇلۇپ زەيتۇن يېغىغا چىلىنىپ ئالتە ئايغىچە ئاپتاپتا قويۇلۇپ تاقىر باشقا سۈركەلسە ھەرقانچە كونا بولسىمۇ چاچ ئۈندۈرىدۇ. ئۇنىڭ كۆيدۈرۈلگىنى قىچا بىلەن مەلھەم قىلىنسا چاچ ئۈندۈرىدۇ، قىرۇتى بىلەن مەلھەم قىلىنسا تىرناقنىڭ ئاقىرىشىغا پايدا قىلىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** كۆيدۈرۈلگىنىدىن بىر دانە ئىستېمال قىلىنسا بولىدۇ. ئۇنىڭدىن كۆپ ئىستېمال قىلىنسا، دوۋساقنى يارىلاندۇرۇش، قورساقنى ئاغرىتىش، قان سىيىش پەيدا قىلىشى، سۈيدۈكنى تۇتۇش، ھوشسىزلاندۇرۇش، ئۆتكۈر قىزىتىش، ئەقىلنى ئېلىشتۇرۇش، زەكەر ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىنى يارىلاندۇرۇش، قورساقنى، ئىبغىزنى كۆيۈشتۈرۈش بىلەن ھالاك قىلىدۇ.

زەھەر قايتۇرۇش ئۇچۇن سىرىقچىچەك قاينىتىلمىسى، كالا يېغى، كۇنجۇت يېغى ئارىلاشتۇرۇلغان ئىلمان سۇ ئىچۈرۈلۈپ قەي قىلدۇرۇلىدۇ. گۈل يېغى، زىغىر ئۇرۇقى يېغى بىلەن قاينىتىلغان ئارپا يارمىسى سۈيى بىلەن كىلىزما قىلىنىدۇ. يېڭى سىغىلغان كالا سۈتى، مايلىق شورپا، قايماق، سوغۇق تەبىئەتلىك ياغلار ئارىلاشتۇرۇلغان يېڭى سېمىز ئۆت يوپۇرمىقى سۈيى ئىچۈرۈلىدۇ. تەرەتنى بوشاتقۇچى ئاتىلا ئىچۈرۈلىدۇ. گۈل يېغى، توخۇ تۇخۇمىنىڭ ئېقى زەكەر يولىغا تېمىتىلىدۇ. بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇنىڭ قاناتلىرى ۋە پۇتلىرى ئۇنىڭ زەھەر قايتۇرغۇچىسى ئىكەن، يەنە بەزىلەر ئۇنىڭ ئەكسىچە دېگەن، ھەممىسى ئاساسسىزدۇر.

## زۇررە

## (قوناق)

**ماھىيىتى:** بۇ بىر خىل ئاق دان بولۇپ، تاتلىق، ئەدەستىن چوڭراق بولىدۇ. دان بىلەن تولغان چوڭ باشاقتا بولىدۇ. ئۆسۈملۈكى بىر ئادەم بويى ئېگىزلىكىدە، ئۇنىڭدىن پاكار ياكى ئېگىز بولۇپ، شېكەر قومۇشى ۋە سۈپۈرگە قونىقى ئۆسۈملۈكىگە ئوخشايدۇ. ئاق، دانلىرى چوڭ، ئېغىر، تاتلىق بولغانلىرى ياخشىلىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

**تەبىئىتى:** قۇرۇق سوغۇق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** غىزالىق قۇۋۋىتى كۈچلۈك، بەدەنگە سىڭىشى تېرىقتىن تەسرەكتۇر، قۇرۇتقۇچى، ئىچ سۈرۈشنى توختاتقۇچى بولۇپ، ھەممە تەسىرى سۈپۈرگە قوناققا ئوخشايدۇ. ئۇنىڭ ئىسلاھ قىلغۇچىسى ۋە ئۇچۇچانلاشتۇرغۇچىسى ياغلار ۋە تاتلىق نەرسىلەردۇر. زىمات قىلىنسا سوۋۇتىدۇ، قۇرۇتىدۇ، ماددىلارنى قايتۇرىدۇ. ئۇنىڭ ئۆسۈملۈكىنىڭ ھەممە قىسىملىرىمۇ شۇنداق تەسىرگە ئىگە.

## زەرەق
(زەرەك ئۆسۈملۈكى)

ئەبۇ ھەنىيفىنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ ئەرەبچە سۆز بولۇپ، بىر خىل ئۆسۈملۈكنىڭ ئىسمى ئىكەن. بۇ ئۆسۈملۈك كۆدىگە ئوخشايدىكەن. ئۆسۈملۈكنىڭ ئۇچىدا بىر دانە غىلاپى بار بولۇپ، ئىچىدە ئۇرۇقى بولىدىكەن، ھۆل ۋاقتىدا ئىستېمال قىلىنىدىكەن، قۇرۇغاندىن كېيىن ئىستېمال قىلىنمايدىكەن. يىلتىزى پىياز يىلتىزى شەكلىدە، رەڭگى قارا بولىدىكەن. پوستى ئايرىلسا ئىچى پىيازغا ئوخشاش ئاق چىقىدىكەن. تەمى تاتلىق، سۇلۇق بولىدىكەن. بەزىلەر ئۇنى بېدە دەپ بىلگەن.

## پەسىل: «ز» (زال) ۋە «ن» (نۇن) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى

## زەنەبۇل خەيل
(ئات قۇيرۇقسىمانئوت)

ئۇ «زەنەبۇل فەرەس» (ئات قۇيرۇقئوت) دېگەن نامى بىلەن مەشھۇردۇر.

**ماھىيىتى:** بۇ ئىككى خىل بولىدۇ. بىرىنچى خىلى، بىر خىل ئۆسۈملۈك بولۇپ، سۇ بويلىرى، ئاكۇپلاردا كۆپ ئۆسىدۇ. شاخلىرى كاۋاك، كۆپ، قىزىلغا مايىل، يىرىك، بوغۇملۇق بولۇپ، بوغۇملىرى بىر - بىرىگە يېقىن بولىدۇ. يوپۇرمىقى ئات قۇيرۇقىغا ئوخشاش ئىنچىكە بولۇپ، ئىزخىر يوپۇرمىقىغا ئوخشايدۇ. يېنىدىكى دەرەخلەرگە يامىشىپ ئۈستىگىچە چىقىپ يەنە پەسكە چۈشۈپ خۇددى ئات قۇيرۇقىدەك ساڭگىلاپ تۇرىدۇ. يىلتىزى ياغاچلاشقان بولىدۇ. گۈلسىز، مېۋىسىز بولىدۇ. بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇنىڭ گۈلى ئاق بىلەن كۆكنىڭ ئارىلىقىدا بولىدىكەن. قۇۋۋىتى مەلۇم مۇددەتكىچە ساقلىنىدۇ.

ئۇنىڭ ئىككىنچى خىلىنىڭ شاخلىرى بىرىنچى خىلىنىڭ شاخلىرىدىن قىسقىراق، ئاقراق بولىدۇ. ئەبۇ ھەنىيفىنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ لىھيەتۇتتىس (تېكە ساقىلى) ئۆسۈملۈكى ئىكەن. ئەرەب زېمىنىدا ناھايىتى كۆپ ئۆسىدۇ. ئۇنىڭ ئۇسارىسى چىقىقان يېرىدىن باشقا يەرگە ئېلىپ بېرىلمىغۇچە قاتمايدۇ ۋە قۇرىمايدۇ. «ھەشايىش» (ئوتلار) دېگەن كىتابتا بايان قىلىنىشىچە، ئۇ تاغ كەرەپشىسىدىن ئىبارەت ئىكەن.

**تەبئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىنىڭ بېشىدا سوغۇق، ئاخىرىدا قۇرۇقتۇر.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ئەزالارنى قۇرۇيدۇ، ئىدىقلىمايدۇ، قان تۇكۇرۇش ۋە ھەيز قىنىنى توختاتقۇچىدۇر. كونا يۆتەل، كۆكرەك كېسەللىكلىرى، ئىسسىقتىن بولغان نەپەس قىستاش، ئىستىسقا، ئىسسىقتىن بولغان جىگەر ئىششىقى، تەپ بولمىغان تۇرلۇك ئىسسىقتىن بولغان ئىچ سۇرۇشلەر، ئۇچەي، دوۋساق يارىسىغا پايدا قىلىدۇ. كۆپ ئىستېمال قىلىنسا ۋە كىلىزما قىلىنسا چۇقۇقنى ئورنىغا چۇشۇرىدۇ. ئۇزۇلگەن ئۇچەينى ئەسلىگە كەلتۇرىدۇ. زىمات قىلىنسا چوڭ يارىلارنى ساقايتىدۇ، ئۇزۇلگەن پەيلەرنى ئەسلىگە كەلتۇرىدۇ. ئۇرۇقدان خالتىسىغا چۇشۇۋالغان ئۇچەينى ئورنىغا قايتۇرىدۇ. مەقئەت ئىششىقى ۋە ئەزالارنىڭ ئىسسىقتىن بولغان ئىششىقلىرىنى تارقىتىدۇ. ئۇسارىسى بۇرۇنغا تېمىتىلسا بۇرۇننىڭ قانىشىنى توختىتىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** ئۇچ گىرامدىن ئىستېمال قىلىنىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** سەۋدا پەيدا قىلىدۇ.

**تۇزەتكۇچىسى:** شېكەر، بادام يېغى.

**ئورۇنباسارى:** ئەنجىبار.

«ئىختىياراتى بەدىئى» دېگەن كىتابنىڭ ئاپتورى ئۇنى تېكە ساقلى ئۆسۇملۇكىنىڭ بىر تۇرىدۇر. كۆپ ئىستېمال قىلىنسا پەيلەرنى بوشىتىدۇ، دېگەن.

**تۇزەتكۇچىسى:** بىنەپشە.

ئۇنىڭ ئىككىنچى خىلى، سىركە بىلەن زىمات قىلىنسا يامان يارىلارنى ساقايتىدۇ، مەقئەت، جىگەر ئىششىقلىرىنى تارقىتىدۇ، ئىستىسقاغا پايدا قىلىدۇ.

## زەنەبۇل خەرۇف

(پاقلان قۇيرۇقسىمانئوت)

**ماھىيىتى:** ئۇ بىر خىل ئۆسۇملۇك بولۇپ، يىلتىزى ئىنچىكە، شاخلىرى ئاق، كاۋاك بولىدۇ. يوپۇرمىقى بىر - بىرىدىن يىراق ئۆسىدىغان بولۇپ، راسەن يوپۇرمىقىغا ئوخشايدۇ. گۇلى سېرىق بولۇپ، ياۋا رىشاد ئۆسۇملۇكىنىڭ گۇلىگە ئوخشايدۇ. ئۇرۇقى ئىنچىكە، ھەممە قىسمى ئاچچىققا مايىل، ئۆتكۇر، سەل شىلىمشىق بولىدۇ. شامدا، بولۇپمۇ بەيتۇل مۇقەددەستە كۆپ بولىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىنىڭ ئاخىرىدا ئىسسىق، ئۇچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئىككىنچى دەرىجىنىڭ ئاخىرىدا قۇرۇق ئىسسىق ئىكەن. ئارتۇق ھۆللۇكى بار.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ئىستېمال قىلىنسا قورساق ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ، يەل

تارقىتىدۇ، قان توختىتىدۇ، تال ئىششىقىنى تارقىتىدۇ. غالجىر ئىتنىڭ زەھرىنى يوقىتىدۇ. غالجىر ئىت چىشلىۋالغان ئورۇنغا زىمات قىلىنسىمۇ شۇ تەسىرنى بېرىدۇ. يوپۇرمىقىنىڭ سۈيى تېمىتىلسا، شۇنداقلا سالايە قىلىنىپ زىمات قىلىنسا كۆزگە چۈشكەن ئاقنى يوقىتىدۇ، سىناقتىن ئۆتكەن.

## زەنەبۇس سەبۇئ
(يىرتقۇچ قۇيرۇقسىمانئوت)

**ماھىيتى:** ئۇ بىر خىل ئۆسۈملۈك بولۇپ، غولى ئىككى غۇلاچ ئېگىزلىكتە ئۆسىدۇ. تۆۋەن تەرىپى ئۈچ بۇرجەك، ئۈستى تەرىپى يۇمىلاق بولىدۇ. ئۈستىدە بىر ـ بىرىدىن يىراق يۇمشاق تىكەنلىرى بولىدۇ. يوپۇرمىقى گاۋزىبان يوپۇرمىقىغا ئوخشاش، تۈكلۈك، ئۇنىڭدىن كىچىكرەك، ئاقا مايىل، چۆرىسى تىكەنلىك بولىدۇ. يوپۇرمىقىنىڭ ئۇچىدا يۇمىلاق، تۈكلۈك، بىنەپشە رەڭلىك بىر نەرسە ئۆسكەن، ئوتتۇرىدا يۇڭغا ئوخشاش بىر نەرسە ئۆسكەن بولىدۇ. قۇۋۋىتى ئۈچ يىلغىچە ساقلىنىدۇ.

**تەبىئىتى:** بىرىنچى دەرىجىدە ئىسسىق، ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق، شىلىمشىق ھۆللۈكى، قابىزلىق قۇۋۋىتى بار، بەزىلەر سوغۇق دەيدۇ.

**خۇسۇسىيتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ئىششىقلارنى تەڭداشسىز تارقىتىدۇ. يارىلارنى ساقايتىدۇ، بوغۇم ئاغرىقلىرىنى پەسەيتىدۇ. ئۇنىڭ ھۆل يىلتىزىنى قىرىپ سىرغىغان سۇيۇقلۇقى ئاغرىۋاتقان ئەزاغا سۈركەلسە ئاغرىقنى دەرھال پەسەيتىدۇ. يىلتىزىدىن بەش گىرام مىقداردا ئىستېمال قىلىنسا سۇنغان ئۇستىخاننى تۇتتۇرىدۇ. زىمات قىلىنسىمۇ شۇ تەسىرنى بېرىدۇ. ئۇسارىسى مەلھەم قىلىنسا قاپاقلارنىڭ ساڭگىلىشىغا پايدا قىلىدۇ. ئاغرىغان ئەزاغا ئېسىپ قويۇلسا ئاغرىقنى پەسەيتىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** باشنى ئاغرىتىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** ئىتئۈزۈمى.

**ئىستېمال مىقدارى:** بەش گىرام ئىستېمال قىلىنىدۇ.

## زەنەبۇل ئەقرەب
(چايان قۇيرۇقسىمانئوت)

**ماھىيتى:** بۇ جالىنۇسنىڭ قارىشىدا سامەريۇما ئۆسۈملۈكى ئىكەن. بەزىلەرنىڭ

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ئەزالارنى قورۇيدۇ، غىدىقلىمايدۇ، قان تۈكۈرۈش ۋە ھەيز قېنىنى توختاتقۇچىدۇر. كونا يۆتەل، كۆكرەك كېسەللىكلىرى، ئىسسىقتىن بولغان نەپەس قىستاش، ئىستىسقا، ئىسسىقتىن بولغان جىگەر ئىششىقى، تەپ بولمىغان تۇرلۇك ئىسسىقتىن بولغان ئىچ سۈرۈشلەر، ئۈچەي، دوۋساق يارىسىغا پايدا قىلىدۇ. كۆپ ئىستېمال قىلىنسا ۋە كىلىزما قىلىنسا چۇقۇقنى ئورنىغا چۈشۈرىدۇ. ئۈزۈلگەن ئۈچەينى ئەسلىگە كەلتۈرىدۇ. زىمات قىلىنسا چوڭ يارىلارنى ساقايتىدۇ، ئۈزۈلگەن پەيلەرنى ئەسلىگە كەلتۈرىدۇ. ئۇرۇقدان خالتىسىغا چۈشۈۋالغان ئۈچەينى ئورنىغا قايتۇرىدۇ. مەقئەت ئىششىقى ۋە ئەزالارنىڭ ئىسسىقتىن بولغان ئىششىقلىرىنى تارقىتىدۇ. ئۇسارىسى بۇرۇنغا تېمىتىلسا بۇرۇننىڭ قانىشىنى توختىتىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** ئۈچ گىرامدىن ئىستېمال قىلىنىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** سەۋدا پەيدا قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** شېكەر، بادام يېغى.

**ئورۇنباسارى:** ئەنجىبار.

«ئىختىياراتى بەدىئىي» دېگەن كىتابنىڭ ئاپتورى ئۇنى تېكە ساقىلى ئۆسۈملۈكىنىڭ بىر تۈرىدۇر. كۆپ ئىستېمال قىلىنسا پەيلەرنى بوشىتىدۇ، دېگەن.

**تۈزەتكۈچىسى:** بىنەپشە.

ئۇنىڭ ئىككىنچى خىلى، سىركە بىلەن زىمات قىلىنسا يامان يارىلارنى ساقايتىدۇ، مەقئەت، جىگەر ئىششىقلىرىنى تارقىتىدۇ، ئىستىسقاغا پايدا قىلىدۇ.

## زەنەبۇل خەرۇف

(پاقلان قۇيرۇقسىمانئوت)

**ماھىيىتى:** ئۇ بىر خىل ئۆسۈملۈك بولۇپ، يىلتىزى ئىنچىكە، شاخلىرى ئاق، كاۋاك بولىدۇ. يوپۇرمىقى بىر ـ بىرىدىن يىراق ئۆسىدىغان بولۇپ، راسەن يوپۇرمىقىغا ئوخشايدۇ. گۈلى سېرىق بولۇپ، ياۋا رىشاد ئۆسۈملۈكىنىڭ گۈلىگە ئوخشايدۇ. ئۇرۇقى ئىنچىكە، ھەممە قىسمى ئاچچىققا مايىل، ئۆتكۈر، سەل شىلىمشىق بولىدۇ. شامدا، بولۇپمۇ بەيتۇل مۇقەددەستە كۆپ بولىدۇ.

**تەبئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىنىڭ ئاخىرىدا ئىسسىق، ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئىككىنچى دەرىجىنىڭ ئاخىرىدا قۇرۇق ئىسسىق ئىكەن. ئارتۇق ھۆللۈكى بار.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ئىستېمال قىلىنسا قورساق ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ، يەل

تارقىتىدۇ، قان توختىتىدۇ، تال ئىششىقىنى تارقىتىدۇ. غالجىر ئىتنىڭ زەھرىنى يوقىتىدۇ. غالجىر ئىت چىشلىۋالغان ئورۇنغا زىمات قىلىنسىمۇ شۇ تەسىرنى بېرىدۇ. يوپۇرمىقىنىڭ سۈيى تېمىتىلسا، شۇنداقلا سالايە قىلىنىپ زىمات قىلىنسا كۆزگە چۈشكەن ئاقنى يوقىتىدۇ، سىناقتىن ئۆتكەن.

## زەنەبۇس سەبۇئ

(يىرتقۇچ قۇيرۇقسىمانئوت)

**ماھىيىتى:** ئۇ بىر خىل ئۆسۈملۈك بولۇپ، غولى ئىككى غۇلاچ ئېگىزلىكتە ئۆسىدۇ. تۆۋەن تەرىپى ئۇچ بۇرجەك، ئۇستى تەرىپى يۇمىلاق بولىدۇ. ئۇستىدە بىر ـ بىرىدىن يىراق يۇمشاق تىكەنلىرى بولىدۇ. يوپۇرمىقى گاۋزىبان يوپۇرمىقىغا ئوخشاش، تۈكلۈك، ئۇنىڭدىن كىچىكرەك، ئاقشا مايىل، چۆرىسى تىكەنلىك بولىدۇ. يوپۇرمىقىنىڭ ئۇچىدا يۇمىلاق، تۈكلۈك، بىنەپشە رەڭلىك بىر نەرسە ئۆسكەن، ئوتتۇرىدا يۇڭغا ئوخشاش بىر نەرسە ئۆسكەن بولىدۇ. قۇۋۋىتى ئۇچ يىلغىچە ساقلىنىدۇ.

**تەبئىتى:** بىرىنچى دەرىجىدە ئىسسىق، ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق، شىلىمشىق ھۆللۈكى، قابىزلىق قۇۋۋىتى بار، بەزىلەر سوغۇق دەيدۇ.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ئىششىقلارنى تەڭداشسىز تارقىتىدۇ. يارىلارنى ساقايتىدۇ، بوغۇم ئاغرىقلىرىنى پەسەيتىدۇ. ئۇنىڭ ھۆل يىلتىزىنى قىرىپ سىرغىغان سۇيۇقلۇقى ئاغرىۋاتقان ئەزاغا سۈركەلسە ئاغرىقنى دەرھال پەسەيتىدۇ. يىلتىزىدىن بەش گىرام مىقداردا ئىستېمال قىلىنسا سۇنغان ئۇستىخاننى تۇتتۇرىدۇ. زىمات قىلىنسىمۇ شۇ تەسىرنى بېرىدۇ. ئۇسارىسى مەلھەم قىلىنسا قاپاقلارنىڭ ساقىيىشىغا پايدا قىلىدۇ. ئاغرىغان ئەزاغا ئېسىپ قويۇلسا ئاغرىقنى پەسەيتىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** باشنى ئاغرىتىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** ئىتئۈزۈمى.

**ئىستېمال مىقدارى:** بەش گىرام ئىستېمال قىلىنىدۇ.

## زەنەبۇل ئەقرەب

(چايان قۇيرۇقسىمانئوت)

**ماھىيىتى:** بۇ جالىنۇسنىڭ قارىشىدا سامەريۇما ئۆسۈملۈكى ئىكەن. بەزىلەرنىڭ

ئېيتىشىچە، بۇ بىر خىل ئۆسۈملۈكنىڭ چايان قۇيرۇقىغا ئوخشايدىغان مېۋىسى بولۇپ، سېرىق بولىدىكەن. ئۆسۈملۈكى كەم ئۇچرايدۇ. يوپۇرمىقى ئۇششاق بولىدۇ. سوغۇق شەھەرلەردە ئۆسىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** چايان زەھىرى ۋە باشقا ھايۋانلارنىڭ ھەم ئۆسۈملۈكلەرنىڭ سوغۇق زەھەرلىرىنى قايتۇرىدۇ.

## زەنەبۇل قىت
(مۈشۈك قۇيرۇقىسىمانئوت)

شام ئەھلىنىڭ تونۇشىدا ئۇ بىر خىل ئۆسۈملۈك بولۇپ، يوپۇرمىقى بەللۇت يوپۇرمىقىغا ئوخشايدۇ. گۈلى سېرىق، يىلتىزى چامغۇرغا ئوخشاش، سىرتى قارا، ئىچى قان رەڭلىك بولىدۇ. يۇنانلىقلار ئارىسىدا «خەرۇ سۇئالى» دېگەن نام بىلەن مەشھۇردۇر. بۇ بىر خىل ھايۋاننىڭ ئىسمىدۇر.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** سىركە بىلەن زىمات قىلىنسا سۇ يىلىنى چېقىۋالغان زەھەرنى قايتۇرىدۇ.

## زەنەبۇل فەئر
(چاشقان قۇيرۇقىسىمانئوت)

ئۇ پاقىيوپۇرمىقىدىن ئىبارەت بولۇپ، باشقى چاشقان قۇيرىقىغا ئوخشىغانلىقى ئۈچۈن شۇنداق ئاتالغان.

# پەسىل: «ز» (زال) ۋە «ھ» (ھائ) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى

## زەھەب
(ئالتۇن)

ئۇ ئەرەبچە «ئەقيان»، «ئەسجەد»، پارسچە «زەر»، «تىلا»، تۈركچە «ئالتۇن»، «قىزىل»، ھىندىچە «سونا»، «كەنچەن» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** ئۇ مەدەنلەرنىڭ ئەڭ شەرەپلىكى بولۇپ، كاندا ساپ، مۆتىدىل سىماب ۋە گۈڭگۈرتتىن ھاسىل بولىدۇ.

**تەبئىتى:** ئىسسىقتا مايىل، مۆتىدىل تەبئىي ھۆللۈكى بار.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ماددىلارنى ئۇچۇچانلاشتۇرغۇچى، خۇرسەن قىلغۇچى، يۈرەك، مېڭىنى قۇۋۋەتلىگۈچى، تەبىئىي ھارارەتنى كۈچەيتكۈچى، تەپەككۇر ۋە زېھىننى ئۆتكۈرلەشتۈرگۈچىدۇر. ئۇ يۈرەك، مېڭە، جىگەر، ئاشقازان، ئۆت، تال، بۆرەك، دوۋساق، باھ كېسەللىكلىرى، سەپرادىن بولغان خەفەقان، ئۆزىگە سۆزلەش، ياتسىراش، غەم ـ ئەندىشە قىلىش، ساراڭلىق، باش قېيىش، تۇتقاق كېسەلگە ئوخشاش سەۋدادىن بولغان كېسەللىكلەرگە پايدا قىلىدۇ. ئاشقازان، جىگەرنى قۇۋۋەتلەيدۇ، يەرقان ۋە تال كېسەللىكى، تۈرلۈك بوۋاسىر، بۆرەك ئاجىزلىقى، دوۋساق ئاجىزلىقى، باھ ئاجىزلىقى قاتارلىقلارغا داۋا بولىدۇ. بەدەننى سەمرىتىدۇ. ئۇ يالغۇز ياكى بىستىپايەج، كامادەرىيۇسقا ئوخشاش مۇناسىۋەتلىك دورىلار بىلەن ئىشلىتىلسە جوزامغا پايدا قىلىدۇ. ئېكەكدەلمىسى مەرۋايىت بىلەن بىرلىكتە تۇرۇنجى سۈيى بىلەن مۇدەببەر قىلىنىپ ئېرىتىلىپ ئىشلىتىلسە مەزكۇر كېسەللىكلەر، قانلىق ئىچ ئۆتكۈر، تولغاق، جوزامغا پايدا قىلىدۇ، سىناقتىن ئۆتكەن دەپ قارىلىدۇ. ئۇنىڭ نۆشۈدۈر بىلەن ئېرىتىلگىنى زەھەرنى سۈمۈرىدۇ، سىناقتىن ئۆتكەن. ئۇنىڭدىن سۈرمە پەلكۈچى ياسىلىپ ئىشلىتىلسە كۆرۈش قۇۋۋىتىنى ئاشۇرىدۇ، كۆز ئاغرىقىنى ساقايتىدۇ. ئۇ كۆزگە سۈركەلسە قاپاق قېلىنلاش، كۆز تورلىشىش، كۆزدە قان ئۇيۇپ قېلىشقا پايدا قىلىدۇ. ئۇ ياش خالتا ئاقمىسىنىڭ تۆشۈكىگە تىقىپ قويۇلسا پايدا قىلىدۇ، سىناقتىن ئۆتكەن. ئۇ چىشقا سىپىلسە ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ. ئېغىزدا تۇتۇلسا ئېغىزنىڭ بەتبۇي پۇرىقىنى يوقىتىدۇ. سىپىلسە ئېغىز يارىسىغا پايدا قىلىدۇ. ئالتۇن داغماللانغان سۇ ئىچىلسە تەبئىي ھارارەت، يۈرەك ۋە ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەيدۇ. ئىچ سۈرۈشنى توختىتىدۇ. ئېرىتىلمىسى سۈركەلسە پالەچكە پايدا قىلىدۇ، ئىششىقلارنى تارقىتىدۇ. دائىرىلىك چاچ چۈشۈش، تېرە قاسراقلىشىش، ئولتۇرغۇچ نېرۋا ئاغرىقى، بەھەق، ئاقكېسەلگە پايدا قىلىدۇ. ئۇنىڭ يېغى جىگەرنى قۇۋۋەتلەش ۋە كۆپ قىسىم كېسەللىكلەرنى داۋالاش ئۈچۈن ئۇنىڭ ئۆزىدىن ياخشىراقتۇر. ئۇنىڭدىن قىلىنغان ئۇزۇك تاقالسا سەيىنەك، باللار تۇتقاق كېسىلى، بوغۇملار ئاغرىقىغا پايدا قىلىدۇ. ئۇنىڭ ساپ بولغىنى كىچىك باللارنىڭ بويىنىغا ئېسىۋېلىنسا ئۇلارنىڭ چۆچۈشىنى يوقىتىدۇ، سىناقتىن ئۆتكەن. يەشاۋىس بۇ خۇسۇسىيەتنى ئۇنىڭ قىچا چوڭلۇقىدا بولىدىغان، ئالتۇن كاندا ھاسىل بولىدىغان، ناھايىتى قاتتىق بولغان تاشسىمان دانچە شەكلىگە خاس دەپ بىلگەن. ئۇنىڭغا قاراپ بېرىلسە خۇرسەن قىلىدۇ، غەملەرنى تۈگىتىدۇ، يۈرەكنى قۇۋۋەتلەيدۇ، كۆلگۈنچەك قىلىدۇ. قۇلاق ئالتۇن يىڭنە بىلەن تېشىلسە تۆشۈكى پۈتۈپ قالمايدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** ئىپىتىشلارغا قارىغاندا، دوۋساق ۋە سۆيدۈك ئاجرىتىش ئەزالىرىغا زىيان قىلىدىكەن.

**تۈزەتكۈچىسى:** ھەسەل، ئىپار، ھەببۇلئاس، شاھبەللۇت.

كۆپ قىسىم كىشىلەر ئۈنى زىيانلىق ئەمەس دەپ بىلىدۇ.

ئالتۇن يۇمشاق سوقۇلۇپ سالايە قىلىنىپ بەدەنگە ئۈنىڭدىن باشقا ھېچ نەرسە، بولۇپمۇ زەھەرلىك دورىلار كىرمىگەن ۋاقىتتا ئىستېمال قىلىنسا ساقلىقنى ساقلايدۇ، ئۆمۈرنى ئۇزۇن قىلىدۇ. سەۋدادىن بولغان بارلىق كېسەللىكلەرنى ساقايتىدۇ. بۇ جەھەتتە ھېچقانداق دورا ئۇنىڭغا تەڭداش بولالمايدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** 125 مىللىگىرامدىن 250 مىللىگىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

باللارغا ئالتۇن قاچىدا يېمەك ـ ئىچمەك، سۈت، دورا بېرىلسە تىلى تېز چىقىدۇ. سېمىز، يۈرەكلىك، باتۇر بولىدۇ، باللار تۇتقاق كېسىلىدىن خالىي بولىدۇ. ئالتۇن دېتى قارچىغىنىڭ پۇتىغا باغلىنىپ ئوۋغا قويۇپ بېرىلسە باتۇرراق بولىدۇ. ئۇ ھېلىلە شەكلىگە كەلتۈرۈلۈپ خەفەقان سەۋەبىدىن ياتسىرايدىغان، سەۋدا سەۋەبىدىن كۆپ خىيال قىلىدىغان كىشى ئېغىزىغا سېلىپ ئۇيقۇ ياكى ئويغاقلىقتا بولسۇن ئۆزى بىلەن بىرگە ساقلىسا ئۇنىڭ يۇقىرىدىكى بارلىق ئىللەتلىرى ياخشىلىنىدۇ.

## پەسىل: «ز» (زال) ۋە «ب» (بائ) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى

### زئب

(بۆرە)

ئۇ پارسچە «گورگ»، تۈركچە «خورد»، ھىندىچە «ھەندار»، «بەھىيرە» دەپ، مەلۇم بىر تىلدا ۋە يەنە بىر تىلدا «بەھدارى ھەرسە» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** تونۇشلۇق ھايۋان بولۇپ جۇرئەتلىكتۇر. چىشلىرى ئالا، يەنى بىرى يەنە بىرىگە كىرىشىپ تۇرىدۇ.

**تەبئىتى:** ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** جىگىرى جىگەر كېسەللىكلىرىگە ئىنتايىن پايدا قىلىدۇ. ئۇ سالايە قىلىنىپ يېرىم گىرامى تەپ بولسا سۇ بىلەن، تەپ بولمىسا شاراب بىلەن ئىستېمال

قىلىنسا ئىستىسقا، سوغۇقتىن بولغان تەپلەرگە، سىركەنجۇبىل بىلەن ئىستېمال قىلىنسا يەرقانغا، كەرەپشە سۈيى بىلەن ئىستېمال قىلىنسا تالغا پايدا قىلىدۇ. غاپەس ئۇنىڭ تەسىرىنى كۆچەيتىدۇ. ئۇنىڭ ئىستېمال مىقدارى يېرىم گىرامدۇر.

ئۇنىڭ ئۆتىدىن يېرىم گىرام ئېلىنىپ، ھەسەل ۋە تىلا ناملىق شاراب بىلەن ئىستېمال قىلىنسا كونا، سوزۇلما خاراكتېرلىك تەپلەر، قۇلۇنجى، ئىستىسقاغا پايدا قىلىدۇ. ئۇنىڭدىن نوقۇت چوڭلۇقىدا ئېلىنىپ نوقۇت قاينىتىلمىسى بىلەن ئىستېمال قىلىنسا باھنى تەڭداشسىز قۇۋۋەتلەيدۇ. شۇنداقلا ئۇ مەلھەم قىلىنسىمۇ ياكى ئىستېمال قىلىنسىمۇ شۇ تەسىرىنى بېرىدۇ. تەشەننۇج، تۇتقاق كېسەل، تىتانۇسقا، بولۇپمۇ سوغۇقتىن بولغان تەشەننۇجغا پايدا قىلىدۇ. ئۇ بۇرۇنغا تېمىتىلسا ئېغىر نەزلىلەرگە پايدا قىلىدۇ. قىزىلچا سۈيى بىلەن بۇرۇنغا تېمىتىلسا كۆزنىڭ قىزىللىقىنى شۇ ھامان يوقىتىدۇ. سىركەنجۇبىل بىلەن تېمىتىلسا تۇتقاق كېسەلگە پايدا قىلىدۇ. كۆزگە سۈركەلسە كۆز ئالدى قاراڭغۇلىشىش، كۆزگە سۇ چۈشۈش، كۆز تورلىشىشنى بىر كۈندىلا ساقايتىدۇ. ئۇ ۋەرەس (زەپەرگە ئوخشايدىغان بىر خىل دورا) بىلەن زىمات قىلىنسا بەھەق، ئاقكېسەلگە پايدا قىلىدۇ. مۇناسىپ دورىلار بىلەن زىمات قىلىنسا تېرە قاسراقلىشىش، دائىرىلىك چاچ چۈشۈش، بوغۇملار ئاغرىقىغا پايدا قىلىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇنىڭ ئۆتىنى زەكەرگە سۈركەپ ئايال كىشى بىلەن جىما قىلسا يەنە بىر ئەر ئۇ ئايال بىلەن مۇناسىۋەت قىلىشقا قادىر بولالمايدىكەن. ئۇنىڭ بىلەن ھەمەلچە قىلىنسا ھامىلىدارلىقنى چەكلەيدۇ. ئۇنىڭ قۇرۇتۇلغان چىشىدىن يېرىم گىرام ئېلىنىپ يېڭى سېغىلغان سۈت بىلەن ئىشلىتىلسە تۆت كۈندە بىر تۇتىدىغان تەپ ۋە ئۆپكە كېسەللىكلىرىگە ناھايىتى پايدا قىلىدۇ.

ئۇنىڭ يېغى دائىرىلىك چاچ چۈشۈش، تېرە كېپەكلىشىش، كونا ئىششىققا پايدا قىلىدۇ. مېڭىسىدىن ئىككى گىرام ئېلىنىپ يېڭى سېغىلغان سۈت بىلەن ئىشلىتىلسە تۇتقاق كېسەلگە پايدا قىلىدۇ. ئۇ سۇزاپ سۈيى ۋە زەيتۇن يېغى بىلەن ئېرىتىلىپ بەدەنگە سۈركەلسە سوغۇقلۇقتىن بولغان ئىچكى - تاشقى كېسەللىكلەرنىڭ ھەممىسىگە پايدا قىلىدۇ. ئۇنىڭ مويى بىلەن ئىسرىق سېلىنسا ھاشاراتلارنى قاچۇرىدۇ. نۆشۈدۈر بىلەن ئېرىتىلگىنى سۈرۈلسە ئىششىقلارنى تارقىتىدۇ. ئۇنىڭ پاچاق ئۇستىخىنى زەكىرى بىلەن بىرلىكتە كۆيدۈرۈلۈپ زىمات قىلىنسا بوۋاسىرغا پايدا قىلىدۇ. ئىبنى زەھەرنىڭ «خەۋاسسۇل ئەدۋىيە» (دورىلار خۇسۇسىيەتلىرى) دېگەن كىتابىدا بايان قىلىنىشىچە، بۆرە غەزەپلەنگەندىن باشقا ۋاقىتلاردا ئوت يېمەيدىكەن. ئىت، مۈشۈككە ئوخشاش ھايۋانلارنىڭ زەكىرى مۇسكۇل بىلەن پەيدىن تۈزۈلىدۇ. پەقەت تۈلكىنىڭ زەكىرى ئۇنداق ئەمەس. بۆرىنىڭ زەكىرى

ئۈستىخاندىن تۈزۈلگەن بولۇپ، ئۈستىنى تومۇرلار، كېرىگەتلەر ۋە تېرە ئوراپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭ قۇيرۇقى يايلاقتا ئېسىپ قويۇلسا كالا ھەرقانچە ئاچ قالغان بولسىمۇ ئۇ يەرگە بارمايدۇ. ئۇنىڭ سۆيدۈكى ۋە قېنى ئىستېمال قىلىنسا ۋە ھەمەلچە قىلىنسا ئاياللارنىڭ ھامىلىدار بولۇشىنى توسىدۇ. ئۇنىڭ ئۇرۇقدىنى قورۇپ پىشۇرۇلۇپ ئىستېمال قىلىنسا باھ قۇۋۋىتىنى ئاشۇرىدۇ. ئۇنىڭ ئوڭ ئۇرۇقدىنى سوقۇلۇپ، زەيتۇن يېغى بىلەن قورۇپ پىشۇرۇلۇپ يۇڭغا يۇقتۇرۇلۇپ ئايالنىڭ جىنسىي يولىغا سېلىنسا شەھۋىتى يوقىلىدۇ. ئارستوتېلىنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇنىڭ قۇرۇتۇلغان ئۇرۇقدىنى زاغۇن سۈيى بىلەن ئىشلىتىلسە كۆكرەك ئاغرىقى، بىقىن ئاغرىقىغا، يالپۇز بىلەن ئىشلىتىلسە يىرىق ئاغرىقىغا ناھايىتى پايدا قىلىدىكەن. ئايال كىشى ئۇنىڭ سۆيدۈكىنىڭ ئۈستىگە سىيسە ھەرگىز ھامىلىدار بولمايدۇ.

ئۇنىڭ پوقى ناھايىتى ئىسسىق بولۇپ، ماددىلارنى كۆچلۈك تارقاتقۇچىدۇر. ئۇنىڭ ياخشىسى بۆرە ئۈستىخان يەپ چىشقىنىدۇر. ئۇنداق پوقنىڭ ئالامىتى شۇكى، ناھايىتى ئاق، يىرىك بولىدۇ. ئۇنىڭدىن بەش گىرام ئېلىنىپ قايناق سۇ ۋە شاراب بىلەن ئىستېمال قىلىنسا، شۇنداقلا پىلپىل ۋە تۇز بىلەن ئىستېمال قىلىنسا قۇلۇنجىغا تېز پايدا قىلىدۇ. ھەتتا ئۇ قۇلۇنجى بىمارنىڭ يوتىسىغا ئېسىپ قويۇلسا، بولۇپمۇ بۆرە يىرتىپ يېگەن قوينىڭ يۇڭى بىلەن ئېشلىگەن يىپ بىلەن ئېسىپ قويۇلسا شۇ تەسىرنى بېرىدۇ. يۇڭ يىپ ئورنىغا بۇغا تېرىسىگە ئورىلىپ باغلانسىمۇ بولىدۇ. ئۇنىڭ مېڭىسىنىڭ ئورنىغا پىستە پوستى سېلىنىپ ئېغىزى ئېتىلىپ قۇلۇنجى بىمارنىڭ قورسىقىغا تېڭىپ قويۇلسىمۇ شىپا بولىدۇ. كۆمۈش نەيچە ئىچىگە ئۇنىڭ باقىلە چوڭلۇقىدىكى پوقىنى تىقىپ ئېسىپ قويۇلسىمۇ شۇ تەسىرنى بېرىدۇ. ئۇنىڭ پوقى بۆرە يىرتىپ يېگەن ئۆچكىنىڭ تېرىسىگە ئورىلىپ قۇلۇنجى بىمارنىڭ بېلىگە ئېسىپ قويۇلسا قۇلۇنجىغا داۋا بولىدۇ. ئۇنىڭ پوقى ھەسەل بىلەن ئېرىتىلىپ غار - غار قىلىنسا بەلغەمدىن بولغان بوغما كېسەلگە پايدا قىلىدۇ. شۇنداقلا ئۇنىڭ ئۈستىخان يېگەندىن كېيىنكى پوقى قۇرۇتۇلۇپ سېپىلسىمۇ شۇ تەسىرنى بېرىدۇ. ئۇنىڭ پوقى كۆيدۈرۈلۈپ ئىسرىق سېلىنسا ئۇ يەرگە چاشقانلارنىڭ يىغىلىشىغا سەۋەب بولىدۇ. ئۇنىڭ ئوشۇق سۆڭىكى تىزغا ئېسىپ قويۇلسا تىزنىڭ يەلدىن بولغان ئاغرىقى، كۆپ ھەرىكەت قىلىشتىن پەيدا بولغان بىئاراملىق، كۆپ يول مېڭىشتىن بولغان چارچاشنى يوقىتىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇنىڭ بېشى قويلار ئۇخلايدىغان يەرگە كۆمۈپ قويۇلسا قويلار قورقۇنچتىن ھالاك بولىدىكەن. قېچىشقىمۇ جۈرئەت قىلالمايدىكەن. كەپتەرنىڭ ئۇۋىسىغا قويۇپ قويۇلسا يىلان ۋە باشقا زىيانداشلارنىڭ كەپتەرنىڭ ئۇۋىسىغا كىرىشىنى توسىدۇ. كەلكۈن كەلگەن ئورۇنغا كۆمۈپ قويۇلسا ئۇ يەرگە ئىككىنچى قېتىم

كەلكۈن كەلمەيدۇ. ئاياللارنىڭ تويلۇقنامىسى بۆرە يىرتىپ يېگەن قوينىڭ تېرىسىگە يېزىلسا ئەر - ئايال ئوتتۇرىسىدا ئىناقلىق بولمايدۇ. ئۇنىڭ ئوتتۇر چىشلىرى تېرىگە ئورۇلىپ ئۆيگە كۆمۈپ قويۇلسا ئۆي ئەھلى ئارىسىدا جېدەل - ماجىرا پەيدا بولىدۇ. ئۇنىڭ تېرىسى ئۈستىدە ئۇخلىسا قۇلۇنجىنى ساقايتىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بۆرە ساراڭ بولمىسا ئادەم گۆشىنى يېمەيدىكەن، قان پۇرىقىنى پۇرىسا ياكى ئادەمگە قان يۇققان بولۇپ، بۆرە قان پۇرىقىنى پۇراپ قالسا ئادەم ھەرقانچە كۈچلۈك، قوراللىرى ئىلغار بولغان تەقدىردىمۇ ئۇنى يېمەي قويمايدىكەن.

# ئونىنچى باب
# «ر» (رائ) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى

## پەسىل: «ر» (رائ) ۋە «ا» (ئەلىف) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى

### راتىيانەج

ئۇ «راتىينەج»، «رەتىيانەج»، «رەخبىينە»، «رەشىينە» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

ماھىيىتى: قارىغاي دەرىخىنىڭ بىر تۈرىنىڭ يېلىمى بولۇپ، ئۈچ خىل بولىدۇ. بىرىنچى خىلى سۈيۈق بولۇپ، ئۇيۇمايدۇ، ئۇ ھۆل زۇپتى دەپ ئاتىلىدۇ. ئىككىنچى خىلى، ئۇيۇيدۇ، يەنى دەرەخنىڭ غولىدىن ئايرىلغاندىن كېيىن قايىنىتىلمىسىمۇ باشقا يېلىملارغا ئوخشاش ئۆزلۈكىدىن قاتىدۇ. ئۈچىنچى خىلى، ئوت بىلەن قايىنىتىلىپ ئۇيۇتۇلىدۇ، ئۇ «قەلقۇنىيا» دەپ ئاتىلىدۇ. شىرازدا «زەنگىبار» دېيىلىدۇ. راتىيانەجنىڭ ياخشىسى سېرىققا مايىل ئاق، قارىغاي پۇرىقى كەلگىنىدۇر.

تەبىئىتى: ئۈچىنچى دەرىجىنىڭ ئاخىرىدا قۇرۇق ئىسسىق، بەزىلەر تۆتىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق دېگەن. ئەيسا ئۈچىنچى دەرىجىدە ئىسسىق، بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇق دېگەن. ئوت بىلەن قايىنىتىلغىنى ئوت كۆرمىگىنىدىن ئىسسىقراق بولىدۇ.

خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى: ئىككى گىرامى توخۇ تۇخۇمىنىڭ ئىللىتىلىپ پىشۇرۇلغان سېرىقى بىلەن، شۇنداقلا بۇغداي كېپىكى قايىنىتىلمىسى بىلەن ئىستېمال قىلىنسا كونا يۆتەلنى پەسەيتىدۇ، كاناي ئىششىقى، ئۆپكىنىڭ ھۆل يارىسىغا پايدا قىلىدۇ. چايناپ بېرىلسە ھۆللۈكتىن بولغان كونا يۆتەلنى پەسەيتىدۇ. مېڭىدىكى ھۆللۈكلەرنى سۈمۈرىدۇ. ئۇنى بىرىنچى كۈنى بىر قېتىم، ئىككىنچى كۈنى ئىككى قېتىم، ئۈچىنچى كۈنى ئۈچ قېتىم تاماقىغا ئوخشاش چەكسە يۆتەلنى پەسەيتىدۇ، كاناي ئىششىقى، ئۆپكە يارىسىغا ئاجايىپ پايدا قىلىدۇ. سوغۇق زۇكام ۋە تۆت كۈندە بىر قېتىم تۇتىدىغان تەپ بولۇپ قالغان ئادەم ئۇنى رەختكە يۇقتۇرۇپ ئاپتاپتا قۇرۇتقاندىن كېيىن كۆيدۈرۈپ ئىسىنى سۈمۈرسە شۇ سائەتتە پايدا قىلىدۇ. زىمات قىلىنسا يارىلارنى ساقايتىدۇ، قىچىشقاق، قوتۇرغا پايدا قىلىدۇ.

ئانارگۈلى بىلەن زىمات قىلىنسا چۇقۇق ۋە ئاقمىلارغا شىپا بولىدۇ. باراۋەر مىقداردىكى زىغىر ئۇرۇقى بىلەن زىمات قىلىنسا مەقئەتتىكى دورا كار قىلمىغان سۆگەللەرنى چۈشۈرىدۇ. پۇتلارنىڭ يېرىلىشى ۋە بوۋاسىرغا پايدا قىلىدۇ، سىناقتىن ئۆتكەن. تىرناقنىڭ پورلىشىشىنى ئوڭشايدۇ. ئۇنىڭدىن بىر ھەسسە، قىزىل زەرنىخ، توشقان مايىقى، ئۆچكە يېغىدىن يېرىم ھەسسە ئېلىپ ئېزىپ ئوتتا ئېرىتىپ 2.5 گىرام چوڭلۇقتا قۇرس ياساپ زۆرۈر بولغاندا بىر دانىسىنى سۇس ئوتتا كۆيدۈرۈپ ئىسى نەيچە ئارقىلىق كۇنىگە ئۈچ قېتىم سۈمۈرۈلسە يۆتەل، ئۆپكە يارىسىغا ئاجايىپ پايدا قىلىدۇ. ئۇنىڭدىن بىر ھەسسە ئېلىنىپ ئوتتا ئېرىتىلىپ ئۇنىڭغا باراۋەر مىقداردا زىغىر ئۇرۇقى، يېرىم ھەسسە قەلەي ئۇپپىسى قوشۇلۇپ ئارىلاشتۇرۇلغاندىن كېيىن ئوتتىن چۈشۈرۈلۈپ، يارىلارغا سۈركەلسە يارا ئېغىزىنى چاپلاشتۇرۇپ ساقايتىدۇ، كونا يارىلارنى تازىلايدۇ. ئۇنىڭ قاينىتىلغىنى چاچنى قۇۋۋەتلەيدۇ. راتىيانەج قاتتىق بەدەنلەردە گۆش ئۇندۇرگۈچى، يۇمشاق بەدەنلەردە ئىششىقلارنى قوزغاتقۇچىدۇر. ئۇ يېرىم ھەسسە پىلپىل يىلتىزى ۋە بادام يېغى بىلەن قاينىتىلىپ مەلھەمگە ئوخشاش قىلىنىپ بوۋاسىرغا سۈركەلسە تۈگۈنچىلىرىنى چۈشۈرىدۇ، سىناقتىن ئۆتكەن، ئەمما زىيادە ئاغرىتىدۇ. ئۇنى ئوڭشاش ئۈچۈن توخۇ تۇخۇمىنىڭ ئېقى، ئۇپا سۈركىلىدۇ، يېڭى سېغىلغان سۈت ئىچىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** ياغىنىڭ مومى بىلەن ھەمشىباھار سۈيى.

**ئورۇنباسارى:** بەتەم دەرىخىنىڭ يېلىمى، بارىزەد. بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇنىڭ ئورۇنباسارى كونا زەيتۇن يېغى ئىكەن.

## رازىقى

(رازىقى ئۈسۈملۈكى)

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇ سۇنبۇلنىڭ بىر تۈرى ئىكەن. ئۇ يەنە «گۈلى رايىبىل» دەپمۇ ئاتىلىدۇ، بۇ راستقا يېقىنراقتۇر.

## رازىيانەج

(ئارپىبەدىيان)

ئۇ پارسچە «رازىيانە» دېگەن سۆزدىن ئەرەبچىلەشتۈرۈلگەندۇر. پارسچە يەنە «بادىيان»، رىمچە «شىمار»، ھىندىچە «سەۋنەف»، «دالان بۇزرۇگ» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** بىر خىل ئۇرۇق بولۇپ، يەرلىك ۋە ياۋىدىن ئىبارەت ئىككى خىل بولىدۇ.

يەرلىكى «مارسۇن» ياۋىسى «قومارسۇن» دەپ ئاتىلىدۇ. ياخشىسى يەرلىكىدۇر.

**تەبئىتى:** يەرلىكى ئۈچىنچى دەرىجىنىڭ بېشىدا ئىسسىق، بىرىنچى دەرىجىنىڭ ئاخىرىدا قۇرۇقتۇر. بەقرات ئىككىنچى دەرىجىدە ئىسسىق، بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇق دەپ بىلگەن. ئۇرۇقى يوپۇرمىقىدىن ئىسسىقراق، يىلتىزى باشقا قىسىملىرىدىن كۈچلۈكرەكتۇر.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** كۆكرەك، جىگەر، تال، بۆرەك، دوۋساق يوللىرىنىڭ توسالغۇلىرىنى ئاچقۇچى، ئۇلارنىڭ سوغۇقتىن بولغان ئاغرىقلىرىنى پەسەيتكۈچى، كۆرۈش كۈچىنى ئاشۇرغۇچى، ئاشقازاننى قۇۋۋەتلىگۈچى، يەللەر ۋە قويۇق خىلىتلارنى تارقاتقۇچى، سۈت پەيدا قىلغۇچى ۋە كۆپەيتكۈچى، سۈيدۈك ۋە ھەيز ھەيدىگۈچى، ھايۋانلارنىڭ زەھىرىنى قايتۇرغۇچى ۋە قورۇغۇچىدۇر. ئۇرۇقىنىڭ قاينىتىلمىسى گۈلى گاۋزىبان بىلەن ئىستېمال قىلىنسا خەفەقان ۋە بىھوشلۇققا پايدا قىلىدۇ، سىناقتىن ئۆتكەن. پىرسىياۋشان ۋە ئەنجۇر بىلەن ئىستېمال قىلىنسا يۆتەل، كاناي ئىششىقى، نەپەس قىيىنلىشىشقا پايدا قىلىدۇ. يالغۇز ياكى مۇناسىۋەتلىك دورىلار بىلەن ئىستېمال قىلىنسا قويۇق يەللەرنى تارقىتىدۇ، بىقىن، چات ئاغرىقى، قۇلۇنجى ئاغرىقلىرىنى پەسەيتىدۇ. ئاشقازاندىكى سۇيۇق، قويۇق ۋە چاپلاشقاق ھۆللۈكلەرنى يوقىتىدۇ. كۆڭۈل ئېلىشىشنى پەسەيتىدۇ، چۇچۇمەل بەلغەمنى يوقىتىدۇ. دورىلارنىڭ قۇۋۋىتىنى بەدەننىڭ ھەرقايسى قىسىملىرىغا يەتكۈزىدۇ. كونا ئىچ سۈرۈشنى توختىتىدۇ. كۆك زىرە بىلەن ئىستېمال قىلىنسىمۇ ئىچ سۈرۈشنى توختىتىدۇ. ھەسەل ياكى سىركەنجىۋىل بىلەن ئىستېمال قىلىنسا كونا تەپلەرنى پەسەيتىدۇ. تەپ قوزغالغان ۋاقىتلاردا سوغۇق سۇ بىلەن ئىستېمال قىلىنسا كۆڭۈل ئېلىشىش، ئاشقازاننىڭ كۆيۈشۈشىنى پەسەيتىدۇ. شاراب ۋە باشقىسى بىلەن قىلىنغان قاينىتىلمىسى چايان، سېرىق ھەرىگە ئوخشاش زەھەرلىك ھايۋانلار چېقىۋالغاندىكى زەھەرنى قايتۇرىدۇ. ئۇنىڭ ئۈچ گىرامى سۇفۇپ قىلىنىپ ئىستېمال قىلىنسا چۇچۇمەل بەلغەمدىن بولغان ئاشقازان كۆيۈشۈشىنى بەلغەمنى سۈمۈرۈپ پارغا ئايلاندۇرۇش، سۈيدۈك ھەيدەپ بەلغەمنى جايىدىن قوزغىتىش ۋە چىقىرىش ئارقىلىق پەسەيتىدۇ. ئۇنىڭ تالقىنى گۈلقەنت بىلەن يۇغۇرۇلۇپ ئىستېمال قىلىنسا ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەيدۇ، ئۇنىڭدىكى ھۆللۈكلەر ۋە بەلغەملەرنى سۈمۈرىدۇ. گۈلقەنت شىرنىسى بىلەن يۇغۇرۇپ، بولۇپمۇ ئىسسىتىلغاندىن كېيىن يۇغۇرۇپ ئىستېمال قىلىنسىمۇ يۇقىرىقى تەسىرنى بېرىدۇ. تالقىنى مەلھەم قىلىنىپ بالىلارنىڭ قورسىقىغا سۈركەلسە ئېسىلىشىنى بوشىتىدۇ، ئاغرىقنى پەسەيتىدۇ. ھەزرىتى ئادەم ئەلەيھىسسالامدىن نەقىل قىلىنىشىچە، ھەر يىلى قۇياش ھەمەل بۇرجىغا كەلگەندىن باشلاپ سەرەتان بۇرجىغا يۆتكەلگۈچە بولغان ۋاقىتتا ئارپىبەدىياندىن كۈنىگە ئۈچ گىرام ئېلىنىپ باراۋەر مىقداردىكى شېكەر بىلەن سۇفۇپ قىلىنىپ ئىستېمال قىلىنسا، ئىستېمال قىلغۇچى شۇ يىلدا ھېچقانداق كېسەللىككە گىرىپتار بولمايدىكەن. ئۇنىڭ ھۆل يوپۇرمىقىنىڭ ئۇسارىسى

كۆرۈش قۇۋۋىتىنى ئاشۇرىدۇ. بەزىلەر ئۇنىڭ يوپۇرمىقىنى ھۆل ۋاقتىدا ئوتقا قاقلاپ ئۇنىڭدىن تامچىلىغان سۇيۇقلۇقنى يىغىپ كۆزگە ئىشلىتىدۇ، بۇنىڭ تەسىرى ئۇنىڭ يوپۇرمىقى سىقىلىپ ئېلىنغان ئۇسارىسىنىڭ تەسىرىدىن ياخشىراق بولىدۇ. ئۇ يالغۇز ياكى مۇناسىپ دورىلار بىلەن ئىشلىتىلىدۇ. ئۇنىڭ ياغىچىنى ئوت ئۇستىدە قويۇپ قايناپ چىققان كۆپۈكى يىغىۋېلىنىپ ھەسەل ۋە سەكبىنەج بىلەن ياكى سەكبىنەجسىز ھالدا كۆزگە سۈركەلسە كۆزگە چۈشكەن سۇنى يوقىتىدۇ، كۆزنى روشەنلەشتۈرىدۇ. ئۇنىڭ يوپۇرمىقىنىڭ ئۇسارىسى قەلىيۋاج (بىر خىل قۇش) ئۆتى بىلەن شىشە قاچىغا قاچىلىنىپ ئاپتاپقا ئۈچ ھەپتە ئېسىپ قويۇلغاندىن كېيىن كۆزگە سۈركەلسە كۆزگە سۇ چۈشۈشنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ، كۆرۈش كۈچىنى ئاشۇرىدۇ. كۆزنىڭ نۇر يىغالماسلىقىغا داۋا بولىدۇ.

يىلتىزى ھەسەل بىلەن مەلھەم قىلىنىپ سۈركەلسە غالجىر ئىت چىشلىۋېلىشقا داۋا بولىدۇ.

ئۇنىڭ يېلىمىنىڭ تەسىرلىرى ئۇسارىسىنىڭ تەسىرلىرى بىلەن ئوخشاش بولۇپ، كۆرۈش قۇۋۋىتىنى ئاشۇرىدۇ، كۆزگە سۇ چۈشۈشكە شىپا بولىدۇ، تاش پارچىلايدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** ئىسسىق مىزاجلىقلارغا زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** سەندەل، سىركەنجىۋىل.

تەستە ھەزىم بولىدۇ، ئاشقازاننى بوشىتىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** ئۇرۇقىدىن بەش گىرامغىچە، بەزىدە 10 گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ. يىلتىزىدىن قايناتمىلاردا 10 ~ 15 گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

**ئورۇنباسارى:** كەرەپشە ئۇرۇقى.

## رازيانەئى بەررىي

(ياۋا ئارپىبەدىيان)

**ماھىيىتى:** شاخلىرى يەرلىكىنىڭ شاخلىرىدىن كەڭرەك بولۇپ، رىباس ئۆسۈملۈكىنىڭ شاخلىرىغا ئوخشايدۇ. يىلتىزى كىچىكرەك، ناھايىتى خۇش پۇراق بولىدۇ. ئۇرۇقى چوڭراق، يېشىلراق بولىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئۈچىنچى دەرىجىنىڭ ئاخىرىدا ئىسسىق، ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** سۈيدۈك تامچىلاش، بالىياتقۇنى تازىلاش، يارىلارنىڭ كىرلىرىنى تازىلاش، كونا ئىچ سۈرۈش، ھەيز توختىتىش، تاش پارچىلاش، كونا تەپلەر، يەرقان ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. قايناتىلمىسى شاراب بىلەن ئىچىلسە زەھەرلىك ھايۋانلارنىڭ زەھىرىنى قايتۇرىدۇ. زىمات قىلىنسا غالجىر ئىتنىڭ چىشلىۋېلىشىغا داۋا بولىدۇ.

# راسەن

ئۇ «زەنجىۋىل شامىي» (شام زەنجىۋىلى)، يۇنانچە «ئەنيۇن»، ئەندەلۇس تىلىدا «جەناھ»، «كەلمۇھ» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** بىر خىل ئۆسۈملۈكنىڭ ياغاچلاشقان يىلتىزى بولۇپ، خۇش پۇراق، تەمى ئۆتكۈر، كۆككە مايىل ياقۇت رەڭ بولىدۇ. ئۆسۈملۈكنىڭ غولى شاخلارغا ئايرىلغان بولىدۇ. يوپۇرمىقى كەڭ، قەلۇمىس ئۆسۈملۈكىگە ئوخشاش ئۇزۇنچاق، ئۇنىڭدىن ئۇزۇنراق، يىرىك بولۇپ، غولىدىن ئۇدۇلمۇ ئۇدۇل بولۇپ ئۆسىدۇ. گۈلى كۆككە مايىل بولىدۇ. ئۇرۇقى زاراڭزا ئۇرۇقىغا ئوخشاش، سەل كەڭ، تەمى ئازراق ئۆتكۈر بولىدۇ. ئۇ تاغلار ۋە تاشلىق يەرلەردە ئۆسىدۇ. يىلتىزى يازدا كولاپ ئېلىنىپ ئىشلىتىلىدۇ. قۇۋۋىتى ئىككى يىلغىچە ساقلىنىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇنىڭ يىلتىزى سېرىق، نامسىز بارماق توملۇقىدا بولىدىكەن. ئۇستى تەرىپى تۆۋەن تەرىپىدىن قۇۋۋەتلىكرەك بولىدۇ. بەزىلەر ئۇنى تاغ سەۋسىنىنىڭ يىلتىزى دەيدۇ.

«ئىختىياراتى بەدىئىي» نىڭ ئاپتورىنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ ئىككى خىل بولىدىكەن، بىرىنچى خىلى يەرلىكى بولۇپ، فىيل جوش ئۆسۈملۈكىدۇر. ئىككىنچى خىلى ياۋىسى بولۇپ، يوپۇرمىقى فىيل جوش ئۆسۈملۈكىنىڭ يوپۇرمىقىغا ئوخشايدۇ. يىلتىزى تۈركچە «ئەند» دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇنىڭ كۆككە مايىل، يېڭى، قىرتاق بولغانلىرى ۋە قۇرت يېمىگەنلىرى ياخشىلىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئومۇمەن ئۇ ماھىيىتى نامەلۇم دورىلاردىندۇر.

**تەبىئىتى:** ئۈچىنچى دەرىجىنىڭ بېشىدا قۇرۇق ئىسسىقتۇر. ئارتۇق ھۆللۈكى بار. ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىقمۇ دېيىلگەن.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** خۇرسەن قىلغۇچى، زەھەر قايتۇرغۇچى، يۈرەك، ئاشقازان ئېغىزى، ھەزىم قۇۋۋىتى، باھ ۋە دوۋساقنى قۇۋۋەتلىگۈچى، قورساق پەردىسى خاراكتېرلىك مالىخولىيا، ئاشقازان شېرىكچىلىكىدە پەيدا بولغان ياتسىراش، قورقۇش، غەم قىلىشقا داۋا بولغۇچى، جىگەر، تال توسالغۇلىرىنى ئاچقۇچى، يەللەرنى، قورساق ئېسىلىشنى تارقاتقۇچى، جىگەر ئاغرىقى، بوغۇملار ئاغرىقى، ئۇچا ئاغرىقى، نۇقرەس ئاغرىقى، ئولتۇرغۇچ نېرۋا ئاغرىقى ۋە باشقا ئاغرىقلارغا ئوخشاش سوغۇق ئاغرىقلارنى پەسەيتكۈچى ۋە ھۆل سوغۇقتىن بولغان باشقا كېسەللىكلەرگە داۋا بولغۇچىدۇر. قاينىتىلمىسى ئىچىلسە ھۆللۈكتىن بولغان سۈيدۈك تامچىلاش، سىيىپ يېتىشقا پايدا قىلىدۇ، ھەيز ماڭدۇرىدۇ. زىمات قىلىنىسىمۇ پايدا قىلىدۇ. قايناتمىسى شاراب بىلەن تۆكۈلسە باشنىڭ يېرىمى ئاغرىش، مېڭىنىڭ ھۆل سوغۇقتىن بولغان كېسەللىكلىرىگە پايدا قىلىدۇ. مېڭە ئىششىقلىرىنى تارقىتىدۇ. ئۈچ گىرامى ھەسەل بىلەن لوئوق قىلىنىپ يالانسا يۆتەل پەسەيتىدۇ، كاناي ئىششىقى، نەپەس

قىيىنلىشىشقا پايدا قىلىدۇ. كۆكرەكتىكى بەلغەم ۋە ھۆللۈكلەرنى تازىلايدۇ. قايىنتىلمىسى شاراب بىلەن ئىچىلسە ھاشاراتلارنىڭ زەھەرلىرى ۋە باشقا سوغۇق زەھەرلەرنى قايتۇرىدۇ. قۇلاققا تېمىتىلسا قۇلاقنىڭ غوڭۇلدىشى ۋە چىقىرىشىنى توختىتىدۇ. كۆيدۇرۇلۇپ ئىسى چىشقا ئېلىنسا چىشتىكى قۇرتنى ئۆلتۈرىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن ئىسلانسا ھەيز ماڭدۇرىدۇ. شاراب بىلەن قايىنتىلىپ زىمات قىلىنسا باشنىڭ يېرىمى ئاغرىش، تۇتقاق كېسەل، بەلغەمدىن بولغان كېسەللىكلەر، ئولتۇرغۇچ نېرۋا ئاغرىقى ۋە سوغۇقتىن بولغان باشقا ئاغرىقلارنى پەسەيتىدۇ. يوپۇرمىقىنىڭ قايىنتىلمىسىنىڭ تەسىرلىرى يىلتىزىنىڭ تەسىرلىرى بىلەن ئوخشاشتۇر. يوپۇرمىقى زىمات قىلىنسا مۇسكۇللارنىڭ يېرىلىشىنى ئەسلىگە كەلتۈرىدۇ، ئىششىقلارنى تارقىتىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** ئىسسىق مىزاجلىقلارغا زىيان قىلىدۇ، باشنى ئاغرىتىدۇ. كۆپ ئىستېمال قىلىنسا قاننى بۇزىدۇ، مەنىينى كۆيدۇرىدۇ، باھنى كېسىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** سىركە، چۇچۇمەل قىياملار، چۇچۇمەل ئانار، خېمىرى بىنەپشىدۇر.

**ئىستېمال مىقدارى:** ئالتە گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

**ئورۇنباسارى:** باراۋەر مىقداردا ئىرىسا ياكى تاتلىق قۇستە.

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇنىڭدىن بىر دانە ئېلىپ يۇتۇلسا مەنىينىڭ تېز كېتىشىنى تىزگىنلەيدىكەن. ئىسرىق سېلىنسا چىشلارنى چىڭىتىدۇ، چىشتىكى قۇرتنى ئۆلتۈرىدۇ. مەلھەم قىلىنسا رەڭگىروھىنى ياخشىلايدۇ. ھەسەل بىلەن مەلھەم قىلىنسا تېرىدىكى ئىزلارنى يوقىتىدۇ. شارابى مەلىكە دېگەن نام بىلەن تونۇلغان راسەن شارابىنىڭ تەسىرلىرى جالىنۇسنىڭ قارىشىچە، ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ تەسىرلىرىدىن ياخشىراق ئىكەن. ئۇنىڭ مۇراببىاسى، قۇرسى، مەجۇنى قاراباىدىندا بايان قىلىنىدى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، شاخلىرى ۋە يوپۇرمىقى يەرگە يېيىلىپ ئۆسىدىغان، يوپۇرمىقى نەيچىسىمان، ئۇزۇنچاق، يىلتىزى كىچىك، سەل ئاچچىق بولىدىغان، نەم يەرلەر ۋە دېڭىز ساھىللىرىدا ئۆسىدىغان سېرىق راسەن ئىستېمال قىلىنسا زەھەرلىك ھاشاراتلار چېقىۋالغاندىكى ئاغرىقنى دەرھال پەسەيتىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئوق ئۇنىڭ ئۇسارىسىغا چىلىنىپ ھەرقانداق ھايۋانغا ئېتىلسا ئۇنى تېزلا ھالاك قىلىدۇ.

## رامەك

(رامەك دورىسى)

ئۇ يۇنانچە سۆزدۇر.

**ماھىيىتى:** بۇ مۇرەككەپ دورىلاردىن بولۇپ، جالىنۇسنىڭ نۇسخىلىرىدىندۇر. ئۇ بىر خىل

قۇرس بولۇپ، قەدىمقى زاماندا چالا پىشقان خورمىنىڭ ئۇسارىسىدىن تەييارلىناتتى. بۇ زامانلاردا بولسا خورما شىرنىسىدىن تەييارلىنىدىغان بولدى. ئۇنىڭ ئەڭ ياخشىسى شۇكى، موزىدىن بىر ھەسسە، سالايە قىلىنغان ئانار پوستىدىن يېرىم ھەسسە ئېلىنىپ سوغا ئۈچ كۈن چىلىنىپ قايىنىتىلىپ خېمىردەك بولغۇچە ئارىلاشتۇرۇلۇپ، ئۇنىڭغا بىر ھەسسىنىڭ تۆتتىن بىرىچىلىك مىقداردا زاك، يەنە شۇنىڭغا ئوخشاش مىقداردا ئېرىتىلگەن ئەرەب يېلىمى، بىر يېرىم ھەسسە خورما شىرنىسى ياكى ھەسەل قوشۇلۇپ قايىنىتىلىپ تەييارلانغان قۇرستۇر. ئەگەر ئانار پوستى ئورنىغا ناھايىتى پىشمىغان تولۇق خورما قوشۇلسا تەڭداشسىز ياخشى بولىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق، بەزىلەر ئىسسىق دېگەن.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ماددىلارنى ئۇچۇچىلاشتۇرغۇچى، قورۇغۇچى، قۇرۇتقۇچى، ئاشقازان، جىگەر، ئۈچەيلەرنى قۇۋۋەتلىگۈچى، ھارارەت پەسەيتكۈچى، ماددىلارنىڭ ئەزالارغا چۈشۈشىنى توسقۇچىدۇر. ئىستېمال قىلىنسا، بولۇپمۇ ئاس دەرىخى سۈيى بىلەن ئىستېمال قىلىنسا سەپرا ۋە قاندىن بولغان ئىچ سۈرۈش، قاناش، ئاشقازان مەنبەلىك ئىچ سۈرۈش، يۆتەل، كۆكرەك ئاغرىقى، جىگەر ئاجىزلىقىغا پايدا قىلىدۇ، يارىلارنى قۇرۇتىدۇ. قورساقتا زىمات قىلىنسا كۆڭۈلنىڭ غەش بولۇشىنى پەسەيتىدۇ. مەلھەم قىلىپ سۈركەلسە بوشىغان تېرىنى چىڭىتىدۇ. ئىسسىق بولغان ئىششىق ۋە مەقئەت ئىششىقىنى تارقىتىدۇ، چىقىپ قالغان مەقئەتنى جايىغا چۈشۈرىدۇ. نۇقرەسكە داۋا بولىدۇ. تەر توختىتىدۇ، ئوفۇنەت ۋە بۇزۇق بۇخاراتنى يوقىتىدۇ. خېنا بىلەن مەلھەم قىلىنسا چاچنى قارايتىدۇ، پىت ئۆلتۈرىدۇ. چىشقا سىپىلسە چىش مىلىكىنى چىڭىتىدۇ، قانىشىنى توختىتىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** 10 گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

**ئورۇنباسارى:** ئامىلە جەۋھىرى.

**زىيانلىق تەسىرى:** دوۋساققا زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** ھەسەل.

قارابادىندىمۇ ئۇنىڭ نۇسخىلىرى بايان قىلىنىدى.

## راۋەند

(رەۋەن)

«ا» نىڭ ئورنىغا «ي» ئالماشتۇرۇلۇپ «رىيۋەن»مۇ دېيىلگەن. پارسچىمۇ شۇ ئىسىم بىلەن مەشھۇردۇر، پارسچە يەنە «بىيخى جەكرى»مۇ دېيىلىدۇ.

ماھىيتى: ئۇ رىباس ئۆسۈملۈكىنىڭ يىلتىزىدىن ئىبارەت بولۇپ، خىتاي، چىن، تىبەت، تۈركىستان، خۇراسان ۋە ھىندىستاننىڭ بەزى شەھەرلىرىدە ئۆسىدۇ. كۆپ قىسىم پادىچىلار ۋە شۇ ئەتراپتىكى ئۇنى تونۇيدىغان كىشىلەر ئۇنى يەردىن كولاپ چىقىرىدۇ. ئىپتىشلارغا قارىغاندا يەر كولانغاندىن كېيىن دەسلەپتە قارا رەڭلىك ئىنچىكە يىلتىزلار ئاشكارا بولىدىغان بولۇپ، ئۇنىڭدىن كۆپلىگەن يىپچە يىلتىزلار ئۆسۈپ چىقىپ ئەتراپقا تارقالغان ئىكەن. يەر يەنە ئىككى ـ ئۈچ غۇلاچ كولانغاندىن كېيىن مەزكۇر يىپچە يىلتىزلارنىڭ ئۇچلىرىدا چوڭ ـ كىچىك چامغۇرنىڭ شەكلىدە بوغۇملار ئاشكارا بولىدىكەن، ئۇ رەۋەندىن ئىبارەت ئىكەن. ئۇنى يەردىن كولاپ چىقارغاندىن كېيىن ھەربىرى ئىككى ـ ئۈچ پارچە ۋە ئۇنىڭدىن ئارتۇق ياپىلاق توغرىلىپ، ئېلىپ مېڭىش ئاسان بولۇش، تېز قۇرۇش ۋە قۇرت يەپ بۇزۇلۇپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن ئوتتۇرى تېشىلىپ ھايۋانلارنىڭ بويىنىغا ئېسىپ قويۇلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ پارچىلىرىنىڭ كۆپ قىسمىنىڭ ئوتتۇرى تۆشۈك بولىدۇ. ئۇنىڭ ياخشىسى چىن ۋە تىبەتتىن چىققان، پارچىلىرى چوڭ، ئات تۇيىقىغا ئوخشاش، قارا ۋە سېرىققا مايىل قىزىل، پۇرىقى ئۆتكۈر، ئېغىر، تۈزۈلۈشى تەكشى، قاتتىق ـ يۇمشاقلىقى نورمال، چاينالسا تەستە يۇمشايدىغان ۋە شىلىمشىق بولىدىغان، چاينالغىنى بارماق، باشقا ئەزا ياكى سېرىق رەختكە سۈركەلسە سېرىق بويىلىدىغان، سۇندۇرۇلسا يۈزى قارىغا مايىل سېرىق بولغانلىرىدۇر. تېۋىپلار شۇندىقىنى ئىشلىتىدۇ. قۇۋۋىتى بىر يىلغىچە ساقلىنىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن ئاجىزلايدۇ. مامىرانچىن بىلەن ساقلانسا قۇۋۋىتىنى ساقلايدۇ. يۇقىرىدىكىلەرنىڭ ئەكسىچە بولغانلىرى ناچارلىرى بولۇپ ئىشلىتىلمەيدۇ.

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇنىڭ «زەنگى» (ھەبەشكە تەۋە) دەپ ئاتىلىشى ئۇنىڭ ھەبەشىستاندىن چىققانلىقىدىن ئەمەس، بەلكى رەڭگىنىڭ قارىلىقىدىن ئىكەن. بۇ خىلىنىڭ كۆپ تەسىرلىرى ئۇنىڭ تەسىرلىرىگە ئوخشايدۇ، بوشلۇقى، يەڭگىللىكى ۋە رەڭگى ئۇنىڭ ئەكسىچە بولىدۇ. بۇنىڭ ياخشىسى قاتتىق، ئېغىر، كېسىلگەن يېرى قارا، مۇڭگۈزگە ئوخشاش بولۇپ، تەستە سوقۇلىدىغان ۋە تەستە چاينىلىدىغانلىرىدۇر. ئۇنىڭ تۈركىي (تۈركتىن چىققىنى)، فارسىي (پارستىن چىققىنى) دەپ ئاتىلىدىغان تۈرىنىڭ شۇنداق ئاتىلىشى ئۇنىڭ شۇ يەرلەردە ئۆسكەنلىكى ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى شۇ ئەللەرگە ئېلىپ بېرىلىپ، ئۇ يەردىن باشقا يەرلەرگە يۆتكەلگەنلىكى ئۈچۈندۇر. بۇ تۈرنىڭ ياخشى ـ يامانلىقى يۇقىرىدىكى ئىككى تۈرنىڭ ئوتتۇرىدا تۇرىدۇ. ئۇنىڭ ئىچى ـ سىرتى ناھايىتى سېرىق بولىدۇ. ئۇنىڭ ئەڭ ياخشىسى كېسىلگەن يېرى ۋە چاينالمىسى ناھايىتى سېرىق بولغان، قۇرت يېمىگەنلىرىدۇر.

ئۇنىڭ يەنە بىر تۈرىمۇ بار بولۇپ، ئاممىدىن ئېلىپ كېلىنىدۇ ۋە «راۋەندى شامىي» (شام رەۋىنى) دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇ يىرىك، ئۇزۇنچاق، بارماق تومۇلۇقىدا، ئۇنىڭدىن تومراق، قاتتىق، توپا رەڭ كۆك، سۇندۇرۇلغان يېرى سىلىق، سېرىقى كۆك ئارىلاشقان سېرىق بولىدۇ. ئۇ «راۋەندى دەۋاب» (چارۋىلار رەۋىنى) دېگەن نام بىلەن مەشھۇردۇر. چۈنكى هايۋانات دوختۇرلىرى ئۇنى چارۋىلارنىڭ جىگەر كېسەللىكلىرىنى داۋالاش ئۈچۈن ئىشلىتىدۇ.

ئۇنىڭ بىرىنچى تۈرىنىڭ قويۇلغۇچە قاينىتىلىپ تەييارلانغان ئۇسارىسى سوقۇلۇپ، سالايە قىلىنىپ قويۇلغۇچە كۆپ قاينىتىلىپ تەييارلانغىنىدىن ياخشىراقتۇر.

ئۇنىڭ يېڭىسىنىڭ قۇۋۋىتى بىر يىلغىچە ياخشى تۇرىدۇ، ئىككى يىلغىچە ساقلانغان كونىسى ناچار بولۇپ زىيانلىقتۇر.

**تەبىئىتى:** مۇرەككەپ قۇۋۋەتلەرگە ئىگە، ئىككىنچى دەرىجىنىڭ بېشىدا قۇرۇق ئىسسىق، زىيادە تارقىتىش رولى بىلەن ۋاقىتلىق سوۋۇتىدۇ، ئارتۇق هۆللۈكى بار. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنى ئاسان قۇرت يېمەيدۇ.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** سوغۇق زەهەرلەرنى، بولۇپمۇ چايانىنىڭ زەهرىنى قايتۇرغۇچى، قويۇق، سۇيۇق ۋە خام خىلىتلارنى سىقىپ سۈرگۈچى، سۇيدۇك ۋە هەيز هەيدىگۈچى، جىگەرنىڭ تارتقۇچى قۇۋۋىتىنى كۈچەيتكۈچى، ئۇنىڭ ۋە تال، ئۈچەيلەرنىڭ توسالغۇلىرىنى ئاچقۇچى، يەللەرنى تارقاتقۇچى، بۆرەك، دوۋساق ۋە بالياتقۇنىڭ يېلىنى يوقاتقۇچى، ئاغرىقلىرىنى پەسەيتكۈچىدۇر. سوغۇقتىن بولغان خەفەقانغا پايدا قىلىدۇ. ئاشقازان، جىگەرنىڭ سوغۇقلۇقىنى ئالىدۇ. كونا يۆتەلنى پەسەيتىدۇ. كاناي ئىششىقى، سىل، ئۆپكە، ئۈچەي يارىسى، تۈرلۈك ئىستىسقا، توسۇلۇش خاراكتېرلىك يەرقانغا پايدا قىلىدۇ. توسۇلۇش ۋە ماسارىقا تومۇرى خاراكتېرلىك ئىچ سۈرۈش، تولغاققا پايدا قىلىدۇ. ئۈچەي ۋە ئىچكى ئەزالارنى تازىلايدۇ. خام كېكىرىش، قورساق ئاغرىقى، بوۋاسىر، ئاقمىلار، تۆت كۈندە بىر قېتىم تۇتىدىغان تەپكە پايدا قىلىدۇ. ئۇنى يۇمشاق سالايە قىلىپ بېهى ئۇرۇقى شىرىسى بىلەن هەب قىلىپ تىلنىڭ ئاستىغا قويۇپ سۈيى يۇتۇلسا هۆل سوغۇقتىن بولغان كونا يۆتەلنى پەسەيتىدۇ، هۆل سوغۇقتىن بولغان زىققە نەپەس، ئېغىز يارىسى ۋە ئۇنىڭ ئوخشاشلىرىغا پايدا قىلىدۇ. هېلىلە كابۇلى، غارىقۇن ۋە سەبرە بىلەن هەب ياساپ ئىستېمال قىلىنسا مېڭىنى تەنقىيە قىلىدۇ. سوغۇقتىن ۋە سەپرادىن بولغان باش ئاغرىقى، باشنىڭ يېرىمى ئاغرىشنى پەسەيتىدۇ. پالەچ، باش قېيىش، تىتانۇس، ياتسىراش، ساراڭلىق، سوغۇق نەزلىلەر، قولاق غوڭۇلداش، گۇركىرەش، نەزلىدىن بولغان كۆز ئاغرىقىغا پايدا قىلىدۇ. راسەن بىلەن ئىشلىتىلسە يۆتەل، زىققە نەپەس، كاناي ئىششىقى ۋە باشقىلارغا ئوخشاش كۆكرەك كېسەللىكلىرىگە شىپا بولىدۇ. شارابى رەيهانى ياكى ئالما شەربىتى بىلەن

ئىشلىتىلسە ھېق تۇتۇش، پەي ـ مۇسكۇللارنىڭ يىرىلىشى، ئىرىلىشىغا پايدا قىلىدۇ. ئۆرۈلۈش ـ سوقۇلۇشتىن بولغان زەخمىلەرنى ئىسلاھ قىلىدۇ. رۇمبەدىيان ۋە ئىلمان سۇ بىلەن ئىشلىتىلسە ھېق تۇتۇش، چۇچۇمەل كېكىرىش، ئەزالارنىڭ تارتىشىشى، چىقىق، قورساق ئاغرىقىغا پايدا قىلىدۇ. بابۇنە، غاپەس، سۇمبۇل ھىندى ۋە ياكى مائۇلئۇسۇل ياكى مائۇل كۇشۇش بىلەن بىرلىكتە كېسەللىكنىڭ ئىغىر ـ يېنىكلىكىگە قاراپ ئىشلىتىلسە ئىستىسقىغا داۋا بولىدۇ. سىركەنجىۋىل بىلەن، بولۇپمۇ سىركەنجىۋىل بۇزۇرى ياكى سىركەنجىۋىل ئۇسۇلى بىلەن بىرلىكتە كېسەللىكنىڭ ئىغىر ـ يېنىكلىكىگە قاراپ ئىشلىتىلسە توسالغۇلارنى ئاچىدۇ، تالنىڭ قاتتىق ئىششىقىنى يۇمشىتىدۇ. تاش پارچىلايدۇ، يەللەرنى تارقىتىدۇ، سۈيدۈكنى راۋان قىلىدۇ. ئۇنىڭدىن 5 ~ 10 گىرامغىچە ئېلىنىپ قوغۇن ئۇرۇقى شىرىسى، ئوغرىتىكەن شىرىسى بىلەن ئىستېمال قىلسا باشقا ھېچقانداق دورا بىلەن ئېچىلمىغان سۈيدۈكنى ماڭدۇرىدۇ، سىناقتىن ئۆتكەن. قىزىلگۈل، ئانارگۈل، تەراسىس، قورۇلغان ئەرەب يېلىمىغا ئوخشاش ئۇنىڭ سۇرگۇچى قۇۋۋىتىنى ئاجىزلاشتۇرۇپ، قورۇغۇچى قۇۋۋىتىنى جانلاندۇرغۇچى دورىلار بىلەن ئىستېمال قىلسا ئۇچەي ۋە جىگەر خاراكتېرلىك تولغاقتا پايدا قىلىدۇ، كېكىرىش، تائامنىڭ ئاشقازاندا بۇزۇلۇشى، خام كېكىرىشكە داۋا بولىدۇ. سۇمبۇل ھىندى، جاۋشىر، قۇرۇق ئۈزۈم قايناتمىسى ۋە بىستىپايەج بىلەن ئىستېمال قىلىنسا پىشەپ سەۋەبىدىن بولغان ۋە بەلغەمدىن بولغان قۇلۇنجىغا پايدا قىلىدۇ. پىرسىياۋشان سۈيى ۋە قەنتەرىيۇن بىلەن ئىستېمال قىلسا ئولتۇرغۇچ نېرۋا ئاغرىقى، بەلغەمدىن بولغان تەپلەر، بوغۇم ئاجىزلىقى، بوغۇم ئاغرىقلىرىغا پايدا قىلىدۇ. زىرىق ۋە سەندەل بىلەن ئىستېمال قىلىنسا ئىچكى ئەزالاردىكى ئىششىقلارنى تارقىتىدۇ ۋە ئىچكى ئەزالارنى قۇۋۋەتلەيدۇ. ئۇنىڭ بىر پارچىسىنى ئېغىزغا سېلىپ سۈيىنى شوراپ يۇتۇلسا قان تۈكۈرۈشنى توختىتىدۇ، توسالغۇلارنى ئاچىدۇ، كۆكرەك ئىششىقى، كاناي ئىششىقىغا پايدا قىلىدۇ. ئۇ بۇرۇنغا تېمىتىلسا مېڭە خاراكتېرلىك ۋە نەزلە خاراكتېرلىك كېسەللىكلەرگە پايدا قىلىدۇ. سىركە بىلەن زىمات قىلىنسا داغ، كالا تەمرەتكىسى، تاياق ئىزلىرىنى يوقىتىدۇ. لوئابلار بىلەن مەلھەم قىلىنسا ئىسسىقتىن بولغان كونا ئىششىقلارنى تارقىتىدۇ. ئارپا ئۇنى، خۇببازى ئۇرۇقى ياكى ئاق لەيلى ئۇرۇقى ۋە قابىزلىق خۇسۇسىيىتى بار دورىلار بىلەن مەلھەم قىلىنسا چىقىپ كەتكەن ئۇستىخاننى ئورنىغا چۈشۈرىدۇ. مەلھەم قىلىنسا ئۆرۈلۈش ـ سوقۇلۇشتىن بولغان زەخمىلەرنى ساقايتىدۇ، سوغۇق ئىششىقلارنى تارقىتىدۇ، ئىسسىق بولمىغان ئاغرىقلارنى پەسەيتىدۇ، سوغۇق زەھەرلەرنى، بولۇپمۇ چاياننىڭ زەھىرىنى قايتۇرىدۇ. ئىككى تاغاق ئوتتۇرىسىغا زىمات قىلىنسا قورقۇشنى تۈگىتىدۇ. تالقان قىلىپ سېپىلسە ھۆل يارىلارنى قۇرۇتىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** مەقئەتكە زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** ئەرەب يېلىمى.

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بالىلار ۋە ياشانغانلارنىڭ مىزاجىغا زىيان قىلىدىكەن.

**ئىستېمال مىقدارى:** 5 ~ 10 گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

**ئورۇنباسارى:** ئاشقازان، جىگەر كېسەللىكلىرىدە بىر يېرىم ھەسسە قىزىلگۈل، بەشتىن بىر چىلىك مىقداردا سۇمبۇل.

رەۋەننىڭ ھەبلىرى، قىيامىلىرى، سۇفۇپىلىرى، سىركەنجىۋىلى، دىنارى دەپ ئاتالغان شارابى، قۇرسى، مەجۇنى قارابادىندا بايان قىلىندى.

## رايبىل
(رايبىل ئۈسۈملۈكى)

ماھىيىتى: ئۇ ھىندىستاندا ئۆسىدىغان بىر خىل ئۈسۈملۈكنىڭ گۈلىدىن ئىبارەت بولۇپ، رايبىل، موتىيە، موگرەدىن ئىبارەت ئۈچ خىل بولىدۇ. ھەممىسىنىڭ ئۈسۈملۈكى بىرى يەنە بىرىگە ئوخشايدۇ. ھىندىستان، بېنگال ۋە دۇكەن مەملىكەتلىرىدە كۆپ بولىدۇ. خۇش پۇراق بولىدۇ. ئۇنىڭدىن يەسمەندىن ياغ ئېلىنغانغا ئوخشاش ياغ ئېلىنىدۇ. يەنى ئاقلانغان كۈنجۈتكە ئۇنىڭ گۈلى كۈنجۈت قىزارغىچە ۋە خۇش پۇراقلاشقىچە ئىچۇرۇلۇپ ۋە ئۆزلەشتۈرۈلۈپ ئۇنىڭدىن ياغ تارتىلىپ ياغ تەييارلىنىدۇ. ئۇنىڭ موتىيە دەپ ئاتالغان تۆرىدىنمۇ سەندەل ئېكەكدەلمىسى بىلەن بىرلىكتە ياغ تارتىلىدۇ. ئۇنىڭ ئۈسۈملۈكى ئىككى غۇلاچقىچە ئېگىزلىكتە، ئۇنىڭدىن ئېگىزرەك ئۆسىدۇ، شاخلىرى نەيچىسىمان بولۇپ، يەرگە يېيىلىپ ئۆسىدۇ. بوغۇملۇق بولىدۇ. شاخلىرى كۆپ ھاللاردا ئۇنىڭ يىلتىزىدىن ئۆسۈپ چىقىدۇ. يوپۇرمىقى سەل چۈرۈك، سىلىق، چوڭ ـ كىچىكلىكى نورمال، يېشىل بولىدۇ. گۈلى ئاق، خۇش پۇراق بولىدۇ، بولۇپمۇ كېچىدە تېخىمۇ خۇش پۇراق چاچىدۇ. رايبىل سەل ئۇزۇنچاق، گۈل بەرگى قاتمۇقات بولىدۇ. موتىيە مەرۋايىت چوڭلۇقىدا بولىدۇ. ئۇنىڭ بەرگىنىڭ قاتلىرى ئۇنىڭ قاتلىرىدىن ئارتۇقراق بولىدۇ، ھەتتا تۆت قاتقا يېتىدۇ. موگرە بولسا مەزكۇر ئىككى تۈرىدىن چوڭراق، يوپۇرمىقى كەڭرەك، قېلىنراق، قاتلىرى ئارتۇقراق بولىدۇ، ئەمما پۇرىقىنىڭ ئۆچۈچانلىقى ئۇلاردىن ئاجىزراق بولىدۇ.

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ھەر ئۈچ خىل گۈل ئەمەلىيەتتە بىر خىل ئۈسۈملۈكنىڭ گۈلى بولۇپ، تۇپراقنىڭ ياخشى ـ يامانلىقى ۋە پەرۋىشىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا قاراپ ئوخشىمايدىغان ھالەتتە بولىدىكەن.

ئۇنى يېتىشتۇرۇش ۋە پەرۋىش قىلىش ئۇسۇلى شۇكى، مۇنبەت يەرنىڭ توپىسى ساپلاشتۇرۇلۇپ ياكى توپىسى ساپ بولغان يەرنى تاللاپ، ئۇ يەرگە ئۇنىڭ كۆچىتى ياكى قەلەمچىسى تىكىلىدۇ، ئارقىدىن سۇغۇرۇلىدۇ. ئۇنىڭ گۈلى ئېچىلىش مەزگىلى يېتىپ كېلىشتىن بۇرۇن، مەسىلەن: بېنگالدا قۇياش سەۋر بۇرجىغا كەلگەن، دەلۋى بۇرجىنىڭ بېشىدىن ھۇت بۇرجىنىڭ باشلىرىغىچە بولغان ۋاقىتتا تورۇۋاتقاندا ئۇنىڭ ئېگىز شاخلىرى چاتنۇېتىلىپ ئۇچلىرى ئوت بىلەن ئازراق كۆيدۈرۈلىدۇ. توپىنىڭ ئەتراپلىرى بىر غېرىچ چوڭقۇرلۇقتا كولىنىپ، ئۇنىڭ بولۇپمۇ موگرە دەپ ئاتالغىنىنىڭ شاخچە يىلتىزلىرى كېسىۋېتىلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن قاندۇرۇپ سۇغۇرۇپ ئۇستىگە توپا يېپىشتىلىدۇ ۋە ھەر كۈنى سۇغۇرۇپ بېرىلىدۇ. شۇنداق قىلىنسا ئۇنىڭ گۈللىرى چوڭ، خۇش پۇراق بولىدۇ. بۇ مەشغۇلات ھەر يىلى ئېلىپ بېرىلىدۇ. شۇنداق قىلغاندا رايبىل دەپ ئاتالغان تۈرى موتىيە دەپ ئاتالغان تۈردەك بولىدۇ. بۇنداق پەرۋىش قىلىنمىسا موتىيە دەپ ئاتالغىنى رايبىلغا ئوخشاش بولىدۇ، بەلكى گۈللىرى ناھايىتى كىچىك، پۇراقسىز بولىدۇ.

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، رايبىل ياكى موتىيەنىڭ شاخلىرى بېسىپ كۆمۈلۈپ، ھەر ئىككى تەرىپى كېسىۋېتىلىپ يىلتىز تارتقاندىن كېيىن شاخچە يىلتىزلىرى كېسىۋېتىلىپ شاخلىرى تۈز ئۆستۈرۈلسە، بىر قانچە قېتىم شۇنداق پەرۋىش قىلىنغاندىن كېيىن ئۇ موگرەگە ئۆزگىرىدىكەن.

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، رايبىل گۈل بەرگى قاتلىق بولغان يەسمەن ئىكەن. يەنە بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىچە ئۇ گۈلى رازىقى ئىكەن.

**تەبىئىتى:** ھۆل ئىسسىق، سوغۇقمۇ دېيىلگەن.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** سەپرا، ھارارەت، قەي ۋە ھېقنى باسىدۇ، سارائلىققا شىپا بولىدۇ. پۇراپ بەرسە كۆڭۈلنى خۇرسەن قىلىدۇ. يۈرەك، مېڭىنى قۇۋۋەتلەيدۇ. يېغىنىڭ تەسىرى ھىندىچە چەنبىلى دەپ ئاتىلىدىغان يەسمەن يېغىنىڭ تەسىرى بىلەن ئوخشاشتۇر، ئۇنىڭدىن ئىسسىقراق دەپ قارىلىدۇ.

## پەسىل: «ر» (رائ) ۋە «ب» (بائ) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى

### رەبىيسا
(رەبىسا بىلىقى)

**ماھىيىتى:** ئۇ بىر خىل كىچىك بېلىق بولۇپ، ھۆرمۇز پورتى تەرىپىدىن ئېلىپ

كېلىنىدۇ. ئىسسىق ئەللەردە ئۇنىڭدىن بېلىق قېقى تەييارلىنىدۇ. ئۇ يەنە «ماھى دەشنە موتو» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. شۇ يەردىكى خەلقلەر ئۇنىڭ قېقىنى ئىستېمال قىلىدۇ.

**تەبىئىتى:** روبىيان بىلىقىدىن ئىسسىقراقتۇر.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** باھنى قوزغايدۇ، ئاشقازاننىڭ ئەھۋالىنى ياخشىلايدۇ، ئۇسسۇتىدۇ، تۇزەتكۈچىسى كاھۇ ئۇرۇقى.

# پەسىل: «ر» (رائ) ۋە «ت» (تائ) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى

## رەتەم

(رەتەم ئۆسۈملۈكى)

بۇ ئەرەبچە سۆزدۇر.

**ماھىيىتى:** بۇ بىر خىل ئۆسۈملۈك بولۇپ، قارا ۋە ئاقتىن ئىبارەت ئىككى خىل بولىدۇ. قارىسىنىڭ شاخلىرى غۇلاچتىن ئېگىزرەك بولۇپ، يوپۇرماقسىز، قاتتىق، يىپسىمان بولىدۇ. دەرەخلەرگە يامىشىپ ۋە ئېسىلىپ ئۆسىدۇ. گۈلى سېرىق، مېۋىسى لوبىياغا ئوخشاش، ئۇرۇقى ئەدەس شەكلىدە بولىدۇ. ئېقىنىڭ مېۋىسى، گۈلى ۋە شاخلىرى قارىسىغا ئوخشايدۇ. پەقەت ئۇنىڭ شاخلىرىنىڭ رەڭگى ئاق، گۈلى كىچىكرەك بولىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ماددىلارنى تارتقۇچى، تارقاتقۇچىدۇر. زەھەر قايتۇرۇش قۇۋۋىتى بار، ئۆتكۈردۇر. مېۋىسىنىڭ ئالتە گىرامى كۈچلۈك قۇستۇرىدۇ. ئىستېمال قىلىنسا تۇرلۇك مەددە قۇرتلارنى چىقىرىدۇ، ئۆلۈك ھامىلىنى چۈشۈرىدۇ. تىرىك ھامىلىنى ئۆلتۈرىدۇ. سۈيدۈكنى كۈچلۈك ھەيدەيدۇ. ئۇسارىسى بىلەن كىلىزما قىلىنسا قانلىق ئىچ سۈرۈشنى توختىتىدۇ. ئولتۇرغۇچ نېرۋا ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ. ئۇنىڭ ئۇرۇقىدىن كۈنىگە بىر دانىدىن ئۇدا ئۈچ كۈن ئىستېمال قىلىنسا، ئىچىنى سۈرۈپ چىيقان چىقىشنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** ئاشقازانغا زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** سىركەنجىۋىل.

**ئىستېمال مىقدارى:** بەش گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

# رۇتەيلا
(دۋ)

ئۇ پارسچە «ئەنجۈرەك»، «دەلمە»، «خايەئى كىيرەك»، «خايەئى كىزەك»، تۈركچە «پاي»، ھىندىچە «مەكرى»، بەك چوڭى «بەد مەكرى»، پۈتلىرى ئۆزۈن بولغىنى «مەكرا» دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇنىڭ قۇشقاچ چوڭلۇقىدا بولغانلىرىمۇ كۆرۈلگەن بولۇپ، قۇشقاچتەك ئاۋاز چىقىرىدۇ، سېرىق، تۈكلۈك بولىدۇ.

ماھىيىتى: بۇ ئۆمۈچۈككە ئوخشاش ھاشارات بولۇپ، رەڭگى سېرىق، قورسىقى چوڭ، ھەرىكىتى تېز، پۇت ـ قوللىرى قىسقا بولىدۇ. ھەر خىل بولىدۇ، ئۇنىڭ زەھىرى ئۆلتۈرگۈچى سوغۇق زەھەرلەردىندۇر. ئۇنىڭدىن بىر قانچە تال يېسە ھالاك قىلىدۇ.

خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى: سوقۇپ ئۇ چېقىۋالغان ئورۇنغا زىمات قىلىنسا زەھىرىنى سۈمۈرىدۇ. ئەتھۇرىقۇس ئۇنىڭ تىرىكى تۇتقاقلىق تەپكە گىرىپتار بولغۇچىنىڭ بىلىكىگە باغلاپ قويۇلسا شىپا بولىدۇ، سىناقتىن ئۆتكەن دەپ قارىغان. تۈركلەر دۋ چېقىۋالغان ئادەم ئالتۇن قاچىغا مەلۇم مەزگىل قاراپ بەرسە، ئۇنىڭ زەھىرىنىڭ زىيانلىق تەسىرىنى يوقىتىدۇ، دەپ بىلىدۇ. دۋلەرنىڭ ئەڭ يامىنى شەكلى چىۋىنغا ئوخشايدىغان، چىراغ ئەتراپىدا ئۈچۈپ يۈرىدىغان مىسىر دۋسى بولۇپ، چاقسا چاققان ئورۇن ئىششىيدۇ، بەزىدە قىزىرىدۇ، بەزىدە قارا، كۆك بولىدۇ. دۋنىڭ ھەرقايسى تۈرلىرى چاققاندا كۆرۈلىدىغان ئالامەتلەرمۇ ھەر خىل بولىدۇ. مەسىلەن: ئۇنىڭ قىزىلى چاقسا چاققان ئورۇن سەل قىزىرىدۇ، ئاغرىيدۇ، قىچىشىدۇ ۋە تېزلا پەسىيىپ قالىدۇ. قارىسى چاقسا چاققان ئورۇن قاتتىق ئاغرىيدۇ، تىترەش ۋە ئومۇمىي بەدەن سوۋۇش ئالامىتى كۆرۈلىدۇ. ئېقى چاقسا چاققان ئورۇن ئازراق ئاغرىيدۇ، قىچىشىدۇ، چوڭ تەرەت ھەر خىل كېلىدۇ. دۋمىبىسىدە پارقىراق سىزىقلىرى بولغىنى چاقسا بەدەننى سېزىمسىزلاندۇرىدۇ، بوشىتىدۇ. چاقماقچى بولغاندا ئېغىزىدىن ئازراق سۇيۇقلۇق چىقىرىدىغان سېرىق، توپا رەڭلىكى چاقسا چاققان ئورۇن قاتتىق ئاغرىيدۇ، بەزىدە ھالاك قىلىدۇ. ئۇنىڭ باشقا تۈرلىرى چاققاندا كۆرۈلىدىغان ئالامەتلەر بىر ـ بىرىگە ئوخشاپ قالىدۇ.

ئۇنىڭ ھەرقايسى تۈرلىرىدىن زەھەرلەنگۈچىنى قۇتقۇزۇش ئۇسۇلى شۇكى، چاققان ئورۇننى شوراپ زەھەر سۈمۈرۈلگەندىن كېيىن شۇ ئەزا ئىسسىق سۇغا چۆكتۈرۈلىدۇ، ئۈستىگە تۇز سۈيى تۆكۈلىدۇ، قىزىتىلغان قوم ياكى قىزىتىلغان كۈلگە كۆمۈلىدۇ. مۇرمەككى، تۇز ياكى ئەنجۈر ياغىچى، ئاھاك، شاخار قاتارلىقلارنى ئىسسىق سۇ بىلەن يۇغۇرۇپ چاققان ئورۇنغا زىمات قىلىنىدۇ. سىيادان، كەرەپشە ئۇرۇقى سوقۇپ قىلىنىپ كاپ ئېتىلىدۇ. داۋائى ھىلتىت ۋە دۋ زەھىرىگە خاس بولغان تەرياق ئىستېمال قىلىنىدۇ.

# پەسل: «ر» (رائ) ۋە «ج» (جىيم) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى

## رىجلۇل غۇراب
(ئاترىلال ئۆسۈملۈكى)

ئۇ «رىجلۇل غۇراب» (قاغا پۇتى) دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئۇ يەنە «پىھلۇ پايى كەلاغ»، «كەلاغ پا» (قاغا پۇتى)، تۈركچە «غازباغى»، فىرانسۇزچە «كەرتۇۋس» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇ ئاترىلال ئۆسۈملۈكى ئىكەن. ئەمما كۆپ قىسىم كىشىلەر ئۇنىڭ باشقا ئۆسۈملۈك ئىكەنلىكىگە ئىپادە بىلدۈرۈشكەن. بەيتۇل مۇقەددەسنىڭ ئەتراپلىرىدا كۆپ ئۆسىدۇ. ئۇ بىر خىل ئۆسۈملۈك بولۇپ، بىر يېرىم غېرىچ ئېگىزلىكتە ئۆسىدۇ. ئۆسۈملۈكى يەرگە يېيىلىپ ئۆسىدۇ. يوپۇرمىقى ناھايىتى يېشىل، قارىغا مايىل بولۇپ، يەرلىك رىشاد ئۆسۈملۈكىنىڭ يوپۇرمىقىغا ئوخشايدۇ. ھەر بىر يوپۇرمىقى ئىككى پارچىغا يېرىلغان بولىدۇ. ئۇنىڭدا ئىنچىكە ئۈچ تال يوپۇرماق يېقىن ئۆسكەن بولۇپ، ئوتتۇرىسىدىكىسى ئۇزۇنراق، ئىككى تەرىپىدىكىسى قىسقىراق بولۇپ، خۇددى قاغا چاڭگىلىغا ئوخشايدۇ. ئۇنىڭ شاخلىرى تارقاق ئۆسىدۇ. تەمى ئۆتكۈر، سەل قىرتاق، سەۋزىگە ئوخشاش ئازراق تاتلىق بولىدۇ. يىلتىزى يەرنىڭ تېگىگە ئىچكىرىلەپ ماڭغان بولۇپ، يۇملاق، بوغۇملۇق، سىرتى سېرىققا مايىل بولىدۇ. سالايە قىلىنسا سۈزۈنجانغا ئوخشاش ناھايىتى ئاق بولىدۇ.

**تەبىئىتى:** بىرىنچى دەرىجىنىڭ ئاخىرىدا ئىسسىق، ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** بەل ساھەسىدىكى تۇسالغۇلارنى ئاچقۇچى، بەل ۋە باشقا ماددىلارنى تارقاتقۇچى بولۇپ، قۇلۇنجى، قورساق ئاغرىقى، بەل ئاغرىقى، ئۇچا ئاغرىقى، بوغۇملار ئاغرىقى قاتارلىقلارنى پەسەيتىدۇ، كونا ئىچ سۈرۈشنى توختىتىدۇ. ئوغلاق بېشى بىلەن بىللە قاينىتىپ شورپىسى ئىچىلسە ئۇچا ئاغرىقى، بىقىن ئاغرىقى، يانپاش ئاغرىقى، باشقا ئەزالار ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ، ماغدۇرسىزلىقنى ئالىدۇ. كونا ئىچ سۈرۈشنى تەڭداشسىز توختىتىدۇ. ئۇنىڭ ھەممە قىسمىنى يىلتىزى بىلەن قومۇرۇپ سۇ بىلەن پاكىز يۇيۇپ توپا - چاڭلىرىنى تازىلاپ تاش ھاۋانچىغا سېلىپ سوقۇپ سۈيىنى سىقىپ تولۇق چىقىرىپ، پىسىپىنى يەنە سوقۇپ سۈيىنى يەنە سىقىپ چىقىرىپ قازانغا تۆكۈپ، سۇس ئوت بىلەن تاكى ئۇچتىن ئىككى قىسمى تۈگىگىچە قاينىتىپ، ئېغىزى چوڭ قاچىغا ئېلىپ ئاپتاپتا قويۇپ،

ھەر كۈنى مىس قوشۇق بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ ئۇيۇپ مومدەك بولغاندا قۇرس ياساپ، ئوتتۇرىدىن تېشىپ يىپقا ئۆتكۈزۈپ ئاپتاپقا ئېسىپ قۇرۇتۇپ، زۆرۈر بولغاندا سۇ بىلەن ئېرىتىلىپ بوغۇملارغا سۈركىسە لوقۇلداپ قاتتىق ئاغرىشنى پەسەيتىدۇ. سوقۇپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈلگەن يەبرۇج يىلتىزى بىلەن بىرلىكتە بوغۇملارغا سۈركىسىمۇ ئۇنىڭ ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ.

# پەسىل: «ر» (رائ) ۋە «خ» (خائ) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى

## رەخبىن
(قارا قۇرت)

ئۇ سۇريانچە سۆزدۇر. پارسچە «لور»، شىرازچە «قاراقۇرت» دەپ ئاتىلىدۇ. «لور كەشك» دەپ ئاتالغىنى ئۇنىڭ ھۆلىدۇر.

**ماھىيتى:** ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇ سۈتنىڭ قاينىتىلىپ قويۇلدۇرۇلغان ۋە تامچىلىتىپ ئايرىلغان سۈيى ئىكەن. ئۇ «مەسل» دەپ ئاتالغان سۈت زەردابى ئەمەس. ئۇ قېتىق سۈزمىسىنىمۇ كۆرسىتىدۇ.

**تەبئىتى:** بىرىنچى دەرىجىدە ئىسسىق، ئۇنىڭ ئاخىرىدا قۇرۇق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ئوزۇقلۇقى كۆپتۇر، باھنى قۇۋۋەتلەيدۇ، توسالغۇ پەيدا قىلىدۇ. ئاستا ھەزىم بولىدۇ. شىياف قىلىپ ئىشلىتىلسە ئىچىنى سۈرىدۇ.

«مەسل» (سۈت زەردابى) ئاللا خالىسا «م» (مىيم) ھەرپى باشلانغان دورىلار بابىدا بايان قىلىنىدۇ.

## رەخمە
(تاپخور قۇش)

ئۇ ئەرەبچە سۆزدۇر. پارسچە «مۇردار خۇۋار» (تاپ يېگۈچى) دەپ، ھىندىچە «كەدە ھەر كىيلە» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيتى:** ئۇ كەركەس قۇشىنىڭ بىر تۈرى بولۇپ، جۇغى چوڭ، قارامتۇل ئاقىقا مايىل، ئۈستىدە قارا سىزىقلىرى بار، كۆزى ناھايىتى سېرىق بولىدۇ. تاغلار ۋە چۆللەردە ياشايدۇ. ئادەملەردىن ناھايىتى قورقىدۇ. يىراق يەرلەرگە تۇخۇم قويىدۇ. تۇخۇمى توخۇ تۇخۇمىدىن

چوڭراق بولىدۇ. ھىندىستان ۋە بېنگالىنىڭ دەريا بويلىرىدا كۆپ بولىدىغانلىقى بايقالدى. چۈنكى ھىندىلار كۆپ ھاللاردا ئۆلۈكلەرنى يېرىم كۆيدۈرۈپ دەرياغا تاشلايدۇ، دېڭىز تاشقىنى ئۇنى دەريا بويىغا چىقارغاندا تاپخور قۇش، ئىت، چىلبۆرە، قارچىغا قاتارلىق تاپخور ھايۋانلارنىڭ ھەممىسى ئۇ يەرگە يىغىلىپ تاپ يەپ قورسىقىنى تويغۇزىدۇ. بەزىدە ئۆزئارا جەڭگى - جېدەلمۇ قىلىشىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە ئىسسىق، بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇق، بەزىلەر ئۈچىنچى دەرىجىدە ئىسسىق دەيمۇ بىلگەن.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇنىڭ تۇخۇمى ئۇنىڭ قىسىملىرىنىڭ ئەڭ ياخشىسى ئىكەن. ئۇنىڭ تۇخۇمىدىن يەتتە دانە ئېلىپ بەدەن تەنقىيە قىلىنغاندىن كېيىن، بىر دانىسىنى خام يەپ، ئالتە سائەتكىچە باشقا ھېچ نەرسە يېمىسە، ئۇنىڭدىن كېيىن مايلىق شورپا ئىچسە، بىر ھەپتىدىن كېيىن يەنە بىر دانە يەپ يۇقىرىدىكى مەشغۇلات تەكرارلىنىلسا، شۇ يوسۇندا يەتتە ھەپتىدە يەتتە دانە تۇخۇم يېيىلسە جوزامغا پايدا قىلىدۇ. ئۇ پايدا قىلمىسا باشقا ھېچقانداق دورا پايدا قىلمايدۇ، ساقىيىش ئۈمىدى ئۈزۈلىدۇ. ئۇنىڭ تۇخۇمىنىڭ شاكىلى سوقۇلۇپ سېپىلسە قان توختىتىدۇ، يارىنى ساقايتىدۇ، سىركە بىلەن مەلھەم قىلىنسا كالا تەمرەتكىسى ۋە تازغا پايدا قىلىدۇ. ئۆتى بىنەپشە يېغى بىلەن بىرلىكتە قارشى تەرەپتىكى قۇلاققا تېمىتىلسا، باشنىڭ يېرىمى ئاغرىشقا پايدا قىلىدۇ. زەيتۇن يېغى بىلەن بىرلىكتە ئاغرىققا ماس قۇلاققا تېمىتىلسا يەللىرىنى تارقىتىدۇ، يېنىكلەشتۈرىدۇ. باللارنىڭ بۇرنىغا تېمىتىلسا باشتىكى يەللەرنى تارقىتىدۇ. سوغۇق سۇ بىلەن كۆزگە سۈركەلسە ئاقنى يوقىتىدۇ. مايىقى سىركە بىلەن بىرلىكتە كۆزگە تېمىتىلسا ئاقنى يوقىتىدۇ، قۇلاققا تېمىتىلسا ئاغرىقنى پەسەيتىدۇ، زەيتۇن يېغى بىلەن تېمىتىلسا گاسلىققا داۋا بولىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن ھەمەلچە قىلىنسا ھامىلە چۈشۈرىدۇ، ھەيز ماڭدۇرىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن ئىسرىق سېلىنسا، مەلھەم قىلىنىپ سۈركەلسە چايان، يىلان، سېرىق ھەرە چېقىۋالغاندىكى زەھەرنى قايتۇرىدۇ. ئۇنىڭ تۇخۇمى سىركە بىلەن سۈركەلسە ئاقكېسەلگە پايدا قىلىدۇ. زەھەرلىك ھايۋانلار چېقىۋالغان تەرەپنىڭ قارشى تەرىپىدىكى كۆزگە سۈركەلسە زەھەر قايتۇرىدۇ. ئۇنىڭ قۇرۇتۇلغان خام گۆشى كۆيدۈرۈلۈپ يەتتە قېتىم ئىسرىق سېلىنسا، ئاياللار بەند قىلىپ قويغان ئەرلەرنىڭ ئالدى ئېچىلىدۇ. ئاياللارنىڭ تۇغۇتىنى ئاسانلاشتۇرىدۇ. قانىتىنى كۆيدۈرۈپ ئىسرىق سالسا، قاناتلىق زىيانداش ھاشاراتنى قاچۇرىدۇ. ئۇنىڭ سول قانىتىنىڭ پېيى تۇغۇتنى ئاسانلاشتۇرىدۇ. ئۇنى قورۇپ پىشۇرۇپ ياكى خام جىگىرىنى سالايە قىلىپ كۈنىگە ئۈچ ۋاق، ھەر قېتىمدا بىر يېرىم گىرامدىن سىركە بىلەن بىرلىكتە ئۈدا ئۈچ كۈن ئىستېمال قىلىنسا ساراڭلىققا شىپا بولىدۇ، سىناقتىن ئۆتكەن دەپ قارىلىدۇ. ئۇنىڭ تېرىسىنى قۇرۇتۇپ سالايە قىلىپ يارىلارغا سەپسە قېنىنى توختىتىدۇ، ئېغىزنى پۈتتۈرىدۇ. سىركە بىلەن مەلھەم قىلىنسا كالا تەمرەتكىسى

ۋە تازغا پايدا قىلىدۇ. ئۇنىڭ تاشلىقىنىڭ ئىچكى پوستىنى قۇرۇتۇپ سالايە قىلىپ شاراب بىلەن ئىستېمال قىلسا، بارلىق زەھەرلەرنى قايتۇرىدۇ. مېڭىسىدىن ئالتە گىرام ئېلىپ ياغلار بىلەن ئىشلىتىلسە باش ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ. ئارىستاتالىستىن نەقىل قىلىنىشىچە، تاپخور قۇشنى بوغۇزلاپ گۆشى زەيتۇن يېغى بىلەن يۇمشاق پىشقۇچە قاينىتىلىپ شۇ ياغ بىلەن ياغلىنىلسا، جوزامغا پايدا قىلىدىكەن، سىناقتىن ئۆتكەن ئىكەن. ئۇنىڭ گۆشىنىڭ مىزاجى ناچار بولۇپ، ئۇسسۇتىدۇ، خىلىتلارنى كۆيدۈرىدۇ.

# پەسىل: «ر» (رائ) ۋە «د» (دال) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى

## رۇدۋەنتى

(رۇدۋەنتى ئۆسۈملۈكى)

ئۇنىڭ «دەرۇۋەنتى» دەپمۇ ئاتىلىدىغانلىقى بايقالدى.

**ماھىيىتى:** ھىندىستاندا ئۆسىدىغان پايدىسى كۆپ، ھەممىگە تونۇشلۇق بىر خىل ئۆسۈملۈك بولۇپ، شەكلى نوقۇت ئۆسۈملۈكىگە ئوخشايدۇ. يوپۇرمىقى ئۇنىڭ يوپۇرمىقىدىن كىچىكرەك بولۇپ، ئارقا تەرىپى ئاسمانغا، ئالدى تەرىپى يەرگە قاراپ تۇرىدۇ. خۇددى ئۇنىڭدىن داۋاملىق سۇيۇقلۇق ئېقىپ تۇرىدىغاندەك ئاستىغا يۇمىلاق ئوچاقتەك ئويمان ھاسىل بولىدۇ، تېگى دائىم نەم، قارا بولۇپ قالىدۇ، خۇددى چىراغ يېغى بىلەن ياغلاپ قويغاندەك بىلىنىدۇ، شۇ سەۋەبتىن ئۇ «رۇدۋەنتى» دەپ ئاتىلىدۇ. يوپۇرمىقى خۇشتەم، تۇزلۇقتا مايىل بولىدۇ، دەرىخىنىڭ ئاستىغا داۋاملىق چۇمۇلىلەر كۆپ يىغىلىۋالىدۇ. بۇ ئۆسۈملۈك قۇياش نۇرى كۆپ چۈشىدىغان، شورلۇق ۋە دېڭىزغا يېقىن يەرلەردە ئۆسىدۇ. شۇ سەۋەبتىن ئۇ «ئۇدەرۋەنتى»، يەنى قۇياشقا قاراپ تۇرغۇچى، يىغلاپ تۇرغۇچى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئاۋام-خەلق ئۇنى «لون كاپوئى» دەپ ئاتايدۇ. چۈنكى ئۇ شورلۇق يەرلەردە ئۆسىدۇ.

ئۇ ئىككى خىل بولىدۇ. بىرى چوڭ بولۇپ، غولاچ ئۇزۇنلۇقىدا ئۆسىدۇ، شاخلىرى 4~5 ئىلىك ئېگىزلىكتە غولىدىن ئۆسىدۇ ۋە يەردىن بىر ـ ئىككى ئىلىك كۆتۈرۈلگەن ھالەتتە يەرگە يېيىلىپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭ كىچىكى بىر غېرىچتىن بىر يېرىم غېرىچقىچە ئېگىزلىكتە ئۆسىدىغان بولۇپ، يۇقىرىدىكىگە ئوخشايدۇ. كىچىكى ياخشىراق بولۇپ، شۇ ئىشلىتىلىدۇ. ئۇ ئالە ئاباد، سەركار، بەندىرا پور، ۋەزىر ئاباد، سەھكورۇھى، شاھجاھان ئاباد ۋە دۇكەن قاتارلىق يەرلەردە كۆپ ئۆسىدۇ.

**تەبىئىتى:** ھۆل ئىسسىق، ئارتۇق ھۆللۈكى بار.

**خۇسۇسىيەتلىرى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ئېپىتىشلارغا قارىغاندا، ئاي سەرتان بۇرجىدىن ئىبارەت

بولغان نەسرە بۇرجىغا كەلگەن، ۋە بۇ ۋاقىت يەكشەنبە كۈنىگە توغرا كەلگەندە، ئۇنىڭ ئۈسۈملۈكى ئۇنى يۇلغۇچىنىڭ سايىسى چۈشمىگەن ھالدا يىلتىزلىرى بىلەن قومۇرۇلۇپ بەش كېچە سىرتقا يۇلتۇزنىڭ ئاستىدا قويغاندىن كېيىن قۇرۇتۇپ سالايە قىلىپ كۈنىگە ئۈچ گىرامدىن باراۋەر مىقداردىكى ناۋات ۋە ھەسەل بىلەن ئىستېمال قىلىنسا، بەدەننى ناھايىتى قۇۋۋەتلەيدۇ ۋە سەمرىتىدۇ. ئىشتىھانى ئاچىدۇ، ھەزىم قۇۋۋىتىنى ۋە باھنى كۈچەيتىدۇ، ھېچقانداق زىيان قىلمايدۇ. ئۇنى ھىندىچە «كىيلە» دەپ ئاتىلىدىغان بانان دەرىخىنىڭ سۈيى ياكى ئۆتكۈر قەنت ئەرقىگە 21 قېتىم چىلاپ ئېلىپ، باراۋەر مىقداردىكى ناۋات ۋە كالا يېغى بىلەن قورۇپ پىشۇرۇپ مۇۋاپىق مىقداردا لاچىنىدانە، قەلەمپۇر، ئىپار ۋە سالايە قىلىنغان كافۇر سېپىپ مەجۇن قىلىپ، كۈنىگە 10 گىرامنى يېڭى سېغىلغان سۈت بىلەن ئىستېمال قىلسا باھنى زور دەرىجىدە قۇۋۋەتلەيدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇنىڭ سۈيىنى باراۋەر مىقداردىكى ئېرىتىلگەن تەلقىكە تۆكۈپ ئارىلاشتۇرۇپ، كۈنىگە مۇۋاپىق مىقداردا ئىستېمال قىلىنسا ئاجايىپ تەسىرلەرنى پەيدا قىلىدىكەن. ئۇنىڭ سۇفۇپىدىن كۈنىگە ئالتە گىرام ئېلىپ، باراۋەر مىقداردىكى ناۋات بىلەن ئۇدا 40 كۈن ئىستېمال قىلسا ھامىلىدارلىققا سەۋەب بولىدۇ. ئۇنىڭ يوپۇرمىقىنىڭ سۇفۇپىدىن 400 گىرام، بەلىلە، ھېلىلە ۋە ئامىلىدىن 200 گىرامدىن، پىلپىل، مۇرچ، زەنجىۋىلدىن 100 گىرامدىن ئېلىپ ھەممىسىنىڭ باراۋىرىدە ئاق شېكەر قوشۇپ، كۈنىگە بىر ئوچۇم ئىستېمال قىلسا، ئۈستىدىن يېڭى سېغىلغان سۈتتىن بىر پىيالە ئىچسە، چۈچۈمەل، يەللىك نەرسىلەردىن پەرھىز قىلسا، ئەزالارنىڭ ھەممە ئاغرىقلىرىنى پەسەيتىدۇ، قۇۋۋەتلەيدۇ. ئۇنىڭ يوپۇرمىقىنىڭ سوفۇپى يالغۇز ياكى ئىسسىق، مايلىق تائام بىلەن بىرلىكتە ئىستېمال قىلىنسا كۆپ پايدا قىلىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭ ئۆسۈملۈكىنى يۇقىرىدىكى شەرتلەرگە رىئايە قىلمىغان ھالدا باشقا ۋاقىتلاردا يۇلۇپ سايىدا قۇرۇتۇپ سۇفۇپ قىلىپ ئىستېمال قىلسىمۇ پايدا قىلىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، قەلەيدىن 12 گىرام ئېلىپ ئوچاققا سېلىپ ئېرىتىپ، ئۈستىدىن ئۇنىڭ ھۆلىنى ئېزىپ يۇمشىتىپ تاشلانسا، قەلەينى كۈمۈشكە ئايلاندۇرىدىكەن.

## پەسل: «ر» (رائ) ۋە «س» (سىين) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى

### رەساتۇن

ئۇ بىر خىل شاراب بولۇپ، شاراب، ھەسەل ۋە ئىسسىق دورىلاردىن تەييارلىنىدۇ. تەسىرى شارابى ئارىستۇنىڭ تەسىرىدىنمۇ كۈچلۈكرەك بولىدۇ. سوغۇق مىزاجلىق كىشىلەرگە پايدا قىلىدۇ. ئۇ قارابادىندا بايان قىلىندى.

## رەسائ
(رەسائ تېشى)

ئۇ بىر خىل تاش بولۇپ، قىسقۇچپاقىغا ئوخشايدۇ. ئىككىنچى دەرىجىدە سوغۇق بولۇپ، قۇۋۋىتى قىسقۇچپاقىنىڭ قۇۋۋىتىگە ئوخشاپ قالىدۇ. كۆرۈش قۇۋۋىتىنى ئاشۇرىدۇ، كۆز ياشانغىراشقا داۋا بولىدۇ.

## رەسمىلۇس
(لۇبان جەۋھىرى)

ئۇ لۇبان جەۋھىرىنىڭ يۇنانچە نامى بولۇپ، ئەرەبچە «دۇخانۇز زەرۋى» (زەرۋى دەرىخى تۈتۈنى) دەپ ئاتىلىدۇ. ھىندىچە «لوبان» دېيىلىدۇ.

## رەسكەپۇر
(كوپۇرەس)

بۇ ھىندىچە سۆزدۇر.

**ماھىيتى:** ئۇ ئاق شىڭگىرىپتىن ئىبارەت بولۇپ، ھىندىستان تېۋىپلىرىدىن يېتىپ كەلگەن ۋە ئۇلارنىڭ سىناقتىن ئۆتكۈزگەن دورىلىرىدىندۇر.

**تەبىئتى:** ناھايىتى قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ئۇ جۇدرى ئەفرەنجىييە (بىر خىل يامان تېرە كېسەللىكى)، سىفلىس دەپ ئاتىلىدىغان يامان قوتۇر، «نارى فارسىييە» دەپ ئاتىلىدىغان تىلما كېسەل، يامان تاز، بۆرەك، دوۋسۇن ۋە سۈيدۈك يوللىرىنىڭ كونا يارىلىرى، باشقا ئەزالارنىڭ كونا يارىلىرى، بۇرۇن ئاقمىلىرى، چاشقان يارىسى، بۆرەك، دوۋسۇندا تاش پەيدا بولۇش، مەنىي بالدۇر يۇرۇپ كېتىش، باھ ئاجىزلىقى قاتارلىق كېسەللىكلەر ئۈچۈن ھەسەل بىلەن ئىستېمال قىلىنىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** بىر گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

**ئۇنىڭ تەييارلىنىشى:** سىماب، گىل ئەرمىنى، ئاق زاك (يەنە بىر نۇسخىدا زاكىنىڭ ئورنىغا ھىندىچە «نىيلە تۇتە» دەپ ئاتىلىدىغان يېشىل زاك سېلىنغان)، تاشتۇزلارنىڭ ھەممىسىدىن باراۋەر مىقداردا ئېلىپ، سۇ بىلەن سالايە قىلىپ قۇرس ياسىلىدۇ، قۇرۇغاندىن كېيىن

تىگىگە تۇز قويۇپ لوئاب سۇركەلگەن ساپال قاچىغا سېلىپ، ئۇستىگە كۇل، ھىندىچە «دەھتۇرە» دەپ ئاتىلىدىغان ئىتىياڭىقى شىرىسى سۇۋالغان يەنە بىر قاچا يېپىپ، ھەر ئىككىسى گىل ھېكمەتكە ئېلىنىپ ئەتراپىغا ياۋا كالا تېزىكى دۆۋىلەپ ئوت يېقىپ، ئۈچ كېچە ـ كۈندۈز كۆيدۈرۈلىدۇ. سوۋۇغاندىن كېيىن قاچىنى ئېچىپ قاچىنىڭ ئىچىگە چاپلاشقان قۇيۇنلار قىرىپ ئېلىنىدۇ. كوپۇرەس ئەنە شۇدۇر. ئۇنى باھقا ئىشلىتىلىشكە توغرا كەلسە، يەنە توققۇز كېچە ـ كۈندۈز كۆيدۈرۈپ كۈشتە قىلىنىدۇ.

ئۇنى تەييارلاشنىڭ يەنە بىر خىلى ئۇسۇلى، ئۇنىڭ ھەببى ۋە ئىستېمال قىلىنىشى «قارابادىن كەبىر»دە بايان قىلىندى.

## پەسىل: «ر» (رائ) ۋە «س» (سۇۋاد) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى

### رەساس
(قەلەي)

بۇ، قەلەي بىلەن قوغۇشۇننىڭ ئورتاق نامى بولۇپ، يالغۇز ئاتالسا قەلەيدىن ئىبارەت بولغان ئاق قوغۇشۇن نەزەردە تۇتۇلىدۇ. پارسچە «ئەرزىز»، ھىندىچە «رانگا» دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇنىڭ «رەساسى ئەسۋەد» دەپ ئاتالغىنى قوغۇشۇن بولۇپ، پارسچە «سۇرب»، ھىندىچە «سىيسە» دېيىلىدۇ. ئەرەبچە «رەساس سەرفان» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** تونۇشلۇق بولۇپ، سىماب بىلەن ئاز مىقداردىكى ناچار گۈگۈرتتىن پەيدا بولىدۇ. مەدەنلەرنىڭ ئەڭ ناچىرى بولۇپ، پىشش ۋاقتى ئەڭ قىسقىدۇر.

**تەبىئىتى:** ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق، سوغۇقلۇق بىلەن ئۇيۇيدىغان ھۆللۈكى بار.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ئىستېمال قىلسا ھالاك قىلىدۇ. كۆزگە سۈركىسە كۆزنىڭ قىزىللىقىنى يوقىتىدۇ، ئاقىدىغان سۇيۇقلۇقلارنى توختىتىدۇ، قاپاقنىڭ قېلىنلىشىغا پايدا قىلىدۇ. ھۆل يۇمغاقسۇت يوپۇرمىقى، ھۆل كاسىنە سۈيى، پاقىيوپۇرمىقى سۈيى، غورا ئۈزۈم سۈيى، ھەمىشبىاھار سۈيى، ئىتئۈزۈمى ۋە ئۇنىڭ ئوخشاشلىرىنىڭ بىرى، ئىككىسى، ئۈچى ياكى ھەممىسى بىلەن بىرلىكتە سالايە قىلىپ، گۈل يېغى ئارىلاشتۇرۇپ مەلھەم قىلىپ سۈركىسە نەزلە سۇيۇقلۇقىنى توختىتىدۇ، يىرىڭلىغان راك، مەقئەت ئىششىقى، قوتۇر، بوۋاسىر، ئەمچەك، بالىياتقۇ، زەكەر يارىسى، تىلما كېسەل، ئىسسىق ئىششىقلارغا پايدا قىلىدۇ، كېسەللىك ماددىلىرىنىڭ ئەزالارغا قۇيۇلۇشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. شاراب بىلەن مەلھەم قىلىپ چېپىلسا، پەي ـ نېرىپلارنىڭ ئاغرىشىنى پەسەيتىدۇ، مۇرەككەپ ئىششىقلارنى

تارقىتىدۇ. ئۇنى قەغەزدەك ياپىلاق قىلىپ چاشقان يارىسىغا تاڭسا ساقايتىدۇ، پەيلەرگە تېڭىلسا ئۇلارنىڭ توگۇنچەكلىشىشى ۋە تولغىشىشىغا پايدا قىلىدۇ. بەلگە تاڭسا جىما شەھۋىتىنى پەسەيتىدۇ. ئۇنى ياغ بىلەن ياغلاپ قويسا داتلايدۇ، دات ئارىلاشقان مەزكۇر ياغ ئىلىنىپ ھەر قانداق تۆمۈرگە سۈركەلسە ھەرگىز داتلاشمايدۇ. ئۇنىڭدىن سوقۇلغان ئۇزۇكنى قولغا سالسا بەدەننى خاسىيىتى بىلەن ئورۇقلىتىدۇ. مېۋىلىك دەرەخكە چەمبەر شەكلىدە تېڭىپ قويۇلسا، مېۋىلىرىنى تۆكۈلۈپ كېتىشتىن ساقلايدۇ. ئۇنىڭدىن ياسالغان پەلكۈچنى قۇلىقىغا سىماب كىرىپ كەتكەن ئادەمنىڭ قۇلىقىغا سالسا سىمابنى چىقىرىدۇ.

## رەساسۇل ئەسۋەد
(قوغۇشۇن)

ئۇ ئەرەبچە «ئانەك»، پارسچە «سۇرب»، ھىندىچە «سىيسە» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** تونۇشلۇق بولۇپ، مەدەنلەر ئىچىدە ھاسىل بولۇش ۋە قىممىتى جەھەتتە قەلەيدىن تۆۋەنرەك تۇرىدۇ. ئۇنىڭ كۆيدۈرۈلگىنىدىن «ئابار» ۋە «ئۇسرەنج» ھاسىل بولىدۇ. نەم يەرلەرگە كۆمۈپ قويۇلسا كۆپىيىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە ھۆل سوغۇق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** قورۇغۇچى، ماددىلارنى تۇسقۇچىدۇر. سالايە قىلىنغىنىنى گۇل يېغى ۋە قەلەيدە بايان قىلىنغان ئۇسارىلەر بىلەن بىرلىكتە مەلھەم قىلىنىپ چاپسا قەلەيگە ئوخشاش تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئۇنى گۇل يېغى، پاقىيوپۇرمىقى سۈيى، يۇمغاقسۈت سۈيى بىلەن زىمات قىلسا يېرىلغان راكقا شىپا بولىدۇ، ئىسسىق ئىششىقلارنى تارقىتىدۇ. يارىلار ۋە بوغۇم ئاغرىقلىرىغا شىپا بولىدۇ. ئۇ ئالىقانغا قارىسى يۇقۇقىدەك دەرىجىدە سۈركەلگەندىن كېيىن مۇناسىپ ئۇسارىلەر بىلەن يۇيۇپ چىقىرىلىپ كۆزگە سۈركىسە كۆز ئاغرىقى، قاپاق قوتۇرى، كۆزنىڭ كۆيۈشۈپ ئاغرىشىغا دەرھال پايدا قىلىدۇ، سىناقتىن ئۆتكەن. ئۇنى قارىلىقى چىققۇدەك دەرىجىدە يۇيۇپ سۈيى كۆزگە سۈركەلسە كۆزنىڭ يامان يارىلىرىغا ئۇنىڭ كۆيدۈرۈلگىنىدىن ياخشىراق پايدا قىلىدۇ. ئۇنىڭدىن سەپمە تەييارلاپ سېپىلسە يارىلارنىڭ ئېغىزلىرىنى پۈتتۈرىدۇ، قان توختىتىدۇ، قوتۇر ۋە قاپلىق يارىلارغا سۈركەلسىمۇ ساقايتىدۇ. ئۇنىڭ 35 گىرامى بەلگە تېڭىلسا ئېھتىلام بولۇشنى توختىتىدۇ. ئۇنى قەغەزدەك ياپىلاق ھالەتكە كەلتۈرۈپ بەزلەرگە تاڭسا بەزلەرنىڭ ئۆسۈپ قېلىشىنى چەكلەيدۇ، چاشقان يارىسىغا تېڭىلسا ساقايتىدۇ، تولغاشقان پەيلەرگە تېڭىلسا ئىسلاھ قىلىدۇ، ئىششىقلىرىنى تارقىتىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ياش، بەدىنى ناھايىتى ساغلام، مىزاجى مۆتىدىل، جىما قۇۋۋىتى كۈچلۈك بولغان كىشى قوغۇشۇندىن 27 گىرام ياكى 45

گىرام ياكى 54 گىرام ئىلىپ قەغەزدەك ياپىلاق قىلىپ كۈندۈزى زۇھەل يۇلتۇزى سائىتىدە بىلىگە باغلاپ 45 كۈنگىچە ئىلىۋەتمىسە، سوغۇقلۇقى ۋە زىيادە قۇرۇقلۇقى بىلەن جىما شەھۋىتىنى پۈتۈنلەي يوقىتىدىكەن. ئۇنىڭدىن 15 گىرام ئىلىپ تەكىيىنىڭ ئاستىغا تۈيدۈرماي قويۇپ قويسا چۈشىنى قالايمىقانلاشتۇرىدۇ. ئۇنىڭدىن 21 گىرام ئىلىپ سۇ تەگمىگەن كوزىغا سىلىپ زۇھەل يۇلتۇزى سائىتىدە دەرەخلەرنىڭ ئارىسىغا كۆمۈپ قويۇلسا ئۇنى بارلىق زەرەرلەردىن ساقلايدۇ. ئۇنىڭ سالايە قىلىنىغىنى ئىستىمال قىلىنسا ھالاك قىلىدۇ. ئۇنىڭ كۆمىلىچى يۇتۇلسا كونا ئاشقازان ئاغرىقىنى خاسىيىتى بىلەن پەسەيتىدۇ.

## پەسىل: «ر» (رائ) ۋە «ت» (تۇۋائ) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى

### رۇتەب
(ھۆل خورما)

ماھىيىتى: ھۆل خورمىدىن ئىبارەت. ئۇنىڭ باشقا خورما بىلەن بولغان پەرقى مېۋىلەرنىڭ ئۇلارنىڭ قاقلىرى بىلەن بولغان پەرقىگە ئوخشاشتۇر.

تەبىئىتى: ئىككىنچى دەرىجىنىڭ ئوتتۇرلىرىدا ئىسسىق، بىرىنچى دەرىجىدە ھۆل.

خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى: بادام مېغىزى بىلەن بىرلىكتە داۋاملىق ئىستىمال قىلىنسا بەدەننى سەمىرىتىدۇ، باھنى قوزغىتىدۇ، بۆرەك ۋە بەلنى قۇۋۋەتلەيدۇ. تەرەتنى بوشىتىدۇ. تەسىرلىرى خورما ماۋزۇسىدا بايان قىلىندى.

زىيانلىق تەسىرى: كۆز، چىش، كېكىردەك ۋە ئاۋازغا زىيان قىلىدۇ.

تۈزەتكۈچىسى: سىركە بىلەن قارا سۇنا، تەرخەمەك ۋە سىركەنجۇبىل.

### رەتبە
(بېدە)

ئۇ پارسچە «ئىسپىست باغى تازە» (يەرلىك ھۆل بېدە)، تۈركچە «يۇنچە» دەپ، قۇرۇقى ئەرەبچە «قەست» دەپ ئاتىلىدۇ.

تەبىئىتى: بىرىنچى دەرىجىنىڭ ئاخىرىدا ھۆل ئىسسىق، ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىقمۇ دېيىلگەن.

خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى: تەرەتنى بوشاتقۇچى، باھنى قۇۋۋەتلىگۈچى، قورساقنى

ئېسىلدۇرغۇچىدۇر. شېكەر بىلەن داۋاملىق ئىستېمال قىلىنسا بەدەننى سەمرىتىدۇ، ياخشى قان پەيدا قىلىدۇ. سوقۇپ ھەسەل بىلەن زىمات قىلىنسا سوغۇق ئىششىقنى ساقايتىدۇ. سىركە بىلەن زىمات قىلىنسا ئىسسىق ئىششىقنى تارقىتىدۇ. پىشۇرۇلغىنى كۆنگە ئىككى قېتىم زىمات قىلىنسا رەئشەگە شىپا بولىدۇ.

ئۇرۇقى ئۇننىڭ باشقا قىسىملىرىدىن كۈچلۈكرەك بولۇپ، قابىزلىق خۇسۇسىيەتكە ئىگىدۇر. مەنىي، سۈت كۆپەيتىدۇ، بەدەننى سەمرىتىدۇ، ھەيزنى ھەيدەيدۇ، بولۇپمۇ مۇنچىدا ياكى مۇنچىدىن چىققاندىن كېيىن ئىستېمال قىلىنسا ئۇنۇمى تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ. ئۆپكىنى ھۆللەشتۈرىدۇ، يۆتەل پەسەيتىدۇ. ئۇننىڭ ئۇرۇقىنىڭ قۇۋۋىتى بەش يىلغىچە ساقلىنىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** 6~15 گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

ئۇرۇقىنىڭ يېغى ۋە ئۇننىڭ سۈيى، زەيتۇن يېغىدىن تەييارلانغان يېغى ئىستېمال قىلىنسا، سۈركەلسە، لەقۋا، رەئشەگە پايدا قىلىدۇ.

ئۇننىڭ قۇرۇقى قابىزلىق خۇسۇسىيەتكە ئىگىدۇر. گۈلى ئۇرۇقىدىن ئاجىزراقتۇر. ئۇننىڭ بىلەن داۋاملىق ئىسرىق سېلىنسا لەقۋاغا پايدا قىلىدۇ.

## پەسىل: «ر» (رائ) ۋە «ئ» (ئەين) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى

### رەئئاد

(سىكات بېلىقى)

**ماھىيىتى:** ئۇ بىر خىل بېلىق بولۇپ، كەڭ، قىسقا، دۇمبىسى تۈز، قارىغا مايىل، قورسىقى ناھايىتى ئاق بولىدۇ. قول بىلەن تۇتسا ئۇۋۇچىنىڭ قولىنى تىترىتىدۇ ۋە سېزىمسىزلاندۇرىدۇ. ئەبۇ رەيھاننىڭ «سەيدىيە» ناملىق كىتابىنىڭ تەرجىمانىنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇننىڭ گۆشىنى ئەزاغا سۈركىسە سېزىمسىزلاندۇرىدىكەن، شۇننىڭ ئۈچۈن ئۇ باش ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ. ئۇ يېشىل دېڭىز ۋە قىزىل دېڭىزدىن چىقىدۇ. تەتقىقاتلاردىن مەلۇم بولۇشىچە، ئۇننىڭ تېنى بەك كەڭ ئەمەس ئىكەن. ئۇزۇنلۇقى بىر يېرىم غۇلاچ ئەتراپىدا كېلىدىكەن. ئۇ ئادەمنىڭ قولىغا تەگكەن ھامان ئىختىيارسىز تىترىتىدۇ، گويا بوغۇملىرى ئاجراپ كەتكەندەك سېزىم پەيدا قىلىدۇ، قولنى ئۇنىڭدىن تارتسا ئوڭشىلىدۇ. ئۇ ماراكەش دەرياسى، سۇۋەيش قانىلى، فىرانسىيەنىڭ بەزى رايونلىرى، ئەنگىلان ئەتراپلىرى ۋە يېڭى زېمىننىڭ جەنۇب دېڭىزىدىمۇ پەيدا بولىدۇ، ئەمما ئاز ئۇچرايدۇ.

**تەبئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** باشقا تىرىك تېڭىلسا تۇتقاق كېسەل، باش ئاغرىقىغا پايدا قىلىدۇ. ئەمما ئۆلۈكىدە بۇ خاسىيەت بولمايدۇ. ئۇ ئۆرۈلۈپ چىقىپ قالغان مەقئەتكە تېڭىلسا ئوڭشايدۇ. باشقا تېرىسى چاپلانسا كونا باش ئاغرىقى، باشنىڭ يېرىمى ئاغرىش، باش قېيىشقا ناھايىتى پايدا قىلىدۇ، سىناقتىن ئۆتكەن دەپ قارىلىدۇ. ئۇنىڭ گۆشى ياشانغانلارنىڭ جىما قۇۋۋىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرىدۇ. بەلغەم بوشىتىدۇ. يەرقان، تال ئىششىقىغا داۋا بولىدۇ. ھەرقانداق ئەزادىن كەلگەن قاننى توختىتىدۇ. پېشۇرۇلغىنى سىلغا پايدا قىلىدۇ. زەيتۇن يېغى بىلەن يۇمشاق پىشۇرۇلغىنى بوغۇملار ئاغرىقى، بەل ئاغرىقى، نۇقرەس ئاغرىقلىرىنى پەسەيتىدۇ. مەلھەم قىلىپ چېپىلسا باھنى قوزغىتىدۇ.

**مالىقى (مەشھۇر تېۋىپ):** «ئەندەلۇس شەھەرلىرىدە سىكات بېلىقىغا ئوخشايدىغان بىر خىل بېلىقنى كۆردۈم، ئۇ يەردىكى كىشىلەر ئۇنى ‹ئەرۋى› دەپ ئاتىشىدىكەن. ئۇنىڭ ناھايىتى مەست قىلغۇچى ئىكەنلىكىنى، يېسە شۇ ھامان ھالاك قىلىدىغانلىقىنى بايقىدىم» دېگەن.

## رەئىيۇل ئىبىل
(تۆگىئوتى)

ئۇ «سەنانىي» دەپ، مىسىردا «شەۋكۇل جەمەل» (تۆگىتىكىنى) دەپ، سۇرىيانچە «رەئاۋىيلا» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** ئۇ بىر خىل ئۆسۈملۈك بولۇپ، سەۋزە ئۆسۈملۈكى چوڭلۇقىدا بولىدۇ، يوپۇرمىقى قارىغاي دەرىخى يوپۇرمىقىغا ئوخشاش، ئۇنىڭدىن ئىنچىكىرەك، يىرىكرەك، غولى شاخلىق بولىدۇ. كۇنلۇكسىمان گۈلى سېرىقچېچەك گۈلىگە ئوخشايدۇ. گۈلى ئاق، ئۇششاق بولىدۇ. ئۇرۇقى سېرىقچېچەك ئۇرۇقىغا ئوخشايدۇ. ئۇرۇقىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئاتىرىلالنىڭ ئەكسىچە يېرىق بولىدۇ. تەمى سەل تاتلىقتۇر. يىلتىزى بىر ئىلىك تومۇلۇقتا، ئۈچ بارماق ئۇزۇنلۇقتا، ئاق، تاتلىق بولىدۇ. پىشمىغان خام قىسمى غولىغا ئوخشاش يېيىلىدۇ. ئۇنىڭ تۆگە ئوتى دەپ ئاتىلىشىنىڭ سەۋەبى شۇكى، تۆگە ۋە ئۇنىڭغا ئوخشاش باشقا ھايۋانلار يايلاقتا بارغاندا دەسلەپتە ئۇنى ئوتلىسا، ئۇنىڭغا ھېچقانداق زەھەرلىك ھايۋانلارنىڭ زەھىرى زىيان قىلمايدۇ، زەھەرلىك ھايۋانلار ئۇلارنى چاققان تەقدىردىمۇ زەھىرى ئۆزىگە يانىدۇ، بۇ چاغدا ئۇلار چۆللەرنى ئايلىنىپ، مەزكۇر ئوتنى تېپىپ يەپ ئۆزىنى ساقلاپ قالىدۇ.

بۇ ئۆسۈملۈك باغلاردا ئۆسىدۇ، يۇمران ۋاقتىدا ئىستېمال قىلىنىدۇ. دىسقۇرىدۇسنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇنىڭ غولى كۇندۇر ئۆسۈملۈكىنىڭ غولىغا ئوخشايدىكەن، شاخلىرى نەيچىسىمان بولۇپ، كۆپ ئۆسىدىكەن، يەرگە ساڭگىلاپ تۇرىدىكەن. يوپۇرمىقى ئىككى ئىلىك

ئۇزۇنلۇقتا بولىدىكەن، شاخلىرىدىن خۇددى راتىيانەج دەرىخىنىڭ شاخلىرىدىن ئۈسكىنىگە ئوخشاش خالتىسىمان نەرسە ئۈسكەن بولۇپ، پەسكە ساڭگىلاپ تۇرىدىكەن. ئۇنىڭ يىلتىزى ئىككى ئىلىك كەڭلىكتە، ئۈچ بارماق ئۇزۇنلۇقتا بولىدىكەن.

**تەبىئىتى:** بىرىنچى دەرىجىدە ئىسسىق، ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق، بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىچە ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىقتۇر.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ماددىلارنى ئۇچۇچانلاشتۇرغۇچى، تۇسالغۇلارنى ئاچقۇچى، سوغۇق خىلىتلارنى ۋە يەللەرنى تارقاتقۇچى، هايۋانات زەهەرلىرىگە تاقابىل تۇرغۇچىدۇر. چاينالسا چىش ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ، نەپەسنىڭ قىيىنلىشىشىنى ئوڭشايدۇ. سىركە بىلەن زىمات قىلىنسا سوغۇق ئىششىقلارنى تارقىتىدۇ. قايناتمىسى چاچنى قارايتىدۇ. ئۇنى خېنە بىلەن يۇغۇرۇپ چاچقا سۈركىسە چاچنى ئۇزارتىدۇ، ئەمما تېز ئاقارتىدۇ.

ئۇرۇقى شاراب بىلەن ياكى شارابسىز ئىستېمال قىلىنسا زىيانداش هاشارات چېقىۋالغاندىكى زەهەرنى قايتۇرىدۇ، بالىياتقۇنىڭ هۆللۈكلىرىنى قۇرۇتىدۇ، بوۋاسىرغا پايدا قىلىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** ئۆچەيلەر ۋە پەي ـ نېرۋىلارغا زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** رىفە، سۇمبۇل.

**ئىستېمال مىقدارى:** يوپۇرمىقى ۋە ئۇرۇقىدىن ئالتە گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

## رەئيۇل هىمار
## (ئېشەكئوتى)

**ماهىيىتى:** بىر خىل چاتقال بولۇپ، قامغاققا ئوخشايدۇ، ناهايىتى ئۆتكۈر بولىدۇ. ھۇرۇق (كۇنىلۇكسىمان كەرەپشە)نىڭ پۇرىقىغا ئوخشاش پۇرايدىغان، يىلتىزى ئۆتكۈر، ئۇرۇقى قىچىغا ئوخشاش، قارا، قىرتاق بولغىنى ئېشەككە يېگۈزۈلسە كېسىلىنى ساقايتىدۇ، قورسىقىنىڭ ئېسىلىشىنى تۈگىتىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق، كۈچلۈك سۈيدۈك هەيدىگۈچى، ماددىلارنى تارتقۇچىدۇر. يىلتىزى ئىستېمال قىلىنسا بۇرۇننى زىيادە قانىتىدۇ. ئۇرۇقى ئىستېمال قىلىنسىمۇ بۇرۇننى قانىتىدۇ. 0.8 مىللىگىرامى تالغا تەڭداشسىز پايدا قىلىدۇ. ئۇنىڭ هەممە قىسىملىرى ئەقىلنىڭ ئېلىشىشى، ساراڭلىق، نەپەس قىيىنلىشىش ۋە كۆكرەك پەردىسى ياللۇغىغا پايدا قىلىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** 1.5 گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** ئىچنى زىيادە سۈرۈش بىلەن ماغدۇرسىزلاندۇرىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** لالىئوت.

## رەئيۇل ھەمام
(كەپتەر ئوتى)

ئۇ يۇنانچە «فارستاريۇن» يەنى كەپتەرگە مەنسۇپ ياكى كەپتەر كۆڭلۈكى دەپ ئاتىلىدۇ. پارسچە «گاۋ مىشەك»، «دىۋ مىشەك» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** بىر خىل ئۆسۈملۈك بولۇپ، غېرىچتىن ئېگىزرەك ئۆسىدۇ. يوپۇرمىقى چىشلىق، ئاقفا مايىل بولۇپ، ئوتتۇرىدىن ئۆسۈپ چىقىدۇ. غولى بىر دانە بولىدۇ. يىلتىزى غېرىچ ئۇزۇنلۇقىدا، قارىغا مايىل بولىدۇ. ئۇرۇقى كورۇسنە پۇچىقىغا ئوخشاش بولۇپ، تەمى ئۆتكۈر بولىدۇ. كەپتەر بۇ ئۆسۈملۈكنى ياخشى كۆرىدۇ، ئۇنى ئىشتىھا بىلەن يەيدۇ. ئەنتاكىيىنىڭ يېزىشىچە، ئۇنىڭ يوپۇرمىقى قارىغا مايىل ئىكەن. بەزىلەر ئۇنىڭ يىلتىزىنى قەھۋەگە ئوخشاش ئىشلىتىدۇ. مىسىردا كۆپ ئۆسىدىغان بولۇپ، «ساقۇل ھەمام» (كەپتەر چاڭگىسى) دەپ ئاتىلىدۇ. «تۆھپەتۇل مۆئمىنىين» دېگەن كىتابنىڭ ئاپتورىنىڭ يېزىشىچە، ئۇ نارقەيسەر ئۆسۈملۈكى ئىكەن. ئۇ سۇ بويلىرىدا ئۆسىدۇ، 9 ـ ئايدا يېتىشىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق، بىرىنچى دەرىجىدە ئىسسىقمۇ دېيىلگەن.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ماددىلارنى ئۇچۇچانلاشتۇرغۇچى، كۈچلۈك قۇرۇتقۇچى، تارقاتقۇچىدۇر. سوغۇقلۇق ۋە قابىزلىققا ئىگە. ئىستېمال قىلسا لەقۋاغا پايدا قىلىدۇ، ھەيزنى ھەيدەيدۇ. زىمات قىلسا ھۆل، يامان، يامىرىغۇچى يارىلارنى ساقايتىدۇ. ئۇ گۆل يېغى ۋە يېگى مال يېغى بىلەن سۈركەلسە بالىياتقۇ ئاغرىقلىرىنى پەسەيتىدۇ، سىركە بىلەن چىپىلسا قىزىلغا داۋا بولىدۇ. ھەسەل بىلەن چىپىلسا چوڭقۇر يارىلارنى پۈتتۈرىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** بۆرەككە زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** كەتىرا.

**ئىستېمال مىقدارى:** ئالتە گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

**ئورۇنباسارى:** ئوردان.

## پەسىل: «ر» (رائ) ۋە «ق» (قاف) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى

### رەقئە
(رەقئە يىلتىزى)

ئۇ ئەرەب تىلىدا، ئىستېمال قىلىنىسا سۇنۇقنى تۇتتۇرۇش ۋە ئىسلاھ قىلىش رولى

بولغان دورىلارنىڭ ھەممىسىنى كۆرسىتىدۇ.

**ماھىيىتى:** ئۇ بىر خىل قاتتىق، سېرىق، بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىچە قىزىل يىلتىزدۇر.

**تەبىئىتى:** قۇرۇق سوغۇق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** توققۇز گىرامى توخۇ تۇخۇمىنىڭ سېرىقى بىلەن ئۇدا ئۈچ كۈن ئىستېمال قىلىنسا، ئۇرۇلۇش - سوقۇلۇش ۋە ئۇستىخانلارنىڭ قوزغىلىشىغا پايدا قىلىدۇ.

## رەقئەئى يەمانىي
(رەقئە يەمەنى دەرىخى)

ئۇ «رەقائ» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇ بىر خىل دەرەخ بولۇپ، ياغاچ دەرىخى چوڭلۇقىدا بولىدۇ. يوپۇرمىقى چىنار يوپۇرمىقىغا ئوخشايدۇ. مېۋىسى ئەنجۇرگە ئوخشايدىغان بولۇپ، ئانار چوڭلۇقىدا بولىدۇ. تاتلىق بولۇپ، يېيىلىدۇ. ئەنتاكىينىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ مىسىردا «ئەنجىير ئەفرەنجى» (ئەفرەنجى ئەنجۈرى) دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇ يەنە «ئەنجىير ھىندى» (ھىندىستان ئەنجۈرى) دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

ئۇنىڭ دەرىخى سەنئا ئەتراپى ھەم مىسىردىمۇ ئۆسىدۇ، ئەمما ئانچە ياخشى بولمايدۇ، پەقەت ئىككى غۇلاچقىچە ئېگىزلىكتە ئۆسىدۇ. يوپۇرمىقى ناھايىتى قېلىن، يىرىك، چىشلىق، ئەنجۈر يوپۇرمىقىغا ئوخشاش كەڭ بولىدۇ. ھالبۇكى، ئۇ ئۇنىڭغا ئوخشاش ئەمەستۇر. مېۋىسى شاخلىرىدىن ئۆسۈپ چىقىدىغان بولۇپ، كىچىكرەك تەرخەمەككە ئوخشايدۇ. پوستىنىڭ ئىچىدىن تەمى ئەنجۈرنىڭ تەمىگە ئوخشاپ قالىدىغان ئۇرۇق چىقىدۇ، ئانچە تاتلىق بولمايدۇ. سۈتى ئەنجۈرنىڭ سۈتىگە ئوخشايدۇ. يوپۇرمىقى يەرگە كۆمۈلسە كۆكىرىدۇ. «تۆھپەتۇل مۇئمىن» دېگەن كىتابنىڭ ئاپتورى ھەكىم مىير مۇھەممەد مۆئمىن «سىرتىدىن قارىغاندا ئۇ باغدات ئەنجۈرى بولۇشى مۇمكىن، ئۇ ئىسسىق ئەللەردە ۋە مازەندارانىدا ئۆسىدۇ» دەپ يازغان. ئەبۇ رەيھاننىڭ «سەيدىييە» ناملىق كىتابىنىڭ تەرجىمانى ۋە «ئىختىياراتى بەدىئىي»نىڭ ئاپتورى «ئۇ جەۋزۇلقەي (قەي ياڭىقى)غا ئوخشايدۇ. ئەمما بېشى يېرىلغان بولۇپ، ئۈچ بۇرجەك شەكىلدە، قىزىلغا مايىل بولىدۇ. ئۇ يەمەندە ئۆسىدىغان بولۇپ، ئۇ يەردىن باشقا يەرلەرگە ئېلىپ بېرىلىدۇ» دەپ يازغان.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** قاناش ۋە قان تۈكۈرۈشنى توختىتىدۇ، بەلغەم بوشىتىدۇ، كانايىنى تازىلايدۇ، ئاۋازنى ياخشىلايدۇ. ئاشقازاندىكى شىلىمشىق قويۇق سۇيۇقلۇقلارنى

قۇستۇرۇش بىلەن چىقىرىدۇ. سۇتى سۇركەلسە كالا تەمرەتكىسىگە پايدا قىلىدۇ، تېرىدىكى ئىزلارنى يوقىتىدۇ، سوغۇق ئىششىقلارنى تارقىتىدۇ، بوۋاسىرنىڭ دانچىلىرىنى چۈشۈرىدۇ. ئۇنىڭ باشقا قىسىملىرى ئىستېمال قىلىنسا سۇنۇقنى تۇتتۇرىدۇ، چىقىقنى ئورنىغا چۈشۈرىدۇ. قاينىتىلمىسى بەلغەم ۋە قويۇق خىلتلارنى كۈچلۈك قۇستۇرىدۇ. يۇيۇرمىقى زىمات قىلىنسا يارىلارنى ساقايتىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** ئۇرۇقى ۋە يىلتىزىدىن 10 گىرامدىن ئىستېمال قىلىنىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** ئاشقازانغا زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** كەتىرا.

ئىپتىشلارغا قارىغاندا، ئۇنى سەرموق، پىنىنە، سىرىقچىچەك قاينىتىلمىسى بىلەن ئىرتىپ ئىچسە كۈچلۈك قۇستۇرىدۇ.

## پەسىل: «ر» (رائ) ۋە «م» (مىيم) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايىنى

## رەماد
(كۈل)

ئۇ پارسچە «خاكىستەر»، ھىندىچە «راكھ» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** تونۇشلۇق بولۇپ، جىسىملارنىڭ كۆيۈپ تويىدەك بولغان قىسمىدىن ئىبارەت. ھەر بىر جىسىمنىڭ كۈلى شۇ جىسىمغا تەۋە بولىدۇ. مەسىلەن: چايان كۈلى، قىسقۇچپاقا كۈلى، تال كۈلى ۋە ئۇنىڭغا ئوخشاش. كۆپ ھاللاردا ياغاچلارنىڭ كۈللىرى نەزەردە تۇتۇلىدۇ.

**تەبىئىتى:** قۇرۇق ۋە قۇرۇتقۇچى بولۇپ، ئىسسىققا مايىلدۇر. ئۇ تۇپراققا مەنسۇپ كۆپ مىقداردىكى قويۇق تەركىب بىلەن ئاز مىقداردىكى ئوتقا مەنسۇپ ئىسسىق، ئۇچۇچان تەركىبتىن تۈزۈلگەندۇر. يۇيۇلسا ئىسسىق تۇتۇن تەركىبى يوقىلىپ، تۇپراققا مەنسۇپ سوغۇق قىسمى قالىدۇ. ھەر نەرسىنىڭ كۈلىنىڭ كەيپىياتى ئىسسىق ـ سوغۇقلۇق، ئۆتكۈرلۈك ۋە باشقا جەھەتلەردە ئۇنىڭ ئەسلىگە مايىل بولىدۇ. مەسىلەن: ھاكىنىڭ كۈلى ئۆتكۈر، ئەنجۈر ياغىچى كۈلى جۇلا بەرگۈچى، بەللۇت كۈلى قورۇغۇچى، تال ياغىچى كۈلى كۆيدۈرگۈچى ۋە تاش پارچىلىغۇچى، چايان كۈلى ئۇنىڭدىن كۈچلۈكرەك بولىدۇ. تال ياغىچىنىڭ كۈلىنى بەزىلەر قۇرۇق سوغۇق، بەزىلەر ئىسسىق دەپ بىلگەن.

ئۇنىڭ ياخشىسى قىرى دەرەخنىڭ ياغىچىنىڭ كۈلىدۇر. ئۇنىڭ ئوتى مەلۇم مۇددەتكىچە، بىزنىڭ قارىشىمىزچە نەچچە ئايغىچە ئۆچمەيدۇ. بولۇپمۇ تاغدا ۋە چۆلدە ئۆسكەن قىرى

ياغاچىنىڭ كۆلى تېخىمۇ شۇنداقتۇر.

**خۇسۇسىيتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** سىركە بىلەن زىمات قىلىنسا ئومۇمىي باش ئاغرىقى ۋە باشنىڭ يېرىمى ئاغرىشقا شىپا بولىدۇ، ئىششىقلارنى تارقىتىدۇ، زەھەرلىك ھاشارات چاققان ۋە غالجىر ئىت چىشلىۋالغان زەھەرنى قايتۇرىدۇ. ئۇنىڭ 1.5 گىرامى ئىستېمال قىلىنسا بۆرەكنىڭ يارىلىرىنى ساقايتىدۇ، تېشىنى پارچىلايدۇ. توغرىغۇ ۋە سىركە بىلەن بىرلىكتە ئۇرۇقدان خالتىسىدا ئۆسكەن ئۆسۈكچىگە زىمات قىلىنسا يوقىتىدۇ. زەيتۇن يېغى ياكى كونا ھايۋانات يېغى ۋە ھەسەل بىلەن زىمات قىلىنسا، مۇسكۇللارنىڭ ئېزىلىشى، بوغۇملارنىڭ بوشىشى، پەيلەرنىڭ تۈگۈنچەكلىشىشىگە پايدا قىلىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** ئۆپكىگە زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** كەتىرا.

**ئىستېمال مىقدارى:** 1.5 گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

# قومۇش كۆلى

ئۇنىڭ ياخشىسى نىبىت (يەر نامى) قومۇشى كۆلىدۇر. ئۇنىڭ تەبىئىتى تال كۆلىنىڭ تەبىئىتىگە ئوخشاش بولۇپ، توسالغۇلارنى ئاچىدۇ. يارىلارنى ساقايتىدۇ. تېرىدىكى ئىزلارنى يوقىتىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** ئۆپكىگە زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** كەتىرا ياكى قەنت.

**ئىستېمال مىقدارى:** يېرىم گىرام ئىستېمال قىلىنىدۇ.

بەللۇت ياغىچى كۆلى: قورۇغۇچى، ھەرقانداق ئەزانىڭ قېنىنى توختاتقۇچى، ئىششىقلارنى تارقاتقۇچى، گۆشخور يارىنىڭ كېڭىيىشىنى توختاتقۇچى، زەكەر يارىسىنى ساقايتقۇچى، ئۆت توسالغۇسىنى ئاچقۇچى، مەقئەت يارىلىرىنى ساقايتقۇچىدۇر. ئۇنى ئاتىلا بىلەن پىشۇرۇپ، ھەر كۈنى ناشتىدا ئالتە گىرامدىن ئۇدا ئۈچ كۈن ئالما شەربىتى بىلەن ئىستېمال قىلسا ئاشقازاننىڭ ھۆللۈكىنى قۇرۇتىدۇ.

قاپاق ۋە قەتران، زۇفتىغا مىلەنگەن يۇڭنىڭ كۆلى: زەكەر ۋە مەقئەت يارىسىغا پايدا قىلىدۇ، سىناقتىن ئۆتكەن.

مازارىيون كۆلى جۇلا بەرگۈچى، چىرىتكۈچى بولۇپ، كۆزنى روشەنلەشتۈرىدۇ.

قارلىغاچ چاڭگىسى كۆلى: ئۇنىڭ ياخشىسى ھاۋالىق يەرلەرگە سالغان چاڭگىنىڭ كۆلى بولۇپ، تەبىئىتى قۇرۇق سوغۇقتۇر.

**خۇسۇسىيتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ئىستېمال قىلىنسا تۇغۇتنى ئاسانلاشتۇرىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** ئۆپكىگە زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** سىركەنجۇبىل.

ئۇنى كۆيدۈرۈش ئۇسۇلى شۇكى، كوزىغا سېلىپ گىل ھېكمەت بىلەن ئوراپ قىزىق تونۇرغا قويۇپ، بىر سائەت تۇرغۇزغاندىن كېيىن چىقىرىپ سالايە قىلىپ ئىشلىتىلىدۇ.

راك ۋە ئۇنىڭ باشقا تۈرلىرىنىڭ كۆلى راك ماۋزۇسىدا بايان قىلىنىدۇ.

ھۆل باقىلە كۆلى: مۇنچىدا زىمات قىلىنسا ۋە يەرلىك ئورۇن ئۇۋۇلانسا، قارا قوتۇر ۋە چېچەككە پايدا قىلىدۇ.

## رۇممان

## (ئانار)

ئۇ پارسچە «ئەنار» دېيىلىدۇ، ھىندىچىمۇ شۇ نام بىلەن مەشھۇردۇر.

**ماھىيىتى:** ياۋا ۋە يەرلىككە ئوخشاش بىر قانچە خىل بولىدۇ. ياخشىسى يەرلىكىنىڭ «ئەملەسى» دەپ ئاتىلىدىغان ئۇرۇقسىز بولغىنىدۇر. ئۇ باشقا تۈرلىرىگە قارىغاندا نازۇكراق بولىدۇ. ياخشىسى تولۇق پىشقان، دانلىرى چوڭ، سۇلۇق بولغانلىرىدۇر.

**تەبىئىتى:** ئانارنىڭ ھەممە تۈرى ھۆل سوغۇق، سوغۇقلۇقى ئىككىنچى دەرىجىدىن، ھۆللۈكى بىرىنچى دەرىجىدىن ئاشمايدۇ. قابىزلىق قۇۋۋىتى بار بولۇپ، بۇ خىل ئالاھىدىلىك ئۇنىڭ ھەممە قىسمىدىن ئايرىلمايدۇ، ھەتتا ئۇنىڭ سىقىلغان سۈيىدىمۇ قابىزلىق باردۇر، گەرچە ئۇنىڭ بەزى قىسىملىرىدىن قابىزلىق سېزىلمىسىمۇ، ئەمما ئۇ يەنىلا مەۋجۇتتۇر. ئۇنىڭ پوستى قۇرۇق سوغۇق بولۇپ، قابىزلىقى ناھايىتى يۇقىرىدۇر. ئاشقازان تىۋىتىنى قۇۋۋەتلىگۈچىدۇر. چۈچۈملىلى تاتلىقىغا قارىغاندا ھۆل سوغۇقراق، ئەمما قۇرۇقلۇقتىن خالىي ئەمەس. چۈچۈمەل ئانار سوغۇق بولۇپ، ئۆچەينى غىدىقلايدۇ. ھەتتا ناشتىدا كۆپ ئىستېمال قىلىنسا ئۆچەينى زەخىملەيدۇ. سوغۇقتىن بولغان ئىستىسقاغا زىيان قىلىدۇ. ئانارگۈلىنىڭ قابىزلىقى يۇقىرى بولۇپ، سوغۇقتۇر. ئۇنىڭ دەرىخىنىڭ ھەممە قىسمىنىڭ قابىزلىقى يۇقىرى، پوستىنىڭ قابىزلىقى تېخىمۇ يۇقىرىدۇر.

**تەبىئىتى:** مۆتىدىل سوغۇق، بىرىنچى دەرىجىدە ھۆل، قابىزلىق قۇۋۋىتى بار.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** غىزالىق قىممىتى تۆۋەن، ياخشى خىلىت پەيدا قىلغۇچى، قورساقنى ئېسىلدۇرغۇچىدۇر، شۇنىڭ ئۈچۈن ئىسسىق مىزاجلىقلارنىڭ باھ قۇۋۋىتىنى قوزغايدۇ. جۇلا بەرگۈچى، توسالغۇلارنى ئاچقۇچى، تەرەتنى بوشاتقۇچى، سۈيدۈك ھەيدىگۈچى، ئۇسساتقۇچىدۇر. ئۇ تائامدىن كېيىن ئىستېمال قىلىنسا ئىسسىق مىزاجلىقلارنىڭ ھەزىمىنى ياخشىلايدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بۇنداق بولۇشى ئانارنىكى ئومۇمىي فائىدە ئىكەن.

جىگەردىكى روھىنى ساپلاشتۇرىدۇ. جىگەرنى قۇۋۋەتلەيدۇ، قورساقتا سۇ چۈشۈش، سۇئۇلقۇنىيە، يەرقان، تال ئىششىقى، خەفەقانغا پايدا قىلىدۇ، كۆكرەك ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ. ئىسسىقتىن بولغان يۆتەلنى پەسەيتىدۇ، ئاۋازنى ساپلاشتۇرىدۇ، بەدەننى سەمرىتىدۇ، غىزانى سىڭدۈرىدۇ. قوتۇر، قىچىشقاقنى ساقايتىدۇ، رەڭگىرويىنى ياخشىلايدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** كۆپ ئىستېمال قىلىنسا غىزانى بۇزىدۇ، ئاشقازاننى بوشىتىدۇ. قورساقنى ئېسىش، تەر تۆشۈكلىرىنى ئېتىش خۇسۇسىيىتى بىلەن تەپ بىمارلىرىغا زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** چۈچۈمەل ئانار، سوغۇق مىزاجلىقلار ئۈچۈن زەنجىۋىل مۇرابباسى.

تاتلىق ئانار قىيامىنىڭ تەسىرى ئۇنىڭ سۈيىنىڭ تەسىرىدىن كۈچلۈكرەكتۇر. ئاشقازاننى بوشاتقۇچىدۇر. تۈزەتكۈچىسى مەستىكىدۇر.

ئانار شەربىتى، بولۇپمۇ يالپۇز قوشۇلۇپ تەييارلانغان ئانار شەربىتىنىڭ پايدىلىرى كۆپتۇر. تاتلىق ئانارنىڭ ئىچىنى نەرسە سىغقۇدەك دەرىجىدە بوشىتىپ، ئىچىگە تاتلىق بادام يېغى ياكى بىنەپشە يېغى قۇيۇپ ئوت ئۈستىدە قويۇپ ياغنى تولۇق سۈمۈرۈپ يەنە سۈمۈرەلمىگۈدەك بولغاندا ئېلىپ يېغى شورالسا، كۆكرەك ئاغرىقى، قۇرۇقتىن بولغان كونا يۆتەلنى پەسەيتىدۇ، سىناقتىن ئۆتكەن. ئۇنىڭ سۈيى شېكەر، نىشاستە، ئەرەب يېلىمى ۋە بادام يېغى بىلەن ئىلمان ئىچىلسىمۇ شۇ تەسىرنى بېرىدۇ. ئۇنىڭ سىقىلغان سۈيىنى ئەينەك قاچىغا ئېلىپ ئاپتاپتا قويۇلغۇچە تۇرغۇزۇپ كۆزگە سۈركەلسە كۆرۈش قۇۋۋىتىنى ئاشۇرىدۇ. ئۇ قانچە كونىرىسا شۇنچە ياخشى بولىدۇ.

ئۇنىڭ ئۇرۇقى ھەسەل بىلەن ئىشلىتىلسە قۇلاق ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ. ئىستېمال قىلىنسا قورساقنى ئېسىدۇ، ئاشقازاندا يەل پەيدا قىلىدۇ. گۈلىنى كۆيدۈرۈپ كۈلى سېپىلسە يارىلارنى قۇرۇتۇپ ساقايتىدۇ. ئۇنىڭ ئېچىلمىغان غۇنچىسىدىن ئۈچ تالدىن يەتتە تالغىچە ئېلىپ، تۇخۇمەك دەرىخىنىڭ يۇمران يوپۇرمىقى ۋە ئاز مىقداردىكى ئاق زىرە بىلەن سالايە قىلىپ قىزىتىلغان تاش ئۈستىدە قويۇپ قىزىتىپ، چىش چىقىش ياكى باشقا سەۋەب بىلەن ئىچى سۈرۈپ ئۇزۇنغا سوزۇلۇپ ساقايمىغان، سۈت ئېمىۋاتقان ياكى ئۇنىڭدىن چوڭراق بولغان باللارغا يېشى ۋە بەدەن قۇۋۋىتىگە قاراپ مۇۋاپىق مىقداردا ئۇدا ئۈچ ياكى يەتتە كۈن ئىستېمال قىلدۇرۇلسا پايدا قىلىدۇ.

## رۇممانى مىز

(مەيخۇش ئانار)

**ماھىيىتى:** ئۇ ئاچچىق - چۈچۈك ئاناردىن ئىبارەت.

**تەبىئىتى:** ھۆل سوغۇقلۇقتا مۆتىدىللىككە يېقىن.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** تەسىرلىرى تاتلىق ئانارغا ئوخشايدۇ، سەپرانىڭ ئۆتكۈرلۈكىنى پەسەيتىش ۋە قاننىڭ قوزغىلىشىنى توختىتىش تەسىرى تاتلىق ئانارنىڭ شۇ تەسىرىدىن كۈچلۈكرەكتۇر. سەپرا مىزاجلىقلارغا چۈچۈمەل ئاناردىن بەكرەك ماس كېلىدۇ. ئۇرۇقى بىلەن سىقىلغان سۈيىدىن 200 ~ 400 مىللىلىتىرغىچە ئېلىپ، 60 گىرام خام شېكەر قوشۇپ ئىچىلسە سەپرانى سۈرىدۇ، ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەيدۇ، سەپرادىن بولغان تەپ، يەرقان، قوتۇر، قىچىشقاققا پايدا قىلىدۇ. بۇ خىل تەسىرلىرى سېرىق ھېلىلىنىڭ شۇ خىل تەسىرلىرىگە ئوخشايدۇ. ئىككى خىل ئانار سۈيىنى مىس قاچىدا قاينىتىپ قىيام قىلىپ ئىشلىتىلسە، كۆرۈش قۇۋۋىتىنى ئاشۇرىدۇ، كونا، يامان يارىلارنى ساقايتىدۇ.

## رۇممانى ھامىز
## (چۈچۈمەل ئانار)

**ماھىيىتى:** تەمى چۈچۈمەل بولغان ئاناردىن ئىبارەت.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** قورۇغۇچىدۇر، ئاشقازان ۋە جىگەرنى ئىسسىق بولسا ھارارىتىنى، قاننىڭ قايىنىشى ۋە سەپرانىڭ ئۆتكۈرلۈكىنى پەسەيتكۈچى، ماددىلارنىڭ ئاشقازانغا قۇيۇلۇشىنى توسقۇچى، سۈيدۈك ھەيدىگۈچىدۇر. مېڭىگە بۇخارات ئۆرلەشنى توسىدۇ، خۇمار ۋە قەينى باسىدۇ. ئىسسىقتىن بولغان خەفەقانغا داۋا بولىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** كۆپ ئىستېمال قىلىنسا ئۈچەينى زەخىملەيدۇ ۋە يارا پەيدا قىلىدۇ.

تائامدىن كېيىن ئىستېمال قىلىنسا مېڭىگە بۇخارات ئۆرلەشنى توسىدۇ.

سوغۇق مىزاجلىقلارنىڭ مېڭىسىگە زىيان قىلىدۇ. جىگەرنىڭ تارتىش قۇۋۋىتى ۋە باھ قۇۋۋىتىنى ئاجىزلاشتۇرىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** تاتلىق ئانار، زەنجىۋىل مۇرابباسى، ئىسسىق دورا - دەرمانلار ۋە سامساق بىلەن بىللە قىلىنغان كۆكتات شورپىسى.

ئۇ كۆزگە سۈركەلسە تىرناقچە گۆش ۋە پەردىلەرنى يوقىتىدۇ. ئۇنىڭ سۈيى بىلەن ئېغىز چايقىسا ۋە ئېغىزدا تۇتۇپ تۇرسا، ئېغىز يارىلىرى ۋە ئۇنىڭ يامان يارىلىرىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ، كېڭىيىشىنى چەكلەيدۇ. مىس قاچىدا ھەسەل بىلەن بىرلىكتە ياخشى پىشۇرۇلسا ئېغىز گۆشخور يارىسىغا پايدا قىلىدۇ، سىناقتىن ئۆتكەن. ئۇنىڭ ئۇسارىسىنى قويۇلغۇچە قاينىتىپ ھەسەل بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ، بۇرۇن ۋە قۇلاقتا تېمىتىلسا يارىلىرىنى ساقايتىدۇ، ئاغرىقلىرىنى پەسەيتىدۇ. زىمات قىلىنسا يامان يارىلارنى ساقايتىدۇ، ئارتۇق گۆشلىرىنى

يوقىتىدۇ. ئۇنى پوستى ۋە ئۇرۇقلىرى بىلەن يۇمشاق پىشۇرۇپ زىمات قىلىنسا، قوتۇر، سەپرادىن بولغان قىچىشقاقتا پايدا قىلىدۇ، سىناقتىن ئۆتكەن. شاراب بىلەن پۈتۈن قاينىتىپ پىشۇرۇپ مەلھەم قىلىپ چىپىلسا ئىششىقلارنى تەڭداشسىز ساقايتىدۇ. تالقىنى قابىز بولۇپ، ھامىلىدار ئاياللار ۋە باشقىلاردىكى لاي ۋە ئۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىلەرنى يېيىشنى يوقىتىدۇ.

چۇچۇمەل ئانار قىيامىنىڭ تەسىرى ئۇنىڭ سۈيى ۋە تالقىنىنىڭ تەسىرىدىن كۈچلۈكرەكتۇر.

بىر دانە چۇچۇمەل ئانارنىڭ ئىچى بوشىتىلىپ سىركە بىلەن يۇمشاق پىشۇرۇپ قويۇلۇپ ئۇيۇغىچە قاينىتىپ، مۇرچ چوڭلۇقىدا 15 دانە ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق ھەب ياساپ ئىستېمال قىلسا، كونا ئىچ سۈرۈشنى توختىتىدۇ، ئۈچەي، مەقئەت يارىلىرىنى ساقايتىدۇ، سىناقتىن ئۆتكەن.

ئىككى خىل ئانار قىيامى ئىككىنچى دەرىجىدە سوغۇق، بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇق بولۇپ، قابىزلىق خۇسۇسىيەتكە ئىگىدۇر. ئەزالارنىڭ كۆيۈشۈشى، زىيادە ئۇسسۇزلۇق، ئۆتكۈر تەپلەر، قەي ۋە خۇمارنى باسىدۇ. ھامىلىدار ئاياللارنىڭ سېزىكىنى يوقىتىدۇ. رەڭگىرويىنى ياخشىلايدۇ، غەمنى تۈگىتىدۇ. قاينىتىلغان سۈيى بىلەن ئېغىز چايقالسا چىش مىلىكىنى چىڭىتىدۇ. ئىستېمال قىلىنسا سۈيدۈك تامچىلاشقا شىپا بولىدۇ. سالايە قىلىنغىنىدىن ئۈچ گىرام ئېلىپ ئىلمان سۇ بىلەن ئىستېمال قىلىنسا، ئاشقازان مەددە قۇرتى ۋە قاپاق ئۇرۇقسىمان مەددىنى تولۇق چۈشۈرىدۇ. يىلتىزىنىڭ قاينىتىلمىسىنىڭ بۇ جەھەتتىكى تەسىرى سىناقتىن ئۆتكەن ئىشلاردىندۇر. ئۇنىڭ بىلەن ئېغىز چايقىسا ئىسسىق مىزاجلىقلارنىڭ چىش مىلىكىنى چىڭىتىدۇ، چىش ئاغرىقىنى تەڭداشسىز پەسەيتىدۇ.

ئانار ئۇرۇقى ھەرقايسىسىنىڭ قىيامىدىن قابىزراق، تەسىرى كۈچلۈكرەكتۇر. چۇچۇمەل ئانارنىڭ ئۇرۇقىنى باراۋەر مىقداردىكى قۇرۇق ئۈزۈم ۋە بەشتىن بىرچىلىك مىقداردىكى كېرمان زىرىسى بىلەن سوقۇپ ئىشلىتىلسە قەينى توختىتىدۇ، ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەيدۇ، سىناقتىن ئۆتكەن.

**زىيانلىق تەسىرى:** ئۈچەينى زەخىملەيدۇ، يۆتەلگە زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** مۇۋ (بىر خىل دەرەخنىڭ يىلتىزى ـــ ت).

ئۇنىڭ قاينىتىلما سۈيىدە ئولتۇرۇلسا ھەيزنى توختىتىدۇ. باللارنىڭ چىقىپ قالغان مەقئىتىنى جايىغا چۈشۈرىدۇ. ھەسەل بىلەن زىمات قىلىنسا سۇلۇق قاپارتمىلارنىڭ ئىزىنى يوقىتىدۇ. كۆيدۈرۈپ ھەسەل بىلەن مەلھەم قىلىپ كۆكرەك ۋە ئاشقازانغا چىپىلسا قاناش ۋە قان تۈكۈرۈشكە شىپا بولىدۇ. ئۇنىڭ سۈيىنى گۈرۈچ ۋە ئاقلاپ قورۇلغان ئارپا بىلەن

قايىنتىپ كىلىزما قىلسا ئىچ سۈرۈشنى توختىتىدۇ، ئۈچەينىڭ زەخمىسىنى ساقايتىدۇ. ئۇنىڭ سۈيى بىلەن مەقئەت يۇيۇلسا بوۋاسىرنىڭ قېنىنى توختىتىدۇ، مەقئەت كېسەللىكلىرىگە شىپا بولىدۇ. ئادەتتىكى ئانارگۈلىنىڭ تەسىرلىرى پارس ئانارىنىڭ گۈلىنىڭ تەسىرى بىلەن ئوخشاشتۇر.

ئانارگۈلىنى تالقانلاپ سەپسە چىش مىلىكىنىڭ قانىشىنى توختىتىدۇ، يارىلارنى ساقايتىدۇ، ئېغىز يارىسى ۋە ئۆرۈقدان چىقىشغا داۋا بولىدۇ. قايىنتىلمىسى بىلەن ئېغىز چايقىسا مىدىرلاپ قالغان چىشلارنى چىڭىتىدۇ. چىش مىلىكىنىڭ قېنىنى توختىتىدۇ، ئېغىز يارىسىنى ساقايتىدۇ. ئۇنىڭ گۈلىنى يېڭى تال يوپۇرمىقى بىلەن زىمات قىلىپ ئاشقازان ئېغىزىغا چېپىلسا زىيادە قۇسۇشنى توختىتىدۇ. گۈلىنىڭ ئۇسارىسى گۈلاب بىلەن بىرلىكتە كۆزگە تېمىتىلسا كېسەللىك ماددىلىرىنىڭ كۆزگە قۇيۇلۇشىنى توسىدۇ، ئىششىقلىرىنى تارقىتىدۇ. ئىتئۈزۈمى سۈيى ۋە پاقىيوپۇرمىقى سۈيى بىلەن بىرلىكتە زەكەر تۆشۈكىگە سۈركەلسە جىنسىي يول يارىلىرىنى ساقايتىدۇ، ھۆللۈكلىرىنى سۈمۈرىدۇ، جىنسىي يولغا كېسەللىك ماددىلىرىنىڭ قۇيۇلۇشىنى توسىدۇ. ساپ سۇ بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ سۈركىسە ئاياغ، ئۆتۈكنىڭ غاجىشىدىن پەيدا بولغان يارىنى ساقايتىدۇ، سەينەكنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە سۈركىسە ساقايتىدۇ. سىركە بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ سۈركىسە قىزىلغا پايدا قىلىدۇ.

ئانار پوستى ۋە ئېتىنىڭ ئۇسارىسى ئۇنىڭ گۈلىنىڭ ئۇسارىسىنىڭ ئورنىنى باسىدۇ، شۇنداقلا ئۇنىڭ دەرىخىنىڭ باھارنىڭ ئاخىرلىرىدا ئېلىنغان ئۇسارىسىمۇ ئۇنىڭ گۈلىنىڭ ئۇسارىسىنىڭ ئورنىنى باسقۇچىدۇر.

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئانارنىڭ ئېچىلمىغان غۇنچىسىنى قول بىلەن تۇتماي يۇتسا، بىر يىل ئىچىدە بەدەنگە قاپلىق يارا چىقىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدىكەن، سىناقتىن ئۆتكەن ئىكەن. چېچىكىنىڭ ھەممە تەسىرلىرى ئۇنىڭ گۈلىنىڭ تەسىرلىرى بىلەن ئوخشاشتۇر. ئانارنى سۇ بىلەن يۇمشاق پىشۇرۇپ، ئۇنىڭدىن 12 گىرام ئېلىپ، ئۇ پىشۇرۇلغان سۇغا سېلىپ 60 گىرام قوناق ئۇنى ياكى تېرىق ئۇنى بىلەن ئۇماچتەك بولغۇچە قايىنتىپ پىشۇرۇپ، ئۈستىدىن خام زەيتۇن يېغى ياكى گۈل يېغىدىن مۇۋاپىق مىقداردا ئارىلاشتۇرۇپ ئىستېمال قىلسا، تۆت كۈندە بىر قېتىم تۇتىدىغان تەپ بىمارىدىكى داۋا كار قىلمىغان ئىچ سۈرۈشنى توختىتىدۇ، سىناقتىن ئۆتكەن. تەپ بىمارى ئازراق غىزادىن كېيىن تاتلىق ياكى چۈچۈمەل ئانار سۈيى ئىچسە پايدا قىلىدۇ. ئەمما غىزادىن ئىلگىرى ئىچسە ياخشىراق بولىدۇ. ئەمما تەرىتى يۇمشاق بولسا، كۆڭلى ئاينىش ۋە قۇسۇشتەك ئالامەتلەر بولسا غىزادىن كېيىن ئىچىش ياخشىراق.

پۇتۇن ئانارنى شاراب بىلەن پىشقۇچە قايىنىتىپ سالايە قىلىپ قۇلاققا تاڭسا ئاغرىقنى پەسەيتىدۇ، سىناقتىن ئۆتكەن.

ئانارنىڭ ئېشى، ئەفشۇرجى، بەرۇدى، جاۋارىشى، كىلىزمىسى، ھەببى، ئاتىلاسى، خوشابى، داۋاسى، يېغى، رۇممانىيەسى، قىيامى، سۇفۇپلىرى، سىركەنجىۋىلى، تالقىنى، شەربەتلىرى، تىلاسى، ئۇسارىسى، لوئوقى، سۈيى ۋە مەجۇنى «قارابادىن كەبىر»دە بايان قىلىندى.

## رۇممانى بەررى
(ياۋا ئانار)

ھەكىم مىر مۇھەممەد مۆئمىننىڭ «تۆھپەتۇل مۆئمىن» ناملىق كىتابىدا يېزىشچە، ئۇنىڭ مېۋىسى ھەببۇل قەلقەل ئىكەن. ھەكىم مىر ئابدۇلھەمىدنىڭ «تۆھپەتۇل مۆئمىن» نىڭ شەرھىسىدە يېزىشچە، ئۇ ھىندىستان شەھەرلىرىدىن گوركەھپور ئەتراپلىرىدا ۋە ئود ۋىلايىتىدە كۆپ بولىدىكەن. ئۇنۇپ 3 ~ 4 يوپۇرماق چىقىرىپلا چېچەكلەيدۇ، چېچىكى ئانار گۈلىگە، يوپۇرمىقى كاسىنە يوپۇرمىقىغا ئوخشايدۇ. ياغىچى پەقەت بولمايدۇ. مېۋىسى ئوتتۇرا ھال چوڭلۇقتىكى ئانارغا ئوخشايدۇ. تەمى تاتلىق بولۇپ، تۇپراق ئۈستىدە چوڭىيىدۇ. ئۇرۇقى چوڭ بولىدۇ.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** يىلتىزى باراۋەر مىقداردىكى سەبرە سۇقۇتىرى ۋە گىل ئەرمىنى بىلەن زىمات قىلىنسا، ئۇرۇلۇش، سوقۇلۇشقا پايدا قىلىدىغان بولۇپ، سىناقتىن ئۆتكەن. 2 ~ 3 قېتىم زىمات قىلىش بىلەن ئاغرىقى پەسىيىدۇ.

## رىمىس
(رىمىس ئۆسۈملۈكى)

ماھىيىتى: ئۇ نوقۇت تۈرىدىكى بىر خىل ئۆسۈملۈك بولۇپ، ئەمەنگە ئوخشايدۇ، ئادەم بويى ئېگىزلىكىدە ئۆسىدۇ. رەڭگى ئەمەنگە ئوخشاش ئۇنداق توپا رەڭ بولمايدۇ. قۇرۇغاندىن كېيىن رەڭگى سېرىققا ئۆزگىرىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن نەرسىلەرنى بويىغىلى بولىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇنىڭ بىلەن ئۇچراشقان ئادەمنىڭ رەڭگىمۇ سېرىق بولۇپ قالىدىكەن.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** تۇتۇنى زۇكامغا پايدا قىلىدۇ، ھاشاراتنى قاچۇرىدۇ. ئۇنىڭ كۆيدۈرۈلگىنىدىن ھاسىل بولىدىغان شاخار ئۆشنىدىن ياخشىراق بولىدۇ، دەپ قارىلىدۇ.

## رەمىل
(قۇم)

ئۇ پارسچە «رىيگى راۋان» (ئاقما قۇم) دەپ، ئىسپىھانچە «ماسە» دەپ، ھىنىدىچە «رىيىت» دەپ ئاتىلىدۇ.

ماھىيىتى: تونۇشلۇق بولۇپ، تۇپراق ئارىلاشمىغان ئۇششاقلىرى ياخشىلىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

تەبىئىتى: ئۇچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق، قۇرۇتقۇچىدۇر.

خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى: قىزىتىلغىنى ھۆللۈكلەرنى قۇرۇتىدۇ. يەرلىك ئورۇنغا تېڭىلسا ۋە كۆمۈلسە ئىستىسقاغا پايدا قىلىدۇ. ھەيز قېنىنى توختىتىدۇ، ھامىلىدارلىقنى چەكلەيدۇ. خاسىيىتى بىلەن بەتتەم سۇنى خۇشتەمگە، خۇشتەم سۇنى بەتتەمگە ئۆزگەرتىدۇ.

## رەمرام
(ياۋا زاراڭزا)

ماھىيىتى: ياۋا زاراڭزىدۇر. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇ «قەرەسئەنە» ئۆسۈملۈكى ئىكەن. يوپۇرمىقى كىچىك، كەڭ، توپا رەڭ بولىدۇ. يىلان، چايان ۋە باشقا زىيانداش ھاشارەتنىڭ زەھىرىنى قايتۇرىدۇ.

ئۇنى ئىشلىتىش ئۇسۇلى شۇكى، يوپۇرمىقىنى سۇغا چىلاپ تەمى سۇغا چىققاندىن كېيىن شۇ سۇ ئىشلىتىلىدۇ. ئۇنىڭدىن ھاسىل قىلىنغان شاخار ئۆشنىنىنىڭ شاخارىدىن ئاجىز بولىدۇ.

## پەسىل: «ر» (رائ) ۋە «ن» (نۇن) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى

## رەنەد
(ياۋا راسەن)

ئۇ ياۋا راسەننىڭ ئەرەبچە نامىدۇر. شام تىلىدا غار دەرىخىنى كۆرسىتىدۇ. بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىچە ئۇ سەندەل ئىكەن.

# پەسىل: «ر» (رائ) ۋە «ۋ» (ۋاۋ) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى

## رۇئۇس
(باشلار)

مەزكۇر ئاتالغۇ «رەئىس» (باش) دېگەن سۆزنىڭ كۆپلۈك شەكلىدۇر. پارسچە «كەللە» (كاللا) دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيتى:** تونۇشلۇق بولۇپ، ھايۋانلارنىڭ كاللىسى ۋە مېڭىسىنى كۆرسىتىدۇ. ياخشىسى ياش، سېمىز قوي كاللىسى ۋە مېڭىسىدۇر.

**تەبىئتى:** ھايۋانلار تېنىنىڭ باشقا قىسىملىرىغا قارىغاندا ھۆل سوغۇقراق بولىدۇ. ئۇنىڭ تەبىئتى ھەر بىر ھايۋاننىڭ تەبىئتىگە قاراپ تۈرۈپ تۈت خىل كەيپىيات، كۈچلۈك ـ ئاجىزلىق ۋە ۋە باشقا جەھەتلەردە پەرقلىق بولىدۇ.

**خۇسۇسىيتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ئوزۇقلۇقى مول، تەستە ھەزىم بولىدۇ. ھەزىم بولسا ئاجىز بەدەننى قۇۋۋەتلەيدۇ. مەنىي كۆپەيتىدۇ. جاپاكەش كىشىلەرگە مۇۋاپىق كېلىدۇ. ئاشقازاننى ئاجىزلاشتۇرىدۇ، سېسىق كېكىرتىدۇ. تۇزەتكۈچىسى قىچا، سىركە، ئاچچىقسۇ ۋە يالپۇز بولۇپ، شۇلار بىلەن بىرلىكتە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

ئۇنىڭ ئېڭىكىنىڭ گۆشى ئىسسىقراق، ھۆللۈكى كەمرەك، ئوزۇقلۇق قىممىتى يۇقىرىراقتۇر. ھەر ئىككى كۆزى مايلىقراق ۋە تېز ھەزىم بولىدۇ. تىلىنىڭ گۆشى ئۇنىڭ ھەممە قىسمىدىن ئاجىزراق بولىدۇ. مېڭىسى قالغان قىسىملىرىغا قارىغاندا ھۆل سوغۇقراق بولىدۇ. تېرىسى مۆتىدىلراق، تەستە ھەزىم بولىدۇ، قوپالراق بولىدۇ. كۆمۈرچىكى ھەممە قىسمىدىن ناچارراق بولۇپ، تەستە ھەزىم بولىدۇ، قۇلۇنجى پەيدا قىلىدۇ. بېشىنىڭ كۆمۈرچەكلىرى ئۇنىڭدىن ناچارراقتۇر.

ئۇنىڭ كۆزىنىڭ تۈزەتكۈچىسى قارا تۇز، تىلىنىڭ تۈزەتكۈچىسى تۇز، قۇلىقىنىڭ تۈزەتكۈچىسى سىركە، يالپۇز، ئۈشتۈرغاردۇر.

باشنىڭ تېرىسى ۋە كۆمۈرچەكلىرىنى ئىمكانقەدەر يېمەسلىك لازىم. ئامالسىزلىقتىن يېيىشكە توغرا كەلسە قىچا، مەستىكى، دارچىن قاتارلىقلار بىلەن دۈملەپ پىشۇرۇپ يېيىش لازىم. كۆپ يېمەسلىك، بەلكى قورساق تولۇق ئاچقان ۋە ئېغىر ئەمگەك قىلغاندا ئاز مىقداردا يېسە بولىدۇ. ھەزىم بولماي تۇرۇۋالسا مەستىكى، ئۇد ھىندى چايناش، يەنە سىڭمىسە قەي

بىلەن چىقىرىشقا تىرىشىش، قەي قىلىش تەس بولسا ياكى قەيگە ئادەتلەنمىگەن بولسا ئىچىنى سۈرگۈچى بەزى جاۋارىشلارنى ئىستېمال قىلىپ سۈرۈپ چىقىرىۋېتىش لازىم. ئەڭ ياخشىسى ھۆل ئىسسىق شەھەرلەردە مىزاجى ئاجىز بولغان كىشىلەر كاللا - پاقالچاق ئەسلا يېمەسلىكى، ئۈستىدىن ئۈزۈم يېمەسلىك كېرەك، بولمىسا زىيان قىلىدۇ. پاقاللىنىڭ كاللا - پاقالچىقىنىڭ شورپىسى يەرلىك ئورۇنغا تۆكۈلسە باش كېسەللىكىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدىكى قۇرۇقتىن بولغان ئاغرىقلىرىنى پەسەيتىدۇ، مېڭىنىڭ قۇرۇقتىن بۇزۇلغان مىزاجىنى ھۆللەشتۈرىدۇ. ساراڭلىق، ئۇيقۇسىزلىق ۋە ئۇنىڭغا ئوخشاش كېسەللىكلەرگە داۋا بولىدۇ. پاقالان بېشى بىلەن ھۆقنە قىلىسا ئۈچەي، بۆرەك ۋە پەي - نېرۋىلارغا ھۆللۈك يەتكۈزىدۇ. باھنى قوزغىتىدۇ. ئىچكى ئەزالاردىكى قاتتىق ئىششىقلارنى يۇمشىتىدۇ. كىچىك بىلىقلارنىڭ تۈز سېپىلىپ قۇرۇتۇلۇپ كۆيدۈرۈلگەن كۈلى كىچىك تىل، مەقئەت يېرىقلىرى، بۆرەك ئىششىقى، باشقا قاتتىق ئىششىقلار ۋە ئۇلارنىڭ ئوخشاشلىرىغا مۇناسىپ ياغلار ۋە سۈلار بىلەن ئىشلىتىلسە پايدا قىلىدۇ.

## رەۋاسىير
(سالات)

**ماھىيىتى:** ئۇ سۇدا پىشۇرۇپ، ياغ بىلەن قورۇپ، ئانار، ئالما، بېھى، رىباس، غورا ئۈزۈم سۈيى، سۇماققا ئوخشاش چۇچۇمەل مېۋە سۈلىرى ياكى قىيامىلىرى ياكى شەربەتلىرى ياكى قېتىق قوشۇلۇپ ئىستېمال قىلىنىدىغان كۆكتاتلاردىن ئىبارەت. تائامىلاردىن بولۇپ، پارسچە «بورانى» دېيىلىدۇ.

**تەبىئىتى:** نېمىدىن تەييارلانغان بولسا شۇنىڭ تەبىئىتى بىلەن ئوخشاش بولىدۇ.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** سەپرا ۋە قاننىڭ ئۆتكۈرلۈكىنى پەسەيتكۈچى، سوۋۇتقۇچى بولۇپ، ئىسسىق مىزاجلىقلارغا پايدا قىلىدۇ. سوغۇق مىزاجلىقلارغا زىيان قىلىدۇ. قوپاللىقى بىلەن تەستە ھەزىم بولغۇچى، قورساقنى ئەسكۈچى، تەرەتنى قاتۇرغۇچى، بالىياتقۇ كېسەللىكلىرىنى قوزغاتقۇچىدۇر.

## روبىيان
(ماھى روبىيان)

ئۇ «ئەربىيان» دەيمۇ ئاتىلىدۇ. پارسچە «ماھى روبىيان»، «ماھى مىيەك»، ھىندىچە «جىنگا مەچلى» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** ئۇ سۇدا ياشايدىغان ھالال ھايۋان بولۇپ، ئۇزۇن پۇت ـ قوللىرى بولىدۇ. تېنى سەدەپسىمان قاپ ئىچىدە تۇرىدۇ. كىچىكى چوڭ چېكەتكە چوڭلۇقىدا، چوڭى بىر يېرىم غېرىچتىن ئىككى غېرىچقىچە ۋە ئۇنىڭدىن ئۇزۇن، رەڭگى قىزىل، گۆشمۇ قىزىل بولىدۇ، قاتتىق بولۇپ تەستە پىشىدۇ. ئۇ دېڭىز چېكەتكىسى (جەرادۇل بەھر) ئەمەس، چۈنكى ئۇ كىچىك، قاناتلىق بولىدۇ، «جەرادۇل بەھر» (دېڭىز چېكەتكىسى) ماۋزۇسىدا بايان قىلىنىدى. ماھى روبىياننىڭ كىچىكلىرىنى سۇ ۋە تۇز بىلەن قاينىتىپ پىشۇرۇپ، قورۇتۇپ دېڭىز ساھىللىرىدىن ئەتراپتىكى شەھەرلەرگە ئېلىپ بېرىلىدۇ. ئۇ پارسچە «مىيەك» دەپ ئاتىلىدۇ، قورۇپ، تۇز بىلەن ئىستېمال قىلىنىدۇ. بەزىدە ياغ بىلەن قورۇپ، گۈرۈچ بىلەن دۇملەپ پىشۇرۇپ ياكى تائام ئۈستىگە ئېلىپ ياكى ياغدا قورۇپ ئىستېمال قىلىنىدۇ.

**تەبىئىتى:** يېڭىسى ئىككىنچى دەرىجىدە ئىسسىق، بىرىنچى دەرىجىدە ھۆل، تۇزلانغىنى قۇرۇق ئىسسىقراقتۇر.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** باھنى قۇۋۋەتلىگۈچى، ياخشى قان، مەنىي پەيدا قىلغۇچى، بۆرەك، بالىياتقۇنى قىزىتقۇچى، ھامىلىدارلىققا ياردەم بەرگۈچىدۇر. تەستە ھەزىم بولىدۇ. سىركەنجۇبىل بىلەن ئىستېمال قىلىنسا ئىچىنى سۈرىدۇ. قاپاق ئۇرۇقىسىمان مەددىنى چۈشۈرىدۇ. ياڭاق يېغى، كالا يېغى، نارجىل يېغىنىڭ بىرەرسى ۋە توغرالغان پىياز بىلەن قورۇپ پىشۇرۇلسا، خۇسۇسىيىتى «قەلىيە» ناملىق غىزاغا ئوخشاش بولىدۇ. ئىللىتىلگەن توخۇ تۇخۇمى بىلەن ئىستېمال قىلىنسا باھنى ناھايىتى قوزغايدۇ، بالىياتقۇنى قىزىتىدۇ. قۇرۇقىنى سالايە قىلىپ پىلپىل بىلەن بىرلىكتە كۆزگە سۈركىسە نامازشام قارىغۇسى كېسەللىكى پەيدا قىلىدۇ. سوقۇپ قارا نوقۇت بىلەن بىرلىكتە قورساققا زىمات قىلىنسا قاپاق ئۇرۇقىسىمان مەددىنى چىقىرىدۇ. يالغۇز زىمات قىلىنسا قاتتىق ئىششىقلارنى تارقىتىدۇ، بەدەندە تۇرۇپ قالغان تىكەن، ئوققا ئوخشاش يات ماددىلارنى چىقىرىدۇ. زەيتۇن يېغى بىلەن يۇمشاق پىشۇرۇپ چېپىلسا بوغۇملار ئاغرىقى ۋە نوقرەس ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ. تۇز سېپىلگىنى سوغۇق مىزاجلىقلارنىڭ جىنسىي شەھۋىتىنى قوزغىتىدۇ، مەنىيىنى كۆپەيتىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** سەۋدا، قىچىشقاق، سەۋدالىق كېسەللىكلەرنى پەيدا قىلىدۇ. قان، سەپرانى قوزغىتىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** مۇرى، يەنى ئاچچىقسۇ، سىركە، چۈچۈمەل قىيامالار، ئارقىدىن يالپۇز قوشۇلغان ئانار شەربىتى، ئىچىنى سۈرگۈچى جاۋارىش سەپەرجىلى ئىستېمال قىلىشتۇر. يېڭىسىنىڭ زەرەرى، بولۇپمۇ سوغۇق مىزاجلىقلارغا بولغان زەرەرىنى تۈزەتكۈچى كەرۋىيا، قۇرسى ئۇد ھىندى ۋە ئۇنىڭ ئوخشاشلىرىدۇر.

## روزا ئەرىيزا

(روزا ئەرىزا يىلتىزى)

ئۇ يۇنانچە سۆز بولۇپ، قىزىلگۈل پۇراقلىق يىلتىز دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**ماھىيىتى:** بىر خىل يىلتىز بولۇپ، قۇستىغا ئوخشايدۇ، ئۇنىڭدىن يەڭگىلرەك بولىدۇ. سالايە قىلىنغاندىن كېيىن ئۇنىڭدىن قىزىلگۈلنىڭ پۇرىقى كېلىدۇ.

**تەبىئىتى:** بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ماددىلارنى ئۇچۇچانلاشتۇرغۇچى، تارقاتقۇچى بولۇپ، سوغۇقتىن بولغان باش ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ، بولۇپمۇ سۇمبۇل رۇمى بىلەن بىرلىكتە سۇدا قاينىتىپ سۈيىنى باشقا تۆكسە، ئۇنۇمى تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ.

## روسوختەج

(كۆيدۈرۈلگەن رو)

ئۇ پارسچە «رويى سوختە» (كۆيدۈرۈلگەن رو) دېگەن سۆزنىڭ ئەرەبچىلەشتۈرۈلگىنىدۇر. ئۇ يەنە «راسەخت» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** ئۇ كۆيدۈرۈلگەن رو بولۇپ، كۆيدۈرۈش ئۇسۇلى كىتابنىڭ مۇقەددىمىسىدىكى لايىقلاشتۇرۇش بابىدا سۆزلەندى. ياخشىسى قىزىلغا مايىل قارا بولغانلىرىدۇر، قارىسى زىيادە كۆيۈپ بۇزۇلغىنى بولۇپ، ناچاردۇر.

**تەبىئىتى:** ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ناھايىتى قورۇغۇچى، قۇرۇتقۇچى، ئۆتكۈر تارتقۇچى، يارىلارنى تازىلىغۇچى ۋە پۈتتۈرگۈچى، كۆزدىكى پەردىنى يوقاتقۇچى، يارىلار ۋە يامان يارىلارنىڭ كېڭىيىشىنى توختاتقۇچىدۇر. بۇزۇق گۆشنى يوقىتىدۇ. زەھەرلەپ ھالاك قىلىدۇ. يۇيۇلغىنى ئاجىزراق بولىدۇ. ئۇنىڭ تۇزەتكۈچىسى بولغان كۈنجۈت يېغى ۋە مومنى ئۈچ گىرام ئىستېمال قىلسا زەردابنى كۈچلۈك سۈرىدۇ. ئىستىسقاغا پايدا قىلىدۇ. يامغۇر سۈيى ۋە ھەسەل بىلەن ئىچسە كۈچلۈك قۇستۇرىدۇ. ئۇنى يۇيۇش ئۇسۇلى ئىقلىمىيانى يۇيۇش ئۇسۇلى بىلەن ئوخشاشتۇر.

## رويتۇتىيا

(تەبىئى تۇتىيا)

ئۇ شەبەھدىن ئىبارەت بولۇپ، روھى تۇتىيا دېگەن نام بىلەن مەشھۇردۇر. چۈنكى ئۇ

سۇنئىي ئۇسۇلدا تەييارلانمىغان تۇتىيادۇر. ھالبۇكى، تۇتىيانىڭ باشقا قىسىملىرى سۇنئىي ئۇسۇلدا تەييارلىنىدۇ. ئۇ «تالىيقۇن»نىڭ پارسچە ئاتىلىشىدۇر.

ئۇنىڭ سۇنئىيىسى تۇت ھەسسە مىس، بىر يېرىم ھەسسە قوغۇشۇندىن تەييارلىنىدۇ. ھىندىستان خەلقى ئۇنى «بەنكار» دەپ ئاتايدۇ.

## پەسىل: «ر» (رائ) ۋە «ھ» (ھائ) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى

### رەھشى
(سوقۇلغان كۇنجۇت)

ئۇ پارسچە «ئەردە» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** ئاقلاپ قورۇپ يۇمشاق سوقۇلغان كۇنجۇت بولۇپ، يېغى بىلەن سۈيۈلغان، ئەمما يېغىدىن ئايرىلمىغان بولىدۇ.

**تەبىئىتى:** ھۆل ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** باھنى قۇۋۋەتلىگۈچى، سەمرىتكۈچى، تەستە ھەزىم بولغۇچى، ئىشتىھانى بۇزغۇچى، ئاشقازاندىن تەستە ئۆتكۈچىدۇر. تۇزەتكۈچىسى ھەسەل بىلەن سىركىدۇر. ئۇ يەنە زىمات، مەلھەم قىلىنسا ئىچكى ـ تاشقى قاتتىق ئىششىقلارنى يۇمشاتقۇچى، ئىچكى ئەزالارنىڭ تۇسالغۇلىرىنى ئاچقۇچى، قاپلىق يارىلار ۋە ئادەتتىكى يارىلارنى پىشۇرغۇچى، ئەزالارنىڭ ئوت ياكى مىلتىق دورىسى بىلەن كۆيگەندىكى ئاغرىقى ۋە كۆيۈشۈشىنى پەسەيتكۈچىدۇر. پىستە مېغىزى، ئۆرۈك مېغىزى، شاپتۇل مېغىزى قوشۇپ تەييارلانغانلىرىنىڭ تەسىرلىرى ئەسلىي ماتېرىيالىنىڭ تەسىرلىرى بىلەن ئوخشاشتۇر.

## پەسىل: «ر» (رائ) ۋە «ي» (يائ) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى

### رىيباس
(رەۋەن ئۆسۈملۈكى)

ئۇ پارسچە «رىيۋاس»، «رىيۋاج»، «جەگرى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** ئۇ بىر خىل ئۆسۈملۈك بولۇپ، غولاچ ئېگىزلىكتە ئۆسىدۇ، قىزىلچا

ئۆسۈملۈككە ئوخشايدۇ. ئوتتۇرىدىن بىر ياكى ئىككى دانە غولى ئۆسۈپ چىقىدىغان بولۇپ، سەل ياپىلاق، بىر ـ ئىككى ئىلىك توملۇقتا بولىدۇ. غولىنىڭ پوستى يېشىل، تۈكلۈك، غولىنىڭ يىلتىزىغا تۇتىشىپ تۇرغان يېرى ئاققا مايىل، سەل بىنەپشە رەڭ، ئۈستى تەرىپى يېشىل، قارا سۇنا يىلتىزىغا ئوخشاش ئۇزۇنىسىغا يېرىلىدىغان بولىدۇ. غولىنىڭ ئىچى ئاق، چۈرۈك، سۇلۇق، سەل قىرتاق بولىدۇ. غولىنىڭ ئۇچى شاخلارغا ئايرىلغان بولۇپ، شاخلىرى ئارىسىدا يېشىل، يىرىك پەردىلەر بولىدۇ. ئومۇمەن ئۇنىڭ غولى ئادەمنىڭ ئىنچىكە بىلىكىگە، ئۇچى ئۆردەك چاڭگىلىغا ئوخشايدۇ. گۈلى قىزىل بولۇپ، سەل چۈچۈمەل، ئازراق تاتلىق بولىدۇ. بۇ ئۆسۈملۈك قارلىق يەرلەر ۋە ناھايىتى سوغۇق تاغلاردا ئۆسىدۇ. ئۇنىڭ ياخشىسى پارسىنىڭ ئاق، چۈرۈك، سۇلۇق، ئاچچىق ـ چۈچۈك، غولى ئېگىز، توم بولغانلىرىدۇر. ئۇنىڭ يىلتىزى ئىلگىرى بايان قىلىنغىنىدەك رەۋەندۇر. رىباس «مۇئەممەرى» دەپ ئاتىلىدۇ، چۈنكى ئۇنى ئەڭ دەسلەپتە مۇئەممەر نىشاپۇرىي دېگەن كىشى بايقىغان. ئەبۇ رەيھاننىڭ «سەيدەنە» دېگەن كىتابىنىڭ تەرجىمانىنىڭ ئېيتىشىچە، رىباس يىلتىزىغا سۇ تەگمىگۈچە يوپۇرماق چىقارمايدىكەن. بەزى ئورۇنلاردا ئۇ 30 يىلغىچە كۆكلەپ تۇرىدۇ، خورما دەرىخى چوڭلۇقىدا بولىدۇ. ئۇ «راۋەند» دەپ ئاتىلىدۇ. يوپۇرمىقى چوڭلىسا ھەر بىرى ئۇنىڭ شېخى چوڭلۇقىدا بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەردشىر (مەشھۇر شەخس) «راۋەند دەست» (رەۋەن قول) دەپ ئاتالغان، چۈنكى ئۇنىڭ قوللىرى ئۇزۇن ئىدى. ئۇنىڭ شېخىدا ئۇرۇقى بولمايدۇ، بەلكى ھەر يىلى ئۆسۈملۈكنىڭ ئوتتۇرىدىن بىر دانە شاخ چىقىپ ئۈستىدە ئۇرۇق پەيدا بولىدۇ. ئۇنىڭ ئەتراپىدىن رىباسنىڭ ئادەمنىڭ قولىغا ئوخشايدىغان غوللىرى ئۆسىدۇ.

**تەبئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ماددىلارنى ئۇچۇچانلاشتۇرغۇچى، قورۇغۇچى، خۇرسەن قىلغۇچى، ئاشقازان، ئۈچەيلەر ۋە ئىسسىق مىزاجلىق جىگەرنى قۇۋۋەتلىگۈچى، ئىشتىھانى ئاچقۇچى، سەپرادىن بولغان قۇسۇش، ئۇسسۇزلۇق ۋە كۆڭۈل ئاينىشنى يوقاتقۇچى، سەپرا بىلەن قاننىڭ ئۆتكۈرلۈكىنى پەسەيتكۈچى ۋە تازىلىغۇچىدۇر. مەستلىك ۋە خۇمارنى يېشىدۇ، خەفەقان، ئۆزىگە سۆزلەش، بوۋاسىر، چۇما، ۋابا، چېچەك، يەلتاشما، سەپرادىن بولغان ئىچ سۈرۈش، يەرقان، سەپرادىن بولغان ئىسسىق تەپلەرگە شىپا بولىدۇ. داۋاملىق ئىستېمال قىلىنسا قايلىق يارا چىقىشنى توسىدۇ. ئۇسارىسى كۆزگە سۈركىسە كۆرۈش قۇۋۋىتىنى ئاشۇرىدۇ، كۆزدىكى ئاقنى يوقىتىدۇ. ئارپا ئۇنى بىلەن زىمات قىلسا تىلما كېسەل ۋە بەلباغسىمان قوقاققا داۋا بولىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** كۆكرەك ۋە باھقا زىيان قىلىدۇ. پەي ـ نېرۋىلارنى قۇرۇتىدۇ. سوغۇق مىزاجلىقلاردا قۇلۇنجى پەيدا قىلىدۇ.

**تۇزەتكۇچىسى:** شەربىتى ئۇد، رۇمبەدىيان، ھەسەل.

**ئىستېمال مقدارى:** سۇيىدىن 90 مىللىلىتىرغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

**ئورۇنباسارى:** تۇرۇنجى سۇيى، غورا ئۇزۇم سۇيى.

رىباس قىيامىنىڭ تەسىرى ئۇنىڭ سۇيىنىڭ تەسىرىدىن كۇچلۇكرەك بولۇپ، ئىستېمال قىلسا ياتسىراشنى توختىتىدۇ، ساراڭلىقتا شىپا بولىدۇ. بۇخاراتلار ۋە كۆيۇشۇشلەرنى توختىتىدۇ.

## رىيە
## (ئۆپكە)

ئۇ پارسچە «شۇش»، ھىندىچە «پەھىپەھرە»، تۇركچە «ئوبكىمە» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** تونۇشلۇقتۇر. پاقلان ۋە ئالتە ئايلىقتىن بىر يىلغىچە بولغان ئوغلاقنىڭ، بولۇپمۇ تاغ ئوغلىقىنىڭ ئۆپكىسى ياخشىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

**تەبئىتى:** ھۆل ئىسسىق، بۇقرات ھۆل سوغۇق دەپ بىلگەن، روفەس قۇرۇق دىگەن.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ئۇ بىمارلار ۋە گۆشكە ئىشتىھاسى بولغان كەم ماغدۇر كىشىلەرگە پايدا قىلىدىغان بولۇپ، ئەتراپلىرى يۇمشاق بولغان ئۆپكىدىن ئاز مىقداردا ئېلىپ توغراپ، قورۇپ پىشۇرۇپ ئىستېمال قىلىنىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇنى داۋاملىق ئىستېمال قىلسا سىل كېسەللىكىگە پەيدا قىلىدىكەن.

**زىيانلىق تەسرى:** تەستە ھەزىم بولىدۇ، ئوزۇقلۇقى ئاز، بەلغەملىك خىلىت پەيدا قىلىدۇ.

**تۇزەتكۇچىسى:** كەرۋىيا ئىستېمال قىلىش، سىركىگە چىلاپ قويغاندىن كېيىن قورۇپ ئىستېمال قىلىشتۇر.

**زىيانلىق تەسرى:** ئاشقازانغا زىيان قىلىدۇ.

**تۇزەتكۇچىسى:** ھەببۇلئاس، شېكەر.

ئۇ ئىسسىق ھالدا زىمات قىلىنسا كۆز ئېقىدا پەيدا بولغان قىزىل خالنى تارقىتىدۇ. ئۆچكە، چوشقا، مۇشۇك، خوراز، تۆگە ئۆپكىسى ئۇششۇك ۋە ئۆتۇك غاجاشتىن پەيدا بولغان زەخمنى ساقايتىدۇ. ئۇلارنىڭ ئۆپكىلىرىنى تۇزسىز ئىسسىق ھالدا ئوتتا كۆيدۇرۇپ زىمات قىلىنسا، ئوتقا قاقلىغاندا تامچىغان قىنى سۇرۇلسە سۆگەللەرنى يوقىتىدۇ، كالا تەمرەتكىسىنى ساقايتىدۇ. بولۇپمۇ بىر يىللىق ئوغلاقنىڭ ئۆپكىسىنىڭ تەسىرى تېخىمۇ ياخشى بولۇپ، ئۇنىڭ ئۆپكىسىنى كۆيدۇرۇپ زىمات قىلسا زەخملەرنى ساقايتىدۇ. ياۋا ئېشەكنىڭ ئۆپكىسىنى قۇرۇتۇپ، سوقۇپ ئىستېمال قىلسا، زىققە نەپەس كېسەللىكىگە شىپا بولىدۇ.

ئەزالاردىن ئاققان قاننى توختىتىدۇ. داۋاملىق پۇراپ بەرسە مېڭە پەردىلىرىدىكى چاپلاشقاق هۆللۈكلەرنى تارقىتىدۇ، مېڭىدىكى قويۇق خىلىتلار ۋە ئىششىقلارنى تارقىتىدۇ. سوقۇپ سېپىلسە يارىلار ۋە جاراهەتلەرنى ساقايتىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** ئىسسىق مىزاجلىقلارغا زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** سىركەنجىۋىل.

**ئىستېمال مىقدارى:** ئۈچ گىرامغىچە، سۈيىدىن 21 مىللىلىتىرغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

## رىيش

(قۇش پېيى)

ئۇ پارسچە «پەر» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماهىيىتى:** تونۇشلۇق بولۇپ، ئۇچارلىقلارنىڭ پېيىدىن ئىبارەت.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** كۆيدۈرۈپ سېپىلسە زەخىملەرنى ساقايتىدۇ. ئۇنىڭ قانىتىنىڭ «كەژەك» دەپ ئاتىلىدىغان ناهايىتى يۇمشاق پېيى جاراهەتلەرنىڭ قېنىنى توختىتىشتا توشقان تىۋىتىنىڭ ئورنىنى باسىدۇ. قۇشلارنىڭ قانىتىدىكى چوڭ، ئاق، كاۋاك بولغان پەيلىرىنى يۇلۇپ ئېلىپ كۆيدۈرۈپ، يۇيۇپ قۇرۇتقاندىن كېيىن بۇرۇنغا پۈركىسە، بۇرۇننىڭ هېچ نەرسە بىلەن توختىمىغان قېنىنى توختىتىدۇ، سىناقتىن ئۆتكەن. ئومۇمەن هەرقانداق ئەزانىڭ قېنىنى توختىتىدۇ، بولۇپمۇ تورنىڭ پېيىنىڭ بۇ خىل تەسىرى كۈچلۈكرەكتۇر.

# ئون بىرىنچى باب
# «ز» (زائ) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى

## پەسىل: «ز» (زائ) ۋە «ا» (ئەلىف) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى

### زاج
(زاك)

ئۇ پارسچە «زاك» دىگەن سۆزنىڭ ئەرەبچىلەشتۈرۈلگىنىدۇر.

**ماھىيىتى:** مەدەنلەردىن بولۇپ، بىر قانچە خىل بولىدۇ. ئۇ زەمچە ئەمەستۇر. ئاق، قىزىل، سېرىق بولىدۇ. سېرىقى يېشىلغا ئۆزگىرىدۇ. ئېقى «قەلقەدىيس»، «شورغار» دەپ، سېرىقى «قەلقەتار» دەپ، يېشىلى «قەلقەند»، «قەلقەنت مورى» دەپ، يېشىلى شىرازدا «زاجى سىياھ» (قارا زاك) دەپ ئاتىلىدۇ.

### زاجى ئەبيەز
(ئاق زاك)

ئۇ پارسچە «زاجى سەفىد» (ئاق زاك)، يۇنانچە «خەلەلۇلقەيس»، ھىندىچە «پەتكەرى» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** ئازراق ئاق سېرىققا مايىل، يەڭگىل ماددىدىن ئىبارەت. ئۇنىڭ مىسىردىن چىقىدىغان بەدەخشان زەرنىخىغا ئوخشاش پارقىراق، قول بىلەن ئۇۋۇلىسا ئاسان ئۇۋۇلىدىغان، ئارىلاشما ماددىلىرى بولمىغان، سوقۇلمىغانلىرى ياخشىلىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇنى بويىسا ناھايىتى چىرايلىق، تەكشى بويىلىدىغان بولۇپ، ئاۋۋال ئۇنى ئۆزىنىڭ ئېرىتمىسىگە چىلاپ قۇرۇتقاندىن كېيىن قائىدە بويىچە بويىلىدۇ.

ئۇ كۆپ جايلاردىكى كانلاردىن چىقىدۇ. مەسىلەن: لاھورنىڭ پەنجاب ئۆلكىسى، «خوشاب» دەپ نام ئالغان بەھرە شەھىرى، جەھنا شەھىرى بىلەن ۋەراي شەھىرى ئارىلىقىدىكى تۇز

چىقىدىغان سايدىن چىقىدۇ، ئۇنىڭ شەرقى تەرىپى زاڭ كانىدۇر. زاڭ كاندىن يېڭى چىققاندا تۇزغا ئوخشاش سەل يۇمشاق بولىدۇ، ھاۋا بىلەن ئۇچراشسا قاتىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئۇچىنچى دەرىجىنىڭ بېشىدا قۇرۇق ئىسسىق، مۇتىدىللىككە مايىل بولىدۇ. ئۇ ھەممە تۇرلىرىدىن ئۇچۇچانراقتۇر.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ناھايىتى قورۇغۇچى، جۇلا بەرگۈچى بولۇپ، ھەممە تەسىرى سېرىق زاكىنىڭ تەسىرىگە ئوخشاپ قالىدۇ. بىر گىرامدىن بىر يېرىم گىرامغىچە ئېلىپ، ئىككى ھەسسە ئاق ناۋات بىلەن يۇمشاق سالايە قىلىپ، ئەتىگەندە كاپ ئېتىپ، ئۇستىدىن يېڭى سېغىلغان سۇتتىن 200 مىللىلىتىر ئېلىپ، ئۇنىڭغا باراۋەر مىقداردا سۇ قوشۇپ بىر قانچە قېتىمغا بۆلۈپ ئىچسە، كەچتە يەنە ئوخشاش مىقداردىكى زاڭ، ناۋات، سۇت ۋە سۇنى قائىدە بويىچە ئىستېمال قىلسا، چۇچۇمەل نەرسىلەر ۋە گۆشتىن پەرھىز قىلسا، شۇ ھالەتتە يەتتە كۇنگىچە داۋاملاشتۇرسا، بۆرەك، دوۋساق ۋە جىنسىي يول يارىلىرىنى ساقايتىدۇ، يەللىرىنى تارقىتىدۇ. ئەگەر تاش پارچىلاش مەقسىتىدە ئىستېمال قىلىشقا توغرا كەلسە 15 ~20 كۇنگىچە ئۇدا ئىستېمال قىلسا ياخشىراق بولىدۇ. ئىككى ھەسسە زاكقا بىر ھەسسە ئىقلىمىيا قوشۇپ سىركە بىلەن سالايە قىلىپ ساپال قاچىغا قاچىلاپ، يازدا كۇن نۇرى ياخشى چۇشىدىغان يەردە ئاتنىڭ قىغىغا كۆمۈپ مەلۇم مۇددەت تۇرغۇزسا، ناھايىتى ئۆتكۇر ۋە جۇلا بېرىش قۇۋۋىتىگە ئىگە بولىدىغان بولۇپ، كۆزدىكى قويۇق ئاقنى ۋە تىرناقچە گۆشنى يوقىتىدۇ. ئارتۇق گۆشلەرنى يوقىتىدۇ. كۆيدۇرۇلگەن زاڭ كۆزگە سۇركەلسە كۆز چاناقلىرىدىكى چاپاقلارنى تازىلايدۇ. ھەسەل بىلەن سۇركىسە قاپاقنىڭ قېلىنلىشىشىغا پايدا قىلىدۇ. بۇرۇنغا پۇركىسە بۇرۇن قاناشنى توختىتىدۇ. كۇدە سۇيى بىلەن مەلھەم قىلىپ كىچىك بالىلارنىڭ لېپىلدىقىغا سۇركىسىمۇ بۇرۇن قاناشنى توختىتىدۇ. قىرۇتى بىلەن سۇركەپ بېرىلسە ئېغىز يەل يارىسىغا پايدا قىلىدۇ. بەزىلەر ئۇنى ھاراق بىلەن سالايە قىلىپ سۇركەيدۇ، بۇ چاغدا ئۇ قوتۇرغا ئەڭ ياخشى داۋا بولىدۇ. زاڭ يۇمغاقسۇت سۇيى بىلەن چېپىلسا قىزىل، ئۆسمە، قوتۇر، قىچىشقاق، قۇرۇق تەمرەتكە ۋە باشقا يارىلارغا پايدا قىلىدۇ. تالقان قىلىپ سەپسە يامان يارىلارنى ساقايتىدۇ، ھەرقانداق ئەزادىن كەلگەن قاننى توختىتىدۇ. چىش مىلىكىگە سەپسە چىش مىلىكى قاناشنى توختىتىدۇ. كۇدە سۇيى بىلەن فەرزىجە قىلىنسا بالىياتقۇنىڭ قېنىنى توختىتىدۇ. ھەسەل بىلەن پىلتە ياساپ قۇلاققا سالسا يارىنى ساقايتىدۇ، كىرىنى تازىلايدۇ، مەقئەتكە سالسا بوۋاسىرغا پايدا قىلىدۇ، ئاقمىلارنىڭ تۆشۈكىگە سېلىپ قويسا داۋا بولىدۇ. يامغۇر سۇيى بىلەن ئېرىتىپ كۆزگە تېمىتسا كۆزنى تازىلايدۇ. كۆزدە پەيدا بولغان نېپىز پەردە، ئاق ۋە ئۇنىڭ ئوخشاشلىرىنى يوقىتىدۇ.

## زاجى ئەھمەر
(قىزىل زاك)

بۇ، ئاق زاكنىڭ رەڭگى قىزىلغا مايىل بولغان تۈرىدۇر. ئىچى قارا بولۇپ، تۆشۈكلەر ۋە كاۋاكچىلار بولىدۇ، سىپسىق پۇرايدۇ. زاكنىڭ ھەممە تۈرلىرىدىن قوپالراق بولۇپ، ھەممە تەسىرى ئۇلارنىڭ تەسىرلىرىگە ئوخشايدۇ. ئۇنىڭ پارقىراق، بىنەپشە رەڭلىك بولغىنى ئاجىزراقتۇر.

شەيخ ئەبۇ ئەلى ئىبن سىنا «ئەلقانۇن»دا: «بىزدىن ئىلگىرىكى تېۋىپلار ۋە بىزنىڭ زامانىمىزدىكى تېۋىپلار سىناق قىلىش ئارقىلىق بەلغەمنىڭ قىزىل زاكتىن ئۈچ گىرام ئىستېمال قىلىنسا، ئاق چاچنىڭ ئورنىغا قارا چاچ ئۈندۈرىدىغانلىقىنى بايقىغان، ئەمما ئۇ بەك كۈچلۈك بولغاچقا، ئۇنىڭغا پەقەت مىزاجى ھۆل ۋە كۈچلۈك بولغان ئادەم بەرداشلىق بېرەلەيدۇ» دېگەن.

## زاجى ئەخزەر
(يېشىل زاك)

يېشىل زاكتىن ئىبارەت بولۇپ، ھىندىچە «ھىيراكسىيس» دەپ ئاتىلىدۇ.

**تەبىئىتى:** باشقا زاكلارغا قارىغاندا قۇرۇق ئىسسىقراقتۇر. كۆيدۈرۈلگىنى ئۇچۇچانراق بولۇپ، شۇ مەقسەتتە كۆيدۈرۈلىدۇ.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** كۆيدۈرگۈچى ۋە ئارتۇق ماددىلارنى يېگۈچىدۇر. كۆيدۈرۈلگىنىدىن ئۈچ گىرام ئىستېمال قىلىنسا زەھەرلىك موگۇنىڭ زەھىرىنى قايتۇرىدۇ، ھەسەل بىلەن ئىستېمال قىلىنسا ئاشقازاندىكى مەددە قۇرت ۋە قاپاق ئۇرۇقىسىمان مەددىنى چۈشۈرىدۇ. سۇ بىلەن ئىستېمال قىلىنسا قۇستۇرىدۇ. تېنى ساغلام، مىزاجى ھۆل بولغان كىشى ئۇنىڭدىن ئىستېمال قىلسا ئاق چېچىنىڭ ئورنىغا قارا چاچ چىقىرىدۇ، سىناقتىن ئۆتكەن دەپ قارىلىدۇ. ئەمما ئۇ ناھايىتى قۇرۇق بولغانلىقى ۋە ئۆپكىگە ئىنتايىن زىيان قىلىدىغانلىقى ئۈچۈن بەدەنگە ھۆللۈك يەتكۈزۈش لازىم. سۇ بىلەن ئېرىتىپ بۇرۇنغا تېمىتسا بۇرۇن قاناشنى توختىتىدۇ. مېڭىنىڭ ھۆللۈكلىرىنى تازىلايدۇ. قۇلاققا تېمىتىلسا سوغۇقتىن بولغان قۇلاق ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ. كۆيدۈرۈپ سۈرۈنجان بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ تىلنىڭ ئاستىغا سېلىپ قويسا تىلنىڭ پاقىسىمان ئۆسمىسى، ئېغىز گۆشخور چاقىسى ۋە ئېغىز يارىسىغا پايدا قىلىدۇ. بۇرۇنغا تېمىتىلسا بۇرۇندىكى گۆشخور چاقا ۋە باشقا يارىلارغا پايدا قىلىدۇ. شۇنداقلا ئۇنى يالغۇز مەلھەم قىلىپ سۈركىسىمۇ ئېغىز، بۇرۇن گۆشخور

چاقىسى، تىلىنىڭ پاقىسىمان ئۆسمىسى، بۇرۇن بوۋاسىرى، بۇرۇن قاناش ۋە جاراھەتلەرگە شىپا بولىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** پەيلەرنىڭ زەخمىلىرىگە پايدا قىلىدۇ. ئۈچ گىرامدىن ئارتۇق ئىستېمال قىلىنسا ھالاك قىلىدۇ.

## زاجى ئەسفەر
(سېرىق زاك)

سېرىق رەڭلىك زاكتىن ئىبارەت بولۇپ، ھىندىچە «كىسىيس» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** زاكلارنىڭ ئەڭ ياخشىسى بولۇپ، ئالتۇن رەڭ، پارقىراق بولغىنى ئەڭ ياخشىسى ھېسابلىنىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق. كۆيدۈرۈلسە باشقا تۇزلارنىڭ ئەكسىچە ئۈچۈچانلىشىدۇ. چۈنكى تۇزلار كۆيدۈرۈلسە ئېخىمۇ كۈچلۈك بولىدۇ. يۇيۇلغىنىنىڭ ئۆتكۈرلۈكى كەمرەك بولىدۇ.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ئىستېمال قىلىنسا ئاشقازاندىكى تۇرلۇك مەددە قۇرتلارنى ئۆلتۈرۈپ چۈشۈرىدۇ. ئىششىق تارقىتىدۇ. تالىنىڭ قاتتىق ئىششىقىنى يۇمشىتىدۇ. زاكلارنىڭ ھەرقايسى تۇرلىرىنى سىركە بىلەن ئېرىتىپ غار ـ غار قىلسا گالدا تۇرۇپ قالغان زۇلۇك قۇرتىنى چىقىرىدۇ. ئۇنىڭدىن ئىككى ھەسسە ئېلىپ بىر ھەسسە ئىقلىمىيا بىلەن بىرلىكتە سىركە بىلەن سالايە قىلىپ، ساپال قاچىغا سېلىپ يازدا ئاپتاپتا، قىشتا ئات قىغىنىڭ ئارىسىدا 40 كۈن تۇرغۇزۇلسا، ناھايىتى ئۆتكۈر ۋە جۇلا بەرگۈچى قۇۋۋەتكە ئىگە بولىدىغان بولۇپ، كۆزدىكى قويۇق ئاق ۋە تىرناقچە گۆشنى ھەم زەخمىلەرنىڭ ئارتۇق گۆشلىرىنى تەڭداشسىز يوقىتىدۇ. چاچنى بويايدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** يېرىم گىرام ئىستېمال قىلىنسا بىخەتەر، ئەگەر ئۇنىڭدىن ئارتۇق ئىستېمال قىلىنسا خەتەرلىك بولىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** يېڭى سېغىلغان سۈت بىلەن قۇستۇرۇلىدۇ، يېڭى سېرىق ماي، قايماق، شېكەر ئىستېمال قىلدۇرۇپ بەدەنگە ھۆللۈك يەتكۈزۈلىدۇ.

**ئورۇنباسارى:** زەنكار.

## زاجۇل ئەساكفە
(موزدۇز زاكى)

ئۇ پارسچە «زاجى كەفشەگەران» (موزدۇز زاكى) دەپ، ھىندىچە «سەكىيس» دەپ ئاتىلىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا ئۇ قارا زاك ئىكەن. يۇنانچە «مالىيتەرنا»، «مىيتەرنا» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيتى:** ئاق زاكىنىڭ تۈپراقتا تەۋە تەركىبلىرى كۆپ بولغان تۈرى بولۇپ، سۇ تەگسە قارىدايدۇ.

**تەبىئىتى:** باشقا قىسىملىرىنىڭ تەبىئىتىگە ئوخشاش، ئۇلاردىن قابىزراقتۇر.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** قورۇغۇچى، جۇلا بەرگۈچى بولۇپ، چىش ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ، مىدىرلاپ قالغان چىشلارنى چىڭىتىدۇ. چاچنى قارايتىدۇ. سۇ بىلەن ئېرىتىپ سۈركىسە ھۆل تاشمىلارنى ساقايتىدۇ. ھاراق بىلەن ھۆقنە قىلسا ئولتۇرغۇچ نېرۋا ئاغرىقىغا پايدا قىلىدۇ. سۇ بىلەن ئېرىتىپ دانىخورەككە سۈركىسە پايدا قىلىدۇ. چاچنى قارايتقۇچى دورىلارغا قوشۇلىدۇ.

## زاجۇل مۇقەتتەر
(تامچە زاك)

ئۇ «زاجۇل قاتىر» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيتى:** ئۇ يېشىل زاكىنىڭ تۈرىدىن بولۇپ، يېشىل زاك كانىدىكى نازۇك قىسمىنىڭ ئۇيۇشىدىن ھاسىل بولىدۇ. زاكىنىڭ تۈرلىرىنىڭ ئەڭ ياخشىسىدۇر. ئۇنى پەرقلەندۈرۈش ئۇسۇلى شۇكى، ئۇنى پولاتقا سۈركىسە پولات مىسنىڭ رەڭگىگە ئۆزگىرىدۇ.

## زاجۇل جامىد
(ئۇيۇغان زاك)

يېشىل زاكىنىڭ تۈرىدىن بولۇپ، سىرتىدىن خۇددى زاك كانىدىكى سۇيۇقلۇقنىڭ ئۇيۇتمىسىدەك مەلۇم بولىدۇ.

## زاجۇل مەتبۇخ
(قاينىتىلغان زاك)

ئۇمۇ يېشىل زاكىنىڭ تۈرىدىن بولۇپ، توپا ئارىلاشقان بولىدۇ، سۇ بىلەن ئۇيۇغىچە قاينىتىپ ئىشلىتىلىدۇ.

زاكلارنىڭ ھەرقانداق تۈرى ئىستېمال قىلىنسا يۈتەلدۈرۈپ سىل كېسىلى پەيدا قىلىدۇ. ئىچكى ئەزالارنى، ئۈچەيلەرنى ۋە باشقا ئەزالارنى يارىلاندۇرىدۇ.

داۋالاش ئۇچۇن يېڭى سېغىلغان سۈت، شېكەر قوشۇلغان يېڭى سېرىق ماي ئىستېمال قىلىنىدۇ ۋە زۇپا شەربىتى ئىچىلىدۇ.

# پەسل: «ز» (زائ) ۋە «ب» (بائ) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى

## زەباد

(ئىپار مۇشۇكى ئەترى)

ئۇ ھىندىچە «مىيد» دەپ ئاتىلىدۇ.

ماھىيتى: خۇش پۇراق ماتېرىياللارنىڭ بىر خىل تۈرى بولۇپ، قىزىلغا مايىل قارا، سۇيۇق بولىدۇ، ھەبەشىستان ۋە ھىندىستاننىڭ يىراق رايونلىرىدا ياشايدىغان «زەباد» دەپ ئاتىلىدىغان بىر خىل ھايۋاندىن ئېلىنىدۇ. بۇ ھايۋان پارسچە «گىربەئى زەباد» (زەباد مۇشۇكى) دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇنىڭ تېنى ئىت ۋە چوڭ ياۋا مۇشۇكنىڭ چوڭلۇقىدا بولىدۇ. ئۇستىدە قارا سىزىقلار بولىدۇ. بېشى كىچىك بولىدۇ. ئۇ كۆپ يۈگۈرتسە ئەمچەككە ئوخشايدىغان ئەزايىدىن بىر خىل ناھايىتى خۇش پۇراق سۇيۇقلۇق تەپچىرەپ چىقىدۇ. ئۇ كۆپ ھاللاردا ھۆل سۇمبۇل ۋە خۇش پۇراق ئوتلارنى ئوزۇقلۇق قىلىدۇ. سوغۇق ئەللەردە ياشايدۇ. ئۇنىڭ ئەترىنىڭ قىزىلغا مايىل قارا، پارقىراق، خۇش پۇراق بولغانلىرى ياخشىلىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئەڭ ناچىرى ئاق رەڭلىكىدۇر. ئۇ ئەزپاراتىپ، مەستىكى ۋە باشقا خۇش پۇراق نەرسىلەر بىلەن ساختىلاشتۇرۇلىدۇ. ئۇنىڭ ساپ بولغىنىنى پەرقلەندۈرۈش ئۇسۇلى شۇكى، قولغا سۈركىسە چاپلىشىپ يۇغاندىن كېيىنمۇ خۇش پۇرىقى كەتمىسە ساپ بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. پەرقلەندۈرۈشنىڭ يەنە بىر خىل ئۇسۇلى شۇكى، ئۇنىڭدا كىچىك چىۋىنغا ئوخشاش قىزىل ھاشارات بولىدۇ.

تەتقىق قىلىنىشىچە، ئۇ بىر خىل ھايۋان بولۇپ، مۇشۇككە ئوخشاش، ئۇنىڭدىن ئۇزۇنراق، ئېگىزىمۇ مۇشۇكنىڭ ئېگىزىدىن ئۇزۇنراق بولىدۇ. ھەبەشىستان شەھەرلىرى ۋە زىرابادات ئاراللىرىدا ياشايدۇ. كىشىلەر كۆپ ھاللاردا ئۇنى قەپەسكە سولاپ بېقىپ تاماشا قىلىدۇ. ئۇنىڭ بەزىلىرى ئادەمگە كۆنىدۇ، ئۇنىڭ رەڭگى سېرىققا مايىل ئاق بولىدۇ. ئۇنىڭ قۇيرۇقىنىڭ ئاستىدا كىندىككە ئوخشايدىغان كىچىكرەك ياڭاق چوڭلۇقىدا بىر دانە ئۆسۈكچە بار بولۇپ، بەش ـ ئالتە دانە تۆشۈكى بولىدۇ. 7 ~ 15 كۈنگىچە بولغان ئارىلىقتا ئۇنىڭدىن بىر قېتىم 7 ~ 10 گىرامغىچە ئەتىر ئېلىنىدۇ، ئۇنىڭدىن ئارتۇق ئەتىر چىقمايدۇ. ئۇنىڭ ئادەمگە كۆنگەنلىرىنىڭ ئەترىنى ئېلىشتا قۇيرۇقىنى كۆتۈرۈپ ئېلىنىدۇ، ياۋايىلىرىنىڭ ئەترىنى قۇيرۇقىنى قەپەستىن تارتىپ چىقىرىپ كىندىكسىمان

ئۆسۈكچىسىنى سەدەپ بىلەن سىقىپ ئېلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئەركىكىدىن ئېلىنغان ئەتىر چىشىسىدىن ئېلىنغان ئەتىردىن ياخشىراق بولىدۇ. چۈنكى، چىشىسىنىڭ سۈيدۈك يولى كىندىكىنىڭ ئۈستىدە بولۇپ، ئەتىرگە سۈيدۈكى ئاز مىقداردا ئارىلىشىپ قالىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇنى بىلىدىغان كىشىلەر ئۇنى يۇماي ئىشلەتمەيدۇ.

ئۇنى يۇيۇش ئۇسۇلى شۇكى، ئۇنى قاچىغا ئېلىپ دەسلەپتە سوغۇق سۇ بىلەن ئۈچ قېتىم يۇيۇپ، ئارقىدىن ئىلمان سۇ بىلەن ئۈچ قېتىم يۇيۇپ، ئۇنىڭدىن كېيىن يەنە سوغۇق سۇ بىلەن ئۈچ قېتىم يۇيۇلىدۇ، مۇشۇنداق جەمئىي ئۈچ قېتىم يۇيۇلىدۇ. ھەر قېتىم يۇغاندا ئۇنىڭغا كۆپ مىقداردا سۇ قۇيۇپ قول بىلەن ياخشى ئارىلاشتۇرۇپ، يۈزىگە لەيلىگەن ئەتىر ئالىقان بىلەن يىغىۋېلىنىدۇ، تاكى ھەممىسى تولۇق لەيلەپ يىغىۋېلىنغۇچە داۋاملاشتۇرۇلىدۇ. يىغىۋېلىنغان ئەتىرنى باشقا قاچىغا ئېلىپ ئۈستىگە كۆپ مىقداردا سۇ قۇيۇپ، يەنە ئارىلاشتۇرۇپ ئۈستىگە ئۆرلىگەن ئەتىر ئالىقان بىلەن يىغىۋېلىنىدۇ. بۇ چاغدا ئەتىر يۇمشاق، سۈزۈك بولىدۇ. ئىلمان سۇغا سالسا يۇمشاپ، سوغۇق سۇغا سالسا قاتىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن يەنە باشقا قاچىغا سېلىپ ئۈچ قېتىم لىمون سۈيى بىلەن يۇيۇپ بەتبۇيى پۇرىقى تۈگىتىلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن ئۈچ قېتىم سوغۇق سۇ بىلەن يۇيۇپ چىگە رەختتىن ئۆتكۈزۈپ گۇلاب بىلەن يۇيۇلىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن ساپال قاچىنىڭ ئىچىگە سۈركەپ قاچىنى قىزىل ئەتىر گۈلى ياكى ئاق ئەتىر گۈل ياكى نارەنجى گۈلى ياكى يەسمەن گۈلىگە ئوخشاش خۇش پۇراق گۈللەرگە دۈم كۆمتۈرۈپ نەچچە كېچە تۇرغۇزۇپ، گۈللەرنىڭ پۇرىقىنى ئەتىرگە سىڭدۈرگەندىن كېيىن ئۆرۈپ ئۈستىگە پاكىز، قېلىن رەختنى ئوراپ ئاپتاپتا خالىغان ۋاقىتقىچە قويۇلىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ ئاز مىقداردا قىزىلگۈل ئەتىرى، تېپىلمىسا گۇلاب ئارىلاشتۇرۇپ ئىشلىتىلىدۇ. بۇ ئۇنى يۇيۇشنىڭ ئەڭ ياخشى ئۇسۇلىدۇر.

**تەبئىتى:** ئۈچىنچى دەرىجىدە ئىسسىق، قۇرۇقلۇقى مۆتىدىلدۇر.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ھۆللۈكلەرنى سۈمۈرگۈچى، ناھايىتى خۇرسەن قىلغۇچى، يۈرەكنى ۋە سەزگۈلەرنى قۇۋۋەتلىگۈچىدۇر. مۇناسىپ دورىلار ۋە شاراب بىلەن ئىككى مىللىگىرام ئىستېمال قىلىنسا خۇرسەن قىلىدۇ، بىھوشلۇق، خەفەقان، ياتسىراش، ساراڭلىققا پايدا قىلىدۇ، ئاشقازان ئېغىزى ۋە مەقئەت ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ. ئۇنىڭ 1.5 گىرامىنى مۇۋاپىق مىقداردىكى زەپەر، سېمىز توخۇ گۆشى شورپىسى بىلەن ئىستېمال قىلسا تۇغۇتنى ئاسانلاشتۇرىدۇ، سىناقتىن ئۆتكەن دەپ قارىلىدۇ. پۇرىسا زۇكام، سوغۇقتىن بولغان باش ئاغرىقى، باشنىڭ يېرىمى ئاغرىشقا داۋا بولىدۇ. سۈركىسىمۇ شۇ تەسىرنى بېرىدۇ. ئاچچىق بادام يېغى بىلەن سۈركىسە ئاڭلاش كۈچىنى مۇھاپىزەت قىلىدۇ ۋە ئۇنى كۈچەيتىدۇ. يالغۇز ئىشلىتىلسە قاپلىق يارىنى پىشۇرىدۇ، ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ، يارا

ئېغىزنىنى پۈتتۈرىدۇ. زەكەرگە سۈركىسە ھامىلدارلىقنى چەكلەيدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** داۋاملىق پۈرىسا ئىسسىق مىزاجلىقلارنىڭ بېشىنى ئاغرىتىدۇ. زىققە نەپەس پەيدا قىلىدۇ، كىشىنى بەتقىلىق قىلىپ قويىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** سەندەل، كافۇر، سوغۇق غىزالار.

**ئورۇنباسارى:** غالىيە بىر خىل خۇش پۇراق ياسالما (تەرجىماندىن).

## زۇبۇد
(قايماق)

ئۇ پارسچە «رۇغەنى تازە» (يېڭى ياغ)، «مەسكە»، ھىندىچە «مەككەن» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** ئۇ كالا، ئۆچكە، قوي، سۇ كالىسى قاتارلىقلارنىڭ قايمىقىدىن ئىبارەت. سۈتنىڭ ئۈستىدىن ئېلىنغان يېڭى، خۇش پۇراق بولغانلىرى ياخشىلىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. كالا سۈتى قايمىقى ھەممىدىن لەتىپ بولىدۇ. سۇ كالىسى قايمىقى، بولۇپمۇ ياۋا كالا قايمىقى ھەممىدىن تەستە ھەزىم بولىدۇ ۋە مايلىقراق بولىدۇ.

**تەبىئىتى:** بىرىنچى دەرىجىدە ئىسسىق، بىرىنچى دەرىجىنىڭ ئاخىرىدا ھۆل، كونىسى ئىسسىقراق، ھۆللۈكى كەمرەك بولۇپ، غالىب خىلىتقا، بولۇپمۇ سەپراغا تېز ئۆزگىرىدۇ.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** يۇمشاتقۇچى، پىشۇرغۇچى، سەمرىتكۈچى، تۇسالغۇلارنى ئاچقۇچى، ئاۋازنى ساپلاشتۇرغۇچى، كاناي، گالنى سىلىقلاشتۇرغۇچىدۇر. قۇرۇق يۆتەلنى پەسەيتىدۇ، ئىچكى ـ تاشقى ئىششىقلارنى تارقىتىدۇ. كېرەكسىز ماددىلارنى ھەيدەپ چىقىرىدۇ. ھەسەل بىلەن ئىستېمال قىلىنسا كۆكرەك پەردىسى ياللۇغى، ئۆپكە ياللۇغىغا پايدا قىلىدۇ. كۆكرەكتىكى ماددىلارنى پىشۇرۇپ يوقىتىدۇ. بەدەنگە سۈركىسىمۇ شۇ تەسىرنى بېرىدۇ. شېكەر ۋە خەشخاش ئۇرۇقى بىلەن ئىستېمال قىلىنسا بەدەننى ئىنتايىن سەمرىتىدۇ. ئاچچىق بادام مېغىزى بىلەن ئىستېمال قىلىنسا ئۆپكىدىكى كېرەكسىز ماددىلارنى تازىلاپ چىقىرىدۇ. قورۇغۇچى نەرسىلەر بىلەن ئىستېمال قىلىنسا ئىچ سۈرۈشنى توختىتىدۇ. خىلىتلارنىڭ ئۆتكۈرلۈكىدىن پەيدا بولغان ئۈچەي زەخمىسىنى ساقايتىدۇ. گۈل شەربىتى بىلەن ئىستېمال قىلىنسا مۇسھىل دورىلارنىڭ تەسىرىنى كېسىدۇ. تۇخۇ تۇخۇمىنىڭ ئىللىتىپ پىشۇرۇلغان سېرىقى بىلەن ئىستېمال قىلىنسا، خىلىتلارنىڭ غىدىقلىشىنى تۈگىتىدۇ. ئۇنىڭ 45 گىرامى 35 گىرام شېكەر بىلەن ئىستېمال قىلىنسا سۈيدۈكنى راۋانلاشتۇرىدۇ، سىناقتىن ئۆتكەن. بەدەنگە سۈركىسە بەدەننى خۇسۇسىيىتى بىلەن ئوزۇقلاندۇرىدۇ. ئىششىقلارنى، قۇلاق ئاستى بېزى ئىششىقى، يىرىڭ ئىششىقى، ئېغىز ياللۇغى، باللارنىڭ بەدىنى ۋە بېشىدىكى يارىلارغا پايدا قىلىدۇ. ئەفئا يىلىنى، بولۇپمۇ

مىگەئاياغ چىقىۋالغان زەھەرنى قايتۇرىدۇ. بولۇپمۇ ئۇنى ئىسسىتىپ سۈركىسە ئۇنۇمى تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ. بالىلارنىڭ چىش مىلىكىگە سۈركەپ بەرسە چىشنىڭ تېز چىقىشىغا ياردەم بېرىدۇ. بەدەنگە سۈركىسە كونا ـ يېڭى يەل تاشمىلىرىنى ساقايتىدۇ. توسالغۇ ئاچقۇچى دورىلار بىلەن سۈركىسە دىماقنىڭ توسالغۇلىرىنى ئاچىدۇ. پەيلەرنى يۇمشىتىدۇ. دوۋساق يارىسى، كالا تەمرەتكىسى، قۇرۇق تاز، قوتۇرغا پايدا قىلىدۇ. بولۇپمۇ ئاۋۋال بەدەننى سوغۇق سۇ بىلەن يۇيۇپ ئارقىدىن سۈركەپ، ئارقىدىن بەدەننى چىڭ يۆگەپ تەرلىتىلسە، ئۈنۈمى شۇ كۈنى كۆرۈلۈپ ئىللەت ساقىيىدۇ. سۆرۈنجان بىلەن يۇمشاق سوقۇپ زىمات قىلىسا بوۋاسىرنىڭ دانچىلىرىنى يىلتىزىدىن چۈشۈرىدۇ، سىناقتىن ئۆتكەن. بۇ ئىللەت ئۈچۈن قايماق قانچە كونا بولسا شۇنچە ياخشى پايدا قىلىدۇ، دەپ قارىلىدۇ.

ئۇنىڭ يۇز ھەسسە سۇ، ئاز بولغاندىمۇ قىرىق ھەسسە سۇ بىلەن يۇيۇلغىنىنىڭ مەزكۇر ئىللەتلەرگە بولغان ئۈنۈمى ياخشىراقتۇر. زەخىملەرنىڭ بۇزۇق ماددىلىرىنى تازىلاپ، يېڭى گۆش ئۈندۈرىدۇ. بوۋاسىرغا، كۆيۈككە پايدا قىلىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** ئاشقازان ئېغىزىنى ئاجىزلاشتۇرىدۇ ۋە بوشىتىدۇ. ئىشتىھانى تۇتىدۇ. كۆپ يېيىلسە ئىچىنى سۈرىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** قورۇغۇچى نەرسىلەر، تۇز، شېكەر، قارا شېكەر، ھەسەل.

**ئورۇنباسارى:** قاينىتىپ بەشتىن بىرى پارغا ئايلانغان يېڭى سېغىلغان كالا سۈتى.

## زەبەدۇل بەھر
### (كۆپىكدەريا)

ئۇ «زۇبۇدۇل بەھر»مۇ دېيىلىدۇ. پارسچە «كەفى دەريا» (دېڭىز كۆپۈكى)، ھىندىچە «سەمەندەر پىين» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇ قىزىل دېڭىزدىكى تۇپراقتا مەنسۇپ نازۇك تەركىبلەر بىلەن ھاۋاغا مەنسۇپ نازۇك تەركىبلەرگە دېڭىز سۈيى ئارىلىشىپ توپلىشىپ دولقۇننىڭ ھەرىكەتلەندۈرۈشى بىلەن دېڭىز ساھىلىغا چىقىپ، تاش ئۇستىلىرىگە يېپىشىپ قاتقان جىسىم ئىكەن. ئۇ بەش خىل بولىدۇ.

بىرىنچىسى، بۇلۇتتا ئوخشايدىغان بولۇپ، قېلىن، سېرىق، سېسىق بولىدۇ. ئىككىنچىسى، ئاقتا مايىل بولىدۇ. ناھايىتى بوش بولۇپ، ئىچىدە كۆپلىگەن كاۋاكلىرى بولىدۇ. سەل سېسىق پۇرايدىغان بولۇپ، دېڭىز لېشىنىڭ پۇرىقىغا ئوخشايدۇ. ئۈچىنچىسى، قۇرت شەكلىدە بولۇپ، يەڭگىل، بىنەپشە رەڭگە مايىل بولىدۇ. ئۇ «مىيسنۇن» ۋە «دۇدىي» (قۇرتسىمان) دەپ، شىرازدا «كەرەمى ئەييۇب» (ئەييۇب قۇرتى) دەپ ئاتىلىدۇ. تۆتىنچىسى، كاۋاكلىرى ناھايىتى كۆپ بولۇپ، كىرلاشقان يۇڭغا ئوخشايدۇ. سېرىقتا مايىل ئاق بولىدۇ.

«قەينۇن» دەپ ئاتىلىدۇ. بەشىنچىسى، ئاق، يەڭگىل، سىرتى سىلىق، ئىچى يىرىك، تەمى ئۆتكۈر، پۇراقسىز بولىدۇ. بۇ ھەممىسىدىن ياخشىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇنىڭ ياخشىسى قىزىلگۈل رەڭگىدە بولغىنى ئىكەن.

كۆپىكدەريانىڭ يەنە بىر تۈرى بايقالغان بولۇپ، ئاق، ناھايىتى قېلىن بولىدۇ. قېلىنلىقى بىر ئىلىك ئەتراپىدا ۋە ئۇنىڭدىن قېلىنراق كېلىدۇ. پۇراقسىز، سەل تۇزلۇق بولىدۇ. تۇزلۇقى قاتلىق بولۇپ، سەل قاتتىقتۇر. قاتلىرى ئارىسىدا ئۇپىغا ۋە كۇشتە قىلىنغان ماددىغا ئوخشايدىغان يۇمشاق نەرسە بار بولۇپ، ئۇيۇغان ھالەتتە بولىدۇ. ئۇستىدە تېرىگە ئوخشايدىغان قارا رەڭلىك قېپى بار بولۇپ، ئوتتۇرىسىدا خۇددى بەل ئومۇرتقىلىرىغا ئوخشايدىغان ئۇزۇنىسىغا كەتكەن بوغۇملار بار، بۇ بوغۇملار تېرە ئاستىغا جايلاشقاندۇر. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇنىڭ ئۇزۇنلۇقى بىر يېرىم غېرىچ ئەتراپىدا كېلىدىكەن. ئۇ ھىندىچە «كىستۇرى» دەپ ئاتىلىدۇ.

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، كۆپۈكى دەريانىڭ بۇ نامى ئوخشىتىش ۋە ئىستىئارە تەرىقىسىدە قويۇلغان بولۇپ، ئەمەلىيەتتە ئۇ دېڭىز كۆپۈكى ئەمەس ئىكەن. بەلكى پارس دېڭىزى، قىزىل دېڭىز ۋە ئۇنىڭ ئەتراپلىرىدا ياشايدىغان بىر خىل ھايۋاننىڭ دۈمبىسىنىڭ ئۇستىخانلىرى ئىكەن. بۇ ھايۋان بىر غېرىچ ئۇزۇنلۇقتا بولىدىكەن، قورسىقىنىڭ ئاستىدا تېرىسى بار بولۇپ، ئۇنىڭدا يۇمشاق گۆشى بولىدىكەن، ئۇنىڭ ئىچىدە ناھايىتى شىلىمشىق قارا رەڭلىك سۈيى بار بولۇپ، بەزى كىشىلەر ئۇنى چىقىرىپ سىياھ ئورنىدا ئىشلىتىدىكەن. بۇ ھايۋان دېڭىز ساھىلىغا چىقىپ ئۆلۈپ قالىدىكەن ۋە زامانلارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن گۆشلىرى ۋە تېرىلىرى چىرىپ تۆگەپ يوقىرىدا ئېيتىلغان ھالەتتە بولۇپ قالىدىكەن. كىشىلەر ئۇنى دېڭىز ساھىلىدىن يىغىۋېلىپ ئەتراپلارغا ئېلىپ بارىدىكەن ۋە كۆپىكدەريا دەپ ئاتايدىكەن. كۆپ ھاللاردا بېلىقچىلار ئۇنى تۇتۇپ گۆشلىرىنى ئۇنى ياخشى كۆرىدىغان بېلىقلارغا يەمچۈك قىلىش ئۈچۈن ئېلىۋالغاندىن كېيىن دۈمبىسىنىڭ ئۇستىخانلىرىنى دېڭىز بويلىرىغا تاشلىۋېتىدىكەن، زامانلارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن شۇنداق ھالەتتە بولىدىكەن. ئۇنىڭ غوللاچ ئۇزۇنلۇقىدا بەش ـ ئالتە دانە ئۈچىيى بولىدىكەن، قۇيرۇقى كىچىك بولۇپ، شىلىمشىق گۆشتىن تۈزۈلگەن ئىكەن. دۈمبىسى ئۇستىدە نېپىز تېرىسى بولىدىكەن.

**تەبىئىتى:** ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ئۇ ئۆلتۈرگۈچى دورىلاردىن بولۇپ، قۇسۇش ۋە كۆڭۈل ئېلىشىشنى باسىدۇ، تائامنى ھەزىم قىلىدۇ. ئاۋازغا، كانايغا زىيان قىلىدۇ، لوئابلار ۋە يېلىملار ئۇنىڭ زىيىنىنى تۈزىتىدۇ. يېرىم گىرام ئىستېمال قىلىنىدۇ، ئەمەن ئۇنىڭغا ئورۇنباسار بولىدۇ. ئۇ زىمات قىلىنسا داغ، قارا بەھەق، سەپكۈننى يوقىتىدۇ. موم ۋە قىزىلگۈل يېغى بىلەن زىمات قىلىنسا كالا تەمرەتكىسى، دانىخورەك، يارىلار، قوتۇر، چاشقان يارىسى، بەھەق، داغ ۋە باشقا تېرە كېسەللىكلىرىگە پايدا قىلىدۇ، تېرىدىكى ئىزلارنى

يوقىتىدۇ. تۇز ۋە شاراب بىلەن چىپىلسا چاچنى چۇشۇرىدۇ. چىشنى ئاقارتىدۇ. سىركە بىلەن مەلھەم قىلىپ بەدەنگە سۇركىسە بەدەننى ئورۇقلىتىدۇ، گۆشنى ئېرىتىدۇ، سىناقتىن ئۆتكەن ئىشلاردىن بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇنى بولۇپمۇ ئۇنىڭ ئاخىرقى تۇرنى ئازراق پىلپىل ۋە سۇ بىلەن سالايە قىلىپ سۇركىسە سوغۇقتىن ۋە يەلدىن بولغان يۇمشاق ئىششىقلارنى تارقىتىدۇ. ئىستىسقاغا بولۇپمۇ يەللىك ئىستىسقاغا ياخشى پايدا قىلىدۇ. ئۇنىڭ ئۇچىنچى خىلىدىن يېرىم گىرام مىقداردا ئېلىپ، باراۋەر مىقداردىكى كەتىرا بىلەن ئىستېمال قىلسا باش ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ. سۈيدۈكنى راۋانلاشتۇرىدۇ، بۆرەكتىكى قۇم ـ تاشنى پارچىلاپ چىقىرىدۇ. بەل ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ، ئىستىسقاغا ۋە تال ئىششىقىغا داۋا بولىدۇ. سۈيدۈك، ھەيز ھەيدەيدۇ. كۆيدۇرۇپ سىركە ۋە سۈيۈق قىزىل ھاراق بىلەن مەلھەم قىلىپ چاپسا، دائىرىلىك چاچ چۈشۈشكە داۋا بولىدۇ، داغ يوقىتىدۇ، سىناقتىن ئۆتكەندۇر. ئۇنىڭ كۆيدۇرۇپ يۇيۇلغىنىنىڭ ئۆتكۈرلۈكى كەمرەك، نازۇكراق، جۇلا بېرىشى ئاجىزراق بولۇپ، دائىرىلىك چاچ چۈشۈشكە ۋە داغقا ياخشىراق پايدا قىلىدۇ.

**ئورۇنباسارى:** بىرى يەنە بىرىگە ئورۇنباسار بولىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** يېرىم گىرامدىن بىر گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** باشقا زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** قاپاق يېغى.

**ئورۇنباسارى:** قەيسۇر تېشى.

ئۇنىڭ ئېقى ئۇچىنچى دەرىجىدە ئىسسىق، ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق بولۇپ، كۆزنى روشەنلەشتۈرىدۇ. مۇناسىپ دورىلار بىلەن ئىشلەتسە كۆزدىكى ئاقنى يوقىتىدۇ.

## زەبەدۇل بورۇق
(توغرىغۇ قايمىقى)

ئۇ «بورەئى زەبەدىي» (قايماقسىمان توغرىغۇ) ئەمەس. ئۇيۇمىغان ھالەتتە، ناھايىتى ئاق بولۇپ، ئۇنىغا ئوخشايدۇ. قايماقسىمان توغرىغۇ ئۇيۇغان بولۇپ، قىزىلغا مايىل بولىدۇ. ھەممە تەسىرى توغرىغۇغا ئوخشاش، ئۇنىڭدىن نازۇكراق، ئۆتكۈررەك بولىدۇ.

## زەبەرجەد
(زەبەرجەد تېشى)

**ماھىيىتى:** ئارىستوتېل زۇمرەت بىلەن زەبەرجەدنى بىر خىل مەدەن دەپ بىلىدۇ. ئۇ ئالتۇن كانىدا قۇياش تەڭلەشكەندە زۇھەل يۇلتۇزىنىڭ ئايغا ئۇدۇللىشىشىدىن پەيدا بولىدۇ. ھەر خىل رەڭلەردە بولىدۇ. يېشىل، سۇزۇك، رەڭگى سۇس بولغىنى «مىسرى» (مىسىردىن

چىقىدىغىنى) دەپ، يېشىلغا مايىل كۆكى «قۇبرۇسى» (قۇبرۇستىن چىقىدىغىنى) دەپ، قىزىلغا مايىل بولغىنى «هىندىي» (هىندىستاندىن چىقىدىغىنى) دەپ ئاتىلىدۇ، بۇ ھەممىنىڭ ناچىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئۇچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق. ئەنتاكىي تۆتىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق دېگەن.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ھەممە تەسىرلىرى زۇمرەتنىڭ تەسىرلىرىگە ئوخشايدۇ. جۇلا بەرگۈچى، خۇرسەن قىلغۇچى، قان توختاتقۇچى، سىيىش قىيىنلىشىشقا شىپا بولغۇچى، تاش پارچىلىغۇچىدۇر. ئۇ كۆرۈش قۇۋۋىتىنى ئاشۇرىدىغان ۋە جوزامنى داۋالايدىغان ئەڭ ياخشى دورا بولۇپ، كۇنىگە 1.5 گىرامدىن ئىستېمال قىلىنىدۇ. ئۇنى ئۆزىگە ئېسىۋالسا تۇتقاق كېسەلگە پايدا قىلىدۇ، تۇغۇتنى ئاسانلاشتۇرىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** باھنى كېسىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** ھەسەل.

**ئىستېمال مىقدارى:** 2.5 گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

**ئورۇنباسارى:** زۇمرەت.

ئاي ھۇت بۇرجىغا كەلگەندە ئۇنىڭ ئۈستىگە كېمىنىڭ سۈرىتىنى سىزىپ، ئۈزۈك ئورنىدا سول قولنىڭ چىمچىلاق بارمىقىغا سېلىنسا خۇرسەن قىلىدۇ، غەمنى يوقىتىدۇ، تۇغۇتنى ئاسانلاشتۇرىدۇ. ئاي سەرەتان بۇرجىغا كەلگەندە ئۇنىڭغا بېلىقنىڭ شەكلى سىزىپ، قوغۇننىڭ ئارىسىغا ئېلىپ بېلىق قارمىقىغا بېكىتىلسە، بېلىقلار سۇنىڭ تېگىدىن چىقىپ قارماققا چۈشىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، زەبەرجەدتىن تەييارلانغان پىيالىدە شاراب ئىچىلسە مەست قىلمايدىكەن.

## زەبزەب

(بورسۇق)

ئۇ تۈركچە «ئەبىر سۇرۇخ»، ئىسپاھانچە «خوكرە» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** كىچىك ئىت چوڭلۇقىدىكى بىر خىل ھايۋان بولۇپ، يۈزى ئاق ـ قارا سىزىقلىق ئالا بولىدۇ. بەزىسىنىڭ تېرىسىمۇ ئالا بولىدۇ. مەشھۇر قاراش بويىچە ئۇنى ئۇرغانسېرى سەمرىيدىكەن.

**تەبىئىتى:** ئۇچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇ تاپ يەيدىغان بولۇپ، ئۇنى يېمىگەنلا بولسا گۆشىنىڭ ئوزۇقلۇقى ياخشى بولىدىكەن. يەللەرنى تارقىتىدۇ، ئىچكى

ئەزالارنىڭ سوغۇقلۇقىنى ئالىدۇ، بەلغەم بوشىتىدۇ، ماددىلارنى تارقىتىدۇ. تېرىسىدىن كىيىم تىكىپ كىيسە، نۇقرەس، بوغۇملار ئاغرىقلىرى، رەئىشە، ئەزالارنىڭ سېزىملىنىشىغا پايدا قىلىدۇ. ئۇ تاپ يېگەن بولسا گۆشىدىن تاپنىڭ پۇرىقى كېلىدۇ.

## زەبىب
(قۇرۇق ئۈزۈم)

پارسچە «مەۋىز» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** ئۇ تال ئۈستىدە پىشىپ قۇرۇغان ئۈزۈمدىن ئىبارەت بولۇپ، ئۈزۈمنىڭ تۈرلىرىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا قاراپ ئۇنىڭ تۈرىمۇ ھەر خىل بولىدۇ. ئەڭ ياخشىسى گۆشلۈك، تاتلىق، ئۇرۇقى ئاز بولغانلىرىدۇر. ئەڭ ناچىرى قۇرۇق، گۆشسىز، ئۇرۇقى كۆپ بولغانلىرىدۇر.

**تەبىئىتى:** ئۈزۈمنىڭ تۈرىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا قاراپ ھەر خىل بولىدۇ. ئاق ئۈزۈمنىڭ قۇرۇقىنىڭ ئىسسىقلىقى قارىسىنىڭ قۇرۇقىنىڭ ئىسسىقلىقىدىن ئاجىزراق بولىدۇ. شۇنىڭدەك بەك شېرىن پىشقان ئۈزۈمنىڭ قۇرۇقىنىڭ ئىسسىقلىقى بوشراق پىشقان ۋە چۈچۈمەلگە مايىل ئۈزۈمنىڭ قۇرۇقىنىڭ ئىسسىقلىقىدىن ئاجىزراق بولىدۇ. ھەممىسىنىڭ مۆتىدىلى ئېقى، ئۇنىڭدىن قالسا قىزىلى، ئۇنىڭدىن قالسا قارىسىدۇر. گۆشى ئاز، ئۇرۇقى كۆپ بولغىنى قۇرۇققا مايىل، قورۇغۇچىدۇر. ئۇنىڭ ئۇرۇقى بىرىنچى دەرىجىدە سوغۇق، ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇقتۇر.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ھەدىستە «ئۈزۈم يەڭلار، ئۇ سەپرا ۋە بەلغەمنى پەسەيتىدۇ، پەيلەرنى چىڭىتىدۇ، غەزەپنى باسىدۇ، يۈرەكنى قۇۋۋەتلەيدۇ» دېيىلگەن. ئۇرۇقىدىن ئايرىلغىنى تۈپراققا مەنسۇپ تەركىبلىرى كۆپ بولغاچقا كۆپ ئوزۇقلاندۇرىدۇ. قويۇق خىلتنى پىشۇرىدۇ. تەرەتنى بوشىتىدۇ. ماددىلارنى نورمال تارقىتىدۇ. ئاشقازان، ئۈچەيلەرنى تازىلايدۇ. سۈرگۈچى دورىلارنىڭ تەسىرىگە ياردەم بېرىدۇ. كانايغا مۇۋاپىق كېلىدۇ. جىگەرنى قۇۋۋەتلەيدۇ. سوغۇق مىزاجلىقلارنىڭ باھ قۇۋۋىتىنى قوزغىتىدۇ. بەدەننى سەمرىتىدۇ. بەلغەمدىن بولغان يۆتەل، بۆرەك، دوۋساق كېسەللىكلىرى، ئۈچەي يارىلىرىغا شىپا بولىدۇ. گۈلى گاۋزىبان ۋە كۆك خورما بىلەن ئىستېمال قىلسا خەفەقانغا پايدا قىلىدىغان بولۇپ، سىناقتىن ئۆتكەن. ھەسى لۇبان بىلەن ئىستېمال قىلسا ئۇنتۇغاقلىقنى تۈگىتىدۇ. سىركە بىلەن ئىستېمال قىلىنسا يەرقانغا داۋا بولىدۇ، سىناقتىن ئۆتكەن. ئۇنىڭ ئۇرۇقىنىڭ ئورنىغا بىر دانە قارىمۇچ تىقىپ داۋاملىق ئىستېمال قىلىنسا بۆرەكنى قىزىتىدۇ، سۈيدۈك تامچىلاپ كېلىش، بۆرەك، دوۋساقتا تاش پەيدا بولۇشقا پايدا قىلىدۇ. رۇمبەدىيان بىلەن

بىرلىكتە يۇمشاق پىشۇرۇپ پىسەپلىرىنى سۈزۈۋېتىپ، سۈيىگە بادام يېغى قوشۇپ ئىچسە بەلغەمدىن بولغان يۆتەلنى پەسەيتىدۇ. ئۇنىڭ چىلانمىسى ياكى قايناتما سۈيى يالغۇز ياكى مۇناسىپ دورىلار بىلەن ئىچىلسە تەرەتنى بوشىتىدۇ. ئۇنى ئۇزۇم سىركىسىگە چىلاپ ناشتىدا ئىستېمال قىلسا تال ئىششىقنى تارقىتىدۇ، سىناقتىن ئۆتكەن بولۇپ، ھەر كۈنى بىر نەچچە دانە يەپ، ئۈستىدىن ئۆزى چىلىغان سىركىدىن مۇۋاپىق مىقداردا ئىچىلىدۇ. قۇرۇق ئۇزۇمنى قارىمۇچ، تېرىق ئۇنى بىلەن قورۇپ ھەسەل بىلەن ئىستېمال قىلسا بەلغەمنى چىقىرىدۇ. ئۇ مال يېغى بىلەن زىمات قىلىنسا ئىششىقلارنى تارقىتىدۇ. قاپلىق يارىلارنى ئېغىز ئالدۇرىدۇ. قوزغالغان تىرناقنى چىقىرىدۇ. شاراب بىلەن زىمات قىلسا سەۋدادىن بولغان يارىلار، يىرىڭلىق تاز، چېچەك، بوغۇملار چىرىش، تاشمىلار، راك كېسەللىكلىرىگە شىپا بولىدۇ. باقلىلە ئۇنى ۋە زىرە بىلەن زىمات قىلىنسا ئۇرۇقدان ئىششىقنى تارقىتىدۇ. جاۋشىر بىلەن زىمات قىلىنسا نۇقرەسكە داۋا بولىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** (1) ئىسسىق مىزاجلىقلارغا زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** سىركەنجىۋىل، چۈچۈمەل مېۋە سۆلىرىنى ئىچىش، خەشخاش.

(2) بۆرەككە زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** چىلان.

**ئىستېمال مىقدارى:** 90 گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

**ئورۇنباسارى:** كىشمىش ئۇزۇم.

ئۇنىڭ ئۇرۇقى بىرىنچى دەرىجىدە سوغۇق، ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق بولۇپ، قورۇغۇچى، ئىچ سۈرۈشنى توختاتقۇچى، ھۆل ئاشقازان ۋە ئۈچەيلەرنى قۇۋۋەتلىگۈچىدۇر.

گۆشى ئاز بولغان ئورۇق قۇرۇق ئۇزۇم ئىچ سۈرۈشنى توختىتىدۇ، ئۈچەيلەرنى قۇۋۋەتلەيدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** (1) قاننى كۆيدۈرىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** خىيارشەنبەر. ئېيتىشلارغا قارىغاندا سېمىز ئوت ئۇرۇقى ئىكەن.

(2) بۆرەككە زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** چىلان.

ئۇنىڭ كىشمىش دەپ ئاتالغان ئۇرۇقسىزىنىڭ قۇرۇقىنىڭ ياخشىسى تاتلىق ئۇزۇمدىن قۇرۇتۇلغان كۆكىدۇر. ھەممىدىن ناچىرى قارىسىدۇر. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ ئۇرۇقلۇقىدىن نازۇكراق، ئوزۇقلۇقى مولراقتۇر، باھنى قۇۋۋەتلەيدۇ. سۈرگۈچى قۇۋۋىتى بار. ئۇنىڭ چىلانمىسى ۋە قارا شېكەر بىلەن قىيام قىلىنغان قاينىتىلمىسى يۆتەل پەسەيتىدۇ، كۆكرەكنى تازىلايدۇ، ئاۋازنى ساپلاشتۇرىدۇ. ئۇ زەپەر، توخۇ تۇخۇمىنىڭ سېرىقى

ۋە زاراڭزا چىچىكى بىلەن زىمات قىلىنسا قاپلىق يارىنى ئېغىز ئالدۇرىدۇ، قاتتىق ئىششىقلارنى تارقىتىدۇ، تەسىرى ناھايىتى ياخشى. ئۇنى سەبرە بىلەن سوقۇپ تاقىر باشقا سۈركىسە چاچ ئۇندۇرىدىغان بولۇپ، سىناقتىن ئۆتكەن. ئۇنىڭ قالغان تەسىرلىرى ئۇرۇقىدىن ئايرىلغان قۇرۇق ئۈزۈمنىڭ تەسىرىگە ئوخشايدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** قاننى كۆيدۈرىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ئۇرۇقلۇق قۇرۇق ئۈزۈمنىڭ تۈزەتكۈچىسى بىلەن ئوخشاشتۇر.

ئۇنىڭ شارابى قارابادىندا بايان قىلىندى.

## زەبىيبۇل جەبەل
### (تاغ قۇرۇق ئۈزۈمى)

ئۇ «زەبىيب بەررىي» (ياۋا قۇرۇق ئۈزۈم) دەپمۇ ئاتىلىدۇ. يۇنانچە «قىيسمۇنە»، «ئەستافىيۇس ئەغرىيا»، پارسچە «مەۋىيزەك»، شىرازچىمۇ «مەۋىيزەك» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** بىر خىل ئۆسۈملۈك بولۇپ، تالغا ئوخشاش، ئۇنىڭدىن ئاجىزراق، شاخلىرى تۈز، گۈلى ئاققا مايىل، مېۋىسى نوقۇت غىلاپىغا ئوخشاش غىلاپ ئىچىدە بولىدۇ. مېۋىسىنىڭ ئىچىدىن ئىككى ـ ئۈچ دانە سەل ياپىلاق، يىرىك، بەزىسى ئاق، بەزىسى قىزىلغا مايىل قارا ئۇرۇق چىقىدۇ. ئۇرۇقىنىڭ مېغىزى ئاق بولۇپ، چاينالغاندا ئۆتكۈرلۈك مەلۇم بولىدۇ.

**تەبئىتى:** ئۈچىنچى دەرىجىنىڭ ئاخىرىدا قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ناھايىتى جۇلا بەرگۈچى، خۇرسەن قىلغۇچى، تۇسالغۇلارنى ئاچقۇچى، ھامىلە چۈشۈرگۈچىدۇر. چاينىسا، قاينىتىلمىسى بىلەن غار ـ غار قىلسا مېڭىدىكى ھۆللۈكلەرنى تارتىدۇ. مېڭىدىكى كۆپ بەلغەمنى تەنقىيە قىلىدۇ. مەستىكى ۋە كۇندۇر بىلەن ئىشلىتىلسە تىلنىڭ بەلغەمدىن بولغان كېكەچلىكىنى ئوڭشايدۇ. بەلغەمدىن بولغان چىش ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ. چىش مىلىكىنىڭ ھۆللۈكىنى سۈمۈرىدۇ. ھەسەل بىلەن ئىشلىتىلسە ئېغىز يارىسىغا پايدا قىلىدۇ. قەتران بىلەن ئىشلىتىلسە چىشنىڭ قۇرتىنى يوقىتىدۇ. ئۇنىڭ بىر دانە ئۇرۇقىنى پاكىز پاختىنىڭ ئارىسىغا ئېلىپ سوقۇپ، ئۇرۇق ئېزىلگەندە ئاغرىغان چىشقا قويسا ئاغرىقىنى دەرھال پەسەيتىدۇ. ئۇنىڭ ئۆزىدىن 15 گىرام ئېلىپ مائۇلھەسەل بىلەن ئىستېمال قىلسا قويۇق خىلىتلارنى كۆچلۈك سۈرىدۇ. ئەمما ئۇنى ئىستېمال قىلىپ بولغاندىن كېيىن مائۇلھەسەلدىن بىر قانچە قېتىم ئىچىۋېتىش ۋە ھەرىكەت قىلىش لازىم. چۈنكى ھەرىكەت قىلماي جىم ئولتۇرسا ياكى ئۇخلىسا بوغما

كېسەللىكىنىڭ پەيدا بولۇش خەۋپى بولىدۇ. مەستىكى ۋە كۇندۇر بىلەن ئىستېمال قىلسا ئاۋازنى سوزۇلدۇرىدۇ. مۇناسىپ دورىلار بىلەن ئىستېمال قىلسا تال ئىششىقىنى تارقىتىدۇ، ئاشقازان مەددە قۇرتىنى چۈشۈرىدۇ. ھەسەل، سىركە ياكى باشقا نەرسە بىلەن زىمات قىلسا دائىرىلىك چاچ چۈشۈش ۋە تېرە قاسراقلىنىشقا پايدا قىلىدۇ. زەيتۇن يېغى، قىزىل زەرنىخ، ئۈزۈنچاق زىراۋەندە بىلەن زىمات قىلسا قوتۇر، قىچىشقاققا پايدا قىلىدۇ. تېرىدىكى ئىزلارنى يوقىتىدۇ. مەيلى باشتا ياكى بەدەندە بولسۇن پىت پەيدا بولۇشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ ۋە ئۇنى يوقىتىدۇ. ئۇنى زەيتۇن يېغى بىلەن قاينىتىپ ئىشلەتسە قاپلىق يارىلارنى ئېغىز ئالدۇرىدۇ. ئۇنى سوزاپ بىلەن قاينىتىپ سۈيىنى تۆكسە بەل، پاقالچاق ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ. قاينىتىلمىسىغا سىركە ئارىلاشتۇرۇپ ئېغىز چايقالسا چىش ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ، ھۆللۈكنى قۇرۇتىدۇ. چىش مىلىكىنى چىڭىتىدۇ. ئۇنى قەتران بىلەن يۇمشاق سالايە قىلىپ قۇرت يېگەن چىشنىڭ تۆشۈكىگە سېلىپ قويسا قۇرتنى ئۆلتۈرىدۇ، ئاغرىقنى پەسەيتىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** تالغا زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** كەتىرا.

**ئىستېمال مىقدارى:** ئۈچ گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ. بەش گىرامدىن ئارتۇق ئىستېمال قىلىنسا، گالنى بوغۇش، دوۋساق ۋە ئۈچەيلەرنى يارىلاندۇرۇش بىلەن ھالاك قىلىدۇ.

ئۇنىڭ بىلەن زەھەرلەنگۈچىنى قۇتۇلدۇرۇش ئۇسۇلى ئالىكولۇك ۋە جەبلاھەڭدىن زەھەرلەنگۈچىنى قۇتۇلدۇرۇش ئۇسۇلى بىلەن ئوخشاشتۇر.

**ئورۇنباسارى:** ئىككى ھەسسە ئاقىرقەرھا.

## زىبىل
(تېزەك)

ئۇ پارسچە «سىرگىين» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** تونۇشلۇق بولۇپ، ھايۋانلارنىڭ تېزىكىنى كۆرسىتىدۇ.

**تەبىئىتى:** ھەر بىر ھايۋاننىڭ تېزىكىنىڭ تەبىئىتى بىر - بىرىگە ئوخشىمايدۇ. ئومۇمەن ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ تەبىئىتى ئىسسىقتۇر.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ھەر بىر ھايۋاننىڭ تېزىكىنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى ۋە تەسىرلىرى پەرقلىق بولۇپ، ھەرقايسىسى شۇ ھايۋانغا ئالاقىدار ماۋزۇدا بايان قىلىنىدى ۋە ئاللا خالىسا بايان قىلىنىدۇ. ئومۇمەن ھەممىسى ماددىلارنى تارقاتقۇچىدۇر.

# پەسل: «ز» (زائ) ۋە «ج» (جىيم) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى

## زۇجاج
(شىشە)

ئۇ پارسچە «ئابگىينە» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيتى:** ئۇ كاندىن چىقىدىغان ۋە سۈنئىي تەييارلىنىدىغاندىن ئىبارەت ئىككى خىل بولىدۇ. كاندىن چىقىدىغىنى سۈنئىيسىنىڭ ئەكسىچە ئاق، سۈزۈك، پارقىراق بولىدۇ. ئۇنىڭ كانى كۆپ جايلاردا باردۇر. شىرازغا قاراشلىق شەھەرلەردىن بولغان تەبرىز ۋە ئۇنىڭ باشقىلىرىدىكى كاندىن چىققان شىشە قارامتۇل تاش بولۇپ، ئۇششاقلىرىنى شاخار بىلەن يۇمشاق سالايە قىلىپ كوزىغا قاچىلاپ، كۈچلۈك ئوت بىلەن بىر قانچە كېچە ـ كۈندۈز قىزىتىپ ياخشى ئېرىتىپ، ئۇنىڭدىن كېيىن ئۈستىگە سالايە قىلىنغان مەغنىيسا تېشى بىلەن قۇم سېپىپ لېيىنى تېگىگە ئولتۇرغۇزۇپ، ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭدىن خالىغان نەرسىلەر ياسىلىدۇ، خالىغان رەڭلەدە بويۇلىدۇ. ئۇنىڭ ياخشىسى ئاق، سۈزۈك، ناھايىتى پارقىراق بولغىنىدۇر.

ئۇنىڭ سۈنئىيسى قۇم، شېغىل تاش ۋە شاخاردىن تەييارلىنىدۇ. فىرانسىيە خەلقى ئەينەكنى كۆپ ھاللاردا شۇ ئۇسۇل بىلەن ياسايدۇ. ئۇلارنىڭ شىشىلىرىنىڭ كۆپ قىسمى قۇم بىلەن قەلەينى ئېرىتىپ تەييارلىنىدۇ. بۇ ئاقراق، سۈزۈكرەك بولىدۇ. ئارىستوتېل كىرىستال تاشنى كاندىن چىقىدىغان شىشىنىڭ يىغىلىپ زىيادە پىشقان ۋە ياخشى رەڭلەنگەن تۈرىدىن دەپ بىلىدۇ.

**تەبىئىتى:** بىرىنچى دەرىجىدە ئىسسىق، ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق. سۈنئىيسى ئىسسىقراق.

**خۇسۇسىيتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ماددىلارنى پارچىلىغۇچى، تارقاتقۇچى، جۇلا بەرگۈچى، غىدىقلىغۇچى، كۆيدۈرۈلگىنى غىدىقلىماي قۇرۇتقۇچىدۇر. كۆلى نازۇكراق بولۇپ، ئۇنىڭدىن ئۈچ گىرام ئېلىپ سۈيۈق ئاق شاراب بىلەن ئىستېمال قىلسا، دوۋساقتىكى تاشنى كۈچلۈك پارچىلاش تەسىرى باردۇر. بۆرەك، دوۋساقنى قۇۋۋەتلەيدۇ. سۈيدۈك تامچىلاش ۋە تال كېسەللىكىگە داۋا بولىدۇ. كۆيدۈرۈلگەن كۆلىنى ئۆپىدەك يۇمشاق سالايە قىلىپ كۆزگە سۈركىسە ئاقنى يوقىتىدۇ، كۆز قوتۇرىغا پايدا قىلىدۇ، كۆزگە ئۆسكەن پەردىنى يوقىتىدۇ، كۆزنى روشەنلەشتۈرىدۇ. ئۇنى چىشقا سەپسە سارغايغان چىشلارنى ئاقارتىدۇ. مەلھەم قىلىپ

چاپسا تەمرەتكىگە پايدا قىلىدۇ. زەيتۇن يېغى بىلەن مەلھەم قىلىپ چاپسا چاچ ئۈندۈرىدۇ. خىنە بىلەن زىمات قىلسا چاشقان يارىسى ۋە ئۇنىڭ ئوخشاشلىرىغا ناھايىتى پايدا قىلىدۇ. ئۇنىڭ ئىبرىتمىسىنىڭ مەزكۇر تەسىرلىرى كۆچلۈكرەك بولىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** ھەزىم ئەزالىرىغا زىيان قىلىدۇ. ئۈچەيلەرنى زەخىملەيدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** كەتىرا.

**ئىستېمال مىقدارى:** ئۈچ گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

**ئورۇنباسارى:** زەبەرجەد.

ئۇنىڭ پىرئەۋن شىپىشىسى دەپ ئاتىلىدىغان بىر تۈرى باردۇر. ئۇ شۆكى، توخۇ تۇخۇمىنىڭ شاكىلىنى يېگى سۇتكە يەتتە كېچە ـ كۈندۈز چىلاپ قويۇلىدۇ، سۇتى ھەر بىر كېچە ـ كۈندۈزدە بىر قېتىم ئالماشتۇرۇلىدۇ. ئۇنى ئىبرىتىپ شىپشە تەييارلىماقچى بولغاندا ئۇنىڭ ھەر 500 گىرامىغا 120 مىللىتىر سۇت يېگۈزۈپ تەييارلىنىدۇ.

## پەسىل: «ز» (زائ) ۋە «ر» (رائ) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى

### زەراۋەند
(زىراۋەندە)

ئۇ پارسچە سۆزدۇر. ئەندەلۇسچە «مەسىمەقۇرە»دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇ ئۇلارنىڭ قارىشىچە، «مەسىمەقار» دېگەن سۆزنىڭ ئەرەبچىلەشتۇرۇلگىنىدۇر. ماراكەش خەلقى ئارىسىدا «شەجەرى رۇستەم» (رۇستەم دەرىخى) دېگەن نام بىلەن مەشھۇردۇر. يۇنانچە پەزىلەتلىك ئارىستوتېل دېگەن مەنىدە «ئەرستۇ لوخيا» دەپ ئاتىلىدۇ. «لوخيا» دېگەن سۆز يەنە تۇغۇتلۇق ئايال دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ، چۈنكى ئۇ تۇغۇتنى ئاسانلاشتۇرىدۇ. ئەركەك ۋە چىشىدىن ئىبارەت ئىككى خىل بولىدۇ. ئەركىكى ئۇزۇنى، چىشىسى يۇمىلىقى دەپ ئاتىلىدۇ. يالغۇز ئاتالسا ئۇزۇنى نەزەردە تۇتۇلىدۇ.

ماھىيىتى: بىر خىل يىلتىز بولۇپ، بارماق تومۇلۇقىدا، مەزمۇتراق، ئىنچىكىرەك، سىرتى قىزىلغا مايىل قارامتۇل، تەمى ئاچچىق، سەل بەتبۇي بولىدۇ. يوپۇرمىقى چوڭ يۈگىمەچئوت يوپۇرمىقىغا ئوخشاش، ئۇنىڭدىن ئۇزۇنراق، كەڭرەك بولىدۇ. شاخلىرى غېرىچ ئۇزۇنلۇقىدا، ئىنچىكە بولىدۇ. گۈلى بىنەپشە رەڭ بولۇپ، ئامۇت گۈلىگە ئوخشايدۇ. ئۇنىڭ يىلتىزىنىڭ توم، زەپەر رەڭ بولغان، كونىراپ قۇرت يېمىگەن ۋە بۇزۇلمىغانلىرى ياخشىلىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. قۇۋۋىتى ئىككى يىلغىچە ساقلىنىدۇ.

**تەبىئىتى:** بىرىنچى خىلى ئۈچىنچى دەرىجىدە ئىسسىق، ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇقتۇر.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ئۆسۈملۈك ۋە ھايۋانات مەنبەلىك زەھەرلەرنى قايتۇرىدۇ. جۇلا بەرگۈچى، ماددىلارنى تارتقۇچى، بەلغەم بوشاتقۇچى، توسالغۇلارنى ئاچقۇچى، تاش پارچىلىغۇچى، سۈيدۈك، ھەيز ماڭدۇرغۇچى، ئاشقازان مەددە قۇرتى ۋە قاپاق ئۇرۇقىسىمان مەددە ۋە پىت ئۆلتۈرگۈچىدۇر. پەيلەرنىڭ بوشىشى، ماددىلارنىڭ قېيىپ قېلىشىدىن بولغان تەشەننۇجقا پايدا قىلىدۇ. كۆكرەك، جىگەرنى تازىلايدۇ. رەڭگىرويىنى ياخشىلايدۇ. يەل تارقىتىدۇ. ئۇنىڭدىن ئالتە گىرام ئېلىپ شاراب بىلەن ئىستېمال قىلسا زەھەرلەرنى قايتۇرىدۇ. پىلپىل بىلەن ئىستېمال قىلسا ھەيز ھەيدەيدۇ. بالىياتقۇنى تازىلايدۇ، ھامىلە چۈشۈرىدۇ. سىركەنجۇبىل بىلەن ئىستېمال قىلسا تال كېسەللىكىگە پايدا قىلىدۇ. بەش گىرامى ھەسەل شارابى بىلەن ئىستېمال قىلىنسا تۇتقاق كېسەل، تەشەننۇج، ئۈچەيلەرنىڭ ئاجىزلىقىغا پايدا قىلىدۇ. بەلغەم ۋە قويۇق خىلىتلارنى كۈچلۈك سۈرىدۇ. ئىرىسا ۋە ھەسەل بىلەن ئىستېمال قىلىنسا چوڭقۇر يارىلارغا گۆش ئۈندۈرىدۇ، كۈچلۈك ئىسلاھ قىلىدۇ. ئۇ زىمات قىلىنسا چايان ۋە باشقا زىيانداش ھاشاراتنىڭ چېقىۋېلىشىغا شىپا بولىدۇ. بالىياتقۇ يارىسى ۋە باشقا يارىلارنى ساقايتىدۇ. ھەسەل بىلەن ئىستېمال قىلىنسا كونا ھۆل يارىلارنى ساقايتىدۇ. سىركە بىلەن ئىشلىتىلسە تالغا ناھايىتى پايدا قىلىدۇ. ياغ بىلەن مەلھەم قىلىپ بەدەنگە سۈركىسە پىت ئۆلتۈرىدۇ. تالقان قىلىپ چىشقا سەپسە چىش مىلىكىنىڭ بۇزۇق ھۆللۈكلىرىنى تازىلايدۇ. چىشنى ئاقارتىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن فەرزىجە قىلسا ھەيزنىڭ تۇتۇلۇشىغا داۋا بولىدۇ، سىناقتىن ئۆتكەن. ھامىلىنى چۈشۈرىدىغان بولۇپ، تەسىرى ناھايىتى كۈچلۈكتۇر.

**ئىستېمال مىقدارى:** 6～12 گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** ئېيتىشلارغا قارىغاندا، جىگەر ۋە تالغا زىيان قىلىدىكەن.

**تۈزەتكۈچىسى:** ھەسەل.

**ئورۇنباسارى:** تالنىڭ قاتتىق ئىششىقلىرىنى تارقىتىش جەھەتتە شەترەنجى، يەل تارقىتىشتا باراۋەر مىقداردا زورەمبات، يېرىم ھەسسە ئەنزىرۇت، قۇرۇتۇش جەھەتتە تال دەرىخىنىڭ يىپچىلىرىدۇر.

## زەراۋەندى مۇدەھرەج
(يۇمىلاق زىراۋەندە)

ئۇ پارسچە «زەراۋەندى گۇرد» (يۇمىلاق زىراۋەندە) دەپ، ئىسپاھانچە «نۇخۇدى ئەلۋەندى» (ئەلۋەندى نۇقۇتى) دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** بىر خىل يىلتىز بولۇپ، پىندۇق چوڭلۇقىدا يۇمىلاق، ئۇنىڭدىن سەل كىچىك

ياكى چوڭ، سەل ياپىلاق، سىرتى سېرىق، ئىچى قىزىلغا مايىل بولىدۇ. يېڭى، قۇرت يېمىگەنلىرى ياخشىلىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. قۇۋۋىتى ئىككى يىلغىچە تۇرىدۇ. ئۆسۈملۈكىنىڭ شاخلىرى غولاچ ئېگىزلىكىدە، ئۇنىڭدىن ئېگىزرەك ئۆسىدۇ. يوپۇرمىقى ئۇزۇنچاق زىراۋەندىنىڭ يوپۇرمىقىغا ئوخشاش، ئۇنىڭدىن كىچىكرەك، خۇش پۇراق، سەل ئۆتكۈر پۇرايدۇ، يۇمشاق بولىدۇ، گۈلى ئاق، ئىچى قىزىل، پۇرىقى بەتبۇي بولىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ئۇنىڭ ماددىلارنى تارقىتىش ۋە ئۇچۇچانلاشتۇرۇش تەسىرى ئۇنىڭ ئۇزۇنىنىڭ شۇ خىل تەسىرىدىن كۈچلۈكرەكتۇر. ئۇ ئىلمان ياكى سوغۇق سۇ بىلەن ئىستېمال قىلىنسا خىلىتلارنى ئۇچۇچانلاشتۇرىدۇ، كۆكرەك، كانايىنى تازىلايدۇ، ھايۋانات ۋە ئۆسۈملۈك مەنبەلىك زەھەرلەرنى قايتۇرىدۇ. ئاشقازان، مېڭىنى تازىلايدۇ. باش ئاغرىقى، سوغۇقتىن بولغان باشنىڭ يېرىمى ئاغرىش، ساراڭلىق، ئۆزىگە سۆزلەش، كاناي ئىششىقى، زىققە نەپەس، كونا يۆتەل، ھېق تۇتۇش، سەپرا ۋە بەلغەمدىن بولغان يەرقانغا داۋا بولىدۇ. بۇزۇق زەخىملەرنىڭ كىرلىرىنى تازىلايدۇ. چىشنى ئاقارتىدۇ. مۇسكۇللارنىڭ كۈچسىزلىنىشى، تال ئىششىقى، بىقىن ئاغرىقى، سوغۇقتىن بولغان بەزگەككە پايدا قىلىدۇ. ھەسەل بىلەن ئىستېمال قىلىنسا پالەچ، كونا ئاغرىقلار، يانپاش ئاغرىقى، ئولتۇرغۇچ نېرۋا ئاغرىقى ۋە نۇقرەس ئاغرىقلىرىنى پەسەيتىدۇ. زەھەرلەرنى قايتۇرىدۇ. باشقا تەسىرلىرى ئۇنىڭ ئۇزۇنىدىن كۈچلۈكرەكتۇر. ئۇ زىمات قىلىنسا ئەزالاردا تۇرۇپ قالغان تىكەن، ئوق ۋە ئۇستىخان پارچىلىرىنى تارتىپ چىقىرىدۇ. بەھەق ۋە يامان يارىلارغا داۋا بولىدۇ. ھەسەل بىلەن زىمات قىلىنسا چوڭقۇر يارىلارغا ئەت ئۇندۇرىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** ئالتە گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** تالغا زىيان قىلىدۇ. ئەزالارنى قۇرۇتىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** ھەسەل، قاپاق يېغى، بىنەپشە يېغى.

**ئورۇنباسارى:** يېرىم ھەسسە ئۇزۇنچاق زىراۋەندە، يېرىم ھەسسە رەۋەنچىنى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، باراۋەر مىقداردا زورەمبات، يېرىم ھەسسە قۇستە، يېرىم ھەسسە بەسباسە ئىكەن.

ئەبۇ رەيھانىنىڭ «سەيدەنە» ناملىق كىتابىنىڭ تەرجىمانىنىڭ ئۆزىنىڭ «سەيدەنە» سىدە ئېيتىشىچە، زىراۋەندە ئۈچ خىل بولىدىكەن، ئىككىسى يوقىرىدا ئېيتىلغىنى ئىكەن، ئۈچىنچى خىلى «زىراۋەندە خوش» دەپ ئاتىلىدىغان بولۇپ، ئۆسۈملۈكىنىڭ شاخلىرى ئىنچىكە، ئۇزۇن، يوپۇرمىقى قېلىن، يۇمىلاق بولىدىكەن. چېچىكى سۇزاپ چېچىكىگە ئوخشايدىكەن. «ئىختىياراتى بەدىئىي» ناملىق كىتابىنىڭ ئاپتورىنىڭ يېزىشىچە، بۇمۇ تاتلىق ۋە ئاچچىقتىن ئىبارەت ئىككى خىل بولىدىكەن. تېۋىپلار ئۇنى ئىشلەتمەيدىكەن، پەقەت خۇش پۇراق ماتېرىياللارغا قوشۇلىدىكەن.

## زەرەنەب
(زەرنەپ)

ئۇ چېكەتكىنىڭ پۇتىغا ئوخشايدىغان بولغاچقا «رىجلۇل جەراد» (چېكەتكە پۇتى) دەپ ئاتىلىدۇ. ھىندىچە «بەرھەمى»، «بەربەنھى»، «سەپنى» دەپ، ئۇنىڭ يەنە بىر تۈرى «مەندۇرپەرنى»، «بەراھمى» دەپ، ئۆسۈملۈكى «تالىيس» دەپ ئاتىلىدۇ. زەرنەپتىن ئىبارەت بولغان يوپۇرمىقى «تالىسپەر» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** ئۇ بىر خىل ئۆسۈملۈك بولۇپ، يوپۇرمىقى ياۋا يالپۇز يوپۇرمىقىدىن كەڭرەك، سېرىققا مايىل بولىدۇ. خۇش پۇراق بولۇپ، تۇرۇنجىنىڭ پۇرىقىغا ئوخشايدۇ. گۈلى سېرىق بولىدۇ. ئۆسۈملۈكى غۇلاچتىن پاكارراق ئۆسىدۇ. غولى تۆت قىرلىق، ئىچى كاۋاك، تەمى ئۆتكۈر بولىدۇ. قۇۋۋىتى تۆت يىلغىچە تۇرىدۇ. ئۇ پارس تاغلىرىدا ئۆسىدىغان بولۇپ، «سەرۋى تۇركىستانى» (تۇركىستان قارىغىيى) دەپ ئاتىلىدۇ. ھىندىستان ۋە بېنگالدىمۇ يېتىشىدۇ. ئىنچىكە، ئۆتكۈر پۇراقلىق، يېڭى بولغانلىرى ياخشىلىرىدۇر.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىنىڭ ئاخىرىدا قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ماددىلارنى ئۇچۇچانلاشتۇرغۇچى، ناھايىتى خۇرسەن قىلغۇچى، قۇرۇغۇچى، ئاشقازان ۋە جىگەرنى قۇۋۋەتلىگۈچى، ئۇلارنى قىزىتقۇچىدۇر. دارچىنىنىڭ ئورۇنباسارى بولىدۇ. رەئىس ئەزالارنى قۇۋۋەتلەيدۇ. پەي - نېرۋا كېسەللىكلىرىگە پايدا قىلىدۇ. ئاۋازنى ياخشىلايدۇ. يۆتەل پەسەيتىدۇ. زىققە نەپەس، ھېقنى پەسەيتىدۇ. ھەزىمنى كۈچەيتىپ ئىشتىھانى ئاچىدۇ. يەللەرنى تارقىتىدۇ. ئىچ سۈرۈشنى توختىتىدۇ، سۈيدۈكنى راۋانلاشتۇرىدۇ، دوۋساقنىڭ سوغۇقلۇقىنى ئالىدۇ. زەھەرلەرنى قايتۇرىدۇ. يېڭى ئۇسارىسى خۇرسەن قىلىشتا شارابقا ئوخشاش تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئۇسارىسى گۈل يېغى، سۇ ياكى بىنەپشە يېغى بىلەن بىرلىكتە بۇرۇنغا تېمىتىلسا سوغۇقتىن بولغان باش ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** ئىسسىق مىزاجلىقلار ۋە بەدىنى ئاجىزلارغا زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** يۇمغاقسۈت، ئىلمان گۈلاب.

**ئىستېمال مىقدارى:** ئالتە گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

**ئورۇنباسارى:** ئىككى ھەسسە دارچىن ئېيتىشلارغا قارىغاندا، كاۋۇچىن، قېلىن دارچىن، لاچىندانە ئىكەن.

## زۇرۇنباد
(زورەمبات)

ئۇ مەككە مۇكەررەمەدە «ئىرقۇل كافۇر» (كافۇر يىلتىزى) دېگەن نام بىلەن مەشھۇردۇر.

ھىندىچە «كەچۇر» (خورما) دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** ئۇ بىر خىل يىلتىز بولۇپ، پوستى ئۆتكۈر، خۇش پۇراق، ئاچچىقتا مايىل بولىدۇ. تاتلىق، پوستى ئاجىزلىرى قۇۋۋەتسىزلىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئىككى خىل بولىدۇ. بىرى كىچىكى بولۇپ، زەنجىۋىلدىن چوڭراق بولىدۇ، پوستى ئۆتكۈررەك بولۇپ، كافۇرنىڭ پوستى كېلىدۇ. ئۇ پۈتۈن ھالەتتە قايىنىتىلىپ قۇرۇتۇلىدۇ، ھىندىچە «كەچۇر» (خورما) دەپ ئاتىلىدۇ. يەنە بىرى توم، سەل ئۇزۇنچاق يىلتىز بولۇپ، يەردىن كولاپ چىقىرىلغاندىن كېيىن قايىنىتىپ، ئاسان قۇرۇشى ۋە قۇرت يەپ بۇزۇلۇپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن نېپىز توغراپ قۇرۇتۇلىدۇ. ئۇ ھىندىچە «نەر كەچۇر» (ئەركەك خورما) دەپ ئاتىلىدۇ.

ئۇنىڭ يوپۇرمىقى غۇلاچ ئۇزۇنلۇقىدا، تۆت بارماق كەڭلىكىدە بىر ـ بىرىگە چاپلىشىپ ئۆسىدۇ. زەرچىۋەنىڭ يوپۇرمىقىغا ئوخشايدۇ. زەنجىۋىلنىڭ يوپۇرمىقىدىن ئۇزۇنراق ۋە كەڭرەك بولىدۇ. گۈلى سېرىق بولۇپ، بىر دەستە گۈلگە ئوخشايدۇ. دەرىخىنىڭ ئوتتۇرىدىن بىر دانە غول ئۆسۈپ چىققان بولۇپ، ئۇچىدىن ئۇزۇنچاق سېرىق گۈللىرى ئېچىلىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇنىڭ گۈلى ئاق، قىزىلمۇ بولىدىكەن. ئۇنىڭ يىلتىزى يېتىشكەندە يوپۇرمىقى چىقىدۇ، يوپۇرمىقى قۇرۇغاندىن كېيىنلا مېۋىسى پەيدا بولىدۇ. ئۇ كۆپ ھاللاردا ھىندىستان، بېنگال، دۆكەن، زىربادات، چىن شەھەرلىرىدە ئۆسىدۇ. قۇۋۋىتى ئۈچ يىلغىچە تۇرىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىنىڭ ئاخىرىدا قۇرۇق ئىسسىق، ئارتۇق ھۆللۈكى بار.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** توسالغۇلارنى ئاچقۇچى، خۇرسەن قىلغۇچى، يۈرەك، مېڭىنى قۇۋۋەتلىگۈچى، روھىي ھايۋانىي بىلەن روھىي تەبىئىيگە مۇۋاپىق كەلگۈچى، باھنى قۇۋۋەتلىگۈچى، بەدەننى سەمرىتكۈچى، زەھەرلىك ھايۋانلارنىڭ زەھەرلىرىنى قايتۇرغۇچى، قۇسۇشنى توختاتقۇچى، سۈيدۈك، ھەيز ھەيدىگۈچى، سەۋدانى سۈرگۈچىدۇر. ئۇ بەلغەمدىن بولغان يۆتەلنى پەسەيتىدۇ، ياتسىراش ۋە سەۋدا خاراكتېرلىك ماددىلارنى يوقىتىدۇ، خەفەقانغا داۋا بولىدۇ. بالىياتقۇنىڭ يەللىرىنى تارقىتىدۇ. بالىلاردىكى قانلىق ئىچ سۈرۈشنى توختىتىدۇ. باھنى قوزغايدۇ. سۇمۇرۇلسە چىش ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ، چىشنى ساغلاملاشتۇرىدۇ، چاينىسا ھۆل سوغۇقتىن بولغان كونا يۆتەلنى پەسەيتىدۇ. ئېغىزدىكى سامساق، پىياز، شارابنىڭ پۇرىقىنى يوقىتىدۇ. ھۆلى ئىششىق ۋە سوغۇقتىن بولغان ئاغرىقلارغا زىمات قىلسا تارقىتىدۇ ۋە پەسەيتىدۇ. پۇتقا زىمات قىلسا باش كېسەللىكلىرىنى خاسىيىتى بىلەن ساقايتىدۇ. يانپاشقا زىمات قىلسا پىل پۇت كېسەللىكىگە داۋا بولىدۇ. قۇرۇق تالقىنىنى ئىششىقلارغا سۈركىسە تارقىتىدۇ، سوغۇق ئاغرىقلارغا سۈركىسە پەسەيتىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن ئىسرىق سېلىنسا زىيانداش ھاشارات ۋە چۈمۈلىنى قاچۇرىدۇ، قايتا

پەيدا بولمايدۇ، سىناقتىن ئۆتكەن. ئۇنىڭ چوڭ بىر پارچىسى بەلگە تېگىلسا باھ قۇۋۋىتىنىڭ ئەسلىگە كېلىشىدىن ئۇمىدى ئۈزۈلگەن كىشىلەرنىڭمۇ باھ قۇۋۋىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرىدۇ.

**زىيانلىق تەسرى:** باشنى ئاغرىتىدۇ، كۆپ ئىستېمال قىلىنسا يۈرەككە زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** بىنەپشە.

**ئورۇنباسارى:** خۇرسەن قىلىش ئۈچۈن بوزىدان، دۇرنەج ئەقرەبى، زەھەرلەرنى قايتۇرۇش ئۈچۈن باراۋەر مىقداردا دۇرنەج ئەقرەبى، يېرىم ھەسسە تۇرۇنجى ئۇرۇقى، ئىككى گىرام مىقداردا ياۋا كاسىنە.

ئۇنىڭ ھۆل يوپۇرمىقى زىمات قىلىنسا داغ يوقىتىدۇ.

## زۇررافە
(زىراپە)

ئۇ پارسچە «ئۇشتۇر گاۋ» (كالا تۆگە)، «پەلەڭ» (قاپلان) دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇنىڭ بوينى ۋە بېشى تۆگىنىڭ بېشىغا ئوخشاش بولىدىكەن. بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇنىڭ بېشى ياۋا كالىنىڭ بېشىغا ئوخشايدىكەن. رەڭگى كېيىكنىڭ رەڭگىگە ئوخشاش ئاق چېكىتلىك بولۇپ، قاپلاننىڭ رەڭگىگە ئوخشايدۇ. پۇتلىرى ۋە مۈڭگۈزلىرى كالىنىڭكىگە ئوخشايدۇ. ئالدى پۇتى كەينى پۇتىدىن ئۇزۇنراق بولىدۇ، تېزى بولمايدۇ. چىشلىرى كىچىك بولىدۇ. قۇيرۇقى كېيىكنىڭ قۇيرۇقىغا ئوخشايدۇ. ئۇ چىشى تۆگىنىڭ ياۋا كالىنىڭ بۇقىسى بىلەن جۈپلىشىشىدىن تۆرۈلىدۇ. ئومۇمەن ئۇنىڭ قىياپىتى ئاجايىب ۋە يات بولىدۇ.

**تەبىئىتى:** بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇق، كۆپ ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** سەۋدالىق قويۇق خىلىت پەيدا قىلىدۇ، ئىسسىق مىزاجلىقلارغا زىيان قىلىدۇ، تۈزىتىش ئۈچۈن قوغۇن شاپىقى بىلەن يۇمشاق پىشۇرۇپ ياغ، ھەزىمنى ۋە ئاشقازاننى قۇۋۋەتلىگۈچى دورىلار بىلەن ئىستېمال قىلىنىدۇ. ئەمما ئۇنى ئىستېمال قىلغۇچى ئايارەجلەرنى ئىستېمال قىلىش، مۇنچىغا چۈشۈپ كۆپ تەرلىنىش ئارقىلىق بەدىنىنى تەنقىيە قىلىپ تۇرۇشقا ئادەتلىنىشى لازىم. ئۇنىڭ ئۆتىنىڭ كۆزگە چۈشكەن سۇنى يوقىتىشتىن باشقا خۇسۇسىيىتى يوقتۇر.

## زۇرزۇر
(قارىغۇجا)

ئۇ سۆزنىڭ كۆپلۈكى «زەرازىير» دۇر. قۇشلاردىن بولۇپ، پارسچە «سار»، تۈركچە

«سەقۇچىن» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيتى:** تېز ئۇچىدىغان قۇشقاچتىن بولۇپ، ئۇچقان ۋاقتىدا ئاۋاز چىقىرىدۇ. پۇتلىرى قىسقا بولىدۇ. پۇتلىرى كېسىۋېتىلسە ئۇچالمايدۇ، بۇ، ئادەمنىڭ قولى كېسىۋېتىلسە ياكى باغلاپ قويۇلسا يۇگۇرەلمىگىنىگە ئوخشايدۇ. رەڭگى ئاق چېكىتلىك قارا بولىدۇ. ئۆيلەردە بېقىلىدۇ. قېرىغانسېرى ئاق چېكىتلىرى ئازلاپ قالىدۇ.

**تەبىئىتى:** قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** باھنى قۇۋۋەتلەيدۇ، ئىشتىھانى ئاچىدۇ، كۆزنى قۇۋۋەتلەيدۇ. مېڭىگە ۋە قۇرۇق ئىسسىق مىزاجلىقلارغا زىيان قىلىدۇ. تۇزىتىش ئۇچۇن ياغ ۋە قىزىلچا سۇيى بىلەن پىشۇرۇپ ئىستېمال قىلىنىدۇ. ئىسسىق مىزاجلىقلار سىركە بىلەن ئىستېمال قىلىپ، ئارقىدىن مەيخۇش ئانار سۇيى ئىچسە بولىدۇ. ئۇنىڭ ياۋىسىنىڭ يېڭى ئۇۋلانغىنىنى ئىستېمال قىلماسلىق، بەلكى ئۆيدە بېقىلغىنىنى ئىستېمال قىلىش ياخشىدۇر. چۈنكى ياۋىسى ئۆتكۈردۇر. ياۋىسىنى ئىستېمال قىلىشقا توغرا كەلسە، ئاز دېگەندە بىر كېچە تۇرغۇزۇپ ئەتىگەندە پىشۇرۇپ ئىستېمال قىلىش لازىم.

## زرنيخ
(زەرنىخ)

ئۇ بىر خىل جىسىم بولۇپ، ئۆز كانىدا خۇددى گۈڭگۈرتنىڭ ھاسىل بولغىنىغا ئوخشاش تۇتۇنسىمان بۇسنىڭ مەدەننىڭ چوڭقۇر قىسمىدىكى ھۆللۈك بىلەن ئۇچرىشىشىدىن پەيدا بولىدۇ. ئەمما زەرنىخنىڭ تۇپراققا مەنسۇپ ماددىسى ۋە ھۆللۈكى ئارتۇقراق، گۈڭگۈرتنىڭ ئوتقا مەنسۇپ ۋە گۈڭگۈرتقا مەنسۇپ تەركىبى ئارتۇقراق بولىدۇ. شۇنىڭ ئۇچۇن زەرنىخقا گۈڭگۈرتنىڭ ئەكسىچە ئوت تۇتاشمايدۇ.

ئۇ سېرىق، قىزىل، يېشىل، قارا ۋە ئاقتىن ئىبارەت بەش خىل بولىدۇ. ھەممىسىدىن ياخشىسى سېرىق، تەلقكە ئوخشاش قاتلىق، پارقىراق، ئالتۇن رەڭ بولغانلىرى بولۇپ، «زەرنىخ ۋەرەقىي» (قەغەز زەرنىخ) ۋە «زەرنىخ بەدەخشانى» (بەدەخشان زەرنىخى) دەپ ئاتىلىدۇ. ھىندىچە «ھەرتال ۋەرەقىي» (قەغەز زەرنىخ) دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇ قىزىل، سۇزۇك بولۇپ، ئۇسرەج (بىر خىل سۇنئى ياسالما)گە ئوخشايدىغان، تېز ئۇۋۇلىدىغان، گۈڭگۈرتنىڭ پۇرىقى كېلىدىغانلىرى ياخشىلىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بەزىدە زەرنىخنى كۆيدۈرۈپ چەككىلەپ تەييارلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن ئۇچقان توزانلىرى پارقىراقلىق جەھەتتە ئوتنىڭ ئۇچقۇنىغا ئوخشىغانلىقى ئۇچۇن «شەرار» (ئۇچقۇن) دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇ ئۆلتۈرگۈچى، ناھايىتى ئۆتكۈر ۋە كۆيدۈرگۈچى بولۇپ، تارقاتقۇچى ۋە جۇلا بەرگۈچى مەلھەملەرگە قوشۇلىدۇ. ئۇنىڭ يېشىلى

ۋە قارىسى ئۇنىڭ ھەممە تۇرىدىن ناچارراق بولۇپ، كۆيدۈرىدىغانلىقى ئۇچۇن ئىشلىتىلمەيدۇ. ئۇنىڭ ئىبقى «زەرنىخۇن نەۋرە» (ھاك زەرنىخى) دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇ يوقىرىدىكى ئىككى تۇرىدىن قالسا ئەڭ ناچىرى بولۇپ، ئۆلتۈرگۈچى زەھەردۇر. بەزىلەر ئۇنىڭ ئىبقىنى يۇقىرىدىكى ئىككى خىل تۇرىدىن كۈچلۈكرەك ۋە ئۆتكۈررەك دەپ بىلىدۇ. ئۇنىڭ زەھىرى داۋالاش قوبۇل قىلمايدۇ.

كۆيدۈرۈلگەن زەرنىخ ئۇچۇچانراق ۋە زەھىرى كۆپرەك بولۇپ، ھالاك قىلغۇچىدۇر. ئەمما ياخشى كۈشتە قىلىپ زەھەرسىزلەندۈرۈپ كېسەللىكلەردە بەلگىلەنگەن شەرتلىرىگە رىئايە قىلغان ئاساستا ئاز مىقداردا ئىستېمال قىلىنىدۇ. خۇددى سۇرمە ماۋزۇسىدا بايان قىلىنغىنىدەك، ئاق سۇرمە ئاق زەرنىخ بولۇشى مۇمكىن.

**تەبئىتى:** ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق. قىزىلى تۆتىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق. قالغان ئۈچ تۇرى ھەممىدىن كۈچلۈكرەك بولۇپ، زەھەرلەردىندۇر. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇنىڭ قارىسى تۆتىنچى دەرىجىدە، سېرىقى تۆتىنچى دەرىجىنىڭ ئاۋۋىلىدا، كىچىكى ئۈچىنچى دەرىجىنىڭ ئوتتۇرىسىدا، قىزىلى بىلەن ئىبقى ئۈچىنچى دەرىجىنىڭ ئاۋۋىلىدا قۇرۇق ئىسسىقتۇر. ئۇنىڭ قۇۋۋىتى يەتتە يىلغىچە ساقلىنىدۇ.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ئۇنىڭ ھەممە تۇرى غىدىقلىغۇچى، چىرىتكۈچى، كۆيدۈرگۈچى، قورۇغۇچى، زەخمىلەرنىڭ ئارتۇق گۆشلىرىنى يېگۈچى، ئۆلۈك قاننى تارقاتقۇچى، تاز، قوتۇر، يەل يارىسىنى ساقايتقۇچى، ئاشقازاننىڭ تۇرلۇك مەددە قۇرتلىرىنى ئۆلتۈرگۈچى، چاچنى چۈشۈرگۈچىدۇر. راتىيانەج بىلەن مەلھەم قىلىنسا دائىرىلىك چاچ چۈشۈشكە پايدا قىلىدۇ. ھاك، كۈل ۋە ئۇنىڭ ئوخشاشلىرى بىلەن مەلھەم قىلىنسا موي چۈشۈرىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇنىڭ كۆيدۈرۈلگىنىنىڭ مەزكۇر تەسىرى كۈچلۈكرەك ئىكەن. زۇپتى بىلەن زىمات قىلىنسا تىرناق ئاقىرىشقا شىپا بولىدۇ، زەيتۇن يېغى ۋە ئۇنىڭ ئوخشاشلىرى بىلەن مەلھەم قىلىنسا بەدەندىكى پىتنى ئۆلتۈرىدۇ. ھايۋانات يېغى بىلەن مەلھەم قىلىنسا تېرىدىكى تۇرلۇك مۇدۇرلارنى يوقىتىدۇ. قىزىلگۈل يېغى بىلەن مەلھەم قىلىنسا مەقئەت مۇدۇرلىرى، بوۋاسىر ۋە بۇرۇن يارىسىغا پايدا قىلىدۇ، بولۇپمۇ قىزىلىنىڭ بۇ خىل تەسىرى كۈچلۈكرەكتۇر. مۇناسىۋەتلىك دورىلار بىلەن زىمات قىلىنسا ئارتۇق گۆشلەرنى يوقىتىدۇ. چىش مىلىكىگە سۈركىسە گۆش ئۈندۈرىدۇ. ئۇنىڭ سېرىقىنىڭ خېمىدىن ئاز مىقداردا ئىستېمال قىلىنسا ھۆللۈكتىن بولغان يۆتەل، بەلغەمدىن بولغان زىققە نەپەسكە پايدا قىلىدۇ. ئۇنى راتىيانەج بىلەن كۆيدۈرۈپ تۈتۈنىنى نەيچە ئارقىلىق گالغا يەتكۈزسە ھۆللۈكتىن بولغان كونا يۆتەلنى پەسەيتىدۇ. شۇنداقلا ئۇ مىئەسائىلە، چىلغوزا مېغىزى، بادام مېغىزى قاتارلىقلاردىن باراۋەر مىقداردا، يەنى بىر يېرىم گىرامدىن ئېلىپ سۇ بىلەن قايىنىتىپ، بۇسىنى نەيچە ئارقىلىق گالغا تەكرار يەتكۈزسە زىققە نەپەس، كونا

يۆتەلگە ئاجايىپ پايدا قىلىدۇ. ئەمما ئۇنىڭ زەرەرىنى يوقىتىش ئۈچۈن ئارقىدىن بوغداي ئۇنى، بادام مېغىزى، يېڭى سېرىق ماي بىلەن قىلىنغان ئاتالا ئىچىش شەرت قىلىنىدۇ. ئۇنىڭ قىزىلىنىڭ ئىككى مىللىگىرامى ھەسەل بىلەن ئىشلىتىلسە ئاۋازنى ساپلاشتۇرىدۇ، كۆكرەكنىڭ ماددىلىرىنى تازىلايدۇ. ئەمما كۈچلۈك بولغاچقا ئۇنىڭدىن ھەزەر قىلىش ياخشىراق. ئۇ ھايۋانات يېغى بىلەن ئىستېمال قىلىنىپ قەي قىلسا تۆت كۈندە بىر تۇتىدىغان تەپنى پەسەيتىدۇ. ئەمما ئۇنى ئىمكانقەدەر ئىچىدىن ئىستېمال قىلمىغان ياخشىراقتۇر. قىزىل زەرنىخ ئېشەك سۈيدۈكى بىلەن مەلھەم قىلىپ قولتۇقتا ئوخشاش ئورۇنلارنىڭ مويلىرىنى يۇلۇۋېتىپ ئورنىغا سۈركىسە قايتا موي ئۈنمەيدۇ، شۇنداقلا ئۇنى ھۆل بەنجى ئۆسۈملۈكنىڭ سۈيى بىلەن مەلھەم قىلىپ سۈركىسىمۇ شۇ تەسىرنى بېرىدۇ، سىناقتىن ئۆتكەن دەپ قارىلىدۇ. ئۇنى كالا ئۆتى، ھەمىشەباھار سۈيى ۋە سېرىقچېچەك سۈيى بىلەن مەلھەم قىلىپ بەدەنگە سۈركىسە ئوت كۆيدۈرمەيدۇ. ئۇنىڭ كۈشتىسىنى بالىلارنىڭ سۈيدۈكى بىلەن مەلھەم قىلىپ چىش مىلىكىگە سۈركىسە بۇزۇلغان گۆشنى يوقىتىپ ئورنىغا يېڭى، ساق گۆش چىقىرىدۇ، سىناقتىن ئۆتكەن. قۇشقاچ مايىقى بىلەن مەلھەم قىلىپ قويسا سۆگەللەرنى يوقىتىدۇ. سەبرە، ئاقلانغا ھەببۇلبان ۋە كۈدە سۈيى بىلەن مەلھەم قىلىپ چاپسا بوۋاسىرنىڭ دانچىلىرىنى چۈشۈرىدۇ، ھەرقانداق زەخمىنى ساقايتىدۇ. زەرنىخ بىلەن زاكتىن باراۋەر مىقداردا ئېلىپ يۇمشاق سالايە قىلىپ يەسمەن (ئۇنى ھىندى تارا «چەنبىلى» دەپ ئاتايدۇ) يېغى بىلەن مەلھەم قىلىپ، ھەرقانداق ئەزادىكى ھۆل تەمرەتكىگە سۈركەپ، ئارقىدىن ئىسسىق سۇ بىلەن ياخشى يۇسا بۇزۇق ماددىلىرىنى تازىلايدۇ. قۇش پېيى بىلەن بىر قانچە قېتىم سۈركىسە ساقايتىدۇ. زەرنىخنى سۈت بىلەن ئېرىتىپ قويۇپ قويسا ئۇنىڭغا قونغان ھەرقانداق چىۋىن ئۆلىدۇ، ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇنىڭ ئۈستىدىن ئۆتكەن چىۋىنمۇ ئۆلىدىكەن.

**ئىستېمال مىقدارى:** بىر يېرىم گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

ئۇنىڭ خىلىتلارنى چىرىتىشنىڭ تۈزەتكۈچىسى سېرىق ھېلىلە پوستىدۇر.

**ئورۇنباسارى:** سېرىق زەرنىخنىڭ ئورۇنباسارى يېرىم ھەسسە مىقداردا قىزىل زەرنىخ، ئۇلارنىڭ ئورۇنباسارى كۆپ تەسىرلىرى ئۈچۈن گۈڭگۈرتتۇر.

ئۇ ئۇزاق مۇددەت زىمات قىلىنسا تېرىگە داغ چۈشۈرىدۇ، باھنى ئاجىزلاشتۇرۇپ قوزغىلىشىغا دەخلى يەتكۈزىدۇ.

ئۇنىڭدىن پەيدا بولغان داغنى تۈگىتىش ئۈچۈن زاراڭزا ۋە گۈرۈچ ئۇنى سۈركىلىدۇ.

چەككىلەپ كۈشتە قىلىنغان «ئەراقىيۇن» دەپ ئاتىلىدىغان زەرنىختىن ئالتە گىرام ئىستېمال قىلىش ناھايىتى يامان بولۇپ، مەست قىلىدۇ، قورساقنى ئاغرىتىدۇ، ئۈچەيدە يامان يارىلارنى پەيدا قىلىدۇ ھەمدە بوغۇملارنى ئاغرىتىدۇ، بەدەن رەڭگىنى قارايتىدۇ.

زەھەر قايىتۇرۇش ئۈچۈن گۈلاب ئارىلاشتۇرۇپ كۆپ مىقداردا ئىلمان سۇ ئىچۈرۈپ، شەترەنجى سۈيى ۋە بادام يېغى ئىستېمال قىلدۇرۇپ كۆچلۈك قۇستۇرۇلىدۇ. گۈرۈچ سۈيى، ئارپا سۈيى ئىچۈرۈلىدۇ ۋە ئۇلار بىلەن ھۆقنە قىلىنىدۇ. بادام يېغى قوشۇلغان سىمىز، ياش توخۇ شورپىسىغا ئوخشاش مايلىق شورپا ئىچۈرۈلىدۇ. يېڭى سېغىلغان سۈت، ئىسپىغۇل لۇئابى، ئاق لەيلى ئۇرۇقى لۇئابى، بىھى ئۇرۇقى لۇئابى ئىچۈرۈلىدۇ.

ئۇنىڭدىن بىر گىرامدىن ئالتە گىرامغىچە ئېلىپ يۇمشاق سالايە قىلىپ، پىشۇرۇلغان ماش بىلەن يۇغۇرۇپ ئۆچكىگە يېگۈزسە، يەنى ئالتە كۈنگىچە پىشۇرۇلغان ماش بىلەن يۇغۇرۇپ كۈنىگە بىر گىرامدىن يېگۈزسە، يەتتىنچى كۈنىگە بارغاندا ئۇنىڭغا ئىككى گىرام قوشۇپ كۈنىگە ئۈچ گىرامدىن يېگۈزسە، شۇ يوسۇندا 40 كۈنگىچە داۋاملاشتۇرۇلسا، ئۇنىڭ مىقدارى مۇۋاپىق كەلگۈچە كۆپەيتىلسە، ئۇنى ئۆچكىگە يېگۈزگەنىنىڭ ئىككىنچى كۈنىدىن باشلاپ ئۇنىڭ سۈتىدىن 48 مىللىلىتىر ئىچىپ كۈنىگە 12 مىللىلىتىردىن كۆپەيتىپ 40 كۈنگىچە مۇۋاپىق ئىچىلسە، بۇ مەزگىلدە چۈچۈمەل نەرسىلەر، كۆكتاتلار ۋە بېلىق گۆشى ئىستېمال قىلىش، جىما قىلىش، بەك سوغۇق سۇ ئىچىش ۋە بەدەنگە سوغۇق ھاۋا يېتىشتىن پەرھىز قىلىنسا بەدەندىكى بارلىق قۇۋۋەتنى ھايۋانىي، قۇۋۋەتنى تەبىئىي ۋە قۇۋۋەتنى نەپسانىينى ئاشۇرىدۇ.

ئۇنى كۆيدۈرۈش ۋە قورۇش ئۇسۇلى كىتابىنىڭ مۇقەددىمىسىدە بايان قىلىنىدى.

## زەرنىر
(بوياقئوت)

ئۇ جورجاندا ئۆسىدىغان بىر خىل ئۆسۈملۈكنىڭ گۈلىدىن ئىبارەت بولۇپ، شىرازدا «ئەسفىرەك»، يۇنانچە «ئەرجىقىن» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** ئۇ بىر خىل ئۆسۈملۈك بولۇپ، غولى غۇلاچ ئېگىزلىكىدە ئۆسىدۇ، گۈلى ياۋا زاراڭزا گۈلىگە ئوخشاش سېرىق، يۇمىلاق، ئازراق يۇمشاق تىكەنلىك بولىدۇ. يوپۇرمىقى ئاقۇا مايىل سېرىق، كىچىك بولىدۇ. يىلتىزى غېرىچتىن ئۇزۇنراق ئۆسىدۇ. ئۆسۈملۈكىنىڭ تەمى كەنكەر ئۆسۈملۈكىنىڭ تەمىگە ئوخشايدۇ.

**تەبىئىتى:** قۇرۇق سوغۇق، سەل ئىسسىقلىقى بار.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** جۇلا بەرگۈچى، قاتتىق ئىششىقلارنى تارقاتقۇچى، تېرىدىكى ئىزلارنى يوقاتقۇچى، ئاغرىقلارنى پەسەيتكۈچى، سۈيدۈك ھەيدىگۈچى، قاناتقۇچى، توسالغۇلارنى ئاچقۇچىدۇر. قۇرۇق ئۈزۈم بىلەن قايناتىلغان سۈيىدىن كۈنىگە 200 مىللىلىتىردىن ئۇدا ئۈچ كۈن ئىچسە تالغا پايدا قىلىدۇ. يەرقان، ئىستىسقاغا شىپا بولىدۇ،

سىناقتىن ئۆتكەن. ئۇنىڭ مەجۇنىدىن 30 گىرام ئىلىپ ھەسەل بىلەن ئىستىمال قىلسىمۇ شۇ تەسىرنى بېرىدۇ. قايىنتىلمىسى ئارپا ئۇنى بىلەن زىمات قىلىنسا ئىسسىقتىن بولغان ئىششىقلارنى ناھايىتى تارقىتىدۇ. ئۇنىڭ كۈلى قوتۇر، يارىلارغا پايدا قىلىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** باشنى ئاغرىتىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** سىركەنجۇبىل.

**ئىستېمال مىقدارى:** مەتبۇخلاردا 15 گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

## زۇرەيق
(ئورمان ئالا قاغىسى)

ماھىيىتى: ئۇ سۇ قۇشلىرىدىن بولۇپ، ياۋىسىمۇ بولىدۇ. رەڭگى ئاق، گۆشى ناھايىتى سېمىز، كۆپ پەيلىك، تالالىق بولىدۇ. ئۇنىڭ ئەڭ ناچىرى قېرى، ئورۇق بولغىنى، ئەڭ ياخشىسى يوق يېمىگەن چىشىسىنىڭ تۇخۇمىدىن چىققان چۈجىسىدۇر.

**تەبىئىتى:** قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** باھنى قوزغايدۇ. تەستە ھەزىم بولىدۇ. تۈزىتىش ئۈچۈن ئاۋۋال ياغ بىلەن ئازراق قورۇغاندىن كېيىن قىزىلچا سۈيى بىلەن پىشۇرۇپ ئىستېمال قىلىنىدۇ. ئۇنىڭ مايىقى ناھايىتى جۇلا بەرگۈچى بولۇپ، داغ - سەپكۈننى يوقىتىدۇ. ئۆتى زەھەرلىك بولۇپ، كۆزدىكى يەڭگىل ئاقنى يوقىتىدۇ. ئۆتىنى زەكەرگە سۈركىسە چىڭىتىدۇ.

## زەررىين گىياھ
(ئالتۇنئوت)

ئۇ ماھىيىتى نامەلۇم دورىلاردىندۇر. ئەمىنۇد دەۋلىنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ خۇراساندا «گۈلى ئاشىقان» (ئاشىقلار گۈلى) دەپ ئاتىلىدىكەن. ئۇسۇملۇكى غولاچتىن ئېگىزرەك ئۆسىدىكەن. يوپۇرمىقى كەڭ، تۈكلۈك، گۈلى سېرىق، شاخلىرى چوڭ، ئۇزۇن بولىدىكەن. ئەتراپىدا نەغمە - ناۋا قىلىنسا گۈلى تەۋرىنىدىكەن. «ئىختىياراتى بەدئىي»نىڭ ئاپتورىنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ گازرۇن ۋىلايىتىدە، بولۇپمۇ نەشادىر دېگەن يەردە كۆپ ئۆسىدىكەن، يوپۇرمىقى زەيتۇن يوپۇرمىقىغا، گۈلى يۇملاق ئالتۇن ئەينەككە ئوخشاش بولۇپ، تال چېچەكلىگەندە چېچەكلەيدىكەن. يوپۇرمىقى يېشىل بولىدىكەن. بەزىلەر ئۇنى تۇرۇنجى دەرىخى دەپ بىلگەن، يەنە بەزىلەر ئازاد دەرىخى دەپ بىلگەن، دەپ يازغان.

**تەبىئىتى:** قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ئۇسارىسىنى ئۆزۈم شىرنىسى بىلەن ئىستېمال قىلسا ئولتۇرغۇچ نېرۋا ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ، دوۋساقتىكى ئۇيۇپ قالغان قاننى ئېرىتىدۇ، سۈيدۈك ۋە ھەيزنى راۋانلاشتۇرىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** دوۋساققا زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** ھەببۇلئاس، بەللۇت.

**ئورۇنباسارى:** باراۋەر مىقداردا ئىنچىكە قەنتەرىيۇن. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئىككى ھەسسە خىيارزە، باراۋەر مىقداردا تۇرۇنجى ئۇرۇقى ئىكەن، يەنە بەزىلەرنىڭ ئېيتىشچە، يېرىم ھەسسە زەپەر ئىكەن.

## پەسىل: «ز» (زائ) ۋە «ئ» (ئەين) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى

### زەئرۇر
### (ئالقات)

ئۇ پارسچە «كىيل»، ئىسپاھانچە «كوسەج»، تۈركچە «يىمىيشان»، تەنەكابۇندا «كەرجىيل» دەپ ئاتىلىدۇ. «كەنۇس تەبەري» (چوڭ ئالقات)نىڭ تۈرىدىن بولۇپ، ئاللا خالىسا «ك» (كاف) ۋە «ن» (نۇن) ھەرپى باشلانغان دورىلار پەسلىدە بايان قىلىنىدۇ.

**ماھىيىتى:** ئىككى خىل بولىدۇ. بىرى يەرلىكى بولۇپ، «مۇسەللەسۇل ئەجەم» دەپ ئاتىلىدۇ. شىرازدا «كىيل سۇرۇخ» (قىزىل ئالقات) دەپ ئاتىلىدۇ. تولۇق پىشقان، دانلىق، ئاچچىق - چۈچۈك بولغانلىرى ياخشىلىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىنىڭ ئاخىرىدا سوغۇق، بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇقتۇر. بەزىلەر ھۆل دەپ بىلگەن.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ئۆزۈقلاندۇرغۇچى، سەمرىتكۈچى، قورۇغۇچى، سەپرا، قاننىڭ ئۆتكۈرلۈكى ۋە قەينىنى پەسەيتكۈچى، ئاشقازان ۋە ئىسسىق مىزاجلىق جىگەرنى قۇۋۋەتلىگۈچى، ئىشتىھانى ئاچقۇچىدۇر. ئىچ سۈرۈش، سۈيدۈك تامچىلاشقا پايدا قىلىدۇ. سۈيى شېكەر بىلەن ئىچىلسە ئىسسىقتىن بولغان باش ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ، سىناقتىن ئۆتكەن. زىمات قىلىنسا قاتتىق ئىششىقلارنى تارقىتىدۇ، قىزىلغا پايدا قىلىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** بۆرەككە زىيان قىلىدۇ، قۇلۇنجى پەيدا قىلىدۇ، ئاشقازاننى بوشىتىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** رۇمبەدىيان، ئېگىر، گۈلقەنت.

**ئىستېمال مىقدارى:** سۈيىدىن 75 گىرام، ئۆزىدىن 60 گىرام ئىستېمال قىلىنىدۇ.

ئورۇنباسارى: چۇچۇمەل ئالما.

تاغ ئالىقتى ئۇنىڭ يەرلىكىدىن كىچىكرەك بولۇپ، قىزىل، سېرىقتىن ئىبارەت ئىككى خىل بولىدۇ. بۇنىڭ ياخشىسىمۇ تولۇق پىشقىنىدۇر.

تەبىئتى: ئۇنىڭ قىزىلىنىڭ تەبىئتى يەرلىكىنىڭ تەبىئتىگە ئوخشاپ قالىدۇ، سېرىقى قۇرۇق سوغۇق، جىگەردىن قابىزراقتۇر. ئۇنىڭ تەسىرلىرى ۋە خۇسۇسىيەتلىرىمۇ يەرلىكىگە ئوخشاپ قالىدۇ. قان توختىتىدۇ، قۇسۇشنى باسىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا بەلنى قۇۋۋەتلەيدىكەن، پىل پۇت كېسەللىكىگە داۋا بولىدىكەن.

ئۇنىڭ زەرەرى، تۇزەتكۈچىسى، ئىستېمال مىقدارىمۇ يەرلىكى بىلەن ئوخشاش بولىدۇ.

## زەئفەران
(زەپەر)

سۇريانچە «كۇركۇم»، «جاۋىي»، پارسچە «لەركىيماس»، ھىندىچە «كىيسەر» دەپ ئاتىلىدۇ.

ماھىيتى: ئۇ زاراڭزا گۈلىگە ئوخشايدىغان بىر خىل گۈلنىڭ ئىچىدىكى يىپچىلىرى بولۇپ، ناھايىتى خوش پۇراق، قىزىلغا مايىل، قارامتۇل سېرىق بولىدۇ. تىكىنى بولمايدۇ. يەردىن دەسلەپتە ئۆسۈملۈكىنىڭ گۈلى ئۆسۈپ چىقىدۇ، ئارقىدىن يوپۇرمىقى ۋە غولى ئۆسىدۇ. غولىنىڭ ئېگىزلىكى بىر يېرىم غېرىچ ئېگىزلىكتە ئۆسىدۇ. يوپۇرمىقى يەسمەن گۈلىنىڭ يوپۇرمىقىغا، يىلتىزى زىراۋەندىگە ۋە مەغىز گۈل يىلتىزىغا ئوخشايدۇ. ئۇنىڭ ھەر بىر دانە گۈلىدە ئۈچ ـ تۆت دانە يىپچىلار بار بولۇپ، ناھايىتى رەڭلىك، خۇش پۇراق بولىدۇ. ئۇنىڭ ئىنچىكە، پۇرىقى ئاجىز بولغانلىرى زەپەر ئەمەستۇر. ئۇ كۆپ يەرلەردە ئۆسىدۇ. مازىندارانىنىڭ بادەكۇھ دېيىلىدىغان، ئاۋام ـ خەلق باكۇ دەيدىغان يېزىسى، ئىستەھبانات، گىيلان، شام، مىسىر، ماراكەش، كەشمىير ۋە ئۇنىڭدىن باشقا يەرلەردە ئۆسىدۇ. ھەممىنىڭ ياخشىسى كەشمىردە ئۆسكىنى، ئۇنىڭدىن قالسا ئىستەھباناتتا، ئۇنىڭدىن قالسا مازىنداراندا، ئۇنىڭدىن قالسا باكۇدا ئۆسكىنى، ئۇنىڭدىن قالسا باشقا يەرلەردە ئۆسكىنىدۇر. ئومۇمەن قەيەردە ئۆسكەن بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇنىڭ ياخشىسى قىزىلغا مايىل شوخ سېرىق، خۇش پۇراق، يېڭى بولغانلىرىدۇر.

تەبىئتى: ئىككىنچى دەرىجىدە ئىسسىق، بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇقتۇر. بەزىلەر ئۈچىنچى دەرىجىدە ئىسسىق، ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق دېگەن. بىرىنچى سۆز توغرىراقتۇر.

خۇسۇسىيتى ۋە ئىشلىتىلىشى: كۆڭلۈك خۇرسەن قىلغۇچى، سەزگۈلەرنى كۈچەيتكۈچى، چاپلاشتۇرغۇچى، ماددىلارنى تارقاتقۇچى، بەلغەملىك خىلىتىنىڭ چىرىشىنى ئىسلاھ قىلغۇچى، ئۇنىڭ ئۆزگىرىشى ۋە بۇزۇلۇشىنىڭ ئالدىنى ئالغۇچى، سۈيدۈك ھەيدىگۈچى، قورۇغۇچى، باھنى قوزغاتقۇچى، روھىي ھايۋانىي، جىگەر، ئىچكى ئەزالار، نەپەس ئەزالىرىنى

قۇۋۋەتلىگۈچى، تېتىكلەشتۈرگۈچى، كۆلدۈرگۈچى، بۆرەك، دوۋساق، تېرىنى تازىلىغۇچى، دورىلارنىڭ قۇۋۋىتىنى يۇرەك ۋە باشقا ئەزالارغا يەتكۈزۈپ بەرگۈچى، مېڭە، جىگەر، تال تۇسالغۇلىرىنى ئاچقۇچىدۇر. ئۇنىڭدىن بەش گىرام ئىستېمال قىلىنسا تۇغۇتنى ئاسانلاشتۇرىدۇ، سىناقتىن ئۆتكەن. كۈنىگە ئىككى گىرامدىن ئىستېمال قىلىنسا تال ئىششىقىنى تارقىتىدۇ. ئۈزۈم شىرنىسى بىلەن ئىستېمال قىلىنسا خۇمارنى باسىدۇ. ھەسەل بىلەن ئىستېمال قىلىنسا ئەزالاردىكى تاشلارنى پارچىلاپ چۈشۈرىدۇ. مۇناسىپ دورىلار بىلەن ئىستېمال قىلىنسا بالىياتقۇ، مەقئەت ئاغرىقلىرىنى پەسەيتىدۇ. پۇرسا مېڭە پەردە ياللۇغى، كۆكرەك پەردە ياللۇغىغا پايدا قىلىدۇ، ئۇخلىتىدۇ. كۆزگە سۈركىسە روشەنلەشتۈرىدۇ، كۆز ياشانغىراش، تورلىشىش، كۆزنىڭ كېسەللىك سەۋەبىدىن كۆك بولۇپ قېلىشى، قاپاقنىڭ قىزىرىپ ئىششىشى، كۆز قوتۇرى ۋە يارىسىغا پايدا قىلىدۇ. ئۇنىڭ سۈيىنى باشقا تۆكسە قاتتىق باش ئاغرىقى ۋە ئۇيقۇسىزلىققا شىپا بولىدۇ. زىمات قىلىنسا كۆزگە ھۆللۈكلەر ۋە نەزلە سۇيۇقلۇقلىرىنىڭ ئېقىشىنى توختىتىدۇ. كۆيدۈرگىنىڭ كۆيۈشۈشىنى پەسەيتىدۇ، قۇلاقنىڭ ئىسسىقتىن بولغان ئىششىقىنى تارقىتىدۇ، باش ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ. ئۇيقۇسىزلىقنى يوقىتىدۇ. پەرپىيون بىلەن مەلھەم قىلىنسا نۇقرەس ۋە مۇپاسىل ئاغرىقلىرىنى پەسەيتىدۇ. تالقان قىلىپ سېپىلسە قان توختىتىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن ھەمەلچە قىلىنسا بالىياتقۇ، مەقئەت ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ.

**زىيانلىق تەسرى:** بۆرەككە زىيان قىلىدۇ، ئىشتىھانى تۇتىدۇ. كۆڭۈلنى ئايلىنىتىدۇ. ھارارىتى ۋە ئاشقازان تىنۋىتىنى قۇۋۋەتلەش قۇۋۋىتى ۋە قابىزلىقى بىلەن ئاشقازاننى قۇۋۋەتلىگۈچى، باشنى ئاغرىتقۇچىدۇر. شاراب بىلەن ئىستېمال قىلىنسا مەستلىكنى كۈچەيتكۈچى، داۋاملىق ئىستېمال قىلىنسا سەزگۈلەرنى غۇۋالاشتۇرغۇچى، پەيلەرگە زىيان قىلغۇچىدۇر.

**تۈزەتكۈچىسى:** رۇمبەدىيان، سىركەنجۇبىل.

**ئىستېمال مىقدارى:** ئالتە گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇنىڭ 10 گىرامى زىيادە خورسەن قىلىش بىلەن ھالاك قىلىدىكەن، ئەمما بۇ گەپنىڭ ئاساسى يوقتۇر، چۈنكى ئۇنىڭ ئۇنچىلىك مىقدارىنىڭ ئۇنچىۋالا تەسىرى يوقتۇر. ئۇنىڭ بۇنداق زەرەرىنىڭ تۈزەتكۈچىسى روھنى قورۇغۇچى نەرسىلەرنى ئىستېمال قىلىشتۇر.

ئۇنىڭ بىر دانە يىپچىسى زەكەر تۆشۈكىگە سېلىپ قويۇلسا تۇتۇلغان سۈيدۈكنى ماڭدۇرىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇنىڭ ئالتە گىرامىنى سۇ بىلەن يۇغۇرۇپ ياڭاق چوڭلۇقىدا يۇملاقلاپ ئوتتۇرىدىن تۆشۈك ئېچىپ، ھامىلدار ئايالنىڭ قورسىقىغا ئېسىپ قويسا، ئايالنىڭ تۇغۇشى، ئېشەكلەرنىڭ تەخەيلىشىنى ئاسانلاشتۇرىدۇ، ھەمراھىنى خۇسۇسىيىتى بىلەن چۈشۈرىدۇ، سىناقتىن ئۆتكەن.

**ئورۇنباسارى:** باراۋەر مىقداردا قوستە، باراۋەر مىقداردا تورۇنجى ئورۇقى، تۆتتىن بىر چىلىك مىقداردا سومبۇل، ئالتىدىن بىر چىلىك مىقداردا قىلىن دارچىن.

ئۇنى 250 گىرام ئېلىپ، ئىككى لىتىر كۈنجۈت يېغى ياكى زەيتۇن يېغىغا بەش كۈن چىلاپ قويۇپ، ھەر كۈنى ئارىلاشتۇرۇپ پىسەپلىرىنى سۇزۇۋېتىپ تەييارلانغان يېغى پەيلەر ۋە بالىياتقۇنىڭ قاتتىق ئىششىقلىرىنى يۇمشاتقۇچى، ئۇخلاتقۇچى، ماددىلارنى تارقاتقۇچىدۇر. ئۇنىڭ بىلەن بۇرۇن مايلىسا، بۇرۇنغا تېمىتسا كۆكرەك پەردە ياللۇغىنى تارقىتىدۇ. سۈركىسە بالىياتقۇ يارىلىرى ۋە باشقا ئەزالاردىكى يامان يارىلارنى ساقايتىدۇ. ئۇ موم ۋە يىلىك بىلەن ھەمەلچە قىلىنسا بالىياتقۇ يارىسىغا پايدا قىلىدۇ.

ئۇنىڭ ئۆسۈملۈكىنىڭ يوپۇرمىقى يېڭى يارىلارنى پۈتتۈرىدۇ، ئەزالارغا كېسەللىك ماددىلىرىنىڭ قۇيۇلۇشىنى توسىدۇ.

يېغىنىڭ لېيى يۇنانچە «قەرقۇمەئما» دەپ ئاتىلىدىغان بولۇپ، ئاللا خالىسا «ق» (قاف) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلار بابىدا بايان قىلىنىدۇ.

زەپەرنىڭ جاۋارىشى، داۋاسى، يېغى، قۇرسى، مەلھىمى قارابادىندا بايان قىلىندى.

## زەئفەرانۇل ھەدىد

(تۆمۈر دېتى)

**ماھىيتى:** ئۇ تۆمۈرنىڭ دېتىدىن ئىبارەت بولۇپ، تۆمۈرنى ئېكەكدەپ تەخسىگە يېيىتىپ نەمدەپ، نەم جايدا سارغايغىچە تۇرغۇزۇپ سوقۇپ، سىرىق قىسمىنى ئايرىۋېلىپ يەنە يۇقىرىقى ئۇسۇل بويىچە تۇرغۇزۇپ ھاسىل قىلىنىدۇ. بۇ مەشغۇلات تاكى تۆمۈر ئېكەكدەلمىسى داتقا تولۇق ئايلىنىپ بولغۇچە تەكرارلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئەڭ ياخشىسى، بولۇپمۇ سانائەتتە ئىشلىتىلىدىغىنى تۆمۈر ئېكەكدەلمىسىنى ئۇنىڭ تۆتتىن بىر چىلىك مىقداردىكى نۆشۈدۈر بىلەن بىرلىكتە سالايە قىلىپ، تۇپراققا 10 كۈنگىچە كۆمۈپ، ھەممىسى داتقا ئايلانغۇچە تۇرغۇزۇپ تەييارلانغىنىدۇر.

**تەبىئىتى:** قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** قورۇغۇچى خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولۇپ، زەھەرلەردىندۇر. زىمات قىلىسا نۇقرەس، بوۋاسىر، سەينەك، كۆز قاپىقى يىرىكلىشىش، تىرناق يىرىكلىشىش، دائىرىلىك چاچ چۈشۈشكە پايدا قىلىدۇ. سىركە بىلەن زىمات قىلىسا تىلما كېسەل، ئىسسىقتىن بولغان تاشمىلارغا پايدا قىلىدۇ، سىناقتىن ئۆتكەن. ئۇنىڭ بىلەن فەرزىجە قىلىسا ھەيز قېنىنى توختىتىدۇ. ئۇنىڭدىن سەپمە تەييارلاپ سەپسە چىش مىلىكى قاناشنى توختىتىدۇ، چىڭىتىدۇ. ئۇنىڭ ئىككى مىللىگىرامى ھامىلىدارلىقنى چەكلەيدۇ.

ئۇ ئىستېمال قىلىنسا تۆمۈر كۈيىسى ۋە ئېكەكدەلمىسى ئىستېمال قىلىنغانغا ئوخشاش ھالەت پەيدا قىلىدىغان بولۇپ، ئىلاجى ئۇنىڭ ئىلاجى بىلەن ئوخشاشتۇر. تۆمۈر كۈيىسى «ت» (تائ) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلار پەسلىدىكى «توبال» (تۆمۈر كۈيىسى) ماۋزۇسىدا بايان قىلىندى.

## پەسىل: «ز» (زائ) ۋە «ف» (فائ) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى

### زىفتى رۇمى
(رىم زۇپتىسى)

**ماھىيىتى:** ئۇ قۇرۇق زۇپتى، دېڭىز زۇپتىسى، تاغ زۇپتىسىدىن ئىبارەت ئۈچ خىل بولىدۇ. مەزكۇر ئاتالغۇ يالغۇز ئېيتىلسا دېڭىز زۇپتىسى نەزەردە تۇتۇلىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇ قەيھەرى (تاغدىن چىقىدىغان بىر خىل ماددا) ئىكەن. ئەمما بۇ سۆز خاتادۇر. ئۇنىڭ ياخشىسى سۈزۈك، پارقىراق، سىلىق بولغانلىرىدۇر.

### زىفتى بەھرى
(دېڭىز زۇپتىسى)

**ماھىيىتى:** ئۇ قەترانغا ئوخشاش قارا، سۇيۇق ماددا بولۇپ، نىفىتقا ئوخشاش يەردىن چىقىدۇ. سۇيۇق ۋاقتىدا سۇ ئۆتمەسلىك ئۈچۈن كېمىلەر، مۇنچىلار ۋە باشقىلارغا سۈركىلىدۇ. مەلھەملەرگە قوشۇلىدۇ، ئۇنىڭ تۈرلىرى ئىچىدە يۇمشاق بولغىنى ئەڭ ياخشىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

**تەبىئىتى:** قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ماددىلارنى تارقاتقۇچى، بوغۇملارنى قۇۋۋەتلىگۈچى بولۇپ، پالەچ، ئولتۇرغۇچ نېرۋا ئاغرىقى، نۇقرەسكە پايدا قىلىدۇ، سوغۇق يەللەر ۋە تىز ئاغرىقلىرىنى پەسەيتىدۇ. 3~6 گىرامغىچە ئىشلىتىلسە ئىچىنى سۈرىدۇ. تەكرار زىمات قىلىنسا جوزامغا پايدا قىلىدۇ، سۇنغان ئەزالارنى تۇتتۇرىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** ئالتە گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

**ئورۇنباسارى:** قەتران. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، باراۋەر مىقداردا جاۋشىر، قارىغاي يېلىمى ئىكەن.

**زىيانلىق تەسرى:** ئۆپكىگە زىيان قىلىدۇ.
**تۈزەتكۈچىسى:** كەتىرا.
«قىير» ئاللا خالىسا «ق» (قاف) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلار بابىدىكى «قار» ماۋزۇسىدا بايان قىلىنىدۇ.

## زىفتۇر رەتب
(ھۆل زۇپتى)

ئۇ ئەركىكى ھېسابلىنىدىغان مېۋىسىز قارىغايدىن ئېقىپ چىققان بىر خىل سۈيۈقلۇقتىن ئىبارەت. ئۇنىڭ مېۋە بېرىدىغان «تەنۇب» دەپ ئاتىلىدىغان تۈرىدىن ئاققان قاتقان سۈيۈقلۇق «راتىيانەج» دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇ چىلغوزا دەرىخى ئەمەستۇر. سەرۋى دەرىخىنىڭ تۈرلىرىدىن بولغان شەربىين دەرىخىدىن ئاققان سۈيۈقلۇق قەتران دەپ ئاتىلىدۇ، ئۇنىڭ مېۋىسى سەرۋى دەرىخى مېۋىسىگە ئوخشاش، ئۇنىڭدىن كىچىكرەك بولىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئۈچىنچى دەرىجىدە ئىسسىق، بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇقتۇر.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** قويۇق خىلتلارنى پىشۇرغۇچى، قاتتىق ئىششىقلارنى يۇمشاتقۇچىدۇر. ئىستېمال قىلىنسا يۆتەلنى يۇقۇنچاق، قىزىلئۆڭگەچ، گالنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى مۇسكۇل ئىششىقى ۋە كاناي ئىششىقىنى تارقىتىدۇ. كۆكرەك، گالدىكى كېرەكسىز ماددىلارنى تازىلايدۇ. زەھەرلىك دورىلارنىڭ زەھەرلىرىنى قايتۇرىدۇ. شېكەر بىلەن ئىستېمال قىلىنسا قان تۈكۈرۈشكە شىپا بولىدۇ. كۆكرەك تۇسالغۇلىرىنى ئاچىدۇ. كونا يۆتەلنى پەسەيتىدۇ. زىمات قىلىنسا قاننى تېرە يۈزىگە تارتىدۇ. ئەزالارنى سەمرىتىدۇ. تۈز بىلەن ئىشلىتىلسە زەھەرلىك ھاشاراتنىڭ زەھىرىنى قايتۇرىدۇ. موم بىلەن زىمات قىلىنسا تىرناق ئاقىرىش، كالا تەمرەتكىسىگە پايدا قىلىدۇ. قاتتىق يارىلارنى ساقايتىدۇ، بالىياتقۇنىڭ قاتتىق ئىششىقلىرىنى تارقىتىدۇ. مەقئەت يېرىقى، دوۋساق ئېغىزى يارىسىنى ساقايتىدۇ. ھەسەل بىلەن زىمات قىلىنسا مەينەت يارا، كۆيدۈرگە ۋە قاسراقلىق يارىلارنى تازىلاپ ساقايتىدۇ. شۇنداقلا ئۇ چىرىتكۈچى مەلھەملەر بىلەن ئىشلەتسىمۇ پايدا قىلىدۇ. باشنىڭ لىپىلداق ئورنىنىڭ چېچىنى چۈشۈرۈۋېتىپ زىمات قىلسا گالدا تۇرۇپ قالغان زۇلۇك قۇرتىنى چىقىرىدۇ، سىناقتىن ئۆتكەن دەپ قارىلىدۇ. شېكەر بىلەن زىمات قىلسا تەمرەتكە، ھايۋانلاردىكى قوتۇر كېسەللىكى، پەيلەرنىڭ سوزۇلۇشى، ئولتۇرغۇچ نېرۋا ئاغرىقى، دائىرىلىك چاچ چۈشۈشكە پايدا قىلىدۇ. ئارپا ئۇنى بىلەن مەلھەم قىلىنسا چاشقان يارىسىغا پايدا قىلىدۇ. مۇناسىپ دورىلار بىلەن مەلھەم قىلىنسا زەخىملەرگە گۆش ئۇندۇرىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن غار - غار قىلىنسا يۇتقۇنچاق مۇسكۇل ئىششىقى ۋە قىزىلئۆڭگەچ ئىششىقىنى تارقىتىدۇ. بادام يېغى بىلەن تېمىتىلسا قۇلاقنىڭ ھۆللۈكلىرىنى قۇرۇتىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن

ھۆقنە قىلىنسا ئۇچەي ۋە بالىياتقۇنىڭ ئىسسىقتىن بولغان قاتتىق ئىششىقلىرىنى قايتۇرىدۇ. چاياننىڭ زەھىرىنى قايتۇرىدۇ.

**زىيانلىق تەسرى:** باش ۋە ئۆپكىگە زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** كەتىرا، بىنەپشە.

**ئىستېمال مىقدارى:** 10 گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

**ئورۇنباسارى:** باراۋەر مىقداردا قىيىر مەدەنىدىن چىقىدىغان بىر خىل قارا سۇيۇقلۇق (تەرجىماندىن) دۇر. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇنىڭ تۆتتىن بىر چىلىك مىقداردا قەتران ئىكەن.

ئۇنىڭ يېغى ئۇنىڭ بۇسىدىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇ قاينىغاندا ئۇستىگە يۆك قويۇپ ئۇنىڭغا چاپلاشقان بۇسىنى سىقىپ چىقىرىلىدىغان ياكى ئەرەق قازىنى بىلەن قائىدە بويىچە ئېلىنىدىغان بولۇپ، ئۇ ئارپا ئۇنى بىلەن زىمات قىلىنسا چاشقان يارىسىغا پايدا قىلىدۇ، دائىرىلىك چاچ چۈشكەن ئورۇنغا سۈركىسە چاچ ئۈندۈرىدۇ، ئادەم ۋە ھايۋانلار قوتۇرى، پەيلەر سوزۇلۇش، تىرناق ئاقىرىش، ئولتۇرغۇچ نېرۋا ئاغرىش، كۆيۈشۈش ۋە ئۇنىڭ ئوخشاشلىرىغا پايدا قىلىدىغان بولۇپ، تەسرى زۇپتىنىڭ تەسرىدىن ياخشىراقتۇر. قان توختىتىدۇ، ئىچىنى سۈرىدۇ، زەھەرلەرنى قايتۇرىدۇ، جۇلا بېرىدۇ. زۇپتى تۈتۈنى كىرپىكلەرنى ياخشىلاپ تۆكۈلۈشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. كۆز يارىسىنى ساقايتىدۇ، كۆيۈشۈشنى پەسەيتىدۇ. ياشانغىراشقا داۋا بولىدۇ، كۆرۈش قۇۋۋىتىنى ناھايىتى ئاشۇرىدۇ.

## زىفتى يابىس
(قۇرۇق زۇپتى)

**ماھىيىتى:** ئۇ ھۆل زۇپتىدىن ئىبارەت بولۇپ، ئۆزلۈكىدىن قاتىدۇ ياكى قايىنتىمىش ئارقىلىق قۇرۇتۇلىدۇ، ئۇ «ئەبۇ سەفاس» دەپ ئاتىلىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئۈچىنچى دەرىجىدە ئىسسىق، ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇقتۇر.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ئۇنىڭ قۇرۇقلۇقى ۋە قۇرۇتۇش قۇۋۋىتى ئۇنىڭ ھۆلىدىن كۈچلۈكرەك، ماددىلارنى پىشۇرۇش قۇۋۋىتى ئۇنىڭدىن ئاجىزراقتۇر. بۇزۇق يارىلار، ئۇرۇلۇپ ـ سوقۇلۇش ۋە كالا تەمرەتكىسىگە پايدا قىلىدۇ. قاتتىق ئىششىقلارنى پىشۇرىدۇ ۋە تارقىتىدۇ. توسالغۇلارنى ئاچىدۇ. ئۇ چالا پىشۇرۇلغان توخۇ تۇخۇمىنىڭ سېرىقى بىلەن ئىستېمال قىلىنسا ھەيز قېنى ۋە بوۋاسىر قېنىنى توختىتىدۇ، بەلنى چىڭىتىدۇ. بالىياتقۇنى قۇۋۋەتلەيدۇ. باشقا تەسىرلىرى ئۇنىڭ ھۆلىدىن ئاجىزراقتۇر.

**ئىستېمال مىقدارى:** 10 گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

# پەسىل: «ز» (زائ) ۋە «ق» (قاف) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى

## زۇقال
(زۇقال مېۋىسى)

دىسقورىدۇسنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ زەيتۇن چوڭلۇقىدىكى بىر خىل چوڭ دەرەخنىڭ مېۋىسى بولۇپ، ئۈزۈنچاق، خام ۋاقتىدا كۆك بولىدىكەن، پىشقاندىن كېيىن ياقۇت رەڭگە كىرىدىكەن، قۇرۇغاندىن كېيىن قارىدايدىكەن. تەمى چۈچۈمەل، سەل قىرتاق بولۇپ، ئېغىزنى قورۇيدىكەن. زەيتۇن مېۋىسىگە ئوخشاش تۇزلاپ قويۇلىدىكەن.

ھىندىستان ۋە بېنگالدا ئۇنىڭغا ئومۇمەن ئوخشايدىغان بىر خىل مېۋە بار بولۇپ، «جامۇن» دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇ «ج» (جىيم) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلار بابىدا بايان قىلىندى. بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ «كەرۋەندە» دەپ ئاتىلىدىكەن، ئۇ ئاللا خالىسا «ك» (كاف) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلار بابىدا بايان قىلىنىدۇ.

**تەبىئىتى:** مۆتىدىللىككە مايىل سوغۇق ۋە قۇرۇق، قابىزلىق قۇۋۋىتى بار.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ئىچى سۈرىدۇ، ئۈچەي يارىسىغا پايدا قىلىدۇ، ئۈچەيلەرنى قۇۋۋەتلەيدۇ. ئۇسسۇزلۇق، ئاشقازان ۋە جىگەر ھارارىتى، قان، سەپرانىڭ قايناشىنى پەسەيتىدۇ، مېڭىگە بۇخاراتلارنىڭ ئۆرلىشىنى چەكلەيدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** كۆكرەككە زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** شېكەر.

ئۇنىڭ خام، كۆك مېۋىسىنىڭ قېقى ئىششىقلار ۋە كونا يارىلارغا ناھايىتى پايدا قىلىدۇ. يوپۇرمىقىنىڭ كۆلى تېرىدىكى ئېزىلارنى يوقىتىدۇ. «مالايەسەئۇ» دېگەن كىتابنىڭ ئاپتورى بەغدادىي ئۇنى خۇددى «ئەنبەر بارىس» (زىرىق) ماۋزۇسىدا بايان قىلغاندەك ئۇ زىرىقنىڭ بىر تۈرى بولۇپ، ئىككىنچى دەرىجىنىڭ ئاخىرىدا سوغۇق دېگەن. قورۇغۇچى ئەمەس، بەلغەمگە مەنسۇپ شىلىمشىق سۇيۇقلۇقى بار. بوشىتىدۇ، ئۇسسۇزلۇقنى شۇ ھامان پەسەيتىدۇ، ئېچىشىشنى تېزلا يوقىتىدۇ. زىرىق پايدا قىلغان كېسەللىكلەرنىڭ ھەممىسىگە پايدا قىلىدۇ.

## زەققۇم
(زەقۇم دەرىخى)

ئۇ ھىندىچە «تەھۇر»، «سىيندە»، «سىيج» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** ئۇ دەرەخلەر قاتارىدىن بولۇپ، «ھىجازىي» (ھىجازدىن چىقىدىغىنى) ۋە «شامىي» (شامدىن چىقىدىغىنى)دىن ئىبارەت ئىككى خىل بولىدۇ. ئۇنىڭ ھىجازدىن چىقىدىغىنى ئادەم بويى ئېگىزلىكىدە، يوپۇرمىقى ئانار يوپۇرمىقىدىن كەڭرەك، چىشلىق

بولىدۇ. گۈلى شاخلىرىنىڭ ئۇچلىرىدا ئېچىلىدىغان بولۇپ، يەسىمەن گۈلىنىڭ شەكلىگە ئوخشاش، سېرىق پىستە رەڭگىدە قېلىن بولىدۇ. مېۋىسى قارا بولۇپ، بىيلە ــ ھىندىستاندا بولىدىغان بىر خىل مېۋە (تەرجىماندىن) نامىلىق مېۋىگە ئوخشايدۇ. ئىچىدىن كۈنجۈتكە ئوخشاش ئۇرۇقى چىقىدۇ.

ئۇنىڭ شامدىن چىقىدىغىنىنىڭ دەرىخى چوڭراق، تىكەنلىك، گۈلى سېرىق، مېۋىسى ھېلىلىدىن چوڭراق، پىشقىنى تاتلىق، قىرتاق بولىدۇ، كۆڭۈلنى ئاينىتىدۇ.

**تەبىئىتى:** قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** يەللەرنى تارقاتقۇچى، جۇلا بەرگۈچى، تېرىدىكى ئىزلارنى يوقاتقۇچىدۇر. 15 گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ. يېغى ئازراق سېزىملاندۇرغۇچى بولۇپ، ئىستېمال قىلىنسا ۋە سۈركەلسە بوغۇملارنىڭ يەللىرى، بەلغەمى ماددىلار ۋە قويۇق خىلىتلارنى تارقىتىپ سۈرۈپ چىقىرىدۇ. تۇسالغۇلارنى ئاچىدۇ، پالەچ، نۇقرەس، تال ئىششىقىغا ۋە ئۇلارنىڭ ئوخشاشلىرىغا پايدا قىلىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** ئىسسىق مىزاجلىقلارنىڭ بېشىنى ئاغرىتىدۇ، چېچىنى قارايتىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** يېڭى سېغىلغان سۈت.

**ئىستېمال مىقدارى:** نېفىت.

ئۇنىڭ بىرىنچى تۈرىنىڭ ھۆلى يوپۇرمىقى ۋە مېۋىسى بىلەن ئىشلىتىلسە يېڭى يارىلارنى ساقايتىدۇ، كۆچلۈك قورۇيدۇ، قۇرۇتىدۇ، ماددىلارنى قايتۇرىدۇ.

ئۇ ھىندىستاندىمۇ ئۆسىدىغان بولۇپ، كۆرۈش ۋە ئاڭلاشلارغا قارىغاندا تۆت خىل بولىدىكەن. بىرىنچى خىلىنىڭ شاخلىرى ئۈچ قىرلىق بولىدۇ. ئۇ ھىندىچە «تەدھارا» دەپ ئاتىلىدۇ. بوغۇملۇق بولىدۇ. بوغۇملىرى ئۇچىدا ناھايىتى كىچىك يوپۇرمىقى بولىدۇ. ئۇنىڭ شىرىسىنى قورۇلغان نوقۇت ئۇنى بىلەن يۇغۇرۇپ ھەب ياساپ سىفلىسنى داۋالاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا ئۇنىڭغا بولغان تەسىرى ناھايىتى كۈچلۈك ئىكەن، ئىچىنى كۈچلۈك سۈرىدۇ. ئىككىنچى خىلىنىڭ غولى تۆت قىرلىق بولۇپ، تىكەنلىك، يوپۇرماقسىز بولىدۇ. ئۈچىنچى خىلىنىڭ غولى تىكەنلىك، شاخلىرى ۋە غولىنىڭ ئۈستى تەرەپلىرى تىكەنسىز بولىدۇ. يوپۇرماقلىرى سەل ئىنچىكە بولۇپ، يېرىم غېرىچ ئۇزۇنلۇقتا ئۆسىدۇ، ئۇ «راسىيج» دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇنىڭ يوپۇرمىقىنىڭ سۈيىنى ئېلىپ ئىسسىتىپ، قۇلاق ئاغرىقىنى پەسەيتىش ئۈچۈن تېمىتىلىدۇ. ئازراق تۇز بىلەن ئىسسىتىپ بالىلارنىڭ يۆتىلىنى پەسەيتىش ئۈچۈن يېگۈزۈلىدۇ. يەنە زىققە نەپەس، ئىستىسقا، جوزام، تال قېتىش، ھەزىم ئاجىزلىقى، يەرقان، قورساق ئېسىلىش، ئۇچەيدە يەل تۇرۇۋېلىش يەنى يەللىك قۇلۇنجى، بۆرەك ۋە دوۋساقتىكى تاشنى پارچىلاش، ئىششىقلارنى تارقىتىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. ھىندىستاندا ئۆسىدىغان ئېرىق پالىكى دەپ ئاتىلىدىغان ئۆسۈملۈكنىڭ يىلتىزىنىڭ پوستىنى ئۇنىڭ يوپۇرمىقى ئوتقا قاقلاپ يۇمشىتىپ، ھاۋانچىغا سېلىپ سىقىپ

چىقىرىلغان سۈيى بىلەن سالايە قىلىپ ھەب ياكى قۇرس ياساپ، قۇرۇتۇپ ساقلاپ قويۇپ، زۆرۈر بولغاندا ئۇنىڭ يوپۇرمىقىنىڭ سۈيى بىلەن سالايە قىلىپ كالا تەمرەتكىسىگە كۈنىگە ئىككى ـ ئۈچ قېتىم سۈركىسە بىر قانچە كۈندىلا كونا بولسىمۇ ساقايتىدۇ، سىناقتىن ئۆتكەن. ئۇنىڭدىن مۇراببامۇ تەييارلىنىدىغان بولۇپ، يۇقىرىقى كېسەللىكلەرنىڭ ھەممىسىگە پايدا قىلىدۇ. ئۇنىڭ غولى ۋە شاخلىرىنى نېپىز توغراپ، شال بىلەن بىرلىكتە كوزىغا قاچىلاپ، ئۈستىگە بىر ئىلىك ئاشقۇدەك مىقداردا سۇ قۇيۇپ كوزىنىڭ ئېغىزىنى ئېتىپ، ئاتنىڭ قىغىغا بىر ھەپتە ياكى ئون كۈنگىچە كۆمگەندىن كېيىن چىقىرىپ چالا قۇرۇغاندىن كېيىن يۇمشاق سوقۇپ، ھەر كۈنى ناشتىدا بىر ئوچۇم، يەنى 15 گىرام ئىستېمال قىلسا ئىستىسقا، ھۆل سوغۇقتىن بولغان زىققە نەپەسكە پايدا قىلىدۇ. ئۇنىڭ تۆتىنچى خىلىنىڭ شاخلىرىنىڭ تىكەنلىرى ئاز بولۇپ، ئۇنىڭدىن غېرىچ ئۇزۇنلۇقىدا، ئۇنىڭدىن ئۇزۇنراق بولغان ئىنچىكە يىپچىلار ئۆسۈپ چىققان بولۇپ، ساڭگىلاپ ئۆسىدۇ.

ئۇنىڭ مەزكۇر تۆت خىلىنىڭ سۈتىنىڭ ھەممىسى ئاق، ئاز قىسىملىرى قىزىل، سېرىق بولىدۇ. ئېقى كېسەللىكلەر ئۈچۈن، قىزىلى بىلەن سېرىقى چايان يوقىتىش ۋە سىمابنى ئۆلتۈرۈش (لايىقلاشتۇرۇش) ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

ئۇنىڭ باشقا تۈرلىرىمۇ بولىدۇ، مەسىلەن: كەمىنە مۇئەللىپ ئەنگلىيەنىڭ باغلىرىدا ئۇنىڭ بىر خىلىنى كۆرگەن ئىدىم، غولى ئۈچ قىرلىق ئىكەن، چوڭ دەرەخلەرگە يامىشىدىغان بولۇپ، يىلتىزغا ئوخشايدىغان يىپچىلىرى دەرەخلەرنىڭ ئۈستىلىرىگىچە يامىشىپ چىقىدىكەن، ھەتتا دەرەخ شاخلىرى تۈگىگەن يەرلەرگىچە ئۆسۈپ چىقىدىكەن ۋە شۇ يەردە يەنە شاخلايدىكەن. ئۇنىڭ يەنە بىر خىلىمۇ بار بولۇپ، غولى ئۈچ ياكى تۆت قىرلىق بولىدىكەن، شاخلىرى تۈز ئۆسىدىغان بولۇپ، ھىندىستاندا ئۆسىدىغان «سىھ دەھارە»، «چو دەھارە» دەپ ئاتىلىدىغان، تىكەنلىرى ئۇششاق بولىدىغان ئۆسۈملۈكنىڭ ئەكسىچە ئۈستىدە ناھايىتى كۆپ، ئۇزۇنچاق تىكەنلىرى بولىدىكەن.

# پەسىل: «ز» (زائ) ۋە «ل» (لام) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى

## زۇلابىيە

(زۇلابىيە ھالۋىسى)

ئۇ پارسچە «ھەلۋايى زەلىبىي» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** ئۇ مەشھۇر ھالۋىلاردىن بولۇپ، يېگىمسى مەززىلىك بولىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئىسسىق.

**خۇسۇسىيتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ياخشى خىلىت پەيدا قىلغۇچى، تېز ھەزىم بولغۇچى، ئورۇق بەدەننى ناھايىتى سەمرىتكۈچى، بۆرەكنى قۇۋۋەتلىگۈچى، ئۆپكىنىڭ ھۆللۈكىنى ئازايتقۇچى، يۆتەل پەسەيتكۈچىدۇر.

**زىيانلىق تەسرى:** توسالغۇ پەيدا قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** سىركەنجۇبىل، ئانار.

# پەسىل: «ز» (زائ) ۋە «م» (مىم) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى

## زەمۇج
(بۇركۇت)

ئۇ پارسچە «چەرەغ» دەپ، تۈركچە «ئوتلىكۇ» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيتى:** ئوۋ قۇشلىرىدىن بولۇپ، ئۇنىڭ بىلەن ئوۋ ئوۋلىنىدۇ.

**تەبىئىتى:** ناھايىتى قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** يۈرەكنىڭ تۇغما ئاجىزلىقى، كېيىن پەيدا بولغان خەپەقانغا پايدا قىلىدۇ. ئۆتىنى يالغۇز ياكى مۇناسىۋەتلىك سۈرمىلەر بىلەن بىرلىكتە كۆزگە سۈركىسە كۆز تورلىشىش، كۆز قاراڭغۇلىشىش، نامازشام قارىغۇسىغا پايدا قىلىدۇ. مايىقى سۈركىسە داغ، سەپكۈن ۋە تېرىدىكى ئىزلارنى يوقىتىدۇ.

## زەمجائى
(زەمجائى مېۋىسى)

ئۇ بىر خىل ياۋا مېۋە بولۇپ، ئۈزۈم دانىسى چوڭلۇقىدا بولىدۇ، زىرباد شەھەرلىرىدە ئۆسىدۇ. پوستى قۇرۇق، يىرىك، ئىچكى پوستى گۆشلۈك، تاتلىق، نازۇك، ھۆللۈكى ئاز بولىدۇ. ئۈچ يىلدا بىر قېتىم مېۋە بېرىدۇ. بەزىلەرنىڭ مەشھۇر قاراشلىرىچە ئۇ مېۋە بەرگەن يىلدا بالىلارغا سۇلۇق قاپارتقۇ كۆپ چىقىدىكەن.

**تەبىئىتى:** قۇرۇقلۇققا مايىل ئىسسىق، ئارتۇق ھۆللۈكى بار.

**خۇسۇسىيتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ھازىرغىچە نامەلۇمدۇر.

# زۇمۇررۇد
(زۇمـرەت)

ئۇ «زۇمۇررۇز» مۇ دېيىلىدۇ. ھىندىچە «پانا» دەپ ئاتىلىدۇ.

ماھىيتى: ئۇ ئېسىل تاشلاردىن بولۇپ، ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئالتۇن كانىدا ھاسىل بولىدىكەن. ئۇنىڭ ماددىسى قۇرۇقلۇقى ۋە ئۇيۇشچانلىقى يۇقىرى بولغان ئالتۇن ئىكەن، شۇ سەۋەبتىن كۆك بولىدىكەن. ئۇ ئۆز كانىدا 21 يىلدا ئاندىن ھاسىل بولىدىكەن. بەزىلەر ئۇنى ۋە زەبەرجەدنى بىر خىل نەرسە، ھەربىرىنىڭ ماددىسى ئوخشىمىغاچقا، ئوخشىمىغان ھالەتتە بولۇپ شەكىللەنگەن دەپ قارايدۇ. باشقا تاشلارغا قارىغاندا يۇمشاقراق بولىدۇ. ئېكەك ئۇنىڭغا تەسىر قىلىدۇ. ھەر خىل ۋە ھەر رەڭدە بولىدۇ.

ئۇنىڭ بىر خىلى «زۇبابىي» (چىۋىنسىمان)، يەنى رەڭگى چىۋىننىڭ رەڭگىگە ئوخشايدىغان يېشىل بولىدۇ. لېكىن ئۇ، بەزىلەر ئويلىغاندەك ئۇنى ئۆزى بىلەن ساقلىغان ئادەمگە چىۋىن قونمايدىغانلىقى ئۈچۈن شۇنداق ئاتالغان ئەمەس. بۇ ئۇنىڭ تۈرلىرىنىڭ ئەڭ ياخشىسى بولۇپ، سۈزۈك، پارقىراق بولىدۇ، ئىچىدە سۇ دولقۇنلاپ ۋە ھەرىكەتلىنىپ تۇرغاندەك مەلۇم بولىدۇ. قارىسا ئۇنىڭدا قارىغان ئادەمنىڭ كۆزىنىڭ ئەكسى كۆرۈنىدۇ. مىسىرنىڭ ئېگىزلىك رايونلىرىدىن ئېلىپ كېلىنىدىغان بولغاچقا «سەئىيدىي» (ئۇستۇنكى مىسىرغا مەنسۇپ) دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇنىڭ يەنە بىر خىلى بار بولۇپ، رەڭگى رەيھاننىڭ رەڭگىگە ئوخشىغانلىقى ئۈچۈن «رەيھانىي» (رەيھانغا مەنسۇپ) دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇ «زۇمۇررۇد نەۋ» (يېڭى زۇمرەت) دېيىلىدۇ. ئۇنىڭ يەنە بىر خىلى بار بولۇپ، «فۇستۇقىي» (پىستە رەڭ)، يەنى رەڭگى قارىغا مايىل كۆك دەپ ئاتىلىدۇ، ئۇ «زۇمۇررۇد كوھنە» (كونا زۇمرەت) دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇنىڭ يەنە بىر خىلى «سىلقىي» (قىزىلچىغا مەنسۇپ)، يەنى رەڭگى قىزىلچا يوپۇرمىقىنىڭ رەڭگىگە ئوخشىغۇچى دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇنىڭ يەنە بىر تۈرى «زەنجارىي»، يەنى رەڭگى زەنگارنىڭ رەڭگىگە ئوخشىغۇچى دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇنىڭ يەنە بىر تۈرى «كۇرراسىي»، يەنى رەڭگى كۇدە يوپۇرمىقىنىڭ رەڭگىگە ئوخشىغۇچى دەپ ئاتىلىدۇ. يەنە بىر تۈرى «سابۇنىي»، يەنى رەڭگى سوپۇننىڭ رەڭگىدەك ئاقا مايىل كۆك بولغۇچى دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ ئۇنىڭ تۈرلىرىنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ ناچىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭ ياخشىسى يېشىل، سۇلۇق، پارقىراق، قاتتىق، ئۇششاق تاش ۋە تەلىق ئارىلاشمىغان، يەنى تەركىبىدە ئۇششاق تاشلار بولمىغانلىرى، يەنە بەزى يەرلىرى تەلقكە ئوخشاش پارقىراق بولمىغانلىرى ياخشىلىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

تەبىئىتى: ئۇنىڭ ھەممە تۈرلىرى ئىككىنچى دەرىجىدە سوغۇق، ئۈچىنچى دەرىجىدە

قۇرۇقتۇر. قۇۋۋىتى ئۆزاق مۇددەت ساقلىنىدۇ.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** خۇرسەن قىلغۇچى، تەبىئى هارارەت، روهلار، يۈرەك، مېڭە، جىگەر، ئاشقازاننى قۇۋۋەتلىگۇچى، تۇتقاق كېسەلگە داۋا بولغۇچى، غەم - قايغۇنى تۈگەتكۈچى، خەفەقان، كۆكرەك پەردىسى ئىششىقى، ئۆپكە ئىششىقى، قاناش، قانلىق ئىچ سۈرۈشكە داۋا بولغۇچى، ئۆلتۈرگۈچى زەهەرلەر ۋە زەهەرلىك هاشاراتنىڭ زەهرىنى قايتۇرغۇچى، ئىستىسقا، يەرقان، سۈيدۈك تۇتۇلۇشقا داۋا بولغۇچى، بۆرەك، دوۋساقتىكى تاشنى پارچىلىغۇچى، جوزام هەرقانچە جاراهەتلەنگەن ۋە جاراهەتلەنگەن ئورۇننىڭ پۈتۈنلۈكى بۇزۇلغان بولسىمۇ ساقايتقۇچىدۇر، يۇقىرىقى مەقسەتلەرگە يېتىش ئۈچۈن ئۇ ئىستېمال قىلىنىدۇ ۋە ئۆزىگە ئېسىۋېلىنىدۇ. زەهەر يېگەن ياكى زەهەرلىك هايۋان چېقىۋالغان ئادەم زەهەر ئەزالىرىغا تارقىلىشتىن بۇرۇن ئۇنىڭدىن سەككىز دانە ئارپا چوڭلۇقىدا ئېلىپ يۇمشاق سالايە قىلىپ ئىستېمال قىلسا زەهەر ئۇنداق كىشىگە كار قىلمايدۇ، چاچ چۈشۈش، بەدەن تېرىلىرىنىڭ قاسراقلىنىشىدىن ئامان قالىدۇ. ئۇ كۆزگە سۈركەلسە كۆرۈش قۇۋۋىتىنى ئاشۇرىدۇ. كۆزگە پەردە ئۆسۈشكە داۋا بولىدۇ. ئۇنىڭغا داۋاملىق قاراپ بېرىلسە كۆزنىڭ چارچىشىنى تۈگىتىدۇ. ئۆزىگە ئېسىۋالسا ۋە ئۇنىڭدىن ياسالغان ئۈزۈكنى قولىغا سېلىۋالسا تۇتقاق كېسەل تۇتۇشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن پادىشاهلار بالىلىرى تۇغۇلغاندا ئۇنىڭدىن بويۇن ئاسقۇ تەييارلاپ بوينىغا سېلىپ قويىدۇ. ئەگەر ئۈزۈك ئالتۇن بولسا تائۇن كېسەللىكىگە پايدا قىلىدۇ. ئۇنى مەلهەم قىلىپ سۈركىسە تاز ۋە يامان يارىلارغا پايدا قىلىدۇ.

ئۇنىڭدىن بەش گىرام ئېلىپ باراۋەر مىقداردىكى ئالتۇن بىلەن كۈمۈشتىن ياسالغان ئۈزۈككە كۆز قىلىپ قۇياش مىزان بۇرجىغا كەلگەندە قولغا سالسا كىشىلەرنىڭ قوبۇل قىلىشىغا نائىل بولىدۇ، كىشىلەرگە سۆرلۈك كۆرۈنىدۇ، هاجەتلىرى راۋا بولىدۇ، سىناقتىن ئۆتكەن دەپ قارىلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا ئۇنىڭ كۆپ خاسىيەتلىرى بايان قىلىنغان، مەسىلەن: ئۇ زەهەرلىك تائامغا تەگكۈزۈلسە تەرلەيدۇ، ئۇنى ئۆزى بىلەن ساقلىغان ئادەم تۇرمۇش قىسلىقى كۆرمەيدۇ، ئەفئا يىلىنىنىڭ نەزىرى ئۇنىڭغا چۈشسە كور بولۇپ قالىدۇ، كور بولمىسىمۇ ياش ئاقىدۇ دېگەنگە ئوخشاش، ئەمما بۇ گەپلەرنىڭ هېچبىرىنىڭ ئاساسى يوقتۇر. چۈنكى كۆپ كىشىلەر باي ۋاقىتلىرىدا ئۇنى قىممەت باهادا سېتىۋېلىپ تۇرمۇش قىيىنچىلىقى بولغاندا ناهايىتى ئەرزان باهادا سېتىشقا مەجبۇر بولغان. سىناق قىلغۇچىلار ئۇنى يىلاننىڭ كۆزىگە سۈركىگەن، ئەمما يىلان كور بولمىغان.

**ئىستېمال مىقدارى:** زەهەر قايتۇرۇش ئۈچۈن يېرىم گىرام، قان توختىتىش ئۈچۈن ئىككى مىللىگىرام ئىستېمال قىلىنىدۇ.

**ئورۇنباسارى:** زەهەر قايتۇرۇش ئۈچۈن زەبەرجەد، ئىچ سۈرۈشنى توختىتىش ئۈچۈن مارجان.

## زۇمۇر
(قۇرۇق زۇپتى)

ئۇ قۇرۇق زۇپتىنىڭ پارسچە نامى بولۇپ، يۇيۇلىدىغان نەرسىلەرنى ئاقارتىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغىنى «رازمورلاك» دەپ ئاتىلىدۇ، زەرگەرلەر ئىشلىتىدۇ.

**خۇسۇسىيتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ھەيزنى توختىتىش جەھەتتىكى تەسرى تەڭداشسىزدۇر. ئۇنىڭ بەش گىرامى توخۇ تۇخۇمىنىڭ سېرىقى بىلەن ئىشلىتىلسە، ھەرقانداق ئەزانىڭ قېنىنى توختىتىدىغان بولۇپ، سىناقتىن ئۆتكەن ئىشلاردىندۇر.

## پەسىل: «ز» (زائ) ۋە «ن» (نۇن) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى

## زەنبا
(زەنبا ئۈسۈملۈكى)

ئۇ پارسچە سۆزدۇر.

**ماھىيتى:** ناھايىتى كۆپ ئۇچرايدىغان بىر خىل ئۈسۈملۈك بولۇپ، يازدا تېرىلسا قىش پەسلىنىڭ باشلىرىدا ئۈنىدۇ.

**تەبىئتى:** ناھايىتى ئىسسىق ۋە ئۆتكۈردۇر.

**خۇسۇسىيتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** بەدەننى سوغۇق تەسىر قىلمىغۇدەك دەرىجىدە قىزىتىدۇ. سوغۇقتىن بولغان باش ئاغرىقنى توختىتىش، كۆزنى روشەنلەشتۈرۈش، پەللەرنى تارقىتىش ئۈچۈن ئىستېمال قىلىنىدۇ، سۈيى كېسەللەنگەن ئورۇنغا تۆكۈلىدۇ.

**زىيانلىق تەسرى:** مېڭىگە زىيان قىلىدۇ. خېمى قاينىتىلغىنىنىڭ ئەكسىچە ئېغىر دەرىجىدە كۆڭۈلنى ئاينىتىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** سىركە بىلەن پىشۇرۇپ كاسىنە ۋە كاھۇ غولى بىلەن ئىستېمال قىلىنىدۇ، ئارقىدىن مەيخۇش ئانار يېيىلىدۇ، بىھى ئىستېمال قىلىنىدۇ.

## زەنجار
(زەنكار)

ئۇ پارسچە «زەڭگەر» دېگەن سۆزنىڭ ئەرەبچىلەشتۈرۈلگىنىدۇر.

**ماھىيتى:** ئۇ يۇنانچە ئاجرالما دېگەن مەنىدە «فىينۇتس» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** ئۇ مىسنىڭ دىتى بولۇپ، كاندىن چىقىدىغىنى ۋە سۇنئىي تەييارلىنىدىغىنىدىن ئىبارەت بىر قانچە خىل بولىدۇ. ئۇنىڭ كاندىن چىقىدىغىنى مىس كانىدا ھاسىل بولىدۇ. يۇنانچە «بار سەفارىتىس» دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇ مىس تەركىبلىك دەھنە (كۆكتاش) تىن ئىبارەت. ئۇنىڭ كاندىن چىقىدىغىنىنىڭ يەنە بىر تۈرى شۈكى، قۇبرۇستىكى بىر ئۆڭكۈردە شەئىرى (چوڭ ئىت يۇلتۇز تۇركۇمى) چىققاندا تامچىلاپ ئۇيۇيدۇ. ئۇ تۇپراق ۋە شېغىل تاشتىن خالىي بولمايدۇ. مەزكۇر ئىككى تۈرى ناچار بولۇپ، ئادەمگە ئىشلىتىشكە بولمايدۇ.

ئۇنىڭ سۇنئىيسى بىر قانچە خىل بولىدۇ. بىر خىلى شۈكى، قاچىغا ئۆتكۈر سىركە تۆكۈپ ئۈستىگە مىس تۇۋاق سىركىنىڭ ھورى چىقىپ كەتمىگۈدەك دەرىجىدە مۇستەھكەم يېپىلىدۇ. 18 كۈن ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق كۈنلەر ئۆتكەندىن كېيىن تۇۋاق ئېچىپ، تۇۋاققا ئۆرلىگەن داتلار قىرىپ يىغىۋېلىنىدۇ. يەنە شۇ يوسۇندا تاكى يېتەرلىك مىقداردا بولغۇچە تەكرارلىنىدۇ. يەنە بىر خىلى «زەنجارى دۇدىي» (تۇتۇنلۇك زەنكار) دۇر. ئۇنىڭ تەييارلىنىشى شۈكى، مىسنى قەغەزدەك نېپىزلىتىپ ئۈستىگە ئۆتكۈر سىركە تۆكۈپ، سوغۇق ئورەككە داتلاشقۇچە كۆمۈپ قويۇپ، ئۇنىڭدىن كېيىن كولاپ چىقىرىپ داتلىرىنى يىغىۋېلىپ، ئۇنىڭ ھەر25 گىرامىغا 120 مىللىلىتىر كونا سىركە تۆكۈپ، مىس ھاۋانچىغا قويۇپ قويۇلغىچە سالايە قىلىنىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن زەمچە، ئەندىران تۇزى، قىزىل توغرىغۇلارنىڭ ھەربىرىدىن 20 گىرام ئېلىپ قوشۇپ سالايە قىلىپ، پىلتە ياساپ ئاپتاپتا قۇرۇغۇچە تۇرغۇزۇلىدۇ. ئۇنىڭ يەنە باشقا تۈرلىرىمۇ باردۇر. ھەممىدىن ياخشىسى كاندىن چىققىنى، ئۇنىڭدىن قالسا يوقىرىدا بايان قىلىنغان «دۇدىي» دەپ ئاتالغىنىدۇر. ئۇ سالايە قىلىنغان شېغىل تاش بىلەن ساختىلاشتۇرۇلىدۇ. پەرقلەندۈرۈش ئۇچۇن نەمدەپ قول بىلەن ئۇۋۇلىسا ھەقىقىي بولغىنىنىڭ ئەكسىچە يۇمشايدۇ. ئۇ يېشىل زاك بىلەنمۇ ساختىلاشتۇرۇلىدۇ. ئۇنى پەرقلەندۈرۈش ئۇچۇن ئۇنى چوغ ئۈستىگە قويغاندا قىزارسا ساختىدۇر، چۈنكى يېشىل زاك زەنكارنىڭ ئەكسىچە ئوتتا قىزىرىدۇ.

**تەبىئىتى:** تۆتىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ئۇ ئۆلتۈرگۈچى زەھەرلەردىندۇر. چاققۇچى، چىرىتكۈچى، يارىلاندۇرغۇچى، ئارتۇق گۆشلەرنى يېگۈچىدۇر. زەيتۇن يېغى بىلەن ئېرىتىلگەن موم بىلەن ئىشلىتىلسە چېقىشىنى يوقىتىدۇ. يامان يارىلار ۋە كېڭەيگۈچى يارىلارنىڭ يامىرىشىنى توختىتىدۇ، جاراھەتلەرنىڭ ئىششىقىنى تارقىتىدۇ. يېڭى گۆش ئۇندۇرىدۇ. بەتەم يېلىمى ۋە قىزىل توغرىغۇ بىلەن زىمات قىلىنسا، قوتۇر، ئاقكېسەلگە پايدا قىلىدۇ. ھەسەل بىلەن قاينىتىپ زىمات قىلىنسا مەينەت يارىلارنىڭ كىرلىرىنى تازىلايدۇ. بوۋاسىر دانچىلىرىنى چۇشۇرىدۇ. مەقئەت ئاقمىسىغا شىپا بولىدۇ. سىركە ۋە ھەسەل بىلەن قاينىتىپ چېپىلسا، چىش مىلىكى يارىلىرى، تاشمىلار ۋە ئېغىز، بۇرۇن، قۇلاقتا ئوخشاش سوغۇق مىزاجلىق

ئەزالارنىڭ زەخىملىرىنى ساقايتىدۇ. چىش مىلىكى بوشاش، قاپاق قىلىنلاشقا داۋا بولىدۇ. ھەسەل بىلەن بىرلىكتە كۆزگە سۈركىسە قاپاق قىلىنلاشقا شىپا بولىدۇ. كۆيدۈرۈلگىنىنى كۆيدۈرۈلگەن پىندۇق، قىزىل كەترا، توخۇ تۇخۇمىنىڭ ئېقى بىلەن مەلھەم قىلىپ سۈركىسە بەدەندە پەيدا بولغان يارىلارنىڭ ھەممىسىگە پايدا قىلىدۇ، سىناقتىن ئۆتكەن. ئۇنى قىز تۇغقان ئاياللارنىڭ سۈتى ۋە سىركە بىلەن بىرلىكتە مىس ھاۋانچىغا تۆكۈپ، قويۇلۇپ قۇرۇغۇچە سالايە قىلىپ ئىشلەتسە كۆرۈش كۈچىنى ئاشۇرىدۇ، كۆزدىكى ئاق، تىرناقچە گۆش، كۆزگە ئۆسكەن پەردە قاتارلىقلارنى يوقىتىدۇ، كۆز ياشانغىراش ۋە قاپاق گىرۋەكلىرىنىڭ قىزىرىپ ئىششىشىغا پايدا قىلىدۇ، سىناقتىن ئۆتكەن. سالايە قىلغاندا تۇتىياغا ئوخشاش بولىدىغان تۇرى قوتۇر، قاپاق ساڭگىلاش، قاپاق گىرۋەكلىرىنىڭ قىزىرىپ ئىششىشىغا پايدا قىلىدۇ، ھۆللۈكنى قۇرۇتىدۇ. مۇناسىپ دورىلار بىلەن ئىشلىتىلسە كۆز كېسەللىكلىرىگە پايدا قىلىدۇ. مەلھەملەرگە قوشۇپ ئىشلىتىلسە ئارتۇق گۆشلەرنى يوقىتىدۇ. چىرىگەن يامان يارىلارنى ئىسلاھ قىلىدۇ. مۇناسىۋەتلىك دورىلار بىلەن زىمات قىلىنسا يىرىڭلىق تازنى ساقايتىدۇ. ئۆشەق بىلەن يۇغۇرۇپ پىلتە ياساپ بوۋاسىرغا قويسا پايدا قىلىدۇ. بۇرۇنغا پۈركىسە بۇرۇننىڭ بەتبۇي پۇرىشىنى يوقىتىدۇ، زەخىمىسىنى ساقايتىدۇ، ئەمما ئۇنىڭ توزۇندىلىرىنىڭ گالغا كىرىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن ئېغىزغا سۇ ئېلىپ تۇرۇلىدۇ. چۈنكى ئۇ گالغا زىيان قىلىدۇ. تۈزەتكۈچىسى يېڭى سېغىلغان سۈت، سېرىق مايدۇر.

زەنكار پەي ـ نىرۋىلىق ئەزالارغا زىيان قىلىدىغانلىقى ئۈچۈن ئۇ زۆرۈر بولمىسا ئىشلىتىلمەيدۇ. ئەگەر ئىشلىتىش زۆرۈر بولسا لوئابلار، ياغلارغا ئوخشاش سىلىقلارشتۇرغۇچى دورىلار بىلەن بىرلىكتە ئاز مىقداردا ئىشلىتىلىدۇ.

ئۇنىڭ ئۈچ گىرامى جىگەرنى يارىلاندۇرۇش بىلەن ھالاك قىلىدۇ. ئاشقازاندىن ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن ئىلاج كار قىلمايدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** گۈلاب، ئىلمان سۇ، بادام يېغى، لوئابلار، مايلىق شورپىلاردۇر. قالغان تەدبىرلىرى ئىسپىداج، شىڭگىرىپ، سىماب يەپ زەھەرلەنگەنلەرگە قىلىنغان تەدبىرلەر بىلەن ئوخشاشتۇر.

**ئورۇنباسارى:** باراۋەر مىقداردا ئىقلىمىيا، يېرىم ھەسسە شىڭگىرىپ.

## زەنجەبىيل
(زەنجىۋىل)

ھىندىچە ئۇنىڭ ھۆلى «ئەدرەك»، قۇرۇقى «سونتھ» دەپ ئاتىلىدۇ. «سەندىي»مۇ دېيىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** ئۇ تونۇشلۇق يىلتىزدۇر. ئۆسۈملۈكى شاقاقۇل ئۆسۈملۈكىگە ئوخشاش، ئۇنىڭدىن كىچىكرەك، يوپۇرمىقى ئىنچىكە، ئۇزۇنچاق بولۇپ، غىرىچ ئۇزۇنلۇقىدا كېلىدۇ. گۈلسىز، مېۋىسىز بولىدۇ. مازىندارانىدىمۇ بولىدۇ. ھىندىستان، دۆكەن، گۇجۇرات ۋە بېنگالدا ناھايىتى كۆپ بولىدۇ. ئۇنىڭ ھۆلى يېتىشتۈرۈلىدۇ. ئۇ چۆلنىڭ ۋە تاغنىڭ دەپ ئىككى خىل بولىدۇ. تاغدا ئۆسىدىغىنىنىڭ يىلتىزىمۇ، ئۆسۈملۈكىمۇ چوڭراق بولىدۇ. زەنجىۋىلنىڭ يىپسىز، ئاق، قۇرۇق بولغان يېڭىسى ھىندىچە «سەتۋە» دەپ ئاتىلىدۇ. خىتاي ئەللىرىدىنمۇ زەنجىۋىل مۇراببىاسى ئېلىپ كېلىنىدىغان بولۇپ، ئۇ يەردىن چىقىدىغان زەنجىۋىلنىڭ دانلىرى چوڭ، تولۇق يېتىلگەن بولۇپ، يىپسىز بولىدۇ، باشقا ھېچقانداق يەردە ئۇنداق بولمايدۇ.

**تەبىئىتى:** ئۇنىڭ ھۆلى ئۇچىنچى دەرىجىدە ئىسسىق، بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇقتۇر. قۇرۇقى ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق بولۇپ، ئارتۇق ھۆللۈكى باردۇر.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ئەستە تۇتۇش قابىلىيىتىنى ئاشۇرىدۇ، ھەزىمنى ياخشىلايدۇ، ئاشقازان، جىگەرنى قۇۋۋەتلەيدۇ. جىگەر توسالغۇلىرىنى ئاچىدۇ، باھنى قۇۋۋەتلەيدۇ، ئاشقازان، ئۈچەيلەرنىڭ قويۇق يەللىرىنى تارقىتىدۇ. بەلغەم بوشىتىدۇ. ئاشقازان، ئۈچەي ۋە باشقا ئەزالارنىڭ يۈزىگە چاپلاشقان شىلىمشىق قويۇق سۇيۇقلۇقلارنى تارقىتىدۇ ۋە قۇرۇتىدۇ. چوڭ تەرەتنى بوشىتىدۇ. قويۇق خىلىت ۋە مېڭە، گالدىكى ھۆللۈكلەرنى چىقىرىدۇ. پەيلەرنىڭ سوغۇقلۇقىنى ئالىدۇ، پالەچ، ئاشقازاندا مەددە قۇرت پەيدا بولۇش، توسۇلۇش خاراكتېرلىك يەرقان، سوغۇقلۇق ۋە سۇيۇقلۇق ئەزالىرىنىڭ ئاجىزلىقىدىن بولغان سۇيدۈك تامچىلاشقا داۋا بولىدۇ. غىزانىڭ بۇزۇلۇشىدىن بولغان ئىچ سۈرۈشنى توختىتىدۇ. ھايۋانات زەھىرىنى قايتۇرىدۇ. بەلغەمدىن بولغان ئۇسسۇزلۇقنى پەسەيتىدۇ. ناۋات ۋە كۈندۈر بىلەن ئىستېمال قىلىنسا ھۆل مېۋىلەرنىڭ زەرەرىنى يوقىتىدۇ، ئاشقازاننىڭ ھۆللۈكىنى ئالىدۇ. چالا پىشۇرۇلغان توخۇ تۇخۇمىنىڭ سېرىقى بىلەن ئىستېمال قىلىنسا مەنىي كۆپەيتىدۇ، مەنىينى قويۇلدۇرىدۇ. تۇربۇت بىلەن ئىستېمال قىلىنسا بوغۇملار ۋە پاقالچاقتىكى ھۆللۈكلەرنى سۈرۈپ چىقىرىدۇ. تۇربۇتنىڭ سۈرۈش قۇۋۋىتىگە ياردەم بېرىدۇ. خولىنجان، پىستە بىلەن ئىستېمال قىلىنسا باھنى قۇۋۋەتلەيدىغان بولۇپ، سىرلاردىن ھېسابلىنىدۇ. كۆزگە سۈركىسە كۆز تورلىشىش، كۆزدە پەردە ئۆسۈش، كۆزگە ئاق چۈشۈشكە پايدا قىلىدۇ. ئېغىزدا تۇتۇلسا بەلغەمدىن بولغان ئۇسسۇزلۇقنى پەسەيتىدۇ. زىمات قىلىسا ئەزالارنى قۇۋۋەتلەيدۇ، تەشەننۇجقا داۋا بولىدۇ، يەللەرنى تارقىتىدۇ، بوۋاسىرنى ساقايتىدۇ، سوغۇقتىن بولغان ئاغرىقلارنى پەسەيتىدۇ، ئۇرۇقدان ۋە باشقا ئەزالارنىڭ بەلغەمدىن، يەلدىن بولغان ئىششىقىنى تارقىتىدۇ، ئۇنى ئىككى ھەسسىسىچىلىك مىقداردىكى ئادراسمان بىلەن ئىشلەتسە ئۇنۇمى كۈچلۈكرەك بولىدۇ، شۇنداقلا ئۇنىڭ قۇرۇقىنىڭ سۇفۇپىنى يەرلىك

ئورۇنغا سۈركىسە ۋە يەرلىك ئورۇن سوغۇق ھاۋادىن ساقلاپ ئىسسىق تۇتۇلسا، شۇنداقلا ئۇنى يېرىم ھەسسە قۇرۇق ئارپىبەدىيان ياكى زورەمبات بىلەن يۇمشاق سوقۇپ يەرلىك ئورۇنغا سۈركىسمۇ يۇقىرىدىكى كېسەللىكلەرگە پايدا قىلىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** گالغا زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** ھەسەل، بادام يېغى.

**ئىستېمال مىقدارى:** ئالتە گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

**ئورۇنباسارى:** پىلپىل.

ئۇنىڭ جاۋارىشى، مۇراببىاسى قارابادىندا بايان قىلىندى.

ئۇنىڭ ھۆلى سالايە قىلىنىپ زىمات قىلىنسا دائىرىلىك چاچ چۈشۈشكە پايدا قىلىدۇ، يەلدىن ۋە سوغۇقتىن بولغان ئىششىقلارنى تارقىتىدۇ، سوغۇقتىن بولغان ئاغرىقلارنى پەسەيتىدۇ.

ئۇنىڭ تاغدىن چىقىدىغان تۈرى كۈچلۈكرەك بولۇپ، ئىپىتىشلارغا قارىغاندا، ئۇنى يۇمشاق سوقۇپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ مائۇللەھمىگە سېپىپ ئىچسە، بوغۇم ئاغرىقلىرىنى پەسەيتىدىكەن، ھۆل سوغۇقتىن بولغان كېسەللىكلەرنى ساقايتىدىكەن، سوغۇقتىن بولغان ئىششىقلارنى تارقىتىدىكەن. شۇنداقلا ئۇنىڭ قۇرۇقى ياكى ھۆلىنىڭ سۈيىنى سۈركىسىمۇ شۇ تەسىرنى بېرىدۇ.

ھىندىستان ۋە بېنگالدا ئۇنىڭ يەنە بىر تۈرى بار بولۇپ، «ئەنبە سونتھ» (ئام زەنجىۋىلى) دەپ ئاتىلىدۇ، چۈنكى ئۇنىڭدىن ئام مېۋىسىنىڭ پۇرىقى كېلىدۇ. ئۇنىڭ مىزاجى ۋە خۇسۇسىيەتلىرى ئۇنىڭ بىرىنچى تۈرىگە ئوخشايدۇ. ئۇنىڭ ھۆلىنى كۆپ ھاللاردا نېپىز توغراپ، تۇز سېپىپ لىمون سۈيىگە چىلاپ قويۇپ، تائامدىن كېيىن ھەزىمنى ياخشىلاش ۋە ئېغىز تەمىنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن ئاز - ئازدىن ئىستېمال قىلىنىدۇ، بۇ چاغدا ئېغىز خۇش پۇراق، تاتلىق بولىدۇ.

ئۇنىڭ بىرىنچى تۈرىنىڭ ھۆلىنىمۇ نېپىز توغراپ، تۇز ۋە لىمون سۈيى بىلەن لايىقلاشتۇرۇپ ياكى قۇرۇقىنى سوقۇپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ تۇز ۋە لىمون سۈيى بىلەن يۇغۇرۇپ قۇرس ياساپ يۇقىرىقى ئۇسۇل بويىچە ئىشلىتىلىدۇ.

## زەنجەبىلۇل كىلاب
### (ئىت زەنجىۋىلى)

ئۇ بىر خىل ئۆسۈملۈك بولۇپ، يوپۇرمىقى سۆگەت يوپۇرمىقىغا ئوخشايدۇ، ناھايىتى سېرىق، شاخلىرى قىزىل، تەمى ئۆتكۈر بولۇپ، زەنجىۋىلنىڭ تەمىگە ئوخشايدۇ. ئىتنى

ئۆلتۈرىدىغان بولغانلىقى ئۈچۈن ئىت زەنجىۋىلى دەپ ئاتىلىدۇ.

تەبىئىتى: ئۈچىنچى دەرىجىدە ئىسسىق، بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇق.

خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى: ھۆلى زىمات قىلىنسا، تېرىدىكى داغ ۋە ئىزلارنى كۆچلۈك يوقىتىدۇ. يوپۇرمىقى زىمات قىلىنسا قاتتىق ئىششىقلارنى تارقىتىدۇ. ئۇنى ئىستېمال قىلىشقا بولمايدۇ.

«ئىختىياراتى بەدىئىي» دېگەن كىتابنىڭ ئاپتورى ئۇنى «فۇلفۇلۇل مائ» (سۇ پىلپىلى) دەپ بىلگەن، ئەمما ئالاھىدىلىكلىرىگە قارىغاندا باشقا ئۆسۈملۈكتەك مەلۇم بولىدۇ.

## زەنجەفر
(شىڭگىرىپ)

ئۇ پارسچە «شىنگىرىف» دەپ ئاتىلىدۇ.

ماھىيىتى: تونۇشلۇق بولۇپ، كاندىن چىقىدىغىنى ۋە سۈنئىي تەييارلىنىدىغىنىدىن ئىبارەت ئىككى خىل بولىدۇ. كاندىن چىقىدىغىنى يۇنانچە «مىينۇن» دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇ سىماب، ئالتۇن، مىس كانلىرىدا ھاسىل بولىدۇ ۋە «ھەجەرۇز زەيبەق» (سىماب تاش) دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇ يىلتىزغا ئوخشايدىغان بولۇپ، ئۇسرەنج (بىر خىل سۈنئىي ياسالما)نىڭ رەڭگىدە، قاتتىق بولىدۇ. بەزىلەر ئۇنى قىزىل گۈڭگۈرت دەپ بىلىدۇ.

ئۇنىڭ سۈنئىيسى سىماب بىلەن گۈڭگۈرتتىن ھاسىل بولىدۇ، يۇنانچە «قەسبا بارىي» دەپ ئاتىلىدۇ. قەلەمچىلىرى ئۇزۇن، قىزىل، قارامتۇل بولغان ۋە گۈڭگۈرت پۇرىقى كەلمەيدىغانلىرى ياخشىلىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

تەبىئىتى: ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق، بەزىلەر ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق، بەزىلەر ئىككىنچى دەرىجىدە سوغۇق دەپ بىلىدۇ.

خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى: قورۇغۇچى، ماددىلارنى تارتقۇچىدۇر. بەزىلەر ئۇنىڭ قورۇش قۇۋۋىتىنى تارتىش قۇۋۋىتىدىن كۈچلۈكرەك دەپ، يەنە بەزىلەر ئەكسىچە دەپ بىلگەن. شادىنەجدىن قورۇغۇچىراقتۇر. ئۇنى سوقۇپ سالايە قىلىپ سەپسە قان توختىتىدۇ، چىشلارنىڭ كەمتۈكلىشىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. يارىلارنىڭ ھۆللۈكىنى قۇرۇتۇپ پۈتتۈرىدۇ. قىچىشقاق، قوتۇر، ئىسسىقلىق ئۆرلەش، سەپكۇن، پىتلاش ۋە ئوتتا كۆيگەن يارىغا پايدا قىلىدۇ. ياغدا ئېرىتىلگەن موم بىلەن زىمات قىلىنسا ئوتتا كۆيگەن يارا، مۇدۇر - چاقا، مەقئەت يېرىلىشقا داۋا بولىدۇ، يارىلارغا گۆش ئۈندۇرۇپ ساقايتىدۇ. شۇنداقلا ئۇ بارىزەت بىلەن مەلھەم قىلىنىپ چېپىلسا، دەسلەپكى مەزگىلدىكى قاپلىق يارىلارنىڭ كېسەللىك ماددىلىرىنى قايتۇرىدۇ، ئېغىز ئالدۇرىدۇ، تارقىتىدۇ. ھۆل ئىششىقلارنى قايتۇرىدۇ. ئۇنىڭ

تۇتۇنى بىلەن يامان يارىلار ئىسلانسا قۇرۇتۇپ ساقايتىدۇ. ئەمما كۆز، قۇلاق، ئېغىز قاتارلىق ئەزالارنى ئۇنىڭدىن ساقلاش، ئىشلەتكەندە ئېغىزغا سۇ ئېلىپ تۇرۇش لازىم، چۈنكى ئۇ ئۆلتۈرگۈچى زەھەرلەردىندۇر.

ئۇنىڭ ئالتە گىرامى، ئېيتىشلارغا قارىغاندا 10 گىرامى گالنى بوغۇش، كۆڭۈلنى ئېلىشتۇرۇش، خەفەقان، قاتما ۋە سىمابتىن زەھەرلىنىشتە كۆرۈلىدىغان ئالامەتلەرنى پەيدا قىلىش بىلەن هالاك قىلىدىكەن.

قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن كالا يېغى، ئەنجۈر، سىرىقچېچەك قاينىتىلمىسى، مائۇلھەسەل ۋە توغرىغۇ ئىستېمال قىلدۇرۇپ قۇستۇرۇلىدۇ. يېڭى سىغىلغان سۈت، لوئابلىق ئۇرۇقلار قاينىتىلمىسى، لوئابلارغا ئوخشاش ئۈچەي زەخمىسىگە پايدا قىلىدىغان دورىلار ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ. مايلىق شورپىلار ئىچۈرۈلىدۇ. قەي بىلەن چىقسا تېخى ياخشى، چىقمىسا ياغلار بىلەن ھۆقنە قىلىنىدۇ.

**ئورۇنباسارى:** شادىنەج.

ھىندىستان خەلقى ئۇنى تازىلاپ ساپلاشتۇرۇپ، مۇناسىپ دورىلار بىلەن بىرلىكتە ياكى يالغۇز كىچىك ھەب ياساپ ئىشلەتسە كونا، مۇرەككەپ تەپلەر، ھۆل سوغۇقتىن بولغان كونا يۆتەل، زىققە نەپەس، يەرقان، قورساقنىڭ قويۇق يەل بىلەن قېتىشى، بوغۇم ئاغرىقلىرى، جوزامغا پايدا قىلىدۇ، زەھەرلەرنى ناھايىتى ياخشى قايتۇرىدۇ، كۆرۈش قۇۋۋىتىنى ئاشۇرىدۇ، دەپ قارايدۇ.

ئۇنىڭ تازىلىنىشى ۋە مەلھەملىرى قارابادىندا بايان قىلىنىدى.

## زەنبەق
### (سەۋسەنى ئازاد)

ئۇ پارسچە «سەۋسەنى ئازاد» دەپ ئاتىلىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇ ئاق سەۋسەن ئەمەس ئىكەن، يەسىمەن گۈلىمۇ ئەمەس ئىكەن. سەۋسەن ماۋزۇسىدا بايان قىلىنىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇنى ئاق سەۋسەن دەپ بىلگەنلەر شۈبھىلەنگەنلەر ئىكەن.

«ئىختىياراتى بەدىئىي»نىڭ ئاپتورىنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇنىڭ گۈلى سېرىق بولۇپ، ئۈچ شاختا ئېچىلىدىكەن. گۈل ئېچىلىدىغان شېخى بىر گەز ۋە ئۇنىڭدىن كەم ـ زىيادە ئېگىزلىكتە بولىدىكەن. ھەر شاخنىڭ ئۇچىدا تۆتتىن ئون تالغىچە خۇش پۇراق گۈلى بولىدىكەن. ئۇنىڭ يوپۇرماقلىرى ئاس يوپۇرمىقىغا ئوخشاش، ئۇنىڭدىن ئۇزۇنراق بولىدىكەن. تۆۋىدىن چىققان يوپۇرمىقى كاسىنە يوپۇرمىقىغا ئوخشاش، ئۇنىڭدىن قېلىنراق بولىدىكەن. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇ «رازىقى» دەپ ئاتالغان ئۆسۈملۈك سەۋسىنى ئازاد ئىكەن.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە ئىسسىق، قۇرۇقلۇقى مۆتىدىلدۇر، بەزىلەر بىرىنچى دەرىجىدە ئىسسىق دەپ بىلگەن.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ماددىلارنى ئۇچۇچانلاشتۇرغۇچى، مېڭىنى قۇۋۋەتلىگۈچىدۇر. ئۇنىڭ يىلتىزىنىڭ تەسىرلىرى مەغىز گۈلى يىلتىزىنىڭ تەسىرلىرىگە ئوخشاش، ئۇنىڭدىن كۈچلۈكرەك بولىدۇ.

ئۇنىڭ گۈل يېغىغا ئوخشاش ئاپتاپتا قويۇلۇپ، ئۇنىڭ گۈلى ئۇچ قېتىم يېڭىلىنىپ تەييارلانغان يېغى ئىككىنچى دەرىجىدە ئىسسىق، بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇق بولۇپ، ماددىلارنى ئۇچۇچانلاشتۇرغۇچى، يۇمشاتقۇچى، ئەزالارنى قۇۋۋەتلىگۈچىدۇر. ئۇنىڭ 15 گىرامى سەپرالىق خىلىتلارنى سۈرىدۇ، سۈيدۈك ھەيدەيدۇ. مەلھەم قىلىپ سۈركىسە جۇغ - جۇغنى يوقىتىدۇ، مېڭە، پەي ۋە جىنسىي ئەزالارنىڭ سوغۇقلۇقىنى ئالىدۇ.

**ئورۇنباسارى:** يېغىنىڭ ھەممە تەسىرلىرى ئۇچۇن ئىرىسا يېغى، يالغان ئىچ سۈرۈش ئۇچۇن نەرگىس يېغى ئورۇنباساردۇر.

## زۇنبۇر
(سېرىق ھەرە)

بۇ ئاتالغۇنىڭ كۆپلۈك شەكلى «زەنابىير» (سېرىق ھەرىلەر) بولىدۇ. ھىندىچە «بەھر» دەپ ئاتىلىدۇ. بېنگالدا «بىرلە» دېيىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** ئۇ زېمىن ھاشارىتىدىن بولۇپ، بىر قانچە خىل بولىدۇ. ئادەتتە ئۇنىڭ چوڭ بولغان قىزىلى نەزەردە تۇتۇلىدىغان بولۇپ، كۆپ ئالاھىدىلىكلىرى ھەسەل ھەرىسىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىگە ئوخشايدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇ قىش پەسلىدە كۆنىكىگە كىرىۋېلىپ ھاۋا مۆتىدىللەشمىگۈچە چىقمايدىكەن. ئۇ چىۋىن تۇتۇپ يەيدۇ. كىشى ئۇنىڭ كۆنىكىگە چېقىلسا ھەممە ھەرىلەر ئۇنىڭغا ھۇجۇم قىلىپ ئەزىيەت يەتكۈزىدۇ ۋە چاقىدۇ. بەزىدە ئۇ ئادەملەر ئۇنىڭغا چېقىلمىسىمۇ چاقىدۇ، ئەمما بۇنداق قىلىشى ئاز ئۇچرايدۇ. ئۇ چاققان ئەزا ئىششىيدۇ، كۆيۈشىدۇ، قىچىشىدۇ. ھەرە ئۈستىگە ياغ قۇيۇلسا ئۆلۈككە ئوخشاش ھېسسىز بولۇپ ئۆلىدۇ، ئۇنىڭغا سىركە چېچىلسا تىرىلىدۇ. ئۈستىگە چىراغ يېغى قۇيۇلسا ئۆلىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇنىڭ ئەركىكىنىڭ كۈچلۈك زەھەرلىك بىر نەشتىرى بولىدىكەن، ئەمما چىشىسىنىڭ ئىككى نەشتىرى بار بولۇپ، زەھىرى ئازراق ئىكەن. قىش كۈنلىرىدە ئۇنىڭ نەشتىرى چۈشۈپ كېتىدۇ ياكى زەھىرى ئازلاپ قالىدۇ. ئۇنىڭ كۆنىكىنىڭ ماددىسىنىڭ نېمە ئىكەنلىكى مەلۇم ئەمەس. ئۇنىڭ قىزىلىنىڭ زەھىرى باشقا تۈرلىرىنىڭ زەھىرىدىن ئارتۇقراق بولىدۇ.

**تەبىئىتى:** ناھايىتى قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ھەسەل ۋە تۇز بىلەن مەلھەم قىلىنسا ئاقكېسەلنى داۋالايدۇ، سوغۇقتىن بولغان يۇمشاق ئىششىقلارنى تارقىتىدۇ. ئۇ پالەچكە ئوخشاش سوغۇقتىن بولغان سوزۇلما خاراكتېرلىك پەي ـ نېرۋا كېسەللىكلىرى بىمارنى چاقسا ناھايىتى پايدا قىلىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇنىڭ بالىلىرىنى قۇرۇتۇپ ئۈچ گىرامنى ھالۋا بىلەن ئىستېمال قىلسا بەدەننى سەمرىتىدىكەن. كۆككە مايىل قارا ھەرىنى زەيتۇن يېغى بىلەن قاينىتىپ بەرەس، بەھەق ۋە تېرىدىكى باشقا ئىزلارغا سۈركىسە پايدا قىلىدۇ.

ھەرە كىشىنى چاقسا چاققان ئەزا ئاغرىيدۇ، كۆيۈشىدۇ، قىچىشىدۇ، قىزىرىدۇ، ئىششىيدۇ، زەھىرى كۈچلۈك بولسا مەزكۇر ئالامەتلەر ئېغىر، زەھىرى ئاجىز بولسا يېنىك بولىدۇ.

زەھىرىنى قايتۇرۇش ئۇچۇن چاققان ئورۇن ئېغىز بىلەن كۈچلۈك شورىلىدۇ ياكى يىڭنە ۋە ئۇنىڭغا ئوخشاش نەرسە بىلەن چاققان ئورۇن يېرىپ شورىلىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن توپا سىركە ۋە كافۇر بىلەن ياكى لەش سىركە بىلەن ياكى گىل ئەرمىنى سىركە بىلەن ياكى گۈلى رەست غورا ئۇزۇم سۈيى بىلەن ياكى جەدۋار سىركە بىلەن مەلھەم قىلىنىپ چېقىلغان ئورۇنغا سۈركىلىدۇ. يېڭى كالا تېزىكى، خۇببازى، رىجلە ئوتى، ئىتئۇزۇمى زىمات قىلىنىدۇ. رەختىنى قار ـ مۇز سۈيى بىلەن نەمدەپ چېقىۋېلىنغان ئورۇنغا يېپىپ پات ـ پات ئالماشۇرۇلسا، چېقىۋېلىنغان ئەزانى قىزىق سۇغا چىلاپ ئارقىدىنلا سوغۇق سۇغا چىلىسا ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ. ھاك ياۋا رەيھان بىلەن مەلھەم قىلىنىپ چېپىلىدۇ. قابىز خۇسۇسىيەتلىك قىيامىلار، ئىسپىغۇل لوئابى، چۈچۈمەل سىركەنجۇبىل، چۈچۈمەل ئانار سۈيى، تەرخەمەك، كاسىنە، كاھۇ، قۇرۇق يۇمغاقسۇت سوغۇق سۇ ۋە شېكەر بىلەن ئىستېمال قىلىنىدۇ. قان ئېلىش زۆرۈر بولسا قان ئېلىنىدۇ. چۈشىن سالايە قىلىنىپ سۈركىلىدۇ. كالا يېغى يالغۇز ياكى پىياز بىلەن داغلىنىپ سۈركىلىدۇ. ھەسەل ھەرىسى ئاللا خالىسا «ن» (نۇن) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلار بابىدا بايان قىلىنىدۇ.

## پەسىل: «ز» (زائ) ۋە «ۋ» (ۋاۋ) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى

### زەۋان

(زەۋان ئۆسۈملۈكى)

**ماھىيتى:** كۆپ قىسىم ئالىملار ئۇنى سارالڭ بۇغداي دەپ بىلىدۇ. يۇسۇپ بەغدادىينىڭ ئېيتىشچە، ئۇنداق دەپ بىلىش خاتا ئىكەن. بەلكى ئۇ باشقا بىر خىل دان بولۇپ، قارىغا

مايىل، ماشقا ئوخشاش سۇس يېشىل، كىچىك، سوزۇنچاق، بېشى ئىنچىكە بولىدىكەن. لاچىندانە غىلاپىغا ئوخشاش غىلاپ ئىچىدە بولىدىكەن. تەمى ئاچچىق، ئۆتكۈر بولىدىكەن. تەمى يېقىشسىز بولۇپ، تىلنىڭ تېتىش قەۋىتىگە سىڭىپ كىرىدىكەن. قاتتىق مەست قىلىدىكەن، ياتسىرىتىدىكەن.

ئۇنىڭ يەنە بىر تۈرى بار بولۇپ، دانلىرى ياپىلاق بولىدۇ. ئۇنىڭ يەنە بىر تۈرىمۇ بار بولۇپ سېرىق، ئۇزۇنچاق بولىدۇ، بۇ ئىككى تۈرى ئالدىنقى تۈرىدىن ناچارراق بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئۈچىنچى دەرىجىنىڭ ئاۋۋىلىدا قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** زەھەرلەيدۇ، تارتىش قۇۋۋىتى بار. زىمات قىلىنىسا ئەزالاردىكى تىكەن ۋە ئۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىلەرنى چىقىرىدۇ. ئۇ مەلھەم قىلىنىسا دائىرىلىك چاچ چۈشكەن يەرگە چاچ ئۈندۈرىدۇ. ئىششىقلارنى تارقىتىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن ئىسسىق ئۆتكۈزۈلسە سوغۇقتىن بولغان باش ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ. ئۈزۈم شارابىغا قوشۇلسا مەست قىلىش قۇۋۋىتىنى ئاشۇرىدۇ. ئۇ مەست قىلىدىغان، مېڭىگە زىيان قىلىدىغان، ئەقلىنى بۇزىدىغان، مەقئەتكە زىيان قىلىدىغان ۋە بىخۇد ئۇخلىتىدىغان بولغاچقا ئۇنى ئىستېمال قىلىشتىن ئۆزىنى تارتقان ياخشىراقتۇر.

**تۈزەتكۈچىسى:** قەي قىلىش، بەدەننىڭ تۆۋەنكى قىسمىنى كالا يېغى بىلەن ياغلاپ بېرىش، چۈچۈمەل مېۋە قىيامىلىرى ئىستېمال قىلىش، گۈللەر ۋە مېڭىنى قۇۋۋەتلىگۈچى خۇش پۇراق ماتېرىياللارنى پۇراشتۇر.

## زۇفايى يابىس
(قۇرۇق زۇپا)

ئۇ بىر خىل ئۆسۈملۈك بولۇپ، يەرگە يېپىلىپ ئۆسىدۇ. يوپۇرمىقى يەرلىك يالپۇز ۋە مەرزەنجۇش يوپۇرمىقىغا ئوخشاش، خۇش پۇراق بولىدۇ. شاخلىرى بوغۇملۇق بولۇپ، ھەر بوغۇمىدا سېرىققا مايىل گۈلى بولۇپ، ئۇرۇقسىز، تەمسىز بولىدۇ. يېزىلىشلارغا قارىغاندا، ئۇنىڭ يوپۇرمىقى خېنە يوپۇرمىقىغا ئوخشايدىكەن. ئۇنىڭ ياخشىسى بەيتۇل مۇقەددەستىن كەلتۈرۈلگىنى بولۇپ، «زۇفائى مىسرىي» (مىسىر زۇپاسى) دەپ ئاتىلىدۇ.

**تەبىئىتى:** يەرلىكى ئىككىنچى دەرىجىدە ئىسسىق، ئىككىنچى دەرىجىنىڭ ئاخىرىدا قۇرۇقتۇر. تاغدا ئۆسىدىغىنى يەرلىكىدىن كۈچلۈكرەكتۇر.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ئۇ ماددىلارنى ئۈچۈچانلاشتۇرغۇچى، بەلغەمنى سۈرگۈچى، ئاشقازاندىكى قويۇق يەللەر ۋە ئۇيۇغان قاننى تارقاتقۇچى، ئىششىقلارنى تارقاتقۇچىدۇر.

پالەچ، كونا يۆتەل، كاناي ئىششىقى، ئۆپكە ئىششىقى، نەزلە، نەپەس قىيىنلىشىش، كۆكرەك، بىقىن، تىز، ئاشقازان، جىگەر ئاغرىقلىرى، قۇلۇنجى، ئۈچەي زەخمىسى قاتارلىقلارغا شىپا بولىدۇ. زەھەرلىك ھاشاراتنىڭ زەھىرىنى قايتۇرىدۇ. دائىرىلىك چاچ چۈشۈش، چاچ كېپەكلىشىشكە داۋا بولىدۇ. قۇلاقنىڭ يەللىرىنى تارقىتىدۇ. ئۇنىڭ قاينىتىلمىسىنى سىركە بىلەن بىرلەشتۈرۈپ ئېغىز چايقىسا چىش ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ. ئۇنى سۇزاپ، ھەسەل ۋە سۇ بىلەن قاينىتىپ ئىچسە، ئۆپكىنىڭ ئىسسىقتىن بولغان ئىششىقى، كاناي ئىششىقىنى تارقىتىدۇ، كونا يۆتەلنى پەسەيتىدۇ، نەزلە سۇيۇقلۇقىنىڭ باشتىن گالغا قۇيۇلۇشىنى توسىدۇ، نەپەس قىيىنلىشىشقا داۋا بولىدۇ، ئاشقازان مەددە قۇرتى ۋە قاپاق ئۇرۇقىسىمان مەددىنى چۈشۈرىدۇ. ئۇنى ھەسەل بىلەن لوئۇق قىلىپ يالىسا ئاشقازاندا مەددە قۇرت پەيدا بولۇشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. قايناتمىسى سىركەنجىۋىل بىلەن ئىچىلسە قويۇق خىلتنى سۈرىدۇ. قەردمانە ۋە ئىرسا بىلەن ئىچسە ئۇنىڭ سۈرۈش قۇۋۋىتى تېخىمۇ ئاشىدۇ، رەڭگىرويىنى ياخشىلايدۇ. شاراب بىلەن ئىستېمال قىلىنسا ئىسسىقا ۋە زەھەرلىك ھاشاراتنىڭ چېقىۋېلىشىغا داۋا بولىدۇ. ئەنجۈر قايناتمىسى بىلەن ئىچىلسە بەدەندە ماددىلارنىڭ قېيىپ قېلىشىدىن بولغان بوغما كېسەلگە پايدا قىلىدۇ. سۇ بىلەن زىمات قىلىنسا ئىسسىقتىن بولغان ئىششىقنى تارقىتىدۇ. شاراب بىلەن زىمات قىلىنسا سوغۇقتىن بولغان ئىششىقنى ۋە قاپاقتا ئۇيۇپ قالغان قاننى تارقىتىدۇ. ئۇنىڭ قايناتمىسى ئىچىلسە كۆزگە چۈشكەن سۇنى يوقىتىدۇ. توغرىغۇ ۋە ئەنجۈر بىلەن ئىشلىتىلسە تال ئىششىقىنى تارقىتىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** قايناتمىلاردا 12~15 گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** جىگەرگە زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** ئەرەب يېلىمى، چۈچۈمەل ئانار.

**ئورۇنباسارى:** يالپۇز.

ئۇنىڭ جاۋارىشى، شەربەتلىرى، لوئۇقى، قايناتمىسى، مەجۇنلىرى ئاللا خالىسا قارابادىندا بايان قىلىنىدۇ.

## زۇفائۇر رەتب
(ھۆل زۇپا)

ئۇ پارسچە «شەكىل مىيش»، تۈركچە «شەقىلداق» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** قويلارنىڭ قۇيرۇقى، قورسىقىنىڭ ئاستىدىكى موي‌لىرى ۋە يېرىقلىرىدا بىر خىل سۇتلۇك، ئۆتكۈر ئۆسۈملۈكنى ئوتلىشى ۋە ئۇنىڭ تېرە تۆشۈكلىرىدىن تەپچىرەپ

چىقىپ مەزكۇر ئورۇنلىرىغا يىغىلىپ قېتىشىدىن ھاسىل بولىدىغان كىردىن ئىبارەت. ئۇنىڭ ياخشىسى سۇدا قاينىتىپ ياكى سوقۇپ يۇقىلىرى ئايرىۋېتىلگىنىدۇر. ئەگەر ئۇ يىغىلمىغان بولسا قوينىڭ مەزكور ئورۇنلىرىنىڭ يۇڭلىرى قىرقىپ سۇ بىلەن قاينىتىپ، تەمىنى چىقىرىپ يۇڭ ۋە يات ماددىلارنى ئايرىۋېتىپ ئىشلىتىلىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بوغا ئەفئا يىلىنىنى يېسە پىشانىسى تەرلەپ شۇ تەر قاتىدىغان بولۇپ، ئۇمۇ ھۆل زۇپا دەپ ئاتىلىدىكەن، باشقىلىرىغا قارىغاندا كۈچلۈكرەك بولىدىكەن.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە ئىسسىق، بىرىنچى دەرىجىدە ھۆل، بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىچە بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىكەن.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ماددىلارنى پىشۇرغۇچى، يۇمشاتقۇچى، قاتتىق ئىششىقلارنى تارقاتقۇچى بولۇپ، ئىستېمال قىلىنسا ۋە زىمات قىلىنسا ئىستىسقا، قورساق ئاغرىقى، جىگەر قېتىش، تال قاتتىق ئىششىقى، ئىچكى ئەزالار ۋە بۆرەكنىڭ سوغۇقلۇقى قاتارلىقلارغا شىپا بولىدۇ. مەلھەم قىلىنسا تەشەننۇج، سۇنۇق، كۆز قوتۇرى، قاش، كىرپىك تۆكۈلۈش، بوغۇملار قېتىش، پەي تۈگۈنچەكلىشىش، يەل يارا، مەقئەت، باليىاتقۇ، دوۋساق ئىششىقى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى بارلىق قاتتىق ئىششىقلارغا پايدا قىلىدۇ، ئۇلارنىڭ سوغۇقلۇقىنى ئالىدۇ. ئۆردەك ياكى باشقا قۇش يېغى بىلەن مەلھەم قىلىنسا، قولاق، زەكەر، پەرج يارىسى تەشەننۇج ۋە كونا يېرىق يارىسىغا پايدا قىلىدۇ. ئىكىلىلمىلىك ۋە سېرىق ماي بىلەن ھەمەلچە قىلىنسا ھەيز تۇتۇلۇشقا داۋا بولىدۇ، تۇغۇتنى ئاسانلاشتۇرىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** ئىسسىق مىزاجلىقلارغا زىيان قىلىدۇ، كۆڭۈلنى غەش قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** سىركەنجۇبىل، گۈل يېغى، سىركە.

**ئورۇنباسارى:** لازەن، كالا، قوي پاقالچىقى يىلىكى.

**ئىستېمال مىقدارى:** 5~15 گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

ئۇنى يۇڭدىن ئايرىپ كۆيدۈرۈپ كۆلى سېپىلسە، جىنسىي ئەزادىكى يارىلار ئۇچۇن ئەڭ ياخشى داۋا بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

## زەھرەتۇل مىلھ
(تۇز چېچىكى)

**ماھىيىتى:** ئۇ شورغا ئوخشايدىغان، تەمى تۇزلۇق، زەپەر رەڭ، ئۆتكۈر پۇراقلىق بولغان، بېلىق پۇرىقىغا ئوخشاش سېسىق پۇرايدىغان، كۈچلۈك غىدىقلاش تەسىرى بولغان، مەلۇم نەملىكى بولغان بىر خىل ماددا بولۇپ، نىل دەرياسى تېشىپ، سۈيى پەس يەرلەردە تۇرۇپ قالسا، قۇياش نۇرىنىڭ چۈشۈشى بىلەن سۇ تەركىبى پارغا ئايلىنىپ كېتىپ، تۇز

ماددىسىنىڭ قۇرۇقشى بىلەن ھاسىل بولىدۇ. ماسەرجويەنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ كاندىن چىقىدىغان تۇزنىڭ ئۇستىدىكى چاڭ ـ توزانغا ئوخشايدىغان شور ئىكەن. ئۇنىڭ رەڭگى قىزىل، ئارىسىدا دانچىغا ئوخشاش مونەكلەشكەن قىسىملىرى بولغانلىرى ناچارلىرىدۇر. ھەر ئىككى تۇرنىڭ ساپ بولغىنى زەيتۇن يېغىدا، ساختىسى سۇدا ئېرىيدۇ.

**تەبىئىتى:** ناھايىتى قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** قۇرۇتقۇچى، كۈچلۈك تارقاتقۇچى بولۇپ، بىرەر سوۋۇتقۇچى سۈيۇقلۇق بىلەن مەلھەم قىلىنىپ سۈركەلسە كۆز تورلىشىشقا پايدا قىلىدۇ، قولاقتىن ئاققان سۈيۇقلۇقنى توختىتىدۇ، يامان يارىلار، يەل يارا، تېرە قاسراقلىشىشقا پايدا قىلىدۇ، يارىلارنىڭ ئىزىنى يوقىتىدۇ، كۆيدۈرۈش خۇسۇسىيىتى بىلەن موي ئۈنۈشنى توسىدۇ. ياغلار بىلەن مەلھەم قىلىنسا ماغدۇرسىزلىقنى تۈگىتىدۇ. يېرىم گىرامى سىركەنجىۋىل بىلەن ئىستېمال قىلىنسا تۇتقاق كېسەلگە پايدا قىلىدۇ. ئارىلاشما شاراب بىلەن ئىستېمال قىلىنسا ئىچىنى سۈرۈش تەسىرى نەمەك ھىندىنىڭ شۇ خىل تەسىرىدىن كۈچلۈكرەك بولىدۇ، تەرلىتىدۇ.

**زىيانلىق تەسرى:** ئاشقازانغا زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** ئۇد ھىندى.

**ئىستېمال مقدارى:** 1.5 گىرام ئىستېمال قىلىنىدۇ. ئۈچ گىرامى ھالاك قىلىدۇ، ئىلاج قوبۇل قىلمايدۇ.

## زەھرەتۇن نۇھاس
(مىس چېچىكى)

**ماھىيىتى:** بۇ كۆپۈك ۋە تۇز دانچىلىرىغا ئوخشايدىغان ماددا بولۇپ، قىزىتىلغان مىسقا سۇ چېچىش بىلەن ھاسىل بولىدۇ. مىس كانىدىنمۇ تېپىلىدۇ. ئاق، دانلىرى ئۇششاق بولغانلىرى ياخشىلىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

**تەبىئىتى:** قۇۋۋىتى زەنكارنىڭ قۇۋۋىتىگە ئوخشاپ قالىدۇ.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** گۆشلەرنى يېگۈچى، چاققۇچى، قورۇغۇچى، جۇلا بەرگۈچىدۇر. ئۈچ مىللىگىرام ئىستېمال قىلىنسا خىلىت ۋە زەرداب سۇنى سۈرۈپ چىقىرىدۇ. ئۆتكۈرلۈكىنى پەسەيتىدىغان تۈزەتكۈچىسى بىلەن بىرلىكتە كۆزگە سۈركەلسە كۆز تورلىشىشقا پايدا قىلىدۇ. ئېقى ياغلار بىلەن تېمىتىلسا كونا گاسلىققا پايدا قىلىدۇ. ھەسەل بىلەن غار ـ غار قىلىنسا كىچىك تىل بىلەن قىزىلئۆڭگەچنىڭ سوغۇقتىن بولغان ئىششىقىنى تارقىتىدۇ. ياغلار ۋە مەلھەم بىلەن چېپىلسا ئارتۇق گۆشلەرنى، ھەتتا بۇرۇندا

ئۆسكەن گۆشنىمۇ يوقىتىدۇ، مەقئەتنىڭ ئىششىقلىرىنى تارقىتىدۇ، بوۋاسىر دانچىلىرى، زەخىملەر ۋە يامان يارىلارنى قۇرۇتىدۇ. شاراب بىلەن زىمات قىلىنسا مۇدۇر ـ چاقىلار، داغ، ئاق بەھەقكە پايدا قىلىدۇ. ئۇ ئۆلتۈرگۈچى زەھەرلەردىندۇر.

## زەھرە
(قەلەمپۇر شامى)

قەرەنپىل شامى شۇ ئىسىم بىلەن ئاتىلىدۇ، ماراكەشتە ئۇ «قەرەنفىلىيىيە» دەپ ئاتىلىدۇ. «قەرەنفىلىيىيە» كېيىن بايان قىلىنىدۇ. پارسچە ئۇ ئۆتىنىڭ نامىدۇر. ئەرەبچە كۆپۈكنى كۆرستىدۇ، يەنە ئېگىرمۇ شۇ نام بىلەن ئاتىلىدۇ.

# پەسىل: «ز» (زائ) ۋە «ي» (يائ) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى

## زىيبەق
(سىماب)

ئۇ پارسچە «سىيماب»، «جىيۋە»، ھىندىچە «پارە»، فرانسۇزچە «سەلۋاسۇن» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيتى:** ئۇ كاندىن چىقىدىغان مەدەنلەردىن بولۇپ، ئېرىتىلگەن كۈمۈشكە ئوخشايدۇ، مىدىرلاپ تۇرىدۇ، ئۇنىڭ كانى چىن ۋە فىرانسىيەدە بولۇپ، كۆپ ھاللاردا شۇ يەردىن ياغاچ قاچىغا قاچىلاپ ئېلىپ كېلىنىدۇ. ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، ئۇنىڭ كاندىن چىقىدىغانلىقىغا كۆپ ئىشەنچ قىلغىلى بولمايدىكەن، چۈنكى جەنۇب تەرەپنىڭ تۆتتىن بىر قىسمىغا جايلاشقان يېڭى زېمىننىڭ «ناد» ۋە «جىنتەبان» دەپ ئاتىلىدىغان شەھەرلىرىدە ئۇنىڭدىن ئاز مىقداردا ھاسىل قىلىنىدىكەن، يەنى ھايۋانلارنىڭ ئۆلۈپ چىرىگەن تاپلىرى، بولۇپمۇ ئىتنىڭ تاپىنى كوزىلارغا قاچىلاپ ئېغىزى مەھكەم ئېتىلىپ، يەرگە كۆمۈلۈپ بەلگىلەنگەن مۇددەتكىچە تۇرغۇزۇپ ئېلىنسا، كوزىنىڭ ئىچىدىن ئاز مىقداردا سىماب تېپىلىدىكەن، بەلگىلەنگەن مۇددەتتىن ئېشىپ كەتسە يوقاپ كېتىدىكەن. يەنە ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، ئۇ تەلق كانىدىمۇ ئاز مىقداردا ھاسىل بولىدىكەن، تەلقنىڭ قېلىن پارچىلىرى ئارىسىدىنمۇ تېپىلىدىكەن.

ئۇنىڭ خۇسۇسىيىتى شۇكى، ئۇ باشقا مەدەنلەرگە تەگسە ئۇلارنى يوق قىلىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ چىنىدىن فىرانسۇزچە «پىيپ» دەپ ئاتىلىدىغان ياغاچتىن ياسالغان قاچىغا

قاچىلىنىپ چىندىن ئېلىپ كېلىنىدۇ. ئۇنىڭغا ئىسسىقلىق يەتسە يوق بولىدۇ. سۇ بار يەرگە، پەس نەم يەرلەرگە يىغىلىدۇ. مەدەنلەرنى پارقىراتقۇچىلار ئىش قىلغاندا يېنىغا سۇ قويۇپ قويسا ئۇنىڭغا ئاز مىقداردا يىغىلىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە سوغۇق، بەزىلەر ئۈچىنچى دەرىجىدە هۆل دېگەن. يەنە بەزىلەر هۆل ئىسسىق دەپ بىلگەن.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ئۆتكۈر ۋە قۇرۇغۇچى بولۇپ، هۆل سوغۇق مىزاجلىق كىشىلەر هەر يىلى ئۇنىڭ خېمىدىن بىر هەب ــ ئۆلچەم بىرلىكى (تەرجىماندىن). مىقدارى ئېلىپ قىش پەسلىدە بىر نەچچە كۈن ئۇدا ئىستېمال قىلىپ مىقدارىنى تەدرىجىي بىر داڭغا يەتكۈزسە، تاماقنىڭ قورساق ۋە ئۈچەيلەردىن تېز ئۆتۈشى (چۈنكى خام سىماب ئاشقازاندا تۇرمايدۇ، بەلكى تېزلا ئۆتۈپ كېتىدۇ) گە ياردەم بېرىش ئۈچۈن ئۈستىدىن گۆش سۈيى ئىچسە، مىزاجىغا مۇۋاپىق كەلسە تېنىنىڭ ساقلىقىنى ساقلايدۇ، پەيلىرىنى چىڭىتىدۇ، هەزىمنى ياخشىلايدۇ، باهنى قۇۋۋەتلەيدۇ، بۇ جەهەتتە تەڭداشسىزدۇر.

باش چوققىسىنىڭ چېچىنى تېرىسى قانىمىغۇدەك دەرىجىدە سەل بېسىپ، ئۈستىرا بىلەن 6 ~ 7 قېتىم چۈشۈرگەندىن كېيىن سىمابتىن 5 ~ 10 گىرامغىچە ئېلىپ تەنبۇل يوپۇرمىقى سۈيى، رەيهان يوپۇرمىقى سۈيى، تۈكۈرۈك، قايماق ياكى بەزى مۇناسىپ ياغلار بىلەن تاكى سىماب ئۆلۈپ ئەسلىي هالىتى يوقۇلۇپ ئۆزگەرگەن ۋە يوقالغانغا قەدەر سالايە قىلىنغاندىن كېيىن هەر ئاينىڭ ئاخىرىدا ئاپتاپتا باشقا سۈركەپ تولۇق سىڭگەندىن كېيىن دەرهال يۇيۇۋەتسە ياكى بەزىلەرنىڭ قائىدىسى بويىچە چاچنى هەر قېتىم چۈشۈرۈپ بولغاندىن كېيىن ئالدىغا خالات ياكى قېلىن رەختنى سېلىپ، مۇۋاپىق مىقداردىكى سىمابنى رەختكە ئوراپ بېشىنىڭ لىپىلداق ئورنىغا سۈركىسە، ئەتراپقا چېچىلغىنىنى يىغىۋېلىپ ئورالما ئىچىگە قوشۇپ بىر سائەتكىچە سۈركىسە ياكى سىمابنى تەنبۇل يوپۇرمىقى سۈيى، رەيهان يوپۇرمىقى سۈيى، تۈكۈرۈك ياكى باشقىلار بىلەن كۆشتە قىلغاندىن كېيىن سۈركىسە هۆل سوغۇق مىزاجلىق مېڭىگە پايدا قىلىدۇ، مېڭىنىڭ هۆل سوغۇقتىن بولغان كېسەللىكلىرىگە پايدا قىلىدۇ. نەزلە سۈيۇقلۇقلىرىنىڭ چۈشۈشىنى توسىدۇ ۋە بېنگالدا كىشىلەرنىڭ بۇرنىدا پەيدا بولىدىغان «ئەهۋا» دەپ ئاتىلىدىغان كېسەللىككە داۋا بولىدۇ. ئۇ هەر ئىككى قولنىڭ ئالقىنىغا ئاز مىقداردا سۈركىسە هۆل قوتۇر ۋە سىفلىسنىڭ دانچىلىرىنى قۇرۇتىدۇ. سۇ بىلەن بىر يۈز بىر قېتىم يۇيۇلغان كالا يېغى بىلەن ياكى موم بىلەن ياكى مۇناسىپ ياغلار بىلەن سۈركەلسە يامان يارىلارغا پايدا قىلىدۇ. ئۇنىڭ تۈتۈنى كېسەللەنگەن ئەزاغا كەلتۈرۈلسىمۇ شۇ تەسىرنى بېرىدۇ، ئەمما ئۇنىڭ تۈتۈنىنى بەدەن تەنقىيە قىلىنىپ بولغاندىن كېيىن هەپتىدە 2 ~ 3 قېتىم ئىشلىتىش، ئارىلىقتا ئاسان هەزىم بولىدىغان، تۇزسىز ياكى تۇزى ئاز غىزالارنى ئىستېمال قىلىش، ئۇنىڭ تۈتۈنىنىڭ پەقەت كېسەللەنگەن

ئەزاغىلا كېلىشى، ئېغىز، گال، مېڭە، قۇلاقتا ئوخشاش باشقا ئەزالارغا تەگمەسلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش لازىم. چۈنكى ئۇنىڭ تۈتۈنى مېڭىگە ناھايىتى زىيان قىلىدۇ، پالەچ قىلىدۇ، ئاڭلاش قۇۋۋىتىنى كاردىن چىقىرىدۇ، مېڭىنىڭ قۇۋۋەتلىرىنى بۇزىدۇ، رەڭگىرويىنى سارغايتىدۇ. يىلان، چايان ۋە ئۇنىڭغا ئوخشاش زەھەرلىك ھايۋانلار ئۇنىڭ تۈتۈنىدىن قاچىدۇ، قاچمىسا ئۆلىدۇ. ئۇنىڭ كۈشتىسى قوغۇن ئۇرۇقى ۋە ئاچچىق بادام مېغىزى بىلەن مەلھەم قىلىنىپ قۇتۇر، قىچىشقاق، تېرىدىكى ھەر خىل ئىزلار، يەل يارا، ھۆل تاز، يامىرىغۇچى يارىغا سۈركەلسە ساقايتىدۇ، پىت يوقىتىدۇ. ئۇنى خېنە ۋە ياغ بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ بەدەنگە سۈركىسىمۇ پىت يوقىتىدۇ. ئۇنىڭ كۈشتىسىنى پېشانىگە سۈركىسە، بويۇن، بەل ياكى چاچقا ئېسىپ قويۇلسا، بەدەندە پىت پەيدا بولۇشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. ھايۋانغا ئېسىپ قويسا ئۇلارنىڭ بەدىنىدە كانا پەيدا بولۇشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. ئۇ كۈندۈر، راتىيانەج، موم ۋە زەيتۇن يېغى بىلەن مەلھەم قىلىنىپ سۈركىسە سىفلىسنىڭ دانچىلىرىنى چۈشۈرىدۇ، يامان يارا ۋە گۆشخور يارىلارنى ساقايتىدىغان بولۇپ، سىناقتىن ئۆتكەن دورىلاردىن بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭ كۈشتە قاچىسىدا پەيدا بولغان توپىسىنىڭ ھەممە تەسىرلىرى ئۇنىڭ كۈشتىسىنىڭ تەسىرلىرى بىلەن ئوخشاشتۇر. زەھەرلەش تەسىرىمۇ ئۇنىڭغا ئوخشاشتۇر. سىمابنى يېمەكلىككە ئارىلاشتۇرۇپ چاشقانغا بەرسە ئۆلتۈرىدۇ. چاشقانغا ئالتە گىرامغىچە بەرسە بولىدۇ. ئېرىتىلگەن قوغۇشۇن ئۇنىڭغا ئورۇنباسار بولىدۇ. ئۇنىڭ قۇيۇنى ناھايىتى ئىسسىق، ئۆتكۈر بولۇپ، ئۆلتۈرگۈچى زەھەردىندۇر، خىلىتلارنى كۆيدۈرگۈچى، قۇۋۋەتلەرنى تارقاتقۇچى، ئەزالارنى پارچىلىغۇچىدۇر. ئۆلتۈرۈلمىگىنى كۈمۈش بىلەن ياخشى ئېرىتىپ مىس ياكى سېرىق مىس لىمون سۈيى بىلەن پاكىز يۇيۇپ ھېچقانداق كىر قالمىغاندا ئۈستىگە سۈرۈپ ئوتقا قويۇپ، سىماب كۆيدۈرۈلگەندىن كېيىن مىس يىرىك نەرسە بىلەن ئاقارتىلسا كۈمۈشكە ئايلىنىدۇ. ئەگەر ئۇ ئالتۇن بىلەن ئېرىتىپ، مىس ياكى سېرىق مىس ياكى كۈمۈش ساپ سۇ ۋە لىمون سۈيى بىلەن يۇيۇلغاندىن كېيىن ئۈستىگە سۈركىسە ۋە كۈمۈش ياكى ئالتۇن ۋاراق ئۈستىگە چاپلاپ ئوت ئۈستىگە قويسا، سىماب كۆيگەندىن كېيىن ئۇ ئالتۇنغا ئايلىنىدۇ.

سىماب كىشىنىڭ قۇلىقىغا تۆكۈلسە ئەقلى ئېلىشىدۇ، تۇتقاق كېسەل، سەكتە پەيدا بولىدۇ، ئاڭلاش قۇۋۋىتى يوقىلىدۇ.

قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن قۇلاق تۆۋەنگە تەتۈر قىلىنىپ قۇلاققا قوغۇشۇن ياكى ئالتۇن پەلكۈچ سېلىپ سىماب ئۇنىڭغا چاپلاشتۇرۇلۇپ چىقىرىلىدۇ، بىر قېتىمدا چىقمىسا پەلكۈچ ئىككى ياكى ئۈچ قېتىم سېلىنىپ سىماب چىقىرىلىدۇ، تاكى تولۇق چىققۇچە داۋاملاشتۇرۇلىدۇ.

سىمابنى كۆلدەك بولغۇچە كۆيدۈرۈپ مۇناسىپ دورىلار بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ ئىشلەتسە قۇلۇنجىغا، بولۇپمۇ ئۈچەي ئالمىشىپ قېلىشتىن بولغان قۇلۇنجىغا پايدا قىلىدۇ.

كىشى ئۆلتۈرۈلمىگەن سىمابنى يەپ سالغان بولسا، سىلىقلاشتۇرغۇچى مايلىق شورپىلارنى ئىچىش بىلەن ئاسانلا چىقىدۇ. ئەگەر كۆشتە قىلىنغىنىنى يەپ زەھەرلەنگەن بولسا قورساقنى قاتتىق ئاغرىتىدۇ، تىلنى ئېغىرلاشتۇرىدۇ، سۆيدۈكنى تۇتىدۇ، بەدەننى ئىششىتىدۇ.

زەھەر قايتۇرۇش ئۈچۈن يېڭى سېغىلغان سۈت، جەممىيز — بىر خىل مېۋە (تەرجىماندىن) دىن ئىبارەت، ئەپسەنتىن، كەرەپشە ئۇرۇقى ياكى شاراب ياكى تاغ پىننىسى ياكى قۇرۇق زۇپا ئىچۈرۈلۈپ قۇستۇرۇلىدۇ، مايلىق شورپا ئىچۈرۈلىدۇ. ئۇنىڭ قالغان تەدبىرلىرى شىڭگىرىپ ۋە ئىسپىيداجدىن زەھەرلەنگەندە قىلىنىدىغان تەدبىرلەردە بايان قىلىندى.

تىرىك سىماب چىگە رەختكە ئوراپ پېشانىگە تاڭسا باشتىكى پىتلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭغا يىغىلىپ ئۆلىدۇ، بىر قانچە قېتىم تەكرار قىلىنسا پىت پۈتۈنلەي يوقايدۇ.

ئۇنىساپلاشتۇرۇش ئۇسۇلى، ئۇنىڭ ھەببى، داۋاسى، يېغى، زىماتى، ئوقدى (ئۇيۇتما)سى، قىرۇتىسى، مەجۇنى، مەلھەملىرى قارابادىندا بايان قىلىندى.

فىرانسۇز تېۋىپلىرى ئۇنى يالغۇز ياكى باشقا مۇناسىۋەتلىك دورىلار بىلەن بىرلىكتە كۆشتە قىلىپ ئۆزىنىڭ دۆلىتىدىن باشقا ئەللەرگە يۆتكەيدۇ، بۇ سىفلىس، يامان يارىلارغا پايدا قىلىدۇ، ئاجىزلار ۋە ياشانغانلارنىڭ قۇۋۋەتلىرى، روھلىرى ۋە تەبىئىي ھارارەتلىرىنى قۇۋۋەتلەيدۇ. ئۇلارنىڭ ئىستېمال ئۇسۇلى شۇكى، بەش كۈندىن توققۇز كۈنگىچە بولغان ئارىلىقتا بىر قېتىم ئەتىگەن ناشتىدا بىر دانە قارىمۇچ چوڭلۇقىدا ھەب قىلىپ يۇتىدۇ. چۇچۇمەل نەرسىلەر، سۈت مەھسۇلاتلىرى ۋە كۆكتاتلاردىن پەرھىز قىلىدۇ. ئېغىزغا تاشما چىقسا ئىستېمال قىلمايدۇ. ئۇنىڭدىن يەنە 40 كۈنگىچە پەرھىز تۇتىدۇ.

## زەيتۇن

(زەيتۇن مېۋىسى)

**ماھىيتى:** ئۇ ياۋا ۋە يەرلىك بولىدۇ. يەرلىكنىڭ دەرىخى ياۋىسىدىن چوڭراق، يوپۇرمىقى سۇلۇقراق ۋە يېشىلراق بولىدۇ. دەرىخى تىكىلىپ 40 يىلدىن كېيىن مېۋە بېرىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇ مىڭ يىلغىچە كۆكلەپ تۇرىدىكەن، تاغ زەيتۇن دەرىخىنىڭ يوپۇرمىقىمۇ يەرلىك زەيتۇننىڭ يوپۇرمىقىغا ئوخشايدىكەن.

**تەبىئىتى:** پىشقىنى بىرىنچى دەرىجىدە ئىسسىق، قابىزلىق قۇۋۋىتى بار، خېمى سوغۇق، ناھايىتى قۇرۇق، قارىسى قۇرۇق ئىسسىقتۇر.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** سەۋدا بىلەن سەپراغا تېز ئۆزگىرىدۇ. ئۇنىڭ يېڭىسى ۋە ياقۇت رەڭدە بولغىنى ئاشقازاننى بوشىتىدۇ، كۆڭۈلنى ئاينىتىدۇ. ئۇنىڭ ياخشىسى يېشىل رەڭلىك بولغان، تولۇق پىشقانلىرىنىڭ تۇزغا چىلانغانلىرى بولۇپ، تائامدىن ئىلگىرىمۇ ئەمەس، كېيىنمۇ ئەمەس، بەلكى تائام بىلەن بىللە يېيىلىدۇ، بۇ چاغدا ئاشقازان ۋە ئاشقازان تۆۋىنىنى قۇۋۋەتلەيدۇ، ئىشتىھانى ئاچىدۇ، ئىچ سۈرۈشنى توختىتىدۇ. باھنى قۇۋۋەتلەيدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** (1) ئۇيقۇنى قاچۇرىدۇ، ئورۇقلىتىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** ياڭاق مېغىزى، بادام مېغىزى، ياغلار، سىركە.

(2) ئېپىتىشلارغا قارىغاندا ئۆپكىگە زىيان قىلىدىكەن.

**تۈزەتكۈچىسى:** ھەسەل.

(3) داۋاملىق ئىستېمال قىلىنسا خىلىتلارنى كۆيدۈرىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** تاتلىق نەرسىلەر.

ئۇنى زىمات قىلسا باشنىڭ كېپىكىنى يوقىتىدۇ. خامنى زىمات قىلسا ئوتتا كۆيگەن كۆيۈك يارىسىنى ساقايتىدۇ. ئۇرۇقى ھايۋانات يېغى ۋە بۇغداي ئۇنى بىلەن زىمات قىلىنسا تىرناق ئاقىرىشقا داۋا بولىدۇ. ياخشى پىشقىنىنى ئۇرۇقى بىلەن بىرلىكتە كۆيدۈرۈپ ئىسىرىق سالسا كاناي ئىششىقى ۋە ئۆپكە كېسەللىكلىرىگە پايدا قىلىدۇ.

ئۇنىڭ يوپۇرمىقى ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق بولۇپ، زىمات قىلىنسا ياش خالتىسى ئاقمىسى، ئىسسىقتىن بولغان ئىششىقلارغا داۋا بولىدۇ، باش تېرىسى زەخمىسىنى ساقايتىدۇ. كۆيدۈرگە، بەلباغسىمان قوتاقتا پايدا قىلىدۇ ۋە ئۇنىڭ كېڭىيىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. تىلما كېسەل، سىفلىسقا شىپا بولىدۇ. ھەسەل بىلەن زىمات قىلىنسا سەينەككە، ئارپا ئۇنى بىلەن بىرلىكتە كىندىكنىڭ ئاستىغا زىمات قىلىنسا ئىچ سۈرۈشكە پايدا قىلىدۇ. چاينىسا ئېغىز يارىسىنى ساقايتىدۇ. غورا ئۈزۈم سۈيى بىلەن ھەسەل قىيامىدەك بولغۇچە پىشۇرۇپ زىمات قىلسا، قۇرت يېگەن چىشقا پايدا قىلىدۇ. قايناتمىسى بىلەن ئېغىز چايقالسا قۇرت يېگەن چىشلارنىڭ ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ. ئۇنى شاراب بىلەن قاينىتىپ ئىچسە نۇقرەس، چوڭ بوغۇملار ئاغرىقىغا پايدا قىلىدۇ. قاينىتىلما سۈيى بىلەن ھۆقنە قىلسا ئىچكى ئەزالار، مەقئەت ۋە بالىياتقۇ يارىسىنى ساقايتىدۇ.

ئۇنىڭ ئۇسارىسىنىڭ مەزكۇر تەسىرلىرى ئۇنىڭ يوپۇرمىقىنىڭ تەسىرلىرى بىلەن ئوخشاش بولۇپ، ئۇنىڭ بىلەن ھەمەلچە قىلىنسا بالىياتقۇدىن ئاققان سۇيۇقلۇقلارنى ۋە قاناشنى توختىتىدۇ. ئۇنىڭ خېمى زىمات قىلىنسا كۆز ئالمىسىنىڭ پۈلتىيىپ قېلىشىغا داۋا بولىدۇ، ماددىلارنىڭ كۆزگە قۇيۇلۇشىنى توسىدۇ. قاپاقنىڭ كەمتۈكلىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. ئۇ قاپاق كېسەللىكلىرىگە ئىشلىتىلىدىغان دورىلارنىڭ ھەممىسىگە قوشۇلىدۇ. ئۇنىڭ ئۇرۇقىنىڭ مېغىزىنى ھايۋانات يېغى ۋە ئۇن بىلەن مەلھەم قىلىپ ئاقارغان تىرناققا

سۇركىسە ساقايتىدۇ. ئۇنىڭ دەرىخىنىڭ يىلتىزىنى ئاز مىقداردىكى يوپۇرمىقى بىلەن قاينىتىپ سۈيى بىلەن ئېغىز چايقالسا باش ئاغرىقنى پەسەيتىدۇ، باشقا قويسا زۇكامغا پايدا قىلىدۇ، ھۆللۈكلەرنى تارقىتىدۇ. بۇسى مېڭىدىكى ھۆللۈكلەرنى بۇرۇن ئارقىلىق چىقىرىدۇ. يىلتىزىنى ئىستىۋالسا چايان زەھىرىنىڭ خۇسۇسىيىتى بىلەن ياندۇرىدۇ، سىناقتىن ئۆتكەن. ئۇنىڭ ھۆل يوپۇرمىقىنى كوزىغا سىلىپ كۆلالچىنىڭ ئوچىقىغا سىلىپ كۆيگىچە تۇرغۇزۇپ، ئۇنىڭدىن كېيىن كوزىدىن چىقىرىپ ئۇستىگە شاراب تۆكۈپ يەنە كۈل قىلماي كۆيدۇرسە، ھەممە تەسىرى تۇتىيانىڭ تەسىرىدىن كۈچلۈكرەك بولىدىكەن. ئۇنىڭ ياۋىسىنىڭ كۈلىنى سىركە بىلەن مەلھەم قىلىپ، پاشنە پېيىدىن تۆت ئىلىك يۇقىرىدىكى ئورۇننىڭ سىرتقى تەرىپىدىكى تېرىنى يارىلاندۇرۇپ ئۇستىگە سۇركىسە ئولتۇرغۇچ نېرۋا ئاغرىقىغا پايدا قىلىدىغان بولۇپ، سىناقتىن ئۆتكەن ئىشلاردىن بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. زەيتۇننىڭ ھەر تۈرلۈك دەرىخىنىڭ يوپۇرماقلىرىنى سوقۇپ زىمات قىلىسمۇ يۇقىرىدىكى تەسىرنى بېرىدۇ، سىناقتىن ئۆتكەن. ئۇنىڭ ھۆل ياغىچىنى كۆيدۇرگەندە سىرغىپ چىقىدىغان ھۆللۈكنى سۇركىسە قوتۇر، چاچ كېپەكلىشىش ۋە تازغا پايدا قىلىدۇ. ئۇنىڭ ھەرقايسى قىسىملىرىنىڭ قايناتمىسىنى باشقا قويسا باش ئاغرىش، باشنىڭ يېرىمى ئاغرىش، باش قېيىشقا پايدا قىلىدۇ. ئۇنىڭ قايناتمىسى ئۆيگە سېپىلسە زىيانداش ھاشاراتنى قاچۇرىدۇ. ئۇنىڭ ياغىچىدىن ھاسا ياساپ تايانسا خەلقنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولغىلى بولىدۇ، ھاجەتلەر راۋا بولىدۇ، بەرىكەت كۆپىيىدۇ. ئۇنىڭ ياغىچىنىڭ كۈلى ھەسەل بىلەن زىمات قىلىنسا، مېۋىسىنىڭ سۈيى سۇركەپ بېرىلسە دائىرىلىك چاچ چۈشۈش، چاچ كېپەكلىشىش، تاز ۋە باشقا تاشمىلارغا داۋا بولىدۇ. زەيتۇن مېۋىسى چىلانغان تۇز سۈيى بىلەن ئېغىز چايقالسا چىش ۋە چىش مىلىكىنى چىڭىتىدۇ.

ئۇنىڭ يېلىمى شەكىل جەھەتتە سوقمونىياغا ئوخشايدىغان بولۇپ، قىزىلغا مايىل بولىدۇ.

**تەبىئىتى:** بىرىنچى دەرىجىدە ئىسسىق، ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** زېھنىنى قۇۋۋەتلەش تەسىرى كۈندۈردىن كۈچلۈكرەكتۇر. كونا يۆتەلنى پەسەيتىدۇ، بەلغەمنى چىقىرىدۇ، يارىلارنىڭ ھۆللۈكلىرىنى قۇرۇتىدۇ، مەلھەملەرگە قوشۇلسا گۆش ئۇندۇرىدۇ.

ياۋا زەيتۇننىڭ يېلىمى كۈچلۈكرەك بولۇپ، سۈيدۈك، ھەيز ھەيدەيدۇ. ئۇنىڭ بىلەن ھەمەلچە قىلىنسا بالىياتقۇ يارىسىغا ئايلانغان قوتۇرنى ساقايتىدۇ. تالقانلاپ چىشقا سەپسە قۇرت يېگەن چىشلارنىڭ ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ.

زەيتۇننىڭ يوپۇرمىقىنى سوقۇپ ئۇستىگە شاراب ياكى سۇ سېپىپ سۈيىنى سىقىپ چىقىرىپ قاتقۇچە تۇرغۇزۇپ ئىشلەتسە، ھۆللۈكلەرنى سۈمۈرۈپ ئېقىشنى توختىتىدىغان بولۇپ، تەسىرى باشقا دورىلاردىن ياخشىدۇر.

## زەيتۇنۇل مائ
(سۇ زەيتۇنى)

ئۇ زەيتۇن دەرىخىنىڭ بىر تۈرى بولۇپ، سۇ بويلىرىدا ئۆسىدۇ، ھەممە تەسىرى ئۇنىڭ باشقا تۈرلىرىنىڭ تەسىرلىرىدىن ئاجىزراق بولىدۇ.

بەزىلەر سۇ ۋە تۇزغا چىلانغان زەيتۇن مېۋىسى سۇ زەيتۇنى دەپ ئاتىلىدۇ، دەيدۇ.

## زەيت
(زەيتۇن يېغى)

**ماھىيتى:** ئۇ زەيتۇن يېغىدىن ئىبارەت بولۇپ، يالغۇز ئاتالسا پىشقان زەيتۇن مېۋىسىنىڭ يېغى نەزەردە تۇتۇلىدۇ. ھەقىقىي ۋە ساختا بولىدۇ. ھەقىقىيسىنىڭ ئالامىتى شۈكى، بەدەنگە سۈركىسە ساختىسىنىڭ ئەكسىچە تېرىگە تېز تارقىلىدۇ ۋە بىر - بىرىدىن ئايرىلمايدۇ.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە ئىسسىق، قۇرۇقلۇقى ۋە قابىزلىقى بار، ئۇنى ھۆل دېيىش ئاساسسىزدۇر. ئۇنى ئىسسىق سۇغا تۆكۈپ ياخشى ئارىلاشتۇرۇپ تۇرغۇزۇپ سۇغا ئۆرلىگەن قىسىملىرىنى ئايرىۋېلىپ سوۋۇتۇپ تەييارلانغان ساختىسىنىڭ ئىسسىقلىقى كەمرەك، ئۇچۇرچانراق، چېقىشى ئازراقتۇر.

**خۇسۇسىيتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ئۇنىڭ 70 گىرامى 450 مىللىلىتىر سۇ ياكى ئارپا سۈيى بىلەن ئىستېمال قىلىنسا ئىچىنى كۆچلۈك سۈرىدۇ. ئەزالار ئاغرىقى، ئولتۇرغۇچ نېرۋىسى ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ. شاراب ۋە ئىلمان سۇ بىلەن ئىستېمال قىلىنسا قۇلۇنجى، قورساق ئاغرىقىغا داۋا بولىدۇ، ئاشقازاندىكى مەددە قۇرتنى چىقىرىدۇ، ئەزالاردىكى تاشنى پارچىلايدۇ، سۈيدۈك ھەيدەيدۇ، تەرلىتىدۇ، چوڭ بوغۇملار، ئولتۇرغۇچ نېرۋا ئاغرىقى، يانپاش ئاغرىقى ۋە باشقا ئاغرىقلارنى پەسەيتىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن قەي قىلىنسا زەھەرلىك دورىلارنىڭ زەھىرىنى قايتۇرىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن ھۆقنە قىلىنسا ئىششىقتىن ۋە توسۇلۇشتىن بولغان قۇلۇنجىنى ئاچىدۇ، بەل ئاغرىقى، چوڭ بوغۇملار ئاغرىقى، ئولتۇرغۇچ نېرۋا ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ، ئۇنىڭ بىلەن ياغلانسا سوغۇقتىن بولغان ئاغرىقلارنى پەسەيتىدۇ، مەلھەملەرگە قوشۇلسا زەخىملەرنى ساقايتىدۇ ۋە ئىسلاھ قىلىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** 35 گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

زەيتۇن يېغى بىر يىل، بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىچە ئالتە يىل ئۆتسە «زەيتۇل ئەتىيق» (كونا زەيتۇن يېغى) دەپ ئاتىلىدۇ.

**تەبىئىتى:** يېڭىسىدىن ئىسسىقراقتۇر.

**خۇسۇسىيتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ماددىلارنى تارقاتقۇچى، يۇمشاتقۇچى، تەرەتنى بوشاتقۇچى، دورىلارنى ئىسلاھ قىلىپ قۇۋۋەتلىرىنى ئاجىزلاشتۇرغۇچى، ئەزالارنىڭ قېتىۋېلىشىغا شىپا بولغۇچى، سوغۇقنىڭ زەرەرىنى تۈگەتكۈچىدۇر. كۆزگە سۈركىسە كۆرۈشنى كۈچەيتىدۇ، كۆزدىكى نېپىز ئاقنى يوقىتىدۇ، قاپاق قوتۇرى، قاپاق گىرۋەكلىرى قىزىرىپ ئىششىقنا پايدا قىلىدۇ. كۆزدىكى سۇنى يوقىتىشتا سۇ ئاققۇزىدىغان قەدەھنىڭ ئورۇنباسارى بولىدۇ. ئىسسىتىپ چايان چېقىۋالغان ئورۇنغا سۈركىسە ئاغرىقنى پەسەيتىدۇ. يېڭى زەيتۇن يېغى يېرىمى تۈگىگۈچە قاينىتىلسا كونا زەيتۇن يېغىنىڭ ئورۇنباسارى بولىدۇ. ئۇنىڭ يەتتە يىلدىن ئېشىپ كەتكىنىنىڭ تەسىرلىرىنىڭ بىلسان يېغىنىڭ تەسىرلىرىدىن ياخشىراق ئىكەنلىكى بايقالغان. ئۇ قانچە كونىرىسا شۇنچە كۈچلۈكرەك بولىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇنىڭ قۇۋۋىتى تاكى تۆت يىلغىچە ساقلىنىدىكەن. زەيتۇن يېغىغا باراۋەر مىقداردا سۇ قوشۇپ تاكى سۇ تۈگىگىچە قاينىتىپ قالغان ياغقا يەنە سۇ قۇيۇپ، يەنە سۇيى تۈگىگىچە قاينىتىپ شۇ يوسۇندا 60 قېتىم تەكرارلانسا تەسىرى بىلسان يېغىنىڭ تەسىرىدىن ياخشىراق بولىدۇ، ئاجايىپ سىرلاردىن بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

خام زەيتۇن مېۋىسىدىن تارتىلغان ياغ «زەيتۇل ئىنفاق» دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇنىڭ غىدىقلاش تەسىرى ۋە ئۆتكۈرلۈكى بولمىغانلىرى ياخشىلىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

**تەبىئىتى:** مۆتىدىل، قۇرۇغۇچى قۇۋۋىتى بار، بەزىلەر بىرىنچى دەرىجىنىڭ ئاخىرىدا قۇرۇق سوغۇق دەيدۇ.

**خۇسۇسىيتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** بەدەننى سەمرىتكۈچى، چىش، چىش مىلىكى ۋە ئەزالارنى چىڭىتقۇچى، ئاشقازانغا مۇۋاپىق كەلگۈچى، خىلىتلارنى تازىلىغۇچى، توسالغۇلارنى ئاچقۇچى، چىرىشنى تۈگەتكۈچى، تەر توختاتقۇچىدۇر. ئەزالاردىكى تاشلارنى پارچىلاپ چۈشۈرىدۇ، سۈيدۈك ھەيدەيدۇ. يۇيۇلغىنى پەي - نېرۋىلارنىڭ ئاغرىقلىرىنى پەسەيتىدۇ، ئىسسىق ماددىلارنى يوقىتىدۇ، رەڭگىرويىنى ياخشىلايدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇنىڭدىن 78 گىرام ئېلىپ باراۋەر مىقداردىكى ھەسەل، ئۇچتىن بىرىچىلىك مىقداردا كۇندۇر، باراۋەر مىقداردىكى سىيادان يېغى بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ ئۇدا ئۈچ كۈن مۇنچىدا ئىستېمال قىلىنسا، شۇ كۈنى سوغۇق سۇدىن پەرھىز قىلىنسا، سوغۇقتىن بولغان بارلىق ئاغرىقلارنى پەسەيتىدۇ، ئەزالارنىڭ سېزىمسىزلىنىشى، پالەچ ۋە ئۇنىڭغا ئوخشاش كېسەللىكلەرگە داۋا بولىدۇ. ياشانغان بوۋايلارنىڭمۇ باھ قۇۋۋىتىنى قوزغايدۇ، سىناقتىن ئۆتكەن، دەپ قارىلىدۇ. چىرىگەن زەيتۇن يېغى، يەنى چىرىگەن زەيتۇن مېۋىسىدىن تارتىلغان ياغ بۇزۇق خىلىت، بۇخارات، قىچىشقاق پەيدا قىلىدۇ. ئۇنىڭ تۈزەتكۈچىسى بىنەپشە يېغىدۇر.

ياۋا زەيتۇن يېغىنىڭ ھەممە تەسىرلىرى ۋە خۇسۇسىيەتلىرى بىلەن قىزىلگۈل يېغىنىڭ ئورۇنباسارى بولالايدۇ، دەپ قارىلىدۇ. ئۇ كېسەللىك ماددىلىرىنى توسقۇچى، سوۋۇتقۇچى،

تەر توختاتقۇچى، چاچ ئاقىرىش ۋە چۈشۈشىنىڭ ئالدىنى ئالغۇچى، بوشاپ قالغان چىشنى چىڭىتقۇچى، كىچىك تىلدىن ئاققان سۆيۈقلۇق ۋە چىش مىلىكى قېنىنى توختاتقۇچىدۇر. بەزىلەر ئادەتتىكى زەيتۇن يېغىنىڭمۇ يۇقىرىقىدەك تەسىرلىرى بار دەپ بىلىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن ھەر كۈنى ياغلانسا قېرىشنى كېچىكتۈرىدۇ، چاچنى قۇۋۋەتلەپ، چاچ چۈشۈشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. خىلىتلارنىڭ ئوفۇنەتلىنىشىنى تۈگىتىدۇ، ئەزالارنى قۇۋۋەتلەيدۇ.

ئىراق خەلقى پىشقان زەيتۇن مېۋىسىدىن ئېلىنغان ياغ بىلەن خام زەيتۇن مېۋىسىدىن ئېلىنغان ياغنى ئومۇملاشتۇرۇپ «رىكابىي» (تۆگىگە مەنسۇپ) دەپ ئاتايدۇ. چۈنكى «رىكاب» دېگەن سۆز تۆگىنىڭ نامى بولۇپ، ئۇ شامدىن تۆگىگە ئارتىلىپ ئېلىپ كېلىنىدىغان بولغاچقا شۇنداق دەپ ئاتالغان. ئۇ يەنە «فەلەستىنىي» (پەلەستىنگە مەنسۇپ) دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئۇنى يۇيۇلغان ياغ دەپ چۈشەنگەنلەر خاتالاشقان بولىدۇ.

زەيتۇن يېغىنى ئېلىش ئۇسۇلى شۇكى، زەيتۇن مېۋىسىنى ئاپتاپتا قويۇپ ياكى قاچىغا سېلىپ تونۇر ئىچىدە قويۇپ قۇرۇلۇپ يۇمشىغۇچە قىزىتىلىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن سوقۇپ يېغى سىقىپ ئېلىنىدۇ ياكى ئۇ سۇ بىلەن قاينىتىپ پىشۇرغاندىن كېيىن مىجىپ سۇغا تەمىنى چىقىرىپ پىسەپلىرىنى سۈزۈۋەتكەندىن كېيىن قاينىتىپ سۈيى تۈگەپ يېغى قالغاندا ئوتتىن چۈشۈرۈپ ئىشلىتىلىدۇ، ئەمما ياغنىڭ كۆيۈپ كېتىشىدىن ئېھتىيات قىلىش لازىم. زەيتۇن مېۋىسىگە تۇز سېپىپ تۇرغۇزۇپ، يۇمشىغاندىن كېيىن ئېزىپ سىقىپ ئېلىنغان ياغ ناچاردۇر.

## زەيتار
(زەيتۇن يېغى لېيى)

ئۇ ئەرەبچە «ئەكرۇز زەيت» (زەيتۇن يېغى لېيى) دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** زەيتۇن يېغىنىڭ پىسىپىدىن ئىبارەت.

**تەبىئىتى:** ئازراق ئىسسىقلىقى بار. ئۇ قازاندا، بولۇپمۇ مىس قازاندا قويۇلغۇچە قاينىتىلىپ يېغى سىقىۋېتىلىپ ساقلاپ قويۇلىدۇ.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ئۇنىڭ تەسىرلىرى رۇسۇتنىڭ تەسىرلىرىدىن كۈچلۈكرەكتۇر. شاراب ۋە مائۇلھەسەل بىلەن سۈركىسە چىش ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ. تۇرمۇس پۇرچىقى چېلانمىسى بىلەن مەلھەم قىلىنسا چارۋىلارنىڭ قوتۇرىنى ساقايتىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇ قانچە كونىرىسا شۇنچە ياخشى، تەسىرى شۇنچە كۈچلۈك بولىدىكەن. ھۆل مىزاجلىق كىشىلەرنىڭ بەدىنىدە يارا پەيدا قىلىدۇ. يېڭىسى سۇ بىلەن زىمات قىلىنسا، چوڭ بوغۇملار ئاغرىقى، ئولتۇرغۇچ نېرۋا ئاغرىقى، نۇقرەس، ئىستىسقاغا پايدا قىلىدۇ. ئورۇق ۋە قۇرۇق بەدەنلەرنىڭ زەخىملىرىنى ساقايتىدۇ.

## زەيتۇس سۇدان
(ياۋا بادام يېغى)

ماھىيتى: ئۇ بىر خىل مېۋىنىڭ يېغى بولۇپ، بۇ ياغ «زەيتۇل ھەرجان» (ھەرجان يېغى) دەپ ئاتىلىدۇ، يىراق ماراكەش خەلقى «ئەرجان»، «ئەرقان» دەپ ئاتايدۇ.

ئۇنىڭ دەرىخى ئىككى خىل بولىدۇ. بىرى كىچىك بولۇپ، تاغ بادىمىدىن ئىبارەت. شىرازدا «بەخرەك»، ئەرەبچە «لەۋزۇل بەربەر» (بەربەر بادىمى) دەپ ئاتىلىدۇ. يەنە بىرى چوڭ، تىكەنلىك بولۇپ، ئۇنىڭ مېۋىسىمۇ كىچىك بادامغا ئوخشايدۇ. كېيىنكىسىنىڭ يېغى ئېلىنىدىغان بولۇپ، تەمى تاتلىق، خۇش پۇراق بولىدۇ. شىرازدا ئۇنىڭ دەرىخى «ئەرجەن» دەپ، ئىراقتا «تەنكەس»، «بادامى كوھى» دەپ ئاتىلىدۇ. چارۋىلار ئۇنىڭ تىكىنىنى يەيدۇ.

تەبىئىتى: ئىككىنچى دەرىجىدە ئىسسىق، بىرىنچى دەرىجىدە ھۆل، بەزىلەر قۇرۇق دېگەن.

خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى: ياخشى قان پەيدا قىلغۇچى، خىلىتلارنى ئۇچۇچانلاشتۇرغۇچى، كېرەكسىز ماددىلارنى ھەيدىگۈچى، توسالغۇلارنى ئاچقۇچى بولۇپ، ساراڭلىق، ئۆزىگە سۆزلەش، پالەچ، ئەزالارنىڭ سېزىمسىزلىنىشى ۋە سوغۇق ئىششىقلارغا ئوخشاش سەۋدادىن ۋە سوغۇقتىن بولغان كېسەللىكلەرگە پايدا قىلىدۇ. «ئىختىياراتى بەدىئىي» دېگەن كىتابنىڭ ئاپتورى «زەيتۇس سۇدان» «زەيتۇل ھەرجان» ئەمەس، بەلكى ئۇ سۇدان شەھەرلىرىدىن كەلتۈرۈلىدىغان ياغدۇر دەپ يازغان.

## زىيرباج
(دورىلىق شورپا)

ئۇ پارسچە «زىيربا»نىڭ ئەرەبچىلەشتۈرۈلگىنىدۇر.

ماھىيتى: ئۇنىڭ «شىفائۇل ئەسقام» (كېسەللىكلەر شىپاسى) ناملىق كىتابتا بايان قىلىنغان تەييارلىنىشى شۇكى، گۆشتىن 400 گىرام ئەتراپىدا ئېلىپ ئۇششاق توغراپ، توخۇ گۆشى بولسا بوغۇملىرىدىن ئاجرىتىپ دارچىن، ئاقلانغان نوقۇت، يېڭى كۈنجۈت يېغى ۋە سۇ بىلەن تاكى پىشقۇچە قاينىتىپ، ئۇنىڭدىن كېيىن 200 مىللىلىتىر سىركە، 100 مىللىلىتىر گۈلاب، مۇۋاپىق مىقداردا ئاق شېكەر، 30 گىرام سوقۇلغان بادام مېغىزى، ئۈچ گىرام قۇرۇق يۇمغاقسۇت، ئۈچ گىرام ئۇد ھىندى، مۇۋاپىق مىقداردا سۇزاپ، ئاز مىقداردا زەپەر قوشۇپ تەييارلىنىدۇ.

«ئەسباب ۋە ئالامات» (سەۋەبلەر ۋە ئالامەتلەر) ناملىق كىتابنىڭ شەرھلىگۈچىسىنىڭ ئېيتىشىچە، پىيازدىن مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ سوقۇپ ياكى نېپىز توغراپ، يۇمغاقسۇتنى سوقۇپ بادام يېغى بىلەن قورۇپ پىشقىچە ئىككى - ئۈچ قېتىم قايىنىتىپ ئاز مىقداردا ئاق شېكەر، ئاچچىق سۇ، يۇمغاقسۇت، كېرمان زىرىسى قوشۇپ تەييارلىنىدۇ.

**تەبىئىتى:** سوغۇققا مايىل مۆتىدىل.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ئاسان ھەزىم بولىدۇ، بەدىنى ساغلام كىشىلەر، سەپرا مىزاجلىقلار، جىگىرى ئىسسىق كىشىلەرنىڭ ئىستېمال قىلىشىغا مۇۋاپىق كېلىدۇ. سەپرانى، خىلىتلارنىڭ ئۆتكۈرلۈكىنى باسىدۇ، خۇرسەن قىلىدۇ، بەلغەم بوشىتىدۇ، توسالغۇلارنى ئاچىدۇ، تۇتقاقلىق تەپ ۋە يېرىم ئارىلاپ تۇتقۇچى تەپكە پايدا قىلىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** سوغۇق مىزاجلىقلارغا زىيان قىلىدۇ.

# ئون ئىككىنچى باب
# «س» (سىين) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى

## پەسىل: «س» (سىين) ۋە «ا» (ئەلىف) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى

### ساج
(ساج دەرىخى)

ئۇ ھىندىچە «سال»، «سوگون» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** ھىندىستاندا ئۆسىدىغان بىر خىل دەرەخ بولۇپ، «چىنار» دەرىخى چوڭلۇقىدا، قارىغا مايىل قىزىل، قاتتىق، يوپۇرمىقى كۆپ، خۇش پۇراق، يوپۇرمىقى چوڭ، كەڭ، سەل ئۇزۇنچاق، مېۋىسى مۇچ ۋە پىستە چوڭلۇقىدا، سەل ئۇزۇنچاق بولىدۇ. تاغلاردا ئۆسىدۇ، مېۋىسى قايىنتىپ يېيىلىدۇ.

**تەبىئىتى:** ياغىچى ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق، سەل ئىسسىقلىقى بار.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** سالايە قىلىپ سۇ بىلەن مەلھەم قىلىپ چاپسا ئىسسىقتىن بولغان باش ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ، ئىسسىقتىن، قاندىن ۋە سەپرادىن بولغان ئىششىقلارنى تارقىتىدۇ، بولۇپمۇ سوغۇق نەرسىلەر بىلەن زىمات قىلسا تېخىمۇ ياخشى پايدا قىلىدۇ. ياغىچىنىڭ ھەرىدەلگەن ۋاقىتتا چىققان كېپىكى ئىستېمال قىلسا ئۇسسۇزلۇقىنى پەسەيتىدۇ، ئاشقازاننىڭ كۆيۈشۈشىنى يوقىتىدۇ، مائۇلھەسەل بىلەن ئىستېمال قىلسا سەپرا، بەلغەم ۋە ئاشقازاندىكى مەددە قۇرتنى چىقىرىدۇ. ئۇنىڭ ياغىچىنى كۆيدۈرۈپ مامىسا سۇيى ۋە ئۇنىڭغا ئوخشاش تەسىرگە ئىگە دورىلار بىلەن مەلھەم قىلسا قاپاق ئىششىقىنى تارقىتىدۇ، كۆرۈش كۈچىنى ئاشۇرىدۇ، كۆز ئالمىسىنى قۇۋۋەتلەيدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** 5~15 گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** جىگەرگە زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** چىلان.

ئۇنىڭ قوۋزىقى قورۇغۇچى خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولۇپ، زىمات قىلسا تېرىنى

يىرىكلەشتۈرىدۇ، مېۋىسىنىڭ يېغى تەستە ھەزىم بولىدۇ، خۇش پۇراق بولۇپ، چاچنى ئۇزارتىدۇ، بەدەننىڭ قىچىشىشىنى پەسەيتىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، كىندىك ئەتراپى ئۇنىڭ ئارىسىغا قويۇپ قويۇلسا، پۇرىقىنىڭ يوقىلىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدىكەن، مىقدارىنى كۆپەيتىدىكەن.

## ساداۋەران
(دەرەخ سىياھى)

ئۇ پارسچە «سىياھ داران» (دەرەخ سىياھى) دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ، چۈنكى پارسچە «دار» ياغاچ دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئاخىرىغا قوشۇلغان «ان» كۆپلۈكنى بىلدۈرىدۇ. ئەرەبچە «سۇۋادۇل ھۇككام» (ھۆكۈمرانلار سىياھى) دەپ ئاتىلىدۇ، چۈنكى ئۇنىڭدىن بىر خىل سىياھ ياسىلىدىغان بولۇپ، «سۇۋادۇل قۇزات» (قازىلار سىياھى) دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيتى:** قىزىلغا مايىل، پارقىراق، قارا ماددا بولۇپ، ئەمەنگە ئوخشايدۇ، تەمى ئازراق ئاچچىق بولۇپ، ھىندىستان ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى شەھەرلەردىكى دەرەخلەرنىڭ ئىچىدە پەيدا بولىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، نارجىل دەرىخىنىڭ ئىچىدە پەيدا بولغىنى ياخشىراق بولىدىكەن. تەتقىق قىلىنىشچە، ئۇ خىتاي تەرەپتىن ئېلىپ كېلىنىدىغان بولۇپ، «گويى خىتايى» دەپ ئاتىلىدىكەن. «مىنھاج» دېگەن كىتابنىڭ ئاپتورى ئۇنى بىر خىل يېلىم دېگەن. «جامىئ» دېگەن كىتابنىڭ ئاپتورى ئۇ ياغاق دەرىخىنىڭ يىلتىزىنىڭ ئىچىدە پەيدا بولىدىغان يېلىمغا ئوخشاش نەرسىدۇر دېگەن. «ئىختىياراتى بەدىئىي» دېگەن كىتابنىڭ ئاپتورى ئۇنى كونا بەتەم دەرىخىنىڭ ئىچىدىن چىقىدىغان نەرسە بولۇپ، «ئابى بۇن» دەپ ئاتىلىدۇ دېگەن. ئۇ يەنە: «‹جامىئ› دېگەن كىتابنىڭ ئاپتورى ياغاق دەرىخىدىن چىقىدىغان نەرسە دەپ خاتالاشقان» دېگەن. ئومۇمەن ئۇ ماھىيىتى نامەلۇم دورىلاردىندۇر. ئۇنىڭ ياخشىسى، سۇندۇرۇلسا ئىچى پارقىراق بولغان، ئىسسىق سۇغا مەلۇم ۋاقىت چىلانسا ئېرىيدىغان، رەڭگى قوڭۇر، تەمى سەل ئاچچىق بولغانلىرىدۇر.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق، ئازراق ئىسسىقلىقى بار.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ئىستېمال قىلسا ۋە زىمات قىلسا ئىسسىق ئىششىقلارنى قايتۇرىدۇ، پاقىيوپۇرمىقى سۈيى بىلەن ئىشلىتىلسە قاندىن بولغان ئىچ سۈرۈشنى توختىتىدۇ، زەخىملەرنى ساقايتىدۇ، شارابى خەمرى بىلەن زىمات قىلسا زەكەر، ئۇرۇقدان ئىششىقىنى تارقىتىدۇ. شاراب بىلەن مەلھەم قىلسا سوغۇقتىن بولغان ئىششىقلارنى تارقىتىدۇ. ئۇنىڭدىن 10 گىرام ئېلىپ ھۆل ئاس يوپۇرمىقى سۈيى بىلەن ئېرىتىپ، 15

گىرام ئاس يېغى قوشۇپ چاچقا سۈركىسە چاچ يىلتىزىنى چىڭىتىدۇ، چاچ چۈشۈشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. ئاس يېغى بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ سۈركىسە چاچنىڭ چۈشۈشىنى توسىدۇ، ناھايىتى قارايتىدۇ. ئۇ سىركە بىلەن فەرزىجە قىلسا، سىركىسىز ھۆقنە قىلسا ھەيز قېنىنى توختىتىدۇ، بالىياتقۇنى قۇۋۋەتلەيدۇ، ئىچ سۈرۈشنى توختىتىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** داۋاملىق ئىستېمال قىلسا سەۋدا پەيدا قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** شېكەر.

**ئىستېمال مىقدارى:** ئالتە گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

**ئورۇنباسارى:** ئىككى ھەسسە ئاس يوپۇرمىقى.

## سازەج
(سازەج ھىندى)

ئۇ ھىندىچە «پەتەر»، «تېز پات» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** ئۇ ھىندىستاندا ئۆسىدىغان بىر خىل دەرەخنىڭ يوپۇرمىقى بولۇپ، ئىنچىكە، ئۇزۇنچاق، سۆگەت يوپۇرمىقىدىن كەڭرەك، قېلىنراق، خۇش پۇراق، تەمى سەل ئۆتكۈر، سېرىق، سەل يىرىك بولىدۇ. يوپۇرماقنىڭ يىلتىز تۈۋىدىن بەش دانە تومۇر سوزۇلۇپ يوپۇرماقنىڭ ئۇچىغىچە بارغان، ئۇلارنىڭ بىرى ئوتتۇرىغا، ئىككىسى ئىككى گىرۋىكىگە، يەنە ئىككىسى ئىككى گىرۋەكنىڭ يېنىغا جايلاشقان، خۇددى باشقا دەرەخلەرنىڭ يوپۇرماقلىرىغا ئوخشاش يوپۇرماقنىڭ توغرىسىغا يەنە ئىنچىكە تومۇرلار تارتىلغاندۇر. ئۇنىڭ دەرىخى ئېگىز، چوڭ، يوپۇرمىقى خۇشپۇراق بولىدۇ. قوۋزىقى قېلىن دارچىنغا ئوخشايدىغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئورنىدا سېتىلىدۇ. ئۇ كۆپ ھاللاردا تاغلاردا ۋە بېنگالنىڭ شەرقىي شىمالىغا جايلاشقان سىلھەت تاغلىرىدا ئۆسىدۇ. بەزىدە ئۇنىڭ دەرىخى ئۆيەردىن مۇرشىد ئاباد ۋە باشقا يەرلەرگە ئېلىپ كېلىنىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇ ھىندىستان شەھەرلىرىدىن باشقا يەرلەردىمۇ بولىدىكەن، ئەمما بۇ گەپنىڭ ئاساسى يوقتۇر.

ئۇنىڭ قۇۋۋىتى 30 يىلغىچە ساقلىنىدۇ. ئۇنىڭ ياخشىسى يېڭى، پۇرىقى، تەمى ئۆتكۈر بولغان، بۇزۇلمىغان، تۇزلۇق بولمىغان ۋە پۇرىقى ئاسارۇن، ئېگىر، ئىرىسانىڭ پۇرىقىغا ئوخشايدىغانلىرىدۇر.

**تەبىئىتى:** ئۈچىنچى دەرىجىدە ئىسسىق، ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** روھلار ۋە خىلتلارنى مۇھاپىزەت قىلغۇچى، خۇرسەن قىلغۇچى، ھەزىم ئەزالىرى ۋە باشقا ئەزالارنى قۇۋۋەتلىگۈچى، سۈيدۈك، ھەيز، سۈت ماڭدۇرغۇچى، تەرلەتكۈچىدۇر. ئۆزىگە سۆزلەش، ساراڭلىق، ياتسىراشقا شىپا بولىدۇ،

سەزگۈلەرنى قوۋۋەتلەيدۇ. ئېغىزدىن شۆلگەي ئېقىش، ئېغىزنىڭ ئاشقازان سەۋەبىدىن پۇرىشى، خەفەقان، ئاشقازان ئېغىزى ئاغرىش، كونا جىگەر ئاغرىقى، ئۈچەي ئاغرىقى، يەل تۇرۇپ قېلىش، ئىستىسقا، يەرقان، تال ئىششىقى، ئەزالاردا تاش پەيدا بولۇشقا شىپا بولىدۇ. تۇغۇتنى ئاسانلاشتۇرىدۇ، بالا ھەمراھىنى چۈشۈرىدۇ، سەۋدانى پەسەيتىدۇ. سەينەك، مەقئەت، بالىياتقۇ كېسەللىكلىرىگە داۋا بولىدۇ. ئۇ يالغۇز ياكى مۇناسىۋەتلىك دورىلار بىلەن بىرلىكتە كۆزگە سۈركىسە كۆزدىكى ئاقنى يوقىتىدۇ، قاپاق گىرۋەكلىرىنىڭ قىزىرىپ ئىششىشى، كۆز قاراڭغۇلىشىش، كۆزگە تىرناقچە گۆش ئۆسۈشكە داۋا بولىدۇ. ئۇ تىلنىڭ ئاستىدا داۋاملىق ساقلانسا كېكەچلىكنى ئوڭشايدۇ، ئېغىزنىڭ ئاشقازان شىرىكچىلىكىدە پۇرىشىنى يوقىتىدۇ. شاراب بىلەن قاينىتىپ سوقۇپ زىمات قىلىسا قاپاق ئىششىقىنى تارقىتىدۇ. سىركە بىلەن مەلھەم قىلىپ چاپسا قولتۇق، يىرىقنىڭ پۇراقلىرىنى يوقىتىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن ئىسرىق سېلىنسا تۇغۇتنى ئاسانلاشتۇرىدۇ، بالا ھەمراھىنى چۈشۈرىدۇ. ئۇ كىيىم ـ كېچەكلەر ۋە رەختلەرنىڭ ئارىسىدا قويۇلسا كۈيە يېيىشنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. ئۇنىڭ باشقا تەسىرلىرى سۇمبۇلنىڭ تەسىرلىرىگە يېقىن ۋە ئۇنىڭدىن ئاجىزراقتۇر.

**زىيانلىق تەسىرى:** (1) ئۆپكىگە زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** مەستىكى.

(2) دوۋساقىقا زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** مەستىكى.

**ئىستېمال مىقدارى:** مىقدارى بويىچە، يەنى مەتبۇخلاردا بەش گىرامغىچە، مەجۇنلەردە 2.5 گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىشتۇر.

**ئورۇنباسارى:** ئىككى ھەسسە سۇمبۇل ھىندى. بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىچە قېلىن دارچىن بىلەن ئارچا ياپرىقى.

## ساگۇدانە

**ماھىيىتى:** ئۇ زىربادنىڭ دەھناسەرى، شەھرىنا، جەنكى سەيلان، مەركى، كەدە، مەلاخە قاتارلىق ئاراللىرىدا ئۆسىدىغان بىر دەرەخنىڭ تېنىدىن ئاجرايدىغان پىلتىسىمان بىر خىل ماددىدىن ئىبارەت. ئۇنىڭ دەرىخى ھىندىستاندا ئۆسىدىغان، مېۋىسىدىن پاختىغا ئوخشاش نەرسە چىقىدىغان، «سىينبەھل» دەپ ئاتىلىدىغان دەرەخكە ئوخشايدۇ. بۇ دەرەخنىڭ قوۋزىقى ناھايىتى قېلىن، ياغىچى چۈرۈك، يۇمشاق بولۇپ، شۇ يەردىكى كىشىلەر دەسلەپتە ئۇنىڭ قوۋزىقىنى سويۇۋېتىپ، ياغاچتىن ياسالغان چىشلىق ھەرە بىلەن ئۇنىڭ ياغىچىنى ھەرىدىسە، ئۇنىڭدىن خۇددى پىلتىگە ئوخشاش نەرسە ئاجراپ چۈشىدۇ. ئۇ «ساگۇدانە» دىن

ئىبارەت بولۇپ، قورۇتۇلۇپ ئەرزان باھادا سېتىلىدۇ. بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ شۇ جايلاردا ئۆسىدىغان باشقا بىر خىل دەرەخنىڭ ئىچىدىن چىقىدىغان توپا - چاڭ بولۇپ، يىغىۋېلىپ سۇ بىلەن يۇغۇرۇپ، ناھايىتى كىچىك ھەب ياسىلىپ سېتىلىدىكەن.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە ئىسسىق، بىرىنچى دەرىجىدە ھۆل.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** قۇۋۋەتلىگۈچى، باھنى كۈچەيتكۈچى، شەھۋەتنى قوزغاتقۇچى، بەدەننى سەمرىتكۈچى، تەرەتنى بوشاتقۇچىدۇر. ئۇنى ئىستېمال قىلىش ئۇسۇلى شۇكى، ئۇنىڭدىن مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ يېڭىنى سېغىلغان سۈت بىلەن بىرلىكتە شوۋىگۇرۇچ قايناتقاندەك قاينىتىپ، قەنت ياكى ناۋات بىلەن تاتلىق قىلىپ ئىچىلىدۇ. سۈت مۇۋاپىق كەلمەيدىغان ياكى ئاغرىق بولۇپ، سۈت زىيان قىلىدىغان كىشىلەر ئۇنى سۇدا پىشۇرۇپ، ناۋات بىلەن تاتلىق قىلىپ ئىچسە بولىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** 50 ~ 100 گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

## سالامەندەرا
(سەمەندەر)

ئۇ يۇنانچە ئىسىم بولۇپ، كەسلەنچۈكنىڭ بىر تۈرىدۇر. تۈركچە «بىلانە ئەغودىرىن» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** بىر خىل ھايۋان بولۇپ، يىلانغا ئوخشايدۇ. پۇتلىرى بولىدۇ. ئالدى پۇتى كەينى پۇتىدىن قىسقىراق، بوينى ئىنچىكە، قۇيرۇقى قىسقا، تام پاتمىچۇقىنىڭ قۇيرۇقىدىن چوڭراق ۋە ياپىلاقراق، رەڭگى قارا، سېرىق رەڭلەر بىلەن ئارىلاپ كەلگەن بولۇپ، ھەرىكىتى ئاستا بولىدۇ. بېشى بىلەن قۇيرۇقى كۆپ ھاللاردا قارا بولىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇنىڭغا ئوت تەسىر قىلمايدىكەن. تونۇرغا تاشلانسا ئوتنى ئۆچۈرىۋېتىدىكەن، ئەمما بۇ گەپنىڭ ئاساسى يوقتۇر. يەنە ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇ تاش بىلەن سوقۇلسا سوقۇلمايدىكەن.

**تەبىئىتى:** ناھايىتى ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ئۇنىڭ بەش گىرامى ئالىكولۇككە ئوخشاش ئۆلتۈرگۈچى زەھەرلەردىندۇر. بەدەننى قىزىتىدۇ، چىرىتىدۇ، يارىلاندۇرىدۇ. سەمەندەر قورۇلغان ياغنى سۈركىسە موينى چۈشۈرىدۇ، ئەزانى يارىلاندۇرىدۇ. ئۇنىڭ پۇتلىرىنى كېسىۋېتىپ ئىچ - قارنى تازىلاپ، ھەسەلگە بىر نەچچە كۈن چىلاپ قويغاندىن كېيىن شۇ ھەسەلنى سۈركىسە، بوغۇملارنىڭ ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ، سوغۇق ئىششىقلارنى تارقىتىدۇ.

ئۇنى يەپ زەھەرلەنگەن كىشىدە تارتىشىپ قېلىش، ئەزالىرى سېزىمسىزلىنىش،

ئاشقازىنى قاتتىق ئاغرىش، قورسىقى ئىششىقا بىمارنىڭ قورسىقىغا ئوخشاش ئىششىش، سۈيدۈكى تۇتۇلۇش، تىلى ئىششىش، ئەقلى ئېلىشىش، بەدىنىنىڭ رەڭگى پىدىگەننىڭ رەڭگىدەك قارا، بىنەپشە رەڭگە كىرىپ قالىدۇ. ئۇ چىچقىۋالسىمۇ شۇنداق ئالامەتلەر كۆرۈلىدۇ.

ئۇنىڭ زەھىرىنى قايتۇرۇش ۋە داۋالاش ئۇسۇلى ئالاكۇلۇكنىڭ زەھىرىنى قايتۇرۇش ئۇسۇلى بىلەن ئوخشاشدۇر. راتىيانەج، ئىلكۇلبەتەم، مىئەسائىلە، جىنتىيانا، ھەسەل بىلەن لوئوق تەييارلاپ يالىتىلىدۇ. كەمافىيتۇس قايناتمىسى ئىچۈرۈلىدۇ. كەمافىيتۇس قوشۇلغان كۆكتات شورپىسى ئىچۈرۈلىدۇ. زەيتۇن يېغىدا پىشۇرۇلغان سەۋسەن يوپۇرمىقى، قەرەسئەنە (بىر خىل ئۆسۈملۈك ــــ تەرجىماندىن) بىلەن پىشۇرۇلغان پاقا شورپىسى ئىچۈرۈلىدۇ. قۇرۇقلۇق ياكى دېڭىز تاشپاقىسى تۇخۇمى ئۇنىڭ تەرياقى بولۇپ، سۇدا پىشۇرۇپ ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ.

## سامان
(يېكەن)

ئۇ بورا قومۇشىنىڭ بىر تۈرى بولۇپ، پارسچە «پىيرەز» دەپ ئاتىلىدۇ، ناھايىتى ئەۋرىشىم، ئىنچىكە، سېرىققا مايىل بولۇپ، ئۇنىڭدىن بورا توقۇلىدۇ.

**تەبىئىتى:** قۇرۇق سوغۇق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ئۈستىدە ئولتۇرۇلسا خۇرسەن قىلىدۇ، بوۋاسىرغا داۋا بولىدۇ. كۆيدۈرۈلگىنى قان توختىتىدۇ.

## سام ئەبرەس
(تام پاتمىچۇقى)

ئۇ شىرازدا «ماترەك»، ئىسپاھاندا «مالمالى»، ھىندىچە «چەپكەلى»، بېنگالچە «تەكتەكى» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** «ۋەزەغە» دەپ ئاتىلىدىغان ھايۋاننىڭ ئىسمى بولۇپ، ئادەتتە ياۋىسى تام پاتمىچۇقى، يەرلىكى «ۋەزەغە» دەپ ئاتىلىدۇ، پارسچە «چەلپاسە» دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇ «چەلپاسە»دىن كىچىكرەك، كەسلەنچۈككە ئوخشاش بولىدۇ، ئۈستىدە چېكىتلىرى بولىدۇ. ئۇنىڭ زەھىرى «چەلپاسە»نىڭ زەھىرىدەك كۈچلۈك بولمايدۇ. ئۇنىڭ ياخشىسى باغلاردا ياشىغىنىدۇر.

**تەبىئىتى:** ھەر ئىككىسى ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىقتۇر.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** سوقۇپ ئەزالارغا زىمات قىلىسا ئۇق، تىكەننى تارتىدۇ، سۆگەل، بەلباغسىمان قوقاق، ئۇچلۇق سۆگەلگە پايدا قىلىدۇ. ئۇنىڭ قۇرۇق جىگىرى قۇرت يېگەن چىشلارغا قويۇلسا ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ. ئۇنىڭ قۇرۇقى زەيتۇن يېغى بىلەن بىرلىكتە باش ۋە باشقا ئەزالارغا سۈركەلسە چاچ ئۇندۇرىدۇ. سۇيدۇك ماڭدۇرىدۇ. ئۇنىڭ قارنىنى يېرىپ چايان چېقىۋالغان ئورۇنغا تاڭسا ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ. ئۇنىڭ مايىقى، قېنى ۋە سۇيدۇكى ئاز مىقداردىكى ئىپار بىلەن بىرلىكتە زەكەر تۆشۈكىگە تېمىتىلسا كىچىك باللاردىكى چىقىقنى جايىغا چۈشۈرىدۇ. شۇنداقلا ئۇنىڭ قايىنتىلمىسىدا ئولتۇرسىمۇ شۇ تەسىرنى بېرىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** گۆشى ئىستېمال قىلىسا سىل كېسەللىكىنى پەيدا قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** شەربىتى رىباس ۋە ئۇنىڭ ئوخشاشلىرىدۇر.

## پەسىل: «س» (سىين) ۋە «ب» (بائ) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى

### سەبەج
(سەبەج تېشى)

ئۇ پارسچە «شەبە» دېگەن سۆزنىڭ ئەرەبچىلەشتۇرۇلگىنىدۇر. ئۇ يەنە «سەبەق»، «شەۋەق» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** رەڭگى قارا، ناھايىتى پارقىراق، ئاسان پارچىلىنىدىغان بىر خىل تاش بولۇپ، سۇدان، ھىندىستان ۋە شام تاغلىرىدىن چىقىدۇ. بەك قارا، پارقىراق، ساپ ۋە يۇمشاق بولغانلىرى ياخشىلىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە سوغۇق، ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇقتۇر.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ئىستېمال قىلىسا خەفەقانغا داۋا بولىدۇ، تۇسالغۇلارنى ئاچىدۇ، ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەيدۇ. ئەزالاردا پەيدا بولغان تاشنى پارچىلايدۇ. يېرىم گىرامى شاراب بىلەن ئىستېمال قىلىسا كۆرۈش كۈچىنى ئاشۇرىدۇ، يۈرەكنى قۇۋۋەتلەيدۇ. كۇشتە قىلىپ يۇيۇپ كۆزگە سۈركىسە كۆزنى تازىلايدۇ، كۆزگە ئۆسكەن نېپىز پەردىنى يوقىتىدۇ، كۆرۈش كۈچىنى ئىنتايىن زىيادە قىلىدۇ. ئۇنىڭدىن تەييارلانغان پەلكۈچ كۆزگە داۋاملىق سۈركەپ بەرسە ھەمدە ئۇنىڭغا داۋاملىق قاراپ بېرىلسە كۆزگە سۇ چۈشۈشنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ، ياشانغانلارنىڭ كۆرۈش قۇۋۋىتىنى ئاشۇرىدۇ. ئۇ ئۆزۈك سۇيىتىدە قولغا سېلىنسا ياكى باشقا ھالەتلەردە ئۆزى بىلەن بىرگە ساقلانسا يامان كۆزدىن ساقلايدۇ، باشقا ئىسسىۋالسا

باش ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ. ئۇنىڭ بەش گىرام كېلىدىغان بىر پارچىسىنى ئۆزى بىلەن ساقلىسا چۆچۈش ۋە ياتسىراشنى تۇگىتىدىغان بولۇپ سىناقتىن ئۆتكەن. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇنىڭ ئۇستىگە «لەم يەكۇن» سۈرىسىنى ئىنچىكە قەلەم بىلەن يېزىپ، لەقۋا بىمارلىرىغا داۋاملىق ئۇنىڭغا قاراپ بېرىش ئۇنىڭدىن باشقا ھېچ نەرسىگە قارىماسلىققا دەۋەت قىلىنسا كېسىلى بىر كۈندىلا ساقىيىدىكەن، سىناقتىن ئۆتكەن ئىشلاردىن بولۇپ ھېسابلىنىدىكەن. ئارىستوتېلىنىڭ ئېيتىشىچە، ياشانغان كىشىلەرنىڭ كۆزى زەئىپلەشكەن بولسا ياكى كىشىنىڭ كۆز ئالدىدا پاشا، چىۋىن، بۇلۇت ۋە يۇڭغا ئوخشاش نەرسىلەر ئۇچقاندەك مەلۇم بولسا، ئۇنىڭدىن ياسالغان ئەينەككە داۋاملىق قاراپ بەرسە ياخشى شىپا بولىدىكەن. ئۇنىڭ تالقىنىنى سۇ بىلەن مەلھەم قىلىپ زەكەرگە سۈركىسە سۈيدۈك ھەيدەيدۇ، سىناقتىن ئۆتكەندۇر.

زىيىنى: تالغا زىيان قىلىدۇ.

تۈزەتكۈچىسى: ئەنجۈر سۈيى.

«ئىختىياراتى بەدىئىي» دېگەن كىتابنىڭ ئاپتورىنىڭ يېزىشىچە، ئۇ ئىككى خىل بولىدىكەن، بىرى قىپچاق پورتىدىن ئېلىپ كېلىنىدىكەن، ئۇ بىر خىل سۈيۈقلۇقتىن ئىبارەت بولۇپ، كۆنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن قاتىدىكەن. يەنە بىرى گىلاندىن ئېلىپ كېلىنىدىغان بولۇپ، كاندىن چىقىدىكەن. ئۇنىڭ ياخشىسى بىرىنچى تۈرى ئىكەن. يېزىلىشىچە، ئۇنى ئوتقا سالسا خۇددى ئوتۇندەك كۆيىدىكەن، پۇرىقى نېفىتنىڭ پۇرىقىغا ئوخشايدىكەن.

## سەپستان (سەپستان)
### (سەرپىستان)

ئۇ پارسچە سۆز بولۇپ، ئەرەبچە «دىبىق»، ھىندىچە «لەسۇرە» دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇنىڭ مەنىسى بۆرەك دوختۇرى دېگەن بولىدۇ. چۈنكى ئۇ بۆرەككە بەك پايدا قىلىدۇ. ئۇ «مۇخاتە»، «مۇخاتىيا» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

ماھىيتى: بىر خىل دەرەخنىڭ مېۋىسى بولۇپ، ئىككى خىل بولىدۇ. بىرى چوڭ بولۇپ، ئەينۇلا چوڭلۇقىدا بولىدۇ، ئىچىدە شىرىلىك ئۇرۇقى بار بولۇپ، گۆشى ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ تۇرىدۇ. يەنە بىرى چوڭىدىن كىچىكرەك، ئۇرۇقى گۆشىگە چاپلاشقان بولىدۇ. شىرىسى كەمرەك، تاتلىقراق بولىدۇ. ھەر ئىككىسى يۇمشاق بولىدۇ. پىشقاندا سېرىق بولۇپ، قۇرۇغاندىن كېيىن قارىدايدۇ. ئۇنىڭ دانلىرى چوڭ، تولۇق پىشقان، يېڭى بولغانلىرى ياخشىلىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭ دەرىخى ئىككى ئادەم بويى ئېگىزلىكىدە ياكى

ئۇنىڭدىن ئېگىز، ھەتتا بەش ئادەم بويى ئېگىزلىكىگىچە ئۆسىدۇ. غولىنىڭ رەڭگى ئاق، شاخلىرى يېشىل، يوپۇرمىقى يۇمىلاق، چوڭ، سەل يىرىك بولىدۇ. ئىسسىق ئەللەردە كۆپ ئۆسىدۇ. بولۇپمۇ پارس شەھەرلىرى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپلىرىدا كۆپ ئۆسىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئىسسىق ـ سوغۇقلۇقى مۆتىدىل، بىرىنچى دەرىجىدە ھۆلدۇر.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ئېغىزغا سېلىپ سۈيىنى شوراپ بەرسە، چىلانمىسى ياكى قايناتمىسىنى ئىچىپ بەرسە ئۆپكىگە ھۆللۈك يەتكۈزىدۇ، بەلغەم بوشىتىدۇ، گالغا پايدا قىلىدۇ، ئىششىق تارقىتىدۇ، ئاۋازنى ياخشىلايدۇ، قۇرۇق ئىسسىقتىن بولغان يۆتەلنى پەسەيتىدۇ، سەپرانىڭ ئۆتكۈرلۈكى ۋە ئۇسسۇزلۇقنى پەسەيتىدۇ، سەپرانىڭ ئۆتكۈرلۈكىدىن بولغان سۈيدۈك ئېچىشىپ كېلىشكە شىپا بولىدۇ، ئاشقازاندىكى مەددە قۇرتىنى چۈشۈرىدۇ، ئىسسىق مىزاجلىقلارنىڭ ئىچ سۈرۈشىنى توختىتىدۇ، غەيرىي تەبىئىي سەۋدا ۋە شورلۇق بەلغەم ماددىسىنى چىقىرىدۇ، سۈرگۈچى دورىلارنى ئىسلاھ قىلىدۇ، سەپرا، قان ۋە شورلۇق بەلغەمدىن بولغان تەپلەرنى پەسەيتىدۇ. ئۆتكۈر شاراب ئىچىش ۋە ئۆتكۈر دورىلارنى ئىستېمال قىلىشتىن بولغان ئۈچەي زەخمىسىنى ساقايتىدۇ. ئوزۇقلۇقى ئاز، بەلغەملىك سۇيۇقلۇقلارنى پەيدا قىلىدۇ، ئۈچەيلەردىكى ماددىلارنى سىلىقلاشتۇرۇش ئارقىلىق چىقىرىدۇ، بولۇپمۇ ئۇنىڭ قايناتمىسى بىلەن ھۆقنە قىلسا مەزكۇر ماددىلارنى تېخىمۇ ياخشى چىقىرىدۇ. ئۇزۇم شىرنىسى بىلەن قاينىتىپ زىمات قىلسا چىقانىنى ئېغىز ئالدۇرىدۇ، سىناقتىن ئۆتكەن.

**ئىستېمال مىقدارى:** 30 ~ 50 گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** ئاشقازاننى زەئىپلەشتۈرىدۇ، بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىچە جىگەرگە زىيان قىلىدىكەن.

**تۈزەتكۈچىسى:** سوغۇق مىزاجلىقلار ئۈچۈن قىزىلگۈل، باشقىلىرى ئۈچۈن چىلان.

**ئورۇنباسارى:** ئاق لەيلى.

سەرپىستانىنىڭ يۇمران يوپۇرمىقىدىن تۆت ـ بەش دانە ئېلىپ ئۇششاق توغراپ كەچتە سۇغا چىلاپ قويۇپ، ئەتىسى ئەتىگەندە پىسەپلىرىنى سۈزۈۋېتىپ ئىستېمال قىلىپ بەرسە، مەنىي ئېقىش ۋە سۆزنەك كېسەللىكىگە داۋا بولىدۇ. دەرىخىنىڭ قۇرۇتۇلغان قوۋزىقىنى كۆيدۈرۈپ يەرلىك ئورۇنغا سېپىپ بەرسە ئوت كۆيۈك يارىسىنىڭ ئاغرىقىنى پەسەيتىپ ساقايتىدۇ.

## سەپىيە

(سىياھبىلىق)

بۇ فىرانسۇزچە سۆز بولۇپ، بىر خىل بېلىقنىڭ نامىدۇر.

**ماھىيىتى:** ئۇ دېڭىزدا ياشايدىغان بىر خىل بېلىق بولۇپ، ئۇستىخانلىرى ناھايىتى قاتتىق

بولىدۇ. زەرگەرلەر ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەر خىل نەقىشلەرنى ئويۇپ، ئۈستىگە كۆمۈش، ئالتۇن ئېرىتمىسى بىلەن ھەل بېرىپ ساتىدۇ. باللار ئۇنىڭ ئۈستىگە خەت يازىدۇ. ئۇنىڭ گۆشى ۋە مېڭىسى ئاق، يۇمشاق، بۇلۇتقا ئوخشاش تۆشۈكلۈك بولۇپ، ئىچىدە قاننىڭ ئورنىدا قارا سۈيۇقلۇق بولىدۇ، باشقا بېلىقلار، ئادەملەر ياكى ئوۋچىلار ئۇنىڭغا چېقىلماقچى بولسا مەزكۇر سۈيۇقلۇقنى سۇغا قويۇپ بېرىدۇ ـ دە، سۇ قارىداپ سۇدا ھېچ نەرسىنى كۆرگىلى بولمايىغان بولۇپ، بۇنىڭ بىلەن ئۇ قېچىپ كېتىدۇ. ئۇنىڭ ئىچىدىكى سىياھى چىراغقا قويۇلسا خۇددى ياغدەك يانىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۆيدە ئۇنىڭ سىياھى بىلەن ياندۇرۇلغان چىراغدىن باشقا چىراغ بولمىسا ئۆي قاپاق بىلەن توشقاندەك مەلۇم بولىدىكەن. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇنىڭ تۇخۇمى دوۋساق ۋە بۆرەكتىكى تاشلارنى پارچىلاپ چۈشۈرىدىكەن، سۈيدۈك ھەيدەيدىكەن.

## پەسىل: «س» (سىين) ۋە «خ» (خائ) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى

### سەخار
(قېرىقئوت)

**ماھىيىتى:** ئۇ بىر خىل ئۆسۈملۈك بولۇپ، ئىزخىرغا ئوخشايدۇ، شاخلىق، ئاچچىق، بەتبۇي پۇرايدۇ.

**تەبىئىتى:** ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** تۇتقاق كېسەل، سەكتە، پالەچكە شىپا بولىدۇ. شىلىمشىق بەلغەمنى بوشىتىش، يەللەرنى تارقىتىش، ئاشقازاننى كۈچەيتىپ ھەزىمنى ياخشىلاش، جىگەرنىڭ توسالغۇلىرىنى ئېچىش تەسىرى بار.

**زىيانلىق تەسىرى:** ئىسسىق مىزاجلىقلارغا زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** چۈچۈمەل مېۋە قىياملىرى.

**ئىستېمال مىقدارى:** بەش گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

**ئورۇنباسارى:** بىر يېرىم ھەسسە ئىزخىر.

### سەخالە
(مېتال كېپىكى)

ئۇ مەدەنلەرنى ئېكەك بىلەن ئېكەكدەپ چىقىرىلغان كېپەكتىن ئىبارەت بولۇپ، پارسچە «بۇرادە» دەپ ئاتىلىدۇ. يەنە مېتاللارنى سوققاندا چىققان كىرلىرىمۇ شۇ نام بىلەن ئاتىلىدۇ.

# پەسل: «س» (سىن) ۋە «د» (دال) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى

## سۇداب
(سۇزاپ)

ئۇ ئەرەبچە سۆز بولۇپ، «ز» ھەرپى بىلەن «سۇزاب» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. يۇنانچە «فەيجەن»، تەنەكابۇن ۋە دەيلەمدا «پىيىم» دەپ، ھىندىچە «سانۇل»، «ساترى» دەپ، يەنە بىر تىلدا «زونجى» دەپ، بېنگالدا «تىتلى» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** ئۇ بىر خىل دەرەخ بولۇپ، يەرلىك، ياۋا ۋە تاغدا ئۆسىدىغىنىدىن ئىبارەت ئۈچ خىل بولىدۇ. يەرلىكىنىڭ دەرىخى ئىككى غۇلاچ ئېگىزلىكتە ئۆسىدىغان بولۇپ، شاخلىرى كۆپ، يوپۇرمىقى ئۇششاق، ناھايىتى يېشىل بولىدۇ، بەتبۇي پۇرايدۇ، ئۇستىگە خۇددى توپا - چاڭ ئولتۇرۇپ قالغاندەك مەلۇم بولىدۇ. گۈلى سېرىق بولىدۇ، ئۇرۇقى غىلاپ ئىچىدە بولۇپ، ئۈچ دانە چىقىدۇ، ئۇرۇقى ئۈچ بۇرجەك شەكىلدە بىر - بىرىگە چاپلىشىپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭ ياخشىسى يەرلىكىنىڭ يېشىل، يېڭى، ئۆتكۈر پۇراقلىقى بولۇپ، ئەنجۇر دەرىخىگە ئوخشاش ئۆسكىنىدۇر.

**تەبىئىتى:** ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق، يېڭىسىنىڭ قۇرۇق ئىسسىقلىقى ئاجىزراق بولۇپ، ئىككىنچى دەرىجىگىچىدۇر.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** تاغام ھەزرىتى ئەبۇل ھەسەندىن «سۇزاپ ئەقىلنى زىيادە قىلىدۇ» دەپ نەقىل قىلىنغان. يەنە تاغام ھەزرىتى ئەبۇ جەئفەردىن «سۇزاپ ئەقىلنى زىيادە قىلىدۇ، مېڭىنىڭ قۇۋۋىتىنى ئاشۇرىدۇ، ئەمما مەنىينى چىرىتىدۇ» دەپ نەقىل قىلىنغان. يەنە ئۇنىڭدىن ئۇنىڭ قولاق ئاغرىقىنى پەسەيتىدىغانلىقى رىۋايەت قىلىنغان. تېۋىپلار «سۇزاپنىڭ زەھەر قايتۇرۇش تەسىرى بار، تۇسالغۇلارنى ئاچىدۇ، يەللەرنى تارقىتىدۇ، قورساقنىڭ ئېسىلىشىنى يوقىتىدۇ، ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەيدۇ، ئىشتىھانى ئاچىدۇ، سۈيدۈك، ھەيزنى ھەيدەيدۇ، كېرەكسىز ماددىلار كۆپ بولسىمۇ چىقىرىدۇ، مەنىينى قۇرۇتىدۇ، ھامىلە چۈشۈرىدۇ، باھنى ئاجىزلاشتۇرىدۇ» دەيدۇ.

باش، كۆكرەك، ھەزىم، چىقىرىش ئەزالىرى كېسەللىكلىرى: ئىستېمال قىلسا ياكى زىمات قىلسا پالەچ، رەئشە، بەدەندە ماددىلارنىڭ قېيىپ قېلىشىدىن بولغان تەشەننۇج، بوغۇملار ئاغرىقى، ئولتۇرغۇچ نېرۋا ئاغرىقىغا ئوخشاش پەي - نېرۋا ۋە مېڭە مەنبەلىك كېسەللىكلەرگە پايدا قىلىدۇ. ئىستېمال قىلسا نەپەس كېسەللىكلىرى، يەرقان، تال

كېسەللىكى، يەلدىن بولغان قۇلۇنجىغا داۋا بولىدۇ، ئەزالاردا پەيدا بولغان تاشنى پارچىلاپ چىقىرىدۇ، بوۋاسىر، مەقئەت، بالىياتقۇ كېسەللىكلىرىگە پايدا قىلىدۇ. يوپۇرمىقىنىڭ قاينىتىلغان سۈيىدىن 30 ~ 90 مىللىلىتىرغىچە ئىلىپ ھەسەل بىلەن ئىچسە ھېقنى توختىتىدۇ، سىناقتىن ئۆتكەن. قۇرۇق سېرىقچېچەك بىلەن ئىستېمال قىلسا بىقىن ئاغرىقى، كۆكرەك ئاغرىقى، نەپەس قىستاش، كونا يۆتەل، قورساق ئاغرىقى، ئۆپكىنىڭ ئىسسىقتىن بولغان ئىششىقى، بوغۇملار ئاغرىقى، ئولتۇرغۇچ نېرۋا ئاغرىقى، سوغۇقتىن بولغان بەزگەككە شىپا بولىدۇ. زەيتۇن يېغى بىلەن قاينىتىپ ئىستېمال قىلسا ئاشقازاندىكى مەددە قۇرتنى چىقىرىدۇ. شاراب بىلەن تاكى شارابنىڭ يېرىمى قالغۇچە قاينىتىپ ئىستېمال قىلسا مۇسكۇل ئارىسى سۇلۇق ئىششىقى(ئىستىسقائى لەھمى) نى يوقىتىدۇ. ئۇنى ئەنجۇر قاينىتىلمىسى ياكى ئەنجۇر ۋە ياكى تۇز بىلەن زىمات قىلسا كۆرۈش قۇۋۋىتىنى ئاشۇرىدۇ. يوپۇرمىقىنى چاينىسا پىياز، سامساقنىڭ ئېغىزدىكى پۇرىقىنى يوقىتىدۇ. ئۇنىڭدىن ئاز مىقداردا ئىستېمال قىلسا ھەزىمنى كۈچەيتىدۇ، ئىشتىھانى ئاچىدۇ، كېكىرتىدۇ. ئەنجۇر ۋە ياڭاق بىلەن ئىشلەتسە ئىچكەن ۋە چېقىۋالغاندىكى زەھەرلەرنى قايتۇرىدۇ. ئۇنىڭدىن كۈنىگە ئۈچ گىرامدىن داۋاملىق ئىستېمال قىلسا پالەچ، رەئىشە، تەشەننۇجقا پايدا قىلىدۇ، سىناقتىن ئۆتكەن.

ئۇنىڭ ئۇرۇقىنى جىمادىن كېيىن ئىستېمال قىلسا ياكى ھەمەلچە قىلسا ھامىلدارلىقنى چەكلەيدۇ، زەھەرلەرنىڭ ھەممىسىگە تاقابىل تۇرىدۇ. يوپۇرمىقى ۋە ئۇرۇقىنى داۋاملىق ئىستېمال قىلسا ھامىلىنى چۈشۈرىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن ھەمەلچە قىلسا ۋە ئىسرىق سالسا شۇ تەسىرنى بېرىدۇ. ئۇنى داۋاملىق پۇرىسا كۆزنى ۋە سەزگۈلەرنى ئاجىزلاشتۇرىدۇ. خىيال قىلىش قۇۋۋىتىنى بۇزىدۇ. يوپۇرمىقىنى زىمات قىلسا چايان، دۆ چېقىۋالغاندىكى ۋە غالجىر ئىت چىشلىۋالغاندىكى ئاغرىقنى پەسەيتىدۇ، ئۇسارىسىنى قۇلاققا تېمىتسا قۇلاقنىڭ غۇڭۇلدىشى، گۇكىرىشىنى توختىتىدۇ، قۇلاقنى سەزگۈر قىلىدۇ. قاينىتىلغان سۈيىنى سىركە بىلەن بىرلىكتە بالىلارنىڭ بۇرنىغا تېمىتسا بالىلار تۇتقاق كېسىلىگە داۋا بولىدۇ. بۇرۇننىڭ قېنىنى توختىتىدۇ. شۇنداقلا ئۇنىڭ يوپۇرمىقىنى تالقان قىلىپ بۇرۇنغا پۈركىسىمۇ بۇرۇننىڭ قېنىنى توختىتىدۇ. ئۇنىڭ يوپۇرمىقىنى گۈل يېغى ۋە شارابى خەمرى بىلەن زىمات قىلسا باش ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ. غار دەرىخى يوپۇرمىقى بىلەن زىمات قىلسا ئۇرۇقدان ئىششىقىنى تارقىتىدۇ. موم ۋە ئاس يېغى بىلەن زىمات قىلسا مۇدۇرلارنى يوقىتىدۇ. سېرىقچېچەك ۋە ھەسەل بىلەن زىمات قىلسا كالا تەمرەتكىسىنى ساقايتىدۇ. ئۇنىڭ سۈيىگە توغرىغۇ ئارىلاشتۇرۇپ ئۇنىڭ بىلەن ئەزالارنى يۇسا بەھەقكە ۋە سۆگەللەرگە پايدا قىلىدۇ. ئۇنىڭ قايناتمىسى بىلەن ھۆقنە قىلسا قۇلۇنجىغا شىپا بولىدۇ. ئۇنى زەيتۇن يېغى بىلەن قاينىتىپ ئۇنىڭ بىلەن دوۋسۇنغا ئىسسىق ئۆتكۈزسە سۈيدۈك

ھەيدەيدۇ. ئۇنى ئۆزى بىلەن ساقلىسا يۇراش ئىقتىدارى بولغان زىياندىن ھاشارەتنى قاچۇرىدۇ.

ئۇنىڭ ئۇسارىسىنىڭ ھەممە تەسىرلىرى ئۇنىڭ يوپۇرمىقىنىڭ تەسىرلىرى بىلەن ئوخشاش بولۇپ، ئۇنى ئارپا بادىيان سۈيى ۋە ھەسەل بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ كۆزگە تېمىتسا ۋە سۈركىسە كۆزنى قۇۋۋەتلەيدۇ، كۆرۈش قۇۋۋىتىنى ئاشۇرىدۇ. ئۇنىڭ ئۇسارىسىنى ئانار پوستى بىلەن قىزىتىپ قۇلاققا تېمىتسا ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ. ئۇنى سەپىداپ، سىركە ۋە گۈل يېغى بىلەن ئېرىتىپ كۆيدۈرگە، بەلباغسىمان قوقاق ۋە باش ھۆل يارىسىغا سۈركەپ بەرسە پايدا قىلىدۇ. ھەسەل بىلەن سۈركەپ بەرسە بوغۇم ئاغرىقلىرىنى پەسەيتىدۇ. ھەسەل بىلەن بىرلەشتۈرۈپ بۇرۇنغا پۈركىسە بالىلاردىكى تۇتقاق كېسەلگە داۋا بولىدۇ. ئىستېمال قىلسا پالەچ، رەئشە ۋە تەشەننۇجقا پايدا قىلىدۇ. كۈنىگە ئۈچ گىرامدىن ئىستېمال قىلسا ھېقنى توختىتىدۇ. ئۇنى ئىستېمال قىلسا ۋە سۈركەپ بەرسە چايان، يىلان، دۆ ۋە غالجىر ئىتنىڭ زەھىرىنى قايتۇرىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** ئۇنىڭ يوپۇرمىقىنى داۋاملىق ئىشلەتسە كۆرۈش قۇۋۋىتىنى زەئىپلەشتۈرىدۇ، باشنى ئاغرىتىدۇ، باشنىڭ يېرىمى ئاغرىشنى پەيدا قىلىدۇ، خىلىتلارنى كۆيدۈرىدۇ، قۇستۇرىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** سىركەنجىۋىل، رۇمبەدىيان.

**ئىستېمال مىقدارى:** ياشانغانلار ئۈچۈن 10 ~ 15 گىرامغىچە، كىچىكلەر ئۈچۈن 2 ~ 8 مىللىگىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

**ئورۇنباسارى:** يالپۇز. بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، نەئناڭ، يەنە بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، پىننە، يەنە بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، سۆسەنبىر (رەيھاننىڭ بىر تۈرى ـ تەرجىماندىن) ئىكەن.

ئۇنىڭ ئۇرۇقىنى سوقۇپ، 3 ~ 6 گىرامغىچە ئېلىپ ھەسەل ياكى سىركەنجىۋىل بىلەن ئىستېمال قىلسا تۇتقاق كېسەل، جۆيلۈشكە پايدا قىلىدۇ، كۆزنى ئۆتكۈرلەشتۈرىدۇ، يەلدىن ۋە ئاشقازاننىڭ سوغۇقلۇقىدىن بولغان ھېق تۇتۇشنى توختىتىدۇ. يەلدىن بولغان قولۇنجىغا داۋا بولىدۇ. زەھەرلەرنىڭ كۆپ قىسمىنى تارقىتىدۇ. شۇنداقلا ئۇنىڭ قاينىتىلمىسىنى ئىچسىمۇ يۇقىرىدىكى تەسىرنى بېرىدۇ. ئۇنى زەيتۇن يېغى بىلەن قاينىتىپ سۈيى بىلەن دوۋسۇنغا ئىسسىق ئۆتكۈزسە سۈيدۈك ماڭدۇرىدۇ، قېينىلىپ داۋا بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۇرۇقىنى ئۈزۈم شارابىغا قوشسا شارابنى خۇش پۇراق قىلىدۇ، مەست قىلىش خۇسۇسىيىتىنى ئاشۇرىدۇ، زىيىنىنى يوقىتىدۇ، بەدەندىن تېز چىقىپ كېتىشىگە سەۋەبچى بولىدۇ، ئەمما مېڭىنىڭ ھۆللۈكىنى ئاشۇرىدۇ، باشنى ئاغرىتىدۇ، ئېغىرلاشتۇرىدۇ.

ئۇنىڭ يەرلىكى ۋە ياۋىسىنىڭ يېلىمى ناھايىتى قۇرۇق ئىسسىق، ئىسسىقلىقى قۇرۇقلىقىدىن ئازراقتۇر. ئۇ «ساپسىيا» دەپ ئاتىلىدىغان يېلىم ئەمەستۇر. ئۇ كۆز يارىسى ۋە

چاشقان يارىسىغا داۋا بولىدۇ. قولتۇق ۋە يىرىق ئىششىقلىرىنى تارقىتىدۇ. ئاقكېسەلگە پايدا قىلىدۇ. ئۇنىڭدىن يىرىم گىرام ئېلىپ پەرزىجە قىلسا ھامىلە ۋە بالا ھەمراھىنى چۈشۈرىدۇ، ھەيز ھەيدەيدۇ، سىناقتىن ئۆتكەن.

بىر ھەسسە سۇزاپقا توّت ھەسسە سۇ، ئون ھەسسە زەيتۇن يېغى قوشۇپ سۈيى پارلىنىپ كېتىپ يېغى قالغۇچە قاينىتىپ تەييارلانغان يېغى ئىستىرخاغا مەنپەئەت قىلىدۇ، بۆرەك، دوۋساقنىڭ سوغۇقلۇقىنى ھەيدەيدۇ، بىقىن ۋە بەل ئاغرىقى، بالىياتقۇ ئېغىزىنىڭ ئېتىلىپ قېلىشىدىن بولغان بالىياتقۇ ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ، يەل تارقىتىدۇ، بەزگەككە داۋا بولىدۇ. ئۇنىڭدىن 15 مىللىگىرام ئېلىپ مۇنچىدا ئىستېمال قىلسا رەئىشەگە داۋا بولىدۇ. ئۇنىڭدىن يېرىم گىرام ئېلىپ بۇرۇنغا پۈركىسە گاسلىققا شىپا بولىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن ھوّقنە قىلسا قورساق ئاغرىقى، يەلدىن ۋە بىرەر خىلتتىن بولغان قۇلۇنجغا داۋا بولىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن ھەمەلچە قىلسا ھامىلە ۋە بالا ھەمراھىنى چۈشۈرىدۇ، ھەيز ماڭدۇرىدۇ.

## سۇداب بەررىي
(ياۋا سۇزاپ)

ئۇنىڭ يوپۇرمىقى يەرلىك سۇزاپنىڭ يوپۇرمىقىدىن ئىنچىكىرەك، شاخلىرى كەمرەك، بەتبۇيراق بولىدۇ.

**تەبىئىتى:** توّتىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق، داۋالىقى يۇقىرىراقتۇر.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ئۇ زەھەرلىك بولۇپ، 12 گىرامى «دىفلا» (سۆگەتگۈل) ئۆسۈملۈكىدىن بەكرەك قاتىلدۇر. ئۇنىڭدىن زەھەرلەنگەندە زەھەرلەنگۈچىنىڭ ھارارىتى ئاشىدۇ، ئىچى كۆيۈشىدۇ، رەڭگىرويى قىزىرىدۇ، كۆزلىرى پۇلتىيىدۇ، چوڭ - كىچىك تەرىتى تۇتۇلىدۇ. ئۇنىڭ زەھىرىنى قايتۇرۇش ئۇسۇلى «سۆگەتگۈل» ئۆسۈملۈكىنىڭ زەھىرىنى قايتۇرۇش ئۇسۇلى بىلەن ئوخشاشتۇر. ئۇنىڭ ئۇسارىسى بۇرۇننى كۆچلۈك قانىتىپ ئۆلتۈرىدۇ. ئۇنى توّمۇر ۋە ئەينەككە سۈركىسە داتلىشىشنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. ئۇنىڭ ئۇسارىسىنى قوي ۋە توخۇلارنىڭ تۇرىدىغان يېرىگە سەپسە يىرتقۇچ ھايۋانلار ئۇلارنىڭ ئەتراپىغا يېقىن كېلەلمەيدۇ. ئۇنىڭ يوپۇرمىقىنى سۈركەپ بەرسە ماددىلارنى تارتىدۇ، ئەزانى كۆيدۈرۈپ بۇزىدۇ. ئۆسۈملۈكنىڭ پوستىنى شاراب بىلەن زىمات قىلسا دائىرىلىك چاچ چۈشۈشكە داۋا بولىدۇ، كېسەللىك كونا بولسا ئۇنىڭغا يىلتىزى ۋە ئۇسارىسىدىن ئاز مىقداردا قوشۇپ، ھايۋانات يېغى بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ سۈركىلىدۇ. ئۇنى ئىسسىق مىزاجلىق كىشىلەرگە ئىشلىتىشكە بولمايدۇ. سوغۇق مىزاجلىق كىشىلەرنىڭ ئىشلىتىشىگە توغرا كەلسە يەرلىكنىڭ ئۈچتىن بىرىچىلىك مىقداردا ئىشلىتىلىدۇ، چۈنكى بۇنىڭ تەسىرى

يەرلىكىنىڭ تەسىرىدىن نەچچە ھەسسە كۈچلۈكتۇر. ئىپتىشلارغا قارىغاندا، ئۇنى يىغقان ياكى قايناتقان ئادەمنىڭ قوللىرى، يۈز - كۆزلىرى ئىششىيدىكەن ۋە قىچىشىدىكەن. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭغا يېقىنلاشماقچى بولغان كىشى ئاۋۋال ئەزالىرىنى سوغۇق ياغلار بىلەن ياغلىغاندىن كېيىن يېقىنلىشىشى كېرەك ئىكەن.

## سىدر

(سىدە دەرىخى)

ئۇ پارسچە «كۇنار»، ھىندىچە «بىير»، مېۋىسى ئەرەبچە «نىبق» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيتى:** ئۇ ياۋا ۋە يەرلىكتىن ئىبارەت ئىككى بولۇپ، ياۋىسى تىكەنلىك بولىدۇ، ئۇ «سەنال» دەپ ئاتىلىدۇ. مېۋىسى كىچىكرەك، خۇش پۇراق، ئاچچىق - چۈچۈك بولۇپ، جىگدە چوڭلۇقىدا بولىدۇ. پىشقاندىن كېيىن قىزىل، سېرىق بولۇپ ئۆزگىرىدۇ.

ئۇنىڭ يەرلىكىنىڭ تىكىنى ئاز، مېۋىسى چوڭراق، تەملىكرەك، خۇش پۇراقراق ۋە تاتلىقراق بولىدۇ. شاھجاھان ئاباد ۋە مۇرشىد ئاباد شەھەرلىرىدە كۆپ ئۆسىدۇ. سۇلۇق بولۇپ، شەكلى ھەر خىل، تۇرى كۆپ بولىدۇ. چوڭلۇقى ئالۇچا ياكى ئۆرۈك چوڭلۇقىدا بولىدۇ. ئىسسىق ئەللەردە كۆپ ئۆسىدۇ. چوڭ، گۆشلۈك، تولۇق پىشقان، سۇلۇق، سېرىق ياكى قىزىل، ئۇرۇقچىسى كىچىك بولغانلىرى ياخشىلىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

«سىدر» دەپ كەلسە ئۇنىڭ يوپۇرمىقى نەزەردە تۇتۇلىدۇ.

**تەبىئىتى:** مېۋىسى بىرىنچى دەرىجىدە سوغۇق، ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق. يەرلىكىنىڭ ھۆلى ھۆل سوغۇق، قۇرۇقى قۇرۇق سوغۇق، ئۇنىڭ چۈچۈملىكىنىڭ ھۆل سوغۇقلۇقى تاتلىقىنىڭ ھۆل سوغۇقلۇقىدىن ئارتۇقراقتۇر. ئۇنىڭ مەيخۇشى مۆتىدىلدۇر. بەزىلەر ئۇنىڭ تاتلىقىنى بىرىنچى دەرىجىدە ئىسسىق دەپ بىلگەن.

**خۇسۇسىيتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ئۇنىڭ مېۋىسىنىڭ پىشمىغىنى قابىز ۋە شىلىمشىق بولۇپ، يەل پەيدا قىلىدۇ. ياخشى پىشقىنىنىڭمۇ غىزالىقى ئاز، تەستە ھەزىم بولىدۇ، ياخشى كەيمۇس پەيدا قىلىدۇ. سىقىش خۇسۇسىيىتى بىلەن ئىچنى سۈرىدۇ. ئۇنىڭ 200 گىرامى ئاشقازان ۋە ئۈچەيلەردىكى سەپرانى سۈرىدۇ، غەيرىي تەبىئىي ھارارەتنى پەسەيتىدۇ. چۈچۈملىكىنىڭ پىشقىنى مېڭگە باشقا ئەزالاردىن ھارارەتنىڭ ئۆرلىشىنى توسىدۇ، سەپرا ۋە ئۇسسۇزلۇقنى باسىدۇ. تاتلىقىنىڭ سۈيى تۇسالغۇلارنى ئاچىدۇ، ئاشقازان، ئۈچەيلەردىكى مەددە قۇرتلارنى ئۆلتۈرىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** سوغۇق مىزاجلىقلارغا زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** سىركەنجىۋىل.

ئۇنىڭ قۇرۇق مېۋىسىنىڭ كۈچلۈك قورۇش خۇسۇسىيىتى بار. ئۇ «سەۋىيقۇن نەبق» (ئارچا مېۋىسى تالقىنى) دەپ ئاتىلىدىغان بولۇپ، ياخشى پىشقىنىنىڭ ئۇرۇقچىلىرىنى ئايرىۋېتىپ سوقۇپ تالقان قىلىپ، زۆرۈر بولغاندا مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ سۇ قوشۇپ ئاز مىقداردىكى تاتلىق نەرسە ياكى مۇناسىپ شەربەتلەردىن مۇۋاپىق مىقداردا قوشۇپ ئىچىش كېرەك.

ئۇنىڭ قورۇلغىنى ناھايىتى قورۇغۇچى قابىز بولۇپ، سەپرادىن بولغان ئىچ سۈرۈش، ئۈچەي يارىسى ۋە ئۆتكۈر تەپلەرگە پايدا قىلىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** مېڭىگە زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** ئىسسىق مىزاجلىقلار ئۈچۈن سىركەنجۇبىل، سوغۇق مىزاجلىقلار ئۈچۈن گۈلقەنت، مەستىكىدۇر.

ئۇنىڭ ئۇرۇقىنىڭ مېغىزىنىڭ شىرىسىنى ئىچسە قاندىن ۋە سەپرادىن بولغان ئۆتكۈر قىزىتمىنى پەسەيتىدۇ. چېچەك ۋە قىزىلغا پايدا قىلىدۇ. ئۇسسۇزلۇقنى پەسەيتىدۇ. ئۇرۇقىنىڭ قاينىتىلمىسى ناھايىتى قابىزدۇر. سوقۇپ زىمات قىلسا سۇنۇقنى تۇتاشتۇرىدۇ ۋە ئۇلارنى چىڭىتىدۇ، سىناقتىن ئۆتكەن. ئۇنىڭ ئۇرۇقىنى پىشىپ قويۇلغۇچە قاينىتىپ مەلھەم قىلىپ يەرلىك ئورۇنغا چاپسا ئەزالارنى قۇۋۋەتلەپ مۇسكۇللارنى چىڭىتىدۇ. ئەگەر باللارنىڭ تېقىم ۋە تاپانلىرىغا چاپسا باللارنىڭ ئايىغىنى تېز چىقىرىدۇ.

چېچىكىنى مۇنچىدا زىمات قىلسا تىلما كېسەلگە داۋا بولىدۇ، سىناقتىن ئۆتكەن. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇنىڭ ئۇرۇقىنى قىزىلگۈل سۈيىگە چىلاپ تېرىسا مېۋىسىدىن قىزىلگۈلنىڭ پۇرىقى كېلىدىكەن، ھەسەلگە چىلاپ تېرىسا مېۋىسى تاتلىق بولىدىكەن، ئەمما بۇ گەپنىڭ ئاساسى يوقتۇر.

مۇنچىدا ئۇنىڭ يوپۇرمىقىنى زىمات قىلسا ياكى ئۇنىڭ بىلەن بەدەننى يۇسا زەخىملەرنى ساقايتىدۇ، بەدەننىڭ كىرىنى تازىلايدۇ. چاچنى قۇۋۋەتلەپ، چۈشۈشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. پەيلەرنى چېڭىتىدۇ، ھاشاراتنى قوغلايدۇ. ئۇنى شاراب بىلەن زىمات قىلسا ئىسسىق ئىششىقلارنى پىشۇرىدۇ ۋە تارقىتىدۇ. يالغۇز زىمات قىلسىمۇ ئىسسىقتىن بولغان ئىششىقلارنى پىشۇرۇپ تارقىتىدۇ. ئۇنىڭ ھۆل ياكى قۇرۇق يوپۇرمىقىنىڭ قايناتمىسىنى يالغۇز چاپسىمۇ، ئىسسىقتىن بولغان ئىششىقلارنى پىشۇرۇپ تارقىتىدۇ.

ئۇنىڭ ياغچى بىرىنچى دەرىجىنىڭ ئاخىرىدا سوغۇق، ئىككىنچى دەرىجىنىڭ ئاخىرىدا قۇرۇق بولۇپ، قان توختىتىدۇ، ئۈچەي يارىسىنى ساقايتىدۇ، ئاشقازان ئاجىزلىقىدىن بولغان ئىچ سۈرۈشنى توختىتىدۇ. ئىستىسقا ۋە تال كېسەللىكىگە داۋا بولىدۇ. ئۇنى مۇۋاپىق ئۇسۇلدا قاينىتىپ سۈيىدە ھۆقنە قىلسا ئۈچەي يارىلىرىنى ساقايتىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن سەپمە تەييارلاپ يەرلىك ئورۇنغا سەپسە، چېچەككە ئوخشاش ئىسسىقتىن بولغان زەخىملەر ۋە باشقىلارنى ساقايتىدۇ. 21 گىرامدىن ئىستېمال قىلىنىدۇ.

ئۇنىڭ يىلتىزىنى يەردىن كولاپ چىقىرىپ پوستىنى ئاز راق ئاقلىۋېتىپ پاكىز يۇيۇپ، ئۇششاق توغراپ، 200 گىرام ئەتراپىدا ئېلىپ، كۆپ مىقداردا سۇ بىلەن قۇۋۋىتى سۇغا چىقىپ سۇ قويۇلۇپ قىزارغىچە قاينىتىپ، پىسەپلىرىنى سۈزۈۋېتىپ ئىچسە بەدەننى قۇۋۋەتلەيدۇ، سەمىرىتىدۇ، رەڭگىرويىنى ياخشىلايدۇ. بەدەننى ياخشى ئوزۇقلاندۇرىدۇ. ھىندىستاندىكى كەمبەغەللەر ۋە تىلەمچىلەرنىڭ كۆپ قىسمى ئۇنى ئىستېمال قىلىدۇ.

ئۇنىڭ يېلىمى مەلھەم قىلىنسا تەمرەتكىگە شىپا بولىدۇ.

## پەسىل: «س» (سىن) ۋە «ر» (رائ) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى

## سىراجۇل قۇترۇب

ئۇ «سىراجۇل قەترىيل» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** ئۇ ئىككى سۆزدىن تۈزۈلگەندۇر. ئۇنىڭ بىرى «سىراج» دېگەن سۆز بولۇپ، چىراغ دېگەن مەنىنى بىلدۇرىدۇ. يەنە بىرى «قۇترۇب» دېگەن سۆز بولۇپ، كېچىدە يالتىرايدىغان بىر خىل ھاشاراتنى كۆرسىتىدۇ، ئۇنىڭ بەزىسى ئۇچىدۇ، بەزىسى ئۇچمايدۇ، پارسچە «كەرمى شەبتاب» (كېچىدە يالتىرىغۇچى قۇرت) دەپ ئاتىلىدۇ، ھىندىچە «بەكە جوگنى» دەپ ئاتىلىدۇ. «قۇترۇب» دېگەن سۆز يەنە سۇ ئۈستىدە قالايمىقان ھەرىكەت قىلىدىغان، كېچىدە يالتىرايدىغان چوڭ ئۇچقۇندەك بىر خىل قۇرتنىمۇ كۆرسىتىدۇ.

سىراجۇل قۇترۇب بىر خىل دورىنىڭ ئىسمى بولۇپ، يۇنانچە كۆز ئالمىسى دېگەن مەنىدە «ئەفىنۇس» دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇ يەنە بىر خىل ئۈسۈملۈكنىڭ ئىسمى بولۇپ، يۇنانچە «خەبس» دەپ ئاتىلىدۇ. بەزىلەر گۈلى ھاۋا رەڭ بولغان تاغ خېيرىگۈلىنى، يەنە يۇنانچە «لوسىماخىيۇس» دەپ ئاتىلىدىغان بىر خىل ئۈسۈملۈكنى، يەنە ماراكەش تىلىدا «نەجىيلە» دەپ ئاتىلىدىغان، زىغىرلىقتا كۆپ ئۇچرايدىغان، گۈلى قىزىلگۈلگە ئوخشاش قىزىل، يىلتىزى ياڭاق چوڭلۇقىدا تۈگۈنچەك بولىدىغان، يىلتىزىنى دېھقانلار كولاپ چىقىرىپ يەيدىغان بىر خىل ئۈسۈملۈكنى شۇ نام بىلەن ئاتايدۇ. ئۇ يەنە يەبرۇج ئۈسۈملۈكىنىمۇ كۆرسىتىدۇ، چۈنكى ئۇنىڭ يىلتىزى ھۆل بولسىلا كېچىدە يورۇق كۆرۈنىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنى رەختكە ئوراپ ساقلايدۇ. ئۇ يەنە «يەبرۇجۇل ۋەقار» دەپ ئاتىلىدىغان ئۈسۈملۈكنىمۇ كۆرسىتىدۇ. يۇسۇپ بەغدادىي ئۇنى «يەبرۇجى سەنەم» ئۈسۈملۈكى دەپ بىلگەن ۋە «ئۇ شەجەرى سۇلەيمان» (سۇلايمان ئۈسۈملۈكى) دەپ ئاتىلىدۇ، چۈنكى، سۇلايمان ئەلەيھىسسالام ھەممە ئىشىدا ئۇنىڭدىن پايدىلىناتتى. شۇنداقلا ئىسكەندەر رۇمىيمۇ ئۇنىڭدىن كۆپ

پايدىلىناتتى. ئومۇمەن، ئۇ قەدىمكى زاماندىن تارتىپ ناھايىتى ئەتىۋارلىنىپ كەلگەن ئۆسۈملۈكتۇر. ئۇنىڭ يىلتىزى ‹يەبرۇجۇس سەنەم› دەپ ئاتىلىدىغان بولۇپ، پادىشاھلار ئۇنى ناھايىتى ئەتىۋارلاپ خەزىنىلىرىدە ساقلايدۇ. ئۇنىڭ ئۆسۈملۈكى دولانا ئۆسۈملۈكىگە ئوخشايدۇ» دەپ يازغان. بۇنى ئۇ ئۆزىنىڭ «مالا يەسەئۇ» دېگەن كىتابىدا تەپسىلىي بايان قىلغان.

«تۆھپەتۇل مۆئمىن» (مۆمىنلەرگە قىلىنغان ھەدىيە) دېگەن كىتابنىڭ ئاپتورى ھەكىم مىير مۇھەممەد مۆمىن ئۇنى «ئەفىينۇس» ئۆسۈملۈكى دېگەن. ئۇ «ا» (ئەلىف) ۋە «ف» (فائ) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلار پەسلىدە بايان قىلىنىدى.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** دۆنىڭ زەھىرى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش زەھەرلەرنى قايتۇرىدۇ.

## سەرخەس

ئۇ پارسچە سۆزدۇر. يۇنانچە «بەتارىس»، تەنەكابۇن ۋە دەيلەمدا «جەمماز»، ھىندىچە «كىيلدارۇ»، «بىسۇرە»، بېنگالدا «پەنكىراج» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** ئۇ بىر خىل يىلتىز بولۇپ، رەڭگى قىزىلغا مايىل قارا، بوغۇملۇق، ئىنچىكە يىپچە يىلتىزلار بىلەن ئورالغان بولىدۇ. ئەركەك، چىشى دەپ ئايرىلىدۇ. ئەركىكىنىڭ ئۆسۈملۈكى غولسىز، مېۋىسىز، گۈلسىز بولىدۇ، يەنى بىر دانە يىلتىزىدىن بىر دانە شاخ ئۆسۈپ چىقىپ، بىر غۇلاچ ياكى ئۇنىڭدىن قىسقىراق بولغاندا ئەتراپىدىن خۇددى قوش پېيىگە ئوخشاش بىر - بىرىگە چاپلاشقان چىشلىق يوپۇرماقلار ئۆسۈپ چىقىدۇ.

ئۇنىڭ چىشىسىنىڭ شېخى بولمايدۇ، بەلكى يىلتىزىدىن كۆتۈرۈلۈپ چىققان بىر دانە يوپۇرماق بىلەن چەكلىنىدۇ.

ئۇنىڭ قۇۋۋىتى تۆت يىلغىچە ساقلىنىدۇ، ياخشىسى چوڭ، ئېغىر، قارىغا مايىل بولۇپ، سۇندۇرسا ئىچى پىستە رەڭ بولغىنى ياخشىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە ئىسسىق، بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** جۇلا بەرگۈچى، توسالغۇلارنى ئاچقۇچى، يەل تارقاتقۇچى، قۇرۇتقۇچى، خۇرسەن قىلغۇچى، سەۋدا خاراكتېرلىك بۇخاراتلارنى يوقاتقۇچى، پىت يوقاتقۇچى، قورساق ۋە ئۈچەيلەردىكى تۇرلۇك مەددە قۇرتلارنى چۈشۈرگۈچىدۇر. بولۇپمۇ ئاق ياكى قارا خەربەق بىلەن ئىشلىتىلسە يۇقىرىقى ئۇنۇملىرى تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ. سوقمۇنىيا ۋە ھەسەل بىلەن ئىشلەتسە، شۇنداقلا ھەسەل بىلەن لوئوق تەييارلاپ ئىشلەتسە زەرداب سۇنى چىقىرىدۇ، ھامىلدارلىقنى چەكلەيدۇ، ھامىلە ھەم قاپاق ئۇرۇقىسىمان مەددىنى چۈشۈرىدۇ. ساقىيىشى تەس بولغان خەفەقان، بۆرەك ۋە دوۋساق جاراھىتى،

ئۇلتۇرغۇچ نېرۋا ئاغرىقى، بوغۇملار ئاغرىقىغا داۋا بولىدۇ. ئۇنىڭدىن بەش گىرام ئېلىپ، ئۈچ دانە توخۇ تۇخۇمىنىڭ سېرىقى بىلەن ئۇدا ئۈچ كۈن ئىستېمال قىلسا ئەزالارنىڭ ئۇرۇلۇپ ـ سوقۇلۇشىدىن بولغان جاراھەتلىرىگە ناھايىتى پايدا قىلىدۇ. ئۇنىڭ ئەركىكىنىڭ ھۆلىدىن ئۈچ كىلوگىرام ئېلىپ باقىلە چوڭلۇقىدا نېپىز توغراپ، ئالتە كىلوگىرام ھەسەل بىلەن يۇمشاپ پىشۇرۇپ، ھەسەل بىلەن يەكسان بولۇپ بىر كىلوگىرام قالغۇچە قاينىتىپ كۈنىگە 70 گىرام ئىستېمال قىلسا يانپاشنىڭ كونا ئاغرىقىغا پايدا قىلىدۇ، سىناقتىن ئۆتكەن. قۇرۇقىدىن سەپمە تەييارلاپ سەپسە ساقىيىشى تەس بولغان ھۆل يارىنى ساقايتىدۇ. كۆپ قېتىم سىناقتىن ئۆتكەن. ئۇنىڭدىن 12 گىرام ئېلىپ شاراب بىلەن ئىستېمال قىلسا، قاپاق ئۇرۇقىسىمان مەددە ۋە ھامىلىنى چۈشۈرىدۇ. ئون گىرامىنى ئىستېمال قىلسا ئاشقازاندىكى يىلانسىمان مەددىنى چۈشۈرىدۇ، ئەمما ئۇنى ئىستېمال قىلىشتىن بۇرۇن قۇرۇق سامساق ئىستېمال قىلىش شەرت. ئۇنىڭ يۇمىران يوپۇرمىقى تەرەتنى بوشىتىدۇ، ئۇدا بىر نەچچە كۈن ئىستېمال قىلسا كۆزدىكى بۇزۇق ماددىلارنى قاپاقتا ھەيدەيدۇ. ئۇنى ھەر قانداق ئەزاغا زىمات قىلسا، شۇ ئەزادىكى بۇزۇق ماددىلارنى ھەيدەپ چىقىرىدۇ. خېنە بىلەن مەلھەم قىلىپ كۆزگە سۇ چۈشۈشنىڭ ئالامەتلىرى دەسلەپتە كۆرۈلۈشكە باشلىغاندا باشقا سۈركەپ بەرسە ئۇنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. ئۇنىڭ يوپۇرمىقى بىلەن ئۆيىنى ئىسلىسا بۈرگە پەيدا بولۇشنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** ئۆپكىگە زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** شىھ ئەرمىنى.

**ئىستېمال مىقدارى:** 50 گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

**ئورۇنباسارى:** قەمبىل.

## سىرىس
(سەرەس)

ئۇ ھىندىستاندا ئۆسىدىغان بىر خىل دەرەختىن ئىبارەت. ئېيتىشلارغا قارىغاندا ئۇنى ئەرەبچە «سۇلتانۇل ئەشجار» (دەرەخلەر شاھى) دەپ، پارسچە «دەرەختى زىكرىيا» (زىكرىيا دەرىخى) دەپ ئاتىلىدىكەن.

**ماھىيىتى:** ئۇ ھىندىستاندا ئۆسىدىغان بىر خىل دەرەخ بولۇپ، تۈز ئۆسىدۇ. يوپۇرمىقى بادام شەكلىدە، چىشسىز، بارماق كەڭلىكىدە، بىر يېرىم ئىلىك ئۇزۇنلۇقتا، تەمرىھىندى يوپۇرمىقىدىن سەل چوڭراق، تەمرىھىندى يوپۇرمىقى شەكلىدە. شاخلىرى ئىنچىكە بولۇپ، ئۇدۇلمۇئۇدۇل، توپلاشقان ھالەتتە ئۆسىدۇ. گۈلى جامۇن دەرىخى گۈلىگە ئوخشاش، خۇش

پۇراق، رەڭگى سېرىق، ئاز ساندىكىلىرىنىڭ ئاق بولىدۇ. ئۇرۇقى خىيارشەنبەر ئۇرۇقى چوڭلۇقىدا، ئۇنىڭدىن كىچىكرەك، چۇرۇكرەك بولۇپ، تۇخۇمەك ئۇرۇقىنىڭ غىلاپىدەك، ئەمما ئۇنىڭدىن چوڭراق، كەڭرەك غىلاپ ئىچىدە بولىدۇ. ئۇنىڭ مېۋىسى يېڭى ۋاقتىدا يۇمشاق بولۇپ، قۇرۇسا ناھايىتى قاتتىق بولۇپ قالىدۇ، تەستە سوقۇلىدۇ. خام مېۋىسىنىڭ مېغىزىنىڭ تەمى خام نوقۇتنىڭ تەمىگە ئوخشايدۇ. ئەمما سەل قىرتاق، ئازراق ئۆتكۈر بولىدۇ. دەرەخنىڭ قوۋزىقى قېلىن، يىرىك بولىدۇ.

تەبىئىتى: قۇرۇق سوغۇق، ئېھتىمال ئىسسىق بولۇشىمۇ مۇمكىن.

خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى: يوپۇرمىقىنى پىشۇرۇپ ئىستېمال قىلسا، ئارقىدىن ئۇنىڭ ئۇسارىسىنى كۆزگە تېمىتسا نامازشام قارىغۇسى كېسەللىكىگە پايدا قىلىدۇ. قوۋزىقىنى قاينىتىپ سۈيى بىلەن ئېغىزنى چايقىسا چىش ۋە چىش مىلىكىنى چىڭىتىدۇ، سىناقتىن ئۆتكەن. ئۇنىڭ دەرىخىنىڭ قوۋزىقىدىن بىر گىرام ئېلىپ يۇمشاق سوقۇپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ 36 ~ 60 گىرامغىچە داغلانغان كالا يېغى بىلەن بىرلىكتە 5 ~ 10 كۈنگىچە ئىستېمال قىلسا، ئىستېمال قىلىنىۋاتقان مەزگىلدە ھەم ئىستېمال قىلىپ بولغاندىن كېيىن تۇز، چۈچۈمەل، يەللىك نەرسىلەر، كۆكتاتلار، پىياز، سامساق، پىشلاق، سۈت مەھسۇلاتلىرى، سوغۇق سۇ، جىما، روھىي جىددىيلىك، جىسمانىي ئەمگەكلەردىن پەرھىز قىلسا جوزام، ئەزالارنىڭ سەزمەس بولۇپ قېلىشى، يامان يارىلار، يامىرىغۇچى يارىلار، قوتۇر ۋە پالەچ، لەقۋا، ئىستىرخا، بوغۇم ئاغرىقلىرىغا ئوخشاش پەي - نېرۋا ۋە مېڭە مەنبەلىك كېسەللىكلەر ھەم كالا تەمرەتكىسىگە پايدا قىلىدۇ. دەرىخىنىڭ قوۋزىقىدىن بىر ھەسسە ئېلىپ ئىچىدىكى نېپىز پوستىنى ئايرىۋېتىپ چالا سوقۇپ، تۆت - بەش ھەسسە ساپ سۇغا ئۈچ - تۆت كېچە - كۈندۈز چىلاپ قويغاندىن كېيىن قائىدە بويىچە ئەرەق تارتىپ، ئېھتىياج ۋە كېسەللىك ئەھۋالىغا ئاساسەن 21 كۈنگىچە مۇۋاپىق مىقداردا ئىچسىمۇ يۇقىرىقى كېسەللىكلەرگە پايدا قىلىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭغا كونا نىيىم دەرىخى پوستىدىن يېرىم ھەسسىدىن بىر ھەسسىگىچە قوشۇلسا ياخشىراق ۋە كۈچلۈكرەك بولىدۇ. غىزاسىغا كەكلىك، چىل، قۇشقاچ ۋە ئۇنىڭ ئوخشاشلىرىنىڭ گۆشى، ئاشلىقلاردىن گۈرۈچ، بۇغداي ۋە قۇر (بىر خىل ئاشلىق — تەرجىماندىن) قاتارلىقلارنى يېڭى كالا يېغى بىلەن بېرىش كېرەك. ئۇنىڭ قوۋزىقىنىڭ يېغىدىن بەش كۈن مۇۋاپىق مىقداردا ئىستېمال قىلسا يۇقىرىقى پەرھىزلەر تاكى 25 كۈنگىچە داۋاملاشتۇرۇلىدۇ. 50 كۈنگىچە داۋاملاشتۇرۇلسىمۇ بولىدۇ. ئەرقىنى ئىچكەندە ئۇنىڭ ئەرقىنى ئىچكەن كۈنلەرنىڭ ئىككى ھەسسىسىچىلىك ۋاقىت پەرھىز تۇتسا يېتەرلىك بولىدۇ. ئۇنىڭ ئەرقى رو قاچىدا ساقلىنىدۇ، چۈنكى ئەينەك قاچىدا ساقلانسا

سۇندۇرۇۋېتىدۇ. ئۇنىڭ قوۋزىقىنى زىمات قىلسا يەرقان، چىيقان، مۇدۇر، ئىششىقلار، قىچىشقاق، قوتۇر قاتارلىقلارغا پايدا قىلىدۇ. زەھەرلىك ھايۋانلارنىڭ زەھىرىنى قايتۇرىدۇ. بۇزۇلغان قاننى تازىلايدۇ. ئۇنى دەرىخنىڭ قۇرۇتۇلغان قوۋزىقىنىڭ سەپمىسىنى سەپسە زەخىملەرنى ساقايتىدۇ، زەخىم ھەر قانچە كونا بولسىمۇ قۇرۇتىدۇ.

ئۇنىڭ گۈلىنى پۇرىسا باش ئاغرىقى، باشنىڭ يېرىمى ئاغرىشقا داۋا بولىدۇ. ئۇنىڭ ئاق ئېچىلىدىغان دەرىخنىڭ يىلتىزىنى شورىسا مەنىي تۇتىدۇ. ئۇنىڭ ئۇرۇقىدىن ئۈچ گىرام مىقداردا ئېلىپ سوقۇپ، ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ، ئالتە گىرام ناۋات ئارىلاشتۇرۇپ 120 مىللىلىتىر يېڭى سېغىلغان سۈت بىلەن بىرلىكتە ئىچسە مەنىي قويۇلىدۇ، مەنىينىڭ تېز كېتىشىنى تىزگىنلەيدۇ. يالغۇز ئىشلىتىلسە چاشقان يارىسىغا پايدا قىلىدۇ، تاشتۇز ياكى سۇ بىلەن سالايە قىلىپ كۆزگە سۈركىسە كۆزدىكى ئاقنى يوقىتىدۇ.

## سەرەتان نەھرىي

(دەريا قىسقۇچپاقىسى)

ئۇ پارسچە «خەرچەڭ»، ھىندىچە «كىيكرا» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** ئۇ تونۇشلۇق بولغان سۇ ھايۋىنىدىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇنىڭ ياخشىسى چىشىسىدۇر. ئالامىتى شۇكى، دۈمبىسىگە يېڭنە سانجىسا ئەركىكىنىڭ ئەكسىچە ئاق سۇ چىقىدۇ. تاتلىق سۇ دەريالىرىدا ياشىغان چوڭلىرى ئەڭ ياخشى ھېسابلىنىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە ھۆل سوغۇق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ئۇزۇقلۇقى كۆپ، تەستە ھەزىم بولىدۇ، باھنى قۇۋۋەتلەيدۇ، ماددىلارنى تارتىدۇ ۋە تارقىتىدۇ. ئۇنىڭدىن ئىككى - ئۈچ دانە ئېلىپ پۇتلىرىنى كېسىۋېتىپ ئىچىنى سۇ ۋە كۆل سۈيى بىلەن پاكىز يۇيۇپ، ئاقلانغان ئارپا بىلەن پىشۇرۇپ سۈيىنى ئىچسە، سىل، جۇدەتكۈچى قىزىتما، قۇرۇق ئىسسىقتىن بولغان يۆتەل، ئەزالارنىڭ قۇرۇقلۇقى ھەم ئىسسىق مىزاجلارنىڭ زىيادە جۇدەپ كېتىشىگە پايدا قىلىدۇ، سىناقتىن ئۆتكەن. ئۇنىڭ كۆيدۈرۈلگىنىنى ئەرەب يېلىمى ۋە مۇناسىۋەتلىك دورىلار بىلەن ئىشلەتسىمۇ شۇ تەسىرنى بېرىدۇ، بوۋاسىرغا ناھايىتى پايدا قىلىدۇ. ئۇنىڭ قايناتمىسىدىن 90 گىرام ئېلىپ، كەرەپشە ۋە ئارپىبەديان بىلەن ئىچسە ئەزالاردىكى تاشلارنى پارچىلاپ چۈشۈرىدۇ، سۈيدۈك، ھەيز ۋە كېرەكسىز ماددىلارنى ھەيدەيدۇ. ئۇنى قۇرۇتۇپ تالقانلاپ ياۋا رەيھان بىلەن ئىستېمال قىلسا چايانىنىڭ زەھىرىنى قايتۇرىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇنى ياۋا رەيھان بىلەن بىرلىكتە چايانىنىڭ يېنىغا ئېلىپ بارسا چايان ئۆلۈپ قالىدىكەن. شاراب بىلەن

ئىستېمال قىلسا سۈيدۈك ماڭدۇرىدۇ، ئەزالاردىكى تاشلارنى چىقىرىدۇ. ئېشەك سۈتى بىلەن ئىستېمال قىلسا دۆ، چايان ۋە باشقا زەھەرلىك ھاشاراتنىڭ زەھىرىنى قايتۇرىدۇ. ھەسەل بىلەن ئىستېمال قىلسا غالجىر ئىت چىشلىۋالغاندىكى زەخمىنى ساقايتىدۇ ھەم زەھىرىنى قايتۇرىدۇ. ئۇنى سوقۇپ سۈيىنى چىقىرىپ غار ـ غار قىلسا بوغما كېسەل ۋە بادامبەز ئىششىقىنى ناھايىتى تېز قايتۇرىدۇ. ھۆلىنى سوقۇپ زىمات قىلسا زەھەرلەرنى سۈمۈرىدۇ، چايان چېقىۋالغاندىكى ئاغرىقنى پەسەيتىدۇ. ئەزالاردا تۇرۇپ قالغان ئوق، تىكەننى چىقىرىدۇ. ئىسسىقتىن ئىششىقلارنى تارقىتىدۇ. ئۇنى سېرىقچېچەك بىلەن قايناتقان سۈيىدە غار ـ غار قىلسا زىيانداش ھاشارات چېقىۋالغاندىكى زەھەرنى قايتۇرىدۇ. ئۇ كۆيدۈرۈپ ئەمچەك راكىغا چاپسا پايدا قىلىدۇ، سىناقتىن ئۆتكەن. ھەسەل بىلەن زىمات قىلسا بەھەقكە پايدا قىلىدۇ، ئىششىقلارنى تارقىتىدۇ، يارىلارنى قۇرۇتىدۇ. ئۇنىڭدىن بىر قانچە تال ئېلىنىپ قەلەيلەنمىگەن مىس قازاندا كۆل بولغۇچە كۆيدۈرۈپ، كۆنىگە بىر قوشۇقتىن ئېلىنىپ 270 مىلىلىتىر سۇ بىلەن ئىستېمال قىلسا، غالجىر ئىتنىڭ زەھىرىنى قايتۇرىدۇ، سىناقتىن ئۆتكەن. ئەمما غالجىر ئىت چىشلىۋالغان ئورۇنغا زەيتۇن يېغى، سىركە، جاۋشىردىن تەييارلانغان مەلھەمنى سۈركەش لازىم. ئەگەر غالجىر ئىتنىڭ چىشلىۋالغىنىغا مەلۇم ۋاقىت ئۆتكەن بولسا ئۇنىڭدىن كۆنىگە ئىككى قوشۇق ئىستېمال قىلىش كېرەك. ئۇنى مەزكۇر مەقسەتتە ئىشلىتىش ئۈچۈن كۆيدۈرمەكچى بولغاندا قۇياش ئەسەد بۇرجىغا كەلگەن، ئاي بىلەن ئۇدۇللاشمىغان، چوڭ ئىت يۇلتۇز تۇركۇمى چىقمىغان ۋاقىتتا كۆيدۈرۈلۈشى شەرت. شۇنداقلا ئۇ مەزكۇر ئۇسۇلدا كۆيدۈرۈپ ئۇنىڭغا يېرىم ھەسسە جىنتىيانا، ئوندىن بىرچىلىك كۈندۈر قوشۇپ، ئۈچ كۈن ياكى ئۇنىڭدىن ئۇزۇن ۋاقىت كۈنىگە 15 گىرام ئىستېمال قىلسىمۇ غالجىر ئىتنىڭ زەھىرىنى قايتۇرىدۇ. شۇنداقلا مەزكۇر كۆلدىن 15 گىرام ئېلىپ، ئۇنىڭغا 7.5 گىرام جىنتىيانا قوشۇپ شاراب بىلەن ئىستېمال قىلسا، شۇنداقلا ئۇنى ھەسەل بىلەن ئىستېمال قىلسىمۇ غالجىر ئىتنىڭ زەھىرىنى قايتۇرىدۇ. ئۇنىڭ كۆلىنى ھەسەل بىلەن قايناتقاپ زىمات قىلسا مەقئەت يېرىلىش ۋە پۇت ـ قوللارنىڭ سوغۇقتىن يېرىلىشىغا پايدا قىلىدۇ. ئۇنىڭ كۆزىنى ئارىلاپ تۇتىدىغان تەپ بىمارلىرىغا ئېسىپ قويسا پايدا قىلىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** دوۋساققا زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** گۈل قەبرىسى، گۈل مەختۇم.

**ئىستېمال مىقدارى:** خېمىدىن 25 گىرام، كۆيدۈرۈلگىنىدىن 15 گىرام ئىستېمال قىلىنىدۇ. ئۇنى كۆيدۈرۈش ئۇسۇلى كىتابنىڭ مۇقەددىمىسىدىكى كۆيدۈرۈش ئۇسۇللىرى تونۇشتۇرۇلغان پەسىلدە، ئۇنىڭ سۈفۇپلىرى، قۇرسلىرى قارابادىنىدا بايان قىلىنىدى.

## سەرەتانى بەھرىي
(دېڭىز قىسقۇچپاقىسى)

ئۇ پارسچە «خەرچەڭ دەريائى» (دېڭىز قىسقۇچپاقىسى) دەپ ئاتىلىدۇ.

ماھىيىتى: ئۇ ئىككى خىل بولىدۇ. بىرى دەريادا تۇرسا يۇمشاق بولىدۇ، دەريادىن ئايرىلىپ ئۇنىڭغا ھاۋا تەگسە تاشتەك قاتىدۇ، ئۇنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىكى دەريا قىسقۇچپاقىسى چوڭلۇقىدا ياكى ئۇنىڭدىن كىچىكرەك، سەدەپكە ئوخشاش بولىدۇ. ھىندىستان، يەمەن دېڭىز ساھىللىرىدىن چىقىدۇ. يەنە بىرى دەريا قىسقۇچپاقىسىغا ئوخشىمايدۇ، ئەمما ناھايىتى ئاق بولىدۇ. دەيلىم ۋە تەنەكابۇن شەھەرلىرىدىكى بېلىقچىلار ئۇنى تۇتۇپ قارماققا سانجىپ بېلىق تۇتىدىغان يەمچۈك قىلىدۇ.

تەبىئىتى: قۇرۇق سوغۇق.

خۇسۇسىيتى ۋە ئىشلىتىلىشى: كۆيدۈرۈلگىنىنىڭ جۇلا بېرىش ۋە ئۇچۇچانلاشتۇرۇش رولى ئارتۇقراقتۇر. كۆزگە سۈركىسە كۆز پەردىلىرىدىن قويۇلغان ھۆللۈكلەرنى يوقىتىدۇ. كۆز مۇسكۇللىرىنى چىڭىتىدۇ. كۆزنى روشەنلەشتۈرىدۇ، قاپاق قوتۇرى، كۆزگە تىرناقچە گۆش ئۆسۈش، قاپاق گىرۋەكلىرى قىزىرىپ ئىششىش، ياشاغىراشقا شىپا بولىدۇ. ئۇنى سەپسە جاراھەتلەرنىڭ قېنىنى توختىتىدۇ. چىشقا سەپسە چىشنى ئاقارتىدۇ. ئۇنى مەلھەم قىلسا داغ، سەپكۈننى چۈشۈرىدۇ.

ئۇنىڭ ئىككىنچىسىنىڭ تەبىئىتى بىرىنچىسىنىڭ تەبىئىتىدىن ھۆل سوغۇقراق بولۇپ، كۆيدۈرۈلگىنىنىڭ تەسىرى بىرىنچىسىنىڭ تەسىرىدىن ئاجىزراق بولىدۇ. ئىستېمال قىلسا ئۆلتۈرىدۇ.

## سەرۋھۇنچى
(سەرۋھۇنچى ئوتى)

ئۇ ھىندىچە سۆزدۇر.

ماھىيىتى: ئۇ بىر خىل ئۆسۈملۈك بولۇپ، بىر يېرىم غۇلاچ ئېگىزلىكتە ئۆسىدۇ. غولى بوغۇملۇق بولۇپ، ھەر بىر بوغۇمىدىن شاخچىلىرى ۋە ئاق يوپۇرماقلار ئۆسۈپ چىقىدۇ. گۈلى ئۈششاق بولۇپ، ئارىسىدا ئۈششاق، ئاق، سەل ياپىلاق ئۇرۇقلار بولىدۇ. ئۇنىڭ يوپۇرماقلىرى چوڭ بولۇپ، سېمىز ئوت يوپۇرمىقىغا ئوخشاش، ئۇنىڭدىن يۇمرانىراق بولىدۇ. تەمى كۆرۈنەرلىك بولمايدۇ.

تەبىئىتى: ھۆل ئىسسىققا مايىل.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** يوپۇرمىقىنى قاينىتىپ ئىستېمال قىلسا ئۇچا ئاغرىقى، بوغۇملار ۋە باشقا ئەزالار ئاغرىقلىرىنى پەسەيتىدۇ. ئۇنىڭ يىلتىزىنى پىلپىل بىلەن سالايە قىلىپ چاپسا مۇرەككەپ تەپلەرنى ياندۇرىدۇ. ئۇنىڭ ئۆسۈملۈكى ۋە يوپۇرمىقىنى كاتھىنىدى ۋە ئاز مىقداردىكى ھۆل زەنجىۋىل بىلەن زىمات قىلسا ساقىيىشى تەس بولغان زەخىملەرنى ساقايتىدۇ، سەينەككىمۇ شىپا بولىدۇ.

## سەرۋى
(ئارچا)

ئۇ پارسچە ئىسىمدۇر. ھىندىچىمۇ شۇ نام بىلەن ئاتىلىدۇ، يەنە «نەمال» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** ئۇ تاغنىڭ ۋە يەرلىكتىن ئىبارەت ئىككى خىل بولىدۇ. تاغدا ئۆسىدىغىنى «ئەرئەر» دىن ئىبارەت. ئاللا خالىسا «غ» (ئەين) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلار بابىدا بايان قىلىنىدۇ. يەرلىكى ناھايىتى چوڭ، ئېگىز، تۈز ئۆسىدۇ. يوپۇرماقلىرى ناھايىتى ئۇششاق بولۇپ، تۆكۈلمەيدۇ. مېۋىسى كىچىك بولۇپ، كۇنۇس شەكلىدە بولىدۇ. «جەۋزى رۇمىي» (رىم ياڭىقى)غا ئوخشايدۇ، ئۇ «جەۋزۇس سەرۋى» (ئارچا ياڭىقى) دەپ ئاتىلىدۇ، مېغىزى بولمايدۇ، خام ۋاقتىدا كۆك، قاتتىق بولۇپ، پىشقاندىن كېيىن سەل سېرىق، ياغاچلاشقان بولىدۇ. بۇ دەرەخنىڭ ھەممە قىسىملىرى سەل ئۆتكۈر، ئاچچىق، ناھايىتى قىرتاق بولىدۇ. ئۇرۇقى ئاق، سېرىق بولۇپ، ئەدەسكە ئوخشاش، ئۇنىڭدىن چۇرۇكرەك بولىدۇ.

**تەبىئىتى:** بىرىنچى دەرىجىدە ئىسسىق، ئېيتىشلارغا قارىغاندا ئىسسىقلىقتا مۆتىدىل، ئۇچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىكەن. مېۋىسى ئۇنىڭ باشقا قىسىملىرىدىن ئىسسىقراق بولىدۇ. يېلىمى ئىسسىق، ئۆتكۈر بولۇپ قارىغاي يېلىمىغا ئوخشاپ قالىدۇ، ئەمما ئۇنىڭدىن ئاجىزراق بولىدۇ. ئۇنىڭدىن ئاققان سۇيۇقلۇق «شىبرىن» دەرىخىنىڭ قەتران دېيىلىدىغان سۇيۇقلۇقىدىن ئاجىزراق بولىدۇ.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** يوپۇرمىقى قورۇغۇچى، تارقاتقۇچى، قان توختاتقۇچى، چىرىشلەرنى يوقاتقۇچى، بەھەقكە شىپا بولغۇچىدۇر. قايناتمىسىنى ئىچسە سۇيدۇك ماڭدۇرىدۇ، ئۇچەي يارىلىرىنى ساقايتىدۇ. دوۋساقتىن ئاققان كىرەكسىز ماددىلارنى تازىلايدۇ. يوپۇرمىقىدىن 10 گىرام ئېلىپ سوقۇپ سالايە قىلىپ 2.5 گىرام مۇرمەككى بىلەن ئىستېمال قىلسىمۇ دوۋساقنى قۇۋۋەتلەيدۇ. سىيىپ يېتىش ۋە سىيىش قىيىنلىشىشقا داۋا بولىدۇ. ئۇنىڭ قايناتمىسى بىلەن غار - غار قىلسا چىش ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ، چىش مىلىكى يارىلىرىنى ساقايتىدۇ، چىش مىلىكىنى چىڭىتىدۇ. ئۇنى ھەسەل بىلەن لوئوق قىلىپ يالىسا كونا يۆتەلنى پەسەيتىدۇ، سىناقتىن ئۆتكەن. ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەيدۇ.

ئىيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇنىڭ يوپۇرمىقى ئەزالارنى سېزىملاندۇرىدىكەن. مېۋىسىنى خۇش پۇراق شاراب بىلەن ئىستېمال قىلسا قان توختىتىدۇ، تىك ئولتۇرۇپ نەپەسلىنىشكە شىپا بولىدۇ. ئاشقازانغا كېرەكسىز ماددىلارنىڭ قۇيۇلۇشىنى توسىدۇ. ئۇچەي يارىسىنى ساقايتىدۇ. مېۋىسىنى سالايە قىلىپ چىقىقا زىمات قىلسا چوڭقىيىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ ۋە تارقىتىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** ئۆپكىگە زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** كەتىرا.

ياغىچىنىڭ كېپىكى كېرەكسىز ماددىلارنىڭ ئەزالارغا ئېقىشىنى توختىتىدۇ. مۇرمەككى بىلەن ئىشلەتسە دوۋساقنى قۇۋۋەتلەيدۇ. سىيىپ يېتىشقا داۋا بولىدۇ. يوپۇرمىقىنى كۆيدۈرۈپ يۇيۇپ ئىستېمال قىلسا ياكى سەپسە ئوت كۆيۈك يارىسى، ھۆل يارىلارنى ساقايتىدۇ. يوپۇرمىقىنى سىركە بىلەن قاينىتىپ تىرمىس بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ زىمات قىلسا بەھەقنىڭ ئىزلىرى ۋە تىرناقتىكى ئاقلىقنى يوقىتىدۇ. ئۇنى يالغۇز ياكى مۇناسىۋەتلىك دورىلار بىلەن زىمات قىلسا چىقىقنى جايىغا چۈشۈرىدۇ، يارىلارنى ساقايتىدۇ، بوشىغان ئەزالارنى چىڭىتىدۇ. قان توختىتىدۇ، زەخمىلەرنى قۇرۇتىدۇ، ئىششىقلارنى تارقىتىدۇ، ماغدۇرسىزلىقنى يوقىتىدۇ. ئارپا ئۇنى ۋە سۇ بىلەن زىمات قىلسا كۆزنىڭ ئىسسىقتىن بولغان ئىششىقلىرى، كۆيدۈرگە، بەلباغسىمان قوقاق، ئوت كۆيۈك يارىسىغا شىپا بولىدۇ. يىلىمىدىن سۈيۈقلۇق تەييارلاپ بۇرۇنغا تېمىتسا مېڭىدىكى ھۆللۈكلەرنى تازىلايدۇ. ئۇنىڭ يىلىمىنى تالقانلاپ بۇرۇنغا پۈركىسە بۇرۇن بوۋاسىرىغا پايدا قىلىدۇ. ئۇنىڭ ھۆل مېۋىسىنىڭ ئۇسارىسىمۇ بۇرۇن بوۋاسىرى ۋە مەقئەت بوۋاسىرىغا پايدا قىلىدۇ. ئۇ ئانارگۇل بىلەن مەلھەم تەييارلاپ چاپسا، باشنىڭ ھۆل يارىلىرى، بەدەن يارىلىرىنى ساقايتىدۇ، مەينەت يارىلارنىڭ كىرلىرىنى تازىلايدۇ، چاينىسا ئېغىزدىن شۆلگەي ئېقىشقا داۋا بولىدۇ. ئۇنىڭ يوپۇرمىقى، مېۋىسىنى ئامىلە، سىركە ۋە سۇ بىلەن قاينىتىپ يۇمشاق پىشقاندا كۇنجۇت يېغى بىلەن قاينىتىپ پىسەپلىرىنى سۈزۈۋېتىپ، پىسىپىنى چاچقا چاپسا، يېغى بىلەن چاچنى مايلىسا چاچنى قارايتىدۇ، ئۇزارتىدۇ، چۈشۈشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ، سىناقتىن ئۆتكەن. شۇنداقلا ئۇنىڭ يوپۇرمىقى بىلەن مېۋىسىنى سوقۇپ سىركە ۋە سوقۇلغان خېنە بىلەن يۇغۇرۇپ چاچقا زىمات قىلسىمۇ چاچنى قارايتىپ قۇۋۋەتلەيدۇ. ئۇنىڭ يىلىمىنى پىشقان زەيتۇن مېۋىسى يېغى بىلەن مەلھەم قىلىپ ئاشقازان ساھەسىگە چاپسا ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەيدۇ.

**ئورۇنباسارى:** باراۋەر مىقداردا قىزىل ئەنزىرۇت، يېرىم ھەسسە ئانار پوستى.

ئۇنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىدىن شۇ باركى، ئۇنىڭ مېۋىسى، يوپۇرمىقى ۋە شاخلىرى ئۆيدە ساقلانسا ئۆيگە پاشا كىرمەيدۇ، كىرگەن بولسا ئۆلتۈرىدۇ. شۇنداقلا ئۇلارنى كۆيدۈرۈپ ئىسرىق سالسىمۇ شۇ تەسىرنى بېرىدۇ.

## سەرۋھۇنچى
(سەرۋھۇنچى ئوتى)

ئۇ ھىندىچە سۆزدۇر.

**ماھىيتى:** ئۇ ھىندىستاندا ئۆسىدىغان بىر خىل ئۆسۈملۈك بولۇپ، يوپۇرمىقى بىدە يوپۇرمىقىغا ئوخشايدۇ. گۈلى ئۇششاق، ئاق بولۇپ، ئۇنىڭ گۈلىدىن ئۇششاقراق بولىدۇ. يەردىن كۆپ كۆتۈرۈلمەي ئۆسىدۇ.

**تەبئىتى:** ئىسسىقلىقتا مۆتىدىل، بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇق.

**خۇسۇسىيتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ئۇنىڭ بىر دانە گۈلى ئىككى دانە پىلپىل بىلەن بىرۇن تېمىتمىسى تەييارلاپ بۇرۇنغا تېمىتىلسا دىماقتىكى توسالغۇلارنى ئاچىدۇ. مېڭىدىكى كېرەكسىز ماددىلارنى تازىلايدۇ. باش ئېغىرلىشىش، باش ئاغرىش ۋە جوزامغا داۋا بولىدۇ، سىناقتىن ئۆتكەن دەپ قارىلىدۇ. ئۇنىڭ ئۆسۈملۈكىنى پىشۇرۇپ چوچەل نەرسە قوشماي تۆت كۈنگىچە ئىستېمال قىلسا سۇنۇقنى تۇتتۇرىدۇ. ئۇنىڭ يوپۇرمىقى پىشۇرۇپ سۇنغان ئۇستىخانغا چاپسا مۇمىيانىڭ ئورنىنى باسىدۇ.

## سەرپۇنكە
(سەرپۇنكە ئوتى)

ئۇ ھىندىچە ئىسىمدۇر.

**ماھىيتى:** بىر خىل ئۆسۈملۈك بولۇپ، شاخلىرى ئىنچىكە، ئۈچ غۇلاچ ئېگىزلىكتە ئۆسىدۇ. يوپۇرماقلىرى ئىنچىكە، ئۇزۇن، ئومۇمەن قارىغاي مېۋىسى شەكلىدە بولىدۇ. يوپۇرماقلىرى ئىنچىكە شاخلىرىدا ئىككى قاتار بولۇپ، ئۇدۇلمۇئۇدۇل ئۆسىدۇ. ھەر شاختا بەش تالدىن يەتتە تالغىچە يوپۇرماق بولىدۇ. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بىر دانە يوپۇرماق يەككە ھالدا ئۆسىدۇ. تۆۋەنكى يوپۇرماقلىرى ئۇستۇنكى يوپۇرماقلىرىدىن ئىنچىكىرەك، يوپۇماقلىرىنىڭ ئارقا تەرىپى سەل يىرىك، تومۇرلىرى كۆرۈنگەن، سەل قاتتىق بولىدۇ. يوپۇرماقلىرى يىرتىلسا تومۇرلىرى ئۇزۇلمەي تۇرۇۋالىدۇ. تەمى سەل ئاچچىق بولىدۇ. بەزىلىرىنىڭ گۈلى قىزىل، بەزىلىرىنىڭ ئاق بولىدۇ، ئەمما ئاق گۈل ناھايىتى ئاز ئۇچرايدۇ. ئۇرۇقى باقىلە غىلاپىغا ئوخشاش غىلاپ ئىچىدە بولىدۇ، ئەمما غىلابى باقىلە غىلابىدىن كۆپ ئىنچىكە، كىچىك بولىدۇ. ھەر غىلاپتا تۆتتىن ئالتىە دانىغىچە ئۇرۇق بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۇرۇقلىرى ئۇششاق بولۇپ، شەكلى بۆرەككە ئوخشايدۇ. پوستى خاللىق، مېغىزى سېرىق، ئاچچىق بولىدۇ.

**تەبئىتى:** ھۆل ئىسسىق، بەزىلەر سوغۇق دەپ بىلگەن.

**خۇسۇسىيتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** توسالغۇلارنى ئاچقۇچى، سۈيدۈك ھەيدىگۈچىدۇر. ئىستېمال

قىلسا يۆتەل، نەپەس قىستاش، سەۋدادىن بولغان تەپلەر، جىگەر، تال، بۆرەك، دوۋساق كېسەللىكلىرى، چىيقان، مۇدۇر ـ چاقىلارغا پايدا قىلىدۇ. ئىششىقلارنى تارقىتىدۇ. ئۇسسۇزلۇقنى پەسەيتىدۇ. قان بۇزۇلۇشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. زەھەرلەرنى قايتۇرىدۇ. ئۇنىڭ يوپۇرمىقىدىن 40 گىرام، كەندىر يوپۇرمىقىدىن 20 گىرام ئېلىپ سالايە قىلىپ، 40 كۇنگىچە كۈنگە بىر ئوچۇمدىن ئىستېمال قىلسا قانلىق بوۋاسىرغا پايدا قىلىدۇ. ئۇنىڭدىن توققۇز گىرام ئېلىپ بىر گىرام قارىمۇچ بىلەن بىرلىكتە سۇ بىلەن سالايە قىلىپ سۈزۈلدۈرۈپ ئىستېمال قىلسا راك ئۆسمىلىرىگە داۋا بولىدۇ. ئۇنىڭ سۈيىدىن 4~9 گىرامغىچە ئېلىپ قارىمۇچ بىلەن سالايە قىلىپ ھەب ياساپ 14 كۈنگىچە ئىستېمال قىلسا سېفىلىسقا شىپا بولىدۇ، سىناقتىن ئۆتكەن. ئۇنىڭ يوپۇرمىقى، غولى ۋە يىلتىزىدىن مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ بىر گىرام قارىمۇچ بىلەن سالايە قىلىپ كۈنگە 15 گىرام ئىستېمال قىلسا سۈيدۈك ھەيدەيدۇ، تائامنى ھەزىم قىلىدۇ. كۆڭۈلنى خۇرسەن قىلىدۇ ۋە سەۋدادىن بولغان كېسەللىكلەرنىڭ كۆپ قىسمىغا داۋا بولىدۇ.

## سىراجۇل قۇترۇب
(يالتىراق قوڭغۇز)

ئۇ يالتىراق قوڭغۇزدىن ئىبارەت.

## سىراجۇل قەترىيل
(يالتىراق ئوت)

ئۇ بىر خىل ئۆسۈملۈك بولۇپ، ھۆل بولسىلا كېچىدە يالتىرايدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇ «يەبرۇج سەنەم» ئۆسۈملۈكى ئىكەن. يەنە بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ خۇددى «سىراجۇل قۇترۇب» ئۆسۈملۈكىگە ئوخشاش ئورتاق ئاتالغۇ ئىكەن.

## پەسىل: «س» (سىين) ۋە «ت» (تۇۋائ) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى

## سەتاخىنۇس
(سەتاخىنۇس ئوتى)

ئۇ يۇنانچە سۆزدۇر.

ماھىيتى: ئۇ بىر خىل ئۆسۈملۈك بولۇپ، تاغ كۇدىسىگە ئوخشايدۇ. يوپۇرماق بىلەن

تـوشقان بولـۇپ، يوپۇرمـىقى ئۇششـاق، ئاق، سەل تۇكـلۇك، سەل خۇش پـۇراق بولـىدۇ. ئـاق رەڭلىك كـۆپ شاخلار بىـر يىلتـىزدىن ئۆسـۈپ چىققـان بولـىدۇ. ئـۇنىڭ ئـۆسـۈملۈكـى تـاغ كۇدىـسىنىـڭ ئۆسۈملـۈكىدىن ئـېگىزرەك، يـوپۇرمىقـى ئۇنىڭدىن ئۇششـاقراق، رەڭگى ئـاق بولىدۇ. شاخلىرىمۇ تاغ كۇدىسىنىڭ ئەكسىچە ئاق بولـىدۇ، چۈنكى تـاغ كۇدىسـىنىڭ رەڭگى سېرىق بولىدۇ. گۈلى سېرىققا مايىل، ئۇششاق، نەيچىسىمان، تەمى ئۆتكۈر، ئاچچىق بولـىدۇ. ئۇ تاغلار ۋە قاتتىق، قۇرغاق يەرلەردە ئۆسىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئۈچىنچى دەرىجىدە ئىسسىق، بىرىنچى دەرىجىنىڭ ئاخىرىدا قۇرۇقتۇر.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ياتـىراش، قـورقـۇش، ئۆزىگـە سـۆزلەش، مالـىخولـيـا، سوغۇقتىن بولغان خەفەقان، ئىچكى ئەزالارنىڭ قويۇق سـوغۇق يەللـەردىن بولغـان ئاغرىقى، يۈرەك ئاجىزلـىقى، نەپـەس ئاجىزلـىقىغا پايدا قىـلىدۇ. سەپـرانى تازىلايـدۇ. سۈيدۈك، ھەيـز ماڭدۇرىدۇ، بالا ھـەمراھىنـى چۈشۈرىدۇ، چـۈنكى ئۇ بـالا ھەمراھـىنى بۇزىـدۇ. يـۇقىرىـقى مەقسەتلەرگە يېتىش ئۈچۈن ئىستېمال قىلىنىدۇ ياكى ھەمەلچە قىلـىنىدۇ. بىمداردا سۇدىـن قورقۇش ئالامىتى پەيدا بولۇشتىن ئىـلگىرى ئـۇنىڭ قايىـنىتىـلما سۈيى بىلەن قـەي قىلىـسا غالجىـر ئىت چىـشلىۋالـغاندىكى زەھەرنى قـايتۇرىدۇ. ئـۇنـى زەيتۇن يېـغىدا قـايـنىتـىپ سوۋۇغاندىن كېيىن قۇلاققا تېمىـتسا چىـش ئاغرىقـىنى پەسـەيتىدۇ. شـۇنداقلا ئۇنـى چىشقـا سۈركەپ ئوڭدا يېتىپ ئۇخلىسىمۇ چىش ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** ئۈچ گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

## سەتارىيۇن

(سەتارىيۇن ئۇتى)

ئۇ دەرەخكە ھەم ئۆسۈملۈككە ئوخشايدىغان بىر خىل ئۆسۈملۈك بـولۇپ، ھەشقىـپىچـەك ئۆسۈمـلۈكـگە ئوخشايدۇ، يېنىدىكى دەرەخلەرگە يامىشىدۇ. يالغۇزمۇ ئۆسىدۇ. گۈلى بـىنەپشـە گۈلىگە ئوخشايدۇ، بىر قانچىسى چاپلىشىپ ئېچىلىدىغان بولۇپ، خۇددى باشاققـا ئوخشايـدۇ. گۈللىرىنىڭ ئىچى سېرىق، غولى قارامتۇل يېشىـل بولـىدۇ. يوپۇرمىقى بىنەپشە يوپۇرمـىقىغـا ئوخشاش قىلىن بولىدۇ. ئۇ ئىسپىھاندا «گۈلى ئەقرەب» (چايان گۈلى) دەپ ئاتىلىدۇ، پارسچە «بەرابەران» دېيىلىدۇ. باغلاردا كۆپ ئۇنىدۇ. ئۇ «فاشەرەستىن» ئۆسۈملۈكى ئەمەس.

**تەبىئىتى:** مۇرەككەپ قۇۋۋەتلەرگە ئىگە.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ماددىلارنى قايتۇرغۇچى، ئىسسىقتىن ۋە سوغۇقتـىن بولغـان ئىششىقلارنى تارقاتقـۇچىدۇر. ئۇنـىڭ گۈلى بـىلەن يوپـۇرمىقىنى سوقۇپ، چـايان، سېرىـق، ھەرە، دۆ ۋە باشقـا زىيانداش ھـاشارات چېقـىۋالغان ئـورۇنغا زىمـات قىلىـسا زەھەر قايتـۇرۇپ

جاراھەتنى ساقايتىدۇ، سىناقتىن ئۆتكەن. شۇنداقلا ئۇنى ئىستېمال قىلسىمۇ شۇ تەسىرنى بېرىدۇ.

## سەتراتىيۇتۇس
(سەتراتىيۇتۇس ئوتى)

ئۇ يۇنانچە سۆزدۇر. ھىندىچە «جەل كەنبى» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** ئۇ بىر خىل ئۆسۈملۈك بولۇپ، سۇ يۈزىدە يىلتىزسىز ئۆسىدۇ. بادرەنجبۇيىغا ئوخشاش، ئۇنىڭدىن كىچىكرەك، تاغ يالپۇزىدىن چوڭراق بولىدۇ.

**تەبىئىتى:** ھۆل سوغۇق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** سىركە بىلەن زىمات قىلسا يارىلارنىڭ كېڭىيىشىنى توسىدۇ. ئىسسىقتىن بولغان ئىششىقلارنى ياندۇرىدۇ. كۆيدۈرگە، سۇيدۇك ئېچىشىپ كېلىشكە داۋا بولىدۇ. بۆرەكتىن كەلگەن قاننى توختىتىدۇ ياكى بۆرەكنى قانىتىدۇ. ئەزالارنىڭ كۆيۈشۈشىنى يوقىتىدۇ. ئۇنىڭ ھەممە تەسىرلىرى سۇ لېشىنىڭ تەسىرلىرىگە ئوخشاپ قالىدۇ.

فىرانسۇزلارنىڭ ئىشەنچلىك كىتابلىرىدا ئۇنىڭ ئىككى خىل ئىكەنلىكى بايان قىلىنغان. بىرىنىڭ يوپۇرمىقى ھەمىشىباھار يوپۇرمىقىغا ئوخشاش، ئۇنىڭدىن چوڭراق بولۇپ، ئىستېمال قىلسا بۆرەك ۋە دوۋساقنىڭ قانىشىغا داۋا بولىدۇ. سىركە بىلەن مەلھەم قىلسا يارىلارنىڭ تەرەققىي قىلىشىنى توسىدۇ. قىزىل ۋە بەلغەمدىن بولغان ئىششىقلارغا داۋا بولىدۇ.

يەنە بىرى «زۇ ئەلف ۋەرد» (مىڭگۈل) دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇ «خەرنىيل» دەپ ئاتىلىدىغان ئۆسۈملۈكتىن ئىبارەت. ئۇ يەنە «زۇ ئەلف ۋەرەقە» (مىڭيوپۇرماق) دەپمۇ ئاتىلىدۇ. لاتىنچە «ئەستەرتىس مىل قولى»، يەنى مىڭيوپۇرماق دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇ غېرىچ ئېگىزلىكىدە، ئۇنىڭدىن ئېگىزرەك ئۆسىدىغان بىر خىل ئۆسۈملۈك بولۇپ، يوپۇرماقلىرى ياۋا زىرە يوپۇرمىقىغا ئوخشاش، ئۇنىڭدىن قىسقىراق بولىدۇ. غولىدىن كىچىك شاخلار ئۆسۈپ چىققان بولۇپ، ھەر بىر شېخىنىڭ ئۇچىدا سېرىقچېچەك تاجىسىغا ئوخشاش يىرىك تاجىسى بولىدۇ. گۈلى ئاق، ئۇششاق بولۇپ، تېرىلماي تاشلىنىۋېتىلگەن يەرلەردە ئۆسىدۇ.

**تەبىئىتى:** قۇرۇق سوغۇق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** بوۋاسىر ۋە كونا ـ يېڭى يارىلارنىڭ قېنىنى توختىتىپ ساقايتىدۇ، ئاقمىلارغا پايدا قىلىدۇ. قۇرۇتۇپ سوقۇپ سېپىلسىمۇ شۇ تەسىرنى بېرىدۇ.

ھىندىستان خەلقىنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇنى كۆل بولغۇچە كۆيدۈرۈپ، كۈلىنى سۇدا

ئېرىتىپ پىسەيلىرىنى سۈزگۈچ بىلەن سۈزۈۋېتىپ، تاكى سۈيى تۈگەپ تۇزى قالغۇچە قاينىتىپ شۇ تۇزدىن ئاز مىقداردا ئىستېمال قىلسا، تاز، بەلغەمدىن بولغان ئىششىقلار ۋە ئۇرۇقدانغا سۇ چۈشۈشكە داۋا بولىدىكەن، سىناقتىن ئۆتكەن ئىكەن.

## سەترۇنيۇن

(سەترۇنيۇن ئوتى)

ئۇ يۇنانچە سۆزدۇر.

**ماھىيىتى:** ئۇ دەرەخكە ئوخشايدىغان بىر خىل ئۆسۈملۈك بولۇپ، كۆپ ھاللاردا بوغدايلىقلاردا ئۆسىدۇ ھەم بوغداي بىلەن تەڭ چوڭىيىدۇ. غولى ئىنچىكە، بوغۇملۇق، شاخسىز بولىدۇ. يوپۇرمىقى باش بارماق چوڭلۇقىدا ۋە ئۇزۇنلۇقىدا بولۇپ، ئۇچى ئىنچىكە بولىدۇ. بىر - بىرىدىن يىراق ئۆسىدۇ. رەڭگى كاللەكسەي يوپۇرمىقىنىڭ رەڭگىگە ئوخشايدۇ. غولىنىڭ ئاخىرلىشىدىغان يېرىدىن ئۇششاق شاخلار ئۆسۈپ چىققان بولۇپ، ئۇنىڭدىن مېۋىنىڭ ئورنىدا غوزەكلەر ئۆسۈپ چىقىدۇ. بۇ غوزەكلەر قارىغاي مېۋىسى شەكلىدە بولۇپ، رەڭگى ئاق بولىدۇ. ئۇنىڭ گۈلى ئاق، سېرىق بولۇپ، يەسمەن گۈلىگە ئوخشايدۇ. ئۇرۇقى زىرىگە ئوخشايدۇ. يىلتىزى ئۇزۇن، ئاق، سەل ئاچچىق ۋە ئۆتكۈر، خۇش پۇراق بولۇپ، ئۇنىڭ باشقا قىسىملىرىدىن كۈچلۈكرەك بولىدۇ. ئۇ دورىلىققا ئىشلىتىلىدىغان بولۇپ، ئۇسسۇتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ كۇندۇشنىڭ ئورنىدا ئىشلىتىلىدۇ. ئۇنى كۇندۇش دېگەنلەر خاتالاشقان بولىدۇ، چۈنكى ئۇ باشقا دورا بولۇپ، تەسىرى ئۇنىڭغا ئوخشايدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ئۇنىڭ ئورنىدا ئىشلىتىلىدۇ. «ئىختىياراتى بەدىئىي»نىڭ ئاپتورى ئۇنى ئەرتەنىيسا يىلتىزى دېگەن، ئۇنداق ئەمەس. ئۇ يەنە ئازەربۇ ئەمەس، چۈنكى ئازەربۇ ئۆسۈملۈكىنىڭ ھەممە قىسمى سەترۇنيۇن ئوتىنىڭ ئەكسىچە زەھەرلىكتۇر.

**تەبىئىتى:** ئۈچىنچى دەرىجىنىڭ ئاخىرىدا قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ناھايىتى جۇلا بەرگۈچى، ماددىلارنى كۈچلۈك تارقاتقۇچىدۇر. ھەسەل بىلەن ئىستېمال قىلسا سوغۇق ھۆللۈكلەرنى سۈرۈپ چىقىرىدۇ. نەپەس قىيىنلىشىش، جىگەر كېسەللىكلىرى، توسۇلۇشتىن بولغان يەرقانغا داۋا بولىدۇ. ھەيز ماڭدۇرىدۇ. جاۋشىر ۋە كەپە يىلتىزى بىلەن ئىشلىتىلسە تال ئىششىقىنى تارقىتىلىدۇ، سۈيدۈك ھەيدەيدۇ، ئەزالاردىكى تاشلارنى پارچىلايدۇ. ئۇنىڭدىن بۇرۇن تېمىتمىسى تەييارلاپ بۇرۇنغا تېمىتىلسا دىماقتىكى كېرەكسىز ماددىلارنى تازىلايدۇ. بۇرۇنغا تېمىتىلسا چىش ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ. كۆز دورىلىرىغا قوشۇلسا كۆرۈش قۇۋۋىتىنى كۈچەيتىدۇ ۋە كۆزنى قۇۋۋەتلەيدۇ. ئۇنىڭدىن سەككىز مىللىگرام ئېلىپ، 20 دانە كېرمان زىرىسى ۋە خام زەيتۇن

مېۋىسى يېغى بىلەن تېمىتما تەييارلاپ بۇرۇنغا تېمىتىلسا ياكى پۈركىسە لەقۋاغا داۋا بولىدۇ، سىناقتىن ئۆتكەن دەپ قارىلىدۇ. ئۇ ئارپا ئۇنى ۋە سىركە بىلەن زىمات قىلسا قوتۇرغا پايدا قىلىدۇ. ئۇنىڭ قاينىتىلمىسى شاراب ۋە ئارپا ئۇنى بىلەن ئىشلىتىلسە ئىسسىقتىن بولغان ئىششىقلارنى تارقىتىدۇ. ئۇ مەلھەم قىلىپ چاپسا بەھەقكە داۋا بولىدۇ، تېرىدىكى ھەرقانداق ئىزنى يوقىتىدۇ. گىل ئەرمىنى بىلەن زىمات قىلسا چىش ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ. فەرزىجىلەرگە قوشۇلسا بالىياتقۇنى تازىلايدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** 1.5 گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** كۆكرەككە زىيان قىلىدۇ. خىلىتلارنى كۆيدۇرىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** كەتىرا.

## پەسىل: «س» (سىين) ۋە «ئ» (ئەين) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى

### سۇئدى

(سەئدى كۇفى)

ئۇ پارسچە «مىشكى زەمىين» (يەر ئىپارى)، تەنەكابۇندا «ئەستىكۇ»، تۈركچە «تەپلاق»، «قەرقەرۇن»، «توبالاغ»، ھىندىچە «مۇتە»، «مىشكەك» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** ئۇ بىر خىل يىلتىز بولۇپ، بەزىلىرى يۇمىلاق، بەزىلىرى ئۇزۇنچاق، بەزىلىرى كونۇسسىمان بولىدۇ. ئۇ بىر قانچە خىل بولىدۇ. بىرىنچى خىلى، زەيتۇن مېۋىسى چوڭلۇقىدا، ئۇنىڭدىن چوڭراق، قارا، ئىچى ئاق، خۇش پۇراق بولىدۇ. ئۇنىڭ كۇفە شەھىرىدىن چىقىدىغىنىنىڭ يەرلىكىنىڭ چوڭ، تولۇق يېتىلگەنلىرى ياخشىلىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ، سۇ بويلىرىدا ياكى قۇۋۋەتسىز سۇلاردا ئۆسكەنلىرى ئاجىزدۇر. ئىككىنچى خىلى، ھىندىستاندىن چىقىدىغىنى بولۇپ، ئىچى ئاق بولمايدۇ، كۇفىدىن چىققىنىدىن كىچىكرەك بولىدۇ. ئۇنىڭ ھىندىستاندىن چىقىدىغان يەنە بىر تۈرىمۇ بار بولۇپ، زەنجىۋىلگە ئوخشايدۇ. چاينىسا زەپەر رەڭدە بولىدۇ. تېرىگە سۈركىسە موينى شۇ ھامان چۈشۈرىدۇ، ئۇ زەھەرلىكتۇر. شىرازدا ئۇنىڭ يەنە بىر تۈرىمۇ بار بولۇپ، قۇم ۋە سېرىق توپا ئارىسىدا ئۈنىدۇ. سۇ بويلىرىدىمۇ ئۆسىدۇ. بۇ گەرچە كىچىك بولسىمۇ ھىندىستاندىن چىقىدىغىنىدىن ياخشىراقتۇر، چۈنكى ئۇنىڭ ئىچى ناھايىتى ئاق، خۇش پۇراقتۇر. يوپۇرمىقى كۆدە يوپۇرمىقىغا ئوخشاش، ئۇنىڭدىن ئۇزۇنراق، ئىنچىكىرەك، قاتتىق، سەل يىرىك بولىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىنىڭ ئاخىرىدا قۇرۇق ئىسسىق، بەزىلەر بىرىنچى دەرىجىدە ئىسسىق، ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق دەيدۇ.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** قۇرۇتقۇچى، سۈيدۈك ھەيدىگۈچى، ھەيز ماڭدۇرغۇچى، تاش پارچىلىغۇچى، تومۇرلارنى ئاچقۇچى، ئۇفۇنەتلىك ماددىلارنى يوقاتقۇچى، ئەقىلنى زىيادە قىلىپ زېھىننى ئاچقۇچى، سوغۇقتىن بولغان باش ئاغرىقىنى پەسەيتكۈچى، بۇرۇننىڭ سېسىق پۇرىقىنى يوقاتقۇچىدۇر. بۇرۇن، مەقئەت بۇۋاسىرىنى ساقايتىدۇ. رەڭگىرويىنى ياخشىلايدۇ. خەفەقان، يەرقانغا داۋا بولىدۇ. ئاشقازاننى ۋە ھەزىمنى كۈچەيتىدۇ، پەي - نېرۋىلارنى قۇۋۋەتلەيدۇ. باھنى قوزغىتىدۇ، ئىشتىھانى ئاچىدۇ. ئاشقازان يارىسىنى ساقايتىدۇ. يەل تارقىتىدۇ، چايان زەھىرىنى قايتۇرىدۇ، بۇ مەقسەتلەرگە يېتىش ئۈچۈن ئىستېمال قىلىنىدۇ ياكى زىمات قىلىنىدۇ. ئۇنى سۇ بىلەن سالايە قىلىپ ساپال قاچىغا سېلىپ ئوت ئۈستىدە ھۆللۈكى سۇمۇرۇلگۈچە تۇرغۇزغاندىن كېيىن ئوتتىن چۈشۈرۈپ، ئۇنىڭدىن ھەر كۈنى ناشتىدا مۇۋاپىق مىقداردا ئىستېمال قىلسا ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەيدۇ، ئاشقازان ئېغىزىنىڭ ھەزىم ناچارلىقى سەۋەبىدىن كۆيۈشۈشىنى تۈگىتىدۇ. ئېغىزنىڭ ھەزىم ئەزالىرى سەۋەبىدىن پۇرىشىنى يوقىتىدۇ. ھەببەتۇلخۇزرا يېغى بىلەن ئىشلىتىلسە بەل ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ، بۆرەك، دوۋساق سوغۇقلۇقىنى ئالىدۇ، سۈيدۈك تامچىلاش ۋە كونا تەپلەرگە داۋا بولىدۇ، قۇسۇشنى توختىتىدۇ. بالىياتقۇنىڭ سوغۇقلۇقىنى ئالىدۇ ھەم بالىياتقۇ ئېغىزى توسۇلۇپ قېلىشقا شىپا بولىدۇ، بۇ مەقسەتلەرگە يېتىش ئۈچۈن ئىستېمال قىلىنىدۇ ياكى ھەمەلچە قىلىنىدۇ. ئۇ قۇلاقتا تېمىتىلسا يىنىكلەشتۈرىدۇ. چىشقا سېپىلسە چىش ۋە چىش مىلىكىنى چىڭىتىدۇ، ئېغىزنى خۇش پۇراق قىلىدۇ، ئېغىز يارىلىرىنى ساقايتىدۇ. ئۇنىڭدىن سەپمە تەييارلىنىپ سېپىلسە ھۆللۈكنىڭ ئارتۇقلۇقىدىن بولغان كونا يارىلارغا گۆش ئۈندۈرىدۇ، يەلدىن بولغان ئىششىقلارنى تارقىتىدۇ. ئۇ زىمات قىلىنسىمۇ مەزكۇر كېسەللىكلەرگە پايدا قىلىدۇ. ئۇ زۇپتى بىلەن مەلھەم قىلىپ سۈركەلسە باشتىكى مۇدۇرلارنى يوقىتىدۇ. ئۇنىڭ سۈيى بىلەن يۈز يۇيۇلسا يۈزنى قىزارتىدۇ. 450 گىرام شارابقا ئۇنىڭدىن 30 گىرام قوشۇلۇپ تەييارلانغان شارابتىن 30 گىرام ئىچىلسە، ئاشقازاندىكى تۈرلۈك مەددە قۇرتلارنى ۋە قاپاق ئۇرۇقسىمان مەددىنى چۈشۈرىدۇ، سىناقتىن ئۆتكەن.

**زىيانلىق تەسىرى:** (1) گال ۋە ئاۋازغا زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** رۇمبەدىيان.

(2) ئۇ داۋاملىق ياكى مىقداردىن ئارتۇق ئىستېمال قىلسا قاننى كۆيدۈرىدۇ، جوزام پەيدا قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** ئۇنى ھەسەل بىلەن سىركىگە ئۈچ كۈن چىلاپ قويۇپ ئىشلىتىلىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** 3~10 گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

**ئورۇنباسارى:** باراۋەر مىقداردا سۇمبۇل، يېرىم ھەسسە مۇرمەككى، تۆتتىن بىر چىلىك مىقداردا دارچىن.

ئۇنى سوپۇنغا قوشسا خۇش پۇراقلاشتۇرىدۇ، ئۇنىڭ تازىلاشچانلىقى ۋە رەڭگىرويىنى

چىرايلىقلاشتۇرۇشچانلىقىنى ئاشۇرىدۇ.

ئۇنىڭ ھىندىستاندىن چىققان، زەنجىۋىلگە ئوخشايدىغان، چاينىسا زەپەر رەڭدە بولىدىغان تۇرىنىڭ تەبىئىتى تۆتىنچى دەرىجىگە يېقىن قۇرۇق ئىسسىق بولۇپ، زەھەرلەردىندۇر. كۆيدۈرگۈچى، تېرىنى يارىلاندۇرغۇچىدۇر. ئۇنىڭ ئىككى داڭ مىقدارىدىكىسى ساراڭ قىلىدۇ، ئۇنىڭدىن ئارتۇق ئىستېمال قىلسا ئۆلتۈرىدۇ. مەلھەم قىلسا موينى شۇ ھامان چۈشۈرىدۇ، تېرىنى يارىلاندۇرىدۇ.

## سۇئدان
(سۇئدان ئوتى)

ئۇ ئەرەبچە سۆزدۇر.

ئۇ بىر خىل ئۆسۈملۈك بولۇپ، ئوغرىتىكەن ئۆسۈملۈكىگە ئوخشاش، تىكەنلىك، ئۇنىڭدىن ئاقراق، يوپۇرمىقى ئۇنىڭدىن يۇمشاقراق، مېۋىسى يۇمىلاق، تىكەنلىك، ئۇرۇقى ياپىلاق بولىدۇ. ئەرەبلەر ئۇنىڭ يىلتىزى ۋە مېۋىسى سۇيىدۇك ھەيدەيدۇ، تولغاق ۋە ئىچ سۈرۈشكە پايدا قىلىدۇ، دەپ قارايدۇ.

## سەئۇت
(بۇرۇن پۈركۈمىسى)

بۇرۇنغا پۈركۈلىدىغان سۇيۇقلۇق شۇ نام بىلەن ئاتىلىدۇ. ئۇ جالىنۇسنىڭ ئىجادىيەتلىرىدىندۇر. «ئۇدۇل ئۇتاس» (چۈشكۈرتكۈچى ياغاچ) مۇ شۇ نام بىلەن ئاتىلىدۇ.

# پەسىل: «س» (سىن) ۋە «ف» (فائ) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى

## سەفادىكۇس
(سەفادىكۇس ئوتى)

ئۇ يۇنانچە سۆزدۇر.

ماھىيىتى: ئۇ بىر خىل ئۆسۈملۈك بولۇپ، چۆلدىمۇ، شەھەردىمۇ ئۆسىدۇ. غولى ئىككى غېرىچ ئېگىزلىكتە، يوپۇرمىقى چىشلىق، تارقاق بولۇپ، شاھتەررە يوپۇرمىقىغا ئوخشاش، ئۇنىڭدىن چوڭراق بولىدۇ. گۈلى ئۇقھۇۋان گۈلىدىن چوڭراق بولۇپ، ئوتتۇرىسى سېرىق،

بەزىلەرنىڭ گۈلى سېرىق، ئوتتۇرىسى ئاق، تەمى ئۆتكۈرلۈككە ۋە ئاچچىقلىققا مايىل بولىدۇ. ئۇ خام ياكى پىششىق ھالەتتە يېيىلىدۇ. بەزىلەر ئۇنى ياۋا پىياز دەپ بىلىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ئاشقازاننى قۇۋۋەتلىگۈچى، بۆرەك، دوۋسۇننىڭ ئاغرىقىنى پەسەيتكۈچى، ھەزىم ئەزالىرىنىڭ توسالغۇلىرىنى ئاچقۇچى، سۈيدۈك، ھەيز ھەيدىگۈچى ۋە ھەرقانداق زەھەرنى قايتۇرغۇچىدۇر. ئۇنىڭ سۈيىدىن 150 گىرام ئېلىپ، مۇۋاپىق مىقداردىكى شېكەر، 15 گىرام سېرىق ھېلىلە بىلەن ئىچسە قويۇق خىلىتلارنى سۈرىدۇ. شۇنداقلا ئۇنىڭ گۈلىدىن ئالتە گىرام ئېلىپ، باراۋەر مىقداردىكى ھېلىلە ۋە ھەسەل بىلەن ئىستېمال قىلسا ئىچىنى كۆچلۈك سۈرىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** جىگەرگە زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** كەتىرا.

## سەفەرجەل

(بېھى)

ئۇ پارسچە «بېھى»، «ئابى»، تۈركچە «ھىۋا»، يۇنانچە «قەردۇنيا مىيلا» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** تونۇشلۇق مېۋە بولۇپ، ئۈچ خىل بولىدۇ. بىرى، تاتلىق بولۇپ، «بېھى ئازاد» (ئازاد بېھى) دەپ ئاتىلىدۇ. يەنە بىرى، چۈچۈمەل بولىدۇ. ئۈچىنچىسى تاتلىق تەم بىلەن چۈچۈمەل تەمنىڭ بىرلىشىشىدىن ھاسىل بولغان تەمدە، يەنى ئاچچىق ـ چۈچۈك بولىدۇ. بۇ خىل تەم ئەرەبچە «مۇز»، پارسچە «مەيخۇش» دەپ ئاتىلىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇ دولانا ئۆسۈملۈككە ئۇلاپ يېتىشتۈرۈلسە مېۋىسى چوڭ، كۆپ، ياخشى بولىدىكەن. ئۇنىڭ چوڭ، چۈرۈك، سۇلۇق بولغانلىرى ياخشىلىرى ھېسابلىنىدۇ.

**تەبىئىتى:** تاتلىقىنىڭ ئىسسىق ـ سوغۇقلۇقى مۆتىدىللىككە يېقىن، بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، ئىسسىقلىققا مايىل، بىرىنچى دەرىجىنىڭ بېشىدا ھۆل.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** خۇرسەن قىلغۇچى، يۈرەك، مېڭە، ئاشقازاننى قۇۋۋەتلىگۈچى، روھىي ھايۋانىي بىلەن روھىي نەپسانىينى روھلاندۇرغۇچى، سۈيدۈك ھەيدىگۈچىدۇر. سۈيى ئىسسىتىلىپ سۈركەلسە پۇت ـ قوللارنىڭ ئىششىشى، ئىسسىق مىزاجلىقلاردىكى سۇئۇلقۇنىيە كېسەللىكىگە داۋا بولىدۇ، سىناقتىن ئۆتكەن، ئەمما سوغۇق مىزاجلىقلارغا زىيان قىلىدۇ. ئۇنىڭ ئۆزى قورۇغۇچى، توسالغۇ پەيدا قىلغۇچىدۇر.

ئۇنىڭ چۈچۈمىلى بىرىنچى دەرىجىدە سوغۇق، ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇقتۇر.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ئىسسىق مىزاجلىق ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەش تەسىرى تاتلىقنىڭ شۇ خىل تەسىرىدىن كۈچلۈكرەكتۇر. كۆپ ئىستېمال قىلسا، غىزادىن كېيىن ئىستېمال قىلسا سىقىش خۇسۇسىيىتى بىلەن ئىچنى سۈرىدۇ. ئاشقازان ئاچ ۋاقىتتا ئىستېمال قىلسا ئىسسىق مىزاجلىقلارنىڭ ئىچىنى قاتۇرىدۇ.

ئۇنىڭ ئۇسارىسى تىك ئولتۇرۇپ نەپەسلىنىش، كاناي ئىششىقى، قان تۈكۈرۈش، قۇسۇشقا پايدا قىلىدۇ، خۇمار ۋە ئۇسسۇزلۇقنى باسىدۇ، ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەيدۇ. سۈيدۈك ھەيدەيدۇ. قاناشنى توختىتىدۇ.

ئۇنىڭ مەيخۇشى ئىسسىق ـ سوغۇقلۇقتا مۆتىدىل، ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇقتۇر.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ئۇنىڭ تەسىرلىرى ۋە خۇسۇسىيەتلىرى يۇقىرىدىكى ئىككى تۈرنىڭ تەسىرلىرى ۋە خۇسۇسىيەتلىرىگە ئوخشاپ قالىدۇ، ئەمما ئۇلارغا قارىغاندا تەسىرەك ھەزىم بولىدۇ. قارشىنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ كۆپ ئىستېمال قىلسا دەرھال ھېق تۇتتۇرىدىكەن.

بېھىنىڭ ھەرقايسى تۈرلىرى پۇراپ بېرىلسە كۆڭۈلنى خۇرسەن قىلىدۇ، روھىي ھايۋانىي ۋە روھىي نەپسانىينى كۈچەيتىدۇ. كۆڭۈل ئىلىشىشنى باسىدۇ، ئىچكى ئەزالارنىڭ قېنىنى توختىتىدۇ. بولۇپمۇ ئۇنىڭ تاتلىقى ئىستېمال قىلسا خۇرسەن قىلىدۇ، ئۆز ـ ئۆزىگە سۆزلەش ئالامىتىنى تۈگىتىدۇ، باش ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ، نەزلە سۇيۇقلۇقلىرىنىڭ چۈشۈشىنى توسىدۇ، جىگەر، ئاشقازان ۋە ئاشقازان ئېغىزىنى قۇۋۋەتلەيدۇ، ئىشتىھانى ئاچىدۇ، ھامىلىنى چۈشۈپ كېتىشتىن ساقلايدۇ. ئېغىزنى خۇش پۇراق قىلىدۇ. بۇخاراتلارنىڭ مېڭە ۋە يۇرەككە ئۆرلىشىنى توسىدۇ. مەستلىكنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. ھۆ بولۇش ۋە قۇسۇشنى تۈگىتىدۇ. ھۇرۇنلۇق، خەفەقان، يەرقانغا داۋا بولىدۇ. ماددىلارنىڭ ئاشقازانغا قۇيۇلۇشىنى توسىدۇ. ئىچ سۈرۈش، ئىچكى ئەزالارنىڭ كۆيۈشۈشى، ئاشقازان ئېغىزىنىڭ كۆيدۈرگۈچى ماددىلارنىڭ قۇيۇلۇشى سەۋەبىدىن ئاغرىشىغا داۋا بولىدۇ. لاي يېيىش خاھىشىنى تۈگىتىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** (1) ئۇنىڭ ئۆزى توسالغۇ پەيدا قىلىدۇ، مېۋىسىنىڭ زىيىنى سۈيىنىڭ زىيىنىدىن كۆپرەك بولىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** ھەسەل بىلەن مۇرابba قىلىپ ئىشلىتىلىدۇ.

(2) ئەگەر ئۈچەيلەر ئاجىز بولسا ئۈچەيلەرگە زىيان قىلىدۇ. كانايىنى يىرىكلەشتۇرىدۇ. رەئىشە، يۆتەل، قۇلۇنجى پەيدا قىلىدۇ. بولۇپمۇ ئۇ مۇرابba قىلىنماي بىۋاستە يېيىلسە زىيىنى كۆپرەك بولىدۇ. كۆپ يېسە شۇ ھامان ھېق پەيدا قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** ھەسەل، رۇمبەدىيان ۋە ئۇنىڭ ئوخشاشلىرىدۇر.

ئۇنىڭ سۈيى زەكەر يولى ۋە پەرجىگە تېمىتىلسا سۈيدۈكنىڭ ئېچىشتۇرۇپ كېلىشىنى يوقىتىدۇ، سۈيدۈك يولى يارىلىرىغا ناھايىتى پايدا قىلىدۇ. ئۇنى چوغقا قارىداپ پىشقۇچە

كۆمۈپ ئىستېمال قىلسا كونا ئىچ سۈرۈشنى توختىتىدۇ، سىناقتىن ئۆتكەن، بولۇپمۇ ئۇنىڭ ئۇرۇقلىرىنى چىقىرىۋېتىپ ئورنىغا جويۇزنى ئۇششاقلاپ تىقىپ پىشۇرۇپ ئىستېمال قىلسا مەزكۇر تەسىرى تېخىمۇ كۆرۈنەرلىك بولىدۇ. ئۇنىڭ سۈيى دورىلاردا 90 گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

چۈچۈمەل بېھىنىڭ قىيامى بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق بولۇپ، قورۇغۇچى، قۇسۇش، سەپرادىن بولغان ئىچ سۈرۈشنى توختاتقۇچى، بۇخاراتلارنىڭ باشقا ئۆرلىشىنى توختاتقۇچى، ئۇسسۇزلۇق، هارارەت ۋە ئاشقازان، ئۈچەيلەرنىڭ مەۋجۇت خىلتتىن بولغان ئاغرىقىنى پەسەيتكۈچى، سىقىش تەسىرى بىلەن ئىچىنى سۈرگۈچىدۇر. ئۇنى تاغ پىنىنىسى يوپۇرمىقى سۈيى بىلەن ئىستېمال قىلسا كۆڭۈل ئېلىشىش ۋە ئىچ سۈرۈشنى، بولۇپمۇ ئۆلارنىڭ سەپرادىن بولغانلىرىنى توختىتىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** ئۆپكىگە زىيان قىلىدۇ، يۆتەلدۈرىدۇ.

تاتلىق بېھى قىيامىنىڭ تەبىئىتى مۆتىدىللىككە يېقىن، قۇرۇقلۇقى غالىب، قابىزلىقى چۈچۈملىدىن كەمرەك بولۇپ، ھەممە تەسىرى چۈچۈملىنىڭ قىيامىنىڭ تەسىرىگە ئوخشايدۇ. ئۈچەيلىرى ئاجىز كىشىلەرگە بەكرەك ماس كېلىدۇ.

مەزكۇر ئىككى خىل قىيامدىن 60 گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

بېھىنىڭ يېڭى چېچىكىنىڭ تەبىئىتى مۆتىدىل، قورۇغۇچى قۇۋۋىتى بار بولۇپ، باش ئاغرىقى ۋە هارارەتنى پەسەيتىدۇ، يۈرەك، مېڭە ۋە ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەيدۇ. ئۇنىڭ گۈلقەنتى ئۆپكە، يۈرەك، ئىچكى ئەزالارنى قۇۋۋەتلەيدۇ، ئىسسىقتىن بولغان خەفەقانغا داۋا بولىدۇ، بۇخاراتلارنىڭ مېڭىگە ئۆرلىشىنى توسىدۇ. ئۇنىڭ گۈلى، شۇنداقلا ئۇنىڭ مېۋىسى ۋە يوپۇرمىقىنى زىمات قىلسا، كۆز ۋە باشقا ئەزالارنىڭ ئىسسىقتىن بولغان ئىششىقلىرىنى ياندۇرىدۇ. ئەزالارغا كىرەكسىز ماددىلارنىڭ قۇيۇلۇشىنى توسىدۇ. زەھەرلىك هاشاراتنىڭ زەھىرىنى قايتۇرىدۇ. ئۇنىڭ يوپۇرمىقى زىمات قىلسا زەخىملەرنى قۇرۇتىدۇ. بېھى مېۋىسىنىڭ ئۈستىدىكى تۈۋىتى ناھايىتى قورۇغۇچى بولۇپ، گالغا ۋە ئاۋازغا زىيان قىلىدۇ. سېپىلسە جاراھەتلەرنىڭ قېنىنى توختىتىدۇ.

بېھىنى يۇمشاق پىشۇرۇپ سۈيىنى سىقىپ چىقىرىپ سۈيىگە ئىككى ھەسسە زەيتۇن يېغى قوشۇپ تاكى تۈگەپ يېغى قالغۇچە قاينىتىپ تەييارلانغان يېغىنىڭ تەبىئىتى ھۆل سوغۇق، قورۇغۇچى قۇۋۋەتكە ئىگىدۇر.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** باش كېپەكلىشىش، بەلباغسىمان قوقاق، ئېغىز يارىلىرى، باش قېيىش، قولاق غوڭۇلداش، هارغىنلىق، بالىياتقۇ ۋە سۈيدۈك يولى يارىسىغا شىپا بولىدۇ، تەر توختىتىدۇ. ئىستېمال قىلسا ئىسسىقتىن بولغان باش ئاغرىقى، قان تۈكۈرۈش، جىگەر ئىششىقى، كونا ئىچ سۈرۈش، ئىسسىقتىن بولغان قانلىق تولغاق، ئۈچەي يارىسىغا پايدا قىلىدۇ، ئالكوللۇك ۋە ياغاچ قۇرتىنىڭ زەھىرىنى قايتۇرىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن هۆقنە

قىلىنىسمۇ شۇ تەسىرنى بېرىدۇ.

ئۇنىڭ چېچەكلىرىدىن قىزىلگۈل يېغىنى تەييارلاش قائىدىسى بويىچە تەييارلانغان يېغى ئۇنىڭدىن ئاجىزراقتۇر.

بېھى ئۇرۇقىنىڭ تەبىئىتى ئىككىنچى دەرىجىدە سوغۇق بولۇپ، ئاز مىقداردا قۇرۇش تەسىرى بار. شىرىسى كېكىردەك ۋە گالنىڭ يىرىكلىكىگە شىپا بولىدۇ. قۇرۇق ئىسسىقتىن بولغان يۆتەل، ئاشقازان ھارارىتى، تەپلەر، تىل ۋە ئېغىزنىڭ كۆيۈشۈشىنى پەسەيتىدۇ، قۇرۇشنى ئوڭشايدۇ. «شىپائۇل ئەسقام» (كېسەللىكلەر شىپاسى) دېگەن كىتابتا بېھى ئۇرۇقىنىڭ ئىچىنى بوشىتىدىغانلىقى بايان قىلىنغان. «زەخىيرە» دېگەن كىتابنىڭ ئاپتورى «بېھى ئۇرۇقى لوئابلىق بولسىمۇ ئاشقازانغا زىيان قىلمايدۇ، ئۇ بۇ خىل خۇسۇسىيەتنى بېھىنىڭ ئېتىدىن ئالغان» دېگەن. ئۇ كۆيۈك يارىسىغا سۈركەلسە پايدا قىلىدۇ، قۇياشنىڭ ئىسسىقلىقىدىن پەيدا بولغان ھارارەتنى ناھايىتى پەسەيتىدۇ. چاپىنىسا چىشلارنىڭ قامىشىنى ئوڭشايدۇ. ئۇنىڭ مېغىزى شىلىمشىق بولۇپ، ئىسسىق مىزاجلىقلارنىڭ باھ قۇۋۋىتىنى ئاشۇرىدۇ، نەپەس ئەزالىرىغا ماس كېلىدۇ، يۆتەل پەسەيتىدۇ، ئاۋازنى ئاچىدۇ، سىل ۋە ئۈچەي يارىسىغا داۋا بولىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** ئۇزىدىن 10 گىرامغىچە، لوئابىدىن 50 گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** ئاشقازاننى زەئىپلەشتۈرىدۇ ۋە بوشىتىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** ئىسسىق مىزاجلىقلار ئۈچۈن شېكەر، سوغۇق مىزاجلىقلار ئۈچۈن ئارپىبەدىيان.

**ئورۇنباسارى:** ئىسپىغۇل.

ئۇنىڭ ئۇرۇقىنى ئاقلاشنىڭ ئۇسۇلى شۇكى، ئۇنىڭ لوئابى تولۇق چىقىرىلغاندىن كېيىن قۇرۇتۇلۇپ، يىرىك چىگە رەختكە ئوراپ ئۇۋۇلىنىدۇ، بۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ پوستلىرى ئاجراپ مېغىزى ئاشكارا بولىدۇ.

بېھىنىڭ گۈلقەنتى، جاۋارىشلىرى، ھالۋىسى، سىركەنجۇبىلىرى، شەربەتلىرى، ئەرقى، قۇرسى، مۇرابباسى، مەجۇنى ۋە مەيبىسى قارابادىنىدا بايان قىلىنىدى.

## سەفىيدۇلىيۇن

(سەفىيدۇلىيۇن ئوتى)

ئۇ يۇنانچە سۆز بولۇپ، «سەفەندىلىيۇن» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** ئۇ بىر خىل ئۆسۈملۈك بولۇپ، يوپۇرمىقى تەرخەمەك ۋە جاۋشىر ئۆسۈملۈكىنىڭ يوپۇرمىقىغا ئوخشايدۇ. غولى بىر غۇلاچ ئېگىزلىكتە ئۆسىدىغان بولۇپ،

ئارپىبەدىيان غولىغا ئوخشايدۇ. گۈلى ۋە ئۇرۇقى سىيسالىيۇس ئۆسۈملۈكىنىڭ تۆتىنچى تۇرىنىڭ گۈلى ۋە ئۇرۇقىغا ئوخشاش ئۇنىڭدىن كەڭرەك، ئاقىراق بولىدۇ، ئۆتكۈر پۇرايدۇ. يىلتىزى تۇرۇپقا ئوخشايدۇ. قومۇشلۇقلار ۋە ھۆل يەرلەردە ئۆسىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە ئىسسىق، ئۇنىڭ ئاخىرىدا قۇرۇقتۇر.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** مېۋىسىدىن 10 گىرام ئىستېمال قىلسا تۇسالغۇلارنى ئاچىدىغان، بەلغەمنى سۈرىدىغان بولۇپ، بەلغەمدىن بولغان تۇتقاق كېسەل، نەپەس قىيىنلىشىش، كاناي ئىششىقى، جىگەر ئاغرىقى، تۇسۇلۇشتىن بولغان يەرقان، قۇلۇنجى، بوۋاسىر، بالىياتقۇ ئېغىزىنىڭ ئېتىلىپ قېلىشىغا شىپا بولىدۇ. ھۆلىنىڭ سۈيى تېمىتىلسا قۇلاقنىڭ كىرىنى تازىلايدۇ. ئۇنىڭ بىلەن ئىسرىق سېلىنسا بىخۇد ئۇيقۇنى قاچۇرىدۇ. بەلغەمدىن بولغان كونا مېڭە پەردىسى ئىششىقى، سەكتە، قويۇق ماددىلاردىن بولغان باش ئاغرىقىغا پايدا قىلىدۇ. ئۇنىڭ سۈيىگە زەيتۇن يېغى ئارىلاشتۇرۇپ تۆكسىمۇ مەزكۇر تەسىرلەرنى بېرىدۇ. زىمات قىلسا بوۋاسىرنىڭ قاتتىق ئىششىقىنى تارقىتىدۇ، ئاقمىغا داۋا بولىدۇ. ئۇنى ئاقمىغا ئىشلىتىشتە يىلتىزىنى قىرىپ سوقۇپ، ئاقمىنىڭ تۆشۈكىگە تىقىپ قويسا ئەڭ ياخشى بولىدۇ. ئۇنىڭ گۈلىنى شاراب بىلەن زىمات قىلسا يامان يارىلار ۋە بەلباغسىمان قوۋاقنىڭ كېڭىيىشىنى توسىدۇ. ئۇرۇقى ئىستېمال قىلسا، قايىنىتىلمىسىدا ئولتۇرۇلسا بالىياتقۇ ئېغىزىنىڭ ئېتىلىپ قېلىشىغا شىپا بولىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** بۆرەككە زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** كەتىرا.

**ئىستېمال مىقدارى:** مېۋىسىدىن 10 گىرامغىچە، يىلتىزىدىن ئالتە گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

يەرقان ئۈچۈن ئۇنىڭ يىلتىزى مېۋىسىدىن ياخشىراقتۇر.

# پەسىل: «س» (سىين) ۋە «ق» (قاف) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى

## سەقمۇنىيا
(سوقمونىيا)

ئۇ ئەرەبچە «مەھمۇدە» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** ئۇ بىر خىل ئۆسۈملۈكنىڭ سۈتىدىن ئىبارەت. بۇ ئۆسۈملۈك تاغلار، تاشلىق يەرلەردە ئۆسىدىغان بولۇپ، سۈتكە توشقان بولىدۇ. يۆگىمەچئوتقا ئوخشايدىغان بولۇپ، كۆپ

شاخلىرى ئۈچ - تۆت غولاچ ئۇزۇنلۇقتىكى غولىدىن ئۆسۈپ چىقىدۇ. ئۇنىڭ غولى يەرگە يېپىلىپ ئۆسىدۇ. بەزى يەرلەردە تىكمۇ ئۆسىدۇ. ئۇنىڭ سىرتىغا شىلىمشىق سۇيۇقلۇق تەپچىرەپ چىققان بولۇپ، تۇتسا قولغا چاپلىشىدۇ. يوپۇرمىقى يۆگىمەچئوت يوپۇرمىقىغا ئوخشاش، ئۇنىڭدىن يۇمشاقراق، يېشىلراق ۋە ئىنچىكىرەك بولىدۇ. گۈلى ئاق، يۇمىلاق، ئوتتۇرى كاۋاك بولۇپ، ئۆتكۈر پۇرايدۇ. يىلتىزى ئاق بولۇپ، بىلەكتەك توملۇقتا ۋە سەۋزە ئۇزۇنلۇقىدا بولىدۇ. ئىچى بوش بولۇپ، سۈت بىلەن توشقان بولىدۇ، سېسىق پۇرايدۇ. ئۇنىڭ شىرىسىنى ئېلىش ئۇسۇلى شۇكى، ئۇنىڭ شاخلىرى تولۇق ئۆسۈپ بولغاندا يىلتىزىنىڭ ئەتراپىدىكى توپىلارنى ئېچىپ يىلتىزىنى چىقىرىپ، ئەتراپىغا ياغاچ يوپۇرمىقى يېيىتىلىپ ئۇنىڭ يىلتىزى يېرىپ قويۇلىدۇ. بۇ چاغدا شىرىسى ئېقىپ يوپۇرماق ئۈستىگە چۈشۈپ يىغىلىدۇ، بىر دەم تەخىر قىلىنغاندىن كېيىن قاتىدۇ. شۇ چاغدا يىغىۋېلىنىدۇ ياكى يىلتىزىغا ئوت ياقسا يۇمشاپ سۈتلىرى تېز ئېقىپ چىقىپ يوپۇرماققا يىغىلىپ قاتىدۇ. ئۇنىڭ يىلتىزىغا يېقىن شاخلىرىنى يارسا ئۇنىڭدىن ھېچ نەرسە چىقمايدۇ. ئۇنىڭ ياخشىسى ئەنتاكىيە ياكى جەرمىغان (ئىراقنىڭ قەدىمقى شەھەرلىرىنىڭ بىرى — تەرجىماندىن) شەھىرىدىن چىقىدىغىنىنىڭ ساپ، يەڭگىل، بۇلۇتقا ئوخشاش تۆشۈكلۈك بولغانلىرى ۋە ئاسان ئۇۋۇلىدىغانلىرىدۇر. جەرمىغان خەلقى ئەسلىدە ئەجەملەرنىڭ بىر تارمىقى بولۇپ، ئۇنى جەرمىغاندىن مۇسەل شەھىرىنىڭ ئەتراپلىرىغا ئېلىپ كېلىپ يېتىشتۈرگەن.

ئۇنىڭ رەڭگى كالا تېرىسىدىن ياسىلىدىغان يېلىمنىڭ رەڭگىگە ئوخشاش، كۆككە ياكى سېرىققا ۋە ياكى ئاققا مايىل بولىدۇ. سۇدا ئېرىتىلسە سۈتتەك ئاق بولۇپ ئېرىيدۇ. تىلغا تەگكۈزۈلسە تىلنى ناھايىتى غىدىقلايدۇ.

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇنىڭ جەرمىغاندىن چىقىدىغىنى قارىغا مايىل، يۇمىلاق بولىدىكەن. ئۇنىڭ قارىسى ئۆلتۈرگۈچى بولۇپ ئىشلىتىلمەيدۇ. ئۇنىڭدا يۇقىرىدا ئېيتىلغان سۈپەتلەر قانچە بولمىغانسېرى شۇنچە ئاجىز بولىدۇ.

ئۇنىڭ ساختىسى ئۇشۇر ئۆسۈملۈكىنىڭ سۈتىگە ئوخشاش سۈتلۈك ئۆسۈملۈكلەرنىڭ سۈتلىرىگە كۇرۇسنە پۇرچىقىنىڭ ئۇنىنى ئارىلاشتۇرۇپ تەييارلىنىدۇ. قۇرۇلغىنىنىڭ قۇۋۋىتى ئىككى يىلغىچە، قۇرۇلمىغىنىنىڭ قۇۋۋىتى ئۈچ يىلغىچە تۇرىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭ ئىچىنى سۈرگۈچى قۇۋۋىتى سۈيدۈك ھەيدىگۈچى قۇۋۋەتكە ئۆزگىرىپ كېتىدۇ ۋە ئىچىنى سۈرگۈچى ئەمەس، بەلكى سۈيدۈك ھەيدىگۈچى بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەڭ ياخشىسى ئۇنى ئىشلىتىشكە يېقىن قۇرۇش، بالدۇر قۇرۇپ قويماسلىق لازىم.

ئۇنى قۇرۇش ئۇسۇلى شۇكى، ئۇ مەستىكى بىلەن سالايە قىلىپ كىچىك خالتىغا قاچىلاپ، ئالما ياكى بېھىنىڭ ئىچىنى بوشىتىپ ئىچىگە تىقىپ، ئېغىزىنى شۇ ئالما ياكى بېھىنىڭ كېسىۋېتىلگەن پارچىسى بىلەن ئېتىپ خېمىرنىڭ ئارىسىغا ئېلىپ خىش ئۈستىدە

قويۇپ ياكى ساپال قاچىغا سېلىپ تونۇردا قورۇلغۇچە تۇرغۇزۇلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن تونۇردىن چىقىرىپ سايىدا قۇرۇتۇپ، ئىسسىق مىزاجلىقلار ئۈچۈن مەستىكى، ئۇد ھىندى، ئەرەب يېلىمى، زەنجىۋىل، سەبرە، سەۋزە ئۇرۇقى، تۇز، پىلپىل، ھېلىلە، ھەسەل، بادام يېغىغا ئوخشاش، ئىسسىق مىزاجلىقلار ئۈچۈن كەتىرا، ئەرەب يېلىمى ۋە باشقا مېغىزلارغا ئوخشاش تۇزەتكۈچىلىرى ۋە قۇۋۋەتلىگۈچىلىرى بىلەن بىرلىكتە ئىشلىتىلىدۇ. ئىبنى تىلمىيز دېگەن ھەكىم سانائى مەككى بىلەن رۇمبەدىياننى ئۇنىڭ ئەڭ ياخشى تۈزەتكۈچىسى ھېسابلىغان. ئىسسىق مىزاجلىقلار ئۈچۈن قىزىلگۈل، كەتىرا، بېھى قىيامى؛ سوغۇق مىزاجلىقلار ئۈچۈن رۇمبەدىيان ئۇنىڭ تۈزەتكۈچىسى بولىدۇ. بەزىلەر بىنەپشە گۈلى بىلەن سالايە قىلىش ئۇنى ئىسلاھ قىلىشنىڭ ئەڭ ياخشى ئۇسۇلىدۇر دەيدۇ. ياكى ئۇنى توخۇ تۇخۇمىنىڭ ئىچىگە سېلىپ ئۈستىگە ئالما، بېھى سۈيىنى توشقۇچە قۇيۇپ ئېغىزىنى ئېتىپ خېمىر ئىچىگە ئېلىپ تونۇردا خىش ئۈستىدە قايىنىغىچە قويۇپ، قورۇلغاندا ئېلىپ ئىشلىتىلىدۇ. ئالما ياكى بېھى سۈيى بولمىسا ئۈستىگە گۇلاب قويىسىمۇ بولىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇ ئاقلانغان بادام مېغىزى بىلەن سالايە قىلسا ئۇنىڭ ئۆتكۈرلۈكىنى پەسەيتىدىكەن.

يىغىپ ئېيتقاندا، ئۇنى ئاشقازاننى قۇۋۋەتلىگۈچى دورىلار، مېغىزلار، ياردەم بەرگۈچى دورىلار، ئېچىتقۇچىلارسىز ئىشلىتىشكە بولمايدۇ. يەنى ئۇنى مەزكۇر دورىلار ۋە قىزىلگۈل، رۇمبەدىيان، نىشاستە ۋە ئۇنىڭ ئوخشاشلىرى بىلەن يۇغۇرۇپ ئىشلىتىش لازىم. ئۇنى بەك يۇمشاق سوقماسلىق لازىم، چۈنكى ئۇنىڭ بەك يۇمشاق سوقۇلغىنى خۇددى تۇربۇتنىڭ يۇمشاق سوقۇلغىنىغا ئوخشاش ئاشقازان تۈۋتلىرىغا چاپلىشىۋالىدۇ، بۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ تەسىرى ئاجىزلاپ قالىدۇ ۋە جىگەر دۆڭچە قىسمىغا ئۆتۈپ كېتىپ، كېرەكسىز ماددىلارنى تارتىشتىن توسۇپ قويىدۇ. بەلكى ئۇنى چالا سوقۇپ ئىشلىتىش كېرەك. يەنە ئۇنى ھاۋا ئىسسىق ۋاقىتلاردا، ئىسسىق شەھەرلەردە، ئىسسىق مىزاجلىقلارغا، يۈرىكى ۋە ئىچكى ئەزالىرى ئاجىزلارغا ھەم بالىلارغا ئىشلىتىشكە بولمايدۇ.

**تەبىئىتى:** ئۈچىنچى دەرىجىدە ئىسسىق، ئىككىنچى دەرىجىنىڭ ئاخىرىدا قۇرۇق، بەزىلەر ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇقمۇ دېگەن.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** جۇلا بەرگۈچى، ماددىلارنى تارقاتقۇچى، تۇسالغۇلارنى ئاچقۇچى، سەپرا ۋە سەپرا ئارىلاشقان شىلىمشىق سۇيۇقلۇقلارنى سۈرگۈچى ۋە ئۇلارنى بەدەننىڭ يىراق جايلىرىدىن تارتىپ كەلگۈچىدۇر. ئۇ ھەرقانداق مۇسھىل دورىنىڭ تەسىرىنى كۈچەيتىدۇ، ناھايىتى تېز تەسىر قىلىدۇ. كېرەكسىز ماددىلارنى ھەيدەپ چىقىرىدۇ. ھامىلىنى ئۆلتۈرۈپ چۈشۈرىدۇ. چايانىنىڭ زەھرىنى قايتۇرىدۇ، بۇ مەقسەتلەرگە يېتىش ئۈچۈن ئىستېمال قىلىنىدۇ ياكى زىمات قىلىنىدۇ. ئۇنىڭغا بىر ھەسسىدىن ئىككى ھەسسىگىچە تۇربۇت قوشۇپ يېگى سېغىلغان سۈت بىلەن بىرلىكتە ناشتىدا ئىچسە ئاشقازان

ۋە ئۇچەيلەردىكى تۇرلۇك مەددە قۇرتلارنى چىقىرىدۇ، سىناقتىن ئۆتكەن. لاجۇۋەرد بىلەن ئىشلىتىلسە سەۋدادىن بولغان كېسەللىكلەرگە پايدا قىلىدۇ. زەنجىۋىل ۋە تۇربۇت بىلەن ئىشلىتىلسە بەلغەملىك ماددىلارنى چىقىرىدۇ. قىزىلگۈل بىلەن ئىشلىتىلسە ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەيدۇ، كەرەپشە سۈيى بىلەن ئىشلىتىلسە ئۇنىڭ ئاشقازاندىن تېز چىقىپ كېتىشىگە سەۋەبچى بولىدۇ.

ئۇ ئىككى يېرىم مىللىگىرامدىن بىر گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن ئارتۇق ئىستېمال قىلسا، يۈرەك، ئاشقازان، جىگەر، ئۇچەيلەرگە زىيان قىلىدۇ، ئۇسسۇتىدۇ، كۆڭۈلنى غەش قىلىدۇ، غەمكىن قىلىدۇ، ئىشتىھانى تۇتىدۇ، ھامىلىدار ئايال ئىستېمال قىلسا ھامىلىنى ئۆلتۈرىدۇ ۋە چۈشۈرۈۋېتىدۇ. 1.5 گىرامدىن ئۈچ گىرامغىچە ئىستېمال قىلسا ئاۋۋال چوڭ ـ كىچىك تەرەتنى تۇتۇش، كۆڭۈلنى غەش قىلىش، كۆڭۈل ئېلىشىش، سوغۇق تەرلىتىش، ئارقىدىن ئىچىنى زىيادە سۈرۈش بىلەن ھالاك قىلىدۇ.

زەھەر قايتۇرۇش ئۈچۈن قۇستۇرۇلىدۇ، دوغاپ، ئالما تالقىنى، رىباس قىيامى، بېھى قىيامى، سۇماق قىيامى ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ. بېشىغا سوغۇق سۇ قۇيۇلىدۇ ۋە ئۇنىڭدا ئولتۇرغۇزۇلىدۇ.

ئۇنى بادام يېغى بىلەن مەلھەم قىلىپ سۈركىسە سوغۇقتىن بولغان باش ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ. سىركە بىلەن زىمات قىلسا باشنىڭ لوقۇلداپ ئاغرىشى، كونا باش ئاغرىقى ۋە كالا تەمرەتكىسىگە شىپا بولىدۇ. قورۇلمىغىنى زىمات قىلىنىسمۇ شۇ تەسىرنى بېرىدۇ. ئۇ مەلھەم قىلىپ چاپسا بەھەق، ئاقكېسەل، سەپكۈن، داغ يوقىتىدۇ. زەيتۇن يېغى بىلەن مەلھەم قىلىپ چاپسا چىيقانلارنى ساقايتىدۇ. ئۇ ھەسەل ۋە زەيتۇن يېغى بىلەن قاينىتىلىپ ئىشلىتىلسىمۇ چىيقانلارنى تارقىتىدۇ، ئولتۇرغۇچ نېرۋا ئاغرىقىغا شىپا بولىدۇ. ئۇ سىركە بىلەن قاينىتىلىپ ئارپا ئۇنى بىلەن يۇغۇرۇپ زىمات قىلىنسا بوغۇملار ئاغرىقى، يانپاش ئاغرىقى، ئولتۇرغۇچ نېرۋا ئاغرىقى، قوتۇرغا شىپا بولىدۇ. شۇنداقلا سىركە بىلەن يالغۇز قاينىتىپ زىمات قىلسىمۇ يارىلاشقان قوتۇرنى ساقايتىدۇ. ئۇنى كالا ئۆتى ۋە تىرمىس پۇرچىقى بىلەن قاينىتىپ كىندىكنىڭ ئاستىغا زىمات قىلسا بالىلارنىڭ ۋە ئۇچەيلىرى ئاجىزلارنىڭ ئىچىنى سۈرىدۇ. ئۇنى بىر پارچە يۇڭ بىلەن پىلتە قىلىپ پەرجىگە قويسا ھامىلە چۈشۈرىدۇ.

ئۇنىڭ يوپۇرمىقىنىڭ تەسىرى يىلتىزىنىڭ تەسىرىدىن ئاجىزراق بولىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن فەرزىجە قىلسا ھامىلە چۈشۈرىدۇ.

ئۇنىڭ يىلتىزى ناھايىتى ئىسسىق بولۇپ، كۆيدۈرىدۇ، ماددىلارنى تارقىتىدۇ. ئۇنىڭ سۈيىنى سىركە ۋە گۈل يېغى بىلەن قاينىتىپ باشقا ئېلىمان تۆكسە باش ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ. ئۇ يالغۇز زىمات قىلسا ئاقكېسەل، بوغۇملار ئاغرىقىغا شىپا بولىدۇ، ئىششىقلارنى تارقىتىدۇ. ئۇنىڭ ھەرقانداق قىسمى بىلەن فەرزىجە قىلسا ھامىلىنى ئۆلتۈرىدۇ ۋە

چىقىرىدۇ.

سوقمونىيانىڭ ئورۇنباسارى بىر يىرىم ھەسسە سىرىق سەبرە، يېرىم ھەسسە سىرىق ھېلىلىدۇر. بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىچە لاغىيە ئۈسۈملۈكى ئىكەن.

سوقمونىيا گۈلاب، سۇماق سۈيى ۋە بىھى بىلەن سالايە قىلىپ قۇرس ياساپ، زۆرۈر بولغاندا ئىشلەتسە ھەممە جەھەتتىن زەرەرسىز بولىدۇ. ئىچىگە سوقمونىيا پىشۇرۇلغان بىھى ئازراق بىنەپشە بىلەن ئىستېمال قىلسا سەپرادىن بولغان بارلىق كېسەللىكلەرگە پايدا قىلىدۇ، تەپلەرنى پەسەيتىدۇ، زەرەرسىزلىنىدۇ.

ئۇنى قورۇش ئۇسۇلى، جاۋارىشلىرى، مەجۇنلىرى قارابادىندا بايان قىلىنىدى.

## سەقۇلۇقەندەريا
(يەتمىشئاياغ)

ئۇ يۇنانچە سۆزدۇر.

**ماھىيىتى:** ئۇ ئۈمۈچۈككە ئوخشايدىغان بىر خىل ھايۋان بولۇپ، نۇرغۇن پۇتلىرى بولىدۇ. قۇرۇقلۇقتا ياشايدىغىنى ۋە دېڭىزدا ياشايدىغىنى بولىدۇ. كېيىنكىلەر ئۇنى «ئەبۇ سەبئ ۋە سەبئىين» (يەتمىشئاياغ) دەپ، ئىلگىرىكىلەر «ئەربەئ ۋە ئەربەئىين» (قىرىقئاياغ) دەپ ئاتىغان. قىرىقئاياغ ئۇزۇنچاق بولۇپ، بېشىنىڭ يېنىدىن قۇيرۇقىغىچە ئىككى قاتار نۇرغۇن پۇتلىرى بولىدۇ. كۆپ ھاللاردا ئاق، توپا رەڭ بولىدۇ. قىرىقئاياغ «ا» (ئەلىف) ۋە «ر» (رائ) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلار پەسلىدە بايان قىلىنىدى.

**تەبىئىتى:** ئىسسىق، ئۆتكۇر بولۇپ، ئۆلتۈرگۈچى زەھەرلەردىندۇر.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** تېبابەتتە ئۇنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى سۆزلەنمىگەن. ئۇ بىر ئەزاغا تەگسە قىچىشتۇرىدۇ. پەقەت دېڭىزدا ياشايدىغىنى زەيتۇن يېغى بىلەن قاينىتىلسا موينى چۈشۈرىدۇ.

# پەسىل: «س» (سىين) ۋە «ك» (كاف) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى

## سۇكاك
(ئامىلە سۈيى)

**ماھىيىتى:** بىلگىنكى، ئۇ ئەسلى ۋە غەيرىي ئەسلىيدىن ئىبارەت ئىككى خىل بولىدۇ. ئەسلىسى ھۆل ئامىلىنىڭ سۈيىدىن تەييارلىنىدۇ، ئۇ «سۇكاك چىينىي» دەپ ئاتىلىدۇ. ئامىلە ھىندىستاندىن باشقا مەملىكەتلەردە ئۆسمەيدىغان بولۇپ، شۇ سەۋەبتىن ئۇنىڭ

ھۆلىنى تاپقىلى بولمايدىغان بولغاچقا، ئۇ توڭ خورمىنىڭ ئۇسارىسىدىن تەييارلىنىدۇ، ئۇنىڭغا ئىپار قوشۇلسا ئۇ «سۆككۆلمىسك» (ئىپارلىق ئاملە ئۇسارىسى) دەپ ئاتىلىدۇ. بەزىدە ئۇنىڭغا ئېھتىياجغا ئاساسەن باشقا دورىلارمۇ قوشۇلىدۇ.

ئۇنىڭ غەيرىي ئەسلىسى موزا بىلەن توڭ خورما سۈيىدىن تەييارلىنىدۇ، ئۇ «زىرامەك» دەپ ئاتىلىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە سوغۇق، بىرىنچى دەرىجىدە ئىسسىق، ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇقمۇ دېيىلگەن.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** توسالغۇلارنى ئاچقۇچى، ماددىلارنى تارقاتقۇچى، قان تۈكۈرۈش ۋە قاناشنى توختاتقۇچى، قۇسۇش ۋە ھۆللۈكلەردىن بولغان ئىچ سۈرۈش، ئاشقازان، ئۈچەي ئاجىزلىقىغا شىپا بولغۇچى، بالىلارنىڭ ئىچ سۈرۈشىنى توختاتقۇچى، پەي - نېرۋا، تۇتۇپ تۇرغۇچى قۇۋۋەت، ئىچكى ئەزالارنى قۇۋۋەتلىگۈچى، تەر توختاتقۇچى، ئاھاك پۇرىقى ۋە بەدەننىڭ سېسىق پۇرىقىنى يوقاتقۇچىدۇر، يۇقىرىقى مەقسەتلەرگە يېتىش ئۈچۈن ئۇ ئىستېمال قىلىنىدۇ، زىمات ۋە مەلھەم قىلىنىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** 10 گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

**ئورۇنباسارى:** رامەك.

ئۇنىڭ نۇسخىلىرى قارابادىندا بايان قىلىندى.

## سۆككۆلمىسك

(ئىپارلىق ئاملە سۈيى)

**ماھىيىتى:** ئاملىنىڭ ئەسلىي ياكى غەيرىي ئەسلى سۈيىگە ئاز مىقداردا ئىپار قوشۇلسا شۇ نام بىلەن ئاتىلىدۇ. ئەگەر ئاملە سۈيى ئىپار كىندىكىگە قۇيۇلسا «سۆككۆلجۇلۇد» دەپ، ئىپار كىندىكىنى سۇغا چىلاپ تەمى چىقىرىلغاندىن كېيىن ئاملە سۈيى ئۇنىڭغا ئارىلاشتۇرۇلسا «سۆككۆلمائ» دەپ، ئىپار كىندىكى سوقۇپ ئارىلاشتۇرۇلسا «سۆككى ئەكراس» دەپ ئاتىلىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئۇنىڭ ھەرقايسى قىسىملىرى ئىسسىققا مايىلدۇر.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ئۇنىڭ تەسىرى ۋە خۇسۇسىيەتلىرى رامەكنىڭ تەسىرى ۋە خۇسۇسىيەتلىرىگە ئوخشايدۇ. ئىپارلىق ئاملە سۈيىنىڭ يەنە بىر تۈرى بار بولۇپ، خۇش پۇراق ئەترلەردىن بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. «شىپائۇل ئەسقام» ناملىق كىتابنىڭ ئاپتورى ئۇنى ئۈچەيلەرنى قۇۋۋەتلىگۈچى دەپ بىلگەن. ئۇ ماددىلارنى تارقىتىدۇ، توسالغۇلارنى ئاچىدۇ، باھنى قۇۋۋەتلەيدۇ، خۇرسەن قىلىدۇ، يۈرەك ئاغرىقى، بوغۇملار ئاغرىقى، ئىچ سۈرۈش، ھەيز

قىنى توختىماسلىققا شىپا بولىدۇ.

ئۇنى تەييارلاش ئۇسۇلى شۇكى، خورمىنىڭ غورىسىنىڭ سۈيىدىن بەش لىتىر ئېلىپ، ئۇنىڭغا بىر يېرىم لىتىر موزا تالقىنى قوشۇپ ئوت ئۇستىدە قويۇپ، ئۇيۇشقا ئاز قالغۇچە قاينىتىلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن ئوتتىن چۈشۈرۈپ سۇمبۇل، ئەرمۇدۇن ئۇرۇقى، بەسباسە، جويۇز يوپۇرمىقى، قەلەمپۇر، لاچىندانە، قاقىلە، ئۇد ھىندى قاتارلىقلارنىڭ ھەربىرىدىن 900 گىرام، سېرىق سەندەلدىن 200 گىرام، زەپەردىن 15 گىرام، ئەرەب يېلىمىدىن 400 گىرام ئېلىپ، ھەممىسىنى سوقۇپ سالايە قىلىپ، مەزكۇر سۇ بىلەن يۇغۇرۇپ خېمىر قىلىپ قۇرس ياساپ ئىشلىتىلىدۇ.

## سكباج

(سىركىلىك شورپا)

ئۇ پارسچە «سىركە» دېگەن سۆزنىڭ ئەرەبچىلەشتۈرۈلگىنىدۇر.

**ماھىيىتى:** بىر خىل يېمەكلىك بولۇپ، سىركە بىلەن تەييارلىنىدۇ.

**تەبىئىتى:** ھۆل سوغۇق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ماددىلارنى ئۈچۈچانلاشتۇرغۇچى، تۇسالغۇلارنى ئاچقۇچى، بەلغەم بىلەن سەپرانى باسقۇچى، قاننىڭ قاينىشىنى توختاتقۇچىدۇر. ئۇ بەدىنى ئورۇقلار، پەي - نېرۋا كېسەللىكلىرى بىمارلىرى، سەۋدادىن بولغان كېسەللىكلەر، يۆتەل، ئۈچەي زەخمىسى، قۇلۇنجى، ئاجىز ئاشقازان، دوۋسۇن، باليىاتقۇ، بوغۇم ئاغرىقلىرى ۋە مۇسھىل دورىلىرىنى ئىچكەنلەرگە زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** ھالۋىلار ۋە تاتلىق يېمەكلىكلەر ئىستېمال قىلىنىدۇ.

ئۇنىڭ تەييارلىنىشى شۇكى، گۆشنى نورمال چوڭلۇقتا توغراپ، توخۇ گۆشى بولسا بوغۇملىرىدىن ئاجرىتىپ چالا پىشۇرۇلىدۇ. پىياز، سەۋزە، كۇدە قاتارلىقلارنى سۇدا بىر - ئىككى قاينىتىپ شىرىسى چىققاندىن كېيىن سوغۇق سۇ بىلەن چايقىۋېتىپ، يۇقىرىدىكى گۆش، سىركە ۋە خۇش پۇراق دورىلار بىلەن بىرلىكتە يۇمشاق پىشۇرۇپ، ھەسەل ۋە شېكەر بىلەن ئاچچىق - چۈچۈكلەشتۈرۈپ، ئاخىرىدا ئازراق زەپەر قوشۇپ ئوتتىن چۈشۈرۈپ ئىستېمال قىلىنىدۇ.

## سەكبينەج

(سەكبىنەج)

ئۇ پارسچە «ئەسكبىينە» دېگەن سۆزنىڭ ئەرەبچىلەشتۈرۈلگىنىدۇر. يۇنانچە «ساغافىيۇن»، ھىندىچە «كەندەل» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** شەكلى تەرخەمەككە ئوخشايدىغان بىر خىل ئۆسۈملۈكنىڭ يېلىمىدىن

ئىبارەت. ئۇنىڭ ساپ، سىرتى قىزىل ياكى سېرىق، ئىچى ئاق، كۆرۈنەرلىك ھۆللۈكى بار، پۇرىقى ھىدى بىلەن قۇننە (بىر خىل ئۆسۈملۈكنىڭ سۈتى) پۇرىقىنىڭ ئارىلىقىدا پۇرايدىغان، ئۆتكۈر بولغانلىرى ۋە ئىسپانغا يېقىن «ماھ» دەپ ئاتىلىدىغان يەردىن چىققىنى ياخشىلىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، قۇننە كونىرىسا سەكبىنەجكە ئۆزگىرىدىكەن. ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى پەرق، سەكبىنەجنىڭ ئىچىنىڭ قۇننەنىڭ ئەكسىچە ئاق بولۇشى ئىكەن. بۇ يېلىم ئۇنىڭ ئۆسۈملۈكىنىڭ يوپۇرمىقىغا يېقىن يەرگە تىغ ئۇرۇلۇپ چىقىرىۋېلىنىدۇ. قۇۋۋىتى 20 يىلغىچە تۇرىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇ ئىككى خىل بولىدىغان بولۇپ، ھەر ئىككى خىلى ياخشى ئىكەن.

**تەبىئىتى:** ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق، بەزىلەر ئۇنىڭ قۇرۇقلۇقىنى ئىككىنچى دەرىجىدە دەپ بىلىدۇ، بۇ توغرىراقتۇر.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** قىزىتقۇچى، ئۈچۈچانلاشتۇرغۇچى، جۇلا بەرگۈچى، يەللەرنى تارقاتقۇچىدۇر. ئۇ قۇلۇنجى، قاتتىق ئىششىقلار، تال ئىششىقى ۋە باشقا ئىششىقلارغا داۋا بولىدۇ. زەرداب سۇ ۋە قويۇق، شىلىمشىق بەلغەمنى سۈرىدۇ، ئۇنى بەدەننىڭ چوڭقۇر قىسمى ۋە بوغۇملاردىكى چاپلىشىۋالغان ئورۇندىن تارتىپ چىقىرىدۇ. زەھەر قايتۇرۇش قۇۋۋىتى بار، سۈرگۈچى دورىلارنى ئىسلاھ قىلىدۇ، ئۇلارنىڭ زەرەرىنى يوقىتىدۇ. كۆكرەك ۋە ئۆپكىدىكى كېرەكسىز ماددىلارنى پارچىلاپ يوقىتىدۇ. ئۇلارنىڭ ئاغرىقلىرىنى ھەم بوغۇملار ئاغرىقلىرى، ئۇچا ئاغرىقى، يانپاش ئاغرىقى، تال ئاغرىقى، نۇقرەس ئاغرىقى، قورساق ئاغرىقى قاتارلىقلارنى پەسەيتىدۇ. ئاشقازاندىكى تۈرلۈك مەددە قۇرتلارنى چۈشۈرىدۇ. ھامىلىنى ئۆلتۈرۈپ چۈشۈرىدۇ. سۈيدۈك، ھەيز ھەيدەيدۇ.

باش ئەزالىرى كېسەللىكلىرى: ئىستېمال قىلسا بەلغەمدىن بولغان پەي - نېرۋا كېسەللىكلىرىگە داۋا بولىدۇ، ئۇلارنىڭ سوغۇقلۇقىنى ئالىدۇ. سوغۇقتىن بولغان باش ئاغرىقى، تۇتقاق كېسەل، ھېس - ھەرىكىتى يوقالغان پالەچ ۋە بوغۇملار ئاغرىقلىرىغا داۋا بولىدۇ. ئۇ بۇرۇنغا تېمىتىلسا بەلغەمدىن بولغان باش ئاغرىقى ۋە تۇتقاق كېسەلگە پايدا قىلىدۇ.

كۆكرەك، نەپەس ئەزالىرى كېسەللىكلىرى، تەپ قاتارلىقلاردا ئىستېمال قىلسا كۆكرەكنى تازىلايدۇ، ئىستىسقاغا داۋا بولىدۇ. زەرداب سۇنى سۈرىدۇ. بۆرەك ۋە دوۋساقتىكى تاشنى پارچىلاپ چۈشۈرىدۇ. بەلغەمدىن ۋە سەۋدادىن بولغان تۇتقاقلىق تەپلەرگە شىپا بولىدۇ. بەلغەم ۋە يەلدىن بولغان قۇلۇنجى، بوۋاسىرغا پايدا قىلىدۇ، بوۋاسىرنىڭ يېلىنى تارقىتىدۇ. جىگەر، ئۈچەيلەر، مەقئەت، بالىياتقۇنىڭ سوغۇقلۇقىنى ھەيدەيدۇ. چاشقان يارىسىنى تارقىتىدۇ. باھنى قۇۋۋەتلەيدۇ. شۇنداقلا ئۇ يۇقىرىقى ھەربىر كېسەللىك ئېتىبارىچە زىمات قىلسا، ھەمەلچە قىلسا، كىلىزما قىلسا ۋە ئىسرىق سېلىنسىمۇ شۇ

تەسىرنى بېرىدۇ. ئۇنى يېرىم گىرامدىن 1.5 گىرامغىچە، ھەتتا ئۈچ گىرامغىچە ئىستېمال قىلسا سۇرگۈچى دورىلارنى ئىسلاھ قىلىدۇ، ئۇلارنىڭ ئەزالارغا زىيان يەتكۈزۈشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. شاراب بىلەن ئىستېمال قىلسا چايان ۋە باشقا زەھەرلىك ھاشاراتنىڭ زەھىرىنى قايتۇرىدۇ. ھەسەل بىلەن ئىستېمال قىلسا باھنى قۇۋۋەتلەيدۇ، قۇلۇنجىغا شىپا بولىدۇ، ھەيز ماڭدۇرىدۇ، ھامىلە چۈشۈرىدۇ.

كۆز كېسەللىكلىرى: كۆزگە سۇركىسە كۆزگە سۇ چۈشۈش ۋە قويۇق خىلتلاردىن بولغان كۆز قاراڭغۇلىشىشقا ئەڭ ياخشى مەنپەئەت قىلىدۇ. سىركە بىلەن سۇركىسە يىڭناسقۇغا پايدا قىلىدۇ. ئۇنىڭ پۇرىقى سىركە بىلەن بىرلىكتە بۇرۇنغا تارتىلسا بالىياتقۇ ئېغىزىنىڭ ئېتىلىپ قېلىشىدىن بولغان تۇتقاق كېسەل ۋە ھوشىدىن كېتىشكە پايدا قىلىدۇ. شۇنداقلا ئۇنىڭ بىلەن ئىسرىق سېلىنسىمۇ شۇ تەسىرنى بېرىدۇ. ئۇ بىر پارچە يۇڭغا يۇقتۇرۇلۇپ فەرزىجە قىلسا ھەيز ماڭدۇرىدۇ. بوۋاسىرغا پايدا قىلىدۇ، ئۇنىڭ يېلىنى تارقىتىدۇ، باھنى قۇۋۋەتلەيدۇ، يانپاش ۋە ئۇچا ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ. سىركە بىلەن زىمات قىلسا ئەزالاردىكى تىكەن ۋە ئوقتا ئوخشاش يات نەرسىلەرنى چىقىرىدۇ. پەيلەرنىڭ تۈگۈنچەكلىشىشى، بوۋاسىر، ئولتۇرغۇچ نېرۋا ئاغرىقىغا پايدا قىلىدۇ. ئۈزۈلگەن مۇسكۇللارنى ئەسلىگە كەلتۈرىدۇ، چاشقان يارىسى، ئۆسمىنى تارقىتىدۇ، تېرىدىكى ئىزلارنى يوقىتىدۇ، چايان ۋە باشقا ھاشارات چېقىۋالغاندىكى زەھەرلەرنى قايتۇرىدۇ.

ئۇنى ئېرىتىش ئۇسۇلى ھىڭنى ئېرىتىش ئۇسۇلى بىلەن ئوخشاش بولۇپ، ئاچچىق بادام يېغى، كۆدە ياكى سۇزاپ سۈيى بىلەن ئېرىتىلىدۇ ياكى ئىسسىق ناننىڭ ئارىسىغا ئېلىپ يۇمشىغىچە تۇرغۇزۇپ ئېرىتىلىدۇ. ئۇ سوغۇق مىزاجلىقلارنىڭ ئىشلىتىشىگە ماس كېلىدۇ. ئىسسىق مىزاجلىقلارغا زىيان قىلىدىغان بولۇپ، ئىچكى ئەزالار ئىششىقلىرىنى پەيدا قىلىدۇ، تەبىئىي ھارارەتنى قوزغىتىدۇ.

**زىيانلىق تەسرى:** دوۋساق، بۆرەككە زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** كەتىرا.

**ئىستېمال مقدارى:** ئۈچ گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

**ئورۇنباسارى:** قۇننە (بىر خىل ئۆسۈملۈكنىڭ سۈتى). بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، زەھەرلەرنى قايتۇرۇشتا راتىيانەج ئورۇنباسار بولىدىكەن.

## سۇككەر
(شېكەر)

ئۇ پارسچە «شەكەر» دەپ ئاتىلىدۇ، ھىندىچىمۇ شۇ نام بىلەن ئاتىلىدۇ. يەنە بىر تىلدا «ئەشلۇك»، «سەركەرا» دەپ ئاتىلىدۇ. قارىغا مايىل قىزىل شېكەر «بورە» دېيىلىدۇ. بېنگالنىڭ تىلىدا ئاق شېكەر «چىينى» دەپ، ھىندىچە «كەھاند»، «شەكەر تەرى»، «بورە» دەپ

ئاتىلىدۇ. زەپەر رەڭگە مايىل قىزىل شېكەر «كەندۇرە» دەپ، قارىغا مايىل قىزىل شېكەر «گەر» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيتى:** ئۇ شېكەر قومۇشنىڭ سۆيىدىن ئىبارەت. ئۇ قومۇشقا ئوخشايدۇ، ئەمما ئىچى پۈتەي، سۇلۇق بولۇپ، ئاق ۋە قىزىل دەپ ئىككى خىل بولىدۇ. ھىندىستاننىڭ كۆپ شەھەرلىرى، مىسىر، چىن، تەباۋىيە شەھىرى، خوزىستان ۋە ئۇمان قاتارلىق ئەللەردە ئۆسىدۇ.

ئاق شېكەر ئۇنىڭ ئېقىدىن، قىزىل شېكەر ئۇنىڭ قىزىلىدىن ئېلىنىدىغان بولۇپ، شېكەر قومۇشنىڭ پوستى ئاقلىنىپ چاق بىلەن سىقىلىپ ياكى سوقۇلۇپ سۆيى چىقىرىلىپ ئۆيۈغىچە قاينىتىپ تەييارلىنىدۇ. بەزى ئورۇنلاردا ئۆسكەن قومۇش ياخشى بولۇپ، يۇمشاق، چۈرۈك، ئېگىز ئۆسىدۇ. يەنە بەزى ئورۇنلاردا ئۆسكەن قومۇش قاتتىق، سۆيى كەم بولىدۇ.

ئاق قومۇشنىڭ شېكىرى سۇ بىلەن ئېرىتىلگەندىن كېيىن قاينىتىش، سۈت ياكى توخۇ تۇخۇمىنىڭ ئېقىنى قوشۇش ئارقىلىق ساپلاشتۇرۇلۇپ ئۆيۈتۇلغاندىن كېيىن ئەينەك ياكى باشقا ماتېرىيالدىن ياسالغان قېلىپقا ئىنچىكە يېرىلغان ياغاچ چوكىلار ياكى يىپلار ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ ئۇستىگە قۇيۇلۇپ، قاتقۇچە تۇرغۇزۇلىدۇ. ئۇنىڭ شىرىسىنىڭ ئۆيۈمىغانلىرى يەنە قىيام قىلىپ قېلىپقا يەنە تۆكۈلىدۇ، تاكى قېلىپ توشقۇچە داۋاملاشتۇرۇلىدۇ، ئۇ «سۆككەرى سۇلەيمانىي» دەپ، پارسچە «نەبات» دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇنىڭ ئىككىنچى قېتىم قاينىتىلغاندا كۆپۈكى ۋە كىرى قايتا چىقمىغۇدەك دەرىجىدە زىيادە ساپلاشتۇرۇلۇپ شېشە قېلىپقا تۆكۈپ تەييارلانغىنى «نەباتى قەرارىي»، «نەباتى سەنجەرىي» دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇ ساپلاشتۇرۇلغاندىن كېيىن ئۆيۈشقا باشلىغاندا ئۇنىڭغا سۈتنىڭ كۆپۈكى ياكى توخۇ تۇخۇمىنىڭ ئېقى قوشۇلۇپ چۆمۈچ بىلەن ئۆيۈغۇچە ئارىلاشتۇرۇپ يىپچىلارغا تۆكۈپ قاتۇرۇپ تەييارلانغىنى «فانىيز خەزائىي»، «فانىيز سەنجەرىي» دەپ ئاتىلىدۇ. ئەگەر ئۇ چۆمۈچ ياكى ياغاچ بىلەن كۆپۈكى چىققۇچە ئارىلاشتۇرۇلۇپ نەملەنگەن چىگە رەخت ياكى بورا ئۇستىگە چۆمۈچ بىلەن ئاز ـ ئازدىن تۆكۈپ، خۇددى سۇ بۇزغۇنىدەك ئىچى كاۋاك ھالەتتە قاتۇرۇلغىنى «فانىيز»، ھىندىچە «بىتاشە» دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇنىڭغا توخۇ تۇخۇمىنىڭ ئېقى ياكى سۈتنىڭ كۆپۈكىنى قوشۇپ چۆمۈچ بىلەن ياخشى ئارىلاشتۇرغاندىن كېيىن ئوتتىن چۈشۈرۈپ قۇرسلار ياكى ئىلىك توملۇقىدا ئىنچىكە قەلەمچىلەر ياساپ سوۋۇغىچە تۇرغۇزۇپ قاتۇرۇپ تەييارلانغىنى «فانىيز بىيز»، پارسچە «شەكەر بىيز» دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇ يۇقىرىقى ئۇسۇل بويىچە ساپلاشتۇرۇلغان ۋە ئۆيۈشقا ئاز قالغاندىن كېيىن ئوتتىن چۈشۈرۈپ قول بىلەن تارتىپ يىپچىلار شەكلىگە كەلتۈرۈپ تارتىش جەريانىدا پاكىز تاختىغا سوزۇلغىچە ئۇرۇلۇپ يۇمىلاق شەكىلگە كەلتۈرۈلگىنى «ناتىف» دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇنىڭ ئۇستىگە كۈنجۈت چېچىلسا «ناتىف سىمسىمىي» دەپ ئاتىلىدۇ. پارسچە «ھەلۋايى كۈنجۈت»،

ھىندىچە «رىيۋرىي» دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇنىڭغا بادام مېغىزى، پىستە مېغىزى ياكى قورۇلغان ياڭاق مېغىزىغا ئوخشاش مېغىزلار قوشۇلسا «ھەلۋايى مەغزىي» دەپ ئاتىلىدۇ. ئەگەر ئۇ ئۆرۈلگەن چاچقا ئوخشاش شەكىلدە قاتۇرۇلسا پارسچە «كىيسەك» دەپ ئاتىلىدۇ. بەزىلەر ئۇنىڭ مېغىز قوشۇپ تەييارلانغان «ھەلۋايى مەغزىي» دەپ ئاتالغان تۇرىگە چۇرۇكلەشتۇرۇش ئۇچۇن شېكەرنىڭ تۆتتىن بىرىچىلىك مىقداردا ھەسەلمۇ قوشىدۇ. شېكەرنى بەكرەك ساپلاشتۇرۇپ ئۇيۇشقا ئاز قالغاندا ئاستىدا تۆشۈكى بولغان كونۇس شەكىللىك قېلىپلارغا تۆكۈپ، مەلۇم ۋاقىت تۇرغۇزۇپ قاتۇرۇپ، سۇ قىسمى تۆشۈكىدىن ئاقتۇرۇلۇپ تەييارلانغىنى «فانىز سەنجەرىي» دەپ ئاتىلىدۇ، پارسچە «قەندى سەپىد» (ئاق قەنت) دەپ ئاتىلىدۇ. ئەگەر ئۇ ئىككى تەرىپى تەكشى بولغان ئۇزۇنچاق قېلىپقا تۆكۈپ قاتۇرۇلسا «قەلەم» دەپ ئاتىلىدۇ. ئەگەر مەزكۇر قەنت قايتا ساپلاشتۇرۇپ يۇقىرىدا ئېيتىلغان كونۇس شەكىللىك، ئۇزۇنچاق ياكى يۇمىلاق قېلىپلارغا تۆكۈلۈپ قاتۇرۇلسا ئۇ «ئەبلۇج» دەپ، پارسچە «قەندى مۇكەررەر»، ھىندىچە «ئەۋلە»، يەنى (مۆلدۇرسىمان) دەپ ئاتىلىدۇ. بەزىلەر ئۇنى «تەبەرزەد» دەپ ئاتايدۇ. بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇنىڭغا ئاق شېكەرنىڭ ئوندىن بىرىچىلىك مىقداردا يېڭى سېغىلغان سۈت قوشۇپ قىيام قىلىپ قېلىپلارغا تۆكۈپ قاتۇرۇلسا ئاندىن «تەبەرزەد» دېيىلىدىكەن.

قىزىل شېكەرمۇ ساپلاشتۇرۇلغاندىن كېيىن يۇقىرىقى ئۇسۇل بويىچە ناۋات، قەنت، ناتىف ۋە باشقىلار ياسىلىدۇ. ئەمما ئاق شېكەردىن تەييارلانغىنىدەك لەززەتلىك، سىڭىشلىك بولمايدۇ.

**تەبىئىتى:** ئېقى ئىككىنچى دەرىجىدە ئىسسىق، بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇق. يېڭى شېكەر قومۇشى سۈيى ئىككىنچى دەرىجىدە ئىسسىق، بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇق. «شەكەر سۇلەيمانىي» دەپ ئاتالغىنى بىرىنچى دەرىجىنىڭ ئاخىرىدا ئىسسىق، بىرىنچى دەرىجىدە ھۆل، «تەبەرزەد» دەپ ئاتالغىنى ۋە ناۋات مۆتىدىللىككە يېقىن بولىدۇ. ئۇ قانچە ساپلاشتۇرۇلسا تاتلىقلىقى ۋە ئىسسىقلىقى شۇنچە ئازلايدۇ ۋە شۇنچە مۆتىدىللىشىدۇ. ھەممىسىنىڭ نازۇكراقى «قەندى مۇكەررەر» دەپ ئاتالغىنى، ئۇنىڭدىن قالسا «نەباتى قەرارىي» دەپ ئاتالغىنى، ئۇنىڭدىن قالسا قەنت، ئۇنىڭدىن قالسا ناۋاتتۇر. شۇنداقلا شېكەر قانچە كونىرىسا شۇنچە ياخشى بولىدۇ، قۇرۇقلۇقى شۇنچە ئاشىدۇ.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** تەرەتنى بوشىتىدۇ، گالنى سىلىقلاشتۇرىدۇ، ئۆپكىنى نەمدەيدۇ، ئۇنىڭ ئارتۇق ھۆللۈكلىرىنى تازىلايدۇ. بەدەننىڭ چوڭقۇر قىسمىغا تېز سىڭىپ كىرىدۇ. روھلار، قۇۋۋەتلەر ۋە جىگەرنى قۇۋۋەتلەيدۇ. ئۇچەيىنىڭ يەللىرىنى تارقىتىدۇ، باھنى قۇۋۋەتلەيدۇ، ياخشى قان پەيدا قىلىدۇ. پەيلەر ۋە ئۇستىخانلارنى چىڭىتىدۇ. قىرىلىقنى كېچىكتۇرىدۇ. سەۋدالىق خىلىتلارنى پەسەيتىدۇ، ئۇلاردىن پەيدا بولغان كېسەللىكلەرگە شىپا بولىدۇ. بىمارلارغا قۇۋۋەت بولىدۇ. ئۇنىڭدىن 30 گىرام ئېلىپ قايناق سۇ ۋە تاتلىق

بادام يېغى بىلەن ئىستېمال قىلسا ئاۋازنى ئاچىدۇ، قۇلۇنجى ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ. ئىككى ھەسسە كالا يېغى بىلەن ئىستېمال قىلسا كىندىك ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ، قورساقتىكى تۇسالغۇلارنى ئاچىدۇ. چىللە مەزگىلىدە تۇرۇۋاتقان ئايالىلارنىڭ بەدىنىنى تازىلايدۇ. سۈيىدۈك تەستە كېلىشكە شىپا بولىدىغان بولۇپ، سىناقتىن ئۆتكەندۇر. ناۋاتتىن كۈنىگە 30 گىرام مىقدارى ئېلىپ پارچىلاپ بىر تال بىر تالدىن ئېغىزغا سېلىپ شۈمىسە يۆتەل پەسەيتىدۇ، ئاۋازنى سۈزۈكلەشتۈرىدۇ، بەلغەم بوشىتىدۇ، كۆكرەكنىڭ ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ، جىمادىن بولغان تىترەش ۋە خەفەقانغا داۋا بولىدۇ. ئىلمان سۇ بىلەن ئىچسە نەزلە سۈيۈقلۇقى سەۋەبىدىن بولغان ئاۋاز پۈتۈشكە داۋا بولىدۇ. داۋاملىق ئىستېمال قىلسا يۆتەل پەسەيتىدۇ. گۇلاب ۋە سوغۇق سۇ بىلەن ئىچىلسە دەسلەپكى مەزگىلدىكى كۆيدۈرگۈچى تەپلەرگە پايدا قىلىدۇ. ئۇنىڭ جۇلا بېرىش كۈچى بولغانلىقى ئۈچۈن گۇلاب بىلەن خۇش پۇراقلاشتۇرۇلۇپ ياكى شۇ پېتى سوغۇق ياكى ئىلمان سۇ بىلەن ئىچسە كېسەللى ئۆتكۈر بىمارلارنى دەسلەپكى مەزگىلدە ئۇزۇۋقلاندۇرىدۇ. يېڭى سىرىقماي بىلەن ئىشلىتىلسە جۇلا بېرىش تەسىرى تېخىمۇ ئاشىدۇ، مەينەت يارىلارنى تازىلايدۇ. قاپاق قوتۇرنى ناۋات ۋە ئۇنىڭ «قەلەمى دەمەشقى»، «ئەبلۇج» دېگەن تۈرلىرى بىلەن تاتىلىسا پايدا قىلىدۇ، كۆزدىكى ئاق ۋە ئارتۇق گۆشنى يوقىتىدۇ. مەرۋايىت ۋە كېلەر مايىقى بىلەن سۈركىسە قاپاق گىرۋىكى ئىششىقى ۋە قاپاق قوتۇرىغا پايدا قىلىدۇ، سىناقتىن ئۆتكەن. ئۇ گۈڭگۈرت، قەتران، سۇندۇرۇس ۋە نۆشۇدۇر بىلەن زىمات قىلسا كالا تەمرەتكىسى، ئاقكېسەل ۋە تېرىدىكى يېڭى پەيدا بولغان باشقا ئىزلارنى يوقىتىدۇ. ئۇ سېپىلسە كېسىلگەن ۋە يارىلانغان ئەزالارنىڭ قېنىنى توختىتىدۇ. يارىلارنىڭ بۇزۇلغان ئارتۇق گۆشلىرىنى يوقىتىپ سۈپەتلىك يېڭى گۆش ئۈندۈرىدۇ. ئۇنىڭ ھەرقايسى قىسىملىرى، بولۇپمۇ ناۋات بىلەن ئىسرىق سېلىنسا زۇكامغا پايدا قىلىدۇ، دىماقنىڭ توسالغۇلىرىنى ناھايىتى ئاچىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** سىل بىمارلىرى، ئىچى سۈرگەن، قورسىقى ئاغرىغان بىمارلارغا، سەپرا مىزاجلىقلارغا زىيان قىلىدۇ، سەپرالىق قان پەيدا قىلىدۇ، بولۇپمۇ قورساق ئاچ ۋاقىتتا كۆپ ئىستېمال قىلسا تېخىمۇ شۇنداق بولىدۇ. ھۆل مىزاجلىقلارنىڭ بەدىنىدە بەلغەم خىلتى ۋە ھۆللۈك كۆپەيگەن ۋاقىتتا ئىستېمال قىلسا باش ئاغرىقى پەيدا قىلىدۇ. بەلغەم پەيدا قىلىدۇ، بولۇپمۇ ياغ ياكى چۈچۈمەل نەرسە بىلەن ئىستېمال قىلسا تېخىمۇ شۇنداق بولىدۇ. ئۇنىڭ ھەرقايسى قىسىملىرىنىڭ كونىلىرى خىلتلارنى بۇزىدۇ، قاننى كۆيدۈرىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** بادام، يېڭى سېلىنغان سۈت، چۈچۈمەل نەرسىلەر، ئىككى خىل ئانار سۈيى، بېھى، تاباشىر، قارا سۇنا ۋە ئۇنىڭ ئوخشاشلىرىدۇر.

**ئورۇنباسارى:** باھنى قۇۋۋەتلەش، يۇمشىتىش، بەدەننى ھۆللەشتۈرۈش ئۈچۈن باراۋەر مىقداردا تەرەنجىبىن، گەزەنگىبىن (يۇلغۇن شېكىرى) ياكى يېڭى سېغىلغان سۈت، قۇلۇنجى

ئاغرىقىنى پەسەيتىش ئۈچۈن ھەسەل.

**ئىستېمال مىقدارى:** 90 گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

ناۋات، تەبەرزەد ئىسسىق مىزاجلىقلارغا، ئۇنىڭ «قەلەمى سۇلايمانى» دەپ ئاتالغان تۈرى ۋە ئاقارتىلماي قايىنتىپ تەييارلانغان، رەڭگى قىزىل بولغىنى سوغۇق مىزاجلىقلار ۋە بەدىنىدە قويۇق خىلتلار كۆپ بولغانلارغا بەكرەك مۇۋاپىق كېلىدۇ.

شېكەر قومۇشى سۈيى بىرىنچى دەرىجىدە ئىسسىق، ئۇنىڭ ئاخىرىدا ھۆل بولۇپ، تەرەتنى بوشىتىدۇ، گالنى سىلىقلاشتۇرىدۇ، بەلغەم بوشىتىدۇ، ئۆپكىنى نەملەشتۈرىدۇ، ئۇنىڭدىكى ھۆللۈكلەرنى تازىلايدۇ. يۆتەل، سۈيدۈك تۇتۇلۇش، سۈيدۈك يولى يارىسىغا پايدا قىلىدۇ. مۆتىدىل قان پەيدا قىلىدۇ. كۆپ ئىستېمال قىلسا قورساقنى ئېسىدۇ، ئۇرۇقدانغا چۈشكەن سۇنى يوقىتىدۇ. ناشتىدا ئىچسە ئاشقازاننى تازىلايدۇ، تائام ھەزىم بولغاندىن كېيىن ئىچسە تەرەتنى بوشىتىدۇ، گەندىنىڭ چىقىشىنى ئاسانلاشتۇرىدۇ. تائامنىڭ ئۈستىگە ئىچسە بەلغەم پەيدا قىلىدۇ، قورساقنى ئېسىدۇ، قورساقنى غورۇلدىتىدۇ. گۈلابقا ئارىلاشتۇرۇپ ئىچسە ئۇنىڭ جۇلا بېرىش كۈچى تېخىمۇ ئاشىدۇ. شېكەر قومۇشىنىڭ سۈيىنى يەڭگىل قايىنتىپ ئىلمان ئىچسە سوغۇقتىن بولغان يۆتەلنى پەسەيتىدۇ، ئاۋازنى ساپلاشتۇرىدۇ. شېكەر قومۇشى ئۈستىدە تۇزغا ئوخشاش پەيدا بولىدىغان يىلىم كۆرۈش قۇۋۋىتىنى ئاشۇرىدۇ.

## سۇككەرۇل ئۇشەر

(ئۇشەر شېكىرى)

ئۇ پارسچە «خەرەك»، ھىندىچە «ماك» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** ئۇ بىر خىل شەبنەم بولۇپ، خوراساندا «ئۇشەر» دەپ ئاتىلىدىغان بىر خىل ئۆسۈملۈكنىڭ ئۈستىدە قېتىپ قالىدۇ. خۇددى ئاق تۇز پارچىلىرىغا ئوخشايدۇ. ئۇنىڭ ئاقلىرى «يەمەنىي» (يەمەندىن چىقىدىغىنى)دەپ، قارىسى «ھىجازىي» (ھىجازدىن چىقىدىغىنى) دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ «خەرقەئ» دەپ ئاتىلىدىغان مېۋىسىنىڭ ياخشىسى يەمەندىن چىقىدىغىنىنىڭ ئاۋۋال تاتلىق تېتىيدىغان، ئېغىزنى سەل قورۇيدىغان، ئارقىدىن ئاچچىق تېتىيدىغىنىدۇر. ئۇنى «شەكەرى تىغال» (تىغال ئۆسۈملۈكى شېكىرى) دەپ بىلگەنلەر ئارىلاشتۇرۇپ قويغانلاردۇر. ئۇنىڭ قۇۋۋىتى 20 يىلغىچە ساقلىنىدۇ.

**تەبىئىتى:** بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق، ئىبنى تىلمىز دېگەن ھەكىم مۆتىدىل، شېكەردىن نازۇكراق دەپ بىلگەن. بەزىلەر ئىسسىقلىقتا مايىل مۆتىدىل، ھىجازدىن چىقىدىغىنى يەمەندىن چىقىدىغىنىدىن ئىسسىقراق دەپ بىلگەن.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ئۇنىڭ ھەممە تۈرلىرى توسالغۇلارنى ئاچقۇچى، جىگەر بىلەن ئۆپكىنى قۇۋۋەتلىگۈچى، جۇلا بەرگۈچى، تەرەتنى بوشاتقۇچى، نەپەس ئەزالىرىنى ياخشىلىغۇچىدۇر. ئۇ سوغۇقتىن بولغان يۆتەلنى پەسەيتىدۇ، ئۆپكە يارىسىنى ساقايتىدۇ، كۆكرەك، جىگەر، ئاشقازان، بۆرەك، دوۋسۇن ئاغرىقلىرىنى پەسەيتىدۇ. باشقا تاتلىق نەرسىلەرگە ئوخشاش ئۇسساتمايدۇ، چۈنكى ئۇنىڭ تاتلىقلىقى كەمرەكتۇر. ئۇ تۆگە سۈتى بىلەن ئىستېمال قىلسا ئىستىسقاغا، قوي سۈتى بىلەن ئىستېمال قىلسا يۆتەلگە پايدا قىلىدىغان بولۇپ، تەسىرى فاۋەندى يېغىنىڭ تەسىرىدىن ياخشىراقتۇر. ئۇنىڭدىن كۈنىگە 30 گىرام مىقدارى ئېلىپ، قايناق سۇ بىلەن بىر ئايغىچە ئىستېمال قىلسا كاناي ئىششىقى ۋە زىققە نەپەسكە پايدا قىلىدىغان بولۇپ، سىناقتىن ئۆتكەن ئىشلاردىن ھېسابلىنىدۇ. كۆزگە سۈركىسە كۆرۈش قۇۋۋىتىنى ئاشۇرىدۇ، كۆزدىكى ئاقنى يوقىتىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** ئىسسىق مىزاجلىقلارنىڭ بېشىنى ئاغرىتىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** بادام يېغى.

**ئورۇنباسارى:** بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، شېكىرى تىغال.

**ئىستېمال مىقدارى:** 30 گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

ھەكىم مىير مۇھەممەد مۇئمىنىنىڭ «تۆھپە» دېگەن كىتابىدا يېزىلىشىچە، كىيسۇ بىن مابىس «ئۇشەر دەرىخىنىڭ يوپۇرمىقى يۇلغۇن يوپۇرمىقىغا ئوخشايدىغان، گۈلى ئاق، ئۇچى نوقۇتقا ئوخشايدىغان، رەڭگى قىزىلغا مايىل بولغان تۈردىن ئېلىنغان شېكىرى تاتلىق بولسىمۇ 10 گىرامى ئۈچ كۈن ئىچىدە ھالاك قىلىدۇ» دېگەن. «خەزائىنۇلمۇلۇك» (پادىشاھلار خەزىنىلىرى) دېگەن كىتابتا ئۇشەر شېكىرىنىڭ تۈرلىرى شۇ جەھەتتىن بايان قىلىنغان. مۇئەللىپنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇشەر شېكىرى ئەمەلىيەتتە مەۋجۇت ئەمەس ئىكەن، ئۇنىڭ ئىسمىدىن باشقا ھېچنېمىسى مەلۇم ئەمەسكەن. ئۇنىڭ مىزاجى، تەسىرلىرى ۋە خۇسۇسىيەتلىرى ئاللا خالىسا «غ» (ئەين) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلار بابىدا بايان قىلىنىدۇ.

## سەكەرجە
(سەكەرجە ئوتى)

**ماھىيىتى:** ئەمىنۇد دەۋلىنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ بىر خىل ئۆسۈملۈك بولۇپ، يوپۇرمىقى ئاس يوپۇرمىقىغا ئوخشايدىكەن، ئوتتۇرىدا كۆزگە ئوخشاش قورۇلمىسى بار ئىكەن، ھەمشىباھارغا بەك ئوخشايدىكەن.

**تەبىئىتى:** قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** سەۋدانى سۈرىدۇ. تالنىڭ قاتتىقلىقىغا پايدا قىلىدۇ. «تەزكىرە» دېگەن كىتابنىڭ ئاپتورى ئۇنى ھەببۇش شىرك دەپ ئاتالغان ئورۇق دەپ بىلگەن.

## سەكۋە
(سەكۋە دەرىخى)

ماھىيىتى: ئۇ ھىندىستان، بېنگالدا كۆپ ئۆسىدىغان بىر خىل دەرەخ بولۇپ، مەزكۇر شەھەرلەردە ئۇنىڭ ياغىچى قۇرۇلۇش ئىشلىرىغا ئىشلىتىلىدۇ. ئىبىتىشلارغا قارىغاندا، ئۇنىڭ دەرىخى كونىرىسا قوۋزىقى سويۇلۇپ چۈشىدىكەن. خۇددى كافۇر ئۇنىڭ دەرىخى سوقۇلۇپ قوۋزىقىنىڭ ئاستىدىن ھەم دەرەخنىڭ ئىچىدىن چىققىنىدەك، ئۇنىڭ دەرىخى كېسىلگەن ۋە تاختا قىلىنغاندا قوۋزىقىنىڭ ئاستىدىن «قەيقەھر» ياكى «رال» دەپ ئاتىلىدىغان سۇيۇقلۇق چىقىدىكەن.

# پەسىل: «س» (سىين) ۋە «ل» (لام) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى

## سەلاجىيت
(سالاجىت)

ئۇ ھىندىچە سۆزدۇر.

ماھىيىتى: ئۇ مۇمىيانىڭ بىر تۈرى بولۇپ، ھىندىستان، دۆكەن، باھار ۋىلايىتى ۋە باشقا جايلاردىكى تاغلارنىڭ ئارىلىرىدىن خۇددى مىيا سىرغىپ چىققاندەك سىرغىپ چىقىپ ئۇيۇپ قالىدۇ. ئۇ بىر قانچە خىل بولىدۇ. كۆپىنچىسى قارا، ساپ بولمىغان ھالەتتە بولىدۇ. ساپ بولغان ۋە ساپ بولمىغان دەپ ئايرىلىدۇ. ساپ بولغىنى يۇقىرىدا بايان قىلىنغىنىدىن ئىبارەت. ساپ بولمىغىنى يۇزى قارا، قۇيرۇقى ئۇزۇن بولغان، ھىندىستاندا «لەنگور»، «ھەنۇمان» دەپ ئاتىلىدىغان بىر خىل مايمۇن ئۇنى يېگەن ھامان ئىچى سۈرۈپ تاشلار ئۈستىگە چىچىپ قويغاندىن كېيىن قاتقان قىسمىدىن ئىبارەت بولۇپ، نائىنساپ كىشىلەر ئۇنى يىغىۋېلىپ، ساپ بولغان سالاجىت ئورنىدا ساتىدۇ.

تەبىئىتى: قۇرۇق ئىسسىق.

خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى: زەھەر قايتۇرۇش تەسىرى بار. خىلىتلارنىڭ بۇزۇلۇشى، بولۇپمۇ قان بىلەن بەلغەم خىلىتلىرىنىڭ بۇزۇلۇشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ، زىققە نەپەس، ياشانغانلاردىكى ئورۇقلاتقۇچى تەپ، يەلدىن ۋە قاندىن بولغان بوۋاسىر، مەنىي ئېقىش، سۇيدۈك تۇتالماسلىق، باھ ئاجىزلىقى قاتارلىقلارغا پايدا قىلىدۇ. دوۋسۇندىكى تاشنى پارچىلاپ چۈشۈرىدۇ، ئىستىسقا، بەدەننىڭ سېرىقلىقى، جوزام، ھەر خىل ئىششىقلارغا شىپا

بولىدۇ. ھەرقايسى ئەزالار، قۇۋۋەتلەر ۋە روھلارنى كۈچلەندۈرىدۇ. ئاجىز زەھەرلەرنى قايتۇرىدۇ.

## سۇلاھە

(تاغ ئۆچكىسى سۈيدۈكى)

ئۇ «سەلاھ» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** ئۇ تاغ ئۆچكىسىنىڭ كۈيلىگەن ۋاقتىدىكى سىيگەن سۈيدۈكىدىن ئىبارەت بولۇپ، «سۇلاھ» دەپ ئاتىلىدىغان تاغنىڭ تاشلىرى ئۈستىدە قېتىپ قالىدۇ، ئۇنىڭ رەڭگى قىيرغا ئوخشاش قارا بولىدۇ. دەيلەم ۋىلايىتىدە ئۇنىڭدىن شورە تەييارلىنىدىغان بولۇپ، مىلتىق دورىسىدىن كۈچلۈكرەك بولىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىنىڭ ئاخىرىدا قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** كۆيگەن خىلىتلارنى سۈرىدۇ. سىركەنجۇبىل بىلەن بىرلىكتە كۈنىگە ئۈچ گىرامدىن 40 كۈنگىچە ئىستېمال قىلسا كېكىيىۋاتقان جوزامغا شىپا بولىدۇ، گەرچە پۈت - قوللارنى بۇزۇپ ئۆزۈۋېتىش دەرىجىسىگە يەتكەن بولسىمۇ ساقايتىدۇ. ئۇ سۈرۈلسە ئىششىقلار ۋە چىيقانلارنى ئېغىز ئالدۇرىدۇ، تېرىدىكى ئىزلارنى يوقىتىدۇ. ئۇنىڭ ساپلاشتۇرۇلغان ئېقى ئىشلىتىلىدۇ. ئۇنى ساپلاشتۇرۇش ئۇسۇلى كىتابنىڭ بېشىدا بايان قىلىندى.

ئۇنىڭ ساپ بولمىغىنى قارا بولۇپ، زۇپتىغا ئوخشايدۇ، توپا ئارىلاشقان بولىدۇ.

## سۇلت

(يالاڭ ئارپا)

ئۇ «سىلت» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. پارسچە «جەۋى بەرەھنە» (يالىڭاچ ئارپا)، «جەۋى گەندۇم»، ھىندىچە «ئاتى جەۋ» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** ئۇ ئارپىنىڭ بىر تۈرى بولۇپ، ئارپىدىن كىچىكرەك، چوڭ - كىچىكلىكى ئارپا بىلەن بۇغداينىڭ ئوتتۇرىسىدا بولىدۇ، بۇغدايغا ئوخشاش ئاقلىنىدۇ. قىزىل، ئاق بولىدۇ. ئۆسۈملۈكىنىڭ بىر دانە ئىنچىكە غولى بولىدۇ. بۇغدايغا ئوخشاش چارۋىلارغا زىيان قىلمايدۇ.

**تەبىئىتى:** قۇرۇق ئىسسىق، بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، بىرىنچى دەرىجىدە ئىسسىق، ئىككىنچى دەرىجىدە ھۆلدۇر.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** سۈت بىلەن قايىنىتىپ پىشۇرۇپ ئىستېمال قىلسا بەدەننى

سەمرىتىدۇ، بۆرەككە ماي ئالدۇرىدۇ. ئۇنىڭ زەيتۇن يېغى ياكى كۆپ مىقداردىكى سېرىق ماي بىلەن قىلىنغان ئاتىلاسى مالىخولىيا ۋە جۆيلۈشكە شىپا بولىدۇ، كۆكرەك، بۆرەك ۋە دوۋساقنى تازىلايدۇ، ئېغىر يۆتەلنى پەسەيتىدۇ. ئۇنىڭ ئۇنى بىلەن يېقىلغان ئىسسىق نان سىقىش خۇسۇسىيىتى بىلەن تەرەتنى بوشىتىدۇ، ياخشى خىلىت پەيدا قىلىدۇ. نېنى بىر كۈن تۇرسا تەستە ھەزىم بولىدۇ، قورساقنى ئېسىدۇ، يەل پەيدا قىلىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** ئاشقازانغا زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** ئارپىبەدىيان، مايلىق، تاتلىق يېمەكلىكلەر.

ئۇ زىمات قىلسا ئىششىقلارنى تارقىتىدۇ، تالنىڭ قاتتىق ئىششىقنى تارقىتىدۇ، داغ - سەپكۈننى يوقىتىدۇ. ئۇنىڭ قاينىتىلمىسىدا ئولتۇرۇلسا بوۋاسىرنىڭ ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ. ئۇنىڭ قاينىتىلمىسى بىلەن يۈزنى يۇسا تېرىنى تازىلايدۇ.

## سەلخۇلھەييە
(يىلان پوستى)

ئۇ پارسچە «پوستى مار» (يىلان پوستى)، ھىندىچە «سانپ كى كىچلى» (يىلان پوستى) دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** ئۇ يىلاننىڭ باھار كۈنلىرىدە تاشلىغان پوستىدىن ئىبارەت. ئۇنىڭ ياخشىسى ئەركەك يىلاننىڭ پوستىدىن ئىبارەت. ئەركەك يىلاننىڭ پوستى قېلىنراق، سېرىقتا مايىل قارا، پارقىراق بولىدۇ، ئەمما چىشىسىنىڭ پوستى ئاق، نېپىز بولىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىنىڭ ئاخىرىدا قۇرۇق ئىسسىق. بەزىلەر ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق دەيدۇ.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ئۇنىڭدىن ئۈچ گىرام ئېلىپ ئۇششاقلاپ ئالتە گىرام ئارپا ئۇنى بىلەن يۇغۇرۇپ نان ياساپ، قىزىتىلغان شىغىل تاش ئاستىغا كۆمۈپ پىشۇرۇپ ئىستېمال قىلسا تاشقى ۋە ئىچكى بوۋاسىرغا پايدا قىلىدۇ، سىناقتىن ئۆتكەن دەپ قارىلىدۇ. ئۇنىڭ ئۈچ گىرامى ئۈچ دانە خورما بىلەن ئۈچ كۈن ئىستېمال قىلسا سۆگەل چىقىشنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ، چىققانلىرىنى چۈشۈرىدۇ. شېشە كۆشتىسى بىلەن ئىشلىتىلسە دوۋساقتىكى تاشنى ناھايىتى ياخشى چۈشۈرىدۇ. ئۇنى سىركە بىلەن قاينىتىپ شۇ سىركە بىلەن ئېغىز چايقىسا، چىش ۋە ئۇنىڭ مىلىكىنىڭ ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ، چىش مىلىكى يارىسىنى ساقايتىدۇ. ئۇنى زەيتۇن يېغىغا قوشۇپ قاينىتىپ ياكى ئاپتاپتا قويۇپ ياغقا تەمى چىققىرىلغاندىن كېيىن قۇلاققا تېمىتىلسا ئاغرىقنى پەسەيتىدۇ، قۇلاق ئېقىشقا داۋا بولىدۇ. قوتۇر، كۆز ياشانغىراش، قاپاق ساڭگىلاش، كىرپىك چۈشۈش، قاپاق گىرۋەكلىرىنىڭ

قىزىرىپ ئاغرىشىغا شىپا بولىدۇ. كۆرۈش قۇۋۋىتىنى كۈچەيتىدۇ، مەقئەت يېرىقىنى ساقايتىدۇ. شۇنداقلا ئۇنىڭ قايىنتىلمىسى قولاقتا تېمىتىلسىمۇ ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ. ئۇنىڭ قايىنتىلمىسى بىلەن ئېغىز چايقىسا چىش ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ. شۇنداقلا ئۇنى كەپە يوپۇرمىقى ۋە ئۇ قايىنتىلغان زەيتۇن يېغىدا تەييارلانغان قىرۇتى بىلەن بىرلىكتە قايىنتىپ سۈيى بىلەن ئېغىز چايقىسا كالپۇك يېرىلىپ ئاغرىش، مەقئەت يېرىلىشقا پايدا قىلىدۇ. ئۇنىڭ كۆيدۈرۈلگىنى نۆشۇدۇر بىلەن زىمات قىلسا بەھەق، ئاقكېسەلگە پايدا قىلىدۇ، تېرىدىكى ھەر خىل ئىزلارنى يوقىتىدۇ. كۆيدۈرۈلگىنى شاراب ۋە زەيتۇن يېغى بىلەن مەلھەم قىلسا دائىرىلىك چاچ چۈشكەن ئورۇنغا چاچ ئۈندۈرىدۇ، سىناقتىن ئۆتكەن. ئۇنىڭ بىلەن ئىسرىق سېلىنسا زىيانداش ھاشاراتنى قاچۇرىدۇ، ئۆلۈك ھامىلە ۋە بالا ھەمراھىنى شۇ ھامان چۈشۈرىدۇ. ھۆل يارىلارنى قۇرۇتىدۇ. ئاياللار تۇغۇش ئالدىدا يانپېشىغا تېڭىۋالسا تۇغۇتنى خاسىيىتى بىلەن ئاسانلاشتۇرىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** ئىستېمال قىلسا كۆزنى قاراڭغۇلاشتۇرىدۇ، تېرىنى يىلان پوستىدەك قاسىراقلاشتۇرىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** يۇمغاقسۈت.

**ئىستېمال مىقدارى:** ئۈچ گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

## سۈلەھفات

(تاشپاقا)

ئۇ پارسچە «كەشەف»، «سەنگى پۇشت» (تاش ئۈچا)، شىرازچە «لاك پۇشت»، تۈركچە «تەسباغە»، ھىندىچە «كەچۋا» دەپ ئاتىلىدۇ. دەريالاردا ياشايدىغان چوڭى باغدات ۋە ئۇنىڭ ئەتراپلىرىدا «رەقا» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** تونۇشلۇق ھايۋان بولۇپ، قۇرۇقلۇق تاشپاقىسى ۋە دېڭىز تاشپاقىسىدىن ئىبارەت ئىككى خىل بولىدۇ.

**تەبىئىتى:** دېڭىز - ئۆستەڭ تاشپاقىسى ئىككىنچى دەرىجىدە ئىسسىق، بىرىنچى دەرىجىدە ھۆل، قۇرۇقلۇق تاشپاقىسى قۇرۇق ئىسسىقتۇر.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** باھ، بەلنى قۇۋۋەتلەيدۇ. كاۋاپ قىلىنغىنى ھەيز توختىتىدۇ. قۇندۇز قەھرى بىلەن ئىشلىتىلسە قويۇق يەللەرنى تارقىتىدۇ، يېغى پەتەقنى جايىغا چۈشۈرىدۇ. دېڭىز تاشپاقىسىنىڭ قېنىدىن 15 گىرام ئېلىپ، شاراب ۋە يېرىم گىرام توشقان پەنىرمايىسى، 1.5 گىرام ئاق كېرمان زىرىسى بىلەن ئايدا بىر قېتىم ئىستېمال قىلسا، زەھەرلىك ھاشاراتنىڭ، بولۇپمۇ يۇنانچە «قورۋنورنىس» دەپ ئاتىلىدىغان زەي پاقىسىنىڭ

چېقىۋالغاندىكى زەھىرىنى قايتۇرىدۇ. زىمات قىلسا ئىششىقلارنى تارقىتىدۇ.

قۇرۇقلۇق تاشپاقىسىنىڭ قېنىنى ئىستېمال قىلسا باش ئاغرىقى ۋە تەشەننۇجقا پايدا قىلىدۇ. ئارپا ئۇنى بىلەن يۇغۇرۇپ قارىمۇچ چوڭلۇقىدا ھەب ياساپ ئەتىگەن - كەچتە بىر تالدىن يۇتسا تۇتقاق كېسەلگە تەڭداشسىز پايدا قىلىدۇ. ئۇنىڭ قېنى پۇت - قوللارغا تەكرار سۈركەلسە مۇپاسىل ۋە نۇقرەس ئاغرىقلىرىنى پەسەيتىدۇ. ئۇنىڭغا مۇۋاپىق مىقداردا قۇندۇز قەھرى ئارىلاشتۇرۇپ كىلىزما قىلسىمۇ تەشەننۇجقا شىپا بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۆتى سۈرۈلسە بوغما كېسەل ۋە بالىلارنىڭ ئېغىزىدىكى يامان يارىلارنى ساقايتىدۇ. تۇتقاق كېسەل بىمارنىڭ بۇرنىغا سۈركىسىمۇ شىپا بولىدۇ. شۇنداقلا ئۇ بۇرۇنغا پۈركەلسە ياكى تېمىتىلسىمۇ تۇتقاق كېسەلگە داۋا بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۆتى ھەسەل بىلەن بىرلىكتە كۆزگە سۈركىسە كۆزگە چۈشكەن سۇ ۋە ئاقنى يوقىتىدۇ، ياشانغىراشقا داۋا بولىدۇ. قۇرۇقلۇق تاشپاقىسىنى بوغۇزلاپ ئۆلتۈرۈپ، ئىچ - قارنىنى تازىلاپ ئاق كۆلگە ئايلانغۇچە كۆيدۈرۈپ، كالا يېغى بىلەن سالايە قىلىپ بىر پارچە چىگە رەختكە سۈرۈپ يارىلاشقان راكقا تېڭىلسا، بۇزۇق ماددىلىرىنى تازىلاپ يارا ئېغىزىنى پۈتتۈرىدۇ ۋە قايتىلىنىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. باشقا زەخمىلەر ۋە ئوت كۆيۈك يارىلىرىغىمۇ داۋا بولىدۇ. ئۇنىڭ تۇخۇمىدىن قارىمۇچ چوڭلۇقىدا ئېلىپ مۇۋاپىق ئاتىلا بىلەن ئىستېمال قىلسا بالىلارنىڭ كونا يۆتىلىنى پەسەيتىدۇ. ئۇنى ئۇنىڭ ئوندىن بىرىچىلىك مىقداردىكى ئارپىبەدىيان ئۇرۇقى بىلەن مەلھەم قىلىپ چاپسا ئۇرۇقدان ئىششىقىنى تەڭداشسىز ياندۇرىدۇ. ئانا سۈتى بىلەن مەلھەم قىلسا بالىلارنىڭ ئۇرۇقدىنىغا يەل تولۇش ۋە ئاغرىشقا داۋا بولىدۇ. شۇنداقلا ئۇنى ياغ بىلەن قايىنتىپ سۈركىسىمۇ شۇ تەسىرنى بېرىدۇ. ئۇنىڭ يېغى تەشەننۇج ۋە تىتانۇسقا شىپا بولىدۇ. تاشپاقا، شۇنداقلا ئۇنىڭ ئۆتىنىڭ قايىنتىلمىسىدا ئولتۇرۇلسا بالىلاردىكى پەتەق كېسەللىكىگە شىپا بولىدۇ. ئۇنىڭ گۆشىمۇ تەشەننۇج، تىتانۇس، بەل، بەدەن، باھ ئاجىزلىقىغا پايدا قىلىدۇ. باھنى قوزغىتىدۇ، مەنىي كۆپەيتىدۇ. ئۇنىڭ قېپى كۆيدۈرۈلۈپ گۈل يېغى، توخۇ تۇخۇمىنىڭ يېغى ۋە كۈنجۈت يېغى بىلەن مەلھەم قىلىپ چاپسا چاچ ئۈندۈرىدۇ، سىناقتىن ئۆتكەن. ئۇنىڭ ھەممە قىسمىنى كۆل بولۇپ ئاقارغىچە كۆيدۈرۈپ، كالا يېغى ۋە باشقىلار بىلەن مەلھەم قىلسا يېرىلغان راكقا تەڭداشسىز پايدا قىلىدۇ. توخۇ تۇخۇمىنىڭ ئېقى بىلەن مەلھەم قىلسا مەقئەت ۋە باشقا ئەزالارنىڭ يېرىلىشى، بولۇپمۇ پۇت - قوللارنىڭ يېرىلىشىنى ساقايتىدۇ. ئۇ سېپىلسە ساقىيىشى تەس بولغان زەخمىلەرنى ساقايتىدۇ. ئۇنىڭ كۆلىگە ئوندىن بىرىچىلىك مىقداردا پىلپىل قوشۇپ ھەسەل بىلەن يۇغۇرۇپ، ئەتىگەن - كەچتە بىر قوشۇق، يەنى 20 گىرام ئەتراپىدا ئىستېمال قىلسا ھېرىپ - چارچاش سەۋەبىدىن ھاسىراش ۋە نەپەس قىستاشقا پايدا قىلىدۇ، سىل ۋە كاناي ئىششىقىغا شىپا بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۇستىخىنىنى شۇ پېتى ياكى كۆيدۈرۈپ، كور بولۇشى مەقسەت قىلىنغان ئادەمنىڭ كۆزىگە سۈركىسە دەرد - ئەلەمسىز كور قىلىدۇ.

دېگىز تاشپاقىسىنىڭ قېنى ئىستېمال قىلسا ياكى ئىسرىق سېلىنسا ھەر قانداق زەھەرنى قايتۇرىدۇ. ئۇنىڭ ئۇستىخىنى تەپلەرنى پەسەيتىدۇ، سېھىرنىڭ كۈچىنى يوقىتىدۇ. ئۇنىڭ دۇمبىسىنىڭ قېپىغا سۇ ئېلىپ ئايالنىڭ بېشىغا قۇيسا ئالدىنى بەند قىلىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، تاشپاقا قانداق ئورۇنغا كۆمۈپ قويۇلسا شۇ يەرگە مۆلدۈر يېغىشنى توسىدىكەن، سىناقتىن ئۆتكەن ئىكەن.

**زىيانلىق تەسىرى:** ئۈچەيلەرگە زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** ھەسەل.

**ئىستېمال مىقدارى:** كۆيدۈرۈلگىنىدىن ئۈچ گىرام، تۇخۇمىدىن ئىككى مىللىگىرام، قېنىدىن ئالتە مىللىگىرام ئىستېمال قىلىنىدۇ.

## سەلدانىيۇن

(سەلدانىيۇن دەرىخى)

ئۇ نىبىتچە سۆزدۇر. مىسىردا «سەديان» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** بىر خىل دەرەخ بولۇپ، سۆگەت چوڭلۇقىدا ئۆسىدۇ. بەيتۇلمۇقەددەستىكى خارابىلىكلەردە ئۆسىدۇ. ئېگىزلىكى ئۈچ گەزگىچە بولىدۇ، يوپۇرمىقى چوڭ يۇلغۇن يوپۇرمىقىغا ئوخشاش، قىزىل بولىدۇ. گۈلىمۇ قىزىل رەڭدە ئېچىلىدۇ. ئۇرۇقى تاتلىق، سەل قىرتاق بولىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** يوپۇرمىقى ۋە ئۇرۇقى ئىستېمال قىلسا كانايىنى تازىلايدۇ، ئاۋازنى ساپلاشتۇرىدۇ ۋە سىلىقلاشتۇرىدۇ. ھايۋانلارنىڭ، بولۇپمۇ ئەفئى يىلىنىنىڭ زەھىرىنى قايتۇرۇشتا ئەڭ ياخشى دورىلاردىن بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. يوپۇرمىقىنىڭ سۈيى تۆكۈلسە ئىششىقلارنى تارقىتىدۇ.

## سىلىق

(قىزىلچا)

ئۇ پارسچە «چەغەندەر» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** ئۇ ئىككى خىل بولىدۇ. بىرى، چوڭ، قارامتۇل قىزىل، تاتلىق بولىدۇ. ئۆسۈملۈكىنىڭ يوپۇرمىقى كەڭرەك بولۇپ، «سىلقى ئەسۋەد» (قارا قىزىلچا) دەپ ئاتىلىدۇ. يەنە بىرى، سېرىققا مايىل، قىزىلگۈل سۈيى رەڭگىدە بولۇپ، تاتلىقلىقى كەمرەك، يوپۇرمىقى ئۇششاق، چۇرۇك، سېرىق بولىدۇ. بۇ تۈرىنىڭ غولى ئىنچىكە بولۇپ، ئومۇمەن پالەككە ئوخشايدۇ، ئۇ «سىلقى ئەبيەز» (ئاق قىزىلچا) دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇنىڭ ياخشىسى تاتلىق،

يېپىسىز بولغانلىرىدۇر. ئېقىنىڭ دورىلىقى قىزىلىغا قارىغاندا ياخشىراق بولىدۇ.

**تەبىئىتى:** مۆرەككەپ قۇۋۋەتلەرگە ئىگە. بىرىنچى دەرىجىدە ئىسسىق، قۇرۇقلۇقى بار. تۇغرىغۇ قۇۋۋىتى، قورۇغۇچى قۇۋۋىتى، سۈغا مەنسۇپ ئارتۇق ھۆللۈكى بار. ئۇنىڭ قارىسىنىڭ قورۇش قۇۋۋىتى، ئېقىنىڭ جۇلا بېرىش، تارقىتىش قۇۋۋىتى بار.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** جۇلا بەرگۈچى، ماددىلارنى تارقاتقۇچى، توسالغۇلارنى ئاچقۇچى، بەلغەم بوشاتقۇچى، سوۋۇتقۇچى، ھارارەت پەسەيتكۈچى بولۇپ، ئۇنىڭ ئۆزى ئىچ سۈرۈشنى توختاتقۇچىدۇر. ئوزۇقلۇقى ئاز، قورساقنى ئېسىدۇ، سۇ تەركىبى كۆپرەك بولىدۇ، ئۇنىڭ قىسىملىرى ئىچىدە يوپۇرمىقىنىڭ سۈيى ئەڭ ياخشى، يوپۇرمىقىنىڭ ساپاقلىرى يىلتىزىدىن ياخشىراقتۇر. قاينىتىلسا تۇغرىغۇ خۇسۇسىيەتلىك قۇۋۋىتى يوقىلىپ كېتىدۇ.

ئۇنى پىشۇرۇپ ئىستېمال قىلسا رەئىشەگە پايدا قىلىدۇ. جىما شەھۋىتىنى قوزغىتىدۇ، بولۇپمۇ غولى قىزىل بولغىنىنىڭ بۇ خىل خۇسۇسىيىتى ياخشىراقتۇر. سىركە ۋە قىچا بىلەن پىشۇرۇپ ئىستېمال قىلسا تال توسالغۇلىرىنى ئاچىدۇ، ئىششىقىنى تارقىتىدۇ، بۆرەك، دوۋساق ئاغرىقلىرىنى پەسەيتىدۇ، مەقئەت كېسەللىكلىرىگە شىپا بولىدۇ. يوپۇرمىقىنىڭ سۈيى مۇسھىل دورىلار بىلەن ئىشلىتىلسە بەلغەمنى چىقىرىدۇ، بوغۇم ئاغرىقلىرى ۋە نۇقرەس ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ. يىلتىزىنىڭ سۈيىگە ھەسەل ئارىلاشتۇرۇپ بۇرۇنغا پۈركىسە، مېڭىنىڭ كېرەكسىز ماددىلىرىنى تازىلايدۇ. تۇرنا ئۆتى بىلەن بىرلىكتە بۇرۇنغا پۈركىسە لەقۋا، باش ئاغرىش، باشنىڭ يېرىمى ئاغرىش، رەئىشە، چىش ئاغرىقى، كۆزنىڭ شىلىمشىق خىلىتلار سەۋەبىدىن قىزىرىشىغا داۋا بولىدۇ. شۇنداقلا ئۇنىڭ يوپۇرمىقىنىڭ سۈيىمۇ يۇقىرىقى تەسىرگە ئىگە بولۇپ، بادام يېغى ۋە ھەسەل بىلەن بىرلىكتە قۇلاققا ئىلمان ھالەتتە تېمىتىلسا، ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ. ئۇنىڭ يوپۇرمىقى ۋە يىلتىزىنىڭ قاينىتىلمىسى تۆكۈلسە ۋە ئۇنىڭ بىلەن يۇيۇلسا باشتىكى كېپەك ۋە پىتنى يوقىتىدۇ، بوغۇملار ئاغرىقى ۋە نۇقرەس ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ. ئۇنىڭ يوپۇرمىقىنىڭ سۈيىگە بۆرە ئەرمىنى قوشۇپ زىمات قىلسا بەھەق، دائىرىلىك چاچ چۈشۈش، پۇت - قوللارنىڭ ئىششىشى، ئىسسىقا ۋە باشقا ئىششىقلارغا پايدا قىلىدۇ. بولۇپمۇ ئۇنىڭ ئېقىنىڭ يوپۇرماق سۈيىنىڭ مەزكۇر تەسىرلىرى تېخىمۇ ياخشىدۇر. ئۇنىڭ ۋە ئۇنىڭ قاينىتىلمىسىنىڭ سۈيى بىلەن كىلىزما قىلسا چوڭ تەرەتنى ماگدۇرىدۇ، ئۈچەي زەخمىسىنى ۋە مەقئەت چىقىقىنى ساقايتىدۇ. ئۇنىڭ يوپۇرمىقىنىڭ ئىلمان قاينىتىلمىسىغا پۇت - قول تەكرار چىلانسا ياكى ئۈستىگە تەكرار تۆكۈلسە قىشنىڭ سوغۇقىدىن پەيدا بولغان يېرىقنى ساقايتىدۇ، سىناقتىن ئۆتكەن. ئۇنىڭ يوپۇرمىقى قاينىتىلىپ سوۋۇغاندىن كېيىن مەلھەم قىلسا ئوت كۆيۈك يارىسى، سۇ كۆيۈك يارىسى ۋە قىزىلغا پايدا قىلىدۇ. ئۇنىڭ يوپۇرمىقى سوقۇلۇپ چىقىرىلغان

سۈيى بىلەن تەييارلانغان قىرۋتى ئاغرىقلارنى پەسەيتىدۇ، ئىششىقلارنى تارقىتىدۇ، داغ يوقىتىدۇ. خام يوپۇرمىقى زىمات قىلسا بەھەق، دائىرىلىك چاچ چۈشۈش، يامان يارا، تاز، بوغۇملار ئاغرىقىغا داۋا بولىدۇ. ھەسەل بىلەن زىمات قىلسا كالا تەمرەتكىسى، سۆگەللەرگە پايدا قىلىدۇ. خېنە بىلەن زىمات قىلسا چاچ ئۈندۈرىدۇ ۋە چاچنى ياخشىلايدۇ. بادام يېغى بىلەن مەلھەم قىلسا ئىششىقلارنى تارقىتىدۇ. ئۇ قىچا ۋە ئاچچىقسۇ بىلەن ئىستېمال قىلسا قۇلۇنجى ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ، قويۇق يەللەرنى تارقىتىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** ئاشقازانغا زىيان قىلىدۇ. كۆپ ئىستېمال قىلسا كۆڭۈلنى ئىلىشتۇرىدۇ، قاننى كۆيدۈرىدۇ، قۇلۇنجى، قورساق ئاغرىقى پەيدا قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** ئەدەس بىلەن پىشۇرۇپ، قىچا، ئاچچىقسۇ، غورا ئۈزۈم سۈيى ياكى تۇرۇنجى شەربىتى بىلەن ئىستېمال قىلىشتۇر.

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇنىڭ سۈيى سىركىگە قوشۇلسا تۆت سائەتتىن كېيىن ئۇنى شارابقا، شارابقا قوشۇلسا ئىككى سائەتتىن كېيىن سىركىگە ئۆزگەرتىدىكەن.

## سەلۋا

(سەلۋا قۇش)

ئۇ ھىندىچە «لەۋا» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** تېۋىپلارنىڭ كۆپىنچىسى ئۇنى بۆدۇنە دەپ بىلىدۇ. ئەمما بەغدادىينىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ باشقا قۇش بولۇپ، سۇ قۇشلىرىدىن ئىكەن، سۇ بويلىرىدا ياشايدىكەن. پەيلىرى ۋە قاناتلىرىنىڭ رەڭگى بۆدۇنىنىڭ رەڭگىگە ئازراق ئوخشايدىكەن. پۇتلىرى بۆدۇنىنىڭ پۇتلىرىدىن ئۇزۇنراق بولىدىكەن.

ھەكىم مىر مۇھەممەد مۆمىن «تۆھپەتۇل مۆئمىن» ناملىق كىتابىدا: «سىرتىدىن قارىغاندا ئۇ تۈركلەر ‹يىلۋە› دەپ ئاتايدىغان، تەنەكابۇندا ‹لىسە بال› دەپ ئاتىلىدىغان قۇش بولۇشى مۇمكىن، چۈنكى ئۇ بۆدۇنىنىڭ تۈرىدىن بولۇپ، تۈركچە ‹يىلدەرچىن› دەپ ئاتىلىدۇ. سۇسىز يەرلەردە ياشىمايدۇ، يامغۇر كۆپەيگەندە كۆپىيىپ، ئازايغاندا ئازىيىدۇ» دەپ يازغان.

**تەبىئىتى:** قۇرۇق ئىسسىق، ئىسسىقلىقى قۇرۇقلۇقىدىن ئارتۇقراق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ئۇ سۇ قۇشلىرىنىڭ ئەڭ ياخشىسى بولۇپ، ئاشقازاندىن تېز ئۆتىدۇ، باھنى قوزغايدۇ، ئۇسسۇزلۇق پەيدا قىلىدۇ، قىچىشقاق، مۇدۇر ـ چاقا ئۆرلىتىدۇ. كۆپ ئىستېمال قىلسا كۆڭۈلنى ئىلىشتۇرىدۇ، ئۇنى تۇزۇتۇش ئۈچۈن چۈچۈمەل نەرسىلەر ۋە ياغلار بىلەن شورپا قىلىپ پىشۇرۇپ ئىستېمال قىلىنىدۇ. ئۇنىڭ شورپا قىلىپ پىشۇرۇلغىنى كاۋاپ قىلىپ پىشۇرۇلغىنىدىن ياخشىراق بولىدۇ. چۈنكى كاۋاپ قىلىپ

پىشۇرۇلغىنى غەيرىي پۇرايدۇ، ئاشقازاندا تەستە ھەزىم بولىدۇ.

ھىندىستاندا ئۇ تۆت خىل بولۇپ، ھەر بىر خىلى ئايرىم ناملار بىلەن ئاتىلىدۇ. بىرىنچىسى، «پەنسۇل» دەپ ئاتىلىدۇ. ئىككىنچىسى، «كەۋرىك» دەپ ئاتىلىدۇ. ئۈچىنچىسى، «پۇندەك» دەپ ئاتىلىدۇ. تۆتىنچىسى، «دەربەھر» دەپ ئاتىلىدۇ. ھىندىستاننىڭ قەدىمكى تېۋىپلىرى بىرىنچىسىنى ھۆل ئىسسىق، سەۋدانى باسىدۇ ۋە ئۇنىڭ بۇزۇلۇشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ، ئىككىنچىسىنى قۇرۇق، ئۈچىنچىسىنى سوغۇق، ئوزۇقلۇقى ئاز، تەستە ھەزىم بولىدۇ، تۆتىنچىسىنى ھۆل سوغۇق، بۇزۇلغان قاندىن بولغان كېسەللىكلەرگە پايدا قىلىدۇ، دەپ قارايدۇ.

بەنى ئىسرائىلغا نازىل قىلىنغان «سەلۋا» ناملىق قۇشنىڭ قايسى قۇش ئىكەنلىكى ھەققىدە ئىختىلاپ باردۇر، ئۇ ھەقتىكى بايانلار تەپسىر كىتابلىرىدا تەپسىلىي بايان قىلىنغاندۇر.

## سەلىيخە
(قېلىن دارچىن)

ئۇ يۇنانچە «ئەسلىيۇس»، ھىندىچە «تەج» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇ بىر خىل دەرەخنىڭ شاخلىرىنىڭ نوكەشكە ئوخشاش ئىچى بوش قوۋزاقلىرى ئىكەن. بۇ دەرەخ ھىندىستان ۋە ئاماندا ئۆسىدۇ. يوپۇرمىقى كۆك گۈللۈك سەۋسەننىڭ يوپۇرمىقىغا ئوخشاش، غولى توم، پوستى قېلىن بولىدۇ.

مەزكۇر دارچىن يەتتە خىل بولىدۇ. بىرىنچى خىلى، سېرىق، قېلىن، خۇش پۇراق بولىدۇ. ئىككىنچى خىلى، بىخ مارجاننىڭ رەڭگىدە قىزىل، قاتلىق، خۇش پۇراق بولىدۇ. ئۈچىنچى خىلى، سېرىققا مايىل ئاق، پۇراقسىز بولىدۇ. تۆتىنچى خىلى، قىزىل بىلەن قارىنىڭ ئارىلىقىدا، نېپىز بولىدۇ. بەشىنچى خىلى، نېپىز، كۆك بولۇپ، قىزىلگۈلگە ئوخشاش پۇرايدۇ. ئالتىنچى خىلى، قۇستىغا ئوخشايدۇ، پارقىرىمايدۇ. يەتتىنچى خىلى، نېپىز، ناھايىتى قارا، بەتبۇي بولىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇ دارچىن دەرىخىدىن ھاسىل بولىدىكەن ۋە دارچىنغا ئۆزگىرىدىكەن. تەتقىقاتلاردىن، كېيىنكى سۆزنىڭ توغرا ئىكەنلىكى مەلۇم بولدى. ئۇ سەيلان ئارىلىدىن باشقا جايلاردا ۋە ئۇنىڭ ئەتراپلىرىدا ئۆسكەن دارچىن دەرىخىنىڭ بىر تۈرىنىڭ قوۋزىقىدىن ئىبارەت. مەزكۇر دەرەخ سەيلان ئارىلىدىن قانچە يىراق بولسا ئۇنىڭدىن ئېلىنغان دارچىن شۇنچە ناچار بولىدۇ، ھەتتا بەتبۇي بولىدۇ، دارچىن ماۋزۇسىدىمۇ بۇ ھەقتە مەلۇمات بېرىلگەن ئىدى. ئۇنىڭ قىزىل، قېلىن، خۇش پۇراق، تەمى ئۆتكۈر، سىلىق، قىرتاق، تىلنى چاقىدىغانلىرى ياخشىلىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ، ئاچچىق، بەتبۇيلىرى ناچارلىرىدۇر.

**تەبئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىنىڭ ئاخىرىدا قۇرۇق ئىسسىق، ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىقمۇ دېيىلگەن. قۇۋۋىتى يەتتە يىلغىچە ساقلىنىدۇ.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ماددىلارنى ئۈچۈچانلاشتۇرغۇچى، قىزىتقۇچى، پىشۇرغۇچى، يەللەر ۋە ئىچكى ئەزالارنىڭ سوغۇقتىن ئىششىقلىرىنى تارقاتقۇچى، خىلىتلارنى پارچىلىغۇچى، ئاشقازان، جىگەرنى قۇۋۋەتلىگۈچى، سۇيدۇك، ھەيز ۋە كېرەكسىز ماددىلارنى ھەيدىگۈچى، ھامىلە ۋە تاش چۈشۈرگۈچى، كۆزنى روشەنلەشتۈرگۈچى ۋە قۇۋۋەتلىگۈچىدۇر. نەزلە سۇيۇقلۇقلىرىنىڭ قويۇلۇشىنى توسقۇچى، زۇكام، يۆتەل، كاناي ئىششىقى، كۆكرەك پەردىسى، ئاشقازان، باليىاتقۇ ئاغرىقىنى پەسەيتكۈچى، باليىاتقۇنى تازىلىغۇچى، يەل تارقاتقۇچى، تۇتقاقلىق تەپلەرنى پەسەيتكۈچى، زەھەرلىك دورىلارنىڭ زەھىرى ۋە ئەفئى يىلىنىنىڭ زەھىرىنى قايتۇرغۇچى، باليىاتقۇنى خۇش پۇراق قىلغۇچىدۇر، بۇ مەقسەتلەرگە يېتىش ئۈچۈن ئۇ ئىستېمال قىلىنىدۇ ياكى زىمات قىلىنىدۇ ياكى ئىسرىق سېلىنىدۇ ياكى پەرزىجە قىلىنىدۇ. ئۇ پېشانىگە زىمات قىلسا مېڭىدىن نەزلە سۇيۇقلۇقلىرىنىڭ چۈشۈشىنى توسىدۇ، سوغۇقتىن بولغان باش ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ. چۈچۈكبۇيا يىلتىزى ۋە كۆكرەك كېسەللىكلىرى دورىلىرى بىلەن زىمات قىلسا كۆكرەكنىڭ مەزكۇر كېسەللىكلىرىگە داۋا بولىدۇ، بەلغەم ۋە بەلغەم خاراكتېرلىك كېرەكسىز ماددىلارنى تازىلايدۇ. ئۇ ھەسەل بىلەن ئىسرىق سېلىنسا دانخورەككە پايدا قىلىدۇ. قاينىتىلمىسىدا ئولتۇرۇلسا ۋە ئۇنىڭ بىلەن ئىسرىق سېلىنسا باليىاتقۇ ئېغىزىنى تارايتىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** ئالتە گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

**ئورۇنباسارى:** دارچىن، گۈلدارچىن.

**زىيانلىق تەسىرى:**(1) بۆرەككە زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** كەتىرا.

(2) ئۈچەيلەرگە زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** سەرپىستان سۈيى، كەتىرا.

## سۇلەيمانىي
(سۇلايمان)

ئۇ «سەلمانىي» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. پارسچە «دار ئەشكىنە» دېيىلىدۇ. مىسىردا «داۋائۇش - شەئس»، ھىندىچە «كەسنالەك»، «راستىينا» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

ماھىيىتى: ئۇ سىماب بىلەن سەنكىيادىن سۈنئىي ئۇسۇلدا تەييارلىنىدىغان بىر خىل ماددا بولۇپ، سىمابتىن 400 گىرام، «رەھەج» دەپ ئاتىلىدىغان سەنكىيادىن 30 گىرام ئېلىپ ياخشى سوقۇلغاندىن كېيىن كۆيدۈرۈپ كۈشتە قىلىپ ئوكسىدلاندۇرۇلۇپ تەييارلىنىدۇ.

يېڭى، ئاق، ئېغىر بولغانلىرى ياخشىلىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

**تەبىئتى:** تۆتىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق بولۇپ، جان ئالغۇچى زەھەردۇر.

**خۇسۇسىيتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** مەلھەملەرگە قوشۇلىدۇ، ئارتۇق گۆشلەرنى يەپ يوقىتىدۇ. ئىستېمال قىلىسا ھالاك قىلىدۇ. قۇتقۇزۇش ئۈچۈن يېڭى سۈت، مايلىق شورپا ئىچۈرۈپ ساقايغىچە قەي قىلدۇرۇلىدۇ. ئۇنىڭدىن زەھەرلەنگۈچىدە باش قېيىش، ھوشسىزلىنىش، كۆڭۈل ئېلىشىش، قۇسۇش ئالامەتلىرى كۆرۈلىدۇ. ئۇنىڭدا كۆرۈلىدىغان ئالامەتلەر ۋە داۋالاش ئۇسۇللىرى شىڭگىرىپ، سىماب ۋە سەنكىيادىن زەھەرلەنگەندىكى ئالامەتلەر ۋە داۋالاش تەدبىرلىرى بىلەن ئوخشاش بولىدۇ.

## پەسىل: «س» (سىين) ۋە «م» (مىيم) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى

### سۇماق

(سۇماق)

ئۇ «سەماق» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. يەنە «سەماقىيل»، «تەمتەم»، ھىندىچە «تەترەك»، «تەماتىير»، «تەنزىيك» دەپ ئاتىلىدۇ. يۇنانلىقلار ۋە ئەرەبلەر ئۇنى تېرىنى ئاشلاشقا ئىشلىتىلىدىغان بولغاچقا «سۇماقۇد دەبباغىين» (ئاشلامچىلار سۇماقى) دەپ ئاتايدۇ.

**ماھىيتى:** ئۇ بىر خىل دەرەخنىڭ مېۋىسى بولۇپ، ئەدەس چوڭلۇقىدا، بەزىلىرى ئۇنىڭدىن چوڭراق، بەزىلىرى كىچىكرەك، ئۇنىڭدىن ياپىلاقراق بولىدۇ. ھەببەتۇلخۇزرا دېگەن ئۇرۇقنىڭ غىلاپىغا ئوخشايدىغان غىلاپ ئىچىدە بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىدە چۇچۇمەل، قىرتاق تەملىك پوستى بار بولۇپ، شۇ پوستى ئىشلىتىلىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىدە سۇماقنىڭ توزانلىرى بولىدۇ. ئۇنىڭ دەرىخى ئانار دەرىخى چوڭلۇقىدا، ئۇنىڭدىن چوڭراق، يوپۇرمىقى ئۇزۇن، سەل قىزىل، تۈكلۈك، چۆرىسى ھەرىگە ئوخشاش چىشلىق بولىدۇ. تاغدا ئۆسىدىغىنى ۋە باغدا ئۆسىدىغىنىدىن ئىبارەت ئىككى خىل بولىدۇ. سوغۇق ئەللەردە ئۆسىدۇ. ئۇنىڭ رەڭگى قىزىل، توزانلىرى كۆپ، خۇشتەم، قىرتاقلىقى ئازراق، چۇچۇمەللىكى كۆپرەك، ئۇرۇقچىسى كىچىك بولغانلىرى ياخشىلىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. قۇۋۋىتى ئۈچ يىلغىچە تۇرىدۇ.

**تەبىئتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق. تاغدا ئۆسىدىغىنى ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق. يوپۇرمىقىنىڭ سوغۇقلۇقى مېۋىسىنىڭ سوغۇقلۇقىدىن كەمرەك بولىدۇ.

**خۇسۇسىيتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** قورۇغۇچى، ماددىلارنى توسقۇچى، ئاشقازان، ئۈچەيلەرنى قۇۋۋەتلىگۈچى، ئاشقازان، ئۈچەيلەرگە ماددىلارنىڭ قۇيۇلۇشىنى توسقۇچى، قۇسۇش، كۆڭۈل

ئىلىشىش، ئاشقازان مەنبەلىك ئىچ سۈرۈش، سەپرادىن بولغان كونا ئىچ سۈرۈش، قانلىق ئىچ سۈرۈش، قان تۈكۈرۈش، قاناش، كۆپ سىيىش قاتارلىقلارغا شىپا بولغۇچىدۇر. ئۇنىڭ سالايە قىلىنغىنى، يەنى تالقىنى سوغۇق سۇ بىلەن ئىستېمال قىلسا بەدەنىنىڭ ئۈستىدىن ياكى ئاستىدىن كەلگەن قاننى توختىتىدۇ. چالا سوقۇلغىنى زىرە بىلەن بىرلىكتە سوغۇق سۇ بىلەن ئىستېمال قىلسا كۆچلۈك قۇسۇش ۋە داۋاملىق قۇسۇپ ئاشقازاندا تاماق توختىماسلىقنى پايدا قىلىدۇ، سىناقتىن ئۆتكەن. ئىسسىق مىزاج كىشىلەرنىڭ ئىشتىھاسىنى قوزغايدۇ. توخۇ تۇخۇمىنىڭ سېرىقى ۋە قۇرۇق يۇمغاقسۈت بىلەن ئىستېمال قىلسا ئىچ سۈرۈشنى توختىتىدۇ. توخۇ تۇخۇمىنىڭ سېرىقى ئۇنىڭ بىلەن پىشۇرۇلۇپ ئىستېمال قىلىنسىمۇ ئىچ سۈرۈشنى توختىتىدۇ. توخۇ گۆشى ۋە كەكلىك گۆشى ئۇنىڭ بىلەن پىشۇرۇلۇپ ئىستېمال قىلسا ياخشىراق بولىدۇ. شاراب بىلەن ئىستېمال قىلسا ئىچ سۈرۈش، بالىياتقۇ قاناش، كۆپ سىيىشكە پايدا قىلىدۇ. ئۇنىڭ قورۇلغىنىنىڭ قورۇش كۈچى ئارتۇق، ئەمما سەپرانىڭ ئۆتكۈرلۈكىنى بېسىش كۈچى ئاجىزراقتۇر.

**زىيانلىق تەسىرى:** ئاشقازان ۋە سوغۇق مىزاجلىق جىگەرگە زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** مەستىكى، رۇمبەدىيان بىلەن ئىستېمال قىلىش ۋە پىدىگەن بىلەن پىشۇرۇپ ئىستېمال قىلىشتۇر.

**ئىستېمال مىقدارى:** 15 گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

**ئورۇنباسارى:** سىركە، ئاقاقىيا.

سۇماقنىڭ ئۈستىدىكى چېچىكىنىڭ سۇفۇپى «تۇرابى سۇماق» (سۇماق توپىسى) دەپ ئاتىلىدىغان بولۇپ، ناھايىتى قورۇغۇچىدۇر ۋە سەل ئاچچىقتۇر. سوزۇلما ئىچ سۈرۈش ۋە سوزۇلما ئاق خۇن ئېقىشقا پايدا قىلىدۇ. چىشقا سېپىلسە چىش ۋە چىش مىلىكىنى چىڭىتىدۇ. ئېغىز يامان يارىسىغا پايدا قىلىدۇ، قۇرت يېگەن چىشلارنىڭ ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ. سۇماقنىڭ سۇغا چىلانغان چىلانما سۈيى بىلەن ئېغىز چايقىسىمۇ يۇقىرىدىكى ئېغىز بوشلۇقى كېسەللىكلىرىگە پايدا قىلىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىدىكى چېچىكى تازىلىنىپ سۇ بىلەن بىرلىكتە كۆزگە تېمىتىلسا، دەسلەپكى مەزگىلدىكى كۆز ئاغرىقىغا پايدا قىلىدۇ، بولۇپمۇ ئاز مىقداردىكى كەترا بىلەن بىرلىكتە تېمىتىلسا ئۇنۇمى تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ. ئۇنىڭدىن 30 گىرام ئېلىپ 200 گىرام سۇدا قۇۋۋىتى سۇغا تولۇق چىققۇچە قاينىتىپ بىر پارچە لاتىنى ئۇنىڭدا نەمدەپ كۆزگە يېپىپ ئىسسىق ئۆتكۈزۈلسە، كۆزدىكى يامرىغۇچى قوتۇر ۋە قاپاق گىرۋەكلىرىنىڭ قىزىرىپ ئىششىشىغا پايدا قىلىدۇ، ئۇنىڭ ئۆتكۈرلۈكىنى پەسەيتىدۇ. ئۇنى پېشانىگە يېپىپ ئىسسىق ئۆتكۈزسە بۇرۇننىڭ قېنىنى توختىتىدۇ، سىناقتىن ئۆتكەن. قوتۇر، كۆز ياشانغىراش، قاپاق گىرۋەكلىرى ئىششىقى، كۆز قىچىشىشقا پايدا قىلىدۇ، كۆزگە قاپارتما چىقىشنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. قۇلاققا تېمىتىلسا ئۇنىڭدىن يىرىڭ

ئېقىشقا شىپا بولىدۇ، قۇلاق ئىچىگە سۇلۇق قاپارتما چىقىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. ئۇنىڭ سۈيى قۇيۇلسا ئۇرۇلۇپ ـ سوقۇلغاندىن بولغان ئىششىشىنىڭ ۋە بوغۇملارنىڭ قوزغىلىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. ئۇ سۇ بىلەن زىمات قىلسا زەكەر ۋە باشقا ئەزالارنىڭ ئىششىقلىرىنى ياندۇرىدۇ، ئۇرۇلۇش ـ سوقۇلۇشنىڭ ئىششىقلىرى، زەخىملىنىش ۋە يامرىغۇچى يارىلارنىڭ ئىزلىرىنى يوقىتىدۇ. ھەسەل بىلەن مەلھەم قىلىپ سۈركىسە قاپاقلارنىڭ يىرىكلىشىشىگە پايدا قىلىدۇ. بەللۇت ياغىچى پوستى بىلەن زىمات قىلسا بوۋاسىرنى ساقايتىدۇ. ئۇنىڭ يوپۇرمىقى، ياغىچى ۋە شاخلىرى سۇ بىلەن بىرلىكتە ھەسەلدەك قىيام بولغۇچە قاينىتىپ ئىشلىتىلسە، ھەممە تەسىرى رۇسۇتىنىڭ تەسىرىگە ئوخشايدىغان بولۇپ، قاپاق كېسەللىكلىرى، كۆز ئىششىقى ۋە باشقا ئىششىقلار، بەلباغسىمان قوقاق، ھۆل، يىرىڭلىق يارىلار، چىش مىلىكى بۇزۇلۇش، داغ، سەينەك، بالىياتقۇ قاناشقا شىپا بولىدۇ. يوپۇرمىقىنىڭ قاينىتىلمىسى چاچنى قارايتىدۇ. ئۇنىڭ قاينىتىلمىسى بىلەن كىلىزما قىلسا ئۈچەي يارىسى، دىزىنتېرىيە (قانلىق ئىچ سۈرۈش) ۋە ئۈچەي زەخىملىرىگە داۋا بولىدۇ. ئۇنىڭ يوپۇرمىقى قاينىتىلىپ يۇمشاق پىشۇرۇلۇپ سۈيى ئۇيۇتۇلسا، ماددىنى قايتۇرۇش، سوۋۇتۇش، بولۇپمۇ كۆزگە يۈزلەنگەن ماددىلارنى قايتۇرۇش جەھەتتە ئاقاقىياغا ئوخشايدۇ. ئۇ ياقىيوپۇرمىقى سۈيى بىلەن ئېرىتىلىپ سۈرۈلسە يامان يارىلارغا پايدا قىلىدۇ. باش، بەل ئومۇرتقىلىرى، زەكەر تۈۋىگە زىمات قىلسا سۈيدۈك تامچىلاپ كېلىش، ئەزالارنىڭ بوشىشىغا پايدا قىلىدۇ. يوپۇرمىقى كىچىك بالىلارنىڭ ئاشقازىنىغا زىمات قىلسا ئىچ سۈرۈشنى توختىتىدۇ، ئۈچەيلەرنى قۇۋۋەتلەيدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇنىڭ شۇنداق خاسىيىتى بار ئىكەنكى، ئۇ قىزىل يۇڭ رەختكە ئورىلىپ قانىغان يەرگە تېگىپ قويۇلسا قاننى توختىتىدىكەن.

ئۇنىڭ دەرىخىنىڭ يېلىمى ناھايىتى قۇرۇق ئىسسىق، ماددىلارنى قايتۇرغۇچى ۋە تارقاتقۇچى تەركىبلەرگە ئىگە بولۇپ، كۆزنى ئۆتكۈرلەشتۈرىدۇ، قاپاق كېسەللىكلىرىگە شىپا بولىدۇ. زەخىم ئېغىزلىرىنى چاپلاشتۇرىدۇ، قۇرت يېگەن چىشلارنىڭ ئاغرىقلىرىنى پەسەيتىدۇ.

سۇماقنىڭ جاۋارىشى، ھەببى، سۇفۇپى ۋە شىيافى قارابادىندا بايان قىلىندى.

## سۇماقۇد دەبباغىين
### (ئاشلامچىلار سۇماقى)

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇ ئۆششاق بولىدىغان تاغ مىۋىسى ئىكەن، يەنە بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، سۇماق يوپۇرمىقى ئىكەن. ئاشلامچىلار ئۇنى نېپىز تېرىلەرنى ئاشلاش ئۈچۈن ئىشلىتىدۇ.

تەبئىتى: ناھايىتى سوغۇق، قورۇغۇچىدۇر.

خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى: ھەممە تەسىرلىرى سۇماقنىڭ تەسىرلىرىگە ئوخشايدۇ، قابىزلىقى ئارتۇقراقتۇر.

## سۇمانى
### (بۆدۇنە)

ئۇ مازىندارانىدا «ۋەردە»، دەيلەمدا «چۇشۇم»، ئەرەبچە «قەتىيلۇر ـ رەئد» (گۇلدۇرماما قۇربانى) دەپ ئاتىلىدۇ. چۈنكى ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇ گۇلدۇرمامىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىسا ئۆلۈپ قالىدىكەن، ئەمما بۇ گەپنىڭ ئاساسى يوق. يەنە ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇنىڭ يېمەكلىكى خەربەق ئىكەن، ئەمما بۇ گەپنىڭمۇ ئاساسى يوقتۇر. ئۇ قۇشلارنىڭ ئەڭ قورقۇنچىقىدۇر. ھىندىچە «بىير» دەپ ئاتىلىدۇ.

ماھىيىتى: ئۇ تونۇشلۇق قۇشلاردىن بولۇپ، سەلۋا قۇش ئەمەستۇر. ئۇ تۆت خىل بولىدۇ. بىرىنچى خىلى چوڭ بولۇپ، ھىندىچە «گەھاگەس»، «كەرچە» دەپ ئاتىلىدۇ. ئىككىنچى خىلى ئۇنىڭدىن كىچىكرەك بولۇپ، «ئەلۋە» دەپ ئاتىلىدۇ. ئۈچىنچى خىلى ئۇنىڭدىنمۇ كىچىك بولۇپ، گەدىنىدە قارا، ئاق چېكىتلىك چەمبىرىكى بولىدۇ. ئۇ ھىندىچە «چەنەك»، «كودۇ» دەپ ئاتىلىدۇ. تۆتىنچى خىلى ھەممىدىن كىچىك، رەڭگى قىزىل بىلەن سېرىق ئارىلاشقان بولىدۇ. ئۇ ھىندىچە «تورە» دەپ ئاتىلىدۇ.

تەبىئىتى: ئىككىنچى دەرىجىنىڭ ئاخىرىدا قۇرۇق ئىسسىق.

خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى: ئۇنىڭ گۆشىنىڭ ئوزۇقلۇقى كۆپ بولۇپ، بەدەننى سەمرىتىدۇ، تېرىنى يۇمشىتىدۇ، سۈيدۈك ھەيدەيدۇ، ئەزالاردىكى تاشلارنى پارچىلاپ چىقىرىدۇ. سوغۇقتىن بولغان بوغۇم ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ. كىشىنى خاسىيىتى بىلەن مېھرىبان قىلىدۇ، بولۇپمۇ ئۇنىڭ يۈرىكىنىڭ بۇ خىل خاسىيىتى ياخشىراقتۇر. ئۇنىڭ گۆشى باھنى قۇۋۋەتلەيدۇ، ئاياللارنىڭ شەھۋىتىنى قوزغايدۇ. شورپا قىلىپ پىشۇرۇلغىنى ئۇنىڭ كاۋاپ قىلىپ پىشۇرۇلغىنىدىن ياخشىراق بولىدۇ.

زىيانلىق تەسىرى: كۆپ ئىستېمال قىلسا باشنى ئاغرىتىدۇ، تىتانۇس، تەشەننۇج پەيدا قىلىدۇ، ئەزالارنى تارتىشتۇرىدۇ.

تۈزەتكۈچىسى: تاتلىق سۇ، كۇنجۇت يېغى ياكى بادام بىلەن قاينىتىلىپ پىشۇرۇلۇپ باشقا ياغلار ۋە چۇچۇمەل ئانار سۈيى، قارا شېكەر بىلەن تاتلىق قىلىپ ئىستېمال قىلىنىدۇ. ئۇنىڭ تۇخۇمى ئىستېمال قىلسا بالىلارنىڭ تىلىنىڭ ۋاقتىدىن بۇرۇن تولۇق چىقىشىغا سەۋەب بولىدۇ. بۆدۇنىنىڭ قارنى يېرىلىپ تېڭىلسا زىيانداش ھاشارەتنىڭ زەھىرىنى سۇمۇرىدۇ. ئۇنىڭ ئۆتى ھەسەل بىلەن لوئۇق قىلىپ ھەر كۈنى ئىستېمال قىلسا تۇتقاق كېسەلگە

تەڭداشسىز پايدا قىلىدۇ. قېنى قۇلاقتا تېمىتىلسا ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ. كۆزگە تېمىتىلسا كۆزدىكى ئىزلارنى، كۆزگە چۈشكەن ئاقنى يوقىتىدۇ. ئۇنىڭ مايىقى چاپسا داغ ـ سەپكۈننى يوقىتىدۇ. قانتى بىلەن ئىسرىق سېلىنسا تەپلەرگە شىپا بولىدۇ. ئەمىنۇد دەۋلىنىڭ بايان قىلىشىچە، ئۇنىڭ بىر دانىسى ھېچ نەرسىسى ئايرىۋېتىلمەي پۈتۈن قورۇلۇپ ئىستېمال قىلىسا غالجىر ئىتنىڭ چىشلىۋېلىشىغا شىپا بولىدىكەن.

## سەمسىم
## (كۈنجۈت)

ئۇ «سىمسىم» دېگەن نام بىلەن مەشھۇردۇر. ھەبەش تىلىدا «جۇلجۇلان»، پارسچە «كۈنجۇد»، ھىندىچە «تىل» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيتى:** تونۇشلۇقتۇر. ياخشىسى ئاق، يېڭى، مايلىق، دانلىرى چوڭ بولغانلىرىدۇر. قۇۋۋىتى ئىككى يىلغىچە تۇرىدۇ. كۆپ ئەللەردە ناۋايلار ئۇنىڭ ئاقلانغىنىنىناننىڭ يۈزىگە سېپىدۇ. ھالۋا ئەتكۈچىلەر ئۇنىڭدىن ھالۋا ئېتىدۇ. يېغى «دۇھنۇل ھەل» دەپ ئاتىلىدىغان بولۇپ، تونۇشلۇقتۇر. كۆپ ياغلار ۋە مەلھەملەرگە قوشۇلىدۇ. بەزىدە ھالۋىلارغىمۇ قوشۇلىدۇ. شىلىمشىقلىقى ۋە قويۇقلۇقى بىلەن ئاسان بۇزۇلۇپ قالمايدۇ. ئۇرۇقىنىڭ يېغى ئېلىنمىغىنى، بولۇپمۇ ئاقلانمىغىنى ئۇزۇندىراق، ئاقلانغىنى تېزرەك بۇزۇلىدۇ.

**تەبىئتى:** بىرىنچى دەرىجىنىڭ ئوتتۇرىدا ئىسسىق، ئاخىرىدا ھۆل.

**خۇسۇسىيتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** سىلىقلاشتۇرغۇچى، توسالغۇلارنى ئاچقۇچى، ياخشى كەيمۇس پەيدا قىلغۇچىدۇر. ئوزۇقلۇقى ئازدۇر. بەدەننى سەمرىتىدۇ، ئاۋازنى سىلىقلاشتۇرىدۇ. شىلىمشىقلىقى بىلەن گالنىڭ يىرىكلىكىگە پايدا قىلىدۇ. كۆيگەن خىلىتلار ۋە سەۋدالىق ماددىلارنى ئىسلاھ قىلىدۇ، ئۈچەيلەرنى ۋە مەقئەتنى يۇمشىتىدۇ. ئىسسىقتىن بولغان ئىششىقلارنى تارقىتىدۇ. شاراب بىلەن ئىستېمال قىلىسا چايان ۋە ئەفئا يىلىنىنىڭ زەھرىنى قايتۇرىدۇ. ئۇ باراۋەر مىقداردىكى شېكەر، خەشخاش، يېرىم ھەسسە ئاقلانغان بادام، ئۇندىن بىرىچىلىك مىقداردا ئاق يىلتىز بىلەن بىرلەشتۇرۇلۇپ، 30 گىرامدىن ھەر كۈنى ئىستېمال قىلىسا بەدەننى سەمرىتىدۇ، باھنى قۇۋۋەتلەيدۇ، سىناقتىن ئۆتكەن. بۆرەككە ماي ئالدۇرىدۇ. سوقۇلۇپ شىرىسى چىقىرىلىپ ناۋات بىلەن ئىستېمال قىلىسا ئاشقازان، قىزىلئۆڭگەچنىڭ كۆيۈشۈشى، ئاشقازاننىڭ سەۋدا خاراكتېرلىك سۇيۇقلۇقىنىڭ چۈچۈمەللىكىنى ئوڭشايدۇ، ئىچىلگەن دورىلار، ئۆتكۈر خىلىت ۋە شارابنىڭ كۆيۈشتۇرۇشى ۋە چېقىشىنى پەسەيتىدۇ. ئاشقازان، ئۈچەيلەرنى بوشىتىدۇ. داۋاملىق ئىستېمال قىلىسا بۆرەكتىكى تاشنى پارچىلايدۇ. ئۇنىڭدىن ئالتە گىرام ئېلىپ قورۇلغان ياڭاق بىلەن ئىستېمال قىلىسا بوۋاسىرنىڭ قېنىنى

توختىتىدۇ، سىناقتىن ئۆتكەن. نوقوت بىلەن قايىنتىلىپ ئىچىلسە ھەيز ماڭدۇرىدۇ، ھامىلە چۈشۈرىدۇ. ئۇنىڭ قايىنتىلمىسىدىن 60 مىللىلىتىر ئېلىپ 30 مىللىلىتىر شاراب، 30 مىللىلىتىر قورۇق ئۈزۈم چىلانمىسى، 45 گىرام كۈنجۈت يېغى، 15 گىرام رومبەدىيان بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ ناشتىدا ئىستېمال قىلسا، قاندىن ۋە بەلغەمدىن بولغان قىچىشقاقنى پەسەيتىدۇ، تېرىنىڭ زەخىملىرىنى ساقايتىدۇ، تېرىنىڭ يېرىلىشىغا داۋا بولىدۇ، سىناقتىن ئۆتكەن دەپ قارىلىدۇ. قارا شېكەر بىلەن ئىستېمال قىلسا ياخشىراق پايدا قىلىدۇ. شۇنداقلا ئۇ سەبرە ۋە قورۇق ئۈزۈم چىلانمىسى بىلەن ئىستېمال قىلىنسىمۇ يۇقىرىدىكى كېسەللىكلەرگە پايدا قىلىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن لوئوق تەييارلىنىپ ئىستېمال قىلسا يۆتەل پەسەيتىدۇ، كۆكرەك كېسەللىكلىرى، ئۆپكە يارىلىرىغا داۋا بولىدۇ. زىغىر بىلەن ئىستېمال قىلسا باھنى قۇۋۋەتلەيدۇ، مەنىي كۆپەيتىدۇ. سالايە قىلىپ شاراب بىلەن ئىستېمال قىلسا قۇلۇنجىغا شىپا بولىدۇ، مۇڭگۈزلۈك يىلاننىڭ زەھىرىنى قايتۇرىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** (1) تەستە ھەزىم بولىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** قورۇپ، ھەسەل ياكى ئاچچىقسۇ بىلەن ئىستېمال قىلسا تېز ھەزىم بولىدۇ. شۇنداقلا پوستى بىلەن ئىستېمال قىلىسىمۇ تېز ھەزىم بولىدۇ.

(2) ئېغىزنى پۇرىتىدۇ. بولۇپمۇ چىشلارنىڭ ئارىلىرىدا تۇرۇپ قالغان بولسا ئېغىزنى تېخىمۇ پۇرىتىدۇ. باشنى ئاغرىتىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** ھەسەل.

**ئىستېمال مىقدارى:** 15 گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

**ئورۇنباسارى:** زىغىر ئۇرۇقى.

ئۇ زىمات قىلسا ئىششىقلارنى تارقىتىدۇ، بەدەن تېرىسىنى يۇمشىتىدۇ، تېرىدىكى ئىزلار ۋە قارا داغلارنى، كۆكلەرنى يوقىتىدۇ. قاتقان پەيلەرنى يۇمشىتىدۇ، قۇلۇنجى، مۇڭگۈزلۈك يىلان چېقىۋېلىش، ئوت كۆيۈك يارىسىغا پايدا قىلىدۇ، ئوت كۆيۈكىدىن كېيىنلا سۈركىسە سۇلۇق قاپارتما ئۆرلىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ، ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ.

يوپۇرمىقىنىڭ قايىنتىلغان سۈيى بىلەن باشنى يۇسا چاچنى ئۇزارتىدۇ، قارايتىدۇ، باشتا سەۋدالىق يارىلارنىڭ پەيدا بولۇشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. قايىنتىلمىسى شاراب بىلەن زىمات قىلسا كۆزنىڭ ئىششىقىنى تارقىتىدۇ، لوقۇلداپ ئاغرىشىنى پەسەيتىدۇ.

ئۇنىڭ يىلتىزىنى سۇ بىلەن قايىنتىپ سۈيىدە چاچ يۇسا چاچنى ئۇزارتىدۇ، قارايتىدۇ، مايلىششىنى ئۇخشايدۇ ۋە چاچنىڭ باشقا كېسەللىكلىرىگە داۋا بولىدۇ.

ئۇنىڭ يېغى ئاقلانماي قورۇلغان كۈنجۈتتىن تارتىلغان بولسا «دۇھنۇل ھەل» دەپ ئاتىلىدىغان بولۇپ، شىلىمشىقلىقى ئارتۇقراق بولىدۇ. ئاقلاپ قورۇلغان كۈنجۈتتىن تارتىلغان بولسا شىلىمشىقلىقى كەمرەك بولىدۇ. ئەگەر ئۇ يۇمشاق سوقۇلۇپ قول بىلەن

قىزىغىچە ئارىلاشتۇرۇپ يېغى چىقىرىلسا بۇنداق ياغنىڭ ھۆللۈكى كۆپرەك بولىدۇ. ئۇ سالايە قىلىپ سۇ بىلەن يېغى چىققىچە قاينىتىلىپ يېغى ئېلىنغان بولسا بۇنداق ياغ «تەبىيخ» (قايناتما ياغ) دەپ ئاتىلىدۇ. ئەگەر ئۇ يېغى چىقىرىلماي سالايە قىلىپ ياكى سوقۇلۇپ ئۇماچتەك ھالەتتە تەييارلانغان بولسا ئۇ «رەھشى»، پارسچە «ئەردە» دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇ «ر» (رائ) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلار بابىدا بايان قىلىندى.

ئۇنىڭ يېغىنىڭ تەبىئىتى ئىككىنچى دەرىجىدە ھۆل ئىسسىق. ئۇنىڭ قۇۋۋىتى يەتتە يىلغىچە ساقلىنىدۇ.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ئۇنىڭ يېغى مۇناسىپ دورىلار بىلەن ئىستېمال قىلىسا توسالغۇلارنى ئاچىدۇ، يۇمشىتىدۇ، ھۆللۈك يەتكۈزىدۇ، سەمرىتىدۇ، ئۆتكۈر خىلىتتىن پەيدا بولغان كۆيۈشۈشلەرنى يوقىتىدۇ. زىققە نەپەس، قۇرۇق يۆتەل، ئۆپكە يارىسى، قۇرۇقلۇقتىن بولغان تارتىشىپ قېلىشقا پايدا قىلىدۇ، بۇ جەھەتتىكى تەسىرى كۈنجۈتنىڭ ئۆزىنىڭ تەسىرىدىن ياخشىراقتۇر. سۈيدۈك ئېچىشتۇرۇپ كېلىشنى داۋالاش جەھەتتە كۈنجۈت بىلەن ئوخشاشتۇر. بىمارلارغا تەييارلىنىدىغان كۆكتات شورپىلىرىغا قوشۇشقا بادام، پىستە يېغىدىن قالسا ئەڭ پايدىلىق ياغ بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇ پىلپىل ۋە مەستىكى بىلەن قاينىتىلىپ قۇلاققا تېمىتىلسا قۇلاقنىڭ توسالغۇسىنى ئاچىدۇ. توخۇ تۇخۇمىنىڭ ئېقى بىلەن مەلھەم قىلىسا قاتتىق ئىششىقلار ۋە كۆزنىڭ ئىششىقلىرى ۋە باشقا ئىششىقلارنى تارقىتىدۇ. زەيتۇن يېغى ۋە توخۇ تۇخۇمىنىڭ يېغى بىلەن مەلھەم قىلىسا كۆزنىڭ ئىششىقىنى تارقىتىدۇ. ئىسپىغۇل بىلەن مەلھەم قىلىسا بەدەننىڭ يېرىكلىشىشىنى ئوڭشايدۇ، قىچىشىشىنى پەسەيتىدۇ، ئوت ۋە ھاكىنىڭ كۆيدۈرۈشىدىن پەيدا بولغان يارىنى ساقايتىدۇ. ئۇنىڭدىن تەييارلانغان قىرۇتى يۇزگە سۈركەلسە رەڭگىرويىنى چىرايلىقلاشتۇرىدۇ، سۇزۇك، پارقىراق، يۇمشاق قىلىدۇ. شۇنداقلار كۈنجۈتنىڭ ئۆزىدىن تەييارلانغان قىرۇتى سۈركەلسىمۇ شۇ تەسىرنى بېرىدۇ. ئۇنىڭدا ئولتۇرۇلسا تارتىشىپ قېلىش ۋە ئۇنىڭغا ئوخشاش قۇرۇقلۇقتىن بولغان كېسەللىكلەرنىڭ كۆپ قىسمىغا پايدا قىلىدۇ. شۇنداقلا ئەزانى ئۇنىڭ بىلەن مايلىسا ياكى ئۇنىڭغا مىلەنگەن لاتىنى ئەزاغا تەكرار ياپسىمۇ شۇ تەسىرنى بېرىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن مايلانسا چېچەك ۋە ئوت كۆيۈك يارىسىنى ساقايتىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** سەۋدا مىزاجلىقلارغا زىيان قىلىدۇ، تەستە ھەزىم بولىدۇ، ئاشقازاننى بوشىتىدۇ، ئاجىز مېڭىنى بۇزىدۇ، سەپراغا ئاسان ئۆزگىرىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** ئۇ پىياز ياكى ئازراق خېمىر بىلەن قاينىتىلىپ لىمون، ئاچچىقسۇ ۋە ئۇنىڭ ئوخشاشلىرى بىلەن ئىستېمال قىلىنىدۇ ياكى ئۇنىڭ ئارقىسىدىن مەزكۇر نەرسىلەر ئىستېمال قىلىنىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** ئالتە گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

**ئورۇنباسارى:** تاتلىق بادام يېغى.
كۇنجۇتنىڭ ھالۋىسى، سۇفۇپى قارابادىندا بايان قىلىنىدۇ.
ئۇنىڭ ئۆسۈملۈكنىڭ ئۇسارىسى چاچنىڭ كېپەكلىشىشىگە پايدا قىلىدۇ.

## سەمقۇتۇن
(سەمقۇتۇن ئوتى)

**ماھىيىتى:** ئۇنىڭ ماھىيىتى ھەققىدە ئىختىلاپ باردۇر. بەزىلەر ئۇنى ھەمىشىباھار دەپ بىلىدۇ، ئۇنداق ئەمەستۇر. بەغدادىي ۋە باشقىلارنىڭ يېزىشىچە، ئۇ يۇنانچە بىر خىل ئۆسۈملۈكنىڭ ئىسمى بولۇپ، تاشلىقتا ئۆسىدىغىنى ۋە تۈزلەڭلىكتە ئۆسىدىغىنىدىن ئىبارەت ئىككى خىل بولىدۇ. تاشلىقتا ئۆسىدىغىنىنىڭ شاخلىرى ۋە يوپۇرماقلىرى شىبە ئۆسۈملۈككە ئوخشايدۇ، قاتتىق، قۇرۇق، خۇش پۇراق، تاتلىق بولىدۇ. يوپۇرمىقى ئىنچىكە بولۇپ، ئارپىبەدىيانىنىڭ يوپۇرمىقىغا ئوخشايدۇ. شاخلىرىنىڭ ئۇچلىرى ھاشانىڭ شاخلىرىنىڭ ئۇچلىرىغا ئوخشاش كىچىك بولىدۇ. يىلتىزى ئۇزۇنچاق بولۇپ، بارماق تومۇلۇقىدا، بىنەپشە رەڭدە بولىدۇ. ئۇنىڭ يوپۇرماقلىرى ۋە شاخلىرىنىڭ ئۇچلىرى ئىشلىتىلىدۇ.

**تەبىئىتى:** كۆرۈنەرلىك ئىسسىقلىقتا ۋە قۇرۇغۇچى قۇۋۋەتكە ئىگىدۇر.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** بۇ خاسىيەتلىك دورا بولۇپ، ئىچكى - تاشقى كېسەللىكلەرنىڭ ھەممىسىگە پايدا قىلىدۇ. ماددىلارنى تارقىتىدۇ، سىلىقلاشتۇرىدۇ، ئەزالارنى يىغىدۇ، قاتۇرىدۇ، قورۇيدۇ، ئۆپكىدە ئۇيۇپ قالغان كېرەكسىز ماددىلارنى تازىلايدۇ. چاينىسا قۇرۇقلۇقتىن بولغان ئۇسسۇزلۇقنى قاندۇرىدۇ. يۇقىرىدىكى تەسىرلەرنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ سىرتقى قۇۋۋىتى بىلەن بولىدۇ. ئۇ سىركە، ھەسەل ياكى سىركەنجۇبىل ھەسىلى بىلەن ئىستېمال قىلىسا پەي - مۇسكۇللارنىڭ زەخمىسىنى ساقايتىدۇ. شاراب بىلەن قاينىتىپ ئىستېمال قىلىسا ئۇچەي يارىلىرى، ھەيزدار ئاياللاردىكى قاناش قاتارلىقلارغا پايدا قىلىدۇ. بۆرەك ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ. شاراب بىلەن ئىستېمال قىلىسا قاناش، ئۇچەي يارىسىغا شىپا بولىدۇ. سىركەنجۇبىل بىلەن ئىستېمال قىلىسا چۈچۈگەن مۇسكۇللارنى ئوڭشايدۇ. ئاس سۈيى ياكى سۇزاپ سۈيى ۋە موزا شەربىتى بىلەن ئىستېمال قىلىسا ئورۇقدانغا چۈشكەن سۇنى يوقىتىدۇ. ئۇ زىمات قىلىسا پەتەقكە داۋا بولىدۇ. ئۇنىڭدىن مەلۇم مىقداردا ئېلىنىپ گۆش بىلەن پىشۇرۇلسا گۆشنى تېز پىشۇرىدۇ ۋە تېز سىڭدۈرىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** 3~15 گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ. ئۇنى كۆپ ئىستېمال قىلىشقا توغرا كەلسە تەكرار ئىستېمال قىلماسلىق، كۆپ كېسەللىكلەردە مىقدارىنى

ئاشۇرماسلىق لازىم.

ئۇنىڭ تۇزلەڭلىكتە ئۆسىدىغىنى شاخلىق، شاخلىرى كېرىلىپ ئۆسىدىغان، قۇرغاق، تۇكلۇك بولغان بىر خىل ئۆسۈملۈك بولۇپ، ئىككى غۇلاچ ئېگىزلىكتە ئۆسىدۇ. يوپۇرمىقى ئىنچىكە، ئۇزۇنچاق، تۇكلۇك بولۇپ، بىر - بىرىگە يېقىن ئۆسىدۇ، گاۋزىبان يوپۇرمىقىغا ئوخشايدۇ. يوپۇرماقلىرىنىڭ ئارىسىدا چوڭ يوپۇرماقلارغا چاپلىشىپ ئۆسكەن ئۇششاق يوپۇرماقلىرى بولىدۇ. ئۇنىڭ گۈلى سېرىق بولىدۇ. يوپۇرمىقى ۋە غولى قولغا تەگسە قىچىشتۇرىدۇ. يىلتىزىنىڭ سىرتى قارا، ئىچى ئاق، شىلىمشىق، ئاۋۋالقى تۈرىنىڭ يىلتىزىنىڭ ئەكسىچە تاتلىق، خۇش پۇراق ئەمەس. ئۇ تاشلىقلاردا ئۆسمەيدۇ. يىلتىزى ئىشلىتىلىدۇ.

ئۇنىڭ تەبىئىتى ياۋا پىيازنىڭ تەبىئىتىگە يېقىن، ئىسسىقلىقى ئۇنىڭدىن ئاجىزراق، ئارتۇق ھۆللۈكى كۆپ بولىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ باھنى كۆپ قوزغىتىدۇ. ئۇنىڭ ئالتە گىرامى شاراب بىلەن ئىستېمال قىلسا ئۆپكىدىن كەلگەن قاننى توختىتىدۇ. مۇسكۇللارنىڭ زەخىملىنىشى ۋە ئۈزۈلۈشىگە داۋا بولىدۇ. زىمات قىلسا يېڭى يارىلارنىڭ ئېغىزلىرىنى پۈتتۈرىدۇ، مەقئەتتىكى ئىششىقلارنى ياندۇرىدۇ. گۆش بىلەن قاينىتىلسا گۆش پارچىلىرىنى بىر - بىرىگە چاپلاشتۇرىدۇ.

## سەمەك
## (بېلىق)

ئۇ پارسچە «ماھى»، تۈركچە «بالىخ»، ھىندىچە «مەچىلى» دەپ ئاتىلىدۇ. كارپ بېلىقى ھىندىچە «روھۇ»، بېلىجان ھىندىچە «موي مەچىلى» دەپ ئاتىلىدۇ.

ماھىيىتى: بۇ سۇدا ياشايدىغان ھايۋان بولۇپ، سۇدىن ئايرىلسا ياشىيالمايدۇ. بەزىدە سەقەنقۇرغا ئوخشاش سۇسىز ياشايدىغان ھايۋانلارمۇ ئوخشىتىش ئۇسۇلى بىلەن بېلىق دەپ ئاتىلىدۇ. بېلىقنىڭ تۈرلىرى ناھايىتى كۆپ بولۇپ، بەزىلىرىنىڭ مەخسۇس ئىسمى بولسىمۇ كۆپىنچىسىنىڭ ئىسمى يوقتۇر. ئۇنىڭ سانىنى بۈيۈك ئاللادىن باشقا ھېچ كىشى بىلمەيدۇ. ھەدىس شېرىپتا بايان قىلىنىشىچە، ئاللا ھايۋاناتدىن مىڭ خىلنى ياراتقان، ئۇنىڭ 900 خىلى سۇ ھايۋىنى، 100 خىلى قۇرۇقلۇق ھايۋىنى ئىكەن. ئۇنىڭ ئۇششىقى ھەممىدىن ياخشى، ئۇنىڭدىن قالسا «ھازنى» دەپ ئاتالغان تۈرى، ئۇنىڭدىن قالسا كارپ بېلىقى ياخشىدۇر. ئۇنىڭ سۇ بېشى يىراق بولغان، تاشلىقلار ياكى قۇملۇقلاردىن ئېقىپ ئۆتكەن، داۋاملىق ئېقىپ تۇرىدىغان، ئۈستى ئوچۇق بولغان، شامال يېگەن سۇدا ياشىغانلىرىنىڭ چوڭ - كىچىكلىكى نورمال، ھەرىكىتى تېز، قاسراقلىرى كۆپ، ئۇستىخانلىرى چوڭ، قىلتىرىقلىرى ئاز، بەتبۇي

پۇرنقى ئاز، دۇمبىسىدە قارا چېكىتلىرى، كۆككە مايىل سىزىقلىرى بولغانلىرى، قورسىقى ئاق بولغانلىرى ۋە شۇ كۈنى تۇتۇلغانلىرى ياخشىلىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى ئۇنىڭ بىر كېچە تۇرۇپ قالغانلىرى ناچاردۇر، چۈنكى ئۇنىڭ گۆشى ناھايىتى نازۇك بولۇپ، بەك ئاسان بۇزۇلۇپ قالىدۇ. پەقەت تۇز سېپىلگەن بولسا ئۇنداق بولمايدۇ. تۇزلۇق دېڭىزنىڭ دولقۇن قايناملىرىدا ياكى ئۇنىڭ تاشلىق ساھىللىرىدا ياشىغانلىرى تاتلىق سۇدا ياشىغانلىرىدىن ياخشىراق، نازۇكراق ۋە لەززەتلىكرەكتۇر. ئۇنىڭ تۈرلىرىدىن يەنە «ماھى ھەلۋا»، «ماھى ئەبنۇس» دەپ ئاتىلىدىغان تۈرلىرىمۇ بار بولۇپ، سەيلان ئارىلىنىڭ ئەتراپلىرىدا ياشايدۇ. ئۇنىڭ يەنە تەبەرىستان دەرياسىدىن تۇتۇلىدىغان «شاھ ماھىي» دېيىلىدىغان، ئىران ۋىلايىتىدە تۇتۇلىدىغان قىزىل چېكىتلىك «قىزىل ئالا» دەپ ئاتىلىدىغان، دۇمبىسى كۆك، قورسىقى ئاق بولغان «ئەسلەف» دەپ ئاتىلىدىغان، ھىندىستاندا «ماھى روھۇ»، بېنگالدا «ھەلسە» دەپ ئاتىلىدىغان تۈرلىرىمۇ باردۇر. ئەمما «ھەلسە» دەپ ئاتالغان تۈرى ناھايىتى مايلىق، گۆشى چۈرۈك، ئىسسىق، بېلىق پۇرىقى كۈچلۈك بولىدۇ. ئومۇمەن بۇلاق، ئۆستەڭ، دەريا بولغان ھەرقانداق جاي، دىيار ۋە شەھەردە ئۇنىڭ ياخشىسى بولىدۇ. ئەمما ھاۋا، پەسىل، زېمىننىڭ ئوخشىماسلىقىغا قاراپ ئۇنىڭ سىڭىشچانلىقى، تەمى ۋە سۈپىتى ھەر خىل بولىدۇ.

بىلگىنكى، قۇرۇقلۇقتىكى ھېچبىر ھايۋان سۇ ھايۋىنىدەك چوڭايمايدۇ.

بېلىقنىڭ ئەڭ ناچىرى كارىزلار، كۆللەر، كىچىك بۇلاقلار، پەس يەرلەر، بۇزۇق سۇلار ۋە تۇيغۇن سۇلاردا ياشىغان، بەك چوڭ، بەك كىچىك ياكى قىلتىرىقلىق بولغانلىرىدۇر.

**تەبىئىتى:** ئۇنىڭ ئومۇمىي تەبىئىتى ئىككىنچى دەرىجىدە ھۆل سوغۇقتۇر. بەزىلىرى ھۆل ئىسسىق بولىدۇ، مەسىلەن: كەۋاسىج بېلىقى، تىمساھ، يىلانبېلىق، ھىندىچە «جىنگا» دەپ ئاتىلىدىغان قۇمبېلىق، ھىندىستان ۋە بېنگالدا ياشايدىغان «ھەلس» دەپ ئاتىلىدىغان بېلىققا ئوخشاش. تاتلىق سۇ بېلىقى تۇزلۇق دېڭىز سۈيى بېلىقى ۋە تۇز سېپىلگەن بېلىقتىن ھۆل سوغۇقراق بولىدۇ. ئۇلارنىڭ ھەرقايسى تۈرلىرى ئىسسىق، قۇرۇقلۇققا مايىل بولىدۇ. بولۇپمۇ تۇز سېپىلىپ ساقلانغان كونا بېلىق قېقى قۇرۇق ئىسسىقتۇر.

**خۇسۇسىيتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ئوتقا قاقلىنىپ پىشۇرۇلغان يېڭى بېلىق ياغ بىلەن قورۇپ پىشۇرۇلغان بېلىقتىن ياخشىراق بولۇپ، تېز ھەزىم بولىدۇ، ياخشى كەيمۇس پەيدا قىلىدۇ. بەدەنگە ھۆللۈك يەتكۈزىدۇ، بەدەننى سەمرىتىدۇ، مەنىي، سۈت كۆپەيتىدۇ، بۆرەكنى ياغ قاپلاشقا تۈرتكە بولىدۇ، باھ قۇۋۋىتىنى ئاشۇرىدۇ، باھنى قوزغىتىدۇ، ئىسسىق خىلىتلارنى ئىسلاھ قىلىدۇ. ئاۋازنى ساپلاشتۇرىدۇ، كانايىنى تازىلايدۇ، كاناي يارىسى، سىل، جۇدەتكۈچى تەپ، قۇرۇق يۆتەل، ئىسسىق مىزاجلىق جىگەر ۋە بۆرەكنىڭ ئاجىزلىقى، يەرقان، قانلىق ئىچ سۈرۈش، ئىسسىقتىن بولغان قورساق ئاغرىقى قاتارلىقلارغا پايدا قىلىدۇ. غورا ئۈزۈم سۈيى

ۋە سۇماق بىلەن كاۋاپ قىلىپ پىشۇرۇپ ئىستېمال قىلسا سەپرادىن ۋە قاندىن بولغان ئىچ سۇرۇشنى توختىتىدۇ، سىناقتىن ئۆتكەن. ھازنى بېلىقى سىركە بىلەن پىشۇرۇلۇپ ئىستېمال قىلسا ئىسسىقتىن بولغان كېسەللىكلەر بىلەن ئاغرىغۇچىلار ۋە ئىسسىق مىزاجلىقلارغا پايدا قىلىدۇ. ئۇنى سوقا كاۋا مېغىزى بىلەن پىشۇرۇپ ئىستېمال قىلسا يۇقىرى ھارارەتنى پەسەيتىدۇ، قاننىڭ كۆيۈشىنى ئىسلاھ قىلىدۇ. يېڭى بېلىق يېڭى كۆك پىياز بىلەن قورۇپ ئىستېمال قىلسا، ئارقىدىن شاراب ئىچىلسە مەنىينى كۆپەيتىدۇ، باھنى قوزغىتىدۇ. ئۇنىڭ شورپىسىنى ئىچسە ئىچىلگەن زەھەرلەرنى ۋە زەھەرلىك ھاشارات، ھايۋانلار چاققا ۋە چىشلىگەندىكى زەھەرنى قايتۇرىدۇ. داۋاملىق ئىچسە مۇڭگۈزلۈك يىلان زەھىرى ۋە غالجىر ئىت زەھىرىنى قايتۇرىدۇ. بەدەنگە ھۆللۈك يەتكۈزۈش ئۈچۈن ئۇنى ئىستېمال قىلىشنىڭ ئەڭ ياخشى ئۇسۇلى شورپا قىلىپ پىشۇرۇپ ئارقىدىن قازاندا بىر قورۇپ ئىستېمال قىلىشتۇر. بۇغداي ئۇنى شىرىسىگە مىلىنىپ ياغ بىلەن پىشۇرۇلغىنى كۆپ ئۇسسۇتىدۇ، ئاشقازاندىن تەستە ئۆتىدۇ. بېلىقتىن كۆپ مىقداردا نانسىز يەپ، ئارقىدىن ئىلمان سۇ، ھەسەل، سىركەنجۇبىل، تۇرۇپنىڭ قايناتىلغان سۈيىنى ئىچىپ قەي قىلسا قويۇق كېرەكسىز ماددىلار ۋە بۇزۇق خىلىتلارنى تازىلايدۇ. بوغۇم ئاغرىقلىرى، ئۇلتۇرغۇچ نېرۋا ئاغرىقى، قارا بەھەق، ئاق بەھەقكە داۋا بولىدۇ. تېرىدىكى ئىزلارنى يوقىتىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** ھۆل سوغۇق مىزاجلىقلار، ھۆللۈكى ئاشقان مېڭە، بەلغەم مىزاجلىق پەي، بەلغەم مىزاجلىق ئاشقازانغا زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** ئۇنى كالا يېغى، بادام يېغى ياكى كۇنجۇت يېغى بىلەن پىشۇرۇپ ئىستېمال قىلىپ ئارقىدىن زەنجىۋىل مۇراببasى، يالپۇز، ھەسەل، شېكەر بىلەن قىلىنغان گۈلقەنت ياكى ھەسەل بىلەن قىلىنغان گۈلقەنت، ئاچچىقسۇ، ئىسسىق تەبىئەتلىك دورىلار، زىرىباجلار ئىستېمال قىلىنىدۇ، ئىسسىق مىزاجلىقلار ئۇنىڭ ئارقىسىدىن سىركە، سىركەنجۇبىل ئىستېمال قىلسا بولىدۇ. ئۇ خاسىيىتى بىلەن ئۇسسۇتىدۇ. ئۇسسۇتۇشنى ئىسلاھ قىلىش ئۈچۈن سىركە، ئاچچىقسۇ ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ. بەزى كىشىلەرگە ئۇنىڭ تۇزلانغىنى مۇۋاپىقراق كېلىدىغان بولۇپ، بوشراق ئۇسسۇتىدۇ. يەنە بەزى كىشىلەرگە تۇزلانمىغىنى مۇناسىپ كېلىدۇ. بېلىق يەپ بولۇپلا ئارقىدىن سۇ ئىچسە ناھايىتى زىيان قىلىدۇ، خۇددى بېلىقنى تىرىلدۇرۇپ ئۆزىنى ھالاك قىلغاندەك بولىدۇ. سوزۇلما كېسەللىكلەرگە سەۋەب بولىدۇ. ئەمما بېلىق سىڭىپ بولغاندىن كېيىن سۇ ئىچسە پايدا قىلىدۇ. ئۇ ھەزىم بولۇشتىن بۇرۇن سۇ ئىچسە، ئۇنىڭ ھەزىم بولمىغان قىسىملىرى تومۇرلار ۋە تېرىگە ئۆتۈپ كېتىپ، توسالغۇ پەيدا قىلىدۇ. قوتۇر، قىچىشقاق، كالا تەمرەتكىسىگە ئوخشاش كېسەللىكلەرنى پەيدا قىلىدۇ. ئۇنى سۈت، توخۇ تۇخۇمى ياكى گۆش بىلەن، بولۇپمۇ ياۋايى ھايۋانلارنىڭ گۆشى بىلەن ئىستېمال قىلسا ناھايىتى زىيان قىلىدۇ، سوزۇلما كېسەللىكلەرنى پەيدا قىلىدۇ.

ئۇنىڭ تۇزلىنىپ 15 كۈن ۋە ئۇنىڭدىن ئارتۇق كۈنلەر ئۆتكىنى قۇرۇق ئىسسىقتا مايىل بولۇپ، بەلغەم بوشىتىدۇ، ئىشتىھانى ئاچىدۇ، سوغۇق مىزاجلىقلارنىڭ ئىستېمال قىلىشىغا مۇناسىپ كېلىدۇ. شېشىنىسمان بەلغەم ۋە تۇزلۇق بەلغەم پەيدا قىلىدۇ. قىچىشقاق، قوتۇر، كالا تەمرەتكىسى، تېرە قاسراقلىنىشى، ئۇيقۇسىزلىق ۋە ئۇنىڭغا ئوخشاش ئىللەتلەرنى پەيدا قىلىدۇ. ئۇنىڭ مەلۇم مۇددەت ئۆتكىنى تۇسالغۇ ۋە كۆيگەن سەۋدادىن بولغان بۇزۇق خىلىتلارنى پەيدا قىلىدۇ. ئۇنىڭ تۈزەتكۈچىسى سىركە، ئاچچىقسۇ، سىركەنجۇبىل ئىستېمال قىلىش، قەي قىلدۇرۇش، مۇسھىل دورىلىرىنى ئىستېمال قىلىپ بەدەننى تازىلاشتۇر.

ئۇنىڭ تۇز سېپىپ قۇرۇتۇپ ساقلانغىنى «سەمارىيس» دەپ ئاتىلىدىغان بولۇپ، بېلىقنىڭ ھەممە تۈرلىرىدىن ناچاردۇر. ئەڭ تەستە ھەزىم بولىدۇ، قويۇق بەلغەم خىلىتى پەيدا قىلىدۇ، ئاشقازان تېۋىتىنى كۈچەيتىدۇ. مەزكۇر كېسەللىكلەرنى پەيدا قىلىدۇ. ئۇيقۇنى قاچۇرىدۇ. داۋاملىق ئىستېمال قىلسا نامازشام قارىغۇسى پەيدا قىلىدۇ. ئۇنىڭ تۈزەتكۈچىسى يۇقىرىدا ئېيتىلغان تەدبىرلەرنى قوللىنىش بىلەن بىرگە ئۇنى سىركىگە چىلاپ قويۇپ ئىستېمال قىلىشتۇر. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇ چايان ۋە غالجىر ئىت چىشلىۋالغان زەھەرنى قايتۇرىدىكەن.

سىركىگە چىلانغان تۇزلۇق بېلىق قۇرۇق سوغۇق بولۇپ، ھۆللۈكلەرنى قۇرۇتىدۇ، تەستە ھەزىم بولىدۇ. تۇتۇپ تۇرغۇچى قۇۋۋەتنى قۇۋۋەتلەيدۇ. سەپرانىڭ ئاشقازانغا قۇيۇلۇشىنى توسىدۇ، قىچىشقاق، قوتۇر، سەۋدادىن بولغان مۇدۇرلارنى پەيدا قىلىدۇ. تۇز سېپىلگەن بېلىقنىڭ سۈيى بىلەن ئەزا يۇيۇلسا، چىرىگەن يارىلار ۋە يېڭى قوتۇرغا پايدا قىلىدۇ. قورۇلۇپ پىشۇرۇلغان يېڭى بېلىق سوۋۇغۇچە تۇرغۇزۇلسا، بولۇپمۇ بىر كېچە ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق ۋاقىت ئۆتسە ۋە نەم يەرگە قويۇلغان بولسا ناچار بولۇپ زەھەرلەيدۇ. ئۇنىڭدىن ھەر كۈنى داۋاملىق ئىستېمال قىلسا ئاقكېسەل، ئىستىسقا ۋە زەھەرلىك موگۇ يېگەندىكى ئالامەتلەرنى پەيدا قىلىدۇ.

زەھەر قايتۇرۇش ئۈچۈن قەي قىلدۇرۇلىدۇ، مۇسھىل ئىچۈرۈلىدۇ ۋە زەھەرلىك موگۇدىن زەھەرلەنگەندە قوللىنىلىدىغان تەدبىرلەر قوللىنىلىدۇ. سوغۇق مىزاجلىقلارغا ئىسسىق جاۋارىشلار ۋە يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ئىسسىق نەرسىلەر پايدا قىلىدۇ. ئىسسىق مىزاجلىقلارغا چۈچۈمەل سىركەنجۇبىل، سىركە، ئاچچىقسۇ ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ.

بېلىق يېگەندىن كېيىن كۆڭلى ئېلىشىدىغان كىشىلەر بېھى قىيامى يالىسا، زىرە كېرمانى چىلانمىسى ئىچسە بولىدۇ.

بېلىقنىڭ قاينىتىلمىسىدا ئولتۇرسا دەسلەپكى مەزگىلدىكى ئۈچەي يارىسىنى ساقايتىدۇ، ماددىلارنى تېرە يۈزىگە تارتىپ چىقىرىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن ھۆقنە قىلسا ئولتۇرغۇچ نېرۋا ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ.

بىلىق تۇخۇمى باھنى قۇۋۋەتلەيدۇ، مەنىي كۆپەيتىدۇ، باھنى قوزغىتىدۇ. يۆتەل، ئىسسىقتىن بولغان تولغاققا پايدا قىلىدۇ.

ئۇنىڭ ئۆتى، بولۇپمۇ كارپ بىلىقىنىڭ ئۆتى قۇرۇق ئىسسىق بولۇپ، كۆزگە سۇركىسە ئاقنى يوقىتىدۇ. تىرىك بىلىقنىڭ قارنى يېرىلىپ مىدىرلاپ تۇرغان ھالىتىدە ئەزاغا تېڭىلسا ئەينەك پارچىسى، تىكەن قاتارلىقلارغا ئوخشاش يات ماددىلارنى تېرە يۈزىگە تارتىپ چىقىرىدۇ. مېڭە پەردىسى ئىششىقى بىمارىنىڭ ئەقلىنىڭ ئېلىشىپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى تەڭداشسىز ئالىدۇ. ئۇنىڭ تۇزلانغان بېشى كۆيدۇرۇلۇپ ئىشلىتىلسە مەقئەت ئىششىقى، مەقئەتنىڭ يېرىلىشىغا پايدا قىلىدۇ. چايان ۋە غالجىر ئىت چىشلىۋالغاندىكى زەھەرنى قايتۇرىدۇ. ياغلار ۋە لوئابلار بىلەن مەلھەم قىلىپ كىچىك تىلنىڭ قاتتىق ئىششىقىنى تارقىتىدۇ. كۆيدۇرۇلگەن ئۇستىخىنى مەلھەم قىلسا ئاقكېسەلگە پايدا قىلىدۇ. بىلىق ئىلمان تۇز سۈيى بىلەن يۇيۇلسا ياكى ئۇنىڭغا قىزىلگۈل غولى سۇرۇلۇپ مەلۇم ۋاقىت تۇرغۇزۇلۇپ، ئارقىدىن سۇ بىلەن يۇيۇلسا ئۇنىڭ بەتبۇي پۇرىقىنى تۈگىتىدۇ. بىلىقنى ئۇن ۋە نانىسىز ئىستېمال قىلسا ئاسان ھەزىم بولىدۇ، ئۇن ۋە نان بىلەن ئىستېمال قىلسا تەستە ھەزىم بولىدۇ.

## سەمەكە رەئئادە

(سىكات بېلىقى)

ئۇنىڭ ماھىيىتى ۋە خۇسۇسىيەتلىرى «ر» (رائ) ۋە «ئ» (ئەين) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلار بايانىدىكى «رەئئاد» (سىكات بېلىقى) ماۋزۇسىدا بايان قىلىندى.

ئاتلاشلارغا قارىغاندا، ئېكۋاتورنىڭ شىمالىدىن 70 دەرىجە (قەدىمكى ئارىلىق ئۆلچەم بىرلىكى) كەڭلىك ۋە 140 دەرىجە ئۇزۇنلۇقتىكى يەرگە جايلاشقان ئاق دېڭىز دەپ ئاتىلىدىغان دېڭىزدا ئۇزۇنلۇقى 100 ~ 200 غۇلاچقىچە، كەڭلىكى 20 غۇلاچ كېلىدىغان بىر خىل بىلىق ياشايدىغان بولۇپ، ئېغىزى بىلەن بۇرنى دۇمبىسىدىكى ئىككى تاغاقنىڭ ئارىلىقىدا ئىكەن، نەپەسلەنگەندە سۇنى خۇددى فونتاندەك پۈركۈپ كىچىك مۇنارنىڭ شەكلىنى ھاسىل قىلىدىكەن. شۇ يەردىكى كىشىلەر ئۇنى تۇتىدىكەن. ئۇنىڭ بەدىنىدە ياغ كۆپ بولۇپ، پۈتۈن بەدىنى خۇددى ئۇيۇغان ياغقا ئوخشايدىكەن. كىشىلەر ئۇنى پارچىلاپ چوڭ قازانلارغا تاشلاپ، تېگىگە ئوت قالاپ ئېرىتىپ يېغىنى «پىيپ» دەپ ئاتىلىدىغان ياغاچ قاچىلارغا قاچىلاپ، ئەتراپلارغا ئېلىپ بېرىشىپ ساتىدىكەن، كىشىلەر ئۇنى چىراق يېغى قىلىش ۋە باشقا يېقىلغۇ قىلىش ئۈچۈن سېتىۋالىدىكەن. شۇ يەردىكى كىشىلەر يىل بويى چىراغقا شۇنى ئىشلىتىدىكەن. ئۇنىڭ مېڭىسى ئاق، قات ـ قات بولۇپ، ئېرىتىلىپ ئۇنىڭدىن شام ياساپ

پادىشاھلارغا سوۋغا قىلىنىدىكەن، ئۇنىڭ ئۆتى كۆككە مايىل ئاق بولىدىكەن.

بىلگىنكى، مەزكۇر دېڭىز ساھىلىدا ھاۋانىڭ سوغۇقلۇقى سەۋەبىدىن يىلدا 3~4ئايدىن ئارتۇق ۋاقىت تۇرغىلى بولمايدۇ. يەنە ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، قۇياش مىزان بۇرجىغا يېقىنلاشقاندا ئىككى ـ ئۈچ كۈن ناھايىتى سوغۇق شامال چىقىدىكەن، كىشىلەر شۇ چاغدا دەريا بويىدىن دەرھال ئايرىلىش كېرەك ئىكەن، بولمىسا تۆتىنچى ۋە بەشىنچى كۈنلىرى دېڭىز دولقۇنلىرى شىمال تەرەپتىن مۇز تاختىلىرىنى ئېلىپ كېلىدىكەن ـ دە، ئۇ يەردىن ئۆزىنى قۇتۇلدۇرۇش مۇمكىن بولمايدىكەن.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇنىڭ مېڭىسى سىل، كۆكرەك ۋە كۆكرەك پەردە يارىلىرىغا پايدا قىلىدىكەن.

## سەمەتكۇس سەيدا

(سەيدا بېلىقى)

ئۇ «سۇمەيكەئى سەيدا»، «سەمەكەئى بەرەكە» (بەركەتلىك بېلىق)، «سەمەكەئى سۇل» (سۇل بېلىقى)، يۇنانچە «سەفىيفىس» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** تەبۇك يېزىسىدىكى «سۇل» دەپ ئاتىلىدىغان بۇلاقتا ياشايدىغان بىر خىل بېلىقتىن ئىبارەت بولۇپ، شەكلى كىچىك پاقا ۋە پاتمىچۇقىقا ئوخشايدۇ، پۇت ـ قولى، قۇيرۇقى ۋە چاڭگىلى بولىدۇ، پۇتىنىڭ ئەگمىسى يوتىسىنىڭ سىرتقى تەرىپىگە قارايدۇ. ئەركىكى ئىنچىكە، ئۇزۇن، بېشى كىچىك، قۇيرۇقى ئۇزۇن بولىدۇ. زاڭقىنىڭ ئاستىدا سىزىق ۋە خاللىرى بولىدۇ. تىرىك بولسا ئەركىكى بىلەن چىشىسىنى پەرقلەندۇرگىلى بولىدۇ، ئۆلگەندىن كېيىن بىلگىلى بولمايدۇ. شەيخۇل رەئىس ئەبۇ ئەلى ئىبنى سىنا ئۆزىنىڭ «مۇجەررەبات» (سىناقتىن ئۆتكەن نۇسخىلىرى) دېگەن كىتابىدا ئۇنى «سەمەكەئى تەبۇك» (تەبۇك بېلىقى) دەپ يازغان. تەبۇك شامنىڭ بىر يېزىسى بولۇپ، سەيدا دېگەن يەرگە يېقىندۇر. مەزكۇر بېلىق مەزكۇر يېزىدىكى «سۇل» دەپ ئاتىلىدىغان بۇلاقتا ياشايدۇ. ئىككىنچى ئاينىڭ ئونىنچى كۈنىدىن كېيىن كۆپىيىدىغان بولۇپ، شۇ چاغدا ئەركىكى بىلەن چىشىسى جۈپلىشىدۇ، تاكى 9 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرلىرىغىچە داۋاملىشىدۇ. ئۇنىڭ جۈپلىشىشى ئادەم بىلەن ئوخشاش بولۇپ، باھار پەسلى بولغان شۇ ۋاقىتتا ئۇنىڭ قۇلىقىنىڭ ئاستىدىن كۆپۈك چىقىدۇ ۋە سۇغا كىرىپ كېتىدۇ. كىشىلەر شۇ ۋاقىتتا ئۇنى يىغىپ تۇتىدۇ، چۈنكى بەك تېز ھەرىكەت قىلىدىغان بولغاچقا، باشقا ۋاقىتلاردا تۇتقىلى بولمايدۇ. تۇتقاندىن كېيىن بۇزۇلۇپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن دەرھال تۇزلاپ ساقلايدۇ.

**تەبىئىتى:** ئۆزى ئىككىنچى دەرىجىدە، كۆپۈكى ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق،

ئارتۇق ھۆللۈكى بار.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ئۇنىڭ كۆپۈكىدىن بىر دان مىقدارى ئېلىپ، توخۇ تۇخۇمىنىڭ ئىللىتىپ پىشۇرۇلغان سېرىقى ياكى ياش توخۇ گۆشى شورپىسى بىلەن ئىستېمال قىلسا باھنى كىشىنى ھالاك قىلغۇدەك دەرىجىدە زىيادە قوزغىتىدۇ. ئۇنىڭ بۇ تەسىرى ئۇنىڭ گۆشىدىن كۆپ كۈچلۈك بولىدۇ. ئۇنىڭ تۇز سېپىلگىنى تۇز سېپىلمىگىنىدىن كۈچلۈكرەك بولىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇنىڭ باھنى قوزغىتىش تەسىرىگە باشقا ھېچبىر دورا يەتمەيدىكەن. ئۇنى ئىستېمال قىلىش ئۇسۇلى شۇكى، ئۇ تالقانلىنىپ شارابقا سېپىلىپ تائامدىن كېيىن ئىچىلىدۇ، ئارقىدىن ئۇخلىتىدۇ، بۇ چاغدا ئۇ باھنى غايەت زور دەرىجىدە قوزغايدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇنىڭ ئەركىكى ئەرلەرنىڭ، چىشىسى ئاياللارنىڭ شەھۋىتىنى قوزغايدىكەن. بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇنىڭ چىشىسى نە ئەرلەر، نە ئاياللارغا ھېچقانداق تەسىر كۆرسەتمەيدىكەن. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇنىڭ سەيدا بۇلاقلىرى ئەتراپلىرىدىكى قۇملۇقلاردىن تۇتۇلغىنىنىڭ مەزكۇر بۇلاقتىن تۇتۇلغىنىدەك تەسىرى يوق ئىكەن. يەنە بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ قۇمدا خۇددى سۇدا ئۈزگەندەك شۇڭغۇپ ئۈزىدىكەن. شۇ سەۋەبتىن ئۇ «سەمەكتۇر رەمل» (قۇم بېلىقى) دەپ ئاتىلىدىكەن. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇنىڭ ھەر بىر ئەزايى ئىنسانىنىڭ شۇ ئەزايىنىڭ ئىللىتىگە پايدىلىق ئىكەن. مەسىلەن: قولى قول ئاغرىقىغا، پۇتى پۇت ئاغرىقىغا پايدىلىق ئىكەن، ئەمما بۇ گەپنىڭ ئاساسى يوقتۇر.

## سەمىن
(سېرىق ماي)

ئۇ پارسچە «رەۋغەن» (ياغ)، ھىندىچە «گىھى» دەپ ئاتىلىدۇ. خېمى «زۇبدى» (قايماق) دەپ ئاتىلىدىغان بولۇپ، «ز» (زائ) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلار بابىدا سۆزلەندى.

**ماھىيىتى:** تونۇشلۇقتۇر. ئۇ ھايۋاناتنىڭ سۈتى ياكى قېتىقىدىن ئايرىۋېلىنىدىغان ياغدىن ئىبارەت. ئەڭ ياخشىسى كالىنىڭ، ئۇنىڭدىن قالسا قوينىڭ، ئۇنىڭدىن قالسا سېمىز، ياش ئۆچكىنىڭ سۈتىنىڭ سېرىق مېيىدۇر. كالىنىڭ سېرىق مېيى ھەممىدىن ئاسان ھەزىم بولىدۇ. قوينىڭ، قوتازنىڭ سېرىق مېيى، بولۇپمۇ ئۇنىڭ ياۋىسىنىڭ سېرىق مېيى ھەممىدىن تەستە ھەزىم بولىدۇ.

**تەبىئىتى:** ھەممىسى بىرىنچى دەرىجىنىڭ ئاخىرىدا ھۆل ئىسسىقتۇر. كونىرىغانسېرى ھۆللۈكى ئازىيىپ قۇرۇقلۇقى ئاشىدۇ. ئۇنىڭ ئىككى يىل ئۆتكەنلىرى بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇقتۇر.

**خۇسۇسىيتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ئۇنىڭ تەسىرلىرى قايماقنىڭ تەسىرلىرىدىن كۈچلۈكرەك بولۇپ، ماددىلارنى تارقاتقۇچى، تۇسالغۇلارنى ئاچقۇچى، زەھەرلەرگە تاقابىل تۇرۇپ ئۇنى قايتۇرغۇچى، ئەفئى يىلىنىنىڭ زەھىرىنىڭ يۈرەككە تەسىر قىلىشىنىڭ ئالدىنى ئالغۇچىدۇر. ھەتتا بەغدادىي «بىر كىشىنى زەھىرى ئۆتكۈر ئەفئى يىلىنى چېقىۋالغان ئىدى، كونا سىرىق مايدىن باشقا نەرسە يوق ئىدى، ئۇ شۇ مايىنى ئىستېمال قىلدۇردى، زەھەر ئۇنىڭغا ھېچقانداق زىيان يەتكۈزەلمىدى» دەپ يازغان. 30 گىرام سىرىق ماي 180 گىرام ئانار سۈيى بىلەن ئىستېمال قىلىسا قانلىق ئىچ سۈرۈشكە شىپا بولىدۇ. تېرىنى يۇمشىتىپ تازىلايدۇ، مېڭە ۋە كۆكرەكتىكى كېرەكسىز ماددىلارنى ھەيدەپ چىقىرىدۇ. بەدەننى سەمرىتىدۇ، دىماق، گالنىڭ قۇرۇقلۇقىنى ئالىدۇ. قۇرۇق يۆتەلنى پەسەيتىدۇ. سىرىقلىق چۇشۇش كېسەللىكى، تال كېسەللىكى، ئەزالاردا تاش پەيدا بولۇشقا شىپا بولىدۇ. ئۇ بەزىدە ئىچىنى سۈرسە، بەزىدە ئىچىنى قاتۇرىدۇ. ئۇنى ناشتىدا يالىسا كونا قۇرۇق يۆتەلنى پەسەيتىدۇ. بەلغەم بوشىتىدۇ، بولۇپمۇ شېكەر ۋە ئاچچىق بادام بىلەن ئىستېمال قىلسا تەسىرى تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ. ئۇنىڭدىن 15 گىرام ئېلىپ شېكەر بىلەن ئىستېمال قىلسا سىيىش قىيىنلىشىشقا دەرھال پايدا قىلىدۇ، سىناقتىن ئۆتكەن. ئۇنى ئىلمان سۇ بىلەن ئىچىپ ئارقىدىن قەي قىلسا ئىچىلگەن زەھەرلەرنىڭ ۋە ئەپيۇننىڭ زەھىرىنى قايتۇرىدۇ. شۇنداقلا ئۇنى يېڭى سېغىلغان سۈت بىلەن ئىچىسىمۇ شۇ تەسىرنى بېرىدۇ. ئۇنى ئىنتىزۇمى بىلەن بىرلىكتە كۆزگە سۈركىسە، كۆزنىڭ لوقۇلداپ ئاغرىشىغا داۋا بولىدۇ، ئىششىقلىرىنى تارقىتىدۇ. كۆزگە يالغۇز سۈركىسە كۆزدىكى قاتتىق ئىششىقلارنى يۇمشىتىدۇ. زەيتۇن يېغى بىلەن سۈركىسە قاپاق قوتۇرىغا شىپا بولىدۇ. قۇلاققا سۈركىسە قۇلاق ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ. بۇرۇنغا پۈركۈسە بوغما كېسەلگە داۋا بولىدۇ. ئۇ كۆل سۈيى بىلەن بىرلىكتە كىلىزما قىلسا قانلىق ئىچ سۈرۈش ۋە ئۈچەي يارىسىغا شىپا بولىدۇ. ئۇ توخۇ يېغى بىلەن ھەمەلچە قىلسا بالىياتقۇ يارىسىنى ساقايتىدۇ، بالىياتقۇنى تازىلايدۇ. مەقئەتكە ھەمەلچە قىلسا مەقئەتنىڭ يېرىقىنى ساقايتىدۇ، بۇۋاسىرغا شىپا بولىدۇ، قان توختىتىدۇ. ئۇنى قىزىتىپ مىڭئاياغ، چايان، قارچىغا پىتى ۋە باشقا كۆپ قىسىم زىيانداش ھاشارات چېقىۋالغان ئورۇننى مايلىسا ياكى يەرلىك ئورۇنغا قۇيسا ياكى تېمىتسا زەھەر قايتۇرىدۇ، سىناقتىن ئۆتكەن. ئۇ قۇلاققا ئىلمان ھالەتتە تېمىتىلسا قۇلاققا كىرىۋالغان ھاشاراتنى ئۆلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ئۇنى رەۋغىنى ھامىز، كالا ياكى قوينىڭ كونا سىرىق مېيى، سۆرۈنجان بىلەن مەلھەم قىلىپ بۇۋاسىرغا سۈركىسە پايدا قىلىدۇ، سىناقتىن ئۆتكەن. ئۇنى يالغۇز سۈركىسە جوزامغا داۋا بولىدۇ. ئۇنى ھەر كۈنى ئۇخلاشتىن بۇرۇن يۈزگە سۈركەپ ئۇدا يەتتە كۈن داۋاملاشتۇرۇلسا يۈزنى تازىلاپ پارقىرىتىدۇ ۋە چىرايلىقلاشتۇرىدۇ، شۇنداقلا قايماق سۈركىسىمۇ شۇ تەسىرنى بېرىدۇ.

ئۇنىڭ بىلەن تەكرار مايلىسا ئىششىقلارنى، بولۇپمۇ ئاياللار ۋە باللار ئىششىقلارنى تارقىتىدۇ. يارىلارغا سۈركىسە قاسراقلىشىشنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. يارىلارنىڭ ئىغىزىغا سۈركىسە ساقىيىشىغا ياردەم بېرىدۇ. ئۇنى پىلتە ياكى پاختىغا يۇقتۇرۇپ جاراھەت ئىغىزىغا سالسا ئىغىزىنى كېڭەيتىپ، چوڭقۇر قىسمىدىكى كىرلارنى تازىلايدۇ. قۇرۇق خېنىنى يۇمشاق سوقۇپ، كونا سېرىق مايىنى بىلەن مەلھەم قىلىپ، كونا قوتۇر ۋە جوزامغا سۈركىسە ساقايتىدۇ. سېرىق مايىنى سوغۇق سۇ بىلەن 101 قېتىم تەكرار يۇيۇپ ساپلاشتۇرغاندىن كېيىن كونا قوتۇر، بوۋاسىر ۋە كۆپ قىسىم يارىلارغا سۈركىسە ساقايتىدۇ. ئۇنىڭ يۇيۇلغىنىنىڭ تەمى ئاچچىقلىشىپ قالىدىغان بولۇپ، زەھەردىن خالىي ئەمەس، شۇنىڭ ئۈچۈن ئىستېمال قىلىشقا بولمايدۇ. يېڭى سۈت بىلەن قايىنتىلغان سېرىق ماي ئاغرىقلارغا ناھايىتى پايدا قىلىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** ئىچكى ئەزالاردىكى كېسەللىكلەر ۋە ھۆللۈكتىن بولغان كېسەللىكلەرگە زىيان قىلىدۇ، ئۇ غالىب خىلتقا تېز ئۆزگىرىدىغان بولغاچقا، ئىسسىق مىزاجلىقلار ۋە تال ئىششىقى بولغانلاردا سەپرا پەيدا قىلىدۇ. ئاجىز ئاشقازان ۋە بەلغەم مىزاجلىق ئاشقازاننى بوشىتىدۇ، ھەزىمنى زەئىپلەشتۈرىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** ئىسسىق مىزاجلىقلار ئۈچۈن چۈچۈمەل نەرسىلەر، سوغۇق مىزاجلىقلار ئۈچۈن جاۋارىشلار.

**ئىستېمال مىقدارى:** دورىلارغا 60 گىرامغىچە قوشۇلىدۇ.

ئۇنىڭ كونىسىنىڭ جۇلا بېرىش ۋە تارقىتىش قۇۋۋىتى ئۇنىڭ يېڭىسىنىڭ قۇۋۋىتىدىن كۈچلۈكرەكتۇر. ئۇ باللار ۋە ئاياللارنىڭ بەدىنىگە ئوخشاش يۇمشاق بەدەنلەرگە قاتتىق بەدەنلەرگە قارىغاندا بەكرەك تەسىر قىلىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن باللارنىڭ قولاق ئاستى بېزى ئىششىقىغا ياخشى پايدا قىلىدۇ.

بۇزۇلغان سېرىق مايىنى ئىسلاھ قىلىشقا توغرا كەلسە قېتىق سۈيى بىلەن تاكى سۈيى تۈگەپ مېيى قالغۇچە قايىنتىلىدۇ، مايىنىڭ كۆيۈپ كېتىشىدىن ئېھتىيات قىلىنىدۇ ياكى مايىنى ئوت ئۈستىدە قويۇپ قايىنىغاندا ئۈستىگە بۇغداي ئۇنىدىن ئاز ـ ئازدىن سېپىپ ئۇن كۆيگىچە قايىنتىلىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن ئوتتىن چۈشۈرۈپ سۈزۈلدۈرۈپ ئىشلىتىلىدۇ. سېرىق مايغا تۇز قوشۇلسا ئۇزۇن ساقلىغىلى بولىدۇ، يەنى تېز بۇزۇلۇپ قالمايدۇ.

## سەمەندەر

**ماھىيىتى:** مېھرىيارەسىنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ بىر خىل ھايۋان بولۇپ، سۇ بېلىقىغا زىيان يەتكۈزمىگەندەك، ئوت ئۇنىڭغا زىيان يەتكۈزەلمەيدىكەن، قۇشقاچ چوڭلۇقىدا، ئوتنىڭ

رەڭگىدە بولىدىكەن. مۇئەللىپىنىڭ ئېيتىشىچە، بۇ گەپىنىڭ ئاساسى يوق ئىكەن.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ئۆتىدىن يېرىم گىرام ئېلىپ نوقۇت سۈيى بىلەن ياكى يېڭى سېغىلغان سۈت بىلەن قايىنىتىپ ئىستېمال قىلسا ئىچىلگەن زەھەرلەرنى قايتۇرىدۇ. مېڭىسىنى سۈرمە بىلەن بىرلىكتە كۆزگە سۈركىسە كۆزگە سۇ چۈشۈشكە شىپا بولىدۇ. كۆزنىڭ ساقلىقىنى ساقلايدۇ. قېنىنى سۈركىسە داغىنىڭ كېڭىيىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ ۋە ئۇنىڭ رەڭگىنى ئۆزگەرتىدۇ.

## سەمۇر

(بۇلغۇن)

**ماهىيىتى:** بۇ بىر خىل هايۋان بولۇپ، تۈركىستاندا ياشايدۇ، قارا بۇلغۇنغا ئوخشاش، ئۇنىڭدىن قارىراق بولىدۇ.

**تەبىئىتى:** ناهايىتى قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ئۇنىڭ ھەممە خۇسۇسىيەتلىرى قارا بۇلغۇننىڭ خۇسۇسىيەتلىرىدىن كۈچلۈكرەك بولىدۇ. ئۇنىڭ تېرىسىدىن تىكىلگەن جۇۋا، قاما باشقا هايۋانلارنىڭ تېرىسىدىن تىكىلگەن جۇۋىدىن ئىسسىقراق بولۇپ، ياشانغانلار ۋە سوغۇق مىزاجلىقلارنىڭ كىيىشىگە ماس كېلىدۇ. ئۆپكە بىلەن بۆرەكنى ئىسسىتىدۇ. هۆل مىزاجلىقلارنىڭ باھ قۇۋۋىتىنى ئاشۇرىدۇ. يېغى زىمات قىلسا بۆرەكنى قىزىتىدۇ. مويى سوقۇلۇپ سېپىلسە يارىلارنى قۇرۇتىدۇ. ئۇنىڭ تېرىسى باشقا هايۋاناتنىڭ تېرىسىگە قارىغاندا تېزرەك بۇزۇلىدۇ، چۈنكى ئۇ ئاز ئاشلىنىدۇ.

## سۇمەيرا

(سۇمەيرا ئوتى)

**ماهىيىتى:** «تۆهپەتۇل مۆئمىن» (مۆمىنلەرگە قىلىنغان هەدىيە) ناملىق كىتابنىڭ ئاپتورىنىڭ يېزىشىچە، «نەجەبە» دېگەن كىتابنىڭ ئاپتورى ئۇنى ماھىزەھرەج ئۆسۈملۈكىنىڭ بىر تۈرى دېگەن بولۇپ، رەبىئە دىيارىدا ئۆسىدىكەن، كاسىنەگە ئوخشايدىغان بولۇپ، بىر ئادەم بويى ئېگىزلىكتە بولىدىكەن، يوپۇرمىقى ناهايىتى يېشىل بولۇپ، قارامتۇل مەلۇم بولىدىكەن، يىلتىزى كەرناج يىلتىزى چوڭلۇقىدا بولۇپ، هايۋاناتنى زەھەرلەيدىكەن. ئىبنى تىلمىيزنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ قۇياش جەۋزا بۇرجىغا كەلگەندە يېتىشىدىكەن، باشقى فاس ئۆسۈملۈكىنىڭ باشقىغا ئوخشايدىكەن.

**تەبىئىتى:** ناهايىتى ئىسسىق.

خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى: سوغۇقتىن بولغان كېسەللىكلەرنىڭ زىماتلىرىغا قوشۇلىدۇ.

## سەمىين
(ھايۋانات مېيى)

ئۇ پارسچە «چىربىي» دەپ ئاتىلىدۇ. سېمىزلىكمۇ شۇ نام بىلەن ئاتىلىدۇ.

**ماھىيتى:** ئۇ قورساق پەردىسى، گۆش، ئۈچەي ۋە باشقا ئەزالارنىڭ ئۈستىدىكى ياغدىن ئىبارەت بولۇپ، چاۋا ياغدىن ھۆلرەك بولىدۇ.

**تەبىئىتى:** ناھايىتى ھۆل ئىسسىق، ھۆللۈكى ئىسسىقلىقىدىن ئارتۇقراقتۇر.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** يېڭى سېرىق ماينىڭ تەسىرلىرىگە ئوخشايدۇ، تېز ھەزىم بولىدۇ، تەرەتنى بوشىتىدۇ. ئەزالارنى يۇمشىتىدۇ. سەپرا مىزاجلىقلار ئىستېمال قىلسا سەپراغا ئۆزگىرىدۇ. زەھەرلىك دورىلارنى ئىسلاھ قىلىشتا يېڭى سېرىق ماينىڭ ئورنىنى باسىدۇ.

# پەسىل: «س» (سىين) ۋە «ن» (نۇن) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى

## سەنائ مەككى
(سانائى مەككى)

ئۇ ھىندىچە «مەھار» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيتى:** ئۇ ھىجازدا باھار پەسلىدە ئۆسىدىغان بىر خىل ئۆسۈملۈكنىڭ يوپۇرمىقىدىن ئىبارەت. بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ غولى سەل يۇمشاق، يوپۇرمىقى ئىنچىكە، خېنە يوپۇرمىقىغا ئوخشاش بولۇپ، ئۇنىڭدىن چوڭراق ۋە قېلىنراق بولىدۇ. گۈلى كۆككە مايىل، ئۇرۇقى ياپىلاق، ئۇششاق، قارىغاي مېۋىسى شەكلىدە بولۇپ، ئۇزۇنچاقىا مايىل، سەل ئېگىلگەن بولىدۇ. ئۇ شەكلى باقىلە غىلابىغا ئوخشايدىغان، ئۇنىڭدىن كەڭ، كۆپ چۇرۇك بولغان غىلاپ ئىچىدە بولىدۇ.

ئۇنىڭ يەنە بىر تۈرىمۇ بار بولۇپ، يوپۇرمىقى يۇقىرىدىكىنىڭ يوپۇرمىقىدىن كەڭرەك، گۈلى سېرىق بولىدۇ. ئۇ ھىجازدا «ئەشرەق» دەپ ئاتىلىدۇ. يازدا يېتىلىدۇ.

ئۇنىڭ سارغىيىپ ياكى قارىداپ قالمىغان، بۇزۇلمىغان، ياغىچى ۋە ئۇرۇقلىرىدىن ئايرىلغان يېشىل يوپۇرمىقى ئىشلىتىلىدۇ. قۇۋۋىتى يەتتە يىلغىچە ساقلىنىدۇ. ئۇ ھىجازدا ئۆسىدۇ، ھىندىستاننىڭ ئەزىم ئاباد دېگەن يېرىدىمۇ ئاز مىقداردا ئۆسىدۇ. ھىندىستاندا

ئۆسكىنىنىڭ شاخلىرى گىرەلەشكەن بولىدۇ، ئەمما يوپۇرمىقى ئۆششاق، نازۇك، تەسىرى ھىجازدا، يەنى مەككىدە ئۆسكىنىدىن ئاجىزراق بولىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىنىڭ ئاخىرىدا ئىسسىق، بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇقتۇر.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** بەلغەم، سەۋدا، سەپرا، كۆيگەن خىلىتلارنى سۈرۈپ چىقىرىدۇ. مېڭىنى تازىلايدۇ. بەدەننىڭ چوڭقۇر قىسىملىرىغا سىڭىپ كىرەلەيدىغان قۇۋۋىتى بار. بەدەننى قۇۋۋەتلەيدۇ. تېرىگە جۇلا بېرىدۇ. باشتىكى ئەزالار، كۆكرەكتىكى ئەزالار، ھەزىم ئەزالىرى كېسەللىكلىرى يەنى باشنىڭ يېرىمى ئاغرىش، تۇتقاق كېسەل، سارائىلىق، كونا باش ئاغرىقى، بىقىن ئاغرىقى، زىققە نەپەس كېسەللىكى، قۇلۇنجى، ئولتۇرغۇچ نېرۋا ئاغرىقى، نۇقرەس، مۇسكۇللارنىڭ تارتىشىشى، دائىرىلىك چاچ چۈشۈش، باش كېپەكلىشىش، قىچىشقاق، قوتۇر، كونا مۇدۇرلار، بەدەن پىتلاش، مەددە قۇرت كېسەللىكلىرى، پۇت ـ قوللارنىڭ يېرىلىشى، سەۋدادىن بولغان كېسەللىكلەر، بەلغەم بىلەن سەپرانىڭ ئارىلىشىشىدىن بولغان بوغۇم ئاغرىقلىرى، سەۋدادىن بولغان ئۆزىگە سۆزلەشكە شىپا بولىدۇ. ئۇنىڭ قاينىتىلمىسىدىن 15 گىرام ئېلىپ 60 گىرام تۇخۇم زەيتۇن يېغى بىلەن ئىستېمال قىلسا بەل ئاغرىقى ۋە يانپاش ئاغرىقىغا پايدا قىلىدۇ ۋە ئۆلاردىكى خام خىلىتنى چىقىرىدۇ، بۇۋاسىرغا شىپا بولىدۇ. قاينىتىلمىسى مۇناسىپ دورىلار ۋە قىزىلگۈل بىلەن ئىستېمال قىلسا مەزكۇر خىلىتلارنى سۈرۈپ چىقىرىدۇ. ئۇنىڭدىن 10~20 گىرامغىچە، ھەتتا 30 گىرامغىچە، قىزىلگۈلدىن بىمارنىڭ مىزاجىغا قاراپ 3~6 گىرامغىچە، يېڭى سېغىلغان سۈتتىن 100~400 گىرامغىچە ئېلىپ ئىستېمال قىلسا ياكى قاينىتىلغىنىنى سوقۇپ سۈزۈپ قىلىپ، قارا شېكەر، يېڭى سېغىلغان سۈت بىلەن ئىستېمال قىلسىمۇ شۇ تەسىرنى بېرىدۇ.

ئەمما ئۇنىڭ قاينىتىلمىسى ئۇنىڭ ئۆزىگە قارىغاندا زىيانسىزراق بولىدۇ. ئۇنىڭ تالقىنىدىن بەش گىرام ئېلىپ، ھەسەل بىلەن ئۈچ كۈندىن يەتتە كۈنگىچە ئۇدا ئىستېمال قىلسا، بوغۇم ئاغرىقلىرى ۋە ئۇنىڭغا ئوخشاش ئاغرىقلارنى پەسەيتىدۇ، سىناقتىن ئۆتكەن.

**زىيانلىق تەسىرى:** كۆڭۈلنى ئېلىشتۇرىدۇ، قورساقنى ئاغرىتىدۇ، كۆڭۈلنى غەش قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** ياغاچلىرى، شاخلىرى ۋە ئۇرۇقلىرىدىن ئايرىپ سوققاندىن كېيىن بادام يېغى بىلەن ياغلاپ، قاينىتىپ تەمىنى چىقىرىپ، سېرىق ھېلىلە، قىزىلگۈل، رۇمبەديان، بىنەپشە ۋە مېۋە سۈلىرى بىلەن ئىستېمال قىلىشتۇر. ئومۇمەن ئېيتقاندا، ئۇنى قىزىلگۈل ۋە بادام يېغىسىز ئىستېمال قىلىشقا بولمايدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** ئۆزىدىن 6 ~9 گىرامغىچە، قاينىتىلمىسىدىن 12~20 مىللىگىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

**ئورۇنباسارى:** ئېيتىشلارغا قارىغاندا، باراۋەر مىقداردا تۇربۇت، يېرىم ھەسسە سېرىق

ھېلىلە ۋە تۆتتىن بىر بىرچىلىك مىقداردا بىنەپشە ئىكەن. ئەمما مەزكۇر ئورۇنباسارلار كۆپ مىزاجلارغا نىسبەتەن ئارتۇق ھېسابلىنىدۇ.

ئۇنى سىركىدە قىيام بولغۇچە قاينىتىپ بەدەنگە چاپسا ، قوتۇر، قىچىشقاق، داغ، بەھەق قاتارلىقلارغا پايدا قىلىدۇ. كونا زەخىملەرنى پۈتتۈرىدۇ. چاچقا سۈركىسە چۈشۈشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. خېنە بىلەن بىرلىكتە چاچقا سۈركىسە قارايتىدۇ. ئۇ سىركە، شاھتەررە، خېنە يوپۇرمىقى قاتارلىقلار بىلەن بىرلىكتە سۇ بىلەن سالايە قىلىپ بەدەنگە سۈركەپ، ئۈچ سائەت ئۆتكەندىن كېيىن يۇيۇۋېتىلسە قىچىشقاق، قوتۇر ۋە يامان يارىلارغا پايدا قىلىدۇ، جاراھەتلەرنى ساقايتىدۇ، بۇنىڭ ئۈچۈن تەكرار سۈركىلىدۇ، سىناقتىن ئۆتكەن.

بىلگىنكى شەيخۇر رەئىس ئەبۇ ئەلى ئىبنى سىنا سانانى بايان قىلىشقا يۈزلەنمىگەن.

سانائى مەككىنىڭ ھەبلىرى، سۇفۇپلىرى، زىماتى، مەتبۇخلىرى، مەجۇنلىرى، چىلانمىسى قارابادىندا بايان قىلىندى.

## سۇنبادەج

(سۇنبادەج تېشى)

ئۇ «ھەجەرۇل مىسەن» (بىلەي تاش) دەپ ئاتىلىدۇ. پارسچە «سەنگى سۇنبادە» (سۇنبادە تېشى) دېيىلىدۇ. ھىندىچە «كەرەند» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** ئۇ بىر خىل تاش بولۇپ، سەل يۇمشاق، خۇددى قاتقان قۇمغا ئوخشايدۇ. ئۈچ خىل بولىدۇ. بىرىنچىسى، ئاق بولۇپ، سۇتكە ئوخشايدۇ، ھىندىچە «دۇدىيا» (سۇت تاش) دەپ ئاتىلىدۇ. ئىككىنچىسى، قارا رەڭلىك بولۇپ، چىراغ يېغىغا ئوخشايدۇ، ھىندىچە «تىلىيە» (ياغلىق تاش) دەپ ئاتىلىدۇ. ئۈچىنچىسى، ئەدەسنىڭ رەڭگىگە ئوخشايدۇ، ھىندىچە «موسۇرىيە» (ئەدەس تاش) دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ ھەممىسىنىڭ ياخشىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇ قانچە قىزىل، قاتتىق بولسا شۇنچە ياخشى بولۇپ ھېسابلىنىدىكەن. يەنە بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇنىڭ يۇمشاق، سىلىق، قاتتىق، ئېغىر، كۆككە مايىل بولغانلىرى ياخشىلىرى بولۇپ ھېسابلىنىدىكەن. ئۇنىڭ قۇملۇق، يۇمشاق بولغانلىرى ناچاردۇر.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق، بەزىلەر ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق دەيدۇ.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ئۇنىڭ بىلەن چىش تالقىنى تەييارلاپ ئىشلەتسە چىشنى بەك ئاقارتىدۇ. بوشىغان چىش مىلىكىنى چىڭىتىدۇ. زىمات قىلسا ئىششىقلارنى تارقىتىدۇ، بوشىغان تېرىلەرنى چىڭىتىدۇ، ئەزالارنىڭ كۆيۈشۈشىنى پەسەيتىدۇ. توخۇ تۇخۇمىنىڭ ئېقى

بىلەن مەلھەم قىلسا ئۇتتا كۆيگەن كۆيۈك يارىسىنى ساقايتىدۇ. موم بىلەن زىمات قىلسا بوۋاسىرغا شىپا بولىدۇ. ئۇنى مېتاللارغا سۈركىسە داتلىرىنى چىقىرىپ ئاقارتىدۇ ۋە تازىلايدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن تۆمۈرچىلەر ئۇنى تۆمۈر بىلەن پولاتنى ئاقارتىش ئۈچۈن ئىشلىتىدۇ. سۇ بىلەن سالايە قىلىپ مارجاننى ئۇنىڭ بىلەن يۇسا مارجاننى ناھايىتى پارقىرىتىدۇ. كۆيدۈرۈلگىنى سېپىلسە قان توختىتىدۇ، كونا يارىلارنى ساقايتىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** پەيلەرگە زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** زەپەر.

ئۇ ئىچىدىن ئىستېمال قىلىنمايدۇ.

## سۈنبۇل
(سۇمبۇل)

ئۇ لۇغەتتە باشاق دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. تېۋىپلارنىڭ ئادىتىدە سۈنبۇلۇت تىبتىن ئىبارەت بولغان سۇمبۇل ھىندىنى كۆرسىتىدۇ، «سۈنبۇلۇل ئەسافىير» (قۇشقاچ سۇمبۇلى) دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئۇنىڭ «سۇمبۇل رۇمىي»، «سۇمبۇل جەبەلىي» دېگەن تۈرلىرى بار. يالغۇز ئېيتىلسا سۇمبۇل ھىندى نەزەردە تۇتۇلىدىغان بولۇپ، يۇنانچە «ناردىن»، ھىندىچە «بالچەر»، «جاتامانسى»، لاتىنچە «نارۇد»، ئىككىنچى خىلى «ناردۇ ئىتالىيۇن»، يەنى ئىتالىيۇندا ئۆسىدىغان ناردۇ دەپ ئاتىلىدۇ. سۇمبۇل رۇمى رىمچە «ناردۇن كىياكۇ» دەپ، فىرانسۇزچە «نارۇس» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** بىر خىل ئۆسۈملۈك بولۇپ، مېۋىسىز، گۈلسىز بولىدۇ. بۇلغۇننىڭ قۇيرۇقىغا ئوخشايدىغان بولۇپ، بىر بارماق ئۇزۇنلۇقىدا، ئۇنىڭدىن سەل ئۇزۇنراق، بىر بارماق توملۇقىدا، ئۇنىڭدىن سەل ئىنچىكىرەك، باشاقلىق بولىدۇ. باشاقلىرىنىڭ بىر قانچىسى بىر ـ بىرىگە تۇتاشقان ھالەتتە بىر يىلتىزدىن ئۆسۈپ چىقىدۇ. رەڭگى سېرىققا مايىل قارامتۇل قوڭۇر رەڭلىك بولىدۇ. ناھايىتى خۇش پۇراق بولۇپ، پۇرىقى ئۆتكۈر بولىدۇ. يىلتىزى سەل قاتتىق بولىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇ قارشى تەرىپىگە سۇرىيە جايلاشقان بىر تاغدا ئۆسىدىكەن. ئۇ ھىندىستان ۋە بېنگالدىمۇ كۆپ ئۆسىدۇ. ئۇنىڭ ياخشىسى قوڭۇر، يېڭى، خۇش پۇراق، ئۆتكۈر پۇراقلىق، باشىقى كىچىك بولغان ھەم بەتبۇي پۇرىمايدىغانلىرىدۇر. ئۇنىڭدىن قالسا ئۇنىڭ ئۇزۇنچاق، ئىنچىكە، بەتبۇي پۇرىقى كەمرەك بولغانلىرىدۇر. چۈنكى ئۇنىڭ كونىسى سېسىق پۇرايدۇ. قۇۋۋىتى ئۈچ يىلغىچە تۇرىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىنىڭ ئاخىرىدا قۇرۇق ئىسسىق. جالىنۇس بىرىنچى دەرىجىدە ئىسسىق، ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق دەيدۇ. بىرىنچى قاراش توغرىدۇر.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** مېڭە، ئاشقازان ۋە جىگەرنىڭ توسالغۇلىرىنى ئاچقۇچى،

مېڭە، ئاشقازان ئېغىزى، مىزاجى سوۋۇغان جىگەرنى قۇۋۋەتلىگۈچى ۋە ئۇلارنى قىزىتقۇچى، رەڭگىرويىنى ياخشىلىغۇچى، تۇتۇپ تۇرغۇچى كۈچنى كۈچەيتكۈچى، سۈيدۈك، ھەيز ماڭدۇرغۇچى، ھۆللۈكلەرنى قۇرۇتقۇچى، مېڭە، تىل، كۆكرەك ۋە ئاشقازاندىكى كېرەكسىز ماددىلارنى تازىلىغۇچى، ئاشقازان، ئۈچەيلەرگە ماددىلارنىڭ قۇيۇلۇشىنى توسقۇچى، ئۇلاردىكى غەدىقلىنىشنى تۈگەتكۈچى، تاش پارچىلىغۇچى، تۇتۇپ تۇرغۇچى قۇۋۋەتنى كۈچەيتكۈچى، ئىچ سۈرۈشنى توختاتقۇچى، ئېغىزنى خۇش پۇراق قىلغۇچى، ھۆللۈكتىن بولغان يۆتەلنى پەسەيتكۈچى، زىققە نەپەس، كۆكرەك ئاغرىقى، خەفەقانغا شىپا بولغۇچى، بەلغەمدىن بولغان قۇسۇشنى توختاتقۇچى، يەل تارقاتقۇچى، قورساقنىڭ ئىسسىلىشىنى تۈگەتكۈچى، جىگەرنىڭ ھۆل سوغۇقتىن بولغان كېسەللىكلىرى، گۆش ئارىسىغا سۇ چۈشۈش، يەرقان، تال ئاغرىقى، ئىچكى ئەزالار ئىششىقلىرى، بوۋاسىر، بۆرەكنىڭ سوغۇقتىن بولغان كېسەللىكلىرىگە داۋا بولغۇچىدۇر. ئەپسەنتىن ۋە سەندەل بىلەن ئىشلىتىلسە ئىشتىھانى ناھايىتى ئاچىدۇ، ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەيدۇ. سوغۇق سۇ بىلەن ئىستېمال قىلسا كۆڭۈل ئېلىشىش، خەفەقان، ئاشقازان ئىسسىلىشقا داۋا بولىدۇ. يۇمغاقسۈت بىلەن بىرلىكتە كۆزگە سۈركىسە كۆزنىڭ قىزىللىقىنى يوقىتىدۇ، كۆرۈش كۈچىنى ئاشۇرىدۇ، كىرپىكلەرنى ئۆستۈرىدۇ، دورىلارنىڭ قۇۋۋەتلىرىنى كۆزنىڭ پەردىلىرىگە يەتكۈزىدۇ، كۆزنىڭ ئارتۇق ھۆللۈكلىرىنى سۈمۈرىدۇ. زىمات قىلسا ئاشقازان ئېغىزىنى قۇۋۋەتلەيدۇ، ئىششىقلىرىنى تارقىتىدۇ. بەدەنگە سۈركىسە تەر توختىتىدۇ، بەتبۇي تەرلەشكە داۋا بولىدۇ. ئۇ خېمىر ئارىسىغا ئېلىنىپ پىشۇرۇپ زىمات قىلسا چاچنى قارايتىپ ئۇزارتىدۇ. تالقانلىنىپ يارىلارغا سېپىلسە ساقايتىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن فەرزىجە قىلسا بالىياتقۇدىن كەلگەن قاننى ۋە ئۇنىڭدىن ئاققان ھۆللۈكلەرنى توختىتىدۇ. قايىنىتىلمىسىدا ئولتۇرۇلسا بۆرەك ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ، بالىياتقۇ ئىششىقىنى ياندۇرىدۇ، ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ، تازىلايدۇ، ھەيز ماڭدۇرىدۇ. ئۇنىڭ قايىنىتىلمىسى بىلەن ئىسسىق ئۆتكۈزۈلسىمۇ شۇ تەسىرنى بېرىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** بۆرەككە زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** كەتىرا.

**ئىستېمال مىقدارى:** بەش گىرام ئىستېمال قىلىنىدۇ.

**ئورۇنباسارى:** باراۋەر مىقداردا ئىزخىر مەككى. بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، سازەج ھىندى ئىكەن.

ئۇنىڭ 400 گىرامى 15 ھەسسە ئۈزۈم سۈيى بىلەن سۇنىڭ يېرىمى قالغۇچە قايىنىتىلىپ ئۈچ ھەپتىگىچە ئاپتاپتا قويۇپ تەييارلانغان شارابىنىڭ مەزكۇر تەسىرلىرىنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ تەسىرلىرىدىن كۈچلۈكرەكتۇر.

ئۇنىڭ جاۋارىشى، شارابى، قۇرسى، مەجۇنى قارابادىندا بايان قىلىنىدى.

## سۇنبۇل رۇمىي
(رىم سۇمبۇلى)

ئۇ «سۇنبۇل ئىقلىيتىي» ۋە «ناردىين ئىقلىيتىي» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** ئۇ يىلتىز ۋە گۈللۈك غولدىن ئىبارەت بولۇپ، خۇش پۇراق، قاتتىق بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۆسۈملۈكىنىڭ شەكلى سۇمبۇل تىپقا ئوخشىمايدۇ، بەلكى ئۇنىڭ يوپۇرمىقى ئىنچىكە، ئۇزۇن، يوپۇرماقلىرىنىڭ ئۇچى تۇۋىدىن كەڭرەك بولۇپ، يوپۇرماقلىرىنىڭ ئوتتۇرىدىن غولى ئۆسۈپ چىققان بولىدۇ، غولىنىڭ ئۇچى تەرىپىدىن ئىنچىكە شاخلار ئۆسكەن بولۇپ، ھەربىر شاخنىڭ ئۇچىدا كىچىك شاخلار بولىدۇ. ئۇنىڭ يىلتىزى ئۇزۇن، ئەگرى، بوغۇملۇق بولۇپ، ئىنچىكە يىپسىمان يىلتىزلىرى بولىدۇ. ئۇنىڭ يىلتىزى ۋە غولى ئىشلىتىلىدۇ. يېڭى، خۇش پۇراق، قاتتىق، يېنىك، ئوتتۇرىسى بوش بولمىغانلىرى ۋە يىلتىزلىرى كۆپ بولغانلىرى ياخشىلىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

**تەبىئىتى:** سۇمبۇلدىن ئىسسىقراق، قابىزلىقى ئۇنىڭدىن كەمرەكتۇر.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** سۇمبۇلدىن ئاجىزراقتۇر. ئەپسەنتىن بىلەن ئىشلىتىلسە زەھەر قايتۇرىدۇ. ئاشقازاننىڭ ئېسىلىشىنى پەسەيتىدۇ. تال، جىگەر ئىششىقىنى تارقىتىدۇ. بۆرەك، دوۋسۇن ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ. سۈيدۈك ھەيدەيدۇ. ئىسسىق تەبىئەتلىك مەلھەملەرگە قوشۇلىدۇ.

ئۇنىڭ 200 گىرامى 15 لىتىر ئۇزۇم سۈيىگە چىلىنىپ ئىككى ئايدىن ئارتۇق ۋاقىت تۇرغۇزۇلۇپ تەييارلانغان شارابىدىن كۈنىگە 100 مىللىلىتىردىن ئېلىپ، 300 مىللىلىتىر سۇ بىلەن ئىچسە ئاشقازان، جىگەر ۋە بۆرەكنىڭ سوغۇقتىن بولغان بارلىق كېسەللىكلىرى، يەرقان، سىيىش قىيىنلىشىش قاتارلىق كېسەللىكلەرگە شىپا بولىدۇ. رەڭگىرويىنى ئوڭشايدۇ.

بەزىلەر سۇمبۇل رۇمىدىن 90 گىرام، ئېگىردىن ئىككى ھەسسە ئېلىپ، ئۈچ يېرىم لىتىر ئۇزۇم سۈيىگە يۇقىرىقى قائىدە بويىچە چىلاپ يىسەپلىرىنى سوزۇۋېتىپ ئىستېمال قىلىدۇ.

## سۇنبۇل جەبەلىي
(تاغ سۇمبۇلى)

ئۇ پارسچە «رىيشە ۋالا» دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇنىڭ ماھىيىتى توغرىسىدا ئىختىلاپ باردۇر. ئەنتاكىي ئۇنى «مۇۋ ئۆسۈملۈكى» دەپ يازغان. بەغدادىي: «ئۇ ئەمەس، بەلكى ئۇ قەرەسئەنە

ئۆسۈملۈكىگە ئوخشايدىغان بىر خىل ئۆسۈملۈك بولۇپ، شاخلىرى ئۇنىڭ شاخلىرىغا ئوخشايدۇ، ئۇنىڭدىن كىچىكرەك، تىكەنسىز، غولسىز بولىدۇ. يىلتىزى ئىككىدىن ئارتۇق، ئۇزۇن، سىرتى قارىغا مايىل، ئىچى ئاق، خۇش پۇراق، مېۋىسىز، گۈلسىز بولۇپ، ئوخشىتىش ئۇسۇلى بىلەن سۇمبۇل دەپ ئاتالغان، ھالبۇكى ئۇ سۇمبۇلغا ئوخشىمايدۇ، فىرانسۇزلارنىڭ رەسىملىك كىتابلىرىغا قارىغاندا ئۇنىڭ ئۆسۈملۈكىنىڭ ئىككى شېخى بولىدىكەن، ھەر بىر شېخىنىڭ ئۇچىدا كۇنلۇككە ئوخشاپ قالىدىغان تۇزۇلۇشى بولىدىكەن، ئۇنىڭ يېنىدىن ئۇچ ـ تۆت دانە ئىنچىكە شاخلار ئۆسۈپ چىققان ئىكەن. بۇ شاخلارنىڭ ئۇچلىرىدا ئىنچىكە يوپۇرماقلار بار ئىكەن. ئېگىز شاخلىرىنىڭ ئاستى تەرەپلىرىدىمۇ چوڭ ـ كىچىك يوپۇرماقلار بولىدىكەن. ئۇنىڭ يوپۇرمىقى ئومۇمەن پاقىيوپۇرمىقىغا ئوخشاش، ئۇنىڭدىن كىچىكرەك بولىدىكەن. يىلتىزى پىيازغا ئوخشايدىغان بولۇپ، ئىككى دانىسى چاپلىشىپ تۇرىدىكەن. ئۇلارنىڭ بىرى كىچىك، بىرى چوڭ ئىكەن، ئۇنىڭ بەزىلىرىنىڭ مەزمۇت، بەزىلىرىنىڭ ئاجىز يىلتىزلىرى بولىدىكەن» دېگەن.

**تەبىئىتى:** سۇمبۇلنىڭ تەبىئىتىگە ئوخشاپ قالىدۇ.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ئەزالارنى، بولۇپمۇ ئاشقازان، جىگەرنى قۇۋۋەتلەيدۇ، تۇتۇپ تۇرغۇچى قۇۋۋەتنى كۈچلەندۈرىدۇ. يەللەرنى تارقىتىدۇ، قورساقنىڭ ئېسىلىشىنى بوشىتىدۇ. ئىستىسقا ۋە بەلغەمدىن بولغان قۇسۇشنى باسىدۇ. ئۇنىڭ شارابىنىڭ تەسىرى سۇمبۇلنىڭ تەسىرىگە ئوخشايدىغان بولۇپ، ئۇنىڭ 1500 گىرامى 15 لىتىر ئۈزۈم سۈيىگە چىلاپ قائىدە بويىچە تەييارلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن بەش گىرام ئىچىلسە سىيىش قىيىنلىشىش، جىگەر كېسەللىكلىرى، گۆش ئارىسىغا سۇ يىغىلىشقا شىپا بولىدۇ. ئاشقازان ئېغىزى، ئۈچەيلەرنىڭ تۇتۇپ تۇرغۇچى قۇۋۋىتىنى كۈچەيتىدۇ، بەلغەمدىن بولغان قۇسۇشنى باسىدۇ، ئاشقازاندىكى يەلنى تارقىتىدۇ.

## سۇنبۇل فارسي
(پارس سۇمبۇلى)

ئۇ پىرسىياۋشاننىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

**ماھىيىتى:** ئۇ خۇش پۇراق گۈللەرنىڭ بىرى بولۇپ، نەرگىس گۈلى بىلەن بىر يەردە ئۆسىدۇ، ناھايىتى خۇش پۇراق بولىدۇ. يوپۇرمىقى ۋە پىيىزى نەرگىس گۈلىنىڭ پىيىزىدىن ئاجىزراق بولىدۇ. گۈلى بىنەپشە رەڭ، بەزىلىرى ئاق بولىدۇ، يەسمەن گۈلىنىڭ شەكلىگە ئوخشاش ھەر بىر تال غولىدا بىر قانچە دانە گۈل دەستىلىنىپ ئېچىلىدۇ، تەسىرى نەرگىس گۈلىنىڭ تەسىرىگە ئوخشايدۇ. ئۇنىڭ پىيىزىنىڭ تەسىرى نەرگىس گۈلىنىڭ پىيىزىنىڭ تەسىرىدىن ئاجىزراق بولىدۇ. ئۇنىڭ ئېقى ھىندىستاندا «گۈلى شەببۇ» (كېچىدە پۇرىغۇچى

گۈل) دەپ ئاتىلىدۇ، چۈنكى ئۇ كېچىدە بەك خۇش پۇراق چاچىدۇ. غولى ئېگىز بولۇپ، ئۇچىدا گۈلى بولىدۇ. يوپۇرماقلىرى ئىنچىكە، ئۇزۇن، كۆدە يوپۇرمىقىدىن قىسقىراق بولىدۇ. يىلتىزى نەرگىس پىيىزىغا ئوخشايدۇ. ئۇ باغلارغا تېرىلىدىغان بولۇپ، ھەر يىلى ئۇنىڭ يىلتىزى كولىنىپ تېگىدىن ئازراق كېسىۋېتىلىپ ئاپتاپتا بىر نەچچە كۈن تۇرغۇزۇلغاندىن كېيىن كۆچۈرۈلىدۇ، بۇنداق قىلغاندا ئۈسۈملۈكى ئېگىز ئۆسىدۇ، گۈلى كۆپ ئېچىلىدۇ، ناھايىتى خۇش پۇراق بولىدۇ. پىيىزىنىڭ ئەتراپلىرىدىن يەنە كۆپلىگەن پىيازلار ئۆسۈپ چىقىدۇ.

## سۇنبۇل ئىقلىتى

(سۇمبۇل رۇمى)

ئۇ سۇمبۇل رۇمىدىن ئىبارەت.

## سەنبۇسە

(سامبۇسا)

بۇ پارسچە سۆزدۇر. يۇنانچە «بەرما ۋەردا»، ھىندىچە ئۈچ بۇرجەكلىكى «سەنبۇسە»، يۇمىلىقى «پورى» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** بۇ مەشھۇر يېمەكلىكلەردىن بولۇپ، بۇغداي ئۇنى، سۈت ۋە ياغ بىلەن يۇغۇرۇپ يېيىپ، ئىچىگە گۆش، پىششىق نوقۇت، ياغ، قورۇلغان پىياز ۋە پىلپىلغا ئوخشاش ئىسسىق تەبىئەتلىك خۇش پۇراق دورا ـ دەرمەكلەر بىلەن تەييارلانغان قىيما سېلىپ ئۈچ بۇرجەك شەكىلدە توگۈپ، ياغدا قورۇپ ياكى تونۇرغا يېقىپ پىشۇرۇپ تەييارلىنىدۇ. گۆش قوشۇلماي نوقۇت ۋە يۇقىرىدا بايان قىلىنغان دورا ـ دەرمانلارنى سېلىپ، پىياز ۋە ئىسسىق تەبىئەتلىك دورىلار بىلەن ياغدا قورۇپمۇ تەييارلىنىدۇ.

**تەبىئىتى:** ھۆل ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ئوزۇقلۇقى كۆپ بولۇپ، پەيلەرنى چىڭىتىدۇ، بەدەننى سەمرىتىدۇ، ئىشتىھانى ئاچىدۇ، ئەمما تەستە ھەزىم بولىدۇ، توسالغۇ ۋە يەل پەيدا قىلىدۇ. بولۇپمۇ ئاجىز ئاشقازاننى ئېسىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇنىڭ تۇزەتكۈچىسى سەپرا مىزاجلىقلار ئۈچۈن سىركەنجىۋىل، بەلغەم خاراكتېرلىك سوغۇق مىزاجلىقلار ئۈچۈن كۈمۈنى، پەلاپىلى ۋە پەلاسپەگە ئوخشاش ئىسسىق تەبىئەتلىك جاۋارىشلاردۇر.

## سەنجاب
(قاما)

ماھىيىتى: بۇ ياۋا چاشقاندىن چوڭراق بىر خىل ھايۋان بولۇپ، قۇيرۇقى قىسقا، مويلۇق، قارا، ناھايىتى يۇمشاق بولىدۇ. قورسقىنىڭ ئاستى ئاق، قالغان يەرلىرى كۆل رەڭ بولىدۇ. تەنەكابۇندا «ئەسبىكۇل»، مازىندەراندا «ئەسبەنەك» دەپ ئاتىلىدۇ. دەرەخ ئۇستىلىرىدە ماكان تۇتىدۇ. سەقالبە ۋە تۈركىستاندا ياشايدۇ. ئىمامىيە مەزھىبىنىڭ قارىشىدا ئۇنىڭ گۆشى ھارامدۇر. ئەمما تېرىسىنى كىيىش ھارام ئەمەس. ئىمامى ئەزەمنىڭ مەزھىبىدە ئىختىلاپلىقتۇر.

تەبىئىتى: بىرىنچى دەرىجىدە ئىسسىق، ئىككىنچى دەرىجىدە ھۆلدۇر.

خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى: گۆشى ئىستېمال قىلسا ھارارەتنى پەسەيتىدۇ، كۆكرەك ئاغرىقى ۋە يۆتەلنى پەسەيتىدۇ.

زىيانلىق تەسىرى: يارا پەيدا قىلىدۇ، قۇلۇنجىغا سەۋەب بولىدۇ.

تۈزەتكۈچىسى: بادام يېغى.

ئۇنىڭ تېرىسىنى كىيسە مىزاجنى تەڭشەيدۇ، پەي ـ نېرۋا ئاغرىقلىرىنى پەسەيتىدۇ. مويى تالقانلاپ سېپىلسە يارىلارنىڭ ئېغىزلىرىنى پۈتتۈرىدۇ، قان توختىتىدۇ. ھەسەل بىلەن زىمات قىلسا ئىششىقلارنى ياندۇرىدۇ.

## سەندەرۇس
(سۇندۇرۇس)

ئۇ ھىندىچە «چەندۇرۇس» دەپ ئاتىلىدۇ. خەلق ئارىسىدا «كەھرىۋا» دېگەن نام بىلەن مەشھۇردۇر.

ماھىيىتى: ئۇ كەھرىۋاغا ئوخشايدىغان ۋە ئۇنىڭ تۈرىدىن بولغان بىر خىل يېلىم بولۇپ، سېرىق رەڭدە، بەزى پارچىلىرى قىزىل رەڭدە، كەھرىۋادىن كىچىكرەك بولىدۇ. ئوتتا ۋە كۈنجۈت يېغى بىلەن سەرشىف يېغىدا ئېرىيدۇ. نەققاشلار ئارىسىدا مەشھۇر بولغان، ھىندىستان خەلقى يىپەك رەختلەرگە سۈرۈپ مومىلۇق رەخت توقۇيدىغان كەھرىۋا يېغى شۇدۇر. قارابادىننىڭ ياغلار بابىدا «دۇھۇنس سەۋابى» (سەۋابى يېغى) دېگەن نام بىلەن بايان قىلىندى.

سىرتىدىن قارىغاندا ئۇ مەلۇم دەرەخنىڭ يېلىمىدەك بىلىنىدۇ. ئۇنىڭ دەريا بويلىرىدىن

چىقىدىغان بىر خىل تاش ئىكەنلىكى بايان قىلىنغان، ئۇنىڭدىن باشقا مۇھەممەد بىن ئەھمەد بىن زىكرىيا «ھىندىستان دەرياسىنىڭ ئوتتۇرىدا بىر دانە قىزىق بولاق بار بولۇپ، سۈيى ھەسەلدەك قويۇق بولىدۇ، ئۇنىڭ ئوتتۇرىسىدا سۇندۇرۇس سۈيى قايناپ تۇرىدۇ، ئۇ دەسلەپ يۇمشاق بولۇپ، سۇ يۈزىگە چىققاندىن كېيىن قاتىدۇ، ئۇ پەقەت ھىندىستاندىن چىقىدۇ» دېگەن. ئەمما بۇ گەپلەرنىڭ ئاساسى يوقتۇر.

ھىندىستاندىكى بەزى كىشىلەرنىڭ ئېيتىشىچە ئۇ كافۇر دەرىخىنىڭ يېلىمى ئىكەن، فىرانسۇز خەلقلىرىمۇ بۇ قاراشقا قوشۇلىدۇ. ئۇنىڭ دەرىخى «پىنرۇس» دەپ ئاتىلىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، مەزكۇر دەرەختىن كۈندۈزدە ئاققان يېلىم سۇندۇرۇس، كېچىدە ئاققان يېلىم كافۇر دەپ ئاتىلىدىكەن. سۇندۇرۇس پارچىلىرىنىڭ ئۈستى ۋە ئارىلىرىدا كىچىك قۇرتلار ۋە كۆپ چۈمۈلىلەرنىڭ ئۆلۈكلىرىنىڭ بارلىقى مەلۇم بولىدۇ. قارىغاندا ئۇلار ئۇ تامچىلىغاندا ۋە ھۆل ۋاقتىدا قونغان ۋاقىتلىرىدا شۇنىڭ ئارىسىدا قالغان بولۇشى مۇمكىن. بۇ ئۇنىڭ تاش ئەمەسلىكىنى، دېڭىزدىن قايناپمۇ چىقمىغانلىقىنى، بەلكى يېلىم ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

ئۇ تۆت خىل بولىدۇ. بىرىنچى خىلى، سىرتى سېرىق، ئىچى قىزىل، پارقىراق بولىدۇ. ئىككىنچى خىلى، سۇس سېرىق، ناھايىتى بوش بولىدۇ. ئۈچىنچى خىلى، كۆككە مايىل ھەم بوش بولىدۇ. تۆتىنچى خىلى، قارا، يېنىك، قاتتىق بولىدۇ. بىرىنچى خىلى ئۇنىڭ ئەڭ ياخشىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭ ياخشىسى كەھرىۋاغا ئوخشاش سامانىنى ئۆزىگە تارتقىنىدۇر. ئۇ قىممەتلىك دورىلاردىن بولۇپ، قۇۋۋىتى 20 يىلغىچە تۇرىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن كەھرىۋانى پەرقلەندۈرۈش ناھايىتى تەستۇر. چۈنكى ئۇمۇ كەھرىۋاغا ئوخشاش سامانىنى ئۆزىگە تارتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن كۆپ كىشىلەر ئۇنى كەھرىۋا ئورنىدا ساتىدۇ. پەرقى شۇكى، ئۇ كەھرىۋادىن بوش بولۇپ، ئوتقا سېلىنسا بەتبۇي پۇراق كېلىدۇ، كەھرىۋادىن مەستىكىنىڭ پۇرىقى كېلىدۇ. يەنە بىر پەرقى شۇكى، كەھرىۋادىن سۇندۇرۇسنىڭ ئەكسىچە لىمون پۇرىقى كېلىدۇ، بولۇپمۇ سۈرۈلۈپ قىزىتىلسا بۇ پۇراق تېخىمۇ كۈچلۈك بولىدۇ. سۇندۇرۇسنىڭ تەمى كەھرىۋانىڭ ئەكسىچە سەل ئاچچىق بولىدۇ، سامانىنى كەھرىۋادەك ياخشى تارتمايدۇ. قالغان مەلۇماتلار ئاللا خالىسا «كەھرىۋا» ماۋزۇسىدا بايان قىلىنىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە ئىسسىق، ئۈچىنچى دەرىجىنىڭ بېشىدا قۇرۇق. بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىقمۇ دېيىلگەن.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** مېڭە ۋە باشقا ئەزالارنىڭ ھۆللۈكلىرىنى قۇرۇتقۇچى، قان توختاتقۇچى، قان تۈكۈرۈشكە داۋا بولغۇچى، ئىچكى - تاشقى ئەزالارنىڭ قانىشى ۋە قانلىق ئىچ سۈرۈشنى توختاتقۇچى، ئاشقازان، ئۈچەيلەردىكى بەلغەمنى پارچىلىغۇچى، ئۇلاردىكى

مەددە قۇرتلار، قاپاق ئۇرۇقىسىمان مەددىنى چۈشۈرگۈچى، سۈيدۈك، ھەيز ماڭدۇرغۇچىدۇر. ھۆل سوغۇقىنىڭ ئېشىپ كېتىشى ۋە بەدەندە ماددىلارنىڭ قېيىپ قېلىشىدىن بولغان پەيلەرنىڭ بوشىشى، قان تۈكۈرۈش، خەفەقان، ئۆزىگە سۆزلەش، كاناي ئىششىقى، بەلغەمدىن بولغان زىققە نەپەس، تۇتقاقلىق تەپ، تال ئىششىقى، بوۋاسىر، كونا ئىچ سۈرۈش قاتارلىقلارغا شىپا بولىدۇ. ئۇنى سىركەنجۇبىل بىلەن بىرلىكتە داۋاملىق ئىستېمال قىلسا ئورۇقلىتىدۇ، سىناقتىن ئۆتكەن. تەر توختىتىدۇ. قۇرتنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن كېمىچىلەر ئۇنى ئىشلىتىدۇ. ئۇنى مائۇلھەسەل بىلەن ئىستېمال قىلسا سۈيدۈك، ھەيز ماڭدۇرىدۇ. سىركەنجۇبىل ياكى سىركە بىلەن ياكى ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىسى بىلەن ئىشلىتىلسە ھامىلىنى كۆچلۈك چۈشۈرىدۇ.

كۆز كېسەللىكلىرى: ئۇنى ھەسەل بىلەن بىرلىكتە كۆزگە سۈركىسە كۆزدىكى ئاقنى يوقىتىدۇ، كۆز يارىسىنى ساقايتىدۇ، يارا ئىزلىرىنى يوقىتىدۇ، قاپاق گىرۋەكلىرىنىڭ قىزىرىپ ئىششىشىغا داۋا بولىدۇ، سىناقتىن ئۆتكەن. ئۇ سالايە قىلىپ قوي، كېيىكنىڭ جىگىرىگە سېپىپ ئوت ئۈستىدە قويۇپ چىققان سۈيىنى كۆزگە سۈركىسە نامازشام قارىغۇسى كېسەللىكىگە داۋا بولىدۇ.

قۇلاق كېسەللىكلىرى: قۇلاقتا تېمىتىلسا ئاغرىقنى پەسەيتىدۇ، يېنىكلەشتۈرىدۇ. زەيتۇن يېغى ياكى گۈل يېغى بىلەن تېمىتىلسا قۇلاق يارىسىنى ساقايتىدۇ.

باشتىكى ئەزالار ۋە باشقا ئەزالار كېسەللىكلىرى: ئۇ ئۇد ھىندى بىلەن ئىسرىق سېلىنسا باش ئاغرىقنى پەسەيتىدۇ، زۇكامغا داۋا بولىدۇ. شېكەر بىلەن ئىسرىق سېلىنسىمۇ زۇكام ۋە بوۋاسىرغا پايدا قىلىدۇ، ئاقمىنى قۇرۇتىدۇ. ئۇ چىشقا سېپىلسە مىدىرلىغان چىشنى چىڭىتىدۇ، چىش مىلىكى يارىلىرىنى ساقايتىدۇ. يارىلارغا سېپىلسە ساقايتىدۇ. ئۇ بادام يېغى بىلەن بىرلىكتە قىيام بولغۇچە قاينىتىپ مەلھىمىنى سۈركىسە ھەرقانداق ئەزانىڭ يېرىقىنى ساقايتىدۇ، سىناقتىن ئۆتكەن دەپ قارىلىدۇ. ئۇنى گۈل يېغى بىلەن ئېرىتىپ سۈركىسە پۇت ـ قوللارنىڭ يېرىقىنى ساقايتىدۇ. قەتران بىلەن مەلھەم قىلىپ سۈركىسە كالا تەمرەتكىسىگە داۋا بولىدۇ، سىناقتىن ئۆتكەن دەپ قارىلىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن فەرزىجە قىلسا ھامىلە چۈشۈرىدۇ. ئۇنىڭ باشقا خۇسۇسىيەتلىرى كەھرىۋانىڭ خۇسۇسىيەتلىرى بىلەن ئوخشاشتۇر.

**زىيانلىق تەسىرى:** بۆرەككە زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** ئەرەب يېلىمى.

**ئىستېمال مىقدارى:** ئۈچ گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

**ئورۇنباسارى:** يېرىم ھەسسە كەھرىۋا، تۆتتىن بىرچىلىك مىقداردا سازەج ھىندىدۇر.

## سەندىرىيتۇس
(سەندىرىتۇس ئوتى)

ئۇ يۇنانچە سۆز بولۇپ، تۆمۈرگە ئوخشىغۇچى دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. سۈرىيانچە «سەمىيقا» دەپ ئاتىلىدۇ.

ماھىيىتى: ئۇ بىر خىل ئۆسۈملۈك بولۇپ، ئەتىيازدا ئۆسىدۇ. ئۈچ خىل بولىدۇ. بىرىنچى خىلىنىڭ يوپۇرمىقى بەللۇت يوپۇرمىقىغا ئوخشاش يىرىك بولىدۇ. شاخلىرى تۆت قىرلىق بولۇپ، غېرىچ ئېگىزلىكتە ئۆسىدۇ. شاخلىرىنىڭ ئۇچلىرىدا يۇمىلاق نەرسە ئۆسكەن بولۇپ، ئىچىدە قارا ئۇرۇقى بولىدۇ، تاشلىق يەرلەردە ئۆسىدۇ. ئىككىنچى خىلىنىڭ شاخلىرى ئىككى غۇلاچ ئېگىزلىكتە بولۇپ، يوپۇرمىقى سەرخەس يوپۇرمىقىغا ئوخشايدۇ. يوپۇرمىقى كۆپ بولۇپ، شېخىنىڭ ئىككى تەرىپىدىن ئۆسىدۇ. شاخلىرىنىڭ ئاخىرىدا ئۇزۇن، ئىنچىكە شاخلار ئۆسكەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئۇچلىرىدا يۇمىلاق نەرسە ئۆسكەن بولىدۇ، ئۇنىڭدا قىزىلچا ئۇرۇقىغا ئوخشايدىغان، ئۇنىڭدىن يۇمىلاقراق، قاتتىقراق بولغان ئۇرۇق بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۇچىنچى خىلىنىڭ يوپۇرمىقى چوڭراق بولۇپ، يۇمغاقسۇت يوپۇرمىقىغا ئوخشايدۇ. شاخلىرى غېرىچ ئۇزۇنلۇقىدا، ئاقفا مايىل، سەل قىزىل، ئۈششاق بولىدۇ. ئۇرۇقى ئىنچىكە، قارامتۇل قىزىل بولىدۇ.

تەبىئىتى: ئىككىنچى دەرىجىدە سوغۇق، ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇقتۇر. ئاخىرقى تۈرى ھەممىدىن كۈچلۈكرەكتۇر.

خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى: ھۆل يوپۇرمىقى زىمات قىلسا ياكى ھەممە تۈرىنىڭ قۇرۇق يوپۇرمىقىنى سوقۇپ تالقانلاپ سېپىلسە قان توختىتىدۇ، ئىچ سۈرۈشكە پايدا قىلىدۇ، يارىلارنى ساقايتىدۇ. ئىششىقلار ۋە چاشقان يارىسىنى ياندۇرىدۇ، بۇ جەھەتتە ناھايىتى ياخشى تەسىر قىلىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن كىلىزما قىلسا ۋە شارابى ئىچىلسە ئۈچەي يارىسىنى ساقايتىدۇ. ئىچ سۈرۈشنى توختىتىدۇ. ئۈچىنچى خىلىنىڭ يوپۇرمىقىنىڭ يارىلارنى ساقايتىش تەسىرى بىرىنچى ۋە ئىككىنچى تۈرىنىڭ شۇ خىل تەسىرىدىن كۈچلۈكرەكتۇر.

## سەنگسەبۇيە
(تۇخۇمى پەنۋار)

ئۇ پارسچە سۆز بولۇپ، ئۇنىڭ ئەرەبچىلەشتۈرۈلگىنى «سەنجسەبۇيە» دۇر. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇ ھىندچە «تۇخمى چەكۇند»، «تۇخمى پەنۋار» دەپ ئاتىلىدىكەن. «چەكۇند» «ج» (جىيم) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلار بابىدا بايان قىلىندى.

**ماھىيىتى:** ئۇ ناھايىتى قاتتىق بىر خىل ئۇرۇق بولۇپ، تاشقا ئوخشاش، سىلىق بولىدۇ. ئۇزۇم ئۇرۇقىدىن چوڭراق، ماش رەڭگىدە ۋە ماش چوڭلۇقىدا بولىدۇ. تۈت قىرلىق بولۇپ، ئىككى تەرىپى خۇددى كېسىۋېتىلگەندەك مەلۇم بولىدۇ، بۇ ئۇنىڭ بىر ـ بىرىگە چاپلىشىپ تۇرغانلىقىدىندۇر. ئۇ تۇرۇپ ئۇرۇقى ۋە لوبىيا غىلاپىغا ئوخشايدىغان غىلاپ ئىچىدە بولىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** سىركە بىلەن مەلھەم ۋە زىمات قىلىپ يامان يارىلارنى ساقايتىدۇ، داغ ـ سەپكۈن، قوتۇر، قىچىشقاق، جوزام، كالا تەمرەتكىسى، ئاقكېسەل، بەھەق ۋە تېرىدىكى ھەر خىل ئىزلار قاتارلىق تېرە كېسەللىكلىرىگە پايدا قىلىدۇ، بۇنىڭ ئۈچۈن تەكرار ئىشلىتىلىدۇ. ئۇنى يالغۇز ياكى مۇۋاپىق مىقداردىكى خېنە يوپۇرمىقى، شاھتەررە ۋە ساپ سېرىق گۈڭگۈرت بىلەن چىلاپ تەمىنى چىقىرىپ ئىچسە مەزكۇر كېسەللىكلەر، زىققەنەپەس، سەۋدا، سەپرا ۋە بۇزۇلغان قاندىن بولغان كېسەللىكلەرگە شىپا بولىدۇ، چۈنكى ئۇ بۇزۇلغان قان ۋە باشقا خىلىتلارنى ئىسلاھ قىلىدۇ، دەپ قارىلىدۇ. ئۇ يەنە خۇرسەن قىلغۇچى دەپ قارىلىدۇ.

ئۇ توغرىسىدا يەنە باشقا قاراشلارمۇ باردۇر. مەسىلەن: «تەزكىرەئى ئابباس» (ئاببـاس تەزكىرىسى) ناملىق كىتابنىڭ ئاپتورى ۋە باشقىلار ئۇنى ئەسلەق (چاڭگاك) دەپ بىلگەن، ئېھتىمال ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئىختىلاپ قىلىشىۋاتقان بولسا كېرەك. ئۇلارنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇنى ئىچىدىن ئىستېمال قىلىشقا بولمايدىكەن.

## سىنگارا

(سىنگارا مېۋىسى)

ئۇ ھىندىچە سۆزدۇر. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇ گىيلاندا «جىيلان»، «جىيلام» دەپ ئاتىلىدىغان بولۇپ، شۇ يەردە كۆپ بولىدىكەن.

**ماھىيىتى:** ئۇ ھىندىستاندا بولىدىغان بىر خىل ئۆسۈملۈكنىڭ مېۋىسىدىن ئىبارەت. ئۇنىڭ ئۆسۈملۈكى كۆللەرگە ئوخشاش تۇرغۇن سۇلاردا ئۆسىدۇ. «بەرسات» ۋە «بەرشىكال» دەپ ئاتىلىدىغان بولۇپ، يامغۇر ياغقان كۈنلىرىدە كۆپ ئۆسىدۇ، باشقا كۈنلەردە ئازراق ئۆسىدۇ. تىكەنلىك، يوپۇرمىقى كىچىك، يۇمىلاق، پىيالەكلىك بولىدۇ. مېۋىسى ئۈچ بۇرجەكلىك بولۇپ، پوستى تىكەنلىك بولىدۇ. ھەر بۇرجىكىدە بىر دانىدىن تىكىنى بولىدۇ. مېغىزى ئاق، تاتلىق بولىدۇ. ئۇنىڭ خېمى ۋە يۇمرىنى لەززەتلىك بولۇپ، پىشقىنى قاتتىق بولىدۇ. قۇرۇقى ناھايىتى قاتتىق بولىدۇ. ئۇنىڭ خېمى ۋە يۇمرىنى ئاقلىنىپ شۇ پېتى ئىستېمال قىلىنىدۇ، پىشقاندىن كېيىن قۇرۇتۇلغىنىنى سۇغا چىلاپ قورۇپ ئىستېمال

قىلىنىدۇ. يېرىم يۇمشىقى سۇ بىلەن قاينىتىپ ئىستېمال قىلىنىدۇ، بەزىلەر ياغ بىلەن ئازراق قورۇپ ئىستېمال قىلىدۇ. قۇرۇپ قاتقىنى سوقۇلۇپ ئۇن تارتىلىپ، ئۇنىڭدىن مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ، ئازراق شېكەر ئارىلاشتۇرۇپ ياكى سوغۇق سۇ بىلەن ئىستېمال قىلىنىدۇ. بۇ چاغدا ئۇ مەنىينى قويۇلدۇرۇپ مەنىي بالدۇر يۇرۇپ كېتىش، مەنىي ئېقىشقا شىپا بولىدۇ. ئىچ سۇرۇشنى توختىتىدۇ. ئۇنىڭدىن تاتلىق يېمەكلىكلەرمۇ تەييارلىنىدۇ. ئۇنىڭ پوستى خام ۋاقتىدا كۆك بولىدۇ، قۇرۇغاندا قارىدايدۇ. مېۋىسىنىڭ مېغىزى ئىشلىتىلىدۇ.

**تەبىئىتى:** خېمىنىڭ ھۆلى سوغۇق، قۇرۇقى قۇرۇق سوغۇق، زەھەر قايتۇرۇش قۇۋۋىتى بار.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ئىسسىق مىزاجلىقلارنىڭ باھ قۇۋۋىتىنى ئاشۇرىدۇ. يۆتەل، سەپرادىن، قاندىن بولغان تەپلەر ۋە جۇدەتكۈچى تەپنى پەسەيتىدۇ. قانلىق ئىچ سۇرۇشنى توختىتىدۇ. بۆرەك ۋە دوۋساقتىكى تاشنى پارچىلاپ چۈشۈرىدۇ. يۈرەكنىڭ كۆيۈشۈشى، بىھوشلۇق، ئۇسسۇزلۇق، گال قۇرۇشقا داۋا بولىدۇ. مەستلىكنى يېشىدۇ، خۇمارنى باسىدۇ. ئىسسىق مىزاجلىقلارنىڭ قورسىقىنى ئاچۇرىدۇ. يۈرەك كېسەللىكلىرىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. كەم ماغدۇرلۇق، ئورۇقلۇقنى يوقىتىدۇ، مەقئەت ئاقمىسىنى توختىتىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** سوغۇق مىزاجلىقلارغا زىيان قىلىدۇ، تەستە ھەزىم بولىدۇ. توسالغۇ پەيدا قىلىدۇ، بولۇپمۇ پىشقاندىن كېيىن قۇرۇغان ۋە قاتقانلىرى ئېخمۇ شۇنداقتۇر.

## سىنگېيا

(سىنگىيا يىلتىزى)

ئۇ ھىندىچە سۆزدۇر.

**ماھىيىتى:** ئۇ بىر خىل زەھەرلىك يىلتىز بولۇپ، رەڭ ۋە شەكىل جەھەتتە بۇغا ئوغلىقىنىڭ مۈڭگۈزىگە ئوخشايدۇ. ھىندىستان بىلەن چىن دۆلىتىنىڭ ئارىسىغا جايلاشقان تاغدا ئۆسىدۇ. ئۇ قۇۋۋىتى كۈچلۈك، قۇۋۋىتى ئاجىز ۋە قۇۋۋىتى ئوتتۇرا ھالدىن ئىبارەت بىر قانچە خىل بولىدۇ. قۇۋۋىتى كۈچلۈك بولغىنى ئۇنىڭ ئالىي دەرىجىلىكى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇنىڭ زەھىرى شۇنچىلىك دەرىجىدە كۈچلۈك ئىكەنكى، قول بىلەن بىۋاسىتە تۇتسا ياكى تەرلىگەن بەدەنگە ياكى تىلغا تەگكۈزسە زەھىرى يۈرەككە تېز سىڭىپ كىرىپ، يۈرەكنىڭ روھىي ھايۋانىيسى ۋە باشقا روھلارنى ئورتاق بۇزۇش ياكى روھلار ۋە قۇۋۋەتلەرنى ئەسلىي مەنبەسى بولغان يۈرەك تەرەپكە ھەيدەپ، ئۇلارنىڭ شۇ يەردە بۇزۇلۇشى ۋە يوقىلىشى بىلەن كىشىنى شۇ ھامان ھالاك قىلىدۇ. ھىندىستان

ھۆكۈمالىرى ئۇنىڭ كۈچلۈك ـ ئاجىزلىقىنى بىلىش ئۈچۈن ئۇنى سۈتلۈك كالىنىڭ مۈڭگۈزىگە ئېسىپ قويۇپ سۈتىنى ساغىدۇ، كالىنىڭ يېلىنىدىن سۈتنىڭ ئورنىدا قان چىقسا كۈچلۈك، بولمىسا ئاجىز دەپ بىلىدۇ.

ئۇنىڭ كۈچلۈك ئىكەنلىكىنىڭ سىرتقى ئالامىتى شۇكى، ئۇ قارا، پارقىراق، قاتتىق بولىدۇ ياكى ئىچى قارامتۇل قىزىل ياكى قارامتۇل ئاق ياكى سېرىققا مايىل بولىدۇ، ئاجرىتىلغان يۈزىدە تالقانلانغان تەلق ياكى كافۇرغا ئوخشاش چېكىتلەر بولىدۇ. قىزىلى سېرىقىدىن كۈچلۈكرەك، سېرىقى ئېقىدىن كۈچلۈكرەك بولىدۇ، قارىسى ھەممىدىن كۈچلۈك بولۇپ ناھايىتى ئاز تېپىلىدۇ، ئېھتىمال ئۇ «قۇرۇنۇس سۇمبۇل» ئۆسۈملۈكى بولۇشى مۇمكىن. ئۇ «ھەلھەل» ۋە «ھەلاھىل» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇنىڭ يېلىمى ئاق پارپىنىڭ بىر تۈرى بولغان ئاق پارپا يېلىمى ئىكەن، ئۇ ئاق پارپا ماۋزۇسىدا بايان قىلىندى.

## سىننەۋر
## (مۈشۈك)

ئۇ ئەرەبچە سۆز بولۇپ، يەنە «ھىررە» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. پارسچە «گۇربە»، تۈركچە «پىيشەك»، ھىندىچە ئەركىكى «بەللا»، چىشىسى «بەللىي» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** ئۇ بىر خىل ھايۋان بولۇپ، يەرلىك مۈشۈك، ياۋا مۈشۈك ۋە سۇ مۈشۈكىدىن ئىبارەت تۈرلىرى بار. ئۇنىڭ يەرلىكى ھايۋانلارنىڭ ئەڭ كۆنۈكى بولۇپ، تېنى پاكتۇر. ئاق، قارا، خېنە رەڭ ۋە باشقا رەڭلەردىكى بىر خىل رەڭلىك ۋە ئالىدىن ئىبارەت بىر قانچە خىل رەڭلەردە بولىدۇ. سۇ مۈشۈكى ھىندىچە «ئودبەللاۋ» دەپ ئاتىلىدىغان بولۇپ، تېرىسىدىن جۇۋا تىكىلىدۇ. فىرانسىيە ۋە باشقا ئەللەردە مۈشۈكنىڭ تۈرلىرى ناھايىتى كۆپ بولۇپ، ھەر خىل بولىدۇ. كابۇلدا بىر خىل ياخشى مۈشۈك بار بولۇپ، يۇڭى ناھايىتى ئۆسۈك بولىدۇ، ئۇنىڭ ئاق، ئالا ۋە ياڭاق رەڭدىن ئىبارەت ھەر خىل رەڭدىكىلىرى بار.

**تەبىئىتى:** يەرلىكى ئىككىنچى دەرىجىدە ئىسسىق، ھۆللۈكى يۇقىرىدۇر.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** گۆشى ياشانغانلار، ھۆل مىزاجلىقلار، ھۆللۈكتىن بولغان بوغۇم ئاغرىقلىرى، نۇقرەس ۋە چىقىق بىمارلىرىغا ماس كېلىدۇ، بۆرەكنى قىزىتىدۇ، بوۋاسىر، بەل ئاغرىقىغا پايدا قىلىدۇ. تېرىسى قۇرۇق ئىسسىق بولۇپ، كىيىم تىكىپ كىيسە بەدەننى قىزىتىدۇ. بولۇپمۇ سۇ مۈشۈكىنىڭ تېرىسىنىڭ مويلىرى ئۆسۈكرەك ۋە يۇمشاقراق بولۇپ، ئۇنىڭدىن كىيىم تىكىپ كىيسە بەدەننى تېخىمۇ قىزىتىدۇ. شۇنداقلا ئۆي مۈشۈكىنىڭ يۇڭى ئۆسۈك بولغانلىرىنىڭ تېرىسىدىن كىيىم تىكىپ كىيسىمۇ بەدەننى

قىزىتىدۇ. مۇشۇكنى ئۆلتۈرگەندىن كېيىن كوزىغا قاچىلاپ، تونۇر ياكى مونچا ئوچىقىغا سېلىپ كۆيدۈرگەندىن كېيىن سىركە بىلەن مەلھەم قىلىپ پۇت ـ قول بارماقلىرىنىڭ يېرىقلىرىغا قۇش پېيى بىلەن سۈركىسە تەڭداشسىز پايدا قىلىدۇ. ئۇنىڭ پوقى ناھايىتى ئىسسىق بولۇپ، قىزىلگۈل يېغى بىلەن مەلھەم قىلىپ سۈركىسە كۇندە تۇتىدىغان، ئارىلاپ تۇتىدىغان تەپكە پايدا قىلىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن ھەمەلچە قىلسا ياكى ئىسرىق سېلىنسا بالا ھەمراھىنى چۇشۇرىدۇ. ئۇنىڭ يېڭى گۆشى زىمات قىلسا نۇقرەسكە داۋا بولىدۇ. ئۇنىڭ قۇرۇتۇلغان گۆشى سوقۇپ زىمات قىلسا، بەدەندىكى تىكەن ۋە ئوقۇقا ئوخشاش يات نەرسىلەرنى چىقىرىدۇ، سۇنغان ئۇستىخاننى تۇتتۇرىدۇ. ئۇنىڭ گۆشى ئىستېمال قىلسا بەدەننى ئورۇقلىتىدۇ. مېھرىيارەسىنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇنىڭ مېڭىسى زاغۇن سۈيى بىلەن ئىستېمال قىلسا سۈيدۈك تامچىلاپ كېلىش ۋە بۆرەك ئاغرىقىغا پايدا قىلىدىكەن. قارا مۇشۇكنىڭ ئۆتى يەسمەن يېغى بىلەن بىرلىكتە بۇرۇنغا سۈمۈرۈلسە لەقۋاغا پايدا قىلىدۇ، چاچنى قارايتىدۇ. ئۇنىڭ يېڭى تۇغۇلغان ئاسلىنىنىڭ ئۆتىنى كۆزگە سۈركىسە كۆزنى كېچىدىمۇ كۆرەلەيدىغان قىلىدۇ. ئۇنىڭ 1.5 گىرامى زەيتۇن يېغى بىلەن ئىشلىتىلسە لەقۋاغا پايدا قىلىدۇ. تۇز بىلەن سوقۇپ سۈركىسە كونا يارىلارنى ساقايتىدۇ. قارا مۇشۇكنىڭ تېلىنى ھەيز توختىمىغان ئايالغا ئېسىپ قويسا ھەيز توختىتىدۇ. ئارىستو ئۇنىڭ ئۇرۇقدىنى بۇرۇنغا سۈمۈرۈلسە جوزامغا ناھايىتى پايدا قىلىدۇ، دەپ بىلىدۇ.

ياۋا مۇشۇك يەرلىك مۇشۇكتىن چوڭراق، كۆپىنچىسى شېشە رەڭ، مويى ئاز بولۇپ، ھەممە تەسىرى يەرلىك مۇشۇكنىڭ تەسىرىدىن ئاجىزراقتۇر.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** مېڭىسى بىلەن ئىسرىق سېلىنسا مەنىي كەلتۈرىدۇ، سىناقتىن ئۆتكەن دەپ قارىلىدۇ. قايىنتىلمىسىدا ئولتۇرۇلسا بەل ئاغرىقى ۋە نۇقرەس ئاغرىقىنى پەسەيتىدىغان بولۇپ، بۆرە گۆشى قايىنتىلمىسىنىڭ ئورنىنى باسىدۇ.

يەرلىك مۇشۇكنىڭ بەدىنىدە ھۆللۈك كۆپ بولغانلىقى، ناچار نەرسىلەرنى يەيدىغانلىقى ئۈچۈن گۆشى ئىستېمال قىلىنمايدۇ. ئىستېمال قىلسا تەستە ھەزىم بولىدۇ، بەدەننى بۇزىدۇ.

مۇشۇك، بولۇپمۇ ياۋا مۇشۇك چىشلىۋالسا بەزىدە يەرلىك ئورۇن ناھايىتى ئاغرىيدۇ، بەدەن كۆكىرىدۇ. ئىلاج قىلىش ئۈچۈن پىياز ۋە ياۋا پىننە زىمات قىلىنىدۇ.

## سۇنەمەتىر

(ئالتۇن نوقۇت)

ئۇ ھىندىچە سۆز بولۇپ، ئالتۇن نوقۇت دىگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**ماھىيتى:** بۇ ھىندىستاندىن چىقىدىغان دورىلاردىن ئىبارەت. ئۇ بىر خىل ئۇرۇق بولۇپ، ئۇچ بۇرجەك، سېرتى قارامتۇل سېرىق، ئالتۇن رەڭ بولىدۇ. ئۇستىدە ئاق تۇكچىلىرى بولىدۇ. ئىچى ئاق بولۇپ، يۇڭغا ئوخشايدىغان نەرسىلەر بىلەن توشقان بولىدۇ.

ئۇنىڭ ئۆسۈملۈكى پىلەكلىك ئۆسۈملۈكلەر قاتارىدىن بولۇپ، ئەتراپىدىكى نەرسىلەرگە يامىشىپ ئۆسىدۇ. يوپۇرمىقى ئۇچ بۇلۇڭ شەكلىنى ھاسىل قىلىدۇ، يەنى غولىدا ئۇچ دانە يوپۇرماق بىر - بىرىگە چاپلىشىپ ئۇچ بۇلۇڭ شەكلىدە ئۆسىدۇ. گۈلى كىچىك، سېرىق بولىدۇ. ئۇرۇقى ئۇچ بۇرجەكلىك غىلاپ ئىچىدە بولۇپ، ھەر بىر غىلاپ ئىچىدە دولانا ئۇرۇقىغا ئوخشايدىغان ئۇچ دانە ئۇرۇق بولىدۇ، شۇ ئۇرۇقى ئىشلىتىلىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق، سۇرگۈچى قۇۋۋىتى بار.

**خۇسۇسىيتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ئۇرۇقىنى يۇمشاق سوقۇپ 20~30 گىرامغىچە ئېلىپ، سوغۇق سۇ بىلەن ئىستېمال قىلسا، كۆيگەن قويۇق بەلغەم ۋە خام بەلغەمنى ھەم سەۋدانى سۇرۇپ چىقىرىدۇ. بوۋاسىرغا پايدا قىلىدۇ. سوغۇق سۇ ئۇنىڭ تەسىرىگە ياردەم بېرىدۇ.

## پەسل: «س» (سىن) ۋە «ۋ» (ۋاۋ) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى

### سۇدانىي
(تۆمۈرتۇمشۇق)

ئۇ ئەرەبچە سۆز بولۇپ، ئۇنىڭ كۆپلۈك شەكلى «سۇدانىيات» بولىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇ «سەرۇ» دەپ ئاتىلىدىكەن. ئۇ پارسچە «داركۇ»، «دار بەروسازەج» دەپ ئاتىلىدۇ. شىرازدا «دارمەك» دېيىلىدۇ.

**ماھىيتى:** بۇ بىر خىل قۇش بولۇپ، قۇيرۇقى ئۇزۇن، ئالىقان كەڭلىكىدە بولىدۇ، چېكەتكە، ھاشارات ۋە ئۇزۇمنى ئوزۇقلۇق قىلىدۇ. شۇ سەۋەبتىن گۆشى بەتبۇي بولىدۇ. ئۇنىڭ رەڭگى كۆك، تۇمشۇقى ئۇزۇن بولغانلىرى ياخشىلىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇ دەرەخلەرنى چوقۇلاپ كاتەك قىلىدۇ.

**تەبىئىتى:** قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** مېڭىگە ۋە ئورۇق كىشىلەرگە ناھايىتى زىيان قىلىدۇ.

### سۇرىنجان
(سۆرۈنجان)

ئۇ ھىندىچە «بەربەرىي»، مەلۇم بىر تۈرى «پەستارمەك» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** ئۇ بىر خىل يىلتىز بولۇپ، ياۋا سامساققا ئوخشايدۇ، قارىغاي مېۋىسى شەكلىدە بولىدۇ، سەل ياپىلاق بولۇپ، ئۈچ خىل بولىدۇ. بىرىنچى خىلىنىڭ ئىچى - تېشى ئاق، تەمى تاتلىق بولىدۇ. ئىككىنچى خىلىنىڭ ئىچى - تېشى قارامتۇل، قىزىلغا مايىل سېرىق بولىدۇ. ئۈچىنچى خىلىنىڭ ئىچى - تېشى قارىغا مايىل، تېشى قارىراق، ئاچچىق بولىدۇ. بىرىنچى خىلىنىڭ دانلىق، قۇرت يېمىگەن، سەل قاتتىق، بەتبۇي پۇرىمايدىغانلىرى ياخشىلىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ تۈرى يېپىلىدىغان ۋە ئېچىلىدىغان دورىلارغا قوشۇپ ئىستېمال قىلىنىدۇ. قالغان ئىككى تۈرى، بولۇپمۇ قارىسى زەھەرلىك بولۇپ، سىرتىدىن ئىشلىتىلىدۇ، ئىچىدىن ئىشلىتىشكە بولمايدۇ، چۈنكى گالنى بوغۇش بىلەن ھالاك قىلىدۇ.

ئۇنىڭ يوپۇرمىقى كۆدە يوپۇرمىقىغا ئوخشاش، ئۇنىڭدىن مەزمۇتراق بولىدۇ. غولى غۇلاچ ئېگىزلىكىدە ئۆسىدۇ. گۈلى سېرىق بولۇپ، «شەنبەلىيد» دەپ ئاتىلىدۇ. كىچىك يەسمەن گۈلىگە ئوخشايدۇ. قارىسىنىڭ گۈلى قىزىل بولىدۇ، ئۇ تاغلاردا ئۆسىدۇ. ئۇنىڭ قۇۋۋىتى ئۈچ يىلغىچە ساقلىنىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئۈچىنچى دەرىجىدە ئىسسىق، ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق، ئارتۇق ھۆللۈكى بار، بەزىلەر ئېقىنىنىڭ ئىسسىقلىقى مۆتىدىل دەيدۇ.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** يىراق ئەزالار ۋە بەدەننىڭ يىراق جايلىرىدىكى تۇرلۇك بەلغەم خىلىتلىرىنى سۈرۈپ چىقىرىدۇ. قورۇغۇچى قۇۋۋىتى بار. توسالغۇلارنى ئاچىدۇ، بەدەننىڭ چوڭقۇر قىسىملىرى، بولۇپمۇ بوغۇملاردىكى شىلىمشىق خىلىتلارنى تارتىپ چىقىرىدۇ. يەرقان، تال ئىششىقىغا داۋا بولىدۇ. سەبرە بىلەن ئىشلىتىلسە ئولتۇرغۇچ نېرۋا ئاغرىقى ۋە نۇقرەسنى پەسەيتىدۇ، سىناقتىن ئۆتكەن. زەنجىۋىل، پىلپىل بىلەن ئىشلىتىلسە باھنى ناھايىتى قۇۋۋەتلەيدۇ. بوغۇم ئاغرىقلىرىغا ناھايىتى پايدا قىلىدۇ. ئۇنىڭ 1.5 گىرامى زەنجىۋىل، زىرە ۋە پىننە بىلەن ياكى يېڭى سېغىلغان سۈت ۋە قارا شېكەر بىلەن ئۈچ كۈن ئۇدا ئىستېمال قىلسا باھنى ناھايىتى قوزغىتىدۇ. ھەرقايسى بوغۇملاردىكى، بولۇپمۇ نەزلە سۆيۈقلۇقلىرى قويۇلغان ۋاقىتتىكى زەھەرلەرنى قايتۇرىدۇ. ئۇ زەپەر ۋە توخۇ تۇخۇمى بىلەن زىمات قىلسا ئۇستىخان ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ، قاتتىق ئىششىقلارنى تارقىتىدۇ. شاراب بىلەن زىمات قىلسا بوغۇم ئاغرىقلىرىنى پەسەيتىدۇ. سىركە ۋە ھەمىشبىاھار سۈيى بىلەن زىمات قىلىنىسىمۇ پايدا قىلىدىغان بولۇپ، سىناقتىن ئۆتكەن. ئۇ قوي ياكى كالىنىڭ كونا سېرىق مېيى بىلەن ھەمەلچە قىلسا بوۋاسىر تۇگۇنچىلىرىنى چۈشۈرىدۇ، ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ، سىناقتىن ئۆتكەن. ئۇنى سوقۇپ سەپسە كونا زەخملەرنى قۇرۇتىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** زەپەر بىلەن ئۈچ گىرامدىن، باشقا دورىلار بىلەن بىرلىكتە 1.5 ~ 5 گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

**ئورۇنباسارى:** بوغۇم ئاغرىقلىرىنى پەسەيتىش ئۈچۈن باراۋەر مىقداردا خېنە، يېرىم

ھەسسە مۇقەلدۇر.

**زىيانلىق تەسرى:** ئاشقازانغا كۆپ زىيان قىلىدۇ، قورساقنى ئاغرىتىدۇ، ئاشقازان بىلەن جىگەرنى زەئىپلەشتۈرىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** كەتىرا، شېكەر، زەپەر.

ئۇنى بوغۇم كېسەللىكلىرىگە ئىشلەتمەكچى بولغاندا ئۇنىڭ تەسىرىگە ياردەم بېرىش ئۈچۈن باراۋەر مىقداردىكى زەنجىۋىل ۋە پىلپىل بىلەن ئىشلىتىش لازىم.

ئۇنىڭ گۈلىنى پۈرىسا دىماقنىڭ توسالغۇلىرىنى ئاچىدۇ، يەللەرنى تارقىتىدۇ، باشنىڭ سوغۇقتىن بولغان ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ.

كىشى ئۇنىڭ قارىسى ياكى قىزىلىنى يەپ زەھەرلىنىپ قالغان بولسا، زەھەر قايتۇرۇش ئۈچۈن يېڭى سېغىلغان كالا سۈتى ئىچۈرۈپ قۇستۇرۇلىدۇ، پادزەھەرلەر ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ.

سۆرۈنجاننىڭ ھەبلىرى، داۋاسى، سۇفۇپلىرى، مەتبۇخلىرى ۋە مەجۇنلىرى قارابادىندا بايان قىلىندى.

## سۇس
### (چۇچۇكبۇيا)

ئۇ پارسچە «مىھەك»، يىلتىزى «بىيخى مىھەك»، ئىسپانىدا «مۇرد»، تۈركچە «شىيرىن بان»، ھىندىچە «مىلتىھى»، «جىيتىھى»، «مەدۇمەرتى»، فىرانسۇزچە «كەلىيسەر بىزە» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيتى:** ئۇ بىر خىل ئۆسۈملۈك بولۇپ، كۆپ شەھەرلەردە ئۆسىدۇ. ئۆسۈملۈكى يەرگە يېيىلىپ چاپلىشىپ ئۆسىدۇ. ئۇزۇنلۇقى ئون غۇلاچ ئەتراپىدا بولىدۇ. ئۇنىڭ يەردىن تەستە يوقىلىدۇ، بىر بارماق تومۇلۇقىدىن بىر سىقىم تومۇلۇقىغىچە، ئۇنىڭدىن تومراق ئۆسىدۇ. يوپۇرمىقى مەستىكى ئۆسۈملۈكى يوپۇرمىقىغا ئوخشاش بولىدۇ. گۈلى قىزىل بىلەن كۆكنىڭ ئارىلىقىدا، كۆپ ھاللاردا سېرىق بولىدۇ.

ئۇنىڭ يىلتىزى ئۇزۇن، پوستى قارا، ئىچى سېرىق بولىدۇ. تاتلىق ۋە ئاچچىقتىن ئىبارەت ئىككى خىل بولىدۇ. تاتلىقى ئىشلىتىلىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ «ئىرقۇس سۇس» (چۇچۇكبۇيا يىلتىزى) دەپ ئاتىلىدۇ. مەشھۇر قاراشتا ئۇنىڭ پوستىنى ئاقلاپ ئىشلىتىلىش كېرەك دېيىلىدۇ. چۈنكى ئېيتىشلارغا قارىغاندا، يىلان ئۇنى بەك ياخشى كۆرىدىغان بولۇپ، پوستىنى ئاجرىتىش، بەدىنىنى كۈچەيتىش، كۆزىنى روشەنلەشتۈرۈش ئۈچۈن ئۇنىڭغا ئۆزىنى خۇددى ئارپىبەدىيانغا سۈركىگەندەك سۈركەيدىكەن. بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇنىڭ

پوستىنى ئاقلاشنى تەۋسىيە قىلىشىنىڭ سەۋەبى مەزكۇر سەۋەبتىن ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ ئۆتكۈرلۈكى ۋە قۇرۇقلۇقىنىڭ زىيادىلىكىدىن ئىكەن. ئۇنىڭ ئاچچىقى زەھەرلىك دېيىلىدىغان بولغاچقا ئىشلىتىلمەيدۇ. ئۇنىڭ تاتلىقىنىڭ بەزىسى تاتلىق، ئاچچىق ۋە قىرتاق تەم ئارىلاش، بەزىسى تاتلىق تەمى ئارتۇق بولىدۇ. ئۇنىڭ مىسىردىن چىقىدىغىنىنىڭ تاتلىق، يىپسىز، سېرىق، توم ـ ئىنچىكىلىكى ئوتتۇرا هال بولغانلىرى ياخشىلىرى بولۇپ هېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن قالسا ئىراقتىن، ئۇنىڭدىن قالسا شامدىن، ئۇنىڭدىن قالسا هىندىستان ياكى باشقا جايلاردىن چىقىدىغىنىنىڭ تاتلىقلىقى يۇقىرى، ئاچچىقلىقى ۋە قىرتاقلىقى ناهايىتى تۆۋەن بولغانلىرىدۇر. ئۇنىڭ قۇۋۋىتى ئىككى يىلغىچە ساقلىنىدۇ.

**تەبئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە ئىسسىق، بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇقتۇر. بەزىلەر بىرىنچى دەرىجىدە ئىسسىق دەيدۇ. بەزىلەر هۆللۈكى ۋە قۇرۇقلۇقى مۆتىدىل دەيدۇ. يەنە بەزىلەر قۇرۇق سوغۇق دەپ بىلىدۇ. ئەمما بىرىنچى قاراش توغرىراقتۇر. شىلىمشىق هۆللۈكى بار.

**خۇسۇسىيتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** قويۇق، مۇرەككەپ خىلىتلارنى پىشۇرغۇچى، ئۇسسۇزلۇق ۋە ئاشقازاننىڭ كۆيۈشۈشىنى پەسەيتكۈچىدۇر. بولۇپمۇ ئۇنى سۇغا چىلاپ تەمىنى مىجىماي چىقىرىپ ئىچسە ئۇسسۇزلۇقنى ياخشىراق قاندۇرىدۇ. كۆكرەك ۋە گالنى نەمدەيدۇ. هۆللۈكتىن بولغان ئۇسسۇزلۇققا كۆپ پايدا قىلمايدۇ. هۆللۈكلەرنى سۇرۇپ چىقىرىدۇ. ئىچكى ئەزالارنى تازىلايدۇ. پەي ـ نېرۋىلارنى قۇۋۋەتلەيدۇ. يەللەرنى تارقىتىدۇ، سۈيدۈك، هەيز هەيدەيدۇ. كاناي ئىششىقى، كۆكرەكنىڭ يىرىكلىكى، ئۆپكە ۋە گالنىڭ كۆيۈشۈشىگە پايدا قىلىدۇ، ئاۋازنى ياخشىلايدۇ. زىققە نەپەس، ئۆپكە، جىگەر، دوۋساق كېسەللىكلىرى، ئاشقازان كۆيۈشۈش، سۈيدۈك ئېچىشتۇرۇپ كېلىش، مېڭە، پەي ـ نېرۋا كېسەللىكلىرى، تال كېسەللىكلىرى، بوۋاسىر، كونا تەپلەر، تۇرلۇك يۆتەل قاتارلىقلارغا شىپا بولىدۇ. ئەمما ئەينەكسىمان قويۇق خىلىتلاردىن بولغان يۆتەلگە بولغان تەسىرى تۆۋەندۇر. ئۇنىڭدىن 1.5 گىرام ئېلىپ سەككىز مىللىگىرام شېكەر ۋە ئارپىبەدىيان بىلەن ئىستېمال قىلسا بەدەننىڭ كانال يوللىرىنى تازىلايدۇ، رەڭگىروينى ياخشىلايدۇ، يەللەرنى تارقىتىدۇ، كونا تەپلەر ۋە باش ئاغرىقى، باشنىڭ يېرىمى ئاغرىش، كۆز قاراڭغۇلىشىشقا ئوخشاش كېسەللىكلەرگە پايدا قىلىدۇ. ئۇنى ئىستېمال قىلسا، بولۇپمۇ قۇياش هەمەل بۇرجىدىن سەرەتان بۇرجىغا كەلگۈچە بولغان ئارىلىقتا ئىستېمال قىلسا كۆزنى روشەنلەشتۈرىدۇ. شەيخۇر رەئىس ئەبۇ ئەلى ئىبىن سىنا سوغۇقتىن بولغان قولۇنجىنىڭ ئىلاجىدا «چۈچۈكبۇيا يىلتىزىدىن 12 گىرام ئېلىپ، سەكبىنەج، تاغ كۇدىسى سۈيى ياكى مائۇلجەبىن بىلەن ئىچسە، ئۇنىڭغا پايدا قىلىدۇ» دەپ يازغان. چۈچۈكبۇيا يىلتىزى يالغۇز ئىستېمال قىلىنسىمۇ ئۇنىڭغا پايدا قىلىدۇ، سىناقتىن ئۆتكەن. ئۇنىڭ قايىنىتىلمىسى بىلەن قەي قىلسا هۆللۈكلەرنى چىقىرىلىدۇ، هۆللۈكلەر قەي

بىلەن تولۇق چىقىپ كەتمىسە ئىچىنى سۈرۈش ياكى سۈيدۈك ھەيدەش بىلەن چىقىرىدۇ. ئۇ قايناتمىلار ۋە جىگەر دورىلىرىغا قوشۇلسا شىلىمشىقلىقى ۋە چاپلاشقاقلىقى بىلەن ئۇلارنىڭ تەبىئەتكە ئېغىر كېلىشى ۋە زىيان يەتكۈزۈشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. ئۇنى كۆزگە سۈركىسە كۆزگە چۈشكەن ئاقنى يوقىتىدۇ، كۆرۈش قۇۋۋىتىنى ئاشۇرىدۇ، كۆز ئېقىدىكى سېرىقلىقنى ئالىدۇ. ھەسەل ۋە موم بىلەن زىمات قىلسا سەينەككە پايدا قىلىدۇ. ھىندىستاندا ئۆسىدىغان، «ب» (بائ) ۋە «ن» (نۇن) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلار بابىدا بايان قىلىنغان بەنگىرە دەپ ئاتىلىدىغان ئۆسۈملۈكنىڭ سۈيى بىلەن ياكى ساپ سۇ بىلەن تەكرار سۈركىسە دائىرىلىك چاچ چۈشۈشكە داۋا بولىدۇ. ھۆل يوپۇرمىقى زىمات قىلسا قولتۇق، پۇت بارماقلىرى ئارىلىقلىرىنىڭ سېسىق پۇرىقىنى يوقىتىدۇ، سىناقتىن ئۆتكەن.

ئىبنى ماسۇيە ۋە ئەمىنۇد دەۋلە ئۇنىڭ ياغىچىنى باشقا قىسىملىرىدىن ئىسسىقراق، جۇلا بەرگۈچى، قورۇغۇچى، تارقاتقۇچى قۇۋۋەتكە ئىگە دەپ بىلگەن. ئۇلار يەنە «سىسارۇن» دېگەن دورا ئۇنىڭدىن ئىبارەت، ئۇنىڭ ئوتى باشقا ياغاچلارنىڭ ئوتىغا قارىغاندا، كۈچلۈكرەك بولىدۇ» دېگەن. ئەمەلىيەتتىمۇ شۇنداقتۇر. ئىراندا شېشە ياسايدىغانلار شېشە تېشىنى سوقۇپ، ئوچاققا سېلىپ ئۇنى ئۇنىڭ ياغىچى بىلەن قوچۇپ ئېرىتىدۇ.

مۇھەممەد بىن ئەھمەد ئۇنىڭ ئۇرۇقىنى ئۇنىڭ باشقا قىسىملىرىدىن كۈچلۈكرەك دەپ بىلىدۇ. يۇھەننا بىن سەرابىيۇننىڭ ئېيتىشىچە، ئۇنى مەجۇنلەرگە قوشۇش لازىم ئىكەن. چۇچۇكبۇيا بەسرە ۋە ئۇنىڭ ئەتراپلىرىدا ئۆستۈرۈلىدۇ، باشقا يەرلەردە بولمايدىغان بولۇپ شۇ يەرگە مەخسۇستۇر.

**زىيانلىق تەسرى:** ئېيتىشلارغا قارىغاندا، چۇچۇكبۇيا يىلتىزى بۆرەك بىلەن تالغا زىيان قىلىدىكەن.

**تۈزەتكۈچىسى:** بۆرەك ئۈچۈن كەتىرا، تال ئۈچۈن قىزىلگۈلدۇر.

**ئىستېمال مىقدارى:** 15 گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

**ئورۇنباسارى:** يىلتىزىنىڭ ئورۇنباسارى كۆكرەك كېسەللىكلىرى ئۈچۈن باراۋەر مىقداردا كەتىرا.

ئۇنىڭ قىيامى ئۇنىڭ يىلتىزىنى ئاقلاپ ياكى ئوتتۇرىدىن ئۇزۇنىسىغا يېرىپ، سۇدا تاكى تەمى چىققۇچە قاينىتىپ تەكرار سۈزۈپ لېيىنى ئايرىۋېتىپ يەنە تاكى قويۇلۇپ خورما ئۇيۇتمىسىغا ئوخشاش ئۇيۇغىچە قاينىتىپ تەييارلىنىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ئۇنىڭ ھەممە تەسىرلىرى ئۇنىڭ يىلتىزىنىڭ تەسىرلىرىدىن ياخشىراقتۇر. سۈرگۈچى دورىلارنىڭ زىيانلىق تەسىرىنى ۋە دورىلارنىڭ چېقىشىنى تۈگەتكۈچىدۇر.

## سۇسەن
(سەۋسەن)

ئۇ «سەۋسەن»مۇ دېيىلىدۇ. ئۇ سۇريانچە «سۇسان» دېگەن سۆزدىن ئەرەبچىلەشتۈرۈلگەندۇر.

ماھىيىتى: ئۇ يەرلىك ۋە ياۋىدىن ئىبارەت ئىككى خىل بولىدۇ. ئۇلارنىڭ ھەر بىرى يەنە ئاق ۋە كۆك دەپ ئىككىگە ئايرىلىدۇ. لاتىنچە يەرلىكى «ئىيربەدى»، «دىستىنكا»، ياۋىسى «ئىيربەدى سالۇتىيكا»، ياۋىسىنىڭ يەنە بىر تۈرى «ۋىتال تەرا ئىيربەدى سالۇتىيكا»، فىرانسۇزچە يەرلىكى «ئورا ئىدبىس» ۋە «دىمىنكا»، ياۋىسى «ئورا ئىرىس»، «سەلۇسىر» دەپ ئاتىلىدۇ. ياۋىسىنىڭ سېرىقى «تەمىر كابىس» دەپ ئاتىلىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئېقى «سەۋسەنى ئازاد»، كۆكى «سەۋسەنى كەبۇد» دەپ ئاتىلىدىكەن. ياۋىسى سېرىق، كۆك رەڭلەردە بولىدۇ. كۆكى «ئاسمانگۇنى» (ھاۋا رەڭ)، سېرىقى «خىتائى» (خىتايدىن چىقىدىغىنى) دەپ ئاتىلىدۇ. «ئاسمانگۇنى» دېگەن ئاتالغۇ «ئاسانجۇنى» دەپ ئەرەبچىلەشتۈرۈلىدۇ.

ئۇنىڭ شاخلىرى ئېگىز، يوپۇرماقلىرى ئىنچىكە، ئۇزۇن بولىدۇ. غولىنىڭ ئۈستىدە ئۈچتىن بەش تالغىچە ئىنچىكە شاخلىرى بار بولۇپ، ئۇچىدا گۈللىرى بولىدۇ. گۈل بەرگى بەش دانە بولۇپ، ئېچىلغاندىن كېيىن ئېگىلىدۇ.

فىرانسۇزلارنىڭ كىتابلىرىدا ئۇنىڭ ياۋىسىنىڭ يەنە بىر تۈرىنىڭ بارلىقى بايقالغان بولۇپ، يىلتىزىدىن ئىككى دانە غولى ئۆسۈپ چىققان ئىكەن. ئۇچىدا گۈلى بولىدىكەن. يوپۇرماقلىرىمۇ دەسلەپكىسىدىن ئىنچىكىرەك ۋە ئۇزۇنراق بولىدىكەن. يىلتىزى بوغۇملۇق، ئەگرى بولىدىكەن، ئاز مىقداردا چاچما يىلتىزلىرى بار ئىكەن.

ئۇنىڭ ھەممە تۈرىنىڭ يىلتىزى بوغۇملۇق، يۇمىلاق، ئۇزۇنچاق، ئاق، خۇش پۇراق بولىدۇ. پۇرىقى بىنەپشىنىڭ پۇرىقىغا ئوخشايدىغان بولغاچقا، خەلق ئاممىسى ئۇنى «بىيخى بىنەپشە» (بىنەپشە يىلتىزى) دەپ ئاتايدىغان بولۇپ، شۇ نام بىلەن مەشھۇردۇر.

ئۇنىڭ ئېقىنىڭ گۈلى كۈچلۈك خۇش پۇراق پۇرايدىغان بولۇپ، ھەكىم مىر مۇھەممەد مۆمىن ئۇنى «ئۇ سەۋسەن ئازاد ئەمەس، چۈنكى سەۋسەنى ئازاد يەسمەنىنىڭ پارسچە ئىسمىدۇر. ئۇنى سەۋسەنى ئازاد دېگەنلەر ئۇنىڭ تۈرلىرىنى پەرقلەندۈرەلمەي ئارىلاشتۇرۇپ قويغانلاردۇر» دەپ يازغان.

ئىرىسا كۆك سەۋسەنىنىڭ ياۋا ۋە تاغدا ئۆسىدىغىنىنىڭ «ئاسمانجۇنى» دەپ ئاتالغان تۈرىنىڭ يىلتىزىدۇر. ئۇنىڭ گۈلى يەرلىك كۆك سەۋسەن گۈلىدىن كۆپ كىچىك بولىدۇ. يىلتىزى بىر دانە، ياپىلاق، ئۇزۇن، بوغۇملۇق بولىدۇ. بىلگىنكى، سەۋسەنى ئازاد «زەنبەق»

دەپ ئاتىلىدىغان ئاق سەۋسەندۇر. بۇ زامانلاردا ئاق سەۋسەندىن سەۋسەننىڭ تۆۋەندىكىدەك ئۈچ تۈرى نەزەردە تۇتۇلىدۇ. بىرىنچىسى، تونۇشلۇق بولغان يەرلىك سەۋسەن نەزەردە تۇتۇلىدۇ. يەرلىك سەۋسەن ئىككى خىل بولىدۇ، ئۇنىڭ بىرى، ئاق، خۇش پۇراق بولىدۇ. ئىككىنچىسى، بىنەپشە رەڭ بولۇپ، پۇرىقى بىرىنچىسىدىن سۇسراق بولىدۇ. بۇنىڭ يوپۇرماقلىرى ياۋا سەۋسەندىن ئۇزۇنراق، كەڭرەك، يىلتىزى يۇمىلاق، ئۇزۇنچاق بولۇپ، پىيازغا ئوخشايدۇ. ناھايىتى كۆپ يىپسىمان يىلتىزلىرى بولىدۇ. «زەنبەق» قەدىمكىلەرنىڭ كىتابلىرىدا ئاق يەسىمەندۇر. ئۇنىڭ يېغى «رەۋغىنى زەنبەق» دەپ ئاتىلىدۇ. ئۈچىنچىسىنىڭ گۈلى يۇقىرىدىكىسىدىن كىچىكرەك، پۇرىقى سۇسراق بولىدۇ. كۈندۈزى كۆپ پۇرىمايدۇ، كېچىسى بەك پۇرايدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ پارسچە «گۇلى شەب بوي» (كېچىدە پۇرىغۇچى گۈل) دەپ ئاتىلىدۇ. «شەب ئەنبوي» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئەرەبچە «خەزاما» دەپ ئاتىلىدىكەن. ئۇ ھىندىستاندا، بولۇپمۇ بېنگالدا كۆپ بولىدۇ. گەرچە ئۇ ئەسلىدە ياۋا خەيرىگۈلنىڭ ئىسمى بولسىمۇ، ئەمما بۇ زامانلاردا يۇقىرىدىكى ھەر ئىككى خىل ئۆسۈملۈك نەزەردە تۇتۇلىدۇ. بەزىلەر «گۇلى شەب بوي»نى «گۇلى مەريەم» دەيدۇ. ئۇ سۇمبۇلدىمۇ بايان قىلىندى.

**تەبىئىتى:** بىرىنچى دەرىجىدە ئىسسىق، ھۆللۈكى ۋە قۇرۇقلۇقى مۆتىدىل، تارقاتقۇچى ھارارىتى، تۇپراققا مەنسۇپ نازۇك قىسىملىرى، قۇرۇتقۇچى ۋە قورۇغۇچى قۇۋۋىتى بار. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، يەرلىكىنىڭ ئېقى ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق، بەزىلەرنىڭ قارىشىدا ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق ئىكەن. ياۋىسى يەرلىكىدىن ئىسسىقراق ۋە قۇرۇقراقتۇر.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ئۆپكە كېسەللىكلىرى، تال، جىگەر، بالىياتقۇ، بوۋاسىر ئاغرىقلىرى، چاشقان يارىسىغا پايدا قىلىدۇ. ھەيز ھەيدەيدۇ، زەخىملەرنى پۈتتۈرۈپ كىرىنى تازىلايدۇ. ھاشارات چېقىۋالغاندىكى زەھەرلەرنى، بولۇپمۇ چايانىنىڭ زەھىرىنى قايتۇرۇشتا باشقىلاردىن ئاجىزراقتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ھەسەلگە ئوخشاش جۇلا بېرىش كۈچىنى ئاشۇرىدىغان نەرسىلەر بىلەن قوشۇلۇپ ئىشلىتىلىدۇ. ھەسەل بىلەن مەلھەم قىلىسا بەھەق، ئاقكېسەل، قوتۇر، ھۆل يارىغا پايدا قىلىدۇ. سىركە ياكى كەندىر يوپۇرمىقى ۋە بۇغداي ئۇنى بىلەن مەلھەم قىلىپ چاپسا ئۇرۇقدانىنىڭ ئىسسىقتىن بولغان ئىششىقلىرىنى تارقىتىدۇ، سۇ كۆيۈك يارىسىنى ساقايتىدۇ. ئارپا ئۇنى بىلەن مەلھەم قىلىنسىمۇ، شۇ تەسىرنى بېرىدۇ. ئۇنىڭ سۈيى بىلەن يۈز يۇيۇلسا داغ ـ سەپكۈننى چۇشۇرىدۇ. ئۇنىڭ بەشتىن بىرىچىلىك مىقدارىدىكى سىركە ۋە ھەسەل بىلەن بىرلىكتە مىس قاچىدا ئۇيىغۇچە قاينىتىپ تەييارلانغان ئۇسارىسى جۇلا بەرگۈچى، قۇرۇتقۇچى ۋە مۇسكۇل ئەتراپلىرى يارىلىرىنى ساقايتقۇچىدۇر.

ئۇنىڭ يېغىنىڭ ھەممە تەسىرى ئىرىسانىڭ يېغىنىڭ تەسىرلىرى بىلەن ئوخشاش

بولۇپ، ئۇنىڭدىن ياكى ئۇنىڭ قاينىتىلمىسىدىن 30 مىللىگىرام ئىستېمال قىلسا ئىچىنى سۈرىدۇ، سەپرادىن بولغان ئىيلاۋۇس ۋە بالىياتقۇ كېسەللىكلىرىگە داۋا بولىدۇ. ھامىلە چۈشۈرىدۇ، قورساق ئاغرىقى، پەي ـ نېرۋا ئاغرىقلىرىنى پەسەيتىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن مايلانسىمۇ شۇ تەسىرنى بېرىدۇ. ئۇنىڭدىن 45 گىرام ئىستېمال قىلسا ئىچىنى سۈرىدۇ، يۇمغاقسۈت ۋە زەھەرلىك موگۈنىڭ زەھىرىنى قايتۇرىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن ياغلانسا پەيلەرنى بوشىتىدۇ، قاتتىقلىقنى يۇمشىتىدۇ. چىقىپ قالغان بالىياتقۇنى جايىغا چۈشۈرىدۇ. ئۇنىڭ ئۇرۇقى ئىستېمال قىلسا زىيانداش ھاشاراتنىڭ زەھىرىنى قايتۇرىدۇ. ئۇنىڭ يىلتىزىنىڭ قاينىتىلمىسى بىلەن ئېغىز چايقالسا چىش ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ، بولۇپمۇ ئۇنىڭ ياۋىسىنىڭ قاينىتىلمىسىنىڭ مەزكۇر تەسىرى تېخىمۇ ياخشىدۇر. ئۇ قۇلاققا تېمىتىلسا ئاغرىقنى پەسەيتىدۇ. ئىستېمال قىلسا زېھىننى ئۆتكۈرلەشتۈرىدۇ، زىققە نەپەس، تىك ئولتۇرۇپ نەپەسلىنىش، گال ئاغرىقى، تال قېتىشقا داۋا بولىدۇ. ھەسەل بىلەن ئىستېمال قىلسا زەرداب سۈنى سۈرىدۇ، ئىستىسقاغا شىپا بولىدۇ. دوۋسۇندىكى شىلىمشىق ھۆللۈكلەرنى تازىلايدۇ. ئۇسسۇزلۇقنى پەسەيتىدۇ. چايىنىسا ھاراقنىڭ سېسىق پۇرىقىنى يوقىتىدۇ. يوپۇرمىقى زىمات قىلسا زىيانداش ھاشاراتنىڭ چېقىۋېلىشى، سۇ كۆيۈك يارىسىغا دەرھال پايدا قىلىدۇ. ئۇنىڭ يىلتىزى زىمات قىلىنسىمۇ شۇ تەسىرنى بېرىدۇ. ئۇنىڭ يىلتىزىنىڭ يېغى قۇلاق ۋە پەي ـ نېرۋىلارنىڭ ئاغرىقلىرىنى پەسەيتىدۇ. ئەزالار ئۇنىڭ بىلەن مايلىسا، بولۇپمۇ ئۇنى قورۇپ گۈل يېغى بىلەن سالايە قىلىپ مايلىسا ئۇنۇمى ياخشى بولىدۇ. قۇرۇق يىلتىزىدىن سەپمە تەييارلاپ كۆزدىكى تىرناقچە گۆش ۋە قاپاقتىكى ئارتۇق گۆشكە سەپسە يوقىتىدۇ. يىلتىزى گۈل يېغى بىلەن قاينىتىلىپ ئىستېمال قىلسا ياكى سۈركىسە ئوت كۆيۈك يارىسى ۋە بالىياتقۇ كېسەللىكلىرىگە پايدا قىلىدۇ. ئۇنىڭ يىلتىزى سىركە بىلەن مىس قاچىدا قاينىتىلىپ ئىشلىتىلسە كونا يارىلار ۋە جاراھەتلەرگە داۋا بولىدۇ.

گۈلىنى پۇرىسا يۈرەك، مېڭىنى قۇۋۋەتلەيدۇ، خۇرسەن قىلىدۇ. مېڭىنىڭ يەللىرى ۋە ئۇنىڭ بۇخاراتلىرىنى تارقىتىدۇ. ئۇنىڭ بۇ جەھەتتىكى تەسىرى زەپەرنىڭ تەسىرىدىن ياخشىراقتۇر، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ ھوشسىزلىنىشقا بولغان تەسىرى زەپەرنىڭ شۇ تەسىرىدىن ياخشىراقتۇر. چۈنكى زەپەرنىڭ ئەكسىچە ئۇنىڭ بوشىتىش رولى ئاجىزراق، تۇتۇش رولى كۈچلۈكرەكتۇر. ھالبۇكى، زەپەرنىڭ بوشىتىش رولى كۈچلۈك، تۇتۇش رولى ئاجىزراقتۇر. ئۇنىڭ شارابى چاقىدىغان زىيانداش ھاشاراتنىڭ ھەممىسىنىڭ زەھىرىنى قايتۇرىدۇ.

سەۋسەننىڭ يەنە بىر تۈرى بار بولۇپ، دەرەخلەرنىڭ ئاستىدا ئۆسىدۇ، گۈلى سېرىق، كىچىك، يىلتىزى بارماق توملۇقىدا، خۇش پۇراق، ئاچچىق بولىدۇ، ئاق ۋە كۆك سەۋسەندىن كۈچلۈكرەك، ئىيرۇسادىن ئاجىزراق بولىدۇ. گۈلى ئۇنىڭ باشقا تۈرلىرىنىڭ گۈلىدىن

ئىسسىقراق بولۇپ، قورۇش قۇۋۋىتى بار. ئۇنىڭ يىلتىزى چاينالسا، قايىنتىلمىسى بىلەن ئېغىز چايقالسا چىش ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ. گۈلى ۋە يوپۇرمىقى زىمات قىلسا يارىلارنى ساقايتىدۇ. قايىنتىلمىسى شاراب بىلەن زىمات قىلسا بەلغەمدىن بولغان ئىششىقلار ۋە پىشمىغان خام ئىششىقلارنى پىشۇرۇپ تارقىتىدۇ. بەغدادىي ئۇنى ئاچچىق ئەدەس دەيدۇ. ئىيرۇسا «د» (ئېلىپ) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلار بابىدا بايان قىلىندى.

سەۋسەننىڭ جاۋارىشى، يېغى ۋە شارابى قارابادىندا بايان قىلىندى.

قىزىل سەۋسەن دەلبۇس ئۆسۈملۈكىدۇر.

## سۇفال

**ماھىيتى:** ئەبۇ جەرىيھنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ چېچەك ۋە لىسانۇل ئەساپىر دەرىخىنىڭ قوۋزىقىغا ئوخشايدىغان قېلىن قوۋزاقلاردىن ئىبارەت ئىكەن.

**تەبىئىتى:** قۇرۇق ئىسسىق، ئۆتكۈر ۋە تاتلىق تەمى بار. سوغۇقتىن بولغان بوغۇم ئاغرىقلىرىغا پايدا قىلىدۇ.

## سەۋلان
(سەۋلان يىلتىزى)

**ماھىيتى:** ئۇ قىزىل رەڭلىك بىر خىل يىلتىز بولۇپ، سەقالبە ۋە رىمدىن چىقىدۇ.

**تەبىئىتى:** تۆتىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ئىسسىق بولۇپ، تېرىنى كۆيدۈرىدۇ. ئۇنىڭدىن بىر دان مىقدارى ئېلىپ، قىزىلچا سۈيى بىلەن سالايە قىلىپ بۇرۇنغا سۈمۈرسە لەقۋاغا پايدا قىلىدۇ. مەلھەم قىلىپ سۈركىسە سوغۇقتىن بولغان ئىششىقلارنى ۋە يەللەرنى تارقىتىدۇ. شۇنداقلا ياغلار بىلەن مەلھەم قىلىپ سۈركىسىمۇ شۇ تەسىرنى بېرىدۇ. كۆزگە سۈركىسە قويۇق يەللەرنى تارقىتىدۇ. سۈرمىلەرنىڭ تەركىبىگە قوشۇلىدۇ.

## سەۋىيق
(تالقان)

ئۇ پارسچە «پىست»، «مەلخان»، تۈركچە «قادۇت»، ھىندىچە «سەتتۇ» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيتى:** ئۇ يېيىلىدىغان بارلىق تالقانلارنىڭ ئەرەبچە نامىدۇر. تېۋىپلارنىڭ تونۇشىدا ئۇلارنىڭ قورۇلغىنى نەزەردە تۇتۇلىدۇ. ئەمما نورمال قورۇش، بەك خام قورىماسلىق ياكى

كۆيدۇرۇۋەتمەسلىك، قورۇپ بولغاندىن كېيىن ئىلمان سۇ بىلەن بىر قېتىم، سوغۇق سۇ بىلەن بىر قېتىم يۇيۇپ، ئۇنىڭدىن كېيىن قۇرۇتۇش كېرەك.

ئارپا، گۈرۈچ، بۇغداي تالقىنى ئەزالارنىڭ كۆيۈشۈشى، ئۇسسۇزلۇق ۋە ئىسسىقتىن بولغان تەپلەرنى پەسەيتىدۇ. بالىلار كېسەللىكلىرىگە شىپا بولىدۇ.

**تەبىئىتى:** نېمىدىن تەييارلانغان بولسا شۇنىڭ تەبىئىتى بىلەن ئوخشاش بولىدۇ. قۇرۇقلۇقى يۇقىرىدۇر.

ئۇ ئارپا، بۇغداي، گۈرۈچ، نوقۇت، نىبىق مېۋىسى، جىگدە، ئالما، قاپاق، ئانار ئۇرۇقى ۋە ئۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىلەردىن تەييارلىنىدۇ. يۇيۇلغىنىنىڭ سوۋۇتۇش تەسىرى يۇيۇلمىغىنىدىن ئاجىزراقتۇر. ئۇنى يۇيۇش ئۇسۇلى بۇ يەردە ۋە كىتابنىڭ مۇقەددىمىسىدە بايان قىلىندى.

**خۇسۇسىيتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ئەسلىي ماتېرىيالىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا قاراپ ھەر خىل بولىدۇ. ئارپا تالقىنىنىڭ سوۋۇتۇش، ئاشقازان ھۆللۈكلىرىنى قۇرۇتۇپ قۇۋۋەتلەش، ھارارەت، سەپرادىن بولغان قەي، كۆڭۈل ئىلىشىشنى پەسەيتىش، سەپرادىن بولغان ئىچ سۈرۈشنى توختىتىش تەسىرى بار. بولۇپمۇ ئۇنى ئىككى خىل ئانار سۈيى بىلەن يۇغۇرۇپ ياكى سۇفۇپ تەييارلاپ ئىشلەتسە ئىچىنى توختىتىش تەسىرى تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ. ئۇ يەنە سەپرادىن بولغان باش ئاغرىقى، ئاشقازاندىكى كۆيگەن بۇخاراتلارنىڭ ئۆرلىشىدىن بولغان باش ئاغرىقى ۋە ئىسسىق تەپلەرنى پەسەيتىدۇ. ئۇنىڭدىن ئاتىلا ياكى ھالۋا تەييارلاپ ئاز مىقداردا تاتلىق نەرسە قوشۇپ بالىلارغا يېگۈزسە سەمرىتىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** سوغۇق مىزاجلىقلار ۋە ياشانغانلارغا زىيان قىلىدۇ، قورساقنى ئېسىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** قەنت، سوغۇق سۇ، سوغۇق مىزاجلىقلار ئۈچۈن ئاز مىقداردا ئارپىبەدىيان، زىرە ياكى ئىسسىق جاۋارىشلار.

بۇغداي تالقىنى مۆتىدىل ئىسسىق بولۇپ، تېز ھەزىم بولىدۇ، ئاشقازاندىن تېز ئۆتىدۇ. ئارپا تالقىنىغا قارىغاندا ئوزۇقلۇقى كۆپرەكتۇر. قورساقنى بوشراق ئېسىدۇ. ھارارەتنى پەسەيتىدۇ. ئۇ قەنت ياكى شېكەر بىلەن ئىستېمال قىلىنىدۇ.

گۈرۈچ تالقىنى مەزكۇر ئىككى خىل تالقاننىڭ ئوتتۇرىسىدا بولۇپ، ئوتتۇرا ھال مىزاجلىقلارغا ماس كېلىدۇ، تاتلىق نەرسىلەر بىلەن ئىستېمال قىلىنىدۇ.

نوقۇت تالقىنى بۇغداي تالقىنىغا ئوخشاپ قالىدىغان بولۇپ، باھنى قۇۋۋەتلەيدۇ، قورساقنى ئېسىدۇ، ئۇمۇ تاتلىق نەرسىلەر بىلەن ئىستېمال قىلىنىدۇ.

نىبىق مېۋىسى تالقىنى ئارپا تالقىنىغا ئوخشاپ قالىدىغان بولۇپ، ھارارەتنى، ئاشقازان ۋە جىگەرنىڭ كۆيۈشۈشىنى پەسەيتىدۇ، ئىچ سۈرۈشنى توختىتىدۇ. ئەمما قورساقنى كۆپ ئېسىدۇ.

ئالما تالقىنى قۇسۇش، سەپرادىن بولغان كۆڭۈل ئېلىشىش ۋە ئۇسسۇزلۇقنى پەسەيتىدۇ. ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەيدۇ، ئىچ سۈرۈشنى توختىتىدۇ.

جىگدە تالقىنىنىڭ تەسىرىمۇ ئالما تالقىنىنىڭ تەسىرىگە ئوخشاپ قالىدۇ.

ئانار، خەرنۇب تالقىنىنىڭ تەسىرىمۇ ئالمىنىڭ تەسىرىگە ئوخشايدۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ قورۇش كۈچى ئارتۇقراق بولۇپ، قۇرۇق سوغۇقتۇر.

قاپاق تالقىنى ئىسسىقتىن بولغان يۆتەل ۋە كۆكرەك ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ، تەرەتنى بوشىتىدۇ. ھۆل سوغۇقتۇر.

ھەرقانداق دانلار ياكى مېۋىلەرنىڭ تالقانلىرىنىڭ تەسىرلىرى ۋە خۇسۇسىيەتلىرى يۇقىرىدىكى تالقانلارنىڭ تەسىرلىرى ۋە خۇسۇسىيەتلىرىگە ئوخشاپ قالىدۇ. سوغۇق نەرسىلەرنىڭ تالقانلىرى ئۆتكۈر كېسەللىكلەر، ئۆتكۈر ئىسسىق تەپلەرگە، بولۇپمۇ ئاشقازان سەۋەبىدىن بولغان تەپلەرگە ۋە ئىچ سۈرۈشلەرگە پايدا قىلىدۇ. ئۇلار قابىزلىق، چاپلاشتۇرۇش ۋە شىلىمشىقلىقىدىن خالىي بولمىغاچقا، ئىچ سۈرۈشنى توختىتىش مەقسەت قىلىنمىسا، ئۇنىڭ قابىزلىقى، چاپلاشتۇرۇشى ۋە شىلىمشىقلىقىنى تۈگىتىش ئۈچۈن ھەببەتۇلخەزرا يېغى، ياڭاق يېغى ياكى كونا زەيتۇن يېغى بىلەن ياغلاپ ئىشلىتىلىدۇ.

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، زۆرۈر بولمىسا تالقانلارنى، بولۇپمۇ قورۇش، تەرەتنى قاتۇرۇش رولى بولغان نەرسىلەرنىڭ تالقانلىرىنى ئىستېمال قىلماسلىق لازىم ئىكەن، چۈنكى ئۇلار توسالغۇ ۋە قۇلۇنجى پەيدا قىلىشتەك زىيانلىق تەسىرىدىن خالىي ئەمەس ئىكەن. زۆرۈر بولغاندا، ئاشقازانغا ئەڭ مۇۋاپىق كېلىدىغىنى ئارپا تالقىنى بىلەن بۇغداي تالقىنىدۇر. ئارپا تالقىنى ھۆل سوغۇق بولۇپ، ئەزالارنىڭ كۆيۈشۈشىنى پەسەيتىش، قۇرۇقلۇق پەيدا قىلىشقا ياخشىراق، بۇغداي تالقىنى سوۋۇتۇش ۋە ھۆللۈك يەتكۈزۈشكە ياخشىراقتۇر، چۈنكى بۇغداي تالقىنى ئاشقازاندا ئۇزۇن تۇرىدۇ، ئارپا تالقىنى بولسا ئاشقازاندىن تېز ئۆتۈپ كېتىدۇ.

ئۇنىڭ توسالغۇ پەيدا قىلىشىنى تۈزىتىش ئۈچۈن شېكەر ۋە تاتلىق نەرسىلەر بىلەن ئىستېمال قىلىنىدۇ. سۈرگۈچى جاۋارىشلار بېرىلىدۇ.

## سەۋىقىييە

(گۈرۈچ تالقىنى شەربىتى)

**ماھىيىتى:** ئۇ بىر خىل شەربەت بولۇپ، گۈرۈچنى سوقۇپ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزگەندىن كېيىن سۇ بىلەن قويۇلغىچە قاينىتىپ، ئۇنىڭغا ئانار سۈيى، مائۇلھەسەل، قۇرۇق ئۈزۈم شىرىسى، ئۇششاق شېكەر قوشۇپ تەكرار ئارىلاشتۇرۇپ، دارچىن، قەلەمپۇر، بەسباسە قوشۇپ

خۇش پۇراقلاشتۇرۇپ، يازدا ئىككى كۈن، قىشتا ئۈچ كۈن ئاپتاپتا قويۇپ ئىستېمال قىلىنىدۇ. بەزىدە ئۇ جەۋز جەندۇم، سوقۇلغان قۇرۇق نان ۋە قوناقتىنمۇ تەييارلىنىدۇ. ئەمما گۇرۇچكە ھەسەل قوشۇپ تەييارلانغىنى ياخشىراق بولىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** كۆكرەك ۋە ئۆپكىدىكى خام بەلغەمنى بوشىتىدۇ، جىگەر، تال توسالغۇلىرىنى ئاچىدۇ، ئىستىسقا، يەرقان، تال ئىششىقى، سۈيدۈك تەستە كېلىش، ھەزىم ئاجىزلىقى، باھ ئاجىزلىقى قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

باشنى ئاغرىتىدۇ، باشقا بۇخارات ئۆرلىتىدۇ. قوناقتىن تەييارلانغىنى خىلىتلارنى كۆيدۈرىدۇ، ئارپىدىن تەييارلانغىنى ھارارەت، ئۇسسۇزلۇق، ئاشقازاننىڭ كۆيۈشۈشىنى پەسەيتىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** قۇلۇنجى پەيدا قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** سىركەنجىۋىل.

# پەسىل: «س» (سىين) ۋە «ھ» (ھائ) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى

## سەھەجنە

(سەھەجنە دەرىخى)

ئۇ ھىندىچە سۆزدۇر. ئۇ يەنە «سەرى كوھ» (تاغقا تاقاشقان)، «سى كوھ» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** بۇ ھىندىستاندا ئۆسىدىغان بىر خىل دەرەخ بولۇپ، بېنگالدا زىيادە چوڭ بولىدۇ. ئۇنىڭدىن شاخلار ئۆسۈپ چىقىدۇ، ھەر بىر شاخنىڭ ئاستىدىن يەنە ئىنچىكە شاخلار ئۆسۈپ چىقىدۇ، ئۇنىڭ ئۇستىدىن يەنە باشاقتا ئوخشايدىغان ئىنچىكە شاخلار ساڭگىلاپ ئۆسىدۇ. ھەر بىر ئىنچىكە شاختا قارىغاي مېۋىسى شەكىللىك ئۇششاق يوپۇرماقلار بىر-بىرىگە ئۇدۇللىشىپ جۈپ ھالەتتە ئۆسىدۇ. ئۇ گۈلىنىڭ رەڭگىگە قاراپ سېرىق، ئاق ۋە قىزىلدىن ئىبارەت ئۈچ خىل بولىدۇ. ئۇنىڭ گۈلى كۆپ ھاللاردا سېرىققا مايىل ئاق بولىدۇ. گۈللىرى ئېچىلىپ بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭدىن ئىككى غېرىچ ئۇزۇنلۇقتا ئىنچىكە پىلتىلەر ئۆسۈپ چىقىدىغان بولۇپ، بۇ ئۇنىڭ مېۋىسىدىن ئىبارەتتۇر. ئۇنىڭ ئىچىدە ئۈچ قىرلىق ئاق ئۇرۇقلىرى بولىدۇ. ھىندىستان خەلقى ئۇنىڭ گۈلى، پىلتىسى ۋە مېۋىسىنى خام ۋاقتىدا قىچا يېغى ۋە بېلىق بىلەن قورۇپ پىشۇرۇپ ئىستېمال قىلىدۇ. بۇ دەرەخ غولىدىن ئەرەب

يېلىمىغا ئوخشايدىغان بىر خىل يېلىمىمۇ سىرغىپ چىقىدۇ.

تەبىئىتى: قۇرۇق ئىسسىق.

خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى: تېز تەسىر قىلىدۇ، بەلغەمنى باسىدۇ، ئېغىز كېسەللىكلىرىگە داۋا بولىدۇ، ئىششىقلارنى تارقىتىدۇ. بەدەننى يەڭگىللەشتۈرىدۇ. كۆرۈش قۇۋۋىتىنى زىيادە قىلىدۇ، ئىشتىهانى ئاچىدۇ، سەپرا كۆپەيتىدۇ. ئۇنىڭ گۈلى يوپۇرمىقىدىن ياخشىراق بولۇپ، يەللەرنى تارقىتىدۇ، سەۋدا، سەپرانى پەسەيتىدۇ. سۈيدۈك ۋە تەرەتنى هەيدەيدۇ. تېز هەزىم بولىدۇ. هۆل يىلتىزىنىڭ سۈيىنى كالا سۈتى بىلەن ئىچسە سۈيدۈك تۇتۇلۇشقا داۋا بولىدۇ. دوۋسۇندىكى تاشنى پارچىلاپ چۈشۈرىدۇ، ئىشتىهانى ئاچىدۇ. ئۇنىڭ شاخچە يىلتىزلىرىنىڭ سۈيىدىن 10 گىرام ئېلىپ ئەتىگەندە ئىچسە، هۆل سوغۇقتىن بولغان زىققە ۋە كاناي ئىششىقىغا پايدا قىلىدىغان بولۇپ، سىناقتىن ئۆتكەن، دەپ قارىلىدۇ. ئەمما ئارقىدىن ياغ بىلەن بىرلىكتە بىر - ئىككى لوقما نان يەۋېتىش لازىم. يىلتىزىنى زىمات قىلسا سوغۇقتىن بولغان ئاغرىقلارنى پەسەيتىدۇ، ئىششىقلارنى تارقىتىدۇ، ئەمما تېرىنى يارىلاندۇرىدۇ. ئۇنىڭ سىركە بىلەن قاينىتىپ پىشۇرۇلغان مېۋىسى قىچا بىلەن ئىستېمال قىلسا هەزىمنى ياخشىلايدۇ، بەلغەملەرنى باسىدۇ، ئاشقازاننىڭ هۆللۈكلىرىنى قۇرۇتىدۇ، ئاشقازان ۋە ئۈچەي مەددە قۇرتلىرىنى چۈشۈرىدۇ. هىندىستان خەلقى ئۇنىڭ مېۋىسىگە قىچا يېغى ئارىلاشتۇرۇپ مۇراببا تەييارلايدۇ.

## پەسىل: «س» (سىين) ۋە «ي» (يائ) هەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى

### سىنبەل

(سىنبەل دەرىخى)

ماهىيىتى: ئۇ هىندىستاندا ئۆسىدىغان ناهايىتى چوڭ دەرەخ بولۇپ، ياغىچى ئەنجۇر ياغىچىدەك ئاق، يېنىك بولىدۇ. يوپۇرمىقى ياڭاق يوپۇرمىقىغا ئوخشاش، ئۇنىڭدىن ئۇزۇنراق، گۈلى قارامتۇل قىزىل، چوڭ بولۇپ، چوڭ لالىگۈلگە ئوخشايدۇ. كىچىكلىرىنىڭ يىلتىزى تۇرۇپقا ۋە شاقاقۇلغا ئوخشايدۇ، ناهايىتى چۈرۈك، مېغىزى ئاق، پوستى ئاۋات رەڭ بولىدۇ. مېۋىسى كېۋەز غوزىكىگە ئوخشايدىغان بولۇپ، ئىچىدىن كۆپ پاختا چىقىدۇ. بۇ دەرەخ تىكەنلىك ۋە تىكەنسىزدىن ئىبارەت ئىككى خىل بولىدۇ. تىكەنلىكى هىندىچە «كانتى

سىنبەل» دەپ ئاتىلىدۇ. «سافۇر كانتى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بۇنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى تىكەنسىز ىنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىدىن كۆپرەك بولىدۇ. دورىلىق ئۇچۇن ئۇنىڭ يىلتىزى، تەكىي ئۇچۇن پاختىسى، سايمانلارنىڭ قېپى ئۇچۇن ياغىچى كۆپرەك ئىشلىتىلىدۇ.

**تەبىئىتى:** ھۆل ئىسسىق، ئارتۇق ھۆللۇكى بار، بەزىلەر قۇرۇق دېگەن.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ئىيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇنىڭ يىلتىزىنى ئۇ چېچەكلەشتىن بۇرۇن كولاپ چىقىرىپ، ياغاچ پىچاق بىلەن نىپىز توغراپ سايىدا قۇرۇتۇپ سەندەلدەك ئېكەكدەپ، باراۋەر مىقداردىكى ئاق ناۋات بىلەن سۇفۇپ قىلىپ كۈنىگە 3~6 گىرامغىچە ئىستېمال قىلىپ 40 كۈن داۋاملاشتۇرسا، چۇچۇمەل، يەللىك نەرسىلەر، سۈت مەھسۇلاتلىرىنى ئىستېمال قىلىش ۋە جىما قىلىشتىن پەرھىز قىلسا باھنى قۇۋۋەتلەيدىكەن، تەبىئىي ھارارەتنى كۈچەيتىدىكەن، بەدەننى ياخشى سەمرىتىدىكەن، يەنە سەپرادىن، قاندىن بولغان ئىچ سۈرۈش، ئەزالارنىڭ كۆيۈشۈشى، مەنىي، ۋەدى، مەزى سۈيۈقلۇقى ئېقىش، تۇرلۇك قاپلىق يارىلار، مۇدۇر ـ چاقلار، جوزام، قان، سەپرانىڭ بۇزۇلۇشى قاتارلىقلارغا شىپا بولىدىكەن. پاختىسى قۇلاققا كىرىپ كەتسە قىزىتىدۇ.

## سىيۇ

(سىيۇ ئوتى)

ئۇ فىرانسۇزچە سۆز بولۇپ، بىر خىل خۇش پۇراق ئوتنىڭ نامىدۇر.

**تەبىئىتى:** ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ئىستېمال قىلسا بۆرەك، دوۋسۇندىكى تاشنى پارچىلاپ چۈشۈرىدۇ، سۈيدۈك، ھەيز ماڭدۇرىدۇ. زىمات قىلسا ئىششىقلار ۋە قاتتىق ئىششىقلارنى تارقىتىدۇ.

## سىسارۇن

(سىسارۇن يىلتىزى)

ئۇ يۇنانچە سۆزدۇر.

**ماھىيىتى:** دىسقۇرىدۇسنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ تونۇشلۇق بىر خىل ئۈسۈملۈكنىڭ يىلتىزى ئىكەن. قايىنتىلسا خۇشتەم بولىدىكەن. بەزىلەر ئۇنى سەۋسەن يىلتىزى دەپ بىلگەن، بۇنداق قاراش پەقەت خىيالدۇر. ئىبنى بەيتار «بەزىلەر ئۇنى قولقاس ئۈسۈملۈكى دەپ ئويلايدۇ» دەپ

يازغان، ئۇنىداق ئەمەستۇر. رازى «ھاۋى» ناملىق كىتابىدا ئۇنى سىيادان ياغىچى دەپ شەرھلىگەن، بۇنداق بولۇشمۇ ناتايىن ۋە شۈبھىلىكتۇر. ئومۇمەن ئۇ ماھىيىتى نامەلۇم دورىلاردىندۇر.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ماددىلارنى تارقاتقۇچى، قۇۋۋەتلىگۈچىدۇر. يىلتىزىنىڭ قاينىتىلمىسىنى ئىستېمال قىلسا ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەيدۇ، ئىشتىھانى ئاچىدۇ، سۈيدۈك ھەيدەيدۇ، ئاشقازان ۋە ئىچكى ئەزالارنى قۇۋۋەتلەيدۇ.

## سەيسەبان
(سەيسەبان دەرىخى)

ئۇ ئەرەبچە سۆزدۇر. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇ ھىندىچە «گۈلى ئەنۇل» دەپ ئاتىلىدىكەن.

**ماھىيىتى:** ئۇنىڭ ماھىيىتىدە ئىختىلاپ باردۇر. «مىنھاج» دېگەن كىتابنىڭ ئاپتورى ۋە ئۇنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى ئۇنى چاڭگاك ئۇرۇقى دەپ بىلگەن. يەنە بەزىلەر ئۇنى چوڭ يۇلغۇن مېۋىسى دېگەن، ئەمما ئاساسى يوقتۇر. بەزىلەرنىڭ يېزىشىچە، ئۇ بىر خىل دەرەخ بولۇپ، يەرنىڭ ئوخشىماسلىقىغا قاراپ ئىككى غۇلاچتىن تۆت غۇلاچقىچە ئېگىزلىكتە ئۆسىدىكەن. ئۇ ئىلگىرى بايان قىلىنغان «سەبسان» دەرىخى ئەمەسكەن. ئۇنىڭ يوپۇرمىقى كەڭ، ئىنچىكە بولۇپ، يۇزلىرى بىر ـ بىرىگە چاپلىشىپ ئۆسىدىكەن. گۈلى سېرىق، ناھايىتى مەنزىرىلىك بولۇپ، باشاقتا بولىدىكەن. مېۋىسى شۇمشا چوڭلۇقىدا بولۇپ، رەڭگى سېرىق بىلەن قارىنىڭ ئارىلىقىدا بولىدىكەن. باغلارغا مەنزىرە ئۈچۈن يېتىشتۈرۈلىدىكەن. بۇ قاراش توغرىراقتۇر. «ئەنۇل ھىندى» دەپ ئاتالغان دەرەخمۇ ئۇنىڭغا ئوخشاپ قالىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئىسسىققا مايىل، ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق. ئىككىنچى دەرىجىدە ھۆل ئىسسىقمۇ دېيىلگەن.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ئاشقازاننى قۇۋۋەتلىگۈچى، كونا ئىچ سۈرۈشنى توختاتقۇچى، قان تۈكۈرۈشكە داۋا بولغۇچى، تال ئىششىقىنى قايتۇرغۇچىدۇر. سۈت بىلەن ئىستېمال قىلسا زەھەرلەرنى قايتۇرىدۇ. زىمات قىلسا تال ئىششىقىنى قايتۇرىدۇ. ئۇ تالقانلىنىپ سېپىلسە بۆرگە پەيدا بولۇشنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، كىشى ئۇنىڭدىن قىلىنغان ئۈزۈكنى چارشەنبە كۈنى نامىسىز بارمىقىغا سالسا خاسىيىتى بىلەن مەنسىپىنىڭ ئۆسۈشى ۋە كىشىلەرنىڭ قوبۇل قىلىشىغا ئېرىشىشكە سەۋەب بولىدىكەن.

**زىيانلىق تەسىرى:** ئىسسىق مىزاجلىقلارنىڭ بېشىنى ئاغرىتىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** يۇمغاقسۇت.
**ئىستېمال مىقدارى:** ئالتە گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.
**ئورۇنباسارى:** قامغاق.
ھىندىستان خەلقى ئۇنىڭ ياۋىسىنى زىمات قىلسا راك ئۆسمىسىگە شىپا بولىدۇ، سىناقتىن ئۆتكەن دەپ قارايدۇ.

## سىيسەبا

(سىيسەبا سىياھ بىلىقى)

ئۇ «سىيبىيا» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئەرەبچە «لىسانۇل بەھر» (دېڭىز تىلى)، فىرانسۇزچە «شەپيە» دەپ ئاتىلىدۇ. ماراكەش دېڭىز ساھىللىرىدىكى خەلقلەر «قەناتە» دەپ ئاتىشىدۇ. بەزىلەر ئۇنى قاسىراقلىق بېلىقنىڭ نامى بىلەن «دەميا» دەپ ئاتىشىدۇ.

**ماھىيىتى:** ئۇ بىر خىل بېلىق بولۇپ، قىزىل دېڭىز ۋە تەبەرىيە دېڭىزلىرىدا كۆپ بولىدۇ. راكقا ئوخشايدىغان بولۇپ، سىرتى قاسىراقلىق، ئىچى مۈڭگۈزلەشكەن بولىدۇ، ئىچىدىن سىياھا ئوخشايدىغان قارا سۇيۇقلۇق چىقىدىغان بولۇپ، ئۇنىڭ بىلەن خەت يازغىلى بولىدۇ. ئەرەب باللىرى ئۇنىڭ بىلەن خەت مەشىق قىلىدۇ، شۇ سەۋەبتىن ئۇ پارسچە «ماھى مۇرەككەپ» دەپ ئاتىلىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىنىڭ ئاخىرىدا قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ئاستا ھەزىم بولىدۇ، تەرەتنى بوشىتىدۇ، بولۇپمۇ ئاشقازىنىنىڭ بۇ تەسىرى ياخشىراقتۇر. ئۇنىڭ سۇيۇقلۇقى ناھايىتى ئىسسىق بولۇپ، سۇركىسە دائىرىلىك چاچ چۈشۈش، بەھەق، سەپكۈن، قوتۇرغا پايدا قىلىدۇ. ئۇستىخىنىنىڭ كۆيدۈرۈلگەن كۈلى تېرىدىكى ئىزلارنى يوقىتىدۇ. قاپاق كېسەللىكلىرىگە شىپا بولىدۇ. تۇز بىلەن كۆشتە قىلىنغىنى ھايۋاناتنىڭ كۆزىدىكى ئاقنى يوقىتىدۇ. ئۇنىڭ كۈلى چىشقا سىپىلسا چىشنى ئاقارتىدۇ، زەخىملەرگە سېپىلسە قۇرۇتىدۇ. ئۇنىڭ سۆڭىكىدىن پەلكۈچ ياساپ يىرىكلەشكەن قاپاقنى ئۇنىڭ بىلەن تاتىلسا يىرىكلىكنى يوقىتىدۇ.

ھەكىم ئابدۇل ھەمىيدنىڭ «تۆھپەتۇل مۆئمىن» ناملىق كىتابىدا يېزىلىشىچە، ئۇ بىر خىل بېلىق بولۇپ، ھەر ئايدا بىر قېتىم تۇخۇملايدىكەن ۋە بالا چىقىرىدىكەن، ئىككى يىلدىن ئارتۇق ئۆمۈر كۆرمەيدىكەن. ئۇنىڭ تۇخۇمىنى ئىستېمال قىلسا بۆرەك ۋە دوۋسۇندىكى تاشنى ناھايىتى ياخشى پارچىلايدىكەن. ئۇنىڭ سىياھىنى چىراغقا قويۇپ ياندۇرسا چىراغ ياندۇرمىغان باشقا ئۆيدە ئولتۇرغان كىشىلەرگە ئەتراپىدا شارلار باردەك مەلۇم بولىدىكەن. ئۇ

كىشىنىڭ يەنە يېزىشىچە، ئۇ مەزكۇر بايانلارنى فىرانسۇزلارنىڭ سۇرەتلىك كىتابىدىن نەقىل قىلغان ئىكەن.

## سەيلان
(خورما شىرىسى)

ئۇ خورمىنىڭ قايىنىتىلماي ئاپتاپتا قويۇپ قويۇلدۇرۇلغان شىرىسىنى كۆرسىتىدۇ، شىرنە بولسا ھەممىگە ئورتاق نام بولۇپ، يۇقىرىدا شىرنە ماۋزۇسىدا بايان قىلىندى.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق، قايىنىتىلغان شىرىنىدىن ئۇچۇچانىراق بولۇپ، ئاسانراق ھەزىم بولىدۇ.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** خورمىغا ئوخشاپ قالىدىغان بولۇپ، ماددىلارنى پىشۇرغۇچى، تارقاتقۇچى، تەرەتنى بوشاتقۇچى، ئاشقازان، ئۇچەيلەردىكى ماددىلارنى تازىلىغۇچى، سوغۇق مىزاجلىق جىگەرنى قۇۋۋەتلىگۈچى، باھنى قۇۋۋەتلىگۈچى، باھنى قوزغىغۇچى، جىگەردىكى روھنى كۆپەيتكۈچى، ياخشى ئوزۇق بولغۇچى، سەپراغا تېز ئۆزگەرگۈچى، قاننى كۆيدۈرگۈچى، رەڭگىرويىنى بۇزغۇچىدۇر.

**زىيانلىق تەسىرى:** كۆپ ئىستېمال قىلسا ئىسسىق مىزاجلىقلارغا زىيان قىلىدۇ. ھۆل خورمىنىڭ ئەكسىچە توسالغۇ پەيدا قىلغۇچىدۇر، چۈنكى ھۆل خورما توسالغۇ پەيدا قىلمايدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** چۈچۈمەل، ئاچچىق - چۈچۈك نەرسىلەر ئىستېمال قىلىنىدۇ، ئۇستىدىن مايلىق نەرسىلەر يېيىلىدۇ.

ئوت بىلەن تەييارلانغىنى ئاستا ھەزىم بولىدۇ، ئەمما توسالغۇ پەيدا قىلىشى ئازراقتۇر.

## سىيسالىيەۋس
(كاشىم رۇمى)

ئۇ يۇنانچە سۆز بولۇپ، پارسچە «كاشىم رۇمى» دەپ ئاتىلىدۇ. بەغدادىي «ئۇ كاشىم ئەمەس، ئۇنى كاشىم دەپ بىلگەنلەر خاتالاشقان بولىدۇ» دېگەن. شەيخۇر رەئىس ئەبۇ ئەلى ئىبن سىنا ئىستىسقانىڭ بايانىدا ئۇنى ئەنجۇدان رۇمى دېگەن. ئۇ «ساسالىيۇس»، «سىيسالى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئومۇمەن ئۇ ماھىيىتى ئىختىلاپلىق دورىلاردىندۇر.

ئەڭ توغرا سۆز شۇكى، ئۇ بىر خىل ئۆسۈملۈك بولۇپ، تۆت خىل بولىدۇ.

بىرىنچى خىلى، ئارپىبەدىيانغا ئوخشاش، ئۇنىڭدىن كىچىكرەك، گۈل غوزىكى سېرىقچېچەكنىڭ گۈل غوزىكىگە ئوخشايدۇ. مېۋىسى ئەنجۇداننىڭ «كولە» دەپ ئاتىلىدىغان

مېۋىسىدىن ئۇزۇنراق، تەمى ئۆتكۈررەك بولىدۇ. يىلتىزى غېرىچتىن ئۇزۇنراق، خۇش پۇراق، تەسىرى ئۇنىڭ باشقا قىسىملىرىدىن كۈچلۈكرەك بولىدۇ.

ئىككىنچى خىلىنىڭ يوپۇرمىقى چوڭ يۆگىمەچىئوتنىڭ يوپۇرمىقىغا ئوخشاش، ئۇنىڭدىن ئۇزۇنراق، گۈل غوزىكى سېرىقچېچەكنىڭ گۈل غوزىكىگە ئوخشاش، ئۇرۇقى قارا، بۇغدايغا ئوخشاش، بىرىنچى خىلىدىن چوڭراق، ئۆتكۈررەك، خۇش پۇراقراق بولىدۇ. ئۇرۇقىنىڭ تەسىرى ئۇنىڭ باشقا قىسىملىرىنىڭ تەسىرىدىن كۈچلۈكرەك بولىدۇ.

ئۈچىنچى خىلىنىڭ يوپۇرمىقى زەيتۇن دەرىخى يوپۇرمىقىغا ئوخشاش، ئۇنىڭدىن يىرىكرەك، غولى بىرىنچى خىلىنىڭ غولىدىن ئۇزۇنراق، گۈل غوزىكى چوڭراق، مېۋىسى كەڭرەك، چوڭراق، گۆشلۈك، خۇش پۇراق بولىدۇ. ئۇنىڭ قۇۋۋىتى بىرىنچىسىنىڭ قۇۋۋىتىدىن كۈچلۈكرەك، ئىككىنچى خىلىنىڭ قۇۋۋىتىدىن ئاجىزراقتۇر.

تۆتىنچى خىلىنىڭ ئۆسۈملۈكى ئەنجۈداننىڭ ئۆسۈملۈكىگە ئوخشايدۇ. مېۋىسى ئۇنىڭدىن ئاقراق، يۇمىلاق، ئۇزۇنراق بولۇپ، ئۇنىڭغا ئوخشاپ قالىدۇ، ئىككى قەۋەت بولىدۇ، خۇش پۇراق، ئۆتكۈر پۇرايدۇ. ئاقلانسا ئىچىدىن ئارپىبەدىيان ئۇرۇقىدىن ئۇزۇنراق، كۆككە مايىل، تەمى تۇرۇنجىنىڭ تەمىگە ئوخشايدىغان ئۇرۇق چىقىدۇ. كۆپ هاللاردا مۇشۇ تۈرىنىڭ ئاقلانغىنى ئىشلىتىلىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئۇنىڭ ھەممە قىسمى ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىقتۇر.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ماددىلارنى تارقاتقۇچى، ئۇچۇچانلاشتۇرغۇچى، ئىچكى ئەزالاردىكى ئاغرىقلارنى پەسەيتكۈچى، توسالغۇلارنى ئاچقۇچى، ئاشقازاننى قۇۋۋەتلىگۈچى، سۈيدۈك، ھەيز ھەيدىگۈچىدۇر. تۇتقاق كېسەل، نەپەس قىيىنلىشىشقا پايدا قىلىدۇ، ھەزىمنى قۇۋۋەتلەيدۇ، يەل تارقىتىدۇ، باھنى قۇۋۋەتلەيدۇ، سۈيدۈكنىڭ تامچىلاپ كېلىشىگە داۋا بولىدۇ، ھامىلە چۈشۈرىدۇ، بالىياتقۇ ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ، ئۇيۇغان بەلغەمنى ئېرىتىدۇ. ئۇنىڭ بەش گىرامى پىلپىل ۋە شاراب بىلەن ئىستېمال قىلىسا سوغۇق ھاۋانىڭ زىيانلىق تەسىرىنى يوقىتىدۇ. ئۇنىڭدىن كۈنىگە ئىككى گىرامدىن ئېلىنىپ ئۇزۇم شىرىسى بىلەن ئىستېمال قىلىپ ئۇدا ئون كۈن داۋاملاشتۇرۇلسا بۆرەك ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ. ئۇنىڭ ئاخىرقى قىسمىنىڭ يىلتىزى ھەسەل بىلەن لوئوق قىلىپ ئىستېمال قىلىسا كۆكرەكتىكى كېرەكسىز ماددىلارنى تازىلايدۇ، كونا سىل، بۆرەك ۋە دوۋسۇن كېسەللىكلىرىگە داۋا بولىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** (1) ئىسسىق مىزاجلىقلارغا زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** كەتىرا.

(2) جىگەرگە زىيان قىلىدۇ.

**تۇزەتكۈچىسى:** زىرىق.
**ئىستېمال مىقدارى:** بەش گىرامدىن ئىستېمال قىلىنىدۇ.
**ئورۇنباسارى:** ئەنجۇدان.

## سىيسەنبەر
(چۆل رەيھىنى)

ئۇ «سۇسەنبەر» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئۇ «نەممام» (چۆل رەيھىنى) ئۆسۈملۈكىنىڭ پارسچە نامىدۇر. ئۇ پارسچە يەنە «سىھسەنبەل»، «سىسەنبەل» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. لاتىنچە «ۋەسەر بىيلىم»، ئەرەبچە «نەمماملۇل مەلىك» دەپ ئاتىلىدۇ. دىسقۇرىدۇس «بەزىلەر ئۇنى ‹زىفۇلىس› دەيدۇ، ‹زىفۇلىس› بولسا ‹نەممام› ئۆسۈملۈكىدۇر» دېگەن. ئۇنىڭ پۇرىقى بەك ئۆتكۈر بولغانلىقى ئۈچۈن نەممام (سۇخەنچى) دەپ ئاتالغان. بەغدادىي ئۇنى نەممام (چۆل رەيھىنى) ئەمەس دەپ بىلگەن.

**ماھىيىتى:** ئۇ رەيھان تۈرىدىكى بىر خىل ئۆسۈملۈك بولۇپ، نەئنائ، ياۋا ۋە يەرلىك پىنىنگە ئوخشايدۇ. ياۋىسى «زۇباب» دەپ ئاتىلىدۇ. يوپۇرمىقى سۇزاپ يوپۇرمىقىغا ئوخشاش، ئۇنىڭ يەرلىكىدىن كۆچلۈكرەك، نەئناغا ئوخشاش، ئۇنىڭدىن ئاقراق، خۇش پۇراقراق، يوپۇرمىقى كەڭرەك، گۈلى قىزىلغا مايىل ئاق، ئورۇقى رەيھان ئورۇقىدىن ئۇششاقراق بولىدۇ، قۇياش نۇرى كۆپ چۈشىدىغان ئوچۇق يەرلەردە ئۈنىدۇ.

**تەبئىتى:** ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق، ئىككىنچى دەرىجىنىڭ ئاخىرىدا ئىسسىق، بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇقمۇ دېيىلگەن.

**خۇسۇسىيتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** خۇرسەن قىلغۇچى، توسالغۇلارنى ئاچقۇچى، ئىچكى ئەزالار، مېڭە، يۈرەك روھلىرىنى قۇۋۋەتلىگۈچىدۇر. زەھەر قايتۇرغۇچى قۇۋۋىتى بار. ئۇفۇنەتلەرنى يوقىتىدۇ. سۈيدۈك، ھەيز ھەيدەيدۇ، قورساقتىكى مەددە قۇرت ۋە بالا ھەمراھىنى چۈشۈرىدۇ، يەل تارقىتىدۇ، بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ئىستېمال قىلىنىدۇ، قاينىتىلمىسىدا ئولتۇرۇلىدۇ. شاراب بىلەن ئىستېمال قىلسا قۇسۇش، كۆڭۈل ئېلىشىشنى باسىدۇ. باش ئاغرىشنى پەسەيتىدۇ، بولۇپمۇ سىركە ۋە گۈل يېغى بىلەن زىمات قىلسا تېخىمۇ ياخشى پايدا قىلىدۇ. بەلغەمدىن بولغان كېسەللىكلەر، كۆكرەك، ئاشقازان ئاغرىقى، جىگەر، تال ئىششىقىغا پايدا قىلىدۇ. ھەسەل بىلەن ئىستېمال قىلسا چايانىنىڭ زەھىرىنى قايتۇرىدۇ. سىركەنجۇبىل بىلەن ئىستېمال قىلسا ۋە زىمات قىلسا سېرىق ھەرىنىڭ زەھىرىنى قايتۇرىدۇ، سىناقتىن ئۆتكەن. قاينىتىلمىسى ئىستېمال قىلسا ۋە زىمات قىلسا ھېق تۇتۇش، قورساق ئاغرىقى، سۈيدۈك تامچىلاپ كېلىشكە پايدا قىلىدۇ. بۆرەك، دوۋساقتىكى تاشنى پارچىلاپ چۈشۈرىدۇ. بالىياتقۇ

ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ. پىتلاش ۋە سىيىق تەرلەشكە داۋا بولىدۇ، بۇنىڭ ئۈچۈن ئىستېمال قىلىنىدۇ ياكى زىمات قىلىنىدۇ. سىركە بىلەن ئىستېمال قىلسا قان قۇسۇشقا داۋا بولىدۇ.

ئۇنىڭ ئۇرۇقىمۇ يۇقىرىدىكى كېسەللىكلەرگە داۋا بولىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن ھەمەلچە قىلسا بالىياتقۇدىكى پۇراقنى ياخشىلايدۇ. پۇرسا مېڭىدىكى ماددىلارنى قوزغىتىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** ئۆپكىگە زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** كەتىرا.

**ئىستېمال مىقدارى:** قۇرۇقىدىن بەش گىرام ئىستېمال قىلىنىدۇ.

**ئورۇنباسارى:** مەرزەنجۇش، ياۋا رەيھان.

ئۇنىڭ كۆنجۈت يېغى بىلەن سۈيى تۆگەپ يېغى قالغۇچە قاينىتىپ ياكى گۈلىنى ياغقا چىلاپ ئاپتاپتا قويۇپ بابۇنە گۈلى يېغىنى تەييارلىغانغا ئوخشاش گۈلنى يېغىلاپ تەييارلانغان يېغى مېڭە ۋە دىماقنىڭ توسالغۇلىرىنى ئاچىدۇ، ماددىلارنى تارقىتىدۇ، ئەزالارنى ۋە چاچنى قۇۋۋەتلەيدۇ ھەم خۇش پۇراق قىلىدۇ، بۇ جەھەتتە تەڭداشسىز مەنپەئەت قىلىدۇ.

# ئون ئۈچىنچى باب
# «ش» (شىين) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى

## پەسىل: «ش» (شىين) ۋە «ا» (ئەلىف) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى

### شادەنەج
(شادىنەج)

ئۇ پارسچە «شادىنە» دېگەن سۆزدىن ئەرەبچىلەشتۈرۈلگەندۇر. ئۇ «س» ھەرپى بىلەن «سادىنە» دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇ قان توختىتىدىغانلىقى ياكى سالايە قىلىنسا قان رەڭگىدە بولىدىغانلىقى ئۈچۈن ئەرەبچە «ھەجەرۇد دەم» (قان تېشى) دەپ ئاتىلىدۇ. تۆر تېغىدىن كەلتۈرۈلىدىغانلىقى ئۈچۈن «ھەجەرۇت تۆر» (تۆر تېشى) دەپ ئاتىلىدۇ. ھىندىستاندىمۇ بولغاچقا «ھەجەرى ھىندىي» (ھىندى تېشى) دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

ماھىيىتى: ئۇ ئاسان ئۇۋۇلىدىغان بىر خىل تاش بولۇپ، ئەدەس ۋە قوناق شەكىللىك بولىدۇ. يەنە قىزىل، سېرىق، ئاق، قارىغا مايىل كۆل رەڭ، خەشخاش ئۇرۇقىسىمان قىزىل رەڭلىك، ئالا چېكىتلىك، سېرىق رەڭلىكتىن ئىبارەت ھەر خىل رەڭ ۋە ھەر خىل تۈرلۈك بولىدۇ. ئۇلارنىڭ ئەڭ ياخشىسى ئەدەس شەكىللىكىنىڭ قىزىل رەڭلىكى بولۇپ، «مىسرىي» (مىسىردىن چىقىدىغىنى) دەپ ئاتىلىدۇ، تېز ئۇۋۇلىدۇ، سۇندۇرۇلغان يۈزىمۇ قىزىل بولىدۇ. ئۇلارنىڭ ئەڭ ناچىرى «ھىندىي» (ھىندىستاندىن چىقىدىغان) دەپ ئاتىلىدىغان قارامتۇل كۆل رەڭ بولغىنىدۇر. يۇقىرىدا بايان قىلىنغانلارنىڭ ھەممىسى كاندىن چىقىدىغانلىرىدۇر. ھەكىم مىر مۇھەممەد مۆمىن «تۆھپەتۇل مۆئمىن» (مۆمىنلەرگە قىلىنغان تۆھپە) ناملىق كىتابىدا: «مەن ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگەن ۋە سىناق قىلىپ باققان، ئېقىنى فەيرۇزە تېغىدا، قىزىلى، سېرىقى ۋە ئالىسىنى جاۋارى دېگەن يەرنىڭ ئەتراپلىرىدا، ھىندىيسىنى جەمال قەزۋىن دېگەن يەردە كۆرگەن» دەپ يازغان.

ئۇ كۆيدۈرۈلگەن ماگنىتتىن سۇنئىي ئۇسۇلدىمۇ تەييارلىنىدىغان بولۇپ، كاندىن چىققىنىغا قارىغاندا قارىراق، تېز سۇنىدىغانراق بولىدۇ. ھەممە تەسىرى ئۇنىڭ كۆيدۈرۈلگەن

ھار تېشىدىن تەييارلىنىپ تۇپا رەڭ، ئېغىر بولغىنىنىڭ ئەكسىچە ئۇنىڭ كاندىن چىقىدىغىنىنىڭ تەسىرى بىلەن ئوخشاش بولىدۇ.

**تەبىئىتى:** يۇيۇلغىنى بىرىنچى دەرىجىنىڭ ئاخىرىدا سوغۇق، ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق. يۇيۇلمىغىنى بىرىنچى دەرىجىدە سوغۇق، ئىككىنچى دەرىجىنىڭ ئاخىرىدا قۇرۇقتۇر. بەزىلەر ئۇنى ئىككىنچى دەرىجىدە سوغۇق، ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق دەپ بىلىدۇ. يەنە بەزىلەر ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىقمۇ دېگەن. ئۇنىڭ يۇيۇلغىنى ئىشلىتىلىدىغان بولۇپ، قۇۋۋىتى 20 يىلغىچە تۇرىدۇ.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** قۇرۇتقۇچى، ماددىلارنى قايتۇرغۇچى، قورۇغۇچى، يارىلارنى پۈتتۈرگۈچى، پەي - مۇسكۇللارنى چىڭىتقۇچى، كۆرۈش قۇۋۋىتىنى ئاشۇرغۇچى، ئىچكى - تاشقى ئەزالاردىن ئاققان قاننى توختاتقۇچىدۇر. ئۇ ئىككى خىل ئانار ۋە ئۇنىڭ ئوخشاشلىرى بىلەن ئىستېمال قىلىنسا قان تۈكۈرۈشكە داۋا بولىدۇ. شاراب بىلەن ئىستېمال قىلىنسا سۈيدۈك تەستە كېلىش، ھەيز داۋاملىق ئېقىش، مەنىي توختىماسلىققا پايدا قىلىدۇ. مۇناسىپ دورىلار بىلەن ئىستېمال قىلىنسا قاندىن بولغان ئىچ سۈرۈشنى توختىتىدۇ. ئۈچەي يارىسى، قانلىق ئىچ سۈرۈش ۋە سىل كېسەللىكىگە داۋا بولىدۇ. قىز تۇغقان ئايالنىڭ سۈتى ۋە توخۇ تۇخۇمىنىڭ ئېقى ۋە ئۇنىڭغا ئوخشاشلار بىلەن كۆزگە سۈركىسە، كۆز ئاغرىقى، كۆز ياشانغىراش، قاپاق گىرۋەكلىرىنىڭ قىزىرىپ ئاغرىشى، قاپاق كۆيۈشۈش، كۆز يارىسى، قاپاق قوتۇرى، ئىسسىقتىن قىچىشىشقا پايدا قىلىدۇ. شۇمشا ئۇرۇقى بىلەن ئىشلىتىلسە كۆزنىڭ قويۇق بەلغەمدىن بولغان كېسەللىكلىرىگە پايدا قىلىدۇ. ساپ سۇ بىلەن ئىشلىتىلسە قاپاقلارنىڭ ياللۇغسىز يىرىكلىشىشىگە پايدا قىلىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن شىياق ياساپ ئاقاقىيا ئارىلاشتۇرۇپ كۆزگە سۈركىسە، كۆز كېسەللىكلىرى ۋە قاپاق قوتۇرىغا پايدا قىلىدۇ. يۇيۇلمىغىنىدىن سەپمە تەييارلاپ سېپىلسە يارىلارنىڭ ئارتۇق گۆشلىرىنى يوقىتىپ ياخشى گۆش ئۈندۈرىدۇ، سىناقتىن ئۆتكەن. قاتتىق سۇ، يۇمغاقسۈت سۈيى ۋە ئۇنىڭ ئوخشاشلىرىنىڭ سۈلىرى بىلەن سالايە قىلىپ تېمىتىلسا ئىسسىقتىن بولغان كونا مۇدۇر - چاقىلار، كونا يارىلار ۋە جاراھەتلەر، مەقئەت، بالىياتقۇ، زەكەر ۋە پەيلىك ئەزالارنىڭ يارىلىرىغا تەڭداشسىز پايدا قىلىدۇ. ئۇنى مەلھەم قىلىپ چاپسا قىزىل، ئوت كۆيۈك يارىسىغا داۋا بولىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** يېرىم گىرامدىن 1.5 گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** دۈۋسۈنغا زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** كەتىرا.

**ئورۇنباسارى:** كۆيدۈرۈلگەن ماگنىت تېشى، كۆز دورىلىرى ئۈچۈن رۇسۇت ياكى كۆيدۈرۈلگەن يېرىم ھەسسە روي، ئۇنىڭ ئىككى گىرامغىچىلىك مىقداردا تۇتىيا، باشقىلىرى

ئۇچۇن خۇنسىياۋشان.

ئۇنى يۇيۇش ئۇسۇلى، ئۇنىڭ قۇرسلىرى، مەلھەمى قارابادىندا بايان قىلىنىدى.

ئۇنىڭ ئەدەس شەكىللىكى ئۇنىڭ باشقا تۇرلىرىگە قارىغاندا قاتتىقراق، قىزىلراق، قۇرۇقراق بولۇپ، يارىلارنى، بولۇپمۇ مەقئەت يارىلىرى ۋە ئوت كۆيۈك يارىسىنى ساقايتىدۇ.

سۇنئىي شادىنەج ئاشقازان ۋە ئۇچەيلەرگە زىيان قىلىدۇ، تۇزەتكۇچىسى زىرىق ئۇسارىسىدۇر.

## شاتىل

(شاتىل ئۇرۇقى)

ئۇ پارسچە «زەرشەنە» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** ئۇ ھىندىستاندىن چىقىدىغان بىر خىل دورا بولۇپ، باقىلە چوڭلۇقىدا، ئۇنىڭدىن چوڭراق، بەزىلىرى كىچىكرەك، ئاچچىق بولىدۇ. پوستى كۆپ پۇرلەشكەن بولۇپ، قارا بىلەن قىزىلنىڭ ئارىلىقىدا، سىلىق بولىدۇ. بەزىلەرنىڭ ئۇ باقىلەگە ئوخشايدىغان بوغۇملۇق، يىرىك يىلتىزدۇر دىگەن گېپىنىڭ ئاساسى يوقتۇر. ئېيتىشلارغا قارىغاندا ئۇ تۇركىستاندىنمۇ كەلتۇرۇلىدىكەن. «ئىختىياراتى بەدىئىي» دىگەن كىتابنىڭ ئاپتورىنىڭ ئېيتىشچە، ئۇ شىرازنىڭ كەرە دىگەن يېزىسىدىمۇ بولىدىكەن.

**تەبئىتى:** ئۇچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** بوغۇملار ۋە پەيلەرگە چاپلىشىۋالغان قويۇق خىلتلار ۋە كۆيگەن كەيمۇسلارنى كۇچلۇك سۇرگۇچى بولۇپ، پالەچ، لەقۋا، رەئشە، تۇتقاق كېسەل، مېڭىنىڭ قويۇق ھۆللۇكلەردىن بولغان سوغۇق كېسەللىكلىرىگە پايدا قىلىدۇ. ئۇ مەجۇنى نۇجاھىنىڭ تەركىبلىرىدىندۇر.

**ئىستېمال مقدارى:** باراۋەر مىقداردىكى ناۋات ۋە قايناق سۇ بىلەن بىرلىكتە 5.2 گىرامدىن ئىستېمال قىلىنىدۇ.

**زىيانلىق تەسرى:** باشنى ئاغرىتىدۇ.

**تۇزەتكۇچىسى:** سوغۇق مېۋىلەر.

## شارىق

(شارىق يىلتىزى)

**ماھىيىتى:** ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇ تۇربۇتقا ئوخشايدىغان بىر خىل يىلتىزنىڭ ھىندىچە ئىسمى ئىكەن. تەمى ئۆتكۇر بولمايدىكەن.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** زىمۇقراتىسنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇنىڭ تەبىئىتى بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق ئىكەن.

سۇيۇق بەلغەمنى سۈرىدۇ، سوغۇقتىن بولغان كېسەللىكلەرگە پايدا قىلىدۇ.

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇ ھىندىچە «بىدھارا» دەپ ئاتىلىدىغان بولۇپ، تەمى ئاچچىق بولىدىكەن، تەرەتنى بوشىتىدىكەن، باھنى قۇۋۋەتلەيدىكەن، سەۋدا، بەلغەم ۋە قاننى پەسەيتىدىكەن، ئەزالارنىڭ ئىششىقلىرىنى ياندۇرىدىكەن، سوغۇقتىن بولغان كېسەللىكلەر ۋە مەنىي ئېقىشقا پايدا قىلىدىكەن.

## شاھتەررە

(شاھتەررە)

ئۇ پارسچە سۆز بولۇپ، ئەرەبچىلەشتۈرۈلگىنى «شاھتەرەج»دۇر. ئۇ كۆكتاتلار شاھى دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. ئەرەبچە «بەقلەتۇل مەلىك» (شاھ ئوتى) دەپ ئاتىلىدۇ. يۇنانچە «تۇتۇنسىمان» دېگەن مەنىدا «قىياسۇسى» دەپ ئاتىلىدۇ. «قەفتىس»مۇ دېيىلىدۇ. ھىندىچە سەپراغا پايدىلىق ئوت دېگەن مەنىدە «پەتپاپرە» دەپ ئاتىلىدۇ. «كەتپاپرە»مۇ دېيىلىدۇ. قەدىمكى تېبابەتتە «مەلاخان»، شامدا ئۆسىدىغىنى قاننى خاسىيىتى بىلەن تازىلىغۇچى بولغانلىقى ئۈچۈن «شەجەرەتۇد دەم» (قان دەرىخى) دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** ئۇ تونۇشلۇق بولغان ئۆسۈملۈك بولۇپ، ئىككى خىل بولىدۇ. بىرىنچى خىلىنىڭ يوپۇرمىقى ئۇششاق بولۇپ، يۇمغاقسۇت يوپۇرمىقىغا ئوخشاش، سەل كۇل رەڭ، گۈلى بىنەپشە رەڭ، ئۇششاق بولىدۇ. ئىككىنچى خىلىنىڭ يوپۇرمىقى ئۇنىڭدىن كەڭرەك، يېشىلراق، گۈلى ئاق بولىدۇ. ھەر ئىككى خىلىنىڭ تەمى ئاچچىق، سەل ئۆتكۈر، قىرتاق بولىدۇ. ھەر ئىككىسى «كەزبۇرەتۇل ھەممام» (مۇنچا يۇمغاقسۇتى) دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇنىڭ يوپۇرمىقى باشقا قىسمىلىرىدىن ياخشى بولىدۇ. ئۇنىڭ يېشىل، يېڭى، ئاچچىق، سەل ئۆتكۈر ۋە قىرتاق بولغانلىرى ياخشىلىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

**تەبىئىتى:** مۇرەككەپ قۇۋۋەتلەرگە ئىگە، ئىسسىقلىقى مۆتىدىل، ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق، بەزىلەر ئىككىنچى دەرىجىدە ئىسسىق دەيدۇ. شەيخۇر رەئىس ئەبۇ ئەلى ئىبن سىنا بىرىنچى دەرىجىدە سوغۇق دېگەن.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** جىگەر، تال توسالغۇلىرىنى ئاچقۇچى، جىگەر، ئاشقازاننى قۇۋۋەتلىگۈچى ۋە تېزۋەت پەيدا قىلغۇچى ئۈچ خىل خىلىتنى، بولۇپمۇ سەۋدانى سۈرگۈچى، سەپرا ۋە كۆيگەن سەۋدانى سۈيدۈك بىلەن تازىلىغۇچى، قان تازىلىغۇچى، سۈيدۈك ھەيدىگۈچى، ئىشتىھانى ئاچقۇچىدۇر. قۇرۇقىنىڭ ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەش تەسىرى ياخشىراق بولۇپ، كونا

تەپلەر، سەۋدا ۋە تۇزلۇق بەلغەمدىن بولغان كېسەللىكلەرگە پايدا قىلىدۇ. چىش مىلىكىنى چىڭىتىدۇ. سىركە بىلەن ئىستېمال قىلىنسا سەپرادىن بولغان قەي، بەلغەمدىن بولغان كۆڭۈل ئېلىشىشقا داۋا بولىدۇ، ئاشقازان، ئۈچەيلەردىكى تۇرۇپ قالغان كېرەكسىز ماددىلارنى تازىلايدۇ. ھەسەل بىلەن ئىستېمال قىلىنسىمۇ شۇ تەسىرنى بېرىدۇ. ھۆل يوپۇرمىقىنىڭ سۈيى شېكەر ياكى تەمرىھىندى بىلەن ئىستېمال قىلىنسا ئاشقازان، ئۈچەيلەرنى تازىلايدۇ، جىگەر، تالنىڭ توسالغۇلىرىنى ئاچىدۇ. ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەيدۇ، يەرقان، قوتۇر، قىچىشقاق، كالا تەمرەتكىسى، ئۇفۇنەتلىك قاننىڭ كۆيۈشىدىن بولغان ياكى ئۇفۇنەتلىك بەلغەمدىن بولغان كالا تەمرەتكىسىگە داۋا بولىدۇ. باش ۋە پۈتۈن بەدەندىكى سەپرا ۋە سەۋدا خاراكتېرلىك كۆيگەن ئۇفۇنەتلىك خىلىتلارنىڭ ئۆتكۈرلۈكىنى پەسەيتىپ، ئۇنى سۇيۇلدۇرۇپ، چوڭ تەرەت ئارقىلىق چىقىرىدۇ. ئۇنىڭ پار قازىنى بىلەن تامچىلىتىلغان توسالغۇلارنى ئاچقۇچى ئۈچۈچان ئىسسىق تەركىبى يوقالغان بولغاچقا ئىچ سۈرۈشنى توختىتىدۇ. سىقىلغان سۈيىنى كۆزگە سۈركىسە كۆرۈش قۇۋۋىتىنى ئاشۇرىدۇ، كۆز ياشانغىراشقا داۋا بولىدۇ. ئەرەب يېلىمى ئارىلاشتۇرۇلۇپ يۇلۇۋېتىلگەن تەتۈر كىرپىكنىڭ ئورنىغا سۈركىسە قايتا ئۈنۈشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. ئۇنىڭ سۈيى بىلەن ئېغىز چايقالسا تامغاق، تىل يارىسىنى ساقايتىدۇ، ئۇلارنىڭ ھارارىتىنى پەسەيتىدۇ، چىش مىلىكىنى تازىلاپ چىڭىتىدۇ. ئۇنىڭ قۇرۇقى خېنە بىلەن مۇنچىدا زىمات قىلىسا قوتۇر ۋە قىچىشقاققا پايدا قىلىدىغان بولۇپ، سىناقتىن ئۆتكەن. ئۇنىڭ ھۆلىنى سۇ بىلەن يۇغۇرۇپ باشقا سۈركەپ ئۇۋۇلىسا ياكى ئۇنىڭ چىلانما سۈيى بىلەن باش يۇسا باشتىكى پىت - سىركىنى يوقىتىدۇ، شۇنداقلا ئۇنىڭ قاينىتىلغان سۈيى بىلەن چاچ يۇسىمۇ شۇ تەسىرنى بېرىدۇ. ئىبنى ماسۇيە ئۇنىڭ يېڭىسى زىمات قىلىنسا سېرىق ھەرىنىڭ چېقىۋېلىشىغا كۆپ شىپا بولىدۇ، دەپ بىلىدۇ. «شىپائۇل ئەسقام» (كېسەللىكلەر شىپاسى) ناملىق كىتابنىڭ ئاپتورى: «ئۇستازىم مەن شاھتەررە يالغۇز ئىشلىتىلسە نە ئىچىنى سۈرگىنىنى، نە يۈرەكنى قۇۋۋەتلىگىنىنى كۆرمىدىم، بەلكى ئۇنىڭ ئاجىزلاشقىنى كۆرۈلدى، دېگەن» دەپ يازغان.

ئۇنىڭ ئۇرۇقىنىڭ ئىسسىقلىقى مۆتىدىل بولۇپ، مۇھەممەد بىن ئەھمەد بىلەن جالىنۇس ئۇنىڭ تەسىرلىرىنى ئۇنىڭ باشقا قىسىملىرىدىن كۈچلۈكرەك دەپ بىلىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** ئېيتىشلارغا قارىغاندا شاھتەررە ئۆپكىگە زىيان قىلىدىكەن.

**تۈزەتكۈچىسى:** كاسىنە.

**ئىستېمال مىقدارى:** ئۆزىدىن 10 ~ 15 گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ. سۈيىدىن 150 مىللىلىتىردىن 300 مىللىلىتىرغىچە ئېلىپ سېرىق ھېلىلە سۈيى ۋە شېكەر ئارىلاشتۇرۇپ ئىستېمال قىلىنىدۇ. قايناتمىلاردا 15 ~ 30 گىرامغىچە، ئۇرۇقىدىن 15 گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

**ئورۇنباسارى:** يېرىم ھەسسە سانا، ئۇچتىن ئىككى قىسمچىلىك مىقداردا سېرىق هېلىلىدۇر. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇنى سېرىق هېلىلە بىلەن ئىستېمال قىلىش ئەۋزەلرەك ئىكەن، چۈنكى ئۇ تالىغا زىيان قىلىدىغان بولۇپ، سېرىق هېلىلە ئۇنى ئىسلاھ قىلىدىكەن.

ئۇنىڭ يوپۇرمىقىنىڭ ئۇسارىسىنى سوزمەي ئىستېمال قىلىش لازىم.

بىر خىل ئۆسۈملۈك بار بولۇپ، شاھتەررىگە ئوخشاش، ئۇنىڭدىن قارامتۇلراق، يوپۇرمىقى ئىنچىكىرەك بولۇپ، ئەپسەنتىنگە ئوخشايدۇ، غولى تىك ئۆسىدۇ. گۈلى قارىغا مايىل بولۇپ، يۇمۇلۇپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭ يىلتىزلىرى ئۇچۇچان بولۇپ، ئاچچىقلىقى ۋە قىرتاقلىقى يوق، بەلكى تەمسىز، بەتبۇيدۇر. كالا يېسە ئۆلتۈرىدۇ، ئۇ شاھتەررە بولمىغاچقا ئىشلىتىلمەيدۇ.

## شاھەسفەرەم
### (رەيھان)

ئۇ «شاھەسفەرەم»مۇ دېيىلىدىغان بولۇپ، پارسچە رەيھانلار شاھى دېگەن مەنىدىكى «شاھەسپەرەم» دېگەن سۆزنىڭ ئەرەبچىلەشتۈرۈلگىنىدۇر. ئۇ پارسچە يەنە «نازبو» دەپ ئاتىلىدىغان بولۇپ، «رەيھان» دېگەن نام بىلەن مەشھۇردۇر. فىرانسۇزچە «ئىسمىيم»، يوپۇرمىقى چوڭ بولغان تۈرى چوڭ يوپۇرماقلىقى دېگەن مەنىدە «ئىسمىيم ماكنۇم»، يوپۇرمىقى ئۇششاق بولغان تۈرى ئۇششاق يوپۇرماقلىق دېگەن مەنىدە «ئىسمىيم بارۇم» دەپ ئاتىلىدۇ. ھىندىچە «تۇلسى» دېيىلىدۇ. بەزىلەر ئۇنى تۇلسى ئەمەس دەپ بىلگەن.

**ماھىيىتى:** ئۇ رەيھاننىڭ سېرىققا مايىل يېشىل، يوپۇرمىقى ئۇششاقراق بولغان تۈرىدىن ئىبارەت. «ئىختىياراتى بەدىئىي» ناملىق كىتابنىڭ ئاپتورى ئۇنى كېرمان رەيھىنى دەپ يازغان. ئۇنىڭ ياخشىسى «سۆئتەرى» دەپ ئاتالغىنى بولۇپ، «رەيھانى يەزدىي» (يەزد رەيھىنى) مۇ دېيىلىدۇ.

**تەبىئىتى:** بىرىنچى دەرىجىدە ئىسسىق، ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** مېڭە توسالغۇلىرىنى ئاچقۇچى، ئەزالارنىڭ ئىششىقلىرىنى تارقاتقۇچىدۇر. ئۇ خەفەقان، ئاشقازان ئاجىزلىقىغا داۋا بولىدۇ. قويۇق يەللەرنى تارقىتىدۇ. سىقىلغان سۈيى شېكەر بىلەن ئىستېمال قىلىنسا كۆكرەك ئاغرىقى، كاناي ئىششىقى، يۆتەلگە داۋا بولىدۇ. ئۇنىڭ سۈيى بىلەن ئېغىز چايقالسا، ئۇنىڭ يوپۇرمىقى چاينالسا ئېغىز يارىسىغا پايدا قىلىدۇ. ئۇ سۇ بىلەن نەمدىلىپ ئىشلىتىلسە ئەزالارنى قۇۋۋەتلەيدۇ. پۇرىسا ئىسسىق مىزاجلار ۋە مۇساپىرلارنىڭ بېشىنىڭ ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ. ۋابانى يوقىتىدۇ. زىيانداش ھاشاراتنى قاچۇرىدۇ. ئۇنىڭ ئۇرۇقى زەھەرلەرگە تاقابىل تۇرىدۇ. خاسىيىتى بىلەن

ھەممە مىزاجنى تەڭشەيدۇ.

تېۋىپلار رەيھان ئۇرۇقىنى مۇرەككەپ دورىلارغا قوشماقچى بولغاندا، شۇنداقلا پاقىيوپۇرمىقى ئۇرۇقىنى قانلىق ئىچ سۈرۈش دورىلىرىغا قوشماقچى بولغاندا سوقۇشنى چەكلىگەن، چۈنكى ئۇنىڭ كىرەكلىك شىلىمشىق تەركىبى يوقىلىپ كېتىدىكەن. ئەمما ئۇلار سوقۇلسا خۇددى ئىسپىغۇل سوقۇلسا زىيان يەتكۈزمىگەندەك زىيان يەتكۈزمەيدۇ. قانلىق ئىچ سۈرۈشنىڭ دورىلىرىدا ئۇنىڭ سوقۇلغىنى ئىشلىتىلىدۇ. شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن «كىفايەئى مەنسۇرىي» دېگەن كىتابنىڭ ئاپتورى ۋە باشقىلار ئۇنىڭ سوقۇلغىنىنىڭ قورۇش قۇۋۋىتى يوقىرى بولىدۇ، دەپ يازغان. بولۇپمۇ رەيھان ئۇرۇقىنى سوقۇپ ئەرەب يېلىمى ئارىلاشتۇرۇپ ئىشلىتىلسە قانلىق ئىچ سۈرۈشكە ئاجايىپ پايدا قىلىدىغان بولۇپ، سىناقتىن ئۆتكەن، شۇنداقلا ئۇنىڭ قايناتمىسىمۇ شۇ تەسىرنى بېرىدۇ.

## شاھە سىينىي
### (چىن خېنىسى ئۇسارىسى)

**ماھىيىتى:** ئۇ رەڭگى قارا، ئۇيۇغان قات ـ قات ئۇسارە بولۇپ، ئۇستىدە ئۇزۇكنىڭ ئۇستىدە ئويۇلغان نەقىشكە ئوخشاش نەپىس بولىدۇ. چىندىن ئېلىپ كېلىنىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇ ھىندىستاندىن ئېلىپ كېلىنىدىكەن. بەزى كىشىلەرنىڭ سۆزىچە، ئۇ چىن خېنىسى ئۇسارىسى ئىكەن. يەنە بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىچە رەۋەننىڭ ئۇسارىسى ئىكەن. مەۋلانا نەفىس كىرمانى ئۇنى چىن خېنىسىنىڭ سىركە بىلەن يۇغۇرۇلغان ئۇسارىسى دەپ يازغان. ئومۇمەن ئۇ ماھىيىتى نامەلۇم دورىلادىن بولۇپ، ھەر خىل ۋە ھەر رەڭدە بولىدۇ. بەزىلىرى سەندەل رەڭگىدە ئاق، بەزىلىرى قىزىلغا مايىل، بەزىلىرى قارىغا مايىل، بەزىلىرى سېرىققا مايىل بولىدۇ. بۇ ئۇنىڭ ھەممە تۈرىنىڭ ياخشىسى بولۇپ شۇ ئىشلىتىلىدۇ. ئۇ «تەنزۇ خىتائىي» دېگەن دورا ئەمەستۇر.

**تەبىئىتى:** ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** قۇرۇتقۇچى، قورۇغۇچى بولۇپ، سۈركىسە ئىسسىقتىن بولغان باش ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ. گۈلاب بىلەن چېپىلسا ئىسسىقتىن بولغان ئىششىقلارنى قايتۇرىدۇ، پەتەق كېسەللىكىنىڭ دەسلىپىدە پايدا قىلىدۇ. تالقانلىنىپ سېپىلسە جاراھەتلەرنىڭ قېنىنى توختىتىدۇ. ئىستېمال قىلىنسا ئۇيقۇ قاچۇرىدۇ، ئىسسىقتىن بولغان باش ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ، بۇخاراتلارنىڭ مېڭىگە ئۆرلىشىنى توسىدۇ، ئاشقازاننىڭ زەئىپلىكىگە داۋا بولىدۇ.

## شاھبانەك

(ئىت بىنەپشىسى)

**ماھىيتى:** ئۇنىڭ ماھىيىتى توغرىسىدا ئىختىلاپ باردۇر. بەزىلەر ئۇنى ئەرەبچە «قەسۋەتۇل كىلاب» دەپ ئاتىلىدىغان ئىت بىنەپشىسى دېگەن. بەزىلەر ئۇنى ياۋا جەمىسفەرەم ئۆسۈملۈكى دېگەن. «جامىئ» دېگەن كىتابنىڭ ئاپتورى ۋە نۇۋاب مەرھۇم ئۇنى بەرنۇف دەرىخى دەپ بىلگەن. يەنە بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ ئىبراھىم دەرىخىنىڭ كىچىكى ئىكەن. غافىقىدىنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ قەيسۇم (ئەمەن)نىڭ بىر تۈرى ئىكەن. «ھاۋىي» دېگەن كىتابنىڭ ئاپتورىدىن نەقىل قىلىنىشىچە، ئۇ ياۋا شۈبرۇم دەرىخىنىڭ ئۇرۇقى ئىكەن. «ئىختىياراتى بەدىئىي»نىڭ ئاپتورى «بۇ گەپلەرنىڭ ھەممىسى ئىختىلاپلىقتۇر، تەتقىقاتلارغا قارىغاندا، ئۇ ‹بىنەفسەجۇل كىلاب› (ئىت بىنەپشىسى) ئۆسۈملۈكىدۇر، شىرازچە ‹رانىسى سەگ› دەپ ئاتىلىدۇ» دېگەن.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** تۇتقاق كېسەل، ئېغىزدىن شۆلگەي ئېقىشقا پايدا قىلىدۇ. بولۇپمۇ بالىلارنىڭ ئېغىزىدىن شۆلگەي ئېقىشقا ياخشى پايدا قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ قورسىقىدىكى يەللەرنى تارقىتىدۇ. زەخمىلەرنى ساقايتىدۇ. مەرزەنجۇشنىڭ ئورۇنباسارى بولىدۇ.

## شاز

(شاز ئۇرۇقى)

ئۇ ھىندىچە «ئەرھەر»، «تور» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيتى:** بۇ يېپىلىدىغان مەشھۇر دانلاردىن بولۇپ، مازىنداران، ھىندىستان، بېنگال ۋە دۇكەننىڭ كۆپ شەھەرلىرىدىن چىقىدۇ. كىچىك نوقۇت چوڭلۇقىدا بولۇپ، يۇمىلاق، سەل ياپىلاق بولىدۇ. بېشىدا باقىلىنىڭ بېشىدىكى بەلگىسىگە ئوخشاش بەلگىسى بولىدۇ. دۇكەن، سورت پورتى، گۇجۇرات ۋە ئەزىم ئەبادا دېگەن يەرلەردە ياخشى ۋە دانلىق بولىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئىككىچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق دەپ قارىلىدۇ. ئېھتىمال قۇرۇق ئىسسىق بولۇشى مۇمكىن.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** قورساقنى ئېسىدۇ، ئاستا ھەزىم بولىدۇ، ئوزۇقلۇقى ئاز، قورۇغۇچى، بۇخارات ئۆرلەتكۈچىدۇر. سەپرادىن بولغان ئىچ سۈرۈش، ئاشقازان مەنبەلىك ئىچ سۈرۈش، بەلغەم، قان خىلتلىرىنىڭ بۇزۇلۇشىغا پايدا قىلىدۇ، زەھەر قايتۇرىدۇ.

# پەسىل: «ش» (شىن) ۋە «ب» (بائ) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى

## شبب
(زەمچە)

ئۇ پارسچە «زەمە»، «زاكى سەفىيد» (ئاق زاك)، ھىندىچە «پىتكىرى» دەپ ئاتىلىدۇ.

ماھىيىتى: ئۇ تۇپراقتا مەنسۇپ ماددىلاردىن تەركىب تاپقان، يىغىلىپ سوغۇقنىڭ تەسىرى بىلەن بوشراق قاتقان سۇيۇقلۇقتىن ئىبارەت. ئۇ زاكلار، تۇزلار، نۇشۇدۇر ۋە زەمچىلەردىن ئىبارەت بولغان تولۇق شەكىللەنمىگەن تۆت خىل مەدەنىنىڭ قاتارىدىندۇر.

ئۇ زاكتا ئۇخشايدىغان بىر خىل نەرسە بولۇپ، زاكنىڭ ئەكسىچە ئازراق چۇچۇمەل بولىدۇ، چۈنكى زاك زىيادە چۇچۇمەلدۇر، ئۇنىڭ كۆپ تەسىرلىرى زاكنىڭ تەسىرلىرىگە ئوخشايدۇ. ئۇنىڭ كانلىرى يەمەن، مىسىر، ئەرمىنىيەنىڭ كۆپ شەھەرلىرى، گۇرجىستان ۋە باشقا كۆپ شەھەرلەردىدۇر. ئۇنىڭ 17 خىل بولىدىغانلىقى بايان قىلىنغان. تېپىلىدىغانلىرى ۋە ئىشلىتىلىدىغانلىرى تۆۋەندىكى تۆت خىلدۇر:

بىرىنچى خىلى ئاق، سېرىققا مايىل ياكى سېرىق ئەمەس پارقىراق بولىدۇ، ئۇ «يەمانىي» (يەمەندىن چىقىدىغىنى) دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇ ئۇنىڭ كانى بولغان يەمەن شەھەرلىرىدە تامچىلاپ قاتقان سۇدىن ئىبارەت. ئۇ ئۇنىڭ ھەممە تۇرلىرىنىڭ ياخشىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ئىككىنچى خىلى ئاق، پارقىراق بولۇپ، ھېچقانداق سېرىقلىق بولمايدۇ، ئۇ «زاجى بىللەۋرىي» (كىرىستالسىمان زاك) دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇنىڭ پارچىلىرى تۆت قىرلىق، يېرىقلىق بولىدۇ.

ئۈچىنچى خىلى يۇمىلاققا مايىل بولۇپ، «زاجى مۇدەھرەج» (يۇمىلاق زاك) دەپ ئاتىلىدۇ.

تۆتىنچى خىلى سىلىق، يۇمشاق، ئاسان سۇنىدىغان بولۇپ، بەتبۇي پۇرايدۇ، ئۇ «زاجى زەفەر» دەپ ئاتىلىدۇ.

ئۇنىڭدىن باشقا ئۇنىڭ يەنە ئۈچ خىلى بار بولۇپ، ھەممىسى ئىشلىتىلمەيدۇ. بىرىنچىسى سېرىق، ئۇزۇنچاق بولىدۇ. ئىككىنچىسى قىزىل، تولۇق شەكىللەنمىگەن بولىدۇ. ئۈچىنچىسى يېشىل بولۇپ زاكقا ئوخشايدۇ، تۇزلۇق بولىدۇ.

ئۇنىڭ يەنە ئىككى تۇرىمۇ بار بولۇپ، زەھەرلىك بولغاچقا ئىشلىتىلمەيدۇ. بىرى كۆك، پارقىراق، يەنە بىرى سۇس قارا بولىدۇ.

تەبىئىتى: ھەممىسى ئىككىنچى دەرىجىدە ئىسسىق، ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇقتۇر،

ئۈچىنچى دەرىجىدە ئىسسىقمۇ دېيىلگەن. بەزىلەر سوغۇق دەپ بىلگەن، ئەمما ئاساسى يوقتۇر.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ئۇ كۈچلۈك قۇرۇتقۇچى، زەخىملەرنىڭ قېنىنى توختاتقۇچى، ئارتۇق گۆشلەرنى يوقاتقۇچى، يارىلارنى ساقايتقۇچى، مەدەنلەرنىڭ كىرى ۋە دېتىنى چۈشۈرگۈچى، شارابنى تېز ساپلاشتۇرغۇچىدۇر. ئىستېمال قىلىنسا قۇسۇش، كۆڭۈل ئېلىشىشنى باسىدۇ. تۇتقۇچى قۇۋۋەتنى كۈچەيتىدۇ. بۇرۇنغا تېمىتىلسا قېنىنى توختىتىدۇ. سۇدا ئېرىتىپ تەكرار تېمىتىلسا كۆزدىكى ئاق ۋە نېپىز پەردىنى يوقىتىدۇ. زەيتۇن يېغى بىلەن قايىنتىپ تېمىتىلسا قۇلاقنىڭ كىرىنى تازىلايدۇ، ھۆللۈكلىرىنى سۈمۈرىدۇ، ئۇرۇقدان ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ. ئۇنىڭ كۆشتىسىنى باراۋەر مىقداردىكى مەرۋايىت، شېكەر، توخۇ تۇخۇمىنىڭ شاكىلى، كەسلەنچۈك مايىقى قاتارلىقلار بىلەن سالايە قىلىپ كۆزگە سۈركىسە كۆزدىكى ئاقنى يوقىتىدۇ، سىناقتىن ئۆتكەن. موزا ۋە سۇماق بىلەن سالايە قىلىپ كۆزگە سۈركىسە ياشانغىراش، قاپاق پىتلاش، كۆزنىڭ سوزۇلما قىزىرىپ ئاغرىشى، كۆز ئىششىقلىرى، قاپاق قېلىنلاشقا ۋە دانىخورەككە پايدا قىلىدۇ. فۇپەل بىلەن سالايە قىلىپ چىشقا سېپىلسە چىش ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ، چىش مىلىكىنى قۇۋۋەتلەيدۇ، مىدىرلاپ قالغان چىشنى چىڭىتىدۇ. مىدىرلاپ قالغان چىش بىلەن چىشلىسىمۇ چىشنى چىڭىتىدۇ. كاللەكسەي يىلتىزى كۆلى بىلەن مەلھەم قىلىنسا ئېغىز يارىسىنى ساقايتىدۇ. ھەسەل بىلەن مەلھەم قىلىنسىمۇ ئېغىز يارىسىغا پايدا قىلىدۇ. سىركە بىلەن ياكى ھەسەل بىلەن قايىنتىپ ئېغىز چايقالسىمۇ ئېغىز يارىسىغا داۋا بولىدۇ. تالقانلاپ سېپىلسە چىش مىلىكى ۋە كىچىك تىل ئىششىقىنى تارقىتىدۇ. مەلھەم قىلىپ سىرتىدىن سۈركىسىمۇ شۇ تەسىرنى بېرىدۇ. ياغ بىلەن زىمات قىلىنسا بەلغەمدىن بولغان ئىششىقلارنى تارقىتىدۇ. مۇناسىپ دورىلار بىلەن بىرلىكتە ئىشلىتىلسە سۇلۇق ئىششىققا پايدا قىلىدۇ. ئاس يوپۇرمىقى بىلەن زىمات قىلىنسا قولتۇقنىڭ سېسىق پۇرىقىنى يوقىتىدۇ، بەتبۇي تەرلەشكە داۋا بولىدۇ. تۇز، موزا، قىزىلگۈل ۋە سىركە بىلەن مەلھەم قىلىنسا يامرىغۇچى يارىلارنىڭ يامرىشى ۋە يامان يارىلارنىڭ يامانلىشىنى توسىدۇ. ئىسسىق سۇ ۋە ھەسەل بىلەن مەلھەم قىلىنسا قىچىشقاق، يارىلاشقان قوتۇرغا پايدا قىلىدۇ. ھەسەل بىلەن زىمات قىلىنسا، تېرىدىكى ئىزلارنى يوقىتىدۇ. چوپان تايىقى ئۇسارىسى بىلەن مەلھەم قىلىپ قۇلاق ئاستىغا زىمات قىلىنسا قۇلاقتىن ماددىلارنىڭ ئېقىشىنى توختىتىدۇ، بەھەققە سۈركىسە پايدا قىلىدۇ. ئۇنى باراۋەر مىقداردىكى سىركە لېيى ۋە موزا بىلەن مەلھەم قىلىپ سۈركىسە يەل يارىغا پايدا قىلىدۇ. سۇدا ئېرىتىپ سۈركىسە تىرناقنىڭ ئاقىرىشى، بارماقلار قىچىشىش، سەينەك، پۇت ـ قوللارنىڭ سوغۇقتىن يېرىلىشىغا پايدا قىلىدۇ. ئۇنىڭ ئېرىتىلگەن سۈيى سېپىلسە ئوت كۆيۈك يارىسىغا پايدا قىلىدۇ، سۇلۇق قاپاتما ئۆرلىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. موم بىلەن زىمات قىلىنسا سەينەكنى

ساقايتىدۇ. سۇ بىلەن ئېرىتىپ چاچ ۋە بەدەنگە سۈركىسە پىتلاشنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. ھەرقانداق ئەزاغا سۈركىسە ئارتۇق گۆشنى يوقىتىدۇ. تالقانلاپ سېپىلسە قان توختىتىدۇ. يۇڭ رەختكە يالغۇز سۈرۈپ ھەمەلچە قىلىنسا ھەيزنى توختىتىدۇ، ھۆللۈكلەرنى سۈمۈرىدۇ. بالىياتقۇنىڭ ئەھۋالىنى ياخشىلايدۇ. جىمادىن ئىلگىرى ھەمەلچە قىلىنسا ھامىلىدارلىقنى چەكلەيدۇ. قەتران بىلەن تەكرار ھەمەلچە قىلىنسا ھامىلە چۈشۈرىدۇ. ئۇ تالقانلاپ ئەفئا يىلىنىنىڭ ئېغىزىغا پۈركىسە، شۇنداقلا ئۇنى ئادەمنىڭ تۈكۈرۈكى بىلەن ئېرىتىپ ئۇنىڭ ئېغىزىغا پۈركىسىمۇ ئۇنى ئۆلتۈرىدۇ. ئۇنى كۆيدۈرۈپ چۈشىدە قورقىدىغان ئادەمنىڭ ئۇخلاش كىيىمىنى ئىسرىقلىسا قورقىشنى يوقىتىدۇ. ئۇ ئۇخلاش كىيىمىنىڭ ئاستىغا قويۇپ قويۇلسا ئىھتىلام بولۇشنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ، چۈشىدە قورقۇشنى يوقىتىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** ئىككى مىللىگىرام ئىستېمال قىلىنىدۇ.

**ئورۇنباسارى:** نۆشۇدۇر.

ئېيتىشلارغا قارىغاندا ئۇنىڭ خاسىيەتلىرى شۇكى، كىشىگە يامان كۆز تەگكەن بولسا، ئۇ كېچىدە كۆيدۈرۈلگەندىن كېيىن ئۇنىڭ پارچىسىدا كۆزنىڭ شەكلىدە تۆشۈك پەيدا بولغاندىن كېيىن شۇ كىشىنىڭ ئۆيىنىڭ قىبلە تەرىپىگە قارىتىپ قويۇلسا، شۇ ئۆيدىكىلەرگە يامان كۆز تېگىشنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** ئۇنىڭدىن ئۈچ گىرام ئىستېمال قىلىنسا ناھايىتى زىيان قىلىدۇ، قاتتىق يۆتەلدۈرىدۇ، كۆپ قۇرۇقلۇق يەتكۈزىدۇ. ئۆپكىگە زىيان قىلىدۇ، بەزىدە سىلغا ئېلىپ بارىدۇ. ئۇنىڭدىن ئالتە گىرام ئىستېمال قىلىنسا دەرھال ھالاك قىلىدۇ.

ئۇنىڭ زەھىرىنى قايتۇرۇش ئۈچۈن يېڭى سېغىلغان سۈت، كالىنىڭ سېرىق مېيى، شېكەر، قارا شېكەر ئىچۈرۈپ قەي قىلدۇرۇلىدۇ، ھۆل مېۋە يېگۈزۈلىدۇ.

## شىبەتت

(سېرىقچېچەك)

ئۇ پارسچە «شۇت»، «شۇد» ، يۇنانچە «ۋانىبىتۇن»، ھىندىچە «سىۋا»، «سوي» دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇرۇقى ھىندىچە «ۋالان خۇرد» دېيىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** ئۇ تونۇشلۇق ئۆسۈملۈكتۇر، بىر دانە غولى بار بولۇپ، ئۇنىڭدا ئارپىبەدىيانىنىڭ شاخلىرىغا ئوخشايدىغان ناھايىتى كۆپ ئىنچىكە شاخلار ئۆسىدۇ. يوپۇرماقلىرى ئۇششاق، گۈلى كۆنلۈكسىمان، ئۇرۇقى ئارپىبەدىيان ئۇرۇقىدىن ئۇششاقراق، سەل ياپىلاق بولۇپ، ئارپىبەدىيان ئۇرۇقىنىڭ ئوتتۇرىدىن ئۇزۇنسىغا يېرىلغان يېرىمىغا ئوخشايدۇ. بەزى سىناق قىلغۇچىلارنىڭ ئېيتىشىچە، بەزى يەرلەردە ئارپىبەدىيان بىلەن

سېرىقچېچەك بىرى يەنە بىرىگە ئوخشىمايدىكەن. ئۇنىڭ قۇۋۋىتى ئىككى يىلغىچە ساقلىنىدۇ. قىممەتلىك دورىلاردىن بولۇپ، يېڭى، خۇش پۇراقلىرى ۋە ئېچىلغانلىرى ياخشىلىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق، بىرىنچى دەرىجىنىڭ بېشىدا قۇرۇق. بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇنىڭ ھۆللى بىرىنچى دەرىجىنىڭ ئاخىرىدا، قۇرۇقى بېشىدا ھۆل ئىكەن.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ماددىلارنى تارقاتقۇچى، پىشۇرغۇچى، توسالغۇلارنى ئاچقۇچى، زەھەر قايتۇرغۇچى، قورساق ئاغرىقى ۋە سوغۇقتىن بولغان ئاغرىقلارنى پەسەيتكۈچى، سۈيدۈك، ھەيز ھەيدىگۈچىدۇر. كاناي ئىششىقى، ماددىلارنىڭ قېتىپ قېلىشىدىن بولغان ھېق تۇتۇش، ئاشقازان، جىگەر ۋە تال ئاجىزلىقىغا پايدا قىلىدۇ. بۆرەك، دوۋساقتىكى تاشنى پارچىلاپ چۈشۈرىدۇ. قۇلۇنجىغا داۋا بولىدۇ، غىزالارنىڭ بۇزۇلۇشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. كۆكرەك ۋە ئاشقازاننىڭ بەلغەمدىن بولغان كېسەللىكلىرى ۋە كۆپىيىش ئەزالىرى كېسەللىكلىرىگە پايدا قىلىدۇ. ھەسەل بىلەن ئىستېمال قىلىنسا زەھەرلەرنى قايتۇرىدۇ، قەي قىلىش ۋە ئاشقازاندىكى قويۇق خىلىتلارنى چىقىرىشقا ياردەم بېرىدۇ. ئۇنىڭ ھۆل يوپۇرمىقى ۋە ھۆل ئۇرۇقىنىڭ قايناتمىسى ئىچىلسە بەدەننىڭ ھەممە يېرىدىكى يەللەرنى تارقىتىدۇ، بۆرەك، دوۋسۇن، ئۇچا ئاغرىقلىرىنى پەسەيتىدۇ، سۈيدۈك ھەيدەيدۇ، قورساق ئاغرىقىغا پايدا قىلىدۇ، تائامنىڭ ئاشقازاندا تۇرۇپ قېلىشى ۋە قاينىشىدىن بولغان كۆڭۈل ئېلىشىشىنى پەسەيتىدۇ. بەدەندە ماددىلارنىڭ قېتىپ قېلىشى ۋە بەلغەمدىن بولغان ھېق تۇتۇشنى توختىتىدۇ. گۆش ئۇنىڭ بىلەن پىشۇرۇلسا گۆشنىڭ كۆپۈكى، بەتبۇي پۇرىقىنى يوقىتىدۇ، تېز پىشۇرىدۇ، ئاسان ھەزىم بولىدىغان قىلىدۇ. سېرىقچېچەكنى سالايە قىلىپ ھەسەل بىلەن ئۇيۇغىچە قايناتقاندا ئاشقازانغا سۈركىسە ئىچىنى ئاسان سۈرىدۇ. يوپۇرمىقىنىڭ، شۇنداقلا ئۇرۇقىنىڭ قايناتمىسىدا ئولتۇرۇلسا بالىياتقۇ كېسەللىكلىرىگە پايدا قىلىدۇ، بۆرەك، دوۋساق، ئۇرۇقدانىدىكى يەللەرنى تارقىتىدۇ. سۈيى تېمىتىلسا قۇلاق كېسەللىكلىرىگە پايدا قىلىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** 26 گىرامدىن ئىستېمال قىلىنىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** ئىسسىق مىزاجلىقلارغا زىيان قىلىدۇ، كۆڭۈلنى ئاينىتىدۇ. داۋاملىق ئىستېمال قىلىنسا، قايناتمىسى داۋاملىق ئىچىلسە مېڭە، كۆز، ئاشقازان، بۆرەك، دوۋساقنى زەئىپلەشتۈرىدۇ، مەنىينى ئازلىتىدۇ ۋە قۇرۇتىدۇ، كۆپ ئىستېمال قىلىنسا مەنىينى كېسىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** لىمون سۈيى، سىركەنجۇبىل، غورا سۈيى، چۈچۈمەل نەرسىلەر، سوغۇق مىزاجلىقلار ئۈچۈن قەلەمپۇر، دارچىن، ھەسەل تۈزەتكۈچىسىدۇر.

**ئورۇنباسارى:** ئۇرۇقى ئۇنىڭغا ئورۇنباسار بولىدۇ.

ئۇنىڭ ھۆل يوپۇرمىقىنىڭ سۈيىنى يېرىم مىقداردىكى زەيتۇن يېغى بىلەن قايىنىتىپ ياكى ھۆل يوپۇرمىقىنى ياغقا تەكرار چىلاپ تەييارلانغان يېغى ماددىلارنى ئۇچۇچانلاشتۇرغۇچى، قىزىتقۇچى، ماغدۇرسىزلىقنى توگەتكۈچى، بوغۇم ئاغرىقلىرى، نېرۋا ئاغرىقلىرىنى پەسەيتكۈچى، قاتتىق ئىششىقلارنى يۇمشاتقۇچى، پۇت - قوللارنىڭ ئىششىقىنى ياندۇرغۇچى، جۇغ - جۇغ ۋە تەپلەردىكى تىترەشنى توگەتكۈچىدۇر.

ئۇنىڭ ئۇرۇقى ھۆل ئىسسىق، قۇرۇقراق بولۇپ، يېمەكلىكلەر ۋە چۇچۇمەل نەرسىلەرگە قوشۇلسا ئاشقازاننى ئىسلاھ قىلىدۇ. تائامدىن كېيىن ئۇ قوشۇلغان چۇچۇمەل نەرسە يېيىلسە كۈچلۈك قۇستۇرىدۇ.

**زىيانلىق تەسرى:** ئىسسىق مىزاجلىقلارغا زىيان قىلىدۇ، كۆڭۈلنى ئاينىتىدۇ، كۆپ ئىستېمال قىلىنسا مېڭە، كۆز ۋە باھنى قۇۋۋەتلەيدۇ. مەنىينى قۇرۇتىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** ئۇنىڭ تۈزەتكۈچىسىمۇ چۇچۇمەل نەرسىلەردۇر.

ئۇنىڭ كۆيدۈرۈلگەن ئۇرۇقى ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق بولۇپ، ھەسەل بىلەن ئىستېمال قىلىنسا ياكى زىمات قىلىنسا مەقئەت كېسەللىكلىرى ۋە بوۋاسىرغا پايدا قىلىدۇ. شېشە (مەدەندىن چىقىدىغان ئەسلى تاش) ۋە ھەسەل بىلەن زىمات قىلىنسا تاشلارنى پارچىلايدۇ، سىيىش قىيىنلىششتا شىپا بولىدۇ، سىناقتىن ئۆتكەن دەپ قارىلىدۇ. ئۇنى سالايە قىلىپ سېپىلسە ھۆل، مەينەت يارىلارنى قۇرۇتىدۇ، زەكەر يارىسىغا تەڭداشسىز پايدا قىلىدۇ. ئۇيۇغىچە قايىنىتىلغاندىن كېيىن ھەسەل بىلەن سالايە قىلىنىپ مەقئەتكە زىمات قىلىنسا تەرەتنى بوشىتىدۇ.

## شۈبرۇم
(سۇتلۇكئوت)

ئۇ «شىبرىم»مۇ دېيىلىدۇ. يۇنانچە «سەتۇسا»، شىرازچە «گاۋ كەشك»، «كانىتنۇسەك»، «تانىتۇمەك» دەپمۇ ئاتىلىدۇ، چۈنكى ئۇنى كالا يېسە ئۆلۈپ قالىدۇ، قوي يېسە زىيان قىلمايدۇ.

**ماھىيىتى:** ئۇ بىر خىل ئۆسۈملۈك بولۇپ، باغلاردا ۋە ئېتىزلاردا ئۈنىدۇ، غولى تۈز، تۈكلۈك، بوغۇملۇق بولۇپ، غولاچ ئېگىزلىكىدە ئۆسىدۇ، قومۇشقا ئوخشايدۇ، سۈتلۈك بولىدۇ. يوپۇرمىقى تۇرخۇن ۋە كاج ئۆسۈملۈكىنىڭ يوپۇرمىقىغا ئوخشايدۇ. گۈلى بىنەپشە رەڭ بولىدۇ. ئۇرۇقى ئەدەسكە ئوخشاش، ئاق، سېرىققا مايىل بولىدۇ. يىلتىزى توم، سۈتلۈك بولۇپ، مېۋىسىدىن كۈچلۈكرەك بولىدۇ. مېۋىسى يوپۇرمىقىدىن كۈچلۈكرەك بولىدۇ. ئۇنىڭ

ياخشىسى نەسىيىبىن ۋە باشقا يۇرتلاردىن كەلتۈرۈلگىنىنىڭ قىزىل، يەڭگىل، نىپىز ۋە پۇرلەشكەن قاسراققا ئوخشايدىغانلىرىدۇر. ئەڭ ناچىرى قارامتۇل، قىلىن، قاتتىق بولغانلىرىدۇر. پارستىن كەلتۈرۈلگىنى ناچاردۇر.

ئۇنىڭ ماھىيىتى توغرىسىدا يەنە باشقا سۆزلەرمۇ دېيىلگەندۇر. سۇندۇرۇلغاندىن كېيىن ئىچىدىن يىپقا ئوخشاش نەرسىلەر چىقىدىغانلىرى ناھايىتى ناچار بولۇپ، ھالاك قىلغۇچى بولغانلىقى ئۈچۈن ئىشلىتىلمەيدۇ. زۆرۈر بولمىسا ئۇنى ئىشلىتىشكە بولمايدۇ.

**تەبىئىتى:** ئۈچىنچى دەرىجىدە ئىسسىق، ئىككىنچى دەرىجىنىڭ ئاخىرىدا قۇرۇق. ئىككىنچى دەرىجىدە ئىسسىق، ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇقمۇ دېيىلگەن. سۈتى تۆتىنچى دەرىجىگىچە قۇرۇق ئىسسىقتۇر.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ئۇ ئۆلتۈرگۈچى زەھەرلەردىندۇر. بەلغەم، سەۋدا ۋە زەرداب سۇنى كۆچلۈك سۈرگۈچى، قورۇغۇچى، تومۇرلارنىڭ ئېغىزلىرى ۋە توسالغۇلارنى ئاچقۇچى، بەدەننىڭ چوڭقۇر قىسمىدىكى خىلتلارنى ھەيدىگۈچى، ھۆل سوغۇق ئاشقازانغا مۇۋاپىق كەلگۈچىدۇر. قورساققا سۇ چۈشۈش، قۇلۇنجى، بوغۇملار ئاغرىقىغا پايدا قىلىدۇ. زىمات قىلىنسا كالا تەمرەتكىسىگە تەڭداشسىز پايدا قىلىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** ئىسسىق مىزاجلىقلار، بەدىنى ئاجىزلارغا، ئاشقازان، جىگەر ۋە باھقا زىيان قىلىدۇ. ئۆتكۈر تەپلەرنى پەيدا قىلىدۇ، ئىشتىھانى تۇتىدۇ، مەنىي كۆيدۈرىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** يېرىم گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

**ئورۇنباسارى:** مازارىيون.

ئۇنىڭ بەش گىرامى قۇستۇرۇش، كۆڭۈلنى غەش قىلىش، ھوشسىزلاندۇرۇش ۋە گالنى بوغۇش بىلەن ھالاك قىلىدۇ.

زەھىرىنى قايتۇرۇش ئۈچۈن سېرىق ماي، كالا سۈتى قايمىقى، ياغلىق شورپا ئىستېمال قىلىنىدۇ. ئۇنىڭ سۈتىنىڭ 2.5 گىرامى زەھەرلەپ ئۆلتۈرىدىغان بولۇپ ئىشلىتىلمەيدۇ.

ئۇنى زەھەرسىزلەندۈرۈش ئۈچۈن سۈتكە ئۈچ كۈن چىلىنىدۇ. ھەربىر قېتىم چىلانغاندا سۈتتە بىر كېچە ـ كۈندۈز تۇرغۇزۇلىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن سايىدا قۇرۇتۇلۇپ، رۇمبەدىيان، مۇقەل، كېرمان زىرىسى، سېرىق ھېلىلە، سەبرە، تۇربۇت ۋە ئۇنىڭغا ئوخشاش نورمال دەرىجىدىكى سۈرگۈچى دورىلار بىلەن ئىشلىتىلىدۇ. چۈنكى شۇبرۇم ناھايىتى ئىسسىق بولۇپ، زەھەرسىزلەندۈرۈلۈشتىن بۇرۇن، يالغۇز ئىشلىتىشكە بولمايدۇ. قويۇق يەل ۋە بەلغەمدىن بولغان قۇلۇنجنى داۋالاش ئۈچۈن مۇقەل، سەكبىنەج، ئۇشەق، بۆرە تېزىكى بىلەن ھەب ياسىلىپ ئىشلىتىلىدۇ. ئىششىقلار، توسۇلۇشلار، ئىستىسقا، بەلغەم ۋە سەۋدانىڭ غالىبلىقىنى داۋالاش ئۈچۈن كاسنە سۈيى، ئارپىبەدىيان سۈيى، ئىتئۈزۈمى سۈيىگە ئۈچ كېچە ـ كۈندۈز چىلاپ سايىدا قۇرۇتۇپ ئازراق نەمەكى ھىندى، سەبرە، تۇربۇت ۋە ھېلىلە بىلەن ھەب ياساپ ئىشلىتىلىدۇ.

## شەبەھ
(روي تۇتىيا)

ئۇ ھىندىچە «جەست»، يەنە بىر تىلدا «كەبىر» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيتى:** ئۇ تونۇشلۇق كان مەھسۇلاتلىرىدىن ئىبارەت. ئۇچتىن بىر ھەسسىسىچىلىك مىقدارىدىكى شەبەھكە ئۇچتىن ئىككى ھەسسىسىچىلىك مىقدارىدىكى مىس ئارىلاشتۇرۇلسا ياكى تۆتتىن بىرچىلىك مىقدارىدىكى شەبەھكە تۆتنىڭ ئۇچچىلىك مىقدارىدىكى مىس ئارىلاشتۇرۇلسا، ئالتۇنغا ئوخشايدىغان بىر خىل مېتال ھاسىل بولىدىغان بولۇپ، پارسچە «بەرەنج»، ھىندىچە «پىيتەل» دەپ ئاتىلىدۇ. بەزىلەر شەبەھنى ئۇنىڭ ئاتالغۇ نامى دەيدۇ. ئۇ قوغۇشۇن بىلەن قەلەيگە ئوخشايدۇ. ئۇلاردىن قاتتىقراق بولۇپ، ئۇزۇندىراق ئېرىيدۇ. كۆككە مايىل، رەڭگى باشقا مېتاللاردىن سۇسراق بولىدۇ. ئۇنىڭدىن ياسالغان قاچىلار مەزمۇتىراق بولىدىغان بولۇپ، ئۇنىڭدا سوغۇق سۇ، گۇلاب، ئەرەقلەرنىڭ كۆپ قىسمى ساقلانسا ياخشى ساقلىنىدۇ. باشقا مېتاللاردىن ياسالغان قاچىلارنىڭ ئەكسىچە ئاسان بۇزۇلۇپ قالمايدۇ. پەقەت شەبەھتىن ياسالغان قاچا ئاسان سۇنىدۇ.

**تەبىئتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ئۇنىڭدىن ياسالغان قاچىلاردا يەپ - ئىچىلسە يۈرەك، ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەيدۇ. خەفەقانغا شىپا بولىدۇ. ئۇنىڭ ئېكەكدەلمىسىنى ئارپىبەدىيان سۈيى، كاسنە سۈيى ياكى ئىتئۇزۈمى سۈيى بىلەن مەلھەم قىلىنىپ سۈركىسە ئىششىقلارنى تارقىتىدۇ. كۆشتە قىلىپ كۆزگە سۈركىسە كۆزدىكى ئاقنى يوقىتىدۇ، قاپاق گىرۋەكلىرى قىزىرىپ ئىششىش ۋە قاپاق قوتۇرىغا پايدا قىلىدۇ، كۆزنى قۇۋۋەتلەيدۇ. مەلھەملەرگە قوشۇلسا داغنى، ئىششىقلار ۋە تېرىدىكى باشقا ئىزلارنى يوقىتىدۇ.

**زىيانلىق تەسرى:** تالغا زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** ھەسەل.

**ئىستېمال مىقدارى:** يېرىم گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، كىرپىك ئۇنىڭدىن ياسالغان موچىن بىلەن يۇلۇنسا قايتا ئۈنمەيدىكەن. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇنىڭدىن ياسالغان قاچىدا داۋاملىق سۇ ساقلاپ ئىچىلسە تەرەتنى قاتۇرىدىكەن، قۇلۇنجى پەيدا قىلىدىكەن، رەڭگىروينى سارغايتىدىكەن.

ئۇنىڭدىن باشقا شەبەھ بىر خىل دەرەخنىڭ ئىسمى بولۇپ، سۈريانچە «شاباھى» دېگەن سۆزدىن ئەرەبچىلەشتۈرۈلگەندۇر. يۇنانچە «فاليۇرس» دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇ چوڭ دەرەخ بولۇپ، ئۈچ غۇلاچ ئېگىزلىكىچە ئۆسىدۇ. قۇملۇقلار ۋە ئاق يەرلەردە ئۆسىدۇ. شاخلىرى ئىنچىكە،

قاتتىق، ئۇششاق تىكەنلىك بولىدۇ. يوپۇرمىقى ئاس دەرىخى يوپۇرمىقىغا ئوخشاش، يېشىلغا مايىل، سەل سېرىق بولىدۇ. گۈلى سەل قىزىل بولىدۇ. مېۋىسى كەندىر ئۇرۇقىغا ئوخشايدۇ. سىقىلسا ناھايىتى شىلىمشىق سۇيۇقلۇق چىقىدۇ.

**تەبىئىتى:** بىرىنچى دەرىجىنىڭ ئاخىرىدا ئىسسىق، ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق، بەزىلەر ئۇنىڭ ئەكسىچە دېگەن.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ئۇرۇقى زەھەرلىك يىلانلار ۋە باشقا زەھەرلىك ھايۋانلارنىڭ چېقىۋېلىشى ئۇچۇن ئەڭ چوڭ، ئەڭ كاتتا دورىلارنىڭ بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۆپكىنى نەمدەيدۇ. شۇنداقلا ئۇنىڭ يوپۇرمىقى بىلەن يىلتىزىمۇ شۇنداق تەسىرگە ئىگىدۇر. ئۇنىڭ قايناتمىسى ئىچىنى توختىتىدۇ، بەلغەمدىن بولغان ئىششىقلارنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە ئىششىق قايتۇرىدۇ.

## شەببىي
### (شەۋكىران يىلتىزى)

ئۇ شەۋكىران يىلتىزىدۇر. ئاۋام ـ خەلق ئۇنى «بىيخى نېفىت» (نېفىت يىلتىزى) دەپ ئاتايدۇ. چۈنكى ئۇ نېفىت چىقىدىغان تاغدا كۆپ بولىدۇ. مەست قىلىش تەسىرى ۋە كۆپ قىسىم تەسىرلىرى لۇپاھنىڭ تەسىرلىرىگە ئوخشايدۇ.

# پەسل: «ش» (شىين) ۋە «س» (سائ) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى

## شەس
### (تېرە ئاشلىغۇچى ئوت)

ئۇنىڭ ماھىيىتى توغرىسىدا ئىختىلاپ باردۇر. يۇسۇف بەغدادىي ئۇنى ئارچا يوپۇرمىقى، ئۇنىڭ بىلەن تېرە ئاشلىنىدۇ، دەپ بىلگەن. بەزىلەر ئۇ بىر خىل ئاچچىق ئوت بولۇپ، خۇش پۇراق پۇرايدۇ، ئۇنىڭ بىلەن تېرە ئاشلىنىدۇ، دېگەن. ئەنتاكىي ۋە ھەكىم مىر مۇھەممەد مۆمىن «تۆھپەتۇل مۆئمىن» (مۆمىنلەرگە قىلىنغان ھەدىيە) ناملىق كىتابىدا: «ئۇ بىر غولسىز ۋە گۈلسىز ئۆسۈملۈك بولۇپ، توپلاشقان يوپۇرماقلاردىن تۈزۈلىدۇ، ئۇنىڭدىن ناھايىتى كۆپ، سېسىق، سېرىق سۇيۇقلۇق چىقىدۇ. تاغلىقلار ۋە تاشلىق يەرلەردە ئۆسىدۇ، ئاشلامچىلار ئۇنىڭ بىلەن تېرە ئاشلايدۇ» دەپ يازغان.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق سوغۇق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** سۇيى ئىستېمال قىلىنسا قۇسۇشنى باسىدۇ، ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەيدۇ، ھەرقانداق ئەزانىڭ قېنىنى توختىتىدۇ. ئىچ سۈرۈشكە تېز تەسىر قىلىدۇ. كۆز كېسەللىكلىرى ئۇچۇن مامىسانىڭ ئورنىنى باسىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** دوۋسۇنغا زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** چىلان.

**ئىستېمال مىقدارى:** ئۈچ گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

**ئورۇنباسارى:** سۇماق.

ھايۋانلارنىڭ تېرىلىرى ئۇنىڭ بىلەن ئاشلانسا خۇش پۇراق بولىدۇ.

## پەسىل: «ش» (شين) ۋە «ج» (جيم) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى

## شەجەرەئى ئەبى مالىك

(ئەبۇ مالىك ئوتى)

ئۇ يۇنانچە «فەلۇمايىن» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** ئۇ بىر خىل ئۆسۈملۈك بولۇپ، قۇرۇقلۇقتا ئۆسىدىغىنى ۋە دەريادا ئۆسىدىغىنىدىن ئىبارەت ئىككى خىل بولىدۇ. بىرلا غولى بولىدىغان بولۇپ، غولى تۆت قىرلىق، يېشىل، بەزىلىرى قىزىل، بىنەپشە رەڭگە مايىل بولىدۇ. غولىدا بىر-بىرىدىن يىراق بولغان بوغۇملار بار بولۇپ، ھەر بىر بوغۇمىدا ئالىقان چوڭلۇقتىكى ئىككى دانە يوپۇرماق ئۇدۇلمۇئۇدۇل ئۆسىدۇ، يوپۇرمىقى چىشلىق بولىدۇ. يوپۇرمىقىنىڭ تۈۋى تەرىپى ئاق بولۇپ، خۇددى كىچىك يوپۇرماقتەك بىلىنىدۇ. بۇ ئۆسۈملۈك كۆپ شاخلىق بولۇپ، شاخلىرى كاۋاك بولىدۇ. گۈلى ئۇششاق، بىنەپشە رەڭ بولۇپ، ئېغىر پۇرايدۇ. خەمىكى يېشىل بولىدۇ. مېۋىسى نوقۇت چوڭلۇقىدا، يۇمىلاق بولۇپ، ئۇرۇقى قارا، ئىنچىكە بولىدۇ. يىلتىزى چوڭ بولۇپ، سىرتى قارا، ئىچى ئاق، شىلىمشىق بولىدۇ، سۇغا سالسا سوپۇندەك كۆپۈك چىقىدۇ. بۆزچىلەر ئۇنىڭ بىلەن رەختلەرنى يۇسا ياخشى تازىلىنىدۇ. دەمەشىق ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى شەھەرلەردە كۆپ ئۆسىدىغان بولۇپ، «سابۇنۇل قاف» دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ ئۆسۈملۈك نەم، سايە يەرلەر، سۇ بويلىرى ۋە سۇ ئارىلىرىدا ئۆسىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇ ئەرتەنىيسا ئۆسۈملۈكىنىڭ بىر تۈرى ئىكەن. ئۇ بوياقچىلار ئىشلىتىدىغان «چوۋە» دېيىلىدىغان ئۆسۈملۈك ئەمەستۇر. «ئىختىياراتى بەدئىي» نىڭ ئاپتورى ئۇنى «گەلىيم

شوي» (گىلەم يوغوچ) ئۆسۈملۈكىنىڭ بىر تۈرى دەپ يازغان. ئۇ «ئازەربۇ» ئۆسۈملۈكىنىڭ بايانىدا بايان قىلىندى.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىنىڭ ئاۋۋىلىدا ئىسسىق، قۇرۇقلۇقى مۆتىدىللىككە يېقىن.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** يىلتىزى قىممەتلىك دورىلاردىن بولۇپ، بەلغەم بوشىتىدۇ، جۇلا بېرىدۇ، سەۋدانى يەڭگىل سۈرىدۇ. بۇ جەھەتتە لاجۇۋەردتىن ياخشىراقتۇر. سەۋدادىن بولغان كېسەللىكلەرنىڭ ھەممىسىگە پايدا قىلىدۇ. جوزام، يامان يارىلارغا تەڭداشسىز پايدا قىلىدۇ، دەپ قارىلىدۇ. بولۇپمۇ ئۇنىڭ قۇرۇقلۇقتا ئۆسىدىغىنى ئىستېمال قىلىنسا تۇغۇتلۇق ئاياللارنىڭ قېنىنى توختىتىدۇ، سىناقتىن ئۆتكەن. قۇرۇقلۇقتا ئۆسىدىغىنىنىڭ يىلتىزى چاشقان يارىسىغا پايدا قىلىدۇ. ئۇنىڭ ھەر ئىككى تۈرىنىڭ يوپۇرمىقى يارىلارنى ۋە زەخىملەرنى ساقايتىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** دوۋۇسۇنغا زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** سىركەنجىۋىل.

**ئىستېمال مىقدارى:** توققۇز گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

**ئورۇنباسارى:** باراۋەر مىقداردىكى ھەجرى ئەرمىنى.

## شەجەرەتۇر راھىب

(راھىب دەرىخى)

قەدىمكى تېبابەتتە مۇھەممەد بىن ئەھمەد ئۇنى دەمەشقتە ئۆسىدىغان بىر خىل دەرەخ دېگەن. ئۇ تېرىلىدۇ، ئۆزىمۇ ئۆسىدۇ. مېۋىسى كەندىر ئۇرۇقىغا ئوخشايدۇ. مېۋىسىدىن ئايرىلغان يېغىنىڭ تەمى كەندىر يېغىنىڭ تەمىگە ئوخشايدۇ.

**تەبىئىتى:** قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇنىڭ ئۈستۈنكى شاخلىرىنىڭ مېۋىلىرى كۆچلۈك قۇستۇرىدىكەن، پەستىكى شاخلىرىنىڭ مېۋىلىرى ئىچىنى قۇستۇرماي سۈرىدىكەن، ئوتتۇرىدىكى شاخلىرىنىڭ مېۋىلىرى قۇستۇرىدىكەن ھەم ئىچىنى سۈرىدىكەن.

**ئىستېمال مىقدارى:** مېۋىسىدىن 15 ~ 40 تالغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ. ئۇ ماھۇدانە ئەمەستۇر.

## شەجەرەئى مەريەم

(مەريەم دەرىخى)

**ماھىيىتى:** ئۇ مەريەم ئىسرىقى ئۆسۈملۈكىدىن ئىبارەت بولۇپ، يۇقىرىدا بايان قىلىندى. ئۇنىڭ شاخلىرى ئەگرى، بىر-بىرىگە گىرەلەشكەن ھالەتتە بولىدۇ. سۇغا چىلىسا كۆپۈپ

بودىلىدۇ، قۇرۇتۇلسا ئەسلىي ھالىتىگە قايتىدۇ.

**تەبئىتى:** ئۆچىنچى دەرىجىدە ئىسسىق، قۇرۇقلۇقى مۆتىدىل.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** تۇسالغۇلارنى ئاچقۇچى، بەلغەمنى ئازايتقۇچى، چىرايىنى قىزارتقۇچى، جۇلا بەرگۈچىدۇر. ئۇ سوغۇقتىن بولغان زۇكام، كۆزگە سۇ چۈشۈشكە شىپا بولىدۇ. چىلانىمىسى تۇغۇتنى ئاسانلاشتۇرۇش ۋە ھامىلە چۈشۈرۈشتە تەڭداشسىزدۇر. مەلھەم قىلىنسا بوۋاسىر، بەھەق، ئاقكېسەلگە پايدا قىلىدۇ، زەخمىلەرنى پۈتتۈرىدۇ، ئارتۇق گۆشلىرىنى يوقىتىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** ئۆپكىگە زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** كەتىرا.

**ئىستېمال مىقدارى:** 1.5 گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

## شەجەرەئى ئىبراھىم
(چاڭگاك)

ئۇ چاڭگاكتۇر. بەزىلەر ئۇنى تۇخۇمەك دەرىخى دېگەن. يەنە بەزىلەر «شانەج» ئۆسۈملۈكى دەپ بىلگەن. مالىقىينىڭ ئېيتىشىچە، فەلاھە دېگەن يەردە شەجەرەئى ئىبراھىم چوڭ، ئېگىز، تىكەنلىك، يوپۇرماقلىق بولىدىكەن، گۈلى سېرىق، خۇش پۇراق بولۇپ، «بەرم» دەپ ئاتىلىدىكەن. قۇملۇقلار، قۇرغاق ئاق يەرلەردە ئۆسىدىكەن. بەزىدە ئۇنىڭ گۈلى خۇش پۇراق ماتېرىياللارغا قوشۇلىدىكەن.

## پەسىل: «ش» (شىن) ۋە «ھ» (ھۆۋۋئ) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى

## شۇھرۇر
(تورۇلغا)

بۇ ئەرەبچە سۆز بولۇپ، تۈركچە «قارا تارىخ»، ئىسپاھاندا «غوغار»، مازىندارانىدا «توكاۋەر» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** ئۇنىڭ ماھىيىتىدە ئىختىلاپ باردۇر. كۆپ قىسىم ئالىملار ئۇنى پاختەككە ئوخشايدىغان، تۇمشۇقى، پۇتلىرى ئۇزۇن ۋە قىزىلغا مايىل سېرىق بولغان قارا رەڭلىك قۇش دەيدۇ. ئۇ توغرىسىدا يەنە ئۇ كەكلىكتۇر ۋە قۇشقاچىنىڭ بىر تۈرى بولۇپ، چوڭ، قارا، بويىنى، تۇمشۇقى ۋە پۇتلىرى ئۇزۇن بولىدۇ، دېگەنگە سۆزلەر ئېيتىلغان، ئۇ سۆزلەرنىڭ ھەممىسى

خىيالەن ئىپتىلغاندۇر.

**تەبئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە ھۆل ئىسسىق، بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىقمۇ دېيىلگەن.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** تېز ھەزىم بولىدۇ، ياخشى ئۇزۇق بولىدۇ. تىتانۇس، مالىخولىيا، پالەچكە پايدا قىلىدۇ. قېنى بادام يېغى بىلەن ئىستېمال قىلىنسا ئاۋازنى ناھايىتى ياخشىلايدۇ، پۇتۇشنى ئوڭشايدۇ. «مىنھاج» دېگەن كىتابتا ئېيتىلىشىچە، ئۇنىڭ گۆشى ئەڭ ياخشى ئىكەن. گۆشى قاتتىق، ئىسسىق، قۇرۇق بولۇپ، قاتتىقلىقى سەۋەبىدىن ئۇزۇندا ھەزىم بولىدىكەن. ئوزۇقلۇقى ناچار، ئىسسىق قان پەيدا قىلىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** ئاشقازانغا زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** كۆپ مىقداردا ياغ ئىستېمال قىلىشتۇر.

## شەھم
## (چاۋا ياغ)

ئۇ پارسچە «پىيە» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** ئۇ يەككە ئەزالارنىڭ بىرى بولۇپ، بۆرەك، ئاشقازان ۋە ئۈچەيلەرگە ئوخشاش بەزى ئەزالارنىڭ ئۈستىدە ئۇلارنى قوغداش ئۈچۈن پەيدا بولۇپ ئۆيىدۇ. ئۇ ياغدىن قاتتىقراق بولىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن ياغنىڭ ماددىسى سۇغا مەنسۇپ سۇيۇق قاندىن ئىبارەت بولۇپ، ھەر ئىككىسى سوغۇقلۇق بىلەن ئۇيىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىسسىقلىق ئۇلارنى ئېرىتىدۇ. ئەمما چاۋا ياغنىڭ سوغۇقلۇقى، قويۇقلىقى ۋە ئۇيۇشچانلىقى ياغدىن ئارتۇقراق بولىدۇ. ياغنىڭ ياغ ۋە سۇ تەركىبى ئارتۇقراق بولىدۇ. بۆرەكنىڭ ئەتراپىدىن ئېلىنغان يېغىلىرى ياخشىلىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇنى ئىشلىتىشنىڭ ئەڭ ياخشى ئۇسۇلى ئۇنىڭ پەردىلىرىنى ئايرىۋېتىپ، مىس ياكى تۆمۈر قاچىغا ئېلىپ ئاپتاپتا قويۇپ ئېرىتىپ ساپال قاچىغا ئېلىپ ئىشلىتىشتۇر. تۇز ئارىلاشتۇرۇلسا بەزى كېسەللىكلەرنى قوغداشتا تەسىرى يامان ئەمەس بولسىمۇ، يەنە بەزى كېسەللىكلەر ئۈچۈن زىيانلىقتۇر.

ئۇنى ساپلاشتۇرۇش ۋە ساقلاش ئۇسۇللىرى كىتابنىڭ مۇقەددىمىسىدە بايان قىلىندى.

**تەبئىتى:** بىلگىنكى، ئەركەك ھايۋاننىڭ چاۋا يېغى چىشى ھايۋاننىڭ چاۋا يېغىدىن ئىسسىقراق، ياۋايى ھايۋاننىڭ چاۋا يېغى يەرلىك ھايۋاننىڭ چاۋا يېغىدىن ئىسسىقراق، شۇنداقلا ئوۋلانغان ھايۋاننىڭ چاۋا يېغى ئوۋلانمىغان ھايۋاننىڭ چاۋا يېغىدىن ئىسسىقراق بولىدۇ. ئاختا قىلىنغان ھايۋاننىڭ چاۋا يېغىنىڭ ئىسسىقلىقى ئوتتۇرا ھال بولۇپ، چىشى ھايۋاننىڭ چاۋا يېغىغا ئوخشاپ قالىدۇ. ئۇ گۆشتىن سوغۇقراق ۋە ھۆلرەك، يېغىسى

ئىسسىقراق، كونىسى قۇرۇق ئىسسىق بولىدۇ. ئىپىتىشلارغا قارىغاندا، ئۇ كونىرىغانسېرى قۇرۇقلۇقى ۋە ئۇچچۇچانلىقى شۇنچە ئاشىدىكەن.

ئومۇمەن چاۋا ياغىنىڭ تەبىئىتى ھەربىر ھايۋاننىڭ ئوخشىماسلىقىغا قاراپ ھەر خىل بولىدۇ. ھەربىر ھايۋاننىڭ چاۋا يېغى شۇ ھايۋاننىڭ ماۋزۇسىدا بايان قىلىندى ۋە ئاللا خالىسا بايان قىلىنىدۇ.

ئۇ يالغۇز ئىپىتىلسا ئۆچكىنىڭ چاۋا يېغى نەزەردە تۇتۇلىدىغان بولۇپ، دۈمبە ياغقا قارىغاندا قۇرۇقراق بولىدۇ، تېزرەك ھەزىم بولىدۇ، ئاشقازاندىن تېزرەك ئۆتىدۇ، ئۇزۇندىراق بۇزۇلمىدۇ.

چاۋا ياغلارنىڭ ئەڭ ھۆلى چوشقىنىڭ چاۋا يېغى بولۇپ، تەسىرى زەيتۇن يېغىنىڭ تەسىرىگە ئوخشاپ قالىدۇ. ئۇنىڭدىن قالسا ئۆردەكنىڭ چاۋا يېغى ھۆلرەكتۇر. ئۆچكىنىڭ چاۋا يېغى چوشقا ۋە ئۆردەكنىڭ چاۋا يېغىغا قارىغاندا قوپالراق بولىدۇ. مېكىيان بىلەن خورازنىڭ چاۋا يېغىنىڭ ھۆللۈكى يۇقىرىدىكى ئىككى خىل ھايۋاننىڭ چاۋا يېغىنىڭ ھۆللۈكىنىڭ ئوتتۇرىدا بولىدۇ. كالىنىڭ چاۋا يېغى قوينىڭ چاۋا يېغىغا قارىغاندا ئىسسىقراق، ساغلىق ئۆچكىنىڭ چاۋا يېغى تېكىنىڭ چاۋا يېغىغا قارىغاندا ئىسسىقراق بولىدۇ. شىرنىڭ چاۋا يېغى ھەرقانداق ھايۋاننىڭ چاۋا يېغىدىن ئىسسىقراق، تارقىتىش كۈچى ۋە ئۆتكۈرلۈكى ئارتۇقراق بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ئىششىقنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە ئىشلىتىلمەيدۇ، قاتتىق ئىششىقلار ۋە سوزۇلما ئىششىقلارنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە ئىشلىتىلسە پايدا قىلىدۇ.

**خۇسۇسىيتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ئىسسىق ئىششىقلار ۋە ئۇچەيلەرنىڭ يارىلىرىنى پىشۇرۇش ھەم يۇمشىتىش، ئاغرىقلارنى پەسەيتىش، بەدەننىڭ چوڭقۇر قىسمىغا سىڭىپ كىرىش جەھەتلەردە چوشقىنىڭ چاۋا يېغى ھەممىدىن ياخشىدۇر. ئۇنىڭدىن قالسا ئۆردەكنىڭ چاۋا يېغىمۇ بەدەنگە تېز سىڭىدۇ، شىلىمشىق بولىدۇ. ئۇنىڭدىن قالسا ساغلىق ئۆچكىنىڭ بۆرەك يېغى ئۇچەي يارىلىرى ۋە تۈز ئۈچەيلەرنىڭ سانجىلىپ ئاغرىشلىرىغا پايدا قىلىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ئاغرىقلارنى پەسەيتىدۇ، ئۇيقۇ كەلتۈرىدۇ. خورازنىڭ چاۋا يېغى دائىرىلىك چاچ چۈشۈشكە، ئۆردەكنىڭ چاۋا يېغى تىل يېرىكلىشىش، بالىياتقۇ، ئۇچەي ئىششىقىغا پايدا قىلىدۇ. گۈرۈچ بىلەن قاينىتىلىپ ئىشلىتىلسە دوۋساق يارىسىنى ساقايتىدۇ. ئۆستەڭ بېلىقىنىڭ چاۋا يېغىنى قۇياش ھارارىتى بىلەن ئېرىتىپ ھەسەل بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ كۆزگە سۈركىسە كۆرۈش كۈچىنى ئاشۇرىدۇ. دەريا بېلىقىنىڭ چاۋا يېغى پايدىلىقراق دەپ قارىلىدۇ. ئەفئا يىلىنىنىڭ چاۋا يېغى كۆزگە سۇ چۈشۈشكە پايدا قىلىدىغان بولۇپ، سىناقتىن ئۆتكەن. قاقىر ۋە باشقا ياۋايى يىرتقۇچ قۇشلارنىڭ چاۋا ياغلىرى بوغۇم ئاغرىقلىرىغا پايدا قىلىدۇ. شىرنىڭ چاۋا يېغى باھنى قۇۋۋەتلەيدۇ. موم، زۇپتى، بۇقىنىڭ

چاۋا يېغى ياكى كالا موزىيى چاۋا يېغى ياكى تېكە چاۋا يېغى ياكى ساغلىق ئۆچكىنىڭ چاۋا يېغى ياكى چوشقىنىڭ چاۋا يېغىدىن ئۈچ گىرامدىن ئېلىپ ئارىلاشتۇرۇپ زىمات قىلىنسا ئىششىقلارنى پىشۇرىدۇ، چىيقانلارنى پىشۇرۇپ ئېغىز ئالدۇرىدىغان بولۇپ، ئەڭ ياخشى دورا ھېسابلىنىدۇ. چوشقىنىڭ چاۋا يېغى باللار، ئاياللار ۋە گۆشى بوش كىشىلەرنىڭ ئىشلىتىشىگە مۇۋاپىق كېلىدۇ. بۇقىنىڭ چاۋا يېغىنىڭ ماددىلارنى تارقىتىش قۇۋۋىتى زىيادە بولغانلىقى ئۈچۈن پالەچلەر ۋە قۇرۇق ئىسسىق بولغان قاتتىق ئەزالارنىڭ ھەممىسىگە بەكرەك پايدا قىلىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، مويىنى يۇلۇۋېتىپ ئورنىغا ئەفئا يىلىنىنىڭ يېغى سۈركىسە قايتا موي ئۈنمەيدىكەن، ئەمما بۇ گەپنىڭ ئاساسى يوقتۇر. ئۆردەك بىلەن توخۇنىڭ تۈزلانغان چاۋا يېغى بالىياتقۇنىڭ ئىششىقلىرىنى تارقىتىدۇ. پىل ۋە بۇغىنىڭ چاۋا يېغى بىلەن مايلانسا زىياداش ھاشاراتنى قاچۇرىدۇ. ھىندىستان تېكىسى ھىندىچە «بىير»، مازىندارانىدا «زەبەل» دەپ ئاتىلىدىغان بولۇپ، ئۇنىڭ چاۋا يېغى پالەچ ئۈچۈن ئەڭ ياخشى دورا بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** ئىستېمال قىلىنسا كۆڭۈلنى ئاينىتىدۇ، ئاشقازاننى بوشىتىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** ئىسسىق مىزاجلىقلار ئۈچۈن سىركەنجىۋىل، لىمون سۈيى ۋە ئۇنىڭ ئوخشاشلىرى، سوغۇق مىزاجلىقلار ئۈچۈن زەنجىۋىل، تۇز ۋە ئۇنىڭ ئوخشاشلىرىدۇر.

**ئورۇنباسارى:** ھەممە تەسىرلىرى ئۈچۈن زەيتۇن يېغىدۇر، بەلكى زەيتۇن يېغىنىڭ تەسىرى ئۇنىڭ تەسىرىدىن ياخشىراقتۇر.

## پەسىل: «ش» (شىين) ۋە «ر» (رائ) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى

## شارابى مۇرەۋۋەق

**ماھىيىتى:** مۇۋاپىق مىقداردىكى نان ياكى توقاچ نان چىلانغان شاراب بولۇپ، ئالتە سائەت تۇرغۇزۇلغاندىن كېيىن سۈزۈلدۈرۈپ ئىستېمال قىلىنىدۇ. ئوزۇقلۇقى يۇقىرى بولۇپ، كېسەلدىن يېڭى قوپقانلارغا مۇۋاپىق كېلىدۇ.

## شۇربىين

(شۇربىين ئارچىسى)

بۇ، پارسچە سۆز بولۇپ، يۇنانچە «قادرەس»، فىرانسۇزچە «سەندەر»، بېنگالغا قاراشلىق ئىسلامئاباد تىلىدا «كەرجەن» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيتى:** ئۇ ئارچىنىڭ تۈرلىرىدىن بولۇپ، يوپۇرمىقى كەڭرەك بولىدۇ. مېۋىسى ئارچا مېۋىسىگە ئوخشاش، ئۇنىڭدىن كىچىكرەك بولىدۇ. ئۇنىڭدىن ھاسىل بولغان قەتران قەترانلارنىڭ ئەڭ ياخشىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بەزىلەر ئۇنى قارىغاينىڭ تۈرلىرىدىن ھېسابلايدۇ. ئارچا ئېگىزلىكىدە، ئۇنىڭدىن كىچىكرەك بولىدۇ. ئىسپاھاندا نوش دەرىخى دېگەن نام بىلەن مەشھۇردۇر. ئۇنىڭ يەنە بىر تۈرىمۇ بار بولۇپ، كىچىكرەك، تىكەنلىك، مېۋىسى ياڭاق چوڭلۇقىدا بولىدۇ، ياۋا ئارچا دەپ ئاتىلىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، شۈربىين ئارچىسى 50 يىلغىچە كۆكلەيدىكەن. فىرانسۇزلارنىڭ رەسىملىك كىتابىدا ئۇنىڭ يەنە بىر تۈرى كۆرۈلگەن بولۇپ، مېۋىسى قارىغاي مېۋىسىگە ئوخشاش، ئۇنىڭدىن چوڭراق بولىدىكەن. شاخلىرى گىرەلىشىپ ئۆسىدىغان بولۇپ، يوپۇرماقلىرى كۆپ بولىدىكەن. يەنە ئىنچىكە، سەل ئۇزۇن يوپۇرماقلارمۇ بىرگە ئۆسىدىكەن.

**تەبئىتى:** ئۇنىڭ ھەممە تۈرلىرى ئۈچىنچى دەرىجىنىڭ بېشىدا قۇرۇق ئىسسىقتۇر.

**خۇسۇسىيتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** شېخىنىڭ قايناتمىسى ئىچكى ـ تاشقى يارىلار، ئەزالار بوشاش، ئاشقازان، جىگەر ئاجىزلىقى ۋە يەل تۇرۇپ قېلىشقا پايدا قىلىدۇ. مەلھەم قىلىنسا قۇرۇقلۇق توشقىنى چىشلىۋالغان زەخىمنى ساقايتىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن لوئوق تەييارلاپ يالانسا پىل پۇت كېسەللىكىگە شىپا بولىدۇ. ئۇنىڭ مەلھىمىنى سىركىسە چاچ چۈشۈش، پىتلاشقا پايدا قىلىدۇ، ئىششىقلارنى تارقىتىدۇ، مەقئەت ۋە بالىياتقۇ كېسەللىكلىرىگە پايدا قىلىدۇ. يوپۇرمىقى بىلەن مېۋىسىنى سىركە بىلەن قاينىتىپ سۈيىدە ئېغىز چايقالسا چىش ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ. زىمات قىلىنسا بوغما كېسەل ۋە بادامبەزنىڭ ئىششىشىغا شىپا بولىدۇ. تۇز بىلەن زىمات قىلىنسا مۈڭگۈزلۈك يىلان چېقىۋالغان زەھەرنى قايتۇرىدۇ، يارىسىنى ساقايتىدۇ. سەپمە تەييارلاپ سېپىلسە قاناش، ماغدۇرسىزلىققا پايدا قىلىدۇ، يارىلارنىڭ ئېغىزلىرىنى پۈتتۈرىدۇ، بەدەننى خۇش پۇراق قىلىدۇ. قايناتمىسى بىلەن كىلىزما قىلىنسا ھەرقانداق مەددە قۇرتنى چۈشۈرىدۇ.

ئۇنىڭ مېۋىسى قورۇغۇچى، سۈيدۈك ھەيدىگۈچى، بالا ھەمراھىنى چۈشۈرگۈچىدۇر. ئۇ ھۆللۈكتىن بولغان يۆتەل، جىگەر كېسەللىكلىرى، قۇرۇقلۇق توشقىنىنىڭ چىشلىۋېلىشىغا پايدا قىلىدۇ. ئۇنىڭ مېۋىسىنى بۇغىنىڭ چاۋا يېغى ۋە ئۇنىڭ مېڭىسى بىلەن مەلھەم قىلىپ بەدەنگە سۈركىسە زىيانداش ھاشاراتنىڭ زىيان يەتكۈزۈشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** باشنى ئاغرىتىدۇ، ئورۇقلىتىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** چۈچۈمەل مېۋىلەر، يۇمغاقسۈت.

ئۇنىڭدىن ئېلىنغان قەترانىنىڭ ئەھۋالى «ق» (قاف) ۋە «ت» (تۇۋائ) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلار پەسلىدىكى «قەتران» ماۋزۇسىدا ئاللا خالىسا بايان قىلىنىدۇ.

بېنگال ۋە فىرانسىيە خەلقى ئۇنىڭ «رەۋغىنى كەرجەن» دەپ ئاتىلىدىغان قەترانىنى قۇرت يېيىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ئۆيلەر ۋە كېمىلەرنىڭ ياغاچلىرىغا سۈركەيدۇ. بەزىدە ئۇنىڭغا رەڭ قوشۇپ سۈركەيدۇ.

## شەراب
(شاراب)

هاراقنىڭ ئىلمىي نامىدۇر. هۆل ياكى قۇرۇق دورىلارغا قوشۇپ سۇ بىلەن قاينىتىپ، ناۋات شىرىسى، قەنت، هەسەل ياكى ئۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىلەرنى قوشۇپ، قىيام قىلىپ تەييارلانغان مېۋە سۈلىرىمۇ شۇ نام بىلەن ئاتىلىدۇ.

## شەرىيفە
(شەرىفە مېۋىسى)

ئۇ «سىيتا پەهل» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

**ماهىيىتى:** ئۇ هىندىستاندا بولىدىغان بىر خىل مېۋىنىڭ هىندىچە نامى بولۇپ، پارسچە «كاج» دەپ ئاتىلىدىغان قارىغاي مېۋىسىگە ئوخشايدۇ. پوستى يىرىك، قاتتىق بولىدۇ. بىر قانچە مېۋە بىر ـ بىرىگە چاپلىشىپ ئۆسىدۇ. پىشقاندىن كېيىن يۇمشاپ بىر ـ بىرىدىن ئاجرايدۇ. هەربىر پارچە مېۋىنىڭ ئىچىدىن دانچىلار چىقىدىغان بولۇپ، هەربىر دانچە ئۈستىدە، شۇنداقلا ئۇنىڭ پوستى ئىچىدە شىلىمشىق، قويۇق سۈيۈقلۇق بولىدۇ. پوستىنىڭ ئاستىدا نېپىز پەردە بار بولۇپ، ئىچىدىن قارا، سەل ئۇزۇنچاق، لوبىيا ۋە ئىنەكپىتىغا ئوخشايدىغان ئۇرۇق چىقىدۇ. ئۇنىڭ مېغىزى ئاق بولىدۇ. ئۇنىڭ دەرىخى يېيىلىپ ئۆسىدىغان بولۇپ، شاخلىرى ناهايىتى كۆپ، ئۈچ ئادەم بويى ئېگىزلىكىدە ئۆسىدۇ. يوپۇرمىقى سازەج دەرىخىنىڭ يوپۇرمىقىدىن كەڭرەك، قىسقىراق ۋە چۇرۇكرەك بولىدۇ. مېۋىسىنىڭ ياخشىسى چوڭ، ياخشى پىشقان، تاتلىق، دانلىرى چوڭ، سۈيۈقلۇقى كۆپ بولغىنىدۇر.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە هۆل ئىسسىق، شىلىمشىق هۆللۈكى بار.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ئازراق قىزىتقۇچى، ئاشقازاننى بۇزغۇچى، تىنىچ ماددىلارنى قوزغاتقۇچى، چوڭ تەرەتنى بوشاتقۇچىدۇر. ئۇرۇقلىرىنىڭ ئۈستىدىكى پەردىلىرى بىلەن ئىستېمال قىلىنسا قورساقنى ئېيسدۇ، تەستە هەزىم بولىدۇ. كۆپ ئىستېمال قىلىنسا بەلغەملىك ۋە سەۋدالىق شىلىمشىق قان پەيدا قىلىدۇ. تەپلەر، چىقانلار، قوتۇر، كالا تەمرەتكىسى ۋە ئۇنىڭغا ئوخشاش كېسەللىكلەرنى پەيدا قىلىدۇ.

ئۇنىڭ ئۇرۇقىنى سالايە قىلىپ باشقا سۇركىسە پىتنى ئۆلتۈرىدۇ ۋە يوقىتىدۇ. ئەمما كۆزگە كىرىپ كېتىشتىن ئېھتىيات قىلىش لازىم، بولمىسا كۆزنى كۆيۈشتۈرۈپ ئىششىتىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن پەرزىجە قىلىنسا ھامىلە چۈشۈرىدۇ، سىناقتىن ئۆتكەن.

# پەسىل: «ش» (شىين) ۋە «ش» (شىين) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى

## ششرىيت
(ششرىيت يىلتىزى)

**ماھىيتى:** ئۇ بىر خىل ئۆسۈملۈكنىڭ يىلتىزى بولۇپ، مىسىر شەھەرلىرىدە تېپىلىدۇ، بارماقتىن تومراق، تەمسىز، سېرىققا مايىل بولىدۇ.

**تەبىئىتى:** قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** قورساققا سۇ چۈشۈشنى داۋالاشتا سىناقتىن ئۆتكەن دەپ قارىلىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇ زەرداب سۈنى جاپاسىز ۋە كۆڭۈلنى ئاينىتماي چىقىرىدىكەن.

# پەسىل: «ش» (شىين) ۋە «ت » (تۇۋائ) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى

## شۇتەيبە
(شۇتەيبە ئوتى)

**ماھىيتى:** ئۇ بىر خىل ئۆسۈملۈك بولۇپ، قارلىق تاغلاردا كۆپ بولىدۇ. يوپۇرمىقى، ئۇرۇقى ۋە ئۆسۈملۈكىنىڭ شەكلى زىرە ئۆسۈملۈكىنىڭ شەكلىگە ئوخشايدۇ. تەمى سەل ئۆتكۈر، تاتلىق بولىدۇ. يىلتىزى بوش، بەزىلىرى ئەگرى، بەزىلىرى تۈز بولۇپ، بىر نەچچە دانە يىلتىز بىر يەرگە توپلىشىپ ئۆسىدۇ.

**تەبىئىتى:** قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ئىسسىق تەپلەرگە خاسىيتى بىلەن پايدا قىلىدۇ. سۈيدۈك ھەيدەيدۇ، تاشلارنى پارچىلاپ چۈشۈرىدۇ. ئاشقازاننىڭ يەللىرىنى ھەيدەيدۇ. جاھىل خاراكتېرلىك يەل يارىنى ساقايتىدۇ. زىمات قىلىنسا «شەۋكە» (تىكەن) دېگەن نام بىلەن مەشھۇر بولغان كېسەللىككە پايدا قىلىدۇ، سىناقتىن ئۆتكەن.

# پەسل: «ش» (شىن) ۋە «ئ» (ئەين) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى

## شەئىر
(موي)

ئۇ پارسچە «موي»، تۈركچە «قىل»، ھىندىچە «بال» دەپ ئاتىلىدۇ. مەزكۇر ئاتالغۇنىڭ كۆپلۈك شەكلى «ئەشئار»، «شۇئۇر» ۋە «شىئار» دۇر.

ماھىيىتى: كۆيگەن ۋە قۇرۇق خىلىتلارنىڭ تۈتۈنلىرى ۋە بۇسلىرىدىن پەيدا بولغان ماددىدىن ئىبارەت. موي، يۇڭ ۋە تىۋىتنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى پەرق شۇكى، موي يۇڭ بىلەن تىۋىتنىڭ ئەكسىچە پۇرلەشكەن بولمايدۇ. يۇڭ يۇمشاق ۋە نازۇك بولۇپ، قاتتىق ـ يۇمشاقلىقى موي بىلەن تىۋىتنىڭ ئارىلىقىدا بولىدۇ. پارسچە يۇڭ «پەشم»، تىۋىت «كەرەك» دەپ ئاتىلىدۇ. مەزكۇر ئۈچ خىل شەيئى بارلىق ھايۋانلارغا ئورتاق بولىدۇ. يەنى بەزىلىرىنىڭ مويى ھەم تىۋىتى بولىدۇ، مەسىلەن: ئۆچكىگە ئوخشاش. بەزىلىرىنىڭ پەقەت يۇڭى بولىدۇ، مەسىلەن: قوي ۋە قوزىغا ئوخشاش. بەزىلىرىنىڭ پەقەت تىۋىتلا بولىدۇ. مەسىلەن: كۆپ قىسىم ھايۋانلارغا ئوخشاش. ئادەمنىڭ پەقەت مويىلا بولىدۇ. مەزكۇر ئىسىم يالغۇز ئىيتىلسا ئادەمنىڭ مويى نەزەردە تۇتۇلىدۇ.

**تەبىئىتى:** قۇرۇق سوغۇق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** كۆيدۈرۈلگىنى قىزىتىدۇ، ناھايىتى قۇرۇتىدۇ. ئۇنىڭ كۆيدۈرۈلگىنى سىپىلسە ۋە ھەسەل بىلەن مەلھەم قىلىپ چىپىلسا يەل يارىغا پايدا قىلىدۇ، زەخمىلەر، ئىغىز يارىسى ۋە باشقا يارىلارغا پايدا قىلىدۇ. كۆندۈر بىلەن بىرلىكتە سەپمە قىلىپ باشتىكى يارىغا زۇپتى سۈركىگەندىن كېيىن ئۇستىدىن سىپىلسە پايدا قىلىدۇ. سەگى بىلەن مەلھەم قىلىپ سۈركىسە قوتۇر ۋە كۆزنىڭ قاتتىق قىچىشىشىنى پەسەيتىدۇ. زەيتۇن يېغى ياكى سۇ بىلەن مەلھەم قىلىنسا ئوت كۆيۈك يارىسىغا پايدا قىلىدۇ. سىركە بىلەن سالايە قىلىپ سۈركىسە سۆگەل ۋە مۇدۇر ـ چاقىلارنى يوقىتىدۇ، غالجىر ئىت چىشلىۋالغان زەخمىنى ساقايتىدۇ. شاراب، سۇ ۋە زەيتۇن يېغى بىلەن مەلھەم قىلىپ سۈركىسە باشتىكى ئىششىق ۋە ئۇنىڭ يارىسىغا پايدا قىلىدۇ. كۆيدۈرۈلمەي ھەسەل بىلەن مەلھەم قىلىپ سۈركىسە بالىلارنىڭ ئىغىز يارىسىغا پايدا قىلىدۇ. تالقانلاپ چىقىپ قالغان مەقئەتكە سىپىلسە ئورنىغا چۈشۈرىدۇ. گۈل يېغى بىلەن تېمىتىلسا قۇلاقنىڭ ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ. سەفداپ، يۇيۇلغان تۇتىيا ۋە گىل ئەرمىنى بىلەن تېمىتىلسا سۇيدۇكنىڭ

ئېچىشىپ كېلىشىگە پايدا قىلىدۇ. كۆيدۈرۈپ ئىسرىق سېلىنسا توسۇلۇشتىن بولغان تۇتقاق كېسەلگە پايدا قىلىدۇ، زىياندىش ھاشاراتنى قاچۇرىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن ھەمەلچە قىلىنسا بالىياتقۇ ئاقمىلىرىنى توختىتىدۇ، ھۆللۈكلىرىنى قۇرۇتىدۇ. تامچىلىتىلىپ تەييارلانغان سۈيى دائىرىلىك چاچ چۈشۈشكە پايدا قىلىدۇ، چاچ ئۆستۈرىدۇ، سىناقتىن ئۆتكەن. شۇنداقلا ئۇنىڭ يېغىنىڭمۇ شۇ تەسىرى باردۇر. ئۇ يەنە باھنى قۇۋۋەتلەيدۇ. كىچىك بالىنىڭ يۇمشاق چېچى ئېسىلسا نۇقرەس ۋە چايانىنىڭ چېقىۋېلىشىغا پايدا قىلىدۇ.

ئۇنى كۆيدۈرۈش ئۇسۇلى كىتابنىڭ بېشىدىكى ئۇسۇللار بابىدا، يېغى مۇرەككەپ دورىلار ياغلار بابىدا بايان قىلىندى.

## شەئرۇل جىياد
(ئات قۇيرۇقئوتى)

**ماھىيتى:** ئۇ بىر خىل ئۆسۈملۈك بولۇپ، ئات قۇيرۇقىغا ئوخشايدۇ. ئىنچىكە، قارا بولۇپ، خۇددى بىر سىقىم مويدەك بىرقانچە دانىسى بىر يەردىن چىقىپ يەرگە يېيىلىپ ئۆسىدۇ. يوپۇرماقسىز، غولسىز بولىدۇ. يىلتىزى چىڭ بولىدۇ. كۆيدۈرۈلسە كۆيدۈرۈلگەن موينىڭ پۇرىقى كېلىدۇ. ئۇ پىرسىياۋشان ئەمەستۇر.

**تەبىئىتى:** قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ئۇنىڭ بىلەن ئىسرىق سېلىنسا تۆت كۈندە بىر قېتىم تۇتىدىغان تەپكە پايدا قىلىدىغان بولۇپ، سىناقتىن ئۆتكەندۇر. ئۆزگە ئېسىۋالسا مۇساپىرلار ۋە پىيادە يول يۈرگۈچىلەرنىڭ چارچىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ.

## شەئرۇل غۇل
(ئېزىتقۇ چېچئوتى)

ئۇ «ئەلھائۇل غۇل» (ئېزىتقۇ ساقىلى) دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيتى:** ئۇ بىر خىل ئۆسۈملۈك بولۇپ، غولسىز، مېۋىسىز بولىدۇ. سەرخەسكە ئوخشايدىغان قارىغا مايىل يىرىك يوپۇرماقلار بىلەن چەكلىنىدۇ. يىلتىزى قارا، يىپلىق بولىدۇ. «دارۇل مەرز» دېگەن يەردە ئۆسىدۇ. تەنەكابۇندا «كەرق» دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇ بەزىلەر ئويلىغاندەك پىرسىياۋشان ئەمەستۇر. مالىقىينىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ پارسچە «ئەردمانە»، بەربەرچە «مامرەب»، «سىيۇن» دەپ ئاتىلىدىكەن. ئۇ بىر خىل ئۆسۈملۈك بولۇپ، ئۇچىنچى ئىقلىمدا ئۆسىدىكەن، باشقا ئىقلىملاردا بولمايدىكەن. ئۇ چاچقا ئوخشاش شەكىلدە ئۆسىدىغان

بولۇپ، يەرگە يېيىلىپ ئۆسىدىكەن، كۆپ ئۇزۇن بولمايدىكەن. شېخى، يوپۇرمىقى ۋە گۈلى بولمايدىكەن، يىغىلسا سىقىمغا سىغىدىكەن. ئوتقا تاشلانسا چاچنىڭ پۇرىقى كېلىدىكەن. بەزىلەر ئۇنى «مەسنۇن» ئۆسۈملۈكى دەپ بىلىدۇ. يىراق ماراكەشتە تىلىمسان بىلەن فاس شەھىرى ئارىلىقىدا كۆپ ئۆسىدۇ. ئۇ يەردە «لىھيەئى مەسنۇن» دېگەن نام بىلەن مەشھۇردۇر.

**تەبىئىتى:** مۆتىدىل دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** پىرسىياۋشانغا ئوخشايدۇ، كۆكرەكنى تەنقىيە قىلىش جەھەتتە ئۇنىڭدىن كۈچلۈكرەك بولىدۇ. مالىقىيىنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇنىڭ بىلەن ئىسرىق سېلىنسا تۆت كۈندە بىر قېتىم تۇتىدىغان ئۆتكۈر تەپنى يوقىتىدىكەن. بىلەككە ئېسىۋالسا مۇساپىرنىڭ يول ماڭغاندىكى ھېرىپ ـ چارچىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ.

## شەئىير
(ئارپا)

ئۇ پارسچە «جەۋ»، ھىندىچە «سەج» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** تونۇشلۇق ئاشلىقلاردىن بولۇپ، ئاق، تولۇق پىشقان، دانلىرى چوڭ، يېڭى بولغانلىرى ياخشىلىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بىر يىل ئۆتكەنلىرى ناھايىتى ناچار بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

**تەبىئىتى:** بىرىنچى دەرىجىنىڭ ئاخىرىدا قۇرۇق سوغۇق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** بۇغدايغا قارىغاندا ئوزۇقلۇقى كەمرەك، جۇلا بەرگۈچى، قورۇغۇچى، قۇرۇتقۇچى، ماددىلارنى قايتۇرغۇچى، سەپرا بىلەن قاننىڭ قاينىشىنى پەسەيتكۈچى، ئۇسسۇزلۇقنى باسقۇچى، ئىسسىق، ئۆتكۈر تەپلەرنىڭ ئۆتكۈرلۈكىنى پەسەيتكۈچى، سىل ۋە جۇدەتكۈچى تەپكە داۋا بولغۇچىدۇر. سۈتلۈكئوتلارنىڭ سۈتى ئۇنى ئىسلاھ قىلغۇچىدۇر.

**زىيانلىق تەسىرى:** بەدەننى ئورۇقلىتىدۇ، دوۋسۇنغا زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** ياغلار ۋە رۇمبەدىياندۇر.

ئاقلانغان ئارپىنى يېرىپ يۇمشاق پىشقۇچە قاينىتىپ پىسەپىلىرىنى سۇزۇۋېتىپ تەييارلانغان سۇ ئارپا سۈيى دەپ ئاتىلىدىغان بولۇپ، تەبىئىتى ھۆل سوغۇقتۇر، ئىچىلسە قان، سەپرا، كۆيگەن خىلىتلار، ئىسسىق، ئۆتكۈر تەپلەر، ئۆتكۈر كېسەللىكلەر، ئىچكى ھارارەت، جىگەر ھارارىتى ۋە زىيادە ئۇسسۇزلۇقنى پەسەيتىدۇ. جۇدەتكۈچى تەپ، سىل، يەللىك يارا، كۆكرەك پەردىسى ئىششىقى، قۇرۇقتىن بولغان يۆتەل، ئىسسىقتىن بولغان باش ئاغرىقى ۋە ئۇنىڭغا ئوخشاشلار، كۆز قاراڭغۇلىشىشقا پايدا قىلىدۇ. ئاشقازاندىن تېز ئۆتىدۇ.

ياخشى قان پەيدا قىلىدۇ، ھۆل ئاشقازاننى بوشىتىدۇ. سوغۇق مىزاجلىق ئىچكى ئەزالارغا زىيان قىلىدۇ. قورساقنى ئېسىدۇ. گۈلقەنت ئۇنى ئوڭشايدۇ. قەۋزىيەت ۋاقتىدا ئۇنى ئىستېمال قىلىشقا بولمايدۇ. ئۇنى يېرىم ھەسسە خەشخاش بىلەن سوقۇپ قايىنىتىپ ئاتالغا ئوخشاش پىشقۇچە قايىنىتىپ ئىچسە، ئىسسىقتىن بولغان باش ئاغرىقنى پەسەيتىدۇ. ئۇنىڭغا زاراڭزا ئۇرۇقى قوشۇلسا شىلىمشىق بەلغەمنى چىقىرىدۇ. تىلما كېسەللىكىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. توسالغۇلارنى ئاچىدۇ. چىلان، سەرپىستان، ئەنجۈر، پىرسىياۋشان بىلەن ئىستېمال قىلىنسا كۆكرەك ئاغرىقى، يۆتەلگە پايدا قىلىدىغان بولۇپ، سىناقتىن ئۆتكەندۇر.

ئارپا ئېشى دەپ ئاتىلىدىغان ئارپا شىرىسى سوغۇق، قۇرۇقلۇققا مايىل، ئارپا سۈيىدىن غەلىزراق بولۇپ، سەپرادىن بولغان يۆتەلگە ۋە ئىسسىق مىزاجلىق كىشىلەرگە پايدا قىلىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن غار - غار قىلىنسا گال ئىششىقىنى تارقىتىدۇ، ئاغرىقنى پەسەيتىدۇ.

ئۇ زىمات قىلىنسا ماددىلارنى ياندۇرىدۇ، قاتتىق ئىششىقلارنى تارقىتىدۇ. ئىسسىق چىيقانلارنى ئېغىز ئالدۇرىدۇ. يالغۇز ياكى باراۋەر مىقداردىكى خۇببازى ئۇرۇقى بىلەن ئىستېمال قىلىنسا سىل، كۆكرەك پەردىسى ئىششىقى، قولتۇق ئاستى بېزى، كۆكرەك، ئەمچەك، قۇلاق ئاستى بېزى ۋە باشقا ئەزالار ئىششىقلىرىنى پەسەيتىدۇ. شۇنداقلا ئاز مىقداردىكى رەۋەنچىنى بىلەن ئىشلىتىلسە ھارارىتى زىيادە ئۆتكۈر بولمىغان ئىششىقلارنى تارقىتىدۇ. سىركە بىلەن زىمات قىلىنسا سەپرادىن بولغان ئىششىقلار ۋە تىلما كېسەلگە داۋا بولىدۇ. ئارپىنىڭ ئۇنى بولمىسا ئاقلانغان ئارپا سۈيى ياكى مۇناسىپ يوپۇرماقلارنىڭ ئۇسارىلىرى بىلەن سالايە قىلىپ ئىشلىتىلسە پايدا قىلىدۇ. بېھى سۈيى بىلەن ئىستېمال قىلىنسا ئىسسىقتىن بولغان نۇقرەسكە پايدا قىلىدۇ. ھۆل يۇمغاقسۈت بىلەن ئىستېمال قىلىنسا چاشقان يارىلىرى، ئىسسىقتىن بولغان قاتتىق ئىششىقلار، گال ئىششىقىغا پايدا قىلىدۇ. ئارپىبەدىيان، زىغىر ئۇرۇقى، زۇپتى ۋە بالىلار سۈيدۈكى بىلەن زىمات قىلىنسا قاتتىق ئىششىقلارنى تارقىتىدۇ. چىيقاننى ئېغىز ئالدۇرىدۇ. ئىكلىلمىلىك ۋە خەشخاش پوستى بىلەن زىمات قىلىنسا كۆكرەك پەردىسى ئىششىقى ۋە نۇقرەسكە پايدا قىلىدۇ. سىركە بىلەن قايىنىتىپ ئىشلىتىلسە قوتۇر، قىچىشقاققا؛ نەشە، ئەپيۇن، قارا سۇنا يوپۇرمىقى سۈيى ۋە ئۇنىڭ ئوخشاشلىرى بىلەن ئىشلىتىلسە باش ئاغرىقى، كۆز ئىششىقى، نەزلىلەر ۋە تىلماغا پايدا قىلىدۇ، سۇنغان ۋە ئېزىلگەن ئۇستىخاننى تۇتقۇزىدۇ. ئەنجۈر ياكى مائۇلھەسەل بىلەن قايىنىتىپ مەلھەم قىلىپ سۈركىسە بەلغەم ۋە ئىسسىقتىن بولغان ئىششىقلارنى تارقىتىدۇ. كۆيدۈرۈپ سىركە بىلەن زىمات قىلىنسا داغ يوقىتىدۇ، تازغا پايدا قىلىدۇ.

ئارپا تالقىنى، يەنى قورۇلغان ئارپا تالقىنىنىڭ ئوزۇقلۇقى بۇغداي تالقىنىنىڭ ئوزۇقلۇقىدىن ئارتۇقراقتۇر. ئۇ ئاز مىقداردىكى شېكەر بىلەن ئىستېمال قىلىنسا بالىلار ئۈچۈن ئەڭ ياخشى ئوزۇقلۇق بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇسسۇزلۇق، ئىچكى ھارارەتنى

پەسەيتىدۇ. ئۇنىڭدىن تەييارلانغان نان ئېغىر بولۇپ، تەستە ھەزىم بولىدۇ، قورساقنى ئېسىدۇ. ئۇنىڭ خېمىرىنى ئېچىتقىچە تۇرغۇزۇپ دوغاپ بىلەن ئېرىتىپ بىر كېچە تۇرغۇزۇلغاندىن كېيىن ئىچىلسە سەپرالىق قاننىڭ قاينىشى، ئىچكى ئەزالارنىڭ ھارارىتى، زىيادە ئۇسسۇزلۇق، سەپرادىن بولغان قۇسۇش ۋە ئىسسىق تەپلەرنى پەسەيتىدۇ. سەپرادىن بولغان ئىچ سۈرۈش ۋە قىچىشقاققا تەڭداشسىز داۋا بولىدۇ.

**زىيانلىق تەسرى:** سوغۇق مىزاجلىقلارغا زىيان قىلىدۇ، قورساقنى ئېسىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** شېكەر ياكى ناۋات ئىستېمال قىلىنىشتۇر.

تالقىنىنىڭ تۈزەتكۈچىسى يۇيۇپ تاتلىق نەرسىلەر بىلەن ئىستېمال قىلىنىشتۇر.

ئارپا سۈيىنى تەييارلاش ئۇسۇلى قارابادىنىنىڭ «م» (مىيم) ۋە «ئ» (ئەلىف) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلار بابىدىكى «مائۇش شەئىير» (ئارپا سۈيى) ماۋزۇسىدا بايان قىلىندى.

## پەسىل: «ش» (شىين) ۋە «ف» (فائ) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى

### شەفنىينۇل بەررىي
(قۇرۇقلۇق ئالا پاختىكى)

ئۇ «يەمام» دېگەن نام بىلەن مەشھۇردۇر. تۈركچە «ئالا پاختەك»، ھىندىچە «بەگلا» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** ئۇ بىر خىل قۇش بولۇپ، پاختەكتىن چوڭراق، رەڭگى ئاق، بويىنىدىكى چەمبىرىكى قارا، يېرىم دائىرە شەكلىدە، پۇتلىرى ئۇزۇن بولىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇ پاختەك چوڭلۇقىدا بولىدىكەن، پارسچە «بۇتىيمار» دەپ ئاتىلىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇ ياۋا پاختەك ئىكەن. تۇمشۇقى بىلەن پۇتى قىزىل بولىدۇ. ئۇنىڭ ھىندىستان ۋە بېنگالدا كۆرۈلگىنىنىڭ بويىنىدا چەمبىرىكى يوق ئىدى، بەدىنىنىڭ ھەممە يېرى ئاق، تۇمشۇقى ئاق، پۇتلىرى ئۇزۇن، ئىنچىكە، قارا، بەزىلىرى سېرىققا مايىل ئىدى. ئۇنىڭ بەزىلىرىنىڭ بېشىنىڭ پەيلىرى ئۇزۇنراق، كۆپىنچىسىنىڭ قىسقىراق بولىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق، بەزىلەر قۇرۇقلۇقى غالىب دەيدۇ.

**خۇسۇسىيتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** بەدەننى ناھايىتى سەمىرىتىدۇ، ئۇنىڭ ھەممە قىسمى ياخشى قان پەيدا قىلىدۇ. تۇتۇپ تۇرغۇچى قۇۋۋەت، سەزگۈ ئەزالارنى قۇۋۋەتلەيدۇ. كېسەلدىن يېڭى قوپقانلار ۋە پالەچ بىمارلىرىغا مۇۋاپىق كېلىدۇ. ئەستە ساقلاش كۈچىنى ئاشۇرىدۇ. باھنى قوزغىتىدۇ.

**زىيانلىق تەسرى:** كۆپ ئىستېمال قىلىنسا ئىسسىق مىزاجلىقلارغا زىيان قىلىدۇ،

ئۇيقۇنى قاچۇرىدۇ.

**تۇزەتكۈچىسى:** سىركە، يۇمغاقسۇتتۇر. يېڭى سىغىلغان سۈت ئۇنىڭ تەسىرىنى ئاشۇرىدۇ.

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇنى بوغۇزلىغاندىن كېيىن بىر كۈن تۇرغۇزۇپ ئىككىنچى كۈنى پىشۇرۇپ ئىستېمال قىلىش لازىم ئىكەن. شۇنداقلا باشقا قۇۋۋەتلىك قۇشلارنىمۇ شۇنداق قىلىش لازىم ئىكەن.

ئۇنىڭ يېشى كىچىك، سېمىز بولغانلىرى ياخشىلىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بىر ياشتىن ئارتۇق ياشىغانلىرى، شۇنداقلا ئورۇقلىرى ناھايىتى زىيانلىقتۇر.

## شەفنىنۇل بەھرىي
(دېڭىز ئالا پاختىكى)

ئۇ ھىندىچە «ساكۇچ»، فىرانسۇزچە «پەستىناكە مەرىين» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** ئۇ سۇدا ياشايدىغان بىر خىل ھايۋان بولۇپ، رەڭگى، قانىتى ۋە ئومۇمىي شەكلى شەپەرەڭگە ئوخشايدۇ. قۇيرۇقىدا نەشتەرگە ئوخشاش تىكىنى بولىدۇ.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** كىشىنى چاقسا قاتتىق ئاغرىتىدۇ. نەشتىرى ئۇخلاش كېيىمىنىڭ ئارىسىغا سېلىپ قويۇلسا ئۇيقۇنى زىيادە قاچۇرىدۇ. ئۆيگە كۆمۈپ قويۇلسا ئۆيدىكىلەرنىڭ ئىتتىپاقسىزلىقىغا سەۋەب بولىدۇ. ئۇنى كۆيدۈرۈپ كۈلى ئىككى كىشىنىڭ ئارىسىغا چېچىپ قويۇلسا ئۇلارنىڭ ئىتتىپاقسىزلىقى ۋە بىر - بىرىنى ئۆچ كۆرۈشىگە سەۋەب بولىدۇ. شۇ سەۋەبتىن ئۇ «ھۇتۇش شەر» (يامانلىق بېلىقى) دەپ ئاتىلىدۇ.

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇنىڭ نەشتىرى كىشىنىڭ سۈيدۈكىگە چۆكۈرۈپ قويۇلسا سىيگەن ئادەمدە كۆيۈشۈش ۋە قاتتىق ئاغرىق پەيدا قىلىدىكەن، ئېلىۋەتمىگۈچە پەسەيمەيدىكەن.

## پەسىل: «ش» (شىين) ۋە «ق» (قاف) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى

## شەقاقۇل
(شاقاقۇل)

ئۇ «شەشقاقۇل»، «ھەشقاقۇل»، «شەقىيقۇل»، «ھەشقىيقۇل» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ھىندىچە «ستالى»، «سىۋالى»، «دۇدھالى»، «كاكۇل» ۋە «ستاۋەر» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** ئۇ بىر خىل يىلتىز بولۇپ، بوغۇملۇق، شىلىمشىق، سەل تاتلىق، بارماق توملۇقى ۋە ئۇزۇنلۇقىدا، ئاق بولىدۇ. ئۈسۈملۈكىنىڭ غولى بوغۇملۇق بولۇپ، ھەربىر

بوغۇمىدىن بىر دانە يوپۇرماق ئۈسۈپ چىقىدۇ. مېۋىسى نوقۇت چوڭلۇقىدا بولۇپ، قارا ۋە قارا سۇيۇقلۇق بىلەن توشقان بولىدۇ. گۈلى بىنەپشە گۈلىدىن چوڭراق بولىدۇ. باراقسان دەرەخلەرنىڭ ئاستىلىرى ۋە نەم يەرلەردە ئۈسىدۇ. يىلتىزى ئىشلىتىلىدۇ. قۇۋۋىتى تۆت يىلغىچە تۇرىدۇ.

**تەبىئىتى:** بىرىنچى دەرىجىدە ئىسسىق، ئىككىنچى دەرىجىدە ھۆل، ئارتۇق ھۆللۈكى بار.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** باھنى قۇۋۋەتلىگۈچى، توسالغۇلارنى ئاچقۇچى، بەلغەم بوشاتقۇچى، بەلنى چىڭىتقۇچى، ئاشقازان، جىگەر، بۆرەكنى قىزىتقۇچىدۇر.

**زىيانلىق تەسىرى:** ئىشتىھانى تۇتىدۇ، باشنى ئاغرىتىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** ھەسەل.

ئۇنىڭ ھەسەل بىلەن قىلىنغان مۇرابباسى زىيانسىز بولۇپ، روھلار ۋە قۇۋۋەتلەرنى ئاشۇرىدۇ، باھنى كۈچەيتىدۇ، مەنىي كۆپەيتىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** 15 گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

**ئورۇنباسارى:** باھنى قۇۋۋەتلەش ئۈچۈن چىلغوزا، بوزىدان.

## شەقايىق
(لالىگۈل)

ئۇ «شەقائىقۇن نۇئمان» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. لاتىنچە «بىياي دەرازا تىلىم»، يەنى رەڭگى ئاسان ئۆزگىرىدىغان گۈل دەپ ئاتىلىدۇ. كەسىتلان تىلىدا «ئەمايلىس»، پارسچە «لالە» دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇنىڭغا «نۇئمان» دېگەن سۆزنى قوشۇپ قويۇشنىڭ سەۋەبى، ئېيتىشلارغا قارىغاندا ئۇنىڭ رەڭگىنىڭ ھەسەن ـ ھۆسەنىنىڭ رەڭگىگە ئوخشىغانلىقىدىن ئىكەن. يەنە ئېيتىلىشچە، ئۇنىڭ رەڭگىنىڭ قاننىڭ رەڭگىگە ئوخشىغانلىقى ئۈچۈن ئىكەن، چۈنكى «نۇئمان» دېگەن سۆز قان دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىكەن. يەنە ئېيتىلىشچە، نۇئمان بىر مۇنزىر دېگەن كىشى ئۇنى ناھايىتى ياخشى كۆرىدىغانلىقى ۋە سارىيىنىڭ ئەتراپلىرىغا تېرىيدىغانلىقى ئۈچۈن ئىكەن. يەنە ئېيتىلىشىچە، ئۇ كىشىنىڭ ئۇنى بوياقلارغا كۆپ قوشقانلىقى ئۈچۈن ئىكەن، يەنى شۇ سەۋەبتىن ئۇنىڭغا «نۇئمان» دېگەن سۆز قوشۇلۇپ كېلىدىكەن.

**ماھىيىتى:** ئۇ بىر خىل ئۆسۈملۈك بولۇپ، ئۆسۈملۈكى، يوپۇرمىقى، گۈلى، مېۋىسى ۋە ئۇرۇقىنىڭ شەكلى خەشخاشقا ئوخشايدۇ. پەقەت ئۇ ھەممە جەھەتتە خەشخاش ئۆسۈملۈكىدىن كىچىكرەك، ئۇرۇقىمۇ ئۇنىڭ ئۇرۇقىدىن ئۇششاقراق بولىدۇ. ياۋا ۋە يەرلىكتىن ئىبارەت

ئىككى خىل بولىدۇ. يەرلىكنىڭ يوپۇرمىقى ياۋىسىنىڭ يوپۇرمىقىدىن ئۇششاقراق بولىدۇ. گۈل بەرگى كۆپ ھاللاردا بەش دانە بولىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ئۇنىڭ خۇددى خەشخاشنىڭ غوزىكىدىن ئېلىنغاندەك ئېلىنغان ئەپيۇنى كۈچلۈك مەست قىلىدۇ، شۇنداقلا ئۇنىڭ ئۇرۇقى ۋە پوستىمۇ خەشخاشنىڭ ئۇرۇقى ۋە پوستىغا قارىغاندا ماددىلارنى بەكرەك تارتقۇچى، ئۇچۇچانلاشتۇرغۇچى، ئاچقۇچى، ئىزلارنى يوقاتقۇچى ۋە قۇرۇتقۇچىدۇر. قۇرۇتۇلغان گۈلىنى تالقانلاپ ئالتە گىرام مىقداردا ئېلىپ ئۈزۈم شىرىسى بىلەن بىرلىكتە ئىستېمال قىلىنسا ئىچكى ئەزالار ۋە باشقا ئەزالارنىڭ بىراقلا پەيدا بولغان ئاغرىقلىرىنى ناھايىتى تېز پەسەيتىدۇ. ئۇنىڭ تالقىنى پۈركەلسە بۇرۇننىڭ قېنىنى شۇ ھامان توختىتىدۇ. تالقانلاپ سېپىلسە ھەرقانداق ئەزادىن كەلگەن قاننى توختىتىدۇ. چېچەك بىمارىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدىكى قايناتمىلىرىغا قوشۇلسا ماددىنى ئۇچۇچانلاشتۇرىدۇ ۋە تازىلايدۇ. تەر تۆشۈكچىلىرىنى ئېچىپ چېچەكنى تېرە يۈزىگە ھەيدەيدۇ. يوپۇرمىقى ۋە غولىنى ئارپا سامىنى بىلەن قايناتىپ ئىچسە سۈت، سۈيدۈك ۋە ھەيز ھەيدەيدۇ. سىقىلغان سۈيىنى سۈركىسە زەخمىلەرنىڭ كىرىنى تازىلايدۇ، تېرىنىڭ قاسراقلىششىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. كۆزنىڭ ئىششىقلىرىنى تارقىتىدۇ. سۈيى بۇرۇنغا پۈركەلسە دىماقنىڭ ھۆللۈكلىرىنى تازىلايدۇ. كۆزگە تېمىتىلسا كۆزگە چۈشكەن ئاقنى يوقىتىدۇ. شۇنداقلا ئۇنىڭ گۈل بەرگىنىڭ سۈيى كۆزگە تېمىتىلسا ۋە كۆزگە سۈركەلسىمۇ شۇ تەسىرنى بېرىدۇ. ئۇنىڭ گۈلىنى ياڭاقنىڭ كۆك پوستى بىلەن زىمات قىلسا چاچنى قارايتىدۇ، كالا تەمرەتكىسىگە داۋا بولىدۇ. ئۇرۇقىدىن كۈنىگە ئۈچ گىرام ئېلىپ سوغۇق سۇ بىلەن داۋاملىق ئىچىپ بېرىلسە ئاقكېسەلنى يوقىتىدۇ، سىناقتىن ئۆتكەن. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇنىڭ غوزىكىدىن بىر دانە ئېلىپ شاراب بىلەن ئىستېمال قىلسا سارالڭ قىلىدىكەن.

## شەقەرراق
(تاجسىز قوڭۇر ھۆپۈپ)

ئۇ «شىقىرراق»، «شەراق»، «شەرقۇق»، «شەرشەق»مۇ دېيىلىدۇ. پارسچە «كاسكىنە»، شىرازچە «كاسە شەكەنەك»، ئىسپانچە «سەبىزى قەبا»، مازىندەراندا «كەراكىر» دەپ ئاتىلىدۇ. ئەرەبلەر ئۇنى «ئەخيەل» دەپ ئاتايدۇ ۋە نەس دەپ بىلىدۇ. ھىندىچە «لەتۆرە» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** مالىقىينىڭ ئېيتىشىچە ئۇ كەپتەر چوڭلۇقىدا، ئۇنىڭدىن كىچىكرەك، يېشىل

رەڭلىك، چىرايلىق بىر خىل قۇش بولۇپ، قانىتى قارا بولۇپ، ئۇنىڭغا قىزىل، يېشىل ۋە قارا سىزىقلار ئارىلاشقان بولىدۇ. رىم، شام، خۇراسان ۋە ئۇنىڭ ئەتراپلىرىدا كۆپ بولىدۇ. خۇيى يامان بولۇپ، باشقا قۇشلارنىڭ چۇجىلىرىنى ئوغرىلايدۇ. ئاۋات يەرلەر ۋە ئادەملەردىن يىراق ياشايدۇ. تاغ چوققىلىرىغا ئۇۋا سالىدۇ. ئەمما بالىلىرىنى ئاۋات يەرلەرگە ئېلىپ كېلىدۇ. جۇپلەشكىنىنى يوشۇرىدۇ. خۇددى ئۇرۇلغاندەك ئاۋاز چىقىدۇ.

بەغدادىي بىلەن ئەنتاكىينىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ بىر خىل تونۇشلۇق قۇش بولۇپ، يېشىل، قىزىل ۋە قارا رەڭلەر بىلەن رەڭلەنگەن بولىدىكەن. دەرەخلەر ۋە تام تۆشۈكلىرىگە ئۇۋا سالىدىكەن. ياز پەسلىدە پەيدا بولىدىكەن. سىپسىق پۇرايدىكەن، كۆپ سايرايدىكەن. يەنە ئېيتىلىشىچە ئۇ قۇشقاچ چوڭلۇقىدىكى بىر قۇش بولۇپ، «پىيە» دەپ ئاتىلىدىكەن، قۇشقاچلارنى ئوۋلايدىكەن.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** قويۇق يەللەر ۋە بەلغەم خاراكتېرلىك ماددىلارنى كۆچلۈك تارقىتىدۇ. تەستە ھەزىم بولىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** ئىسسىق مىزاجلىقلارغا زىيان قىلىدۇ. باشنى ئاغرىتىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** سىركەنجۇبىل ھەسەلنى ۋە سىركەنجۇبىل شېكىرى ئىستېمال قىلىنىشتۇر. ئۇنىڭ مايىقى سۇركەلسە داغ يوقىتىدۇ.

## پەسىل: «ش» (شىين) ۋە «ك» (كاف) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى

### شۇكائا
(ئاق تىكەن)

ئۇ ئەرەبچە سۆزدۇر. يۇنانچە ئاق تىكەن دېگەن مەنىدە «ئەقرانىقى»، «ئەفشارنىقى» دەپ ئاتىلىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇ «شەۋكەتۇل بەيزائ» (ئاق تىكەن)، «شەۋكەئى ئەرەبىيە» (ئەرەب تىكىنى) ۋە «كەسىيرۇر رەكبى» دەپمۇ ئاتىلىدىكەن. لاتىنچە «ئەترەكتىياس»، پارسچە «باد ئاۋەرد» (قامغاق) دەپ ئاتىلىدۇ. توغرىراقى شۇكى، ئۇ قامغاق ئەمەستۇر، بەلكى ئۇ قامغاقنىڭ تۈرلىرىدىندۇر. ئۇ پارسچە يەنە «چەرچە» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بەزى شەھەرلەردە «كەنكەرخەر» دېگەن نام بىلەن مەشھۇردۇر. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇ ھىندىچە «ئۇنت كەتارە» دەپ ئاتىلىدىكەن.

ماھىيىتى: ئۇ ئىككى خىل بولىدۇ. بىرىنىڭ گۈلى ئاق، شاخلىرى ئىنچىكە، ئۇزۇن،

يۇتاقلىرى ئاز بولىدۇ. يەنە بىرىنىڭ گۈلى بىنەپشە رەڭ، شاخلىرى كۆچلۈكرەك، كۆپ شاخلىق، كۆككە ۋە سېرىققا مايىل بولىدۇ.

تەتقىق قىلىنىشچە، ئۇنىڭ غولى ئۈچ بۇرجەك، ئېگىز، بارماق تومۇلۇقىدا، ئۇنىڭدىن ئىنچىكىرەك، يوپۇرمىقى كىچىك، ئۈچ بۇرجەك، سەل قېلىن، ئۇزۇنچاق، ئازراق تۈكلۈك بولىدىكەن. يوپۇرمىقىنىڭ ئۈچىدا تىكىنى بولىدىكەن. گۈلى سېرىققا مايىل بىنەپشە رەڭ، تەمى تاتلىق بولىدىكەن. ئۇنىڭ يېشىل بولغىنى ياخشىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بەزىلەر سېرىق رەڭلىكىنىڭ كونىرىمىغانلىرى ياخشىلىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ، دەيدۇ. ئۇنىڭ يىلتىزى بىلەن مېۋىسى ئىشلىتىلىدۇ. يىلتىزى كۈچلۈكرەك بولىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق. ئېيتىلىشچە، بىرىنچى دەرىجىدە ئىسسىق، ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىكەن. بەزىلەر سوغۇقمۇ دېگەن.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ئۇنىڭ قۇرۇتۇش ۋە قورۇش قۇۋۋىتى قامغاقتىن كۈچلۈكرەكتۇر. زەھەر قايتۇرۇش قۇۋۋىتى باردۇر. يىلتىزى بىلەن مېۋىسى بەلغەمنى ئۇچۇچانلاشتۇرىدۇ، توسالغۇلارنى ئاچىدۇ. كۆكرەكتىن كەلگەن قاننى توختىتىدۇ. كىچىك تىل ۋە مەقئەتنىڭ ئىششىقىنى تارقىتىدۇ. قايناتمىسى ئاشقازان، جىگەر كېسەللىكلىرى، مۇرەككەپ ۋە كونا تەپلەرگە پايدا قىلىدۇ، كىچىك باللاردا بولسا تەسىرى ناھايىتى ياخشى بولىدۇ. پالەچ، رەئشە، ئۇچا ئاغرىقلىرى، ئىچ سۈرۈش، جوزام، ئاقكېسەل، بەھەقكە پايدا قىلىدۇ. بالىياتقۇ ۋە بەدەننىڭ باشقا ئەزالىرىدىن كەلگەن ھۆللۈكلەرنى توختىتىدۇ. چۈنكى ئۇ سەۋدا ۋە بەلغەم خاراكتېرلىك ماددىلارنى ھەيدەپ چىقىرىدۇ ھەمدە ئۇلارنى بەدەننىڭ چوڭقۇر قىسىملىرىدىن تارتىپ چىقىرىدۇ. ئەپسەنتىن بىلەن ئىشلىتىلسە بەدەننى سەمرىتىدۇ. ئۇنىڭ يىلتىزى قان توختىتىدۇ، مەقئەتنىڭ ئىششىقلىرىنى تارقىتىدۇ، يارىلارنى ساقايتىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** ئۆپكىگە زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** ئەرەب يېلىمى.

**ئىستېمال مىقدارى:** ئالتە گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ. «تەقۋىيم» ناملىق كىتابنىڭ ئاپتورى 15 گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ، دېگەن.

**ئورۇنباسارى:** قامغاق.

ئۇنىڭ قالغان تەسىرلىرى قامغاقنىڭ تەسىرلىرىگە ئوخشايدۇ. قامغاق «ب» (بائ) ۋە «ا» (ئەلىف) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلار بابىدا بايان قىلىندى.

«ئىختىياراتى بەدىئىي» نىڭ ئاپتورى «ئۇ شىرازچە ‹خارى مەھەك› دېيىلىدۇ، ئۇ تاغدا ئۆسىدىغان بىر خىل ئۆسۈملۈك بولۇپ، سىستان زېمىنىدا ئۆسىدۇ» دېگەن.

## شەكەرى تىيغال
(تىيغال قۇرتى شېكىرى)

ئۇ پارسچە «ئىتھال» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** ئۇ چىۋىنغا ئوخشايدىغان بىر خىل ھاشاراتنىڭ ئۇۋىسى ۋە غىلاپى بولۇپ، ئەنزىرۇت چاتقىلىدا يىپەك قۇرتىغا ئوخشاش شالىنى ئۆزىگە ئورايدۇ ۋە ئىچىدە ئۆلىدۇ. بەزىلىرىنى تېشىپ چىقىدۇ. مەزكۇر ئۇۋا بىلەن غىلاپ يېڭى ۋاقتىدا تاتلىق بولىدۇ. بەك كونىرىسا تاتلىقلىقى ئاجىزلايدۇ. مەزكۇر ھاشارات شىرازدا «خەرۇكەك»، «تىيغال»، ئۇۋىسى «شەكەرى تىغال» دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇ ئۇشەر شېكىرى ئەمەستۇر. «ئىختىياراتى بەدىئىي»نىڭ ئاپتورى ئۇنى ئۇشەر شېكىرى دەپ يېزىپ خاتالاشقان.

**تەبىئىتى:** ئىسسىقلىقى مۆتىدىل، ھۆللۈكى غالىب، شىلىمشىقتۇر.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** بەلغەم بوشىتىدۇ، ئۆپكىنى سىلىقلاشتۇرىدۇ. خىلىتلارنىڭ ئۆتكۈرلۈكى ۋە يۆتەلنى پەسەيتىدۇ. ئاۋازنى ساپلاشتۇرىدۇ. گال ۋە ئاشقازاننىڭ قۇرۇقلۇقىغا پايدا قىلىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** كۆپ ئىستېمال قىلىنسا كۆڭۈلنى ئاينىتىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** شېكەر، تەرەنجىبىن.

**ئىستېمال مىقدارى:** 15 گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

**ئورۇنباسارى:** ناۋات.

## شۇكەك
(سەنكىيا)

ئۇ «شەكەك» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئەرەبچە «سەممۇل فەئر» (چاشقان زەھىرى)، «تۇرابۇل ھالىك» (ھالاك قىلغۇچى توپا) دەپ ئاتىلىدۇ. ئىراق ۋە ماراكەش خەلقى «رەھەجۇل فەئىر» دەپ ئاتايدۇ. شىرازچە «مەرگىمۇش كانى» (چاشقان ئۆلۈمى) دېيىلىدۇ. ھىندىچە «سەنبەلكار» دەپ ئاتىلىدۇ. ئىكسىرىيانلار ئۇنى «زەرنىخى سەفىد» (ئاق زەرنىخ) دەپ ئاتايدۇ.

**ماھىيىتى:** ئۇ كاندىن چىقىدىغان بىر خىل ماددا بولۇپ، رەڭگى ئاق، ئېغىر، پارقىراق بولىدۇ. سېرىق بولغانلىرى ناچارلىرىدۇر. خۇراساندىن ئېلىپ كېلىنىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇ كۈمۈشنىڭ تۇتۇنىدىن ئىبارەت بولۇپ، كاندىن ئېلىپ كېلىنىدىكەن. قۇۋۋىتى 70 يىلغىچە ساقلىنىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن بۇزۇلىدۇ، رەڭگى توپا رەڭ، ۋەزنى ئېغىر بولۇپ ئۆزگىرىدۇ.

**تەبىئىتى:** تۆتىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ئۇ ئۆلتۇرگۇچى زەھەرلەردىندۇر. ماددىلارنى تارقاتقۇچى، چىرىتكۈچى ۋە چىدىغىلى بولمايدىغان سوغۇق زەخمىلەرنى ساقايتقۇچىدۇر. كۆزگە سۈركەلسە كۆز قەۋەتلىرىنىڭ سۇيۇقلۇقلىرىنى بىر كۈندىلا يوقىتىدۇ. ياغلار بىلەن مەلھەم قىلىنسا قىچىشقاق ۋە قوتۇرغا پايدا قىلىدۇ. گۈلاب بىلەن مەلھەم قىلىنسا سوغۇقتىن بولغان ئىششىقلارنى تارقىتىدۇ، ئىستىسقاغا پايدا قىلىدۇ. ئۇنىڭ بىر يېرىم گىرامى ئىچكى ئەزالارنى كۆيۈشتۇرۇش، تىلنى ۋە باشقا ئەزالارنى ئېغىرلاشتۇرۇش، سېزىمنى يوقىتىش، كۆزنى قىزارتىش، بەدەننى قىزىتىش، تېرىنى كۆپتۇرۇش، بەزىدە قانلىق ئىچ سۈرۈش بىلەن ھالاك قىلىدۇ. زەھەر قايتۇرۇش ئۈچۈن ھايۋاناتلارنىڭ تېرىلىرىدىن قىرىپ كۆيدۇرۇپ تۆتتىن بىرچىلىك ياكى ئىككى ھەسسە مىقداردا ئېلىپ ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن زەھەرلەنگۈچىنى قۇتقۇزۇش ئۇسۇلى سىماب يەپ زەھەرلەنگۈچىنى قۇتقۇزۇش ئۇسۇلى بىلەن ئوخشاشتۇر. ئۇنى خېمىر ياكى باشقا يېمەكلىكنىڭ ئارىسىغا ئېلىپ چاشقانغا يېگۈزسە چاشقان ئۆلىدۇ، ئۆلگەن چاشقاننى پۇرىغان ھەرقانداق چاشقانمۇ ئۆلىدۇ، شۇنداق قىلىپ ئۆيدىكى چاشقانلارنىڭ ھەممىسى يوقىلىدۇ.

ھىندىستان خەلقىنىڭ ئېيتىشىچە، سەنكىيا بەش خىل بولىدىكەن. بىرىنچى خىلى «پەتكىيا» دەپ ئاتىلىدىغان بولۇپ، زەمچىگە ئوخشاش ئاق، پارقىراق بولىدىكەن، ئوتقا سېلىنسا كۆيمەيدىكەن. ئىككىنچى خىلى «ھەلدىيا»، يەنى زەرچۋە رەڭگىدە سېرىق دەپ ئاتىلىدىكەن. ئۈچىنچى خىلى «كوديا» دېيىلىدىكەن، ئۇ مەينىڭ رەڭگىدە بولىدىكەن. تۆتىنچى خىلى «دارما» دەپ ئاتىلىدىغان بولۇپ، ئانار دانىسىنىڭ رەڭگىدە بولىدىكەن. بەشىنچى خىلى «سەنكىيا»دەپ ئاتىلىدىغان بولۇپ، ناھايىتى ئاق بولىدىكەن. ئاخىرىدىكى ئىككى خىلى ناھايىتى كەم ئۇچرايدىغان بولۇپ، سانائەت ۋە خىمىيە كەسىپلىرىدە ئىشلىتىلىدىكەن. ئۇ بەلغەم بىلەن سەۋدانى پەسەيتىدۇ، بەزگەك، ئادەم ۋە ئاتنىڭ زىققە نەپەس كېسەللىكىگە پايدا قىلىدۇ، چىش ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ، دەپ قارىلىدۇ.

## شېكەر قەند
(شەكەر قەند يىلتىزى)

ئۇ پارسچە «زەمىين قەند» دېگەن نام بىلەن مەشھۇردۇر. زېمىن ھىندىچە «ئوۋل» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** ئۇ بىر خىل ئۆسۈملۈكنىڭ يىلتىزىدىن ئىبارەت. ئۇنىڭ ئۆسۈملۈكى پېلەكلىك بولۇپ، يەرگە يېيىلىپ ئۆسىدۇ. يوپۇرمىقى ئىتىياغىقى ئۆسۈملۈكىگە ئوخشاش،

ئۇنىڭدىن كىچىكرەك بولىدۇ. گۈلىمۇ ئۇنىڭ گۈلىگە ئوخشاش، رەڭگى ئۇنىڭدىن سۇسراق ۋە كىچىكرەك بولىدۇ. ئۇنىڭ شاخچە يىلتىزلىرىنىڭ ئۇچلىرىدىن تۈرۈپ چوڭلۇقىدا مونەك يىلتىزلار ئۆسۈپ چىقىدىغان بولۇپ، پوستى قىزىل، ئىچى ئاق، سۈيى كەم بولىدۇ. مەزكۇر مونەك يىلتىزلار 10 ~ 15 دانىغىچە بولىدۇ. تۇپراقنىڭ ياخشى - يامانلىقىغا قاراپ ئۇنىڭدىن كەم ياكى زىيادە بولىدۇ. تولۇق يېتىلگەندىن كېيىن يەردىن كولاپ چىقىرىلىپ قىزىلچىغا ئوخشاش قىزىق كۆلگە كۆمۈپ ياكى سۇ بىلەن قايىنىتىپ پىشۇرۇپ پوستى سويۇۋېتىلىپ ئىستېمال قىلىنىدۇ، تاتلىق ۋە لەززەتلىك بولىدۇ. بەزىلەر ئۇنى پىشۇرغاندىن كېيىن يۇمشىتىپ ئازراق بۇغداي ئۇنى ئارىلاشتۇرۇپ خېمىرغا ئوخشاش يۇغۇرۇپ ياڭاق چوڭلۇقىدا كومىلاچ ياساپ، ياغ بىلەن قورۇپ قويۇق شېكەر ياكى ناۋات شىرىسىگە قىزىق مىلەپ ئىستېمال قىلىدۇ. بەزىلەر خۇش پۇراق قىلىش ئۈچۈن ئازراق ئىپارنى گۈلاب بىلەن ئېرىتىپ مەزكۇر شىرىگە ئارىلاشتۇرۇپ، ئۇنى شۇ شىرىگە مىلەپ ئىستېمال قىلىدۇ، ناھايىتى مەززىلىك بولىدۇ. ئۇ ھىندىچە «گۈلگۈلە» دەپ ئاتىلىدۇ.

**تەبىئىتى:** ھۆل ئىسسىق، ئارتۇق، يات ھۆللۈكى بار بولۇپ، پىشۇرۇلغان ۋە قايىنىتىلغاندىن كېيىن ئازلايدۇ.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** توسالغۇ پەيدا قىلىدۇ. ئەزلارنى قورۇيدۇ. قورساقنى ئېچىدۇ. ئومۇمەن ئۇ كۆكرەك ۋە كانايدا شىلىمشىق پەيدا قىلىدۇ.

## پەسىل: «ش» (شىن) ۋە «ل» (لام) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى

### شۇلل
(شۇل مېۋىسى)

**ماھىيىتى:** ئۇ ھىندىستاندا بولىدىغان بىر خىل دەرەخنىڭ مېۋىسىدىن ئىبارەت بولۇپ، نامەلۇم دورىلاردىندۇر. بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ ھىندىچە «بىيل» دەپ ئاتىلىدىغان ھىندىستان بېھىسى ئىكەن. بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ پىندۇقتىن چوڭراق، تەمى ئۆتكۈر، سەل ئاچچىق، قىرتاق، يۇمشاق، سىلىق، پوستىسىز بولىدىكەن. بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىچە ئۇ يۇمىلاق بولۇپ، ئۆرۈك چوڭلۇقىدا ئىكەن. بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىچە زەنجىۋىلگە ئوخشايدىكەن.

**تەبىئىتى:** ئۈچىنچى دەرىجىدە ئىسسىق، بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇقتۇر.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ماددىلارنى كۈچلۈك تارقاتقۇچى، قويۇق خىلىتلارنى سۈيۇلدۇرغۇچى، ئىچىنى سۈرگۈچى، يەل تارقاتقۇچى، پەي - نېرۋىلارنىڭ قاتتىقلىشىشى،

پالەچ، ئولتۇرغۇچ نېرۋا ئاغرىقى ۋە قۇلۇنجىغا داۋا بولغۇچىدۇر.

**زىيانلىق تەسىرى:** ئۆپكىگە زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** ھەسەل.

**ئىستېمال مىقدارى:** 1.5 گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

## شەلجەم
## (چامغۇر)

ئۇ «س» ھەرپى بىلەن «سەلجەم» دەپمۇ ئاتىلىدىغان بولۇپ، پارسچە «شەلغەم» دېگەن سۆزنىڭ ئەرەبچىلەشتۈرۈلگىنىدۇر. يۇنانچە «ئەنقىيلى»، «ئەنقەلى» دېيىلىدۇ. پارسچە يەنە «بەرشاد» ۋە «شەيلىم» مۇ دېيىلىدۇ. فىرانسۇزچە «پۇم» دەپ ئاتىلىدۇ.

ماھىيىتى: تونۇشلۇق بولۇپ، يەرلىك ۋە ياۋىدىن ئىبارەت ئىككى تۈرگە ئايرىلىدۇ. ئۇنىڭ بىر خىلىنىڭ ئۆسۈملۈكىنىڭ شاخلىرى ئۇزۇن، يوپۇرمىقى بارماق كەڭلىكىدە بولىدۇ. يىلتىزى باشقا ئۆسۈملۈكلەرنىڭ يىلتىزلىرىغا ئوخشايدىغان بولۇپ يېيىلمەيدۇ. ئۇرۇقى قارا، مېغىزى ئاق بولىدۇ. ئېتىزلىقلاردا ئۆسىدۇ. يەنە بىر خىلى نەم يەرلەر ۋە سۇغا يېقىن يەرلەردە ئۆسىدۇ. يۇنانچە «لونىيناس»، «نونىيناس» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. يىلتىزى تەرخەمەك چوڭلۇقىدا، ناھايىتى قىزىل بولۇپ يېيىلىدۇ. يوپۇرمىقى يەرلىكىنىڭ يوپۇرمىقىغا ئوخشاش، ئۇنىڭدىن ئىنچىكىرەك، سىلىق، كۆپ چىشلىق بولىدۇ. ئۇرۇقى يەرلىكىنىڭ ئۇرۇقىغا ئوخشاش، قارىغا مايىل بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۇرۇقى تەرياقى فارۇققا قوشۇلىدۇ. ئۇنىڭ يەرلىكىنىڭ يوپۇرمىقى تۈرۈپ يوپۇرمىقىغا ئوخشاش، كۆپ چىشلىق، ئۇنىڭدىن سىلىقراق، يىلتىزى يۇمىلاق، كونۇس شەكىللىك، بەزىلىرى سەل ئۇزۇنچاق بولىدۇ. يىلتىزىنىڭ ئۈچىدا ئاز مىقداردا يىپچە يىلتىزلىرى بولىدۇ. ئىستېمال قىلىنىدۇ. كۆپ شەھەرلەردە ئۆسىدۇ. يىلتىزى نارەنجى چوڭلۇقىدا، ھەتتا بەزى ئەللەر ۋە كۆچلۈك يەرلەردە تاۋۇز چوڭلۇقىدىمۇ بولىدۇ. چۈرۈك، يىپسىز بولىدۇ. بەزى قۇۋۋەتسىز يەرلەردە ئاچىز، كىچىك، يىپلىق بولىدۇ. ئۇنىڭ ياخشىسى ۋە ئىستېمال قىلىنىدىغىنى يەرلىكىنىڭ چۈرۈك، يىپسىز بولغىنىدۇر. ئۇنىڭ ئۇرۇقى قارامتۇل قىزىل بولىدىغان بولۇپ، ياۋىسىنىڭ ئۇرۇقىدىن چوڭراق بولىدۇ. ئۇ كۈزدە، قىش پەسلىنىڭ ئاخىرلىرىدا تېرىلىدۇ. بەزى شەھەرلەردە ئەتىياز پەسلىنىڭ باشلىرىدىمۇ ئاز مىقداردا تېرىلىدۇ.

تەبىئىتى: ياۋىسى ئىككىنچى دەرىجىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئىسسىق، بىرىنچى دەرىجىدە ھۆل، يەرلىكى ئىككىنچى دەرىجىنىڭ بېشىدا ئىسسىق، بىرىنچى دەرىجىنىڭ ئاخىرىدا ھۆلدۇر.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** يىلتىزىنى قايىنىتىپ پىشۇرۇپ ئىستېمال قىلسا كۆپ

ئۇزۇقلاندۇرىدۇ، يۆتەل پەسەيتىدۇ. بەلغەم بوشىتىدۇ. قەۋزىيەتكە شىپا بولىدۇ. كۆرۈش كۈچىنى ئاشۇرىدۇ، ئىشتىھانى ئاچىدۇ، باھنى قوزغايدۇ، مەنىي كۆپەيتىدۇ. ئەزالاردىكى تاشلارنى پارچىلاپ چۈشۈرىدۇ. سۈيدۈك ھەيدەيدۇ. يۇمىران يوپۇرمىقىنىڭ سۈيدۈك ھەيدەش قۇۋۋىتى ئارتۇقراق بولۇپ، تەستە ھەزىم بولىدۇ، قورساقنى ئىسىدۇ. تۈزەتكۈچىسى پىلپىل، زىرە ۋە تاتلىق نەرسىلەردۇر. ھەدىستە چامغۇر يېيىشكە بۇيرۇلۇپ: «چامغۇر يەڭلار، چۈنكى ھەرقانداق ئادەمدە جوزام تومۇرى بولىدۇ، چامغۇر ئۇنى ئېرىتىدۇ» دېيىلگەن. يەنە بىر ھەدىستە: «ھەرقانداق ئادەمدە جوزام تومۇرى بولىدۇ، ئۇنى چامغۇر بىلەن ئېرىتىڭلار» دېيىلگەن. چامغۇرنىڭ ئىنچىكە يىپچە يىلتىزلىرىنى سالايە قىلىپ ھەسەل بىلەن ئىستېمال قىلىنسا تال ئىششىقىغا پايدا قىلىدۇ، سۈيدۈكنى راۋانلاشتۇرىدۇ، سىناقتىن ئۆتكەندۇر. قايناتمىسى زىمات قىلىنسا ئىششىقلارنى تارقىتىدۇ. ئۇنىڭ ھەممە قىسمى قايىنتىلىپ سۈيى تۆكۈلسە سوغۇقنىڭ تەسىرىدىن پەيدا بولغان يېرىق، نۇقرەس ۋە سەپرادىن بولغان قىچىشقاققا پايدا قىلىدۇ. شۇنداقلا ئۇنىڭ يوپۇرمىقى، يىلتىزى ۋە ئۇرۇقلىرى مەلھەم قىلىنسا ۋە زىمات قىلىنسىمۇ شۇ تەسىرنى بېرىدۇ. ئۇنىڭ يىلتىزىنىڭ سىركىگە چىلانغىنى لەززەتلىك بولۇپ، ھۆللۈكلەرنى سۈيۈلدۇرۇلىدۇ، ئۈچەيلەرنى قۇۋۋەتلەيدۇ، ئىشتىھانى ئاچىدۇ، قورساقنى ئەسمەيدۇ. بولۇپمۇ ئۇنىڭغا قىچا قوشۇلغان بولسا جۇلا بېرىش ۋە ماددىلارنى پارچىلاش تەسىرى تېخىمۇ ئاشىدۇ. ئۇنىڭ خېمىر ئارىسىغا ئېلىنىپ چوغقا كۆمۈلۈپ تولۇق پىشۇرۇلغىنىنىڭ ماددىلارنى پىشۇرۇش تەسىرى ئاجىزراقتۇر، كېكەرتىدۇ، باھنى قوزغاش تەسىرى سىركىگە چىلانغىنىنىڭ شۇ خىل تەسىرىدىن كۈچلۈكرەك بولىدۇ، چۈنكى ئۇنىڭ ئارتۇق ھۆللۈكى ۋە يەللىرى خېمىرنىڭ ئارىسىدا پىشىش بىلەن تولۇق تارقاپ كېتەلمەيدۇ. ئۇنىڭ ھەممە قىسمى زەھەر قايتۇرىدۇ.

ئۇنىڭ ئۇرۇقى ئۈچىنچى دەرىجىدە ئىسسىق، بىرىنچى دەرىجىدە ھۆل بولۇپ، باھنى يىلتىزىغا قارىغاندا بەكرەك قۇۋۋەتلەيدۇ، بولۇپمۇ ئازراق قورۇپ ئىستېمال قىلسا بۇ خىل تەسىرى تېخىمۇ كۈچلۈك بولىدۇ. ئىشتىھانى ئاچىدۇ، زەھەر قايتۇرىدۇ. ھەممە تەسىرى ئۇنىڭ يىلتىزىنىڭ تەسىرىدىن كۈچلۈكرەك بولىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** يەل پەيدا قىلىدۇ، ئىسسىق مىزاجلىقلارنىڭ بېشىنى ئاغرىتىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** سىركەنجۇبىل، چۈچۈمەل نەرسىلەر، گۈلقەنت، قارا خەشخاش ۋە شېكەر.

**ئىستېمال مىقدارى:** ئالتە گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

ئۇنىڭ ئۇرۇقىنىڭ يېغى ئىستېمال قىلىنسا ياكى ياغلىنىلسا يەل تارقىتىدۇ، ماغدۇرسىزلىقنى تۈگىتىدۇ. جىنسىي ئەزالارنى قۇۋۋەتلەيدۇ.

ئۇنىڭ يىلتىزىنىڭ پايدىسى كۆپ بولۇپ، قارابادىنىڭ مەلھەملەر بابىدا بايان قىلىندى. ئۇنىڭ ياۋىسىنىڭ ئۇرۇقى مەلھەم قىلىنسا تېرىگە جۇلا بېرىدۇ.

## شەلىيل
(توغاچ شاپتۇل)

ئۇ خۇرا ساندا «شەقرەك»، «شىيرھۇ» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيتى:** شاپتۇلنىڭ تۈرىدىندۇر. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇ شاپتۇلنى ئۆرۈككە ئۇلاشتىن يېتىشتىدىكەن. ئۇ ئۆرۈك ۋە ياڭاق چوڭلۇقىدا، شاپتۇلدىن لەززەتلىكرەك، ئۇنىڭدىن نازۇكراق، زىيىنى كەمرەك بولىدۇ. تەبىئىتى ۋە باشقا خۇسۇسىيىتى ئۇلارغا ئوخشايدۇ.

# پەسىل: «ش» (شىين) ۋە «م» (مىيم) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى

## شەمئى
(موم)

ئۇ پارسچە «موم»، يۇنانچە «قەبرۇس» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيتى:** ئۇ تونۇشلۇق بولۇپ، ھەسەل ھەرىسىنىڭ ھەسەل يىغىدىغان كۆنىكىدىن ئىبارەت. ئۇ ئۈچ خىل بولىدۇ. بىرىنچى خىلى شۇكى، ھەسەل ھەرىسى ھەسەلنى ئۇنىڭغا يىغىدۇ، قىزىلغا ۋە سېرىققا مايىل، يۇمشاق، مايلىق، خۇش پۇراق بولىدۇ، يېڭىسىدىن ھەسەلنىڭ پۇرىقى كېلىدۇ. ئىككىنچى خىلى شۇكى، ھەسەل ھەرىسى كۆنىكىنىڭ ئارىلىق پەردىلىرىنى ئۇنىڭدىن ياسايدۇ، ئۇنىڭدا ھەسەل بولمايدۇ. ئۇ ياخشى ـ يامانلىقتا ئوتتۇرا ھال بولىدۇ. ئۈچىنچى خىلى «تەسلىيت» دېگەن نام بىلەن مەشھۇردۇر. ئۇ قارا رەڭلىك مادىدا بولۇپ، ھەسەل ھەرىسى كۆنىكىگە سۈرىدۇ، ئۇ ناچاردۇر.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىنىڭ بېشىدا ئىسسىق، ھۆللۈكى مۆتىدىل بولىدۇ. قۇۋۋىتى 30 يىلغىچە ساقلىنىدۇ.

**خۇسۇسىيتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ماددىلارنى تارقاتقۇچى، پىشۇرغۇچى، پەيلەرنى بوشاتقۇچى، يارىلارغا مۇۋاپىق كەلگۈچى، مەلھەم دورىلىرىنى ئىسلاھ قىلىپ بۇزۇلۇشىنىڭ ئالدىنى ئالغۇچىدۇر. ئۇنىڭدىن 10 دانە خەرنۇب چوڭلۇقىدا ئېلىپ بۇغداي چوڭلۇقىدا ئۇششاقلاپ مۇۋاپىق ئاتىلا ياكى ياغلار، بولۇپمۇ كۇنجۇت يېغى بىلەن ئېرىتىپ ئىستېمال قىلسا ئىچكى ئەزالاردىكى يارىلار، ئۈچەي زەخمىسى، كونا ئىچ سۈرۈشكە پايدا قىلىدۇ، زەھەرلەرنى

سۇمۇرىدۇ، سىناقتىن ئۆتكەن. كۆكرەك ئاغرىقى، يۆتەل، سىل كېسەللىكىگە تەڭداشسىز شىپا بولىدۇ، ئۇيۇغان سۇتنى ئېرىتىدۇ، گال، كىچىك تىل ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ، ئاۋازنى ساپلاشتۇرىدۇ. كۆيدۈرۈلۈپ ئىسرىق سېلىنسا تەپ بىمارلىرىنى تەرلىتىدۇ، بۇزۇق هاۋانى تازىلايدۇ. ئۇنىڭ پۇرىقى بۇرۇننىڭ سېسىق پۇرىقى، تاپ پۇرىقى ۋە قەبرىستانلىقلارنىڭ پۇرىقىنى يوقىتىدۇ. ئۇنى ئېرىتىپ گۈل يېغى ياكى باراۋەر مىقداردىكى پىشقان زەيتۇن يېغى بىلەن بىرلىكتە كىلىزما قىلسا ئۈچەي زەخىمىسىگە ئىنتايىن پايدا قىلىدۇ. مۇناسىپ ياغلار بىلەن، بولۇپمۇ بىنەپشە يېغى بىلەن سۇركەلسە بەلغەم بوشىتىدۇ، بەدەنگە سۇركەلسە هۆللۈك يەتكۈزىدۇ. ئىششىقلارغا سۇركەلسە پىشۇرىدۇ، قىچىشقاق، قوتۇرغا پايدا قىلىدۇ، زەخىملەرنىڭ ئېغىزىنى كېڭەيتىپ كىرىنى تازىلايدۇ، زەهەرلىك كەسلەنچۈكنىڭ زەخىمىسىنى ساقايتىدۇ، زەهىرىنى سۇمۇرىدۇ. سەۋسەن يېغى ياكى يەسمەن يېغى بىلەن ئېرىتىپ يۈزگە سۇركىسە رەڭگىرويىنى تازىلاپ سۈزۈلدۈرىدۇ، رەڭگىرويىنى ياخشىلايدۇ، داغ يوقىتىدۇ، پەيلەرنىڭ قاتتىق ئىششىقلىرىنى تارقىتىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، سېرىق ياكى قىزىل مومنى سەۋسەن يېغى ياكى قىزىلگۈل يېغى بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ ئاپتاپتا ئۈچ هەپتىگىچە تۇرغۇزغاندىن كېيىن قۇلاق ئاستى بېزى ۋە يېرىق بەزلىرىدىكى ئىششىقلارغا سۇركىسە ئىششىقنى تارقىتىدىكەن، ئۇنىڭغا كېسەللىك ماددىلىرىنىڭ قويۇلۇشىنىڭ ئالدىنى ئالىدىكەن. ئۇنى يالغۇز هالەتتە قەغەزدەك نېپىزلاپ ئەمچەككە چاپلانسا سۇتنىڭ ئۇيۇپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. پەيلەر ۋە ئىششىقلارنىڭ تۈگۈنچەكلىشىپ قالغان يەرلىرىگە سۇركەلسە تارقىتىدۇ. ئۇنى ئۇششاقلاپ قورۇق زەرچىۋە بىلەن سوقۇپ خالتىغا قاچىلاپ قىزىتىلغان كۇنجۇت يېغى بىلەن قىزىتىپ ئۇنىڭ بىلەن يەرلىك ئورۇنغا ئىسسىق ئۆتكۈزسە ئىششىقلار ۋە يەللەرنى تارقىتىدۇ، ئاغرىقلارنى پەسەيتىدۇ. ئۇنى ئۇد هىندىغا سۇرۇپ ئوت بىلەن كۆيدۈرسە، ئاستا ـ ئاستا ۋە ئۇزۇندا كۆيىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** موم ئىچىدىن ئىستېمال قىلىنسا ئىشتىھانى تۇتىدۇ، توسالغۇ پەيدا قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** نان.

**ئىستېمال مىقدارى:** 1.5 گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

**ئورۇنباسارى:** باقىلە ئۇنى.

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، هەسەل هەرىسىنىڭ كۆنىكى كۆيدۈرۈپ قاچىغا سۇرۇپ دېڭىز سۇيى ياكى باشقا سۇلارغا قويسا تاتلىق سۇنى ئۆزىگە سۇمۇرىدىكەن.

مومنى ئاقارتىشنىڭ ئۇسۇلى شۇكى، مومدىن مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ ئېرىتىپ سوغۇق سۇغا تۆكۈپ تېگىگە چۆككەن كىرى ئايرىلىدۇ، شۇ يوسۇندا تاكى مومنىڭ كىرى تولۇق

تۇگىگىچە داۋاملاشتۇرۇلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن مومنى ئېغىزى ئوچۇق يېڭى ساپال قازانغا تۆكۈپ ئۈستىگە دېڭىزنىڭ تۇزلۇق سۈيى، ئازراق توغرىغۇ، دېڭىز سۈيى بولمىسا تۇز سۈيى تۆكۈپ ئوت ئۈستىگە قويۇپ ئېرىگۈچە تۇرغۇزغاندىن كېيىن ئوتتىن چۈشۈرۈلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن قازاننىڭ ئىچىگە پاتقۇدەك يەنە بىر ساپال قازاننى ئۇنىڭ ئىچىگە سېلىپ تۈۋى تېگىگە تەگكۈزۈلۈپ موم ئۇنىڭغا يېپىشتۇرۇلىدۇ. سوۋۇغاندىن كېيىن قىرىپ ئېلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن يەنە تۇزلۇق سۇ، توغرىغۇ قوشۇپ ئېرىتىپ قازاننىڭ تېگىگە يۇقتۇرۇپ ئېلىپ موم يېتەرلىك مىقداردا يىغىلغىچە داۋاملاشتۇرۇلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن مەزكۇر موم قۇرسلىرى يىپلارغا يىراق - يىراق ئۆتكۈزۈلۈپ بىر قانچە كۈنگىچە ئاپتاپقا ئېسىپ قويۇلىدۇ، ئۈستىگە پات - پات سوغۇق سۇ سېپىلىدۇ، كېچىلىرى ئاي نۇرىدا قويۇلىدۇ تاكى ئاقارغىچە داۋاملاشتۇرۇلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن ئېرىتىپ مەلھەملەر ۋە مۇناسىۋەتلىك ياسالمىلارغا قوشۇلىدۇ ياكى قاچىغا ئېلىپ ئۈستىگە ناھايىتى قىزىق قايناق سۇ تۆكۈپ، قائىدە بويىچە قايىنتىپ ئاقارغىچە مەشغۇلات قىلىنىدۇ ياكى ساپلاشتۇرۇپ كىرىنى ئېرىتىپ سوغۇق سۇغا ئاز - ئازدىن تۆكۈپ ئاقارتىلىدۇ ياكى سۈپۈرگە بىلەن ئارىلاشتۇرۇلسا تېزلا دانچە ھالەتكە كېلىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇ نەمدەلگەن چىگە رەخت ئۈستىگە تۆكۈپ، ئاپتاپتا قويۇپ ئۈستىگە سۇ سېپىلىدۇ ۋە بىرنەچچە كۈنگىچە ھاۋادا ئاقارغىچە قويۇلىدۇ.

## پەسىل: «ش» (شىين) ۋە «ن» (نۇن) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى

### شەند

(شەندى ئەتىرى)

دىسقۇرىدۇس ئۇنى «ئەسمىلۇس» دەپ ئاتىغان. ھىندىچە «سەتت» دەپ ئاتىلىدۇ.

ماھىيىتى: ئۇ سۇئىي ئۇسۇلدا تەييارلىنىدىغان، بولۇپمۇ مىسىر خەلقى تەييارلايدىغان بىر خىل ئەتىر بولۇپ، ھېچ يەردە مىسىردا تەييارلانغاندەك ياخشى تەييارلانمايدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇ زەرۋى دەرىخىنىڭ تۇتۇنى ئىكەن. ئۇنى تەييارلاش ئۇسۇلى شۇكى، ھەسى لۇباندىن مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىپ چالا سوقۇپ ساپال قازانغا سېلىنىدۇ، ئۈستىگە ئۇزۇنچاق بولغان يەنە بىر قازاننى تىكلەپ، ئەتراپى گىل ھېكمەت بىلەن ئېتىلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن ئاستىغا ناھايىتى سۇس ئوت قالىنىدۇ، بۇ چاغدا ھەسى لۇباننىڭ كۆيۈندىلىرى ئۈستىدىكى قازاننىڭ ئىچىگە چاپلىشىدۇ، بەكرەك خۇش پۇراق بولۇش مەقسەت قىلىنسا

ئۈستىدىكى قازانغا ئۇد ھىندى ۋە سەندەل مەلھەملىرى سۈركىلىدۇ. ئۈستۈنكى قازاننىڭ ئورنىغا قەغەز بىلەن گۈمبەز شەكىلدە تۇۋاق ياسىلىپ تۇتۇنى قېچىپ كەتمىگۈدەك ھالەتتە ئورۇنلاشتۇرۇلسىمۇ بولىدۇ. ئۇنىڭ ئاق، خۇش پۇراق بولغان، ئىس پۇرىقى بولمىغانلىرى ياخشىلىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئۈچىنچى دەرىجىدە ئىسسىق، ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇقتۇر.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** يۈرەكنى قۇۋۋەتلىگۈچى، كېرەكسىز ماددىلارنى ھەيدىگۈچى، تاشلارنى پارچىلاپ چۈشۈرگۈچى، ئۆپكىدىكى شىلىمشىق سۇيۇقلۇقلارنى تازىلىغۇچىدۇر. زەپەر بىلەن ئىشلىتىلسە خۇرسەن قىلىدۇ، يۆتەل، نېرۋا ئاجىزلىقى، خەفەقانغا، رۇمبەدىيان بىلەن ئىشلىتىلسە قولۇنجىغا پايدا قىلىدۇ، سىناقتىن ئۆتكەن دەپ قارىلىدۇ. مەلھەم قىلىنسا يارىلارنىڭ ئېغىزلىرىنى پۈتتۈرىدۇ. تېرىدىكى ئىزلارنى يوقىتىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن ھەمەلچە قىلىنسا بوۋاسىرغا داۋا بولىدۇ، بالىياتقۇنى قۇۋۋەتلەيدۇ، قۇرۇتىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** ئىسسىق مىزاجلىق كىشىلەرنىڭ بېشىنى ئاغرىتىدۇ، ئۆپكىنى قۇرۇتىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** كۈنجۈت يېغى.

**ئىستېمال مىقدارى:** سەككىز مىللىگىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

## پەسىل: «ش» (شىن) ۋە «ۋ» (ۋاۋ) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى

### شەۋائ
(كاۋاپ)

بۇ ئەرەبچە سۆز بولۇپ، پارسچە «كەباب»، «بەريانى» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** ئۇ كاۋاپ قىلىپ پىشۇرۇلغان گۆشتىن ئىبارەت بولۇپ، مەيلى ئوت ئۈستىگە بىۋاسىتە ياكى ۋاسىتىلىك قويۇپ ياكى ياغ بىلەن قورۇپ ياكى ئۈستىدىن ياغ سېپىپ پىشۇرۇلغان بولسۇن، ھەممىنى كۆرسىتىدۇ.

**تەبىئىتى:** قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** قورۇلغان چاغدىكى پۇرىقى پۇرالسا كېسەلدىن يېڭى قوپقان كىشىلەر ۋە جاپاكەش كىشىلەرنىڭ يۈرىكىنى قۇۋۋەتلەيدۇ. ئىستېمال قىلىنسا تېز ھەزىم بولىدۇ، ياخشى كەيمۇس پەيدا قىلىدۇ. رەئىس ئەزالارنى ۋە باھنى قۇۋۋەتلەيدۇ. ئۇ كۆپ ھاللاردا تەستە ھەزىم بولىدۇ، قورساقنى ئېسىدۇ.

## شەۋاسەرا
(ئىپارئوت)

ئۇ «مىشكۇل جىن» (جىن ئىپارى) دېگەن ئۆسۈملۈكتۇر. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇ پارسنىڭ شەبانكارە شەھىرىدە «مىشكى چۇپان» (چۇپان ئىپارى) دەپ ئاتىلىدىكەن. تەنەكابۇندا «مىشكى ۋاش» دېيىلىدىكەن.

**ماھىيىتى:** رازىينىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ بەرەنجاسپىنىڭ تۈرلىرىدىن ئىكەن. دىسقۇرىدۇسنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ يۇنانچە «بەتۇس» دەپ ئاتىلىدىكەن. ئۇ بىر خىل ئۆسۈملۈك بولۇپ، ھەر يىلى يېڭىدىن ئۆسىدۇ. مىخ چوڭلۇقىدا بولىدۇ، يەرگە يېپىلىپ ئۆسىدۇ. شاخلىرى كۆپ بولىدۇ. يوپۇرمىقى ياۋا بەرەنجاسپىنىڭ يوپۇرمىقىغا ئوخشايدۇ. ئۇرۇقى شاخلىرىنىڭ ئۇچىدا بولىدۇ. يوپۇرمىقى ۋە ئۇرۇقى ناھايىتى خۇش پۇراق بولىدۇ. شۇنىڭ ئۇچۇن كىشىلەر ئۇنى كىيىم ـ كېچەكلىرىنىڭ ئارىسىغا سېلىپ ساقلايدۇ. ئەبۇ رەيھاننىڭ كىتابىنىڭ تەرجىمانى ئۆزىنىڭ «سەدنە» دېگەن كىتابىدا: «دەيلەم شەھىرىدە ‹ مىشكۇل جىن› دەپ ئاتىلىدىغان بىر خىل ئۆسۈملۈكنى كۆردۇم، رەڭگى كۇل رەڭ بولۇپ، كۆككە مايىل ئىدى. ئۆشنىگە ئوخشايتتى. غولسىز، گۈلسىز ئىدى. توپلاشقان، يەرگە يېپىلىپ ئۆسكەن كۆپ يوپۇرماقلار بىلەن چەكلەنگەن ئىكەن. يىلتىزى قارا بولۇپ، مىخ چوڭلۇقىدا ئىدى. ئۇ تاشلىق يەرلەردە ۋە چوڭ تاغلاردا ئۆسىدىكەن. ئۇنىڭ يېڭىسىدىن نەچچە ئايغىچە ئىپارنىڭ پۇرىقى كېلىپ تۇرىدىكەن» دەپ يازغان.

**تەبىئىتى:** ئۇچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** خۇرسەن قىلغۇچى، روھلار ۋە قۇۋۋەتلەرنى كۇچەيتكۇچى، ھەيز ھەيدىگۇچىدۇر. شاراب بىلەن ئىشلىتىلسە ئۆزە ئولتۇرۇپ نەپەسلىنىشكە مەجبۇر بولغان زىققىگە پايدا قىلىدۇ. كىلىزما دورىلىرىغا قوشۇلسا ئولتۇرغۇچ نېرۋا ئاغرىقى، بوغۇملار ئاغرىقلىرىغا پايدا قىلىدۇ. چۈنكى ئۇ شىلىمشىق خىلتلارنى سۈرگۈچىدۇر.

## شەۋھەت
(زەھەرلىك مازارىيون)

بۇ ئەرەبچە سۆزدۇر.

**ماھىيىتى:** ئۇنىڭ ماھىيىتى نامەلۇمدۇر. بەغدادىي: «‹شەۋھەت› چوڭ ئۆسىدىغان بىر خىل دەرەخ بولۇپ، شاخلىرى قاتتىق، بوغۇمسىز بولىدۇ، تېز ئۆسىدۇ، يوپۇرمىقى سۆگەت يوپۇرمىقىغا ئوخشايدۇ، ئوقياچىلار ئۇنىڭ ياغىچىدىن ئوقيا ياسايدۇ» دېگەن. بەزىلەر ئۇ

«نەبئى» ئۆسۈملۈكىنىڭ بىر تۈرى دېگەن. يەنە بەزىلەر ئۇنى «شەريان» ئۆسۈملۈكى دەپ بىلگەن ۋە ئۇنىڭ تاغ چوقىلىرىدا ئۆسكەنلىرى «نەبئى» ئۆسۈملۈكى، تاغ تۈۋىلىرىدە ئۆسكەنلىرى «شەۋھەت» ئۆسۈملۈكى بولىدۇ، ئۆسكەن يېرىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا قاراپ ئۇنىڭ ئىسمىمۇ ھەر خىل بولىدۇ، دېيىشكەن. «ئىختىياراتى بەدىئىي»نىڭ ئاپتورى ئۇنىڭ باشقىچە بولىدۇ، دېگەن. بەزىلەر ئۇنى مازارىيوننىڭ ناچار تۈرى دېگەن. مۇشۇ سۆز توغرىراقتۇر.

**تەبئىتى:** قۇرۇق ئىسسىق، ئۇنىڭ ھەممە قىسىملىرى قابىزلىق قۇۋۋەتكە ئىگىدۇر.

**خۇسۇسىيتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ئىچ سۈرۈشنى توختىتىدۇ، سايىسىدا ئولتۇرۇش چەكلىنىدۇ.

## شەۋكەران
(شەۋكىران)

ئۇ ئەرەبچە سۆزدۇر. بەغدادىينىڭ ئېيتىشىچە يۇنانچە سۆز ئىكەن. ئىبنى بەيتارنىڭ ئېيتىشىچە ئەندەلۇستا «ھەفۇزە» دەپ ئاتىلىدىكەن. يۇنانچە «قونيۇن»، «سەقۇنيۇن»، «بارىقۇن»، «تەفنىقۇن»، «مەنقۇسيۇن»، فىرانسۇزچە «شەبكىنە»، پارسچە «بىيخى تەفىت» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيتى:** دىسقۇرىدۇسنىڭ تۆتىنچى ماقالىدە ئېيتىشىچە، ئۇ بىر خىل ئۆسۈملۈك بولۇپ، شىلىمشىق، غولى بوغۇملۇق، ئارپىبەدىياننىڭ شېخىغا ئوخشاش، ئۇنىڭدىن تومىراق، شاخلىرىنىڭ يۇتاقلىرى كۈنلۈكسىمان، يوپۇرمىقى پىدىگەن يوپۇرمىقىغا ئوخشاش، ئۇنىڭدىن چوڭراق بولىدۇ، ئېغىر پۇرايدۇ. يۇتاقلىرىنىڭ ئۇستىدە تاجسىمان نەرسىسى بار بولۇپ، ئۇنىڭدا سېرىقچېچەك گۈلگە ئوخشايدىغان ئاق رەڭلىك گۈلى بولىدۇ. روفىسنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇنىڭ يوپۇرمىقى يەبرۇج ئۆسۈملۈكىنىڭ يوپۇرمىقىغا ئوخشاش ناھايىتى سېرىق، يىلتىزى ئىنچىكە، مېۋىسىز بولىدۇ. ئۇرۇقى نانخاغا ئوخشاش، ئۇنىڭدىن چوڭراق، تەمسىز، پۇراقسىز، لوئابلىق بولىدۇ.

بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ «دوسەر»، «دورەت» ۋە «دورەس» دەپ ئاتىلىدىغان بىر خىل ئۆسۈملۈك ئىكەن. بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ بەزرۇلبەنجى رۇمى بولۇپ، «دورەس» دەپ ئاتىلىدىكەن.

ئۇنىڭ ياخشىسى ۋە ئىشلىتىلىدىغىنى يەزد شەھىرىنىڭ تەفتى تېغىدا ئۆسكىنى بولۇپ، ئۇ «دورەس تەفتى» دەپ ئاتىلىدۇ.

بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ ھىندىچە «موتھ» دەپ ئاتىلىدىغان بىر خىل ئۆسۈملۈكنىڭ

يىلتىزى ئىكەن.

**تەبىئىتى:** ئۆتتىنچى دەرىجىدە سوغۇق، ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇقتۇر.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** سېرىقسىزلاندۇرغۇچى، مەست قىلغۇچى، ئۇخلاتقۇچىدۇر. ئىستېمال مىقدارى 250 مىللىگىرامدۇر. ئورۇنباسارى بەزرۇلبەنجدۇر. ئۇنىڭ ئالتە گىرامى كۈچلۈك دەرىجىدىكى سوغۇق زەھىرى بىلەن ئەقىلنى يوقىتىش، تەپەككۇر، زېھنىنى ۋە پىكرىنى قالايمىقانلاشتۇرۇش، كۆزنى قاراڭغۇلاشتۇرۇش، كۆزنى تورلاشتۇرۇپ ھېچ نەرسىنى كۆرگىلى قويماسلىق، ھېق تۇتقۇزۇش، ئىچكى ئەزالار ۋە پۇت - قوللارنى سوۋۇتۇش، ئاخىرىدا تارتىشتۇرۇش، كاناي ۋە كېكىردەكنى تارايتىپ، گالنى بوغۇش بىلەن ھالاك قىلىدۇ.

زەھەر قايتۇرۇش ئۈچۈن دەرھال قەي قىلدۇرۇپ، ئىچىنى سۈرۈپ قورساق تازىلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن شارابنىڭ تۈرى بولغان تىلا ناملىق شارابقا ئوخشاش زەھەر قايتۇرغۇچى نەرسىلەر ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن ئازراق ۋاقىت ئۆتكۈزۈپ ئېشەك سۈتىگە ئەپسەنتىن، پىلپىل، قۇندۇز قەھرى قوشۇپ، تىلا نامىلىق شارابقا سۇزاپ قوشۇپ ئىچۈرۈلىدۇ. قەردمانە، مىئەسائىلە، پىلپىل، چاقىقائوت ئۇرۇقى، رەۋغىنى غار، ئەنجۇدان، ھىڭ ۋە باشقا مۇناسىپ دورىلار ئىشلىتىلىدۇ. ئۇنىڭ زەھىرىنى قايتۇرۇشنىڭ باشقا تەدبىرلىرى ئەپيۇننىڭ زەھىرىنى قايتۇرۇشنىڭ تەدبىرلىرىگە ئوخشايدۇ.

ئۇنىڭ باشقىنى ئۇرۇقى قۇرۇپ قېلىشتىن بۇرۇن ئېلىپ سوقۇپ سۈيىنى چىقىرىپ، ئاپتاپتا قۇرۇتۇپ ئىشلەتسە ناھايىتى پايدا قىلىدۇ، ئۇ كۆز ئاغرىقلىرىنى پەسەيتكۈچى دورىلاردىن بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. زىمات قىلىنسا ئىسسىقتىن بولغان ئاغرىقلار، كۆيدۈرگە ۋە قىزىل كېسەللىكلىرىگە پايدا قىلىدۇ. يوپۇرمىقى بىلەن ئۇرۇقى سۈتلۈك ئەمچەككە زىمات قىلىنسا سۈتنى قۇرۇتىدۇ. ئەمچەكنىڭ ساڭگىلىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. قىزلارنىڭ ئەمچىكىگە سۈركەلسە چوڭىيىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. ئوغۇللارنىڭ ئۇرۇقدىنىغا سۈركىسىمۇ ئۇنىڭ چوڭىيىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. ياشلارنىڭ يوتىسىنىڭ يېرىقىغا سۈركەپ قويۇلسا ئېھتىلام بولۇشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. ئىششىقلىرىنى تارقىتىدۇ. زەكەرگە سۈركەلسە باھنى ئاجىزلاشتۇرىدۇ، زەكەرنىڭ چوڭىيىشىنى چەكلەيدۇ. دوۋسۇن تۈكى ۋە باشقا تۈكنىڭ ئۈنمەسلىكى مەقسەت قىلىنغان ھەرقانداق ئەزاغا سۈركەلسە تۈك ئۈنۈشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. قورساققا سۈركەلسە ئىچ سۈرۈشنى ۋە قاناشنى توختىتىدۇ. ئۇ پېشانىگە مەلھەم قىلىنسا بۇرۇننىڭ قېنىنى توختىتىدۇ. ھەكىم مىر مۇھەممەد: «ئۇنىڭ يىلتىزى بىلەن بەزرۇلبەنجنىڭ ھەربىرىدىن 15 گىرام ئېلىپ 750 مىللىلىتىر سۇغا سېلىپ، ئۇنىڭغا 150 دانە چوڭ ئۈزۈم ئۇرۇقى قوشۇپ سۇس ئوت بىلەن تاكى سۈيى تۈگىگۈچە قاينىتىلغاندىن كېيىن ئۈزۈم ئۇرۇقىنى ئايرىۋېلىپ ساقلاپ قويۇلسا، ئۇنىڭدىن بىر داندىن ئۈچ دانىغىچە ئىستېمال قىلىنسا كۈچلۈك مەست قىلىدۇ، مەنىينى تىزگىنلەيدۇ، ئۈچ

تالدىن زىيادە ئىستېمال قىلىنسا كۈچلۈك ئۆخلىتىدۇ، مەن ئۇنى «مەۋىيزى ئەمرى» (ئەمرى قۇرۇق ئۈزۈمى) دەپ ئاتىدىم» دەپ يازغان.

## شەۋەندەر
(ياۋا چامغۇر)

ئۇ «شۇۋۇندەر» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

بەغدادىينىڭ ئېيتىشچە، ئۇ پارسچە «چەغەندەر» (قىزىلچا) دېگەن سۆزنىڭ ئەرەبچىلەشتۇرۇلگىنى ئىكەن. ئۇ چامغۇرنىڭ بىر تۈرى بولۇپ، مىسىردا «لىفتى تەلىيتىلى» (تەلىيتىلى چامغۇرى) دەپ ئاتىلىدۇ. بىر تۈركۈم كىشىلەر ئۇنى قىزىل چامغۇر دەپ بىلىدۇ. ئۇنىڭ ئۆسۈملۈكى چامغۇرغا ئوخشايدۇ، ئەمما يوپۇرمىقى يىرىك، چىشلىق ئەمەس، بەلكى قىزىلچا يوپۇرمىقىغا ئوخشاپ قالىدۇ. ئۇنىڭ يوپۇرمىقى چامغۇرنىڭ يوپۇرمىقى يېيىلگەندەك يېيىلمەيدۇ، بەلكى ئۇنىڭ يىلتىزى يېيىلىدۇ. تەمى تاتلىق، سەل ئاچچىق بولىدۇ. ئەنتاكىي ئۇنىڭ سەۋزە بىلەن چامغۇردىن پەرقى يوقتۇر. پەقەت يوپۇرمىقى چىشلىق بولمايدۇ، يىلتىزى يۇمىلاقتا مايىل ئۇزۇنچاق، ناھايىتى قىزىل، ئاچچىقتا مايىل تاتلىق بولىدۇ، دېگەن. «تۆھپەتۇل مۆئمىن» ناملىق كىتابنىڭ ئاپتورى ئۇنى ياۋا چامغۇرنىڭ يېيىلىدىغان تۈرى دەپ يازغان. ئۇنىڭ ساپ قىزىل، كىچىك، يېڭى بولغانلىرى ياخشىلىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە ھۆل سوغۇق، بىرىنچى دەرىجىنىڭ ئاخىرىدا ھۆل ئىسسىقمۇ دېيىلگەن. ئۇنىڭ ھۆللۈكى ئىسسىقلىقىدىن ئارتۇقراقتۇر.

**زىيانلىق تەسىرى:** يەللەرنى تارقىتىدۇ، چىرىشنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. قىزىتىدۇ، تومۇرلاردىكى قاننى تېرە يۈزىگە تارتىدۇ. باھنى قوزغايدۇ. بەغدادىي: «ئۇنى ھۆل سوغۇق دېيىش ئۇنىڭ باھقا، سوغۇق مىزاجلىق كىشىلەرگە، ئاشقازىنى سوغۇق بولغانلارغا زىيان قىلىدىغانلىقى، تەستە ھەزىم بولىدىغانلىقى، قورساقنى ئېسىپ كوركىرىتىدىغانلىقى ئۈچۈندۇر» دېگەن. ئۇنىڭ تۇزەتكۈچىسى سىركە بىلەن قىچا ئىستېمال قىلىش ۋە يۇمشاق پىشۇرۇپ يېيىشتۇر. شەھەر خەلقى ئۇنىڭغا سۈت ياكى قېتىق قوشۇپ يېمەكلىك تەييارلايدىغان بولۇپ، تەستە ھەزىم بولىدۇ، ئەمما ناھايىتى لەززەتلىك بولىدۇ.

ئۇنىڭ ئۇرۇقى ئۆلتۈرگۈچى دورىلارنىڭ زەھەرلىرىنى قايتۇرغۇچى دورىلار ئىچىدە ناھايىتى پايدىلىقتۇر. ئەگەر زەھەر يېيىشتىن ئىلگىرى ئىستېمال قىلىنسا زەھەر ھېچقانداق تەسىر قىلمايدۇ، ئۇنىڭ زىيىنىنى بىراقلا يوقىتىدۇ. شۇ سەۋەبتىن ئۇ تەرياقى پارۇقنىڭ تەركىبلىرىنىڭ بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئەمما ئۇنىڭ يەرلىكىنىڭ ئۇرۇقىنىڭ بۇ جەھەتتىكى تەسىرى ئاجىزدۇر. ئۇنىڭ قالغان تەسىرلىرى چامغۇرنىڭ تەسىرلىرىدىن كۈچلۈكرەكتۇر. بۇ مەزمۇنلار چامغۇردىمۇ بايان قىلىندى.

# شونىز
(سىيادان)

ئۇ پارسچە سۆز بولۇپ، «شونوز»، «سىيادانە» (قارا ئۇرۇق) دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئەرەبچە «ھەببەتۇسسەۋدا» (قارا دان)، يۇنانچە «سىنۇ» دەپ ئاتىلىدۇ. دىسقۇرىدۇس ئۇنى «شىنۇن» دەپ ئاتىغان. ھىندىچە «كەلۇنجى» دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇنىڭ يېڭى، مېغىزلىق، دانلىق، پۇرىقى ئۆتكۈر بولغانلىرى ياخشىلىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

**ماھىيىتى:** بىر خىل ئۆسۈملۈكنىڭ ئۇرۇقىدىن ئىبارەت. ئۇنىڭ ئۆسۈملۈكى ئارپىبەدىيانغا ئوخشاش، ئۇنىڭدىن ئېگىزرەك، ئىنچىكىرەك، گۈلى ئاقفا مايىل سېرىق بولىدۇ. بىنەپشە رەڭمۇ بولىدۇ. يوپۇرمىقى تىلغا ئوخشايدۇ. ئۇرۇقى بەزرۇلبەنجنىڭ غىلاپىدىن چوڭراق غىلاپ ئىچىدە بولىدۇ. ئۇرۇقى رومبەدىيان چوڭلۇقىدا، قارا، تەمى ئۆتكۈر، مېغىزى ئاق بولىدۇ. قۇۋۋىتى يەتتە يىلغىچە ساقلىنىدۇ.

**تەبىئىتى:** قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** قىزىتقۇچى، ھۆللۈكلەرنى قۇرۇتقۇچى، ماددىلارنى پىشۇرغۇچى، خىلىتلارنى پارچىلىغۇچى، جۇلا بەرگۈچى، سۈت، سۈيدۈك، ھەيزنى ھەيدىگۈچى، ئۆلۈك، تىرىك ھامىلە ۋە بالا ھەمراھىنى چۈشۈرگۈچى، سوغۇق زەھەرلەرنى قايتۇرغۇچىدۇر، بۇ مەقسەتلەرگە يېتىش ئۈچۈن ئۇ ئىستېمال قىلىنىدۇ ياكى ئىسرىق سېلىنىدۇ ياكى سەۋسەن يېغى بىلەن ھەمەلچە قىلىنىدۇ.

كۆكرەك، ھەزىم، چىقىرىش ئەزالىرى ۋە باشقا ئەزالار كېسەللىكلىرى: ئىستېمال قىلىنسا ياكى زىمات قىلىنسا سوغۇقتىن بولغان يۆتەل، كۆكرەك ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ، تىك ئولتۇرۇپ نەپەسلىنىش، يىرىڭ قۇسۇش، كۆڭۈل ئېلىشىش، ئىستىسقا، يەرقان، تال كېسەللىكى، يەلدىن بولغان قولۇنجىغا پايدا قىلىدۇ. ھەر كۈنى ئەتىگەندە ئۇدا ئىستېمال قىلىنسا سۈيدۈك، ھەيز ۋە سۈتنى ھەيدەيدۇ. مۇناسىپ ياغ بىلەن مەلھەم قىلىنسا رەڭگىروينى قىزارتىدۇ، تېرىنى تازىلايدۇ. سىركە بىلەن زىمات قىلىنسا ياكى ئىستېمال قىلىنسا ئاشقازاندىكى تورلۇك مەددە قۇرتلارنى چۈشۈرىدۇ. 5~10 گىرامغىچە ئېلىپ ئىلمان سۇ بىلەن ئىشلىتىلسە، غالجىر ئىت چىشلىۋېلىش، ئۆمۈچۈك چېقىۋېلىشقا داۋا بولىدۇ. سىركەنجۇبىل بىلەن ئىشلىتىلسە، تۆت كۈندە بىر قېتىم تۇتىدىغان تەپ، بەلغەمدىن بولغان كونا تەپكە پايدا قىلىدۇ. سۇ ۋە ھەسەل بىلەن ئىشلىتىلسە تىك ئولتۇرۇپ نەپەسلىنىش، بۆرەك، دوۋساقتا تاش پەيدا بولۇش ۋە كونا تەپلەرگە پايدا قىلىدۇ. توغرىغۇ بىلەن ئىشلىتىلسە سىيىش قىيىنلىشىشقا داۋا بولىدۇ. ئۇنىڭ كۆيدۈرۈلگىنى بوۋاسىرغا پايدا

قىلىدۇ، بولۇپمۇ ھەببۇلئاس قىيامى بىلەن ئىستېمال قىلىنسا تەگداشسىز پايدا قىلىدۇ. ئۇنىڭ خېمىنى ياكى خالتىغا قاچىلاپ سىركىگە بىر كېچە چىلانغىنىنى پۇرىسا، شۇنداقلا ئۇنىڭ سىركىگە بىر كېچە چىلانغىنىنى ئەتىگەندە سالايە قىلىپ بۇرۇنغا پۈركىسە، سوغۇقتىن بولغان كونا باش ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ، دىماق پۈتۈش، نەزلە، زۇكام ۋە لەقۋاغا ئىنتايىن پايدا قىلىدۇ. ئۇنىڭدىن يەتتە دانە ئېلىپ ئايالىلارنىڭ سۈتىگە بىر سائەت چىلاپ قويغاندىن كېيىن شۇ سۈت يەرقان بولغان ۋە كۆز ئېقى سارغىيىپ كەتكەن ئادەمنىڭ بۇرنىغا تېمىتسىلا توسالغۇلارنى كۆچلۈك ئېچىش تەسىرى بىلەن مەزكۇر كېسەللىككە داۋا بولىدۇ. ئۇنىڭ سالايە قىلىنغىنى ئىرىسا يېغى بىلەن بىرلىكتە بۇرۇنغا پۈركۈلسە، كۆزگە چۈشكەن دەسلەپكى مەزگىلدىكى سۇنى يوقىتىدۇ. شۇنداقلا ئۇ كۆزگە سۈركەلسىمۇ شۇ تەسىرنى بېرىدۇ. قىزىتىپ باشقا ئىسسىق ئۆتكۈزسە زۇكامغا پايدا قىلىدۇ، باشقا ئەزالارغا ئىسسىق ئۆتكۈزسە يەللەرنى تېز تارقىتىدۇ. ئۇنى سىركە بىلەن يالغۇز ياكى قارىغاي ياغىچى بىلەن بىرلىكتە قاينىتىپ سۈيى بىلەن ئېغىز چايقالسا، سوغۇقتىن بولغان چىش ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ. باشنىڭ ئالدى تەرىپىگە زىمات قىلىنسا نەزلە سۈيۇقلۇقلىرىنىڭ تەكرار چۈشۈشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ، سوغۇقتىن بولغان باش ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ. دىماقتىكى توسالغۇنى ئاچىدۇ. شاراب سىركىسى ياكى ئۈزۈم سىركىسى بىلەن زىمات قىلىنسا سۆگەل، خاللارنى يوقىتىدۇ، تېرىنىڭ قاسراقلىنىشىغا شىپا بولىدۇ. بوغۇم ئاغرىقلىرى، بەھەق، ئاقكېسەل، تاز، كالا تەمرەتكىسىگە پايدا قىلىدۇ. كىچىك بالىلارنىڭ سۈيدۈكى بىلەن زىمات قىلىنسا قاتتىق ئىششىقلارنى تارقىتىدۇ، سۆگەللەرنى چۈشۈرىدۇ، سىناقتىن ئۆتكەن. ھۆل ئاچچىقتاۋۇز سۈيى بىلەن مەلھەم قىلىپ كىندىكنىڭ ئەتراپىغا چېپىلسا قاپاق ئۇرۇقىسىمان مەددىنى كۆچلۈك چۈشۈرىدۇ. شىھ ئۆسۈملۈكى سۈيى بىلەن زىمات قىلىنسا يىلانسىمان مەددىنى تولۇق چۈشۈرىدۇ. ئۇ ئەفئا يىلىنى قېنى، شەپەرەڭ قېنى ۋە قارلىغاچ قېنى بىلەن سالايە قىلىپ سۈركەلسە داغنى ناھايىتى ياخشى يوقىتىدۇ. ھەسەل ۋە ياغ بىلەن ئىشلىتىلسە بالىياتقۇنىڭ تۇغۇت قېنى ئېقىۋاتقان مەزگىلدىكى ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ. قىزىلگۈل يېغى بىلەن زىمات قىلىنسا تۇرلۇك قوتۇرغا داۋا بولىدۇ. ئۇنىڭ كۆيدۈرۈلگىنى ئېرىتىلگەن موم، سەۋسەن يېغى، خېنە ياكى ئۇلارغا ئوخشاش دورىلار بىلەن زىمات قىلىنىپ تاقىرباشقا داۋاملىق چېپىلسا چاچ ئۇندۇرىدۇ، چاچنىڭ قايتا چۈشۈشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. ئۇنىڭ ئازراق قورۇلغىنىنى سوقۇپ گۈلاب بىلەن مەلھەم قىلىپ چېپىلسا پاقالچاقتىكى سەۋدادىن بولغان زەخملەرنى ساقايتىدۇ، سىناقتىن ئۆتكەندۇر. كىچىك بالىلارنىڭ سۈيدۈكى بىلەن زىمات قىلىنسا تاز ۋە ھۆل سوغۇقتىن بولغان باشقا يارىلارغا پايدا قىلىدۇ. ئۇنىڭ قورۇلغىنىنى سوقۇپ زەيتۇن يېغى بىلەن قاينىتىپ، يېغىنىڭ پىسەپىلىرىنى سۈزۈۋېتىپ بۇرۇنغا ئىلمان ھالەتتە ئۈچ ـ تۆت تامچە تېمىتىلسا، كۆپ چۈشكۈرتىدىغان زۇكامغا پايدا

قىلىدۇ، سىناقتىن ئۆتكەن. ھەبىبتۇلخۇزرا يېغى بىلەن بىرلىكتە قولاقتا تېمىتىلسا قولاقنىڭ تۇسالغۇلىرىنى ئاچىدۇ، يەللىرىنى تارقىتىدۇ، ئاغرىقلىرىنى پەسەيتىدۇ. ئۇنىڭ ئىسى زىياندىن ھاشاراتلەرنى قاچۇرىدۇ.

**زىيانلىق تەسرى:** (1) سىيادان كۆپ ئىستېمال قىلىنسا ئىسسىق مىزاجلىق كىشىلەردە بوغما كېسىلى پەيدا قىلىدۇ، سۈيدۈك ھەيدەيدۇ.

(2) بۆرەككە زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** ئۇنى سىركىگە چىلاپ ئىستېمال قىلىشتۇر.

**تۈزەتكۈچىسى:** كەتىرا.

**ئىستېمال مىقدارى:** سوغۇق مىزاجلىقلارغا ئالتە گىرامدىن، ئىسسىق مىزاجلىقلارغا بىر يېرىم گىرامغىچە ئىستېمال قىلدۇرۇلىدۇ.

**ئورۇنباسارى:** رۇمبەدىيان، يېرىم ھەسسە سېرىقچېچەك ئۇرۇقى.

ئۇنىڭ يېغى زەيتۇن يېغى بىلەن ئىستېمال قىلىنسا ياكى مەلھەم قىلىنسا باھ قۇۋۋىتىدىن ئۈمىد ئۈزگەنلەرنىڭ قۇۋۋىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرىدۇ، سىناقتىن ئۆتكەن، دەپ قارىلىدۇ. ئۇنىڭ ئەرەق قارىنى بىلەن چىقىرىلغان يېغى جىنسىي ئەزالار ۋە بەلگە سۈركەلسە باھنى تەڭداشسىز قوزغىتىدۇ، سوغۇقتىن بولغان ئاغرىقلارنى پەسەيتىدۇ، پەيلەرنى چىڭىتىدۇ، تۇسالغۇلىرىنى ئاچىدۇ. شۇنداقلا ئۇ مۇناسىپ دورىلار بىلەن ئىستېمال قىلىنسىمۇ مەزكۇر كېسەللىكلەرگە پايدا قىلىدۇ.

قەرەشىنىنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇنىڭ ئۈسۈملۈكى كۆلگە تاشلانسا بېلىقلار سۇ يۈزىگە چىقىدىكەن.

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇنىڭ بىر خىل تۈرى بار بولۇپ، گالنى بوغىدىكەن، كۆڭۈلنى ئاينىتىدىكەن. ئۇنىڭ زەھىرىنى قايتۇرۇش ئۈچۈن قەي قىلدۇرۇلىدۇ، سۈت ئىچۈرۈلىدۇ ۋە كۇندۇشتىن زەھەرلەنگەندىكى باشقا تەدبىرلەر قوللىنىلىدۇ.

## پەسىل: «ش» (شىين) ۋە «ي» (يائ) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى

### شەيبە

(باغ ئۆشنىسى)

ئۇ ئەرەبچە سۆزدۇر. ئۇ «شەيبەتۇلئەجۇز» ئۆسۈملۈكى ئەمەستۇر. بەزىلەر ئۇنى باغ ئۆشنىسى دەپ ئاتايدۇ.

**ماھىيتى:** ئۇ بىر خىل ئۆسۈملۈك بولۇپ، غولى ۋە شاخلىرى ئاق، يوپۇرمىقى ئاققا مايىل بولىدۇ. يوپۇرمىقىغا توپا - چاڭ قونىدۇ. يوپۇرمىقى خۇددى قايچە بىلەن ئۇششاق توغرىۋەتكەندەك بولىدۇ. خۇش پۇراق، ئۆتكۈر پۇرايدىغان بولۇپ، يالپۇزنىڭ پۇرىقىغا ئوخشايدۇ. باغلار ۋە ھۆل - يېغىن كۆپ بولىدىغان ئورۇنلاردا كۆپ ئۆسىدۇ. شىرازادا كۆپ بولىدۇ. ئۇنى باغلار ۋە قەبرىستانلىقلارغا كۆپ تېرىيدۇ. ئۇنى «رەيھانى كېرمانىي» (كېرمان رەيھىنى) ۋە «ھەبەقى كېرمانى» (كېرمان ھەبەق ئۆسۈملۈكى) دەپمۇ ئاتىشىدۇ. پۇرىقى كافۇرنىڭ پۇرىقىغا ئوخشايدۇ.

**تەبئىتى:** ئۇچىنچى دەرىجىدە ئىسسىق، ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق، بىرىنچى دەرىجىنىڭ ئاخىرىدا قۇرۇقمۇ دېيىلگەن.

**خۇسۇسىيتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** توسالغۇلارنى ئاچقۇچى، ماددىلارنى تارقاتقۇچى، ھەيز ماڭدۇرغۇچى، كېرەكسىز ماددىلار ۋە نەزلە خاراكتېرلىك ماددىلارنى تازىلغۇچىدۇر، بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ئىستېمال قىلىنىدۇ. زىمات قىلىنسا يەلدىن ۋە بەلغەمدىن بولغان ئىششىقنى تارقىتىدۇ. ئىششىقنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە زىمات قىلىنسا ئىششىق ماددىلىرىنىڭ يەرلىك ئورۇنغا كېلىشىنى توسىدۇ، ئاخىرقى مەزگىلىدە زىمات قىلىنسا ئىششىقنى تارقىتىدۇ. بالىياتقۇنىڭ يەللىرىنى تارقىتىدۇ. ھەيز ماڭدۇرىدۇ، ھامىلىنى تارتىپ چىقىرىدۇ، بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ئىستېمال قىلىنىدۇ ياكى ھەمەلچە قىلىنىدۇ ياكى قاينىتىلمىسىدا ئولتۇرۇلىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** بەش گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ. شاراب ۋە مائۇلھەسەل بىلەن ئىستېمال قىلماقچى بولغاندا ئېھتىياجغا ئاساسەن مۇۋاپىق مىقداردا ئىستېمال قىلىنسا بولىدۇ.

## شيح

(شىھ ئەرمىنى)

ئۇ يۇنانچە «سارىقۇن»، «ۋاقىدا نىيا»، ئۆسۈملۈكى «ستانجىرىيا» دەپ ئاتىلىدۇ. پارسچە «دەرمەنە» دېيىلىدۇ.

**ماھىيتى:** ئۇ بىر خىل ئۆسۈملۈك بولۇپ، ئېگىزلىكى سېرىقچېچەك ئېگىزلىكىدە بولىدۇ. گۈلى خۇش پۇراق، ئۆزى ئاچچىق بولىدۇ. سەل ئۆتكۈر بولۇپ، ئەپسەنتىن رۇمىنىڭ تەمىگە ئوخشايدۇ. ئەمما ئۇنىڭ قىرتاقلىقى ئەپسەنتىنىنىڭ قىرتاقلىقىدىن ئاجىزراق، ئىسسىقلىقى ئۇنىڭدىن ئارتۇقراق بولىدۇ. يوپۇرماقلىرى ئۇششاق، چۈرۈك بولۇپ، سۇزاپ يوپۇرمىقىغا ئوخشايدۇ. بەزىلىرى سېرىققا مايىل، بەزىلىرى توپا رەڭگە مايىل بولىدۇ. گۈلى سېرىق ۋە قىزىل رەڭلەردە بولىدۇ. تاغدا ئۆسىدىغىنى، چۆللەردە ئۆسىدىغىنى بولىدۇ. تاغدا

ئۈسىدىغىنى چۈلدە ئۈسىدىغىنىدىن كۆچلۈكرەك بولىدۇ. گۈلى سېرىققا مايىل، يوپۇرمىقى سۆزاپ يوپۇرمىقىغا ئوخشاش، ئۈسۈملۈكى سېرىقچېچەك ئۈسۈملۈكىدىن كىچىكرەك بولغىنى شىھ ئەرمىنى دەپ ئاتىلىدۇ. تويا رەڭگە مايىل، ئۇرۇقى ئەپتىمۇن ئۇرۇقىغا ئوخشاش، ئۇنىڭدىن سەل چوڭراق، قارامتۇل بولغىنىنىڭ شىلىمشىق سۈيۈقلۇقى بولىدۇ. ئۇنىڭ تاغدا ئۈسىدىغىنى يۇنانچە «ئەقلىيۇن» دەپ ئاتىلىدىغان بولۇپ، تەمى ئاچچىق بولىدۇ. يوپۇرمىقى كەڭ، گۈلى قىزىل بولغىنى شىھ خوراسانى ۋە شىھ تۈركىي دەپ ئاتىلىدۇ. دەرمەنە تۈركى بىستىياج ئۈسۈملۈكىنىڭ ئۇرۇقى بولۇپ، «ۋەخشىيزەك» دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇ تونۇشلۇق ئۇرۇق بولۇپ، بىستىياجدا بايان قىلىندى.

ئۇنىڭ ھەممە تۈرلىرىنىڭ گۈلى ئىشلىتىلىدۇ. قالغان قىسىملىرى ئىشلىتىلمەيدۇ. ئۈسۈملۈكى كۆيدۈرۈلىدۇ.

ئىپتىشلارغا قارىغاندا، ئۇ ئەپسەنتىننىڭ بىر تۈرى ئىكەن. «مىنھاج» دېگەن كىتابنىڭ ئاپتورىنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ ئىككى خىل بولىدىكەن. بىر خىلىنىڭ ياغىچى كاۋاك بولىدىكەن. يوپۇرمىقى ئارچا يوپۇرمىقىغا ئوخشايدىكەن. يەنە بىر خىلى ئەرمەندىن چىقىدىغان بولۇپ، سېرىق بولىدىكەن. ئەبۇ ئەلى ئىبن سىنامۇ ئۇنىڭ بىر تۈرىنىڭ يوپۇرمىقىنىڭ ئارچا يوپۇرمىقىغا ئوخشايدىغانلىقى، ياغىچىنىڭ كاۋاك بولىدىغانلىقىنى ئېيتقان. ئۇ ئىسرىقلاردا ئىشلىتىلىدۇ. ئۇنىڭ ئىككىنچى تۈرىنىڭ يوپۇرمىقى يۇلغۇن يوپۇرمىقىغا ئوخشايدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا ئۇنىڭ ئۈچىنچى تۈرىمۇ بار بولۇپ، سېرىق بولىدىكەن، ئۇ «ھەرىقۇن ئەرمىنى» ۋە «ئەفسەنتىينۇلبەھر» (دېڭىز ئەپسەنتىنى) دەپ ئاتىلىدىكەن.

ئۇنىڭ ياخشىسى ئەرمەندىن چىققىنىدۇر.

**تەبىئىتى:** ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق. ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇقمۇ دېيىلگەن.

**خۇسۇسىيتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ئىستېمال قىلىنسا ياكى زىمات قىلىنسا توسالغۇلارنى ئاچىدۇ، بەلغەم بوشىتىدۇ، يەللەرنى تارقىتىدۇ، بۇزۇق خىلىتلارنى سۈرىدۇ، كېرەكسىز ماددىلارنى ھەيدەيدۇ، تۈرلۈك مەددە قۇرتلارنى چىقىرىدۇ. ئىستېمال قىلىنسا چايان، ئۈمۈچۈك چېقىۋالغان زەھەر ۋە سوغۇق زەھەرلەرنى قايتۇرىدۇ، نەپەس قىيىنلىشىش، ھېق تۇتۇش، قورساق ئاغرىقى، يانپاش ئاغرىقى ۋە مۈرەككەپ تەپلەرگە پايدا قىلىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** زەھەر قايتۇرۇش ئۈچۈن 10 گىرامغىچە، باشقا مەقسەتلەر ئۈچۈن ئالتە گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** ئاشقازان، پەيگە زىيان قىلىدۇ. باشنى ئاغرىتىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** مەستىكى، تۇرمۇس.

**ئورۇنباسارى:** باۋارەر مىقداردا ئەپسەنتىن. بەزىلەر سۆزاپىنى ئۇنىڭ ئورۇنباسارى دەپ بىلىدۇ.

تەنقىيەدىن كېيىن ئۇنىڭ قايىنتىلمىسى بىلەن ئىسسىق ئۆتكۈزۈلسە، شۇنداقلا سۈركىسە بەلغەمدىن بولغان كۆز ئاغرىقىغا پايدا قىلىدۇ، قويۇق بەلغەمدىن بولغان باشقا ئىششىقلارنى تارقىتىدۇ. ئۇنىڭ كۈلى زەيتۇن يېغى، يەسمەن يېغى ياكى باشقا ياغلار بىلەن زىمات قىلىنسا دائىرىلىك چاچ چۈشۈشكە پايدا قىلىدۇ، تېز چاچ ئۈندۈرىدۇ. يەل يارىغا سېپىلسە پايدا قىلىدۇ. ئۇنىڭ گۈل يېغى تەييارلاش ئۇسۇلى بىلەن تەييارلانغان يېغى نەپەس قىيىنلىشىش، جۆغ - جۆغ، سوغۇقتىن بولغان كېسەللىكلەر، ئاشقازان ئىششىقى، ئىستىسقاغا پايدا قىلىدۇ، مەددە قۇرتنى چىقىرىدۇ. چايان، ئۆمۈچۈك چېقىۋالغان زەھەرنى قايتۇرىدۇ، گۆش ئۈندۈرىدۇ.

## شيهۇل بەهرىي
(يەهۇدىي بېلىقى)

ئۇ «شيه يەهۇدىي»، «سەمەك يەهۇدىي» (يەهۇدىي بېلىقى) دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ماراكەش خەلقى «نىيل» دەپ ئاتايدۇ.

**ماھىيىتى:** ئۇ دېڭىزدا ياشايدىغان بىر خىل هايۋان بولۇپ، ماراكەش دەرياسىدا كۆپ بولىدۇ. تاشپاقىغا ئوخشايدۇ، ئەمما پوستى تاشپاقىنىڭ قېپىدەك قاتتىق بولمايدۇ، بەلكى قاتقان پوست هالىتىدە بولىدۇ. بېشى ۋە بۇرنى موزاينىڭ بېشى بىلەن بۇرنىغا ئوخشايدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇ شەنبە كۈنى ئورنىدىن مىدىرلىمايدىكەن، شۇنىڭ ئۈچۈن «سەمەكۇليەهۇدىي» (يەهۇدىي بېلىقى) دەپ ئاتىلىدىكەن ۋە يېيىلمەيدىكەن.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** يۇرىكى ئىستېمال قىلىنسا دائىرىلىك چاچ چۈشۈش، بەهەقكە پايدا قىلىدۇ. تېرىسىدىن كىيىم تىكىپ كىيسە ياكى ئۆزگە ئېسىۋالسا نۇقرەسكە پايدا قىلىدۇ ۋە پەيدا بولۇشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. ئۇنىڭ ھەممە قىسمى ئۇستىخىنى بىلەن قوشۇپ ئىسرىق سېلىنسا بەلغەمدىن بولغان تەپلەرنى پەسەيتىدۇ، پاشا ئۆلتۈرىدۇ، سىناقتىن ئۆتكەن دەپ قارىلىدۇ.

## شيرخشت
(شىرخىست)

ئۇ پارسچە «شىرى خۇشۇك» (قۇرۇق سۈت) دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇ بىر خىل شەبنەم بولۇپ، خوراسان، ھىرات شەهەرلىرى ۋە فىرانسىيەنىڭ بەزى شەهەرلىرىدە ئۆسىدىغان، خوراسان ئەتراپىدىكى يېزىلاردا «كەشىيرۇ» دەپ ئاتىلىدىغان بىر خىل دەرەخ ۋە «كەبىيرۇ» دەپ ئاتىلىدىغان يەنە بىر دەرەخ ئۇستىگە چۈشىدىكەن. بۇ دەرەخ ئىككى - ئۈچ ئادەم بويى ئېگىزلىكتە

ئۆسىدىكەن، ياغىچى ئاق ـ سېرىق خاللىق، سەل ئېغىر بولىدىكەن. ياغىچى ئەگرى بولىدىغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭدىن قىممەتلىك ۋە ئاز ئۇچرايدىغان ھاسا ياسىلىدىكەن.

ئەمما تەتقىقاتلارغا قارىغاندا، ئۇ يىلىملار قاتارىدىن بولۇپ، مەزكۇر دەرەخنىڭ بوغۇملىرىدىن سىرغىپ چىقىپ قاتىدۇ. شەبنەم قاتارىدىن ئەمەستۇر. ئۇنىڭ ئىسمىمۇ شۇنىڭغا دالالەت قىلىدۇ، چۈنكى ئېيتىشلارغا قارىغاندا، «ۋەخشىت» دېگەن سۆز شۇ تەرەپلەردىكى خەلقلەرنىڭ تىلىدا يىلىم دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىغان بولۇپ، «كەشىرۇ» ياكى «كەبىيرۇ» دېگەن سۆزلەرنى ئۇنىڭ بىلەن مۇرەككەپلەشتۈرگەن، «كەشىرۇ» بىلەن «كەبىرۇ»نىڭ بېشىدىكى «ك» ھەرپلىرىنى قىسقارتىۋەتكەن، يەڭگىللىتىش ئۈچۈن «ۋەخشىت»نىڭ بېشىدىكى ۋە «كەشىرۇ» ياكى «كەبىيرۇ»نىڭ ئاخىرىدىكى «ۋ» ھەرپىنى چۈشۈرۈۋەتكەندىن كېيىن مەزكۇر سۆز «شىرخىشت» ۋە «بىير خشىت» قا ئۆزگەرگەن. ئۇ پارسچە «شىيرى خۇشۇك»، يەنى ئۇيۇغان ۋە قاتقان سۈت دەپمۇ ئاتىلىدۇ. دېمەك، پارسچە «شىير» دەپ ئاتىلىدىغان سۈت شەبنەم ئەمەستۇر.

ئۇنىڭ ياخشىسى دانلىرى چوڭ، ئاق، تاتلىق، ساپ بولغان، ئېغىزغا سېلىنسا تېز ئېرىيدىغان، تىل ۋە تامىغاقنى ناھايىتى تاتلىق ۋە سوغۇق قىلىدىغان، جۇلا بېرىش ۋە پارچىلاش رولى بولغان، تاتلىقلىقى شېكەر بىلەن ھەسەلنىڭ تاتلىقلىقىغا ئوخشىمايدىغانلىرىدۇر. ئۇنىڭ ئارپا ئۇنى ۋە شېكەر بىلەن تەييارلانغىنىدا بۇ خىل ئالاھىدىلىك يوقتۇر. خىرىستىيانلار بۇ زامانلاردا ئۇنى ئەسالىيان شەھەرلىرىدىن كۆپ ئېلىپ كېلىدۇ. ئۇلارنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ مەزكۇر شەھەرلەردە كۆپ يېتىشىدىغان بولۇپ، شەبنەم قاتارىدىن ئىكەن. دەرەخلەرنىڭ شاخلىرى ۋە پاكىز تاشلار ئۈستىگە چۈشكەنلىرى ياكى ئەدىيال ۋە باشقا نەرسىلەر ئۈستىگە چۈشۈرۈلگەنلىرى ئاق، ساپ بولىدىكەن. يەرگە چۈشۈپ بولغاندىن كېيىن يىغىۋېلىنغانلىرى توپا ئارىلاشقان بولۇپ، قارىغا مايىل بولىدىكەن. بۇنداقلىرى تىلغا بەك سوغۇق بىلىنمەيدۇ، شىرخىست خۇراسانىيەدەك سۇدا تېز ئېرىمەيدۇ. ئەمما ئىچىنى سۈرۈش قۇۋۋىتى ئۇنىڭغا ئوخشاپ قالىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، باھار، پەتنە ۋە باگەلپور ۋىلايەتلىرى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى جايلاردا ھىندىچە «كەتىرا» دەپ ئاتىلىدىغان بىر خىل ئوت بار بولۇپ، ئۇنىڭدىن شىرخىستقا ئوخشاش نەرسە چىقىرىلىدىكەن. ئۇنى چىقىرىش ئۇسۇلى شۇنداق ئىكەنكى، ئۇ ئورۇلغاندىن كېيىن يىلتىزىغا ئوت يېقىلسا، يىلتىزى قايناپ ئۇنىڭدىن ئاق شېكەردەك دانچىلار ھاسىل بولۇپ ئۇيۇيدىكەن، ئۇنىڭ ھەممە تەسىرلىرى شىرخىستنىڭ تەسىرلىرىگە ئوخشايدىكەن. ئۇ شۇ يەردىكى خەلقلەرنىڭ تىلىدا «ھەرلالۇ»، فىرانسۇزچە «مانە» دەپ ئاتىلىدىكەن. ھەكىم مىير ئابدۇلھەمىيد «مەن ئۇنى ئۆزۈم سىناق قىلىپ كۆردۈم، شىرخىستقا ئوخشايدىكەن» دەپ يازغان.

**تەبئىتى:** بىرىنچى دەرىجىنىڭ ئاخىرىدا ئىسسىق، ھۆللۈكى ۋە قۇرۇقلۇقى مۆتىدىل.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** جۇلا بەرگۈچى، پىشاپنى بوشاتقۇچى، سەپرا، كۆيگەن مۇرەككەپ ۋە سۇيۇق خىلىتلارنى سۈرگۈچى، جىگەر، ئاشقازان، ئىچكى ئەزالارنى قۇۋۋەتلىگۈچى، هارارەت، ئاشقازان، يۈرەك ۋە جىگەرنىڭ قىزىقلىقىنى پەسەيتكۈچى، ئىششىقنى تارقاتقۇچىدۇر. يۆتەل پەسەيتىدۇ، ئۆپكە بىلەن گالنى سىلىقلاشتۇرىدۇ. سۇيۇق ماددىلاردىن بولغان تەپلەرنى پەسەيتىدۇ. ئۇ ئەڭ ياخشى سۈرگۈچى بولۇپ، كۆڭۈلنى غەش قىلماي، بەدەنگە زىيان يەتكۈزمەي، بىئارام قىلماي ۋە هارارەت پەيدا قىلماي سۈرىدۇ. هەتتا باللار، ياشانغانلار ۋە تېنى ئاجىزلارغىمۇ ماس كېلىدۇ. نەزلە، يۆتەل بولمىسا گۈلاب بىلەن ئىشلىتىلسە ياخشىراق بولۇپ، تەسىرى تېزرەك بولىدۇ. بولمىسا ئارپا سۈيى ۋە باشقا مۇناسىپ دورىلار بىلەن ئىشلىتىلسە، ئىسسىق، ئۆتكۈر تەپ بىمارلىرى ئۈچۈن ئەڭ ياخشى سۈرگۈچى بولۇپ هېسابلىنىدۇ. ئىسسىق مىزاجلىقلار ۋە ئىسسىقتىن بولغان ئۆتكۈر كېسەللىكلەر بىلەن ئاغرىغۇچىلارنىڭ ئىچىنى سۈرۈشكە توغرا كەلسە 400 مىللىلىتىر ئەتراپىدىكى ئارپا سۈيىگە 70 ~ 90 گىرامغىچە شىرخىست قوشۇپ ئېرىتىپ پىسەپلەرنى سۈزۈۋېتىپ، ئۇنىڭغا ئالتە گىرام مىقداردا بادام يېغى تېمىتىپ، ئىلمان هالەتتە ئىچۈرۈلىدۇ. ئۇسسۇزلۇق بولسا ياكى ئىچىنى ياخشى سۈرمىسە ئارپىبەدىيان ئەرقى ياكى مۇۋاپىق مىقداردىكى ئارپا سۈيى ئىلمان هالەتتە ئىچۈرۈلىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** يەل پەيدا قىلىدۇ، قورساقنى كورك‌ىرىتىدۇ، مەنىينى سۇيۇلدۇرىدۇ، جۇلا بېرىش كۈچى بىلەن مەنىينى تېز كەتكۈزىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** بادام يېغى، ئارپىبەدىيان.

**ئىستېمال مىقدارى:** 125 گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

**ئورۇنباسارى:** باراۋەر مىقداردا تەرەنجىبىن.

ئۇنىڭ باھنى قۇۋۋەتلەش، قۇلۇنجى بىمارلىرىغا زىيان قىلىشتىن باشقا ھەممە تەسىرلىرى تەرەنجىبىننىڭ تەسىرلىرىگە ئوخشايدۇ. ئەبۇ ئەلى ئىبن سىنا «ئەلقانۇن»نىڭ بەزى ماقالىلىرىدە شىرخىست سۇيۇق خىلىتلارنى سۈرسىمۇ قۇلۇنجى بىمارلىرىغا زىيان قىلىدۇ دېگەن. ئۇ زىمات قىلىنسا يۇمشىتىدۇ، تېرىگە جۇلا بېرىدۇ. سۈت بىلەن سۈركەلسە رەڭگىرويىنى يۇمرانلاشتۇرىدۇ.

## شىرىستە

(تاتلىق سىركە)

**ماھىيىتى:** ئۇ گىيلان تىلىدا سۈنئىي ئۇسۇلدا تەييارلانغان تاتلىق سىركىنىڭ نامىدۇر. ئۇنىڭ كۆپ قىسىم تەسىرلىرى شارابنىڭ تەسىرلىرىگە ئوخشايدۇ. كۆپ يەرلەردە سىركىدەك زىيان قىلمايدۇ.

تەييارلاش ئۇسۇلى شۇكى، قىزىل قىچا يەرلىك چامغۇر ئۇرۇقىغا ئوخشايدىغان، قارىغا مايىل بولغان ياۋا چامغۇر ئۇرۇقى بىلەن بىرلىكتە ئۆتكۈر سىركە بىلەن خېمىردەك بولغۇچە سالايە قىلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭ 50 گىرامىغا 100 مىللىلىتىر ساپ ئۈزۈم سۈيى، 250 مىللىلىتىر كونا سىركە ئارىلاشتۇرۇپ، ئىككى ھەپتىگىچە تاكى قايناشقا توختىغانغا قەدەر قوچۇلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن ئىشلىتىلىدۇ.

## شيتەرەج
(شەترەنجى)

ئۇ ھىندىچە «چيترەك» دېگەن سۆزنىڭ ئەرەبچىلەشتۈرۈلگىنىدۇر. ھىندىچە «چيتە»مۇ دېيىلىدۇ. كۆپ ھاللاردا مۇشۇ نام بىلەن ئاتىلىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇ پارسچە «شيترە» دېگەن سۆزنىڭ ئەرەبچىلەشتۈرۈلگىنى ئىكەن. ئەرەبچە «مىسۋاكىۇررائىي» (چوپان مىسۋاكى)، «خەينۇس»، «فاغۇس»، «خامىشە» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. يۇنانچە «لىيبدىيۇن»، «لىيفدىيۇن»، بەربەرچە «ئەسساب»، پارسچە «بىخى بەرەندە» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** رازىينىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ ھىندىستاندىن چىقىدىغىنى ۋە شامدىن چىقىدىغىنىدىن ئىبارەت ئىككى خىل بولىدىكەن. ھىندىستاندىن چىقىدىغىنى ئىنچىكە بولىدىكەن، شامدىن چىقىدىغىنى توم بولۇپ، ئۇردان ياغىچىغا ئوخشايدىكەن، رەڭگى قارىغا مايىل بولىدىكەن. دىسقۇرىدۇسنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ تونۇشلۇق ئۆسۈملۈك بولۇپ، سۇت، سۇ ۋە تۇز بىلەن ئىشلىتىلىدىكەن. جالىنۇسنىڭ «مەيامى» دېگەن كىتابىنىڭ ئونىنچى ماقالىسىدە دىمقۇراتىستىن نەقىل قىلىنىشىچە، ئۇ بىر خىل ئۆسۈملۈك بولۇپ، قەبرىستانلىقلار، كونا تام تۈۋلىرى ۋە زىرائەت ئۇنمەيدىغان يەرلەردە ئۆسىدىكەن، ھەمىشە يېڭى تۇرىدىكەن، قىزىل بولىدىكەن. يوپۇرمىقى ھۆرف يوپۇرمىقىغا ئوخشايدىكەن. شاخلىرى بىر غۇلاچ ئېگىزلىكتە ئۆسىدىكەن. يازدا يوپۇرمىقى قۇرۇپ ئىنچىكىلەپ ئۇستىدە تۇرىدىكەن. قىش پەسلىنىڭ سوغۇق ھاۋاسى تېگىش بىلەن تۆكۈلۈپ چۈشىدىكەن. شاخلىرى ئىنچىكىلەپ يىلتىزىغا تۇتاش يوپۇرمىقى ساقلىنىپ قالىدىكەن. ياز پەسلىدە ئۇنىڭ شاخلىرىدىن، بەرگىلىرىدىن ئۇششاق ئاق گۈل ئېچىلىدىكەن. ئۇرۇقى خەشخاش ئۇرۇقىدىن كۆپ ئۇششاق بولۇپ، كۆز بىلەن ئېنىق كۆرگىلى بولمايدىكەن. ئۇنىڭ يىلتىزى ئىشلىتىلىدىكەن.

يەككە دورىلارنىڭ يەتتىنچى ماقالىسىدە ئېيتىلىشىچە، ئۇنىڭ قۇۋۋىتى، تەمى ۋە پۇرىقى ھۆرف ئۆسۈملۈكىگە ئوخشايدىكەن. «مىنھاج» دېگەن كىتابىنىڭ ئاپتورىنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇنىڭ ياخشىسى ھىندىستاندىن چىققىنى ياكى «بەھرىي» دەپ ئاتالغىنىنىڭ يېڭىسى ئىكەن.

بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇنىڭ ياخشىسى پارستىن چىققىنى ئىكەن، چۈنكى ئۇنى ئەزاغا سۈركىسە ھىندىستاندىن چىققىنىنىڭ ئەكسىچە دەرھال سۇلۇق قاپارتقۇ ئۆرلىتىدىكەن. يەنى پارستىن چىققىنى ھىندىستاندىن چىققىنىدىن ئۆتكۈررەك بولىدىكەن.

ئۇنىڭ قۇۋۋىتى بەش يىلغىچە ساقلىنىدۇ. ئۇنىڭ ياخشىلىقى ۋە يېڭىلىقىنىڭ ئالامىتى شۇكى، توخۇ تۇخۇمى ئۇنىڭ سوقۇلمىسىغا بىر كۈن كۆمۈپ قويۇلسا تۇخۇمنىڭ شاكىلى قىزىلغا ئۆزگىرىدۇ.

ئۇنىڭ بېنگالدا كۆرۈلگىنىنىڭ ئۆسۈملۈكى بىر غۇلاچتىن بىر يېرىم غۇلاچقىچە بولىدىكەن، شاخلىرى ئىنچىكە، بوغۇملۇق بولۇپ، ھەربىر بوغۇمىدا ئىتئۈزۈمى يوپۇرمىقىغا ئوخشايدىغان، ئۇنىڭدىن ئۇزۇنراق بولغان يوپۇرماقلىرى بولىدىكەن. يوپۇرمىقى تۆكۈلگەندىن شۇ ئورنىدا، يەنى بوغۇملىرىدا بىر نەچچە دانە بەرگى ئوخشاش بولغان، ئاق رەڭلىك گۈل ئېچىلىدىكەن. ئۇمۇمەن يەسمەن گۈلىگە ئوخشاش، ئۇنىڭدىن كىچىكرەك بولىدىكەن. ئۇ ئىككى خىل بولىدىكەن، بىرىنىڭ شاخلىرىنىڭ رەڭگى قىزىلغا مايىل قارا، گۈلى قارا بولىدىكەن، بۇ كەم ئۇچرايدىكەن. يەنە بىرى كۆككە مايىل، بەزىلىرى قىزىلغا مايىل ئاق، گۈلى ئاق بولىدىكەن، ئۇ كۆپ ئۇچرايدىكەن. ئۆسۈملۈكى داۋاملىق كۆكلەپ تۇرىدىكەن. ئۆزى ئۇنىدىغان بولۇپ، سۇ بويلىرى ۋە نەم يەرلەردە ئۆسىدىكەن. ئەتىياز پەسلىدە گۈللەپ، ئەتىياز پەسلىنىڭ ئاخىرىدا يوپۇرماقلايدىكەن.

**تەبئىتى:** ئۈچىنچى دەرىجىنىڭ ئاخىرىدا قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** جۇلا بەرگۈچى، كۆيدۈرگۈچى، باھنى قوزغىغۇچى، تېرىنى يارىلاندۇرغۇچى، تۇسالغۇلارنى ئاچقۇچى، شىلىمشىق خىلىتلارنى سۈرگۈچى، ئاۋازنى ساپلاشتۇرغۇچى، بوغۇملاردىكى بەلغەمنى يوقاتقۇچى، بوغۇم ئاغرىقلىرىنى پەسەيتكۈچى، يەل تارقاتقۇچى، زەھەرلەرنى قايتۇرغۇچى، تال ئىششىقىنى ياندۇرغۇچى، ھەزىمنى كۈچەيتكۈچى، باھنى قوزغاتقۇچى، ھامىلە چۈشۈرگۈچىدۇر. ئۇنى ئىشلىتىشنىڭ ئۇسۇلى شۇكى، ئۇ كۆپ ھاللاردا سۈت، سىركە، سۇ ياكى تۇز سۈيىگە چىلىنىپ ئىشلىتىلىدۇ. ئۇ سىركە بىلەن زىمات قىلىنسا ئاقكېسەل، ئاق بەھەق، قوتۇر، كالا تەمرەتكىسى، تېرە قاسراقلىششىقا پايدا قىلىدۇ. چۈنكى ئۇ بەدەن تېرىسىنى قارايتقۇچى، تېرىگە سىڭىپ كىرگۈچى ۋە جۇلا بەرگۈچىدۇر. دەسلەپتە سۇلۇق قاپارتقۇ پەيدا قىلىدۇ، ئارقىدىن يارىلاندۇرۇپ كېسەللىك ماددىلىرىنى ھەيدەپ چىقىرىپ ساقايتىدۇ. بوغۇم ئاغرىقىغىمۇ پايدا قىلىدىغان بولۇپ، ئاغرىقنى پەسەيتىدۇ. يوپۇرمىقى زىمات قىلىنسا تېرىنى يارىلاندۇرىدۇ. راسەن يىلتىزى بىلەن زىمات قىلىنسا تال ئىششىقى، ئولتۇرغۇچ نېرۋا ئاغرىقى ۋە يارىلاشقان قوتۇرغا پايدا قىلىدىغان بولۇپ، زىمات چارەك سائەتتىن يېرىم سائەتكىچە تۇرغۇزۇلىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** ئۈچ گىرام ئىستېمال قىلىنىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** ئۆپكىگە زىيان قىلىدۇ.
**تۈزەتكۈچىسى:** ئەرەب يېلىمى، مەستىكى.
**ئورۇنباسارى:** تال كېسەللىكلىرى ئۈچۈن مارجان، باشقىلىرى ئۈچۈن ئوردان، زورەمبات.

## شىيرزەق
(شەپەرەڭ سۈتى)

ئۇ شەپەرەڭ سۈتىنىڭ نىبتچە ئىسمىدۇر. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇ شەپەرەڭنىڭ سۈيدۈكى بىلەن مايىقىنى كۆرسىتىدىكەن. شەپەرەڭ ماۋزۇسىدا بايان قىلىندى.

## شەيلەم
(ساراڭ بۇغداي)

ئۇ ئەرەبچە سۆزدۇر. ئۇ يەنە «زەۋان» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. پارسچە «گەندۇمى دىۋانە» (ساراڭ بۇغداي) دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** ئۇ بىر خىل دان بولۇپ، ئارپىدىن ئىنچىكىرەك، كىچىكرەك، ئاچچىق، قىزىلغا مايىل بولىدۇ. ئۆسۈملۈكى بۇغداي ئۆسۈملۈكىگە ئوخشايدىغان بولۇپ، بۇغدايلىقلاردا ئۆسىدۇ. ئىسپىھاندا «كاكلەك»، شىرازچە «مىشكەك» دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇنىڭ سېمىزلىرى، كونىرىمىغان ۋە بۇزۇلمىغانلىرى ياخشىلىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق، قۇرۇقلۇقى ئىسسىقلىقىدىن ئارتۇقراقتۇر.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** سېزىمسىزلاندۇرغۇچى، كۆزنى قاراڭغۇلاشتۇرغۇچى، ئاۋازنى بۇزغۇچىدۇر. ئۇنىڭدىن يېقىلغان نان مەست قىلىدۇ، ئۇخلىتىدۇ، كۆزنى قاراڭغۇلاشتۇرىدۇ. زىمات قىلىنسا بەدەندە تۇرۇپ قالغان ئوقلارنى چىقىرىدۇ. ماددىلارنى تازىلايدۇ. سوقۇپ شاراب بىلەن يۇغۇرۇپ زىمات قىلىنسا يانپاش ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ. سىركە ۋە زەيتۇن يېغى بىلەن زىمات قىلىنسا كالا تەمرەتكىسى، تاز ۋە يارىلاشقان قوتۇرغا پايدا قىلىدۇ. توخۇ تۇخۇمىنىڭ ئېقى بىلەن زىمات قىلىنسا قاتتىق ئىششىقلارنى تارقىتىدۇ. ھەسەل بىلەن زىمات قىلىنسا نۇقرەسكە پايدا قىلىدۇ. زىغىر ۋە كەپتەر مايىقى بىلەن زىمات قىلىنسا چىيقانلار ۋە يارىلارنى ئېغىز ئالدۇرىدۇ. بۇغداي بىلەن زىمات قىلىنسا كالا تەمرەتكىسىگە شىپا بولىدۇ. گۈڭگۈرت بىلەن زىمات قىلىنسا بەھەقكە پايدا قىلىدۇ. شارابقا قوشۇلسا مەست قىلىشنى زىيادە كۈچەيتىدۇ. ئېغىر ئۇخلىتىدۇ.

**ئورۇنباسارى:** بىدە.

**تۈزەتكۈچىسى:** ياغ، سۈت ئىستېمال قىلىش، قەي قىلىش، چۈچۈمەل قىيامىلارنى ئىستېمال قىلىشتۇر.

ئۇنىڭ يىغى بۇغداي يېغىدىن ئۇچۇچانراق بولۇپ، ئۇنىڭ بىلەن ئىككى چېكە مايلانسا نورمال ئۇخلىتىدۇ. كالا تەمرەتكىسىگە سۈركىسە پايدا قىلىدۇ. يوتىغا سۈركىسە بۇغداي يېغىدىن ياخشىراق پايدا قىلىدۇ. ئۇنىڭ يېغىنى ئىچىش ئۇسۇلى بۇغداي يېغىنى ئىچىش ئۇسۇلى بىلەن ئوخشاش بولۇپ، قارابادىندا بايان قىلىندى.

# ئون تۆتىنچى باب
# «س» (سۇۋاد) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى

## پەسىل: «س» (سۇۋاد) ۋە «ا» (ئەلىف) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى

### سابۇن
(سوپۇن)

ئۇ ھۆرمۇسنىڭ ئىجادىيەتلىرىدىندۇر.

ماھىيىتى: تونۇشلۇقتۇر. ئۇنى تەييارلاش ئۇسۇلى شۇكى، شاخاردىن بىر ھەسسە، سۇ تەگمىگەن ھاكتىن يېرىم ھەسسە ئېلىپ، ھەر ئىككىسىنى يۇمشاق سالايە قىلىپ ئۇنىڭغا بەش ھەسسە سۇ قوشۇپ، كىچىك كۆلچەك ياكى چوڭ قاچىغا تۆكۈپ، ئۇنىڭغا تۇتاش ھالەتتە پەسرەك قىلىپ يەنە بىر كىچىك كۆلچەك ياكى قاچا ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا سۇ ئاقىدىغان كانالچە قويۇپ توسۇپ قويۇلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن بىرىنچى كۆلچەك ياكى قاچىدىكى شاخار بىلەن ھاكنى كۆپ قوچۇپ ئېرىتىلگەندىن كېيىن مەلۇم ۋاقىت تۇرغۇزۇپ، ھاك بىلەن شاخار سۇنىڭ تېگىگە چۆكتۇرۇلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن ئارىلىقتىكى كانال ئېچىلىپ سۇزۇك قىسمى پەستىكى كۆلچەك ياكى قاچىغا ئاقتۇرۇلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن كانالچىنى ئېتىۋېتىپ، بىرىنچى كۆلچەك ياكى قاچىغا يەنە يۇقىرىدىكى مىقداردا سۇ قۇيۇپ يەنە ياخشى قوچۇپ ئېرىتىلىدۇ، تېگىگە چۆككەندىن كېيىن يەنە كانالچە ئېچىلىپ سۇزۇك قىسمى پەستىكى كۆلچەك ياكى قاچىغا يەنە ئاقتۇرۇلىدۇ. شۇ يوسۇندا تاكى شاخار بىلەن ھاكنىڭ ئۆتكۈرلۈكى تۈگىگۈچە داۋاملاشتۇرۇلىدۇ. ھەر قېتىم ئاقتۇرۇلغان سۇ ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا ساقلاپ قويۇلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن بىرىنچى قېتىملىق سۇغا ئۇنىڭ ئون ھەسسىسىچىلىك مىقداردا زەيتۇن يېغى ئارىلاشتۇرۇپ ئوت ئۇستىدە تاكى سۈيى تۈگەپ خېمىردەك بولغۇچە ئاستا قاينىتىلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن ئىككىنچى قېتىملىق سۇغا يەنە ئون ھەسسە زەيتۇن يېغى ئارىلاشتۇرۇلۇپ يەنە سۇس ئوت ئۇستىدە قويۇپ تاكى سۇ قىسمى تۈگەپ خېمىردەك بولغۇچە قاينىتىلىدۇ. شۇ يوسۇندا مەشغۇلات ئېلىپ بېرىپ ھەممە سۇ

خېمىردەك ھالەتكە كەلگەندە ئوتتىن چۈشۈرۈپ، بورا ئۈستىگە چوڭ قۇرس ھالەتكە كەلتۈرۈپ يېيىپ قۇرۇتۇلىدۇ. بەزى جايلاردا زەيتۇن يېغى ئورنىغا بىدەنجىر يېغى ياكى بىنەپشە ياكى كۈنجۈت يېغى ياكى دۈمبە يېغى ياكى زاراڭزا ئۇرۇقى يېغى قوشۇپ تەييارلايدۇ. ھەممىدىن ياخشىسى زەيتۇن يېغى قوشۇپ تەييارلانغىنى، ھەممىدىن ناچىرى ئۇرۇقلاردىن تەييارلانغىنىدۇر. ئۇنىڭ تۈرلىرى قارابادىندا بايان قىلىندى.

**تەبىئىتى:** ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ماددىلارنى پارچىلىغۇچى، چىرىتكۈچى، يىگۈچى، ئىششىقلارنى پىشۇرغۇچى ۋە يۇمشاتقۇچى، جۇلا بەرگۈچىدۇر. ئىستېمال قىلىنسا ھامىلىدارلىقنى چەكلەيدۇ. ئۇنىڭ بىلەن ھەمەلچە قىلىنسا ئۆلۈك ۋە تىرىك ھامىلىنى چۈشۈرىدۇ. سۈيدۈك ھەيدەيدۇ. باراۋەر مىقداردىكى خېنە بىلەن زىمات قىلىنسا تىز ئاغرىقى، ئولتۇرغۇچ نېرۋا ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ، داغ - سەپكۈنلەرنى يوقىتىدۇ. يەسمەن ۋە سۈلەيمانىي (دار ئەشكىنە) بىلەن زىمات قىلىنسا كونا بوغۇم ئاغرىقلىرىنى پەسەيتىدۇ. كۆيدۈرۈلگەن ئاق زاك بىلەن زىمات قىلىنسا كالا تەمرەتكىسىگە پايدا قىلىدۇ. گۈل يېغى بىلەن بىرلىكتە قاينىتىپ مەلھەم قىلىپ تەكرار سۈركىسە، بالىلارنىڭ بېشىدىكى زەخىملەرنى ساقايتىدۇ. يىرىڭلىق تازغا سۈركەپ يەتتە كۈنگىچە تۇرغۇزغاندىن كېيىن ئىسسىق سۇ بىلەن يۇيۇۋېتىپ يەنە سۈركەپ تاكى ساقايغۇچە داۋاملاشتۇرۇلسا ياخشى پايدا قىلىدىغان بولۇپ، كاتتا دورىلاردىن بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. كەپتەر مايىقى، ھاك ۋە ئۇنىڭ ئوخشاشلىرى بىلەن زىمات قىلىنسا چىيقاننى ئېغىز ئالدۇرىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن چاچ يۇسا چاچتىكى پىت - سىركە ۋە مۇدۇر - چاقىلارنى يوقىتىدۇ. چاچنى بۇدۇر قىلىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن چاچ كۆپ يۇيۇلسا چاچنى ئاقارتىدۇ. لوئابلار بىلەن زىمات قىلىنسا قىچىشقاق، قوتۇرغا پايدا قىلىدۇ، تېرىدىكى ھەر خىل ئىزلارنى يوقىتىدۇ. ئۇنى يۇڭ رەختكە ئوراپ تاز ۋە كالا تەمرەتكىسىگە كۈچ بىلەن سۈركىسە ساقايتىدۇ. ئۇنى باراۋەر مىقداردىكى تۇز بىلەن بىرلىكتە مەلھەم قىلىپ مۇنچىدا سۈركىسىمۇ قىچىشقاق ۋە يارىلاشقان قوتۇرنى ساقايتىدۇ. يېرىم ھەسسە كۆيدۈرۈلگەن شىڭگىرىپ، بىر ھەسسە سۇ تەگمىگەن ھاك بىلەن مەلھەم قىلىپ مۇنچىدا چاچ - ساقالنى پاكىز يۇيۇپ مايلىرى تۈگىگەندە سۈرۈپ يېرىم سائەت تۇرغۇزۇلسا چاچنى قارايتىدۇ، قېرىلىقنى كەتكۈزىدۇ. مۇناسىپ دورىلار بىلەن مەلھەم قىلىنسا بەلغەمدىن بولغان ئىششىقلارنى تارقىتىدۇ ۋە پىشۇرىدۇ. ئۇ يەنە تېرە كېسەللىكلىرىنىڭ كۆپ قىسمىغا مۇناسىپ كېلىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن شىياف قىلىنسا خام خىلىتنى سۈرىدۇ، قۇلۇنجىغا پايدا قىلىدۇ، مەقئەتتىكى، بولۇپمۇ بالىلارنىڭ مەقئەتىدىكى مەددە قۇرتلارنى يوقىتىدۇ. سۈيدۈك ھەيدەيدۇ. ئۇنى 10 گىرامغىچە ئىستېمال قىلىدۇ. 12 گىرام ئىستېمال قىلىنسا ئۈچەي ۋە ئىچكى ئەزالارنى جاراھەتلەندۈرۈش بىلەن ھالاك قىلىدۇ. ئۇ ساپال قاچىدا كۆيدۈرۈپ، ئاقما

ئورنىنى ئىسسىق سۇ بىلەن پاكىز يۇيۇپ قۇرۇتقاندىن كېيىن ئۈستىدىن سىپىلسە پايدا قىلىدۇ، سىناقتىن ئۆتكەن. ئۇنىڭ سۈيى، بولۇپمۇ بىرىنچى قېتىملىق سۈيى تىزاپ بولۇپ، 12 گىرامغىچە ئىچىلسە گال، ئاشقازان ۋە ھەزىم يوللىرىنى كۆيۈشتۈرۈش، قۇستۇرۇش ۋە ئىچىنى زىيادە سۈرۈش بىلەن ھالاك قىلىدۇ. كۆپ ھاللاردا ئىچكى ئەزالارنى زەخىملەپ تېشىدۇ.

ئۇنىڭ زەھىرىنى قايتۇرۇش ئۈچۈن خۇددى سوپۇندىن زەھەرلەنگەنلەرنى قۇتقۇزغانغا ئوخشاش ئىلمان سۇ، كۇنجۇت يېغى ۋە قاپاق ئىستېمال قىلدۇرۇپ قۇستۇرۇلىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن مايلىق گۆشلەرنىڭ سۈيى بادام يېغى بىلەن ئىچۈرۈلىدۇ. تەرخەمەك سۈيىگە بىنەپشە يېغى قوشۇپ ئۆچۈرۈپ قۇستۇرۇلىدۇ. توخۇ گۆشىنى كۆك كاۋا بىلەن پىشۇرۇپ شورپىسى ئىچۈرۈلىدۇ.

زەھەرلىك ھايۋانلار چىشلىۋالغان ياكى چېقىۋالغاندا كافۇردىن 0.5 گىرام ئىستېمال قىلغاندىن كېيىن يەرلىك ئورۇنغا ئۇنىڭ تىزاپى سۈركىسە بولىدۇ. بۇ چاغدا زەھەرنى سۈمۈرۈپ تارقىلىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ، يەرلىك ئورۇننى يارىلاندۇرۇپ زەھەر قايتۇرىدۇ.

## ساسەفراس

### (ساسەفراس پوستى)

**ماھىيتى:** ئۇ يېڭى دورىلاردىن بولۇپ، «دەفلورىيدە» دەپ ئاتىلىدىغان يېڭى زېمىننىڭ شەھەرلىرىدىن كەلتۈرۈلىدۇ. ئۇ بىر خىل دەرەخنىڭ قوۋزىقى بولۇپ، بەزىسى قېلىن، بەزىسى نېپىز، شەكلى، رەڭگى ۋە پۇرىقى جەھەتلەردە دارچىنغا، تەمى ئارپىبەديانغا ئوخشايدۇ. ئۆتكۈر، خۇش پۇراق بولىدۇ. ئۇنىڭ دەرىخى مايىللىق ۋە باشقا جەھەتلەردە قارىغاي دەرىخىگە ئوخشايدۇ، ئۆتكۈر بولىدۇ. ئۇنىڭ يوپۇرمىقى يۇمىلاق، ئۇچ چىشلىق بولىدۇ. قۇرۇغاندىن كېيىن ھۆلىدىن بەكرەك خۇش پۇراق بولىدۇ. دەرىخىنىڭ تېنىنىڭ تومۇلۇقى ئامۇت دەرىخىگە ئوخشايدۇ. قارىغا مايىل يېشىل، قاتتىق - يۇمشاقلىقى نورمال بولىدۇ. ئىسسىق - سوغۇقلۇقى، قاتتىق - يۇمشاقلىقى نورمال بولغان چۆللەردە ئۆسىدۇ. كۆپرەك پوستى ئىشلىتىلىدۇ.

**تەبئىتى:** ئۈچىنچى دەرىجىنىڭ بېشىدا قۇرۇق ئىسسىق، ياغىچى ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىقتۇر. يەنى ئۇنىڭ پوستىنىڭ قۇرۇق ئىسسىقلىقى ياغىچىنىڭ قۇرۇق ئىسسىقلىقىدىن ئارتۇقراقتۇر.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** شىلىمشىق ھۆللۈكلەرنى ئۈچۈچانلاشتۇرغۇچى، سۈيۈلدۈرگۈچى ۋە پارچىلىغۇچى، ھەرقانداق كانال يوللاردىكى كونا توسالغۇلارنى ئاچقۇچى،

قويۇق خىلىتلارنى پىشۇرغۇچى، ئاجىز رەئىس ئەزالارنى ۋە قۇۋۋەتلەرنى كۈچەيتكۈچى، خۇش پۇراقلىقى بىلەن تەبىئىي هارارەتكە مۇۋاپىق كەلگۈچى، ئەسلىي هارارەتنى ئاشۇرغۇچى، هۆل سوغۇق ماددىدىن پەيدا بولغان بارلىق كېسەللىكلەرنى تەرلىتىش بىلەن ساقايتقۇچى، زىققە نەپەس، كونا يۆتەل، هېق تۇتۇش، قۇسۇش، كۆڭۈل ئېلىشىش، خولېرا، ئاشقازان، جىگەر ۋە دوۋساق مىزاجىنىڭ سوغۇقتىن بۇزۇلۇشى، بۆرەك بىلەن بوغۇملارنىڭ بەلغەم ماددىسىدىن پەيدا بولغان كونا ئاغرىقلىرىنى پەسەيتكۈچى، سۈيدۈك، هەيز هەيدىگۈچى، سۈيدۈك، مەنىي يوللىرىدا تۇرۇپ قالغان قويۇق يەللەرنى تارقاتقۇچى، بۆرەك ۋە دوۋساقتىكى تاش سەۋەبىدىن پەيدا بولغان سىيىش قىيىنلىشىشقا شىپا بولغۇچىدۇر. ئۇنىڭ ئاجايىپ ـ غارايىپ تەسىرلىرىنىڭ بىرى شۇكى، ئۇنىڭ قۇرۇقلۇقى بولسىمۇ زەهەر قايتۇرۇش قۇۋۋىتى بىلەن ئىچىنى سۇرىدۇ. زەهەرلىنىش خاراكتېرلىك بارلىق كېسەللىكلەرگە، بولۇپمۇ چۇما، تۆت كۈندە بىر قېتىم تۇتىدىغان تەپ، تۇتقاقلىق تەپ ۋە يۇقۇملۇق تەپلەرگە پايدا قىلىدۇ. هەتتا ئېيتىشلارغا قارىغاندا، يۇقۇملۇق كېسەللىكلەر تارقالغان مەزگىللەردە ئۇنىڭ پوستىنىڭ بىر پارچىسىنى ئېغىزغا سېلىپ شوراپ سۈيى يۇتۇلسا ئاللانىڭ ئىزنى بىلەن كۆپ پايدا قىلىدىكەن ۋە بۇزۇلغان هاۋانىڭ تارقىلىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدىكەن. ئۇ يەنە چىش ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ. يەنە هۆل مىزاجلىق كىشىلەر ئۇنى چىشى ساق ۋاقتىدا ئىشلەتسىمۇ چىشنى ساغلاملاشتۇرىدۇ. ئەمما ئۇ ئىسسىق مىزاجلىقلار ۋە قۇرۇق مىزاجلىقلارنىڭ ئىشلىتىشىگە مۇۋاپىق كەلمەيدۇ. پەقەت ئېهتىياجلىق ۋە زۆرۈر بولغاندا، ماهىر تېۋىپنىڭ كۆرسەتمىسى ۋە ئۇنىڭ تەدبىرلىرى بويىچە ئىشلىتىلسە بولىدۇ. چۈنكى ئۇنى بۇنداق مىزاجلىق كىشىلەرگە ئىشلىتىش خەتەرلىكتۇر، هەتتا ئىسلاھ قىلىش ۋە تەدبىر قىلىش قىيىن بولۇشى مۇمكىن. ماهىر تېۋىپ ئۇنى ئىشلەتمەكچى بولسا ياش، يۇرت، پەسىل، كېسەللىك ۋە باشقىلارنى نەزەردە تۇتقان هالدا تۇزەتكۈچى دورىلار ۋە دورىنىڭ تەسىرىنى يەتكۈزگۈچى دورىلار بىلەن ئىشلىتىشى لازىم. هەتتا بەزى ماهىر تېۋىپلار ئۇنىڭغا بەزى سوغۇق تەبىئەتلىك سەمرىتكۈچى دورىلارنى قوشۇپ زىيادە جۇدەشنى داۋالاشقا ئىشلەتكەن، بۇ چاغدا ئاللانىڭ ئىزنى بىلەن جۇدەش هالىتى ئۆڭشىلىپ بىمار سەمرىگەن، چۈنكى بۇ دورىنىڭ ئۆزى بىلەن مۇرەككەپلەشتۇرۇلگەن دورىلارنىڭ قۇۋۋەتلىرىنى ئاجىزلاش ۋە تەسىرى يوقىلىشتىن بۇرۇن نىشان ئورۇنغا ئاسان يەتكۈزۈش رولى باردۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ هەربىر كېسەللىكنىڭ مۇناسىپ دورىلىرى بىلەن بىرلىكتە قارىمۇقارشى كېسەللىكلەرگە ئىشلىتىلسە كۆپ پايدا قىلىدۇ.

ئۇنى ئىشلىتىش ئۇسۇلى ناهايىتى كۆپتۇر. مەشهۇرراق ۋە كۈچلۈكرەك بولغىنى شۇكى، تېۋىپنىڭ رايى ۋە تەلىپى بويىچە ئۇنىڭ ياغىچىدىن پوستى بىلەن بىرلىكتە 15 گىرام ياكى

18 گىرام ئېلىپ پىچاق بىلەن ئۇششاقلاپ، 450 مىللىلىتىر سۇغا بىر كېچە ـ كۈندۈز چىلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن قازانغا تۆكۈپ ئېغىزىنى بۈسى پەقەت چىقىپ كېتەلمىگۈدەك دەرىجىدە ئېتىپ لايلانغان لوئابلىق قاچىغا سېلىپ ئاستىغا سۇس ئوت قالاپ، سۇنىڭ ئۈچتىن ئىككى قىسمى تۈگەپ 150 مىللىلىتىر قالغۇچە قاينىتىلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن ئوتتىن چۈشۈرۈپ سوۋۇغاندا ئېغىزىنى ئېچىپ پىسەپلىرىنى سۈزۈۋېتىپ، سۈيىگە 25 گىرام شېكەر قوشۇپ ياكى قوشماي ئىلمان ھالەتتە ئىچىلىدۇ. پىسىپىگە 600 مىللىلىتىر سۇ قۇيۇپ، سۇس ئوت بىلەن 300 مىللىلىتىر قالغۇچە قاينىتىپ پىسەپلىرىنى سۈزۈۋېتىپ ئۇسسىغاندا سۇ ئورنىدا ئىچىلىدۇ. شۇ يوسۇندا تېۋىپنىڭ رايى بويىچە 20 ~ 40 كۈنگىچە ئىچىلىدۇ. ئۇنىڭدا چۈپچىنىدەك سوغۇق ھاۋا ۋە ئۇنىڭ باشقىلىرىدىن ساقلاش ۋە پەرھىز قىلىشتەك جاپا ـ مۇشەققەت بولمايدۇ. خۇددى يۇقىرىدا بايان قىلىنغىنىدەك ھەربىر كېسەللىك ئۈچۈن مۇناسىپ دورىلىرى بىلەن ئىشلىتىلسە بولىدۇ.

## ساسلى
### (ساسلى ئوتى)

ئۇ «سۇسىلا» ۋە «شاسلى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. يۇنانچە «ئەرتىنۇس غالا» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** ئۇ بىر خىل ئۆسۈملۈك بولۇپ، يېڭى ئۆسكەن قىلتاماق ئۆسۈملۈككە ئوخشاش، ئۇنىڭدىن كىچىكرەك، شاخلىرى ئىنچىكە، يۇمشاق، نازۇك، چۈرۈك، ئاقما مايىل بولۇپ، ئىككى غېرىچ ئۇزۇنلۇقتا ئۆسىدۇ. ئۇچىدىن ئۈچ ـ تۆت شاخ ئۆسۈپ چىقىدۇ. يېڭىسى يېيىلىدۇ. گۈلى ئاق بولىدۇ. ئۇرۇقى سىيادانغا ئوخشاش، ئۇنىڭدىن كۆكرەك بولىدۇ. سىيادانىنىڭ ئورنىنى باسىدىغان بولۇپ، ناۋايلار سىيادانىنىڭ ئورنىدا ناننىڭ يۈزىگە سېپىدۇ. كىچىك ياۋا پىياز چوڭلۇقىدا بولۇپ، پىشۇرۇپ ئىستېمال قىلىنىدۇ. نۇۋاب مۇئەتمەدۇلمۇلۇك سەييىد ئەلۋىخان ئېھتىمال ئۇ قاقۇللى ئۆسۈملۈكى ياكى ئۇنىڭ بىر تۈرى بولۇشى مۇمكىن، چۈنكى ماھىيىتى، تەسىرلىرى ۋە خۇسۇسىيىتى جەھەتتە ئۇنىڭغا ئوخشايدۇ، دەپ يازغان.

**تەبئىتى:** ھۆل ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ئاشقازان ئاغرىقى، ئاشقازان سوۋۇش، ئاشقازان ئېغىزىغا يەل تۇرۇپ قېلىشلارغا پايدا قىلىدۇ. ئۇرۇقىنىڭ تەسىرى سىيادانىنىڭ تەسىرلىرىگە ئوخشايدۇ. يىلتىزى كۆپ ئىستېمال قىلىنسا باھنى قوزغىتىدۇ، سوغۇقتىن بولغان ئاشقازان ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ.

## سامەريۇما
(چايانئوت)

ئۇ سۇريانچە سۆزدۇر. ئەندەلۇس خەلقى «تەرنەشۇل»، مىسىر دىيارىدا «گىياھى ئەقرەب» (چايان گىياھى) دەپ ئاتىلىدۇ. بەزى ئەرەبلەر ئۇنى «غەبرا» (توپا رەڭ) دەپ ئاتايدۇ. چۈنكى ئۇنىڭ رەڭگى توپا رەڭ بولىدۇ. بەزىلەر ئۇنى «لاجىۋەردىييە» (لاجۇۋەرد تېشىغا مەنسۇپ) دەپ ئاتايدۇ. چۈنكى ئۇنىڭ ئۇسارىسىنىڭ رەڭگى لاجۇۋەرد تېشى رەڭگىدە بولىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇ بىر خىل ئۆسۈملۈك بولۇپ، ھىندىچە «لەجالو» دەپ ئاتىلىدىكەن.

**ماھىيىتى:** ئۇ بىر خىل ئۆسۈملۈك بولۇپ، چوڭ ـ كىچىكتىن ئىبارەت ئىككى خىل بولىدۇ. چوڭىنىڭ بىر يىلتىزىدىن تۆت ـ بەش دانە شاخ ئۆسۈپ چىقىدۇ. شاخلىرى پۇتاقلىق بولىدۇ. يوپۇرمىقى ئالما يوپۇرمىقىغا ئوخشاش، ئۇنىڭدىن كىچىكرەك، تۈكلۈك، يىرىك بولىدۇ. گۈلى لاجۇۋەرد رەڭلىك قىزىل بولۇپ، چايانىنىڭ قۇيرۇقىغا ئوخشاش يەرگە ئېگىلىپ تۇرىدۇ. يىرىك يەرلەردە ئۈنىدۇ.

ئۇنىڭ كىچىكىنىڭ يوپۇرمىقى كىچىكرەك، يۇمىلاق بولىدۇ. غولى يەرگە يېيىلىپ ئۆسىدۇ. گۈلى لاجۇۋەرد رەڭلىك بولىدۇ. سۇ بويلىرى ۋە يامغۇر سۈيى يىغىلىپ قالىدىغان يەرلەردە ئۈنىدۇ. ئۇنىڭ يوپۇرمىقى، غولى ۋە ئۇرۇقى ئىشلىتىلىدۇ. يىلتىزى تۇغرىسىدا ئۇنچىۋالا كۆپ پايدىلىرى خاتىرىلەنمىگەن.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق، ئىسسىقلىقى قۇرۇقلۇقىدىن ئارتۇقراق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** تارقاتقۇچى، جۇلا بەرگۈچى، بەلغەم ۋە سەۋدا ماددىلىرىنى سۈرگۈچى، ھەيز ھەيدىگۈچى، ھامىلە چۈشۈرگۈچى، چايان ۋە ئۆمۈچۈكنىڭ زەھىرىنى قايتۇرغۇچىدۇر. ئۇنى تۆت دانە شېخى، يوپۇرمىقى، گۈلى ۋە ئۇرۇقى بىلەن سىقىپ سۈيى ھەسەل ياكى قارا شېكەر بىلەن ئىچىلسە سەپرانى سۈرىدۇ. شاراب بىلەن ئىچىلسە چايان ۋە ئۆمۈچۈكنىڭ زەھىرىنى قايتۇرىدۇ. ئۇنىڭ ئۇرۇقىدىن ئالتە گىرام ئىستېمال قىلىنىسىمۇ دۆۋساقتىكى تاشنى چۈشۈرىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇنىڭ مېۋىسىدىن تۆت دانە ئېلىپ تۆت كۈندە بىر قېتىم تۇتىدىغان تەپ تۇتۇشتىن بىر سائەت بۇرۇن، ئۈچ دانە ئېلىپ ئۈچ كۈندە بىر قېتىم تۇتىدىغان تەپ تۇتۇشتىن بۇرۇن يۇتۇلسا پايدا قىلىدىكەن. ئۇ زىمات قىلىنسا سۆگەللەر ۋە كالا تەمرەتكىسىگە پايدا قىلىدۇ. يوپۇرمىقى سۈت بىلەن زىمات قىلىنسا بالىلارنىڭ مېڭە پەردە ئىششىقلىرىنى تارقىتىدۇ. نۇقرەس، پەيلەرنىڭ تولغىنىشىپ كېتىشىگە شىپا بولىدۇ. كىچىكىنىڭ مېۋىسىنى ئازراق ھىندى تۇزى ياكى تۇغرىغۇ بىلەن ئىستېمال قىلسا، ئاشقازان، ئۈچەيلەردىكى تۇرلۇك مەددە قۇرتلارنى چۈشۈرىدۇ. سىركە بىلەن

زىمات قىلىنسا، سۆگەللەرنى چۈشۈرىدۇ. ئىپتىشلارغا قارىغاندا، ئۇنىڭ چوڭقىنىڭ يىلتىزىنى ئىسىۋالسا چايان، ئۆمۈچۈك چېقىۋالغاندىكى ئاغرىقنى پەسەيتىدىكەن.

**زىيانلىق تەسىرى:** تالغا زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** ھەسەل.

**ئىستېمال مىقدارى:** ئالتە گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

«تۆھپەتۇل مۆئمىن» ناملىق كىتابنىڭ ئاپتورىنىڭ يېزىشىچە، ئەمىينۇددەۋلە ھەببۇس سەمنە ئۆسۈملۈكىنى سامەريۇما (چايانئوت) دەپ بىلگەن. لەجالۇ ئۆسۈملۈكى ئاللا خالىسا «ل» (لام) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلار بابىدا بايان قىلىنىدۇ.

## ساب
(ئاچچىق داۋا)

ئۇ ناھايىتى ئاچچىق ۋە ئۆتكۈر بولغان بارلىق نەرسىلەرنىڭ ئەرەبچە نامىدۇر. ئۇ قاچىيۇغۇچقا ئوخشاش سۇتلۇك، تەمى ئۆتكۈر، ئاچچىق بولغان يەنە بىر خىل ئۆسۈملۈكنىمۇ كۆرسىتىدۇ.

# پەسىل: «س» (سۇۋاد) ۋە «ب» (بائ) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى

## سىبرى
(سەبرە)

ئۇ «سەبرى» مۇ دېيىلىدۇ. «سابارا»مۇ دېيىلىدىغان بولۇپ، ئەرەبچە سۆزدۇر. سۇريانچە «ئەلەۋي»، يۇنانچە «فەيقىرا»، «ئەليا» دېيىلىدۇ. رىمچىمۇ «ئەليا» دەپ ئاتىلىدۇ. ھىندىچە «ئىيلىيا»، «ئەلۋا»، «ئىيلۋا»، «يۇل سىياھ» دەپ ئاتىلىدۇ. بېنگالدا «مۇسەببەر»مۇ دېيىلىدۇ. شام خەلقى ئۇنىڭ ئۆسۈملۈكىنى «سەبارا» دەپ ئاتايدۇ. ھىندىچە «گىيگۋار» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيتى:** ئۇ بىر خىل دەرەخنىڭ سۈيى، بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىچە يېلىمىدىن ئىبارەت. ئۇنىڭ دەرىخى ئادەم بويى ئېگىزلىكتە، بەزى شەھەرلەردە ئۇنىڭدىن پاكارراق، يەنە بەزى شەھەرلەردە ئۇنىڭدىن ئېگىزرەك ئۆسىدۇ. يىلتىزىدىن 10 دانە، بەزىدە ئۇنىڭدىن ئارتۇقراق بولغان، ياۋا پىياز يوپۇرمىقىغا ئوخشايدىغان، ئۇنىڭدىن كۆپ ئۇزۇن بولۇپ، تاكى ئىككى غۇلاچقىچە ئۆسىدىغان يوپۇرماقلىرى ئۆسۈپ چىقىدۇ. بۇ يوپۇرماقلار سەل كەڭ بولۇپ، تۆۋەن تەرىپى يۇقىرىقى تەرىپىدىن كەڭرەك بولىدۇ. ئۇچى ئىنچىكە بولۇپ، چۆرىسىدە قاتتىق،

قىسقا ھەم ئۇزۇن بولغان تىكەنلىرى بولىدۇ. بۇ يوپۇرماقلارنىڭ ئىچى بوش بولۇپ، شىلىمشىق، قويۇق، ناھايىتى ئاچچىق سۇيۇقلۇق بىلەن توشقان بولىدۇ، سەبرە ئۇنىڭدىن تەييارلىنىدۇ. يەنى ئۇنىڭ سۇيى قائىدە بويىچە چىقىرىلىپ قاچىغا ئېلىنىپ قۇرۇتۇلىدۇ. ئۇنىڭ يوپۇرماقلىرى ئېگىزلەپ، كونىرىسا يىلتىزى ۋە يوپۇرماقلىرىنىڭ ئوتتۇرىسىدىن غۇلاچ ئۇزۇنلۇقىدا بىر دانە شاخ ئۆسۈپ چىقىدىغان بولۇپ، ھەسەلگە ئوخشايدىغان، سەل تاتلىق، ئۆتكۈر، بەتبۇي سۇيۇقلۇق بىلەن توشقان بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۇچىدا خورمىنىڭ غورىسىغا ئوخشايدىغان مېۋە پەيدا بولىدىغان بولۇپ، ئاخىرقى مەزگىلگە كەلگەندە قىزىرىدۇ. بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ يىلتىزى چامغۇر چوڭلۇقىدا بولىدۇ. ئەركەك ۋە چىشى دەپ ئىككىگە ئايرىلىدۇ. ئەركىكىنىڭ بەلگىسى شۇكى، مېۋىسىنىڭ ئىككى تەرىپى ئىنچىكە، چىشىسى بولسا تەكشى بولىدۇ. ئۇنىڭ دەرىخىنىڭ ھەممە قىسىملىرى، بولۇپمۇ بايان قىلىنغان سۇيۇقلۇقى ئاچچىق بولىدۇ.

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، سەبرە ئۈچ خىل بولىدۇ. بىرىنچىسى سەبرە ئەرەبى بولۇپ، قىزىل دېڭىز ئېغىزى، ھەبەشىستان بىلەن يەمەن چېگراسىغا جايلاشقان سوقۇترى ئارىلىدىن چىقىدۇ. بۇ ئارالدىن يەنە كۇندۇر، مۇقەل، خۇنسىياۋشانمۇ كۆپ چىقىدۇ، ئۇ يەرنىڭ سەبرىسى سېرىق، زەپەر رەڭ، قارامتۇل قىزىل، چېقىر، سۇزۇك، پارقىراق، چاپلاشقاق، قاتتىق، جىگەر شەكىللىك، چۈرۈك بولىدۇ. سۇندۇرۇلسا پارچە - پارچە بولۇپ ئۈۋۈلىدۇ. ئىچىدىن ۋە كۆز كېسەللىكلىرىدە ئىشلىتىلىدىغىنى، قۇم، شېغىل تاش ئارىلاشمىغان، خۇش پۇراق، ئۆتكۈر بولۇپ، تىلنى چاقىدىغان، ئىسسىق نەپەس بىلەن ھوردالسا مۇرمەككى پۇرىقى كېلىدىغانلىرى ياخشىلىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئىككىنچىسى سەبرە ھىندى بولۇپ، سېرىق، رەڭگى سۇسراق، قارىغا مايىل، تۇتۇق بولىدۇ، سۈپەتلىرى سەبرە سوقۇترىنىڭ سۈپەتلىرىدىن تۆۋەنرەك، تەسىرى ئاجىزراق بولىدۇ، بولۇپمۇ ئىچىدىن ئىستېمال قىلىنسا تەسىرى تېخىمۇ ئاجىز بولىدۇ. ئۈچىنچىسى سەبرە سەمىيخانىدىن ئىبارەت. سەمىيخان بۇخارىستاننىڭ بىر شەھىرىدۇر. ئۇ سەبرە فارسى دەپمۇ ئاتىلىدىغان بولۇپ، سەبرىنىڭ قىسىملىرىنىڭ ئىچىدە ئەڭ ناچىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. رەڭگى قارا، تۇتۇق بولۇپ، ياغنىڭ لېيىغا ۋە قۇمىغا ئوخشايدۇ. تەستە سۇنىدۇ، سېسىق، يەڭگىل بولىدۇ. سىرتىدىن ئىشلىتىلسە تەسىرى ناھايىتى ئاجىز بولىدۇ. ئىچىدىن ئىشلىتىلمەيدۇ.

مۇھەممەد بىن ئەھمەد دەينۇرىينىڭ يېزىشىچە، ئۇنىڭ يەنە بىر تۈرىمۇ بار بولۇپ، سەبرە ھەزرەمى دېگەن نام بىلەن مەشھۇر ئىكەن. سۈپەت جەھەتتە سەبرە سوقۇترى، سەبرە ھىندى ۋە سەبرە پارسىدىن كېيىن تۇرىدىكەن. بەزىلەر ئۇنى سەبرە يەمەنىي دەپ بىلىدىكەن.

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، سەبرىنىڭ قۇۋۋىتى تۆت يىلغىچە تۇرىدىكەن. يەنى تۆت يىل ئۆتمىگىنىنىڭ تەسىرى كۈچلۈك، تۆت يىلدىن يەتتە يىلغىچە ئۆتكىنىنىڭ تەسىرى ناھايىتى

ئاجىز بولىدۇ، ئۇ ئىشلىتىلمەيدۇ.

سەبرىنىڭ ئاشقازان تىۋىتىغا چاپلىشىپ ياخشى تەسىر قىلىشى ئۈچۈن يۇمشاق سالايە قىلىنىدۇ. ئۇ ياشلار، سەپرا مىزاجلىقلار، ئىسسىق مىزاجلىقلار، ئىچكى ئەزالىرى، بولۇپمۇ ئۈچەيى ئاجىز بولغانلار، ماسارىقا تومۇرى ۋە جىگىرى ئاجىزلار، مەقئەت، بوۋاسىر كېسەللىكلىرى بىلەن ئاغرىغانلار، بەدىنىدە قان غالىب بولغانلار، تومۇرى تار بولغانلارغا بەك ئىسسىق ياكى بەك سوغۇق پەسىللەردە ئىشلىتىلمەيدۇ. شۇنداقلا ئۇنىڭ تائامغا ئارىلىشىپ ئۇنى بۇزماسلىقى ئۈچۈن تائام ئۈستىگە ئىستېمال قىلىنمايدۇ.

سەبرە، ئاقاقىيا، ئەرەب يېلىمى ۋە ئۇنىڭ ئوخشاشلىرى بىلەن ساختىلاشتۇرۇلىدۇ. پۇرىقى، تەمى ۋە قاتتىقلىقى بىلەن پەرقلەندۈرۈلىدىغان بولۇپ، ماھارەت ئىگىلىرى بىلىدۇ.

**تەبئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق، بەزىلەر ئۈچىنچى دەرىجىدە ، يەنە بەزىلەر بىرىنچى دەرىجىدە قۇرۇق دەيدۇ. دەسلەپكى سۆز توغرىراقتۇر. ئۇنىڭ ئاچچىقلىقى ۋە قىرتاقلىقى ئۇنىڭ مۇرەككەپ قۇۋۋەتلەرگە ئىگە ئىكەنلىكىگە دالالەت قىلىدۇ. بۇ قاراش كۈچلۈكرەكتۇر.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** جىگەر ۋە باشقا ئەزالارنىڭ توسالغۇلىرىنى ئاچقۇچى، ئىچكى ئەزالارنىڭ يەللىرىنى تارقاتقۇچى، ئاشقازان، باش، بوغۇملار ۋە باشقا ئەزالاردا يىغىلغان ھەرقانداق تەييار خىلىتنى سۈرگۈچىدۇر. باشقا ئەزالاردىكى خىلىتلارنى سۈرۈش جەھەتتىكى تەسىرى ئاجىزدۇر. بەدەننىڭ چوڭقۇر قىسىملىرىدىكى ماددىلارنى تارتىپ چىقىرىدۇ. ئاشقازان ۋە تومۇرلاردىكى كىرلارنى تازىلايدۇ. سەۋدا، قويۇق بەلغەم، سۇ ئارىلاشقان بەلغەم ۋە سەپرا ئارىلاشقان بەلغەمنى سۈرۈپ چىقىرىدۇ. ئىچىنى سۈرۈش تەسىرى بىلەن يەرقانغا پايدا قىلىدۇ. جىگەر توسالغۇلىرىنى ئاچىدۇ. ئاشقازان ئۈچۈن ئەڭ ياخشى دورا ھېسابلىنىدىغان بولۇپ، ئۇنى تازىلايدۇ ۋە قۇۋۋەتلەيدۇ. كۆرۈش قۇۋۋىتى ۋە باشقا سەزگۈ قۇۋۋەتلىرىنى كۈچەيتىدۇ. مالىخولىيا، ئۆزگە سۆزلەش ۋە مېڭىنىڭ ئاشقازان شېرىكچىلىكىدە پەيدا بولغان نۇرغۇن كېسەللىكلەرگە پايدا قىلىدۇ. چۈنكى ئۇلارنىڭ ئاشقازان بىلەن تولۇق ئورتاقلىقى باردۇر. ئۇخلىتىدۇ، غىدىقلىماي قۇرۇتىدۇ، بولۇپمۇ يۇيۇلغىنى شۇ خىل تەسىرگە ئىگىدۇر. چوڭقۇر ئاقمىلار، چىيقانلار ۋە پۇتۇشى تەس بولغان يارىلارنىڭ ئېغىزىنى چاپلاشتۇرىدۇ. بولۇپمۇ مەقئەت ۋە جىنسىي ئەزالاردىكى يارىلارغا بولغان تەسىرى ياخشى بولۇپ، ئۇلاردىكى يامان ماددىلارنى يوقىتىدۇ. قىلغۇرت كېسەللىكى پەيدا بولۇشتىن بۇرۇن، يەنى ئۇنىڭ ئالامەتلىرى كۆرۈلۈشكە باشلىغاندا بىر قانچە كۈن ئۇدا ئىستېمال قىلىنسا، يەنى بىرىنچى كۈنى 1.5 گىرام، ئىككىنچى كۈنى ئۈچ گىرام، ئۈچىنچى كۈنى 3.5 گىرام ئىستېمال قىلىنسا، يەرلىك ئورۇنغىمۇ ئازراق سۈركىسە كېسەللىك ماددىسىنى تارقىتىپ ساقايتىدۇ.

ئۈنىڭدىن بەش يېرىم گىرام ئېلىپ ئىلمان سۇ بىلەن ئىچسە ئاشقازاندىكى ماددىلارنى كۆچلۈك سۈرىدۇ ۋە ئۈنىڭدىكى كېرەكسىز ماددىلارنى تازىلايدۇ. مائۇلھەسەل بىلەن ئىستىمال قىلىنسا بەلغەم بىلەن سەپرانى سۈرىدۇ. بەزىدە ئەتىگەن ـ كەچتە ئۈنىڭدىن بىر قانچە دان چوڭلۇقىدا ئېلىپ تۈزەتكۈچىلىرى، راتىيانەج ۋە كۆپۈكى ئېلىنىپ قىيام قىلىنغان ھەسەل بىلەن يۇغۇرۇپ ئىلمان سۇ بىلەن ئىستېمال قىلىنسا، قورساقتىكى ماددىلارنى سۈرىدۇ، ئاشقازاندىكى تائامنى بۇزمايدۇ، ئاشقازان ئاغرىقىنى بىر كۈندىلا پەسەيتىدۇ. مەستىكى بىلەن ئىستېمال قىلىنسا مېڭىنى تازىلايدۇ. غارىقۇن بىلەن ئىستېمال قىلىنسا بوغۇم ئاغرىقلىرى، كاناي ئىششىقىغا پايدا قىلىدۇ، ئۆپكىنى تازىلايدۇ. ئۈنىڭ ئۈچ گىرامى سوغۇق سۇ بىلەن ئىستېمال قىلىنسا قان تۈكۈرۈش ۋە يەرقانغا پايدا قىلىدۇ. قىزىلگۈل ۋە مەستىكى بىلەن ئىستېمال قىلىنسا ئاشقازان كېسەللىكلىرىگە شىپا بولىدۇ. مۇناسىپ دورىلار بىلەن ئىستېمال قىلىنسا سەۋدادىن بولغان بارلىق كېسەللىكلەرگە شىپا بولىدۇ، ئاشقازان، ئۈچەيلەردىكى تۈرلۈك مەددە قۇرتلارنى چىقىرىدۇ، تال، بۆرەك كېسەللىكلىرىگە داۋا بولىدۇ. بەلغەم ئارىلاشقان سەپرادىن بولغان ئۇسسۇزلۇقنى پەسەيتىدۇ. ئىشتىھا تۇتۇلۇشنى ئەسلىگە كەلتۈرىدۇ. كىچىك تىلنىڭ ئاشقازاندىكى سەپرانىڭ ھاraritى سەۋەبىدىن پەيدا بولغان ئىششىقىنى تارقىتىدۇ. مۇسھىل دورىلار بىلەن ئىستېمال قىلىنسا، ئۇلارنىڭ ئاشقازانغا زىيان قىلىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. سۈت ئېمىۋاتقان باللارغا مۇناسىۋەتلىك دورىلار بىلەن بىرلىكتە ئىستېمال قىلدۇرۇلسا ئۇلارنىڭ قورسىقىدىكى مەددە قۇرتىنى چۈشۈرىدۇ. بالىغا يېگۈزمەي ئانىسىغا يېگۈزسىمۇ سۈت ئارقىلىق تەسىر قىلىدۇ. قەدىمكى تېبابەتتە بايان قىلىنىشىچە، ئۇ سەۋدانى سۈرىدىغان بولغاچقا، ئۈنىڭدىن كۈنىگە بەش گىرامدىن ئۈدا ئىستېمال قىلىنسا، ئۈچ كۈن ئىستېمال قىلىنغاندىن كېيىن يەنە ئۈچ كۈن توختاپ، يەنە ئۈچ كۈن ئىستېمال قىلىنسا كونا تۈگۈنچىلەرنى يوقىتىدىكەن.

**ئىستېمال مىقدارى:** ئۈنىڭ نورمال ئىستېمال مىقدارى تۆت گىرامدۇر. بەش گىرامى ئىچىنى سۈرىدۇ. ئون گىرامى بۇزۇق خىلىتلارنى تازىلايدۇ. كۆپ ئىستېمال قىلىنسا ئىچىنى قانلىق سۈرىدۇ.

**ئورۇنباسارى:** ئىششىقلار ۋە يارىلار ئۈچۈن ئىككى ھەسسە ھۇزۇز مەككى، ئىچ سۈرۈش ئۈچۈن يېرىم ھەسسە تۇربۇت، ئاز مىقداردا سوقمونىيادۇر. بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، بىر ھەسسە ئەپسەنتىن، يېرىم ھەسسە زەپەردۇر.

**زىيانلىق تەسىرى:** ئاشقازان، ئۈچەيگە، ئاجىز جىگەرگە، مەقئەتكە زىيان قىلىدۇ، چۈنكى ئۇ مەقئەت تومۇرلىرىنى بوشىتىدۇ ۋە ئېغىزلىرىنى ئاچىدۇ. ئۈچەينى زەخىملەيدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** ئۈچەي ئۈچۈن كەتىرا، ئاشقازان، جىگەر ئاجىزلىقى ئۈچۈن قىزىلگۈل

بەرگى، مەستىكى؛ مەقئەت ئۆچۈن مۇقەل ئىشلىتىش ۋە يەرلىك ئورۇننى گۈل يېغى ياكى بىنەپشە يېغى ياكى ئۆچكە يېغى بىلەن ياغلاشتۇر. ئۇنىڭ تەسىرىنى كۆچەيتكۈچىلەر ھەسەل، ئىسسىق دورا ـ دەرمانلار ۋە سېرىق ھېلىلىدۇر.

ئۇنىڭ ناچار قىسىملىرى زۆرۈر بولغاندا ئىستېمال قىلىنغاندىن كېيىن ئاشقازاندا ئۆچ كۆنگىچە تۇرۇپ كۆڭۈلنى غەش قىلىدۇ، بىئارام قىلىدۇ. چۈنكى ئۇ زۆرۈر بولمىسا ئىشلىتىلمەيدۇ. بۇ چاغدا ئۇنى ئىسلاھ قىلىش ئۈچۈن قىزىلگۈل سۈيى بىلەن يۇيۇلىدۇ. قىزىلگۈل، مەستىكى، ئەپسەنتىن، مۇقەل، مائۇلھەسەل، ئىسسىق دورا ـ دەرمانلار قايناتمىسى ياكى ھەسەل بىلەن ئىستېمال قىلىنىدۇ.

ئۇنى كۆزگە سۈركىسە كۆرۈش قۇۋۋىتىنى ئاشۇرىدۇ، قاپاق گىرۋەكلىرىنىڭ قىزىرىپ ئىششىشى، قاپاق قىچىشىش، قاپاق قوتۇرى، قاپاق قېلىنلاشلارغا پايدا قىلىدۇ، كۆزدىكى چوڭقۇر يارىلارنى ساقايتىدۇ، كۆز تەرەپكە يۇزلەنگەن بۇزۇق قاننى توسىدۇ. ئۇنى گۈل يېغى بىلەن مەلھەم قىلىپ سۈركىسە، كۆز جاراھەتلىرى، قاپاق قوتۇرى، كۆز ئاغرىقلىرىغا پايدا قىلىدۇ، كۆزنىڭ ھۆللۈكلىرىنى قۇرۇتىدۇ. پېشانە ۋە ئىككى چېكىگە سۈركىسە مېڭىدىكى سەپرا خاراكتېرلىك كېرەكسىز ماددىلارنى تازىلايدۇ. باش ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ. تۇز ۋە توغرىغۇ بىلەن مەلھەم قىلىپ باشنىڭ ئالدى تەرىپىگە چاپسا سوغۇق نەزلە سۇيۇقلۇقلىرىنىڭ كۆزگە چۈشۈشىنى توسىدۇ. مېڭىنى قىزىتىدۇ، ئۇنىڭ ھۆللۈكلىرىنى قۇرۇتىدۇ. پاقىيوپۇرمىقى سۈيى ۋە سىركە بىلەن مەلھەم قىلىپ سۈركىسە بالىلارنىڭ بېشىدىكى ھۆل يارىلارنى ساقايتىدۇ. ئاقاقىيا بىلەن مەلھەم قىلىنسا باشنىڭ لىپىلدىقىنى تېز پۈتتۈرىدۇ. پاقىيوپۇرمىقى سۈيى بىلەن مەلھەم قىلسا بۇرۇن ۋە قۇلاقنىڭ يارىلىرىنى ساقايتىدۇ. قاپاق يېغى بىلەن مەلھەم قىلسا بۇرۇن جاراھىتىنى ساقايتىدۇ. ھەببۇلئاس ۋە شاراب بىلەن مەلھەم قىلسا چاچ ـ ساقالنى قارايتىدۇ، پىت يوقىتىدۇ، تاقىرلىق سەۋەبىدىن چۈشۈپ كەتكەن چاچنى ئۇندۇرىدۇ. ھەسەل بىلەن مەلھەم قىلسا ئۆلۈك قان ئۇيۇغان ئورۇلۇپ، سوقۇلۇشقا پايدا قىلىدۇ. تېرىدىكى ئىزلارنى يوقىتىدۇ، نەزلە سۇيۇقلۇقلىرىنىڭ چۈشۈشىنى توسىدۇ. باش ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ. سوغۇقتىن بولغان ئىششىقلارنى تارقىتىدۇ. بەلباغسىمان قوقاق، تىلما، سەينەك، يامان يارىلار، ئۇچا ئاغرىقلىرى، بوغۇم ئاغرىقلىرى، بوۋاسىر قاتارلىقلارغا پايدا قىلىدۇ. شاراب ۋە ھەسەل بىلەن مەلھەم قىلىنسا ئەزالار، مۇسكۇللار ۋە تىلنىڭ ئىككى تەرىپىنىڭ كىرىشىپ قېلىشىنى ئوڭشايدۇ. چىش مىلىكى، ئېغىز، دىماق ئىششىقلىرى ۋە ساقىيىشى تەس بولغان يارىلارغا شىپا بولىدۇ. بولۇپمۇ بۇرۇن، زەكەر ۋە مەقئەتتىكى يارىلارغا ياخشى پايدا قىلىدۇ. ھۆل يۇمغاقسۈت سۈيى ۋە سىركە بىلەن مەلھەم قىلىنسا، تىلما ۋە قىزىلغا پايدا قىلىدۇ. تاتلىق شاراب بىلەن مەلھەم قىلسا بوۋاسىر دانچىلىرىنى چۈشۈرىدۇ، مەقئەت قاناش ۋە يېرىلىشقا داۋا بولىدۇ. كۈدە سۈيى بىلەن مەلھەم قىلىسمۇ

بوۋاسىرنىڭ دانچىسىنى چۇشۇرىدۇ. ئەمما بوۋاسىرنىڭ دانچىلىرى چۇشۇپ بولغاندىن كېيىن ئورنىغا قوغۇشۇن كۇشتىسىنى گۇل يېغى بىلەن سالايە قىلىپ سۇركىلىدۇ. كۇدە سۇيى ۋە يىلان پوستى بىلەن قايىنتىلىپ ئىشلىتىلسە بوۋاسىرنىڭ دانچىلىرىنى چۇشۇرىدۇ، تەكرار ئىشلىتىلسە مەقئەت كېسەللىكلىرىگە تەڭداشسىز پايدا قىلىدۇ. يالغۇز ياكى مۇناسىۋەتلىك دورىلار بىلەن بىرلىكتە جەسەتكە سۇركىسە چىرىشنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. قوي يۇڭىنى قايناتقان كىر بىلەن ئېرىتىپ زىمات قىلسا ئۇرۇلۇش ـ سوقۇلۇشتىن بولغان ئاغرىقلارنى پەسەيتىدۇ. سىركە بىلەن ئېرىتىپ باش يۇيۇلسا تاز ۋە دائىرىلىك چاچ چۇشۇشكە پايدا قىلىدۇ. كۆيدۇرۇپ ئىسى نەيچە ئارقىلىق كانايغا سۇمۇرۇلسە ئۇنىڭ ئىششىقىغا پايدا قىلىدۇ، داۋاملىق ئىشلىتىلسە ئۇنىڭ ئۇچۇن ئەڭ ياخشى دورا بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن كىلىزما قىلىنسا بوۋاسىرغا پايدا قىلىدۇ. تالقانلاپ سېپىلسە زەخمىلەرنى قۇرۇتۇپ ساقايتىدۇ. زەكەر، پەرجى ۋە پەيلىك ئەزالارنىڭ يارىلىرىغا ناھايىتى پايدا قىلىدۇ. چىرىگەن ئۇستىخاندىن باۋارەر مىقداردا ئېلىپ ئۇنىڭ بىلەن تالقانلاپ سېپىلسە، يەل يارا، بوۋاسىر ۋە يامان يارىلارغا پايدا قىلىدىغان بولۇپ سىناقتىن ئۆتكەندۇر. ھىندىستان ئاياللىرى سۇت ئېمىۋاتقان بالىلىرىنىڭ ئىچى قەۋزىيەت بولۇپ، ئاغرىتىپ بىئارام قىلسا سەبرىنى سۇ بىلەن ئېرىتىپ، بېنگالىنىڭ تەنبۇل دەرىخى يوپۇرمىقىغا سۇرۇپ ئىسسىتىپ، ئۇلارنىڭ كىندىكىنىڭ ئاستىنىڭ سول تەرەپى، يەنى جىگەرنىڭ ئورنىغا يېقىن ئورۇنغا چاپلايدۇ، بۇ چاغدا ئۇ ئىچىنى سۇرۇپ ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇنىڭ يوپۇرمىقىنىڭ بىر پارچىسىنى يېرىپ ئۇنىڭغا زەرچىۋىنى ئاز مىقداردىكى ئەپيۇن بىلەن سالايە قىلىپ سۇرۇپ، يوتا يېرىقىدا پەيدا بولغان ئىششىققا سۇركىسە ئىششىقنى تارقىتىدىكەن. يۇيۇلغان سەبرىنىڭ تەسىرى يۇيۇلمىغىنىنىڭ تەسىرىدىن ئاجىزراق بولىدۇ، ئۆتكۈرلۈكى ۋە غىدىقلىشى ئاجىزلايدۇ، چۇنكى بۇ چاغدا ئۇنىڭ سۇرگۇچى ئۇچۇچان قىسىملىرى يوقىلىدۇ ياكى ئاجىزلايدۇ. ئەمما ئاجىز ئاشقازانغا بولغان تەسىرى يۇيۇلمىغىنىدىن ياخشىراق بولىدۇ، شۇنداقلا كۆز كېسەللىكلىرىنىڭ كۆپ قىسمىغا ياخشىراق پايدا قىلىدۇ. ئۇنى يۇيۇش ئۇسۇلى قارابادىندا بايان قىلىندى. ئۇ ئۇلۇغ دورىلاردىن ھەمدە ئايارەجلەر، شەبيارلار ۋە سۇرگۇچى ھەبلەرنىڭ كۆپ قىسىملىرىنىڭ مۇھىم تەركىبلىرىدىن بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭ داۋاسى، زىماتى، تىلاسى، قۇرسى، مەتبۇخى، مەجۇنى ۋە چىلانىمىسى قارابادىندا بايان قىلىندى.

## سەبتى
(سانا ئۇسارىسى)

ئۇ سانانىڭ ئۇسارىسى بولۇپ، قۇرۇتۇپ قۇرس تەييارلىنىدۇ. ئىششىقلارغا ناھايىتى ياخشى پايدا قىلىدۇ.

## پەسىل: «س» (سۇۋاد) ۋە «ھ» (ھۇۋائى) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى

### سەھنات

ئۇ پارسچە «ماھىيانە» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** قارابادىنىدا بايان قىلىندى.

**تەبىئىتى:** قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ئاشقازان ھۆللۈكلىرىنى قۇرۇتقۇچى، ئېغىزنىڭ ئاشقازاندىكى بۇزۇق ھۆللۈكلەر ياكى ئاشقازان زەئىپلىكى سەۋەبىدىن پەيدا بولغان سېسىق پۇرىشىنى يوقاتقۇچىدۇر. پالەچ، سوغۇقتىن بولغان كېسەللىكلەرگە پايدا قىلىدۇ، يانپاش ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ، ھەزىمنى كۈچەيتىدۇ، ئىشتىھانى ئاچىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** ئىسسىق مىزاجلىقلار ۋە سەۋدا مىزاجلىقلارغا زىيان قىلىدۇ، چۈنكى ئۇ قاننى كۆيدۈرىدۇ، ناچار خىلىت، سەۋدا ۋە ئۇنىڭدىن پەيدا بولىدىغان كېسەللىكلەرنى پەيدا قىلىدۇ، ئۇسسىتىدۇ، خىلىتلارنى چىرىتىدۇ، قوتۇر، قىچىشقاق ۋە باش ئاغرىقىغا سەۋەب بولىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** زەنجىۋىل، قارا سۇنا مېغىزى ياكى سىركە ۋە چۈچۈمەل نەرسىلەرنى ئىستېمال قىلىشتۇر.

## پەسىل: «س» (سۇۋاد) ۋە «د» (دال) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى

### سەدەف

(سەدەپ قۇلۇلىسى)

ئۇ ھىندىچە «سىپ»، فىرانسۇزچە «بەلىينە» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بۇ ئاتالغۇ قۇلۇلە بىلەن مەنىداش ئىكەن. ئېھتىمال قۇلۇلە ئومۇمىي نام بولۇپ، سەدەپ قۇلۇلىسى ئۇنىڭ بىر تۈرىنى، يەنى پوستى ناھايىتى قاتتىق بولۇپ، ئۇستىخانغا ئوخشايدىغان، قاتتىق - يۇمشاقلىقتا تاش بىلەن ئۇستىخاننىڭ ئوتتۇرىدا بولغان تۈرىنى كۆرسىتىشى مۇمكىن. ئۇ سەدەپ قۇلۇلىسى، قالغان ھەر خىل شەكىلدە بولغانلىرى قۇلۇلە دەپ ئاتالغان بولۇشى مۇمكىن. قۇلۇلە «ھ» (ھۇۋائى) ھەرپى بىلەن

باشلانغان دورىلار بابىدىكى «ھەلزۇن» ماۋزۇسىدا بايان قىلىندى. سەدەپ قۇلۇلىسى يالغۇز ئىپتىلسا مەرۋايىت قۇلۇلىسى نەزەردە تۇتۇلىدۇ. ئۇ ئاللا خالىسا «ل» (لام) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلار بابىدىكى «لۇئلۇئ» (مەرۋايىت) ماۋزۇسىدا بايان قىلىنىدۇ. ئۇ قارابادىنىدىمۇ بايان قىلىندى. ئۇنىڭ تاتلىق سۇدا ئۆسكەنلىرى ياخشىلىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

**تەبىئىتى:** بەزىلىرى ئىسسىق، بەزىلىرى سوغۇقتۇر. كۆشتە قىلىنغاندىن كېيىن ئىسسىق ۋە ئۇچۇچان بولۇپ، ئۆزگىرىدۇ، كۆشتە قىلىنغىنىنىڭ قۇرۇقلۇقى كۆشتە قىلىنمىغىنىنىڭ قۇرۇقلۇقىدىن ئارتۇقراق بولىدۇ.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ماددىلارنى ئۇچۇچانلاشتۇرغۇچى، جۇلا بەرگۈچى، ئىچ سۈرۈشنى توختاتقۇچى، قان تۈكۈرۈش ۋە قاناشلارغا داۋا بولغۇچى بولۇپ، چىش مىلىكىنى چىڭىتىدۇ، چىش مىلىكىدىكى زەخىملەرنى ساقايتىدۇ. يەل يارىغا داۋا بولىدۇ. چىشنى ئاقارتىدۇ. مەزكۇر مەقسەتلەرگە يېتىش ئۈچۈن ئىستېمال قىلىنىدۇ ياكى سېپىلىدۇ. ئاق سەدەپ، بولۇپمۇ ئۇنىڭ ئىچكى پوستىنى سالايە قىلىپ بۇرۇنغا پۈركىسە قېنىنى توختىتىدۇ. كۆزگە سۈركىسە كۆز يارىسى، قاپاق گىرۋەكلىرى قىزىرىپ ئىششىش، ئارتۇق كىرپىك ئۈنۈشكە پايدا قىلىدۇ. «نەجفۇلغۇراب» دېگەن نام بىلەن مەشھۇر بولغان سېرىق سەدەپنى كۆشتە قىلىپ قەتران بىلەن مەلھەم قىلىپ قاپاققا سۈركىسە كىرپىكنىڭ ئارتۇق ئۈنۈشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. سىركە بىلەن مەلھەم قىلىپ سۆگەل ۋە بوۋاسىرغا سۈركىسە ئۇنى يوقىتىدۇ، سىناقتىن ئۆتكەن دەپ قارىلىدۇ. كۆيدۈرۈلگەن سەدەپ تۇز بىلەن چىش سەپمىسى قىلىنىپ چىشقا سېپىلسە چىش ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ، چىش مىلىكىنى قۇرۇتىدۇ، چىشنى چىڭىتىدۇ. چىرىگەن يارىلارغا سېپىلسە چىرىشنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. ئىپتىشلارغا قارىغاندا، ئۇنىڭ جۇلا بېرىش قۇۋۋىتىگە ياردەم بېرىش ئۈچۈن ئۇنى كۆپ سالايە قىلماسلىق لازىم ئىكەن. زىمات قىلسا ئىستىسقاغا پايدا قىلىدۇ، ئەمما بەدەنگە زىمات قىلىنغاندىن كېيىن ئالدىراپ ئاجرىتىۋەتمەسلىك، بەلكى ئۆزىنىڭ تۆكۈلۈشىنى كۈتۈش لازىم. ئۇنىڭ ياۋسىنىڭ بۇ خىل تەسىرى كۈچلۈكرەكتۇر. ئۇ توخۇ تۇخۇمىنىڭ ئېقى بىلەن مەلھەم قىلىنسا ئوت كۆيۈك يارىسىنى ساقايتىدۇ. ئىلمان سۇ، ئىسسىق ياغ ياكى مۇناسىۋەتلىك دورىلار بىلەن مەلھەم قىلىنسا داغ يوقىتىدۇ، بەھەقكە شىپا بولىدۇ، رەڭگىرويىنى نۇرانە قىلىدۇ. سىركە بىلەن سالايە قىلىپ قۇلاق ئاستىغا سۈركىسە نەزلە سەۋەبىدىن پەيدا بولغان دائىملىق باش ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ. ئۇنىڭ كۆيدۈرۈلگىنىنى يۇمشاق سالايە قىلىپ ھۆل سوغۇقتىن بولغان ئاغرىقلارغا سۈركىسە پەسەيتىدۇ. جالىنۇس كۆيدۈرۈلگەن سەدەپ ھىندى يۇرەك ئاغرىقىنى خاسىيىتى بىلەن پەسەيتىدۇ، دېگەن. ئۇنى كۆيدۈرۈپ ئىسرىق سېلىنسا بوۋاسىرغا پايدا قىلىدۇ. سەدەپ قۇلۇلىسىنىڭ گۆشى ئەزاغا تېڭىلسا ئۇنىڭدا تۇرۇپ قالغان تىكەن ۋە ئۇستىخانغا ئوخشاش يات نەرسىلەرنى تېرە يۈزىگە

تارتىدۇ. ئۇنىڭ گۆشى ئىستېمال قىلىنسا يەللەرنى تارقىتىدۇ، بەدەندىكى سوغۇقلۇقنى ھەيدەيدۇ. ئۇنىڭ گۆشى كىندىكىنىڭ ئاستىغا ۋە بەلگە زىمات قىلىنسا باھنى قۇۋۋەتلەيدۇ. كىچىك سەدەپ قۇلۇلىسىنىڭ شورپىسىنى ئىچسە ئىچىنى سۇرىدۇ. بىنەپشە رەڭلىك سەدەپ قۇلۇلىسىنى ياغ بىلەن قاينىتىپ شۇ ياغنى چاچقا سۈركىسە چاچ چۈشۈشنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. سىركە بىلەن قاينىتىپ ئىچسە تال ئىششىقىنى تارقىتىدۇ.

## سەدەفۇلبەۋاسىر
(بوۋاسىر سەدەپ قۇلۇلىسى)

ئۇ «نەجفۇلغۇراب» دېگەن نام بىلەن مەشھۇر بولۇپ، قىزىل دېڭىز ساھىللىرى ۋە ھىجاز دەريا ساھىللىدا كۆپ بولىدۇ. قۇلۇلىگە ئوخشايدۇ، پەقەت ئۇنىڭ قېپى قاتلىق، سىپسىق پۇراقلىق، رەڭگى قارىغا مايىل بىنەپشە رەڭ بولىدۇ. قىزىل دېڭىز ساھىللىرىدا «بەركىيىە» دېگەن نام بىلەن تونۇشلۇقتۇر. ئۇنىڭ بىلەن ئىسرىق سېلىنسا، كۆيدۈرۈپ ھەسەل بىلەن زىمات قىلىنسا بوۋاسىرغا پايدا قىلىدۇ، سۆگەلنى يوقىتىدۇ، قانلىق ئىچ سۈرۈشكە داۋا بولىدۇ.

## سەدەفۇلفىرفىر
(قارا سەدەپ قۇلۇلىسى)

ئۇ «فەرفۇر» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. سەدەپ قۇلۇلىسىنىڭ بىر تۈرى بولۇپ، قارىغا مايىل، ناھايىتى قاتتىق بولىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن ئىسرىق سېلىنسا بالا ھەمراھىنى چۈشۈرىدۇ، بالىياتقۇ ئېغىزىنىڭ بوغۇلۇپ قېلىشى (ھىستېرىيە) غا داۋا بولىدۇ. كۆشتىسىنى كۆزگە سۈركىسە كۆزنى روشەنلەشتۈرىدۇ.

# پەسىل: «س» (سۇۋاد) ۋە «ر» (رائ) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى

## سەرىيمەتۇلجەدىي
(ئوغلاقئوتى)

ئۇ ئەندەلۇستا «سۇلتانۇل جەبەل» (تاغ سۇلتانى) دەپ ئاتىلىدۇ.

ماھىيىتى: ئۇ بىر خىل ئۆسۈملۈك بولۇپ، شاخلىرى توم، بوغۇملۇق بولىدۇ. ئەتراپىدىكى

نەرسىلەرگە يامىشىدۇ. يوپۇرمىقى چوڭ يۆگىمەچئوت يوپۇرمىقىغا ئوخشاش، ئۇنىڭدىن كىچىكرەك بولىدۇ. گۈلى ئاق، خۇش پۇراق بولىدۇ. مېۋىسى يۆگىمەچئوت مېۋىسىگە ئوخشايدۇ. شىلىمشىق، سەل ئۆتكۈر بولىدۇ. تاغلار ۋە تاشلاندۇق يەرلەردە ئۈنىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىنىڭ ئاخىرىدا ئىسسىق، ئوتتۇرىدا قۇرۇق. ئۈچىنچى دەرىجىگىچە ئىسسىقمۇ دېيىلگەن.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ئۇرۇقى ئىستېمال قىلىنسا توسالغۇلارنى ئاچىدۇ، سۈيدۈك ھەيدەيدۇ، تەرەتنى بوشىتىدۇ، بالا ھەمراھىنى چۈشۈرىدۇ. بالىياتقۇدىكى كېرەكسىز ماددىلارنى تازىلايدۇ. ئۇنىڭدىن كۈنىگە بەش گىرام ئېلىپ 200 مىللىلىتىر ئەتراپىدىكى ئاق شاراب ۋە ئۇنىڭ ئوخشاشلىرى بىلەن ئىچسە نەپەسنى راۋانلاشتۇرىدۇ، بالىياتقۇنى تازىلايدۇ، تال ئىششىقنى تارقىتىدۇ، زەھەرلەرنى قايتۇرىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** بۆرەككە زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** چىلان.

**ئىستېمال مىقدارى:** ئالتە گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

گۈلىنى پۇرىسا مېڭىنى قۇۋۋەتلەيدۇ، روھلاندۇرىدۇ، باھنى قوزغايدۇ. يىلتىزىنىڭ ھېچقانداق پايدىسى خاتىرىلەنمىگەن.

## سۇرەد
(قۇرغۇي)

ئۇ «سۇراد» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** ئۇ بىر خىل قۇش بولۇپ، پارسچە «سەبز كەرا»، «تەرتىشەك»، «ئۇركاك»، ئەرەبچە «ھەۋام» دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇنىڭ لەقىمى «ئەبۇ كەسىير» دۇر. ئۇنىڭ بېشى ئالا، تۇمشۇقى، چاڭگىلى چوڭ بولىدۇ. ئۇنى پەقەت دەرەخنىڭ شاخلىرىدا كۆرگىلى بولىدۇ. ھېچ كىشى ئۇنى تۇتالمايدۇ. ناھايىتى ئۈركۈيدۇ. ھەر خىل سايرىيالايدىغان بولۇپ، ئوۋلىماقچى بولغان قۇشنىڭ سايرىشىنى دوراپ يېنىغا ئالداپ ئېلىپ كېلىپ، بىرلا ھۇجۇم قىلىپ ئۆتكۈر تۇمشۇقلىرى بىلەن تۇتۇپ قارنىنى يېرىپ يەيدۇ. داۋاملىق دەرەخلەرنىڭ ئۇچلىرى، ئۆڭكۈرلەر ۋە قورغانلارغا ئۇۋا سېلىش بىلەن ئالدىراش بولىدۇ. ھەزرىتى رەسۇلۇللاسەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەمدىن رىۋايەت قىلىنىشىچە، ئۇ زات مەزكۇر قۇشنى بىر قانىتىنىڭ قولىدا تۇنجى كۆرۈپ: «بۇ قۇش ئاشۇرا كۈنىدە روزا تۇتىدىغان قۇشتۇر» دېگەن. يەنە بىر ھەدىستە بايان قىلىنىشىچە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام چۈمۈلە، سېرىق ھەرە، ھەسەل ھەرىسى، قۇرغۇي ۋە ھۆپۈپنى ئۆلتۈرۈشنى چەكلىگەن. ئۇلارنىڭ گۆشى ھارامدۇر.

## سۇرسۇر
(قارا چېكەتكە)

ئۇ «سەرسەر» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئۇ ئەرەبچە سۆز بولۇپ، كۆپلۈك شەكلى «سەراسىر» بولىدۇ. سۇريانچە ۋە شىرازچە «چەھرەئى رىيسەك» دەپ ئاتىلىدۇ. ئەندەلۇس خەلقى «جەفالە» دەپ ئاتايدۇ. پارسچە «چەرۋاشەك» دەپ ئاتىلىدۇ. ئەرەبلەر «سۇرادۇللەيل» دەپ ئاتايدۇ. ئىسپىھاندا «زەنجىرە»، تەنەكابۇندا «جىيەك»، ھىندىچە «جىنگەر» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيتى:** ئۇ تونۇشلۇق ھاشارات بولۇپ، چېكەتكىگە ئوخشاش، ئۇنىڭدىن كۆپ كىچىك بولىدۇ. ئۆيلەر، باغلار ۋە تاملارنىڭ يېرىقلىرىدا كۆپ بولۇپ، كېچىلىرى چىرىلدايدۇ. بولۇپمۇ كېچىلىرى توختىماي چىرىلدايدۇ.

**تەبئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** قورۇپ ئىستېمال قىلىنسا دوۋسۇن ئاغرىقلىرىنى پەسەيتىدۇ. ئۇنىڭ قۇرۇتۇلغىنىدىن بەش دانىدىن ئون دانىغىچە ئېلىپ، پىلپىل بىلەن سالايە قىلىپ، باراۋەر مىقداردىكى ھەسەل ۋە پىلپىل بىلەن بىرلىكتە بەدەننىڭ كۈچلۈك ـ ئاجىزلىقى، كېسەللىكىنىڭ ئېغىر ـ يېنىكلىكىگە قاراپ مۇۋاپىق مىقداردا ئىلمان سۇ، ھەسەل ياكى شېكەر سېلىنغان گۇلاب بىلەن ئىستېمال قىلىنسا تېۋىپلار داۋالاشتىن ئاجىز قالغان قۇلۇنجى كېسەللىكىنىڭ ئاغرىقىنى دەرھال پەسەيتىدۇ، سىناقتىن ئۆتكەن دەپ قارىلىدۇ. بولۇپمۇ ئۇنىڭ پۇتلىرى قايىنىتىلغان زەيتۇن يېغى قۇلاققا تېمىتىلسا قۇلاق ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ.

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇنىڭدىن ئۇچ ـ تۆت دانە تۇتۇپ قومۇشنىڭ ئىچىگە سېلىپ، ئىككى تەرىپىنى ئېتىپ، تەكىينىڭ ئاستىغا قويۇپ قويسا، ئۇ تەكىينىڭ ئاستىدا بولسىلا ئۇيقۇ كەلمەيدىكەن.

## پەسىل: «س» (سۇۋاد) ۋە «ئ» (ئەين) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى

## سۆئتەر
(يالپۇز)

ئۇ «س» (سىين) ھەرپى بىلەنمۇ يېزىلىدۇ. ئەمما تېۋىپلار «شەئىير» (ئارپا) دېگەن سۆز بىلەن ئارىلىشىپ قالماسلىقى ئۈچۈن كۆپ ھاللاردا «س» (سۇۋاد) ھەرپى بىلەن يازىدۇ. ئۇ «ش» (شىين) ھەرپى ۋە «ز» (زائ) ھەرپى بىلەنمۇ يېزىلغان. ئۇ رىمچە «لەرمۇش»، «يۇنانچە

«سەئتەرۇس»، «ئورىغاسەن»، پارسچە «ئىشەن»، «ئەۋشەن»، تۈركچە «كەلكەلىك»، ئىسپىھانچە «ئويشەم»، ھىندىچە «ساتىر» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** ئۇ بىر خىل ئۆسۈملۈكنىڭ يوپۇرمىقىدىن ئىبارەت. يەرلىك، ياۋا، تاغدا ئۆسىدىغىنىدىن ئىبارەت بىرقانچە خىل بولىدۇ. يەرلىكى پارسچە «مىزرە» دەپ ئاتىلىدۇ. يەرلىكىنىڭ يوپۇرمىقى يۇملاق، ياۋىسىنىڭ يوپۇرمىقىنىڭ بەزىسى ئۇزۇنچاق، ئۇششاق، يەنە بەزىسىنىڭ يوپۇرمىقى نازۇك بولىدۇ. تاغدا ئۆسىدىغىنىنىڭ يوپۇرمىقى كەڭ، يۇملاق بولىدۇ. يوپۇرمىقى يۇملاق، رەڭگى قارامتۇل بولغانلىرى پارس يالپۇزى دەپ ئاتىلىدۇ. بەزىلەر يوپۇرمىقى ئاق بولغانلىرىنى «جەۋز» دەپ ئاتايدۇ، «سۆئتەرى شىۋار» دەپمۇ ئاتايدۇ. ئۇنىڭ يەنە باشقا تۈرلىرىمۇ بولىدۇ. ھەممىسىنىڭ تەمى ئۆتكۈر، خۇش پۇراق، ھەممىسىنىڭ گۈلى كۆك بولىدۇ. ئۇنىڭ ياۋىسىنىڭ يوپۇرمىقى ئۇششاق، يېڭى بولغانلىرى ياخشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. يوپۇرمىقى ئۇزۇن بولغىنى يوپۇرمىقى يۇملاق بولغىنىدىن ياخشىدۇر.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىنىڭ ئاخىرىدا قۇرۇق ئىسسىقتۇر. بەزىلەر ئۈچىنچى دەرىجىنىڭ بېشىدا قۇرۇق ئىسسىق دېگەن. تاغدا ئۆسكىنىنىڭ قۇرۇق ئىسسىقلىقى ئارتۇقراقتۇر.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** توسالغۇلارنى ئاچقۇچى، ماددىلارنى پارچىلىغۇچى، قۇرۇتقۇچى، يەللەر ۋە بەلغەملەرنى تارقاتقۇچى، قويۇق غىزالارنى ئۇچۇچانلاشتۇرغۇچى، باھنى قۇۋۋەتلىگۈچى، ئىشتىھانى ئاچقۇچى، ئۆپكە، ئاشقازان، جىگەر ۋە ئۈچەيلەردىكى ھۆللۈكلەر ۋە بەلغەملەرنى تازىلىغۇچى، مېڭىگە بۇخاراتلارنىڭ ئۆرلىشىنى توسقۇچى، بەلغەمدىن بولغان كېكىرىشنى توختاتقۇچى، سوغۇقتىن بولغان چىش ئاغرىقى ۋە يانپاش ئاغرىقىنى پەسەيتكۈچى، دۇۋسۇن، بالىياتقۇ ئاغرىقىنى پەسەيتكۈچى، سۈيدۈك، ھەيز ھەيدىگۈچى ۋە زەھەر قايتۇرغۇچىدۇر. ئەنجۇر سۈيى بىلەن ئىستېمال قىلىنسا كاناي ئىششىقى ۋە يۆتەل پەسەيتىدۇ. قۇرۇق ئەنجۇر بىلەن ئىستېمال قىلىنسا تەرلىتىدۇ، رەڭگىرويىنى ياخشىلايدۇ. ئۇنىڭ قاينىتىلغان سۈيى سۈرگۈچى دورىلار بىلەن ئىستېمال قىلىنسا خام كېكىرىشنى يوقىتىدۇ. غىزانىڭ بۇزۇلۇشى ۋە ئېچىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. كۆكۈل ئاينىش ۋە ئاشقازان ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ. يەلدىن ۋە بەلغەمدىن بولغان قۇلۇنجى، قورساق ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ. ئاشقازاندىكى تۈرلۈك مەددە قۇرتلار ۋە قاپاق ئۇرۇقسىمان مەددىنى چۈشۈرىدۇ. شۇنداقلا ھەسەل بىلەن ئىستېمال قىلىسىمۇ شۇ تەسىرنى بېرىدۇ. سۈرگۈچى دورىلاردىن ئىلگىرى ئىستېمال قىلىنسا خىلتلارنى مۇسھىل بىلەن ئاسان چىقىپ كېتىشكە تەييارلايدۇ. كەرەپشە سۈيى بىلەن ئىستېمال قىلىنسا تاش پارچىلايدۇ، سۈيدۈكنى راۋانلاشتۇرىدۇ. ئۈزۈم شىرنىسى بىلەن ئىستېمال قىلىنسا شەۋكىران ۋە ئەپيۇننىڭ زىيىنىنى يوقىتىدۇ. سىركەنجۇبىل بىلەن ئىستمىال قىلىنسا ھامىلىگە يېتىدىغان زىياننىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. ياۋا رەيھان ۋە تۇرۇپ بىلەن ئىستېمال قىلىنسا يانپاش ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ، بەدەننىڭ

هۆللۈكلەردىن پەيدا بولغان ئىغىرلىقنى يوقىتىدۇ. بۇ مەقسەتلەرگە يېتىش ئۈچۈن ئۇ ئىستېمال قىلىنىدۇ ياكى زىمات قىلىنىدۇ. زەيتۇن يېغى بىلەن ئىستېمال قىلىنسا تۇرلۇك قورساق ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ. يالپۇز چىلانغان سىركە ۋە ئۇنى قوشۇپ تەييارلانغان سىركەنجىۋىلنى يۆتەل بولمىغان ئەھۋالدا ئىچسە تال كېسەللىكىگە پايدا قىلىدۇ، سىناقتىن ئۆتكەن. يېڭى قېتىق سۈزمىسى بىلەن ئىستېمال قىلىنسا بەدەننى سەمرىتىدۇ. تەرخەمەك بىلەن ئىشلىتىلسە مۇسكۇللارنىڭ زىيدىلىنىشىگە، ئاشقازان، جىگەرگە پايدا قىلىدۇ. ھەسەل بىلەن يالىسا كىچىك تىل ئىششىقى، ئۆپكىنىڭ ئىسسىقتىن بولغان ئىششىقى ۋە ھۆللۈكتىن بولغان يۆتەلنى پەسەيتىدۇ. چايانىنىڭ زەھىرى ۋە باشقا ھاشاراتنىڭ زەھەرلىرىنى قايتۇرىدۇ. چاينىسا چىش ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ، كۆرۈش كۈچىنى كۈچەيتىدۇ. ئۇنىڭ سۇفۇپى باراۋەر مىقداردىكى شېكەر بىلەن ئىستېمال قىلىنسا باشقا بۇخاراتلارنىڭ ئۆرلىشىنى چەكلەيدۇ. كۆزنى قۇۋۋەتلەيدۇ. بۇغداي ئاتلىسى، باقىلە، ئەدەس، كاللا ـ پاقالچاق، موزاي گۆشى ۋە ئۇلارغا ئوخشاش تەستە ھەزىم بولىدىغان تائاملار بىلەن ئىستېمال قىلىنسا ئىغىزنى خۇش پۇراق قىلىدۇ، ئاشقازاندىن تېز ئۆتكۈزىدۇ، لەززىتىنى ئاشۇرىدۇ، ئۇلارنى ئۈچۈچانلاشتۇرىدۇ. يەللەرنى تارقىتىدۇ. قورساقنىڭ ئىسسىلىشىنى تۈگىتىدۇ. ئۇنىڭ 10 گىرامى ھەسەل بىلەن ئىستېمال قىلىنسا چايان ۋە باشقا زىيانداش ھاشاراتنىڭ چېقىۋالغان زەھىرىنى قايتۇرىدۇ. سىركە ۋە زىرە بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ ئىغىز چايقالسا چىش، گال ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ. ئۇنىڭ سىقىلغان سۈيىنى كۆزگە سۈركىسە كۆزدىكى ئاقنى يوقىتىدۇ، نامازشام قارىغۇسى كېسەللىكىگە داۋا بولىدۇ. ئۇ ئىرىسا يېغى بىلەن بىرلىكتە بۇرۇنغا تېمىتىلسا مېڭىدىكى ئارتۇق ھۆللۈكلەرنى تازىلايدۇ. قورساققا تېمىتىلسا سەزگۈرلەشتۈرىدۇ. سۈت بىلەن تېمىتىلسا ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ. ھەسەل بىلەن زىمات قىلىنسا قاتتىق ئىششىقلارنى ياندۇرىدۇ، ئولتۇرغۇچ نېرۋا ئاغرىقى، يانپاش ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ. زەيتۇن يېغى ۋە زىرە بىلەن زىمات قىلىنسا بالىلارنىڭ چىقىپ قالغان كىندىكىنى ئورنىغا چۈشۈرىدۇ. قورسىقىدىكى يەللەرنى تارقىتىدۇ. ئارپا تالقىنى بىلەن زىمات قىلسا بەلغەمدىن بولغان ئىششىقلارنى تارقىتىدۇ. بۇغداي بىلەن زىمات قىلسا يانپاش ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ. قايىنىتىلمىسىنى مۇنچىدا زىمات قىلىنسا قوتۇر، قىچىشقاق ۋە يەرقانغا پايدا قىلىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن ئىسرىق سېلىنسا ۋە ئاستىغا سېلىپ ياتسا زىيانداش ھاشاراتنى قاچۇرىدۇ. شاخلىرىنىڭ قايىنىتىلمىسىنى تۆت ھەسسە سۇ بىلەن تۆتتىن بىرى قالغۇچە قايىنىتىپ تەييارلانغان چىلان سۈيى بىلەن ئىچىلسە قويۇق قاننى ساپلاشتۇرىدۇ.

ئۇنىڭ گۈلى سەۋدا بىلەن بەلغەمنى سۈرۈپ چىقىرىدۇ، ئەمما تەسىرى ئەپتىمۇندىن ئاجىزراق، ھاشادىن كۈچلۈكرەكتۇر. ئۇنىڭ 10 گىرامىنى سىركە ۋە تۇز بىلەن ئىستېمال قىلسا سەۋدا بىلەن بەلغەمنى سۈرىدۇ، سۈيدۈك ۋە ھەيزنى ھەيدەيدۇ. ھۆل گۈلىنىڭ سۈيى تىلنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى ئىككى مۇسكۇلنىڭ ئىششىقىنى ۋە كىچىك تىل ئىششىقىنى

تارقىتىدۇ. ئاخىرقى مەزگىلدىكى ئېغىز يارىسىغا پايدا قىلىدۇ.

ئۇنىڭ شېكەر ياكى ھەسەل بىلەن قىلىنغان مۇراببىاسى ھەم گۈلقەنتىدىن 10 گىرام ئىستېمال قىلسا زەھەرلەرنى قايتۇرىدۇ، سوغۇقتىن بولغان كېسەللىكلەرگە ياخشى پايدا قىلىدۇ. ھەر كۈنى كەچتە ئۇخلاشتىن بۇرۇن ئۇنىڭدىن بەش گىرام ئېلىپ ئىستېمال قىلسا ۋە شۇ بويىچە داۋاملاشتۇرسا مېڭىگە بۇخاراتلارنىڭ ئۆرلىشىنى توسىدۇ، كۆزگە سۇ چۈشۈشنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. زېھىنىنى كۈچەيتىدۇ، رەڭگىروينى ياخشىلايدۇ.

ئۇنىڭ گۈلىنىڭ يېغىنى يالغۇز ياكى باشقا قىسىملىرى بىلەن بىرلىكتە قائىدە بويىچە تەييارلاپ ئىشلەتسە پالەچ، لەقۋا، رەئشە، ئەزالار بوشىشىش، ئۇچا ئاغرىقلىرى، بوغۇملار ئاغرىقلىرىغا ئوخشاش سوغۇقتىن بولغان كېسەللىكلەرگە، بولۇپمۇ قولۇنجى ۋە ئاشقازان، ئۈچەي ئەتراپلىرىدىكى كېسەللىكلەرگە باشقا ياغلاردىن ياخشىراق پايدا قىلىدۇ.

ئۇنىڭ ئۇرۇقىنىڭ ھەممە تەسىرلىرى ئۇنىڭ يوپۇرمىقىدىن ياخشىراق بولۇپ، توسالغۇلارنى ئاچىدۇ، يەرقانغا پايدا قىلىدۇ، باھنى قوزغايدۇ. چاينىسا چىش ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ، ئىشتىھانى ئاچىدۇ، نانغا قوشۇپ ئىستېمال قىلسا يېمەكلىكلەرنىڭ زىيىنىنى يوقىتىدۇ. سوغۇق مىزاج كىشىلەرنىڭ باھ قۇۋۋىتىگە ياردەم بېرىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** ئۆپكىگە زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** سىركە.

**ئىستېمال مىقدارى:** 25 گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

## پەسىل: «س» (سۇۋاد) ۋە «ف» (فائ) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى

### سەفراغۇن
(سۇندۇك)

**ماھىيىتى:** ئۇ بىر خىل قۇشنىڭ فىرانسۇزچە نامى بولۇپ، ئاق قۇشقاچ چوڭلۇقىدا، سېرىققا ۋە كۆككە مايىل كۆل رەڭ، تۇمشۇقى ئىنچىكە بولىدۇ. قۇيرۇقى ئازراق كۆتۈرۈلۈپ تۇرىدىغان بولۇپ، ئۈستىدە ئاق چېكىتلەر بولىدۇ. قىش پەسلىدە كۆپرەك پەيدا بولىدۇ. ئېرىق ۋە كۆل بويلىرىغا قونۇپ سايرايدۇ. قۇيرۇقىنى داۋاملىق مىدىرلىتىپ تۇرىدۇ. كۆپىنچە ئۇششاق تاشلار ۋە خىش پارچىلىرىنى يەيدۇ. ئەرەبچە «ئەبۇلمەلىيھ» دەپ ئاتىلىدۇ. پارسچە «دۇمجەنبانەك» (قۇيرۇقىنى مىدىرلاتقۇچى)، «دەمىيچە»، شىرازچە «مۇرغەكى شەقا»، ھىندىچە «مەمولا»، «كەنجەن» دەپ ئاتىلىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق، گۆشى ئاچچىق، زەھەر قايتۇرۇش رولى بار.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** خام گۆشى، شۇنداقلا كۆيدۈرۈلگەن گۆشىنى ئىستېمال قىلسا بۆرەك ۋە دوۋساقتىكى تاشنى چۈشۈرىدۇ. سۈيدۈكنى راۋانلاشتۇرىدۇ. سۈيدۈكنى كۈچلۈك ھەيدەيدۇ.

## پەسىل: «س» (سۇۋاد) ۋە «ل» (لام) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى

### سەل
(يۇمىلاق يۈزلۈك يىلان)

ئۇ يىلاننىڭ بىر تۈرى بولۇپ، يۈزى يۇمىلاق بولىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، كىشى ئۇنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىسا ئاڭلىغان ئادەم ئۆلۈپ قالىدىكەن.

## پەسىل: «س» (سۇۋاد) ۋە «م» (مىيم) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى

### سەمغى
(يېلىم)

ئۇ ئەرەبچە سۆز بولۇپ «سەمەغ»مۇ دېيىلىدۇ. يۇنانچە «فەۋقىمىنۇن»، سۇريانچە «قامۇز»، رىمچە «ۋىينۇن»، پارسچە «ئەرد»، شىيرازچە «ئەزىد»، ھىندىچە «گوند» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** ئۇ بەزى دەرەخلەرنىڭ تېنىدىن تەپچىرەپ چىقىپ قۇرۇيدىغان ۋە قاتىدىغان سۇيۇقلۇقتىن ئىبارەت. ھەربىر دەرەخنىڭ يېلىمى شۇ دەرەخنىڭ ماۋزۇسىدا بايان قىلىنىدى. مەزكۇر سۆز يالغۇز ئېيتىلسا ئۇممىغىيلان (تۇخۇمەك دەرىخى)دىن سىرغىپ چىقىدىغان يېلىمنى كۆرسىتىدۇ. بۇ دەرەخ «مەغىيلان» مۇ دېيىلىدۇ. ئۇنىڭ ئاقىقا مايىل سېرىق، ساپ، پارقىراق بولغىنى ياخشىسى بولۇپ، سۇغا تاشلاپ مەلۇم ۋاقىت تۇرغۇزسا كۆپىدۇ ۋە ھەممىسى ئېرىپ ھېچقانداق قالدۇق قالمايدۇ. ئېرىتىلگىنى چاپلاشقاق بولىدۇ. ئۇنىڭ بىر پارچىسىنى ئېغىزغا سالسا چىش ۋە تامغاقىقا چاپلىشىدۇ، كۆپمەيدۇ، بەلكى ئېرىيدۇ.

**تەبىئىتى:** ئىسسىقلىقى مۆتىدىل، ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق. جالىنۇس ئىسسىق دەپ بىلگەن.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** چاپلاشتۇرغۇچى، ئۆپكىنى سىلىقلاشتۇرغۇچى، قورۇغۇچى، ئاشقازان، ئۈچەيلەرنى قۇۋۋەتلىگۈچى، ئۇستىخاننى مۇھاپىزەت قىلغۇچى، كۆكرەككە ماددىلارنىڭ قۇيۇلۇشىنى توسقۇچى، ئۆتكۈر دورىلارنىڭ ئۆتكۈرلۈكى ۋە زىيانلىق تەسىرىنى تۈگەتكۈچى، سەپرادىن بولغان ئىچ سۈرۈشنى توختاتقۇچى، كۆكرەك ئاغرىقى ۋە يۆتەلنى پەسەيتكۈچى، ئۆپكە يارىسىنى ساقايتقۇچى، گال، كاناي ۋە ئۆپكىنى سىلىقلاشتۇرغۇچى،

ئاۋازنى ساپلاشتۇرغۇچى، نەزلە خاراكتېرلىك ماددىلارنىڭ ئۆپكىگە قويۇلۇشىنىڭ ئالدىنى ئالغۇچى، بەلغەمنىڭ چىقىشىغا ياردەم بەرگۈچىدۇر. ئۇنىڭدىن مۇۋاپىق مىقداردا ئېلىنىپ ئېغىزغا سېلىپ ئېرىگەندىن كېيىن ئاز - ئازدىن شوراپ يۇتسا ياكى ھەبلەر ۋە باشقا مۇناسىۋەتلىك دورىلارغا قوشۇپ ئىستېمال قىلسا يۇقىرىقى تەسىرنى بېرىدۇ. 6~10 گرامغىچە ئىستېمال قىلسا ئىچ سۈرۈش، ئۈچەي زەخمىسىگە پايدا قىلىدىغان بولۇپ، سىناقتىن ئۆتكەندۇر. گۈل يېغى بىلەن قورۇپ ئىستېمال قىلسا بالىياتقۇ بىلەن بوۋاسىر قېنىدىن باشقا ھەرقانداق ئەزادىن كەلگەن قاننى توختىتىدۇ. ئىچ سۈرۈشنى توختىتىدۇ. ئۇنىڭدىن كۆنىگە بەش گرام ئېلىپ 30 گرام يېڭى كالا يېغى بىلەن سالايە قىلىپ، شۇ يوسۇندا 3 ~7 كۈنگىچە ئىستېمال قىلسا، نەپەس يوللىرىدىن كەلگەن قاننى توختىتىدۇ، بولۇپمۇ ئۆپكىدىن كەلگەن قاننى توختىتىدۇ. بالىياتقۇ بىلەن بوۋاسىرنىڭ قېنىدىن باشقا ئەزالاردىن كەلگەن قانىنمۇ توختىتىدۇ، سىناقتىن ئۆتكەن. شۇنداقلا ئۇنى يېڭى سېغىلغان سۈت بىلەن ئىچسىمۇ شۇ تەسىرنى بېرىدۇ. ئۇنى توخۇ تۇخۇمىنىڭ ئېقى بىلەن ئېرىتىپ سۈركىسە ئوت كۆيۈك يارىسىنى ساقايتىدۇ. ئۇنى گۈلاب بىلەن ئېرىتىپ تېمىتسا كۆز قىزىرىپ ئاغرىش، كۆز گىرۋەكلىرىنىڭ قىزىرىپ ئىششىشى ۋە قاپاق قوتۇرىغا ناھايىتى پايدا قىلىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** مەقئەتكە زىيان قىلىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** كەتىرا، بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، گۈلاب بىلەن سەندەل ئىكەن.

**ئورۇنباسارى:** بادام يېلىمى، ھەببۇلئاس.

## سەمغۇلبەلات

(چىنە خىش يېلىمى)

ئۇ ئەرەبچە سۆز بولۇپ، «لەززاقۇل ھەجەر» (تاشنى چاپلاشتۇرغۇچى)، «لەززاقۇر رۇخام» (مەرمەر تېشىنى چاپلاشتۇرغۇچى)، يۇنانچە تاش يېلىمى دېگەن مەنىدە «لەسۇفلا» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** ئۇنىڭ ماھىيىتى توغرىسىدا ئىختىلاپ باردۇر. دىسقۇرىدۇس ئۇ مەرمەر تېشى ۋە قۇما شەھەرلىرىدىن ئېلىپ كېلىنىدىغان يەنە بىر خىل تاشنى تېرە يېلىمى بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ ياسالغان ماددىدىن ئىبارەت دەيدۇ. «مىنھاج» دېگەن كىتابنىڭ ئاپتورى ئۇنىڭ بەزىسى كاندىن چىقىدۇ، بەزىسى سەبرە، خۇنسىياۋشان، بەتەم يېلىمى، ئەنزىرۇت، ئەرەب يېلىمىنىڭ ھەربىرىدىن بىر ھەسسە، بىخ مارجان بىلەن زاكىنىڭ ھەربىرىدىن بىر يېرىم ھەسسە ئېلىپ، ناھايىتى يۇمشاق سوقۇپ، ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ، يېلىم ئېرىتمىسى بىلەن يۇغۇرۇپ تاملارغا سۈرۈپ قۇرۇغۇچە تۇرغۇزۇپ تەييارلىنىدۇ، كونىرىغانسېرى شۇنچە ياخشى

بولىدۇ، دەيدۇ. بەغدادىي ئۇ تېرە يېلىمى بىلەن ئارىلاشتۇرۇلۇپ بىرقانچە كۈنگىچە ئارقىمۇئارقا سالايە قىلىپ تەييارلانغان چىنە خىش ئېكەكدەلمىسىدىن ئىبارەت، دېگەن. «تۆھپەتۇل مۆئمىن» دېگەن كىتابنىڭ ئاپتورى ئۇ چىنە خىش ئېكەكدەلمىسى بىلەن تېرە يېلىمىدىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇلار ناھايىتى يۇمشاق سوقۇلغاندىن كېيىن قايناتىپ، ئۆيىنىڭ تاملىرىغا سۇرۇلىدۇ، ئۆيىنىڭ تېگىگە ياتقۇزۇلغان چىنە خىشلار ئۇنىڭ بىلەن مۇقىملاشتۇرۇلىدۇ، دېگەن.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** تالقانلاپ سېپىلسە كۆزدىكى ئارتۇق كىرپىكنى چاپلاشتۇرىدۇ، يېڭى زەخىملەرنىڭ ئېغىزىنى پۈتتۈرىدۇ، ئۇلارنىڭ كېڭىيىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. «مىنهاج» دېگەن كىتابنىڭ ئاپتورىنىڭ بايان قىلىشىچە، بەھەقنى يوقىتىش تەسىرى ناھايىتى كۈچلۈك دەپ قارالغان.

## سەمغۇد دامىسا
(دامىسا يېلىمى)

**ماھىيىتى:** ئۇ بىر خىل يېلىم بولۇپ، ئاچچىق، قىزىلغا مايىل، ساپ، ناھايىتى ئۆتكۈر بولىدۇ. جەيش تەفلىيسىينىڭ ئېيتىشىچە ئۇ پارس شەھەرلىرىدىن چىقىدىكەن.

**تەبىئىتى:** قۇرۇق ئىسسىق.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ئۇچۇچانلاشتۇرغۇچى، قىزىتقۇچى، يەل تارقاتقۇچىدۇر. مىزاجى ۋە باشقا تەسىرلىرى جەھەتتە ھىڭنىڭ ئورنىنى باسقۇچىدۇر. پەرقى شۇكى، ئۇ ئۇنىڭغا ئوخشاش بەتبۇي ئەمەستۇر.

**ئىستېمال مىقدارى:** 1.5 گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

## سەملە
(بۇغداي ئۇنى ئېشى)

ئۇ بىر خىل غىزا بولۇپ، بۇغداي ئۇنىدىن بۇغرا ئېشىدەك تەييارلىنىدۇ، تەسىرىمۇ بۇغرا ئېشىنىڭ تەسىرىگە ئوخشايدۇ.

# پەسىل: «س» (سۇۋاد) ۋە «ن» (نۇن) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى

## سەندەل

ئۇ پارىسچە سىين ھەرپى بىلەن يېزىلغان «سەندەل» دېگەن پارىسچە سۆزنىڭ

ئەرەبچىلەشتۈرۈلگەندۇر. ئىپتىشلارغا قارىغاندا ئۇ سۇريانچە سۆز ئىكەن. يۇنانچە «ھەلۇسەتقاقىيل»، رىمچە «فەلۇرقا»، ھىندىچە «چەندەن» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** ئۇ ياڭاق دەرىخى، ئەنبە، نىيب دەرەخلىرىگە ئوخشاش ئېگىز ئۆسىدىغان بىر خىل دەرەخنىڭ ياغىچىدىن ئىبارەت. بۇ دەرەخنىڭ شاخلىرى يەرگە ساڭگىلاپ تۇرىدۇ. مېۋىسى ھەببىتۇلخۇزرا مېۋىسىگە ئوخشايدىغان بولۇپ، باشاق ئىچىدە بولىدۇ. ئەنتاكىيىنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇنىڭ يوپۇرمىقى ياڭاق يوپۇرمىقىغا ئوخشاش، يۇمشاق، چۇرۇك بولىدىكەن.

سەندەل ئۈچ خىل بولىدۇ. بىرىنچى خىلى ئاق، ناۋات رەڭ بولۇپ، ئاق سەندەل دەپ ئاتىلىدۇ. ھىندىچە «چەندەن» دېيىلىدۇ. ئىككىنچى خىلى سېرىق بولۇپ، سېرىق سەندەل دەپ ئاتىلىدۇ، ھىندىچە «مەلاگىير» دېيىلىدۇ. ئۈچىنچى خىلى قارامتۇل قىزىل بولۇپ، قىزىل سەندەل دېيىلىدۇ، ھىندىچە «رەكەت چەندەن» دەپ ئاتىلىدۇ.

ئۇنىڭ دەرىخى ھىندىستاننىڭ كۆپ قىسىم شەھەرلىرى، دېڭىز ساھىللىرى، فىرانسىيە قاتارلىق جايلاردا ئۆسىدۇ.

ئۇنىڭ ئېقى بىلەن سېرىقىنىڭ خۇش پۇراق، يېپسىز، قاتتىق، مايلىق، سىلىق بولغانلىرى، قىزىلىنىڭ قارامتۇل، ساپ، يېپسىز بولغانلىرى ياخشىلىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. قۇۋۋىتى 30 يىلغىچە ساقلىنىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئېقى بىلەن سېرىقى ئۈچىنچى دەرىجىدە سوغۇق، ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق، قىزىلى ئىككىنچى دەرىجىدە سوغۇق، ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇقتۇر.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ئېقى خۇرسەن قىلغۇچى، يۈرەك، ئاشقازاننى قۇۋۋەتلىگۈچى، ماددىلارنى قايتۇرغۇچى، قورۇغۇچى، زەھەر قايتۇرغۇچى، ئىسسىقتىن بولغان ئىششىقلارنى تارقاتقۇچى، ماددىلارنى تارتقۇچى، توسالغۇ پەيدا قىلغۇچىدۇر. ئىستېمال قىلىنسا ئىسسىقتىن بولغان خەفەقان، سەپرادىن بولغان ئۆتكۈر تەپلەر، ئەزالارنىڭ كۆيۈشۈشىگە پايدا قىلىدۇ. يۈرەك، مېڭىگە بۇخاراتلارنىڭ ئۆرلۈشىنى توسىدۇ. كۆكرەك پەردىسى ئىششىقى، ئەستە ساقلاش كۈچىنىڭ ئاجىزلىششىغا پايدا قىلىدۇ. زېھنىنى ئاچىدۇ. يۈرەك، جىگەرنى قۇۋۋەتلەيدۇ. بولۇپمۇ ئىسسىق مىزاجلارغا ئىشلىتىلسە مەزكۇر تەسىرى تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ. ئۇنى يالغۇز، شۇنداقلا گۈلاب ۋە ئازراق كافۇر بىلەن مەلھەم قىلىپ پېشانىگە سۈركىسە ئىسسىقتىن بولغان باش ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ. يالغۇز ياكى يېرىم ھەسسە ئەنزىرۇت ۋە توخۇ تۇخۇمىنىڭ ئېقى بىلەن مەلھەم، زىمات قىلىپ پېشانە ۋە ئىككى چېكىگە چاپسا، ئىسسىقتىن بولغان باش ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ، نەزلە سۇيۇقلۇقلىرىنىڭ كۆز ۋە باشقا ئەزالارغا قۇيۇلۇشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. يالغۇز ياكى مۇناسىپ دورىلار بىلەن ئىشلىتىلسە خەفەقان، ئىسسىقتىن بولغان ئاشقازان ئاغرىقىغا شىپا بولىدۇ. ھاكىنىڭ سېسىق پۇرىقى ۋە تەر پۇرىقىنى يوقىتىدۇ. ئىتئۈزۈمى سۈيى، ھەمىشىباھار سۈيى، سىمىز ئوت

يوپۇرمىقى سۈيى، لەش سۈيى ياكى ئۇنىڭغا ئوخشاش سۇلار بىلەن زىمات قىلسا ئىسسىقتىن بولغان نۇقرەس ۋە تىلما كېسەلگە ئوخشاش ئىسسىقتىن بولغان ئىششىقلارنى تارقىتىدۇ. كېسەللىكنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە زىمات قىلىنسا كېرەكسىز ماددىلارنىڭ ئەزاغا قۇيۇلۇشىنى توسىدۇ. مەلھەم قىلىنسا تەر تۆشۈكچىلىرىنى تارايتىش بىلەن ھارارەت ۋە قىچىشىش پەيدا قىلىدۇ. سىركە ۋە ئىسسىق تەبىئەتلىك ئۇچۇچان ياغلار ئۇنى ئوڭشايدۇ.

**زىيانلىق تەسرى:** باھقا ناھايىتى زىيان قىلىدۇ. باھ قۇۋۋىتىنى كېسىدۇ، ئاۋازنى بۇزىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** ھەسەل، ناۋات.

**ئىستېمال مىقدارى:** بەش گىرام ئىستېمال قىلىنىدۇ.

**ئورۇنباسارى:** يېرىم ھەسسە كافۇر، بەزىلەر ئۆشنە دېگەن. قىزىلىنىڭ ئورۇنباسارى يېرىم ھەسسە فۇپەلدۇر.

قىزىل سەندەل ئىستېمال قىلىنسا ئۇنىڭ خۇرسەن قىلىش تەسىرى ۋە باشقا تەسىرلىرى ئېقىنىڭ شۇ تەسىرىدىن ئاجىزراق، مەلھەم قىلىنسا كۈچلۈكرەك بولىدۇ. مەلھەم قىلىنسا ئىسسىقتىن بولغان باش ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ، ئىسسىقتىن بولغان ئىششىقلارنى تارقىتىدۇ. ياسىمەن يېغى بىلەن زىمات قىلىنسا تۆت كۈندە بىر قېتىم تۇتىدىغان تەپ ۋە كەم ماغدۇرلۇققا شىپا بولىدۇ. گۈلاب بىلەن زىمات قىلىنسا ئېغىز يارىسىنى ساقايتىدۇ، ئاغرىقنى پەسەيتىدۇ. قەرەشى «ئەلقانۇن»نىڭ شەرھىسىدە زامانىمىزدا زىمات ۋە ئۇنىڭ باشقىلىرىدا ئىشلىتىلىدىغىنى قىزىل سەندەل، ئىچىملىكلەردە ئىشلىتىلىدىغىنى ئاق سەندەلدۇر، چۈنكى قىزىل سەندەلنىڭ ئىسسىق تەركىبى بار بولۇپ، ئۇ سوغۇق قىسىملارغا سىرتىدىن ئىچى تەرەپكە قاراپ سىڭىپ كىرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ تەسىرى ئېقىنى سىرتىدىن ئىشلەتكەنگە قارىغاندا كۈچلۈكرەك بولىدۇ. ئېقىنىڭ ئىچىدىن ئىشلەتكەندىكى تەسىرى قىزىلىنىڭ تەسىرىدىن ياخشىراق بولىدۇ. «شىپائۇلئەسقام» (كېسەللىكلەر شىپاسى) ناملىق كىتابنىڭ ئاپتورى «بىز زامانىمىزدىكى تېۋىپلارنىڭ ئاق سەندەلنى سەپرادىن بولغان ئىچ سۈرۈشكە، قىزىل سەندەلنى قاندىن بولغان ئىچ سۈرۈشكە، ھەر ئىككىسىنى ھەر ئىككى خىل ئەھۋال ئارىلىشىپ كەلگەندە ئىشلەتكەنلىكىنى كۆردۇق» دەپ يازغان.

ئۇنىڭ ئۇرۇقىدىن ئۈچ دانە ئىستېمال قىلسا قان سىيىش، سۈيدۈك ئېچىشىپ كېلىش ۋە مەنىي ئورنىغا قان كېلىدىغان بىمارلارغا پايدا قىلىدۇ، سىناقتىن ئۆتكەن. ھىندىستان تېۋىپلىرى ئۇنى ھىندىچە «ئەدرەك» دەپ ئاتىلىدىغان ھۆل زەنجىۋىل بىلەن ئىستېمال قىلىدۇ.

سەندەلنىڭ جاۋارىشى، ھەببى، خېمىرلىرى، سۇفۇپى، شەربەتلىرى، مەجۇنى، مۇپەررىھى قارابادىندا بايان قىلىنىدى.

## سىنۇلۇۋەبر

(سىنۇلۇۋەبر دورىسى)

**ماھىيىتى:** ئەنتاكىيىنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ يەمەن شەھەرلىرىدىكى ئۆڭكۈرلەردىن تېپىلىدىغان، ئۇ يەردىن ھىجازغا ئېلىپ كېلىنىدىغان قۇرۇق شەكىلدىكى ماددا ئىكەن. ئومۇمەن خۇددى تۆگە سۈيدۈكى ماۋزۇسىدا بايان قىلىنغىنىدەك، ئۇنىڭ ئەسلىي ۋە ماھىيىتى ھەققىدە ئىختىلاپ باردۇر. بەغدادىينىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ يەمەن ئۆڭكۈرلىرىدىن مەككىگە ئېلىپ كېلىنىدىغان، يىلىمغا ئوخشايدىغان، رەڭگى مەرۋگە ئوخشايدىغان نەرسە بولۇپ، مەككىدە قۇرسلار ياسىلىپ سېتىلىدىكەن ۋە «بەۋلۇلئىييەل» (بۇغا سۈيدۈكى) دەپ ئاتىلىدىكەن. ئۇ «ب» (بائ) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلار بابىدا بايان قىلىندى.

ئۇنىڭ نامى ھەققىدە بەزىلەر ئۇ، جۇغى مۇشۇكچىلىك بولغان «ۋەبر» دەپ ئاتىلىدىغان بىر ھايۋاننىڭ سۈيدۈكى بولۇپ، ئۆڭكۈرلەرگە سىيگەندىن كېيىن قۇرۇپ قاتقاندا ئۇ يەردىن ئېلىپ كېلىنىدىغان بولغاچقا شۇنداق دەپ ئاتالغان، دەيدۇ. مەرھۇم نۇۋاب: «كۆپىنچىلەرنىڭ ئويىچە ئۇ ھىندىستاندا ‹سەلاجىت› دەپ ئاتىلىدىغان دورىدۇر» دەپ يازغان. بەزىلەر ئۇنى تاغ تېكىسىنىڭ سۈيدۈكى بولۇپ، ئۆڭكۈرلەردىكى تاشلار ئۈستىگە يىغىلىپ قالىدۇ، دېگەن.

**تەبىئىتى:** ئۈچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق، ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىقمۇ دېيىلگەن.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ئىچ سۈرۈشنى توختىتىدۇ، زىققە نەپەس، سوغۇقتىن بولغان كېسەللىكلەرگە پايدا قىلىدۇ. ھايۋاناتلارنىڭ يامان يارىلىرىنى ساقايتىدۇ. قان توختىتىدۇ، ئىششىقلارنى تارقىتىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن ھەمەلچە قىلىنسا ھامىلىدارلىقنى چەكلەيدۇ، بوۋاسىرنى ئاجىزلاشتۇرىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** ھەسەل بىلەن مەلھەم قىلىپ ئۇزۇن تۇرغۇزۇلسا بەدەننى يارىلاندۇرىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** گۈل يېغى.

## سەنۇبەر

(قارىغاي)

ئۇ ئەرەبچە سۆز بولۇپ، «ئەرزە»مۇ دېيىلىدۇ. سۈريانچە «ئەرزەند»، رىمچە «بەقتانىيۇن»، يۇنانچە «قەلۇغىيتۇن» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماھىيىتى:** ئۇ ئەركەك، چىشىدىن ئىبارەت ئىككى خىل بولىدۇ. ئەركىكىمۇ ئىككى خىل بولىدۇ. بىرى يەرلىكى بولۇپ، دەرىخى چىنار دەرىخىدەك چوڭ بولىدۇ. يۇپۇرمىقى تۇم يىپقا

ئوخشايدىغان بولۇپ، بىر غېرىچ ئۇزۇنلۇقتا، قارامتۇل يېشىل بولىدۇ. مېۋىسى ھايۋاننىڭ يۈرىكىنىڭ شەكلىگە ئوخشايدىغان بولۇپ، قوي يۈرىكى چوڭلۇقىدا، ئۇنىڭدىن چوڭراق بولىدۇ. ھىندىستاندا بولىدىغان شەرىيفە ناملىق مېۋىگە ئوخشايدىغان بولۇپ، خانە ـ خانە بولىدۇ. پىشقان ۋە قۇرۇغاندىن كېيىن بىر ـ بىرىدىن ئاجرايدۇ. ياغاچلاشقان بولىدۇ. مېغىزى بولمايدۇ، يېيىلمەيدۇ. ئۇنىڭ دەرىخى پارسچە «نار» ۋە «ناجۇ»دەپ ئاتىلىدۇ. شىرازچە «كاج»، مېۋىسى «پەركاج» دېيىلىدۇ. راتىيانەج ئۇنىڭ يېلىمىدۇر. يەنە بىرى تاغ قارىغىيى بولۇپ، سوغۇق يەرلەردە ئۆسىدۇ، ئۇنىڭ مېۋىسىمۇ يېيىلمەيدۇ. قارىغاي دېگەن بۇ ئاتالغۇ يالغۇز ئاتالسا ئۇنىڭ مۇشۇ تۈرى نەزەردە تۇتۇلىدۇ. ئۇنىڭ دەرىخى ئارچا دەرىخىنىڭ شەكلىگە ئوخشايدۇ. ئۇ سۇريانچە «ئەرزەند» دەپ ئاتىلىدۇ. ياغىچى مايلىق بولۇپ شام ۋە چىراغ ئورنىدا ياندۇرۇلىدۇ. بۇنىڭدىن ھاسىل بولغان قەتران شۇربىين دەرىخىدىن ھاسىل بولغان قەتراندىن سۇيۇقراق، پايدىسى ئازراق بولىدۇ.

ئۇنىڭ چىشىسىمۇ ئىككى خىل بولىدۇ. بىرى چوڭ بولۇپ، چىلغوزا ئۇنىڭ مېۋىسىدۇر. ئۇ شىرۋان، ئەزەربەيجاننىڭ ئىچكى قىسىملىرى، رىم دۆلىتىنىڭ بەزى يەرلىرى، كەشمىر ۋە باشقا جايلاردا كۆپ بولىدۇ. يەنە بىرى كىچىكى بولۇپ، «تەنۇب» دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇنىڭ مېۋىسى «قەزمى قۇرەيش» دەپ ئاتىلىدۇ. شىرازنىڭ خەلقى ئۇنى «فۇستۇق» (پىستە) دەيدۇ. ئەمما شىراز ۋە ئىراق خەلقى ئارىسىدا چىلغوزا دەپ تونۇلغان مېۋە ئەمەلىيەتتە بادامنىڭ تۈرلىرىدىندۇر، قارىغاينىڭ تۈرلىرىدىن ئەمەستۇر. چۈنكى قارىغاينىڭ دېنى ياپىلاق، مېغىزسىز بولىدۇ، چىلغوزا مېۋىسى مېغىزلىق بولىدۇ. مېغىزى سەل ئىنچىكە بولۇپ، پىلتە شەكىللىك، كىچىك خورما ئۇرۇقى چوڭلۇقىدا بولىدۇ. سەل قاتتىق غىلاپ ئىچىدە بولۇپ، قول بىلەن سۇندۇرسا، مېۋىسىنى ئوتقا سالسا ئىسسىغاندىن كېيىن ئاۋاز بىلەن يېرىلىپ، ئىچىدىن چىلغوزىنىڭ خانىلىرى ئارىسىدىكى مېغىزلىرى چاچراپ چىقىدۇ.

قارىغاي دەرىخىنىڭ يەنە بىر تۈرىمۇ بار بولۇپ، چوڭ ـ كىچىكلىكى ئوتتۇرا ھال، چىرايلىق بولىدۇ. «نوش» دەپ ئاتىلىدۇ. يوپۇرمىقى سەل كەڭ، چىشلىق، شاخلىق، چىرايلىق بولىدۇ. ئىسپىھان ۋە ئىران خەلقى قولىغا خېنە قويماقچى بولغاندا ئۇنىڭ يوپۇرمىقىنى نەمدەپ، قولىغا چىپىپ ئۈستىدىن خېنە ياقىدۇ، بۇ چاغدا خېنە تېخىمۇ كۆركەم ئىچىدۇ. شۇربىين دەرىخىنىڭ باياندىمۇ ئۇنىڭغا ئىشارە قىلىنىدى.

قارىغاي دەرىخى يوپۇرماق تاشلىمايدۇ.

ھەكىم مىر مۇھەممەد مۆمىنىنىڭ يېزىشىچە، ئۇنىڭ ئەركىكىنىڭ مېۋىسىنىڭ مېغىزى بولمايدىكەن، ئۇنىڭ قەترانى شۇربىين دەرىخىنىڭ قەترانىدىن ناچارراق بولىدىكەن. چىشىسى كىچىك بولۇپ، چوڭلىمايدىكەن. كىچىكى «سەنۇبەرى سىغار» (كىچىك قارىغاي) ۋە «تەنۇب» دەپ ئاتىلىدىكەن. مېۋىسى قوينىڭ يۈرىكىگە ئوخشاش، ئۇنىڭدىن چوڭراق بولىدىكەن. ئەركىكىنىڭ مېغىزى ئاچچىق، ئاق، نېپىز، پەردىسىز، قىزىل بولىدىكەن، «قەزمى

قۇرەيش» ئۇنىڭدىن ئىبارەت ئىكەن. سەمنان دېگەن يەردە كۆپ بولىدىكەن، راتىيانەج ئۇنىڭ يېلىمى ئىكەن. ئۇنىڭ چوڭى «سەنۇبەرى كىبار» (چوڭ قارىغاي) دەپ ئاتىلىدىغان بولۇپ، گىيلان شەھرىدە ئۆسىدىكەن، ناھايىتى چوڭ بولىدىكەن. مېۋىسىنىڭ مېغىزى شۇ يەردىكى خەلقنىڭ ئادىتىدە چىلغوزا دەپ ئاتىلىدىكەن. دەرىخى چىلغوزا دەرىخى دېيىلىدىكەن. مېۋىسى بالەنگو چوڭلۇقىدا، دانلىرىنىڭ مېغىزى قەزمى قۇرەيشكە ئوخشاش، ئۇنىڭدىن چوڭراق، تاتلىقراق بولىدىكەن.

ئىراقتا چىلغوزا دېگەن بۇ سۆز بەھرەيندىن ئېلىپ كېلىنىدىغان، سىرتى ئەنبەھگە ئوخشايدىغان مېۋىنى كۆرسىتىدىغان بولۇپ، دەرىخى ئۆرۈك دەرىخى چوڭلۇقىدا بولىدۇ. يوپۇرمىقى ھەمىشە كۆكىرىپ تۇرىدۇ، نەيچىسىمان بولىدۇ. مېۋىسى شاپتۇل چوڭلۇقىدا بولۇپ، ئۇزۇنچاق بولىدۇ، تەمىمۇ ئۇنىڭ تەمىگە ئوخشايدۇ. ئۇرۇقچىسىنىڭ مېغىزى ئۇزۇنچاق، ئىنچىكە بولۇپ، بادام مېغىزىغا ئوخشاش ئۈستىگە نېپىز پەردە چاپلىشىپ تۇرىدۇ. ئەمما چىلغوزا مېغىزى ئۇنداق قىزىل پەردىلىك بولمايدۇ. چوڭراق ۋە قىسقىراق بولىدۇ. ئىراقتا قەزمى قۇرەيشكە ئوخشايدىغان، ئۇنىڭدىن چوڭراق، تاتلىقراق يەنە بىر خىل مېۋە بار بولۇپ، بەھرەيندىن ئېلىپ كېلىنىدۇ. كىشىلەر ئۇنى ئەنبەھ دەپ بىلىدۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇ پەقەت خىيال بولۇپ، ئەمەلىيەتكە پەقەت ئۇيغۇن ئەمەستۇر. چۈنكى مەيلى ئەنبەھ بولسۇن ياكى ئۇرۇقى بولسۇن ئۇنداق شەكىلدە بولمايدۇ. ئەنبەھ «ئ» (ئەلىف) ۋە «ن» (نۇن) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلار بابىدا بايان قىلىنىدى. يەنە ئۇ سىرتىدىن قارىغاندا فىرانسىيەدە ئۆسىدىغان ساسەفراس دەرىخى شۇدۇر دەپ يېزىلغان، ئەمما بۇ قاراشمۇ شۈبھىلىكتۇر. ساسەفراس مۇشۇ بابتا بايان قىلىنىدى. ئومۇمەن ئۇنىڭ يېڭى، ئاق، دانلىق، مايلىق بولغانلىرى ياخشىلىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

**تەبىئىتى:** ئۇچىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىق، ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىقمۇ دېيىلگەن. يوپۇرمىقى بىلەن قوۋزىقى مېغىزىدىن ئىسسىقراق ۋە قۇرۇقراق بولىدۇ.

**خۇسۇسىيىتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** يوپۇرمىقى بىلەن قوۋزىقى ئىستېمال قىلىنسا گال ئاغرىقى، ئۆپكە يارىسىغا پايدا قىلىدۇ، بۇرۇننىڭ قېنى ۋە باشقا يېڭى زەخمىلەرنىڭ قېنىنى توختىتىدۇ. ئۇنىڭ يىلتىزى بىلەن يوپۇرمىقىدىن بەش گىرامدىن ئېلىپ مائۇلھەسەل بىلەن ئىستېمال قىلسا جىگەر كېسەللىكلىرى، جىگەر ئىششىقى ۋە جىگەر قېتىشقا پايدا قىلىدۇ. ئۇنىڭ قۇرۇقى سوغۇق سۇ بىلەن ئىستېمال قىلىنسا ئىچىنى توختىتىدۇ. سەپمە قىلىپ سېپىلسە زەخمىلەرنى، بولۇپمۇ قايناق سۇ كۆيۈك يارىسىنى ساقايتىدۇ، بولۇپمۇ ئۇنىڭ يىلتىزىنىڭ بۇ تەسىرى كۈچلۈكرەكتۇر. ئۇنىڭ يىلتىزى بىلەن يوپۇرمىقى مەدەستان، كۇندۇر قويۇنى بىلەن مەلھەم قىلىنسا، تېرە سىرتىدىكى يارىلار ۋە كۆيۈك يارىسىغا پايدا قىلىدۇ. موم ۋە ھەببۇلئاس يېغى بىلەن مەلھەم قىلسا بەدىنى يۇمشاق كىشىلەرنىڭ تېرە

يۇزىدە پەيدا بولغان يارىلىرىنى ساقايتىدۇ. قىزىل زاك بىلەن زىمات قىلىنسا يامرىغۇچى يامان يارىلارنى ساقايتىدۇ. ئۇنىڭ قايناتمىسى بىلەن يۇيۇنسا ماغدۇرسىزلىقنى تۈگىتىدۇ، تاقىرلىققا پايدا قىلىدۇ، بەدەنىنىڭ كىرىنى تازىلايدۇ، تەرنى خۇش پۇراق قىلىدۇ. ئۇنىڭ سۈيىدە ئولتۇرسا بالىياتقۇ ۋە مەقئەت كېسەللىكلىرىگە پايدا قىلىدۇ. ئۇنى سىركە بىلەن قاينىتىپ ئېغىز چايقىسا چىش ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن تەكرار ئىسرىق سالسا بالا ھەمراھىنى چۈشۈرىدۇ، ھەيز ماڭدۇرىدۇ. قۇيۇنىنىڭ تەسىرى كۈندۈر ۋە قەترانىنىڭ قۇيۇنىنىڭ تەسىرى بىلەن ئوخشاش بولۇپ، كىرپىك ۋە قاشنىڭ چۈشۈشىگە پايدا قىلىدۇ، كۆز چانىقىنىڭ يېپىلىشىگە پايدا قىلىدۇ. كۆز ياشانغىراش، كۆز ئاجىزلىقى، قاپاق گىرۋەكلىرىنىڭ قىزىرىپ ئىششىشى، قاپاق قوتۇرىغا پايدا قىلىدۇ. ھۆل يوپۇرمىقىنى سوقۇپ زىمات قىلسا يېڭى يارىلارنىڭ قېنىنى توختىتىدۇ.

ئۇنىڭ ياغىچى چۆپچىن ۋە ئۆشىنىڭ ئورنىدا ئىشلىتىلىدىغان بولۇپ، «تەزكىرە» دېگەن كىتابنىڭ ئاپتورى سىفلىس ۋە ئۇنىڭغا ئوخشاش كېسەللىكلەرنى داۋالاشتا چۆپچىنىنىڭ ئورنىنى باسىدۇ، دەپ بىلىدۇ. ئۇنى ئۇششاقلاپ سىركە بىلەن قاينىتىپ سۈيىدە ئېغىز چايقالسا چىش ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ. ياغىچىنى چاينىسىمۇ شۇ تەسىرنى بېرىدۇ.

يىلتىزىنىڭ پوستى قورۇغۇچى ۋە قۇرۇتقۇچى بولۇپ، 10 گىرامى ئىچ سۈرۈشنى توختىتىدۇ، ئۈچەي زەخىمىسىگە پايدا قىلىدۇ. ئۇنىڭدىن سەپمە تەييارلاپ سەپسە ئوت ۋە قايناق سۇ كۆيۈك يارىسىنى ساقايتىدۇ، ئۇرۇلۇپ، سوقۇلۇشنىڭ ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ.

چوڭ قارىغاينىڭ مېۋىسى (چىلغوزىسى) ئىككىنچى دەرىجىدە ئىسسىق، بىرىنچى دەرىجىدە ھۆل بولۇپ، قۇۋۋىتى بىر يىلغىچە تۇرىدۇ.

**خۇسۇسىيتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** باھنى قۇۋۋەتلەيدۇ، ئىشتىھانى ئاچىدۇ، پەي - نېرۋىلارنى، ئەزالارنى ۋە باھنى قۇۋۋەتلەيدۇ، توسالغۇلارنى ئاچىدۇ، زىيان يەتكۈزگۈچى ئۆتكۈر يەللەرنى ھەيدەيدۇ. پالەچ، لەقۋا، ئەزالارنىڭ سېزىمسىزلىنىشى، تىتانۇس، رەئىشە، ئۆپكە يارىسى، سوغۇقتىن بولغان مۇپاسىل ئاغرىقلىرى، جىگەر كېسەللىكلىرى، سەپرادىن بولغان يەرقان، ئىستىسقا، بۆرەك، دۈۋسۈن ئاغرىقى قاتارلىقلارغا پايدا قىلىدۇ. ھەسەل بىلەن لوئۇق قىلىنىپ ھەر كۈنى 15 گىرامدىن يالاپ بېرىلسە پالەچ ۋە رەئىشەگە پايدا قىلىدۇ، سىناقتىن ئۆتكەن. ئۆپكە كېسەللىكلىرىگە پايدا قىلىدۇ، ئۇنىڭدىكى قويۇق خىلىتلارنى تازىلايدۇ، بۆرەكنى تازىلايدۇ. كونا يۆتەلنى پەسەيتىدۇ، بولۇپمۇ ئۈزۈم شىرىنىسى بىلەن ئىستېمال قىلسا ئۈنۈمى تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ. ئۇنى تەرخەمەك ئۇرۇقى بىلەن ئىستېمال قىلسا سۈيدۈك ھەيدەيدۇ، بۆرەك بىلەن دوۋساق يارىسىنىڭ كېڭىيىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. سېمىز ئوت ئۇرۇقى سۈيى بىلەن ئىستېمال قىلىنسا ئاشقازان ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ، ئاجىز

بەدەنلەرنى قۇۋۋەتلەيدۇ. بۇزۇق ھۆللۈكلەرنى يوقىتىدۇ. ئۇنىڭ ھۆل ۋە يېڭىسىنى پوستى بىلەن سوقۇپ ساپلاشتۇرۇلغان تىلا ناملىق شاراب بىلەن قاينىتىپ، كۈنگە 120 مىللىلىتىر ئىچسە كونا يۆتەلنى پەسەيتىدۇ، ئۆپكە يارىسىنى ساقايتىدۇ. داۋاملىق ئىستېمال قىلىنسا بوشىغان ئەزالارنى چىڭىتىدۇ، گۆشنى چىڭىتىدۇ. ئۇنىڭ سوقۇپ ئۈزۈم سۈيىگە چىلاپ تەييارلانغان شارابى نەزلە سۈيۇقلۇقلىرىنىڭ چۈشۈشىنى توسىدۇ، يۆتەل پەسەيتىدۇ، ھەزىمنى كۈچەيتىدۇ، ھۆللۈكتىن بولغان ئىچ سۈرۈشنى توختىتىدۇ، ئىستىسقاغا داۋا بولىدۇ. ئەپسەنتىن بىلەن بىرلىكتە ئاشقازانغا زىمات قىلسا قورساق ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ.

**ئىستېمال مىقدارى:** مېۋىسىدىن ئالتە گىرامغىچە، سۈيىدىن 10 گىرامغىچە، قاينىتىلمىسىدىن 30 گىرامغىچە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** ئۇنىڭ مېۋىسى تەستە ھەزىم بولىدۇ، ئىسسىق مىزاجلىقلارغا زىيان قىلىدۇ، باشنى ئاغرىتىدۇ، كۆڭۈلنى ئاينىتىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** سىركەنجۇبىل ۋە ئىككى خىل ئانار ۋە بېھىغا ئوخشاش چۈچۈمەل، قىرتاق مېۋىلەردۇر.

سوغۇق مىزاجلىقلارنىڭ ئىستېمال قىلىشىغا مۇۋاپىق كېلىدۇ، ئۇلارغا نىسبەتەن تۈزەتكۈچى ئىشلىتىش ھاجەت ئەمەستۇر. ئۇنىڭ مېۋىسىنى باھ ئۈچۈن ئىشلىتىشكە توغرا كەلسە كۈنجۈت ۋە ھەسەل بىلەن ئىشلەتسە ياخشىراق بولىدىغان بولۇپ، ئۇنىڭ قۇۋۋىتىنى كۈچەيتىدۇ. ئۇنى 15 گىرامدىن ئارتۇق ئىستېمال قىلىشقا بولمايدۇ.

**ئورۇنباسارى:** باھنى قۇۋۋەتلەش ئۈچۈن شاقاقۇل، ھەببۇل مىھلەب، ئاشقازان، ئۈچەي كېسەللىكلىرى ئۈچۈن ھەببۇلغاردۇر.

كىچىك قارىغاي مېۋىسى قورۇش خۇسۇسىيىتى بىلەن سىقىش ئارقىلىق ئىچىنى سۈرىدۇ. كۆكرەك، بۆرەك، دوۋساق كېسەللىكلىرى ئۈچۈن چوڭىنىڭ مېۋىسىدىن ياخشىراقتۇر. قالغان تەسىرلىرى ئۇنىڭ تەسىرىگە ئوخشايدۇ.

**زىيانلىق تەسىرى:** كۆپ ئىستېمال قىلىنسا قورساقنى ئاغرىتىدۇ، ئۈچەيلەرنىڭ تولغىنىشىپ قېلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

**تۈزەتكۈچىسى:** كۈنجۈت يېغى قوشۇلغان قايناق سۇغا بىر كۈن چىلاپ قويۇشتۇر.

قارىغاي دەرىخىدە پەيدا بولىدىغان يېشىل قۇرتنىڭ زەھىرى ئالا كولۇكنىڭ زەھىرى بىلەن ئوخشاش بولۇپ، ئىستېمال قىلسا تىل، تامغاق، گال، ئاشقازان ۋە ئۈچەيلەرنى ئىششىتىدۇ. پۈتۈن بەدەننى كۆيۈشتۈرىدۇ، قىزىتىدۇ، كۆپ ئاجىزلاشتۇرىدۇ. داۋالاش ئۇسۇلى ئالا كولۇكتىن زەھەرلەنگەنلەرنى داۋالاش ئۇسۇلى بىلەن ئوخشاش بولىدۇ.

# پەسىل: «س» (سۇۋاد) ۋە «ۋ» (ۋاۋ) ھەرپى بىلەن باشلانغان دورىلارنىڭ بايانى

## سۇف
(يۇڭ)

پارسچە «پەشەم» دېيىلىدۇ.

**تەبىئىتى:** قارىسى قىزىلىدىن ئىسسىقراق، ئېقىدىن كۆپ ئىسسىقتۇر. ھەممىسى ئىككىنچى دەرىجىدە قۇرۇق ئىسسىقتۇر. يۇمشاق، ساپ بولغانلىرى ياخشىلىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

**خۇسۇسىيتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** قىزىلى تىلما كېسەلگە تەڭداشسىز پايدا قىلىدۇ. قىزىلىنى قىزىق شارابقا چىلاپ ئۇنىڭ بىلەن ئىسسىق ئۆتكۇزسە يۆتەل پەسەيتىدۇ، سۇيۇق نەزلە سۇيۇقلۇقلىرىنى توسىدۇ. كۆكرەك ئاغرىقى ۋە ئۇرۇلۇپ ـ سوقۇلۇشتىن پەيدا بولغان ئاغرىقلارنى پەسەيتىدۇ، سىناقتىن ئۆتكەن. قىزىلگۇل يېغى بىلەن ئىشلىتىلسە ئىششىقلارنى تارقىتىدۇ، غالجىر ئىت چىشلىۋالغان زەخمىنىڭ زەھىرىنى ساقايتىدۇ. يۇڭ كىيىم كىيسە بەدەننى قىزىتىدۇ، قۇرۇتىدۇ. ئۇنىڭ ئۇستىدە ئولتۇرسا ياكى ئاستىغا سېلىپ ياتسا نۇقرەس بىمارلىرىغا پايدا قىلىدۇ. كۆيدۇرۇلگىنىنىڭ يۇيۇلسۇن ياكى يۇيۇلمىسۇن يارىلار ۋە ئارتۇق گۆشلەرنى يوقىتىش تەسىرى چاچنىڭ تەسىرى بىلەن ئوخشاشتۇر.

## سەۋفۇلبەھر
(دېڭىز يۇڭى)

ماھىيتى: ئۇ يۇڭغا ئوخشايدىغان بىر خىل ماددىدۇر. رەڭگى ئاق، چوڭ، بېشى كەڭ، قۇيرۇق تەرىپى ئىنچىكىرەك بولغان بىر خىل سەدەپ قۇلۇلىسى بار بولۇپ، ئىچىدە يېرىق بولىدۇ، بۇ يېرىقنىڭ ئىچى تەرىپى سېرىق ۋە قىزىلغا مايىل بولىدۇ. ئۇنىڭ ئىچىدە يەنە بىر خىل ھايۋان تۇرىدۇ، بۇ يېرىق بولىدىن يۇڭغا ئوخشاش بىر خىل ماددا چىقىدۇ. ئۇ شۇ ماددىدىن ئىبارەت.

**خۇسۇسىيتى ۋە ئىشلىتىلىشى:** ئىچ سۇرۇشنى توختىتىدۇ. زىمات قىلسا ھەرقانداق ئەزادىن كەلگەن قاننى توختىتىدۇ.